شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جايلار تەزكىرىسى

# شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى

59 ـ توم

# پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

مۇدىرى: ئابلەت ئابدۇرېشىت

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: يۇسۇپ ئەيسا، فېڭ داجېن، تۆربايىر، لى شۇجۇەن، ئۇيغۇر سايرانى، بەي يۇشى (مەخسۇس)، سابىر ئەلى (مەخسۇس)، ۋۇ شىڭدۇ (مەخسۇس).

ئەزالىرى: دۇڭ جاۋخې، لى كاڭلىڭ، شيې خەيپىڭ، سۇ يۇڭگۇاڭ، گۇڭ جىننيۇ، ليۇ رۇنشۇەن، چېن تۇڭۇبې، خې فۇلىن، راخمان مەسۇم، ئەمەت موللا تۇردى، جاقىپ مىرزاقان، خۇاڭ يۇەنسەي، ئابلىز ئاتاۋۇللا، ياڭ جەنشى، مەھەممەت زۇنۇن، قادىر هاپىز (مەخسۇس)، جۇڭ شىڭچى (مەخسۇس)، جۇڭ يىڭ، مازىجيەن.

## «شىنجاڭ ئومۇمي تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نى تۈزگۈچى، تەكشۈرگۈچى خادىملار

باش تۈزگۈچى: فۇۋېن

مۇئاۋىن باش تۈزگۈچى: ياڭ چى، مازىجيەن

تۈزگۈچىلەر: جىن تيەنجىڭ، ليۇ دېرۇن، ليۇ شىڭ

# شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نىڭ تەھرىر ھەيئىتى

مەسلىھەتچى: ۋاڭ يۈسەن

مۇدىر: ياڭ چى

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جۇ يۈەنجېي، ئابلىز موللايوپ، رېن تىڭگۈي

ئەزالىرى: چېن يۈشيا، جېڭ شاڭزى، فېڭ زۇڭياڭ، سۇڭ لەنفاڭ، جاۋ يۇڭدىڭ.

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى

مۇدىر: سۇڭ لەنفاڭ

مۇئاۋىن مۇدىر: جاۋ يۇڭدىڭ

باش مۇھەررىر: سۇڭ لەنفاڭ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: جاۋ يۇڭدىڭ

مۇھەررىرلەر: سۇڭ لەنفاڭ، جاۋ يۈندىڭ، چى چىڭيۈن، سۈن جۇڭشى، شاۋ شىنجيەن، جاڭ يۇڭفا، لى دېليەن، چېن جۇچېڭ، ياڭ شاۋخۇڭ، ياڭ جۇڭ، ئىسمايىل قادىر، جاڭ جى، ليۇ يۇجۇڭ، تەن سۇڭلىيۇ، فېڭ گۇاڭيۈەن.

# مۇندەرىجە


ئومۇمىي كىرىش سۆز ........ 9

كىرىش سۆز ........ 15

تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ........ 19

سۈرەتلىك بەتلەر ........ 21

ئومۇمىي بايان ........ 45

چوڭ ئىشلار ........ 57


## بىرىنچى قىسىم پۇل


I باب مېتال پۇل ........ 175

1 § . تىللالار ........ 175

2 § . كۈمۈش تەڭگىلەر ........ 176

3 § . مىس پۇل ........ 186

II باب لاتا پۇل (مايلىق لاتا پۇل) ........ 207

1 § . ئىلى مايلىق لاتا پۇلى ........ 207

2 § . شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇلى ........ 208

3 § . ئۈرۈمچىدىكى خۇسۇسىي سودىگەرلەر پۇلى ........ 208

4 § . ئاقسۇ گۈللۈك پۇلى ........ 208

5 § . چۆچەك لاتا پۇلى ........ 209

6 § . ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنىڭ مايلىق لاتا پۇلى ........ 209

7 § . ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان مايلىق لاتا پۇل ........ 210

8 § . «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتى» نىڭ لاتا پۇلى ........ 210

III باب قەغەز پۇل ........ 211

1 § . يەرلىك قەغەز پۇل ........ 211

2 § . ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلى ........ 220

3 § . فابى پۇلى، گۇەنجىن پۇلى، جىن يۈەن پۇلى ........ 223

4 § . خەلق پۇلى ........ 234

5 § . چەت ئەل پۇللىرى ........ 241

6 § . پۇل قىممىتىنى تېگىشىش نىسبىتى ........ 245

# شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»نىڭ تەھرىر ھەيئىتى

مەسلىھەتچى: ۋاڭ يۈسەن

مۇدىر: ياڭ چى

مۇئاۋىن مۇدىرلىرى: جۇ يۈەنجې، ئابلىز موللايوپ، رېن تىڭگۈي

ئەزالىرى: چېن يۆشيا، جىڭ شاڭزى، فىڭ زۇڭيالڭ، سۇڭ لەنفاڭ، جاۋ يۇڭدىڭ.

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · پۇل مۇئامىلە تەز-كىرىسى» تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى

مۇدىر: سۇڭ لەنفاڭ

مۇئاۋىن مۇدىر: جاۋ يۇڭدىڭ

باش مۇھەررىر: سۇڭ لەنفاڭ

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: جاۋ يۇڭدىڭ

مۇھەررىرلەر: سۇڭ لەنفاڭ، جاۋ يۇندىڭ، چى چىڭيۇن، سۇن جۇڭشى، شاۋ شىنجيەن، جاڭ يۇڭفا، لى دىلىيەن، چېن چۇچىڭ، ياڭ شاۋخۇڭ، ياڭ جۇڭ، ئىسمايىل قادىر، جاڭ جى، ليۇ يۇجۇڭ، تەن سۇڭلىيۇ، فېڭ گۇاڭيۇەن.

# مۇندەرىجە

ئومۇمىي كىرىش سۆز ........ 9
كىرىش سۆز ........ 15
تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ........ 19
سۈرەتلىك بەتلەر ........ 21
ئومۇمىي بايان ........ 45
چوڭ ئىشلار ........ 57

## بىرىنچى قىسىم پۇل

I باب مېتال پۇل ........ 175
§ 1 . تىللالار ........ 175
§ 2 . كۈمۈش تەڭگىلەر ........ 176
§ 3 . مىس پۇل ........ 186
II باب لاتا پۇل (مايلىق لاتا پۇل) ........ 207
§ 1 . ئىلى مايلىق لاتا پۇلى ........ 207
§ 2 . شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇلى ........ 208
§ 3 . ئۈرۈمچىدىكى خۇسۇسىي سودىگەرلەر پۇلى ........ 208
§ 4 . ئاقسۇ گۈللۈك پۇلى ........ 208
§ 5 . چۆچەك لاتا پۇلى ........ 209
§ 6 . ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنىڭ مايلىق لاتا پۇلى ........ 209
§ 7 . ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان مايلىق لاتا پۇل ........ 210
§ 8 . «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتى» نىڭ لاتا پۇلى ........ 210
III باب قەغەز پۇل ........ 211
§ 1 . يەرلىك قەغەز پۇل ........ 211
§ 2 . ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلى ........ 220
§ 3 . فابى پۇلى، گوۋەنجىن پۇلى، جىن يۈەن پۇلى ........ 223
§ 4 . خەلق پۇلى ........ 234
§ 5 . چەت ئەل پۇللىرى ........ 241
§ 6 . پۇل قىممىتىنى تېگىشىش نىسبىتى ........ 245

## ئىككىنچى قىسىم پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى

I باب كونا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ...... 253
§1. گۆرۈكەشلىك ...... 253
§2. سەرراپخانا ...... 257
§3. ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى ...... 260
§4. رۇس - ئاسىيا بانكىسى ...... 264
§5. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ...... 270
§6. مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى، قۇمۇل شۆبە بانكىلىرى ...... 291
§7. جۇڭگو دېھقانلار بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى ...... 300
§8. باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ...... 301
II باب ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ...... 305
§1. ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى ...... 305
§2. تىجارەت بانكىسى ...... 307
§3. يېزا ئىگىلىك بانكىسى ...... 312
III باب يېڭى جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ...... 316
§1. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ...... 316
§2. جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ...... 331
§3. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ...... 334
§4. جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ...... 341
§5. جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ...... 346
§6. جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ...... 353
§7. دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ...... 357
§8. يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ...... 360

## ئۈچىنچى قىسىم پۇل ئوبوروتى ۋە ئۆسۈم نىسبىتى

I باب پۇل ئوبوروتى ...... 379
§1. پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش ...... 379
§2. نەق پۇل تارقىتىش ۋە خەزىنىلەشتۈرۈش ...... 384
§3. پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى ۋە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە

سېتىلىش سوممىسى ...... 401

§ 4 . پۇلنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا تارقىلىشى ...... 427

§ 5 . نەق پۇل باشقۇرۇش ...... 442

§ 6 . ئىش ھەققى فوندىنى باشقۇرۇش ...... 449

II باب ئۆسۈم نىسبىتى ...... 455

§ 1 . تەرەققىيات جەريانى ...... 455

§ 2 . ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ...... 462

§ 3 . قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ...... 475


## تۆتىنچى قىسىم ئامانەت پۇل، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە بانكىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى


I باب ئامانەت پۇل، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ...... 501

§ 1 . تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ...... 501

§ 2 . ئامانەت پۇل تۈرلىرى ...... 503

§ 3 . ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش ئۆزگىرىشى ...... 508

§ 4 . پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ تۈرلىرى ...... 517

§ 5 . پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقىنىڭ ئېشىش - كېمىيىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر ...... 526

II باب بانكىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى ۋە دۆلەت خەزىنىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ...... 537

§ 1 . بانكىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى ...... 537

§ 2 . دۆلەت خەزىنىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ...... 540

§ 3 . ۋاكالىتەن زايوم تارقىتىش ...... 543


## بەشىنچى قىسىم سودا - سانائەت كرېدىتى


I باب سانائەت كرېدىتى ...... 549

§ 1 . تەرەققىيات جەريانى ...... 549

§ 2 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى ...... 551

§ 3 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماددىي ئەشيا تەمىنات - سودا قەرز پۇلى ...... 565

§ 4 . كوللېكتىپ، شېرىكلەشكەن سانائەت قەرز پۇلى ...... 570

§ 5 . ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى ...... 575
§ 6 . ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۇسكۈنە قەرز پۇلى (تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى) ...... 576
§ 7 . ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى ۋە يەرلىك ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى ...... 579
§ 8 . باشقا مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى ...... 581
§ 9 . خۇسۇسىي سانائەت ۋە يەككە قول سانائەت قەرز پۇلى ...... 584
§ 10 . سانائەت قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش ئۆزگىرىشى ...... 586
I باب سودا قەرز پۇلى ...... 592
§ 1 . تەرەققىيات جەريانى ...... 592
§ 2 . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلى ...... 597
§ 3 . ئاشلىق قەرز پۇلى ...... 614
§ 4 . تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قەرز پۇلى ...... 618
§ 5 . كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلى ...... 628
§ 6 . خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە يەككە سودا قەرز پۇلى ...... 632
§ 7 . سودا قەرز پۇلى قالدۇقىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش ئۆزگىرىشى ...... 637

## ئالتىنچى قىسىم يېزا كرېدىتى

I باب تەرەققىيات جەريانى ...... 643
II باب دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىغا قەرز پۇل بېرىش ۋە پۇل بۇيرۇپ بېرىش ...... 649
§ 1 . بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى قەرز پۇلى ...... 649
§ 2 . بىڭتۇەننىڭ سانائەت قەرز پۇلى ...... 657
§ 3 . بىڭتۇەننىڭ سودا قەرز پۇلى ...... 665
§ 4 . يەرلىكنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى قەرز پۇلى ...... 668
§ 5 . يېزىلارغا بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇلغا نازارەت قىلىش ...... 674
III باب يېزىلاردىكى كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىككە بېرىلگەن ۋە ئېچىش خاراكتېرىدىكى قەرز پۇل ...... 681
§ 1 . يېزا گۈڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى ...... 681
§ 2 . كوللېكتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى ...... 684
§ 3 . يېزىلاردىكى يەككە تىجارەتچى، هۈنەرۋەن ... كەسپىي ئائىلىلەر قەرز پۇلى

........ 696

§4 . يېزىلاردىكى ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇل ........ 702

IV باب يېزا قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش - كېمىيىشى، كەچۈرۈم قىلىنىشى ۋە بوغالتىرىيە يېتەكچىلىكى ........ 706

§1 . يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى قالدۇقىنىڭ ئېشىش - كېمىيىشى ........ 706

§2 . يېزىلارنىڭ قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش ۋە كەچۈرۈم قىلىش ........ 717

§3 . يېزا گۆڭشې، ئەترەتلىرىنىڭ بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش ........ 724

V باب يېزا ئامانەت - قەرز ھەمكارلىقى ........ 731

§1 . ئامانەت - قەرز ھەمكارلىقى كەسپى ........ 731

§2 . يېزىلاردىكى جازانىخورلۇقنىڭ شەكلى ۋە ئۆسۈم نىسبىتى ........ 752


## يەتتىنچى قىسىم تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ بۇيرۇپ بېرىلىشى ۋە قەرز بېرىلىشى


I باب تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ........ 759

II باب ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى خام چوتىنىڭ باشقۇرۇلۇشى ........ 765

§1 . خام چوتىنىڭ تاپشۇرۇۋېلىپ، بېجىرىلىشى ........ 765

§2 . خام چوتىنىڭ بېكىتىلىشى ........ 767

§3 . خام چوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى ........ 770

III باب تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغنى بۇيرۇپ بېرىش ۋە باشقۇرۇش ........ 780

§1 . ماتېرىيال ھازىرلاشقا ئالدىن چىقىم قىلىنغان پۇلنىڭ بۇيرۇپ بېرىلىشى ........ 780

§2 . بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىغا پۇل بۇيرۇپ بېرىش ........ 783

§3 . ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش ........ 786

§4 . لايىھەدىكى خام چوتنى تەكشۈرۈش ........ 790

§5 . ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ........ 795

§6 . ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى بۇيرۇپ بېرىش ۋە باشقۇرۇش ........ 801

§7 . گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىنى بۇيرۇپ بېرىش ........ 806

§8 . يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ بۇيرۇپ بېرىش ........ 809

IV باب تۇراقلىق مۇلۇككە سېلىنغان مەبلەغ قەرز پۇلىنى

باشقۇرۇش ...... 815
§ 1 . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ...... 817
§ 2 . ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى ...... 821
§ 3 . يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تەدبىرى قەرز پۇلى ...... 826
§ 4 . بىناكارلىق ساھەسىنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى ...... 832
§ 5 . قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئىناۋەتلىك ھاۋالە ۋە ھاۋالە قەرز پۇلى ...... 837
§ 6 . راسچوت قەرز پۇلى ۋە ۋاقىتلىق ئوبوروت قەرز پۇلى ...... 845
V باب بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش ...... 847
§ 1 . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ...... 847
§ 2 . قۇرۇلۇش تەننەرخىنى نازارەت قىلىپ تۆۋەنلىتىش ...... 849
§ 3 . تۇراقسىز مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ...... 855
§ 4 . مال - مۈلۈك ۋە مەبلەغلەرنى ئىنقىلاشقا قاتنىشىش ...... 861
§ 5 . باجنى پايدىنىڭ ئورنىغا قويۇشقا رىياسەتچىلىك قىلىش ۋە قاتنىشىش ...... 864
§ 6 . بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىغا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە نازارەت قىلىش ...... 868
VI باب قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ۋە باھالاپ مۆلچەرلەش ...... 876
§ 1 . قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ...... 876
§ 2 . تۈرلەرنى باھالاش ...... 878
§ 3 . ناھىيىلەر باشقۇرغان سانائەتنى تەكشۈرۈش ...... 879

## سەككىزىنچى قىسىم خەلقئارا پۇل مۇئامىلە

I باب تاشقى سودا تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ۋە خەلقئارا راسچوت ...... 885
§ 1 . تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ...... 885
§ 2 . تاشقى سودا قەرز پۇلى ...... 889
§ 3 . تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ...... 896
§ 4 . خەلقئارا سودا ۋە غەيرىي سودا راسچوتى ...... 902
§ 5 . خەلقئار ھاۋالە كەسپى ...... 912
II باب تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ...... 917
§ 1 . تاشقى پېرېۋوت نورمىسىنى باشقۇرۇش ...... 917
§ 2 . شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوتىنى باشقۇرۇش ...... 919

3 § . تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش بېلىتىنى باشقۇرۇش ...... 922
4 § . تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈش ...... 924

## توققۇزىنچى قىسىم سوغۇرتا

I باب تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ...... 927
II باب دۆلەت ئىچىدىكى سوغۇرتا ...... 934
1 § . شەھەر سوغۇرتىسى ...... 934
2 § . يېزا سوغۇرتىسى ...... 965
III باب چەت ئەلگە ئالاقىدار سوغۇرتا ...... 982
1 § . باشلانغان مەزگىلى (1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە) ...... 982
2 § . تەرەققىيات مەزگىلى (1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە) ...... 983
IV باب ئاپەتتىن ساقلىنىش، تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىش ...... 988
1 § . ئاپەتتىن ساقلىنىش ...... 988
2 § . تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىش ...... 990

## ئونىنچى قىسىم راسچوت، تارقىتىش، ھاۋالە

I باب مېمورىئال راسچوت ...... 999
1 § . تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ...... 999
2 § . ھېساب باشقۇرۇش ...... 1003
3 § . راسچوت تۈرلىرى ...... 1006
II باب تارقىتىش، كاسسىرلىق ...... 1010
1 § . تەرەققىيات جەريانى ...... 1010
2 § . تارقىتىش فوندىنى باشقۇرۇش ...... 1011
3 § . نەق پۇل كاسسىسىنى باشقۇرۇش ...... 1020
4 § . ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش ...... 1023
III باب ھاۋالە ...... 1032
1 § . تەرەققىيات جەريانى ...... 1032
2 § . كەسىپ ...... 1033

## ئون بىرىنچى قىسىم باشقۇرۇش

I باب پۇل مۇئامىلىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ........ 1041
§1 . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ........ 1041
§2 . باشقۇرۇش خىزمىتى ........ 1042
II باب پىلان باشقۇرۇش ........ 1046
§1 . كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش ........ 1046
§2 . نەق پۇل پىلانىنى باشقۇرۇش ........ 1059
§3 . پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكىسى ........ 1065
§4 . ئىقتىسادىي ئۆچۈر ........ 1078
III باب بوغالتىرىيىلىك باشقۇرۇش ........ 1083
§1 . بوغالتىرلىق تۈزۈمى ........ 1083
§2 . بانكىلار ئارا مۇئامىلە ........ 1089
§3 . مالىيە باشقۇرۇش ........ 1093
IV باب كادىر باشقۇرۇش ........ 1102
§1 . كادىرلار قوشۇنى ........ 1102
§2 . ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى ........ 1110
§3 . ئەمگەك مۇسابىقىسى ........ 1126
§4 . ئۇنۋان باھالاش ........ 1140
§5 . ئىش ھەققى، پاراۋانلىق ........ 1148
V باب مەمۇرىي تەپتىشلىك ۋە تەپتىشلىك ........ 1154
§1 . مەمۇرىي تەپتىشلىك، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ........ 1155
§2 . مەمۇرىي تەپتىشلىك، بانكا تەپتىشلىكى ........ 1161
§3 . كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش ........ 1164
VI باب پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى ........ 1167
§1 . تەتقىقات ئورنى ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەر ........ 1167
§2 . تەتقىقات پائالىيىتى ۋە نەتىجىسى ........ 1170
VII باب تېخنىكا يېڭىلاش ........ 1178
§1 . جەريانى ........ 1178
§2 . بانكىدا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى ........ 1180

ئاخىرقى سۆز ........ 1185
«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى ........ 1189

# ئومۇمىي كىرىش سۆز

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى 1983 - يىلى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى تۈزۈشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى قۇرۇلۇپ، بۇ خىزمەتكە ئومۇمىيۈزلۈك مەسئۇل بولدى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ھەر قايسى كەسىپ تەزكىرىلىرىنى تۈزۈش كومىتېتلىرىنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدە ۋە كەڭ تەزكىرە خادىملىرىنىڭ جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نىڭ ھەر قايسى كەسىپ تەزكىرىلىرى كەينى - كەينىدىن پۈتۈپ، نەشردىن چىقىشقا باشلىدى، بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىر زور نەتىجە.

تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، ئەممىنىيە، يىغىلىق دەۋرلىرىدىلا تەزكىرىچىلىك بىخ سۈرگەن، تاڭ، سۇڭ، دەۋرلىرىدە تەزكىرىچىلىك مۇھىم تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بولسا، كونا تەزكىرىلەرنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. شىنجاڭنىڭ تەزكىرىچىلىك تارىخىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن. ھازىر 111 خىل، 600 تومدىن ئارتۇق تەزكىرە كىتابى ساقلانماقتا. بىر كىتابنىڭ ھەر خىل نامدىكى نۇسخىلىرىنى ياكى بىر كىتابنىڭ قىسقارتىلىپ بېسىلغان ھەر خىل نۇسخىلىرىنى چىقىرىۋەتكەندىمۇ، يەنە 83 خىل تەزكىرە كىتابى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بالدۇر تۈزۈلگىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنيۈەن يىللىرى (758 — 759 - يىللىرى) دا تۈزۈلگەن «قۇچۇ ئايمىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك تەپسىراتى» (كەمتۈك)، ئەڭ كېيىن تۈزۈلگىنى مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947- يىلى) دىڭ شياۋ تۈزگەن «شىنجاڭ توغرىسىدا ئومۇمىي بايان» دىن ئىبارەت. چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن «غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» بىلەن شۈەنتۇڭ يىللىرىدا تۈزۈلگەن «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ مەزمۇنى خېلى تەپسىلىي. بۇ كونا تەزكىرىلەر تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، شەكىلدىن تارتىپ مەزمۇنىغىچە نۇرغۇن نۇقسان ۋە شاكاللاردىن خالىي ئەمەس، لېكىن، بۇ كىتابلار تارىخنى ساقلاش قىممىتىنى يوقاتماي، بىزنىڭ شىنجاڭنى تونۇشىمىز، شىنجاڭنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ كەلدى. مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئىككى قېتىم تەزكىرە سارىيى تەسىس قىلىپ، ئومۇمىي تەزكىرە تۈزۈشكە كىرىشكەن بولسىمۇ، سىياسىي جەھەتتىكى چىرىكلىك، ئۈزۈلمەي داۋاملاشقان ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى. شۇنداق قىلىپ، 1911- يىلى «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» تۈزۈلۈپ بولغاندىن تارتىپ تاكى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە شىنجاڭدا ئومۇمىي تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى

70 نەچچە يىل ئۆزۈلۈپ قالدى.

بۈگۈنكى كۈندە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرماقتا، تۈرلۈك ئىشلار جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانماقتا. مۇشۇنداق گۈللەنگەن بىر دەۋردە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرە تۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ، شىنجاڭنىڭ ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

شىنجاڭ — ۋەتىنىمىزدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىنىڭ تارىختىن بۇيان ئايرىلماس بىر قىسمى. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 60 - يىللاردا غەربىي خەن سۇلالىسى بۈگۈردە غەربىي يۇرت قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى قۇرغاندىن تارتىپ، شىنجاڭ رەسمىي تۈردە ۋەتىنىمىزنىڭ زېمىن تەۋەلىكىگە ئۆتتى. ۋېي، جىن سۇلالىلىرى ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلەر ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن، غەربىي يۇرت چېرىكچى بېگى بىلەن غەربىي يۇرت دورغابېگى داۋاملىق تەسىس قىلىنىپ كەلدى. ئالدىنقى لياڭ ھاكىمىيىتى ھازىرقى تۇرپان ئەتراپىدا قوچۇ ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، شىنجاڭدا ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنىڭ باشلىنىشىنى يارىتىپ بەردى. سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدە غەربىي يۇرتتا ۋىلايەت، ناھىيە داۋاملىق تەسىس قىلىنغاندىن سىرت، يەنە ئىۋىرغول ئايمىقى، قوچۇ ئايمىقى، بېشبالىق ئايمىقى ۋە ئەنشى قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى، بېشبالىق قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ھازىرقى شىنجاڭنى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى، چۇ دەرياسى ۋادىسى ئەتراپىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بەش سۇلالە، سۇڭ، لياۋ، جىن، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە غەربىي يۇرت بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئالاقىسى يەنىلا ناھايىتى قويۇق بولۇپ كەلدى. چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، چيەنلۇڭنىڭ 27 - يىلى (1762 - يىلى) شىنجاڭدا ئىلى قاتارلىق جايلارنى باشقۇرغۇچى جياڭجۈن قويۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي ئىشلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى. 1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى ئىچكىرىدىكى جايلارنىڭ مەمۇرىي تۈزۈلمىسى بىلەن تەدرىجىي بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) ئالتاي شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھازىرقى مەمۇرىي رايونى شەكىللەندى. 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى كەڭ ئالاقە داۋامىدا، چېگرا رايوننى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش يولىدىكى جاپالىق ئىگىلىك يارىتىش داۋامىدا، يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زاماندىكى كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشى داۋامىدا، بىرلىك،

ئىتتىپاقلىق بولغاندا، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىدىغانلىقىنى، مالىمانچىلىق، بۆلۈنۈش بولغاندا، خەلقنىڭ كۈلپەت چېكىدىغانلىقىنى، جەمئىيەتنىڭ چېكىنىپ كېتىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشتى.

شىنجاڭ ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي - شىمالىي چېگرىسىغا جايلاشقان، ئۇ موڭغۇلىيە، روسىيە فېدراتسىيىسى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، ئافغانىستان، پاكىستان، ھىندىستاندىن ئىبارەت سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىداش، يەر مەيدانى 1 مىليون 600 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرى ئاجايىپ گۈزەل، ھەيۋەتلىك، بوستانلىقلىرى مۇنبەت، باي، يايلاقلىرى بىپايان ھەم كۆركەم، قېزىلما بايلىقلىرى مول. 17 خىل قېزىلما بايلىق زاپىسى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ نېفىت بىلەن كۆمۈر زاپىسى ئەڭ كۆپ. ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 1990 - يىلدىكى مەلۇماتىدا مۇنداق دېيىلگەن: ھازىر ئاپتونوم رايون بويىچە 46 مىليون 303 مىڭ 300 مو تېرىلغۇ يەر، ئاچسا دېھقانچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان 73 مىليون 459 مىڭ 500 مو بوز يەر بار؛ 22 مىليون 455 مىڭ مو ئورمانلىق، ئورمان ئەھيا قىلىشقا باب كېلىدىغان 39 مىليون 900 مىڭ مو بوز يەر، پايدىلىنىشقا بولىدىغان 700 مىليون مودىن ئارتۇق تەبىئىي ئوتلاق بار؛ تاتلىق سۇ كۆلىمى 10 مىليون مودىن ئارتۇق، يەر ئۈستى سۈيىنىڭ يىللىق سىرغىم مىقدارى 88 مىليارد 400 مىليون كۇب مېتىر، يەر ئاستى سۈيىنىڭ پايدىلىنىشقا بولىدىغان مىقدارى 25 مىليارد 200 مىليون كۇب مېتىر، مۇزلۇقلاردىكى سۇ زاپىسى 2 تىرىليون 580 مىليارد كۇب مېتىر؛ قۇياشنىڭ يىللىق يورۇتۇش ۋاقتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2600 — 3400 سائەت. كان بايلىقى، سۇ، تۇپراق، نۇر، ئىسسىقلىق بايلىقلىرى شىنجاڭدا سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زور ئىستىقبالغا ئىگە ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىپ بەردى. مۇشۇنداق گۈزەل، باي زېمىن كونا جۇڭگودا ئىچكى مالىمانچىلىق، تاشقى ئاپەتلەر دائىم بولۇپ تۇرىدىغان، خەلق ئاچ - يالىڭاچلىقتا ياشايدىغان خانىۋەيران بىر جاي ئىدى. «چىللىدى خوراز جاھاننى ئويغىتىپ، تاڭ يورىدى، ياڭرىدى ھەر ياندا ساز، يۈتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە». 1949 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئازادلىققا ئېرىشتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇلار ئۆز بويىندىكى ئاسارەت زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، پارلاق سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم تاشلىدى. 42 يىلدىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى كوممۇنىستىك پارتىيىگە ئەگىشىپ، دېموكراتىك ئىنقىلاب، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، شىنجاڭدا يەر جاھاننى زىلزىلىگە سالىدىغان ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. بولۇپمۇ 1978 - يىلدىكى پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ھەر مىللەت خەلقى پارتىيىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت

ئاساسىي لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات جەھەتتە تېخىمۇ تېز يۈكسەلدۈردى. 1949 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 750 مىليون يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، مىللىي دارامىتى 440 مىليون يۈەن ئىدى. 1990 - يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 45 مىليارد 865 مىليون يۈەنگە، مىللىي دارامىتى 20 مىليارد 495 مىليون يۈەنگە يەتتى؛ 1950 - يىلى كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مىللىي دارامەت 112 يۈەن ئىدى، 1990 - يىلىغا كەلگەندە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە مىللىي دارامەت 1374 يۈەنگە يېتىپ، 1980 - يىلىدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، 1950 - يىلىدىكىنىڭ 4.9 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. نامرات، قالاق قىياپەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىلدى. تارىخ شۇنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئىسپاتلىدىكى، شىنجاڭ گۈللىنىپ روناق تاپماقچى، مىللەتلەر گۈللەپ ياشىماقچى، خەلق باياشاتلىققا، بەختكە ئېرىشمەكچى بولىدىكەن، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەستىن چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى بويلاپ، باتۇرانە ئالغا بېسىشى لازىم.

شىنجاڭ قەدىمدىن تارتىپلا ئىلمىزدىكى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جاي. ئورغۇنلىغان قەدىمكى مىللەتلەر مۇشۇ يەردە ياشاپ، كۆپىيىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرغان. ئۇزاق ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆز ئارا ياردەملىشىپ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۆز ئارا سىڭىشىپ، ھازىرقى زامان مىللەتلىرىگە ئايلىنىشتىن ئىبارەت تەرەققىيات جەريانىنى تەدرىجىي تاماملىدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە بۇ يەردە جەمئىي 13 مىللەت بار ئىدى. ئۇلار — جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ مۇھىم ئەزالىرى. شىنجاڭدىكى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچانلىقى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن تونۇلغان، ئۇلار ۋەتەننىڭ چېگرا رايونىنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش يولىدا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان. بۈگۈنكى كۈندە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ھەر مىللەت خەلقى ئۆم - ئىناق ياشاپ، جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇپ، سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشتا باراۋەر بولۇپ ئۆز ئارا ياردەملىشىدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ - ھەمكارلىشىپ بىرلىكتە گۈللىنىدىغان سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورناتتى. ئۇزاق مەزگىللىك كۈرەش ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتى - سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى؛ خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالماسلىق - ئىلمىزنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا ھەر مىللەت خەلقىدە شەكىللەنگەن ئورتاق تونۇش؛ ھەر

مىللەت خەلقىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ۋەتىنىڭ چوڭ ئائىلىسىدە زىچ ئىتتىپاقلىشىشى - گۈللەپ ياشنىغان شىنجاڭ قۇرۇشتىكى قۇدرەتلىك كۈچ. بۇنىڭدىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسىتىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە داۋاملىق قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشىمىز، ۋەتىنىڭ بىرلىكىنى قەتئىي قوغدىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ۋەتەننى سۆيۈش، يۇرتنى سۆيۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقى، بىر خىل غايەت زور ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچى. ئۇ، تارىخنى ئەسلەپ، ھازىرنى تونۇپ، كېلەچەكنى يارىتىشتىكى ئەڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئاساس بولۇپ قالدى. تەزكىرە مانا مۇشۇ ئاساستا بىخ سۈرگەن، بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ئۇنىڭدا بىر جاينىڭ ئەھۋالى ۋە يازما ھۆججەتلىرى مۇجەسسەملەنگەن، ئۇنىڭغا بىر جايدىكى خەلقنىڭ ئىگىلىك يارىتىش روھى ۋە ھېسسىياتى سىڭگەن؛ ئۇنىڭدا بىر جايدىكى خەلقنىڭ تۆھپىلىرى خاتىرىلەنگەن، بىر جاينىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئابىدە تۇرغۇزۇلغان؛ ئۇ، قويۇق يەرلىك تۈسكە ئىگە، ئۇنىڭدا مەشھۇر زاتلار ۋە مۇقەددەس جايلارنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشىمىزدە كەم تېپىلىدىغان يەرلىك دەرسلىك ھېسابلىنىدۇ.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە كەڭ كۆلەمدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا شىنجاڭنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە، ئىشەنچلىك، مول ماتېرىياللار بىلەن ئەتراپلىق، سىستېمىلىق، ئىلمىي بايان قىلىندى، ئۇنىڭدا تارىخ شەرھلىنىپ، قەدىمكى زامان بىلەن ھازىرقى زامان تۇتاشتۇرۇلدى، ھازىرقى ئەھۋاللار كەڭ خاتىرىلىنىپ، ھەر خىل كەسىپلەر بايان قىلىندى؛ ھەم شىنجاڭنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئەھۋالى، ھەم شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلدى؛ ھەم قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر، ھەم ئالغا بېسىش داۋامىدىكى ئەگرى - توقايلىقلار ۋە سەۋەنلىكلەر ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇنىڭدا شەيئىلەرنىڭ سەۋەب - نەتىجىلىرى ۋە تەرەققىيات يولى ناھايىتى ئېنىق خاتىرىلەنگەن. شۇڭلاشقا ئۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشىنى، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىنى ئىلمىي ئاساس ۋە تارىخىي ئۆرنەكلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» نى تۈزۈش ئۇسۇلى جەھەتتە ھەم ئىلگىرىكىگە ۋارىسلىق قىلىندى، ھەم يېڭىلىق يارىتىلدى، يېڭى شەكىل، يېڭى كۆز قاراش، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ماتېرىياللار بىر - بىرىگە سىڭدۈرۈۋېتىلدى. پۈتكۈل ئومۇمىي تەزكىرە جەمئىي 86 توم كەسىپ تەزكىرىسىدىن تەركىب تاپتى. ئۇ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك تۇنجى سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرە كىتابى، ئۇنىڭغا ھەر قايسى كەسىپ

تەزكىرىلىرىنى تۈزۈش كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە بارلىق تەزكىرە خادىملىرىنىڭ يۈرەك قېنى سىڭدى، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدىكى خادىملارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى مۇجەسسەملەندى.

90 - يىللارغا قەدەم قويغان شىنجاڭدا سىياسەتلەر راۋان يۈرگۈزۈلۈپ، خەلق ئاسايىشلىقتا ياشماقتا، ھەممە كەسىپلەر گۈللەنمەكتە. ۋەھالەنكى، كۆز ئالدىمىزدىكى قۇرۇلۇش ۋەزىپىلىرى يەنىلا ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى» دە خاتىرىلەنگەن جايلار ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللار ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشىدە چوقۇم ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى

1991 - يىل 12 - ئاي

# كىرىش سۆز

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»نى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن، سەككىز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىندى. ھازىر بۇ كىتاب پۈتتى. ئۇنىڭدا شىنجاڭدا پۇل بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى (ئوقتىلىق 1884 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى) پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى بايان قىلىندى. بۇ كىتاب ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈندۇ. بىرىنچى قىسىمدا چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن تارتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغىچە بولغان مەزگىلدىكى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، كەسپىنى قانات يايدۇرۇش ئەھۋالى بايان قىلىندى. ئىككىنچى قىسىمدا شىنجاڭنىڭ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تەرەققىيات جەريانى، كەسپىي جەھەتتىكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر بايان قىلىندى.

بۇ كىتابنىڭ ھەجمى خەنزۇچە خەت ھېسابىدا 1 مىليون خەتتىن ئاشىدۇ. يېزىش جەريانىدا 11 مىڭ جىلدىن ئارتۇق ئارخىپ كۆرۈلۈپ، ئۇنىڭدىن 40 نەچچە مىليون خەتلىك ماتېرىيال تاللاپ چىقىلدى. بېيجىڭ، شاڭخەي، نەنجىڭ، خاربىن، لەنجۇلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، ماتېرىيال توپلاندى. ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر زىيارەت قىلىندى. ئۇنىڭدىن كېيىن، توپلانغان ئاشۇ نۇرغۇن ئارخىپ، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال ۋە ئاغزاكى ماتېرىياللار تۈرگە ئايرىلىپ، تاللىنىپ، مېغىزى ئېلىنىپ، ۋەقەلىكنىڭ باش - ئايغى، سەۋەب - نەتىجىلىرى ئېنىقلىنىپ، رەتلەندى. كەسىپنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈزلىنىش ئەھۋالى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. ئاندىن كەسىپ تۈرى بويىچە رەتكە تىزىلىپ، مەزمۇن ئىزچىللىقى بويىچە يېزىلدى. ھازىرقىسى تەپسىلىيرەك، قەدىمقىسى قىسقارتىپ، ئوخشىمايدىغانلىرى تەپسىلىي، ئوخشاشلىرى قىسقارتىپ يېزىلدى. دەۋر ئالاھىدىلىكى، كەسىپنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئىدىيىۋىلىك، ئىلمىيلىك ۋە ماتېرىياللىقى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ بەلگىلەنگەن يىل چېكى ئىچىدىكى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى ئەكس ئەتتۈرۈلدى ھەم شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن ئېچىپ بېرىلدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى كۆپ بولۇپ، ئىقتىساد كاساتلاشتى، پۇل پاخاللاشتى. پۇل مۇئامىلە بەكمۇ قالايمىقانلاشتى. بولۇپمۇ گومىنداڭ

ھۆكۈمىتى تارمار بولۇشنىڭ ھارپىسىدا مالىيەدىكى قىزىل رەقەمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، قورچاق فابى پۇلى ۋە ئالتۇن دوللارنى كۆپلەپ تارقاتتى. مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى. شىنجاڭ بويىچە تالىشىپ مال سېتىۋېلىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ماگىزىنلار ئارقا - ئارقىدىن تاقالدى. پۇلنىڭ كۇرسى شىددەت بىلەن تۆۋەنلەپ كەتتى. ئازادلىقنىڭ ھارپىسىدىكى 1949 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسىدە تارقىتىلغان ئۆلكە پۇلىنىڭ يۈزىدىكى سوممىسى 600 مىليون دوللاردىن 6 مىليارد دوللارغا چىقتى. ۋەھالەنكى، 6 مىليارد دوللارغا ئاران بىر قاپ سەرەڭگە سېتىۋالغىلى بولاتتى. بۇنداق يامان پۇل پاخاللىقى مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئېغىر لاشتى. شىڭ شىسەي شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئىلغارلىق تونىغا ئورۇنىۋالغانىدى. شۇ چاغدا پارتىيىمىز بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كادىرلارنى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ماۋزېمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ۋە پۇل مۇئامىلە خىزمىتى ئۈنۈملۈك ئىسلاھ قىلىندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا شىڭ شىسەي ئەكسىيەتچىل قىياپىتىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ، پارتىيىمىز ئەۋەتكەن كادىرلارنى تۈرمىگە سالدى. يولداش ماۋزېمىن تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ ئەمدىلا ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن ئىقتىسادى ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى يەنە بوغۇۋېتىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى يەنە قىيىن ئەھۋالدا قالدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەر دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە پۇل، كرېدىت، راسچوت، ئۆسۈم نىسبىتى، پېرېۋوت نىسبىتى قاتارلىق ئىقتىسادىي پىشاڭنى ئىشقا سېلىپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، پائال مەبلەغ توپلاپ، مەبلەغنى يۈرۈشتۈرۈپ، سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، راۋاجلىنىشىغا ۋە تاۋار ئوبوروتىغا مەدەت بېرىپ، پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت بويىچە ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشىدا ئاكتىپ رول ئويناپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

لېكىن، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدە بەزى مەسىلە ۋە نۇقسانلارمۇ ساقلاندى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقى بانكىلىرىنىڭ بەزى ئۇسۇللىرى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، «ئۈچ چوڭ مەركەز» (كرېدىت، نەق پۇل، راسچوت) تەكىتلىنىپ، ئىقتىسادىي پىشاڭنىڭ تەڭشەش رولىغا سەل قارالدى. نەتىجىدە بانكىنىڭ فۇنكسىيىسى تېگىشلىك جارى قىلىنمىدى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە «سولچىل» خاتالىقنىڭ كاساپىتىدىن، پۇل كۆپ ئامانەت قويۇلسا، كۆپ قەرز بېرىلىپ، قانچىلىك سېتىۋېلىنسا، شۇنچىلىك تەمىنلەپ، سىياسىي ھېساباتلا قىلىنىپ، ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىنماي، مەبلەغ تەمىنلەشكىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ،

ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىلمەي، ئەمەلدە بەرپا قىلىنغان بانكا باشقۇرۇش تۈزۈمى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بانكا ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي تەڭشەش ۋە تىزگىنلەش فۇنكسىيىسىنى يوقىتىپ قويدى.

ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بانكىنىڭ بەزى ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ ياكى بىرلەشتۈرۈلۈپ، نوقۇل ھالدا كىرىم - چىقىم قىلىش بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان خەزىنە كاسسىرىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇلدى. ئەمەلىيەتتە بانكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ زۆرۈرلىكى ئىنكار قىلىنىپ، ئىقتىسادقا ئېغىر زىيان يەتتى.

1978 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قالايمىقانچىلىق ئوڭشىلىپ، مەركەز تۈزۈپ چىققان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتكە ئاساسەن، بانكىنى ھەقىقىي بانكا قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يېتەكچى ئىدىيىسى بويىچە، پۇل، كرېدىت، ئۆسۈم نىسبىتى سىياسىتى تەڭشەلدى. پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى يېڭى تەرەققىيات يولىغا قەدەم قويدى.

«پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» شىنجاڭنىڭ تۇنجى سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى. ئۇنىڭدا شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقايلىقلار ۋە تەرەققىيات جەريانى يىغىنچاقلاپ ئەكس ئەتتۈرۈلدى. شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلدى. ئۇ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى پۇل مۇئامىلە خىزمەتلىرىدە مۇھىم ئۈلگە بولالايدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى سەككىز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە، بۇنداق بىر تەزكىرىنى يېزىپ چىقىش ھەقىقەتەنمۇ ئاسان ئەمەس. «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ باشلانغان ۋاقتىدىن تارتىپ يېزىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئارىدا 1000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەھۋال ئۆزگەردى، دەۋر ئۆزگەردى، نۇرغۇن ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. شۇڭا، تەزكىرىچىلەر خۇددى قۇم ئارىسىدىن كېپەك ئالتۇن سۈزگەندەك، نۇرغۇنلىغان ئارخىپ، كىتاب، گېزىت - ژۇرناللاردىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى قېزىپ چىقىشقا توغرا كەلدى. ئۇلار نۇرغۇن پارچە - پۇرات ماتېرىياللار ئىچىدىن كېرەكلىكلىرىنى تاللاپ، ئاز - ئازدىن كۆچۈرۈپ، رەتلەپ، تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلىپ ئاندىن يېزىپ چىقتى. بۇ غايەت زور ئەسەرنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى 12 پېشقەدەم يولداش (بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالىي ئىقتىسادچى ئون، ئىقتىسادچى بىر) نىڭ، يەتتە ئوتتۇرا ياش ۋە ياش يولداش (ئالىي ئىقتىسادچى بىر، ئىقتىسادچى ئۈچ، ياردەمچى ئىقتىسادچى ئۈچ) نىڭ شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى، شۇنداقلا، ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ غەمخورلۇقى، خەلق بانكىسى ھەم ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار، سۇغۇرتا شىركىتى رەھبەرلىرىنىڭ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، پروفېسسورلارنىڭ مەدەت بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

12 يېشقەدەم يولداشنىڭ ھەممىسىنىڭ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس بولسىمۇ، ئۇلار سەككىز يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان قەتئىي تەۋرەنمەي، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، قىيىنچىلىق ئالدىدا باتۇرلارچە ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، خالىسانە تۆھپە قوشتى. ئاخىرقى يوسۇندا تەزكىرە يېزىش پىلانى ۋە تەلىپى بويىچە تىرىشىپ ئىشلىدى. ئۇلار پېنسىيىگە، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ پارتىيىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن داۋاملىق تۆھپە قوشتى. بۇ ئىنتايىن ئالىيجاناپ روھ، ئاخىرىدا تەزكىرىنىڭ پۈتكەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ئۇنىڭغا كىرىش سۆز يازغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن.

ياڭ چى

1992 - يىل 2 - ئاي

# تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى

1. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» دىن ئىبارەت كەسپىي تەزكىرە ئاساسىدا ئىخچاملاپ يېزىلدى. تارىخنى ساقلاش مەقسىتىدە، ئوقۇرمەنلەرگە ئۈلگە تىكلەپ بېرىش، ئۆز - ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ۋە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىنى قوللانما بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئاساسەن شىنجاڭنىڭ بەلگىلەنگەن يىل چېكى ئىچىدىكى پۇل، پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرى (ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى، رەھبەرلىكنىڭ ئالمىشىشى، كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە چوڭ ئىشلار) بايان قىلىندى.

2. يېتەكچى ئىدىيىسى. سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» دە سوتسىيالىستىك يېڭىچە تەزكىرىلەرنى تۈزۈش تەلپىگە ئاساسەن، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنىپ، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش قوللىنىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتى بويىچە بايان قىلىندى.

3. يېزىش ئۇسۇلى. يېڭىچە تەزكىرىلەرنى تۈزۈش تەلپىگە ئاساسەن، «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» دە ھازىرقى دەۋر نەزەردە تۇتۇلۇپ، ھازىرقىسى تەپسىلىي بايان قىلىنىپ، قەدىمقىسى قىسقارتىلىپ، ماتېرىيال كەسپ تۈرى بويىچە رەتكە تىزىلىپ، مەزمۇن ئىزچىللىقى بويىچە يېزىلدى؛ مۇناسىۋەتلىك ئادەملەر يېزىلدى، ھايات ئادەملەرنىڭ تەرجىمىھالى تۇرغۇزۇلمىدى. شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئاساس قىلىنىپ، بىر - بىرىگە يېقىن كېلىدىغان ئىشلار يىغىنچاقلاندى، ئوخشاش ئىشلار بىرلەشتۈرۈپ يېزىلدى؛ ئورتاقلىق قىسقا يېزىلىپ، خاسلىق تەپسىلىي يېزىلدى؛ نېمە بولسا شۇ يېزىلدى، مەدھىيىلەنمىدى ۋە كەمسىتىلمىدى؛ كۆز قاراش بايان ئىچىگە سىڭدۈرۈلۈپ، قانۇنىيەت بايانىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە سىڭدۈرۈلدى. زۆرۈر تېپىلغاندا بايان جانلاندۇرۇلۇپ، دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى، يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە كەسپىي ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلدى.

4. بۇ كىتابنىڭ يىل چېكى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ تۇنجى سوتسىيالىستىك يېڭى تەزكىرىسى بولغاچقا، قەدىمكى بىلەن بۈگۈنكىنى تۇتاشتۇرۇپ يېزىشقا تىرىشتۇق. كىتاب مىلادىنىڭ 73 - يىلىدىن

■ ئەسىرگىچە بولغان شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە پۇل قويۇلغان ۋاقىتتىن باشلاپ يېزىلىپ، 1985 - يىلى (ئاخىرقى چەكتىن ئاشۇرۇپ، ئۇلاپ بايان قىلىشقا توغرا كەلگەن ئايرىم باب، پاراگرافلارنىڭ مەزمۇنى قوشۇمچە قىلىندى) ئاخىرلاشتۇرۇلدى، چىڭ سۇلالىسى، مىنگو ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن ئىبارەت ئوخشاش بولمىغان ئۈچ دەۋردىكى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تارىخى ئۆتمۈشلىق بايان قىلىندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەر تەپسىلىي بايان قىلىندى.

5. بۇ كىتابنىڭ قۇرۇلمىسى قىسىم، باب، پاراگراف ۋە كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈندى. بېشىدىكى كىرىش سۆز، تەزكىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، رەسىملىك بەت، ئومۇمىي بايان، چوڭ ئىشلاردىن باشقا جەمئىي 11 قىسىم، 39 باب، 155 پاراگرافتىن تەركىب تاپتى. پاراگرافلار ئېھتىياجغا قاراپ كىچىك بۆلەكلەرگە ئايرىلدى. ھەجمى خەنزۇچە خەت ھېسابىدا بىر مىليون خەتتىن ئاشىدۇ. مۇناسىۋەتلىك باب، پاراگرافلارغا سۈرەت، جەدۋەل قوشۇمچە قىلىندى.

6. بۇ كىتابتا خاتىرە، تەزكىرە، سۈرەت، جەدۋەل، نەقىل كەلتۈرۈش قاتارلىق ئۇسۇلۇبلار قوللىنىلدى. كىتاب ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى بىلەن بايان قىلىندى.

7. ئاپپاراتلار نامىنىڭ قىسقارتىپ ئاتىلىشى. بۇ تەزكىرىدە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى - خەلق شۆبە بانكىسى دەپ؛ جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى - سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى دەپ؛ جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى - يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى دەپ؛ جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى - قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى دەپ؛ جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى - جۇڭگو شۆبە بانكىسى دەپ؛ جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى - سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى دەپ؛ يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى - ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى دەپ قىسقارتىپ ئېلىندى.

8. خەلق پۇلىنىڭ پەرقلەندۈرۈلۈشى. تەزكىرىدە 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئوبوروت قىلىنغان خەلق پۇلى - كونا خەلق پۇلى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى (ھازىرقىسى) يېڭى خەلق پۇلى دەپ ئاتالدى. يېڭى خەلق پۇلىنىڭ بىر يۈەنى كونا خەلق پۇلىنىڭ 10 مىڭ دوللىرىغا تەڭ.

# ئومۇمىي بايان

# ئومۇمىي بايان

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىغا جايلاشقان، غەربىي خەن سۇلالىسىدىن بۇيان، شىنجاڭ شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان ئالاقە يوللىرىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇپ كەلدى. قەدىمكى يىپەك يولى بۇ يەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ جاي شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى مۇجەسسەملەشكەن ماكاندۇر. مىڭ، چىڭ سۇلالىلىرىدىن كېيىن، دېڭىز يوللىرى راۋانلاشتى. شىنجاڭ ئىچكى قۇرۇقلۇققا جايلاشقانلىقتىن، قاتناش ئۈزۈلۈپ قېلىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى تەرەققىيات چەكلىنىپ قالغانىدى.

شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمىي پۇللارنىڭ تۈرى كۆپ، مىقدارى جىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقىسى شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن باشلاپ ئەڭ كېيىنكىسى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۇللارغىچە تېپىلدى. بۇ پۇللار كۆپ ھاللاردا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئوخشاش مەزگىلدىكى سۇلالىلارنىڭ پۇللىرى بىلەن بىللە تېپىلغان، بۇ ھال، شىنجاڭ تارىختىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى سۇلالىلار بىلەن سىياسىي جەھەتتە قويۇق ئالاقە قىلىپلا قالماي، بەلكى ئورغۇن سودا ۋە پۇل ئالاقىسى قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. مىلادى 73- يىلىدىن II ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇدۇن دۆلىتى تارقاتقان خەنزۇچە، كاروشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل (خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى) شىنجاڭدا بايقالغان ئەڭ بۇرۇنقى پۇل ھېسابلىنىدۇ. 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن خەلق ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن گۈرۈكەشلىك شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ باشلىنىشى بولدى.

## 1

شىنجاڭ تارىختا ناتورال ئىگىلىك يېتەكچى ئورۇندا بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭدا چارۋىچىلىق، جەنۇبىي شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىكى ئاساس قىلىناتتى. XVIII ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىدىن ئىلگىرى تاۋار سودا - سېتىقىدا شىمالىي شىنجاڭدا ئاساسەن مالغا مال ئالماشتۇرۇلاتتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا پۇل ئىشلىتىلەتتى. چوڭ - چوڭ سودىدا تەڭگە ئىشلىتىلىپ، پارچە - پۇرات سودىدا يارماق پۇل ئىشلىتىلەتتى. 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن شىمالىي شىنجاڭدا سەر ئۆلچىمىدىكى كۈمۈش پۇل ۋە يارماق ئىشلىتىلدى. تۇڭجى يىللىرىدا ياقۇپبەگ شىنجاڭدىكى يەتتە شەھەرنى ئىشغال قىلىۋالغاندا، ئالتۇن، كۈمۈش، مىستىن ئۈچ خىل پۇل قۇيدۇرۇپ، ئۇنى مەجبۇرىي ئىشلەتتى. گۇاڭشۇنىڭ دەسلەپكى يىللىرى، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ياقۇپبەگنى يوقاتقاندىن كېيىن، ئۇ قۇيدۇرغان پۇللارنى كېرەكسىز قىلدى. بىراق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى خەلق تەڭگە ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن بولغاچقا، شۇ ئادەتكە ئاساسەن پۇل قۇيدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ نامى گۇاڭشۇ تەڭگىسى دەپ ئاتالدى. يارماق پۇلنىڭ ئورنىغا چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلىغا ئوخشىتىپ يېڭى داچەن قۇيدۇرۇلدى.

XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشى جەريانىدا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى سودىگەرلەرنى قىسىملارغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا كېلىپ سودا قىلىشقا

رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدا يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تارقىتىش بارلىققا كەلدى.

1884 - يىلى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندا، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا ۋە ئاقسۇ پۇل قۇيۇش جۇجۇقلىرى 1883 - يىلى قۇيدۇرغان گۇاڭشۈ تۇڭباۋ پۇلى بىلەن چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلىدىن ئىبارەت خاتىرە پۇللىرى تارقىتىلدى. 1885 - يىلى تۇنجى باش مۇپەتتىش ليۇ جىنتاڭ 10 مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، ئۆلكە مەركىزىدە ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى تەسىس قىلىپ، داچەن ئىشلىتىشنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭ بويىچە پۇل قانۇنىنى بىرلىككە كەلتۈردى. بىراق، داچەن، يارماقلار كەمچىل بولغاچقا، ئىلى، چۆچەك تەرەپلەردە خەجلىگىدەك پۇلمۇ يوق ئىدى، شۇڭا پۇل باشقۇرۇش جۇجۇقى قىممىتى 400 داچەنلىك مايلىق لاتا پۇل تارقىتىپ، پۇل قىسلىقىنى پەسەيتتى.

شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەربىي تەمىنات تارقىتىشى ئۈچۈن، ھەر يىلى 3 مىليون سەردىن ئارتۇق كۈمۈش بېرىپ تۇردى. شىنجاڭ ھەر يىلى ئىچكىرىدىن مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن، شۇنىڭغا يېقىن پۇل خەجلىدى، شۇنىڭ بىلەن پۇل پېرېۋوت قىلىش بارلىققا كېلىپ، ۋېي فىڭخې، تيەن چىڭفىڭ، شيې تۇڭچىڭلارنىڭ سەرراپخانىسى تەسىس قىلىندى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھەربىي تەمىنات تارقىتىشقا ئامال بولمىغاننىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى 400 مىڭ سەر كۈمۈش نوپۇس تۆلىمى چېچىلغاچقا، شىنجاڭنىڭ مالىيىسى قىيىن ئەھۋالدا قالدى، پەرمانبەردار ۋاڭ شۇنيەن 1 مىليون 200 مىڭ سەردىن ئارتۇق ئەجدىھا سۈرەتلىك كونا پۇلنى تارقاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىلىدا ئىلى پۇلى تارقىتىلدى. قەشقەر، ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىكى پۇل باشقۇرۇش جۇجۇقلىرىدىمۇ مايلىق لاتا پۇل ۋە چەت ئەل قەغىزىگە بېسىلغان خۇاپياۋ تىزىسىنى تارقاتتى. مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ھەربىي تەمىنات توختاپ قېلىپ، پېرېۋوت پەرقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشقا بولمىغاچقا، ئۈچ ئائىلىنىڭ سەرراپخانىسى كەسپىنى توختاتتى.

شىنجاڭ چېگرا رايونغا جايلاشقان بولغاچقا، روسىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تاجاۋۇز قىلىپ تۇردى. بولۇپمۇ چار روسىيىنىڭ رۇس - ئاسىيا بانكىسى 1900- يىلدىن باشلاپ ئارقا - ئارقىدىن قەشقەر، ئىلى، چۆچەك، ئۈرۈمچىلەردە شۆبە بانكا تەسىس قىلدى. بۇ بانكىلار تەڭسىز شەرتنامىنى تىلتۇمار قىلىپ، ئالتۇن ئامانىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، روسىيە سودا فىرمىلىرىنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ خاراكتېرلىك سودا بىلەن شۇغۇللىنىشىغا مەدەت بەردى. روسىيە سودا فىرمىلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردا كونسۇلخانىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سودا چەمبىرىكى شەكىللەندى. رۇس - ئاسىيا بانكىسى يەنە قەغەز پۇل تارقىتىپ، پېرېۋوتنى كونترول قىلىپ، پۇل مۇئامىلىنى مونوپول قىلىۋالدى. ئەنگلىيە جەنۇبىي شىنجاڭدا بۇلاڭ - تالاڭ خاراكتېرلىك سودىنىڭ سىرتىدا يەنە جازانىخورلۇق بىلەن شۇغۇللىنىپ ھەمدە دىپلوماتىيە ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ھېيلىگەرلىك بىلەن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ شۇ جايدىكى ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنى قاتتىق بىئاراملىققا سېلىپ قويدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى شىنجاڭ ھازىرقى زامان پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ بىخ سۈرگەن مەزگىلى بولدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، مالىيە جەھەتتە باشتىن - ئاخىر ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەي، چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي تەمىنات بېرىشىگە ياكى مەخسۇس ياردەم بېرىشىگە تاياندى. مالىيە قىيىنچىلىقىنى ۋە ئوبوروتنىڭ پۇلغا بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، پۇل قۇيۇش جۇجۇقى كۆپلەپ تەسىس قىلىنىپ، تىللا، تەڭگە ۋە مىس پۇل قۇيۇلدى، پۇل باشقۇرۇش جۇجۇقى تەسىس قىلىنىپ، قەغەز پۇل تارقىتىلدى. 1886 - يىلدىن 1898 - يىلغىچە سەنشىلىك سودىگەرلەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچىدە ۋېي فىڭخې، تيەن چىڭفىڭ، شيې تۇڭچىڭ سەرراپخانىلىرىنى تەسىس قىلىپ، پېرېۋوت كەسپىنى قانات يايدۇردى. 1901 - يىلى تيەنجىن گۇرۇھىدىكى «سەككىز ئائىلە» ماگىزىنى پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن قوشۇمچە شۇغۇللىنىپ، خاس چەك تارقاتتى. 1911 - يىلى «گۈللىنىش» بانكىسى ئۈرۈمچىدە

تىجارەت باشلاپ، بىر نەچچە ئاي تىجارەت قىلغاندىن كېيىن كۆپ زىيان تارتىپ كەتكەنلىكتىن كەسىپنى توختاتتى. 1919 - يىلى رۇس - ئاسىيا بانكىسى ئۈرۈمچىدە شۆبە بانكا تەسىس قىلىپ، «ئالتۇن ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى»نى بېجىردى. 1906- يىلى قەشقەر ۋالىيسى يۈەن خۇڭخى رۇس - ئاسىيا بانكىسىدىن ئاساسىي پاساش ئۈچۈن 20 مىڭ ئالتۇن روبلى قەرز ئالدى. بۇنىڭ بىلەن خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپى باشلاندى. 1907- يىلى ئاقسۇ ۋالىيسى فەن جېن 30 مىڭ سەر ھۆكۈمەت پۇلى ئاجرىتىپ، تىيەنجىنلىك سودىگەر جۇ شىيۈگىنى قەرز پۇل تارقىتىش كەسپىنى بېجىرىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئىچكى - تاشقى ئامانەت پۇل، قەرز پۇل كەسپى بارلىققا كەلدى.

## 2

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى توختىماي، ئىشلەپچىقىرىش خارابلاشتى، مالىيە قۇرۇپ كەتتى، خەلقنىڭ كۆڭلى ئېغىرلاشتى، ھۆكۈمەت ئىقتىسادنى ئۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قالايمىقان قەغەز پۇل تارقاتتى، بۇنىڭ بىلەن پۇل مۇئامىلە بازىرى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى.

1912 - يىلى شىنجاڭغا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمران بولدى. 1915 - يىلى شىنجاڭ چېگرىنى گۈللەندۈرۈش بانكىسى ئۈرۈمچىدە تىجارەت باشلاپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا تاقالغانلىقىنى جاكارلىدى. 1916 - يىلى ۋېيفېڭ سودا بانكىسى قۇرۇلۇپ، 1921 - يىلى كەسپىنى توختاتتى. 1919 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىدا قىزىل ئارمىيە ئارقا - ئارقىدىن غەلىبە قىلدى، ئاقلار ئارمىيىسى مەغلۇپ بولدى، ياڭ زېڭشىن ئۇرۇش ئوتىنىڭ شىنجاڭغا تۇتىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، مۇداپىئەنى كۈچەيتكەنلىكتىن، ھەربىي خىراجەت كۆپىيىپ، قەغەز پۇل پاخاللىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە تەڭپۇڭ بولغان مالىيە خامچوتىدا يەنە قىزىل رەقەم كۆرۈلدى، ئۆلكە پۇلىنىڭ كۇرسى %50 چۈشتى. روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ كەسپى جىددىي ھالدا چۈشكۈنلىشىپ، 1926 - يىلى تاقىلىپ قالدى.

1928 - يىلى جىن شۇرېن تەختكە چىقتى، 1929 - يىلى شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1930 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا قۇرۇلۇپ، پۇل تارقىتىلدى، ئامانەت پۇل، قەرز پۇل، پېرېۋوت كەسپى قانات يايدۇرۇلدى. مالىيىدىكى قىزىل رەقەمنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، دەرھال ئۈچ سەر، بەش سەرلىك ئۆلكە پۇلى باستۇرۇلۇپ، ھەتتا بويىقى قۇرۇماي تۇرۇپلا بازارغا سېلىندى. 1931 - يىلى جىن شۇرېن بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش پارتلاپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا كەسپىنى توختاتتى.

1933 - يىلى شېڭ شىسەي شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1935 - ۋە 1936 - يىللىرى شېڭ شىسەي ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقىدىن 7 مىليون 500 مىڭ ئالتۇن روبلى قەرز ئالدى. 1938 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ماۋزېمىن شىنجاڭنىڭ مالىيە - پۇل مۇئامىلە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ، شىنجاڭنىڭ مالىيە - پۇل مۇئامىلىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، سەرنى يۈەنگە ئۆزگەرتىپ، يېڭى پۇل تارقاتتى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى تىجارەت بانكىسىغا، پۇلنى مالىيىدىن تارقىتىشنى بانكىدىن تارقىتىشقا ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامانەت گۇرۇخانىسى ئېچىپ، جازانىخورلۇققا زەربە بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بازار مۇقىملىشىپ، ھۆكۈمەت بىلەن شەخسلەرگە قولايلىق يارىتىلدى، بۇ مەزگىل «شىنجاڭ پۇل تارىخىنىڭ يېڭى ئېراسى» دەپ ئاتالدى. 1943 - يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە ئاشكارا قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى پۈتۈنلەي جياڭ جيېشىنىڭ قوينىغا ئاتتى، گومىنداڭنىڭ فابى پۇلى، گۈەنجىن پۇلى

ۋە جىن يۈەن پۇلى شىنجاڭغا كۆپلەپ كىردى. بيۇروكرات كاپىتال پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى، ئۆلكە پۇلى ۋە فابى، جىن يۈەن پۇلى قاتارلىقلارنىڭ كۇرسى جىددىي چۈشۈپ كەتتى.

1943 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ۋە 1944 - يىل 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، قۇمۇل ۋە ئۈرۈمچىدە مەركىزىي بانكا تەسىس قىلدى. 1948 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈرۈمچىدە دېھقانلار بانكىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىغا ئۆزگەرتىلدى. 1945 - يىل 1 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايلاردا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى قۇرۇپ، ۋاقىتلىق چەك تارقاتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ، شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت (ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قىسقارتىلىپ ئۈچ ۋىلايەت دېيىلىدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بىلەن يەتتە ۋىلايەت (ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن مەمۇرىي رايونلىرى قىسقارتىلىپ يەتتە ۋىلايەت دېيىلىدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) سىياسىي جەھەتتە قارىمۇ قارشى، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي جەھەتتە بۆلۈنگەن ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇ چاغدا ئۈرۈمچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەتتە ۋىلايەت تۇرۇشلۇق جايلاردىلا بانكا تەسىس قىلىنىپ، ئاز مىقداردىكى ئامانەت، - قەرز ۋە پىرېۋوت كەسپى بېجىرىلدى. بازاردا ھەم شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان ئۆلكە پۇلى، ھەم ئىچكى ئۆلكىلەردىن كىرگەن فابى پۇلى، جىن يۈەن پۇلى ئوبوروت قىلىناتتى. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى باشقۇرۇۋاتقان جايلاردا ۋاقىتلىق پۇل بار ئىدى. ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ پۇلى بىر - بىرىگە ئۆتمەيتتى. ئۇ چاغدا بازاردا ماددىي ئەشيا قىس بولۇپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن، پۇلنىڭ قىممىتى كۈنسايىن چۈشمەكتە ئىدى، جىن يۈەن پۇلى ۋە ئۆلكە پۇلى ھالاكەتكە يۈزلىنىپ، يامان پۇل پاخاللىقى يۈز بەرگەنىدى. ئازادلىق ھارپىسىدا، 1949 - يىل 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن، بىر پارچىسىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 6 مىليارد دوللارلىق قەغەز پۇل تارقاتتى. بازاردا ئالتۇن، كۈمۈش (تەڭگە) ياكى رەخت، چايغا سۇندۇرۇپ باھا ھېسابلايدىغان، قايتۇرىدىغان پارچە پۇلنىڭ ئورنىغا پاپىروس بېرىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلدى، بۇ ئەھۋال ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىگە زور ئاپەت بولغانىدى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭدا يەنە پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، جىن يۈەن پۇلىنى ئىشلىتىش بىكار قىلىنىپ، كۈمۈش تەڭگە ۋە كۈمۈش دوللار پۇلى تارقىتىلدى. ھەر بىر كۈمۈش تەڭگىگە 600 مىليارد دوللار ئۆلكە پۇلى تېگىشىلىپ، كونا ئۆلكە پۇلى يىغىۋېلىندى. بۇ قېتىمقى پۇل ئىسلاھاتى ئانچە زور نەتىجە قازىنالمىغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى.

## 3

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلق ھۆكۈمىتى بيۇروكرات كاپىتال بانكىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنى قۇردى. ھەمدە تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى شەھەر - يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئارقا - ئارقىدىن بانكىنىڭ شۆبە، تارماق ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ، يېزىلاردا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنى تەشكىللەپ، تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركەزنىڭ «دۆلەتنىڭ مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى» نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلىنى، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ، پۇل مۇئامىلە

بازىرىدىكى گومىنداڭ دەۋرىدىن قېپقالغان قالايمىقانچىلىقنى ۋاقتىدا تۈگىتىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلگەن سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى ۋە پۇل تۈزۈمىنى ئورناتتى.

1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1949 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ دېموكراتىك كېڭەشمە يىغىنى ماقۇللىغان «شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى تەڭشەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى لايىھە» گە ۋە ئېھتىياتچان بولۇش، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش فاڭجېنىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ مىللىي رايون ئالاھىدىلىكى ۋە ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە بۆلۈنۈپ تۇرۇش ئەمەلىيىتى چىقىش قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسى پەيدىنپەي تەڭشەلدى ۋە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. سابىق ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان كۈمۈش دوللارنى شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ۋاقتىنچە ئوبوروت قىلىپ تۇرۇش بەلگىلەندى، ئەمما نەقلەشتۈرۈش توختىتىلدى. كۈمۈش دوللار بىلەن خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى بېكىتىلىپ، كۈمۈش دوللار بىلەن كۈمۈش تەڭگىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى. ھەمدە شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ پېرېۋوت كەسپى تېزدىن يولغا قويۇلۇپ، كۈمۈش دوللار بىلەن خەلق پۇلى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلۈپ، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭغا قولايلىق تۇغدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەق پۇل ۋە پۇل باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا تارماقلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن نۇرغۇن ماددىي ئەشيا يۆتكەپ كېلىشىگە مەدەت بېرىلىپ، بازار تەمىناتى كېڭەيتىلدى. يەنە پېرېۋوتقا قوشۇمچە ياردەم بېرىش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ سودىگەرلىرىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن ماددىي ئەشيا يۆتكىشىگە ئىلھام بېرىلىپ، بازار تەمىناتى كۆپەيتىلدى. شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسى پەيدىنپەي مۇقىملاشتۇرۇلدى.

مال باھاسى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تۇتۇش قىلىندى. ئالدى بىلەن، پۇل تېگىشىش چارىسى ئارقىلىق «ۋاقىتلىق چەك» نىڭ ئوبوروت قىلىنىشى توختىتىلىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇلى ئۆلكە پۇلىغا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۈچ ۋىلايەت بانكىسىمۇ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭ بويىچە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. بازاردىكى مال باھاسىنىڭ مۇقىملىشىشىغا، پۇل تۈزۈمىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە، شەھەر - يېزىلارنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يەرلىك كۈمۈش دوللار ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تاۋار ئوبوروتىنى كېڭەيتىش ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، 1951 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكە كۈمۈش دوللىرىنىڭ ئوبوروت قىلىنىشى توختىتىلىپ، شىنجاڭدا ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئالتۇن، كۈمۈش باشقۇرۇش پەرمانى ئېلان قىلىنىپ، ئالتۇن، كۈمۈش، تەڭگىلەرنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش بەلگىلەندى. بازاردا باھاغا سۇندۇرۇش، ئوبوروت قىلىش مەنئى قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭدا پۇل مۇئامىلە بازىرىدىكى قالايمىقانچىلىققا، يامان سۈپەتلىك پۇل پاخاللىقىغا، ماددىي ئەشيا قىسلىقى ۋە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشىگە خاتىمە بېرىلدى.

شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى باشتىن - ئاخىر پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى مەركىزىي ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن، پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە ئەمەل قىلغان، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردىكى ئېھتىياجى ۋە ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا ئىشلەندى. دۆلىتىمىز يېڭى قۇرۇلغان مەزگىلدىكى پۇل پاخاللىقىنى

تومۇش، پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۇل مۇئامىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، كرېدىت پائالىيىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. شىنجاڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى ئارىسىدا پېرېۋوت قىلىش كەسپى قانات يايدۇرۇلدى. شەھەر، يېزىلاردا پۇقرالار پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى، سودا - سانائەتكە ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا قەرز پۇل تارقىتىلدى. شىنجاڭنىڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا مەدەت بېرىلدى، يېزىلاردىكى مالىيە - بوغالتىرلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى. تاشقى پۇل مۇئامىلە ۋە سۇغۇرتا كەسپى يولغا قويۇلدى. تۈرلۈك رامچوت ئۇسۇلى يولغا قويۇلۇپ، نەق پۇل ۋە مەبلەغ باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. بۇ تەدبىرلەر شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى قوللاش، خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى راۋانلاشتۇرۇش، شەھەر - يېزا بازارلىرىنى ئاۋاتلاشتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىجابىي رول ئوينىدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 30 يىل (1949 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە) دا شىنجاڭدا مال باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، موڭغۇلچە، قازاقچە يېزىقلار چۈشۈرۈلگەن خەلق پۇلى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە يۈكسەك ئابروي تاپتى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلار پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇش، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، زور كۈچ بىلەن مەبلەغ جۇغلاپ، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى بار كۈچى بىلەن قوللىدى. ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكىنى كوپىراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىگە پائال مەدەت بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بەردى. نۇرغۇن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىش ۋە يېزىلاردىكى ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، مەبلەغ تەشكىللەپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ تەشكىللىنىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشىغا ياردەم بەردى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىپ، دۆلەت بويىچە تۆت چوڭ بوز يەر ئېچىش رايونىنىڭ بىرىگە ئايلىنىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، دۆلەتنىڭ كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئىشىنى پائال قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرى سودىسىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش كەسپىنى كېڭەيتىپ، ھەم ئىچكى ئۆلكىلەردىن مال كىرگۈزۈشكە، ھەم يەرلىك سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا ھەم ئۇلارنىڭ يېزىلاردىن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىغا، ھەم تاۋار زاپىسىنى كۆپەيتىپ، تېخىمۇ كۆپ سانائەت خام ئەشيالىرىنى ۋە ئاساسلىق تاۋار مەنبەسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بازارنى ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە زورايتىشىغا نۇرغۇن قەرز پۇل بېرىش يولى بىلەن مەدەت بەردى. ھەمدە خۇسۇسىي سودا - سانائەتنىڭ دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىق تەرەپلىرىگە قەرز پۇل ئارقىلىق مەدەت بەردى. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئاكتىپ قوللاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا پائال يار - يۆلەك بولدى. ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سانائەت ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپىراتىپلىرىغىمۇ قەرز پۇل جەھەتتە مەدەت بەردى. تاشقى سودا ۋە ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنى قوللاپ، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ۋە مۇھاجىرلار پېرېۋوتى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» (1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە) جەريانىدا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىل ئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن، نورمال كەسپىي خىزمەتلەر غايەت زور كاشىلىلارغا ئۇچرىدى. بانكا ئاپپاراتلىرىمىزمۇ بىر مەزگىل مالىيىگە قوشۇۋېتىلدى. بىراق، دۆلەت بانكىسى، بولۇپمۇ كەڭ ئاساسىي قاتلام بانكىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى كادىرلىرى يەنىلا خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، كەسپىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىدى. ئۇلار يېزا ۋە چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بېرىپ، گۇڭشې - ئەترەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال قوللىدى ۋە ئىلگىرى سۈردى. نامرات ئەترەتلەرگە مەدەت بېرىش خىزمىتى ۋە مالىيە بوغالتىرلىق جەھەتتىكى يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئىزچىل ياخشى ئىشلىدى.

پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئاڭلىقلىقىغا ئىگە بولغان بانكا ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپ كادىرلىرى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىنى ئوتتاشتۇرغۇچى بەلباغ بولغان بانكىنى داۋاملىق پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. «جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك بانكىلار قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، ئىشلىرىنى تۈپتىن رەتكە سېلىپ، تەڭشەش جەريانىدا ئىلگىرىلەپ، بانكىنىڭ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تېخنىكا يېڭىلاشتىكى پىشاڭلىق رولىنى جارى قىلدۇردى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1979 - يىلدىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ئارقىسىدا، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. شىنجاڭ بانكا سىستېمىسىدا باش بانكا تۈزگەن پۇل مۇئامىلە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىي تەسەۋۋۇر لايىھىسى، ئىسلاھاتنىڭ قەدەم - باسقۇچى ۋە ئۇسۇلىغا بىنائەن، مەركىزىي بانكىنى مەركەز، دۆلەتلىك كەسپىي بانكىلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان سۇغۇرتا شىركىتى ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئىش تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىقنى يولغا قويىدىغان پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى خەلق بانكىسىدىن ئايرىلىپ، ئايرىم تەسىس قىلىندى. 1984 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى خەلق بانكىسىدىن ئايرىلىپ مۇستەقىل ئاپپارات بولدى، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئايرىم تەسىس قىلىندى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. 1985 - يىل 11 - ئايدا جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كرېدىت كىرىم - چىقىم پىلانى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ دۆلەت ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى ۋە خەلقئارا ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى قۇرۇلدى. كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئاممىۋىلىقى، دېموكراتىيىلىكى، جانلىقلىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مۇشۇ ئىسلاھاتلار ئارقىلىق، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ شەكىللىك، كۆپ ئىقتىدارلىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى پەيدىنپەي شەكىللەندى. شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى پەيدىنپەي سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىلىپ، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە پەن - تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىدىغان يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى ئىسلاھات ئارقىلىق كەسىپ دائىرىسىنى يەنىمۇ كېڭەيتتى. كەسىپ دائىرىسى

ئاساسەن دۆلەت ئىچىدىكى پۇل مۇئامىلىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئاساسەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تاۋار ئوبوروتىنى قوللاشتىن، تېخنىكا ساھەسى، ماتېرىيال ساھەسى ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنى قوللاشقا كېڭىيىپ، نۇرغۇن جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1979 - يىلدىن ئېتىبارەن، بانكا تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى تارقىتىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن 30 يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، بانكا پەقەت كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىلا تارقىتىدىغان چەك - چېگرىنى بۆسۈپ تاشلىدى. قۇرۇلۇش بانكىسى 1980 - يىلدىن باشلاپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىشنى قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈردى. 6 - بەش يىللىق پىلاننىڭ كېيىنكى ئىككى يىلىدىن باشلاپ، باش بانكا شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئادەتتىكى قائىدىنى بۇزۇپ، شىنجاڭغا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى بېرىشنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك قوللىدى. ھەر قايسى بانكىلار يەنە يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە قەرز پۇل تارقىتىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى.

شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار كەسپىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بەزى يېڭى كرېدىت قوراللىرىنى كۆپەيتتى. پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان پۇل ئامانىتى، قەرەللىك - قەرەلسىز ئىككىگە قولايلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى، ئورۇنلارنىڭ قەرەللىك پۇل ئامانىتى، ھاۋالە پۇل ئامانىتى، چەت ئەل پۇلى ئامانىتى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى؛ ھاۋالە قەرز پۇلى، ئىجارە كەسپى، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى، مەسلىھەتچىلىك كەسپى، تاشقى پېرېۋوتقا يانداشما خەلق پۇلى قەرز پۇلى، رەنىلىك قەرز پۇللارنى بېجىرىدىغان بولدى. تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەپ، كرېدىت گۇۋاھنامىسى ئارقىلىق راسچوت قىلىش ۋە چەك - ھۆججەتنى نەقلەشتۈرۈش، ئېكسپورت رەنىلىك پېرېۋوتى قاتارلىق كەسپلەرنى كۆپەيتىپ، راسچوت ئۇسۇلىنى ياخشىلىدى. بۇلار بانكا كەسپىنى كېڭەيتىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى يېڭى ۋەزىيەتتىكى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، باش بانكا بەلگىلىگەن يېڭى پۇل سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، كىرىم - چىقىمنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا، بىر تەرەپتىن نامۇۋاپىق پۇل تارقىتىشنى چەكلەپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەقىلگە مۇۋاپىق پۇل تارقىتىش دائىرىسىنى لايىقىدا كۆپەيتىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا مەدەت بېرىپ ۋە تاۋار بىلەن تەمىنلەشنى كۆپەيتىپ، بازارغا كۆپ تارقىتىلغان پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا يىغىۋېلىپ، بازاردىكى پۇل ئوبوروتىنىڭ ئاساسىي مۇقىملىقىنى ساقلىدى.

كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. مەركىزىي بانكا كەسپىي بانكىلارغا بېرىدىغان قەرز پۇلغا قارىتا «ئەمەلىي قەرز بېرىش، ئەمەلىي ئامانەت قويۇش»تىن ئىبارەت كرېدىت مەبلىغى باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇپ، مەركىزىي بانكا بىلەن كەسپىي بانكىلار ئوتتۇرىسىدىكى كرېدىت مەبلىغى تەقسىماتىنى دېبىت - كرېدىت مۇناسىۋىتىگە ئۆزگەرتتى، بۇنىڭ بىلەن كرېدىت مەبلىغى تەمىناتى جەھەتتە ھەر قايسى بانكىلار «داشقازاننىڭ تامىقىنى تەڭ يەيدىغان» ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەبلەغنىڭ توغرا لىنىيە بويىچە يۈرۈشۈپ تۇرۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆتنە مەبلەغ بازىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى.

بانكىنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار گوۋۇيۈەن ۋە باش بانكا تۈزگەن بانكا خىزمىتىگە ئالاقىدار تۈرلۈك نىزاملارنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلدى ۋە كۈچەيتتى. خەلق بانكىسى مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ۋاستىسىنى پەيدىنپەي كۈچەيتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى، كەسپىي بانكىلارمۇ كارخانىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش جەھەتتە بەزى ئىزدىنىشلەرنى

ئېلىپ بېرىپ، پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ھەر قايسى بانكىلار ئارىسىدىكى بانكىلار ئارا مۇئامىلىنى ئايرىم بېجىرىپ، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان بولدى. كادىرلار خىزمىتى جەھەتتە «سىستېما بويىچە باشقۇرۇشنى ئاساس، تارماقلار بويىچە باشقۇرۇشنى قوشۇمچە قىلىش» تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۇل مۇئامىلە مائارىپى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى كۈچەيتىلدى، بانكىنىڭ كومپيۇتېرلىشىش قەدىمى تېزلىتىلدى.

يۇقىرىدىكى ئىسلاھاتلار ئارقىلىق بانكا خىزمىتىدە تۆۋەندىكىدەك تۆت ئۆزگىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى: «باشلىقنىڭ ئىرادىسى بويىچە، نوقۇل مەمۇرىي ئۇسۇل بىلەن ئىش بېجىرىدىغان ئادەت ئىقتىسادىي ۋە بانكىنى ئىقتىسادىي ئۇسۇل بىلەن باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلىپ، بانكا بىلەن ھەر قايسى تارماقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئوبدان بىر تەرەپ قىلىندى؛ كرېدىت مەبلىغى مەنبەسىنى كېڭەيتىشكە يېتەرلىك ئېتىبار بېرىلمەيدىغان ھالەت ئالدى بىلەن ئىچكى - تاشقى مەبلەغنى جەلب قىلىش ئىشىنى ئوبدان تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ھالەتكە ئۆزگەرتىلىپ، مەبلەغ مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئاساسىدا مەبلەغ ئىشلىتىش ياخشىلاندى؛ نوقۇل ھالدا ئىشلەپچىقىرىش پىلانى ۋە تاۋار ئوبوروتى پىلانى بويىچە قەرز پۇل بېرىدىغان ھالەت دۆلەت پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئاساسىدا، ھەر قايسى كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادىي توختىمى بويىچە پەيدىنپەي قەرز پۇل بېرىدىغان ھالەتكە ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى بانكىلار داشقازاننىڭ تامىقىنى تەڭ يەيدىغان ھالەت ھەر دەرىجىلىك بانكىلاردا كارخانىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدىغان ھالەتكە ئۆزگەرتىلىپ، ئىقتىسادىي ھېسابات چىڭىتىلدى. شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭدىكى بانكىلار يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ جۇغلايدىغان ۋە مەبلەغ تەقسىم قىلىدىغان مۇھىم يولغا ئايلاندى. 1985 - يىلدىكىنى 1979 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرساق، بانكىدىكى يېڭىدىن كۆپەيگەن ئامانەت پۇلنىڭ مىللىي دارامەتتە ئىگىلەيدىغان سالمىقى 2.86% تىن 17.4% كە كۆتۈرۈلدى، ماليە ئارقىلىق تەقسىم قىلىنىدىغان مەبلەغ 44.5% تىن 28% كە چۈشتى. بانكا كرېدىتى يولى بىلەن تەقسىم قىلىنىدىغان مەبلەغ 55.5% تىن 72% كە كۆتۈرۈلدى، بۇ ھال ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ بىۋاسىتە كونترول قىلىشنى ئاساس قىلىشتىن، ۋاسىتىلىق كونترول قىلىشنى ئاساس قىلىشقا، مەمۇرىي يول بىلەن باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشتىن ئىقتىسادىي يول بىلەن باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىشقا ئۆتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى مىلادى 73 - يىلدىن II ئەسىردىكى شەرقىي خەن دەۋرىدە شىنجاڭ ئۇدۇن دۆلىتى خەنزۇچە، كاروشتىچە ئىككى خىل يېزىق چۈشۈرۈلگەن پۇل (خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى) نى قۇيدۇرۇپ تارقاتقان ۋە 1759 - يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن خەلق ئارىسىدا گۆرۈكەشلىك كەسپىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ، 1985- يىلغا قەدەر بارلىققا كېلىش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئىسلاھ قىلىنىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. بولۇپمۇ يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 36 يىل شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان باسقۇچى بولدى. بۇ باسقۇچتا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدا سۈپەت ئۆزگىرىشى بارلىققا كەلدى. 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى (خەلق بانكىسى، سودا - سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى، سۇغۇرتا شىركىتى) دىكى ھەر دەرىجىلىك ئاپپارات جەمئىي 1645 (يېزىلاردىكى 845 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) كە يېتىپ، 1950 - يىلدىكى 49 دىن 33.6 ھەسسە كۆپەيدى. ھەر مىللەت پۇل - مۇئامىلە ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 22 مىڭ 406 (يېزىلاردىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان 4788 كادىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) گە يېتىپ، 1950 - يىلدىكى 770 دىن 29.1 ھەسسە كۆپەيدى. تۈرلۈك ئامانەت

پۇل قالدۇقى 8 مىليارد 428 مىليون 10 مىڭ يۈەن (كىرىمدىن فوندىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) گە يېتىپ، 1950 - يىلىدىكى 22 مىليون 90 مىڭ يۈەندىن 381.5 ھەسسە كۆپەيدى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليارد 354 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1950 - يىلىدىكى 1 مىليون 830 مىڭ يۈەندىن 4019 ھەسسە كۆپەيدى. ئاپتونوم رايون بويىچە نەق پۇل ئومۇمىي كىرىمى 10 مىليارد 376 مىليون 460 مىڭ يۈەن، نەق پۇل ئومۇمىي چىقىمى 11 مىليارد 157 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كىرىم - چىقىم بالانس بولدى. ساپ تارقىتىلغان پۇل 781 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952 - يىلىدىكى 11 مىليون 630 مىڭ يۈەندىن 67.19 ھەسسە كۆپەيدى. شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تۈرلۈك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە زورىيىشىغا كۈچلۈك مەدەتكار بولدى.

دۆلەت ئازاد بولۇپ، 36 يىل مابەينىدە، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى شانلىق، ئەمما، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ، جوش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات يولىنى ئاچتى. كۆپ مىللەت ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان، مۇستەھكەم، قۇدرەتلىك پۇل مۇئامىلە قوشۇنى بارلىققا كەلدى. كۈچلۈك، كەڭ دائىرىلىك سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە تورى بەرپا بولدى، بۇ تور پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرى بىلەن كەسپىي ئالاقىنى يولغا قويۇپلا قالماستىن، دۇنيادىكى 80 گە يېقىن دۆلەت ۋە رايوندىكى 383 بانكا ۋە ئۇنىڭ شۆبە، تارماق ئاپپاراتلىرى بىلەن ۋاكالەتچى بانكا ئاساسىدىكى كەسپىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات - ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشتى.

# چوڭ ئىشلار

# چوڭ ئىشلار

## گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى)

شۇ يىلى كۇچا ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى ۋە ئاقسۇ ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇشىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرە پۇل قۇيدۇردى. كۇچا جۇجۇقىنىڭ قۇيدۇرغىنى «گۇاڭشۈ تۇڭباۋ» خاتىرە پۇلى، ئاقسۇ جۇجۇقىنىڭ قۇيدۇرغىنى «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» خاتىرە پۇلى.

شۇ يىلى ئاقسۇ ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى داچەن① قۇيدۇردى. ئۇنىڭ 40 پىرسەنتى چيەنلۇڭ تۇڭباۋسى، 60 پىرسەنتى گۇاڭشۈ تۇڭباۋسى قىلىپ قۇيۇلغان. يىل ئاخىرىدا پۇل قۇيۇش توختىتىلدى.

## گۇاڭشۈ 11 - يىلى (1885 - يىلى)

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ھەربىي تەمىناتى ئۈچۈن 2 مىليون 400 مىڭ سەر كۈمۈش بەردى. يەنە ئىلى جياڭجۈنىگە ھەربىي تەمىنات ئۈچۈن تەخمىنەن 500 مىڭ سەردىن 800 مىڭ سەرگىچە كۈمۈش بەردى.②

شۇ يىلى ليۇ جىنتاڭ 10 مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، ئۆلكىنىڭ مەركىزىي شەھىرىدە ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى تەسىس قىلىپ داچەن خەجلەشنى يولغا قويدى..

---

① داچەن — قىزىل مىستىن قۇيۇلغاچقا، خەنزۇلار «خۇڭچيەن» (قىزىل پۇل) دەپ ئاتايدۇ. بۇ، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان، سوقۇپ، بېسىش ئۇسۇلىدا ياسالغان مىس پۇل. چيەنلۇڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتقاندىن كېيىن، ھەربىي مەمۇرىي خىراجەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا پۇل قۇيۇش جۇجۇقلىرىنى قۇرۇپ، يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈكلۈك پۇل قۇيدۇردى. ئۇنىڭغا قىزىل مىس ئىشلەتتى. چيەنلۇڭ خانى بۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇ ھەقتە شېئىرمۇ يازغان ھەم شىنجاڭ رايونىدىكى چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى مەڭگۈ كۈچكە ئىگە، قېلىپىنى بۇزۇۋېتىپ، باشقا پۇل قۇيۇشقا بولمايدۇ، دەپ پەرمان چۈشۈردى. شۇڭا، چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان، بىر تۇتاش قۇيۇلىدىغان پۇل بولدى. شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە داچەن قۇيغاندا تۆت ئۈلۈش چيەنلۇڭ تۇڭباۋ پۇلى، ئالتە ئۈلۈش گۇاڭشۈ تۇڭباۋ پۇلى قۇيۇلۇپ، چيەنلۇڭ خاننىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلىنغانىدى.

② چىڭ خاندانلىقى دەۋرىدە شىنجاڭنىڭ مالىيەسى ئۆزىنى زادىلا قامدىيالمايتتى، كۈندىلىك چىقىملار ۋە زور ئىشلارغا دۇچ كېلىپ پۇل لازىم بولغاندا مۇتلەق كۆپچىلىك پۇل چىڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي تەمىناتى ياكى مەخسۇس قۇتقۇزۇشقا تايىنىپ ھەل قىلىناتتى، شۇڭا، ھەربىي تەمىناتنى جان تومۇر، بۇ ئۆلكىنىڭ يىللىق كىرىمىنى «قوشۇمچە قىلىش» ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن. ستاتىستىكىغا قارىغاندا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا تەخمىنەن 380 مىليون سەر كۈمۈش ھەربىي تەمىنات ۋە مەخسۇس تەمىنات بەرگەن.

**شۇ يىلى** ئىلى جياڭجۈنى شى لۈن ۋە شەنشى - گەنسۇ ۋالىيسى تەن جۇڭلىن يۇقىرىغا «شىنجاڭنىڭ پۇل قۇيۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق» نى مەلۇم قىلغان. ئۇنىڭدا: شىنجاڭدا مىس كان راۋاج تاپمىدى، 2000 يارماقتا بىر سەر كۈمۈش تېگىشكىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن 12.8 جىڭ مىس كېتىدۇ، پۇل قۇيۇشتا جىق مىس كېتىدىغان بولغاچقا، پۇل قۇيۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋاقىتىنچە قىيىن بولۇۋاتىدۇ، دېيىلگەن.

**شۇ يىلى** كۇچا ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى داچەن قۇيدۇرغان، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ كېلەتتى، ئارقىسىغا يېرىم ئاي شەكىللىك چەمبەر بەلگە سېلىنغان.

## گۇاڭشۇ 12 - يىلى (1886 - يىلى)

**شۇ يىلى** چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ نويۇس پىرقىسى شىنجاڭ باش مۇپەتتىشىنىڭ تەكلىپىنى تەستىقلاپ، پۈتۈن ئۆلكىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پۇل قۇيۇش جۇجۇقلىرىنىڭ داچەننى كۆپلەپ قۇيۇپ، خەلقنىڭ خىراجىتىگە قولايلىق تۇغدۇرۇش، كۈمۈش تەڭگىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. بازاردا داچەن قىس بولغانلىقتىن، تەڭگىنى ئىشلىتىشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى ئەمەلىيلەشمىدى.

**شۇ يىلى** تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا يارماق كەمچىل بولۇپ، ئىلى، چۆچەك تەرەپلەردە خەجلەيدىغان پۇل يوق بولۇپ قالدى. شۇڭا باش مۇپەتتىش ليۇ جىنتاڭ ئۈرۈمچى مېتال جۇجۇقىنى قايتىدىن قۇرۇپ، ئەنسەندىن مىس قېزىپ داچەن قۇيدۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى يەنە داچەن تېگىشىش - توشۇشتا ئىقتىسادچىل بولۇپ، داچەننىڭ ئوبوروت قىلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

**شۇ يىلى** پەرمانبەردار ۋېي گۇاڭشۇ باي ناھىيىسىنىڭ مىس كېنى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يولىنى ئېچىش ئۈچۈن، ئاقسۇ پۇل قۇيۇش جۇجۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مەخسۇس باينىڭ مىسلىرىنى سېتىۋېلىپ داچەن قۇيدۇردى. گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى) غا كەلگەندە ئاقسۇ پۇل قۇيۇش جۇجۇقىنىڭ پۇل قۇيۇشنى توختىتىشىغا بۇيرۇق بېرىلدى.

## گۇاڭشۇ 13 - يىلى (1887 - يىلى)

**شۇ يىلى** ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى ئالماشتۇرۇش چېكى تارقاتتى. بىر چەككە بىر سەر كۈمۈش ياكى 400 داچەن تېگىشكىلى بولاتتى. بۇ، ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنىڭ قەغەز پۇل تارقىتىشقا قاراپ تاشلىغان قەدىمى ئىدى.

**شۇ يىلى** قەشقەر ئايمىقىنىڭ ۋالىيسى خۇاڭ بىڭكۈن مەھكىمە ئىچىدە ئوچاق سېلىپ، خېرىدارلارغا يامبۇ قۇيۇپ بەردى. ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بىر سەردىن ئون سەرگىچە بولۇپ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن قۇيۇپ بېرىش ھەققى ئالاتتى. بۇ ئىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن يامبۇ قۇيدۇرىدىغان ئادەم كۆپ بولمىغاچقا داچەن قۇيۇشقا ئۆزگەرتىلدى.

**شۇ يىلى** قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ساختا تەڭگە مەنئى قىلىنغانلىقتىن، بىر مەزگىل كۈمۈش ئەرزان، پۇل قىممەت بولۇپ كېتىپ، بىر سەر كۈمۈشكە ئاران 300 نەچچە داچەن تېگىشىلىدىغان بولدى.

## گۇاڭشۇ 14 - يىلى (1888 - يىلى)

شۇ يىلى قەشقەر ۋالىيسى يۈەن ياۋلاڭ خەزىنىدىن 5000 سەر كۈمۈش قەرز بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ، قەشقەر ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى تەسىس قىلدى ھەمدە 400 داچەن تېگىشكىلى بولىدىغان قەغەز پۇل تارقاتتى. ئۇ ئەجنەبىيلەر قەغەز پۇلى دېيىلدى.

شۇ يىلى قەشقەر ۋالىيسى يۈەن ياۋلاڭ خەزىنىدىن 1000 سەر كۈمۈش قەرز ئېلىپ، قەشقەر پۇل قۇيۇش جۇجۇقىنى قايتا تەسىس قىلىپ، گۇاڭشۇ تۇڭباۋ داچىنى قۇيدۇردى. مىس يېتىشمىگەنلىكتىن، چاڭ خاندانلىقى ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 5000 جىڭ كېلىدىغان كىرەكسىز زەمبىرەكتىن بەشنى ئېرىتىپ، جەمئىي 222 مىڭ داچەن قۇيدى.

## گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى)

شۇ يىلى چار روسىيە تەرىپىدىن ئون يىل ئىشغال قىلىۋېلىنغان ئىلىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنغىنىغا سەككىز يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن روسىيە تىزىسى، روسىيە دوللىرى (كۈمۈش روبلى)، روسىيە پۇلى (مىس كوپىك) يەنىلا بازارلارغا لىق تولۇپ كەتكەنىدى. ئىلى جياڭجۈنى سېلىنتىا چاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتى بويىچە شۇ يىلى 80 مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ ھەمدە گەنسۇدىن 24 مىڭ تىزىق (بىر تىزىق 1000 دانە) يارماق يۆتكەپ كېلىپ، سۈيدۈڭ، نىڭيۈەن (ھازىرقى قورغاس، غۇلجا شەھىرى) دە بىردىن ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى قۇرۇپ، 175 مىڭ سەرلىك مايلىق لاتا پۇل تارقاتتى. ئۇنىڭ قىممىتى 1000، 500، 300، 200 داچەنلىك تۆت خىل ئىدى. دەسلەپ تارقىتىلغاندا 500 داچەنلىكى بىر سەر كۈمۈشكە تېگىشىلگەن، كېيىن 1000 داچەنلىكى بىر سەر كۈمۈشكە تېگىشىلىدىغان بولدى، كېيىن ئىلى پۇلى كۈندىن - كۈنگە كېڭىيىپ، روسىيە پۇلىنىڭ تەسىرى پەيدىنپەي ئاجىزلىدى.

شۇ يىلى مۇۋەققەت باش مۇپەتتىش ۋېي گۇاڭشۇ خەزىنىچى لىۋ چىگىزىنى شىنجاڭ كۈمۈش تەڭگىسى قۇيۇشنى نازارەت قىلىشقا تەيىنلىدى. ھەر 100 سەر كۈمۈشنىڭ يېرىمىدا ئېغىرلىقى بەش مىسقال، ئۈچ مىسقال تەڭگە، قالغان يېرىمىدا ئېغىرلىقى ئىككى مىسقال تەڭگە قۇيۇلدى. ھەر ئايدا 7000 سەر كۈمۈشتە پۇل قۇيۇلدى. بۇ كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى، يېزىقلىرى نەپىس ئىدى. بۇ پۇل ئاز قۇيۇلغاچقا نىسبەتەن كەم ئۇچرايدۇ.①

شۇ يىلى ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنىڭ كاپىتالى 10 مىڭ سەر كۈمۈشتىن 25 مىڭ 700 سەر كۈمۈشكە كۆپەيدى ھەمدە ئۇنى باشقۇرۇشقا ئامبال چېن چىغبىڭ بەلگىلەندى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى 400 داچەننى بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇپ ھېسابلاشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھۆكۈمەت پۇلى ھېسابلىنىدىغان مايلىق لاتا پۇل بېسىپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ھەر بىرىنى 400 داچەنگە تېگىشتى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا قەشقەر ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىمۇ 400 داچەننى بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇپ ھېسابلاشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپ باھاسى ئۆزگەرمىدى. بازار باھاسى بولسا بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە تۆۋەنلەپ تۇردى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى خەنزۇچە، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە ئۈچ خىل يېزىقى بار گۇاڭشۇ كۈمۈش تەڭگىسىنى قۇيدۇردى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە ئەجدىھا سۈرىتى، ئالدى تەرىپىدە «گۇاڭشۇ كۈمۈش

---

① ئىچكىرىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىنىڭ ئېغىرلىقى يەتتە مىسقال ئىككى پۇڭ كېلىدۇ. شىنجاڭنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى ئىككى مىسقال ئېغىرلىقتا قۇيۇلغان.

تەڭگىسى، بەش مىسقال» دېگەن مەزمۇندىكى ئالتە خەنزۇچە خەت بار ئىدى.

## گۇاڭشۇ 16 - يىلى (1890 - يىلى)

شۇ يىلى مىس قىس بولۇپ قالغانلىقتىن، ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى مايلىق لاتا پۇل باستۇرۇپ تارقاتتى، ئۇنىڭ ھەر بىرى 400 داچەنگە تېگىشلىدىغان، بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلىدىغان بولۇپ، بۇ پۇل ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، ئارمىيىگىمۇ، خەلقىمۇ قولايلىق بولدى.

شۇ يىلى پەرمانبەردار داۋېيىڭچى ئاقسۇ پۇل قۇيۇش جۇجۇقىغا داچەن قۇيۇش، ھەر يىلى 1 - ئاي، 12 - ئايلاردا ئىش توختىتىشنىڭ سىرتىدا، ھەر ئايدا 900 تىزىق، بىر يىلدا 9000 تىزىق پۇل قۇيۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

## گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى)

شۇ يىلى قەشقەر پۇل قۇيۇش جۇجۇقى گۇاڭشۇ تەڭگىسى قۇيدۇردى. ئۇنىڭ ئاستى تەرىپىدە خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىق، ئارقا تەرىپىدە ئىسلام دىنى ئادىتىگە خاس نەقىش، ئوتتۇرىسىدا «گۇاڭشۇ تەڭگىسى» دېگەن خەت بولۇپ، بەش مىسقال، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال، بىر مىسقاللىق قىلىپ ئىشلەنگەن.

شۇ يىلى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ نازارەتچىسى قۇربانبەگ، سودىگەرلەر باشلىقى با. نىياز قاتارلىقلار بازاردا ھەر خىل تەڭگە بار، سۈپىتى ئوخشاش ئەمەس، ئاما ياخشى - يامىنىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ، كۈمۈش تەڭگە قۇيدۇرۇشقا ئىجازەت سورىدى. قەشقەر ۋالىيسى لى زۇڭبىڭ نائىب ئامبال لو جىڭشياڭنى سىناق تەرىقىسىدە كۈمۈش تەڭگە قۇيۇشقا تەيىنلىدى ۋە ۋىلايەت خەزىنىسىدىن 3000 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، بىر مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق پۇل قۇيدۇردى. كېيىنكى يىلى يەنە بەش مىسقاللىق پۇل قۇيدۇردى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت خىل تەڭگە قۇيۇلدى.

شۇ يىلى ئىلى ۋالىيسى فەن شياۋسۇ كۇرە ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى تەسىس قىلدى.

## گۇاڭشۇ 19 - يىلى (1893 - يىلى)

شۇ يىلى ئىلى كۇرە ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى 1000 يارماقلىق چەك (بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلىدىغان ئاساسىي پۇل) ۋە 500 يارماقلىق چەك (بەش مىسقال كۈمۈشكە سۇندۇرۇلىدىغان قوشۇمچە پۇل) تارقاتتى، بۇ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئىلى ھۆكۈمەت پۇلى دەپ ئاتالدى. ئۇ قەغەزدىن ئىشلەنگەن بولۇپ ئىلى پۇلى دەپمۇ ئاتىلىپ، بىر ۋىلايەت مەركىزى، ئىككى ناھىيىدە ئوبوروت قىلىندى. 1000 يارماقلىق چەكتىن 100 مىڭ ۋاراق تارقىتىلىپ، 100 مىڭ سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئاقسۇ ۋالىيسى خۇاڭ گۇاڭدا بازاردا چوڭ سومىلىق پۇل بولمىغاچقا، سودا ئىشلىرىنىڭ قولايسىز بولۇپ قالغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋىلايەت خەزىنىسىدىن 5000 سەر كۈمۈش قەرز ئېلىپ، ئاقسۇ شەھىرى كۈمۈش تەڭگىسىنى قۇيۇش ئۈچۈن ئۇنى ئاقسۇ پۇل قۇيۇش جۇجۇقىغا تاپشۇردى. ئۇنىڭ نۇسخىسى قەشقەردە قۇيۇلغان گۇاڭشۇ تەڭگىسىگە ئوخشايتتى، پەقەت ئۇنىڭ يۈزىدە «ئاقسۇ شەھىرى» دېگەن خەت بار ئىدى. ئاقسۇ شەھىرى كۈمۈش تەڭگىسى بەش مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىق، بىر مىسقاللىق

بولۇپ، ئىلگىرى ـ ئاخىر جەمئىي 40 نەچچە مىڭ سەر قويدۇرۇلغان.
شۇ يىلى شىنجاڭ بىلەن روسىيىنىڭ سودىسىدا ئىمپورت ئېكسپورتتىن ئاشتى. يىللىق ئاشقان ئىمپورت سوممىسى 244 مىڭ 200 روبلى بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كۈمۈش سىرتقا ئېقىپ كەتتى.

## گۇاڭشۇ 20 ـ يىلى (1894 ـ يىلى)

شۇ يىلى ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭ خىراجەتنى تېجەش ئۈچۈن، سۈيدۈڭ ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ كەسپىنى كۈرە ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.
شۇ يىلى سەنشىلىك سودىگەر ئۈرۈمچىدە شىپ تۇڭچاڭ سەرراپخانىسى تەسىس قىلىپ، گەنسۇدىن شىنجاڭ خەزىنىسىگە يېرىۋۇت قىلىنغان تەمىنات پۇلنى باشقۇردى ۋە شىنجاڭ سودىگەرلىرىنىڭ مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىچكىرىگە يېرىۋۇت قىلىدىغان پۇلىنى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ نەق پۇل يوللاش قىيىنچىلىقى ھەل بولدى. نەتىجىدە ھۆكۈمەتكىمۇ، شەخسلەرگىمۇ قولايلىق تۇغۇلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ۋېي فېڭخۇ سەرراپخانىسى قۇرۇلغان ئىدى. كېيىن يەنە تيەن چىڭخېڭ سەرراپخانىسى قۇرۇلدى.

## گۇاڭشۇ 22 ـ يىلى (1896 ـ يىلى)

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ روسىيىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى شۈ جىڭدېڭ بېرلىندا روسىيە ۋەكىلى بىلەن جۇڭگو ـ روسىيە شېرىكچىلىكىدىكى رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى تەسىس قىلىش توختامىغا ئىمزا قويدى. بۇ بانكا ئاجاۋۇزچىلىقنى مەقسەت قىلىپ، جۇڭگودىكى نۇرغۇن شەھەردە ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ ئۆز ئاپپاراتىنى تەسىس قىلغانىدى. شىنجاڭدىمۇ ئاپپارات تەسىس قىلدى.

## گۇاڭشۇ 23 ـ يىلى (1897 ـ يىلى)

شۇ يىلى ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭ ئىلىدىكى توققۇز شەھەرنىڭ زېمىنى كەڭ بولغاچقا، كېتىدىغان پۇل بىر قەدەر كۆپ دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ، 20 مىڭ سەر كۈمۈشكە ئۈرۈمچىدىن داچەن تېگىشىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن داچەن ئىلىدا ئىشلىتىلىشكە باشلىدى.

## گۇاڭشۇ 24 ـ يىلى (1898 ـ يىلى)

شۇ يىلى كۇچا پۇل قۇيۇش جۇجۇقى ئەسلىدىكى بىر تىزىقى 500 داچەنلىك پۇلنى 400 داچەنلىككە ئۆزگەرتىپ، ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمەتنىڭ 400 داچەننى بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇش بەلگىلىمىسىگە ئويغۇنلاشتى.

## گۇاڭشۇ 25 ـ يىلى (1899 ـ يىلى)

شۇ يىلى ئىلى بازىرىدا مىس پۇل كەم بولغانلىقتىن، جياڭجۈن چاڭ گېڭ ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ساقلىنىۋاتقان يارماقتىن ماناش ھەيئىتى ئارقىلىق 2700 تىزىق ھەل قىلىپ،

ئىچكى جەھەتتە ھەر 1200 يارماقنى بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرىدىغان باھا چىقاردى.[1]

## گۇاڭشۈ 26 - يىلى (1900 - يىلى)

شۇ يىلى رۇس - ئاسىيا بانكىسى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭنىڭ قەشقەر، ئىلى، چۆچەك قاتارلىق جايلىرىدا شۆبە بانكا تەسىس قىلدى ھەمدە بەزى جايلاردا ئىش بېجىرىش ئورنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇبلى تارقاتتى (ئەينى چاغدا بىر رۇبلى بەش مىسقال سەككىز پۇڭ كۈمۈشكە تەڭ ئىدى).

## گۇاڭشۈ 27 - يىلى (1901 - يىلى)

شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسى بىلەن 450 مىليون سەر كۈمۈش تۆلەمنىڭ 39 يىللىق ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ جەمئىي 980 مىليون سەر كۈمۈش تۆلەش توغرىسىدىكى شىنچۇ شەرتنامىسىنى ئىمزالىدى. بۇ تۆلەم پۇل ھەر قايسى ئۆلكە ۋە تاموژنىلارغا چېچىلدى. شىنجاڭغىمۇ ھەر يىلى 400 مىڭ سەر كۈمۈش سېلىق چېچىلدى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچىدىكى تيەنجىنلىك سەككىز چوڭ سودىگەردىن تۆت كىشى، يەنى يۇدېلار ھۆكۈمەتنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ دۇكانلىرىنىڭ «خاس چېكى»نى تارقاتتى. ئۇنىڭ شەكلى ئىككى خىل ئىدى. بىرى، سەرراپخانا چېكى دېيىلىپ، مەخسۇس پېرېۋوت كەسپىگە ئىشلىتىلگەن، يەنە بىرى پۇل چېكى دېيىلىپ، ياغاچ باسمىدا بېسىلغان 400 دانە داچەنگە تېگىشلىك مايلىق لاتا پۇل بولۇپ، بازاردا ئوبوروت قىلىنغان. كېيىن قالغان ئالتە سودىگەرمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مايلىق لاتا پۇل تارقىتىش ئىمتىيازىنى قولغا كەلتۈردى. 1908 - يىلى ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇل باش جۇجۇقىغا ئۆزگەرتىلىپ، چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن سەككىز چوڭ ئائىلىنىڭ مايلىق لاتا پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى چەكلەندى. 1910 - يىلىدىن كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپ سەككىز چوڭ ئائىلىنىڭ «خاس چېكى» تارقىتىشىنى مەنئى قىلدى.

## گۇاڭشۈ 28 - يىلى (1902 - يىلى)

شۇ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتى قارا شەھەر ۋە ئاقسۇ كونا شەھەرلەردە، ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى قۇرۇپ ئاشلىقنى ئۆلچەم قىلىپ تەمىنات تارقىتىشنى ۋە خەلق ئارىسىدىكى قەرز بېرىش - قەرز ئېلىش ئىشلىرىنى بېجىردى. ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنىڭ سەرمايىسى 30 مىڭ سەر كۈمۈش بولۇپ، يەنە 40 مىڭ سەرلىك قەغەز پۇل باستۇردى. خەزىنىدىن 30 مىڭ سەرلىك مايلىق لاتا پۇل ئالدى، شۇنداق قىلىپ، سەرمايىسى جەمئىي 100 مىڭ سەر بولدى.

شۇ يىلى ماناس ناھىيىسىدىكى سودىگەر شى فېيىۋېنىڭ «شىنشېڭيى» دۇكىنى مايلىق لاتا پۇل تارقىتىشقا باشلىدى.

---

① ئەينى چاغدا ئىلى بازىرىدىكى سودىدا داچەن بىلەن يارماق تەڭ ئىشلىتىلەتتى. چار روسىيە داچەننى كۆپلەپ سېتىۋالغانلىقتىن (روسىيىلىكلەر قىزىل مىس، داچەنلەرنى كۆپلەپ سېتىۋېلىپ، مىس جابدۇق ياسىغان) داچەن قىس بولۇپ كەتتى. داچەننى كۆپلەپ سېتىۋېلىشنى چەكلەش ئۈچۈن، ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى يارماقنى كۆپەيتىپ قۇيدۇردى ھەمدە قەغەز پۇل تارقاتتى. بۇنىڭ بىلەن بازاردىكى پۇل قەھەتچىلىكى ئاستا - ئاستا ھەل بولدى.

شۇ يىلى ياپونىيە «شى يۈەن» ئىبادەتخانىسىنىڭ 22 - ئەۋلاد باش راھىبى ئوتانى كوئولىنىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكىگە ئەگىشىپ چېگرىدىن ئۆتكەن جىيې شىن، كۇشيەنشىيولۇ، جىيې دۇيجاۋ قاتارلىقلار شۇ يىلدىن تارتىپ گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى) غىچە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ شىنجاڭنىڭ قۇملۇقلىرىغا ئۈچ قېتىم ئىچكىرىلەپ كىرىپ، قەدىمىي شەھەر، قەدىمىي ئىبادەتخانىلارنى تەكشۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئورغۇنلىغان قىممەتلىك ئاسارە - ئەتىقىلىرىنى توپلىدى، بىر قىسىم ئاسارە - ئەتىقىلەر بىر نەچچە قېتىم قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئەڭ ئاخىرىدا لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلاپ قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمىي پۇللارمۇ خېلى كۆپ ئىدى.

## گۇاڭشۇ 29 - يىلى (1903 - يىلى)

شۇ يىلى باش مۇپەتتىش پەن شاۋسۇ قەشقەر ۋالىيسىغا بەش مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىق قىلىپ ئۈچ خىل گۇاڭشۇ تەڭگىسى قۇيۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئۇ تەمىنات ئۈچۈن ئىشلىتىلدى.

شۇ يىلى ئىلىنىڭ بىر ۋىلايەت، ئىككى نامىيىسى ۋە چۆچەك قاتارلىق جايلاردا 3 مىليون داندىن ئارتۇق داچەن ساقلانغان. ئىلگىرى بىر سەر ساپ كۈمۈشكە 333 دانە داچەن تېگىشىش بەلگىلەنگەن، باش مۇپەتتىش پەن شاۋسۇ كۈمۈش بىلەن داچەننىڭ باھا پەرقى ئۆلكە شەھىرىنىڭكىدىن بەك كۆپ (ئۆلكە شەھىرىدە 400 داچەن بىر سەر كۈمۈشكە سوندۇرۇلغان) بولۇپ كېتىپتۇ دېگەن سەۋەبنى كۆرسىتىپ، بىر سەر كۈمۈشكە 380 داچەن تېگىشىشكە ئۆزگەرتتى.

شۇ يىلى باش مۇپەتتىش پەن شاۋسۇ ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جوجۇقىغا ئېغىرلىقى، نۇسخىسى جەھەتتە ئاقسۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بىر يۈرۈش تەڭگە قۇيۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. پۇل جەمئىي ئىككى يۈرۈش بولدى، بىر يۈرۈشى ئۈچ خىل بولۇپ، ئۇنىڭغا بەش مىسقال، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال دېگەن رەقەملەر خەنزۇچە رەقەم بىلەن يېزىلغان؛ يەنە بىر يۈرۈشىمۇ ئۈچ خىل بولۇپ، ئۇنىڭغا بەش مىسقال، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال دېگەن رەقەملەر خەنزۇچە يېزىق بىلەن يېزىلغان. ئۇ ھۆكۈمەت پۇل جوجۇقى تارقاتقان مايلىق لاتا پۇل، داچەنلەر بىلەن ماسلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلگەن.

شۇ يىلى باش مۇپەتتىش پەن شاۋسۇ چار روسىيىنىڭ شىنجاڭدا كان ۋە بوز يەر ئېچىشىغا رۇخسەت قىلىش شەرتى ئاستىدا چار روسىيىدىن 2 مىليون سەر كۈمۈش پۇل قەرز ئالدى.

## گۇاڭشۇ 30 - يىلى (1904 - يىلى)

شۇ يىلى ئاقسۇ ھۆكۈمەت پۇل جوجۇقى گۇاڭشۇ 28 - يىلى تارقىتىلغان قەغەز پۇلنىڭ قەغىزىنىڭ سۈپىتى بەك ناچار بولغاچقا، ئانچە ئۇزۇن ئوبوروت قىلىنمايلا يىرتىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى يىغىۋېلىپ قايتا ئىشلەتمەسلىكنى قارار قىلدى.

## گۇاڭشۇ 31 - يىلى (1905 - يىلى)

شۇ يىلى قەشقەر پۇل قۇيۇش جوجۇقى «گۇاڭشۇ يۈەنباۋ» تەڭگىسىنى قۇيدى. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى يۇقىرى تەرەپكە خەنزۇچە «قەشقەر»، چەمبىرەك ئىچىدە خەنزۇچە «گۇاڭشۇ يۈەنباۋ» دېگەن خەتلەر، چەمبەر سىرتىغا ئوڭ تەرەپكە ئۇيغۇرچە «قەشقەر بەش مىسقال»، سول تەرەپكە «گۇاڭشۇ»، ئاستى تەرىپىگە خەنزۇچە «بەش مىسقال» دېگەن خەتلەر، ئارقا تەرىپىگە ئەجدىھا سۈرەتلىك نەقىش چۈشۈرۈلگەن.

شۇ يىلى شىنجاڭ روسىيە بىلەن قىلغان سودىسىدا 2 مىليون 367 مىڭ سەرلىك مال كىرگۈزۈپ، 1 مىليون 890 مىڭ سەرلىك مال چىقارغان. كىرگۈزگەن مال پۇلى 470 مىڭ سەر ئېشىپ كەتكەن.

## گۇاڭشۈ 32 ـ يىلى (1906 ـ يىلى)

شۇ يىلى قەشقەر ۋالىيسى يۈەن خۇڭيۇ رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىدىن 20 مىڭ ئالتۇن رۇبلى قەرز ئېلىپ، تورغاتتىن قەشقەرگە كېلىدىغان يولنى ياساتتى. رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى قەرز بېرىشتىن پايدىلىنىپ يول باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، خالىغانچە باج ئالدى.

شۇ يىلى سۈيدۈڭدىكى خۇسۇسىي سودىگەر بىر تىزىق، ئىككى تىزىق، ئۈچ تىزىق يارماق تېگىشلىدىغان تېگىشىش چېكى تارقىتىپ، بازاردا تېگىشىشنى يولغا قويدى. سۈيدۈڭ ئامبىلى دۆەن زىلىڭ خۇسۇسىي سودىگەر شەكلى ئۆزگەرگەن قەغەز پۇل تارقاتسا ئاسانلا چاتاق كۆرۈلىدۇ دەپ قاراپ، كېيىنكى يىلى 2 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇنى يىغىپ كۆيدۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇق بەردى.

## گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى)

شۇ يىلى پەرمانبەردار ۋاڭ شۇيەن ئۈرۈمچى شىمگودا ماشىنىسازلىق ئىدارىسى تەسىس قىلىپ، بەش مىسقال، تۆت مىسقال، ئىككى مىسقال، بىر مىسقاللىق تۆت خىل تەڭگىسى قۇيدۇردى. كېيىنكى يىلى ٧ ـ ئايغىچە جەمئىي 320 مىڭ سەر قۇيۇلدى.

شۇ يىلى ۋاڭ شۇيەن روسىيە پۇلىنى چەكلەش ئۈچۈن سەييارە ئامبال سەي شىچاڭنى شىمگو ماشىنىسازلىق ئىدارىسىدا بىر مىسقال، ئىككى مىسقاللىقتىن ئىككى خىل تىللا قۇيۇشقا تەيىنلىدى. ئۇنىڭ نامى تەمىنات ئالتۇنى دەپ بېكىتىلدى. بىر مىسقال تىللا ئۈچ سەر كۈمۈشكە، ئىككى مىسقال تىللا ئالتە سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغان.

شۇ يىلى ئىلى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى 2 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈچ ئاي سۈرۈك ئىچىدە بازاردا ئوبوروت قىلىنىۋاتقان تېگىشىش چېكى، مايلىق لاتا پۇل قاتارلىقلارنى يىغىۋېلىشنى قارار قىلىپ، پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە تىرىشتى.

شۇ يىلى قەشقەر پۇل قۇيۇش جۇجۇقى چىڭ سۇلالىسى كۈمۈش تەڭگىسى نۇسخىسىغا تەقلىد قىلىپ، قەشقەردە چىڭ سۇلالىسى كۈمۈش تەڭگىسى قۇيدى، ئۇ بىر سەر، بەش مىسقال، ئىككى مىسقالدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولدى.

شۇ يىلى ئاقسۇ ۋالىيسى پەن جىن تيەنجىنلىك سودىگەر جۇي شىخيۇڭغا قەرز پۇل تارقىتىش كەسپىنى بېجىرىش ئۈچۈن 30 مىڭ سەر ھۆكۈمەت پۇلى ئاجرىتىپ بەردى. ئۇنىڭغا 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۆسۈم ھېسابلاندى. يىللىق ئۆسۈمى بىر پۇڭ بولۇپ، پەسىل بويىچە خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى. مۇددىتى بەش يىل قىلىنىپ، 6 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ پۇل ئىككى يىلغا بۆلۈپ قايتۇرۇلدى.

## گۇاڭشۈ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى)

شۇ يىلى پەرمانبەردار ۋاڭ شۇيەن شاڭخەيگە زاكاز قىلىپ تىك شەكىللىك 1 مىليون ۋاراق ھۆكۈمەت پۇلى باستۇردى. ئۇنىڭ ھەر بىرىگە 400 داچەن تېگىشلىدىغان بولۇپ، بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى. كىشىلەر ئۇنى چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل دەپ ئاتىدى، قەشقەر پۇلى ياكى كونا پۇل دەپمۇ ئاتالدى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچى پۇل قۇيۇش جۇجۇقى داچەن (جۇملىدىن تۇمپۇر) قۇيۇشنى توختىتىپ، ئۇنى شىمگو ماشىنىسازلىق ئىدارىسى قۇبېدىغان بولدى. سابىق ئۈرۈمچى مېتال جۇجۇقى ئەمەلدىن قالدى.
شۇ يىلى ۋاڭ شۇيەن ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنى شىنجاڭ باش ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىغا ئۆزگەرتىپ 1 مىليون 200 مىڭ سەر كۈمۈش سەرمايە ئاجرىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 21 ماددىلىق ئىدارە نىزامنامىسى، ئالتە ماددىلىق پىرېۋوت نىزامنامىسى، ئالتە ماددىلىق قەرز پۇل تارقىتىش نىزامنامىسى تۈزۈلدى. شۇ يىلى يەنە ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، ئىلى تارباغاتايدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەتتە بىردىن چولاق جۇجۇق، جەنۇب ۋە شىمالدىكى مەھكىمە، ئايماقلاردا شۆبە جۇجۇق، ناھىيىلەردە تارماق جۇجۇق قۇرۇلدى. باش جۇجۇقتا پەرمانبەردار باش ۋالىي، چولاق جۇجۇقتا ھەر قايسى ۋىلايەت ۋالىيسى، تارماق جۇجۇقتا يەرلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن شۇ يەرلىك مۆتىۋەر سودىگەرلەر مۇدىر بولدى.

## شۇەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى)

شۇ يىلى ئىلى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى قىممىتى 1000 يارماقلىق ئىلى قەغەز پۇلى تارقاتتى. ئۇنىڭ ئولڭ يۈزىنىڭ ئولڭ - سول قىرغىقىغا تىك شەكىللىك نەقىش ئىشلەنگەن، ئۇنى ئالتە قۇر ئۇششاق تور قاپلىغان ئىنچىكىلەپ قارىسا، نەقىشلەر پۇلنىڭ ئەۋزەللىكىنى تەشۋىق قىلىدىغان ماقالە بولۇپ، بۇنداق ئەھۋال ئاز كۆرۈلىدۇ.
شۇ يىلى چار روسىيە شىنجاڭنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونترول قىلىش ئۈچۈن سەمەرقەنتتە رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ مەركىزىي شۆبە بانكىسىنى تەسىس قىلدى. قەشقەر، ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى رۇس - ئاسىيا بانكىلىرى شۇنىڭغا قارايدىغان بولدى.

## شۇەنتۇڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى)

شۇ يىلى ئۈرۈمچى شىمگو ماشىنىسازلىق زاۋۇتى مىس پۇل (تومپۇرمۇ دېيىلىدۇ) قۇيدى. ئۇنىڭ ئولڭ يۈزىگە «شىنجاڭدا ئىشلىتىلىدۇ»، «ئون داچەنگە تەڭ»، «شۇەنتۇڭ يۈەنباۋ» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر، ئارقا تەرىپىگە «گېڭ سۇ يىلى ئىشلەنگەن» دېگەن خەنزۇچە خەت ۋە «ئون داچەنلىك» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر بېسىلغان.

## شۇەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى)

شۇ يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ پاششاپ بېگى (ئارىيەت ئېلىپ تولۇقلانغان) سىناپ ئىشلىتىۋاتقان سەييارە ئامبال سەي شىجاڭ قۇيدۇرۇشنى ھۆددە ئالغان ئالتۇن، كۈمۈش پۇللاردا نۇقسان كۆرۈلگەنلىكتىن ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، مەڭگۈ ئىشقا قويۇلمايدىغانلىقى جاكارلاندى.
شۇ يىلى شىنجاڭدىكى رۇس - ئاسىيا بانكىسى پۇقرالار ئالتۇن ئامانىتىنى يولغا قويدى.
شۇ يىلى روسىيىلىك سودىگەر تەلەپتاي ئىلى ھۆكۈمەت پۇلىدىن 100 مىڭ سەرنى تۆۋەن باھادا ئېلىپ، ئىلى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنىڭ نەقلەشتۈرۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، بۇ ئىدارىدە نەقلەشتۈرىدىغان پۇل بولمىغاچقا، ئايلىق ئۆسۈمى بىر پۇڭ ھېسابىدا ئۆسۈم تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.
شۇ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۇچتۇرپان پۇل قۇيۇش جۇجۇقى «خەزىنە ئون»، «شۇەنتۇڭ تۇڭباۋ» دېگەن داچەنلەرنى قۇيدۇردى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە مانجۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا «ئۇچتۇرپان» دېگەن خەت

چۆشۈرۈلگەن. بۇ، شىنجاڭدا ئەڭ كېيىن قۇيۇلغان داچەن بولۇپ، يىغىپ ساقلىغۇچىلار ئۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قارىدى.

شۇ يىلى قەشقەر پۇل قۇيۇش جۇجۇقى كۆپ خىل كۈمۈش پۇل قۇيدى. بۇنىڭ ئىچىدە يۈزىدىكى قىممىتى بەش مىسقاللىق شۇەنتۇڭ يۈەنباۋسى، بەش مىسقاللىق تەمىنات تەڭگىسى؛ يۈزىدىكى قىممىتى كۈمۈش دوللار ھېسابىدا ئۈچ مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىق تەڭگىلەر بار ئىدى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچى شىمگو ماشىنىسازلىق ئىدارىسى بىر سەر، بەش مىسقال، تۆت مىسقال، ئىككى مىسقال، بىر مىسقاللىق تەمىنات كۈمۈش پۇللىرىنى قۇيدى.

شۇ يىلى خەزىنىدار چېن جىيتاڭ خەزىنىدىن پۇل ئاجرىتىپ ئاچقان «گۇللىنىش» بانكىسى تىجارەت باشلاپ، بىر نەچچە ئايدىلا زىيان تارتقانلىقى ئۈچۈن تاقىلىپ قالدى.

## مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىلى ئىنقىلابچىلىرى ئىسيان كۆتۈرۈپ مۇۋاپپەقىيەت قازىنىپ، سابىق ئىلى جياڭجۈنى گۇاڭفۇنى ئىلى تۇتۇق بەگلىكىگە كۆرسەتتى.

2 - ئايدا شىنجاڭ باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇا ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى قورشىۋالدى. ئۆلكە بىلەن ئىلى ئۈزۈشۈپ قالغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ ھەربىي خىراجەتنى غەملەشتە قەغەز پۇل بېسىپ تارقىتىشقا تاياندى. ئۆلكە تەرەپ چوڭ - كىچىك كونا ئەجدىھا سۈرەتلىك ۋە چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل ئىشلەتتى. ئىلى دائىرىلىرى 1000 داچەنلىك ئىلى پۇلى تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈەن داخۇاغا تېلېگرامما ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ تەختتىن چۈشكەنلىكى، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يۈەن داخۇا ياڭ زېڭشىنغا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىنى ساقلاش توغرىسىدا ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۆزى ئىچكىرىگە قېچىپ كەتتى. ئۇ 200 مىڭ سەردىن كۆپ كۈمۈشنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ياڭ زېڭشىن ئىلى ئىنقىلابچىلىرى بىلەن سۈلھى قىلىپ، 11 ماددىلىق كېلىشىم ئىمزالىدى. ئۇنىڭ 8 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «پۇل مۇئامىلىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىلىدىكى بارلىق يېڭى قەغەز پۇللار بۇرۇنقىدەكلا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىپ تۇرىدۇ «سۈلھىدىن ئىلگىرى ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى روسىيە سودىگەرلىرىدىن قەرز ئالغان 550 مىڭ سەر كۈمۈش ئۆلكە خەزىنىسىدىن قايتۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچى ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «رېنزى» خەتلىك بىر سەر ۋە بەش مىسقاللىق ئىككى خىل تەمىنات تەڭگىسى قۇيدى.

شۇ يىلى ياڭ زېڭشىن سابىق پەرمانبەردار چېن جىنتاڭ ئىچكىرىدە باستۇرغان شىنجاڭ خەزىنە چېكىدىن 267 مىڭ 200 سەرنى تارقاتتى. كىشىلەر بۇنى «كىچىك قىزىل ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل» دېيىشتى.

## مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى روسىيىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلى ھۆكۈمەت پۇلىنىڭ (ئىلى پۇلىنى دېمەكچى) قىممىتى $\frac{3}{4}$ قىسىم چۈشۈپ كېتىپ، روسىيە سودىگەرلىرىگە كۆپ زىيان بولغانلىقى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى. ياڭ زېڭشىن كۆتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئەنسىرەپ بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن دىپلوماتىيە مىنىستىرى يەن خۇيچىڭغا دوكلات قىلىپ ئەھۋالغا قاراپ چارە قوللىنىشنى تەلەپ قىلدى.

9 - ئايدا ئىلى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 2 مىليون 854 مىڭ ۋاراق 1000 يارماقلىق قەغەز پۇل تارقاتتى. ھەر بىرى بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ كېلىدۇ. بۇنى ئىلىدىكى ئىنقىلابچىلاردىن ياڭ زۇەنشۇ، فېڭ تېمىڭلار بېسىپ تارقاتقان.

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما يوللاپ 1 مىليون سەر پۇل ئاجرىتىپ، ئىلى قەغەز پۇلىنى يىغىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە شىنجاڭ مالىيە مەھكىمىسىدىكى خۇاڭ لىجۇڭنىڭ «بۇ مەھكىمىدە ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەنلەر جەمئىي 3 مىليون 500 مىڭ سەر خۇنەن، بېيياڭ كۈمۈشى قىممىتىدە ھۆكۈمەت پۇلى بېسىپ تارقاتقان. ھازىر يەنە 500 مىڭ سەر ھۆكۈمەت پۇلى بېسىلىپ، بېسىلىپ چىققان ھامان تارقىتىلىۋاتىدۇ. مەھكىمە خەزىنىسىدە پۇل قالمىدى. تەمىنات مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قالدى. تۆلەيدىغان قەرز بارغانسېرى كۆپىيىپ كەتتى. ئىلگىرىكى ھۆكۈمەت پۇللىرىغا تەقلىد قىلىپ، 1 مىليون سەر پۇل بېسىش جىددىي زۆرۈر بولۇپ قالدى» دېگەن دوكلاتىنى تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلدى.

شۇ يىلى تەمىنات پۇلى ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ پېرېۋوت پەرقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغانلىقى سەۋەبلىك شىي تۆڭچىڭ، تيەن چىڭخېڭلارنىڭ سەرراپخانىسىنىڭ كەسىپ مىقدارى زور دەرىجىدە ئازلاپ كېتىپ، كەسىپنى توختىتىپ قويدى.

شۇ يىلى قەشقەر پۇل قۇيۇش جۇجۇقى مىنگونىڭ تەمىنات پۇلى ھېسابىدا بەش مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگە قۇيدى، ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە «جۇڭخۇا مىنگو» ۋە «بەش مىسقال» دېگەن خەتلەر بېسىلغان، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە خەت بېسىلغان.

شۇ يىلى سەرراپخانىلار يىقىلغاندىن كېيىن رۇس - ئاسىيا بانكىسى بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ پېرېۋوت كەسپىنى مونوپول قىلدى. ئىلگىرىكى سەرراپخانىلارنىڭ 1.5% پېرېۋوت ھەققىنى رۇس - ئاسىيا بانكىسى 2% - 3% گە ئۆستۈردى.

شۇ يىلى رۇس - ئاسىيا بانكىسى شىنجاڭدا بىر پۇڭلۇق، ئىككى پۇڭلۇق، بىر مىسقاللىق، بەش مىسقاللىق، بىر سەرلىك بەش خىل ئالتۇن پۇل چېكى تارقاتتى. بۇنىڭدىن تەخمىنەن 8 - 9 مىليون سەرلىك چەك تارقىتىلغان.

شۇ يىلى ئەنگلىيىلىك سېتىپن كۇچادا چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىدىن ئۈچنى تېپىۋالغان. 1977 - يىلى سانجىدا چاغاتاي خانلىقىنىڭ 1364 دانە كۈمۈش تەڭگىسى تېپىلدى.

## مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى)

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئارقىلىق «ئىلى چارۋىچىلىرىنىڭ ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى ۋە يۇڭ - تېرە شىركىتىدىن پۇل قەرز ئالغانلىقىنى، ئەتىيازدا ئالغان قەرزنى كۈزدە قايتۇرماقچى بولغانلىقىنى، دېرى بىلەن ئۇسسۇمىگە قوي بەرمەكچى بولغانلىقىنى، لېكىن قوينىڭ باھاسى بەك ئەرزان بولغاچقا، شۇ يىلى قايتۇرالماي ئۇسسۇمنىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇم قوشۇلۇپ، ئۇنى قايتۇرالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىنى، شۇڭا پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىپ خەيرخاھلىق قىلىپ قويۇشنى» ئىلتىماس قىلغان.

8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئەۋەتىپ، سابىق ئىلى ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىنىڭ روسىيە سودىگەرلىرىدىن 550 مىڭ سەر كۈمۈش قەرز ئالغانلىقىنى، ئۇنى ئۆلكە خەزىنىسى قايتۇرغانلىقىنى، رۇس - ئاسىيا بانكىسى قەرز كېچىكتۈرۈپ قايتۇرۇلدى، دېگەننى باھانە قىلىپ 20 مىڭ سەر كۈمۈش قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، ئەگەر مەركەز كېيىن يېڭى پۇل پېرېۋوت قىلماقچى بولۇپ قالسا، بۇ بانكا بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق كېرەكلىكىنى مەلۇم قىلغان.

شۇ يىلى بازاردا داچەن قىس بولۇپ، سودا ـ سېتىققا قولايسىزلىق تۇغۇلغانلىقتىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە مەھكىمىسى 100 داچەنگە تېگىشلىدىغان قوشۇمچە پۇل چېكى (ئىككى مىسقال بەش پۇڭ كۈمۈشكە تەڭ) تارقاتتى. پۇلىنىڭ ئولڭ يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆرە تۇرغان شىرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. كىشىلەر ئۇنى «كۈچۈك پۇل» دەپ ئاتىدى. بۇ پۇلدىن جەمئىي 1 مىليون 33 مىڭ 200 سەردىن كۆپرەك تارقىتىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ پۇلنى بېسىش توختىتىلدى.

## مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە تېلېگرامما ئارقىلىق، ئۆلكە پۇلى بەك كۆپ تارقىتىلغانلىقتىن، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى، روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ چاي سودىسىدىن ئالغان پايدىسىنى چەكلەش ئۈچۈن، مەخسۇس چاي تىجارىتى پۇلى قىلىشقا 500 مىڭ سەر ساپ كۈمۈش غەملەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن يەنە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە پۇل جۇغلاپ قەغەز پۇلنى يىغىۋېلىشنى ئىلتىماس قىلغانىدى، جاۋاب بېرىلمىدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بېيجىڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان زايومدىن 100 مىڭ دوللارنى ئۈستىگە ئالدى. كېيىنكى يىلى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىن زايوم پۇلى ئۈچۈن 227 مىڭ 200 دوللار ئالغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇ يىلى بېيجىڭ «جېگرىنى گۈللەندۈرۈش» بانكىسىنىڭ باش بانكىسى ليۇ ۋېنلوڭنى شىنجاڭغا كېلىپ پاي توپلاشقا ھەمدە شىنجاڭ «جېگرىنى گۈللەندۈرۈش» بانكىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ بانكا شۇ يىلى ئۈرۈمچىدە تىجارەت باشلىدى. ليۇۋېنلوڭ بانكا باشلىقى بولدى. ليۇۋېنلوڭ 400، 200 ۋە 100 داچەنگە تېگىشلىدىغان ئۈچ خىل قەغەز پۇل ئېلىپ كېلىپ ئۈنىڭغا ئۈيغۇرچە نومۇر بېسىپ تارقاتتى. شاڭخەيدىكى «جېگرىنى گۈللەندۈرۈش» بانكىسىنىڭ دىرېكتورى خىيانەت قىلغانلىقتىن، باش بانكا ۋە جايلاردىكى شۆبە بانكىلار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىشتىن توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى. شىنجاڭ شۆبە بانكىمۇ شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تاقالدى. ليۇۋېنلوڭ ئېلىپ كەلگەن قەغەز پۇلنىڭ تارقىتىلمىغانلىرى ئىناۋەتسىز قىلىندى.

## مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى)

شۇ يىلى ياڭ زېڭشىن مالىيىنى تەرتىپكە سالدى. يىللىق باج كىرىمى 2 مىليون 340 مىڭ سەرگە كۆپىيىپ، ھەربىي مەمۇرىي راسخوتىنىڭ ھەر قايسىسى 1 مىليون سەردىن كۆپرەك ئازىيىپ، مالىيە كىرىم ـ چىقىمى تەڭپۇڭلاشتى. ياڭ زېڭشىن ۋاقىتىنچە ئۆلكە پۇلى باسماسلىق توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بىر سەرلىك قەشقەر پۇلىغا (قىزى ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل) ئىككى سەرلىك ئۆلكە پۇلى تېگىشىشنى بەلگىلىدى.

شۇ يىلى ۋېي فېڭخۇ سەرراپخانىسىنىڭ بېيجىڭدىكى دىرېكتورى خاۋدىڭۋۇ يۈەن شىكەينىڭ 5 ـ ئۆكسى يۈەن شىغۇنىڭ قوللىشىغا تايىنىپ، سەرراپخانىنى ۋېي فېڭ تىجارەت بانكىسىغا ئۆزگەرتتى، ئۈرۈمچىدىكى ۋېي فېڭخۇ سەرراپخانىسى نامىنى شۆبە بانكىغا ئۆزگەرتتى، قەشقەر، ئىلى، گۇچۇڭ، چۆچەك، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا تارماق بانكا ياكى پېرېۋوت باشقارمىسى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى) ئۇنىڭ تىجارىتى پۈتۈنلەي توختىدى.

## مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى)

شۇ يىلى ياڭ زېڭشىن چولڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلنى بېسىشنى توختاتقاندىن كېيىن، كونا پۇل

يارغانسىرى يېرتىلىپ كېتىدىكەن، ئۇ تېلېگراممىدا ئارقىلىق بېيجىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باسمىچىلىق ئىدارىسىگە شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىدىن 5 مىليون ۋاراقنى ۋاكالىتەن بېسىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ پۇلنىڭ ھەر بىر ۋارىقى 400 داچەنگە تېگىشلىك، بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى.

شۇ يىلى يالڭ زېڭشىن بىر قىسىم ئۆلكە پۇلىغا «مەخسۇس قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئۆتىدۇ» دېگەن خەتلەرنى باستۇرۇپ، ئۇنى قەشقەر تەرەپتە خەجلەشنى يولغا قويدى، لېكىن قەشقەردە يەنىلا قىرى ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل ئىشلىتىلىپ، بۇ پۇل قىرى ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلنىڭ ئورنىنى ئىگىلىيەلمىدى.

شۇ يىلى شىخو ماشىنىسازلىق ئىدارىسى «ئۈرۈمچى بىر سەرلىك تەڭگىسى» نى قۇيدى. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە، ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بىر سەر» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن.

شۇ يىلى روسىيەدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پارتلاپ چارروسىيەنىڭ قەغەز رۇبلىسى كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. نەتىجىدە شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىنىڭ قىممىتى ئۆرلىدى ھەمدە روسىيەدە ئوبوروت قىلىندى.

شۇ يىلى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى خۇسۇسىي سودىگەرلەر ھۆددىگەرلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئۇنىڭغا شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت مەھكىمىسى نازارەت قىلىدىغان بولدى. ھۆددە ئالغان سودىگەرلەرنىڭ ئالىدىغان ئۆسۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ئۈچ پۇڭدىن ئېشىپ كەتمەسلىك بەلگىلەندى.

شۇ يىلى چار پادىشاھنىڭ دېڭىز ئارمىيە گېنېرال پولكوۋنىكى كولچاك ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئايرىم ھۆكۈمەت قۇرۇپ، «چىرىن» قەغەز پۇلى تارقاتتى. بۇ پۇل شىنجاڭغىمۇ كىردى. كىشىلەر ئۇنى «كالا تىلى» دەپ ئاتاشتى. كولچاك ھۆكۈمىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن «كالا تىلى» كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قېلىپ، شىنجاڭ خەلقى يەنە بىر قېتىم ئالدىنىپ زىيان تارتتى.

## مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى)

شۇ يىلى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى قەرز پۇل تارقىتىپ، دېھقانلار، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ رەنە بويۇمى بولسىلا قەرز بېرىشنى ئايلىق ئۆسۈمىنى ئۈچ پۇڭ قىلىشنى بەلگىلىدى.

شۇ يىلى رۇس - ئاسىيا بانكىسى ئۈرۈمچىدە شۆبە بانكا قۇردى. يالڭ زېڭشىن ئۇنى توسقان بولسىمۇ لېكىن، بۇ بانكىنىڭ دىرېكتورى سوۋۇرۇۋ بۇ ھەقتە باش بانكىنىڭ ھۆججىتى بار، دەپ زورلۇق بىلەن تىجارەت باشلىدى.

شۇ يىلى سوۋېت روسىيەسىدىكى ئىچكى ئۇرۇش ئوتى شىنجاڭغا يېقىنلاپ كەلگەنلىكتىن، يالڭ زېڭشىن مۇداپىئەنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەربىي خىراجەتنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. كۆرۈلگەن قىزىل رەقەم 5 مىليون سەرگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكە پۇلى كۆپەيتىپ تارقىتىلىپ، ئۆلكە پۇلىنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتتى.

شۇ يىلى خوتەن ئالتۇن كېنىنىڭ ئالتۇن مەھسۇلات مىقدارى كۆپىيىپ، يىللىق مەھسۇلاتى ئىلگىرىكى يىللاردىكى 2000 سەردىن كۆپىيىپ، 2700 سەردىن ئاشتى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى (ھۆكۈمەت پۇلىمۇ دېيىلىدۇ) تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ، تىك شەكىللىك چوڭ پۇل بولۇپ، بىر قەدەر نەپىس بېسىلغان. يەنە تىك شەكىلدىكى 100 داچەنلىك پۇل قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ ئىككى خىل قەغەز پۇل ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، ئىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرى تەۋەسىدە ئوبوروت قىلىندى.

شۇ يىلى يالڭ زېڭشىن توغرا شەكىللىك، 100 داچەنلىك كىچىك ھۆكۈمەت پۇلى تارقاتتى. بۇ پۇل ئىلگىرى تارقىتىلغان «كۆچۈك» پۇلغا ئوخشاپ كېتىدىكەنلىكتىن، كىشىلەر ئارىسىدا يەنىلا «كۆچۈك پۇل» دەپ ئاتالدى.

## مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى)

شۇ يىلى روسسىيە زېمىنىدىكى رۇس - ئاسىيا بانكىسى سوۋېت روسسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىندى. باشقا دۆلەتلەردىكى رۇس - ئاسىيا بانكىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. ئۇنىڭ پارىژدىكى بانكىسى باش بانكا، شاڭخەيدىكى بانكىسى يىراق شەرق باش بانكىسى قىلىنىپ، داۋاملىق تىجارەت قىلدى.

## مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى)

شۇ يىلى شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسى ۋە لىيۇ ۋېنلوڭ باشقۇرغان يى فېڭيۇ سودا دۇكىنى ئاز سوممىلىق پېرېۋوت كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى.[1]

## مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى)

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ياڭ زېڭشىن يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇ - بۇرادەرلىرىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلىدىن پايدىلىنىپ خەلق ئارىسىدا خۇسۇسىي قەرز تارقىتىپ، پۇقرالارنى شۇلۇۋېلىشىنى، يەرلىككە زىيان سېلىشىنى چەكلىدى.

11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ياڭ زېڭشىن قەشقەر ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىگە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى يەرلىك ئەمەلدارلار قەرز ئالغان ھۆكۈمەت پۇلىنى ئۇنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك ئۆز قەرەلىدە يىغىۋېلىشنى بۇيرۇدى.

## مىنگونىڭ 12 - يىلى (1923 - يىلى)

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قاتناش مىنىستىرلىكى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قەغەز پۇلنىڭ ئوبوروتىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شىنجاڭ پوچتا ئىدارىسىنىڭ 4 - دەرىجىلىك سودا تېلېگراممىسى ھەققىنى نەق تەڭگە ئېلىشقا ئۆزگەرتىشكە قوشۇلمىدى.

9 - ئايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ياڭ زېڭشىن بىلەن ۋاقىتلىق سودا شەرتنامىسى ئىمزالىدى. شەرتنامىدا شىنجاڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا بانكىسىنىڭ تارمىقىنى تەسىس قىلىپ، پېرېۋوتنى ئاساسىي كەسىپ قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

---

[1] شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، شىنجاڭغا پېرېلىدىغان تەمىنات ياردىمى ئۈزۈلۈپ قالدى، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى پېرېۋوت كەسپىنى بېجىرىدىغان ئۈچ سەررابخانا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ تاقالدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ تاشقى پېرېۋوت كەسپىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك رۇس - ئاسىيا بانكىسى مونوپول قىلىۋالدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ كەسپىدە جىددىي ھالدا چۈشكۈنلۈك بولدى. شۇڭا پوچتا ئىدارىسى ۋە بەزى سودا دۇكانلىرىنىڭ ئاز سوممىلىق پېرېۋوتى پەۋقۇلئاددە جانلىنىپ كەتتى.

## مىنگونىڭ 13 ـ يىلى (1924 ـ يىلى)

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ پۇل مەھكىمىسى شىنجاڭنىڭ يەكەن ناھىيىسىدە تاپشۇرۇۋېلىنغان كونا ھۆكۈمەت پۇلىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كېسىپ چاپلىنىپ، ئۈستىگە ئۆز پېشەمچىلىق بىلەن ناھىيە نامىنى بېسىلغانلىقى، بولۇپمۇ قەشقەر يېڭىشەھەر ئامبىلى جىن شۇرېن، قەشقەر كونا شەھەر ئامبىلى لى يىلارنىڭ كونا پۇلنى پارچىلاپ كىرىشتۈرگەن، كېسىپ چاپلىغان ئىشى كۆپ، قىلمىشى بىر قەدەر ئېغىر بولغانلىقى ھەققىدىكى پىكرىگە جاۋاب بەردى. مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق بۇ ئىككى ئامبال مەنسىپىدىن قالدۇرۇلدى.

شۇ يىلى ئالتاي ئالتۇن كېنىدىن 30 مىڭ سەردىن كۆپ ئالتۇن ئېلىندى.

## مىنگونىڭ 15 ـ يىلى (1926 ـ يىلى)

شۇ يىلى رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىنىڭ پارىژدىكى باش بانكىسى پېرېۋوت ھايانكەشلىكىدە مەغلۇپ بولغانلىقتىن، كەسپى توختىتىلىپ تەرتىپكە سېلىندى. بۇ بانكىنىڭ جۇڭگونىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى شۆبە تارماق ئاپپاراتلىرىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ تاقالدى. شىنجاڭدا تارقىتىلغان قەغەز پۇللار كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى. كۆرۈلگەن زىيان ياڭ زېڭشىن شاڭخەيدىكى رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئەسلى قىممىتىنىڭ 45% بويىچە تۆلەپ بېرىلدى.

## مىنگونىڭ 17 ـ يىلى (1928 ـ يىلى)

شۇ يىلى ياڭ زېڭشىن ئۆلتۈرۈلدى. نەنجىڭ ھۆكۈمىتى جىن شۇرېننى ئۆلكىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىدى. جىن شۇرېن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇ يىلى ئارخېئولوگ، پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى تۇرپاندا «قوچۇ ئىلى» پۇلىدىن بىرنى سېتىۋالغان. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىدە 《高昌吉利》 دېگەن تۆت خەت بار ئىكەن، ئارقا تەرىپى سىدام، مىستىن ياسالغان بولۇپ، ناھايىتى قېلىن ۋە ئېغىر ئىكەن. ئۇ شىمالىي ۋېي سۇلالىسى ياكى سۇي سۇلالىسى قوچۇ دۆلىتىگە قويۇپ بەرگەن خاتىرە خاراكتېرلىك باسما پۇل بولۇپ، ئوبوروت قىلىنمايدىغان پۇل ھېسابلىنىدىكەن.

شۇ يىلى پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى كۇچا، توقسۇ، مارالبېشى، بۈگۈر قاتارلىق جايلاردا «خەنزۇچە، كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل» نى تاپقان. ئۇ يۇمىلاق شەكىلدە بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈك بار. بىر خىلىنىڭ ئوڭ يۈزىدە خەنزۇ، كۇسەن يېزىقى بار، ئارقا تەرىپى سىدام؛ يەنە بىر خىلىنىڭ ئوڭ يۈزىدە كۇسەن يېزىقى، ئارقا تەرىپىدە خەنزۇ يېزىقى بار. بۇ، ۋېي، جىن بەگلىكلىرى دەۋرىدىكى كۇسەن دۆلىتىنىڭ پۇلى ھېسابلىنىدۇ.

## مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى)

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جىن شۇرېننىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا (قىسقارتىلىپ ئۆلكىلىك بانكا دېيىلىدۇ. تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تەسىس قىلىندى. ئورنى ئۈرۈمچىنىڭ كوڭزى ئىبادەتخانىسى كوچىسىدا ئىدى. كېيىن مىڭدېلۇ يولى ئاغزىغا كۆچكەن (ھازىرقى خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك

شۆبە بانكىسى، كىشىلەر «چوڭ بانكا» دېيىشىدۇ) . ئۇنىڭ تۇنجى باشلىقى سۈن گوخۇا بولدى. بۇ بانكا تىجارەت باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەي جىن شۇرېن بىلەن ماجۇڭيىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغانلىقتىن، ئۆلكىلىك بانكىنىڭ تىجارىتى توختىدى.

شۇ يىلى پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى خوتەننىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاق سېپىل قەدىمىي شەھىرىدىن بىر دانە خەنزۇچە، كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنى تاپتى (ئادەتتە خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى دېيىلىدۇ) . بۇ، جۇڭگولۇقلار تۇنجى قېتىم يىغقان خەنزۇچە - كاروشتىچە يېزىق بار پۇل ھېسابلىنىدۇ.

## مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى)

شۇ يىلى جىن شۇرېن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاپتوموبىل سېتىۋېلىپ، ماجۇڭيىڭغا قارشى ئۇرۇشقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن خەلق ئىشلىرى نازىرى، مائارىپ نازىرى ۋە ئالتاي، ئۈرۈمچى رايونلىرىدىكى مەمۇرىي باشلىقلار شۇنىڭدەك ھاللىق باي سودىگەرلەردىن مەجبۇرىي 1274 سەر ئالتۇن قەرز ئالدى.

## مىنگونىڭ 21 - يىلى (1932 - يىلى)

شۇ يىلى ھەربىي خىراجەت زور دەرىجىدە كۆپەيتىلگەنلىكتىن، مالىيەدىكى قىزىل رەقەم 44 مىليون 890 مىڭ سەرگە يېتىپ، شۇ يىلدىكى مالىيە كىرىمىنىڭ يەتتە ھەسسىسىدىن ئېشىپ كەتتى. جىن شۇرېن دەرھال ئۈچ سەر، بەش سەرلىك چوڭ سومملىق ئۆلكە پۇلى بېسىپ كۆپلەپ تارقىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. بۇ ئەھۋال مال باھاسىنى ئۆرلىتىۋېتىپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە - پۇل مۇئامىلىسىنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

## مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى)

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شېڭ شىسەينى شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيلىقىغا، ليۇ ۋېنلوڭنى رەئىسلىككە تەيىنلىدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تىجارىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. سۇ شاڭدا ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئايدا ئاتۇشلۇق سابىت داموللا جىن شۇرېن بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ قالايمىقان ئۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ قوللىشى ئارقىسىدا قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» (قىسقارتىلىپ «شەرقىي تۈركىستان» دېيىلىدۇ) قۇرۇپ، تەڭگە، مىس پۇل ۋە قەغەز پۇل قاتارلىق بىر قاتار پۇللارنى تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدىكى 20 داچەنلىك مىس پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئىككى بايراقنىڭ كىرىلەشتۈرۈلگەن سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، سول تەرىپىدىكىسى گومىنداڭ بايرىقى، ئوڭ تەرىپىدىكىسى «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك بايرىقى، بۇ پۇللار ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇ ھاكىمىيەتنىڭ يوقىتىلىشىغا ئەگىشىپ ئوبوروت ساھەسىدىن چېكىندى.

شۇ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى سەرنى بىكار قىلىپ، ئۇنى دوللارغا ئۆزگەرتكەنلىكىنى جاكارلاپ، 4- ئاينىڭ 6 - كۈنىدىن باشلاپ پۇل بىرلىكىدە پەقەت كۈمۈش دوللار ئىشلىتىشنى، كۈمۈش سەردىن ئىبارەت پۇل بىرلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى بەلگىلىدى. شىنجاڭدا شېڭ شىسەي بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ ئۇرۇشى بولۇۋاتقانلىقتىن، بۇ بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنمىدى.

شۇ يىلى مالىيە نازارىتى ئون سەرلىك، 15 سەرلىك قەغەز پۇل ۋە 400 داچەنلىك مايلىق لاتا پۇل تارقاتتى.

شۇ يىلى «گۈللىنىش» گۈرۈخانىسى تىجارەت باشلىدى. ئۇنىڭ مەبلىغى 10 مىڭ سەردىن ئارتۇق ئىدى.

## مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى)

شۇ يىلى شېڭ شىسەي ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باشلىقى سۇ شاڭدانى قولغا ئالدى. ئۆلكىلىك بانكا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، مۇدىرىيەت قۇرۇلدى. چېن دېلى تۇنجى مۇدىرىيەت باشلىقى، شۇلىيەن بانكا باشلىقى بولدى. شۇلىيەن كېيىنكى يىلى ۋەزىپىدىن ئايرىلدى. بانكا باشلىقلىقىنى باش ۋالىي مەھكىمىسى دېرىكتور باشقارمىسىنىڭ باشلىقى جاڭ خۇڭيۇ ئۈستىگە ئالدى.

شۇ يىلى شېڭ شىسەي ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ چېگرىدىن چىقىشىنى مەنئى قىلدى.

شۇ يىلى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مىخىرمان ۋە گانچىلوۋنى مەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلىپ، مالىيە - پۇل مۇئامىلىنى تەرتىپكە سالدى.

شۇ يىلى شېڭ شىسەي مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ، بانكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل تارقىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك بانكا يۈزىدىكى سوممىسى 500 سەرلىك قەرەللىك چەك تارقاتتى.

## مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى)

8 - ئايدا شىنجاڭ «يۈشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ باش دېرىكتورى بۇرھان شەھىدى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سودا ۋەكىلى بىلەن 5 مىليون رۇبلى قەرز ئېلىش توغرىسىدا كېلىشىم ئىمزالىدى. قەرزنىڭ مۇددىتى بەش يىل، يىللىق ئۆسۈمى بەش لى بولدى. قەرەلى توشقاندا «يۈشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى قەرزنى يەرلىك مەھسۇلات بىلەن قايتۇردى. كېيىنكى يىلى يەنە ئىلگىرىكى كېلىشىمدىكى شەرتلەر بويىچە 2 مىليون 500 مىڭ رۇبلى قەرز ئالدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك بانكا سودا مەكتىپى ئاچتى، ئۇنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل بولدى. 1949 - يىلغىچە ئارقا - ئارقىدىن سەككىز قارار ئېچىلىپ، جەمئىي 340 ئادەم تەربىيىلەندى.

## مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى)

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا شاڭخەي «جېجياڭ شىڭيې» بانكىسى ۋە تيەنجىن «جۇي شىڭچېڭ» بانكىسى بىلەن ئۆز ئارا پېرېۋوت قىلىش توختىمى ئىمزالاپ، ئىچكىرى بىلەن پېرېۋوت كەسپىنى قانات يايدۇردى.

## مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى)

شۇ يىلى ماجۇڭيىڭنىڭ خوتەندە تۇرۇشلۇق قالدۇق قىسمى ماخۇسەننىڭ باشچىلىقىدا توپىلاڭ

كۆتۈرگەنلىكتىن، ئۆلكىنىڭ مالىيە چىقىمى بەك كۆپىيىپ كېتىپ، قەغەز پۇل بىراقلا كۆپ تارقىتىلىپ 30 مىليارد سەرگە يېتىپ، مال باھاسى زور دەرىجىدە ئۆرلىدى.

## مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى)

**10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ماۋزېمىن (ئۆزگەرتىلگەن ئىسمى جۇبىن) مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بولدى. ئۇ «ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، باج مەنبەسىنى يېتىشتۈرۈش، كىرىمنى كۆپەيتىش، چىقىمغا كاپالەتلىك قىلىش، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىش مالىيە كىرىم ـ چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، قەغەز پۇل تارقىتىشقا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزمەسلىك» تىن ئىبارەت مالىيە ـ پۇل مۇئامىلە فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۇلنى مالىيەدىن تارقىتىشنى بانكىدىن تارقىتىشقا ئۆزگەرتتى.

**10 ـ ئايدا** شىنجاڭ بويىچە ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ 3 ـ قۇرۇلتىيى مەزگىلىدە ئۆلكە خەزىنىسى ۋە بانكا خەزىنىسىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملار كۆرگەزمە قىلىنىپ، بۇلارنىڭ يېڭى ئۆلكە پۇلى تارقىتىشنىڭ زاپاس فوندى قىلىنىدىغانلىقى جاكارلاندى.①

**12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى** ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىغا تەييارلىق كۆرۈش كومىتېتى قۇرۇلدى.

## مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى)

**1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى** شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى قىلىپ رەسمىي ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىندى. ئومۇمىي دەسمايىسى 5 مىليون دوللار ئىدى. ماۋزېمىن باش مۇدىر، جاڭ خۇڭيۇ بانكا باشلىقى بولدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدا 15 شۆبە بانكا بار ئىدى.

**1 ـ ئايدا** ماۋزېمىن، جاڭ خۇڭيۇلەر يېڭى ئۆلكە پۇلى تارقىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللاندى: (1) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سەرنى رەسمىي دوللارغا ئۆزگەرتىپ، ئىچكىرى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش؛ (2) مالىيە نازارىتىنىڭ پۇل قويۇش ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭى ئۆلكە پۇلىنى تىجارەت بانكىسى بېسىپ تارقىتىش؛ (3) ئۆلكە بويىچە ئوبوروت قىلىنىۋاتقان تۈرلۈك كونا پۇللارنى يىغىۋېلىش، يېڭى ئۆلكە پۇلىنى شىنجاڭ بويىچە ئوبوروت قىلىش؛ (4) ئالتۇن، كۈمۈشنىڭ باھاسىغا چەك قويۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش باھاسىنىڭ ئۆرلەش ـ چۈشۈشىنىڭ يېڭى ئۆلكە پۇلىنىڭ قىممىتىگە تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىش.

**2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى** شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى يېڭى ئۆلكە پۇلى تارقاتتى. يېڭى ئۆلكە پۇلىنىڭ ئاساسلىق پۇلى بىر دوللار، ئىككى دوللار، بەش دوللار ۋە ئون دوللاردىن ئىبارەت تۆت خىل؛ قوشۇمچە پۇلى 50 سىنت، 20 سىنت، ئون سىنت، بەش سىنت، ئۈچ سىنت، بىر سىنتتىن ئىبارەت ئالتە

① بۇ قېتىم كۆرگەزمە قىلىنغان ئالتۇن، كۈمۈش ۋە قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ مەنبەسى مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك: (1) خائىنلار مال ـ مۈلكىنى ساقلاش كومىتېتىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈشى، بۇلارنى شېڭ شىسەي شەخسەن ئۆزى باشقۇرغان؛ (2) ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ساقلاۋاتقىنى؛ (3) ئۆلكىلىك بانكا خەزىنىسىدىكىسى. يۇقىرىدا دېيىلگەن ئالتۇن، كۈمۈش، قىممەتلىك بۇيۇملارنىڭ بىر قىسمىنى شېڭ شىسەي شىنجاڭدىن ئايرىلغاندا ئوغرىلاپ كەتكەن. قالغان بىر قىسمى 1945 ـ يىلى ئۈرۈمچى مەركىزىي بانكىغا تاپشۇرۇلۇپ، پۇل تارقىتىش زاپاس فوندى قىلىنغان.

ھەل بولدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى ۋە سودا بانكىسى قەشقەر پۇلى، كونا ئۆلكە پۇلى، ئىلى پۇلى، مايلىق لاتا پۇل قاتارلىق كونا پۇللار يىغىۋېلىنىدىغانلىقىنى، مىس پۇل، داچەنلەرنىڭ خېلى بۇرۇنلا ئىشلىتىشتىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنى يېڭى ئۆلكە پۇلىغا تېگىشىشكە بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت مىس ماتېرىيال سۈپىتىدە ئېلىش - سېتىشقا بولىدىغانلىقىنى قايتا تەكىتلىدى.

شۇ يىلى ماۋزېمىن رىياسەتچىلىكىدىكى شىنجاڭ ئالتۇن كان ئىدارىسى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ چېگرىدىن چىقىشىنى چەكلەش ۋاقىتلىق چارىسى» تۈزۈلۈپ، ھەر بىر ئادەمنىڭ پەقەت ئىككى سەر ئالتۇن زىننەت بۇيۇمى، بەش سەر كۈمۈش زىننەت بۇيۇمى ئېلىپ چىقىشقا بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە مۇسادىرە قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

## مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى)

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ باشلىقى جاڭ خۇڭيۇ توپىلاڭغا قاتناشتى دەپ قارىلىپ تۈرمىگە تاشلاندى. شېڭ شىسەي ساڭ گوفېڭنى تىجارەت بانكىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ يىلى ماۋ زېمىن يېڭى ئۆلكە پۇلىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قەغەز پۇلىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش؛ 1000 سەر ئالتۇننى تۆكمە قىلىپ سېتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل تەدبىرنى قوللاندى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچى جامائەت گۆرۈخانىسى تىجارەت باشلىدى. چېڭ دىرۇڭ گۆرۈخانىنىڭ مۇدىرى بولدى. گۆرۈ ئۆسۈمى (ئايلىق ئۆسۈم) ئۈچ پۇڭ، قەرەلى ئەڭ ئۇزۇن بولسا بىر يىل قىلىپ بەلگىلەندى.

## مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى)

شۇ يىلى شىنجاڭدا قۇرۇلۇش زايومى تارقىتىلدى. ماۋزېمىن ھەر ساھەدىكىلەرنى زايوم سېتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلدى. ئىككى ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە 6 مىليون 655 مىڭ 300 دوللارلىق زايوم تارقىتىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىغا قاراشلىق كارخانىلارنى باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئاشلىق پونكىتى، فارفۇر زاۋۇتى، «مىنشىن» ئەينەك زاۋۇتى، ئىلى سانائەت شىركىتى، «شىنمىن» ھۈنەر - سەنئەت زاۋۇتى، سۇپۇن زاۋۇتى، ھاراق زاۋۇتى، يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «بوغدا» مۇنچىسى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. 1943 - يىلى باشقۇرۇش بۆلۈمى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ سانائەت شىركىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، كارخانىلارنى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان بولدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قەرز ئالغان 1 مىليون 146 مىڭ 800 ئامېرىكا دوللىرىنى قايتۇردى.

شۇ يىلى ماۋ زېمىن شېڭ شىسەينىڭ قانۇنسىز چىقىم قىلىشىنى رەت قىلغانلىقتىن، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرلىقىغا يۆتكىۋېتىلدى.

شۇ يىلى تىجارەت بانكىسى كورلا، قاراشەھەر، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا جامائەت گۆرۈخانىسى

ۋاچتى. ئايلىق كۆرۈۋ ئۆسۈمى ئۈچ پۇڭ بولدى.

## مىنگونىڭ 31 ـ يىلى (1942 ـ يىلى)

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «قايى پۇلىنى بىر تۇتاش تارقىتىش چارىسى» نى ئېلان قىلىپ، مەركىزىي بانكا، جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى، دېھقانلار بانكىسىدىن ئىبارەت تۆت بانكىنىڭ تارقىتىش ھوقۇقىنى مەركىزىي بانكىغا مەركەزلەشتۈردى. بىراق، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولغاچقا، 1943 ـ يىلدىن باشلاپ يەرلىك قەغەز پۇل تارقىتىشقا رۇخسەت قىلىندى.

شۇ يىلى قابى پۇلى شىنجاڭغا ئېقىپ كىردى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، بەش يۈەن قابى بىر دوللار ئۆلكە پۇلىغا، 0.25 يۈەن گۈەنجىن پۇلى بىر دوللار ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ بازارلىرىدا قابى، گۈەنجىن پۇلى، ئۆلكە پۇلى تەڭ ئوبوروت قىلىندى.

شۇ يىلى شىنجاڭ «يۈشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ نامى شىنجاڭ سودا شىركىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى ساڭ گۇڧىڭ «12 ـ ئاپرېل» سۇيىقەستلىك توپىلاڭغا قاتناشقان دەپ قارىلىپ تۈرمىگە تاشلاندى. بانكا باشلىقلىقىنى شېڭ شىسەينىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى پېڭ جىيۈەن ئۈستىگە ئالدى.

## مىنگونىڭ 32 ـ يىلى (1943 ـ يىلى)

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇمۇلدا مەركىزىي بانكا قۇرۇلدى. چېڭ جياپېڭ دىرېكتور بولدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ دەسمايىسى 10 مىليون دوللارغا كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت پېيى 70%، سودىگەرلەر پېيى 30% بولدى.

شۇ يىلى تىجارەت بانكىسىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل 106.1% كۆپىيىپ، سوممىسى 55 مىليون 450 مىڭ دوللارغا، تۈرلۈك قەرز پۇل 278.19% كۆپىيىپ، سوممىسى 53 مىليون 450 مىڭ دوللارغا، گۆرۈخانا قەرز پۇلى 1 مىليون 400 مىڭ دوللارغا يەتتى؛ پېرېۋوت قىلىپ چىقىرىلغان، پېرېۋوت قىلىنىپ كەلگەن پۇللارنىڭ ھەر قايسىسى 156 مىليون دوللار بولۇپ، 300% تىن كۆپرەك ئاشتى.

شۇ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى مەسلىھەتچىلىرىنى، مۇتەخەسسىسلىرىنى قايتۇرۇپ كەتتى. سوۋېت ـ شىنجاڭ سودىسى ئۈزۈلۈپ قالدى.

شۇ يىلى تىجارەت بانكىسى 2 ـ قارارلىق مۇكاپاتلىق يۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويۇپ، 1 مىليون 130 نەچچە مىڭ دوللار ئامانەت توپلىدى. مۇكاپات سانى 6056، مۇكاپات سوممىسى 45 مىڭ 400 دوللار بولدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى 50 دوللار، 100 دوللارلىق ئىككى خىل چوڭ سوممىلىق ئۆلكە پۇلىنى تارقاتتى.

شۇ يىلى شېڭ شىسەي ئۆز ئالدىغا باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئۈچىنچى خەزىنىسىنى ئېچىپ ئۇرغۇن

ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك بۇيۇملارنى ئىگىلىۋالدى. كېيىنكى يىلى شىڭ شىسەي شىنجاڭدىن كەتتى.[1]

## مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى)

1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۈرۈمچى مەركىزىي بانكىسى ۋە مەركىزىي ھاۋالە ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى تىجارەت باشلىدى. مايەنجاڭ دىرېكتور، لى بېنفۇ مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى.

شۇ يىلى ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىن نۇرغۇن ماتا ۋە يىپ ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىپ مال باھاسىنى جىددىي ئۆرلىتىۋەتتى. باش ۋالىي مەھكىمىسى تىجارەت بانكىسىغا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، جەنۇبىي شىنجاڭغا پۇل يېتەرلىك قىلىشنى چەكلەش توغرىسىدا مەخپىي بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇ يىلى پېڭ جىيۇەن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ، شىڭ شىسەي بىلەن بىرگە شىنجاڭدىن كەتتى. تىجارەت بانكىسىنىڭ باشلىقلىقىنى لوجىبى ئۈستىگە ئالدى.

شۇ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتلىدى[2] «شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبە بانكىسىنىڭ بارلىق مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى. ئۈچ ۋىلايەت بانكىسى قۇرۇلۇپ، ھەسەنئەم پولاتبايېۋ ۋە ھۈسەيىن مۇراتوۋلار دىرېكتور ۋە مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتىكى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى، پېرېۋوتنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى جاكارلىدى ھەمدە ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر قايسى ئورۇنلارغا بېرىدىغان خىراجەتنى توختاتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭدا جىددىي پۇل پاخاللىقى بولدى. پۇلنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچى مەركىزىي بانكا پېرېۋوت نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، ئىچكىرىنىڭ پېرېۋوت پۇلنى جەلپ قىلىش، ئىچكىرىگە ھەقسىز پۇل پېرېۋوت قىلىش قاتارلىق چارىلارنى قوللاندى. شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى ئۆسۈم نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، ئامانەت پۇل جەلپ قىلىش چارىسىنى قوللاندى. ئەمما ئۇنىڭ رولى چوڭ بولمىدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىغا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلات ۋە يىلچىمال قاتارلىقلار تىجارىتىنى توختىتىش، بارلىق ماللارنى يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

شۇ يىلى «يېڭى نۇر» ئېلېكتر چىراغ شىركىتىنىڭ مەبلەغ ئوبوروتى قىيىن بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ شىركەتنىڭ بانكىدىن ئالغان 2 مىليون 790 مىڭ دوللار قەرزنى سېلىنغان مەبلەغكە ئۆزگەرتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى قىيىنچىلىقتا قالدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىن جياڭ جيېشىغا تېلېگراممىا يوللاپ ياردەم سورىدى، ئەمما نەتىجىسى بولمىدى.

---

① 1945 - يىلى (مىنگونىڭ 34 - يىلى) ئۆلكە خەزىنىسىنىڭ مۇدىرى جياڭ ۋېنۋو، ساۋ تيەنيولار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىنغا مەلۇمات يوللاپ، شېڭ شىسەينىڭ باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئۈچىنچى خەزىنىسىنى ئۆز ئالدىغا ئاچقانلىق ۋەقەسىنى پاش قىلدى. ساۋ تيەنيو بىلەن جياڭ ۋېنۋو مۇنداق دېگەن: شېڭ شىسەي خەزىنىنى ئېچىپ، ئالتۇن كۈمۈشلەرنى ئېلىۋالدى. ئۇنى سورۇشتۇرىدىغان ئادەم چىقمىدى.

② 1944 - يىل 9 - ئايدا ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە پارتلىغان گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوراللىق كۈرەشنى كۆرسىتىدۇ.

## مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى)

8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىپ، شىنجاڭدىكى پۇل پاخاللىقى پەسەيدى. ئۈرۈمچىدە قىممىتى 50 يۈەن، 100 يۈەنلىك ئىككى خىل «مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئوبوروت چېكى» تارقىتىلدى. تارقىتىلغان كۈنلا چەكنىڭ ئۈستىدىكى ئۇيغۇرچە خەتتە شىنجاڭ ئۆلكىسى دېگەننىڭ «چىنى تۈركىستان» دەپ بېسىلغانلىقى سېزىلدى. ۋۇ جۇڭشىن دەرھال يىغىۋېلىشنى ئىلان قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنىڭ ئۇيغۇرچىسىنى پانتۈركىست مەسئۇدنىڭ تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم بولدى.

شۇ يىلى جۇڭگو «باۋفېڭ» سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىغا سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىشنى ھاۋالە قىلدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى تارقىتىشقا تەييارلىغان پۇلنى ئۈرۈمچى مەركىزىي بانكىسىغا تاپشۇردى. 1946 - يىلغا قەدەر جەمئىي 53 مىڭ سەردىن كۆپ ئالتۇن، 400 مىڭ سەردىن كۆپ كۈمۈش، 54 مىڭ دانىدىن كۆپ روسىيە تىللاسى يىغىۋېلىندى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى قەغەز رۇبلىسى، ئامېرىكا قەغەز پۇلى، ئامېرىكا ئالتۇن زايومى، جەنۇبىي ئامېرىكا تىللاسى قاتارلىق پۇللار تاپشۇرۇۋېلىندى. ئالتۇن دەرھال ئايروپىلان بىلەن لەنجۇ مەركىزىي بانكىغا يۆتكەلدى. كۈمۈش كېيىن 1949 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ پۇلىنى ئىسلاھ قىلغاندا كۈمۈش دوللار قۇيۇشقا خام ئەشيا قىلىندى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى ھەربىيلەرگە ئېتىبار بېرىش پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويدى. ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئادەتتىكىلەرگە قارىغاندا يۇقىرى بولۇپ، كېيىنكى يىلى توختىتىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى كىرىمىنى قىسقارتقاچقا، ھەر قايسى بانكىلارغا تېلېگرامما ئارقىلىق قەرز پۇلنىڭ 70 پىرسەنتىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆسۈم نىسبىتى ئەڭشىلىپ، ئامانەت پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2.5 پۇڭ، قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت پۇڭ قىلىندى ھەمدە ئىچكىرى بىلەن پېرېۋوت ئالاقىسى ئورنىتىلدى.

شۇ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قەرەللىك چەك ۋە تامغا بېسىلغان ھۆكۈمەت پۇلى تارقاتتى، 1948 - يىلغىچە جەمئىي ئالتە خىل پۇل تارقىتىلدى.

## مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى)

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى جاڭ جىجوڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى تىنچلىق بىتىمى ئىمزالىدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلدى. تىجارەت بانكىسىنىڭ ۋەكىلى لوجىمى، مالىيە نازارىتىنىڭ ۋەكىلى ياڭ جوڭشاڭلار ئۈچ ۋىلايەت بانكىسىنىڭ ۋەكىلى ھۆسەيىن موراتوۋ بىلەن 12 ماددىلىق كېلىشىم ئىمزالىدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: ئۈچ ۋىلايەت بانكىسىنى تىجارەت بانكىسىنىڭ شۆبە ئاپپاراتىغا ئۆزگەرتىش، ئۈچ ۋىلايەت بانكىسى تارقاتقان قەغەز پۇلنى مۆھلەت بەلگىلەپ يىغىۋېلىش ھەمدە تېگىشىش فوندى قىلىش ئۈچۈن 180 مىليون دوللار پۇل بېرىش. ئۆلكە پۇلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت پۇلىنى بىرگە بىر ئالماشتۇرۇش بەلگىلەندى. كېيىن ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلى يىغىۋېلىنمىغان، تېگىشىش فوندى باشقا ئىشقا ئىشلىتىلگەن.

شۇ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇردى، سابىق ئۈچ ۋىلايەت بانكىسىنىڭ كۆپ قىسىم مەبلىغى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى قىممىتى 200 دوللارلىق چوڭ سوممىلىق ئۆلكە پۇلى تارقاتتى.

شۇ يىلى رەئىس جاڭ جىجۇڭ شىنجاڭدىن ئىچكىرىگە پېرېۋوت قىلىنغان پۇلغا چەقىم قىلىش فوندى ئۈچۈن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۆلكە خەزىنىسىدىن تىجارەت بانكىسىنىڭ لەنجۇ ئىش بېجىرىش ئورنىغا 2 مىليارد دوللار قابى پۇلى ئاجرىتىپ بېرىشىنى، ئىلى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى قوللاش، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇشقا قەرز بېرىش فوندى قىلىش ئۈچۈن ئۆلكە خەزىنىسىدىن تىجارەت بانكىسىغا 100 مىليون دوللار مەخسۇس پۇل بېرىشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكى ھەر قايسى ئۆلكىلىك بانكىلارغا باشقا ئۆلكىلەردە ئاپپارات تەسىس قىلماسلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ لەنجۇدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى قايتۇرۇپ كېلىنىدى.

## مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى)

5 - ئايدا شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ باش دىرېكتورى لوجىمى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى. مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بەي ۋېنيۇ قوشۇمچە باش دىرېكتور بولدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى بىلەن لەنجۇ تىجارەت بانكىسى پېرېۋوت مۇئامىلىسى توختىمى ئىمزالىدى. شىنجاڭنىڭ ئىچكىرىگە پېرېۋوت قىلىدىغان پۇلنى لەنجۇ تىجارەت بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان بولدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن لەنجۇ ئىش بېجىرىش ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۇنىڭغا جاڭ گۇاڭشيەن مۇدىر بولدى.

شۇ يىلى لەنجۇ تىجارەت بانكىسى ئۈرۈمچىدە ئىش بېجىرىش ئورنى قۇردى، بۇ ئورۇن تىجارەت باشلاپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا لەنجۇغا قايتۇرۇپ كېتىلدى.

شۇ يىلى مالىيە نازارىتى جايلاردىكى بانكىلارغا ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مائاش ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مال باھاسىنىڭ ئۆرلەش تۈپەيلىدىن بولىدىغان زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن مائاش ئوبوروت فوندى قىلىشقا مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى قىممىتى 500 دوللارلىق، 2000 دوللارلىق ئىككى خىل چوڭ سوممىلىق ئۆلكە پۇلى تارقاتتى.

شۇ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى خەنزۇچە خېتى بار «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» نى تارقاتتى. كېيىنكى يىلى تارقاتقان تىجارەت بانكىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى پۈتۈنلەي ئۇيغۇر يېزىقىدا چىقىرىلدى.

## مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى)

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مالىيە نازارىتى مالىيە مىنىستىرلىكىدىن كەلگەن تېلېگراممىنى تارقاتتى. ئۇنىڭدا دوللارنى ئەڭ كىچىك ھېسابات بىرلىكى قىلىش، دوللاردىن تۆۋەن بولغانلىرىنى پۈتۈنلەش بەلگىلەنگەن.

شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى قەرەلسىز ئامانەتتىن ئارتۇق چەقىم قىلىش ۋە قەرەللىك رەنە قەرز پۇلى بېرىشنى توختاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سودىگەرلەرنىڭ ئىچكىرىدىن مال سېتىۋېلىشىغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، قەرز پۇلنى پۈتۈنلەي لەنجۇغا پېرېۋوت قىلىش بەلگىلەندى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «مالىيە ـ ئىقتىسادتىكى جىددىيلىكنى بىر تەرەپ قىلىش پەرمانى» غا ئاساسەن جىن يۈەن پۇلى تارقىتىلىپ، قەغەز پۇلنىڭ (گۇەنجىن پۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئورنىدا ئوبوروت قىلىندى. بىر دوللارلىق جىن يۈەن پۇلىنى 3 مىليون دوللار كونا قەغەز پۇلغا تېگىشىش بەلگىلەندى. كونا قەغەز پۇلى شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىناۋەتسىز قىلىندى. شىنجاڭدا بىر دوللار جىن يۈەن پۇلىنى 600 مىڭ دوللار ئۆلكە پۇلغا سۇندۇرۇش بەلگىلەندى. ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېلىپ ـ سېتىش مەنئى قىلىندى. ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە چەت ئەل پۇللىرى مەجبۇرىي تېگىشىپ يىغىۋېلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى يەنە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا» غا ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تۆت چوڭ بانكىسىنىڭ بىرى بولغان جۇڭگو دېھقانلار بانكىسى ئۈرۈمچىدە ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇپ، لەنجۇ شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورىنى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە تەيىنلىدى، بۇ ئىش بېجىرىش ئورنى ۋوداۋ كوچىسىدا تەسىس قىلىندى. 27 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ئىدى.

## مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى)

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا يۈزىدىكى سوممىسى 6 مىليارد دوللارلىق ئۆلكە پۇلى تارقاتتى. ئۇ دۇنيادا كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ سوممىلىق پۇل بولۇپ قالدى. ئەمما ئەينى چاغدا ئۇنىڭغا ئارانلا بىر قاپ سەرەڭگە سېتىۋالغىلى بولاتتى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا سودىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتىنى 30 سىنتقا ئۆستۈردى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەزىنىنىڭ ئۆلكىلىك بانكىدىكى ئارتۇق چىقىمى 13 تىرىلليون 657 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى، شۇڭا جايلاردىكى بانكىلاردا نەق پۇل كەمچىل بولۇپ، نورمال خىراجەت ئاجرىتىپ بېرەلمىدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئۆزۈن يوللۇق ترانسپورت تىجارىتىنىڭ 3 تىرىلليون دوللار پايدىسىنى ھاۋالە بۆلۈمى قۇرۇشنىڭ مەخسۇس فوندى قىلىشنى قارار قىلدى. لەنجۇ، قۇمۇل، قەشقەر قاتارلىق 11 شەھەردە ھاۋالە باشقارمىسى قۇرۇلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ پۇل قۇيۇش زاۋۇتى قۇرۇلدى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ياڭ جۇڭشياڭنى پۇل قۇيۇش زاۋۇتىنىڭ باشلىقلىقىغا يۆتكىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاڭ خۇڭيۈنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى لەنجۇنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ھالاكىتى جاكارلاندى، شۇنىڭ بىلەن جىن يۈەن پۇلىنىڭ ئىناۋىتى تۆكۈلدى، شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىمۇ كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى، بازاردىكى سودا ـ سېتىق نەرسىنى نەرسىگە تېگىشىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شىنجاڭ دائىرىلىرى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي ئېلانى» نى چىقىرىپ، ئۆلكە پۇلىنى خەجلەشنى توختىتىش، ئۇنىڭ جىن

يۈەن پۇلى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈشنى، تەڭگىنى پۇل ئۆلچىمى قىلىشنى، تەڭگە ئۆلچەم قىلىنغان شىنجاڭ تەڭگىسى قويۇش ۋە تارقىتىشنى جاكارلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەڭگە ئۆلچەم قىلىنغان شىنجاڭ كۇمۇش دوللىرى تارقىتىلىپ، تولۇق نەقلەشتۈرۈلدى.

8 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ لەنجۇ ئىش بېجىرىش ئورنى شىنجاڭغا قايتۇرۇپ كېلىندى.

شۇ ئايدا ئۈرۈمچىدىكى ئىلغار تەشكىلات «جەڭگىۋارلار جەمئىيىتى» سودا - سانائەتچىلەردىن 1500 دىن ئارتۇق ئادەمنى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى مەركىزىي بانكىنى قورشىۋېلىپ، ئالتۇن دوللار چېكىگە ئالتۇن تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى، مەركىزىي بانكا كەسپىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

شۇ يىلى مالىيە نازارىتى ئىككى قېتىمدا 2020 سەر ئالتۇن ئاجرىتىپ (20 سەرى پۇل قويۇش ئەۋرىشكىسى)، پۇل قويۇش زاۋۇتىغا بىر مىسقال ئېغىرلىقتىكى شىنجاڭ تىللاسى قويۇش ئۈچۈن تاپشۇردى. ئەسلىدە بۇ تىللالارنى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارقىتىش بەلگىلەنگەنىدى. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشقا ئاز قالغاچقا بۇ تىللا تارقىتىلمىدى.

شۇ يىلى ئۆلكىلىك خەزىنە ئون سەر ئالتۇن ئاجرىتىپ، ئۈچ دانە خاتىرە ئالتۇن ئىزنەك قويدۇرۇپ، گومىنداڭنىڭ ھەقىقەتكە قايتىشنى خالىمىغان يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرى ماچېڭشياڭ، يې چىڭ، لوسۇرىنلارغا تەقدىم قىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆي - زېمىنلىرىنى، ئاپتوموبىللىرىنى 1000 سەردىن ئارتۇق ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ سېتىۋېلىپ، شىنجاڭدىن چىقىپ كېتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

## 1949 - يىل

9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولدى. ۋاقىتلىق خەلق ھۆكۈمىتى تەشكىل قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇمۇلدا تەشكىللىك، كەڭ كۆلەملىك قوراللىق توپىلاڭ يۈز بەردى، سابىق گومىنداڭ 178 - لۈيىنىڭ ئوفىتسېرلىرى ئىچىدىكى بەزى قانۇنسىز ئۇنسۇرلار بانكىغا بۇلاڭچىلىققا كىرىپ، جەمئىي 9652 سەر ئالتۇن، 3700 سەردىن ئارتۇق تەڭگە، 300 سەردىن ئارتۇق كۇمۇش، يەنە ئامېرىكا دوللىرى، شياڭگاڭ پۇلى، نىكېل تەڭگە قاتارلىقلارنى بۇلاپ كەتتى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باش دىرېكتورى بەي ۋېنيۇ رەئىس بۇرھان شەھىدىگە جيۇچۇەندە، ئېچىلغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلار يىغىنىنىڭ روھىنى؛ مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى پىكرىگە ئاساسەن، شىنجاڭدا ئارمىيە - خەلق بىردەك كۇمۇش دوللارنى ئىشلىتىش؛ لەنجۇدىن يۈەن شىكەينىڭ باش رەسمى چۈشۈرۈلگەن تەڭگىدىن 100 مىڭ يۈەن يۆتكەپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ تېگىشىش زاپىسى قىلىشقا بېرىش؛ ئىچكىرىدىن ئۇرغۇن ماددىي ئەشيا يۆتكەپ، كۇمۇش دوللارنى تەدرىجىي خەزىنىگە يىغىۋېلىش، پۇل پېرېۋوتىنى يولغا قويۇش قارار قىلىنغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

9 - ئايدىن 11 - ئايغىچە قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، كۇچا، بۈگۈر، باركۆل، قەشقەر، قاراشەھەر، يەكەن قاتارلىق جايلاردىكى سابىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ئوفىتسېرلىرى بانكا بۇلاشتى، پىلانلاپ خەزىنىدىكى ئالتۇن، كۇمۇش قاتارلىق قىممەتلىك ماددىي ئەشيالارنى زىيانغا ئۇچراتتى، قۇمۇلدا زىيان ئەڭ ئېغىر بولدى.

شۇ ئايدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى جاڭ دېڭفەننى جۇڭگو خەلق بانكىسى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى جاڭ دىڭفەن، رېن چۈشۈەن باشچىلىقىدىكى 16 ئادەمنى ئۈرۈمچىگە كېلىپ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشقا ئەۋەتتى.

11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى ۋاقىتىنچە بىر سەر ئالتۇننى 300 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) سېتىۋېلىش، 360 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا سېتىشنى بەلگىلىدى. پرىنسىپ جەھەتتە ئېلىنمىدى ۋە سېتىلمىدى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى شىنجاڭ كۈمۈش دوللىرىنى ۋاقىتىنچە ئوبوروت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ پۇل شىنجاڭ بىلەن بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، خەنكو، لەنجۇ، شىئەن ۋە چاڭشا قاتارلىق جايلار ئارىسىدا بىۋاستە پىرېۋوت قىلىنىدىغان بولدى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكىلەر مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ پۇل مۇئامىلە گۇرۇپپىسى يىغىن ئېچىپ، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى لايىھە» نى ماقۇللىدى؛ جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى؛ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ يەرلىك خاراكتېردىكى بانكا سۈپىتىدە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنى ھەمدە ئۇنى مۇۋاپىق ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىشنى قارار قىلدى، خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە كەسىپ دائىرىسىنى بەلگىلىدى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جاڭ دىڭفەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۇۋەققەت باش دىرېكتورلۇقىغا تەيىنلەندى، بەي ۋېنيۇ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باش دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلدى.

## 1950 - يىل

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى. جاڭ دىڭفەن بانكا باشلىقلىقىغا، رېن چۈشۈەن، جاڭ خۇڭيۇ، ئابدۇللا مەھمۇدىلار مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى چوڭ شەھەرلەر بىلەن پىرېۋوت كەسپى يولغا قويۇلدى.

شۇ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قارارى» نى چىقاردى. ئۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەت تارقاتقان ۋاقىتلىق چەك بىلەن يەتتە ۋىلايەتتە تارقىتىلغان كۈمۈش دوللارنىڭ مۇقىم باھاسى بويىچە، بىر دوللارلىق كۈمۈش دوللارنى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 1250 دوللار ۋاقىتلىق چېكىگە سۇندۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭ بويىچە ئوبوروت قىلىش، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدىكى پىرېۋوت كەسپىنى ئېچىۋېتىش؛ ئۈچ ۋىلايەتتىكى سودا بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي شۆبە بانكىلىرىغا قوشۇۋېتىش قارار قىلىنغان.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى جاڭ دېڭفەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باش دىرېكتورلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئارماقلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا قارىتا قىسقا مۇددەتلىك ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەتنى، شەخسلەرگە قارىتا قەرەللىك ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ شۆبە بانكىسى شۇ بويىچە ئىجرا قىلدى.

4 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى جاڭ دېڭفەننى پۇل تارقىتىش خەزىنىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ قوشۇمچە مۇدىرلىقىغا ھەم خەلق باسما زاۋۇتىنىڭ خىزمەتلىرىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى. پۇل تارقىتىش خەزىنىسىدىكى قەغەز پۇللارنى پۇل تارقىتىش باش خەزىنىسىنىڭ بۇيرۇقى بولمىغىچە ھېچقانداق ئادەمنىڭ يۆتكىشىگە يول قويۇلمايدىغان بولدى.

4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك پۇل مۇئامىلە يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى بىلەن ئۆلكىلىك بانكا قەرز پۇلنى ئاساسلىقى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىشلىتىشنى، ئاۋۋال ئومۇمغا، ئاندىن شەخسكە بېرىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتى «ئۆلكىمىزنىڭ شەھەرلىرىدە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق» نى چىقىرىپ، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسىنى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى قىلىپ بەلگىلىدى ھەمدە ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجىدىن ئىبارەت ئۈچ شەھەردە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى يولغا قويدى.

7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۆلكىلىك بانكا چەك ئارقىلىق راسچوت قىلىنىدىغان «ئا» تۈردىكى قەرەلسىز ئامانەتنى يولغا قويدى.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن باشلاپ، مال زاكاز قىلىشقا قەرز بېرىش، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان قەرز بېرىش ۋە رەنىلىك قەرز بېرىش يولغا قويۇلدى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى مەركىزىي مالىيە كومىتېتى كۈمۈش دوللار بىلەن خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنى 1:450 كە ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تېلېگرامما ئارقىلىق بۇيرۇق چۈشۈردى. 1951 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 1:400 گە، 1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى يەنە 1:350 كە ئۆزگەرتىلدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل بېرىش كومىتېتى قۇرۇلدى ھەمدە يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل بېرىش خىزمىتىنى ئۈرۈمچى رايونىدا سىناق قىلىش، ئائىلىق ئۆسۈمى بىر تىيىن بولۇش، قەرز پۇل بەرگەندە ئالدى بىلەن نامرات دېھقان، ياللانما دېھقان ۋە ئوتتۇرا دېھقانلارغا ئېتىبار بېرىش، پومېشچىك، باي دېھقانلارغا قەرز بەرمەسلىك بەلگىلەندى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا كىنىشكىلىق كىرىم - چىقىم قىلىنىدىغان «ب» تۈردىكى قەرەلسىز ئامانەتنى يولغا قويدى.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى رايونىدا

كۈزكى بۇغدايغا قەرز بېرىش چارىسىنى چۈشۈردى، ئۇنىڭدا بۇغداينى پۇل قەرز بېرىشنىڭ ئۆلچىمى قىلىش، قەرز بېرىش مۇھلىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر يىل بولۇش، قەرز پۇل تارقاتقاندا، شۇ جاينىڭ شۇ كۈندىكى بۇغداينىڭ بازار باھاسى بويىچە ھېسابلاش قارار قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى ئۈرۈمچى «خۇڭيەنچى» ئېلېكتر ئىستانسىسىنى سېلىش ۋە «تىنچلىق» ئۆستىڭى سۇ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 14 مىليون 661 مىڭ 568 جىڭ بۇغداي قىممىتىدە مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بەردى، بۇنى كۆمۈش دوللارغا سۇندۇرغاندا 255 مىڭ 220 دوللار 92 تىيىن بولىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، ئۇنىڭ بارلىق كەسپىنى شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى بېجىرىشنى قارار قىلدى. سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان كۆمۈش دوللار ئىلگىرىكىدەكلا ئوبوروت قىلىنىدىغان، ئۇنى تارقىتىش ئىشلىرىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان بولدى. شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى رېن چۈشۈەن، جاڭ خۇڭيۇلار جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى غەربىي شىمال رايونى بويىچە شۆبە بانكا باشلىقلىرىنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى شەھەر پۇل مۇئامىلە كەسپىنى سىناق قىلىدىغان نۇقتا قىلىپ بەلگىلىنىپ، سىناق نۇقتىسى قىلىنغان بانكا نەق ھۆكۈمەت پۇل، سودا ـ سانائەتنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، كرېدىتنى پىلانلىق ھالدا كېڭەيتىش، ئومۇمغىمۇ، شەخسكىمۇ تەڭ ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، شەھەر ـ يېزىلار ئۆلكە ئىچى ـ سىرتىدا ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ كرېدىت مەركىزىگە ئايلىنىشنى تەلەپ قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە شىركىتى قۇرۇلدى. رېن چۈشۈن قوشۇمچە دىرېكتور بولدى ھەمدە ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى ۋە كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپلىرى يولغا قويۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي تارماق بانكىلىرىغا 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئىلگىرى ئۈچ ۋىلايەتتە تارقىتىلغان ۋاقىتلىق چەكنى تېگىشىپ بولۇشنى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە ئىناۋەتسىز بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەنلەرگە جەمئىي 500 مىڭ دوللار كۆمۈش تەڭگە ئاجرىتىپ بېرىشنى، ئۇنى بانكىلار ۋاقىت بەلگىلەپ تاختاي باھاسىدا سېتىشنى ھەمدە ئۇنىڭغا باشقا تەدبىرلەرنى قوشۇمچە قىلىپ، كۆمۈش تەڭگىنىڭ قارا بازار باھاسىنى تېزلىكتە چۈشۈرۈپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى.

## 1951 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى «شىنجاڭ بانكا خەۋەرلىرى» يېرىم ئايلىق ژۇرنىلىنى نەشر قىلىشنى قارار قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى غەربىي شىمال رايونلۇق بانكا باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. ئۇنىڭدا ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئايرىش ئۆلچىمى: ساپلىقى 990/1000 دىن يۇقىرى بولسا ساپ ئالتۇن، 990/1000 دىن تۆۋەن بولسا رەڭلىك ئالتۇن، تاۋلانمىغان رودا ئالتۇنى كېپەك ئالتۇن بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئىلىدىكى سوۋېت مۇھاجىرلىرى جەمئىيىتىگە سانائەت قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى ھېسابىدا 17 مىليون 777 مىڭ 800 يۈەن كۈمۈش دوللار (كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 6 مىليارد 222 مىليون دوللار) نى بىر يىللىق مۆھلەت بىلەن قەرز بەردى.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىنى ئاچتى، يىغىنغا تارماق بانكا باشلىقلىرىدىن 51 كىشى قاتناشتى، يىغىندا ئالدىنقى يىللىق خىزمەتلەر يەكۈنلىنىپ، شۇ يىللىق پىلان بېكىتىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ غەربىي رايونى «ھۆكۈمەت پۇل قارارىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى تۇدا ـ سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش جەھەتتە، ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، قۇمۇل، خوتەنلەردىكى مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ شەھەرلەر ئارا تۇشۇپ سېتىشقا يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئاساس قىلىشنى، قالغان تارماق بانكىلارنىڭ شەھەر ـ يېزىلار ئارا مال ئالماشتۇرۇشقا يار ـ يۆلەك بولۇشنى ئاساس قىلىشنى قارار قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يەتتە كۈنلۈك قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى، پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان، توپ قويۇپ پارچە ئالىدىغان دېرىنى قويۇپ ئۆسۈمىنى ئالىدىغان قوش كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى شۇ يىللىق يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل بېرىش چارىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا قەرز پۇل تۈرى ئۇرۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئوغۇت، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتلىرى، نەسىللىك چارۋا، يەم ـ خەشەك قاتارلىق يەتتە تۈرگە بۆلۈندى. مۆھلىتى ئوخشاش بولمىدى. ئۆسۈم نىسبىتى 12‰ بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تۇنجى نۆۋەتلىك مالىيە ـ ئىقتىساد يىغىنى ئاخىرلاشتى. يىغىندا بانكىلارنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇش، پۇل بۆيرۇش، ھېساب ـ كىتاب قىلىشنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە سودا تارماقلىرىغا ماسلىشىپ، پۇلنىڭ يېزىلارغا چۈشۈشىنى تەشكىللەش تەلەپ قىلىندى.

4 - ئايدىن 8 - ئايغىچە جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ترانسپورت سۇغۇرتىسى، چارۋا سۇغۇرتىسى، ئايرۇپىلان يولۇچىلىرىنىڭ كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى، مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى، ئوت ئاپىتى ئىختىيارىي سۇغۇرتىسى، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى، مال توشۇش سۇغۇرتىسى، كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا ۋە ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا قاتارلىق كەسىپلەرنى ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويدى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قاتناش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارمىقى قۇرۇلدى. ئۇ، قاتناش بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق شۆبىسى ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىدىن ئىبارەت ئىككى بانكىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. خەن تۇڭجەي بىرىنچى مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت ۋە ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا خوسۇسىي كەسىپنى قانات يايدۇرۇشنىڭ يولى — بازار ئالاھىدىلىكىنى يەكۈنلىدى. 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى «بازار يولىغا مېڭىش» جەنۇبىي شىنجاڭدا خوسۇسىي كەسىپنى قانات يايدۇرۇشنىڭ يولى ئىكەنلىكىنى رەسمىي ئوتتۇرىغا قويدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىدە ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى، بۇنىڭغا 523 ئادەم قاتناشتى، ھەرىكەت ھۆججەت ئۆگىنىش ۋە مەسىلە تاپشۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلدى، 8 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خۇلاسە قىلىش يىغىنى ئېچىلىپ، چارە كۆرۈش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئۈرۈمچىدە دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويدى. ۋاقتىنچە ئالدى بىلەن ئامانەت تالونى يۈزىدىكى سوممىسى 500 دوللارلىق، 1000 دوللارلىق ئىككى خىل يېڭى پۇل تارقاتتى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى يازلىق يىغىم قەرز پۇلىنى يولغا قويدى. بېرىلىدىغان قەرز كۆرسەتكۈچى 1 مىليارد 500 مىليون دوللار خەلق پۇلى (كونا خەلق پۇلى) بولۇپ، قەرەلى ئىككى ئايدىن ئۈچ ئايغىچە قىلىندى. ئۆسۈمى بىر پۇڭ ئىككى لى قىلىپ بەلگىلەندى.

7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ خەلق پۇلىنىڭ بەلگىسى ۋە ئىنگلىزچە تەرجىمە نامى توغرىسىدىكى: «元» نى «YUAN» دەپ تەرجىمە قىلىش، «¥» نى بەلگە قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى تۇنجى قېتىملىق، دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك مۇكاپاتلىق خەلق پۇل ئامانىتىنى يولغا قويدى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىلى خەلق بانكىسى جۇڭگو - سوۋېت رەڭلىك مېتال شىركىتىگە ئىككى يىل مۆھلەت، %2 يىللىق ئۆسۈم بىلەن 23 مىلياد 800 مىليون يۈەن خەلق پۇلى (كونا خەلق پۇلى) قەرز بەردى.

9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە يېزىقلىق خەلق پۇلى تارقىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق» نى ئېلان قىلدى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرچە يېزىقلىق خەلق پۇلى تارقىتىش ھەمدە مۆھلەت بەلگىلەپ كۆمۈش دوللارنى تېگىشتۈرۈۋېلىش توغرىسىدا ئېلان چىقاردى. كۆمۈش دوللارنىڭ خەلق پۇلى بىلەن تېگىشىش سېلىشتۇرما باھاسى 1:350 بولدى. كۆمۈش دوللارنى تېگىشىش خىزمىتى 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى ئاخىرلاشتى. جەمئىي 932 مىليون دوللارلىق كۆمۈش دوللار يىغىۋېلىندى، بۇنى خەلق پۇلى (كونا پۇل) غا سۇندۇرغاندا 326 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق، شىنجاڭ

بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى «يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دېھقانلارغا ياردەم بېرىپ، قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش» باش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ماناس، گۇچۇڭ، تۇرپان ناھىيىلىرىگە تۇنجى تۇركۇمدىكى خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى ئەۋەتىپ يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى سىناق قىلدى.

11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى جايلارغا يېزىلاردا بىرلا خىل بولغان، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان، مۇقىم سوممىلىق، قەرەللىك، قوش كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

## 1952 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا خەلقنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ساقلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى، ئەمما باھاغا سۇندۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى، شەخسلەر ئارا ئېلىش - سېتىشقا بولمايدىغانلىقى، قانۇنسىز ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايدىغانلىقى، ئالتۇن - كۈمۈشنى بانكا تەكشى باھاسىدا سېتىۋالىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شىنجاڭنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇشى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسىدە شۇ يىلدىن باشلاپ پۈتۈنلەي «پىرېۋوت ئاقدۇرۇش مۇئامىلىسى» يولغا قويۇلدى.

1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىدە، خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئۈچكە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى باشلاندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا شۆبە بانكىدا رېۋىزىيە ئاپپاراتى تەسىس قىلىنىپ، خىيانەت قىلىپ چىرىكلىشىش، قانۇن - ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش، بيۇروكراتلىق، سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىش، تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىش قاتارلىق 119 دېلو تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىندى.

3 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىككە قەرز بېرىش كومىتېتى 1952 - يىللىق يېزا ئىگىلىكى، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قەرز بېرىش چارىسىنى ئېلان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە شەھەرلەردە ئۆسۈمدىن تاپاۋەت بېجى ئېلىش باشلاندى.

6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى شۇ كۈندىن باشلاپ «غەربىي شىمال رايونىنىڭ مەبلەغ باشقۇرۇش ۋە يۆتكەش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئىجرا قىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. قاتناش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارمىقىغا مالىيە نازارىتى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى.

شۇ ئايدا خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، قىممىتىگىمۇ، دەرىغىمۇ كاپالەتلىك قىلىنىدىغان بىر خىللا بولغان ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇلنى بېجىرىش توختىتىلدى، جايلار ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئاختاي باھاسىنى بارلىق ئامانەت پۇل ھېساب - كىتاب قىلىنىپ بولغانغا قەدەر داۋاملىق ئېلان قىلىپ تۇردى.

8 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەردىن ئىبارەت ئۈچ شەھەردە خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە قەرز بېرىش كەپىلنى قانات يايدۇردى.

8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەركىزىي مالىيە كومىتېتى ئېلان قىلغان «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ

بېرىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» شىنجاڭدا ئىجرا قىلىندى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئاقسۇ تارماق بانكىسىدىكى ۋاڭ فۇشەن ئالتۇن ـ كۈمۈشنى يالاپ ئۇرۇمچىگە ئېلىپ كېتىۋېتىپ، كۇچا ناھىيىسىنىڭ تۇزلۇق چېلىغىغا كەلگەندە، تاغدىن كەلكۈن كېلىپ، 43 مىڭ 314 دانە كۈمۈش تەڭگە، 1286 دانە كىچىك تەڭگە، 15 دانە چوڭ يامبۇ، ئىككى ساندۇق رەڭلىك كۈمۈش زىيانغا ئۇچرىدى، بۇنىڭ جەمئىي ساپ ئېغىرلىقى 1203.723 سەر كېلىدۇ.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى تارماق بانكا باشلىقلىرىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى 2 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، پۇل باشقۇرۇش، يېزا پۇل مۇئامىلىسى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى نۇقتا قىلىنغان پۇل مۇئامىلە خىزمىتى ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىمالىي شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ «بازار» لىرىدا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى، «پۇل باشقۇرۇش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» ماقۇللاندى.

10 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، تۇرپان، فۇكاڭ، خوتەن، ماناس قاتارلىق ناھىيىلەردە تۇنجى تۈركۈمدىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى قۇرۇش خىزمىتىنى سىناق قىلدى. شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ھەممىدىن بۇرۇن فۇكاڭ ناھىيىسىدە قۇرۇلدى.

12 ـ ئايدا قاتناش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارمىقىنىڭ دەرىجىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىغا كۆتۈرۈلدى، ئۇ، ناھىيە ـ تۇەن دەرىجىلىك ئورۇن قىلىنىپ، گاۋيائجۇن دىرېكتورلۇققا تەيىنلەندى.

## 1953 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى جاڭ دېڭفەن، مۇئاۋىن باشلىقى رېن چۈنشۈەنلەرنىڭ خىزمىتى يۆتكەلدى، بانكا باشلىقلىقى ۋەزىپىسىنى ياڭ ۋەنشىڭ ئۈستىگە ئالدى، جاڭ خۇڭيۇ، ئابدۇللا مەھمۇدى، لى شۈتيەنلەر مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى.

2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى باش بانكىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، پۈتۈن مەملىكەتتە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن پىرىۋوت نىسبىتىنى ئىجرا قىلدى، ھەر 1000 يۈەننىڭ پىرىۋوت ھەققى 20 پۇڭ قىلىندى.

2 ـ ئايدا ئۆلكىلىك قاتناش نازارىتى ئۆلكىلىك ترانسپورت شىركىتى مەبلىغىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن 376 ئاپتوموبىلنى سوغۇرتىغا قاتناشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى ۋە سودا تارماقلىرى جۇڭگو سودا مىنىستىرلىكى، خەلق باش بانكىسىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا دائىر راسچوت توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىنى ۋە باش بانكا ئېلان قىلغان راسچوت ئۇسۇلىنى ئىجرا قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خۇسۇسىي ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى كەسپىنى باشقۇرۇش چارىسى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى «قۇرۇق چەكنى مەنئى قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى.

4 ـ ئايدا خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى باش بانكىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قەرز بېرىشتە مىللەتنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى ئايرىماي (خەنزۇمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قەرز پۇل

بىلەن ياردەم بېرىشكە تېگىشلىك بولسىلا، ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

7 - ئايدا بانكا قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، «1 - ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى قاتارلىق 14 ئورۇندا مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاپ، مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇ خىزمەت 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاخىرلاشتى.

7 - ئايدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى شىنجاڭ بويىچە تۈنجى قېتىملىق سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا يېزىلاردا چارۋا سۇغۇرتىسىنى بېجىرىشنى توختىتىش، شەھەرلەردىكى سۇغۇرتا كەسپىنى تەرتىپكە سېلىش، ئاپپاراتلارنى قىسقارتىش ۋە خادىملارنى باشقىدىن تەشكىل قىلىش قارار قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى بانكىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى پوچتا ئىدارىسىنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلىش توختىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى «پېرېۋوت كەسپىدە بانكا بىلەن پوچتا ئىدارىسىنىڭ ئىش تەقسىماتى توغرىسىدىكى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن چارە» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭ بويىچە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىدا ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى بىردەك 5 .7 لى قىلىنىپ، ئىختىيارىي ئامانەت قويۇشقا ئىلھام بېرىلدى.

9 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى مەخسۇس قەرز پۇل بېرىشنى يولغا قويدى.

9 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى پۇل مۇئامىلە ئېكىسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ، بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال، جەنۇبىي جۇڭگو، غەربىي شىمال قاتارلىق ھەر قايسى چوڭ رايونلاردىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى.

10 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى يەككە ئەمگەكچىلەر ياكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىغا پۇل قەرز بېرىشتە رايونلۇق، يېزىلىق ھۆكۈمەتلەر كېپىللىك قىلىش ھەققىدىكى بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى قەرز بېرىلگەن پۇلنىڭ ۋاقتى ئۇزارتىلسا ئۆسۈم قوشۇش، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە ئۆسۈم جەرىمانىسى قويۇش چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئۇقتۇردى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ۋە كوپېراتىپلاردا 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سانائەت ۋە قول سانائىتىدە كېچىكتۈرۈلۈپ 1954 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ساتقان پۇلىغا قارىتا ئېتىبارلىق پۇل ئامانىتىنى يولغا قويدى، يېرىم يىل ئىچىدە ئۆسۈمگە ئېتىبار بېرىلدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارمىقىغا ئۆزگەرتىلدى.

شۇ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىققا پۇل قەرز بېرىش چارىسى» (لايىھە) نى تارقاتتى.

شۇ يىلى قاتناش بانكىسى باش باشقارمىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، قاتناش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى مەملىكەت مىقياسىدا شۇ سىستېمىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئاجرىتىشىغا قاتناشتى.

شۇ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە كۇرس ئېچىپ، 306 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى تەربىيىلەپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن كۈچ تەييارلىدى.

شۇ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى مەركىزىي تارماق بانكا تۇرۇشلۇق جايلاردا يەنە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) تارماق بانكا تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى.

## 1954 - يىل

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتى شۇ يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوتچىلىق ئۈچۈن 57 مىليارد 93 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) قەرز بېرىشنى، ئۇنى 16 تۈرگە ئايرىپ تارقىتىشنى تەستىقلىدى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئەڭ يۇقىرى سوممىسى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپىنىڭ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 20 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، قەرز پۇلنى يېزا ئىگىلىكى، قوشۇمچە كەسىپ، تۇرمۇشتىن ئىبارەت ئۈچ دائىرىدە ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى.

3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلىغا پۈتۈنلەي پۇل تارقىتىش بەلگىلىنىپ، ئەمەلىي نەرسە تارقىتىش چارىسى بىكار قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى خۇسۇسىيلارغا پۇل قەرز بېرىشتە: (1) دۆلەتنىڭ ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش؛ (2) قانۇنغا بويسۇنغان ئائىلە بولۇش، «بەش زەھەرلىك» ھەرىكىتى① بولماسلىق؛ (3) تىجارەت دائىرىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كوپېراتىپلارنىڭكىگە توقۇنۇشماسلىق ھەمدە شۇ يەردىكى بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشىشتىن ئىبارەت ئۈچ شەرتنى ھازىرلاشنى بەلگىلىدى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى مالىيە بۆلۈمى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى بىلەن بىرلىكتە ئۆز تەۋەلىكىدە «خەلق بانكىسىنىڭ قىسىملاردا ئىجرا قىلىنىدىغان نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى دۆلەت ئىچىدىكى سودىدا خۇسۇسىيلارنىڭ رەنلىك پىرېۋوت كەپىتىنى بېجىرىشنى توختاتتى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەركىزىي مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى شۇ كۈندىن باشلاپ يانى بويىچە مائاش پاراۋانلىقى، راسخوت چىقىمىنى ئۆزگەرتىپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى بويىچە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا «جۇڭگو پاختا، پاختا يىپ، رەخت شىركىتىنىڭ پەرقلىق سوممىلىق پۇل ئاجرىتىش - تاپشۇرۇشنى سىناق قىلىش چارىسى» نى ئىجرا قىلدى.

7 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئۆلكە بويىچە نەق پۇل يۆتكەش يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئۆلكە بويىچە 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يېڭى چارىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى.

7 - ئايدا مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئۆلكە بويىچە

① «بەش زەھەرلىك» ھەرىكىتى - قىمارۋازلىق، باج ئوغرىلاش، باج يوشۇرۇش، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى ئوغرىلاش، ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ ماتېرىيال ئوغرىلاش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتلىرىنى ئوغرىلاشنى كۆرسىتىدۇ.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مەجبۇري سۈغۇرتىلاش ئىشى قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، كوپېراتىپلارنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ كۆپ قىسمى سۈغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى.

7 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق سۈغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى باش شىركىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچىدە ئىلگىرىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي ھاۋالە ئىدارىسى، سابىق جۇڭگو سۈغۇرتا شىركىتى، جۇڭگو ئۆمۈر سۈغۇرتىسى شىركىتىنىڭ ئۆمۈر سۈغۇرتىسى توختىمىنى تەزىملاش ئىشلىرىنى بېجىرىشكە باشلىدى. تۆلەمنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىش ۋەزىپىسىنى شائخەي شەھەرلىك شۆبە سۈغۇرتا شىركىتى مەسئۇل بولۇپ بېجىردى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى شەھەرلەردىكى مۇقىم سوممىلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى بېجىرىشنى توختاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى مەركەزنىڭ خۇسۇسىي كارخانىلار ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكلىشىشنى يولغا قويغاندا، بانكىنىڭ قىيىپالغان قەرز پۇلىنى مەبلەغ سېلىنمىسىغا ئۆزگەرتمەسلىك توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك شەھەر پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى قەشقەردە ئېچىلدى، شىمالىي شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نۆۋەتلىك شەھەر پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى بىرلىكتە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا پۇل قەرز بېرىش چارىسى» نى تارقاتتى، بۇ چارىدە كارخانىچە ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يولغا قويغان دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسى پۇل قەرز بېرىش ئوبيېكتى قىلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئورۇنلارنىڭ بانكىدىكى راسچوت ھېسابى، مۇئامىلە ھېسابىدىكى ئامانەت پۇلىغا ئۆسۈم بەرمەسلىكنى، بانكا ئىدارە ئورۇنلارنىڭ راسچوتىنى بېجىرسە رەسمىيەت ھەققى، پىرىۋوت ھەققى ئالماسلىقنى قارار قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى. ئۇ ناھىيە، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ۋە ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى، گاۋياڭجۇن بانكا باشلىقى بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى قەشقەر شەھىرىدە جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ئىش بېجىرىش ئورنى قۇردى، ئۇنىڭغا ياڭ جى مۇدىر بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاپەت بولغان رايونلاردىن بېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن قەرز پۇلنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش ۋە كېچىكتۈرۈپ ئېلىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. فۇكاڭ، مىچۈەن، توقسۇن، خوشۇت، خوتۇنسۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىلار ئۆلكىلىك مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، كونا قەرز پۇلىنىڭ ئىچىدىن 131 مىليون يۈەن، ئۆسۈمىدىن 29 مىليون يۈەننى (كونا خەلق پۇلى) كېمەيتتى ۋە كەچۈرۈم قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى غۇلجا شەھىرىدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلدى، ئۇنىڭغا نۇر قاسىم مۇدىر بولدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئۈرۈمچىنىڭ نەنمەن 8 ـ رايون 2 ـ

يېزىسىدا چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قۇرۇشنى سىناق قىلىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كوپېراتىپ قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى.

شۇ ئايدا شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە بانكىلار قوي سېتىۋېلىش ئۈچۈن 29 ناھىيىگە 6 مىليارد 500 مىليون يۈەن مەخسۇس قەرز پۇل تارقىتىپ (كونا خەلق پۇلى)، 1000 ئائىلىلىك ئەتراپىدا چارۋىچىنى قەرز پۇلدىن بەھرىمەن قىلدى. ئۇلار 19 مىڭ 855 تۇياق سائىلىق قوي، 59 دانە كالا سېتىۋالدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى شۇ يىلى 12- ئاينىڭ 31- كۈنىدىن ئىلگىرى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئاپتوموبىللىرى ئىچىدىكى جامائەت بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتى سۇغۇرتىسىغا قاتناشقانلىرىغا قەرەلى توشقىچە داۋاملىق مەسئۇل بولىدىغان بولدى. 1955 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يېڭىدىن سۇغۇرتىغا قاتنىشىدىغان ياكى داۋاملاشتۇرۇپ قاتنىشىدىغان ئاپتوموبىللارغا قارىتا جامائەت بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسىنى قوشۇمچە قىلمايدىغان بولدى.

شۇ يىلى كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ بىكار تۇرغان مەبلەغلىرىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، يېتەكلەشنى ئاساس قىلغاننىڭ سىرتىدا، خۇسۇسىي سودىگەرلەرگە قەرز بېرىش ئومۇمەن توختىتىلىپ، بازارنىڭ قالايمىقان بولۇشىنىڭ ئالدى ئېلىندى.

شۇ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي رايونلۇق كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى.

## 1955 ـ يىل

1 ـ ئايدا جۇڭگو ـ سوۋېت نېفت شىركىتى، مېتال شىركىتى، ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ شىركەتنىڭ مال ـ مۈلكى ئىچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى پايلىرى رەسمىي جۇڭگوغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، بارلىق مال ـ مۈلۈك قايتىدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى تۆمۈر يول، پاراخوت، ئايروپىلان يولۇچىلىرىنىڭ كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىشىنى مەجبۇرىي سۇغۇرتىلاشتۇرۇش كەسپىنى مۇشۇ ئۆلكە كەسپىگە ئۆزگەرتتى.

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ تارمىقى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا جۇچۇنلىن دىرېكتور بولدى.

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ «يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىش ۋە ئىشلىتىلىۋاتقان كونا خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقى» غا ۋە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «يېڭى پۇل تارقىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يوليورۇقى» غا ئاساسەن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى يېڭى پۇل تارقىتىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى، بۇ ئىشخانا ئۆلكە بويىچە يېڭى پۇل تارقىتىش خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئاشلىق، پوچتا ـ تېلېگراف، قاتناش سىستېمىسىدىكى مال ـ مۈلۈكنى مەجبۇرىي سۇغۇرتىلاشنى توختاتتى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭدا يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىش باشلاندى. كونا خەلق پۇلى بىلەن يېڭى خەلق پۇلىنىڭ سۇندۇرۇلۇش نىسبىتى 1:10000 بولدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانىلاردا پۈتۈنلەي يېڭى خەلق پۇلىنى ئىشلىتىش ھەمدە ھېساباتنى يېڭى خەلق پۇلى بويىچە خاتىرىلەش بەلگىلەندى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى چەك ئىشلىتىلىدىغان قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىدە بۇنىڭدىن كېيىن يېڭىدىن شەخسىي ھېساب ئاچماسلىقنى، ئەسلىدىكى ئامانەت ھېسابىنى پەيدىنپەي

كىمىشكىلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە ئۆزگەرتىشنى يولغا قويدى.
3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى 1 ـ پەسىلدىن باشلاپ سودا شىركىتى سىستېمىسىنىڭ كىرىدىتىنى رەسمىي ۋىلايەتكە چۈشۈردى.
3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى بىرلىكتە 1955 ـ يىلدىن باشلاپ نورمىلىق كىرىدىتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، نورمىلىق كۆچمە مەبلەغنى يېتىشمەيدىغان دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئالدىنقى يىللىق يەرلىك مالىيە قالدۇقى تورىدىن تەدرىجىي تولۇقلاپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.
4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى دېيىلىدۇ) قۇرۇلدى، شى سىچاڭ بانكا باشلىقى، ئابلىز راخمانوپ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. ئەسلىدە خەلق بانكىسىنىڭ شۆبىسى بېجىرىپ كېلىۋاتقان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پۇل مۇئامىلە خىزمىتى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.
شۇ ئايدا شىنجاڭدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرى ۋەتىنىگە قايتتى، ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلاردىكى بانكىلار ۋەتىنىگە قايتىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرىغا 1 مىليون 21 مىڭ يۈەنلىك پېرېۋوت بېجىرىپ بېرىپ، 266.24 سەر ئالتۇن، 2418.59 سەر كۈمۈش، 172 دانە تەڭگىنى تېگىشۋالدى، 272 مىڭ 100 يۈەنلىك زايومنىڭ دىرىنى مۇددەتتىن بۇرۇن قايتۇردى.
5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى بانكىلىرى ئارىسىدا يېڭى راسچوت چارىسى يولغا قويۇلدى: قەرز پۇل ئارقىلىق راسچوت قىلىش دەرھال پۇل تۆلەش شەكلى بويىچە بېجىرىشكە ئۆزگەرتىلدى، قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەشكە دائىر تورلۇك راسچوتلاردا ئون كۈنلۈك ھاۋالە كىرىم ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ترانسپورت ـ يۈتكەش خىراجىتى 20 كۈنلۈك ھاۋالە كىرىم ئۇسۇلى بويىچە بېجىرىلدى.
5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قىسىملاردا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى ھەمدە قىسىملارنىڭ كوپېراتىپلىرىدا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش پونكىتلىرىنى قۇرۇش ۋە پاي فوندى بىلەن پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى ئالماشتۇرۇش چارىسى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.
5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى سودا نازارىتى بىلەن بىرلىكتە مۇشۇ ئۆلكىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك سودا كىرىدىتى يىغىنىنى ئاچتى، يىغىندا پاختا، پاختا يىپ رەخت شىركىتى، نېفىت شىركىتى، مەخسۇس سېتىش شىركىتىدىن ئىبارەت ئۈچ شىركەت سىستېمىسىدا ماددىي ئەشيا ھەرىكىتى بىلەن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن يېڭى قەرز پۇل چارىسىنى يولغا قويۇش بەلگىلەندى، سودا ـ سېتىق كىرىدىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش قارار قىلىندى.
شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى تارماق بانكا باشلىقلىرىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا كوپېراتىپقا ئەزا بولمىغان كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشتا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى ياردەملىشىش، ئۇلارنى يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراشتىن ساقلاپ، كوپېراتىپقا كىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىندى. پاي پايدىسىنى تەقسىم قىلىشتا جايلار سىناق قىلىش، پايدا تەقسىم قىلىش نىسبىتىنى ساپ پايدىنىڭ 30 ـ 40 پىرسەنتى ئەتراپىدا ئىگىلەش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.
6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى يېڭى ـ كونا پۇلنى تېگىشىش خىزمىتى توختىتىلدى. ئۆلكە بويىچە جەمئىي 518 مىليارد 500 مىليون يۈەن كونا خەلق پۇلى يىغىۋېلىندى. بۇ يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 51 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولىدۇ.
6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى باش بانكا چىقارغان «قۇرۇلۇش باھاسى پۇلىنى

راسچوت قىلىشى تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق» قا ئاساسەن، قۇرۇلۇش خام چوتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

**شۇ ئايدا** خەلق بانكىسى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ نامى جۇڭگو خەلق بانكىسى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي رايونلۇق شۆبە بانكىغا ئۆزگەرتىلدى، ياڭ چى بانكا باشلىقى بولدى؛ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ نامى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە بانكىغا ئۆزگەرتىلدى، نۇرقاسىم بانكا باشلىقى بولدى.

**7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** شۆبە بانكا ھەر قايسى بانكىلارغا خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ راسچوت قىلىش قەرز پۇل تارقىتىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

**شۇ ئايدا** جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى شىنجاڭ بويىچە ناھىيەدىن يۇقىرى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىغا «قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى يولغا قويۇپ، مال كىرگۈزگەندە قەرز ئېلىش، مال سېتىلغاندا قەرز قايتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى «يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى تارقىتىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى يولغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلام سېتىۋېلىش ئورۇنلىرىغا بانكا بىۋاسىتە قەرز پۇل بەردى.

**شۇ كۈنى** خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىسى ۋە شەھەرلىك ئاشلىق ئىدارىسىدە «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق تارماقلىرىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى سىناق قىلىپ، بانكىنىڭ قەرز پۇلى بىلەن كارخانىنىڭ ئۆز مەبلىغىنى ئايرىشنى ئايدىڭلاشتۇردى. قەرز پۇل ئاشلىق سېتىۋېلىش ئاۋانسى، ئاشلىق زاپىسى، راسچوت ۋە ئالاھىدە قەرز پۇلدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە ئايرىلدى.

**7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى، دۆلەت ئورگانلىرى، قىسىملار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئارىسىدا نەق پۇلسىز راسچوت قىلىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزىتىپ چىقتى.

**7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى** جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى نامرات دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلىنى يولغا قويدى ھەمدە سانجىدىكى «دوستلۇق» يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ تاللىدى.

**8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى** خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قول سانائەت سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز بېرىشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تارقاتتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ 1955 - يىللىق قەرز پۇل تارقىتىش كۆرسەتكۈچىنى 100 مىڭ يۈەن قىلىپ بېكىتتى.

**8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك بوغالتىرىيە يىغىنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، شۇ كۈندىن باشلاپ رەسمىي ھېسابات تۇرغۇزدى.

**10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى بانكا ۋە سۇغۇرتا شىركەتلىرى نامىنى مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتتى.

**شۇ كۈنى** شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى تۈزگەن «پوچتا - تېلېگراف كارخانىلىرىغا خام چوت بويىچە پۇل ئاجرىتىش چارىسى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

**10 - ئاينىڭ 19 - كۈنى** يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى كوپېراتىپلاشتۇرۇشقا قەرز بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» گە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا

ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى، نامرات دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلىنى يولغا قويدى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى پۇقرالار قەرەللىك پۇل ئامانىتىنىڭ بىر ئايلىق قەرەللىك ئۆسۈم نىسبىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ئەڭ قىسقا ئامانەت مۇددىتىنى ئۈچ ئايغا ئۆزگەرتتى.

12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «ئاپپاراتلارنى تەرتىپكە سېلىش، شتاتنى قىسقارتىش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئىچكى جەھەتتە ئاپپاراتلارنى تەرتىپكە سېلىپ، ئەسلىدىكى 12 بۆلۈم، ئىشخانىنى ئونغا تەڭشىدى.

شۇ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى سانائەتكە قەرز بېرىشنىڭ يېڭى چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلدى.

شۇ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق كادىرلار مەكتىپىنى قۇردى.

## 1956 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، قۇرۇلۇش قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ پايدىسى ۋە تېجەپ قالغان سوممىسى (ئالاھىدە تۆھپىسى بارلار بۇنىڭ سىرتىدا)، بېقىندى كارخانىلارنىڭ پايدا ساپ سوممىسى، ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندى، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ باشقا مەنبەسى، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ باشقا كىرىمى ۋە سېتىلغان مۇقىم مۈلۈك كىرىمى قاتارلىقلاردىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل ئورنىدا پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. قېدىرىپ لايىھىلەش ئاپپاراتلىرىنىڭ مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلگەن خىراجەت چىقىمى ئۈچۈن قۇرۇلۇش بانكىسىدا ھېساب ئېچىلدى. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ نازارەتچىلىكىدە پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان بولدى.

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى ئېلان قىلغان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) مەيدانلىرىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئىجرا قىلدى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى مەركىزىنىڭ شىنجاڭدىكى نېفىت شىركىتى، مېتاللچىلىق شىركىتى، توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، ئېلېكتر ئىشلىرى ئىدارىسى، پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن ئىبارەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئالتە كارخانىغا پەۋقۇلئاددە بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيالار ئۈچۈن 13 مىليون يۈەندىن كۆپ قەرز بېرىپ، كارخانىلارنىڭ بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيالارنى ئاكتىپ بىر تەرەپ قىلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىش ۋاقىتلىق نىزامى» (لايىھە) نى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بەك نامرات ئائىلىلەرگە قەرز پۇل ئارقىلىق يار - يۆلەك بولۇشنى يولغا قويدى. ئۇلارنىڭ كونا قەرزلىرىنى كېچىكتۈرۈپ ئالىدىغان، ئۇنىڭ ئۆسۈمىنى ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىدىغان ياكى كەچۈرۈم قىلىدىغان بولدى.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ھەر قايسى تارماق بانكىلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشنى يالاپ ئايرىپ بېرىشنى مەركىزىي تارماق بانكا تۇرۇشلۇق جايدىكى تارماق بانكىغا بىۋاسىتە سېتىپ بېرىشكە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

**2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى** قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تۇنجى قېتىم شىنجاڭ بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىش بويىچە كەسپىي يىغىنى ئاچتى.

**3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىرىنىڭ قىسمەن شەھەر كەمبەغەللىرىنىڭ يېزىلارغا بېرىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا قەرز پۇل بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

**3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى** خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن جۇڭگوغا كەلگەن يولۇچىلارنىڭ پۇل ئېلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بانكىسىدىن سېتىپ بېرىلگەن ساياھەت چېكىگە قورغاس، چۆچەك، ئۈلۈغچات، بۇرچىن ۋە قەشقەر قاتارلىق جايلاردا پۇل چىنىقىم قىلىپ بېرىلدى، تاختاي باھاسى بويىچە 100 رۇبلى 50 يۈەن خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى.

**3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ۋە ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىنلەشتە نەق پۇلسىز راسچوتنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**شۇ ئايدا** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرى قەرز پۇلى بېجىرىشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنى تارقاتتى.

**شۇ ئايدا** شىنجاڭ بويىچە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى 1956 گە يېتىپ، دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ھەممىلا يېزىلىرىدا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بولۇش ئىشقا ئاشتى.

**شۇ ئايدا** جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارماق شىركىتى قۇرۇلدى.

**شۇ ئايدا** سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى يېزىلاردا چارۋىلارنى ئىختىيارىي سۇغۇرتىلاشنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

**6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق يېزا پۇل مۇئامىلە سەپىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىنغا 41 ۋەكىل قاتناشتى.

**6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «ئالتۇن - كۈمۈشنى قانۇنسىز ئېلىپ - سېتىش ھەرىكىتىنى توسۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

**6 - ئاينىڭ 26 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى كوپېراتىپ ئەزاسى سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان پومېشچىك، باي دېھقانلارغا ئادەتتىكى قەرز پۇل بېرىلسە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

**7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى** مەملىكەتلىك يېزا پۇل مۇئامىلە سەپىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىنغا شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىن 12 ۋەكىل قاتناشتى.

**شۇ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرىنىڭ ۋەتىنىگە قايتقاندا پۇل پېرېۋوت قىلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، خەلق پۇلىنى پېرېۋوت قىلىش چارىسىنى ئەمدى قوللانماسلىقنى، ئۇنىڭ ئورنىغا سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بانكىسىنىڭ ساياھەت چېكىنى ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

**شۇ ئايدا** جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي رايونى ۋە يەكەن ۋىلايىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خەلق بانكىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي رايونلۇق شۆبە بانكىسى ۋە يەكەن ۋىلايەتلىك تارماق بانكىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكا قۇرۇلدى. ياڭ چى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا يۆتكەلدى.

**8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** شىنجاڭ بويىچە قەرەلسىز، مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى.

**10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا دۇكانلىرى، كوپېراتىپ سودا دۇكانلىرى ۋە ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىغا قەرز بېرىشنى، مەبلەغ يېتىشمەيدىغان

ئۇششاق سودىگەر، ئۇششاق تىجارەتچىلەرگە ئاكتىپ مەدەت بېرىشنى قارار قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «خەلق بانكىسى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش نەق پۇلىنى باشقۇرۇش خىزمىتى جەريانىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ توغرىسىدىكى بىرلەشمە يوليورۇقى» غا ئاساسەن، قۇرۇلۇش بانكىسىدا ھېساب ئاچقان ئورۇنلارنىڭ كۈندىلىك نەق پۇل ئىشلىتىشىگە نازارەت قىلىشتا قۇرۇلۇش بانكىسى مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجىدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ۋەتىنىگە قايتىدىغان سوۋېت مۇھاجىرلىرىنىڭ نورمىدىن ئېشىپ كېتىپ، پېرېۋوت قىلىشقا بولمىغان 97 مىڭ 548 يۈەن 9 پۇڭ خەلق پۇلىنى ئۆز دۆلىتىدىن پېرېۋوت قىلىپ ئەۋەتىشكە تېگىشلىك بولغان دىپلوماتىيە خىراجىتىگە ھېسابلاپ شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردىكى كونسۇلخانىلارغا ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى نېسىگە ساتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ پۇلىنى بانكىنىڭ قەرز پۇل ھېسابىغا ئاغدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى بىلەن قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باش بانكىسى شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش ئاجرىتىدىغان مەبلەغ ئىچىگە كىرگۈزۈشنى، قۇرۇلۇش بانكىسى خەلق بانكىسىغا قارىتا «يۇقىرىدا ئامانەت قويۇپ، تۆۋەندە چىقىم قىلىش» نى يولغا قويۇشنى، ئىككى باش بانكا بىر تۇتاش راسچوت قىلىش چارىسىنى قوللىنىشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 665 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە بانكىدىن بېرىلگەن قەرز پۇل 348 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولۇپ، سوتسىيالىستىك كارخانىلار كۆچمە مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 51.17 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 1957 ـ يىل

2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سانائەتكە قەرز بېرىشنى كېڭەيتىپ، ئىلگىرىكى چەكلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش پونكىتىنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىگە قوشۇۋېتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانى تۈزۈش چارىسى» (لايىھە) نى ئېلان قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، سودا نازارىتى، مۇلازىمەت نازارىتى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا بېرىلىدىغان قىسقا مۇددەتلىك قەرزنى بېجىرىش چارىسى» (تۈزىتىلگەن نۇسخىسى) نى يولغا قويۇش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى بانكىلارغا «سانائەت كرېدىتى جەريانىدا مەركەزنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقنى

ئىزچىل ئىجرا قىلىش» كارخانىلارنىڭ مۇۋاپىق مەبلەغ ئېھتىياجىنى قوللاش، كارخانىلارنىڭ زاپاسنى قارىغۇلارچە كېڭەيتىشى ۋە قارىغۇلارچە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىرلىكتە «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىشنى بېجىرىش چارىسى» نى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. قەرز پۇل ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە مەھسۇلاتلار قەرز پۇلى، تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى، ئالدىن سېتىۋېلىش قەرز پۇلى، ۋاقىتلىق قەرز پۇلى ۋە ئالاھىدە قەرز پۇلىغا ئايرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ بىرلىككە كەلگەن ئۆسۈم نىسبىتىنى يولغا قويدى ھەمدە قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى ئالدىن چىقىم قىلىشتا ئۆسۈم ھېسابلاش چارىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى تۇنجى ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىنغا ئۈچ ئىلغار ئورۇننىڭ ۋەكىلى ۋە 129 ئىلغار خىزمەتچى قاتناشتى.

7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ قورۇق ئۈزۈم، قورۇق مېۋىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتنى تولۇق مەبلەغ بىلەن تەمىنلىنىدىغان دائىرىگە كىرگۈزۈشكە قوشۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى بانكىلاردا مۇقىم سوممىلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويدى.

9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىك ۋە چۆچەك ناھىيىلىك تارماق بانكىنى چەت ئەل نەق پۇلىنى يىغىۋېلىپ تېگىشىدىغان بانكا قىلىپ بېكىتتى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنىڭ ئالدىن تەقسىمات ۋە ئومۇمىي تەقسىماتىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە قەرز پۇلىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى كېپەك ئالتۇنى سېتىۋېلىش باھاسىنى ئۆستۈردى. ھەر بىر سەر ساپ ئېغىرلىقتىكى كېپەك ئالتۇنى 130 يۈەندىن ئېلىشنى، %5 كېپەك ئالتۇن بېجى تاپشۇرۇشنى بەلگىلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى «پارچە مېتال پۇل تارقىتىشقا تەييارلىق قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

## 1958 ـ يىل

2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى ئاشلىق سېتىۋېلىشنىڭ راسچوتىغا قەرز پۇل بېرىش بەلگىلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شۆبە سۇغۇرتا شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ سۇغۇرتا باشقارمىسىغا قوشۇۋېتىلدى، سىرتقا قارىتا شىركەت نامى ساقلاپ قېلىندى.

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «خۇسۇسىيلار ئىلتىماس قىلغان غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتنى ئىچكى جەھەتتە ئىگىلەپ تەستىقلاپ پېرېۋوت قىلىش چارىسى» (لايىھە) نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا پېرېۋوت تەستىقلاش ھوقۇقىنى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك شۆبە

بانكىلار ئۆز ئالدىغا ئىگىلىھوقۇقلۇق بولغان. شىنجاڭدا 1958 ـ يىل 5 ـ ئايدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوندا خەلق باش بانكىسى ئېلان قىلغان «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئالىي كوپېراتىپلىرىغا قەرز پۇل بېرىش چارىسى» سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى تارقاتقان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا ۋە مەركەزدىكى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلاردا نورمىلىق كرېدىتنى يولغا قويۇش ۋە مالىيە كىرىم ـ چىقىم پىلانىنى تۈزۈشكە ئالاقىدار بىر قانچە بەلگىلىمە» گە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، خەلق شۆبە بانكىسى يەرلىك سانائەت ۋە شېرىكلەشكەن سانائەتتە نورمىلىق كرېدىتنى يولغا قويۇشنى، بانكا 30% نورمىلىق كرېدىت قاتناشتۇرۇشنى قارار قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى سودا تارماقلىرى سېتىۋالغان يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى (جۈملىدىن قول سانائەت مەھسۇلاتلىرى) نى مەبلەغ بىلەن تولۇق تەمىنلەشنى، ئاپتونوم رايون دائىرىسىدە تاۋار يۆتكەشنى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چەكلىمىسىگە ئۇچراتماسلىقنى قارار قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى تۇرپان، توقسۇن، پىچان ناھىيىلىك تارماق بانكىلارغا ۋە قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكىغا ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ شىنجاڭ چېگرىسى ئىچىدىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، خەلق شۆبە بانكىسى تۆمۈر يول 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئۇچاستىكىلىرىدا بانكا ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى شىنجاڭ جىمىنەي ناھىيىسىدە پىرىۋوت بوغۇش ئۇقتىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىشقا قوشۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «تىرىشچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇپ، سانائەتكە ياردەم بېرىش» بويىچە كىچىك بەش يىللىق پىلان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويدى.

7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى يەرلىك كارخانىلار ئېھتىياجلىق بولغان نورمىلىق كۆچمە مەبلەغنى كۆپەيتىش، مىللىي ئاپتونوم رايونلاردا خام چوت ئىچىدىكىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئۆزلىرى ھەل قىلىش، 70 پىرسەنتىنى بانكىدىن قەرز ئېلىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شۆبە خەلق بانكىسى بىلەن مالىيە نازارىتى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ جۈملىدىن شېرىكلەشكەن سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تۆت خىل راسخوتى (تېخنىكا تەشكىلاتچىلىق تەدبىرى راسخوتى، بىخەتەرلىك ئەمگەك سۇغۇرتىسى راسخوتى، يېڭى مەھسۇلاتنى سىناپ ئىشلەش راسخوتى، پارچە ـ پۇرات ئاساسىي قۇرۇلۇش راسخوتى) غا قەرز پۇل بېرىشنى بەلگىلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شۆبە خەلق بانكىسى «پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان قەرەللىك مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ نىزامنامىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، سوممىسىنى ئىككى يۈەن، بەش يۈەن، ئون يۈەندىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا كېڭەيتتى، ئامانەت مۇددىتىنى بىر يىلدىن ئىككى يىلغا ئۆزگەرتتى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «پۇل ئوبوروتى خىزمىتى جەريانىدا

قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ياخشىلاش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان كاسسىرلىق تۈزۈمىنى، نەق پۇل يۆتكەش ـ بۇيرۇش چارىسىنى، نەق پۇل باشقۇرۇش ۋە نەق پۇل كاسسىرلىق پىلانى قاتارلىق تۈزۈملەرنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپى ئۈرۈمچى شەھىرىدە قۇرۇلدى.

8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى سىناق قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

شۇ ئايدا مىچۈەن ناھىيە ساندۇبا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ئېلېكتىرلەشكەن پۇل ئامانىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. ئامانەت مۇددىتى بىر يىلدىن بەش يىلغىچە بولدى. ئالتۇن ـ كۈمۈش ئاساس قىلىنغان ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇپ باھا ھېسابلاشنى يولغا قويدى.

10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى تۇرپان، توقسۇنلاردا گۆڭشې ئامانەت ـ قەرز بۆلۈمى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىدا كەڭ كۆلەمدە پولات ـ تۆمۈر تاۋلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. بانكا بويىچە 396 ئادەم (بانكا مەكتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاجرىتىلىپ، داۋانچىڭ، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى، لىيۇداۋان ۋە مالىيە ـ سودا سىستېمىسىنىڭ «شەرق شاملى» پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتىدا پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشقا قاتناشتۇرۇلدى.

شۇ ئايدا مەملىكەتلىك مالىيە ـ سودا يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى سۇغۇرتا كەسپى پۈتۈنلەي توختىتىلدى. شۆبە سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ كەسپىنى ئېنىقلاش ۋە سۇغۇرتا پۇلىنى قايتۇرۇش خىزمىتىگە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى مەسئۇل بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «سانائەتكە قەرز بېرىپ، پولات ـ تۆمۈر تاۋلاش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشقا ياردەم بېرىش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» چىقاردى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: (1) سانائەت ۋە پولات ـ تۆمۈر تاۋلاشقا مۇلازىمەت قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ (2) ماشىنىلاشقان پېچلارنىڭ قۇرۇلۇشىدا قىيىنچىلىق بولسا مۇۋاپىق قەرز بېرىش؛ (3) يەرلىك پېچلارغا ئېھتىياجلىق مەبلەغكە مۇۋاپىق مەدەت بېرىش؛ (4) ئىدارە ـ جەمئىيەتلەرنىڭ پولات ـ تۆمۈر تاۋلاشقا ئېھتىياجلىق مەبلىغىگە پرىنسىپ جەھەتتە قەرز بەرمەسلىك.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى چەت ئەلگە خەلق پۇلى ساياھەت پۇل چېكى تارقاتتى. ئۈرۈمچى شىنجاڭدىكى تېگىشىش ئورنى بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز بېرىشنى ئۆزگەرتىشنىڭ كونكرېت چارىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلار ياكى پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن قەرز پۇلنى ئىگىلەش، ماتېرىيال تەييارلاش پۇلىنى ئالدىن تۆلەش ۋە ئۆتۈپ قېلىش چارىسىنى قوللىنىشنى «A»، «B» تەرەپلەر ئۆزلىرى مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىش، قۇرۇلۇش قىلىدىغان كارخانا تۈرلۈك مەبلەغنى بىر تۇتاش تەييارلاپ ئىشلىتىش، ئەمەلىي ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارىغا ئاساسەن ئاي ۋە قېتىمغا بۆلۈپ تەقسەپ پۇل ئاجرىتىپ بەرمەسلىك بەلگىلەندى.

شۇ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى 140 نەچچە تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈمنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى ۋە تۈزەتتى. بۇنىڭدىن 33 نى بىكار قىلدى، 52 نى ئۆزگەرتتى، ئالتىنى يېڭىدىن تۈزدى.

شۇ يىلى شىنجاڭدا 10 مىليون يۈەندىن ئارتۇق يەرلىك مەبلەغ توپلاندى. بۇنىڭ ئىچىدە مەبلەغ سېلىش چېكى شەكلى ئارقىلىق جەلپ قىلىنغىنى تەخمىنەن 4 مىليون يۈەندىن، پۇقرالار پۇل ئامانىتى شەكلى ئارقىلىق جەلپ قىلىنغىنى 5 مىليون يۈەندىن كۆپ.

## 1959 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى تۈزگەن «شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلە تۈزۈمى» ۋە خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى تۈزگەن «پوچتا پېرېۋوتى مەبلىغىنى يۆتكەش - ھېسابلاش چارىسى» يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى.

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى مەركەزنىڭ قارارىغا ئاساسەن «ئىككىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىرنى ھۆددە قىلىش» فاڭجېنىنى يولغا قويۇپ، خەلق بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنىنى خەلق كومۇنىسىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنى ئىلگىرىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بىلەن قوشۇپ، خەلق كومۇنىسىنىڭ ئامانەت - قەرز بۆلۈمى قىلدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا يەنە پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ ئېلىندى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانى، پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تارقاتتى. ئۇنىۋېرسال كرېدىت ۋە پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىغا «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىگە بۆلۈپ باشقۇرۇش، بىر يىلدا بىر قېتىم ھۆددىگە ئېلىش، بۇنى ئاساسەن ئۆزگەرتمەسلىك» پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. يېزا خەلق كومۇنىلىرىدىكى ئامانەت - قەرز بۆلۈملىرىگە، «پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىگە بېرىش، بىر يىلدا ئىككى قېتىم راسچوت قىلىش، سوممىسى بىرىم يىل بويىچە پەرقلىق بولۇش، بۇنى ئاساسەن ئۆزگەرتمەسلىك» چارىسى يولغا قويۇلدى.

3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مالىيە نازارىتى، خەلق شۆبە بانكىسى مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق باش بانكىسىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، ئىلگىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ دۆلەت مالىيىسىدىن ئاجرىتىلغان ئۆز كۆچمە مەبلىغى پۈتۈنلەي خەلق بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇسۇمى بىر تۇتاش ھېسابلىنىدىغان بولدى.

4 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ كارخانىلار كىرىمىنى خەزىنىگە تاپشۇرۇپ ئاغدۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى.

4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، جۇڭگو پۇل مۇئامىلە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خىزمەت كومىتېتى رەسمىي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسي قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىمۇ شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن مالىيە نازارىتىنىڭ «ئۆز كۆچمە مەبلىغىنىڭ تەكتىنى ئېنىقلاپ سىمۇرىتال قىلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى خۇلاسە دوكلات» ىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆز كۆچمە مەبلىغىنىڭ سىمۇرىتال قىلىنغان ئومۇمىي مىقدارى 252 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، سىمۇرىتال قىلىشقا تېگىشلىك بولغىنىنىڭ 98.82 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. ئاپتونوم رايون بويىچە ماددىي كاپالىتى بولمىغان كۆچمە مەبلەغ 58 مىليون يۈەنگە يېتىپ، نېسى سېتىلغىنى، ئالدىن تۆلەنگىنى، سوزۇلۇپ كەلگەن قەرز سالمىقى زور بولغان.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا سودىنىڭ مال كىرگۈزۈشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش، ماددىي ئەشيا بارلا بولسا پۇل بېرىپ، بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈنلەي قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇشنى قارار قىلدى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ خام چوتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تارقاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى سوممىسى بەلگىلەنگەن خەلق پۇل ئامانىتىنى بېجىرىشنى توختاتتى.

7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ سودا قەرز پۇلى بېرىش چارىسى» (لايىھە) نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا قەرز پۇل تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى، ئالدىن سېتىۋېلىش قەرز پۇلى ۋە ئالاھىدە قەرز پۇلدىن ئىبارەت تۆت خىلغا ئايرىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «سودىنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىش مەبلىغىنى ئىشلىتىشنى توختىتىش ۋە ئېنىقلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، 1958 ـ يىلى 8 ـ ئايلاردا جايلاردىكى سودىنىڭ سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن مەبلەغنىڭ ئىشلىتىپ بولۇنمىغانلىرىنى ئۆز جايىدا بانكىنىڭ كرېدىت فوندىغا ئاغدۇرۇشنى، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەنلىرىنى جايلاردىكى بانكىلار سودا، ئاشلىق، تاشقى سودا تارماقلىرىغا ھەمكارلىشىپ ئېنىقلىشىنى تەلەپ قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى بانكىلارغا باش بانكىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بانكىسى بىلەن «ئۆز ئارا ئۆز دۆلەتنىڭ پۇلىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئېلىپ چىقىش، ئېلىپ كىرىش مىقدارى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» ئىمزالىغانلىقىنى، ئومۇمەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارىدىغان پۇقرالىرىمىزغا ۋە باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر پۇقرالىرىغا كېلىشىمدىكى مىقدار بويىچە نەق رۇبلى ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى دۆلەت چېگرا ئاھالىلىرى بېرىپ ـ كېلىش قىلغاندا 50 يۈەن خەلق پۇلى ئالماشتۇرۇپ بېرىش بەلگىلەندى. ئۈرۈمچى، چۆچەك، قورغاس ۋە تورغات بانكىلىرى شىنجاڭدىكى پۇل تېگىشىش ئورۇنلىرى قىلىندى.

8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ئاشلىق نازارىتى بىرلىكتە «ئاشلىق سېتىۋېلىشتىكى كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇش ۋە كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقىتىپ، ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشقا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تولۇق تەمىنلەشنى، كۆچمە مەبلەغنى پەقەت تاۋار ئوبوروتىغا ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش ئېھتىياجىغا ئىشلىتىشنى، باشقا ئىشقا ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «كرېدىت مەبلىغى پىلانىنى باشقۇرۇش چارىسى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» (لايىھە) نى تۈزۈپ، ۋىلايەت بىلەن ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىكنىڭ كرېدىت باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىنى تەڭشىدى. ئۇنى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىن ئىبارەت ئىككى دەرىجە مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرىدىغان بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى خەلق شۆبە بانكىسىغا سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى سودا بانكىسىنىڭ بىۋاسىتە پېرېۋوت مۇناسىۋىتى ئورنىتىشقا قوشۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇ ئايدا «شىنجاڭ پۇل ـ مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ ئون يىلى» دېگەن كىتاب نەشر قىلىندى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ 15 نەپەر ۋەكىلى مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى بەش.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ 99 نەپەر ۋەكىلى ئاپتونوم رايونلۇق تۇنجى قېتىملىق مالىيە ـ سودا سېپىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنىغا قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلغار ئورۇنلار ۋەكىلى 36.

12 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان يەرلىك سودىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت پېرېۋوتىنى راسچوت قىلىشقا باشلىدى. ئىمپورت پېرېۋوتىنى راسچوت

قىلىش ئۈرۈمچى شەھىرى مىڭدېلو كوچىسىدىكى بانكا ئىش بېجىرىش ئورنىدا بېجىرىلدى. ئېكسپورت پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش ئۈرۈمچى، قەشقەر، چۆچەك، جىمىنەي، قورغاس قاتارلىق جايلاردا بېجىرىلدى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى دۆلەت پىلان كومىتېتى، ئەمگەك مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، خەلق باش بانكىسىنىڭ «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى سىناق چارىسى» نى يولغا قويدى.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «شىنجاڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھۆددىگە بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقتى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى سودا - سانائەت تارماقلىرى مەبلەغ ئېنىقلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە سودا تارماقلىرى نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىنغان 39 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ئېنىقلاپ قايتۇرىۋالدى. بۇ، ئىگىلىۋېلىنغان ئەڭ يۇقىرى سوممىنىڭ 74.93 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون ئامرات ۋە قىيىنچىلىقى بار گۆڭشې، ئەترەتلەرنى نۇقتا قىلىپ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ۋە ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى ئۈچۈن 47 مىليون 850 مىڭ يۈەن تارقاتتى. بۇ 1958-يىلدىكىدىن %40 كۆپ بولدى.

شۇ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى ئون يىلدىن بۇيانقى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى يەكۈنلىدى. خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا جەمئىي 2377 ئاز سانلىق مىللەت كادىرى بولۇپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 46.67 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1950 - يىلدىكىگە قارىغاندا 12.28 ھەسسە كۆپەيدى. ھەر قايسى بانكىلاردا بۆلۈمچە باشلىقىدىن يۇقىرى رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈرۈلگەن مىللىي كادىرلار 605 كە يەتتى.

شۇ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ قەرز پۇل تارقاتقۇچى خادىمى تىيەن گۇاڭرىن ئومۇمىنىڭ 21 مىڭ يۈەندىن كۆپ پۇلىغا خىيانەت قىلغانلىقى ھەمدە ئىز يوقىتىش ئۈچۈن ئىشخانىغا ئوت قويۇۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى.

## 1960 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەن «ئېلىمىزنىڭ ئۆلچەم تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى بۇيرۇق» نى ئېلان قىلىپ، ئالتۇن - كۈمۈشنى يىغىۋېلىش ئۆلچەم بىرلىكىنى جىڭنى بىرلىك قىلغان ئۆلچەم تۈزۈمىدىن خەلقئارا ئۆلچەم تۈزۈمىگە ئۆزگەرتتى. يەنى «گرام» نى ھېسابلاش بىرلىكى قىلدى.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن سودا نازارىتى ئاپتونوم رايوننىڭ «مەبلەغنى ئېنىقلاپ، قەرز پۇلنى قايتۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، قەشقەر قاتارلىق 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرنىڭ قايتۇرۇشقا تېگىشلىك 7 مىليون 740 مىڭ يۈەن قەرزىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كۆتۈرىۋېتىلىدىغان كرېدىت مەبلىغى 7 مىليون 260 مىڭ يۈەن، سودا نازارىتى ئاجرىتىپ بېرىدىغىنى 480 مىڭ يۈەن.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى سودا نازارىتى، ئاشلىق نازارىتى، تاشقى سودا ئىدارىلىرى بىلەن «مالىيە باشقۇرۇش ۋە كۆچمە مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى كېلىشىمنامە» نى ئىمزالىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: (1) سېتىۋېلىش ۋە تاۋار ئوبوروت قىلىشقا ئېھتىياجلىق مەبلەغنى مۇۋاپىق، تولۇق، ئۆز ۋاقتىدا بېرىش؛ (2) مەبلەغنى پىلانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ (3) ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىش؛ (4) يول ئۈستىدىكى مەبلەغنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى ئازايتىش؛ (5) مالىيە ئانالىزى خىزمىتىنى بىرلىكتە ئىشلەش.

2 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى قول سانائىتى ۋە گۆڭشېلار سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى

ئېلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كىچىك تىپتىكى سانائەتكە ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىشنى باشلىدى. قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 4 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولدى.

2 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ماشىنىلىشىش، سۇ ئىنشائاتلىشىش، خىمىيىلىشىش ۋە ئېلېكترلىشىشنى تېزلىتىش، خەلق گۇڭشېلىرىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك» دېگەن يوليورۇقنى تارقاتتى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى توقسۇن ناھىيىسىدە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ، توقسۇن ناھىيىلىك بانكا ۋە شۆبە ئامانەت ـ قەرز بۆلۈمىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بېرىش تەجرىبىسىنى يەكۈنلىدى ۋە كېڭەيتتى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى يېتىشمىگەندە، شۆبە ئامانەت قەرز بۆلۈملىرىنىڭ بىر قىسىم پاي فوندىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇلى قىلىپ يۆتكەپ ئىشلەتسە بولىدىغانلىقى؛ ئىقتىسادىي شارائىتى ناچار گۇڭشې، ئەترەتلەرگە بانكا ئالدى بىلەن قەرز بەرگەننىڭ سىرتىدا، ئامانەت ـ قەرز بۆلۈملىرىنىڭ %30 ئامانەت پۇلنى شۆبە ئامانەت ـ قەرز بۆلۈملىرىنىڭ نامرات ئەترەتلەرگە قەرز بېرىشى ئۈچۈن ئاغدۇرۇپ بەرسە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا يوليورۇق بەردى.

3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى سىستېمىسىنىڭ تېخنىكا يېڭىلىشى، تېخنىكا ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچىدە تېخنىكا يېڭىلاش تەجرىبە زاۋۇتى تەسىس قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى 100 مىڭ يۈەن ۋاقىتلىق قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى كۆپەيتىپ، باي ناھىيىسىنىڭ خەلق تۇرمۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ياردەم بەردى. ئەگەر كۆرسەتكۈچ يەتمەي قالسا، ئاۋۋال قەرز بېرىپ كېيىن مەلۇم قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى غۇلجا، قەشقەر، قاراماي، قۇمۇل، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى تارماق بانكىلارغا ۋە كۆكتوقاي ئىش بېجىرىش ئورنىغا مۇددەتسىز مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۇقتۇردى، بۇ ئىش يىل ئاخىرىدا توختىتىپ قويۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ساھەلەر بويىچە باشقۇرۇشتىن تارماقلار بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكا چۈشۈرگەن ۋەزىپىگە ئاساسەن ھەر قايسى تارماق بانكىلارنىڭ كېيىنكى يېرىم يىللىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى توپلاش ۋەزىپىسىنىڭ ساپ ئېشىش كۆرسەتكۈچىنى 22 مىليون يۈەن قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار سودا سىستېمىسىنىڭ ئامبار قالدۇقىنى ئېنىقلاش، يول ئۈستىدىكى تاۋارنى ئېنىقلاش، تۈرلۈك مەبلەغلەردىكى ھەل بولمىغان دېلونى ئېنىقلاشنى ئاساس قىلغان ئۈچنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە قاتناشتى.

11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەرلىك كارخانىلارنىڭ شۇ يىللىق نورمىلىق كۆچمە مەبلىغىنى تەكشۈرۈش ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە بۇ خىل مەبلەغ 303 مىليون 500 يۈەنگە يېتىپ، 1959 ـ يىلدىكى 185 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە قارىغاندا %64 كۆپەيدى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ سابىق كورلا مەركىزىي تارماق بانكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا قۇرۇلدى.

12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ ھۆددە قىلىشتىن ئاشقان مەبلىغىدىن قويۇلغان ئامانەت پۇل ۋە ئۆزى جۇغلىغان مەبلەغدىن ئامانەت قويۇلغان پۇل، قۇرۇلۇش قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ مەخسۇس مەبلىغىدىن ئامانەت قويۇلغان پۇل، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش

ئورۇنلىرىنىڭ خىراجىتىدىن ئاشقان مەبلىغىدىن ئامانەت قويغان پۇلنى توغلىتىپ قويدى.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تەخمىنەن 100 مىليون يۈەندىن كۆپ ماددىي كاپالىتى يوق قەرز پۇلنى ستاتىستىكىلاپ چىقتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ۋە مالىيە خاراكتېرلىك چىقىمغا ئىشلىتىلگىنى 65 مىليون يۈەن.

## 1961 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «مالىيە تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا» دېگەن ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، تەستىقلىنىپ بولغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى، جۈملىدىن خام چوت ئىچىدىكى ۋە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغقە بىر تۇتۇش پۇل بېرىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىشنى يولغا قويدى.

1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قوماندانلىق شتابى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى بىرلىكتە بىڭتۇەننىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. بىڭتۇەندە پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئاپپاراتلىرى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، لىيەندۈيلەردە ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى، پەي ـ يەنلەردە ھەمكارلاشقۇچىلار تەيىنلەندى.

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇلى ۋە كارخانىلارنىڭ مەخسۇس ئامانەت پۇلىنى توغلىتىپ قويۇپ ئېنىقلاش توغرىسىدا» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، خەلق شۆبە بانكىسى، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قوماندانلىق شتابى بىرلىكتە «بىر قانچە خىل مەبلەغنى توغلىتىپ قويۇپ ئېنىقلاش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى.

2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى بانكىلاردىن تاشقى سودا تارماقلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىش ۋە ئىچكى جەھەتتە سېتىش پىلانىنى ئورۇنداشقا ياردەم بېرىش، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى راسچوتنى كۈچەيتىش، سودىسىز تاشقى پېرېۋوت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «مەركەزنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى ۋە نەق پۇلنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تۆرلۈك سىياسەت ـ بەلگىلىمىلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، مەركەزنىڭ 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك توپ تارقىتىش پونكىتلىرىنىڭ مال كىرگۈزۈشكە پىلان بويىچە پۇل قەرز بېرىش؛ 3 ـ دەرىجىلىك پونكىتلىرىغا ۋە ئاساسىي قاتلام سودا دۇكانلىرىغا تەستىقلانغان تاۋار مەبلىغى بويىچە نورمىلىق پۇل قەرز بېرىش؛ ئۇششاق يەرلىك مەھسۇلاتلار، كېرەكسىز بۇيۇملار قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا پۇل قەرز بېرىش پىلانى بويىچە پۇل بېرىش؛ ئاساسلىق دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغىنى تولۇق تەمىنلەش، ئەمما تاۋارنى نىسى سېتىش ۋە مال پۇلىنى ئالدىن بېرىشتەك كاۋاكلارنى چوقۇم ئېتىش، ئاساسلىق دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى بېرىشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى مەركەزنىڭ «يېزا خەلق گوڭشېلىرىنىڭ مالىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، يېزا خەلق گوڭشېلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ۋە گوڭشې باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ نەق پۇلىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ «نۆۋەتتە مالىيە چىقىمىنى قىسقارتىش، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى كونترول قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە» سىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جى جىنسەن ئۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك تارماق بانكىلارنىڭ پەرقلىق سان بويىچە ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش چارىسىنى ئۆزگەرتىش، يەنىلا تۈرلەر بويىچە، پىلان بويىچە باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇش بەلگىلەندى.

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن مالىيە نازارىتى «كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، مالىيە مەبلىغى بىلەن كرېدىت مەبلىغى، مۇقىم مەبلەغ بىلەن كۆچمە مەبلەغ ۋە كارخانا فوندىنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىدى. ساھەلەر بويىچە باشقۇرۇپ، ئايرىم ئىشلىتىش يولغا قويۇلدى. كارخانىلارنىڭ تۈرلۈك مەخسۇس فوندى ئۈچۈن مەخسۇس ئامانەت راسچوتى تەسىس قىلىنىپ، كۆچمە مەبلەغ ئوبوروتىغا قاتناشتۇرۇلمىدى.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى تۆمۈر يول 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ بانكا ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ كەسپىنى يەرلىك بانكىلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «پۇقرالار پۇل ئامانىتى نىزامنامىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، چەك ئىشلىتىلىدىغان مۇددەتسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى ۋە قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئالسا، چوقۇم «جىددىي ئېھتىياجلىق» دېگەن ئىسپاتى بولۇشى كېرەك، دېگەن بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ھەمدە پىلانلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى «قەرەللىك پىلانلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى» گە ئۆزگەرتتى.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتى ۋە مالىيە نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا توختىتىلغان، كىچىكلىتىلگەن تۈرلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرى، ماددىي ئەشيالىرى، ھېساباتلىرىنى ئېنىقلىدى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى يېزىلاردىكى ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىدىكى شۆبە كرېدىت بۆلۈمىنى بانكىغا قوشۇۋېتىشنى قارار قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى سانائەت راسچوتى قەرز پۇلى نورمىسى سېتىش پايدىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى كېرەك، كارخانىلار بانكىغا پىلاندىكى پايدا نىسبىتىنى مەلۇم قىلىش، ئۇنى ھاۋالە كىرىمىدىن تۇتۇپ قىلىش كېرەك دەپ قارار قىلدى.

8 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ راسچوت قالدۇقى ۋە چەكلىك سوممىنىڭ قالدۇقىنى يىل ئاخىرىدا بىردەك ھېساباتتىن كۆتۈرۈشنى، كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇپ داۋاملىق ئىشلەتمەسلىكنى، ئىلگىرى ئامانەت قويۇلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى قالدۇقىنى بىرلەشتۈرۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈشنى بەلگىلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنى ئېچىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپىنى قىسقارتىش، ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىدى.

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى، 1962 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ پىرىۋوت مۇئامىلىسىدە يەككە بانكا ئۇسۇلى ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇردى.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىللىق ئومۇمىي دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى 84 مىليون 282 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، يىل ئاخىرىغىچە ئەمەلىي تارقىتىلغان دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق قەرز پۇلى 30 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولدى.

## 1962 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن مالىيە نازارىتى باش بانكا بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇشۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرىنىڭ نورمىلىق كۆچمە مەبلىغىگە بانكىنىڭ ئەمدى 20% لىك نورمىلىق قەرز پۇل قاتناشتۇرمايدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «بانكا خىزمىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي كۆچەيتىپ، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارارى» (قىسقارتىلىپ بانكا ئالتە ماددىسى دېيىلىدى) غا ئاساسەن، شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى جىددىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلاردىكى بانكىلاردىن مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈش پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، كرېدىت سېلىنمىسىنى قاتتىق تىزگىنلەشنى تەلەپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «مەملىكەت بويىچە بانكا سىستېمىسىدا ئامبارلارنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى ھېسابلاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقى» ۋە «مەملىكەت بويىچە بانكا سىستېمىسىدا ئامبارلارنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى ھېسابلاش خىزمىتى لايىھىسى» گە ئاساسەن، بۇ خىزمەتنى ئەستايىدىل قانات يايدۇردى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكا تۈزگەن «كرېدىت خادىملىرىنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدىكى نىزام (دەسلەپكى لايىھە)» ۋە شۆبە بانكا تۈزگەن «مەركەز، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلارنىڭ زاۋۇتتا تۇرۇشلۇق كرېدىت خادىملىرىنى سەپلەش ۋە باشقۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە پىكىر» نى تارقاتتى.

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى مەركىزىنىڭ ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇھاجىرلار پېرېۋوتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالاقىدار يوليورۇقلىرىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مۇھاجىرلار پېرېۋوتى گۇۋاھنامىسى تارقاتتى. ئۇلار گۇۋاھنامىنى كۆرسىتىپ بېرىپ بەلگىلەنگەن ماگىزىن، ئاشلىق دۇكىنىدىن ماددىي ئەشيا سېتىۋالدى.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشنى چەكلىك سومما بويىچە باشقۇرۇش چارىسى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىدا ھېساب ئېچىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ھۆججەت تەستىقلاپ، مائاش فوندىنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى، دۆلەت بەلگىلىگەنلىكى مائاش ئومۇمىي مىقدارى دائىرىسىدىكى بارلىق مائاش چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى بانكىنىڭ نازارىتىدىن ئۆتكۈزۈپ چىقىم قىلىشنى، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ چوقۇم بانكىدا «مائاش فوندى» مەخسۇس ھېسابى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكىگە قاراشلىق سىستېمىلارنىڭ كارخانىلىرى، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش مىنىستىرلىكى بىلەن ھەربىي كومىتېتىنىڭ قوش تەۋەلىكىدىكى ھەربىي ئات فېرمىلىرى، ئۆلكىلىك، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 1961 ـ يىل ئاخىرىدىكى تۆلىيەلمىگەن قەرز پۇللىرىنى مالىيىدىن ئاجرىتىلغان پۇلغا ئاغدۇرۇۋەتتى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سودا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى ئايرىم ھېساب بويىچە باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن، دۆلەت ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سودا نازارىتىگە 36 مىليون يۈەن، 1 ـ دەرىجىلىك پونكىتقا 5 مىليون 720 مىڭ يۈەن تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇ بىر قىسىم ئۆز مەبلەغ دەرىجىمۇ ـ دەرىجە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «بانكىنىڭ ئالتە ماددا» لىق قارارنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەريانىدا، شىنجاڭ بويىچە تاقالغان، ئىشتىن توختىتىلغان كارخانا 115، 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە بانكا جەمئىي 17 مىليون 640 مىڭ يۈەن پۇلنى خەزىنىگە يىغىۋالدى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرى بېجىرىدىغان ھەر قانداق تۈردىكى پۇل ئامانىتى كەسپىنى توختىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، يولغا قويۇلغانلىرىنى دەرھال توختىتىپ تېزدىن ئېنىقلاشنى تەلەپ قىلدى.

7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ھۆججەت تەستىقلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، كەسىپكە تىك لىنىيىلىك رەھبەرلىك قىلىشنى قارار قىلدى. جايلاردا قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتلىرى مۇستەقىل تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن ئاپتونوم رايون بويىچە بۇ ساھەدە 17 بانكا، 171 ئادەم بار بولدى.

8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش نازارىتى، دېھقانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، مالىيە نازارىتى ۋە خەلق شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ 1962 - يىللىق كۆچمە مەبلىغىنىڭ نورمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى چىقاردى.

8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن مالىيىنىڭ بانكىغا ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇل تارقىتىشنى ھاۋالە قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شىنجاڭنىڭ كۆرسەتكۈچى 8 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ئاشلىق نازارىتى «خەلق بانكىلىرىنىڭ ئاشلىق سودىسى قىلىدىغان كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىشى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا سودا ساھەسىنىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىش، يۆتكەش، ساقلاشقا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلىغى ئۈچۈن خەلق بانكىسى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى بېرىش؛ ئىلگىرى نېسى سېتىلغان تاۋارلارنىڭ تېخى يىغىۋېلىنمىغان پۇلى، ئالدىن تۆلەنگەن پۇل قاتارلىق ئېنىقلاشقا تېگىشلىك مەبلەغلەرنى ۋاقىتىنچە پەۋقۇلئاددە قەرز پۇل تەسىس قىلىپ ھەل قىلىش؛ يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن بېرىلىپ تېخى يىغىۋېلىنمىغان زاكالەت پۇلنى ۋاقىتىنچە يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالىتى قەرز پۇلى تەسىس قىلىپ ھەل قىلىش بەلگىلەندى. بۇ ئىككى تۈردىكى قەرز پۇلنى كېمەيتىشكىلا يول قويۇلىدىكى، كۆپەيتىشكە يول قويۇلمايدۇ.

9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تارماق بانكا باشلىقلىرى، ئىش باشقۇرۇش ئورنى مۇدىرلىرى يىغىنىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنىڭ «پىلانغا رىئايە قىلىش، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ماددىي ئەشيالارنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى ئازايتىش، ئاجرىتىلغان پۇلدىن تۇتۇپ قېلىش، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، باھانى كونترول قىلىش، ئەھۋالنى مەلۇم قىلىش» تىن ئىبارەت سەككىز خىل تەدبىرنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

## 1963 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى مەمۇرىي شتاتنىڭ مەمۇرىي خىراجىتىنى مالىيە نازارىتى شۆبە بانكىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا بىۋاسىتە ئاجرىتىپ بېرىدىغان بولدى.

1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ «ئۆتكەن بىر نەچچە يىللىق يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش توغرىسىدىكى چارە» سىگە ئاساسەن، 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن

گۇڭشې، ئەترەت، گۇڭشې ئەزالىرى ۋە باشقا تارماقلار قايتۇرالمىغان دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بىردەك ئېنىقلاش دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى ۋە قەرز پۇل ئالغانكەن چوقۇم قايتۇرۇش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرى بەرگەن قەرز پۇلمۇ مۇشۇ چارە بويىچە ئېنىقلاندى.

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا ئىدارىسى بىرلىكتە باش بانكىنىڭ «تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ 1962 - يىللىق مەبلىغىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى ۋە مەبلەغ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىنكى قەرز پۇلغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. دۆلەت يېتەرلىك ئۆز مەبلىغى ئاجرىتىپ بەرگەن تاشقى سودا كەسپىي شىركەتلىرىگە بانكىنىڭ غەيرىي تاۋار مەبلىغى قەرز پۇلى بېرىشى توختىتىلدى؛ ھەر دەرىجىلىك ئوراش ماتېرىياللىرى شىركىتى ئىگىدارلىقىدىكى ئوراش ماتېرىياللىرى ئۈچۈن تاۋار مەبلىغى ھېسابىدا قەرز پۇل بېرىلدى.

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى بانكىلارغا يەرلىكتىكى باشقا سودا كۆچمە مەبلىغىنى تەمىنلەش چارىسىنى ئۆزگەرتىش، تولۇق سوممىلىق كرېدىتنى يولغا قويۇشنى توختىتىش، كۆچمە مەبلەغنىڭ 30 پىرسەنتىنى يەرلىك مالىيە مەسئۇل بولۇپ ئاجرىتىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، مالىيە نازارىتى ۋە دېھقانچىلىق نازارىتى بىرلىكتە ئاپەت رايونلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۈچۈن قەرز بېرىش چارىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا قەرز پۇلنى پەقەت ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى ۋاكالىتەن تارقىتىدىغانلىقى، ئۇ پەقەت ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان ۋە كۆپلەپ قايتۇرۇپ تەمىنلەش ئاشلىقى سېتىۋالىدىغان، ئەزالارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى سېتىۋېلىشىدا ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولغان رايونلارغىلا ئىشلىتىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

4 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىغا ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى ئايرىم ھېساب بويىچە باشقۇرۇشنى ئۇقتۇردى.

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «قۇرۇلۇش قىلدۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىپىنى ئىجرا قىلىشقا بولغان نازارەتچىلىكنى ۋە نۆۋەتتىكى قەرز پۇلنى ئىگىلەشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، يېڭىدىن ئىش باشلىنىدىغان تۈرلەردە لايىھە ھۆججىتى تەستىقلانغاندىن كېيىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشتە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى كۆچمە مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: كۆچمە مەبلەغنىڭ كۆپىيىشى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن ئېشىپ كەتكەن؛ ماددىي كاپالەت يېتەرلىك ئەمەس، ئوتتۇرا ھېسابتا 20% دىن 40% كىچە كۆچمە مەبلەغ ئىشلەپچىقىرىش زاپىسىغا ئىشلىتىلگەن.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتى بىلەن مالىيە نازارىتى بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ 1963 - يىللىق ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملار شتاتى» نى چۈشۈردى. ئۇنىڭدا پۈتۈن بانكىنىڭ شتاتى 200 قىلىپ بەلگىلەندى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا توققۇز تارماق بانكا، تۆمۈر يول، ليۇداۋان، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا 12 ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە 519 - ئەترەت خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ مەمۇرىي شتاتى بىلەن كارخانا شتاتلىرىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى چىقاردى. ئۇنىڭدا خەلق شۆبە بانكىسى، ئىلى ئوبلاستلىق مەركىزىي بانكا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا، ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكىلار ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مەمۇرىي ئاپپارات ھېسابلىنىدۇ، خادىملىرىنىڭ ھەممىسى مەمۇرىي شتاتقا كىرگۈزۈلىدۇ؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىلارغا بىۋاستە قاراشلىق تىجارەت بۆلۈمى (باشقارمىسى)، شەھەرلىك، ناھىيىلىك تارماق بانكىلارغا بىۋاستە قاراشلىق ئىش بېجىرىش باشقارمىلىرى، شۆبە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى،

يۇقىرىلار پۇل ئامانەت پونكىتلىرى (بۆلۈملىرى) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، شەھەرلىك بانكىلارنىڭ كەسپىي ئاپپاراتلىرى بولىدۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق خادىملىرى كارخانا شتاتىغا كىرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى شۆبە بانكىغا قاراشلىق بانكىلار جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ قەرەللىك يۇقىرىلار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويىدى ھەمدە خەلق پۇل ئامانىتى نىزامنامىسىنى تارقاتتى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئاياللار بىرلەشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، خەلق شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «سوتسىيالىستىك تەربىيىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادچىل بولۇش، ئامانەت قويۇش تەشۋىق ـ تەربىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا بىرلەشمە يوليورۇق» چىقاردى.

11 ـ ئايدا خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باش بانكىلىرى 1964 ـ يىل 1. ئاينىڭ 1. كۈنىدىن باشلاپ، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىككە ياردەم بەرگەن مەبلىغىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرىدىغانلىقى، ئەمما مەملىكەت خاراكتېرلىك راسچوت كەسپىنى بېجىرمەيدىغانلىقى توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقاردى. 29 ـ كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، سۇ ـ ئېلېكتىر مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى كىچىك تىپتىكى ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىغا قوشۇمچە ياردەم پۇلى (جۈملىدىن سۇ، تۇپراقنى ساقلاش پۇلى) ۋە قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش خىراجىتى بېرىشنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى نازارەت قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭدا گوۋۇيۈەننىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىپ بېرىشكە ئائىت بىر قانچە بەلگىلىمە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (20 ماددا) نى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىش توغرىسىدىكى تۈرلۈك تۈزۈملەردىن بۇ بەلگىلىمىگە زىت كېلىدىغانلىرى بىردەك ئىناۋەتسىز قىلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى (تۆۋەندە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى دېيىلىدۇ)، ئاپپاراتلىرى ئايرىم تەسىس قىلىندى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ «يېزىلاردىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىغا ئالاقىدار بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، جايلارنىڭ ئۇنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

## 1964 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسى بىلەن مالىيە ئىشخانىسى «يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى تەقسىم قىلىش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا يېزا ئىگىلىك ساھەسىدىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغان پۇل، كەسپىي خىراجەت، كارخانىلارغا بېرىلگەن تۈرلۈك مەبلەغ، نامرات ئەترەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغ، يېزىلاردىكى قۇتقۇزۇش پۇلى قاتارلىقلارغا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بىلەن بىرلىكتە مۇشۇ يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىر تۇتاش نازارەت قىلىپ ئاجرىتىدىغانلىقى، بۇنىڭ بىر يىل سىناپ كۆرۈلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە مۇشۇ يىلدىن باشلاپ بانكىنىڭ كۆكشىپ، ئەترەتلەرگە ئۇزۇن مۇددەتلىك، ئۆسۈمسىز قەرز پۇل بېرىشنى توختىتىش، تۈرلۈك قەرز پۇللارنى مەخسۇس ئىشلىتىش، ئۆزئارا تەڭشەپ ئىشلەتمەسلىك بەلگىلەندى.

1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ «مال پۇلىنى ئالدىن كىرىم قىلىش ـ ئالدىن چىقىم قىلىشنى قەتئىي مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، تۆۋەنتە

ئەستىقلاش دائىرىسىنىڭ سىرتىدا ئالدىن كىرىم قىلىنغان ـ چىقىم قىلىنغان مال پۇللىرىنى چوقۇم مۇشۇ 1 ـ پەسلىدە ئېنىقلاپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە بوغالتىرىيە يىغىنى چاقىرىپ، ئىككى بانكىنىڭ مەبلەغ، ھېسابات، مال ـ مۈلكىنى ئايرىش مەسىلىسىنى ۋە ئىككى بانكىنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى شۇنىڭدەك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بوغالتىرىيە خىزمىتىدىكى ئاساسلىق تۈزۈم قاتارلىقلارنى مۇزاكىرە قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ كارخانا ئورۇنلىرىدىكى كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى سىناق تەرىقىسىدە ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا، غۇلجا شەھەرلىك تارماق بانكا، قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكا، ماناس ناھىيىلىك تارماق بانكىدا سىناق قىلىندى.

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، شىنجاڭدىكى بانكا كادىرلىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ساۋەن ناھىيىلىك تارماق بانكا شيايېدى 5 ـ مەيدان خەلق پۇل ئامانەت پونكىتىنىڭ بوغالتىرى خۇسەيىۋنىڭ دۆلەت مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بۇلاڭچىلار بىلەن باتۇرانە ئېلىشىپ شەرەپلىك ھالدا يارىدار بولغان ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆگىنىشكە چاقىردى. خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چاۋپېيشىن خۇسەيىۋنگە خەت يېزىپ ھال سورىدى.

1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپپارات، خادىم، ئۆي ـ سايمانلارنى ئايرىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە يوليورۇقى» نى چىقاردى.

2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكا ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق كارخانىلىرى مەبلىغىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، خەلق گوڭشېسى مەبلىغىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى بۆلۈمى، بوغالتىرلىق بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى تەسىس قىلىنىشنى بەلگىلەپ، ئۇلارغا 60 شتات بېكىتتى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى بىلەن تاشقى سودا مىنىستىرلىكى «تاشقى سودا كارخانىلىرىدا راسچوت قەرز پۇلى چارىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، تاشقى سودا سىستېمىسىدا سودا راسچوتى قەرز پۇلى چارىسىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاكالىتەن بېسىپ بەرگەن ئۈچ خىل پۇل (ئۈچ يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك، ئون يۈەنلىك) يىغىۋېلىپ تېگىشىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان ئۈچ خىل پۇلدىن جەمئىي 123 مىليون 61 مىڭ 997 يۈەن يىغىۋېلىنىپ تېگىشىپ بېرىلدى ھەمدە باش بانكىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى مەملىكەتلىك 2 ـ قېتىملىق تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، قەرز پۇل باشقۇرۇشنى ئۆزگەرتىش، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىنى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى، ئاپەت رايونلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە ئايرىشنى، ئۇنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى قەشقەر ۋە ئىلىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ بويىچە سودا كىرېدىتى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مارالبېشى قاتارلىق 14 ناھىيە

شەھەرلىك تارماق بانكىلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشنى چۆرىدىگەن ھالدا، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەت تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چاۋپېيشىن شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ 7000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ 35 بانكىنى تەكشۈردى ھەمدە خەلق بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسى كادىرلار يىغىنىدا تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى ۋە قەشقەردە دائىرە بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ۋە پۇل ئاجرىتىشقا نازارەت قىلىش كەسپىي يىغىنى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى ئاجرىتىشقا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بېجىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى بانكا، باشقارمىلارنىڭ تاشقى سودا كرېدىتى ئارقىلىق تاشقى سودا تارماقلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ۋە ئېكسپورت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا مەدەت بېرىشنى تاشقى سودىنىڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ۋە پىلە غوزىسىنى بىر تۇتاش تىجارەت قىلىشنى يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلىشىنى، چەت ئەلدە كاساتلىققا ئۇچرايدىغان تاۋارلارنى قەتئىي تىزگىنلىشىنى، پىلاندىن ئاشۇرۇپ سېتىۋالغان كان مەھسۇلاتلىرىغا باش شىركەتنىڭ تەستىقلىغان ئىسپاتىغا ئاساسەن قەرز بېرىشنى؛ كارخانىلارنىڭ مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىشتىراك قىلىپ، كارخانىلارنىڭ تاۋار مەبلىغىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان نورمىلىق باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىشىغا ياردەم بېرىپ، سودا ـ سېتىق كارخانىلىرىنىڭ راسچوت قەرز پۇلىنى ياخشى بېجىرىشنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئومۇمەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى (جۈملىدىن بىڭتۈەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى) دىكى بانكا كەسپىنىڭ ھەممىسىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىرىشنى قارار قىلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك شىلىرىدا بانكا ئاپپاراتلىرىنى قۇردى. بارلىق شتاتى 617 ئادەم بولدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا 12 شتاتلىق بىڭتۈەن مەبلىغىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلدى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق كارخانىلىرىدا تەسىس قىلىنغان ئاپپاراتلىرى، كەسپلىرىنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بېجىرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى ھەمدە ھېساباتنى تاپشۇرۇش ـ تاپشۇرۇۋېلىش، ۋاكالىتەن كەسىپ بېجىرىشنىڭ بوغالتىرلىق رەسمىيەتلىرىنى بەلگىلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى سودا كرېدىتى فوندىنى ئېنىقلاش ـ سېلىشتۇرۇش ئىشى تاماملاندى. مەلۇم بولۇشىچە، 1959 ـ يىلى بانكىنىڭ سودا كرېدىتى فوندىغا ئاغدۇرۇلغان پۇل 119 مىليون 523 مىڭ 865.85 يۈەن بۇنىڭدىن 15 مىليون 855 مىڭ 742.69 يۈەن تۈرلۈك قايتۇرۇلىدىغان پۇل كۆتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، باش بانكىغا ئاغدۇرۇپ بېرىشكە تېگىشلىك پۇل 103 مىليون 668 مىڭ 123.16 يۈەن ئىكەن.

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى پۈتۈن شىنجاڭدا قۇرغان مەركىزىي تارماق بانكىدىن يۇقىرى ئاپپارات 13، ناھىيىلىك تارماق بانكا 82، تىجارەت پونكىتى 413 بولۇپ، جەمئىي ئاپپاراتى 508 گە يەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ ئاشلىق، ياغ، پاختا سودا كرېدىتىنى سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىش چارىسى»، «ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئۆتكەن بىر نەچچە يىللىق قەرز پۇللىرىنى ئېنىقلاش چارىسى» نى تارقاتتى.

شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئومۇمىي ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ 40 پىرسەنتىنى

تەشكىل قىلىنغان 700 ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنى تەرتىپكە سالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، دائىرىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيىگە بىرلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىنغىنى %30، مەخسۇس قوشۇن تەرتىپكە سالغىنى %55، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى ئۆزى تەرتىپكە سالغىنى %15.

## 1966 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى سانجى، گۈچۈڭ، ماناس، ساۋەن، پىچان ۋە تورپاندىن ئىبارەت ئالتە ناھىيىلىك تارماق بانكىنى شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇشقا تەشكىللىدى.

2 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ۋە تاشقى سودا ئىدارىسى تاشقى سودا ئاساسلىق تىجارەت قىلىدىغان ۋە دۆلەت سىرتىدا كەڭ سېتىلىدىغان چارۋا مەھسۇلاتلىرى، چاي، پىلە غوزىسى، ئۆرۈك مېغىزى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىش جەريانىدا مەبلەغ بىلەن تولۇق تەمىنلەشنى، بانكا سېتىۋېلىشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن قەرز پۇلنى كۆپەيتسە بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسىنىڭ «تاقالغان، ئىشتىن توختىتىلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش، ھېسابىنى كۆتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» غا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە تاقالغان، ئىشتىن توختىتىلغان 23 قەرزدار كارخانىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 4 مىليون 965 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئۇن كارخانىنىڭ ئېنىقلىنىپ ھېسابىنى كۆتۈرۈلگەن قەرز پۇلى 766 مىڭ يۈەن بولغانلىقىنى، قالغانلىرىنىڭ ئېنىقلىنىۋاتقانلىقىنى يۇقىرىغا دوكلات قىلدى. تاقالغان، ئىشتىن توختىتىلغان كارخانىلارنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا 823 مىڭ يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىندى.

2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ۋە شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا باش بانكا چاقىرغان مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. 1965 ـ يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ يىغىنغا كېلىپ مۇھىم سۆز قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىدا سىياسىي بۆلۈم قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا تەشكىلات بۆلۈمى تەشۋىقات بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، تەسىس قىلىندى. ئىلگىرىكى كادىرلار بۆلۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، جايلاردىكى بانكىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى تۈزەنگە چۈشۈرۈش يوللىرىنى تېخىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، كىچىك يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى بىلەن تەمىنلەش كەمچىل بولۇۋاتقان ئەھۋالدا ئۆزگەرتىشكە ياردەم بېرىشنى، ئەمما تاۋارلارنىڭ نېسى سېتىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، مالىيە نازارىتى خەلق باش بانكىسى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلارنىڭ ئامانەت پۇلىغا ئۆسۈم ھېسابلاپ بېرىشنى توختىتىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرلىرىنى يېتەكلەش خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇشنى ئۇقتۇردى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا

باشلىقلىرى، ئىش بېجىرىش ئورنى مۇدىرلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا خاتا ھالدا «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتۇتقا» قىلىپ، ئۈچتىن ئىككى قىسىم ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، شۆبە بانكىدا ساقلانغان ئوڭچىل ئىدىيە، بيۇروكراتلىق ئىستىلى، كادىرلار قوشۇنىنىڭ روھىي ھالىتى، تۇرمۇش ئىستىلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ پاش قىلىش، ئۈچتىن بىر قىسىم ۋاقىتنى ئېتىز - ئېرىق، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇلۇشى ۋە 3 - سەپنىڭ ھەربىي سانائەت قۇرۇلۇشى مەبلىغىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش قارار قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى مەبلەغنى مۇقىم باشقۇرۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ھۆججىتىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى فوندىنى ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە، شەھەرلەرگە چۈشۈرۈش، ۋىلايەت، ئوبلاستلار ناھىيىگە چۈشۈرۈش بەلگىلەندى. ئاپەت رايونلىرىغا بېرىلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلى فوندى ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلدى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى باش بانكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنى نەق پۇل ساقلاش (ئۆسۈمسىز ئامانەت پۇل) كەسپىنى سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىدىغان ئورۇن قىلىپ تاللىدى، جەمئىي 34 ھېساب ئېچىلىپ، جەمئىي 35 مىڭ 300 يۈەن ئامانەت قويۇلدى.

6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا سىياسىي بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدا تەشكىلات، تەشۋىقات بۆلۈملىرى تەسىس قىلىندى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى بانكىلارنىڭ شەھەر - يېزا قەرز پۇلى، پېرېۋوت پۇلى، ھاۋالە كىرىم قاتارلىقلارنى راسچوت قىلىش چارىسىنى ياخشىلاشنى ھەمدە سىناق قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىشىپ ئاچقان ئىككى بانكىنىڭ مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنىدا، خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى باش بانكىلىرى ئاچقان مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ۋە خەلق باش بانكىسى مەملىكەتلىك سىياسىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلق باش بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلەشتى. شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا «ئىككى بانكىنى بىرلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىلدى. ئىككى بانكا شۆبە بانكىدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلام تىجارەت پونكىتلىرىغىچە ھەممىسى بىرلىشىپ بىر ئاپپارات بولدى، ئەمما ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىلدى.

شۇ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «كەم چىققان پۇلنى شەخسلەر تۆلەشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

شۇ ئايدا خەن چىمىن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى بولدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ سابىق باشلىقى جى جىڭشەن مالىيە نازارىتىگە يۆتكەلدى.

شۇ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شەھەر - يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ۋە سىستېمىدا قانات يايدۇرۇلغان «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى جەريانىدا، ماۋداۋشيۇڭنىڭ قەشقەر ئۇرۇقچىلىق پونكىتىدا 14 مىڭ يۈەنگە خىيانەت قىلغان چوڭ دېلوسىنى تەكشۈرۈپ تاپتى.

## 1966 ـ يىل

2 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا 1966 ـ يىلدا ئىشلىنىدىغان مۇنداق تۆت تۈرلۈك ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى: (1) سىياسىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش؛ (2) ئۇرۇشقا پائال تەييارلىق قىلىش؛ (3) يېزىلارغا يۈزلىنىش؛ (4) مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد قىلىش. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چىگو يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ۋە ئۇقتىسادىي چېگرا ئېغىزلىرىدىكى بانكىلاردا تاشقى سودا كرېدىتى خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان يولداشلار مەملىكەتلىك تاشقى سودا خىزمىتى يىغىنى ۋە باش بانكىنىڭ تاشقى سودا كرېدىتى خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشتى.

3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «نۆۋەتتىكى نەق پۇل باشقۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى بېسىپ تارقىتىپ، بانكىلارنىڭ ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى سانجىدا شىنجاڭ بويىچە بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، نۆۋەتتىكى ھالدا بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق خىزمىتىدە «بىر، ئىككى، ئۈچ» ئۇسۇلىنى (ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش باش فاڭجېنى؛ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىن ئىبارەت ئىككىگە خىزمەت قىلىش؛ سىياسىي، ئىشلەپچىقىرىش، ئاممىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ نۇقتىنى ئەزەر) نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيە، خىزمەت ۋە تۈزۈمنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سوپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى، نەسىللىك چارۋا مەيدانى، پىلىچىلىك، چايچىلىق، باغۋەنچىلىك قاتارلىق ئالاھىدە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان مەيدانلار ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماشىنا ـ توك ئارقىلىق زەي ئېقىتىش، سۇغىرىش پونكىتلىرىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇلار كارخانىچە باشقۇرۇلىدىغان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، مالىيەدىن كۆچمە مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىدىغان، پايدا ـ زىيىنى خام چوت باشقۇرۇشقا كىرگۈزۈلگەن، زىيىنىنى ئۆز ۋاقتىدا تولدۇرالايدىغانلىكى بولسا، تىجارەت جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى ئوبوروت قىلىشقا يەتمەي قالسا، بانكىلار قەرز پۇل بېرىپ قوللاشنى ئوقتۇردى.

5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى قەشقەردە شەھەر ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى سىناق قىلىپ قۇرۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «پوكەيدە چىقىم قىلىش رەسمىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ «مۇلازىمەتنى ئاساس، نازارەتنى قوشۇمچە» قىلىدىغان يېتەكچى ئىدىيىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، ئورۇنلار كەسكەن مىمورىئال چەكنى بازاردا ئوبوروت قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك بانكا ۋە پونكىتلار خەلق باش بانكىسى ئېلان قىلغان «كىرىم ـ چىقىم بويىچە ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى يولغا قويۇش لايىھەسى» نى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى «16 ماددا» نى ئۆگىنىشنى تەشكىللىدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن مالىيە نازارىتى «ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، تەكشەشنى سىناق قىلىش چارىسى» گە ئاساسەن، ھەر قايسى نازارەت ۋە ۋىلايەت ـ ئوبلاستلارنىڭ 1966 ـ يىللىق مەبلىغى ۋە نورمىلىق قەرزدارلىق كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈردى. سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغىدە مالىيە

مەبلىغى %75، بانكا مەبلىغى %25 قىلىپ بەلگىلەندى.

11 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «يەرلىك سانائەتنى كۆچمە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن بانكا قەرز پۇلنى ئىگىلەش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تارقىتىپ، %25 لىك ئومۇمىي سوممىسى پىلانلانغان قەرز پۇل بىلەن ۋاقىتلىق قەرز پۇلغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش لازىم، ئومۇمىي سوممىسى پىلانلانغان قەرز پۇلغا بولغان مۇئامىلە ۋاقىتلىق قەرز پۇلغا قارىغاندا كەڭرەك بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى.

## 1967 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «ئىقتىسادۋازلىققا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك بانكىلاردىن «دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن بارلىق چىقىملارغا پۇل بېرىشنى بىردەك رەت قىلىش» نى تەلەپ قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «راسچوت كەسپىنى بىجىرگەندە دوكۇمېنت تەننەرخى ھەققى، پوچتا ھەققى ۋە پېرېۋوت رەسمىيىتى ھەققى ئالماسلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىدىكى ئاممىۋى تەشكىلات شۆبە بانكىنىڭ پارتىيە ـ مەمۇرىيەت رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالدى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن بىلەن مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ھەربىي رايونى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلاردا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى، يەن فاشياڭ ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ليۇچۈنباڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى بانكا، پونكىتلارغا شىنجاڭ (67) ھەربىي ئىدارە قىلىنغان بانكا ئىشخانىسىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىنى تارقىتىپ، ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، مالىيە، كاتىبات قاتارلىق بارلىق ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقىنى؛ شۆبە بانكىدا ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، بانكىنىڭ كەسپىي خىزمىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل قىلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

شۇ كۈنى شۆبە بانكا ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ھەر دەرىجىلىك بانكا، پونكىتلارغا «دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا ياردەم بېرىشنى مەركەز قىلغان ھالدا قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى شۆبە بانكا ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇشنى تەستىقلىدى، دۇشيۇجۈن مۇدىر، ئابدۇرېھىم ئۆمەر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. شۇ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئىنقىلابنى تۇتۇپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە قەسەمىيات يىغىنى ئاچتى.

5 ـ ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى ئەۋەتتى. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارمىقىدا ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلدى.

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋە گۇڭشې، ئەترەتلەردە بوغالتىرىيە يېتەكچىلىكى تورى قۇرۇش توغرىسىدا نەچچە تۈرلۈك قارارنى چىقاردى.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ھۆججەت تارقىتىپ، نۆۋەتتىكى سانائەت كرېدىتى خىزمىتى توغرىسىدا بىر نەچچە تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن،

مەركىزىي ھەربىي كومىتېت، مەركىزىي مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى «دۆلەتنىڭ مالىيە تۈزۈمى كرىزىت. راسچوت تۈزۈمى ۋە نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئالاقىدار باشقۇرۇش چارىلىرىنى گۈۋۈيۈەننىڭ ئىلگىرىكى بەلگىلىمىلىرى بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىش» توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، مالىيە نازارىتى، پىلان كومىتېتى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسىغا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغنى يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش مەسىلىسىنى دوكلات قىلدى. مەسىلىنى؛ 5 ،، 6 - ئايدىن بۇيان ئىككى تەرەپنىڭ كۈرىشى كەسكىن بولغاچقا، كۆپ ساندىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى نورمال بولمىغانلىقىنى ياكى پىرىم ئىشتىن توختاش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە 15 كارخانىنىڭ 8 مىليون 497 مىڭ يۈەن قەرز ئالغانلىقىنى، بۇنىڭ 30 پىرسەنتىنىڭ ماددىي كاپالىتى يوقلىقىنى، بۇ مائاش تارقىتىش ۋە زىياننى تولدۇرۇشقا ئىشلىتىلگەنلىكىنى دوكلات قىلدى.

11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى خەلق پۇل ئامانىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر قايسى بانكىلارغا مۇنداق تۆت تۈرلۈك پىكىرنى ئۇقتۇرۇشقا قويدى: (1) سىياسىينى گەۋدىلەندۈرۈش، تەشۋىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ۋە تىجارەت ۋاقتىغا رىئايە قىلىش، ئوخشىمىغان كۆز قاراشتىكىلەرگە ئوخشىمىغان مۇئامىلە قىلماسلىق؛ (2) بىخەتەرلىكنى قوغداشنى كۈچەيتىش؛ (3) تۈرلۈك ئاساسىي تۈزۈملەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش؛ (4) شۆبە بانكا بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش.

شۇ يىلى خەلق بانكىسى ھەربىي ئىدارە قىلىنغاندىن كېيىن، خىزمەتلەرگە ئاساسلىقى «قىسقا خەۋەر» چىقىرىش شەكلى ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىندى. 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە جەمئىي 46 سان «قىسقا خەۋەر» چىقىرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا 66 ئادەم (قېتىم) خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، خىزمەتلەر تەكشۈرۈلدى ۋە ئۇنىڭغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى.

## 1968 - يىل

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى تەرەپبازلىق كۈرىشى تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىشى توختاپ قالغان، قەرز پۇلغا تايىنىپ مائاش تارقىتىدىغان ئايرىم كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىشنى قاتتىق ئىگىلەشنى؛ كۆمۈر، توك بىلەن تەمىنلەش يېتەرلىك بولماي ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالغان كارخانىلارغا ئالدىن قەرز پۇل بېرىپ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشنى ئۇقتۇرۇشقا قويدى.

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت، مەركىزىي مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەركىزىي رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «تېخىمۇ تېجەشلىك بىلەن ئىنقىلاب قىلىپ، چىقىمنى قەتئىي تېجەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» (يەنى 11 ماددا) چىقىرىپ، 1968 - يىللىق مەمۇرىي خىراجەت، كەسپىي خىراجەت چىقىمىنى 1967 - يىللىق خام چوت ئومۇمىي سوممىسىدىن 30% دىن 40% كىچە كېمەيتىشنى ھەمدە «ئون خىل بۇزۇق ئادەم» نىڭ ئامانەت پۇلىنى توڭلىتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. 9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «خىراجەت چىقىمىنى تېجەش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئومۇمغا ئىشلىتىلىدىغان قىسمىدىن 30% دىن 40% كىچە تېجەش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشنى تەلەپ قىلدى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارغا قارايدىغان كارخانىلاردىكى ئالاقىدار خادىملار يىغىنىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك مالىيە، بانكا تېلېفون يىغىنىنىڭ ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايون پارتكومى تېلېفون يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، خىراجەت چىقىمىنى تېجەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوندا يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالىتى ئۈچۈن قەرز بېرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئاشلىق سېتىۋېلىش، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە دېھقانچىلىق دورىسى بىلەن تەمىنلەش قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ ھەمدە توختام ئىمزالاندى.

5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىغا يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشتە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلىگىلى بولمايۋاتقانلىقىنى، تۇشۇش كۈچىنىڭ قىسلىقىنى، داخىيەندىكى 2 ـ دەرىجىلىك پونكىتتا 7300 تونىنا خىمىيىۋى ئوغۇت بېسىلىپ قالغانلىقىنى؛ مال مەنبەسى يېتەرسىز، زاپچاسلارنىڭ كەمچىل ئىكەنلىكىنى دوكلات قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىدا ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، ئۇ 13 كىشىدىن تەركىب تاپتى. لى جۈن (ھەربىي ۋەكىل) ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى، لى شىنيې، توختى نىياز، جاڭ سىيۈەن، مياۋ جيەنجېڭلار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

## 1969 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى تيەنجىندە 18 ئۆلكە، شەھەر، ناھىيىلىك بانكىلارنىڭ كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا سانائەت، قاتناش، ماددىي ئەشيا، سودا ۋە يېزا ئىگىلىكىگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ پەسىللىك پىلانلىرىنى ھەر قايسى ئۆلكە شەھەر، ئاپتونوم رايونلار بىر تۇتاش باشقۇرىدىغانلىقى، باش بانكا يىللىق پىلانىنىلا باشقۇرىدىغانلىقى قارار قىلىندى.

4 ـ ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسى ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى، يەن فۇلۇ (ھەربىي ۋەكىل) مۇدىر، لۇڭ يۇنشېڭ، كۇڭ فەنشىڭلار مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

5 ـ ئايدا قۇمۇلدىكى ئىشچىلار ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى خەلق شۆبە بانكىسى، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا ئورۇنلىشىپ، «بىرگە زەربە بېرىش، ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ۋە «دۈشمەنگە قارشى كۆرەش قىلىش»نى قانات يايدۇردى، بىر ئايدىن كېيىن ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى قايتىپ كەتتى.

11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كاڭ ماۋدى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ھەربىي ۋەكىلى، ئىنقىلابىي كومىتېت مۇدىرى بولۇپ، لى جۈننىڭ خىزمىتىنى ئۈتكۈزۈۋالدى.

## 1970 ـ يىل

2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مالىيە ـ سودا گۇرۇپپىسى ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارغا خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى ئېلان قىلغان «بانكىنىڭ كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى سىناق چارىسى» نى ئىجرا قىلىش، ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى سانائەت، سودا، يېزا ئىگىلىك كرېدىت پىلانىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئىنقىلابىي كومىتېتى «تۇرپان، پىچان، توقسۇن ناھىيىلىك بانكىلارنىڭ رەھبەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، تۇرپان ناھىيىلىك تارماق بانكا بىلەن توقسۇن ناھىيىلىك تارماق بانكىنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ رەھبەرلىكىگە، پىچان ناھىيىلىك تارماق بانكىنى قۇمۇل مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئالى ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئالتە ناھىلىك تارماق بانكا، 28 ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئۇلار بارلىق كەسپىي خىزمەت پائالىيىتى ئەھۋالى ۋە مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە شىنجاڭ شۆبە بانكىغا دوكلات قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى مەملىكەتلىك مالىيە ـ بانكا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا 1971 ـ يىلدىن باشلاپ كىرىدىت باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، پېزىلارنىڭ كىرىدىتىنى ھۆددىگە بېرىش، بىر يىلدا بىر بەلگىلەش، يەرلىك «بەش كىچىك» سانائەتنى قوللاش. بانكىدىكى ئامانەت قەرز پۇل ئۆسۈمىنى تەڭشەش، ئۆسۈم نىسبىتى ئومۇمىي سەۋىيىسىنى 30% ئەتراپىدا تۆۋەنلىتىش قارار قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى كۆپلىگەن ناھىيە، شەھەرلەردىكى خەلق بانكىلىرى ھەربىي ۋەكىللىك رىياسەتچىلىكىدە، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، شۇ يەردىكى مالىيە ئىدارىلىرىگە قوشۇۋېتىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر تارماق بانكىسىغا ۋەتىنىگە قايتىدىغان ئون نەچچە نەپەر ئافغانىستان مۇھاجىرىنىڭ ئالاقىدار تاشقى پېرېۋوت خىزمىتىنى بېجىرىپ بېرىش، تاشقى پېرېۋوت مىقدارى 300 يۈەن خەلق پۇلىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، پرىنسىپ جەھەتتە نەق پۇل سېتىپ بەرمەسلىك توغرىسىدا ئالاقە ئەۋەتتى.

9 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىدىكى ئىمىنجان غوپۇر، ۋاڭ يۈەن قاتارلىق ئون نەچچە ئادەم ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە گۇرۇپپىسىغا قوشۇۋېتىلدى، قالغان ئادەملىرى سانجىنىڭ قاراياغاچلىق جىلغىسىدىكى «مالىيە ـ سودا ،7 ـ ماي، كادىرلار مەكتىپى» گە چۈشۈرۈلدى. شۆبە بانكىغا قاراشلىق بانكا ـ پونكىتلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوخشاش دەرىجىلىك خەلق بانكىسىنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىش گۇرۇپپىسى» غا قوشۇۋېتىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرگە «ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ خىراجەت چىقىمىنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

شۇ يىلى شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى جەمئىي ئىشچى ـ خىزمەتچى 7055 كە يەتتى. ئالى رايوندىكى مەركىزىي تارماق بانكا، يېزا ئىگىلىك 9 ـ شى تارماق بانكىدىن باشقا بانكىلارنىڭ ھەممىسىدە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى.

## 1971 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ـ سودا يىغىنىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى خەلق بانكىلىرى بىر تۇتاش تەمىنلەش توغرىسىدىكى پىكىر» ۋە «يېزىلاردىكى كىرىدىت باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى پىكىر» گە ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار (سودا كارخانىسى بۇنىڭ سىرتىدا) نىڭ كۆچمە مەبلىغىنى بانكا بىر تۇتاش تەمىنلەشنى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە يېزا كىرىدىتىنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى قوللىنىپ، بىر يىلدا بىر بەلگىلەش، كۆپ ئامانەت قويغانلارغا كۆپ قەرز بېرىشنى قارار قىلدى.

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىنىڭ «جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ كەسپىي رەھبەرلىك بەنزىسىنى كۆچەيتىش توغرىسىدىكى دوكلات» نىغا تەستىق سېلىپ، كەسپىي بەنزىنىڭ سىرتقا قارىتا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسى دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئىچكى جەھەتتە مالىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارايدىغان 2 ـ دەرىجىلىك

تۈزۈمىدىكى ئاپپارات بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى.

3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسىدا سوپۇگرۇپ كۆرۈۋپيا باشلىقلىقىدىكى 18 كىشىلىك كەسپىي بەنزە قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىدى. ئۇلار مالىيە ئىدارىسىگە رەسمىي كۆچۈپ بېرىپ خىزمەت قىلدى. سىرتقا قارىتا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى دېگەن ۋۇسكا ئېسىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مالىيە ئىدارىسى خەلق شۆبە بانكىسى ئىلگىرى تارقاتقان «ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت كۆرسەتكۈچىنى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىغا كىرگۈزۈپ بىر تۇتاش ئىشلىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ئىجرا قىلىشنى دەرھال توختىتىپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بىلەن ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلىنى ئايرىم ئىشلىتىش، ئايرىم باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جۇڭگو ـ پاكىستان چېگرا سودىسى توغرىسىدىكى ھۆججەت ئۈرۈمچىدە ئىمزالىنىپ، ئالماشتۇرۇلدى. ئۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپ قىممىتى 450 مىڭ رۇبلىلىك مال ئېكسپورت قىلىش بەلگىلەندى. كىلىكىت بىلەن قەشقەر مال تاپشۇرۇش ئورنى قىلىپ بەلگىلەندى.

6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىدىكى 200 دىن ئارتۇق ئىشچى ـ خىزمەتچى بانكا باشلىقىدىن تارتىپ ئىشچىلارغىچە ھەممىسى ئاپتونوم رايوننىڭ بوگۇر ناھىيە ئەشمە يېزىسىدىكى «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىگە بېرىپ كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ باردى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە گۇرۇپپىسى «نۆۋەتتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» نى چىقاردى. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايوندا ئاساسىي قۇرۇلۇشتىكى نازارەتچىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىش، پۇل خەجلەشتە چوڭ قوللۇق قىلىش ۋە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمى بىلەن كارى بولماسلىق مەسىلىلىرى كۆزدە تۇتۇلۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنىڭ سەككىز تۈرلۈك تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى كورلىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسى يىغىنى ئېچىپ، مەبلەغ سېلىشنى ھۆددىگە بېرىشنى سىناق قىلىپ، مالىيە ئىنتىزامىدا چىڭ تۇرۇش، «باشقۇرۇش، بوغۇش، بېسىش» قا قارشى تۇرۇشنى باھانە قىلىپ، مۇۋاپىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئىنكار قىلماسلىقنى بەلگىلىدى. يىغىندا ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىش ئاپپاراتلىرىنى پۈتۈنلەي قۇرۇپ چىقىش قارار قىلىندى.

شۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى ماۋجۇشىنىڭ «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» ۋە «يېزا ئىگىلىكتە داجەيدىن ئۆگىنىش» تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرلىرىنى يېتەكلەش خىزمىتىنى نۇقتىلىق تۇتتى. يېزىلاردىكى كىرىدىت ھۆددىگەرلىكى تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلدى. بۇ بىر يىلدا گۇڭشې، ئەترەتلەرگە تارقىتىلغان قەرز پۇل ۋە ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى 1970 ـ يىلىغا قارىغاندا بىر ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.

## 1972 ـ يىل

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى مالىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ (خەلق پۇلى) قەرەللىك پۇل ئامانەت نىزامنامىسى» ۋە «چەت ئەل پۇلى ئامانىتى نىزامنامىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، جايلاردىكى خەلق بانكىلىرىدىن ھەقىقىي ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ پىلان ئىدارىسى بىلەن مالىيە

ئىدارىسى بىرلىكتە «ئۆزى جۇغلىغان مەبلەغ بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» نى چىقىرىپ «ئاۋۋال كىرىم قىلىپ، ئاندىن چىقىم قىلىش، ئاۋۋال ئامانەت قويۇپ، كېيىن ئىشلىتىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزى مەبلەغ جۇغلاپ قىلىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇشنى چوقۇم ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈشنى، مەبلەغنى بېكىتىش، ئۆزگەرتىش ۋە چوڭ رېمونت قىلىش مەبلىغىدىن پەرقلەندۈرۈشنى بەلگىلىدى.

8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلىپ، 50 شتات بەلگىلەپ بەردى. خەن جىمىن بانكا باشلىقى بولدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە 15 كەسپىي تارماق بانكا، توققۇز ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلدى، ئومۇمىي شتاتى 353 بولدى. قۇرۇلۇش بانكا ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغان ناھىيىلەردە ئۇنىڭ كەسپىنى يەنىلا خەلق بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىردى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، ئاساسلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ «كرېدىت، نەق پۇلنى پىلانلىق باشقۇرۇش چارىسى»، «سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش چارىسى»، «سودىغا قەرز پۇل بېرىش چارىسى»، «يېزىلاردىكى گوڭشې ئەترەتلەرگە قەرز پۇل بېرىش چارىسى» ۋە «تاشقى سودا كرېدىتىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى مۇزاكىرە قىلدى.

9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان دۆلەت پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» نى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پىلان ئىدارىسى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسىنىڭ «‹ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر› نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشنى پىلانلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى.

9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مەملىكەتلىك بانكا خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، ئۆلكىدىن تۆۋەن مالىيە بىلەن بانكا ئاپپاراتىنى ئايرىم تەسىس قىلىش قارار قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى يول خىراجىتى قىلىنىدىغان تاشقى پېرېۋوتنى تەستىقلاشنى يەنىلا پېرېۋوت ئىلتىماس قىلغۇچى چېگرىدىن چىقىدىغان چېگرا ئېغىزى ياكى ئالاقىدار جايلاردىكى جۇڭگو خەلق بانكىسىغا (ياكى جۇڭگو بانكىسىغا) مەركەزلەشتۈرۈپ بېجىرىشنى بەلگىلىدى. شىنجاڭدا ئۈرۈمچى خەلق بانكىسى بېجىرىدىغان بولدى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق پىلان ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسىنىڭ «مائاش فوندى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا بارلىق مائاشنىڭ ھەممىسى بانكىنىڭ «مائاش فوندى ئامانەت مەخسۇس ھېسابى» ياكى «مائاش باشقۇرۇشنى تىزىملاش كارتىسى» ئارقىلىق چىقىم قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش بەلگىلەندى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى ئىلگىرى ئايرىم بولۇپ خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «بوغالتىرلىق ئاساسىي تۈزۈمى»، «مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى»، «تارقىتىش خەزىنىسى تۈزۈمى»، «كاسسا تۈزۈمى» ۋە «راسچوت چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى ۋە 1973 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايوندا بانكا خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، خىزمەتلەر يەكۈنلەندى، تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىندا مالىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك بانكىلارنى مۇئەييەن رەھبەرلىك ئاستىدا، قەدەممۇ قەدەم ئايرىپ تەسىس قىلىش، 2 - دەرىجىلىك ئاپپاراتقا ئۆزگەرتىلگەن (مالىيە تارماقلىرى رەھبەرلىك قىلىدىغان ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغان) بانكىلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنى تەڭ دەرىجىلىك

پارتكوم ۋە ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىزمەت تارمىقى قىلىش؛ خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسىنى ئايرىم تەسىس قىلىش قارار قىلىندى.

## 1973 ـ يىل

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىنىڭ بانكا كەسپلىرى گۇرۇپپىسى «كرېدىت، نەق پۇل پىلانلىرىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق لايىھىسى)» نى تارقاتتى. چارىدە: كرېدىت ۋە نەق پۇل پىلانىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە، مەركەز بىر تۇتاش پىلانلاش، مەركەز ۋە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىلار دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇش بەلگىلەندى.

2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىنىڭ بانكا كەسپلىرى گۇرۇپپىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا پۇل قەرز بېرىشتىكى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇ، 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى يەنە خەلق باش بانكىسىنىڭ «خەلق گۇڭشېلىرىغا پۇل قەرز بېرىش چارىسى» (سىناق لايىھىسى) نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، يېزا ئىگىلىك كرېدىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو بانكىسى باش بانكىسىنىڭ شياڭگاڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىدا پاكىستان رۇپىيىسىنىڭ تېگىشلىمەيۋاتقانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكىلىرى ۋە خوتەن مەركىزىي تارماق بانكىسىغا پاكىستان رۇپىيىسىنى تېگىشىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىشنى ئۇقتۇردى. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكىلىرىغا جۇڭگو ـ پاكىستان ئىككى تەرەپ سودا ئەترىتى ئەزالىرىنىڭ باردى ـ كەلدى قىلىشتىكى پارچە چىقىملىرىغا ئىشلىتىشى ئۈچۈن ھەر بىر كىشىگە 20 رۇپىيىلىك نەق پۇل تېگىشىپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئۇنىڭ نىسبىتى 100 رۇپىيە 20 يۈەن خەلق پۇلىغا تەڭ بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى «دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش چارىسى» ۋە «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ پۇل قەرز بېرىش چارىسى» (سىناق لايىھىسى) نى تۈزۈپ، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كەسىپ، مال ـ مۈلۈك، ھېسابات قاتارلىق خىزمەتلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى ۋە ئۇنى تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى مالىيە ئىدارىسىدىن ئايرىلىپ ئايرىم تەسىس قىلىنىپ، سىرتقا قارىتا رەسمىي ئىش بېجىردى. لى شۈتيەن بانكا باشلىقى، پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، شى سىچىڭ، ئابدۇرېھىم ئۆمەرلەر مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى، شۆبە بانكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر ئىشخانا، ئالتە باشقارما تەسىس قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى، تاشقى سودا مىنىستىرلىكى دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ «قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، شىنجاڭدا شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنىدى.

6 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىخەنزىدە خىزمەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا بانكا باشلىقى خەن جىمىن مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ مۇنۇ خىزمەت ۋەزىپىلىرى بەلگىلەندى: (1) ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپىنى قىسقارتىش ئىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (2) پىلان سىرتىدىكى قۇرۇلۇشنى چەكلەش؛ (3) ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئۆزى جۇغلاپ مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى قەتئىي تىزگىنلەش؛ (4) قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈپ يۈرۈشلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش؛ (5) ئامبارلارنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش.

7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسىغا

جۇڭگونىڭ پاكىستاننىڭ تاش يول قۇرۇلۇشىغا ھەقسىز ياردەم بېرىش ئىشىغا قاتنىشىۋاتقان كورۇنلارنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلدىكى ئىچكى ئىقتىسادىي مۇئامىلىنى راسچوت قىلىشىغا ۋە پاكىستانغا ياردەم بېرىۋاتقان خادىملارنىڭ ئىچكى دۇكانلاردىن تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەننىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، «قارا قورۇم قۇرۇلۇشى سەپلىمە چېكى» تارقىتىلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭ قىممىتى خەلق پۇلى بىلەن ئوخشاش بولدى. ئۇنى باش بانكا باستۇرۇپ قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ تارقىتىشى ۋە تېگىشىشكە ھاۋالە قىلدى. سەپلىمە چېكى پەقەت يول قۇرۇلۇشىنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا ئىشلىتىلدى، دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى بازاردا ئوبوروت قىلىنمىدى.

**شۇ ئايدا** ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلاردىن توڭلىتىلغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى ئېرىتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەشنى، ئېرىتىش دائىرىسىگە كىرىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە بانكا بەلگىلىمە بويىچە ئۆسۈم بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

**9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى** شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك خام چوت، كرېدىت پىلان خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ ئاپپاراتى، خادىملار شتاتى، كادىرلارنى باشقۇرۇش مەسىلىسى ۋە نەق پۇل باشقۇرۇش، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ قەرز پۇل تارقىتىش چارىسى قاتارلىقلار مۇزاكىرە قىلىندى.

**شۇ ئايدا** قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، تىجارەت باشلاندى.

**11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت «نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقاتتى.

**11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، خەلق شۆبە بانكىسى «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، 1974- يىل 1 - پەسىلدىن باشلاپ، بانكىلاردا «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش قوللانمىسى» نى يولغا قويۇپ، مائاش چىقىمىنى نازارەت قىلىشنى قارار قىلدى.

**12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىغا ئاپتونوم رايوننىڭ 1965- يىلدىن 1972- يىلغىچە بولغان مەھسۇلات قىممىتى مەبلىغىنىڭ ئەمەلىي سانىنى ۋە 1973- يىللىق مۆلچەر سانىنى، 1974- يىللىق پىلان سانىنى دوكلات قىلدى. دوكلاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، سانائەت كارخانىلىرى (جۈملىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى تەمىنات - سودا كارخانىلىرى) نىڭ ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 1965- يىلى 54.44 يۈەن بولغان بولسا، 1973 - يىلى 85.94 يۈەن بولۇشى مۆلچەرلەنگەن، يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1973- يىلى 1965- يىلدىكىگە قارىغاندا 22.38% تۆۋەنلىگەن.

## 1974 - يىل

**2 - ئاي** خەلق شۆبە بانكىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى (سىناق لايىھىسى)» نى ئېلان قىلدى.

**4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى** ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىككى يۈەنلىك ساختا پۇل بايقالدى. خەلق شۆبە بانكىسى «ساختا پۇل تارقىتىپ خەلق پۇلىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىغا مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ ئالغۇي شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، نەنسەن كان رايونى پۇقرالار پۇل ئامانەت پونكىتى، نەنسەن كان رايونى ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت «ئىجتىمائىي گۇرۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى تىزگىنلەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكدىكى ئورۇنلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى تەكشۈرۈش، باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش بەلگىلەندى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى بانكىلارنىڭ شياڭگاڭ پۇلىنى پىرېۋوت قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى، دۆلەت ئىچىدىكى ئالاقىدار بانكىلارنىڭ شىنجاڭغا يۆتكەپ پىرېۋوت قىلغان شياڭگاڭ، ئاۋمېن پۇللىرىدىن خەلق پۇلى ھېسابىدا پىرېۋوت قىلىنغانلىرىنى ئەسلىدىكى سوندۇرۇپ ھېسابلانغان خەلق پۇلى بويىچە چىقىم قىلغانلىق سىرتىدا، باشقا چەت ئەل پۇللىرىنىڭ باھاسىنى شۆبە بانكىدىن تېلېگرامما ئارقىلىق سورۇشتۇرۇپ، ئاندىن ئۆز ۋاقتىدا چىقىم قىلىشنى ئۇقتۇردى.

7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ «ئىقتىسادۋازلىققا قارشى تۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقىتىپ، ئەمگەك مائاش چوڭ ھوقۇقى مەركەزدە بولىدىغانلىقى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ بويىچە سودا ـ سانائەت كرېدىتى خىزمەت يىغىنى شىخەنزىدە ئېچىلدى. يىغىن سودا ـ سانائەت كرېدىتىنى ئىشلەپچىقىرىشقا يۈزلەندۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كۆڭۈل بۆلۈش، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىشقا ياردەملىشىپ، «ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش» باش فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش بانكىسى تارماق بانكا باشلىقلىرى، ئىش بېجىرىش ئورنى مۇدىرلىرى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا مۇنۇ ۋەزىپىلەر بەلگىلەندى: (1) يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش، ئىچكى مەبلەغنى سەپەرۋەر قىلىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ (2) مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، مەخسۇس ھېسابات دوكلاتى تۈزۈمىنى ئورنىتىش؛ (3) كارخانىلاردا داچىگدىن ئۆگىنىش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش؛ (4) بارلىق نامۇۋاپىق چىقىملارنى نازارەت قىلىش ۋە چەكلەش.

12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى، سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ شۇ يىللىق سودا كارخانىلىرى كۆچمە مەبلىغىنى 38 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي سودا كارخانىلىرىنىڭ 4 مىليون يۈەن، سودا كارخانىلىرىنىڭ 10 مىليون يۈەن، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ 24 مىليون يۈەن.

12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

شۇ يىلى جايلاردىكى خەلق بانكىلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ «يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىپ»، ئاشلىقتا قەد كۆتۈرۈش جېڭىنى ياخشى قىلىشنى قوللاپ، قۇدۇق قېزىشقا 1 مىليون 70 مىڭ يۈەن مەخسۇس قەرز پۇل بەردى. بۇ پۇل بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە 1752 قۇدۇق قېزىلىپ، 1080 قۇدۇق ئۈسكۈنىلەشتۈرۈلدى.

## 1975 ـ يىل

2 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، «ئېكسپورت سانائەت

بۆيۆملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مەخسۇس قەرز پۇلى» نى يولغا قويدى، قەرز پۇلنىڭ مۆھلىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئىككى يىل، ئايلىق ئۆسۈمى %4.2 بولدى.

3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى قورۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرى، ئىش بېجىرىش ئورنى مۇدىرلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا چىقىمغا پۇل بۆلۈپ بېرىش كۆپ، مەبلەغنىڭ ئورۇندىلىشى ئاز، زاپاس كۆپ، سۈرئەت ئاستا، زىيان كۆپ ۋە ئىسراپچىلىق ئېغىر بولۇشتەك ھادىسىلەرنى ئۆزگەرتىش تەلەپ قىلىندى. يىغىندا مەبلەغ سېلىشنى مۇددىگە بېرىش چارىسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇش، مۇھىملىرى بىلەن مۇھىم ئەمەسلىرىنى، جىددىيلىرى بىلەن جىددىي ئەمەسلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشقا كاپالەتلىك قىلىش قارار قىلىندى.

4 - ئاينىڭ 11 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرىنى قاتناشتۇرۇپ، شىنجاڭ بويىچە بانكا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ماۋجۇشىنىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى ۋە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مالىيە، بانكا خىزمىتى جەھەتتىكى باش قوشۇش يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش بانكىنىڭ خىراجەت باشقۇرۇش، بوغالتىرىيە راسچوتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. 1975 - يىللىق خىزمەتلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. نۇقتىلىق ھالدا بانكىلارنىڭ قانداق قىلىپ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىيىسىنى مۇستەھكەملەش قورالى بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقىنى چەكلەش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ مۇدىرى سەيپىدىن ئەزىزى يىغىنغا قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى.

6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قورۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئاساسىي قورۇلۇش يىغىنى مەزگىلىدە سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىش، بىكتۇەننىڭ يەرلىككە تاپشۇرغان ئاساسىي قورۇلۇش مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇش، بىناكارلىق كەسپىدە چوڭ كۆچمە مەبلەغ تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، كوللېكتىپ بىناكارلىق كەسپىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، پىلان سىرتىدىكى قورۇلۇشنى چەكلەش قاتارلىق خىزمەتلەرنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى.

6 - ئايدا خەلق بانكىسى قارىمىقىدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار ماۋجۇشىنىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى ئۆگىنىش جەريانىدا، باش بانكا، شۆبە بانكىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى پائال ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئورۇنلارنىڭ ھەمكارلىق فوندىنى ياخشى باشقۇرۇشقا يارەملىشىشنى بانكىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم مەزمۇنى قىلدى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەرگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق شۆبە بانكىسى پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ «شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش بىڭتۇەندە تەسىس قىلىنغان بانكا ئاپپاراتلىرى ۋە خادىملارنىڭ رەھبەرلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا ئىلگىرى بىڭتۇەندە تەسىس قىلىنغان بانكا ئاپپاراتلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشتىن ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىلار ۋە ناھىيىلىك تارماق بانكىلار رەھبەرلىك قىلىشقا ئۆزگەرتىش قارار قىلىندى. كادىرلارنى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئوبلاستلىق ۋە ناھىيىلىك پارتكوملار بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى. ئىلگىرى ئېلىنغان سودا - سانائەت قەرز پۇلىنى كارخانىنى ئۈتكۈزۈۋالغان ئورۇنغا تاپشۇرۇش، ئىلگىرى تۈەن - مەيدان ماگىزىنلىرى ئىگىلىۋالغان يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى پۈتۈنلەي قايتۇرۇش قارار قىلىندى. يېزا ئىگىلىك مەبلىغى قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك 4 -، 8 -، 10 - شىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغى ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل بولدى.

9 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، خەلق شۆبە بانكىسى «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشقا تولۇقلىما ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا خادىملارنىڭ مائاش تەڭشەلگەن، ئۆزگەرگەن چاغدا، «مائاش فوندىنىڭ

قوشۇلۇش، كېمەيتىشنى مۇرۇشتۇرۇش ئۇقتۇرۇشنامىسى» نى بىر تۇتاش ئىشلىتىش بەلگىلەندى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، شىنجاڭ ھەربىي رايونى پارتكومىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىشكە ئالاقىدار تاپشۇرۇش - ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنىڭ كونكرېت لايىھىسى»گە ئاساسەن، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىخەنزە تارماق بانكىسى شىخەنزە ۋىلايەتلىك تارماق بانكىغا ئۆزگەرتىلىپ، ۋىلايەتلىك پارتىيە ھۆكۈمەت ئورگىنى بىلەن شۆبە بانكىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇش، ۋىلايەتتىكى پارتىيە - ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىش قارار قىلىندى.

9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى «كىچىك تىپتىكى تېخنىكىلىق تەدبىرگە قەرز پۇل بېرىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقاتتى.

شۇ ئايدا خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكىسى مەكىت، قەشقەر كونا شەھەر، يېڭىسار، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېزىلاردىكى جازانىخورلۇقنىڭ يەنە باش كۆتۈرۈپ قالغانلىقىنى، ئايرىم جايلاردا خېلىلا غالجىرلاشقانلىقىنى ئىنكاس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى بانكىلار كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ۋە ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

شۇ يىلى جايلاردىكى بانكىلاردا بىر تۈركۈم ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەر بارلىققا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۇدا ئالتە يىلغىچە ئۇزاق مۇددەت نۇقتىدا تۇرۇپ ئارقىدا قالغان ئەترەتلەرنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىگە ياردەم بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنىڭ تېز يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك تارماق بانكا؛ گۇڭشې - ئەترەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشىغا، مالىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مەبلىغىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەرگەن قورغاس، شىخو ناھىيىلىك تارماق بانكىلار ۋە 20 يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، سەممىي - ساداقەتلىك بىلەن ئىنقىلاب قىلغان قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدىكى يولداش يۈنۈس ئەمەت بار.

شۇ يىلى خەلق باش بانكىسى، تاشقى سودا مىنىستىرلىكى، مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا كان مەھسۇلاتلىرى ۋە ئالتۇندىن پىرسەنت ئايرىلغان 13 مىڭ 846 ئامېرىكا دوللىرىنى ئاجرىتىپ بەردى.

## 1976 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەركەزنىڭ «بىڭتۇەننىڭ تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا» دېگەن ھۆججىتىنىڭ روھىغا ئاساسەن، خەلق بانكىسى شىخەنزە مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ تەييارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ھەمدە خىزمەتلەرنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى سابىق ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك 1 - شى تارماق بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قىلىپ ئۆزگەرتىشكە، ئۇنىڭ سابىق يېزا ئىگىلىك 1 - شى تارماق بانكىنىڭ بارلىق كەسىپلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشىغا، ۋىلايەتكە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارىلەر، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئاپتونوم رايون بىلەن مەركەزنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ ئامانەت جەلپ قىلىش، قەرز بېرىش كەسىپلىرىنى بېجىرىشكە قوشۇلدى.

3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدە يېزا ئىگىلىكىگە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىش، داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە 83 ناھىيە (شەھەر) دىن 81 ناھىيىدىكى گۇڭشې - ئەترەت بوغالتىرلىرىنى يېتەكلەش خىزمىتىنى، 27 ناھىيىدىكى گۇڭشې - ئەترەتلەرنىڭ مالىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى بانكا ئاساسلىق باشقۇرىدىغان بولدى.

9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ بورتالا تارماق بانكىسى تىجارەت پونكىتلىرى بىلەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ بىرلىكتە ئىش بېجىرىشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى «ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈش (ئىدىيىۋى تەربىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مەبلەغ يۆتكەشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئورۇنلاشتۇرۇش، تەكشۈرۈشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش)، تۆتكە پايدىلىق (يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاممىغا قولايلىق تۇغدۇرۇشقا پايدىلىق؛ ئادەم كۈچىدىن پايدىلىنىشقا پايدىلىق؛ بوغالتىرىيە تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا پايدىلىق؛ ئۆز ئارا ياردەملىشىش، ئۆز ئارا نازارەت قىلىشقا پايدىلىق)» دەپ يەكۈنلىدى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەبلەغنى قىسىش ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئۆزگەرتىشنى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە ئاجرىتىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلىشنى قارار قىلدى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى ئۈرۈمچى، ساۋەن ۋە ئاقسۇدا ئۈچ دائىرىگە بۆلۈپ مالىيە - بانكا خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى ۋە تەنقىد قىلدى. مالىيە، پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتىنى تەھلىل قىلدى، مالىيە كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە پۇل تارقىتىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ سانائەت ۋە سودا قەرز پۇلىدا تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلۈپ، سانائەت قەرز پۇلى 67 مىليون 150 مىڭ يۈەن، سودا قەرز پۇلى 112 مىليون 640 مىڭ يۈەن ئازلاپ كەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكىدە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق يۈز بەردى.

## 1977 - يىل

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى كىچىك تىپتىكى تېخنىكىلىق تەدبىرلەرگە قەرز پۇل بېرىشتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ چارىسىگە تەقلىد قىلىشنى ئۇقتۇرۇش قىلدى.

5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كارخانىلىرىغا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش فوندى قەرز پۇلى تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايون مالىيە، پۇل مۇئامىلىدە داچەيدىن ئۆگىنىپ كارخانىلارنىڭ مالىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش يىغىنى ئاچتى.

6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە بانكىسى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا خەلق بانكىسى تارماق بانكىلىرىنىڭ تولىسى سودا تارماقلىرىنىڭ ئامبارنى ئېنىقلاش، خەزىنىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشىغا ياردەم بەردى. داخىيەندىكى 2 - دەرىجىلىك ئالتە سودا پونكىتىنىڭ سېتىۋېلىپ كىرگۈزگەن مېلى ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 7 مىليون 410 مىڭ يۈەن، سېتىپ چىقىرىشى 25 مىليون 40 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك سودا ئورۇنلىرى سېتىۋېلىش - سېتىش پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى.

8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە تۇنجى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى - پىچان ناھىيىلىك ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بىرلەشمىسى رەسمىي قۇرۇلدى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە بانكا خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك بانكا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، «جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھى» نىڭ بانكا خىزمىتىگە قىلغان كاشىلىسى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تەنقىد قىلىندى. بانكىنىڭ خەلق

ئىگىلىكىدىكى ئورنى ۋە رولى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بانكا خىزمىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى.

10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ داچىڭدىن، داجەيدىن ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش ھەرىكىتىدىن كىچىك خۇلاسە چىقاردى، «قوش ئۆگىنىش» ھەرىكىتىدە پۇل ـ مۇئامىلە سىستېمىسىدىن 97 ئىلغار كوللېكتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئامانەت قەرز كوپېراتىپى 24)، 302 ئىلغار شەخس بارلىققا كەلدى. تېيە ناھىيىلىك تارماق بانكا شىنجاڭ بويىچە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن نام بېرىلگەن تۇنجى داچىڭچە بانكا بولدى.

11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى 1978 ـ يىلدىن باشلاپ ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى مەبلىغىنى بانكا كرېدىت پىلانىغا كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار» نى ئېلان قىلىپ، بارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇن، ئىدارە، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ھەربىي قىسىملار، مەكتەپلەر ۋە كوللېكتىپ ئىقتىسادىي ئورۇنلار، خەلق گۇڭشېلىرى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى شۇنىڭدەك ئۇلار باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

شۇ يىلى بانكا تىجارەت پونكىتى بىلەن ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى بىرلىكتە ئىش بېجىرىپ، بىر يۈرۈش خادىم، ئىككى ۋۇىسكا ئاستى، ئىككى يۈرۈش مالىيە ئىشلىرى باشقۇرۇلۇپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھېسابات قىلىنىدى.

## 1978 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو بانكىسى شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىدا 50 يۈەنلىك ۋە 100 يۈەنلىك ئىككى خىل خەلق پۇلى ساياھەت چېكى تارقىتىشنى قارار قىلدى. ساياھەت چېكى شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق ۋە شياڭگاڭ، ئاۋمېندىن ئۆتۈپ دۆلىتىمىزگە كەلگەن بارلىق يولۇچىلارغا سېتىپ بېرىلدى. شىنجاڭدا خەلق پۇلى ساياھەت چېكىنى ۋاكالىتەن تېگىشىپ بېرىش نۇقتىسىدىن سەككىزى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىدى.

2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «بانكا خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش ـ توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» چىقىرىپ، ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلاردىكى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خەلق بانكىسى ھەر قايسى شۆبە بانكىلارغا دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ ھۆججىتىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، 1978 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ مۇھاجىرلار پىرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، شىنجاڭنىڭ مۇشۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۈرلۈك سودا قەرز پۇلىنىڭ ئومۇمىي قالدۇقىنى ئالدىنقى يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 80 مىليون يۈەن ئازايتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەمەلىيەتتە 82 مىليون 40 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە چاقىرىلغان مالىيە ـ سودا ساھەسىنىڭ «قوش ئۆگىنىش» يىغىنى جەريانىدا سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا «ئىككىنى قىسقارتىش» (قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشنى قىسقارتىش، ئىشىنچە مەبلەغنى قىسقارتىش) ۋە «ئۈچنى تۇتۇش» (قائىدە ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، ئاممىۋى ھېساباتنى تۇتۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىشنى تۇتۇش) نى قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ «قوش ئۆگىنىش» ھەرىكىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتقا «گوۋۇيۈەننىڭ

بانكا خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش» ۋە يېزا (چارۋىچىلىق رايونلىرى) دىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىغا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى دوكلاتنى يوللىدى. دوكلاتتا نۆۋەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، تۆۋەندىكىدەك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: (1) ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئاپپاراتىنى خەلق گۇڭشېلىرى بويىچە قۇرۇش، بىر گۇڭشېدا بانكا تىجارەت پونكىتى ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بولغان جايلاردا پونكىت بىلەن كوپېراتىپ بىرلىشىپ ئىش بېجىرىش؛ (2) ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ خادىملار ستاتىنى ناھىيىنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەك مائاش پىلانىغا كىرگۈزۈش؛ (3) ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى شۇ يەردىكى ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇش؛ (4) ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاش تەمىناتى خەلق بانكىسى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭكى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇش؛ (5) ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى مەبلىغىنى دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈش.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى، سودا مىنىستىرلىكى، مۇھاجىرلار پېربۇۋتى ئىشخانىسىنىڭ «مۇھاجىرلار پېربۇۋتىغا ماددىي ئەشيا بېرىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى 1978 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، مۇھاجىرلار پېربۇۋتىغا ماددىي ئەشيا بېرىشنى قارار قىلدى.

5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەلق بانكىسى سىستېمىسى بويىچە ئالتە ئىلغار شەخس ئاپتونوم رايوننىڭ مالىيە - سودا ساھەسى بويىچە چاقىرىلغان «قوش ئۆگىنىش» يىغىنىغا قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق بانكا مەكتىپىنى داۋاملىق ئېچىشنى تەستىقلىدى. مەكتەپ ئورنى سانجىدا بولدى. مەكتەپ ئوتتۇرا تېخنىكوم خاراكتېرىدە بولۇپ، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل قىلىندى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ۋاقتىنچە 200 ئەتراپىدا، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر شتاتى ۋاقتىنچە 60 قىلىپ بېكىتىلدى.

6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلدى. ئۇ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تاشقى پېربۇۋت تىجارىتى قىلىدىغان كەسپىي بانكا بولدى.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ «بانكا خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» سى ۋە باش بانكىنىڭ «يېزا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى توغرىسىدىكى بىر نەچچە نۇقتىلىق پىكرى» گە ئاساسەن قاغىلىق، ماۋىن، قورغاس، نىيە، كۈچۈك قاتارلىق جايلاردىكى تارماق بانكىلارنى ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بىلەن بانكا تىجارەت پونكىتى ئاپپاراتلىرىنى بىرلەشتۈرۈشنى سىناق قىلىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلىدى.

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «ئاشلىق سودىسى كارخانىلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى كېمەيتىپ ئېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاشلىق كارخانىلىرى (ئاشلىق سانائىتى كارخانىسى بۇنىڭ سىرتىدا) غا بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى %50 كېمەيتىپ ئالدى، يەنى ئايلىق ئۆسۈمىنى %4.2 تىن %2.1 كە چۈشۈردى.

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى دوكلاتى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. دوكلاتتا تېخىچە قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلمىغان ناھىيە ۋە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرى بار جايلارنىڭ ئىمكانىقەدەر تېزلىكتە قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ، خىزمەتنى پائال قانات يايدۇرۇش تەلەپ قىلىنغان.

8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «تاشقى پېربۇۋت قەرز ئېلىپ ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىنىدىغان خەلق پۇلى مەبلىغى ھېسابىغا قەرز بېرىش چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا بۇ قەرز پۇلنى پەقەت تاشقى سودىدىن ئېلىنىدىغان ئىمپورت بېجى، پايدىسىغا ئىشلىتىشكىلا بولىدىغانلىقى،

باشقا ئىشلارغا يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى.

**8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى** قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يۇقىرىغا مەلۇمات يوللاپ «ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشنى ئېنىقلاش ئەھۋالى» نى مۇنداق ئىنكاس قىلدى: شىنجاڭدا 1977 - يىلى باشلانغان قۇرۇلۇش 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنلىك بولۇپ، قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى ئۈچ يىلدىن 12 يىلغىچە بولغان تۈرلەر 464، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلغىنى 83 مىليون 830 مىڭ يۈەن، ئېنىقلاپ قىسقارتىلغىنى 56 مىليون 810 مىڭ يۈەن.

**9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى ئىلىدا سودا سانائەت كرېدىت، راسچوت خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: (1) يېزا ئىگىلىكى ئاساس دېگەن ئىدىيىنى مۇستەھكەم تىكلەش؛ (2) بانكا كرېدىتىنىڭ تۈرتكىلىك ۋە نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كرېدىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش؛ (3) پۇلنىڭ يىغىۋېلىنىشىنى ياخشى تەشكىللەش؛ (4) كرېدىتنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەكس ئەتتۈرۈش رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يىغىندا يەنە كرېدىت خادىملىرىنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەلەپ قىلىندى.

**9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «بانكا سىستېمىسىدىكى كارخانا شتاتلىق ئورۇنلاردا مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن مەركىزىي تارماق بانكىلاردىن شەرت - شارائىتى بار بىر - ئىككى ناھىيىلىك تارماق بانكىنى تاللاپ سىناق قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

**9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكا سىستېمىسىدا 476 تىجارەت پونكىتى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى تەرتىپكە سېلىندى. ئۇ ئومۇمىي سانىنىڭ 16.33 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە ئومۇمىي سانىنىڭ 32.08 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدىغان 935 تىجارەت پونكىتى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنى تەرتىپكە سېلىش پىلانلاندى.

**10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى يېزا خەلق گوڭشېلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا ئۆسۈمسىز مەخسۇس پۇل قەرز بېرىشنى ئۇقتۇردى. 1978 - يىللىق كۆرسەتكۈچ 15 مىليون يۈەن بولدى.

**10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا «يېزىلاردىكى گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئامانەت قويۇش خىزمىتىنى پائال ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، پۇلنى كۆپرەك يىغىۋېلىشقا تىرىشىشنى تەلەپ قىلدى.

**10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى** قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرى، ئىش بېجىرىش ئورنى مۇدىرلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپپاراتلارنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىش ۋە خادىملار شتاتى، يەرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمىنىڭ خام چوتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش، يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسى نەق چوتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، يوليورۇق سوراش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ستاتىستىكا تۈزۈمىنى ئورنىتىش قاتارلىق سەككىز جەھەتتىكى مەسىلە مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلىندى.

**11 - ئاينىڭ 14 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى لى شۇتيەن جۇڭگو شۆبە بانكىسىنىڭ دىرېكتورلۇقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. جىن دايېڭ مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى.

**11 - ئاينىڭ 22 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئىنقىلابىي كومىتېتقا «بانكىنىڭ سودا - سانائەت كارخانىلىرى كرېدىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش پىكرى توغرىسىدىكى دوكلات» نى يوللىدى. ئۇنىڭدا ئامبارنى ئېنىقلاش، خەزىنىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش، مەھسۇلاتنىڭ سۈپەت ئۆتكىلىنى ئىگىلەپ، توختام تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش؛ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن

رايون ئاتلاپ مال سېتىۋېلىشنى قەتئىي مەنئى قىلىش، كۆپ تەرەپتىن مال كىرگۈزۈشنى توسۇش؛ كرېدىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، سەرخىلىنى تاللاپ تەمىنلەش قاتارلىق پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

11 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت مالىيە ئىدارىسىنىڭ «ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە خادىملار شتاتى توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. 958 شتات، 52 ئاپپارات بولىدىغانلىقىنى تەستىقلىدى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1979 - يىلدىن باشلاپ يەرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا كېيىنكى يىللىق ئۈسكۈنە زاپاس مەبلىغى ھېسابىدا قەرز بېرىش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى قارار قىلدى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى سودا مىنىستىرلىكى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۈچ تۈردە ئېتىبار بېرىلىدىغان ناھىيىلەرنى كۆپەيتىشكە قوشۇلغانلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. 28 ناھىيىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملار سودا كارخانىلىرى 1978 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ «ئۈچ تۈردە ئېتىبار بېرىش» (ئۆز مەبلىغى، پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش، باھا قوشۇمچە ياردىمى قاتارلىق ئۈچ تۈردە ئېتىبار بېرىش) تىن بەھرىمەن بولىدىغان بولدى. 1963 - يىلى تەستىقلانغان «ئۈچ تۈردە ئېتىبار بېرىش» تىن بەھرىمەن بولىدىغان 22 ناھىيە بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 50 ناھىيىگە يەتتى.

12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ بىر يىلدىكى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل نورمىسى جەمئىي 1 مىليون 220 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 960 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق پېرېۋوت ئىشلىتىلگەن. تۆت ئورۇن ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىپ، ئېكسپورت ئارقىلىق ئالماشتۇرۇۋالغان پېرېۋوتنى 3 مىليون 370 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كۆپەيتكەن.

## 1979 - يىل

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ پايىغا پايدا تەقسىم قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ 1977 - يىلدىن ئىلگىرى تەقسىم قىلىشقا تېگىشلىك بولۇپ تەقسىم قىلىنمىغان پاي پايدىسىنى پۈتۈنلەي ساپ پايدىنىڭ 15 - 20 پىرسەنتى بويىچە پاي پايدىسى قىلىپ تەقسىم قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى. پايدا تەقسىم قىلىپ بولغانلىرى قايتا تەقسىم قىلىنمىدى. پايدا تەقسىم قىلماي بەلكى جامائەت فوندىغا ئاغدۇرۇۋېتىلگەنلەرگىمۇ تولۇقلاپ پايدا تەقسىم قىلىندى. 1978 - يىلدىن باشلاپ مەيلى ئېشىنچىسى بارلارغا بولسۇن، زىيان تارتقانلارغا بولسۇن، پۈتۈنلەي قەرەللىك ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە پاي ئۆسۈمى بېرىلدى.

2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «شىنجاڭ تۆمۈر يول ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ئاجرىتىلغان پۇلنى باشقۇرۇش بەلگىلىمىسى» نى تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلدى. گوۋۇيۈەن 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يىغىننىڭ «مۇھىم خاتىرىسى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. يىغىندا 1980 - يىلدىن باشلاپ كرېدىت پىلانى باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش، بانكا كەسپىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئامانەت بىلەن قەرزنى چېتىش، پەرق سوممىسىنى كونترول قىلىش» چارىسىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى تاغ ۋە يېزىلارغا بارغان زىيالىي ياشلار دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە ئەترەتلەرگە قەرز پۇل بېرىش، بۇنىڭ ئىچىدە ئىش باشلاش خىراجىتى خاراكتېرىدىكىلەرگە قەرز بەرمەسلىكنى ئۇقتۇردى.

شۇ ئايدا سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى جۇڭگو خەلق بانكىسى شۆبە بانكا باشلىقلىرى

يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، كارخانا مال ـ مۈلكى سۇغۇرتىسى، يۈك توشۇش سۇغۇرتىسى بېجىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

3 ـ ئايدا ئابدۇرېھىم ئۆمەر خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى، گوپىنكوي، شۈ ۋۇشەن، ليۇ جىنشىلەر مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسىدىكى كارخانا ئورنى ھېسابلىنىپ شىنجاڭدىكى جۇڭگو بانكىسىنىڭ تارماق بانكىلىرىنىڭ كەسپىي خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشقا مەسئۇل بولىدىغان، مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويىدىغان، كەسپىي جەھەتتە جۇڭگو بانكىسى باش بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغان، پارتىيە خىزمىتى ۋە سىياسىي خىزمەتتە خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدىغان بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نى تەستىقلىدى.

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. 1979 ـ يىللىق بانكا خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە بانكا خىزمىتىدىكى تۈزۈلۈك ئىسلاھات لايىھىلىرى ۋە تەدبىرلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلدى. يىغىندا ئاپتونوم رايوندىكى بانكا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ۋە پۈتۈن بانكا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى تېزدىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەش، خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش، تەرتىپكە سېلىش ۋە تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، بانكىنىڭ تۈرتكىلىك ۋە نازارەتچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تەلەپ قىلىندى. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت بۇ يىغىننىڭ مۇھىم خاتىرىسىنى تارقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ قارمىقىدا ئىشخانا، سىياسىي باشقارما، پىلان ـ بوغالتىرىيە باشقارمىسى، كارخانا كرېدىتى باشقارمىسى، گۇڭشې، ئەترەت كرېدىتى باشقارمىسى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى، گۇڭشې، ئەترەت بوغالتىرلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش باشقارمىسى قاتارلىق يەتتە باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلىندى. ۋاڭ بىن بانكا باشلىقى، سېيتنىياز مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. شىنجاڭ بويىچە جەمئىي يېزا ئىگىلىك بانكا ئاپپاراتى 984 كە، شتاتى 7943 كە يەتتى.

6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىرلىكتە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىغا يېڭىدىن 1979 ـ يىللىق كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتىكى 700 ئىشچى ـ خىزمەتچى كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى.

6 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارغا شەرتلىك، چەكلىك ھالدا بىر قىسىم ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇل تارقىتىپ بېرىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، باش بانكا چۈشۈرگەن 10 مىليون يۈەنلىك كۆرسەتكۈچنى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كىچىك سۇ ۋە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىشكە بولۇپمۇ يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ بازارغا سېلىنىدىغان ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشىغا مەدەت بېرىشكە ئىشلەتتى. ھەر قېتىملىق قەرز پۇلنىڭ سوممىسى 200 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، ئېشىپ كەتسە ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئىلىدا شىمالىي شىنجاڭ رايونى بويىچە بانكىلارنىڭ مالىيەنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى ئېنىقلاش، ھېساباتنى ئېنىقلاش ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى تەرتىپكە سېلىش يىغىنى ئاچتى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ «ھەر دەرىجىلىك بانكىلاردا تەپتىش ئاپپاراتلىرىنى قايتا قۇرۇش توغرىسىدىكى تەستىقى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، مەركىزىي تارماق بانكىلار يىل ئاخىرىدا، ناھىيىلىك تارماق بانكىلار 1980 ـ يىلى 1 ـ پەسلىدە تەپتىش خادىملىرىنى سەپلەپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا تەپتىش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. مەركىزىي تارماق بانكا، ناھىيە (شەھەر) لىك تارماق بانكىلارغا تەپتىش خادىمى سەپلەندى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتى خەلق شۆبە بانكىسىدا ئىشخانا، سىياسىي باشقارما، پىلان باشقارمىسى، بوغالتېرىيە ـ تارقىتىش باشقارمىسى، سانائەت كرېدىتى باشقارمىسى، سودا كرېدىتى باشقارمىسى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى باشقارمىسى، تەپتىش باشقارمىسى، خوجىلىق باشقارمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىش، ۋاقىتىنچە 160 مەمۇرىي شتات قويۇشقا قوشۇلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا ئىشخانا، سىياسىي باشقارما، پىلان ـ بوغالتېرىيە باشقارمىسى، كارخانا كرېدىتى باشقارمىسى، گۇڭشې ـ ئەترەتلەر كرېدىتى باشقارمىسى، گۇڭشې ـ ئەترەت بوغالتېرلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش باشقارمىسى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى، يېزا ئىگىلىكىگە پۇل بۆلۈپ بېرىش باشقارمىسى، تەپتىش باشقارمىسى تەسىس قىلىش، 115 كارخانا شتاتى قويۇشقا قوشۇلدى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، ئەللىرىنى تاللاپ قەرز بېرىشنى يولغا قويدى. 1 ـ دەرىجىلىك كارخانىلارغا ئالدى بىلەن قەرز بېرىلدى؛ 2 ـ دەرىجىلىك كارخانىلارغا مۇۋاپىق قەرز بېرىلدى؛ 3 ـ دەرىجىلىك كارخانىلارغا قەرز بېرىش قاتتىق ئىگىلەندى. ئىگىلىك باشقۇرۇشدا ئېغىر مەسىلە بارلارغا قەرز بېرىلمىدى.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «بانكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇش جەريانىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى پىكىر» ىگە ئاساسەن، مۇنداق قوشۇمچە پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى: خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، جۇڭگو شۆبە بانكىسى، شۆبە سۇغۇرتا شىركىتىدىن ئىبارەت تۆت ئورۇن بىرلىشىپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بانكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش؛ ھەر دەرىجىلىك بانكىلار مۇشۇ بويىچە ئىش كۆرۈپ بىرلىشىپ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇش كېرەك. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا كىرسە بولىدۇ. ئۇلارغا بانكا كادىرلىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» گە ئاساسەن ئاپتونوم رايوننىڭ بانكا سىستېمىسىدىكى كادىرلارغا بانكا ۋە يەرلىك ئورۇن قوش رەھبەرلىك قىلىش، بانكىنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى شىنجاڭ بويىچە سودا ـ سانائەت كرېدىتى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى كورلا شەھىرىدە ئېچىلدى. يىغىندا جايلاردىكى بانكىلارنىڭ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەش ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىن كېيىن، سودا ـ سانائەت كرېدىتى خىزمىتىدە ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش بېجىرىپ، تۈرتكىلىك ۋە نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا، تاۋار ئوبوروتىغا مەدەت بېرىش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى. سانائەت كرېدىتى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنى قوللاش ئىكەنلىكى تەكىتلەندى.

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى

كەسىپى ئورنىدىن كارخانا ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىلار نازارەت (ئىدارە) دەرىجىلىك ئورۇن قىلىنىپ، باش بانكا ئاساس قىلىنغان قوش رەھبەرلىك يولغا قويۇلىدىغان بولدى.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «يېزىلاردىكى كوللېكتىپ - ئەترەت كارخانىلىرىغا قەرز بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ھەر قايسى بانكىلارغا بۇ چارىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى ئۇقتۇردى.

11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «شەھەر - يېزىلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

11 - ئايدا ياڭ چى، ئابدۇقادىر ئىمىن، جاڭ يۇلەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «نەق پۇل باشقۇرۇش، مائاش فوندى، مۇكاپات فوندىنى چىقىم قىلىشقا نازارەت قىلىشنى ياخشىلاش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

12 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بېرىشتىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش ۋاقىتلىق تۈزۈمىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا بۇ تۈزۈمنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باش بانكىسى ئېلان قىلغان «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز بېرىشنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى» بىلەن بىرلىكتە 1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايوندا ئىجرا قىلىش قارار قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى، خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «يېزا ئىگىلىككە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلنى چىقىم قىلىشقا نازارەت قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇنى 1980 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىش قارار قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭدىكى خەلق بانكىلىرى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىغا خەلق باش بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ كەسىپ دائىرىسىنى ئايرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، بانكىلاردىن «ئادەم كەسىپكە ئەگىشىپ مېڭىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

## 1980 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەن بىلەن جۇڭگو خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى ئەمگەك مائاشىنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن شىنجاڭدىكى خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شتات سانى ۋە مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پىلان كومىتېتى، شتات كومىتېتى، ئەمگەك ئىدارىسى، مالىيە ئىدارىسىدىن ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

شۇ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىدا 1980 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ، پۈتۈنلەي كارخانىچە شتات، كارخانىچە باشقۇرۇش، كارخانىچە تەمىنات يولغا قويۇلۇپ، ئۇنىڭ بارلىق خىراجىتى بانكىنىڭ كەسپىي كىرىمىدىن چىقىم قىلىنىپ، بىر تۇتاش ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەمدە دۆلەتنىڭ ھەم باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىگە ئاساسەن كارخانا فوندى

ئاجرىتىلدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇ كۈنى خەلق ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، بانكا سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ ئۈسكۈنە ئېلىشىغا قەرز پۇل بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشقا دائىر بىر قانچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن، قەرز پۇلنىڭ مۇھلىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولسا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىغا يوللاپ تەستىقلىتىشنى بەلگىلىدى.

1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى قۇرۇلۇش بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامانەت پۇلىدىن پايدىلىنىپ، كىچىك تىپتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز بېرىشنى تەشكىللەشكە باشلىدى.

1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى سانجىدا يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ بويىچە تارماق باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى.

1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە بانكا كادىرلىرى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى 1980 - يىلدىن باشلاپ سودا باشقۇرغان ساناەتكە ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. ئاپتونوم رايوننىڭ قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 3 مىليون يۈەن كۆپەيتىلىپ، ئاساسلىقى سودا باشقۇرغان ساناەتنىڭ ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئېچىش، يېڭىلاش ۋە ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلدى.

2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1980 - يىلدىن باشلاپ، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىلارغا «كرېدىت پەرقىنى تىزگىنلەش چارىسى» نى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش، «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئامانەت جەلپ قىلىش بىلەن قەرز بېرىشنى چېتىش، پەرقىنى تىزگىنلەش» چارىسىنى يولغا قويۇشنى ئۇقتۇردى.

3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكا بۆيرۇپ بەرگەن 275 مىليون يۈەن كرېدىت مەبلىغىنى شىنجاڭدىكى بانكىلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى.

3 - ئاينىڭ 11 - كۈنى قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا، ئاقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكا، شىخەنزە شەھەرلىك تارماق بانكا 1979 - يىلى شەھەرلىك تارماق بانكىلارنىڭ سودا - ساناەت كرېدىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئالغان ئورۇن بولۇپ باھالاندى.

3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى.

3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى جۇڭگو شۆبە بانكىسى جۇڭگو بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «يەرلىكنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنى يەنىمۇ ياخشى بېجىرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن، 1980 - يىلدىن باشلاپ، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل مەبلىغىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، تەستىقلاش بىلەن ئىشلىتىشنى بىرلەشتۈرۈش، تارقىتىش بىلەن يىغىشنى چېتىش، قالدۇقنى تىزگىنلەش، ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىپ، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى قارار قىلدى.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. مەملىكەت بويىچە كرېدىت پىلانىدىكى پەرقلىق سوممىنى تىزگىنلەش ۋە ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي ھېسابات قاتارلىقلارنى ئىسلاھ قىلىش مۇھاكىمە قىلىندى، تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

شۇ ئايدا يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1980 - يىلدىن باشلاپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ يۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ يېڭى كۆپەيگەن قىسمىنىڭ 75 پىرسەنتىنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى كۆپەيتىشكە ئىشلىتىش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايوننىڭ كىرىدىت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ سىناق قىلىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، جۇڭگو شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى رايونىدا تاشقى پېرېۋوت بېلىتى تارقاتتى، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ بۇ بېلەت قەشقەر، خوتەن، غۇلجا، شىخەنزە ۋە تۇرپانلاردا تارقىتىلدى.

4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى گوۋۇيۈەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات»ىنى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا 1980 - يىلدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا «ئامانەت جەلپ قىلىش بىلەن قەرز بېرىشنى چېتىش، پەرقلىق سوممىنى ھۆددىگە ئېلىش» تىن ئىبارەت يېزىلاردىكى گۈڭشې - ئەترەتلەر كىرىدىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك سىناق قىلىش بەلگىلەندى. يېزىلارنىڭ كىرىدىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى 30 نەچچە يىل جەريانىدا تۆت قېتىم ئۆزگەرتىلدى. ئالدىنقى ئۈچ قېتىمدا: 1963 - يىلدىن ئىلگىرى كۆرسەتكۈچ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى؛ 1964 - يىلدىن كېيىن قەرز پۇل فوندىنى مۇقىملاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1971 - يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى ھۆددىگە بېرىش چارىسى بېكىتىلدى. 1981 - يىل 3 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «يېزىلاردىكى كىرىدىتنىڭ پەرقلىق سوممىسىنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇش چارىسى» نى رەسمىي ئېلان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى تاشقى سودا كىرىدىت كەسپىنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1980 - يىلدىن باشلاپ، يەرلىكنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىغا يانداشما خەلق پۇلى مەخسۇس قەرز پۇلى بېرىشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىغا 3 مىليون يۈەنلىك يانداشما خەلق پۇلى قەرز كۆرسەتكۈچى تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرى، ئىش باشقارما مۇدىرلىرى يىغىنى ئېچىپ خەلق ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ «سەككىز سۆزلۈك فاڭجېنى» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرنى داۋاملىق ئېنىقلاپ، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشتىكى «پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش» نى نۇقتىدا سىناق قىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ ئۇزۇن مۇددەت زىيان تارتىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق بانكا سىستېمىسى بويىچە ئەمگەك مۇسابىقىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئەمگەك مۇسابىقىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسىنى ۋە مەخسۇس تۈردىكى تېخنىكىنى تەكشۈرۈشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنىڭ ئۆلچىمىنى مۇزاكىرە قىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق يۇقرالارنىڭ پارچىنى پۈتۈنلەش قەرەللىك پۇل ئامانىتىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە شىركىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇ 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ دۆلەت ئىچىدە سۇغۇرتا كەسپىنى يولغا قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جۇڭگو شۆبە بانكىسىدىن دۆلەت سىرتىدىكى سۇغۇرتا كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ پۇل - مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ۋە تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. يىغىندا «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» تۈزۈلدى، 66 كىشىلىك مۇدىرىيەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى، ئابدۇرېھىم ئۆمەر كېڭەش باشلىقى بولدى. شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى بىرلىشىپ «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش ماتېرىيالى» دېگەن ئىككى ژۇرنال چىقىرىش قارار قىلىندى.

8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسىنى نازارەت - ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ ئۆزگەرتىشنى، كەسپىي خىزمىتىنى باش بانكا باشقۇرۇشنى، پارتىيە خىزمىتى ۋە سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەتنى يەرلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشنى؛ ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىنى كەسپىي ئورۇندىن كارخانا ئورۇنغا ئۆزگەرتىشنى، ئۇلارنىڭ يەنىلا ھەر دەرىجىلىك مالىيە - سودا تارمىقىغا تەۋە بولۇشىنى قارار قىلدى. خەلق شۆبە بانكىسىدا ئىشخانا، كادىرلار باشقارمىسى، ئۇنىۋېرسال باشقارما، بوغالتىرىيە باشقارمىسى، مەركەز پۇل ئاجرىتىش باشقارمىسى، يەرلىك پۇل ئاجرىتىش باشقارمىسى، بىناكارلىق ئىقتىسادىي باشقارمىسى، تېخنىكىلىق تەدبىرلەرگە قەرز بېرىش باشقارمىسىدىن ئىبارەت سەككىز باشقارما - ئىشخانا تەسىس قىلىندى، ۋاقىتىنچە 120 شتات بېكىتىلدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى»غا قوشۇلۇپ، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنى ئاپتونوم رايونلۇق «2 - دەرىجىلىك ئىدارە» دەرىجىلىك ئاپپاراتقا ئۆزگەرتتى. ھەمدە «دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش باش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىشىغا ماقۇل بولدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى جۇڭگو بانكىسى باش بانكىسى «جۇڭگو بانكىسىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرزى بېرىش چارىسى»نى ئېلان قىلدى ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلدى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ بانكا مەكتىپىنىڭ كۆلىمىنى ئەسلىدە بېكىتىلگەن 300 ئوقۇغۇچىدىن 600 گە كېڭەيتىشكە، ئوقۇش مۇددىتىنى ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغا ئۆزگەرتىشكە قوشۇلدى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، سىياسەتنى كەڭ قويۇۋېتىپ، پۇل مۇئامىلىنى جانلاندۇرۇش روھى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. «ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇش، رىقابەتنى قوغداش، بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىپ، بانكىنى ئىقتىسادىي چارە بىلەن باشقۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «يېزىلاردىكى نەق پۇل باشقۇرۇشنى كەڭ قويۇپ بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»غا ئاساسەن، يېزىلاردىكى گۇڭشې، ئەترەتلەر يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بەرگەندە، مەجبۇرىي ئال قىلىش ياكى نەق پۇل ئېلىش ئىختىيارلىقى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى بەلگىلىدى. ئورۇنلار رۇخسەت قىلىنغان يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندا، نەق پۇل ئېلىشقا بولىدىغان بولدى.

10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ باش بانكىسى، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش باش ئىدارىسى «جۇڭگو بانكىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلدى. جايلاردىكى جۇڭگو بانكىلىرى تاشقى پېرېۋوت مۇلازىمەت ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەش خىزمىتىنى بېجىرسە بولىدىغان بولدى. تاشقى پېرېۋوتنى تەڭشەشتە ۋاقىتىنچە ئامېرىكا دوللىرى، ئەنگلىيە فوندستېرلىڭى،

شياڭگاڭ پۇلى ئاساس قىلىندى ھەمدە نەق پۇل بولۇشى شەرت قىلىندى.

**10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى** شىنجاڭدىكى خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى سىستېمىسى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان كەسپىي تېخنىكا مۇسابىقىسى ئاخىرلاشتى. خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىدىن كەلگەن 131 ماھىر بانكا ھېساباتىنى خاتىرىلەش، چوت سوقۇشتا ئۆلچەمگە يېتىش، پۇقرالار پۇل ئامانىتىدە كارتا تۈزۈش، ئامانەت ئۆسۈمىنى ھېسابلاش، تاق بارماق بىلەن پۇل ساناش، ئۈچ بارماق بىلەن پۇل ساناش ۋە ماشىنا ئارقىلىق پۇل ساناش قاتارلىق يەتتە تۈر بويىچە كەسپىي ـ تېخنىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى.

**11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى** دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش باش ئىدارىسى «ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ چەت ئەل پۇلى ھېساب ئېچىشىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ چەت ئەل پۇلى ھېسابىدىكى ئامانەت پۇللارنىڭ ھەممىسىگە چەت ئەل پۇلى ئامانىتى نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاش، ئىلگىرى ئۆسۈم ھېسابلىماسلىق بەلگىلەنگەن، چەت ئەللەر ياردەم بەرگەن، تەقدىم قىلغان پۇل ۋە مالىيەدىن بۆيرۈپ بېرىلگەن تاشقى پېرېۋوت ئامانىتىگە 1980 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئوخشاشلا ئۆسۈم بېرىش بەلگىلەندى.

**11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىغا «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپى قۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نى يوللىدى. يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى 1981 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى بۇ دوكلاتقا قوشۇلۇپ تەستىق سالدى.

**12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ئىدارىسى «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشىدا دۆلەتنىڭ مەمۇرىي دەرىجىلىك مائاش ئۆلچىمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشىدا 1981 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي دەرىجىلىك مائاش ئۆلچىمى يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك بانكا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاش ئۆلچىمى بىلەن ئوخشاش قىلىش بەلگىلەندى.

**12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى** قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش بانكىسى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى.

**شۇ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى خەلق، يېزا ئىگىلىك، جۇڭگو باش بانكىلىرىنىڭ «(ۋاكالىتەن كەسپى) نى ئۆز كەسپىگە كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى، ئۇ 1981 ـ يىلدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى.

**12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى** جۇڭگو بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1981 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھەر قايسى بانكىلارنىڭ يېڭى ئىمپورت ئۈسكۈنىلىرى مەخسۇس قەرز پۇلىنى قايتا تەستىقلىماسلىقىنى، ئەگەر كارخانىلار تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئىشلىتىپ ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلغاندا دۆلەت ئىچىدىكى تامۇژنا بېجىنى، سودا ـ مائالىيەت بىر تۇتاش بېجىنى تۆلەشتە ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بولسا، «يانداشما خەلق پۇلى قەرز پۇلى» دىن ھەل قىلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

**12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى** گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى دۆلەت مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇپ، بىر تۇتاش تىجارەت قىلىش فاڭجېنىنى يولغا قويىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. نىزام 1981 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى.

**12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئوبلاست، ناھىيە، گوڭشېلاردا ئاپپارات تەسىس قىلدى. ئۇلار جەمئىي 2 مىليارد 336 مىليون 660 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، بۇ ئالدىنقى يىلنىڭ

ئوخشاش مەزگىلدىكىگە قارىغاندا %23.8 كۆپ. جەمئىي 2 مىليارد 235 مىليون 30 مىڭ يۈەن قەرز يىغىۋېلىندى، بۇ ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %35 كۆپ بولۇپ، مەبلەغ ئوبوروتى تېزلەشتى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىدا ئىقتىسادىي ھېساباتنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى بېسىپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا 1981 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭدىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىدا ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى. مەبلەغ ئۇيۇشتۇرۇش ئۈنۈمى، مەبلەغ ئىشلىتىش ئۈنۈمى، خىزمەت سۈپىتى، خىراجەت چىقىمى، پايدا قالدۇقى قاتارلىق بەش تۈردىكى ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى تەكشۈرۈش بەلگىلەندى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شۆبە خەق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ۋە مالىيە ئىدارىسى بىرلىكتە، كىچىك تىپتىكى تېخنىكىلىق تەدبىرلەر قەرز پۇلىنى تارقىتىشنى توختىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى بېكىتىش ئەھۋالىنى جەملىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 8182 كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە مەمۇرىي ئورۇندا 5 مىليارد 321 مىليون 920 مىڭ يۈەن كۆچمە مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتى ئېنىقلاندى. زاپىسىدىن ئېشىپ بېسىلىپ قالغان 708 مىليون 560 مىڭ يۈەن ماددىي ئەشيا ئايرىپ چىقىلدى. بۇنىڭدىن %45 نى تەشكىل قىلىدىغان 327 مىليون 890 يۈەنلىك ماددىي ئەشيا بىر تەرەپ قىلىندى. ئىگىلەپ ئىشلىتىلىۋېلىنغان جەمئىي 2 مىليارد 358 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغ، 1 مىليارد 729 مىليون 230 مىڭ يۈەن نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. سانائەت كارخانىلىرى كۆچمە مەبلىغىنىڭ ئوبوروت كۈن سانى 105.7 كۈن بولغانلىقى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى.

## 1981 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى قۇرۇلدى.

شۇ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى شۇ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىدا «توغقان يوقلاش پۇل ئامانىتى» نى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى.

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ۋاڭ يۈسەن، چېن يۈشيا، موسا تۇردىلار قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدى. خىزمەتلەرگە ۋاڭ يۈسەن رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بولدى.

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «پۇلنى خەزىنىلەشتۈرۈش، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى ئازايتىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە بەس - بەس بىلەن 349 مىليون يۈەن پۇل تارقىتىلىپ، 1949 - يىلدىن بۇيان پۇل ئەڭ كۆپ تارقىتىلغان بىر يىل بولۇپ قالدى.

1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆتكەن يىلدىن قېپقالغان ئامانەت پۇلىنى تىزگىنلەش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشى» نى بېسىپ تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا بارلىق ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ھەربىي قىسىملار، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 1980- يىل ئاخىرىدىكى بانكىدىكى ئامانەت پۇلىنى (جۇملىدىن خام چوت سىرتىدىكى مەبلىغىنى) بىردەك تىزگىنلەش، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە يول قويماسلىق بەلگىلەندى.

شۇ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش - تەستىقلاش ھەيئىتى قۇرۇلدى، ياڭ چى ھەيئەت مۇدىرى، ئابدۇرېھىم ئۆمەر مۇئاۋىن مۇدىر بولدى.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە ئۇرۇمچىدە شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا گوۋۇيۈەننىڭ «كرېدىت باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارارى» يەتكۈزۈلدى ۋە ئۆگىنىلدى. شىنجاڭدا پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى تىزگىنلەش مەسىلىسى ئۈستىلىق مۇزاكىرە قىلىندى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ پارتگورۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىدە ئىشخانا، دۆلەت ئىچى سۇغۇرتا كەسپىي بۆلۈمى، دۆلەت سىرتىدىكى سۇغۇرتا كەسپىي بۆلۈمى، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تۆلەم بېرىش بۆلۈمى، پىلان ـ مالىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇزىمۇ شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: بانكىلار يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، قول سانائەت ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بولغان تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، قىس مەھسۇلات ۋە ئېكسپورت مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇش لازىم. ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلىنى ئاساسلىقى، كېمىنى تولۇقلايدىغان، ئېگىز ـ پەسلىرىنى تەڭشەيدىغان، ئىمكان قەدەر شۇ يىلى ئۈنۈم بېرىدىغان، شۇ يىلى مەنپەئەت بېرىدىغان، بازاردىكى سېتىۋېلىش كۈچىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە پۇلنى خەزىنىلەشتۈرۈشتە رول ئوينايدىغان تۈرلەرگە ئىشلىتىش لازىم.

3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «نۆۋەتتە يېزىلاردىكى سودا كرېدىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايوندىكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى سېستىمىسىنىڭ ئامباردا ساقلىنىدىغان تاۋار پىلانىنى 10 مىليون يۈەنگە قىسقارتىشنى قارار قىلدى. جايلاردىكى بانكىلاردىن تاۋارلارنىڭ ئامبار قالدۇقىنى قىسقارتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پائال ماسلىشىپ، پۇلنى كۆپرەك خەزىنىلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىغا «شىنجاڭ سودا نازارىتى سېستىمىسىنىڭ 1981 ـ يىلى ئامبار قالدۇقىنى قىسقارتىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» يوللاپ، ئامبار قالدۇقىنى 62 مىليون يۈەنگە قىسقارتىشنى بەلگىلىدى.

4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا «تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، مەدەنىيەتلىك، ئەدەپلىك بولۇش پائالىيىتىنى كەڭ، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شەنشى، گەنسۇ، شىنجاڭ، چىڭخەي، نىڭشيا شۆبە بانكىلىرى ئۈرۈمچىدە «جۇڭگو خەلق بانكىسى غەربىي شىمال بەش ئۆلكە ئاپتونوم رايوندىكى شۆبە بانكىلارنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىش توغرىسىدىكى كېلىشىمى» ھاسىل قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ بىرلىككە كەلگەن بوغالتىرلىق ھېساب تۈرى بىلەن بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى» نى ئېلان قىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بىردەك يېڭى ھېساب تۈرى يولىغا قويۇلدى.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچىدە پۇقرالار پۇل ئامانىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تور ـ نۇقتىلارنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى تەستىقىنى ۋە مەملىكەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى جۇڭگو بانكىسى باش بانكىسى بىلەن تاشقى سودا مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت نورمىسىنى جۇڭگو بانكىسى تيەنجىن شۆبە بانكىسىنىڭ

ۋاكالىتەن باشقۇرۇشقا ھاۋالە قىلىشتىن جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتتى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا نەق پۇل باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»گە ئاساسەن، يېزا خەلق گۇڭشېلىرى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە يېزىلاردا تۇرۇشلۇق بارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا (جۈملىدىن دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانلىرى) كەسپىي ئورۇنلار، ئىدارىلەر، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، مەكتەپلەر، كوللېكتىپ ئىقتىسادىي ئورۇنلارنىڭ نەق پۇلىنى باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش بانكىسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، «سول» چىللىقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى ئۆز مادارىغا قاراپ ئېلىپ بېرىش، تەرتىپ بىلەن، پەيدىنپەي ئىلگىرىلەش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ باش بانكىسى بىلەن تاشقى سودا مىنىستىرلىكى بىرلىكتە «جۇڭگو بانكىسىنىڭ تاشقى سودا كىرېدىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» (لايىھە) نى بېسىپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا كىرېدىتنى نورمىلىق قەرز پۇل، ۋاقىتلىق قەرز پۇل، مەخسۇس قەرز پۇلدىن ئىبارەت ئۈچ ھېسابقا ئايرىپ، ئايرىم - ئايرىم قەرز پۇل ھېسابى تەسىس قىلىپ باشقۇرۇش، تاشقى سودا قەرز پۇلىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، قەرز پۇل تەستىقلىغاندا ئۇنى كۆرسەتكۈچ ئىچىدە ئىگىلەش بەلگىلەندى.

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «ئىقتىسادىي تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. مۇئاۋىن بانكا باشلىقى ۋاڭ يۈەن ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، يۇڭ توقۇمىچىلىقى، پاختا توقۇمىچىلىقى، تاختا ئەينەك، قولماقچىلىق قاتارلىق 50 نەچچە كەسىپ، مەھسۇلات ۋە ناھىيە باشقۇرغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنى تەكشۈردى.

7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «جۇڭگو بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىنى پىلانلىق باشقۇرۇش چارىسى» (سىناق لايىھە) نى ئېلان قىلىپ، قەرز پۇل تارقىتىشتا بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، قالدۇقنى كونترول قىلىش، ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشنى پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىغا شۇ يىللىق ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە 87 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 30 مىليون 706 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلگەن، بۇ شۇ يىللىق كۆرسەتكۈچنىڭ 89.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ئۈچ يىلدا ھەقىقەتەن قايتۇرۇپ كېتەلمەيدىغان تۈرلەرنىڭ قەرز پۇل مۆھلىتى بەش يىلغا ئۇزارتىلدى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا ئىككى قارار قەرەللىك، نورمىلىق، مۇكاپاتلىق، ئۆسۈملۈك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويۇپ، جەمئىي 5 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئامانەت پۇل جەلب قىلدى.

7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «گۇڭشې، ئەترەت بوغالتىرلىرىنى يېتەكلەش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر قايسى بانكىلاردىن بوغالتىرلارنى يېتەكلەش بۆلۈم، بۆلۈمچىسى ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

8 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «زاۋۇت - كان، كارخانىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئائىلە مال - مۈلكى سۇغۇرتىسى ۋە ۋېلسىپىت سۇغۇرتىسى كەسپىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتى كېيىنكى

يېرىم يىلدا ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە، قۇمۇل، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلاردا بۇ كەسىپنى يولغا قويدى.

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى سانجى، قۇمۇل، قەشقەر، خوتەن، بايىنغولىندىن ئىبارەت بەش ۋىلايەت، ئوبلاستتا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئۆز ۋاقتىدا سىناق قىلدى. ماناس ناھىيىلىك تارماق بانكىدا بۆلۈمچە باشلىقى ۋە تىجارەت پونكىتىنىڭ مۇدىرلىرى دېموكراتىك ئاساستا سايلاپ چىقىلدى. 1982 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كۆپ خىل ئىگىلىكنى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قوللاش تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «بانكا ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى بىلەن سىرتنى تەمىنلەش ۋە ئۇنى ئاشكارا ئېلان قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ پەسىل بويىچە قەرەللىك ئېلان قىلىپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ، بانكا ستاتىستىكا ماتېرىيالىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم سىرتقا ئېلان قىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

10 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق شۆبە ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى «ئۈچتە ئېتىبار بېرىلىدىغان» (ئۆز مەبلىغى، پايدا پىرسەنتى، باھا قوشۇمچە ياردىمىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈردە ئېتىبار بېرىلىدىغان) 50 ناھىيىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ بارلىق قەرز پۇلىغا تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويدى. ئايلىق ئۆسۈمى 3.3‰ قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ يىغىلىپ قالغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى چارىسىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا قايتۇرۇش ئىقتىدارى بارلارنى چىڭ تۇتۇپ ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېلىش، ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بارلارغا مۇددىتىنى ئۇزارتىش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىش ھەمدە باش بانكىنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلىدىغان قەرز پۇل دائىرىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ كۆرۈشكە يوللاش بەلگىلەندى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ، يەككە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسپىگە قەرز بېرىشنىڭ ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا قەرز پۇلنىڭ تۈرى كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى ۋە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنىلەر قەرز پۇلىغا بۆلۈندى.

10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى قۇرۇپ، ئاپتونوم رايون ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋالە بويىچە ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ۋە مەبلەغ سېلىش كەسىپلىرىنى بېجىردى، بۇ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، شەھەرلىك خەلق بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى شىركەت بولدى.

10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش بانكىسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا ئاساسلىقى «ئۈچ بۇرۇلۇش» يەنى ئاساسلىقى مالىيە فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشتىن مالىيە فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بانكا فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىشكە بۇرۇلۇش؛ ئاساسلىقى پىلانغا رىئايە قىلىش، يوچۇقلارنى ئىگىلەش، «تۆت بويىچە» پۇل بۆيرۈش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشتىن مۇقىم مۈلۈكنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىلىش جەريانىنى باشقۇرۇپ، دىققەت - ئېتىبارنى مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە قارىتىشقا بۇرۇلۇش؛ ئاساسلىقى پۇل بۆيرۈشتىن ھەم پۇل بۆيرۈشنى ياخشى باشقۇرۇش، ھەم قەرز پۇلنى ياخشى باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇش مۇزاكىرە قىلىندى.

11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ باش بانكىسى جۇڭگو بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ كرېدىت كارتىسى كەسپىنى يولغا قويۇشىغا قوشۇلدى.

11 - ئاينىڭ 18 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايون بويىچە 4568 كارخانىنىڭ 1980 - يىللىق ئاساسلىق مەبلەغ كۆرسەتكۈچى جەملىمە جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە زىيان تارتقان كارخانا 1111 بولۇپ، يىل ئاخىرىدىكى مۇقىم مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى 4 مىليارد 549 مىليون 700 مىڭ يۈەن؛ بارلىق كۆچمە مەبلەغ 6 مىليارد 312 مىليون 370 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە كۆچمە مەبلەغكە بېرىلگەن قەرز پۇل 2 مىليارد 202 مىليون 670 مىڭ يۈەن؛ نورمىلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ يىل ئاخىرىدا ئىگىلىگىنى 4 مىليارد 892 مىليون 310 مىڭ يۈەن، پايدا ئومۇمىي سوممىسى 281 مىليون 930 مىڭ يۈەن.

11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى زىيالىي ياشلارنىڭ كوللېكتىپ سانائىتىنىڭ كۆچمە مەبلىغى ۋە ئۈسكۈنىلىرىگە بەرگەن قەرز پۇلغا 3 - پەسىلدىن باشلاپ ئايلىق ئۆسۈمنى 3% قىلىپ ئېتىبار بېرىشنى، ئىلگىرى كۆپ ئېلىنغانلىرىنى قايتۇرماسلىقنى بەلگىلىدى.

شۇ ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە 1981 - يىلى بەرگەن ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇللىرىنى جەملەپ چىقتى. يېڭىدىن يارىتىلغان مەھسۇلات قىممىتى 59 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن كۆپەيگەن پايدىسى 12 مىليون 977 مىڭ يۈەنگە، يېڭىدىن قوشۇلغان باج سوممىسى 3 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شۇ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى، مەملىكەتلىك بانكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە «1980 - يىللىق مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى قىزىل بايراقدار ئورۇن ۋە پۇل مۇئامىلە قىزىل بايراقدارلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. شىنجاڭ بانكا سىستېمىسىدىن پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى تۆت قىزىل بايراقدار ئورۇن، 11 پۇل مۇئامىلە قىزىل بايراقدارى تەقدىرلەندى.

## 1982 - يىل

1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «نۆۋەتتە ھاۋالە كەسپىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر» گە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا تۈرلۈك ھاۋالە كەسپىنى قانات يايدۇرۇشنى، بۇ ئىشنى پۇل ئاجرىتىش تارماقلىرى باشقۇرۇشنى ئۇقتۇردى.

1 - ئاينىڭ 13 - كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتى ۋە خەلق باش بانكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى تارماق بانكىسىغا 21 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بەردى. (15 مىليون 500 مىڭ يۈەنى «خوڭچىيەنچى» ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا، 6 مىليون يۈەنى تۆز كۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىغا ئاتاپ بېرىلدى).

1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يېزا پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى قۇرۇلدى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ بىن كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى، خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى باش بانكىلىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ «ۋاكالىتەن بېجىرىلىدىغان كەسىپلەر» نى ئۆز كەسپىگە كىرگۈزۈشنى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى.

2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش بانكىلىرى كەسپىي خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ مالىيە ۋە بانكىدىن ئىبارەت قوش فۇنكسىيىسىنى جارى قىلدۇرۇشى، بايلىق يارىتىش، بايلىق توپلاش، بايلىق ئىشلىتىش يوللىرىغا ئەھمىيەت بېرىشى، مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى تەكىتلەندى. مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ قىلمىشلارنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ۋە توسۇش، ئاساسىي

قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش تەلەپ قىلىندى.

**3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى** يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باش بانكىسى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى 1981 - يىللىق ئىقتىسادىي دېلو ئەھۋالى توغرىسىدىكى جەدۋەلنى تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭدا يۈز بەرگەن دېلو 159، ئۇنىڭ سوممىسى جەمئىي 447 مىڭ 553 يۈەن. بۇنىڭدىن 90 دېلودىكى زاڭ مال قايتۇرۇلغان. ئۇنىڭ سوممىسى 209 مىڭ 479 يۈەن.

**3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى** 1981 - يىل 1 - ئايدىن 1982 - يىل 2 - ئايغىچە ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا ئالتە خىيانەتچىلىك دېلوسى يۈز بەرگەن. بۇنىڭ ئىچىدە 1000 يۈەندىن كۆپ خىيانەت قىلغىنى تۆت دېلو.

**3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى** شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىنىڭ كەسپىي تېخنىكا مۇسابىقىسى ئاخىرلاشتى. 179 ئادەم بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق، پۇقرالار پۇل ئامانىتى، سانائەت كرېدىتى، سودا كرېدىتى ۋە ستاتىستىكىدىن ئىبارەت ئالتە كەسىپ تۈرى بويىچە مۇسابىقىگە قاتناشتى.

**3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى. 148 ماھىر بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق قاتارلىق كەسىپلەردە 12 تۈر بويىچە مۇسابىقىلەشتى.

**3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى جۇڭگو بانكىسىنىڭ خەلقئارا ھاۋالە پۇلىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ئۇ، سىرتقا قارىتا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى ھاۋالە پۇلى دەپ ئاتالدى.

**4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە «بانكىنىڭ 700 مىليون يۈەن مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، 6 - بەش يىللىق پىلاننىڭ كېيىنكى ئۈچ يىلىدا، نورمال كۆپەيتىپ بېرىلگەن ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىنىڭ سىرتىدا، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىدىن يەنە 200 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ بېرىشنى، ئۇنى باشقۇرۇشقا خەلق شۆبە بانكىسى مەسئۇل بولۇشنى بېكىتتى. قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىدە ئېتىبار بېرىلدى. ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچ لىدىن ھېسابلىنىپ، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى.

**شۇ ئايدا** ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، سۇغۇرتا خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**5 - ئاينىڭ 7 - كۈنى** شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋەكىللەر ئەترىتى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىنىڭ كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسىدە 4 - لىككە ئېرىشتى.

**5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى** جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى، پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئابدۇرېھىم ئۆمەر كېسەل سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى.

**5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ «پۇلنى خەزىنىلەشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ياخشى ئىشلەش ۋە پۇلنىڭ تارقىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

**5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك بانكىلاردىن بۇ يىل تارقىتىلغان قەرز پۇللارنى ئومۇميۈزلۈك بىر قېتىم تەكشۈرۈشنى، مەسىلە كۆپرەك بانكا، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنى ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشكە ۋە كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، «يېزىلاردىكى پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» نى تارقىتىپ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە، يېزىلاردىكى پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنى پىلانلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا تۈركۈم ۋە مۇددەتكە بۆلۈپ ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىشنى تەلەپ قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا «بىرلەشمە گورۇپپا تەشكىللەپ ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا بېرىپ، كەسپىي تېخنىكا ئالماشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتناشقان ماھىرلاردىن ئۈچ بىرلەشمە گورۇپپا تەشكىل قىلىپ، جەنۇبىي، شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭلارغا بېرىپ تېخنىكا ئالماشتۇرۇش قارار قىلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا سۇ ئىنشائاتلىرىغا مەبلەغ سېلىشتا ئاۋۋال قەرز بېرىپ، كېيىن تولۇقلاش توختىمى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق قىلىپ يولغا قويدى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا «ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا كەسپىي ـ تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 1983 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە باھالاش ـ تەكشۈرۈش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى، باش بانكىنىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشى ئارقىلىق، ئىقتىسادچىدىن 67 كىشى، بوغالتىردىن 21 كىشى، ياردەمچى ئىقتىسادچىدىن 137 كىشى، ياردەمچى بوغالتىردىن 66 كىشى، ياردەمچى ستاتىستىكچىدىن ئىككى كىشى باھالاپ بېكىتىلدى، ئالىي ئىقتىسادچىدىن ئىككى كىشى باش بانكىغا يوللاندى.

7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشى ئارقىلىق «1978 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى ئېنىقلاشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى» نى تارقاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى يىغىنى ئاچتى. 10 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە بانكا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى مائارىپى يىغىنى ئېچىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى.

8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى سىناق قىلىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. باش بانكىدىكى مەملىكەتلىك بانكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى رەھبەرلىك گورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ليۇيۇجياڭ يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىنجاڭدىن ئىبارەت غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ ھەمكارلىق يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. باش بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇخەنرۇڭ مەخسۇس كېلىپ يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا بەش ئۆلكە ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى. شىنجاڭ شۆبە بانكىسى يىغىنغا «ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرەيلى» دېگەن ماتېرىيالىنى سۇندى.

8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇش يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا «ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ نىزامنامىسى» ماقۇللاندى، كېڭەش ئارقىلىق كېڭەش سايلاپ چىقىلدى، يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى، «شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنىدىغان بولدى.

**شۇ كۈنى** شىنجاڭ خەلق بانكىسى سىستېمىسى بويىچە ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئەھۋالىدىن دوكلات قىلىش يىغىنى ئاخىرلاشتى.

**8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى بانكىلارغا «كرېدىت، نەق پۇل، ھېساب باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

**9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى تورغات، قورغاستىكى ئىككى شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنىنى قايتا قۇرۇپ، جۇڭگو بانكىسىنىڭ كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىشنى قارار قىلدى. بۇلار ئىچكى جەھەتتە خەلق بانكىسىنىڭ شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، سىرتقا قارىتا جۇڭگو بانكىسىنىڭ تورغات ئىش بېجىرىش ئورنى، قورغاس ئىش بېجىرىش ئورنى دەپ ئاتالدى.

**9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى** شۆبە يېزا ئىگىلىك بانكىسى «ئىقتىسادىي دېلولاردىكى بانكا، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىغا چېتىلىدىغان زاڭ پۇل، زاڭ ماللارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

**9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى 1983 ـ يىلدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىغان «كرېدىت كىرىم ـ چىقىم پىلانىنى تۈزۈش چارىسى» (سىناق نۇسخىسى) نى ئىجرا قىلىپ، پەيدىنپەي كرېدىت كىرىم ـ چىقىم پىلانى تۈزۈشنى يولغا قويدى.

**9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا ئاپتونوم رايون بويىچە بەش ھاۋالە مەبلەغ ئورنى قۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ مەخسۇس خادىمى 18 گە، مەبلىغى 1 مىليارد 285 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يەتكەن، جەمئىي 213 تۈرگە 52 مىليون 458 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان. بانكىدىكى ئامانەت پۇلى 75 مىليون 571 مىڭ يۈەنگە، پايدىسى 324 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

**10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى** جۇڭگو خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى فى قاتارلىق بەش كىشى شىنجاڭغا كېلىپ خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى. ئۇلار ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، خوتەن، شىخەنزە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ھەمدە تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئەھۋالىنى شۆبە بانكىلارغا ئۇقتۇرۇش قىلدى.

**10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە تۇنجى قارار ئىقتىسادىي ئۇچۇرچىلارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئاچتى. بۇنىڭغا مەخسۇس ئىقتىسادىي ئۇچۇرچىدىن 44 كىشى قاتناشتى.

**10 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى** يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىخەنزە شەھەرلىك تارماق بانكىسىدىكى لى شىۋاڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۆسۈمىنى ھېسابلايدىغان ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ بۇيرۇق ئارقىلىق مۇكاپاتلىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭغا «ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى قىزىل بايراقدار» دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى. 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تەنگە ئېلىندى. شۆبە بانكا ئۇنىڭغا 400 يۈەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش مۇكاپاتى بەردى ھەمدە ئۇنىڭ مائاش بىر دەرىجە ئۆستۈرۈلدى.

**11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى بىرلىكتە، باھاسى بىر قەدەر يۇقىرى، ئامبار قالدۇقى بىر قەدەر كۆپ، سېتىلىشى ئاستا بىر قىسىم چىدامسىز ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىشتا «مالنى ئالدىن بېرىش، پۇلنى مۇددەتكە بۆلۈپ ئېلىش» نى يولغا قويۇش، قەرەللى ئۆزارتىلىپ يىغىۋېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ ئۆسۈمىنى مال ساتقۇچى ئورۇن ئۈستىگە ئېلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

**11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «كۈندىلىك ئۇششاق تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا ئەھۋالغا قاراپ تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بېرىپ يار ـ يۆلەك بولۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا ئېتىبار بېرىلىدىغان ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە يەنە 20%

ھۆشيارلاش، ئۈنى 4 ـ پەسلدە ئۆسۈمنى بۇنقاندا ئىجرا قىلىش كۆرسىتىلگەن. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بۇ ئۇقتۇرۇشنى 1983 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يەنە جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تارقىتىپ بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «كارخانىلارنىڭ پىلانلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇنىڭدا ئىككى بانكىنىڭ كەسىپ دائىرىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جۇڭگو شۆبە بانكىسى ۋە سودا نازارىتى كۆۋزىيۈەننىڭ «مۇھاجىرلار پېرېۋوتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مۇھاجىرلار پېرېۋوتى ئازلاپ كەتكەن ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»ىنىڭ روھىغا ئاساسەن، جايلارنىڭ مەخسۇس دۇكان ياكى مەخسۇس پوكەي تەسىس قىلىپ مۇھاجىرلار پېرېۋوتىغا تاۋار تەمىنلەشنى بەلگىلىدى. ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا شەھەرلىرىدە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ماگىزىنى تەسىس قىلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا مۇھاجىرلار پېرېۋوتى بىلىتىگە قوي گۆشى ياكى تىرىك قوي سېتىۋېلىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. مۇھاجىرلار پېرېۋوتىغا بېرىلىدىغان تاۋارلاردا ئېتىبار باھا يولغا قويۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جۇڭگو شۆبە بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى باش بانكىسىغا شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن سودا قىلىشتا تەييارلىق قىلىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق: جۇڭگو تەرەپتىن جەنۇبىي شىنجاڭدا تورغات، شىمالىي شىنجاڭدا قورغاس چېگرا ئېغىزلىرى ئېچىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ ئىمپورت كەسپى ئۈرۈمچىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ پۈتۈنلەي بېجىرىلىدۇ. ئېكسپورت كەسپىدە ئىككى چېگرا ئېغىزىدا تالون تەكشۈرۈلۈپ، پېرېۋوت راسچوتى ئۈرۈمچىدە بېجىرىلىدۇ، راسچوت ئۇسۇلىدا ئېكسپورتتا دەرھال پۇل تۆلىنىدۇ. ئىمپورتتا ھاۋالە كىرىم، ئېتىراپلىق چىقىم قىلىنىدۇ، دەپ بېكىتىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭدا ئالتۇن بۇيۇملارنى ئىچكى جەھەتتە سېتىش ئىسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۈنەر ـ سەنئەت مۇلازىمەت شىركىتى مۇلازىمەت بۆلۈمى سېتىش ئورنى قىلىپ تەستىقلانغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر كادىرلار مەكتىپى ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ كورلا كادىرلار مەكتىپى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى شۆبە قۇرۇلۇش بانكىسى يۇقىرىغا «نۆۋەتتە ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ۋە پۇل بۆيرۈشنى نازارەت قىلىشتا ساقلانغان بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا» دېگەن دوكلاتنى يوللاپ، ئاپتونوم رايوندا ھەممە نۆۋەتتىكى مەبلەغنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا چېچىلىدىغانلىقىنى، كۆلەمنى تىزگىنلەش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەق ئېلىنىدىغان ناملار بەك كۆپ بولۇپ، قۇرۇلۇش باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى، مەمۇرىي ئارىلىشىش كۆپ، تەرتىپ بويىچە ئىش بېجىرىش ئازلىقىنى ئىنكاس قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «كېيىنلوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە پۇل بۆيرۈپ بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى»، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلىدىغان كارخانىلارغا دۆلەت بۆيرۈپ بەرگەن كۆچمە مەبلەغدىن ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققى تاپشۇرۇشنى سىناق قىلىش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. بۇ چارىلەر ئاپتونوم رايونىمىزدا 1983 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ساتقۇچى تەرەپ كرېدىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى ھەمدە قەرز بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى سوممىنىڭ 10 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى بەلگىلىدى.

شۇ ئايدا سوغۇرتا شۆبە شىركىتى شىنجاڭ چوڭ خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش

قۇرۇلۇشنى سۇغۇرتىلاشنى (دۆلەت سىرتىدىكى كەسپى) ھۆددىگە ئالدى. سۇغۇرتىلاش سوممىسى 360 مىليون يۈەن، سۇغۇرتىلاش ھەققى كىرىمى 1 مىليون يۈەن بولدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە 28 ئىلغار كوللېكتىپ، 216 ئىلغار شەخس، پۇل - مۇئامىلە بويىچە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 12 قىزىل بايراقدار ئورۇن، 29 قىزىل بايراقدار باھالاپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىن پۇل مۇئامىلە بويىچە مەملىكەتلىك يەتتە قىزىل بايراقدار ئورۇن، بەش قىزىل بايراقدار، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 20 قىزىل بايراقدار ئورۇن، 32 قىزىل بايراقدار باھالاپ چىقىلدى.

شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا گۈڭشې - ئەترەت بوغالتىرلىرىنى يېتەكلەش خىزمىتى خۇلاسە قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ خىزمەتنىڭ تۈگىگەنلىكى جاكارلاندى. 1983 - يىلدىن ئېتىبارەن يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا باشلاپ، 1984 - يىلى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بولدى.

## 1983 - يىل

1 - ئاينىڭ 19 - كۈنى باش بانكا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىنى قۇردى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن شۆبە قۇرۇلۇش بانكىسى بىرلىكتە «ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تىزگىنلەپ، 1983 - يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

شۇ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ھېساب ئېچىشى، ئۆزى تەييارلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئامانەت قويۇش ۋە ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

شۇ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش بانكىلىرى خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ سۇ ئىنشائاتى، خىمىيىۋى ئوغۇت، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، يەن - تېخنىكا، ئوقۇتۇش قاتارلىق نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى تېزلىتىپ، ئۈسكۈنە يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش سۇرئىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەكىتلەندى. پىلاندىن سىرت ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلەرنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسى سىستېمىسى بويىچە تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ پۇل مۇئامىلە مەخسۇس كۇرسى ئاچتى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا پۈتۈن شىنجاڭغا يۈزلەندى.

3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايوننىڭ 1982 - يىلدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىكى ئاساسىي ئامىللار مۇنداق يەكۈنلەندى: بىرىنچى، ئۆزى جۇغلىغان مەبلەغ تىزگىنلەنگەن دائىرىدىن 12.25% ئېشىپ كەتكەن؛ ئىككىنچى، خەلق بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بەرگەن قەرز پۇلى ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتكەن؛ ئۈچىنچى، مالىيىنىڭ ۋە باشقا بانكىلارنىڭ سالغان مەبلىغى 2.97 ھەسسە كۆپەيگەن.

3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ قوش ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە (نۇقتىلىق ئائىلە) لەرگە قەرز بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى مۇنۇ بەلگىلىمىلەرنى قوشۇمچە قىلدى: (1) قەرز

پۇلىنى ئەستىقلاش ھوقۇقى چېكىنى ئايرىش؛ (2) قوش ھۆددىگەر ئالىلە، كەسپىي ئائىلە (ئۇقتىلىق ئائىلە) لەرگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنىسى دەپ ئايرىمايلا، ۋاقتىنچە ئۆت دەرىجىگە بۆلۈش؛ (3) قەرز پۇل كېلىشىمى تۈزۈمىنى يولغا قويۇش.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى پۇل مۇئامىلە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە شەرەپ گۇۋاھنامىسى بېرىشنى قارار قىلدى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى 1983 - يىللىق ئۈچۈر خىزمىتىنى يەكۈنلىدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. مۇشۇ يىلدا تاپشۇرۇۋېلىنغان ئۈچۈر 6188، تارقىتىلغان ئۈچۈر 499 بولۇپ، بۇنىڭدىن قايتۇرما ئۈنۈم بەرگىنى 128 گە يەتتى. ھەمدە مەھسۇلات، كارخانا، ساھەلەر بويىچە تۈرگە ئايرىپ ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ پايدىدىن پىرسەنت ئايرىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقاتقانلىق توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

شۇ كۈنى گوۋۇيۈەن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتقاندا، قۇرۇلۇش بانكىسىنى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدىغان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ئىقتىسادىي تەشكىلاتىغا، ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىقلارغا مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرىدىغان دۆلەت كەسپىي بانكىسىغا ئۆزگەرتىش لازىم دەپ كۆرسەتتى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قەشقەر كادىرلار مەكتىپىنى قۇردى؛ 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى.

شۇ ئايدا شىنجاڭ بويىچە سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، مەملىكەتلىك سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ۋەزىپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنى كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىدىن ھەل قىلسا بولىدۇ، دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى تېلېۋىزىيە داشۆسى پۇل مۇئامىلە سىنىپى ئاچتى، شۇ يىلى 154 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى.

شۇ ئايدا سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ توخۇ بېقىش سۇغۇرتىسى ۋە نەشپۈت مەھسۇلاتى سۇغۇرتىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. سىناق قىلغاندىن كېيىن سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1984 - يىل 5 - ئايدا بۇغداي خامىنى ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى، نەشپۈت مەھسۇلاتى سۇغۇرتىسى ۋە توخۇ بېقىش سۇغۇرتىسىنى سىناق قىلىش ماددىلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تارقىتىپ بەردى.

6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسىدە شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى خىزمەت پونكىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى. 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە داشۆسىدە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى خىزمەت پونكىتى قۇرۇشنى تەستىقلىدى.

6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى كەسپىي تېخنىكا مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى، 47 ماھىر چوت سوقۇش، ھېساب خاتىرىلەش، ئۆسۈم ھېسابلاش، ئوردىر قاتارلىق ئالتە تۈردىكى مۇسابىقىگە قاتناشتى. يەككە تۈرلەر بويىچە 14 مۇنەۋۋەر ماھىر، ھەممە تۈر بويىچە بەش مۇنەۋۋەر ماھىر باھالاپ چىقىلدى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايون گوۋۇيۈەنىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، تۈرلۈك خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغدىن ۋە شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ باجدىن كېيىنكى پايدىسىدىن ئېلىنىدىغان

ئېنېرگىيە ـ قاتناش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى مەبلىغى نىسبىتىنى %10 دىن %15 كە ئۆستۈردى.

**7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى توقسۇننىڭ تەرەققىيات خاراكتېرلىك قەرز پۇلىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، بانكا كرېدىتىنى ئىگىلىگەندە ھەر بىر ھېساباتتىكى قەرز پۇل 5000 يۈەن بولۇش، ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ 10 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك، %60 تىن يۇقىرى ئۆزى توپلىغان مەبلەغ بولۇشى كېرەك دەپ قارار قىلدى.

**7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى** جۇڭگو شۆبە بانكىسى «شىنجاڭنىڭ (ئا)، خىل ھېساباتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىش كەسپى، راسچوت قىلىش ئۇسۇلى، مەشغۇلات قائىدىسى ۋە بۇغالتىرلىق ھېسابات رەسمىيىتى» نى تۈزۈپ چىقتى.

**شۇ ئايدا** ياڭ چى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى، ۋېي شېڭخۇڭ، جاڭ يۈ، ئابلىز موللايوپلار مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

**شۇ ئايدا** سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ بانكىدىكى باشقا سۇغۇرتا ئامانەت پۇلىنى ئامانەت پۇلنىڭ ئومۇمىي تەييارلىق سوممىسى ئامانەت ھېسابى، جاۋابكارلىقى ئادا بولمىغان تەييارلىق سوممىسى ئامانەت ھېسابى، قەرەلسىز ئامانەت ھېسابىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامانەت ھېسابىغا بۆلۈپ ئامانەت قويۇشنى بەلگىلىدى.

**شۇ ئايدا** مەملىكەتلىك بانكا سىستېمىسى بويىچە ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىنىڭ ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىسى چېڭدېدا ئۆتكۈزۈلدى. خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ئەرلەر ۋاسكېتبول كوماندىسى 5 ـ لىككە ئېرىشتى. كېيىن غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە ـ ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدە ئەرلەر كوماندىسى چېمپىيون، ئاياللار كوماندىسى 3 ـ بولدى.

**8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا گوۋۇيۈەننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن بانكا، مالىيە، كارخانىلار بىرلىكتە كارخانىنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى تاپشۇرۇش ـ تاپشۇرۇۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ قىلىندى.

**8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى** قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە خىزمەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا باش بانكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قۇرۇلۇش بانكىسى خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى قۇرۇلۇش قىلىش باسقۇچىدىكى پۇل ئاجرىتىشقا نازارەت قىلىشتىن قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمىتى ۋە تۈرلەر قۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگىچە ئۇزارتىش، نۇقتىلىق ئورۇنلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، زاۋۇتتا تۇرۇپ ياكى نەق مەيدانغا بېرىپ ئىش بېجىرىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

**8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى** سېمىتنىياز يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى، پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رېن تىڭگۇي، ۋاڭ مېڭيۇ، سۇيۇڭرۇيلەر مۇئاۋىن باشلىقى بولدى.

**9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ «پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، پۇلنىڭ خەزىنىلىشىشىنى ئاكتىپ تەشكىللەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»ىغا ئاساسەن، ھەر قايسى بانكىلاردىن مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنى تىزگىنلەپ، كرېدىت ئارقىلىق خەزىنىلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش، نەق پۇل باشقۇرۇشنى چىڭىتىشنى تەلەپ قىلدى.

**8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنى باشقۇرىدىغان تارماقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

**8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى «پايدىدىن پىرسەنت ئايرىلغان مەبلەغلەرنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى تارقاتتى.

8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى بانكىلارغا «شىنجاڭ خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا ئاساسىي قاتلام بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشنى تېزلىتىش ھەققىدە، پىكىر ۋە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئۆلچىمى» نى بېسىپ تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «زىيالىيلارنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاپ بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن، زىيالىيلار سىياسىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈردى.

9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر دەرىجىلىك بانكىلاردىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بېرىلىدىغان قەرزنى قەتئىي ھالدا دۆلەت پىلانىدا كونترول قىلىنغان سان بويىچە بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئېشىپ كەتكەن بولسا ئاساسلىق مەسئۇل بولغان بانكا باشلىقىنىڭ مەسئۇلىيىتى سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ياپونىيىدىكى ھەر قايسى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ بېيجىڭدىكى ۋەكىللەر باشقارمىسى، ئالاقىلىشىش باشقارمىسىدا تۇرۇشلۇق باش ۋەكىلى، ئالاقىچىسى ۋە ياپونىيىنىڭ جۇڭگودىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي مەسلىھەتچىسى قاتارلىق 20 كىشىدىن تەركىب تاپقان تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بېيجىڭغا قايتتى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گوۋۇيۈەن «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. ئۇنىڭدا مۇنداق كۆرسىتىلدى: نۆۋەتتىكى پۇل كۆپ تەرەپتىن باشقۇرۇلىدىغان، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى تارقاق بولغان ھالەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشنى، سودا - سانائەت كرېدىتى ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى قوشۇمچە بېجىرمەسلىكىنى، كرېدىت مەبلىغىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇشنى ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ماكرولۇق ئىقتىسادىي تەدبىرگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشنى قارار قىلدى.

9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى 106 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلدى. كۆۋەيتتىن 40 مىليون يۈەن قەرز ئېلىندى. بۇ پۇللار شىنجاڭ خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ 300 مىڭ توننىلىق بىرىكمە ئاممىياك قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى.

شۇ كۈنى گوۋۇيۈەن «ئاساسىي قۇرۇلۇشتىن باج ئېلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش بېجى پۈتۈنلەي مەركەز مالىيىسىگە تاپشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش بېجىنى قۇرۇلۇش بانكىسى ۋاكالىتەن ئالىدىغان بولدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ باج ئېلىندى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرنى تەكشۈرۈش سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. باش بانكا ئۇچۇرنى ساھەلەر بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ خۇلاسىلاشنى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىغا ھاۋالە قىلدى.

10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىنىڭ يېزا كرېدىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. نىڭشيا، گەنسۇ، چىڭخەي، شەنشى شۆبە بانكىلىرى تەكلىپكە بىنائەن ۋەكىل ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى.

10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، خەلق بانكىسى ۋە سودا - سانائەت بانكىلىرىنىڭ ئايرىم ئاپپارات تەسىس قىلىش ۋە مەبلەغ، ھېسابات، ستاتىستىكا قاتارلىق كەسىپلەرنى ئايرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

شۇ كۈنى خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى يېمەكلىك، قوشۇمچە يېمەكلىك تىجارىتى قىلىدىغان ۋە باشقا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى توپ تارقىتىش، پارچە سېتىش بىلەن

شۇغۇللىنىدىغان سودا كارخانىلىرىغا پۇل قەرز بەرگەندە ئۆسۈمدە ئېتىبار بېرىشنى يولغا قويدى.

**12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى** ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەركەزنىڭ قارارى بويىچە، جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسى ۋە جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنى ئايرىم تەسىس قىلىشقا، سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىنى 2 ـ دەرىجىلىك ئىدارە قىلىپ ئاپپاراتلىرىنى ئايرىم تەسىس قىلىشقا قوشۇلدى.

**شۇ يىلى** پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى پارتىيىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، پائال ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. خەلق شۆبە بانكىسى شۇ يىللىق كىرىمدىن كىرىم ـ چىقىمنى ئاساسىي جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇردى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ساقلانغان پەرق ئۈزۈلۈكسىز كېڭىيىش ھالىتىنى ئۆزگەرتتى. جۇڭگو شۆبە بانكىسى 61 دۆلەت ۋە رايوندىكى 337 بانكىنىڭ شۆبە، تارماق ئاپپاراتلىرى بىلەن بىۋاسىتە ۋاكالەتچى بانكا مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

**شۇ يىلى** قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىندى. ۋاڭ يۇسەن شۆبە بانكىنىڭ باشلىقى، چېن يۈشا، مۇسا تۇردىلار مۇئاۋىن باشلىقى، چېن يۈشا شۆبە بانكا پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ۋاڭ يۇسەن مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇسا تۇردى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولدى.

## 1984 ـ يىل

**1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى** شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى «جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى قوشۇپ ئېسىپ، بىر يۈرۈش ئاپپارات، ئىككى خىل ۋىۋىسكا بولۇش، مەبلەغنى ئايرىش، ئىككى يۈرۈش ھېسابات قىلىشتەك ئۆتكۈنچى چارىلەرنى قوللىنىپ، سودا ـ سانائەت بانكىسىنى ئايرىم تەسىس قىلىشقا تەييارلىق قىلدى.

**شۇ كۈنى** دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسى جۇڭگو شۆبە بانكىسىدىن ئايرىلىپ چىقتى، ئۇنىڭغا خەلق شۆبە بانكىسى رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى.

**شۇ كۈنى** جۇڭگو شۆبە بانكىسى خەلق شۆبە بانكىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى پېرېۋوت كەسپىي بانكا ئاپپاراتى ۋە نازارەت ـ ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇن بولدى. جىن دايېڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتور (مۇئاۋىن بانكا باشلىقى)، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، جاڭ شياگىزى مۇئاۋىن باش دىرېكتور (مۇئاۋىن بانكا باشلىقى)، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، تۇرسۇن ھۈسەيىن مۇئاۋىن باش دىرېكتور (مۇئاۋىن بانكا باشلىقى) بولدى.

**1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى، يىغىندا مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈش ۋە ئايرىم سودا ـ سانائەت بانكىسى تەسىس قىلىش مەسىلىسى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىندى. يىغىندا شىنجاڭدىكى بانكا خىزمىتىنىڭ يېتەكچى قائىدىسى ۋە توپ چىقىش نۇقتىسى دۆلەت كىرىمى ـ چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭلىشىشىغا ۋە پۇلنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا، بانكىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئامال قىلىپ شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇش ئىكەنلىكى تەكىتلەپ كۆرسىتىلدى.

**1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى** خەلق باش بانكىسى، سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى

كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ساپ پاختا رەخت، تور پاختىنى نېسى سېتىپ بېرىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شىنجاڭدا نېسى سېتىپ بېرىلىدىغان ئادەم سانى 650 مىڭ بىلەن تىزگىنلەندى. ھەر بىر ئادەمگە سېتىپ بېرىلىدىغان پاختا ئون جىڭ، ساپ پاختا رەخت 70 چى بولۇپ، سوممىسى 54 يۈەن ئىچىدە تىزگىنلەندى. قەرز قالغان پۇللارنى يىغىۋېلىشتىن ئىلگىرى، بانكا ناھىيە دەرىجىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان شىركەتلەرگە ئۆسۈمسىز قەرز بېرىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 19 مىليون 453 مىڭ يۈەنلىك ساپ پاختا رەخت 20 مىليون 506 مىڭ يۈەنلىك پاختا نېسى سېتىپ بېرىلدى.

2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق شۆبە بەنكىسى ھەر قايسى بانكىلارغا «ئىلمە توقۇلما بۇيۇملارنى يۆتكەپ كىرىشنى قاتتىق تىزگىنلەش ۋە ئىلمە توقۇلما بۇيۇملارنى سېتىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە خىزمەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى؛ نۇقتىلىق تۈرلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تىزگىنلەش، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى قوللاش، قۇرۇلۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش، مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى.

شۇ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى «ئامانەت قويۇش بىلەن قەرز بېرىش بىرلەشتۈرۈلگەن شەخسىي ئىستېمال ھېسابىدىكى ئاز سوممىلىق قەرز پۇل كەسپىنى يولغا قويۇشنى سىناق قىلىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا، خوتەن شەھەرلىك تارماق بانكىلار بۇ كەسپنى ئالدى بىلەن يولغا قويدى.

3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ دوكلاتىغا تەستىق سېلىپ خەلق شۆبە بانكىسىدا ئىشخانا، پىلان، بوغالتىرلىق مۇپەتتىشى، سانائەت كرېدىتى، سودا كرېدىتى، يوقىرالار پۇل ئامانىتى، ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرى، تەشۋىقات ـ مائارىپ، رېۋىزىيە، قوغداش، مەمۇرىيەت قاتارلىق باشقارما، ئىشخانىلار ۋە پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ بانكا مەكتىپى، دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ كەسپىي ئىشخانىسىنى قۇرۇشقا قوشۇلدى.

3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇش لايىھىسى» نى بېسىپ تارقاتتى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: ئەزالار ۋە كوللېكتىپنىڭ پېيىنى كېڭەيتىش، خەلق باشقۇرۇشىدىكى ئامىللارنى كۈچەيتىش، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، ئامىمىنىڭ نازارىتىنى كۈچەيتىش؛ كەسپنى جانلاندۇرۇپ، خەلق ئىچىدىكى قەرز ئېلىش ـ قەرز بېرىشنىڭ رولىنى تەدرىجىي جارى قىلدۇرۇش؛ مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويۇپ، پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولۇش؛ تىجارەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى.

3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدا تۈرلۈك مېتال، ئېلېكتر سايمانلىرى، خىمىيىۋى بۇيۇملارنى توپ تارقىتىش، تىنىمسىز دورا سېتىپ بېرىشنىڭ باھانى چۈشۈرۈپ، كېرەكسىز قىلىپ تارتقان زىيىنىنى بانكا قەرز پۇلىدىن كۆتۈرۈۋېتىش، كېمەيتىۋېتىش ئەھۋالىنى مەلۇم قىلدى. تۈرلۈك مېتال، ئېلېكتر سايمانلىرى، خىمىيىۋى بۇيۇملار توپ تارقىتىشدا كۆتۈرۈۋېتىلگەن، كېمەيتىلگەن ئۆز كۈچىمە مەبلىغى 6 مىليون 61 مىڭ يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 1 مىليون 354 مىڭ يۈەن؛

تىببىي دورا سىستېمىسىنىڭ كۆتۈرۈۋېتىلگەن، كېمەيتىلگەن ئۆز كۆچمە مەبلىغى 3 مىليون 382 مىڭ يۈەن بولغان.

**شۇ كۈنى** يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارقاتقان ئاشلىق قەرز پۇلىنىڭ (ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچ لىدىن ھېسابلىنىدىغان قىسمىنىڭ) پايدا پەرقىگە بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم مۇشۇ ئۆسۈم ھېسابلاش يىلىدىن باشلاپ ئېيىغا ئۈچ لى ئۆسۈم ئېلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

**شۇ كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تەرەققىيات مەبلىغى توپلاپ، ئىشلىتىش، باشقۇرۇش چارىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا 1 - ئايدىن باشلاپ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تەرەققىيات فوندى تۇرغۇزۇش، ئۇنى ئاساسلىقى ئەقىل يۆلەقىنى ئېچىشقا مەبلەغ سېلىشقا ئىشلىتىش قارار قىلىندى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ شۇ يىللىق ساپ پايدىسىدىن ئاجرىتىلىدىغان بولدى.

4 - ئاينىڭ 21 - **كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن ئۆچتە ئېتىبار بېرىلىدىغان (ئۆز مەبلىغى، پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش، باھا قوشۇمچە ياردىمىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە ئېتىبار بېرىلىدىغان) ناھىيىلەرگە داۋاملىق تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن ئېتىبار بەردى.

4 - ئاينىڭ 24 - **كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، دېھقانچىلىق نازارىتى، مالىيە نازارىتى بىرلىكتە «گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىغا يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» (لايىھە) نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا توختام تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش، دۆلەت پرىنسىپ جەھەتتە ھەقلىق يار - يۆلەك بولۇش بەلگىلەندى. 1984 - يىلى گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىغا يار - يۆلەك بولۇش مەبلىغى كۆرسەتكۈچى 7 مىليون يۈەن بولدى.

**شۇ ئايدا** سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى «شەخسلەرنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى سۇغۇرتىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى ھەم ئۇرۇمچى تۆمۈريول ئىدارىسى بىلەن بىرلىشىپ «دۆلەت ئىچىدىكى يۈك ترانسپورتى سۇغۇرتىسىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى.

5 - ئاينىڭ 5 - **كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە پىلان، بوغالتىر بۆلۈم باشلىقلىرى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا، يېزا ئىگىلىك بانكىسى سىستېمىسىنىڭ خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشىدىكى بىر قانچە كونكرېت مەسىلە ھەققىدە ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش مەسىلىسى ئاساسلىق مۇھاكىمە قىلىندى ھەمدە ئۇنىڭغا قوشۇپ «قوشۇمچە بەلگىلىمە» تارقىتىلىپ، شىنجاڭدا 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن يۈرۈپ ئىجرا قىلىش قارار قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 16 - **كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «مىچۈەن ناھىيىلىك ئامانەت - قەرز بىرلەشمە كوپېراتىپى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەستىق» نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتى بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ مۇدىرلىقىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇش ھەيئىتىگە قاتناشقان مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە ئۆتەيدىغانلىقى، ناھىيىلىك تارماق بانكىغا ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ ۋۇيۇسكىسى قوشۇپ ئېسىلىدىغانلىقى، كونكرېت خىزمەتلەرنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بۆلۈمچىسى بېجىرىدىغانلىقى، ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە ئەمەسلىكى كۆرسىتىلگەن.

5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مەملىكەتلىك بانكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش» ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كىتاب ئوقۇش ـ نۇتۇق سۆزلەش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرىدە ۋە بانكا مەكتەپلىرىدە نۇتۇق سۆزلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مەملىكەتلىك بانكا سىستېمىسىنىڭ «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش» كىتاب ئوقۇش ـ نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدە، شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدىن بىر ئادەم 1 ـ دەرىجىلىك، بىر ئادەم 2 ـ دەرىجىلىك، ئىككى ئادەم 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى ياڭ چى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى.

شۇ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ «ئامانەت ـ قەرز ھېسابىنى ئايرىغان» سودا كارخانىلىرىغا ئۆسۈمدە ئېتىبار بېرىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇ ئايدا سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى قەشقەردە سۇغۇرتا خىزمىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «كۆپ يوللار بىلەن، كەڭ كۆلەمدە ۋاكالىتەن بېجىرىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ھەممە ناھىيىدە ۋاكالىتەن بېجىرىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ شىنجاڭدىكى شۆبە، تارماق بانكىلىرى، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى دۆلەت ئىچىدىكى ئاھالىلەرنىڭ قەرەللىك چەت ئەل پۇلى ئامانىتى كەسپىنى يولغا قويدى.

7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسىنىڭ مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدا شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشتىكى ۋەزىپىسى، ئاپپاراتلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئالاقىلىشىش يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىش، ھەر قايسى پۇل ـ مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر بەلگىلەندى.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا %30 ئامانەت پۇل تەييارلىق سوممىسى تاپشۇرۇشنى ئۇقتۇرۇش قىلدى.

شۇ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە» نى 1984 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشقا تارقاتتى.

8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ئاساسىي قاتلام بانكىلارنى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئۆلچىمىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى» نى تۈزۈپ چىقتى. 1984 ـ يىل 12 ـ ئايغا كەلگەندە 87 بانكا ئۆلچەم بويىچە لاياقەتلىك بولۇپ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىندى ھەمدە ئۇلارغا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «ئاشلىقنىڭ پىلان سىرتىدا سېتىۋېلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» ۋە «تەكسە باھاسىدىكى ئاشلىقنى كېلىشىم باھادا سېتىشقا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇنىڭدا سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنگەن ياكى شۇ جايدا تەكسە باھاسىدا سېتىۋېلىنىپ كېلىشىم باھادا سېتىشقا ئۆزگەرتىلگەن ئاشلىقتا بانكىدا كېلىشىم

باھالىق ئاشلىق، ياغ قەرز پۇلى بېرىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەكشى باھاسىدىكى ئاشلىق، ياغ قەرز پۇلىنى قايتۇرۇش بەلگىلەندى.

**8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى** مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ بىناكارلىق ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. باش بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇ خەنرۇڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەمدە سۆز قىلدى. يىغىندا قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ بىناكارلىق ئىقتىسادىنى باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

**8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا باش بانكىنىڭ ئىسلاھات توغرىسىدىكى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى؛ شىنجاڭ خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈش ۋە سودا ـ سانائەت بانكىسىنى ئايرىم تەسىس قىلىش توغرىسىدىكى كونكرېت لايىھەسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى ماقۇللاندى. 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى بانكىلارغا «شىنجاڭ خەلق بانكىسى، شىنجاڭ سودا سانائەت بانكىسى ئاپپاراتلىرىنى ئايرىم تەسىس قىلىش، مال ـ مۈلۈك، مالىيىنى ئايرىشتا يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپ»نى بېسىپ تارقاتتى. 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشى ۋە سودا ـ سانائەت بانكىسىنى ئايرىم تەسىس قىلىش توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ بۇ خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى تەلەپ قىلىنغان.

**شۇ كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىغا ئۆسۈمى قوشۇپ بېرىلىدىغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى بېرىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

**8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، يېزا ئىگىلىك بانكا خىزمىتى ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ جىنشى يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى.

**9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا «ئەمگەك ـ كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا كادىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، ئەمگەك ـ پىلان باشقۇرۇش، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى جازالاش، مۇكاپاتلاش، ئۇلارنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق تۈزۈملەرگە دائىر ئىسلاھات تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ ئىجرا قىلىشى تەلەپ قىلىندى.

**9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى** قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش تارماق بانكا باشلىقلىرى، ئىش بېجىرىش ئورنى مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا ئىسلاھاتنىڭ يادروسى سېلىنىدىغان مەبلەغنى ھەقلىق ئىشلىتىش، مەبلەغ سېلىشنى ھۆددىگە ئېلىش، مەبلەغ سېلىشتا خېرىدار چاقىرىشتىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتتە بىرلەشتۈرۈلگەن يۈرۈشلەشمە ئىسلاھات ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىدىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ پىلان ئىچىدىكى مەبلەغنى، بولۇپمۇ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇش، چوڭ تەرەپتىن ياخشى باشقۇرۇش، كىچىك تەرەپتىن جانلاندۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

**9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى 18 شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ سودا ـ سانائەت كرېدىتى خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك

تارماق بانكىسىنىڭ «تەڭرىتاغ» رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، سايباغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، كورلا شەھەرلىك تارماق بانكىدىن ئىبارەت تۆت ئىلغار ئورۇننى باھالاپ چىقتى.

9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «بىناكارلىق كەسپى ۋە ئاساسىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشقا ئالاقىدار بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» چىقىرىپ، دۆلەت مەبلەغ سالغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە، مەبلەغنى ھەقلىق ئىشلىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، مالىيەدىن پۇل يۆتكەپ بېرىشنى بانكىدىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىشنى، قەرز پۇلدا پەرقلىق ئۆسۈم نىسبىتىنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى.

شۇ ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى سىيەتىنياز باش بانكىنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە فرانسىيەگە تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتكە باردى.

10 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى ئېلان قىلغان «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارنى مۇكاپاتلاش تىزامى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى ۋە بانكىلارنىڭ شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى توقسۇندا يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ تەرەققىيات خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ۋە كەسپىي ئائىلىلەرنى قوللاش جەھەتتىكى كرېدىت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىندا شىنجاڭ بويىچە 30 نەچچە تارماق بانكا، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈرلۈك كەسپىي ئائىلىلەرنى قوللاش ۋە تەرەققىيات خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىشنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى.

شۇ ئايدا سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ شەھەرلەردىكى يەككە ئىگىلىككە قەرز بېرىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا شەھەرلەردىكى قانۇنغا بويسۇنىدىغان يەككە تىجارەتچىلەر ۋە كەسپىي ئائىلىلەر شۇ يەردىكى سودا ـ سانائەت بانكىلىرىدىن قەرز بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى 1984 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغ پىلانىدىن ئىگىلىگەن سوممىسىنى تەكشۈرۈش خۇلاسىسىنى يۇقىرىغا يوللىدى. جەمئىي تەكشۈرۈلگەن مەركەزنىڭ، ئاپتونوم رايوننىڭ، يەرلىكنىڭ كارخانىلىرى 902، ئۇنىڭ مەبلىغى 1 مىليارد 578 مىليون 230 مىڭ يۈەن، 1983 ـ يىلغا قارىغاندا ئىگىلىگەن سوممىسى مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ 11.8%، ئاپتونوم رايوننىڭ 8.6% ۋە يەرلىك كارخانىلارنىڭ 3.7% كۆپەيگەن.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ خوتەن مەركىزىي تارماق بانكىسى خوتەن ۋىلايىتىدىكى نىيە، چىرا ناھىيىلىك تارماق بانكىلارنىڭ 1982 ـ يىلدىن 1983 ـ يىل 5 ـ ئايغا قەدەر ئارقا ـ ئارقىدىن 80 قېتىم 1.352 گىرام ساختا كېپەك ئالتۇن كىرگۈزگەنلىكىنى، ئۇنىڭغا 67 مىڭ 798.01 يۈەن چىقىم قىلىنغانلىقىنى دوكلات قىلدى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلق بانكىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە جۇڭگو شۆبە بانكىلىرى بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە بانكا كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەملىكەتلىك بانكا كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. شىنجاڭدا يېڭى كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئىجرا قىلىشنىڭ كونكرېت چارىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. يىغىندا 1985 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇشتا «بىر تۇتاش پىلان تۈزۈش، مەبلەغلەرنى ئايرىش، ئەمەلىي قەرز بېرىش، ئەمەلىي ئامانەت قويۇش، ئۆز ئارا

يۈرۈشلەشتۈرۈش» چارىسىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى.

شۇ ئايدا سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى باش شىركەتنىڭ «سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مۇقىم مۈلكىگە مەبلەغ سېلىشنى باشقۇرۇش چارىسى توغرىسىدا» (سىناق نۇسخىسى) ئۇقتۇرۇشنى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ گوۋۇيۈەننىڭ «مالىيە چىقىمىنى قاتتىق تىزگىنلەش ۋە پۇلنىڭ خەزىنىلىشىنى زور كۈچ بىلەن تەشكىللەش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرىنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. ئۇنىڭ ۋاقتى 15 كۈن بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «سىياسەتنى كەڭ قويۇپ بېرىپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يېزىلاردىكى سودا ـ سانائەت كرېدىتى خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىش پىكرى» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ ھەمدە قوشۇمچە ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ ھاۋالە بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئۇ، ھاۋالە كەسپىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان فۇنكسىيىلىك تارماق بولۇپ، سىرتقا قارىتا ھاۋالە، ۋاكالەتچىلىك، ئىجارە ۋە مەسلىھەتچىلىك قاتارلىق كەسپلەرنى بېجىرىدىغان بولدى.

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسى بىلەن جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى تارماق بانكىسى بىرلىكتە ئۈرۈمچى رايونىدىكى مۇھاجىرلار پېرېۋوت ھېسابى ئاچقانلار ۋەكىللىرىنىڭ 1985 ـ يىللىق يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى ۋېي شىخۇڭنى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، قوشۇمچە دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، جۇيۈەنجىي، ئەمەت ھاشىم، گۇدېشىڭلارنى مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى.

شۇ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا تۇنجى قېتىم قەرز پەرقى كۆرۈلدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى بانكا، شىركەتلەر پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى.

شۇ يىلى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ھاۋالە كەسپى خېلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە سەككىز بانكىدا ھاۋالە ئاپپاراتى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا مەبلەغ مەنبەسى 29 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە، ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 25 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە، يىللىق پايدا 237 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 1985 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشكە باشلىدى، ئىلگىرى بېجىرىپ كەلگەن سودا ـ سانائەت كرېدىتى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى خادىملىرى بىلەن قوشۇپ سودا ـ سانائەت بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

شۇ كۈنى جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى قۇرۇلدى. جاڭ يۈ بانكا باشلىقى،

ئاپلىز مولدايوپ، دۇلاڭ شۇنچىڭلەر مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى.

شۇ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى ئىلگىرى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان مەركىزىي تارماق بانكىلار 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىغا ئۆزگەرتىلدى. ئىلگىرى ناھىيە، شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان تارماق بانكىلار ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپپاراتلارنىڭ ھەممىسى سودا - سانائەت بانكىسىغا ئايرىپ بېرىلدى. خەلق بانكىسى دېگەن ۋىۋىسكا ساقلاپ قېلىندى.

شۇ كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش بانكىسى ئېلان قىلغان «دۆلەتنىڭ خام چوتى ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغلەرنىڭ ھەممىسىنى پۇل بۆلۈپ بېرىشتىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى.

1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى تارماق بانكىسىغا ئۆزىنىڭ تاشقى پېرېۋوت نورمىلىق ھېسابى ئېچىشنى، 1984 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە «ئۈچ خىل مەبلەغ» كارخانىلىرى جۇڭگو بانكىسىغا سېتىپ بەرگەن تاشقى پېرېۋوتنى شۆبە ئىدارىسىنىڭ تاشقى پېرېۋوت نورمىلىق ھېسابىغا خاتىرىلەپ، ئۇنى ساقلاپ قېلىشنى ئۇقتۇردى.

شۇ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «يېزىلاردا پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى قەرز پۇلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە سودا - سانائەت كرېدىتى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. يىغىندا «جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ سودا كرېدىتى ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى» ، «جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ سودا، مۇلازىمەت كەسپى قەرز پۇلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىنى يولغا قويۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» مۇزاكىرە قىلىندى.

1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىسى يەككە ئىگىلىك رەنىلىك قەرز پۇلىنى يولغا قويدى، مۇشۇ شەھەردىكى سودا - سانائەت بانكىلىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى تارمىقى ئامانەت قويغۇچىلارغا كېسىپ بەرگەن «توپ قويۇپ، توپ ئالىدىغان قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى چېكى» رەنە بۇيۇمى قىلىنىدىغان بولدى.

1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى خەلق بانكىسىنىڭ «سودا پېرېۋوت چېكىنى ئېتىراپ قىلىش، دېسكونت قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر تۇرۇشلۇق ناھىيە، شەھەرلىك تارماق بانكىلارنىڭ سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىشنى تەلەپ قىلدى.

1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئۆزىگە قاراشلىق بانكىلارغا «شىنجاڭدىكى بىر قانچە بانكا كادىرلار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن كۇرسانتلارنىڭ مائاش تەمىناتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا ئۈرۈمچى كادىرلار مەكتىپى، قەشقەر كادىرلار مەكتىپى، ئىلى كادىرلار مەكتىپى، غەربىي شىمال بانكا مەكتىپى، غەربىي شىمال مالىيە - پۇل مۇئامىلە تېخنىكومىنىڭ بانكا سىنىپىنى ۋە 1964 - يىلىدىكى كادىرلارنى تەربىيىلەش سىنىپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا ئوتتۇرا تېخنىكوم بويىچە مۇئامىلە قىلىش بەلگىلەندى.

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ يېزىلاردا يەككە سودا - سانائەتچىلەرگە قەرز پۇل بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى

كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

شۇ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق - بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى، سۇغۇرتا باش شىركىتىنىڭ «يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مالىيە ئىشلىرى سۇغۇرتىسىنى پائال قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىدىكى پاي چېكى، زايوم ئارقىلىق مەبلەغ جۇغلاشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىجتىمائىي مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن «پاي چېكى تارقىتىشنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى بېسىپ تارقىتىپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەر قايسى بانكىلار ۋە كەسپىي بانكىلارنىڭ، شۇنىڭدەك ئالاقىدار نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ «ئاشلىق پېرېۋوتىنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ئاھۋالىنى ئېنىقلاش، تەكشۈرۈش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى، شىنجاڭ ئاشلىق پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى، ئىقتىساد - سودا نازارىتى ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ئاشلىق پېرېۋوت ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

2 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى «سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئاشلىق قەرز پۇلى كەسپىنى باشقۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ناھىيىدىن يۇقىرى ئاشلىق سىستېمىسىغا قاراشلىق سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئامانەت قويۇش، قەرز ئېلىش كەسپىنى سودا - سانائەت بانكىسى باشقۇرۇش، ئاساسىي قاتلام ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش پونكىتلىرىنىڭ ئامانەت قويۇش، قەرز ئېلىش كەسپىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى باشقۇرۇشنى بەلگىلىدى.

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1984 - يىللىق ھاۋالە كەسپى فوندى پايدىسى ئىچىدىن %5 ئاجرىتىپ، باش بانكا بۆلۈپ بەرگەن كرېدىت فوندى قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «ۋاكالىتەن قەرز پۇل تارقىتىشنى ئۆزىنىڭ تىجارەت كەسپىگە ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ كرېدىتىنى ۋە بىڭتۇەن تۇرۇشلۇق جايدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كرېدىتىنى ۋاكالىتەن تارقىتىشنى ئۆزىنىڭ تىجارەت كەسپىگە ئۆزگەرتتى.

3 - ئاينىڭ 6 - كۈنى مالىيە نازارىتى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، يېزا - بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى بىرلىكتە «يېزا - بازار كارخانىلىرى بانكىدىن ئالغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى ئۈچۈن مالىيىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىشنى سىناق قىلىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ ھاۋالە بۆلۈمى بىڭتۇەن ھەمكارلىق باش كوپېراتىپىغا ۋاكالىتەن 1 - قارارلىق 20 مىليون يۈەن پاي چېكىنى تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ باشلىقىنى ۋە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ مۇدىرلىرىنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلاشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى گوۋۇيۈەن تاشقى سودا مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ «ئېكسپورت قىلىنغان تاۋارلار تاشقى پېرېۋوتىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا 1985 - يىلدىن باشلاپ، ئېكسپورت قىلىنغان تاۋاردىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوتنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ نىسبىتى بويىچە پىرسەنت قالدۇرۇش، ئۇنىڭ 50 پىرسەنتىنى شىنجاڭغا قالدۇرۇپ ئېتىبار بېرىش بەلگىلەندى.

شۇ ئايدا سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى «سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى.

4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى تۇنجى قېتىم شىنجاڭ بويىچە تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ۋە كادىرلار ئىشلىرى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مائارىپ، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش قاتارلىق كەسپىي يىغىنلارنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. 1985 - يىللىق كرېدىت پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈردى.

4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى گوۋۇيۈەننىڭ «پۇل قەرز ئېلىش توختىمى نىزامىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىنى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك خەلق بانكىلىرى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىلىرى (باشقارمىلىرى) نىڭ شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت بانكىلىرى، خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىگە «ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو شۆبە بانكىسىنىڭ خەلقئارا ماۋالە مەسلىھەتچىلىك بۆلۈمى 1979 - يىل 11 - ئايدا جىلىڭ ×× نىڭ شياڭگاڭدىكى مىراسى (يەر - زېمىن) نى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش دېلوسىنى قوبۇل قىلدى. ئەگرى - توقاي خىزمەتلەر ئارقىلىق، ئاخىرى شياڭگاڭ - ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئېلىپ ئىشلەتكەن ئۈچ پارچە يەرنىڭ قىسمەن تۆلەم پۇلى ئۈچۈن 804 مىڭ 197 شياڭگاڭ دوللىرى — خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 298 مىڭ يۈەن پۇل قايتۇرۇۋېلىندى.

4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە بىنستىپىسىدا پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسىنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئۈزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىپ، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى تەھرىر ھەيئىتى قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارمىقىدا تەھرىر ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ تۇنجى سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسىنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى.

4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «ماۋالە قەرز پۇلىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، بانكىلارنىڭ ماۋالە كەسپىدە «ماۋالە، ۋاكالەتچىلىك، ئىجارە، مەسلىھەتچىلىك» تىن ئىبارەت تۆت سۆزلۈك فاڭجېننى ئاساس قىلىشنى بەلگىلىدى.

4 - ئاينىڭ 21 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ «سودا پېرېۋوت چېكىنى ئېتىراپ قىلىش، دېسكونت قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» ۋە «سودا پېرېۋوت چېكىنى ئېتىراپ قىلىش، دېسكونت قىلىش جەھەتتىكى بوغالتىرلىق ھېسابات رەسمىيىتى» ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە بەلگىلىمىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى گوۋۇيۈەن 1985 - يىللىق يەرلىكنىڭ ۋە تارماقلارنىڭ ئىمپورت پىلانىغا

ئىشلىتىلىدىغان ئۆز تاشقى پېرېۋوتى مىقدارىنى چۈشۈردى. شىنجاڭدا 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بېرىلدى.

**4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى** يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باش بانكىسى مەملىكەت بويىچە شۆبە بانكىلارغا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بوغالتىرلىق قانۇنى» دىكى بوغالتىر خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. ئۇقتۇرۇشتا 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بوغالتىرلىققا مەسئۇل خادىملارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ـ ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشتا يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش بەلگىلەندى.

**4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «يېزىلاردىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى تارقاتقان قەرز پۇلنىڭ تىرىلماس ھېساب زىيىنىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا زىياننى مەلۇم قىلىش دائىرىسى، بىر تەرەپ قىلىش پرىنسىپى ۋە بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى بەلگىلەندى ھەمدە تىرىلماس ھېساب زىيىنىنى بىر تەرەپ قىلىش چەك ـ چېگرىسى توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

**5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەكشۈرۈش ئۆمىكىنى تەشكىل قىلىپ، ياپونىيە، ئامېرىكىلارغا تەكشۈرۈشكە باردى. بۇ ئۆمەكلەرنىڭ باشلىقلىقىنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ياڭ چى، ۋېي شېڭخۇڭلار ئۈستىگە ئالدى.

**5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ مېڭيۇ يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى تەكشۈرۈش ئۆمىكى بىلەن بىرلىكتە يۇگوسلاۋىيىگە تەكشۈرۈش ۋە زىيارەتكە باردى.

**5 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى تەرەققىيات خاراكتېرلىك تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز ئۆسۈم نىسبىتىنى ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنىلەر قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە %20 تۆۋەن لەيلىتىپ ھېسابلاش، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى ئايلىق ئۆسۈمى ‰3 بويىچە ھېسابلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

**5 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى** يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنى ئېچىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدىكى كرېدىت مەبلىغى ئەھۋالىنى ئانالىز قىلدى، قەرز پۇل كۆلىمىنى تىزگىنلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇزاكىرە قىلدى.

**شۇ كۈنى** خەلق شۆبە بانكىسى 1985 ـ يىللىق دۆلەت خەزىنە چېكىنى تۆنجى قېتىم دىسكونت قىلىش چارىسىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا دىسكونت قىلىش پەقەت شەخسلەر سېتىۋالغان 1985 ـ يىلى تارقىتىلغان دۆلەت خازىنە چېكى بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

**5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى** سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى خىزمىتى يىغىنى ئاخىرلاشتى.

**6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى** جۇڭگو شۆبە بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىغا كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا نورمىلىق ئوبوروت قەرز پۇلى، ۋاقىتلىق قەرز پۇل، ئېكسپورتتا كېپىللىك قىلىنغان قەرز پۇل، ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت قەرز پۇلى، چەك ـ ھۆججەت رەنىگە قويۇلغان قەرز پۇل، قەرەلسىز ئامانەت ھېسابىدىن ئوتكول قىلىش ۋە مەخسۇس فوند قەرز پۇلىنى قەرز ئالغان ئورۇننىڭ تىجارەت پائالىيىتى جەريانىدىكى كۆچمە مەبلەغ ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى مەخسۇس تور بويىچە باشقۇرۇشنى قارار قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مەركىزىي ئارماق بانكا باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى. يىغىندا مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى. قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ ئىسلاھات ـ قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇپ، پۇل بۇيرۇپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش؛ كرېدىت مەبلىغىنى جۇغلاش ۋە ئوبدان باشقۇرۇش، جانلىق ئىشلىتىش؛ سېلىنغان مەبلەغ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش؛ بىناكارلىق ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، بىناكارلىق ئىسلاھاتىنى قوللاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش؛ دۆلەت پىلانىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن مۇۋاپىق تەمىنلەش قاتارلىق بەش خىل خىزمەت ۋەزىپىسى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق، سودا ـ سانائەت، يېزا ئىگىلىك، قۇرۇلۇش، جۇڭگو شۆبە بانكىلىرى، سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىدىن 219 ئادەمگە شەرەپ مېدالى ۋە شەرەپ گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەردى.

شۇ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى تەشكىللىگەن قەرز پۇلنى 30% لىك نىسبەت بويىچە بانكىغا تەييارلىق فوندى تاپشۇرۇشنى؛ ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىغا مەدەت بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى قاتتىق تىزگىنلەشنى؛ چوڭ كەسپىي ئائىلىلەر قەرز پۇلى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى قەرز پۇلى ۋە يىل ئاتلاپ كەتكەن قەرز پۇلنى مۇۋاپىق تىزگىنلەشنى قەيت قىلدى.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش مەسئۇلىيەتنامىسى» نى بېسىپ تارقىتىپ، بانكا باشلىقلىرى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

شۇ كۈنى خەلق، سودا ـ سانائەت، يېزا ئىگىلىك، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىلىرى باش بانكىنىڭ «پىلان سىرتىدىكى مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش قەرز پۇلىنى تىزگىنلەشكە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭنى ئېكىسكۇرسىيە، زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئاۋستىرالىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالدى.

6 ـ 28 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «1984 ـ يىللىق ئىلغار كارخانىلار ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. بۇنىڭ ئىچىدە سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسىدىن ئىككى ئىلغار كارخانا، ئۈچ ئىلغار شەخس، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدىن ئىككى ئىلغار كارخانا، ئىككى ئىلغار شەخس، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىدىن بىر ئىلغار كارخانا، بىر ئىلغار شەخس تەقدىرلەندى.

شۇ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت قەرز پۇلى ۋە ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دەرىجىسىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇ ئايدا سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسى تۇنجى قېتىملىق خەلق پۇل ئامانىتى كەسپىي يىغىنى ئاچتى.

شۇ كۈنى سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «كوللېكتىپ سودا كارخانىلىرىنىڭ كرېدىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا كوللېكتىپ سودا كرېدىتى

خىزمىتىنىڭ فاڭجېنى، سىياسىتى، پرىنسىپلىرى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى.

شۇ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، خەلق بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى بىرلىكتە «ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆزى جۇغلىغان مەبلەغنى چوقۇم قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇپ، ئۇلارنىڭ نازارەت قىلىشى، باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىن كېيىن قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇلغان ئۆزى جۇغلىغان مەبلەغنى شۇ يىلدا ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «سىرتقا كېپىللىك خېتىنى كېسىشنى ئىگىلەش توغرىسىدىكى پرىنسىپلار» نى ئېلان قىلدى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى ھەر قېتىملىق سوممىسى 3 مىليون يۈەندىن ئېشىپ كەتمەيدىغان كېپىللىك خېتى كېسىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى.

7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا، تۆۋەندە قەرز ئېلىپ، يۇقىرىغا ئاغدۇرۇش، ۋاقىتلىق قەرز پۇلنى بېجىرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ۋاقىتلىق قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئاشلىق، ياغلىق دان، پاختىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈر بىلەنلا چەكلەندى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىغا شىنجاڭ بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلمايدىغان 389 ئاساسىي قاتلام ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش پونكىتلىرىغا قەرز پۇل بېرىش كەسپى 1985 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ سودا - سانائەت بانكىسىدىن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەنلىكىنى، ئۇ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئۆز كەسپى بولغانلىقىنى مەلۇم قىلدى.

7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى نېفىت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ چوڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىغا تۆت يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا جەمئىي 119 مىليون 650 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئۆز ۋاقتىدا پۈتۈپ، ماشىنىلارنىڭ سىناق قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

8 - ئاينىڭ 5 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 17 ئىلغار ئورۇن، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى ئون ئىلغار خىزمەتچىنى تەقدىرلىدى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىدە ھاۋالە مەسلىھەتچىلىك شىركىتى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى باش بانكىسىنىڭ باشلىقى خەن لېي شىنجاڭغا كېلىپ سەككىز ۋىلايەتتىكى 25 ناھىيەدە ئىقتىساد ۋە يېزا پۇل مۇئامىلىسى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

شۇ ئايدا سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە ناھىيە، شەھەرلىك تارماق بانكىلاردا نورمىلىق، قەرەللىك، مۇكاپاتلىق، ئۆسۈملۈك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويۇپ، 2 مىليون ئائىلىدىن 40 مىليون يۈەن ئامانەت توپلاشنى قارار قىلدى.

9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كېرەكلىك بۇيۇملار ئىقتىسادىي ئۇچۇر تورىنى تەشكىللىدى.

9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى 2 - نۆۋەتلىك كېڭەش يىغىنى ئېچىپ، «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى خىزمەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتى» ۋە «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» نى ماقۇللىدى، 2 - نۆۋەتلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خەلق، سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىلىرى بىرلىكتە كەسپىي، تېخنىكا مۇسابىقىسى چوڭ يىغىنى ئاچتى. مۇسابىقىگە 231 ماھىر قاتنىشىپ، 69 ئادەم (قېتىم) ھەممىگە قادىر ئەلا مۇكاپاتقا ئېرىشتى، توققۇز تۈردە 28 ئادەم (قېتىم) ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى.

9 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق چوڭلار مائارىپى ئىدارىسى بەش بانكا، بىر شىركەتنىڭ «پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى بويىچە ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلىدى.

9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «‹پۇل مۇئامىلە كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىجازەتنامىسى› نى تارقىتىشقا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ شۇ بويىچە ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ـ قاتناش، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ـ سېتىش كارخانىلىرىنىڭ 1985 ـ يىللىق مەبلەغلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالىنى خۇلاسىلىدى. قەرز ئالغان جەمئىي 422 ئورۇننىڭ مەبلىغى تەكشۈرۈلۈپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن كۆچمە مەبلەغنىڭ پىلاندا ئىگىلىگەن مىقدارى 1 مىليارد 710 مىليون 390 مىڭ يۈەن، بانكا قەرز پۇلى 767 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولدى.

9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى خەلق، سودا ـ سانائەت، يېزا ئىگىلىك، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىلىرى باش بانكىنىڭ «نەق پۇل باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، نەق پۇل باشقۇرۇش چارىسى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىشنى، نەق پۇل باشقۇرۇشنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلۇپ، 41 ئادەم كېڭەش ئەزالىقىغا، توققۇز ئادەم دائىمىي كېڭەش ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى.

10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسى «ھاۋالە قەرز پۇلىنى داۋاملىق تارقىتىشنى، مۇقىم مۇلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى قەتئىي مەنئى قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىدا ئوبوروت قىلىنىدىغان خاتىرە پۇلى تارقاتتى. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق سارىيىنىڭ، ئارقا تەرىپىگە مول ھوسۇلنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

شۇ كۈنى سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، «ھاۋالە كەسپىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا يىغىن» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەشكىلىي ئاپپارات، كەسىپ دائىرىسى، پىلان بويىچە باشقۇرۇش، رەسمىيەت ھەققى ۋە ۋاكالەتەن يىغىش ھەققى قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «مائاش فوندىنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ، جايلار ۋە تارماقلاردىن ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

شۇ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى بانكىلارغا «باش خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە بەرگەن خاتىرە پۇلنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. باش بانكا پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى رې چاڭ ۋە كادىرلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى سۇن رۇڭشىنلار خەلق باش بانكىسى پارتگورۇپپىسىغا

ۋە باش بانكا ئورگىنىدىكى بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ۋاكالىتەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەر بىرىگە خاتىرە ئۈچۈن بەش يۈەنلىك نىكىل تەڭگە ئوبوروت خاتىرە پۇلى تەقدىم قىلدى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خەلق قۇرۇلۇش شۆبە بانكىلىرى بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش بانكىلىرى كىرىدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كىرىدىت كىرىم - چىقىمىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كىرىدىت پىلانىغا كىرگۈزۈش، ئىلگىرىكى كىرىدىت كىرىم - چىقىم پەرقىنى دۆلەت كىرىدىت پىلانىغا كىرگۈزۈشتەك ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش؛ ئىلگىرىكى كىرىدىت كۆرسەتكۈچىنى قاتلاممۇ قاتلام تەستىقلاپ باشقۇرۇشنى كىرىدىت كىرىم - چىقىم پىلانىنى ئاساس قىلغان كىرىدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسىگە ئۆزگەرتىش؛ سىستېما ئىچى - سىرتىدا قەرز ئېلىش ۋە ئامانەت قويۇشقا قارىتا پەرقلىق ئۆسۈم نىسبىتىنى يولغا قويۇش؛ بانكىلار ئارا كەسىپنى كېڭەيتىش؛ نەق پۇل كىرىم - چىقىم كەسپىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا تۇرۇشلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.. لوجيارېن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «يېزا ئىگىلىك بانكا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قەرز بېرىشتىن پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتەك ناتوغرا ئىستىللىرىنى قەتئىي چەكلەش توغرىسىدا بىر قانچە قارار» چىقاردى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا «قەرز پۇل بېرىشتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشتەك ناتوغرا ئىشلارنى قەتئىي تۈزىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى.

شۇ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، 1985- يىل 11- ئايدىن باشلاپ، كىرىدىت، نەق پۇل پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىشنى مەركىزىي مەزمۇن قىلغان «پۇل مۇئامىلە ئەھۋالىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى» تۈزۈمى ئورنىتىشنى بەلگىلىدى. بۇ يىغىن ئايدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان، ئۇنىڭغا خەلق بانكىسىنىڭ پىلان باشقارمىسى بىلەن تەتقىقات ئىشخانىسى بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلىدىغان، كەسپىي بانكىلار شۆبە بانكىلىرىنىڭ پىلان ۋە ئۇچۇر تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار ياكى كەسپكە مەسئۇل يولداشلار ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغان بولدى.

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، سودا - سانائەت بانكىسى سىستېمىسىدىن باھالاپ چىقىلغان 64 ئورۇن (كوللېكتىپ) غا مەملىكەت بويىچە پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى ئىلغار ئورۇن دېگەن نام بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شىنجاڭ سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى بار؛ 169 كىشىگە مەملىكەت بويىچە پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى دېگەن نام بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شىنجاڭ سودا - سانائەت شۆبە بانكىسىدىن تۆت كىشى بار.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى نەق پۇل كەسپىنى بېجىرىشنى قارار قىلدى. ھازىر 18 بانكا ۋە ئىش بېجىرىش ئورنى بۇ كەسپنى بېجىرىشكە باشلىدى.

11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يېڭى كىرىدىت مەبلىغى باشقۇرۇش چارىسىگە ئاساسەن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ كىرىدىت مەبلىغى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن دۆلەت كىرىدىتى مەبلىغى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئومۇمەن ئاپتونوم رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغانلىكى ھەر خىل ئورۇقلارنى سېتىۋېلىش، يۆتكەش، ساقلاشنىڭ ھەممىسى يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى قەرز پۇلى دائىرىسىگە كىرىدۇ، بۇنىڭغا يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى قەرز پۇلى ھېسابى ئېچىلىپ، مەخسۇس تۈر بويىچە باشقۇرۇلىدۇ؛ ئومۇمەن ئېچكىرىدىن

سېتىۋېلىنغانلىقى ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئۇنىڭغا تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى ھېسابى ئېچىلىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. تەكشە باھادا سېتىۋېلىنىپ يۆتكەلسە، ئۇنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈمى 3‰ بويىچە، كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىنىپ يۆتكەلسە 6.6‰ بويىچە ھېسابلاندى.

شۇ ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ «خەلق» يولى بىلەن «ئازادلىق» يولى دوقمۇشىدىكى پۇل مۇئامىلە بىناسى پۈتتى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 11 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئارتۇق. سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، جۇڭگو شۆبە بانكىسى بۇ بىناغا كۆچۈپ كىردى.

12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى سودا - سانائەت باش بانكىسىغا «ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى ۋە مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ئايرىپ بېرىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات» يوللىدى. 1985 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسىغا 8050 ئىشچى - خىزمەتچى، 9 مىليون 998 مىڭ 300 يۈەن مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ئايرىپ بەردى.

12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلنىڭ ئۆسۈمىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. 1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ خەلق بانكىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرى بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلغا ئۆسۈم قوشۇمچە ياردىمى بېرىدىغان بولدى.

12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى مۇنۇلارنى ئۇقتۇرۇش قىلدى: باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ناھىيىدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ھازىرقى 6‰ تىن 6.6‰ كە تەڭشىلىدۇ. ئومۇمەن 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ «ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى ئايرىپ» باشقۇرۇشنى يولغا قويغانلىقى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرى ۋە تەمىنات - سودا سىستېمىسىدىكى كارخانىلار قەرز پۇل توپ سانى ئىچىدە قەرز ئالسا، ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 5% تۆۋەنلىتىلىدۇ، يەنى ئايلىق ئۆسۈمى 6.3‰ قىلىپ ئېتىبار بېرىلىدۇ؛ پۈتۈن شىنجاڭدىكى «ئۈچتە ئېتىبار بېرىلىدىغان» 50 ناھىيىدىكى يۇقىرىقىدەك كارخانىلارغا «ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى ئايرىپ» قەرز پۇل بېرىش يولغا قويۇلىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «ئۈچتە ئېتىبار بېرىلىدىغان» ناھىيىنىڭ ئېتىبار ئۆسۈمىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، 5% كېمەيتىلىدىغان ئېتىباردىن قايتا بەھرىمەن بولمايدۇ.

12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى ئىلى، قەشقەر، قۇمۇللاردىكى تۈرلۈك مال، ئىلمە توقۇلما، ھەر خىل مېتال قاتارلىق 2 - دەرىجىلىك پونكىتلارنىڭ كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىغا، 1986 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلۇپ، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ‰بويىچە ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنىڭ ھېسابىنى ئايرىشنى يولغا قويغان بولسا، 5.7‰ بويىچە ئۆسۈم ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرى تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى مەركىزىي خىزمەت قاتارىغا قويدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ بولغان ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى جەمئىي 445 كە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 53.42 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

شۇ يىلى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى 1984 - يىلى كىرىدىت باشقۇرۇش بوشىشىپ كەتكەن،

ئىستېمال فوندى شىددەتلىك ئۆسكەن، پۇل ھەددىدىن زىيادە كۆپ تارقىتىلغان ئاساستا، كرېدىت كۆلىمى ۋە پۇل تارقىتىشنى ئاساسىي جەھەتتىن كونترول قىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، خەلق بانكىسى ۋە ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 8 مىليارد 428 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 1984- يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %19.73 ئاشتى؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليارد 354 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن يىللىق پىلاندىن 1 مىليارد 578 مىليون يۈەن ھالقىپ، %27.69 ئاشتى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، تاۋار ئوبوروتى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە يېزىلارنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، يېزا ئىگىلىك - قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش جەھەتلەردىكى مەبلەغ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئېھتىياجىنى كونترول قىلىش، ئىقتىسادنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق تېز تەرەققىي قىلىشىنى تىزگىنلەشتە ئۈنۈملۈك تەڭشەش رولىنى ئوينىدى. 1985 - يىلى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى يەنە پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىپ، كرېدىت ۋە مالىيىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، يېڭىدىن پەيدا بولغان ناتوغرا ئىستىللارنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزەتتى. نەتىجىدە پارتىيە ئىستىلى، بانكا ئىستىلى ياخشىلاندى.

# بىرىنچى قىسىم

# پۇل

## بىرىنچى قىسىم

# پۇل

پۇل تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى، قەدىمكى شىنجاڭ رايونى بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ئوتتۇرىسىدا خېلى بۇرۇنلا مۇئەييەن تارىخىي باغلىنىش بارلىققا كەلگەن. ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشقا قارىغاندا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى پۇللار ئارىسىدا تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي خاندانلىقلارنىڭ نۇرغۇن پۇلى بار. غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن تارتىپلا مەركىزىي خاندانلىقلارنىڭ تارقاتقان ئاساسلىق پۇللىرى شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەش جۇلۇق پۇل (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 118 - يىلى قۇيۇلغان) تاڭ سۇلالىسىنىڭ ۋۇدې 4 - يىلى (621 - يىلى) غىچە 700 يىلدىن ئارتۇق بىر تۇتاش ئىشلىتىلگەن. شىنجاڭدا بەش جۇلۇق پۇل كۆپرەك بايقالغان ئاساسلىق رايونلار قۇمۇل، لوپنۇر كۆلى ئەتراپى، كۆنچى دەرياسىنىڭ ئىككى قېشى، نىيە، خوتەن، قاراشەھەر ۋە كۇچا قاتارلىقلار. خوتەندىكى مەلىكى ئاۋات خارابىسىنىڭ ئاستىدىن ئورىغا كۆمۈپ ساقلانغان، ئېغىرلىقى 45 كىلوگرام كېلىدىغان 11 مىڭ 840 نەچچە دانە بەش جۇلۇق پۇل بايقالدى. تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي يولىدىكى قۇمۇل، تۇرپان، كۇچا، مارالبېشىدىن تارتىپ خوتەنگىچە، شىمالىي يولىدىكى باركۆلدىن تارتىپ بورتالاغىچە بولغان جايلاردا ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قەدىمىي شەھەر، بۇددا مۇنارىسى، تۇرا قاتارلىق قۇرۇلۇش خارابىسى ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىكى جەسەت بىلەن بىرگە دەپنە قىلىنغان سايمانلار ئىچىدىن تارىختا ئۆتكەن مەركىزىي خاندانلىقلار تارقاتقان نۇرغۇن پۇللارنى بايقىغان. تارىختىكى قەدىمىي شەھەر قۇمۇلدىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ يېرىم سەرلىك، بەش جۇلۇق پۇللىرى، ۋاڭماڭ دەۋرىدىكى يارماقلار، تاڭ دەۋرىدىكى «كەييۈەن تۇڭباۋ» يارمىقى، ئاي گۈللۈك «كەييۈەن تۇڭباۋ» يارمىقى، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چۇنتزەي يۈەنباۋ، جىڭدې يۈەنباۋ، شياڭفۇ يۈەنباۋ، جىڭشى يۈەنباۋ، يۈەنفېڭ تۇڭباۋ، چۇڭنىڭ جوڭباۋ، داگۇەن تۇڭباۋ، جىڭغې تۇڭباۋ پۇللىرى؛ يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جىغى يۈەنباۋ؛ مىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى شۇەندې تۇڭباۋ، ۋەنلى تۇڭباۋ پۇللىرى، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى بەش خىل نۇسخىلىق يوڭجېڭ تۇڭباۋ، 11 نۇسخىلىق چيەنلۇڭ تۇڭباۋ، سەككىز خىل نۇسخىلىق جياچىڭ تۇڭباۋ، ئىككى خىل نۇسخىلىق شيەنفېڭ تۇڭباۋ، ئۈچ خىل نۇسخىلىق شيەنفېڭ يۈەنباۋ، ئۈچ خىل نۇسخىلىق شيەنفېڭ جوڭباۋ، گۇاڭشۇ يۈەنباۋ پۇللىرى بايقالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يىل نامى سىيلىنمىغان شىڭخۇن يۈەنباۋ ۋە شيەنفېڭ يۈەنباۋ پۇللىرىنىڭ قېلىپى تېپىلدى. تۇرپاندىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كەييۈەن تۇڭباۋ، يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى جىيۈەن تۇڭباۋ ۋە چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كاڭشى تۇڭباۋ، چيەنلۇڭ تۇڭباۋ، جيا چىڭ تۇڭباۋ، داۋگۇاڭ تۇڭباۋ، شيەنفېڭ تۇڭباۋ، تۇڭجى تۇڭباۋ، گۇاڭشۇ تۇڭباۋ پۇللىرى بايقالدى. تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىي يولىدىكى باركۆلدىن كېيىنكى شۇ زامانىسىنىڭ مىڭدې يۈەنباۋ، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ جياشى تۇڭباۋ، يەنىڭ يۈەنباۋ، يۈەنشى تۇڭباۋ، شاۋشىڭ يۈەنباۋ ۋە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ چۇڭجېن تۇڭباۋ پۇللىرى بايقالدى. يىپەك يولىنىڭ ئۇتاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بەزى چەت ئەل پۇللىرى شىنجاڭغا تارقالدى. قەدىمكى دەۋرلەردە شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن پۇللارمۇ ئاز ئەمەس. بۇنىڭدىن ھازىرغىچە: خەنزۇچە - كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق

پۇللار (خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى)، خەنزۇچە - كۈسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق بەش جۇلۇق پۇل، قوچۇ ئېلى (ئىدىقۇت) پۇلى، تۈركەش پۇلى، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پۇلى، چاغاتاي خانلىقىنىڭ پۇلى، جۇڭغار پۇلى، شىنجاڭ يارمىقى، شىنجاڭ داچىڭ قاتارلىقلار بايقالدى. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى روشەن رايون ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە، بولۇپمۇ پۇللارغا خەنزۇ، كارۇشتى، كۈسەن، ئەرەب، موڭغۇل، چاغاتاي يېزىقلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇلار شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن خەنزۇ خەلقىنىڭ زىچ ئىتتىپاقلىقى ۋە ئۇزاق ۋاقىتلىق ئالاقىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن پۇللارنىڭ تارىخى ئۇزۇن، تۈرى كۆپ بولۇپ، تىللا، كۈمۈش تەڭگە، مىس پۇل، لاتا پۇل، قەغەز پۇللارنىڭ ھەممىسى بار. تەخمىنەن مىلادى 73 - يىلدىن II ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە ئۇدۇن خانلىقى تارقاتقان خەنزۇچە - كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل نۆۋەتتە مەلۇم بولغان شىنجاڭ ئۆزى ئىشلىگەن پۇللارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى ھېسابلىنىدۇ. XII ئەسىردە چاغاتاي خانلىقى تىللا قۇيۇشنى باشلىغان. 1867 - يىلى «يەتتە شەھەر خانلىقى» تىللا، تەڭگە، مىس پۇللارنى قۇيغان. شىنجاڭدا ئەزەلدىن كۈمۈش خەجلەش ئادەت بولۇپ كەلگەن. 1877 - يىلى زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، تەڭگە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىمۇ، شىمالىدىمۇ بىر تۇتاش خەجلىنىدىغان بولدى. 1889 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە كۈمۈش تەڭگە قۇيۇلۇپ بۇرۇنقى تەڭگىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 16 - يىلى (1890 - يىلى) شىنجاڭدا لاتا پۇل تارقىتىلىشقا باشلىدى. كېيىن قەغەز پۇل تارقىتىلدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) ياڭ زېڭشىن شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن ئۆلكە پۇلى (ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل) تارقىتىلدى. مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) شېڭ شىسەي شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنلىشىپ كومپارتىيە بىلەن بىرلىشىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1939 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ماۋزېمىن پارتىيىنىڭ بىرلىك سەپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىقتىساد خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۇ پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، سەرنى دوللارغا ئۆزگەرتتى. كونا ئۆلكە پۇلىنى يىغىۋېلىپ، يېڭى ئۆلكە پۇلى تارقىتىپ، ئۆلكە بويىچە پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈردى. 1942 - يىلى شېڭ شىسەي گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى چىقتى. 1944 - يىلى گومىنداڭ شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، فابى ۋە گۇەنجىن پۇللىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ كىردى. شۇ يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئىنقىلابىي ھۆكۈمەت قەرەللىك چەك تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئوبوروت قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆلكە پۇلى پاخاللاشتى. 1949 - يىلى يۈزىدىكى قىممىتى 6 مىليارد يۈەنلىك چوڭ نومىنللىق ئۆلكە پۇلى تارقىتىلدى. شۇ يىلى 5 - ئايدا يەنە بىر قېتىم پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. كۈمۈش ئۆلچىمى قوللىنىلىپ، كۈمۈش تەڭگە تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولىدىغان كۈمۈش دوللار تارقىتىلدى. 1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەتلىك رايون بولغان ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىگە نىسبەتەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، كۈمۈش دوللارنى شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق قانۇنىي پۇلى قىلىپ بېكىتتى. 1951 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە يېزىقى بار خەلق پۇلى تارقىتىپ، كۈمۈش دوللارنى يىغىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالتۇن - كۈمۈش ئوبوروتى توختىتىلىپ، شىنجاڭنىڭ رايون خاراكتېرلىك پۇلى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پۇلى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تارقىتىلغان پۇل ئوبوروت قىلىنىدىغان بولدى.

# I باب

# مېتال پۇل

## 1 § . تىللالار

### 1. تىللا

شىنجاڭدا تىللا قۇيۇلۇش تارىخى ئۇزۇن. X Ⅷ ئەسىردىكى چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىلا تىللا قۇيۇلۇشقا باشلىغان. چاغاتاي خانلىقى تىللاسىنىڭ شەكلى ئوتتۇرا ئوتتۇرىدىغان (?) يېزىقلار شۇ چاغدا قۇيۇلغان كۈمۈش تەڭگىگە ئوخشاپ كېتەتتى. X Ⅵ ئەسىردە يەكەن خانلىقىدىمۇ تىللا ئوبوروت قىلىنغان.

ياقۇپبەگ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، 1867 - يىلى قۇرۇلغان «يەتتە شەھەر خانلىقى» دەۋرىدىمۇ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىس پۇل قۇيۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەن. ياقۇپبەگ قۇيدۇرغان تىللالارنىڭ سىرتقى دىئامېتىرى 2.1 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.76 گرام بولۇپ، ئۇلڭ يۈزىنىڭ چۆرىسىگە ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى گۈل نۇسخىسى، ئىچىگە چاغاتاي يېزىقىدا «سۇلتان ئابدۇلئەزىزخان» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىنىڭ چەمبەر سىرتىغا يەنە بىر خىل ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى گۈل نۇسخىسى، چەمبەر ئىچىگە چاغاتاي يېزىقىدا «پايتەخت قەشقەردە قۇيۇلدى، ھىجرىيە 1291 - يىل» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

ياقۇپبەگ تىللاسى ناھايىتى نەپىس قۇيۇلغان. بۇ تىللانىڭ بىر دانىسىنىڭ قىممىتى 20 كىچىك تەڭگىگە تەڭ بولۇپ، بىر سەر ساپ كۈمۈشكە سۇندۇرۇلاتتى. تىللا ھازىرغىچە ئانچە كۆپ قېپقالمىغان. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچى تېپىلدى.

### 2. ھەربىي تەمىنات تىللاسى

گۇاڭشۇ 33 - يىلى (1907 - يىلى) شىنجاڭ مالىيىسىدا مەخسۇس ھەربىي تەمىناتقا تاپىنىلاتتى. ناۋادا ھەربىي تەمىنات يېتىشمەي قالسا ياكى ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرىلمەي قالسا، ھېچ ئامال بولماي قالاتتى. شۇڭا، پەرمانبەردار ۋاڭ شۇنيەن غەرب ئەللىرىنىڭ ئالتۇن ئۆلچىمى تۈزۈمىنى دوراپ، سىناق قىلىپ تىللا قۇيدۇردى. ئۇنى ھەربىي تەمىناتنىڭ ئۆكسىگەن قىسمىغا قوشۇمچە ئىشلەتكەچكە، بۇ «ھەربىي تەمىنات تىللاسى» دەپ

ئاتالدى. 5 ـ ئايدا ۋاڭ شۇنيەن سەييارە ئامبال سەي‌شىچاڭ قاتارلىق تۆت ئادەمنى ئۈرۈمچى شەھىرى سىرتىدىكى شۈيمۈگو ماشىنىسازلىق ئىدارىسىنىڭ تىللا قۇيۇشقا نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. قۇيۇلغان تىللا بىر مىسقال، ئىككى مىسقاللىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىدى. بىر مىسقاللىق تىللا ئۈچ سەر ساپ كۈمۈشكە تەڭ ئىدى. تىللانىڭ ئوڭ تەرىپىدە خەنزۇچە «ھەربىي تەمىنات تىللاسى × مىسقال» دېگەن خەت، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەجدىھا سۈرىتى، ئەتراپىدا خەنزۇچە خەت بىلەن ئوخشاش مەنىدىكى ئۇيغۇرچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەنىدى. بۇ تىللا ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن، پۇل قۇيۇش باشلىنىپ تۆت ئايدا جەمئىي 5001.33 سەر ئالتۇن ئىشلىتىلگەن. بۇ تىللا تارقىتىلغاندىن كېيىن كۆپىنچىسىنى سودىگەرلەر تېگىشىۋېلىپ زاپاس ساقلىغان، شۇڭا ئۇنى بازاردا كۆرگىلى بولمايتتى.

## 3. شىنجاڭ تىللاسى

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، كۈمۈش تەڭگىنى پۇل بىرلىكى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كۈمۈش دوللار تارقىتىلىپ، تەڭ قىممەتتە تېگىشىلدى. لېكىن كۈمۈش تەڭگە چەكلىك بولغاچقا، تەڭ قىممەتتە تېگىشىش ئەمەلگە ئاشماي قالدى، ھەتتا كۈمۈش دوللارنىڭ كۇرسى تېزلا چۈشۈپ كەتتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كۈمۈش دوللارنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، شۇ يىلى 8 ـ ئايدا شىنجاڭ پۇل زاۋۇتىدا قىممىتى بىر مىسقاللىق تىللا قۇيۇشنى باشلىدى، ئالدى بىلەن 20 سەر ئالتۇندا ئۇنىڭ ئەۋرىشكىسى قۇيۇلدى. ھەر بىر دانىسىدىكى ئالتۇن مىقدارى خەزىنە تارازىسىدا بىر مىسقال بولۇپ، ئۇنىڭغا %10 مىس ئارىلاشتۇرۇلغان. بۇ تىللا جىرىڭلاپ تۇراتتى، رەڭگىمۇ پارقىراق ئىدى. كېيىن مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى بەي ۋېنيۈ ئىككى قېتىمدا 2000 سەر ئالتۇن ئاجرىتىپ بېرىپ، تىللا قۇيدۇرغان ھەمدە ئۇنىڭ نامىنى «شىنجاڭ تىللاسى» دەپ بېكىتكەن. ئەسلى پىلاندا 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تارقىتىلماقچى بولغان. ئەمما تىللا قۇيۇلۇپ بولغان چاغدا شىنجاڭ ئازاد بولاي دەپ قالغاچقا تارقىتىلمىغان. ئازاد بولغاندىن كېيىن پۇل زاۋۇتى بانكىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، ئەۋرىشكىسىنى قالدۇرمىغان.

# §2. كۈمۈش تەڭگىلەر

## 1. چاغاتاي خانلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى

چاغاتاي خانلىقى (1221 — 1370 ـ يىللار) دەۋرىدە كۈمۈش تەڭگە قۇيۇلغان ھەم ئوبوروت قىلىنغان. كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئەڭ ئېغىرلىرى 2.9 گرام بولۇپ، كۆپىنچىسى ئىككى گرام كەلمەيتتى. كۈمۈش تەڭگىنىڭ شەكلى دۈگىلەك بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈك يوق ئىدى. دىئامېتىرى بەزىلىرىنىڭ 1.9 سانتىمېتىر، بەزىلىرىنىڭ 2.4 سانتىمېتىر بولۇپ، ئوخشاش ئەمەس ئىدى. كۈمۈش تەڭگىگە خەت ئويۇلغان، يىلى خاتىرىلەنگەن. ئەڭ بۇرۇنقىسى مىلادى 1240 ـ يىلى (ھىجرىيە 638 ـ يىلى)، ئەڭ كېيىنكىسى مىلادى 1306 ـ يىلى (ھىجرىيە 706 ـ يىلى) قۇيۇلۇپ، ئۇدا 66 يىل قۇيۇلغان. كۈمۈش تەڭگىگە ئالمالىق، ئۆرات،

خوجەنت، كانجوت، سەمەرقەنت، قەشقەر، بۇخارا، تالاس، خارازىم قاتارلىق پۇل ياسالغان جايلارنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن. كۈمۈش تەڭگىگە ئۇنىڭ ياسالغان يىلى ۋە ئورنى يېزىلغاندىن باشقا يەنە ئايەتمۇ يېزىلغاندى.

چاغاتاي كۈمۈش تەڭگىسىنى ئارخېئولوگلار، پۇل يىغىپ ساقلىغۇچىلار نۇرغۇن يىغىپ ساقلىغان. ھەممىدىن بۇرۇن سىتېيىن 1913 — 1916 - يىللىرى شىنجاڭغا كېلىپ چارلاش ئېلىپ بارغاندا ئۈچ دانىسىنى قولغا چۈشۈرگەن. 1934 - يىلى خۇاڭ ۋېنبى تۇرپاندىن نەچچە ئون دانىنى سېتىۋالغان. 1958 - 1959 - يىللىرى خۇاڭ ۋېنبى يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرگەندە قورغاستىكى ئالمىلىق شەھىرى خارابىسىدىن تۆت دانە چاغاتاي كۈمۈش تەڭگىسىنى تاپقان. 1977 - يىلى سانجىنىڭ قەدىمىي شەھىرىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىۋاتقاندا يەر ئاستىدىن 1364 دانە كۈمۈش تەڭگە قېزىۋېلىنغان.

## 2. قەدىمكى پۇلغا تەقلىد قىلىنغان كۈمۈش تەڭگە

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا جۇڭغارىيە ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە قەدىمكى پۇل بىلەن تەڭگە تەڭ ئوبوروت قىلىنغان. دەسلەپتە بىر تەڭگە يىرىم سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغان، كېيىن بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغان.

X Ⅷ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭغار توپىلاڭچىلىرىنى تىنچىتىش كۈرىشى داۋامىدا ھەربىي، مەمۇرىي خىراجەتكە بولغان ئېھتىياج ئېشىپ كېتىپ، ھەر يىلى ئىچكىرىدىن 1 مىليون سەردىن ئارتۇق كۈمۈش ئاجرىتىپ بېرىلگەن. شۇڭا بازاردا كۈمۈش بىلەن قەدىمكى پۇل تەڭ ئوبوروت قىلىنغان. بىراق كۈمۈشنى ئىشلەتكەندە ئۇنىڭ ساپلىقىنى تەكشۈرۈشكە، تارازىدا تارتىشقا توغرا كەلگەچكە قۇلايسىز بولۇپ قالغان. شۇڭا داۋگۇاڭنىڭ 7 - يىلى (1827 - يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال چاڭ لىڭ ئىچكىرىدىن 50 مىڭ سەر كۈمۈش يۆتكەپ كېلىپ، ئاقسۇدا قەدىمكى پۇلنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىپ كۈمۈش تەڭگە قۇيدۇرغان. كۈمۈش تەڭگىنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال، ئۇ 16 يارماقلىق پۇلغا تەڭ ئىدى. دەسلەپتە سودىگەرلەرمۇ، پۇقرالارمۇ خۇشاللىق بىلەن ئىشلەتكەن، بىر يىلدىن كېيىن «كۈمۈش تەڭگە قۇيغاندا مىس، قوغۇشۇن ئارىلىشىپ قېلىپ، ساپ كۈمۈش بولماي قېلىشتىن قورقۇپ، ئىشلىتىشنى خالىماس بولۇپ قالدى» . شۇنىڭ بىلەن بۇ پۇل قايتا قۇيۇلمىدى.

## 3. خوتەن تەڭگىسى

تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) كۇچا، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلاردا دېھقانلارنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلىڭى پارتلىدى، ھەبىبۇللاخان خوتەندە ئۆز ئالدىغا ھاكىمىيەت قۇرۇپ، خوتەندە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىپ، دىئامېتىرى 1.5 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 3.5 گرام كېلىدىغان تۆشۈكسىز كۈمۈش پۇل قۇيدۇرغان. ئۇ تەڭگە دەپ ئاتالغان. كۈمۈش تەڭگە غەرب ئەللىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنئەنىۋى سوقۇپ، چەگداپ پۇل قۇيۇش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەنگەن. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىدە ئەرەبچە يېزىق بىلەن «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدىن روسۇلىللا»

دېگەن خەت ھەم ھىجرىيە 1283 - يىل (1868 - يىلى) دېگەن يىلنامىسى چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىگە «خوتەندە ئىشلەندى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. 1867 - يىل 2 - ئايدا ياقۇپبەگ خوتەننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، بۇ تەڭگە ئۇبوروت قىلىنىشتىن توختىتىلغان.

## 4. ياقۇپبەگ تەڭگىسى

1865 - يىل 1 - ئايدا قوقانلىق ھەربىي ئەمەلدار ياقۇپبەگ شىنجاڭنىڭ جەنۇبىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى. 1867 - يىلى ئەكسىيەتچى «يەتتە شەھەر خانلىقى» نى قۇرغاندىن كېيىن، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن ئۈچ خىل پۇل قۇيدۇردى. كۈمۈش پۇل «تەڭگە» دەپ ئاتالدى، بۇ پۇل قوقان خانلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىنىپ، سوقۇپ، چەكداپ ئىشلەنگەن. كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئوڭ تەرىپىگىمۇ، ئارقا تەرىپىگىمۇ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈلگەن. ئوڭ تەرىپىگە «ئابدۇلئەزىزخان» ئارقا تەرىپىگە «قەشقەردە ئىشلەنگەن، بەختلىك بولۇڭ» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. تەڭگىنىڭ ئۈستىگە قۇيۇلغان ۋاقتى ھىجرىيە 1291 - 1294 - يىللىرى (1874 - 1877 - يىللىرى) ئىكەنلىكى ئەرەب رەقەملىرى بىلەن ئۇيغۇرچە خەتلەرنىڭ ئارىسىغا چېچىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بەزى كۈمۈش تەڭگىلەرنىڭ ئوڭ يۈزى بىلەن ئارقا تەرىپىگە چۈشۈرۈلگەن ۋاقىت ئوخشاش ئەمەس. بەزىلىرىنىڭ ئوڭ يۈزىگىمۇ، ئارقا تەرىپىگىمۇ ۋاقىت چۈشۈرۈلمىگەن. كۈمۈش تەڭگە كۈمۈش پارچىلىرىدىن ياسالغان بولغاچقا، ئىنتايىن قوپال بولۇپ، شەكلى، چوڭ - كىچىكلىكى، قېلىنلىقىمۇ بىر خىل ئەمەس ئىدى. خەتلىرىمۇ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن بولۇپ، پۈتۈن تۇرقىنى تولۇق كۆرگىلى بولمايتتى. كۈمۈش تەڭگىنىڭ بىر دانىسى بەش پۇڭ كۈمۈشكە، 20 دانىسى بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ ئىدى.

## 5. گۇاڭشۇ تەڭگىسى

گۇاڭشۇ 3 - يىلى (1877 - يىلى) 10 - ئايدا چىڭ ھۆكۈمىتى ئەسكەرلىرى كۆچانى قايتۇرۇۋالغاندا، شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار تەڭگە ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن بولغاچقا، شۇلارنىڭ ئادىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيە قوماندانى جياڭ ياۋ زەرگەرلەرنى يىغىپ كۈمۈش تەڭگە ياساتتى. ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىنمۇ مۇشۇ تەڭگىگە تەقلىد قىلىنىپ كۈمۈش تەڭگە ياسالدى. جايلار ئۆز ئالدىغا پۇل قۇيغانلىقى، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم ۋە ئەندىزە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، سۈپىتى تولىمۇ ناچار ئىدى. يۈز - يۇمىلاقلىرى بەك ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتلىرى تۇتۇق، قالايمىقان. خەنزۇچە خەتنىڭ سىزىقلىرى قىڭغىر - سىڭغىر ئىدى. ئويۇلغان نەقىش - خەتلەر ھامان بىر تەرەپكە قىيسىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. شەكلى بىر - بىرىگە تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى تەڭگىنى تېپىشمۇ تەس ئىدى. شۇ مەزگىلدە قۇيۇلغان تەڭگىنىڭ زادى قانچىلىك نۇسخىسى بارلىقىنى ھېسابلاش بەك تەس. بەزىلىرىنىڭ قىممىتى بەش پۇڭ بولۇپ، 20 سىنىڭ قىممىتى بىر سەر كۈمۈش بولسا، بەزىلىرىنىڭ قىممىتى بىر مىسقال بولۇپ، خىللىرى كۆپ ئىدى. بىراق ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق تۆت خىلغا بۆلۈنەتتى:

بىرىنچى خىلى، سىرتقى شەكلى ياقۇپبەگ تەڭگىسىگە ئوخشاش، پەقەت ئۇيغۇرچە يېزىقنىڭ مەزمۇنى

ئوخشىمايدۇ، ئۇسلۇبى بىر خىل ئەمەس. مەسىلەن: «گۇاڭشۇ 4 ـ يىلى» دېگەن تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى «گۇاڭشۇ»، ئارقا تەرىپىدىكى ئۇيغۇرچە خەت «4 ـ يىلى» دەپ يېزىلغان، بۇ ئەسلى قويۇلغان ۋاقتى گۇاڭشۇنىڭ 4 ـ يىلى (1878 ـ يىلى) دېگەننى بىلدۈرەتتى. نەقىشلىرى ياقۇپبەگ تەڭگىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، پۇل يۈزىدىكى قىممەت كۆرسىتىلمىگەن.

ئىككىنچى خىلى، بەش پۇڭلۇق تەڭگە. بۇ، خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقى بار بەش پۇڭلۇق تەڭگە ۋە خەنزۇچە، مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقى بار بەش پۇڭلۇق تەڭگىدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىدى. خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقى بار بەش پۇڭلۇق تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىگە خەنزۇ يېزىقىدا بەش پۇڭ دېگەن سۆز. ئۇنىڭ ئەتراپىغا تۆت يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن، بەش بىلەن پۇڭ دېگەن سۆزلەر ئارىسىغا چېكىت قويۇلغان. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «بەش پۇڭ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن.

ئۈچىنچى خىلى، گۇاڭشۇ كۈمۈش تەڭگىسى، قەشقەر، يەكەن، خوتەنلەردە قويۇلغان. بۇ تەڭگىنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇكى، كۈمۈش تەڭگىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى «بەش پۇڭ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەنلىك سىرتىدا يەنە يۈزىدىكى قىممىتى «بىر مىسقال» دېگەن خەتلەرمۇ بار ئىدى. بۇ تەڭگىنىڭ قويۇلغان سانى كۆپ بولمىغاچقا، كۆپ ئۇچرىمايدۇ. قەشقەردە قويۇلغان بەش پۇڭلۇق كۈمۈش تەڭگە ئىككى خىل ئىدى. بىر خىلىنىڭ ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە خەنزۇچە «بەش پۇڭ»، سول تەرىپىگە مانجۇچە، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەر» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. «بەش» بىلەن «پۇڭ» ئارىسىغا چاسا شەكىل سېلىنىپ، چاسا تۆشۈككە سىمۋول قىلىنغان؛ ئەمما تۆشۈك قويۇلمىغان يەنە بىر خىلىغا «بەش پۇڭ» دېگەن رەقەم خەتچە يېزىلغان، قالغان شەكىللىرى ئالدىنقى خىلىغا ئوخشايدۇ.

تۆتىنچى خىلى «光» (گۇاڭ) ۋە «宝» (باۋ) خەتلىك تەڭگە. «光» خەتلىك تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىدە خېلى چوڭ «光» خېتى بولۇپ، «گۇاڭشۇ» گە ۋەكىللىك قىلاتتى. كىچىك چاسا شەكىل ئاستىدا ئۇيغۇرچە «بەش پۇڭ» دېگەن خەت بار ئىدى. ئوڭ ۋە سول چېتىگە نەقىش چېكىلگەن، ئارقا تەرىپىگە «ئاقسۇدا ئىشلەندى» دېگەن ئۇيغۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن. تەڭگىنىڭ قايسى يىلى قويۇلغانلىقى كۆرسىتىلمىگەن. «باۋ» خەتلىك تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىگە خېلى چوڭ «宝» خېتى چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ساپ كۈمۈش» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭ قىممىتى كۆرسىتىلمىگەن، قويۇلغان جاي ۋە يىلىمۇ يوق.

گۇاڭشۇ تەڭگىسى گەرچە ئوتتۇرا ئاسىيا پۇل تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ، تولىمۇ قوپال ئىشلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىلا يۈزىگە ئۇيغۇرچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن تەڭگىدىن بىر يۈزىگە خەنزۇچە ياكى خەنزۇچە، مانجۇچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن تەڭگىگە بۇرۇلۇش قىلىنغان، ئاندىن ھەر ئىككى تەرىپىنىڭ مەركىزىگە بىر چاسا شەكىللىك رامكا سېلىنىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك پۇلىنىڭ چاسا تۆشۈكىگە سىمۋول قىلىنغان. بۇ، پۇل سىستېمىسىنىڭ بىرلىككە كەلمەسلىكتىن پەيدىنپەي مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كېلىشكە قاراپ ئۆزگىرىش جەريانىدىن، بىر خىل ئۆتكۈنچى شەكىلدىكى پۇل ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## 6. ساپ بىر مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگە

گۇاڭشۇ 6 ـ يىلى (1880 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا خان مۇپەتتىشى زوزۇڭتاڭ خانغا مۇنداق مەلۇماتنامە يازغان: «مۇسۇلمانلار بازارلىرىدا يەنىلا يارماق ئىشلىتىلىدىكەن، پەيدىنپەي مەخسۇس كۈمۈش ئىشلىتىدىغان بوپتۇ، ئەمما ساپلىقى ئوخشاش ئەمەس، ئېغىر ـ يېنىكلىكىنىمۇ ئايرىش تەس ئىكەن. مەككارلىق، ساختىلىق يامراپ

كېتىپتۇ، ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سەككىز شەھەرنى ئىشغال قىلغاندا، تەڭگە ناملىق كۈمۈش پۇل قۇيدۇرۇپتۇ ...... ئۇنىڭ ساپلىقىنى، ئېغىرلىقىنى خالىغانچە كېمەيتىپتۇ ...... بۇنىڭدىن پۇقرالار بەك قاقشايدىكەن. شۇڭا كۈمۈش تەڭگە قۇيۇپ، بازار باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پۇقرالارنىڭ خەجلىشىگە قولايلىق تۇغدۇرساق بولىدىكەن. پۇل ئىشلەشتە ئالدى بىلەن ئەندىزىسىنى ئىشلەپ، بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھۆكۈمەت تەسىس قىلغان جۇجۇقىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈلسە ...... بۇنداق قىلغاندا ئۇزاق مەزگىلگىچە قېلىپقا چۈشۈرگىلى بولىدۇ. ئالىيلىرىنىڭ لەنجۇغا يېڭى شەكىلدىكى مىس قېلىپ ياساپ بېرىشكە پەرمان چۈشۈرۈشلىرىنى سورايمەن. ئۇنى جاڭ ياۋغا تاپشۇرساق، ئۇ، پۇل جۇجۇقىغا نازارەت قىلىپ، قانۇن بويىچە سىناق تەرىقىسىدە كۈمۈش تەڭگە ياسىسا ...... ئېغىرلىقى بىر مىسقال، سىرتى يۇمىلاق، ئىچى چاسا قىلىنىدۇ. ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ئېنىق، خەتلىرى ئوچۇق، چوڭ - كىچىكلىكى، قېلىن - نېپىزلىكى بىر خىل بولىدۇ ...... بازاردا بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق بەزىدە ئېغىر، بەزىدە يېنىك بولۇپ قېلىشتىن، شەخسلەرنىڭ ساختىلىق ئىشلىتىشىدىن ساقلانساق، كىشىلەر بۇ پۇلنى ئېتىبارلايدىغان بولىدۇ.» خان رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن، زوزۇڭتاڭ جاڭ ياۋغا كۇچادا ساپ كۈمۈشتىن بىر مىسقاللىق كۈمۈش تەڭگە قۇيۇشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ كۈمۈش تەڭگىنىڭ دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال، دىئامېتىرى 2.25 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.5 مىللىمېتىر بولۇپ، ماشىنىدا قۇيۇلدى. سىرتى دۈگىلەك، ئىچى چاسا بولۇپ، ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ئېنىق بولدى. ئوڭ يۈزىگە «ساپ كۈمۈش» دېگەن خەتلەر خەنزۇچە يېزىقتا، ئارقا تەرىپىگە ئۈستىگە «بىر مىسقال»، ئاستىغا «ساپ كۈمۈش» دېگەن خەتلەر ئۇيغۇرچە يېزىقتا چۈشۈرۈلدى.

زوزۇڭتاڭ لايىھىلىگەن بىر مىسقاللىق ساپ كۈمۈش تەڭگە ئىچكىرىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسىنىڭ شەكلى ۋە ھەجمى بىلەن بىردەك، ياسىلىشى نەپىس، چوڭ - كىچىكلىكى، قېلىن - نېپىزلىكمۇ ئوخشاش بولدى. كۈمۈش تەڭگە گۇاڭشۈ 6 - يىلى (1880 - يىلى) قۇيۇلۇپ چىققاندىن كېيىن، سودىگەرلەرمۇ، شەھەر ئاھالىلىرىمۇ قولايلىق ھېسابلاپ، خۇشاللىق بىلەن ئىشلىتىشكە باشلىدى؛ بىراق تەننەرخى بەك يۇقىرى بولۇپ كەتتى. بىر ئۇستام، بىر پېچەتە، بەش - ئالتە ئىشچى بىلەن بىر كۈندە ئاران 20 سەر ئەتراپىدا كۈمۈش تەڭگە قۇيۇپ چىقالايتتى. ئەمگەك، كۆمۈر قاتارلىق سەرپىياتلارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، 20 سەر كۈمۈش تەڭگە قۇيۇش ئۈچۈن تۆت سەر كۈمۈش سەرپ قىلىنىدى. گۇاڭشۈ 7 - يىلى (1881 - يىلى) خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭگە قۇيۇش توختىتىلدى.

## 7. چوڭ - كىچىك كۈمۈش تەڭگە

گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) چىڭ سۇلالىسىنىڭ نوبۇس پىرقىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تەكلىپىنى تەستىقلاپ، ئۆلكىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا داچەن قۇيۇپ خەلققە قولايلىق تۇغدۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يامان ئىللەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەڭگە خەجلەشنى مەنئى قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. تەڭگە ئىشلىتىش مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن، پارچە - پۇرات خىراجەتكە داچەن ئىشلىتىلگەننىڭ سىرتىدا، چوڭ - چوڭ ۋە پۈتۈن - پۈتۈن خىراجەتلەرگە يەنىلا كۈمۈش نوكچە ئىشلىتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. گۇاڭشۈ 13 - يىلى (1887 - يىلى) دىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر ئايمىقىدا ئايماق چوپاندارى خىبىردارلارغا ۋاكالىتەن بىر مەزگىل تەڭگىنى يېغىپ سىناق تەرىقىسىدە چوڭ - كىچىك كۈمۈش نوكچە قۇيدۇرغان ھەمدە ئۇنىڭ ئۈستىگە يىل، ئايلارنى، ناھىيە نامىنى ۋە ھۈنەرۋەننىڭ ئىسمىنى قۇيۇپ قويغان، ئىچ مەھكىمە يېنىدا

سېلىنغان. نوكچىنىڭ ئېغىرلىقى بىر سەردىن ئون سەرگىچە بولغان. كۈمۈش نوكچە قۇيۇلۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى تەڭگە تاپشۇرغۇچىغا قايتۇرۇپ بەرگەن. قۇيۇش ھەققىنى سەر بويىچە ئالغان. كىچىك كۈمۈش نوكچە قۇيدۇرغۇچىلاردىن ھەر 50 سەر ئۈچۈن 1.5 سەر كۈمۈش، چوڭ كۈمۈش نوكچە قۇيدۇرغۇچىلاردىن ھەر 50 سەرگە بىر سەر كۈمۈش ئىش ھەققى ئالغان. قۇيۇش ھەققى بەك يۇقىرى بولغاچقا، بىر نەچچە ئايدىن كېيىنلا كۈمۈش نوكچە قۇيدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغانلار ئازلاپ كەتتى. كۈمۈش نوكچە خەجلىگەندە ساپلىق دەرىجىسى ۋە ئېغىرلىقىنى ئۆلچەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش تولىمۇ قولايسىز ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بازاردا داچەنمۇ بەك كەملەپ كەتتى. شۇڭا تەڭگىنىڭ ئوبوروت قىلىنىشىنى پۈتۈنلەي چەكلىگىلى بولمىدى.

گۇاڭشۈ 15 - يىلى (1889 - يىلى) ئىچكىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئۆلكىلەرنى غەرب ئەللىرىنىڭ تەڭگە نۇسخىسىغا تەقلىد قىلىپ ئەجدىھا سۈرەتلىك تەڭگە قۇيدى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىمۇ ئۆلكىلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا تەڭگە قۇيۇشىغا رۇخسەت قىلدى. بىراق، شىنجاڭدا قۇيۇلغان تەڭگىنىڭ ئېغىرلىقى ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەر قۇيغان تەڭگىنىڭ دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى يەتتە مىسقال ئىككى پۇڭ (بىر يۈەن)، ياكى ئۈچ مىسقال ئالتە پۇڭ (بەش جو) ياكى بىر مىسقال تۆت پۇڭ (ئىككى جو) ياكى يەتتە پۇڭ (بىر جو) ئىدى، شەكلى غەربنىڭكىگە ئوخشايتتى. شىنجاڭ تەڭگىسىنىڭ ئېغىرلىقى بولسا بەش مىسقال، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال ۋە بىر مىسقاللىق تۆت خىل ئىدى. ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تەڭگىسىدە يۈەن، جو، پۇڭ تۈزۈمى قوللىنىلغان، شىنجاڭ تەڭگىسىدە بولسا، سەر، مىسقال، پۇڭ تۈزۈمى قوللىنىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە شىنجاڭ تەڭگىسىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر تەڭگىسىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكىنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمىدى، پەقەت شەكلىلا ئوخشىتىلدى. شىنجاڭدا خەلق ئىچىدە يەرلىك قۇيۇلغان كۈمۈش پۇل «تەڭگە» دېيىلىپ، ئېغىرلىقى بىر سەر كېلىدىغانلىرى «چوڭ تەڭگە»، بىر سەردىن كىچىكلىرى «كىچىك تەڭگە» دەپ ئاتالدى.

1889 - يىلدىن 1911 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى چوڭ - كىچىك تەڭگىلەر ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇلاردا قۇيۇلدى.

**1) ئۈرۈمچى جۈجۈقىدا قۇيۇلغان كۈمۈش تەڭگە**

ئۈرۈمچى جۈجۈقى گۇاڭشۈ 15 - يىلى (1889 - يىلى) دىن شۈەنتۇڭ 3 - يىلى (1911 - يىل) غىچە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ 23 يىل ئوخشاش بولمىغان نۇسخىلاردىكى نۇرغۇن تەڭگىلەرنى قۇيدى. ئۇنى نامىغا قاراپ «گۇاڭشۈ تەڭگىسى»، «ئۈرۈمچى گۇاڭشۈ تەڭگىسى»، «ھەربىي تەمىنات كۈمۈش تەڭگىسى» دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ.

(1) گۇاڭشۈ تەڭگىسى. گۇاڭشۈ 15 - يىلى (1889 - يىلى) شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ۋېي گۇاڭشۈ لىيۇجېڭزېنى كۈمۈش تەڭگە قۇيۇشنى نازارەت قىلىشقا تەيىنلىگەن. ھەر 100 سەر ئاق كۈمۈشنىڭ بىرىمىدا بەش مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق، يېرىمىدا ئىككى مىسقاللىق تەڭگە قۇيۇلغان. ئۇ، ماشىنىدا تولىمۇ نەپىس ئىشلەنگەن. بەش مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق ئىككى خىل نۇسخىدىكى تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا خەنزۇچە «گۇاڭشۈ تەڭگىسى، بەش مىسقال» (ياكى ئۈچ مىسقال) دېگەن خەتلەر سول چېتىگە ئۇيغۇر يېزىقىدا «گۇاڭشۈ خان قۇيدۇرغان، بەش مىسقال كۈمۈش پۇل» دېگەن خەتلەر ئوڭ چېتىگە مانجۇچە يېزىق ئارقا تەرىپىگە ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىل تەڭگە كۆپ قۇيۇلمىغان بولغاچقا، بىر قەدەر ئاز ئۇچرايدۇ.

(2) ئۈرۈمچى گۇاڭشۈ تەڭگىسى. بۇ تەڭگىنى گۇاڭشۈ 29 ـ يىلىدىن 33 ـ يىلىغىچە (1903 ـ يىلدىن 1907 ـ يىلغىچە) بولغان ئارىلىقتا ئۈرۈمچى جۇجۇقى قۇيغان. بۇ تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە خەنزۇچە «گۇاڭشۈ تەڭگىسى»، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە تىك شەكىلدە خەنزۇچە «ئۈرۈمچى»، سول تەرىپىگە تىك شەكىلدە «بەش مىسقال» دېگەن خەتلەر، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە بىر نوتىدىن ئايرىلغان قوش يوپۇرماق، ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «ئۈرۈمچىدە ئىشلەندى، بەش مىسقال» دېگەن خەتلەر ۋە يىلى چۈشۈرۈلگەن. نەقىشلىرى ئەرەب ئۇسلۇبىدا ئويۇلغان. بۇ تەڭگە ئىككى يۈرۈش بولۇپ، بىر يۈرۈشىگە رەقەمچە بەش مىسقال، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال دېگەن، يەنە بىر يۈرۈشىگە خەتچە بەش مىسقال، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقچا. قەشقەر ۋىلايەتلىرىنىڭ تەڭگىسىگە تەقلىد قىلىپ قۇيۇلغان.

(3) ھەربىي ئەمىنات كۈمۈش تەڭگىسى. بۇ كۈمۈش تەڭگە گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) دىن شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا قۇيۇلغان، ئوڭ يۈزىدىكى چەمبەر ئىچىدە خەنزۇچە «ھەربىي ئەمىنات كۈمۈشى، بىر سەر» دېگەن خەت، چەمبەر سىرتىدا مۇشۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى بار ئىدى، بەزىلىرىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چەمبەر سىرتىدىمۇ ئۇيغۇرچە خەتلەر بولغان. ھەممىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، بەزىلىرىدە چەمبەر بار، بەزىلىرىدە يوق. بۇ پۇل بىر سەر، بەش مىسقال، تۆت مىسقال، ئىككى مىسقال، بىر مىسقاللىقتىن ئىبارەت بەش خىل قۇيۇلغان.

ھەربىي ئەمىنات كۈمۈش تەڭگىسى ماشىنىدا قۇيۇلغان بولۇپ، ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن. بىراق پۇلنىڭ يۈزىگە قۇيۇلغان ئورنى ۋە ۋاقتى يېزىلمىغان. 1907 ـ يىلدىن 1908 ـ يىلغىچە جەمئىي 320 مىڭ سەر قۇيۇلغان.

**2) قەشقەر جۇجۇقىدا قۇيۇلغان تەڭگە**

قەشقەر جۇجۇقىدا قۇيۇلغا تەڭگىلەرنىڭ خىلى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئايرىملىرى ئەرەب ئۇسلۇبىدا بولغانلىقى سىرتىدا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئىچكىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ قۇيۇلغان ۋاقتى گۇاڭشۈ 18 ـ يىلىدىن 30 ـ يىلىغىچە (1892 ـ يىلدىن 1904 ـ يىلغىچە) بولۇپ، جەمئىي 12 يىل قۇيۇلغان. بۇ پۇل نامى بويىچە يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

(1) گۇاڭشۈ تەڭگىسى. بۇ تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى خەتلەر پۈتۈنلەي خەنزۇچە بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە «گۇاڭشۈ تەڭگىسى» دېگەن خەت، ئوڭ تەرىپىگە «بەش» سول تەرىپىگە «مىسقال» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، پۇل يۈزى نەقىشسىز بولۇپ، جۇڭگو پۇللىرىنىڭ ئادەتتىكى ئەنئەنىسىگە ئىگە بولغان. ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرەپلىرىدە گىرەلەشكەن قوش يوپۇرماق بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەندى، بەش مىسقال، ھىجرىيە 1310 ـ يىلى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ بىر يۈرۈش تەڭگە بىر مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىق، ئۈچ مىسقاللىق، بەش مىسقاللىقتىن ئىبارەت تۆت خىل قۇيۇلغان.

(2) گۇاڭشۈ يۈەنباۋسى. گۇاڭشۈ يۈەنباۋسىنىڭ شەكلى دۈگىلەك توقاچقا ئوخشايدۇ. ئوڭ يۈزىدىكى چەمبەر ئىچىدە «گۇاڭشۈ يۈەنباۋ»، چەمبەر سىرتىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە «قەشقەر»، ئاستى تەرىپىدە «بەش مىسقال» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر، چەمبەرنىڭ سول تەرىپىدە «گۇاڭشۈ ھىجرىيە 1323»، ئوڭ تەرىپىدە «قەشقەر، بەش مىسقال» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر بار. ئارقىسىغا ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. شىنجاڭ تەڭگىسىدە مۇشۇ پۇلدىن باشلاپ ئەرەب نەقىشلىرىنىڭ ئورنىغا ئىچكىرىنىڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك تەڭگىلىرىنىڭ شەكلى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. بۇ تەڭگە ئىككى يۈرۈش بولۇپ، بىر يۈرۈشىگە بەش مىسقال، ئۈچ مىسقال

دېگەن سانلار خەتچە، يەنە بىر يۈزۈشىگە ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال دېگەن سانلار رەقەمچە يېزىلغان، ھەممىسى گۇاڭشۈنىڭ 31 ـ يىلى (1905 ـ يىلى) ئىشلەنگەن. بىراق ھەر بىر خىلنىڭ كۆپلىگەن ئوخشاشمىغان نۇسخىلىرى بولغان.

(3) بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى كۈمۈش پۇلى. گۇاڭشۈ 32 ـ يىلى (1906 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ نوپۇس بىرقىسى كۈمۈش پۇلنى ئۆلچەملىك پۇل قىلىشنى بەلگىلەپ، بىر سەرلىك بۈرچ خاتىرىلەنگەن پۇل قۇيۇشنى باشلىغان. كېيىنكى يىلى قەشقەردە بۇيۇك چىڭ سۇلالىسىنىڭ كۈمۈش پۇلىغا تەقلىد قىلىنىپ، «قەشقەر بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى كۈمۈش پۇلى» قۇيۇلغان. بۇ پۇلنىڭ خەنزۇچە خەتلىرىنىڭ يېزىلىشى ئۆزگىچە، ئارقا تەرىپىگە چەمبەر ئىچىگە ئەجدىھا سۈرىتى، چەمبەر سىرتىغا ئۈنى ئوراپ تۇرغان يوپۇرماق نەقىشلىرى؛ ئوڭ يۈزىنىڭ چەمبەر ئىچىگە خەنزۇچە «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى كۈمۈش پۇلى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

(4) شۈەنتۇڭ كۈمۈش پۇلى. «شۈەنتۇڭ كۈمۈش پۇلى» بەكمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، بۇ پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى چەمبەر ئىچىگە «شۈەنتۇڭ كۈمۈش پۇلى»، چەمبەر سىرتىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «قەشقەردە ئىشلەندى»، سول ۋە ئوڭ تەرىپىگە «بەش مىسقال» دېگەن، خەنزۇچە خەتلەر، ئاستى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەندى، بەش مىسقال» دېگەن خەتلەر ۋە يىلى چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىدە ئۈچ قۇر چەمبەر بولۇپ، ئىچىدىكى چەمبەردە ئەجدىھا سۈرىتى بار، ئوتتۇرىدىكى چەمبەر قۇرۇق، سىرتقى چەمبەرگە گۈل نەقىشلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ پۇل پەقەت بەش مىسقاللىق بىر خىللا بولۇپ شۈەنتۇڭنىڭ بىرىنچى يىلى (1909ـ يىلى) دىن 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) غىچە قۇيۇلغان.

(5) شۈەنتۇڭ يۈەنباۋ. شۈەنتۇڭ يۈەنباۋنىڭ ئوڭ تەرەپ چەمبەر ئۈستىدە «قەشقەردە ئىشلەندى»، سول، ئوڭ چەتلىرىدە «بەش مىسقال» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر، چەمبەر ئاستىدا «قەشقەردە ئىشلەندى، بەش مىسقال» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر بار. بۇ پۇل پەقەت بەش مىسقاللىق بىر خىللا بولۇپ، شۈەنتۇڭنىڭ 1 ـ يىلى (1909 ـ يىلى) دىن 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) غىچە قۇيۇلغان.

(6) قەشقەر ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى. قەشقەر ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) دىكى ئۈرۈمچى ھەربىي تەمىنات كۈمۈشىگە تەقلىد قىلىپ پەقەت بەش مىسقاللىق بىر خىللا قۇيۇلغان. ئوڭ يۈزىنىڭ چەمبەر ئىچىگە «ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى، بەش مىسقال» دېگەن خەنزۇچە خەت، چەمبەر سىرتىغا ۋە مەركىزىگە جەمئىي بەش دانە يۇلتۇز، ئارقا تەرىپىنىڭ چەمبەر ئىچىگە ئەجدىھا سۈرىتى، چەمبەر سىرتىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە خەنزۇچە «قەشقەر» دېگەن خەت، ئاستى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەندى، بەش مىسقال» دېگەن خەتلەر ۋە يىلى چۈشۈرۈلگەن.

(7) قەشقەر كىچىك تەڭگىسى. قەشقەر كىچىك تەڭگىسى ئۈچ مىسقاللىق، ئىككى مىسقاللىقتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنگەن. كېيىنكى خىلنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ چەمبەر ئىچىگە خەنزۇچە «تەڭگە، ئىككى مىسقال» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئەمما چەمبەر سىرتىدىكى نەقىشلەر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل نۇسخىدا ئىشلەنگەن. بىر خىلنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى چەمبەرنىڭ ئۈستى، ئوڭ ـ سول تەرەپلىرى ۋە ئوتتۇرىسىغا جەمئىي تۆت يۇلتۇز، ئاستى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەندى، ئىككى مىسقال، ھىجرىيە 1329 ـ يىل» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن؛ ئارقا تەرىپىدە ئۈچ قۇر چەمبەر بولۇپ، ھەر بىر چەمبەردىكى نەقىشلەر شۈەنتۇڭ كۈمۈش پۇلى بىلەن ئوخشاش. يەنە بىر خىلنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ چەمبەر سىرتىدا ۋە پۇل مەركىزىدە جەمئىي بەش كىچىك يۇلتۇز بار، ئۇيغۇرچە خەت يوق؛ ئارقا تەرىپىدە چەمبەر ئىچىدە ئەجدىھا سۈرىتى، چەمبەر

سىرتىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر كىچىك يۇلتۇز، 1911 - يىلى قۇيۇلدى دېگەن خەت بار.

### 3) ئاقسۇ جۇجۇقىدا قۇيۇلغان گۇاڭشۇ تەڭگىسى

ئاقسۇدا قۇيۇلغان تەڭگە بەك ئاز بولۇپ، گۇاڭشۇ 19 - يىلى (1893 - يىلى) دىن گۇاڭشۇ 21 - يىلى (1895 - يىلى) غىچە ئۈچ يىللا قۇيۇلغان. ئاقسۇدا قۇيۇلغان گۇاڭشۇ تەڭگىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە پۈتۈنلەي خەنزۇچە يېزىقى بولۇپ، ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە «گۇاڭشۇ تەڭگىسى»، ئوڭ تەرىپىگە تىك شەكىلدە «ئاقسۇ شەھىرى» سول تەرىپىگە تىك شەكىلدە «بەش مىسقال» دېگەن خەتلەر؛ ئارقا تەرىپىنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە ئوراپ تۇرغان گۈل نەقىشلىرى ئەرەب ئۇسلۇبىدا چۈشۈرۈلگەن، ئوتتۇرىسىغا ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ، بەش مىسقال، ھىجرىيە 1310 - يىلى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. بۇ، بەش مىسقال، ئۈچ مىسقال، ئىككى مىسقال، بىر مىسقال، قاتارلىق تۆت خىل ئىشلەنگەن. بۇ تەڭگىنىڭ يۈزىدىكى خەتلەر ماشىنىدا بىر قەدەر يۈزە بېسىلىپ قالغاچقا، بەزىلىرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ.

## 8. شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا قۇيۇلغان كۈمۈش تەڭگىلەر

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) ياڭ زېڭشىن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ھەربىي تەمىنات ئۈزۈلۈپ قالدى. مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆپىيىپ كەتتى. بۇ ئۆكسۈكلۈك ئاساسلىقى تېگىشلىك بولمايدىغان ئۆلكە پۇلى بىلەن تولۇقلاندى. لېكىن يەنە بىر قىسىم كۈمۈش تەڭگىمۇ قۇيۇلۇپ ئوبوروت قىلىندى. بۇ مەزگىلدە تەڭگە ئۈرۈمچى ۋە قەشقەر (خوتەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن ئىبارەت ئىككى جايدا قۇيۇلدى. قەشقەر ۋىلايىتىدە خەزىنىدە ساقلانغان كۈمۈش بىر قەدەر مول بولغانلىقتىن، قۇيۇلغان تەڭگىمۇ بىر قەدەر كۆپ بولدى. ئۇنىڭ ساپلىق دەرىجىسىمۇ ئۈرۈمچىنىڭكىدىن يۇقىرى. بازاردا شىنجاڭ تەڭگىسى بىلەن ئىچكىرىنىڭ تەڭگىسى تەڭ ئوبوروت قىلىندى. شىنجاڭ تەڭگىسى سەر، مىسقال بويىچە ھېسابلىنىپ، ھەر بىرى 36.13 گرامغا سۇندۇرۇلاتتى. ئىچكىرىنىڭ تەڭگىسى بولسا، خەزىنە تارازىسىدا يەتتە مىسقال ئىككى پۇڭ بولۇپ، 26.86 گرامغا سۇندۇرۇلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساپلىق دەرىجىسىمۇ پەرقلىق بولدى.

مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا قۇيۇلغان تەڭگىلەر قۇيۇلۇش نۇسخا پەرقى بويىچە «رېنزى يىللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى»، «ئۈرۈمچى بىر سەرلىك كۈمۈش تەڭگىسى» ۋە «قەشقەرنىڭ مىنگو ھەربىي تەمىنات بەش مىسقاللىق تەڭگىسى» دىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنگەن. بۇ پۇللارنىڭ ھەممىسى خەلق ئارىسىدا تەڭگە دەپ ئاتالغان.

1) رېنزى يىللىق ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى. بۇ پۇل مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) ئۈرۈمچى جۇجۇقىدا قۇيۇلغان بولۇپ، بىر سەر ۋە بەش مىسقاللىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىدى. بىر سەرلىكنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ چەمبەر ئىچىگە «ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى بىر سەر»، چەمبەر سىرتىغا «جۇڭخۇا مىنگونىڭ بىرىنچى يىلى»، ئارقا تەرىپىنىڭ ئاستى - ئۈستىگە «رېنزى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر ۋە كىرەلەشتۈرۈلگەن ئىككى بايراق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

2) قەشقەرنىڭ مىنگو ھەربىي تەمىنات بەش مىسقاللىق تەڭگىسى. مىنگونىڭ 2 - يىلىدىن 5 - يىلىغىچە (1913 - يىلىدىن 1916 - يىلىغىچە) قەشقەر جۇجۇقىدا قۇيۇلغان. بۇ كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىدە پۈتۈنلەي

خەنزۇچە يېزىق بولۇپ، چەمبەر ئىچىگە «جۇڭخۇا مىنگو»، چەمبەر سىرتىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى بەش مىسقال»، ئاستى تەرىپىگە «شىنجاڭ قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر، ئوڭ ۋە سول چەتلىرىگە بىردىن كىچىك يۇلتۇز چۈشۈرۈلگەن؛ ئارقا تەرىپىدە ئىككى بايراق كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۈستى قىسمىدىكى بوش ئورۇنغا «جۇڭخۇا مىنگو»، ئاستى تەرىپىدىكى بوش ئورۇنغا «ھەربىي تەمىنات كۈمۈشى بەش مىسقال» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

3) ئۈرۈمچى بىر سەرلىك كۈمۈش تەڭگىسى. بۇ تەڭگە مىنگونىڭ 6-، 7- يىللىرى (1917-، 1918-يىللىرى) ئۈرۈمچى جۇبۇقىدا قۇيۇلغان. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چەمبەر ئىچىگە «بىر سەر» دېگەن خەنزۇچە خەت، ئوڭ ۋە سول چېتىگە «كۈمۈش تەڭگە» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت، چەمبەر سىرتىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «ئۈرۈمچى تەڭگە جۇبۇقىدا ئىشلەندى»، ئاستى تەرىپىگە «جۇڭخۇا مىنگونىڭ 6 - يىلى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىنىڭ چەمبەر ئىچىگە ئۇيغۇرچە «بىر سەر، ئۈرۈمچى» دېگەن خەت، چەمبەر سىرتىغا ئىككى دانە باشاق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

## 9. قەشقەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھاكىمىيىتى قۇيدۇرغان كۈمۈش تەڭگە

مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) ئەنگلىيىنىڭ قوللىشى ئاستىدىكى قەشقەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ بۆلگۈنچى ھاكىمىيىتى قەيەردىن چىققاندىن كېيىن، ئورغۇنلىغان كۈمۈش تەڭگە، مىس پۇل ۋە قەغەز پۇللارنى ياسىدى ۋە قالايمىقان تارقاتتى. كۈمۈش تەڭگىنىڭ دىئامېتىرى 2.9 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 1.5 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 7.5 گرام. ئوڭ يۈزىنىڭ ئەتراپىغا ئايلاندۇرۇپ ئۇيغۇرچە يېزىقتا «بىر مىسقال، ھىجرىيە 1352» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، ئارقا تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۈستى تەرىپىگە قارىتىلىپ ھىلال ئاي، ھىلال ئاينىڭ ئەگمىسى ئىچىگە «قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن ئۇيغۇرچە خەت چۈشۈرۈلگەن. ئۇ خەتنىڭ ئۈستىدە سەككىز بۇرجەكلىك يۇلتۇز، ھىلال ئاينىڭ ئاستىدا سىپىي كىرىشتۈرۈلگەن ئىككى يوپۇرماق سۈرىتى بار ئىدى.

## 10. «دوللار» نى بىرلىك قىلغان كۈمۈش تەڭگە

بۇ مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) شىنجاڭ ئازاد بولۇش ئارپىسىدا تارقىتىلغان تەڭگە. بۇ تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «شىنجاڭ پۇل زاۋۇتىدا قۇيۇلدى» ئاستى تەرىپىگە «مىنگونىڭ 38 - يىلى» ياكى «1949 - يىلى» دەل ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە «بىر يۈەن» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر، ئارقا تەرىپىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا «شىنجاڭ پۇل زاۋۇتىدا قۇيۇلدى» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر، ئاستى قىسمىغا «1949» رەقىمى، دەل ئوتتۇرىسىغا يوغان «1» رەقىمى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئاستىغا ئۇيغۇر يېزىقىدا «دوللار» دەپ يېزىلغان.

## 3 § . مىس پۇل

### 1. تۈرلىرى

#### 1) خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل

تەخمىنەن مىلادى I ئەسىردىن II ئەسىرگىچە خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل (خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى) شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىندى. خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدە خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدە خەنزۇ يېزىقىدا پۇلنىڭ قىممىتى، ئارقا تەرىپىدە كارۇشتى يېزىقىدا پادىشاھنىڭ ئۇلۇغلانغان نامى ياكى ئۆز ئىسمى چۈشۈرۈلگەن. ھەم ئىككى خىل شەكىلگە بۆلۈنگەن. شۇڭا، جۇڭگو ئارخېئولوگى شيانەي ئۇنىڭ نامىنى خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل دەپ بېكىتكەن. «خوتەن ئات سۈرەتلىك پۇلى» بۇ پۇلنىڭ ئاممىباب ئاتىلىشى، بۇ پۇلنىڭ كۆپ قىسمى خوتەندىن قېزىۋېلىنغان. جەمئىي 352 دانە بولۇپ، شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى مىس پۇللار ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە ياسالغان مىس پۇل ھېسابلىنىدۇ.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ تۇڭجى 13 ـ يىلى (1874 ـ يىلى) ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى ھىندىستاندىكى پەنجابتا ۋەزىپە ئۆتىگەن ئەمەلدارى دوگلاس. فورسىت تۈرە باشچىلىقىدا رويبېرت. شاۋ قاتارلىق كىشىلەرنى شىنجاڭغا ياقۇپبەگ بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا ئەۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇلار يول بويى ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى توپلىغان. گۇاڭشۈنىڭ 2 ـ يىلى (1876 ـ يىلى) فورسىت توپلىغان ئاسار ـ ئەتىقىلەرنى ئېلان قىلغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى دانە مىس پۇل بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق، تۆشۈكى يوق، قېلىن ھەم ئەتراپى گىرۋەكسىز ئىدى، بۇنى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر گىرتسىيىنىڭ پۇل قۇيۇش ئەنئەنىسى ۋە ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىپ سوقۇپ، چىگداپ ئىشلىگەن. ئەسلى پۇلنىڭ مەركىزىي قىسمىدا بىر ئاتنىڭ كۆپتۈرمە سۈرىتى بولۇپ، سۈرەتنىڭ ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇپ كارۇشتىچە يېزىق يېزىلغان، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە خەنزۇچە «24 جو ئېغىرلىقتىكى مىس پۇل» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. بۇ يېقىنقى زاماندا تۇنجى قېتىم تېپىلغان خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقتىكى پۇل.

گۇاڭشۈ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) فرانسىيىنىڭ دۇترېل تەكشۈرۈش ئەترىتى شىنجاڭدا خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلدىن تۆتنى تاپقان. بۇنى شىغىبىتشىت گۇاڭشۈ 27 ـ يىلى (1901 ـ يىلى) ئېلان قىلغان.

گۇاڭشۈ 27 ـ يىلى (1901 ـ يىلى) ئەنگلىيىلىك رودارف خېينىلىي بىر تۈركۈم خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنى ئېلان قىلغان. بۇ پۇللارنى ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق خادىملىرى كۆپ تەرەپلەردىن يىغقان. ئۇنىڭ ھازىر كۆپ قىسمى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا، بىر قىسمى ھىندىستان كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ ئىككى ئورۇندىكىسى تەخمىنەن 120 دانە.

روسىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى ۋە روسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى، تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ باشلىقى ئولدېنبورگ قاتارلىق كىشىلەر XIX ئەسىردىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە

خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلدىن جەمئىي 21 نى يىغقان، ھازىر ئۇ لېنىنگرادتىكى ئېرمىتاش مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

گۇاڭشۇ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) دىن مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914 ـ يىلى) غىچە ياپونىيىنىڭ شىيۆەن ئىبادەتخانىسىنىڭ مۇتىۋەللىسى ئوتانى كوئول تەكشۈرۈش ئەترىتى ھىندىستانغا بۇددا دىنىنى تەكشۈرگىلى بارغاندا، شۇ ئەترەتكە قاراشلىق خادىملاردىن دۇبيەن جىبيشىن، جۇرۇيچاۋ، جىيچۇەن شاۋيىلاڭ قاتارلىق كىشىلەر 12 يىل ئىچىدە ئۇچ قېتىم شىنجاڭنىڭ خوتەن، كۇچا، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلىرىغا كېلىپ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى توپلىغان، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ياپونىيىگە توشۇپ كەتكەن، بىر قىسمىنى لۈيشۇندىكى گۇەندۇڭ قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنىڭ مانجۇ ـ موڭغۇل مۇزېيىدا ساقلىغان. شۇ يەردە ساقلانغان ئاسار ـ ئەتىقىلەر ئىچىدە بىر تۈركۈم شىنجاڭنىڭ قەدىمىي پۇللىرى بار، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلدىن 11 دانىسى (چوڭى بىر، كىچىكى ئون) بار.

تارىختا خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنى ئەڭ كۆپ يىغقان ئادەم ئەنگلىيە دۆلەت تەۋەلىكىدىكى ۋېنگرىيىلىك ستېيىن. ئۇ گۇاڭشۇ 26 ـ يىلدىن (1900 ـ يىلى) مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916ـ يىلى) غىچە ئۇچ قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ، ئاسار ـ ئەتىقىلەر توپلىغان، ئۇ جەمئىي 187 دانە خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنى يىغقان، ئۇنىڭ ھەممىسى بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

مىنگونىڭ 18 ـ يىلى (1929 ـ يىلى) جۇڭگو ئارخېئولوگى پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى خوتەننىڭ شىمالىدىكى ئاق سىپىل كونا شەھىرىدىن بىر دانە خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنى تاپقان (ئۇ چاغدا پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى جۇڭگو غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىگە قاتناشقان). بۇ، ھازىرغىچە بايقالغانلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر دانىسى بولۇپ، ھازىر بېيجىڭ تارىخىي ماتېرىياللار مۇزېيىدا ساقلانماقتا (ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ئۇنىڭ تەقلىدىي ياسالغان نۇسخىسى بار).

خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنىڭ يىغىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 1 — 1

| ساقلىنىۋاتقان ئورۇن | يىغقۇچى | سانى (دانە) |
|---|---|---|
| بۈيۈك برىتانىيە مۇزېيى | خېيىنلېي 65 نى، ستېيىن 187 نى، فۇرست، روبېرت، شاۋ، لېۋور، مىشىش قاتارلىقلار تۆتنى يىغقان | 256 |
| سوۋېت ئىتتىپاقى ئېرمىتاژ مۇزېيى | فېدوروۋسكى 11 نى، ئولدېنبۇرگ ئىككىنى، نامەلۇم كىشىلەر سەككىزنى يىغقان | 21 |
| ئوكسفورد ئاشمولىن مۇزېيى | شات ئىككىنى، فېڭ خېيلى بىرنى يىغقان | 3 |

| | | |
|---|---|---|
| ھىندىستان ھۆكۈمەت كۇتۇپخانىسى | خېيىنلىپى | 55 |
| ھىندىستان پەنجاپ مۇزېيى | لاھور | 1 |
| نامەلۇم | دوترېل | 4 |
| جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللار مۇزېيى | خۇاڭ ۋېنبى | 1 |
| لۇيشۇن مۇزېيى | ئوتانى كوئول | 11 |
| جەمئىي | | 352 |

خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلغا چۈشۈرۈلگەن يېزىق، نەقىشلەرنى تونۇش، ئۇنىڭ دەۋر ئايرىمىسى، تەۋەلىكى ۋە تارقىلىشچانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە، ئالىملار ئورغۇنلىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىراق پۇلدىكى يېزىقلار مۇجمەل ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر مەدەنىيەت تارىخىي ماتېرىياللىرى كەمچىل بولغاچقا، ھازىرغىچە يەكۈن چىقىرىلغىنى يوق.

خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنىڭ كۆپىنچىسى خوتەن ئەتراپىدىكى ھەر قايسى قەدىمىي شەھەر خارابىلىرىدىن قېزىۋېلىندى. يەنە ئاز ساندا يەكەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىن قېزىۋېلىنغانلىرىمۇ بار. شۇڭا، كۆپ ساندىكى ئالىملار بۇ پۇل قەدىمكى ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ يەرلىك پۇلى دەپ قارىماقتا.

خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل قىزىل مىستىن ياسالغان بولۇپ، شەكلى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا تۆشۈك يوق ھەم قېلىن، ئۇنىڭغا چۈشۈرۈلگەن خەت ۋە نەقىشلەر ئويۇپ چىقىرىلغان ئەمەس، ئېرىتىپ قۇيۇلغانمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەنئەنىۋى پۇل قۇيۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ بېسىلغان بۇ پۇل چوڭ ۋە كىچىك ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ئارقا تەرىپى (چوڭ پۇلنىڭمۇ ۋە كىچىك پۇلنىڭمۇ) نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئات ياكى بىر تۆگىنىڭ تۇرغان ياكى مېڭىۋاتقان سۈرىتى بار. بۇ ھايۋاننىڭ ئەتراپىدىكى بىر چەمبەردە كارۇشتى يېزىقى بولۇپ، خەتلىرى تۇتۇق. ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسى مۇنداق: Maharaja (sa) Juthiraja (yitiraja) rajatiraj (sa)، بۇنىڭ بىرىنچى سۆزى «ئېلچى»، ئىككىنچى سۆزى «خانلارنىڭ خانى» دېگەنلىكتۇر. بۇ ئىككى جۈملە ئاساسىي جەھەتتىن ئالىملارنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۈچىنچى سۆزى ئوخشىمايدىغان ترانسكرىپسىيە قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنىسىگە بولغان قاراشمۇ ئوخشاش ئەمەس.

خەنزۇچە ـ كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنىڭ چوڭىنىڭمۇ، كىچىكىنىڭمۇ ئوڭ يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن خەتلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ يېزىقى، ئۇ تۇتۇق بولسىمۇ، لېكىن تونۇغىلى بولىدۇ. چوڭ پۇلنىڭ بىر چەمبىرىدىكى ئويما شەكىللىك خەت «24 جۇ ئېغىرلىقتىكى يارماق» دېگەن سۆز، ئۇنى «ئېغىرلىقى 24 جۇ كېلىدىغان يارماق» دەپ ئوقىسىمۇ بولىدۇ.

كىچىك پۇلدا پەقەت «ئالتە جۇلۇق پۇل» دېگەن خەنزۇچە خەتلەرلا بار، بۇ خەتلەر روشەن ھالدا ئوخشاش بولمىغان ھەر نەچچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى ئاسانلا تونۇغىلى بولىدۇ.

خەنزۇچە - كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدە خەنزۇچە «ئېغىرلىقى 24 جۇلۇق يارماق» دېگەن خەت بولغاننىڭ سىرتىدا، مەركىزىي قىسمىدا يەنە ئىككى خىل نەقىش بار. ئۇنىڭ كۆپ قىسمى  ھالەتتىكى نەقىش، ئاز ساندا  ھالەتتىكى نەقىشمۇ بار. بۇ ئىككى خىل نەقىشنى جۇڭگو چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ چۈشىنىشى ئوخشاش ئەمەس.

خەنزۇچە - كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلنىڭ ئېغىرلىقى ئوخشاش ئەمەس. خوتەن ۋېنبى يىغقان چوڭ پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى تۆت مىللىمېتىر كېلىدۇ؛ لوشۇن مۇزېيىدا ساقلانغان چوڭ پۇلنىڭ دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 4.5 مىللىمېتىر كېلىدۇ. كىچىك پۇلنىڭ دىئامېتىرى ئەڭ كىچىكلىرىنىڭ 1.7 سانتىمېتىر، ئەڭ چوڭلىرىنىڭ 2.2 سانتىمېتىر؛ قېلىنلىقى ئەڭ نېپىزلىرىنىڭ 0.15 سانتىمېتىر، ئەڭ قېلىنلىرىنىڭ 0.2 سانتىمېتىر؛ ئېغىرلىقى ئەڭ يېنىكلىرىنىڭ 2.08 گرام، ئەڭ ئېغىرلىرىنىڭ 5.13 گرام كېلىدۇ. كىچىك پۇلنىڭ ئېغىرلىقىدا پەرق چوڭ، ئۇنىڭ ياسىلىشىمۇ قوپال.

خەنزۇچە - كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلدا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆلچەم تۇزۇمى قوللىنىلغان بولۇپ، 24 جۇلۇق پۇلنىڭ ئېغىرلىقى 15.6 گرام، ئالتە جۇلۇق كىچىك پۇلنىڭ ئېغىرلىقى 3.9 گرام كېلىدۇ. خەنزۇچە - كارۇشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلدا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆلچەم «جۇ» پۇل بىرلىكى قىلىنغان بولۇپ، خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتا ناھايىتى كەڭ ئومۇميۈزلۈك قىلىنغان بەش جۇلۇق پۇلى بىرلىكتە ئىشلىتىلگەن.

2) خەنزۇچە - كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق بەش جۇلۇق يارماق

كۇسەن شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىدىكى قەدىمكى شەھەر دۆلەتلىرى ئىچىدىكى بىر قەدەر چوڭ دۆلەت، ئۇ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە، يىپەك يولىنىڭ شىمالىي لىنىيىسىگە جايلاشقان، بۇ دۆلەت تەۋەسىدە خەنزۇچە - كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق بەش جۇلۇق يارماق ۋە كىچىك يارماق ئومۇميۈزلۈك قىلىنغان.

يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئارخېئولوگلىرى بۇ رايوندا نۇرغۇنلىغان كۇسەن يارمىقىنى ئۇچراتقان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىقى خېتىسىز، كۆپ سانلىقى كۆلىمى يوق كۇسەن كىچىك يارمىقى بولغاننىڭ سىرتىدا، كۆپ سانلىقى خەنزۇچە - كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق بەش جۇلۇق يارماق خەنزۇچە - كۇسەنچە 2 خىل يېزىقلىق 5 جۇلۇق يارماق ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن خەتلىرىگە ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى خىلى، خەنزۇچە يېزىقىمۇ، كۇسەنچە يېزىقىمۇ ئوڭ يۈزىگە ئويۇلغان، مىس پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىدە يېزىقىمۇ، نەقىشىمۇ يوق.

ئىككىنچى خىلى، ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە «بەش جۇ» دېگەن خەت، ئارقا تەرىپىگە كۇسەنچە «0» خېتى ئويۇلغان، بۇنداق يارماق ئەڭ كۆپ، ئۇنىڭ قۇيۇلۇشىمۇ بىر قەدەر نەپىس.

ئۈچىنچى خىلى، ئوڭ يۈزىدە كۇسەنچە «0» خېتى بار، ئارقا تەرىپىدە خەت يوق، بۇنداقلىرىنىڭ سانى ناھايىتى ئاز.

1986 - يىلى 4 - ئايدا كۇچا ئاسار - ئەتىقە باشقۇرۇش ئورنى تاپقان 10 مىڭ دانىدىن ئارتۇق يارماقنىڭ 12 دانىسى باشقا يارماق بولغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى خەنزۇچە - كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل. خەنزۇچە - كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ئېغىر - يېنىكلىكىگە ئاساسەن بەش خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**1986 ـ يىلى كۇچا ئاسار ـ ئەتىقە باشقۇرۇش ئورنى تاپقان خەنزۇچە ـ كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق بەش چۇلۇق يارماق**

جەدۋەل: 1 — 2

| خىلى | سانى (دانە) | دىئامېتىرى (س م) | دانە ئېغىرلىقى (گرام) | ئومۇمىي مىقدارى (گرام) |
|---|---|---|---|---|
| 1 | 201 | 2.1 | 2.2 | 450 |
| 2 | 4550 | 1.8 | 1.8 | 8150 |
| 3 | 4290 | 1.65 | 1.5 | 6300 |
| 4 | 988 | 1.5 | 1.15 | 1250 |
| 5 | 35 | 1.3 | 1.43 | 50 |
| | 10064 | | | 16200 |

خەنزۇچە ـ كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇل ئىشلىتىلگەن ماتېرىيال سۈپىتىگە قاراپ ئىككى خىلغا، يەنى قىزىل مىس ۋە سېرىق مىس پۇلغا بۆلىنىدۇ، سېرىق مىس ئاساس قىلىنىدۇ.

خەنزۇچە ـ كۇسەنچە ئىككى خىل يېزىقلىق يارماقتا ھەم خەن سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئۆلچەم تۇزۇمىدىكى بەش جۇلۇق پۇلنىڭ ئەنئەنىۋى قېلىپى قوللىنىلغان، ھەم چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن بۇيانقى سىرتى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈكلۈك پۇلنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىنغان. بۇ پۇل مىلادى III ئەسىردىن VI ئەسىرگىچە ئوبوروت قىلىنغان.

كۇسەن كىچىك يارمىقى كۇچادا ئەڭ بالدۇر ۋە ئەڭ كۆپ بايقالدى، كېيىن قارا شەھەر، خوتەنلەردە بايقالدى. كۇچادىكى چوڭ خىتاي قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن يەنە كۇسەن كىچىك يارمىقىنىڭ چالا پۈتكەن قېلىپى تېپىلدى. كۇسەن كىچىك يارمىقىنىڭ كۆپىنچىسى قىزىل مىستا قۇيۇلغان بولۇپ، تۈرلىرى، نۇسخىسى بىر خىل ئەمەس، تاشقى كۆرۈنۈشىمۇ تازا رەتلىك ئەمەس، قۇيۇلۇش تېخنىكىسىمۇ ئىنتايىن قوپال، ئەمما سىرتى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈكلۈك شەكلى ئاساسىي جەھەتتىن ساقلاپ قېلىنغان. ئوڭ يۈزىدىمۇ، ئارقا تەرىپىدىمۇ خەت ۋە نەقىش يوق. ئۇنىڭ سىرتقى دىئامېتىرى 1.2 ـ 1.9 سانتىمېتىر، تۆشۈك دىئامېتىرى 0.5 ـ 0.9 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.32 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئېغىرلىقى 0.4 ـ 1.2 گرام كېلىدۇ.

كۇسەن كىچىك يارمىقىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، نېپىز، كىچىك، خەتسىز، ئىچى - سىرتىدا دائىرە سىزىقى يوق، گەردىشى تار، تۆشۈكى چوڭ. ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەرنىڭ شۇنىڭ بىلەن بىرگە قېزىلغان باشقا بۇيۇملارغا ۋە قېزىلىش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ دەلىللىشىگە قارىغاندا، بۇ پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنغان ۋاقتى تەخمىنەن مىلادى V ئەسىردىن VIII ئەسىرگىچە ئىكەن.

### 3) قوچو ئېلى پۇلى

قوچو ئېلى پۇلى ھەققىدىكى ئەڭ بۇرۇنقى يازما خاتىرىلەرنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ، جىياچىڭ يىللىرىدىكى مەشھۇر پۇل ساقلىغۇچى ئالىم ۋېن شۇپېي يازغان «قەدىمكى پۇللار ئۈستىدە ئومۇمىي تەھلىل» دېگەن كىتابتىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: «ساقلانمىلار ئىچىدە قوچو ئېلى پۇلىدىن بىر دانە بار، ئۇنى رېنخېلىق ۋۇۋۇلۇۋ تەقدىم قىلغان» چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ، شيەنفېڭ يىللىرىدىكى پۇل ساقلىغۇچى ئالىم جاڭ رۇيبې «يېڭى تۈزۈلگەن پۇل تەزكىرىسى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغان: «قوچو ئېلى پۇلى پارقىراق، ئىنتايىن قېلىن ۋە ئېغىر بولۇپ، قوچو دۆلىتىدە قۇيۇلغان، ئەمما قايسى چاغدا قۇيۇلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ».

1928 - يىلى ئارخېئولوگىيە ئالىمى پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى تۇرپاندا بىر دانە قوچو ئېلى پۇلىنى سېتىۋالغان، بۇ پۇلنىڭ سىرتى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈكلۈك بولۇپ، چۆرىسى گىرۋەكلىك، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 25.1 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى تۆت مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 12.5 گرام كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىدە «قوچو ئېلى» دېگەن خەت بار. خەتلەر چاسا شەكىلدە ئايرىم - ئايرىم يېزىلغان، ئوڭدىن سولغا قاراپ ئوقۇلىدۇ. ئارقىسى سىدام، ئالدى - ئارقىسى گىرۋەكلىك، ئۇنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن ئىككى مىللىمېتىر بولۇپ، قىزىل مىستىن ياسالغان، ناھايىتى قېلىن ۋە ئېغىر. شۇ يەردىكى ئاھالىلەر بۇ پۇل قاراغوجا قەدىمى شەھىرىدىن چىققان دەيدۇ.

1970 - يىلى 10 - ئايدا شىئەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدىكى خېجيا كەنتىدە تاڭ دەۋرىدە ئورا كولاپ كۆمۈپ قويۇلغان 1000 نەچچە ئاسارە - ئەتىقە تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تارىخىي تەرتىپ بويىچە ساقلانغان بىر يۈرۈش ئۆتكەن دەۋرلەردىكى يارماقلار بولۇپ، بۇ جەمئىي 31 خىل، 36 دانە، بۇنىڭ ئىچىدە قوچو ئېلى پۇلىدىن بىرسى بار. بۇ پۇلنىڭ دىئامېتىرى 26 مىللىمېتىر، تۆشىكىنىڭ دىئامېتىرى 8 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى تۆت مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى ئون گرام كېلىدۇ.

1973 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ۋە غەربىي شىمال داشۆسى تارىخ پاكۇلتېتىنىڭ ئارخېئولوگىيە كەسپىدىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار تۇرپان ئاستانىدىكى 519 - نومۇرلۇق قەبرىدىن (جاڭ لۇڭيۈەننىڭ خوتۇنى جۇۋېنزىنىڭ قەبرىسى) دىن بىر دانە ئىدىقۇت ئېلى پۇلىنى ئۇچراتقان. بۇ پۇل خۇاڭ ۋېنبى تۇرپاندىن سېتىۋالغان پۇلغا ئوخشايدۇ. بۇ پۇل جەسەتنىڭ ئاستىدىن تېپىلغان. يەنە جىنگۇەن 16 - يىلى (642 - يىلى) دىكى قەبرە ئابىدىسىمۇ تېپىلغان.

1982 - يىلى شەنشى ئۆلكىسى تۇڭچۇەن شەھىرىدىكى جوكۇننىڭ دۆلەتكە بىر دانە ئىدىقۇت ئېلى پۇلىنى ئىئانە قىلغان، بۇ پۇلنىڭ دىئامېتىرى 26.7 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 3.5 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 12 گرام، بۇ پۇل ھازىر تۇڭچۇەن شەھەرلىك مۇزېيدا ساقلانماقتا.

لۈيشۈن مۇزېيى ئېكسكۇرسىيە بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ لىن تاپشۇرغان «شىنجاڭدىن قېزىلىپ مۇزېيىمىزدا ساقلىنىۋاتقان پۇللار كاتالوگى» دېگەن ماتېرىيالدا شىنجاڭنىڭ تارىختىكى بىر تۈركۈم قىممەتلىك پۇللىرىنىڭ بارلىقى كۆرسىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە قوچو ئېلى پۇلىدىن ئۈچ دانىسى بار ئىكەن.

بۇ پۇلدىن تۇرپان ئاسار - ئەتىقە باشقۇرۇش ئورنىدا ئۈچ دانىسى، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قەدىمىي پۇللار ھەۋەسكارلىرى مياۋيۈەخەي قاتارلىق ئىككى كىشىدە بىردىن ئىككىسى بار. 1985 - يىلغىچە مەملىكەت بويىچە قوچو ئېلى پۇلىدىن ئون دانىسى بايقالدى.

قوچو ئېلى پۇلىنىڭ قۇيۇلغان ۋاقتى، ئورنى ۋە رولى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تېخى يەكۈن چىقىرىلمىدى.

### 4) تۈركەش پۇللىرى

تۈركەش پۇلى تۈركەشلەر دائىمىي سۇلۇقاغان تەختتە ئولتۇرۇۋاتقان چاغدا (716 - يىلدىن 738 - يىلغىچە) قۇيۇلغان.

بۇ پۇلنى ئەڭ بۇرۇن تاپقان ئادەم فىنلاندىيىلىك مېننېرخېيىن (B. G. G. Mannerhein)، ئۇ 1906 - يىلى روسىيە باش شتابىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىغا كېلىپ ھەربىي ئاخبارات توپلاش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ شۇ چاغدا خوتەندە ئىككى دانە تۇركەش پۇلىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن لىكوگ (Lecog) 2 - قېتىم تۇرپاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، ئۇمۇ ئاشۇنداق سىرتى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈك بار پۇلغا ئېرىشكەن.

1929 - يىلى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيە ئالىمى پروفېسسور خۇاڭ ۋېنبى كۇچادىن ئاشۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر دانە تۇركەش پۇلىنى تاپقان.

1938 - يىلى ئا. بېرنشتېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تالاس شەھىرىدىن زور مىقداردىكى تۇركەش پۇللىرىنى قېزىۋالغان.

XX ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا پروفېسسور سمىرنوۋا سۇيىپ خارابىسىدىن كۆپ خىل پۇلنى تاپقان، ئۇنىڭ ئىچىدە تۇركەش پۇللىرىمۇ بار.

XX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا گەنسۇنىڭ لىشيەن ناھىيىسى ۋە شىنجاڭنىڭ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدىن بىر دانىدىن تۇركەش پۇلى تېپىلغان.

خۇاڭ ۋېنبى يىغقان ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى دانە تۇركەش پۇلىنىڭ ياسىلىش شەكلى كۆركەم، برونزىدىن نەپىس ياسالغان، ئەسلى رەڭگى ئاقتا مايىل بولۇپ، ئۇنىڭ سىرتى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈك بار. خەتلىرى ئېنىق، چۆرىسى گىرۋەكلىك. ئۇنىڭ دىئامېتىر 2.4 سانتىمېتىر، تۆشۈك دىئامېتىرى يەتتە مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 5 - 6.5 گرام كېلىدۇ. تۇركەش پۇلىنىڭ ئۆلچەم بىرلىكى ۋە سىرتى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈكلۈك بولۇشتەك شەكىل ئالاھىدىلىكى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئېغىرلىقى، چوڭ - كىچىكلىكى، ماتېرىيالى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كەييۈەن تۇڭباۋ بىلەن ئوخشايدۇ.

تۇركەش پۇلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە سوغدى يېزىقى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى «ئىلاھ ئاتا قىلغان تۇركەش خان پۇلى» دېگەن بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە كامالچىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگە سىلىنغان، بەزىسى تاق كىرىچلىك كامالچىگە، بەزىلىرى جۈپ كىرىچلىك كامالچىگە ئوخشايدۇ.

### 5) قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى

قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى شىنجاڭدىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىدا كۆپ قېتىم بايقالغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ بايقالدى. بىر قەدەر مۇھىم بولغانلىرى مۇنۇ ئۈچ قېتىملىقى:

گۇاڭشۇ 28 - يىلىدىن 30 - يىلىغىچە (1902 - يىلدىن 1904 - يىلغىچە) ياپونىيىلىك ئوتانى كوئۇل، دۇبىيەن جىيىشىڭ قاتارلىق كىشىلەر شىنجاڭدىن يىغقان ئاسار - ئەتىقىلەرنى لۈيشۈن مۇزېيىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ 17 دانە پۇلى بار.

1928 - يىلدىن 1929 - يىلغىچە جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى قەشقەر، خوتەن ئەتراپلىرىدىن قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بىر تۈركۈم پۇلىنى تاپقان.

1980 - يىل 3 - ئايدا ئاتۇشتا كۆمۈپ قويۇلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پۇلىدىن 130 نەچچە كىلوگرام، جەمئىي 17 مىڭ دانىدىن ئارتۇق تېپىلدى.

جۇڭگودا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ پۇللىرى قىزىل مىستىن سوقۇش، چەكداش ئۇسۇلى ئارقىلىق ياسالغان. پۇلنىڭ ئۈستىگە كوفىي خەت شەكلىدە ئەرەب يېزىقى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئاساسىي جەھەتتىن تونىغىلى بولىدۇ. بۇ پۇلنى ئۈستىگە چۈشۈرۈلگەن يېزىقنىڭ مەزمۇنى ۋە ياسىلىش شەكلى بويىچە مۇنداق ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

بىرىنچى خىلى، شىنجاڭدا يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان قاراخانىلار سۇلالىسى پۇللىرىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى مۇھەممەد ئارسلانخان دەۋرىدە سوقۇپ، چەكداپ ياسالغان پۇل بولۇپ، 1985 - يىلغىچە 20 مىڭ

دانىدىن كۆپرەك تېپىلدى. بۇ، قاراخانىلار سۇلالىسى پۇلىنىڭ شىنجاڭدا قېزىۋېلىنغان ئەڭ كۆپ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ.

بۇ پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە «لائىلاھە ئىللەللا مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن، ئارقا تەرىپىگە «مۇھەممەد ئارسلانخاننى ئاللا ئۆزى پاناھىدا ساقلىسۇن» دېگەن خەت بېسىلغان. پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە چۈشۈرۈلگەن خەتلەردىكى «مۇھەممەد» قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ بىر خانىنىڭ ئىسمى. «ئارسلانخان» ئۇنىڭغا بېرىلگەن نام، بۇ «شىردەك پادىشاھ» دېگەن مەنىدە.

ئىككىنچى خىلى، قېزىۋېلىنغان قاراخانىلار سۇلالىسى پۇللىرى ئىچىدە تابغاچ خان پۇلى بار. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى شۇكى، پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە چۈشۈرۈلگەن خەتلەر ئىچىدە «سۇلايمان قادىر تابغاچ خان» دېگەن نام بار (بەزىلىرىدە «سۇلايمان» دېگەن خەت يوق). بەزى پۇللارنىڭ ئوڭ يۈزىگە «لائىلاھە ئىللەللا مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى سۇلايمان مىلادى 1032 ـ يىلدىن ئىلگىرى «تابغاچ خان» دېگەن نامنى قوللانغان، بۇ خىلدىكى پۇللار شۇ دەۋردە سوقۇپ، چىقىرىپ ئىشلەتكەن.

تابغاچ خان پۇلىدىن شىنجاڭدا جەمئىي 500 نەچچىسى بايقالدى. 1980 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاتۇشتىن تېپىلغان كۆمۈپ ساقلانغان 17 مىڭ دانىدىن ئارتۇق قاراخانىلار سۇلالىسى پۇللىرى ئىچىدە تابغاچ خان پۇلىدىن 18 دانە بولۇپ، بۇ ناھايىتى ئاز نىسبەتنى ئىگىلىگەن.

پۇلنىڭ نەقىشلىرى زىننەتلىك بولۇپ، ئوڭ يۈزىنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ تارتىلغان چەمبەر ئىچىدە كىچىك يۇمىلاق چېكىتلەر بار. ئارقا تەرىپىنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى ئويما خەتنىڭ ئەتراپىغا سەككىز بۇرجەكلىك نەقىش چۈشۈرۈلگەن. يەنە نەچچە ئون دانە پۇلنىڭ ئىككىلا تەرىپىدە سەككىز بۇرجەك شەكىل بار. يەنە بىر دانە پۇلنىڭ ئىككىلا يۈزىگە كىچىك يۇمىلاق چېكىتلەر بىلەن نەقىش چۈشۈرۈلگەن.

6) جۇڭغار خانلىقىنىڭ تەڭگىسى ۋە پۇللىرى

جۇڭغار خانلىقى ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە «پۇل» ۋە تەڭگە ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان.

«پۇل» ـــ جۇڭغارىيىدە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەنىدى.

جۇڭغار پۇلى ئېلىپىس شەكىللىك بولۇپ بىر تەرىپى سەل ئۇچلۇقراق، شاپتۇل مېغىزىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇ شاپتۇل مېغىزى شەكىللىك پۇل دېيىلگەن. بۇ پۇلنىڭ ھەجمى كىچىك، ئەمما قېلىن ھەم ئېغىر بولۇپ، ئۇچلۇق ئۇچىدىن باشلاپ تىك دىئامېتىرى 17 ـ 18 مىللىمېتىر، توغرا كېسىك دىئامېتىرى 15 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى تۆت ـ بەش مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 6.3 ـــ 8.2 گىرام كېلىدۇ.

چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى شىنجاڭنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، كونا پۇلنى يىغىۋېلىش ۋە ئۆزگەرتىپ قۇيۇشقا تەييارلىق قىلدى. شۇ يىلى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى سانغۇن جاۋخۇي چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە ئىلتىماس سۇنۇپ، كونا پۇلنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. 7000 جىڭدىن ئارتۇق زەمبىرەك مىسىدىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن 500 مىڭ دانىدىن ئارتۇق پۇل قۇيۇپ، كونا پۇل تېگىشىۋېلىشنى، يېڭى پۇلنىڭ شەكلىنى ئىچكىرىنىڭ يارماق پۇلىغا تەقلىد قىلىپ، ھەر بىر دانىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىر مىسقال 2 پۇڭ قىلىشنى، ياكى كونا پۇل بويىچە دانىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى 2 مىسقال قىلىشنى ئۇنىڭ بىر يۈزىگە خەنزۇ يېزىقىدا «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ»، يەنە بىر يۈزىگە مانجۇ ياكى ئۇيغۇر (چاغاتاي) يېزىقى چۈشۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. چىڭ ھۆكۈمىتى جاۋخۇينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) يەكەن پۇل قۇيۇش جۇجۇقىنى تەسىس قىلغان. بۇ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭدا پۇل قۇيۇشنىڭ باشلىنىشى بولدى.

شۇ يىلى 9 ـ ئايدا يەكەن جۇجۇقى پۇل قۇيۇشنى باشلىدى. 6000 تىزىق پۇل قۇيۇلغاندىن كېيىن، يەكەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق شەھەرلەرگە تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، بىر يارماق يېڭى پۇلغا ئىككى يارماق كونا پۇل تېگىشىۋېلىندى. چيەنلۇڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) يىغىۋېلىنغان كونا پۇل ئېرىتىپ

ئۆزگەرتىپ قۇيۇشقا يېتىدىغان بولۇپ، يېڭى پۇل تېزلىكتە كونا پۇلنىڭ ئورنىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، چىڭ ھۆكۈمىتى بىرگە بىر تېگىشىش چارىسىنى قوللىنىشقا باشلىدى. چيەنلۇڭنىڭ 33 ـ يىلى (1768 ـ يىلى) غا كەلگەندە يىغىۋېلىنغان كونا پۇل ئېرىتىلىپ، زاپىسى قالمىغاندىن كېيىن پۇل قۇيۇش توختىتىلدى. پۇل تۈزۈمىنى يېڭى پۇل ئارقىلىق بىرلىككە كەلتۈرۈش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى.

7) داچەن

(1) چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا قىزىل مىستىن قۇيۇلغان مىس پۇللار ئىشلىتىلدى. ئۇنىڭ رەڭگى قىزىل بولغاچقا، خەنزۇچە «قىزىل پۇل» دەپ ئاتالدى، ئۇيغۇرلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە «پۇل» ياكى «يېڭى پۇل» دەپ ئاتىدى. داچەن يارماقنىڭ شەكلىگە ئوخشىتىپ ياسالغان. شەكلى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈك بار، ئوڭ يۈزىگە «تۆڭباۋ» دېگەن خەنزۇچە خەت، ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە، مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا پۇل قۇيغان جۇجۇقنىڭ نامى چۈشۈرۈلگەن. ئەڭ بۇرۇنقى داچەن چيەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) يەكەن جۇجۇقىدا قۇيۇلغان «چيەنلۇڭ تۆڭباۋ» پۇلى بولۇپ، ئەتۈر يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «يەكەن»، سول تەرىپىگە مانجۇچە «يەكەن» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى مىسقال كېلىدۇ.

داۋگۇاڭ 6 ـ يىلى (1826 ـ يىلى) جاھانگىر خوجا توپىلاڭ كۆتۈردى. چىڭ ئارمىيىسى جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، ھەربىي تەمىناتنى زور دەرىجىدە كۆپەيتتى. شۇڭا جەنۇبىي شىنجاڭدا دەرھال داچەن قويغاننىڭ سىرتىدا، يەنە ئىلى جۇجۇقىغا داچەن قۇيدۇرۇپ، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا يۆتكەپ ئىشلەتتى. داۋگۇاڭ 8 ـ يىلى (1826 ـ يىلى) خان مۇپەتتىشى نايەنچىڭ خاننىڭ رۇخسىتى ئارقىلىق ئاقسۇ پۇل قۇيۇش جۇجۇقىدا بەش يارماقلىق، ئون يارماقلىق داچەن قۇيدۇردى. بۇ ئىككى خىل داچەننىڭ ئوڭ يۈزىگە «داۋگۇاڭ تۆڭباۋ» دېگەن خەنزۇچە خەت، ئارقا يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە، سول تەرىپىگە مانجۇچە «ئاقسۇ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. بەش يارماقلىق پۇلنىڭ دىئامېتىرى 23 ـ 24.6 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 3 ـ 4.1 گرام بولۇپ، بەش يارماققا تېگىشلەتتى. ئون يارماقلىق پۇلنىڭ دىئامېتىرى 27 ـ 27.2 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 5.2 ـ 5.4 گرام بولۇپ، ئون يارماققا تېگىشلەتتى. داچەننىڭ نۇسخىسى كۆپ بولۇپ، قۇيۇلۇشى قوپال ئىدى.

(2) چيەنلۇڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) دىن گۇاڭشۈ 15 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) غىچە، شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، داچەننىڭ ئوبوروت قىلىنىشى پەقەت جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر، يېڭىسار، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق سەككىز شەھەر ۋە ئۇلارغا تەۋە رايونلار بىلەنلا چەكلەنگەن. داۋگۇاڭ 25 ـ يىلى (1845 ـ يىلى) لىن زېشۇ جەنۇبىي رايونلارغا بېرىپ بوز يەرلەرنى تەكشۈرۈش سەپىرىدە توقسۇندىن ئۆتكەندە، يارماققا داچەن تېگىشكەن. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە داچەن پۇل ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىدى. داۋگۇاڭنىڭ 23 ـ يىلى (1897 ـ يىلى) ئىلىدا يارماق ئاز بولۇپ، ئېھتىياجنى قاندۇرالمىغانلىقتىن، ئۈرۈمچىدىن داچەن يۆتكەپ ئوبوروت قىلىنغان. شۇنىڭدىن باشلاپ داچەن جەنۇبىي شىنجاڭدىمۇ، شىمالىي شىنجاڭدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئوبوروت قىلىنىدىغان بولدى.

بەش يارماقلىق، ئون يارماقلىق داچەننىڭ ئوبوروت قىلىنغان ۋاقتى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ، داۋگۇاڭ، شيەنفېڭ، تۇڭجى، گۇاڭشۈ، شۈەنتۇڭ دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈردى. بۇ پۇل دەسلەپ قۇيۇلغاندا، ئېغىرلىقى يېتەرلىك بولۇپ، ئىناۋىتى ياخشى ئىدى، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، ئېغىرلىقى تۆۋەنلەپ، ھەجمى كىچىكلەپ كەتتى، نەتىجىدە جەنۇبىي شىنجاڭ خەلقى ئىشلىتىشنى رەت قىلدى. كېيىن، ئون يارماقلىق داچەنگە «+» (ئون) خېتى يەنىلا بېسىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئون يارماقلىق ئەھمىيىتى قالمىدى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شىنجاڭدا قۇيۇلغان داچەن ئىچىدە «چيەنلۇڭ تۆڭباۋ» نىڭ سانى ئەڭ كۆپ ئىدى.

(3) چيەنلۇڭ 24 ـ يىلى (1759 ـ يىلى) 50 دانە داچەن بىر سەر كۈمۈشكە تېگىشىلگەن، كېيىنكى يىلى 70 دانە داچەن بىر سەر كۈمۈشكە تېگىشىلدى. چيەنلۇڭ 26 ـ يىلى (1761 ـ يىلى) 100 دانە داچەن بىر سەر كۈمۈشكە تېگىشىلىدىغان بولغان، بىراق بۇ مەزگىلدە ھۆكۈمەت تەرەپ بەلگىلىگەن ئالماشتۇرۇش نىسبىتى (تاختاي باھاسى) بىلەن جايلارنىڭ ئەمەلىي سودىسى ئارىسىدا بىر قەدەر زور پەرق بولدى. چيەنلۇڭ 52 ـ يىلى (1787 ـ يىلى) بىر سەر كۈمۈشكە 160 دانە داچەن تېگىشىلدى. جياچىڭ 6 ـ يىلى (1801 ـ يىلى) بىر سەر كۈمۈشكە 260 دانە داچەن تېگىشىلدى. داۋگۇاڭ يىللىرىدا بىر سەر كۈمۈشكە 100 دانە داچەن تېگىشىلىدىغان بولدى. شيەنفېڭ، تۇڭجى يىللىرىدا «كۈمۈش قىممەت، پۇل ئەرزان» بولۇپ، داچەننىڭ كۇرسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ، تۇڭجىننىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا بىر سەر كۈمۈشكە 500 دانە داچەن تېگىشىلگەن. گۇاڭشۈ 15 ـ يىلى (1889 ـ يىلى) شىنجاڭ بويىچە پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بىر سەر كۈمۈشكە 400 دانە داچەن تېگىشىش بەلگىلەندى.

8) شىنجاڭ يارمىقى

يارماق ـ مىلىق، چىلىق سۇلالىسى ئۆز سۇلالىلىرى بېكىتكەن شەكىل، يېزىق، ئېغىرلىق، رەڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ھۆكۈمەت ئوچىقىدا قۇيۇلغان. يارماق سىرىق مىستىن قۇيۇلغان، ئۇنىڭ ئالتە ئۈلۈشى مىس، تۆت ئۈلۈشى قوغۇشۇن. دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن بىر مىسقال ئىككى پۇڭ كېلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا جۇڭغارلارنىڭ توپىلىڭى تىنچىتىلغاندىن كېيىن، ئىچكىرىنىڭ يارمىقى قوللىنىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلىدا ئىلى پۇل قۇيۇش جۇجۇقى تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭ يارمىقى قۇيۇلدى. شىنجاڭ يارمىقىنىڭ شەكلى، ئېغىرلىقى پۈتۈنلەي ئىچكىرىنىڭ يارمىقى بىلەن ئوخشاش بولدى. پەقەت ئارقا تەرىپىگە مانجۇ يېزىقىدا «ئىلى پۇل قۇيۇش جۇجۇقى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلدى. مېتال تەركىبى يەتتە ئۈلۈش مىس، ئۈچ ئۈلۈش قوغۇشۇن بولۇپ، ئىچكىرىنىڭ يارمىقىغا قارىغاندا سەل ـ پەل قىزغۇچراق بولدى، ئۇ ئىچكىرىنىڭ يارمىقى بىلەن تەڭ باھادا ئوبوروت قىلىندى.

شىمالىي شىنجاڭدا يارماق ئىشلىتىش چيەنلۇڭ يىللىرىدا جۇڭغارلارنىڭ تەپرىقىچى كۈچلىرى تىنچىتىلغاندىن كېيىن باشلاندى. ئەينى ۋاقىتتا يارماق ھەربىي تەمىنات تارقىتىش ئارقىلىق بازارلاردا ئوبوروت قىلىندى. شيەنفېڭ يىللىرىدا ئىلىدىمۇ، ئۈرۈمچىدىمۇ داچەن ۋە يارماق قۇيۇلۇپ، بىرلىكتە ئوبوروت قىلىندى. تۇڭجى 10 ـ يىلى (1817 ـ يىلى) چاررۇسىيە ئەسكەر چىقىرىپ، ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئون يىل ئىچىدە رۇسىيە تەڭگىسى، يارمىقى، رۇسىيە قەغەز پۇلى بازارلارنى قاپلاپ كېتىپ، پۇل مۇئامىلىسىنى كونترول قىلىۋالدى. ئون يارماقلىق، 100 يارماقلىق پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى رۇسىيىلىكلەر ئەرزان باھادا سېتىۋېلىپ، ئېرىتكەندىن كېيىن، ھەر خىل سايمان قۇيدۇردى. شۇڭا بازاردا يارماق كەملەپ كەتتى. ئىلى ـ چۆچەك ئەترابلىرىدا ھەتتا خەجلىگىلى پۇلمۇ تېپىلمايدىغان بولۇپ قالدى. چىلىق سۇلالىسى ئىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يارماق ئوبوروت قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. گۇاڭشۈ 15 ـ يىلى (1889 ـ يىلى) ئىلىدا ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى تەسىس قىلىندى. بىراق، ئەسلىدىكى ئىلى پۇل جۇجۇقى پۇل قۇيۇشنى توختىتىپ قويغانغا ئۇزاق بولغاچقا، يارماق ئوبوروت ئېھتىياجىنى قامدىيالماي قالدى. شۇڭا ئادەم ئەۋەتىپ شىمالىي شىنجاڭدىكى جىڭ، شىخو ۋە ماناس ئەترابىدىن ساقلىنىپ قالغان كونا يارماقنى سېتىۋېلىپ يەنە گەنجۇ (جاڭيې)، لياڭجۇ (ۋۇۋېي) ۋە سۇجۇ (جيۇچۇەن) لەردىن 24 مىڭ تىزىق (بىر تىزىق 1000 دانە) يارماق سېتىۋېلىپ مايلىق لاتا پۇل (ئامىباب نامى «ئىلى چېكى») بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ خەجلەشكە توغرا كەلدى. شۇ چاغدا بىر سەر كۈمۈش 1000 دانە يارماققا تېگىشىلدى. يارماق ئىلى رايونىدا ئوبوروت قىلىنىۋەردى، رۇسىيە پۇلى ئۈزلۈكسىز يوقالدى. گۇاڭشۈ 23 ـ يىلى (1897 ـ يىلى) ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭ ئىلى رايونى كەڭ، ھازىر بار يارماق يېتىشمەيدىغان بولغاچقا، ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىدىن 20 مىڭ سەر كۈمۈشكە داچەن تېگىشىپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىلى بازىرىدا يارماق بىلەن داچەن تەڭ ئوبوروت قىلىنىدىغان بولدى. گۇاڭشۈ 25 ـ يىلى (1899 ـ يىلى) ئىلىدىكى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى خەزىنىسىدىن

2760 تىزىق يارماق يۆتكەپ كەلدى.

يارماق بىلەن كۈمۈشنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى جەھەتتە دەسلەپتە، 1000 دانە يارماق بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ ئىدى. كېيىن بازاردا ئۆزگىرىش بولۇپ، كۈمۈش قىممەتلەپ، پۇلنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە يارماقنىڭ ئۆز ئېغىرلىقىمۇ تۆۋەنلەپ كەتكەچكە، باھا نىسبىتىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. چيەنلۇڭ 50-يىلى (1785-يىلى) فۇكاڭ، جىمسار، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا 800 دانە يارماق بىر سەر كۈمۈشكە، تۇرپان، قارا تورۇك قاتارلىق جايلاردا 700 دانە يارماق بىر سەر كۈمۈشكە تېگىشلەندى. يىراق يۇقىرىدىكى جايلاردا يارماققا خەزىنىدىن كۈمۈش تېگىشكەندە، رەڭ تولۇقلاش پۇلى ئالدى. نامدا «دانىلاش پۇلى» دەپ ئاتالدى. شۇڭا بىر سەر كۈمۈشكە ئەمەلىيەتتە 900 دانە يارماق تېگىشلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق بېجى، ئۆي ئىجارىسى ئۈچۈن كۈمۈش تۆلىشىنى بەلگىلىدى. ئەگەر يارماق تۆلىسە، 900 دانە يارماق بىر سەر كۈمۈش ھېسابلىنىدىغان بولدى. شيەنفېڭ 8-يىلى (1858-يىلى) 1-ئاينىڭ 23-كۈنى ئۈرۈمچى پۇل جۇجۇقى تەسىس قىلىنىپ، يارماق قۇيۇلدى. بىر سەر كۈمۈشكە 1200 دانە يارماق تېگىشلىندىغان بولدى. گۇاڭشۇ 16-يىلى (1890-يىلى) غا كەلگەندە ئىلىدىكى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى ئېلان قىلغان ھۆكۈمەت تەرەپ تاختاي باھاسىدا بىر سەر كۈمۈشكە 1000 دانە يارماق تېگىشىش بەلگىلەندى. بىراق، ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ بازار باھاسى ئاللىقاچان «بىر سەر كۈمۈش ئىككى تىزىق يارماق» (يەنى 2000 دانە) بولۇپ كەتكەن، ئىچكىرىدىمۇ بىر سەر كۈمۈش ئىككى تىزىق يارماققا ئۆتەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە داچەن ئىشلىتىش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، يارماق يىغىۋېلىندى. بىر سەر كۈمۈشكە ئىككى تىزىق يارماق تېگىشىش بەلگىلەندى.

9) شىنجاڭ داچېنى

شيەنفېڭ 1-يىلى (1851-يىلى) تەيپىڭ تيەنگو ئىنقىلابى پارتلاپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ھەربىي خىراجىتى تېزدىن ئېشىپ كەتتى. مالىيە يېمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالدى. مالىيە كرىزىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، شيەنفېڭ خان داچەن قۇيۇشنى قارار قىلدى. شيەنفېڭ 3-يىلى (1853-يىلى) «50 يارماقلىق»، «100 يارماقلىق»، «500 يارماقلىق»، «1000 يارماقلىق» داچەن ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كەلدى.

مەملىكەت بويىچە داچەن قۇيۇش دولقۇنىدا، شىنجاڭنىڭ يەكەن، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر، ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرىدىكى ئالتە پۇل قۇيۇش جۇجۇقى ئىلگىرى قۇيۇلغان «بەش يارماقلىق»، «ئون يارماقلىق» داچەندىن تاشقىرى، يەنە يېڭىدىن «50 يارماقلىق»، «100 يارماقلىق» ئىككى خىل داچەن قۇيۇشقا باشلىدى. «ئون يارماقلىق» پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە «شيەنفېڭ تۇڭباۋ»؛ «50 يارماقلىق» نىڭ ئوڭ يۈزىگە «شيەنفېڭ جۇڭباۋ»؛ 100 يارماقلىقنىڭ ئوڭ يۈزىگە «شيەنفېڭ يۈەنباۋ» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئەتۈر يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا «× يارماقلىق»، سول تەرىپىگە مانجۇچە، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە جۇجۇق نامى، جاي نامى چۈشۈرۈلگەن.

10) راشىدىن خان پۇلى

تۇڭجى 3-يىلى (1864-يىلى) شىنجاڭ كۇچادا كەڭ كۆلەملىك دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. مەۋلانە راشىدىن خوجا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ مېۋىسىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، فېئودallıق بۆلۈنمە ھاكىمىيەت قۇردى. راشىدىن كۇچادا خان بولغان مەزگىلدە، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ كۇچا، ئاقسۇلاردىكى پۇل قۇيۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، راشىدىن خان پۇلى قۇيدۇرغان.

راشىدىن خان پۇلىنىڭ ياسىلىشى چىڭ ھۆكۈمىتى پۇلىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ سىرتى يۇملاق، ئوتتۇرىسىدا چاسا تۆشۈك بار. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان قىزىل مىس ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مانجۇچىمۇ، خەنزۇچىمۇ يېزىق يوق. ئوڭ يۈزىدىمۇ، ئەتۈر يۈزىدىمۇ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە يېزىق بار. راشىدىن خان پۇلى كەڭ گىرۋەكلىك ۋە تار گىرۋەكلىك ئىككى خىل بولۇپ، بەزىلىرىگە يىل نامى

سېلىنغان، بەزىلىرىگە سېلىنمىغان.

راشىدىن خان پۇلىنىڭ ئوڭ يۈزىگە «غازى راشىدىن خان»، تەتۈر يۈزىگە «كۇچادا ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. پۇلىنىڭ ئوڭ يۈزىگە «سەئىد غازى راشىدىن خان»، تەتۈر يۈزىگە «پايتەخت كۇچادا ئىشلەندى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەنلىرىمۇ بار.

11) ياقۇپبەگ پۇللىرى

تۇڭجى 6 - يىلى (1867 - يىلى) ياقۇپبەگ قەشقەردە ئەكسىيەتچىل «يەتتە شەھەر دۆلىتى» قۇرغاندا، دەرھال ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مىستىن ئۈچ خىل پۇل قۇيۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئالتۇن پۇل «تىللا» كۈمۈش پۇل «تەڭگە» مىس پۇل يەنىلا «پۇل» دەپ ئاتالدى.

ياقۇپبەگ قۇيدۇرغان مىس پۇل - يارماقنىڭ سىرتقى دىئامېتىرى 17 - 18.5 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى ئىككى مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى تۆت گرام كېلىدۇ. ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە چوڭ - كىچىكلىكى كۈمۈش تەڭگە پۇل بىلەن ئوخشاش ئىدى، ئەمما ئۇ سەل قېلىنراق بولۇپ، ياسىلىشىمۇ قوپال ئىدى. مىس پۇلىنىڭ قىرغىقىغا ئۈچ قۇر چەمبىرەك چېكىلگەن. ئوڭ يۈزىگە ئۇيغۇرچە «ئابدۇلئەزىزخان»، تەتۈر يۈزىگە «قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. بۇ پۇل شۇ چاغدىكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ داچيەنى بىلەن تەڭ ئوبوروت قىلىنغان، بىراق داچيەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا ياقۇپبەگ پۇلىنىڭ ھەجمى كىچىك ھەم يېنىك ئىدى، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىشىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەپسۇسكى بۇ پۇل ئۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن كۆپ قۇيۇلمىدى. كەڭ ئوبوروت قىلىنمىدى. شۇڭا بازارغا بولغان تەسىرىمۇ چوڭ ئەمەس. بازاردا كەڭ خەجلەنگىنى تەڭگە پۇل ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى داچيەن بولۇپ، ياقۇپبەگنىڭ پۇلى پەقەت قوشۇمچە پۇل سۈپىتىدە خەجلەندى.

12) شىنجاڭ مىس تەڭگىسى

گۇاڭشۈ 33 - 34 - يىللىرى (1907 - 1908 - يىللىرى) ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ مىس تەڭگىسىنىڭ نۇسخىسىغا تەقلىد قىلىپ مىس تەڭگە (شىنجاڭ خەلقى «توڭپۇر» دەپ ئاتىغان) قۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەڭ بۇرۇنقى مىس تەڭگە «گۇاڭشۈ يۈەنباۋ» سى بولۇپ، ئۇ داچيەن بىلەن چېتىلىدىغان يۈزىگە «× داچيەن» دېگەن خەت چۈشۈرۈلۈپ، داچيەن بىلەن تەڭ ئوبوروت قىلىنغان. كۈمۈش بىلەن تېگىشىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، مىس تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىگە «× پۇڭ × لى كۈمۈش» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. شۇڭلاشقا شىنجاڭ مىس تەڭگىسى ھەم داچيەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ھەم كۈمۈش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان. ئەمما ئىچكىرىنىڭ مىس تەڭگىسى بىلەن ئۆز ئارا ئوبوروت قىلىنمىغان، ئۇ شىنجاڭ داچيەن سىستېمىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭ مىس تەڭگىسىنىڭ «گۇاڭشۈ چۈەنباۋ»، «شۈەنتۇڭ يۈەنباۋ» دېگەن ئىككى خىلى بولغان. «گۇاڭشۈ يۈەنباۋ» نىڭ ئىككى نۇسخىسى بولۇپ، بىرى «ئىككى پۇڭ بەش لى كۈمۈش» لىك تەڭگە، يەنە بىرى «بىر پۇڭ بەش لى كۈمۈش» لىك تەڭگە ئىدى. «شۈەنتۇڭ يۈەنباۋ» نىڭ ئۈچ خىل نۇسخىسى بولۇپ، بىر خىلىنىڭ ئۈستىگە يىل نامى يېزىلمىغان، ئوڭ يۈزىگە «شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدۇ، ئون داچيەنلىك، شۈەنتۇڭ يۈەنباۋسى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر، تەتۈر يۈزىگە ئەجدىھا سۈرىتى، ئۇيغۇرچە «ئون داچيەنلىك» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن؛ ئىككىنچى خىلىنىڭ يۈزىدە «گېڭشۇ يىلى ئىشلەندى» دېگەن خەت، ئۈچىنچى خىلىنىڭ يۈزىدە «شىنخەي يىلى ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر بار.

مىنگو دەۋرىدىكى شىنجاڭ مىس تەڭگىسى مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) قۇيۇلۇشقا باشلاپ، مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) قۇيۇشتىن توختىتىلغان. ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاقسۇلاردا قۇيۇلغان.

(1) ئۈرۈمچى شىمگو ماشىنىسازلىق ئىدارىسىدە مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) شىنجاڭ مىس تەڭگىسى قۇيۇلۇشقا باشلاپ، مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) توختىتىلغان، جەمئىي 19 يىل ۋاقىت

ئۆتكەن، بۇنىڭ ئىچىدە 15 يىل پۇل قۇيۇلمىغان، ئەمەلىي قۇيۇلغان ۋاقتى تۆت يىل، قۇيۇلغان پۇل سانىمۇ كۆپ ئەمەس. ئۇنىڭ ئاساسلىق خىللىرى:

① «رېنزى» مىس تەڭگىسى. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىدە خەنزۇچە «جۇڭخۇا مىنگونىڭ 1 - يىلى»، «شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىدۇ»، «ئون داچەنلىك» دېگەن خەتلەر؛ تەتۈر يۈزىدە ئىككى بايراقنىڭ كىرەلەشكەن سۈرىتى، «رېنزى» دېگەن خەنزۇچە خەت چۈشۈرۈلگەن.

② «شىنجاڭ تۇغباۋ» مىس تەڭگىسى. ئۇ ئون داچەنلىك، 20 داچەنلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل، بەزىسىنىڭ ئوڭ يۈزىگە «شىنجاڭ تۇغباۋسى»، «جۇڭخۇا مىنگو × داچەنلىك» دېگەن خەتلەر، كەينى تەرىپىگە كىرەلەشكەن ئىككى بايراق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بايراق خادىسى، ئاستىغا خادا تەگلىكى، بۇرج، مۆچەل چۈشۈرۈلگەن. بۇ خىل مىس تەڭگە «جىسى»، «گېڭۋۇ» دەپ ئىككى خىلغا بۆلىنىدۇ. ھەر بىر خىلى «ئون داچەنلىك»، «يىگىرمە داچەنلىك» ئىككى خىل. يەنە بەزىسىنىڭ ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە «جۇڭخۇا مىنگو»، «جىسى» (ياكى گېڭۋۇ)، «شىنجاڭ ئۆلكە مەركىزىدە ئىشلەندى»، «ئون داچەنلىك» (ياكى «20 داچەنلىك») دېگەن خەتلەر؛ ئارقا تەرىپىدىكى نەقىش ئىچىگە كىرەلەشكەن ئىككى بايراق، ئوتتۇرىسىغا تىك بايراق خادىسى، بايراق خادىسىنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىگە «مىس پۇل» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

(2) قەشقەر پۇل قۇيۇش زاۋۇتىدا مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) شىنجاڭ مىس تەڭگىسى قۇيۇلۇشقا باشلاپ، مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) نىڭ ئاخىرى توختىتىلغان. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 23 يىل ئىچىدە ئۈچ قېتىم، جەمئىي 11 يىل پۇل قۇيۇلمىغان، ئەمەلىي پۇل قۇيۇلغان ۋاقتى 12 يىل، قۇيۇلغان تۈرلىرى بىر قەدەر كۆپ.

① تاق بايراقلىق مىس تەڭگە. ئوڭ يۈزىگە «جۇڭخۇا مىنگو» دېگەن خەتلەر، ئۇنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىگە «مىس پۇل» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، خەتتىن باشقا نەقىش يوق. تەتۈر يۈزىدىكى ئىچكى چەمبەرنىڭ مەركىزىدە بىر بايراق بولۇپ، بايراقنىڭ ئەتراپىدا ھالقىسمان ئوقۇلىدىغان ئۇيغۇرچە «جۇڭخۇا مىنگو، بەش داچەنلىك، (ياكى ئون داچەنلىك) مىس پۇل، قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر؛ سىرتقى چەمبەرنىڭ ئۈستى تەرىپىدە خەنزۇچە «× داچەنلىك»، ئاستى تەرىپىدە «شىنجاڭ قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر بار.

② قوش بايراقلىق مىس تەڭگە. ئوڭ يۈزىدىكى چەمبەر ئىچىدە «جۇڭخۇا مىنگو»، چەمبەر سىرتىنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرەپلىرىدە ئايرىپ توغرىسىغا يېزىلغان «مىس پۇل»، يۇقىرى تەرىپىدە «بەش داچەنلىك» («ئون داچەنلىك»)، تۆۋەن تەرىپىدە «شىنجاڭ قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر؛ تەتۈر يۈزىدە كىرەلەشكەن قوش بايراق، ئۇيغۇرچە «قەشقەردە ئىشلەندى»، «بەش داچەنلىك (ياكى ئون داچەنلىك) مىس پۇل، ھىجرىيە 1331 - يىل» دېگەن خەتلەر بار.

③ قەشقەردە ئىشلەنگەن كاتتا مىس تەڭگە. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى چەمبەر ئىچىدە «كاتتا مىس پۇل»، چەمبەر سىرتىدا «ئون داچەنلىك»، «شىنجاڭ قەشقەردە ئىشلەندى» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر؛ تەتۈر يۈزىگە كىرەلەشكەن قوش بايراق سۈرىتى، ئاستى - ئۈستىگە «قەشقەردە ئىشلەندى، ھىجرىيە 1334 - يىلى»، «ئون داچەنلىك مىس پۇل» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

④ قەشقەردە ئىشلەنگەن «جۇڭخۇا مىنگو»، «گويىيۇ»، «ئون داچەنلىك» خەتلىك قوش بايراقلىق مىس تەڭگە.

⑤ قەشقەردە ئىشلەنگەن «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»، «20 داچەنلىك» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن مىس تەڭگە. بۇ پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى، قەشقەردە

ئىشلەندى» دېگەن خەتلەر؛ تەتۈر يۈزىدە گىرەلەشكەن قوش بايراق، سول تەرىپىدە گومىنداڭنىڭ پارتىيە بايرىقى، ئوڭ تەرىپىدە «شەرقىي تۈركىستان» نىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك دۆلەت بايرىقى، بايراق ئۈستىدە ئىسلام گېربى بولغان ئاي، يۇلتۇز سۈرىتى بار.

(3) ئاقسۇنىڭ پۇل قۇيۇش ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى ۋە تېخنىكا كۈچى يېتەرسىز بولغاچقا قۇيۇلغان مىس تەڭگىسى ئۆلچەمسىز، بەزىلىرى چوڭ، بەزىلىرى كىچىك، بەزىلىرى قېلىن، بەزىلىرى نېپىز بولۇپ قالغان. بەزىلىرىنىڭ قېتىدا كاۋاكچىلار بولۇپ، سۈپىتى قوپال ھەم ناچار، پۇلنىڭ ئۈستىدىكى رەسىم، خەت، سىزىقلار تۇم، يېزىقلىرى تۇتۇق قۇيۇلغان. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) پۇل قۇيۇش يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، بىراق خەنزۇچە خەت ناچار قۇيۇلغاچقا، بۇ پۇلنى قۇيۇش توختىتىلغان.

ئاقسۇدا قۇيۇلغان مىس تەڭگە قوم قېلىپ قۇيمىسى ۋە ماشىنا قۇيمىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل.

قوم قېلىپ قۇيمىسى يەنە يىل نامى بار ۋە يىل نامى يوق ئىككى خىلغا بۆلۈنگەن. يىل نامى يوق مىس تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى ئىككى چەمبەرنىڭ ئىچىدە «جۇڭخۇا مىنگو»، سىرتقى چەمبەردە «شىنجاڭ ئاقسۇدا ئىشلەندى»، «ئون داچەنلىك» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر، تەتۈر يۈزىدە گىرەلەشكەن قوش بايراق، ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە «مىنگو» ئاستىدا «ئون داچەنلىك» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر بار.

يىل نامى بار مىس تەڭگىنىڭ خەت - رەسىملىرى تۇتۇق، تەتۈر يۈزىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە «جۇڭخۇا مىنگو»، ئاستى تەرىپىدە «ئون داچەنلىك مىس پۇل»، «ھىجرىيە 1332 - يىلى» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر بار.

ماشىنا قېلىپ قۇيمىسى توغرا سىزىقلىق، بەش رەڭلىك بايراق ۋە تىك سىزىقلىق بەش رەڭلىك بايراقلىق مىس تەڭگىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

توغرا سىزىقلىق بەش رەڭلىك بايراق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى ئىچكى چەمبەر ئىچىدە «جۇڭخۇا مىنگو»، سىرتقى چەمبەردە «شىنجاڭ ئاقسۇدا ئىشلەندى»، «ئون داچەنلىك» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر بار، تەتۈر يۈزىدە توغرا سىزىقلىق ئىككى بايراق گىرەلەشكەن بولۇپ، ئۈستىدە «جۇڭخۇا مىنگو» ئاستىدا «ئون داچەنلىك مىس پۇل، ھىجرىيە 1332 - يىل» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر بار.

تىك سىزىقلىق بەش رەڭلىك بايراق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مىس تەڭگىنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى ئىچكى چەمبەر ئىچىگە «جۇڭخۇا مىنگو»، سىرتقى چەمبەر سىرتىغا «شىنجاڭ ئاقسۇدا ئىشلەندى»، «ئون داچەنلىك» دېگەن خەنزۇچە خەتلەر بار. تەتۈر يۈزىدىكى گىرەلەشتۈرۈلگەن تىك سىزىقلىق ئىككى بايراقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «جۇڭخۇا مىنگو» ئاستى تەرىپىگە «ئون داچەنلىك مىس پۇل، ھىجرىيە 1332 - يىل» دېگەن ئۇيغۇرچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

## 2. پۇل قۇيۇش جۇجۇقى

شىنجاڭنىڭ پۇل قۇيۇش جۇجۇقلىرى ئالدى بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭدا قۇرۇلغان بولۇپ، داچەن قۇيۇش ئورگانلىرى ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭدا بولغان. چيەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى (1759 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى چېگرىنى تىنچلاندۇرغۇچى جياڭجۈن جاۋخۇيىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، جۇجۇق تەسىس قىلىپ، داچەن قۇيدۇرغان. كېيىنكى يىلى يەكەندە جۇجۇق تەسىس قىلىنىپ پۇل قۇيۇلغان. چيەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) يەنە ئاقسۇدا جۇجۇق تەسىس قىلىنىپ پۇل قۇيۇلغان. 31 - يىلى (1766 - يىلى) بۇ جۇجۇق

ئۆچتۇرپانغا يۆتكىلىپ، شۇ يەردە داۋاملىق پۇل قۇيغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدا كۇچا جۇجۇقى ۋە قەشقەر جۇجۇقى بولغان. شىمالىي شىنجاڭغا كەلسەك، جۇجۇق بىر قەدەر كېيىن تەسىس قىلىنغان. شىمالىي شىنجاڭدا خەجلىنىدىغان يارماقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكىرىدىن كېلىدىغان بولغاچقا، چيەنلۇڭ 40- يىلى (1775 - يىلى) غا كەلگەندە، ئىلى جياڭجۇنى ئاندىن ئىلى جۇجۇقى تەسىس قىلىپ، يارماق قۇيۇشنى يولغا قويغان. ئۈرۈمچى جۇجۇقى شيەنفېڭ 8 - يىلى (1858 - يىلى) قۇرۇلۇپ، ئالدى بىلەن شيەنفېڭ داچېنى قۇيغان. شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، داچەن قۇيۇشنى باشلىغان.

### 1) يەكەن پۇل قۇيۇش جۇجۇقى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) يەكەندە پۇل قۇيۇش جۇجۇقى تەسىس قىلىندى. بۇ، چىڭ سۇلالىسى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇنجى تەسىس قىلغان پۇل قۇيۇش جۇجۇقى. بۇ جۇجۇقتا، ئاساسلىق داچەن قۇيۇلۇپ، كونا پۇل يىغىۋېلىنىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. چيەنلۇڭ 34 - يىلى (1768 - يىلى) كونا پۇلنىڭ ھەممىسى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن پۇل قۇيۇش توختىتىلغان. شيەنفېڭ 3 - يىلى (1853 - يىلى) داچەن قۇيۇش ئۈچۈن جۇجۇق يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. كېيىن بەزىدە پۇل قۇيۇلۇپ، بەزىدە قۇيۇلمىغان. تۇڭجى 4 - يىلى (1865 - يىلى) ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، پۇل قۇيۇش يەنە توختىتىلىپ، قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىدى.

يەكەن جۇجۇقى تەسىس قىلىنغاندا 99 نەپەر ئۇستىكار بار ئىدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا پۇل قۇيۇش باشلانغان، خەزىنىدىن جەمئىي 2000 جىڭدىن ئارتۇق مىس يۆتكەپ چىقىلىپ، 2500 تىزىق (ھەر تىزىقى 1000 دانە) پۇل قۇيۇلغان. شۇ چاغدا ھەربىي ئاشلىق تەمىنات ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان تەيتىش تۇساڭئا قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، 6000 تىزىق پۇل قۇيۇلغاندا، يەكەن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلارغا تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، يېڭى پۇلنىڭ بىر دانىسىغا كونا پۇلدىن ئىككى دانە تېگىشىۋېلىنغان. كونا پۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئېرىتىپ قايتا قۇيۇلغان. تۇساڭئا يەنە مۇنداق دېگەن: ئەسلىدە ساقلاپ قۇيۇلغان مىس 7000 جىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن 10 مىڭ تىزىقتىن ئارتۇق پۇل قۇيۇپ، ئۇنىڭغا تېگىشىۋېلىنغان كونا پۇلنى قايتىدىن قۇيۇپ ئوبوروت قىلىشقا بولىدۇ.

يەكەن جۇجۇقى دەسلەپ قۇرۇلغاندا، نۇپۇس پىرقىسى پۇل ئەۋرىشكىسىنى ئېلان قىلغان، ئۇ، ئىچكىرىنىڭ يارمىقىنىڭ شەكلىگە تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، سىرتى يۇمىلاق، ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈكلۈك ئىدى، ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ»، تەتۈر يۈزىگە مانجۇچە، ئۇيغۇرچە «يەكەن» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن.

### 2) ئاقسۇ پۇل قۇيۇش جۇجۇقى

چيەنلۇڭ 25 - يىلى (1760 - يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال شۇخۇدې مۇنۇلارنى بايان قىلدى: «ئاقسۇ قاتارلىق جايلاردىن قىزىل مىس چىقىدۇ (مىس كان گونسۇ ناھىيىسىگە قاراشلىق بوز دۆڭ تاغلىق رايونىدا). مۇشۇ يەرنىڭ بەگلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە ئوچاق سېلىپ، پۇل قۇيۇپ، ئوبوروتتا پايدىلانساق بولىدۇ»، چىڭ ھۆكۈمىتى يەكەننى ئۈلگە قىلىپ تۇرۇپ، ئاقسۇدا جۇجۇق تەسىس قىلىپ پۇل قۇيۇشنى تەستىقلىغان.

ئاقسۇ جۇجۇقى چيەنلۇڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) تەسىس قىلىنىپ، گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى) پۇل قۇيۇشتىن توختىتىلغان. 76 يىل جەريانىدا پۇل قۇيۇش ئۈچ قېتىم توختىتىلغان (جەدۋەلگە قاراڭ) ئۇ شىنجاڭ بويىچە پۇل قۇيۇش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن، كۆلىمى ئەڭ زور، قۇيغان پۇلى

ئەڭ كۆپ بولغان بىر جۇجۇق.

«غەربىي چېگرىنى باشقۇرۇشتا ئالىت ئىشلار» دا مۇنۇلار خاتىرىلەنگەن: «ئاقسۇ پۇل باشقۇرۇش جۇجۇقىدا باش ئىش باشقۇرغۇچى ئىككى، مىس كانىنى سەييارە باشقۇرغۇچى بىر، سىرتقى ئىشلارنى باشقۇرغۇچى ئىككى ئادەم، ئەسكەر 298، پۇل قۇيۇش جۇجۇقىدا 60 ئادەم بار» بۇ جۇجۇقتا ئالتە ئوچاق سېلىنىپ پۇل قۇيۇش باشلانغان تۇنجى يىلى 7000 دىن ئارتۇق تەڭگە پۇل قۇيۇلغان. بۇ پۇل ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قاراشەھەر، سايرام (بايىنىڭ شەرقى جەنۇبىدا بولۇپ، كېيىن بايغا قوشۇۋېتىلگەن)، باي قاتارلىق يەتتە شەھەردە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن. يېڭى پۇلنىڭ ھەر دانىسى ئىككى مىسقال ئېغىرلىقتا بولۇپ، قېلىنى ھەم ئېغىر. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىدە خەنزۇچە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ»، تەتۈر يۈزىدە مانجۇچە، ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دېگەن خەتلەر بار.

داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) ئاقسۇ جۇجۇقىدا ھەر يىلى 2600 تىزىق پۇل قۇيۇلغان. شۇ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن، زور قوشۇننى ئاقسۇغا توپلىغانلىقتىن، ئاقسۇدا قۇيۇلغان پۇل يېتىشمەي قالدى، شۇڭا چىڭ ھۆكۈمىتى ئىلى پۇل قۇيۇش جۇجۇقىغا 1330 تىزىق پۇل قۇيۇپ، ئاقسۇ جۇجۇقىنىڭ ھەربىي تەمىنات تارقىتىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى. داۋگۇاڭ 8 - يىلى (1828 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى خان مۇپەتتىشى نايەنچېڭنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئاقسۇ جۇجۇقىغا «سەككىزىنچى يىل بەش»، «سەككىزىنچى يىل ئون» دىن ئىبارەت ئىككى خىل داچەن قۇيۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. «سەككىزىنچى يىل بەش» داچەن بەش يارماقتا، «سەككىزىنچى يىل ئون» داچەن ئون يارماقتا تەڭ بولۇپ، «سەككىزىنچى يىل ئون»، «سەككىزىنچى يىل بەش» تىن چوڭراق، ئېغىرراق ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر قايسى جۇجۇقلار بەس - بەستە «ئون يارماقلىق» پۇلنى تەقلىد قىلىپ قۇيغان، «بەش يارماقلىق داچەن» ناھايىتى ئاز قۇيۇلغان.

تۇڭجى 1 - يىلىدىن 3 - يىلىغىچە (1862 - يىلىدىن 1864 - يىلىغىچە) ئاقسۇدا «تۇڭجى تۇڭباۋ» ئون يارماقلىق بىر خىللا پۇل قۇيۇلغان. تۇڭجى 4 - يىلى (1865 - يىلى) ياقۇپبەگ جەنۇبىي شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋالغانلىقتىن، ئاقسۇ جۇجۇقىدا پۇل قۇيۇش توختىتىلغان.

گۇاڭشۈ 3 - يىلى (1877 - يىلى) ياقۇپبەگ تاجاۋۇزچىلىرى يوقىتىلغاندىن كېيىن، گۇاڭشۈ 4 - يىلى (1878 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئاقسۇ جۇجۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ قۇيغىنى بىر يارماقلىق كىچىك تەكشى داچەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ»، تەتۈر يۈزىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، «بەش يارماقلىق»، «ئون يارماقلىق» دېگەن خەتلەر قوشۇلمىغان. گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) دىن باشلاپ، تۆت ئۇلۇشلۇك «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» قۇيۇلۇپ، تەتۈر يۈزىگە «ئون يارماقلىق» دېگەن خەت قوشۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇ جۇجۇقىدا پۇل بەزىدە قۇيۇلۇپ، بەزىدە توختىتىلغان. گۇاڭشۈ 18 - يىلى (1892 - يىلى) ئاقسۇ ئەتراپىدىكى دەرەخلەر كېسىلىپ بولغاچقا، داچەن قۇيۇشتا لازىم بولىدىغان ياغاچ كۆمۈرنىڭ بازار باھاسى بەك ئۆرلەپ كەتكەن. كۇچا پۇل قۇيۇش جۇجۇقىدا بولسا گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) پۇل قۇيۇش توختىتىلغاندىن تارتىپ ئالتە يىل ئۆتكەن، بۇ جەرياندا دەرەخلەر ئەسلىگە كەلگەن. شۇڭا، ئاقسۇ جۇجۇقى پۇل قۇيۇشتىن توختىتىلىپ، ئۇستىكارلار، ئۇسكۈنىلەر كۇچا جۇجۇقىغا يۆتكەپ كېلىنىپ، شۇ يەردە پۇل قۇيۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇدا پۇل قۇيۇش جۇجۇقى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلمىگەن.

3) ئۇچتۇرپان پۇل قۇيۇش جۇجۇقى

ئۇچتۇرپان جۇجۇقى چيەنلۇڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) ئاقسۇ جۇجۇقى كۆچۈرۈپ كېلىنىپ تەسىس

قىلىنغان. دەسلەپتە مىس پۇل قۇيغان، دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى مىسقال كېلەتتى. چيەنلۇڭنىڭ 34 - يىلى يەكەن جۇجۇقى پۇل قۇيۇشنى توختاتقاندىن كېيىن، شەھەردە خەجلىنىدىغان مىس پۇللارنى ئۈچتۇرپان جۇجۇقى قۇيغان. چيەنلۇڭنىڭ 35 - يىلى (1770 - يىلى) مەسلىھەتچى ئامبال شۇخۇدې: «يارماق كونىراپ كەتتى، دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى ئىككى مىسقال كېلىدۇ، ئۇنى بىر مىسقال بەش پۇڭغا ئۆزگەرتىپ، ئۈستىگە «ئۈچتۇرپان» دېگەن خەتنى چۈشۈرۈپ، ھەممە مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە خەجلەنسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈردى. بۇ مەزگىلدە ئۈچتۇرپان جۇجۇقى «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ» پۇلى قۇيدى.

چيەنلۇڭ يىللىرىدا ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان جۇجۇقلىرى جەمئىي 7000 تەڭگىدىن ئارتۇق پۇل قۇيغان. بۇنىڭ ئوندىن ئالتە ئۈلۈشى مىس تاپشۇرغان پۇقرالارغا بېرىلگەن، تۆت ئۈلۈشى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇلۇپ، ھەربىي تەمىناتقا قوشۇلغان. ئۇ چاغدا «تارتۇق قىلىنغان مىس ۋە ھۆكۈمەت قازغان مىسلاردىن قۇيۇلغان پۇللارنىڭ ھەممىسى ھەربىي تەمىناتقا چىقىم قىلىنغان» («غەربىي يۇرتنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دىن).

چيەنلۇڭنىڭ 46 - يىلى (1781 - يىلى) ئۈچتۇرپاندا قۇيۇلغان مىس پۇل بەك كۆپ بېسىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پۇل قۇيۇش ۋاقىتىنچە توختىتىلغان. ئۇ يەردە ئېشىپ قالغان بارلىق مىسلارنى بازىلار ئېلىشقا يۆتكەپ، يارماق قۇيۇشنى تەكلىپ قىلغان. لېكىن «ئۈچتۇرپاننىڭ مەسلىھەتچى ئامبىلى چاۋ كېتۇ ئۇنىڭغا قوشۇلماي، ئۈچتۇرپاندا ھەر يىلى قېزىلغان مىس پۇل قۇيۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى چېچىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئەگەر پۇل قۇيۇش توختىتىلىپ، مىسلار ئېلىشقا يۆتكەلسە، چوقۇم پۇل يېتىشمەي، پۇلنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىپ، ھۆكۈمەتكىمۇ، پۇقرالارغىمۇ قولايسىزلىق تۇغۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىس پۇلنىڭ بىرى ئون يارماقلىق بولۇپ، ھەر 100 دانىسى بىر سەر كۈمۈشكە يارايدۇ، ئەگەر ئۆزگەرتىپ باشقا پۇل قۇيۇلسا، 800 دانىسىنى بىر سەر كۈمۈشكە تەڭ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ» دېدى. ئۇ: «ئۈچتۇرپاندا پۇلنى بۇرۇنقىدەك قۇيۇش كېرەك، مىسنى ئېلىشقا يۆتكەشنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ قارىدى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلدى.

جيا چىڭنىڭ 4 - يىلى (1799 - يىلى) خان مۇپەتتىش جولوچاڭلىنىڭ يارلىقىغا ئاساسەن ئۈچتۇرپان جۇجۇقى يەنىلا ئاقسۇ جۇجۇقىغا كۆچۈرۈپ كېلىندى.

### 4) كۇچا جۇجۇقى

كۇچادا قايسى چاغدا پۇل قۇيۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق خاتىرە يوق، بەزىلەر داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى (1826 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى جاھانگىر خوجىنى تىنچىتقاندا، ھەربىي چىقىم كۆپىيىپ كەتكەچكە ئوچاق ئېلىنىپ پۇل قۇيۇلغان دېسە، بەزىلەر شيەنفېڭنىڭ دەسلەپكى يىللىرى مەملىكەت بويىچە داچەن قۇيۇش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندە، جۇجۇق تەسىس قىلىنىپ پۇل قۇيۇلغان دەيدۇ. ھازىر ساقلىنىۋاتقان كۇچا داچەنلىرى ئىچىدە، بەش يارماقلىق، ئون يارماقلىق شيەنفېڭ تۇڭباۋ ۋە 50 يارماقلىق، 100 يارماقلىق شيەنفېڭ جۇڭباۋدىن ئىبارەت تۆت خىل پۇل بار. شيەنفېڭنىڭ 3 - يىلى (1853 - يىلى) كۇچادا پۇل قۇيۇش جۇجۇقى تەسىس قىلىنىپ بولغان.

تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) كۇچادا دېھقانلار قوزغىلىڭى كۆتۈرۈلۈپ، مەۋلانە راشىدىن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، فېئودال تەپرىقىچى ھاكىمىيەت قۇردى، ئۇ كۇچا جۇجۇقىنىڭ پۇل قۇيۇش ئۈسكۈنىلىرىدىن پايدىلىنىپ، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ پۇلىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چاسا تۆشۈكلۈك بىر خىل پۇل («راشىدىن خان پۇللىرى» غا قارالسۇن) قۇيدۇردى. كېيىن راشىدىن ياقۇپبەگ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە، كۇچا جۇجۇقى پۇل قۇيۇشنى توختاتقان. گۇاڭشۈ 4 - يىلى (1878 - يىلى) ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى يوقىتىلدى. شۇ يىلى كۇچادا تۇرۇشلۇق قوشۇندىكى جاڭ ياۋ كۇچا جۇجۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ،

ئەڭگە ۋە داچەن قۇيدۇرۇپ، ھەربىي ئەسىنات تارقىتىش ۋە بازار سودىسى جەھەتتىكى جىددىي ئېھتىياجىغا ماسلاشتى.

روزۋئاڭشۇ كوچا جوجۇقىغا ئىلگىرىكى ئادەت بويىچە 20 پىرسەنت چىيەنلۇڭ پۇلى قۇيۇش ئۈچۈن، ئەۋرىشكە قىلىشقا «چىيەنلۇڭ تۇڭباۋ» يارمىقى بەرگەن. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، گۇاڭشۇنىڭ 4 - يىلىدىن 11 - يىلىغىچە (1878 - يىلدىن 1885 - يىلغىچە) كوچا جوجۇقى قۇيغان داچەننىڭ دانىسى بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ بولغان. پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە ھىلال ئاي بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن. ھازىر ساقلىنىۋاتقان ئارقا تەرىپىدە مانجۇچە «باۋچۇەن»، «باۋيۈەن» دېگەن خەت بار يارماقلار ئىچىدىكى ھىلال ئاي بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن «چىيەنلۇڭ تۇڭباۋ» پۇلى شۇ مەزگىللەردە كوچا جوجۇقىدا قۇيۇلغان.

گۇاڭشۇ 9 - يىلى (1883 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇش لايىھىسىنى ئەستىقلىغاندىن كېيىن كوچا جوجۇقىمۇ، ئاقسۇ جوجۇقىمۇ ئالاھىدە بىر خىل «شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلۇش خاتىرە پۇلى» قۇيغان. كوچا جوجۇقىدا «توققۇزىنچى يىل ئون» دېگەن داچەن قۇيۇلغان. بۇ داچەننىڭ ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە «گۇاڭشۇ تۇڭباۋ» ئەتىراپ يۈزىنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇ يېزىقىدا ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇر يېزىقىدا «كوچا»، ئۈستى تەرىپىگە خەنزۇ يېزىقىدا «توققۇزىنچى يىل» ئاستى تەرىپىگە خەنزۇ يېزىقىدا «ئون» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. بۇ يەردىكى «ئون» ھۆكۈمەت قۇيدۇرغان پۇلنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرگىز «ئون يارماقلىق» دېگەن مەنىسى يوق. ئاقسۇ جوجۇقىدا قۇيۇلغىنى ئارقا تەرىپىگە «توققۇز» خېتى چۈشۈرۈلگەن بىر خىل «چىيەنلۇڭ تۇڭباۋ» خاتىرە پۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى «توققۇز» گۇاڭشۇ 9 - يىلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ سول تەرىپىگە مانجۇچە، ئوڭ تەرىپىگە ئۇيغۇرچە «ئاقسۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان. بۇ ئىككى خىل ئۆزگىچە خاتىرە پۇل ئەينى چاغدا ئانچە كۆپ قۇيۇلمىغان بولغاچقا، پۇل ساقلىغۇچىلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ.

گۇاڭشۇ 12 - يىلى (1886- يىلى) پەرمانبەردار ۋېي گۇاڭشۇ مۇنداق مەلۇمات يوللىغان: «ئاقسۇ جەنۇبىي يولدىكى مۇۋاپىق جاي. ھازىر كوچا جوجۇقىدا ساقلىنىۋاتقان مىس خېلى كۆپ. بۇنى بۆلۈپ ئۆلكە جوجۇقى (ئۈرۈمچى جوجۇقىنى دېمەكچى) غا يۆتكىگەندە، بايدىن چىققان مىسنى ساتقىلى بولماي قالىدۇ. شۇڭا ئاقسۇدا جوجۇق تەسىس قىلىنىپ پۇل قۇيۇلسا، بۇ جوجۇق مەخسۇس باينىڭ مىسنى سېتىۋالسا بولىدۇ. كوچا پۇل قۇيۇش جوجۇقى بۇ يىلقى پۇل قۇيۇش توختىتىلغاندىن كېيىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا...». مۇشۇنىڭغا ئاساسەن ئاقسۇ جوجۇقىدا گۇاڭشۇ 9 - يىلى (1883 - يىلى) پۇل قۇيۇش توختىتىلىپ، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن پۇل قۇيۇش يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، كوچا جوجۇقى بولسا پۇل قۇيۇش توختىتىلىپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان. گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى) باش مۇپەتتىش تاۋمۇ يەنە ئاقسۇ جوجۇقىنى كوچاغا يۆتكەش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. يۆتكەلگەندىن كېيىنكى كوچا جوجۇقىدا 124 ئۇستىكار، ئاللە ئوچاق بولۇپ، كۈنىگە ھەر بىر تىزىقى 400 دانىدىن 137.5 تىزىق داچەن قۇيۇلغان. بۇ جوجۇقنىڭ ۋەزىپىسى ھەر يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 5000 تىزىق (بىر تىزىقى 500 دانە، جەمئىي 2 مىليون 500 مىڭ دانە) داچەن تاپشۇرۇش، ھەر پەسىلدە كوچانىڭ ھەربىي ئەسىناتىغا 600 تىزىق (300 دانە) داچەن بېرىش ئىدى.

كوچا جوجۇقى گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى) پۇل قۇيۇشنى توختاتتى. بىراق ئەڭ ئاخىرقى ئىككى يىلدا (1907 - 1908 - يىلدا) قۇيۇلغان گۇاڭشۇ «يېڭى ئون» پۇلى تاڭ گاۋزۇڭنىڭ ۋۇدې 4 - يىلى (621 - يىلى) قۇيۇلغان «كەييۈەن تۇڭباۋ» دىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى ئەندىزىلەرنى بۇزۇپ تاشلىدى. يەنى ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە «گۇاڭشۇ تۇڭباۋ» خېتى چۈشۈرۈلگەن بولماستىن، بەلكى «گۇاڭشۇ دىڭمۇ»

(1907ـ يىلى) ۋە «گۇاڭشۇ شۇشېن» (1908ـ يىلى) خەتلىرى چۈشۈرۈلگەن، يەنى «تۇڭباۋ» پۇلى بۇرۇچ، مۇچەل پۇلغا ئايلاندۇرۇلدى. «بۇ، جۇڭگونىڭ پۇل قۇيۇش تارىخىدىكى بىر خىل ئىجادىيەت بولدى.»، ئەمما قۇيۇلغان پۇلنىڭ سۈپىتى ناچارلىشىپ كەتكەن.

**5) قەشقەر جۇجۇقى**

قەشقەر جۇجۇقىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ماتېرىيال يوق. ئەمەلىي تەرىسىدىن قارىغاندا، قەشقەردە قۇيۇلغان شيەنفىڭ داچەن بار، بۇنىڭدىن بىلىشكە بولىدۇكى، قەشقەر جۇجۇقى شيەنفېڭ يىللىرىدا قۇرۇلغان. بىراق تۇڭجى 4 ـ يىلى (1865 ـ يىلى) ياقۇپبەگ توپىلىڭىدا، قەشقەر جۇجۇقى پۇل قۇيۇشنى توختاتقان. گۇاڭشۇ 14 ـ يىلى (1888 ـ يىلى) قەشقەر جۇجۇقى يەنە قايتىدىن داچەن قۇيۇشنى باشلىغان، پۇل قۇيۇشنى باشلىغاندا، شۇ ئەتراپتىكى مىس كانىنىڭ مەھسۇلاتى يېتىشمىگەنلىكتىن، جەمئىي ئېغىرلىقى 2000 جىڭ كېلىدىغان بەش دانە كىرەكسىز زەمبىرەك ئېرىتىلىپ، بۇنىڭدىن 22 مىڭ 200 دانە داچەن قۇيۇلغان. بۇ پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىدە خەنزۇچە «گۇاڭشۇ تۇڭباۋ»، ئەتۇر تەرىپىدە خەنزۇچە ۋە مانجۇچە «قەشقەر» دېگەن خەتلەر بار. بۇ پۇلنىڭ ئادەتتىكى پۇللارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، ئەتۇر يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مانجۇچە، سول تەرىپىدە ئۇيغۇرچە خەت بار (ئادەتتىكى پۇللاردا سولدا مانجۇچە، ئوڭدا ئۇيغۇرچە بولىدۇ)، بۇ پۇلنىڭ دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ.

قەشقەر جۇجۇقى مىس يېتىشمىگەنلىكتىن، پۇل قۇيۇش كۆلىمىنى كېڭەيتەلمەي، ھەر يىلى قۇيغان پۇلى غەربتىكى تۆت شەھەرنىڭ ئېھتىياجىدىن بەك كەم بولغاچقا، كېيىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئاقسۇ، كۇچا جۇجۇقلىرىدىن ۋاكالىتەن قۇيۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشقا مەجبۇر بولغان. قەشقەر جۇجۇقى گۇاڭشۇنىڭ ئاخىرقى يىلى پۇل قۇيۇشتىن توختىغان.

**6) ئىلى پۇل قۇيۇش جۇجۇقى**

ئىلى پۇل قۇيۇش جۇجۇقى چيەنلۇڭ 40 ـ يىلى (1775 ـ يىلى) قۇرۇلغان. جۇجۇقىنىڭ ئورنى ئىلى كۈرە بازىرى (ئىلى جياڭجۈنى تۇرۇشلۇق جاي) دا بولۇپ، ئۈچ دانە ئوچاق بولغان. پۇل قۇيۇش دەسلەپ باشلانغاندا، يىلىغا 1100 تىزىقتىن (بىر تىزىق 1000 دانە) كۆپرەك پۇل قۇيۇلغان. كېيىن يىلىغا 1722 تىزىق پۇل قۇيۇلىدىغان بولغان. ئۇنىڭ شەكلى ئىچكىرىنىڭكى پۇلى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان، ئوڭ يۈزىگە خەنزۇچە «چيەنلۇڭ تۇڭباۋ»، ئەتۇر يۈزىگە مانجۇچە «ئىلى جۇجۇقى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن مىس شۇ يەردىكى بايانداىدىن قېزىلغانىنىڭ سىرتىدا، ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن.

داۋگۇاڭ 6 ـ يىلى (1826 ـ يىلى) جەنۇبىي شىنجاڭدىكى جاھانگىر خوجىنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىدىغان چاغدا، ھەربىي تەمىناتنى زور دەرىجىدە كۆپەيتىشكە توغرا كەلدى. شۇڭا ئىلى پۇل قۇيۇش جۇجۇقى ئاقسۇ جۇجۇقىغا ۋاكالىتەن داچەن قۇيۇپ، ئۇنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ بەردى.

ئىلى جۇجۇقى قۇيغان يارماقلار چيەنلۇڭ، جياچىڭ، داۋگۇاڭ دەۋرلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، شيەنفېڭ يىللىرىغا كەلگەندە پۈتۈنلەي داچەنگە ئۆزگەرتىلدى. تۇڭجى 5 ـ يىلى (1866 ـ يىلى) «سۇلتان» فېئودال كۈچلىرى ئىلىنى بۇلىۋالغانلىقتىن، ئىلى جۇجۇقىدا پۇل قۇيۇش توختاپ قالدى.

**7) ئۈرۈمچى پۇل قۇيۇش جۇجۇقى**

شيەنفېڭ 5 ـ يىلى (1855 ـ يىلى) ئۈرۈمچى ئەنسەندە مىس، قوغۇشۇن كېنى بايقالدى، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى دەرھال ئىشانە توپلاش چارىسىنى قوللىنىپ، ئۈرۈمچى پۇل قۇيۇش جۇجۇقى تەسىس قىلىشقا تۇتۇش

قىلدى. جۇجۇق شيەنفېڭنىڭ 8 ـ يىلى (1858 ـ يىلى) رەسمىي قۇرۇلۇپ، پۇتۇنلەي داچەن قۇيۇلدى. تۇڭجى 3 ـ يىلى (1864 ـ يىلى) ئۈرۈمچى قالايمىقانلىشىپ كېتىپ، پۇل جۇجۇقى پۇل قۇيۇشنى توختىتىۋەتتى.

گۇاڭشۈ 10 ـ يىلى (1884 ـ يىلى) شىنجاڭدا ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن، باش مۇپەتتىش ليۇجىنتاڭ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە گۇاڭشۈنىڭ 12 ـ يىلى (1886 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچى پۇل جۇجۇقىنى قايتىدىن تەسىس قىلىپ، داچەن قۇيۇشنى باشلىۋەتتى. قايتا تەسىس قىلىنغان ئۈرۈمچى جۇجۇقىنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ. ئۇنىڭدا بەش ئوچاق بار ئىدى. ھەر يىلى 13 مىڭ 200 تىزىق داچەن قۇيۇلاتتى. بىر تىزىقى 500 دانە بولۇپ، ھەر 400 دانىسى بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلاتتى. دانىسىنىڭ ئېغىرلىقى بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ كېلەتتى. پۇلنىڭ ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە «شىن» (新) دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ «ئۈرۈمچى تەمىرات جۇجۇقى»غا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېگەن مەنىدە ئىدى. ئۈرۈمچى جۇجۇقى ئۇنىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى ئىدى.

گۇاڭشۈ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) باش مۇپەتتىش تاۋمۇ پۇلنىڭ يۈزىدىكى خەت تۈزۈق، ئېنىق ئەمەس دېگەننى سەۋەب قىلىپ، بەش لى ئېغىرلىتىپ، دانىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ بەش لى قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. گۇاڭشۈ 21 ـ يىلى (1895 ـ يىلى) دانىسى بىر مىسقال ئۈچ پۇڭ ئېغىرلىقتىكى داچەن پۇل قۇيۇش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مىسنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئۈرۈمچى ئەتىسەن ۋە كۇچا، باي ئەترابلىرىدىكى مىس كانلىرى ئىدى. گۇاڭشۈ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) خام ئەشيا توگەپ قالغانلىقتىن پۇل قۇيۇش توختىتىپ قويۇلدى.

ئۈرۈمچى جۇجۇقىدا پۇل قۇيۇش توختىتىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۈرۈمچى شىمگودا ئايرىم ماشىنىسازلىق جۇجۇقى تەسىس قىلىپ، يېڭى ئۇسۇلدا مىس تەڭگە قۇيۇشنى يولغا قويدى.

### چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى پۇل قۇيۇش جۇجۇقلىرىنىڭ پۇل ۋاقتىنى كۆرسىتىش جەدۋىلى

جەدۋەل: 1 — 3

| تەرتىپى | جۇجۇق نامى | تەسىس قىلىنغان ۋاقتى | ئارىلىقتا توختىغان ۋە قايتا ئىش باشلىغان ۋاقتى | ئەڭ ئاخىرقى تاقالغان ۋاقتى |
|---|---|---|---|---|
| 1 | يەكەن جۇجۇقى | چيەنلۇڭ 25 ـ يىلى (1760 ـ يىلى) | چيەنلۇڭ 34 ـ يىلى (1769 ـ يىلى) پۇل قۇيۇش توختىغان، شيەنفېڭ 3 ـ يىلى (1853 ـ يىلى) ئەسلىگە كەلگەن | تۇڭجى 4 ـ يىلى (1865 ـ يىلى) ياقۇپبەگ توپىلىڭىدا پۇل قۇيۇش توختىغان. |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 2 | ئاقسۇ جۇجۇقى | چيەنلۇڭ 26 - يىلى (1761 - يىلى) | چيەنلۇڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) پۇل قۇيۇش توختىتىلىپ، ئۇچتۇرپانغا كۆچۈرۈلگەن. جيا چىڭ 4 - يىلى (1799 - يىلى) ئۇچتۇرپاندىن كۆچۈپ كېلىپ، قايتا ئىش باشلىغان. تۇڭجى 4 - يىلى (1865 - يىلى) ياقۇپبەگ توپىلىڭىدا پۇل قۇيۇش توختىغان. گۇاڭشۈ 4 - يىلى (1878 - يىلى) قايتا ئىش باشلىغان، گۇاڭشۈ 9 - يىلى (1883 - يىلى) پۇل قۇيۇش توختىتىلغان، مۇھىم نۇقتا كۇچاغا قويۇلغان. گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) قايتا ئىش باشلىغان، مۇھىم نۇقتا ئاقسۇغا قويۇلغان. | گۇاڭشۈ 18 - يىلى (1892- يىلى) كۇچاغا يۆتكەلگەن. |
| 3 | ئۇچتۇرپان جۇجۇقى | چيەنلۇڭ 31 - يىلى (1766 - يىلى) | | جيا چىڭ 4 - يىلى (1799- يىلى) ئاقسۇغا كۆچۈرۈپ كېتىلگەن. |
| 4 | كۇچا جۇجۇقى | داۋگۇاڭ 6 - يىلى (1862 - يىلى) ياكى شيەنفېڭ 3 - يىلى (1853- يىلى) | تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) راشىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، پۇل قۇيۇش توختىتىلغان. گۇاڭشۈ 4 - يىلى (1878 - يىلى) قايتا ئىش باشلىغان. گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) پۇل قۇيۇش توختىتىلغان. گۇاڭشۈ 13- يىلى (1892 - يىلى) ئاقسۇدىن كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، قايتا ئىش باشلانغان. | گۇاڭشۈ 34 - يىلى (1908 - يىلى) پۇل قۇيۇش توختىتىلغان. بازاردا مىس تەڭگە ئىشلىتىلگەن. |
| 5 | قەشقەر جۇجۇقى | شيەنفېڭ 3 - يىلى (1853- يىلى) قايتا ئىش باشلىغان | داۋەن قويغان، تۇڭجى 4 - يىلى (1865 - يىلى) ياقۇپبەگ توپىلىڭى بولۇپ، پۇل قۇيۇش توختىتىلغان. گۇاڭشۈ 14- يىلى (1888 - يىلى) قايتا ئىش باشلانغان. | گۇاڭشۈ 20 - يىلى (1902- يىلى) قەشقەر كونا شەھەر نامىسىدىكى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلگەن. |
| 6 | ئىلى جۇجۇقى | چيەنلۇڭ 40 - يىلى (1775- يىلى) | داۋگۇاڭ 20 - يىلى (1840 - يىلى) مىس يېتىشمىگەنلىكتىن پۇل قۇيۇش توختىتىلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي قايتا ئىش باشلانغان. | تۇڭجى 5 - يىلى (1866- يىلى) ئىلى سۇلتانى ئىسيان كۆتۈرۈپ پۇل قۇيۇش توختىتىلغان. |
| 7 | ئۈرۈمچى جۇجۇقى | شيەنفېڭ 5 - يىلى (1855- يىلى) قۇرۇلۇشقا باشلىغان | شيەنفېڭ 8 - يىلى (1858 - يىلى) رەسمىي قۇرۇلغان، تۇڭجى 3 - يىلى (1864 - يىلى) قالايمىقانچىلىق بولۇپ، پۇل قۇيۇش توختىتىلغان. گۇاڭشۈ 12 - يىلى (1886 - يىلى) قايتا ئىش باشلانغان. | گۇاڭشۈ 34 - يىلى (1908- يىلى) مىس تۈگەپ كېتىپ، پۇل قۇيۇش توختىتىلغان. |

# II باب

# لاتا پۇل (مايلىق لاتا پۇل)

لاتا پۇل دېگىنىمىز ئاق لاتا ماتېرىيال قىلىنىپ، ياغاچ تاختاي ياكى قوغۇشۇن تاختاي بىلەن ئاق لاتا ئۈستىگە قارا خەت بېسىلىپ (بەزى مايلىق لاتا پۇللارغا نەقىشمۇ بېسىلىدۇ) ئاندىن تۇڭگو دەرىخى يېغىغا چىلاپ تەييارلىنىدۇ. ئۇ خەلق ئىچىدە «مايلىق لاتا پۇل» دېيىلىدۇ.

شىنجاڭدا مايلىق لاتا پۇل گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى) ئىلى مەھكىمىسى تارقىتىشقاباشلىغاندىن تارتىپ، مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) غىچە ئىشلىتىلگەن. بۇ 45 يىل ئىچىدە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقلىرى مەسلىھەتچى ئامبال يامۇللىرى، شەخسىي سودىگەرلەر ئوخشاش بولمىغان يىللاردا، ئوخشاش بولمىغان سومىلىق قىلىپ، ئوخشاش بولمىغان دائىرىدە ئىشلىتىدىغان مايلىق لاتا پۇللارنى تارقاتقان. مايلىق لاتا پۇللارنىڭ تۈرى ئون نەچچىگە يېتىدۇ.

## § 1 . ئىلى مايلىق لاتا پۇلى

ئىلى مايلىق لاتا پۇلىنى ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس)، غۇلجىلاردىكى ئىككى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى) تارقاتقان. تارقىتىلغان ئومۇمىي مىقدارى 85 مىڭ سەرگە يەتكەن. بۇ پۇل قىممىتى 1000، 500، 300، 200 يارماقلىقتىن ئىبارەت تۆت خىل ئىدى. 1000 يارماقلىقى بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغان. بۇ پۇل ئىلى ۋىلايىتى، ئىككى ناھىيە (ھازىرقى غۇلجا، قورغاس، جۇملىدىن ئىلى جياڭجۇنى تۇرۇشلۇق كورە) لەردە ئوبوروت قىلىنغان.

ئىلىنى چارروسىيە ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، كۈمۈش پۇل يىغىۋېلىنىپ، روسىيە پۇلى خەجلەندى. بازاردا روسىيە پۇلى ئاۋۇپ كەتتى. ئىلى ۋالىيسى فەن شياۋسۇ، جياڭجۇن سېلىنئالار مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن گۇاڭشۇ 14 - يىلى (1888 - يىلى) كونا يارماقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە يارلىق چۈشۈردى. ھەمدە گۇاڭشۇ 15 - يىلى (1889 - يىلى) 2 - ۋە 4 - ئايلاردا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۈيدۈڭ، غۇلجا ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنى تەسىس قىلىپ، تەننەرخى 80 مىڭ سەر كۈمۈشلۈك 175 مىڭ دانە مايلىق لاتا پۇل تارقاتتى. بۇ 170 مىڭ سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى. دەسلەپ تارقىتىلغاندا، 500 يارماقلىقى بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغانىدى. بىراق مال باھاسى بىلەن كۈمۈش سودىسى ئارىسىدىكى نىسبەتتە زىددىيەت كۆرۈلۈپ، ئوبوروت راۋان بولمىغانلىقتىن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىر سەر كۈمۈشنى 1000 يارماقلىق مايلىق لاتا پۇلغا تېگىشىشكە ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئوبوروت پەيدىنپەي راۋانلىشىپ روسىيە پۇلىنىڭ كېڭىيىشى چەكلەندى. گۇاڭشۇ 18 - يىلى (1892 - يىلى) فەن شياۋسۇ كورە يېڭى بازىرىدا يېڭىدىن بىر پۇل جۇجۇقى سالدۇرۇپ، 1000 يارماقلىق مايلىق لاتا پۇلدىن 100 مىڭنى يېڭىدىن باستۇردى. بۇ 100 مىڭ سەر كۈمۈشكە توغرىلاندى.

كونا پۇل يىغىۋېلىندى ۋە ساختا پۇل ئېنىقلاندى. گۇاڭشۈ 19 ـ يىلى (1893 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بۇ پۇل تارقىتىلدى.

## § 2 . شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇلى

شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇلى دېگىنىمىز ئۈرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى تارقاتقان مايلىق لاتا پۇل. گۇاڭشۈ 16 ـ يىلى (1890 ـ يىلى) ۋە 23 ـ يىلى (1897 ـ يىلى) ئىككى قېتىمدا 13 مىڭ سەر ھېسابىدىكى مايلىق لاتا پۇل تارقىتىلغان. گۇاڭشۈ 29 ـ يىلىدىن 33 ـ يىلىغىچە (1903 ـ يىلىدىن 1907 ـ يىلىغىچە) يەنە 300 مىڭ سەرلىك پۇل تارقىتىلدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 400 داچەنلىك بولۇپ، بىر سەر كۈمۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ پۈتۈن ئۆلكە دائىرىسىدە ئوبوروت قىلىندى.

## § 3 . ئۈرۈمچىدىكى خۇسۇسىي سودىگەرلەر پۇلى

ئۈرۈمچىدىكى خۇسۇسىي سودىگەرلەر پۇلىنى تيەنجىنلىك سەككىز چوڭ سودىگەر گۇاڭشۈ 27 ـ يىلى (1901 ـ يىلى) دىن شۈەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) غىچە تارقاتقان، سانى ئېنىق ئەمەس، يۈزىدىكى قىممىتى 400 داچەنلىك بولۇپ، ئۈرۈمچى رايونىدا ئوبوروت قىلىنغان.

بۇ پۇل ياغاچ تاختايغا خەت ئويۇلۇپ، ئاق لاتىغا بېسىش، تۆتكۆ دەرىخى يېغى بىلەن مايلاش ئارقىلىق تەييارلانغان. پۇلنىڭ ئۈستى تەرىپىگە توغرىسىغا قىلىپ تارقاتقۇچى سودىگەرنىڭ ئىسمى يېزىلغان. ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە «بۇ پۇل 400 داچەنگە تېگىشلىدۇ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. . . . ئاستى تەرىپىگە سودىگەرنىڭ تامغىسى بېسىلغان. دەسلىپىدە بۇ پۇلنىڭ ئىناۋىتى ياخشى بولغان، بىراق تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ پۇل تارقىتىشىغا چەك قويۇلمىغانلىقتىن، بەزى سودىگەرلەرنىڭ كاپىتالى ئاران 2000 ـ 3000 سەرلا بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ 10 مىڭ سەرلىكتىن كۆپ پۇل تارقىتىپ، تىجارەت دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، كۆپ پايدا ئالغان. بىر قېتىم «فۇشىنخى» دوكىنىنىڭ زاپاس داچىنى تارقىتىلغان مايلىق لاتا پۇلغا تېگىشىشكە يەتمەي ھەتتا بەس ـ بەس بىلەن پۇل تېگىشىش قويۇنى كېلىپ چىققان. شۇ چاغدىكى ئۈرۈمچى ۋالىيسى ۋاڭ بودۇەن ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىغا داچەن ئاجرىتىپ، بۇ ئىشقا ناقابىل تۈرۈشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن پۇل تېگىشىش قويۇنى تىنجىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن شەخسىي سودىگەرلەر تارقاتقان پۇلغا چەك قويۇلدى. پەرمانبەردار ۋاڭ شۇنيەن ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل تارقاتقاندىن كېيىن، شەخسىي سودىگەرلەر تارقاتقان پۇل پەيدىنپەي توختىدى. شۈەنتۇڭ 2 ـ يىلى (1910 ـ يىلى) ئۈرۈمچىدە ئۈرۈش بولغاندىن كېيىن ھۆكۈمەت تەرەپ تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ پۇل تارقىتىشىنى مەنئى قىلدى.

## § 4 . ئاقسۇ گۈللۈك پۇلى

ئاقسۇ گۈللۈك پۇلى شىنجاڭ ئۆلكىسى پەرمانبەردارىنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بېسىلىپ، ئاقسۇدىكى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى تارقاتقان پۇل (مايلىق لاتا پۇل) گۇاڭشۈ 28 ـ يىلى (1902 ـ يىلى) 30 مىڭ

سەر، 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) يەنە 20 مىسقال سەر تارقىتىلىپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئوبوروت قىلىنغان.

## 5 § . چۆچەك لاتا پۇلى

چۆچەك لاتا پۇلى لاتىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، بىر سەر (ئاساسىي پۇل) ۋە بىر مىسقال (قوشۇمچە پۇل) لىق ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. چۆچەك مەسلىھەتچى ئامبال مەھكىمىسى مىنگونىڭ 1 ـ يىلى (1912 ـ يىلى) دىن مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى) غىچە تارقاتقان، مىقدارى 265 مىڭ 576 سەر ئالتە مىسقالغا يەتكەن.

## 6 § . ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنىڭ مايلىق لاتا پۇلى

ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقىنىڭ مايلىق لاتا پۇلىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 40 داچەنلىك بولۇپ، قوشۇمچە پۇل قىلىنغان، ئۇنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ پۇل قۇيۇش ئىدارىسى باستۇرغان. ئۈرۈمچى پۇل جۇجۇقى تارقاتقان. مىنگونىڭ 12 ـ يىلى (1923 ـ يىلى) دىن مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى) غىچە بازاردا ئوبوروت قىلىنغان. ئوبوروت قىلىنغان رايون ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ:

بىرىنچى خىلى مەلۇم ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىنىش بەلەنلا چەكلەنگەن. مەسىلەن: مىنگونىڭ 12 ـ يىلى (1923 ـ يىلى) بېسىلغان مايلىق لاتا پۇلنىڭ بەزىلىرى ئۈرۈمچىدىلا ئوبوروت قىلىنغان. بەزىلىرى ئىلى ۋىلايىتى، بەزىلىرى ئالتاي ۋىلايىتى، بەزىلىرى ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدىلا ئوبوروت قىلىنىش بىلەنلا چەكلەنگەن. مايلىق لاتا پۇل مىنگونىڭ 12 ـ يىلى (1923 ـ يىلى) تارقىتىلغان، كېيىن قايتا بېسىلمىغان.

ئىككىنچى خىلى قەشقەر، خوتەندىن باشقا جايلاردا خەجلەنگەن. مايلىق لاتا پۇل مىنگونىڭ 12 ـ يىلىدىن 21 ـ يىلىغىچە (1923 ـ يىلىدىن 1932 ـ يىلىغىچە) داۋاملىق بېسىلغان.

مايلىق لاتا پۇل تاق يۈزلۈك، توغرا شەكىللىك بولغان؛ ئۇنىڭ تۆت بۇرجىكىگە «40 داچەنلىك» دېگەن خەتلەر، ئۈستى تەرىپىگە گىرەلەشكەن ئىككى بايراق، ئاستى تەرىپىگە دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىز سۈيى، ئوڭ ـ سول ئىككى تەرىپىگە بۇغداي باشقى سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. مايلىق لاتا پۇلنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرىسىغا خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا «ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى»، «مەخسۇس ئالتاي ۋىلايىتى تەۋەسىدە ئۆتىدۇ» (ياكى شىمالىي يول، ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەلىرىدە ئۆتىدۇ)، «بۇ چەككە 40 داچەن بېرىلىدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، جىن شۇرېن تەختكە چىققاندىن كېيىن 1930 ـ يىلى يۈزىدىكى قىممىتى 40 داچەنلىك يەنە بىر خىل مايلىق لاتا پۇل تارقىتىلدى. ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگە جۇڭخۇا مىنگونىڭ دۆلەت بايرىقى، ئىككى تەرىپىگە مېيخۇا گۈل سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. شىنجاڭنىڭ شىمالى ۋە ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئوبوروت قىلىنغان.

بىر قېتىم مالىيە نازارىتى بىر ئاپتوموبىل مايلىق لاتا پۇلنى ئاقسۇغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، قاتتىق ئىسسىق بولۇپ كەتكەنلىكتىن، مايلىق لاتا پۇل بىر ـ بىرىگە سۈركۈلۈپ قىزىپ، تۇساتتىن ئوت كېتىپ، ئاپتوموبىلدىكى مايلىق لاتا پۇل پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتكەن، شۇنىڭدىن كېيىن مايلىق لاتا پۇل بېسىش توختىتىلغان.

## § 7 . ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان مايلىق لاتا پۇل

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا قەشقەر ۋالىيسى ماشاۋۋۇ ھەربىي تەمىناتقا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر سەرلىك ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان مايلىق لاتا پۇل باستۇرغان. بۇ پۇل قەشقەر پۇلى بىلەن بىرلىكتە قەشقەر خەزىنۇ شەھىرىدە ئوبوروت قىلىنغان. بۇ پۇلنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى بىر سەرلىك بولۇپ، مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) بېسىشتىن توختىتىلغان. تارقىتىلغان مىقدارى ئېنىق ئەمەس.

## § 8 . «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتى» نىڭ لاتا پۇلى

بۇ پۇلنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 100 داچەنلىك بولۇپ «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتى» بېسىپ تارقاتقان، خوتەن ئەتراپلىرىدا ئوبوروت قىلىنغان.

مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) 4 ـ ئايدا مەنسۇر (پانتۈركىست مۇھەممەت ئىمىننىڭ ئاكىسى) ئۆزىنى پادشاھ دەپ ئېلان قىلىپ «ئىسلام دۆلىتى» قۇرغان. ئۇ شۇ يىلى 100 داچەنلىك لاتا پۇل تارقاتقان. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى خوتەن ھۆكۈمىتى خەزىنىسىدىن تارقىتىلغان پۇل، 100 داچەنلىك، ھىجىرىيە 1352 ـ يىلى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. 10 ـ ئايدا ماخۇسەن قىسىملىرى خوتەنگە كىرگەندە «ئىسلام دۆلىتى» يىمىرىلىپ، لاتا پۇل بېسىش توختاپ قالغان.

# III باب

# قەغەز پۇل

## 1 §. يەرلىك قەغەز پۇل

### 1. ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل

ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلنىڭ يۈزىدە ئىككى كۆزۈن ئەجدىھا سۈرىتى بولغانلىقى ئۈچۈن مۇشۇ نام قوللىنىلغان. گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى) شىنجاڭنىڭ پەرمانبەردارى ۋاڭ شۇنيەن ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل تارقاتقاندىن تارتىپ مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) ياڭ زېڭشىن چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل تارقاتقانغا قەدەر، شىنجاڭدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، خىللىرى ناھايىتى كۆپ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل تارقىتىلغان.

1) چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل

چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 400 داچەنلىك بولۇپ، بىر سەر كۈمۈشكە يارايدىغان ئاساسىي پۇل ھېسابلانغان. بۇ پۇلنى شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇل باش جۇجۇقى گۇاڭشۇ 34 - يىلى (1908 - يىلى) بېسىپ تارقاتقان. ئومۇمىي مىقدارى 1 مىليون سەرگە يەتكەن. بۇ پۇل دەسلەپتە شىنجاڭ بويىچە ئوبوروت قىلىنغان، كېيىن ئاستا - ئاستا قەشقەر، خوتەن رايونلىرىغا مەركەزلەشكەن، شاڭخەيدە بېسىلغان.

چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل تىك شەكىلدە ياسالغان ھۆكۈمەت پۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ قەغىزى ئېسىل، بېسىلىشى نەپىس، رەڭلىرى ئېنىق، ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئىككى كۆزۈن ئەجدىھا سۈرىتى، ئۈستى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چوڭ مەرۋايىت ئويىنىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ (ئىككى ئەجدىھانىڭ مەرۋايىت ئوينىشىشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ)، ئاستى تەرىپىگە يېشىل رەڭلىك دېڭىز سۈيىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەتلەر بار، ئۈستى تەرىپىگە خەنزۇچە، توغرا شەكىلدە «شىنجاڭ»، «ھۆكۈمەت پۇل باش جۇجۇقى» دېگەن ئىككى قۇر خەت، ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە «مۇشۇ چەككە 400 دانە داچەن بېرىلىدۇ» دېگەن خەت؛ سول چېتىگە تىك شەكىلدە «گۇاڭشۇ شۇشىن يىلى، ئاي، كۈن» (شۇشىن يىلى گۇاڭشۇ 34 - يىلى، 1908 - يىلنى كۆرسىتىدۇ)، ئوڭ تەرىپىگە تىك شەكىلدە ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە × نچى خەتلىك، × نچى تومۇرلۇق دېگەن خەتلەر؛ تۆۋەن تەرىپىگە «شىنجاڭ قەغەز پۇلى» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىگە خەنزۇچە ئۇقتۇرۇش بېسىلغان.

2) كىچىك ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل

كىچىك ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 400 داچەنلىك بولۇپ، بىر سەر كۈمۈشكە يارايدىغان ئاساسىي پۇل ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى شىنجاڭ ۋاسسال خەزىنىسى مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 267

مىڭ سەر تارقاتقان، شىنجاڭ بويىچە ئوبوروت قىلىنغان.

بۇ پۇل تىك شەكىللىك ھۆكۈمەت پۇلى بولۇپ، چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلغا قارىغاندا خېلىلا كىچىك، ئۇنىڭچىلىك نەپىس ئەمەس. بۇ پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىك شەكىلدىكى ئىككى يېشىل رەڭلىك ئۈزۈن ئەجدىھا سۈرىتى، ئۈستى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا قىزىل رەڭلىك چوڭ مەرۋايىت، ئاستى تەرىپىدە يېشىل دېڭىز سۈيىنىڭ سۈرىتى بار. ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە خەتلىرى «شىنجاڭ»، «ۋاسال خەزىنىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلى» دېگەنلەردىن باشقىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلغا ئوخشايدۇ (يىلى مىنگونىڭ 1 ـ يىلى دەپ يېزىلغان). تەتۈر يۈزىگە پەرمانبەردار چېن جىتاڭنىڭ ئۇقتۇرۇشى بېسىلغان.

3) ئىلى ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلى

ئىلى ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلى ئىلى پۇلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يۈزىدىكى قىممىتى 1000 يارماقلىق بولۇپ، بىر سەر كۈمۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنى بېيجىڭ ھۆكۈمەت گېزىتى ئىدارىسى باسقان، ئىلى كۈرە ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى تارقاتقان. تارقاتقان يىلى توغرىسىدا ماتېرىياللاردا گۇاڭشۈ 19 ـ يىلى (1893 ـ يىلى) دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ پۇلدىن جەمئىي 100 مىڭ سەر تارقىتىلىپ، ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىككى ناھىيىدە ئوبوروت قىلىنغان. بۇ پۇل تىك شەكىلدە ئىشلەنگەن ھۆكۈمەت پۇلى، ئۇ ئېسىل قەغەزگە نەپىس بېسىلغان، ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ تۆت ئەتراپىدا گۈللۈك جىيەك بار. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ئۈزۈن ئەجدىھا سۈرىتى، سۈرەتنىڭ ئۈستى تەرىپىدە خەنزۇچە «ئىلى»، «ھۆكۈمەت پۇل باش جۇجۇقى» دېگەن ئىككى قۇر خەنزۇچە خەت؛ ئوتتۇرىسىدا تىك شەكىلدە «بۇ پۇلغا 1000 يارماق ئالغىلى بولىدۇ» دېگەن خەت، سول تەرىپىدە شۇەنتۇڭ يىل، ئاي، كۈنى، ئوڭ تەرىپىدە «× خەتلىك، × نچى نومۇر» دېگەن خەت بار. بۇ پۇلنىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇكى، ئوڭ ـ سول ئىككى تەرىپىدە بىر ئابزاس خەنزۇچە خەت بار. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ يېزىلغان:

«ئۇنچە ـ مەرۋايىت ئېسىل بۇيۇم، ساقلاشقا، ئېلىپ يۈرۈشكە قولايلىق، ئەمما بازاردا ئوبوروت قىلىشقا قولايسىز؛ مىس پۇل ئېغىر، بازاردا ئوبوروت قىلىشقا قولايلىق، ئەمما ساقلاشقا، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپسىز، ئوبوروت قىلىشتا پايدىلىق يېرى بار، ئېغىرلىقىنىڭ نۇقسانى يوق، قەغەز پۇل خەت ئورنىدىمۇ، دوكۇمېنت ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ، يىراق چەك جەھەتتە تورگە ئايرىلىدۇ، ئۇ ئىشلىتىشكە ئەڭ قولايلىق، ئەڭ ئادەتتىكى ئېھتىياجىغىمۇ ئەسقاتىدۇ. يۇرۇقى قولايسىزلىقلارنى ئاددىيلاشتۇرغىلى بولىدۇ، ئۇ ھەممە پۇللاردىنمۇ بەكرەك ئەۋزەللىككە ئىگە. ئۇنىڭغا رەخت، ئاشلىق ئالغىلى بولىدۇ. ھايات ئادەملەر ئۈچۈن جېنىدىنمۇ ئەزىز. ئەسكەرلەر، دېھقانلار، سانائەتچىلەر، سودىگەرلەر تىجارەتتە ئىشلىتىدۇ. قاتناش ئىشلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئاسانلىشىدۇ، باشقا پۇللار خەجلەشتە قەغەز پۇلغا يەتمەيدۇ ـ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مىس پۇل بالا ئورنىدا، قەغەز پۇل ئانا ئورنىدا تۇرىدۇ، دېمەك ئۇنىڭ پايدىسى زور، ھەممە ئادەم ئۇنى ياقتۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، پۇل دېمەك چەك، چەك دېمەك پۇل دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشمۇ، كۆتۈرۈپ يۈرۈشمۇ، ئىشلىتىشمۇ ئوڭاي، ئوبوروتقا پايدىلىق. بالىسى كەينىدە، ئانىسى ئالدىدا ماڭىدۇ، ئۆزىراپ كەتمەيدۇ، كىچىكلەپ كەتمەيدۇ، ئانا ـ بالا ئوخشاش ھوقۇقلۇق بولىدۇ، بىر ئاز پۇل ئۈچۈن تالاي جاپا تارتىدۇ، قەرز بەرگەندە پايدا ئېلىشقا بولمايدۇ، ساقلاشتا مۇستەھكەم ئوراپ قويۇشقا بولىدۇ ئۇنىڭ ئوبوروت قىلىش، خەجلەشتە ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكى بار، بۇ پۇل ھەر قانداق نەرسە ئېلىشتا ئەسقاتىدۇ، يىرتىلىپ كەتسە ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمىنى ساقلىسا بولىدۇ. ساختا بولسا ساختا، راست بولسا راست بولىدۇ. مۇھىمى ئەمەلىي نەرسىگە قارىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىناۋەتلىك سۈپىتىنى يوقىتىپ قويماسلىق كېرەك».

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە «پۇل ئېتىراپ قىلىنىدۇ، ئادەم ئېتىراپ

قىلىنمايدۇ» ، سول تەرىپىدە «پۇل بۇزۇپ كەتسە مەلۇم قىلىپ تېزىسىغا ئالدۇرۇشقا بولمايدۇ» دېگەن مەنىدىكى خەنزۇچە خەت بار. پۇلنىڭ ئەتىۋار تەرىپىدىكى جىيەك ئىچىدە، ئۈستىدىكىسى خەنزۇچە، ئوتتۇرىدىكىسى مانجۇچە، تۆۋەندىكىسى ئۇيغۇرچە يېزىقتا يېزىلغان ئۈچ گىرافىلىق ئېلان بار.

«شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 35 ـ جىلدىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «گۇاڭشۇ 18 ـ يىلى فەن شياۋسۇ كۆزرە، يېڭى شەھىرىدە ... يېڭىدىن بىر پۇل جۇجۇقى سالدۇرۇپ، ... مىڭ يارماقلىق يېڭى پۇلدىن 100 مىڭ ۋاراق باستۇردى. بۇ 100 مىڭ سەر كۆمۈشكە توغرا كېلىدۇ، كونا پۇل يىغىۋېلىندى، سۈپەتسىز ۋە ساختا پۇللار ئېنىقلاندى، گۇاڭشۇ 19 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن باشلاپ يېڭى پۇل ئىشلىتىلدى».

4) «گۆللىنىش» بانكىسىنىڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلى

«گۆللىنىش» بانكىسىنىڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇلىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 400 داچەنلىك. ئۇنى «گۆللىنىش» بانكىسى شۈەنتۇڭنىڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) تارقاتقان. (بەزىلەر مىنگونىڭ 1 ـ يىلى تارقىتىلغان دېيدۇ) بۇ پۇل جەمئىي 7 مىليون 541 مىڭ سەر تارقىتىلغان.

بۇ پۇل تىك شەكىلدىكى ھۆكۈمەت پۇلى بولۇپ، ئاق «داۋلىن» قەغىزىگە تاش باسمىدا بېسىلغان. قوپاللىراق ئىشلەنگەن. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ چۆرىسىگە مەرۋايىت ئويناۋاتقان ئىككى ئەجدىھا سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۈستى تەرىپىگە توغرىسىغا خەنزۇچە يېزىقتا «شىنجاڭ» ، «مەھكىمە خەزىنىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلى» دېگەن ئىككى قۇر خەت؛ ئوتتۇرىسىغا تىك شەكىلدە «بۇ پۇلغا 400 داچەن كېلىدۇ» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئۈستى تەرىپىنىڭ ئوڭ چېتىگە ئۇيغۇرچە خەتلەر چۈشۈرۈلگەن. ئارقا تەرىپىگە مالىيە مەھكىمىسىنىڭ ئېلانى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە يېزىقتا بېسىلىپ، ئۈستىگە ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىلغان.

## 2. كۈچۈك سۈرەتلىك پۇل

يۈزىدىكى قىممىتى 100 داچەنلىك، ئىككى مىسقال بەش پۇڭ كۆمۈشكە يارايدىغان بۇ قوشۇمچە پۇل مىنگونىڭ 3 ـ، 4 ـ يىللىرى (1914 ـ 1915 ـ يىللىرى) شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان. بۇ پۇل جەمئىي 1 مىليون 33 مىڭ 200 سەردىن كۆپرەك تارقىتىلىپ، ئۈرۈمچى ۋە ئىلى ۋىلايەتلىرىدە، جەنۇبىي يولدىكى ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئوبوروت قىلىنغان.

بۇ پۇل «داۋلىن» قەغىزىگە تاش باسمىدا قىزىل، كۆك ۋە قارا رەڭلەر كىرىشتۈرۈپ توغرىسىغا بېسىلغان. رەسىملىرى قوپال ھەم تۇتۇق بولۇپ قالغان؛ ئۇنىڭ يۈزىنىڭ سول ۋە ئوڭ تەرەپلىرىگە بىردىن ئۆرە تۇرغان شىرنىڭ يېشىل رەڭلىك سۈرىتى بېسىلغان، ئەمما ئۇ ياخشى سىزىلماي، ئىتقا ئوخشاپ قالغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى «كۈچۈك سۈرەتلىك پۇل» دەپ ئاتىغان. كۈچۈك سۈرەتلىك پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقلاردا «شىنجاڭ» «نازارەت خەزىنىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلى» ، «بۇ پۇلغا 100 داچەن كېلىدۇ» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن، ئەتىۋار يۈزىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئېلان بېسىلغان.

شىنجاڭ چېگرىغا جايلاشقان، سۈپەتلىك باسىدىغان مەتبە ۋە ياخشى قەغەز يوق بولغاچقا، ئىلگىرى بېسىلغان 100 يارماقلىق كىچىك پۇل ئۇزاق ئىشلىتىلىپ كونىراپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساختا پۇللارمۇ پەيدا بولغان. شۇڭا ياڭ زېڭشىن دائىرىلىرى چوڭ، كىچىك قەغەز پۇللارنى (يەنى ئەجدىھا سۈرەتلىك ۋە كۈچۈك سۈرەتلىك پۇللارنى) بېسىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىشنى قارار قىلغان. مىنگونىڭ 8 ـ يىلى 100 داچەنلىك تىك شەكىللىك

قەغەز پۇل، كېيىنكى يىلى يەنە 100 داچەنلىك توغرا شەكىللىك قەغەز پۇل بېسىپ تارقىتىلغان. بۇنى كىشىلەر يېڭى كۈچۈك سۈرەتلىك پۇل دەپ ئاتىغان.

يېڭى كۈچۈك سۈرەتلىك پۇلنى بېيجىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باسما ئىدارىسى باسقان، پۇلنىڭ كۆرۈنۈشى كۆركەم، چىرايلىق بولۇپ، ئۇنى يالغاندىن ياسىغىلى بولمايتتى. قەغىزى ئەۋرىشىم ھەم چىدامىلىق ئىدى.

## 3. ئۆلكە پۇلى (ھۆكۈمەت پۇلى)

### 1) ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدىكى ئۆلكە پۇلى

(1) 400 داچەنلىك ئۆلكە پۇلى. بۇ پۇلنىڭ بېيجىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ باسما ئىدارىسى ۋە شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ پۇل بېسىش ئىدارىسى باسقان ئىككى خىلى بار.

① بېيجىڭ مالىيە مىنىستىرلىكى باسقان ئۆلكە پۇللىرىدىن مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) بېسىلغان، مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارقىتىلغىنى، شۇنىڭدەك مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) بېسىلغان، ئارقىسىغا «مىنگونىڭ 6 - يىلى» (1917 - يىلى) دېگەن ئېلان بېسىلغىنى بار.

② شىنجاڭ مالىيە نازارىتى پۇل بېسىش ئىدارىسى باسقان ئۆلكە پۇلىدىن مىنگونىڭ 14- يىلى (1925- يىلى) دىن مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931 - يىلى) غىچە بېسىلغان ھەر خىل نۇسخىلىرى بار.

بۇ ئىككى خىل ئۆلكە پۇلىنىڭ ھەر ئىككىسىلا تىك شەكىلدىكى ھۆكۈمەت چوڭ پۇلى بولۇپ، بېيجىڭدا بېسىلغىنى بىر قەدەر نەپىس، شىنجاڭدا بېسىلغىنى بىر قەدەر قوپال، چوڭ - كىچىكلىكىمۇ ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بىراق ھەر ئىككىسىلا 400 داچەنلىك بولۇپ، بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلاتتى.

مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) روسىيە ماللىرىنىڭ كىرىشى توختىتىلىپ، شىنجاڭدا ئىشلەنگەن بۇيۇملار روسىيىگە چىقىدىغان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆلكە پۇلىنىڭ رولىمۇ كېڭەيدى، ئۇنىڭ باھاسىمۇ كۈمۈش بىلەن تەڭلىشىپ قالدى. ياڭ زېڭشىن دائىرىلىرى تاش باسمىدا بېسىلىدىغان ئۆلكە پۇلىنى توختىتىشقا بۇيرۇق بېرىپ، شۇ چاغدا بېيجىڭدا تۇرۇۋاتقان شىنجاڭلىق پالاتا ئەزاسى جۇڭلىنغا بېيجىڭ مالىيە مىنىستىرلىكى باسما ئىدارىسىغا زاكاز قىلىپ ھەر بىرىنىڭ قىممىتى 400 ۋە 100 داچەنلىك چىرايلىقراق، 5 مىليون سەر كۈمۈشكە باراۋەر چوڭ - كىچىك ئۆلكە پۇلى باستۇرۇشنى ھاۋالە قىلغان. بۇ پۇل مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) تارقىتىلغان.

(2) تاش باسمىدا بېسىلغان ئۈچ سەرلىك ۋە بەش سەرلىك ئۆلكە پۇلى. بۇ سەر بىرلىك قىلىنغان ئىككى خىل ئۆلكە پۇلى جىن شۇرېن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدا تارقىتىلغان. ئۇنى شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ پۇل بېسىش ئىدارىسى باستۇرغان. بېسىلىشى قوپالراق، چوڭ - كىچىكلىكىمۇ تەڭ ئەمەس ئىدى.

ئۈچ سەرلىك پۇلنىڭ يۈزىنىڭ چۆرىسىدە گۈل نۇسخىلىرى بولۇپ، يۈزىگە «شىنجاڭ مالىيە نازارىتى خەزىنىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلى، بۇ پۇلغا ئۈچ سەر كۈمۈشكە تەڭ كېلىدىغان داچەن تېگىشىشكە بولىدۇ، × خەتلىك × نچى نومۇر، مىنگونىڭ 20 - يىلى × ئاينىڭ × كۈنى» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. تەتۈر يۈزىگە: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى، مالىيە نازارىتى شۇنداق يوليورۇق بەردىلەركى، بۇ پۇلنىڭ ھەر بىرى ئۈچ سەر كۈمۈشكە تەڭ، ھەر بىرىگە 400 داچەن تېگىشىلىدۇ، خەلق ئىچىدە غەللە - پاراق، باج تاپشۇرۇشتا،

ھۆكۈمەتكە پۇل تاپشۇرۇشتا بىردەك مۇشۇ پۇل ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر يالغاندىن ياسالسا قاتتىق جازالىنىدۇ، پۇنى ئوبدان ئاسراش كېرەك. مىنگونىڭ 21 ـ يىلى × ئاينىڭ × كۈنى» دېگەن ئېلان بېسىلغان. ئېلانغا مالىيە نازارىتىنىڭ چوڭ تامغىسى بېسىلغان. بەش سەرلىك پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ چۆرىسىگە ئۈزۈم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، كەينىنىڭ چۆرىسىدىكى سۈرەتلەر ئۈچ سەرلىك پۇلنىڭكىگە ئوخشمايدۇ. ئوڭ ۋە تەتۈر يۈزىدىكى خەتلەر ئۈچ سەرلىك پۇلنىڭكىگە ئوخشايدۇ. پەقەت «ئۈچ» دېگەن خەت «بەش» دېگەن خەتكە ئۆزگەرتىلگەن.

بۇ ئىككى خىل ئۆلكە پۇلى قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدىن باشقا جايلاردا ئوبوروت قىلىنغان.

## 2) شىڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدىكى ئۆلكە پۇلى

(1) تاش باسمىدا بېسىلغان ئون سەرلىك ئۆلكە پۇلى. بۇ پۇلنى شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ پۇل بېسىش ئىدارىسى باسقان. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تارقاتقان. ئۆلكە بويىچە قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدىن باشقا جايلاردا ئوبوروت قىلىنغان.

بۇ پۇل ئىمپورت قىلىنغان ئاق قەغەزگە تاش باسمىدا بىر قەدەر قوپال بېسىلغان، تىك شەكىللىك ھۆكۈمەت چوڭ پۇلى. ئۇنىڭ يۈزىگە «شىنجاڭ مالىيە نازارىتى خەزىنىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلى، بۇ پۇلغا ئون سەر كۈمۈشلۈك داچەن كېلىدۇ»؛ سول تەرىپىگە «مىنگونىڭ 22 ـ يىلى × ئاينىڭ × كۈنى» ئوڭ تەرىپىگە «× خەتلىك، × نچى نومۇرلۇق» دېگەن خەتلەر؛ كەينى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتا ئېلان بېسىلىپ ئۈستىگە چوڭ تامغا بېسىلغان.

(2) تاش باسمىدا بېسىلغان 50 سەرلىك ئۆلكە پۇلى. بۇ، توغرا شەكىللىك ھۆكۈمەت پۇلى بولۇپ، نېپىز «داۋلىن» قەغىزىگە تاش باسمىدا بېسىلغان. ئوڭ يۈزىگە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت نازارەت خەزىنىسىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلى، 50 سەر» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. كەينى تەرىپىگە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يېزىقتا ئېلان بېسىلغان. مىنگونىڭ 22 ـ ۋە 24 ـ يىلى بېسىلغان ئۆلكە پۇللىرىنىڭ بېسىلىشى ناچار، خەتلىرى مايماق ـ سايماق بولۇپ قالغان. مىنگونىڭ 25 ـ يىلى بېسىلغان ئۆلكە پۇلىنىڭ گەرچە بېسىلىشى قوپال بولسىمۇ، خەتلىرى ئېنىق بولغان.

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) ئۆلكە پۇلىنىڭ باھاسى پەيدىنپەي چۈشۈپ كەتتى. 9 ـ ئايغا كەلگەندە بىر يۈەن دۆلەت پۇلى 50 سەر ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلىدىغان بولدى. شۇڭا ئۈچ سەرلىك، بەش سەرلىك ئۆلكە پۇلى قايتا بېسىلمىدى بېسىلغان ئون سەرلىك پۇل ئېھتىياجنى قامدىيالماي قالدى، ئۇنىڭ رېڭى قىزىرىشچىلا ۋالىي مەھكىمىسى ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇنى ئالدىراپ كېتىپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. قايتا ئۆزۈش پارتىلىۋىدى، ئۆلكە تەرەپ 50 سەرلىك ئۆلكە پۇلى بېسىپ ئىشلىتىشكە باشلىدى. بىر يۈەنلىك دۆلەت پۇلى 75 سەر ئۆلكە پۇلىغا تېگىشلەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي 100 سەر ئۆلكە پۇلىغا تېگىشلىدىغان بولدى. ھەتتا ئۆلكە پۇلى باسىدىغان قەغەز تۈگەپ كەتتى.

مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) ئۆلكە پۇلىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 1 مىليارد 200 مىليون سەردىن ئېشىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇل باسىدىغان ئىش ھەققى ۋە ماتېرىيالىنىڭ باھاسىمۇ پۇلنىڭ يۈزىدىكى قىممىتىدىن يۇقىرى ئۆرلەپ كەتكەچكە، يەنە قىممىتى 50 سەرلىك ئۆلكە پۇلى بېسىپ تارقىتىلدى. كىشىلەر ئۇنى «دوبەن پۇلى» دەپ ئاتاشتى. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى بىر ۋاراق «دوبەن پۇلى»غا ئاران بىر نان كېلىدىغان بولۇپ قالدى.

(3) 500 سەرلىك قەرەللىك چەك. بۇ پۇل شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تەرىپىدىن مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) تارقىتىلىپ، ئۈرۈمچى رايونىدىلا ئوبوروت قىلىنغان. بۇ، تىك شەكىللىك، قېلىن «داۋلىن»

قەغەزنىگە تاق يۈزلۈك قىلىپ، مىق مەتبەدە بېسىلغان پۇل ئىدى. پۇلنىڭ خەتلىرى بىر خىللا قارا رەڭدە بېسىلغان. ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا بىر تۇم، بىر ئىنچىكە ئىككى قىزىل سىزىق بىلەن سىزىلغان رامكا بار. رامكىنىڭ ئىچىگە خەنزۇچە: «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ قەرەللىك چېكى. 500 سەرلىك ئۆلكە پۇلى» دېگەن خەتلەر بېسىلغان.

(4) سەر يۈەنگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى ئۆلكە پۇلى. بۇ، ماۋزېمىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىغا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلغاندىن كېيىن تارقىتىلغان يېڭى ئۆلكە پۇلى ئۇ. يىل بويىچە مۇنۇ تۈرلەرگە بۆلۈنگەن:

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) تارقىتىلغان ئون خىل قىممەتتىكى پۇل: ئاساسىي پۇل بىر دوللار، ئۈچ دوللار، بەش دوللار ۋە ئون دوللارلىق؛ قوشۇمچە پۇلى 50 سىنت، 20 سىنت، ئون سىنت، بەش سىنت، ئىككى سىنت، بىر سىنتلىق پۇل. بۇ پۇلنىڭ بىر ئۆزگىچىلىكى شۇكى، ئۇنىڭغا تورپاندىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارىسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، پۇل يۈزىدىكى سۈرەتتە مۇنار مەسچىتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ قالغان، ئەمەلىيەتتە بولسا مۇنار مەسچىتنىڭ سول تەرىپىدە. ئارقا تەرىپىگە جۇبىن (ماۋ زېمىن) ۋە جاڭ خۇڭيۇلەر ئىمزا قويغان.

مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) تارقىتىلغان سەككىز خىل قىممەتتىكى پۇل: ئاساسىي پۇلى بىر دوللار، بەش دوللار، ئون دوللار، 50 دوللار، 100 دوللارلىق، قوشۇمچە پۇلى 50 سىنت، 20 سىنت، ئون سىنتلىق پۇل. 100 دوللارلىق پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە دېھقاننىڭ يەر تېرىۋاتقان، سول تەرىپىدە ئايال كىشىنىڭ رەخت توقۇۋاتقان سۈرىتى بار. ئىككى سۈرەت بىرلىشىپ ئەر يەر تېرىغان، ئايال رەخت توقۇۋاتقان مەنزىرىنى ھاسىل قىلغان. سۈرەتلەر جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى سۈرەت سىزىش تېخنىكىسى بويىچە سىزىلغان. بەش دوللارلىقنىڭ ئارقا تەرىپىگە شىپاڭ ئايۋان سۈرىتى، ئون دوللارلىقنىڭ بوز يەر ئېچىش سۈرىتى، 50 دوللارلىقتا مايسا كۆچۈرۈش، بىلىق تۇتۇش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

ماۋ زېمىن شىنجاڭ مالىيەسىنى باشقۇرغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن كونا پۇلنىڭ ئىناۋىتىنىڭ بەك چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ شىڭ شىسەي چاقىرغان شىنجاڭ بويىچە 3 - قېتىملىق قۇرۇلتايدىن كېيىن (1938 - يىلىدىن كېيىن) مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، خەزىنىدە ساقلىنىۋاتقان ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ چىقىپ ۋەكىللەرگە ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇردى ھەمدە ئۇنى كېپىل قىلىپ تۇرۇپ، سەرنى دوللارغا ئۆزگەرتىپ، يېڭى پۇل تارقاتتى. ئىلگىرىكى سەر بىرلىك قىلىنغان بارلىق 50 سەرلىك كونا پۇل ۋە قەشقەر پۇلى پۈتۈنلەي بىكار قىلىندى. خەلقنى زىياندا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن، تېگىشىش ۋاقتى ۋە نىسبىتى بەلگىلەندى. 2000 سەر كونا پۇل بىر دوللار يېڭى پۇلغا تېگىشىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭ بويىچە پۇلنىڭ ھەممىسىدە دوللار بىرلىك قىلىپ ھېسابلىنىدىغان بولدى. ھەمدە يېڭى پۇلنى بېسىش ۋەزىپىسى باسما زاۋۇتى (ھازىرقى شىنخۇا باسما زاۋۇتى) غا تاپشۇرۇلدى. مۇشۇ بىر قاتار تەرتىپكە سېلىشلار ئارقىلىق، قالايمىقان پۇل تارقىتىش، پۇل پاخاللىقى مەسىلىلىرى تىزگىنلەندى.

3) گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى شىنجاڭ ئۆلكە پۇللىرى

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن، پېڭ جىيۈەن شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ باش دىرېكتورلۇقىدىن قالدۇرۇلۇپ، لوجىمبې مۇۋەققەت باش دىرېكتورلۇققا تەيىنلەندى. 1949 - يىل 9 - ئايغا قەدەر شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆلكە پۇلى تارقاتقان (1948 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ تىجارەت

بانكىسىنىڭ نامى يەنە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىغا ئۆزگەرتىلگەن).

(1) شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئۆلكە پۇلى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) غىچە 100 دوللار، 200 دوللار، 500 دوللار، 2000 دوللار، 5000 دوللار، 10 مىڭ دوللار، 20 مىڭ دوللار، 100 مىڭ دوللار، 200 مىڭ دوللار، 500 مىڭ دوللارلىق ئون خىل ئۆلكە پۇلى تارقىتىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 10 مىڭ دوللارلىق، 20 مىڭ دوللارلىق ۋە 500 مىڭ دوللارلىقلىرى تىك شەكىلدە بولغانىنىڭ سىرتىدا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا شەكىلدە بېسىلغان.

① 200 دوللارلىق پۇل: مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) بېسىلىپ، مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) تارقىتىلغان توغرا شەكىللىك پۇل. بۇ قەغەز پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە سۇن جۇڭشەننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، يېزىقلىرى پۈتۈنلەي خەنزۇچە يېزىلغان؛ ئارقا تەرىپىگە دەرەخزارلىق ئارىسىدىكى كىچىك كۆۋرۈكنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يېزىقلىرى ئۇيغۇرچە، موڭغۇلچە يېزىلغان، ئۇنىڭغا لويۇۋېن خەنزۇچە، ئىنگلىزچە ئىمزا قويغان.

② 2000 دوللارلىق پۇل؛ مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) تارقىتىلغان، توغرا شەكىللىك قەغەز پۇل. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە سۇن جۇڭشەننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. يېزىقلىرى پۈتۈنلەي خەنزۇچە يېزىلغان؛ ئارقا يۈزىگە ماشىنا بىلەن بۇغداي ئورۇۋاتقان سۈرەت چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، يېزىقلىرى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە يېزىلغان. ئۇنىڭغا جانىمقان خەنزۇ، قازاق يېزىقلىرىدا ئىمزا قويغان.

③ 5000 دوللارلىق پۇل: مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) بېسىلغان، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تارقىتىلغان توغرا شەكىللىك قەغەز پۇل. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە سۇن جۇڭشەننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يېزىقلىرى پۈتۈنلەي خەنزۇچە يېزىلغان؛ ئارقا يۈزىگە زاۋۇت سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يېزىقلىرى ئۇيغۇرچە يېزىلغان. ئۇنىڭغا جانىمقان خەنزۇ، قازاق يېزىقلىرىدا ئىمزا قويغان.

④ 100 مىڭ دوللارلىق پۇل؛ مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) بېسىپ تارقىتىلغان توغرا شەكىللىك قەغەز پۇل. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە سۇن جۇڭشەننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يېزىقلىرى خەنزۇچە يېزىلغان؛ ئارقا يۈزىگە تاغ جىلغىسىدىكى پويىز، يۇقىرى بېسىملىق توك سىم مۇنارىسى، ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئايروپىلان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يېزىقلىرى ئۇيغۇرچە يېزىلغان. ئۇنىڭغا جانىمقان خەنزۇ، قازاق يېزىقلىرىدا ئىمزا قويغان.

⑤ 500 مىڭ دوللارلىق پۇل؛ مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) بېسىپ تارقىتىلغان تىك شەكىللىك قەغەز پۇل. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە سۇن جۇڭشەننىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، يېزىقلىرى خەنزۇچە يېزىلغان؛ ئارقا يۈزىگە شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى بىناسىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. يېزىقلىرى ئۇيغۇرچە يېزىلغان. ئۇنىڭغا جانىمقان خەنزۇ، قازاق يېزىقلىرىدا ئىمزا قويغان.

(2) شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ئۆلكە پۇلى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) دىن مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگە قەدەر 1 مىليون دوللارلىق، 3 مىليون دوللارلىق (قىممىتىنىڭ ئاستىغا «بەش يۈەن جىن يۈەن پۇلغا سۇندۇرۇلىدۇ» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن)، 6 مىليون دوللارلىق، 30 مىليون دوللارلىق، 60 مىليون دوللارلىق، 600 مىليون دوللارلىق، 3 مىليارد دوللارلىق، 6 مىليارد دوللارلىق جەمئىي سەككىز خىل قەغەز پۇل تارقىتىلغان. 1 مىليون دوللارلىق تىك شەكىللىك قەغەز پۇلدىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى توغرا شەكىللىك بېسىلغان. بۇ سەككىز خىل قەغەز پۇلنىڭ ھەممىسىنىڭ ئوڭ يۈزىگە سۇن جۇڭشەننىڭ باش سۈرىتى، تەتۈر يۈزىگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا بىناسىنىڭ

سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: «يېقىندىن بۇيانقى مەلۇماتقا قارىغاندا، شەھىرىمىزدە (ئۈرۈمچى شەھىرىنى دېمەكچى) مال باھاسى تېزگىنسىز ئاتتەك ئۆرلەپ، بىر كۈندە نەچچە خىل باھا كۆرۈلىدىغان بولدى، كۈمۈش تەڭگىنى ئالىدىغان بولساق، 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بىر يۈەن تەڭگىنىڭ بازار باھاسى 70 مىليارد قەغەز پۇل بولسا، 30 - كۈنى 700 مىلياردقا ئۆسكەن، بەش كۈن (ئون كۈن دېيىلىشى كېرەك ئىدى) ئىچىدە ئون ھەسسىدىن ئېشىپ كەتكەن، باشقا مال باھاسىمۇ تەڭگىنى نىسبەت قىلغان ھالدا تۈز سىزىق بويلاپ ئۆسمۈۋەردى. . . . . تەكشۈرۈشىمىزچە، جىن يۈەن پۇلىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ كەتكەندىن بۇيان، ئۆلكە پۇلىنىڭ قىممىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ چۈشۈپ كەتتى. ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ چوڭ تەسىرگە ئۇچرىمىغىنى يوق».

## 4. كۈمۈش دوللار پۇل

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 9 - كۈنى شىنجاڭدا مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى، يامان سۈپەتلىك پۇل پاخاللىقى قۇتقۇزۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدى پۇل مۇئامىلە جەھەتتە نەنجىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىغا 5 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن باشلاپ كۈمۈش تەڭگە ۋە كۈمۈش دوللار تارقىتىپ، بازاردىكى زور دەرىجىدە پۇل تارقىتىش بېسىمىنى يېنىكلىتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى.

1) 1949 - يىلى تارقاتقان كۈمۈش دوللار بىر دوللارلىق (ئاساسىي پۇل)، بىر سىنت، بەش سىنت، ئون سىنت، 20 سىنت ۋە 50 سىنت (قوشۇمچە پۇل) لىق ئالتە خىل قىممەتتە ئىشلەنگەن، يەتتە ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىندى. 1949 - يىل 5 - ئايدىن 9 - ئايغىچە جەمئىي 4 مىليون 342 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى.

(1) بىر دوللارلىق پۇل. ئۇ، توغرا شەكىللىك قەغەز پۇل. ئۇلاڭ يۈزىنىڭ سول تەرىپىگە ئات سۆرەيدىغان سوقا بىلەن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قىلىۋاتقان، ئوڭ تەرىپىگە ئات سۆرەيدىغان ئورۇش ماشىنىسى بىلەن بۇغداي ئورۇۋاتقان سۈرەت چۈشۈرۈلگەن. يېزىقلىرى پۈتۈنلەي خەنزۇچە يېزىلغان؛ ئارقا يۈزىنىڭ سول تەرىپىگە ئورمانلىق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. يېزىقلىرى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە يېزىلغان. 1949 - يىلدىكى نۇسخىسىغا جانىمىقان (خەنزۇچە، قازاقچە)؛ 1950 - يىلدىكى نۇسخىسىغا بەي ۋېنيۇ (خەنزۇچە، ئىنگلىزچە) ئىمزا قويغان.

(2) 50 سىنتلىق پۇل. ئۇ توغرا شەكىللىك قەغەز پۇل بولۇپ، ئوڭ يۈزىنىڭ سول تەرىپىگە ئات سۆرەيدىغان سوقا بىلەن يەر ئاغدۇرۇۋاتقان سۈرەت چۈشۈرۈلگەن، يېزىقلىرى پۈتۈنلەي خەنزۇچە يېزىلغان. ئارقا يۈزىگە ئۈجمە ئۈزۈۋاتقان سۈرەت چۈشۈرۈلگەن، يېزىقلىرى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە يېزىلغان، ئۇنىڭغا جانىمىقان ئىمزا قويغان.

(3) 20 سىنتلىق، ئون سىنتلىق، بەش سىنتلىق، بىر سىنتلىق پۇللارنىڭ ھەممىسىگە جانىمىقان ئىمزا قويغان.

2) 1950 - يىلى بىر دوللار، بەش دوللار، ئون دوللارلىق كۈمۈش دوللار پۇل تارقىتىلغان. ئون دوللارلىق پۇل يەنە چوڭ خەتلىك ۋە كىچىك خەتلىك ئىككى خىلغا بۆلۈنگەن. بىر دوللارلىقىغا بەي ۋېنيۇ

ئىمزا قويغانلىق سىرتىدا بەش دوللار ۋە ئون دوللارلىق پۇلغا شىن لەنتىڭ ئىمزا قويغان.

## 5. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى تارقاتقان قەغەز پۇل

شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرى تارقاتقان قەغەز پۇل ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى، ھەر قايسى جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر تارقاتقىنى، ئىككىنچى، مىللىتارىستلار قالايمىقان ئۇرۇش قىلغان چاغدا ھەر قايسى جايلاردىكى تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەر تارقاتقىنى؛ ئۈچىنچى، جايلاردىكى شەخسىي سودىگەرلەر تارقاتقىنى.

### 1) جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەر تارقاتقان قەغەز پۇل

(1) قەشقەر پۇلى

① ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل (400 داچەنلىك). چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل مىنگونىڭ 1 - يىلىدىن 8 - يىلىغىچە پەيدىنپەي قەشقەر، خوتەن ئەترابلىرىدا مەركەزلىك ئوبوروت قىلىنغان.

② قەشقەر پۇلى. بۇ يۈزىدىكى قىممىتى 400 داچەنلىك بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلىدىغان ئاساسىي پۇل. مىنگونىڭ 9 - يىلىدىن 21 - يىلىغىچە (1920 - يىلىدىن 1932 - يىلىغىچە) قەشقەر، خوتەن ئەترابلىرىدا ئوبوروت قىلىنغان.

③ كىچىك قەشقەر پۇلى. قىممىتى 100 داچەنلىك. بۇ پۇل تامغا بېسىلغان كىچىك قەشقەر پۇلى ۋە كىچىك قەشقەر پۇلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مىنگونىڭ 8 - يىلىدىن 21 - يىلىغىچە (1919 - يىلدىن 1932 - يىلغىچە) قەشقەر، خوتەن ئەترابلىرىدا ئوبوروت قىلىنغان.

④ ئۈچ سەرلىك ۋە بەش سەرلىك قەشقەر پۇلى. بۇ پۇلنى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مىنگونىڭ 21 - يىلى تارقاتقان. مىنگونىڭ 21 - يىلىدىن 23 - يىلىغىچە (1932 - يىلدىن 1934 - يىلغىچە) قەشقەر رايونىدا ئوبوروت قىلىنغان.

(2) ئىلى پۇلى. بۇ پۇلنى ئىلى ھۆكۈمەت پۇل جوجۇقى مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) تارقاتقان. يۈزىدىكى قىممىتى 1000 يارماقلىق، بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلغان. بۇ پۇل خەلق ئىچىدە ئىلى پۇلى دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئىلى ۋىلايىتى ۋە ئىككى ناھىيىدە ئوبوروت قىلىنغان.

(3) تارباغاتاي پۇلى. بۇ پۇلنى تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبال مەھكىمىسى مىنگونىڭ 1 - يىلى تارقاتقان. بۇ، 20 سەر، ئون سەر، بەش سەر، ئۈچ سەر، بىر سەر ئاساسىي پۇل ۋە بەش مىسقال، ئىككى مىسقال، بىر مىسقال قوشۇمچە پۇلدىن ئىبارەت سەككىز خىل. جەمئىي 265 مىڭ 576 سەرلىك پۇل تارقىتىلىپ، تارباغاتاي دائىرىسىدە ئوبوروت قىلىنغان.

(4) ئالتاي ھەممىباب كۆمۈش چېكى. مىنگونىڭ 2 - يىلىدىن 8 - يىلىغىچە (1913- يىلدىن 1919- يىلغىچە) ئالتايدا تارقىتىلغان. يۈزىدىكى قىممىتى بىر يۈەن، بەش يۈەن، ئون يۈەنلىك پۇل بولۇپ، ئالتاي رايونىدا ئوبوروت قىلىنغان.

### 2) مىللىتارىستلار قالايمىقان ئۇرۇش قىلغان چاغدىكى جايلاردىكى تەپرىقىچى ھاكىمىيەتلەرنىڭ پۇللىرى

(1) تۇرپان قەرەللىك چېكى. مىللىتارىست ماجۇڭيىڭ مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) تۇرپاننى ئىشغال قىلىۋالغاندا تارقاتقان سامان قەغەز پۇل. يۈزىدىكى قىممىتى بەش سەر، تۇرپان ناھىيە بازىرىدا ئوبوروت قىلىنغان.

(2) گۈچۈڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى ئۆبوروت چېكى. ماجۇڭيىڭ مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا گۈچۈڭنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، گۈچۈڭ سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنى يۈزىدىكى قىممىتى بەش سەرلىك ئۆبوروت چېكىدىن 10 مىليون سەر باستۇرۇشقا مەجبۇرلىغان. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا ماجۇڭيىڭ مەغلۇپ بولۇپ، شەرققە كەتكەندىن كېيىن بۇ پۇلنى شىڭ شىسەي بارىگاھى، گۈچۈڭ ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، جاڭ يۈشۇ لۈيى قاتارلىق قىسىملار داۋاملىق ئىشلەتكەن، بازارلاردا ئۆبوروت قىلىنغان.

(3) قەشقەر «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ قەغەز پۇلى. مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933ـ يىلى) قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دېگەن بۆلگۈنچى ھاكىمىيەت تارقاتقان يۈزىدىكى قىممىتى بىر سەرلىك قەغەز پۇل. ئۇ قەشقەر مۇسۇلمانلار شەھىرىدە مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) 11 ـ ئايدىن مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) 3 ـ ئايغىچە ئۆبوروت قىلىنغان.

(4) ماخۇسەننىڭ خوتەن پۇلى. بۇ، ما خۇسەن قىسىملىرى خوتەندە تۇرغان چاغدا تارقىتىلغان سامان قەغەزگە بېسىلغان بىر سەرلىك، ئۈچ سەرلىك ۋە 100 داچەنلىك پۇل. بۇ مىنگونىڭ 23 ـ يىلىدىن مىنگونىڭ 26 ـ يىلىغىچە خوتەن رايونى قاتارلىق ئەتراپلىرىدا ئۆبوروت قىلىنغان.

3) شەخسىي سودىگەرلەر تارقاتقان پۇل

مىنگونىڭ 2 ـ يىلىدىن 3 ـ يىلىغىچە (1913 ـ يىلىدىن 1914 ـ يىلىغىچە) شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى سودىگەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى لاتا ۋە قەغەز پۇل تارقاتقان. بۇ شەخسىي سودىگەرلەر پۇلىنىڭ كۆپىنچىسى تېگىشىشكە بولمايدىغان، ئەمما شۇ رايوندا باجغا تاپشۇرۇشقا بولىدىغان پۇللار ئىدى. شۇ چاغدا لاتا ۋە قەغەز پۇل تارقاتقان سودىگەرلەر شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 38 بولۇپ، تەخمىنەن 55 مىڭ 200 سەرلىك پۇل تارقىتىلغان (بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە سودىگەر تارقاتقان پۇلنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس). بۇلاردىن ئۈرۈمچىدىكىلەردىن دې شېڭخۇ، تيەن شىڭچېڭ، دې خېڭتەي، يى شىڭشياڭ، شياڭ شۈنخې، سەن لىشۇن، ماۋشۇنچېڭ، يى شىڭدې، يۈچىڭخۇ، چىڭ چۈنخې، يۇڭ شېڭسېڭ، يى شېڭشياڭدىن ئىبارەت 12 ئائىلە. ئۇلار جەمئىي 21 مىڭ 500 سەرلىك پۇل تارقاتقان (بۇنىڭدىن ئىككىسىنىڭ تارقاتقان پۇلىنىڭ سانى ئېنىق ئەمەس). تۇرپاندىكى تۇڭ شېڭخې 1000 سەرلىك، بايدىكى دې جۇچاڭ 1000 سەرلىك، يەكەندىكى شىڭ تەيخې 500 سەرلىك، سانجىدىكى فۇشىڭيى، يۈەن شېڭخېلار جەمئىي 1000 سەرلىك، قۇمۇلدىكى چىڭ خۇاتەي 1000 سەرلىك پۇل تارقاتقان. ماناسدا تارقىتىلغان لاتا پۇل، قەغەز پۇل ئەڭ كۆپ بولۇپ، تيەن شۈنخې، شىڭ شېڭيى، دادېڭچاڭ، جۈن گۇاڭتەي، گۇڭ خېڭتۇڭ، دې چىڭخې، سەن خېڭتەي، فۇتەيچاڭ، گۇڭ جۈخې، يۈشۈندې، شې تۇڭفېڭ، يۇڭ يۈدې، يۈەن شىڭلۇڭ، چۈن يىخې، چۇڭ شىشى، يۈەن شىڭگۇڭ، شىڭ شېڭشياڭ، شىڭ تەيچۈەن، تۇڭ شىڭچاڭ، يى چىڭشياڭلاردىن ئىبارەت 20 ئائىلە جەمئىي 29 مىڭ 200 سەرلىك پۇل تارقاتقان (بۇنىڭدىن تۆت ئائىلىنىڭ تارقاتقان پۇلى ئېنىق ئەمەس).

## 2 §. ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلى

ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلى 1944 ـ يىلى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايلاردا ئىنقىلاب پارتلىغاندىن كېيىن شۇ يەردىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى تارقاتقان ۋە ئۆبوروت قىلغان قەغەز پۇل. ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلى:

«شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكى ئىقتىساد نازارىتىگە قاراشلىق بانكا» نىڭ ۋاقىتلىق چېكى، تامغا بېسىلغان ئۆلكە پۇلى، تارباغاتاي بانكىسى ۋاقىتلىق چېكى، ئالتاي بانكىسى ۋاقىتلىق چېكى، تامغا بېسىلغان كۆنەنچىن پۇلى، شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبە بانكىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكىدىن ئىبارەت ئالتە خىل. بۇ ئالتە خىل قەغەز پۇلدىن تارباغاتاي، ئالتاي بانكىلىرىنىڭ قەرەللىك چېكى پەقەت ئۆز جايىدىلا ئوبوروت قىلىنغاندىن سىرت، قالغان تۆت خىل پۇل ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە، ئاساسلىقى ئىلى ۋىلايىتىدە ئوبوروت قىلىندى.

## 1. «شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكى ئىقتىساد نازارىتىگە قاراشلىق دۆلەت بانكىسى» نىڭ ۋاقىتلىق چېكى

بۇ چەك 1945 - يىل 1 - ئايدىن 1946 - يىلغىچە تارقىتىلغان. ئۇ، 100 دوللار، 300 دوللار، 500 دوللار، 1000 دوللارلىق تۆت خىل. ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە، ئاساسلىقى ئىلى ۋىلايىتىدە ئوبوروت قىلىنغان. 1946 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 320 مىليون 200 مىڭ دوللارلىق چەك تارقىتىلغان. ۋاقىتلىق چەكلەر ئۇيغۇرچە، رۇسچە ئىككى خىل يېزىقتا بېسىلغان، 300 دوللارلىق، 1000 دوللارلىق ۋاقىتلىق چەكلەرنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىگە گۈللۈك رامكا چۈشۈرۈلگەن، ئوتتۇرىسىغا «1945» دېگەن رەقەم يېزىلغان. 100 دوللارلىق چەكنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئۇچ قۇر قىلىپ ئۇيغۇرچە يېزىقتا «بۇ چەك سابىق خىتاي 100 دوللىرى بىلەن باراۋەر قىممەتكە ئالماشتۇرۇلىدۇ» دېگەن خەتلەر بېسىلغان.

## 2. تامغا بېسىلغان ئۆلكە پۇلى

تامغا بېسىلغان ئۆلكە پۇلى دېگىنىمىز شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى تارقاتقان ئۆلكە پۇلى بولۇپ، ئۈستىگە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بانكىسى» نىڭ تامغىسى بېسىلغاندىن كېيىن ئۈچ ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىنغان پۇلنى كۆرسىتىدۇ. تامغا بېسىلغان ئۆلكە پۇلى 50 دوللار ۋە 100 دوللارلىق ئىككى خىل. 1945-يىل 9 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن 1946 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 70 مىليون دوللار پۇلغا تامغا بېسىلغان. 50 دوللارلىق ئۆلكە پۇلىنىڭ ئوڭ يۈزىگە بېسىلغىنى ئىلىپپىس شەكىللىك، 100 دوللارنىڭ ئارقا يۈزىگە بېسىلغىنى يۇمىلاق تامغا. تامغا بېسىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنىلا ئۆلكە پۇلى ئىشلىتىلگەن. ئەمما ئۇنىڭ كۇرسى ئۈزلۈكسىز چۈشكەن، بەزىلەر جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە زاۋۇتچى ئايروپىلاندىن پايدىلىنىپ ئۈرۈمچى ئۆلكە پۇلىنى ئېلىپ بېرىپ ماددىي ئەشيا سېتىۋالغان. ئۈچ ۋىلايەتكە ئېقىپ كىرگەن ئۆلكە پۇلى بارغانسېرى كۆپەيگەن. شۇڭا تامغا بېسىش ئارقىلىق كاۋاكنى ئېتىشكە مەجبۇر بولغان.

## 3. تارباغاتاي بانكىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى

بۇ چەك 200 دوللار، 500 دوللار، 1000 دوللار، 2000 دوللارلىقتىن ئىبارەت بىر نەچچە خىل،

ئۇ 1946 - يىلى تارباغاتاي بانكىسى تەرىپىدىن جەمئىي 50 مىليون دوللار تارقىتىلىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدە ئوبوروت قىلىنغان. بۇ چەك ئەسلىدە شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى تارباغاتاي شۆبىسىنىڭ ئاق پۇل چېكى بولۇپ، ئۈستىگە قىزىل سۈرۈغ بىلەن قىممىتى بېسىپ تەييارلانغان.

## 4. ئالتاي بانكىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى

بۇ چەك 100 دوللار، 500 دوللار، 1000 دوللار، 3000 دوللار، 5000 دوللارلىق بىر نەچچە خىل. 1946 - يىلى تارقىتىلغان. بۇ چەك سۇس يېشىل رەڭلىك «داۋلىن» قەغىزىگە مىق مەتبەدە بېسىپ تەييارلانغان. بۇ توغرا شەكىللىك، تاق يۈزلۈك بولۇپ، ئۈنىڭغا قازاقچە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئالتاي ۋىلايەتلىك بانكىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دېگەن خەت بېسىلغان. ئۇنى قەغەز پۇل ئىشلەش كومىتېتى تارقاتقان. ئالتاي ۋىلايىتىدە ئوبوروت قىلىنغان. تارقىتىلغان سانى ئېنىق ئەمەس.

## 5. تامغا بېسىلغان گوۋەنجىن پۇلى

1947 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ بىرلەشمە ھۆكۈمىتى پارچىلىنىپ، ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قەغەز پۇلى (ئاساسلىقى گوۋەنجىن پۇلى) نىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىنىشىنى چەكلەش ئۈچۈن، گوۋەنجىن پۇلىغا ئۈچ ۋىلايەت بانكىسىنىڭ پۇل تامغىسى بېسىلغان. تامغا بېسىلغان پۇل جەمئىي 125 مىليون دوللار، بۇ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 500 مىليون يۈەنلىك ۋاقىتلىق چېكىگە سۇندۇرۇلغان.

## 6. شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى

1) 1947 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەتكە بېرىلمىدىغان راسخوتنى توختىتىپ قويدى، نەتىجىدە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى قايتىدىن ۋاقىتلىق چەك تارقاتتى، ئۇنىڭ نامى «شىنجاڭ تىجارەت بانكا ئىلى شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دەپ ئاتالدى. شۇ يىلى «2000»، «2500»، «3000» رەقەملىك ئۈچ خىل ۋاقىتلىق چەك تارقىتىلىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئوبوروت قىلىندى. چەكنىڭ يۈزىدە پۇل بىرلىكى يوق، ئومۇمىي تارقىتىلغان سانى ئېنىق ئەمەس.

بۇ چەك ئاق «داۋلىن» قەغىزىگە بېسىلغان. دەسلەپتە ياغاچ بەتكە ئويۇلغان قوغۇشۇن ھەرپتە بېسىلغان، كېيىن سىنكىلىق بەتكە ئۆزگەرتىلگەن. «2000»، «3000» ۋاقىتلىق چەكنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى سۈرەت ئاستىغا «1947» دېگەن سان، ئارقا يۈزىگە ۋاقىتلىق چەكنىڭ خەنزۇچە تولۇق نامى چۈشۈرۈلگەن، «2500» ۋاقىتلىق چەكنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى سۈرەتنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئۇنىڭ خەنزۇچە تولۇق نامى، تەتۈر يۈزىگە «1947» دېگەن سان چۈشۈرۈلگەن. مۇشۇ ئۈچ خىل ۋاقىتلىق چەكتە پۇلنىڭ نامى خەنزۇچە ئىپادىلەنگەننىڭ سىرتىدا، قالغانلىرىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇرچە، ئاز ساندا شىبەچە ۋە موڭغۇلچە يېزىق ئىشلىتىلگەن.

2) 1948 - يىلى ئۈچ ۋىلايەتتە ئىشلەتكەن ۋاقىتلىق چەك «100»، «300»، «500»، «1000»

رەقەملىك ئۆت خىل بولۇپ، ھەممىسى ئاق «داۋلىن» قەغىزگە سېنىق بەت بىلەن بېسىلغان، چەك ئۈستىدە سوممىسىلا بولۇپ، پۇل بىرلىكى ئىپادىلەنمىگەن. «100»، «300» سېفىرلىق چەكنىڭ ئوڭ يۈزىگە «1948» دېگەن رەقەم، ئەتۇر يۈزىگە ئۇيغۇرچە «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دېگەن خەت بېسىلغان. «100» رەقەملىك چەككە شىبەچە ۋە موڭغۇلچە خەتمۇ بېسىلغان. «500»، «1000» رەقەملىك چەكنىڭ ئوڭ يۈزىگە «1949» دېگەن رەقەم ۋە ئۇيغۇرچە «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبىسىنىڭ ۋاقىتلىق چېكى» دېگەن خەتلەر، ئارقا يۈزىگە شىبەچە ۋە موڭغۇلچە خەتلەر بېسىلغان. جەمئىي 31 مىليارد دوللار تارقىتىلىپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئوبوروت قىلىنغان.

ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى 1945 - يىل 1 - ئايدىن 1949 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 39 مىليارد دوللاردىن كۆپرەك تارقىتىلغان. 1950 - يىلنىڭ ئاخىرىدا 36 مىليارد 800 مىليون دوللار يىغىۋېلىندى. بۇ تارقىتىلغان چەكنىڭ 94.36 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## §3. فابى پۇلى، گوەنجىن پۇلى، جىن يۈەن پۇلى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) شېڭ شىسەي ئۆزىنى ئاشكارا ھالدا گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئېتىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ بازارلىرىدا شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى تارقاتقان قەغەز پۇل (قىسقارتىپ ئاتىلىشى «شىنجاڭ پۇلى») بىر تۇتاش ئىشلىتىلگەن بولغاچقا، پۇلنىڭ قىممىتى بىر قەدەر مۇقىم ئىدى.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ياردەم بەرگەن زور تۈركۈمدىكى ماددىي ئەشيالار شىنجاڭ ئارقىلىق ئىچكىرىگە توشۇلغان بولغاچقا، كىرا پۇلىنى شىنجاڭ تۆلەپ قويۇشقا، ئاندىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى فابى پۇلى ئارقىلىق قايتۇرۇشقا توغرا كەلگەن. ئۇ چاغدا فابى پۇلىنى شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىشقا بولمىغانلىقتىن، شىنجاڭ دائىرىلىرى فابىغا شىئەن، لەنجۇ ئەتراپلىرىدىن ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىپ، ئۇنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن خادىملارنىڭ فابى پۇلغا ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىشىمۇ چەكلىمىگە ئۇچرىغان. شۇڭا، جياڭ جيېشى تېلېگرامما ئارقىلىق مۇنداق يوليورۇق بەرگەن: «شىنجاڭ — جۇڭگونىڭ زېمىنى، ئومۇمىيلىقتا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭدا فابى پۇلى بىر تۇتاش ئىشلىتىلىشى كېرەك ھەمدە بىر تۇتاش ئىشلىتىلگەن ۋاقتى مەركەزگە تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىنىشى لازىم.» ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ مالىيە پۇل مۇئامىلە خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان ماۋ زېمىن فابى پۇلىنىڭ شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنىشىنى رەت قىلغان ھەمدە چوڭقۇر ئويلىنىش ئارقىلىق تۆۋەندىكى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان:

(1) شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇچە خەتنى بىلمەيدۇ، فابى پۇلىدا ئاز سانلىق مىللەت يېزىقى يوق، خىللىرى كۆپ، يۈزىدىكى قىممىتى بىر خىل ئەمەس، ئاز ساندىكى ھىيلىگەرلەر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، قالايمىقانچىلىق سېلىشى، بازارنى ئاسانلا قالايمىقان قىلىشى، پۇقرالارغا زىيان سېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ياپونىيە ساختا فابى پۇلى ياساپ شىنجاڭغا كىرگۈزسە ئاقىۋىتى تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

(2) شىنجاڭنىڭ پۇل قىممىتى بىر قەدەر مۇقىم، فابى پۇلىنىڭ بولسا قىممىتى قايتا - قايتا چۈشۈۋاتىدۇ. ئەگەر شىنجاڭدا فابى پۇلى ئىشلىتىلسە، مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭدا مالىيە - پۇل مۇئامىلە قىيىنچىلىقى كېلىپ

چىقىدۇ. بۇنىڭ مەركەزگە ھېچقانداق پايدىسى يوق، شىنجاڭغا پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا، شىنجاڭ پۇلىغا سوۋېت ئىتتىپاقىدىن مال سېتىۋالغىلى بولىدۇ، ئەگەر فابى پۇلى ئىشلىتىلسە، بۇ خىل شارائىتتىن مەھرۇم بولىمىز.

(3) شىنجاڭ مەركەز ئۈچۈن تۆلەپ قويغان كىرا ھەققى ۋە كۆپ قېتىم مەركەز ئۈچۈن سوۋېت ئىتتىپاقىدىن سېتىۋالغان بېنزىن قاتارلىقلاردىن شىنجاڭنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇلغانلىرىمۇ بار، شىنجاڭ پۇلىغا سېتىۋالغانلىرىمۇ بار. مەركەز شىنجاڭنىڭ سەپلەپ قويغان پۇلى ئۈچۈن فابى پۇلى ئاجرىتىپ بەردى، فابى پۇلى بىلەن شىنجاڭ پۇلىنىڭ قىممىتى ئوخشاش ئەمەس، چوڭ ئومۇمىيلىقتا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆزى قىيىن ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ زىياننى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. شىنجاڭدا ئارانلا 4 مىليون نوپۇس بار، ئەگەر پۇل قىممىتى جەھەتتە تېخمۇ زور بېسىمغا ئۇچرايدىغان بولسا ھەقىقەتەن بەرداشلىق بېرىشى مۇمكىن ئەمەس.

(4) فابى پۇلىنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۇرسى چۈشۈشكە يۈزلىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئەگەر شىنجاڭدا فابى پۇلى ئىشلىتىلسە، مۇقەررەر ھالدا زور مىقداردىكى مالىيە قىزىل رەقىمى كۆرۈلىدۇ. مەركەز ئۇنى تولدۇرۇپ بېرەمدۇ - يوق؟ شىنجاڭ پۇلى ئىشلىتىلسە ھەرگىز سودىغا تەسىر يەتمەيدۇ، ئىچكىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن فابى پۇلىنى شىنجاڭدا 1:1 نىسبەت بىلەن شىنجاڭ پۇلىغا ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ، بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە زىت كەلمەيدۇ.

يۇقىرىدىكى پىكىرلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنى ئامالسىز قۇمۇلدا پۇل تېگىشىش پونكىتى قۇرۇپ، فابى پۇلىنى شىنجاڭ پۇلىغا تېگىشكەندىن كېيىن خەجلەشكە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر قىلدى.

مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 27 - كۈنى فابى پۇلىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىش مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەل قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى، تىجارەت بانكىسى، يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى بىرلىكتە ئۆلكىنىڭ باش ۋالىيسى شېڭ شىسەيگە مۇنداق دوكلات قىلدى: «ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش باشلانغاندىن بۇيان، شىنجاڭ ئۆلكىسى مەركەزنىڭ كىرا پۇلىغا پۇل سەپلەپ قويۇشنى ئۈستىگە ئالدى، مەركەز ئۇنى فابى پۇلى بىلەن قايتۇردى، بانكىدىن پېرېۋوت قىلىنغاچقا، ھازىرغا قەدەر ھېچقانداق مەسىلە كۆرۈلمىدى، لېكىن فابى پۇلى بىلەن شىنجاڭ پۇلىنىڭ پەرقى چوڭ بولغاچقا، ئادەتتىكى مەككار سودىگەرلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قالايمىقان قىلىشىدىن، مەنپەئەتكە بېرىلىپ ھەقىقىيلىرى بىلەن ساختىلىرىنى ئايرىماسلىقىدىن، فابى پۇلىنىڭ كۆپلەپ شىنجاڭغا كىرىشىدىن ھەتتا ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ساختا پۇلىنىڭمۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە كىرىشىدىن ئەندىشە قىلىمىز. شىنجاڭ ئۆلكىسىدە مىللەت بىر قەدەر كۆپ، مەدەنىيەت ئارقىدا قالغان. بۇ فابى پۇلىنىڭ ئۈستىدە پەقەت خەنزۇچە بىر خىل يېزىقلا بار، باشقا مىللەتلەرنىڭ يېزىقى يوق، ئاۋام ئۇنى ئىشلەتسە پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، مەككار سودىگەرلەر بولسا، دەل مۇشۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ساختىلىرىنى ھەقىقىيلىرىغا قوشۇپ، ئالدامچىلىق بىلەن پايدا ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر مىللەت ئاممىسى ئۇنىڭدىن زور زىيىنغا ئۇچرايدۇ. ھۆكۈمىتىمىز پۈتۈن ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئارقا سەپنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىدىكى تەرەققىياتنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 28 - يىلى (1939 - يىلى) پۈتۈن شىنجاڭغا فابى پۇلىنى بىردەك شىنجاڭ پۇلىغا تېگىشىش، ھەر قايسى رايونلاردىكى ئاممىنىڭ فابى پۇلىغا زايوم سېتىۋېلىشىغا، فابى پۇلىنى بانكىغا پاي قوشۇشىغا رۇخسەت قىلىش توغرىسىدا ئالاھىدە ئومۇمىي بۇيرۇق چىقارغان. قۇمۇلدا يۇقىرىقى ئىككى خىل چارىدىن باشقا يەنە فابى پۇلى بىلەن باج تاپشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدى. شۇنداق قىلىپ ئىمكان قەدەر بالدۇرراق

يەڭۋىلىش كۆزدە تۇتۇلدى. ھازىر يەڭۋىلىنىدىغان سان ناھايىتى كۆپ، خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقانلارنى پۈتۈنلەي يەڭۋىلەپ، كاۋاكلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئېتىپ مەككار سودىگەرلەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قالايمىقان قىلىشى، پۈتۈن پۇل مۇئامىلىگە تەسىر يەتكۈزۈشى ۋە ئامىمىنىڭ مەنپەئىتىگە توسقۇنلۇق قىلىشىدىن ساقلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىزمۇ شۇنى كۆزدە تۇتۇپ، 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنى مالىيە نازارىتىدە بىرلىكتە يىغىن ئېچىپ مۇھاكىمە قىلدۇق. مەركەز شىنجاڭدا ئىشلىتىلگەن پۇلنى بانكا ئارقىلىق بىرىۋوت قىلىپ ئەۋەتسە، ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەكلا بېجىرگەننىڭ سىرتىدا، شەخسلەر ئېلىپ كەلسە، ئۇنىڭ قانداق ھۆكۈمەت كىرىمى بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، قاپى پۇلىنى ئېلىش بىردەك توختىتىلىدۇ، قۇمۇل باج ئىدارىسى بۇنىڭدىن كېيىن باجغا قاپى پۇلى ئالمايدۇ. بانكىنىڭ بارلىق پاي چەكلىرى، قۇرۇلۇش زايومى قاتارلىقلاردا ھەر قايسى تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورگانلار 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن پۇل مۇئامىلىسىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، توسالغۇلار، يامان خاھىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قاپى پۇلى ئېلىشنى ۋاقىتلىق توختىتىدۇ. پىكرىڭىز مۇۋاپىقمۇ - يوق؟ دوكلاتىمىزنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز».

مىڭگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى) 8 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەم رەئىس شېڭ شىسەي تۆۋەندىكىدەك تەستىق سالدى:

«خەۋەرلەندىم، ئىلتىماسىڭلاردىكىدەك بېجىرىلسۇن.»

مىڭگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) شېڭ شىسەي ئاشكارا ھالدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. قاپى پۇلىمۇ زور مىقداردا ئېقىپ كىرىپ، شىنجاڭ پۇلى بىلەن بىرلىكتە ئوبوروت قىلىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

شۇ يىلى 11 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تېلېگراما ئارقىلىق مۇنداق يوليورۇق بەردى:

(1) مەركىزىي بانكا دەرھال شىنجاڭ ئۆلكىسىدە بانكا تەسىس قىلىپ، گوەنجىن پۇلى تارقىتىدۇ، ئۇ شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى بىلەن تەڭ ئوبوروت قىلىنىدۇ. 25 پۇڭ گوەنجىن پۇلى ۋاقىتىنچە بىر دوللار شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلىدۇ. ئومۇمەن ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىسى ئارىسىدىكى بىرىۋوت ۋە شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھۆكۈمەت ھەم شەخسلەر كىرىم - چىقىمدا، شۇنىڭدەك بارلىق سودا - سېتىقتا گوەنجىن پۇلىنى كىرىم - چىقىم قىلغۇچىلار پۈتۈنلەي يۇقىرىدىكى نىسبەت بويىچە بېجىرىشى كېرەك.

(2) شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەقىقەتەن نورمال تاشقى بىرىۋوتقا ئېھتىياجى چۈشسە، گوەنجىن پۇلىغا تاشقى بىرىۋوت بېرىشنى مەركىزىي بانكىغا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ، (گوەنجىن پۇلى بىر ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرۇلىدۇ)

(3) مىنىستىرلىكىمىز سودا كومىتېتىنىڭ قىن - گېزەك مەخسۇس سېتىش ئىدارىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنى چاي، شېكەر قاتارلىق كۈندىلىك بۇيۇملار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

(4) ئۆتكۈنچى دەۋردە شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى تارقاتقان ئۆلكە پۇلى بۇرۇنقىدەكلا ئوبوروت قىلىنىدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا، بىر تۇتاش تارقىتىش بويىچە بېجىرىلىدۇ، بىراق نىزامنامە بويىچە نازارەت قىلغۇچى ئەۋەتىلىپ نازارەت قىلىنىدۇ، كۈندىلىك ئىجرا قىلىش ئەھۋالى مەمۇرىي پالاتاغا ۋە شۇبە بانكىنىڭ ئالاقىدار ئورگانلىرىغا مەلۇم قىلىنغان، ئۇنى مىنىستىرلىكىمىز ئەۋەتكەن نازارەت قىلغۇچى ئايرىم دېلو بويىچە بېجىرگەننىڭ سىرتىدا، مۇناسىپ ھالدا تېلېگراما ئارقىلىق تەكشۈرۈلىدۇ، ئايرىم - ئايرىم يۆتكەپ بېجىرىلمىدۇ ھەمدە بۇ ئىشنى بېجىرىشكە قولايلىق بولۇش ئۈچۈن مەركىزىي بانكا شىنجاڭدا تەسىس قىلغان بانكىنىڭ

ھەمكارلىششى تەلەپ قىلىنىدۇ. جاۋابىڭلارنى كۈتىمىز.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىگە بەرگەن جاۋابىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

(1) يولىيورۇق بويىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇل ئوبوروت قىلىش ۋاقىتلىق چارىسىنى تۈزۈش توغرىسىدا تەمىنات نازارىتى ۋە تىجارەت بانكىسىغا رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا كەلگەن زاتلار پىرېۋوت قىلىنغان پۇلنى تېگىشكەندە بىر دوللار گومىنجىن پۇلى تۆت دوللار شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرۇلىدۇ. بەش دوللار فابى پۇلى بىر دوللار شىنجاڭ پۇلىغا سۇندۇرۇلىدۇ. ھەر قايسى ئىدارىلەرگە شۇ بويىچە ئىجرا قىلىش، ئەنگە ئېلىش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىلدى.

(2) مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭدا شۆبە بانكا تەسىس قىلىشىغا بار كۈچىمىز بىلەن ھەمكارلىشىمىز ھەمدە بۇ بانكىنىڭ شىنجاڭدا بالدۇرراق قۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز. مەركىزىي ئىدارىلەرنىڭ شىنجاڭغا قىلىدىغان پىرېۋوتىدا، مىنىستىرلىكىڭىزنىڭ ئالاقىدار پالاتا، مىنىستىرلىكلەرگە 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىشنى ئۇقتۇرۇپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شىنجاڭغا قىلىنىدىغان پىرېۋوتنىڭ ھەممىسى لەنجۇدىكى مەركىزىي بانكا ئارقىلىق شىنجاڭغا ئاغدۇرۇلسا بۇ ھەقتە مەزكۇر شۆبە بانكىغا يۇقىرىدىكىدەك پىرېۋوت پۇللىرىنى بېجىرگەندە راسچوت قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۆلكىمىزنىڭ ھېسابىغا خاتىرىلەش توغرىسىدا تېلېگراما بېرىلسە.

(3) شىنجاڭ ئۆلكىسى تەمىنلىنىدىغان چاي، شېكەر قاتارلىق كۈندىلىك بۇيۇملارنى ئۆلكىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ مەسئۇل بولۇپ مەخسۇس بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلدى. قەن - گېزەك ئىدارىسى تەمىنلەيدىغان بۇيۇملارنىڭ نامى، سانى، باھاسى ۋە تەمىنلەش چارىسى توغرىسىدا لايىھە تۈزۈپ مۇشۇ شىركەتكە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، مەسلىھەتلىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

(4) خادىم ئەۋەتىپ ھەر قايسى ھالقىلارنى نازارەت قىلىشقا كەلسەك، بىز بۇنى قارشى ئالىمىز. خىزمىتىمىزگە مەنپەئەتلىك بولۇش ئۈچۈن خادىملارنىڭ بالدۇرراق قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

1943 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا فابى پۇلى بىلەن گومىنجىن پۇلى شىنجاڭ بازارلىرىدا ئورغۇن ئوبوروت قىلىنىپ، ئۆلكە پۇلى بىلەن ئوخشاش خەجلەندى. فابى پۇلى بىلەن ئۆلكە پۇلىنىڭ تېگىشىش نىسبىتى 1:5 بولدى.

مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شۆبىسى مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەركىزىي ھاۋالە ئىدارىسى بىلەن بىر ۋاقىتتا تىجارەت باشلاپ، پەقەت گومىنجىن پۇلىنىلا تارقاتتى، فابى پۇلىنى تارقاتمىدى. بازاردا ئوبوروت قىلىنغان فابى پۇللىرىنىڭ ھەممىسى گومىنداڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خادىملىرى ۋە سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن. فابى پۇلىنىڭ تۈرى كۆپ، ئۈستىدە ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقى بولمىغاچقا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۇنى بىلىشكە قىيىنچىلىق تۇغۇلۇپ، دائىم دېگۈدەك ئۇقۇشماسلىق كۆرۈلۈپ تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 7 - ئايدا شېڭ شىسەي مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە ئالاقە يوللاپ، «تۈرلۈك دۆلەت پۇللىرىنىڭ ئۆلكىمىز تەۋەسىدە ئوبوروت قىلىنىشىنىڭ ئەھمىيىتى، پۇل سوممىسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى، رەڭ - بوياق جەھەتتىكى پەرقى ۋە تارقاتقان بانكىلارنىڭ تۈرلۈشلۈك ئورنى قاتارلىقلار ئۈستىدە تەپسىلىي ئىزاھات بېرىشنى ھەمدە بۇنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن باش ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئېلان قىلىپ، ئاممىغا تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ

قويۇشى ئۈچۈن يوللاپ بېرىش» نى تەلەپ قىلدى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىنىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە، بانكىمىز ئۈرۈمچىگە كېلىپ تىجارەت باشلىغاندا، باش بانكا بانكىمىزغا تارقىتىپ بەرگەن تۈرلۈك نۇسخىدىكى پۇللارنىڭ ئەۋرىشكىسى تولۇق ئەمەسكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) ھۆكۈمەت پۈتۈن مەملىكەتتىكى قەغەز پۇللارنى بانكىمىزنىڭ بىر تۇتاش تارقىتىشى توغرىسىدا ئاشكارا بۇيرۇق چۈشۈرگەندىن كېيىن، تۈرلۈك نۇسخىلاردىكى پۇللار كۆپىيىپ كەتتى. ئۇنى باسقان زاۋۇتلار، شۇنىڭدەك يىل، ئايلىرى ۋە بوياقلىرى ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس، ئەگەر بىر - بىرلەپ ئىزاھات بېرىلمە، ئۇنى ئۇزۇل - كېسىل ئايدىڭلاشتۇرۇش تەس. بانكىمىز ئېسىپ قويۇپ پەرقلەندۈرۈشى ئۈچۈن باش بانكىغا تۈرلۈك پۇللارنىڭ ئەۋرىشكىلىرىدىن ئون يۈرۈش ئەۋەتىپ بېرىشنى، ئۇنىڭ سىرتىدا، قانداق قىلىشىمىز توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلدۇق».

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 9 - ئايدا گومىنداڭنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە قاتارلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك قورزغۇلۇشىغا ئەگىشىپ، فابى، گوۋەنجىن پۇللىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ كىردى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى پارتىلىغاندىن كېيىن، ھەربىي خىراجەت كۆپىيىپ كەتتى. يۇقىرىدىكىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مالىيىدىكى قىزىل رەقەم بارغانسېرى كۆپەيدى. شۇ يىللىق كىرىمنىڭ چىقىمنى قاپلىيالمىغان سانى 3 مىليارد 770 نەچچە مىليون دوللار فابى پۇلى (شىنجاڭ پۇلى ھېسابىدا 750 نەچچە مىليون دوللار) غا يەتتى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) مالىيىدىكى قىزىل رەقەم 23 مىليارد دوللار فابى پۇلى (4 مىليارد 600 مىليون دوللار شىنجاڭ پۇلى) غا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن بەش ھەسسىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتتى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) شىنجاڭ بويىچە مالىيە كىرىمى ئارانلا 500 مىليون دوللار شىنجاڭ پۇلى ئەتراپىدا بولۇپ، قىزىل رەقەم 100 مىليارد دوللار فابى پۇلى (20 مىليارد دوللار شىنجاڭ پۇلى) غا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي قالايمىقان قەغەز پۇل تارقىتىشقا تايىنىلىپ، پۇل پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى. 1945 - يىل 3 - ئايدىكى ئۈرۈمچىدىكى بىر نەچچە خىل ئاساسلىق تاۋار باھاسىنى 1944 - يىل 8 - ئايدىكى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئەھۋال تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولىدۇ:

| بۇيۇم نامى | بىرلىكى | 1944 - يىل 8 - ئايدىكى باھاسى (فابى پۇلى يۈەن) | 1945 - يىل 3 - ئايدىكى باھاسى (فابى پۇلى يۈەن) | ئاشقىنى ھەسسە |
|---|---|---|---|---|
| كۆمۈر | 100 جىڭ | 150 | 1000 | 6.6 |
| گۈرۈچ | كۆرە | 400 | 9000 | 22.5 |
| ئۇن | 100 جىڭ | 4000 | 22500 | 5.6 |
| سۇ يېغى | جىڭ | 18 | 160 | 8.9 |
| نېفىت | جىڭ | 8 | 70 | 11.6 |

1944 ـ يىلدىن ئىلگىرى، شىنجاڭدىكى مال باھاسى ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىچكىرىنىڭكىدىن تۆۋەن ئىدى، 1945 ـ يىل 3 ـ ئايغا كەلگەندە، شىنجاڭدىكى مال باھاسى چۇڭچىڭنىڭكىدىن 15 ھەسسىسىدىن 20 ھەسسىسىگىچە ئۆرلەپ كەتتى.

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» گە: «ئادەتتىكى كۆرسىتىپ تەيىنلەش دەرىجىسىدىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىسىنىڭ ئايلىق مائاشى ئەڭ كۆپ بولغاندا 600 دوللار بولۇپ، بۇنىڭغا ئۈچ شىڭ گۈرۈچ، 12 ـ 13 جىڭ ئۇن كېلىدىغان تۇرسا، ئۇلار قانداق ئاچ قالمىسۇن؟» دېگەن بىر خەۋەر بېسىلغان.

مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭ پۇلىنى رەتلەش مەسىلىسى توغرىسىدا مۇنداق ئالتە تۈرلۈك چارىنى بەلگىلىدى:

(1) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ كىرىم ـ چىقىمى ۋە بارلىق سودىسىدا يەنىلا شىنجاڭ پۇلى بىرلىك قىلىنىدۇ، ۋاقىتىنچە ئۆزگەرتىلمەيدۇ.

(2) شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ شىنجاڭ پۇلى تارقىتىشى دەرھال توختىتىلىدۇ ھەمدە بېسىلىپ بولغان تېخى تارقىتىلمىغان پۇللارنى شۇنىڭدەك ئوبوروت قىلىنىۋاتقان پۇللارنىڭ تەييارلىق فوندىنى مەركىزىي بانكا ئۆتكۈزۈۋالىدۇ. زۆرۈر تېپىلغاندا بىخەتەر جايغا يۆتكەپ ساقلىنىدۇ، يېتىشمىگەن قىسمىنى مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت كېڭىشىپ تولدۇرىدۇ. تارقىتىلىپ بولغان شىنجاڭ پۇلى بۇرۇنقىدەكلا ئوبوروت قىلىنىدۇ.

(3) شىنجاڭ پۇلىنىڭ تەييارلىق فوندىنى مەركىزىي بانكا ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېيىن، دەرھال ئىلگىرى بېكىتىلگەن نىسبەت بويىچە (بىر دوللار شىنجاڭ پۇلىنى بەش دوللار فابى پۇلغا ياكى 0.25 دوللار گوۋنجىن پۇلغا تېگىشىش بويىچە) فابى پۇلغا تېگىشىپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئىچكىرىگە پېرېۋوت قىلىنىدىغان پېرېۋوت پۇلىنى ئىمكانقەدەر قوبۇل قىلىدۇ، يۇقىرى پېرېۋوت ئۇسۇمى ئالمايدۇ.

(4) مەركىزىي بانكا شىنجاڭ باسما ئورۇنلىرىدىن پايدىلىنىپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە شىنجاڭ يەر نامى چۈشۈرۈلگەن پۇل تارقىتىدۇ ۋە ئۇنى شىنجاڭ پۇلى بىلەن تەڭ باھادا ئوبوروت قىلىدۇ. ھېچقانداق پەرق بولۇشقا يول قويۇلمايدۇ. بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا، پۇل مۇئامىلىنى قالايمىقان قىلغان قاتارىدا جازالىنىدۇ.

(5) مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭ يەر نامى چۈشۈرۈلگەن پۇلىنى فابى پۇلغا تېگىشىشتە ۋە ئىچكىرىگە پېرېۋوت قىلىشتا بىردەك (3) تۈردىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىش كېرەك.

(6) مەركەز شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ئارمىيە، ھۆكۈمەت خىراجىتى چىقىمىنى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ماددىي ئەشيالارغا مەسئۇل ئورگىنى ئىمكانقەدەر رەخت، شېكەر، چايلارنى يۆتكەپ بېرىپ، سېتىلغان پۇلى ئارقىلىق تەمىنلەيدۇ. زۆرۈر بولمىغاندا شىنجاڭنىڭ يەر نامى چۈشۈرۈلگەن پۇلىنى تارقىتىش ئارقىلىق تولۇقلاشقا ئۇرۇنماسلىق لازىم. يۇقىرىدا دېيىلگەن يەر نامى چۈشۈرۈلگەن پۇل كېڭىشىش ئارقىلىق بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تارقىتىلىش بەلگىلەندى. بۇ ئىشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزىي بانكا تارقىتىش ئىدارىسى شىنجاڭغا خادىم ئەۋەتىپ (ياكى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىنى بەلگىلەپ)، شىنجاڭ يەر نامى چۈشۈرۈلگەن پۇلنى تارقىتىش ۋە شىنجاڭ پۇلى تەييارلىق فوندىنى تاپشۇرۇۋېلىش قاتارلىق ئىشلارغا رىياسەتچىلىك قىلىشى لازىم. مەركەز باسما زاۋۇتى دەرھال شىنجاڭ يەر نامى چۈشۈرۈلگەن پۇل نۇسخىسىنى لايىھىلەپ چىقىشى ھەمدە دەرھال شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ شىنجاڭ باسما ئورنىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ رەتكە سېلىشى كېرەك. شۇنىڭدەك شىنجاڭ ئۆلكىسىدە كەمچىل بولغان باسما ئۈسكۈنىسى، پۇل قەغىزى،

ماي بويىچىلى تولۇقلاپ بۇتكەپ، شىنجاڭ پەر نامى چۈشۈرۈلگەن پۇلنى بېسىش لازىم. ئۇندىن باشقا پىرىۋوت ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركىزىي بانكا لەنجۇ، جيۇچۈەن، ۋۇۋېيلاردا خېلى كۆپ مىقداردا فابى پۇلى تەييارلاپ قويۇشى كېرەك. تەييارلىق مەزگىلىدە مەركىزىي بانكا يەنىلا شىنجاڭغا فابى پۇلى كىرگۈزۈشنى كېڭەيتىشى ھەمدە ئىمكانقەدەر پىرىۋوت پۇل قوبۇل قىلغاندا شىنجاڭ پۇلىنى يىغىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق ئارمىيە، ھۆكۈمەت خىراجىتىنى يەتكۈزۈپ بېرىشى لازىم.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 5 - ئايدا ئۆلكە رەئىسى ۋۇجۇڭشىن چۇڭچىڭدا گومىنداڭنىڭ مەملىكەتلىك 6 - قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىۋاتقان مەزگىلدە، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى لۇزىچۈەن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ خام چوتى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭ پۇلى تارقىتىشنى توختىتىشنى، مەركىزىي بانكا شىنجاڭ ئوبوروت پۇلى تارقىتىشنى قارار قىلغان. شىنجاڭ ئوبوروت پۇلى چۇڭچىڭدا بېسىلغان. ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 50 دوللار ۋە 100 دوللاردىن ئىبارەت ئىككى خىل. بۇ پۇلنىڭ قىممىتى شىنجاڭ پۇلىغا تەڭ بولۇپ، فابى پۇلىنىڭ بەش ھەسسىگە تەڭ قىلىنغان. مەركىزىي بانكا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈرۈمچىگە يۆتكىگەن شىنجاڭ ئوبوروت پۇلى جەمئىي 1 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكەن. شىنجاڭنىڭ شۇ يىللىق خام چوتىنىڭ بەلگىلىنىش ۋاقتى كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتكەچكە، شىنجاڭ ئوبوروت پۇلى 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن رەسمىي تارقىتىلغان. تارقىتىلغان كۈنى ئەتىگەندە، ئوبوروت پۇلىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بېسىلغان ئۇيغۇرچە خەت «چىنى تۈركىستان» بولۇپ قالغانلىقى بايقالغان. ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ئوبوروت پۇلىنى تارقىتىشنى توختىتىش، تارقىتىلىپ بولغانلىرىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا قاتتىق بۇيرۇق چۈشۈرگەن. 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يىغىۋېلىنغان ۋە تېخى تارقىتىلمىغان ئوبوروت پۇلى شىنجاڭ باسما ئورنىنىڭ قورۇسىدا كۆيدۈرۈۋېتىلدى. بۇ پۇلنىڭ ئۇيغۇرچە خېتىنى شۇ چاغدا چۇڭچىڭدا تۇرۇۋاتقان مەسئۇد تەرجىمە قىلغان. ئۇ بىر پانتۈركىست ئىدى.

«شىنجاڭ پۇلىنى رەتكە سېلىش قارارى» نىڭ 2 - تارماقىدىكى چارىگە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىسى تاپشۇرىدىغان شىنجاڭ پۇلىنىڭ تەييارلىق فوندى 1944 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە تارقىتىلغان 1 مىليارد 364 مىليون دوللار بولۇپ، بۇنىڭدىن دىرېكتور باشقارمىسى ۋاقىتلىق ھەربىي ئېھتىياج ئۈچۈن قەرز ئالغان 134 مىليون دوللار ۋە خەزىنىنىڭ ئامانەت پۇلى 237 مىليون دوللارنى چىقىرىۋەتكەندە، ئەمەلىي تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سومما 993 مىليون دوللار بولغان. شىنجاڭ ئۆلكىسى مەركىزىي بانكىغا تاپشۇرغان جەمئىي ماددىي بۇيۇم تۆۋەندىكىچە:

(1) ئالتۇننىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 53 مىڭ 911. 974 سەر، ساپ ئېغىرلىقى 48 مىڭ 408. 775 سەر (ئۈرۈمچى شۆبە بانكا شاڭخەيگە ئېلىپ بارغاندا تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىنغان سان)؛ (2) كۈمۈش 406 مىڭ 68. 270 سەر؛ (3) كۈمۈش تەڭگە 3. 8348 دوللار؛ (4) ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدىكى زايۇم 697 مىڭ 300 يۈەن؛ (5) ئامېرىكا دوللىرى 58 مىڭ 794 يۈەن؛ (6) روسىيە تىللاسى 54 مىڭ 255 دوللار؛ (7) سوۋېت ئىتتىپاقى رۇبلىسىدىن 127 مىڭ 5. 504 رۇبلى؛ (8) 885 ئەنگلىيە فونىستېرلىڭى؛ (9) ئەنگلىيە تىللاسى 720 فونت ستېرلىڭ؛ (10) جەنۇبىي ئامېرىكا تىللاسى 921 دوللار؛ (11) ئامېرىكا تىللاسى 40 دوللار؛ (12) شىنجاڭ باسما ئورنىنىڭ بارلىق ئۆي - ئىمارەت، ماشىنا - ئۈسكۈنە ۋە ماتېرىياللىرى؛ (13) شىنجاڭ (يۇشىن) يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىدە ساقلىنىۋاتقان يەرلىك مەھسۇلات ۋە ماللار.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) دىن مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) غىچە مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى تارقاتقان پۇل (گوۋنجىن پۇلى) نىڭ سانى تۆز سىزىق بويلاپ ئۆرلىدى. پۇل يامان سۈپەتلىك پاخاللىشىپ، مال باھاسى ئۆرلەپ، خەلق تىرىكچىلىك قىلالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى.

## مەركىزىي بانكا ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ 1944 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە تارقاتقان گوۋنجىن پۇلىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 1 — 4 بىرلىكى: گوۋنجىن پۇلى دوللار

| يىل تايرىمىسى | شۇ يىلى تارقىتىلغان ئومۇمىي سانى (10 مىڭ) | بىر نەچچە يىلدا تارقىتىلغان ئومۇمىي سانى (10 مىڭ) | 1944 - يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا ئومۇمىي تارقىتىلغان پۇلنىڭ ھەسسىسى |
|---|---|---|---|
| 1944 | 12400 | 12400 | |
| 1945 | 610300 | 622700 | 49 .6 |
| 1946 | 7200000 | 7030700 | 630 .5 |
| 1947 | 32941658 .2 | 40772350 .2 | 328 .7 |
| 1948 | 287944427 .5 | 328716785 .7 | 26508 .4 |

قابى، گوۋنجىن پۇللىرىنىڭ كۇرسى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىگەنلىكتىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جىددىي ئېھتىياجغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن پۇل يۈزى قىممىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. شىنجاڭ تارقاتقان گوۋنجىن پۇلىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 100 يۈەندىن 50 مىڭ يۈەنگە كۆتۈرۈلدى. 1948 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا خەلقنىڭ قابى پۇلغا بولغان ئىشەنچىسى ئېغىر تۆۋەنلەپ، ھەدەپ ماددىي ئەشيا ۋە ئالتۇن سېتىۋېلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

قابى، گوۋنجىن پۇللىرىنىڭ تارقىتىلىشىنىڭ يامان پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى خەلق ئىگىلىكىنى يىمىرىلىش گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى «مالىيىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش بۇيرۇقى»، ئېلان قىلىپ، يەنە بىر قېتىم پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلدى. جىن يۈەن پۇلى تارقىتىپ 1 : 3 مىليون ۋە 1 : 150 مىڭ نىسبەت بويىچە قابى ۋە گوۋنجىن پۇللىرىنى يىغىۋالدى. ھەممە خەلق ئىچىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش ۋە چەت ئەل پۇللىرىنى مەجبۇرىي تېگىشىپ يىغىۋالدى. 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، جىن يۈەن پۇلى ئايروپىلان ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنىپ، شىنجاڭدا تارقىتىلىشقا باشلىدى ھەمدە 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېگىشىشنى ئاخىرلاشتۇرۇش كۈنى قىلىپ بەلگىلىنىپ، شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى، پوچتا ئىدارىسى ۋە لەنجۇ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە تېگىشىش ھاۋالە قىلىندى. شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىغا تېگىشىش فوندى قىلىش ئۈچۈن، 400 مىڭ يۈەن جىن يۈەن پۇلى ئاجرىتىپ بېرىلدى. بىراق، شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، پوچتا، پۇل مۇئامىلە

ئاپپاراتلىرى ئىچكى كومپيۇزلۇق تەسىس قىلىنمىغانلىقى، نۇرغۇنلىغان چەت - ياقا ناھىيىلەر ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا تېگىشىش نۇقتىلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، تېگىشىش خىزمىتىنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولدى. شۇڭا تېگىشىش ۋاقتى ئىككى قېتىم ئۇلتىماس قىلىنىپ ئۇزارتىلدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) نىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 473 مىليارد 750 مىليون يۈەن فابى پۇلغا توغرا كېلىدىغان كونىچىن پۇلى تېگىشىلدى. ئالتۇن، كۆمۈش ۋە چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىۋېلىش خىزمىتى قوللىنىلىدىغان ئەسۋاب، ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قاتارلىقلار ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاش بولمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەسپىي خادىملار كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچىمۇ بىجىرىلىپ بولمىدى. كېيىن جاڭ جىجۇڭنىڭ تېلېگراممىسى بويىچە مۇئامىلە ئارقىلىق، بانكا بىناسى ۋە تىجارەت بانكىسىغا كوناشەھەرلىكنى تارازىدىن پايدىلىنىپ ھېسابلاپ ۋاكالىتەن تېگىشىۋېلىشى ھاۋالە قىلىندى. لېكىن كۆپ تېگىشىۋالغىلى بولمىدى. 10- ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر جەمئىي 329 يۈەن تەڭگە، 5726 ئامېرىكا دوللىرى، 14.66 مىسقال ئارىلاش كۆمۈش تېگىشىۋېلىندى. قانۇنىي جەھەتتە ئالتۇننىڭ ھەر سېرىنى 200 دوللار جىن يۈەن پۇلغا؛ كۆمۈشنىڭ ھەر سېرىنى ئۈچ دوللارغا، تەڭگىنىڭ ھەر بىر سىنى ئىككى دوللارغا، بىر ئامېرىكا دوللىرىنى تۆت جىن يۈەن پۇلغا تېگىشىش بەلگىلەندى.

جىن يۈەن پۇلى تارقىتىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ھۆكۈمەت مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، مال باھاسىنى مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 19 - كۈندىكى سەۋىيىدە چەكلىدى ھەمدە جىن يۈەن پۇلى تارقىتىش مىقدارىنى 2 مىليارد يۈەن قىلىشنى بەلگىلىدى. بىراق جىن يۈەن پۇلىنى تارقىتىشقا يېتەرلىك ئالتۇن تەييارلىقى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قالايمىقان تارقىتىلغانلىقتىن، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى مەمۇرىي پالاتا «جىن يۈەن پۇلى تارقىتىش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش» نى ئېلان قىلىپ، «جىن يۈەن پۇلى تارقىتىش ئومۇمىي مىقدارىنى ئايرىم بۇيرۇق ئارقىلىق بەلگىلەش» كە ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى، شۇنىڭ بىلەن مال باھاسىنى چەكلەش تەدبىرى ئۆزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولدى. شىنجاڭدا 8 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جىن يۈەن پۇلىدا تارقىتىلغان كۈنىنىڭ ئۆزىدە مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى باش بانكىغا تېلېگراممىسى يوللاپ مۇنۇلارنى مەلۇم قىلدى: «بازارنىڭ ۋەزىيىتى ھەر ھالدا مۇقىم، بىر قانچە كۈندىن بۇيان ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنى باھانى قايتا - قايتا تەكشۈردى، رەخت، پاپىروسلار ئازراق كۆپەيدى. گەرچە كۆپلەپ سودا بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن پارچە - پۇرات سودا ھۆكۈمەت تەرەپ بەلگىلىگەن باھا بويىچە بولدى.» 8 - ئاينىڭ 30 - كۈندىكى تېلېگراممىدا مۇنۇلار مەلۇم قىلىندى: «مال باھاسىدا زور ئۆزگىرىش يوق، بىر دادىن گۈرۈچ 21.87 دوللار، ھەر 100 جىڭ ئۇن 11 دوللار، بىر گەز بوياق رەختنىڭ باھاسى بىر دوللار، كۆمۈرنىڭ ھەر تونىسى يەتتە دوللار بولۇۋاتىدۇ». 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگە كەلگەندە، ئۈرۈمچىدە ئالتۇن - كۆمۈش ۋە چەت ئەل پۇللىرى قارائىغۇ بازىرى پەيدا بولدى. بىر ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قارائىغۇ بازاردىكى باھاسى 200 دوللارغا چىقىپ، تاختاي باھاسى بولغان تۆت دوللارنىڭ 50 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. ئالتۇنمۇ تاختاي باھاسىدىن ھالقىپ، ھەر بىر سېرىنىڭ قارائىغۇ بازاردىكى باھاسى 204 دوللارغا چىقتى. گۈرۈچنىڭ دادىنى 23.6 دوللار بولۇپ؛ 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكىدىن 8%، ئۇننىڭ ھەر 100 جىڭى 14.2 دوللارغا يېتىپ، 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكىدىن 29%، كۆمۈرنىڭ تونىسى 40 دوللارغا چىقىپ، 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكىدىن تۆت ھەسسىدىن كۆپرەك ئۆرلەپ كەتتى. جىن يۈەن پۇلى شىنجاڭدا تارقىتىلغىنىغا ئون ئاي بولماي تۇرۇپلا، جايلاردا ئۇنى ئىشلىتىش ئارقا - ئارقىدىن رەت قىلىنىپ، كىرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالاي دەپ قالدى، كىشىلەر يەنە ھىسلى كۆرۈلمىگەن بۇلاڭ - تالاڭغا ئۇچرىدى.

فابى، گوەنجىن پۇللىرىنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئىلگىرى بىر قەدەر مۇقىم بولغان شىنجاڭ پۇلىمۇ غايەت زور تەسىرگە ئۇچرىدى. تارقىتىش تېزگىنىدىن چىقىپ كەتتى. كۈندىن - كۈنگە كۇرسى چۈشۈپ كەتتى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 6 - ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە تارقىتىلغىنى جەمئىي 65 تىرىلىيارد 721 تىرىللىئون 624 مىليارد 900 مىليون ئاسترونومىيىلىك رەقەمگە يەتتى. 6 مىليارد دوللارلىق

شىنجاڭ پۇلىغا ئاران بىر قاپ سەرەڭگە ئالغىلى بولىدىغان بولۇپ قالدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) بۇرھان شەھىدى شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭدا يەنە بىر قېتىم پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، كۈمۈش تەڭگە ۋە كۈمۈش دوللار پۇلى تارقىتىلدى. 600 مىليارد يۈەن شىنجاڭ پۇلىنى بىر كۈمۈش تەڭگىگە سۇندۇرۇش بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن مال باھاسى ۋاقىتىنچە تىزگىنلىنىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى بىر ئاز ئەمىن تاپتى. كۈمۈش دوللار پۇلى تارقىتىلىۋاتقان مەزگىلدە گومىنداڭ ھۆكۈمىتى گومىنداڭ ئورگانلىرىنىڭ ۋە قىسىملارنىڭ خىراجىتى ئۈچۈن، شىنجاڭغا ئايروپىلان ئارقىلىق نۇرغۇن جىن يۈەن پۇلى يۆتكەپ كەلدى. بۇ شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. مەركىزىي بانكا قۇمۇلغا يۆتكەپ كېلىپ بولغان جىن يۈەن پۇلىنى شۇ يەردىن ئۆز پېچىتىنى بۇزماي قايتۇرۇپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 50 مىڭ دوللاردىن يۇقىرى سوممىلىق قەغەز پۇل (جىن يۈەن پۇلى) تارقاتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى پۈتۈن شەھەردىكى سودىگەرلەرگە بۇ پۇلنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى ھەمدە ئەتىسىدىكى بازارغا: جىن يۈەن پۇلى بازارنى قاپلاپ كېتىپ، سودا - سانائەتچىلەرنى تىجارەتنى داۋاملاشتۇرۇشتا ئامالسىز ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بۈگۈندىن باشلاپ جىن يۈەن پۇلنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىدۇ، ئىشلىتىشكە مەجبۇرلىغۇچىلار سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا ئېلىپ بېرىلىپ جازالىنىدۇ دېگەن مەزمۇندا ئېلان چاپلىدى. ئېلان چاپلانغاندىن كېيىن، ئاممىنىڭ روھى كۆتۈرۈلدى. نەچچە مىڭلىغان ئادەم مەركىزىي بانكا ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ، جىن يۈەن پۇلىغا كۈمۈش تەڭگە ياكى ئالتۇن تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. بەزى ئادەملەر جىن يۈەن پۇلنى يىرتىپ بانكا پوكىيىگە ئېتىۋەتتى، بەزىلەر شۇ يەردىلا ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى، بانكا دىرېكتورى ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ، شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا بېرىپ، قورشاۋنى تارقىتىۋېتىشنى تەلەپ قىلدى. جىن يۈەن پۇلى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش كۈرىشى غەلىبىگە ئېرىشتى. سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى يەنە سودىگەرلەر ئەھۋالىنى مەخپىي تېلېگرامما ئارقىلىق لەنجۇغا مەلۇم قىلدى، 2 - كۈنى لەنجۇدىمۇ جىن يۈەن پۇلى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش پائالىيىتى باشلاندى. 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى مەركەز لىدېر ئىشخانىسى ۋە باش بانكا بىرلەشمە ئىشخانىسىغا ئىنتايىن جىددىي تېلېگرامما يوللاپ مۇنۇلارنى مەلۇم قىلدى: «ئۈرۈمچى شەھىرىدە 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جىن يۈەن پۇلنى ئىشلىتىش رەت قىلىنغاندىن بۇيان، شەھەر ئاھالىسى زىيانغا چىداشلىق بېرەلمەيۋاتىدۇ، ئامما 1 : 60 نىسبەت بويىچە ئۆلكە پۇلى تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بىر نەچچە كۈندىن بېرى قالايمىقانچىلىق، قىستا - قىستاڭچىلىق بولۇۋاتىدۇ ۋە شۆبە بانكىمىز قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ماجىرانىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ۋاقىتىنچە ئامانەت قويۇشقا ۋاقىتلىق ھۆججەت ئېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ھەل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا سىلىق سۆزلەر بىلەن نەسىھەت قىلىۋاتىمىز. دەسلەپتە بىر ئاز ئۈنۈملۈك بولغاندەك قىلىۋىدى، يېقىنقى ئىككى كۈندىن بۇيان ئەھۋال تاسادىپىي ئۆزگىرىپ قالدى. شەھەر ئاھالىسى ئامانەت قويۇشقا ئۇنىماي، ئۆلكە پۇلىغا تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ. ئامما سەپ تارتىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەلپازى بەك يامان، ئەھۋال ئېغىر، بۇنداق ئەھۋال ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان. . . . شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئۆلكە پۇلى تارقىتىپ كېلىۋاتقانغا خېلى يىللار بولۇپ قالغان، كىشىلەر ئۇنى خەجلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن، ھازىرقى جىن يۈەن پۇلىنىڭ ئوبوروت قىلىنىشىنى رەت قىلىشتا، كىشىلەر ئىدىيىسىدە ئاددىي ھالدىلا بۇنى ئالماشتۇرۇشقا دۆلەت بانكىسى مەسئۇل بولۇشى كېرەك بۇ تامامەن ھەققانى ئىش دەپ قارايدۇ. ھەر قانچە چۈشەندۈرۈش بەرسەكمۇ، قىلچە پايدىسى بولمايۋاتىدۇ، گەرچە تەپسىلىي ئەھۋال بىر قانچە قېتىم تېلېگرامما ئارقىلىق شاڭخەيدىكى باش بانكىغا مەلۇم قىلىنغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە يوليورۇق كەلمەيۋاتىدۇ. ئاممىنىڭ تەلىپىگە كەلسەك، ئۇنى بېجىرىشكە ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدۇق، شۇڭا جامائەت

پىكرى كۆپىيىپ، ئامىنىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ. غەزەپ ـ نەپرەت بانكىمىزغا مەركەزلىشىپ، ئامىنىنىڭ نەپرەت نىشانىغا ئايلىنىپ قالدۇق . . . . شۇڭا تېلېگراممىا يوللىدۇق، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، دەرھال ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، تۈپتىن ھەل قىلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلىمىز.» 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى غەربىي شىمال ھەربىي ـ مەمۇرىي باشلىقلار مەھكىمىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاكالىتەن يوللىغان تېلېگراممىسىغا ئاساسەن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «گوتىئۇرىغا چىقىرىلغان چوڭ پۇلنىڭ سانى ناھايىتى كۆپ، قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلىنىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ئاز دەسمايىلىق سودىگەرلەر. ئەگەر ۋاقتىدا تېگىشىپ بېرىلمىسە، سودىگەرلەرنىڭ تۇرمۇشى چوڭ مەسىلە بولۇپ قالىدۇ.» شۇڭا ئۈرۈمچى مەركىزىي بانكىنىڭ دىرېكتورى لى ×× غا ئالاھىدە تېلېگراممىا ئارقىلىق مۇنداق يوليورۇق بېرىلدى: «تېزدىن باش بانكىغا دوكلات يوللاپ، بالدۇرراق مۇۋاپىق ھەل قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سورىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.»

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مەركىزىي بانكىنىڭ باش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىغا تېلېگراممىا ئارقىلىق مۇنداق يوليورۇق بەردى: «لېدېرنىڭ تاپشۇرۇقىغا ئاساسەن، تۆۋەن پالاتانىڭ بۈگۈنكى پالاتا يىغىنى ماقۇللىغان جىن يۈەن پۇلىنى تېگىشتۈرۈش چارىسىدە مۇنۇلار بەلگىلەندى: 500 مىليون جىن يۈەن پۇلى بىر كۈمۈش تەڭگىگە تېگىشىلىدۇ. مۇشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئېلان چىقىرىپ ئىجرا قىلىڭلار، ئازراقمۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. ھەممە تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك: (1) جىن يۈەن پۇلىنى تېگىشتۈرۈش نەق پۇل ۋە بانكىمىزنىڭ خاس چېكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ (2) ئەگەر خەزىنىدىكى كۈمۈش تەڭگە يېتىشمىسە، ئالدى بىلەن كۈمۈش تەڭگە ئامانەت تالونى كېسىپ بېرىش لازىم ھەم شۇ كۈنىلا تېگىشكەن سانىنى تېلېگراممىا ئارقىلىق كەسپىي ئىدارە ۋە تارقىتىش ئىدارىسىگە مەلۇم قىلىپ، ئەتە ئالدۇرۇش لازىم». شۇنىڭ بىلەن جىن يۈەن پۇلى ئۆزىنىڭ قىسقا ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇردى.

جىن يۈەن پۇلى تارقىتىلغاندا بىر دوللارنى ئىككى كۈمۈش تەڭگىگە ئالماشتۇرۇش بەلگىلەندى، ئون ئايدىن كېيىن تېگىشىۋالغاندا 500 مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلى بىر كۈمۈش تەڭگىگە سۇندۇرۇلۇپ. ئۇنىڭ قىممىتى 1 مىليارد ھەسسە چۈشۈپ كەتتى.

بىر دوللار كۈمۈش تەڭگىگە 500 مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلى تېگىشىش چارىسى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 6 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىكى سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى. چۈنكى، 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى چوڭ سوممىلىق جىن يۈەن پۇلىنى ئىشلىتىش رەت قىلىنغاندىن كېيىن، مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 1 مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلىنى بىر دوللار كۈمۈش تەڭگىگە سۇندۇرۇپ، سودىگەرلەرگە ئامانەت تالونى كېسىپ بەرگەن، ھازىر ئېلان قىلغان 500 مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلىنى بىر دوللار كۈمۈش تەڭگىگە تېگىشتىش چارىسىدە سودىگەرلەر كۆپ زىيان تارتىدۇ. شۇڭا شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىغا ئالاقە يوللاپ، يەنىلا ئەينى چاغدىكى سۇندۇرۇلغان نىسبەت بويىچە تېگىشىپ بېرىشنى، شۇ ئارقىلىق سودىگەرلەرنى ھەددىدىن زىيادە زىياندىن ساقلاپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ ۋە 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنلىرى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى باش بانكىغا ئىككى قېتىم تېلېگراممىا بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئېتىبار بېرىشنى، 1 مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلىغا بىر دوللار كۈمۈش تەڭگە تېگىشىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپلەر رەت قىلىندى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى مەركىزىي باش بانكىغا يەنە بىر قېتىم مەخپىي تېلېگراممىا يوللاپ مۇنۇلارنى مەلۇم قىلدى: «ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىگىنى بويىچە 500 مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلى بىر دوللار كۈمۈش تەڭگىگە تېگىشىلسە، خەلق ئېغىر زىيان تارتىپلا قالماستىن، بەلكى چېگرا رايوندا مىللەت مۇرەككەپ، بىلىم سەۋىيە تۆۋەن بولغاچقا، مۇقەررەر ھالدا ئېغىر ۋەقە يۈز بېرىدۇ ...... شۆبە بانكىمىزغا ئامانەت قويۇلغان جىن يۈەن پۇلى ئۈچۈن 1601 ھېساب ئېچىلغان، ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 540 مىليون دوللار، مۇشۇ ساندىن قارىغاندا، بۇ نامرات خەقلەر قويغان نەق پۇل، سودىگەرلەرنىڭ شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا تىزىملاتقان جىن يۈەن پۇلى تەخمىنەن 2 مىليارد 500 مىليون دوللار،

يۇقىرىدىكىلەرنى قوشقاندا 6 مىليارد دوللاردىن ئاشىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ تېگىشىش نىسبىتى بويىچە تېگىشىۋالغاندا 6000 دوللاردىن كۆپرەكلا كۈمۈش تەڭگە كېتىدۇ. پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقىلىپ كەتكەن جىن يۈەن پۇلىنى يەنە شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسى ياكى ھۆكۈمەت مۇھلەت بەلگىلەپ، تىزىملاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بىرىشكە توغرا كېلىدۇ. پىكرىڭىز مۇۋاپىقمۇ يوق، بوليورۇق بېرىلسە». 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى مەركىزىي بانكىنىڭ باش بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىغا تېلېگرامما ئارقىلىق «1 مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلىنى بىر دوللار كۈمۈش تەڭگىگە تېگىشىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ سانىنى تىزىمغا ئالدۇرغان 6 مىليارد 43 مىليون دوللار بىلەن چەكلەش كېرەك. تىزىمغا ئالدۇرۇلمىغان جىن يۈەن پۇلىنى بۇ نىسبەت بويىچە تېگىشىشنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ» دەپ بوليورۇق بەردى. شۇنىڭغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى شۆبە بانكا 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان چىقاردى.

## 4 §. خەلق پۇلى

خەلق پۇلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىردىنبىر قانۇنىي پۇلى بولۇپ، 1948 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى قۇرۇلغان چاغدا تارقىتىلغان خەلق پۇلىنىڭ ئاساسىي پۇل بىرلىكى «يۈەن» قوشۇمچە پۇل بىرلىكى «جىۋ» ۋە «پېڭ» ئۇنىڭدا ئونلۇق سىستېما قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ شەرتلىك بەلگىسى «¥». ئەينى ۋاقىتتا خەلق پۇلىنىڭ ئاساسىي پۇلى بىر يۈەن، ئىككى يۈەن، بەش يۈەن ۋە ئون يۈەندىن ئىبارەت تۆت خىل؛ قوشۇمچە پۇلى ئون پۇڭ، يىگىرمە پۇڭ، ئەللىك پۇڭ ۋە بىر پۇڭ، ئىككى پۇڭ، بەش پۇڭدىن ئىبارەت ئالتە خىل ئىدى. خەلق پۇلىدا قەغەز پۇل ئاساس قىلىنغان. قوشۇمچە پۇلنىڭ پۇڭ قىسمىدا قەغەز پۇل ۋە مېتال پۇل شەكلى قوللىنىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز مىقداردا مېتالدىن خاتىرە پۇلمۇ ئىشلەنگەن. يۇقىرىقى تۈرلۈك پۇللارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدا تارقىتىلدى ۋە ئوبوروت قىلىنىدى.

شىنجاڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايون. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئىشلەپچىقىرىش خارابلاشقان بولۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ناچار ئىدى. تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئىگىلىكنى تېزدىن مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ۋاقىتىنچە سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان كۈمۈش دوللار پۇلىنى ئوبوروت قىلىپ تۇرۇشنى قارار قىلدى. 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۇل مۇئامىلە، مال باھاسى مۇقىملاشقان، پۇل ئوبوروتى كېڭەيگەن ئاساستا، كۈمۈش دوللار پۇلى يىغىۋېلىنىپ، خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، پۇل تۈزۈمى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

### 1. ئۇيغۇرچە خەت قوشۇپ بېسىلغان خەلق پۇلى تارقىتىش

شىنجاڭ 1949 - يىل 9 - ئايدا تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلق پۇلى تارقىتىشنىڭ تۈرلۈك تەييارلىقلىرى ياخشى ئىشلىنىشكە باشلىدى. 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ھەر مىللەت ھەر ساھەدىكىلەرنىڭ مەسلىھەت كېڭىشى ماقۇللىغان «شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى لايىھە» دە ئوبوروتقا ۋە ئىشلىتىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن خەلق پۇلىنىڭ «يۈزى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە ئىككى خىل يېزىقتا بولۇنۇشى كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمى كۈمۈش دوللار پۇلىغا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. مەركەزنىڭ غايەت زور مىقداردىكى ماددىي ئەشيا بىلەن بەرگەن ياردىمى ئاستىدا، شىنجاڭنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئەسلىگە كەلدى ۋە راۋاجلاندى،

مال باھاسى مۇقىملاشتى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتكە ئۇيغۇنلاشتى. 1951 ـ يىلغا كەلگەندە شىنجاڭدا خەلق پۇلى تارقىتىش شەرت ـ شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

1951 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە يېزىقى بار خەلق پۇلى تارقىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق» نى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرچە يېزىق قوشۇپ بېسىلغان خەلق پۇلىنى تارقىتىش، ئۆلكە پۇلى ھېسابلىنىدىغان كۈمۈش دوللار پۇلىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا ئېلان چىقاردى. خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ئۇيغۇرچە يېزىق قوشۇپ بېسىلغان خەلق پۇلىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ بۇيرۇقىدا 1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە يېزىق قوشۇپ بېسىلغان خەلق پۇللىرى تارقىتىلىدۇ، بۇ خەلق پۇلى باشقا ھەر خىل نۇسخىدىكى خەلق پۇللىرى بىلەن تەڭ قىممەتتە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئوبوروت قىلىنىدۇ. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان كۈمۈش دوللار پۇلى مۇھلەت بەلگىلەپ يىغىۋېلىنىدۇ، تېگىشىش نىسبىتى بىر كۈمۈش دوللار پۇلى 350 يۈەن خەلق پۇلىغا ئالماشتۇرۇلىدۇ دەپ بەلگىلەندى. بۇيرۇقتا 1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ سودا كىرىم ـ چىقىمى، ھېسابات خاتىرىلەش، باھا چىقىرىش، باھا كېڭىشىش، باج ئېلىش، قەرزدارلىقنى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە خەلق پۇلىنى بىرلىك قىلىش بەلگىلەندى.

ئۇيغۇرچە يېزىق قوشۇپ بېسىلغان پۇل «كۆركەم شەھەر» سۈرەتلىك 500 يۈەن، «يىلقىچى» سۈرەتلىك 1000 يۈەن، «پادىچى» سۈرەتلىك 5000 يۈەن ۋە «تۆگە» سۈرەتلىك 10 مىڭ يۈەندىن ئىبارەت تۆت خىل ئىدى.

ئۇيغۇرچە يېزىق قوشۇپ بېسىلغان خەلق پۇلى تارقىتىلغان چاغدا، گېزىت ـ ژۇرناللاردا خەلق پۇلىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى رەڭگى، رەسىملىرى ئېلان قىلىندى. جايلاردىكى گېزىت ـ ژۇرناللار كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنىڭ تېگىشىلىنىش نىسبىتى جەدۋىلىنى بېسىپ، سۈندۇرۇپ ھېسابلاشتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردەم بەردى. جايلاردىكى بانكىلار شەھەر ـ يېزىلاردا تېگىشىش ئورنى ۋە كۆچمە تېگىشىش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ، ئاممىنىڭ تېگىشىشىگە قولايلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. تېخى بانكا قۇرۇلمىغان ناھىيىلەرگە قوشنا ناھىيىلەر ئادەم ئەۋەتىپ نۇقتا تەسىس قىلىپ تېگىشىپ بەردى ياكى سەييارە يۈرۈپ تېگىشىپ بەردى. تېگىشىش خىزمىتى ئىنچىكە، تەپسىلىي ئىشلەنگەنلىكتىن، تارقىتىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. كۈمۈش دوللارغا تېگىشىش ئارقىلىق ئۇيغۇرچە يېزىق قوشۇپ بېسىلغان خەلق پۇلى جەمئىي 326 مىليارد 300 مىليون يۈەن تارقىتىلدى، بۇ ھازىرقى خەلق پۇلىغا سۈندۇرغاندا 32 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

ئۇيغۇرچە يېزىق قوشۇپ بېسىلغان خەلق پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ بويىچە جايلاردىكى مال باھاسى مۇقىملىق ئاساسىدا تۆۋەنلىدى. كۈمۈش تەڭگىنىڭ باھاسى بەكلا چۈشۈپ كەتتى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ 1951 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بىلەن 1952 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىكى 26 خىل ئاساسلىق تاۋارلارنىڭ باھاسىنى سېلىشتۇرساق، ئوتتۇرىچە ئىندېكسى %35.49 تۆۋەنلىگەن.

## 2. يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىش

1955 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىش ۋە ھازىر خەجلىنىۋاتقان خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق» چىقاردى. گوۋۇيۈەننىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، 1955 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كونا خەلق پۇلى (ئۇيغۇرچە خەت

قوشۇپ بېسىلغان خەلق پۇلىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) يېڭىۋېلىندى. شىنجاڭنىڭ تارقىتىش ۋە يېڭىۋېلىش خىزمىتىدە «ۋاقتىدا تارقىتىش، خىزمەت ئوڭۇشلۇق بولۇش، بازار مۇقىم بولۇش، ئامما قارشى ئېلىش» ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

يېڭى خەلق پۇلىنىڭ بىر يۈەنى كونا خەلق پۇلىنىڭ 10 مىڭ يۈەنگە تەڭ قىلىندى. 10 مىڭ يۈەن ۋە 50 مىڭ يۈەنلىك ئىككى خىل كونا پۇل 1955 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئوبوروت قىلىنىشتىن، شۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېگىشىشتىن توختىتىلدى؛ 5000 يۈەندىن تۆۋەن سوممىلىق كونا پۇل 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئوبوروت قىلىنىشتىن 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تېگىشىشتىن توختىتىلدى. تېگىشىلىۋاتقان مەزگىلدە كونا پۇلمۇ سۈندۈرۈلغان نىسبەت بويىچە يېڭى پۇل بىلەن بىرلىكتە ئوبوروت قىلىندى.

گوۋۇيۈەن يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلغان كۈندىن ئېتىبارەن ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانىلار ۋە شەخسلەرنىڭ بارلىق پۇل كىرىم ـ چىقىمى، سودا ـ سېتىق، باھا ھېسابلاش، كېلىشىم، توختام، ھۆججەت، دوكۇمېنت، ھېسابلاش دەپتىرىگە خاتىرىلەش ۋە خەلقئارالىق راسچوت قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە يېڭى خەلق پۇلىنى ھېسابات بىرلىكى قىلىش يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلىشتىن ئىلگىرىكى بارلىق ھەقدارلىق ـ قەرزدارلىق ئىشلىرىدا جۈملىدىن دۆلەت زايومىنىمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ، قانۇندا بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە يېڭى خەلق پۇلىغا سۈندۈرۈپ ھېسابلاش ۋە تۆلەش توغرىسىدا بۇيرۇق چىقاردى.

يېڭى خەلق پۇلىنى تارقىتىپ، كونا خەلق پۇلىنى يېڭىۋېلىشتىن مەقسەت پىلانلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، ئېلىمىزنىڭ پۇل تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت. ئۇنىڭدا پەقەت خەلق پۇلىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى كىچىكلىتىلىپ، پۇلنىڭ بىرلىك قىممىتى ئۆستۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا بىر قېتىملىق پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئىدى، ھەر مىللەت ئاممىسىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى بۇ خىزمەتنى پۇختا ئورۇنلاشتۇردى.

يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلىشتىن ئىلگىرى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ۋە شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، 1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارغا يېڭى پۇلنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا خەلق شۆبە بانكىسىدا يېڭى پۇل تارقىتىش ئىشخانىسى قۇرۇلدى. 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىگىچە شۆبە بانكا شىنجاڭ بويىچە يېڭى پۇل تارقىتىش كەسپى يىغىنى ئېچىپ، يېڭى پۇلنى توشۇش، تېگىشىش، ساختا پۇلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تەشۋىق قىلىش، تەكشۈرۈش ۋە كونا پۇلنى كۆيدۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇردى. 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى يېڭى پۇلنى تارقىتىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا يوليورۇق چىقاردى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە گېزىت، رادىئو ئىستانسىلىرى ۋە رادىئو ئۈزەللىرى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى «يېڭى خەلق پۇلىنى تارقىتىش توغرىسىدا ئاممىباب لېكسىيەلەر» ۋە «يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىشقا ئالاقىدار بىر قانچە مەسىلىگە جاۋاب» دېگەن ماتېرىياللارنى تۈزۈپ چىقتى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، جامائەت خەۋپسىزلىك، ترانسپورت تارماقلىرى بانكىغا ماسلىشىپ، يېڭى پۇلنى يۆتكەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. 1955 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تارقىتىشقا ئېھتىياجلىق بولغان يېڭى پۇل پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى تارماق بانكا ۋە تىجارەت پونكىتلىرىغا يۆتكەپ بولۇندى. شىنجاڭنىڭ ئەڭ جەنۇبىي چېتىگە جايلاشقان نىيە ناھىيىسىگە شۇ چاغدا تېخى ئاپتوموبىل قاتنىمىغانىدى. كېرىيە ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يۆتكەش ئەترىتىگە باشچىلىق قىلىپ، 19 ئىشەكنى ھەيدەپ، ئىككى كۈن پىيادە يول يۈرۈپ، يېڭى پۇلنى نىيە ناھىيىسىگە بىخەتەر يەتكۈزدى.

ئاساسلىقى بانكىغا ئامانەت قويۇش، پېرېۋوت قىلىش ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ مال سېتىشى، باج ئورگانلىرىنىڭ باج ئېلىشى قاتارلىقلار ئارقىلىق كونا

پۇل يىغىۋېلىندى. كۆندىلىك كەسپىتە كونا پۇل پەقەت كىرىم قىلىنىپ، چىقىم قىلىنمىدى. ئاممىنىڭ قولىدىكى نەق پۇلنى بانكا تېگىشىشنى ئۇيۇشتۇردى. 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۆلكىدىكى 250 بانكا ئاپپاراتى ۋە بانكىلار ئەۋەتكەن نۇرغۇنلىغان تېگىشىش گۇرۇپپىلىرى شەھەرلەردە رەستىلەر بويىچە نۇقتا تەسىس قىلىپ تېگىشتى، يېزىلاردا ئادەتتىكى كۈنلەردە نۇقتا بەلگىلەپ ياكى كەنتمۇ كەنت، ئۆيمۇ ئۆي بېرىپ ئارىلاپ يۈرۈپ تېگىشتى، بازار كۈنلىرى بولسا مۇقىم نۇقتا تەسىس قىلىپ تېگىشتى.

يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىش، كونا خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىش بۇيرۇقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆلكە بويىچە جايلاردىكى ۋەتەنپەرۋەر سودا - سانائەتچىلەر بىردەك ھىمايە قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى 900 دىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان ئاممىۋى يىغىن ئېچىپ، يېڭى پۇل تارقىتىشنى ھىمايە قىلىش توغرىسىدا يەتتە تۈرلۈك قارار ماقۇللىدى. شىخۇ قاتارلىق جايلاردىكى سودا - سانائەتچىلەر ئۆزلۈكىدىن ئۈچ كۈن باھانى 20%، 10% چۈشۈرۈپ سودا قىلدى.

تەشۋىقات چوڭقۇر، خىزمەت پۇختا بولغانلىقتىن، كونا پۇلنى يىغىۋېلىش سۈرئىتى تېز بولدى. 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىگىچە بولغان بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، ئۆلكە بويىچە يىغىۋېلىنغان كونا پۇل بازاردا ئوبوروت قىلىنغان كونا پۇلنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەككە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 10 مىڭ يۈەنلىك ۋە 30 مىڭ يۈەنلىك پۇلنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكى، 5000 يۈەنلىكتىن تۆۋەن پۇلنىڭ 40 پىرسەنتى يىغىۋېلىندى، قالغان پۇللار 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئاساسىي جەھەتتىن يىغىۋېلىندى. ئۆلكە بويىچە جەمئىي يىغىۋېلىنغان كونا خەلق پۇلى 518 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، ھازىرقى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 51 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

## 3. سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاكالىتەن بېسىپ بەرگەن ئۈچ خىل خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىش

1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارقىتىلغان خەلق پۇللىرى ئىچىدە، 1953 - يىل بېسىلغان قارا رەڭلىك «ئىشچى - دېھقان» سۈرەتلىك ئون يۈەنلىك، 1953 - يىل بېسىلغان بېغىررەڭ «مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» سۈرەتلىك بەش يۈەنلىك، 1953 - يىل بېسىلغان توق يېشىل رەڭلىك «جىڭگاڭشەن» سۈرەتلىك ئۈچ يۈەنلىك پۇلنى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاكالىتەن بېسىپ بەرگەن. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، خەلق باش بانكىسى بىر ئاي مۆھلەت بەلگىلەپ بۇ ئۈچ خىل پۇلنى يىغىۋېلىشنى قارار قىلدى.

شىنجاڭ چېگرىدا جايلاشقان، چېگرا لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5000 كىلومېتىردىن ئاشىدۇ، يىغىۋېلىش خىزمەت مىقدارى زور، دائىرە كەڭ، ۋاقىت قىسقا، ۋەزىپە ئىنتايىن مۈشەققەتلىك ئىدى. لېكىن ئاپتونوم رايون بويىچە يىغىۋېلىش ۋەزىپىسى بىر ئاي ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى، چېگرا بويىدىكى ناھىيىلەردە 15 كۈن ئىچىدە تاماملاندى.

ئۈچ خىل خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم لى چۈەن شۈجىنى بۇ خىزمەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا بەلگىلىدى. خەلق باش بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى چاۋ پېيشىن خىزمەت گۇرۇپپىسىنى يېتەكلەپ شىنجاڭغا كېلىپ، بۇ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلدى. يىغىۋېلىش خىزمىتى ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ ئىشلەندى.

1) كىرىم قىلىش، چىقىم قىلماسلىق باسقۇچى

1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت پەقەت كىرىم قىلىش، چىقىم قىلماسلىق باسقۇچى بولدى. بانكا كۈندىلىك كاسسىرلىق كەسپى ئارقىلىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاكالىتەن بېسىپ بەرگەن ئۈچ خىل پۇلنى پەقەت كىرىم قىلدى، چىقىم قىلمىدى.

1963 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە خەلق شۆبە بانكىسى پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى ئېچىپ، خەلق باش بانكىسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاكالىتەن بېسىپ بەرگەن ئۈچ خىل پۇلنى يىغىۋېلىش توغرىسىدىكى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى ھەمدە ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ بېكىتتى.

«كىرىم قىلىش، چىقىم قىلماسلىق» باسقۇچىدا، خەلق باش بانكىسى خېلى زور مىقداردىكى ھازىر ئوبوروت قىلىنىۋاتقان قوڭۇر رەڭ بەش يۈەنلىك پۇلنى شىنجاڭغا يۆتكەپ بەردى. خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى ئىلگىرى - ئاخىر توققۇز ئايروپىلان (قېتىم) ئىشقا سېلىپ، قوڭۇر رەڭ بەش يۈەنلىك پۇلنى ئايروپىلان ئارقىلىق يىراق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا يەتكۈزۈپ بەردى. جايلاردىكى بانكىلار شۇ يەردىكى پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە تۈرلۈك چارە - ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، تارقىتىش فوندىنى ئاساسىي قاتلامغا ئاجرىتىپ بەردى. ئالتاي ۋىلايىتىدىكى بىر كان رايونى دېڭىز يۈزىدىن 4000 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ھەر يىلدا پەقەت ئىككى ئايلا ئاپتوموبىل قاتنىيالايتتى. 1963 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرى، قار - مۇزلار تاغنى قاپلىۋالغان ئەھۋال ئاستىدا، ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە كان رايونلۇق پارتكوم تراكتور ئارقىلىق يول ئېچىپ، تارقىتىش فوندىنى تاغ ئۈستىگە يەتكۈزۈپ، «كىرىم قىلىش، چىقىم قىلماسلىق» نى كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

### 2) ئاشكارا تېگىشىش باسقۇچى

1964 - يىلى 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت «ئاشكارا تېگىشىش» باسقۇچى بولدى. بۇ باسقۇچ يەنە ئىككى مەزگىلگە بۆلۈندى: 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئاشكارا تەشۋىق قىلىش مەزگىلى، 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە بولغان ۋاقىت ئاشكارا تېگىشىش مەزگىلى بولدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان ئۈچ خىل پۇلنى يىغىۋېلىشنى ئاشكارا تەشۋىق قىلىش تېزىسىنى گۇڭشې پارتكوملىرىغىچە ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە تۆت خىل يېزىقتا بېسىپ تارقاتتى. تەشۋىقات 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە بىرلا ۋاقىتتا باشلاندى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان ئۈچ خىل پۇلنى يىغىۋېلىشنى مۇھىم ۋەزىپە قىلدى. ۋىلايەت، ناھىيىدىن تارتىپ گۇڭشېلارغىچە، يەرلىكتىن تارتىپ قىسىمغىچە، شۇجى، سىياسىي كومىسسارلار قوماندان بولۇپ، ئاۋۋال پارتىيە ئىچىدە، ئاندىن پارتىيە سىرتىدا؛ ئاۋۋال كادىرلارغا، ئاندىن ئاممىغا قاتلاممۇ قاتلام يەتكۈزدى. پۈتۈن پارتىيە كۆڭۈل بۆلۈپ، ھەممە ئادەم ھەرىكەتلەنگەنلىكتىن، بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا ھەممە ئادەم خەۋەر تاپتى.

4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى «شىنجاڭ گېزىتى» دە خەلق بانكىسىنىڭ «مۆھلەت بەلگىلەپ ئۈچ خىل خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى» ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە يېزىقتا بېسىلدى. ئۈچ خىل پۇلنى يىغىۋېلىش مۆھلىتى 1964 - يىلى 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 1964 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە 30 كۈن بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇش قىلىنندى. 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۈچ خىل پۇل ئوبوروت قىلىنىشتىن توختىتىلىپ، پەقەت پۇل يۈزىدىكى قىممىتى بويىچە پۈتۈنلەي ئوبوروت قىلىشقا بولىدىغان خەلق پۇلىغا تېگىشىلدى. 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاز ساندىكى جايلاردا تاغلارنى قار - مۇزلار قاپلىۋالغانلىقتىن، بانكىلار ناھىيىلىك پارتكومدىن يوليورۇق سوراپ تېگىشىش مۆھلىتىنى ئۇزارتقاننى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقا جايلاردا تېگىشىش توختىتىلدى.

ئاشكارا تېگىشىش مۆھلىتى توشقاندىن كېيىنمۇ، يەنىلا ئۆز ۋاقتىدا تېگىشىۋالمىغان ئامما بولغاچقا، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ۋە خەلق شۆبە بانكىسى مەركەزنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، كۆپ قېتىم ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئىچكى قىسىمدا ئىگىللىنىدىغان تېگىشىش ۋاقتىنى قايتا - قايتا ئۇزارتتى ھەمدە خەلق باش بانكىسىنىڭ 1966 - يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى «سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان ئۈچ خىل خەلق پۇلىنى تېگىشىش توغرىسىدىكى جاۋاب خېتى» نىڭ روھىغا ۋە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئامما ھەقىقەتەن مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

تېگىشىۋالالمىغان بولسا، رايوندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان، كارخانا ياكى خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىپ كېلىشنى بەلگىلىدى. سوممىسى 50 يۈەندىن تۆۋەن بولسا، خەلق بانكىسى تارماق بانكىسىنىڭ تەستىقىدىن؛ 50 يۈەندىن يۇقىرى 100 يۈەندىن تۆۋەن بولسا، ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن؛ 100 يۈەندىن يۇقىرى بولسا ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ تېگىشىش بەلگىلەندى.

ئاشكارا تېگىشىش باشلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن شىنجاڭدىكى بانكا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈردى. خېجىڭ ناھىيىلىك تارماق بانكا بايىنبۇلاق چارۋا رايونىغا بىرنەچچە سەييارە پۇل تېگىشىشكە بارغاندا، بانكا باشلىقى تېگىشىش گۇرۇپپىسىنى باشلاپ، ئاتلىق 1000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، چوڭ يايلاقتىكى تاغ ئىچىگە كىرىپ پۇل تېگىشتى. ئالتاي ۋىلايىتىدىكى تاغ ئۈستىدە 4 -، 5 - ئايلاردىمۇ يەنىلا بىر مېتىر قېلىنلىقتا قار بولىدۇ، بانكا كادىرلىرى نەق پۇلنى ۋە ئوزۇق - تۈلۈكنى يۈدۈپ، جاپا ئىچىدە تاغلارغا يامىشىپ، بىر - بىرلەپ چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرىگە كىرىپ پۇل تېگىشتى.

ئۈچ خىل پۇلنى يىغىۋېلىش مەزگىلىدە بازار مۇقىم، كىشىلەر قەلبى خاتىرجەم بولدى. شىنجاڭ بويىچە 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاۋار سېتىلىش سوممىسى 18 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1963 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 7.7%، 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكىدىن 10% كە يېقىن ئاشتى. 4 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى - ئاخىرىدا ھېيت بولغانلىقتىن تاۋار سېتىش سوممىسىنىڭ بىر ئاز ئېشىشى نورمال ئەھۋال. شۇ مەزگىلدە يۇقىرىلار پۇل ئامانىتى شىنجاڭ بويىچە شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 4 - ئاينىڭ 11- كۈنىدىن 30- كۈنىگىچە يۇقىرىلار پۇل ئامانىتى 7 مىليون 790 مىڭ يۈەن ساپ ئېشىپ، 3 - ئاينىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. ئامانەت قويۇلغان نەق پۇلنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇ ئۈچ خىل پۇل بولۇپ ئۇنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۇزاق يىل ساندۇق تېگىدە بېسىلىپ قالغان پۇل ئىكەن.

1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈچ خىل پۇلدىن جەمئىي 79 مىليون 670 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە يىغىۋېلىنغىنى 41 مىليون 760 مىڭ يۈەن؛ قالغان 37 مىليون 910 مىڭ يۈەن ئاشكارا تېگىشىشتىن كېيىن يىغىۋېلىنغان. ئاشكارا تېگىشىشتىن كېيىن يىغىۋېلىنغان پۇل ئىچىدە، 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە يىغىۋېلىنغىنى 35 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولۇپ، 94.36% نى؛ 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگىچە يىغىۋېلىنغىنى 1 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولۇپ، 3.88% نى تەشكىل قىلدى. ئىككىسىنى قوشقاندا، جەمئىي يىغىۋېلىنغىنى 37 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئاشكارا تېگىشىشتىن كېيىن يىغىۋېلىنغان پۇلنىڭ 98.24 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

## 4. مېتال پۇل ۋە ئوبوروت قىلىنىدىغان خاتىرە پۇل

### 1) ئوبوروت قىلىنىدىغان مېتال پۇل

(1) پۇڭلۇق مېتال پۇل 1957 - يىل 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گوۋۇيۈەن جۇڭگو خەلق بانكىسىغا 1957- يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاليۇمىن - ماگنىي قېتىشمىسىدىن ياسالغان پۇڭلۇق مېتال پۇل تارقىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. پۇڭلۇق پۇل ئاق كۈمۈش رەڭدە بولۇپ، يۈزىدىكى قىممىتى بىر پۇڭ، ئىككى پۇڭ، بەش پۇڭلۇق ئۈچ خىل قىلىندى. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە دۆلەت گېربى، دۆلەت نامى، ئارقا يۈزىگە بۇغداي باشىقى، قىممىتى، يىل نامى چۈشۈرۈلدى. بىر پۇڭلۇق پۇلنىڭ دىئامېتىرى 18 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 1.3 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 0.67 گىرام، ئىككى پۇڭلۇق پۇلنىڭ دىئامېتىرى 21 مىللىمېتىر، قېلىنلىقى 1.6 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 1.08 گىرام، بەش پۇڭلۇق پۇلنىڭ دىئامېتىرى 24 مىللىمېتىر،

قېلىنلىقى 1.8 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 1.63 گرام كېلىدۇ. يۈگلۈق مېتال پۇل ئوبوروت قىلىنىۋاتقان يۈگلۈق قەغەز پۇل بىلەن تەڭ قىممەتتە ئارىلاش ئوبوروت قىلىنىدى.

يۈگلۈق مېتال پۇل پرىنسىپ جەھەتتە، ئالدى بىلەن شەھەرلەردە ئاندىن يېزىلاردا، ئالدى بىلەن چوڭ شەھەرلەردە ئاندىن كىچىك شەھەرلەردە تارقىتىلدى. شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەردىن ئىبارەت ئۈچ شەھىرىدە، ھەر قايسى ئوبلاستلار تۈرۈشلۇق جايلاردا شۇنىڭدەك مايتاغ، قاراماي شەھەرلىرىدە 1957 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارقىتىلدى، ئادەتتىكى تارماق بانكىلار 1958 - يىل 2 - ئايدا تارقاتتى. شۇ يەردىكى ئامما يۈگلۈق مېتال پۇلنى ئىشلىتىشكە ئادەتلەنمىگەنلىكتىن، شىنجاڭ بازارلىرىدا يۈگلۈق مېتال پۇل ئازراق ئوبوروت قىلىنغان. شۇڭا خەلق باش بانكىسى بېسىلغان يۈگلۈق قەغەز پۇلنى ئاساسلىقى شىنجاڭغا بەردى.

(2) ئوبوروت قىلىنىدىغان تۆت خىل مېتال پۇل. 1980 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى، بىر يۈەن، ئەللىك پۇڭ، يىگىرمە پۇڭ، ۋە ئون يۈگلۈق تۆت خىل مېتال پۇل تارقاتتى. بىر يۈەنلىكى مىس - نىكىل قېتىشمىسىدىن ياسالغان، كۆلرەڭ كۈمۈش رەڭلىك، ئەللىك پۇڭ، يىگىرمە پۇڭ، ئون يۈگلۈق پۇل مىس - سىنىك قېتىشمىسىدىن ياسالغان، ئالتۇن رەڭلىك ئىدى. بۇ پۇللار ئوخشاش قىممەتتىكى خەلق پۇلى بىلەن تەڭ قىممەتتە ئوبوروت قىلىنىدى. بۇ تۆت خىل مېتال پۇل خەلققارا باردى - كەلدىنىڭ كۆپىيىشىگە، ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن تارقىتىلغان. ئۇنىڭ تارقىتىلغان سانى كۆپ ئەمەس. باشقا پۇللارغا تېگىشىلمىگەن. بۇ تۆت خىل مېتال پۇلنىڭ بىر قىسمى زىننەت ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ، چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن سېتىۋېلىنىپ، تاشقى پېرېۋوتقا ئېرىشىلدى.

## 2) مېتال خاتىرە پۇل

(1) دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى خاتىرە پۇلى. 1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن جۇڭگو خەلق بانكىسى مىقدارىغا چەك قويغان ھالدا دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 35 يىللىقى مېتال خاتىرە پۇلىدىن ئۈچ خىلنى تارقاتتى. بۇ خاتىرە خاراكتېرلىك ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇل بولۇپ، ئوڭ يۈزىگە دۆلەت گېربى، تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ سۈرىتى، ئارقا يۈزىگە «دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى»، «ياشىسۇن ۋەتەن»، «مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» دېگەن ئۈچ خىل خەت چۈشۈرۈلگەن، يۈزىدىكى قىممىتى ھەممىسىنىڭلا بىر يۈەنلىك بولۇپ، دىئامېتىرى 30 مىللىمېتىر، ئۇ %75 مىس، %25 نىكېلدىن تەركىب تاپقان، ئوخشاش قىممەتتىكى خەلق پۇلى بىلەن تەڭ قىممەتتە ئوبوروت قىلىنىدى.

(2) شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى خاتىرە پۇلى. 1985- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇڭگو خەلق بانكىسى مىقدارىغا چەك قويغان ھالدا بىر خىلى كۈمۈش، بىر خىلى مىس - نىكېلدىن ياسالغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق خاتىرە پۇلى» تارقىتىپ تەبرىكلىدى. بۇ ئىككى خىل پۇلنىڭ ئوڭ يۈزىگە «شىنجاڭ خەلق سارىيى» نىڭ، ئارقا يۈزىگە «مول ھوسۇل» سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. كۈمۈش خاتىرە پۇلنىڭ دىئامېتىرى 40 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 34.52 گرام، ساپلىقى %90 بولۇپ، شىنجاڭدا تارقىتىلمىدى. مىس - نىكېل خاتىرە پۇلنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى بىر يۈەن، دىئامېتىرى 30 مىللىمېتىر، ئېغىرلىقى 9.32 گرام، تەركىبى %75 مىس، %25 نىكېل بولۇپ، ئوخشاش قىممەتتىكى خەلق پۇلى بىلەن تەڭ قىممەتتە ئوبوروت قىلىنىدى.

يۇقىرىدىكى تۆرلۈك مېتال پۇللاردىن يۈگلۈق مېتال پۇلنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا مېتال پۇل ۋە خاتىرە پۇللار گەرچە ئوخشاش قىممەتتىكى خەلق پۇلى بىلەن تەڭ قىممەتتە ئوبوروت قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ساقلىنىدىغان بۇيۇم بولۇپ قالدى، ئوبوروت ساھەسىگە كىرمىدى.

## § 5. چەت ئەل پۇللىرى

چەت ئەل پۇللىرى دېگىنىمىزدە چەت ئەللەرنىڭ شىنجاڭدا تارقاتقان ۋە ئوبوروت قىلغان چەت ئەل پۇللىرى، ئاساسلىقى، روسىيىنىڭ رۇبلىسى، ئالتۇن چېكى ۋە چىلىن پۇلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

شىنجاڭ قەدىمكى يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنىگە جايلاشقان، شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرىدىغان مۇھىم رايون ھېسابلىنىدۇ. خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن نۇرغۇن چەت ئەل پۇللىرى قېزىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، پىرسىيە كۈمۈش تەڭگىسى ئەڭ كۆپ، ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، پىرسىيە كۈمۈش تەڭگىسى ۋە شەرقىي رىم تىللاسى قاتارلىق چەت ئەل پۇللىرى بىر مەزگىل خۇاڭخې دەرياسىنىڭ غەرب تەرىپى (ئېھتىمال شىنجاڭ ئىدىقۇتىمۇ بولۇشى مۇمكىن) قاتارلىق جايلاردا پۇل سۈپىتىدە ئوبوروت قىلىنغان.

شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەشقەر رايونىغا قوشنا بولغان قوقان خانلىقى ۋە بۇخاراخانلىقى تارىختا بىر مەزگىل شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن سودا ئالاقىسى قىلغان. ئۇلار تارقاتقان كۈمۈش تەڭگە (كىچىك تەڭگە) نىڭ كۆپىنچىسى جەنۇبىي شىنجاڭغا كىرگەن. ياقۇپبەگ شىنجاڭنى ئىشغال قىلىۋالغاندىمۇ كۈمۈش تەڭگە (كىچىك تەڭگە) تارقاتقان. ئۇنىڭ شەكلى قوقان، بۇخارالارنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش ئىدى. شۇڭا ئۇ ئارىلىشىپ بىرلىكتە جەنۇبىي شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان.

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا روسىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىرى شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلغان، سودا جەريانىدا چارروسىيىدە قويۇلغان ئالتۇن، كۈمۈش رۇبلى ۋە ئەنگلىيىدە قويۇلغان تىللالار شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنىشقا باشلىغان. 1871 ـ يىلدىن 1881 ـ يىلغىچە چارروسىيە ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالغان مەزگىلدە شۇ يەردىكى خەلقلەرنى روسىيە رۇبلىسى ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە پۇلى — مىس «كوپېك» نى ئىشلىتىشكە مەجبۇرلىغان. ئۇ چاغدا شىنجاڭدا رۇبلىنى «ئورۇس پۇلى» ياكى «ئەجنەبىلەر پۇلى» دەپ ئاتاش ئادەت بولۇپ قالغان. 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، چارروسىيە دۆلەت بانكىسى تارقاتقان رۇبلىدا ئالتۇن بىرلىك قىلىنغان بولۇپ، ئۇ چاغدا ئۇنى ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇشقا بولاتتى، پۇلنىڭ قىممىتى ئىزچىل ھالدا مۇقىم بولغان. چارروسىيە ئىلىنى ئىشغال قىلىۋالغاندىن كېيىن، تۈرلۈك باجلارغا روسىيە رۇبلىسى تۆلەشنى بەلگىلىدى. ئىلگىرى ئىلىدا ئوبوروت قىلىنغان يارماقنىڭ مىس تەركىبى 70% بولۇپ (ئىچكىرىنىڭ يارمىقىغا قارىغاندا 10% چامىسىدا يۇقىرى)، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى روسىيە سودىگەرلىرى تەرىپىدىن روسىيىگە توشۇلۇپ، ئۆزگەرتىپ مىس «كوپېك» قويۇلغان ياكى ھەربىي سانائەت خام ئەشياسى قىلىنغان. روسىيە رۇبلىسى ئىلى بازارلىرىنى مۇستەقىل دېگۈدەك ئىگىلىۋېلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتۈن شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان. چارروسىيە رۇبلىدىن پايدىلىنىپ، ئېلىمىزنىڭ ئالتۇن، كۈمۈشىنى توپلىغان، ئېلىمىزنىڭ ماللىرىنى سېتىۋالغان. رۇبلى چارروسىيىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى تالان ـ تاراج قىلىدىغان مۇھىم قورالى بولغان.

رۇبلىنىڭ شىنجاڭغا كىرگەن مىقدارى: «1924 ـ يىلى جۇڭگو ـ روسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت يىغىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن چاغدا، جۇڭگو تەرەپنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، دۆلىتىمىز پۇقرالىرى ساقلىغان روسىيە پۇلى 8 مىليارد 287 مىليون رۇبلىغا يەتكەن»؛ «جۇڭگو ـ روسىيە يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسى مەخسۇس كومىتېتىنىڭ جەملىگەن نەتىجىسىگە قارىغاندا، ئېلىمىزدىكى ھەر قايسى ئورگانلار، ھۆكۈمەت تەرەپ ۋە خۇسۇسىي تەشكىلاتلار، شۇنىڭدەك شەخسلەر ساقلىغان روسىيە پۇلى 1 مىليارد 269 مىليون رۇبلى»، شىنجاڭنىڭ روسىيە پۇلى كىرىش سەۋەبلىك تارتقان زىيىنى تەخمىنەن 1 مىليارد سەردىن ئېشىپ كەتكەن.

1900 ـ يىلى چارروسىيە شىنجاڭ قەشقەردە رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىنىڭ شۆبە بانكىسىنى تەسىس قىلدى. 1903 ـ يىلى يەنە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئىلى، چۆچەكلەردە شۆبە بانكا تەسىس قىلىپ شىنجاڭنىڭ پۈتكۈل

پىرېۋوت كەسپىنى ئاساسىي جەھەتتىن مونوپول قىلىۋالدى. 1913 - يىلى شىنجاڭدا ئالتۇن چېكى تارقىتىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى بىر پۇڭ، ئىككى پۇڭ، بىر مىسقال، بەش مىسقال، بىر سەردىن ئىبارەت بەش خىل ئىدى. ئۈستىگە رۇسچە، خەنزۇچە، مانجۇچە، ئۇيغۇرچە خەتلەر بىلەن «رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ غۇلجا، قەشقەر، چۆچەك شۆبە ئىدارىلىرى چەككە ئاساسەن ×× سەر ساپ ئالتۇن بېرىدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. شۇ يىلى 1 مىليون سەر تارقىتىلغان. دەسلەپ تارقىتىلغاندا، ئالتۇنغا تېگىشكىلى بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئابرويى قازىنىپ، تېزدىن شىنجاڭ بويىچە ئوبوروت قىلىنغان ۋە ئىشلىتىلگەن. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇلى بىلەن بىرلىكتە ئوبوروت قىلىنىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەنگەن. شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇلى كۆمۈشنى ئۆلچەم قىلغان بولۇپ، كۆمۈشنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتكەچكە، بىر مەزگىل ئالتۇن چېكىنىڭ ئىناۋىتى ھۆكۈمەت پۇلىدىن يۇقىرى بولغان. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» نىڭ 57 - جىلدىدا: «شەھەر ئاھالىلىرى سودا قىلسا، روسىيە پۇلى بولمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. 1914 - يىلى 1 - دۇنيا ئۇرۇشى باشلىنىپ، روسىيىنىڭ ھەربىي خىراجىتى ئېشىپ كەتتى. 8 - ئايدا چار پادىشاھ رۇبلىنى نەقلەشتۈرۈشنى توختىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكتىن، رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئالتۇن چېكىمۇ نەقلەشتۈرۈشتىن توختىتىلدى. شۇ يىلى شىنجاڭدىكى رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئالتۇن چەك تارقىتىش مىقدارى شىددەت بىلەن ئېشىپ، 5 مىليون سەرگە يەتتى. 1915 - يىلى يەنە كۆپىيىپ 9 مىليون سەرگە يېتىپ، 1911 - يىلى بۇ بانكا جۇڭگودا تارقاتقان ئومۇمىي سومما 2 مىليون 853 سەرنىڭ ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەككە تەڭلەشتى. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى رۇس - ئاسىيا بانكىسى ئارقىلىق نەقلەشتۈرۈلمەيدىغان قەغەز پۇلغا شىنجاڭدىن نۇرغۇن ماددىي ئەشيا تېگىشىۋېلىپ، شىنجاڭ خەلقىنى مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى.

1917 - يىلى روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلدى. قىزىل ئارمىيە تەرىپىدىن تارمار قىلىنغان جاھانگىر پادىشاھ روسىيىسىنىڭ بىر قىسىم قوراللىق خادىملىرى ۋە قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئاھالىلار شىنجاڭغا قېچىپ كەلدى، ئۇلار نۇرغۇن چارروسىيە رۇبلىسىنى ئېلىپ كېلىپ، شىنجاڭدا ئوبوروت قىلدى ۋە ئىشلەتتى. 1921 - يىلىدىن كېيىن، روسىيە رۇبلىسىنىڭ قىممىتى چۈشۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى؛ رۇس - ئاسىيا بانكىسى پارىژدا يەنە باش بانكا تەسىس قىلغانلىقتىن، ئۇ تارقاتقان ئالتۇن چېكى ئىزچىل ئوبوروت قىلىنىپ تۇردى، 1926 - يىلى بۇ بانكا تاقىلىپ قالغاندا ئەسلى قىممىتىنىڭ 45 پىرسەنتى بويىچە تېگىشىلىپ، ئاخىرلاشتۇرۇلدى.

1917 - يىلى روسىيە فېۋرال ئىنقىلابى مەزگىلىدە قۇرۇلغان بۇرژۇئازىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ كېرىنسكى كابىنېتى شۇ يىلى 5 - ئايدا قەغەز پۇل تارقىتىشقا باشلىدى. ئۇ يۈزىدىكى قىممىتى 1000 رۇبلىلىق، 250 رۇبلىلىق (چوڭ تىزا دېيىلەتتى) ۋە 40 رۇبلىلىق، 20 رۇبلىلىق تۆت خىل ئىدى. بۇ پۇلمۇ شىنجاڭغا كىرگەن. ئەينى ۋاقىتتا رۇس - ئاسىيا بانكىسى مەقسەتلىك ھالدا كونا رۇبلى (رومانوپ خاندانلىقى تارقاتقان رۇبلى) نى يىغىۋېلىپ، كېرىنسكى پۇلىنى تارقاتتى.

روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، كولچاك ئومسكىدا ئايرىم ھۆكۈمەت قۇرۇپ سوۋېت ھۆكۈمىتى بىلەن قارشىلاشقان چاغدا، ئۇمۇ «چىرىن» ناملىق قەغەز پۇل تارقاتقان. بۇ پۇلنىڭ شىنجاڭغا كىرگىنىمۇ ئاز ئەمەس. بۇ ئومسكى پۇلى ئەمەلىيەتتە بىر خىل قىسقا مۇددەتلىك دۆلەت خەزىنە چېكى بولۇپ، ئاز سومملىق ۋە كۆپ سومملىق دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنگەن. ئاز سومملىقى بىر، ئۈچ، بەش، ئون رۇبلىلىق تۆت خىل؛ كۆپ سومملىقى 25 رۇبلىدىن 25 مىڭ رۇبلىغىچە كۆپ خىل ئىدى. 1920 - يىلى تارقىتىلغان چوڭ پۇلنىڭ شەكلى تار ۋە ئۇزۇنچاق بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ئاممىا «كالا تىلى» دەپ ئاتىغان. بۇ پۇل قالايمىقان تارقىتىلغاچقا كۇرسى قاتتىق چۈشۈپ كېتىپ، ئاخىرى كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالغان.

1919 - يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى يۈزىدىكى قىممىتى بىر قەدەر چوڭ بولغان 100، 500، 1000، 5000، 10000 رۇبلىلىق ئالتە خىل يېڭى رۇبلى تارقاتتى. بۇ پۇلنىمۇ شىنجاڭغا قېچىپ كەلگەن سوۋېت روسىيە

چېگرا ئاھالىلىرى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلگەن. سوۋېت روسىيىسىنىڭ قانۇنىدا: بۇ يېڭى رۇبلى پەقەت سوۋېت روسىيىسى چېگرىسى ئىچىدىلا ئوبوروت قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما بىر قىسىم شىنجاڭ چارۋىچىلىرى يۇقىرىقى بەلگىلىمىگە پىسەنت قىلماي، بۇ پۇلنى قوبۇل قىلغان، كېيىن ئۇ كېرەكسىز قەغەزگە ئايلىنىپ قالغان.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەنگلىيىلىك سودىگەرلەر ئېلىپ كەلگەن ئەنگلىيە پۇللىرىمۇ پەيدا بولدى. ئەنگلىيىگە قارام بولغان ھىندىستان سودىگەرلىرىدىن بەزىلىرى قەشقەردە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى تەسىس قىلىپ، ئالتۇن، كۈمۈش تېگىشىش ۋە جازانىغا قەرز تارقىتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بىراق چار پادىشاھ روسىيىسىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسىر كۈچى زور بولغانلىقتىن، ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستان پۇللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئالماشتۇرۇش، چىقىم قىلىش رولىنى تولۇق ئوينىيالماي، پەقەت پارچە پۇل ئورنىدا قايتۇرۇپ بېرىشكە ئىشلىتىلگەن. شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد شۆبىسىدىكى سەي جىشىن ئەنگلىيىگە قارام ھىندىستاننىڭ بىر خىل رۇبلىسىنى ساقلىغان، ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى ئىككى رۇبلى بولۇپ، شىنجاڭ سودىگەرلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەنگلىيە سودىگەرلىرى بىلەن سودا قىلغان چاغدا قېپقالغان قالدۇق سان ھېسابىدىكى پۇل ئىكەن.

شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىنغان بىر نەچچە خىل چەت ئەل پۇللىرى:

## 1. چارروسىيىنىڭ رۇبلىسى

1) 1898 - يىلدىكى رومانوپ خاندانلىقىنىڭ بىر رۇبلىلىق پۇلى؛
2) 1905 - يىلدىكى رومانوپ خاندانلىقىنىڭ ئۈچ رۇبلىلىق پۇلى؛
3) 1909 - يىلدىكى رومانوپ خاندانلىقىنىڭ بەش رۇبلىلىق پۇلى؛
4) 1909 - يىلدىكى رومانوپ خاندانلىقىنىڭ ئون رۇبلىلىق پۇلى؛
5) 1909 - يىلدىكى رومانوپ خاندانلىقىنىڭ 25 رۇبلىلىق پۇلى؛
6) 1899 - يىلدىكى رومانوپ خاندانلىقىنىڭ 50 رۇبلىلىق پۇلى؛
7) 1910 - يىلدىكى رومانوپ خاندانلىقىنىڭ 100 رۇبلىلىق پۇلى؛
8) 1912 - يىلدىكى رومانوپ خاندانلىقىنىڭ 500 رۇبلىلىق پۇلى؛

يۇقىرىدىكى سەككىز خىل رۇبلى پۇلنىڭ يۈزى ناھايىتى نەپىس ئىشلەنگەن، بۇ پۇللار چىداملىق قەغەزگە بېسىلغان بولۇپ، ئوڭ يۈزىگە روسچە «دۆلەت زايومى» ، «بۇ دۆلەت زايومىغا دۆلەت بانكىسىدىن چەكلىمىسىز ئالتۇن پۇل تېگىشكىلى بولىدۇ» [بىر رۇبلى 1/15 ИМ/IЕРИАЛА (ئىمپېرىيە تىللاسى) غا تەڭ، تەركىبىدىكى ساپ ئالتۇن ДОЛЯ17.424 ( «ДОЛЯ» رۇسلارنىڭ كونا ئېغىرلىق بىرلىكى بولۇپ، 43 .44 مىللىگرامغا تەڭ)] دېگەن خەتلەر بېسىلغان.

9) 1918 - يىل پادىشاھ رۇسىيىسىنىڭ دۆلەت بانكىسى تاشكەنت شۆبىسى تارقاتقان 100 رۇبلىلىق قەغەز پۇل؛
10) 1918 - يىل پادىشاھ رۇسىيىسى تارقاتقان 10 مىڭ رۇبلىلىق قەغەز پۇل؛
11) 1918 - يىل چار پادىشاھ دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى كولچاك ئومسكىدا قۇرغان ھۆكۈمەت تارقاتقان بىر رۇبلىلىق ۋە 100 رۇبلىلىق قەغەز پۇل؛
12) 1918 - يىل چار پادىشاھ دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى كولچاك ئومسكىدا قۇرغان ھۆكۈمەت تارقاتقان ئون رۇبلىلىق، 25 رۇبلىلىق قەغەز پۇل؛
13) ئومسكى ھۆكۈمىتى تارقاتقان 1918 - يىلدىكى بەش رۇبلىلىق، 1919 - يىلدىكى ئۈچ رۇبلىلىق

قەغەز پۇل؛
14) ئومسكى ھۆكۈمىتى تارقاتقان 1920 ـ يىلدىكى 50 رۇبلىلىق قەغەز پۇل؛
15) ئومسكى ھۆكۈمىتى تارقاتقان 1920 ـ يىلدىكى 500 رۇبلىلىق ۋە 1000 رۇبلىلىق قەغەز پۇل.

## 2. چارروسىيە رۇبلىسىنىڭ پارچە پۇلى — مىس كۆپىك (بىر رۇبلى = 100 كۆپىك)

1) بىر كۆپىكلىق مىس پۇل: ئېغىرلىقى 3.4 گرام، دىئامېتىرى 2.1 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.1 سانتىمېتىر؛
2) ئىككى كۆپىكلىق مىس پۇل: ئېغىرلىقى 6.6 گرام، دىئامېتىرى 2.4 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.2 سانتىمېتىر؛
3) بەش كۆپىكلىق مىس پۇل: ئېغىرلىقى 16.7 گرام، دىئامېتىرى 3.2 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 0.25 سانتىمېتىر.

## 3. رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى تارقاتقان ئالتۇن چېكى

1) بىر سەرلىك پۇل؛
2) بەش مىسقاللىق پۇل؛
3) بىر مىسقاللىق پۇل؛
4) ئىككى پۇڭلۇق پۇل؛
5) بىر پۇڭلۇق پۇل؛

## 4. ھىندىستان رۇپىيىسى

پەقەت يۈزىدىكى قىممىتى ئىككى رۇپىيىلىك بىر خىلى تېپىلدى. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە «ھىندىستان زاپاس ساقلاش بانكىسى»، «مەركىزىي ھۆكۈمەت كېپىللىك قىلغان»، «قولىدا بۇ چەك بارلارغا ئىككى رۇپىيىلىك سومما بېرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. خەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئۈچ شىرنىڭ سۈرىتى، سول تەرىپىدە سۇ بەلگىسى بار؛ ئارقا تەرىپىگە يولۋاس سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. پۇل يۈزىدە تارقىتىلغان يىل يوق.

## 5. سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى تارقاتقان يېڭى رۇبلى

1) 1000 رۇبلىلىق پۇل؛
2) 500 رۇبلىلىق پۇل.
(جەمئىي 100، 250، 500، 1000، 5000، 10000 رۇبلىلىق ئالتە خىل پۇل تارقىتىلغان. پۇل ئەۋرىشكىسىدىن يوقىرىقى ئىككى خىلىلا بار).
بۇ قەغەز پۇللار رەڭلىك قىلىپ ناھايىتى نەپىس بېسىلغان. ئۇنىڭ ئوڭ يۈزىگە: راسچوت دوكومېنتى،

روسىيە سوۋېت فېدېراتسىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى، دۆلەت بارلىق مال - مۈلۈك بىلەن كېپىللىك قىلىدۇ دېگەن خەتلەر، خەلق مالىيە كومىسسارى ۋە كاسسىرنىڭ ئىمزاسى بېسىلغان، تارقىتىلغان ۋاقتى 1919 - يىلى چۈشۈرۈلگەن؛ ئارقا يۈزىنىڭ سول تەرىپىگە «بارلىق نامرات ئىشچىلار بىرلىشىڭلار» («پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار» دېگەن مەنىدە) دېگەن رۇسچە خەت، ئاستى - ئۈستى ئىككى تەرىپىگە فرانسۇزچە، ئېنگلىزچە، نېمىسچە يېزىقلاردا يۇقىرىقى شۇئار، ئوتتۇرىسىنىڭ سول تەرىپىگە ئوغاق، بولقا، بۇغداي باشقى بار سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت گېربى ۋە رۇسچە «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار» دېگەن شۇئار چۈشۈرۈلگەن ھەمدە «راسچوت دوكومېنتىنى يالغاندىن ياسىسا قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ» دېگەن خەتلەر بېسىلغان.

بۇ قەغەز پۇلنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بار:

1) يۈزىدىكى قىممىتى چوڭ. سوۋېت ھاكىمىيىتى دەسلەپ قۇرۇلغاندا، جاھانگىرلارنىڭ قوراللىق مۇداخىلىسىگە ۋە ئىچكى ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، ئىقتىسادىي ئەھۋال ئىنتايىن قىيىن بولغان. شۇڭا چوڭ قىممەتتىكى پۇل تارقىتىلىپ، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقتىن ساقلانغان بۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىقتىسادىي كرىزىسنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈر تەدبىرى، شۇنداقلا ئىقتىسادنىڭ يامانلاشقانلىقىنىڭ پۇل تۈزۈمى جەھەتتىكى ئىنكاسى ئىدى.

2) رىغبەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە. قەغەز پۇلنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئالتە خىل يېزىقتا «پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار» دېگەن جەڭگىۋار شوئار بېسىلغان. بۇ — دۇنيانىڭ پۇل تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىردىنبىر مەدەنىي ئىجادىيەت.

3) پۇلنىڭ ھەجمى كىچىك ۋە ئەپچىل بولۇپ، ئېلىپ يۈرۈپ ئوبوروت قىلىشقا قولايلىق. 500 رۇبلىلىق پۇلنىڭ ھەجمىنى مىسالغا ئالساق، پەقەت 108×63 مىللىمېتىرلا كېلىدۇ.

## 6. چەت ئەللەرنىڭ بىر نەچچە خىل مېتال پۇلى

1) شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ تىللاسى؛
2) چارروسىيىنىڭ ئالتۇن رۇبلىسى؛
3) ھىندىستاننىڭ ئالتۇن رۇپىيىسى؛
4) قەدىمكى پېرسىيە كۈمۈش تەڭگىسى؛
5) چارروسىيىنىڭ كۈمۈش رۇبلىسى؛
6) بۇخارا خانلىقىنىڭ كۈمۈش تەڭگىسى (كىچىك تەڭگە).

## § 6 . پۇل قىممىتىنى تېگىشىش نىسبىتى

پۇل قىممىتىنى تېگىشىش نىسبىتى دېگەندە، شىنجاڭدا ئۆزى باسقان قەغەز پۇل بارلىققا كەلگەندىن بۇيان بازاردا ئوبوروت قىلىنغان ئوخشاش بولمىغان قەغەز پۇللارنىڭ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇلۇشىدا سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىش نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ. مېتال پۇلنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتى بولىدۇ. ئۇنىڭ پۇل قىممىتى ئاساسلىقى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. قەغەز پۇل — پۇلنىڭ بەلگىسى، ئۇ، ھۆكۈمەت دائىرىسى تەرىپىدىن تارقىتىلغان ياكى ئېتىراپ قىلىنغان چاغدىلا ئاندىن ئوبوروت قىلىنىدۇ، تېگىشىلىدۇ ۋە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدۇ. شىنجاڭدا ئورغۇنلىغان قەغەز پۇل تارقىتىلدى ۋە ئوبوروت قىلىندى. تۆۋەندە بىر

نەچچە خىل ئاساسلىق قەغەز پۇلنىڭ تېگىشىش نىسبىتىنى تونۇشتۇرىمىز.

شىنجاڭنىڭ ئۆزىنىڭ پۇل قويۇشى (يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان خەنزۇچە - كاروشتىچە ئىككى خىل يېزىقلىق پۇلغا ئاساسلانغاندا) شەرقىي خەن دەۋرىدە باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە تەخمىنەن ئاز كەم 2000 يىل بولدى. شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە قەغەز پۇل بېسىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۈ 16 - يىلى (1890 - يىل) باشلانغان. شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى ليۇجىنتاڭ شىنجاڭنىڭ پۇل قانۇنىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈزىدىكى قىممىتى 400 داچەنلىك مايلىق لاتا پۇل باستۇرغان، شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە 100 يىل بولدى. گەرچە قەغەز پۇلنىڭ تارىخى قىسقا بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك شارائىتى، مەركەزگە يىراق بولۇشى، ئىچكى قۇرۇقلۇقنىڭ يېپىق بولۇشى، زېمىنىنىڭ كەڭ بولۇشى تۈپەيلىدىن، تېخىمۇ مۇھىمى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئىچكى تاشقى مالىمانچىلىق، ئۈستى - ئۈستىلەپ بولۇپ تۇرغان يېغىلىق، سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىم بولماسلىقى تۈپەيلىدىن، 1890 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان 60 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە شىنجاڭ بويىچە ياكى بىر جايدا ئوبوروت قىلىنغان قەغەز پۇل نەچچە ئون خىلغا يەتتى. بۇ قەغەز پۇللارنىڭ بەزىلىرىنى مەركەز، ئۆلكىلىك ھاكىمىيەت تارقاتقان، بەزىلىرىنى تەپرىقىچى ھاكىمىيەت تارقاتقان، يەنە بەزىلىرىنى شەخسىي سودىگەرلەر ۋە چەت ئەل سودىگەرلىرى بانكىسى تارقاتقان. ئۇنىڭ تۈرى ھەر خىل، نامى كۆپ خىل بولۇپ، ئۈزلۈكسىز يەڭگۈشلىنىپ تۇرغان. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى جەريانىدا، مەركەز ۋە ئۆلكە ھاكىمىيىتى تارقاتقان ئوخشاش بولمىغان قەغەز پۇللار ئۆز ئارا تېگىشىش نىسبىتى بويىچە ياكى تېگىشىلگەن، ياكى بىرلىكتە ئوبوروت قىلىنغانلىقنىڭ سىرتىدا، باشقا تۈرلۈك پۇللار ئۆلكىدىن يوقىلىپ، ئوبوروت ساھەسىدىن چېكىنگەن.

شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىگە كەلسەك، جۇڭخۇا مىنگونىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇۋاپىقىيەت قازىنالمىغان. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمى ئاندىن پەيدىنپەي پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلدى. شىنجاڭ بويىچە خەلق پۇلى بىر تۇتاش ئوبوروت قىلىنىپ، 60 يىلدىن بۇيانقى پۇل تۈزۈمىدىكى قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بېرىلدى.

## 1. 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئىلگىرىكى پۇل قىممىتىنىڭ تېگىشىلىش نىسبىتى

1) ئۆلكە پۇلىنى ئىلى پۇلىغا تېگىشىش نىسبىتى. ئىلى پۇلى دېگىنىمىز مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913- يىلى) ئىلى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى باستۇرغان. ئىلىنىڭ بىر ۋىلايەت، ئىككى ناھىيىسىدە ئوبوروت قىلىنغان قەغەز پۇلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ چاغدا ئىلىدا ئۇرۇش بولغانلىقتىن ئىلى دائىرىلىرىنىڭ مالىيە، ھەربىي خىراجىتىنىڭ مەنبەسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئىلى پۇلى قالايمىقان تارقىتىلغان. مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914- يىلى) ئۇرۇش تىنجىدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆلكە پۇلىغا ئىلى پۇلىنى تېگىشىپ يىغىۋالدى. ئالتە مىسقاللىق ئۆلكە پۇلى بىر سەر ئىلى پۇلىغا سۇندۇرۇلدى.

2) ئۆلكە پۇلىغا ئالتايدا بىر تۇتاش ئىشلىتىلگەن كۈمۈش چېكىنى تېگىشىش نىسبىتى. ئالتايدا بىر تۇتاش ئىشلىتىلگەن كۈمۈش چېكىنى مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) دىن باشلاپ ئالتاي مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مالىيە ئىدارىسى بېسىپ تارقاتقان. ئالتاي ئۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ مالىيە چىقىمىنى بېيجىڭدىكى مەركىزىي دۆلەت خەزىنىسى بىۋاستە ئاجرىتىپ، ھەربىي تەمىناتىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى. ھەربىي تەمىنات ھەل بولۇشتىن ئىلگىرى، مەمۇرىي مەھكىمە بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان كۈمۈش چېكى تارقىتىپ، ۋاقىتلىق چىقىم قىلغان. مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) دۆلەت خەزىنىسىدىن

چىقىم قىلىپ بېرەلمەي، ھەربىي خىراجەت ئارتىلىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان كۆمۈش چېكىنى تېگىشىش مۇمكىن بولماي، ھەربىيلەر توپىلاڭ كۆتۈردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۇ يەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، قالايمىقانچىلىقنى تىنجىتىش ئۈچۈن، بىر تۇتاش ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈەن كۆمۈش چېكىنى يەتتە مىسقال ئۆلكە پۇلىغا تېگىشىۋالدى.

3) يېڭى ئۆلكە پۇلىغا كونا ئۆلكە پۇلى، قەشقەر پۇللىرىنى تېگىشىش نىسبىتى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) دىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىدە كۆمۈش سەر بىرلىك قىلىنغان. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدا پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، سەر دوللارغا ئۆزگەرتىلدى. شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى تارقاتقان يېڭى ئۆلكە پۇلىغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى تارقاتقان كونا ئۆلكە پۇلى ۋە قەشقەر پۇلى تېگىشىۋېلىندى. پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندا 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ بىر دوللار يېڭى ئۆلكە پۇلى 2000 سەر كونا ئۆلكە پۇلىغا، 80 سەر كۆمۈش ھېسابىدىكى قەشقەر پۇلىغا سۇندۇرۇلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى پۈتۈن ئۆلكىگە تېلېگرامما ئارقىلىق، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، بىر دوللار يېڭى ئۆلكە پۇلىنىڭ 4000 سەر كونا ئۆلكە پۇلىغا، 160 سەر قەشقەر پۇلىغا سۇندۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

4) فابى، گوەنجىن پۇللىرى بىلەن ئۆلكە پۇلىنىڭ سۇندۇرۇلۇش نىسبىتى. فابى پۇلى مىنگونىڭ 24- يىلى (1935 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلغاندىن كېيىنكى قانۇنىي پۇل، ئۇ مەملىكەت بويىچە ئوبوروت قىلىنغان. گوەنجىن پۇلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تارقاتقان «تاموژنا ئالتۇن بىرلىكى بويىچە تېگىشىش چېكى» بولۇپ، قىسقارتىلىپ (خەنزۇچىدە — ت) «گوەنجىن پۇلى» دەپ ئاتالغان. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 4 - ئايدا قەغەز پۇل سۈپىتىدىكى بىر يۈەن گوەنجىن پۇلى 20 يۈەن فابى پۇلىغا سۇندۇرۇلۇپ، فابى پۇلى بىلەن بىرلىكتە ئوبوروت قىلىنغان. مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۆلكە پۇلى تارقىتىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بىر دوللار ئۆلكە پۇلىنى بىر دوللار فابى پۇلىغا سۇندۇرۇشنى بەلگىلىدى. مىنگونىڭ 31- يىلى (1942- يىلى) شىنجاڭنىڭ باش ۋالىيسى شېڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كومپارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئۆزىنى گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئاتتى. گومىنداڭ مەمۇرىي، ھەربىي كۈچلىرىنىڭ شىنجاڭغا كىرىشىگە ئەگىشىپ، شىنجاڭدا فابى ۋە گوەنجىن پۇللىرى كۆپلەپ تارقالدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 11- ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكى بەش دوللار فابى پۇلىنى بىر دوللار ئۆلكە پۇلىغا، 0.25 دوللار گوەنجىن پۇلىنى بىر دوللار ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇش ھەققىدە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

5) جىن يۈەن پۇلىنىڭ فابى پۇلىغا تېگىشىلىش ۋە ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلۇش نىسبىتى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى جىن يۈەن پۇلى تارقىتىپ، مۆھلەت بەلگىلەپ فابى پۇلىنى تېگىشىپ يىغىۋالدى. جىن يۈەن پۇلى بىلەن فابى پۇلىنىڭ تېگىشىلىش نىسبىتى 1:3 مىليون بولدى. يەنى بىر دوللارلىق جىن يۈەن پۇلى 3 مىليون يۈەنلىك فابى پۇلىغا تېگىشىلدى. مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جىن يۈەن پۇلى تارقاتتى. جىن يۈەن پۇلىنىڭ ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلۇش نىسبىتى 1: 600 مىڭ بولدى، يەنى بىر دوللارلىق جىن يۈەن پۇلى 600 مىڭ دوللار ئۆلكە پۇلىغا سۇندۇرۇلدى.

6) كۆمۈش دوللار پۇلى بىلەن ئۆلكە پۇلىنىڭ تېگىشىلىش نىسبىتى. مىنگونىڭ 38- يىلى (1949- يىلى) 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭدا پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، كۆمۈش تەڭگە ئۆلچەم قىلىنغان، قىممىتى، مىقدارى ئوخشاش بولغان كۆمۈش دوللار پۇلى تارقىتىلدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مىنگونىڭ 38- يىلى (1949 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ بىر دوللارلىق كۆمۈش دوللار پۇلىنى 600 مىليارد دوللار ئۆلكە پۇلىغا تېگىشىش نىسبىتى بويىچە ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۆلكە پۇلىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

## 2. 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىنكى پۇل قىممىتىنىڭ تېگىشلىش نىسبىتى

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۆلكە دائىرىسىدە كۆمۈش دوللار پۇلى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل قەغەز پۇل ئوبوروت قىلىنغان. كۆمۈش دوللار پۇلى گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى باشقۇرۇۋاتقان يەتتە ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىنغان. گەرچە ئۇنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا يەنىلا ئۆلچەملىك پۇللۇق رولىنى ئوينىغان. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتى باشقۇرۇۋاتقان ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ئوبوروت قىلىنغان. بۇ ئىككى خىل قەغەز پۇلىنىڭ ھەر قايسىسى تارقىتىلغان رايونلىرىدا ئوبوروت قىلىنغان، ئۆز ئارا تېگىشلىمىگەن.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلكە ئىچى ـ سىرتىدىكى ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىنى پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرۈش فاڭجېنىنى قوللاندى. مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە، كۆمۈش دوللار پۇلى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، شىنجاڭدا ئارىلاش ئوبوروت قىلىنىشى ئېتىراپ قىلىندى؛ كۆمۈش دوللار پۇلىنى شىنجاڭنىڭ ئاساسىي پۇلى قىلىش، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىنى كۆمۈش دوللار پۇلى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈش بەلگىلەندى؛ شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، كۆمۈش دوللار پۇلىنى ئوبوروت قىلىش توختىتىلىپ، خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، پۇل تۈزۈمى مەملىكەتنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

1950 ـ يىلدىن 1955 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە شىنجاڭ ئۈچ قېتىملىق پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى باشتىن كەچۈردى: بىرىنچى قېتىملىقىدا ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى كۆمۈش دوللار پۇلىغا تېگىشتۈرۈلۈپ، ئۆلكە ئىچىدىكى پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى؛ ئىككىنچى قېتىملىقىدا خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كۆمۈش دوللار تېگىشتۈرۈلۈپ، پۇل تۈزۈمى مەملىكەتنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى؛ ئۈچىنچى قېتىملىقىدا يېڭى خەلق پۇلى (ھازىرقى خەلق پۇلى) تارقىتىلىپ، كونا خەلق پۇلى يىغىۋېلىنىپ، پۇل تۈزۈمى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلدى.

1) كۆمۈش دوللار بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىنىڭ سوندۇرۇپ ھېسابلىنىش ۋە تېگىشلىش نىسبىتى. 1950 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى 1950 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ، كۆمۈش دوللار پۇلى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە بىرلا ۋاقىتتا ئوبوروت قىلىنىدىغانلىقى، بىر كۆمۈش دوللارنىڭ 1250 دوللار ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېككە سوندۇرۇپ ھېسابلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىنىڭ كۆمۈش دوللار پۇلىغا تېگىشتۈرۈلىدىغانلىقى، تېگىشتۈرۈلۈش مۇددىتى 1950ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 31ـ كۈنىگىچە بولىدىغانلىقى، تېگىشىش نىسبىتى بىلەن سوندۇرۇپ ھېسابلاش نىسبىتى ئوخشاش بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان چىقاردى.

2) كونا خەلق پۇلى بىلەن كۆمۈش دوللار پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى ۋە تېگىشلىش نىسبىتى. 1949ـ يىل 12 ـ ئايدىن باشلاپ، شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن پېرېۋوت قىلىشىدىغان بولدى. 1949ـ يىل 12ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەر مىللەت ساھەدىكىلەرنىڭ مەسلىھەت كېڭىشى ماقۇللىغان «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇل ـ مۇئامىلىسىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى لايىھە» دە كۆمۈش دوللار پۇلى

بىلەن كونا خەلق پۇلىنىڭ پىرىۋوت نىسبىتى توغرىسىدا بىر كۈمۈش دوللار پۇلىنى 500 يۈەن خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇش بەلگىلەنگەن. 1950 ـ يىل 7 ـ ئايدىن كېيىن، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسى مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن ئۆز ئارا ماسلاشتى. مەركىزىي مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىغا كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنىڭ پىرىۋوت نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدا ئۈچ قېتىم ئۇقتۇرۇش قىلدى. بىرىنچى قېتىملىقى، 1950 ـ يىل 7- ئاينىڭ 12- كۈنى 1:450 قىلىپ تەڭشەلدى، يەنى بىر يۈەن كۈمۈش دوللار پۇلى 450 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلىدىغان بولدى؛ ئىككىنچى قېتىملىقى، 1951 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى 1:400 قىلىپ تەڭشەلدى، يەنى بىر كۈمۈش دوللار پۇلى 400 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلىدىغان بولدى. ئۈچىنچى قېتىملىقى، 1951- يىل 4- ئاينىڭ 3- كۈنى 1:350 قىلىپ تەڭشەلدى، يەنى بىر كۈمۈش دوللار پۇلى 350 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلىدىغان بولدى.

1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، پۈتۈن شىنجاڭغا ئۇيغۇرچە يېزىقى بار خەلق پۇلى تارقىتىلىدىغانلىقى، بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە كۈمۈش دوللار پۇلىنىڭ يىغىۋېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن كونا خەلق پۇلىنىڭ تېگىشىش نىسبىتى 1:350 بولدى، يەنى بىر كۈمۈش دوللار پۇلى 350 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا تېگىشىلدى.

3) يېڭى خەلق پۇلى بىلەن كونا خەلق پۇلىنىڭ تېگىشىلىش نىسبىتى. دۆلەتنىڭ پىلانلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1955 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن پۈتۈن مەملىكەتتە «يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىپ ھازىر خەجلىنىۋاتقان كونا خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق» چىقىرىپ، مەملىكەت بويىچە 1955 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىش، كونا خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىشنى بۇيرۇدى. يېڭى ـ كونا خەلق پۇلىنىڭ تېگىشىلىش نىسبىتى 1:10 مىڭ بولدى. يەنى بىر يۈەن يېڭى خەلق پۇلىغا 10 مىڭ يۈەن كونا خەلق پۇلى تېگىشىلدى.

## 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئىلگىرىكى پۇل قىممىتىنىڭ تېگىشىلىش نىسبىتى

جەدۋەل: 1 — 5

| تېگىشىش ۋە سۇندۇرۇلۇش نىسبىتىنىڭ ئېلان قىلىنغان ۋاقتى | پۇل نامى | تېگىشىلىدىغان ياكى سۇندۇرۇلىدىغان پۇلنىڭ نامى | سېلىشتۇرما قىممىتى |
|---|---|---|---|
| 1914 ـ يىلى | كونا ئۆلكە پۇلى | ئىلى پۇلى | 0.6 سەر: بىر سەر |
| 1919 ـ يىلى | كونا ئۆلكە پۇلى | ئالتاي كۈمۈش چېكى | 0.7 سەر: بىر دوللار |
| 1939 ـ يىل 2 ـ ئاي | يېڭى ئۆلكە پۇلى | كونا ئۆلكە پۇلى | بىر دوللار: 2000 سەر |
| 1939 ـ يىل 2 ـ ئاي | يېڭى ئۆلكە پۇلى | قەشقەر پۇلى | بىر دوللار: 80 سەر |
| 1939 ـ يىل 2 ـ ئاي | يېڭى ئۆلكە پۇلى | غايى پۇلى | بىر دوللار: بىر دوللار |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1939 ـ يىل 7 ـ ئاي | يېڭى ئۆلكە پۇلى | كونا ئۆلكە پۇلى | بىر دوللار: 4000 سەر |
| 1939 ـ يىل 7 ـ ئاي | يېڭى ئۆلكە پۇلى | قەشقەر پۇلى | بىر دوللار: 160 سەر |
| 1942 ـ يىل 11 ـ ئاي | فابى پۇلى | يېڭى ئۆلكە پۇلى | بەش دوللار: بىر دوللار |
| 1942 ـ يىل 11 ـ ئاي | گومىنجىن پۇلى | يېڭى ئۆلكە پۇلى | 0.25 دوللار: بىر دوللار |
| 1948 ـ يىل 8 ـ ئاي | جىن يۈەن پۇلى | فابى پۇلى | بىر دوللار: 3 مىليون دوللار |
| 1948 ـ يىل 8 ـ ئاي | جىن يۈەن پۇلى | يېڭى ئۆلكە پۇلى | بىر دوللار: 600 مىڭ دوللار |
| 1949 ـ يىل 7 ـ ئاي | كۈمۈش دوللار پۇلى | يېڭى ئۆلكە پۇلى | بىر دوللار: 600 مىليارد دوللار |

## 1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىنكى پۇل قىممىتىنىڭ تېڭشىلىش نىسبىتى

جەدۋەل: 1 — 6

| تېڭشىش پاكى سۇندۇرۇش نىسبىتى ئېلان قىلىنغان ۋاقىت | پۇل نامى | تېڭشىلىدىغان پاكى سۇندۇرۇلىدىغان پۇلنىڭ نامى | سېلىشتۇرما قىممىتى |
|---|---|---|---|
| 1949 ـ يىل 12 ـ ئاي | كۈمۈش دوللار پۇلى | كونا خەلق پۇلى | 500:1 |
| 1950 ـ يىل 2 ـ ئاي | كۈمۈش دوللار پۇلى | ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى | 1250:1 |
| 1950 ـ يىل 11 ـ ئاي | كۈمۈش دوللار پۇلى | ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى | 1250:1 |
| 1950 ـ يىل 7 ـ ئاي | كۈمۈش دوللار پۇلى | كونا خەلق پۇلى | 450:1 |
| 1951 ـ يىل 3 ـ ئاي | كۈمۈش دوللار پۇلى | كونا خەلق پۇلى | 400:1 |
| 1951 ـ يىل 4 ـ ئاي | كۈمۈش دوللار پۇلى | كونا خەلق پۇلى | 350:1 |
| 1951 ـ يىل 10 ـ ئاي | كونا خەلق پۇلى | كۈمۈش دوللار پۇلى | 1:350 |
| 1955 ـ يىل 3 ـ ئاي | يېڭى خەلق پۇلى | كونا خەلق پۇلى | 10.000:1 |

## ئىككىنچى قىسىم

# پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى

[illegible]

# [illegible]

[illegible]

[illegible]

| | |
|---|---|
| 1949 [illegible] | [illegible] |
| 1956 [illegible] | [illegible] |
| [illegible] | [illegible] |
| [illegible] | [illegible] |
| [illegible] | [illegible] |
| [illegible] | [illegible] |
| [illegible] | [illegible] |
| [illegible] | [illegible] |

# ئىككىنچى قىسىم

# پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى

## I باب

## كونا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى

### § 1 . گۆرۈكەشلىك

#### 1 . سودىگەرلەر گۆرۈخانىسى

چىڭ سۇلالىسى يۇڭجېڭنىڭ 6 - يىلى (1728 - يىلى) چىڭ ھۆكۈمىتى گۆرۈ قويۇش، دىسكونت قىلىشنىڭ قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئومۇمەن خەلق ئىچىدە گۆرۈخانا ئېچىشتا، يەرلىك ئەمەلدارلارغا ئەستىقلاتقاندىن كېيىن، پەرمانىبەردار كىنىشكا تارقىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش، يىل بويىچە باج تاپشۇرۇش بەلگىلەندى.

شىنجاڭنىڭ سودىگەرلەر گۆرۈخانىسى تىجارىتى ھەققىدە ئەڭ بۇرۇن چىڭ سۇلالىسىنىڭ داۋگۇاڭ 25 - يىلى (1846 - يىلى) لىن زېشۈي جەنۇبىي شىنجاڭغا بوز يەرلەرنى تەكشۈرۈشكە بارغاندا قاراشەھەردىن كۇچاغا بارغىچە يول ئۈستىدە يېڭىسار (ھازىرقى بۈگۈر ناھىيىسىنىڭ يېڭىسار يېزىسى) دىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ خاتىرىسىگە: «بۇ يەردە مىللەتلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقانىكەن. خەنزۇلار يەر ئىجارە ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىدىكەن، يەنە سەنشىلىك بىر ئۆيلۈك كىشى ئاچقان بىر گۆرۈخانىمۇ بار ئىكەن» دەپ يازغان. گۇاڭشۇ يىللىرى ئۈرۈمچىدە بىر مۇنچە گۆرۈخانىلار ئېچىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەربىي سەپتىن كەسىپ ئالماشتۇرغان خۇنەنلىك لى فامىلىلىك كىشى ئاچقان «شىڭلۇڭ» گۆرۈخانىسى، ۋاڭ لو ئاچقان «فۇشىڭ» گۆرۈخانىسى، لو فامىلىلىك كىشى ئاچقان «يۈەنشىڭ» گۆرۈخانىسى بار ئىدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئۈرۈمچىدە گۆرۈكەشلىك ناھايىتى تەرەققىي قىلغان. سەي خېيچىڭنىڭ «يىشىڭ» گۆرۈخانىسى، شى جىگرۇننىڭ «ۋېن شۇن» گۆرۈخانىسى خېلى داڭلىق ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى «فۇشىڭ»، «ماۋشىڭ» گۆرۈخانىلىرىنىڭ دەسمايىسى 10 مىڭ سەر كۈمۈشتىن ئاشاتتى. يەنە لى گۆرۈخانىسى، چىن گۆرۈخانىسى قاتارلىق بىر مۇنچە كىچىك گۆرۈخانىلار بار ئىدى. مىنگونىڭ 21 - يىلىدىن 22 - يىلىغىچە (1932 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە) ماجۇڭيىڭ ئۈرۈمچىگە ئىككى قېتىم قورشاپ ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن ئۈرۈمچىدىكى سودىگەرلەر گۆرۈخانىلىرى

ئاساسى جەھەتتىن ئۈزۈلۈپ قالدى. لېكىن شىمالىي ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى گۆرۈخانىلاردا داۋاملىق ساقلىنىپ تۇردى. مىنگونىڭ 30 - يىلى (1941 - يىلى)* نەن شاڭيىڭ قاتارلىق 25 نەپەر گۆرۈكەشنى قەشقەر جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ئېيىپلەپ، قەشقەر سوت مەھكىمىسىدىن ئۇلارنى ئېغىر جازانىخورلۇق جىنايىتى بىلەن جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. كېيىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يولىيورۇقى بىلەن ئۇلار گۆرۈ ئۆسۈمى تۆۋەنلىتىلىپ قويۇپ بېرىلدى. ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچىدە سودىگەرلەر گۆرۈخانىلىرى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى چوڭراق شەھەر - بازارلاردا گۆرۈخانىلار ئازىيىش ئۈياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە داۋاملىق كۆپەيدى. بىراق پۇل پاخاللىقى تۈپەيلىدىن 1949 - يىلغا قەدەر سودىگەرلەر گۆرۈخانىلىرى تازا روناق تاپالمىدى. شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن سودىگەرلەر گۆرۈخانىلىرى پۈتۈنلەي توختاپ قالدى.

شىنجاڭدىكى سودىگەرلەر گۆرۈخانىلىرىنىڭ مەبلىغى: 1) گۆرۈكەشلەر ئۆزى مەبلەغ سېلىش؛ 2) خوجايىن مەبلەغ سېلىپ، ئىش بېجىرگۈچى گۆرۈخانا ئېچىپ، پايدىدىن پىرسەنت ئېلىش؛ 3) بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىش؛ 4) بىرلىشىپ مەبلەغ جۇغلاش ئارقىلىق ھەل قىلىنغانىدى. شىنجاڭدا گۆرۈكەشلىكنىڭ تىجارەت دائىرىسى ھەر خىل، ئەھۋاللارمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. مەسىلەن: شەنشىلىك دۇڭ باۋشاڭ ئۈچ ئەۋلات گۆرۈكەشلىك قىلغان. ئۇلار گۆرۈگە ئالغان نەرسىلەرنىڭ دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈش، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، ياقۇت، گۆھەر، قاشتېشى ھەم ئادەتتىكى كىيىم - كېچەكلەرمۇ بار ئىدى. گۆرۈ قويۇش قەرەلى ئادەتتە ئون ئاي بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەيتتى. گۆرۈ قويغۇچى قەرەلى توشۇپ گۆرۈگە قويۇلغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەتمىسە، گۆرۈكەش ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى سېتىپ، پۇلىنى تامامەن ئۆزى ئالاتتى. قەرەلى توشقاندا گۆرۈگە قويغان نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەتكەنلەر ئېيىغا 12 پۇڭ ئۆسۈم تۆلەپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى.

## 2. ھۆكۈمەت گۆرۈخانىسى

يازما خاتىرىلەرگە قارىغاندا شىنجاڭنىڭ ھۆكۈمەت گۆرۈخانىلىرى چيەنلۇڭ يىللىرىدىن باشلانغان. چيەنلۇڭ 39 - يىلى (1774 - يىلى) شىنجاڭ ھۆكۈمەت مەھكىمىسى خەزىنىدىكى ھەربىي خىراجەتتىن 21 مىڭ 312 سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ، ئۈرۈمچىدە «ئىنچىڭ» گۆرۈخانىسىنى ئاچتى. چيەنلۇڭ 60 - يىلى (1795 - يىلى) ئۈرۈمچىدىكى گۇڭنىڭچاڭ (ھازىرقى لومەنچاڭ) دا ھۆكۈمەت گۆرۈخانىسى قۇرۇلۇپ دەسمايىسى 41 مىڭ 92 سەر كۈمۈش، يىللىق پايدىسى 6 مىڭ 200 سەر كۈمۈشكە يەتتى. بارىكۆل، گۇچۇڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىمۇ ھۆكۈمەت گۆرۈخانىلىرى قۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 27 - يىلى (1928 - يىلى) ماۋزېمىن شىنجاڭنىڭ مالىيە - پۇل مۇئامىلە خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، جايلاردىكى ھۆكۈمەت ۋە خەلق ئامىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، تىجارەت بانكىسى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىنىپ، گۆرۈكەشلىك كەسپىنى يولغا قويۇلۇپ، تۆۋەن ئۆسۈملۈك، ئۇزۇن قەرەللىك، قەرەلى توشقاندىن كېيىن قەرەلىنى يەنە ئۇزارتىشقا بولىدىغان ئاممىغا قولايلىق سىياسەتلەر قوللىنىلىپ، گۆرۈكەشلىك كەسپىگە دائىر تۈرلۈك قائىدە - تۈزۈملەر تۇرغۇزۇلدى. بۇ خىل كەسىپنى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانەت بۆلۈمچىسى بېجىردى. ئۇ سىرتقا قارىتا «جامائەت گۆرۈخانىسى» دەپ ئاتالدى. دەسلەپتە قۇرغاس، گۇچۇڭ قاتارلىق جايلاردا مۇشۇنداق گۆرۈخانىلار ئېچىلدى.

ئۈرۈمچى جامائەت گۆرۈخانىسى مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تىجارەت باشلىدى، كېيىن جازانىخورلۇق ئېغىر بولغان كورلا، قاراشەھەر، كۇچا، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىمۇ

گۆرۈگەشلىك كەسپى يولغا قويۇلدى. پۇل پاخاللىقى تۈپەيلىدىن مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) توختاپ قالدى.

شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى گۆرۈگەشلىك كەسپىنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن مىنگونىڭ 29 ـ يىلىدىن 31 ـ يىلىغىچە (1940 ـ يىلىدىن 1942 ـ يىلىغىچە) ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، «تىجارەت بانكىسىنىڭ گۆرۈلۈك قەرز پۇل بېرىش نىزامى»، «ئۈرۈمچى شەھىرى جامائەت گۆرۈخانىسىنىڭ نىزامى» ۋە «تىجارەت بانكىسى گۆرۈ كەسپى بۆلۈمچىسىنىڭ قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن گۆرۈ بۇيۇملىرىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» دېگەن ئۈچ ھۆججەتنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنداق:

1) ئالتۇن، كۈمۈش، كىيىم ـ كېچەك، گەزمال، تېرە، ھەر خىل نەرسىلەر گۆرۈگە ئېلىنىدۇ.

2) گۆرۈگە ئېلىش قەرەلى سەككىز ئايدىن ئون ئايغىچە بولىدۇ. قەرەلى ئۆتۈپ كەتسە، يەنە ئىككى ئاي ئۇزارتىپ بېرىلىدۇ.

3) گۆرۈگە قويۇلىدىغان بۇيۇملارنىڭ باھاسى مۆلچەر بويىچە بېكىتىلىدۇ. ئادەتتە نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ باھاسى ئەسلى باھاسىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ (%60 يېڭى بولمىسا گۆرۈگە ئېلىنمايدۇ)، ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىڭ باھاسى ئەسلى باھاسىنىڭ 60 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ.

4) گۆرۈنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچ پۇڭ بولىدۇ.

5) قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن گۆرۈ بۇيۇملىرىنى تالاشتۇرۇپ سېتىشقا بانكىنىڭ ئالاقىدار خادىملىرى قاتناشقاندىن سىرت، يەنە سودا سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى، سوت مەھكىمىسى تەكلىپ قىلىنىدۇ.

ئۈرۈمچى جامائەت گۆرۈخانىسى قۇرۇلغاندا چىڭ دېرولۇڭ ئۇنىڭ دىرېكتورى (ئىچكى قىسىمدا پۇقرالار پۇل ئامانىتى بۆلۈمى گۆرۈ كەسپى بۆلۈمچىسىنىڭ مۇدىرى)، باۋمىچىڭ گۆرۈ كەسپى ئىشلىرىنى بېجىرگۈچىسى بولدى.

تىجارەت بانكىسى مىنگونىڭ 39 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) ھۆكۈمەت گۆرۈ كەسپىنى يولغا قويۇپ، مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) غىچە ئالتە يىل بۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندى.

**1942 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە جامائەت گۆرۈخانىسى تارقاتقان قەرز پۇل ستاتىستىكىسى**

جەدۋەل: 2 — 1  بىرلىكى: شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى  دوللار

| يىللار | يىللىق كۆرۈلگەن سوممىسى | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق |
|---|---|---|
| 1942 | 11607.50 | 6406.00 |
| 1943 | 1438692.00 | 315351.00 |
| 1944 | 19873566.00 | 251282.00 |
| 1945 | 4365900.00 | 85000.00 |

## جامائەت گۆرۈخانىسىنىڭ 1943 ـ يىلدىن 1945 ـ يىلغىچە بولغان مال باھا ستاتىستىكىسى

جەدۋەل: 2 ـ 2 بىرلىكى: شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى

| بۇيۇم تۈرى | ۋاقتى | ئېغىرلىقى (جىڭ ـ كونا جىڭ) | باھاسى | 1943 ـ يىل 1 ـ ئايدىكىنىڭ ھەسسىسى |
|---|---|---|---|---|
| ئۇن | 1943.1 | 100 | 30 | |
| | 1943.10 | 100 | 70 | 2.3 |
| | 1944.1 | 100 | 300 | 10 |
| | 1944.8 | 100 | 800 | 26.6 |
| | 1945.3 | 100 | 4500 | 150 |
| سۇ ماي | 1943.1 | 1 | 1 | |
| | 1943.12 | 1 | 2.2 | 2.2 |
| | 1944.1 | 1 | 12.00 | 12 |
| | 1944.8 | 1 | 18 | 18 |
| | 1945.3 | 1 | 160 | 160 |
| كۆمۈر | 1943.1 | 100 | 3.20 | |
| | 1943.12 | 100 | 6.00 | 1.9 |
| | 1944.1 | 100 | 15.00 | 4.7 |
| | 1944.8 | 100 | 300 | 93.7 |

# § 2 . سەرراپخانا

## 1. تەرەققىيات جەريانى

سەرراپخانا - چىڭ سۇلالىسىنىڭ جياچىڭ ۋە داۋگۇاڭ يىللىرى بارلىققا كەلگەن، ئاساسلىق پېرېۋوت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتىدۇر.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە «ۋېيفېڭخۇ» سەرراپخانىسى، «تيەنچىڭخىڭ» سەرراپخانىسى ۋە «شېنتۇڭچىڭ» سەرراپخانىسىدىن ئىبارەت ئۈچ سەرراپخانا بار ئىدى. «ۋېيفېڭخۇ» سەرراپخانىسى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، گۇاڭشۈ 17 - يىلى (1891 - يىلى) دىن ئىلگىرى قۇرۇلغان. «شېنتۇڭچىڭ» سەرراپخانىسى تەخمىنەن گۇاڭشۈ 20 - يىلى (1894 - يىلى) قۇرۇلغان. «تيەنچىڭخىڭ» سەرراپخانىسى گۇاڭشۈ 24 - يىلى (1898 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇرۇلغان، ۋاڭ شىشۇ دىرېكتور بولغان. دەسمايىسى 10 مىڭ سەر كۈمۈش ئىدى. تەشكىلىي شەكلى چەكسىز شېرىكچىلىكتىن ئىبارەت بولدى. «شېنتۇڭچىڭ» سەرراپخانىسى هازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمالىي «ئازادلىق» يولى بۇرۇنقى 5 - كوچىدا، «ۋېيفېڭخۇ» ۋە «تيەنچىڭخىڭ» سەرراپخانىلىرى بۇرۇنقى 6 - كوچىدا ئىدى.

بۇ ئۈچ سەرراپخانىنىڭ ئاساسلىق كەسپى شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان ھەربىي تەمىنات ۋە سودا پېرېۋوت پۇللىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە يوللاپ بېرىش، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان مەبلەغ ئالاقىسىنى يۈرۈشتۈرۈش، شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى نەچچە مىڭ چاقىرىملىق يولدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا نەق كۈمۈشلەرنى ئەۋەتىشكە كېتىدىغان خىراجەت ۋە ۋاقىتنى تېجەپ ھۆكۈمەت ۋە شەخسلەرگە قولايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئۈچ سەرراپخانا مۇشۇ ئارقىلىق نۇرغۇن پايدا ئالغانىدى.

«ۋېيفېڭخۇ»، «تيەنچىڭخىڭ»، «شېنتۇڭچىڭ» سەرراپخانىلىرى سەنشى ئۆلكىسىدىكى پىڭياۋ گۇرۇھى (سەنشىدە سەرراپخانىلار پىڭياۋ، چىشەن ۋە تەيگۇدىن ئىبارەت ئۈچ گۇرۇھقا تەۋە ئىدى) غا قارايتتى. «ۋېيفېڭخۇ» بىلەن «تيەنچىڭخىڭ» سەرراپخانىلىرى يەنە ۋېي خەتلىك بەش بىرلەشمە سەرراپخانىنىڭ ئەزاسى (بەش بىرلەشمە سەرراپخانىنىڭ باشقا ئۈچى: «ۋېيتەيخۇ»، «ۋېيشىڭچاڭ» ۋە «شىنتەيخۇ»لاردىن ئىبارەت) ئىدى. «ۋېيفېڭخۇ» سەرراپخانىسىنىڭ پايچېكى خۇزۇڭجى يەنە «تيەنچىڭخىڭ» سەرراپخانىسىنىڭ چوڭ پايچېكى ئىدى. بۇ ئۈچ سەرراپخانا جىن گۇرۇھىنىڭ غوللۇق ئەزالىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ 2 - 3 يۈز مىڭ سەر كۈمۈش دەسمايىسى بار ئىدى. بەش بىرلەشمە سەرراپخانىنىڭ چوڭ پايچېكى خۇ ئائىلىسىنىڭ مۈلكى 7 - 8 مىليون سەر كۈمۈش، تەڭگىگە يەتكەنىدى.

بۇ ئۈچ سەرراپخانا قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى شىنخەي ئىنقىلابىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈرۈمچىنىڭ پېرېۋوت كەسپىنى 20 يىلدىن ئارتۇق مونوپول قىلىۋالدى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ھەربىي تەمىنات ئۈزۈلۈپ قالغاچقا، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان پېرېۋوت مۇئامىلىسىدە پەقەت پۇل پېرېۋوت قىلىنىپلا، پېرېۋوت كەلمەيدىغان بولدى. پېرېۋوت پەرقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) «شېنتۇڭچىڭ» سەرراپخانىسى ئاۋۋال ئىشتىن توختىدى. «ۋېيفېڭخۇ» سەرراپخانىسى مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) يېڭىدىن پاي قوشۇش ئارقىلىق نامىنى «ۋېيفېڭ» تىجارەت بانكىسىغا ئۆزگەرتىپ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇردى ھەم قەشقەردە ئاپپارات تەسىس قىلدى. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) «تيەنچىڭخىڭ» سەرراپخانىسىنىڭ تىجارىتى ناچارلىشىپ، چىقىمنى ئاران قامدىيالايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. مىنگونىڭ 7 - يىلىدىن 10 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا (1918 - يىلدىن 1921 - يىلغىچە) ئاستا -

ئاستا توختاپ قالدى.

## 2. پېرېۋوت

سەرراپخانىلار ئاساسلىقى جايلارنىڭ پېرېۋوت پۇللىرىنى قوبۇل قىلىش، پېرېۋوت پەرقىنى ئۆزئارا كۆتۈرۈۋېتىش ۋە پۇللارنى كۆپ تەرەپلىمە ئاغدۇرۇش چارىسى ئارقىلىق نەق پۇللاردىن پايدىلىنىشنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش يولى بىلەن نۇرغۇن پايدىغا ئېرىشىپ كەلگەنىدى. شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن يىللىق ھەربىي تەمىنات پۇلىنىڭ ھەممىسى 3 مىليون سەر كۈمۈش تەڭگىگە يەتتى. ھەر يىلى ئىچكى ئۆلكىلەردىن مال سېتىۋالغان پۇلمۇ شۇ سانغا يېقىنلاشتى. بۇلارنىڭ پېرېۋوت پەرقىنى سەرراپخانىلار تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، نەق پۇللارنى توشۇپ يۈرۈشتەك ئېغىر يۈكتىن خالاس قىلدى.

سەرراپخانىدا پۇل پېرېۋوت قىلىش - تېلېگراممىا پېرېۋوتى، خەت پېرېۋوتى ۋە چەك پېرېۋوتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلاتتى. ھەربىي تەمىنات كۆپىرەك خەت پېرېۋوتى بىلەن، سودىگەرلەر پۇل پېرېۋوت قىلغاندا كۆپىرەك تېلېگراممىا پېرېۋوتى بىلەن پېرېۋوت قىلىناتتى. پېرېۋوت قىلغان پۇللارنى چىقىم قىلىپ تاپشۇرۇشنىڭ ۋاقىت چەكلىمىسى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇزاق ئىدى. ئادەتتە ئىچكى ئۆلكىلەردىن پېرېۋوت قىلىنغان پۇللاردىن خەت پېرېۋوتىنىڭ ۋاقتى ئىككى ئاي ئۆپچۆرىسىدە بولاتتى. سەرراپخانىلارمۇ شۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ يول ئۈستىدىكى مەبلەغلەرنى خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئىشلىتىۋالاتتى.

سەرراپخانىلارنىڭ پېرېۋوت ھەققى جەھەتتە مۇقىم ئۆلچىمى يوق ئىدى. ئادەتتە ھەر ئىككى جايدىكى كۈمۈش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، پۇلنىڭ كەڭرى ياكى قىسلىقى، ئايلىق ئۆسۈمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، شۇنىڭدەك مۇساپىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى قاتارلىق ئامىللارغا ئاساسەن تەڭشەپ تۇرۇلاتتى. ئادەتتە ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا پۇل پېرېۋوت قىلغاندا ھەر 100 سەر كۈمۈش ئۈچۈن تۆت سەر كۈمۈش ھەق ئېلىناتتى. شىنجاڭدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە كۆپىنچە سودا پېرېۋوتى يوللانغاچقا پېرېۋوت ھەققىدە ئۆزگىرىش چوڭراق بولاتتى. ھەر 100 سەر تەڭگە ئۈچۈن يەتتە - سەككىز سەردىن كۆپىرەك پېرېۋوت ھەققى ئېلىناتتى.

## 3. ئامانەت، قەرز پۇل

سەرراپخانا كەسپىي پېرېۋوتتىن كېلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پېرېۋوت بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، ئامانەت توپلاش، قەرز پۇل تارقىتىش كەسپىمۇ ناھايىتى راۋاجلانغانىدى.

ھۆكۈمەت ئامانىتىگە ئادەتتە ئۆسۈم بېرىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئەمەلدارلار ھۆكۈمەت پۇلىنى يەنىلا سەرراپخانىلارغا ئامانەت قويۇشنى خالايتتى. چۈنكى بىرىنچىدىن، سەرراپخانىلارنىڭ دەسمايىسى كۆپ، پۇل ئامانەت قويۇشتا خەۋپ - خەتەر يوق ئىدى. ئىككىنچىدىن ھۆكۈمەت پۇلىغا ئۆسۈم بېرىلمىسىمۇ، لېكىن بېجىرگۈچى ئەمەلدارلار ئوتتۇرىدىن پايدا ئالالايتتى. ئەمەلدارلار شەخسىي ئامانىتىنىمۇ سەرراپخانىغا قويۇشنى خالايتتى. گەرچە ئۇنىڭ ئۆسۈمى يۇقىرى بولمىسىمۇ، خېيىم - خەتىرى ئاز ئىدى. سەرراپخانىلار تېخى ئۇلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلايتتى، يەنە خالىغان چاغدا ئۇلارنىڭ يۇرتىغا پېرېۋوت قىلىپمۇ بېرەتتى.

سەرراپخانىلار بىر قەدەر ئىشەنچلىك سودىگەرلەرگە قەرز بېرەتتى. قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى، ئۇنىڭ قەرەلى ۋە ئوبوروتتىكى پۇلنىڭ كەڭرى ياكى قىسلىقىغا ئاساسەن بەلگىلىنەتتى. ئوبوروتتىكى پۇل قىس بولغاندا ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈمى يۇقىرى، قەرەلى قىسقا بولاتتى؛ ئوبوروتتىكى پۇل كەڭتاشا بولغان چاغلاردا ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈمى تۆۋەن، قەرەلى ئۇزۇنراق بولاتتى. سەرراپخانىلار ئىناۋەت قەرز پۇلى تارقىتىشنى خالايتتى ئادەتتە رەنلىك قەرز پۇلنى بېجىرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆسۈمى بىر پۇڭ ئىككى - ئۈچ لى بولاتتى. ئەمەلدارلارغا ئالاھىدە

مۇناسىۋەت بويىچە قەرز پۇل بېرىلەتتى، ئۇلاردىن ئېلىنىدىغان ئۆسۈم باشقىچىرەك بولاتتى. مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگە كەلگەندە «تيەنچىڭخاڭ» سەرراپخانىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى تارقاتقان قەرز پۇل 130 مىڭ سەرگە، توپلىغان ئامانەت پۇلى 40 مىڭ سەرگە يەتتى.

## 4 . باشقۇرۇش

1) سەرراپخانىلارنىڭ باش سەرراپخانا بىلەن شۆبە سەرراپخانا، بىرلەشمە سەرراپخانىلار ئوتتۇرىسىدا بىر يۈرۈش كەسپىي ئالاقىلىشىش چارىسى بولۇپ، ئۇلار بازار ئۇچۇرىنى ئىگىلەشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇلار ئۈچ كۈندە بىر پارچە ئالاقە، بەش كۈندە بىر پارچە خەت ئەۋەتىپ بازار ئەھۋالى، ئوبوروتتىكى پۇللارنىڭ ئاز - كۆپلىكى، ئۆسۈم (پىرسەنت) نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى ئۇقتۇشۇپ تۇراتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن مەبلەغلەرنى بىر تۇتاش جۇغلاپ، بۆيرۈپ بېرىپ، كىرىمگە قاراپ چىقىم قىلىپ، بازارنى تەڭشەپ تۇراتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىچكى قىسىمدا ئوردېرلارنى يوللاش، بۇغالتىرىيە ھېساباتى، نەق پۇل كاسسىسى، مۇئامىلىلەرنى مېمورىئال قىلىش، ھېساباتنى سېلىشتۇرۇش، كەسپىي مەلۇمات بېرىش، پايدىنى تەقسىم قىلىش قاتارلىق باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۇرغۇزۇپ، يېقىنقى زامان بانكىلىرى ئۈچۈن ئۈلگە تىكلىگەنىدى.

2) «ئىشقا قاراپ ئادەم ئىشلىتىش» ۋە «گۇمانلىق كىشىلەرنى ئىشلەتمەسلىك» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئادەملەرنى تاللاپ ئىشلىتەتتى ھەم ئۇلارغا تولۇق ھوقۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇراتتى.

3) ئىناۋەتنى تەكىتلەپ، ئۆزى بېجىرگەن كەسپلەرگە چەكسىز مەسئۇل بولاتتى.

4) تەشكىللەش - باشقۇرۇش جەھەتتە ئائىلە باشلىقلىق تۈزۈمى ۋە مەبلەغكە چەكسىز مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلاتتى. سەرراپخانىلار ئۆز ئالدىغا مەبلەغ سالغان ياكى بىرلىشىپ مەبلەغ سالغان چەكسىز مەسئۇلىيەت تۈزۈمىدىكى كارخانا بولۇپ، مەبلىغى ئازلىرىنىڭ نەچچە 10 مىڭ سەر، كۆپلىرىنىڭ 200 - 300 مىڭ سەر دەسمايىسى بولۇپ، پۇل ئامانەت، قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى بىر نەچچە مىليون سەرگە يېتەتتى. دەسمايىسى ئاز بولسىمۇ چەكسىز مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغانىدى.

5) «ئادەم پاي» تۈزۈمى. «ئادەم پاي»، «كۈمۈش پاي» غا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، بۇ يەنە «جىسمانىي پاي» ياكى «ھەدىيە پاي» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇنىڭغا سەرراپخانا تىجارىتىدە رولى بىر قەدەر چوڭ بولغان شېرىكلەر ئاللىناتتى. ئۇلار «كۈمۈش پاي قوشمىسىمۇ كۈمۈش پاي قوشقانغا ئوخشاش پايدىدىن بەھرىمەن بولاتتى. ھەر بىر سەرراپخانىغا قوشۇلغان «ئادەم پاي» نىڭ ئومۇمىي سانى بىلەن «كۈمۈش پاي» نىڭ نىسبىتى ئوخشىمايتتى. بەزىلىرىدە ھەر بىرى يېرىمىنى دېگۈدەك ئىگىلەيتتى.

6) «بۇرادەرلىك تۈزۈمى» بەزى سەرراپخانىلار شاگىرت تاللاشتا قانداشلىق، يۇرتداشلىق، ۋە يېقىن مۇناسىۋەتچىلەرنىلا تاللايتتى. بۇنداق مۇناسىۋىتى بولمىغانلار قوبۇل قىلىنمايتتى. بەزى سەرراپخانىلار ئادەمنىڭ تەقتى - تۇرقىغا قاراپ تاللايتتى. قەددى قامىتى كېلىشكەن، سالاپەتلىك، ئەدەپ - قائىدىلىك بولغانلىرى لاياقەتلىك ھېسابلىناتتى. بەزى سەرراپخانىلار 15 ياشتىن 25 ياشقىچە بولغانلارنى تاللايتتى. قوبۇل قىلىنغانلار ئالدى بىلەن باش سەرراپخانىدا ئىشلەيتتى. ئىش ھەققى بېرىلمەيتتى. شاگىرتلىق ۋاقتى توشقاندىن كېيىن شۆبە سەرراپخانىلاردا ۋەزىپە بېرىلەتتى. ئائىلىسىگە خەت يېزىشقا، نەرسە - كېرەك ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلىنمايتتى (خەت يېزىش، نەرسە ئەۋەتىشكە توغرا كەلسە باش سەرراپخانىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈشى شەرت ئىدى)، ئۈچ يىل ئىچىدە ئۆيىگە قايتىشقا رۇخسەت بېرىلمەيتتى.

7) تەربىيىلەش تۈزۈمى. سەرراپخانىلار تەربىيىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى، شاگىرتلاردىن ئەدەپ - قائىدە، مەدەنىيەت، كەسپىي، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش، شۇ

ئارقىلىق تىل - ئەدەبىيات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش تەلەپ قىلىناتتى.

8) مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمى. سەرراپخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش قاتتىق مۇكاپاتلاش - جازالاش تۈزۈمى بولۇپ، خىزمەت كۆرسەتكەنلەر مۇكاپاتلىناتتى. خاتالىق ئۆتكۈزگەنلەر جازالىناتتى. بۇرادەرلەر پاي قوشۇشتىن ئىلگىرى پەقەت سەرراپخانىلاردىلا ئىشلەيتتى. ئۆيىگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئازراق خاتالىق ئۆتكۈزسىلا دەرھال ھەيدىلەتتى. بۇنداقلارنى باشقا سەرراپخانىلارمۇ ئىشلەتمەيتتى.

## 3 § . ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى

### 1. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى

1) ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى پۇل تۈزۈملىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن باش مۇپەتتىش ليۇجىنتاڭ ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلىشنى قارار قىلدى. گۇاڭشۈ 15 - يىلى (1889 - يىلى) 12 - ئايدا ناھىيە ئامبىلى چېن چىفىڭ ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلەندى. دەسمايە قىلىش ئۈچۈن جەمئىي 25 مىڭ 700 سەر كۈمۈش بېرىلدى. 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئىش باشلاندى. ئورنى ھازىرقى ئۈرۈمچى شەھىرى «مىڭدېي» كوچىسىدىكى خەلق بانكىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى تىجارەت باشلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاساسەن پۇل بىلەن كۈمۈشنى ئالماشتۇرۇش كەسپىنى بېجىردى ھەم داچەننى ئىشلىتىشنى يولغا قويدى. داچەن يېتەرلىك بولمىغانلىقى ئۈچۈن قاراشەھەر، كۇچا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، داچەن يىغىپ، تېگىشىپ، ئۈرۈمچىگە يۆتكىدى. گۇاڭشۈ 16 - ۋە 23 - يىللىرى ئىككى قېتىم 13 مىڭ پارچە مايلىق لاتا پۇل تارقىتىلدى. ھەر بىرسىنىڭ قىممىتى 400 داچەن بولۇپ، بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى.

2) قەشقەر ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى

گۇاڭشۈ 14 - يىلى (1888 - يىلى) ئەتىيازدا قەشقەر ئايمىقىدىكى يۈەن ياۋلىڭ يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلدى. دەسمايىگە ئايماق خەزىنىسىدىن 5000 سەر كۈمۈش قەرز بېرىلدى. گۈللۈك پۇل سىناق تەرىقىسىدە ئىشلىتىلدى. بۇ خىل پۇل چەت ئەل قەغىزىگە بېسىلغان، يۈزىدىكى قىممىتى 400 داچەن ئىدى، بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى. بۇ ئادەتتە «چەت ئەل قەغىزىگە بېسىلغان گۈللۈك پۇل» دەپ ئاتىلىپ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئوبوروت قىلىندى.

3) ئاقسۇ ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى

گۇاڭشۈ 28 - يىلى (1902 - يىلى) 8 - ئايدا ئاقسۇ ئايمىقىدىن جياڭ يۈيۈ يۇقىرىنىڭ تەستىقى بىلەن ئاقسۇ كونا شەھەر ۋە قاراشەھەر ناھىيىلىرىدە ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلدى. ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسى شۇ ناھىيىنىڭ تېلېگراممىا ئىدارىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى لوجۇنجيېنى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى قوشۇمچە باشقۇرۇشقا تەيىنلىدى. ئىككى جايدىكى پۇل ئىدارىلىرىگە دەسمايە ئۈچۈن جەمئىي 30 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىلىپ، 40 مىڭ پارچە گۈللۈك پۇل باستۇرۇلدى. ئۇنىڭ ھەر بىر پارچىسى بىر سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى. كېيىن يەنە ئۆلكە خەزىنىسىدىن 30 مىڭ پارچە مايلىق لاتا پۇل ئېلىپ كېلىنىپ دەسمايە ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. گۇاڭشۈ 30 - يىلى (1904 - يىلى) غا كەلگەندە ئەمەلىي ساقلانغان كۈمۈش دەسمايىسى 78 مىڭ 521 سەرگە يەتتى.

گۇاڭشۇ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) ئاقسۇ ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى تىيەنجىنلىك سودىگەر جۇشىگيۇڭ 30 مىڭ سەرگە ھۆددىگە ئالدى. كېيىن جۇشىگيۇڭ ۋەيران بولۇپ، ھۆددىگە بېرىلگەن دەسمايە بىلەن ئۆسۈمى يوقىتا چىقتى.

**4) ئىلى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى**

تۇڭجى 10 ـ يىلى (1871 ـ يىلى) چارروسىيە ئىلىنى بېسىۋالدى. تاكى گۇاڭشۇ 7 ـ يىلى (1881ـ يىلى) غا كەلگەندە ئاندىن قايتۇرۇۋېلىندى. ئون يىل ئىچىدە ئىلى بازارلىرىدا ئوبوروت بولۇۋاتقان مىس پۇللارنىڭ تولىسىنى روسىيىلىكلەر يىغىۋېلىپ، ئۆزگەرتىپ روسىيە پۇلى قويۇپ، ئىلى بازارلىرىدا ئوبوروت قىلدۇردى. بىراق گۇاڭشۇ 14 ـ يىلى (1888 ـ يىلى) غا كەلگەندىمۇ بازارلارنى يەنىلا روسىيە قەغەز پۇلى (قەغەز رۇبلى)، روسىيە تەڭگىسى (كۈمۈش رۇبلى) ۋە روسىيە پۇلى (مىس كوپىك) قاپلىغانىدى. روسىيە پۇلىغا قارشى تۇرۇپ جۇڭگو پۇلىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن ئىلى جياڭجۈنى سىيلىنئا چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئىجازىتى بىلەن ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى تەسىس قىلىپ قەغەز پۇل تارقىتىپ يارماق بىلەن تەڭ ئوبوروت قىلدۇردى. گۇاڭشۇ 15 ـ يىلى (1889 ـ يىلى) سۈيدۈڭ، غۇلجىلاردا ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى تەسىس قىلىنىپ، دەسمايە ئۈچۈن جەمئىي 80 مىڭ سەر كۈمۈش بېرىلدى. ۋالىي پەن شاۋسۇ ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇردى. گۇاڭشۇ 18 ـ يىلى (1892 ـ يىلى) كۈرە يېڭى شەھىرىدە ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى قۇرۇلدى. گۇاڭشۇ 20 ـ يىلى (1894 ـ يىلى) ئىلى جياڭجۈنى چاڭ گېڭ خىراجەتنى تېجەش ئۈچۈن سۈيدۈڭ ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى كۈرە پۇل ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىپ، ئىلى رايونى تىيەنجىن گۇرۇھىدىكى سودىگەر ئەن ۋېنجۇڭنى ئىلى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنىڭ باش خوجىدارى ۋە قوشۇمچە ھۆكۈمەت چاي ئىدارىسىنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى، بۇ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە شۇ بويىچە ئىشلەندى.

**5) پەرمانبەردار ۋاڭ شۈنەننىڭ ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشى**

گۇاڭشۇ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) پەرمانبەردار ۋاڭ شۈنەن پۇل مۇئامىلە ئوبوروتىنى راۋانلاشتۇرۇپ، خەزىنە كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، پۇل قانۇنىنى يولغا قويۇپ، بانكا تۈزۈمىنى تەقلىد قىلىپ تۈزۈم بەلگىلىدى. ئالدى بىلەن ئۇ ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللىدى. ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ھۆكۈمەت باش پۇل ئىدارىسى، ئۈرۈمچى، ئىلى ـ تارباغاتاي، ئاقسۇ، قەشقەردىن ئىبارەت تۆت ئايماقتا ھۆكۈمەت پۇل باشقۇرۇش چوڭ ئىدارىلىرى تەسىس قىلىندى. ۋىلايەت، ناھىيىلەردىن تاشقۇرغان، چاقىلىق، لوپنۇر ۋە قورغاستىن باشقا ھەممە جايدا شۆبە ئىدارە تەسىس قىلىندى. باش ئىدارىنى ۋاڭ شۈنەن ئۆزى باشقۇردى. چوڭ ئىدارىلەرنى ھەر قايسى ئايماق، ۋىلايەتلەرنىڭ ئەمەلدارلىرى باشقۇردى. شۆبە ئىدارىلەرنى باشقۇرۇشقا يەرلىك ئەمەلدارلار شۇ جايدىكى باي سودىگەرلەرنى تەكلىپ قىلدى. دەسمايە ئۈچۈن جەمئىي 1 مىليون 200 مىڭ سەر كۈمۈش تارقىتىلدى. بۇنىڭ 60 پىرسەنتى ھۆكۈمەت پۇلى (قەغەز پۇل)، 40 پىرسەنتى نەق پۇل (تىللا، كۈمۈش تەڭگە، كۈمۈش ۋە داچەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىدى. ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنىڭ ۋەزىپىسى قەغەز پۇل (ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل) تارقىتىش، كۈمۈش پۇل تېگىشىش، قەرز پۇل تارقىتىپ، ئۆسۈم ئېلىش، ئامانەت پۇلىغا ئۆسۈم بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە 12 ماددىلىق ئىدارە نىزامنامىسى، ئالتە ماددىلىق پۇل پېرېۋوت نىزامنامىسى، ئالتە ماددىلىق پۇل قەرز بېرىش نىزامنامىسى تۈزۈلدى. قەرز پۇلنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئۆسۈمى ئۈچ پۇڭ قىلىندى.

## 2. جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى

چىڭ سۇلالىسىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى

توختىتىپ قويۇلدى. مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) ياڭ زېڭشىن مالىيەدىكى قىزىل رەقەمنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، كۆپ خىل چارىلەرنى قوللىنىپ ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى تەرتىپكە سالدى:

1) نىزامنامىلار ئۆزگەرتىپ تۈزۈلدى. ئۆرۈمچىدىكى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى مالىيە مەھكىمىسى باشقۇرۇپ، مەخسۇس قەغەز پۇل تېگىشش كەسپىنى بېجىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكە ئىچىدىكى پېرېۋوت كەسپىنى بېجىرىش، پۇل قەرز بېرىش كەسپىنى توختىتىش بەلگىلەندى.

2) ھۆكۈمەتنىڭ نازارەتچىلىكىدە سودىگەرلەر باشقۇرۇش. ناھىيىلەردىكى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىلىرىدىن ئومۇمەن دەسمايىسىنى تاپشۇرمىغانلار ياكى يەنىلا ھەر يىلى پايدا تاپشۇرىدۇ ياكى كونا نىزامنامە بويىچە ھەر يىلى بەلگىلىمە بويىچە ئۆسۈم تاپشۇرىدۇ (يىلىغا 8 لى). مىنگونىڭ 6 ـ يىلىدىن باشلاپ سودىگەرلەر ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش، يەرلىك ئەمەلدار، مەھكىمىلەر نازارەت قىلىش تەدبىرى يولغا قويۇلدى. ھۆددىگەر سودىگەرلەر ئۆسۈمنى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ پۇڭدىن ئاشۇرۇۋېتىمىدى. نىزامنامىغا خىلاپ ھالدا ئۆسۈمنى ئۆستۈرۈشكە رۇخسەت قىلىنمىدى.

ياڭ زېڭشىننىڭ ھەر قايسى ناھىيىلەردىكى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىلىرىگە قوللانغان ھۆكۈمەت نازارەت قىلىش، سودىگەرلەر باشقۇرۇش تەدبىرىنىڭ ھېچقانداق نەتىجىسى بولمىغانلىقتىن، كېيىنچە ئۆرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىدىن باشقا جايلاردىكى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىلىرى توختاپ قالدى.

3) ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنىڭ ئىش بېجىرىش پىرىنسىپلىرى بەلگىلەندى.

(1) سىرت ئۆلكىلەردىكى سودىگەرلەر ۋە پۇقرالارنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ دەسمايىسىنى ئېلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. دەسمايە ۋە ئۆسۈمنىڭ ئىزى يوقاپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

(2) يەرلىك باي سودىگەرلەرنى تاللاپ ھۆددىگە بېرىلىدۇ، ئەمما ئالدى بىلەن دەسمايە ئالغۇچىلارنىڭ مۇقىم مۈلۈك سوممىسى تەكشۈرۈلۈپ ئېنىقلىنىدۇ. ئەگەر تۇراقلىق مۈلكى ئۇ ئالىدىغان دەسمايىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق بولسا، ھاكىم ئۇنىڭ ئاساسلىرىنى تەكشۈرۈپ، تىزىملاپ ئەنگە ئېلىپ، كاپالەت قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ھۆكۈمەت پۇلىنى ئېلىشقا بولىدۇ. ئەگەر ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرغۇچىنىڭ مۇقىم مۈلكى بار بولىمۇ تەكشۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەس بولسا، يەنىلا ھۆكۈمەت دەسمايىسىنى ئېلىشقا بولمايدۇ.

(3) سودىگەرلەر دەسمايىنى ئالغاندىن كېيىن، ناھىيە ھاكىمى نازارەت قىلىدۇ. ھاكىم مەنسىپىدىن چۈشكەندە ھېساباتنى تاپشۇرىدۇ. ئەگەر زىيان كۆرۈلسە ھاكىم مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئۈستىگە ئالىدۇ.

شايار ناھىيىسىنىڭ ھاكىمى خۇاڭ يەنجىن ئىلگىرى ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىسىدە مەنسەپتە ئولتۇرغاندا ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنىڭ دەسمايىسىدىن 14 مىڭ 800 سەر كۈمۈش زىيان چىقىپ، كۆپ قېتىم سۈيلەنگەن بولسىمۇ پەرۋا قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلىپ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەملىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئاندىن كېيىن زىياننى تۆلىتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى خىلمۇ ـ خىل چەكلەش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنىڭ تەرەققىياتى چولڭ بولمىدى. 1928 ـ يىلى (مىنگونىڭ 17 ـ يىلى) جىن شۇرېن شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىلىرى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 3. ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنىڭ كەسپى

### 1) تېگىشش كەسپى

شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە جايلاردا تەسىس قىلىنغان ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىلىرى ئاساسلىق داچەننى ئېشلىتىشنى يولغا قويۇپ، كۈمۈش پۇل تېگىشش ئىشىنى بېجىردى. ئۆرۈمچى ھۆكۈمەت

پۇل ئىدارىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاراشەھەر، كۇچا، تۇرپانلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، داچەن تېگىشتۇرۇپ ئۆلكىگە يۆتكەپ، ئەگرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈردى. گۇاڭشۈ 16 - يىلىدىن 23 - يىلىغىچە ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى ھەر بىرىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 400 يارماقلىقتىن 13 مىڭ پارچە مايلىق لاتا پۇل تارقاتتى. گۇاڭشۈ 29 - يىلىدىن 33 - يىلىغىچە يەنە 300 مىڭ پارچە مايلىق لاتا پۇل تارقىتىلىپ، ھەر بىر پارچىسى 400 يارماققا ياكى بىر سەر كۈمۈشكە تېگىشىلدى. ئۇنىڭ تېگىشىش پەرقى ئۈچۈن ئۈچ يۈزدىن پايدا ئېلىندى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا پۇل كەمچىل، كۈمۈش قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن، مايلىق لاتا پۇل دەسلەپتىلا تولۇق نەقلەشتۈرۈلمەي قالدى. يەنە مايلىق لاتا پۇلنىڭ بېسىلىشى قوپال بولۇپ، ساختىسى كۆپ بولغانلىقتىن، ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى ئىنتايىن چوڭ زىيان تارتتى. گۇاڭشۈ 34-يىلى (1908- يىلى) ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى ئۆزگەرتىپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، پەرمانبەردار ۋاڭ شۇنەن شائخەيدە 100 پارچە چوڭ ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل باستۇردى. بۇ 1 مىليون سەر كۈمۈشكە سۇندۇرۇلدى. بۇ خىل پۇل ئۆلكە ئىچىدە ئاشلىق بېجى تاپشۇرۇشقا ۋە ھۆكۈمەتكە پۇل تاپشۇرۇشقا ئىشلىتىلدى، شۇنداقلا ئەينى ۋاقىتتىكى بازارلاردا ئومۇميۈزلۈك ئوبوروت بولىدىغان تىللا، كۈمۈش تەڭگە، ساپ كۈمۈش ۋە يارماققا تېگىشىلدى.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) ياڭ زېڭشىن يېڭى ئۆلكە پۇلى (ئۆلكە پۇلى ياكى ھۆكۈمەت پۇلى دەپ ئاتالغان) بېسىپ تارقىتىپ، تېگىشىش كەسپىنى يولغا قويدى. كېيىن ئۆلكە پۇلى ئىناۋىتىنى يوقاتقانلىقى ئۈچۈن كۇرسى چۈشۈپ، نەقلەشتۈرۈشكە بولمىدى. دائىم تېگىشىش تۇيەيلىدىن قىستاڭچىلىق ۋە جېدەل چىقىپ تۇردى. مەسىلەن 400 يارماقلىق پۇل چېكىگە پەقەت ئازغىنە يارماق تېگىشىپ بېرىلىپ، قالغىنىغا كىچىك سۈرەتلىك پۇل (100 يارماقلىق قەغەز پۇل) بېرىلەتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھەر كۈنى تولۇق تېگىشكىلى بولمايتتى.

2) پۇل ئامانەت، پۇل قەرز بېرىش ۋە پېرېۋوت كەسپى

ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئاساسلىقى كۈمۈش بىلەن قەغەز پۇلنى تېگىشىش كەسپىنىلا بېجىرەتتى. گۇاڭشۈ ئاخىرقى يىللىرى پەرمانبەردار ۋاڭ شۇنەن ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، پۇل قەرز بېرىش ۋە پېرېۋوت كەسپىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە: «تۇرلۇك ھۆكۈمەت پۇللىرىنى ئەگىلا ئېلىپ بارسا تېگىشكىلى بولاتتى. لېكىن قائىدە بويىچە ئۆسۈم قوشۇلاتتى. ۋىلايەتتىن ئۆتمىسە بەش مىسقال كۈمۈش قوشۇلاتتى. شىنجاڭدا تۆت ۋىلايەت بولۇپ، قوشۇلغاندا ئىككى سەر بەش مىسقال بولاتتى. بىرەر ئىش بىلەن سىرتقا چىققاندا، ھۆكۈمەت پۇلىنى ئېلىپ يۈرۈش قىيىن بولغانلىقتىن ھۆكۈمەت پۇلى پۇل ئىدارىسىگە تاپشۇرۇلۇپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرەپلەرگە پېرېۋوت ئارقىلىق يەتكۈزۈپ بېرىلەتتى، بۇ ھەقتە ئالتە ماددىلىق نىزامنامە تۈزۈلدى.

شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ناھىيىلەردىكى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى توختىتىپ قويۇلدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى ياڭ زېڭشىن يەنە ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىلىرىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، پۇل تېگىشىش كەسپىدىن باشقا يەنە پېرېۋوت كەسپىنىمۇ يولغا قويدى. بىراق قەرز پۇل تارقىتىشنى توختاتتى. مىنگونىڭ 6 - يىلى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى سودىگەرلەر ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش قايتا يولغا قويۇلۇپ، ھۆددىگە ئالغۇچى سودىگەرلەرنىڭ قەرز پۇل تارقىتىشىغا ئىجازەت بېرىلدى. ئۆسۈمى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئۈچ يۈزدىن ئېشىپ كەتمىدى. نىزامنامىگە خىلاپ ھالدا ئۆسۈمنى ئۆستۈرۈپ، پۇقرالارغا زىيان سېلىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. بىراق ھۆكۈمەت ھەر قانداق بىر ئىش قىلغاندا، يەرلىك ئەمەلدارلار ساختىپەزلىك قىلىپ پۇقرالارنى زىيانغا ئۇچرىتىپ كەلدى. ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىمۇ شۇ بويىچە قەرز پۇل تارقاتتى.

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) ئىلىدىكى چارۋىچىلار ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى ۋە تېرە - يۇڭ شىركىتىدىن ئەتىيازدا پۇل قەرز ئېلىپ، كۈزدە قايتۇردى. بىراق قويلارنى ئەرزان باھاغا سۇندۇردى. ئەگەر

شۇ يىلى قايتۇرالمىسا ئۆسۈم قوشۇلۇپ، ئۆسۈمى يىلدىن - يىلغا كۆپىيىپ، مەڭگۈ تۈگىمەيدىغان قەرزگە ئايلىناتتى. مەسىلەن قىزاي، ئالبان قەبىلىسىدىكى قازاق چارۋىچىلار ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىگە 172 مىڭ 400 سەر قەرزدار بولۇپ قېلىپ، ئۇ قەرز 25 مىڭ 200 قويغا سوندۇرۇلدى. چېگرا باقاۋۇلى گۇاڭخۇ: «چارۋىچىلار بىلەن تەيجى، مىڭبېشى ۋە يۈز بېشىلار بۆلۈشۈپ قايتۇرۇش» نى قارار قىلدى. لېكىن ئىلىدىكى قازاق چارۋىچىلار ئىنتايىن نامرات بولغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن دائىرىلىرى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ، قەرز ئارتىلىپ قالغان قوينىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلدى.

مىنگونىڭ 11 - يىلى (1922 - يىلى) يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى ئارقىلىق قەرز تارقىتىپ، پۇقرالارنى شىلىۋالدى. ياڭ زېڭشىن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىگە تارقىتىلغان قەرز پۇللارنى چەكلىك مۇددەت ئىچىدە يىغىۋېلىشنى بۇيرىدى.

ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىگە پۇل ئامانەت قويۇلسا ئايمۇ - ئاي ئۆسۈم بېرىلدى. مەسىلەن: ئېينى ۋاقىتتا مائارىپ نازارىتىنىڭ مىچۈەندىكى بىر نەچچە مىڭ مو ئوقۇتۇش ۋەخپە يېتىزلىرىنىڭ ئىجارە پۇلى پۈتۈنلەي ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىگە ئامانەت قويۇلۇپ، ھەر ئايدا ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى ئۇنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى بۇيرۇپ بەرسە مەكتەپلەرنىڭ چىقىمى ئۈچۈن ئىشلىتىلەتتى.

## § 4. رۇس - ئاسىيا بانكىسى

### 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

گۇاڭشۈ 20 - يىلى (1894 - يىلى) چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى جۇڭگو - ياپونىيە «جياۋۇ ئۇرۇشى» دا مەغلۇپ بولۇپ، «ماگۇەن شەرتنامىسى» غا ئىمزا قويۇپ، ياپونىيىگە 200 مىليون سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلىدى. بۇ شۇ چاغدىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ يىللىق مالىيە كىرىمىگە توغرا كەلگەچكە، تاشقى قەرز ئارقىلىق تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. چار روسىيە بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، فىرانسىيە بىلەن بىرلىشىپ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە 400 مىليون فىرانك قەرز بەردى. چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھىم ئادىمى بولغان لى خۇڭجاڭغا پارا بېرىپ، جۇڭگودا رۇس - ئاسىيا بانكىسىنى قۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىۋالدى. ئۇنىڭ باش بانكىسى پېتىربورگدا تەسىس قىلىندى.

جۇڭگونىڭ نۇرغۇن چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەرلىرىدە بۇ بانكىنىڭ ئاپپاراتلىرى بار ئىدى. شىنجاڭدا گۇاڭشۈ 26 - يىلى (1900 - يىلى) ئالدى بىلەن قەشقەردە رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ شۆبىسى قۇرۇلدى. گۇاڭشۈ 29 - يىلى (1903 - يىلى) يەنە ئىلىدىمۇ شۆبە بانكا تەسىس قىلىندى. ئۇزۇن ئۆتمەي تارباغاتايدىمۇ شۆبە بانكا قۇرۇلدى (1920 - يىلىنىڭ بېشىدا تاقالدى). تۇرپان، باركۆل، گۇچۇڭ، جىمسار، يەكەنلەردىمۇ ۋاكالەتچى ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى. چارروسىيە ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قەشقەر بىلەن ئىلىدىكى ئىككى شۆبە بانكىنى روسىيە چېگرىسى ئىچىدىكى سەمەرقەنت مەركىزىي شۆبە بانكىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزدى. تارباغاتايدىكى شۆبە بانكىنى بولسا ئۇلارنىڭ سىبىرىيىدىكى بارنول مەركىزىي شۆبە بانكىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئۈرۈمچىدىكى شۆبە بانكا مىنگونىڭ 8 - يىلى (1919 - يىلى) قۇرۇلدى. رۇس - ئاسىيا بانكىسى شاڭخەي باش ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سابىق ئىلى شۆبە بانكىسىنىڭ دىرېكتورى سوۋروۋ شاڭخەيدىن مال يۆتكەپ گەنسۇ - موڭغۇلىيە چېگرىسىدىكى يايلاق ئارقىلىق شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىپ سېتىپ، ئۇنى دەسمايە قىلىپ ئۈرۈمچى دالى يوداۋ فىرمىسى قورۇسىدا

شۆبە بانكا ئاچتى. يەنە شۇ ئەتراپقا بانكا بىناسى سالدۇردى. شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەڭلىك يالاڭ زىخشىن ئۆزى دۆلىتىمىز ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالمىغان دەپ توسقان بولسىمۇ، سوۋروۋ يالاڭ زىخشىن دائىرىلىرىنىڭ پىكرىگە پەرۋا قىلماي، شاڭخەيدىكى باش ئىش بېجىرىش ئورنى تەستىقلىغان ھۆججەت بار دېگەننى باھانە قىلىپ تىجارىتىنى قىلىۋەردى.

1917 - يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن روسىيە بانكىلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىگىدارلىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ بىر قىسىم مۇدىرلىرى فىرانسىيىگە قېچىپ بېرىپ 1918 - يىلى پارىژدا قايتىدىن مۇدىرىيەت تەشكىللەپ، ئايرىم باش بانكا قۇردى. سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى سىرتىدىكى رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ شۆبە ئاپپاراتلىرى داۋاملىق تىجارەت قىلدى. 1926 - يىلى تىجارەتتە زىيان تارتقانلىقتىن 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى پارىژدىكى باش بانكا تېلېگراممىا ئارقىلىق ئۆزىگە قاراشلىق بانكىلارنى تىجارەتتىن توختىتىپ ئېنىقلاشقا بۇيرىدى.

مىنگونىڭ 15 - يىلى (1926 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «جۇڭگو تەۋەسىدىكى رۇس - ئاسىيا بانكىلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلىپ، سابىق دۆلەت ئىشلىرى باش مىنىستىرى ۋاڭ چۇڭخۇينى بارلىق ئېنىقلاش ئىشلىرىغا نازارەت قىلىشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە جۇڭگونىڭ قانۇن مەسلىھەتچىسى باۋداۋنى باش ئىش بېجىرگۈچىلىككە تەيىنلىدى. مىنگونىڭ 20 - يىلى (1931- يىلى) 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى قەرز قايتۇرۇش ئىشلىرى پۈتۈنلەي تاماملاندى. جايلارنىڭ قەرز قايتۇرۇش نىسبىتى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. شىنجاڭنىڭ قەرزى بىردەك 45% بويىچە قايتۇرۇلدى. شىنجاڭ دائىرىلىرىنىڭ تېيەنجىن رۇس - ئاسىيا بانكىسىدا 230 مىڭ دوللار (كۈمۈش تەڭگە) دىن ئارتۇق ئامانەت پۇلى بار ئىدى. بانكا زىيانغا ئۇچرىغانلىقتىن، مەزكۇر بانكىنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق مۇقىم مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىۋالدى. كېيىن ئېنىقلاش باش خادىمى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىقى يالاڭ زىخشىن كېڭىشىپ، ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنىڭ مال - مۈلكىنى يالاڭ زىخشىن دائىرىلىرى ئۆتكۈزۈۋالدى. قەرزنىڭ 35% (70 مىڭ دوللار كۈمۈش تەڭگە) نى يالاڭ زىخشىن دائىرىلىرى قايتۇردى. قالغان ئون پىرسەنتىنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تۆلەيدىغان بولدى. شىنجاڭنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتى 1928 - يىل 3 - ئايدا پۈتۈنلەي تاماملاندى.

## 2. كەسپىي ئىشلار

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە بازارلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن رۇس - ئاسىيا بانكىسى مونوپول قىلىۋېلىپ، چارروسىيىنىڭ جۇڭگونىڭ تاجاۋۇز قىلىشتىكى مۇھىم قورالى بولۇپ قالغانىدى.

رۇس - ئاسىيا بانكىسىدا ئاساسەن تۆۋەندىكى كەسىپلەر بېجىرىلدى:

(1) پىرېۋوت چېكى ۋە مۇددىتى بىر يىلدىن تۆۋەن بولغان سودا چەك - ھۆججەتلىرىنى دىسكونت قىلىش ۋە تەكرار دىسكونت قىلىش؛

(2) زايوم، شىركەت زايومى ۋە پاي چېكى سودىسى؛

(3) پۇل، خام ئالتۇن - كۈمۈش، پىرېۋوت چېكى ۋە باشقا كرېدىت ئاكسىيىسى سودىسى؛

(4) زايوم، شىركەت زايومى ۋە پاي چېكى تارقىتىشنى ئۈستىگە ئېلىش؛

(5) پۇل ئامانىتى گۇۋاھنامىسىنى تارقىتىش ھەم تاۋارلارنى توشۇش ۋە ساقلاشقا مەسئۇل بولۇش؛

(6) كېپىلسىز ياكى كېپىللىك ھالدا چەك - ھۆججەتلەرنى قوبۇل قىلىش؛

(7) پۇل ئامانىتى مۇئامىلىسى؛

(8) قىممەت باھالىق ۋە مۇھىم بۇيۇملارنى ساقلاش؛

(9) سەر، دوللار، فوندستېرلىڭ ۋە باشقا پۇللارنى تارقىتىش ۋە تېگىشىش؛

(10) جۇڭگو تەۋەسىدە ئىجارە بېجى ۋە باج پاراق ئېلىش، جۇڭگو ھۆكۈمەت زايومىنىڭ ئۆسۈمىنى چىقىم قىلىپ بېرىش، تۆمۈريول، ئېلېكتر سىملىرىنى ئورنىتىشنى باشقۇرۇش، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتى بىلەن مېتال پۇل قۇيۇش؛

(11) تۆۋەندىكىدەك قەرز پۇللىرىنى باشقۇرىدۇ. ئەمما قەرەللى بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ:

(ئا) زايوم، شىركەت زايومى ۋە پاي چېكىنى كېپىللىككە ئېلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى باھانىڭ 90 پىرسەنتى ئىچىدە قەرز پۇل تارقىتىش؛

(ب) مال ئېلىش تالونى، توشۇش تالونى ۋە ساقلاش تالونىنى كېپىللىككە ئېلىپ، شۇ مالنىڭ باھاسىنىڭ 80 پىرسەنتى ئىچىدە قەرز پۇل تارقىتىش؛ ئەگەر شۇ مال چاي بولسا، مال باھاسىنىڭ 90 پىرسەنتى ئىچىدە قەرز تارقىتىش؛

(س) قىممەت باھالىق مېتالنى كېپىللىككە ئېلىپ، قەرز پۇل تارقىتىش، لېكىن قەرزنى سوممىسىنى كېپىللىككە قويۇلغان مالنىڭ ئەسلى باھاسى ياكى قانۇني باھاسىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك؛

(د) كېپىللىككە قويۇلىدىغان مال خەۋپسىزلەندۈرۈلگەن ۋە بانكىدا ساقلىنىۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ بازار باھاسىنىڭ 80 پىرسەنتى ئىچىدە قەرز پۇل تارقىتىش؛

(12) تاۋارلارنىڭ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى؛

(13) مۇقىم مۈلۈك سودىسى؛

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدا ھۆكۈمەت ۋە شەخسىي ئامانەت پۇللارنىڭ ھەممىسىنى رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىنىڭ شىنجاڭدىكى شۆبىلىرى مونوپول قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ جۇغلاپ، تۈرلۈك ئىشلارغا مەبلەغ سېلىپ، كۆپلەپ پايدا ئالغان.

رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى قەرز پۇلنى ئاساسلىقى روسىيە سودىگەرلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قوللاشقا ئىشلەتتى. گۇاڭشۇ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) روسىيە سودا ئۇيۇشمىسى چارروسىيە ھۆكۈمىتىگە دوكلات يېزىپ: «شىنجاڭدىكى جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنىڭ مەبلىغى ئاز، ھۈنەر ـ سەنئەت گۈللەنمىگەن، ئەگەر روسىيە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ موڭغۇلىيە ۋە ئىلىدا تىجارەت قىلسا ئالاھىدە پايدا ئالالايدۇ» دېگەنىدى. شىنجاڭدا رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى تەسىس قىلىنىشتىن ئىلگىرى روسىيىلىك سودىگەرلەر ئانچە كۆپلۈك ئەمەس ئىدى. گۇاڭشۇ 24 ـ يىلى (1898 ـ يىلى) ئۈرۈمچىدە روسىيە سودا دۇكانلىرىدىن ئۈچ ـ تۆتىلا بار بولۇپ، سودىگەرلەر 200 دىن كۆپرەك ئىدى. 1900 ـ يىلدىن 1910 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە، شىنجاڭدىكى روسىيىلىك سودىگەرلەر 2493 ئائىلە، 10 مىڭ 600 دىن ئارتۇق كىشىگە يەتتى. روسىيە سودا فىرمىلىرى شىنجاڭ بويىچە ھەممە شەھەر بازارلارغا تارقالغان. ھەر بىرىنىڭ دەسمايىسى نەچچە 100 مىڭ يۈەن ھەتتا 1 مىليون يۈەندىن ئاشتى. بۇ فىرمىلار ئەمەلىيەتتە رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئىلكىدىكى سودا ئاپپاراتلىرى ئىدى. روسىيە كونسۇلىنىڭ سودا ئىشلىرى دوكلاتىدا دېيىلىشىچە: 1895 ـ يىلى روسىيىنىڭ شىنجاڭغا كىرگۈزگەن تاۋارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 3 مىليون 724 مىڭ رۇبلى بولۇپ، 1914 ـ يىلغا كەلگەندە 11 مىليون 56 مىڭ رۇبلىغا يېتىپ، شىددەت بىلەن ئىككى ھەسسە كۆپىيىپ، شىنجاڭغا كىرگۈزۈلگەن ئومۇمىي تاۋارنىڭ 90 پىرسەنتى ئەتراپىنى ئىگىلىدى. شىنجاڭنىڭ روسىيە بىلەن بولغان سودىسىدا ئىلگىرى ئېكسپورت ئېشىپ كېتەتتى، رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن تەدرىجىي ھالدا ئىمپورت ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭ تاموژنىسىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە گۇاڭشۇ 29 ـ يىلدىن 32 ـ يىلغىچە (1903 ـ يىلدىن 1906 ـ يىلغىچە) ئىمپورتنىڭ ئېشىپ كەتكەن ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليون 742 مىڭ سەر كۈمۈشكە يېتىپ، شۇ ئارقىلىق نۇرغۇن ئالتۇن كۈمۈش روسىيىگە ئېقىپ كەتتى.

روسىيە ماللىرىنىڭ كۆپلەپ سېتىلىشى بىلەن شىنجاڭنىڭ مىللىي سودا ـ سانائىتى نابۇت بولدى. مەسىلەن: روسىيىنىڭ ماشىنىدا توقۇلغان رەختى شىنجاڭ بازارلىرىدا كۆپلەپ سېتىلغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ

قولدا توقۇلغان يەرلىك رەخت ئىشلەپچىقىرىشى ھالاكەت گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. گۇاڭشۈ 32 - يىلى (1906 - يىلى) جىمساردىكى شۈيشىڭگۇ تۆمۈر كېنى ۋە بارقار كېنىمۇ مەھسۇلاتى روسىيە ماللىرى بىلەن رىقابەتلىشەلمەي ۋەيران بولدى. شۈەنتۇڭ 1 - يىلى (1909 - يىلى) ئىلىدىكى مۇسابايوفنىڭ كۆن - خۇرۇم زاۋۇتىمۇ روسىيە ماللىرىنىڭ چەكلىشى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى.

رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ جۇڭگولۇق سودىگەرلەرگە قەرز بېرىشتىكى شەرتلىرى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ، مال - مۈلكىنى رەنىگە قويۇش تەلەپ قىلىناتتى. ئۆسۈمى بەش پۇڭ (يەنى ئايلىق ئۆسۈمى %50) بولۇپ، ئۆز قەرەلىدە قايتۇرالمىسا، رەنىگە قويۇلغان مال - مۈلۈك تۇتۇپ قېلىناتتى. شۇڭا جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرى پۈتۈنلەي روسىيە بانكىلىرىنىڭ مەككارلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانىدى.

رۇس - ئاسىيا بانكىسى روسىيىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئەلچىسى بىلەن ماسلىشىپ چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ يەرلىك ھۆكۈمىتىگە سىياسىي مۇددىئا ئارىلاشقان قەرز پۇلى تارقاتتى.

گۇاڭشۈ 29 - يىلى (1903 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېلىشىم بويىچە شىنجاڭنىڭ باش مۇپەتتىشى پەن شاۋسۇغا ئۈچ يىللىق مۇددەت بىلەن 2 مىليون سەر كۈمۈش قەرز بېرىپ، شىنجاڭنىڭ كان مەھسۇلاتى ھەمدە بوز يەرلەرنى ئېچىش ھوقۇقىنى كېپىللىككە قويۇشنى شەرت قىلدى.

گۇاڭشۈ 32 - يىلى (1906 - يىلى) 8 - ئايدا بۇ بانكىنىڭ قەشقەردىكى شۆبىسى قەشقەر دوتىيى يۈەن خۇڭيۇغا تورغات چېگرا ئېغىزىدىن قەشقەرگىچە بولغان ھارۋا يولىنى ياساشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن 20 مىڭ ئالتۇن رۇبلى قەرز بېرىپ، بۇ يولنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى ھەم جۇڭگولۇق سودىگەرلەردىن خالىغانچە باج ئالدى.

مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 2 مىليون رۇبلىدىن 5 مىليون رۇبلىغىچە قەرز بېرىش شەرتى بىلەن ئىلى ھۆكۈمىتىنى كانچىلىق شىركىتى قۇرۇش كېلىشىمى ئىمزالاشقا قىستاپ، دۆلىتىمىزنىڭ كان بايلىقلىرىنى تالان - تاراج قىلىشقا ئۇرۇنغان. لېكىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چەكلىشىگە ئۇچراپ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. لېكىن رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ قوللىشى بىلەن، جۇڭگو - روسىيە ئىككى تەرەپ بىرلىشىپ جايىرتاغ ئالتۇن كېنىنى ئاچتى. ئالتۇن قېزىش ئۈسكۈنىلىرى روسىيىدىن كەلتۈرۈلدى. ئىشلەپچىقىرىلغان ئالتۇننىڭ كۆپ قىسمى روسىيىگە ئېلىپ كېتىلدى.

مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلى ۋىلايىتى بۇ بانكا بىلەن 5 مىليون رۇبلى قەرز ئېلىش توختىمى ئىمزالىدى. بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن شۇ بويىچە بېجىرىلدى.

مىنگونىڭ 3 - يىلى (1914 - يىلى) ئىلى مالىيە مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى خۇاڭ شىجاڭ ئۆلكە خەزىنىسىنىڭ پىرىۋوت تالونىنى كۆرسىتىپ رۇس - ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبىسىدىن 1513 مىڭ سەرلىك ئۆلكە پۇلىنى قەرز ئېلىپ روسىيىگە قېچىپ كەتتى.

شىنجاڭدا رۇس - ئاسىيا بانكىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى پىرىۋوت كەسپىنى كۆپىنچە سەرراپخانىلار بېجىرەتتى. رۇس - ئاسىيا بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئىمتىيازى ۋە بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەيدىكى نۇرغۇن تاشقى پىرىۋوت زاپىسىغا تايىنىپ، سەرراپخانىلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ پىرىۋوت كەسپىنى مونوپول قىلىۋالدى. پىرىۋوت ھەققى %2 - %3 كە يېتىپ، سەرراپخانىلارنىڭكىدىن %0.5 - %1.5 يۇقىرى بولدى. پەقەت مۇشۇ بىر تۈردىلا، شىنجاڭ يىلىغا 1 مىليون سەردىن ئارتۇق زىيان تارتتى. بۇ بانكا يەنە %4 - %5 پايدا بېرىشنى يەمچۈك قىلىپ، ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى ھەقسىز پىرىۋوت قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئالتۇن، كۈمۈشلىرىنى روسىيىلىكلەرنىڭ قولىغا سېلىپ

بەردى.

## 3. پۇل تارقىتىش

شىنجاڭدا رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرىلا، روسىيە رۇبلىسى ئوبوروت قىلىناتتى. بۇ بانكا قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالتۇننى ئۆلچەم قىلغان قەغەز پۇل ۋە ئادەتتىكى كۈمۈش دوللار قەغەز پۇلدىن ئىبارەت ئىككى خىل پۇل تارقاتتى. ئۇلار بىر دوللار، بەش دوللار، ئون دوللار، 50 دوللار ۋە 100 دوللارلىق بەش خىل ئىدى. بۇ بانكىنىڭ شۇ يىللاردا جۇڭگودا تارقاتقان قەغەز پۇللىرىنى روسىيە رۇبلىسىغا سۇندۇرغاندا: 1900 ـ يىلى 895 مىڭ؛ 1905 ـ يىلى 1 مىليون 349 مىڭ؛ 1906 ـ يىلى 1 مىليون 727 مىڭ؛ 1907ـ يىلى 897 مىڭ؛ 1908 ـ يىلى 869 مىڭ؛ 1909 ـ يىلى 1 مىليون 295 مىڭ؛ 1910 ـ يىلى 1 مىليون 235 مىڭ؛ 1911 ـ يىلى 2 مىليون 853 مىڭ رۇبلى بولدى.

مىنگونىڭ 2 ـ يىلى (1913 ـ يىلى) رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى شىنجاڭدا ئالتۇن چېكى تارقاتتى. پۇلنىڭ يۈزىدە رۇسچە، خەنزۇچە، مانجۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلار بېسىلغان. بىر پۇڭلۇق، ئىككى پۇڭلۇق، بىر مىسقاللىق، بەش مىسقاللىق ۋە بىر سەرلىك بەش خىل ئىدى. 1914 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاش سەۋەبىدىن روسىيىنىڭ ھەربىي خىراجىتى كۆپىيىپ، ئۇلار تارقاتقان ئالتۇن چېكى بىراقلا 5 مىليون ئالتۇن رۇبلىغا يەتتى، مىنگونىڭ 4 ـ يىلى (1915 ـ يىلى) 9 مىليون ئالتۇن رۇبلىغا يەتتى. شىنجاڭدىلا تارقىتىلغان پۇل شۇ ئەتنىڭ 3 ـ يىلى (1911 ـ يىلى) بۇ بانكىنىڭ جۇڭگودا تارقاتقان پۇلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. ئالتۇن چېكى تارقىتىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇنى نەقلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن خېلى ئىناۋەتتى بار ئىدى. جۇڭگودىكى ئەمەلدارلار ۋە سودىگەرلەر بەس ـ بەستە تېگىشىپ ساقلىغان ۋە ئىشلەتكەنىدى. شەھەر ئاھالىلىرى سودىلاشقاندا روسىيە پۇلى بولمىسا بولمايتتى. مىنگونىڭ 3ـ يىلى (1914 ـ يىلى) دىن كېيىن، ھەر قايسى ئەللەردە پۇل مۇئامىلە كىرىزىسى پەيدا بولدى. روسىيىدە ئىچىمۇ ئېغىر بولغاچقا، رۇبلىنىڭ نەرقى بىراقلا چۈشۈپ كېتىپ، ئالتۇن چېكىنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، شىنجاڭدىكى خەلق ۋە سودىگەرلەر ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن تاكى مىنگونىڭ 15 ـ يىلى (1926 ـ يىلى) غىچە رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى تارقاتقان ئالتۇن چېكى يەنىلا شىنجاڭدا ئوبوروت بولۇپ تۇردى. بۇ چەكنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، ئۇزاققىچە نەقلەشتۈرگىلى بولمىغانلىقتىن، ئىلىدىكى سودىگەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىشتى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئادەم ئەۋەتىپ مەزكۇر بانكا بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلەشكەن بولسىمۇ، بۇ بانكا: ئالتۇن چېكى تارقىتىلغاندىن بۇيان ھەر بىر سەرلىك چەك 50 رۇبلىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەن، ئەزەلدىن نەقلەشتۈرۈلمىگەن، پەقەت رۇبلى ئارقىلىقلا نەقلەشتۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى. شىنجاڭدىكى سودىگەرلەرنىڭ قەتئىي قارشى تۇرۇشى بىلەن مىنگونىڭ 13 ـ يىلى (1924 ـ يىلى) ئۆلكە پۇلىغا ئالتۇن چېكىنى تېگىشىپ يىغىۋېلىش ھەققىدىكى يەتتە ماددىلىق چارە تۈزۈپ چىقىلىپ، ھەر بىر سەر ئالتۇن چېكىگە 12 سەر بەش مىسقاللىق شىنجاڭ ئۆلكە پۇلى تېگىشىپ بېرىش بەلگىلەندى. رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئۆلكە پۇلىنى تاپشۇرۇپ ھاۋالە قىلىشى بىلەن شىنجاڭ ھۆكۈمىتى ۋاكالىتەن تېگىشىپ، 23 مىڭ 688 پارچە (61. 5779 سەر ئالتۇنغا تەڭ) ئالتۇن چېكىنى تېگىشىپ يىغىۋېلىپ، ھەممىسىنى ئۇرۇمچىدە كۆيدۈرۈۋەتتى. مىنگونىڭ 15 ـ يىلى (1926 ـ يىلى) تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاش ئاياقلاشتۇرۇلغاندا شىنجاڭ بويىچە يەنە 300 مىڭ سەردىن 500 مىڭ سەرگىچە ئۆلكە پۇلىغا تېگىشكىلى بولىدىغان ئالتۇن چېكى يىغىۋېلىنماي قالدى.

رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى شىنجاڭنىڭ ئۆلكە پۇلىنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ كېتىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، نۇرغۇن شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىنى ئەرزان باھادا يىغىپ ساقلاپ، ئاندىن ئۇنى بىر تىيىننىمۇ كەم قويماي تېگىشىپ

بېرىشكە قىستاپ كۆپلەپ پەيدا ئالماقچى بولدى. شىنجاڭ مالىيە مەھكىمىسىنىڭ مىنگونىڭ 3 ـ يىلى (1914ـ يىلى) قىشتا يوشۇرۇن تەكشۈرۈشىدىن قارىغاندا، رۇسىيىلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئۆلكە پۇلى 4 مىليون سەردىن كەم ئەمەس ئىكەن. تارباغاتايدىكى ئون ئائىلىلىك رۇسىيە سودىگىرى تارباغاتاي پۇلىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئون كۈن ئىچىدە تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. تارباغاتاي يەرلىك ھۆكۈمىتى ئىلاجىسىز بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولغان. شۈەنتۇڭ 3 ـ يىلى (1911ـ يىلى) ئىلىدىكى رۇسىيە سودىگىرى ۋەلىباي ئىلىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلىدىن 300 مىڭ سەردىن ئارتۇقنى ئەرزان باھادا يىغىۋېلىپ، پۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن تېگىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. پۇل باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تېگىشكىدەك كۈمۈشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كېيىن ئون پىرسەنت بويىچە ئۆسۈم تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. مىنگونىڭ 1 ـ يىلىدىن مىنگونىڭ 2 ـ يىلىغىچە (1912 ـ يىلدىن 1913 ـ يىلغىچە) رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبىسى ۋە بىر قىسىم رۇسىيە سودىگەرلىرى بىر رۇبلىغا ئىلى ھۆكۈمەت پۇلىدىن ئۈچ ـ تۆت سەرنى تېگىشىش ئارقىلىق جەمئىي 470 مىڭ سەردىن ئارتۇق پۇلنى يىغىۋېلىپ، ئۇنى نەقلەشتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، مەجبۇرىي ھالدا بىر سەرلىك ئۆلكە پۇلىغا 1.3 سەرلىك ئىلى پۇلىنى تېگىشىپ (شۇ چاغدا بازار باھاسى بويىچە بىر سەرلىك ئۆلكە پۇلى 2.6 سەردىن 2.7 سەرگىچە ئىلى پۇلىغا تېگىشىلەتتى) شىنجاڭنى يەنە بىر قېتىم چوڭ زىيانغا ئۇچراتتى.

رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تارقاتقان ھۆكۈمەت پۇلى (مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياڭ زېڭشىن تارقاتقان ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل)نى ئىشلىتىشنى رەت قىلغانلىقتىن، شىنجاڭدا ئۇزاققىچە پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولمىدى. مىنگونىڭ 3ـ يىلى (1914ـ يىلى) شىنجاڭ ھۆكۈمىتى 100 يارماققا توغرا كېلىدىغان كىچىك پۇلنى (ئادەتتە كۆچۈك سۈرەتلىك پۇل دەپ ئاتالغان) تارقاتقاندا، رۇس ـ ئاسىيا بانكىسىنىڭ قەشقەر شۆبىسى بۇ پۇلنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. كۆپ قېتىم سۆزلىشىش ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈش ئارقىلىقمۇ ھېچبىر نەتىجە ھاسىل بولماي، ئۆلكىنىڭ ھۆكۈمەت پۇلى (ئۆلكە پۇلى دەپمۇ ئاتىلاتتى) نى قەشقەر بازارلىرىدا ئۇزاققىچە ئوبوروت قىلغىلى بولمىدى. نەتىجىدە ئامالسىزلىقتىن پەقەت قەشقەر ۋىلايىتىدىلا (قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۆتىدىغان قەشقەر پۇلىنى تارقىتىشقا توغرا كەلدى. بىر ئۆلكە ئىچىدە ئىككى خىل پۇلنى ئىشلىتىدىغان قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى.

### 1900 ـ يىلدىن 1926 ـ يىلغىچە رۇبلىنى كۈمۈش ۋە تەڭگىگە تېگىشىش سېلىشتۇرما باھاسى

| يىللار | ھەر بىر رۇبلىغا تېگىشلىكىنى |
|---|---|
| 1900 ـ يىلى | 0.58 سەر كۈمۈش |
| 1913 ـ يىلى | 0.8 سەر كۈمۈش |
| 1914 ـ يىلدىن 1916 ـ يىلغىچە | 0.55 دوللار تەڭگە |
| 1917 ـ يىلى | 0.12 دوللار تەڭگە |

# 5 § . شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا

## 1. ئاپپاراتلارنىڭ تەرەققىيات جەريانى

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا (قىسقارتىپ ئۆلكىلىك بانكا دەپ ئېلىنىدى) مىنگونىڭ 19 ـ يىلى (1930 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قۇرۇلدى. سۈن گوخۇا بانكىنىڭ باشلىقى بولدى. مىگونىڭ 20ـ يىلى (1931ـ يىلى) قۇمۇل ۋەقەسى يۈز بېرىپ، ماجۇڭيىڭ گەنسۇدىن شىنجاڭغا چىقتى. ئۆلكىلىك بانكا كەسپىنى توختاتتى.

شېڭ شىسەي شىنجاڭدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ سۇ شاڭدا بانكا باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 23 ـ يىلى (1934 ـ يىلى) ئۆلكىلىك بانكا مۇدىرىيىتى قۇرۇلۇپ، چېن دېلى مۇدىرىيەت باشلىقى، شۈلىيەن بانكا باشلىقى، جاڭ خۇڭيۇ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى.

ئۆلكىلىك بانكىنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، مەبلىغى ئاز، باشقۇرۇشى قالاق بولغانلىقتىن، ئۆلكە بويىچە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، قەشقەر، كۇچا، خوتەن، قاراشەھەر، قۇمۇل، ئاقسۇدىن ئىبارەت توققۇز جايدىلا تارماق ئاپپاراتلىرى بار ئىدى. پۇل ئامانىتى، قەرز پۇل تارقىتىش، پېرېۋوت كەسىپلىرىنىڭ دائىرىسىمۇ ناھايىتى كىچىك ئىدى. ئۆلكە خەزىنىسىنى بانكا ۋاكالىتەن باشقۇردى. جايلارنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خىراجىتىنى بانكا ئۆلكە خەزىنىسىگە ۋاكالىتەن بۆيرۇپ بېرەتتى.

مىنگونىڭ 27ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 2 ـ ئايدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ماۋزېمىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا بېرىپ داۋالىنىش سەپىرىدە شىنجاڭدا قېلىپ مالىيە خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. 2 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولدى. 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇۋەققەت نازىرى بولدى، ئىسمىنى جۇبىڭغا ئۆزگەرتتى.

مىنگونىڭ 27 ـ يىلى (1938 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى قۇرۇلۇپ، ماۋزېمىن ھەيئەت باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك بانكا رەسمىي شىنجاڭ تىجارەت باش بانكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلدى ھەم نازارەت قىلىش ۋە مۇدىرىيەت تەسىس قىلىندى. نازارەت قىلىش ھەيئىتى ئۈچ نەپەر سودا پاي چېكى ۋەكىلى، ئىككى نەپەر ھۆكۈمەت پاي چېكى ۋەكىلىدىن تەركىب تاپتى. مۇدىرىيەت ئۈچ نەپەر سودا پاي چېكى ۋەكىلى، ئالتە نەپەر ھۆكۈمەت پاي چېكى ۋەكىلىدىن تەركىب تاپتى. ماۋزېمىن مۇدىرىيەت باشلىقى، جاڭ خۇڭيۇ بانكا باشلىقى بولدى. سودا بانكىسىنىڭ مەبلىغى 5 مىليون يۈەن بولۇپ، ھۆكۈمەت پېيى %60 نى، سودا پېيى %40 نى تەشكىل قىلدى.

ماۋزېمىن پۇل پاخاللىقىنى چەكلەش ئۈچۈن، پۇل تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، سەرنى دوللارغا ئۆزگەرتىپ، شىنجاڭدا پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈردى. مىنگونىڭ 28 ـ يىلى (1939ـ يىلى) 2ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 10 مىليون دوللار يېڭى پۇل تارقىتىلدى. مالىيە نازارىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ: 4000 سەرلىك كونا ئۆلكە پۇلى، 160 سەرلىك قەشقەر پۇلى بىر دوللار يېڭى پۇلغا ئالماشتۇرۇلىدۇ؛ 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە پۇلدا دوللار بىرلىك قىلىنىدۇ. كونا ئۆلكە پۇلى بىلەن قەشقەر پۇلى قوشۇمچە پۇل قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەندى. 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تىجارەت باش بانكىسى 10 مىليارد سەرلىك كونا ئۆلكە پۇلىنى كۆيدۈرۈۋەتتى. مىنگونىڭ 29 ـ يىلى (1940 ـ يىلى) يېڭى يىلدىن باشلاپ كونا ئۆلكە پۇلى ئەمەلدىن

قالدۇرۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 11 - ئايدا مالىيە نازارىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىڭ چېگرىدىن چىقىشىنى چەكلەش ۋاقىتلىق چارىسى»نى تۈزۈپ، ئالتۇن، كۈمۈشلەرنىڭ سىرتقا ئېقىشىنى توسۇپ قالدى. ماۋزېمىن كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ شىنجاڭ تەۋەسىدە فابى پۇلنى ئىشلىتىشنى توختاتتى. بۇ خىل تەدبىرلەر يېڭى پۇلنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 11 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەش دوللار فابى پۇلنى بىر دوللار يېڭى پۇلغا سۇندۇرۇپ، 0.25 يۈەن گومىنجىن پۇلنى بىر دوللار يېڭى پۇلغا سۇندۇرۇپ، شىنجاڭدا ئوبوروت قىلىشقا رۇخسەت قىلىشنى بەلگىلىدى.

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 5 - ئايدا تىجارەت بانكىسىنىڭ باشلىقى جاڭ خۇڭيۇ دۇجۇڭيۈەن دېلوسىغا چېتىشلىق بولغانلىقى ئۈچۈن قولغا ئېلىندى. 6 - ئايدا دۇبەن مەھكىمىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى زاڭ گوفىڭ مۇۋەققەت بانكا باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 3 - ئايدا زاڭ گوفىڭمۇ قولغا ئېلىندى. 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى پىڭ جىيۈەن قوشۇمچە بانكا باشلىقى بولدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت باش بانكىنىڭ باشلىقىنى باش مۇدىر دەپ ئاتاشنى، مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىرىنى ياردەمچى دەپ ئاتاشنى ئەستىقلىدى. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن مۇدىرىيەت باشلىقى پىڭ جىيۈەن قوشۇمچە باش دىرېكتورلۇقنى ئۈستىگە ئالدى. باش بانكىدا يەتتە باشقارما، ئىشخانا، 17 شۆبە بانكا، 13 ئىش بېجىرىش ئورنى، ئۈچ قوشۇمچە كەسپىي ئورۇن تەسىس قىلىندى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تىجارەت بانكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندە ئەمەلىي توپلانغان ھۆكۈمەت پېيى 60 مىڭ، خەلق پېيى 48 مىڭ 947 ئىدى. ھەر بىر پاي 50 دوللار يېڭى پۇلغا سۇندۇرۇلدى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) يەنە 76 مىڭ 773 ھۆكۈمەت پېيى بۆلۈپ بېرىلدى. ئىلى كەسپىي شىركىتىنىڭ 23 مىڭ 743 خەلق پېيى، 3227 ھۆكۈمەت پېيى ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ھۆكۈمەت پېيى جەمئىي 140 مىڭ، خەلق پېيى 72 مىڭ 690، پاي دەسمايىسى 10 مىليون 634 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

ۋۇجۇڭشىن شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولغاندىن كېيىن، مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پىڭ جىيۈەننى تىجارەت بانكىسىنىڭ باش مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپ، لۇجىيىننى مۇۋەققەت باش مۇدىرلىققا تەيىنلىدى. 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شۈشاڭدانى ئەسلىھەتچىلىككە تەكلىپ قىلدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى غۇلجىدا قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 1 - ئايدىن 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگە قەدەر شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي، توققۇزتارا، سۈيدۈڭ، جىڭ، شىخو قاتارلىق 17 جايدىكى سودا بانكىسى ئاپپاراتلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇجۇڭشىن، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى لۇيۈۋېنلەر مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە شىنجاڭ يېڭى پۇلى تەييارلىق فوندىنى تاپشۇردى. بۇنىڭدا ئالتۇننىڭ ئومۇمىي ئېغىرلىقى 53 مىڭ 974.911 سەر، ئۇنى ئۈرۈمچى مەركىزىي بانكا 10 - ئاينىڭ 13 - كۈنى، 16 - كۈنلىرى ئىككى قېتىم لەنجۇدىكى مەركىزىي بانكىغا ئايروپىلان بىلەن يۆتكىدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «بانكا باشقۇرۇش چارىسى»دىكى «بانكىلارنىڭ سودا سانائەت كەسپىي تىجارىتى بىلەن بىۋاسىتە

شۇغۇللىنىشىغا بولمايدۇ» دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى 6 - ئايدا ئاشلىق دۇكىنى، يېڭى خەلق قول ھۈنەر زاۋۇتى، پار - پۇر زاۋۇتى، ئەينەك زاۋۇتى قاتارلىق قوشۇمچە كەسىپ ئورۇنلىرىنى تارقىتىۋەتتى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدىكى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ئۈچ ۋىلايەت بانكىسىنىڭ ۋەكىلى قۇسايىن مۇراتوۋ، ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ ۋەكىلى لوجىمىن، خۇدۇڭچاڭ، مالىيە نازارىتىنىڭ ۋەكىلى ياڭ جۇڭشياڭلار 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سۆھبەت ئۆتكۈزدى. سۆھبەت ئارقىلىق 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئۈچ ۋىلايەت بانكىسىنىڭ بارلىق شۆبە بانكىلىرى (باشقارمىلار) نى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ تارماق ئاپپاراتى قىلىپ ئۆزگەرتىش بېكىتىلدى. 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىلى قۇسايىن مۇراتوۋ شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ياردەمچىلىكىگە تەيىنلەندى.

مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بەي ۋېنيۈ تىجارەت بانكىسىنىڭ باش مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جاڭ خۇڭيۇ بانكىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىندى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بانكىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ياڭ جۇڭشياڭنى پۇل زاۋۇتىنىڭ باشلىقى قىلىپ يۆتكىدى. جاڭ خۇڭيۇ مۇئاۋىن باش دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزىۋالدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان «ئۆلكىلىك بانكا نىزامى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنى ئۆلكىلىك بانكىغا ئۆزگەرتتى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 - ، 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ خەلق پۇلى مەسىلىسىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ كېڭىشىش يىغىنىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئاپپاراتلىرىنى ۋاقىتنچە يەرلىك بانكا سۈپىتىدە داۋاملىق ساقلاپ قېلىش قارار قىلىندى. جاڭ دېگەن باش دىرېكتور، جاڭ خۇڭيۇ مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى. ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى قۇمۇل، قەشقەر، كۇچا، خوتەن، قاراشەھەر، يەكەن، ئاقسۇ شۆبە بانكىلىرى بىلەن تۇرپان، قاغىلىق، گۇچۇڭ، ياناس تارماق بانكىلىرى ۋە ئاقسۇ كونا شەھەر، ئۈرۈمچى جەنۇبىي قوۋۇق، فۇكاڭ، بارىكۆل، قۇتۇبى، جىمسار، كورلا، بۈگۈر، قەشقەر يېڭىشەھەر، مارالبېشى، پىچان، قاغىلىق، ئۈچتۇرپان، كېرىيە، چەرچەن ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى تامامەن ۋاقىتنچە ساقلاپ قېلىنىدى. ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچى 880، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆلكىلىك بانكىنىڭ 399، قارىمىقىدىكى شۆبە بانكا، تارماق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئادىمى 481. 12 - ئايدا ئۆلكىلىك بانكا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى ئۆلكىلىك بانكا مەمۇرىي جەھەتتە ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى. پۇل مۇئامىلە سىياسىتى، كەسپىي فاڭجېن جەھەتلەردە جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇللىرىنى، سوندۇرۇلما ئامانەت پۇل ۋە ئادەتتىكى ئامانەت پۇل كەسپلىرىنى بېجىردى. ئۆلكە ئىچىدىكى پېرېۋوت ئىشلىرىنى بېجىردى. شۆبە بانكا، تارماق بانكا،

ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ پۇللىرىنى بۇيرۇپ بەردى. ئۆلكە خەزىنىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇردى، خەلق بانكىسى تاپشۇرغان ئالاقىدار ئىشلارنى بېجىردى. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى ئۆلكىلىك بانكا سىستېمىسىدا جەمئىي 607 ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىدى. بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆلكىلىك بانكىنىڭ 259، شۆبە بانكا، تارماق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ 348.

1949 - يىل 12 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت، ئۆلكىلىك مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى شىن لەنتىڭنى مۇدىر ھەيئەت قىلىپ، بەش كىشىلىك تەكشۈرۈش ھەيئىتىنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ مۈلكىنى ئېنىقلاشقا ئەۋەتتى (ئېنىقلاش نەتىجىسى 2 — 3 جەدۋەلگە قارالسۇن).

## شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسىنىڭ 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى پۈتۈن مۈلۈك - قەرز جەدۋىلى

جەدۋەل: 2 — 3 بىرلىكى: كۈمۈش دوللار پۇلى

| مۈلۈك قىسمى | | قەرز قىسمى | |
|---|---|---|---|
| ھېساب تۈرى | سوممىسى | ھېساب تۈرى | سوممىسى |
| نەق پۇل | 3489379.34 | مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى | 23279741.66 |
| خام ئالتۇن، كۈمۈش | 3357834.31 | جامائەت جۇغلانمىسى | 0.57 |
| ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پۇلى | 1540.00 | ئۇدا بىر نەچچە يىلنىڭ ساپ پايدىسى | 1187127.22 |
| كەسپداشلارغا ئامانەت قويۇلغان پۇل | 6912.04 | مۈلۈكنىڭ قوشۇلما قىممىتى | 22092613.87 |
| قەرەللىك قەرز پۇل | 273546.18 | كەسپداشلار ئامانەت پۇلى | 1.15 |
| قەرەلسىز ئامانەت پۇل ئارتۇق چىقىمى | 2413.34 | قەرەللىك ئامانەت پۇل | 1169951.41 |
| قايتۇرۇۋېلىشقا سۈيلىنىۋاتقان پۇل | 172.80 | ئالاھىدە قەرەللىك ئامانەت پۇل | 2453973.45 |
| يىغىشقا تېگىشلىك ئۆسۈم | 14552.94 | سۇندۇرما ئامانەت پۇل | 6930.00 |
| ئۆلكە خەزىنىسىنىڭ مۇئامىلىسى | 7630083.98 | پېرېۋوت قىلىنغان پۇل | 7252943.82 |
| ۋاقىتىنچە بېرىلگەن پۇل | 2494922.52 | بېرىشكە تېگىشلىك پېرېۋوت پۇل | 430622.32 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئالدىن تاپشۇرۇلغان خىراجەت | 4068118.19 | ۋاقتىنچە ئېلىنغان پۇل | 778433.31 |
| تىجارەتكە كىرەكلىك ئەسۋاب ـ سايمان | 3012438.24 | بانكىلار ئارا يېتىپ كەلمىگەن ھېساب | 1041734.29 |
| تىجارەتكە كىرەكلىك ئۆي ـ جاي مۈلۈك | 12062571.00 | تۆلەيدىغان ئۆسۈم | 153.47 |
| جەمئىيسى | 36414484.88 | جەمئىيسى | 36414484.88 |

1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باش دىرېكتورى بانكا باشلىقى، مۇئاۋىن باش دىرېكتورى مۇئاۋىن بانكا باشلىقى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، ياردەمچى ساقلاپ قېلىندى. 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۆلكىلىك بانكىنىڭ قارىمىقىدىكى ئاپپارات 40، بۇنىڭ ئىچىدە قۇمۇل، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئىلى، چۆچەك، ئالتايلاردىكى ئون شۆبە بانكا؛ گۈچۈڭ، ماناس، تۇرپان، قاغىلىقلاردىكى تۆت تارماق بانكا، فۇكاڭ، بارىكۆل، كورلا، باي، ئۈچتۇرپان، مارالبېشى، كىرىيە، چەرچەن، بۈگۈر، جىمسار، پىچان، توقسۇن، قۇتۇبى، شايار، ئاۋات، كەلپىن، ئاقچى، پەيزاۋات، يېڭىسار، ئاتۇش، مەكىت، پوسكام، گۇما، لوپ، قاراقاش، چىرا قاتارلىق جايلاردىكى 26 ئىش بېجىرىش ئورنى بار.

1950 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قارار چىقىرىپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇنىڭ بارلىق كەسپلىرى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئىلگىرى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان كۈمۈش دوللار پۇلى داۋاملىق ئوبوروت قىلىندى. ئىلگىرىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ جايلاردىكى شۆبە، تارماق ئاپپاراتلىرى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شۆبە، تارماق ئاپپاراتى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئىلگىرىكى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ چوڭ بىناسىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باشلىقى جاڭ دىڭفەن جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقلىقىغا، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى رېن جۇشۈەن مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. بۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ تارىخى تامامەن ئاخىرلاشتى.

## 2. پۇل تارقىتىش

مىنگونىڭ 21 ـ يىلى (1932 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ پۇلى مالىيەدىن تارقىتىلىپ كەلگەن.

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) «12 ـ ئاپرېل» سىياسىي ئۆزگىرىشى بولۇپ، شېڭ شىسەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، بۇرۇن ئىش بېجىرىشتىن توختىغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئەسلىگە كەلدى. شېڭ شىسەي ماجۇڭيىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىش تۈپەيلىدىن مالىيە چىقىمى كۆپىيىپ كېتىپ، كىرىم تۆۋەنلەپ كەتتى. قىزىل رەقەم تامامەن قالايمىقان قەغەز پۇل تارقىتىشقا تايىنىپ ئازايتىلدى. ئەينى ۋاقىتتا مالىيە نازارىتى تارقاتقان «ئون سەر» ۋە «50 سەرلىك» ئۆلكە پۇلىدىن سىرت، مىنگونىڭ 23- يىلى (1934-

يىلى) ئۆلكىلىك بانكىمۇ «500 سەرلىك قەرەللىك چەك» تارقاتتى، بۇ چەك شەكلى ئۆزگەرگەن قەغەز پۇل بولۇپ، ئۈرۈمچىدە ئوبوروت قىلىندى.

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 1 - ئايدا ماۋزېمىن شىنجاڭنىڭ مالىيە پۇل مۇئامىلە خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەزگىللەردە پۇل پاخاللىقىنى چەكلەش ئۈچۈن، پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، سەرنى دوللارغا ئۆزگەرتىپ، بۇ ئارقىلىق شىنجاڭ بويىچە پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈردى. شۇ يىلى يۈزىدىكى قىممىتى بىر دوللار، ئۈچ دوللار، بەش دوللار ۋە ئون دوللارلىق ئاساسىي پۇل، 50 سىنت، يىگىرمە سىنت، ئون سىنت، بەش سىنت، ئىككى سىنت، بىر سىنتلىق قوشۇمچە پۇل بولۇپ، ئون خىل يېڭى ئۆلكە پۇلى تارقىتىلدى. يېڭى ئۆلكە پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئىناۋىتى ياخشى بولۇپ، بازارلار مۇقىملاشتى. ھۆكۈمەتكىمۇ، شەخسلەرگىمۇ قولايلىق بولدى.

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ فابى پۇلى بىلەن گوەنجىن پۇللىرى شىنجاڭغا كىردى. بۇ ئىككى خىل قەغەز پۇل بىلەن شىنجاڭنىڭ ئۆلكە پۇلى شىنجاڭدا تەڭلا ئوبوروت قىلىنغان، فابى، گوەنجىن پۇللىرىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈشىگە ئەگىشىپ شىنجاڭ ئۆلكە پۇلىنىڭ قىممىتىمۇ چۈشۈپ كەتتى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «فابى پۇلىنى بىر تۇتاش تارقىتىش چارىسى»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ مەركىزىي بانكىغا نۇرغۇن تارقىتىش تەييارلىق فوندى تاپشۇرغاچقا، ئۆلكە پۇلىنى داۋاملىق تارقاتتى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) گومىنداڭ ھۆكۈمىتى «مالىيە ئىقتىسادىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش بۇيرۇقى»نى ئېلان قىلىپ، فابى پۇلىنىڭ ئورنىغا جىن يۈەن پۇلى (گوەنجىن پۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوبوروت قىلىندى. شىنجاڭنىڭ ئۆلكە پۇلى جىن يۈەن پۇلى بىلەن مۇقىم سېلىشتۇرما قىممەتتە ئوبوروت قىلىندى. يېڭى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش بۇيرۇقى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بازاردا مال باھاسى بىر قەدەر مۇقىم بولدى، لېكىن بۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. جىن يۈەن پۇلى فابى پۇلغا قارىغاندا تېخىمۇ تېز پاخاللاشتى ۋە قىممىتى چۈشتى. ئۆلكە پۇلى جىن يۈەن پۇلى بىلەن باغلىنىشلىق بولغاچقا ئۇمۇ ئوخشاش تەقدىرگە دۇچ كەلدى. چوڭ سوممىلىق ئۆلكە پۇللىرى ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا چىقتى. 1949- يىل 5 - ئاينىڭ 10- كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان «ئالتە مىليارد دوللار» لىق چوڭ سوممىلىق ئۆلكە پۇلىنى تارقاتتى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۆلكە پۇلىنى ئىشلىتىشنى توختىتىشنى جاكارلىدى، جىن يۈەن پۇلى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ تاشلىدى ھەمدە دوللار بىرلىك قىلىنغان شىنجاڭ تەڭگىسىنى تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭنىڭ كۈمۈش دوللار پۇلىنى تارقىتىپ تولۇق نەقلەشتۈردى، كېيىن كۈمۈش دوللار پۇلى كۆپ تارقىتىلىپ كېتىپ، تەڭگە چەكلىك بولغانلىقتىن، ئۆلكىلىك بانكا نەقلەشتۈرۈشكە چەك قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

1949 - يىل 9 - ئاينىڭ 25 -، 26 - كۈنلىرى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ئاپپاراتلىرى ۋاقىتىنچە ساقلاپ قېلىنىپ، كۈمۈش دوللار پۇلى شىنجاڭنىڭ ۋاقىتلىق قانۇنلۇق پۇلى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، داۋاملىق ئوبوروت قىلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كۈمۈش دوللار پۇلىنىڭ قىممىتىنىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت پاكىت ئېتىراپ قىلىنىپ، كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن تەڭگىنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈزۈپ تاشلىنىپ نەقلەشتۈرۈش توختىتىلدى. كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنىڭ تېگىشىش نىسبىتى بەلگىلەندى. بۇ ئارقىلىق شىنجاڭ بىلەن ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ پىرىۋوت ئىشلىرى

ئېچىۋېتىلدى. كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن خەلق پۇلى مۇناسىۋەتلەشتۈرۈلۈپ كۈمۈش دوللار پۇلىنىڭ تارقىتىلىشىغا مەدەت بېرىلدى.

1951 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ بويىچە پۇل مۇئامىلىسى مۇقىم، مال باھاسى مۇقىم بولدى، ھەم پۈتۈن مەملىكەتكە ماسلاشتۇرۇلدى. مۇشۇ ئاساستا كۈمۈش دوللار پۇلى يىغىۋېلىنىپ، خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، شىنجاڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

## 3. كەسپىي ئىشلار

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاساسەن ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ۋە پېرېۋوت كەسپلىرىنى بېجىرگەن. مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) دىن مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) غىچە بولغان مەزگىلدىكى كەسپىي خىزمەت ئەھۋالى تۆۋەندىكىچە:

### شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ 1934 - يىلدىن 1938 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تىجارەت ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 - 4    بىرلىكى: ئۆلكە پۇلى 1000 سەر

| يىللار | ئامانەت پۇل | قەرز پۇل | پېرېۋوت |
|---|---|---|---|
| مىنگونىڭ 23 - يىلى (1934 - يىلى) | 2500 | 3200 | 5400 |
| مىنگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) | 54600 | 68900 | 58300 |
| مىنگونىڭ 25 - يىلى (1936 - يىلى) | 126400 | 215000 | 167900 |
| مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) | 395600 | 389600 | 389600 |
| مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) | 563000 | 438000 | 468000 |

مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك بانكا تىجارەت بانكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) يېڭى يىلدا تىجارەت بانكىسىنىڭ لەنجۇدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شائخەي پېرېۋوت ئالاقىسى گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى نەنجىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى. بۇ ئارقىلىق مەبلەغ كېڭەيدى، باشقۇرۇش ياخشىلاندى. ئامانەت پۇل جەلپ قىلىندى، ئۆرلۈك قەرز پۇل تارقىتىلدى. پېرېۋوت ئالاقە نۇقتىلىرى كېڭەيدى. ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلىپ ئىگىلىك گۈللەندى. بانكىنىڭ كەسىپ دائىرىسى كېڭەيدى.

## شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ مۈلۈك ـ قەرز جەدۋىلى (1939 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە) (1)

جەدۋەل: 2 ـ 5 (1)

بىرلىكى: ئۆلكە پۇلى 1000 دوللار (1939 ـ يىلدىن 1948 ـ يىلغىچە)
كۈمۈش دوللار پۇلى: دوللار (1949 ـ يىل)

| يىللار / مۈلۈك تۈرى | 1939 | 1940 | 1941 | 1942 | 1943 | 1944 | 1945 | 1946 | 1947 | 1948 | 1949 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| نەق پۇل | 1215 | 550 | 1065 | 2753 | 19078 | 215666 | 1005052 | 2095261 | 8499355 | 6445618551 | 3489316 |
| خام ئالتۇن كۈمۈش | 629 | 1023 | 1747 | 3670 | 3567 | 3490 | 4365 | 3895 | 3513 | 260043 | 68125 |
| ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ پۇلى | 77 | 103 | 278 | 312 | 1772 | 726 | 914 | 738 | 336 | 336 | 5 |
| كەسپداشلارغا ئامانەت قويۇلغان پۇل | 128 | 797 | 4990 | 157 | 4152 | 6506 | 100278 | 225330 | 401141 | 1808777303 | 6912 |
| قەرەلسىز ئامانەت پۇلنىڭ ئارتۇق چىقىمى | 114 | 2465 | 3116 | 4033 | 28117 | 291792 | 523261 | 334346 | 585159 | 183540841 | 32603 |
| قەرەللىك قەرز پۇلى | 1810 | 2856 | 9136 | 10101 | 25271 | 96460 | 482132 | 656209 | 8800528 | 933091146 | 273546 |
| ئىشلەپچىقىرش كېمىيىگە بېرىلگەن مەبلەغ | — | 200 | 805 | 905 | 1350 | 3700 | 47100 | 3500 | 3500 | — | — |
| ئامانەت بۆلۈم فوندى | — | — | — | — | — | 500 | 500 | 500 | 500 | — | — |
| ماۋاللا بۆلۈم فوندى | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — | 10000 |
| ئۆلكە خەزىنىسى مۇئامىلىسى | 5905 | 5268 | 3060 | 19889 | — | — | — | 817952 | 616830 | — | 7630084 |
| بانكىلار ئارا مۇئامىلە | 623 | 1350 | 702 | 3358 | 41484 | 179477 | — | 83279 | 5514144 | 1334475571 | 698411 |
| قوشۇمچە كەسپلەر ئارا مۇئامىلە | — | — | — | 1937 | 8141 | 10943 | — | — | 158910 | — | — |
| ماۋاللا بۆلۈملەر ئارا مۇئامىلە | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — | 46423 |
| ۋاقىتلىق چىقىم قىلىنغان، بېرىلگەن، ئالدىن بېرىلگەن پۇللار | 229 | 1083 | 2003 | 3703 | 10716 | 44688 | 358920 | 333172 | 2954286 | 2167283298 | 3282100 |
| قايتۇرۇپ بېرىلىشكە سوپلىنىۋاتقان پۇللار | 163 | 93 | 37 | 28 | 263 | 262 | 14204 | 115473 | 199190 | 50338 | 173 |
| قۇرۇلۇشنىڭ ساقلانغان ماتېرىياللىرى | — | — | — | — | — | — | — | 23499 | 19507 | — | — |
| تىجارەتكە ئىشلىتىلگەن ئۆي، يەر | 51 | 80 | 142 | 224 | 737 | 923 | 4114 | 92590 | 170442 | 3097220 | 862719 |
| تىجارەتكە ئىشلىتىلگەن ئەسۋابلار | 46 | 66 | 68 | 115 | 214 | 1118 | 11775 | 21363 | 174922 | 15818237 | 392048 |
| جەمئىي | 10990 | 15942 | 27149 | 51185 | 145162 | 856251 | 2552645 | 4807407 | 28192263 | 12892019314 | 16792476 |

**شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ مۇلۇك ـ قەرز جەدۋىلى (1939 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە) (2)**

جەدۋەل: 2 ـ 5 (2)

بىرلىكى: ئۆلكە پۇلى 1000 دوللار (1939 ـ يىلدىن 1948 ـ يىلغىچە)
كۈمۈش دوللار پۇلى: دوللار (1949 ـ يىل)

| يىللار / قەرزدارلىق تۈرى | 1939 | 1940 | 1941 | 1942 | 1943 | 1944 | 1945 | 1946 | 1947 | 1948 | 1949 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كاپىتال | 2691 | 2740 | 5349 | 5625 | 9624 | 9586 | 9447 | 9417 | 9147 | 9147 | — |
| جامائەت جۇغلانمىسى | — | 17 | 157 | 330 | 609 | 3064 | 3064 | 3061 | 3061 | 3061 | 1 |
| ئالاھىدە جامائەت جۇغلانمىسى | — | — | — | — | 1000 | 3000 | 13000 | 13000 | 13000 | 13000 | — |
| پايدا ئېشىنچىسىنىڭ توپلانمىسى | — | — | — | — | 3 | 4 | 4 | 4 | 4 | 4 | — |
| كەسپداشلار ئامانەت پۇلى | — | — | — | — | — | 69 | 33 | 100 | 230833 | 629818 | 1 |
| قەرەلسىز ئامانەت پۇل | 1991 | 7318 | 9817 | 21451 | 46397 | 238005 | 1020043 | 2730834 | 44515770 | 2223847035 | 4114780 |
| قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتى | — | 57 | 26 | 823 | 1502 | 1365 | 27630 | 25275 | 146313 | 6046 | — |
| ماددىي ئەشيا ھېسابىدىكى قەرەللىك ئامانەت پۇل | — | — | — | — | — | — | — | — | — | — | 6930 |
| پىرېۋوت قىلىنغان پۇل | — | — | — | — | 34600 | 31034 | 12912 | 297 | 297 | — | 7252944 |
| بېرىشكە تېگىشلىك پىرېۋوت پۇلى | 600 | 358 | 912 | 1795 | 2765 | 20200 | 68720 | 176840 | 1046771 | 334176388 | 430622 |
| ئېتىلغان زايوم | — | — | 401 | 153 | — | — | — | — | — | — | — |
| ئۆلكە خەزىنىسى مۇئامىلىسى | — | — | — | — | 11329 | 237101 | 437708 | — | — | 6300806926 | — |
| بانكىلار ئارا مۇئامىلە | 1048 | 3118 | 3154 | 13316 | 7879 | 80802 | 109579 | 748206 | 7881452 | 3168619325 | 2981160 |
| قوشۇمچە كەسپلەر مۇئامىلىسى | — | — | 420 | — | — | — | 17986 | 108417 | — | — | — |
| ۋاقىتلىق كىرىم ـ چىقىم قىلىدىغان پۇل تۈرلىرى | 1024 | 1240 | 6654 | 4984 | 2290 | 197893 | 674833 | 652581 | 3080145 | 310335248 | 773033 |
| ئالدىنقى يىلنىڭ پايدا ـ زىيىنى | — | — | 2 | 401 | 900 | 3939 | 23300 | 117318 | 332164 | 30577 | |
| بۇ يىلدىكى ساپ پايدىسى | 636 | 734 | 1457 | 2607 | 8653 | 30189 | 125291 | 192021 | 953274 | 552151583 | 1168428 |
| جەمئىيسى | 10990 | 15942 | 27149 | 51185 | 145162 | 856251 | 2552615 | 4807107 | 28192263 | 1892049384 | 16792476 |

**شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ پايدا - زىيان ئەھۋالى (1939 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە)**

جەدۋەل: 2 - 6

بىرلىكى: ئۆلكە پۇلى 1000 دوللار (1939 - يىلدىن 1948 - يىلغىچە)
كۈمۈش دوللار پۇلى: دوللار (1949 - يىل)

| تۈرى \ يىللار | 1939 | 1940 | 1941 | 1942 | 1943 | 1944 | 1945 | 1946 | 1947 | 1948 | 1949 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| چىقىم قىسمى | | | | | | | | | | | |
| ئامانەت پۇل ئۆسۇم چىقىمى | 241 | 423 | 786 | 1085 | 2966 | 14867 | 84010 | 242652 | 905046 | 132605038 | 53186 |
| ئۇرلۇك خىراجەت چىقىمى | 266 | 455 | 476 | 973 | 1832 | 7024 | 87135 | 436947 | 2298795 | 590395714 | 837795 |
| بۇنىڭدىن: مائاش، ئالاقىلىشىش، مۇناسىۋەت، تاماق خىراجىتى | 145 | 226 | 250 | 319 | 629 | 3080 | 38077 | 203667 | 1340345 | 374662645 | 34339 |
| پارچە - پۇرات چىقىم | — | 1 | — | 31 | 8 | 66 | 1757 | 11981 | 12020 | 17170500 | 777 |
| باشقا چىقىملار | 11 | 1 | 1 | — | — | — | — | — | — | — | — |
| ئۆي، سايمان - ئەسۋابلار ئامورتىزاتسىيىسى | 15 | 28 | 29 | 51 | 141 | 83 | 2930 | 6291 | 55187 | 4251773 | 133747 |
| كىچىك جەمئىي | 533 | 908 | 1292 | 2140 | 4947 | 22040 | 175832 | 697871 | 3271048 | 744423115 | 1025505 |
| شۇ يىلنىڭ ساپ پايدىسى | 636 | 734 | 1457 | 2607 | 8663 | 30189 | 125291 | 192021 | 953274 | 552451683 | 1168428 |
| جەمئىيى | 1169 | 1642 | 2749 | 4747 | 13600 | 52229 | 301123 | 880892 | 4224322 | 1296874698 | 2193933 |
| پايدا قىسمى | | | | | | | | | | | |
| قەرز پۇلنىڭ ئۆسۇم كىرىمى | 839 | 897 | 2020 | 3086 | 9345 | 38865 | 258641 | 537880 | 3147160 | 366905044 | 268147 |
| پىربۇوت ھەققى كىرىمى | 86 | 116 | 209 | 270 | 1282 | 2764 | 24626 | 82561 | 413715 | 110952860 | 516312 |
| رەسمىيەت ھەققى كىرىمى | 129 | 213 | 182 | 435 | 620 | 6816 | 5146 | 2937 | 467713 | 723495899 | 1382254 |
| بۇنىڭدىن: ئاجرىتىلغان پۇلنىڭ رەسمىيەت كىرىمى | 111 | 184 | 180 | 428 | 585 | 6696 | 4843 | 2227 | 446871 | 736378545 | 1410421 |
| پارچە - پۇرات كىرىم | 32 | 177 | 36 | 271 | 308 | 3759 | 12710 | 266514 | 195704 | 95520895 | 27220 |
| ئالدى - سائتى باھا پەرقى پايدىسى | 83 | 239 | 302 | 685 | 2045 | 25 | — | — | — | — | — |
| بۇنىڭدىن: خام ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ پايدا - زىيىنى | 78 | 236 | 291 | 623 | 22 | 25 | — | — | — | — | — |
| چەت ئەل پۇلىنىڭ پايدا - زىيىنى | 5 | 5 | 11 | 33 | — | — | — | — | — | — | — |
| جەمئىيى | 1169 | 1642 | 2749 | 4747 | 13600 | 52229 | 301123 | 889892 | 4221322 | 1296874698 | 2193933 |

1948 ، 1949 - يىللىرىنىڭ «رەسمىيەت ھەققى كىرىمى، پوچتا - تېلېگراف كىرىمى»نىڭ قىزىل رەقەم سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا بۇ سومما (بۇنىڭدا: ئاجرىتىلغان پۇلنىڭ رەسمىيەت ھەققى كىرىمى) دىن ئاز.

### 1) پۇل ئامانىتى

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى تىجارەت بانكىسىنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇللىرى يىلمۇ يىل كۆپەيدى. لېكىن مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن باشلاپ سىياسىي ۋەزىيەت مۇقىمسىز بولۇپ، ئۆلكە بويىچە مالىيە - ئىقتىساد ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاشتى. پۇلنىڭ كۇرسى تېز چۈشتى. بانكا ئامانەت پۇلنىڭ ئېشىش سۈرئىتى پۇلنىڭ كۇرسىنىڭ ئەمەلىي چۈشۈش سۈرئىتىگە بارغانسېرى يېتىشەلمىدى. ئامانەت پۇل جەلپ قىلىش بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كەتتى. ئامانەت پۇلنى كۆپرەك جەلپ قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل تۈرلىرى كۆپەيتىلدى:

(1) مۇئامىلىدارلارنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىش. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تىجارەت بانكىسى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئالاھىدە مۇئامىلىدارلارنى تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ئۇقتۇرۇش چىقاردى:

بانكىمىز كەسپىنى كېڭەيتىش، سودىگەرلەرگە قولايلىق يارىتىش مەقسىتىدە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان 140 نەپەر ئالاھىدە مۇئامىلىدار تەكلىپ قىلماقچى. ئومۇمەن ئۈرۈمچىدە مۇقىم دۇكىنى بولغان ھەم بانكىمىز بىلەن ياخشى ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتقان، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئەمەلىي مال مۈلكى يېڭى پۇل ھېسابىدا 50 مىليون دوللاردىن ئارتۇق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان مۇئامىلىدارلاردىن بانكىمىزغا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇئامىلىدار بولۇشنى خالىسا، گېزىتكە ئۇقتۇرۇش چىقىرىلغان كۈندىن باشلاپ 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنىگە قەدەر بانكىمىزنىڭ كەسپىي باشقارمىسىغا تىزىمغا ئالدۇرسا بولىدۇ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك بولغانلار بىلەن توختام ئىمزالىنىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ؛

① ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇئامىلىدارلار ئالدىن پۇل قەرز ئېلىش ۋە ئادەتتىكى چاغلاردا ئارتۇق چىقىم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

② ئالغان قەرز پۇلنىڭ قەرەلى توشقاندىن كېيىن زۆرۈر تېپىلغاندا قەرەلىنى ئۇزارتىشنى ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

③ قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ئەسلى 5.4 پۇڭ بېكىتىلگەن. ئەگەر قەرەلى توشماي تۇرۇپ بانكىنىڭ قولىدا پۇل قىس بولۇپ قالسا بانكىمىز ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇئامىلىدارلاردىن قەرز پۇلنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى بالدۇر قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، بۇنداق ئەھۋالدا ھەر قانداق بانا - سەۋەب بىلەن رەت قىلىشقا بولمايدۇ، لېكىن بۇ تەلەپ ئون كۈن ئىلگىرى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇئامىلىدارغا ئۇقتۇرۇلۇشى كېرەك.

④ قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ئەسلى 5.4 پۇڭ بېكىتىلگەن بولسا، ئەگەر بانكا قەرەلى توشماي تۇرۇپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن قايتۇرۇشنى تەلەپ قىلسا، بىر ئاي ئىچىدىكىلىرىنىڭ ئۆسۈمى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، بىر ئايدىن ئېشىپ كەتكەنلەرنىڭ ئۆسۈمى ئۈچ پۇڭ بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ. ئىجرا قىلىشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، بانكىمىز ئالاھىدە تەكلىپ قىلىش توختىمى تۈزۈپ قويدى. توختام تۈزۈشنى خالىغانلار بانكىمىزغا كېلىپ كۆرسە بولىدۇ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە بانكىمىز قوبۇل قىلمايدۇ، شۇڭا مەزكۇر ئۇقتۇرۇشنى چىقاردۇق.

(2) قەرەللىك، مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 5 - ئايدا قەرەللىك، مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى بېجىرىلدى. يېڭى پۇل ھېسابىدا مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانەت چېكى تارقىتىش پىلانلاندى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 7 - ئايغا كەلگەندە توختىدى. جەمئىي 1 مىليون 828 مىڭ 960 يۈەن ئامانەت توپلاندى.

(3) پوچتا ئىدارىسى بىلەن يېزا بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى توختىمى ئىمزالاش. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى بىلەن پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى يېزا بازار جامائەت پاراۋانلىقى پۇقرالار پۇل ئامانەت پېرېۋوت توختىمىنى ئىمزالىدى. پوچتا باشقۇرۇش ئىدارىسى

تىجارەت بانكىسىغا يېزا - بازار جامائەت پاراۋانلىقى فوندى پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى ۋاكالىتەن يىغىشنى ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق، تىجارەت بانكىسىنىڭ ئامانەت پۇل دائىرىسىنى كېڭەيتىش بەلگىلەندى. بۇ توختام كېيىنكى يىلى 3 - ئايدا يولغا قويۇشقا رۇخسەت قىلىندى.

(4) ھەربىيلەرنىڭ پۇل ئامانىتى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ھەربىيلەرنىڭ پۇل ئامانىتى بېجىرىلدى. ئايلىق ئۆسۈمى 1.7 پۇڭ بولدى. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت قالدۇقى 4 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بېجىرىلىشتىن توختىدى.

2) قەرز پۇل تارقىتىش

مىنگونىڭ 26 - يىلى (1937 - يىلى) دىن كېيىن شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى تەدرىجى تىنچلاندى. تىجارەت بانكىسى قەرز پۇل تارقىتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا - سانائەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئۆسۈش تەرەققىياتىنى قوللىدى. قەرز پۇل بېرىش ۋە پۇل يېرىۋېتى جەھەتتە ئېتىبار بېرىش چارىلىرى ئارقىلىق خۇسۇسىي سودىگەرلەرنى ئىچكىرىدىن مال ئېلىپ كېلىشكە رىغبەتلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «يۈشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا ئالماشتۇرۇشىنى قوللىدى. شۇڭا ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى تىجارەت بانكىسىنىڭ ئالدىنقى ئۈچ - تۆت يىل ئىچىدىكى قەرز پۇل تارقىتىش كەسپى خېلى روناق تاپتى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يامانلاشتى. بازارلاردىكى ماددىي ئەشيالار پۈتۈنلەي ئىچكىرىدىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان، ترانسپورت مۇساپىسى ئۇزۇن، قاتناش قولايسىز بولغاچقا مال باھاسى يۇقىرى ئۆرلەپ پۇلنىڭ كۈرسى چۈشۈپ كەتتى. بانكا قەرز پۇلنىڭ مۇددىتىنى قايتا - قايتا قىسقارتتى. ئۆسۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. تىجارەت بانكىسى تارقاتقان قەرز پۇللارنىڭ تۈرلىرى:

(1) ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى. بۇ خىل قەرز پۇلغا قۇرۇلۇش نازارىتى پۇل ئاجرىتىپ، تىجارەت بانكىسىغا ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە قەرز پۇل تارقىتىشقا ھاۋالە قىلدى. بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك:

① ئەتىيازلىق تېرىلغۇ قەرز پۇلى. بۇ، پرىنسىپ جەھەتتە تېرىقچىلىق قىلىشقا قۇربى يەتمىگەن دېھقانلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل بولۇپ، ئۈچ ئاي مۇددەت توشقاندا پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بولۇش.

② بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش قەرز پۇلى. بۇ، پرىنسىپ جەھەتتە سۇ ئىنشائاتى ياساش، بوز يەر ئېچىشقا بېرىلىدىغان قەرز پۇل بولۇپ، بىرىنچى يىلى يېرىمىنى قايتۇرۇش، ئىككىنچى يىلى پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بولۇش.

③ پاختا قەرز پۇلى. پرىنسىپ جەھەتتە كۆپلەپ پاختا ئىشلەپچىقارغۇچىلار ھەمدە كېۋەزنى يېڭىدىن تېرىغانلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل بولۇپ، ئۈچ ئاي مۇددەت توشقاندا پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بولۇش.

④ سۇ ئىنشائاتى قەرز پۇلى. بۇ قۇرۇلۇش قىلماقچى بولغان ناھىيىلەر تەقسىمات سانى بويىچە ھېسابلاپ ئالىدىغان قەرز پۇل بولۇپ، مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئىككى يىل بولىدۇ.

(2) مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۈچىلىققا ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ھەمدە ئالاھىدە قۇتقۇزۇش قەرز پۇلى بېرىلدى.

① دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۈچىلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى. بۇنى ھەر قايسى رايون ناھىيىلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجى ۋە ئاپەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگانلار تەقسىم قىلدى. كونكرېت قەرز پۇل تۈرلىرى مۇنداق: يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلى، مۇددىتى شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىگىچە بولدى. چارۋىچىلىق ۋە سۈچىلىق قەرز پۇلى، مۇددىتى ئىككى يىل بولدى.

يۇقىرىقى قەرز پۇللارنى ناھىيىلىك ھۆكۈمەت مەسئۇل بولۇپ يىغدى. دېھقانچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىلغان چاغدىكى بازار باھاسىنىڭ يېرىمى بويىچە سوندۇرۇپ ھېسابلاپ، بۇغداي ئېلىندى. چارۋىچىلىق قەرز پۇلىغا

دېھقانچىلىق قەرز پۇلى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، قويغا سۇندۇرۇپ ئېلىنىدى. سۇچىلىق قەرز پۇلى دېھقانچىلىق ھېسابىدىكى قەرز پۇلى بويىچە سۇندۇرۇپ يىغىۋېلىنىدى.

② ئالاھىدە قۇتقۇزۇش قەرز پۇلى. دېھقان - چارۋىچىلار ئالاھىدە ئەھۋال كۆرۈلۈپ قەرز ئېلىش توغرا كەلگەندە قۇرۇلۇش نازارىتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، قەرز تارقىتىشنى بانكىغا ئۆتكۈزدى.

(3) بوز يەر ئاچقۇچى ئاھالىلار قەرز پۇلى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) باھاردا شىنجاڭغا بوز يەر ئاچقىلى كەلگەن 300 ئائىلە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جېنۇبىي يېزىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ھەر بىر ئائىلىگە ئۆي سېلىش خىراجىتى، تېرىككەندىن ئۆي، بوز يەر ئېچىش خىراجىتى ۋە يېمەك ئاشلىق، ئۇرۇقلۇق خىراجىتى بولۇپ جەمئىي 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن قەرز پۇل، ئۈستەڭ چېپىش ئۈچۈن 50 مىڭ يۈەن، قول سانائەت ئىشلىرى ئۈچۈن 300 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

(4) سانائەت قەرز پۇلى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پۇل ئاجرىتىپ، بانكا قەرز تارقاتتى. سانائەتنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۈرۈمچى، خوتەن، لوپ، قاراقاش، قاغىلىق، گۇما، يەكەن، قەشقەر، كۇچا، تۇرپاندىن ئىبارەت ئون جايدىكى توقۇمىچىلىق كەسپى (جۈملىدىن مەشۈت چىقىرىش)، تېرە - خۇرۇم كەسپى (جۈملىدىن تۆكلۈك، تۈكسىز تېرە)، قەغەزچىلىك، سەرەڭگە ياساش، گىلەم توقۇش، كېگىزچىلىق، (جۈملىدىن پېيما)، ساپالچىلىق، سۇپۇنچىلىق كەسپلىرىگە قەرز بېرىلدى. مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر يىل، ئايلىق ئۆسۈمى ئالتە پۇڭ بولدى.

(5) سودا قەرز پۇلى

① ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇئامىلىدارلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل

② ماددىي ئەشيالارنى شىنجاڭغا ئەكىلىشكە رىغبەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان قەرز پۇل. سودىگەرلەر ئەگەر لەنجۇدىن ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىپ ماڭدۇرغان بولسا، لەنجۇدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى تەكشۈرگەندىن كېيىن لەنجۇدا پۇل تاپشۇردى. نىسىگە مال سېتىۋالغانلارغا قەرز پۇل بېرىلمىدى. «ئا» جايدىكى بانكا «ب» جايدىكى كىشىگە قەرز پۇل بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى؛ باش بانكىدىكى خىزمەتداشلارنىڭ ھاۋالىسى ياكى ئۇرۇغ - تۇغقان، يار - بۇرادەرلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن قەرز پۇل بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى. سېزىۋېلىنسا قاتتىق چارە كۆرۈلدى.

قەرز پۇل بېرىش جەھەتتە: سودا قەرز پۇلى تارقىتىش چارىسى، قەرەللىك ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقىتىش نىزامى، پۇل باشقۇرۇش چارىسى، مەبلەغ ئىشلىتىش چارىسى قاتارلىق تۈزۈملەر بەلگىلەندى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) قەرز پۇل بېرىشتە ئاشكارە بولۇش ھەمدە ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرۈش كۆزدە تۇتۇلۇپ، باش بانكا، شۆبە بانكا، تارماق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدا قەرز بېرىش ھەيئىتى تەسىس قىلىنىپ، بانكىنىڭ بارلىق قەرز بېرىش ئىشلىرىنى بېجىردى.

## قەرز پۇل ئۆسۈمى

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) دىن ئىلگىرى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچ پۇڭ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 1.5 پۇڭدىن ئۈچ پۇڭغىچىلىك بولغانىدى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆتكۈزۈشى بويىچە بېجىرىلدى.

## ئامانەت پۇل، قەرز پۇلنىڭ 1946 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە بولغان ئۆسۈم ئەھۋالى

جەدۋەل: 2 ـ 7

| تۈرلىرى | ئۆسۈم (ئايلىق ئۆسۈم) نىسبىتى | | | |
|---|---|---|---|---|
| | مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) | مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) | مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) | مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) |
| قەرەلسىز ئامانەت پۇل | 2% | 1.5% | | 10% |
| ئالاھىدە قەرەلسىز ئامانەت پۇل | 1% | | 5% | 12% |
| بىر ئايلىق قەرەللىك ئامانەت پۇل | | | 7% | 15% |
| ئىككى ئايلىق قەرەللىك ئامانەت پۇل | | | 8% | 20% |
| ئۈچ ئايلىق قەرەللىك ئامانەت پۇل | | 2% | 9% | 25% |
| ئالتە ئايلىق قەرەللىك ئامانەت پۇل | | 2.3% | 10% | |
| بىر يىللىق قەرەللىك ئامانەت پۇل | | 2.5% | | |
| پۇقرالار قەرەلسىز پۇل ئامانىتى | 2.2% | 1.7% | | |
| ئۈچ ئايلىق قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى | 2.5% | 2% | | |
| ئالتە ئايلىق قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى | 2.8% | 2.3% | | |
| بىر يىللىق قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى | 3% | 2.5% | | |
| يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن قەرز پۇل (1) | 3% | 2.5% | | |
| چارۋىچىلىققا بېرىلگەن قەرز پۇل | 3% | | | |
| سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل | 4% | | | |
| سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇل | 4.5% | 4.5% | | |
| قەرەلسىز ئارتۇق چىقىم | 4% | سودىنىڭ 4%، كارخانا، شىر-كەتلەرنىڭ 3% | | |
| گۆرۈلۈك قەرز پۇل | 4% | | | |
| بىر ئايلىق قەرەللىك قەرز پۇل | | | 13% | 26% |
| ئىككى ئايلىق قەرەللىك قەرز پۇل | | | 14% | 28% |
| ئۈچ ئايلىق قەرەللىك قەرز پۇل | | | 15% | 30% |

① دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى توغرىسىدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بەلگىلىمە چىقارغان بولسا، شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنغان.

3) پىرىۋوت

مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) ئۆلكىلىك بانكا شاڭخەيدىكى «جىجياڭ شىڭيې» بانكىسى بىلەن پىرىۋوت ئالاقىسى كېلىشىمى ئىمزالاپ، ئىچكىرىدىكى ئۆلكىلەر بىلەن پىرىۋوت كەسپىنى يولغا قويدى. مىنگونىڭ 26 ـ يىلى (1937 ـ يىلى) غا كەلگەندە ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن توختاپ قالدى. ئۆلكىلىك بانكا تىجارەت بانكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىن، لەنجۇدا ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) تەنجىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە شاڭخەي پىرىۋوت گورۇپپىسى تەسىس قىلىندى. قەرز پۇل كەسپىگە بىرلەشتۈرۈپ ئۇرۇمچىدە قەرز پۇل بېرىپ، لەنجۇدا پۇل چىقىم قىلىش ئارقىلىق سودىگەرلەرنىڭ قەرز ئالغان پۇلنى پىرىۋوت قىلىشىغا مەدەت بېرىلدى. ھەمدە سودىگەرلەرنىڭ ئىچكىرىگە پۇل پىرىۋوت قىلىپ مال كىرگۈزسە پىرىۋوت ھەققى كەچۈرۈم قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە گېزىتكە ئېلان چىقىرىلىپ ئىچكىرى بىلەن پىرىۋوت قىلىشنى كۆپەيتىش ئارقىلىق ئىچكىرىنىڭ ماللىرى شىنجاڭغا كۆپلەپ كەلتۈرۈلدى. ئادەتتىكى پىرىۋوت كەسپلىرىدىن سىرت يەنە تۆۋەندىكىدەك پىرىۋوت كەسپلىرىمۇ بېجىرىلدى:

(1) ئۆلكە سىرتىغا كۈمۈش تەڭگە پىرىۋوت قىلىش. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا شىنجاڭدا تەڭگە ۋە كۈمۈش دوللار پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇرۇمچى، لەنجۇلاردا پىرىۋوت كەسپى بېجىرىلدى. لەنجۇدا شۇ جايدا ئوبوروت قىلىنىدىغان كۈمۈش پۇل تاپشۇرۇلسا، پىرىۋوت ھەققى ئېلىناتتى.

(2) ھەربىيلەر ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پۇل پىرىۋوت قىلىشىغا ئېتىبار بېرىلدى. گومىڭدان گومىنداڭ ئارمىيىسى ئىچىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان كوماندىر، ئەسكەرلەر ھەمدە شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئورگىنىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا تۇرمۇش پۇلى ئەۋەتمەكچى بولسا ئىككى ئايلىق مائاشىغا باراۋەر پۇلنى، ھەر ئايدا بىر قېتىم پىرىۋوت قىلسا پىرىۋوت ھەققى ئېلىنماي تېلېگراممىا ھەقسىز ئېلىنىدى.

(3) بانكىنىڭ ئۆز خادىملىرى پۇل پىرىۋوت قىلسا ھەق ئېلىنمىدى. ئائىلىسىگە بىر ئايدا بىر قېتىم، بىر ئايلىق مائاشىدىن ئاشمىغۇدەك تۇرمۇش خىراجىتى ئەۋەتسە ھەق ئېلىنمىدى.

(4) پىرىۋوت نىسبىتى بازاردىكى پۇلنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ بەلگىلەندى. شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدە ۋە شىنجاڭدىن لەنجۇغا قىلىنغان پىرىۋوت ھەققى ‰2 دىن ‰7 كىچە بولدى. لەنجۇدىن چۇڭچىڭغا قىلىنغان پىرىۋوتنىڭ ھەققى ‰5، شاڭخەيگە ‰100، بېيجىڭغا ‰500 بولدى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا مەركىزىي بانكىنىڭ ئۇرۇمچى شۆبىسى دۆلەت ئىچىدىكى پىرىۋوت ھەققى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ‰20 بولۇش، باشقا بانكا، سەرراپخانىلارنىڭ پىرىۋوت ھەققى ‰20 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ بەلگىلىدى.

## 4. باشقۇرۇش

1) كادىرلار خىزمىتى

(1) دەرىجىسى بويىچە ۋەزىپىگە قويۇش

① تاللاپ تەيىنلىنىدىغانلار: باش دىرېكتور، ياردەمچى دىرېكتور، 2 ـ ياردەمچى؛

② كۆرسىتىلىدىغانلار: باش بانكىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرى، تەپتىش، كاتىپ، شۆبە بانكىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى، ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى؛

③ تەيىنلىنىدىغانلار: باش بانكىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى، شۆبە بانكىنىڭ

باشقارما باشلىقى، گورۇپپا باشلىقى.

④ ياللانما خىزمەتچىلەر: بانكا خادىمى، ئىش بېجىرگۈچى، پراكتىكانت.

⑤ ياللانما ئىشچىلار: ھەمرا بولغۇچى، قارا ئىشچى، مۇھاپىزەتچى.

(2) بانكا خادىملىرىنى ۋەزىپىگە قويۇش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش

① بانكا خادىملىرى: ئومۇمەن تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپتىن يۇقىرى مەلۇماتقا ئىگە بولغانلار ياكى كەسپىي ماھارىتى بارلار ۋە ياكى مالىيە ئورگانلىرىدا ئۈچ يىل ئىشلىگەن، تەجرىبىسى بارلار.

② پراكتىكانتلار: تولۇقسىز باشلانغۇچ مەكتەپتىن يۇقىرى (ياكى شۇنىڭغا تەڭ مەلۇماتقا ئىگە). سودا بىلىملىرىنى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ئۆگەنگەن، يېشى 15 كە توشقانلار. بانكىنىڭ بارلىق خادىملىرىنى باش بانكا ۋەزىپىگە تەيىنلەيدۇ ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرىدۇ.

(3) بانكا خادىملىرى كېپىللىكى. بانكا خادىملىرى ھەم قارا خىزمەتچىلىرى ئىشلىمەكچى بولسا، ئۇلارغا دۇكان دەسمايىسى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىغان سودىگەر، ھەربىي ۋەزىپىسى شاۋشياۋدىن يۇقىرى، كۆرسىتىپ تەيىنلەنگەن مەمۇرىي ئەمەلداردىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت خادىمىدىن ئىككى كىشى كېپىللىك قىلىشى زۆرۈر.

(4) بانكا خادىملىرىنىڭ يۆتكىلىشى ۋە تىزىمغا ئالدۇرۇشى. بانكا خادىملىرى يۆتكىلىشكە توغرا كەلسە چوقۇم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئىسپات، رەسمىيەتلىرى بولغاندا ئاندىن يۆتكىلىشكە رۇخسەت قىلىناتتى. مەسىلەن، باش دىرېكتور لو جىمىن يۆتكەلگەندىمۇ خوجىلىق باشقارمىسى، كەسپىي باشقارما، كادىرلار باشقارمىسى، ياردەمچى دىرېكتور، 2 - ياردەمچى قاتارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەر: ① بانكىنىڭ مال مۈلۈك، ئۈسكۈنىلىرىنى شەخسلەرگە ھەدىيە قىلىۋەتمىگەن ياكى ئارىيەت بەرمىگەن؛ ② بانكىدىن ئايرىلىشتا ھېچقانداق نەرسىنى ئېلىپ كەتمىگەن ياكى ئارىيەت ئالمىغان؛ ③ ئومۇمنىڭ پۇلىنى ياكى ئارىيەت ئالغان پۇلىنى ئېلىۋېلىپ ياكى ماتاشنى ئالدىن ئېلىۋېلىپ ئىشلىتىۋالمىغان، ئۆز ئالدىغا قەرز پۇل تەستىقلاپ، ھېسابتا ئېسىلىپ قالىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلمىغان دەپ ئىسپات بەرگەن.

(5) ئىش ھەققى. مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 10 - ئايدا ئىجرا قىلىنىدى. (2 - 8 جەدۋەلگە قاراڭ)

## شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ 1943 - يىلى 10 - ئايدىكى ئىش ھەققى ئۆلچىمى

جەدۋەل: 2 - 8 بىرلىكى: دوللار

| خىزمەت ۋەزىپىسى | ئايلىق ئىش ھەققى سوممىسى |
|---|---|
| باش دىرېكتور | 430 |
| ياردەمچى دىرېكتور | 380 |
| 2 - ياردەمچى | 340 |
| باش بانكا باشقارما مۇدىرى | 300 |
| 1 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىنىڭ دىرېكتورى | 300 |
| قوشۇمچە كەسىپ دىرېكتورى | 300 |

| | |
|---|---|
| باش بانكا باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى | 260 |
| 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىنىڭ دىرېكتورى | 260 |
| 1 - دەرىجىلىك تەپتىش | 260 |
| 1 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى | 240 |
| قوشۇمچە كەسىپ مۇئاۋىن دىرېكتوى | 240 |
| 2 - دەرىجىلىك تەپتىش | 240 |
| ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى | 200 |
| 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى | 200 |
| باش بانكىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقى | 180 |
| 1 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى | 180 |
| باش بانكىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى | 160 |
| 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى | 160 |
| 1 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى | 160 |
| 1 - دەرىجىلىك بانكا خادىمى | 140 |
| 2 - دەرىجىلىك بانكا خادىمى | 120 |
| 3 - دەرىجىلىك بانكا خادىمى | 100 |
| 1 - دەرىجىلىك ئىش بېجىرگۈچى | 100 |
| 2 - دەرىجىلىك ئىش بېجىرگۈچى | 90 |
| 3 - دەرىجىلىك ئىش بېجىرگۈچى | 80 |
| 1 - دەرىجىلىك پراكتىكانت | 90 |
| 2 - دەرىجىلىك پراكتىكانت | 80 |
| 3 - دەرىجىلىك پراكتىكانت | 70 |
| تېخنىك ئۇستا | 800 - 400 |
| تېخنىك | 400 - 200 |

| | |
|---|---|
| 1 . دەرىجىلىك ياردەمچى تېخنىك | 300 |
| 2 . دەرىجىلىك ياردەمچى تېخنىك | 250 |
| 3 . دەرىجىلىك ياردەمچى تېخنىك | 200 |
| 4 . دەرىجىلىك ياردەمچى تېخنىك | 160 |
| 5 . دەرىجىلىك ياردەمچى تېخنىك | 120 |
| 1 . دەرىجىلىك تېخنىك | 200 |
| 2 . دەرىجىلىك تېخنىك | 160 |
| 3 . دەرىجىلىك تېخنىك | 130 |
| 4 . دەرىجىلىك تېخنىك | 100 |
| 1 . دەرىجىلىك تېخنىكا مەشغۇلاتچىسى | 150 |
| 2 . دەرىجىلىك تېخنىكا مەشغۇلاتچىسى | 110 |
| 3 . دەرىجىلىك تېخنىكا مەشغۇلاتچىسى | 90 |
| 4 . دەرىجىلىك تېخنىكا مەشغۇلاتچىسى | 60 |
| 1 . دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى | 80 |
| 2 . دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى | 70 |
| 3 . دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى | 60 |
| 4 . دەرىجىلىك تېخنىك ئىشچى | 50 |
| مۇھاپىزەتچىلەر بەنجاڭى | 80 |
| مۇئاۋىن بەنجاڭى | 70 |
| مۇھاپىزەتچى | 60 |
| 1 . دەرىجىلىك شوپۇر | 160 |
| 2 . دەرىجىلىك شوپۇر | 130 |
| 3 . دەرىجىلىك شوپۇر | 100 |
| 1 . دەرىجىلىك ئاشپەز | 80 |
| 2 . دەرىجىلىك ئاشپەز | 70 |
| 1 . دەرىجىلىك ھارۋىكەش | 90 |
| 2 . دەرىجىلىك ھارۋىكەش | 80 |

مۇناسىۋەت باغلاش خىراجىتى: ① باش دىرېكتورنىڭ ئايلىق چىقىمى 200 يۈەن، ياردەمچى دىرېكتورنىڭ 110 يۈەن، 2 ـ ياردەمچىنىڭ 80 يۈەن. ② 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك شۆبە بانكىنىڭ دىرېكتورلىرى ۋە قوشۇمچە كەسىپ دىرېكتورلىرىنىڭ 80 يۈەن، مۇئاۋىن دىرېكتور ۋە ئىش بېجىرىش ئورنى مۇدىرلىرىنىڭ 50 يۈەن.

(6) مۇكاپاتلاش ـ جازالاش

① مۇكاپاتلاش: دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، تۆھپە يېزىش، جازانى ئەمەلدىن قالدۇرۇش.

② جازالاش: قايتا جازالاش، گۇناھ يېزىش. مائاشىنى تۇتۇپ قېلىش، سىناپ كۆرۈش، دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش (ۋەزىپىسىنى توختىتىپ ساتاژىنى ساقلاپ قېلىش) خىزمەتتىن ھەيدەش.

③ خىزمەت نەتىجىسىنى باھالاش: نومۇر قويۇش چارىسى ئارقىلىق باھالىناتتى. ئۆلچىمى: بىرىنچى، بىلىمى 50 نومۇر، ئىككىنچى، خىزمەت 25 نومۇر، ئۈچىنچى، مەشغۇلات 25 نومۇر، جەمئىي 100 نومۇر. ھەر يىلى ئىككى قېتىم خىزمەت نەتىجىسى باھالىنىپ، مۇكاپات ۋە جازا بېرىلەتتى. ئومۇمىي نومۇرى 90 دىن يۇقىرى بولغانلارنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلەتتى؛ ئومۇمىي نومۇرى 80 دىن يۇقىرى بولغانلارغا مۇكاپات پۇلى بېرىلەتتى؛ ئومۇمىي نومۇرى 60 تىن 70 كىچە بولغانلار مۇكاپاتلانمايتتى ۋە جازالانمايتتى؛ ئومۇمىي نومۇرى 50 تىن يۇقىرىغا توشمىغانلارنىڭ دەرىجىسى چۈشۈرۈلەتتى، ئومۇمىي نومۇرى 50 كە توشمىغانلار خىزمەتتىن ھەيدىلەتتى.

2) پاراۋانلىق

(1) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق جەمئىيىتى. بۇ جەمئىيەت مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947ـ يىلى) 9 ـ ئايدا قۇرۇلدى. ئادەتتە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بانكىغا خىزمەتكە چۈشكىنىگە ئالتە ئاي توشقاندىن كېيىن جەمئىيەتكە ئەزا بولۇشنى ئىلتىماس قىلاتتى. بانكا خادىملىرى ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى پاي قوشاتتى. باش بانكا تەيىنلىگەن يۇقىرىلار، شۆبە بانكىنىڭ دىرېكتور، مۇئاۋىن دىرېكتورلىرى، ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ باش مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرى بەش پاي قوشاتتى؛ مۇھاپىزەتچى، ئىشچىلار بىر پاي قوشاتتى. خىزمەت قىلغىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقان، بەش يىلدىن تۆۋەن بولغانلارغا بىر پاي قوشۇلاتتى. ھەر بەش يىل توشقاندا بىر پاي قوشۇلۇپ تۇراتتى. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ قوشىدىغان پېيى ئوندىن ئېشىپ كېتىشكە، بىردىن تۆۋەن بولۇشقا بولمايتتى. ھەر بىر پاي 20 مىڭ يۈەندىن جەمئىي 5 مىڭ پاي بولاتتى. يۇڭ، ئاشلىق توشۇش ئاساسلىق كەسىپ قىلىنىپ پايدا ئېلىش مەقسەت، سىرتقا توپ تارقىتىش پرىنسىپ قىلىناتتى. زۆرۈر تېپىلغاندا پارچە سېتىش ئورۇنلىرىمۇ تەسىس قىلىناتتى. ساپ پايدىنىڭ بەش پىرسەنتىدىن 30 پىرسەنتىگىچە جامائەت فوندى قىلىنىپ، 0.5 پىرسەنتى جەمئىيەت ئەزالىرىغا مۇكاپات بېرىلەتتى ھەمدە مۇدىرىيەت باشلىقلىرىغا ھەق بېرىلەتتى. قالغان ساپ پايدا پايچىكىنىڭ پايدىسى قىلىناتتى. ھەر ئالتە ئايدا نەتىجە ھېسابلىنىپ قىلىنغاندىن كېيىن، پاي بويىچە پايدا تەقسىم قىلىنىپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇشىغا قوشۇمچە ياردەم قىلىنىپ بېرىلەتتى.

(2) باشقا پاراۋانلىق. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى سىرتقا قارىتا تىجارەت قىلىدىغان بارلىق خادىملارنىڭ ھەر بىرىگە ئىككى يۈرۈش خىزمەت كىيىمى، باشقۇرۇش تارمىقى ۋە قوشۇمچە كەسىپ ئورۇنلىرىدىكى ھەر بىر كىشىگە بىر يۈرۈش كىيىم تارقىتىش قارار قىلىندى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 10 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم قىشلىق كىيىم تارقىتىش بەلگىلەندى. شىمالىي شىنجاڭدا كىيىم ئۈچۈن بانكىدىن 50 مىڭ يۈەن يېڭى پۇل تارقىتىلدى. پاراۋانلىق جەمئىيىتى 25 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بەردى. جەنۇبىي شىنجاڭدا بانكىدىن 30 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى، پاراۋانلىق جەمئىيىتى 15 مىڭ يۈەن قوشۇمچە ياردەم بەردى. يەتمىگەن قىسمىنى شۇ كىشى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

(3) ئالاھىدە تەمىنات. مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت «ھەر قايسى ئورگانلارنىڭ ئىچكىرىدىن ئۆلكىگە كەلگەن مەمۇرىي خىزمەتچىلەرگە تەمىنات بېرىش چارىسى» نى ئېلان

قىلدى؛ مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى تىجارەت بانكىسى «خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىنات چارىسى» نى بەلگىلىدى؛ مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ پەرمانىنى تارقىتىپ، چېگرا رايوندا خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملارنى مۇكاپاتلاش نىزامىنى بىكار قىلدى. ھەمدە «چېگرا، چەت - ياقا رايوندا خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملارنى مۇكاپاتلاش نىزامى» نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق:

① ئىچكىرىدىن شىنجاڭغا كەلگەن خادىملارنىڭ ئۆزىگە كىيىم - كېچەك خىراجىتى ئۈچۈن يېڭى پۇل ھېسابىدا 10 مىڭ يۈەن تارقىتىپ بېرىش، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە 10 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى بېرىش.

② بانكىغا كىرگەندىن باشلاپ ئەمەلىي خىزمەت قىلغان ۋاقتى ئۈچ يىل توشسا بىر مۇددەت ھېسابلىنىپ، مۇددەت توشقاندا باش بانكىنىڭ تەستىقى بىلەن، نەتىجىسى ئەلا بولغان ياكى مۇكاپاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بولسا، خىزمەت قىلىۋاتقان جاينىڭ يىراق - يېقىنلىقى بويىچە ئۈچ ئايلىقتىن ئالتە ئايلىق مائاش قوشۇپ بېرىش ياكى ئىككى ئايدىن تۆت ئايغىچىلىك دەم ئېلىش بېرىش، يول راسخودىنى بەلگىلىمە بويىچە تارقىتىپ بېرىش.

③ قۇمۇل، چەرچەن، بارىكۆلدىن ئىبارەت ئۈچ جاي چەت، يىراق بولغاچقا ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ھەسسىلەپ مۇكاپات پۇلى تارقىتىش.

④ شىمالىي شىنجاڭدا خىزمەتچىلەرنىڭ بىر يىل خىزمەت مىتاژى بىر يېرىم يىل دەپ ھېسابلاندى.

⑤ چەرچەندە خىزمەت قىلىۋاتقان خادىملارغا مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 1 - ئايدىن باشلاپ، باشقا ئورگانلارنىڭ ئايلىق مائاشىدەك ئىككى ھەسسە مائاش بېرىش، لېكىن تاماق خىراجىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مۇكاپات پۇلىنى قايتا ھەسسىلەپ تارقاتماسلىق.

⑥ مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئومۇمەن ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئىككى ئاي تۇغۇت دەم ئېلىشى بېرىش، ئەسلى مائاشىنى ئەينەن تارقىتىۋېرىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

⑦ مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ پېنسىيىگە چىقىش چارىسىنى ئېلان قىلدى ھەم ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار كېسەل سەۋەبىدىن قازا قىلغاندا بېرىلىدىغان دەپنە خىراجىتىنى تەڭشەپ، 30 يۈەننى توپ سان قىلىپ، شۇ ئايدىكى شۇ جاينىڭ مال باھا كۆرسەتكۈچىنى كۆپەيتىپ ھېسابلاپ ئۆلكە پۇلى بېرىش، بۇنىڭدىن سىرت تاللاپ تەيىنلەنگەنلەرگە 90%، كۆرسىتىپ تەيىنلەنگەنلەرگە 70%، تەيىنلەنگەنلەرگە 68% بويىچە پۇل قوشۇپ بېرىش بەلگىلەندى.

## 5. قازاشلىق كارخانىلار

### 1) ھەمكارلىق كوپېراتىپى

مىنگونىڭ 29 - يىلى (1940 - يىلى) 12 - ئايدىن باشلاپ، ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ۋە شۆبە بانكىلار قوشۇمچە تۈرلۈك ماللارنى ئېلىپ - سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇلار خەزىنىدىكى قالدۇق پۇلدىن پايدىلىنىپ، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ جايلارغا ئاپىرىپ ساتتى. بۇ تاۋارلار بىلەن ئاساسلىقى بانكىدىكى خىزمەتداشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى تەمىنلەندى. ئۇنىڭ باھاسى بازاردىكى باھادىن تۆۋەن بولدى. شۇنداقلا بازاردىكى باھانىڭ ئۆرلىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 12 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پەرمان چۈشۈرۈپ ئورگانلاردىكى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى تارقىتىۋەتتى. كېيىنكى يىلى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چەرچەن مال سودا بۆلۈمچىسى

قۇرۇلدى. ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ ئېشىپ قالغان ماللىرى چەرچەن مال سودا بۆلۈمچىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇنىڭ قىممىتى يېڭى پۇل ھېسابىدا 151 مىڭ 92. 903 يۈەن بولدى. 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ مۇشۇ كەسپى نەتىجىسى يوق دېگەن سەۋەب بىلەن پۈتۈنلەي تارقىتىۋېتىلدى. ئىسلاھاتتىكى ماللار «يۈشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتىگە سېتىپ بېرىلدى.

2) ئاشلىق دۇكىنى

ئۈرۈمچىدىكى ئاشلىق دۇكانلىرىغا بانكىدىن مەبلەغ سېلىنىپ، مۇستەقىل تىجارەت قىلاتتى. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا بىنائەن ئاشلىق، ياغ ۋە يەم - بوغۇزنى تەكشە باھادا ساتاتتى ھەم قوشۇمچە ئۇن زاۋۇتى قۇردى. يېڭى پۇل ھېسابىدا 1 مىليون يۈەن دەسمايىسى بار ئىدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) جەمئىي 30 ئىشچى - خىزمەتچىسى، دىرېكتور، مۇئاۋىن دىرېكتورلىرى بار ئىدى. ئىچكى جەھەتتە بوغالتىرلىق، كەسپىي ئىشلار، خوجىلىق، ساقلاش، ترانسپورت گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ غۇلجا، ساۋەن، گۇچۇڭلاردا ئاشلىق دۇكانلىرى ۋە سۇيدۇڭ، جىڭ، شىخولاردا ئۈچ يەم - بوغۇز پونكىتى قاتارلىق تارماق ئاپپاراتلىرى بار ئىدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) تارقىتىۋېتىلدى.

3) فار - فۇر زاۋۇتى

ئۈرۈمچى فار - فۇر زاۋۇتى كۈندىلىك فار - فۇر قاچىلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. دەسمايىسى يېڭى پۇل ھېسابىدا 1 مىليون يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىسى 26. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى بارلىق مۈلكى ھۆكۈمەتنىڭ سالغان مەبلىغى قىلىنىپ، مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

4) «مېخشىن» ئەينەك زاۋۇتى

زاۋۇت ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان. ئەينەك قاچا ئىشلەپچىقىراتتى. دەسمايىسى 300 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىسى 101. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئىشتىن توختىدى. 11- ئاينىڭ 7 - كۈنى مۈلكى ھۆكۈمەتنىڭ سالغان مەبلىغى قىلىنىپ، مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى.

5) ئىلى سانائەت شىركىتى

بۇ شىركەتنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئۇن زاۋۇتى، سەرەڭگە زاۋۇتى، يېڭى پۇل ھېسابىدا 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن دەسمايىسى، 179 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. شىركەتتە بوغالتىرلىق، كەسپىي ئىشلار، خوجىلىق گۇرۇپپىسى قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغان. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) نىڭ ئاخىرىدا ئىشتىن توختىدى.

6) «شىن مىن» ھۈنەر - سەنئەت زاۋۇتى

بۇ ئىلگىرى «شىن مىن» سوپۇن زاۋۇتى ئىدى. «شىن مىن» سوپۇن زاۋۇتى «يى شىن» سوپۇن زاۋۇتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، «شىن مىن» ھۈنەر - سەنئەت زاۋۇتى قۇرۇلدى. زاۋۇت ئۈرۈمچىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ قارمىقىدا سوپۇن زاۋۇتى، ھاراق زاۋۇتى، يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، «بۇغدا» بۆلۈمچىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ دەسمايىسى يېڭى پۇل ھېسابىدا 800 مىڭ يۈەن، ئىشچى - خىزمەتچىسى 57 ئىدى. زاۋۇتنىڭ قارمىقىدا بوغالتىرلىق، كەسپىي ئىشلار، ئىشلەپچىقىرىش، خوجىلىق گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنغانىدى. مىنگونىڭ 35- يىلى (1946 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بارلىق مۈلكى ھۆكۈمەتنىڭ مەبلىغى سۈپىتىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 6 § . مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى، قۇمۇل شۆبە بانكىلىرى

### 1. تەرەققىيات جەريانى

مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىغا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى تۇرۇپ، ئوچۇق ئاشكارە ھالدا گومىنداڭنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى، مەركىزىي بانكىنىڭ فابى پۇلى شىنجاڭغا كۆپلەپ كىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئۆلكە پۇلى بىلەن بىللە ئوبوروت قىلىندى. شۇنىڭغا ئۇلاپلا مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى مىنگونىڭ 32 - يىلى (1943 - يىلى) 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قۇمۇلنىڭ يېڭى شەھەر جەنۇبىي قوۋۇق 19 - قورۇدا قۇرۇلدى. مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى بىلەن مەركىزىي ھاۋالە مەبلەغ سېلىش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە ئىدارىسىمۇ مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تەڭلا ئىش باشلىدى. ئورنى ۋېنمياۋ كوچىسى 12 - قورۇدا ئىدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 5 - ئايدا مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى بىلەن مەركەزنىڭ ھاۋالە مەبلەغ سېلىش ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە ئىدارىسى جەنۇبىي قوۋۇق دۆڭكۆۋرۈككە كۆچۈپ كېلىپ تىجارەت قىلدى. كېيىنكى يىلى «25 - فېۋرال» ۋەقەسىدىن كېيىن، قايتىدىن ۋېنمياۋ كوچىسىغا كۆچۈپ كېلىپ تىجارەت قىلدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، جىن يۈەن پۇلىنى فابى پۇلىنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. خەلقنىڭ قولىدىكى ئالتۇن، كۈمۈش، چەت ئەل پۇللىرىنى مەجبۇرىي تېگىشىپ يىغىۋېلىپ، بازاردىكى تاۋارنىڭ باھاسىغا چەك قويدى. لېكىن جىن يۈەن پۇلى فابى پۇلىغا ئوخشاشلا نەقلەشتۈرگىلى بولمايدىغان پۇل بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا پاخاللاشتى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا كۈمۈش دوللار پۇلى تارقاتتى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تەرەققىيپەرۋەر تەشكىلات «كۈرەش جەمئىيىتى» نىڭ پىلانلىشى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى ھەر ساھە زاتلىرى ئارىسىدا جىن يۈەن پۇلىنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش دولقۇنى قوزغالدى. بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي بانكىنىڭ جىن يۈەن پۇلىنى ئىشلىتىدىغان ئادىمى قالمىدى. بۇ چاغدا مەركىزىي باش بانكا خادىملارنى تارقىتىۋېتىپ بانكىنى چۇڭچىڭغا كۆچۈرۈپ كېتىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. لېكىن كۆچۈرۈپ كېتىش پىلانى ئەمەلگە ئاشماي تۇرۇپلا شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئارمىيىسى ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى جاكارلىدى. 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، گېنېرال تاۋسىيۇ مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭدىكى تارماقلىرىغا تىجارەتنى توختىتىش، تېلېگراف خىزمىتىنى توختىتىش، باش بانكا بىلەن بولغان بارلىق ئالاقىنى ئۈزۈش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈردى.

مەركىزىي بانكىنىڭ قۇمۇل شۆبىسى ئۈچىنچى دەرىجىلىك شۆبە بانكا بولۇپ، پەقەت دىرېكتور ۋە ياردەمچى دىرېكتور قويۇلمىغان. ئىش باشلىغان چاغدا جاڭ جياپىڭ دىرېكتور ئىدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جاڭ جياپىڭ جەنۇبىي مەركىزىي بانكىنىڭ دىرېكتورى گوچىڭدې بىلەن ئالماشتۇرۇلدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 10 - ئايدا لەنجۇدىكى شۆبە بانكىدىن چېڭ جىفەن قۇمۇلدىكى شۆبە بانكىغا دىرېكتورلۇققا يۆتكەلدى. گوچىڭدې لەنجۇدىكى شۆبە بانكىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى بولدى. دىرېكتورنىڭ قول ئاستىدا كاتىبات، بوغالتىرلىق، تىجارەت، خەزىنە، كاسسىدىن ئىبارەت بەش بۆلۈم

ۋە تېلېگراف ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغانىدى.

مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى ئىككىنچى دەرىجىلىك شۆبە بانكا بولۇپ، دەسلەپتە مايەنجاڭ دىرېكتور، يۈەن شىگۇي، لى يىنفۇلار مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى. يۈەن شىگۇي خىزمەت ئورنىغا كەلمىدى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 11 ـ ئايدا باش بانكا شېن لىيۇنى مايەنجاڭنىڭ ئورنىغا دىرېكتور قىلىپ تەيىنلىگەن بولسىمۇ، لېكىن شېن لىيۇمۇ شىنجاڭغا كەلمىدى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 1ـ ئايدا لى بىنخۇ دىرېكتور قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. لى بىنخۇ تاكى شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر دىرېكتور بولدى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنىڭ ئىچىدە كاتىبات، بوغالتىرلىق، تىجارەت، خەزىنە، كاسسا، تارقىتىشتىن ئىبارەت ئالتە گۇرۇپپا ۋە بىر تېلېگراف ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى.

## 2. قەغەز پۇل تارقىتىش

مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) نىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى گوۋەنجىن پۇلىنى تارقىتىشقا باشلاپ، شىنجاڭ بويىچە ئوبوروت قىلدۇردى. تارقىتىلغان گوۋەنجىن پۇلنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى 100 دوللارلىق، 250 دوللارلىق، 500 دوللارلىق، 1000 دوللارلىق، 2000 دوللارلىق، 5000 دوللارلىق، 10 مىڭ دوللارلىق، 20 مىڭ دوللارلىق، 25 مىڭ دوللارلىق ھەم 50 مىڭ دوللارلىق بولدى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) كىچىگە قەدەر جەمئىي 3 تىرىلىيون 287 مىليارد 167 مىليون 850 مىڭ دوللار تارقىتىلدى. (2 ـ 9 جەدۋەلگە قارالسۇن) . بىر دوللار گوۋەنجىن پۇلى تۆت دوللار يېڭى پۇلغا، بەش دوللار فابى پۇلى بىر دوللار يېڭى پۇلغا سۇندۇرۇلدى.

ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى تارقاتقان گوۋەنجىن پۇلنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 2 ـ 9 بىرلىكى: 10 مىڭ دوللار

| يىللار | شۇ يىلدا تارقىتىلغان ئومۇمىي سانى | ئەچچە يىلدىن بېرى جەمئىي تارقىتىلغان ئومۇمىي سانى |
|---|---|---|
| 1944 | 12400 | 12400 |
| 1945 | 610300 | 622700 |
| 1946 | 7208000 | 7830700 |
| 1947 | 32941658 | 40772358 |
| 1948 | 287944427 | 328716785 |

شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىمۇ يېڭى پۇل تارقىتىپ، فابى پۇلى، گومىنجىن پۇلى بىلەن تەڭلا ئوبوروت قىلدۇردى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى گەرچە دۆلەت بانكىسى بولۇپ، بىر تۇتاش پۇل تارقىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدا پۇل مۇئامىلىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە بازارنى تىزگىنلەش رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى. شۇڭا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى يېڭى پۇلنى تارقىتىشنى توختىتىش ياكى چەكلەش ھەققىدە كۆپ قېتىم تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت جاۋاب بەرمىدى.

مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، «مالىيىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش بۇيرۇقى»نى ئېلان قىلىپ، جىن يۈەن پۇلىنى تارقاتتى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 199 مىليون 999 مىڭ دوللار جىن يۈەن پۇلى تارقاتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى ئون پۇڭ، يىگىرمە پۇڭ، بىر دوللار، بەش دوللار، ئون دوللارلىق بىر نەچچە خىل بولدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) غا كەلگەندە جىن يۈەن پۇلىنىڭ كۇرسى شىددەت بىلەن چۈشتى. 100 دوللار، 500 دوللار، 1000 دوللارلىق چوڭ پۇللار ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە يەنە يۈزىدىكى قىممىتى 50 مىڭ دوللارلىق چوڭ سوممىلىق پۇللار تارقىتىلدى.

جىن يۈەن پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىر دوللار جىن يۈەن پۇلىنى 3 مىليون دوللار فابى پۇلىغا، 150 مىڭ يۈەن گومىنجىن پۇلىغا سۇندۇرۇپ، تېگىشىپ يىغىۋېلىشنى ھەم خەلقنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈش، چەت ئەل پۇللىرىنى مەجبۇرىي تېگىشىپ يىغىۋېلىشنى بەلگىلەپ، خەلقنىڭ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج قىلدى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر يەقەت ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى جەمئىي 473 مىليارد 745 مىليون 725 مىڭ دوللار جىن يۈەن پۇلى قىممىتىدە گومىنجىن پۇلى تېگىشىپ يىغىۋالدى. دەسلەپ تېگىشىۋالغان كۈمۈش تەڭگە 329 دوللار، ئامېرىكا دوللىرى 5726 دوللار، پارچە كۈمۈشلەر 66 .14 سەرگە يەتتى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) نىڭ باشلىرىدا جىن يۈەن پۇلىنىڭ كۇرسى شىددەت بىلەن چۈشۈپ، ئىناۋىتى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۈرۈمچى خەلقى مال باھاسىنىڭ داۋاملىق ئۆرلەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، بەس ـ بەستە نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىپ بېسىۋېلىشقا كىرىشىپ، نەتىجىدە تالىشىپ مال سېتىۋېلىش شاملى كېلىپ چىقتى. جىن يۈەن پۇلىنىڭ كۇرسىنىڭ شىددەت بىلەن چۈشۈپ كېتىشىنى ئوڭشاش ئۈچۈن ئۈرۈمچى شۆبە بانكا مەركىزىي باش بانكىدىن 200 سەر ئالتۇن يۆتكەپ كېلىپ، ئۈرۈمچىدە ئامانەت پۇلنى نەقلەشتۈرمەكچى بولدى، ئەمما جىن يۈەن پۇلى كۆپ تارقىتىلىپ كەتكەنلىكتىن، ئالتۇن يېتىشمەي بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشماي قالدى.

شىنجاڭنىڭ مالىيە ئىقتىسادى ۋەيران بولۇش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، كۈمۈش دوللار پۇلى تارقاتتى. 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۈرۈمچى خەلقى جىن يۈەن پۇلى ئىشلىتىشنى بىردەك رەت قىلدى. 6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ئۇيۇشمىسى پۈتۈن شەھەردىكى سودىگەرلەرگە يۈزىدىكى قىممىتى 50 مىڭ دوللاردىن يۇقىرى چوڭ پۇلنى ئىشلىتىشنى رەت قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. مۇشۇ خىل ئەھۋالدا مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى خىزمەتچىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىدىن 2000 يۈەن كۈمۈش دوللار پۇلى قەرز ئالدى.

جىن يۈەن پۇلىنى ئىشلىتىش رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىغا ئامانەت قويۇلغان پۇل تەخمىنەن 3 مىليارد 500 مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلىغا يەتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىغا تىزىملىتىلغان جىن يۈەن پۇلى تەخمىنەن 2 مىليارد 500 مىليون دوللارغا يېتىپ، جەمئىي 6 مىليارد دوللاردىن ئاشتى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى جىن يۈەن پۇلىنى، جۈملىدىن نەق پۇل ۋە مەركىزىي بانكىنىڭ خاس چېكىنى تېگىشىپ يىغىۋېلىشقا

باشلىدى. بىر دوللار كۈمۈش تەڭگە 600 مىليارد كونا ئۆلكە پۇلىغا، بىر دوللار جىن يۈەن پۇلى 600 مىڭ دوللار ئۆلكە پۇلىغا تېگىشىلدى (بىر دوللار كۈمۈش تەڭگە بىر مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلىغا سۇندۇرۇلدى). لېكىن تىزىملىتىلغان 6 مىليارد 43 مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلىلا تېگىشىلدى، تىزىملىتىلمىغانلارغا تېگىشىپ بېرىلمىدى.

مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى يەنە كۈمۈش تەڭگىنى تېگىشىش چېكى تارقاتقانىدى، ئەمما، مۇۋەپپەقىيەتسىز بولدى.

ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى گۈەنجىن پۇلى ۋە جىن يۈەن پۇلى تارقاتقاندىن سىرت مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يەنە شىنجاڭ ئوبوروت چېكىنى تارقاتتى. ئۇنى بېسىشتا خاتالىق كۆرۈلگەنلىكتىن، تارقىتىلغان كۈنىلا ئۆلكە رەئىسى ۋۇجۇڭشىن: «تارقىتىلىپ كەتكەنلىرى ئامال قىلىپ يىغىۋېلىنسۇن، تارقىتىلمىغانلىرى ۋاقتىنچە تارقىتىلمىسۇن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. ئوبوروت چېكى تارقىتىلىشتىن توختىغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شۆبە بانكىنىڭ كەسپىنى نورمال قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، مەركىزىي باش بانكىنىڭ تارقىتىش ئىدارىسى چوڭدۇدىن ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىغا 6 مىليارد دوللار گۈەنجىن پۇلى بۇيرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مالىيە مىنىستىرلىكمۇ تۆت تۈرلۈك چارە بەلگىلىدى، بۇنىڭ ئىككىنچىسىدە: ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى ئۆز جايىدا ئاز مىقداردا خاس چېكىنى بېسىپ تارقىتىپ ئوبوروت قىلدۇرۇشى كېرەك؛ ئۈچىنچىسىدە: ئۈرۈمچى، لەنجۇ، جيۇچۈەننىڭ پېرېۋوت ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك؛ تۆتىنچىسىدە: شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت شىنجاڭ باسما زاۋۇتىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا پۇلىنى باستۇرۇپ، ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىغا كېمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن قەرز بېرىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. شىنجاڭنىڭ ئوبوروت چېكى تارقىتىلىشتىن توختىغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى شىنجاڭ گېزىتىگە ھەمدە بانكىنىڭ ئالدىغا ئېلان چىقىرىپ 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى تېگىشىشنى ئاخىرلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. مەركىزىي بانكا ئۈرۈمچىگە توشۇغان جەمئىي 1 مىليارد 500 مىليون (50 دوللارلىق، 100 دوللارلىق ئىككى خىل) دوللار شىنجاڭ ئوبوروت چېكىدىن ئۈچ كۈندە جەمئىي 9 مىليون 460 مىڭ دوللار تارقىتىلىپ بولدى. تېگىشىپ كېلىنگەن ئوبوروت چېكى ۋە تارقىتىلمىغان ئوبوروت چېكى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ باسما زاۋۇتىدا كۆيدۈرۈۋېتىلدى.

## 3. دۆلەت خەزىنىسىگە ۋاكالەتچىلىك قىلىش

مەركىزىي بانكىنىڭ شىنجاڭدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئورگىنىغا ۋە ھەربىي قىسىملارغا خىراجەت توپلاپ بۇيرۇپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى.

گومىنداڭ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، ئارمىيىسىنى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەچكە، ھەربىي خىراجەت ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى خەزىنە پۇلىنى توختىماي ئاجرىتىپ تۇراتتى، ھەر قېتىملىق ئاجراتقان پۇل نەچچە ئون مىليارد يۈەنگە يېتەتتى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) شىڭشىڭشيادىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان تاشيولنى ياساش ئۈچۈن 13 مىليون يۈەن ئاجرىتىلدى. مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىلى) 5 ـ ئايدا غەربىي شىمال بانكىسىدىن ئۈرۈمچى، قۇمۇلدىكى ئىككى ئايرودرومنىڭ مىنگونىڭ 36 ـ يىلى (1947 ـ يىل) لىق قۇرۇلۇش خىراجىتى ئۈچۈن 3 مىليارد 600 مىليون دوللار ئاجرىتىلدى. 5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى بىر كۈندىلا تاشيول قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئىككى قېتىم، بىر قېتىمدا 5 مىليارد 700 مىليون دوللار، يەنە بىر قېتىمدا 1 مىليارد 900 مىليون دوللار خىراجەت ئاجرىتىلدى. ھەربىي خىراجەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، مەركىزىي بانكىنىڭ تارقىتىش ئىدارىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىغا ئۈزلۈكسىز ھالدا گۈەنجىن پۇلىنى توشۇپ تۇردى.

ئۈرۈمچى شۆبە بانكا ھەر ۋاقىت خەزىنە قالدۇقىنى ئىشلىتىپ ھەربىي خىراجەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 8 - ئايدا 17 قېتىم پۇل يۆتكەلدى. يەنە 9 - ئايدا 19 قېتىم، 10 - ئايدا 11 قېتىم، 11 - ئايدا 23 قېتىم، 12 - ئايدا 18 قېتىم بولۇپ بەش ئاي جەريانىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر ئايدا 17.6 قېتىم پۇل يۆتكەلدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) غەربىي شىمال بانكىسى جياڭ جيېشىنىڭ تەستىقى بىلەن ھەر ۋاقىت ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىغا 10 مىليارد دوللار ئارتۇق چىقىم قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى (شۇ چاغدا 200 مىڭ دوللار بىر سەر ئالتۇنغا، 10 مىليارد دوللار 50 - مىڭ سەر ئالتۇنغا توغرا كېلەتتى) ئۇنىڭ ئۆسۈمى 1.5 پۇڭ بويىچە ھېسابلاندى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) يۇقىرىقى تۈرلەرنىڭ ئارتۇق چىقىم قىلىش مەزگىلى توشقاندىن كېيىن غەربىي شىمال بانكىسى ئوبوروتقا پايدىلىق بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر ۋاقىت ئارتۇق چىقىم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن داۋاملىق يېرىم يىلدا 5 مىليارد دوللار ئارتۇق چىقىم قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئۆسۈم مەسىلىسىدە ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئارتۇق چىقىم قىلىش ئۆسۈمى ئادەتتە 3.6 پۇڭ بولسىمۇ ئەمما بۇ تۈرنىڭ ئارتۇق چىقىم قىلىنىشى ئالاھىدە بولغانلىقتىن ئايلىق ئۆسۈمى 1.2 پۇڭغا ئۆزگەرتىلدى.

## 4. كەسپىي ئىشلار

### 1) ئۆلكىلىك بانكىدىن تارقىتىش فوندى ئېلىش

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئۆز ئالدىغا پۇل تارقىتىش ھوقۇقى بولۇشىغا رۇخسەت قىلدى. لېكىن يېڭى پۇلنىڭ تەييارلىق فوندى مەركىزىي بانكىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈشى شەرت ئىدى.

مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 3 - ئايدا مەركەز مالىيە مىنىستىرلىكى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: «مەركىزىي بانكا يېڭى پۇل تەييارلىق فوندىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىلگىرى بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە قايى پۇلغا ئالماشتۇرۇشقا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى جاكارلىشى كېرەك. يېڭى ئوبوروت چېكىنىڭ سانىنى بەلگىلەشتە مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 12 - ئاينىڭ ئاخىرى تارقىتىلغان چەك سوممىسى 1 مىليارد 363 مىليون 857 مىڭ 400 دوللاردىن دىرېكتور باشقارمىسى ھەربىي خىراجەتكە ۋاقىتلىق ئارىيەت ئالغان 134 مىليون دوللار بىلەن ئۆلكە خەزىنىسىنىڭ ئامانەت پۇلى 237 مىليون دوللارنىڭ يىغىندىسى 371 مىليون دوللارنى ئېلىۋەتكەندە، قالغان 992 مىليون 827 مىڭ 400 دوللار ئۆلچەم قىلىنىشى كېرەك. مەركىزىي بانكا تەييارلىق فوندىنى تاپشۇرۇۋېلىشتا مۇشۇ ساننى ھېسابلاش ئۆلچىمى قىلىش كېرەك». ھەمدە بۇنى مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى تاپشۇرۇۋېلىپ، 4 - ئاينىڭ ئاخىري بۇ ئىشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. شېڭ شىسەي خەزىنىدىكى ئالتۇن سانى ئىچىدىكى 9000 سەر ئالتۇن شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ مۈلكى، بۇ بانكا ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر شېرىكلىشىپ ئاچقان تىجارەت ئاپپاراتى، بۇ مۈلۈكنى ئۆلكە پۇلىنىڭ تەييارلىق فوندى ھېسابلاشقا بولمايدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن سىرت «يۇشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى تىجارەت ئاپپاراتى بولۇپ، ئۇنىڭ مۈلكىنىمۇ ئۆلكىنىڭ تەييارلىق فوندى ئورنىدا ھېسابلاشقا بولمايدۇ دەپ، بۇنى چىقىرىۋېتىش تەلەپ قىلىندى. مالىيە مىنىستىرلىكى مۇنداق جاۋاب قايتۇردى: «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ تىجارەت ئومۇمىي ئەھۋالى جەدۋىلىنىڭ مۈلۈك قىسمىغا ئالتۇن كىرگۈزۈلمىگەن، بۇ تۈردىكى 9000 سەر ئالتۇن تىجارەت بانكىسىنىڭ مۈلكى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا ئۆلكە پۇلىنىڭ تەييارلىق فوندىغا تەۋە بولىدۇ. ئۇنى ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىغا تاپشۇرۇش كېرەك. «يۇشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى ساقلاۋاتقان يەرلىك مەھسۇلاتلار ۋە ماللارنىڭ ئىلگىرى يېڭى پۇلنىڭ تەييارلىق فوندى قىلىنغان قىسمى پۈتۈنلەي بانكىلارغا ئۆتكۈزۈلۈشى

كېرەك. ئەگەر بۇ شىركەت سودا شىركىتى قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلمىغان بولسا، ئايرىم مەبلەغ توپلىشى كېرەك. ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق مەبلەغ ئۈچۈن «يۆشىن» يەرلىك مەسئۇلاتلار شىركىتىنىڭ مۈلكىدىن پەقەت بىر قىسمىنى دەسمايە قىلىشقا ئاجرىتىپ بېرىشكە بولىدۇ، قالغانلىرىنى يەنىلا بانكائىلارغا تەييارلىق فوندىنى تولۇقلاشقا تاپشۇرۇپ بېرىش كېرەك». ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭ مالىيە نازارىتىدىن تىجارەت بانكىسىنىڭ تارقىتىش تەييارلىق فوندىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش قىسمىنى تاپشۇرۇۋالدى. 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە 47 مىڭ 902 سەر 2 پۇڭ كېپەك ئالتۇن، زىقچە ئالتۇن، ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى ھەم تىللا تاپشۇرۇۋالدى. بۇ بەلگىلەنگەن ساندىن يەنە 200 نەچچە سەر كەم قالدى. شىڭ شىسەي بىلەن پىڭ جىيۈەن ئۆتكۈزۈش - ئۆتكۈزۈۋېلىش رەسمىيەتلىرىگە قول قويدى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكا ساناپ ئۆتكۈزۈۋالدى.

ئەسلى تاپشۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك كۈمۈشكە ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنىڭ پۇلى كاملىغاچقا، ھەربىي خىراجەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. جۇشاۋلياڭ، ۋۇجۇڭشىنلارنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇ بانكىغا ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك كۈمۈشنى دەرھال ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋە باشقا جىددىي ھەربىي ئىشلارنىڭ ئېھتىياجىغا ئىشلەتتى. شۇڭا، كۈمۈشنى تاپشۇرۇش ۋاقتىنچە توختاپ قالدى. مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 6 - ئايدا مۇشۇ تۈردىكى كۈمۈشنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىلمىگەنلىكتىن، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ مالىيە نازارىتى تورپان قاتارلىق جايلاردىن ئاشلىق سېتىۋېلىپ، ئېشىپ قالغان 395 مىڭ 724. 817 سەر كۈمۈشنى 345 ساندۇققا قاچىلاپ ئەكىلىپ تاپشۇردى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنىڭ خەزىنىسى كىچىك بولغاچقا، قويىدىغان جاي يوق، ھەممىسى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى بىناسىنىڭ ئامبىرىغا قويۇپ قويۇلدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 6 - ئايغا قەدەر ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى جەمئىي تاپشۇرۇۋالغان يېڭى پۇل تەييارلىق فوندى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئالتۇننىڭ ئېغىرلىقى 53 مىڭ 974.911 سەر، ساپ ئېغىرلىقى 48 مىڭ 408.775 سەر (مەركىزىي بانكا شائخەيگە ئاپىرىپ سانىنى سېلىشتۇرغان)؛ (2) كۈمۈش 406 مىڭ 68.270 سەر؛ (3) روسىيە تىللاسى 54 مىڭ 255 يۈەن، بەلگىلەنگەن ساندىن 15 يۈەن ئارتۇق تاپشۇرۇلدى؛ (4) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەغەز رۇبلىسى 127 مىڭ 504.50 رۇبلى؛ 24 مىڭ 245.48 رۇبلى ئارتۇق تاپشۇرۇلدى؛ (5) ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى زايوم 697 مىڭ 300 يۈەن، ئامېرىكا دوللىرى 58 مىڭ 794 يۈەن؛ (6) جەنۇبىي ئامېرىكا تىللاسى 921 يۈەن، ئەنگلىيە تىللاسى 720 فوندستېرلىڭ، ئەنگلىيە قەغەز پۇلى 885 فوندستېرلىڭ، ئامېرىكا تىللاسى 40 يۈەن.

2) ئالتۇن، كۈمۈشنى ساقلاش توشۇش

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 6 - ئايدا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى تەييارلىق فوندىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى پۈتۈنلەي ئاياقلاشتۇردى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكا 9 - ئاينىڭ 11 - كۈنى باش بانكا تارقىتىش ئىدارىسىنىڭ 50 مىڭ سەر ئالتۇننى قۇمۇلغا يۆتكەپ ساقلاش توغرىسىدىكى تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. كېيىن لەنجۇغا توشۇپ كېتىلدى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى بۇيرۇققا بىنائەن 10 - ئاينىڭ 13 -، 16 - كۈنلىرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، كاسسا مۇدىرى تيەن زىنتاۋ ۋە شىن تۇڭلۇلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىنغان 17 ساندۇق ئالتۇن ۋە قوشۇپ بېرىلگەن 13 ساندۇق ئالتۇننى ھەربىي ئايروپىلان بىلەن لەنجۇغا يالاپ ئاپىرىپ، مەركىزىي بانكىنىڭ لەنجۇ شۆبىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئەۋەتتى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 3 - ئايدا باش بانكىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۈرۈمچى شۆبە بانكىنىڭ ئىلگىرىكى پۇلنى ساناپ بېجەتلىگۈچىسى شىن جىنكاۋ لەنجۇ شۆبە بانكىسىنىڭ يالاپ ماڭغۇچى خادىمى بىلەن بىللە شۇ يەرگە قويۇپ قويغان 30 ساندۇق ئالتۇن ۋە چەت ئەل پۇلنى شائخەيگە ئاپىرىپ ئېنىقلىتىپ، رەسمىي تەكشۈرتۈپ، تاپشۇرۇپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشكە لەنجۇغا ئەۋەتىلدى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنىڭ مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 6 - ئاينىڭ

29 - كۈندىكى 9 - نومۇرلۇق ھۆججەتتىكە قارىغاندا تۆۋەندىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى تاپشۇرۇۋالغان:

بىرلىكى: شىنجاڭ سەرى

| ئالتۇن تۈرلىرى | | ئومۇمىي ئېغىرلىقى | ساپ ئېغىرلىقى | ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ تىللالىرى | ئومۇمىي ئېغىرلىقى | ساپ ئېغىرلىقى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالتۇن زىننەت بۇيۇملار | | 1618.32 | 1181.87 | 7009 دانە | 1317.74 | 1159.65 |
| زىغچا ئالتۇن | | 2193.34 | 1688.47 | | | |
| كېسەك ئالتۇن | | 43328.00 | 39728.27 | | | |
| جەمئىي① | شىنجاڭ سەرى | 47139.66 | 42598.61 | | | |
| | شەھەر سەرى | 53974.91 | 48775.408 | | 1508.81 | 1327.799 |

① شىنجاڭ سەرى 1.145 شەھەر سەرىگە تەڭ كېلىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن تىللادىن باشقىلىرىنى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن مەركىزىي بانكىنىڭ پۇل قۇيۇش زاۋۇتى ئېرىتىپ كېسەك ئالتۇن قىلدى.

مىنگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) 7 - ئايدا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن ئۆلگىرى تاپشۇرۇۋېلىپ ۋاقتىنچە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ يېڭى بىناسىنىڭ ئامبىرىغا قويۇپ قويغان 345 ساندۇق كۈمۈشنى لەنجۇغا يۆتكەپ لەنجۇ شۆبە بانكىدا ساقلىتىشقا رۇخسەت قىلىشنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلدى. ئەمما، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ۋەجىزگىشىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن تاپشۇرۇشنى رەت قىلدى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكا بىر نەچچە قېتىم سۆيلىگەن بولسىمۇ، يەنىلا نەتىجە چىقمىدى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئايغا كەلگەندە شىنجاڭ پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۆز ئالدىغا كۈمۈش تەڭگە قۇيىدىغان بولغاندا بۇ كۈمۈشلەر يېڭى بىنانىڭ ئامبىرىدىن ئېلىپ چىقىلىپ، پۇل قۇيۇش زاۋۇتىغا تاپشۇرۇلۇپ، كۈمۈش تەڭگە قۇيۇلدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 8 - ئايدا لەنجۇ ئازاد بولغاندا لەنجۇ شۆبە بانكىنىڭ دىرېكتورى جاڭ گۇاڭيا بىلەن جيۇچۈەن شۆبە بانكىنىڭ دىرېكتورى بۇيرۇق بويىچە بىر قىسىم خادىملارنى باشلاپ ئۈرۈمچىگە چېكىنگەندە 12 ساندۇق ئالتۇن، كۈمۈشنى بىللە ئېلىپ 9 - ئاينىڭ 27 - كۈنى قۇمۇلغا يېتىپ كەلدى. 29 - كۈنى ئۈرۈمچىگە يۆتكىمەكچى بولدى. ئەمما دەل يۆتكىمەكچى بولۇۋاتقاندا چوڭ كۆلەملىك قوراللىق كۆيدۈرۈش، بۇلاش ۋەقەسى چىقىپ 12 ساندۇق ئالتۇن، كۈمۈش پۈتۈنلەي بۇلاپ كېتىلدى.

لەنجۇ ئازاد بولغاندىن كېيىن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەپ غەربكە يۈرۈش قىلدى. مىنگونىڭ 38 ـ يىلى (1949 ـ يىلى) 9 ـ ئايدا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى خەزىنە پۇلىنى تاپشۇرۇش، مەركەزنىڭ شىنجاڭدىكى ئورگانلىرىغا بېرىلمەي قالغان خىراجەتنى ئاجرىتىپ بېرىش ئۈچۈن جيۇچۇەندىن ئۈرۈمچىگە بىر تۈركۈم ئالتۇن يۆتكەپ كەلدى. بۇ ئالتۇنلار ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كېلىنگەن كۈنى شىنجاڭ دائىرىلىرى ھەقىقەتكە قايتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىنىڭ دىرېكتورى لى بىنفۇ شىنجاڭ ئامانلىق ساقلاش سىلىگبۇسىدىن يولىيورۇق سوراپ، بۇ ئالتۇنلارنى بىرلەشمە ئىشلار 17 ـ مالىيە باشقارمىسىنىڭ ساقلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. بۇ ئالتۇن چوڭ كىچىك جەمئىي 132 يېشىك، ئومۇمىي ئېغىرلىقى 2119.272 سەر.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى خەزىنىسىدىكى 118.735 سەر ئالتۇننى ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1949 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئىنقىلاش كومىتېتى ئۈرۈمچى ھەربىي ئىشلار باش ۋەكىلى راۋجىگشىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە پۈتۈنلەي 1 ـ بىگتۈمەن ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ ساقلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

### 3) بانكا كەسپلىرىنى تەكشۈرۈش

مەركىزىي بانكا دۆلەت بانكىسى بولۇپ، يەرلىك بانكىلارنىڭ تۈرلۈك كەسپلىرىنى تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق. ئۇ ھاكىمىيەت كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئامانەت پۇلىنى مونوپول قىلىپ، ئۆسۈم نىسبىتىنى باشقۇراتتى. ھەر قايسى تىجارەت بانكىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندىنى تاپشۇرۇپ ئالاتتى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە مۇشۇ كەسپلەرنى بېجىرگەن ئىدى. مىنگونىڭ 35 ـ يىلى (1946 ـ يىلى) 6 ـ ئايدا شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بېجىرىشكە ئادەم ئەۋەتتى. لېكىن شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى پۇل قىس، نەق پۇل كەمچىل، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ھەمىشە بانكىنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىۋالىدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ بانكا قالدۇقىنى تاپشۇرمىدى. تاكى مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) غىچە كېيىنگە سۈرەپ تاپشۇرمىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى باش بانكىغا: «شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىغا قارىتىلغان ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، مەزكۇر بانكا تەييارلىق فوندىنى تاپشۇرۇشتىن ئىلگىرى بۇ بانكىغا پۇل ئاجرىتىپ بېرىش، پۇل پىرىۋوت قىلىشتا ھەقنى %60 بويىچە ئالماي تولۇق ئېلىش كېرەك» دەپ تەكلىپ بەردى. لېكىن، باش بانكا بۇ تەكلىپكە قوشۇلمىدى. ئۈرۈمچى شۆبە بانكىمۇ ھېچ ئامال قىلالمىدى. شۇ چاغدا تەييارلىق فوندىنىڭ ھەپتىلىك ئۆسۈمى بەش پۇڭ ئىدى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) نىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە ئۈرۈمچىدىكى تۆت بانكىدىن پەقەت لەنجۇ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىلا ئۆسۈمنى قائىدە بويىچە تاپشۇرۇپ تۇردى.

### 4) پۇل ئامانىتى

مەركىزىي بانكا دۆلەتكە ۋاكالىتەن پۇل مۇئامىلىنى باشقۇرۇپ، پۇل مۇئامىلە سىياسەتلىرىنى بەلگىلەيتتى ۋە ئۇنى ئىجرا قىلاتتى. ئادەتتىكى بانكىلارنىڭ كەسپىنى ئىشلىمەيتتى. شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىنىڭ ئوخشىمىغانلىقتىن، مادىي ئەشيا كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى قەرەلسىز پۇل ئامانىتى، كەسپداشلار پۇل ئامانىتى كەسپلىرىنى بېجىردى. مەركەزنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق ئورگانلىرى، يەرلىك ئورگانلار، ھەربىي ئورگانلار ۋە سودىگەرلەر، شەخسلەر قەرەلسىز پۇل ئامانەت قوياتتى. مىنگونىڭ 37 ـ يىلى (1948 ـ يىلى) قەرەلسىز پۇل ئامانىتى ئومۇمىي ئامانەت پۇلىنىڭ 5.82 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ھەپتىلىك ئۆسۈمى 1.2 پۇڭ بولدى. كېيىنكى يېرىم يىلدا كەسپداشلاردىن جۇڭگو بانكىسى، قاتناش بانكىسى، دېھقانلار بانكىسى، پوچتا ئىدارىسى پۇل ئامانەت، پىرىۋوت بۆلۈمچىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا، لەنجۇ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى پۇل ئامانەت قويدى.

### 5) قەرز پۇل بېرىش

مەركىزىي بانكا ئورگانلارغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىستلارنىڭ كارخانىلىرىنىڭ ئارتۇق چىقىمى ئۈچۈن قەرز

پۇل بەردى. ئۈرۈمچى رايونلۇق بانكىنىڭ نازارەت قىلىش، باشقۇرۇش ئىش بېجىرىش ئورنى، دۆلەتلىك «تەڭرىتاغ» دارىلمۇئەللىمىن، جۇڭگو دېھقانلار بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى غەربىي شىمال بانكىسى قاتارلىق ئورۇنلار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شۆبە بانكا بىلەن ئارتۇق چىقىم قىلىش توختاملىرىنى تۈزۈشتى. باشقا قەرز پۇللار بولسا دۆلەت بانكىسى ھەمدە تىجارەت بانكىسى ئارقىلىق رەڭنى يۆتكەش، رەڭلىك پىرېۋوت قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق بېجىرىلدى، ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولغاچقا، ئارتۇق چىقىم قەرز پۇلى تارقاتقاندىن سىرت پۇل ئامانىتى، قەرز پۇل تارقىتىش كەسىپلىرىنى بېجىردى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) كەسپداشلارنىڭ ئامانەت پۇلى بىلەن قەرز پۇل كەسپى 1 مىليون دوللارغا يەتتى ھەم پەقەت شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئامانەت، قەرز پۇللىرى بىلەنلا چەكلەنگەن ئىدى. پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سانى ئازىيىپ كەتكەچكە ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) قەرەلسىز ئامانەت رەسمىدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش ھېسابىدىكى قەرز پۇل پەقەت دۆلەتلىك «تەڭرىتاغ» دارىلمۇئەللىمىنىگىلا بېرىلدى. قەرز پۇلنىڭ ئەڭ يۇقىرى سوممىسى 4112.98 يۈەن.

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) مەركىزىي باش بانكا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىنىڭ تىجارەت فاڭجېنى توغرىسىدا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «قەرز پۇل بېرىشتە ماھىيەتتە قاراش كېرەك، ئەگەر ھەقىقەتەنمۇ ماددىي قۇرۇلۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش مەقسەت قىلىنغان بولسا ھەمدە مەركەزنىڭ سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشقا ياردىمى بولىدىغان بولسا ئەھۋالغا قاراپ بېجىرىشكە بولىدۇ. . . لېكىن، ئالدىنئالا ھەر ۋاقىت يولىيورۇق سوراپ، تەكشۈرتكەندىن كېيىن بېجىرىش كېرەك». 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت سۇئىشلىرى، چارۋىچىلىق، يېزا قاتنىشى ھەمدە سانائەت كان قۇرۇلۇشى مەبلىغى توپلاش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى بىلەن قەرز پۇل توختامى ئىمزالاپ بىر يىللىق مۇددەت بىلەن 50 مىليون دوللار فابى پۇلى قەرز بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئايلىق ئۆسۈمى بىر پۇڭ بولدى. شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى ۋە «يۈشىن» يەرلىك مەھسۇلاتلار شىركىتى كېپىل بولۇپ ھەمدە 100 مىليون دوللار قىممىتىدىكى 2000 توننا قوي يۇڭى رەنىگە قويۇلۇپ، قەرز پۇل يەرلىك مەھسۇلاتلارنى سېتىش ئارقىلىق قايتۇرۇلىدىغان بولدى. كۆلىمى شىيائىشى 30 مىليون دوللار قەرز بېرىشنى تەستىقلىغانىدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) ئەينەن قايتۇرۇلدى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى تېلېگرامما يوللاپ، تېزدىن ئېھتىياجلىق تېرىلغۇ ئۈچۈن 7 مىليون دوللار قەرز پۇل ئاجرىتىشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن يەنە 76 مىليون يۈەنگە كۆپەيتىلدى. بۇ ئىككى تۈرلۈك قەرز پۇل بىرلىكتە مەركىزىي بانكىنىڭ دىسكونت قىلىش، تارقىتىش كومىتېتىنىڭ 34 - قېتىملىق ھەيئەتلەر يىغىنىغا سۇنۇلۇپ 50 مىليون دوللار جىن يۈەن پۇلى قەرز بېرىش تەستىقلاندى. بۇ قەرز پۇلنى جۇڭگو دېھقانلار بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى بېجىردى. ئۇنىڭغا كېرەكلىك مەبلەغنى مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى تولۇق ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىپ بەردى. ماددىي نەرسە بويىچە ئايلىق ئۆسۈمى سەككىز لى، مۇددىتى ئالتە ئاي بولدى. لېكىن مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 6 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسى جىن يۈەن پۇلنى ئىشلىتىشنى رەت قىلغانلىقتىن بۇ قەرز پۇل توختىدى.

## 6) پىرېۋوت

مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى، قۇمۇل شۆبە بانكىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، سىياسىي مەقسەت بىلەن پىرېۋوت كەسپلىرىنى يولغا قويدى. قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارغا كېرەكلىك زور مىقداردىكى پىرېۋوت پۇللىرى بېجىرىلگەندىن سىرت، يەنە ئادەتتىكى سودىگەرلەر پىرېۋوتى، ھەربىي خىراجەت پىرېۋوتى ۋە كەسپداشلار پۇل پىرېۋوتى بېجىرىلدى. ھەمدە فابى پۇلنى ۋاكالىتەن پىرېۋوت قىلىپ، ئالتۇنغا سۇندۇرۇپ ئامانەت قويۇش كەسپى

بېجىرىلدى. مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) كېيىنكى يېرىم يىلدا پېرېۋوتنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان پېرېۋوت كەسىپلىرىگە ھەمكارلاشتى. پېرېۋوت ھەققى ئەسلىدىكى 9% تىن 3% كە قىسقاردى. شۇ يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ گەنسۇغا پېرېۋوت قىلىنىدىغان پۇلنىڭ پېرېۋوت ھەققى 9% كە ئۆزگەرتىلدى. 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىن باشلاپ چىڭخەي، نىڭشيالارغا پېرېۋوت قىلىنىدىغان پۇلنىڭ پېرېۋوت ھەققى 10% كە ئۆزگەرتىلدى. 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىن باشلاپ سودىگەرلەر پېرېۋوت ھەققى 2% كە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سودىگەرلەر پېرېۋوتىغا چەك قويۇلۇپ، پەقەت ئاز سوممىلىق پېرېۋوت بېجىرىلدى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 4 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقى ئارقىلىق نەپەقە پۇلى ۋە گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ پۇل پېرېۋوتىدىن پېرېۋوت ھەققى ئېلىنمايدىغان بولدى. ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئورگىنىنىڭ پۇل پېرېۋوتىدىن 5‰ ھەق ئېلىندى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) 9 - ئايدا گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مالىيە ئىقتىسادىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلىپ، جايلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى پېرېۋوت نىسبىتى 25‰ دىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى بەلگىلىدى، كېيىن 20‰ كە قىسقارتىلدى. ئۈرۈمچى، قۇمۇل شۆبە بانكىلىرى مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلدى. شۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى پېرېۋوت قىلغان پۇلدا كەسىپداشلارنىڭ يۆتكىگىنى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلدى. پېرېۋوت قىلىپ كېلىنگەن پۇلدا ھەربىي خىراجەت 96% نى تەشكىل قىلدى.

## 7 §. جۇڭگو دېھقانلار بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى

جۇڭگو دېھقانلار بانكىسى لەنجۇ شۆبىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) تەييارلىق كۆرۈلۈپ، تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسىغا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شياكەيمىڭ، شۇجاۋجېن، جاڭ جيەنمىنلار مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. بۇ ئورۇن مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تىجارەتنى باشلىغان. 27 ئىشچى - خىزمەتچىسى بار ئىدى. بۇ ئىش بېجىرىش ئورنى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلى تارقاتتى. ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلىرى يوق ئىدى. ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە پۇل پېرېۋوت قىلىش كەسپىنى بېجىرگەندىن سىرت ئاز ساندىكى سودا سانائەتچىلەرگە ئاز مىقداردا قەرز پۇل بەردى. مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 4 - كۈنى جۇڭگو دېھقانلار بانكىسىنىڭ لەنجۇ شۆبىسى باش باشقارمىغا «... ھەر قايسى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ كەسپى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ... چىقىمنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن تارقىلىپ كېتىدىغاندەك تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ شىنجاڭ ئۆلكىسى 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ كۆمۈش تەڭگە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بارلىق ھۆكۈمەت خادىملىرى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشى ۋە بازار سودىسىدا كۆمۈش تەڭگە بىرلىك قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ ھال تەبىئىي ھالدا جىن يۈەن پۇلىنى ئىناۋەتسىز قىلىۋەتتى. بانكىمىزنىڭ ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى پۇل ئامانەت، پېرېۋوت كەسىپلىرىنى بېجىرەلمەي، كەسپىي ئىشلار توختاپ قالاي دەۋاتىدۇ. بۇ ئورۇننى ساقلاپ قېلىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە تېلېگرامما ئارقىلىق يوليورۇق سورىدۇق، زادى قانداق قىلىش ھەققىدە تېزدىن يوليورۇق بېرىلسە» دەپ تېلېگرامما يوللىدى. 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى لەنجۇ شۆبە بانكىسىغا: «دىرېكتور، ياردەمچى دىرېكتور جاناپلىرىغا جىددىي يېتىپ مەلۇم بولسۇنكى، ئىش ئورنىمىزنىڭ خىزمەتچى خادىملىرى بانكىنىڭ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بولمىغانلىقتىن تۇرمۇشنى قامداشقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقى ناچارلىشىپ، كىشىنى

ئەندىشىگە سېلىۋاتىدۇ. بارلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەر قايتىش خىراجىتى بېرىپ، تارقىلىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ تار يەردە قىستىغانلىق ئەمەس بەلكى ئامالسىز قالدۇق. كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، بۇيرۇقىڭىزلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىمىز، تېزدىن جاۋاب بەرگەيسىزلەر. جيالڭ جيەنمىندىن» دەپ تېلېگرامما يوللىدى. لەنجۇ شۆبە بانكا: «ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ تېلېگراممىسىدىن ۋاقىپلاندۇق، ھەممەيلەنگە پۇل بېرىپ ئۆز جايىغا قايتۇرۇش تەس، ھازىر سىزلەرگە ئاجرىتىپ بېرىشكە مەبلەغ تەييارلىنىۋاتىدۇ. يەنىلا بەرداشلىق بېرىپ، قىيىن ئەھۋالدىن بىرلىكتە ئۆتۈپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىمىز. لەنجۇ بانكىسىدىن» دەپ جاۋاب بەردى.

مىنگونىڭ 38 - يىلى (1949 - يىلى) 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى لەنجۇ شۆبە بانكا باش باشقارمىنىڭ: «ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر شۇ جايدا تارقىتىلسۇن» دېگەن تېلېگراممىسىنى يەتكۈزدى. مۇدىر شۇ جاۋابىنى بۇرۇنلا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شاڭخەيگە كەتكەچكە مۇئاۋىن مۇدىر جاڭ جيەنمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە بۇ ئىش ئورنىنىڭ بارلىق ئۆي سايمانلىرى باھا تالاشتۇرۇپ سېتىلىپ، ماڭاشى تولۇقلاپ تارقىتىلدى؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تارقىلىش خىراجىتى بېرىلگەندىن كېيىن ھەر كىم ئۆز يۇرتىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە تىجارەتنى توختاتقانلىق توغرىسىدا ئېلان چىقىرىلدى.

## § 8. باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى

### 1. تيەنجىن گورۇھىدىكى سەككىز چوڭ ئائىلە قوشۇمچە باشقۇرغان پۇل مۇئامىلە كەسپى

چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈ 1 - يىلى (1875 - يىلى) زوزۇڭتاڭ بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن تيەنجىنلىك سودىگەرلەر تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، «تيەنجىن گورۇھى» دەپ ئاتالدى. ئۇلار ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىپ ئىلى، چۆچەك، قاراشەھەر، ئاقسۇ، كۇچا، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق جايلارغىچە تارقالغان. ئۇلارنىڭ مەبلىغى كۆپ ئىدى. ئۇلار ئاساسەن تيەنجىن، گۇاڭجۇلارنىڭ تۈرلۈك ماللىرى، يىپەك، سارجا، سوكنولىرىنى ساتتى. «سەككىز چوڭ ئائىلە» يۇڭ يۈدې، تۇڭ شىڭخې، گۇڭ جۈيچىڭ، دې خىڭتەي، جۇلىشياڭ، جۇشىڭيۇڭ، فۇچۈەنيۇڭ، شىڭ جۈيۈڭلاردىن تەركىب تاپقانىدى. گۇاڭشۈ 27 - يىلى (1901 - يىلى) يۇڭ يۈدې بىلەن تۇڭ شىڭخېلار ھۆكۈمەتنىڭ ئىجازىتى بىلەن دۇكاننىڭ «خاس چېكى»نى تارقاتتى. بۇنىڭ شەكلى ئىككى خىل بولۇپ، بىرى «دۇكان چېكى» دەپ ئاتىلىپ، ئۇ مەخسۇس پىربۇوت كەسپىگە ئىشلىتىلدى. يەنە بىرى «پۇل چېكى» دەپ ئاتىلىپ، ياغاچ تامغىدا بېسىپ ياسالغان. بۇ 400 داچەنگە تېگىشلىك بولىدىغان مايلىق لاتا پۇل ئىدى. ئۇ بازارلاردا ئوبوروت قىلىندى. بۇ چەكنى ئۇلارنىڭ دۇكانلىرىدا ھۆكۈمەت قويغان داچەنگە تېگىشلىك بولاتتى. بازارلاردا مال سېتىۋالغىلىمۇ بولاتتى. ئەگەر ئۇلارنىڭ دۇكانلىرىدىن مال سېتىۋالسا %20 بويىچە ئېتىبار قىلىناتتى. بۇ خىل پۇل چېكى ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغاچقا ئاھالىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. شۇڭا، ناھايىتى كەڭ تارقالدى. كېيىن تيەنجىن گورۇھىدىكى قالغان ئالتە ئائىلىمۇ ئىلگىرى كېيىن بولۇپ مايلىق لاتا پۇل تارقىتىش ئىمتىيازىغا ئىگە بولدى.

گۇاڭشۈ 34 - يىلى (1908 - يىلى) پەرمانبەردار ۋاڭ شۇنەن قەغەز پۇل تارقاتتى ھەمدە ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى تەرتىپكە سالغان مەزگىلدە گۇڭ جۈيچىڭنىڭ دىرېكتورى ۋاڭ جىڭتاڭ بىلەن يۇڭ يۈدېنىڭ دىرېكتورى ياڭ شاۋجۇلار ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنىڭ كەسپىنى باشقۇرۇشقا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئەۋەتىلدى. يۇڭ يۈدېنىڭ دىرېكتورى ياڭ شاۋجۇ ئۈرۈمچى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرغاندىن

سىرت يەنە سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ، شۇ مەزگىللەردە سىياسىي، سودا ساھەسىدە خېلى نام چىقارغان ئىدى.

شۈەنتۇڭنىڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) 8 - ئايدا ۋاڭ گاۋشىڭ سەككىز چوڭ ئائىلىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغاندىن كېيىن، گەرچە خەزىنىدىن تولدۇرۇپ بېرىلىپ ئانچە كۆپ زىيانغا ئۇچرىمىغان بولسىمۇ، ئەمما سەككىز چوڭ ئائىلە ۋە بىر مۇنچە ئىمتىيازلىق چوڭ سودىگەرلەر ئىدىيىدە تەۋرىنىپ ئەسلىدىكى سەككىز چوڭ ئائىلىنىڭ بەزىلىرى بۆلۈنۈپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەنىدى. بەزىلىرىنىڭ مەبلىغىنى تيەنجىندىكى پاي ئىگىلىرى ئېلىپ كەتتى. بەزىلىرى بۆلۈنۈپ تىجارەت قىلدى. ھۆكۈمەتمۇ سەككىز چوڭ ئائىلىنىڭ مايلىق لاتا پۇل تارقىتىشىنى چەكلىدى.

## 2. «شىنجى» بانكىسى

«شىنجى» بانكىسى («چېگرا گۈللەندۈرۈش بانكىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ) چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاخىرقى پەرمەنبەردارى چېن جىتاڭ شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى (1911 - يىلى) خەزىنىدىن پۇل ئاجرىتىپ بۇ بانكىنى قۇرغان ھەم پۇل تارقاتقان. بىر نەچچە ئاي ئىچىدە كۆپ زىيان تارتىپ كەتكەنلىكتىن توختاپ قالغان. مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چېن جىتاڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى باش مۇپەتتىشى يۈەن داخۇغا ئەگىشىپ شەرققە يۈرۈپ كەتتى. شۇندىن كېيىن بۇ بانكىنىڭ قالدۇق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولىدىغان ئادەم قالمىدى. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ مالىيە مىنىستىرلىكىگە ئەۋەتكەن خېتىدە «تەكشۈرۈشىمىزچە شىنجاڭ ‹شىنجى› بانكىسى يۈەنشىكەي ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرىكى باش ۋالىي ھەم پەرمانبەردار چېن جىتاڭ ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە قۇرۇلۇپ، كېيىن مىنگونىڭ 1 - يىلى (1912 - يىلى) تاقىۋېتىلگەن» دەپ مەلۇمات بەردى. يەنە بىر خېتىدە «‹شىنجى› بانكىسىنىڭ يىغىۋېلىنمىغان بىر نەچچە ئون مىڭ سەرگە يېقىن پۇلى بار، بۇ پۇللار ئارقا - ئارقىدىن يىغىۋېلىنىپ بۆرجىكى كېسىلدى. ‹شىنجى› بانكىسىنىڭ ئەمەلىي ساقلانغان ئىناۋەتسىز قىلىنغان پۇلى 570 مىڭ 360 سەر، بۇنىڭ ئىچىدە بۆرجىكى كېسىلگىنى 542 مىڭ سەر، بۆرجىكى كېسىلمىگىنى 28 مىڭ 360 سەر» دەپ مەلۇمات بېرىلدى.

## 3. «جىبيەن» بانكىسى

مىنگونىڭ 4 - يىلى (1915 - يىلى) 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە يوللىغان دوكلاتىدا: مالىيە نازىرى پەن جىنىنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇلى شىنجاڭ ئۆلكىسى ئىچىدە ئاقىدىكەن. شۇڭا، سودىگەرلەرگە قىيىن بوپتۇ، دېگەن. بېيجىڭ «جىبيەن» بانكىسىنىڭ باش باشقۇرغۇچىسىغا ھۆكۈمەت نامىدىن خەت يېزىپ، ليۇۋېنلۇڭنى شىنجاڭغا كېلىپ پاي يىغىشقا كۆرسەتكەن ھەم تارماق بانكا قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرگەن. ياڭ زېڭشىن بىلەن پەن جىنچىڭ جىبيەن بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن پۇل پېرېۋوت قىلىش مەسىلىسىنى دەرھال ھەل قىلغىلى بولىدۇ دەپ قارىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «بۇ ئامالسىزلىقتىن قوللانغان پۇل مۇئامىلىسىنى راۋانلاشتۇرۇش چارىسى» ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆلكىلىك خەزىنە 36 مىڭ سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ بەردى. چېگرانى گۈللەندۈرۈش بانكىسىنىڭ 5000 پېيى ئېتىراپ قىلىندى. ئۇنى پۇلغا سۇندۇرغاندا 50 مىڭ يۈەن كۈمۈش تەڭگە بولدى.

شىنجاڭ «جىبيەن» بانكىسى دەل يۇقىرىقى تارىخىي شارائىتتا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ليۇۋېنلۇڭ پاي پۇلى توپلاپ ئۈرۈمچىدە قۇرغان شۆبە بانكا. ليۇۋېنلۇڭ بانكا باشلىقى بولدى. شۇ يىلى

8 - ئايدا چۆچەكتە تارماق بانكا قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) 1 - ئايدا يەنە قەشقەردە ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى. «جىبيەن» بانكىسىنىڭ ليۇۋېنلوڭ ئېلىپ كەلگەن قەغەز پۇلىغا ئۇيغۇرچە يېزىق بېسىلدى، لېكىن نومۇر قويۇپ تارقىتىش مەزگىلىدە بۇ بانكىنىڭ شاڭخەي تارمىقى ئامانەت پۇلنى بەس - بەستە ئېلىۋېلىش دولقۇنىغا دۈچ كەلگەنلىكتىن ئىچكىرىدىكى باش، شۆبە بانكىلار تىجارىتىنى توختاتقانلىقىنى جاكارلىدى. شىنجاڭدىكى شۆبە، تارماق بانكىلىرى، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن ئىش توختىتىلغانلىقىنى جاكارلىدى. «جىبيەن» بانكىسىنىڭ پۇللىرى تارقىتىلماي تۇرۇپلا بىكار بولدى. كېيىن ساقچى ئورگانلىرى ليۇۋېنلوڭنىڭ ئائىلىسىنى ئاختۇرۇپ، «جىبيەن» بانكىسىنىڭ نورغۇن پۇلنى تېپىپ چىقىپ، ھەممىسىنى ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىغا تاپشۇرۇپ، مالىيە نازارىتى بىلەن بىرلىكتە خەلق ئالدىدا كۆيدۈردى.

## 4. ۋېيفىڭ تىجارەت بانكىسى

ۋېيفىڭ تىجارەت بانكىسىنى (ۋېي فىڭخۇ تىجارەت بانكىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ۋېي فىڭخۇ سەرراپخانىسى بېيجىڭ دۇكىنىنىڭ دىرېكتورى خاۋ دېڭۇۋ قۇرغان. خاۋ دېڭۇۋ يۈەن شىكەينىڭ 5 - ئىنىسى يۈەن شىخۇ بىلەن قول بېرىشكەن قېرىنداش بولغاچقا، يۈەن شىخۇنىڭ قوللىشى ھەمدە ھەر قايسى ئۆلكىلەرنىڭ باش ۋالىيلىرى مەبلەغ سېلىپ قۇرغان. شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇ بانكىنىڭ مەبلىغى ناھايىتى كۆپەيدى. مىنگونىڭ 5 - يىلى (1916 - يىلى) ۋېيفىڭ تىجارەت بانكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندى. ئۈرۈمچىدىكى ۋېي فىڭخۇ سەرراپخانىسىمۇ شۇ يىلىلا ۋېيفىڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. كېيىن يەنە قەشقەردىمۇ ۋېيفىڭ تىجارەت بانكىسى قۇرۇلدى. ئىلى، تارباغاتاي، گۇچۇڭ، ئالتايلاردا يەنە پېرېۋوت باشقارمىلىرى قۇرۇلدى.

ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىنكى دەسلەپكى بىر ئىككى يىلدا ۋېيفىڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ ھەر قايسى دۇكانلىرىنىڭ كەسپلىرى تازا راۋاجلانغانىدى، كېيىن يۈەن شىكەينىڭ خان بولۇش نىيىتى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن بۇ بانكىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرى تەسىرگە ئۇچرىدى. مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) ئەتىيازدا شاڭخەي شۆبە بانكىسى پۇل پېرېۋوت قىلىپ بېرەلمىگەچكە تاقىلىپ قالدى. بۇ بانكىنىڭ شىنجاڭدىكى تارماق ئاپپاراتلىرى شۇ يىلى كەسپىنى توختاتتى.

شىنجاڭ ۋېيفىڭ تىجارەت بانكىسىنىڭ كەسپىي خىزمىتى پېرېۋوت قىلىشنى ئاساس قىلدى. مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) بۇ بانكا كەسپىنى توختاتقاندا ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ بانكىدا 100 مىڭ سەردىن ئارتۇق قەرەلسىز ئامانەت پۇلى بار ئىدى. جۇشىنيۇڭ، گوڭ جۇيچىڭ قاتارلىق تيەنجىنلىك سودىگەرلەرنىڭ بۇ بانكىدىن ئالغان نەچچە يۈز مىڭ سەر قەرزى بار ئىدى. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن ئۈرۈمچى ناھىيە ئامبىلى جاڭ خۇالىڭغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ جۇي شىنيۇڭ، گوڭ جۇيچىڭ سودا سارايلىرىنىڭ دىرېكتورلىرىنى يالاپ ئېلىپ كېلىپ، قەرز پۇللىرىنى قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆزىنىڭ ئامانەت پۇلىنى تولدۇرۇۋالدى.

## 5. يىفىڭيۇ سودا دۇكىنىنىڭ پېرېۋوت كەسپىنى قوشۇمچە بېجىرىشى

يىفىڭيۇ سودا دۇكىنىنى شىنجاڭنىڭ مائارىپ نازىرى ليۇۋېنلوڭ قۇرغان. مىنگونىڭ 5- يىلى (1916- يىلى) «جىبيەن» بانكىسى تىجارىتىنى توختاتقاندىن كېيىن، كېيىنكى يىلى ياڭ زېڭشىن ليۇۋېنلوڭنى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەپ پەرمان چۈشۈردى. ليۇۋېنلوڭنىڭ بېيجىڭ ھۆكۈمىتى مالىيە مىنىستىرى لۇكېيىن بىلەن كۆڭلى يېقىن بولغاچقا، ياڭ زېڭشىن يەنە ليۇۋېنلوڭنىڭ بېيجىڭغا بېرىپ ۋەز ئېيتىپ

شىنجاڭنىڭ ماتارىيىنى كۈللۈندۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەشكە بۇيرىدى. نەتىجىدە بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئورغۇن ماتارىپ راسخوتى ۋە باشقا راسخوتلارنى بەردى. ياڭ زېڭشىن ليۇۋېنلۇڭدىن پايدىلىنىپ بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا بەرگەن ماتارىپ راسخودىنى ۋە باشقا راسخوتلارنى ليۇۋېنلۇڭنىڭ ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرغاندىن باشقا، يەنە شىنجاڭ ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ليۇۋېنلۇڭغا ئۆلكە پۇلىدىن 100 مىڭ سەرنى قەرز بېرىپ (بۇ پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچ پۇڭ بولدى. ئۈچ يىلدا دەرى بىلەن ئۆسۈمىنى قوشۇپ قايتۇرۇش بەلگىلەندى. شۇ ۋاقىتتا ئۆلكە پۇلى 50 مىڭ دوللار كۈمۈش تەڭگىگە سۇندۇرۇلاتتى)، يىفىڭيۇ تىجارەت بانكىسىنى قۇردى. ليۇ ۋېنلۇڭنىڭ يىفىڭيۇ تىجارەت بانكىسى شىنجاڭنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن قىممەت باھالىق دورا ماتېرىياللىرىنى ئىچكىرىگە ئاپىرىپ سېتىپ ئىچكىرىدىكى بېيجىڭ، تيەنجىن شەھەرلىرىنىڭ تۇرلۇك ماللىرىنى شىنجاڭغا توشۇپ كېلىپ، ھەر يىلى 3 ـ 4 ھەسسە پايدا ئالدى. مىنگونىڭ 15 ـ يىلى (1926 ـ يىلى) رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى تىجارەتنى توختاتقاندىن كېيىن يىفىڭيۇ تىجارەت بانكىسى ئۆلكە ئىچى ۋە سىرتىدىكى پېرېۋوت كەسپىنى قوشۇمچە بېجىردى.

مىنگونىڭ 22 ـ يىلى (1933 ـ يىلى) شېڭ شىسەي ليۇۋېنلۇڭنى نەزەربەنت قىلغاندىن كېيىن، ۋېي فىڭيۇ سودا دۇكىنى بانكىسمۇ ئىشتىن توختىدى.

# II باب

# ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى

## § 1 . ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى

1944 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى» (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى» دەپ ئاتالدى) قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبە بانكىسىنىڭ بارلىق مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، 1945 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسىنى قۇردى. ئۈچ ۋىلايەت بانكىسى دەسلەپ قۇرۇلغاندا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە مىنىستىرلىكى ئىقتىساد مەھكىمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. ھەسەنىم پالتايوۋ دىرېكتور، قۇساين مۇراتوۋ مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھوقۇقتا بىنائەن ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكىنى تارقىتىپ، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل تارقىتىش مەركىزىگە ئايلاندى. قەرەللىك چەك بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمەت پۇلىنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولدى. تەڭلا ئوبوروت قىلىندى. 1945 ـ يىل 8 ـ ئايدا غالىبىيەت زايومى تارقىتىلدى. ئۇنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 300 مىليون دوللار بولۇپ، ئىلىغا 150 مىليون دوللار، تارباغاتايغا 100 مىليون دوللار، ئالتايغا 50 مىليون دوللار تەقسىم قىلىندى. زايومغا ئۆسۈم ھېسابلانمىدى. 1946 ـ يىلدىن ئېتىبارەن دىرى قايتۇرۇلۇپ، بەش يىلدا قايتۇرۇپ بولۇندى. 1945 ـ يىل 9 ـ ئايدىن 1946 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئۈچ ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىنىۋاتقان پۇلىغا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكا تامغىسىنى بېسىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئۇ پۇلنىڭ ئېقىپ كىرىشىنى چەكلىدى.

1945 ـ يىلى قىشتا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىنى مالىيىدىن ئايرىپ تەسىس قىلىشنى قارار قىلىپ، 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت بانكىسى» نى رەسمىي قۇردى. قۇساين مۇراتوۋ بانكا باشلىقى، ئەكرەمخان مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. تارباغاتاي، ئالتايلاردا شۆبە بانكىلار قۇرۇلدى. 1946 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ـ سانائەتكە قەرز پۇل تارقاتتى. ئامانەت پۇل جەلب قىلدى. پىرىۋوت بىجىردى ھەمدە ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى ۋە ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ قەرز پۇل مۇددىتىنى بەلگىلىدى. تۈرلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزدى.

ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى تارقىتىدىغان قەرز پۇلنى قەرز پۇل تارقىتىش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. قەرز پۇل ھەيئىتى ۋاقاس ھاجى، مۇھەممەتجان مەخسۇم، ساۋۇرجان، قۇساين مۇراتوۋ، مۇھەممەت ھاجى، ھەسەنىم پالتايوۋ، سېيىت مۇھەممەت، كاتىپنىيۇۋدىن ئىبارەت يەتتە كىشىدىن تەركىب تاپتى. ئومۇمەن قەرز ئالغۇچىلارغا ئىككى كىشى كېپىللىك قىلىشى، ئەگەر قەرز ئالغۇچى قەرز پۇلنى قايتۇرالمىسا، كېپىللىك قىلغۇچى قايتۇرۇشى شەرت قىلىندى. قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇلغا ھەسسىلەپ ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىندى. رەنە ھېسابىدىكى قەرز پۇلدا قەرز ئالغۇچى ئالتۇن ـ كۈمۈش ياكى قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى رەنگە

قويغاندىن كېيىن، بانكا رەنگە قويۇلغان بۇيۇمنىڭ قىممىتىنىڭ 50 پىرسەنتى بويىچە قەرز پۇل تارقاتتى، قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى توشۇپ قايتۇرۇلمىسا، بانكا رەنگە قويۇلغان بۇيۇمنى سېتىپ، قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئارتۇق قىسمىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە ھوقۇقلۇق بولدى. بانكا رەنگە قويۇلغان بۇيۇمنى ساقلاش مەزگىلىدە مەلۇم ساقلاش خىراجىتى ئالدى.


ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى ئۆز دائىرىسىدىكى تېلېگرامما پېرېۋوتى كەسپىنى بېجىردى، پېرېۋوت ھەققى 2% بولدى.

1946 ـ يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت بانكىسىنىڭ دىرېكتور، مۇئاۋىن دىرېكتورلىرىنىڭ ئايلىق مائاشى 15 مىڭ دوللار قەرەللىك چەك، چوڭ كاسسىر، ناھىيە دەرىجىلىك بانكا دىرېكتورىنىڭ ئايلىق مائاشى 7000 دوللار قەرەللىك چەك، ھېساباچى، ئىككىنچى دەرىجىلىك كاسسىرنىڭ ئايلىق مائاشى 5000 دوللار قەرەللىك چەك بولدى.

1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت بانكىسى ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى.

### ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت بانكىسى ئاپپاراتىنىڭ تۈزۈلۈش ئىسخىمىسى

ئىسخىما: 2 ـ 1



**ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت بانكىسىنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى، قەرەلى جەدۋىلى**

جەدۋەل: 2 ـ 10

| تۈرلەر | ئۆسۈم نىسبىتى | | قەرز پۇلنىڭ قەرەلى (ئاي) |
|---|---|---|---|
| | ئايلىق ئۆسۈمى % | يىللىق ئۆسۈمى % | |
| يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى | 15 | | 8 ـ 4 |
| چارۋىچىلىق ۋە قول ھۈنەر-ۋەنچىلىك قەرز پۇلى | 20 | | چارۋىچىلىقنىڭ 8 ـ 4<br>قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ 6 ـ 3 |
| سودا قەرز پۇلى | 25 | | 3 ـ 1 |
| | 15 | | |
| قەرەلسىز ئامانەت پۇل | | 3.0 | |
| قەرەللىك ئامانەت پۇل | | 6.0 | |

## 2 §. تىجارەت بانكىسى

1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت بانكىسى ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. ئابدۇرۇپ ئىبراھىموف دىرېكتور بولدى.

تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبىسىنىڭ ئىلگىرىكى «ئۈچ ۋىلايەت دۆلەت بانكىسى» نىڭ تۈرلۈك فۇنكسىيىلىرى بولغاندىن سىرت، ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ پېرېۋوت قىلغان ۋە بۇيرىغان پۇللىرىنى بېجىردى. بۇ ئاساسلىقى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەتكە ئاجرىتىپ بەرگەن تۈرلۈك ھەربىي، مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ خىراجىتىدىن ئىبارەت.

1946 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىلگىرىكى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمەت بانكىسى ساقلاۋاتقان ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق مادىي بۇيۇملار باھاغا سۇندۇرۇلۇپ، تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىلى شۆبىسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، ئالدى بىلەن «باھاغا سۇندۇرۇش كومىتېتى» باھاغا سۇندۇرغاندىن كېيىن، «يۆتكەپ تاپشۇرۇش كومىتېتى» يۆتكەپ تاپشۇرۇش ئىشلىرىنى بېجىردى. باھاغا سۇندۇرۇش كومىتېتى مۇھەممەت قۇربان ئاخۇن، مۇھەممەت قۇربان سادىروف، ئىلى جېلىلىيوف، ئابدۇخالىق ئابدۇۋەلى قاتارلىق كىشىلەردىن، «يۆتكەپ تاپشۇرۇش كومىتېتى» قۇسايىن موراتوف، مۇھەممەت قۇربان، ئىلاخۇن، ئابدۇللا ھەق، ئابدۇرۇپ قاتارلىق كىشىلەردىن تەركىب تاپتى. ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبىسىنىڭ دىرېكتورى ئابدۇرۇپ ئىبراھىموف، مۇئاۋىن دىرېكتورى ئابلاجان، بوغالتىر سادىق مىلىكوف، كاسسىر ئىمىن بەگ ھاجى قاتارلىق كىشىلەر تاپشۇرۇۋالدى. تاپشۇرۇپ بېرىلگەن ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق قىممەت باھالىق بۇيۇملار ئىچىدە چەت ئەل تىللاسى، ئالتۇن، كۈمۈش، يامبۇ، كۈمۈش تەڭگە، ئالتۇن ـ كۈمۈش زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى،

مەرۋايىت، ئالماس، ئامېرىكا دوللىرى قاتارلىقلار بار. باھاغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 35 مىليون 271 مىڭ دوللار بولدى. بۇنىڭدا ئالتايىنىڭ كېپەك ئالتۇنى 245 سەر سەككىز مىسقال ئالتە يېرىم پۇڭ، بۇنى باھاغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 12 مىليون 47 مىڭ 385 يۈەن بولۇپ، ھەر سەرى 49 مىڭ دوللارغا سۇندۇرۇلدى.

ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىن، قەرەللىك چەك تارقىتىلىشتىن توختىتىلدى. ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي خىراجىتى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تارقىتىپ بېرىلدى، تارباغاتاي ۋە ئالتاينىڭ خىراجىتىنى ئىلىدىن ئاغدۇرۇپ ئاجرىتىپ بېرىپ تۇردى.

1947 - يىلى باھاردا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۈچ ۋىلايەتكە خىراجەت ئاجرىتىپ بېرىشنى توختاتتى، ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چەك تارقىتىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ چاغدىكى تارقىتىلغان قەرەللىك چەكنىڭ نامى «ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى ۋىلايەتلىك شۆبىسىنىڭ قەرەللىك چېكى» بولدى ھەمدە چەكنىڭ سوممىسى چوڭايتىلىپ، تارقىتىش مىقدارى كۆپەيتىلدى.

1947 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ئابدۇرۇپ مەخسۇمنى بانكىنىڭ دىرېكتورلۇق ۋەزىپىسىدىن قالدۇردى. مەنسۇر رومىيوف ئىلى مەمۇرىي مەھكىمە تىجارەت بانكىسىنىڭ دىرېكتورى بولدى.

ئىلى ۋىلايەتلىك تىجارەت بانكىسى شەخسىي پۇل ئامانىتى ۋە قەرز پۇل بېرىش كەسپىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، ئامانەت پۇل، قەرز پۇلنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى.

ئىلى تىجارەت بانكىسىنىڭ 1948 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە بولغان خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا - سانائەت ئامانەت پۇلىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 2 - 11    بىرلىكى: 10 مىڭ دوللار

| يىللار | قالدۇقى | كۆرۈلگەن سوممىسى | |
|---|---|---|---|
| | | ئامانەت قويۇلغىنى | چىقىم قىلىنغىنى |
| 1948 | 216876 | 6294466 | 6130533 |
| 1949 | 174809 | 18816336 | 18858403 |

ئىلى تىجارەت بانكىسىنىڭ 1948 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا - سانائەتكە بەرگەن قەرز پۇلى


جەدۋەل: 2 - 12    بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | قالدۇقى | كۆرۈلگەن سوممىسى | |
|---|---|---|---|
| | | قەرز بېرىلگىنى | يىغىۋېلىنغىنى |
| 1948 | 961405 | 2222391 | 1532413 |
| 1949 | 968817 | 5226610 | 4949197 |

كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ۋىلايەتلىك تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ سانىمۇ كۆپەيدى. 1949 - يىلى 12 - ئايغا قەدەر ئىشچى - خىزمەتچىلەر 31 گە يەتتى.

## ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبىسىنىڭ شتات ئىسخېمىسى

ئىسخېما: 2 ـ 2




1948 ـ يىلى 12 ـ ئايدا دىرېكتورنىڭ ئايلىق مائاشى 525 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1946 ـ يىلدىكىدىن 35 ھەسسە، ھېساباچىنىڭ 222 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 44.4 ھەسسە، قارا خىزمەتچىنىڭ 75 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 21 ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شىن لەنتىڭ، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسىنىڭ باش دىرېكتورى جاڭ دىڭفەنلەر ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆلكىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىساد خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 1950 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئۈچ ۋىلايەتتىكى مالىيە ـ ئىقتىساد تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك مالىيە ـ ئىقتىساد باشقارمىسىدا يىغىن ئېچىپ، پۇل تۈزۈمى ۋە پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈستىدە كېڭىشىپ، كونكرېت قارار چىقاردى. ئاساسلىق مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىدەك بولدى:

(1) ئۈچ ۋىلايەت، يەتتە ۋىلايەتنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئۆلكىنىڭ خەلق پۇلى تارقىتىلىشتىن ئىلگىرى سابىق ئۈچ ۋىلايەت تارقاتقان قەغەز پۇلى بىلەن يەتتە ۋىلايەتتە

تارقىتىلغان كۈمۈش دوللار پۇلى ئالدى بىلەن مۇقىم سېلىشتۇرما باھادا پۈتۈن شىنجاڭدا تەڭ ئوبوروت قىلىنىدۇ.

(2) سابىق ئۈچ ۋىلايەت تارقاتقان قەغەز پۇلنىڭ چەكسىز پۇزغۇنچى ئۇنسۇرلارنىڭ ساختا ياساپ، خەلققە ۋە ھۆكۈمەتكە زىيان كەلتۈرۈشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، تەڭ ئوبوروت قىلىنىش مەزگىلىدە ئۈچ ۋىلايەت قەغەز پۇلنىڭ چەك تارقىتىشنى توختىتىش ھەمدە ئىمكان قەدەر ئالدى بىلەن يىغىۋېلىش، پرىنسىپ جەھەتتە يىغىۋېلىپلا چىقارماسلىقتا ھەممەيلەن بىردەك قوشۇلدى. بارلىق ھەربىي، مەمۇرىي خىراجەت چىقىملىرىدا ۋاقىتىنچە كۈمۈش دوللار پۇلى ئىشلىتىلىدۇ. خەلق پۇلى تارقىتىلغاندىن كېيىن، ئىككى خىل پۇل ئوبوروت قىلىنىشتىن توختايدۇ ھەمدە تەدرىجىي يىغىۋېلىنىدۇ.

(3) ئۈرۈمچى بىلەن ئىلى رايونىدا 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى 16 تۈرلۈك ماددىي بۇيۇمنىڭ باھاسىغا ئاساسەن، ئىككى خىل پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ مۇقىم باھاسى سېلىشتۇرۇپ ھېسابلاپ چىقىلدى، نەتىجىدە ئۆلكىنىڭ بىر دوللار كۈمۈش دوللار پۇلى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 1558 دوللار قەغەز پۇلىغا باراۋەر قىلىندى، ھېسابلاشقا قولايلىق بولۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، 1:1250 نىسبىتى بويىچە مۇقىم سېلىشتۇرما باھانى بەلگىلەشكە ھەممەيلەن بىردەك قوشۇلدى.

يۇقىرىقى قارارنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى گاۋجىنچۈن، سەيپىدىن ئەزىزىلەر 1950 - يىلى ئىككى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلدى.

1 - ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىدەك:

«ئۆلكىمىزدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبىسى قەغەز پۇلنىڭ چەك تارقىتىپ ئۈچ ۋىلايەت دائىرىسىدە ئوبوروت قىلدۇرغانىدى. ئۆلكىمىز ئازاد بولغاندىن كېيىن، ھەر قايسى جەھەتلەردە پۇل بىرلىككە كەلدى. ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشىغا، سودىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈشكە، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغداشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ھۆكۈمىتىمىز ئۈرۈمچى، ئىلىدىن ئىبارەت ئىككى جاينىڭ مال باھاسى ئۆلچىمىگە ئاساسلىنىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان بىر كۈمۈش دوللار پۇلنى ئۈچ ۋىلايەت تارقاتقان 1250 دوللار قەغەز پۇلغا سۇندۇرۇپ ھېسابلاشنى بەلگىلىدى ھەمدە مۇشۇ سان ئىككى خىل پۇلنىڭ مۇقىم سېلىشتۇرما باھاسى قىلىندى. 1950 - يىل 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ ئۆلكە دائىرىسى ئىچىدە تەڭلا ئوبوروت قىلىنىدۇ. ئومۇمەن ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلار ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق پۇل مۇئامىلىلىرى ھەمدە سودا، باج تاپشۇرۇش قاتارلىقلاردا ئىككى خىل پۇل يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن قانۇنلۇق سېلىشتۇرما باھاغا ئاساسەن، ئۆلكىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا تەڭ كۈچكە ئىگە، ھەر قانداق كىشىنىڭ ئىشلىتىشىنى رەت قىلىشىغا ياكى سېلىشتۇرما باھانى قانۇنسىز ئۆزگەرتىشىگە بولمايدۇ. خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدۇ. بارلىق ئارمىيە، خەلقنىڭ ۋاقىپ بولۇشىنى، رىئايە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.»

2 - قېتىملىق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنىڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىدەك:

«سابىق ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت تارقاتقان شىنجاڭ ئۆلكىلىك تىجارەت بانكىسى ئىلى شۆبىسىنىڭ قەغەز پۇلنىڭ چېكى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان كۈمۈش دوللار پۇلنىڭ بىر كۈمۈش دوللىرىنى 1250 دوللار قەغەز پۇلنىڭ چەككە سۇندۇرۇپ ھېسابلاشتىن ئىبارەت مۇقىم سېلىشتۇرما باھاسىنى بەلگىلىدۇق، بۇلار تەڭلا ئوبوروت قىلدۇرۇلغان، بۇ ھەممە كىشىگە ئۇقتۇرۇلغانىدى. ئۆلكىنىڭ پۇل تۈزۈمىنى

*بىرلىككە كەلتۈرۈشنى كۆزدە تۇتۇپ، سابىق ئۆلكىلىك بانكىغا يۇقىرىقى سېلىشتۇرما باھا بويىچە قەرەللىك چەكنى ئارقا - ئارقىدىن يىغىپ، قايتا تارقاتماسلىق بۇيرۇلغانىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ھازىر كۆپ قىسمى يىغىۋېلىنىپ ئاز قىسمىلا خەلق ئارىسىدا قالدى. يىغىۋېلىش ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ. ئاز ساندىكى قەرەللىك چېكى بار خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، يىغىپ، تېگىشىپ بېرىش مۇددىتىنى مۇشۇ يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئۇزارتىشنى ئالاھىدە بېكىتتۇق. قەرەلى ئۆتۈپ كەتسە گىناۋىتىسىز، قايتا تېگىشىپ بېرىلمەيدۇ. زىيان تارتىپ قالماسلىق ئۈچۈن، قەرەللىك چېكى بار خەلقنىڭ بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە تېزدىن شۇ جايدىكى خەلق بانكىلىرىغا بېرىپ تېگىشتۈرۈۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ۋاقىپ بولغايسىزلەر.»*

1950 - يىل 11 - ئايدا ئىلى شۆبە بانكىسى ئىلى «يېڭى يول گېزىتى» نىڭ ئۇيغۇرچە سانىدا ئېلان چىقىرىپ قەرەللىك چېكى بارلارنىڭ تېزدىن بانكىغا كېلىپ تېگىشتۈرۈۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى.

قەرەللىك چەكنى يىغىۋېلىش خىزمىتى 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئاياقلاشتى.

پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە يۇقىرىقى يىغىندا تۆۋەندىكىدەك كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى:

(1) ئۈچ ۋىلايەت تىجارەت بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى ئالدى بىلەن قوشۇپ بىر بانكا قىلىش، نامىنى ۋاقىتىنچە «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ xx شۆبە بانكىسى» دەپ ئاتاش كېرەك. ناھىيىلەرمۇ مۇشۇ پرىنسىپقا ئاساسەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. پەقەت يېزا ئىگىلىك بانكىسى ياكى تىجارەت بانكىسىدىن ئىبارەت بىرلا ئاپپارات تەسىس قىلىنغان بولسا، داۋاملىق ساقلاپ قىلىش، نامىنى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ×× ناھىيىلىك تارماق بانكىسى» غا ئۆزگەرتىش، شۆبە بانكىنىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇش لازىم.

(2) شۆبە بانكىنىڭ دىرېكتورىنى باش بانكا تەيىنلەيدۇ. ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ دىرېكتورىنى شۆبە بانكا نامزاتىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، باش بانكا تەستىقلاپ تەيىنلەيدۇ. ھازىرچە ئىلگىرىكى دىرېكتورلار مەسئۇل بولىدۇ.

(3) ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۈچ ۋىلايەتتىن خادىملارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۆلكىلىك خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى تولۇقلايدۇ، ئۆلكىلىك بانكا بىلەن خەلق بانكىسى قوشۇۋېتىلىشتىن ئىلگىرى، ئۇلار ئۆلكىلىك باش بانكىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىدۇ، قالغان ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ مۇۋاپىق يۆتكەپ تەڭشەپ ئۆز ئارا سەپلىنىدۇ.

(4) شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا خەلق بانكىسىغا رەسمىي قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەتتىكى بانكىلارنىڭ نامىمۇ خەلق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلىدۇ.

(5) ئۈچ ۋىلايەت يېزا ئىگىلىك بانكىسى تىجارەت بانكىسى بىلەن قوشۇۋېتىلگەندە، مەبلىغىدىكى خەلقنىڭ پاي قىسمىنى قايتۇرۇش ياكى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا ئاغدۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىنغان ئەھۋالىنى ۋە ئەمەلىي مۈلۈك قەرزدارلىقىنى باش بانكىغا ۋە ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىغا مەلۇم قىلىش كېرەك.

(6) بانكىلار قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن شۆبە بانكىلارنىڭ كەسپىي مەبلىغىنى شۆبە بانكا كەسپىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، باش بانكا تەستىقلاپ ئاجرىتىپ بېرىدۇ.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك باش بانكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىلى شۆبە بانكىسى 1950 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ، ئۆلكىنىڭ كۈمۈش دوللار پۇلىنى ھېسابات بىرلىكى قىلدى.

ئىلى تىجارەت بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئىلى مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 9 - ئايدا رەسمىي قوشۇۋېتىلدى.

1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بارلىق كەسپىي جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئۈچ ۋىلايەتتىكى ھەر دەرىجىلىك

بانكىلارمۇ تەڭلا خەلق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى پۈتۈنلەي بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

## § 3 . يېزا ئىگىلىك بانكىسى

1946 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، شۇ يىلى 8 ـ ئايدا رەسمىي قۇرۇلدى. توققۇز ماددىلىق تەشكىلىي نىزامنامە تۈزۈلدى:

### بىرىنچى باب مەقسەت

1 ـ ماددا: يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، «شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى» نىڭ قارارى ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلدى. مەركىزىي يېزا ئىگىلىك بانكا (باش بانكا) غۇلجا شەھىرىدە تەسىس قىلىندى؛ تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە شۆبە بانكا قۇرۇلدى. زۆرۈر تېپىلغاندا، ھەر قايسى شەھەر ۋە چوڭراق ناھىيىلەر يېزا ئىگىلىك بانكا ئاپپاراتى قۇرسا بولىدۇ.

### ئىككىنچى باب مەبلەغ

2 ـ ماددا: يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەبلىغىنى ئىلى ۋىلايىتى 350 مىليون دوللار، تارباغاتاي ۋىلايىتى 100 مىليون دوللار، ئالتاي ۋىلايىتى 50 مىليون دوللار چىقىرىدۇ.

3 ـ ماددا: يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك مەبلەغدىن 50 مىليون دوللار زاپاس مەبلەغ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. بانكا مەبلىغىنى ھۆكۈمەت تارماقلىرىنىڭ خىراجەت چىقىمىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

4 ـ ماددا: زاپاس مەبلەغنى ئازايتىشقىمۇ، كۆپەيتىشكىمۇ بولمايدۇ. بانكىدا زىيان كۆرۈلۈپ، مەبلەغ ئوبوروتى راۋان بولمىغاندا زاپاس مەبلەغنى ئىشلىتىشكە بولىدۇ، پايدا كۆرگەندە زاپاس مەبلەغنى تولۇقلاپ قويۇش كېرەك.

### ئۈچىنچى باب ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى

5 ـ ماددا: يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، ۋالىي نازارەت قىلىدۇ.

6 ـ ماددا: يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بارلىق ئىشلىرى مەزكۇر بانكىنىڭ كېڭەش يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قارار قىلىنىدۇ. كېڭەش يىغىن تۆۋەندىكى ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىدۇ:

1) مەركىزىي بوغالتىر بۆلۈمى ۋە باش بوغالتىر؛

2) نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش بۆلۈمى؛

3) كرېدىت ھېسابات بۆلۈمى؛

4) خوجىلىق بۆلۈم؛

5) مۇجمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ۋەكىلى.

7 ـ ماددا: يېڭى ئىگىلىك بانكىسىنىڭ دىرېكتورى بىلەن ئىككى نەپەر مۇئاۋىن دىرېكتورنى ۋالىي مەھكىمىسى تەيىنلەيدۇ.

8 ـ ماددا: كېڭەش يىغىنىنىڭ ئەزالىرى يېڭى ئىگىلىك بانكىسىنىڭ دىرېكتورى، ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ۋەكىلى، قۇرۇلۇش بۆلۈم ۋەكىلى، سودا بانكىسىنىڭ ۋەكىلى، دېھقانلار ۋەكىلى، چارۋىچىلار ۋەكىلى بولۇپ، جەمئىي ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپىدۇ.

9 ـ ماددا: كېڭەش يىغىنىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى ھەمدە ھوقۇقى:

1) مەزكۇر بانكىنىڭ يىللىق خام چوتى ۋە شتاتىنى بەلگىلەش؛

2) مەزكۇر بانكىنىڭ ئاپپارات تەسىس قىلىشىنى قارار قىلىش؛

3) مەزكۇر بانكىنىڭ مۇقىم مۈلۈك ۋە غەيرىي مۇقىم مۈلۈكلىرىنى سېتىۋېلىش مەسىلىسىنى قارار قىلىش؛

4) قەرز پۇللارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، قەرەلى توشقان بولسىمۇ، قايتۇرمىغانلار ئۈستىدىن سوتقا ئەرز سۇنۇش ھەم يىغىۋالغىلى بولمايدىغان قەرز پۇللارنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش؛

5) مەزكۇر بانكىنىڭ ھەر يىللىق ھېساباتلىرىنى تەكشۈرۈش ھەم يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش؛

6) خام چوت كومىتېتى قۇرۇش، ئۇنىڭ خىزمەت تەپسىلىي پرىنسىپلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش؛

7) مەزكۇر بانكىنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىش؛

8) كېڭەش يىغىنىنى ھەر ئايدا بىر قېتىم چاقىرىش شۇنداقلا ۋالىينىڭ بۇيرۇقى ياكى دىرېكتورنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، خالىغان ۋاقىتتا چاقىرىش؛

9) كېڭەش يىغىنى بانكىنىڭ دىرېكتورى ياكى مۇئاۋىن دىرېكتورنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە ۋالىيغا تەكلىپ سۇنۇشقا ھوقۇقلۇق؛

10) كېڭەش يىغىنى بانكىنى پېچەتلەپ تەكشۈرۈشكە ھوقۇقلۇق؛

11) كېڭەش يىغىنى ئەزالىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى بىر يىل بولىدۇ، ئۇلار ھەر يىلدا بىر قېتىم ئۆزگەرتىپ سايلىنىدۇ؛

12) كېڭەش يىغىن ئەزالىرىغا ھەق، مۇكاپات بېرىلمەيدۇ؛

13) ئالتە ئەزانىڭ تۆتى يىغىنغا قاتناشسا، يىغىن كۈچكە ئىگە بولىدۇ؛

14) ۋىلايەتلەردىكى شۆبە بانكىلاردىمۇ كېڭەش يىغىنى تەسىس قىلىنىدۇ، مەركىزىي يېڭى ئىگىلىك بانكىسىنىڭ كېڭەش يىغىنىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ.


15) كېڭەش يىغىنىنىڭ رەئىسى ئۆلۈپ كېتىپ خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمىغاندا، مۇئاۋىن دىرېكتور ۋاكالىتەن ئىش باشقۇرىدۇ؛

16) كېڭەش يىغىنىنىڭ تەكلىپلىرى قول كۆتۈرۈش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاۋازغا قويۇلىدۇ.

1946 ـ يىلى ئىلى ۋىلايىتىدە غۇلجا، سۈيدۈڭ، چاپچال، توققۇزتارا، قورغاس، نىلقا، تېكەس، جىڭ (ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى جىڭ، بۆرتالا، ئارشاڭلار ئىلى ۋىلايىتىگە قاراتتى) لاردا ناھىيىلىك يېڭى ئىگىلىك شۆبە بانكىسى تەسىس قىلىندى. 1947 ـ يىلى ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ قابا، جىمونەي، بۈرچىن ناھىيىلىرىدىمۇ يېڭى ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلدى.

يېڭى ئىگىلىك بانكىسى دېھقانلارنىڭ ئورۇقلۇق قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ۋە دېھقانلارنىڭ ئاشلىق سېتىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، 12 ناھىيىدە ئاشلىق پونكىتى قۇردى، بەزى ناھىيىلەردىكى نوقتىلىق يېزىلاردا شۆبە ئاشلىق پونكىتى قۇردى، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك:

ئىسخىما: 2 ـ 3




دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق ۋە ئورما مەزگىلىدە دېھقانچىلىق سايمانلىرى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك بانكىسى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى پونكىتى قۇردى؛ دېھقانلارنى زۆرۈر بولغان دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەش ھەمدە چەت ئەلگە ئاشلىق ئېكسپورت قىلىپ توشۇش، چەت ئەلدىن ماشىنا زاكاز قىلىش ـ سېتىۋېلىش ئۈچۈن ترانسپورت بېكىتى تەسىس قىلدى؛ دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا بىلەن شۇغۇللىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىش ئىشەنچىسىنى ئاشۇردى؛ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ پەنجىم يېزىسىدا ئۈلگىلىك يېزا ئىگىلىكى پونكىتى تەسىس قىلدى؛ دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى تاشقى سودا بىلەن شۇغۇللاندى.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1946 ـ يىلى دەسلەپ قۇرۇلغاندا، مالىيەدىن ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلغان 227 مىڭ دوللار مەبلەغنى ئالدىن قەرز ئالدى. 1947 ـ يىلى يەنە مالىيەدىن 53 مىڭ دوللار، 1948 ـ يىلى 219 مىڭ دوللار، 1949 ـ يىلى 112 مىڭ دوللار، تۆت يىلدا جەمئىي 612 مىڭ دوللار قەرز ئالدى.

يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىدا تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىنمىدى، بەلكى تىجارەت بانكىسىدا مۇئامىلە ھېساباتى تۇرغۇزۇلدى، قەرز پۇل كەسپى تىجارەت بانكىسى ئارقىلىق راسچوت قىلىندى.

بانكا قۇرۇلغاندىن بۇيان، يېزا ئىگىلىك بانكىسى دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ مەبلەغ، ئۇرۇق، دېھقانچىلىق ماشىنا ـ سايمانلىرى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش جەھەتتە، ئاشلىق بازارلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنى قوغداش جەھەتتە، مەھسۇلاتلارنى چەتكە ئېكسپورت قىلىپ كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىغا تېگىشىپ كېلىپ، بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجنى تەڭشەش جەھەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلغان تۆت يىل ئىچىدە دېھقانلارنى 5 مىليون 966 مىڭ 780 كىلوگرام بۇغداي، 1 مىليون 26 مىڭ 219 كىلوگرام قارا ئاشلىق، 64 مىڭ 882 كىلوگرام ياغلىق دان بىلەن تەمىنلىدى.

تۆت يىل ئىچىدە دېھقانلارغا تارقىتىلغان قەرز پۇل مۇنداق بولدى: 1946 - يىلى يەر، سۇ قۇرۇلۇش قەرز پۇلى 31 مىليون 754 مىڭ دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا، 794 مىڭ 535 كىلوگرام؛

1947 - يىلى ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 50 مىليون 680 مىڭ دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا 318 مىڭ 724 كىلوگرام؛ پاختىكارلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 5 مىليون 900 مىڭ دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا 36 مىڭ 37 كىلوگرام؛ شال تېرىيدىغان دېھقانلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 3 مىليون 500 مىڭ دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا، 9050 كىلوگرام؛

1948 - يىلى ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقانلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 567 مىليون 418 مىڭ دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا، 743 مىڭ 553 كىلوگرام؛ پاختىكارلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 25 مىليون 915 مىڭ دوللار، بۇنى پاختىغا سۇندۇرغاندا، 664 كىلوگرام بولدى.

1949 - يىلدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 3 مىليارد 373 مىليون 881 مىڭ 190 دوللار، بۇنى بۇغدايغا سۇندۇرغاندا، 2 مىليون 546 مىڭ 249 كىلوگرام بولدى.

بۇنىڭدىن سىرت 1000 قۇتا يىپەك قۇرۇقى سېتىۋېلىپ، دېھقانلارغا تارقىتىپ بېرىلىپ، يىپەكچىلىك ئىشلىرى راۋاجلاندۇرۇلدى.

تۆت يىل ئىچىدە 6263 دانە چوڭ - كىچىك دېھقانچىلىق ماشىنا سايمىنى سېتىلدى، يەنە دېھقان، چارۋىچىلارغا 340 دانە دېھقانچىلىق سايمىنى ئىجارىگە بېرىلدى.

تۆت يىل ئىچىدە ئېكىسپورت قىلىنغان ماددىي ئەشيالار تۆۋەندىكىدەك:

بۇغداي 20 مىڭ توننا؛ قوي 12 مىڭ تۇياق؛ كالا 13 مىليون تۇياق؛ قوي يۇڭى 170 تونىا؛ تېرە 12 مىڭ پارچە.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى يەنە شەھەر، يېزىلاردىكى خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەرگە قەرز پۇل تارقىتىپ بەردى، پەقەت 1948 - يىلىلا 51 مىليون 461 مىڭ 750 دوللار ئوبوروت بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە تۈرلۈك مەبلەغ تىجارەت بانكىسىنىڭ ئىشلىتىشىگە ھەقسىز بېرىپ تۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى ھەر يىلى پايدىدىن بىر قىسىم مەبلەغ ئاجرىتىپ مالىيىگە تاپشۇردى؛ 1947 - يىلى 74 مىڭ دوللار، 1948 - يىلى 95 مىڭ دوللار، 1949 - يىلى 80 مىڭ دوللار. جەمئىي 249 مىڭ دوللار تاپشۇردى.

1950 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 15، دىرېكتورى قۇسايىن مۇراتوۋ، مۇئاۋىن دىرېكتورلىرى ئەختەمخان خوجا، نۇرغالى جاغىبايېۋ ئىدى. بىر باش بوغالتىر، بىر ياردەمچى بوغالتىر، بىر ياردەمچى، بىر باش كاسسىر، بىر ستاتىستىكچى، بىر كاتىپ بار ئىدى؛ يەنە ئىككى ئامبارچى، بىر مال ساتقۇچى، بىر زاپخوز، بىر شوپۇر بار ئىدى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بۇيرۇققا بىنائەن تىجارەت بانكىسىغا قوشۇۋېتىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ساقلىنىۋاتقان بارلىق ماللار سودا شىركىتىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئاشلىق جايلاردىكى ئاشلىق ئىدارىلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىلدى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق باشقارمىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. نەق پۇل، ئالتۇن، كۈمۈش ھەمدە تۈرلۈك ھەقدارلىق، قەرزدارلىق ئىشلىرى تىجارەت بانكىسىنىڭ ئۆتكۈزۈپ ئېلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1950 - يىلى كەسپىنى بىجىرىشنى ئاخىرلاشتۇردى.

# III باب

# يېڭى جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى

## 1 § . جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى — سوتسىيالىستىك دۆلەت بانكىسى. ئۇ، 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى: پۇل تارقىتىش، پۇل ئوبوروتىنى تەڭشەش، دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلىسىگە دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، تۈزۈم - چارىلارنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئىجرا قىلىش؛ دۆلەت خەزىنىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش؛ نەق پۇلنى ۋە ئالتۇن - كۈمۈشنى ئاساسلىق باشقۇرۇش؛ پۈتۈن شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش؛ پۇل ئامانىتىنى بېجىرىش، قەرز پۇل تارقىتىش؛ مېمۇرىئال راسچوتى ۋە نەق پۇل كىرىم - چىقىمىنى بېجىرىش؛ ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىگە قارىتا كرېدىت نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بانكا دەسلەپتە ئۈرۈمچى دۆلەت كۆۋرۈككە جايلاشقانىدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىگە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، بانكا مىڭدې كوچىسى 125 - نومۇرلۇق قوروغا (سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ئىش بېجىرىش بىناسىغا) كۆچۈپ كەلدى. 1966 - يىل 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق كوچىسى 20 - نومۇرلۇق قوروغا كۆچۈپ كەلدى. 1988 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلق كوچىسىغا يېڭىدىن سېلىنغان ئون قەۋەتلىك خەلق بانكىسىنىڭ چوڭ بىناسىغا كۆچۈپ كىرىپ خىزمەت بېجىردى. 1950 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق باش بانكىسى تارقىتىپ بەرگەن «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى» دېگەن مىس تامغىنى رەسمىي ئىشلەتتى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى ۋىلايەت دەرىجىلىك جايلاردا مەركىزىي تارماق بانكا، ناھىيە دەرىجىلىك جايلاردا تارماق بانكا تەسىس قىلدى، چوڭراق بازارلاردا ۋە زاۋۇت - كان رايونلىرىدا ئىش بېجىرىش پونكىتىنى تەسىس قىلدى، رايوندىن تۆۋەن جايلاردا تىجارەت پونكىتى، شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، پۇل ئامانەت ئورنى تەسىس قىلدى، ئاپپاراتلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى شەھەر - يېزىلارغا تارقالدى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، رەھبەرلىك بەنزىسى سەككىز نۆۋەت تەڭشەلدى ۋە ئالماشتۇرۇلدى (ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ۋە ئىنقىلابىي كومىتېتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىچكى قىسمىدىكى ئاپپاراتلار ۋە ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلىرمۇ كەسىپنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى، ئۆزگىرىپ تۇردى.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، شۇنىڭغا ئۇلاپلا پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، پۇل مۇئامىلە

مۇقىملاشتۇرۇلدى، سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ يېڭى تەرتىپى ئورنىتىلدى. 1950 - يىل 1 - ئايدىن 1952 - يىل 12 - ئايغا قەدەر جاڭ دىڭفەن جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك باشلىقى، رېن چۈشۈەن، جاڭ خۇيېۋ، ئابدۇللا مەخمۇدى مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. شۆبە بانكىدا دەسلەپتە كادىرلار بۆلۈمى، كەسپىي بۆلۈم، كاسسا بۆلۈمى، بوغالتىرىيە بۆلۈمى، كاتىپ ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى؛ 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىگە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، شۆبە بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا پىلان بۆلۈمى، بوغالتىرىيە بۆلۈمى، تەكشۈرۈش بۆلۈمى، پۇل باشقۇرۇش بۆلۈمى، قەرز پۇل تارقىتىش بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، كاتىبات بۆلۈمى، خەزىنە بۆلۈمى، تىجارەت بۆلۈمى، تارقىتىش خەزىنىسى، تەڭگۈەن ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى؛ 1952 - يىل 9 - ئايدا شۆبە بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاپپاراتلار پىلان بۆلۈمى، بوغالتىرىيە بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، كاتىبات بۆلۈمى، پۇل باشقۇرۇش بۆلۈمى، يېزا پۇل مۇئامىلىسى بۆلۈمى، خۇسۇسىيلار كەسپى بۆلۈمى، چەت ئەل كەسپى بۆلۈمى، تىجارەت بۆلۈمى، تارقىتىش خەزىنىسىگە تەڭشەلدى.

1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلىرى جەمئىي 74 كە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىر شۆبە بانكا، توققۇز مەركىزىي تارماق بانكا، 49 ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئۈچ ئىش بېجىرىش ئورنى، يەتتە شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، بەش تىجارەت ئورنى بولۇپ، بۇلار 58 ناھىيىگە جايلاشتى. بۇ، ئۆلكە بويىچە ئەينى چاغدىكى 78 ناھىيىنىڭ 74 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بارلىق ئىشچى - خىزمەتچى 2910 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇ ئىشچى - خىزمەتچى 69.6% نى، ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 30.4% نى ئىگىلەپ، ھەر مىللەت ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىدىغان بىر پۇل مۇئامىلە قوشۇنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ چىقىلدى.

مۇشۇ مەزگىلدە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى، قۇمۇل شۆبە بانكىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ باشقۇرۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۇل پاخاللىقىنى چەكلەپ، سوتسىيالىستىك يېڭى پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى ئورناتتى، پائال تۈردە مەبلەغ توپلاپ، ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، تاۋار ئوبوروتىنى كېڭەيتىپ، شىنجاڭنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى.

1950 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو خەلق باش بانكىسى بېيجىڭدە مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ «دۆلەتنىڭ مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى قارارى» نى ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 - ئايدىن ئېتىبارەن ئۈچ ئاي ئىچىدە 1949 - يىلدىكى پۇل كۆپ تارقىتىلىپ كەتكەن، مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن ئەھۋالنى ئۆزگەرتىپ، 1950 - يىلدا مالىيە كىرىم - چىقىمىنى تىرىشىپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ماددىي ئەشيانىڭ يۆتكىلىشىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە نەق پۇل كىرىم - چىقىمىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 1950 - يىللىق بانكا خىزمىتىنىڭ باش فاڭجېنى، پۇل مۇئامىلىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەم 1950 - يىللىق مالىيە - ئىقتىساد پىلانىنى ئورۇنداش جەريانىدا، خەلق بانكىسىنى نەق پۇل، راسچوت ۋە كرېدىت مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش، دەپ بەلگىلەندى. جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى جاڭ دىڭفەن يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، شۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روھى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق كېڭىشىنىڭ

قارارىغا ئاساسەن، كۈمۈش دوللار پۇلىنى ئۆلكىنىڭ ۋاقىتلىق ئوبوروت قىلىدىغان قانۇنلۇق پۇلى قىلدى، لېكىن كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن كۈمۈش تەڭگىنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، نەقلەشتۈرۈشنى توختاتتى، كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنىڭ تېگىشىش نىسبىتىنى بەلگىلەپ، شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پېرېۋوت يولىنى تېزدىن ئېچىپ، بېكىنمە ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنى ئۆز ئارا باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ مال باھاسى ئەھۋالى مۆلچەرلىنىپ، كۈمۈش دوللار پۇلىنىڭ خەلق پۇلىغا تېگىشىش نىسبىتى ئۆستۈرۈلۈپ، خۇسۇسىيلار ئىلكىدىكى سودا - سانائەتنىڭ تىجارەتتىكى ئاكتىپلىقىغا مەدەت بېرىش ئارقىلىق، زور تۈركۈمدىكى ماددىي ئەشيا شىنجاڭغا كىرگۈزۈلۈپ، بازارلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. پېرېۋوت قىلىنغان پۇلغا دائىر ماتېرىياللاردا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 1950 - يىلى بىر يىلدا ئىچكىرىگە پېرېۋوت قىلىنغان پۇل ئىچىدە، سودىگەرلەرنىڭ پۇلى %90 تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن.

كۈمۈش دوللار پۇلى دەسلەپكى قەدەمدە مۇقىملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، 1950 - يىلى 2 - ئايدا ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەتنىڭ پۇلى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، «قەرەللىك چەك» نىڭ تارقىتىلىشى توختىتىلىپ، ئۆلكە ئىچىدىكى سودىنى قانات يايدۇرۇشقا يول سېلىندى. شۇنىڭغا ئەگىشىپلا «قەرەللىك چەك» نى تېگىشىپ يىغىۋېلىش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى. 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، «قەرەللىك چەك» نىڭ كۆپ قىسمى يىغىۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمىنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى جاكارلاندى.

1951 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە خەت بېسىلغان خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كۈمۈش دوللار پۇلى يىغىۋېلىنىپ، شىنجاڭ بىلەن مەملىكەتنىڭ پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. خەلق پۇلىنى بىردىنبىر مەنبە قىلىشتەك پۇل ئوبوروت تەرتىپى ئورنىتىلدى، خەلق پۇلى شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە بازىرىنى ئىگىلىدى.

ئاپپاراتلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، پۇل مۇئامىلىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن بىرگە، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەرنى پائال تۈردە قانات يايدۇردى. 1951- يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە 1 - نۆۋەتلىك تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى خىزمەتلەر خۇلاسىلاندى. بانكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى «مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش ھەققىدىكى قارارىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يوليورۇق» نى ئېلان قىلدى، خەلق شۆبە بانكىسى 5 - ئايدىن باشلاپ ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلىدىن ئىبارەت ئۈچ رايوندا نەق پۇل باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. 1951 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى ناھىيىلەردە نەق پۇل باشقۇرۇش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1950 - يىلدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىلىشقا باشلىدى. 4 - پەسىلدىن باشلاپ رەنىلىك پېرېۋوت كەسپى بېجىرىلدى. 1951 - يىلدىن باشلاپ ئۇزۇن مۇددەتلىك سودا قەرز پۇلى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ھەمكارلىق قەرز پۇلى ۋە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى قەرز پۇلى تارقىتىلىشقا باشلىدى. 4 - پەسىلدىن باشلاپ تاشقى پېرېۋوت كەسپى بېجىرىلدى. 1952 - يىلى ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش باشلاندى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىلدى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە ئامانەت پۇل، قەرز پۇل، پېرېۋوتتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك كەسىپ شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلدى. 1949 - يىلدىكىنى تۈپ سان قىلغاندا، ئامانەت پۇل 400 نەچچە ھەسسە، قەرز پۇل 1000 نەچچە ھەسسە، پېرېۋوت 76 ھەسسە ئېشىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ شۇندىن

كېيىنكى شىنجاڭنىڭ سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە زور كۆلەمدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلار ئۈچۈن ئاساس سېلىندى.

1953 - يىل 1 - ئايدىن 1961 - يىل 1 - ئايغا قەدەر، ياڭ ۋېنشياڭ جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولدى، جاڭ خۇڭيۈ (1953- يىل 1- ئايدىن 1954- يىل 7- ئايغىچە)، ئابدۇللا مەخمۇدى (1953 - يىل 1 - ئايدىن 1955 - يىل 9 - ئايغىچە)، شى سىچياڭ (1957 - يىل 9 - ئايدىن 1961 - يىل 1 - ئايغىچە)، ئابدۇرېھىم ئۆمەر (1956 - يىل 5 - ئايدىن 1961 - يىل 1 - ئايغىچە)، لى شۇتيەن (1954 - يىل 4 - ئايدىن 1957 - يىل 12 - ئايغىچە)، ياڭ چى (1956 - يىل 12 - ئايدىن 1959 - يىل 10 - ئايغىچە) لار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. 1955- يىل 10- ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ نامى «جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى» گە ئۆزگەرتىلدى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ نامى «جۇڭگو خەلق بانكىسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبىسى» گە ئۆزگەرتىلىپ، ئىلى، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى باشقۇردى. جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمە ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنىڭ نامى «جۇڭگو خەلق بانكىسى جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي رايونلۇق شۆبىسى» گە ئۆزگەرتىلىپ (1956 - يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى)، يەكەن، ئاقسۇ، خوتەن، قىزىلسۇدىن ئىبارەت تۆت ۋىلايەت ۋە مەمۇرىي مەھكىمىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى باشقۇردى. 1955 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەردە خەلق بانكىسىنىڭ ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ بولدى ھەم ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەرلەردە بانكا كادىرلىرى مەكتەپلىرى قۇرۇلدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە جۇڭگو خەلق بانكىسى شۆبىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىدا ئۆزگىرىش چوڭ بولدى. 1955 - يىل 4 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى تۈنجى قېتىم ئايرىم تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، يېزىلارنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى، خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ئاپپاراتى ئىشخانا، رېۋىزىيە ئىشخانىسى، كادىرلار بۆلۈمى، قوغداش بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمى، تەرجىمە بۆلۈمى، پىلان بۆلۈمى، بوغالتىرىيە بۆلۈمى، پۇل ئوبوروت بۆلۈمى، سانائەت كرېدىت بۆلۈمى، سودا كرېدىت بۆلۈمى، ئاشلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش كرېدىتى بۆلۈمى، چەت ئەل كەسپى بۆلۈمى، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى باشقۇرۇش باشقارمىسىدىن تەركىب تاپتى. سابىق شۆبە بانكىغا قارايدىغان تىجارەت ئورنى 1953 - يىل 12 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1957 - يىل 4 - ئايدا پارتىيە 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى، ئاپپاراتلار قىسقارتىلدى، خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى قوشۇۋېتىلدى. ئەينى ۋاقىتتا خەلق شۆبە بانكىسىدا ئىشخانا، كادىرلار بۆلۈمى، پىلان بۆلۈمى، پۇل ئوبوروت بۆلۈمى، بوغالتىرىيە بۆلۈمى، خوجىلىق بۆلۈمى، سانائەت كرېدىت بۆلۈمى، سودا كرېدىت بۆلۈمى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كرېدىت بۆلۈمى، ئامانەت - قەرز بۆلۈمى، چەت ئەل كەسپى بۆلۈمى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1958 - يىل مەركەزنىڭ قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىش ھەققىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شۆبە بانكىنىڭ 12 بۆلۈم، ئىشخانىسى سەككىز بۆلۈم، بىر ئىشخانىغا يەنى، ئىشخانا (خوجىلىق بۆلۈم ئىشخانىغا قوشۇۋېتىلدى)، كادىرلار بۆلۈمى، پىلان بۆلۈمى، بوغالتىرىيە بۆلۈمى، سانائەت كرېدىت بۆلۈمى، سودا كرېدىت بۆلۈمى (سابىق چەت ئەل كەسپى بۆلۈمى سودا كرېدىت بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى)، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پۇل مۇئامىلە بۆلۈمى (سابىق ئامانەت قەرز بۆلۈمى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پۇل مۇئامىلە بۆلۈمىگە قوشۇۋېتىلدى)، پۇل ئوبوروت بۆلۈمى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى بۆلۈمىگە قىسقارتىلدى، خادىملار 284 تىن 187 گە ئازايتىلىپ، 97 ئادەم قىسقارتىلدى، 1958 - يىلنىڭ كېيىنكى

پىرىمىدا مەككىز بۆلۈم، بىر ئىشخانا ئۈچ ئىشخانىغا يەنى مەمۇرىي ئىشخانا، سىياسىي ئىشخانا، كەسپىي ئىشخانىغا ئۆزگەرتىلدى، خىزمەت خاراكتېرى بويىچە ئىلگىرىكى بۆلۈملەر ھەر قايسى ئىشخانىلارغا قوشۇۋېتىلدى، 1959 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۈچ ئىشخانا يەنى مەمۇرىي ئىشخانا، سىياسىي ئىشخانا، ئۇنىۋېرسال پىلان باشقارمىسى، كرېدىت، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئىشخانىسى، گوۋشې پۇل مۇئامىلە ئىشخانىسى، بوغالتىرىيە ئىشخانىسىغا ئايرىلدى. 1960 - يىلى يەنە ئۇنىۋېرسال پىلان، كرېدىت پۇقرالار پۇل ئامانىتى، گوۋشې پۇل مۇئامىلىسى، بوغالتىر كاسسىر ئىشخانىسى بۆلۈمگە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، چەت ئەل كەسپىي بۆلۈمى قۇرۇلدى (ئىچكى جەھەتتە شۆبە بانكىنىڭ بىر بۆلۈمى بولدى) . 1961 - يىلى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى، مۇبەتتىش ئىشخانىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1962 - يىل 7 - ئايدا چەت ئەل كەسپىي بۆلۈمى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى، مۇبەتتىش ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، سىياسىي ئىشخانا كادىرلار بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. 1963 - يىلى رېۋىزىيە ئىشخانىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

مۇشۇ مەزگىللەردە خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، يەر ئىسلاھاتى ئۈچۈن زور كۈچ بىلەن مۇلازىمەت قىلدى. 1953 - يىلى مەبلەغنى داۋاملىق مەركەزلەشتۈرۈش ئاساسىدا قەرز پۇل تارقىتىش خىزمىتى كۈچەيتىلىپ، قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىلدى، بازارلار مۇقىملاشتۇرۇلدى ھەم دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەركىزىي ۋەزىپە قىلىنىپ، تۆۋەندىكىدەك تۆت تۈرلۈك خىزمەت نۇقتىلىق قانات يايدۇرۇلدى؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى ياخشى تارقىتىلدى؛ مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ ئىقتىسادىي ھېساباتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كارخانىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، پۇل باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، كرېدىت مۇناسىۋىتى ئوڭشىلدى؛ سودا، ترانسپورت ئىشلىرىغا يار - يۆلەك بولۇپ، ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈلدى؛ چەت ئەل كەسپى قانات يايدۇرۇلدى، تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىنىڭ ئوبوروتى كۈچەيتىلدى، تاشقى سودا ئىشلىرى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1954 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى داۋاملىق زور كۈچ بىلەن مەبلەغ توپلاپ، دۆلەت پىلانى بويىچە تۈرلۈك قەرز پۇللارنى تارقىتىپ، پۇل ئوبوروتىنى ئىگىلەپ، پۇل مۇئامىلىسىنى مۇستەھكەملەپ ۋە مۇقىملاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەركىبنىڭ مۇقىم ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇ يىلى 5 - ئايدا غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئېچىلغان شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىدىن كېيىن، خەلق شۆبە بانكىسى قەرز پۇل تارقىتىشنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، پۇلنى يىغىۋېلىشنى تەشكىللەشنى مەركەز قىلىپ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك سودىنى قوللاش بىلەن يېزا كرېدىتىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتكە قاراتتى. ئۇ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىشنى مەركەز قىلغان يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلات ئاشۇرۇش ھەرىكىتىنى كۈچلۈك قوللىدى.

1955 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى دۆلەتنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش باش فاڭجېنىغا ئاساسەن، سوتسىيالىستىك كارخانىلارنى تەشكىللەپ، بولۇپمۇ سوتسىيالىستىك سودىنىڭ كرېدىت راسچوتى ۋە يېزىلارنىڭ كرېدىت خىزمىتىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىش، كرېدىت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك مۇھىم خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت بىلەن تەڭلا يېڭى خەلق پۇلى تارقاتتى، كونا خەلق پۇلى بىلەن يېڭى خەلق پۇلىنىڭ سۇندۇرۇلۇش نىسبىتى 1: 10000 يۈەن بولدى، 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانىلار يېڭى پۇل ئىشلەتتى ھەم يېڭى پۇل بويىچە ھېساب تۇرغۇزدى. شۇ يىلى 7- ئاينىڭ 11 - كۈنىدىن باشلاپ، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ كوپېراتىپقا ئەزا بولۇشىنى قوللاش، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ بويىچە كەمبەغەل دېھقانلارغا ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

1956 - يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلىنىشى ۋە تاۋار ئوبوروتىنىڭ يەنىمۇ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بانكا خىزمىتىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسى 297 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 8.7% ئاشتى، تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 382 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا 12.1% (جەمئىي 41 مىليون 380 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىشكە ئىشلىتىلگىنى 15 مىليون 150 مىڭ يۈەن ئاشتى) ئاشتى، نەق پۇل چىقىمى 1955 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 61% ئاشتى، بازارلاردا پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى 1955 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 83% ئاشتى. بازارلاردا پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارىنىڭ ئېشىشى بەك تېز بولۇپ كەتكەنلىكتىن، تاۋار زاپىسى ئازىيىپ، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش بىلەن نەق پۇلنىڭ تارقىتىلىشى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر تەڭشەمسىزلىك كېلىپ چىقتى. بۇ خىل ھالەت بىر يىللىق جىددىي خىزمەت ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا ئوڭشالدى.

1957 - يىلى 1 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى. خەلق شۆبە بانكىسى نورغۇن كرېدىت مەبلىغى ئارقىلىق سودىنى قوللاپ، تاۋار ئوبوروتىنى كېڭەيتىپ، تاۋار زاپىسىنى كۆپەيتتى؛ تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈڭشې باشقۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا مەھسۇلات ئاشۇرۇشنى ۋە كوپېراتىپلىشىشنىڭ مۇستەھكەملىنىشىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سانائەت، قول سانائەت قەرز پۇلى تارقىتىپ، سانائەت ۋە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا يار - يۆلەك بولدى.

1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان سۈرئەت بىلەن نورغۇنلىغان مەبلەغنى ئويۇشتۇرۇش ۋە تەقسىم قىلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىنى قوللىدى. ئۈچ يىل ئىچىدە شىنجاڭ بويىچە ئامانەت پۇل 390 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئېشىپ، 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاشقان ئومۇمىي سوممىدىن 1.21 ھەسسە ئاشتى؛ قەرز پۇل 860 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئېشىپ، 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاشقان ئومۇمىي سانىنىڭ 131 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. لېكىن كرېدىت باشقۇرۇش بوشاپ كېتىش، مۇبالىغىچىلىك مەسىلىلىرىمۇ كېلىپ چىقتى.

1961 - يىل 5 - ئايدىن 1967 - يىل 1 - ئايغا قەدەر لى شۇتيەن جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى، شى سىچېڭ، ئابدۇرېھىم ئۆمەر، دۇشيۇجۈەن، مۇتەللىپ تۇردىلار مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. مۇشۇ مەزگىلدە شۆبە بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئاپپاراتلار خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ 2 - قېتىم ئايرىپ تەسىس قىلىنىشى ۋە قوشۇۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، مۇناسىپ ھالدا تەڭشەلدى. 1964 - يىل 1 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ھەققىدىكى قارار» ىغا ئاساسەن، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئايرىم تەسىس قىلىندى. خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئايرىم تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق شۆبە بانكىسى ئىشخانا، كادىرلار بۆلۈمى، پىلان بۆلۈمى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى بۆلۈمى، سانائەت كرېدىت بۆلۈمى، سودا كرېدىت بۆلۈمى، بوغالتېرىيە بۆلۈمىدىن ئىبارەت يەتتە بۆلۈم، ئىشخانا تەسىس قىلدى. 1965 - يىل 5 - ئايدا سىياسىي بۆلۈم قۇرۇلۇپ، دۇشيۇجۈەن قوشۇمچە مۇدىر بولدى. 10 - ئايدا خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، يەنە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كرېدىت بۆلۈمى، يېزا پۇل مۇئامىلە بۆلۈمى، ئامانەت قەرز بۆلۈمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىپ، جەمئىي توققۇز بۆلۈم، بىر ئىشخانا بولدى.

1962 - يىل 3 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «بانكا خىزمىتىنىڭ مەركەزلىك بىر تۇتاش بولۇشىنى ھەققىي تۈردە كۈچەيتىش، پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش ھەققىدىكى قارار» (تۆۋەندە بانكا خىزمىتىنىڭ ئالتە ماددىسى دەپ قىسقارتىلىپ ئېلىنىدى) نى تارقاتتى. شىنجاڭ خەلق بانكىسى شۇ يىلى

4 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «مەركەزنىڭ ئالتە ماددىلىق قارارىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، جايلاردىكى بانكىلاردىن كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، نەق پۇل باشقۇرۇش ۋە راسچوت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېزىلارغا كرېدىت تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەپ، ئىزچىل «كىرىم - چىقىمنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئاز- تولا يىغىۋېلىش»نى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى ساپ تارقىتىلغان پۇل 8 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1961 - يىلىغا قارىغاندا، %48.87 ئاز تارقىتىلدى، ئاپتونوم رايون بازارلىرىدا پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى 1961 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 46 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئازايتىلدى، بازارلاردا پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى بىلەن ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت 1961 - يىلىدىكى 1:4.2 دىن 1962 - يىلىدىكى 1:5.43 گە ئۆرلەپ، تەدرىجىي ھالدا مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلەندى.

1962 - يىلى 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چېگرا مۇداپىئە كۈرەشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى «301» قىسىم قىسىملار بىلەن بىللە يۈرگۈچى بانكا قۇرۇلۇپ، كەسپىي جەھەتتە جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى.

1963 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ مەمۇرىي كارخانا شتات چەك چېگرىسىنى ئايرىش ھەققىدىكى بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى، ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە بانكا، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىلار، ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكىلار ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، مەمۇرىي ئاپپاراتقا تەۋە، بارلىق خادىملار مەمۇرىي شتات ئىچىدە بولىدۇ؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىلارغا بىۋاستە قاراشلىق تىجارەت ئورۇن (بۆلۈم) لىرى، ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكىلارغا قاراشلىق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، پۇقرالار پۇل ئامانەت پونكىتى، تىجارەت پونكىتى (بۆلۈم) لىرى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، شەھەرلىك بانكىلارنىڭ كەسپىي ئاپپاراتلىرى بولۇپ، بارلىق خادىملار كارخانا شتاتى ئىچىدە بولىدۇ دەپ بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى «ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش» ۋە «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، تۈرلۈك قەرز پۇلنى 453 مىليون 790 مىڭ يۈەن ئازايتتى (بۇنىڭ ئىچىدە، مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىپ قايتۇرۇلغىنى 449 مىليون 450 مىڭ يۈەن)، تۈرلۈك ئامانەت پۇل 8 مىليون 640 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، بازارلاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى 1962 - يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، 8 مىليون 640 مىڭ يۈەن كېمىيىپ، شۇ يىلى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئاز - تولا يىغىۋېلىش فاڭجېنى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشكە كۈچلۈك مەدەت بېرىلدى.

1964 - يىلى خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى 2 - قېتىم ئايرىلدى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئايرىۋېتىلگەندىن كېيىن، خەلق بانكىسى خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى؛ ناھىيىلىك تارماق بانكىلارنىڭ كرېدىت، راسچوت، بوغالتىرىيە، كاسسا ۋە پۇل ئوبوروت خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك مۇلازىمەت قىلىش؛ مەركىزىي كومىتېتنىڭ بانكا خىزمىتى ھەققىدىكى «ئالتە ماددىلىق قارار» ى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ كۆچىمە مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى يوليورۇقىنى داۋاملىق ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «شۇ يىلدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، پۇلنى كۆپەيتىپ تارقاتماسلىق» تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى.

1965 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى: «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىپ، «تۆتنى ئېنىقلاش»، (سىياسىنى ئېنىقلاش، ئىقتىسادنى ئېنىقلاش، تەشكىلنى ئېنىقلاش، ئىدىيىنى ئېنىقلاش) نى مەركەز قىلغان سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە پائال قاتنىشىپ ۋە ئۇنى قانات يايدۇرۇپ، بانكا خىزمىتىنى تەدرىجىي ئىنقىلابىيلاشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى تېخىمۇ ئوبدان قوللاش» تىن ئىبارەت

خىزمەت فاكچىيىنى كۆتۈرۈشكە قويدى. خەلق شۆبە بانكىسى سىياسىي خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، ئاممۇۋى خاراكتېرلىك سىياسىي خىزمەتنى چوڭ تەكشۈرۈش، چوڭ سېلىشتۇرۇپ باھالاش، چوڭ خۇلاسىلاشنى قانات يايدۇردى، بانكىدىكى بارلىق يولداشلار مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە قاتناشتى. 1965 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى قوشۇۋېتىلدى، شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرگە «ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى قوشۇۋېتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىر يۈرۈش ئاپپارات بولۇپ قوشۇۋېتىلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. 1967 - يىل 1 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئاممىۋى تەشكىلاتلار تارتىۋالدى، خىزمەتلەر پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى.

1967 - يىل 3 - ئايدىن 1973 - يىلى 5 - ئايغا قەدەر جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىگە ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى، ئىنقىلابىي كومىتېت، ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتى، ھەربىيلەر تەشۋىقات ئەترىتى رەھبەرلىك قىلىپ كەلدى. 1967 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونى گوۋۇيۈەن بىلەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى بويىچە، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىدە ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يولغا قويدى، يەن فاشياڭ ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، ليۇ چۈنباڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىغا 1 - نومۇرلۇق ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق بولدى: شۆبە بانكىدا 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ ھەربىي ئىدارە قىلىش يولغا قويۇلىدۇ؛ ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، مالىيە، كاتىبات قاتارلىق بارلىق رەھبەرلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ؛ شۆبە بانكىدا ئىشلەپچىقىرىش ئىشخانىسى قۇرۇلىدۇ، بۇ ئىشخانا بانكىنىڭ بارلىق كەسپىي خىزمىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولىدۇ؛ 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن باشلاپ، ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىنىڭ تامغىسى ئىشلىتىلىدۇ. شۆبە بانكا ھەربىي ئىدارە قىلىش كومىتېتىغا يەن فاشياڭدىن كېيىن لى جۈن، كاڭ ماۋدىلار مۇدىر بولدى. 1968 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى، كومىتېتقا 13 كىشى ئەزا بولدى، لى جۈن (ھەربىي ۋەكىل) مۇدىر بولدى، لى شىگېي، توختى نىياز (كادىرلار ۋەكىلى)، جاڭ سىيۈەن، مياۋجەنجاڭ (ئامما ۋەكىلى) مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. 1970 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەركەزنىڭ ۋە شىنجاڭ، شىنجاڭ ئىككى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار يوليورۇقلىرىغا ئاساسەن، ئالىي رايونى مەركىزىي تارماق بانكىسى ھەمدە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئالتە ناھىيىلىك تارماق بانكا، 28 ئامانەت قەرز كوپېراتىپى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1970 - يىل 12 - ئايغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكا سىستېمىسىدا ئالىي مەركىزىي تارماق بانكا، يېزا ئىگىلىك 9 - شى تارماق بانكىسىدا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلمىغان، 7 - تارماق بانكىدا ئىجابىي تەربىيە بېرىلگەندىن سىرت، باشقا بارلىق بانكىلاردا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى. 1971 - يىل 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتى ئىشلەپچىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك ئاپپاراتىغا ئۆزگەرتىلىپ، مالىيە ئىدارىسى رەھبەرلىك قىلدى. سىرتقا قارىتا جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى دېگەن ۋىۋىسكىنى ئاستى. ئىچكى قىسىمدا شۆبە بانكىدىن 18 كىشى ئاجرىتىلىپ، كەسپىي بەنزە قۇرۇلۇپ، بانكا گۇرۇپپىسى نامى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىغا قوشۇلۇپ خىزمەت بېجىردى. سابىق شۆبە بانكىنىڭ باشلىقلىرىدىن تاتىپ قارا خىزمەتچىلىرىگىچە 200 نەچچە كىشى 1971 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 -

كونى ئاپتونوم رايوننىڭ بۆگۈر ناھىيىسىدىكى ئەشمە «7 - ماي» كادىرلار مەكتىپىگە «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» كە چۈشۈرۈلدى.

1973 - يىلى 6 - ئايدىن 1979 - يىلى 3 - ئايغا قەدەر، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىش، ئەرتىپكە سېلىش مەزگىلى بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى 1973 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئايرىم تەسىس قىلىنىپ، ئىلگىرىكى تەشكىلىي تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ ئىلگىرىكى ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئەسلىگە كەلدى. لى شۇ تيەن بانكا باشلىقى، پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولدى. شى سىچىڭ، ئابدۇرېھىم ئۆمەر مۇئاۋىن بانكا باشلىقى، پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولدى ھەمدە شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يېڭى تامغا ئىشلىتىلدى. ئىچكى جەھەتتە ئاپپاراتلار بۆلۈمدىن باشقارمىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئالتە باشقارما، بىر ئىشخانا يەنى ئىشخانا، سىياسىي باشقارما، پىلان باشقارمىسى، بوغالتىرىيە - تارقىتىش باشقارمىسى، شەھەر كەسپى باشقارمىسى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پۇل مۇئامىلىسى باشقارمىسى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق كارخانىلىرى مەبلىغىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئۈزۈلۈپ قالغىنىغا يەتتە يىل بولغان شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىلىپ، بانكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 1974 - يىلدىن 1979 - يىل 3 - ئايغا قەدەر، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىدە لى شۇتيەن يەنىلا بانكا باشلىقى، شى سىچىڭ، ئابدۇرېھىم ئۆمەر مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولغاندىن سىرت، يەنە گويىڭكۇي (1978 - يىل 8 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، شۇ ۋۇشەن (1974 - يىل 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، سېتىنياز ئەبەيدۇللا (1976 - يىل 1 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى)، ليۇجىشى (1979 - يىل 3 - ئايدا ۋەزىپىگە تەيىنلەندى) لار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى.

1976 - يىل 10 - ئايدا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى پۇل مۇئامىلىسىنى ئەرتىپكە سېلىش، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، پۇلنى يىغىۋېلىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرلۈك خىزمەتنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، داچىڭ، داجەيدىن ئۆگىنىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. 1978 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر تۈرلۈك ئامانەت پۇل 1977 - يىلدىكىدىن 104 مىليون 900 مىڭ يۈەن ئازايدى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلارنىڭ ئامانەت پۇلى 1977 - يىلدىكىدىن 47 مىليون 200 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، نورمىدىن يىللىق پىلان %7 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 1977 - يىلدىكىدىن 310 مىليون 710 مىڭ يۈەن ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا 166 مىليون يۈەن پۇل تارقىتىلىپ باش بانكا چۈشۈرۈپ بەرگەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىدىن 16 مىليون يۈەن ئېشىپ كەتتى. شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلىرى 1014 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شۆبە بانكا بىر، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكا 15، ناھىيە (شەھەر) لىك تارماق بانكا 110، شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى 99، پۇقرالار پۇل ئامانىتى پونكىتى 69، ناھىيىگە قاراشلىق ئىش بېجىرىش ئورنى 18، تىجارەت پونكىتى 702، خادىملار جەمئىي 7854، بۇنىڭدىن سىرت شىنجاڭ بويىچە ئامانەت قەرز كوپېراتىپ (پونكىت) لىرى 1751، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى كادىرى 4316.

1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئابدۇرېھىم ئۆمەر خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى (1979 - يىل 3 - ئايدىن 1982 - يىل 5 - ئايغىچە)، ياڭ چى (1979 - يىل 11 - ئايدىن 1983 - يىل 7 - ئايغىچە)، گويىڭكۇي (1979 - يىل 3 - ئايدىن 1983 - يىل 7 - ئايغىچە)، شۇ ۋۇشيەن (1979 - يىل 3 - ئايدىن 1983 - يىل 7 - ئايغىچە)، ليۇ جىشى (1979 - يىل 3 - ئايدىن 1983 - يىل 7 - ئايغىچە)، ئابدۇقادىر ئىمىن (1980 - يىل 12 - ئايدىن 1983 - يىل 7 - ئايغىچە)، جاڭ يۇ (1981 - يىل 2 - ئايدىن 1983 - يىل 7 - ئايغىچە) لار مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. ياڭ چى شۆبە بانكا پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ئابدۇرېھىم

ئۆمەر، گويىڭگۈي پارتكوم ۋېيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، باشقا مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىرى پارتكوم ۋېيۈەنى ئەزاسى بولدى. 1982 - يىل 5 - ئايدا شۆبە بانكىنىڭ باشلىقى ئابدۇرېھىم ئۆمەر كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولدى. 1983 - يىل 7 - ئايدىن 1984 - يىل 12- ئايغىچە ياڭ چى بانكا باشلىقى، قوشۇمچە پارتكوم ۋېيۈەنىنىڭ شۇجىسى، ۋېي شېڭخۇڭ، جاڭ ۋېي، ئابلىز موللايوۋ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى، پارتكوم ۋېيۈەنىنىڭ ئەزاسى بولدى، ئابدۇقادىر ئىمىن، شۆ ۋۇشەنلەر مەسلىھەتچى بولدى. 1985 - يىل 1 - ئايدا ۋېي شېڭخۇڭ بانكا باشلىقى، پارتكوم ۋېيۈەنىنىڭ شۇجىسى بولدى. جۇيۈەنجې، ئەمەت ھاشىملار مۇئاۋىن بانكا باشلىقى، پارتكوم ۋېيۈەنىنىڭ ئەزاسى، گۇدېشىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى.

1979 - يىل 3 - ئايدىن 1985 - يىل 12 - ئايغىچە بولغان مەزگىلدە، شىنجاڭ خەلق بانكىسىنىڭ ئاپپاراتىدىكى ئۆزگىرىش خېلى چوڭ بولدى. 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئايرىپ تەسىس قىلىندى. يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتى، ئادەم كەسىپكە ئەگىشىپ مېڭىش پرىنسىپى بويىچە، پۈتۈنلەي يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. يېزىلاردىكى تىجارەت پونكىتلىرى پۈتۈنلەي يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئايرىم تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتلىرى ئىشخانا، سىياسىي باشقارما، ئۇنىۋېرسال پىلان باشقارمىسى، بوغالتىرىيە - تارقىتىش باشقارمىسى، سانائەت كرېدىت باشقارمىسى، سودا كرېدىت باشقارمىسى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى باشقارمىسى، رېۋىزىيە باشقارمىسى، خوجىلىق باشقارمىسىدىن تەركىب تاپتى. 1980 - يىل 1 - ئايدا باش بانكا كادىرلار يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى ئىشخانىسى بىلەن خوجىلىق باشقارمىسى قوشۇۋېتىلدى. سىياسىي باشقارما ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. كادىرلار باشقارمىسى بىلەن ئەمگەك - ئىش ھەققى باشقارمىسى ئايرىلدى. شۇ يىلى 2 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى (ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن) قۇرۇلدى. 1981 - يىل 9 - ئايدا تەشۋىقات - مائارىپ باشقارمىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 10 - ئايدا ئەمگەك - ئىش ھەققى باشقارمىسى بىلەن كادىرلار باشقارمىسى قوشۇۋېتىلدى. 1984- يىل 1- ئايدا ۋە 10 - ئايدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەسپىي خىزمەتلەرنى مۇستەقىل قانات يايدۇردى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ئىلگىرى جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ قارمىقىدا تەسىس قىلىنغان دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1985- يىل 1- ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو سودا سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئايرىپ تەسىس قىلىندى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى مەخسۇس مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ سانائەت سودا كرېدىتى ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپى سودا سانائەت بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۆبە بانكىدىن مەركىزىي تارماق بانكىغا قەدەر %60 خادىم ۋە مال - مۈلۈك سودا - سانائەت بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ناھىيىلىك تارماق بانكا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق بارلىق ئاپپاراتلار سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. پەقەت خەلق بانكىسى ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ ۋۇيۇسكىسىلا ساقلاپ قېلىندى. سودا - سانائەت بانكىسى ئايرىپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشخانا، پۇل مۇئامىلىسىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسى، ئۇنىۋېرسال پىلان باشقارمىسى، پۇل تارقىتىش باشقارمىسى، بوغالتىرىيە باشقارمىسى، تەپتىش باشقارمىسى، تاشقى پېرېۋوت كەسپى ئىشخانىسى، كادىرلار - ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى، تەشۋىقات - مائارىپ باشقارمىسى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسى، پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى، تۇرمۇش مۇلازىمەت شىركىتىدىن ئىبارەت ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى. خەلق شۆبە بانكىسى ئىلگىرى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تەسىس قىلىنغان مەركىزىي تارماق بانكىلار 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكا دەپ ئاتالدى.

1978 ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خادىملىرى 7854 ئىدى. 1979 ـ يىل 6 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئايرىلىپ چىققاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا 3700 نەچچە ھەر خىل كادىر بېرىلدى (ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ 4376 كادىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ).

1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى كۆپىيىپ 8816 كىشىگە يەتتى، 1985 ـ يىل 1 ـ ئايدا سودا ـ سانائەت بانكىسىغا ھەر خىل كادىرلاردىن 7728 نەپىرى ئاجرىتىپ بېرىلدى. سۇغۇرتا شىركىتىگە 14 خادىم ئاجرىتىپ بېرىلدى، جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىگە 72 كىشى ئاجرىتىپ بېرىلدى. خەلق شۆبە بانكىسىدا ئاران 802 كىشى قالدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنە كۆپىيىپ 1236 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى شۆبە بانكا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا ئورگىنىدىكى باشقارما، ئىشخانا ۋە بانكا مەكتەپتىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىر 77 (ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىر 24).

1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغا قەدەر شۆبە بانكا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا «تۆت خىل بۇرۇلۇش» تەدرىجىي ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى، يەنى «مەنسەپدارلار ئىرادىسى» بويىچە نوقۇل ھالدا مەمۇرىي چارە ئارقىلىق ئىش بېجىرىش ئادىتىدىن ئىقتىسادىي چارە بىلەن ئىقتىسادنى باشقۇرۇش، بانكىنى باشقۇرۇشقا بۇرۇلۇپ، بانكا بىلەن باشقا تارماقلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنىدى. كرېدىت مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كېڭەيتىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىكتىن، ئالدى بىلەن ئىچكى تاشقى مەبلەغنى جەلپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇشقا بۇرۇلۇپ مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كېڭەيتىش ئاساسىدا مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى ياخشىلاندى؛ نوقۇل ھالدا ئىشلەپچىقىرىش پىلانى، تاۋار ئوبوروت پىلانى بويىچە قەرز پۇل تارقىتىشتىن، دۆلەتنىڭ پىلانىنى ئورۇنداش ئاساسىدا تەدرىجىي ھالدا ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي توختامىغا ئاساسەن، قەرز پۇل تارقىتىشقا بۇرۇلۇش، مەملىكەت بويىچە بانكىلار چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى يېيىشتىن ھەر دەرىجىلىك بانكىلاردا كارخانىچە باشقۇرۇش يولىغا قويۇلۇپ، ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمى چىڭىتىلدى. 1979 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى قىسىمدىكى ئىقتىسادىي ھېسابات سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلاپ بانكىلارنى ئاساس قىلغان كادىر باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، كەسپىي خىزمەت بىلەن كادىر باشقۇرۇش بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. پۇل مۇئامىلە سېپىگە كادىر تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن 1979 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ بانكا مەكتىپى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1980 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، كرېدىت پىلانى ۋە نەق پۇل پىلانىنى ئورۇندىدى. 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 777 مىليون 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 407 مىليون 820 مىڭ يۈەن ئاشتى؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 740 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 250 مىليون 550 مىڭ يۈەن ئاشتى. 1980 ـ يىلى باش بانكا بېكىتىپ بەرگەن شىنجاڭنىڭ ئامانەت پۇل پەرقى پىلانى 947 مىليون 960 مىڭ يۈەن ئىدى، يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئامانەت پۇل پەرقى 1 مىليارد 238 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلاندىكىدىن 290 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە نەق پۇل كىرىمى جەمئىي 3 مىليارد 807 مىليون 460 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 1979 ـ يىلدىكىدىن 19.99% ئاشتى، نەق پۇل چىقىمى جەمئىي 4 مىليارد 156 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 20.2% ئاشتى، مۇشۇ بىر يىلدا تارقىتىلغان پۇلنىڭ پەرقى سوممىسى 349 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولۇپ، باش بانكا بېكىتىپ بەرگەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىدىن 49 مىليون 130 مىڭ يۈەن ئېشىپ كەتتى. 1980 ـ يىلى تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 10 مىليون 780 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 154% ئاشتى، تاشقى سودا قەرز پۇلى 22 مىليون 490 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 34% ئاشتى. سۇغۇرتا

ھەققى كىرىمى 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن يىللىق پىلان %36 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

1980 - يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن بۇيان پۇل ئەڭ كۆپ تارقىتىلغان بىر يىل بولدى. بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى نورمال ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتكەچكە، بازاردىكى مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يەتتى.

1981 - يىلى گوۋۇيۈەن «كىرىدىت باشقۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش ھەققىدىكى قارار» نى تارقاتتى، كىرىدىتنى «يەرلىك سومما بويىچە تىزگىنلەش» چارىسى «يەرلىك سوممىنى مۇددەتكە ئېلىش» چارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ قارارىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش، ئىگىلىكنى تەڭشەشكە كاپالەتلىك قىلىش، بازار مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركىزىي ۋەزىپىنى چۆرىدىگەن ھالدا، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، تۈرلۈك ئامانەت پۇللارنى جەلپ قىلدى ۋە ئۇنى تەشكىللىدى، تۈرلۈك قەرز پۇللارنى چىڭ باشقۇرۇپ ۋە جانلىق ئىشلىتىپ، پۇل ئوبوروتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەڭشىدى. شۇڭا، ئامانەت پۇل كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى، قەرز پۇلنى ئىشلىتىش كۆنسىرى مۇۋاپىقلاشتى، پۇل تارقىتىش خېلى تىزگىنلەندى، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەر ئومۇميۈزلۈك ئورۇندالدى.

1982 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ «پۇلنى خەزىنىگە قايتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش ۋە پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پۇلنى يىغىۋېلىشنى زور كۈچ بىلەن تەشكىللىدى، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، پۇلنىڭ ئوبوروت ئەھۋالىنى بارغانسېرى نورماللاشتۇردى؛ پۇقرالار پۇل ئامانىتى، سوغۇرتا كەسىپلىرىنى پائال قانات يايدۇرۇپ ۋە ھاۋالە كەسپىنى يېڭىدىن يولغا قويۇپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى 1 مىليارد يۈەندىن ئاشۇرۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن، نۇرغۇن مەبلەغ توپلىدى، بەش تۈرلۈك ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ (تۈرلۈك ئامانەت پۇل، مەبلەغدىن پايدىلىنىش، سۈپەت كۆرسەتكۈچى، تەننەرخ كۆرسەتكۈچى، پايدا كۆرسەتكۈچى) نى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداپ، بانكىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى ئوبدان جارى قىلدۇردى.

1983 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گوۋۇيۈەن «پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش، پۇلنى يىغىۋېلىشنى پائال تۈردە تەشكىللەش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى، ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى پۇل تارقىتىشنى تىزگىنلەش، پۇلنى خەزىنىگە كۆپ جەلپ قىلىش، بازاردىكى مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، نەق پۇل باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىدارىلەرنى پۇل ئامانەت قويۇشقا تەشكىللەش، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، پۇقرالار پۇل ئامانىتى تور - نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ناھايىتى نۇرغۇن مەبلەغ توپلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردى. كىرىدىت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ئېنېرگىيە، سانائەت قاتنىشىنىڭ تەرەققىياتىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، سودا تارماقلىرىنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىشىگە مەدەت بېرىلىپ، بازارلارنى مۇلچەرلەش كۈچەيتىلىپ، ئوبوروت جانلاندۇرۇلدى، مەركەزنىڭ مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارغا كاپالەتلىك قىلىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەش ھەققىدىكى يوليورۇقنىڭ روھىغا ئاساسەن تۈرلۈك ئۆسكۈنىلەر ھېسابىدىكى ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇللارنى ۋە 1983 - يىلى يېڭىدىن بېجىرىلىدىغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ھېسابىدىكى قەرز پۇل پىلانىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئىشلىرىغا مەدەت بېرىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى يەنە باش بانكىنىڭ «مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلنى ئەستايىدىل ئېنىقلاش ھەققىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىغا ئاساسەن ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، بانكا باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،

مەبلەغ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە كەسپىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، گوۋۇيۈەننىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى قارارى» ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، دۆلەت ئاجراتقان كۆچمە مەبلەغ ۋە كارخانىلارنىڭ ماددىي ئەشيا ئامبار زاپىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1983 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايوندىكى سانائەت، قاتناش، ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى شۆبە بانكا بىۋاسىتە ئىگىلەپ، پەرقلىق سوممىسىنى مۆلدىگە ئېلىش بىلەن كۆرسەتكۈچىنى باشقۇرۇشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش چارىسىنى يولغا قويۇپ، بىر قىسىم سودا كارخانىلىرىدا تۇراقسىز ئۆسۈم نىسبىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. بۇ خىل ئۇسۇللار كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىشتە ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى. يۇقىرىقى خىزمەتلەر ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوندا پۇلنىڭ تارقىتىلىشى باش بانكا تەكشەپ بەرگەن 450 مىليون يۈەن دائىرىسىدە تىزگىنلىنىپ، كىرىمتىنىڭ كىرىم - چىقىمى شۇ يىلدا تەڭپۇڭ بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. ئىلگىرىكى يىللاردىن كېلىۋاتقان ئامانەت پەرقى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىش ئەھۋالى ئۆزگەردى.

1983 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ياپونىيىنىڭ سەن لۇن سېلاڭ باشچىلىقىدىكى بېيجىڭدە تۇرۇشلۇق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ۋەكىللەر باشقارمىسىنىڭ باش ۋەكىللىرى ۋە ياپونىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەت ياردەمچىسى قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق ئادەمدىن تەشكىللەنگەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنى دەسلەپكى قېتىم كۈتۈۋېلىپ، شىنجاڭ بىلەن ياپونىيىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنىڭ يولى ئۈستىدە دەسلەپكى قەدەمدە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى.

1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭگو خەلق بانكىسى مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشى ھەققىدىكى قارار»نى تارقاتتى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، بانكا ئاپپاراتىنى ئىسلاھ قىلدى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەڭشىدى. ئۆزىگە قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش ۋە سەپلەش خىزمىتىنى تاماملىدى.

1984 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ «خەلق بانكىسى مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشى ھەققىدىكى قارار» نى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا پائال تۈردە تەييارلىق كۆردى. بىر يۈرۈش ئاپپارات، ئىككى ۋۇئۇسكا، ئىككى يۈرۈش مەبلەغ، ئىككى يۈرۈش ھېسابات، ئىككى يۈرۈش ستاتىستىكا چارىسىنى قوللىنىپ خىزمەت ئىشلىدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى ۋە كەسپىي بانكىلاردىن بانكىنىڭ ئىقتىسادىي پىشاڭلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىگىلىكنى ماكرولۇق تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇپ، ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆپرەك ئوبدان ئىش قىلىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى يۇقىرىقى يېتەكچى ئىدىيىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئەستايىدىل ئىسلاھ قىلىپ پۇل مۇئامىلىسىنى جانلاندۇرۇپ، پائال تۈردە، كەڭ كۆلەمدە مەبلەغ توپلاپ، تۇرلۇك قەرز پۇللارنى ئوبدان باشقۇرۇپ، جانلىق ئىشلىتىپ، بىر تەرەپتىن پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش، بىر تەرەپتىن خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش، پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىمۇ، خىزمەتكىمۇ دەخلى يەتكۈزمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئاپپارات تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى ۋە مەبلەغ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇپ، تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەرنى داۋاملىق كۈچەيتتى.

1984 - يىل 8 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ خەلق بانكىلىرىنىڭ مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈش مەسىلىسى بىلەن

سودا - ساناەت بانكىسىنى ئايرىپ تەسىس قىلىشنىڭ كونكرېت لايىھىسى ۋە تەپسىلىي پرىنسىپىنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدىگە ئۆستۈرۈلۈپ، مەخسۇس تاشقى پېرېۋوت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، تاشقى سودا كرېدىتى ۋە خەلقئارا راسچوت كەسپىنى بېجىرىدىغان بولدى. جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 2 - دەرىجىلىك ئىدارە سۈپىتىدىكى ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ، خەلقئارالىق ۋە دۆلەت ئىچى سۇغۇرتا كەسپىنى بېجىرىدىغان بولدى. يۇقىرىقى ئىككى ئورۇن 1984-يىل 1 - ئاي ۋە 10 - ئايدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئايرىم ھېساب تورغۇزۇپ، ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي خىزمىتىنى مۇستەقىل قانات يايدۇردى. ئىلگىرىكى جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ قارمىقىدىكى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1984 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جۇڭگو سودا - ساناەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1985-يىل 1- ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، نازارەت ئىدارە دەرىجىلىك ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە بولۇپ، مەخسۇس سودا - ساناەت كرېدىتى ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى بېجىردى. خەلق بانكىسىنىڭ ئىلگىرى ناھىيە، شەھەرلەردە تەسىس قىلغان ئاپپاراتلىرى سودا - ساناەت بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. خەلق بانكىسىنىڭ ۋىۋىسكىسىلا ساقلاپ قېلىندى. سودا - ساناەت بانكىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە مەركىزىي تارماق بانكا تەسىس-قىلدى. خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى مەخسۇس مەركىزىي بانكىغا ئايلىنىپ، جۇڭگو خەلق باش بانكىسىنىڭ ۋاكالەتچى ئاپپاراتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىدىغان خىزمەت تارمىقى سۈپىتىدە مەخسۇس مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزدى. خەلق بانكىسى ئىلگىرى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە تەسىس قىلغان مەركىزىي تارماق بانكىلىرىنىڭ نامى 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىغا ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە، شەھەرلەردىكى كەسپىنى سودا - ساناەت بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋاكالىتەن باشقۇردى.

1985 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزگەن تۇنجى يىل. سودا - ساناەت بانكىسى ئايرىم تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق شۆبە بانكىسى سودا - ساناەت كرېدىتى ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى بېجىرمەي، مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى مۇنداق بولدى:

1) دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە جەھەتتىكى فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن - پەرمان ۋە تۈپ تۈزۈملىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا تەشكىللەش ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، كونكرېت تەپسىلىي پرىنسىپىنى ۋە يولغا قويۇش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىقىش.

2) ئاپتونوم رايوننىڭ كرېدىت مەبلىغى، مالىيە خەزىنە ئامانەت پۇلى ۋە ئورگان، تەشكىلاتلار، ھەربىي قىسىملار ۋە باشقىلارنىڭ مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇلى، شۇنىڭدەك ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار بەلگىلىگەن نىسبەت بويىچە خەلق بانكىسىغا تاپشۇرغان مەبلەغلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش.

3) كرېدىت مەبلىغىنى تەڭشەپ باشقۇرۇش. جۇڭگو خەلق باش بانكىسى ھەر قايسى كەسپىي باش بانكىلار بىلەن بىرلىكتە چۈشۈرگەن يىللىق كرېدىت پىلانى ۋە ئامانەت قەرز پۇل پەرقلىق نورمىسى بويىچە ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان كرېدىت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش، پىلاننىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىش; ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇل كەسپىنى بېجىرىش، ئاپتونوم رايوننىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان كرېدىتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش.

4) ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل ئوبوروتىنى

تەڭشەش. ئۆزگىچە تەۋە پۇلنىڭ تارقىتىلىشى ۋە يوچۇلۇپ - يىرتىلغان پۇللارنى كۆيدۈرۈۋېتىش ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار يولغا قويىدىغان تۈرلۈك نەق پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈش ۋە ئۇنى تەشكىللەش، كەسپىي بانكىلارغا نەق پۇل باشقۇرۇش ۋە مائاش فوندىنى نازارەت قىلىشنى ھاۋالە قىلىش ھەمدە كەسپىي بانكىلارنى تەكشۈرۈش.

5) دۆلەت بەلگىلىگەن تاشقى پېرېۋوت تىزىمى ۋە ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش تىزىمى بويىچە تاشقى پېرېۋوتنى، ئالتۇن - كۈمۈشنى باشقۇرۇش، كەسپىي بانكىلارغا ئالتۇن - كۈمۈشنى سېتىۋېلىش ۋە تەقسىملەپ سېتىشنى ھاۋالە قىلىش ۋە ئۇنى تەكشۈرۈش.

6) دۆلەتنىڭ مالىيە خەزىنىسىنى ۋە دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىش ۋە تېگىشىش خىزمەتلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش.

7) پۇل مۇئامىلە بازارلىرىنى باشقۇرۇش.

8) ئاپتونوم رايوندىكى كەسپىي بانكىلار، سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ تىجارەت ئاپپاراتلىرى ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش.

9) ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار، سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ كەسپىي پائالىيەتلىرىنى ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش.

10) ئىقتىساد ۋە پۇل مۇئامىلە ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە دۆلەت ئىچى، سىرتىدىكى پۇل مۇئامىلىگە دائىر نەزەرىيە تەتقىقاتى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈپ، ماكرولۇق ئىقتىساد تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش.

11) ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەش، بانكىنىڭ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلىرىنى، تېلېۋىزىيە داشۆسىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىنى ئوبدان باشقۇرۇش.

12) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن مۇناسىۋەتلىك خەلقئارا پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش.

13) يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق بانكىسى ھەمدە شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرى تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىش.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ كەسپىي بانكىلارنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى «بىر تۇتاش پىلانلاش، مەبلەغنى ئايرىش، ئەمەلىي قەرز بېرىش، ئەمەلىي ئامانەت قويۇش، ئۆز ئارا يۆتكىشىش» تىن ئىبارەت يېڭى باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويدى. جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كرېدىت مەبلىغىمۇ 1985 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى بىر تۇتاش دۆلەت كرېدىتى پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 1985 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىلىرى ۋە ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 8 مىليارد 428 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن 1 مىليارد 177 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، پۈتۈن يىللىق پىلاندىكىدىن 917 مىليون يۈەن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر، يېزىلارنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى 3 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلىدىكىدىن %19.73 ئاشتى. تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليارد 354 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 2 مىليارد 15 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، پۈتۈن يىللىق پىلاندىكىدىن 1 مىليارد 578 مىليون يۈەن، يەنى %27.69 ئاشتى. قەرز پۇلنىڭ ئېشىشى ئامانەت پۇلنىڭ ئېشىشىدىن يۇقىرى بولغاچقا، شۇ يىلقى قەرز پۇل پەرقى 838 مىليون يۈەنگە ئۆرلەپ، كۆپ يىللىق ئامانەت پۇل يىغىندىسىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1984- يىل ئاخىرىدىكى 1 مىليارد 931 مىليون يۈەندىن (بانكىنىڭ كرېدىت فوندىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 1 مىليارد

93 مىليون يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. ئاپتونوم رايون بويىچە نەق پۇل ئومۇمىي كىرىمى 10 مىليارد 530 مىليون يۈەن، نەق پۇل ئومۇمىي چىقىمى 11 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولۇپ، كىرىم - چىقىمنى ئۆز ئارا بالانس قىلغاندا، ساپ تارقىتىلغان پۇل 780 مىليون يۈەن بولۇپ، 1984 - يىلىغا قارىغاندا 36 مىليون 430 مىڭ يۈەن ئارتۇق تارقىتىلىپ، پۈتۈن يىللىق پىلاندا تارقىتىلىدىغان 800 مىليون يۈەننىڭ 97.68 پىرسەنتى ئورۇندالدى. يەرلىك تاشقى پېرېۋوت ۋە پىرسەنت قالدۇرۇلىدىغان تاشقى پېرېۋوت ئىمپورتى ۋە ئۇنىڭغا تەئەللۇق خىراجەت چىقىمى 105 مىليون 20 مىڭ دوللار بولۇپ، ئۆز تاشقى پېرېۋوتىنى ئىمپورتقا ئىشلىتىش كۆرسەتكۈچى مەركەز چۈشۈرۈپ بەرگەن 110 مىليون دوللار ئىچىدە تىزگىنلەپ قىلىندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون 163 مىليون 20 مىڭ دوللار تاشقى پېرېۋوت نورمىسىنى تېجەپ قالدى. بۇ ھال مەركىزىي بانكا خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىنى پايدىلىق شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئاپتونوم رايون، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇدا، مۇقىم، ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

## § 2. جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى

1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گوۋۇيۈەن «جۇڭگو خەلق بانكىسى مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈش ھەققىدىكى قارار» نى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنى قۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىلگىرى خەلق بانكىسى بېجىرىپ كېلىۋاتقان سودا - سانائەت كرېدىتى بىلەن پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى ئۈستىگە ئېلىشىنى قارار قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى 19 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بىر يىللىق تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، 1985 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي قۇرۇلۇپ، شۇ كۈندىن باشلاپ جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ تامغىسىنى ئىشلەتتى.

جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى سودا - سانائەت كرېدىتى ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى بېجىرىدىغان كەسپىي بانكا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ سودا - سانائەت كرېدىتى ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ. جاڭ يۇ بانكا باشلىقى، پارتكوروپپىنىڭ شۇجىسى بولدى، ئابلىز مۇللايۇۋ، دۇڭ شۇنچىڭلار مۇئاۋىن بانكا باشلىقى، پارتكوروپپىنىڭ ئەزاسى بولدى. شۆبە بانكا ئىچىدە ئىشخانا، پىلان باشقارمىسى، تەكشۈرۈش - ئۇچۇر باشقارمىسى، سانائەت - قاتناش كرېدىتى باشقارمىسى، سودا كرېدىت باشقارمىسى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش كرېدىتى باشقارمىسى، ھاۋالە باشقارمىسى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى باشقارمىسى، بوغالتېرىيە - كاسسا باشقارمىسى، كادىرلار - ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسى، تەشۋىقات - مائارىپ باشقارمىسى، تەپتىش - رېۋىزىيە باشقارمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى.

سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئايرىم مەركىزىي تارماق بانكا تەسىس قىلىنغاندىن سىرت، ئىلگىرى خەلق شۆبە بانكىسى ناھىيە (شەھەر) لەردە تەسىس قىلغان ئاپپاراتلار سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ۋە باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، خەلق بانكىسىنىڭ ۋۇيۇسكىسىلا ساقلاپ قېلىندى. خەلق بانكىسىنىڭ ۋاكالىتەن كەسىپ باشقۇرۇش بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنىپ، تارقىتىش خەزىنىسى، دۆلەت خەزىنىسى ۋە خەلق بانكىسىنىڭ كەسىپلىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇردى. خەلق بانكىسىنىڭ ئىلگىرىكى 7 - تارماق بانكىسى (مەركىزىي تاماق بانكا دەرىجىلىك) نىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى

سودا ـ سانائەت بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، خەلق بانكىسىنىڭ ۋىۋىسكىسى ساقلاپ قېلىندى. خەلق بانكىسىنىڭ قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكىسى سودا ـ سانائەت بانكىسىغا قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، مەركىزىي تارماق بانكا دەرىجىلىك نېفىت تارماق بانكىسى بولۇپ، شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ نېفىت سىستېمىسىنىڭ سودا ـ سانائەت كرېدىتى ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ مەركىزىي تارماق بانكىلىرى ناھىيىلىك تارماق بانكىلاردا ئىخچام بولۇش پرىنسىپىغا شۇنىڭدەك كەسپىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئىچكى قىسمىدا بۆلۈم، بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى، ئۇنى تەسىس قىلىشتا يۇقىرى ـ تۆۋەندە ماس كېلىش، بىردەك بولۇش تەكىتلەنمىدى.

جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرى دۆلەتنىڭ قانۇن ـ پەرمان، سىياسەتلىرى ۋە ماكرولۇق ئىگىلىك تەدبىرلىرىگە ئاساسەن، جەمئىيەتتىكى مەبلەغلەرنى توپلاپ، كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇپ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە تاۋار ئوبوروتىنىڭ كېڭىيىشىنى قوللاش، دۆلەت سىياسىتىدە رۇخسەت قىلىنغان يەككە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشتىن ئىبارەت بولدى. ئاساسلىق شەھەر ـ بازارلارنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى بېجىردى؛ سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى، ۋە ئورگانلار، تەشكىلاتلارنىڭ ئامانەت پۇلىنى جەلب قىلدى، كۆچمە مەبلەغ ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇللىرىنى تارقىتىپ، سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇردى؛ ھاۋالە، ۋاكالەتچىلىك، ئىجارىگە بېرىش، مەسلىھەتچىلىك قاتارلىق ھاۋالە كەسپلىرىنى قانات يايدۇردى؛ مېمورىئال ۋە نەق پۇل راسچوتىنى بېجىردى، نەق پۇل باشقۇرۇش، مائاش فوندى ۋە مۇكاپات پۇلى بېرىشنى نازارەت قىلدى؛ ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ۋە ئىقتىسادىي ئۇچۇر خىزمىتىنى قانات يايدۇردى؛ خەلق بانكىسى ھاۋالە قىلغان باشقا ئامانەت قەرز كەسپلىرىنى قوبۇل قىلىپ بېجىردى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سودا ـ سانائەت بانكىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى قوللاش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، كرېدىت كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەش، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى تىزگىنلەش، يېڭىدىن پەيدا بولغان ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش قاتارلىق مۇشكۈل ۋەزىپىلەرگە دۇچ كەلدى. ئۇلار ماكرو جەھەتتە تىزگىنلەش، مىكرو جەھەتتە جانلاندۇرۇش ۋە يېڭىدىن پەيدا بولغان ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پائال تەشكىللەپ قانات يايدۇردى. پۈتۈن بانكا بويىچە يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگىچە ئورتاق تىرىشىش ئارقىلىق، يىللىق كرېدىت پىلانىدا «ئىككى لىنىيە» (كرېدىت پەرق سوممىسى، كرېدىت كۆلىمى) نى تىزگىنلەش ئەمەلگە ئاشتى. ئامانەت پۇل جەھەتتە پىلان ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى، قەرز پۇل كۆلەم ئىچىدە تىزگىنلەندى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، كەسپلەردىكى ناتوغرا ئىستىللار تەدرىجىي تۈگىتىلدى، تۈرلۈك خىزمەتلەر مۇناسىۋەتلەرنى تەدرىجىي راۋانلاشتۇرۇش جەريانىدا ئۈزلۈكسىز يول تېپىپ ئىلگىرىلىدى.

1985 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە پۇلنى چىڭ قىسىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، جۇڭگو سودا ـ سانائەت باش بانكىسى شىنجاڭنىڭ كرېدىت پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا كۆپرەك ئېتىبار بەردى، تۈرلەرنىڭ پىلان كۆرسەتكۈچىنى تىزگىنلەش جەھەتتىمۇ مۇۋاپىق كەڭچىلىك قىلىپ، مەركەزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىي تاپمىغان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قاراتقان غەمخورلۇقىنى گەۋدىلەندۈردى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 560 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 ـ يىل ئاخىرىدىكىدىن 539 مىليون 670 مىڭ يۈەن ئېشىپ، پىلاندا ئاشۇرۇلماقچى بولغان 512 مىليون يۈەننىڭ 105.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر ـ بازارلارنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى 362 مىليون 800 مىڭ يۈەن ساپ ئېشىپ، 350 مىليون يۈەنلىك پىلان ۋەزىپىسى 3.6% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى؛ تۈرلۈك قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 98 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 ـ يىلدىكىدىن 720 مىليون 770 مىڭ يۈەن ئېشىپ، باش بانكا تەكشۈرۈپ تەستىقلىغان 719 مىليون 770 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆلىمىنىڭ

100.1 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى. تۈرلۈك قەرز پۇل ئىچىدە، كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى 601 مىليون 680 مىڭ يۈەن ئېشىپ، پىلاندا ئاشۇرۇلماقچى بولغان 599 مىليون 280 مىڭ يۈەننىڭ 100.4 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى. مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى 119 مىليون 80 مىڭ يۈەن ئېشىپ، پىلاندا ئاشۇرۇلماقچى بولغان 120 مىليون 690 مىڭ يۈەننىڭ 98.4 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 108 مىليون 410 مىڭ يۈەن ئېشىپ، پىلاننىڭ 98.6 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى. كوللېكتىپ، يەككە سودا-سانائەت قەرز پۇلى 1-پەسىلدە شىددەت بىلەن كۆپەيدى، 2-پەسىلدىن باشلاپ تەدرىجىي ھالدا قىسقارتىلىپ، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى كوللېكتىپ سودا-سانائەتنىڭ 148 مىليون 180 مىڭ يۈەن، يەككە سودا-سانائەتنىڭ 10 مىليون 920 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلاندىكى ئاشۇرۇلۇش نورمىسى ئىچىدە تىزگىنلەندى. شۇ يىللىق ئەمەلىي قەرز پۇل پەرقى 66 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان 168 مىليون 970 مىڭ يۈەن قەرز پۇل پەرقى پىلانى ئىچىدە تىزگىنلەندى. 1985-يىللىق نەق پۇل كىرىمى 6 مىليارد 86 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984-يىلدىكىدىن %33.9، نەق پۇل چىقىمى 5 مىليارد 807 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984-يىلدىكىدىن %34.8 ئاشتى. نەق پۇلنىڭ كىرىم-چىقىمىنى ئۆز ئارا بالانس قىلغاندا، يىغىۋېلىنغان پۇل 278 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، خەزىنىگە قايتىپ كېلىش پىلانىنىڭ 93 پىرسەنتىگە تەڭ بولۇپ، 1984-يىلدىكىدىن 41 مىليون 260 مىڭ يۈەن پۇل خەزىنىگە ئارتۇق يىغىۋېلىندى.

1985-يىلى ھەر دەرىجىلىك سودا-سانائەت بانكىلىرى ئامانەت پۇلنى چىڭ تۇتۇپ، كرېدىت كۆلىمىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ مەدەت بېرىش» پرىنسىپى ۋە مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئادەتتىكىلىرىگە تەڭ ئېتىبار بېرىش، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىشتىن ئىبارەت مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش فاڭجېنىغا ئاساسەن، قەرز پۇل تارقىتىشنىڭ يۆنىلىشىنى مۇۋاپىق بەلگىلەپ كرېدىت مەبلىغىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى ئوبدان جارى قىلدۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي تارقىتىلغان كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى 6 مىليارد 599 مىليون 490 مىڭ يۈەن، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى 159 مىليون 220 مىڭ يۈەن، خەلق بانكىسىغا ۋاكالىتەن تارقاتقان ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى 78 مىليون 570 مىڭ يۈەن، ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇل 130 مىليون 30 مىڭ يۈەن بولدى. نېفىت، كۆمۈر، پولات-تۆمۈر، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت-توقۇمىچىلىق سانائىتى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلار قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. سودا تارماقلىرىنىڭ ئاشلىق، ياغ، گۆش قاتارلىق ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىغا مەدەت بېرىلدى. 1985-يىلدىكى سودا-سانائەت قەرز پۇلىدا ھەر قايسى بانكىلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مەزگىلىدىكى بازارنى تەمىنلەش ۋە سوغا تەقدىم قىلىش تۈرلىرىنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى قوللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

ھەر دەرىجىلىك سودا-سانائەت بانكىلىرى مەبلەغنى جانلىق يۆتكەپ، توغرا لىنىيىلىك يۆرۈشتۈرۈش ئۇسۇلىدە ئىزدىنىپ، مەبلەغدىن تولۇق، ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. مۇشۇ بىر يىلدا باش بانكىغا تاپشۇرۇلغان 13 قېتىملىق پىربۇۋت پەرقى مەبلىغى 2 مىليارد يۈەن، رايون سىرتىغا ئۆتنە بېرىلگەن 11 تۈردىكى مەبلەغ 205 مىليون يۈەن، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا ئۆتنە بېرىلگەن 4 تۈردىكى مەبلەغ 130 مىليون يۈەن. جۇڭگو سودا-سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى تۈۋەنگە ئاجراتقان 796 تۈردىكى ھەر خىل مەبلەغ 2 مىليارد 248 مىليون يۈەن، مەركىزىي تارماق بانكا شۆبە بانكىغا تاپشۇرغان 727 تۈردىكى مەبلەغ 2 مىليارد 855 مىليون يۈەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بانكىلار چىقىم قىلىپ بېرىشكە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا خەزىنىدىكى نەق پۇلنى قىسقارتتى. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە خەزىنىدىكى نەق پۇل 38 مىليون 610 مىڭ يۈەن، بۇ 1984-يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %24 ئازايدى. خەلق بانكىسىدىكى ئامانەت پۇل نورمىسىمۇ تەدرىجىي مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلەندى.

1985 - يىلى ھەر دەرىجىلىك سودا - سانائەت بانكىلىرى مەبلەغنى ۋاقتىدا يۆتكەپ، بانكىلار ئارا يېڭى مۇئامىلە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ھېسابات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، راسچوت ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ چەك پېرېۋوتى كەسپى قاتارلىق خىزمەتلەرنى يولغا قويدى. مۇشۇ بىر يىلدا 80 مىليون 350 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىپ، جۇڭگو سودا - سانائەت باش بانكىسى چۈشۈرۈپ بەرگەن پايدا پىلانى 63.4% ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

## § 3. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپلىرىنى بېجىرىدىغان كەسپىي بانكا، ئوخشاشمىغان تارىخىي باسقۇچلاردا ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مەلۇم تەرەپكە مايىللاشتۇرۇلدى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئاپپاراتلىرىدا تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۈچ قېتىم قۇرۇلۇش، ئىككى قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشتەك ئەھۋال كۆرۈلدى. 1955 - يىلى بانكا قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1985 - يىلغىچە جەمئىي ئۈچ قېتىم قۇرۇلدى، ئەسلىگە كەلدى، ئىككى قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 3 - قېتىم قۇرۇلغاندىن كېيىن ھازىرغىچە تەرەققىي قىلىپ كەلدى.

1 - قېتىم 1955 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلۇپ، 1957 - يىل 4 - ئايدا قوشۇۋېتىلدى. 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى گوۋۇيۈەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى قۇرۇش ھەققىدىكى يوليورۇقنى تارقاتتى. 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىمۇ يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى قۇرۇش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى. 1955 - يىل 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى، قۇرۇلغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ پارتگورۇپپىسى بىر بولدى. كەسپىي جەھەتتە جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلدى. بانكا ئۈرۈمچى شەھىرى ئازادلىق يول 207 - قورۇغا جايلاشتى. شى سىچېڭ بانكا باشلىقى، ئابلىز راخمانوۋ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئىچكى قىسىمدا ئىشخانا، بوغالتىرىيە بۆلۈمى، يېزا ئىگىلىككە قەرز پۇل تارقىتىش بۆلۈمى، چارۋىچىلىققا قەرز پۇل تارقىتىش بۆلۈمى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كرېدىت بۆلۈمى، ئامانەت قەرز بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. ئاساسىي قاتلاملاردا بىر قىسىم ئاپپاراتلار تەسىس قىلىندى، 1957 - يىل 4 - ئايغا قەدەر، بىر مەركىزىي تارماق بانكا، 30 ناھىيىلىك تارماق بانكا قۇرۇلدى.

بۇ قېتىم يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنى يېزا ئامانەت قەرز تەشكىلاتلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش، يېزىلاردىكى ئېشىنچە مەبلەغلەرنى كەڭ كۆلەمدە سەپەرۋەر قىلىش ھەمدە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەش ۋە ئۇششاق دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلغانىدى. ئاساسلىق خىزمەتلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

1) يېزا ئاھالىلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىشلىرى كارخانىلىرى ئورگانلىرىنىڭ خەلق پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇللىرىنى جەلپ قىلىش؛

2) يېزا ئامانەت قەرز ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى يۆلەش ۋە ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىش؛

3) يېزىلاردىكى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، ئورمانچىلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش

ھەمكارلىقى تەشكىلاتلىرى ۋە يەككە ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلى بېرىش.

4) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، سۇچىلىق كارخانىلىرىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلى بېرىش؛

5) دۆلەت خام چوتىدىكى يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، سۇچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىغا سېلىنغان مەبلەغلەرنى ئاجرىتىپ بېرىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل مەبلەغ مەنبەسى بار. بۇ ئاساسلىقى — يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇل؛ دۆلەت خام چوتىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك بانكا فوندى ۋە يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇل مەبلىغى، خەلق بانكىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا بەرگەن ۋاقىتلىق قەرز پۇلدىن ئىبارەت. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يۇقىرىدا ئېيتىلغان مەبلەغ مەنبەسى ۋە ئىشلىتىش پىلانىغا ئاساسەن، مۇستەقىل مۈلۈك - قەرز جەدۋىلىنى تۈزۈپ، مۇستەقىل بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى ئورناتتى.

يېزىلارنىڭ پۇل ئوبوروتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇش ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ نەق پۇل كاسسا پىلانى شۇ جايدىكى خەلق بانكىلىرىنىڭ نەق پۇل پىلانى ئىچىگە كىرگۈزۈلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى تەسىس قىلىنمىغان ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى خىزمىتىنى شۇ جايدىكى خەلق بانكىلىرى ۋاكالىتەن باشقۇردى، يۇقىرى دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى. يېزا ئامانەت پۇلى ۋە قەرز پۇلىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ تەڭشىدى.

1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارقاتقان يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلى جەمئىي 44 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە، ئەڭ يۇقىرى قالدۇقى 38 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 29 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلىنىڭ 3.6 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى. بۇ، ئاپتونوم رايوندا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارىختا ئەڭ كۆپ تارقىتىلغان بىر يىل بولۇپ، يېزا ئىگىلىكىدە كوپېراتسىيىلىشىش ھەرىكىتىنى قوللاش، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ كوپېراتىپقا ئەزا بولۇشىنى قوللاش، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1956 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭىدىن 498 ئامانەت قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى. ئىلگىرى قۇرۇلغانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي 2112 گە يەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ھەر بىر يېزىدا ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭغا ئەزا بولغانلار 896 مىڭ 257 ئائىلىگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي دېھقان، چارۋىچى ئائىلە سانىنىڭ 88.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، كوپېراتىپ ئەزالىرى 1 مىليون 562 مىڭ 189 غا يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 73.9% ئاشتى. جەلپ قىلىنغان پاي پۇلى 3 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە، ئامانەت پۇلنىڭ ئەڭ يۇقىرى قالدۇقى 18 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 17 مىليون يۈەنگە، قەرز پۇلنىڭ ئەڭ يۇقىرى قالدۇقى 10 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 5 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئامانەت قەرز كوپېراتىپ ئىشلىرى راۋاجلانغانلىقتىن ئۇزۇن مۇددەت دېھقانلارنىڭ زىممىسىنى بېسىپ كەلگەن جازانىخورلۇق ئېكسپىلاتاتسىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلدى ھەمدە يېزىلارنىڭ مەبلىغىنى يەنىمۇ تەڭشەشكە ئاساس سېلىندى.

1957 - يىل 4 - ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ھەمدە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپپاراتلار خەلق بانكىسىغا قوشۇۋېتىلدى.

2 - قېتىم 1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى قۇرۇلۇپ، 1965 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قوشۇۋېتىلدى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ھەققىدىكى قارار» ىغا ئاساسەن،

1963 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 2 ـقېتىم جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلدى، شى سىچېڭ بانكا باشلىقى، مۇتەللىپ تۇردى مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى مۇستەقىل پارتگورۇپپىسى قۇردى. ئىچكى قىسىمدا ئىشخانا، كادىرلار بۆلۈمى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى مەبلىغىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، خەلق گۇڭشېسى مەبلىغىنى باشقۇرۇش بۆلۈمى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بۆلۈمى، بوغالتىرىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. بانكا ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىڭدې يولى 125 ـ قورۇغا جايلاشتى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر قولدا بانكا قۇرۇلۇشىنى، بىر قولدا كەسپىنى تۇتۇپ، تورلۇق خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇردى. بۇ قېتىم يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئايرىم تەسىس قىلىنىشى 1 ـ قېتىمغا قارىغاندا ئۇزۇل ـ كېسىل بولدى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئاپپاراتلار قۇرۇلدى (بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك شىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئىلى ئوبلاستىدا شۆبە بانكا تەسىس قىلىندى، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا مەركىزىي تارماق بانكا تەسىس قىلىندى، ناھىيە، شەھەر ۋە بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك شىلىرىدا تارماق بانكا تەسىس قىلىندى، ناھىيىدىن تۆۋەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرى (رايونغا تەڭ خەلق گۇڭشېلىرى) ۋە كۆلىمى چوڭراق بولغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىدا (تۆەن ـ مەيدانلاردا) تىجارەت پونكىتى تەسىس قىلىنىپ، شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى جايلاردا يېزا پۇل مۇئامىلە تورى شەكىللەندى. 1965 ـ يىل 10 ـ ئايغا قەدەر، قۇرۇلغان ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكا ئاپپاراتى جەمئىي 650 كە، خادىملار جەمئىي 4084 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 1986 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي خادىملارنىڭ 49 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، خەنزۇ كادىرلار 2098 نەپەر بولۇپ، ئومۇمىي خادىملار سانىنىڭ 51 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن سىرت، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپى 1738 گە، مەخسۇس كادىر 2530 غا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 2256 نەپەر بولۇپ، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 88.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، خەنزۇ كادىرلار 274 نەپەر بولۇپ، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 11.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا 1965 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئىلگىرىكى كادىرلار بۆلۈمىنىڭ ئاساسىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى قۇرۇلدى. شى سىچېڭ قوشۇمچە سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولدى، قارىمىقىدا تەشكىلات بۆلۈمى، تەشۋىقات بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىنىڭ سىياسىي خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

2 ـ قېتىم قۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: دۆلەتنىڭ تورلۇق يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغى ۋە تورلۇق قەرز پۇللارنى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. مەركەز ۋە گوۇۋيۈەننىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىدەك سەككىز تۈرلۈك:

1) دۆلەت يېزا ئىگىلىك، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش سۈپىتىدە ئاجرىتىلغان پۇللارنىڭ (چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ قۇرۇلۇشىغا دائىر ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇلنى يەنىلا قۇرۇلۇش بانكىسى ئاجرىتىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ) چىقىم قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ.

2) دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلارغا چىقىم قىلىپ بەرگەن كەسپىي خىراجىتىنى نازارەت قىلىدۇ.

3) دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئورمانچىلىق مەيدانلىرى، فېرما، بېلىقچىلىق مەيدانلىرى، تراكتور پونكىتى، سۇغىرىش پونكىتى قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىغا ئاجراتقان تۈرلۈك مالىيە پۇللىرىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ، مۇشۇ يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىغا قەرز پۇل بېرىدۇ.

4) دۆلەتنىڭ يېزا خەلق كومۇنىلىرىغا، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە مالىيىدىن ئاجرىتىپ بەرگەن تۈرلۈك پۇللىرىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ يېزىلارغا بەرگەن قۇتقۇزۇش راسخوتلىرىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك كومۇنىلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ۋە كومۇنا باشقۇرغان كارخانىلارغا تۈرلۈك قەرز پۇل بېرىدۇ.

5) يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىغا ھەمكارلىشىپ، يېزا خەلق كومۇنىلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ مالىيە بوغالتىرلىق خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

6) خەلق بانكىلىرىغا ھەمكارلىشىپ، سودا تارماقلىرى يېزىلاردا تارقاتقان تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ زاكالەت پۇلىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى نازارەت قىلىدۇ.

7) يېزىلاردىكى ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىغا رەھبەرلىك قىلىپ، يېزىلاردىكى بىكار، تارقاق مەبلەغلەرنى جەلپ قىلىدۇ. قەرز پۇل تارقىتىپ، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەملىشىدۇ ۋە جازانىخورلۇققا زەربە بېرىدۇ.

8) خەلق بانكىسىنىڭ يېزىلاردىكى پۇل ئامانەت كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ، خەلق بانكىسى ھاۋالە قىلغان نەق پۇل باشقۇرۇش ۋە باشقا كەسپلەرنى بېجىرىدۇ. مۇشۇ كەسپلەرنى بېجىرىش يۈزىسىدىن جەلپ قىلىنغان مەبلەغ پۈتۈنلەي خەلق بانكىسىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاپپاراتى 2 - قېتىم قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىر يىل توققۇز ئاي مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. مۇشۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت يېزا ئىگىلىك بانكا خادىملىرى خىزمەتنى مۇھىم جاپا - مۇشەققەتنى شان - شەرەپ دەپ تونۇپ، جاسارەت بىلەن ئىشلەپ، چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەتكە كېلىپ، تىرىشىپ سىياسىي ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، ئامما ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىپ، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ھەققىدىكى قارار» دا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىدى. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكا ئاپپاراتلىرى سىستېما بويىچە قۇرۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتى، سىياسىي - ئىدىيىۋى خىزمەت تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى ۋە كۈچەيتىلدى. تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەر خېلى ئونۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، ئەسلىدىكى خىزمەتلەر يەنىمۇ كۈچەيتىلدى، يېڭى ئۆتكۈزۈۋالغان كەسپلەر ئۈزۈلۈكسىز ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، ئاساسىي جەھەتتىن ئىزىغا چۈشتى. 1965 - يىل 9 - ئايغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە كومۇنا، ئەترەتلەرگە جەمئىي تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى 28 مىليون يۈەندىن ئېشىپ بۇ قەرز پۇللار بىر قەدەر مەركەزلىك ھالدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت ھالقىلىق تەدبىرلەرگە ئىشلىتىلىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىشى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1964 - يىللىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى شۇ يىلدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇپلا قالماستىن، ئاز - تولا يىغنۇپلىندى. 1965 - يىلى يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلى مەبلىغىدە مۇقىم فوندىنى باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە كونا قەرزلەر ئېنىقلىنىپ، 1961 - يىلدىن ئىلگىرىكى ئۇرغۇن كونا قەرز پۇللار كەچۈرۈم قىلىش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، كومۇنا، ئەترەتلەرنىڭ قەرز يۈكى يەڭگىللىتىلدى، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى كومۇنا، ئەترەتلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ

تەقىق قىلىپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، مالىيەدىن يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئېلىنغان مەبلەغ ۋە زاكالەت پۇلىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى نازارەت قىلدى ھەمدە، بەزى يېڭى تۈرلەرنى بېجىرىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، قالايمىقان ئىشلىتىشتەك ئەھۋاللارنى ئوڭشىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۇقتۇرۇشلىرىغا ئاساسەن، پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا كۆچۈپ، ئەترەتلەرنىڭ مالىيە بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ سىناق خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بېجىردى. بېجىرىش جەريانىدا ھەر قايسى بانكىلار دېھقانچىلىق تارماقلىرىغا پائال ماسلىشىپ، كۆچۈپ، ئەترەتلەرنىڭ مالىيە - بوغالتىرلىق خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەملەشتى، مالىيە بوغالتىر كادىرلىرىنى تەربىيىلەپ بەردى، مالىيە بوغالتىرلىق تۈزۈملىرىنى ئورناتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇردى. مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانىنى تۈزۈپ بەردى. تەقسىمات لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقتى. ئىرىلغۇ ھايۋانلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئامورتىزاتسىيە قىلىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. 1965- يىلى 9 - ئايغا قەدەر ئۈرۈمچى، كورلا، سۇيدۇڭ، تۇرپان، چۆچەكتىن ئىبارەت بەش ناھىيىدە بۇ خىزمەتلەرنى پۈتۈنلەي يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۆتكۈزۈۋالدى. باشقا ناھىيىلەرمۇ نۇقتىلىق كۆچۈپ، دۆيلەردە سىناق تەرىقىسىدە بېجىردى. بانكىلار يېزىلاردىكى ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنى يەنىمۇ تەتىپكە سالدى ۋە ئۇنى مۇستەھكەملىدى. بىر يىل توققۇز ئاي مابەينىدە ئاپتونوم رايون بويىچە تەرتىپكە سېلىنغان ئامانەت قەرز كوپېراتىپى 1000 دىن ئاشتى، بۇ ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 1738 ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئامانەت قەرز كوپېراتىپى خىزمەتلىرىدە ساقلىنىۋاتقان «تۆتتە ئېنىق بولماسلىق» (سىياسىي، ئىقتىسادىي، تەشكىلىي، ئىدىيە) مەسىلىسىنى پاش قىلىپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، ناتوغرا ئىستىل ئاساسىي جەھەتتىن توسۇۋېلىندى. كەسپىي خىزمەتلەر يەنىمۇ قانات يايدۇرۇلدى. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى مەركەز ۋە باش بانكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1964- يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ، پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا پۇل ئاجرىتىش خىزمىتىنى بېجىرىشنى ئۆتكۈزۈۋالدى، يىل ئاخىرىدا ئۆتكۈزۈۋېلىش بېجىرىش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. 1965 - يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئارقىلىق پۇل ئاجرىتىلغان يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى 660 قا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، مەركەز دەرىجىلىك ئورۇن 421، يەرلىك ئورۇن 239، مۇشۇ قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا 1964 - يىلدىكى پىلاندا سېلىنغان مەبلەغ 210 مىليون يۈەن؛ 1965 - يىلدىكى پىلاندا سېلىنغان 187 مىليون يۈەن بولدى. پۇل ئاجرىتىشنى بېجىرىش ئۆتكۈزۈۋېلىنغان كارخانا، كەسپىي ئورۇن جەمئىي 1303، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك ئورۇن 345، يەرلىكنىڭ 958. 1964 - يىلقى خام چوتتا ئاجرىتىلغان پۇلنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 137 مىليون يۈەن بولدى. 1965 - يىلى 170 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1964 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇلى زور دەرىجىدە ئاشتى، مۇشۇ يىلدىكى جەمئىي قەرز پۇل 1963 - يىلدىكىدىن 32 ھەسسە ئاشتى. 1965- يىل 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە جەمئىي تارقىتىلغان قەرز پۇل 1964 - يىلنىڭ شۇ مەزگىلدىكىدىن 0.8 ھەسسە ئېشىپ، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى ۋە تراكتور پونكىتلىرىنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسى، ياغلىق دان ۋە زاپچاس قاتارلىق ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىشقا كېرەكلىك مەبلەغ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە 1964 - يىلى 4 - پەسلىدە يەنە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىككە دائىر پېششىقلاپ ئىشلەش (سانائەت) ۋە تەمىنات سودا (سودا) كرېدىت كەسپى ئۆتكۈزۈۋېلىندى. باشقۇرۇش، لېكىن ئۆزلۈك بولۇپ قالماسلىق، جانلىق بولۇش، لېكىن قالايمىقان بولماسلىق پرىنسىپىغا ئاساسەن، پېششىقلاپ

ئىشلەش، تەمىنلەش، سېتىش شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان سېتىۋېلىشىغا نۇرغۇن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئوبوروتىنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىغا مەدەت بېرىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىغا پۇل ئاجرىتىپ بېرىش ۋە قەرز پۇل تارقىتىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك مەبلىغىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئەمەلگە ئېشىپ، كارخانا مەبلىغىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1965 - يىل 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، بىرلىشىپ ئىككى بانكىنىڭ مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنى چاقىرىپ، ئىككى بانكىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى قوشۇۋېتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

1965 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىرلىكتە 1 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنى چاقىرىپ، ئىككى بانكىنى قوشۇۋېتىشكە مۇناسىۋەتلىك كونكرېت لايىھىنى مۇزاكىرە قىلىپ، 1965 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن باشلاپ خەلق، يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى رەسمىي قوشۇلۇپ ئىش بېجىرىشنى قارار قىلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى، ئىشخانىسى، بوغالتېرىيە بۆلۈمى، خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ سىياسىي بۆلۈمى، ئىشخانىسى، بوغالتېرىيە بۆلۈمى بىلەن قوشۇۋېتىلگەندىن سىرت قالغان كەسپىي بۆلۈملەر يەنىلا ساقلاپ قېلىنىپ، خەلق بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە فۇنكسىيىسىنى داۋاملىق جارى قىلدۇردى. 1965 - يىل 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئۆزىگە قاراشلىق ئاپپاراتلارغا «خەلق، يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنى قوشۇۋېتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدىكى يوليورۇق» نى تارقىتىپ، ئىككى بانكىنى قوشۇۋېتىش خىزمىتىنى دەرھال ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. ئىككى بانكىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق ئاپپاراتىنى قوشۇۋېتىش خىزمىتى 10 - ئايدا تولۇق تاماملاندى.

3 - قېتىم يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بۈگۈنگىچە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتىدۇ. يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېخىمۇ ئوبدان مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت «گوۋۇيۈەننىڭ جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەسلىگە كەلدى. ۋاڭ بىڭ بانكا باشلىقى، ئىمىنجان فوپۇر، سىيتنىياز ئەبەيدۇللا، رېن تىڭگۇي مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى؛ بانكىنىڭ شتاتى 7900 گە يەتتى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا ئىشخانا، سىياسىي باشقارما، پىلان بوغالتېرىيە باشقارمىسى، كارخانا كرېدىتى باشقارمىسى، گۇڭشې، ئەترەت كرېدىتى باشقارمىسى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى باشقارمىسى، گۇڭشې، ئەترەت بوغالتېرلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش باشقارمىسى تەسىس قىلىندى. بانكا دەسلەپتە ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق يولى 93 - قورودا ئىدى. 1985 - يىل 10 - ئايدا خەلق يولىدىكى بانكا بىرلەشمە بىناسى پۈتكەندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى شۇ يەرگە كۆچۈپ كىردى.

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكا ئاپپاراتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى سەپلەش، تۈرلۈك كادىرلارنى يۆتكەپ سەپلەش، يېڭى خادىملارنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1979 - يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر،

ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك 14 مەركىزىي تارماق بانكا قۇرۇلۇپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدىغان بانكىلارنىڭ 100 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 76 ناھىيە (شەھەر) لىك تارماق بانكا قۇرۇلۇپ، ئەسلىگە كېلىشكە تېگىشلىك 93 ناھىيە (شەھەر) تارماق بانكىنىڭ 82 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى (1981 ـ يىلىنىڭ بېشىغا كەلگەندە، 93 ناھىيە، شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ ھەممىسى ئەسلىگە كەلدى)، ئىلگىرى خەلق بانكىسى رەھبەرلىك قىلغان 702 تىجارەت پونكىتى پۈتۈنلەي يېزا ئىگىلىك بانكىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن سىرت 695 يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپى، 1246 شۆبە ئامانەت قەرز كوپېراتىپى ۋە ئامانەت قەرز پونكىتلىرى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. خەلق بانكىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا 3700 دىن كۆپرەك ھەر خىل كادىرنى ئۆتكۈزۈپ بەردى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىغا ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان 4595 كادىر ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى يېڭىدىن 1536 كادىر قوبۇل قىلدى.

بۇ قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش، يېزا كرېدىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بېجىرىش، يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش، يېزىلارنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ئوبدان مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت. خىزمەت مەسئۇلىيىتى مۇنداق بولدى:

1) يېزىلاردىكى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇللىرىنى، نەق پۇللىرىنى باشقۇرۇش ۋە راسچوت كەسپلىرىنى بېجىرىش؛ يېزىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ پۇل ئامانەت كەسپىنى بېجىرىش.

2) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى، خەلق گۇڭشېسىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكى، تەمىنات سودا كوپېراتىپى، دېھقانچىلىق سودا ـ سانائەت بىرلەشمە كارخانىلىرى ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ تۈرلۈك پۇللىرىنى بېجىرىپ بېرىش.

3) دۆلەت ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىغا، كەسپىي ئورۇنلارغا ۋە خەلق گۇڭشېسىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىگە ئاجراتقان تۈرلۈك مالىيە پۇللىرىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش.

4) ھەر قايسى تارماقلارنىڭ يېزىلارغا تارقاتقان تۈرلۈك زاكالەت پۇللىرىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى نازارەت قىلىش.

5) خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ئورۇنلىرىنىڭ بوغالتىرلىق ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىشنى ئاساسلىق باشقۇرۇش، گۇڭشې، ئەترەتلەرگە ياردەملىشىپ بوغالتىرلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىش، مەبلەغنى ئوبدان باشقۇرۇش ۋە ئوبدان ئىشلىتىش.

6) يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش.

7) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىش.

8) جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ھاۋالە قىلغان كەسپلەرنى بېجىرىش.

ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى. تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئاپپاراتى، خادىملىرى ۋە كەسپلىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى ۋە زورايدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ يىڭ جېڭەر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي، 1982 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋاپات بولدى. 1983 ـ يىلى رەھبەرلىك بانزىسى تەڭشەلدى، سېيىتنىياز ئەھەدۇللا بانكا باشلىقى، يىبىن تىڭگۇي، ۋاڭ مىڭيۇ، سۇ يۇڭرۇي مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. شۆبە بانكىنىڭ ئىچىدە

ئىشخانا، كادىرلار باشقارمىسى، رېۋىزىيە باشقارمىسى، ماتېرىيال باشقارمىسى، پىلان باشقارمىسى، بوغالتىرىيە باشقارمىسى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى كرېدىت باشقارمىسى، يېزا كوللېكتىپ كرېدىتى باشقارمىسى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش باشقارمىسى، يېزا سودا كرېدىتى باشقارمىسى، قوغداش باشقارمىسى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىشخانىسى، پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى، ھاۋالە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. بۇنىڭدىن سىرت شۆبە بانكا كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى (كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش، پۇل مۇئامىلە تېلېۋىزىيە داشۆسى، كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكومنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئاپپارات 993 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا بىر، مەركىزىي تارماق بانكا 14، ناھىيىلىك تارماق بانكا 96، تىجارەت پونكىتى 827، خەلق پۇل ئامانەت پونكىتى 52، تىجارەت بۆلۈمى ئۈچ، كادىرلار مەكتىپى بىر، ھەر دەرىجىلىك كادىر 8054 (1514 ئىشچىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، بۇنىڭ ئىچىدە، خەنزۇ كادىر 4331، ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 3723. بۇنىڭدىن سىرت يەنە يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپى 845، شۆبە ئامانەت قەرز كوپېراتىپى (پونكىتى) 2172 بولۇپ، ئامانەت قەرز كوپېراتىپ كادىرى 4788.

ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئۇنىڭ خىزمىتى نوقۇل ھالدا يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاشتىن، نوقتىلىق تۈردە يېزا، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى قوللاشقا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت، سودا - ترانسپورت قاتارلىق تۈرلۈك كەسىپلەرنى شۇنىڭدەك يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى قوللاشقا بۇرۇلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 890 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 150 مىليون يۈەن ئاشتى؛ تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 940 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 700 مىليون يۈەن ئاشتى. ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى ئۆز ئارا بالانس قىلغاندا، يېزا كرېدىتى 550 مىليون يۈەن تارقىتىلدى. شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى مۇشۇ بىر يىلدا تارقاتقان تۈرلۈك قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 138 مىليون يۈەن يەنى 2.1% ئاشتى.

## § 4 . جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى

جۇڭگو بانكىسى - دۆلەت بەلگىلىگەن تاشقى پېرېۋوت كەسپىي بانكىسى بولۇپ، خەلقئارالىق كرېدىت، راسچوت ئىشلىرىنى بىر تۇتاش بېجىرىش، تاشقى مەبلەغ مۇئامىلىسىگە دائىر كېلىشىملەرنى ئىمزالاش، تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىنى تەشكىللەش، تاشقى پېرېۋوت كرېدىتى ۋە تاشقى سودا كرېدىتلىرىنى بېجىرىش، جۇڭگو ۋە چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كرېدىت كەسىپلىرىنى بېجىرىش، مۇھاجىرلار پېرېۋوتىنى بېجىرىش، دۆلەت تاپشۇرغان ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسى ھاۋالە قىلغان باشقا ئىشلارنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولىدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسى كەسپىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون مۇھىم چېگرا ئېغىزلىرىدا شۆبە، تارماق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلىدۇ. جۇڭگو

بانكىسىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ــ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت كەسپىنى بىر تۇتاش بېجىرىپ ۋە مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇپ دۆلەت ئۈچۈن تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىنى ئوبدان تەشكىللەپ، تاشقى پېرېۋوت جۇغلانمىسى بىلەن تەمىن ئېتىپ، تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ ئاساسلىق مۇنداق خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ.

1) دۆلەت بەرگەن ھوقۇققا ئاساسەن، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش نىزامىنى تۈزۈپ چىقىش، خەلق پۇلىنىڭ چەت ئەل پۇلىغا نىسبەتەن پېرېۋوت باھاسىنى بېكىتىش ۋە ئۇنى ئېلان قىلىش، بارلىق سودا ۋە غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىم ــ چىقىمىنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىش، دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىنى بىر تۇتاش ئىگىلەش ۋە يۆتكەش ھەمدە خەلقئارالىق كىرىم ــ چىقىملارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش.

2) مۇھاجىرلار مەبلىغى بانكىسى، چەت ئەل مەبلىغى بانكىسى ۋە شېرىك بانكىلارنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرۇش ھەمدە شۇ تۈردىكى بانكىلارنىڭ كەسپىنى، ھېساباتىنى تەكشۈرۈش.

3) ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، ئالاقىدار خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا ئىقتىساد، سودا ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە چەت ئەللەر بىلەن بولغان پائالىيەتلەرگە، سۆھبەتلەرگە قاتنىشىش شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرگە ئىمزا قويۇش.

4) بارلىق سودا ۋە غەيرىي سودا خەلقئارالىق راسچوت كەسپىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش.

5) خەلقئارالىق بانكىلار ئارا ئامانەت پۇل، قەرز پۇل كەسپلىرىنى بېجىرىش.

6) چەت ئەل پۇلى ئامانىتى، مۇھاجىرلار پۇل ئامانىتى، خەلقئارالىق پېرېۋوت ۋە مۇھاجىرلار پېرېۋوت پۇلىنى بېجىرىش.

7) تاشقى پېرېۋوت كرېدىتى ۋە تاشقى سودا كرېدىتىنى بېجىرىش.

8) چەت ئەللەر بىلەن پۇل مۇئامىلە پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇش، چەت ئەللەرنىڭ پۇل مۇئامىلە ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىش.

9) چەت ئەللەردىكى شۆبە بانكىلار شۇ جاينىڭ قانۇن ــ پەرمانلىرىدا رۇخسەت قىلىنغان بارلىق بانكا كەسپلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش.

10) جۇڭگو خەلق بانكىسى ھاۋالە قىلغان كەسپلەرنى ۋاكالىتەن بېجىرىش.

جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، يۇقىرىقى ۋەزىپىلەرنى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى ۋاكالىتەن بېجىرگەندى ياكى جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ نامىدا بېجىرىلگەندى.

دۆلىتىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى سودا ۋە ساياھەتچىلىكنىڭ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن جۇڭگو بانكىسى 1977 ــ يىلى شاڭخەيدە چاقىرغان مەملىكەتلىك بانكا، سۇغۇرتا تاشقى مۇناسىۋەت خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ۋە ئاپپارات تەسىس قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1977 ــ يىل 12 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنى تەستىقلىشى ئارقىلىق، 1978 ــ يىل 6 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى (ناھىيە، تۇەن دەرىجىلىك) رەسمىي قۇرۇلدى، ئۇنىڭ قارىمىقىدا قەشقەر ئىش بېجىرىش ئورنى تەسىس قىلىندى. جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە تاشقى پېرېۋوت، سۇغۇرتا خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسپىي بانكا بولۇپ، مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزىدىغان كارخانا، سىرتقا قارىتا جۇڭگو

بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى، جۇڭگو سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى، دەپ ئاتالدى، يەنى ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىپ بىر يۈرۈش ئاپپارات بىلەن ئىش بېجىردى. ئىچكى جەھەتتە جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ خەلقئارا كەسپىي باشقارمىسى، دەپ ئاتىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەل بىلەن ئالاقىدار كەسپى، تاشقى سودا، تاشقى پېرېۋوت كرېدىتى، خەلقئارالىق سۇغۇرتا خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىش ۋە ئۇنى بېجىرىشكە مەسئۇل بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى لى شۈتيەن قوشۇمچە دىرېكتور، جىن داپېڭ مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى. 1983 - يىلى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن جېڭ شياڭجى، تۇرسۇن مۇسەيىنلەر مۇئاۋىن دىرېكتور بولۇپ قوشۇلدى. ئىچكى قىسمىدا ئىشخانا، ئامانەت - پېرېۋوت بۆلۈمى (تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش)، كرېدىت بۆلۈمى (ھاۋالە بۆلۈمى)، خەلقئارالىق راسچوت بۆلۈمى، مالىيە - بۇغالتىرىيە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. بانكا مىڭدې يولى 125 - قورۇغا جايلاشتى. جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرىكى خەلق بانكىسىنىڭ خىزمەتلىرى ئاساسىدا پېكىڭ، خېنبې، بېرلىن، موسكۋا قاتارلىق جايلارنىڭ تاشقى سودا بانكىلىرى بىلەن بولغان كەسپىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغان، كۈچەيتكەندىن سىرت، يەنە شياڭگاڭ، ئاۋمېندىكى 14 بانكا بىلەن كەسپىي ئالاقە ئورناتتى ھەمدە شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا ئېكسپورت راسچوتى ۋە غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت راسچوتىنى بىۋاسىتە بېجىرىدىغان بولدى. مۇھاجىرلار پېرېۋوتى، مۇھاجىرلار پېرېۋوتى بىلەن ماددىي ئەشيا تەمىنلەش، شەخسلەرنىڭ پېرېۋوتىنى تەڭشەش، چەت ئەل پۇلىنى تېگىشىش، سۇغۇرتا تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەردە تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش، تەشۋىق قىلىش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، تۈرلۈك غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 720 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈلدى، بۇ 1977 - يىلىدىكىدىن 2.47 ھەسسە كۆپىيىپ، ئاپتونوم رايون تارىخىدا ئەڭ كۆپ ئاشقان بىر يىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇلىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ تاشقى سودىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى.

1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى گوۋۇيۈەن «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مەخسۇس مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشى ھەققىدىكى قارار»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى 14 - قېتىملىق دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن باشلاپ جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ ئاپتونوم رايوندىكى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك تاشقى پېرېۋوت كەسپىي بانكىسى سۈپىتىدە جۇڭگو باش بانكىسىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش، سىياسىي جەھەتتە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىش، كەسپىي خىزمەتتە جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى، يېتەكچىلىكى، نازارىتى ۋە تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىش قارار قىلىندى. جىن داپېڭ، جېڭ شياڭجى، تۇرسۇن مۇسەيىنلەر مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى پارتگورۇپپا قۇرۇلدى، جىن داپېڭ پارتگورۇپپىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، جېڭ شياڭجى، چىن داۋگۇاڭلار پارتگورۇپپىنىڭ ئەزاسى بولدى. شۆبە بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشخانا، كادىرلار باشقارمىسى، پىلان باشقارمىسى، كرېدىت باشقارمىسى، خەلقئارالىق راسچوت باشقارمىسى، پېرېۋوت - ئامانەت پۇل باشقارمىسى، مالىيە - بۇغالتىرىيە باشقارمىسى، خەلقئارالىق ھاۋالە بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. بانكا ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 343 - قورۇغا ئورۇنلاشتى. جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى 1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈندىن باشلاپ جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1985 -

يىلغىچە بولغان يەتتە يىل مابەينىدە، ماكرولۇق جەھەتتىن تىزگىنلەش، مىكرولۇق جەھەتتە جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدى، دۆلەتنىڭ كرېدىت پىلانىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەرنى پائال، سالماق ھالدا قانات يايدۇردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خەلق پۇلى ئامانەت قالدۇقى 49 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولۇپ، باش بانكا چۈشۈرگەن 67 مىليون 700 مىڭ يۈەنلىك پىلاننىڭ 73.23 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1984 - يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقىدىن 12.04% تۆۋەنلىدى، بۇنىڭدا ئاساسلىقى كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 6 مىليون 890 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى ۋە مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 393 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 65 مىليون 860 مىڭ يۈەن ئۆرلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى 364 مىليون 190 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1985 - يىللىق پىلانىدىكىدىن 14.9% ئۆرلىدى. كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ ئۆرلىشىدىكى سەۋەبلەر مۇنۇلار: (1) سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان 29 مىليون 580 مىڭ يۈەنلىك مالنىڭ پۇلى تۆلەپ قويۇلدى؛ (2) تاشقى سودا ئېكسپورت ۋەزىپىسى 15.6% ئاشتى؛ (3) قەرز پىلانى 10 مىليون يۈەن ئازايدى؛ (4) پاختا سېتىۋېلىش پەسلى ئارقىغا سۈرۈلۈپ، پىلاندىن ئارتۇق سېتىۋېلىندى، كۆپلىگەن ئېكسپورت، راسچوت، پېرېۋوت پۇللىرى مۇناسىپ ھالدا كېيىنگە سۈرۈلۈپ، كېيىنكى يىلغا قالدى. مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى 29 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تىزگىنلەش پىلانىنىڭ 76.59 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى. تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇل قالدۇقى 17 مىليون 30 مىڭ دوللارغا يېتىپ، پىلاندىكىدىن 8 مىليون دوللار كۆپىيىپ، 88.59% ئاشتى. تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇلىنىڭ ئېشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، «ئۈچ خىل مەبلەغ» (مۇستەقىل مەبلەغ سالغان، شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان، ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سالغان) كارخانىلىرى كۆپەيدى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئەمەلىيەتتە 12 مىليون 120 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تارقىتىلىپ، باش بانكا چۈشۈرۈپ بەرگەن پىلاننىڭ 48.87 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆسۈم نىسبىتى ئېتىبارلىق قەرز پۇلى ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 660 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ ئۆسۈمى تۇراقسىز قەرز پۇلى ئەمەلىيەتتە 2 مىليون 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ كونا ئازاد رايونلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چەت، نامرات رايونلارغا تارقىتىلغان تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئەمەلىيەتتە 110 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ ئالاھىدە «ئا» خىلدىكى قەرز پۇلى ئەمەلىيەتتە 5 مىليون 760 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ ئالاھىدە «ب» خىلدىكى قەرز پۇلى ئەمەلىيەتتە 2 مىليون 40 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تارقىتىلدى. ئۈچ خىل مەبلەغ كارخانىلىرىنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئەمەلىيەتتە 170 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تارقىتىلىپ، پىلاندىكى تارقىتىلىش سانىنىڭ 34 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى.

ئېكسپورت يولى بىلەن تاشقى پېرېۋوت يارىتىشنى قوللاش جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى كۆچمە مەبلەغ ۋە مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئېكسپورت ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. كارخانىلارنى تېخنىكا ئۆزگەرتىشتىكى مەبلەغ ئېھتىياجى جەھەتتە قوللىدى. تاشقى سودىدا بازىرى بار، تاشقى پېرېۋوتنى كۆپرەك يارىتالايدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئوبدان ئېكسپورت تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىشنى مەبلەغ بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلىدى. يەتتە يىلدا تاشقى سودا قەرز پۇلى جەمئىي 2 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك تارقىتىلدى.

خەلقئارالىق راسچوت كەسپى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋەتلىرىنى كېڭەيتىش ۋە تېخنىكا ھەمكارلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، جۇڭگو شۆبە بانكىسى دۇنيادىكى 80 دۆلەت ۋە رايوندىكى 383 بانكا ھەمدە ئۇنىڭ شۆبە، تارماق ئاپپاراتلىرى بىلەن ۋاكالەتچى بانكا مۇناسىۋىتى ئورناتتى ھەمدە يىراق ئوكيان دۆلەتلىرى،

شىياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرى ھەمدە سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر بىلەن تۇرلۇك شەكىلدىكى ئېكسپورت مودىسى راسچوتى ۋە غەيرىي سودا راسچوتىنى بېجىردى. بېجىرىلگەن ئىمپورت - ئېكسپورت سودا راسچوتى سوممىسى جەمئىي 1 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى ھەمدە بىخەتەر، ۋاقتىدا، توغرا بېجىرىلىپ، خەلقئارادا ئىناۋەت قازاندى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت راسچوت ئومۇمىي سوممىسى 307 مىليون 720 مىڭ دوللارغا يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 30% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت ئارقىلىق يىغىۋېلىنغان تاشقى پېرېۋوت 174 مىليون 510 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 133 مىليون 210 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 1985 - يىلى ئىمپورت كەسپىنىڭ ئېشىش دەرىجىسى خېلى زور بولدى، ئىمپورتتا كېسىلگەن گۇۋاھنامە سانى ۋە سوممىسى 1984 - يىلدىكىدىن 34% ئاشتى، ئىمپورتتا ۋاكالىتەن يىغىۋېلىنغان گۇۋاھنامە سانى 1984 - يىلدىكىدىن 42%، ۋە ئىمپورت سوممىسى 1984 - يىلدىكىدىن 57% ئاشتى. ھېسابقا خاتىرىلەش سودىسى سانى 1984- يىلدىكىدىن 46% ۋە سوممىسى 1984 - يىلدىكىدىن 115% ئاشتى، 27 بانكا تۇنجى قېتىم جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىگە ئالاقە ئورناتتى.

تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، ماۋاله كەسپى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى مەبلەغدىن پايدىلىنىپ ئىلغار تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىشىگە مەدەت بېرىلدى. جۇڭگو شۆبە بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۇرلۇك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى، ماۋاله مەسلىھەتچىلىكى، تولۇقلىما سودا، كېپىل ۋە گۇۋاھچى بولۇش شۇنىڭدەك خەلقئارالىق ئىجارە قاتارلىق كەسپلەرنى بېجىردى ھەمدە شىنجاڭدىكى تۇنجى جۇڭگو چەت ئەل شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان كارخانا «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق شىركىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتىنى قوللىدى. 1985 - يىلى جۇڭگو شۆبە بانكىسى 33 مىليوندىن كۆپرەك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى، 70 مىليون يۈەن خەلق پۇلى ياندىشما قەرز پۇل تارقىتىپ شېكەرچىلىك، توقۇمىچىلىق، خىمىيە سانائىتى، قاتناش قاتارلىق كەسپلەرنىڭ ئوندىن ئارتۇق تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى ۋە تاشقى سودا بازىسى قۇرۇلۇشى ھەمدە دۆلەت ئىچىدە كەمچىل ماتېرىياللارنى ئىمپورت قىلىش جەھەتتىكى مەبلەغ ئېھتىياجىنى ھەل قىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ 1985- يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا ماۋاله بويىچە مەبلەغ سېلىش كەسپىنى ۋاقتىنچە توختىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئەمەل قىلىپ، جۇڭگو شۆبە بانكىسى توختام ئىمزالانغان ۋە سىرتقا ۋەدە قىلىنغان جۇڭگو - ئامېرىكا شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان شىنجاڭ ئۈزۈن تالالىق پاختىسى، جۇڭگو - ياپونىيە شېرىكلىشىپ مەبلەغ سالغان چوتكا ئىشلەپچىقىرىش ھەمدە شىياڭگاڭ بىلەن ھەمكارلاشقان شىنجاڭ كاتتا رېستورانى قاتارلىق بىر نەچچە تۈرنىڭ بىر قاتار ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ، تۈرلەرنىڭ ئىش باشلىشى ياكى كېلىشىم ئىمزالىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى.

جۇڭگو شۆبە بانكىسى يەنە سودىسىز تاشقى پېرېۋوت كەسپىنى بېجىردى، مۇھاجىرلار خىزمىتى، مۇھاجىرلار پېرېۋوتى سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ساياھەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى. مۇھاجىرلار پېرېۋوتى، چەت ئەل پۇلى تېگىشىش ئىشلىرىنى پائال بېجىردى ھەمدە ئارقا - ئارقىدىن چەت ئەل پۇلى ساياھەت چېكىنى تېگىشىش، كرېدىت كارتىسى ئارقىلىق چىقىم قىلىش كەسپلىرىنى بېجىردى. 1985 - يىلغىچە جەمئىي كىرىم 30 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يېقىنلاشتى. خېرىدارلارنىڭ چەت ئەل پۇلى تېگىشىشىگە قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون بويىچە 12 جايدا ۋاكالىتەن تېگىشىش نۇقتىسى تەسىس قىلدى ھەمدە 1980 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدا تاشقى پېرېۋوت بېلىتى تارقاتتى.

## 5 §. جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى

جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى دۆلەتنىڭ مۇقىم مۈلۈككە سالغان مەبلىغىنى باشقۇرىدىغان كەسپىي بانكا، ئۇ مالىيە، بانكىدىن ئىبارەت قوش فۇنكسىيىسىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى: دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى خام چوتىنى باشقۇرۇشقا، ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا، ھەر قايسى جايلارنىڭ، تارماقلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش، مالىيە پىلانى ۋە مالىيە نەقچوتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشقا مەسئۇل بولۇش؛ دۆلەت پىلانى ۋە مالىيە خام چوتىغا ئاساسەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا، قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىغا، گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىغا، ئاساسىي قۇرۇلۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەمىنلەش - سېتىش كارخانىلىرىغا پۇل ئاجرىتىش ۋە قەرز پۇل تارقىتىش خىزمەتلىرىنى بىجىرىش؛ دۆلەت مالىيىسىدىن ھازىر بار بولغان كارخانىلارغا ئاجرىتىلغان يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى شۇنىڭدەك، كارخانىلارغا قالدۇرۇلغان تۈرلۈك يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلەغلىرىنى باشقۇرۇش، مۇقىم مۈلۈك دائىرىسىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇللىرىنى جەلپ قىلىش ۋە ئۇنى تەشكىللەپ پايدىلىنىش، يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى قەرز پۇللىرىنى تارقىتىش ھەمدە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش.

جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قاتناش بانكىسىنىڭ ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان، دەسلەپتە ناھىيە، تۆۋەن دەرىجىلىك ئاپپارات ئىدى. پەقەت قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن جايلار ۋە زور قۇرۇلۇش تۈرلىرى ئىشلىنىۋاتقان جايلاردىلا مەخسۇس ئاپپارات تەسىس قىلىنغانىدى. كېيىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ 1 - دەرىجىلىك ئىدارە (نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك) گە ئۆستۈرۈلدى، تەدرىجىي ھالدا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىندى.

1951 - يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قاتناش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارماق بانكىسى قۇرۇلدى. بۇ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ھۆكۈمەت پېيىنىڭ پاي ھوقۇقىنى ئېنىقلاش ئىشلىرىنى بىجىرىدىغان ھەمدە مالىيىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلەغلەرنى بىجىرىش كەسىپلىرىنى ئۆتەيدىغان كەسپىي بانكا بولۇپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى بىلەن قاتناش بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق شۆبىسى قوش رەھبەرلىك قىلىدىغان ناھىيە، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن ئىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ غالىبىيەت يولى نەنخۇايۈەندىكى 269 - قوروغا جايلاشقانىدى. گاۋياڭجۇن دىرېكتور بولدى. خەن تۇڭجەي 1 - مۇئاۋىن دىرېكتور، ۋۇ باۋتيەن 2 - مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى. بانكىدا 23 كادىر، بەش ئىشچى بار ئىدى. تارماق بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا كاتىبات، كەسپىي، پىلان، بوغالتىرلىقتىن ئىبارەت تۆت بۆلۈمچە تەسىس قىلىندى؛ ئۇنىڭ قارمىقىدا قۇمۇل ۋاكالەتچىلىك ئورنى، ماناس ۋاكالەتچىلىك ئورنى، ئاقسۇ ۋاكالەتچىلىك ئورنى تەسىس قىلىندى.

قاتناش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ تارماق بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسلىقى تەشكىلىنى ئەسلەش، ئىچكى ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ماتېرىيال توپلاش، ئىلگىرىكى سېلىنغان مەبلەغلەرنى ئېنىقلاش، ھۆكۈمەت پېيى ۋە ھۆكۈمەت مۈلكىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە شەرقىي شىمال رايونلۇق مەبلەغ سېلىش بانكىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى سۈپىتىدە ئاجرىتىلغان پۇللارنى، راسچوت ۋە كرېدىتنى تەدرىجىي ھالدا

قاتناش بانكىسىنىڭ بېجىرىشىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇش قىلىدىغان كارخانىلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇشىنى تەرتىپكە سېلىشىغا، ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىشكە ياردەملەشتى.

1954 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش باش بانكىسى بېيجىڭدە قۇرۇلدى.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، قاتناش بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارماق بانكىسىنىڭ ئاساسىدا، 1954 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى (10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تامغىنى رەسمىي ئىشلەتتى) قۇرۇلدى. 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ نامى جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىگە ئۆزگەرتىلدى (ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىك ئورۇن بولدى)، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى، بانكا ئۈرۈمچى شەھىرى دېموكراتىيە يولىغا جايلاشتى. گاۋ ياڭجۇن بانكا باشلىقى، خەن تۇڭجەي، خاۋ باۋتيەنلەر مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. شۆبە بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا رېۋىزىيە بۆلۈمى، پىلان بۆلۈمى، بوغالتىرىيە بۆلۈمى، مەركەز پۇلىنى ئاجرىتىش بۆلۈمى، يەرلىك پۇلنى ئاجرىتىش 1 - بۆلۈمى، يەرلىك پۇلنى ئاجرىتىش 2 - بۆلۈمى، كاتىبات ئىشخانىسى، كادىرلار، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمچىسى، تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلىندى؛ قارىمىقىدا ئىلى، قەشقەر، قاراماي تارماق بانكىلىرى، قۇمۇل، مايتاغ ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، كۆكتوقاي خىزمەت گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىندى. 1957 - يىلغا كەلگەندە، بانكىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 243 كە يەتتى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» جەريانىدا مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرى «ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش» داۋامىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1958 - يىل 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مالىيە - سودا بۆلۈمى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ ئاپپاراتىنى ساقلاپ قېلىپ، سىرتقا قارىتا داۋاملىق خىزمەت بېجىرىشنى قارار قىلدى. شۆبە بانكا قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچام قىلىشنى يولغا قويۇپ، ئىشخانا، پۇل ئاجرىتىش بۆلۈمى، بوغالتىرىيە بۆلۈمى، تىجارەت بۆلۈمى تەسىس قىلدى. 1959 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرى تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە پۇلىنى ئاجرىتىش بۆلۈم (بۆلۈمچە) لىرىگە قوشۇۋېتىلدى، سىرتقا قارىتا يەنىلا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ نامى ساقلاپ قېلىندى.

1961 - يىل 4 - ئايدا جى جىڭخەن قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ باشلىقى، ئىمىنجان غوپۇر مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى. 1962 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسى تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىلگىرى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك مالىيە تارماقلىرىغا قوشۇۋېتىلگەن قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى ئايرىپ تەسىس قىلىشنى تەستىقلىدى ھەمدە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە ئاساسەن، تارماق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى. 1964 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسىغا 400 شتات تەستىقلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا كېڭەيتىپ، تولۇقلاندى. يېڭىشەھەر رايونى، شىبەن ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. شۆبە بانكىغا بىۋاستە قاراشلىق 1 -، 2 - ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى قۇرۇلدى، تۆمۈر يول ئىش بېجىرىش ئورنى تۆمۈر يول تارماق بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. يېڭىدىن قاغىلىق، جەرەن بۇلاق، شىخو ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلدى. 1964 - يىل 9 - ئايدا خەن چىمىن بانكا باشلىقى، ئىمىنجان غوپۇر مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ كادىرلىرى زەربىگە ئۇچرىدى، خىزمەتلەر پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى. 1969 ـ يىل 4 ـ ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسىدا ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى، يەن فۇلۇ (ھەربىي ۋەكىل) ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى، پاڭ يۈنشياڭ، كۇاڭ فەنشىڭ (ئاممىۋى ۋەكىلى) لار ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولدى. ۋاڭ يۈسەن، چېن كۈيسەي (كادىر ۋەكىلى)، لى جيەنجۇڭ، جاڭ يىگۇاڭلار ھەيئەت ئەزاسى بولدى. 9 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تارقىتىۋېتىلدى. ئاز ساندىكى خادىملار ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پۇلىنى ئاجرىتىش گۇرۇپپىسىغا قوشۇۋېتىلدى، زور تۈركۈمدىكى كادىر ۋە ئاممىۋى سانجى يۇ شۇگۇدىكى مالىيە ـ سودا «7 ـ ماي» كادىرلار مەكتىپىگە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، «كۆرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» ھەرىكىتىگە قاتناشتۇرۇلدى.

ئىمىنجان غوپۇر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە پۇلىنى ئاجرىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ۋاڭ يۈسەن مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا قاراشلىق تارماق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى 1970 ـ يىلى ئارقا ـ ئارقىدىن تەڭ دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىغا قوشۇۋېتىلىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ ئاجرىتىش گۇرۇپپىسى بولۇپ قۇرۇلدى.

1972 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈلمىسى (ناھىيە، تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن) نى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، باش بانكا، شۆبە بانكا ۋە يەرلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى يولغا قويۇش، يەرلىكنى ئاساس قىلىش، خادىملارنى كەسپىي شتاتقا كىرگۈزۈش، كادىرلارنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى بىر تۇتاش يۆتكەپ سەپلەش، خىراجەتنى تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىدىن پىلان بويىچە ئېلىشنى تەستىقلىدى. بانكا ئۈرۈمچى شەھىرى خەلق مەيدانىدىكى بىرلەشمە خىزمەت بىناسىنىڭ سول تەرىپىگە ئورۇنلاشتى. خەن جىمىن بانكا باشلىقى، ئىمىنجان غوپۇر، بو خىڭجياڭ، ئىبراھىم ئىسمايىل، جاڭ فېڭشىن، ۋاڭ يۈسەنلەر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى، شتاتى 353 بولدى. شۆبە بانكا ئىچكى قىسمىدا ئىشخانا، ئۇنىۋېرسال بوغالتىرىيە بۆلۈمى، مەركەز پۇلىنى بېرىپ بېرىش بۆلۈمى، يەرلىك پۇلنى بېرىپ بېرىش بۆلۈمى، سىياسىي ئىشخانا تەسىس قىلىندى؛ قارىمىقىدا ئۈرۈمچى، قاراماي، بايىنغولىن، ئاقسۇ، ئىلى، خوتەن، قەشقەر، قۇمۇل، ئالتاي، چۆچەك، سانجى، بورتالا، قىزىلسۇ، شىخەنزە، تۆمۈر يول تارماق بانكىسى، كۈيتۇن، تارانچى، كۆكتوقاي كان رايونى، خېجىڭ، فۇكاڭ، گوچۇڭ، شىخو، قاراشەھەر، باي ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى تەسىس قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلۇپ بولدى.

1973 ـ يىل 6 ـ ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى تۇنجى قېتىملىق تارماق بانكا باشلىقلىرى، ئىش بېجىرىش ئورنى مۇدىرلىرى خىزمەت يىغىنى چاقىردى. يىغىندىن كېيىن قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ، گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ ۋە قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ مالىيە باشقۇرۇشى ۋە ئۇنى نازارەت قىلىش كۈچەيتىلدى، پىلان، تەرتىپ، خام چوت، ئىلگىرىلەش سۈرئىتى بويىچە پۇل ئاجرىتىش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ساختىپەزلىك قىلىش ۋە بۇزۇپ، ئىسراپ قىلىشتەك ئەھۋاللار توسۇپ قىلىندى. ئەمما يەنىلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى بولغاچقا، سولچىل خاتالىقلار قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ نورمال خىزمەتلىرىنى داۋاملىق چەكلەپ تۇردى.

1976 ـ يىل 10 ـ ئايدا جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تار ـ مار قىلىنىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بۇ بىر ئاپەت ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسى تەرەققىيات مەزگىلىگە قەدەم قويدى.

1978 ـ يىلى 5 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇلنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ چۈشۈرگەندە مۇنداق كۆرسەتتى: «قۇرۇلۇش بانكىسى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى خام چوتى ۋە مالىيىسىنى باشقۇرىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىش، راسچوت قىلىش ۋە قەرز پۇل تارقىتىشنى بېجىرىدىغان، مالىيە نازارەتچىلىكىنى يۈرگۈزىدىغان كەسپىي بانكىسى. ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۆزگەرتىشكە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇللارنى ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇرۇپ، دۆلەت ئۈچۈن پىلاننى قوغدىشى، ئېغىزنى ئېگىلىشى لازىم. ئاساسىي قۇرۇلۇشتا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ يوقىتىش جېڭى قىلىشنى قوللاپ، كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش خىزمەتلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم». شۇ يىلى 7- ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت گوۋۇيۈەننىڭ يۇقىرىنىڭ ھۆججىتىنى تارقاتقان چاغدا مۇنداق تەكىتلىدى: «نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايوندىكى قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەسلى قىلىنىشى ۋە خادىملارنىڭ سەپلىنىشى يېڭى ۋەزىيەتتىكى مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداشقا تولىمۇ ماسلاشمايۋاتىدۇ؛ شۇڭا ئاپپاراتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تېخى قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتىنى قۇرمىغان ناھىيىلەر ۋە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى زاۋۇت‍-كانلار بار جايلار ئىمكان قەدەر تېزرەك قۇرۇشى ھەمدە خىزمەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇشى لازىم». شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسىغا 958 شتات تەستىقلاپ بەردى. بۇ 1978 ـ يىلدىكى ئەمەلىي بار ئادەمنىڭ 2.34 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ.

1979 ـ يىلى 8 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز پۇل تارقىتىشتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان نىزام» نى تەستىقلاپ، قۇرۇلۇش بانكىلىرىدىن ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇللىرىنى تارقىتىش ۋە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەش، تۈرلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامانەت پۇللىرىنى پائال تەشكىللەش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش، مەبلەغنى ئوبدان باشقۇرۇپ، جانلىق ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلدى. 1979- يىلى 10 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى خىزمەت يىغىنى چاقىرىپ، «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، رەتلەش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت سەككىز خەتلىك فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇردى. يىغىندىن كېيىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلەغنى مالىيىدىن بۆلۈپ بېرىشنى بانكىدىن قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى يولغا قويۇلدى ھەمدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈرلەر، مۈلۈك، مەبلەغنى ئېنىقلاش، ئامبارلارنى ئېنىقلاش، قۇرۇلۇش راسچوتى، مالىيە نەقچوتى قاتارلىقلار ئومۇمىيۈزلۈك رەتلىنىپ سېلىندى.

1979 ـ يىلى 11 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش باش بانكىسىنى گوۋۇيۈەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنغا ئۆزگەرتىشنى، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىلارنى نازارەت ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇنغا ئۆزگەرتىشنى، قارىمىقىدىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىنى كەسپىي ئورۇندىن كارخانا ئورۇنغا ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىدى. 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 27 ـ قېتىملىق دائىمىي ھەيئەتلەر يىغىنىدا: قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك ئورۇن قىلىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. شۆبە بانكا ئورگىنىنىڭ شتاتى 120 بولىدۇ، ئۇ جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاساس قىلىنىدۇ. ۋاڭ يۈسەن بانكا باشلىقى، چېن يۈشيا، مۇسا تۇردىلار مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى، شۆبە بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئىشخانا، كادىرلار باشقارمىسى، ئومۇمىي پىلان باشقارمىسى، بوغالتىر باشقارمىسى، مەركەز پۇلىنى بۆلۈپ بېرىش باشقارمىسى، يەرلىك پۇلنى ئاجرىتىش باشقارمىسى، قۇرۇلۇش ـ ئىقتىساد باشقارمىسى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى قەرز پۇلى

قاتارلىق مەككىز باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلىنىدۇ؛ كەسپكە تىك لىنىيە بويىچە رەھبەرلىك قىلىنىدۇ؛ كەسپىي خىراجەت ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى باش بانكا بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ. پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمەتلىرىنى يەنىلا يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەر باشقۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

1980 - يىل 11 - ئايدا گوۋۇيۈەن دۆلەت پىلان كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ دوكلاتىنى تەستىقلاپ چۈشۈرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «قۇرۇلۇش بانكىلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بۆلۈنگەن پۇلنى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. بانكا چارىسىدىن پايدىلىنىپ بانكا ئىچىش ئۈنۈملىنى ئىرىشىپ ئۆگىنىۋېلىش، كرېدىت ۋە ھاۋالە كەسپلىرىنى قانات يايدۇرۇش، مۇقىم مۈلۈكنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىشلىتىلمەيدىغان مەبلەغلىرىنى جەلب قىلىش، مەبلەغ يۆتكەشنى كۈچەيتىش، دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قەرز پۇللارنى تارقىتىشنى تەشكىللەش، مەبلەغنى جانلاندۇرۇش لازىم». ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى تەڭشەشنى مەركەز قىلىپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈرلەرنى ئېنىقلاش ئارقىلىق، قارىغۇلارچە مەبلەغ سېلىش ۋە تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشنى توسۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قىسقارتىشنى ئىلگىرى سۈردى، قۇرۇلۇشنى توختاتقان، كېيىنگە سۈرگەن ئورۇنلارغا ھەمكارلىشىپ قالدۇق ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەت زىيان تارتىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، قۇرۇلۇش بانكىسى مۇقىم مۈلۈكنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئىشلىتىلمەيدىغان، تۇرۇپ قالغان مەبلەغلىرىنى پائال جەلب قىلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، تولۇقلاش قەرز پۇلى ۋە تېخنىكا تەدبىرلىرى قەرز پۇللىرىنى تەشكىللەپ تارقاتتى، چەت، نامرات، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشنى قوللاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1981 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، خىزمەتتىكى ئۈچ خىل بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. يەنى: مالىيە فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلىشنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىشتىن مالىيە ۋە كرېدىتنىڭ قوش فۇنكسىيىسىنى تولۇقلاش ۋە جارى قىلدۇرۇشقا بۇرۇلۇش؛ نوقۇل ھالدا پىلاننى قوغداش، ئۆتكەلنى قامال قىلىشنى ئاساس قىلىپ، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىنى باشقۇرۇشتىن، سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە بۇرۇلۇش؛ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇلنى ئاساسلىق بېجىرىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە پۇل ئاجرىتىش ۋە قەرز پۇل بېرىشتىن، قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئوبدان باشقۇرۇش، جانلىق ئىشلىتىشكە بۇرۇلۇش.

1982 - يىل 2 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسىنى ئېنىقلاش، تاپشۇرۇش خىزمىتىنى باشلىدى. 4 - ئايدىن باشلاپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇل ۋە قەرز پۇل ئىقتىسادىي ماتېرىياللىرى ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. 8 - ئايدىن باشلاپ قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كارخانا فوندى تۈزۈمى ۋاقىتلىق چارىسى بىلەن كەسپىي تېخنىكا مۇسابىقىسىنى باھالاشنىڭ چارىسى يولغا قويۇلدى. 9 - ئايدا ئاپتونوم رايوندىكى 80 ناھىيە، ناھىيىلەر باشقۇرغان 344 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەكشۈرۈشنى تاماملىدى. 11 - ئايدا تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش ئۈستىدە خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بىلەن كېڭەشكەندىن كېيىن، ھەر قايسىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئايدىڭلاشتى.

1983 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ خىزمىتى پەقەت قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان باسقۇچتىكى مالىيىنى باشقۇرۇش ۋە ئاجرىتىلغان پۇلنىلا نازارەت قىلىشتىن، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى ۋە قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىگە نازارەت قىلىشقا يۈزلەندى.

1983 - يىلى 4 - ئايدا گوۋۇيۈەن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى مەسىلىسى ھەققىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ چۈشۈرگەندە، مۇنداق كۆرسەتتى: قۇرۇلۇش بانكىسى مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، مۇستەقىل ھېسابات ئېلىپ بارىدىغان مەملىكەت خاراكتېرلىك پۇل مۇئامىلە ئىقتىسادىي تەشكىلاتىغا، ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىقلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغلەرنى باشقۇرىدىغان دۆلەتنىڭ كەسپىي بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 5 - ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسى گوۋۇيۈەنگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئىدارە دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە ئىقتىسادىي تەشكىلاتىغا ئۆزگەرتىلدى. 9 - ئايدا گوۋۇيۈەن جۇڭگو خەلق بانكىسى مەخسۇس مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشنى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشنى، مۇناسىۋەتلىك كرېدىت فاكچېنى، سىياسىتى، پىلانى جەھەتتە خەلق بانكىسىنىڭ ياكى خەلق بانكىسى كېڭىشىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشنى قارار قىلدى. 10 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كادىرلىرىنى سىستېما بويىچە بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى تەستىقلىدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش باش بانكىسى قوش رەھبەرلىك قىلىش، باش بانكىنى ئاساس قىلىش يولىغا قويۇلدى. يەنى خىزمەت فاكچېنى، ۋەزىپىسى، پۇل ئاجرىتىش ۋە قەرز پۇل پىلانى، مەبلەغ يۆتكەش، بوغالتىرلىق ھېساباتى، مالىيە كىرىم - چىقىمى، ئاساسىي قۇرۇلۇش، كەسپىي قائىدە - تۈزۈملەر ھەمدە ئاپپارات تەسىس قىلىش، خادىملار شتاتى، ئەمگەك مائاش، كادىرلارنى باشقۇرۇش، تەربىيىلەش پىلانى، مۇپەتتىشلىك خىزمىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى باش بانكا مەسئۇل بولۇپ باشقۇردى. يەرلىكنىڭ ھاۋالە قىلغان كەسپلىرى ۋە سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتلەرگە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك قىلدى. ۋالى يۈسەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى، چېن يۈشىيا، مۇسا تۇردىلار مۇئاۋىن بانكا باشلىقى بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارتگورۇپپىسى قۇرۇلدى، چېن يۈشىيا پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ۋالى يۈسەن مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇسا تۇردى پارتگورۇپپا ئەزاسى بولدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئىچكى قىسمىدا ئىشخانا، كادىرلار - مائارىپ باشقارمىسى، ئۇنىۋېرسال باشقارما، بوغالتىرىيە باشقارمىسى، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ئىقتىسادىي باشقارمىسى، مەبلەغ سېلىش 1 - باشقارمىسى، مەبلەغ سېلىش 2 - باشقارمىسى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باشقارمىسىدىن ئىبارەت سەككىز باشقارما، ئىشخانا تەسىس قىلدى.

1984 - يىلى 5 - ئايدا گوۋۇيۈەن جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ «ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنى تارقىتىشتىكى خىزمەت تەقسىماتى ھەققىدىكى دوكلات» نى تەستىقلىغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: قۇرۇلۇش بانكىسى دۆلەتنىڭ خام چوتى، كرېدىت پىلانىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە قەرز پۇل بېرىش، بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە قەرز پۇل بېرىش، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغكە بىرلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ تىپتىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە قەرز پۇل بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئىلگىرى مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرغان كىچىك تىپتىكى تېخنىكا تەدبىرلىرى قەرز پۇلى، ئېكسپورت سانائىتى بۇيۇملىرىنىڭ مەخسۇس قەرز پۇلى، يەرلىك بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قەرز پۇلى ۋە جۇڭگو مەبلەغ سېلىش بانكىسىنىڭ چەت ئەل مەبلەغىدىن پايدىلانغان يانداشما قەرز پۇلى قاتارلىقلارنى ۋاقىتىنچە قۇرۇلۇش بانكىسى داۋاملىق بېجىرىدۇ. ئۆزلىرى توپلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇلىدۇ، تېخنىكا يېڭىلاش ئۆزگەرتىش مەبلىغى خىزمەت تەقسىماتى بويىچە جەلب قىلىپ ئامانەت قويغۇزغان كەسپىي بانكىدا نازارەت قىلىنىپ، باشقۇرۇلىدۇ. تاشقى پېربۇوت قەرز پۇلىنىڭ خەلق پۇلىغا يانداشما مەبلەغ قەرز پۇلى بىر دوللارنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلۈشى بىر يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىنى جۇڭگو بانكىسى بىلەن كەسپىي بانكىلار بىرلىشىپ بېجىرىدۇ. شۇ يىلى 10 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى قۇرۇلۇش بانكىسىغا داۋاملىق تۆۋەندىكى فۇنكسىيىلىرىنى ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈش ھوقۇقىنى بەردى: (1) دۆلەت پىلانى ۋە خام چوتىغا

ئاساسەن، تارماقلارنىڭ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مالىيىدىن مەبلەغ سېلىپ، قەرز پۇل بېرىش پىلانى، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە پۇل ئاجرىتىش پىلانى، بىناكارلىق كەسپىنىڭ يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانىنى تەكشۈرۈش؛ (2) دۆلەت بەلگىلىگەن يىللىق پىلان كۆرسەتكۈچى دائىرىسى ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش چىقىم خام چوتى، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ مالىيە كۆرسەتكۈچىنى تەڭشەش، ئاغدۇرۇش خىزمەتلىرىنى بېجىرىش؛ (3) ئاساسىي قۇرۇلۇش، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مالىيە ئەقچوتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش؛ (4) ئاساسىي قۇرۇلۇش، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە بىناكارلىق كەسپىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە پۇل ئاجرىتىش، قەرز پۇلغا مۇناسىۋەتلىك كونكرېت بەلگىلىمىلەر ۋە يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپلىرىنى تۈزۈپ چىقىشقا مەسئۇل بولۇش؛ (5) قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ مالىيەسىنى باشقۇرۇش ۋە مالىيىنى نازارەت قىلىش. 9 - ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بىناكارلىق كەسپى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلدى. بۇ قېتىمقى ئىسلاھاتنىڭ يادروسى سېلىنغان مەبلەغنى ھەقلىق ئىشلىتىش، مەبلەغ سېلىشنى ھۆددىگە ئېلىش ۋە مەبلەغ سېلىشتا خەۋەردار چاقىرىشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ، يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشنى ھۆددىگە ئېلىش ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، مەبلەغ سېلىشتا خەۋەردار چاقىرىشنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش كارخانىلىرىنىڭ يۈز يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدىكى مائاش مىقدارىنى ھۆددىگە ئېلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنى پائال قوللاش ئىسلاھات مەزمۇنى بولدى. چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ۋە نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە پىلان ئىچىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىنى ئوبدان باشقۇرۇش خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىندى.

1985 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مەركىزىي كومىتېتنىڭ «ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەققىدىكى قارار» ى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «بىناكارلىق كەسپى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، كەسپىي يېتەكچى ئىدىيىنى يەنىمۇ توغرىلاپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مەركەز قىلىپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى قوللاپ، مەبلەغنى ئوبدان باشقۇردى ۋە جانلىق ئىشلەتتى. ئاساسىي قۇرۇلۇشتا «پۇل ئاجرىتىشنى قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىش»، بىناكارلىق كەسپىدە كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىش، قۇرۇلۇشنى تاماملىغاندا تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىپ بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇش، سېلىنغان مەبلەغنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىتىش، سېلىنغان مەبلەغنى خەۋەردار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش، بىناكارلىق كەسپىدە يۈز يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدىكى مائاش مىقدارىنى ھۆددىگە ئېلىش، يەر - زېمىن تەرەققىيات ۋە تاۋار تۇرالغۇ ئۆيى قەرز پۇلىنى كېڭەيتىش، كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش، پەرقلىق ئۆسۈم نىسبىتىنى يولغا قويۇش، مەبلەغ سېلىش مەسلىھەتچىلىكى ۋە ھاۋالە كەسپى، ئىناۋەتلىك ھاۋالە قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلاردا يېڭى قەدەم تاشلاندى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا قاراشلىق تارماق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى 73 كە كۆپەيدى. نېفىت كەسپىي بانكىسى، تۆمۈر يول كەسپىي بانكىسى قۇرۇلدى؛ نەق پۇل كەسپى ئارقا - ئارقىدىن بېجىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىچكى قىسمىنىڭ مۇپەتتىشلىك خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بانكا بويىچە ئىشچى - خىزمەتچى 1363 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 194.

# § 6 . جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى

جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى مەخسۇس سۇغۇرتا كەسپىنى بېجىرىدىغان كەسپىي شىركەت. ئۇ 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى رەھبەرلىك قىلدى. شۆبە بانكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رېن چۈشۈەن قوشۇمچە دىرېكتور بولدى. شۆدېجى، ۋېيۈەنجىلار مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى، ئىچكى قىسىمدا كادىرلار بۆلۈمچىسى، تەشۋىقات - تەتقىقات بۆلۈمچىسى، شەھەر كەسپىي بۆلۈمچىسى، يېزا كەسپىي بۆلۈمچىسى، بوغالتىرىيە بۆلۈمچىسى، كاتىبات ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. جەمئىي 18 ئادەم بار ئىدى. شىركەت ئۈرۈمچى شەھىرى مىڭدې كوچىسىغا ئورۇنلاشتى.

جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى ھەمدە كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتىسى كەسپىنى بېجىردى؛ 1951 - يىل 4 - ئايدا ترانسپورت سۇغۇرتىسىنى سىناق تەرىقىسىدە بېجىردى، ئاساسلىقى بانكىنىڭ رەنلىك پېرېۋوت كەسپىنى ھۆددىگە ئالدى؛ شۇ يىلى 6 - ئايدا تۆت كادىرنى گوچۇڭغا ئات - ئۇلاغ سۇغۇرتىسىنى سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىشكە ئەۋەتتى؛ 7 - ئايدا جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتى بېيجىڭدە ئايروپىلاندىكى يولوچىلارنىڭ كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىشىنى مەجبۇرىي خەۋپسىزلەندۈرۈشنى ۋاكالىتەن بېجىرىشنى ھاۋالە قىلىش كېلىشىمىنى ئىمزالىغاندىن كېيىن، شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى شىنجاڭ جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ لەنجۇ - ئالمۇتا لىنىيىسىنى باشقۇرۇش ئورنى بىلەن ۋاكالەتچىلىك مۇناسىۋىتىنى ئورناتتى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. 8 - ئايدا «مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى» يولغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىختىيارىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى، يۈك - ترانسپورت سۇغۇرتىسى، كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى ۋە ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپلىرى بېجىرىلدى. 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى ماناس، جىمىسار، فۇكاڭ، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق 11 جايغا خىزمەت گورۇپپىسى ئەۋەتىپ، چارۋا سۇغۇرتا كەسپىنى بېجىردى.

1952 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى قاتناش بېكىتى تاشيولدىكى يولوچىلارنىڭ كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىش سۇغۇرتىسىنى سىناق تەرىقىسىدە بېجىردى؛ 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك پوچتا ئىدارىسى بىلەن تاشيولدىكى يولوچىلارنىڭ كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىش سۇغۇرتىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش توختامى ئىمزالىدى؛ 4 - ئايدا خوتەن، ئاقسۇ كونا شەھەردە سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورنى قۇرۇلدى ھەمدە ئۈرۈمچى شەھىرى ھەربىي رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ھەمكارلىق باش كوپېراتىپىنىڭ ھاۋالە بۆلۈمىگە ئۈرۈمچى شەھەرلىك سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش 1 - ئورنى قۇرۇشنى ھاۋالە قىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ترانسپورت شىركىتى بىلەن ۋاكالىتەن باشقۇرۇش توختامى ئىمزالىنىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش 2 - ئورنى قۇرۇلدى. 5 - ئايدا ئىلى، تارباغاتاي تارماق

شىركەتلىرى ۋە قورغاس ئىش بېجىرىش ئورنى ھەممە قۇمۇل، قاراشەھەر، چىمسار، مىچۇەندىن ئىبارەت توت ناھىيىلىك تارماق شىركەت چارۋا سۇغۇرتىسى كەسپىنى قانات يايدۇرۇپ، جەمئىي 7686 تۇياق چارۋىنى سۇغۇرتىلىدى، جەمئىي 381 مىليون 330 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى (كونا خەلق پۇلى) يىغىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى غەربىي - شىمال رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، يېزا خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەپ، «زور كۈچ بىلەن داۋاملىق تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش ئاساسىدا سالماقلىق ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىپ، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىگە قاراشلىق 12 ناھىيىدە، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى سۇغۇرتىسىنى داۋاملىق كېڭەيتتى؛ 6 - ئايدا ئاددىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىنى سىناق قىلىپ بېجىردى.

1952 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى رەھبەرلىك قىلىۋاتقان شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى رېن چۇشۇەن خىزمەتنى مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇزىمۇغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى ئۆتكۈزۈۋېلىشنى نازارەت قىلدى.

جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئىچكى قىسمىدا مالىيە نازارىتىنىڭ سۇغۇرتا باشقارمىسى بولدى. سىرتقا قارىتا يەنىلا سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى دەپ ئاتالدى، رېن چۇخېي دىرېكتور، شۆدېجى، ۋېيۇەنجىيلار مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى.

1953 - يىل 2 - ئايدا قاتناش نازارىتى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق، ئۆلكىلىك ترانسپورت شىركىتىنىڭ مەبلىغى تەكشۈرۈلگەن 376 ئاپتوموبىلىنى سۇغۇرتىلاشنى قارار قىلدى. 3 - ئايدا يۈك ترانسپورتى سۇغۇرتا كەسپى بېجىرىلدى. 4 - ئايدا جۇڭگو سوۋېت نېفىت شىركىتى بىلەن جۇڭگو - سوۋېت ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ مۈلۈكلىرىنىڭ (ئايروپىلاندىن باشقىلىرى) كۆپ قىسمى سۇغۇرتىلاندى.

1953 - يىل 7 - ئايدا 3 - قېتىملىق مەملىكەتلىك سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «شەھەر كەسپىنى تەرتىپكە سېلىش؛ يېزا كەسپىنى بېجىرىشنى توختىتىش، ئاپپاراتنى تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش ئاساسىدا پۇختا قەدەمدە ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى شىنجاڭ بويىچە 1 - قېتىملىق سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. يىغىندىن كېيىن شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىنىڭ كەسپى تەدرىجىي قىسقىراپ، توختىدى. ئالدى بىلەن يېزىلارنىڭ چارۋا سۇغۇرتىسى توختىتىلدى. شەھەر سۇغۇرتا كەسپى تەرتىپكە سېلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى مەجبۇرىي سۇغۇرتىلاش كۈچەيتىلدى. 1955 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتوموبىللارنىڭ ئاممىۋى بىخەتەرلىك مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى توختىتىلدى؛ 2 - ئايدا ئاشلىق، پوچتا - تېلېگراف، قاتناش (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاۋىئاتسىيە) سىستېمىسىنىڭ مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى توختىتىلدى.

1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى «جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى» گە ئۆزگەرتىلدى.

1956 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مالىيە، ئاشلىق، سودا

ئىشخانىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئىلى ۋىلايەتلىك تىجارەت پونكىتى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارماق شىركىتى قىلىپ كېڭەيتىلىپ، ئۈزىگە قاراشلىق ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سۇغۇرتا كەسپىگە رەھبەرلىك قىلدى. خوتەن، ئاقسۇ، تۇرپاندىكى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورۇنلىرى تىجارەت ئورنىغا ئۆزگەرتىلدى. 9 - ئايدا شىخو، قورغاس، ماناس، پىچان، كورلا، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكى خەلق بانكىلىرى ئىچىدە تەسىس قىلىنغان جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورۇنلىرى سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، شۇ جايدىكى خەلق كومىتېتلىرى بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. 1957-يىلى 3 - ئايدا قومۇل، بايىنغولىن، كۇچۇڭ، يەكەن تارماق بانكىلىرىدىكى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان سۇغۇرتىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئورۇنلىرى سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلىپ، ئۇلارغا ۋالىي مەھكىمە، ئوبلاستلىق خەلق كومىتېتى، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتلىرى رەھبەرلىك قىلدى. 1958 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىگە قوشۇۋېتىلدى، ئىچكى قىسىمدا سۇغۇرتا باشقارمىسى دەپ، سىرتقا قارىتا سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى دەپ ئاتالدى.

1958 - يىل 6 - ئايدا گوۋۇيۈەننىڭ «سۇغۇرتا خىزمىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ياخشىلاش توغرىسىدا بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپى ۋە يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىش مەجبۇرىي سۇغۇرتىسىنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا باش شىركىتى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇردى. باشقا ھەر تۈرلۈك سۇغۇرتا كەسپلىرىنى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركەتلىرى ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇپ، پايدا - زىيانغا ئۆزلىرى ئىگە بولدى.

1958 - يىل 10 - ئايدا شىئەندە چاقىرىلغان مەملىكەتلىك مالىيە - سودا خىزمىتى يىغىنىدا، خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سۇغۇرتىنىڭ رولى تۈگىدى دەپ قارىلىپ، خەلقئارا سۇغۇرتا كەسپىنى داۋاملىق بېجىرگەندىن سىرت ئىچكى سۇغۇرتا كەسپىنى دەرھال توختىتىش قارار قىلىندى. مۇشۇ روھقا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا كەسپى ئومۇميۈزلۈك توختىدى ھەمدە سۇغۇرتىدىن چېكىندۇرۇش ۋە ئېنىقلاش ئېلىپ بېرىلدى. 1962 - يىلغا كەلگەندە، ئېنىقلاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ئاخىرلاشتى.

1978 - يىل 6 - ئايدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىنى قانات يايدۇردى ھەمدە جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ ۋىۋىسكىسىنى ئېسىپ، ئاساسلىق چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىنغان ماددىي ئەشيالار سۇغۇرتىسى ۋە كارخانىلار ئويىېكت قىلىنغان مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، يۈك تىرانسپورتى سۇغۇرتىسى كەسپلىرىنى بېجىردى. گوۋۇيۈەننىڭ «ئىچكى سۇغۇرتا كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى قارار» ى ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ «ئىچكى سۇغۇرتا كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، 1980 - يىل 7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى (ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىك ئورۇن) ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شتاتى 30 قىلىپ بېكىتىلدى، 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىچكى سۇغۇرتا كەسپىنى بېجىردى، ئىلگىرى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى بېجىرىپ كېلىۋاتقان خەلقئارا سۇغۇرتا كەسپى شۇ كۈندىن باشلاپ خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى - ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە سۇغۇرتا كەسپىنى بېجىرىدىغان كەسپىي شىركەت؛

ئۈ تەڭ دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى بىلەن جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا باش شىركىتىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. كەسپىي جەھەتتە جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا باش شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. ھەر تۈرلۈك باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ، مۇستەقىل ھېسابات يولغا قويۇلىدۇ. سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىگە بەي گورۇي مۇئاۋىن دىرېكتور بولدى، ئىچكى قىسىمدا ئىشخانا، ئىچكى سۇغۇرتا كەسپىي بۆلۈمى، چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىي بۆلۈمى، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تۆلەم بېرىش بۆلۈمى، پىلان ـ مالىيە بۆلۈمى (ئۈچ دەرىجىلىك تۈزۈمدىكى بۆلۈم) تەسىس قىلىندى. مۇشۇ مەزگىلدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە سۇغۇرتا ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى ھەمدە ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزىلەردە ئىچكى سۇغۇرتا كەسپىي سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىلدى. 1983 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدىكى 14 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنىڭ ھەممىسىدە مەركىزىي تارماق شىركەتلەر قۇرۇلدى. 1980 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلىغىچە ئاساسلىقى كارخانىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ئاپتوموبىل زىيىنى ھەمدە ئاممىۋى مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى، ۋېلسىپىت ئوغرىلىنىش سۇغۇرتىسى، ئىمپورت ـ ئېكسپورت ماللىرى سۇغۇرتىسى، شېرىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش، قۇراشتۇرۇش سۇغۇرتىسى، كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپلىرىنى بېجىردى. يېزىلاردا خامان ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى، توخۇچىلىق سۇغۇرتىسى ۋە نەشپۈت ھوسۇلى سۇغۇرتىسى تۈرلىرى بېجىرىلدى.

1984 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تارقاتقان جۇڭگو خەلق باش بانكىسىنىڭ «سۇغۇرتا شىركەتلىرىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1983 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى دائىمىي ئىشلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنى 2 ـ دەرىجىلىك ئىدارىگە ئۆستۈرۈش، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا باش شىركىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى قوش رەھبەرلىك قىلىش، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا باش شىركىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىش قارار قىلىندى، چېن شىڭتى باش دىرېكتور (مۇئاۋىن نازىر دەرىجىلىك)، ليۇ مىڭجى، فىڭ زوڭلياڭلار مۇئاۋىن باش دىرېكتور (ناھىيە دەرىجىلىك) بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىنىڭ ئىچكى قىسىمدا ئىچكى سۇغۇرتا كەسپىي باشقارمىسى، چەت ئەلگە ئالاقىدار كەسپىي باشقارمىسى، پىلان ـ مالىيە باشقارمىسى، ئەمگەك ـ كادىرلار باشقارمىسى، ئىشخانا تەسىس قىلىندى. 1984 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىدە پارتگورۇپپىسى قۇرۇلدى، چېن شىڭتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، ليۇمىڭجى پارتگورۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، فىڭ زوڭلياڭ، ئابلىمىت بوستىنىيازلار پارتگورۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولدى. مۇشۇ يىلى يېڭىدىن خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ترانسپورت سۇغۇرتىسى ۋە يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى بېجىرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىچكى سۇغۇرتا كەسپىنى پائال تۈردە ئەسلىگە كەلتۈردى، 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 19 ناھىيىلىك تارماق شىركەت ۋە ئىش بېجىرىش ئورنى قۇرۇلدى، ئاپتونوم رايون بويىچە سۇغۇرتا ئاپپاراتى 66 گە، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 800 دىن كۆپرەككە يەتتى. تېخى سۇغۇرتا ئاپپاراتى قۇرۇلمىغان ناھىيە (شەھەر) لەرنىڭ سۇغۇرتا كەسپىنى خەلق بانكىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارماقلىرى ۋاكالىتەن بېجىرىپ، ھەممە ناھىيىدە ۋاكالىتەن باشقۇرىدىغانلار بولۇش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى.

1985 - يىلى يېزىلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇش، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يېزا - بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىشىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكلىرى، جۇڭگو سۇغۇرتا باش شىركىتىنىڭ «يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنى پائال قانات يايدۇرۇش ھەققىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. 3 - ئايدا سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى «سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ مەبلىغىنى باشقۇرۇشنىڭ سىناق چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، 7 - ئايدا شىخەنزە شەھىرىدە ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى شوپۇرلىرى كۈتۈلمىگەن زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى كەسپى سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىلدى، 10 - ئايدا كۈيتۇن شەھىرىدە بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شى 128 - تۇەننىڭ بوغدايلىرىنى ئۇششۇك ئاپىتىدىن بىرلەشمە سۇغۇرتىلاش خىزمىتى سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىلدى.

كەسىپنى راۋاجلاندۇرۇش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەم خىزمىتىنى ئەستايىدىل بېجىردى. 1985 - يىل 7 - ئايدا بىگتۇەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىنىڭ 127 -، 128 - تۇەنلىرى نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان، ئاز كۆرۈلگەن ئۇششۇك ۋە مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچراپ، سۇغۇرتىلانغان زور كۆلەمدىكى پاختا ئېتىزلىرىدا ئاپەت يۈز بەردى. ئاپەت رايونىغا بېرىپ، نەق مەيداننى تەكشۈرۈش، زىياننى ھېسابلاش ئارقىلىق، 840 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا تۆلىمى تۆلەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان تۇەن، مەيدانلارنىڭ سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلكى ۋاقتىدا ئىقتىسادىي تۆلەمگە ئىگە قىلىندى. 8 - ئايدا قەشقەر ۋىلايىتىدە قاتتىق يەر تەۋرىدى. ئاپەتتىن كېيىن، سۇغۇرتا شىركىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن، تېز، توغرا، مۇۋاپىق تۆلەم بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاپەتكە ئۇچرىغان سۇغۇرتىلانغان كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، زىياننى بېكىتىپ، 1 مىليون 730 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق تۆلەم پۇلى بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان سۇغۇرتىلانغان كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ۋاقتىدا ئەسلىگە كەلتۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئىچكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 69 مىليون 130 مىڭ يۈەن، تۆلەم چىقىمى 23 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولدى؛ خەلقئارا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليون 990 مىڭ يۈەن، تۆلەم چىقىمى 850 مىڭ يۈەن بولدى. ئاپتونوم رايوننىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، زىياننى تولۇقلاش، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنى تۇرمۇشتا خاتىرجەم قىلىش، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش مەبلىغىنى توپلاش جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ پائال رولىنى جارى قىلدۇردى.

## § 7 . دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى

دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ۋاكالىتەن باشقۇردى، ئۇ تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولدى، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى

پېربۇوتنى بىر تۇتاش باشقۇردى. بارلىق سودا ۋە غەيرىي سودا تاشقى پېربۇوت كىرىم ـ چىقىمىنى تەكشۈردى ۋە ئۇنى نازارەت قىلدى؛ تاشقى پېربۇوت كىرىم ـ چىقىم پىلانىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى؛ خەلق پۇلىنىڭ چەت ئەل پۇلىغا پېربۇوت قىلىنىش باھاسىنى ئېلان قىلدى؛ دۆلەت تاپشۇرغان ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسى ھاۋالە قىلغان باشقا ئىشلارنى بېجىردى.

1980 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جۇڭگو بانكىسى باش بانكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن دۆلەت تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى قۇرۇلۇپ، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى بىلەن بىرلىكتە ئىش بېجىردى. ئىچكى جەھەتتە بەنزە بىر يۈرۈش بولدى، سىرتقا قارىتا ئىككى ۋىۋىسكا ئاستى. دۆلەت تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش ئىدارىسى (1983 ـ يىل 9 ـ ئايدا باش بانكا گوۋۇيۈەننىڭ «1983، 146 ـ نومۇرلۇق قارارىغا ئاساسەن؛ «باش» دېگەن سۆزىنى قالدۇرۇۋەتتى) شىنجاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ ئىچكى ئاپپاراتى جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ تاشقى پېربۇوت بۆلۈمى بولۇپ، سىرتقا قارىتا ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش كەسپىنى بېجىردى.

1983 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭگو خەلق بانكىسى مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشى ھەققىدىكى قارار»ىدا: دۆلەت تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش ئىدارىسى ھەمدە ئۇنىڭ شۆبە ئىدارىلىرى خەلق بانكىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنىڭ تاشقى پېربۇوتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو بانكىسىنىڭ دۆلەتنىڭ تاشقى پېربۇوتى بويىچە بىر تۇتاش تىجارەت قىلىش ۋەزىپىسى ئۆزگەرمەيدۇ دەپ كۆرسىتىلدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1984 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ تۈزۈلمىسى ھەققىدىكى تەستىق»نى تارقىتىپ، دۆلەت تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى 1984 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىدىن ئايرىپ چىقىپ، جۇڭگو خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە قوشۇلدى. گوۋۇيۈەننىڭ قارارى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، بىرىم يىل تەييارلىق كۆرۈش ۋە تاپشۇرۇش ـ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق، دۆلەت تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىغا رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، سىرتقا قارىتا دۆلەت تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش كەسپىنى بېجىردى. ئىچكى جەھەتتە تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش كەسپىي ئىشخانىسى دەپ ئاتىلىپ شۆبە بانكىنىڭ باشقارما دەرىجىلىك بىر ئاپپاراتى بولدى. 2 ـ دەرىجىلىك شۆبە بانكىنىڭ پۇل مۇئامىلە مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمىدە بىر نەپەر مەخسۇس تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش، تەكشۈرۈش خادىمى سەپلىنىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش كەسپىنى بېجىردى. جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى ياڭ چى قوشۇمچە دۆلەت تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولدى. 1985 ـ يىلى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا شۆبە بانكىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى تەڭشەلدى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن بانكا باشلىقى ۋېي شىڭخۇڭ قوشۇمچە دۆلەت تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باشلىقى بولدى.

دۆلەت تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭ شۆبىسى دۆلەت بەرگەن ھوقۇق بويىچە تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش؛ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى پېربۇوت باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇشقا تەشكىللەش؛ تاشقى پېربۇوت كىرىم ـ چىقىم پىلانىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈش؛ سودا

ۋە غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش؛ ئىمپورت - ئېكسپورت كومىتېتىغا ماسلىشىپ، تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرىدىغان ئورۇنلار ۋە جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنى، تولۇقلىما سودىنى ھەمدە ئۈرۈمچى ئاۋىئاتسىيىسى، پورتلارنىڭ كىرىش - چىقىش ئۆتكەللىرىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

1985 - يىلى تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 184 مىليون 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ 112 پىرسەنتى ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت ئارقىلىق يارىتىلغان تاشقى پېرېۋوت 178 مىليون 970 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، پىلاننىڭ 111 پىرسەنتى ئورۇندالدى، غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 5 مىليون 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، پىلان %132 ئورۇندالدى؛ تاشقى پېرېۋوت چىقىمى 106 مىليون 940 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، پىلاننىڭ 95.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. گوۋۇيۈەننىڭ تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش ئاھۋالىنى ئېنىقلاش ھەققىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، تاشقى پېرېۋوتنى قانۇنسىز ئېلىپ ساتىدىغان، پېرېۋوتنى قاچۇرىدىغان، تاشقى پېرېۋوتنى ئالدامچىلىق بىلەن قولغا كەلتۈرىدىغان تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپ قىلمىشلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتى. ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىدىغان 179 ئورۇندىكى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلغان 35 ئورۇن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىلدى. بۇنىڭ سوممىسى 2 مىليون 631 مىڭ 40 دوللار، تاشقى پېرېۋوت بېلىتى 32 مىڭ يۈەن. نەتىجىدە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش تۈزۈمى چىڭىتىلدى، تاشقى پېرېۋوت بېلىتى كىرىم قىلىدىغان ئورۇنلار قايتىدىن تەكشۈرۈپ تەستىقلاندى ھەمدە 28 ئورۇنغا «تاشقى پېرېۋوت بېلىتى ئېلىش ئىجازەتنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سودا ۋە غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. سودىغا تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاش جەھەتتە ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەش، مىكرو جەھەتتىن جانلاندۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، مۇناسىۋەتلىك تەستىق ۋە توختاملارنى تەكشۈرۈشتە چىڭ تۇرۇلۇپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، تاشقى پېرېۋوتنىڭ ئىشلىتىلىش سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. 1985 - يىلى دۆلەت ئاپتونوم رايونغا 110 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىمپورت تاشقى پېرېۋوتنى ئىشلىتىش تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈرۈپ بەردى، ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت 105 مىليون 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تېخنىكا ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈشكە 14 مىليون 460 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئاپتوموبىل، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى سېتىۋېلىشقا 21 مىليون 920 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، پولات ماتېرىيالى قاتارلىق سانائەت خام ماتېرىياللىرىغا 34 مىليون 40 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، رەڭلىك تېلېۋىزور، ھەر خىل مېتال، قاتناش، ئېلېكتر تاۋارلىرىغا 39 مىليون 940 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، باشقا تاۋارلارغا 3 مىليون 140 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى سەرپ قىلىندى. غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش جەھەتتە، ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملارنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىشىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. 1985 - يىلى بىر مەھەل كۆرۈلگەن بەس - بەستە چەت ئەلگە چىقىش، تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش جىددىي بولۇشتەك ئەھۋالغا قارىتا ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، ئىدارىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش نورمىسى ھېساباتىنى تۇرغۇزۇپ، تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاش تۈزۈمىنى چىڭىتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ سودا ۋە غەيرىي سودا ئىشلىتىلىدىغان تاشقى پېرېۋوت ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

## 8 § . يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى

يېزىلاردىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى دېھقانلار ئىختىيارىي بولۇش، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپى بويىچە پاي قوشۇپ قۇرغان سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ھەمكارلىق پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتى. دۆلەت بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلەت پۇل مۇئامىلە سىياسەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مۇستەقىل تىجارەتنى، مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويىدۇ، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. مەملىكەت بويىچە 1926 ـ يىلى ئىنقىلابىي تايانچ بازىلاردا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلغانىدى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى يوق ئىدى.

1952 ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى باش بانكا 1951 ـ يىل 5 ـ ئايدا چاقىرغان 1 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، باش بانكا تارقاتقان «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى نىزامنامىسىنىڭ مىزان لايىھىسى» ۋە «يېزا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىنىڭ ئەھدىنامىسى لايىھىسى»گە ئاساسلىنىپ، فۇكاڭ ناھىيىسىنىڭ شىڭۇ يېزىسىدا (ھازىرقى زىنچۈەن ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى)، تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئۈزۈمچىلىك يېزىسىدا ۋە خوتەن، ماناس ناھىيىلىرىدە شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى تۇنجى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇلدى. فۇكاڭ ناھىيىسىدە قۇرۇلغىنى شىنجاڭ يېزىلىرىدا قۇرۇلغان تۇنجى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى بولۇپ قالدى. يېزىلاردا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى تەييارلىق كۆرۈش، تەشۋىق قىلىش، پاي سېتىۋېلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەش (گۇڭشې ئەزالىرى گۇرۇپپىسى)، سايلامنى ئۇيۇشتۇرۇش (مۇدىرىيەت ۋە تەپتىش ھەيئەت ئەزالىرىنى سايلاش)، كوپېراتىپنى قۇرۇپ تىجارەتنى باشلاش قاتارلىق باسقۇچلارغا بۆلۈندى. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىدەك بولدى: يېزىلاردىكى مەبلەغلەرنى تەشكىللەپ ۋە تەڭشەپ، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، جازانىخورلۇقنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە ئۇچراتماسلىق. 1952 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، نۆۋەتتە سىناق قىلىش ئارقىلىق، شىنجاڭ بويىچە فۇكاڭ، تۇرپان، خوتەن، ماناس، قەشقەر كونا شەھەر، ئاقسۇ، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا جەمئىي بەش ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، ئۈچ ئامانەت ـ قەرز گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، كوپېراتىپنىڭ (گۇرۇپپىنىڭ) ئەزالىرى جەمئىي 1742، پاي 2452، پاي سوممىسى 86 مىليون 30 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولدى. بەش ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى جەمئىي 20 مىليون 270 مىڭ يۈەن ئامانەت پۇل جەلپ قىلدى. بۇنىڭ يىل ئاخىرىدىكى پۇل قالدۇقى 5 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە، تارقىتىلغان قەرز پۇل 158 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە، ئۇنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 93 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1954 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا قەدەر، شىنجاڭنىڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەر: (1) شۆبە بانكا «ئوبدان قۇرۇشقا رۇخسەتكى، ناچار قۇرۇشقا بولمايدۇ» دېگەن پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن، پۈت ـ قول چۈشەپ قويۇلۇپ، ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇشقا بولمىدى؛ (2) شۆبە بانكىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئۆز ئارا ھەمكارلىق ئاساسىدا ئامانەت ـ قەرزنى قانات

پايدۇرۇش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە ئامانەت - قەرزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى ھەمكارلىقنىڭ ئالدىدا مېڭىش رولىغا، شۇنىڭدەك ئامانەت - قەرزنىڭ يېزا ئىگىلىكتىكى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىغا سەل قارالدى؛ (3) خىزمەت ئۇسۇلى جەھەتتە ئۇزاق مۇددەت نۇقتىدا سىناق قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇپ قالدى، ئاساسلىق ئاز ساندىكى بانكا كادىرلىرىغا تايىنىلىپ، گوڭشى كادىرلىرى ۋە ئاممىغا ئوبدان تايىنىلمىدى. 10 - ئايدا «كونسېرۋاتىپ» ئىدىيە تەنقىد قىلىنىپ، «بىر تۈركۈمنى تەرتىپلەش، بىر تۈركۈمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بىر تۈركۈمنى مۇستەھكەملەش» چارىسى كېڭەيتىلدى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى خىزمىتى تېز تەرەققىي قىلدى. 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يېڭىدىن 450 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1953 - يىلى قۇرۇلغان ئون ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنى قوشقاندا، جەمئىي 460 قا يەتتى؛ يېڭىدىن 18 ئامانەت - قەرز ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئۆلكە بويىچە 36.23% يېزىدا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تەشكىلاتى بارلىققا كەلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچى شەھىرىگە قاراشلىق نەنسەننىڭ 8 - رايونى ۋە ئىككى يېزىسىدا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇش نۇقتىدا سىناق قىلىنىپ، چارۋىچىلىق رايونىدىكى تۇنجى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى.

1955 - يىلى ئۆلكە بويىچە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ شىنجاڭ بيۇروسى تەكشۈرۈپ، 1390 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇشنى بېكىتتى. يىل ئاخىرىدا، ئەمەلىيەتتە 1624 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلغان يېزىلار ئاپتونوم رايون بويىچە ئومۇمىي يېزا سانىنىڭ 25.69 پىرسەنتىگە يەتتى؛ كوپېراتىپقا ئەزا بولغان دېھقان ئائىلىلىرى 596 مىڭ 958 گە يېتىپ، ئومۇمىي دېھقان سانىنىڭ 62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1956 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تەرەققىي قىلىپ 1956 گە يەتتى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى ھەممىلا يېزىدا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بارلىققا كەلدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 76 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى 2122 گە يەتتى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلغان يېزا سانى ئومۇمىي يېزا سانىنىڭ 90.52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىغا ئەزا بولغان دېھقان - چارۋىچى ئائىلە سانى 890 مىڭ 257 گە يېتىپ، ئومۇمىي دېھقان - چارۋىچى ئائىلە سانىنىڭ 87 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1956 - يىلدىكى جەمئىي ئامانەت پۇل 85 مىليون 700 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) گە، جەمئىي تارقىتىلغان قەرز پۇل 13 مىليون يۈەنگە يېتىپ، بانكىنىڭ مۇشۇ بىر يىلدا تارقاتقان يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلىنىڭ 21.36 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى.

ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بىر نەچچە يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، ئامانەت - قەرز پۇل كەسپىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپ ھەرىكىتىگە ياردەم بېرىپ، يېزىلاردىكى پۇل قەرز ئېلىش، قەرز بېرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئىشلەپچىقىرىشقا يار - يۆلەك بولۇش، ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىش ۋە جازانىخورلۇق ئېكسپىلاتاتسىيىسىگە زەربە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان بولسىمۇ، ئەمما «كوپېراتىپنى دېموكراتىك ئۇسۇلدا باشقۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يېتەرلىك بولمىدى، كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تەكشى بولمىدى، مالىيە، ھېسابات رەسمىيەتلىرى قالايمىقان بولۇش، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ مەبلىغىگە خىيانەت قىلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش ۋە ئىگىلىۋېلىشتەك مەسىلىلەر ساقلاندى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، 1956 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شۆبە بانكا پارتگۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم يېزا خىزمىتى بۆلۈمىگە «ئامانەت - قەرز

كوپېراتىپى ئەھۋالى، ساقلانغان مەسىلىلەر ھەمدە ئۆز پىكرىمىز ھەققىدە دوكلات» نى يېزىپ، جايلاردىكى پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنى يېزا ئىگىلىك كوپېراتسىيىسىگە ئوخشاش، كەسپىنىڭ بوش ۋاقتىدا نۆۋەتلىشىش، پىلانلىق تەرتىپكە سېلىش، ئادەتتە ھەر يىلى ئىككى قېتىم تەرتىپكە سېلىشنى، كونكرېت ۋاقتىنى ناھىيىلەر بەلگىلەشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بۇ دوكلاتنى تەستىقلاپ تارقاتتى. 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مالىيە - سودا بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ مەبلىغىنى باشقۇرۇش جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر ۋە بىر تەرەپ قىلىش پىكرى ھەققىدىكى دوكلات» ىنى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ۋىلايەت، شەھەر، ناھىيىلىك پارتكوملاردىن بولۇپمۇ، ناھىيە، رايون، يېزىلىق پارتىيە تەشكىلاتلىرىدىن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ مەبلەغ باشقۇرۇشنى بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، 1957 - يىلى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئاساسلىق تەرتىپكە سېلىندى ۋە مۇستەھكەملەندى. 11 - ئايغا كەلگەندە، 70% ئۆپچۆرىسىدىكى كوپېراتىپ تەرتىپكە سېلىنىش ئارقىلىق، ئىچكى جەھەتتە تەشكىللىرى مۇكەممەللەشتى، مۇدىرىيەت، ۋاقىتلىق مۇدىرىيەت ئۆزگەرتىپ سايلاندى، مالىيە ھېساباتلىرى ئېلان قىلىندى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشىلاندى.

1958 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايوندا خەلق گۇڭشېلىشىش ئەمەلگە ئاشتى، ئىشلەپچىقىرىش، تەقسىمات، ئالماشتۇرۇش، ئىستېمال مۇناسىۋەتلىرىدە ئۆزگىرىش بولدى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە رولىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. مەسىلەن: قەرز پۇل تارقىتىشنىڭ ئوبيېكتلىرى تەدرىجىي ھالدا كوللېكتىپقا يۆتكەلدى، كەسپىي پائالىيەت دائىرىسى دۆلەت بانكىلىرىغا ئوخشىشىپ قالدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «خەلق گۇڭشېلىشىشنىڭ ۋەزىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ يېزىلارنىڭ مالىيە - سودىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ياخشىلاش ھەققىدىكى قارار» ى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئامانەت - قەرز بۆلۈمىنىڭ خىزمىتىدىكى بىر نەچچە مەسىلە ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغى ھەققىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغى ھەققىدىكى بەلگىلىمە» شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مالىيە - سودا بۆلۈمىنىڭ «خەلق گۇڭشېلىشىشنىڭ پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ھەققىدىكى لايىھە» گە ئاساسەن، يېڭى پۇل مۇئامىلە خىزمىتى تۈزۈلمىسى تۆۋەندىكىدەك تەڭشەلدى: ① خەلق بانكىسىنىڭ تىجارەت پونكىتلىرىنى خەلق گۇڭشېسىغا چۈشۈرۈپ بېرىپ ئىلگىرىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئامانەت - قەرز بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەندى. ② ئامانەت - قەرز بۆلۈمى ھەم گۇڭشېنىڭ تەشكىلىي قىسمى، ھەم خەلق بانكىسىنىڭ شۇ جايدىكى تىجارەت ئورنى بولۇپ، تەڭلا ئىككى ۋەزىپىگە ئاستى، «پىلاننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئورتاق مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئامانەت - قەرز بۆلۈمىنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىغا، كادىرلارنى باشقۇرۇش، ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىگە گۇڭشې پارتكومى ۋە باشقۇرۇش كومىتېتى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلدى. كەسپىي جەھەتتە گۇڭشېنىڭ پارتىيە، مەمۇرىي رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغاندىن سىرت، بىۋاسىتە دۆلەت بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلدى؛ ③ ئامانەت - قەرز بۆلۈمىنىڭ ۋەزىپىسى پارتىيىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە سىياسىينى قوماندان قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاممىغا تايىنىپ، ھەر قايسى تەرەپلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەر تەرەپلىمە يايلىق يېتىشتۈرۈپ، بىكار تۇرغان مەبلەغلەرنى توپلاپ، گۇڭشېنىڭ سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تاۋار ئوبوروتىنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى

قاندۇرۇپ، گۇڭشېنىڭ تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش بولدى.

1959 - يىل 2-، 3 - ئايلاردا تۇرپاندا سىناق قىلىش ئارقىلىق شىنجاڭ بويىچە 164 تىجارەت پونكىتى (ئاپتونوم رايوندىكى تىجارەت پونكىتلىرىنىڭ 50 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ) تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. لېكىن 1959 - يىل 4 - ئايدا مەركەزنىڭ «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كرېدىتنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى قارار» ى تارقىتىلغاندىن كېيىن، تىجارەت پونكىتلىرى يەنە قايتۇرۇۋېلىندى. بانكا ئاپپاراتلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش جەريانىدا ئۈچنى (ھېساباتنى، رەسمىيەتنى، مالىيىنى) ئېنىقلىۋالدى ۋە ئۈچ تەرەپ (بانكا، كادىرلار، گۇڭشې) رازى بولدى، ئاپپاراتلار 5 - ئايدا پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىندى.

1959 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو خەلق باش بانكىسى مەركەزنىڭ «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كرېدىت باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى قارار» ىغا ئاساسەن، ھەر قايسى جايلاردا ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنى قۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. 6 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردا ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنى قۇرۇشتا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) يېزا خەلق گۇڭشېلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، باشقۇرۇش رايونلىرىدا (ئىلگىرىكى يېزىغا تەڭ) ئامانەت - قەرز بۆلۈملىرىنى قۇرسا ياكى ئىلگىرىكى ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنى ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرى قىلىپ ئۆزگەرتسە بولىدۇ. ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، باشقۇرۇش رايونىنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولۇپ، ئۆزىگە قاراشلىق رايون ئىچىدىكى ئامانەت پۇل، قەرز پۇل كەسپىنى بىر تۇتاش بېجىرسە بولىدۇ ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە مۇلازىمەت پونكىتى قۇرسا بولىدۇ؛ (2) ئامانەت قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، باشقۇرۇش رايونلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەبلەغ تەشكىللەپ ۋە تەڭشەپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ (3) ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرى تىجارەت قىلغاندا، چوقۇم بىرلا ۋاقىتتا گۇڭشې ئامانەت - قەرز بۆلۈملىرىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. 1959 - يىل 9 - ئايغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە %90 تىن كۆپرەك ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى 1837 ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈمىگە ئۆزگەرتىلدى.

1960 - يىلى ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىدە ساقلانغان مۇنداق مەسىلىلەر ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى: (1) ئىلگىرىكى ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ بىر يۈرۈش دېموكراتىك باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، چوڭ ئەترەتنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە بولدى، ئىلگىرىكى ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىدىكى ئەزالار قۇرۇلتىيى، مۇدىرىيەت، ۋاقىتلىق مۇدىرىيەت قاتارلىق ئاپپاراتلار ئۆزلۈكىدىن يوقالدى، ھالبۇكى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى بولسا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالدىراشلىقىدا ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ خىزمىتىنى تۇتالمىدى؛ (2) ئىلگىرىكى ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ تەشكىلىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرۇشقا بانكا مەسئۇل بولاتتى، زىيىنىغا بانكا قوشۇمچە ياردەم بېرەتتى، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بىر يۈرۈش بىۋاسىتە قاراشلىق ئامانەت - قەرز ھەمكارلىق تارماقلىرى قاتلاممۇ - قاتلام تۇتاتتى. ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن بۇ ئاپپاراتلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قوشۇۋېتىلدى. رەھبەرلىك بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى، مالىيە ھېساباتلىرى ئېغىر ھالدا قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بەزى ھېسابلار بىر يىلغىچە خاتىرىلەنمىدى، خىيانەتچىلىك، يۆتكەپ ئىشلىتىش ئەھۋاللىرى ئۆزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇردى؛ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغىلى بولمىدى. (3) بەزى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ

ئەترەتلىرى ۋە باشقۇرۇش رايونلىرىنىڭ كادىرلىرى ئامانەت ـ قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنىڭ مەبلىغىنى خالىغانچە ئىگىلىۋېلىپ، نورما ئاشلىقى، يىللىق تەقسىمات ۋە تۆلەپ قايتۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلەتتى.

1961 ـ يىلى جايلار ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە ئاساسەن، ئامانەت ـ قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەرتىپكە سالدى. بىر قىسىم جايلار ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. 1962 ـ يىلدىن ئېتىبارەن ئامانەت ـ قەرز شۆبە بۆلۈملىرى تەدرىجىي ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1963 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق شۆبە بانكىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىغا دائىر بىر نەچچە مەسىلە ھەققىدىكى بەلگىلىمە، (سىناق لايىھە) سىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا مۇناسىۋەتلىك لايىھىگە تولۇقلىما پىكىر» نى تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ يېزا خەلقىنىڭ مەبلەغ ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئىكەنلىكى، دۆلەت بانكىسىنىڭ ياردەمچىسى شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم تەشكىلىي قىسمى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، تولۇقلىما پىكىرنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولدى:

(1) لايىھەدە: «خەلق گۇڭشېسىنىڭ دائىرىسى بويىچە ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى تەسىس قىلىنىشى، ئىقتىسادىي رايونلار بويىچە بازارلاردا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى تەسىس قىلىنىشى بولىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ياكى بىر نەچچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دائىرىسى ئىچىدە ئامانەت ـ قەرز پونكىتى تەسىس قىلىنىشى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شىنجاڭدا ئاساسەن ئىلگىرىكى يېزىلار بويىچە ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى تەسىس قىلىنىپ، بىر ياكى ئىككى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دائىرىسى ئىچىدە ئامانەت ـ قەرز پونكىتى تەسىس قىلىش لازىم.

(2) لايىھەدە: «قەرز پۇل پىلانى خەلق بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتۈشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەن، شىنجاڭدا: ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇل پىلانى خەلق بانكىسىغا يوللاپ تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

(3) لايىھەدە: «ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ مەبلىغىدە ھەققەتەن ئېشىنچە بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە بىر قىسىم قىسقا مۇددەتلىك ئوبوروت قىلىنىدىغان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى تارقىتىشقا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئەمما شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ قەرز پۇل ئېھتىياجى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدۇ، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقاتمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

(4) ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان كادىرلىرىنى ناھىيىلىك خەلق بانكىلىرى باشقۇرىدۇ.

(5) لايىھەدە: «ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بانكىنىڭ يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن سەل ـ پەل يۇقىرى بولسا بولىدۇ، ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتلىرى بىر ئۆسۈم دەرىجىسىنى بەلگىلىسە، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى شۇ دەرىجە دائىرىسى ئىچىدە كونكرېت بېكىتسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شىنجاڭدا: ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى %5.4 تىن %7.2 ئىچىدە ئىگىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

(6) لايىھەدە: «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ پايدا ئېشىنچىسىنى تەقسىملەش نىسبىتىنى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتلىرى بەلگىلەيدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. شىنجاڭدا: ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ پايدا ئېشىنچىسىنىڭ 60 ـ 70 پىرسەنتى جامائەت جۇغلانمىسى قىلىنىدۇ، 15 ـ 25 پىرسەنتى پايغا تەقسىم قىلىنىدۇ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ %30 تىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئون پىرسەنتى مۇكاپات ۋە پاراۋانلىق فوندى قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا بىنائەن، خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «ئاپتونوم رايونىمىزدا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى تەرتىپكە سېلىش پىكرى ھەققىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. 1963 ـ يىلى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى تەرتىپكە سېلىش سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ مەزمۇنىغا كىرگۈزۈلۈپ، سوتسىيالىستىك تەربىيە خىزمىتى ئۆمەكلىرى بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، كۈچلەرنى بىر تۇتاش تەشكىللەپ تەرتىپكە سالدى.

1964 ـ يىلى جەمئىي 700 ئۆپچۆرىسىدىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى تەرتىپكە سېلىنىپ، شۇ يىلقى 1770 كوپېراتىپنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، دائىرىدىكى سوتسىيالىستىك تەربىيىگە بىرلەشتۈرۈپ تەرتىپكە سېلىنغىنى %30 نى، بانكىلار كەسپىي قوشۇن ئەۋەتىپ تەرتىپكە سېلىنغىنى تەخمىنەن %55 نى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى ئۆزلىرى تەرتىپكە سالغىنى %15 نى ئىگىلىدى.

1964 ـ يىلى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى جەمئىي 7 مىليون 900 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، بۇنىڭ ئىچىدە %80 تىن %90 كىچە بولغان قەرز پۇل كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا ۋە نامرات چارۋىچىلارغا بېرىلىپ، تەخمىنەن 300 مىڭ ئائىلىلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋە نامرات چارۋىچىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىلدى.

تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپ كادىرلىرىنىڭ «تۆتتە ئېنىق بولماسلىق» مەسىلىسى ئاشكارىلىنىپ چىقتى، بولۇپمۇ ئىقتىساد ئېنىق بولماسلىق مەسىلىسى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، خىيانەت قىلغانلار ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى كادىرلىرى سانىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، خىيانەت قىلغان سومما 480 مىڭ يۈەن بولغان.

تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق تەشكىل ساپلاشتى، ھېساباتلار دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى، تۈزۈم مۇكەممەللەشتى، كەسىپ راۋاجلاندى، كادىرلارنىڭ ئىستىلى ئۆزگەردى.

1966 ـ يىل 5 ـ ئايدا شۆبە بانكا كۇچا ناھىيىسىنىڭ ئالاقاغۇ گۇڭشېسىدا چوڭ ئەترەتلەر بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئامانەت ـ قەرز پونكىتى قۇرۇش، پونكىت كادىرلىرى ئارا ھەم خىزمەتچى، ھەم دېھقان بولۇشنى يولغا قويۇش، ھەر ئايدا 15 كۈندىن 20 كۈنگىچىلىك ئەمگەك قىلىش، مائاش جەھەتتە، ئەمگەك قوشۇمچە ياردىمگە مۇكاتىنى قوشۇپ بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش سىناق قىلىندى. ئارقىدىنلا خوتەن، ئاقسۇ، غۇلجا ناھىيىلىرىدىمۇ نۇقتىدا سىناق قىلىندى.

1966 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار باشقۇرۇش ۋە كادىرلار دېھقانمۇ بولۇش، ئىشچىمۇ بولۇش يولغا قويۇلدى. خىزمەتتە كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا ۋە ئاكتىپ مەدەت بېرىلدى، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا ۋە ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارنىڭ نورما ئاشلىقى ئۈچۈن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل

تارقىتىلىپ، كەمبەغەل، ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى.

1975 - يىلى 9 - ئايدا ۋە 10 - ئايدا خەلق شۇبە بانكىسى مورى ۋە ئۈچتۇرپان ناھىيىلىرىدە بۆلەكلەر بويىچە شىمالىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. يىغىندا مۇنۇلار قارار قىلىندى: بۇنىڭدىن كېيىن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئاپپاراتىنى ئەسلى قىلىشتا گۇڭشې بويىچە ئەسلى قىلىش كېرەك. ئىلگىرى بار كىچىك ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنى ئامانەت - قەرز پونكىتىغا ئۆزگەرتىش كېرەك. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ۋە بانكا تىجارەت پونكىتلىرىنى گۇڭشې بويىچە ئەسلى قىلىپ، بىرلىشىپ ئىش بېجىرىش، ئىككى ۋۇسكا ئېچىش، ئىككى يۈرۈش ھېسابات تۇرغۇزۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھېسابات قىلىش، كادىرلارنى بىر تۇتاش ئىشلىتىش كېرەك. تىجارەت ئورنى ئەسلى قىلىنغان گۇڭشېلاردا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئىككى ۋۇسكا ئېچىپ، بانكا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كېرەك. شۇ يىلدىن ئېتىبارەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 78 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان كىچىك كوپېراتىپلار تەدرىجىي قوشۇۋېتىلدى. 1980 - يىلغا كەلگەندە، 1975 - يىلدىكى 1483 كوپېراتىپ قوشۇۋېتىلىپ، 738 گە قىسقارتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە گۇڭشې دەرىجىلىك چوڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى 623، ئۇ، ئومۇمىي سانىنىڭ 84.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئۇششاق كوپېراتىپلار 15.6% كە چۈشۈپ قالدى.

1977 - يىلى 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى خەلق شۇبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق، پىچان ناھىيىسىدە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپىنى سىناق قىلىپ قۇردى. 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى پىچان ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپ رەسمىي قۇرۇلۇپ، ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ دېھقانچىلىق مەبلىغى بۆلۈمچىسى ئۇنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى قىلىندى، ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ ۋۇسكىسىغا ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ ۋۇسكىسى قوشۇپ ئېسىلدى.

ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپ ناھىيىلىك پارتكوم ۋە ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ رەھبەرلىكىدە خادىملارنى، مەبلەغنى، پايدا - زىياننى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى مۇنداق بولدى: (1) يېزىلارنىڭ ئامانەت پۇل پىلانىنى تۈزۈش، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ خىراجىتىنى باشقۇرۇش؛ (2) قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى تەقسىملەش؛ (3) كادىرلارنى يۆتكەش - سەپلەش، تەكشۈرۈش، تەربىيىلەش، مائاش، پاراۋانلىق، مۇكاپات ۋە تەربىيىلەپ - يېتىشتۈرۈش قاتارلىق كونكرېت خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش، كادىرلار ئارخىپى تۇرغۇزۇش؛ (4) مالىيىدە بىر تۇتاش ھېساباتنى يولغا قويۇش، پاي سوممىسى، جامائەت جۇغلانمىسىنى ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپقا مەركەزلەشتۈرۈش، مەبلەغنى تەڭشەش، نەقچوتنى بېجىرىش؛ (5) ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلىشىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا نازارەت ۋە ھىدايەتچىلىك قىلىش. يېزىلارغا قارىتىلغان پۇل مۇئامىلە سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ مالىيىسىگە يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش، يېزىلارنىڭ كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، جۇڭگو خەلق باش بانكىسى ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپلارنى قايتا قۇرماسلىق ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقاردى، شۇڭلاشقا ئۇ قايتا تەرەققىي قىلدۇرۇلمىدى.

1979 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت تارقاتقان «گوۋۇيۈەننىڭ جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشى» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «يېزا

ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتى، شۇنداقلا يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتى. ھازىر ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېغىر، خادىملار كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. يېزىلارنىڭ پۇل مۇئامىلە خىزمەتلىرىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىغا ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار شتات بەلگىلەپ بېرىپ، چىڭ تۇتۇپ سەپلىشى كېرەك. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كادىرلىرىنى باشقۇرۇش، سىياسىي پاراۋانلىق تەمىناتى ۋە ئوزۇقلۇق ئاشلىقى جەھەتتە بانكا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن بىردەك مۇئامىلىگە ئىگە قىلىش كېرەك».

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ جايلاردىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 1979 - يىللىق كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئەمگەك كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈردى. 11 - ئاينىڭ 27 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى: «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە قوشۇمچە يېمەكلىك باھا قوشۇمچە ياردىمى، ئىسسىنىش قوشۇمچە ياردىمى ھەمدە تۇغقان يوقلاش، دەم ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە بانكا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن ئوخشاش مۇئامىلىنى ئىجرا قىلىش» ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشنى چۈشۈردى. 1980 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يەنە ھۆججەت تارقىتىپ: «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ دەرىجىسىنى بانكا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بىلەن ئوخشاش ئۆستۈرۈش، گوۋۇيۈەن ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە ئىجرا قىلىش» نى كۆرسەتتى. 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىلەن ئەمگەك ئىدارىسى: «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىدا 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ دۆلەتنىڭ مەمۇرىي دەرىجىدىكى مائاش ئۆلچىمى يولغا قويۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاش ئۆلچىمى بىلەن بىردەك ئۆلچەم ئىجرا قىلىش» ھەققىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشنى چۈشۈردى. بۇنىڭ بىلەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتىغا ئايلاندى.

بۇ خىل يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە ناھايىتى تېزلىكتىلا نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈردى. ئاساسلىقى مۇنۇلار: (1) ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى يوق، تەشكىلىي شەكلى، كەسپىي تۈزۈمى، ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئۆسۈم نىسبىتى بەلگىلىمىسى قاتارلىق جەھەتلەر ئاساسىي جەھەتتىن بانكا بىلەن ئوخشاش بولۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلان ئىجرا قىلىندى. بەكمۇ ئۆلۈك باشقۇرۇلدى؛ (2) ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بانكىلارنىڭ بېقىندىسى قىلىۋېلىنىپ، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بىلەن بانكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مۈلۈكچىلىكنىڭ ئۇزۇن مۇددەت بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدەك تارىخىي رولى ئىنكار قىلىنىپ، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنى دۆلەت بانكىسىغا ئۆتكۈزۈشكە ئالدىراپ كېتىلدى؛ (3) ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئىقتىسادىي چارە ئارقىلىق باشقۇرۇلماي، مەمۇرىي چارە ئارقىلىق باشقۇرۇلۇپ قالدى؛ (4) ئۇزۇندىن بۇيان ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت پۇل ئۆسۈمى يۇقىرى، قەرز پۇل ئۆسۈمى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇشى بىلەن ئۆسۈمدىن ئىبارەت بۇ ئىقتىسادىي پىشاڭنىڭ رولىنىڭ جارى بولۇشى چەكلىمىگە ئۇچرىدى؛ (5) مالىيە

تۈزۈمى جەھەتتە، پايدا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا تەۋە بولدى، زىيانغا بانكا قوشۇمچە ياردەم بەردى. تىجارەت نەتىجىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتى بىلەن باغلانمىدى، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تەكشىلەنمىدى، بانكا بىلەن ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى بىر چوڭ قازاننىڭ تامىقىنى بىرلىكتە يېدى؛ (6) ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ مۇلازىمەت تور ـــ نۇقتىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى يېزىلاردىكى ئائىلە ئىگىلىكىنى ئاساس قىلغان مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋەزىيىتىنىڭ تەلىپىنى قاندۇرالمىدى، ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە، نۇقتىلىق ئائىلە ھەمدە يېڭى ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىلەرنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇل كەسپىي تەرەققىياتىغا قولايسىز بولدى. شۇڭلاشقا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدە چوقۇم ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تېمىغا ئايلىنىپ قالدى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە 833 ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ 434 ى تەرتىپكە سېلىندى. تەرتىپكە سېلىنغان ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى قىسمەن ئىسلاھات ئېلىپ باردى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. بىر ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ئومۇميۈزلۈك ئىسلاھ قىلىندى؛ 172 ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى پايى ئېنىقلىدى، يېڭىدىن 10 مىڭ 458 ئەزا قوبۇل قىلىندى؛ 79 ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلتاي ئېچىپ، دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىلىنى ئەسلىگە كەلتۈردى؛ 92 تور ـــ نۇقتا كۆپەيتىلدى.

1984 ـ يىلى 1 ـ ئايدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى سەككىز مەركىزىي تارماق بانكا ۋەكىلىنى قاتناشتۇرۇپ، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش مەزمۇن قىلىنغان سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسى» ئوتتۇرىغا قويۇلدى. لايىھىنىڭ مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت:

(1) ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ تۈپ مەقسىتى ـ ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزىدىغان، پايدا ـ زىيىنىغا ئۆزى ئىگە بولىدىغان، «ئۈچ خىل خاراكتېرى» (تەشكىلىي جەھەتتىكى ئاممىۋىلىقى، باشقۇرۇشتىكى دېموكراتىكلىقى، ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتىكى جانلىقلىقى) ئەسلىگە كەلگەن، خەلق ئارىسىدا قەرز ئېلىش، قەرز بېرىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرالايدىغان كوللېكتىپ ھەمكارلىقتىكى پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىغا ئايلاندۇرۇش، يېزىلاردا يولغا قويۇلغان مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈلگەن ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ مەبلەغنى تەشكىللەپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق، سانائەت، سودا، ترانسپورت، مۇلازىمەت قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ياخشى قوللاشتىن ئىبارەت. شىنجاڭدىكى تىجارەت پونكىتلىرى بىلەن ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بىرلىشىپ ئىش بېجىرىۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، پائال شارائىت يارىتىپ، تەدرىجىي ھالدا ئايرىۋېتىش كېرەك، شارائىت ھازىرلانغان بولسا، دەرھال ئايرىۋېتىش كېرەك.

(2) ئىسلاھاتنىڭ مەزمۇنى. ① گۇڭشې ئەزالىرى ۋە كوللېكتىپنىڭ پاي قوشۇشىنى كېڭەيتىپ، خەلق باشقۇرۇش ئامىلىنى ئاشۇرۇش كېرەك. پاي سوممىسىنى ئېنىقلاش كېرەك. پاي ئېنىقلانغاندىن كېيىن، 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرىكى پاي ئۆسۈمىنى تولۇقلاپ تارقىتىشقا مۇمكىن بولمىسا، تەشۋىق قىلىش، چۈشەندۈرۈش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ پاي سوممىسىنىڭ پايدا

تەقسىملەش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، پاي ئۆسۈمى قايتا بېرىلمەيدۇ. ② دېموكراتىك باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، ئامماننىڭ نازارىتى كۈچەيتىلىدۇ. ③ كەسىپ جانلاندۇرۇلۇپ، خەلق ئارىسىدىكى قەرزنىڭ رولى تەدرىجىي جارى قىلدۇرۇلىدۇ. ④ مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرۇپ، مۇستەقىل ھېسابات يۈرگۈزۈپ، تەدرىجىي پايدا - زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. ⑤ ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تۇرغۇزۇلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. ⑥ ھېساباتلار ئېنىقلىنىپ، مالىيە، بوغالتىرلىق، باشقۇرۇش تۈزۈملىرى تۇرغۇزۇلىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدۇ. ⑦ ئاپپارات قۇرۇلۇشىدا پرىنسىپ جەھەتتە ئىلگىرىكى گۇڭشېنى ھېسابات بىرلىكى قىلىش تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنىدۇ. تۈۋەندە ئامانەت - قەرز شۆبە كوپېراتىپى ياكى پونكىت تەسىس قىلىشقا بولىدۇ. ⑧ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەمىناتى جەھەتتە، 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا رويخەتتە بار بولغان رەسمىي مۇقىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تەمىناتى بانكىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغانلار شەھەر - بازار نوپۇسىغا ئۆزگەرتىلمەيدۇ، تاۋار ئاشلىقى يېمەيدۇ، مۇقىم مائاش بېرىلمەيدۇ، قوبۇل قىلىشقىمۇ بولىدىغان، چېكىندۇرۇشكىمۇ بولىدىغان توختاملىق ئىشچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، ئاساسىي مائاشىغا تۇراقسىز مائاشنى قوشۇش چارىسىنى قوللىنىپ، كەسپىي مىقدارىغا باغلاپ مائاش ھېسابلىنىدۇ.

(3) ئىسلاھاتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى. 1983 - يىلى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى مۇستەھكەملەش ۋە كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك؛ كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ قىسمەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان كوپېراتىپلار تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەزمۇنىدىكى تۆرلۈك تەلەپلەر بويىچە، نېمە كەم بولسا، شۇنى تولۇقلاش روھىغا ئاساسەن، مۇشۇ يىل ئىچىدە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنداش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك؛ تەرتىپكە سېلىنمىغان كوپېراتىپلار 1984 - يىل ئىچىدە «ئۈچ خىل خاراكتېر» نى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئورۇنداپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىسلاھات ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش لازىم؛ قالغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى 1985-يىل ئىچىدە ئورۇنداش كېرەك.

(4) تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى. ئىسلاھاتتا رەسمىيەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، ئىسلاھات ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى ئۆلچەملەر بويىچە بىر تۇتاش تەشكىللەپ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنىدۇ.

① تۈتلىشىش ئۆلچىمى بويىچە رەھبەرلىك بەنزىسى كۈچەيتىلگەن بولۇش.

② پاي سوممىسى تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان، پاي ئۆسۈمى تولۇقلاپ بېرىلگەن، يېشى 18 گە توشقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلار كوپېراتىپقا كىرگەن بولۇش؛

③ دېموكراتىك باشقۇرۇش تەشكىللىرى مۇكەممەللەشكەن، پائالىيەتلىرى نورمال قانات يايدۇرالايدىغان بولۇش؛

④ كەسپىي تىجارەت جانلانغان، يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىغا ياردەم بېرىش جەھەتتە خېلى ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇش؛

⑤ ئاساسىي قاتلاملارنى تولۇقلىغان، تور - نۇقتىلارنى كۆپەيتىپ قۇرغان بولۇش؛

⑥ مالىيە، بوغالتىرلىق تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشكەن، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەت ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان بولۇش.

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتىنى مەركىزىي تارماق بانكا، ناھىيىلىك، شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى تەشكىللەيدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا ئارىلاپ تەكشۈرىدۇ، لاياقەتسىز بولغانلارغا دەرس تولۇقلىنىدۇ. تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش خىزمىتى 1985 ـ يىل ئىچىدە ئورۇندىلىدۇ.

1984 ـ يىل 5 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئۈچۈن، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى مىجۈەن ناھىيىسىگە ئەۋەتىپ ناھىيىلىك ئامانەت ـ قەرز بىرلەشمە كوپېراتىپىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇپ، ئامانەت ـ قەرز خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ ئاپپاراتى ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە بولدى، ئەزالار قۇرۇلتىيى تۈزۈمى يولغا قويۇلمىدى. ناھىيىلىك تارماق بانكىغا ناھىيىلىك ئامانەت ـ قەرز بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ ۋەزىپىسى قوشۇپ بېرىلدى، ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشلىقى ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ مۇدىرلىقىنى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالدى، ناھىيىلىك ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى بۆلۈمچىسى ناھىيىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى بولدى.

1985 ـ يىل 6 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يەنە بىر قېتىم شىنجاڭ بويىچە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش چارىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلدى.

1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان ئامانەت قەرز كوپېراتىپى 754 كە يېتىپ، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ئومۇمىي سانىنىڭ 88.16 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىنغىنى 435 بولۇپ، تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان كوپېراتىپ سانىنىڭ 58.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تۈزۈلمە ئىسلاھاتى جەريانىدا، جايلاردىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى زور كۈچ بىلەن پايىنى كېڭەيتتى ھەمدە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، پونكىتى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى پونكىتىدىن 2172 نى تەسىس قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ يىل ئامانەت ـ قەرز ئورنى تارىختىن بۇيان ئەڭ كۆپ قۇرۇلغان بىر يىل بولدى. ئەزالارنىڭ پاي ئومۇمىي سوممىسى 15 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشتىن ئىلگىرىكى 1982 ـ يىلدىكى 6 مىليون 790 مىڭ يۈەنگە سېلىشتۇرغاندا، 8 مىليون 420 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، %124 ئاشتى. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ «ئۈچ خىل خاراكتېرى» خېلى زور دەرىجىدە كۈچەيدى، تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرى مۇكەممەللەشتى، تىجارەت ئۈنۈمى ئۆستى. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ پايدا زىيىنىنى ئۆز ئارا بالانس قىلغاندىن كېيىن، ساپ پايدا 7 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 ـ يىلدىكى 4 مىليون 450 مىڭ يۈەن ساپ پايدىغا سېلىشتۇرغاندا، 2 مىليون 640 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

تۆۋەندە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئەھۋالىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى قوشۇمچە قىلىندى.

## ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئەھۋالىغا دائىر ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 2 ـ 13 (1)

| | تۈرلەر | بىرلىكى | 1952 | 1953 | 1954 | 1955 | 1956 | 1957 | 1958 | 1959 | 1960 | 1961 | 1962 | 1963 | 1964 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئاپپاراتلار | گۇڭشې ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى | | | | | | | | | | | | | 362 | 361 |
| | ئەترەتلەر بىرلەشمە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى | | | | | | | | | | | | | 566 | 567 |
| | چوڭ ئەترەت ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى | | | | | | | | | | | | | 888 | 888 |
| | ئامانەت ـ قەرز گۇرۇپپىلىرى | | 3 | 9 | 24 | | | | | | | | | | |
| | رايونلۇق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى | | | | | | | | | | | | | | |
| | يېزىلىق ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى | | 5 | 10 | 460 | 1624 | 2122 | | 1788 | 1837 | | | | | |
| | كەنتلەر بىرلەشمە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى | | | | | | | | | | | | | | |
| | جەمئىي | | 8 | 19 | 484 | 1624 | 2122 | | 1788 | 1837 | | | | 1816 | 1770 |

(1 - جەدۋەل داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | | | | | | | | | | | ئامانەت - قەرز شۆبە كوپېراتىپى | مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئاپپاراتلار |
| 1419 | 2056 | | | | | | | | | | | | | ئامانەت - قەرز پونكىتى | |
| | | | | | | | | | | | | | | پوچتىلار پۇل ئامانەتى پونكىتى | |
| 1419 | 2056 | | | | | | | | | | | | | جەمئىي | |
| 2504 | 2397 | | | | 1971 | | | | | | | | | ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان ئىشچى - خىزمەتچى | |
| 1451 | 2031 | | | | 18 | | | | | | | | | ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان ئىشچى - خىزمەتچى | |
| 1154 | 1352 | | | | | | | | | | | | | پايدا ئېشىنچىسى بار كوپېراتىپ | مۇشۇ يىللىق پايدا - زىيان |
| 1186 | 1981 | | | | | | | | | | | | مىڭ يۈەن | پايدا ئېشىنچىسى سوممىسى | |
| 541 | 368 | | | | | | | | | | | | | زىيان تارتقان كوپېراتىپ | |
| 250 | 444 | | | | | | | | | | | | مىڭ يۈەن | زىيان سوممىسى | |
| 6647 | 6642 | | | | | | | 3585 | 2280 | 555 | 21 | 9 | مىڭ يۈەن | پاي سوممىسى | |
| 2860 | 3717 | | | | | | | | | | | | مىڭ يۈەن | جامائەت فوندى | |
| | | | | | | | | | | | | | مىڭ يۈەن | بۇنىڭ ئىچىدە: مۇقىم مۈلۈك مەبلىغى | |
| | | | | | | | | | | | | | مىڭ يۈەن | مەخسۇس فوندى (جۇغلىنىش پاراۋانلىق فوندى) | |

(2)

| | تۈرلەر | بىرلىكى | 1965 | 1966 | 1967 | 1968 | 1969 | 1970 | 1971 | 1972 | 1973 | 1974 | 1975 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئاپپاراتلار | كۆزئىشى ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى | | | 358 | | 322 | 320 | 373 | 294 | 356 | 439 | 325 | 364 |
| | ئەترەتلەربىرلەشمە ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى | | | 290 | | | | | 617 | 567 | 596 | 749 | 692 |
| | چوڭ ئەترەت ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى | | | 567 | | 955 | 982 | 896 | 605 | 606 | 451 | 409 | 402 |
| | ئامانەت - قەرز گۇرۇپپىلىرى | | | | | | | | | | | | |
| | رايونلۇق ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى | | | | | | | | | | | | |
| | يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى | | | | | | | | | | | | |
| | كەنتلەر بىرلەشمە ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى | | | | | | | | | | | | |
| | جەمئىي | | 1738 | 1315 | | 1275 | 1302 | 1269 | 1516 | 1529 | 1486 | 1483 | 1458 |
| مۇستەقىل ھېسابات قىلمايدىغان ئاپپاراتلار | ئامانەت - قەرز شۆبە كوپىراتىپى | | | | | | | | | 209 | 83 | 142 | 218 |
| | ئامانەت - قەرز پونكىتى | | 648 | 1086 | | 953 | 952 | 508 | 523 | 324 | 289 | 120 | 106 |
| | پۇقرالار پۇل ئامانىتى پونكىتى | | | | | | | | | | | | |
| | جەمئىي | | 648 | 1086 | | 953 | 952 | 508 | 523 | 533 | 372 | 262 | 324 |

(2 ـ نىڭ داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان ئىشچى ـ خىزمەتچى | | | 2742 | 2320 | | 2294 | 2311 | 2249 | 2169 | 2451 | 2531 | 2599 | 2762 |
| ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان ئىشچى ـ خىزمەتچى | | | 1244 | 1094 | | 963 | 1068 | 515 | 627 | 504 | 399 | 201 | 232 |
| پىلنىش پايدا ـ زىيان | پايدا ئېشىنچىسى بار كوپېراتىپ | | 1180 | 896 | | 988 | 906 | 995 | 1113 | 841 | 983 | 881 | 851 |
| | پايدا ئېشىنچىسى سوممىسى | مىڭ يۈەن | 1158 | 1420 | | 1838 | 1694 | 2007 | 1877 | 1088 | 1289 | 1268 | 1336 |
| | زىيان تارتقان كوپېراتىپ | | 499 | 384 | | 289 | 396 | 274 | 403 | 688 | 503 | 596 | 607 |
| | زىيان سوممىسى | مىڭ يۈەن | 147 | 1540 | | 136 | 207 | 117 | 157 | 268 | 242 | 341 | 356 |
| پاي سوممىسى | | مىڭ يۈەن | 6495 | 6894 | | 6466 | 6504 | 6453 | 6853 | 6920 | 6923 | 6908 | 6978 |
| جامائەت فوندى | | مىڭ يۈەن | 3934 | 4371 | | 5035 | 5035 | 8076 | 13195 | 15938 | 9066 | 10320 | 12755 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مۇقىم مۈلۈك مەبلىغى | | | | | | | | 662 | 579 | 744 | 822 | .753 | 2766 |
| مەخسۇس فوندى (جۇغلىنىدىن پاراۋانلىق فوندى) | | | | 1023 | | 1042 | 1293 | 1419 | 1677 | 1807 | 1931 | 2175 | 2622 |

(3)

| | تۈرلەر | بىر-لىكى | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئاپپاراتلار | گۇڭشې ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى | | 452 | 555 | 600 | 622 | 623 | 602 | 611 | 605 | 615 | |
| | ئىترەتلەربىرلەشمەئامانەت-قەرز كوپېراتىپى | | 492 | 139 | 55 | 33 | 20 | 110 | 111 | 113 | 15 | |
| | چوڭ ئىترەت ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى | | 212 | 113 | 60 | 40 | 95 | 41 | 48 | 115 | 188 | |
| | ئامانەت - قەرز گۇرۇپپىلىرى | | | | | | | | | | | |
| | رايونلۇق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى | | | | | | | | | | | 12 |
| | يېزىلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى | | | | | | | | | | | 654 |
| | كەنتلەربىرلەشمەئامانەت-قەرز كوپېراتىپى | | | | | | | | | | | 179 |
| | جەمئىي | | 1156 | 807 | 715 | 695 | 738 | 753 | 770 | 833 | 818 | 845 |
| مۇستەقىل ھېساباتقىلمايدىغان ئاپپاراتلار | ئامانەت - قەرز شۆبەكوپېراتىپى | | 291 | 741 | 704 | 1208 | 1224 | 2050 | 2030 | 2020 | 2034 | 2072 |
| | ئامانەت - قەرز پونكىتى | | 156 | 314 | 332 | 38 | 53 | 56 | 35 | 68 | 67 | 75 |
| | پۇقرالار پۇل ئامانىتى پونكىتى | | | | | | | | 19 | 25 | 50 | 25 |
| | جەمئىي | | 447 | 1055 | 1036 | 1246 | 1277 | 2106 | 2084 | 2113 | 2151 | 2172 |

(3 ـ نساق داۋامى)

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان ئىشچى - خىزمەتچى | | | 3169 | 3854 | 4257 | 4595 | 4665 | 4709 | 4705 | 4745 | 4840 | 4788 |
| ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان ئىشچى - خىزمەتچى | | | 105 | 74 | 59 | 38 | 53 | 58 | 61 | 69 | 79 | 88 |
| پايدا ئېلىنچىسى بار كوپېراتىپ | زىيان - پايدا بىللىق [illegible] | | 724 | 552 | 439 | 511 | 549 | 521 | 623 | 682 | 578 | 647 |
| پايدا ئېلىنچىسى سوممىسى | | مىلاق يۈەن | 1339 | 1427 | 1273 | 2292 | 3563 | 3497 | 4789 | 5498 | 4397 | 7770 |
| زىيان تارتقان كوپېراتىپ | | | 432 | 255 | 276 | 184 | 189 | 232 | 147 | 151 | 240 | 171 |
| زىيان سوممىسى | | مىلاق يۈەن | 300 | 299 | 418 | 298 | 439 | 648 | 336 | 327 | 1430 | 681 |
| پاي سوممىسى | | مىلاق يۈەن | 6910 | 6906 | 6899 | 6840 | 6853 | 6794 | 6788 | 6847 | 12136 | 15214 |
| جامائەت فوندى | | مىلاق يۈەن | 14379 | 17023 | 19233 | 18990 | 21092 | 19463 | 21313 | 25025 | 22214 | 22870 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مۇقىم مۈلۈك مەبلىغى | | مىلاق يۈەن | 1328 | 1702 | | 2664 | 3500 | 4896 | 5952 | 6725 | 7736 | 9290 |
| مەخسۇس فوندى (جۇملىدىن پاراۋانلىق فوندى) | | مىلاق يۈەن | 2878 | 3276 | 3660 | 3742 | 3881 | 4415 | 4592 | 5349 | 7331 | 10615 |

# ئۈچىنچى قىسىم

# پۇل ئوبوروتى ۋە ئۆسۈم نىسبىتى

[illegible]

## ئۈچىنچى قىسىم

# پۇل ئوبوروتى ۋە ئۆسۇم نىسبىتى

## I باب

## پۇل ئوبوروتى

### § 1 . پۇل تۇزۇمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت پۇل پاخاللىقىنى تۈگىتىش ۋە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەم راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىگە دۇچ كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن پۇل تۈزۈمىنى تېزدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى مۇقىملاشتۇرۇش لازىم ئىدى: ئۇ چاغدا شىنجاڭدا كۈمۈش دوللار پۇلى ۋە ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چىكىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يەرلىك پۇل ئوبوروت قىلىنىۋاتاتتى. كۈمۈش دوللار پۇلى ئاساسلىق ئۈرۈمچى، قاراشەھەر، ئاقسۇ، يەكەن، قەشقەر، خوتەن، قۇمۇلدىن ئىبارەت يەتتە ۋىلايەتتە؛ ئۆچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايەتتە ئوبوروت قىلىناتتى. بۇ ئىككى خىل پۇلنىڭ ئۆز سىستېمىسى بولۇپ، ئۆز ئارا ئوبوروت قىلىنمايتتى، ئېگىشلىمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يېزىلاردا يەنە تەڭگە ئىشلىتىلەتتى، قىسمەن رايونلاردا يامبۇ، چارروسىيە تىللاسى، ھىندىستان تىللاسى ئوبوروت قىلىناتتى. شەھەر - يېزىلاردا يەنە «مالغا مال ئېگىشىش»، «مال ئارقىلىق سۇندۇرۇپ ھېسابلاش» قاتارلىق كۆپ خىل سودا شەكلى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىدى.

شىنجاڭنىڭ پۇل ئوبوروتى ئەمەلىيىتىگە، كۆپ مىللەتلىك، چېگرا رايون قاتارلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت «ئېھتىياتچان بولۇش، سالماق ھالدا ئىلگىرىلەش»، «كەسىپنى ئاساس مەمۇرىيەتنى قوشۇمچە قىلىش، ئاكتىپ قولغا كەلتۈرۈش، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىنى قوللىنىلىپ، پۇل پاخاللىقىنى تىزگىنلەش بىلەن پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلدى. قەدەم - باسقۇچ جەھەتتە، ئۆلكە ئىچىدىكى پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە خەلق پۇلى ئوبوروت قىلىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنۈپ، شىنجاڭ بىلەن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پۇل تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئىلگىرى

سۈرۈلدى.

## 1. كومۇش دوللار پۇلى بىر تۇتاش ئوبوروت قىلىنىپ، ئۆلكە ئىچىدىكى پۇل تۈزۈمى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى

1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى چۇ ۋۇ بىلەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، مالىيە نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بەي ۋېنيۇ بۇيرۇققا بىنائەن جيۇچۇەنگە بېرىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش قوماندانى پېڭ دېخۇەيگە شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى. مۇئاۋىن باش قوماندان پېڭ دېخۇەينىڭ يوليورۇقى بويىچە، شىنجاڭدا كومۇش دوللار پۇلى داۋاملىق ئىشلىتىلىپ، ۋاقىتىنچە خەلق پۇلى تارقىتىلمايدىغان بولدى. شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى يەنمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنۇلارنى ئېنىق بىلدۈردى: شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون، تىنچ يول بىلەن ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرىلا يەرلىك پۇل شىنجاڭ كومۇش دوللار پۇلى ئىشلىتىلگەن، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق قورچاق پۇل رايونلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، شىنجاڭدا ۋاقىتىنچە كومۇش دوللار پۇلى ئوبوروت قىلىش لازىم. بىر مەزگىل ئاكتىپ تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، مۇۋاپىق ھالدا نىسبەت بەلگىلەپ ئاندىن كومۇش دوللار پۇلىنى يىغىۋېلىپ، خەلق پۇلىنى بىر تۇتاش ئوبوروت قىلىش لازىم. كومۇش دوللار پۇلىنىڭ قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۆلەت شىنجاڭغا لەنجۇدىن 100 مىڭ دانە تەڭگە يۆتكەپ بەردى، بۇ كومۇش دوللار پۇلى تارقىتىشنىڭ تەييارلىق فوندى قىلىندى. 11 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭغا يەنە لەنجۇدىن 100 مىڭ تاي رەخت، 50 مىڭ تاختا چاي ۋە بىر قىسىم شېكەر يۆتكەپ بېرىلدى. بۇ ئارقىلىق مال باھاسى مۇقىملىنىپ، كومۇش دوللار پۇلى خەزىنىلەشتۈرۈلدى ھەمدە پېرېۋوت ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، ماددىي ئەشيالارنىڭ ئەركىن توشۇلۇشىغا يول قويۇلدى.

1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئۈچ ۋىلايەت، يەتتە ۋىلايەتتىكى پۇل مۇئامىلىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. «قارار» دا: (1) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى بىلەن كومۇش دوللار پۇلىغا ئالدى بىلەن مۇقىم نىسبەت بەلگىلىنىپ، شىنجاڭدا تەڭ ئوبوروت قىلىنىدۇ، بىر كومۇش دوللار پۇلى 1250 دوللار ۋاقىتلىق چەككە سۇندۇرۇلىدۇ؛ (2) ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىنى تارقىتىش توختىتىلىدۇ، ئىشلىتىپ تۇرۇپ يىغىۋېلىنىدۇ. ئوبوروت قىلىش جەريانىدا، پەقەت كىرىم قىلىنىدۇ، سىرتقا چىقىرىلمايدۇ دەپ بەلگىلەندى. بۇ بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا پۈتۈن شىنجاڭغا ئېلان چىقىرىلدى. 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت ئوتتۇرىسىدا پۇل پېرېۋوت قىلىش يولغا قويۇلدى، پېرېۋوت ھەققى ئۈرۈمچىدىن ئىلىغا پېرېۋوت قىلىنسا 3%، ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە پېرېۋوت قىلىنسا 1.5% قىلىپ بەلگىلەندى. مۇشۇ تەدبىرلەر قوللىنىلغاندىن كېيىن، 1950 - يىل 10 - ئايغا كەلگەندە، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چېكىنىڭ كۆپ قىسمى يىغىۋېلىندى. 11 - ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چېكىنى تېگىشىپ بولۇشنى تەلەپ قىلدى. 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئۈچ ۋىلايەتنىڭ ۋاقىتلىق چېكىدىن جەمئىي 36 مىليارد 800 مىليون دوللار يىغىۋېلىندى ۋە تېگىشىۋېلىندى. ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى 1945 - يىلدىن 1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 39 مىليارد دوللار تارقىتىلغان، يىغىۋېلىنغىنى تارقىتىلغىنىنىڭ 94.36 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. 1951 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە پەقەت كومۇش دوللار پۇلىنىڭ ئوبوروت قىلىنىشىغىلا يول قويۇلدى.

تارىختا، شىنجاڭدا كومۇش ۋە تەڭگە ئوبوروت قىلىنىدىغان پۇل بولۇپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ

چيەنلۇڭ دەۋرىدىن باشلاپ مەركىزىي ھۆكۈمەت ۋە ئىچكىرىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلەر شىنجاڭنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرىي خىراجىتىگە كۈمۈش بەرگەن. گۇاڭشۈ دەۋرىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئۆزىدە كۈمۈش تەڭگە قۇيۇلۇپ ئوبوروت قىلىندى. 1949 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، كۈمۈش دوللار پۇلى تارقىتىلىپ، كۈمۈش تەڭگە ئۆلچەملىك پۇل قىلىندى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت بۇيرۇق چىقىرىپ، تەڭگە (كۈمۈش پۇلنىڭ بىر خىلى) ئوبوروت قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلدى. يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغان چاغدا شىنجاڭ بويىچە تەخمىنەن 4 مىليون كۈمۈش تەڭگە بار ئىدى، بۇنىڭ 60 - 70 پىرسەنتى جەنۇبىي شىنجاڭدا بولۇپ، پەقەت قەشقەر ۋىلايىتىدىلا 1 مىليون دوللار ئەتراپىدا ساقلانغان، شىمالىي شىنجاڭدىكى كۈمۈش تەڭگىنىڭ 70 پىرسەنتى ئۈرۈمچى رايونىغا مەركەزلەشكەن، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە ناھايىتى ئاز ئىدى. كۈمۈش تەڭگىنىڭ شىنجاڭ بازارلىرىنى قاپلاپ كېتىشى شىنجاڭنىڭ يامان پۇل پاخاللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇڭا كۈمۈش تەڭگە ئوبوروتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پۇل مۇئامىلىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى. خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدىكى كۈمۈش تەڭگىنىڭ كۆپ قىسمى ئامىنىڭ قولىدا تۇرغان ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، كۈمۈش تەڭگە ئوبوروت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدىغان فاڭجېنلارنى قوللاندى.

1950 - يىل 8 - ئايدا خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى كۆپ مىللەت توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا كۈمۈش تەڭگە ئىشلىتىشنى پەرقلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا مەنئى قىلىش لازىم دەپ يوليورۇق بەردى. يۇقىرىدىكى فاڭجېنغا ئاساسەن، شىنجاڭدا كۈمۈش تەڭگىنى ئىشلىتىش ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي رايونلارغا (مەسىلەن، ئۈچ ۋىلايەت بىلەن يەتتە ۋىلايەت، شەھەر بىلەن يېزا ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئوخشاش بولمىغان رايونلاردىكى ئاممىۋى ئادەتكە) ئاساسەن، پەرقلىق قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا باشقۇرۇلدى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. كۈمۈش تەڭگىنى باشقۇرۇشتىن ئۇنى ئاخىرقى ھېسابتا ئەمەلدىن قالدۇرۇشقىچە بولغان جەريان مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈندى:

(1) 1949 - يىلدىن 1950 - يىلغىچە كۈمۈش تەڭگىنى ئەركىن ئوبوروت قىلىش باسقۇچى بولدى. بۇ مەزگىلدە، ئاساسلىقى، باھانى، پۇل قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە پۇلنى چەك ئىگىلەش ئارقىلىق كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئورنى ۋە رولى ئاجىزلاشتۇرۇلدى.

1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىكىلەر مەسلىھەت كېڭىشى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە مەسىلىسىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى لايىھە» نى ماقۇللاپ، كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن كۈمۈش تەڭگىنىڭ بىۋاسىتە مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، كۈمۈش تەڭگىنىڭ قانۇنىي پۇللۇق ئورنىنى ئىنكار قىلدى. 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا، كۈمۈش تەڭگىنىڭ نەرقى بىراقلا ئۆرلەپ، بازاردا تەۋرىنىش يۈز بەردى، كۈمۈش تەڭگە ھايانكەشلىكى شامىلىنى توسۇش ئۈچۈن؛ ئۆلكىلىك سودا شىركىتى ماددىي ئەشيالارنى تۈكمە قىلىپ ساتتى. شىنجاڭ ھەربىي رايونى بانكىنى قوللاپ، تورغۇنلىغان كۈمۈش تەڭگىنى تۈكمە قىلىپ ساتتى. شۇ چاغدا قەشقەردە تۇرۇشلۇق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جەڭچىلىرىنىڭ تاماق راسخوتىدىن بانكىغا بىر قېتىمدىلا 80 مىڭ دوللار كۈمۈش تەڭگە ئاجرىتىپ بەردى. 1950 - يىل 1 - ئايدا بانكا ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان خەلق پۇل ئامانىتىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا دىرىغا، قىممىتىگە كېپىللىك قىلىنىدىغان خەلق پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلۇپ، ئامىنىڭ كۈمۈش تەڭگە ساقلىسا قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ دەيدىغان قارىشى تېزدىن ئۆزگەرتىلدى.

(2) 1951 - يىلى كۈمۈش تەڭگە ھايانكەشلىكى ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىش باسقۇچى بولدى. شۇ يىلى 1 - ئايدا ئۆلكىلىك 1 - نۆۋەتلىك مالىيە - ئىقتىساد يىغىنى ئېچىلدى، يىغىندا 1951 - يىلى «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە كۈمۈش تەڭگە ئوبوروتىنى مەنئى قىلىش، يەتتە ۋىلايەتتە ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق شەھەرلەردە نۇقتىلىق ھالدا كۈمۈش تەڭگىنى

باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىلدى. 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئەمەلىيلەشتۈرگەن «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە كۈمۈش پۇلنى باشقۇرۇشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» دە: ئۈچ ۋىلايەتتە «تۆرلۈك كۈمۈش تەڭگىلەرنى ساقلاشقا، قانۇن بويىچە ئېلىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىش» ، «باھاغا سۇندۇرۇشقا، رەسمىيلەشتۈرۈشكە، پۇل ئورنىدا شەخسلەر ئارا ئېلىپ - سېتىشقا، ئوبوروت قىلىشقا يول قويماسلىق» بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كۈمۈش دوللار پۇلنىڭ يېزىلارغا چۈشۈشىنى ئىلگىرى سۈردى: (1) ئامما ئىچىدە كۈمۈش تەڭگىنىڭ زاۋاللىقتا يۈز تۇتقانلىقى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش، ساقلاشنىڭ زىيىنى تەشۋىق قىلىندى؛ (2) ئورگانلار، قىسىملار، سودا شىركىتى ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى كىرىم - چىقىم قىلغاندا ۋە سودىلاشقاندا، كۈمۈش تەڭگە ئىشلىتىش ۋە ئېلىشنى بىردەك رەت قىلدى؛ (3) باج ئېلىش ۋە باج تاپشۇرۇشتا بىردەك كۈمۈش دوللار پۇلى ئىشلىتىلدى؛ (4) سودا شىركىتى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ يېزىلارغا چۈشۈپ مال سېتىشى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، كۈمۈش دوللار پۇلى يېزىلارغا چۈشۈرۈلدى. قانۇنلۇق سودىگەرلەر يېزىلارغا چۈشۈپ مال ساتقان ۋە سېتىۋالغاندا، يېزىلارغا كۈمۈش دوللار پۇلى ئېلىپ بېرىشقا تەشكىللەندى؛ (5) كۈمۈش تەڭگە سودىگەرلىرى تەكشۈرۈپ تۇتۇلدى ۋە باشقۇرۇلدى.

كۈمۈش تەڭگە سودىگەرلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇتۇش، كۈمۈش تەڭگىنىڭ رايونلار ئارا ئوبوروت قىلىنىشىنى مەنئى قىلىش كۈمۈش تەڭگە جەھەتتىكى قانۇنسىز ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشتە مۇھىم رول ئوينىدى. كۈمۈش تەڭگىنىڭ قانۇنسىز ئوبوروت قىلىنىشى مەنئى قىلىنغۇچە، باھا ئۆزلۈكىدىن چۈشتى. 1950 - يىلى قەشقەر قاتارلىق جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۈمۈش تەڭگە مەركەزلەشكەن بىر قانچە شەھەردە كۈمۈش تەڭگىنىڭ باھاسى ئوموملەن 30 - 40 مىڭ يۈەن ئىدى، 1951 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن كېيىن كۈمۈش تەڭگىنىڭ باھاسى 2000 - 3000 يۈەنگە چۈشتى، ھەتتا ئۇنىڭ باھاسىنى سورايدىغان ئادەملەرمۇ تۈگەپ كېتەي دەپ قالدى. 1951 - يىل 6 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى قەشقەردە تەكشۈرگەندە، كۈمۈش تەڭگە بىلەن كۈمۈش دوللار پۇلنىڭ ئوبوروت ئەھۋالىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغانلىقى، ئىلگىرى كۈمۈش تەڭگە ئارقىلىق باھا قويىدىغان سودا ئۇسۇلىنىڭ كۆپىنچىسى كۈمۈش دوللار پۇلنى قوللىنىشقا ئۆزگىرىپ، كۈمۈش تەڭگە ئوبوروت ساھەسىدىن ئاساسىي جەھەتتىن چېكىنگەنلىكى مەلۇم بولدى، 1951 - يىل 10 - ئايدا ئۇيغۇرچە يېزىق بېسىلغان خەلق پۇلى شىنجاڭدا تارقىتىلىشقا باشلاپ، شەھەر يېزىلاردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. 1951 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى كۈمۈش تەڭگە خەجلەشنى رەت قىلىدىغان بولدى، بازار باھاسى مۇقىملاشتى، ئەڭ ئاخىرىدا كۈمۈش تەڭگىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

(3) 1952 - يىلى كۈمۈش تەڭگە ئومۇمييۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ۋاقىتلىق كۈمۈش تەڭگىنى تېگىشىش باسقۇچى بولدى. شۇ يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا «ئالتۇن، كۈمۈشنى ساقلاشقا رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقى، ئامما ئۇنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئىشلىتىشكە، خۇسۇسىيلار ئارا ئېلىش - سېتىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. ئەمەلىي باشقۇرۇش جەريانىدا، كۈمۈش تەڭگىنى قاتتىق باشقۇرۇش، زىننەت بۇيۇملىرىغا كەڭچىلىك قىلىش، شەھەرلەردە قاتتىق باشقۇرۇش، يېزىلارغا كەڭچىلىك قىلىش روھى ئىجرا قىلىندى. شۇ يىلى 2 - ئايدا ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى ۋاكالىتەن ئېلىپ، ئالتۇن - كۈمۈش ۋە كۈمۈش تەڭگىنى تېگىشتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق پۇلى شىنجاڭنىڭ ئوبوروت قىلىنىدىغان بىردىنبىر قانۇنىي پۇلى بولۇپ قالدى.

1951 - يىل 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى خەلق شۆبە بانكىسىنى ئومۇمىي ئۆتكۈزۈش چىقىرىپ تەقدىرلىدى. «ئومۇمىي ئۆتكۈزۈش» تا مۇنداق دېيىلدى: «……

بانكىلار شىنجاڭدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە مالىيە ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ...... دۆلەت مالىيە - ئىقتىساد ئورگانلىرى، ھۆكۈمەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، كوپېراتىپلار كۈمۈش تەڭگە ئىشلىتىشنى رەت قىلىش، كۈمۈش تەڭگىنىڭ ئىستىقبالى يوقلۇقى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى كەڭ قانات يايدۇرۇش، كۈمۈش تەڭگىنى ھەم ۋېۋىسكا ئېسىپ تېگىشىۋالماسلىق، ھەم كۈمۈش تەڭگە بېرژابى تەسىس قىلماسلىقتەك ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ...... كۆپ مىللەتلىك رايوندا كۈمۈش تەڭگىگە زەربە بېرىش، ئاممىنىڭ ئېڭىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتەك قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى ياراتتى ...... شۇڭا شىنجاڭ شۆبە بانكىسىغا لەۋھە تەقدىم قىلىنغانىنىڭ سىرتىدا، غەربىي شىمال رايونى بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەندى.»

## 2. خەلق پۇلى بىر تۇتاش ئوبوروت قىلىنىپ، پۇل تۈزۈمىنى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى

1949 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ «ئۆلكە سىرتىغا پېرېۋوت قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تەستىقلاپ، ئۈرۈمچى بىلەن لەنجۇ، شىئەن ئارىسىدىكى پېرېۋوت يولغا قويۇلدى. 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شاڭخەي، تيەنجىن، خەنكو ۋە چاڭشادىن ئىبارەت تۆت شەھەردە پېرېۋوت نۇقتىسى كۆپەيتىلدى. 12 - ئاينىڭ 7 - كۈنىدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە پېرېۋوت قىلىنىدىغان بولۇپ، كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن خەلق پۇلى بىرلەشتۈرۈلدى. 1949 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ھەر مىللەت - ھەر ساھە مەسلىھەت يىغىنىدا «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلىسىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا لايىھە» ماقۇللاندى. ئۇنىڭدا، ئۈرۈمچى ۋە لەنجۇدىكى رەخت، چاي، شېكەر ۋە ئۇن قاتارلىق تۆت خىل تاۋارنىڭ ئاختاي باھاسىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنىڭغا لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان كىرا ھەققى، پارچە خىراجەت، باج ۋە سودا پايدىسىنى قوشۇپ، ئوتتۇرىچە باھا چىقىرىپ، بىر كۈمۈش دوللار پۇلىنى 484 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇش قارار قىلىندى. كۈمۈش دوللار پۇلىنى قوللاش ئۈچۈن، پېرېۋوت نىسبىتىدە بىر كۈمۈش دوللار پۇلىنى 500 يۈەن كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇش؛ پېرېۋوت ھەققى 2% بولۇش بەلگىلەندى. يۇقىرى پېرېۋوت نىسبىتى ۋە تۆۋەن پېرېۋوت ھەققى سىياسىتى ئورغۇلغان ماددىي ئەشيالارنىڭ شىنجاڭغا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1950 - يىل 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە ئىچكى ئۆلكىلەرگە پېرېۋوت قىلىنغان مال پۇلى كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا تەخمىنەن 10 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن؛ شۇ مەزگىلدە شىنجاڭغا كىرگەن ماددىي ئەشيا (دۆلەت يۆتكەپ بەرگەن ماددىي ئەشيا بۇنىڭ سىرتىدا) لار ئىچىدە، رەخت تەخمىنەن 75 مىڭ تايدىن كۆپ، چاي 110 مىڭ تاختىدىن كۆپ بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭدا ماددىي ئەشيا كەمچىل بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتتى.

1950 - يىل 7 - ئايدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلىسى، مال باھاسى مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى. مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى 1950 - يىل 7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتىنى 1:450؛ 1951 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 1:400؛ 1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى 1:350 قىلىپ تەڭشىدى.

1951 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە يېزىق قوشۇلغان خەلق پۇلى تارقىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى ئېلان قىلدى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭ بويىچە ئۇيغۇرچە يېزىقى بار خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كۈمۈش دوللار پۇلىنىڭ چەكلىك مۇددەت ئىچىدە تېگىشىۋېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن پۇل تۈزۈمىنى مەملىكەت بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

كۈمۈش دوللار پۇلى بىلەن خەلق پۇلىنىڭ (كونا خەلق پۇلى) تېگىشىش نىسبىتى 1:350 بولدى (يەنى

بىر كۈمۈش دوللار پۇلىغا 350 يۈەن خەلق پۇلى تېگىشىلدى) . تېگىشىش ۋاقتى 1951 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1951 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە قىلىپ بەلگىلەندى. بىراق ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، تېگىشىش ۋاقتى 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئۇزارتىلدى. تېگىشىش باشلانغاندىن كېيىن، كۈمۈش دوللار پۇلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە ئوبوروت قىلىندى. 1951 - يىل 10 - ئايدىن 1952 - يىل 1 - ئايغىچە جەمئىي 932 مىليون 288 مىڭ 58، 738 يۈەن كۈمۈش دوللار پۇلى يىغىۋېلىندى. بۇ، كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 326 مىليارد 300 مىليون يۈەن، ھازىرقى يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 32 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

## 2 §. نەق پۇل تارقىتىش ۋە خەزىنىلەشتۈرۈش

شىنجاڭنىڭ پۇل ئوبوروتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما نەق پۇل تارقىتىش ۋە ئۇنى خەزىنىلەشتۈرۈش ستاتىستىكىسى 1952 - يىلى باشلاندى. 1952 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 34 يىل جەريانىدا تارقىتىلغان نەق پۇل 5 مىليارد 150 مىليون يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 مىليون يۈەن تارقىتىلغان، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېسابتا 21.1% ئاشقان. 1954 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 32 يىل ئىچىدە نەق پۇل ئومۇمىي كىرىمى 79 مىليارد 230 مىليون يۈەن بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليارد 890 مىليون يۈەن كىرىم بولغان، كىرىم ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.1% ئاشقان؛ نەق پۇل ئومۇمىي چىقىمى 83 مىليارد 960 مىليون يۈەن بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليارد 620 مىليون يۈەن چىقىم بولغان، چىقىم ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.2% ئاشقان. شىنجاڭ پۇل سىرتقا ئاقىدىغان رايون بولۇپ، رايون ئىچىگە تارقىتىلغان پۇلنىڭ كۆپ قىسمى سىرتقا ئاققان. 1952 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 34 يىل جەريانىدا سىرتقا ئاققان پۇل جەمئىي 3 مىليارد 530 مىليون يۈەن بولۇپ، شۇ مەزگىلدە تارقىتىلغان ئومۇمىي پۇلنىڭ 68.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. نەق پۇل كىرىمى، چىقىمى يوللىرىدىن ئېيتقاندا، تاۋار سېتىشتىن بولغان نەق پۇل كىرىمىنىڭ نەق پۇل ئومۇمىي كىرىمىدە ئىگىلىگەن سالمىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سالمىقىدىن تەخمىنەن 15% ئەتراپىدا تۆۋەن بولغان. ئەمما پىرىۋوت كىرىمىنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى بولسا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سالمىقىدىن يۇقىرى بولغان. بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن يىراق بولۇشى، ئىچكى قاتناش لىنىيىسىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشنىڭ قىيىن بولۇشى ۋە كۆپ ساندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىن كېلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مائاش خاراكتېرلىك نەق پۇل چىقىمىنىڭ نەق پۇل ئومۇمىي چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سالمىقىدىن تەخمىنەن 10% - 15% يۇقىرى، ئەمما يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا چىقىم قىلىنغان نەق پۇل نىسبىتى بولسا پۈتۈن مەملىكەتنىكىدىن تۆۋەن بولغان. بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ئىشچى، خىزمەتچىلىرى كۆپ بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاھالىنىڭ 15 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن ئومۇمىي نوپۇسنىڭ نىسبىتى پۈتۈن مەملىكەتنىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەن. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تۆتتىن بىر ئەتراپىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، سېتىپ بېرىلگەن يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىغا قارىتا مېمورىئال راسچوتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەق پۇل چىقىم قىلىش نىسبىتىنى

تۈۋەنلەتكەن.

شىنجاڭنىڭ پۇل ئوبوروتى ۋە ئىقتىسادى تۈزۈلمىسى رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئومۇمەن دەسلەپكى بىرنەچچە يىلدا خەزىنىلەشتۈرۈلىدۇ، كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا تارقىتىلىدۇ؛ پۇلنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى ۋە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىشى بېشىغا تارقىتىلىش مىقدارى شىمالىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا شىنجاڭ[①] نىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا قارىغاندا يۇقىرى.

## 1. ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى (1949 - يىل 10 - ئايدىن 1952- يىلغىچە)

1949 - يىل 10 - ئايدىن 1952 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت بانكىسى شەھەر - يېزىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، بازارنى ئىگىلەش ئۈچۈن، نۇرغۇن پۇل تارقاتتى. 1950 - يىل 1 - ئايدا ئۆلكە بويىچە ئوبوروت قىلىنغان ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى 40 مىليارد دوللار، كۈمۈش دوللار پۇلى 68 مىليون 273 مىڭ دوللار بولۇپ، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 5 مىليون 14 مىڭ يۈەن بولىدۇ. 1951 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كۈمۈش دوللار پۇلى ئوبوروت قىلىنىشتىن توختىتىلغاندىن تارتىپ 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر تېگىشىۋېلىنغان كۈمۈش دوللار پۇلى جەمئىي 932 مىليون 289 مىڭ دوللار، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 32 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە 1950 - يىل 1 - ئايدىن 1951 - يىل 9 - ئايغىچە تارقىتىلغان كۈمۈش دوللار پۇلنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، 27 مىليون 616 مىڭ يۈەن. 1952 - يىلى تارقىتىلغىنى 1 مىليون 163 مىڭ يۈەن. 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە تارقىتىلغىنى جەمئىي 39 مىليون 246 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1950 - يىل 1 - ئايدىكى ئوبوروت مىقدارىنىڭ 7.83 ھەسسىسىنى تەشكىل قىلغان.

## 2. 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە)

1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بولغان بەش يىلدا 111 مىليون 430 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22 مىليون 286 مىڭ يۈەن تارقىتىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە، 1955 - ۋە 1956 - يىللىرى پۇلنىڭ تارقىتىلىشىدا چوڭ ئۆزگىرىش، چوڭ ئېقىش كۆرۈلگەن. 1953 - يىلى تارقىتىلغان پۇل 21 مىليون 670 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1952 - يىلىغا قارىغاندا %86.3 كۆپەيگەن. بۇ يىلى شىنجاڭ ھەربىي رايون كوپىراتىپى بازاردىن چېكىنگەنلىكى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ دەرھال ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمىغانلىقى ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ماددىي ئەشيالار شەھەر، لەنجۇ ۋە جيۇچۇەنلەردە بېسىلىپ قېلىپ، شىنجاڭغا كىرەلمىگەنلىكتىن، بازارنى تەمىنلەش جىددىيلىشىپ، پۇلنىڭ خەزىنىلىشىشىگە تەسىر يەتكەن. 1955 - يىلى دۆلەت پۇل تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، يېڭى خەلق پۇلى تارقاتتى. يۇقىرىلار پۇل ئالماشتى ۋە تاۋار سېتىش ئارقىلىق، خەزىنىلەشكەن پۇل كۆپەيدى. شۇ يىلى 54 مىليون 890 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ، كونا خەلق پۇلى (ھازىرقى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا) دىن 51 مىليون 850 مىڭ يۈەن تېگىشىۋېلىندى. ئەمەلىي تارقىتىلغىنى 3 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1954 - يىلدىكىگە قارىغاندا %75.81 ئاز تارقىتىلدى. 1956 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك

① ئوتتۇرا شىنجاڭ ئاساسلىقى، ھازىرقى قومۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىرى، ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى ئوبلاستى ۋە قاراماينى كۆرسىتىدۇ.

ئۆزگەرتىش ئورۇندىلىپ، ماتاش خاراكتېرلىك چىقىم ۋە مەمۇرىي باشقۇرۇش چىقىمى زور ھەجىمدە ئېشىپ كەتتى، يېزىلارغا كرېدىت ئارقىلىق تارقىتىلغان پۇل كۆپەيدى (1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى 27 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1955 - يىلدىكىنىڭ 3.43 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى) . شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزدا تۆنجى قېتىم پۇل ئالاھىدە كۆپ تارقىتىلىپ كەتتى، تارقىتىلغان پۇل 61 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بەش يىل ئىچىدە تارقىتىلغان ئومۇمىي سومما 111 مىليون 430 مىڭ يۈەننىڭ 54.75 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، بازارنى تاۋار بىلەن تەمىنلەش قىس بولۇپ ئېغىر دەرىجىدە تاۋار ئۆكسۈپ قالدى.

كاپىتالىستىك سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇندالغاندىن كېيىن، بازارنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ئىگىلەپ، ئىجتىمائىي تاۋارلارنى پارچە سېتىشتىن بولغان نەق پۇل كىرىمى ئاساسىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي بانكا ئارقىلىق بولىدىغان بولدى. شۇڭا بۇ مەزگىلدە نەق پۇل كىرىمى بىر قەدەر تېز ئاشتى، 1954 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە تاۋار سېتىشتىن قىلىنغان نەق پۇل كىرىمى يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %41.9 تىن ئېشىپ باردى.

## 3. 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1958 - يىلدىن - 1962 - يىلغىچە)

1958 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» يۈز بېرىپ، بانكا پىرىنسىپ، تۈزۈملەرنى قايرىپ قويۇپ، مەبلەغ بىلەن كەڭ - كۇشادە تەمىنلىدى. كرېدىت تېزگىندىن چىقىپ كەتتى. 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە 228 مىليون 110 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 45 مىليون 620 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلىپ، پۇلنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىنىڭ 2.05 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1958 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە جەمئىي 219 مىليون 310 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 54 مىليون 830 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلدى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %66.9 ئاشتى. شۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىشى %13.8 بولۇپ، پۇل تارقىتىشنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ ئاران 20.63 پىرسەنتىگە توغرا كېلىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە پۇل تۇنجى قېتىم ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ تارقىتىلغان مەزگىل بولدى. تارقىتىلغان پۇل ئاساسلىقى، قۇمۇلدىن ئارتىپ قارامايغىچە بولغان لىنىيىدىكى شەھەر ۋە سانائەت - كان رايونلىرى قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلدى. مۇشۇ جايلارغا تارقىتىلغان پۇل 1958 - يىلى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىلغان ئومۇمىي پۇلنىڭ 24.1 پىرسەنتىنى، 1959 - يىلى 56.05 پىرسەنتىنى، 1960 - يىلى 69.65 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كۆپەيتىلگەن قەرز پۇلدىن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تاۋار ئوبوروتىنىڭ نورمال ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى %34.5 نى، مالىيە خاراكتېرلىك سەپلىمە چىقىم (مال - مۈلۈك زىيىنى ئۈچۈن ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلىدىغان قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۈچۈن ئىشلىتىلگىنى %28.9 نى، بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا ئىگىلىگەن قىسمى %36.6 نى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈپ ئىشلىتىلگەنلىرىدىن بولسىمۇ ئىشلىتىشكە بولىدىغان مەبلەغ مەنبەسىدە بولسا، كرېدىتتىن مالىيىگە ۋاكالىتەن سەپلىنىدىغان چىقىم ۋە كارخانا قەرز پۇلى كۆپەيگەندىن كېيىن كېلىپ چىققان مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل %29.1 نى، جەلپ قىلىنغان يېزىلار ئامانەت پۇلى ۋە شەھەر - بازارلاردىكى پۇقرالار ئامانەت پۇلى %22.8 نى، مالىيىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن كرېدىت فوندى ۋە بانكىنىڭ پايدىنى بۆغقاندا قالدۇرغان پىرسەنتى قاتارلىقلار %20.9 نى؛ مەبلەغ مەنبەسى بولمىغان، پۇل تارقىتىشقا ئېھتىياجلىق بولغىنى %27.2 نى ئىگىلىدى، بۇنىڭ جەمئىي سوممىسى 216 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولدى.

1962 ـ يىلى خەلق ئىگىلىكىنى «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت ئۆت سۆزلۈك فاڭجېن ئىجرا قىلىندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ «بانكا خىزمىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، پۇل تارقىتىشنى قاتتىق كونترول قىلىش توغرىسىدىكى قارار» ى قەتئىي ئىجرا قىلىندى، پىلانغا رىئايە قىلىپ، ئۆتكەل ئىگىلىنىپ، پۇل چىڭ باشقۇرۇلدى. شۇ يىلى تارقىتىلغان پۇل 8 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1961 ـ يىلدىكىسىنىڭ ئاران 12.52 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بانكا قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1961 ـ يىلنىڭ يىل ئاخىرىدىكىسىدىن 280 مىليون 980 مىڭ يۈەن ئازلىدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىخچاملىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 224 مىڭ ئادەم كېمەيگەنلىكتىن، مائاش چىقىمى ئومۇمىي سوممىسى 79 مىليون 360 مىڭ يۈەن ئازايدى.

## 4. ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى (1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە)

1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تېزدىن ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن ئۈدا ئۈچ يىل مول ھوسۇل ئېلىندى، بازارنى تەمىنلەش كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، پۇلنىڭ تارقىتىلىشى نەق پۇل چىقىمىنىڭ كۆپىيىش ھەجمى بىر قەدەر زور بولغان ئەھۋال ئاستىدا نورماللىشىشقا يۈزلەندى. ئۈچ يىل ئىچىدە 80 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 26 مىليون 690 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلدى. شۇ مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 300 مىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچى كۆپىيىپ، مائاش ئومۇمىي سوممىسى 114 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بازارنى تەمىنلەش نورماللاشتى. كرېدىت ئارقىلىق پۇل يىغىۋېلىش ياخشىلاندى. 1965 ـ يىلى شەھەر ـ يېزىلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى 1962 ـ يىلدىكىدىن 78.9%، 126 مىليون 250 مىڭ يۈەن ئاشتى، 1964 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاكالىتەن باسقان ئۈچ خىل پۇل تېگىشىۋېلىنغانلىقتىن، تەخمىنەن 30 مىليون يۈەن تىنما پۇل خەزىنىلەشتى.

## 5. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى (1966 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە)

1966 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە خەلق ئىگىلىكىنىڭ 3 ـ ۋە 4 ـ بەش يىللىق پىلانى مەزگىلى ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ، ئىلگىرىلىيەلمىدى. پۇلنىڭ تارقىتىلىشى بولسا زور ھەجىمدە ئېشىپ كەتتى. ئون يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 1 مىليارد 72 مىليون 110 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 107 مىليون 210 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلدى، پۇلنىڭ ھەر يىلى ئوتتۇرىچە تارقىتىلىشى 13.9% تىن ئاشتى. 1952 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە بولغان 24 يىل ئىچىدە جەمئىي 1 مىليارد 503 مىليون 340 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلغان ئون يىل ئىچىدە تارقىتىلغىنى 71.32% نى ئىگىلىدى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تارقىتىلغىنى ئالدىنقى 14 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تارقىتىلغىنىنىڭ 3.48 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. 1972 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ پۇل تارقىتىش مىقدارى مەملىكەت بويىچە ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە 7 ـ ئورۇندا بولۇپ، 1973 ـ يىلى 3 ـ ئورۇنغا، 1974 ـ يىلى 1 ـ ئورۇنغا ئۆتتى. مەملىكەت بويىچە تارقىتىلغان ئومۇمىي پۇل مىقدارىنىڭ 18.96 پىرسەنتىنى

ئېگىلىدى.

پۇل تارقىتىش مىقدارىنىڭ زور ھەجىمدە ئېشىشىدا مۇنداق ئۈچ ئامىل بار: (1) مائاش خاراكتېرلىك نەق پۇل چىقىمى تېز كۆپەيدى. 1971 - يىلدىن ئىلگىرى، بۇ جەھەتتىكى يىللىق چىقىم تەخمىنەن 830 مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئىدى، 1972 - يىلدىن باشلاپ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 150 مىليون يۈەن ئەتراپىدا كۆپەيدى. (2) يېزىلاردىكى مالىيە كرېدىت نەق پۇل چىقىمى كۆپەيدى. ئون يىل ئىچىدە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىمۇ، پاختا مەھسۇلاتىمۇ كېمەيدى، بولۇپمۇ پاختا مەھسۇلاتى كۆپ كېمەيدى. ھالبۇكى يېزىلاردىكى مالىيە كرېدىت نەق پۇل چىقىمى بولسا بەك كۆپىيىپ كەتتى. 1971 - يىلدىن ئىلگىرى، يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 180 مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئىدى، 1972 - يىلدىن كېيىن، يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 220 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 22.2% كۆپەيدى. (3) مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتىنىڭ نەق پۇل چىقىمى تېز كۆپەيدى. 1971 - يىلدىن ئىلگىرى، بۇ جەھەتتىكى يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 65 مىليون يۈەن ئىدى، 1972 - يىلدىن كېيىن، يىللىق ئوتتۇرىچە چىقىم 91 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 41.2% كۆپەيدى. بۇ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىنكاس قىلىپ بېرىدۇ.

## 6.5 -، 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە)

1976 - يىلى 10 - ئايدا ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرلاشقانلىقى جاكارلاندى. 1978 - يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى مەلۇم دەرىجىدە ئەسلىگە كەلدى. ئەمما ئىقتىسادىي خىزمەت جەريانىدا، تېز غەلىبە قىلىشقا ئالدىراپ، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، يۇقىرى جۇغلانما قوغلىشىلغانلىقتىن، پۇل يەنىلا كۆپرەك تارقالدى. ئۈچ يىلدا جەمئىي 471 مىليون 980 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 157 مىليون 323 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1978 - يىل 12 - ئايدىكى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكىدە «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى داۋاملىق راۋاجلاندى، تاۋار ئوبوروتىنىڭ كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى، شۇنىڭدەك ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىن پۇل ئوبوروتىنىڭ ھالقىلىرى، يوللىرى كۆپەيدى. نەق پۇل ئىشلىتىلىدىغان دائىرە كېڭەيدى، پۇل يەنىلا كۆپرەك تارقىتىلدى.

1979 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، 1980 - يىلدىن كېيىن، مەھسۇلاتقا ھېرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، 1984 - يىلىغا كەلگەندە، مەھسۇلاتقا ھېرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئالغان دېھقان ئائىلىلىرى ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 98.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي ھېسابات بىرلىكى 34 مىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن 1 مىليون 619 مىڭ دېھقان ئائىلىسىگە ئۆزگەردى. شۇنىڭدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئېتىپ بېرىش ۋە راسچوت قىلىشتا، ئىشلەپچىقىرىش - قورۇلۇش بىڭتۈەنى يەنىلا مېمورىئال راسچوت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا دېھقان ئائىلىلىرى ئاساسەن ئائىلە بويىچە سېتىپ بېرىپ، ئائىلە بويىچە نەق پۇل راسچوتى قىلىدىغان بولدى. نەتىجىدە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش جەريانىدا نەق پۇل چىقىم قىلىش نىسبىتى زورايدى. 1979 - يىلى 15.9% كە، 1982 - يىلى

30.4% كە، 1984 ـ يىلى 67.9% كە يەتتى. ھەر 100 يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق بولغان نەق پۇل كىرىم ـ چىقىم ئومۇمىي مىقدارى 1979 ـ يىلى 80 يۈەن، 1983 ـ يىلى 142.9 يۈەن، 1984 ـ يىلى 174.1 يۈەن بولدى. يېزىلارغا پۇل تارقىتىش ۋاقتىمۇ ئىلگىرىكى ھەر يىلى 12 ـ ئايدىن كېيىنكى يىلى 1 ـ ئايغىچە بولغان كۈزلۈك، ئەترەتلەرنىڭ تەقسىمات مەزگىلىدىن 9، 10 ئايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى يىغىش، سېتىپ بېرىش مەزگىلىگە توغرىلاندى، تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ.

| تۈرى / يىل ئايرىمىسى | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل بويى تارقىتىلغىنى (10 مىڭ يۈەن) | 28491 | 34913 | 29832 | 29837 | 41768 | 74504 |
| 1 ـ ئاي + 12 ـ ئاي (10 مىڭ يۈەن) | 21750 | 14503 | 11448 | 8784 | 6219 | 18411 |
| يىل بويى تارقىتىلغىنىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 76.3 | 41.6 | 38.4 | 29.9 | 14.9 | 24.7 |
| 9 ـ ئاي + 10 ـ ئاي (10 مىڭ يۈەن) | 4264 | 10181 | 12429 | 14003 | 18614 | 32138 |
| يىل بويى تارقىتىلغىنىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | 15.0 | 29.2 | 41.7 | 47.7 | 44.6 | 43.1 |

1976 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە بولغان 5 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 1 مىليارد 106 مىليون 10 مىڭ يۈەن، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 221 مىليون 200 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلدى. تارقىتىلغان پۇل يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.15% ئاشتى. بەش يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى تارقىتىلغان پۇل مىقدارى 1952 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە بولغان 24 يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى تارقىتىلغان پۇل مىقدارىنىڭ 3.53 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1979 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە بولغان ئىككى يىلدا تارقىتىلغان جەمئىي پۇل 634 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، بەش يىلدا تارقىتىلغان ئومۇمىي سانىنىڭ 57.33 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇ ئىككى يىلدا پۇلنىڭ ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تارقىتىلىشى 45.6% تىن ئاشتى. ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكى ئېشىش سۈرئىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 32%، مىللىي دارامەتنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 29.4%، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن 30.4% ئېشىپ، پۇل كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە كۆپ تارقىتىلدى. بۇ مەزگىلدە پۇلنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ تارقىتىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەر مۇنۇلار: (1) ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش شىددەت بىلەن كۆپەيدى. سېلىنغان مەبلەغ مىقدارى 1977 ـ يىلى 870 مىليون يۈەن، 1978 ـ يىلى 1 مىليارد 290 مىليون يۈەن، 1979 ـ يىلى 1 مىليارد 370 مىليون يۈەن، 1980 ـ يىلى 1 مىليارد 720 مىليون يۈەن بولدى. 1980 ـ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 1977 ـ يىلدىكىنىڭ

1.98 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. (2) يېزىلارغا تارقىتىلغان نەق پۇل كۆپەيدى. 1978 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى، 1979 ـ يىلى بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىۋېلىنىش باھاسى ئۆستۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىنىڭ نەق پۇل چىقىمى 1978 ـ يىلى 381 مىليون يۈەن، 1979 ـ يىلى 528 مىليون يۈەن، 1980 ـ يىلى 745 مىليون يۈەن بولدى. 1980 ـ يىلدىكى يېزىلارنىڭ نەق پۇل چىقىمى 1978 ـ يىلدىكىنىڭ 1.95 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. (3) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشىنىڭ تەڭشىلىشى، مۇكاپاتلاش تۈزۈمى ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرگە ياردەم بېرىش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئىسسىنىشقا ياردەم بېرىش چارىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى، شەھەرلەردە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ كېڭەيتىلىشى قاتارلىقلارمۇ ئىستېمال فوندى چىقىمىنى خېلى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، 1976 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پېرېۋوت ساپ كىرىمى 772 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1954 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە بولغان 22 يىللىق ساپ كىرىمى 904 مىليون 580 مىڭ يۈەننىڭ 85.35 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.5% ئاشتى. پېرېۋوت ساپ كىرىمىنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن ئېشىشى ئوبوروت ساھەسىدىكى جانلىنىش، بازار سودىسىنىڭ قويۇۋېتىلىشى، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەككە سودىگەرلەرنىڭ جانلىنىشىدىن ئۇلارنىڭ بېيجىڭ، شاڭخەي ۋە گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارغا تۇرغۇن پۇل پېرېۋوت قىلىپ تاۋار سېتىۋېلىشىدىن بولدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىلگىرى ئاساسلىقى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئائىلىنى بېقىش خىراجىتى ۋە ئادەتتىكى ئىقتىسادىي مۇئامىلىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان پېرېۋوت كىرىم ـ چىقىمى يەككە سودىگەرلەرنىڭ مال سېتىۋېلىش مەبلىغى جەھەتتىكى مۇئامىلىگە ئۆزگەردى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇلنى تاۋار ئارقىلىق خەزىنىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت سەل چاغلاشقا بولمايدىغان بىر يولغا ئايلىنىپ قالدى.

1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى تېزلەشتى، ئىقتىساد ئۇدا مۇقىم، ماس قەدەمدە راۋاجلىنىشتەك يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بىراق، پۇلنىڭ تارقىتىلىشى يەنىلا داۋاملىق خەلق ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىدىن يۇقىرى بولدى. بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 2 مىليارد 535 مىليون 980 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 507 مىليون 200 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلدى، پۇلنىڭ تارقىتىلىشى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17.5% تىن ئاشتى. بەش يىلدا تارقىتىلغان پۇل مىقدارى 1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان 34 يىلدا تارقىتىلغان 5 مىليارد 150 مىليون يۈەننىڭ 49.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بەش يىلدا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تارقىتىلغان پۇل مىقدارى 34 يىلدا ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تارقىتىلغان 150 مىليون يۈەننىڭ 3.35 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىزدا پۇل يۈزلىنىشىدە مۇنداق يېڭى ئەھۋال بارلىققا كەلدى: (1) پۇل چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرگە قاراپ ئاقتى. ئۈرۈمچى ئەزەلدىن پۇل ئېقىپ كىرىدىغان شەھەر ئىدى، 1981 ـ يىلدىن باشلاپ ئېقىپ كىرىدىغان پۇل سانى شىددەت بىلەن كۆپەيدى، 1985 ـ يىلغا كەلگەندە خەزىنىلەشكەن پۇل 233 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 46 مىليون 760 مىڭ يۈەن بولدى؛ (2) زاۋۇت ـ كان رايونلىرىدىن پۇل كۆپلەپ چىقىپ كەتتى. 1977 ـ يىلدىن ئىلگىرى قاراماي شەھىرىدە يىللىق تارقىتىلىدىغان پۇل ئەڭ كۆپ بولغاندا 10 مىليون يۈەن ئەتراپىدا بولاتتى. 1979 ـ يىلدىن كېيىن، بۇ شەھەردە تارقىتىلىدىغان پۇل شىددەت بىلەن كۆپەيدى، 1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە تارقىتىلغان پۇل 316 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تارقىتىلغىنى 45 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە

يېتىپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 25.8% تىن ئاشتى؛ (3) پۇل يەككە ئېلىپ - ساتارلار جانلانغان رايونغا كۆپلەپ ئاقتى. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ئەزەلدىن پۇل تارقىتىلىدىغان رايون ئىدى. 1981 - يىلدىن كېيىن، بۇ ئوبلاستتا يەككە ئېلىپ - سېتىش كەسپىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ، پۇل كۆپلەپ كىرىدىغان بولدى، 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 63 مىليون 290 مىڭ يۈەن، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 15 مىليون 820 مىڭ يۈەن پۇل خەزىنىلەشتى.

1983 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدا پۇلنىڭ تارقىتىلىشى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1983 - يىلى 417 مىليون 680 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلىپ، 1982 - يىلىغا قارىغاندا 42.32% ئاشتى؛ 1985 - يىلى 781 مىليون 470 مىڭ يۈەن پۇل تارقىتىلدى. بۇ ئۈچ يىلدا پۇلنىڭ تارقىتىلىشى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 38.6% تىن ئېشىپ باردى. ھالبۇكى، ئوخشاش مەزگىلدە ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىشى 17.5%، سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىللىق ئېشىشى 17.7%، ئىجتىمائىي تاۋارلارنى پارچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 16.2% بولۇپ، پۇل تارقىتىشنىڭ يىللىق ئۆسۈش سۈرئىتى بىر ھەسسىدىن كۆپرەك يۇقىرى بولدى.

پۇلنىڭ ھەددىدىن كۆپ تارقىتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىر تەرەپتىن، 1983 - يىلدىن باشلاپ، موتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇشى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئۇدا كۆپلەپ ئېشىشى نەتىجىسىدە پۇلنى كۆپلەپ تارقىتىشقا توغرا كەلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ ۋە ئىستېمال فوندى چىقىمى ھەددىدىن زىيادە كۆپەيدى. بانكا قەرز پۇلى ھەددىدىن زىيادە كۆپىيىپ كەتتى. بۇ پۇلنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنى ئاشۇرۇۋەتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 1982 - يىلى 1 مىليارد 322 مىليون يۈەن، 1983 - يىلى 1 مىليارد 557 مىليون يۈەن، 1984 - يىلى 1 مىليارد 883 مىليون يۈەن، 1985 - يىلى 2 مىليارد 658 مىليون يۈەن بولدى. 1985 - يىلى سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 1982 - يىلدىكىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

ئىستېمال فوندىنىڭ ئېشىش ئەھۋالى: 1984 - يىل ئاپتونوم رايونىمىزدا بىر قىسىم ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە تۇراقسىز مائاش يولغا قويۇلدى، زىيالىيلار قوشۇمچە ياردىمى ۋە چېگرا رايوندا خىزمەت قىلغان يىل چەكلىمىسى قوشۇمچە ياردىمى پۇلى تارقىتىلدى. 1985 - يىلى مائاش ئىسلاھ قىلىنىدى، گۆش قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستېمال فوندىغا قىلىنىدىغان چىقىمنى كۆپەيتىۋەتتى.

بانكا قەرز پۇلى: 1984 -، 1985 - يىللىرى بانكا قەرز پۇلىنى باشقۇرۇش بوشىشىپ كەتتى، بانكىنىڭ قەرز پۇل تارقىتىشى شىددەت بىلەن كۆپەيدى. بانكا قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1983 - يىلى 3 مىليارد 770 مىليون يۈەن، 1984 - يىلى 4 مىليارد 900 مىليون يۈەن، 1985 - يىلى 7 مىليارد 350 مىليون يۈەن بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قالدۇق 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىنىڭ 1.95 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شەھەر - بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى ساپ كىرىمى بىلەن پىربۇوت ساپ كىرىمى كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، شەھەر - بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى ساپ كىرىمى 1 مىليارد 884 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1954 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 32 يىلدىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى ساپ كىرىمىنىڭ 62.47 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. پىربۇوت ساپ كىرىمى 1 مىليارد 646 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1954 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 32 يىلدىكى پىربۇوت ساپ كىرىمىنىڭ 49.54 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

## شىنجاڭدا يىللاردىن بۇيان تارقىتىلغان پۇللارنىڭ ستاتىستىكىسى

جەدۋەل: 3 ـ 1 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىلى | تارقىتىلغان پۇل مىقدارى | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقان، كېمەيگەن سانى | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقان، كېمەيگەن (%) | يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تارقىتىلغان سانى | ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاشقان، كېمەيگەن (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1958 ـ 1952 | 514513 | | | 15133 | 21.80 |
| ئەسلىگە كېلىش مەزگىلى | | | | | |
| 1952 | 1163 | | | | |
| 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 11143 | | | 2229 | −4.90 |
| 1953 | 2167 | 1004 | 86.33 | | |
| 1954 | 1666 | −501 | 23.12 | | |
| 1955 | 304 | −1362 | 81.75 | | |
| 1956 | 6101 | 5797 | 1906.91 | | |
| 1957 | 905 | −5196 | −85.17 | | |
| 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 22811 | | | 4562 | 0.50 |
| 1958 | 4115 | 3210 | 354.70 | | |
| 1959 | 4023 | −92 | −2.23 | | |
| 1960 | 6765 | 2742 | 68.16 | | |
| 1961 | 7028 | 263 | 3.89 | | |
| 1962 | 880 | −6148 | −87.48 | | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئەڭشەش مەزگىلى | 8006 | | | 2669 | 73.50 |
| 1963 | 2163 | 1283 | 145.79 | | |
| 1964 | 1244 | −919 | −42.49 | | |
| 1965 | 4599 | 3355 | 269.69 | | |
| 3 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 34473 | | | 6895 | −11.1− |
| 1966 | 6576 | 1977 | 42.99 | | |
| 1967 | 5108 | −1468 | −22.32 | | |
| 1968 | 7959 | 2851 | 55.81 | | |
| 1969 | 12274 | 4315 | 54.21 | | |
| 1970 | 2556 | −9718 | −79.17 | | |
| 4 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 72738 | | | 14548 | 45.9 |
| 1971 | 7323 | 4767 | 186.50 | | |
| 1972 | 11674 | 4351 | 59.41 | | |
| 1973 | 16828 | 5154 | 44.15 | | |
| 1974 | 20008 | 3180 | 18.90 | | |
| 1975 | 16905 | 3103 | 15.51 | | |
| 5 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 110601 | | | 22120 | 15.6 |
| 1976 | 19099 | 2184 | 12.98 | | |
| 1977 | 11637 | 7462 | 39.07 | | |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 16461 | 4824 | 41.45 | | |
| 1979 | 28491 | 12030 | 73.08 | | |
| 1980 | 34913 | 6422 | 22.54 | | |
| 6 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 253598 | | | 50720 | 17.5 |
| 1981 | 29832 | 5081- | 14.55- | | |
| 1982 | 29347 | 485- | 1.62- | | |
| 1983 | 41768 | 12421 | 42.32 | | |
| 1984 | 74504 | 32736 | 78.38 | | |
| 1985 | 78147 | 3643 | 4.89 | | |

## شىنجاڭدا 1955 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە تارقىتىلغان پۇللارنىڭ مەزگىل ۋە رايونلار بويىچە ستاتىستىكىسى

جەدۋەل: 3 ـ 2 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىلى | شىنجاڭ بويىچە ئوتتۇرا ھېسابتا كىشى بېشىغا تارقىتىلغىنى | ئوتتۇرا شىنجاڭ | | | شىمالىي شىنجاڭ | | | جەنۇبىي شىنجاڭ | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | نوپۇسنىڭ شىنجاڭدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | تارقاتقان پۇلنىڭ شىنجاڭدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | ئوتتۇرا ھېسابتا كىشى بېشىغا تارقىتىلغىنى | نوپۇسنىڭ شىنجاڭدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | تارقاتقان پۇلنىڭ شىنجاڭدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | ئوتتۇرا ھېسابتا كىشى بېشىغا تارقىتىلغىنى | نوپۇسنىڭ شىنجاڭدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | تارقاتقان پۇلنىڭ شىنجاڭدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | ئوتتۇرا ھېسابتا كىشى بېشىغا تارقىتىلغىنى |
| 1955 — 1957 | 22.39 | 17.28 | 18.83 | 24.40 | 18.30 | 40.94 | 50.08 | 64.42 | 40.23 | 13.99 |
| 1958 — 1962 | 32.64 | 22.13 | 60.64 | 89.43 | 21.29 | 18.73 | 28.73 | 56.58 | 20.62 | 11.90 |
| 1963 — 1965 | 10.15 | 23.54 | 27.42 | 11.81 | 23.46 | 44.36 | 19.20 | 53.00 | 28.22 | 5.40 |
| 1966 — 1975 | 92.86 | 25.15 | 28.66 | 105.82 | 27.03 | 36.16 | 124.22 | 47.82 | 35.18 | 68.33 |
| 1976 — 1980 | 86.19 | 24.32 | 28.83 | 102.19 | 28.95 | 33.59 | 100.00 | 46.73 | 37.58 | 69.31 |
| 1981 — 1985 | 186.31 | 24.71 | 22.50 | 169.59 | 28.40 | 36.15 | 237.21 | 46.89 | 41.35 | 164.31 |

## شىنجاڭنىڭ يىللاردىن بۇيانقى نەق پۇل كىرىمىنىڭ ستاتىستىكىسى

جەدۋەل: 3 ـ 3     بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىلى | سوممىسى | يىللىق ئوتتۇرىچە سوممىسى |
|---|---|---|
| 1954 — 1985 | 7922709 | 188636 |
| 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 284999 | 71250 |
| 1954 | 40104 | |
| 1955 | 52998 | |
| 1956 | 80476 | |
| 1957 | 111431 | |
| 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 695569 | 139114 |
| 1958 | 110583 | |
| 1959 | 146235 | |
| 1960 | 163790 | |
| 1961 | 143651 | |
| 1962 | 131310 | |
| تەڭشەش مەزگىلى | 393659 | 131220 |
| 1963 | 117896 | |
| 1964 | 131115 | |
| 1965 | 144648 | |
| 3 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 757991 | 151498 |
| 1966 | 150259 | |
| 1967 | 158578 | |
| 1968 | 144436 | |
| 1969 | 150425 | |
| 1970 | 153793 | |

| تۈرى / يىلى | سوممىسى | يىللىق ئوتتۇرىچە سوممىسى |
|---|---|---|
| 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 978035 | 195607 |
| 1971 | 165422 | |
| 1972 | 181004 | |
| 1973 | 190263 | |
| 1974 | 208289 | |
| 1975 | 233058 | |
| 5 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 1435530 | 287106 |
| 1976 | 223638 | |
| 1977 | 242234 | |
| 1978 | 271592 | |
| 1979 | 317320 | |
| 1980 | 380746 | |
| 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 3377426 | 625485 |
| 1981 | 440677 | |
| 1982 | 507946 | |
| 1983 | 616465 | |
| 1984 | 774692 | |
| 1985 | 103764 | |

## شىنجاڭدا يىللاردىن بۇيانقى نەق پۇل چىقىمىنىڭ ستاتىستىكىسى

جەدۋەل: 3 ـ 4

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىلى | سوممىسى | يىللىق ئوتتۇرىچە سوممىسى | تۈرى / يىلى | سوممىسى | يىللىق ئوتتۇرىچە سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1954 — 1985 | 8396310 | 262385 | 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 1036825 | 207365 |
| 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 292449 | 73112 | 1971 | 167618 | |
| 1954 | 40842 | | 1972 | 185968 | |
| 1955 | 52754 | | 1973 | 205859 | |
| 1956 | 86463 | | 1974 | 227475 | |
| 1957 | 112390 | | 1975 | 249905 | |
| 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 711980 | 142396 | 5 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 1543800 | 308760 |
| 1958 | 113992 | | 1976 | 242142 | |
| 1959 | 149131 | | 1977 | 253558 | |
| 1960 | 169432 | | 1978 | 287312 | |
| 1961 | 148260 | | 1979 | 345129 | |
| 1962 | 131765 | | 1980 | 415659 | |
| تەڭشەش مەزگىلى | 400292 | 133431 | 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 3631024 | 726205 |
| 1963 | 119471 | | 1981 | 470509 | |
| 1964 | 132004 | | 1982 | 537293 | |
| 1965 | 148817 | | 1983 | 658233 | |
| 3 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 779940 | 155988 | 1984 | 849196 | |
| 1966 | 156324 | | 1985 | 1115793 | |
| 1967 | 162995 | | | | |
| 1968 | 151163 | | | | |
| 1969 | 155971 | | | | |
| 1970 | 153487 | | | | |

## شىنجاڭدا يىللاردىن بۇيانقى نەق پۇل كىرىم قىلىنىدىغان ئاساسلىق يوللاردىن قىلىنغان نەق پۇل كىرىمى سوممىسىنىڭ نەق پۇل ئومۇمىي كىرىمىدە ئىگىلىگەن سالمىقىنىڭ ستاتىستىكىسى

جەدۋەل: 3 ـ 5

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىلى | تاۋار سېتىش كىرىمى | | مۇلازىمەت كەسپى كىرىمى | | پۇقرالار پۇل ئامانىتى ساپ كىرىمى (كىرىم - چىقىم پەرقى) | | پېرېۋوت ساپ كىرىمى (كىرىم - چىقىم پەرقى) | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سوممىسى | % | سوممىسى | % | سوممىسى | % | سوممىسى | % |
| 1985 — 1954 | 4015278 | 50.68 | 472860 | 5.97 | 301731 | 3.81 | 332289 | 4.19 |
| 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 142967 | 50.16 | 14813 | 5.20 | 2749 | 0.96 | 3800 | 1.33 |
| 1954 | 18742 | 46.73 | 2110 | 5.26 | —372 | | 64 | 0.16 |
| 1955 | 30124 | 56.85 | 3251 | 6.14 | 714 | 1.35 | —158 | |
| 1956 | 40530 | 50.36 | 5429 | 6.75 | 1884 | 2.34 | —297 | |
| 1957 | 53571 | 48.07 | 4023 | 3.61 | 523 | 0.47 | 4192 | 3.76 |
| 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 321784 | 46.26 | 52739 | 7.58 | 40322 | 5.80 | 15054 | 2.16 |
| 1958 | 53387 | 48.28 | 4140 | 3.74 | 2446 | 2.21 | 1766 | 1.60 |
| 1959 | 66406 | 45.41 | 8405 | 5.75 | 129 | | 1382 | 0.95 |
| 1960 | 75164 | 45.89 | 11416 | 8.97 | 42836 | 26.15 | 4023 | 2.46 |
| 1961 | 60562 | 42.16 | 16469 | 11.46 | —1667 | | 4284 | 2.98 |
| 1962 | 66265 | 50.46 | 12309 | 9.37 | —3422 | | 3599 | 2.74 |
| تەڭشەش مەزگىلى | 218431 | 55.49 | 26864 | 6.82 | 8420 | 2.14 | 15821 | 4.02 |
| 1963 | 66094 | 56.06 | 8587 | 7.28 | 1705 | 1.45 | 4102 | 3.48 |
| 1964 | 73364 | 55.95 | 9046 | 6.90 | 1977 | 1.51 | 5360 | 4.09 |
| 1965 | 78973 | 54.60 | 9231 | 6.38 | 4738 | 3.28 | 6359 | 4.40 |
| 3 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 413536 | 54.59 | 32252 | 4.26 | 5234 | 0.69 | 18718 | 2.47 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 3.87 | 5814 | 1.97 | 2961 | 6.10 | 9163 | 55.85 | 83914 | 1966 |
| 3.96 | 6282 | 1.43 | 2270 | 5.58 | 8851 | 57.33 | 90912 | 1967 |
| 4.58 | 6622 | | 3 | 6.14 | 8874 | 55.80 | 80602 | 1968 |
| | | | | | | 51.20 | 77016 | 1969 |
| | | | | 3.49 | 5364 | 52.73 | 81092 | 1970 |
| 3.79 | 37065 | 1.89 | 18468 | 6.34 | 61959 | 53.32 | 521536 | 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| | | | | 5.83 | 9640 | 50.60 | 83710 | 1971 |
| | | | | 6.62 | 11979 | 51.18 | 92642 | 1972 |
| 5.47 | 10416 | 2.24 | 4256 | 6.50 | 12362 | 55.09 | 104822 | 1973 |
| 6.02 | 12541 | 3.56 | 7415 | 6.39 | 13287 | 54.64 | 113812 | 1974 |
| 6.05 | 14108 | 2.92 | 6797 | 6.30 | 14691 | 54.30 | 126550 | 1975 |
| 5.38 | 77206 | 2.65 | 38043 | 6.65 | 95541 | 55.92 | 802733 | 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| 5.61 | 12542 | 0.22 | 503 | 6.26 | 14615 | 56.57 | 126522 | 1976 |
| 5.29 | 12803 | 1.16 | 2813 | 6.68 | 16182 | 57.14 | 138426 | 1977 |
| 5.09 | 13826 | 1.74 | 4724 | 6.76 | 18372 | 56.85 | 154390 | 1978 |
| 5.22 | 16575 | 2.62 | 8304 | 6.76 | 21455 | 55.00 | 174536 | 1979 |
| 5.64 | 21460 | 5.70 | 21699 | 6.54 | 24917 | 54.85 | 208859 | 1980 |
| 4.87 | 164625 | 5.58 | 188495 | 5.59 | 188692 | 47.20 | 1594291 | 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| 5.76 | 25404 | 5.87 | 25872 | 6.15 | 27102 | 54.15 | 238639 | 1981 |
| 5.59 | 28408 | 5.73 | 29098 | 5.69 | 28908 | 52.03 | 264303 | 1982 |
| 5.31 | 32712 | 5.68 | 35040 | 5.46 | 33650 | 48.59 | 299523 | 1983 |
| 4.58 | 35483 | 6.52 | 50502 | 5.28 | 40887 | 45.62 | 353401 | 1984 |
| 4.11 | 42618 | 4.62 | 47983 | 5.60 | 58145 | 42.25 | 438425 | 1985 |

ئەسكەرتىش: پۇقرالار پۇل ئامانىتى ساپ كىرىمى ۋە پەرۋوت ساپ كىرىمى سوممىسىنىڭ ئالدىغا «—» بەلگىسى قويۇلغانلىرى چىقىم پەرقىنى كۆرسىتىدۇ.

**شىنجاڭدا يىللاردىن بۇيانقى نەق پۇل چىقىم قىلىنىدىغان ئاساسلىق يوللارغا قىلىنغان نەق پۇل چىقىمى سوممىسىنىڭ نەق پۇل ئومۇمىي چىقىمىدا ئىگىلىگەن سالمىقى**

جەدۋەل: 3 ـ 6 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىلى | مائاش خاراكتېرلىك نەق پۇل چىقىمى | | دۆلەت مائاش ۋە مۇكاپات چىقىمى | | يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى | | مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | سوممىسى | % | سوممىسى | % | سوممىسى | % | سوممىسى | % |
| 1985 — 1954 | 4105606 | 50.64 | 3093340 | 38.15 | 645276 | 7.96 | 407190 | 4.85 |
| 1 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 111322 | 38.06 | 95121 | 32.52 | 49863 | 17.05 | 22334 | 7.64 |
| 1954 | 16063 | 39.33 | 10087 | 24.70 | 7308 | 17.89 | 2656 | 6.50 |
| 1955 | 20194 | 38.28 | 15828 | 30.00 | 11200 | 21.23 | 4896 | 9.20 |
| 1956 | 33439 | 38.67 | 30279 | 35.02 | 15176 | 17.55 | 6939 | 8.03 |
| 1957 | 41626 | 37.04 | 38927 | 34.63 | 16179 | 14.39 | 7843 | 6.98 |
| 2 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 288172 | 40.47 | 255320 | 35.86 | 40751 | 5.72 | 42754 | 6.00 |
| 1958 | 37564 | 33.13 | 34710 | 30.61 | 14589 | 12.86 | 7651 | 6.75 |
| 1959 | 51534 | 34.57 | 49499 | 33.19 | 9317 | 6.25 | 10086 | 6.76 |
| 1960 | 68064 | 40.17 | 61808 | 36.48 | 8479 | 5.00 | 11325 | 6.68 |
| 1961 | 67222 | 45.34 | 58319 | 39.33 | 4482 | 3.02 | 7811 | 5.27 |
| 1962 | 63788 | 48.41 | 50984 | 38.69 | 3884 | 2.95 | 5881 | 4.46 |
| تەڭشەش مەزگىلى | 213531 | 53.34 | 179771 | 44.91 | 18695 | 4.67 | 21331 | 5.33 |
| 1963 | 63717 | 53.33 | 53593 | 41.86 | 5714 | 4.78 | 6289 | 5.26 |
| 1964 | 69595 | 52.72 | 58899 | 44.62 | 6458 | 4.89 | 7643 | 5.79 |
| 1965 | 80219 | 53.90 | 67279 | 45.21 | 6523 | 4.38 | 7399 | 4.97 |
| 3 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 413001 | 52.95 | 340061 | 43.60 | 28825 | 3.69 | 32323 | 4.14 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 4.84 | 7567 | 4.18 | 6538 | 43.80 | 68465 | 52.65 | 82311 | 1966 |
| 4.56 | 7435 | 3.96 | 6458 | 42.27 | 68898 | 50.97 | 83080 | 1967 |
| 4.06 | 6142 | 3.64 | 5503 | 43.34 | 65515 | 53.03 | 80158 | 1968 |
| 3.61 | 5634 | 3.04 | 4750 | 43.74 | 68216 | 53.85 | 83986 | 1969 |
| 3.61 | 5545 | 3.69 | 5576 | 44.93 | 68967 | 54.38 | 83466 | 1970 |
| 4.19 | 43394 | 3.13 | 32494 | 44.93 | 465857 | 56.06 | 581259 | 4 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| 3.99 | 6683 | 2.79 | 4670 | 41.68 | 69866 | 51.83 | 86877 | 1971 |
| 4.09 | 7601 | 3.42 | 6358 | 42.79 | 79576 | 53.10 | 98748 | 1972 |
| 4.36 | 8973 | 3.38 | 6955 | 45.09 | 92821 | 56.06 | 115413 | 1973 |
| 4.28 | 9733 | 3.15 | 7161 | 46.35 | 105429 | 58.30 | 132612 | 1974 |
| 4.16 | 10404 | 2.94 | 7350 | 47.28 | 118165 | 59.07 | 147609 | 1975 |
| 4.69 | 72431 | 3.70 | 55913 | 43.26 | 652778 | 58.14 | 877283 | 5 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| 4.53 | 10957 | 3.02 | 7324 | 44.07 | 106705 | 57.46 | 139135 | 1976 |
| 4.78 | 12116 | 3.04 | 7701 | 43.70 | 110809 | 57.39 | 145528 | 1977 |
| 4.43 | 12724 | 2.92 | 8348 | 44.28 | 127233 | 58.30 | 167508 | 1978 |
| 4.62 | 15947 | 3.55 | 12269 | 40.57 | 140019 | 55.65 | 192083 | 1979 |
| 4.98 | 20687 | 5.32 | 20271 | 44.13 | 168012 | 61.20 | 233029 | 1980 |
| 4.75 | 172623 | 12.40 | 418735 | 32.70 | 1104432 | 48.00 | 1621038 | 6 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| 4.77 | 22465 | 7.21 | 37799 | 41.46 | 182729 | 57.89 | 255127 | 1981 |
| 4.87 | 26152 | 8.79 | 44650 | 37.78 | 191899 | 53.51 | 271811 | 1982 |
| 4.61 | 30324 | 12.93 | 79695 | 33.18 | 204562 | 48.56 | 299384 | 1983 |
| 4.68 | 39761 | 16.82 | 130326 | 30.44 | 235786 | 45.60 | 353241 | 1984 |
| 4.83 | 53921 | 12.75 | 132265 | 27.89 | 289456 | 42.54 | 441475 | 1985 |

ئەسكەرتىش: «دۆلەت مائاش ۋە مۇكاپات چىقىمى» بولسا «مائاش خاراكتېرلىك نەق پۇل چىقىمى» نىڭ تارماق تۈرى، ئەمما جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەن سالمىقى نەق پۇل ئومۇمىي سوممىسىدىكى چىقىم سالمىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## 3 § . پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى ۋە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى

بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارىنى پىلانلىق ھالدا تەڭشەپ، پۇلنىڭ قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش — پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم فۇنكسىيىسى. 1952 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بازارلىرىدىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى ئاساسىي جەھەتتىن ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتى. ئوخشاش مەزگىلدە يىل ئاخىرىدىكى بازاردا ئوبوروت بولۇۋاتقان پۇل مىقدارىنىڭ ھەر يىلدىكى ئېشىش مىقدارى 12.3% بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكى سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈش نىسبىتىدىن 3.7%، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ يىللىق ئۆسۈش نىسبىتىدىن 3.4% يۇقىرى بولدى. مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭدا مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي ئىندىكىسى جەمئىي 14.9%، يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابتا 0.44% ئۆرلىدى، پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى جەمئىي 12.97%، يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابتا 0.38% تۆۋەنلىدى. 1985 - يىلدىكى 100 يۈەن پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 1952 - يىلدىكى 87.03 يۈەنگە توغرا كېلىدىغان بولدى. بۇنىڭدىن 34 يىلدىن بۇيان پۇلنىڭ قىممىتى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بىراق، 34 يىل جەريانىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل ئوبوروتىدا ئۈچ قېتىملىق تەۋرىنىشمۇ كۆرۈلدى: بىرىنچى قېتىملىقى 1958 - يىلى باشلانغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە؛ ئىككىنچى قېتىملىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە؛ ئۈچىنچى قېتىملىقى 1979 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە كۆرۈلدى. 1984 - 1985 - يىللىرى پۇلنىڭ تارقىتىلىشى بىر ئاز كۆپىيىشكە يۈزلەندى. بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارىنىڭ كۆپىرەك بولۇپ كېتىشى بازارغىمۇ، مال باھاسىغىمۇ، ئىشلەپچىقىرىشقىمۇ پاسسىپ تەسىر كۆرسەتتى. 1958 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە بازاردا پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى ھەددىدىن كۆپ ئېشىپ كەتكەنلىكتىن، 1961 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە ئۇدا ئىككى يىل سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى تۆۋەنلەپ كەتتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16.3% تۆۋەنلىدى، ئىككى يىلدا مال باھاسى جەمئىي 22.8% ئۆرلىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بازاردا پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى 2.52 ھەسسە كۆپەيدى، ئەمما سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بولسا ئاساسىي جەھەتتىن بىر ئىزدا توختاپ قېلىپ ئىلگىرىلىيەلمىدى، بازاردىكى تەمىنلەش ئېغىر ھالدا كەمچىل بولدى. 1979 - يىلدىن - 1980 - يىلغىچە بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 29.30%، 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 32.8% ئاشتى، سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بولسا بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتىنىڭ ئاران يېرىمىغا توغرا كەلدى، بازاردا مال باھاسى مۇقىم بولمىدى. شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى قالاق، قاتنىشى قۇلايسىز بولۇپ، نەق پۇل ئوبوروتى ئاستا بولغانلىقتىن، بازادىكى پۇل ئوبوروت مىقدارىنى ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىزچىل ھالدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ 1:8 ياكى 1:7.5 سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولۇپ كەلدى. شىنجاڭدا 1957 - يىلى 1:5.8، 1961 - يىلى 1:1.5، 1966 - يىلى 1:2.7، 1976 - يىلى 1:4.5، 1982 - يىلى 1:5 بولدى. 1983 - يىلدىن كېيىن، تەجرىبىلىك سانلىق مەلۇماتلار پەيدىنپەي بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارىنى ئۆلچەش ۋە تەڭشەش رولىنى يوقاتتى.

شىنجاڭ پۇل سىرتقا ئاقىدىغان رايون، 1952 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 3 مىليارد 500 مىليون يۈەن سىرتقا ئاققان، پۇلنىڭ سىرتقا ئېقىشى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 18.3% تىن ئاشقان.

بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارى يىل ئىچىدىكى يۇقىرى دولقۇنغا چىققان مەزگىلدە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەلدى، بۇ ئەھۋال 1955 ـ يىلدىن ئىلگىرى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا يۈز بېرەتتى، 1956 ـ يىلدىن كېيىن يىل ئاخىرىدا يۈز بېرىدىغان بولغان، 1982 ـ يىلدىن كېيىن يەنە 11 ـ ئاي ئاخىرىغا سۈرۈلدى.

## 1. ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى (1949 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە)

1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۆلكە بويىچە ئوبوروت قىلىنغان كۈمۈش دوللار پۇلى 68 مىليون 272 مىڭ 797 دوللار، ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكى 40 مىليارد دوللار (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، 5 مىليون 14 مىڭ يۈەن، تۆۋەندە پۈتۈنلەي يېڭى خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) بولۇپ، ئۆلكە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پۇل 1.24 يۈەن ئىدى. شۇ چاغدا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نوپۇسى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئارانلا 1.49 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولسىمۇ، پۇل ئوبوروت مىقدارىدا بولسا، پۈتۈن شىنجاڭدىكى پۇلنىڭ 44.48 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، كىشى بېشىغا 37 يۈەندىن پۇل توغرا كەلگەن.

1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كۈمۈش دوللار پۇلى يىغىشتۇرۇلىندى. 1952 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە كەلگەندە جەمئىي 932 مىليون 889 مىڭ دوللار كۈمۈش دوللار پۇلى يىغىشتۇرۇلىندى. خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، 32 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئاساسىي جەھەتتىن 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەردە ئوبوروت قىلىنغان پۇل مىقدارى ئىدى. ئىككى يىلدا بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارى 5.5 ھەسسە كۆپەيدى. ئۆلكە بويىچە كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىغىشتۇرۇلىنغان پۇل 7.18 يۈەندىن توغرا كەلدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە يىغىشتۇرۇلىنغان پۇل 6 مىليون 412 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىغىشتۇرۇلىنغان ئومۇمىي پۇلنىڭ 19.65 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 42.55 يۈەن يىغىشتۇرۇلىنغان.

1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارى بازاردىكى ئوبوروت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتى، پەقەت 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 7.69% ئاشتى.

1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1952 ـ يىل ئاخىرىغىچە بولغان ئۈچ يىلدا بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارى يەتتە ھەسسە كۆپەيدى. پۇل ئوبوروت مىقدارىنىڭ كۆپىيىشى بىلەن پۇلنىڭ بازارنى ئىگىلىشى، ئىگىلىكنىڭ ئەسلىگە كېلىشى بىلەن تەرەققىي قىلىش ئېھتىياجى ئۆز ئارا ئۇيغۇنلاشتى. شۇ مەزگىلدە پۇلنىڭ قىممىتى مۇقىملىشىپ، بازاردىكى مال باھاسى پەيدىنپەي تۆۋەنلىدى.

## 2 . 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە)

1955 ـ يىل 3 ـ ئايدا يېڭى خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كونا خەلق پۇلى يىغىۋېلىندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يىغىۋېلىنغان خەلق پۇلى 51 مىليون 850 مىڭ يۈەن (ھازىرقى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغىنى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساباتا كىشى بېشىغا 10.13 يۈەندىن يىغىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرىدىن يىغىۋېلىنغىنى 8 مىليون 790 مىڭ يۈەن، بۇ يىغىۋېلىنغان ئومۇمىي سانىنىڭ 16.95 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 39.9 يۈەن يىغىۋېلىندى.

1956 ـ يىلى بازاردىكى پۇل ئوبوروتى مىقدارى 109 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1955 ـ يىلىغا

قارىغاندا 89.65% ئاشتى! غەيرىي نورمال ھالدا كۆپ ئاشقىنى تەخمىنەن 25 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاشقان ساننىڭ 48.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. نەتىجىدە بازاردىكى پۇل ئوبوروتى مىقدارى بىلەن ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى 1:6.7 گە چۈشتى. گەرچە مال باھاسى مۇقىم بولسىمۇ، لېكىن تاۋار بىلەن تەمىنلەش جىددىيلىشىپ كەتتى.

1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش گورۇپپىلىشى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغانلىقى تۈپەيلىدىن، بازاردىكى پۇل ئوبوروتى مىقدارى بىر قەدەر تېز ئاشتى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا بازاردىكى پۇل ئوبوروتى مىقدارى 105 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24.5% ئاشتى، بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارى بىلەن ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ نىسبىتى ئومۇمەن 1:8 دىن يۇقىرى بولدى، 1952 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1957 - يىلدىكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 10.62% ئۆرلىدى. 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولۇپ، پۇلنىڭ سىرتقا چىقىش مىقدارى 41 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.45 پىرسەنت ئاشتى.

## 3. 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە)

1958 - يىلدىن باشلاپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، پۇل ئادەتتىكىدىن ئاشۇرۇپ تارقىتىلغاچقا، بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى شىددەت بىلەن ئېشىپ كەتتى. 1961 - يىلى بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى 220 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1957 - يىلدىكىنىڭ 2.1 ھەسسىگە تەڭلەشتى. ئوخشاش مەزگىلدە، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 67.72%، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 26% ئاشتى، بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. 1961 - يىلى بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى بىلەن ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ نىسبىتى 1:5.1 گە چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا، 1961 - يىلى بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى تەخمىنەن 70 مىليون يۈەن كۆپ بولۇپ، شۇ يىلدىكى ئوبوروت مىقدارىنىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. پارچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ باھا ئىندېكىسى ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 24.6% ئۆرلىدى. 1961 - يىلى 100 يۈەنلىك پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 1952 - يىلدىكى 88.81 يۈەنگە توغرا كېلىپ، قىممىتى 11.19% تۆۋەنلىدى.

1961 - يىل 3 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق تۇرمۇشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىق، ياغ، گۆش، تۇخۇم، جاكىيۇ، ئاچچىقسۇ، شېكەر، پاختا، پاختا رەخت، ئىلمە توقۇلما بۇيۇم، كۆمۈر، كىرسىن، ئۆي ئىجارىسى، سۇ، ئېلېكتر قاتارلىق 18 خىل تاۋار ۋە مۇلازىمەت تۈرلىرىنىڭ باھاسى ۋاقىتلىق توڭلىتىپ قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز ساندىكى كەمپۈت، پېچىنە - پىرەنىك ۋە ئىلمە توقۇلما بۇيۇم قاتارلىق تاۋارلارنى يۇقىرى باھادا ئېختىيارىي تەمىنلەش سىياسىتى قوللىنىلدى، نۇرغۇن تاۋارلار بېلەتلىك تەمىنلىنىدىغان بولدى.

1962 - يىلى خەلق ئىگىلىكىدە «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «بانكا خىزمىتىنى مەركەزلەشتۇرۇش - بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق

تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارار» نى قەتئىي ئىجرا قىلدى، نەتىجىدە بازاردىكى پۇلنىڭ تارقىتىلىش مىقدارى ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كېتىش يۈزلىنىشى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتىلىپ، پارچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ باھا ئىندېكسى سەل - پەل تۆۋەنلىدى، بازاردىكى پۇل ئوبوروتى بىلەن ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ نىسبىتى 1961 - يىلدىكى 1:1.5 دىن 1:3.6 گە ئۆزگەردى.

2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 158 مىليون 800 مىڭ يۈەن پۇل سىرتقا ئېقىپ كېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %32.3 ئېشىپ باردى. 1961 - ۋە 1962 - يىللىرى جەمئىي 101 مىليون يۈەن پۇل سىرتقا ئېقىپ كېتىپ، 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە سىرتقا ئاققان پۇل ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 63.6 پىرسەنتىگە توغرا كەلدى. بۇ ئىككى يىلدا پۇلنىڭ سىرتقا ئېقىش مىقدارىنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى بىر سەۋەب شۇكى، ئاپتونوم رايون بويىچە 224 مىڭ ئىشچى - خىزمەتچى قىسقارتىلغان. 1961 - يىل 10 - ئايدىكى ستاتىستىكىلىق تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن %20 ئىشچى - خىزمەتچى ئىچكىرىگە قايتىپ، ئۇلار نۇرغۇن نەق پۇلنى ئېلىپ كەتكەن.

## 4. ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى (1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە)

ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل ئوبوروتى نورماللاشتى. 1965 - يىلى بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى 166 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1961 - يىلدىكىگە قارىغاندا %24.58، 54 مىليون 260 مىڭ يۈەن ئازايدى. ئوخشاش مەزگىلدە، ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10.8، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %3.2 تىن ئېشىپ باردى. 1964 - يىلىغا كەلگەندە، بازاردىكى تاۋار بىلەن تەمىنلەش نورماللىشىشقا يۈزلىنىپ، يۇقىرى باھالىق تاۋار بىلەن تەمىنلەش توختىتىلدى، بېلەتلىك، كىنىشكىلىق تەمىنلىنىدىغان تاۋارلاردىن ئاشلىق، ياغ، رەخت، گۆش قاتارلىقلاردىن باشقىلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىختىيارىي تەمىنلىنىدىغان بولدى. 1965 - يىلى بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى بىلەن ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ نىسبىتى 1:2.7 گە كۆتۈرۈلدى، ئاپتونوم رايونىمىزدا پارچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ باھا ئومۇمىي ئىندېكسى 1961 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا %13.4 تۆۋەنلىدى، 1952 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1965 - يىلدىكى 100 يۈەننىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 1952 - يىلدىكى 102.56 يۈەنگە توغرا كېلىپ، كۆرسى %2.56 ئۆرلىدى.

1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە 88 مىليون 120 مىڭ يۈەن پۇل سىرتقا ئېقىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %19.7 ئازىيىپ ماڭدى.

## 5. 3 - بەش يىللىق ۋە 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1966 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە)

1966 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى شىددەت بىلەن كۆپەيدى.

1975 - يىلى بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى 420 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1965 - يىلدىكىنىڭ 1.52 ھەسسىگە توغرا كەلدى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %9.7 كۆپەيدى. ئوخشاش مەزگىلدە سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاران %22.83 كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا

1965-يىلى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلات قىممىتى 1965-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا %2.1 تىن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى 1965-يىلدىكىدىن تۆۋەن بولدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى %54.44 ئېشىپ، يىللىق ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %4.4 كۆپەيدى. 1975-يىلى بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى بىلەن ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ نىسبىتى پەقەت 1:4.4 بولدى. گەرچە يېزا ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ پارچە سېتىش ناختاي باھاسىنى توڭلىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكتىن، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پارچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىم بولدى، شەھەر - يېزىلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1952 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا پارچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ باھا ئومۇمىي ئىندېكسى %8.3 تۆۋەنلىدى. 1975 - يىلدىكى 100 يۈەننىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 1952 - يىلدىكى 109.05 يۈەنگە تەڭشىلىپ، كۇرسى %9.05 ئۆرلىدى. بىراق تاۋارلار قىس بولغانلىقتىن، 1961 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە بېلەتلىك، كىنىشكىلىق تەمىنلىنىدىغان تاۋارلار يىلمۇ يىل كۆپەيدى، ئاشلىق، ياغ، پاختا، رەختتىن باشقا، يەنە گۆش، شېكەر، كىرسوپۇن، ئەترسوپۇن قاتارلىقلار، كىيىم تىكىش ماشىنىسى ۋە ۋېلىسىپىتلار بېلەتلىك تەمىنلەندى. مال مەنبەسى ئاساس قىلىنىپ، بېلەتلىك تەمىنلەنگەنلىكتىن، نۇرغۇنلىغان جايلاردا پاختا رەختنىڭ ئامبار قالدۇقى ئېغىر ھالدا يېتەرسىز بولۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا تەسىر يەتتى.

## 6. 5 - بەش يىللىق ۋە 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە)

1976 - يىل 10 - ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشتى. 1978 - يىلدىن كېيىن، جۇڭگو سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى مەزگىلىگە قەدەم قويدى. پۇل ئوبوروتىدا يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. (1) بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمدە جىددىي كۆپەيدى. 1985 - يىلى بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى 1 مىليارد 640 مىليون يۈەن بولۇپ، 1975-يىلدىكىنىڭ 3.9 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14.6 كۆپەيدى؛ (2) بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارىنىڭ ئېشىشى ئىقتىسادىي ئىسلاھات بىلەن تەڭ قەدەمدە ماڭدى. 1979 - يىلى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى ھەر يىلى 100 مىليون يۈەنلىك سۈرئەت بىلەن كۆپەيدى. 1983 - يىلى شەھەرلەردە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى 300 مىليون يۈەندىن 400 مىليون يۈەنگىچە سۈرئەت بىلەن ئاشتى.

1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بازارلىرىدىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارىدا ئىككى قېتىملىق كۆپىيىش يۇقىرى دولقۇنى كۆرۈلدى، بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى كۆپىيەك بولۇپ، ئىجتىمائىي پارچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ باھا ئومۇمىي ئىندېكسى ئۆرلەپ، پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى تۆۋەنلىدى. بىرىنچى قېتىملىقى 1979 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە بولدى. بۇ ۋاقىتتا بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %29.4 كۆپەيدى. ئوخشاش مەزگىلدە سانائەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14.2؛ ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %15.3 كۆپەيدى. بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارىنىڭ ئېشىشى ھەددىدىن زىيادە بولغاچقا، 1979 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ئىجتىمائىي پارچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ باھا ئومۇمىي ئىندېكسى جەمئىي %7.8 ئۆرلىدى؛ 1978 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 1980 - يىلى 100 يۈەننىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 92.76 يۈەنگە تەڭ كېلىپ، پۇلنىڭ كۇرسى 7.24 يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى.

ئىككىنچى قېتىملىقى 1984 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولدى. بۇ مەزگىلدە بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %32.8، سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى %18.8، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى %17.6 ئاشتى. بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى داۋاملىق كۆپىيىۋەرگەچكە، ئىجتىمائىي پارچە سېتىلىدىغان ماللارنىڭ باھا ئومۇمىي ئىندېكسى جەمئىي %12.8 ئۆرلەپ، پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى %9.25 تۆۋەنلەپ كەتتى. 1985 ـ يىلدىكى 100 يۈەن پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 1978 ـ يىلدىكى 80.52 يۈەنگە تەڭ كېلىپ، پۇلنىڭ كۇرسى 19.48 يۈەن تۆۋەنلىدى. 1976 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىن 2 مىليارد 421 مىليون 990 مىڭ يۈەن پۇل سىرتقا ئاقتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە سىرتقا ئاققان پۇل 1 مىليارد 581 مىليون 980 مىڭ يۈەن، بۇ 1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان 34 يىلدا سىرتقا ئاققان پۇلنىڭ 44.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئىچكىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى، ھەر خىل ھۈنەرۋەنلىرى ۋە ئۇششاق سودىگەرلىرى شىنجاڭغا زور تۈركۈمدە كىرىپ، قايتىدىغان چاغدا نۇرغۇن نەق پۇلنى ئېلىپ كەتتى. تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1983 ـ يىلى تەخمىنەن 165 مىڭ ئادەم كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەككە سودىگەرلەر بېيجىڭ، شاڭخەي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ مال سېتىۋالغاندا، ئۇلارمۇ ئومۇمەن قايەت نۇرغۇن نەق پۇلنى ئېلىپ بارغان.

### ئۆتكەن يىللارنىڭ يىل ئاخىرىدا بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 ـ 7 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقان ـ كېمەيگىنى (10 مىڭ يۈەن) | ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئاشقان ـ كېمەيگىنى (%) | يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاشقان ـ كېمەيگىنى (%) | كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل مىقدارى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1953 ـ 1985 | | | | 12.3 | |
| ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى | | | | | |
| 1952 | 3514 | | | | 7.55 |
| 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | | | | 24.5 | |
| 1953 | 4867 | 1353 | 38.50 | | 10.17 |
| 1954 | 5990 | 1123 | 23.07 | | 11.98 |
| 1955 | 5787 | -203 | 3.39 | | 11.31 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1956 | 10975 | 5188 | 89.65 | | 20.58 |
| 1957 | 10521 | -454 | -4.14 | | 18.85 |
| 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | | | | 10.6 | |
| 1958 | 13066 | 2545 | 24.19 | | 22.44 |
| 1959 | 15000 | 1934 | 14.80 | | 23.11 |
| 1960 | 19644 | 4644 | 30.96 | | 28.62 |
| 1961 | 22072 | 2428 | 12.36 | | 31.08 |
| 1962 | 17452 | -4620 | -20.93 | | 24.97 |
| تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى | | | | -1.6 | |
| 1963 | 16583 | -869 | -5.24 | | 23.25 |
| 1964 | 14899 | -1684 | -10.15 | | 20.02 |
| 1965 | 16946 | 1747 | 11.72 | | 21.09 |
| 3 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | | | | 8.0 | |
| 1966 | 18222 | 1576 | 9.47 | | 21.74 |
| 1967 | 19430 | 1208 | 6.63 | | 22.29 |
| 1968 | 21389 | 1959 | 10.08 | | 23.55 |
| 1969 | 26863 | 5474 | 25.59 | | 28.47 |
| 1970 | 24419 | -2444 | -9.10 | | 25.00 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | 11.5 | | | | 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| 25.49 | | 5.42 | 1323 | 25742 | 1971 |
| 27.26 | | 11.16 | 2874 | 28616 | 1972 |
| 30.71 | | 16.87 | 4828 | 33444 | 1973 |
| 34.15 | | 14.97 | 5008 | 38452 | 1974 |
| 36.38 | | 9.23 | 3548 | 42000 | 1975 |
| | 10.3 | | | | 5 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| 37.95 | | 7.14 | 3000 | 45000 | 1976 |
| 33.61 | | -9.70 | -4363 | 40637 | 1977 |
| 33.25 | | 0.89 | 363 | 41000 | 1978 |
| 42.20 | | 29.27 | 12000 | 53000 | 1979 |
| 53.46 | | 29.43 | 15600 | 68600 | 1980 |
| | 19.0 | | | | 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| 59.09 | | 12.24 | 8400 | 77000 | 1981 |
| 60.79 | | 3.90 | 3000 | 80000 | 1982 |
| 69.75 | | 16.25 | 13000 | 93000 | 1983 |
| 102.67 | | 48.39 | 45000 | 138000 | 1984 |
| 120.49 | | 18.84 | 26000 | 164000 | 1985 |

## 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە رايونلارنىڭ يىل ئاخىرىدا بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل 3 ـ 8

| تۈرى / رايونلار | 1980 ـ يىل | | | | 1981 ـ يىل | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | ئاپتونوم رايوننىڭ ئوبوروت مىقدارىدا ئىگىلىگەنى (%) | ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسىدا ئىگىلىگەنى (%) | كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل مىقدارى (يۈەن) | ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | ئاپتونوم رايوننىڭ ئوبوروت مىقدارىدا ئىگىلىگەنى (%) | ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسىدا ئىگىلىگەنى (%) | كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل مىقدارى (يۈەن) |
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 68600 | 100 | 100 | 53.46 | 77000 | 100 | 100 | 59.09 |
| ئۈرۈمچى | 8600 | | | | 9500 | | | |
| قاراماي | 1100 | | | | 1700 | | | |
| سانجى | 6100 | | | | 6700 | | | |
| قۇمۇل | 2200 | | | | 2400 | | | |
| تۇرپان | 2200 | | | | 2400 | | | |
| باشقىلار | 200 | | | | 200 | | | |
| ئوتتۇرا شىنجاڭدا جەمئىي | 20400 | 29.74 | 24.32 | 65.37 | 22900 | 29.74 | 24.36 | 72.13 |
| ئىلى | 9000 | | | | 10000 | | | |
| بورتالا | 1900 | | | | 2100 | | | |
| تارباغاتاي | 3900 | | | | 4300 | | | |
| ئالتاي | 2800 | | | | 3200 | | | |
| شىخەنزە | 3400 | | | | 3700 | | | |
| شىمالىي شىنجاڭدا جەمئىي | 21000 | 30.61 | 28.95 | 56.53 | 23300 | 30.26 | 29.00 | 61.67 |
| بايىنغولىن | 5000 | | | | 5400 | | | |
| ئاقسۇ | 6900 | | | | 7500 | | | |
| قىزىلسۇ | 1300 | | | | 1500 | | | |
| قەشقەر | 10000 | | | | 12000 | | | |
| خوتەن | 4000 | | | | 4400 | | | |
| جەنۇبىي شىنجاڭدا جەمئىي | 27200 | 39.65 | 46.73 | 45.35 | 30800 | 40.00 | 46.64 | 50.68 |

| تۈرى / رايونلار | 1982 - يىل | | | | 1983 - يىل | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | ئاپتونوم رايوننىڭ ئوبوروت مىقدارىدا ئىگىلىگەنى (%) | ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسىدا ئىگىلىگەنى (%) | كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل مىقدارى (يۈەن) | ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | ئاپتونوم رايوننىڭ ئوبوروت مىقدارىدا ئىگىلىگەنى (%) | ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسىدا ئىگىلىگەنى (%) | كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل مىقدارى (يۈەن) |
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 80000 | 100 | 100 | 60.79 | 93000 | 100 | 100 | 69.75 |
| ئۈرۈمچى | 9500 | | | | 10500 | | | |
| قاراماي | 1800 | | | | 2200 | | | |
| سانجى | 7000 | | | | 8000 | | | |
| قۇمۇل | 2700 | | | | 3100 | | | |
| تۇرپان | 2600 | | | | 3100 | | | |
| باشقىلار | 200 | | | | 800 | | | |
| ئوتتۇرا شىنجاڭدا جەمئىي | 23800 | 29.75 | 24.41 | 74.09 | 27700 | 29.78 | 24.51 | 84.77 |
| ئىلى | 9800 | | | | 10500 | | | |
| بورتالا | 2100 | | | | 2900 | | | |
| تارباغاتاي | 4700 | | | | 5600 | | | |
| ئالتاي | 3200 | | | | 3700 | | | |
| شىخەنزە | 3700 | | | | 4400 | | | |
| شىمالىي شىنجاڭدا جەمئىي | 23500 | 29.38 | 28.92 | 61.75 | 27100 | 29.14 | 28.81 | 70.54 |
| بايىنغولىن | 5400 | | | | 5800 | | | |
| ئاقسۇ | 8000 | | | | 9700 | | | |
| قىزىلسۇ | 1600 | | | | 1800 | | | |
| قەشقەر | 13000 | | | | 15000 | | | |
| خوتەن | 4700 | | | | 5900 | | | |
| جەنۇبىي شىنجاڭدا جەمئىي | 32700 | 40.87 | 46.67 | 53.25 | 38200 | 41.08 | 46.68 | 61.38 |

ئەسكەرتىش: 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جايلارنىڭ يىل ئاخىرىدا بازاردىكى پۇل ئوبوروتى مىقدارى خەلق شۆبە بانكىسى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن سان بويىچە ئېلىندى.

1980 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە جايلارنىڭ يىل ئاخىرىدا بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارى پايدىلىنىلىدىغان سان بويىچە ئېلىندى.

| تۈرى / رايونلار | 1984 - يىل: ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | 1984 - يىل: ئاپتونوم رايوننىڭ ئوبوروت مىقدارىدا ئىگىلىگەنى (%) | 1984 - يىل: ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسىدا ئىگىلىگەنى (%) | 1984 - يىل: كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل مىقدارى (يۈەن) | 1985 - يىل: ئوبوروت مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | 1985 - يىل: ئاپتونوم رايوننىڭ ئوبوروت مىقدارىدا ئىگىلىگەنى (%) | 1985 - يىل: ئاپتونوم رايوننىڭ نوپۇسىدا ئىگىلىگەنى (%) | 1985 - يىل: كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل مىقدارى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 138000 | 100 | 100 | 102.67 | 164000 | 100 | 100 | 120.49 |
| ئۈرۈمچى | 16900 | | | | 22000 | | | |
| قاراماي | 3200 | | | | 4400 | | | |
| سانجى | 12000 | | | | 15300 | | | |
| قۇمۇل | 4400 | | | | 5500 | | | |
| تۇرپان | 4500 | | | | 5300 | | | |
| باشقىلار | 1400 | | | | 1400 | | | |
| ئوتتۇرا شىنجاڭدا جەمئىي | 42400 | 30.73 | 24.62 | 128.17 | 53900 | 32.87 | 24.72 | 160.20 |
| ئىلى | 15500 | | | | 18300 | | | |
| بورتالا | 4000 | | | | 4800 | | | |
| تارباغاتاي | 8200 | | | | 9800 | | | |
| ئالتاي | 5500 | | | | 6500 | | | |
| شىخەنزە | 6200 | | | | 8200 | | | |
| شىمالىي شىنجاڭدا جەمئىي | 39400 | 28.55 | 28.56 | 102.64 | 47900 | 29.02 | 28.40 | 123.16 |
| بايىنغولىن | 8200 | | | | 9400 | | | |
| ئاقسۇ | 14500 | | | | 15500 | | | |
| قىزىلسۇ | 2900 | | | | 4000 | | | |
| قەشقەر | 22000 | | | | 24300 | | | |
| خوتەن | 8600 | | | | 9300 | | | |
| جەنۇبىي شىنجاڭدا جەمئىي | 56200 | 40.72 | 46.82 | 89.29 | 62500 | 38.11 | 46.88 | 97.93 |

## 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ستاتىستىكا جەدۋىلى

(1950 ـ يىلدىكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 100 ھېسابلاندى)

جەدۋەل: 3 ـ 9

| يىلى / تۈرى | ھەر قايسى يىلدىكى 100 يۈەننىڭ 1950ـ يىلدىكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە تەڭ كېلىشى (يۈەن) | پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ئۆرلىشى ـ چۈشۈشى (%) | پارچە سېتىلىدىغان مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي ئىندېكسى | مال باھاسى ئومۇمىي ئىندېكسىنىڭ جەمئىي ئۆرلىشى ـ چۈشۈشى (%) | مال باھاسى ئىندېكسىنىڭ يىلمۇ يىل ئېشىش ـ چۈشۈش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 100.0 | 0. | 100.0 | 0. | 0. |
| 1951 | 94.79 | -5.21 | 105.5 | 5.5 | 5.5 |
| 1952 | 97.85 | -2.15 | 102.2 | 2.2 | -3.1 |
| | | | | | |
| 1953 | 100.81 | 0.81 | 99.2 | -0.8 | -3.0 |
| 1954 | 98.72 | -1.28 | 101.3 | 1.3 | 2.1 |
| 1955 | 100.20 | 0.20 | 99.8 | -0.2 | -1.5 |
| 1956 | 106.72 | 6.72 | 93.7 | -6.3 | -6.1 |
| 1957 | 108.11 | 8.11 | 92.5 | -7.5 | -1.3 |
| | | | | | |
| 1958 | 109.65 | 9.65 | 91.2 | -8.8 | -1.4 |
| 1959 | 109.05 | 9.05 | 91.7 | -8.3 | 0.5 |
| 1960 | 107.99 | 7.99 | 92.6 | -7.4 | 1.0 |
| 1961 | 86.66 | -13.34 | 115.4 | 15.4 | 24.6 |
| 1962 | 88.26 | -11.74 | 113.3 | 13.3 | -1.8 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| -5.2 | 7.4 | 107.4 | -6.89 | 93.11 | 1963 |
| -3.9 | 3.2 | 103.2 | -3.10 | 96.90 | 1964 |
| -3.2 | -0.1 | 99.9 | 0.10 | 100.10 | 1965 |
| | | | | | |
| -2.7 | -2.8 | 97.2 | 2.88 | 102.88 | 1966 |
| -2.0 | -4.7 | 95.3 | 4.93 | 104.93 | 1967 |
| -0.1 | -4.8 | 95.2 | 5.04 | 105.04 | 1968 |
| -0.9 | -5.7 | 94.3 | 6.04 | 106.04 | 1969 |
| -0.3 | -6.0 | 94.0 | 6.38 | 106.38 | 1970 |
| | | | | | |
| 0. | -6.0 | 94.0 | 6.38 | 106.38 | 1971 |
| 0. | -6.0 | 94.0 | 6.38 | 106.38 | 1972 |
| 0. | -6.0 | 94.0 | 6.38 | 106.38 | 1973 |
| 0. | -6.0 | 94.0 | 6.38 | 106.38 | 1974 |
| -0.1 | -6.1 | 93.9 | 6.50 | 106.50 | 1975 |
| | | | | | |
| -0.3 | -6.4 | 93.6 | 6.84 | 106.84 | 1976 |
| -0.1 | -6.5 | 98.5 | 6.95 | 106.95 | 1977 |
| 1.4 | -4.8 | 95.2 | 5.04 | 105.04 | 1978 |
| 3.5 | -1.5 | 98.5 | 1.52 | 101.52 | 1979 |
| 4.2 | 2.7 | 102.7 | -2.63 | 97.37 | 1980 |
| | | | | | |
| 1.6 | 4.3 | 104.3 | -4.12 | 95.88 | 1981 |
| 0.2 | 4.5 | 104.5 | -4.31 | 95.69 | 1982 |
| 1.5 | 6.1 | 106.1 | -5.75 | 94.25 | 1983 |
| 3.1 | 9.4 | 109.4 | -8.56 | 91.41 | 1984 |
| 8.1 | 18.3 | 118.3 | -15.47 | 84.53 | 1985 |

## 1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ستاتىستىكا جەدۋىلى

(1952 ـ يىلدىكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 100 ھېسابلاندى)

جەدۋەل: 3 ـ 10

| يىلى / تۈرى | ھەر قايسى يىلدىكى 100 يۈەننىڭ 1952 ـ يىلدىكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە تەڭ كېلىشى (يۈەن) | پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ ئۆرلىشى ـ چۈشۈشى (%) | پارچە سېتىلىدىغان مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي ئىندېكسى | مال باھاسى ئومۇمىي ئىندېكسىنىڭ جەمئىي ئۆرلىشى ـ چۈشۈشى (%) | مال باھاسى ئىندېكسىنىڭ يىلمۇ يىل ئېشىش ـ چۈشۈش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | 100.00 | 0.00 | 100.0 | 0.0 | 0.0 |
| 1953 | 103.09 | 3.09 | 97.0 | -3.0 | -3.0 |
| 1954 | 101.01 | 1.01 | 99.0 | -1.0 | 2.1 |
| 1955 | 102.46 | 2.46 | 97.6 | -2.4 | -1.5 |
| 1956 | 109.17 | 9.17 | 91.6 | -8.4 | -6.1 |
| 1957 | 110.62 | 10.62 | 90.4 | -9.6 | -1.3 |
| 1958 | 112.23 | 12.23 | 89.1 | -10.9 | -1.4 |
| 1959 | 111.73 | 11.73 | 89.5 | -10.5 | 0.5 |
| 1960 | 110.62 | 10.62 | 90.4 | -9.6 | 1.0 |
| 1961 | 88.81 | -11.19 | 112.6 | 12.6 | 24.6 |
| 1962 | 90.42 | -9.58 | 110.6 | 10.6 | 1.8 |
| 1963 | 95.42 | -4.58 | 104.8 | 4.8 | -5.2 |
| 1964 | 99.30 | -0.70 | 100.7 | 0.7 | -3.9 |
| 1965 | 102.56 | 2.56 | 97.5 | -2.5 | -3.2 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| -2.7 | -5.1 | 94.9 | 5.37 | 105.37 | 1966 |
| -2.0 | -7.0 | 83.0 | 7.53 | 107.53 | 1967 |
| -0.1 | -7.1 | 92.9 | 7.64 | 107.64 | 1968 |
| -0.9 | -7.9 | 92.1 | 8.58 | 108.58 | 1969 |
| -0.3 | -8.2 | 91.8 | 8.93 | 108.93 | 1970 |
| | | | | | |
| 0 | -8.2 | 91.8 | 8.93 | 108.93 | 1971 |
| 0 | -8.2 | 91.8 | 8.93 | 108.93 | 1972 |
| 0 | -8.2 | 91.8 | 8.93 | 108.93 | 1973 |
| 0 | -8.2 | 91.8 | 8.93 | 108.93 | 1974 |
| -0.1 | -8.3 | 91.7 | 9.05 | 109.05 | 1975 |
| | | | | | |
| -0.3 | -8.6 | 91.4 | 9.41 | 109.41 | 1976 |
| -0.1 | -8.7 | 91.3 | 9.53 | 109.53 | 1977 |
| 1.4 | -7.4 | 92.6 | 7.99 | 107.99 | 1978 |
| 3.5 | -4.2 | 95.8 | 4.38 | 104.38 | 1979 |
| 4.2 | -0.2 | 99.8 | 0.20 | 100.20 | 1980 |
| | | | | | |
| 1.6 | 1.4 | 101.4 | -1.38 | 98.62 | 1981 |
| 0.2 | 1.6 | 101.6 | -1.58 | 98.42 | 1982 |
| 1.5 | 3.1 | 103.1 | -3.01 | 96.99 | 1983 |
| 3.1 | 6.3 | 106.3 | -5.93 | 94.07 | 1984 |
| 8.1 | 14.9 | 114.9 | -12.97 | 87.03 | 1985 |

## 1978 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ستاتىستىكا جەدۋىلى

(1978 ـ يىلدىكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى 100 ھېسابلاندى)

جەدۋەل: 3 ـ 11

| كۆرسەتكۈچى / يىلى | ھەر قايسى يىلدىكى 100 يۈەننىڭ 1978 ـ يىلدىكى پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىگە تەڭ كېلىشى (يۈەن) | پۇلنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ چۈشۈشى (%) | پارچە سېتىلىدىغان مال باھاسىنىڭ ئومۇمىي ئىندېكسى | مال باھاسى ئومۇمىي ئىندېكسىنىڭ جەمئىي ئۆرلىشى (%) | مال باھاسى ئىندېكسىنىڭ يىلمۇ يىل ئېشىش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 100.00 | 0.00 | 100.0 | 0.0 | 0.0 |
| 1979 | 96.62 | 3.38 | 103.5 | 3.5 | 3.5 |
| 1980 | 92.76 | 7.24 | 107.8 | 7.8 | 4.2 |
| 1981 | 91.32 | 8.68 | 109.5 | 9.5 | 1.6 |
| 1982 | 91.16 | 8.84 | 109.7 | 9.7 | 0.2 |
| 1983 | 89.77 | 10.23 | 111.4 | 11.4 | 1.5 |
| 1984 | 87.03 | 12.97 | 114.9 | 14.9 | 3.1 |
| 1985 | 80.52 | 19.48 | 124.2 | 24.2 | 8.1 |

## 1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ھەر بىر يۈەنلىك پۇل ئوبوروت مىقدارىنىڭ مۇناسىپ ھالدا ئىگە بولغان پارچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسى، تاۋارنىڭ ئامبار قالدۇقى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش سوممىسى بىلەن بولغان نىسبىتى

جەدۋەل: 3 ـ 12

بىرلىكى: يۈەن

| تۈرى / يىلى | ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ نىسبىتى | ئامباردىكى تاۋار قالدۇقى سوممىسىنىڭ نىسبىتى | ئىجتىمائىي يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىش سوممىسىنىڭ نىسبىتى |
|---|---|---|---|
| 1952 | 10.6 | 2.3 | 2.3 |
| 1953 | 9.0 | 2.4 | 1.9 |
| 1954 | 8.9 | 4.9 | 2.7 |
| 1955 | 10.9 | 7.5 | 2.8 |
| 1956 | 6.7 | 3.7 | 1.5 |
| 1957 | 8.5 | 6.0 | 2.4 |
| 1958 | 7.4 | 4.9 | 2.6 |
| 1959 | 7.7 | 5.7 | 3.0 |
| 1960 | 6.5 | 4.7 | 1.9 |
| 1961 | 5.1 | 4.4 | 1.5 |
| 1962 | 6.3 | 5.0 | 1.6 |
| 1963 | 6.3 | 5.3 | 2.0 |
| 1964 | 7.5 | 6.8 | 2.6 |
| 1965 | 7.2 | 6.5 | 2.8 |
| 1966 | 7.2 | 6.2 | 2.8 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 1967 | 7.1 | 5.5 | 2.6 |
| 1968 | 6.1 | 4.9 | 1.9 |
| 1969 | 5.2 | 3.9 | 1.6 |
| 1970 | 6.0 | 5.1 | 1.5 |
| 1971 | 5.9 | 4.9 | 1.5 |
| 1972 | 5.4 | 4.3 | 1.3 |
| 1973 | 5.0 | 3.8 | 1.3 |
| 1974 | 4.5 | 3.1 | 1.0 |
| 1975 | 4.4 | 2.8 | 1.0 |
| 1976 | 4.5 | 3.0 | 1.3 |
| 1977 | 5.3 | 3.9 | 1.4 |
| 1978 | 6.0 | 4.3 | 1.6 |
| 1979 | 5.3 | 3.6 | 1.5 |
| 1980 | 4.8 | 3.3 | 1.6 |
| 1981 | 4.8 | 3.3 | 1.5 |
| 1982 | 5.0 | 3.5 | 1.8 |
| 1983 | 4.8 | 3.3 | 1.8 |
| 1984 | 3.7 | 2.4 | 1.4 |
| 1985 | 3.8 | 2.2 | 2.0 |

**1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى، سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ يىلدىن ـ يىلغا ئېشىش ـ كېمىيىش نىسبىتى**

جەدۋەل: 3 ـ 13

| تۈرى / يىلى | پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى | سانائەت ـ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى |
|---|---|---|---|
| 1953 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا ھېسابتا ئاشقىنى | 12.30 | 8.60 | 8.90 |
| ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى | | | |
| 1952 | | | |
| 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابتا ئاشقىنى ـ كېمەيگىنى | 24.50 | 11.70 | 19.20 |
| 1953 | 38.50 | 21.75 | 18.22 |
| 1954 | 23.07 | 12.17 | 21.82 |
| 1955 | -3.39 | 0.32 | 18.28 |
| 1956 | 89.65 | 6.56 | 16.46 |
| 1957 | -4.14 | 11.21 | 21.81 |
| 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابتا ئاشقىنى ـ كېمەيگىنى | 10.60 | 7.90 | 4.20 |
| 1958 | 24.19 | 20.65 | 7.99 |
| 1959 | 14.80 | 48.38 | 20.43 |
| 1960 | 30.96 | 17.78 | 9.57 |
| 1961 | 12.36 | -20.45 | -11.56 |
| 1962 | -20.93 | -12.76 | -2.49 |
| تەرتىپكە سېلىش مەزگىلىدە يىلىغا ئوتتۇرىچە ئاشقان ـ كېمەيگىنى | -1.60 | 10.80 | 3.20 |
| 1963 | -5.24 | 12.17 | -4.25 |
| 1964 | -10.15 | 5.34 | 5.68 |
| 1965 | 11.72 | 15.18 | 8.55 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 3 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساپتا ئاشقىنى ـ كېمەيگىنى | 8.00 | 2.40 | 3.90 |
| 1966 | 9.47 | 16.70 | 8.84 |
| 1967 | 6.63 | -8.24 | 4.92 |
| 1968 | 10.08 | -11.77 | 5.75 |
| 1969 | 25.59 | -0.49 | 7.81 |
| 1970 | -9.10 | 19.95 | 4.21 |
| 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساپتا ئاشقىنى ـ كېمەيگىنى | 11.50 | 1.7 | 5.00 |
| 1971 | 5.42 | 7.31 | 3.74 |
| 1972 | 11.16 | -8.92 | 2.29 |
| 1973 | 18.87 | 0.73 | 8.08 |
| 1974 | 14.97 | -3.59 | 2.65 |
| 1975 | 9.23 | 14.14 | 8.46 |
| 5 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساپتا ئاشقىنى ـ كېمەيگىنى | 10.30 | 12.50 | 12.00 |
| 1976 | 7.14 | 8.80 | 8.04 |
| 1977 | -9.70 | 9.28 | 7.33 |
| 1978 | 0.89 | 16.27 | 14.52 |
| 1979 | 29.27 | 11.68 | 12.60 |
| 1980 | 29.43 | 16.83 | 17.99 |
| 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساپتا ئاشقىنى ـ كېمەيگىنى | 19.00 | 15.00 | 13.60 |
| 1981 | 12.24 | 9.87 | 12.46 |
| 1982 | 3.90 | 12.36 | 7.18 |
| 1983 | 16.25 | 15.47 | 13.56 |
| 1984 | 48.39 | 14.75 | 13.83 |
| 1985 | 18.84 | 22.99 | 21.48 |

## 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدىكى رايونلار بويىچە بازاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 ـ 14

| تۈرى / رايونلار | ئۆلكە نوپۇسىدا ئىگىلىگەنى (%) | كۆمۈش دوللار پۇلى (دوللار) | ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكى (100 مىليون دوللار) | يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلۇشى | | | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | ئوبوروت مىقدارى (دوللار) | ئۆلكە بويىچە ئىگىلىگىنى (%) | كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل مىقدارى (دوللار) | |
| ئۆلكە بويىچە | 100.00 | 68272797 | 400 | 5013640 | 100.00 | 1.24 | 1. كۆمۈش دوللار پۇلىنىڭ بىر دوللار پېرېۋوت نىسبىتى كونا خەلق پۇلىنىڭ 500 دوللىرىغا سۇندۇرۇلدى. 2. كۆمۈش دوللار پۇلىنىڭ بىر دوللىرى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ 1250 دوللار قەرەللىك چېكىگە سۇندۇرۇلدى. 3. كونا خەلق پۇلىنىڭ 10 مىڭ دوللىرى يېڭى خەلق پۇلىنىڭ بىر يۈەنىگە سۇندۇرۇلدى. |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 1.49 | 44600097 | | 2230005 | 44.48 | 37.00 | |
| ئۈرۈمچى ۋىلايىتى | 8.48 | 3509300 | | 175465 | 3.50 | 0.51 | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 1.43 | 2034200 | | 101710 | 2.03 | 1.76 | |
| ئوتتۇرا شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 11.40 | 50143597 | | 2507180 | 50.01 | 5.43 | |
| ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرى | 17.60 | | 400 | 1600000 | 31.91 | 2.24 | |
| شىمالىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 17.60 | | 400 | 1600000 | 31.91 | 2.24 | |
| قاراشەھەر ۋىلايىتى | 2.69 | 4045700 | | 202285 | 4.03 | 1.86 | |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 15.33 | 4949350 | | 247465 | 4.94 | 0.40 | |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 22.85 | 4293250 | | 214662 | 4.28 | 0.23 | |
| يەكەن ۋىلايىتى | 14.31 | 2203400 | | 110170 | 2.20 | 0.19 | |
| خوتەن ۋىلايىتى | 15.82 | 2637500 | | 131875 | 2.63 | 0.21 | |
| جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 71.00 | 18129200 | | 906460 | 18.08 | 0.32 | |

## 1951 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1952 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە تېگىشتۈرۈلگەن كۆمۈش دوللار پۇلى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 ـ 15

بىرلىكى: دوللار

| تۈرى / رايونلار | ئۆلكە نوپۇسىدا ئىگىلىگىنى (%) | كۆمۈش دوللار پۇلى | كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغىنى | يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغىنى: خەلق پۇلى | پۈتۈن ئۆلكىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | كىشى بېشىغا تېگىشتۈرۈلگىنى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئۆلكە بويىچە | 100.00 | 932288738.85 | 326301058597.50 | 32630106 | 100.00 | 7.18 | 1. كۆمۈش دوللار پۇلىنىڭ بىر دوللىرى 350 دوللار كونا خەلق پۇلىغا تېگىشىلدى. 2. 10 مىڭ دوللار كونا خەلق پۇلى بىر يۈەن يېڭى خەلق پۇلىغا تېگىشىلدى. |
| ئۈرۈمچى | 3.31 | 183210809.00 | 64123783150.00 | 6412378 | 19.65 | 42.55 | |
| سانجى | 5.17 | 74179617.29 | 25962866051.90 | 2596287 | 7.96 | 11.04 | |
| قۇمۇل | 1.68 | 44901342.79 | 15715469976.50 | 1571547 | 4.81 | 20.62 | |
| تۇرپان | 3.27 | 29330933.95 | 10265826882.50 | 1026583 | 3.15 | 6.90 | |
| ئوتتۇرا شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 13.43 | 331622703.03 | 116067946060.50 | 11606795 | 35.57 | 19.00 | |
| ئىلى | 10.66 | 184157193.50 | 64455017725.00 | 6445502 | 19.75 | 13.30 | |
| تارباغاتاي | 4.21 | 76991645.45 | 26947075907.50 | 2694708 | 8.26 | 14.07 | |
| ئالتاي | 2.00 | 25062901.50 | 8772015525.00 | 877201 | 2.69 | 9.67 | |
| شىمالىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 16.87 | 286211740.45 | 100174109157.50 | 10017411 | 30.70 | 13.06 | |
| بايىنغولىن | 3.39 | 56064504.21 | 19622576473.50 | 1962258 | 6.01 | 12.75 | |
| ئاقسۇ | 14.61 | 70977391.14 | 24842086899.00 | 2484208 | 7.62 | 3.74 | |
| قىزىلسۇ | 2.14 | 3489680.75 | 1221388262.50 | 122139 | 0.37 | 1.25 | |
| قەشقەر | 34.29 | 137172650.10 | 48010427535.00 | 4801034 | 14.71 | 3.08 | |
| خوتەن | 15.27 | 46750069.17 | 16362524209.50 | 1636252 | 5.02 | 2.36 | |
| جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 69.70 | 314454265.37 | 110059003379.50 | 11005900 | 33.73 | 3.47 | |

## 1956 ـ يىلى تېگىشىۋېلىنغان كونا خەلق پۇلى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 ـ 16

| تۈرى / رايونلار | ئاپتونوم رايوندىكى نوپۇسدا ئىگىلىگىنى (%) | كونا خەلق پۇلى (100 مىليون دوللار) | يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغىنى | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | | خەلق پۇلى (10 مىڭ يۈەن) | ئاپتونوم رايون بويىچە (%) | كىشى بېشىغا تېگىشلىگىنى (%) |
| ئۈلكە بويىچە | 100.00 | 5185 | 5185 | 10000 | 10.13 |
| ئۈرۈمچى | 4.30 | 879 | 879 | 16.95 | 39.90 |
| قاراماي | | 26 | 26 | 0.50 | |
| سانجى | 5.73 | 467 | 467 | 9.00 | 15.92 |
| قۇمۇل | 1.60 | 107 | 107 | 2.06 | 13.06 |
| تۇرپان | 3.10 | 179 | 179 | 3.45 | 11.29 |
| ئوتتۇرا شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 14.73 | 1658 | 1658 | 31.96 | 21.99 |
| ئىلى | 9.32 | 681 | 681 | 13.13 | 14.27 |
| بورتالا | 0.84 | 52 | 52 | 1.00 | 12.15 |
| تارباغاتاي | 5.51 | 333 | 333 | 6.43 | 11.81 |
| ئالتاي | 2.19 | 271 | 271 | 5.23 | 24.15 |
| شىمالىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 17.86 | 1337 | 1337 | 25.79 | 14.63 |
| بايىنغولىن | 3.50 | 192 | 192 | 3.71 | 10.73 |
| ئاقسۇ | 14.83 | 537 | 537 | 10.36 | 7.08 |
| قىزىلسۇ | 2.75 | 107 | 107 | 2.06 | 7.62 |
| قەشقەر | 31.84 | 1006 | 1006 | 19.40 | 6.17 |
| خوتەن | 14.49 | 348 | 348 | 6.72 | 4.69 |
| جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 67.41 | 2190 | 2190 | 42.25 | 6.35 |

## 1964 ـ يىلى يىغۇۋېلىنغان سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان ئۈچ خىل پۇل ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 ـ 17    بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / رايونلار | پەقەت كىرىم قىلىنىش، چىقىم قىلماسلىق باسقۇچى 1963 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1964 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە | ئاشكارا يىغۇۋېلىش باسقۇچى: 1964 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 1964 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە | ئاشكارا يىغۇۋېلىش باسقۇچى: بۇنىڭ ئىچىدە: 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە | جەمئىي: يىغۇۋېلىنغان ئومۇمىي سانى | جەمئىي: ئاپتونوم رايون بويىچە ئىگىلىگىنى (%) | يىغۇۋېلىنغىنىنىڭ رايونلار بويىچە ستاتىستىكىسى: جايلاردىن يىغۇۋېلىنغان سان | يىغۇۋېلىنغىنىنىڭ رايونلار بويىچە ستاتىستىكىسى: ئاپتونوم رايون نوپۇسىدا ئىگىلىگىنى (%) | يىغۇۋېلىنغىنىنىڭ رايونلار بويىچە ستاتىستىكىسى: كىشى بېشىغا يىغۇۋېلىنغىنى (يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئاپتونوم رايون بويىچە | 5275.8 | 2615.8 | 2404.7 | 7891.6 | 100.00 | 7967.0 | 100.0 | 10.71 |
| ئۈرۈمچى | 1258.1 | 379.4 | 367.4 | 1637.5 | | | | |
| قاراماي | 158.0 | 26.7 | 22.2 | 184.7 | | | | |
| سانجى | 445.8 | 309.7 | 279.7 | 755.5 | | | | |
| قومۇل | 151.6 | 83.4 | 71.4 | 235.0 | | | | |
| تۇرپان | 101.4 | 108.4 | 94.3 | 209.8 | | | | |
| 7 ـ تارماق بانكا | 6.7 | 6.1 | 3.7 | 12.8 | | | | |
| ئوتتۇرا شىنجاڭدا جەمئىي | 2121.6 | 913.7 | 838.7 | 3035.3 | 38.46 | 3064.0 | 22.9 | 17.98 |
| ئىلى | 48.0 | 296.2 | 281.4 | 714.2 | | | | |
| بورتالا | 86.7 | 51.2 | 41.9 | 137.9 | | | | |
| تارباغاتاي | 515.7 | 272.8 | 255.1 | 788.5 | | | | |
| ئالتاي | 155.8 | 108.7 | 89.4 | 264.5 | | | | |
| شىمالىي شىنجاڭدا جەمئىي | 1176.2 | 728.9 | 667.8 | 1905.1 | 24.14 | 1923.0 | 22.8 | 11.34 |
| بايىنغولىن | 187.6 | 126.2 | 114.7 | 313.8 | | | | |
| ئاقسۇ | 573.2 | 266.5 | 247.6 | 839.8 | | | | |
| قىزىلسۇ | 88.7 | 37.5 | 33.2 | 126.2 | | | | |
| قەشقەر | 893.9 | 419.0 | 392.6 | 1312.9 | | | | |
| خوتەن | 234.5 | 124.0 | 110.1 | 358.5 | | | | |
| جەنۇبىي شىنجاڭدا جەمئىي | 1978.0 | 973.2 | 898.2 | 2951.2 | 37.40 | 2980.0 | 54.3 | 7.37 |

## شىنجاڭدا يىللاردىن بۇيانقى پۇلنىڭ سىرتقا ئېقىش مىقدارى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 ـ 18 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىلى | سىرتقا ئېقىش مىقدارى | تارقىتىلغان مىقداردا ئىگىلىگەن سالمىقى (%) | يىلغا ئوتتۇرىچە ئاشقىنى (كېمەيگىنى) (%) |
|---|---|---|---|
| 1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە | 353092 | 68.62 | 18.3 |
| ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى | | | |
| 1952 | 208 | 17.88 | |
| 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 4136 | 37.12 | 45.6 |
| 1953 | 814 | 37.56 | |
| 1954 | 543 | 32.59 | |
| 1955 | 507 | 166.78 | |
| 1956 | 913 | 14.96 | |
| 1957 | 1359 | 150.16 | |
| 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 15880 | 69.61 | 32.3 |
| 1958 | 1570 | 38.15 | |
| 1959 | 2089 | 51.93 | |
| 1960 | 2121 | 31.36 | |
| 1961 | 4600 | 65.45 | |
| 1962 | 5500 | 625.00 | |
| تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى | 8812 | 110.07 | -19.7 |
| 1963 | 3032 | 140.17 | |
| 1964 | 2928 | 235.37 | |
| 1965 | 2852 | 62.01 | |
| 3 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 26700 | 77.45 | 12.1 |
| 1966 | 5000 | 76.03 | |
| 1967 | 3900 | 76.35 | |
| 1968 | 6000 | 75.39 | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| | 55.40 | 6800 | 1969 |
| | 195.62 | 5000 | 1970 |
| 21.7 | 75.83 | 55157 | 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| | 81.93 | 6000 | 1971 |
| | 75.38 | 8800 | 1972 |
| | 71.31 | 12000 | 1973 |
| | 74.97 | 15000 | 1974 |
| | 79.01 | 13357 | 1975 |
| 7.6 | 75.95 | 84001 | 5 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| | 84.29 | 16099 | 1976 |
| | 137.49 | 16000 | 1977 |
| | 97.79 | 16098 | 1978 |
| | 57.88 | 16491 | 1979 |
| | 55.32 | 19313 | 1980 |
| 22.0 | 62.38 | 158198 | 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى |
| | 71.84 | 21432 | 1981 |
| | 89.78 | 26347 | 1982 |
| | 68.87 | 28768 | 1983 |
| | 39.60 | 29504 | 1984 |
| | 66.73 | 52147 | 1985 |

# 4 § . پۇلنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىغا تارقىلىشى

1950 - يىل 11 - ئايدا كۆمۈش دوللار پۇلنىڭ بازاردىكى ئوبوروت مىقدارى تەخمىنەن 359 مىليون دوللار بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە شەھەردىكىسى 299 مىليون دوللار بولۇپ، %83 نى، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكىسى 60 مىليون دوللار بولۇپ، %17 نى ئىگىلىدى، پەقەت ئۈرۈمچىدىكىسىلا 150 مىليون دوللار بولۇپ، ئوبوروت ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 42 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۆلكە بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پۇل شەھەرلەردە 370 دوللار، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 17 دوللار بولدى.

1961 - يىلى پۇل ئوبوروتىنى پىلانلىق تەڭشەش ئۈچۈن، خەلق شۆبە بانكىسى بىر يىلدا بىر قېتىم پۇلنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىشقا باشلىدى. 1966 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تەكشۈرۈش ئۈزۈلۈپ قالدى، 1977 - يىلى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

## 1. پۇلنىڭ شەھەر - يېزىلارغا تارقىلىشى

1952 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 34 يىل جەريانىدا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بازاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارىدا، شەھەر - يېزىلار ئارا تارقىتىلىشىدا ئۆزگىرىش بولدى، ئايرىم يىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇمەن شەھەر ۋە يېزىلاردا ئوبوروت مىقدارى يىلمۇ يىل ئۆرلىدى. شەھەرلەردىكى ئوبوروتنىڭ ئومۇمىي مىقدارى يېزىلاردىكىدىن يۇقىرى بولدى. 1980 - يىلدىن باشلاپ يېزىلاردىكى بازارلاردا پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى يىلدىن - يىلغا شەھەرلەردىكىدىن يۇقىرى بولدى.

شەھەرلەردىكى بازارلاردا پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى: 1952 - يىلى 25 مىليون 50 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ئىدى، 1985 - يىلى 681 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 26.2 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10.5 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %21.4 ئاشتى، 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %8.7 تۆۋەنلىدى، 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %19.9، 1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14 ئاشتى.

يېزىلاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى: 1952 - يىلى 10 مىليون 90 مىڭ يۈەن ئىدى، 1985 - يىلى 959 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 94 ھەسسە ئاشتى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14.8 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %31.1، 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %27.7 ئاشتى، 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %6.6 تۆۋەنلىدى، 1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %24.3 ئاشتى.

## 1961 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى تۈرلۈك رايونلاردا پۇل مىقدارىنىڭ تارقىلىشى

جەدۋەل: 3 ـ 19

| تۈرى | | 1961 ـ يىل ئاخىرى | 1962 ـ يىل ئاخىرى | 1963 ـ يىل ئاخىرى |
|---|---|---|---|---|
| يېزىلاردىكى نوپۇس (10 مىڭ ئادەم) | | 543.52 | 553.83 | 592.03 |
| پۇل مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | | 15194 | 13264 | 12215 |
| كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | | 27.95 | 23.95 | 20.63 |
| شەھەر ئەتراپى | يېزا نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | 2.36 | 2.46 | 2.53 |
| | پۇل مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | 847 | 730 | 601 |
| | كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 66.02 | 53.60 | 40.12 |
| ئىقتىسادىي زىرائەت رايونى | يېزا نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | 3.00 | 3.15 | 3.25 |
| | پۇل مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | 508 | 563 | 533 |
| | كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 31.15 | 32.26 | 27.70 |
| ئاشلىق رايونى | يېزا نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | 87.55 | 87.38 | 87.00 |
| | پۇل مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | 12983 | 10301 | 9481 |
| | كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 27.28 | 21.29 | 18.41 |
| چارۋا رايونى | يېزا نوپۇسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | 7.09 | 7.01 | 7.22 |
| | پۇل مىقدارى (10 مىڭ يۈەن) | 1576 | 1670 | 1600 |
| | كىشىلەر قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 40.90 | 43.02 | 37.44 |

## 2. شەھەر - يېزىلاردىكى گورۇھ، ئورۇنلارنىڭ خەزىنىدىكى نەق پۇلى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گورۇھ، ئورۇنلارنىڭ خەزىنىدىكى نەق پۇلى 1952 - يىلى 15 مىليون 740 مىڭ يۈەن ئىدى، 1985 - يىلى 260 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 15.5 ھەسسە، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %8.9 كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %18.8 كۆپەيدى، 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %3.7 تۆۋەنلىدى، 1963- يىلدىن 1965 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %6.7 تۆۋەنلىدى، 1976 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %0.90 كۆپەيدى، 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10.2 كۆپەيدى.

يېزىلاردىكى گورۇھ، ئورۇنلارنىڭ خەزىنىدىكى نەق پۇلىنىڭ ئېشىش - كېمىيىشى يېزىلاردىكى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولدى. 1956 - يىلى يېزىلاردا كوپىراتسىيىلىشىش ئىشقا ئاشقاندا، يېزىلاردىكى گورۇھ، ئورۇنلارنىڭ خەزىنىدىكى نەق پۇلى 8 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1955- يىلدىكىنىڭ 3.16 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى. 1962 - يىلى يېزا خەلق گوڭشېلىرىدا «ئۈچ دەرىجىلىك مۈلۈكچىلىك، ئەترەتنى ئاساس قىلىش» تىن ئىبارەت ھېسابات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە نەق پۇل باشقۇرۇلمىغانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ خەزىنىدىكى نەق پۇلى كۆپىيىپ كەتتى. 1979 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى پەيدىنپەي يولغا قويۇلۇپ، گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ نەق پۇل قالدۇقى ئازايدى.

شەھەرلەردىكى گورۇھ، ئورۇنلارنىڭ خەزىنىدىكى نەق پۇلىنىڭ كۆپىيىش، ئازىيىشى نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. 1965 - يىلى نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىپ، ئورۇنلار ئارىسىدىكى 200 يۈەندىن تۆۋەن بولغان پارچە چىقىمنى نەق پۇل بىلەن راسچوت قىلىشقا يول قويۇلدى، ئورۇنلارنىڭ نەق پۇل قالدۇقى چەكلىك بولغاچقا، ئىلگىرىكى ئۈچ كۈنلۈك پارچە چىقىمنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش چەكلىمىسى بەش كۈندىن ئون كۈنگىچە قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئورۇنلارنىڭ خەزىنىدىكى نەق پۇلى ئېشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. 3899 ئىدارە، ئاممىۋى تەشكىلات ۋە كارخانا ئورۇنلىرىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، خەزىنىدىكى نەق پۇل %22.8 كۆپەيدى. 1980 - يىلدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى يولغا قويۇلۇپ، ئىگىلىك جانلاندۇرۇلغانلىقتىن، ئورۇنلار كۆپىيىپ، ئورۇنلارنىڭ نەق پۇل قالدۇقى تېز كۆپەيدى.

## 3. يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇل

يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇل 1952 - يىلى 10 مىليون 90 مىڭ يۈەن ئىدى، 1985- يىلى 897 مىليون يۈەنگە يېتىپ 87.9 ھەسسە كۆپەيدى، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %25.7 ئاشتى، 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %29 ئاشتى، 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %9.4 تۆۋەنلىدى، 1976 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %17.6 ئاشتى، 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %22.4 ئاشتى.

يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇلنىڭ ئاز - كۆپ بولۇشى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى، يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە باغلىق. 1978- يىلدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمى ئومۇميۈزلۈك كۆپەيدى، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئوبوروتى فوندىمۇ مۇناسىپ ھالدا كۆپەيدى. 1978 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇل 4.22 ھەسسە كۆپىيىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 26.6% ئاشتى.

يېزىلاردىكى ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ ئىگىلىگەن پۇل مىقدارى تەكشى ئەمەس. 1964 - ۋە 1965 - يىللىرى يېزىلاردىكى ھەر قايسى تەبىقىلەرنىڭ پۇل ئىگىلەش ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى.

### 1964 -، 1965 - يىللىرى يېزىلاردىكى ھەر قايسى تەبىقىلەر ئىگىلىگەن پۇل مىقدارىنى تىپىك تەكشۈرۈش جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 - 20

بىرلىكى: يۈەن

| يىل | تەبىقە | دېھقانلار: ئائىلە سانى | دېھقانلار: ئىگىلىگىنى (%) | نوپۇس | ئىگىلىگەن پۇل: سوممىسى (يۈەن) | ئىگىلىگەن پۇل: ئىگىلىگىنى (%) | ئائىلە بېشىغا توغرا كەلگەن پۇل | كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن پۇل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1964 - يىل | كەمبەغەل، تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقان | 293 | 74.75 | 1121 | 15757 | 58.13 | 53.78 | 14.05 |
| | ئوتتۇرا دېھقان | 78 | 19.90 | 350 | 8762 | 32.32 | 112.33 | 25.03 |
| | يومبىشچىك، باي دېھقان | 21 | 5.35 | 95 | 2586 | 9.55 | 123.14 | 27.22 |
| | جەمئىي | 392 | 100.00 | 1566 | 27105 | 100.00 | 69.15 | 17.31 |
| 1965 - يىل | كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان | 234 | 66.67 | 972 | 13095 | 57.40 | 55.96 | 13.47 |
| | ئوتتۇرا دېھقان | 86 | 24.50 | 378 | 7372 | 32.32 | 85.72 | 19.50 |
| | يومبىشچىك، باي دېھقان | 31 | 8.87 | 147 | 2345 | 10.28 | 75.65 | 15.95 |
| | جەمئىي | 351 | 100.00 | 1479 | 22812 | 100.00 | 64.99 | 15.24 |

پۇلنىڭ تەبىقىلەر ئارىسىدا تارقىلىشىنىڭ تەكشى بولماسلىقىدىكى سەۋەب شۇكى، (1) يومبىشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ئېغىر دېھقانچىلىق ئەمگىكىنى قىلىشقا تەقسىم قىلىنغانلىرى كۆپ، بۇنداق دېھقانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئىش نومۇرى كۆپ بولىدۇ؛ (2) ئوتتۇرا دېھقان، يومبىشچىك، باي دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئاساسى

يىلى، ئەمگەك كۈچى كۆپ، سېلىقى يېنىك؛ (3) يومبىچىلىك باي دېھقان ۋە ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئىگىلىگەن ئۈششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى كۆپ، سۈپىتى ياخشى، كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ بولسا ئۈششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئاز، سۈپىتى ناچار.

1979 - يىلدىن كېيىن، يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ قولىدىكى پۇلنىڭ تەكشى بولماسلىق ئەھۋالىدا يېڭى ئۆزگىرىش بولدى. 1982 - يىلدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇل ئومۇمىيۈزلۈك كۆپەيگەن، ئەمما تارقىلىشى تولىمۇ تەكشىسىز بولغان، ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ قولىدا پۇل بىر قەدەر كۆپ بولغان. جايلارنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، كىرىمى كۆپ، قولىدىكى پۇلى جىق ئادەملەر، بىرىنچىدىن، نوپۇسى ئاز، ئەمگەك كۈچى كۆپلەر؛ ئىككىنچىدىن، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتقانلار؛ ئۈچىنچىدىن، كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ كىرىمى يۇقىرى بولغان.

يېزىلاردىكى دېھقانلار قولىدىكى نەق پۇلنى ئاساسلىق مۇنداق ئورۇنلارغا ئىشلەتكەن: 60 - يىللاردىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق مەزگىلىدە ئاساسلىقى، قوي، ئىشەك، كالا (ئىنەك) قاتارلىقلار سېتىۋېلىنىپ، «پۇلنىڭ دىرى، قىممىتى ساقلاپ قېلىندى»؛ ئۇنىڭدىن قالسا، كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرى ۋە ئۈششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىۋېلىندى. 1980 - يىلدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپەيتىلدى، سېتىۋېلىنىدىغان كۈندىلىك سانائەت بۇيۇملىرىمۇ ئوتتۇرا ۋە يۇقىرى دەرىجىگە تەرەققىي قىلدى، تاۋار - دۇردۇن، قول سائىتىنىڭ سېتىلىش مىقدارى زور دەرىجىدە ئاشتى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، يۈك كۆتۈرۈشلۈك داڭلىق ۋېلىسىپىتلار ئېھتىياجنى قاندۇرالمىدى.

## 4. شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاھالىلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇل

شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاھالىلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇل 1952 - يىلى 9 مىليون 310 مىڭ يۈەن ئىدى، 1985 - يىلى 368 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 38.5 ھەسسە كۆپەيدى. يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 11.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 31.3% ئاشتى، 1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 3.4% تۆۋەنلىدى، 1963- يىلدىن 1965 - يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 23.1%، 1976 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 8.4%، 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19.7% ئاشتى.

شەھەر، بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاھالىلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇلنىڭ ئېشىش - ئازىيىش ئۆزگىرىشى ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ سانى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش خاراكتېرلىك كىرىمى ۋە بازار، خۇسۇسىي ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىك قاتارلىقلارغا قارىتىلغان سىياسەتنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى ۋە قولىدىكى نەق پۇلى زور ھەجىمدە ئاشتى. ئېشىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، (1) ئىشقا ئورۇنلاشقانلار كۆپەيدى؛ (2) مائاش خاراكتېرلىك كىرىم كۆپ ئاشتى.

ئىچى - خىزمەتچىلەر، ئاھالىلارنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بازاردىكى تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياجلىق ۋە ئىستېمال قۇرۇلمىسىدا مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولدى. «تاماق يېيىشتە ئۆزۈقلۇق قىممىتىگە ئەھمىيەت بېرىش، كىيىم كىيىشتە چىرايلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، لازىمەتلىكتە ئالىي دەرىجىلىك بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، تۇرالغۇ جايدا كەڭ - كۇشادە بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش» كىشىلەر ئورتاق ئىنتىلىدىغان ئىستېمال يۈزلىنىشىگە ئايلاندى. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، لازىمەتلىكلەر جەھەتتىكى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ سېتىلىشى ئومۇمىيۈزلۈك كۆپەيدى. كىيىم - كېچەك جەھەتتە، شەھەرلەر مودىلاشتى، يېزىلار شەھەرلەشتى، كىيىملەرنىڭ تىكىلىشى نەپىسلەشتى. تۈرلۈك يۇڭ توقۇلما، خۇرۇم، تېرە جۇۋا، دۇردۇن - تاۋار قاتارلىق كىيىملەر ئىنتايىن ئومۇملاشتى. كىر ئالغۇ، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور ۋە توڭ يەلپۈگۈچ قاتارلىق ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارى شىددەت بىلەن ئاشتى.

شەھەر - بازارلاردا يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ پۇلى كۆپ. 1962 - يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇرپان ناھىيىسى بازىرىدا 137 ئائىلىلىك ئۇششاق سودىگەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىي 76 مىڭ 417 يۈەن نەق پۇلى بولغان، ئەڭ كۆپلىرىنىڭ 5000 يۈەنگە ئادەتتىكىلىرىنىڭ 2000 يۈەنگە يەتكەن.

1979 - يىلدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى. 1985 - يىلى يەككە سودا - سانائەتچىلەر 140 مىڭ 993 ئائىلىگە يەتتى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدىكى 95 ئائىلىنى تىپىك تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر ئائىلىدە 5442 يۈەن نەق پۇل بار ئىكەن (جەدۋەل: 3 — 24 كە قارالسۇن). ئۇنىڭدىن باشقا، بازارلاردا يەنە نۇرغۇنلىغان كىنىشكىسىز يەككە سودا - سانائەتچىلەر بولۇپ، ئۇلاردا نۇرغۇن نەق پۇل بار.

## يىللاردىن بۇيانقى يىل ئاخىرىدا بازارلاردىكى پۇل ئوبوروت مىقدارىنىڭ تارقىلىشى

جەدۋەل: 3 — 21

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىلى | پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى | شەھەر - يېزىلارغا تارقىلىش مىقدارى: شەھەردە: ئوبوروت مىقدارى | شەھەردە: ئىگىلىگەن نىسبىتى % | يېزىدا: ئوبوروت مىقدارى | يېزىدا: ئىگىلىگەن نىسبىتى % | گۇرۇھ ئورۇنلار خەزىنىسىدىكى نەق پۇل: خەزىنىدىكى مىقدارى | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | شەھەردىكى ئورۇنلار: خەزىنىدىكى مىقدارى | شەھەردىكى ئورۇنلار: ئىگىلىگەن نىسبىتى % | يېزىدىكى ئورۇنلار: خەزىنىدىكى مىقدارى | يېزىدىكى ئورۇنلار: ئىگىلىگەن نىسبىتى % | دېھقانلاردىكى نەق پۇل: قولىدىكى بار نەق پۇل سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | قولىدىكى ئوتتۇرىچە مىقدارى (يۈەن) | ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىدىكى نەق پۇل: قولىدىكى بار نەق پۇل سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | قولىدىكى ئوتتۇرىچە مىقدارى (يۈەن) | باشقىلار: قولىدىكى بار نەق پۇل سانى | ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | 3514 | 2505 | 71.29 | 1009 | 28.71 | 1574 | 44.79 | 1574 | 44.79 | | | 1009 | 28.72 | 2.58 | 931 | 26.49 | 12.48 | | |
| 1953 | 4867 | 3517 | 72.26 | 1350 | 27.74 | 2166 | 44.50 | 2166 | 44.50 | | | 1350 | 27.74 | 3.26 | 1351 | 27.76 | 21.07 | | |
| 1954 | 5990 | 4261 | 71.14 | 1729 | 28.86 | 2666 | 44.51 | 2533 | 42.29 | 133 | 2.22 | 1596 | 26.64 | 3.76 | 1729 | 28.85 | 23.01 | | |
| 1955 | 5787 | 3988 | 68.91 | 1799 | 31.09 | 2567 | 44.36 | 2310 | 39.92 | 257 | 4.44 | 1542 | 26.64 | 3.55 | 1678 | 29.00 | 21.77 | | |
| 1956 | 10975 | 6811 | 62.06 | 4164 | 37.94 | 4068 | 37.07 | 3255 | 29.66 | 813 | 7.41 | 3351 | 30.53 | 7.41 | 3556 | 32.40 | 43.85 | | |
| 1957 | 10521 | 6610 | 62.83 | 3911 | 37.17 | 3729 | 35.44 | 2983 | 28.35 | 746 | 7.09 | 3165 | 30.08 | 6.82 | 3627 | 34.48 | 38.56 | | |
| 1958 | 13066 | 7840 | 60.00 | 5226 | 40.00 | 4573 | 35.00 | 3678 | 28.15 | 895 | 6.85 | 4331 | 33.15 | 9.25 | 4162 | 31.85 | 36.39 | | |
| 1959 | 15000 | 8250 | 55.00 | 6750 | 45.00 | 3788 | 25.25 | 3000 | 20.00 | 788 | 5.25 | 5962 | 39.75 | 12.20 | 5250 | 35.00 | 32.73 | | |
| 1960 | 19644 | 8839 | 45.00 | 10805 | 55.00 | 4182 | 21.29 | 2946 | 15.00 | 1236 | 6.29 | 9569 | 48.71 | 18.90 | 5893 | 30.00 | 32.73 | | |
| 1961 | 22072 | 6878 | 31.16 | 15194 | 68.84 | 4231 | 19.17 | 2706 | 12.26 | 1525 | 6.91 | 13669 | 61.93 | 25.15 | 4172 | 18.90 | 25.05 | | |
| 1962 | 17452 | 4188 | 24.00 | 13264 | 76.00 | 3084 | 17.67 | 1131 | 6.48 | 1953 | 11.19 | 11311 | 64.81 | 20.42 | 3057 | 17.52 | 21.06 | | |
| 1963 | 16583 | 4368 | 26.34 | 12215 | 73.66 | 3381 | 20.39 | 1217 | 7.34 | 2164 | 13.05 | 10053 | 60.62 | 16.98 | 3149 | 18.99 | 26.01 | | |
| 1964 | 14899 | 6009 | 40.30 | 8890 | 59.70 | 2060 | 13.83 | 1101 | 7.39 | 959 | 6.44 | 7931 | 53.23 | 15.28 | 4908 | 32.94 | 21.80 | | |
| 1965 | 16646 | 7213 | 43.33 | 9433 | 56.67 | 2505 | 15.05 | 1503 | 9.03 | 1002 | 6.02 | 8431 | 50.65 | 15.63 | 5710 | 34.30 | 22.87 | | |

| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 5.78 | 2430 | 31.57 | 22.79 | 9570 | 17.27 | 35.00 | 14700 | | | | | 36.43 | 15300 | | | | | 4200 | 1975 |
| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| 5.84 | 2630 | 31.58 | 22.24 | 10010 | 18.33 | 35.40 | 15925 | | | | | 36.52 | 16435 | | | | | 45000 | 1976 |
| 6.66 | 2706 | 31.03 | 24.60 | 9996 | 17.48 | 38.14 | 15499 | 3.12 | 1268 | 27.48 | 11168 | 30.60 | 12436 | 41.26 | 16767 | 58.74 | 23870 | 40637 | 1977 |
| 7.20 | 2952 | 32.14 | 26.10 | 10701 | 19.08 | 41.90 | 17179 | 2.80 | 1148 | 22.00 | 9020 | 24.80 | 10168 | 44.70 | 18327 | 55.30 | 22673 | 41000 | 1978 |
| 8.49 | 4500 | 32.97 | 21.70 | 11500 | 26.46 | 45.28 | 24000 | 3.78 | 2000 | 20.75 | 11000 | 24.53 | 13000 | 49.06 | 26000 | 50.94 | 27000 | 53000 | 1979 |
| 6.56 | 4500 | 40.21 | 21.87 | 15000 | 36.37 | 48.25 | 33100 | 6.27 | 4300 | 17.05 | 11700 | 23.32 | 16000 | 54.52 | 37400 | 45.48 | 31200 | 68600 | 1980 |
| | | | | | | | | | | | | | | | | | | | |
| 7.14 | 5500 | 42.99 | 21.43 | 16500 | 40.25 | 48.05 | 37000 | 7.27 | 5600 | 16.11 | 12400 | 23.38 | 18000 | 55.32 | 42600 | 44.68 | 34400 | 77000 | 1981 |
| 8.13 | 6500 | 46.69 | 23.00 | 18400 | 41.22 | 47.50 | 38000 | 5.75 | 4600 | 15.62 | 12500 | 21.37 | 17100 | 53.25 | 42600 | 46.75 | 37400 | 80000 | 1982 |
| 7.52 | 7000 | 52.97 | 23.12 | 21500 | 50.68 | 50.54 | 47000 | 4.09 | 3800 | 14.73 | 13700 | 18.82 | 17500 | 54.62 | 50800 | 45.38 | 42200 | 93000 | 1983 |
| 7.36 | 10150 | 68.71 | 21.12 | 29150 | 84.36 | 56.23 | 77600 | 3.08 | 4250 | 12.21 | 16850 | 15.29 | 21100 | 59.31 | 81850 | 40.69 | 56150 | 13800 | 1984 |
| 7.01 | 11500 | 83.89 | 22.44 | 36800 | 97.24 | 54.70 | 89700 | 3.78 | 6200 | 12.07 | 19800 | 15.85 | 26000 | 58.48 | 95900 | 41.52 | 68100 | 164000 | 1985 |

ئەسكەرتىش: (1) پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارىنىڭ تارقىلىش جەھەتتىكى سان ـ سىففىرلارنىڭ كېلىش مەنبەسى: 1952 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە بولغان سانلار خەلق شۇبە بانكىسىنىڭ 1962 ـ يىل 12 ـ ئايدىكى «پۇل ئوبوروتى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، تاۋار ئوبوروتى، تاۋار قالدۇقىنىڭ نىسبەت مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى دوكلاتى» غا ئاساسەن رەتلەنگەن. 1961 ـ يىلدىن كېيىنكى سانلار ھەر قايسى يىللاردىكى پۇل ئوبوروتى مىقدارىنى تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسەن رەتلەنگەن.

(2) شەھەر ـ يېزىلاردىكى كىشىلەرنىڭ قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل مىقدارىنى ھېسابلىغاندىكى نوپۇس: 1952 ـ يىلدىن 1963 ـ يىلغىچە بولغىنى شەھەر ـ يېزا نوپۇسى. 1964 ـ، 1965 ـ يىللاردىكى نوپۇس بىكىتىۋىدىكى يېزا نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1975 ـ يىلدىن كېيىنكىسى يېزا ئىگىلىكى ۋە غەيرىي يېزا ئىگىلىكى نوپۇسى.

(3) «باشقىلار» گراپىسىدىكى نوپۇس: 1979 ـ يىلدىن ئىلگىرىكىسى، ئاساسلىقى ھەربىيلەر ۋە ئىدارە ـ جەمئىيەت، كەسپىي كارخانا ئورۇنلىرىدىكى كوماندىروپكىغا چىققان خادىملار، 1980 ـ يىلدىن كېيىنكىسى تۇرلۇق تۇراقسىز نوپۇسنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن شەھەر تۈرىگە كىرىدۇ.

(4) 1952 ـ يىلدىن 1955 ـ يىلغىچە جەمئىيەتتە ئوبوروت قىلىنغىنى كونا خەلق پۇلى، سېلىشتۇرۇش ۋە ئىشلىتىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، جەدۋەلدە ھازىر ئىشلىتىۋاتقان خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى.

**تۈرلۈك دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان نەق پۇل كىرىم - چىقىمنى تېپىك تەكشۈرۈش جەدۋىلى**

جەدۋەل: 3 - 22　　　　بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلۈك دېھقانلار / يىلى / تۈرى | ئادەتتىكى دېھقان | | تېرىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى | | | باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلىسى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1984 | 1985 | 1983 | 1984 | 1985 | 1983 | 1984 | 1985 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى | 22 | 22 | 207 | 207 | 13 | 46 | 46 | 7 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلىدىكى نوپۇس سانى | 113 | 114 | 1304 | 1304 | 91 | 293 | 293 | 44 |
| 1. يىللىق ئومۇمىي پۇل كىرىمى | 4.62 | 6.01 | 81.40 | 116.54 | 3.92 | 19.15 | 37.78 | 6.33 |
| (1) كوللېكتىپتىن كەلگەن كىرىم | 0.66 | 1.10 | 11.79 | 6.04 | 0.71 | 4.28 | 1.16 | 0.58 |
| (2) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى سېتىشتىن كەلگەن كىرىم | 1.00 | 0.96 | 37.64 | 64.38 | 0.70 | 10.05 | 19.05 | 0.60 |
| (3) ئائىلە قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى | 1.40 | 1.50 | 15.13 | 18.44 | 0.57 | 2.62 | 3.96 | 3.32 |
| (4) باشقا كىرىم | 1.00 | 1.25 | 6.75 | 8.20 | 0.56 | 0.56 | 5.46 | 0.13 |
| (5) ئامانەت پۇلدىن ئالغان ۋە قەرز ئېلىش - بېرىشتىن كىرگەن كىرىم | 0.56 | 1.20 | 10.09 | 19.48 | 1.38 | 1.64 | 8.15 | 1.70 |
| 2. يىللىق ئومۇمىي پۇل چىقىمى | 4.47 | 5.43 | 75.09 | 103.99 | 3.22 | 14.09 | 31.42 | 5.53 |
| (1) تىجارەت - ئىشلەپچىقىرىش چىقىمى | 1.00 | 0.62 | 30.75 | 39.66 | 0.77 | 6.63 | 17.71 | 2.85 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| (2) تۇرمۇش ۋاستىلىرى سېتىۋېلىش چىقىمى | 2.10 | 2.22 | 21.57 | 31.33 | 1.24 | 4.82 | 6.51 | 0.93 |
| (3) مەدەنىي تۇرمۇش مۇلازىمىتى چىقىمى | 0.07 | 0.09 | 2.58 | 5.81 | 0.05 | 0.64 | 1.04 | 0.05 |
| (4) باشقا چىقىم | 0.58 | 1.10 | 4.92 | 5.68 | 0.81 | 0.76 | 2.25 | 0.67 |
| (5) ئامانەت قويۇش ۋە قەرز ئېلىش - بېرىش چىقىمى | 0.72 | 1.40 | 15.27 | 21.51 | 0.35 | 1.78 | 3.91 | 1.03 |
| 3. يىل ئاخىرىدىكى قولدىكى ئومۇمىي پۇل | 0.71 | 1.08 | 6.30 | 12.59 | 0.70 | 5.06 | 6.35 | 0.80 |
| (1) تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئوبوروت فوندى | 0.21 | 0.33 | 1.91 | 3.43 | 0.25 | 1.00 | 1.60 | 0.30 |
| (2) ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئوبوروت فوندى | 0.50 | 0.75 | 4.39 | 9.16 | 0.45 | 4.06 | 4.75 | 0.50 |
| ھەر بىر ئائىلىنىڭ قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 323 | 490 | 304 | 608 | 538 | 1100 | 1380 | 1143 |
| ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 63 | 95 | 48 | 96 | 77 | 173 | 219 | 182 |

(ئالدىنقى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| تۈرلۈك دېھ-قانلار / يىلى / تۈرى | قول ھۈنەرۋەنلەر | | | ترانسپورت كەسپىي ئائىلىسى | | | يەككە سودا - سانائەتچىلەر | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1983 | 1984 | 1985 | 1983 | 1984 | 1985 | 1983 | 1984 | 1985 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى | 12 | 12 | 7 | 36 | 36 | 20 | 21 | 21 | 20 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلىدىكى نوپۇس | 70 | 71 | 35 | 228 | 226 | 121 | 119 | 117 | 143 |
| 1. يىللىق ئومۇمىي پۇل كىرىمى | 8.86 | 13.30 | 10.32 | 28.67 | 34.08 | 23.90 | 19.38 | 22.21 | 14.49 |
| (1) كوللېكتىپتىن كەلگەن كىرىم | 0.72 | 0.08 | | 3.76 | 1.68 | 4.40 | 0.12 | | 0.30 |
| (2) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى سېتىشتىن كەلگەن كىرىم | 1.20 | 1.80 | 0.96 | 5.17 | 8.71 | 0.57 | 4.26 | 4.18 | 0.80 |
| (3) ئائىلە قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى | 5.16 | 9.22 | 0.36 | 10.95 | 16.52 | 1.00 | 11.65 | 13.93 | 4.24 |
| (4) باشقا كىرىم | 0.80 | 1.13 | 8.14 | 4.77 | 3.55 | 9.43 | 1.06 | 2.20 | 0.45 |
| (5) ئامانەت پۇل ۋە قەرز ئېلىش - بېرىشتىن كىرگەن كىرىم | 0.98 | 1.10 | 0.86 | 4.02 | 3.62 | 8.50 | 2.29 | 1.90 | 8.70 |
| 2. يىللىق ئومۇمىي پۇل چىقىمى | 7.09 | 10.08 | 8.90 | 22.67 | 25.71 | 23.10 | 14.86 | 16.44 | 12.70 |
| (1) تىجارەت - ئىشلەپچىقىرىش چىقىمى | 4.15 | 5.95 | 2.01 | 11.05 | 10.58 | 13.60 | 9.49 | 11.68 | 7.50 |
| (2) تۇرمۇش ۋاستىلىرى سېتىۋېلىش چىقىمى | 1.57 | 2.05 | 4.44 | 5.19 | 6.44 | 1.30 | 2.36 | 2.88 | 1.00 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| (3) مەدەنىي تۇرمۇش مۇلازىمىتى چىقىمى | 0.13 | 0.10 | 0.14 | 0.01 | 0.10 | 0.40 | | | 0.20 |
| (4) باشقا چىقىم | 0.40 | 0.15 | 0.79 | 1.71 | 1.84 | 0.30 | 0.08 | 0.08 | 1.00 |
| (5) ئامانەت قويۇش ۋە قەرز ئېلىش - بېرىش چىقىمى | 1.20 | 1.83 | 1.52 | 4.71 | 6.75 | 7.50 | 2.93 | 1.80 | 3.00 |
| 3. يىل ئاخىرىدىكى قولىدىكى ئومۇمىي پۇل | 1.27 | 3.25 | 1.42 | 6.00 | 8.37 | 2.72 | 4.52 | 5.76 | 3.79 |
| (1) تۇرمۇشقا كېرەك-لىك ئوبوروت فوندى | 0.46 | 1.26 | 0.50 | 2.07 | 3.28 | 0.70 | 3.16 | 3.65 | 0.50 |
| (2) ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئوبوروت فوندى | 0.81 | 1.98 | 0.92 | 3.93 | 5.09 | 2.02 | 1.36 | 2.11 | 3.29 |
| ھەر بىر ئائىلىنىڭ قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 1058 | 2708 | 2029 | 1667 | 2325 | 1360 | 2152 | 2743 | 1895 |
| ھەر بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇل (يۈەن) | 181 | 458 | 406 | 263 | 370 | 225 | 380 | 492 | 265 |

## تىپىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلىسىنىڭ 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان نەق پۇل كىرىم - چىقىمىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 ـ 23 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىلى / كىرىم - چىقىم تۈرى | جەمئىي نەق پۇل كىرىم - چىقىمى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | 220 | 220 | 220 | 220 | 100 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلىدىكى نوپۇس سانى | 1065 | 1053 | 1050 | 1033 | 447 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئىشقا ئورۇنلاشقانلار | 470 | 497 | 509 | 502 | 230 |
| 1. شۇ يىلدىكى جەمئىي پۇل كىرىمى | 63.18 | 65.71 | 70.30 | 82.26 | 47.20 |
| (1) مائاش كىرىمى | 50.25 | 53.46 | 57.69 | 66.14 | 36.90 |
| بۇنىڭ ئىچىدە، تۈرلۈك مۇكاپات كىرىمى | 3.01 | 4.11 | 5.00 | 5.78 | 3.10 |
| (2) ۋاقىتلىق كىرىمى | 1.54 | 1.65 | | 0.35 | 2.30 |
| (3) باشقا كىرىم | 3.68 | 3.17 | 5.05 | 6.31 | 0.70 |
| (4) ئامانەت پۇلدىن ئالغىنى | 4.62 | 4.80 | 4.92 | 7.25 | 5.80 |
| (5) قەرز ئېلىش - بېرىش كىرىمى | 3.09 | 2.63 | 2.64 | 2.21 | 1.50 |
| 2. شۇ يىلدىكى جەمئىي پۇل چىقىمى | 62.36 | 65.17 | 68.92 | 82.26 | 46.80 |
| (1) تاۋار سېتىۋېلىش چىقىمى | 43.42 | 44.29 | 45.45 | 53.61 | 31.30 |
| بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىن سېتىۋېلىنغىنى | 2.02 | 1.74 | | 4.11 | 28.10 |
| ① يېمەكلىك سېتىۋېلىش | 25.82 | 26.78 | 28.24 | 31.47 | 16.20 |
| ② كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش | 7.70 | 7.89 | 8.24 | 10.29 | 6.40 |
| ③ لازىمەتلىك سېتىۋېلىش | 8.67 | 8.43 | 7.74 | 10.31 | 8.00 |
| ④ يېقىلغۇ سېتىۋېلىش | 0.96 | 0.91 | 0.89 | 1.02 | 0.40 |
| ⑤ ئولتۇراق ئۆي چىقىمى | | | | 0.13 | 0.10 |
| ⑥ تېببىي دورا چىقىمى | 0.27 | 0.28 | 0.34 | 0.39 | 0.20 |
| (2) مەدەنىي تۇرمۇش مۇلازىمىتى چىقىمى | 4.06 | 3.72 | 3.73 | 5.10 | 4.10 |
| (3) باشقا چىقىم | 4.16 | 4.29 | 4.73 | 4.45 | 2.30 |
| (4) ئامانەت قويغان پۇل | 7.72 | 10.08 | 10.97 | 15.67 | 6.40 |
| (5) قەرز ئېلىش - بېرىش چىقىمى | 3.00 | 2.79 | 4.04 | 3.43 | 2.70 |
| 3. شۇ يىل ئاخىرىدىكى قولدىكى نەق پۇل | 2.81 | 3.17 | 4.63 | 5.42 | 3.54 |

(ئالدىنقى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| تۈرى / كىرىم - چىقىم تۈرى / يىلى | ھەر ئادەمنىڭ ئوتتۇرىچە ئايلىق نەق پۇل كىرىم - چىقىمى 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلە سانى (ئائىلە) | | | | | |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلىدىكى نوپۇس سانى | | | | | |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئىشقا ئورۇنلاشقان ئادەم سانى (نەپەر) | | | | | |
| 1. شۇ يىلدىكى جەمئىي پۇل كىرىمى | 49.44 | 52.00 | 55.79 | 66.34 | 87.99 |
| (1) مائاش كىرىمى | 39.32 | 42.32 | 45.79 | 53.34 | 68.79 |
| بۇنىڭ ئىچىدە، تۈرلۈك مۇكاپات كىرىمى | 2.36 | 3.26 | 3.97 | 4.66 | 5.77 |
| (2) ۋاقىتلىق كىرىمى | 1.21 | 1.30 | 0.03 | 0.28 | 4.28 |
| (3) باشقا كىرىم | 2.88 | 2.50 | 4.00 | 5.10 | 1.33 |
| (4) ئېلىنغان ئامانەت پۇل | 3.61 | 3.80 | 3.88 | 5.84 | 10.80 |
| (5) قەرز ئېلىش - بېرىش كىرىمى | 2.42 | 2.08 | 2.09 | 1.78 | 2.79 |
| 2. شۇ يىلدىكى جەمئىي پۇل چىقىمى | 48.79 | 51.57 | 54.70 | 66.34 | 87.24 |
| (1) تاۋار سېتىۋېلىش چىقىمى | 33.79 | 35.05 | 36.07 | 43.23 | 58.35 |
| بۇنىڭ ئىچىدە بازاردىن سېتىۋېلىنغىنى | 1.57 | 1.38 | | 3.32 | 52.38 |
| ① يېمەكلىك سېتىۋېلىش | 20.20 | 21.20 | 22.41 | 25.38 | 30.20 |
| ② كىيىم - كېچەك سېتىۋېلىش | 6.02 | 6.24 | 6.54 | 8.30 | 11.93 |
| ③ لازىمەتلىك سېتىۋېلىش | 6.79 | 6.67 | 6.14 | 8.32 | 11.93 |
| ④ يېقىلغۇ سېتىۋېلىش | 0.75 | 0.72 | 0.71 | 0.82 | 0.74 |
| ⑤ ئولتۇراق ئۆي چىقىمى | | | | 0.10 | 0.18 |
| ⑥ تىببىي دورا چىقىمى | 0.21 | 0.22 | 0.27 | 0.31 | 0.37 |
| (2) مەدەنىي تۇرمۇش مۇلازىمىتى چىقىمى | 3.18 | 2.95 | 2.96 | 3.77 | 7.64 |
| (3) باشقا چىقىم | 3.26 | 3.39 | 3.75 | 3.93 | 4.28 |
| (4) ئامانەت قويغان پۇل | 6.03 | 7.97 | 8.71 | 12.64 | 11.94 |
| (5) قەرز ئېلىش - بېرىش چىقىمى | 2.35 | 2.21 | 3.21 | 2.77 | 5.03 |
| 3. شۇ يىل ئاخىرىدىكى قولدىكى نەق پۇل | 26.43 | 30.11 | 44.07 | 52.41 | 79.19 |

## شەھەرلەردىكى يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان نەق پۇل كىرىم ـ چىقىمىنى تىپىك تەكشۈرۈش جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 ـ 24

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلۈك يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر / يىلى / تۈرى | جەمئىي | | | سانائەتچى | | | سودىگەر | | | يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەت ساھەسىدىكىلەر | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1983 | 1984 | 1985 | 1983 | 1984 | 1985 | 1983 | 1984 | 1985 | 1983 | 1984 | 1985 |
| ئومۇمىي ئائىلە سانى | 41027 | 73116 | 140993 | 6155 | 9464 | 19929 | 28923 | 51711 | 75693 | 5949 | 11941 | 45371 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلە | 128 | 135 | 95 | 25 | 25 | 27 | 44 | 44 | 46 | 59 | 66 | 22 |
| تەكشۈرۈلگەن ئائىلىدىكى نوپۇس | 590 | 645 | 554 | 137 | 141 | 147 | 219 | 231 | 289 | 234 | 273 | 118 |
| 1. شۇ يىلدىكى پۇل ئومۇمىي كىرىمى | 143.1 | 195.7 | 532.9 | 11.7 | 17.6 | 28.0 | 74.1 | 109.1 | 473.4 | 57.5 | 69.0 | 31.5 |
| 2. شۇ يىلدىكى پۇل ئومۇمىي چىقىمى | 105.8 | 146.9 | 481.2 | 9.9 | 9.8 | 17.0 | 57.6 | 89.5 | 440.4 | 38.3 | 47.6 | 23.8 |
| 3. يىل ئاخىرىدا بار ئومۇمىي پۇل | 37.3 | 48.8 | 51.7 | 1.7 | 7.8 | 11.0 | 16.5 | 19.6 | 33.0 | 19.1 | 21.4 | 7.7 |
| (1) تۇرمۇشقا كېرەكلىك ئوبوروت فوندى | 6.8 | 8.3 | 17.5 | 0.7 | 2.1 | 5.0 | 3.5 | 3.3 | 10.0 | 2.6 | 2.9 | 2.5 |
| (2) ئىشلەپچىقىرىشقا كېرەكلىك ئوبوروت فوندى | 30.5 | 40.5 | 34.2 | 1.0 | 5.7 | 6.0 | 13.0 | 16.3 | 23.0 | 16.5 | 18.5 | 5.2 |
| ھەر ئائىلىنىڭ قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇلى (يۈەن) | 2914 | 3615 | 5442 | 680 | 3120 | 4074 | 3750 | 4455 | 7173 | 3237 | 3242 | 3500 |
| ھەر ئادەمنىڭ قولىدىكى ئوتتۇرىچە پۇلى (يۈەن) | 632 | 757 | 933 | 124 | 553 | 748 | 753 | 848 | 1141 | 816 | 784 | 653 |

# 5 § . نەق پۇل باشقۇرۇش

1950 - يىلى 3 - ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «دۆلەتنىڭ مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارار»نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا خەلق بانكىسى دۆلەتنىڭ نەق پۇل تەڭشەيدىغان ئاپپاراتى ئىكەنلىكى، ئارمىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ بارلىق نەق پۇللىرىنىڭ يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلغانلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي دۆلەت بانكىسىغا ئامانەت قويۇلىدىغانلىقى، خۇسۇسىيلارغا ئامانەت قويۇش - قەرز بېرىشكە، خۇسۇسىي بانكىلارغا ئامانەت قويۇشقا بولمايدىغانلىقى، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. شۇ يىلى 4 - ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى يەنە «دۆلەت ئورگانلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، نەق پۇل باشقۇرۇش توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1950 - يىلنىڭ باشلىرى خەلق شۆبە بانكىسى يېڭىدىن قۇرۇلغاندا، ھەر قايسى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىدارىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ بۇغالتىرلىق تۈزۈمىنىڭ كۆپىنچىسى مۇكەممەل ئەمەس ئىدى، نۇرغۇن ئورۇنلار كۆپ ساندىكى نەق پۇلنى قالدۇرۇپ قېلىپ، تۈرلۈك ئالغۇ - بەرگۈ راسچوتىغا بىۋاسىتە ئىشلەتتى. 1950 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى ئۆلكە بويىچە بانكىلار، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلار، ئىدارىلار، قىسىملار، كوپېراتىپلارغا شىنجاڭ بويىچە تۇنجى نەق پۇل باشقۇرۇش قائىدىسى «دۆلەت ئورگانلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت چارىسى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەن: «خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى ئۆلكىمىزدە نەق پۇل باشقۇرىدىغان ئىجرائىي ئورگان، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا خەلق بانكىسىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە مۇۋاپىق ئىش تەقسىم قىلىشىپ، ئىشلارنى بىرلىكتە بېجىرىدۇ. نەق پۇل باشقۇرۇش يولغا قويۇلغانلىكى ئورۇنلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق نەق پۇل ۋە چەك - ھۆججەتلىرىنى ئۈچ كۈنلۈك ئادەتتىكى چىقىمغا قالدۇرۇپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىنغاندىن سىرت، باشقىلىرىنى بىردەك خەلق بانكىسى ۋە ئۆلكىلىك بانكا ئېلان قىلغان «ئارمىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇپ ئامانەت ۋاقىتلىق قويۇش چارىسى»، بويىچە شۇ يەردىكى دۆلەت بانكىسىغا ئامانەت قويىدۇ». «ئارمىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان باھا بويىچە پۇل ئامانەت قويۇش چارىسى نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم ...... ئامانەت قويىدىغان پۇلنى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇش - سۇندۇرماسلىقنى ئامانەت قويغان ئورگان ئۆزى ئويلىنىپ قارار قىلىدۇ». «ھەر قايسى نەق پۇل باشقۇرىدىغان ئورۇنلار ئارىسىدىكى ھەقدارلىق - قەرزدارلىقنى راسچوت قىلىشتا بىۋاسىتە نەق پۇل بېرىش - ئېلىشقا بولمايدۇ، چوقۇم مېمورىئال چەك ئىشلىتىلىشى، بانكا ئارقىلىق مېمورىئال قىلىنىشى لازىم. باشقا جايلار ئارا ئالغۇ - بەرگۈدە بانكا ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىنىشى لازىم».

ھەر دەرىجىلىك بانكىلار شۇ يەردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، نەق پۇل باشقۇرۇش چارىسىنى قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئىزچىل يولغا قويۇپ، «ئازدىن كۆپەيتىش، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا كېڭەيتىش، بوش تۇتۇشتىن، چىڭ تۇتۇشقا ئۆزگەرتىشنى تەدرىجىي يولغا قويۇش» پرىنسىپىنى قوللىنىپ، نۇقتىلىق ھالدا تەرتىپ بويىچە يولغا قويۇپ، ئالدى بىلەن كارخانىدا، ئاندىن مالىيە - ئىقتىساد ئورۇنلىرىدا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئارمىيە - ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدا يولغا قويدى. كونكرېت ئۇسۇلى: ئالدى بىلەن ئورۇنلارنىڭ ھېساب ئېچىشنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئورۇنلارنىڭ نەق پۇلى ۋە مەبلىغىنى ئامانەت قويۇش ئۇسۇلى بىلەن جەلپ قىلىش، ئاندىن نەق پۇل باشقۇرۇشنى سىناق قىلىشتىن ئىبارەت. ئالدى بىلەن نەق پۇل باشقۇرۇلۇپ، ئاندىن

نەق پۇل كىرىم - چىقىم پىلانى تۈزۈش تەلەپ قىلىندى. ئۆلكە بويىچە 1950 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى، قەشقەر ۋە غۇلجا شەھەرلىرىدە سىناق قىلىندى، 7 - ئايدا ۋالىي مەھكىمىلىرى تۇرۇشلۇق ناھىيە، شەھەرلەرگە كېڭەيتىلدى، 9 - ئايدا ناھىيىلەردە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

1951 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى «نەق پۇل باشقۇرۇش قارارىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئومۇمىي بۇيرۇق» ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى قىسىملار ۋە ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ قەتئىي ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

نەق پۇل باشقۇرۇش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇش نەتىجىسىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئامانەت پۇل نۇرغۇن كۆپەيدى. 1949 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە بولغان ئامانەت پۇل ئەھۋالىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن (ھازىرقى خەلق پۇلى)

| 1949 - يىل | 1950 - يىل | | 1951 - يىل | | 1952 - يىل | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سوممىسى | سوممىسى | ئۆتكەن يىلدىن ئاشقىنى % | سوممىسى | ئۆتكەن يىلدىن ئاشقىنى % | سوممىسى | ئۆتكەن يىلدىن ئاشقىنى % |
| 59 | 2116 | 3486.44 | 4462 | 110.87 | 10873 | 143.68 |

1954 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مالىيە باشقارمىسى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى نەق پۇل باشقۇرۇش ھەققىدە بىرلەشمە يوليورۇق، يەنى «خەلق بانكىسىنىڭ ھەربىي قىسىملارنىڭ نەق پۇلىنى باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى، شۇندىن ئېتىبارەن ھەربىي ئورۇنلارنىڭ نەق پۇلىمۇ بانكىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى.

1956 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر» تارقىتىپ، نەق پۇل باشقۇرۇش ئەھۋالىنى قەرەللىك تەكشۈرۈش، دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى تەلەپ قىلدى.

1956 - يىل 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسى بىلەن قۇرۇلۇش باش بانكىسى تارقاتقان «خەلق بانكىسى بىلەن قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش نەق پۇلىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى بېجىرىش جەريانىدىكى خىزمەت مەسئۇلىيىتى ۋە تەلەپلىرى توغرىسىدىكى بىرلەشمە يوليورۇق» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا قۇرۇلۇش بانكىسى تەسىس قىلىنغانلىقى رايونلاردا ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىدىغان ئورۇنلارنىڭ نەق پۇلىنىڭ قالدۇق سومما چېكىنى قۇرۇلۇش بانكىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىدۇ، قۇرۇلۇش بانكىسىدا ھېساب ئاچقان ئورۇنلارنىڭ كۈندىلىك ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان نەق پۇلىنى قۇرۇلۇش بانكىسى نازارەت قىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

1958 - يىلى نەق پۇل ئىشلىتىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتى بىر مەھەل بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى. 1958 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى تارقاتقان «پۇل ئوبوروتى خىزمىتى جەريانىدىكى قائىدە - تۈزۈملەرنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى پىكىر» دە مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بەزى تۈزۈملەر بەك كۆپ، بەك تەپسىلىي، بەك ئۆلۈك بولۇپ كەتكەچكە، ھەر دەرىجىلىك بانكىلار ۋە كادىرلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقى چەكلىنىپ قېلىپ، خىزمەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ياخشىلاشقا توغرا كەلدى.

(1) نەق پۇل ئىشلىتىش دائىرىسى جەھەتتە، شەھەر يېزىلاردىكى ئاھالىلارنىڭ شەخسىي پۇل كىرىم - چىقىمىدا، ئۆزلىرى مېمورىئال قىلىشنى خالىغانلىرىدىن باشقىلىرىغا پۈتۈنلەي نەق پۇل چىقىم قىلىش؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كوپىراتىپلىرى، قول سانائەت كوپىراتىپلىرىنىڭ پۇلى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى قوشۇلغان ۋە ئىختىيارلىق ئاساسىدا مېمورىئال قىلىش. (2) شەھەرلەر ئارا چوڭ سوممىلىق مال سېتىۋېلىش پۇلى پېرېۋوت قىلىشقا بولىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىتىشكە تەسىر يەتمەيدىغان شارائىتتا بانكا ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىش. (3) شەھەر - بازارلاردا ھەر قايسى ئورۇنلار نەق پۇل چىقىم قىلغاندا، نەق پۇل ئىشلىتىش دائىرىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىنى كىرىم ئىچىدىن بىۋاسىتە چىقىم قىلىشقا يول قويۇش. (4) ئورۇنلارنىڭ خەزىنىسىدىكى نەق پۇلنىڭ چەكلىمىسىنى ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىش، ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولسا، تەڭشەش. (5) ئورۇنلاردىن نەق پۇل پىلانى تۈزۈشنى تەلەپ قىلماسلىق. شۇنىڭدىن كېيىن نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتىدە بوشىشىپ كېتىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. 1959 - يىلى بۇ خىل ھادىسە تۈزىتىلىشكە باشلىدى. 6 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خەلق باش بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ «يېزىلاردا نەق پۇلسىز راسچوتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۆلكىلىك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتلىرىغا يېزىلغان خەت» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى ھەمدە مۇنۇلارنى ئۇقتۇردى: «دۆلەتنىڭ گۈڭشې ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە نەق پۇلسىز راسچوت تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئويلىشىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە ئىختىيارلىق پرىنسىپىنى ئىگىلەش لازىم».

1960 - يىلدىن كېيىن نەق پۇل ئىشلىتىش جەھەتتە، كارخانىلارغا مۇلازىمەت قىلىپ، مۇئامىلىدارلارغا قولايلىق تۇغدۇرۇشنى تەكىتلەش سەۋەبلىك زورۇر بولغان باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇشنى تۈزىتىشكە دىققەت قىلىندى. نەق پۇل ئىشلىتىشكە قاتتىق نازارەت قىلىپ، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن، 1960 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم خەلق شۆبە بانكىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ «جۇڭگو خەلق بانكىسى پارتگورۇپپىسىنىڭ مەركەز تەستىقلاپ تارقاتقان ،نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قەتئىي يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلاتى› نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتى» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. دوكلاتتا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: (1) قاتتىقراق بولسا بولىدۇكى، بوشاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك دېگەن روھقا ئاساسەن، ئورۇنلارنىڭ خەزىنىسىدىكى نەق پۇل سانىنىڭ چەكلىمىسىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتىش؛ (2) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار سېتىشتىن قىلغان نەق پۇل كىرىمىدىن گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ شەخسىي ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىشقا بىۋاسىتە نەق پۇل چىقىم قىلغاندىن تاشقىرى باشقا ئورۇنلار كىرىم قىلغان نەق پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا بانكىغا ئامانەت قويۇش، ئۆز ئالدىغا ساقلىماسلىق، بىۋاسىتە چىقىم قىلماسلىق؛ (3) مال سېتىۋالغۇچىلار زورۇر بولغان كوماندىروپكا راسخوتى ئۈچۈن، ئاز مىقداردىكى نەق پۇلنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندىن سىرت، قالغان پۇلنى پوچتىدىن پېرېۋوت قىلماي، چوقۇم بانكا ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىپ، مال سېتىۋالىدىغان پۇلنى سېتىۋالىدىغان ئورۇندىكى بانكىغا ئامانەت قويۇش، ئۇنى مال سېتىۋالىدىغان مەبلەغنى باشقۇرۇش چارىسى بويىچە چىقىم قىلىش؛ (4) شەھەر - يېزىلاردىكى خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكلىرى ۋە گۇڭشې باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ نەق پۇلىنى قاتتىق باشقۇرۇش. يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار بولسا، ئۇنى قانۇنىي جازاغا تارتىش.

1962 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «بانكا خىزمىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش - بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارار» (قىسقارتىلىپ بانكا ئالتە ماددىسى دېيىلىدۇ) نى ئېلان قىلىپ، مۇنۇلارنى قايتا تەكىتلىدى: «بارلىق ئىدارىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، مەكتەپلەر، ھەربىي قىسىملار نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى لازىم». شىنجاڭدا ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ كاسسىرىكى نەق پۇلى ئارىلاپ تەكشۈرۈلۈپ، نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمىگە خىلاپ ئۇسۇللار قەتئىي توسۇلۇپ، نەق پۇل باشقۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىلدى.

1962 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتى پەيدىنپەي يېزىلارغىچە كېڭەيتىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: يېزا خەلق گۇڭشېلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە، ئادەتتە نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىدۇ، ئەمما كەڭرەك بولسا بولىدۇ. نەق پۇل پرىنسىپ جەھەتتە پەقەت ئەزالارنىڭ مائاشىنى تارقىتىشقا، ئەزالاردىن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىشقا، كۈندىلىك پارچە خىراجەتكە چىقىم قىلىنىدۇ. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭمۇ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭمۇ خەزىنىسىدىكى نەق پۇلنىڭ سومما چەكلىمىسىنى بەلگىلىشى كېرەك.

1962 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «نەق پۇل باشقۇرۇش جەھەتتىكى بىر قانچە بەلگىلىمە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، «قاتتىق بولۇش ئىچىدە جانلىق بولۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، نەق پۇل باشقۇرۇش بىر ئاز كەڭ قويۇپ بېرىلدى. پەقەت ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭلا نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمىنى چوقۇم قەتئىي ئىجرا قىلىشى تەلەپ قىلىندى؛ شەھەر گۇڭشېلىرى باشقۇرغان كارخانا، قول سانائەت كوپېراتىپلىرى، شېرىك دۇكانلار (جۈملىدىن گۇرۇپپىلار)، ئىدارىلارنىڭ كوللېكتىپ ئاشخانىلىرى، قوشۇمچە كەسىپلەر، باللار يەسلىسى قاتارلىق شەھەر ـ يېزىلاردىكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك خاراكتېرىدىكى ئورۇنلاردا كاسسىدىكى نەق پۇلنىڭ سومما چەكلىمىسى بەلگىلەنگەندىن سىرت، ئومۇمەن قاتتىق نازارەت قىلىنمايدىغان بولدى؛ يېزا خەلق گۇڭشېلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، ئەمما گۇڭشې باشقۇرغان كارخانا، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدە نەق پۇل باشقۇرۇش يولغا قويۇلمايدىغان بولدى؛ دۆلەت ياكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالسا، مېمورىئال راسچوت قىلماي، بىردەك نەق پۇل تۆلەيدىغان بولدى؛ ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مېمورىئال راسچوت قىلىشنى تەلەپ قىلسا، بانكا ئۇنىڭغا پائال مۇلازىمەت قىلدى، ھەركىمنىڭ پۇلىنى ئۆزىنىڭ ھېسابىغا كىرگۈزۈشكە دىققەت قىلدى. بانكا پۇل تۇتۇپ قالمايدىغان بولدى، باشقا ھەر قانداق ئورۇنغا ۋاكالىتەنمۇ پۇل تۇتۇپ قالمايدىغان بولدى.

1963 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى يەنە «ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە نەق پۇل باشقۇرۇش ۋە مېمورىئال راسچوت قىلىشنى يولغا قويماسلىقنى ھەقىقىي ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىدە بىردەك نەق پۇل باشقۇرۇلمايدىغان بولدى، بانكا ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ كاسسىدىكى سومما چەكلىمىسىنى بەلگىلەپ بەرمەيدىغان، ئالغان نەق پۇلنى نەگە ئىشلەتكەنلىكىنى تەكشۈرمەيدىغان بولدى.

1963 ـ يىلى «سول» چىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بانكا «سىياسىينىڭ پوكەيگە چىقىشى» نى تەلەپ قىلىپ، نەق پۇل باشقۇرۇشنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى مۇنداق بەلگىلىدى: «بىرىنچى، كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ پۇلدىن پايدىلىنىپ، خىيانەتچىلىك ـ ئوغرىلىق قىلىش ۋە ھايانكەشلىك قىلىش ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى چەكلەپ سىنىپىي كۈرەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش؛ ئىككىنچى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئوبوروتىنىڭ مۇۋاپىق ھالدىكى نەق پۇل چىقىم قىلىشىغا ئوڭايلىق يارىتىش، پۇل ئوبوروتىنىڭ نورمال ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ ئۈچىنچى، دۆلەت مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش».

9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «نەق پۇل باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ: ئۆتكەندە ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى چوڭ ئورۇنلار تۇتۇلۇپ، كىچىك ئورۇنلار ۋە قاراشلىق ئورۇنلار شۇنىڭدەك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنى باشقۇرۇش بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى، شۇ سەۋەبتىن، خىيانەتچىلەر، ئوغرىلار ۋە ھايانكەشلەرگە پۇرسەت تۇغۇلدى. بۇنىڭدىن كېيىن بارلىق دۆلەت

ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، مەكتەپلەر ھەربىي قىسىملار، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قاتارلىق ئورۇنلار، شۇنىڭدەك ئۇلارغا قاراشلىق ئاپپاراتلار (باللار باغچىسى، باللار يەسلىسى، ئاشخانا، شىپاخانا، مۇنچا، ساتىراچخانا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە باشقا قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى قاتارلىقلار)، ئۇنىڭدىن باشقا شەھەر، يېزا خەلق كومىتېتلىرى (جۈملىدىن كوچا باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار)، قول سانائەت كوپېراتىپلىرى، شېرىك سودا دۇكانلىرى (جۈملىدىن كورۇپپىلار) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدە نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم دەپ كۆرسىتىلدى.

1966 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، «نۆۋەتتىكى نەق پۇل باشقۇرۇشتىكى بىر قانچە مەسىلە ھەققىدە ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» تۈزۈپ چىقتى. «بەلگىلىمە» دە مۇنۇلار تەلەپ قىلىنغان: نەق پۇل باشقۇرۇلسا «بىر تەرەپتىن، دۆلەت مەبلىغىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۇلنىڭ تارقىتىلىشى تېزگىنلىنىپ، بازاردىكى مال باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، پۇل ئوبوروتىنىڭ نورمال ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خىيانەتچىلىك ـ ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرى چەكلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىلىپ، سىنىپىي كۈرەش ئۈچۈن خىزمەت قىلغىلى بولىدۇ». «نۆۋەتتە نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، ھايانكەشلىك قاتارلىق كاپىتالىستىك ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىش ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشكە قارىتىش كېرەك. «يوشۇرۇن ئىش كۆتۈرە بېرىش» ۋە ئۆز ئالدىغا قالايمىقان ئادەم ياللاش قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى بانكا ئالاقىدار تارماقلارغا زىچ ماسلىشىپ پاش قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا زەربە بېرىشى لازىم». «ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» دە يەنە نەق پۇل باشقۇرۇش ئوبيېكتى، نەق پۇل ئىشلىتىش دائىرىسى، باشقا جايدىن مال سېتىۋېلىش مەبلىغى قاتارلىقلار توغرىسىدا قاتتىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى ھەمدە نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا قارىتا كونكرېت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ بەلگىلىمە تاكى 1973 ـ يىلغىچە قوللىنىلدى.

1967 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى «ئىقتىسادىزملىققا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتقاندىن كېيىن، 1971 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون (ئىنقىلابىي كومىتېت) مەسئۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى كۆپەيتىپ، چىقىمنى تېجەش، مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە ئىقتىسادىزملىققا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زەربە بېرىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم يوليورۇق ۋە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بانكىنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلدى.

1973 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى، بۇ چارە 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. بۇ، ئاپتونوم رايونىمىز نەق پۇل باشقۇرۇش جەھەتتە ئېلان قىلىنغان ئىككىنچى قانۇن ـ قائىدە. «ۋاقىتلىق چارە» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە ئەترەت باشقۇرغان كارخانىلاردىن باشقا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىدارىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى، شەھەر ـ بازارلاردىكى تۈزۈلۈك كوللېكتىپ ئورۇنلار، شەھەر، يېزىلاردىكى خەلق كومىتېتلىرى، كوچا باشقۇرۇشىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، مەھەللىلەر باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە نەق پۇل باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ خەزىنىسىدىكى نەق پۇل كاسسىدىكى سومما چەكلىمىسى ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپپاراتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە بولغان پارچە چىقىمغا قاراپ بېكىتىلدى، نەق پۇل راسچوتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى چەكلىمىسى 30 يۈەن قىلىندى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتى تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈشتە مۇنداق مەسىلىلەر تېپىپ چىقىلدى: (1) ئاساسىي قۇرۇلۇش، رېمونت قىلىش قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردا ئىش كۆتۈرە ئالغۇچى نەق پۇل ئېلىپ، تارىلىقتىن پايدا ئۈندۈرۈۋالغان؛ بەزىلەر بانكىنىڭ ھېساب باشقۇرۇشنىڭ قاتتىق بولماسلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامانەت پۇلى ھېسابى

ئېھىپ، شۇ ئارقىلىق نەق پۇل ئېلىنىۋالغان، بەزىلەر ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ نەق پۇلىنى باشقۇرماسلىقىدىن پايدىلىنىپ، قورۇلۇش پۇلىنى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىغا ئافدۇرۇش ئارقىلىق نەق پۇل ئېلىنىۋالغان، يەنە بەزىلەر قورۇلۇش پۇلى تۆلەيدىغان مېمورىئال چەكنى كۆتۈرۈپ، ماگىزىنغا بېرىپ تاۋار سېتىۋالغان. (2) ئىشچى - خىزمەتچىلەر گومىنىڭ پۇلىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلىتىۋېلىش ئەھۋالى گومىيوزلۇك ساقلانغان. بەزى ئورۇنلارنىڭ كۆچمە مەبلىغى ئارىيەت ئېلىپ كېتىلىپ، كارخانىنىڭ تىجارەت كەسپىگە تەسىر يەتكەن. (3) يېزىلاردىكى خەلق گۇڭشېلىرى بانكا ئارقىلىق پېرېۋوت قىلماي، نۇرغۇن نەق پۇل ئېلىۋېلىپ، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سىرتقى جايلارغا بېرىپ ماددىي ئەشيا سېتىۋالغان.

1977 - يىل 11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى گوۋۇيۈەن «بانكا خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» ئېلان قىلىپ، نەق پۇل باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ كۈنى گوۋۇيۈەن «نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار» نى ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا گوۋۇيۈەننىڭ نەق پۇل باشقۇرۇشنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا رىئايە قىلىنىپ، 1977 - يىل 4 - پەسىلدە شەھەر - يېزىلاردىكى ئىدارىلاردا نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتىنى چوڭ تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. تەكشۈرۈلگەن ئورۇن جەمئىي 14 مىڭ 667. تەكشۈرۈش ئارقىلىق مۇنداق مەسىلىلەر بايقالدى: (1) ئىدارىلارنىڭ خەزىنىسىدە ساقلانغان نەق پۇلى بەلگىلەنگەن چەكتىن نۇرغۇن ئېشىپ كەتكەن. بارلىق تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلارنىڭ خەزىنىدە ساقلاشقا بولىدىغان نەق پۇل سومما چەكلىمىسى 1 مىليون 353 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىي ساقلانغىنى 4 مىليون 414 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بەلگىلەنگەن چەكتىن ئىككى، ئۈچ ھەسسە ئېشىپ كەتكەن. ساقلىغان سوممىسى چەكتىن ئېشىپ كەتكەن ئورۇن 5369 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئورۇننىڭ 36.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. (2) ئۆز كىرىمىدىن بىۋاستە چىقىم قىلىش، نەق پۇل ئېلىۋېلىش، نامۇۋاپىق چىقىم قىلىش بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان. پەقەت 3 - پەسىللىك ستاتىستىكىغىلا ئاساسلانغاندا، جەمئىي 47 مىڭ 875 قېتىم ئۆز كىرىمىدىن بىۋاستە چىقىم قىلىنغان، نەق پۇل ئېلىۋېلىنغان، ئۇنىڭ سوممىسى 8 مىليون 867 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. (3) گومىنىڭ پۇلىنى ئارىيەت ئېلىش بىر قەدەر ئېغىر بولغان. گومىنىڭ پۇلى ئارىيەت ئېلىنغان ئورۇن 8654، بۇ تەكشۈرۈلگەن ئورۇننىڭ 59 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. ئارىيەت ئالغان ئادەم 133 مىڭ 707، ئارىيەت ئالغان پۇل 19 مىليون 243 مىڭ يۈەن، ئادەم بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 143.9 يۈەن ئارىيەت ئالغان. 1978 - يىل 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىرلىكتە «ھەربىي قىسىملار ئورۇنلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» ئېلان قىلدى. بەلگىلىمىدە ھەربىي ئورۇنلارنىڭ مەخپىيەتلىك دەرىجىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، بانكىدا ھېساب ئاچقان ھەربىي ئورۇنلار مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىلدى: بىرىنچى تۈردىكى ئورۇنلارنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇش خىزمىتىگە ھەربىيلەرنىڭ ئارقا سەپ مالىيە تارماقلىرى مەسئۇل بولىدىغان؛ ئىككىنچى تۈردىكى ئورۇنلارنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇشىغا خەلق بانكىسى مەسئۇل بولىدىغان بولدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمى زۆرۈر ھالدا تەرتىپكە سېلىندى.

1979 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «نەق پۇل باشقۇرۇش، مائاش فوندى ۋە مۇكاپات فوندىنى چىقىم قىلىشنى نازارەت قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇقتۇرۇشتا، نەق پۇل ئىشلىتىش نورمىسى كېڭەيتىلدى. پارچە - پۇرات مال سېتىۋېلىش، رايونلار ئارا سېتىۋېلىش - سېتىش راسچوتى قىلىش ۋە بازارلاردىن يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا مەلۇم نەق پۇل چىقىم قىلىش ۋە ئۇنى ئېلىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىندى،

كاسسىدىكى نەقپۇل سومما چەكلىمىسى كەلگ قويۇۋېتىلدى.

1980 - يىل 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «يېزىلاردا نەق پۇل باشقۇرۇشنى كەلگ قويۇۋېتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، گۆشچى، ئەترەتلەر دۆلەتكە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بەرسە، مىمۇرىئال راسچوت قىلىش ياكى نەق پۇل چىقىم قىلىش سېتىپ بەرگەن ئورۇننىڭ ئىختىيارىغا قويۇلدى؛ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار (جۈملىدىن ئىدارىلەر، ھەربىي قىسىملار، مەكتەپلەر) نىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرىدىن رۇخسەت قىلىنغان يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغاندا بانكىنىڭ نەق پۇل چىقىم قىلىپ بېرىشىگە يول قويۇلدى.

1981 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يېزىلاردا نەق پۇل باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇ بەلگىلىمە يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردىكى گۆشچى، ئەترەتلەر، گۆشچى، ئەترەتلەرنىڭ باشقۇرۇشىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە يېزىلاردا تۇرۇشلۇق بارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە نەق پۇل باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. خەزىنىدىكى نەق پۇلنىڭ سومما چەكلىمىسى ئومۇمەن بەش كۈنلۈك ئادەتتىكى پارچە - پۇرات چىقىمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك بەلگىلەندى. ئارىلىقى بىر قەدەر يىراق ياكى پەۋقۇلئاددە سەۋەبلىرى بولغان ئاز ساندىكى ئورۇنلارنىڭكى 15 كۈنگە ئۇزارتىپ بېرىلدى. 200 يۈەن ئىچىدىكى كىرىم - چىقىمنى مىمۇرىئال قىلىشقىمۇ نەق پۇل ئىشلىتىشكىمۇ يول قويۇلدى. سىرت جايلاردىن مال سېتىۋېلىشقا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ پرىنسىپ جەھەتتە، بانكا، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئارقىلىق مىمۇرىئال راسچوت قىلىندى. لېكىن بىرەڭ نەق پۇل ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى قاتتىق بەلگىلەنمىدى.

ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا نۇرغۇنلىغان يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەر كېلىپ چىقتى. نەق پۇل باشقۇرۇشنىڭ ئالدىغا يېڭى ۋەزىپىلەر قويۇلدى. دۆلەت بىر تەرەپتىن، نەق پۇل باشقۇرۇش تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈردى، يەنە بىر تەرەپتىن، بانكىلاردىن نەق پۇل باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى. 1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئەتكەسچىلىك، ئېلىپ - ساتارلىق قاتارلىق ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلىپ، ھېساب باشقۇرۇش، راسچوت باشقۇرۇش ۋە نەق پۇل باشقۇرۇشنى چىڭىتىشنى تەلەپ قىلدى. 1985 - يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «نەق پۇل باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى يۇقىرىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، 1981 -، 1982 -، 1983 - ۋە 1985 - يىللىرى ئۇدا تۆت قېتىم نەق پۇل باشقۇرۇشنى چوڭ تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە 1985 - يىلدىكى تەكشۈرۈشنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر زور بولۇپ، بايقالغان مەسىلىلەر خېلى كۆپ بولدى. 9911 ئورۇننى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بايقالغان مەسىلىلەر مۇنۇلار: (1) ئۆز كىرىمىدىن بىۋاسىتە نەق پۇل چىقىم قىلىش ئومۇميۈزلۈك ساقلانغان. بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستىدا تەكشۈرۈلگەن 259 ئورۇن ئىچىدە، ئۆز كىرىمىدىن بىۋاسىتە چىقىم قىلىش مەسىلىسى بارلار 150 بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئورۇننىڭ 63 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئورۇنلار 3 - پەسىلدە ئۆز كىرىمىدىن جەمئىي 3582 قېتىم بىۋاسىتە چىقىم قىلغان، ئۇنىڭ سوممىسى 951 مىڭ يۈەن، بۇ ئوخشاش مەزگىلدىكى نەق پۇل كىرىمىنىڭ 67 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سەككىز ئورۇن كىرىم قىلغان نەق پۇلنىڭ ھەممىسىنى بىۋاسىتە چىقىم قىلىپ بولغان. بۇ ئورۇنلار ئۆز كىرىمىدىن جەمئىي 931 قېتىم بىۋاسىتە چىقىم قىلغان، سوممىسى 665 مىڭ يۈەن. (2) خەزىنىدىكى نەق پۇل بەلگىلەنگەن چەكتىن ئېغىر دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. غۇلجا شەھىرىدە تەكشۈرۈلگەن 85 ئورۇن ئىچىدە 36 ئورۇننىڭ خەزىنىدىكى پۇلى بەلگىلەنگەن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن. بۇ ئورۇنلار تەكشۈرۈلگەن ئورۇنلارنىڭ 42 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بەلگىلەنگەن چەكتىن ئېشىپ كەتكەن پۇل 63 مىڭ يۈەن. (3) ئاق

مۇجەتلى خەزىنىدىكى نەق پۇل ئورنىغا قويۇش ئەھۋالى كۆپ. ئاقسۇ شەھەرلىك سودا سانائەت بانكىسى 71 ئورۇننى تەكشۈرگەن. بۇ ئورۇنلارنىڭ بىرىسىدا جەمئىي 258 دانە ئاق مۇجەتتى نەق پۇل ئورنىغا قويغان ۋە ئاق مۇجەتكە ئاساسەن ئاتچوت قىلغان، بۇنىڭ سوممىسى 15 مىڭ يۈەن. (4) تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن نەق پۇل ئېلىۋالغان. بەزى ئورۇنلار «زاپاس پۇل»، «كوماندىروپكا راسخوتى» ۋە «مال پۇلىنى قايتۇرۇش» قاتارلىق يالغان سەۋەبلەر ئارقىلىق نۇرغۇن نەق پۇل ئېلىۋېلىپ، ئۇنى مۇكاپات، مائاش ۋە باشقا سەرپىياتلارغا چىقىم قىلغان. (5) ھېساباتنى ئىجارىگە، ئارىيەتكە بەرگەن. ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىرىنچى كىيىم - كېچەك زاۋۇتى ھېساباتنى بەش قېتىم ئىجارىگە بېرىپ، 17.244 يۈەن باشقۇرۇش ھەققى ئالغان. (6) مەخسۇس تىزگىنلىنىدىغان تاۋارلارنى خالىغانچە سېتىۋالغان. سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ئورۇن تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي، 23 مىڭ 996 يۈەنگە يەتتە دانە موتسىكلىت سېتىۋالغان. (7) ئومۇمنىڭ پۇلى بىلەن مېھمان چاقىرغان، سوۋغا تەقدىم قىلغان. شىخەنزە شەھىرى تەكشۈرگەن 112 ئورۇندىن 29 ئورۇن ئومۇمنىڭ 9773 يۈەن پۇلى بىلەن مېھمان چاقىرغان ۋە سوۋغا تەقدىم قىلغان. (8) نەچچە يەردە ھېساب ئېچىپ، نازارەتتىن قاچقان. ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىر ئورۇننىڭ ھېساب ئاچقان بانكىسى سودا - سانائەت بانكىسى ئىكەن، ئۇ يەنە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قورۇلۇش تۆەندىكى تىجارەت پونكىتىدىمۇ ھېساب ئېچىپ، 1984 - يىل 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە تىجارەت پونكىتىدىن 320 مىڭ يۈەن نەق پۇل ئالغان. يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار بانكا تەرىپىدىن ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەخسۇس تېمىدا دوكلات قىلىندى. ھەممە تۈزىتىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

## §6 . مائاش فوندىنى باشقۇرۇش

شىنجاڭنىڭ مائاش فوندىنى باشقۇرۇش 1950 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە نەق پۇل باشقۇرۇشنىڭ بىر قىسمى قىلىنىپ، ئورۇنلار، تارماقلارنىڭ نەق پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە ئىجرا قىلىش ئارقىلىق تىزگىنلەنگەنىدى. 1960 - يىلدىن باشلاپ مائاش فوندىنى مەخسۇس تۈر بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، مائاش فوندىنى باشقۇرۇش بىر خىل مۇھىم مالىيە - ئىقتىساد تۈزۈمى سۈپىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇلدى ۋە يولغا قويۇلدى.

1959 - يىل 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتى، ئەمگەك مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە خەلق باش بانكىسى بىرلىكتە «مائاش فوندىنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقىتىپ، بانكىلارنىڭ بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش جەھەتتىكى ۋەزىپە ۋە ئۇسۇللىرىنى كونكرېت بەلگىلىدى. 1959 - يىل 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئۆزىگە قاراشلىق بانكىلاردىن مائاش فوندىنى باشقۇرۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

1960 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى دۆلەتنىڭ «مائاش فوندىنى باشقۇرۇشنى سىناق قىلىش چارىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنىڭ يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپى» نى بېسىپ تارقاتتى. «تەپسىلىي پىرىنسىپ» تا مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مائاش چىقىمى ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ئۆسۈمى بەلگىلەنگەن ئورۇنلارنىڭ مائاش چىقىمى پۈتۈنلەي مائاش فوندىنى

باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلۈپ نازارەت قىلىنىدۇ. ھەر قايسى ئورۇنلار ئۆزلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلار تەستىقلىغان يىللىق ياكى پەسىللىك ئەمگەك پىلانىغا ئاساسەن، مائاش فوندىنى ئىشلىتىشنىڭ ئايلىق پىلانىنى تۈزۈپ، شۇ يەردىكى ئەمگەك تارمىقى ۋە بانكىنىڭ نازارەت قىلىپ ئىجرا قىلىشىغا يوللايدۇ. بانكا تەستىقلانغان پىلاندىكى نورمىغا ئاساسەن، شۇ ئورۇننىڭ ھېسابىدىن چىقىم قىلىدۇ. ئايلىق مائاش فوندى بەش پىرسەنتتىن ئارتۇق، پەسىللىك مائاش فوندى بىر پىرسەنت ئارتۇق چىقىم قىلىنسا، چوقۇم شۇ ئورۇننى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. ئورۇنلار نەق پۇل ئېلىپ مائاشقا چىقىم قىلغاندا، «مائاش فوندى راسچوت جەدۋىلى» نى تولدۇرۇشى، بانكا شۇ ئورۇن تىزىملاتقان «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش كارتىسى» غا ئاساسەن نازارەت قىلىپ چىقىم قىلىدۇ.

مائاش فوندى مەخسۇس تۈر بويىچە باشقۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى تىزگىنلەش، بازارنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. لېكىن يەنە نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى، ئاساسلىقى، باشقۇرۇش بوشىشىپ كەتتى، ئىش تەقسىماتى ئېنىق بولمىدى. خەلق شۆبە بانكىسى خىزمەتتە ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىغا «مائاش ھەققى فوندىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا دوكلات» نى سۇندى. 1962 - يىل 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بۇ دوكلاتنى تەستىقلاپ تارقاتتى ھەمدە ھەر دەرىجىلىك خەلق كومىتېتلىرى، ھەر قايسى تارماقلاردىن «دەرھال ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىش» نى تەلەپ قىلدى. «دوكلات» تا مۇنداق بەلگىلەندى: مەكتەپلەر، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىكىتىنى ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ مائاش چىقىمىمۇ مائاش فوندىنى باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدۇ؛ 1 -، 2 -، 3 - ماشىنىسازلىق مىنىستىرلىكى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سىستېمىسىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ مائاش فوندىنى مەركەزدىكى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماق (ياكى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماق) باشقۇرىدۇ؛ ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ پەسىللىك مائاش فوندىنى ئىشلىتىش پىلانىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماق كۆزدىن كەچۈرىدۇ، شۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسئۇل بولىدىغان ئەمگەك مائاش ۋە پىلان تارمىقى تەستىقلايدۇ. بانكا «مائاش فوندى» نى مەخسۇس ھېساب بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويىدۇ، بارلىق مائاش تەركىبىي دائىرىسىدىكى چىقىملا بولىدىكەن، ئۇنىڭ نەق پۇل ياكى مېمورىئال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى مەخسۇس ھېساب ئارقىلىق چىقىم قىلىنىشى لازىم. «مائاش فوندى» نى مەخسۇس ھېساب بويىچە باشقۇرۇش رەسمىيىتى بەك كۆپ بولغاچقا، 1965 - يىلغا كەلگەندە ئىجرا قىلىشتىن توختىتىلىپ، «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش كارتىسى» ياكى «مائاش فوندىنى راسچوت قىلىش جەدۋىلى» نى ئىشلىتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1961 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن، «قوشۇنلارنى خىل، مەمۇرىي ئورۇنلارنى ئىخچاملاش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى، مائاش فوندىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىش مەركەز قىلىندى. 1961 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، ئەمگەك ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، خەلق شۆبە بانكىسى بىرلىكتە دۆلەت پىلان كومىتېتى، ئەمگەك مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە خەلق باش بانكىسىنىڭ «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى قىسقارتىش خىزمىتى جەريانىدا مائاش فوندىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، مائاش فوندىنى باشقۇرۇش خىزمىتىدە ئادەمنى قىسقارتىش، ئاشلىقنى قىسقارتىش، پۇلنى (مائاشنى) قىسقارتىشتىن ئىبارەت ئۈچنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك بانكىلار «ئۇقتۇرۇش» نىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پىلان كومىتېتى، ئەمگەك ۋە مالىيە

قاتارلىق تارماقلارغا پايال ماسلىشىپ، ھەر قايسى ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنى، مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ئىشتىراك قىلىپ، قەتئىي ھالدا تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى مائاش فوندىدا ئىشلىتىلىدىغان پىلان بويىچە مائاش چىقىم قىلىشقا نازارەت قىلدى. بانكىنىڭ نەق پۇل كىرىم - چىقىم ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، مائاشقا چىقىم قىلىنغان نەق پۇل 1961 - يىلى 1960 - يىلغا قارىغاندا 34 مىليون 890 مىڭ يۈەن، يەنى %46.5؛ 1962 - يىلى 1961 - يىلغا قارىغاندا 73 مىليون 350 مىڭ يۈەن، يەنى %12.58 ئازايغان.

1965 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، مائاش فوندىنى ئومۇمىي سوما كۆرسەتكۈچى بويىچە باشقۇرۇش، يەنى مائاشنىڭ ئەمەلىي چىقىم قىلىنىدىغان ئومۇمىي سوممىسىنى باشقۇرۇش، ئەمەلىي باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1965 - يىل 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «نۆۋەتتىكى مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتى جەريانىدىكى بىر قانچە مەسىلە ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش» تىكى تەلەپ بويىچە، بانكا تۈرگە ئايرىلغان كۆرسەتكۈچلەرنى تىزگىنلىمەي، پەقەت مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى تىزگىنلەپ، دۆلەت تەستىقلىغان مائاش ئومۇمىي سوما كۆرسەتكۈچىنىڭ ئېشىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

1965 - يىل 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ئىدارىسى بىلەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىرلىكتە «مەركىزىي ئەمگەك مىنىستىرلىكى، خەلق بانكىسى، باش ئارقا سەپ بۆلۈمىنىڭ ھەربىي قىسىملارنىڭ شتات سىرتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئەمگەك مائاش پىلانىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا، دېگەن ھۆججىتىنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. بۇ ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن، ھەربىي قىسىملاردىكى شتات سىرتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئەمگەك - مائاشىنى قىسىملار ئۆزى باشقۇرىدىغان، بانكا ئۇلارنىڭ مائاش چىقىمىنى نازارەت قىلمايدىغان بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مائاش فوندىنى باشقۇرۇش ئېغىر كاشىلىغا ئۇچرىدى. زىيان كېلىپ چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، 1967 - يىل 1 - ئاينىڭ 11 - كۈنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «ئىقتىسادىۋازلىققا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، بانكىلارغا «دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان بارلىق چىقىملارنى چىقىم قىلىشنى بىردەك رەت قىلىش» نى تاپىلىدى. 1967 - يىل 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مەركەز «يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىقتىسادچىلىق بىلەن ئىنقىلاب قىلىش، ئىجتىمائىي گورۇھلارنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنى تىزگىنلەش، مۇكاپات، ماددىي ئەشيا ۋە مال باھاسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: ئورۇنلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئادەم قوبۇل قىلىشى، دەرىجە ئۆستۈرۈپ مائاش قوشۇشى، قالايمىقان مۇكاپات، پاراۋانلىق فوندى ۋە قوشۇمچە مائاش تارقىتىشقا بىردەك يول قويۇلمايدۇ. ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ مائاش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1967 - يىل 8 - ئايدىكى ئەمەلىي سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتىشىگە بىردەك يول قويۇلمايدۇ، كېمەيتىشكىلا رۇخسەت قىلىنىدۇكى، كۆپەيتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

1972 - يىل 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت گوۋۇيۈەننىڭ «مائاش فوندىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، «ھەر دەرىجىلىك مالىيە، بانكا ۋە ئەمگەك تارماقلىرىدىن مائاش فوندىنى ئەستايىدىل باشقۇرۇش» نى تەلەپ قىلدى. 10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت ئاپتونوم رايونلۇق پىلان ئىدارىسى بىلەن مالىيە ئىدارىسىنىڭ

«مائاش فوندىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىنى تەستىقلاپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا ئەسلىدە بار بولغان باشقۇرۇش تۈزۈمى قايتا قەيت قىلىنغانلىقى سىرتىدا، يەنە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يۆتكەلسە، ئۇنىڭ مائاشىنى مائاش فوندى پىلانى ئىچىدە مۇناسىپ ھالدا كۆپەيتىش ياكى كېمەيتىش؛ شەھەر ـ بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ مائاش فوندى پىلانىنى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا مەسئۇل بولۇپ تەكشۈرۈپ تەستىقلاپ، بانكىنىڭ نازارەت قىلىپ ئىجرا قىلىشىغا يوللاش بەلگىلەندى.

1975 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى پىلان ئىدارىسى بىلەن مالىيە ئىدارىسى تارقاتقان «تولۇقلىما ئۇقتۇرۇش» تا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر يۆتكەلسە، «مائاش فوندىنى قوشۇش، كېمەيتىش ئۇقتۇرۇش قەغىزى» نى بىر تۇتاش ئىشلىتىش بەلگىلەندى. 1979 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، مائاش فوندىنى قوشۇش، كېمەيتىش پىلانىنى بېجىرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى ئۇقتۇردى.

1973 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، 1974 ـ يىلدىن باشلاپ «مائاش فوندىنى باشقۇرۇش دەپتىرى» تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مائاشقا قىلىنىدىغان چىقىمنى باشقۇرۇش دەپتىرى بويىچە نازارەت قىلىشنى، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ 1973 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئەمەلىي ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى ۋە مائاش ئومۇمىي سوممىسىنى ئاساس قىلىپ، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە مائاش فوندىنى باشقۇرۇش دەپتىرى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلدى.

بۇ مەزگىلدە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولغان مەسىلە شۇكى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ھەددىدىن زىيادە كۆپەيدى، بولۇپمۇ ۋاقىتلىق ئىشچىلار بىلەن «7 ـ ماي» ئائىلە ـ تاۋابىئاتلار ئىشلەپچىقىرىشىغا تەشكىللەنگەن خادىملار بەك كۆپىيىپ كېتىپ، مائاش فوندى تېز ئۆرلەپ كەتتى. بانكىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، دۆلەتنىڭ مائاش ئۈچۈن چىقىم قىلغان نەق پۇلى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %11.10 ئاشتى. 1966 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە دۆلەتنىڭ مائاش ئۈچۈن نەق پۇل چىقىم قىلىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك:

بىرلىكى: 100 مىليون يۈەن

| 1966ـ يىل | 1967ـ يىل | 1968ـ يىل | 1969ـ يىل | 1970ـ يىل | 1971ـ يىل | 1972ـ يىل | 1973ـ يىل | 1974ـ يىل | 1975ـ يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 6.85 | 6.89 | 6.55 | 6.82 | 6.90 | 6.99 | 7.96 | 9.28 | 10.54 | 11.81 |

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش ئۈچۈن، 1973 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت بانكىلاردىن ئورۇنلارنىڭ پىلان سىرتىدا كۆپەيتكەن ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى، ئىشلەتكەن ۋاقىتلىق ئىشچىلىرىغا مائاش چىقىم قىلىپ بەرمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى. 1975ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ئىدارىسىنىڭ «ۋاقىتلىق

ئىشچىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون قايتا ـ قايتا ھۆججەت تارقىتىپ، مائاش فوندىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۈنۈمى چوڭ بولمىدى.

1979 ـ يىلدىن باشلاپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە چوڭقۇر جانلاندۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، كارخانىلاردا ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلدى ۋە كارخانىلارنىڭ ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش ھوقۇقى كېڭەيتىلدى. دۆلەت تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، مۇكاپات تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى، مائاش فوندىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا تەڭشەلدى ۋە ئىسلاھ قىلىندى.

1979 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «نەق پۇل باشقۇرۇش، مائاش فوندىنى، مۇكاپات سوممىسىنى چىقىم قىلىشنى نازارەت قىلىشنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 1980 ـ يىلدىن باشلاپ، بانكا ئەمگەك تارماقلىرى ياكى كارخانىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلار تەستىقلىغان مائاش ئومۇمىي سوممىسى بويىچە مائاش چىقىمىنى نازارەت قىلىدىغان بولدى؛ مالىيە تارمىقى ياكى ئەمگەك تارمىقىنىڭ ۋە ياكى كارخانىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقنىڭ تەستىقلىغان رەسمىيىتى بولسىلا، بانكا دەرھال مۇكاپات پۇلى چىقىم قىلىپ بەردى؛ ئەگەر شۇ يەردە ئايرىم بەلگىلىمە بولسا، بانكا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلدى. 1981 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «‹كوۋزىيوەنىنىڭ مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى توغرا يولغا قويۇش، قالايمىقان مۇكاپات تارقىتىشنى قەتئىي توسۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمىسى›، نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، 1981 ـ يىلدىن باشلاپ، كارخانىلارنىڭ مۇكاپات ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا شۇ كارخانىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىككى ئايلىق ئۆلچەملىك مائاشىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، ئايرىم كارخانىلارنىڭ مۇكاپات ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ ئايلىق ئۆلچەملىك مائاش ئومۇمىي سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، مۇكاپات سوممىسىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مۇكاپات ئومۇمىي سوممىسى ئىسپات قەغىزىنى يولغا قويۇپ، بانكىنىڭ شۇنىڭغا ئاساسەن چىقىم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. 1983 ـ يىل 7 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك ئىدارىسى، مالىيە نازارىتى، ئىقتىسادىي كومىتېتنىڭ «ئاپتونوم رايوننىڭ 1983 ـ يىللىق مۇكاپات سوممىسى پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايوندا مۇكاپات سوممىسى تارقىتىشتا مەسئۇلىيەتنى ئاساسەن بىرلەشتۈرۈپ لەيلىتىش چارىسىنى يولغا قويۇش، ئەسلىدە بېكىتىلگەن چەكلىمىدىن ئاشۇرۇپ تارقىتىلغان مۇكاپات سوممىسىدىن پروگرېسسىپلىك ئىستېمال بېجى ئېلىش بەلگىلەنگەن.

1985 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «‹مائاش فوندىنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش چارىسى›، نى ئېلان قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. خەلق، سودا ـ سانائەت، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى بۇ ھۆججەتنى كۆچۈرۈپ تارقاتقاندا، مائاش فوندىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، يەنىلا ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان مائاش فوندى پىلانى بويىچە تىزىملاش دەپتىرىنى نازارەت قىلىشنى ياكى مائاش فوندىنى باشقۇرۇش دەپتىرىنى نازارەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

بانكىنىڭ نەق پۇل چىقىمى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، 1977 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا دۆلەتنىڭ مائاش ئۈچۈن قىلغان نەق پۇل چىقىمى 1 مىليارد 110 مىليون يۈەندىن 2 مىليارد 890 مىليون

يۇەنگە كۆپىيىپ، 1.6 ھەسسە ئاشقان، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %12.7 تىن ئېشىپ بارغان. بۇنىڭ ئىچىدە، 1978 ـ يىلى 1977 ـ يىلىغا قارىغاندا %14.82، 1980 ـ يىلى 1979 ـ يىلىغا قارىغاندا %20، 1984 ـ يىلى 1983 ـ يىلىغا قارىغاندا %15.26، 1985 ـ يىلى 1984 ـ يىلغا قارىغاندا %22.76 كۆپەيگەن. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مۇكاپات سوممىسى ئۇچۇن قىلىنغان چىقىم 1980 ـ يىلى 77 مىليون يۇەن بولغان بولسا، 1985 ـ يىلى 252 مىليون يۇەنگە يېتىپ، 2.27 ھەسسە ئاشقان، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %26.70 ئېشىپ بارغان.

مائاش فوندى ۋە مۇكاپات سوممىسى چىقىمىنىڭ ئېشىش ھەجمى ئۈزلۈكسىز زورايغانلىقتىن، 1979 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت «گوۋۇيۈەننىڭ قالايمىقان مۇكاپات سوممىسى ۋە قوشۇمچە ياردەم پۇل تارقىتىشنى توختىتىش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. 1983 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، ئىقتىساد كومىتېتى، مالىيە نازارىتى، ئەمگەك ـ كادىرلار نازارىتى ۋە خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «يىل ئاخىرىدا زەربىدارلىق بىلەن قالايمىقان مۇكاپات پۇلى، قوشۇمچە ياردەم تارقىتىش ۋە قالايمىقان ماددىي نەرسە تارقىتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. 1985 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگانلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدا تارقىتىدىغان مۇكاپات پۇلىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار يۇقىرىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، مۇكاپات پۇلىنىڭ چىقىم قىلىنىشىنى قاتتىق نازارەت قىلدى.

# II باب

# ئۆسۈم نىسبىتى

## §1 . تەرەققىيات جەريانى

شىنجاڭدا دىببىت ـ كرېدىت پائالىيىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىن كېيىن، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئەنگلىيە، روسىيە قاتارلىق جاھانگىر كۈچلىرىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشى نەتىجىسىدە، خەلق ئارىسىدىكى يۇقىرى ئۆسۈملۈك قەرز پائالىيىتى جەنۇبىي شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردا بارلىققا كەلدى. بىراق جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىغا كەلگەندە گۆرۈكەشلىك، سەررابخانا، پۇل باشقۇرۇش جۇجۇقى، چەت ئەل سودىگەرلىرى بانكىسى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىلارنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولغانلىقتىن، دىببىت ـ كرېدىتنىڭ كۆلىمىمۇ بىر قەدەر كىچىكلەپ كەتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆسۈم نىسبىتى مۇھىم ئىقتىسادىي پىشاڭ سۈپىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا ئىزچىل ھالدا ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلدى. 1949 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1985 ـ يىل 12 ـ ئايغىچە بولغان بۇ 36 يىل جەريانىدا شىنجاڭدىكى بانكا ئۆسۈم نىسبىتى 23 قېتىملىق بىر قەدەر چوڭ تەڭشەش ۋە ئىككى قېتىملىق بىر قەدەر كىچىك تەڭشەشنى باشتىن كەچۈردى. 1952 ـ يىلدىن ئىلگىرى يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭدا ئۆزى بەلگىلىگەن ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى؛ 1953 ـ يىلدىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى.

1949 ـ يىل 9 ـ ئايدا شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدە جۇڭگو خەلق باش بانكىسى ۋە غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى توغرىسىدىكى تۈرلۈك يوليورۇقلىرى ئىجرا قىلىندى. 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، غەربىي شىمال رايونلۇق بانكا ئېلان قىلغان ئۆسۈم نىسبىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئۆلچەم قىلىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ بانكا ئۆسۈم نىسبىتى تۈزۈپ چىقىلدى، ئۇ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىغا تەستىقلىتىپ ئىجرا قىلىندى.

1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە ئامانەت قويۇلغان ۋە قەرز بېرىلگەن پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى يەتتە قېتىم چوڭ، ئىككى قېتىم كىچىك تەڭشەلدى. بىر قەدەر چوڭ بولغان تەڭشەش شۇكى: 1950 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرزنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 80‰ — 150‰، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودىغا بېرىلگەن قەرزنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 120‰ — 180‰، قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 20‰، قەرەللىك بىر يىللىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 150‰ ئىدى. 1952 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 6‰ — 9‰ كە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ

ئۆسۈم نىسبىتى 11‰ — 12‰ كە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 10.5‰ — 16.5‰ كە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 13.5‰ — 19.5‰ كە، پۇقرالار قەرەلسىز پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 4.5‰ كە، قەرەلسىز بىر يىللىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 12‰ كە چۈشۈرۈلدى.

1951 - يىلدىن كېيىن، خەلق باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تۆۋەنرەك، شەخسلەرگە ياكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلى ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى يۇقىرىراق قىلىنىپ، بازاردىكى ئۆسۈم نىسبىتىگە يېقىنلاشتۇرۇلدى. يېزىلاردىكى دېبىت - كرېدىت ئىشلىرىغا چەك قويۇلماي، ئېلىم - بېرىمنىڭ ئەركىن بولۇشىغا ئىلھام بېرىلىپ، يېزىلاردىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

بۇ مەزگىلدىكى ئۆسۈم نىسبىتى پەرقى بىلەن ئۆسۈم نىسبىتى دەرىجىسىنىڭ بەلگىلىنىشى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدىكى كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە دۆلەتنىڭ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى پۇل قىممىتىنىڭ تازا مۇقىم بولماسلىقىدەك تارىخىي ئالاھىدىلىكلەرنى ئەكس ئەتتۈردى. مەسىلەن: خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى ۋە قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى، رەنىلىك قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى، رەنىلىك پېرېۋوتنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى، دېرىغا ۋە قىممىتىگە كېپىللىك قىلىنىدىغان ئامانەت پۇل (پۇقرالار پۇل ئامانىتى) نىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ۋە باشقىلار. بۇنداق ئۆسۈم نىسبىتى تۈرلىرى ئىگىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە كاپىتالىستىك سودا - سانائەتكە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1952 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ ھەربىي سىستېمىسىدىكى ھەر قايسى ئورۇنلار، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئاپپاراتلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، مەكتەپلەر ئومۇمەن مالىيەدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇلنى بانكىغا ئامانەت قويسا، بىردەك ئامانەت پۇلغا ئۆسۈم بېرىلمىدى، پۇل پېرېۋوت قىلسا ھەق ئېلىنمىدى.

1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بولغان 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئەھۋالىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، تۈرلۈك ئامانەت پۇل، قەرز پۇللارنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدە ھەم پەرق ۋە دەرىجە بولۇشى، ھەم پەرق چوڭ بولماسلىقى كېرەك. شۇڭا ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەش قېتىم سانى بىر قەدەر ئاز بولدى. ئۆسۈمنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى پەيدىنپەي ئاددىيلاشتۇرۇلدى. 1955 - يىل 10 - ئايغا كەلگەندە، تۈرلۈك قەرز پۇللارنىڭ مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئايرىلمايلا بىر ئۆسۈم نىسبىتى ئۆلچىمى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەنلىتىلدى. 1957 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 1.8‰ قىلىنىپ، 1952 - يىلدىكىگە قارىغاندا 25‰ تۆۋەنلىتىلدى، سانائەت قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 4.8‰ قىلىنىپ، 1952 - يىلدىكى بىر يىللىق قەرەللىك ئۆسۈم نىسبىتىگە قارىغاندا 46.7‰ تۆۋەنلىتىلدى، سودا قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 6‰ قىلىنىپ، 1952 - يىلدىكى بىر يىللىق قەرەللىك ئۆسۈم نىسبىتىگە قارىغاندا 50‰ تۆۋەنلىتىلدى. تۈرلۈك ئامانەت پۇل، قەرز پۇللارنىڭ ئۆسۈمىنى ھېسابلاشنى باشلاش ۋە بوغۇش ۋاقتى پەيدىنپەي بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. بېرىلگەن قەرزنىڭ مۇددىتى يېرىم يىلدىن ئۇزاق بولغانلىرىنىڭ ئۆسۈمى يېرىم يىلدا بىر قېتىم بوغۇلدى، يېرىم يىلدىن قىسقا بولغانلىرىنىڭ ئۆسۈمى قەرەلى توشقاندا بوغۇلدى. قەرەلسىز ئامانەت

پۇل ۋە قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈمى يېرىم يىلدا بىر قېتىم بوغۇلدى. قەرز پۇلنىڭ ۋاقتى توشۇپ قايتۇرۇلمىغانلىرىغا ئەسلىدىكى ئۆسۈم نىسبىتىگە ئون پىرسەنت جازا ئۆسۈمى قوشۇلىدىغان بولدى.

1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ئۆسۈم نىسبىتى تۆت قېتىم تەڭشەلدى. خەلق باش بانكىسىنىڭ 1952 - يىل 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا 1953 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ كارخانىلارنىڭ قەرەللىك ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈمى ئېلىپ تاشلىنىپ، قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دەرىجىسى تەڭشەلدى، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 12‰ تىن 7.5‰ كە چۈشۈرۈلۈپ، 37.5% تۆۋەنلىتىلدى. 1954 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرى ۋە سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، نورما ئىچىدە ئىكەنلىكى ياكى نورمىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى ئايرىلماي، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى بىردەك 6.9‰ قىلىندى؛ شەھەر - يېزىلاردىكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 6.3‰ قىلىندى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت، قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى قاتارلىق ساھەلەردىكى كارخانىلارغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، نورمىلىق ياكى ۋاقىتلىق ئىكەنلىكى ئايرىلماي، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 4.65‰ قىلىندى؛ شەھەر - يېزىلاردىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 4.2‰ بولدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا ۋە كوپېراتىپلارنىڭ ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 2.1‰ كە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

1955 - يىل 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت قويغان ۋە قەرز ئالغان پۇللىرىنىڭ تەڭشەلگەن ئۆسۈم نىسبىتى 1956 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن، قالغان ئورۇنلارنىڭكى 1955 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدىغان بولدى. بىر يىللىق قەرەللىك خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 12‰ دىن 6‰ كە چۈشۈرۈلدى؛ قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئورۇنلارنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى، ئىشلىتىش ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىگە ئايرىلدى. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنىڭ قەرز ئالغان پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ قەرز بەرگەن پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى چۈشۈرۈلدى. بانكا بىلەن ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئامانەت قويۇلغان، قەرز بېرىلگەن پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى؛ ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى، خۇسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تۈرلىرى مۇۋاپىق ئازايتىلدى، دەرىجىسى ئاددىيلاشتۇرۇلدى، سەۋىيىسى تۆۋەنلىتىلدى. قەرەلى توشۇپ قايتۇرۇلمىغان قەرز پۇلنى ئەسلىدىكى ئۆسۈم نىسبىتىگە 10% ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىندى.

1956 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تۆۋەنلىتىلىپ، يېزا ئىگىلىكنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشكە مەدەت بېرىلدى، ھەربىيلەر، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە بەك كەمبەغەل ئائىلىلەرگە قارىتىلغان ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە ئامانەت پۇل ۋە قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدە داۋالغۇش بىر قەدەر چوڭ بولدى، 1958 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا - سانائەت، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا - سانائەت، قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل ۋە دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن زاكالەت بېرىشكە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 6‰ كە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، تۈرلۈك ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1959 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆسۈم نىسبىتى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، تەرتىپكە سېلىنىشتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا، قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 25%، قەرەللىك بىر يىللىق

پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 39.4% تۆۋەنلىدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك، سودا قەرز پۇللىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 6‰ كە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 1959 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئۆستۈرۈلدى ھەمدە ئىككى يىللىقتىن ئۈچ يىللىققىچە قەرەللىك ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1961 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 4.8‰ كە چۈشۈرۈلدى. 1965 - يىل خەلق ئىگىلىكى ياخشىلانغاندىن كېيىن، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى يەنە تۆۋەنلىتىلدى، ئىككى يىللىقتىن ئۈچ يىللىققىچە قەرەللىك ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چوڭ سوممىلىق ئۆسۈمسىز نەق پۇل ساقلاپ بېرىش كەسپى يولغا قويۇلدى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى بىر يىللىق قەرەللىك ئامانەت ئۆسۈم نىسبىتى 1958 - يىلدىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا 50% تۆۋەنلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ پىشاڭلىق رولى ئېغىر كاشىلىغا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1971 - يىل 8 - ئايدا ئۆسۈم نىسبىتى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، يەنە بىر قېتىم زور ھەجىمدە ئۆسۈم نىسبىتى سەۋىيىسى تۆۋەنلىتىلدى، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى ئاددىيلاشتۇرۇلدى. ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 20%، قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 30% تۆۋەنلىدى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قەرز پۇلى، راسچوت قەرز پۇلى ۋە قول سانائەت قەرز پۇلى بىر ئۆسۈم نىسبىتى دەرىجىسىگە؛ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى قەرز پۇلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ كارخانا باشقۇرۇش قەرز پۇلى بىر ئۆسۈم نىسبىتى دەرىجىسىگە؛ گۇڭشې ئەترەت ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى ۋە بانكىنىڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىغا مەدەت بېرىش قەرز پۇلى بىر ئۆسۈم نىسبىتى دەرىجىسىگە تەڭشەلدى. ھەر قايسى دەرىجە قاتلاملىرى ئارىسىدىكى ئۆسۈم پەرقى ناھايىتى ئاز بولدى. پارتىيە ئەزالىق بەدىلى، ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىق بەدىلى بانكىغا ئامانەت قويۇلسا ئۆسۈم بېرىلمەيدىغان بولدى؛ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت، قول سانائىتى ۋە سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل قەرەلى توشقاندىمۇ قايتۇرۇلمىسا جازا ئۆسۈمى تۆلىدى.

1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئۆسۈم نىسبىتى ئالتە قېتىم چوڭ تەرتىپكە سېلىنىپ، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى، ئۆسۈم پەرقى كېڭەيتىلدى ھەمدە ئۆسۈم نىسبىتى تۈزۈمى بىر ئاز ئىسلاھ قىلىندى، تۇراقسىز ئۆسۈم نىسبىتى، ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى ۋە جازا ئۆسۈمى قوشۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

ئۆسۈم نىسبىتى بىر قانچە قېتىم تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، 1985 - يىل 8 - ئايغا كەلگەندە، بىر يىللىق قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 2.7‰ تىن 6‰ كە ئۆستۈرۈلدى؛ جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ خەلق پۇلى ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى مەملىكەت ئىچىدىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن يۇقىرى بولدى؛ ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق ۋە سەككىز يىللىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دەرىجىسى تەسىس قىلىندى. كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلار ۋە مەخسۇس ھېساباتتىكى ئامانەت پۇلغا ئۆسۈم بېرىلىدىغان، كارخانا قۇرغان ئورۇنلارنىڭ قەرەللىك ئامانەت پۇلىغا، پارتىيە، ئىتتىپاق، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىراجىتىدىن ئامانەت قويۇلغان پۇلغا ئۆسۈم بېرىلىدىغان بولدى. ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىمۇ مۇۋاپىق تەرتىپكە سېلىندى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قەرز پۇلىغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن، ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلدى؛ تېخنىكا ئۆزگەرتىش قاتارلىق مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىگە ياردەم بېرىش چارىسى قوللىنىلدى، كىم باشقۇرسا ئۆسۈمگە شۇ ياردەم بېرىدىغان بولدى. قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇل، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن كۆچمە مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىدىن

ئېشىپ كەتكەن قەرز پۇلغا 20%، بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا ۋە مەسىلە بار تاۋار ئىگىلەپ تۇرغان قەرز پۇلغا 30%، قىسۋېلىپ يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن قەرز پۇلغا 50% ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىنىدىغان بولدى. يەنە ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، تۇراقسىز ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلۇپ، ئىلگىرى بېكىتىلگەن ئۆسۈم نىسبىتى ئاساسىدا، 20% يۇقىرى - تۆۋەن لەيلىتىشكە بولىدىغان بولدى. 1982 - يىلى خەلق باش بانكىسى كۆندىلىك ئۇششاق تاۋارلار ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلىنىڭ 6‰ ئۆسۈم نىسبىتىنى 20% تۆۋەنلىتىش، يەنى 4.8‰ لىك ئېتىبارلىق ئۆسۈم ھېسابلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شىنجاڭدا يەنە 20% تۆۋەنلىتىلىپ، 3.84‰ بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاندى.

شىنجاڭدا قەرز پۇلىنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى: ئاشلىق، ياغ سودىسى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 2.1‰ (كېيىن 3‰ قىلىندى)، جۇڭگو تىبابەت دورا ماتېرىياللىرى كارخانىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 3.3‰ (كېيىن 4.8‰ قىلىندى)، زىيالىي ياشلارنىڭ كوللېكتىپ كارخانىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 3.6‰، كۆندىلىك ئۇششاق تاۋارلار ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 4.8‰، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىش ۋە مىللىي سودا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 3.3‰، ئېنېرگىيە تېجەش مەخسۇس تۈرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 2.1‰، ئالتۇن ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 3.6‰، ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنىلەر قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 4.2‰ — 5.4‰، كوللېكتىپ قول سانائىتى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 3‰. ئۈچ ئىشتا ئېتىبار بېرىلىدىغان ناھىيىلەردىكى سودا، تەمىنات - سودا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 3.3‰، راسچوت قەرز پۇلىنىڭ 3‰، زىيالىي ياشلار كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى قول سانائىتى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 3‰، «ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل ھېساباتىنى ئايرىش» نى يولغا قويغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 5.7‰، كونا ئازاد رايونلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چەت - ياقا ۋە نامرات رايونلار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 3‰، يەرلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەخسۇس قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 3‰، خەلق ئىشلىرى تارماقلىرىنىڭ پاراۋانلىق زاۋۇتلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 4.8‰ بولدى.

خەلق باش بانكىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، 1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭدا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، يېنىك سانائەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى، باشقا سانائەتلەرنىڭ ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەتنىڭ ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، باشقا تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، مەخسۇس تۈردىكى ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، چوڭ رېمونت قەرز پۇلى قاتارلىق قەرز پۇللارنىڭ ئۆسۈمى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە 20% تۆۋەنلىتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەرلىك، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى، يەرلىك، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قاتناش ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت قەرز پۇلى (جۈملىدىن زىيالىي ياشلار كارخانىلىرىنىڭ يولغا قويۇلغان ئىككى يىلدىن كېيىنكى كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى)، يەككە ئىگىلىكتىكى سانائەت قەرز پۇلى ۋە سانائەت - قاتناش سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولمىغان باشقا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىمۇ 20% تۆۋەنلىتىپ ھېسابلىنىدىغان بولدى.

ئېتىبار ئۆسۈملۈك قەرز پۇل شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا ئىجابىي رول ئوينىدى. بىراق ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرىنىڭ ئۆسۈم كىرىمى 1985 - يىلى 60 مىليون

يۈەن ئازىيىپ كەتتى.

شىنجاڭدا ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلىدىغان قەرز پۇل بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، جەمئىي 35 خىل ئىدى، قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەتكە قارىغاندا تۆۋەن، ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن يۇقىرى بولىدىغان ھادىسە بىر قەدەر ئېغىر. 1982 - يىلى يۇقىرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى 6.25%، شۇ يىلى قەرز پۇلنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى بولسا 5.91% بولدى. 1983 - يىلى قەرز پۇلنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئۆسۈم نىسبىتى 5.4% كە چۈشۈپ قالدى، شۇنداق قىلىپ بانكىنىڭ پايدىسى ئازىيىپ، زىيىنى كۆپەيدى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا 22 تارماق بانكا زىيان تارتتى. بۇنىڭ ئىچىدە «ئۈچ ئىشتا ئېتىبار بېرىلىدىغان» ناھىيىلەردىكى تارماق بانكا 19 بولۇپ، 86.36% نى ئىگىلەيدۇ. كەلپىن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىسى 1984 - يىلى 31 مىڭ يۈەن زىيان تارتقان. ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى تۈپەيلىدىن ئاز يىغىۋېلىنغان ئۆسۈم تارتقان زىياننىڭ 77.42 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

36 يىلدىن بۇيان شىنجاڭنىڭ بانكا سىستېمىسىدا ئۆسۈم نىسبىتى ئۈزلۈكسىز تەرتىپكە سېلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق ئارىسىدىكى پۇل قەرز ئېلىش - بېرىش ئەھۋالىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولدى. 1950 - يىلى ئۆلكە ئىچى - سىرتىدىكى ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش پەيدىنپەي راۋاجلاشتى، خەلق ئارىسىدىكى پۇل قەرز ئېلىش - بېرىش جانلىنىشقا يۈزلەندى. 1951 - يىلنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا خۇسۇسىي سودا - سانائەتچىلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئالغان - بەرگەن قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 50‰ — 150‰ بولدى. ئەگەر پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بېرىپ، جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قالغاندا، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 200‰ — 300‰ كە يەتتى، شۇ مەزگىلدە بانكىنىڭ شەخسلەرگە بەرگەن قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 36‰ بولدى.

1953 - يىلدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلدى، ئۈرۈمچى، جىمسار، گۇچۇڭ، قەشقەر، خوتەن، پىچان، تورپان ۋە غۇلجا قاتارلىق سودا ئىشلىرى بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان شەھەرلەردە خەلق ئارىسىدىكى پۇل قەرز ئېلىش - بېرىش بىر قەدەر جانلاندى. خەلق ئارىسىدىكى پۇل قەرز ئېلىش - بېرىشتا ئاساسلىقى مۇنداق ئۈچ خىل ئەھۋال بولدى: بىرىنچىسى، خۇسۇسىي سودىگەرلەر ئۆز ئارا ئۆتنە - يېرىم قىلىش ئەڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولدى. ئوخشاش كەسىپتىكىلەر ئارا قىسقا مۇددەتلىك ئۆتنە - يېرىم قىلىنسا، ئادەتتە ئۆسۈم بېرىلمىدى. ئۇ ئۆز ئارا ھەمكارلىق خاراكتېرىدە بولدى؛ ساھە ئاتلاپ ئۆتنە - يېرىم قىلىنسا، كۆپىنچىسىدە ئۆسۈم بېرىلدى، ئادەتتە ئايلىق ئۆسۈمى 30‰ بولۇپ، بانكىنىڭ شەخسلەرگە بەرگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن ئىككى - ئۈچ ھەسسە يۇقىرى بولدى. ئىككىنچىسى، خۇسۇسىي سودىگەرلەر شەخسلەردىن پۇل قەرز ئالسا، قەرز بەرگۈچىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆسۈم ئالدى، ئۆسۈم نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولدى، ئايلىق ئۆسۈمى تۆۋەن بولغاندا 20‰ — 30‰، يۇقىرى بولغاندا، 80‰ — 90‰ بولدى. ئۈچىنچىسى، ماگىزىنلاردا مەبلەغ يېتىشمىسە، شۇ ماگىزىنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى سەپلەپ قويدى، بۇ ئەھۋال ئۈرۈمچىدە بىر قەدەر گەۋدىلىك بولدى. مەسىلەن: دۆلەت دورا دۇكىنى «يى دېتاڭ» نىڭ بىر خىزمەتچىسى شۇ دۇكانغا 40 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) سەپلەپ بەرگەن، ئۇنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 2 مىليون يۈەن، يەنى ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 50‰ بولغان.

50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئەينى چاغدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بازىسى ۋاقتىنچە پۈتۈن شىنجاڭغا ئومۇملىشالمىغانلىقتىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇسۇسىي سودا - سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، خەلق شۆبە بانكىسى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ خەلق ئارىسىدىكى سودا - سانائەتتە پۇل قەرز ئېلىش - بېرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، باشقۇرۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىغا تەستىقلىتىپ، ئىجرا قىلدى. خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئېشىنچە مەبلىغىنى چوڭ شەھەرلەردە قاتتىق ئىگىلەپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھايانكەشلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بازارنى قالايمىقان قىلىشنىڭ ئالدىنى

ئېلىش، ئوتتۇرا، كىچىك شەھەر - بازارلاردىكى سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالغان - بەرگەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بانكا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتمىسىلا، ۋاقىتىنچە ئۇنى مەنئى قىلماسلىق پرىنسىپى بەلگىلەندى.

ئۆتنە - بېرىمنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى جەھەتتە ئۆزگىچى، ئىلى ۋە قەشقەردىن ئىبارەت ئۈچ شەھەر ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلەر تۇرۇشلۇق شەھەرلەردىكى خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئۆز ئارا قىلغان ئۆتنە بېرىمىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 10‰ بولۇش، باشقا جايلاردىكى ئەڭ يۇقىرى ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 15‰ تىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ خۇسۇسىي سودا - سانائەتنىڭ شەخسلەر (جۈملىدىن شەھەر ئاھالىسى، چارۋىچىلار، دېھقانلار قاتارلىقلار) دىن قەرز ئالغان پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى يۇقىرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى بولغان 12‰ تىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ يەككە قول سانائەتچىلەردىن ئۆتنە - بېرىم قىلغاندا، پرىنسىپتا كەڭرەك بولۇش، بەلگىلەنگەن ئۆسۈم نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتمىسىلا، ۋاقىتىنچە ئۇنى باشقۇرماسلىق بەلگىلەندى.

يېزىلاردىكى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن جازانىخورلۇق ھەرىكىتى غالجىرلىشىپ كەتتى، ئادەتتە ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 150‰ — 250‰ ئارلىقىدا بولدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 500‰ كە يەتتى، بۇنىڭ بىلەن كەمبەغەل دېھقانلار ۋە بىر قىسىم ئوتتۇرا دېھقانلار دەھشەتلىك ئېكسپلاتاتسىيىگە ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر يېتىپلا قالماستىن، ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگىمۇ توسقۇن بولدى. 1954 - يىلى شىنجاڭ بويىچە جازانىخورلۇققا زەربە بېرىدىغان ئالاھىدە قەرز پۇل تارقىتىلدى. مەسىلەن: پىچان ناھىيىسىنىڭ 2 - رايون خەندۈڭ يېزىسىغا 20 مىليون يۈەن قەرز بېرىلىپ، 35 ئائىلىلىك كەمبەغەل دېھقانىنىڭ ئالدىن سېتىۋېتىلگەن 6000 جىڭ ئۈزۈم ۋە 1.6 مو يېرىنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىشىغا ياردەم بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى مەبلەغنى تەڭشەش كۈچەيتىلدى. بۇ تەدبىرلەر قوللىنىلغاندىن كېيىن، يېزىلاردىكى جازانىخورلۇق بىر ئاز يىغىشتۇرۇلدى.

1959 - يىلدىن كېيىن تەبىئىي ئاپەتنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىدا قىيىنچىلىق كۆرۈلگەچكە، يېزىلاردىكى جازانىخورلۇق ھەرىكىتى يەنە باش كۆتۈرۈپ قالدى. ئادەتتە ئايلىق ئۆسۈمى 300‰ ئەتراپىدا بولدى. 1964 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خەلق ئارىسىدىكى ئەركىن ئېلىم - بېرىمنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 15‰ تىن يۇقىرى بولسا، جازانىخورلۇق بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا زەربە بېرىش ۋە ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى.

1979 - يىلدىن كېيىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، شىنجاڭنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدىكى ئىقتىساد مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە گۈللىنىپ، خەلق ئارىسىدىكى ئېلىم - بېرىم كۈندىن - كۈنگە جانلاندى. خەلق بانكىسى خوتەن مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ 1981- يىل 7 - ئايدا لوپ ناھىيىسىنىڭ «قىزىل يۇلتۇز» گۇڭشېسىنى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، قەرز ئېلىنغان، بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ ئادەتتىكى ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 150‰ بولغان، يۇقىرى بولغاندا 250‰ كە يەتكەن.

يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ 1981 - يىل 5 - ئايدا گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان «يېزىلاردىكى دېبىت - كرېدىت مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلات» ىدا: شەخسلەر ئارىسىدىكى نورمال دېبىت - كرېدىت بىلەن يېزىلاردىكى جازانىخورلۇق پائالىيىتىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش لازىم. ئېنىقكى تۈردە جازانىخورلۇق قىلىپ ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ھەمدە ئۇنى ئاساسىي ئىقتىساد مەنبەسى قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىككە ۋە خەلق تۇرمۇشىغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەن، پۇل مۇئامىلە بازىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان جازانىخورلارنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، دەپ بەلگىلەندى.

# § 2 . ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

## 1. ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

### 1) ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلار ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1950 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭ ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى پۇل پاخاللىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، بانكا ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىر قەدەر يۇقىرى بولدى. 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئورۇنلارنىڭ قەرەلسىز ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 20‰، بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە قەرەللىك ئامانەتنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 40‰ ـــ 90‰ بولدى. كېيىن بازاردىكى مال باھاسىنىڭ مۇقىملىشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق باش بانكىسى جايلارغا ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش توغرىسىدا كۆپ قېتىم يوليورۇق بەردى. 1985 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە كەلگەندە، قەرەلسىز ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 1.5‰ كە تۆۋەنلىدى، قەرەلسىز ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 3.6‰ ـــ 4.8‰ كە تەڭشەلدى.

ئومۇمىي خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 25    بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈم ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | قەرەلسىز | قەرەللىك | |
| 1950 | 1 | 1 | 20.0 | 40 ـــ 90 | |
| 1950 | 7 | 1 | 4.5 | 6 ـــ 17 | |
| 1950 | 12 | 1 | 4.5 | 10 ـــ 15 | |
| 1951 | 3 | 21 | 3.0 | 4.5 ـــ 12 | |
| 1951 | 10 | 1 | 3.0 | 5 ـــ 12 | |
| 1952 | 6 | 1 | 2.4 | | قەرەللىك ئامانەت پۇل بېجىرىش توختىتىلدى |
| 1953 | 8 | 1 | 2.1 | | |
| 1956 | 1 | 1 | 1.8 | | |
| 1971 | 10 | 1 | 1.5 | | كوللېكتىپ، گوڭشې - ئەترەت كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ |
| 1982 | 1 | 1 | 1.5 | 3 ـــ 4.2 | قەرەللىك ئامانەت پۇل قايتىدىن يولغا قويۇلدى |
| 1985 | 4 | 1 | 1.5 | 3.6 ـــ 4.8 | |

50 ـ يىللارنىڭ دەسلىپىدە، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارغا ماددىي ئەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇل ۋە دىرىغا، قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ئىككى خىل ئامانەت پۇل يولغا قويۇلدى. 1950ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ماددىي ئەرسىگە سۇندۇرۇلغان، قەرەلى ئىككى ئايدىن 12 ئايغىچە بولغان ئامانەت پۇل يولغا قويۇلدى، ئۆسۈم نىسبىتى 3‰ — 10‰ بولدى. 1951 ـ يىل 10ـ ئاينىڭ 1ـ كۈنى ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەندە ماددىي ئەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئۆزنىڭ بىلەن ئوخشاش بالداقتىكى دىرىغا، قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن 0.5‰ تۆۋەن بولۇش، ئۆسۈم ھېسابلىغاندا ئەسلىدە ئامانەت قويغان دىرىغا ئۆسۈم بېرىش، قىممىتى ئاشقان قىسمىغا ئۆسۈم ھېسابلىماسلىق بەلگىلەندى. 1952 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى باش بانكىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، ماددىي ئەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇلنى بېجىرىش توختىتىلدى.

دىرىغا، قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ئامانەت پۇل 1950 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يولغا قويۇلدى، ئۆزنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئوخشاش مەزگىلدىكى قەرەللىك ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ 80 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاندى. 1950 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دىرىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ئوخشاش مەزگىلدىكى قەرەللىك ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ 90 پىرسەنتى بويىچە، قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا ئوخشاش مەزگىلدىكى قەرەللىك ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ 30 پىرسەنتى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاندى. 1951 ـ يىل 3ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى دىرىغا ۋە قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئوخشاش مەزگىلدىكى قەرەللىك ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ 50 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلىنىدىغان بولدى. 1951ـ يىل 10ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، دىرىغا، قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئوخشاش مەزگىلدىكى قەرەللىك ئامانەت ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ 50 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلىنىدىغان (پەقەت ئىلگىرى ئامانەت قويۇلغان دىرىغا ئۆسۈم ھېسابلىنىدىغان) ؛ ئاشقان قىممىتىگە ئۆسۈم ھېسابلانمايدىغان بولدى. 1952 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دىرىغا، قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان ئامانەت پۇلنى بېجىرىش توختىتىلدى.

مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل ۋە كارخانىنىڭ مەخسۇس فوندى ھېسابىدىكى ئامانەت پۇل ئۆسۈم ھېسابلاش ـ ئۆسۈم ھېسابلىماسلىق — يەنە ئۆسۈم ھېسابلاش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. 1950ـ يىلنىڭ باشلىرىدا تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ ھەممىسىگە ئۆسۈم ھېسابلىناتتى. شۇ يىلى 9ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خەلق بانكىسى غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسىنىڭ ئاساسىي قورۇلۇشقا ئاجرىتىپ بېرىلگەن پۇلغا ئۆسۈم ھېسابلاش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئومۇمەن مەركەز ئاجرىتىپ بەرگەن پۇل ئامانەت قويۇلسا ئۆسۈم ھېسابلانمايدىغان، پىربۇوت قىلىنسا ھەق ئېلىنمايدىغان بولدى. يەرلىك ئاجرىتىپ بەرگەن پۇلغىمۇ پرىنسىپ جەھەتتە ئۆسۈم ھېسابلانمىدى. 1952 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى شىنجاڭ ھەربىي رايوننىڭ ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھەربىي قىسىم سىستېمىسىنىڭ ئامانەت پۇلىغا ئۆسۈم ھېسابلىماسلىقنى ئۇقتۇردى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئۆلكىلىك مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، خىيانەتچىلىك ـ ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن رەسمىيەتلەر ئاددىيلاشتۇرۇلدى، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، كەسپىي ئورگانلار، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەر ئامانەت قويسا بىردەك ئۆسۈم ھېسابلىماسلىق، پىربۇوت قىلسا ھەق ئالماسلىق يولغا قويۇلدى. 1954ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ھەر قايسى ئورۇنلار خەلق بانكىسىدا ئاچقان راسچوت ھېسابى، مۇئامىلە ھېسابىغا ئامانەت قويسا بىردەك ئۆسۈم ھسابلىنىدىغان بولدى. ئەمما مالىيە خەزىنىسىدىن ۋە خام چوتتىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئورۇنلارنىڭ چوڭ رېمونت فوندى قاتارلىق ھېسابلارغا قويغان پۇل ئامانىتىگە بىردەك ئۆسۈم بېرىلمەيدىغان بولدى. 1959 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن باشلاپ سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تۈرلۈك مەخسۇس فوندلىرى ئامانەت پۇلىغا، ئايلىق ئۆسۈمى 1.8‰ تىن ھېسابلىنىدىغان

بولدى. 1965 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلارنىڭ ئامانەت پۇلىغا ئۆسۈم ھېسابلاش توختىتىلدى. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىن باشلاپ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدىكى ناھىيەدىن يۇقىرى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلار ئامانەت قويغان پۇلىغا ئۆسۈم ھېسابلانمايدىغان بولدى. 1965 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تارماقلار، كارخانىلار (ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدىكىنى كۆرسىتىدۇ) نىڭ مەخسۇس ھېساباتىكى ئامانەت پۇلىغا ئۆسۈم ھېسابلاش توختىتىلدى. 1971 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ياكى نورما پەرقىغە قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغان ئورۇنلار ئامانەت قويغان پۇلىغا بىردەك ئۆسۈم ھېسابلىماسلىقنى قايتا تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيە ئەزالىق بەدىلى، ئىتتىپاق ئەزالىق بەدىلى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىق بەدىلى ئامانەت قويۇلسا ئۆسۈم ھېسابلىماسلىق ئۇقتۇرۇش قىلىندى.

1980 ـ يىلغا كەلگەندە بىر قىسىم ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلىغا ۋە مەخسۇس ھېساب بويىچە ئامانەت قويغان پۇلىغا ئۆسۈم ھېسابلاش ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كارخانىلارنىڭ مەخسۇس ھېساباتىكى ئامانەت پۇلىغا، كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرىغان تارماقلارنىڭ ئامانەت قويغان پۇلىغا ئۆسۈم ھېسابلاش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئايلىق ئۆسۈمى 1.5‰ بويىچە ھېسابلاندى. 1982 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ قوشۇمچە ياردەم ھېسابىدىكى ئامانەت ئۆسۈم پۇلىغا بېرىلىدىغان بولدى. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنىڭ ئەزالىق بەدىلىدىن قەرەلسىز ئامانەت قويۇلغان پۇلغا ئۆسۈم ھېسابلىنىدىغان، ئۆسۈم نىسبىتى 1.5‰ بولىدىغان بولدى.

**2) ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ۋە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى**

(1) ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1954 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئېلان قىلىندى، قەرەلسىز ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈمى 2.7‰، قەرەللىك ئامانەتنىڭ ئۆسۈمى 4‰ — 6‰ بولدى. 1959 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە كەلگەندە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، ھەممىسى 1.8‰ بولدى، بۇ بەلگىلىمە 1964 ـ يىلغىچە ئىجرا قىلىندى، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى قايتا بېكىتىلمىدى.

**ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 ـ 26 بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەرتىپكە سېلىنغان ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | قەرەلسىز | قەرەللىك |
| 1954 | 1 | 1 | 2.7 | 4.0 ـ 6.0 |
| 1955 | 10 | 1 | 2.4 | |
| 1959 | 1 | 1 | 1.8 | |
| 1963 | 4 | 1 | 1.8 | |

(2) خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1950 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي كارخانىلار ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دۆلەتنىڭ سىياسىتىگە ۋە خەلق باش بانكىسى، غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن بېكىتىلگەن. شۇ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەرەلسىز ئامانەتنىڭ ‰20، قەرەللىك ئامانەتنىڭ ‰40 — ‰90 قىلىنغان.

1952 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە كەلگىچە تۆت قېتىم تەڭشەلدى، ئۆسۈم نىسبىتى سەۋىيىسى ئومۇمەن پەيدىنپەي تۆۋەنلەشكە يۈزلەندى. 1957 ـ يىلى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ، شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە تۈرلۈك ئۆزگىرىش بولدى، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشەلدى، 1958 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ قەرەللىك ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلىغا قەرەلسىز ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلىنىدىغان بولدى.

**خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى ئامانەت پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 ـ 27　　　　بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈم ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | قەرەلسىز | قەرەللىك |
| 1950 | 1 | 1 | 20.0 | 40 ـ 90.0 |
| 1950 | 7 | 1 | 6.0 | 7.5 ـ 24.0 |
| 1950 | 12 | 1 | 9.0 | 15 ـ 24.0 |
| 1951 | 3 | 21 | 8.0 | 15 ـ 30 |
| 1951 | 10 | 1 | 5.0 | 12 ـ 18.0 |
| 1952 | 2 | 1 | 6.0 | 9 ـ 18.0 |
| 1952 | 6 | 1 | 6.0 | 10 ـ 18.0 |
| 1952 | 7 | 1 | 4.5 | 6 ـ 7.5 |
| 1955 | 10 | 1 | 2.4 | 4.2 |
| 1958 | 1 | 1 | 2.4 | |
| 1959 | 1 | 1 | 1.8 | |
| 1960 | 4 | 1 | 1.8 | |

## 2. پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

**1) شەھەر - بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى**

1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى جەمئىي 16 قېتىم چوڭ تەڭشەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە ئالتە قېتىم، 1953 - يىلغىچە ئون قېتىم تەڭشەلدى. 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەرەلسىز ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ‰20، قەرەللىك بىر يىللىق ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ‰150 ئىدى. 1952 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەرەلسىز ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ‰4.5، قەرەللىك بىر يىللىق ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ‰12 قىلىنىپ، قەرەلسىزنىڭ 77.5٪، قەرەللىك بىر يىللىقنىڭ 99.2٪ تۆۋەنلىتىلدى. 1950- يىلدىن 1952- يىلغىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى كۆپ قېتىم تەڭشىلىپ، ئۆسۈم نىسبىتى سەۋىيىسىدە ئەگرى - توقايلىق ئۆزگىرىش بولدى؛ تۆۋەنلەش ھەجمى زور بولدى؛ پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ تۈرى كۆپ بولغاچقا، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ دەرىجە قاتلىمىمۇ كۆپ بولدى، ئادەتتىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتىدىن باشقا، يەنە ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇل، دىرىغا ۋە ئۆسۈمگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى، نورمىلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى، بىرلا خىل ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى بولۇپ، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ دەرىجە قاتلىمى ئاي بويىچە ھېسابلاندى، مەسىلەن: قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى بىر ئايلىق، ئىككى ئايلىق، ئۈچ ئايلىق، ئالتە ئايلىق، توققۇز ئايلىق ۋە بىر يىللىقتىن ئالتە دەرىجە قاتلىمىغا بۆلۈندى.

**1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە شەھەر - بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 - 28 بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈم ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | |
|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | قەرەلسىز پۇل چېكى | قەرەلسىز كىنىشكا | قەرەللىك |
| 1950 | 1 | 1 | | 20 | 150 - 40 |
| 1950 | 7 | 1 | | 6 | 24 - 15 |
| 1950 | 12 | 1 | 9 | 9 | 24 - 15 |
| 1951 | 1 | 1 | 9 | 9 | 29 - 16 |
| 1951 | 3 | 21 | 8 | 10 | 32 - 18 |
| 1951 | 10 | 1 | 5 | 6 | 21 - 12 |
| 1952 | 2 | 1 | 6 | 7.5 | 20 - 12 |
| 1952 | 7 | 1 | 4.2 | 4.5 | 12 - 7.5 |

1958 - يىلدىن ئىلگىرى پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇنلىشىپ، مەبلەغ جۇغلاش رولىنى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرغانىدى. 1958 - يىلى «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە خاتا ھالدا «ئۆسۈم ئېلىش ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغانلىق» دەپ قارىلىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى زور ھەجىمدە تۆۋەنلىتىلدى. ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ دەرىجىسى ئازايتىلدى. 1965 - يىلى يەنە 5000 يۈەندىن يۇقىرى كۆپ سوممىلىق ئامانەت پۇلغا قارىتا ئۆسۈمسىز ئامانەت پۇل كەسپى يولغا قويۇلۇپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ ئىقتىسادىي پىشاڭلىق رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىغا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتكۈزۈلدى. 1979 - يىلدىن كېيىن، پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتىدە قالايمىقانچىلىق تۈگىتىلىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بەش قېتىم ئۆستۈرۈلدى. 1979 - يىلى ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق قەرەللىك ئامانەت پۇل كەسپى يولغا قويۇلدى. 1982 - يىلى سەككىز يىللىق قەرەللىك ئامانەت پۇل كەسپى قوشۇلدى.

## 1953 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شەھەرلەردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 _ 29    بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈم ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | قەرەلسىز پۇل چېكى | قەرەلسىز كىنىشكا | قەرەللىك | |
| 1953 | 4 | 1 | 4.2 | 4.5 | 12.0 — 7.5 | قەرەللىك بىر ئايلىقتىن بىر يىللىقىچە |
| 1955 | 10 | 1 | 2.4 | 2.4 | 6.6 — 4.2 | قەرەللىك ئۈچ ئايلىقتىن بىر يىللىقىچە |
| 1959 | 1 | 1 | 1.8 | 1.8 | 5.42 — 3.0 | قەرەللىك ئالتە ئايلىقتىن ئۈچ يىللىقىچە |
| 1959 | 7 | 1 | 1.8 | 1.8 | 5.42 — 2.4 | قەرەللىك ئۈچ ئايلىقتىن ئۈچ يىللىقىچە |
| 1961 | 6 | 1 | | 1.8 | 5.1 — 2.4 | قەرەللىك ئۈچ ئايلىقتىن بىر يىللىقىچە |
| 1965 | 6 | 1 | | 1.8 | 3.3 — 2.7 | قەرەللىك ئالتە ئايلىقتىن بىر يىللىقىچە |
| 1971 | 10 | 1 | | 1.8 | 2.7 | قەرەللىك بىر يىللىق |
| 1979 | 4 | 1 | | 1.8 | 4.2 — 3.0 | قەرەللىك ئالتە ئايلىقتىن بەش يىللىقىچە |
| 1980 | 4 | 1 | | 2.4 | 5.7 — 3.6 | قەرەللىكنىڭ بولۇپ قەرەلسىز ئۆسۈم نىسبىتىگە ئوخشاش، 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ |
| 1982 | 4 | 1 | | 2.4 | 7.5 — 3.6 | قەرەللىك ئالتە ئايلىقتىن سەككىز يىللىقىچە |
| 1985 | 4 | 1 | | 2.4 | 7.5 — 4.5 | قەرەللىك، يۇقىرىقىغا ئوخشاش |
| 1985 | 8 | 1 | | 2.4 | 8.7 — 5.1 | يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش |

## مۇقىم سوممىلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 30 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| ئامانەت مۇددىتى | ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى | | | | | | | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1952 1.2 | 1952 1.7 | 1953 1.4 | 1953 1.7 | 1954 1.1 | 1957 1.10 | 1959 1.1 | |
| بىر ئايدىن تۆۋەن | 10.0 | 7.5 | 7.5 | 4.5 | 4.2 | 2.4 | 1.8 | 1959 ـ يىل 7 ـ ئايدا مۇقىم سوممىلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى توختىتىلدى |
| بىر ئاي | 12.0 | 7.5 | 7.5 | 5.1 | 4.5 | 2.4 | ئوخشاش بولمىغان مۇددىتى، ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈم نىسبىتى قالدۇرۇلدى | |
| ئىككى ئاي | 13.5 | 8.5 | | | | | | |
| ئۈچ ئاي | 15.0 | 9.0 | 8.0 | 5.7 | 4.8 | 3.78 | | |
| تۆت ئاي | 15.5 | 9.5 | | | | | | |
| بەش ئاي | 16.0 | 10.0 | | | | | | |
| ئالتە ئاي | 16.5 | 10.5 | 9.0 | 6.3 | 5.4 | 4.59 | | |
| يەتتە ئاي | 17.0 | 10.5 | | | | | | |
| سەككىز ئاي | 17.5 | 11.0 | | | | | | |
| توققۇز ئاي | 18.0 | 11.0 | 10.5 | 7.2 | 6.3 | 4.59 | | |
| ئون ئاي | 19.0 | 11.5 | | | | | | |
| 11 ئاي | 19.0 | 11.5 | | | | | | |
| 12 ئاي | 20.0 | 12.0 | 12.0 | 8.4 | 7.2 | 5.94 | | |

## 1954 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قەرەللىك پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 31 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | ئۈچ ئايلىق | ئالتە ئايلىق | بىر يىللىق | ئىككى يىللىق | ئۈچ يىللىق | بەش يىللىق |
| 1954 | 1 | 1 | | 8.1 | 10.5 | | | |
| 1955 | 10 | 1 | | 4.2 | 5.1 | | | |
| 1959 | 1 | 1 | | 2.1 | 3.0 | | | |
| 1959 | 7 | 1 | 2.1 | 2.7 | 3.9 | 4.8 | 5.1 | |
| 1965 | 6 | 1 | | 2.7 | 3.3 | | | |
| 1971 | 10 | 1 | | | 2.7 | | | |
| 1979 | 4 | 1 | | | 2.0 | | | |
| 1980 | 4 | 1 | | | 3.6 | | 4.5 | 5.1 |
| 1982 | 4 | 1 | | | 3.9 | | 5.6 | 6.0 |
| 1985 | 4 | 1 | | | 4.5 | | 5.7 | 6.3 |
| 1985 | 8 | 1 | | | 5.1 | | 6.0 | 6.6 |

**2) پۇقرالارنىڭ بىر نەچچە خىل ئالاھىدە پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى**

1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە بازاردىكى مال باھاسى مۇقىم بولماي ئۆزگىرىپ تۇردى، مەبلەغ جۇغلاپ بازارنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتى، دىرىغا ۋە ئۆسۈمگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە بىرلا خىل ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى قاتارلىق بىر نەچچە خىل ئالاھىدە پۇقرالار پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى.

(1) ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتى. ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتىنىڭ توپ قويۇپ توپ ئالىدىغان، پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان، توپ قويۇپ پارچە ئالىدىغان ۋە دىرىنى ئامانەت قويۇپ ئۆسۈم ئالىدىغان تۆت خىلى بار.

**1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەخشىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 ـ 32 بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| ئامانەت مۇددىتى / ئامانەت تۈرى | بىر ئايلىق | ئىككى ئايلىق | ئۈچ ئايلىق | تۆت ئايلىق | ئالتە ئايلىق | سەككىز ئايلىق | توققۇز ئايلىق | ئون ئايلىق | بىر يىللىق |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆسۈم نىسبىتى | | | | | | | | |
| توپ قويۇپ توپ ئېلىش | | 3.0 | | 3.5 | 4.5 | 6.0 | | 8.0 | 10.0 |
| پارچە قويۇپ توپ ئېلىش | | | 1.5 | | 3.0 | | 4.5 | | 6.0 |
| توپ قويۇپ پارچە ئېلىش | | | 1.5 | | 3.0 | | 4.5 | | 6.0 |
| توپ قويۇپ ئۆسۈم ئېلىش | | | 1.5 | | 8.0 | | 4.5 | | 6.0 |

1950 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ توپ قويۇپ توپ ئېلىشنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىر ئايلىقنىڭ ‰2، پارچە قويۇپ توپ ئېلىشنىڭ ئۈچ ئايلىقى ‰2، توپ قويۇپ پارچە ئېلىشنىڭ ئۈچ ئايلىقى ‰2، دىرىنى ئامانەت قويۇپ ئۆسۈمىنى ئېلىشنىڭ ئۈچ ئايلىقى ‰3 قىلىندى. يۇقىرىدىكى تۆت خىل ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى جەھەتتە، مۇددىتى بىر ئاي قوشۇلسا ئۆسۈم نىسبىتى ‰1 كۆپەيتىلدى.

ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇل 1952 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توختىتىۋېتىلدى.

(2) دىرىغا ۋە قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. دىرىغا ۋە قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى كېيىن 1950 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئۆسۈمى ئوخشاش مۇددەتلىك قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ 80 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاندى. ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋە 1952 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىككى قېتىم تەرتىپكە سېلىندى.

دىرىغا ۋە قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ 1951 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە بولغان ئۆسۈم نىسبىتى ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 33 بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| قەرەللىك ئامانەت پۇل | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|
| | 1.10.1951 | 1.2.1952 |
| 15 كۈنلۈك | 4.0 | 3.0 |
| بىر ئايلىق | 4.5 | 4.0 |
| ئىككى ئايلىق | 5.0 | 4.5 |
| ئۈچ ئايلىق | 5.5 | 5.0 |
| تۆت ئايلىق | 6.0 | 5.5 |
| بەش ئايلىق | 6.0 | 6.0 |
| ئالتە ئايلىق | 6.5 | 6.5 |
| يەتتە ئايلىق | 7.0 | 7.0 |
| سەككىز ئايلىق | 7.5 | 7.5 |
| توققۇز ئايلىق | 8.0 | 8.0 |
| ئون ئايلىق | 8.5 | 8.5 |
| 11 ئايلىق | 9.0 | 9.0 |
| 12 ئايلىق | 10.0 | 10.0 |

دىرىغا ۋە قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى 1952 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توختىتىۋېلىندى.

(3) يېزىلاردىكى بىرلا خىل ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان، مۇقىم سومىلىق، مۇددەتلىك دىرىغا ۋە قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. بۇ خىل ئامانەت 1951 ـ يىل 11 ـ ئايدا يولغا قويۇلۇپ، 1952 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توختىتىۋېتىلدى.

بېرىلاردىكى بىرلا خىل سۈندۇرما، مۇقىم سوممىلىق، مۇددەتلىك دېرىغا ۋە قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىنىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

جەدۋەل: 3 ـ 34 بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈمى %

| ئامانەت مۇددىتى | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|
| | 1.10.1951 | 1.2.1952 |
| 15 كۈنلۈك | 3.5 | 2.7 |
| بىر ئايلىق | 4.0 | 3.6 |
| ئىككى ئايلىق | 4.5 | 3.9 |
| ئۈچ ئايلىق | 5.0 | 4.5 |
| تۆت ئايلىق | 5.5 | 4.8 |
| بەش ئايلىق | 5.5 | 5.4 |
| ئالتە ئايلىق | 6.0 | 6.0 |
| يەتتە ئايلىق | 6.5 | 6.3 |
| سەككىز ئايلىق | 7.0 | 6.6 |
| توققۇز ئايلىق | 7.5 | 7.2 |
| ئون ئايلىق | 8.0 | 7.5 |
| 11 ئايلىق | 8.0 | 8.1 |
| 12 ئايلىق | 9.0 | 9.0 |

**3) جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ خەلق پۇلى ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ۋە چەت ئەل پۇلى ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى**

(1) جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ خەلق پۇلى ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. شىنجاڭدا 1955 ـ يىلدىن باشلاپ مۇھاجىرلار پېرېۋوتى پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى. 1955ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ خەلق پۇلى ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ نامى ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتىلدى: 1955 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە

مۇھاجىرلار پىرىۋوتى ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دەپ ئاتالدى؛ 1959 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە جۇڭگو مۇھاجىرلىرى پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دەپ ئاتالدى؛ 1979 - يىلدىن كېيىن جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ خەلق پۇلى ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دەپ ئاتالدى. ئۆسۈم نىسبىتى سەۋىيىسى مۇھاجىرلار پىرىۋوتىنى قولغا كەلتۈرۈش، مۇھاجىرلار پۇل ئامانىتىگە ئېتىبار بېرىش روھىغا ئاساسەن، مەملىكەت ئىچىدىكى يۇقىرىلارنىڭ ئادەتتىكى پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن سەل - پەل يۇقىرى بولدى. 1955- يىلدىن 1985- يىلغىچە جەمئىي 11 قېتىم تەڭشەلدى.

جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ خەلق پۇلى ئامانىتى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ 1955 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 35

| مۇددىتى / تەڭشەلگەن ۋاقتى | قەرەلسىز | قەرەللىك | | | | | | | | ئۆسۈم بىرلىكى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۈچ ئاي | ئالتە ئاي | بىر يىل | ئىككى يىل | ئۈچ يىل | بەش يىل | يەتتە يىل | ئون يىل | |
| 1955.10.1 | | | | 7.92 | | 8.50 | 9.00 | | | |
| 1959.1.1 | | | | 4.80 | | 5.10 | 5.40 | | | |
| 1959.7.1 | | | | | | 6.50 | 5.76 | | | |
| 1960.6.1 | 2.16 | 2.88 | 4.68 | 6.00 | 6.40 | 6.60 | 7.00 | 7.40 | 8.00 | |
| 1965.6.1 | 2.16 | | 3.24 | 6.00 | 6.40 | 6.60 | 7.00 | 7.40 | 8.00 | |
| 1971.10.1 | 1.80 | | | 3.30 | | | | | | ئايلىق ئۆسۈم ‰ |
| 1979.4.1 | 1.80 | | 3.00 | 3.90 | | 4.20 | 4.50 | | | |
| 1980.4.1 | | | | 4.80 | | 5.40 | 6.00 | | | |
| 1982.4.1 | | | | 5.40 | | 6.00 | 6.90 | | | |
| 1985.4.1 | | | | 6.00 | | 6.90 | 7.50 | | | |
| 1985.8.1 | | | | 6.90 | | 7.80 | 8.70 | | | |

(2) چەت ئەل پۇلى (تاشقى پىرىۋوت) ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1958 - يىلى چەت ئەل پۇلى (تاشقى پىرىۋوت) ئامانىتى كەسپى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسى تۈزگەن چەت ئەل پۇلى ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى ئىجرا قىلدى. ئامانەت پۇلىنىڭ تۈرى شياڭگاڭ پۇلى، ئامېرىكا دوللىرى ۋە فۇنت ستېرلىڭ بىلەن چەكلەندى. 1982 - يىل 7 - ئايدا غەربىي گېرمانىيە ماركى ۋە ياپونىيە يېنىدىن ئىبارەت ئىككى تۈر كۆپەيتىلدى. ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈمى ئوخشاش بولمىغان پۇلغا ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاندى.

## چەت ئەل پۇلى، تاشقى پېربۇوت ئامانىتى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش جەدۋىلى
(1958 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە)

جەدۋەل: 3 ــ 36

| مۇددىتى / تەڭشەل- گەن ۋاقتى | قەرەلسىز: پۇل چېكى | قەرەلسىز: كىنىشكا | قەرەللىك: ئالتە ئاي | قەرەللىك: بىر يىل | قەرەللىك: ئىككى يىل | قەرەللىك: ئۈچ يىل | قەرەللىك: بەش يىل | ئۆسۈم نىسبىتى بىرلىكى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1958.1.1 | | 1.50 | 3.50 | 4.00 | | | | يىللىق ئۆسۈمى % |
| 1963.4.1 | 1.80 | 2.00 | 4.50 | 6.00 | 6.20 | 6.50 | 6.90 | |
| 1971.10.1 | | 1.80 | | | | | | ئايلىق ئۆسۈمى ‰ |
| 1978.6.13 | | 1.80 | | | | | | |

## شەخسلەرنىڭ چەت ئەل پۇلى (تاشقى پېربۇوت) ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 37 يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى %

| پۇل | مۇددىتى / تەڭشەلگەن ۋاقتى | قەرەلسىز | قەرەللىك: ئۈچ ئاي | قەرەللىك: ئالتە ئاي | قەرەللىك: بىر يىل | قەرەللىك: ئىككى يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئامېرىكا دوللىرى | 1979.11.10 | | | 9.00 | 10.50 | 10.25 |
| | 1982.7.1 | 2.00 | | 12.15 | 12.36 | 12.45 |
| | 1983.7.1 | 2.00 | 5.56 | 5.74 | 6.10 | 6.50 |
| | 1985.5.1 | 2.00 | 6.50 | 6.75 | 7.25 | 7.50 |
| فوندستېرلىڭ | 1979.11.10 | | | 10.00 | 11.00 | 11.00 |
| | 1982.7.1 | 0.50 | | 9.90 | 10.11 | 10.50 |
| | 1983.7.1 | 2.00 | 5.59 | 5.70 | 6.20 | 6.50 |
| | 1984.2.1 | 2.00 | 5.59 | 5.70 | 6.00 | 6.50 |
| | 1985.5.1 | 2.00 | 6.50 | 6.75 | 7.25 | 7.50 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 7.62 | 7.35 | 6.45 | | 0.50 | 1982.7.1 | غەربىي گېرمانىيە ماركى |
| 4.00 | 3.83 | 3.43 | 3.27 | 1.00 | 1983.7.1 | |
| 4.75 | 4.50 | 4.00 | 3.27 | 1.00 | 1985.5.1 | |
| 6.12 | 5.61 | 5.61 | | 1.20 | 1982.7.1 | ياپونىيە يېنى |
| 4.15 | 4.10 | 3.98 | 3.95 | 1.00 | 1983.7.1 | |
| 4.75 | 4.50 | 4.25 | 4.00 | 1.00 | 1985.5.1 | |
| 10.00 | 10.25 | 8.50 | | | 1979.11.10 | شياڭگاڭ پۇلى |
| 11.19 | 11.10 | 11.07 | | 2.00 | 1982.7.1 | |
| 6.40 | 6.40 | 6.26 | 6.20 | 2.00 | 1983.7.1 | |
| 6.25 | 5.50 | 5.50 | 5.50 | 2.00 | 1984.2.25 | |
| 6.25 | 5.50 | 5.50 | 5.50 | 2.00 | 1985.5.1 | |

ئورۇنلارنىڭ چەت ئەل پۇلى (تاشقى پېرېۋوت) ئامانىتى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

(1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە)

جەدۋەل: 3 ـ 38

يىللىق ئۆسۈمى %

| قەرەللىك | | | | قەرەلسىز | مۇددىتى / تەڭشەلگەن ۋاقتى | پۇل |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىككى يىل | بىر يىل | ئالتە ئاي | ئۈچ ئاي | | | |
| 10.25 | 10.50 | 9.00 | | | 1979.11.10 | ئامېرىكا دوللىرى |
| 12.00 | 12.06 | 12.15 | | 2.00 | 1982.7.1 | |
| 6.00 | 5.60 | 5.24 | 5.06 | 2.00 | 1983.7.1 | |
| 7.00 | 6.75 | 6.25 | 6.00 | 2.00 | 1985.5.1 | |
| 11.00 | 11.00 | 10.00 | | | 1979.11.10 | فوندستېرلىڭ |
| 10.20 | 9.81 | 9.96 | | 0.50 | 1982.7.1 | |
| 6.00 | 5.50 | 5.20 | 5.09 | 2.00 | 1983.7.1 | |
| 7.00 | 6.75 | 6.25 | 6.00 | 0.50 | 1985.5.1 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| غەربىي گېرمانىيە ماركى | 1982.7.1 | 0.50 | | 6.24 | 7.14 | 7.41 |
| | 1983.7.1 | 1.00 | 2.77 | 2.93 | 3.33 | 3.50 |
| | 1985.5.1 | 1.00 | 3.25 | 3.50 | 4.00 | 4.25 |
| ياپونىيە يېنى | 1982.7.1 | 1.20 | | 5.40 | 5.40 | 5.91 |
| | 1983.7.1 | 1.00 | 3.45 | 3.48 | 3.60 | 3.65 |
| | 1985.5.1 | 1.00 | 3.50 | 3.75 | 4.00 | 4.25 |
| شياڭگاڭ پۇلى | 1979.11.10 | | | 8.50 | 10.25 | 10.00 |
| | 1982.7.1 | 2.00 | | 11.07 | 10.80 | 11.10 |
| | 1983.7.1 | 2.00 | 5.70 | 5.76 | 5.90 | 5.90 |
| | 1984.2.25 | 2.00 | 5.00 | 5.00 | 5.00 | 5.75 |
| | 1985.5.1 | 2.00 | 5.00 | 5.00 | 5.00 | 5.75 |

## 3 § . قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

### 1. سانائەت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى جەمئىي 12 قېتىم تەڭشەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە ئالتە قېتىم، يىلىغا ئوتتۇرا ھېسابتا ئىككى قېتىم تەڭشەلدى، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى سەۋىيىسى 80‰ ـ 150‰ تىن 6‰ ــ 9‰ كە چۈشۈرۈلدى؛ 1953 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئالتە قېتىم تەڭشەلدى.

1982 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يەرلىكتىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىغا تۆۋەن ئۆسۈم بويىچە ئېتىبار بېرىش يولىغا قويۇلدى. ئۆسۈم نىسبىتى 20% تۆۋەنلىتىلدى. ئۇنىڭ دائىرىسى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى (ئېچىلغىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشقان زىيانلىق ياشلار كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى سانائەت كارخانىلىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، سانائەت قاتناش سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولمىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى باشقا سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 39 بىرلىكى: يىللىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950.1.1 | 150 ـ 80 | 1951.3.21 | 16ـ13.5 | 1958.1.1 | 6.0 |
| 1950.7.1 | 21.6 | 1952.6.1 | 9 ـ 6 | 1971.10.1 | 4.2 |
| 1950.12.1 | 21 ـ 15 | 1954.1.1 | 4.65 | 1982.1.1 | 6.0 |
| 1951.1.1 | 18 | 1956.1.1 | 4.80 | 1985.4.1 | 6.6 |

بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرى كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى نورمىدىن ئاشقان قەرز پۇل ۋە نورما ئىچىدىكى قەرز پۇل بويىچە ئايرىم تۈزۈلدى، ئۇنىڭ تەڭشىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى تۆۋەندىكىچە:

### بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرى كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 40 بىرلىكى: يىللىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | نورمىدىن ئاشقىنى | نورما ئىچىدىكىسى | يىل | ئاي | كۈن | نورمىدىن ئاشقىنى | نورما ئىچىدىكىسى |
| 1980 | 12 | 31دىن ئىلگىرى | 4.2 | | 1982 | 7 | 1 | 4.8 | 3.0 |
| 1981 | 1 | 1 | 4.2 | 2.1 | 1985 | 1 | 1 | 6.0 | 3.6 |
| 1982 | 1 | 1 | 6.0 | 3.0 | 1985 | 4 | 1 | 6.6 | 4.2 |

**2) سانائەت كارخانىلىرىغا بېرىلىدىغان مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى**

1980 ـ يىلدىن كېيىن پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، بانكا بەزى مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى پەيدىنپەي تۈزۈپ چىقتى. 1980ـ يىل 1ـ ئاينىڭ 14ـ كۈنىدىن باشلاپ،

يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ‰4.2 بولدى. 1981 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئېنېرگىيە تېجەشنىڭ مەخسۇس تۈردىكى ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ‰2.1 بولدى.

ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كىچىك ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى 1979 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن باشلاپ، سانائەت كارخانىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە، ئايلىق ئۆسۈمى ‰4.2 قىلىپ ئىجرا قىلىندى. 1980 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە ئوتتۇرا ۋە قىسقا مۇددەتلىك بېرىلگەن ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلىپ، ئايلىق ئۆسۈمى ‰4.2 قىلىندى.

ئالتۇن ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 1982 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ‰3.6 بويىچە ئىجرا قىلىندى.

1985 ـ يىلى خەلق باش بانكىسىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، شىنجاڭدا «ئېچىش خاراكتېرلىك تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل» تارقىتىلدى، ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىگە قارىغاندا %20 تۆۋەن ھېسابلاندى. 1985 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن كېيىن، مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاندى.

1982 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئومۇمەن ئاپتونوم رايونىمىزدا تارقىتىلغان تۈرلۈك ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، مەخسۇس تۈردىكى ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، چوڭ رېمونت قەرز پۇلى ۋە ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قەرز پۇلى قاتارلىقلارغا بىردەك ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلدى، بۇ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈم نىسبىتىگە قارىغاندا %20 تۆۋەن. 1985 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆسۈم نىسبىتى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنىڭ ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى، بىر يىلدىن ئون يىلغىچە بەش دەرىجە قاتلامغا ئايرىلىپ، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ‰6.6 — ‰9 قىلىندى.

### مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 41 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| قەرز پۇل مۇددىتى / تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | بىر يىلدىن تۆۋەن | بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە | ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە | بەش يىلدىن ئون يىلغىچە | ئون يىلدىن يۇقىرى |
| 1980 | | 4.2 | | | |
| 1981.7.1 | 4.2 | 4.2 | 4.2 | | |
| 1982.1.1 | 4.8 | 4.8 | 5.4 | | |
| 1985.8.1 | 6.6 | 7.2 | 7.8 | 8.4 | 9.0 |

مۇقىم مۇلۇك دائىرىسىگە كىرگۈزۈلىدىغان يەنە ئىككى تۈرگە يەنىلا ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلدى.

بىر تۈرى، مەركەز شىنجاڭنىڭ مىللىي ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، مۇنداق ئۈچ خىل قەرز پۇلدا ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتىنى يولغا قويۇشقا رۇخسەت قىلدى: (1) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1981- يىل 10- ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن بىرگە ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ «مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلەغ ۋە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتىنى 3.3‰ قىلىشنى، ئۇنى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىشنى بەلگىلىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قول سانائەت ۋە زىبالىي ياشلار قۇرغان كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قول سانائەتنىڭ كۆچمە مەبلەغ ۋە ئۈسكۈنە قەرز پۇللىرىغىمۇ تۆۋەن ئۆسۈم بىلەن ئېتىبار بېرىلىدىغان، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 3‰ قىلىنىدىغان بولدى. (2) 1982 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، 160 خىل كۈندىلىك ئىشلىتىش تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا ئەھۋالغا قاراپ تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىدىغان بولدى، ئۇنىڭ كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى بىلەن ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتىدىنمۇ يەنە 20% تۆۋەن قىلىنىدى، يەنى 3.84‰ ھېسابلىنىدىغان بولدى؛ بىرزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە، يۇرگۈزۈلىۋاتقان 6‰ لىك ئۆسۈمنى يەنە 20% تۆۋەنلىتىپ، 4.8‰ بويىچە ئىجرا قىلىدىغان بولدى. (3) 1985 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن ئاز سوممىلىق ئۈسكۈنە قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىدە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنى ئىجرا قىلىدىغان بولدى. 50 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغان، كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىنى قوللىنىپ تارقىتىلغان سودا تور - نۇقتىلىرى ئەسلىھەسى قەرز پۇلى، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە يېڭى مەھسۇلاتنى سىناق تەرىقىسىدە ئىچىش قەرز پۇلى، بىرلەشمە تىجارەت قەرز پۇللىرىغا سودا كۆچمە مەبلىغى قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتى بولغان 6.6‰ تىن 20% تۆۋەنلىتىپ، 5.28‰ ئۆسۈم ھېسابلايدىغان بولدى. (4) خەلق باش بانكىسىنىڭ 1982 - يىل 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىكى تەستىقى ئارقىلىق، شىنجاڭدا 1983 - يىلدىن باشلاپ «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى» تارقىتىلدى، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 3‰ بولدى. 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنمۇ ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى داۋاملىق ئىجرا قىلىنىدى.

يەنە بىر تۈرى، تېخنىكا تەرەققىياتى قەرز پۇلى ۋە ئالتۇن ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىگە ياردەم بېرىش سىياسىتى يولغا قويۇلدى. (1) تېخنىكا تەرەققىياتى قەرز پۇلىغا 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىنكى مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاندى. خەلق بانكىسى يېڭى ئۆسۈم نىسبىتى دەرىجىسى بويىچە ئۆسۈم پەرقىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىدىغان بولدى. (2) ئالتۇن ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى. 1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ، كەسپىي بانكىلار تارقاتقان ئالتۇن ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلىغا خەلق بانكىسى 2.4‰ لىك ئايلىق ئۆسۈمى بويىچە ئۆسۈم ياردىمى بەردى. كەسپىي بانكىلار كارخانىغا بىر يىللىق مۇددەتتىكىسىگە 4.2‰، ئىككى يىللىق

مۇددەتتىكىسىگە ‰4.8، ئۈچ يىللىق مۇددەتتىكىسىگە ‰5.4 بويىچە ئايلىق ئۆسۈم ھېسابلىندى.

**3) قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى**

(1) ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. خام چوتتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1979 - يىلدىن ئىلگىرى خام چوت ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىپ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. 1979 - يىل 8 - ئايدىن باشلاپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش پۇل ئاجرىتىپ بېرىشتىن پەيدىنپەي پۇل قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. 1980 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، يىللىق ئۆسۈمى %3 لىك ئۆسۈم نىسبىتى بىر تۇتاش ئىجرا قىلىندى. ۋاقتى ئۆتۈپ قايتۇرۇلمىغان قەرز پۇلغا %6، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن قەرز پۇلغا %9 يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى. 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئوخشاش بولمىغان ساھەلەرگە پەرقلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلدى. كۆمۈركان، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، پوچتا - تېلېگراف ساھەسىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %2.4 (ۋاقتى ئۆتكەننىڭ %4.8، يۆتكەپ ئىشلەتكەننىڭ %7.2)؛ ماشىنىسازلىق، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش، نېفىت خىمىيە سانائىتى ساھەسىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %3.6 (ۋاقتى ئۆتكەننىڭ %7.2، يۆتكەپ ئىشلەتكەننىڭ %10.8)؛ باشقا ساھەلەرنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %3 (ۋاقتى ئۆتكەننىڭ %6، يۆتكەپ ئىشلەتكەننىڭ %9) بولدى. 1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئېنېرگىيە تېجەش تۈرىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %2.4 (ۋاقتى ئۆتكەننىڭ %4.8، يۆتكەپ ئىشلەتكەننىڭ %7.2)، ئېلېكتر كۈچى تۈرىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %3 (ۋاقتى ئۆتكەننىڭ %6، يۆتكەپ ئىشلەتكەننىڭ %9) قىلىندى. 1985 - يىل 1 - ئايدا ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەندىن كېيىن، ئېلېكترون، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، نېفىت خىمىيە سانائىتى، نېفىت پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %4.2؛ پولات - تۆمۈر، رەڭلىك مېتال، ماشىنىسازلىق، ئاپتوموبىل، خىمىيە سانائىتى، كۆمۈر سانائىتى، ئېلېكتر كۈچى، توقۇمىچىلىق، نېفىت قېزىش، تۆمۈر يول قاتنىشى، ئاۋىئاتسىيە تۈرلىرىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %3.6، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق، سۇ مەھسۇلاتى، ھاۋا رايى، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى، كۆمۈرچىلىك، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، پوچتا - تېلېگراف، ئاشلىق ۋە ئېنېرگىيە تېجەش تەدبىرى تۈرلىرىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %2.4؛ ئۆزۈن لىنىيىلىك بەھسۇلات قۇرۇلۇشى تۈرى ۋە ئېنېرگىيە قىس رايونلاردىكى ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %12؛ باشقا ساھەدىكى تۈرلەرنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %3 (ۋاقتى ئۆتكەن ۋە يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن قەرز پۇلغا ئۆسۈم قوشۇلىدۇ، جازا ئۆسۈمى %20، %50 بولىدۇ) قىلىپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يۇقىرىدىكى بەش خىل ساھەنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدە پۈتۈنلەي ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلىنىدىغان بولدى. بۇ ساھەلەرنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ‰3.5، ‰3، ‰2، ‰10، ‰2.5 قىلىندى، يەنىلا جازا ئۆسۈمىنى قوشۇش تۈزۈمى ئىجرا قىلىندى.

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىن ئىلگىرى، خام چوت ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىنغان. 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىپ بەرگەن پۇلغا ساھەلەرگە ئايرىلغان ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ئېلىندى، 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەرز پۇل مۆھلىتى بويىچە ئۆسۈم نىسبىتى بېكىتىلىدىغان بولدى، يەنى بىر يىل ئىچىدىكىسىنىڭ (بىر يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ‰3.36، بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى

3.84‰، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 4.32‰، بەش يىلدىن ئون يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 4.8‰، ئون يىلدىن يۇقىرىلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 5.28‰ كە قىلىپ تەڭشەلدى. دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسى، ئېنېرگىيە تېجەش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە قاتناش - ترانسپورت قاتارلىق نۇقتىلىق تۈرلىرىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى، ئۇنىڭ مۇھلىتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك 4.032% قىلىندى، مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكىنىگە 20%، يۆتكەپ ئىشلىتىلگىنىگە 50% جازا ئۆسۈمى قوشۇلىدىغان بولدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەندىن كېيىن، بىر يىل ئىچىدىكىسىنىڭ (بىر يىلمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئايلىق ئۆسۈمى 6.6‰، بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 7.2‰، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 7.8‰، بەش يىلدىن ئون يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 8.4‰، ئون يىلدىن يۇقىرىلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 9‰ گە ئۆستۈرۈلدى. جازا ئۆسۈمى قوشۇش تۈزۈمى يەنىلا ئىجرا قىلىندى.

(2) يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، خەلق باش بانكىسى بىلەن قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ «خەلق بانكىسى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مۇقىم مۈلۈككە بېرىلىدىغان قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» ئىجرا قىلىنىپ، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىنىڭ (ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، ئېكسپورت قىلىنىدىغان سانائەت بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشقا بېرىلىدىغان مەخسۇس قەرز پۇل، دۆلەت ئىچىدىكى يۇرۇشلەشتۈرۈش قەرز پۇلى، كىچىك تىپتىكى تېخنىكا تەدبىرى قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئايلىق ئۆسۈمى 4.2‰ قىلىندى. 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئۇنىڭ مۇھلىتى بويىچە بېكىتىلدى: بىر يىل ئىچىدىكىسىنىڭ (بىر يىلمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئايلىق ئۆسۈمى 3.36‰؛ بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 3.84‰؛ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 4.32‰ قىلىندى. 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ساھەلەر بويىچە پەرقلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلدى: چوڭ تىپتىكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئېكسپورت تاۋارلىرى تۈرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 3.3‰؛ ئېنېرگىيە تېجەش، قاتناش، «ئۈچ كىرەكسىز» نى تىزگىنلەش ۋە يەرلىك قۇرلۇش ماتېرىياللىرى تۈرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 2.4‰ قىلىندى. باشقا تۈرلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىلگىرى مۇھلىتى بويىچە ھېسابلانغان قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى بىلەن ئوخشاش بولدى. 1984 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكىنىگە 20%، يۆتكەپ ئىشلىتىلگىنىگە 50% جازا ئۆسۈمى قوشۇش تۈزۈمى ئىجرا قىلىندى. 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئۇنىڭ مۇھلىتى بويىچە بېكىتىلدى: بىر يىللىقىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 6.6‰؛ بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 7.2‰؛ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 7.8‰؛ بەش يىلدىن ئون يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 8.4‰؛ ئون يىلدىن يۇقىرىلىرىنىڭ ئۆسۈمى 9‰ قىلىندى.

(3) ھاۋالە قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. مەركەزدە رېجىلىك ھاۋالە قەرز پۇل (ئىلگىرىكى نامى يېزىلار بازىرىدىكى ئاددىي كىنوخانىلار قەرز پۇلى) نىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. قۇرۇلۇش باش بانكىسى ۋە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يېزىلار بازىرىدىكى ئاددىي كىنوخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ 1.2‰ قىلىنغان. مۇددىتى ئۆتۈپ قايتۇرۇلمىغانلىرىغا 30% قوشۇپ ئېلىنغان. 1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ھاۋالە قىلغان ئورۇن، ھاۋالىنى

قوبۇل قىلغان بانكا ۋە قەرز ئالىدىغان ئورۇن مەخسۇس تور بويىچە كېڭىشىپ بېكىتىدىغان بولدى. 1985-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى ئايلىق ئۆسۈمى ‰2.4 كە تەڭشەلدى، مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكىنىگە %20، يۆتكەپ ئىشلىتىلگىنىگە %50 جازا ئۆسۈمى قوشۇپ ئېلىنىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى تارقىتىشقا ماۋاله قىلغان يېزىنىڭ سانائەت ساھەسىدىكى كىچىك تىپلىق مەخسۇس تېخنىكا تەدبىرى قەرز پۇلىنىڭ 1980-يىلدىكى ئايلىق ئۆسۈمى ‰2 ئىدى، 1982-يىل 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ‰2.4 كە تەڭشەلدى. 1984-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى خام چوتتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى بويىچە ساھەگە ئايرىلغان قەرز پۇل نىسبىتى ئىجرا قىلىندى؛ 1985-يىل 4-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ قۇرۇلۇش بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ يىل چەكلىمىسى بويىچە ئايرىلغان ئۆسۈم نىسبىتىنى ئىجرا قىلدى. مالىيەدىن ماۋاله قىلىنىپ تارقىتىلغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى، 1981-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ‰1.5 ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى بولغا قويۇلغانىدى، 1985-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ، بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰2؛ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغىنىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰2.5؛ مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكىنىنىڭ ‰4.2؛ يۆتكەپ ئىشلىتىلگىنىنىڭ ‰7.2 قىلىپ تەڭشەلدى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ماۋالىسى بويىچە تارقىتىلغان سانائەت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى 1985-يىل 8-ئاينىڭ 1-كۈنى ‰1.8 قىلىپ بېكىتىلدى.

## 2. سودا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

### 1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 1950-يىلدىن 1985-يىلغىچە 11 قېتىم تەڭشەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1950-يىلدىن 1952-يىلغىچە ئالتە قېتىم تەڭشىلىپ، ئۆسۈم نىسبىتى ‰120 — ‰180 تىن ‰11.1 — ‰12 كە چۈشۈرۈلدى؛ 1953-يىلدىن 1985-يىلغىچە بەش قېتىم تەڭشەلدى.

**دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش جەدۋىلى**

جەدۋەل: 3-42 بىرلىكى: يىللىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950.1.1 | 180_120 | 1951.3.21 | 16_13.5 | 1971.10.1 | 4.2 |
| 1950.7.1 | 24 | 1952.6.1 | 12_11.1 | 1982.1.1 | 6.0 |
| 1950.12.1 | 21_25 | 1953.8.1 | 6.9 | 1985.4.1 | 6.6 |
| 1951.1.1 | 18 | 1956.1.1 | 6.0 | | |

(1) يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1955 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، جەمئىي سەككىز قېتىم تەڭشەلدى، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ سەۋىيىسى ئاساسىي جەھەتتىن 4.8‰ ئەتراپىدا تەڭشەلدى. 1985 ـ يىل 4 ـ ئايدىكى ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەشتە، ئاشلىق، ياغ، تېرىك چوشقا قاتارلىقلارنىڭ باھاسى قويۇۋېتىلگەنلىكتىن، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت قەرز پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىلدى.

### يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ زاكالەت پۇلى قەرز پۇل ئۆسۈمىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 43 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1955.10.1 | 6.3 | 1958.1.1 | 6.0 | 1982.1.1 | 4.8 |
| 1956.1.1 | 6.0 | 1963.4.1 | 4.8 | 1985.4.1 | ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى |
| 1956.4.1 | 4.8 | 1971.10.1 | 3.6 | | |

(2) ئاشلىق قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى (ئاختاي باھاسى قىسمى). 1971 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاشلىق قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 4.2‰ قىلىنغانىدى. 1978 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۆلەت ئاشلىق تىجارىتىگە قوشۇمچە ياردەم بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى ئاشلىق كارخانىلىرى (ئاشلىق سانائىتى كارخانىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) غا بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى يېرىم ھەسسە كېمەيتىپ ھېسابلاشنى، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتىنى 2.1‰ قىلىشنى قارار قىلدى. 1982 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئايلىق ئۆسۈمى 3‰ قىلىپ تەڭشەلگەنىدى، 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قايتا ئۆزگىرىش بولمىدى.

(3) ئورۇقچىلىق شىركىتىگە بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، خەلق باش بانكىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى 1979 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى 1979 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئورۇقچىلىق شىركەتلىرىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىنى ئاشلىق (ئاختاي باھاسىدىكى) قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاشنى، ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچۈن 2.1‰ ئېلىشنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. 1982 ـ يىل 1 ـ ئايدا 3‰ كە تەڭشەلدى.

(4) مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1981 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ «مىللىي سودا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا 1981 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاپتونوم

رايونىمىزدىكى ئىۈچ ئىشتا ئېتىبار بېرىلىدىغان 50 ناھىيىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ( تىببىي دورا سودىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ھەممىسىگە تۆۋەن ئۆسۈم بويىچە ئېتىبار بېرىلىدىغانلىقى، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ‰3.3 بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. 1984ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئۆزلىرىگە قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك بانكىلارغا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدە داۋاملىق تۆۋەن ئۆسۈمنى يولغا قويۇشنى ئۇقتۇردى.

(5) جۇڭگو تىبابەتچىلىك دورا ماتېرىياللىرى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1982 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو تىبابەتچىلىك دورا ماتېرىياللىرى قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰6 ئىدى، شۇ يىلى %20 تۆۋەنلىتىلىپ، ئايلىق ئۆسۈمى ‰4.8 بويىچە ھېسابلاندى.

2) تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە 11 قېتىم تەڭشەلدى. 1950 ـ يىلدىن 1951 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىلەن ئوخشاش بولغان. 1951ـ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىگە قارىغاندا %10 تۆۋەن ئىجرا قىلىندى، 1956 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىگە ئېتىبار بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى. 1985 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شەخسلەر مۇددەت ئالغان ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى يېزىلاردىكى يەككە سودا كەسىپى، ترانسپورت كەسىپى قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە مۇئامىلە قىلىش، ئايلىق ئۆسۈمنى ‰9.6 ھېسابلاش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش جەدۋىلى

جەدۋەل: 3 ـ 44 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى: يىل | ئاي | كۈن | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى: يىل | ئاي | كۈن | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى: يىل | ئاي | كۈن | ئۆسۈم نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 1 | 1 | 180-120 | 1951 | 3 | 21 | 14.4—12.15 | 1971 | 10 | 1 | 4.2 |
| 1950 | 7 | 1 | 24 | 1952 | 6 | 1 | 10.8—9.99 | 1982 | 1 | 1 | 6.0 |
| 1950 | 12 | 1 | 21-15 | 1953 | 8 | 1 | 6.3 | 1985 | 4 | 1 | 6.6 |
| 1951 | 1 | 1 | 18 | 1956 | 1 | 1 | 6.0 | | | | |

3) ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1952 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تۈزۈلۈشكە باشلىدى، بىراق شېرىكلىشىش دەرىجىسى ۋە كارخانا خاراكتېرىگە قاراپ قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەشتە، ئومۇمەن سانائەت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىگە قارىغاندا تۆۋەن قىلىندى. 1952 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ، پۇل باشقۇرۇشقا قاتناشقان ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار ئامانەت قويغان، قەرز ئالغان پۇلغا ھۆكۈمەت ئامانەت قويغان، قەرز ئالغان پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاندى.

### ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 45        ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | پاي ۋە ئۆسۈم بېكىتكەنلىرى | | پاي ۋە ئۆسۈم بېكىتىمىگىنى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | سانائەت | سودا | | |
| 1952 | 6 | 21 | ئومۇمىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى | ئومۇمىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى | | پۇل باشقۇرۇشقا قاتناشقان كارخانىلاردا ئومۇمىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلىنىدۇ |
| 1954 | 1 | 1 | 14 ـ 4.8 | | | |
| 1955 | 8 | 23 | 14 ـ 4.8 | | | لىچۈن شىركىتىنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈمى 4.8‰ ـ 14‰ |
| 1955 | 10 | 1 | 6.9 | 8.1 | | |
| 1956 | 10 | 1 | 6.9 | 8.1 | 8.1 | |
| 1958 | 1 | 1 | 6.0 | 6.0 | 7.2 | |
| 1963 | 4 | 1 | 6.0 | 6.0 | ئەمەلدىن قالدى | |

4) خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە يەككە ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

(1) خۇسۇسىي سودا - سانائەت كارخانىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 1950 - يىل 1 - ئايدا تۈزۈلگەن، 1958 - يىلغىچە كۆپ قېتىم تەڭشەلدى.

خۇسۇسىي سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 46 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | سانائەت | سودا | يىل | ئاي | كۈن | سانائەت | سودا |
| 1950 | 1 | 1 | 150.80 | 180.120 | 1952 | 2 | 1 | 28.2.25.2 | 33.27 |
| 1950 | 7 | 1 | 27 | 30 | 1952 | 7 | 1 | 17.5.11.5 | 20.5.14.5 |
| 1950 | 12 | 1 | 32.18 | 36.18 | 1954 | 1 | 1 | 16.5.9 | 19.5.13.5 |
| 1951 | 1 | 1 | 32.28 | 36.32 | 1955 | 10 | 1 | 9.9 | 13.5 |
| 1951 | 3 | 21 | 27.21 | 30.24 | 1958 | 1 | 1 | 7.2 | 7.2 |
| 1951 | 10 | 1 | 24.19 | 25.20 | | | | | |

(2) يەككە ئىگىلىكتىكى ئائىلىلەر قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۈزۈلگەن، 1959 ـ يىلغىچە 12 قېتىم تەڭشەلدى، ئايلىق ئۆسۈمى ‰80 ـ ‰150 تىن ‰6 كە چۈشۈرۈلدى. 1963 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ھازىرقى ئۆسۈم نىسبىتىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقىرىپ، «1963 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ...... شەھەر ـ يېزىلاردىكى يەككە قول سانائەتچىلەر، ئۇششاق سودىگەرلەر، ئۆسۈم بەلگىلەنمىگەن شىرىكچىلىكتىكى كارخانىلار، ھەمكارلىق گورۇپپىلىرىغا بانكا بېرىدىغان قەرز پۇل بەرمەسلىك» نى تەلەپ قىلدى.

يەككە قول ـ سانائەت قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 47 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | | يىل | ئاي | كۈن | | يىل | ئاي | كۈن | |
| 1950 | 1 | 1 | 150—80 | 1951 | 3 | 21 | 27—21 | 1954 | 1 | 1 | 12—9.9 |
| 1950 | 7 | 1 | 27 | 1951 | 10 | 1 | 24—19 | 1955 | 10 | 1 | 9.0 |
| 1950 | 12 | 1 | 32—18 | 1952 | 2 | 1 | 24—19.8 | 1956 | 3 | 1 | 7.2 |
| 1951 | 1 | 1 | 32—28 | 1952 | 7 | 1 | 16.5—10.5 | 1959 | 1 | 1 | 6.0 |

1955 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كوپىراتىپ سودا دۇكانلىرى ۋە گۇرۇپپىسى، ئۇششاق سودىگەرلەر قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بەلگىلىنىپ، ئايلىق ئۆسۈمى %9 قىلىنغانىدى. 1956 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى %7.2 كە، 1959 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى %6 كە ئۆزگەرتىلدى. 1963 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئۇششاق سودىگەرلەر، كوپىراتىپ گۇرۇپپىلىرىنىڭ قەرز پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، كوپىراتىپ دۇكانلىرىنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى %7.2 كە تەڭشەلدى. 1981- يىلى 11- ئاينىڭ 26- كۈنىدىن باشلاپ «ئۈچ ئىشتا ئېتىبار بېرىلىدىغان» ناھىيىلەردىكى كوپىراتىپ سودا دۇكانلىرىنىڭ قەرز پۇلىغا قارىتا مىللىي بۇيۇملار سودىسىنىڭ ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلۇپ، ئايلىق ئۆسۈمى %3.3 قىلىندى.

يەككە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، خەلق باش بانكىسى 1980 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى يەككە ئىگىلىكتىكى ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى %4.2 لىك ئايلىق ئۆسۈم بويىچە ھېسابلاشنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. بۇ ئۆسۈم نىسبىتى 1982 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى %6 كە، 1984 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى %7.2 كە تەڭشەلدى. 1985 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەندە، ئوخشاش بولمىغان ساھەلەرگە ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈم نىسبىتى دەرىجىسىنى بەلگىلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، يەككە ئائىلىلەر ئىچىدىكى يەككە سانائەت ۋە رېمونتچىلىق كەسپىنىڭ %7.8، يەككە يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپىنىڭ %8.7، يەككە سودا، ترانسپورت كەسپىنىڭ %9.6 قىلىندى.

1983 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن باشلاپ، زىيالىي ياشلار قۇرغان يەككە ئىگىلىككە بېرىلىدىغان قەرز پۇلغا زىيالىي ياشلار كوللېكتىپ كارخانىسى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى، يەنى ئىش باشلىغاندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئايلىق ئۆسۈمى %3.6 تىن ھېسابلاپ ئېلىندى.

## 3. شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قول سانائەت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تۇنجى قېتىم 1952- يىلى 6- ئاينىڭ 1 - كۈنى تۈزۈلۈپ، ئايلىق ئۆسۈمى %5.4 — %8.1 قىلىنغانىدى. كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 1955 - يىلى 5 - ئايدىن باشلاپ %8.1 قىلىندى. 1958 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، كوللېكتىپ قول سانائىتى قەرز پۇلىغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مۇقىم مۇلۈك قەرز پۇلى بىلەن ئوخشاش ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى، شۇنداقلا كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىلەنمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. 1971 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەندىن كېيىن، شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك قەرز پۇلىغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا قەرز پۇلى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلدى.

## شەھەر ـ بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 48 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | سانائەت | سودا | يىل | ئاي | كۈن | سانائەت | سودا |
| 1952 | 6 | 1 | 8.1—5.4 | | 1958 | 1 | 1 | 6.0 | 6.0 |
| 1954 | 1 | 1 | 42 | | 1971 | 10 | 1 | 4.2 | 4.2 |
| 1955 | 5 | | 6.9 | 8.1 | 1982 | 1 | 1 | 6.0 | 6.0 |
| 1955 | 10 | 1 | 4.8 | 6.0 | 1985 | 4 | 1 | 6.6 | 6.6 |

شەھەر خەلق گۇڭشېلىرىغا قاراشلىق كارخانىلار قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى جەھەتتە 1961 ـ يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى، يەنى ئايلىق ئۆسۈمى 6‰ قىلىندى.

1979 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى شەھەر ـ بازارلاردىكى زىيالىي ياشلار كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 3.6‰ بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. 1981 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ «ئۈچ ئىشتا ئېتىبار بېرىلىدىغان» ناھىيىلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودىسىدا جۈملىدىن زىيالىي ياشلار كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى سودىسىدا سىللىي سودىنىڭ ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلۇپ، ئايلىق ئۆسۈمى 3.3‰ قىلىندى.

## 4. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

### 1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

شىنجاڭدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدا 1952 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىنىپ، ئايلىق ئۆسۈمى 6‰ — 9‰ بولغاندى. 1953 ـ يىلى ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىنىپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈم نىسبىتىدىن 20% تۆۋەنلىتىلدى. 1956 ـ يىلى ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى. 1985 ـ يىلغىچە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى توققۇز قېتىم تەڭشەلدى.

## دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 49 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | | يىل | ئاي | كۈن | ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | مەبلەغ سېلىش قەرز پۇلى | يىل | ئاي | كۈن | ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | مەبلەغ سېلىش قەرز پۇلى |
| 1952 | 6 | 1 | 9 . 6 | 1959 | 1 | 1 | 6.0 | | 1982 | 1 | 1 | 4.8 | 4.2 |
| 1954 | 1 | 1 | 4.65 | 1961 | 5 | 1 | 4.8 | | 1984 | 1 | 1 | 6.0 | |
| 1955 | 10 | 1 | 4.8 | 1971 | 10 | 1 | 3.6 | | 1985 | 4 | 1 | 6.6 | |
| 1958 | 1 | 1 | 4.8 | 1980 | 1 | 1 | 3.6 | 3.6 | 1985 | 8 | 1 | 6.6 | 6.6.4.8 |

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى ئۆسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1979 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئايلىق ئۆسۈمى ‰3.6 قىلىنغانىدى؛ 1984 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆسكۈنە قەرز پۇلى بىلەن خىراجەت قەرز پۇلىغا ئوخشاش نىسبەتتە ئۆسۈم ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى، يەنى ئايلىق ئۆسۈمى ‰6 قىلىندى؛ 1985 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خاراكتېرلىك ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى.

ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فېرمىلار قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ 1957 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈندىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىگە سېلىشتۇرۇپ ئىجرا قىلىندى، ئايلىق ئۆسۈمى ‰4.8 بولدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىكى باشقۇرغان سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ 1979 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈندىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىكى باشقۇرغان سانائەت ۋە سودىنىڭ ئۆسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ‰4.2 قىلىنغانىدى. 1982 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تەڭشەلگەندىن كېيىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىكى باشقۇرغان سودا ـ سانائەت كارخانىسى بىلەن گۇڭشې ـ ئەترەت باشقۇرغان سودا ـ سانائەت كارخانىسىنىڭ كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى ۋە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلىدا، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغ ۋە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ھۆددىگەر ئائىلىلەر (ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى)

قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 1984 - يىل 8 - ئاينىڭ 26 - كۈنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ھۆددىگەر ئائىلىلەر (ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى) قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى ئۇنىڭ تۈرى، ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە مۇددىتى بويىچە، يېزىلاردىكى قوش ھۆددىگەر ئائىلىلەر، كەسپىي ئائىلىلەر (ئۇقتىلىق ئائىلىلەر) قەرز پۇلىغا ئائىت بەلگىلىمىلەرگە سېلىشتۇرۇپ بېجىرىشنى ئۇقتۇردى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىش قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى يېزىلاردىكى يەككە ئەزالار قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئىجرا قىلىشنى بەلگىلىدى.

1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆي سېلىش پۇل ئامانىتى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەپ، ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئىجرا قىلىشنى بەلگىلىدى، قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تۆۋەندىكىدەك بولدى:

| مۇددىتى | ئۆسۈم نىسبىتى | | مۇددىتى | ئۆسۈم نىسبىتى | | مۇددىتى | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | تەڭشەلگەندىن ئىلگىرىكىسى | تەڭشەلگەندىن كېيىنكىسى | | تەڭشەلگەندىن ئىلگىرىكىسى | تەڭشەلگەندىن كېيىنكىسى | | تەڭشەلگەندىن ئىلگىرىكىسى | تەڭشەلگەندىن كېيىنكىسى |
| بىر يىللىقى | 5.4 | 6.3 | ئۈچ يىللىقى | 6.3 | 7.2 | بەش يىللىقى | 7.2 | 8.4 |
| ئىككى يىللىقى | 6.0 | 6.9 | تۆت يىللىقى | 6.9 | 7.8 | | | |

2) كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1950 - يىلدىن 1951 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى يەككە دېھقانلار ئىدى. 1951 - يىلدىن باشلاپ، دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىشىنى قوللاش يۈزىسىدىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى ۋە ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

1955 - يىل 9 - ئايدىن ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى، يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە يەككە دېھقانلار قەرز پۇلىدا ئوخشاش ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىنغانىدى. 10 - ئايدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى ۋە كېيىنكى يېزا خەلق گۇڭشېسى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى يېزا ئىگىلىك ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ۋە يەككە دېھقانلار قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن تۆۋەن بولدى. 1959 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى (كوللېكتىپ ۋە يەككىلەرنىڭ) ئۆسۈم نىسبىتى سودا - سانائەت قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتى سەۋىيىسىگە تەڭلەشتۇرۇلدى. 1961 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش، يېزا ئىگىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، ئاشلىق بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ (كوللېكتىپ، دۆلەت ئىگىلىكى ۋە شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئۆسۈم نىسبىتى سودا - سانائەت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن تۆۋەن

قىلىپ تەڭشەلدى ھەمدە كوللېكتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىكى بىلەن يەككە دېھقانلارنىڭ قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئايلىق ئۆسۈمى ‰4.8 قىلىندى. 1971- يىل 10- ئاينىڭ 1- كۈنى كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى يەنە بىر قېتىم تەڭشىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش راسخوتى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ‰3.6، ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ‰1.8 قىلىندى. 1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەرز پۇلىنىڭ مۆھلىتى قانچە ئۇزۇن بولسا ئۆسۈم نىسبىتى شۇنچە تۆۋەن بولىدىغان نامۇۋاپىق بەلگىلىمە تۈزىتىلىپ، ئۆسكۈنە خاراكتېرلىك، ئاساسىي قۇرۇلۇش خاراكتېرلىك قەرز پۇل تىزگىنلەندى، ئۆسكۈنە قەرز پۇلى بىلەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، ئايلىق ئۆسۈمى ‰6 قىلىپ بەلگىلەندى.

**كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىكى قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 3 ـ 50 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | | يىل | ئاي | كۈن | ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى | ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنىسى | يىل | ئاي | كۈن | ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى | ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنىسى |
| 1951 | 3 | 21 | 12.0 | 1959 | 1 | 1 | 6.0 | 6.0 | 1984 | 1 | 1 | 6.0 | 6.0 |
| 1953 | 4 | 1 | 7.5 | 1961 | 5 | 1 | 4.8 | 4.8 | 1985 | 4 | 1 | 6.6 | 6.6 |
| 1955 | 10 | 1 | 6.0 | 1971 | 10 | 1 | 3.6 | 1.8 | | | | — | |
| 1955 | 12 | 1 | 4.8 | 1982 | 1 | 1 | 4.8 | 3.6 | | | | | |

گۆڭشې، ئەترەت باشقۇرغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى: گۆڭشې، ئەترەت باشقۇرغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قەرز پۇلى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنىسى قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 1980- يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ گۆڭشې، ئەترەتلەر قەرز پۇلىنىڭ نىسبىتى بويىچە ئىجرا قىلىندى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنىسى قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰1.8، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰3.6 بولدى. 1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قەرز پۇلى يىغى قۇرۇلغان، ئۆزگەرتىپ، كېڭەيتىپ قۇرۇلغان ۋە رېمونت قىلىنغان ئىستانسا قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلىنىپ، ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى. 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رېمونت قىلىنغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قەرز پۇلى تارقىتىش توختىتىلدى.

## كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 51 ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| قەرز پۇل تۈرى | | تەڭشەلگەن ۋاقتى 1980.7.1 | 1982.1.1 | 1984.11 | 1985.4.1 | 1985.8.1 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى | | 3.6 | 3.6 | | | |
| ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى | | 1.8 | 1.8 | | | |
| يېڭى قۇرۇلغان ئىستانسا | | | | 3.6 | 3.6 | 3.6 |
| ئۆزگەرتىپ ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇلغىنى | بىر يىلدىن تۆۋەن | | | 4.2 | 4.2 | 6.6 |
| | ئۈچ يىلدىن تۆۋەن | | | 4.8 | 4.8 | 7.2 |
| | بەش يىلدىن تۆۋەن | | | 5.4 | 5.4 | 7.8 |
| | ئون يىلدىن تۆۋەن | | | | | 8.4 |
| | ئون يىلدىن يۇقىرى | | | | | 9.0 |
| ئاسراش ۋە چوڭ رېمونت | | | | 6.0 | 6.0 | قەرز بېرىلمىدى |

گۈڭشې ـ ئەترەتلەرنىڭ ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1982 ـ يىلدىن باشلاپ ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇلى ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰3.6 قىلىپ بېكىتىلدى. 1982 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يەنە ئۈچ قېتىم تەڭشەلدى، ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ دەرىجە قاتلىمى بىردىن تۆتكە كۆپەيتىلدى.

## ئېچىش خاراكتېرلىك تۈرلەر قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 52 ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ‏ ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى / قەرز پۇل مۆھلىتى | 1982 1.1 | 1984 1.1 | 1985 1.4 | 1985 1.8 |
|---|---|---|---|---|
| بىر يىلدىن تۆۋەن (بىر يىلمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) | 3.6 | 4.2 | 4.2 | 4.8 |
| بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە (ئۈچ يىلمۇ بار) | | 4.8 | 4.8 | 5.4 |
| ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە (بەش يىلمۇ بار) | | 5.4 | 5.4 | 6.0 |
| بەش يىلدىن يۇقىرى | | | 6.0 | 6.6 |

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەخسۇس قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەخسۇس قەرز پۇلى ئاساسلىقى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بويىچە تاۋار بازىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ماشىنىلاشتۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ يېتىشمەسلىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈمى 1984 ـ يىلدىن ئىلگىرى گۆڭشې، ئەترەت يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلانغان. 1984 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى گۆڭشې، ئەترەت يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى.

يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەخسۇس قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 53 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | 1980.7.1 | 1982.1.1 | 1984.1.1 | 1985.4.1 |
|---|---|---|---|---|
| ئۆسۈم نىسبىتى | 1.8 | 3.6 | 6.0 | 6.6 |

گۆڭشې ـ ئەترەت، دۆلەت ـ گۆڭشې بىرلىكتە باشقۇرغان، يېزا، بازار كوللېكتىپ كارخانىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1958 ـ يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، گۆڭشې باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار قۇرۇلۇشقا باشلىدى. 1959 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بانكا گۆڭشې باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارغا قەرز پۇل تارقىتىشنى يولغا قويدى. ئومۇمەن تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق خاراكتېرىدىكى كارخانىلارلا بولىدىكەن، گۆڭشې ئەترەت يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىنىدى؛ سودا ـ سانائەت كارخانىسى، دۆلەت ـ گۆڭشې بىرلىكتە باشقۇرغان كارخانا ۋە يېزا ـ بازار كاخانىسىلا بولىدىكەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ـ سانائەت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىنىدى. 1985 ـ يىل 4 ـ ئايدىن كېيىن يېزا ـ بازار كارخانىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلىنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى.

گۆڭشې، ئەترەت (يېزا-بازار) تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش كارخانىلىرى قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 54 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى | ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى | |
| 1959 | 1 | 1 | 6.0 | 6.0 | گۆڭشې ـ ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى 1980 ـ يىلدىن باشلاپ يېزا ـ بازار كارخانىلىرى قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتىلگەن |
| 1971 | 10 | 1 | 3.6 | 3.6 | |
| 1975 | 5 | 21 | 3.6 | 1.8 | |
| 1980 | 7 | 1 | 3.6 | 1.8 | |
| 1982 | 1 | 1 | 4.8 | 3.6 | |
| 1984 | 1 | 1 | 6.0 | 6.0 | |
| 1985 | 4 | 1 | 7.2 | 7.5 | |
| 1985 | 8 | 1 | 7.2 | 8.4 | |

## گۇڭشې ـ ئەترەت (يېزا ـ بازار) سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 55 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى | ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى | |
| 1959 | 1 | 1 | 6.0 | 6.0 | |
| 1971 | 10 | 1 | 3.6 | 3.6 | |
| 1980 | 7 | 1 | 3.6 | 3.6 | |
| 1981 | 1 | 1 | 4.2 | 4.2 | |
| 1982 | 1 | 1 | 6.0 | 5.4.4.2 | ئۈسكۈنە قەرز پۇلى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلغان |
| 1984 | 1 | 1 | 6.6 | 6.6 | |
| 1985 | 4 | 1 | 7.2 | 7.8 | |
| 1985 | 8 | 1 | 7.2 | 9.0 | |

## دۆلەت بىلەن گۇڭشې ـ ئەترەتلەر بىرلىشىپ قۇرغان كارخانىلار قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 56 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | كۆچمە مەبلەغ | ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسى | |
| 1980 | 7 | 1 | 4.2 | 4.2 | كۆچمە مەبلەغ ۋە ئۈسكۈنە قەرز پۇلىغا ئوخشاش ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىنغان |
| 1982 | 1 | 1 | 6.0 | 5.4 ـ 4.2 | |
| 1984 | 1 | 1 | 6.0 | 6.0 | كۆچمە مەبلەغ ۋە ئۈسكۈنە قەرز پۇلىغا ئوخشاش ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىنغان |
| 1985 | 1 | 1 | 6.6 | 6.6 | |

3) يەككە دېھقانلار ۋە گۇڭشې ئەزالىرى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە يەككە دېھقانلار قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى جەمئىي ئون قېتىم تەڭشەلدى. 1950 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە قەرز پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىش تۈرىنى ئايرىماي بىرلا خىل ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى؛ 1980 ـ يىل 10 ـ ئايدىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى، تۇرمۇش خىراجىتى قەرز پۇلى بىلەن سودا ـ سانائەت قەرز پۇلىغا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىپ، ئىككى خىل ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى.

يەككە دېھقانلار، گۇڭشې ئەزالىرى قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 57 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | ئۆسۈم نىسبىتى | |
|---|---|---|---|---|
| | | | ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش خىراجىتى قەرز پۇلى | سودا ـ سانائەت، توشۇپ — سېتىش قاتارلىقلار قەرز پۇلى |
| 1950.7.1 | 19.2 | 1980.10.1 | 3.6 | 4.2 |
| 1951.3.21 | 12.0 | 1982.1.1 | 4.8 | 6.0 |
| 1953.4.1 | 7.5 | 1984.1.1 | 6.0 | 6.0 |
| 1956.3.1 | 7.2 | 1985.4.1 | 6.6 | 9.6 ـ 7.8 |
| 1959.1.1 | 6.0 | | | |
| 1961.5.1 | 4.8 | | | |
| 1971.10.1 | 3.6 | | | |

كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1955 ـ يىلى كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى يولغا قويۇلۇپ، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 4‰ قىلىندى.

ئاپەت رايونىدىكى ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى. 1982 ـ يىلى ئاپەت رايونلىرىغا ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، ئايلىق ئۆسۈمى 3.6‰ قىلىنغانىدى، 1984 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 4.2‰ گە تەڭشەلدى.

## 5. بانكا، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى مەبلەغ مۇئامىلىسىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1952 ـ يىل شىنجاڭدا سىناق تەرىقىسىدە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلدى. 1953 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بانكا، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى مۇئامىلىسىدە ئۆسۈم ھېسابلاش، راسچوت قىلىش بەلگىلىمىسى تۈزۈپ چىقىلىپ، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ بانكىغا قويغان ئامانەت پۇلى، مەدەت بېرىش پۇلىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 7.5‰ قىلىندى. 1953 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئۆسۈم نىسبىتى

12 قېتىم تەڭشەلدى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئامانەت يىغىلىشى، قەرز بېرىشكە ئىلھام بېرىش يۈزىسىدىن، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى مۇئامىلىسىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشىلىپ، ئامانەت بىلەن قەرزنىڭ ئۆسۈمى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

### بانكا، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى مۇئامىلىسى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 — 58 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | بانكىغا قويغان ئامانەت | مەدەت بېرىش پۇلى | يىل | ئاي | كۈن | بانكىغا قويغان ئامانەت | مەدەت بېرىش پۇلى | ئامانەت تەييارلىق فوندى |
| 1953 | 4 | 1 | 7.5 | 7.5 | 1980 | 1 | 1 | 3.3 | 1.8 | |
| 1955 | 5 | 1 | 12.0 | 7.5 | 1980 | 6 | 21 | 2.7 | 2.7 | |
| 1956 | 10 | 1 | 9.0 | 9.0 | 1983 | 1 | 1 | 3.6 | 3.6 | |
| 1956 | 3 | 1 | 5.1 | 5.1 | 1984 | 7 | 1 | 3.6 | 3.6 | 3.6 |
| 1959 | 1 | 1 | 4.2 | 4.2 | 1985 | 3 | 21 | 4.8 | 5.1 | 4.2 |
| 1966 | 6 | 1 | 3.9 | 3.9 | 1985 | 10 | 1 | 5.4 | 6.0 | 4.2 |
| 1971 | 10 | 1 | 2.7 | 1.8 | | | | | | |

1963 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەندە، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بانكىغا قويغان ئامانەت پۇلىنىڭ بىر يىلدىن يۇقىرى بولغانلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 5.4‰ قىلىپ بەلگىلەنگەن. 1965 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئامانەت پۇلى بىلەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەندە، بىر يىلدىن ئۇزاق قەرەللىك ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دەرىجىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

## 6. راسچوت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ۋە تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1) راسچوت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

كارخانىلارنىڭ مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1953 ـ يىل

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، راسچوت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلدى. 1959 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى راسچوت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، 1963 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، تاكى 1985 ـ يىلغىچە شۇ بويىچە ئىجرا قىلىندى.

### راسچوت قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 59 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى | تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئۆسۈم نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | | يىل | ئاي | كۈن | | يىل | ئاي | كۈن | |
| 1953 | 4 | 1 | 6.9 | 1959 | 1 | 1 | | 1982 | 1 | 1 | 6.0 |
| 1955 | 7 | 1 | 3.45 | 1963 | 4 | 1 | 3.0 | 1983 | 1 | 1 | 3.0 |
| 1956 | 1 | 1 | 3.0 | 1972 | 1 | 1 | 4.2 | | | | |

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش راسچوت قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 1985 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 3.6‰ قىلىپ بېكىتىلگەن، 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئايلىق ئۆسۈمى 4.2‰ كە تەڭشەلدى.

2) قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1979 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى جۇڭگو بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، يەرلىك قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تۈرىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 11.5% قىلىنغان. شۇ يىلى 7 ـ ئايدا قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى: بىر يىل ئىچىدىكىسىنىڭ 11.5%؛ بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولغانلىرىنىڭ 11.625%؛ ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغانلىرىنىڭ 11.75% قىلىپ ئايرىلدى. 1980 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى بىر يىل، ئۈچ يىل، بەش يىللىق ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىپ، يىللىق ئۆسۈمى 14.25%، 14.825%، 15.125% قىلىپ تەڭشەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ ئۆسۈلىدىن پايدىلىنىپ، تۇراقسىز ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلدى، ئۇ، قەرەللىك تەڭشىلىپ تۇرىدىغان، ئايدا بىر قېتىم ئېلان قىلىنىدىغان بولدى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئامېرىكا دوللىرى، فونتستېرلىڭ، غەربىي گېرمانىيە ماركى، ياپونىيە يېنى ۋە شىياڭگاڭ پۇلىدىن ئىبارەت بەش خىل پۇل بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم بەلگىلەندى.

## 7. باشقا قەرز پۇللارنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1) ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە بولغان ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 9‰ — 15‰ قىلىپ بەلگىلەنگەن. 1950 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بىر ئايلىقنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئومۇمغا 3.6‰، خۇسۇسىيلارغا 4‰ قىلىپ تەڭشەلدى. خۇسۇسىيلارغا ھەر

بىر ئاي قوشۇلسا، ‰2 ئۆسۈم قوشۇلدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ‰20 تىن ئېشىپ كەتمىدى. ئومۇم ئۈچۈن بولغاندا %10 تۈزۈلىنىلدى.

2) رەنىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1950 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خۇسۇسىي سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ‰36، سانائەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئايلىق ئۆسۈمى ‰32، ئومۇم ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰15 — ‰21، ئادەتتە ‰18 قىلىپ بەلگىلەندى.

رەنىلىك قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ 1951 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 60 ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئومۇم ئىگىلىكىدىكى | | | | | خۇسۇسىي ئىگىلىكىدىكى | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | سانائەت | | سودا | | كوپېراتىپ | سانائەت | | سودا | |
| | | | بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە | بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە | بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە | بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە | بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە | بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە | بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە | بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە | بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە |
| 1951 | 1 | 1 | 18_15 | | 18_15 | | | 32_28 | | 36_32 | |
| 1951 | 4 | 3 | | 16_13.5 | | 61_13.5 | ئومۇم ئىگىلىكىدىكى سودا ـ سانائەت ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ 90 پىرسەنتى | | 27_21 | | 30_24 |
| 1951 | 10 | 1 | | 16_13.5 | | 16_13.5 | 14.4_12.5 | | 24_19 | | 25_20 |
| 1952 | 1 | 1 | | | | | | | 25.2_22.2 | | 30_25.2 |
| 1952 | 7 | 1 | | | | | | | 16.5_10.5 | | 19.5_13.5 |

1953 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەندە، ئومۇم ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ رەنىلىك قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى بىلەن ئىناۋەتلىك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ۋاقتىنچە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

3) رەنىلىك پېرېۋوت ئۆسۈم نىسبىتى

1950 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئومۇم ئىگىدارلىقىدىكى كارخانىلارنىڭ رەنىلىك پېرېۋوتىغا قەرز

پۇل بىلەن ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش، ئېتىبار قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئايرىملىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 15‰ تىن تۆۋەن بولماسلىق؛ خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى رەنلىك پېربۇتنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى رەنلىك پېربۇتنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن ئەھۋالغا قاراپ 10‰ تىن 20% كىچە كېمەيتىش بەلگىلەندى.

## رەنلىك پېربۇت ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 3 ـ 61 — ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| تەڭشەلگەن ۋاقتى | | | ئومۇم ئىگىلىكىدىكى | | خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| يىل | ئاي | كۈن | سانائەت، سودا | كوپېراتىپ | سانائەت | سودا |
| | | | بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە | بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە | بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە | بىر ئايدىن ئالتە ئايغىچە |
| 1951 | 4 | 3 | 13 ـ 15 | ئومۇم ئىگىلىكىدىكى سودا ـ سانائەت ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ 90 پىرسەنتى بويىچە | 19 ـ 25 | 22 ـ 28 |
| 1951 | 10 | 1 | 13 ـ 15 | 11.7 ـ 13.5 | 18 ـ 23 | 18 ـ 23 |
| 1952 | 2 | 1 | | | 19.8 ـ 24 | 19.8 ـ 24 |

1952 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەندە، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ رەنلىك پېربۇتنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى خاراكتېرىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈلۈپ، رەنلىك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاش بەلگىلەندى.

1953 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تەڭشەلگەندە، ئومۇم ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ رەنلىك پېربۇتى ئۆسۈم نىسبىتى بىلەن ئىناۋەتلىك قەرزنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى بىردەك قىلىش بەلگىلەندى. 1953 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئومۇم ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار رەنلىك پېربۇتنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1954 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلار رەنلىك پېربۇتنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

4) قەرەلسىز ئامانەت پۇلدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغانلىرىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى

1950 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، قەرەلسىز ئامانەت پۇلدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىنغىنىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 100‰ قىلىنغان. 1950 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قەرەلسىز ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ بىر ھەسسىسى بويىچە ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى.

## تۆتىنچى قىسىم

# ئامانەت پۇل، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە بانكىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى

[illegible]

[illegible]

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | 5 | 4 | 1951 |
| [illegible] | [illegible] | 25.3 [illegible] 11.7 | [illegible] | 1 | 10 | 1951 |
| [illegible] | [illegible] | | | 1 | 5 | 1952 |

1952 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى [illegible]

[illegible]

1953 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى [illegible] 1953 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى [illegible] 1954 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - [illegible]

67 [illegible]

1958 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - [illegible] 100% [illegible] 1960 - يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى [illegible]

## تۆتىنچى قىسىم

# ئامانەت پۇل، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە بانكىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى

## I باب

## ئامانەت پۇل، پۇقرالار پۇل ئامانىتى

### 1 § . تارىخىي تەرەققىيات جەريانى

جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدا تۆت بانكا ۋە پوچتا ئىدارىسىنىڭ پۇل ئامانىتى — پىرىۋوت بۆلۈمچىسى ئامانەت پۇل كەسپىنى بىجىرەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە: شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئاساسەن ئۆلكە خەزىنىسىنىڭ ئامانەت قويغان پۇللىرىنى ۋاكالىتەن باشقۇراتتى؛ پوچتا ئىدارىسىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى پىرىۋوت بۆلۈمچىسى قەرەللىك، قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنىلا بىجىرەتتى؛ مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى ئازراق ئادەتتىكى پۇل ئامانەت قويۇشنى بىجىرگەننىڭ سىرتىدا، مۇھىمى ھۆكۈمەت ئامانەت پۇلىنى بىجىرەتتى ھەمدە مەركىزىي ھاۋالە ئىدارىسىنىڭ قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتى بىلەن قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل كەسپىنى ۋاكالىتەن بىجىرەتتى.

1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي بانكىسىنى ئۈرۈمچى شۆبە بانكا ئۆتكۈزۈۋالدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تىجارىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئاساسلىق ئادەتتىكى پۇل ئامانەت - قەرز پۇل تارقىتىش كەسپى ھەم پۇقرالارنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانەت كەسپىنى بىجىردى. 1950 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئاساسلىق جامائەت ئىگىلىكى ياكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاپپاراتلارنىڭ پۇل ئامانىتىنى بىجىردى. 1950 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا خەلق بانكىسىغا قوشۇۋېتىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن تۈرلۈك پۇل ئامانىتى، قەرز پۇل تارقىتىش كەسپلىرىنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش

بېجىرىدىغان بولدى.

1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە بانكا ئاساسلىقى پۇقرالارنىڭ ماددىي تەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتى، دېرى، قىممىتى كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە قەرەللىك ھەم قەرەلسىز ئىككىگە قولايلىق، مۇقىم سوممىلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى، مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى قاتارلىق كەسىپلەرنى بېجىردى. يېزا - قىشلاقلاردىكى پارچە تارقاق مەبلەغلەرنى جەلپ قىلىش، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پۇل توپلاپ ئىش بېجىرىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ماددىي تەرسىگە مۇقىم سوممىلىق، قەرەللىك، قوش كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى تولۇق ھالدا يولغا قويۇلۇپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 115 مىليون 350 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى) گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازار ئاھالىلىرى قويغان ئامانەت پۇل %5.5 نى، يېزىلاردا قويۇلغان ئامانەت پۇل %0.2 نى ئىگىلىدى. يېزا - بازار ئاھالىلىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئىچىدە قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ سالمىقى %84 نى، قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ سالمىقى %16 نى ئىگىلىدى.

1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانى بىلەن مائاش ئومۇمىي سوممىسى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەر قايسى يېزىلاردا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى قانات يايدۇرۇش پايدىلىق شەرت - شارائىت بىلەن تەمىن ئېتىلدى. پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئەسلىدىكى تۈرلىرى ساقلانغاندىن باشقا، يەنە پارچە قويۇپ، توپ ئالىدىغان مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى، قەرەلسىز مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسىپلىرى كۆپەيتىلدى. بەش يىل ئىچىدە پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇقى جەمئىي 91 مىليون 360 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 280 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە كارخانا ئامانەت پۇلى 91 مىليون 920 مىڭ يۈەن، ئىدارە، ئاممىۋى تەشكىلات، ھەربىي قىسىملارنىڭ ئامانەت پۇلى 39 مىليون 70 مىڭ يۈەن، يېزىلارنىڭ ئامانەت پۇلى 27 مىليون 100 مىڭ يۈەن، شەھەر، بازار ئاھالىلىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 97 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر - بازارلارنىڭ قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ سالمىقى %75 كە ئۆرلىدى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تەشكىللىرىنىڭ توپلىغان ئامانەت پۇلى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 6 مىليون يۈەن بولغان بولسا، 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 17 مىليون يۈەنگە يەتتى. دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ھەمدە ھەمكارلىق كوپېراتىپ كارخانىلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلىمۇ تېز كۆپەيدى. 1955 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 1950 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ ئون ھەسسىسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇقى جەمئىي 98 مىليون 260 مىڭ يۈەن كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتىدە «يۇقىرى كۆرسەتكۈچ»، «مەجبۇرىي سېلىق سېلىش»، «مۇبالىغىچىلىك» قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلانغانلىقتىن، بەزى پۇقرالار پۇل ئامانىتى بولمىغان پۇللارمۇ جەلپ قىلىنىپ قالدى. 1961 - ۋە 1962 - يىللىرى خەلق ئىگىلىكىدە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۇدا 68 مىليون 430 مىڭ يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى. ئەمما مالىيە خاراكتېرلىق

ئامانەت پۇل بىلەن كارخانا ئامانەت پۇلى 62 مىڭ 800 يۈەن كۆپەيدى.

1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە خەلق ئىگىلىكى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. تۈرلۈك ئامانەت پۇللارمۇ خېلى كۆپەيدى. 1963 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 872 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1962 ـ يىلدىكىدىن 188 مىليون 890 مىڭ يۈەن ئاشتى. 1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى جەمئىي 121 مىليون 420 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. 1964 ـ يىلى يېزا پۇل ئامانىتىمۇ قايتىدىن كۆپىيىشكە باشلىدى.

1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، 1968 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە شەھەر ـ بازارلارنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئازىيىپ كەتتى. 1970 ـ يىلدىن ئېتىبارەن قايتىدىن كۆپىيىشكە باشلىدى. 1976 ـ يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى جەمئىي 300 مىليون 930 مىڭ يۈەن ئاشتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئىقتىسادىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىشى، ئىشىكنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى راۋاجلاندى، تاۋار ئوبوروتى كېڭەيدى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بانكىلار ئۆزلىرىمۇ تور ـ نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ، مۇلازىمەتنى ياخشىلاپ، ئامانەت پۇل تۈرلىرىنى تەڭشەپ، تۈرلۈك ئامانەت پۇلنى يىلدىن ـ يىلغا زور ھەجىمدە كۆپەيتتى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق بانكىسى، سودا ـ سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى جۇڭگو بانكىسى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليارد 428 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە شەھەر ـ بازارلارنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 350 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## § 2 . ئامانەت پۇل تۈرلىرى

قەرەلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، ئامانەت پۇل قەرەللىك ۋە قەرەلسىز دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ؛ خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئورۇنلارنىڭ پۇل ئامانىتى ۋە شەخسلەر پۇل ئامانىتى دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى 1950 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتى، دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك پۇل ئامانىتى، كارخانا پۇل ئامانىتى، مالىيە خاراكتېرلىق پۇل ئامانىتى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى، يېزا پۇل ئامانىتى، ھاۋالە پۇل ئامانىتى، تاشقى پېرېۋوت پۇل ئامانىتى قاتارلىق كەسپلەرنى يولغا قويدى.

### 1. ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتى

1950 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتى بىلەن شەخسلەرنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتى كەسپى يولغا قويۇلدى. ئومۇمەن، ھەربىي ۋە مەمۇرىي تارماقلارنىڭ خىراجەتلىرى، ئورگانلارنىڭ كەسپىي خىراجەتلىرى، جامائەت ئىگىلىكىدىكى

كارخانىلارنىڭ نەق پۇللىرى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانەت بويىچە بانكىغا ئامانەت قويۇلدى. بىر ئاي ئىچىدىكى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇلغا ئۆسۈم بېرىلمىدى، ئامانەت پۇلنىڭ قەرەلى ئەڭ قىسقا بولغاندا، ئون كۈندىن ئاز بولماسلىق تەلەپ قىلىندى، ئون كۈن ئىچىدىكىلىرى قەرەلسىز ئامانەت پۇل ھېسابلاندى. 1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنى شۆبە خەلق بانكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا بىرلىكتە «ھەربىي، مەمۇرىي تارماقلار ۋە ھۆكۈمەت كارخانىلىرىنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتى ۋاقىتلىق نىزامنامىسى» نى ئېلان قىلدى «نىزامنامە» دە: بۇ خىل پۇل ئامانىتى ھەربىي، مەمۇرىي تارماقلارنىڭ خىراجەتلىرى، ئورگانلارنىڭ كەسپىي خىراجەتلىرى، ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ نەق پۇللىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. بۇ خىل ئامانەت پۇلنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان بىرلىكىنى ھېسابلاشتا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئېلان قىلغان A خىلدىكى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتىنىڭ سۇندۇرۇش بىرلىكى ئۆلچەم قىلىندى. يەنى بىرىچى رەخت، بىر تاختا چاينىڭ 30 دىن بىر ئۈلۈشى، بەش جىڭ ئاق ئۇن، 20 جىڭ كۆمۈر ھەر بىر ئۆلچەملىك ماددىي نەرسىنىڭ بىرلىكى قىلىندى. ئامانەت قويۇلغان پۇلنى ئېلىشتا، بىر قېتىم ئامانەت قويۇپ، ئون كۈندە بىر قېتىم ئېلىش ۋە خالىغان ۋاقىتتا ئامانەت قويۇپ، ھەر ئون كۈندە بىر قېتىم ئېلىش چارىسى قوللىنىلدى. خىراجەت خاراكتېرلىك ئامانەت پۇلنى بىر قېتىمدا ئامانەت قويۇش، ئون كۈندە بىر قېتىم ئېلىش چارىسى قوللىنىلدى؛ ھۆكۈمەت كارخانىلىرى ئامانىتىدە خالىغان ۋاقىتتا ئامانەت قويۇش، ئون كۈندە بىر قېتىم ئېلىش چارىسى قوللىنىلدى؛ ئورگانلارنىڭ كەسپىي خىراجىتى ئامانىتىدە، پۇل ئامانەت قويغاندا خىراجەت خاراكتېرلىك ئامانەت بويىچە ئالغاندا ھۆكۈمەت كارخانىلىرى ئامانىتى چارىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى. بىر قېتىم ئامانەت قويۇپ ئون كۈندە بىر قېتىم ئېلىش ياكى خالىغان ۋاقىتتا ئامانەت قويۇپ ئون كۈندە بىر قېتىم ئېلىشتا، بىردەك پۇل ئامانەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلدى. كىنىشكىغا ئاساسەن پۇل ئامانەت قويۇش ۋە ئېلىش ئىشى بېجىرىلدى. توپ قويۇپ، توپ ئېلىشتا، بىردەك ئامانەت پۇل تالونى تارقىتىپ بېرىلدى.

1950 - يىل 7 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇلنىڭ بىرلىككە كەلگەن نىزامنامىسىنى ئېلان قىلىپ، پۇل ئامانەت تۈرلىرىنى مۇنداق ئايرىدى: A. ئىدارىلەر، ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان قەرەللىك پۇل ئامانىتى، ئۇنىڭ قەرەلى ئون كۈندىن بىر يىلغىچە بولدى. بىر ئايغا يەتمىسە، ئۆسۈم بېرىلمىدى، ئايلىق ئۆسۈمى ئىككى لى بولۇپ، ھەر بىر ئاي قوشۇلسا، بىرلىدىن ئاشۇرۇپ بېرىلدى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ بىر پۇڭدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى؛ B. ئادەتتىكى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان قەرەللىك پۇل ئامانىتى، ئۇنىڭ ئوبيېكتىغا چەك قويۇلمىدى، ھەر كىم خالىغان ۋاقىتتا شۇ جايدىكى بانكىغا ئىلتىماس قىلىپ، ھېساب ئېچىشقا پۇل قويۇلدى؛ C. ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەت پۇل. يەنى بۇ خىل پۇل ئامانىتى زاۋۇت، كانلاردىكى تەشكىللىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئىدارىلارنىڭ كەسپىي خادىملىرى شۇنىڭدەك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى، خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن چەكلەندى. بۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلغۇچى ئورگان ياكى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق تەشكىلاتلار ئىسپات بېرىپ، بانكا ئېتىراپ قىلغاندىن كېيىن كوللېكتىپ ھېساب ئېچىپ پۇل ئامانەت قويۇلدى. 1951 - يىل 1 - ئايدىن ئېتىبارەن خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلغاندا، ئايلىق ئۆسۈمى بىر پۇڭ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلى سۇندۇرۇلغاندا ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچ پۇڭ قىلىپ بېكىتىلدى. كېيىن ئىقتىسادنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەملىكەت بويىچە مالىيە - ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى نەتىجىسىدە مال باھاسى ئاساسىي جەھەتتىن مۇقىملىشىپ، بۇ خىل ئامانەت بارغانسېرى قىسقارتىلىپ، 1952 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە كەلگەندە توختىتىلدى.

## 2. دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك ئامانەت پۇل

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 1950 - يىل 4 - ئايدىن ئېتىبارەن، دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك ئامانەت پۇل كەسپىنى يولغا قويدى. 8 - ئاينىڭ بېشىدا ئامانەت قويۇلغان كۈمۈش دوللار پۇلى جەمئىي 20 مىليون 897 مىڭ 771.30 دوللارغا، چىقىم قىلىنغان پۇل 10 مىليون 974 مىڭ 471.30 دوللارغا يەتتى. بۇ تۈردىكى ئامانەت پۇل ئىچىدىكى شەخسلەر ئامانەت پۇلى 1.5% نى، ھۆكۈمەت ئامانەت پۇلى 98.5% نى ئىگىلىدى.

خەلق شۆبە بانكىسى 1951 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ئىدارىلەر، ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك ئامانەت پۇل كەسپىنى يولغا قويدى. پۇل بويىچە ئۆسۈم ھېسابلىغاندا، قەرەللىك ئامانەت قويۇلغان ھۆكۈمەت پۇلىنىڭ 90 پىرسەنتى بويىچە سۇندۇرۇپ ئۆسۈم ھېسابلاندى. سۇندۇرۇپ ئۆسۈم ھېسابلىغاندا، قەرەلنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىردەك بەش لى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاندى. قەرەلى يەتتە كۈنلۈك، 15 كۈنلۈك ۋە بىر ئايدىن 11 ئايغىچە ۋە بىر يىللىق بولۇپ جەمئىي 14 خىلغا ئايرىلدى. غەربىي شىمال رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، 1952 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك ئامانەت پۇل كەسپى توختىتىلدى. ئامانەت قويۇلغان پۇللار مەيلى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، نەق پۇل ئامانىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

## 3. كارخانا ئامانەت پۇلى

1950 - يىل 1 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى كوللېكتىپ ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ پۇل ئامانەت كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى. 1952 - يىلغا كەلگەندە كارخانا ئامانەت پۇلى قالدۇقى 37 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۈرلۈك ئامانەت پۇلىنىڭ 32 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ئامانەت پۇلى 11 مىليون 800 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ سانائەتنىڭ ئامانەت پۇلى 3 مىليون 744 مىڭ يۈەن، سودىنىڭ ئامانەت پۇلى 22 مىليون 320 مىڭ يۈەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئامانەت پۇلى 99 مىڭ يۈەن. 1958 - يىلى بىڭتۇەننىڭ كارخانىلىرى بانكىلاردا ھېساب ئېچىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ شۇ يىلقى ئامانەت پۇل قالدۇقى 66 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1982 - يىل 9 - ئايدا كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلىنى كۆپەيتىش ۋە ئۇنىڭ مۇقىملىقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئورۇنلارنىڭ قەرەللىك پۇلى ئامانەت تۈرى كۆپەيتىلدى. كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلار، ئىدارىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلار بۇ تۈردىكى ئامانەتنىڭ ئوبيېكتى قىلىندى. ئىككى يىللىق، ئۈچ يىللىق توپ قويۇپ، توپ ئېلىش قەرەللىك پۇل ئامانىتى ۋاقىتلىق بېجىرىلدى. بۇنىڭدا خەلق پۇلى 10 مىڭ يۈەندىن باشلاپ ئامانەت قويۇلدى، كۆپ ئامانەت قويۇلسا چەكلەنمەيدى. شۇ ئايدا ئامانەت پۇل 690 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1983- يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ خىل پۇل ئامانەت كەسپىنى يولغا قويغان ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكا 15 كە يېتىپ، شىنجاڭ بويىچە ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 18 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئامانەت پۇل قالدۇقى 4 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلى قۇرۇلۇش - بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ پۇل ئامانىتى كەسپى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. بۇ كەسپنى قۇرۇلۇش بانكىسى بېجىرىپ، ئاساسلىقى، قۇرۇلۇش كارخانىلىرى پۇل ئامانىتى، گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ پۇل ئامانىتى، ئۆزلىرى جۇغلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى پۇل ئامانىتى،

يىغىلاش ـ ئۆزگەرتىش مەبلىغى پۇل ئامانىتى، ئورۇنلار قەرز ئالغان مەبلەغ پۇل ئامانىتى، باشقا جايلاردىن يېربۆوت قىلىنىپ كەلگەن مال سېتىۋېلىش پۇلى، ھاۋالە مەبلىغى پۇل ئامانىتى قاتارلىقلارنى يولغا قويدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كارخانىلار ئامانەت پۇلى قالدۇقى 1 مىليارد 93 مىليون 20 مىڭ يۈەن (ئىناۋەتلىك ھاۋالە ئامانەت پۇلى 129 مىليون 330 مىڭ يۈەن بۇنىڭ ئىچىدە) گە يەتتى. قۇرۇلۇش بانكىسى يەنە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، «ئالاھىدە ھېساباتىكى ئامانەت پۇل»، «ھەر خىل ئامانەت پۇل»، «باشقا مەبلەغ ئامانەت پۇلى»، «مالىيە ۋە ئورۇنلارنىڭ باشقا مەبلەغ ئامانەت پۇلى»، ئۆزى تۇرغۇزغان «ئىشلەپچىقىرىش ئامانەت پۇلى»، «ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلەرنىڭ مالىيىسى ئۈچۈن مەخسۇس بۇيرۇپ بېرىلگەن مەبلەغ ئامانەت پۇلى»، «ئورۇنلارنىڭ مەخسۇس ئامانەت پۇلى»، «ئاپتونوم رايوننىڭ كۆلەم ئىگىلىمەيدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامانەت پۇلى»، «مەخسۇس تۈر بويىچە ھاۋالە قىلىنغان تەدبىرلەر ئامانەت پۇلى» قاتارلىق 12 خىل ئامانەت پۇل كەسپىنى يولغا قويدى.

## 4. مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل

1950 ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل كەسپىنى يولغا قويدى، 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى پۇل قالدۇقى 70 مىليون 760 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ 61.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل 22 مىليون 50 مىڭ يۈەن، ئىدارىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئامانەت پۇلى 31 مىليون 170 مىڭ يۈەن، ئالاھىدە خىلدىكى ئامانەت پۇل 16 مىليون 770 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامانەت پۇلى 772 مىڭ يۈەن. 1953 ـ يىلى مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لىك قۇرۇلۇش ـ بىناكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ خام چوت مەبلىغى پۇل ئامانىتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1955ـ ۋە 1957ـ يىللىرى ئىدارىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئادەتتىكى پۇل ئامانىتى بىلەن ئىدارىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ باشقا پۇل ئامانىتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1960 ـ يىلى يەرلىك مالىيىنىڭ خام چوت سىرتىدىكى پۇل ئامانىتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1962 ـ يىلى مەركەز ئاپتونوم رايون توپلاپ مالىيىگە تاپشۇرغان مەبلەغ پۇل ئامانىتى، ئالاھىدە خىلدىكى كارخانا پۇل ئامانىتى، ئالاھىدە خىلدىكى باشقا پۇل ئامانىتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1980 ـ يىلدىن ئېتىبارەن مەركىزىي مالىيىنىڭ پۇل ئامانىتى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. 1985ـ يىلى سودا ـ سانائەت بانكىسى قۇرۇلۇپ، مالىيە خاراكتېرلىك پۇل ئامانەت پۇل كەسپى سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلىندى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 401 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بېجىرگەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ پۇل ئامانىتى، توپلاپ مالىيىگە تاپشۇرىدىغان مەبلەغ پۇل ئامانىتى قاتارلىق ئامانەت پۇللارنىڭ 1985 ـ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 18 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 5. شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرىنىڭ پۇل ئامانىتى

بۇ خىل ئامانەت پۇل شەھەر ئاھالىسىنىڭ بانكىغا قويغان شەخسىي ئامانەت پۇلى بولۇپ، ئۇ، قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتى دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈندى. بانكا بۇ خىل ئامانەتكە

پۇل ئامانەت قويۇش ئىختىيار، ئېلىش ئەركىنلىك، ئامانەت پۇلغا ئۆسۈم بېرىش، مۇئامىلىدارلار ئۈچۈن مەخپىيەتلىكنى ساقلاش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. 50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولۇپ، 1950 - يىلى شەھەر - بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى ئاران 926 مىڭ يۈەن بولدى. تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مال باھاسى مۇقىملاشتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى، شەھەر - بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى تېز ئاشتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 2 مىليارد 955 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ 56 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولۇپ قالدى.

## 6. يېزا پۇل ئامانىتى

شىنجاڭ يېزىلىرىدا ئامانەت پۇل كەسپى 1952 - يىلدىن باشلاپ تەدرىجىي يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. 1979 - يىلغا كەلگەندە، يېزا پۇل ئامانەت كەسپى گۇڭشې، ئەترەت ئامانەت پۇلى بىلەن ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بانكىغا قويغان ئامانەت پۇلدىن ئىبارەت ئىككى تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. 1980 - يىلدىن ئېتىبارەن، يېزا - بازار كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ئامانەت پۇلى، كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىك ئامانەت پۇلى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بانكىغا قويغان ئامانەت پۇلدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسلىقى ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بانكىغا قويغان ئامانەت پۇل بولۇپ، بۇ، پۈتكۈل يېزا ئامانەت پۇلىنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئامانەت پۇل كەسپى 1952 - يىلدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەمكارلىق كوپېراتىپ قۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە كوپېراتىپلارنىڭ تەدرىجىي قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، ئامانەت پۇل قالدۇقى يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1956 - يىلى يېزىلاردا كوپېراتىپلىشىش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى ھەممە يېزا - كەنتلەردە ئومۇملاشتى، شۇنىڭ بىلەن يېزىلاردا ئامانەت پۇلنى كۆپلەپ جەلپ قىلىشنىڭ ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىتى ھازىرلاندى. 1956 - يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 1952 - يىلدىكى 205 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا) دىن 17 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1977 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 40 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، 1956 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاشقان 8 مىليون 710 مىڭ يۈەندىن 4.5 ھەسسە ئارتۇق بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئامانەت پۇل قالدۇقى 486 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 7. ھاۋالە ئامانەت پۇلى

شىنجاڭدا 1981 - يىل 1 - ئايدىن ئېتىبارەن ھاۋالە ئامانەت پۇل كەسپى بېجىرىلىشكە باشلىدى، ھاۋالە ئاپپاراتلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئامانەت پۇل قالدۇقىمۇ يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 4 مىليون 750 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ، 249 مىليون 750 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

## 8. تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇلى

جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى 1979 - يىلى تاشقى پېرېۋوت ئامانەت پۇلى كەسپىنى

بېجىرىشكە باشلىدى. لېكىن قەرەللىك ئامانەتنىلا بېجىردى، ئامانەتكە قوبۇل قىلىنغان پۇل پەقەت شياڭگاڭ پۇلى، فوندستېرلىڭ، ئامېرىكا دوللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بىلەنلا چەكلەندى. 1983 ـ يىلدىن كېيىن تاشقى پىرېۋوت ھېسابىدا ئامانەت قويۇلىدىغان پۇل تۈرلىرىگە قەرەللىك ئامانەت ئىچىدە ئەسلىدىكى ئامېرىكا دوللىرى، فوندستېرلىڭ ۋە شياڭگاڭ پۇلىدىن باشقا يەنە غەربىي گېرمانىيە ماركى بىلەن ياپونىيە يېنى قوشۇلدى، قەرەلسىز پۇل ئامانىتىگىمۇ يۇقىرىقى بەش خىل پۇل تۈرى قوبۇل قىلىندى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەرەلسىز تاشقى پىرېۋوت ئامانەت پۇلى، قەرەللىك تاشقى پىرېۋوت ئامانەت پۇلى ۋە تاشقى پىرېۋوت مەخسۇس قەرەلسىز ئامانەت پۇلى، تاشقى ئىشلار كارخانىلىرىنىڭ قەرەللىك ئامانەت پۇلى، چەت ئەل مۇھاجىرلىرى ۋە جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قەرەلسىز ئامانەت پۇلى، پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى ۋە كاپالەت سوممىسى ئامانەت پۇلى قاتارلىق ئامانەت پۇل تۈرلىرى بېجىرىلدى. قەرەللىك تاشقى پىرېۋوت ئامانەت پۇلى ئۈچ ئايلىق، ئالتە ئايلىق، بىر يىللىق ۋە ئىككى يىللىقتىن ئىبارەت تۆت خىلغا ئايرىلدى؛ تاشقى ئىشلار كارخانىلىرىنىڭ قەرەللىك ئامانەت پۇلىنىڭ قەرەل بالدىقى قەرەللىك تاشقى پىرېۋوت ئامانەت پۇلىنىڭ قەرەل بالدىقى بىلەن ئوخشاش بولدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاشقى پىرېۋوت ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى 17 مىليون 30 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

تاشقى پىرېۋوت ئامانەت پۇل قالدۇقى جەدۋىلى

جەدۋەل: 4 ـ 1 بىرلىكى: 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى

| تۈرلەر / يىللار | تاشقى پىرېۋوت ئامانەت پۇلى |
|---|---|
| 1979 | 0.3 |
| 1980 | 3 |
| 1981 | 20 |
| 1982 | 61 |
| 1983 | 519 |
| 1984 | 903 |
| 1985 | 1703 |

## 3 §. ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ ئېشىش ـ كېمىيىش ئۆزگىرىشى

1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۇزاق مەزگىللىك يامان سۈپەتلىك پۇل پاخاللىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇلىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىشى، بايلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ، باجنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىدىن قورقۇشى تۈپەيلىدىن ئامانەت پۇلىنىڭ سانى ئاز ئىدى، ئامانەت قويغۇچىلارمۇ مۇقىم بولمىدى.

1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ مال باھاسى ئۆرلەپ كېتىش تۈپەيلىدىن زىيان تارتماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتى ۋە دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك

پۇل ئامانەت كەسپى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئامانەت پۇل كەسپى تەدرىجىي راۋاجلاندى. 1951 ـ يىلى شۆبە خەلق بانكىسىنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنىدىن كېيىن، پۇل ئامانەت قويغۇچىلارغا مۇلازىمەت قىلىش كۈچەيتىلدى. خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەر ئامانەت پۇل قويغاندا، ئۇلارغا پايدا يەتكۈزۈش بىلەن قولايلىق يارىتىپ بېرىشكە تەڭ ئېتىبار بېرىش، قولايلىق بولۇشنى ئاساس قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، ئۇلار بىلەن كەڭ كەسپىي ئالاقە باغلاپ، ۋاكالىتەن كىرىم قىلىش، ۋاكالىتەن چىقىم قىلىش، ئامانەت پۇل جەلب قىلىش يولغا قويۇلدى؛ شەخسلەر پۇل ئامانەت قويغاندىمۇ، پايدا يەتكۈزۈش بىلەن قولايلىق بولۇشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش، پايدا يەتكۈزۈشنى ئاساس قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ئىچكى رەسمىيەتلەر ئاددىيلاشتۇرۇلدى ھەمدە كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق كارخانىلار بىلەن بانكىنىڭ مۇئامىلىسى كۈچەيتىلدى. چەك پېرېۋوتىغا %20 ئېتىبار بېرىش، ئامانەت قويغۇچىلار قەرز پۇل ئالغاندا، ئالدىن ئېتىبار بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش يولى بىلەن ئامانەت پۇل سوممىسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. 1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقى 1949 ـ يىلدىكى 590 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) دىن كۆپىيىپ، 48 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، سانائەتنىڭ ئامانەت پۇلى 5 مىليون 670 مىڭ يۈەن، سودا ئامانەت پۇلى 5 مىليون يۈەن، مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل 33 مىليون 940 مىڭ يۈەن، شەھەر بازاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى 3 مىليون 920 مىڭ يۈەن بولدى.

1954 ـ يىلى شىنجاڭدا كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش پەيدىنپەي باشلىنىپ، چوڭراق شەھەرلەردە خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى توپ تارقىتىش ۋە پارچە سېتىش سالمىقى تۆۋەنلىدى، بۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي تىجارەتچىلەرنىڭ قولىدىكى بوش تۇرۇپ قالغان مەبلەغلەر كۆپەيدى. بۇ ئۆزگىرىشلەرگە ئاساسەن، بانكا خۇسۇسىي كارخانىلاردىن ئامانەت پۇل جەلب قىلىش، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدا بۆلۈنۈپ چىقىپ بوش تۇرۇپ قالغان مەبلەغلىرىنى دۆلەت پىلانى ئىزىغا سېلىشنى كۈچەيتتى. 1954 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۆلكە بويىچە خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 3 مىليون 300 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا) گە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقىدا ئىگىلىگەن سالمىقى ناھايىتى ئاز بولدى، دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، كوپېراتىپ كارخانىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن كەلگەن ئامانەت پۇل پۈتكۈل ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ 75.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1955 ـ يىل ئاخىرىدا دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن ئىدارىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئامانەت پۇلى 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە يېقىنلىشىپ قالدى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھەر خىل ئامانەت پۇل قالدۇقى 280 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن %157 ئاشتى.

1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بولغان 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، تۈرلۈك ئامانەت پۇللارنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكىدەك بولدى:

1) مالىيە ئامانەت پۇلى. 1953 ـ يىلى يەرلىك مالىيىنىڭ ئامانەت پۇلى 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 22 مىليون 50 مىڭ يۈەندىن 9 مىليون 590 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ، %17.4 تۆۋەنلەپ كەتتى. 1954 ـ ۋە 1955 ـ يىللىرى يەرلىك مالىيىنىڭ ئېشىنچىسى يىلدىن ـ يىلغا كۆپەيدى. 1954 ـ يىلى گەرچە ئىشلەپچىقىرىش ھەربىي قىسىملىرىنىڭ ئامانەت پۇلى كارخانىلار ئامانەت پۇلى تۈرىگە ئاغدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل يەنە %25.5 كۆپەيدى؛ 1955 ـ يىلى يەنە %18.1 كۆپەيدى؛ 1956 ـ يىلى يەرلىك مالىيە جىددىيلىشىپ، يىللاردىن بۇيانقى ئېشىنچا ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل %39.7 تۆۋەنلەپ كەتتى؛ 1957 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، يەرلىك مالىيىدە يەنىلا چىقىم كىرىمدىن كۆپ بولدى. بۇنىڭ بىلەن مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل داۋاملىق تۈردە %12.9 تۆۋەنلەپ كەتتى، قالدۇق 45 مىليون 520 مىڭ يۈەن گە چۈشۈپ قالدى.

2) كارخانا ئامانەت پۇلى. شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، سانائەت،

كان ـ كارخانىلار ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، ئۇلارنىڭ ئامانەت پۇلى تېز كۆپەيدى، 1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە كارخانا، ئامانەت پۇلىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى: 1953 ـ يىلى %8.8، 1954 ـ يىلى %96، 1955 ـ يىلى %18.3، 1956 ـ يىلى %8.4 بولدى. 1957 ـ يىلى ئامانەت پۇل قالدۇقى 91 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىنىڭ 235.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

3) شەھەر ـ بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى. 1953 ـ يىلى پۇقرالار پۇل ئامانىتى %592.8 ئاشتى؛ 1954 ـ يىلى %26؛ 1955 ـ يىلى %20؛ 1956 ـ يىلى %37.9؛ 1957 ـ يىلى %8 ئاشتى. 1957 ـ يىل ئاخىرىغا كەلگەندە شەھەر ـ بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 97 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىنىڭ 15.2 ھەسسىسىگە تەڭشىلىپ، تۈرلۈك ئامانەت پۇل بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى.

4) يېزا پۇل ئامانىتى. كوپېراتىپلىشىش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، خەلق بانكىسى 1954 ـ يىلدىن ئېتىبارەن يېزىلاردا يېزا ئامانەت پۇلىنى جەلپ قىلدى، 1955 ـ يىل ئاخىرىدا ئامانەت پۇل قالدۇقى 2 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1957 ـ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 27 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1954 ـ يىلدىكىنىڭ 28.9 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى.

1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، 1954 ـ يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش ھەربىي قىسىملىرىنىڭ ئامانەت پۇلى كۆپەيگەن ئالاھىدە ئامىلنى چىقىرىۋەتكەندە، مۇشۇ بىر نەچچە يىللاردىن بۇيانقى ئېشىش نىسبىتى تەدرىجىي تۆۋەنلىدى. تۈرلۈك تۈرلەر ئىچىدە: مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل 1957 ـ يىلى 1952 ـ يىلدىكىدىن تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسى ئىچىدە ئىگىلىگەن سالمىقى ئۈزلۈكسىز تۈردە تۆۋەنلەپ، 1952 ـ يىلدىكى 1 ـ ئورۇندىن 3 ـ ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن كارخانا ئامانەت پۇلى خېلى زور سالماقنى ئىگىلىدى؛ پۇقرالار پۇل ئامانىتى ناھايىتى تېز ئاشتى. مۇتلەق سان ۋە ئېشىش سۈرئىتى جەھەتتە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئىگىلىگەن سالمىقى 1952 ـ يىلدىكى %5.8 تىن 1957 ـ يىلى %34.8 كە ئۆرلىدى.

**1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇللارنىڭ ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى**

جەدۋەل: 4 ـ 2 بىرلىكى: %

| تۈرلەر / يىللار | 1952 | 1953 | 1954 | 1955 | 1956 | 1957 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل | 61.3 | 37.2 | 31.2 | 30.8 | 17.6 | 22.8 |
| كارخانا ئامانەت پۇلى | 32.9 | 33.6 | 43.9 | 43.4 | 44.5 | 32.7 |
| شەھەر ـ بازارلاردىكى پۇقرالار ئامانەت پۇلى | 5.8 | 29.2 | 24.6 | 24.7 | 32.1 | 34.8 |
| يېزا ئامانەت پۇلى | | | 0.3 | 1.1 | 5.8 | 9.7 |

1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ تەسىرىدە، پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتىدىمۇ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدىكىگە ئوخشاش، قارىغۇلارچە يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، يۇقىرى سۈرئەت قوغلىشىلدى. كۆپلىگەن بانكىلار «سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قەسەمياد يىغىنى، ئەق مەيدان يىغىنلىرىنى ئېچىپ، بەس - بەستە ئامانەت پۇل جەلپ قىلىشتى. 1958 - يىلنىڭ ئاخىرىدا ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسى 506 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1957 - يىلدىكىنىڭ 167.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. شەھەر - بازارلارنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى 4 - ئاي ئاخىرىدا باش بانكا تەقسىملەپ بەرگەن ۋەزىپىدىن %5.4 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. 1960 - يىلنىڭ ئاخىرىدا يەرلىك تۈرلۈك ئامانەت پۇل جەمئىي 683 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1959 - يىل ئاخىرىدىن %5.4 ئاشتى.

1958 - يىلى بىڭتۈەن كارخانىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى 66 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى ئىچىدە 2 - ئورۇننى ئىگىلىدى.

1962 - يىلى «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» ۋە «شۇ يىلى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بىر ئاز يىغىۋېلىش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، مالىيىدە كىرىم چىقىمدىن ئېشىپ، ئازراق ئېشىنچا كۆرۈلدى. كارخانا مەبلىغىنى باشقۇرۇشتا ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئېشىنچا مەبلىغى توڭلىتىلىپ، ئىشلىتىش تىزگىنلەندى (1962 - يىلنىڭ ئاخىرىدا توڭلىتىلغان ئامانەت پۇل قالدۇقى 49 مىليون 500 مىڭ يۈەن)، بۇنىڭ بىلەن مالىيە ۋە كارخانا ئامانەت پۇلى 63 مىليون 280 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ھالبۇكى، يېزا خەلق گوڭشېلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنچىكە ھېسابات قىلىپ، ئۆز مەبلىغىدىن تولۇق پايدىلىنىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسمەن جايلار ئاپەتكە ئۇچراپ، پاختا، ياغلىق دان قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ، 3 - خىل تاۋارلارنىڭ بازار باھاسى تۆۋەنلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ پۇل كىرىمى كېمىيىپ كەتكەچكە، ئامانەت پۇل 46 مىليون 320 مىڭ يۈەنگە كېمىيىپ كەتتى.

1963 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىشقا باشلىدى. 1963 - يىلى مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل 111 مىليون 940 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. كارخانا ئامانەت پۇلى 60 مىليون 410 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، ئەمما يېزا ئامانەت پۇلى 6 مىليون 210 مىڭ يۈەن كېمىيىپ كەتتى. 1964 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقتىن يەنە بىر قېتىم مول ھوسۇل ئېلىنىپ، يېزا ئامانەت پۇلى ئۆرلەشكە باشلاپ، 1962 -، 1963 - يىللىرىدىكى ئۇدا تۆۋەنلەش ۋەزىيىتى ئۆزگەرتىلىپ، ئەمەلىيەتتە 11 مىليون 850 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. 1964 - يىلى تۈرلۈك ئامانەت پۇل 93 مىليون 910 مىڭ يۈەن، 1965 - يىلى تۈرلۈك ئامانت پۇل 184 مىليون 940 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئاشقان بىر يىل بولدى.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى زەربىگە ئۇچرىدى، نۇرغۇنلىغان كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاش ۋە يېرىم توختاش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى ئاستىلاشتى. بانكىلارنىڭ كرېدىت باشقۇرۇشى بوشىشىپ كەتتى. كارخانىلاردا تۇرۇپ قالغان مەبلەغلەر كۆپەيدى. ئامانەت پۇل يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1975 - يىلى تۈرلۈك ئامانەت پۇل 1965 - يىلدىكىدىن %112 ئېشىپ، 1 مىليارد 536 مىليون 990 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. لېكىن، مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامانەت پۇلى، ئالاھىدە خىلدىكى

ئامانەت پۇل، ئىدارىلار، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇلى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەپ كەتتى.

1979 - يىلى پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بىلەن كرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغانلىقتىن، بانكىلارنىڭ كەسپىي پائالىيىتىدە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى، ئامانەت پۇل زور مىقداردا ئاشتى. 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 3 مىليارد 920 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، تۈرلۈك ئامانەت پۇل داۋاملىق مۇقىم ئاشتى. 1984 - يىلى كارخانا ئامانەت پۇلى قالدۇقى 2 مىليارد 27 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى، يەككە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يەككە سودا - سانائەتچىلەرنىڭ ئامانەت پۇلى كۆپەيدى، 1985- يىل 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئامانەت پۇل قالدۇقى 12 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %49.6 ئاشتى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق بانكىسى، سودا - سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ جەمئىي ئامانەت پۇل سوممىسى 8 مىليارد 428 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكى ئوخشاش ئۆلچەمدىكى ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىدىن 1 مىليارد 592 مىليون 780 مىڭ يۈەن كۆپەيدى، پۈتۈن يىللىق ئامانەت پۇل توپلاش پىلانى %28.35 ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىنىپ، 917 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە ۋە كارخانا ئامانەت پۇلى زور ھەجىمدە ئاشتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1985 - يىللىق مالىيە كىرىمى 820 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن %13.9 ئېشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئوتتۇرىغا قويغان يىلىغا 100 مىليون يۈەن ئاشۇرۇپ كىرىم قىلىش كۆرەش نىشانى ئۇدا تۆت يىل ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ دۆلەت مالىيە ئەھۋالىنىڭ تۈپتىن ئوڭشىلىشىغا ئەگىشىپ، مەركەزنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزغا بېرىدىغان مالىيە جەھەتتىكى ياردىمى تېخىمۇ كۆپەيدى، مالىيىدىن تېخىمۇ ۋاقتىدا پۇل بۇيرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مالىيە كۈچى زورايدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مالىيە خەزىنىسى ئامانەت پۇلى 810 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 245 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، %43.4 ئاشتى. سانائەت، سودا ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى 467 مىليون 600 مىڭ يۈەن ساپ كۆپىيىپ، %17.92 ئاشتى. شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى 552 مىليون يۈەن ساپ ئاشتى (شەھەر - بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى 525 مىليون يۈەن ئېشىپ، پۈتۈن يىللىق ساپ ئاشۇرۇش پىلانى %12.18 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى). شەھەر - يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 3 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %19.73 ئاشۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۈرلۈك ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 - يىلى يېزا ئامانەت پۇل پىلانى ئورۇندالمىدى. دېھقانلارنىڭ پۇل ئامانىتىدە، كېمىيىش، سۇسلىشىش ۋەزىيىتى كۆرۈلۈپ، يېزا ئامانەت پۇلى 26 مىليون 940 مىڭ يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇنىڭدا، مۇھىمى ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىكى ئامانەت پۇلى 33 مىليون 810 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتتى.

## يىللاردىن بۇيانقى ئامانەت پۇللارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى

جەدۋەل: 4 ـ 3 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | تۈرلۈك ئامانەت پۇل | بۇنىڭ ئىچىدە: كارخانا ئامانەت پۇلى | مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل | شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ پۇل ئامانىتى | يېزا ئامانەت پۇلى | بۇنىڭ ئىچىدە: گۆڭشې ئەزالىرىنىڭ پۇل ئامانىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 59 | 6 | 53 | – | – | – |
| 1950 | 2209 | 439 | 1677 | 93 | – | – |
| 1951 | 4854 | 1067 | 3395 | 329 | – | – |
| 1952 | 11535 | 3797 | 7076 | 642 | 20 | – |
| 1953 | 15699 | 5268 | 5845 | 4488 | 98 | – |
| 1954 | 23498 | 10324 | 7334 | 5665 | 175 | – |
| 1955 | 27241 | 12214 | 7798 | 6935 | 294 | – |
| 1956 | 29048 | 13246 | 4512 | 9566 | 1724 | – |
| 1957 | 28699 | 9192 | 6419 | 9778 | 2701 | – |
| 1958 | 50680 | 17648 | 13749 | 15297 | 3986 | – |
| 1959 | 64878 | 17299 | 18568 | 17668 | 11343 | – |
| 1960 | 68852 | 18468 | 18635 | 20604 | 11095 | 2901 |
| 1961 | 70217 | 19142 | 20137 | 17502 | 13436 | 3563 |
| 1962 | 68377 | 18505 | 22360 | 13761 | 8804 | 2233 |
| 1963 | 87266 | 24546 | 33566 | 16786 | 8183 | 2273 |
| 1964 | 96657 | 31757 | 35525 | 19775 | 9368 | 2318 |
| 1965 | 115151 | 41573 | 36283 | 25913 | 11382 | 2706 |
| 1966 | 125812 | 36649 | 45941 | 28597 | 14625 | 3000 |
| 1967 | 122991 | 38568 | 36959 | 31257 | 16207 | 2634 |
| 1968 | 125757 | 41160 | 25436 | 31201 | 15306 | 1922 |
| 1969 | 139649 | 45923 | 46709 | 29712 | 13905 | 1551 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1970 | 172548 | 59430 | 63680 | 31364 | 17644 | 1715 |
| 1971 | 190354 | 56873 | 82353 | 33538 | 17590 | 1917 |
| 1972 | 199757 | 67424 | 78381 | 36236 | 17716 | 2210 |
| 1973 | 218280 | 71958 | 84605 | 40756 | 20960 | 3464 |
| 1974 | 230891 | 90082 | 71111 | 48699 | 20999 | 4011 |
| 1975 | 268814 | 96039 | 94999 | 56006 | 21770 | 4494 |
| 1976 | 311633 | 109719 | 119544 | 56302 | 26068 | 3923 |
| 1977 | 330970 | 101851 | 141927 | 59439 | 27753 | 4736 |
| 1978 | 320747 | 92421 | 135158 | 64186 | 28982 | 5780 |
| 1979 | 332102 | 98434 | 128719 | 72103 | 32846 | 7955 |
| 1980 | 392019 | 118198 | 139521 | 95209 | 38424 | 12205 |
| 1981 | 446658 | 129630 | 146890 | 122949 | 44895 | 17050 |
| 1982 | 516617 | 143746 | 164670 | 152961 | 51470 | 22235 |
| 1983 | 580933 | 164345 | 161688 | 190094 | 55659 | 27965 |
| 1984 | 683523 | 202754 | 171923 | 213072 | 51331 | 36748 |
| 1985 | 842801 | 307280 | 140162 | 295539 | 48637 | 39518 |

ئەسكەرتىش: (1) 1982 ـ يىلدىن باشلاپ مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل مالىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن بۆلۈپ بەرگەن مەبلەغ ئامانىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى.

(2) ئاپتونوم رايون بويىچە ئاھالىلەرنىڭ پۇل ئامانىتى شەھەر ـ بازار ئاھالىلىرى پۇل ئامانىتى بىلەن كوۋشې ئەزالىرى پۇل ئامانىتىنىڭ يىغىندىسىغا باراۋەر.

(3) 1985 ـ يىللىق تۈرلۈك ئامانەت پۇل قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئامانەت پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلگىرىكى يىللارنىڭكى بولسا، ئۇنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ.

1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلىنى تۆت قېتىم توڭلاتتى ۋە كونترول قىلدى. ئامانەت پۇللارنى توڭلىتىش يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇئەييەن دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتى.

1960 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئىدارە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇلى بىلەن كارخانىلارنىڭ مەخسۇس ئامانەت پۇلىنى توڭلاتتى ۋە ئېنىقلىدى. 1962 ـ يىل 4 ـ ئايدا شۆبە خەلق بانكىسى يەنە گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ 1961 ـ يىللىق ئامانەت پۇلىنى توڭلاتتى. يۇقىرىقى ئىككى قېتىمدا جەمئىي 135 مىليون 60 مىڭ يۈەن ئامانەت پۇل توڭلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلى 42 مىليون 850 مىڭ يۈەن، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلى 92 مىليون 210 مىڭ يۈەن. 1961ـ

يىلدىن 1963 - يىلغىچە ئۈچ يىللىق ئىنتىلاش ئارقىلىق، 94 مىليون 510 مىڭ يۈەن ئامانەت پۇل ئېرىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ 26 مىليون 150 مىڭ يۈەن، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ 68 مىليون 360 مىڭ يۈەن. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 40 مىليون 550 مىڭ يۈەن پۇل توڭلىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ 16 مىليون 703 مىڭ يۈەن، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ 23 مىليون 847 مىڭ يۈەن.

1964 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن باش بانكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ بانكىدىكى توڭلىتىلغان ئامانەت پۇلى بىر تەرەپ قىلىندى. مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئېرىتىلگەن 16 مىليون 703 مىڭ يۈەن ئامانەت پۇلى ئىچىدە، دۆلەت تەرىپىدىن يىغىۋېلىنغىنى 6 مىليون 688 مىڭ يۈەن، ئورۇنلارغا قالدۇرۇلغىنى 7 مىليون 667 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى پاراۋانلىق خىراجىتى 4 مىليون 420 مىڭ يۈەن، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئامانەت پۇلى 2 مىليون 40 مىڭ يۈەن، تەمىنات - سودا كوپېراتىپ كارخانىلىرىنىڭ فوندى 510 مىڭ يۈەن ۋە باشقىلار) قېلىپ قالغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىشلىتىلگىنى 2 مىليون 160 مىڭ يۈەن، خاتا ھالدا توڭلىتىلىپ، قايتۇرۇلغىنى 164 مىڭ يۈەن، تاشقى سودا مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرۇلغىنى 24 مىڭ يۈەن. يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ئېرىتىلگەن ئامانەت پۇلى 23 مىليون 847 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت قايتۇرۇۋالغىنى 3 مىليون 570 مىڭ يۈەن (بەلگىلىمە بويىچە 70 پىرسەنتى، يەنى 2 مىليون 499 مىڭ يۈەن مەركەزگە تاپشۇرۇلدى، 30 پىرسەنتى، يەنى 1 مىليون 71 مىڭ يۈەن يەرلىككە قالدۇرۇلدى)، ھەر قايسى ئورۇنلارغا قالدۇرۇلغىنى 16 مىليون 652 مىڭ يۈەن، قېلىپ قالغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىشلىتىلگىنى 1 مىليون 668 مىڭ يۈەن، مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا تاپشۇرۇلغان ئۇيۇشما خىراجىتى 890 مىڭ يۈەن، خاتا توڭلىتىلىپ، قايتۇرۇلغىنى 1 مىليون 67 مىڭ يۈەن.

1968 - يىل 2 - ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مەركىزىي كومىتېت مەدەنىيەت ئىنقىلابى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ «تېجەپ تېجەشلىك بىلەن ئىنقىلاب قىلىپ، چىقىمنى قەتئىي تېجەش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، بانكىلار ئىدارە، ئاممىۋى تەشكىلات، مەكتەپ، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 1967 - يىل ئاخىرىدىكى تۈرلۈك خىراجەتلىرى بىلەن مەبلەغلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئېشىنچا ئامانەت پۇلى (خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغلىرىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىچىدە تېخى پۈتمىگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى، كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغى، چوڭ رېمونت مەبلىغى، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش مەبلىغى، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى، نەپىقە قۇتقۇزۇش پۇلى ۋە كۆچمەنلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسىنى 1967 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنىدىكى بانكا ئامانەت ھېساباتىدىكى سان بويىچە توڭلىتىپ، ئۇنى نېرى - بېرى قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. 1968 - يىل 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شۆبە خەلق بانكىسى ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلىدىن 141 مىليون يۈەننى (بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ سانلىق مەلۇماتى تولۇق ئەمەس) توڭلاتتى. بۇ قېتىملىق توڭلىتىشتا ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇلىدىن باشقا يەنە «جىددىي ئۇقتۇرۇش» نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاتالمىش «پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار»، «ئەكسىلئىنقىلابىي بۇرژۇئازىيە ئۇنسۇرى» قاتارلىق ئون خىل كىشىنىڭ ئامانەت پۇللىرىمۇ توڭلىتىلدى. 1973 - يىلدىن ئېتىبارەن، توڭلىتىلغان ئامانەت پۇللار ئۇدۇللۇق ئېرىتىلدى. ئېرىتىلگەن پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە بانكىلار بەلگىلىمە بويىچە ئۆسۈم بەردى. شەخسلەرنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تۇتۇپ قېلىنغان مائاشى ئامانەت قويۇلغانلىقى بولسا، ئۇنى ئالغاندا، «ئامانەت پۇلغا ئۆسۈم بېرىش» پرىنسىپى بويىچە، بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئۆسۈم بېرىلدى. ئامانەت قويۇلمىغان بولسا، ئۆسۈم بېرىلمىدى. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئالدىنقى يىللىق ئېشىنچا ئامانەت پۇلىنى تىزگىنلەش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشى» نى تارقىتىپ، چەت ئەل مەبلەغ سالغان كارخانىلار، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار،

پىزىلاردىكى گۇگشى. ئەترەت كارخانىلىرى ۋە شەھەرلەردىكى مەھەللە باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلار، شۇنىڭدەك بارلىق سودا ـ ساناۋەت كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغىدىن باشقا، ئىدارە، ئاممىۋى تەشكىلات، ھەربىي قىسىم، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ 1980 ـ يىل ئاخىرىدىكى بانكىدا قويغان ئامانەت پۇلى (جۇملىدىن خام چوت سىرتىدىكى مەبلىغى) بىردەك بانكا سانى بويىچە تىزگىنلىنىدۇ، ئەستىقلالتماي تۇرۇپ ئىرى ـ بىرى قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ بەلگىلىندى.

## خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ 1980 ـ يىللىق ئىشىنچا ئامانەت پۇللارنى كونترول قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 ـ 4 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر | 1981. يىل 4. ئاينىڭ 15. كۈنى تىزگىنلەنگەن ئامانەت پۇل قالدۇقى | تولۇقلاشقا ئىگىشلىك تىزگىنلەش سانى |
|---|---|---|
| دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى | 5262.9 | 173.2 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى | 129.8 | 1.0 |
| كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ ئامانەت پۇلى | 91.9 | 0.8 |
| مەخسۇس فوند ئامانەت پۇلى | 5749.7 | 278.4 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ | 2333.6 | |
| يەرلىك خەزىنە پۇلى | 5396.1 | 182.0 |
| يەرلىك ماليىنىڭ خامچوت سىرتىدىكى ئامانەت پۇلى | 919.4 | 32.0 |
| ئىدارە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ خامچوت ئامانەت پۇلى | 478.1 | 11.0 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مەركەزگە قاراشلىق ئورگان، تەشكىلاتلار | 11.5 | |
| ئورگان، تەشكىلاتلارنىڭ ئادەتتىكى ئامانەت پۇلى | 1360.1 | 35.0 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: مەركەزگە قاراشلىق ئورگان، تەشكىلاتلار | 8.1 | |
| ئالاھىدە خىلدىكى ئامانەت پۇل | 5075.5 | 200.5 |
| ئالاھىدە خىلدىكى كارخانا ئامانەت پۇلى | 595.0 | |
| ئالاھىدە باشقا ئامانەت پۇل | 42.6 | |
| ۋاكالىتەن بېجىرىلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامانەت پۇلى | 86.1 | 10.2 |
| باشقا ئامانەت پۇل | 207.0 | 1.7 |
| جەمئىي | 25264.4 | 925.3 |
| چەكلىمە سومما قالدۇقى | | 4412.0 |

## § 4 . پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ تۈرلىرى

پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئامانەت پۇلنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شىنجاڭدا 1949 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە خەلق بانكىسى ۋە كېيىن قۇرۇلغان كەسپىي بانكىلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ پۇقرالارنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇل ئامانىتى، دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى، قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتى، قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى، مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى، ئېتىبار باھادا ئاشلىق سېتىپ بېرىش پۇقرالار پۇل ئامانىتى، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل بىرلەشتۈرۈلگەن شەخسلەرنىڭ ئىستېمالى ھېسابىدىكى ئاز سوممىلىق قەرز پۇل قاتارلىق يەتتە خىل پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى يولغا قويدى.

### 1. ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى

50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە بازار باھاسى مۇقىم بولمىغانلىقتىن، ھەر مىللەت خەلقى ئومۇمىيۈزلۈك مالغا ئېتىبار بېرىپ، پۇلغا ئېتىبارسىز قارايدىغان بولۇپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن پۇل ھېسابىدىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى قانات يايدۇرۇش قىيىنلىشىپ كەتتى. ئېقىپ يۈرگەن مەبلەغلەرنى جەلب قىلىپ، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 1950 - يىل 1 - ئايدىن ئېتىبارەن، خەلق بانكىسىنىڭ «قەرەللىك ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى نىزامى» غا ئاساسەن، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى (ئەينى ۋاقىتتا «ناتۇرال قەرەللىك تارقاق پۇل ئامانىتى» دەپ ئاتىلاتتى — تەھرىر) نى يولغا قويدى. بۇ خىل پۇقرالار پۇل ئامانىتى توپ قويۇپ توپ ئېلىش، پارچە قويۇپ توپ ئېلىش، توپ قويۇپ پارچىلاپ ئېلىش، دىرىنى ئامانەت قويۇپ ئۆسۈمىنى ئېلىشتىن ئىبارەت تۆت خىلغا بۆلۈندى. مۇئامىلىدارلار پۇللىرىنى ھېساب ئاچقان كۈندىكى «ئۆلچەملىك ماددىي نەرسىنىڭ بىرلىك تاختاي باھاسى» بويىچە سۇندۇرۇپ ئامانەت قوياتتى. قەرەلى توشۇپ پۇلىنى ئالماقچى بولغاندا، ماددىي نەرسە بويىچە پۇلغا سۇندۇرۇلۇپ چىقىم قىلىپ بېرىلەتتى. بىر ئۆلچەملىك ماددىي نەرسە بىرلىكى: A خىلدىكىسى، بىر چى گەزلىمە رەخت، بىر تاختا قاراچاينىڭ 30 دىن بىر قىسمى، بەش جىڭ ئۇن، 20 جىڭ كۆمۈر؛ B خىلدىكىسى: يېرىم چى ماتا، بەش جىڭ ئۇن، 20 جىڭ كۆمۈردىن ئىبارەت ئىدى. جايلار ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاشمىغان ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنىڭ بىر خىلىنى تاللايتتى، ئامانەت قويۇش - ئېلىشتا، شۇ جاينىڭ بىر كۈن ئىلگىرىكى گېزىتتە ئېلان قىلىنغان مال باھاسى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىناتتى. خەلق بانكىسى ھەر بىر ماددىي نەرسە بىرلىكىنىڭ پۇل مىقدارىنى ھېسابلاپ چىقىپ، ھەر كۈنى تاختايدا ئېلان قىلىپ تۇراتتى. 1950- يىل 3 - ئايدا مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، مال باھاسى چۈشۈرۈلدى، مۇئامىلىدارلار زىيان تارتىشتىن ئەنسىرىگەچكە، ئامانەت پۇل قويىدىغانلار ئازىيىپ، پۇل ئالىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. 1952- يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى بېجىرىش توختىتىلىپ، قەرەلى توشقانلىرى پۇل ئامانەتكە ئاغدۇرۇلدى.

1951 - يىل 11 - ئايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ پارچە - پۇرات مەبلەغلىرىنى جەلب قىلىش، دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ پۇل جۇغلاپ ئىش بېجىرىشىگە ياردەملىشىش ئۈچۈن، جايلار خەلق بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، يېزا پۇل مۇئامىلىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن بازار خىزمەت گۇرۇپپىلىرىنى تەشكىللەپ، بىرلا خىل ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلغان، سوممىسى ۋە قەرەلى مۇقىم بولغان، دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى سىناق قىلدى. دېھقانچىلىق رايونلىرىدا بۇغداي، قوناق ئۈنلىرىدىن خالىغان بىر خىلى تاللىنىپ، ھېسابات بىرلىكى قىلىندى. چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قوي يۇڭى بويىچە ھېسابلاندى.

بۇ خىل ئامانەتتە، مۇقىم سوممىلىق ئامانەت پۇل تالونى پۇل ئامانەت دوكومېنتى قىلىنىپ، سوممىسى 20 مىڭ يۈەنلىك، 50 مىڭ يۈەنلىك، 100 مىڭ يۈەنلىك، 200 مىڭ يۈەنلىك، 500 مىڭ يۈەنلىك، 1 مىليون يۈەنلىكتىن ئىبارەت ئالتە خىلغا ئايرىلدى. مۇئامىلىدارلار قەرەلنى بېكىتىپ، ئامانەت پۇل تالونىدىكى سوممىسى بويىچە ئامانەت قويدى. ئامانەت پۇلىنى چىقىم قىلغاندا، ئەگەر ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان باھا تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسا، ئەسلىدە ئامانەت قويغان سوممىسى بويىچە خەلق پۇلى ئالدى. ئەگەر ئۆرلەپ كەتكەن بولسا، ئامانەت پۇل تالونىدىكى ماددىي نەرسە سانى ئاساس قىلىنىپ شۇ جايدىكى سودا شىركىتىنىڭ تاختاي باھاسى بويىچە خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلۇپ، چىقىم قىلىپ بېرىلدى. 1952 - يىلى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپى ئارقا - ئارقىدىن توختىتىلدى.

## 2. دېرى، قىممىتى كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى

1950 - يىل 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى دېرى، قىممىتى كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى يولغا قويدى ھەمدە بىرلىكتە نىزامنامە تارقاتتى. بۇ نىزامنامىدە: بۇ خىل ئامانەتتە پۇلنىڭ سۇندۇرۇش بىرلىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئېلان قىلغان A خىلدىكى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ماددىي نەرسە سۇندۇرۇش بىرلىكى بويىچە ھېسابلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئۇنىڭ قەرەلى يېرىم ئايدىن بىر يىلغىچە بولغان توپ قويۇپ توپ ئېلىش ئامانىتىدە ھېساب ئاچقاندا ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان بىرلىكى ئامانەت قويۇلدى، كۆپ قويغۇچىلار چەكلەنمىدى. بىر قېتىمدىلا ئامانەت قويۇلدى. ئامانەت پۇلنىڭ قەرەلى توشۇپ ئالماقچى بولغاندا، ئەگەر مال باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن بولسا، سۇندۇرۇلغان تاختاي باھاسى بويىچە دېرى بىلەن ئۆسۈمى چىقىم قىلىپ بېرىلدى. مال باھاسى بىر ئىزدا تۇرغان بولسا، ئەسلى ئامانەت قويغان پۇل بويىچە، دېرى بىلەن ئۆسۈمى چىقىم قىلىپ بېرىلدى. مال باھاسى چۈشۈپ كەتكەندە يەنىلا ئەسلىدە ئامانەت قويغان پۇل بويىچە دېرى بىلەن ئۆسۈم بېرىلدى. ئەمما ئۆسۈم %20 ھېسابلاندى. ئۆسۈم نىسبىتى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدىغانلار ئۈچۈن يېرىم ئايدا 1.5 لى ئۆسۈم ھېسابلىنىپ، ھەر يېرىم ئاي ئۆتكەندە يەنە ئۇنىڭغا 0.5 لىدىن قوشۇپ ھېسابلاپ بېرىلدى. توققۇز ئايدىن ئۇزاق بولغانلىرىغا ئايلىق ئۆسۈمى بىر پۇڭ بويىچە ھېسابلاپ بېرىلدى؛ پۇل بويىچە ھېسابلىنىدىغانلار ئۈچۈن يېرىم ئايدا ئۈچ لىدىن ھېسابلاپ، ھەر يېرىم ئاي ئۆتكەندە ئۈچ لىدىن قوشۇپ ھېسابلاپ بېرىلدى. 1952-يىلى مال باھاسى تەدرىجىي مۇقىملىشىپ بۇ خىل پۇل ئامانىتى كەينى - كەينىدىن توختىتىلدى.

1951 - يىل 7 - ئاي، 9 - ئاي، 12 - ئايلاردا ئۈچ قارار دېرى، قىممىتى كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى. 1952 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگە كەلگەندە، بۇ خىل ئامانەت تامامەن توختىتىلدى، قەرەلى توشمىغانلىرى، قەرەلى توشقاندا ئاندىن باشقا خىل ئامانەتكە ئاغدۇرۇلدى.

## 3. قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتى

1950 - يىل 7 - ئايدا سودا - سېتىققا قولايلىق يارىتىش، نەق پۇل كىرىم - چىقىمىنى ئازايتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا، چەك راسچوتىدا قوللىنىلىدىغان A خىلدىكى قەرەلسىز ئامانەت پۇل كەسپىنى يولغا قويدى ھەمدە «A خىلدىكى قەرەلسىز ئامانەت پۇل ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى؛ ئومۇمەن تۇنجى قېتىمدا 5000 كوموش دوللار پۇلى ئامانەت قويۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنىدۇ. ئۇنى ئالغاندا جەزمەن چەك كېسىپ بېرىش كېرەك. ئالتە ئايدا بىر قېتىم ئۆسۈم بوغۇلىدۇ.

مۇئامىلىدارلار بانكا بىلەن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش ھەققىدە كېلىشىم تۈزمىگەن بولسا، كېمىلگەن چەكتىكى پۇل سوممىسىنى ئۇنىڭ ئامانەت پۇل سوممىسىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ؛ ئەگەر ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش ھەققىدە كېلىشىم تۈزۈشكەنلەر بولسا، ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش ھەققىدە كېلىشىپ بېكىتكەن سوممىسى بىلەن چەكلىنىدۇ. ئامانەت قويۇش سوممىسى ئاز بولغاندا، 200 كۈمۈش دوللار پۇلى بولۇشى شەرت، ئامانەت قويغان ۋاقتى بىر ئايغا توشماي تۇرۇپ ھەممىسىنى ئالماقچى بولسا، ئۇسۇم بېرىلمەيلا قالماستىن، بەلكى رەسمىيەت ھەققى ئۈچۈن 50 كۈمۈش دوللار پۇلى ئېلىنىدۇ. ئامانەت پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالغاندا، پۇل ئامانەت قويۇش دەپتىرى بىلەن ئىشلىتىپ قالغان ئاق چەكلەرنى بانكىغا تاپشۇرۇشى كېرەك.

شۇ يىلى 8 - ئايدا ئامانەت كىنىشكىسىگە ئاساسەن كىرىم - چىقىم قىلىنىدىغان B خىلدىكى قەرەلسىز ئامانەت پۇل كەسپى يولغا قويۇلدى ھەمدە «B خىلدىكى قەرەلسىز ئامانەت پۇل نىزامنامىسى» ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭدا، ھېساب ئاچقاندا، بانكا ئامانەت پۇل كىنىشكىسى كېسىپ بېرىدۇ، تۇنجى قېتىم ئامانەت پۇل قويغاندا، ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 200 كۈمۈش دوللار پۇلى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنىدۇ. ئالتە ئايدا بىر قېتىم ئۇسۇم بوغۇلىدۇ، ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 50 كۈمۈش دوللار پۇلىدىن ئاز بولماسلىقى كېرەك. ئامانەت قويغان ۋاقتى بىر ئايغا توشماي تۇرۇپ ھەممىسىنى ئالماقچى بولسا، ئۇسۇم بېرىلمىگەننىڭ سىرتىدا، 15 يۈەن رەسمىيەت ھەققى ئېلىنىدۇ. ئامانەت ھېسابىنى ئۆزگەندە، ئامانەت پۇل كىنىشكىسىنى بانكىغا تاپشۇرۇپ، ئىناۋەتسىز قىلىش كېرەك دەپ بەلگىلەندى.

1955 - يىل 2 - ئايدا يېڭى خەلق پۇلىنىڭ تارقىلىشىغا ماسلىشىش، پۇقرالار پۇل ئامانىتى تۈرلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۆبە خەلق بانكىسى مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، كوللېكتىپ ئورۇنلار چەك ئىشلىتىلىدىغان قەرەلسىز پۇل ئامانىتى يېڭى ھېسابى ئاچقانىنىڭ سىرتىدا، شەخسىيلەرگە مۇنداق ھېساب ئېچىپ بېرىلمەيدۇ. ئۇلار قەرەلسىز كىنىشكىلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە پۇل قويۇشقا جەلپ قىلىنىدۇ. 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئىلگىرىكى چەك ئىشلىتىلىدىغان ئامانەت قويغۇچىلار ئىچىدىكى شەخسىي مۇئامىلىدارلار ئۆزلىرى ئىختىيار قىلىش ۋە كەسپكە تەسىر يەتكۈزمەسلىك پرىنسىپى ئاساسىدا پەيدىنپەي كىنىشكىلىق پۇل ئامانىتىگە ئالماشتۇرۇلىدۇ.

1961 - يىلى چەك ئىشلىتىلىدىغان قەرەلسىز پۇل ئامانىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پەقەت كىنىشكىلىق قەرەلسىز پۇل ئامانىتىلا بىجىرىلىدىغان بولدى. ھېساب ئېچىش سوممىسى بىلەن ساقلىنىدىغان قالدۇقى شەھەرلەردە بەش يۈەن، يېزىلاردا ئۈچ يۈەن، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىدا بىر يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. 1966 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ھېساب ئېچىش سوممىسى بىلەن ساقلىنىدىغان قالدۇقى ھەممە جايدا ئوخشاشلا بىر يۈەن بولۇش، كۆپ ئامانەت قويسا، چەكلىمەسلىك بەلگىلەندى. كىنىشكىلىق قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۇسۇمى قەرەللىك ئامانەت پۇلنىڭ ئۇسۇمىدىن تۆۋەن بولدى. ئۇنىڭ ئۇسۇمى يىلدا بىر قېتىم دىرىكە قوشۇپ ھېسابلاندى. بۇ خىل پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپى 1985 - يىلغىچە ئىزچىل تۇردە ئۆزگەرتىلمىدى.

## 4. قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى

1950 - يىل 4 - ئايدا يولغا قويۇلغان قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى توپ قويۇپ توپ ئېلىش، پارچە قويۇپ توپ ئېلىش، توپ قويۇپ پارچە ئېلىش، دىرىنى ئامانەت قويۇپ ئۇسۇمىنى ئېلىشتىن ئىبارەت تۆت خىلغا ئايرىلدى. بۇنىڭ ھەر بىرى يەنە پۇل ئارقىلىق قويۇلىدىغان ۋە ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈندى. توپ قويۇپ پارچە ئېلىش ئامانىتى 1954- يىلى توختىتىلدى. 1961- يىلى شۆبە خەلق بانكىسى «پۇقرالار پۇل ئامانىتى نىزامنامىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، دىرىنى ئامانەت

قويۇپ ئۆسۈمنى ئالىدىغان ئامانەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، سوممىسى بەلگىلىك پىلانلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى يىغىدىن كۆپەيتتى. 1965 ـ يىلى بۇ تۈرمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1980 ـ يىل 1 ـ ئايدا توپ قويۇپ پارچە ئېلىش، دىرىنى ئامانەت قويۇپ ئۆسۈمىنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل ئامانەت پۇل كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ، 1979 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى بەلگىلەنگەن قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى (جۈملىدىن ھەر خىل قەرەللىك) نى مۇددەتتىن بۇرۇن ئالغاندا، %95 بويىچە سۈندۇرۇپ ھېسابلاش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پارچىنى جۇغلاپ، توپ ئېلىش قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى قوشۇلدى. 1980 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق پارچىنى پۈتۈنلەش قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى تۈرى كۆپەيتىلدى، بۇنىڭدىن باشقا، ئاقسۇ خەلق بانكىسى يەنە 1981 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن تۇغقان يوقلاش پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى.

1) توپ قويۇپ، توپ ئالىدىغان قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى

بۇ خىل ئامانەت 1950 ـ يىلى يولغا قويۇلدى، دەسلەپتە ئامانەت پۇل قويۇشتا بەش يۈەن باشلىنىش نۇقتىسى قىلىنىدۇ، قەرەللى بىر ئايدىن بىر يىلغىچە بولىدۇ، 12 تۈرگە ئايرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1961 ـ يىلى ئۈچ ئايلىق، ئالتە ئايلىق، بىر يىللىق، ئىككى يىللىق، ئۈچ يىللىقتىن ئىبارەت بەش تۈرگە ئايرىلدى. 1965 ـ يىلى ئالتە ئايلىق، بىر يىللىق ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. 1972 ـ يىلى باشلىنىش نۇقتىسى ئون يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى. كۆپ ئامانەت قويسا چەكلەنمىدى، ئامانەت قويۇش قەرەللى يېرىم يىل، بىر يىل، ئۈچ يىل، بەش يىل بولدى. 1981 ـ يىلى سەككىز يىللىق ئامانەت قوشۇلۇپ جەمئىي بەش تۈرگە يەتتى. قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن يۇقىرى ھەم ئامانەت قويۇش قەرەلى بىلەن توغرا تاناسىپ بولدى. ئالدىن ئېلىشقا توغرا كەلگەندە، ئۈچ ئايغا توشمىسا، قەرەلسىز ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاندى؛ قەرەلى ئۈچ ئايغا توشقان ھەمدە ئۈچ ئايدىن ئاشقان بولسا، ئوخشاش مەزگىللىك ئامانەت پۇل ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە %10 ھېسابلاندى. بۇ خىل پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ قەرەلى مۇقىم بولغاچقا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ياردەم بېرىشتىكى رولى بىر قەدەر زور، ئۆسۈم نىسبىتىمۇ باشقا پۇقرالار پۇل ئامانەتلىرىنىڭكىدىن يۇقىرى، پۈتكۈل پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقىمۇ ئەڭ زور بولدى.

2) پارچە قويۇپ، توپ ئالىدىغان قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى

بۇ خىل ئامانەت 1950 ـ يىلى يولغا قويۇلدى. بۇ خىل ئامانەتتە، ھەر ئايدا قويۇلىدىغان ئامانەت پۇل مۇقىم بولىدۇ، بىر يۈەندىن باشلاپ ئامانەت قويۇلىدۇ (1965 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئىككى يۈەندىن باشلاپ ئامانەت قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى، 1972 ـ يىلى يەنە بىر يۈەندىن باشلاپ ئامانەت قويۇشقا ئۆزگەرتىلدى) . 1950 ـ يىلى ئۇنىڭ قەرەلى ئالتە ئايلىق، توققۇز ئايلىق ۋە بىر يىللىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىلدى. 1961 ـ يىلى ئۈچ ئايلىق، ئالتە ئايلىق، بىر يىللىق، ئىككى يىللىق، ئۈچ يىللىقتىن ئىبارەت بەش تۈرگە ئايرىلدى. 1965 ـ يىلى ئالتە ئايلىق ۋە بىر يىللىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. 1980 ـ يىلى قەرەلى يەنە بىر يىللىق، ئۈچ يىللىق، بەش يىللىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىلدى. ئامانەت سوممىسىنى مۇئامىلىدار ئۆزى بەلگىلىدى، ئايدا بىر قېتىم پۇل ئامانەت قويۇلدى، ئەگەر ئارىلىقتا پۇل ئامانەت قويۇلماي قالغان ئايلار بولسا، كېيىنكى ئايلاردا تولۇقلاپ ئامانەت قويۇلدى. قەرەلى توشۇپ پۇل ئالماقچى بولغاندا، ئەمەلىي ئامانەت قويغان قەرەلى، سوممىسى بويىچە ئۆسۈمى چىقىم قىلىپ بېرىلدى.

3) پارچە پۇلنى جۇغلاپ، توپ ئالىدىغان قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى

1980 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق ۋە يېزا ئىگىلىك باش بانكىلىرىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن، خەلق ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى پارچە پۇلنى جۇغلاپ، توپ ئالىدىغان پۇل ئامانىتى كەسپىنى يولغا قويدى. ئۇنىڭدا، مۇئامىلىدار ئاللىقان قەرەلى توشقاندا دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قوشۇپ، بىر پۈتۈن سان (يەنى 100 يۈەن، 1000 يۈەن) ، قىلىپ ھېسابلاپ بېرىلدى. ئامانەت قويۇش سوممىسى چەكلەنمىدى. قەرەلى

ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق، دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلدى، دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قوشقاندىكى سانىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى 500 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە ئالتە تۈرگە ئايرىلدى. مەسىلەن: ئايدا مۇقىم 7 .25 يۈەندىن ئۈچ يىلغىچە ئامانەت پۇل قويسا، قەرەلى توشۇپ ئالماقچى بولغاندا، ئۇنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمى 1000 يۈەن بولىدۇ؛ ئەگەر ئايدا مۇقىم 5 .14 يۈەندىن بەش يىلغىچە ئامانەت قويسا، قەرەلى توشۇپ ئالىدىغاندا، 1000 يۈەن بولىدۇ.

4) توپ قويۇپ، پارچە ئالىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى

بۇ خىل ئامانەت پۇل 1950 - يىلى يولغا قويۇلدى. بۇ خىل ئامانەت پۇلغا ھېساب ئاچقاندا، بىر قېتىمدىلا 1000 كۇمۇش دوللار پۇلى ئامانەت قويۇلدى، كۆپ قويسا چەكلەنمىدى. بانكا ئامانەت پۇل كىنىشكىسى تارقىتىپ بەردى. مۇئامىلىدارلار كىنىشكىگە ئاساسەن، قېتىمغا بۆلۈپ دىرىنى ئالدى. قەرەلى توشقاندا، ئۆسۈمى بوغۇلدى. مادىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان ئامانەتتە 20 دىن ئارتۇق ئۆلچەملىك مادىي نەرسە بىرلىكى باشلاش نۇقتىسى قىلىندى، ئۇنىڭ قەرەلى ئۈچ ئايلىق، ئالتە ئايلىق، توققۇز ئايلىق، 12 ئايلىقتىن ئىبارەت تۆت خىل بولدى. ئامانەت پۇلنى ئېلىش قەرەلى ئايدا بىر قېتىم، ئىككى ئايدا بىر قېتىم، ئۈچ ئايدا بىر قېتىمدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولدى. قەرەلىنى مۇئامىلىدارلار ئۆزلىرى تاللىدى، بېكىتىلگەندىن كېيىن ئۆزگەرتىلمىدى. قەرەلى توشقاندا ئالمىسا، ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىگە ئۆسۈم ھېسابلانمىدى. مادىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان مادىي نەرسە ئۈچۈن يەنىلا قەرەلى توشقاندىكى تاختاي باھاسى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاندى؛ ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىلەن ئوخشاش بولدى. بۇ كەسىپ 1954 - يىلى توختىتىلدى. توپ قويۇپ پارچە ئالىدىغان ئامانەت پۇل كەسپى 1980- يىل 1- ئايدا يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قەرەلى بىر يىللىق، ئۈچ يىللىق، بەش يىللىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئۆزگەرتىلدى، ئامانەت پۇلنى بىر ئايدا بىر قېتىم، ئۈچ ئايدا بىر قېتىم، يېرىم يىلدا بىر قېتىم ئېلىش بەلگىلەندى، قەرەلى توشۇپ ھېساب بۇغقاندا، ئۆسۈمى بېرىلدى. ئامانەت پۇلنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بانكىلار ئۆزلىرى بەلگىلىدى.

5) دىرىنى قويۇپ، ئۆسۈمىنى ئالىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى

بۇ خىل ئامانەت 1950 - يىلى يولغا قويۇلدى. بۇ خىل ئامانەتتە 20 ئۆلچەملىك مادىي نەرسە بىرلىكى ياكى 1000 كۇمۇش دوللار پۇلى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىندى. قەرەلى ئالدىن كېلىشىپ بېكىتىلدى، بىر قېتىمدىلا ئامانەت قويۇلدى، بانكا ئامانەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بەردى. ھەر ئايدا ئامانەت كىنىشكىسىگە ئاساسەن ئۆسۈم بېرىلدى. قەرەلى توشقاندا دىرىنى ئالدى. قەرەلى توشقاندا كېلىپ ئۆسۈمىنى ئالمىغانلار كېيىن خالىغان ۋاقىتتا كېلىپ ئالىسۇ بول قويۇلدى، ئەمما ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتقا ئۆسۈم بېرىلمىدى. ئۆسۈمىنى ئېلىشتا، قەرەلى توشقاندىكى تاختاي باھاسى بويىچە سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى. ئۇنىڭ قەرەلى ئۈچ ئايلىق، ئالتە ئايلىق، توققۇز ئايلىق، 12 ئايلىقتىن ئىبارەت تۆت خىل بولدى. ئۆسۈم نىسبىتى پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بىلەن ئوخشاش بولدى. 1961 - يىلى بۇ كەسپنى بېجىرىش توختىتىلدى. 1980 - يىل 1 - ئايدا بۇ كەسىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، قەرەلى بىر يىللىق، ئۈچ يىللىق، بەش يىللىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئۆزگەرتىلدى. ئامانەت سوممىسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنى بانكىلار ئۆزلىرى بەلگىلىدى.

6) كىچىك بەش يىللىق (ئۈچ يىللىق) پىلان پۇقرالار پۇل ئامانىتى

1958 - يىلى پارچە قويۇپ، توپ ئالىدىغان قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى خاراكتېرىدىكى كىچىك بەش يىللىق (ئۈچ يىللىق) پىلان پۇل ئامانىتى كەسپى يولغا قويۇلدى. بۇ خىل ئامانەت پۇلنىڭ قەرەلى بەش يىللىق، ئۈچ يىللىق ئىككى خىل بولدى. ئۈچ يىللىقنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 6.3% بويىچە، بەش يىللىقنىڭ 6.6% بويىچە ھېسابلاندى. تەكرار ئۆسۈم ھېسابلانمىدى. 1961 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇ، سوممىسى بەلگىلىك، پىلانلىق پۇل ئامانىتىگە ئۆزگەرتىلدى. قەرەلى ئەسلىدىكى ئۈچ يىللىق، بەش يىللىقتىن باشقا، يەنە بىر يىللىق، ئىككى يىللىق، تۆت يىللىقتىن ئىبارەت ئۈچ تۈر قوشۇلدى. مۇئامىلىدار ئالدىن بەلگىلەنگەن قەرەل ئىچىدە، ھەر ئايدا مۇقىم سومما بويىچە ئامانەت قويىدى. قەرەلى توشقاندا، دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى بىر

قېتىمدىلا ئالدى، لېكىن دىرى بىلەن ئۆسۈمنى جەملىگەندە، جەزمەن پۈتۈن سان بولۇش شەرت قىلىندى، 1965 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بۇ كەسىپ توختىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى.

7) مۇقىم سوممىلىق ئامانەت پۇل

بۇ خىل ئامانەت 1951 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچىدە يولغا قويۇلدى. ئۇنىڭ مۇقىم شىنجاڭ پۇلى بويىچە 500 دوللار ۋە 1000 دوللارلىق ئىككى خىل، قەرەلى بىر يىل بولدى. لېكىن خالىغاندا ئېلىشقىمۇ بولاتتى. ئامانەت قويغان ۋاقتى ئون كۈنگە توشقاندىن كېيىن ئۆسۈم ھېسابلىنىدىغان بولغاچقا، قەرەللىك ھەم قەرەلسىز ئىككىگە قولايلىق ئامانەت خاراكتېرىگە ياتاتتى. ئۇنىڭ ئامانەت تالون بىر شەھەردىكى ھەر قانداق پۇل پونكىتلىرىدا كۆچكە ئىگە بولدى. مۇقىم سوممىلىق ئامانەت پۇل تالونىنى بازارلاردا ئوبوروت قىلىش ئەپلىك، ئۇنى ساقلاش تەننەرخى يۇقىرى بولغاچقا، نورمال پۇل ئامانىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزگەچكە، 1952 ـ يىلى خەلق باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ھەجمى مۇۋاپىق قىسقارتىلىپ، ئۆسۈم نىسبىتى تۆۋەنلىتىلدى.

1953 ـ يىلى 4 ـ پەسلدە شىنجاڭ بويىچە مۇقىم سوممىلىق ئامانەت پۇلنىڭ ئوتتۇرىچە ئامانەت قويۇلغان كۈن سانى 63 كۈن بولۇپ، قەرەللىك ئامانەت پۇلنى قىسقارتىشنىڭ ئوبيېكتىپ شەرت ـ شارائىتى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلاندى. 1954 ـ يىل 8 ـئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن شەھەرلەردە بۇ خىل ئامانەت توختىتىلدى. 1957 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا بۇ خىل ئامانەت پۇل كەسپى يەنە داۋاملىق يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭ ئامانەت تالونى مۇنداق ئىككى خىل بولدى: بىر خىلى شىنجاڭ بويىچە ھەممە بانكىلاردا راۋان ئېلىشقا بولىدىغىنى، يەنە بىر خىلى پەقەت شۇ ناھىيىنىڭ ئۆزىدىلا راۋان ئېلىشقا بولىدىغىنى. 1958 ـ يىل 3 ـ ئايغا كەلگەندە بۇ خىل ئامانەت پۇلنىڭ قالدۇقى 7 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن كۆپرەككە يەتتى. 1958 ـ يىل 7 ـ ئايدا شۆبە خەلق بانكىسى مۇقىم سوممىلىق ئامانەت پۇل نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، خالىغان ۋاقىتتا ئامانەت قويۇشقا ۋە ئېلىشقا بولىدۇ، دېگەن مەزمۇننى ئامانەت قويۇپ بەش كۈندىن كېيىن ئېلىشقا بولىدۇ، دەپ ئۆزگەرتتى. 1959 ـ يىل 1 ـ ئايدا باش بانكىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بۇ خىل ئامانەت قەدەممۇ قەدەم قىسقارتىلىپ، 7 ـ ئايغا كەلگەندە، بۇ خىل ئامانەتنىڭ قالدۇقى يىل بېشىدىكى 10 مىليون 780 مىڭ يۈەندىن ئايمۇ ئاي تۆۋەنلەپ، 6 مىليون يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تامامەن توختىتىلدى.

8) مۇھاجىرلار قەرەللىك پۇل ئامانىتى

1963 ـ يىل 8 ـ ئايدا مۇھاجىرلار پېرېۋوتىنى بېجىرگەنلىكى بانكىلار بۇ خىل ئامانەتنى يولغا قويدى، بۇنىڭدا، مۇھاجىرلار پېرېۋوتى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلۇپ ئامانەت قويۇلدى. ئۇ، توپ قويۇپ توپ ئېلىش، دىرنى ئامانەت قويۇپ ئۆسۈمنى ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلدى. توپ قويۇپ توپ ئېلىشنىڭ قەرەلى بىر يىللىق، ئىككى يىللىق، ئۈچ يىللىق، تۆت يىللىق، بەش يىللىق، يەتتە يىللىق ۋە ئون يىللىقتىن ئىبارەت ئالتە خىلغا ئايرىلدى. دىرنى ئامانەت قويۇپ ئۆسۈمنى ئېلىشنىڭ قەرەلى بىر يىللىق، ئۈچ يىللىق، بەش يىللىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلدى. ئۆسۈمنى ئېلىش ۋاقتى بىر ئايدا بىر قېتىم قىلىپ بېكىتىلدى. ئۆسۈم نىسبىتىنى شۆبە بانكا تاختاي ئېلىپ ئېلان قىلدى. ئۆزگەرتكەندە قەرەلى توشمىغان ئامانەت پۇل تالونى ئەسلى تالوندا بېكىتىلگەن ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاندى. 1980 ـ يىلى پەقەت توپ قويۇپ، توپ ئېلىش قەرەللىك پۇل ئامانىتىلا بېجىرىلدى. ئۇنىڭ ئۆسۈمى دۆلەت بەلگىلىگەن ئېتىبار بېرىش ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاندى. «تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش ئىسپاتى» ياكى «مۇھاجىرلىق ئىسپاتى» غا ئاساسەن، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئامانەت پۇل قويۇش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. ئامانەت پۇلنىڭ قەرەلى توشقاندا، ئامانەت پۇل تالونى ياكى بانكىدىكى تامغا نۇسخىسى ۋە كىملىكىگە ئاساسەن ئۆسۈم بېرىلدى. لېكىن پەقەت خەلق پۇلىلا چىقىم قىلىپ بېرىلدى.

## 5. مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى

### 1) دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى

بۇ خىل ئامانەت 1951 ـ يىل 7 ـ ئايدا باشلىنىپ، ئۈچ قارار يولغا قويۇلدى. 7 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى 1 ـ قارارلىقى، 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 2 ـ قارارلىقى، 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى 3 ـ قارارلىقى يولغا قويۇلدى. 1 ـ قارارلىقىنىڭ ئامانەت پۇل توپلاش نورمىسى 40 مىڭ ۋاراق. ھەر بىر ۋارىقى 50 شىنجاڭ كۈمۈش دوللار پۇلى بولۇپ، تارقىتىلىپ بىر ئايدىن كېيىن مۇكاپات تارقىتىلدى. مۇكاپات تارقىتىلغان كۈندىن باشلاپ تۆت ئاي توشقاندا، دىرى قايتۇرۇلدى، ئۆسۈم بېرىلمىدى. بۇ خىل ئامانەت پۇل مۇكاپات چىققان كۈندىكى ئامانەت پۇل ئاختاي باھاسى بويىچە بىرلىك قىلىنغان سانغا سۇندۇرۇلۇپ، قەرەلى توشقاندا، ئەگەر مال باھاسى ئۆرلىگەن بولسا، شۇ چاغدىكى بىرلىك قىلىنغان سان بويىچە ھېسابلاندى، ئەگەر مال باھاسى چۈشۈپ كەتكەن بولسا، ئەسلىدىكى ئامانەت قويغان پۇل بويىچە ھېسابلاندى. مۇكاپات مۇقىم پۇل بويىچە ھېسابلاندى. 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات بىر پارچە، 20 مىڭ يۈەن بېرىلدى؛ 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات ئىككى پارچە، ھەر بىرىگە 5000 يۈەندىن بېرىلدى؛ 3 ـ دەرىجىلىكى تۆت پارچە، ھەر بىرىگە 1000 يۈەندىن بېرىلدى؛ 4 ـ دەرىجىلىكى 20 پارچە، ھەر بىرىگە 500 يۈەندىن بېرىلدى؛ 5 ـ دەرىجىلىكى 40 پارچە ھەر بىرىگە 200 يۈەندىن بېرىلدى؛ 6 ـ دەرىجىلىكى 400 پارچە، ھەر بىرىگە 50 يۈەندىن بېرىلدى. 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلەر 5 ـ، 6 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتنى قوشۇپ ئالدى. بۇ خىل ئامانەت تالونىغا ئىسىم يېزىلمىدى، يوقۇلۇپ كەتسە، تىزىملانمىدى، رەنگە قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمىدى.

### 2) پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى

بۇ خىل ئامانەت 1955 ـ يىل 6 ـ ئايدىن ئېتىبارەن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى نۇقتىلىق جايلىرىدا تاكى 1956 ـ يىل 5 ـ ئايغىچە جەمئىي 29 تارماق بانكىدا بۇ خىل كەسىپ يولغا قويۇلدى. مۇئامىلىدارلار 170 مىڭدىن ئاشتى. بۇ خىل ئامانەت كەسپى پارچە ـ پۇرات مەبلەغلەرنى جۇغلاشتا مۇئەييەن رول ئوينىغان بولسىمۇ، لېكىن جايلار ئارا يۆتكەش چارىسى ۋە ھېساباتلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا نۇرغۇن مەسىلىلەر كۆرۈلگەچكە، 1956 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان مۇكاپاتلىق ئامانەت پۇلنىڭ جايلار ئارا يۆتكەش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بۇ خىل ئامانەت پۇل ھېساباتىنىڭ ھەممىسىنى خەلق بانكىسى بېجىرىدىغان بولدى. 1958 ـ يىل 1 ـ ئايدا بىر يىللىق پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان مۇكاپاتلىق پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلۇپ، 9 ـ ئايدا ئۇنىڭ قەرەلى يېرىم يىللىققا ئۆزگەرتىلدى. مۇقىم ئىككى يۈەن، بەش يۈەن، ئون يۈەندىن ئىبارەت ئۈچ خىل قىلىندى. ھەر 10 مىڭ مۇئامىلىدارنىڭ ھەر ئايلىق مۇكاپاتى مۇقىم 1450 يۈەن بولدى. ئۇ، مۇكاپات دەرىجىسى بىلەن ئامانەت قويغان پۇل سوممىسىغا قاراپ تەقسىملەپ بېرىلدى. 1959 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىن ئېتىبارەن يېڭى مۇئامىلىدارلاردىن يېرىم يىللىق ئامانەت پۇل توپلاش توختىتىلدى. 7 ـ ئايغا كەلگەندە، مۇكاپات بېرىش ۋە ئامانەت پۇل توپلاش توختىتىلدى. توپلانغان ئامانەت پۇللارنىڭ ھېسابى بوغۇلۇپ، باشقا خىلدىكى ئامانەتكە ئۆزگەرتىلدى ياكى نەق پۇل قايتۇرۇلدى. 1960 ـ يىلى پارچە قويۇپ، توپ ئېلىش پۇقرالار پۇل ئامانىتى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ كەسىپ ئۇزۇنغىچە بېجىرىلدى. 1961 ـ يىل 1 ـ ئايدا مۇكاپات بېرىش توختىتىلىپ، ئۆسۈم ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى. لېكىن بۇ خىل ئامانەت پۇل داۋاملىق يولغا قويۇلۇپ، ئىسمى «پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان ئاز سوممىلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى»گە ئۆزگەرتىلدى. قەرەلى يەنىلا بىر يىللىق، ئۆسۈم نىسبىتى 3.9‰ بولدى.

### 3) قەرەلسىز، مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى

بۇ خىل پۇل ئامانىتى 1956 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى بانكىلىرى (جۈملىدىن ئىش باشقۇرۇش ئورنى، شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى پونكىتى، ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش پونكىتى، تىجارەت پونكىتى قاتارلىقلار) دا ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ھەر پەسىلدە بىر قېتىم مۇكاپات تارقىتىلدى. 1958 - يىلى 7 - ئايدا، ئايدا بىر قېتىم مۇكاپات تارقىتىشقا ئۆزگەرتىلدى. مۇكاپات مۇقىم ئامانەت پۇلىنىڭ ئوتتۇرىچە قالدۇقىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمىنىڭ 2.5‰ بويىچە ھېسابلاندى. ئەمما، مۇكاپات بېرىشتىن ئىلگىرى ھېسابىنى ئۆزگەنلەرگە ئۆسۈم بېرىلمەيدۇ. ئوتتۇرىچە قالدۇقى 300 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەنلەر بولسا، ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا ئۆسۈم ھېسابلاپ بېرىلمىدى. شۇڭا ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان مۇكاپات مۇقىم 2.4‰ تىن ئېشىپ كەتمىدى. 1959 - يىلى 2 - ئايدىن ئېتىبارەن يېڭى مۇئامىلىدارلارنى قوبۇل قىلىش توختىتىلدى. 4 - ئايدىن ئېتىبارەن مۇكاپات تارقىتىلمايدىغان بولدى. قويۇلغان ئامانەت پۇللارنى بانكا ۋاكالىتەن قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە ئاغدۇرۇپ قويدى. 1960 - يىلى قەرەلسىز مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. لېكىن ئۇ پەقەت ئۈرۈمچى شەھىرى، غۇلجا شەھىرى، قەشقەر، قۇمۇل، قاراماي، شىخەنزە، كۆكتوقاي قاتارلىق يەتتە شەھەر ۋە سانائەت، كان رايونلىرىدىلا بېجىرىلدى. 1961 - يىلى 1 - ئايدا توختىتىلدى. ئامانەت قويۇلغان پۇللارنىڭ ھەممىسى ئۆسۈملۈك پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

4) مۇقىم سوممىلىق، مۇكاپاتلىق، ئۆسۈملۈك قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى

بۇ خىل ئامانەت پۇل 1981 - يىلى يولغا قويۇلدى. 1 ، 3 - ئايلاردا خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىسى ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئىككى قارار يولغا قويدى. سوممىسى 30 يۈەن، قەرەلى بىر يىل، ئايلىق ئۆسۈمى 4.5‰ قىلىپ بېكىتىلدى. ئۆسۈم ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 37.6 پىرسەنتى مۇكاپات پۇلى، 62.4 پىرسەنتى ئۆسۈم ئۈچۈن چىقىم قىلىندى. مۇكاپاتقا ئېرىشىش دائىرىسى 11.11% بولدى. ھەر بىر گۇرۇپپىنىڭ 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتى ئون، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسى 400 يۈەن؛ 2 - دەرىجىلىكى 100، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسى 100 يۈەن؛ 3 - دەرىجىلىكى 1000، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپاتى 15 يۈەن؛ 4 - دەرىجىلىكى 10 مىڭ، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچ يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. مۇئامىلىدار قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئالسا، توپ ئايلىق ئۆسۈمى 0.14 يۈەن بويىچە چىقىم قىلىپ بېرىلدى. ئىككى قارارلىق مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىدە جەمئىي جەلپ قىلىنغان مۇئامىلىدار 183 مىڭ 641، سوممىسى 5 مىليون 509 مىڭ 230 يۈەن بولدى.

1985 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە، شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى ناھىيە، شەھەرلەردە قەرەللىك، مۇقىم سوممىلىق، مۇكاپاتلىق ۋە ئۆسۈملۈك پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 100 مىڭ ھېساب بىر گۇرۇپپا قىلىندى، ھەر بىر ھېسابىنىڭ سوممىسى 20 يۈەن، قەرەلى بىر يىل، ئۆسۈمى 6‰ بولدى. 1 - دەرىجىلىك مۇكاپات ئون، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسى 1000 يۈەن؛ 2 - دەرىجىلىك مۇكاپات 100، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسى 200 يۈەن؛ 3 - دەرىجىلىك مۇكاپات 1000، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسى 24 يۈەن؛ 4 - دەرىجىلىك مۇكاپات 10 مىڭ، ھەر بىرىنىڭ مۇكاپات سوممىسى تۆت يۈەن بولدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جەلپ قىلىنغان جەمئىي ئامانەت پۇل 22 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە، مۇئامىلىدار 1 مىليون 123 مىڭ 774 كە يەتتى.

يۇقىرىقى مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلغانلىقى سىرتىدا، بانكىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، باشقا خىلدىكى نۇرغۇن مۇكاپاتلىق پۇقرالار پۇل ئامانەتلىرىنىمۇ يولغا قويدى، مەسىلەن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك بانكا 1958 - يىلدىن بۇيان ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، قىشلىق كىيىم - كېچەك مۇكاپاتلىق ئامانەت پۇلى، ۋېلسىپىت مۇكاپاتلىق ئامانەت پۇلى، يېزىلارنىڭ مۇكاپاتلىق ئامانەت پۇلى قاتارلىقلارنى يولغا قويدى.

## 6. ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلەرنىڭ ئېتىبارلىق پۇل ئامانىتى

1953 - يىل 12 - ئايدا ئاشلىق سېتىۋېلىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قەشقەر، خوتەن، يەكەندىن ئىبارەت بىر تۇتاش ئاشلىق سېتىۋېلىنىدىغان ئۈچ رايوندا ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلەرگە ئېتىبار بېرىلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، ئىلى، تارباغاتاي، قۇمۇل، بايىنغولىن، كورلا، ئالتايدىن ئىبارەت ئاشلىق سېتىۋېلىش رايونلىرىدا ئادەتتىكى ئاشلىق سېتىپ بېرىش پۇل ئامانىتى يولغا قويۇلدى. ئامانەت قويۇش سوممىسى ئاشلىق سېتىپ بەرگەن پۇلنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ قەرەلى قىسقا بولغاندا بىر ئاي، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئالتە ئايدىن ئېشىپ كەتمىدى. ئادەتتە ئۈچ ئاي بولدى. ئۆسۈم نىسبىتى بىر ئايدىن ئۈچ ئايغىچە بولغانلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى بىر فۇڭ بەش لى، تۆت ئايدىن ئالتە ئايغىچە بولغانلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ئىككى فۇڭ بولدى. بىر ئايغا توشمىغانلىرىغا ئادەتتىكى مۇقىم سوممىلىق ئامانەت پۇل تالون بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاندى. ئامانەت پۇل تالونىنىڭ قەرەلى توشقاندا، شۇ جايدىكى خەلق بانكىسى ياكى ھاۋالە قىلىنغان ۋاكالىتەن بېجىرگۈچى ئاپپاراتلار سەييار، پۇل چىقىم قىلىش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، پۇل چىقىم قىلىپ بەردى. ئامانەت پۇلنىڭ قەرەلى توشقاندىن كېيىن، داۋاملىق ئامانەت قويۇشنى خالىسا، ئادەتتىكى پۇل ئامانىتىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۆسۈم ھېسابلاپ بېرىلدى. 1954 - يىل 2 - ئايدىن كېيىن ئاشلىق سېتىپ بەرگەنلەرنىڭ پۇل ئامانىتى ئادەتتىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

## 7. ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل بىرلەشتۈرۈلگەن شەخسىي ئىستېمال ئاز سوممىلىق قەرز پۇلى

1984 - يىل 4 - ئايدا شۆبە خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، كورلىدىن ئىبارەت بەش شەھەرلىك بانكىدا شەخسىي ئىستېمال ئاز سوممىلىق قەرز پۇلى كەسپى (قەرەللىك ئامانەت پۇل تالون رەنگە قويۇلىدىغان قەرز پۇل) نى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ئومۇمەن رەسمىي شەھەر، بازار نوپۇسى بار ھەمدە شۇ جايدىكى خەلق بانكىسىدا توپ-قويۇپ توپ ئالىدىغان-قەرەللىك ئامانەت پۇلى بار مۇئامىلىدارلار مۇشۇ خىل قەرز پۇل ئېلىش توغرىسىدا بانكىغا ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ. قەرز پۇل ئېلىشتا، قەرەلى توشمىغان توپ قويۇپ توپ ئالىدىغان قەرەللىك ئامانەت پۇل تالونى رەنگە قويۇلىدۇ، قەرز پۇل قەرەلى بويىچە قايتۇرۇلىدۇ، قەرەلى ئۆتۈپ كەتسە، ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىنىدۇ. بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئىشلىتىلىدۇ، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىشقا ياكى ئۆتۈنۈپ بېرىۋېتىشكە بولمايدۇ. قەرز پۇل ئېلىشتا، قەرز پۇل ئالغۇچى ئىلتىماس سۇنىدۇ، بانكا تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن قەرز پۇل ئېلىش ھۆججىتى تولدۇرۇلىدۇ، تەستىقلانغاندىن كېيىن بېجىرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەڭ رەنگە قويۇلغان ئامانەت پۇل تالون بىلەن قەرز پۇل ئېلىش ھۆججىتى بانكىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. قەرز پۇلنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھۆججەت بىلەن ئامانەت پۇل تالون قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. قەرز پۇلنىڭ قەرەلىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قايتۇرمىسا، بانكا ئامانەت پۇل تالونىنى قەرز پۇلغا ھېسابلاپ قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشقا ھوقۇقلۇق. مۇئامىلىدار قەرز پۇلنى قايتۇرۇشتىن ئىلگىرى بانكىدا رەنگە قويۇلغان ئامانەت پۇل چېكىدىن پۇل ئېلىشقا ياكى ئۇنىڭ يوقلۇپ كەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلىشقا بولمايدۇ. قەرز پۇلنىڭ سوممىسى ئەڭ كۆپ بولغاندا، قەرز پۇلغا ئىلتىماس قىلغۇچى تاپشۇرغان قەرەللىك ئامانەت پۇل تالوندىكى ئومۇمىي سوممىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، قەرز پۇلنىڭ ئەڭ زور چەكلىمىسى 1500 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىكى شەرت. بۇ خىل قەرز پۇل بىر قېتىملىق قەرز پۇل قاتارىغا كىرىدۇ، قەرەلى توشقاندا، بىر قېتىمدىلا قايتۇرۇلىدۇ. قەرەلى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا، ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۆسۈم نىسبىتى قەرز پۇلنىڭ قەرز پۇل بويىچە، ئامانەت پۇلنىڭ ئامانەت پۇل بويىچە ھېسابلىنىدۇ. قەرز

پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى يېرىم يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰4.2؛ يېرىم يىلدىن ئاشقان، بىر يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰4.8؛ بىر يىلدىن ئاشقان، ئىككى يىلغا توشمىغانلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰5.4؛ ئىككى يىلغا توشقانلىرىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ‰6 بولىدۇ. قەرەللى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇللارغا ئەسلىدىكى ئۆسۈم نىسبىتىگە %20 ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىنىدۇ. بۇ خىل قەرز پۇل شەرت ـ شارائىتىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا، خوتەن شەھەرلىك تارماق بانكىلاردىلا 1984 ـ يىل 4 ـ ئايدىن ئېتىبارەن سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىگىچە تارقاتقان قەرز پۇلى جەمئىي 30 مىڭ 720 يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ تارقاتقىنى 4100 يۈەن، خوتەن شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ تارقاتقىنى 26 مىڭ 620 يۈەن) گە، قەرز پۇل ئالغۇچىلار 33 كە يەتتى.

## §5. پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقىنىڭ ئېشىش ـ كېمىيىشىدىكى ئۆزگىرىشلەر

### 1. شەھەر ـ بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش ـ كېمىيىش ئۆزگىرىش ئەھۋالى

1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، مال باھاسىنىڭ تەدرىجىي مۇقىملىشىشىغا ئەگىشىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ تەرەققىياتى ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى، دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە نەق پۇل ئامانىتىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتى. 1952 ـ يىلدىكى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش»، «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن، جەمئىيەتتە ئىقتىسادچىللىق كەيپىياتى ئەۋج ئالدى. مال باھاسى تۆۋەنلىدى، ئادەتتىكى خىزمەتچىلەرنىڭ كىرىمى كۆپەيدى، بۇلار پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پايدىلىق شەرت ـ شارائىت يارىتىپ بەردى. 1950 ـ يىلى ئامانەت پۇل قالدۇقى ئاران 930 مىڭ يۈەن بولسا، 1951 ـ يىل ئاخىرىدا 3 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە، 1952 ـ يىلى كۆپىيىپ، 6 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ سالمىقى بىر قەدەر زور بولۇپ، %84 نى، قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئاران %16 نى ئىگىلىدى.

1953 ـ يىلى خەلق ئىگىلىكىنىڭ 1 ـ بەش يىللىق پىلانى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى، بۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش ئىشلىرى تەرەققىي قىلدى، مال باھاسى تەدرىجىي مۇقىملاشتى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سانى ۋە مائاش ئومۇمىي سوممىسى ئۈزلۈكسىز كۆپەيدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىللە بانكا خىزمىتىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولدى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر ـ بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 97 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ سالمىقى %75 ئۆرلىدى. 1952 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ قالدۇقى جەمئىي 1 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى، ئۇنىڭ كرېدىت مەبلەغ مەنبەسىدە ئىگىلىگەن سالمىقى %5.57 تىن كۆپىيىپ، %34.8 كە يەتتى.

1958 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ تەسىرىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتىدە، يۇقىرى كۆرسەتكۈچ، مەجبۇرىي سېلىق سېلىش، يالغان مەلۇم قىلىش،

كۆپتۈرمىچىلىك ھادىسىلىرى ئوتتۇرىغا چىقتى. يۇقىرى كۆرسەتكۈچنى ئورۇنلاش ئۈچۈن، بەزى تارماق بانكىلار ساختىپەزلىك قىلىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە كىرمەيدىغان بەزى ئامانەت پۇللارنىمۇ پۇقرالار پۇل ئامانىتى ھېساب تۈرىگە كىرگۈزۈۋالدى؛ بەزى تارماق بانكىلار ئىختىيارلىق پرىنسىپىغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىپ، مائاش نىسبىتى بويىچە ئامانەت پۇل تۇتۇپ قىلىپ، ئامانەت پۇل تالونى جىرىش ھەققىدە مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈردى. 1958 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا پۇقرالار پۇل ئامانىتى 55 مىليون 190 مىڭ يۈەن ساپ ئېشىپ، ئومۇمىي سوممىسى 152 مىليون 970 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئېشىش سوممىسى 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى توپ ئېشىش سوممىسىنىڭ 70 پىرسەنتىگە تەڭلەشتى، بۇ، نورمالسىز ئېشىش بولغاچقا، پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى يەنە تېزلا چۈشۈپ كەتتى. 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى جەمئىي 98 مىليون 260 مىڭ يۈەن ئاشتى.

1961 - ۋە 1962 - يىللىرى تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن، بازارلاردىكى تاۋارلار ئېغىر دەرىجىدە كەملەپ كەتتى، مال باھاسى داۋالغۇپ قالدى. شۇڭا بەزى ئىستېمال بۇيۇملىرى قىممەت باھادا تەمىنلەندى. يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى تېزدىن ئۆرلەپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۇدا تۆۋەنلەپ، مۇشۇ ئىككى يىلدا 68 مىليون 430 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتتى.

1963 - يىلى خەلق ئىگىلىكى ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى. بانكا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى قانات يايدۇردى، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى تەڭشەلدى ۋە بىڭتۈەن ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قەرزى قايتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن شەھەر، بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆرلىدى. 1963 - يىلى شىنجاڭ بويىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى 30 مىليون 250 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 1961 - ۋە 1962 - يىللىرى ئۇدا ئىككى يىل تۆۋەنلەپ كېتىشتەك ۋەزىيەت ئوڭشالدى. 1964 - يىلى بازارلار ئاۋاتلاشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاكالىتەن بېسىپ بەرگەن ئۈچ خىل پۇل دۆلەت تەرىپىدىن تېگىشىپ يىغىۋېلىندى. خەلق پۇلىنىڭ ئامما ئىچىدىكى ئىناۋىتى ئۆستى، نۇرغۇن ئامما خېلى يىللار ساقلاپ چىرىپ كېتىشكە تاس قالغان ۋە يىرتىلىپ قالغان پۇللىرىنى بانكىغا ئامانەت قويۇپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۇدا، سوممىسى ئېشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئىناۋىتىنىڭ ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1962 - يىلدىكى %90 تىن 1964 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا %2.2 كە ئۆرلىدى. ئوتتۇرىچە ئامانەت قەرەلى 1962 - يىلدىكى 139 كۈندىن ئۇزىراپ، 1963 - يىلى 221 كۈنگە يەتتى. 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە خەلق پۇل ئامانىتى جەمئىي 121 مىليون 420 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتى زىيانغا ئۇچرىدى، 1966 - يىلدىن ئېتىبارەن ئۆرلەش سۈرئىتى ئاستىلىدى. 1967 - يىل 1 - ئايغا كەلگەندە شەھەر - بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى 800 مىڭ يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى. بىڭتۈەن ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى 1 مىليون يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى.

1968 - ۋە 1969 - يىللىرى ئىككى يىل ئىچىدىلا پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۇدا 15 مىليون 450 مىڭ يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى. 1970 - يىلدىن كېيىن، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۆرلەشكە باشلىدى. 1976 - يىلى جەمئىي 300 مىليون 930 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خەلق ئىگىلىكىنى «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئىشلىرى زور دەرىجىدە راۋاجلاندى. 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئۇدا بەش قېتىم ئۆستۈرۈلدى ھەمدە ئۆسۈم تۈرى كۆپەيتىلدى؛ بۇ ئارقىلىق ئاممىنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە قوزغىلىپ، ئامانەت پۇل سوممىسى يىلمۇ يىل شىددەت بىلەن كۆپەيدى. 1981 - يىلى ئاپتونوم

رايون بويىچە شەھەر، بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 1 مىليارد 229 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1 مىلياردە يۈەنلىك چوڭ ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى. 1980 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى 808 مىليون 580 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ بارلىق ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگەللىگەن نىسبىتى يىلدىن يىلغا زورايدى، 1982 ـ يىل ئاخىرىدا %28.77 نى ئىگەللىدى. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە شەھەر، بازارلاردا پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئومۇمىي قالدۇقى 2 مىليارد 955 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تۇرلۇك ئامانەت پۇل سوممىسىنىڭ 35 پىرسەنتىنى، تۇرلۇك قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 50.2 پىرسەنتىنى ئىگەلەپ، بانكا كرېدىت مەبلىغىنىڭ بىر مۇھىم مەنبەسىگە ئايلاندى.

**يىللاردىن بۇيانقى شەھەر ـ بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى ستاتىستىكا جەدۋىلى**

جەدۋەل: 4 ـ 5 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | تۇرلۇك ئامانەت پۇللارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى | شەھەر ـ بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى: يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى | ئالدىنقى يىل ئاخىرىدىكىدىن ئاشقىنى، كېمەيگىنى: سوممىسى | ئالدىنقى يىل ئاخىرىدىكىدىن ئاشقىنى، كېمەيگىنى: % | تۇرلۇك ئامانەت پۇللاردا ئىگەللىگەن سالماقى % |
|---|---|---|---|---|---|
| 1949 | 59 | | | | |
| 1950 | 2209 | 93 | | | 4.20 |
| 1951 | 4854 | 392 | 299 | 322 | 8.07 |
| 1952 | 11535 | 642 | 250 | 64 | 5.57 |
| 1953 | 15699 | 4488 | 3846 | 599 | 28.59 |
| 1954 | 23498 | 5665 | 1177 | 26 | 24.10 |
| 1955 | 27241 | 6935 | 1270 | 22 | 25.46 |
| 1956 | 29048 | 9566 | 2631 | 38 | 32.93 |
| 1957 | 28099 | 9778 | 212 | 2 | 34.80 |
| 1958 | 50680 | 15297 | 5519 | 56 | 30.18 |
| 1959 | 64878 | 17668 | 2371 | 15 | 27.23 |
| 1960 | 68852 | 20604 | 1936 | 11 | 29.93 |
| 1961 | 70217 | 17502 | -3102 | -10 | 24.93 |
| 1962 | 68377 | 13761 | -3741 | -21 | 20.12 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1963 | 87266 | 16786 | 3025 | 22 | 19.23 |
| 1964 | 96657 | 19775 | 2989 | 18 | 20.46 |
| 1965 | 115115 | 25913 | 6128 | 31 | 22.51 |
| 1966 | 125812 | 28597 | 2684 | 10 | 22.73 |
| 1967 | 122991 | 31257 | 2660 | 9 | 25.41 |
| 1968 | 125757 | 31204 | -53 | -0.16 | 24.81 |
| 1969 | 139649 | 29712 | -1492 | -5 | 21.28 |
| 1970 | 172548 | 31364 | 1652 | 6 | 18.17 |
| 1971 | 190354 | 33538 | 2174 | 7 | 17.61 |
| 1972 | 199757 | 36236 | 2698 | 8 | 18.14 |
| 1973 | 218280 | 40756 | 4520 | 12 | 18.67 |
| 1974 | 230891 | 48699 | 7843 | 19 | 21.09 |
| 1975 | 268814 | 56006 | 7307 | 15 | 20.83 |
| 1976 | 311633 | 56300 | 294 | 1 | 18.07 |
| 1977 | 330970 | 59439 | 3137 | 6 | 17.96 |
| 1978 | 320747 | 64186 | 4747 | 8 | 20.01 |
| 1979 | 332102 | 72103 | 7917 | 12 | 21.71 |
| 1980 | 392019 | 95209 | 23106 | 32 | 24.29 |
| 1981 | 446658 | 122949 | 27740 | 29 | 27.52 |
| 1982 | 516617 | 152961 | 30012 | 24 | 29.6 |
| 1983 | 580933 | 190094 | 37133 | 24 | 32.72 |
| 1984 | 683523 | 243072 | 52978 | 28 | 35.56 |
| 1985 | 842801 | 295539 | 52467 | 22 | 35.07 |

## يىللاردىن بۇيانقى شەھەر ـ بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 ـ 6    بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى | ئېشىش سوممىسى | يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سوممىسى | پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش سوممىسى بىلەن مائاش نەق پۇل چىقىمىنىڭ سېلىشتۇرمىسى (كۆپەيگەن ئامانەت — ھەر يۈز يۈەنلىك مائاش) |
|---|---|---|---|---|
| خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى (1950 — 1952) | 642 | 642 | 214 | |
| 1 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1953 — 1957) | 9778 | 9136 | 1827 | 7.19 |
| 2 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1958 — 1962) | 13761 | 3983 | 797 | 1.38 |
| 3 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1963 — 1965) | 25913 | 12152 | 4051 | 5.69 |
| «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى (1966 — 1975) | 56006 | 30093 | 3009 | 3.03 |
| 1976 | 56302 | 296 | 296 | 0.21 |
| 1977 | 59439 | 3137 | 3137 | 2.16 |
| 1978 | 64186 | 4747 | 4747 | 2.83 |
| 1979 | 72238 | 8052 | 8052 | 4.19 |
| 1980 | 95209 | 23106 | 23106 | 9.92 |
| 1981 | 122949 | 27740 | 27740 | 10.87 |

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| 1982 | 152961 | 30012 | 30012 | 11.04 |
| 1983 | 190094 | 37133 | 37133 | 12.40 |
| 1984 | 243072 | 52978 | 52978 | 15.00 |
| 1985 | 295539 | 52467 | 52467 | 11.88 |

ئەسكەرتىش: 1970 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە بولغان سان ئالى رايونىنىڭ سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (1979 - يىل ئاخىرىدا ئالى رايونىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 1 مىليون 350 مىڭ يۈەن).

شەھەر - بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى بانكا كىرىدىت مەبلىغى مەنبەسىدە خېلى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقىنىڭ تۈرلۈك ئامانەت پۇل ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى مۇنداق بولدى: 1952 - يىلى 5.57%، 1957 - يىلى 34.8%، 1962 - يىلى 20.13%، 1965 - يىلى 22.5%، 1976 - يىلى 18%، 1980 - يىلى 24.29%، 1982 - يىلى 29.6%، 1983 - يىلى 32.7%، 1983- يىلى 32.7%، 1984 - يىلى 35.56%، 1985 - يىلى 35%.

قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ بارلىق ئامانەت پۇل قالدۇقىدا ئىگىلىگەن سالمىقى مۇنداق بولدى: 1952- يىلى 16%، 1957 - يىلى 75%، 1962 - يىلى 91%، 1965 - يىلى 93%، 1976 - يىلى 91%، 1978- يىلى 92%، 1980 - يىلى 89.7%، 1981 - يىلى 90.4%، 1984 - يىلى 84.8%، 1985- يىلى 89.5%.

پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئوتتۇرىچە قەرەلى مۇنداق بولدى: 1952 - يىلى 37 كۈن، 1957 - يىلى 119 كۈن، 1962 - يىلى 139 كۈن، 1965 - يىلى 232 كۈن، 1976 - يىلى 364 كۈن، 1978 - يىلى 428 كۈن، 1980 - يىلى 325 كۈن، 1981 - يىلى 434 كۈن.

پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە پۇل ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ سانى 1957 - يىلى 601 مىڭغا، 1962 - يىلى 1 مىليون 27 مىڭغا، 1965 - يىلى 1 مىليون 414 مىڭغا، 1976 - يىلى 1 مىليون 678 مىڭغا، 1978- يىلى 1 مىليون 916 مىڭغا، 1981 - يىلى 2 مىليون 500 مىڭغا، 1983 - يىلى 2 مىليون 700 مىڭغا، 1984 - يىلى 3 مىليون 70 مىڭغا يەتتى.

شەھەر - بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇلى 1952 - يىلى كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا 10 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا بىر يۈەنگە توغرا كېلىدۇ)، 1955 - يىلى 24 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1958 - يىلى 186 يۈەن، 1980 - يىلى 336.43 يۈەن، 1984 - يىلى 696.48 يۈەن، 1985 - يىلى 823.23 يۈەن بولدى.

شەھەر - بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش سوممىسىنىڭ مائاش خاراكتېرلىك نەق پۇل چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى: 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 7.19%، 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 1.2% (1961 - ۋە 1962 - يىللىرى تۆۋەنلەپ كەتكەن سانىنى چىقىرىۋەتكەندە، 1958- يىلدىن 1960- يىلغىچە 5.86%)، خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلىدە 5.45%، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە 2.73%، 1977 - ۋە 1978 - يىللىرى 2.89%، 1979 - يىلى 4.7%؛ 1980 - يىلى 9.92%؛ 1985- يىلى 11.88% بولدى.

## 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شەھەر ـ بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە ئالاقىدار ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچلەرنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

جەدۋەل: 4 ـ 7 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار / تۈرلەر | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شەھەر ـ بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى | 95209 | 122949 | 152961 | 190094 | 243072 | 295539 |
| شەھەر ـ بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆتكەن يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقىدىن ئاشقان سوممىسى | 23106 | 27740 | 30012 | 37133 | 52978 | 52467 |
| ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى | 196711 | 207816 | 220635 | 230833 | 259519 | 304999 |
| مائاش خاراكتېرلىك نەق پۇل چىقىمى | 233029 | 255127 | 271811 | 299384 | 353241 | 441475 |
| شەھەر ـ بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئاشقان سوممىسىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائاشىدا ئىگىلىگىنى % | 11.75 | 13.35 | 13.60 | 16.09 | 20.41 | 17.20 |
| شەھەر ـ بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئاشقان سوممىسىنىڭ مائاش خاراكتېرلىك نەق پۇل چىقىمىدا ئىگىلىگىنى % | 9.92 | 10.87 | 11.04 | 12.40 | 15.00 | 11.88 |
| ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئامانەت پۇلىنىڭ ھەر بىر كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشقان سوممىسى (يۈەن) | 436.74 | 553.82 | 670.88 | 822.92 | 1056.83 | 1268.41 |

## 2. يېزىلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش ئەھۋالى

1951 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى پۇل مۇئامىلە خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە بازار خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ «يېزىلاردا بىرلا خىل ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان، مۇقىم سوممىلىق، قەرەللىك، دىرى، قىممىتى كاپالەتلىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى» نى يولغا قويدى ھەمدە ئۇنىڭ نىزامنامىسىنى ئېلان قىلدى.

1953 - يىلى 12 - ئايدا قەشقەر، خوتەن، يەكەندىن ئىبارەت بىر تۇتاش ئاشلىق سېتىۋېلىنىدىغان ئۈچ رايوندا ئېتىبار بېرىلىدىغان ئاشلىق سېتىپ بېرىش پۇل ئامانىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، ئىلى، تارباغاتاي، قۇمۇل، بايىنغولىن، كورلا، ئالتايدىن ئىبارەت ئاشلىق سېتىۋېلىنىدىغان سەككىز رايوندا ئادەتتىكى ئاشلىق سېتىپ بېرىش ئامانىتى قانات يايدۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادەتتىكىدەك قەرەللىك ھەم قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتى قانات يايدۇرۇلدى. 1954 - يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، توپلانغان ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليون 453 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ھەرىكىتى داۋامىدا، ھەر قايسى يېزىلاردا ئارقا - ئارقىدىن ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى قۇرۇلۇپ، يېزىلاردا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ئاسانلىق تۇغۇلدى. 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭ بويىچە جەمئىي 2122 ئامانەت قەرز كوپېراتىپى قۇرۇلۇپ، كوپېراتىپقا كىرگەن ئائىلە سانى يېزا ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇلغاندىن كېيىن، يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ شەخسىي ئامانەت پۇلىنى تامامەن ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى بېجىرىدىغان بولدى. بازار ئاھالىلىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي پۇقرالار پۇل ئامانىتى شەھەر - بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى دائىرىسىگە ئايرىپ بېرىلدى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا يېزا ئامانەت پۇلى (جۈملىدىن يېزىلاردىكى شەخسىي ئامانەت پۇل) قالدۇقى 27 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گوڭشې ئەزالىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 29 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ 26.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1962 - يىلى شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم رايونلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن، پاختا، ياغلىق دان قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلاتى كېمىيىپ كەتتى. گوڭشې ئەزالىرىنىڭ نەق پۇل كىرىمىمۇ ئازىيىپ كېتىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتى 13 مىليون 300 مىڭ يۈەن چۈشۈپ كېتىپ، 37.3% تۆۋەنلىدى.

1963 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى. ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان قاتارلىق ئاساسلىق مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىش مىقدارى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئاشتى. گوڭشې ئەزالىرىنىڭ كىرىمىمۇ كۆپەيدى. بۇنىڭ بىلەن پۇقرالار پۇل ئامانىتىمۇ ئۆرلىدى. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ قالدۇقى 2 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1962 - يىلدىكىدىن 400 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 1.8% ئېشىپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنىڭ 27.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1964 - يىلى گەرچە يېزىلاردا «تۆتنى ئېنىقلاش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يىللىق تەقسىمات كېچىكىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، گوڭشې ئەزالىرىنىڭ ئامانەت پۇلى 1963 - يىلدىكىدىن يەنىلا 450 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

1965 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ ھەر قايسى شىلىرىدا مائاش تارقىتىش تەدرىجىي نورماللاشتى، بىڭتۇەندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى 35 مىليون يۈەن كۆپەيدى. 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئامانەت پۇلى جەمئىي 4 مىليون 730 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. يېزىلارنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى 1967-، 1968- ۋە 1969 - يىللىرى ئۇدا ئۈچ يىل تۆۋەنلەپ كېتىپ، جەمئىي 23 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئازايدى، ئۈچ يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19.5% تۆۋەنلەپ كەتتى.

1974 - يىلى ئاپتونوم رايون پەۋقۇلئاددە چوڭ قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ، يېزا ئىگىلىكىدە ھوسۇل چىقماي، سېتىۋېلىنغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئازىيىپ كەتتى. ئەمما شەھەر - بازارلاردا قوشۇمچە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش جىددىيلىشىپ كەتكەچكە، بىر قىسىم گۇڭشې - ئەترەتلەر ۋە گۇڭشې ئەزالىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گۆش، كۆكتات قاتارلىقلارنى يۇقىرى باھادا سېتىش تۈپەيلىدىن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش كۆپلەپ يېزىلارغا ئېقىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن گۇڭشې - ئەترەتلەر ۋە ئەزالارنىڭ كىرىمى كۆپىيىپ، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 40 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1977 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزىلاردا گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى 47 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن 8 مىليون 130 مىڭ يۈەن، 1974 - يىلدىكىدىن 7 مىليون 260 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. ھەر بىر يېزا ئائىلىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇلى 45.5 يۈەنگە يېتىپ، ھەر بىر كىشىنىڭ ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇلى 1976 - يىلدىكىدىن 0.81 يۈەن ئاشتى.

1979 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزىلاردا گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئامانەت پۇلى كۆپىيىپ، ئۇنىڭ قالدۇقى 79 مىليون 550 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 37.6% ئېشىپ، 21 مىليون 750 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. 1979 - يىلى شۆبە خەلق بانكىسى ۋە شۆبە يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، شەخسلەر پۇل ئامانىتىنى شەھەر ئامانەت پۇلى ۋە يېزا ئامانەت پۇلى دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىدى، ناھىيە (شەھەر) دىن تۆۋەن بازارلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاھالىلار، يېزا گۇڭشې ئەزالىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق (چارۋىچىلىق) مەيدان (فېرما) لىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي پۇل ئامانىتى بىردەك يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتى قىلىپ ئايرىلىپ، ئۇنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىرىدىغان بولدى؛ ناھىيە (شەھەر) دىن تۆۋەن چوڭ تىپتىكى سانائەت، كان - كارخانىلار ۋە ھەربىي قىسىملارنىڭ شۇ جايدا قويغان شەخسىي ئامانەت پۇللىرى شەھەر - بازار پۇقرالار پۇل ئامانىتى قىلىپ ئايرىلىپ، ئۇنى خەلق بانكىسى بېجىرىدىغان بولدى.

1980 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى پاتال يولغا قويۇلۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى، دېھقانلارنىڭ دارامىتى كۆپەيدى، ئىستېمال سەۋىيىسى ئۆستى، يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتىمۇ داۋاملىق ئاشتى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ پۇل ئامانىتى قالدۇقى 122 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 31.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1981 - يىلى يېزىلاردا پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىگە بېرىلىدىغان كرېدىت تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى تەشكىللىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىككىدىن 50 تىن ئارتۇق تىجارەت

پونكىتى ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى پونكىتى قۇردى. ئامانەت قەرز شۆبە كوپېراتىپلىرىنىڭ مۇلازىمەت نۇقتىلىرى، پونكىتلىرىنى راۋاجلاندى. ئاپپاراتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خادىملارنىڭ تولۇقلىنىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇلنى تېزدىن كۆپەيدى، يىل ئاخىرىدا گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 170 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ پۇل ئامانىتى قالدۇقى 279 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1981 - يىلدىكىدىن %64 ئاشتى.

1984 - ۋە 1985 - يىللىرى ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقىدا ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى. ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى پۇقرالار پۇل ئامانىتى ھەققىدىكى تەشۋىقاتنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ۋە كېڭەيتىپ، مۇلازىمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلاپ، كادىرلار كۈچىنى تولۇقلاپ، پۇل ئامانەت تور - نۇقتىلىرىنى كۆپەيتىپ، ياردەملەشكۈچىلەر، ۋاكالىتەن ئىش بېجىرگۈچىلەرنى كۆپەيتىپ تەكلىپ قىلىپ، ئامانەت پۇلنى ئالدىن تېزىملاشنى، سەييارە مۇلازىمەتنى ۋە پوكەيدىكى مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ، يېزىلارنىڭ خەلق پۇل ئامانىتىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە يېزىلارنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 486 مىليون 370 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 395 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزىلاردىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ 81.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، بانكا كرېدىت مەبلىغىنىڭ مۇھىم مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەرەللىك ئامانەت پۇلنىڭ ساپ ئېشىش نىسبىتى قەرەلسىز ئامانەت پۇلنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. قەرەللىك ئامانەت پۇلنىڭ ساپ ئېشىش نىسبىتى 1984 - يىلدىكى %76.8 تىن %82.5 كە يەتتى. قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ساپ ئېشىشى 1984 - يىلدىكى %23.2 تىن تۆۋەنلەپ %17.5 كە چۈشتى.

گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ قەرەللىك ئامانەت پۇلىنىڭ گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن سالمىقى: 1979 - يىلى %65.86، 1980 - يىلى %67.78، 1981 - يىلى %70.12 بولدى.

يېزا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئامانەت پۇلىنىڭ ئېشىش سوممىسىنىڭ مائاش خاراكتېرلىك چىقىمدا ئىگىلىگەن نىسبىتى: 1980 - يىلى %7.89، 1981 - يىلى %11.03، 1983 - يىلى %10.1 بولدى.

گۇڭشې ئەزالىرى ئامانەت پۇلىنىڭ ئېشىش سوممىسىنىڭ گۇڭشې - ئەترەت كوللېكتىپ تەقسىماتىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى: 1979- يىلى %3.12، 1980- يىلى %5.86، 1981- يىلى %6.23 بولدى.

ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئاھالىلىرى بويىچە ھېسابلىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە شەخسىي ئامانەت پۇلى (ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى يېزا ئومۇمىي ئاھالە سانى ئاساس قىلىندى): 1979 - يىلى 34.97 يۈەن، 1982 - يىلى 80.39 يۈەن، 1983 - يىلى 98.7 يۈەن بولدى.

## 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە شەھەر ـ يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى

جەدۋەل: 4 ـ 8 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار / تۈرلەر | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئومۇمىي جەمئىي | 107414 | 139999 | 175196 | 218059 | 279820 | 335058 |
| شەھەر ـ بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى | 95209 | 122949 | 152961 | 190094 | 243072 | 295539 |
| قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى | 86576 | 112487 | 140026 | 172419 | 214920 | 260765 |
| قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتى | 8633 | 10462 | 12935 | 17675 | 28152 | 34775 |
| يېزىلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى | 12205 | 17050 | 22235 | 27965 | 36748 | 39518 |
| قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى | 8271 | 11957 | 15655 | 18747 | 23447 | 26408 |
| قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتى | 3934 | 5093 | 6580 | 9218 | 13301 | 13110 |
| شىنجاڭ بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇل (يۈەن) | 83.72 | 107.44 | 133.13 | 163.59 | 208.20 | 246.19 |
| شەھەر ـ بازاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇل (يۈەن) | 336.43 | 421.06 | 509.87 | 601.56 | 696.48 | 823.23 |
| يېزىلاردا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ئامانەت پۇل (يۈەن) | 12.21 | 16.86 | 21.08 | 27.50 | 39.93 | 39.44 |

# II باب

# بانكىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى ۋە دۆلەت خەزىنىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش

## 1 § . بانكىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى

بانكىنىڭ ئۆز مەبلىغى (كرېدىت فوندى) ـ بانكا مەبلىغىنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا بانكىنىڭ ئۆز مەبلىغىنىڭ بىر قىسمى مالىيىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن مەبلەغ، يەنە بىر قىسمى ئۆزى جۇغلىغان مەبلەغدىن شەكىللىنىدۇ. 1950 ـ يىلى شۆبە خەلق بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، مەيلى مالىيىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن ياكى ئۆزى جۇغلاش ئارقىلىق شەكىللەنگەن كرېدىت فوندى بولسۇن، ئۇنى خەلق باش بانكىسى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۆزىگە قالدۇرۇپ، تۆۋەنگە بۆلۈپ بەرمەيدىغان بولدى.

1959 ـ يىلى شۆبە خەلق بانكىسى تولۇق سوممىلىق كرېدىتنى يولغا قويغاندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى ۋە مالىيىدىن ھەر يىلى كۆپەيتىپ بۆلۈپ بېرىلىدىغان كۆچمە مەبلەغلەر شۆبە خەلق بانكىسىغا كرېدىت فوندى قىلىپ بېرىلدى. 1962 ـ يىلى تولۇق سوممىلىق كرېدىت توختىتىلىپ بۇ بىر قىسىم كرېدىت فوندى كەينى كەينىدىن كارخانىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى ياكى باش بانكىغا ئاغدۇرۇپ بېرىلدى. 1970 ـ يىلغا كەلگەندە، خەلق شۆبە بانكىسىدا كرېدىت فوندى قالمىدى.

1970 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە قۇرۇلۇش بانكىسىغا قاراشلىق ئاساسىي قاتلام بانكىلار خەلق بانكىسىغا قوشۇۋېتىلدى. 1971 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى شۆبە خەلق بانكىسىغا ئاساسىي قۇرۇلۇش كرېدىت فوندى ئۈچۈن 14 مىليون 260 مىڭ يۈەن بۆلۈپ بەردى. 1972 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بۇ خىل كرېدىت فوندى ھېساب ـ كىتاب قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە شۆبە قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئايرىپ بېرىلدى.

1975 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە خەلق شۆبە بانكىسىغا كىچىك تىپتىكى تېخنىكا تەدبىرلىرى قەرز پۇل فوندى قىلىش ئۈچۈن 8 مىليون يۈەن بۆلۈپ بەردى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن جۇڭگو بانكىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئايرىپ تەسىس قىلىندى، ھەر قايسىسىنىڭ باش بانكىلىرى ئۇلارغا كرېدىت فوندى ئاجرىتىپ بەردى.

1984 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى مەبلەغ ۋە ھېساباتلارنى ئايرىپ بەردى، سودا ـ سانائەت بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن كرېدىت فوندى سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسىغا ئەينەن ئاغدۇرۇپ بېرىلدى.

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كرېدىت فوندى جەھەتتە 1981 ـ يىلدىن ئىلگىرى «يۇقىرىدا ئامانەت قويۇپ، تۆۋەندە قەرز بېرىش، مەركەزلەشتۈرۈپ راسچوت قىلىش» چارىسى قوللىنىلىپ، كرېدىت فوندى باش بانكىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. 1981 ـ يىلدىن كېيىن، ئۇ، كەسپىي مەبلەغلەرنى يۆتكەش ـ بۆلۈش چارىسىغا ئۆزگەرتىلدى. 1984 ـ يىلدىن ئېتىبارەن، قۇرۇلۇش بانكىسى تۆۋەنگە كرېدىت فوندى بۆلۈپ بېرىدىغان بولدى.

### جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كرېدىت فوندى قالدۇقى جەدۋىلى

جەدۋەل: 4 ـ 9 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | كرېدىت فوندى قالدۇقى | يىللار | كرېدىت فوندى قالدۇقى | يىللار | كرېدىت فوندى قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1959 | 29385 | 1975 | 800 | 1981 | 19718 |
| 1960 | 33454 | 1976 | 800 | 1982 | 19718 |
| 1961 | 31154 | 1977 | 800 | 1983 | 19718 |
| 1962 | 356 | 1978 | 2300 | 1984 | |
| | | 1979 | 21583 | 1985 | |
| 1971 | 1426 | 1980 | 21318 | | |

### جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كرېدىت فوندى قالدۇقى

جەدۋەل: 4 ـ 10 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | كرېدىت فوندى قالدۇقى |
|---|---|
| 1984 | 19118 |
| 1985 | 19339 |

### جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كرېدىت فوندى قالدۇقى

جەدۋەل: 4 ـ 11    بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | كرېدىت فوندى قالدۇقى | يىللار | كرېدىت فوندى قالدۇقى | يىللار | كرېدىت فوندى قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 1588 | 1982 | 36000 | 1985 | 32746 |
| 1980 | 27500 | 1983 | 35870 | | |
| 1981 | 36000 | 1984 | 33219 | | |

### جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ كرېدىت فوندى قالدۇقى

جەدۋەل: 4 ـ 12    بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | كرېدىت فوندى قالدۇقى |
|---|---|
| 1981 | 3000 |
| 1982 | 3320 |
| 1983 | 3320 |
| 1984 | 3320 |
| 1985 | 6590 |

### جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ كرېدىت فوندى قالدۇقى

جەدۋەل: 4 ـ 13    بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | كرېدىت فوندى قالدۇقى |
|---|---|
| 1984 | 3571 |
| 1985 | 9916 |

## § 2. دۆلەت خەزىنىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش

مالىيە خەزىنىسى (دۆلەت خەزىنىسى) دۆلەت خام چوتىنى ئىجرا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت مالىيە خەزىنىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بانكىغا بەردى.

50 - يىللارنىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مالىيە خەزىنىسىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ۋاكالىتەن باشقۇردى. ئۈرۈمچىدە باش خەزىنە، شۆبە، تارماق بانكىلاردا شۆبە تارماق خەزىنە تەسىس قىلىندى. يەرلىك مالىيە كىرىملىرىنىڭ ھەممىسى خەزىنىگە تاپشۇرۇلدى. خام چوتنىڭ چىقىم تۈرلىرى خەزىنىدىن بۆلۈپ، چىقىم قىلىپ بېرىلدى. مالىيىنىڭ بانكىدىكى ئامانەت پۇللىرىنى بانكا «ئۆلكە خەزىنە مۇئامىلىسى» ھېساب تۈرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلدى. مالىيىنىڭ پۇلى چىقىم قىلىشقا يېتىشمىگەندە، ئاشۇرۇپ چىقىم قىلدى. 1950 - يىل 10 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق بانكىسى خەزىنىنى ئۆتكۈزۈۋالدى ھەمدە بانكا قارمىقىدا خەزىنە بۆلۈمى قۇرۇپ، خەزىنە كەسپىنى مەخسۇس باشقۇردى. ئۆلكىلىك خەزىنە بىلەن مالىيە نازارىتىنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، مالىيە پۇل ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە يۆتكەپ، بۆلۈپ بېرىش شەكلى قوللىنىلىدىغان بولدى. ئۆلكىلىك خەزىنە ياكى كەسپىي خەزىنە چىقىم قىلىشقا پۇلى يەتمىگەندە، ئۆز ئارا يۆتكەپ تۇرۇپ، كېيىن باش بانكىغا تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ، ئايرىم - ئايرىم مېمورىئال قىلدۇردى. شۇ چاغدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەزىنە بىلەن غەربىي شىمال رايونلۇق خەزىنە ئوتتۇرىسىدا پۇللارنى مەلۇم قىلىش ۋە تاپشۇرۇش مۇناسىۋىتى يوق ئىدى. پۇللارنىڭ ھەممىسى ئۆلكىلىك مالىيىنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلاتتى. 1952 - يىل 1 - ئايدا «مەركىزىي خەزىنە نىزامى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئۆلكىلىك باش خەزىنە مەركەزنىڭ شۆبە خەزىنىسىگە ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە (شەھەر) لەردىكى خەزىنىلەر مەركىزىي تارماق خەزىنىگە ئۆزگەرتىلىپ، بىرلىككە كەلگەن تۈزۈمنى ئىجرا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەمۇرىي ئىشلار پالاتاسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك مەركىزىي خەزىنىلەر يەرلىك خەزىنىنىڭ ئىشلىرىنى قوشۇمچە باشقۇردى.

1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە خەزىنە تۈزۈمى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى. باشقۇرۇش يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. 1954 - يىل 1 - ئايدىن كېيىن «مەركىزىي خەزىنە نىزامىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى (3 - قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھە)» ئىجرا قىلىنىپ، خەزىنە پۇللىرىنى تاپشۇرۇۋېلىش، چىقىمغا بۆلۈپ بېرىش، يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇش، ھېساب سېلىشتۇرۇش، دوكۇمېنتلارغا ئىمزا قويۇش قاتارلىق تۈزۈملەر تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. 1957 - يىل 11 - ئايدىن ئېتىبارەن، مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ خىراجەتلىرىنى بۆلۈپ بېرىش رەسمىيىتى ياخشىلاندى. ئورگانلارنىڭ خىراجىتىگە پۇل بۆلۈپ بېرىش ئەمەلىي مەبلەغ بۆلۈشتىن چەكلىك سومىلىق چىقىم قىلىشقا ئۆزگەرتىلىپ، بانكا مەركەزگە قاراشلىق مەمۇرىي كەسپىي ئورۇنلار ئۈچۈن چەكلىك سومىلىق پۇل ئىشلىتىش ھېسابى ئېچىپ بېرىپ، مالىيە مىنىستىرلىكى تەستىقلىغان پەسىللىك خىراجەت چەكلىك سوممىسى بويىچە ئىگىلەپ چىقىم قىلدى.

«چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە، خەزىنە تۈزۈمى تەسىرگە ئۇچرىدى. ھېسابات جەدۋەللىرىدە خاتالىق كۆرۈلۈپ، خەزىنە پۇللىرى بېسىلىپ قالدى، يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇش ۋە ھېساب سېلىشتۇرۇش ئىشلىرى ۋاقتىدا ئىشلەنمىدى. 1961 - يىلدىن ئېتىبارەن خەزىنە خىزمىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى

ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.

1964 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى قۇرۇلۇپ، مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىك كەسپىي خىراجىتىگە پۇل بۆلۈش كەسپلىرىنى بېجىردى، مالىيە تارماقلىرى بۆلۈپ بەرگەن مەبلەغلەرگە قارىتا «يۇقىرىدا ئامانەت قويۇپ، تۆۋەندە ئىشلىتىش» تىن ئىبارەت چەكلىك سوممىلىق پۇل بۆلۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. 1965 - يىل 6 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا پۇل بۆلۈشتە، خام چوت ئىچى ياكى خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ دەپ ئايرىلمىدى، ھەر قايسى شى ۋە باشقارمىلار تۇرۇشلۇق جايدىكى يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ نازارەت قىلىپ چىقىم قىلىشى ئۈچۈن چەكلىك سومما بويىچە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. 1966 - يىل 1 - ئايدىن ئېتىبارەن ئىشلەپچىقىرىشقا ئوڭايلىق تۇرغۇزۇش، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنىڭ ئىجراسىنى توغرا ۋە ئۆز ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن، بىڭتۇەندىكى تارماق بانكىلارغا قاراشلىق تىجارەت پونكىتلىرى چەكلىك سوممىلىق پۇل بۆلۈش خىزمىتىنى بىۋاسىتە بېجىردى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا، خەزىنە تۈزۈمى «باشقۇرۇش، قىسىش، بېسىش» دەپ تەنقىد قىلىنىپ، خەزىنە خىزمىتىدە «خاتا، قالايمىقان، ئاستا بولۇش» ھادىسىلىرى ئومۇميۈزلۈك ساقلاندى. 1978- يىلغا كەلگەندە، «مەركىزىي خەزىنە نىزامىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى (8 - قېتىم تۈزىتىلگىنى)» نىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، «كىرىمنى كۆپەيتىش، خەزىنىدىن قايتۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلىش، قاتتىق باشقۇرۇش، مۇلازىمەتنى ياخشىلاش» فاڭجېنى خېلى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، خەزىنە خىزمىتى قەدەممۇ قەدەم ئىزىغا چۈشتى. ئاپتونوم رايوننىڭ خەزىنىدىكى پۇلنىڭ بارلىق ئامانەت پۇل ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1980 - يىلى %13.05، 1981 - يىل %13.21، 1982 - يىلى %15.85 بولدى.

1983 - يىل 1 - ئايدىن ئېتىبارەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار پايدىنى باجغا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، باج يىغىش خىزمىتى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن باشلاندى. ھەر دەرىجىلىك خەزىنىلەر پائال تۈردە ماسلىشىپ، باج پۇلىنى تاپشۇرۇش، پىرسەنت ئاجرىتىش، يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، بۇ ئىسلاھاتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى.

1985 - يىل 7 - ئايدا گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت خەزىنە نىزامى» نى ئېلان قىلىپ، دۆلەتنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمىنى بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ خەزىنە تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. دۆلەت خەزىنىسىنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتلىرى، ئاساسىي مەسئۇلىيىتى ۋە ئاساسلىق ھوقۇق چېكى ئېنىق بەلگىلىنىپ، دۆلەت خەزىنىسىنىڭ ئىجرا قىلىش، ئىلگىرى سۈرۈش، نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ رولى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك مالىيىسىنىڭ خەزىنە ئامانەت پۇل قالدۇقى 707 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

## يەرلىك مالىيىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى خەزىنە ئامانەت پۇل قالدۇقى

جەدۋەل: 4 ـ 14 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | يەرلىك مالىيە خەزىنىسى | يىللار | يەرلىك مالىيە خەزىنىسى | يىللار | يەرلىك مالىيە خەزىنىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 96 | 1962 | 8552 | 1974 | 21569 |
| 1951 | 896 | 1963 | 15030 | 1975 | 34766 |
| 1952 | 2205 | 1964 | 17074 | 1976 | 42380 |
| 1953 | 959 | 1965 | 14579 | 1977 | 61699 |
| 1954 | 3726 | 1966 | 13201 | 1978 | 47844 |
| 1955 | 4341 | 1967 | 5993 | 1979 | 41090 |
| 1956 | 486 | 1968 | 4591 | 1980 | 35213 |
| 1957 | 2511 | 1969 | 10239 | 1981 | 36670 |
| 1958 | 6300 | 1970 | 30359 | 1982 | 49168 |
| 1959 | 7576 | 1971 | 38078 | 1983 | 49125 |
| 1960 | 3632 | 1972 | 21968 | 1984 | 30933 |
| 1961 | 7138 | 1973 | 30601 | 1985 | 71089 |

# 3 § . ۋاكالىتەن زايوم تارقىتىش

## 1. ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان خەلق غالىبىيىتى زايومىنى ۋاكالىتەن تارقىتىش

1950 - يىل 1 - ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى خەلق بانكىسىنىڭ 1950 - يىللىق 1 - قارارلىق ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان خەلق غالىبىيىتى زايومىنى ۋاكالىتەن تارقىتىشىنى قارار قىلدى. شىنجاڭدا تارقىتىلغان زايومغا «شىنجاڭ» دېگەن تامغا بېسىلدى، ئۇنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇش سوممىسى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قېتىم ئېلان قىلغان زايومنىڭ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلانغان تاختاي باھاسى بويىچە تاپشۇرۇۋېلىندى. چىقىم قىلىنغاندىن خەلق شۆبە بانكىسى ئېلان قىلغان شۇ يىللىق ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان تاختاي باھاسى بويىچە چىقىم قىلىندى. ئومۇمەن «شىنجاڭ» دېگەن تامغا بېسىلغان ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان زايومنىڭ ھەر بىر كىشىلىكى 3.5236 يۈەن بويىچە ھېسابلىنىپ چىقىم قىلىندى. ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا ئېلىپ كېلىنگەن ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان زايوملار ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ تاختاي باھاسىغا ئاساسەن، ھەر بىر كىشىلىكى 2.49 يۈەن بويىچە ھېسابلاپ چىقىم قىلىپ بېرىلدى. شىنجاڭدا 1 - قارارلىق ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلىدىغان خەلق غالىبىيىتى زايومىنى سېتىش خىزمىتى 1950 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاياغلاشتى. غەربىي شىمال رايونى ئەسلىدە شىنجاڭغا 200 مىڭ كىشىلىك زايوم تەخسىملەپ بەرگەنىدى. ئۆلكىلىك زايوم سېتىش ھەيئىتى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھۆكۈمەت چاقىرىقىنى قىزغىن ھىمايە قىلىش ئاكتىپلىقىغا ئاساسەن، 300 مىڭ كىشىلىكىنى ئارتۇق تارقاتتى، ئەمەلىيەتتە 639 مىڭ 585 كىشىلىك زايوم سېتىپ، ۋەزىپىنى %27.9 ئاشۇرۇپ ئورۇندىدى. 46 مىليون 185 مىڭ 443 دوللارلىق كونىۋش دوللار پۇلى، يەنى كونا خەلق پۇلى بويىچە 21 مىليارد 787 مىليون 258 مىڭ 200 يۈەن پۇل خەزىنىلەشتۈرۈلدى. بۇ شىنجاڭنىڭ 1950 - يىللىرىدىكى پۇل مۇئامىلە ۋە مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇشتا مۇئەييەن رول ئوينىدى.

## 2. دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومىنى ۋاكالىتەن تارقىتىش

1954 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە دۆلەت ھەر يىلى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومى تارقاتتى، بۇ بەش قارارلىق زايومنى تارقىتىش ۋە دېرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇشنى جۇڭگو خەلق بانكىسى ۋە ئۇنىڭ شۆبە، تارماق ئاپپاراتلىرى بېجىردى. شىنجاڭدا بەش قارداردا 32 مىليون 990 مىڭ يۈەنلىك زايوم تارقىتىش پىلانلىنىپ، ئەمەلىيەتتە 43 مىليون 378 مىڭ يۈەنلىك زايوم تارقىتىلدى.

## 1954 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش زايومىنى تارقىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 ـ 15

| يىللار | ۋەزىپە | خەزىنىگە ئەمەلىي كىرىم بولغىنى | ئىسكەرتىش |
|---|---|---|---|
| 1954 | 34 مىليارد 700 مىليون يۈەن | 99 مىليارد 810 مىليون يۈەن | بۇنىڭ ئىچىدە ھەربىي قىسىملارنىڭ ۋەزىپىسى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولۇپ، ئورۇندالغىنى 4 مىليارد 580 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) |
| 1955 | 5 مىليون 750 مىڭ يۈەن | 6 مىليون 630 مىڭ يۈەن | ھەربىي قىسىملارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا |
| 1956 | 7 مىليون 770 مىڭ يۈەن | 7 مىليون 870 مىڭ يۈەن | ھەربىي قىسىملارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا |
| 1957 | 8 مىليون يۈەن | 9 مىليون 170 مىڭ يۈەن | ھەربىي قىسىملارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا |
| 1958 | 8 مىليون يۈەن | 9 مىليون 727 مىڭ يۈەن | ھەربىي قىسىملارنىڭ بۇنىڭ سىرتىدا |

قايتۇرۇش قەرەلى: 1954 ـ يىللىق زايوم 2 ـ يىلدىن باشلاپ سەككىز يىلدا قايتۇرۇپ بولۇندى؛ 1955ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە تارقىتىلغان زايوم 2 ـ يىلدىن باشلاپ ئون يىلدا قايتۇرۇپ بولۇندى؛ ھەر قايسى قارارلىق زايومنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %4 بولدى. ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە زايوم تارقىتىلدى، 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۆسۈم ھېسابلاندى. ئالدىن پۇل تاپشۇرغانلارغا ئۆسۈم قوشۇپ بېرىلدى. زايوملارنى مۇددەتتىن بۇرۇن تېگىشىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى. ئەگەر زايوم ئىگىسى توپ ئائىلىسى بويىچە چەت ئەلگە چىقماقچى بولۇپ، دۆلەت ئىچىدە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ساقلاپ بېرىدىغان ئادىمى بولمىسا، يەنە كېلىپ ئۇلار تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، شەرەپلىك ھەربىي، تۇرمۇشىدا ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار بولسا، يۇتتۇرۇپ قويغان ھۆكۈمەت پۇلىنى قايتۇرغانلىقتىن تۇرمۇشىغا ھەقىقەتەن تەسىر يەتكەن بولسا، شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ياكى ئاساسىي قاتلام ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەن ئىسپاتى ئارقىلىق، ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق كومىتېتى رەسمىي تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئايرىم ئېتىبار قىلىپ تېگىشىپ بېرىلدى.

## 3. دۆلەت خەزىنە چېكىنى ۋاكالىتەن تارقىتىش

دۆلەت 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە جەمئىي بەش قارار دۆلەت خەزىنە چېكى تارقاتتى. دۆلەت خەزىنە چېكى 1981 ـ يىلى ئاساسەن ئىدارە ـ ئورۇنلارغا تەقسىملەپ تارقىتىلدى. شەخسلەرمۇ ئىختىيار قىلىپ سېتىۋالدى، ۋەزىپە تەقسىملەپ بېرىلمىدى. 1982 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شەخسلەر بىلەن ئىدارە ئورۇنلار دۆلەت خەزىنە چېكى تارقىتىش ئوبيېكتى قىلىندى. شىنجاڭنىڭ بەش يىلدا تارقىتىش پىلانى جەمئىي 328 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 437 مىليون 250 مىڭ يۈەنلىك تارقىتىلدى. 1981 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە تارقىتىلغان دۆلەت خەزىنە چېكى 6 ـ يىلدىن باشلاپ بەش يىلغا بۆلۈپ قايتۇرۇلدى؛ 1985ـ يىللىق دۆلەت خەزىنە چېكى 6 ـ يىلى بىر قېتىمدىلا قايتۇرۇلدى. 1981 ـ يىللىق دۆلەت خەزىنە چېكىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 4% بولدى. 1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە تارقىتىلغان دۆلەت خەزىنە چېكىنىڭ ئىدارە ـ ئورۇنلارغا تارقىتىلغىنىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 4%، شەخسلەرگە تارقىتىلغىنىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 8% بولدى؛ 1985 ـ يىلى ئىدارە ئورۇنلارغا تارقىتىلغىنىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 5%، شەخسلەرگە تارقىتىلغىنىنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 9% بولدى.

### يىللاردىن بۇيانقى دۆلەت خەزىنە تالونىنى ۋاكالىتەن تارقىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 4 ـ 16  بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | ۋەزىپە | | ئەمەلىيەتتە تارقىتىلغىنى | |
|---|---|---|---|---|
| | ئورۇنلار | شەخسلەر | ئورۇنلار | شەخسلەر |
| 1981 | 6000 | | 7644 | |
| 1982 | 3250 | 3200 | 4430 | 3752 |
| 1983 | 1902 | 3393 | 3441 | 4182 |
| 1984 | 2000 | 3895 | 3506 | 4218 |
| 1985 | 2000 | 7240 | 3713 | 8839 |

ھەر قايسى مەزگىللەردىكى دۆلەت خەزىنە چېكى نىزامنامىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، دۆلەت خەزىنە تالونىنى تارقىتىش ۋە ئۇنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش ئىشىنى خەلق بانكىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپپاراتلار بېجىردى. ئورۇنلار بىلەن شەخسلەرنىڭ ئۇنى سېتىۋېلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن جۇڭگو بانكىسىغا قاراشلىق ئاپپاراتلارمۇ 1983 ـ ۋە 1984 ـ يىللىق دۆلەت خەزىنە تالونىنى تارقىتىش ۋە ئۇنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش خىزمىتىنى بىرلا ۋاقىتتا بېجىردى. 1985 ـ يىللىق دۆلەت خەزىنە تالونىنى تارقىتىش ۋە ئۇنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش خىزمىتىنى خەلق بانكىسى سودا ـ سانائەت

بانكىسىغا قاراشلىق ئاپپاراتلارغا ھاۋالە قىلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن جۇڭگو بانكىسى ئارقىلىق ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇنلار بىلەن شەخسلەر دۆلەت خەزىنە تالونىنى سېتىۋالغان پۇللار بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە شۇ جايدىكى سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ناھىيە (شەھەر) لىك تارماقلىرى (ياكى شەھەرلەردىكى رايونلۇق ئىش بېجىرىش تارماقلىرى) دىكى خەلق بانكىسىنىڭ كەسپلىرىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش بۆلۈمچىلىرىگە تاپشۇرۇلدى، ئۇ بۆلۈمچىلەر دەرىجە بويىچە جەملەپ، خەلق شۆبە بانكىسىغا ئاغدۇرۇپ بەردى، خەلق شۆبە بانكىسى ئۇنى باش بانكىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇردى.

جۇڭگو خەلق بانكىسى تۈزگەن «1985 - يىللىق دۆلەت خەزىنە تالونىنى دىسكونت قىلىش چارىسى»دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، شەخسلەر سېتىۋالغان 1985 - يىلى تارقىتىلغان دۆلەت خەزىنە چېكى ئىككى يىل ساقلانغاندىن كېيىن دىسكونت قىلىپ بېرىلدى، دىسكونت نىسبىتى ئايلىق ئۆسۈمى 12.93‰ بولدى. دۆلەت خەزىنە تالونىنى دۆلەت چېگرىسىدىن ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن: ① جۇڭگو پۇقرالىرى دۆلەت خەزىنە چېكى سېتىۋالغاندىن كېيىن ئائىلە بويىچە چەت ئەلگە چىقماقچى ياكى شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا بارماقچى بولۇپ، ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنى ياكى مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئورگانلىرى ئىسپاتلىغان بولسا، ② ۋەتەنگە قايتقان جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار دۆلەت خەزىنە چېكى سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئائىلىسى بويىچە چەت ئەلگە چىقماقچى ياكى شياڭگاڭ، ئاۋمېنغا قايتماقچى بولغاندا، ئەسلى خىزمەت ئورنى ياكى مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئورگانلىرى ئىسپاتلىغان بولسا، ③ ئېلىمىزدە خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە ئولتۇراقلاشقان چەت ئەللىكلەر دۆلەت خەزىنە چېكى سېتىۋالغان بولۇپ، ئۇلار ئائىلىسى بويىچە دۆلىتىگە قايتماقچى بولغاندا ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنى ۋە تاشقى ئىشلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ئىسپاتلىغان بولسا مۇددەتتىن بۇرۇن تېگىشىپ بېرىلدى. مۇددەتتىن بۇرۇن تېگىشىپ بېرىلىدىغان دۆلەت خەزىنە چېكىگە دۆلەت خەزىنە چېكى نىزامىدا بەلگىلەنگەن يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم بېرىلدى. يېرىم يىلغا توشقان، بىر يىلغا توشمىغان بولسا، يېرىم يىللىق ئۆسۈم بېرىلدى. يېرىم يىلغا توشمىغانلىرىغا ئۆسۈم بېرىلمىدى.

1985 - يىلى جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىغا قاراشلىق ئاپپاراتلار دۆلەت خەزىنە تالونىنى ۋاكالىتەن ساقلاش كەسپىنى يولغا قويدى.

## بەشىنچى قىسىم

# سودا - سانائەت كرېدىتى

# بەشىنچى قىسىم

# سودا - سانائەت كرېدىتى

## I باب

## سانائەت كرېدىتى

### 1 § . تەرەققىيات جەريانى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى توقۇمىچىلىق، ساپالچىلىق، سوپۇنچىلىق، قەغەزچىلىك، سەرەڭگە ياساش، گىلەمچىلىك، كىگىزچىلىك كەسىپلىرىگە قەرز پۇل تارقاتقان. بۇ كەسىپلەرنىڭ كۆپىنچىسى قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىدى. 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغانغا قەدەر، زامانىۋى سانائەت ئاساسى جەھەتتىن يوق ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى 1950 - يىلى خەلق باش بانكىسىنىڭ «ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئالدىن ئومۇمغا، ئاندىن شەخسلەرگە قەرز پۇل تارقىتىش» دېگەن خىزمەت فاڭجېنىغا ئاساسەن، سانائەت قەرز پۇلى تارقىتىشنى باشلىدى. شۇ يىلدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 263 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 142 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 66 مىڭ يۈەن، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، خۇسۇسىي سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 55 مىڭ يۈەن. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى كۆپىيىپ 4 مىليون 174 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 3 مىليون 63 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى، شېرىكلەشكەن ئىگىلىكتىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 577 مىڭ يۈەن، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سانائەت ۋە باشقا كارخانىلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل 134 مىڭ يۈەن، يەككە قول ھۈنەرۋەنچىلىككە بېرىلگەن قەرز پۇل 400 مىڭ يۈەن. قەرز پۇل تارقىتىشتا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا مەدەت بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. مۇشۇ مەزگىلدە تارقىتىلغان قەرز پۇلدا «خەزىنە تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى.

1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى (1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە) سانائەت كرېدىتى خىزمىتىنىڭ مەركىزى ۋەزىپىسى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا داۋاملىق

مەدەت بېرىش، خۇسۇسىي سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. 1953- يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىغا «مالىيە كىرىم - چىقىم پەرقىنى بوغۇش» تىن ئىبارەت قەرز پۇل تارقىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1955 - يىلدىن باشلاپ كارخانىلارغا پەسىل خاراكتېرلىك، ۋاقىتلىق ماددىي ئەشيا زاپىسى قەرز پۇلى تارقىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بەش يىل جەريانىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 32.6 ھەسسە ئاشتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىك كوپېراتىپلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قول ھۈنەرۋەنچىلىككە بېرىلگەن قەرز پۇل ئىچىدە خۇسۇسىي، يەككە سانائەتكە بېرىلگىنى %5.3 نى تەشكىل قىلدى. 1957 - يىلغا كەلگەندە دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتكۈل سانائەت مەھسۇلاتى ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 94 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. بۇ، سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنىڭ غەلىبىلىك ئورۇندالغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

2 - بەش يىللىق پىلان (1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە) مەزگىلىنىڭ دەسلەپكى ئۈچ يىلىدا خەلق ئىگىلىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەپ، يەرلىك سانائەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلدى. سانائەت كارخانىلىرى 1396 دىن 3274 كە كۆپىيىپ، 1.3 ھەسسە ئاشتى. 1958 - يىل 3 - ئايدا «نورمىلىق كىرىدىت» چارىسى يولغا قويۇلدى. لېكىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلىشىگە مەدەت بېرىش بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەنگەنلىكتىن، كىرىدىت ئۈستىدىكى زۆرۈر بولغان نازارەت ۋە باشقۇرۇش بوشاشتۇرۇۋېتىلىپ، مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش بەك كەڭ بولۇپ كېتىپ، ناچار ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقتى. 1960 - يىلغا كەلگەندە سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 4.45 ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، مەھسۇلات قىممىتى ئاران 2.65 ھەسسە ئاشتى. پولات - تۆمۈر تاۋلاش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشتا زىيان ئېغىر بولدى. 1958 - يىلى 52 مىليون 160 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلگەنىدى. 1959 - يىلى يەنە 46 مىليون 160 مىڭ يۈەن زىيان كۆرۈلدى. 1959 - يىلى «تولۇق سوممىلىق كىرىدىت» چارىسى يولغا قويۇلۇپ، ماددىي ئەشيا قەرز پۇلى تارقىتىلىشقا باشلىدى. 1961- يىلدىن باشلاپ تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىپ، «تولۇق سوممىلىق كىرىدىت» چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «نورمىلىق كىرىدىت» ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1962 - يىلى مەركەزنىڭ «بانكا خىزمىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش، بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارار» (يەنى بانكا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئالتە ماددا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) غا ئاساسەن «نورمىلىق كىرىدىت» چارىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، قەرز پۇل تارقىتىش كۆلىمى قىسقارتىلدى. 1962 - يىلى 1960 - يىلغا قارىغاندا سانائەت قەرز پۇلى %55 (256 مىليون 210 مىڭ يۈەن) ئازايدى. 1965 - يىلغا كەلگەندە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى %96.41 ئاشتى. قەرز پۇل بولسا %5.55 ئازىيىپ، مەھسۇلات ئېشىش، مەبلەغ سېلىش ئازىيىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

3 - بەش يىللىق پىلان، 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى دەل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى بولۇپ، بانكا ئاپپاراتلىرى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. قائىدە - تۈزۈملەر بىكار قىلىندى. 1966 - يىلى گەرچە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت - قاتناش كارخانىلىرىنىڭ «نورمىلىق كىرىدىت» چارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كىرىدىت خىزمىتى ئاجىزلاپ كەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە (جۈملىدىن تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا) بېرىلگەن قەرز پۇل 2.07 ھەسسە كۆپەيگەن بولسىمۇ، مەھسۇلات قىممىتى ئاران %5.62 ئاشتى. ماددىي ئەشيا قەرز پۇلى 2.82 ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇلۇش نىسبىتى %7.77 تىن %4.61 كە چۈشۈپ قالدى. قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈمى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى.

5 - بەش يىللىق پىلان (1976 - يىلدىن 1980 يىلغىچە) مەزگىلىدە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشتى. لېكىن «تونقىنى توتۇپ دۆلەتنى تۈزەش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىقتىسادتا ھەددىدىن زىيادە قىزىپ كېتىش كېلىپ چىقتى. 1976 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل %30،

مەھسۇلات قىممىتى %44.54 ئاشتى. 1978 - يىل 12 - ئايدا چاقىرىلغان پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، بانكىلارنىڭ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىنىشى يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئىقتىسادنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. گوۋۇيۈەننىڭ قارارى ۋە خەلق باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن شىنجاڭدا 1979 - يىلدىن باشلاپ ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى (1982 - يىلى تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى دەپ ئاتالدى) تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ بىر خىل زور ئىسلاھات بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان پەقەت كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىشتەك چەكلىمە بۇزۇپ تاشلاندى.

6 - بەش يىللىق پىلان (1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە) مەزگىلىدە «سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش» فاڭجېنىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ۋە يېزا - بازارلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، كۆچمە مەبلەغنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولۇپ، مۇقىم مۈلۈككە قەرز پۇل بېرىش تۈرلىرى كۆپىيىپ، بانكىنىڭ قەرز بېرىش كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيدى. بۇ مەزگىلدە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىشكە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىلىپ، خۇسۇسىي سانائەت كارخانىلىرىغا قەرز پۇل بېرىش ئىشى باشلاندى. يېڭىدىن ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى، ئاز سوممىلىق ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، ياردەم تۇسۇملۇك تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى قاتارلىق مەخسۇس قەرز پۇل تۈرلىرى يولغا قويۇلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا، 1983 - يىلى خەلق باش بانكىسى شىنجاڭغا ئايلىق تۇسۇمى %3 بولغان 200 مىليون يۈەنلىك «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى» كۆرسەتكۈچى كۆپەيتىپ بەردى. 1985 - يىلى خەلق باش بانكىسى شىنجاڭغا يەنە 200 مىليون يۈەنلىك «يەرلىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرزپۇلى» كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈرۈپ بەردى؛ بۇ پۇل ئاچقۇچلۇق ئېچىش خاراكتېرلىك تۈرلەرگە ئىشلىتىلدى. 1981- يىلدىن 1985 - يىلغىچە سانائەت كۆچمە مەبلىغى ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇل (قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 1.26 ھەسسە ئېشىپ، 1 مىليارد 277 مىليون 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ مۇقىم مۈلۈككە بېرىلگەن قەرز پۇل 4 .22 ھەسسە ئېشىپ، 1 مىليارد 150 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلگە يەنى 1950 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا سانائەت كۆچمە مەبلىغى قەرز پۇلى 6083 ھەسسە، سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 2 .62 ھەسسە ئاشتى. بۇ بىر جەھەتتىن شىنجاڭدا بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى شەكىللىنىپ، سانائەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەش ئىقتىدارىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۈسكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرسە، يەنە بىر جەھەتتىن بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئېشىش ھەجمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىش ھەجمىدىن كۆپ يۇقىرى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

## 2 § . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى

### 1. ئۈچ يىللىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى (1950 - يىلدىن 1952- يىلغىچە)

1950 - يىلى خەلق باش بانكىسى بەلگىلىگەن «ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئالدىن ئومۇمغا، ئاندىن شەخسلەرگە قەرز پۇل تارقىتىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا

1950 ـ يىلدىن ئېتىبارەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش باشلاندى، شۇ يىلقى قەرز پۇل قالدۇقى 142 مىڭ يۈەن بولدى.

1951 ـ يىلى ئۇقتىلىق ھالدا كۆمۈر، رەڭلىك مېتال ۋە ياغاچ كېسىش قاتارلىق ئاساسلىق ئېغىر سانائەتكە مەدەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل كۆلىمى 2 مىليون 987 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە قاراشلىق ئېغىر سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 2 مىليون 380 مىڭ يۈەن، يېنىكلىگۇ سانائىتىگە بېرىلگەن قەرز پۇل 750 مىڭ يۈەن، يەرلىك سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 970 مىڭ يۈەن. مەركەزگە قاراشلىق ئېغىر سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل ئاساسلىق جۇڭگو ـ سوۋېت رەڭلىك مېتال شىركىتىگە بېرىلدى. مۇشۇ مەزگىلدىكى قەرز پۇل تارقىتىشتا «خەزىنە تۈزۈمى» يەنى قەرز تۈرى ۋە سوممىسىنى غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق بانكا بەلگىلەپ، شىنجاڭ خەلق بانكىسىغا ئاجرىتىپ بەرگەندىن كېيىن ئاندىن كونكرېت قەرز پۇل رەسمىيىتىنى بېجىرىش، ئېشىپ قالغان ياكى ئىشلىتىلمىگەن قەرز پۇلنى غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق بانكىغا قايتۇرۇپ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

1952 ـ يىلغا كەلگەندە، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائىتىگە بېرىلگەن قەرز پۇل 3 مىليون 603 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1950 ـ يىلدىكىدىن 24.4 ھەسسە ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى 1949 ـ يىلدىكى 13 تىن تەرەققىي قىلىپ 95 كە يەتتى، مەھسۇلات قىممىتى 64 مىليون 60 مىڭ يۈەن (1980 ـ يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا بويىچە، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) بولۇپ، 1949 ـ يىلدىكىدىن 29 ھەسسە ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پۈتكۈل سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 1949 ـ يىلدىكى 19%.2 تىن 32.16% كە ئۆرلىدى.

## 2. 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە)

1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بانكىنىڭ سانائەت كرېدىتى خىزمىتىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىغا مەدەت بېرىش، خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. 1957 ـ يىلغا كەلگەندە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى 103 مىليون 66 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 27.6 ھەسسە ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پۈتكۈل سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 77 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭغا كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى، شېرىكلەشكەن ئىگىلىكتىكى سانائەت مەھسۇلات قىممىتىنى قوشقاندا، ئۇلار ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 98 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، سوتسىيالىستىك سانائەتنىڭ يېتەكچى ئورنى شەكىللەندى 1952 ـ يىلى شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي سانائەت (ئاساسلىقى قول ھۈنەرۋەنچىلىك) كارخانىلىرى 494 ئىدى. 1957 ـ يىلغا كەلگەندە ھەممىسى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى، شېرىكلەشكەن ئىگىلىكتىكى ياكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىغا ئۆزگەرتىلدى. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى 921 گە، شېرىكلەشكەن سانائەت كارخانىلىرى 35 كە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى 260 قا يەتتى.

1953 ـ يىلى بانكىلار كارخانىلارغا بىۋاسىتە قەرز پۇل تارقىتىشقا باشلىدى. قەرز پۇل تارقىتىش تۈزۈمىدە تۆۋەنگە ئاجرىتىلغان مەبلەغ ئوتتۇرىدا بېسىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىش، ئاساسىي قاتلام بانكىلارنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن ئىلگىرىدىكى «خەزىنە تۈزۈمى» «مالىيە كىرىم ـ چىقىم پەرقىنى بوغۇش تۈزۈمى» گە ئۆزگەرتىلدى. لېكىن بۇنىڭدا يەنىلا قەرز پۇلنى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروتىغا

ئىشلەتكىلى بولىدىغان ھەم زىيان تارتقان كارخانىلار ئورۇندىيالمىغان پايدىنىڭ ئورنىغا سەپلەپ قويۇشقا بولىدىغان پېتەرسىزلىكلەر ساقلاندى.

1955 - يىلى خەلق باش بانكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا پەسىل خاراكتېرلىك، ۋاقىتلىق ماددىي ئەشيا زاپىسى قەرز پۇلى تارقىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 28 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى چۈشۈرۈپ، قەرز پۇلنى تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە ئايرىشنى بەلگىلىدى: (1 ) پىلان ئىچىدىكى نورمىدىن ئاشقان قەرز پۇل؛ (2) چوڭ رېمونت قەرز پۇلى؛ (3) راسچوت قەرز پۇلى؛ (4) ئالاھىدە قەرز پۇل؛ (5) ۋاقىتلىق قەرز پۇل. شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئالدى بىلەن رەڭلىك مېتال شىركىتى، قەشقەر كان ئىشلىرى باشقارمىسىدا سىناق قىلىپ، تەجرىبە ھاسىل قىلغان ئاساستا پەسىل خاراكتېرلىك، ۋاقىتلىق ماددىي ئەشيا زاپىسى قەرز پۇلى تارقىتىش يېڭى چارىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش بەلگىلەندى.

1955 - يىلدىن باشلاپ خەلق شۆبە بانكىسى راسچوت قەرز پۇلىنى بېجىرىشنى يولغا قويدى، بۇ كارخانىلارنىڭ يول ئۈستىدىكى ماددىي ئەشيالىرىغا بېرىلىدىغان مەخسۇس قەرز پۇل بولۇپ، بۇنىڭ تارقىتىلىشى ماددىي ئەشيانىڭ سېتىلىدىغان بازارغا يېقىن بولغان ئورۇنغا ئۆز ۋاقتىدا يەتكۈزۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۆسۈمى ئادەتتىكى قەرز پۇلنىڭكىدىن %50 تۆۋەن بولۇپ، بۇ ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى.

1955 - يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ جەمئىي كۆچمە مەبلىغى 169 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ 32 مىليون 156 مىڭ يۈەن بولدى. كۆچمە مەبلەغدە بانكا قەرز پۇلى %19 نى ئىگىلىدى. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 204 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 83 يۈەنگە يەتتى. كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ 1957 - يىلغا كەلگەندە جايلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 27.40 يۈەن بولۇپ، 1955 - يىلدىكىدىن 55.60 يۈەن ئازايدى. مەھسۇلات قىممىتى 1955 - يىلدىكىدىن %90 ئاشتى.

## 3 . 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1958 - يىلدىن 1962- يىلغىچە)

1958 - يىلى «ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، پىلاننى ھۆددىگە بېرىش، پەرق سوممىنى باشقۇرۇش، بىر تۇتاش يۆتكەش» تىن ئىبارەت كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، شۆبە بانكىنىڭ ئىلگىرىكى قەرز پۇل تەستىقلاش ھوقۇقى ئاساسىي قاتلام تارماق بانكىلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، قەرز پۇل بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىش، نامۇۋاپىق قۇرۇلۇشلارنى قارىغۇلارچە قوللاشقا شارائىت يارىتىپ بېرىلدى. 1959 - يىلى «تولۇق سوممىلىق كرېدىت » باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، مالىيىدىن كارخانىلارغا ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان كۆچمە مەبلەغ پۈتۈنلەي بانكا قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتىلىپ، بانكىلارنىڭ كرېدىت كۆلىمى

كېڭەيتىلدى، زۆرۈر بولغان مالىيە نازارەتچىلىكىدىن ۋاز كېچىلدى. پولات - تۆمۈر تاۋلاش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش مەزگىلىدە پولات - تۆمۈر كارخانىلىرىغا زۆرۈر بولغان كۆچمە مەبلەغ جەھەتتە ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆزدە تۇتۇلماي، قارىغۇلارچە قوللاش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. ھەتتا بېيجىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغىمۇ بانكىلار قەرز بەردى. تېخنىكا تەشكىللەش تەدبىرلىرى خىراجىتى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق قىلىپ ئىشلەش خىراجىتى، پارچە - پۇرات مۇقىم مۈلۈك سېتىۋېلىش خىراجىتى، ئەمگەك مۇھاپىزىتى تەدبىرلىرى خىراجىتىنى مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىش چارىسى ئالدى بىلەن بانكىلار قەرز پۇلدىن سەپلەپ تۇرۇش، كېيىن كارخانىلار ئالغان پايدىسىدىن قايتۇرۇش چارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىش مەبلىغىنىمۇ بانكىلار قەرز پۇل بېرىش ئارقىلىق قوللاپ، نامۇۋاپىق قەرز پۇل تارقىتىش دائىرىسى كېڭىيىپ كەتتى. راسچوت قەرز پۇلنى سۇندۇرۇپ ھېسابلاش نىسبىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ ساپ پايدىسىنى بانكىلار قەرز پۇلدىن سەپلەپ قويۇشقا مەجبۇر قىلىندى.

زۆرۈر بولغان تىزگىنلەش ۋە نازارەت قىلىشتا سەل قارالغانلىقتىن 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بانكىنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە بەرگەن قەرز پۇلى 3.43 ھەسسە ئاشتى. ئەمما شۇ مەزگىلدە سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاران 2.66 ھەسسە ئېشىپ، بانكا قەرز پۇلىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆچمە مەبلەغنىڭ ئىگىلىكىنى بەك كۆپ بولدى. 1961 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا كۆچمە مەبلەغنىڭ ئىگىلىكىنى 1 مىليارد 745 مىليون يۈەن بولدى. شۇ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 270 مىليون يۈەن بولدى. كۆچمە مەبلەغنىڭ بىر قېتىم ئوبوروت بولۇشى ئۈچۈن بىر يىل ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت كېتىپ مەبلەغ ئېغىر ھالدا ئىسراپ بولدى. كارخانىلار ئېغىر زىيان تارتتى. 1961 - يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئېغىر زىيان تارتىش تۈپەيلىدىن تاقاشقا، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان كارخانا 45 كە يەتكەنىدى، 1962 - يىلى 83 كە يەتتى. بۇلار بانكىغا جەمئىي 17 مىليون 50 مىڭ يۈەن قەرزگە بوغۇلۇپ قالدى.

1961 - يىلى دۆلەت خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشىدى. 1962 - يىلى بانكا «شۇ يىلدا تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، پۇلنى ئاز - تولا يىغىۋېلىش» تىن ئىبارەت پۇل مۇئامىلە خىزمىتى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇردى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللاندى:

(1) ئېغىر سانائەتكە بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى قىسقارتىپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل كۆپەيتىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش كۆلىمى 1960 - يىلىدىكى 317 مىليون 307 مىڭ يۈەندىن 1962 - يىلىدىكى 179 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ، 43.7% ئازلىدى. 1962 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى قوللاشقا 1 مىليون 575 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. يېنىك سانائەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىككە 5 مىليون 850 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆپەيتىپ بېرىلدى. قاتناشقا 12 مىليون 726 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يىغىۋېلىنغان قەرز پۇل جەمئىي 4 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولدى.

(2) مالىيە مەبلىغى بىلەن كرېدىت مەبلىغىنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇش، ئايرىم - ئايرىم ئىشلىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، پەشتاختا ئۈستىدە نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، بارلىق نامۇۋاپىق چىقىملار توسۇپ قېلىندى. كرېدىت كۆرسەتكۈچى شۆبە بانكىدا تىزگىنلىنىپ، مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش يولىغا قويۇلدى. تۆۋەن دەرىجىلىك بانكىلار شۆبە بانكا تەستىقلىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بويىچە قەرز پۇل تارقىتىپ،

ئىلگىرىكىدەك خالىغانچە پىلاندىن ئاشۇرۇپ قەرز پۇل تارقىتىشتەك ئەھۋاللار تۈزىتىلدى. «تۆت تۈرلۈك خىراجەت»، «كىچىك تېخنىكا ئاساسىي قۇرۇلۇش»، مۇقىم مۈلۈك، ئۆزىنى تەمىنلەش خاراكتېرلىك قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا كېرەكلىك مەبلەغكە بانكىلار بىردەك قەرز پۇل بەرمەيدىغان بولدى. زىيان تارتقان كارخانىغا قەرز بېرىش قەتئىي قاتتىق باشقۇرۇلدى. زۆرۈر بولغان مائاش چىقىملىرىدا چوقۇم مالىيە كېپىللىك قىلسا ھەمدە ئىككى ئاي ئىچىدە مالىيەدىن ئېلىپ قايتۇرالايدىغان بولسا ئاندىن بانكا قەرز پۇل بېرىدىغان بولدى. كارخانىلارنىڭ تۈرلۈك فوندلىرىغا ئايرىم ھېساب تۇرغۇزۇلۇپ، مەخسۇس پۇل ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىلدى. ئاۋۋال كىرىم قىلىپ ئاندىن چىقىم قىلىش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. كۆچمە مەبلەغ ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشكە قاتناشتۇرۇلمىدى. يۇقىرىقى تەدبىرلەر ئارقىلىق 1961 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەت سىستېمىسىدىن نامۇۋاپىق ئىگىلىنىپ كەتكەن 44 مىليون 800 مىڭ يۈەن كۆچمە مەبلەغ قايتۇرۇۋېلىندى. 1962 ـ يىلى مالىيە خاراكتېرلىك چىقىم قىلىنغان 11 مىليون يۈەن قەرز پۇلنىڭ ھەممىسى قەرەللى ئۆتكەن قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىلىپ، كارخانىلارنىڭ مال سېتىش كىرىمىدىن بىر ـ بىرلەپ تۇتۇپ قېلىندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قارايدىغان كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش كۆلىمى %15.7 ئازىيىپ، زىيان سوممىسى %92 ئازايدى.

(3) راسچوت ئىنتىزامى كۈچەيتىلىپ، كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان قەرزلەرنى ئېنىقلاشقا پائال ھەمكارلىشىلدى. 1962 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ھەقدارلىقى 35 مىليون 410 مىڭ يۈەن، قەرزدارلىقى 22 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يەتكەن. ئىككى قېتىم مەركەزلىك ئېنىقلاش ئارقىلىق، شۇ يىلى جەمئىي 22 مىليون 790 مىڭ يۈەن قەرز يىغىۋېلىنىپ، تۆلىتىۋېلىنمىدىغان قەرزنىڭ 64.35 پىرسەنتىنى، قايتۇرۇلغان قەرز 17 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولۇپ، تۆلەشكە تېگىشلىك قەرزنىڭ 77.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

(4) كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇش ياخشىلاندى. 1958 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئىلگىرىكى پەسىل خاراكتېرلىك ۋە ۋاقىتلىق ماددىي ئەشيا زاپىسى قەرز پۇلى بېرىش «نورمىلىق كرېدىت» چارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. كارخانىلارنىڭ ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېسابتا ئېھتىياجلىق بولىدىغان كۆچمە مەبلەغ نورمىسى بېكىتىلىپ، نورمىلىق مەبلەغنىڭ 70 پىرسەنتى مالىيەدىن ئاجرىتىلىدىغان، قالغان 30 پىرسەنتى نورمىلىق قەرز پۇل سۈپىتىدە بانكىدىن بېرىلىدىغان بولدى. مەركەزگە قاراشلىق ۋە يەرلىك سانائەت كارخانىلىرىنىڭ پەسىللىك نورمىسى يىللىق نورمىسىدىن ئېشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدىكى ۋاقىتلىق ئېھتىياجىنى بانكىلار نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن قەرزپۇل تارقىتىش يولى بىلەن ھەل قىلدى. 1958 ـ يىل 7 ـ ئايغا كەلگەندە «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تۈپەيلىدىن يەرلىك كارخانىلار ئېھتىياجلىق بولغان نورمىلىق مۇقىم مەبلەغ ئېشىپ كەتكەن ئىدى. مالىيە مىنىستىرلىكى، خەلق باش بانكىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، نورمىلىق مۇقىم مەبلەغنىڭ 70 پىرسەنتىگە بانكا قەرز بەردى، 30 پىرسەنتى مالىيەدىن ئاجرىتىلدى. 1959 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ «تولۇق سوممىلىق كرېدىت» يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلار ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق كۆچمە مەبلەغنى خەلق بانكىسى قەرز پۇل ئارقىلىق بىر تۇتاش ھەل قىلىدىغان بولدى. ئىلگىرى مالىيەدىن كارخانىلارغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن كۆچمە مەبلەغمۇ بانكىنىڭ قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. 1961 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى «تولۇق سوممىلىق كرېدىت» چارىسى «نورمىلىق كرېدىت» چارىسىگە ئۆزگەرتىلدى، لېكىن نورمىلىق مەبلەغنىڭ 80 پىرسەنتى مالىيەدىن ئاجرىتىلىدىغان، 30 پىرسەنتى بانكىنىڭ نورمىلىق قەرز پۇلىدىن بېرىلىدىغان بولدى. كارخانىلارنىڭ مەبلەغنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، نورمىلىق قەرز پۇلغا ‰1.8

نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا 6‰ ئۆسۈم ھېسابلاش بەلگىلەندى. 1962 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە خەلق باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، دۆلەتنىڭ سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرىغا قارىتىلغان نورمىلىق كرېدىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىلگىرىكى 20% لىك نورمىلىق قەرز پۇل كارخانىلارنىڭ ئۆز مەبلىغىگە ئۆزگەرتىلدى، بانكىلار پەقەت نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغىلا قەرز پۇل تارقىتىدىغان بولدى.

**پەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5 ـ 1   بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل / تۈر | 1958 ـ يىل | 1959 ـ يىل | 1960 ـ يىل | 1961 ـ يىل | 1962 ـ يىل |
|---|---|---|---|---|---|
| بارلىق كۆچمە مەبلەغ | 12543 | 16687 | 25605 | 30221 | 28063 |
| بۇنىڭ ئىچىدە: بانكا قەرز پۇلى | 2601 | 16687 | 25605 | 15328 | 8134 |
| ئۆز مەبلىغى | 9942 | 1 | 1 | 14893 | 19929 |
| پەرلىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى | 34854 | 55423 | 64219 | 47295 | 31521 |
| مەھسۇلات قىممىتىنىڭ مەبلەغ نىسبىتى | 36% | 30.1% | 39.9% | 63.9% | 89.3% |
| ماددىي ئەشيا كاپالىتى بولمىغان مەبلەغ | 3192 | 6757 | 10476 | 6248 | 7326 |
| ماددىي ئەشيا كاپالىتى بولمىغان مەبلەغنىڭ كۆچمە مەبلەغدە ئىگىلىگەن نىسبىتى | 25.4% | 34.5% | 40.9% | 20.8% | 26.1% |

1962 ـ يىلى پەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ بىسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا قىممىتى تەخمىنەن 150 مىليون يۈەن، مالىيە خاراكتېرلىك چىقىمى 9 مىليون 562 مىڭ يۈەن، مال ـ مۈلۈك زىيىنى 35 مىليون يۈەن، بۇ ئۈچ تۈرنىڭ يىغىندىسى 194 مىليون 562 مىڭ يۈەن بولۇپ، كارخانىلارنىڭ ناھايىتى ئورغۇن كۆچمە مەبلىغى ئىگىلىنىپ كەتكەن.

## 4 . ئۈچ يىللىق تەڭشەش مەزگىلى (1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە)

1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت كرېدىتى خىزمىتىدە «شۇ يىلدا تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئاز ـ تولا خەزىنىلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت پۇل مۇئامىلە خىزمىتى فاڭجېنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش، يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت تەرتىپى

بويىچە قەرز پۇل تارقىتىشتا چاتاق تۇرۇلدى. 1963 - يىلى كارخانىلار نامۇۋاپىق ئىگىلىۋالغان 13 مىليون 132 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېلىندى. تاقىلىپ قالغان، ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتقان كارخانىلاردىن 9 مىليون 965 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇۋېلىندى. بۇ ئۇلار قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرز پۇلنىڭ 56.2 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. سانائەت كارخانىلىرىنىڭ نورمىلىق مەبلەغدىن ئەمەلىي ئىگىلىۋالغىنى ئالدىنقى يىلىدىكىدىن %11.8 (46 مىليون 487 مىڭ يۈەن) ئازلىدى. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتتە ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 50 يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلىدىكىدىن 39 يۈەن تۆۋەنلىدى. مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش پائالىيىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، قەرز پۇلنى خەزىنىگە قايتۇرۇش كۆرسەتكۈچى ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پىلان ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

## 1963 - يىلى سانائەت ساھەسىدىكى ھەر قايسى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ تېجەپ قالغان قەرز پۇل پىلانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 — 2

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈر / نازارەت، ئىدارە | 1962 - يىلىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى | 1963 - يىلىدىكى تېجەش پىلانىدىن ئاشقان - كېمەيگەن سومما | 1963 - يىلىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى | 1963 - يىلى ئەمەلىي ئاشقان - كېمەيگەن سومما | مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش چىقىمنى تېجەش پىلانىنىڭ ئورۇندىلىشى % |
|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 15940.2 | —5934.6 | 9393.6 | —6546.6 | 110.3 |
| 1. مەركەزگە قاراشلىق سانائەت | 9964.8 | —3809.4 | 5762.1 | —4202.7 | 110.3 |
| (1) شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى | 7786.5 | —3100 | 4708 | —3078.5 | 99.3 |
| (2) شىنجاڭ رەڭلىك مېتال ئىدارىسى | 1755.5 | —635 | 687 | —1068.5 | 168.3 |
| (3) غەربىي شىمال تۆمۈريول قۇرۇلۇش ئىدارىسى | 250.2 | —62.4 | 253.4 | 3.2 | —5.1 |
| (4) شىنجاڭ پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسى | 172.6 | —12 | 113.7 | —58.9 | 490.8 |
| 2. ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق سانائەت | 5975.4 | —2125.2 | 3631.5 | —2343.9 | 110.3 |
| (1) ئېغىر سانائەت نازارىتى | 1654 | —654 | 593.4 | —1060.6 | 162.2 |
| (2) ماشىنىسازلىق ئىدارىسى | 1254 | —464 | 742 | —512 | 110.3 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| (3) يېنىك ساناﺋەت نازارىتى | 349.6 | +141 | 350.7 | 1.1 | 0.8 |
| (4) مەدەنىيەت نازارىتى | 4.2 | −1.2 | | −4.2 | 350 |
| (5) ئورمانچىلىق نازارىتى | 81.2 | −31.8 | 53.5 | −27.7 | 87.1 |
| (6) قاتناش نازارىتى | 2423.3 | −700 | 1752.1 | −671.2 | 95.9 |
| (7) چارۋىچىلىق نازارىتى | 3.9 | −3.9 | | −3.9 | 100 |
| (8) بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ئىدارىسى | 30.2 | −20 | 56.6 | 26.4 | 74.2 |
| (9) رادىئو ئىدارىسى | 35.6 | −35.6 | 9.1 | −26.5 | 74.4 |
| (10) گېئولوگىيە ئىدارىسى | 10 | −6 | | −10 | 166.7 |
| (11) جاماﺋەت خەۋپسىزلىك نازارىتى | 124.7 | −67.7 | 74.1 | −50.6 | 74.7 |

1964 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايون بويىچە تاقىلىپ قالغان، ئىشلەپچىقىرىشنى توختاتقان كارخانا 88 گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە قارز پۇل بېرىلگەنلىرى 23. ئېنىقلاش، تەكشۈرۈش، بېكىتىش ئارقىلىق، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئون كارخانىنىڭ 766 مىڭ يۈەن قەرز پۇلى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. قەرز پۇلنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشنى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغىنى مەككىز. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كۆچمە مەبلىغى يەتمەيدىغان ۋىلايەت ۋە نازارەت، ئىدارىلار 12، ئۇلارغا جەمئىي 13 مىليون 547 مىڭ يۈەن كەملەيدۇ، مەبلىغى ئارتۇق ۋىلايەت، نازارەت ۋە ئىدارە 11. ئۇلاردىن يۆتكەشكە بولىدىغان مەبلەغ 5 مىليون 688 مىڭ يۈەن. مەبلەغنىڭ كەڭرەك بولۇپ كېتىش مەسىلىسى تەكشۈرۈپ تۈزىتىلگەندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل كۆلىمى ئىلگىرىكى %27.2 تىن %66.7 كە ئۆرلەپ، 1.45 ھەسسە كېڭەيدى. بۇ بانكا كرېدىتىنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا پايدىلىق بولدى.

1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە بانكا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى زور دەرىجىدە ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ساناﺋەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى %26.43 ئېشىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ساناﺋەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلىدى. ئۈچ يىلدا جەمئىي 956 مىليون 250 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى. تۆۋەنلەش ھەجمى %53.3 بولۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش، مەبلەغنى ئازايتىش تەلىپى ئەمەلگە ئاشتى. ئۈچ يىل جەريانىدا يەرلىك ساناﺋەتنىڭ ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 1964- يىلى 44.56 يۈەن بولۇپ، 1962 ـ يىلدىكىدىن 44.44 يۈەن ئازايدى. ئاممىا 1957 ـ يىلغا قارىغاندا يەنىلا 8.76 يۈەن يۇقىرى بولۇپ، مەملىكەتنىڭ 1963 ـ يىلدىكى ئوتتۇرىچە ئىگىلەش سەۋىيىسىگە سېلىشتۇرغاندا 6.76 يۈەن ئارتۇق. شىنجاڭ قەغەز زاۋۇتىنىڭ ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن جانلىق مەبلەغ (ئەمەلىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروتىغا قاتناشتۇرۇلۇۋاتقان مەبلەغ) 20.3 يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايوندا مەبلەغدىن بىر قەدەر ئوبدان پايدىلانغان ئورۇن بولسىمۇ، لېكىن چىڭداۋدىكى خواچاڭ

قەرز زاۋۇتىغا قارىغاندا يەنىلا 50% مەبلەغنى ئارتۇق ئىگىلىگەن. خەلق باش بانكىسىنىڭ 1963- يىل 9- ئايدىكى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، مەملىكەت بويىچە سانائەتنىڭ نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن قەرز پۇلىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى 11.7% بولسا، شىنجاڭنىڭ 25.9% بولغان. سانائەت ئامانەت پۇلىنىڭ سانائەت قەرز پۇلىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى مەملىكەتنىڭ 72.8% بولسا، شىنجاڭنىڭ 199.5% كە يەتكەن.

## 5 .3 - بەش يىللىق پىلان، 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1966- يىلدىن 1975 - يىلغىچە)

1966 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 266 كارخانىنىڭ ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 26.18 يۈەن، ئىگىلىگەن مۇقىم مۈلۈك 177.71 يۈەن، ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سەرپىياتى 70.68 يۈەن، ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى 18.71 يۈەن بولدى. لېكىن شۇ يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» سانائەت كرېدىت خىزمىتىنى زور دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. نامۇۋاپىق كرېدىت سېلىنمىسى شىددەت بىلەن ئېشىپ كەتتى. قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈمى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. 1966 - يىلدىن 1969 - يىلغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 648 مىليون يۈەندىن 1 مىليارد 319 مىليون يۈەنگە چۈشۈپ 21.6% تۆۋەنلەپ كەتتى. شۇ مەزگىلدە قەرز پۇل 81.8% ئۆرلەپ، 93 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1970 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلار «ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» تەدبىرىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 38.6% ئاشتى. ئەمما، قەرز پۇل ئارانلا 5.2% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 376 كارخانىنىڭ ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 36.71 يۈەن، ئىگىلىگەن مۇقىم مۈلۈك 1 مىليون 895 مىڭ يۈەن، ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سەرپىياتى 66.86 يۈەن، ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى 19.29 يۈەن بولۇپ ۋەزىيەت بىر ئاز ياخشىلاندى.

1971 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئامبار ئېنىقلاش، تەكشۈرۈش، مۈلۈكنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى بېكىتىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىپ سانائەت كرېدىتىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. شۇ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى 11.17% ئېشىپ، قەرز پۇل 3% تۆۋەنلەپ، مەھسۇلات ئېشىش، مەبلەغ سېلىنمىسى ئازىيىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. لېكىن 1972 - يىلى ئەمدىلا ئەسلىگە كەلگەن سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يەنە تۆۋەنلەپ كەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1971 - يىلدىكىدىن 259 مىليون 410 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىگەنىدى. 1973 - يىلى يەنە 28 مىليون 510 مىڭ يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى. قەرز پۇل بولسا (ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش - سېتىشتىكى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) داۋاملىق ئۆرلىدى. 1972 - يىلى 12.7% يەنى 26 مىليون 959 مىڭ يۈەن ئۆرلىگەنىدى. 1973 - يىلى يەنە 5.5% يەنى 13 مىليون 159 مىڭ يۈەن ئۆرلىدى. كۆپ قىسىم قەرز پۇلنى كۆرۈلگەن زىيان، بېسىلىپ قالغان ئەشيالار ئىگىلەپ كەتتى. 1974 - يىلى كرېدىت خىزمىتى بىر ئاز كۈچەيتىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ئەھۋالىدا ياخشىلىنىش بولدى. 42 مىليون 440 مىڭ يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىندى. قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈمى بىر ئاز ئۆستى.

1975 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت سېپى تەرتىپكە سېلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كرېدىتى خىزمىتىدە خېلى ياخشى باشلىنىش بارلىققا كەلدى. شۇ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت قەرز پۇلى 22.51% ئاشقاندى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 23.5% ئېشىپ،

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېشىشى قەرز پۇلنىڭ ئېشىش ھەجىمىدىن يۇقىرى بولدى.* ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 1974 - يىلدىكى 63.42 يۈەندىن 46.46 يۈەنگە چۈشۈپ، %26.7 تۆۋەنلىدى.

## 6. 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1976 - يىلدىن 1980- يىلغىچە)

1976 - يىل 10 - ئايدا ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشتى. 1976 - يىلدىن 1977- يىلغىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى 7 مىليون 210 مىڭ يۈەن ئازايدى. 1977 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 642 سانائەت كارخانىسىنىڭ ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 40.06 يۈەن، مۇقىم مۇلۇك 216.17 يۈەن، ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ سەرپىياتى 78.50 يۈەن، ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىنىڭ پايدىسى 17.72 يۈەن بولدى. 1978 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى يەنە زور دەرىجىدە ئاشتى. شۇ يىلى %35 ساپ ئېشىپ، 45 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ قەرز پۇللار ئاساسلىقى، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە قاراماي نېفىتلىكىنى ئېچىشقا مەدەت بېرىش، يېزا ئىگىلىكىنى قوللايدىغان كارخانىلار ۋە يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ خام ماتېرىيال زاپىسىنى كۆپەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىشكە ئىشلىتىلدى. شۇ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ 40.44 يۈەن بولۇپ، 1977 - يىلدىكىدىن 0.9 يۈەن ئاشتى. زىيان تارتقان كارخان 234 كە يېتىپ، %32.7 نى تەشكىل قىلدى. زىيان سوممىسى 60 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولدى. لېكىن بانكىلارنىڭ كرېدىت جەھەتتە قوللىشى ئارقىسىدا يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ نىسبىتى يىلمۇ يىل ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلمە توقۇلما بۇيۇملىرى %61.97، قەنت، تاماكا، ھاراق %54.67، دورا ماتېرىياللىرى %33.18، تۈرلۈكماللار، مەدەنىي بۇيۇملار %27.34، تۈرلۈك مېتال، خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى %16.17 ئاشتى.

1979 - يىلى خەلق ئىگىلىكىدە «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. سانائەت كرېدىتى جەھەتتە ئۇقتىلىق ھالدا يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە كۆمۈر، توك، نېفىت، ترانسپورت شۇنىڭدەك قىسقا لىنىيىلىك سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىلدى ھەمدە ئەلالىرىنى ئالدىن يۆلەش كرېدىت پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىگە بېرىلگەن قەرز پۇل 1978 - يىلدىكىدىن %22.72، نېفىتقا بېرىلگىنى %71.43، قاتناش ترانسپورتقا بېرىلگىنى %58، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا بېرىلگىنى %85.71 ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە بېرىلگەن ئومۇمىي قەرز پۇل 1978 - يىلدىكىدىن جەمئىي %21 ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن مەھسۇلات قىممىتى ئارانلا %5 لا ئاشتى. ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ 1978 - يىلدىكىدىن 3.54 يۈەن ئېشىپ، 44.41 يۈەنگە يەتتى. مەھسۇلات سېتىشتىن كىرگەن پايدا نىسبىتى %1.31 تۆۋەنلىدى.

1980 - يىلى 5 - بەش يىللىق پىلاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى يىلى بولۇپ، سانائەت كرېدىتى جەھەتتە ئۇقتىلىق ھالدا يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، ئېنېرگىيە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارغا مەدەت بېرىلدى، ماشىنىسازلىق، ھەربىي سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ئۇچۇن كەڭ يول ئېچىپ ئىشلەپچىقىرىشنى بازار ئېھتىياجىغا قاراپ تەشكىللىشىگە مەدەت بېرىلدى ھەمدە گوۋۇيۈەن 1979 - يىلى تەستىقلاپ تارقاتقان مەملىكەتلىك شۆبە بانكا باشلىقلىرى سۆھبەت يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان[2] «تەدرىجىي

مالدا تولۇق سوممىلىق كرېدىتنى يولغا قويۇشتا تەييارلىق قىلىش تەلىپىگە ئاساسەن، مالىيە ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ھەمكارلىشىپ مۇلۇكنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى بېكىتىش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 8182 كارخانا، كەسپىي ئورۇن ۋە مەمۇرىي ئورۇنلار تەكشۈرۈلدى. ئامبار ئېنىقلاشتا 38 مىڭ 700 ئادەم قاتناشتى. چوڭ ـ كىچىك 25 مىڭ 450 ئامبار تەكشۈرۈلۈپ، ئومۇمىي قىممىتى 5 مىليارد 321 مىليون 920 مىڭ يۈەنلىك كۆچمە مەبلەغ ئېنىقلاپ چىقىلدى. 708 مىليون 560 مىڭ يۈەنلىك ماددىي ئەشيانىڭ زاپاستىن ئارتۇق بېسىلىپ قالغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلدى. بۇ بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا جەمئىي 2 مىليارد 358 مىليون 320 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ئىگىلىگەنلىكى، بۇنىڭ ئىچىدە نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ 1 مىليارد 729 مىليون 230 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكى ھېسابلاپ چىقىلدى. سانائەت كارخانىلىرى كۆچمە مەبلىغىنىڭ ئوبوروت كۈنى 105.7 كۈنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىدىن %21.4 تېزلىتىلىپ، مەركەز چۈشۈرگەن %22 لىك تېزلىتىش كۆرسەتكۈچىگە يېقىنلاشتى. ھەر قايسى سانائەت كارخانىلىرىغا 63 مىليون 940 مىڭ يۈەن كۆچمە مەبلەغ تولۇقلاپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بانكىنىڭ نورمىدىن ئارتۇق قەرز پۇلنى نورمىلىق قەرز پۇلغا ئۆزگەرتكىنى 57 مىليون 145مىڭ 500 يۈەن، مالىيەدىن ئاجرىتىلغىنى 2 مىليون 332 مىڭ يۈەن، كۆچمە مەبلەغنىڭ زىيىنى ۋە براكقا چىقىرىلىشتىن كۆرۈلگەن زىيان 81 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىكى نورمىلىق مال ـ مۈلۈكنىڭ 5.74 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1980 ـ يىلى مۇقىم مۈلۈككە قەرز پۇل تارقىتىش باشلاندى. بىر نەچچە خىل قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي كۆپەيتىلىپ، خېلى چوڭ ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 1979 ـ يىلىغا سېلىشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا بېرىلگەن قەرز پۇل %21 ئېشىپ، 44 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى %11.5 ئېشىپ، 370 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قەرز پۇل كۆپرەك بېرىلگەنلىرى يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، كۆمۈر، نېفىتتىن ئىبارەت تۆت چوڭ ساھە، بۇلارغا كۆپەيتىپ بېرىلگەن قەرز پۇل 35 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي قەرز پۇلنىڭ 70 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بانكىلار دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سانائەت قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. شۇ يىلى يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى %9.97 ئاشتى. ئېغىر سانائەتنىڭ بولسا ئارانلا %1.49 ئاشتى. يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ نىسبىتى %42.4 تىن %44.4 كە ئۆرلەپ، قەرز پۇل سېلىنمىسىنىڭ يۆنىلىشى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا مۇۋاپىقلاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا راسچوت قەرز پۇلنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، راسچوت قەرز پۇلى 41 مىليون 320 مىڭ يۈەندىن 9 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ %77.2 ئازايدى.

## 7. 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1981 ـ يىلدىن ـ 1985 ـ يىلغىچە)

6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە گوۋۇيۈەننىڭ قارارىغا ئاساسەن، كۆچمە مەبلەغنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى. كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلەغ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بانكىنىڭ كرېدىت كۆلىمى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلدى. 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى %88 ئېشىپ، 7 مىليارد 294 مىليون يۈەنگە يەتتى. بانكىنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتىكى كۆچمە مەبلەغكە بەرگەن قەرز پۇلى 2.46 ھەسسە ئېشىپ، 886 مىليون يۈەنگە يەتتى.

1981 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «كۆچمە مەبلەغ باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، پۇل تارقىتىشنى قاتتىق

تېزگىنلەش توغرىسىدىكى قارار» نى ئاساس، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى سانائەت كرېدىتى خىزمىتىدە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى يۆلەش پرىنسىپى بويىچە، نۇقتىلىق يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ بازىرى ئىتتىك مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئېغىر سانائەتنىڭ مۇلازىمەت يۆنىلىشى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى تەڭشىشىگە مەدەت بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 18 مىليون 110 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. تاقالغان، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىتىلغان كارخانىلارنىڭ ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن 1 مىليون 405 مىڭ يۈەن كونا قەرزىنى قوشقاندا ئەمەلىيەتتە كۆپەيگەن قەرز 19 مىليون 515 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 273 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى. يېڭىدىن كۆپەيگەن سانائەت قەرز پۇلىدا، يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ قەرز پۇلى 60 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا ماشىنىسازلىق سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزگەرتىشىگە مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن بېرىلگەن قەرز پۇل 7 مىليون يۈەن. شۇ يىلى يىغىۋېلىنغان قەرزپۇل 8 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، كرېدىت ئارقىلىق يىغىۋېلىنغان پۇل 1 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولدى.

1982 - يىلى مەملىكەتلىك سانائەت - قاتناش يىغىنى ۋە شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، سېتىلىشىغا قاراپ قەرز پۇل بېرىش پرىنسىپىدا داۋاملىق چىڭ تۇرۇلۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش كۈچەيتىلىپ، كرېدىتنىڭ پىشاڭلىق رولى جارى قىلدۇرۇلدى. يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇشى، ئېنېرگىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشۇرۇشى، ئېغىر سانائەتنىڭ قايتا تۈرلىشى ۋە مۇلازىمەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىلدى. پىلاندىن، توختامدىن سىرت ئىشلەپچىقارغان ۋە سېتىۋالغان، ماددىي ئەشيالار ئېغىر ھالدا بېسىلىپ قالغان بولسىمۇ ئەمما ئۇنى ئاكتىپ بىر تەرەپ قىلمىغان كارخانىلارغا، زىيان تارتقان كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىش قاتتىق باشقۇرۇلدى، بانكا قەرز پۇلىنى مالىيە خاراكتېرلىك چىقىمغا يۆتكەپ ئىشلەتكەن كارخانىلارغا يېڭىدىن قەرز پۇل بېرىش توختىتىلدى ھەمدە يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن قىسمىغا ئۆسۈم قوشۇلدى. قارىغۇلارچە ئىشلەپچىقىرىپ ۋە قارىغۇلارچە سېتىۋېلىپ، يېڭىدىن مەھسۇلات، ماددىي ئەشيا بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىش توختىتىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە 811 مىليون 310 مىڭ يۈەن قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 720 مىليون 790 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. قالدۇق سومما 315 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %15.1 كۆپەيدى. كرېدىت مەبلىغى مۇشۇ بىر يىلدا 1.52 قېتىم ئوبوروت بولۇپ، 1981 - يىلدىكىدىن 0.26 قېتىم، 49 كۈن تېزلەشتى. مۇشۇ بىر يىلدا خەلق باش بانكىسى شىنجاڭغا سانائەت كۆچمە مەبلىغى ئۈچۈن 52 مىليون 530 مىڭ يۈەنلىك سانائەت كۆچمە مەبلىغى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى كۆپەيتىپ بەرگەندى. ئەمەلىيەتتە كۆپەيتىپ تارقىتىلغىنى 11 مىليون 670 مىڭ يۈەن بولۇپ، 40 مىليون 860 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەت مەھسۇلات قىممىتى %13 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت %12 ئاشتى.

1983 - يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن ئالغان قەرز پۇلى جەمئىي 158 مىليون 30 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى، نېفىت سانائىتىنىڭ 114 مىليون 490 مىڭ يۈەن، يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ 25 مىليون 410 مىڭ يۈەن، مېتاللچىلىق سانائىتىنىڭ 9 مىليون 390 مىڭ يۈەن، قاتناش كارخانىلىرىنىڭ 5 مىليون 180 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. شىنجاڭ بويىچە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى پىلانى %113.8 ئورۇندىلىپ، 1982 - يىلدىكىدىن %15.28 ئېشىپ، مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا ھېساباتا %10.2 ئېشىش سەۋىيىسىدىن يۇقىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پىلانى %17.5، يېنىك سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى پىلانى %9.7 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. خام چوت ئىچىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 190 مىليون يۈەن ئاشتى. ئەمما سېتىش كىرىمى 220 مىليون يۈەن ئېشىپ، سېتىشنىڭ ئېشىشى

مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئېشىشىدىن يۇقىرى بولۇشتەك ئاز كۆرۈلىدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 47.76 يۈەن بولۇپ، 1982 ـ يىلدىكىدىن 3.92 يۈەن تۆۋەنلىدى. 130 مىليون يۈەن پايدا يارىتىلىپ، 1982 ـ يىلدىكىدىن 50 مىليون يۈەن يەنى %58.7 كۆپەيدى. زىيان تارتقان كارخانىلار 210 دىن 130 غا چۈشتى. زىيان 27 مىليون 210 مىڭ يۈەن ئازلاپ، ئازىيىش نىسبىتى %56.8 بولدى. سېتىش مەبلىغىنىڭ نىسبىتى %43.85 بولۇپ، 1982 ـ يىلدىكىدىن %4.9 تۆۋەنلەپ، 70 مىليون يۈەن كۆچمە مەبلەغ نىسبىي ھالدا تېجەپ قېلىندى، كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت كۈن سانى 152 كۈن بولۇپ، 21 كۈن قىسقاردى. تېزلىشىش نىسبىتى %11.75 بولۇپ، دۆلەتنىڭ تەلىپىدىكى %4.2 تېزلىشىش پىلانىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى.

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغ ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 ـ 3 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| سىستېما / تۈر | خامچوت ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى | خامچوت سىرتىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرى |
|---|---|---|
| كارخانا سانى | 1245 | 42 |
| 1982 ـ يىلدىكى كۆچمە مەبلىغىنىڭ ئەمەلىي سانى | 85857 | 337 |
| 1983 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە كۆپەيگەن مەبلىغى | 2654 | 8 |
| 1983 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە كېمەيگەن مەبلىغى | 2453 | |
| 1983 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئەمەلىي مەبلىغى | 86058 | 345 |
| بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلگىنى | 83950 | |
| ئالاھىدە رۇخسەت قىلىنغان زاپىسى | 1750 | |
| شېرىك ئىگىلىكتىكى پاي سوممىسى | 28 | |
| ئۆزلىرى تولۇقلىغان كۆچمە مەبلەغ | 295 | 33 |
| مالىيىدىن قەرز ئالغان پۇل | 5 | 150 |

1983 - يىلى كۆچمە مەبلەغنىڭ ھېساب سىرتىدىكى مەبلىغىنى ئىشلىتىشتا بىرلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك بانكىلار ماشىنا - ئېلېكتر سايمانلىرى، پولات ماتېرىياللىرىنى براكتا چىقىرىش، باھاسىنى چۈشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە ئاكتىپ ۋە ئىھتىياتچانلىق بىلەن قاتناشتى. بۇ خىزمەت 1985 - يىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. براكتا چىقىرىش كۆرسەتكۈچى 70 مىليون يۈەن بولۇپ، ئەمەلىي ئىجرا قىلىنغىنى 52 مىليون 306 مىڭ يۈەن، تېجەپ قېلىنغىنى 17 مىليون 694 مىڭ يۈەن.

1984 - يىلى 8 - ئايدا سودا - سانائەت باش بانكىسىنىڭ «پەن تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق تەرىقىسىدە ياساش - تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى تارقىتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»سىگە ئاساسەن، شىنجاڭدا پەن تېخنىكا ئورۇنلىرىغا قەرز بېرىش كەسپى يولغا قويۇلدى. يىل ئاخىرىدا سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا بېرىلگەن كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى 634 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن %34.03 ئاشتى. بۇ يىلى سانائەت قەرز پۇلى پىلاندىكى كۆرسەتكۈچتىن %53.19 ئېشىپ كېتىپ، تارىختا قەرز پۇل پىلاندىن ئەڭ كۆپ ئېشىپ كەتكەن بىر يىلى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە نورمال ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىنى قوللاشقا ئىشلىتىلگىنى %76 نى، باھانىڭ ئۆزگىرىشىگە ھەمدە ئالدىن تاپشۇرۇشقا ئىشلىتىلگىنى %24 نى تەشكىل قىلدى. شۇ يىلى كرېدىت كۆلىمى بەك كېڭىيىپ كەتتى، پۇل كۆپ تارقىتىلدى. ئىستېمال فوندى شىددەت بىلەن ئېشىپ كەتتى، تاشقى پېرېۋوت قالدۇقى تۆۋەنلەپ كەتتى.

قەرز پۇل مەملىكەت بويىچە ئومۇميۈزلۈك پىلاندىن ئېشىپ كەتكەنلىكتىن گوۋۇيۈەن 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى «1984 - يىللىق بانكا قەرز پۇلىنى تەكشۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا جىددىي ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش بوش بولۇش، تەكشۈرۈش چىڭ بولماسلىقتەك مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىدى: (1) كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىل ئاخىرىدا قەرز پۇل تۈپ سانى كېڭىيىپ كەتكەن. يىل ئاخىرىدا 12 قېتىملىق قەرز پۇل زەربىدارلىق بىلەن قەرز ئېلىنىپ، كېيىنكى يىلدا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئامانەت پۇلغا ئاغدۇرۇلغان، بۇنىڭ سوممىسى 4 مىليون 915 مىڭ يۈەن؛ (2) 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ھاۋالە ئامانەت پۇلىغا ئۆزگەرتىلگەن؛ (3) قەرز پۇل ئارقىلىق كېڭەيتىلگەن ئىستېمال فوندى 599 مىڭ يۈەنگە يەتكەن (ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ ھاۋالە شىركىتى شىنجاڭ رادىئو 1 - زاۋۇتىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرىگە 337 دانە رەڭلىك تېلېۋىزورنى نىسى سېتىشقا مەبلەغ جەھەتتىن مەدەت بەرگەن)؛ (4) ئالدىن بېرىلگەن قەرز پۇل 3 مىليون 50 مىڭ يۈەن، يەنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا ئاپتونوم رايونلۇق مېتالچىلىق شىركىتىنىڭ شېنجېنغا 4400 توننا ئىمپورت قىلىنغان پولات ماتېرىيالى ئۈچۈن ئالدىن پۇل تاپشۇرۇشقا قەرز بېرىپ تۇرغان؛ (5) «سومكا شىركەت»لىرى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئاپتوموبىل سېتىۋېلىشىنى قوللاش ئۈچۈن 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلگەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان قەرز پۇللار تەدبىر قوللىنىلىپ، مۇناسىپ بىر تەرەپ قىلىندى.

1985 - يىلى دۆلەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، كرېدىت كۆلىمى قاتتىق تىزگىنلەندى ھەم كرېدىت كۆلىمىنى تىزگىنلەش، ھەم كرېدىت پەرقى سوممىسىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت ئالاھىدە چارە يولغا قويۇلدى. لېكىن 1985 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى بولۇپ، ئورغۇنلىغان يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان تۈرلەرنى ئالدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈشكە توغرا كەلگەنلىكتىن پىلاندىن سىرتقى مەبلەغقە بولغان ئېھتىياج بەك كۆپىيىپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ يىلى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى يەنىلا 1984 - يىلدىكىدىن %40 كە يېقىن كۆپىيىپ، ئومۇمىي سومما 886 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە باھانىڭ ئۆسۈش ئامىلىدىن كۆپەيگەن قەرز پۇل تەخمىنەن %20 نى تەشكىل قىلىدۇ). يېڭىدىن كۆپەيگەن 252 مىليون 150 مىڭ يۈەن قەرز پۇل، ئاساسلىقى، نېفىت، كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ماشىنىسازلىق، يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى

ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سانائەتنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 7 مىليارد 290 مىليون يۈەنگە يېتىپ %22 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى %19 ئېشىپ، 6 مىليارد 210 مىليون يۈەنگە يەتتى، خام چوت ئىچىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ سېتىشتىن كىرگەن كىرىمى %21، پايدىسى %19.3 ئېشىپ، مەھسۇلات قىممىتى، سېتىش، پايدا ماس قەدەمدە ئېشىشتەك ئوبدان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. لېكىن نامۇۋاپىق قەرز پۇل يەنىلا 882 مىليون 850 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. بۇنىڭ %80 تىن ئارتۇق قىسمىنى كارخانىلارنىڭ ئۆز مەبلىغىنىڭ يېتىشمىگەن قىسمى ئىگىلەپ كەتتى.

1985 - يىلى بانكىلار كارخانىلارنىڭ كرېدىت خىزمىتىنى تەكشۈردى. كارخانىلارنىڭ ئۆز مەبلىغىنى تەكشۈرۈشنى تەشكىللەش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ تەڭۋالى ئېنىقلاندى: مەلۇم بولۇشىچە، شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ ئۆز مەبلىغى بارلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ 42.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجراتقان مەبلەغ %43.54، بانكا بەرگەن قەرز پۇل 42.72 بولغان.

## §3. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماددىي ئەشيا تەمىنات - سودا قەرز پۇلى

1950 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە شىنجاڭدا ماددىي ئەشيا تەمىنات - سودىسىغا مەخسۇس قەرز پۇل تارقىتىلمىغان. ماددىي ئەشيا تەمىنات سودىسىنى سانائەت كارخانىلىرى باشقۇراتتى. ئېھتىياجلىق مەبلەغ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كۆچمە مەبلىغى قەرز پۇلىدىن ھەل قىلىناتتى.

ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، 1959 - يىلدىن باشلاپ ماددىي ئەشيا تەمىنات - سودا قەرز پۇلى تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى. ئەينى ۋاقىتتا «تولۇق سوممىلىق كرېدىت» يولغا قويۇلغان ئىدى. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ماددىي ئەشيا قەرز پۇلى شىددەت بىلەن ئېشىپ كەتتى. 1959 - يىلدىكى قالدۇقى 28 مىليون 870 مىڭ يۈەن ئىدى، 1960 - يىلى 56 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، %94.6 ئاشتى. 1961 - يىلى «نورمىلىق كرېدىت» ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بانكىلار پەقەت %20 نورمىلىق قەرز پۇل تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ماددىي ئەشيا تەمىنات - سودا قەرز پۇلى 1960-يىلدىكىدىن 18 مىليون 630 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى. 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ماددىي ئەشيا كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغنى ئىشلىتىشى تەدرىجىي مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلەندى. قەرز پۇل يىلدىن - يىلغا تۆۋەنلىدى. 1964 - يىلى قەرز پۇل قالدۇقى 20 مىليون 730 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ، 1960-يىلدىكىدىن %63.1 ئازايدى، 1965 - يىلى ماددىي ئەشيا قەرز پۇلى 31 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە ئۆرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا 1960 - يىلدىكىدىن %43.2 ئاز بولدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قېلىپ، ماددىي ئەشيا ئوبوروتى ئاستىلاپ، مەبلەغنى نامۇۋاپىق ئىگىلەش كۆپىيىپ كەتتى. يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ماددىي ئەشيا سىستېمىسىنىڭ كۆچمە مەبلىغى پرىنسىپ جەھەتتە يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىلىدىغان، نورمىلىق مەبلەغ مالىيىدىن ئاجرىتىلىدىغان، نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن مەبلەغقە بانكا قەرز بېرىدىغان بولدى. شۇڭا بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان مەبلەغنىڭ 60 پىرسەنتىگە مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىلدى. 40 پىرسەنتىگە بانكا قەرز بەردى، بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشياغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى مالىيىدىن تولۇقلاندى. 1968 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا شىددەت بىلەن

كۆپىيىپ، بانكىدىن بېرىلگەن قەرز پۇل 1.92 ھەسسە ئېشىپ، 123 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1973 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق ماددىي ئەشيا ئىدارىسىگە قاراشلىق مېتاللچىلىق، ماشىنا ـ ئېلېكتر، ئورۇلۇش ـ ماتېرىياللىرى، يېنىك سانائەت ۋە خىمىيە سانائىتى مەھسۇلاتلىرى شىركىتىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ شىركەتنىڭ مەبلەغ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بۇ تۆت شىركەتنىڭ ماددىي ئەشيا ئىسكىلاتىدىكى ماددىي ئەشياسى 1966 ـ يىلدىكىدىن 88% ئاشقان. شۇ مەزگىلدىكى سېتىلغىنى ئاران 24% ئاشقان. ماشىنا ـ ئېلېكتر شىركىتىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم ماددىي ئەشياسىنىڭ سۈپىتى ناچار بولغان، يەنە كېلىپ ئۇبدان ساقلانمىغانلىقتىن سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن مۇددەت بېسىلىپ قېلىپ ئوبوروت بولمىغان. يول ئۈستىدىكى ماددىي ئەشيانىڭ بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالىمۇ خېلى ئېغىر بولغان. 1971 ـ يىلى بۇ تۆت شىركەتنىڭ يول ئۈستىدىكى مەبلىغى 23 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تولۇق ئىسكىلاتتىكى ماددىي ئەشيانىڭ 15.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

1972 ـ يىلدىن ئىلگىرى سانائەت تەمىنات سودىسى ئۈچۈن مەخسۇس تۈردە قەرز پۇل تارقىتىلمىغانىدى. ئېھتىياجلىق مەبلەغ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلىدىن ھەل قىلىناتتى. لېكىن، 1958 ـ، 1959 ـ، 1960 ـ، 1964 ـ يىللىرى مەخسۇس ستاتىستىكىمۇ قىلىنغان. 1972 ـ يىلدىن باشلاپ مەخسۇس تۈر بويىچە سانائەت تەمىنات ـ سودىسى ئۈچۈن قەرز پۇل تارقىتىلىدىغان بولدى. شۇ يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە بۇ خىلدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 131 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە، 1975 ـ يىلى 120 مىليون 220 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ماددىي ئەشيا كەمچىل بولدى. ماددىي ئەشيانىڭ ئىسكىلات قالدۇقى جىددىي تۆۋەنلەپ كەتتى، ماددىي ئەشيا تەمىنات ـ سودىسى قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقىمۇ ئازايدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلىپ، ماددىي ئەشيا كۆپەيگەنلىكتىن، ماددىي ئەشيا تەمىنات سودىسى قەرز پۇلىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئاشتى.

## 1975 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ماددىي ئەشيا تەمىنات سودىسى قەرز پۇلىنىڭ كۆپىيىش ـ ئازىيىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 ـ 4 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈر \ يىل | 1975 | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ماددىي ئەشيا قەرز پۇلى | 12244 | 6746 | 4802 | 8279 | 12705 | 12557 |
| سانائەت تەمىنات سودىسى قەرز پۇلى | 12022 | 11712 | 13024 | 20974 | 25029 | 15277 |
| جەمئىي | 24266 | 18458 | 17826 | 29253 | 37734 | 27834 |

1979 - يىلى ئاساسلىق ماددىي ئەشيا زاپىسى بىلەن شۇ يىللىق ئىستېمال مىقدارى سېلىشتۇرما تەھلىل قىلىنىپ، ماددىي ئەشيا ئوبوروتى ئاستا، ئىسكىلاتتا، بېسىلىپ، قالغانلىرى كۆپ ئىكەنلىكى، ئىگىلەنگەن مەبلەغ ئېشىپ، سېتىش كىرىمىنىڭ كېمىيىپ كەتكەنلىكى بايقالدى. 1979 - يىلى 1978 - يىلىدىكىگە قارىغاندا ئەمەلىي ئىگىلەنگەن نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ %31.8، يەنى 146 مىليون 430 مىڭ يۈەن ئاشقان. سېتىش كىرىمى %9.6، يەنى 120 مىليون 370 مىڭ يۈەن كېمەيگەن. ئوبوروت خىراجىتى %18، يەنى 18 مىليون 900 مىڭ يۈەن ئاشقان، باج سوممىسى %28.8، يەنى 10 مىليون 120 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىگەن، پايدا %58.9 يەنى 3 مىليون 680 مىڭ يۈەن ئازايغان.

خەلق شۆبە بانكىسى يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتقا بۇ ھەقتە مەخسۇس دوكلات يازدى، ھەمدە ماددىي ئەشيا تەمىنات سودىسى قەرز پۇلىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى كونكرېت پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ بويىچە ئامبارلارنى ئېنىقلاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. پولات ماتېرىياللىرىنىڭ ئامبار زاپىسىنى ئېنىقلاش ۋە ئازايتىش مۇھىم نۇقتا قىلىندى.

1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ماددىي ئەشيا تەمىنات سودا كارخانىلىرى ئوتتۇرىچە ئىگىلىگەن يىللىق نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ 713 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 - يىلىدىكىدىن %7.65 كۆپەيدى. تاۋار سېتىشتىن قىلىنغان كىرىم %33.26 ئېشىپ، 1 مىليارد 510 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بانكا قەرز پۇلى 99 مىليون يۈەن ئازايدى، ھەر 100 يۈەنلىك سېتىش ئىگىلىگەن نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ 47.25 يۈەن بولۇپ، 11.15 يۈەن تۆۋەنلىدى. ئوبوروت كۈن سانى 170.11 كۈن بولۇپ، 40.49 كۈن تېزلىشىپ، كىرىم ئېشىش، مەبلەغ ئىگىلەش ئازىيىشتەك ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

1980 - يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتى بىلەن سۇ - ئېلېكتر تارماقلىرىنىڭ ماددىي ئەشيا قەرز پۇلى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، سانائەت تەمىنات - سودىسى قەرز پۇلىغا كىرگۈزۈلمەيدىغان بولدى.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار «سېتىلىشقا قاراپ ئىشلەپچىقىرىشنى بەلگىلەش»، «سېتىلىشقا قاراپ قەرز پۇلنى بېكىتىش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن مەبلەغ كۈچلىرىنى قېزىش، بېسىلىپ قالغان، براكقا چىقىرىلغان ماددىي ئەشيالارنى بىر تەرەپ قىلىش، ئامبارلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش خىزمىتىگە ھەمكارلاشتى. مۇشۇ مەزگىلدە شىنجاڭنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (شۇ يىلقى باھا بويىچە) 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرىدىكىگە قارىغاندا %101 ئېشىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ %54 ئاشتى. بانكىنىڭ ماددىي ئەشيا تەمىنات سودا قەرز پۇلى بولسا ئاشمايلا قالماستىن، بەلكى %25 تۆۋەنلىدى. قەرز پۇلنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغدە ئىگىلىگەن نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 5 - بەش يىللىق پىلان ئاخىرىدىكى %87.33 ۋە %1.16 تىن 6 - بەش يىللىق پىلان ئاخىرىدىكى %44.1 ۋە %8.7 كە تۆۋەنلىدى. 1983 - يىلى %88.0 ۋە %78.5 نى ئىگىلىدى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىگىلىگەن قەرز پۇل بويىچە تەھلىل قىلغاندا، 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا قەرز پۇل مەبلىغىدىن 35 مىليون يۈەن تېجەپ قېلىندى. 1983 - يىلى مەملىكەت بويىچە ماددىي ئەشيا تەمىنات سودىسى قەرز پۇلىنىڭ كارخانىلارنىڭ نورمىلىق كۆچمە مەبلىغىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %62 بولغان بولسا، شىنجاڭدا %40.3 بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولدى.

**1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە مەھسۇلات قىممىتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە قەرز پۇلنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى**

جەدۋەل: 5 ـ 5

| يىل | ساناۋەت، يېزا ئىگىلىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى (شۇ يىلقى باھا 10 مىڭ يۈەن) | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ (10 مىڭ يۈەن) | ماددىي ئەشيا تەمىنات سودىسى قەرز پۇلى (10مىڭ يۈەن) | قەرز پۇلنىڭ مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى | قەرز پۇلنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغدە ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 715995 | 172316 | 27834 | 3.88% | 16.1% |
| 1981 | 786654 | 114779 | 19145 | 2.43% | 16.64% |
| 1982 | 883857 | 132219 | 16384 | 1.85% | 12.36% |
| 1983 | 1020583 | 155723 | 9079 | 0.89% | 5.78% |
| 1984 | 1171123 | 188255 | 14917 | 1.27% | 7.92% |
| 1985 | 1440321 | 265826 | 20735 | 1.44% | 7.8% |

1982 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا پولات ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، ئىسكىلات قالدۇقى چەكتىن ئاشقان ماددىي ئەشيا... ئىسكىلات قالدۇقى جىددىي ئازىيىپ كەتتى. تەمىنلەشتە كاساتلىشىپ قالغان بەزى ماددىي ئەشيالارنىڭ بازىرى ئېچىلمىغان... ئىسكىلات قالدۇقى جىددىي ئازىيىپ كەتتى. تەمىنلەشتە كاساتلىشىپ قالغان بەزى ماددىي ئەشيالارنىڭ بازىرى كېڭىيىپ كەتتى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلار «سېتىلىشقا قاراپ قەرز پۇلنى بېكىتىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، كارخانىلارنىڭ 40 مىڭ توننىدىن ئارتۇق پولات ماتېرىيالى، رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى بالون سېتىۋېلىشىغا مەدەت بەردى. 1983 ـ يىلى ماددىي ئەشيا تەمىنات سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارغا 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك قەرز پۇل كۆپەيتىپ بېرىلدى. ئۇلار بالون، رېزىنكە، پولىئېستېر ۋە خىمىيىۋى تالا سېتىۋېلىپ ئىسكىلات قالدۇقى قۇرۇلمىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، زۆرۈر بولغان ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. 1984 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايون بويىچە ئىسكىلاتلارنى ئېچىۋېتىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلار ماددىي ئەشيا تارماقلىرىنىڭ بۇ خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەمكارلاشتى. 1985 ـ يىل 3 ـ ئايغا كەلگەندە ۋەزىيەت خېلى ئوبدان ئۆزگەردى. شىنجاڭ بويىچە ئېچىۋېتىلگەن ئىسكىلات قالدۇقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 2 مىليارد 759 مىليون 670 مىڭ يۈەن، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 817 مىليون 430 مىڭ يۈەن، جەمئىي 4 مىليارد 577 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيانىڭ ئومۇمىي قىممىتى 807 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، بارلىق ماددىي ئەشيانىڭ 17.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيادىن بىر تەرەپ قىلىنغىنىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 72 مىليوندىن كۆپرەك بولۇپ %8.9 ماددىي ئەشيا بىر تەرەپ قىلىندى، 1982 ـ يىل 5 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن «ماشىنا ـ ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرىنى براكقا چىقىرىش توغرىسىدا قارار»

چىقارغانىدى. 1983 ـ يىل 5 ـ ئايدا يەنە «ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيالارنى براكقا چىقىرىپ، باھاسىنى چۈشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش ۋە يېگىدىن بېسىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا بىر نەچچە بەلگىلىمە» چىقاردى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار شۇ جايدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلارغا پائال ماسلىشىپ، يۇقىرىقى قارارنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىنى چىڭ تۇتتى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ماشىنا ئېلېكتر مەھسۇلاتلىرى ۋە پولات ماتېرىياللىرىنى براكقا چىقىرىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتە ئاخىرلاشتى. 1984 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا براكقا چىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ مەبلەغ زىيىنىنى ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەللەندى. بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بويىچە 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇنقى ماددىي ئەشيالارنىڭ براكقا چىقىرىلغانلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 252 مىليون 950 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىسكىلاتتا قالغان ماددىي ئەشيا ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 16.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلاتتى، بۇنىڭدىن چۈۋۈپ ئىشلىتىلگەن يەككە ماشىنا، ئۈسكۈنە ـ زاپچاسلار 264 مىڭ 700 يۈەننى ۋە براكقا چىقىرىلغانلىرىنىڭ قالدۇق قىممىتىدىن يىغىۋېلىنغان 1 مىليون 818 مىڭ 500 يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، براكقا چىقىرىلغان ماددىي ئەشيا زىيىنىنى تولۇقلىغاندىن سىرت، ئەمەلىي ھېسابتىن كۆتۈرۈلگەن مەبلەغ زىيىنى 250 مىليون 871 مىڭ 800 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن كۆچمە مەبلەغدىن ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 148 مىليون 353 مىڭ 500 يۈەن بولۇپ %59.2 نى، خەلق بانكىسى بەرگەن قەرز پۇلدىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 35 مىليون 522 مىڭ 900 يۈەن بولۇپ %14.17 نى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بەرگەن قەرز پۇلدىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 24 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولۇپ، %9.73 نى، قۇرۇلۇش بانكىسى بەرگەن قەرز پۇلدىن ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 3 مىليون 589 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ، %1.43 نى، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئاجرىتىلغان پۇلدىن ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 24 مىليون 198 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ %9.65 نى، مەخسۇس تۈر مەبلىغىدىن ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 13 مىليون 270 مىڭ يۈەن بولۇپ، %5.3 نى، كەسپىي خىراجەتكە ئاجرىتىلغان پۇلدىن ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 1 مىليون 755 مىڭ يۈەن بولۇپ %0.7 نى ئىگىلىدى. ساختىپەزلىك قىلىپ، براكقا چىقىرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھېسابتىن كۆتۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا، گوۋۇيۈەن ئىشخانىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، كارخانا ئورۇنلىرى باھانى چۈشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىلگىرى، چوقۇم ئالدى بىلەن ئۆزلىرى ھېساب ئاچقان بانكىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش، مەبلەغنى ھېسابتىن كۆتۈرگەندە باھانىڭ چۈشۈرۈلۈش ھەجمى %30 تىن تۆۋەن بولسا ھېساب ئاچقان بانكا تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، %30 تىن %60 چىلىك بولسا ھېساب ئاچقان بانكا ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى بانكىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىش چارىسى يولغا قويۇلدى.

زور مىقداردىكى براكقا چىقىرىلغان ماددىي ئەشيالارنى ھېسابتىن كۆتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنىلا ماددىي ئەشيالارنىڭ يېڭىدىن بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز كۆرۈلۈپ تۇردى. شۇڭا 1985 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئىككىنچى قېتىم ماددىي ئەشيالارنى براكقا چىقىرىش خىزمىتى ئىشلەندى. خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق «براكقا چىقىرىش ئىشخانىسى» بىلەن بىرلىكتە يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنى تۈزۈپ چىقتى. ئېنىقلاش، باھالاش، بىرلىكتە قاراپ چىقىش، قايتا تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، قايتا قاراپ چىقىش، يىغىۋېلىش، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش، ھېسابتىن كۆتۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەر ئىشلىنىش ئارقىلىق ۋەزىپە 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئوڭۇشلۇق تۈگەللەندى. ئاپتونوم رايون بويىچە براكقا چىقىرىلغان ماددىي ئەشيالارنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 53 مىليون 304 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن يىغىۋېلىنغان مىتاللارنىڭ پارچە ـ پۇرات قىممىتى 998 مىڭ يۈەننى چىقىرىۋەتكەندە، براكقا چىقىرىلغاندىن كۆرۈلگەن ئەمەلىي زىيان 52 مىليون 306 مىڭ يۈەن. مەركەز چۈشۈرۈپ بەرگەن 70 مىليون يۈەنلىك كۆرسەتكۈچتىن 17 مىليون 694 مىڭ يۈەن ھېسابتىن ئاز كۆتۈرۈلدى.

## 4 § . كوللېكتىپ، شېرىكلەشكەن سانائەت قەرز پۇلى

1950 ـ يىلى شىنجاڭدا شېرىكلەشكەن سانائەت كارخانىسىدىن ئۈچى، كوللېكتىپ سانائەت كارخانىسىدىن بىرى بار ئىدى. 1952 ـ يىلغا كەلگەندە شەھەر بازارلاردىكى كوللېكتىپ سانائەت كارخانىلىرى تەرەققىي قىلىپ 180 گە، شۇ يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 2 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شېرىكلەشكەن ئىككى سانائەت كارخانىسىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 160 مىڭ يۈەن. مەھسۇلات قىممىتى ئاران 70 مىڭ يۈەن بولدى.

1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بانكىلار دۆلەتنىڭ خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشكە ماسلىشىپ، نۇرغۇن مەبلەغ بىلەن شېرىكلەشكەن ۋە كوللېكتىپ سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى. خەلق باش بانكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، قول سانائەت كوپېراتىپلىرىغا قىسقا مۇددەتلىك سانائەت قەرز پۇلى بېرىلدى. شېرىكلەشكەن سانائەت جەھەتتە ئىلگىرىكى پەقەت خام ماتېرىيال ئۈچۈنلا قەرز پۇل بېرىش بىلەن چەكلىنىش، ماتاش چىقىمىغا قەرز پۇل بەرمەسلىك، مەخسۇس پۇلنى ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىشنى تەكىتلەش قاتارلىق چەكلەش تەدبىرلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ پىلان ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئوبوروت مەبلىغى ئېھتىياجىغا، مەيلى خام ماتېرىيال، قوشۇمچە ماتېرىيال، يېقىلغۇ ئىستېمالچى بولسۇن ياكى ماتاش چىقىمى، بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى، باج تاپشۇرۇش پۇلى ۋە پاي ئۆسۈمىنى تارقىتىش ئۈچۈن بولسۇن ھەممىسىگىلا قەرز پۇل بېرىلىدىغان بولدى. 1956 ـ يىل 11 ـ ئايغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قول سانائەت ئاساسىي جەھەتتىن كوپېراتسىيىلىشىپ بولدى، قول سانائەت كوپېراتىپلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل ناھايىتى تېزلا ئېشىپ كەتتى. 1957 ـ يىلغا كەلگەندە قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، قول سانائەت قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 96.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. يەككە قول سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ نىسبىتى 1957 ـ يىلى، 1953 ـ يىلدىكى 100% تىن 3.5% كە چۈشتى.

### قول سانائەتتىكى كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلى ۋە يەككە قول سانائەت قەرز پۇلىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 ـ 6 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | قول سانائەت كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلى | ئىگىلىگەن نىسبىتى | يەككە قول سانائەت قەرز پۇلى | ئىگىلىگەن نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|
| 1953 | | | 32.3 | 100% |
| 1954 | | | 13.8 | 100% |
| 1955 | 26.8 | 69.3% | 11.8 | 30.7% |
| 1956 | 75.5 | 93.1% | 5.6 | 6.9% |
| 1957 | 110 | 96.5% | 4 | 3.5% |

1957 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قول سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلنى ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، يەككە قول سانائەتچىلەرنى قوللاش يېتەرلىك بولمايتتى. بەزى جايلار قەرز پۇلنى بەك چىڭ تۇتتۇۋالغان، رەسمىيەتلەر مۇرەككەپ ئىكەن، دەپ قارىدى. 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى باشلانغان 1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتى ئاستىدا، بانكىلار قول سانائەت كوپېراتىپلىرىغا قەرز پۇل بېرىشتە، «تەلەپنى چوقۇم قاندۇرۇش»، «تولۇق تەمىنلەش» چارىسىنى قوللاندى. شۇ يىلى قەرز پۇل 1.67 ھەسسە ئېشىپ 2 مىلىيون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇ شۇ چاغدىكى كوللېكتىپ سانائەتنىڭ ئۆز مەبلىغى بولغان 563 مىڭ يۈەننىڭ 4.2 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى. مەھسۇلات قىممىتى بولسا ئەكسىچە 52% يەنى 42 مىلىيون 540 مىڭ يۈەن تۆۋەنلەپ كەتتى.

1959 ـ يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ھەممىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر قىسىم كوللېكتىپ سانائەت ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى سانائەتكە ئۆزگەرتىلدى. بىر قىسىملىرى (تەخمىنەن 27% ى) گۇڭشې سانائىتىگە ئۆزگەرتىلدى. 1958 ـ يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىش توختىتىلدى.

1960 ـ يىلى مەركەزنىڭ «قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم» دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا كىچىك تىپتىكى سانائەتكە ئۆزلۈك مۇددەتلىك قەرز بېرىش يولغا قويۇلۇپ، قول سانائىتى ۋە گۇڭشې باشقۇرغان سانائەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلدى. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر تارقىتىلغان قەرز پۇل 1 مىلىيون 687 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مەركەزنىڭ «شەھەر ـ يېزىلاردىكى قول سانائىتىگە ئائىت بىر قانچە سىياسەت مەسىلىلىرى توغرىسىدا بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، 1962 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى قول سانائەت كرېدىت مەبلىغىنى ئېنىقلاشنى باشلىدى. قول سانائەت ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىغا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك پاي، جامائەت جۇغلانمىسى قاتارلىقلار پۈتۈنلەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز مەبلىغىگە ئاغدۇرۇلۇپ، ئاندىن ئۇنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. 1959 ـ يىلى تولۇق سوممىلىق كرېدىت يولغا قويۇلغاندا بانكىنىڭ كرېدىت فوندىغا ئاغدۇرۇلغان قىسمىنى ھېساب يۈزىدە ئەمەلىي بار بولغان سوممىسى بويىچە بانكىلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئاندىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار قول سانائەت كوپېراتىپلىرىغا ھېسابلاپ قايتۇرىدىغان بولدى. 1963 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شەھەرلەردە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئەسلىگە كەلدى ۋە تەرەققىي قىلدى، كارخانا سانى 1962 ـ يىلدىكى 244 تىن 721 گە كۆپەيدى. مەھسۇلات قىممىتى 33 مىلىيون 490 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە خەلق شۆبە بانكىسى قول سانائەت كوپېراتىپلىرىنىڭ تەشكىلىنى رەتكە سېلىش، تۈزۈملەرنى تۈرغۇزۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمەتلىرىگە ھەمكارلاشتى. شەھەر ـ بازارلاردىكى كوللېكتىپ سانائەت ۋە قول سانائىتى كوپېراتىپلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 41% تۆۋەنلىدى. ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 50.3% ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ئىگىلىۋالغان قول سانائەت ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ مەبلەغلىرى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېنىقلاپ قايتۇرۇلدى. تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، ئاپتونوم رايون بويىچە قايتۇرۇلۇشقا تېگىشلىك مەبلەغ 10 مىلىيون 190 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن قايتۇرۇلغىنى 4 مىلىيون 120 مىڭ يۈەن بولۇپ، 40.9% نى تەشكىل قىلغان.

1966 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە بانكىنىڭ تۈرغۇزۇلغان قائىدە ـ تۈزۈملىرى بىكار قىلىنىپ، كرېدىت باشقۇرۇش خىزمىتى بىر مەزگىل قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 10.26 ھەسسە ئاشقان بولسىمۇ، مەھسۇلات قىممىتى ئاران 81% (58 مىلىيون 700 مىڭ يۈەن) ئاشتى. 1975 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىنىپ، ئەھۋالدا سەل ـ پەل ياخشىلىنىش

بولدى. شۇ يىلى شىنجاڭدا كوللېكتىپ سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 22 مىليون 790 مىڭ يۈەن، مەھسۇلات قىممىتى 30.3% (30 مىليون 370 مىڭ يۈەن) ئېشىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى ئەڭ ئوبدان بىر يىل بولدى.

شۇ مەزگىلدە شىنجاڭدا كىچىك تىپتىكى كوللېكتىپ سانائەتنىڭ، ئاساسلىقى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى قۇرغان «7 - ماي» زاۋۇتلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. مەسىلەن: ئاقسۇ ۋىلايىتىدە بانكىنىڭ قەرز پۇل جەھەتتىن قوللىشى ئارقىسىدا 1970 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە كىچىك تىپتىكى «7 - ماي» زاۋۇتلىرىدىن جەمئىي 90 نەچچىسى قۇرۇلۇپ، بازارلارنى ئېھتىياجلىق بولغان نۇرغۇنلىغان مەھسۇلاتلار بىلەن تەمىنلەپ، دۆلەتكە نەچچە يۈزمىڭ يۈەن مەبلەغ جۇغلاپ بېرىپلا قالماستىن، كۆپلىگەن ئائىلە - تاۋابىئاتلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى.

1976 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 98.3% ئېشىپ 7 مىليون 530 مىڭ يۈەن ئاشتى. كارخانا سانى 30% كۆپىيىپ، 1129 غا، مەھسۇلات قىممىتى 81% ئېشىپ، 237 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بۇ مەزگىلدە كوللېكتىپ سانائەت كرېدىت خىزمىتىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلدى. 1976 - يىلى ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجىدىن ئىبارەت ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملار تۈگىتىلىق ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ئۈچ ۋىلايەتتە مەخسۇس ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت (سېخ) 48، ئۇلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلىرى 5042، مەھسۇلات قىممىتى 21 مىليون 640 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلات تۈرى ئاز كەم 300 ئىدى. 1979 - يىلغا كەلگەندە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان كىچىك يۇڭ ياغلىق، ئۇزۇن پايپاق، كالاچ، ئورغاق، قازان قاتارلىقلار بىلەن ئاپتونوم رايون ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزىنى تەمىنلەش ئىشقا ئاشتى.

1978 - يىلى خەلق باش بانكىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭدىكى 776 شەھەر - بازار كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

**1970 -، 1977 - يىللىرىدىكى شىنجاڭ بويىچە 776 شەھەر - بازار كوللېكتىپ كارخانىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى**

جەدۋەل: 5 — 7 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى | 1970 - يىلى | 1977 - يىلى | ئېشىش - كېمىيىش ئۆزگىرىشى |
|---|---|---|---|
| ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى | 3776 | 15929 | +321.8% |
| ئىشچى - خىزمەتچى سانى | 7600 | 40247 | +429.9% |
| كارخانا سانى | 279 | 776 | +181.2% |
| سېتىش كىرىمى | 3922 | 17083 | +335.6% |

| | | | |
|---|---|---|---|
| پايدا ئومۇمىي سوممىسى | 270 | 1638 | +506.7% |
| مۇقىم مۈلۈكنىڭ ساپ قىممىتى | 1226 | 4200 | +242.6% |
| نورمىلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىشى | 1778 | 5027 | +182.7% |
| جامائەت فوندى | 2904 | 3186 | 9.7% |
| سېلىنغان مەبلەغ | 229 | 3784 | +1552.4% |
| باشقا مەخسۇس مەبلەغ | 1532 | 5227 | +241.2% |
| ئۆز كۆچمە مەبلىغى | 1383 | 3148 | +127.6% |
| ئۆزىنىڭ دەپ قارالغان كۆچمە مەبلەغ | 29 | 504 | +1637.9% |
| ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقتىن ئېلىنغان قەرز | 416 | 843 | +102.6% |
| باشقا ئالغان قەرز پۇل | 225 | 212 | ـ0.57% |
| بانكا قەرز پۇلى | 157 | 1234 | +686% |
| پىرىم پۇل | 70 | 478 | +582.8% |
| ئېلىم پۇل | 27 | 449 | +1563% |
| بانكا ئامانىتى پۇلى | 729 | 1965 | +169.5% |
| 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ (يۈەن) | 41.8 | 32.5 | ـ9.3 يۈەن |
| 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن بانكا قەرز پۇلى (يۈەن) | 4.1 | 5.5 | +1.4 يۈەن |
| نورمىلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت كۈن سانى (كۈن) | 174.8 | 121 | 53.8 كۈن تېز |

ئەسكەرتىش: جەدۋەلدىكى 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن مەبلەغ، قەرز پۇل سانى، مەھسۇلات قىممىتى پەقەتلا سانى بويىچە، مەبلەغ، قەرز پۇل ئوتتۇرىچە سان بويىچە ھېسابلاندى.

1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە مەركەزنىڭ «ئىقتىسادنى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارار» ى ئىزچىل ئىجرا قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلار كوللېكتىپ ئىگىلىكنى قوللاشقا يەنىمۇ ئەھمىيەت بەردى. پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ يۆلەش، سېتىلىشقا قاراپ قەرز پۇلنى بېكىتىش پرىنسىپىدا چىڭ

تۇردى. كوللېكتىپ ساناﺋەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 5.7 ھەسسە ئاشتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قالدۇقى 103 مىليون 280 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، كوللېكتىپ ساناﺋەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى: شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ ساناﺋەت كارخانىلىرى 1720 گە يېتىپ، 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 596 سى كۆپەيدى. مەھسۇلات قىممىتى 825 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 2.47 ھەسسە ئاشتى. كوللېكتىپ ساناﺋەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى تولۇق ساناﺋەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 11.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە شېرىكلەشكەن كارخانىلار (ئومۇمىي خەلق بىلەن كوللېكتىپ، كوللېكتىپ بىلەن شەخسىي، ئومۇمىي خەلق بىلەن شەخسىي ۋە جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكلەشكەن كارخانىلار) يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىپ 16 گە تەرەققىي قىلدى. ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 43 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

مۇشۇ مەزگىلدە بانكىنىڭ كوللېكتىپ ساناﺋەت كرېدىتىدە بەزى يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى. بۇ مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، كوللېكتىپ ساناﺋەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ياخشى بولدى. 1982 - يىلى كوللېكتىپ ساناﺋەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل %14.6، مەھسۇلات قىممىتى بولسا %25.7 كۆپەيدى. 1984 -، 1985 - يىللىرى كوللېكتىپ ساناﺋەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى تېز بولدى. مەھسۇلات قىممىتى 1984 - يىلى %68.6، 1985 - يىلى %45.8 ئاشتى. كوللېكتىپ ساناﺋەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئېشىشى تېخىمۇ تېز بولۇپ، 1984 - يىلى %85.9، 1985 - يىلى %44.3 (كوللېكتىپنىڭ ئۇسكۇنىلىرىگە بېرىلگەن قەرز پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئاشتى. ئىككىنچىدىن، كوللېكتىپ ساناﺋەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولدى. بىر تەرەپتىن ئۇسكۇنە خاراكتېرلىك قەرز پۇلنىڭ نىسبىتى تەدرىجىي ئۆرلىدى، 1981 - يىلى %28.4 نى ئىگىلەيتتى. 1985 - يىلىغا كەلگەندە %38.9 كە ئۆرلىدى، يەنە بىر تەرەپتىن كوللېكتىپ ساناﺋەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ كوللېكتىپ ساناﺋەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتىمۇ يىلدىن - يىلغا ئاشتى. 1981 - يىلى 8.66 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولسا، 1985 - يىلى 12.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۈچىنچىدىن، بانكىلار ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى قوللاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بەردى. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بولغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىگە تۆۋەن ئۆسۈمدە (ئايلىق ئۆسۈمى ‰3) قەرز بېرىپ ئېتىبار بەردى. كوللېكتىپ ساناﺋەتنىڭ ئۆسۈم چىقىمىدىن جەمئىي 5 مىليون 100 مىڭ يۈەن (ئايلىق پەرقىنى ‰1.2 بويىچە ھېسابلىغاندا) ئازايتىلدى. تۆتىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك بانكىلار شەھەر - بازارلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ تەشكىللىنىپ كوللېكتىپ كارخانا قۇرۇشىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوللىدى. پەقەت خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەشكە ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا پايدىلىقلا بولسا، ئىش باشلىغان ئىككى يىل ئىچىدە ‰3.6 لىك تۆۋەن ئۆسۈم بويىچە ئېتىبار بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھېساب ئېچىش، راسچوت قىلىش، نەقپۇل باشقۇرۇش، قەرز پۇلغا ئىلتىماس قىلىش رەسمىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇۋاپىق ھالدا كەڭ قويۇپ بېرىلدى.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە كوللېكتىپ، شېرىكلەشكەن ساناﺋەت كرېدىتى خىزمىتىدە ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: بانكا قەرز پۇلى ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتتى، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەشكە بەل قارالدى. كرېدىت مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، كارخانىلارنىڭ ئىگىلەپ كەتكىنى كۆپ، مەبلەغ ئوبوروتى ئاستا، قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز كۆپ بولدى. يەنە قەرز پۇلنى يۆتكەپ ئىشلىتىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلدى.

# § 5 . ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى

خەلق بانكىسى غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق بانكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن 1954- يىل 5- ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى جۇڭگو — سوۋېت شېرىكچىلىكىدىكى رەڭلىك مېتال ھەمدە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار شىركىتىگە كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا 15 مىليارد 66 مىليون يۈەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى بەردى. بۇنىڭ مۇددىتى توققۇز يىل يەتتە ئاي، يىللىق ئۆسۈمى %2 بولدى. بۇ، شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى تۇنجى قېتىم تارقاتقان ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 كۈنى جۇڭگو — سوۋېت شېرىكچىلىكىدىكى نېفىت شىركىتىگە يەنە بىر قېتىم مۇددىتى، ئۆسۈمى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولغان 29 مىليارد 174 مىليون يۈەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى بېرىلدى. بۇ ئىككى قېتىملىق چوڭ سوممىلىق كرېدىت سېلىنمىسى 1953 - يىلى دۆلەت مالىيە مەبلىغى بىلەن كرېدىت مەبلىغىنى ئايرىم باشقۇرۇش، ئايرىم ئىشلىتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى مالىيىدىن ئاجرىتىشنى بەلگىلىگەن ئەھۋال ئاستىدا بېرىلگەن بولۇپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭغا ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكىنى گەۋدىلەندۈردى.

1959 - يىلىنىڭ بېشىدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى بىلەن يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى بىرلىشىپ شىنجاڭغا كىچىك تىپتىكى سانائەت ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 4 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەرگەن. 8 - ئايدا باش بانكا بىلەن يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنى ئىشلىتىشنى توختىتىشنى ئۇقتۇردى. لېكىن شىنجاڭدا 1 مىليون 702 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ كەتكەن بولۇپ، 1963 - يىل 11 - ئايغىچە ئاران 566 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. فۇكاڭ تۆمۈر زاۋۇتىغا 1 مىليون يۈەن قەرز بېرىلگەنىدى. 1961 - يىلى بۇ زاۋۇت تاقىلىپ قېلىپ بىر پۇڭمۇ قايتۇرمىدى. ئىلى سىرلىق تۇڭگە زاۋۇتىغا 100 مىڭ يۈەن، سۆڭەك يېلىمى زاۋۇتىغا 36 مىڭ يۈەن بېرىلگەنىدى. ئۈنۈمى ناچار بولغاچقا بۇ زاۋۇتلار تاقىلىپ قالدى.

1960 - يىلى شىنجاڭدا بانكا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز پۇل بېرىشنى توختاتتى. 1978 - يىل 12 - ئايدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش تەلىپىگە ئاساسەن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز بېرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئۇنى قۇرۇلۇش بانكىسى بېجىرىدىغان بولدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى ئاساسلىقى، مەبلەغ ئاز سېلىنىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان، قايتۇرۇش ئىقتىدارى بار بولغان، دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئىشلىتىلدى. 1982 - يىلدىن باشلاپ خەلق بانكىسى بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنى يەنە بېجىرىدىغان بولدى. شۇ يىلى شىنجاڭنىڭ مۇشۇ مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 24 مىليون يۈەن بولۇپ، خوڭيەنچى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ 3 - قارارلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا 15 مىليون 500 مىڭ يۈەن، يەنخۇ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ 50 مىڭ توننىلىق گىلاۋبېر تۇزى ئىشلەپچىقىرىش سېخى قۇرۇلۇشىغا 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار جەمئىي 400 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى تارقىتىپ، 157 قۇرۇلۇش تۈرىگە مەدەت بەردى. بۇنىڭدىن ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 64، يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 79 مىليون 460 مىڭ يۈەن، يارىتىلغان پايدا — باج 13 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولدى.

# § 6 . ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى (تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى)

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، بانكا كرېدىتى ئىلگىرىكى كۆچمە مەبلەغكە قەرز پۇل تارقىتىشتىن مۇقىم مۈلۈككە قەرز پۇل تارقىتىشقا كېڭەيدى. 1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 8 كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارغا شەرتلىك، چەكلىمىلىك بولغان ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقاتتى. شۇ يىلى خەلق باش بانكىسى شىنجاڭغا 10 مىليون يۈەن ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى تەقسىم قىلىپ بەردى. شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى بانكىلارغا «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىشنى ئىگىلەش پىكرى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنىڭ پەقەت كىچىك تېپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، كىچىك تېپتىكى ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئاشۇرۇش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۈسكۈنىلەرنى قوراشتۇرۇش، يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ بازارلارنى تەمىنلەشنى كۆپەيتىش ۋە ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشىغىلا ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئۈچ يىل، ئايلىق ئۆسۈمى ‰2.4، ھەر قېتىملىق قەرز پۇلنىڭ نورمىسى 200 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك، 200 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتسە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش بەلگىلەندى. شۇ يىلى جەمئىي 3 مىليون 620 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. ئېشىپ قالغان 6 مىليون 380 مىڭ يۈەننىڭ كۆرسەتكۈچى كېيىنكى يىلدا داۋاملىق ئىشلىتىشكە ئاغدۇرۇلدى.

1979 - يىلدىن 1981 - يىلغا قەدەر نۆۋەتلىك تۈردە مايناغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ سىلىنقلاش مېيى مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭىدىن يىللىق پىششىقلاپ ئىشلەش مىقدارى 120 مىڭ توننا بولغان بىر يۈرۈش ئېرىتمە موم ئاجرىتىۋېلىش قۇرۇلمىسىنى كۆپەيتىشكە مەدەت بېرىلدى. بۇ تۈرگە بېرىلگەن 9 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئۈچ يىلغا بۆلۈپ ئىشلىتىلدى. يەنى 1979 - يىلى 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن؛ 1980 - يىلى 4 مىليون 700 مىڭ يۈەن؛ 1981 - يىلى 3 مىليون يۈەن ئىشلىتىلدى. بۇ قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن ھەر يىلى سىلىنقلاش مېيىنى 53 مىڭ توننا ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئېھتىياجىنى ئاساسىي جەھەتتىن قاندۇرغىلى ھەمدە رايون سىرتىغا ۋە ئېكسپورتقا قىسمەن ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا يىلىغا 3000 توننا موم ئىشلەپچىقىرىپ، شىنجاڭدا سوپۇن ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئاساسلىق خام ئەشيا يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، مالىيە كىرىمىنى ھەر يىلى 37 مىليون يۈەن ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

1980 - يىلى گوۋۇيۈەن «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىگە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس قەرز پۇل تارقىتىشنى سىناق قىلىش چارىسى» نى تەستىقلىدى. بۇ «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەتنىڭ نىسبىتىنى تەڭشەپ، يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان بىر خىل زور تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنىڭ ئادەتتىكى ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئوخشاشماسلىقلىرى بار: (1) بۇ مەخسۇس قەرز پۇل بولۇپ، مەخسۇس قەرز پۇل مەخسۇس ئىشقا ئىشلىتىلىدۇ؛ (2) كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىگىمۇ قەرز بېرىشكە بولىدۇ؛ (3) قەرز پۇل يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئىسلاھ قىلىش، تېخنىكا

ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، يەنە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كىچىك كۆلەمدىكى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئۆزگەرتىپ ياساش قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان، داۋاملىق قۇرۇلىدىغان قۇرۇلۇشلارغا مەبلەغ سېلىشقا ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛ (4) نورمىدىن يۇقىرى بولغان تۈرلەردە (توقۇمىچىلىقتا 2 مىليون يۈەندىن يۇقىرى؛ يېنىك سانائەتتە 1 مىليون يۈەندىن يۇقىرى بولغانلىرىدا) ئاپتونوم رايون پىلاننى ئوتتۇرىغا قويغان، مەركەزدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە باش بانكا تەكشۈرۈپ چىقىپ پىكىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ دۆلەت پىلان كومىتېتى، باش بانكا، مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنى چاقىرىپ بىرلىكتە قاراپ چىقىپ ئىجرا قىلىشقا چۈشۈرۈشكە تاپشۇرۇلىدۇ. نورمىدىن تۆۋەن تۈرلەرنى ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، مەركەزدىكى ئالاقىدار مىنىستىرلىك، كومىتېتلار ۋە باش بانكىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

شۇ يىلى باش بانكا ۋە يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى، توقۇمىچىلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا 10 مىليون يۈەنلىك يېنىك سانائەت مەخسۇس قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى، 7 مىليون 530 مىڭ يۈەنلىك توقۇمىچىلىق سانائىتى مەخسۇس قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى تەقسىم قىلىپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى ۋە قېزىش، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش پىلانىغا ئاساسەن مەدەت بېرىلىدىغان تۈرلەرنى بېكىتتى ھەمدە «ئۈچ خىل ماتېرىيال» بىلەن تەمىنلەشنى ۋە قۇرۇلۇش قىلىش كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەخسۇس قەرز پۇلنىڭ تارقىتىلىشى ئۈچۈن ئوبدان شارائىت ھازىرلاپ بەردى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى قەرز پۇلنىڭ تارقىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە دوكلات قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ دوكلاتىغا ئاساسەن يىغىن ئاچتى ھەمدە «يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىگە بېرىلىدىغان ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس قەرز پۇلنىڭ تارقىتىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشىدە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى يىغىن خاتىرىسى» نى تارقاتتى. 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىگە بېرىلىدىغان ئوتتۇرا قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس قەرز پۇل ھەققىدە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، 1980 ـ يىلدىكى قەرز پۇلنىڭ ئەمەلىيلىشىش، ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ساقلانغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مۇزاكىرىلىشىپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە 26 تۈرگە جەمئىي 13 مىليون 518 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ 17 مىليون 530 مىڭ يۈەنلىك كۆرسەتكۈچنىڭ 71.1 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتتىكى 15 تۈرگە 5 مىليون 988 مىڭ يۈەن، توقۇمىچىلىق سانائىتىدىكى 11 تۈرگە 7 مىليون 530 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. 26 تۈر ئىچىدە كونا كارخانىلارنىڭ قېزىش، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش تۈرى 15، بۇنىڭغا 7 مىليون 408 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈش قۇرۇلۇشى 11 تۈر، بۇنىڭغا 6 مىليون 110 مىڭ يۈەن بېرىلدى.

يېنىك سانائەت توقۇمىچىلىق سانائىتىگە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە مەخسۇس قەرزپۇلى داۋاملىق تارقىتىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن قاتناش، ئېنېرگىيە تېجەش، مېتاللورگىيە، ئالتۇن قېزىش، ئالاھىدە ماشىنىسازلىق ۋە باشقا سانائەتلەرگە بېرىلىدىغان ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە مەخسۇس قەرز پۇل تۈرلىرى بېكىتىلىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

شىنجاڭنىڭ سانائەت ئاساسى ئاجىز، قاتناش لىنىيىسى ئۇزۇن بولغاچقا، چېگرا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مەدەت بېرىش ئۈچۈن، 1982 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ئىلتىماس سۇنۇشى، باش بانكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىشتا مۇنداق بىر قاتار ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرى يولغا قويۇلدى: (1) ئۆسۈم

نىسبىتىگە ئېتىبار بېرىلدى. 1982 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1985 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە قەدەر ئۆسۈم نىسبىتى %20 تۆۋەنلىتىلدى؛ (2) قايتۇرۇش مۇددىتى ئۇزارتىلدى، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا يەتتە يىلدا قايتۇرۇش بەلگىلىنىپ، باش بانكىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسىدىن ئىككى يىل ئۇزارتىلدى؛ (3) ئىشلىتىلىش ئورنىغا كەڭچىلىك قىلىندى. يېڭىدىن سېخ قۇرۇشقا، سىرتقا يۈزلىنىشلىك ئىشلەپچىقىرىشنى مۇۋاپىق تۈردە كېڭەيتىشكە رۇخسەت قىلىندى؛ (4) ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغنىڭ نىسبىتىنى جانلىق ئىگىلەشكە يول قويۇلدى، ئۆلۈك ھالدا %10 تۇتۇپ قېلىنمايدىغان بولدى، بەزى تۈرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، مۇددىتى قىسقا بولۇپ، ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ %10 كە يەتمىگەن بولسا ياكى ئۆزلىرى مەبلەغ توپلاشقا ئامالى بولمىسا، تەستىقلاش ئارقىلىق، قەرز پۇل بىلەن مەدەت بېرىلىدىغان بولدى؛ (5) باش بانكا ئۆزگەرتىپ قۇرۇش تۈرلىرىنىڭ توپا قۇرۇلۇشى قىسمىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ ئومۇمىي سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ 20 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكنى بەلگىلىگەن. شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش پىلانى ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 15 ـ 20 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكنى بەلگىلەپ، كونكرېت تۈرلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئۆلۈك ھالدا تۇتۇپ قالمىدى.

1984 ـ يىلى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىنى تېزلىتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇپ، تەننەرخنى تۆۋەنلىتىشكە ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، سودا سانائەت باش بانكىسى شىنجاڭغا ياردەم ئۆسۈملۈك 3 مىليون 700 مىڭ يۈەنلىك تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. ئۆسۈمگە بېرىلىدىغان ياردەم يېرىم ياردەم ۋە تولۇق ياردەمدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلدى. ياردەم بېرىش چارىسىنى مالىيە بىلەن كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار كېڭىشىپ بېكىتىدىغان بولدى. شۇ يىلى يەتتە تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلدى . بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەتنىڭ ئۈچ تۈر، بۇنىڭغا 2 مىليون يۈەن قەرز بېرىپ، ئۆسۈمگە يېرىم ياردەم بېرىش، يېمەكلىك سانائىتىنىڭ تۆت تۈر، بۇنىڭغا 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ، ئۆسۈمگە تولۇق ياردەم بېرىش بەلگىلەنگەن. ئەمەلىيەتتە ئالتە تۈرگە 2 مىليون 700 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلدى. بۇ ئالتە تۈردە مىنىستىرلىك دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات يارىتىلغىنى ئىككى تۈر. ئۆلكە دەرىجىلىك ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلات يارىتىلغىنى بىر تۈر، يېڭىدىن ئاشقان جەمئىي مەھسۇلات قىممىتى 6 مىليون 60 مىڭ يۈەن، يېڭىدىن كۆپەيگەن پايدا بېجى 2 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولدى. دېمەك، ئىقتىسادىي ئۈنۈم كۆرۈنەرلىك بولدى. 1985 ـ يىلى دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى سودا ـ سانائەت باش بانكىسى يەنە 21 تۈرگە ياردەم ئۆسۈملۈك 20 مىليون 420 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىش پىلانىنى چۈشۈردى. بىراق، ئاپتونوم رايون بويىچە تېخنىكا ئۆزگەرتىش ماددىي ئەشياسىدا يوچۇق چوڭ بولغانلىقتىن، 14 تۈردىكى قەرز پۇل تېخنىكا ئۆزگەرتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلمەي قېلىپ، قەرز پۇل تارقىتىلمىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئىلھام بېرىش ۋە ئۇنى قوللاش ئۈچۈن، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا بانكىدىن 10 مىليون يۈەن قەرز بېرىشنى، ئۇنىڭ ئۆسۈمىگە شەھەرلىك مالىيىدىن ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. 1985 ـ يىلى مەبلەغ ئاز سېلىنىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان 42 تۈر ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، جەمئىي 6 مىليون 355 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلىدىن جەمئىي 437 مىليون 360 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 1979 ـ يىلدىكىدىن %65.7 ئېشىپ يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %109.5 ئاشتى. ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىشتىن خېلى ئوبدان ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلدى. جەمئىي 1221 قۇرۇلۇش تۈرىگە قەرز بېرىلگەنىدى، بۇنىڭدىن %77.72 نى تەشكىل قىلىدىغان 949 تۈر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى، %55.45 نى تەشكىل قىلىدىغان 667 تۈر قەرزنى قايتۇرۇپ بولدى. جەمئىي يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليون 47 مىڭ 890 يۈەن، پايدا 150 مىليون 410

مىڭ يۈەن، باج 90 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولدى. لېكىن يەنە قىسمەن قەرز پۇلىنىڭ ئۈنۈمى ناچار بولۇپ، قەرز پۇل ئۆز قەرەلىدە قايتۇرۇلمىدى. سودا - سانائەت شۆبە بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈشىچە، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىنجاڭ بويىچە 40 تۈردە 32 مىليون 150 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئۆز قەرەلىدە قايتۇرۇلمىغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقى ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش جەھەتتىكى تۈرلەر قۇرۇلۇش تۈرى ئون، بۇلاردا قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇل 18 مىليون 320 مىڭ يۈەن. بۇ تولۇق قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇلنىڭ 67.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. شىنجاڭ خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى ئالغان قەرز پۇل 22 مىليون يۈەن، بۇنىڭ 15 مىليون يۈەنى قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇل ھېسابىغا ئايلاندۇرۇلدى. قۇتۇبى «شىنخۇا» كېنەك زاۋۇتىنىڭ 400 مىڭ يۈەن قەرزى بار ئىدى. زاۋۇت قۇرۇلۇپلا ئۈنۈم ناچار بولغانلىقتىن تاقىلىپ قالدى.

## 7 §. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى ۋە يەرلىك ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى

### 1. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى

شىنجاڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىپ، قۇرۇلۇش مەبلىغى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ۋاڭ ئېنماۋ شىنجاڭ ئۆز ئۆزىدىن بويان ئامانەت پۇل قەرز پۇلدىن كۆپ بولىدىغان رايون بولۇپ كەلگەن مەسىلىگە ئاساسەن مەركەزنىڭ كرېدىت جەھەتتىن ئېتىبار بېرىشىنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلدى. گوۋۇيۈەننىڭ مەمۇرلۇقى ئارقىسىدا 1982 - يىلى 6 - ئاينىڭ 2 - كۈنى خەلق باش بانكىسى 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىنىڭ كېيىنكى ئۈچ يىلىدا نورمال كۆپەيتىپ بېرىلىدىغان ئۆتنۈرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنىڭ سىرتىدا، شىنجاڭغا 200 مىليون يۈەنلىك «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى» كۆرسەتكۈچى كۆپەيتىپ بېرىشكە، 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ھەر يىلى 66 مىليون ئىشلىتىشكە، ئۆسۈم نىسبىتىگە ئېتىبار بېرىپ، ئايلىق ئۆسۈمىنى 3% قىلىشقا قوشۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتى بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنى تارقىتىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. 1983 - يىلى شىنجاڭ بويىچە چاقىرىلغان پىلان خىزمىتى يىغىنىدا ئېلېكتر كۈچى، قاتناش، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، خىمىيە سانائىتى، سودا قاتارلىق جەھەتلەردە قەرز پۇل بېرىلىدىغان 34 تۈر بېكىتىلدى ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، شۇ يىلى 57 مىليون 740 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. بۇ، كۆرسەتكۈچنىڭ 87 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1984 - 1985 - يىللىرىمۇ بۇ تۈردىكى قەرز پۇل پىلان يىغىنىدا ئۈنۈۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇپ پۈتۈنلەي ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش ئومۇمىي پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قەرز پۇل قالدۇقى 200 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بۇ تۈردىكى قەرز پۇلىنى تارقىتىشتا تۆۋەندىكى بىر نەچچە پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇلدى:

(1) مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش. تۈرلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى بىر تۇتاش ئىگىلەپ ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرۇش؛ (2) مەخسۇس تۈر بويىچە ئىشلىتىش. قەرز پۇلنى بەلگىلەنگەن ئورنىغا ئىشلىتىش ۋە نورمىسى بويىچە ئىشلىتىش، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلماسلىق. ئۆز ئالدىغا كۆلەمنى كېڭەيتكەن، تۈرلەرنى كۆپەيتكەن، يۆتكەپ ئىشلەتكەن بولسا، قەرز پۇلنى توختىتىش، ئۆسۈم قوشۇش، قايتۇرۇۋېلىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىش؛ (3) پۈتۈنلەي مۇددىتىگە ئالماسلىق. ئۆزلىرى جۇغلىغان مەبلەغدىن ئۆلۈك ھالدا 10% تۇتۇپ قالماسلىق، لېكىن ئەڭ تۆۋەن بولغاندا مۇقىم مۈلۈك بولۇپ شەكىللەنمەيدىغان خىراجەت چىقىملىرىنى كارخانىلار ئۆزى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىش، بانكا ھەممىنى مۇددىتىگە ئالىدىغان قەرز پۇل بېرىش بىلەن شۇغۇللانماسلىق. (4) كۆلەمنى تىزگىنلەش، كېلەر يىللىق قۇرۇلۇشقا ماتېرىيال تەييارلاشقا ئىشلىتىلىدىغان زاپاس مەبلەغنى كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى ئارقىلىق ھەل قىلىشقا بولىدۇ. مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر يىل بولىدۇ. شۇ يىللىق ئاجرىتىلغان پۇل ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى ئارقىلىق ئالدىنقى يىلدىكى زاپاس ئۈچۈن ئېلىنغان قەرز پۇل قايتۇرۇلىدۇ. كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن بېرىلگەن قەرز پۇلنى ئاساسىي قۇرۇلۇش پۇلى ئورنىدا چىقىم قىلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە ھەرگىز رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلىنى تارقىتىشتا، ئاساسلىقى، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن 1- يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى بىلەن 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇش ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلدى. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلىپ، كورلىدىكى يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان 47 مىڭ ئورچۇقلۇق توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلدى. تاشقى سودا ئېكسپورتىنى ئاشۇرۇشنى قوللاش يۈزىسىدىن باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيىلىك خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ ئىشقارلىق سولفىد ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش ئۈچۈن 1 مىليون 220 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. بۇ قۇرۇلۇش 1984 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ، شۇ يىلىلا 800 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى، باج كىرىمى 320 مىڭ يۈەن ئاشتى. بېرىلگەن بارلىق قەرز پۇل ئۈچ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدىلا پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ كېلىندى. يېزا ئىگىلىك ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن، يېڭىدىن ئاختا ئەينەك زاۋۇتى قۇرۇشقا قەرز بېرىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ بۇ تۈردىكى بوشلۇقى تولدۇرۇلدى. جايلارنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا مەدەت بېرىلدى. قاتناش تارماقلىرىنىڭ يېڭى ئاپتوبۇس سېتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەخسۇس 6 مىليون يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، يولۇچى توشۇش شارائىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى.

## 2. يەرلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى

1985 - يىلى خەلق بانكىسى يەرلىك ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى بېرىش كەسپىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى خەلق باش بانكىسى ئاپتونوم رايوننىڭ ھالقىلىق ئېچىش تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش

ئۈچۈن، شىنجاڭغا 200 مىليون يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. شۇ يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان 80 مىليون يۈەنلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى قوشقاندا، جەمئىي 280 مىليون يۈەن بولدى. ئەمەلىي تارقىتىلغىنى 275 مىليون يۈەن، بۇ، كۆرسەتكۈچنىڭ 98.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ ئالدىنقى ئىككى يىلدا تارقىتىلغان ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلنىڭ يىغىندىسىدىنمۇ يەنە 120% كۆپەيدى.

بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنى خەلق شۆبە بانكىسى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ، ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ تارقىتىشىغا ھاۋالە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ تارقىتىشىغا ھاۋالە قىلىنغىنى 208 مىليون 350 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تارقىتىشىغا ھاۋالە قىلىنغىنى 64 مىليون 760 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ تارقىتىشىغا ھاۋالە قىلىنغىنى 1 مىليون 890 مىڭ يۈەن بولۇپ جەمئىي 275 مىليون يۈەن ھاۋالە قىلىندى. قەرز پۇل ئارقىلىق جەمئىي 305 تۈرگە مەدەت بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىدە 56 تۈر بولۇپ، 74 مىليون 630 مىڭ يۈەن؛ يېمەكلىك سانائىتىدە 60 تۈر بولۇپ 38 مىليون 720 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق سانائىتىدە 39 تۈر بولۇپ، 16 مىليون 620 مىڭ يۈەن، ئېنېرگىيە سانائىتىدە 27 تۈر بولۇپ، 41 مىليون 880 مىڭ يۈەن، قاتناش ساھەسىدە ئىككى تۈر بولۇپ، 31 مىليون 700 مىڭ يۈەن (شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىغا 30 مىليون يۈەن)، سودا ۋە ساياھەتچىلىك كەسپىدىكىسى 36 تۈر بولۇپ، 28 مىليون 100 مىڭ يۈەن، باقمىچىلىق ۋە كانچىلىق كەسپىدىكىسى 25 تۈر بولۇپ، 15 مىليون 720 مىڭ يۈەن ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ئېچىش خاراكتېرلىك تۈرلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇللارنىڭ مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئون يىل، ئۆسۈم نىسبىتى شۇ دائىرىدىكى قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىدىن 20% تۆۋەن بولۇپ، شىنجاڭنى ئېچىش، تەرەققىي قىلدۇرۇشتا زور تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

## 8 §. باشقا مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى

### 1. كىچىك تىپتىكى تېخنىكا تەدبىرلىرى قەرز پۇلى

بۇ تۈردىكى قەرز پۇل 1965 ـ يىلى يولغا قويۇلدى. مەبلەغ مالىيەدىن ئاجرىتىلىپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلىندى. قۇرۇلۇش بانكىسى بولمىغان جايلاردا خەلق بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىردى. بۇ قەرز پۇل ئاساسلىقى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك تىپتىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ كىچىك تىپتىكى تېخنىكىلىق تەدبىرلىرىنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. ھەر بىر تۈرگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئومۇمەن 30 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئايرىم يەرلىك ئىقتىساد كومىتېتلىرى بىلەن مالىيە تارماقلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن كۆپەيتىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 50 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، مۇددىتى ئادەتتە بىر يىل، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر يېرىم يىل، ئايلىق ئۆسۈمى 3% بولدى. 1975 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنىدىن باشلاپ كىچىك تىپتىكى تېخنىكا تەدبىرلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى خەلق بانكىسى بېجىرىدىغان بولدى. 1979 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە

ئىدارىسى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى مۇشۇ تۈردىكى قەرز پۇل ئوبيېكتلىرىنى سانائەتتىن قاتناش، پوچتا - تېلېگراف، تاشقى سودا، سودا، ئاشلىق، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ساھەلەردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارغىچە كېڭەيتىشنى؛ قەرز پۇل نورمىسىنى ئادەتتە 100 مىڭ يۈەنگە ئۆستۈرۈشنى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 200 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى، قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمىنى ‰2.4 بويىچە ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى يولغا قويۇلغانلىقتىن، كىچىك تىپتىكى تېخنىكا تەدبىرلىرى قەرز پۇلى 1980 - 12 - ئاينىڭ 22 كۈنى بېجىرىلىشتىن توختىدى.

كىچىك تىپتىكى تېخنىكا تەدبىرلىرى قەرز پۇلى ئارقىلىق مەلۇم ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. 1976 - يىلىدىن 1978 - يىل 9 - ئايغىچە ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق بانكىسى شەھەرگە قاراشلىق 27 كارخانىغا مۇشۇ تۈردىكى قەرز پۇلدىن 2 مىليون 185 مىڭ يۈەن تەستىقلاپ بەردى. ئەمەلىيەتتە چىقىم قىلىپ ئىشلىتىلگىنى 1 مىليون 531 مىڭ يۈەن بولدى، بۇ پۇل بىلەن 146 قۇرۇلۇش تۈرىگە مەدەت بېرىلگەنىدى. بۇنىڭدىن 80 تۈر پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئاپتوموبىل ترانسپورت شىركىتىنىڭ چوڭ رېمونت زاۋۇتى قەرز پۇل جەھەتتە قوللاشقا ئېرىشىش ئارقىلىق چوڭ رېمونتنى ماشىنىلاشتۇرۇپ، رام، يۇيۇش، ماتوردىن ئىبارەت ئۈچ مەشغۇلات ئاقما لىنىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىش ئۈنۈمدارلىقىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى. يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاپتوموبىل چوڭ رېمونتى 0.8 دانىدىن ئىككىگە كۆپەيدى. ياغ خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى 325 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى تورۇبىلاشتۇرۇش، بىر ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈردى، تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى، پايدىنى كۆپەيتتى. 1976 - يىلى ئورۇندىغان پايدىسى 1975 - يىلدىكىدىن ‎%‎81.33 ئاشقانىدى. 1977 - يىلدىكىسى 1976 - يىلدىكىدىن يەنە ‎%‎112.95 ئاشتى.

## 2. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى

1972 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلىنى يولغا قويدى. قەرز پۇل مەخسۇس كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاز پۇل خەجلەپ، تېز ئۈنۈم كۆرىدىغان تېخنىكا تەدبىرلىرىنى قوللاشقا ئىشلىتىلدى. قەرز پۇل قالدۇقى 1972 - يىلى 110 مىڭ يۈەن؛ 1973 - يىلى 40 مىڭ يۈەن؛ 1974 - يىلى 120 مىڭ يۈەن، 1975 - يىلى 110 مىڭ يۈەن بولدى.

1976 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى جايلارغا 2 مىليون يۈەنلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئۈسكۈنىلىرى مەخسۇس قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ، نۇقتىلىق ھالدا كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى «بەش كىچىك» سانائەتنىڭ ئۈسكۈنە يېڭىلاش، ھۈنەر - سەنئەت ئۆزگەرتىش، يېڭى مەھسۇلاتلارنى كۆپەيتىشىنى قوللىدى. قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئىككى يىل، ئۆسۈمى ‰2.4 قىلىندى. 1977 - يىلى بۇ خىل قەرز پۇلنى تارقىتىش كۆلىمى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى «بەش كىچىك» سانائەتكە كېڭەيتىلدى. 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قەرز پۇل 57.4 ھەسسە ئاشتى. قالدۇقى 6 مىليون 310 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ مەزگىلدە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى ‎%‎81 ئېشىپ، 237 مىليون

630 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىلدى. بۇ بەش يىلدا مۇشۇ تۈردىكى قەرز پۇل سەككىز ھەسسە كۆپىيىپ، قالدۇقى 56 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ مەزگىلدە كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 6.3 ھەسسە ئاشتى. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلىنىڭ نىسبىتى 1985 - يىلى 1981 - يىلدىكى 30% تىن 35.5% كە كۆتۈرۈلدى. بۇ تۈردىكى قەرز پۇل ئارقىلىق خېلى ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلتۈرۈلدى. خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 1977 - يىلى 1970 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ سانى 279 دىن 776 گە، ئىشلەۋاتقان خادىملار 7600 دىن 40 مىڭ 247 گە كۆپەيگەن. پايدا 506.7% ئاشقان، ھەر 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى ئىگىلىگەن نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ 41.8 يۈەندىن 32.5 يۈەنگە چۈشۈپ، 22.2% تۆۋەنلىگەن.

شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى ئاساسلىقى، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى ماشىنىلاشتۇرۇش، يېرىم ماشىنىلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. مەسىلەن؛ ئىلى ئوبلاستىدا 1976 - يىلى مۇشۇ تۈردىكى قەرز پۇل يولغا قويۇلغاندىن باشلاپ 1978 - يىلغىچە جەمئىي 21 قېتىمدا 529 مىڭ يۈەن قەرزپۇل تارقىتىلدى. ئىلى سولياۋ زاۋۇتى 50 مىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ سولياۋ تالاسىنى قىسىپ چىقىرىش ماشىنىسى، ھاۋا بىلەن پۈركىلاش ماشىنىسى، قىزىتىپ بېرىكتۈرۈش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالغاندى. 1979 - يىلغا كەلگەندە مەزكۇر زاۋۇت ئۇيغۇرچە خەت بېسىلغان 400 مىڭ يېمەكلىك قاچىلاش خالتىسى ئىشلەپچىقاردى. ھەر بىر سىنىڭ باھاسى سىرتتىن سېتىۋالغانغا قارىغاندا 0.02 يۈەن تۆۋەن بولۇپ، 8000 يۈەن كىرىم قىلىندى.

## 3. ناھىيىلەر قۇرغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قەرز پۇلى

1980 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى مۇشۇ تۈردىكى قەرز پۇلنى يولغا قويدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە 20 ناھىيە قۇرغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىغا 7 مىليون 85 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بۆرۈنلاشتۇرۇلدى. 1981 - يىلى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 1 مىليون 600 مىڭ يۈەن كۆپەيتىلىپ، ئالتاي 2 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىغا 800 مىڭ يۈەن، بۇرۇلتوقاي ناھىيىسىنىڭ 1 - دەرىجىلىك ئېلېكتر ئىستانسىسىغا 300 مىڭ يۈەن؛ فۇكاڭ «بوغداي كۆلى» سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا 300 مىڭ يۈەن؛ تىلقا ناھىيىلىك 2 - سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا 200 مىڭ يۈەن تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

1982 - يىلى ناھىيە قۇرغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قەرز پۇلى قالدۇقى 5 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولدى. 1983 - يىلدىن كېيىن بۇ قەرز پۇللار ئارقا - ئارقىدىن قەرەللىك توشۇپ قايتۇرۇپ كېلىندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولدى.

## 4. ئاز سوممىلىق ئۇسكۇنە قەرز پۇلى

1983 - يىل 5 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش باكىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى بانكىلارغا «50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن ئاز سوممىلىق ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىشقا ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. ئاز سوممىلىق ئۈسكۈنە قەرز پۇلىغا كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ پۇل ئاساسلىقى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ يەككە ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش، يەككە قۇرۇلۇشلارنى قىلىش جەھەتتىكى مەبلەغ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشقا سەرپ قىلىندى. ئاز سوممىلىق ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 12 ئاي، ئايلىق ئۆسۈمى ‰4.2 قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ قەرز پۇلىنىڭ شۇ يىلقى قالدۇقى 4 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

ئاز سوممىلىق ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنى ئاساسلىقى ئاساسىي قاتلام بانكىلار ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جانلىق ئىگىلەپ تارقاتتى. ئۇنىڭ تەرەققىياتىمۇ خېلى تېز بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بۇ خىل قەرز پۇل قالدۇقى 15 مىليون 440 مىڭ يۈەن بولۇپ 1983 - يىلىدىكىنىڭ 21 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

## 9 §. خۇسۇسىي ساناكەت ۋە يەككە قول ساناكەت قەرز پۇلى

1950 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا «كىچىك تىپتىكى ساناكەتكە قەرز پۇل بېرىش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن تارقاتتى. بۇ پۇل ئاۋۋال ئومۇمغا، ئاندىن شەخسىيگە تارقىتىش پرىنسىپى بويىچە تارقىتىلدى. 7 - ئايدا بانكا تۇرۇپ قالغان مەبلەغ ئارقىلىق بىر قىسىم سودا ساناكەت قەرز پۇلى تارقىتىپ، مال زاكاز قىلىش قەرز پۇلى، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلغان قەرز پۇلى ۋە رەنە قەرز پۇلىنى يولغا قويدى. 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن يەنە «ئومۇم بىلەن شەخسلەرگە تەڭ ئېتىبار بېرىش» قەرز پۇل تارقىتىش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى شىنجاڭدىكى خۇسۇسىي ساناكەت ۋە يەككە قول ساناكەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلدا تەرەققىيات خېلى تېز بولدى. قەرز پۇل قالدۇقى 550 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەككە قول ساناكەتكە بېرىلگىنى 500 مىليون يۈەن، خۇسۇسىي ساناكەتكە بېرىلگىنى 50 مىليون يۈەن، خۇسۇسىي ساناكەت بىلەن قول ساناكەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ تولۇق ساناكەت قەرز پۇلىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى %26 بولدى.

1951 - يىل 6 - ئايدا خەلق باش بانكىسى «قول ساناكەتكە قەرز پۇل تارقىتىش نىزامى» (لايىھە)نى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى خۇسۇسىي ساناكەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 1950 - يىلدىكىدىن 4.10 ھەسسە ئاشتى، قول ساناكەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 4.1 ھەسسە ئاشتى.

1952 - يىلى بانكا «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ، خۇسۇسىي كرېدىتنى قىسىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، خۇسۇسىي ساناكەتتىكى قانۇنسىز تىجارەت پائالىيەتلىرىگە زەربە بەردى. «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خەلق باش بانكىسى بىلەن غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق

بانكىنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن، خۇسۇسىي سانائەت كرېدىتىغا كەڭچىلىك قىلىش سىياسىتى قوللىنىلدى، يىل ئاخىرىدىكى خۇسۇسىي سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل 1950 ـ يىلىدىكىدىن 8 .25 ھەسسە، قول سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل يەتتە ھەسسە ئاشتى. خۇسۇسىي سانائەت ۋە يەككە قول سانائەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 1 تىرىلىيون 306 مىليارد 200 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1949 ـ يىلىدىكىدىن %46.76 ئاشتى. شىنجاڭ بويىچە يەككە سودىگەرلەر (ياپىمچىلار بىلەن قوشۇلۇپ) 70 مىڭ 292 ئائىلىگە يېتىپ، 1949 ـ يىلىدىكىدىن 2.55 ھەسسە ئاشتى. ئۇلارنىڭ مەبلىغى 500 مىليارد يۈەنگە يېتىپ ھەر بىر ئائىلىگە 7 مىليون يۈەندىن توغرا كەلدى.

1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە خۇسۇسىي سودا سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بانكا خۇسۇسىي سانائەت ۋە يەككە قول سانائەتكە كرېدىتنى قىسىش فائچېنىنى قوللاندى، ئاساسىي جەھەتتىن «پەقەت يىغدىكى، تارقاتمىدى» . بۇنىڭ بىلەن قەرز پۇل قالدۇقى تېز سىزىق بويىچە تۆۋەنلەپ كەتتى.

**1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە خۇسۇسىي سانائەت ۋە يەككە قول سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 5 ـ 8     بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن (يېڭى پۇل)

| تۈرى / يىل | خۇسۇسىي سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل | يەككە قول سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇل |
|---|---|---|
| 1953 | 2.2 | 32 |
| 1954 | 2.2 | 14 |
| 1955 | | 12 |
| 1956 | | 6 |
| 1957 | | 4 |

1958 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە خۇسۇسىي سانائەت ۋە يەككە قول سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش توختىتىلدى.

1980 ـ يىلى خۇسۇسىي سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981 ـ يىلى خەلق باش بانكىسى «شەھەر بازارلىرىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى سانائەت ۋە يەككە قول سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش توغرىسىدا بىر نەچچە بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى. شىنجاڭدا خۇسۇسىي سانائەتكە بېرىلگەن قەرز ناھايىتى

ئاز بولدى. تولۇق قەرز پۇل قالدۇقى 1980-يىلى 20 مىڭ يۈەن، 1981 - يىلى 30 مىڭ يۈەن، 1982-يىلى 50 مىڭ يۈەن بولدى. 1983 - يىلى مەركەز ۋە خەلق باش بانكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى خوتەن كارخانىلارنىڭ ھېساب ئېچىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى كەڭرەك قويۇپ بېرىپ، نەق پۇل ئىشلىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. شۇنىڭ بىلەن خوتەن سانائەتكە قەرز بېرىش تېز تەرەققىي قىلىپ، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 210 مىڭ يۈەنگە كۆپەيدى.

1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارى» ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، خوتەن سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش تەرەققىياتى تېخىمۇ تېز بولدى. 1984 - يىللىق قەرز پۇل قالدۇقى شىددەت بىلەن ئالتە ھەسسە ئاشقاندى، 1985 - يىلى يەنە 1984 - يىلدىكىدىن %83.6 ئېشىپ، 2 مىليون 680 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ 1950-يىلدىكىنىڭ 535 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى.

پېشقەدەم ناھىيىسىنى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، 1980 - يىلى جەمئىي 32 يەككە قول سانائەتچىگە قەرز پۇل بېرىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە ياغاچچى، قاڭالتىرچى، سىرچى، قۇيمىچى، پىچاقچى، سەيپۇڭ 22 ئائىلە، يېمەك - ئىچمەك كەسپىدىكىلەر سەككىز ئائىلە، يەرلىك مەھسۇلات، قورۇق مېۋە - چېۋە باققالچىلىقى كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىككى ئائىلە بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېسابتا 1300 يۈەندىن توغرا كەلگەن. قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى خوتەن سودا - سانائەتچىلەرگە قەرز پۇل بېرىش خىزمىتى جەريانىدا دادىل بولۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، «جانلاندۇرۇش، ئەمما قالايمىقان قىلىۋەتمەسلىك» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۆزى كەسىپ تاللىۋالغان يەككە زىيالىي ياشلارغا ئاۋۋال قەرز پۇل بېرىش، رېمونتچىلىق، مۇلازىمەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئاۋۋال قەرز بېرىش، تور ئۆقتىسىنى چەت جايلاردا تەسىس قىلىپ، بازاردىكى بوشلۇقنى تولدۇرغان كەسىپتىكىلەرگە ئاۋۋال قەرز بېرىشتىن ئىبارەت «ئۈچ ئاۋۋال» نى يولغا قويۇپ، قەرز پۇلنىڭ رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرغان. ئىلقا ناھىيىسى شەھەرگە كىرىپ دۇكان ئاچقان ئۈچ دېھقانغا 80 مىڭ يۈەن قەرز بەرگەن. 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ بىر يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت بىناسى سالغان.

## § 10 . سانائەت قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش ئۆزگىرىشى

شىنجاڭدىكى سانائەت قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش ئۆزگىرىش ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىكىدەك بولدى:

## شىنجاڭدىكى تۈرلۈك سانائەت قەرز پۇللىرىنىڭ يىللاردىن بۇيانقى قالدۇقى

جەدۋەل: 5 — 9 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل / تۈر | 1950 | 1951 | 1952 | 1953 | 1954 | 1955 | 1956 | 1957 | 1958 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى | 14.2 | 298.7 | 360.3 | 803.6 | 3552.5 | 3152.6 | 4765 | 10306.6 | 3795.4 |
| سانائەت، تەمىنات ـ سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلى | | | | | | | | | 5401.2 |
| كوللېكتىپ سانائەت قەرز پۇلى | 6.6 | 18 | 41.7 | 76.1 | 24.4 | 39.2 | 112.5 | 130.7 | 174.5 |
| ماددىي ئەشيا ئارماقلىرى قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| سانائەت راسچوتى قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| قول سانائەت كوپىراتىپلىرى قەرز پۇلى | | | | | | 26.8 | 75.5 | 110 | 293 |
| شېرىكلەشكەن سانائەت قەرز پۇلى | | 0.3 | 16 | 31 | | | | | |
| خۇسۇسىي سانائەت قەرز پۇلى | 0.5 | 5.7 | 0.1 | 2.2 | 2.2 | | | | |
| باشقا خۇسۇسىي كارخانىلار قەرز پۇلى | | 13.5 | 13.3 | 13 | | 24 | 7 | 2 | |
| يەككە قول سانائەت قەرز پۇلى | 5 | 12 | 40 | 32 | 14 | 12 | 6 | 4 | |
| كوللېكتىپ سانائەت ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| ئاز سومىلىق ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| يەرلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى | | | | | | | | | |

يۇقىرىدىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى

| 1967 | 1966 | 1965 | 1964 | 1963 | 1962 | 1961 | 1960 | 1959 | يىل / تۈر |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 12686.5 | 11457 | 8376 | 9553.1 | 10500 | 17938.5 | 25111.7 | 31830.7 | 20766.6 | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ساناائەت ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى |
| | | | 1068.4 | | | | 8827.2 | 8228.3 | ساناائەت، تەمىنات - سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلى |
| 109.6 | 91.9 | 68 | 22.3 | 54.4 | 122.3 | 170.3 | 200.9 | 80.3 | كوللېكتىپ ساناائەت قەرز پۇلى |
| 4223.9 | 4076.6 | 3198 | 2073.1 | 2777.4 | 2864.4 | 3755.4 | 5618.4 | 2886.7 | ماددىي ئەشيا ئارماقلىرى قەرز پۇلى |
| 516.5 | 782.3 | 618 | 628.7 | 517.8 | | | | | ساناائەت راسچوتى قەرز پۇلى |
| 106 | 88 | 66 | 23 | 53 | 105 | 135 | 174 | 81 | قول ساناائەت كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلى |
| | | | | | | | | | شېرىكلەشكەن ساناائەت قەرز پۇلى |
| | | | | | | | | | خۇسۇسىي ساناائەت قەرز پۇلى |
| | | | | | | | | | باشقا خۇسۇسىي كارخانىلار قەرز پۇلى |
| | | | | | | | | | يەككە قول ساناائەت قەرز پۇلى |
| | | | | | | | | | كوللېكتىپ ساناائەت ئۆسكۈنە قەرز پۇلى |
| | | | | | | | | | ئاز سومىلىق ئۆسكۈنە قەرز پۇلى |
| | | | | | | | | | تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى |
| | | | | | | | | | ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى |
| | | | | | | | | | ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى ئەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى |
| | | | | | | | | | يەرلىك ئىقتىسادنى ئەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى |

يۇقىرىدىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى

| يىل / تۈر | 1968 | 1969 | 1970 | 1971 | 1972 | 1973 | 1974 | 1975 | 1976 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى | 16324.7 | 20837 | 21920.3 | 21263.7 | 10807.4 | 12326.7 | 11287.6 | 13743.2 | 12946.5 |
| سانائەت، تەمىنات ـ سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلى | | | | | 13151.9 | 12948.2 | 9743.3 | 12022.3 | 11712.4 |
| كوللېكتىپ سانائەت قەرز پۇلى | 153.3 | 181.5 | 328 | 289.3 | 292.9 | 384.5 | 463.8 | 766.1 | 971.2 |
| ماددىي ئەشيا ئارماتلىرى قەرز پۇلى | 6617.1 | 9371.7 | 12348.5 | 11884.3 | 12359 | 11563.1 | 11647.8 | 12244.3 | 6746.4 |
| سانائەت راسچوتى قەرز پۇلى | 525.1 | | | | | 436.5 | 469.4 | 529.8 | 265.5 |
| قول سانائەت كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلى | 140 | 168 | 2990 | | | | | | |
| شىرىكلەشكەن سانائەت قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| خۇسۇسىي سانائەت قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| باشقا خۇسۇسىي كارخانىلار قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| يەككە قول سانائەت قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| كوللېكتىپ سانائەت ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| ئاز سومىلىق ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| يەرلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى | | | | | | | | | |

يۇقىرىدىكى جەدۋەلنىڭ داۋامى

| يىل / تۈر | 1977 | 1978 | 1979 | 1980 | 1981 | 1982 | 1983 | 1984 | 1985 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى | 13021.6 | 17586.6 | 21150.3 | 25580 | 27391 | 31517 | 47320 | 63423 | 88638 |
| سانائەت، تەمىنات ـ سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلى | 13023.9 | 20974.4 | 25029.3 | 15277 | 44342 | 10257 | 4244 | 5383 | 8042 |
| كوللېكتىپ سانائەت قەرز پۇلى | 1419.3 | 1713.5 | 1808.7 | 1519 | 2015 | 2310 | 3172 | 5898 | 10328 |
| ماددىي ئەشيا ئارماقلىرى قەرز پۇلى | 4802.3 | 8279.3 | 12704.6 | 12557 | 7803 | 6127 | 4835 | 9534 | 12693 |
| سانائەت راسچوتى قەرز پۇلى | 485 | 2553 | 4132.4 | 956 | 1160 | 627 | 1559 | 1471 | 837 |
| قول سانائەت كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| شېرىكلەشكەن سانائەت قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| خۇسۇسىي سانائەت قەرز پۇلى | | | | 2 | 3 | 5 | 21 | 146 | 268 |
| باشقا خۇسۇسىي كارخانىلار قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| يەككە قول سانائەت قەرز پۇلى | | | | | | | | | |
| كوللېكتىپ سانائەت ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | | | | 631 | 800 | 1442 | 1048 | 2703 | 5682 |
| ئاز سومىلىق ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | | | | | | | 498 | 720 | 1544 |
| تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى | | | | 4913 | 9996 | 13042 | 22339 | 30073 | 44736 |
| ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى | | | | | | 2400 | 2408 | 2489 | 3558 |
| ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى | | | | | | | 5742 | 12536 | 20059 |
| يەرلىك ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى | | | | | | | | | 19990 |

ئەسكەرتىش: (1) ماتېرىيال مەنبەسى: جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسىنىڭ «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ماتېرىياللىرى» ۋە «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى». بۇنىڭ ئىچىدە ئېرىكلەشكەن ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە قول ساناەت كوپېراتىپلىرى قەرز پۇللىرىنىڭ سانى نەق چوت جەدۋىلى بويىچە ستاتىستىكا قىلىنغان.

(2) ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلى يەنى تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى ھەر قايسى كەسىپى بانكىلاردىكى ئومۇمىي سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ساناەت، قاتناش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ.

(3) بۇ جەدۋەلگە كىرگۈزۈلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى پەقەت خەلق بانكىسى، سودا ساناەت بانكىسىنىڭ ساناەت كرېدىت ئارماقلىرى ئارتقان مۇشۇ تۈردىكى قەرز پۇلىنىلا كۆرسىتىدۇ.

# II باب

# سودا قەرز پۇلى

## 1 § . تەرەققىيات جەريانى

شىنجاڭدا سودىغا قەرز پۇل تارقىتىش چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە باشلانغان. گۇاڭشۈ 33 ـ يىلى (1907 ـ يىلى) ئاقسۇ دوتىيى پەن جىن 30 مىڭ سەر ھۆكۈمەت داچىنىنى ھەربىي، مەمۇرىي خىراجەتكە ھەمدە سودىگەرلەرگە قەرز بېرىش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن تيەنجىنلىك سودىگەر جۇشىڭيۈڭغا تاپشۇرغان. گۇاڭشۈ 34 ـ يىلى (1908 ـ يىلى) پەرماندار ۋاڭ شۇنەن شىنجاڭ پۇل باشقۇرۇش جۈجۈنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەپ، قەغەز پۇل (ئەجدىھا سۈرەتلىك پۇل) تارقىتىپ، كۈمۈش بىلەن قەغەز پۇلنى تېگىشىش ئىشلىرىنى بىجىرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش، خەزىنە كىرىمىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن، بانكا تۈزۈمىگە تەقلىد قىلىپ تۇرۇپ، قەرز پۇل تارقىتىش ۋە پېرېۋوت كەسپلىرىنى تەسىس قىلغان. مۇشۇ مەزگىللەردە سەنشىلىك سودىگەرلەر شىنجاڭدا سەرراپخانا قۇرۇپ، پېرېۋوت كەسپىنى بىجىرىپلا قالماستىن، پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز بېرىش كەسپلىرىنىمۇ يولغا قويغان. مىنگو دەۋرىگە كەلگەندە، شىنجاڭدا ھۆكۈمەت ۋە خۇسۇسىيلارنىڭ بانكىلىرى قۇرۇلۇپ، سودا قەرز پۇلى بانكا كىرىمىنىڭ مۇھىم بىر كەسپىگە ئايلانغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بانكىلار سودا قەرز پۇلى كەسپىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى. 1950 ـ يىل 1- ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە بولغاچقا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلار ئامانەت پۇل، قەرز پۇل كەسپلىرىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ بىجىرىشىنى، خەلق شۆبە بانكىسى ئاساسلىقى پېرېۋوت كەسپىنى بىجىرىشنى قارار قىلدى. 1950 ـ يىل 6 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى سودا ـ سانائەت قەرز پۇلى كەسپىنى يولغا قويدى. قەرز پۇلنىڭ ئاساسلىقى ئوبيېكتلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، ئاشلىق ۋە تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرى سودىسى (ئاشقى سودا قەرز پۇلى سەككىزىنچى قىسىمدىكى «خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسى» دە ئايرىم بايان قىلىنىدى) دىن ئىبارەت بولدى. كوللېكتىپ ۋە خۇسۇسىي سودىغىمۇ زۆرۈر بولغان مەدەتلەر بېرىلدى. قەرز پۇل شەكلىدە ئىناۋەتلىك قەرز پۇل ئاساس بولدى. 1985 ـ يىلغا قەدەر سودا قەرز پۇلى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، قەرز پۇل سوممىسى زور ھەجىمدە ئاشتى، قەرز پۇل دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيدى. كرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى، تۈزۈمى چارىسى نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىلدى ھەمدە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىش تۆۋەندىكى بەش باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى:

(1) خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، مەبلەغ جەھەتتە، ئاساسلىقى تەمىنلەش تۈزۈمى

چارىسى قوللىنىلىپ، مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىش بىلەن بانكىدىن قەرز پۇل بېرىش ئېنىق پەرقلەندۈرۈلمىگەن، كارخانىلارغا بىر قىسىم مەبلەغ مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەندىن سىرت قالغان قىسمى پۈتۈنلەي بانكىدىن قەرز بېرىلەتتى. (2) 1953 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە مالىيە بىلەن بانكا مەبلىغىنى ئايرىم باشقۇرۇش، ئايرىم ئىشلىتىش چارىسى يولغا قويۇلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى مالىيىدىن ئاجرىتىلدى. كۆچمە مەبلەغ كارخانىنىڭ ئۆز مەبلىغى ۋە قەرز ئالغان مەبلەغ دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ، ئالدىنقىسى مالىيىدىن ئاجرىتىلدى، كېيىنكىسى بانكىدىن قەرز بېرىلدى ھەمدە كۆچمە مەبلەغنىڭ نورمىسى بېكىتىلىپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى نورمىدىكى زاپاس تاۋار مەبلىغىنىڭ 10 ـ 30 پىرسەنتىنى، بانكا قەرز پۇلى 70 ـ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلەش بەلگىلەندى. بانكا قەرز پۇلى ـ نورمىلىق قەرز پۇل، ۋاقىتلىق قەرز پۇل (نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن) ۋە پەسىل خاراكتېرلىك قەرز پۇلغا بۆلۈندى. 1954 ـ يىل 8 ـ ئايدا بۇ ئۈچ خىل قەرز پۇل بىرلەشتۈرۈلۈپ تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. (3) 1959 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1962 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە كۆچمە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش چارىسى مالىيە، بانكا ئايرىم تەمىنلەشتىن بانكىلار كرېدىت چارىسى بويىچە بىر تۇتاش تەمىنلەشكە ئۆزگەرتىلدى. ئىلگىرى مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئۆز كۆچمە مەبلىغى بانكا ھېسابىغا ئاغدۇرۇلۇپ، كرېدىت مەبلىغى قىلىنىپ، «تولۇق سوممىلىق كرېدىت» باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. (4) 1962 ـ يىل 7 ـ ئايدىن 1983 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەش چارىسىدە يەنى ئىلگىرىكى مالىيە ۋە بانكا ئايرىم ـ ئايرىم تەمىنلەش ئۇسۇلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. (5) 1983 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى، كارخانىلاردىكى ئىلگىرى دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن كۆچمە مەبلەغ يەنىلا كارخانىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز كۆچمە مەبلىغى قىلىندى. بىر تۇتاش باشقۇرۇلغاندىن كېيىن دۆلەت ئاجراتقان كۆچمە مەبلەغ دۆلەتنىڭ ئىگىلىكىدە بولۇپ، ئۇنى كارخانىلار ئىشلىتىدىغان، بانكا باشقۇرىدىغان، دۆلەت مالىيىسى كۆچمە مەبلەغنى قايتا كۆپەيتىپ ئاجراتمايدىغان بولدى. كارخانىلاردا ئۆز كۆچمە مەبلىغىنى تولۇقلاش تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى. بۇ ئىسلاھات ئارقىلىق مەبلەغ تەمىنلەش بىلەن باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلۈپ كۆپ تەرەپ باشقۇرۇش ۋە كۆپ تەرەپ تەمىنلەشتىن كېلىپ چىقىدىغان ئۆز ئارا ئايرىلىپ تۇرۇش ھادىسىلىرىدىن خالىي بولۇندى.

سوتسىيالىستىك سودا كرېدىتنى باشقۇرۇش تۈزۈمى سودا خەزىنە تۈزۈمى، مالىيە پەرقىنى بوغۇش تۈزۈمى، تاۋار زاپىسى بويىچە قەرز پۇل بېرىش ۋە سېتىش مەبلىغى نىسبىتى بويىچە قەرز پۇل بېرىشتىن ئىبارەت تۆت خىل شەكىلنى باشتىن كۆچۈردى.

سودا كرېدىت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش فاكچىنى ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى مەبلەغ بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەش؛ سودا سىستېمىسىدىكى 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك پونكىتلار ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك پونكىتنىڭ كەسىپنى قوشۇمچە باشقۇرىدىغان ئورۇنلارنى ئەستىقلانغان مال كىرگۈزۈش پىلانىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىغا (مال كىرگۈزۈش خىراجىتى ياكى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاساسەن مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش، ئاساسىي قاتلام تۈپ تارقىتىش، پارچە سېتىش ئورۇنلىرىغا ئەستىقلانغان پەسىل ئاخىرىدىكى قەرز ئېلىش پىلانىنىڭ قالدۇقىغا ئاساسەن قەرز پۇل بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كرېدىت باشقۇرۇش چارىسى ئىسلاھ قىلىندى. 1980 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام تۈپ تارقىتىش ۋە پارچە سېتىش كارخانىلىرىغا ئوبوروتنى ئاساس قىلىپ نورمىلىق قەرز بېرىش چارىسى يولغا قويۇلدى. 1982 ـ يىلى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىغا ئاساسەن، كرېدىت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشتە «سېتىلىشىغا قاراپ قەرز پۇل بېكىتىش» چارىسى يولغا قويۇلدى. پىلاندىن ئارتۇق سېتىۋېلىنغان، زاكاز قىلىنغان، تاللاپ سېتىۋېلىنغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىغا كېرەكلىك مەبلەغكە شۇ ماللارنىڭ سېتىلىش ـ سېتىلماسلىقىغا قاراپ قەرز پۇل بېرىلدى.

سوتسىيالىستىك سودا كرېدىتى پرىنسىپمۇ بىرە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش جەريانىنى باشتىن

كەچۈردى. 1954 ـ يىلى بانكىلار كارخانىلارغا قىسقا مۇددەتلىك كرېدىت تارقىتىشتا مۇنداق تۆت پرىنسىپتا چىڭ تۇردى: (1) بىۋاستە قەرز بېرىش؛ (2) پىلانلىق، مەقسەتلىك قەرز بېرىش؛ (3) قەرز بەرگەندە ماددىي ئەشيا كاپالىتى بولۇش؛ (4) قەرز پۇلنى چوقۇم ئۆز قەرەلىدە قايتۇرۇش. 1955 ـ يىلدىن كېيىن كرېدىت باشقۇرۇش ھوقۇقى يۇتۇنلەي تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. كرېدىت پرىنسىپى جەھەتتە پەقەت پىلان بويىچە قەرز بېرىش، ماددىي ئەشيا كاپالىتى بولۇش ۋە ئۆز قەرەلىدە قايتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1979 ـ يىلى باش بانكا يەنە «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ يۆلەش» پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مۇنداق تۆت تۈرلۈك بانكا كرېدىت پرىنسىپى يولغا قويۇلدى:

قەرز پۇل ھېسابىنىڭ تەسىس قىلىنىشى. قەرز پۇل ھېسابى بىلەن ئامانەت پۇل ھېسابى ئايرىش ۋە بىرلەشتۈرۈپ تەسىس قىلىشتىن ئىبارەت بىر نەچچە تەكرارلىنىشنى باشتىن كەچۈردى. 1950ـ يىلدىن 1953ـ يىلغىچە كارخانىلار قەرز پۇلىنى باش بانكا مەركەزلەشتۈرۈپ تارقاتتى. ئاساسىي قاتلام بانكىلاردا پەقەت «راسچوت ھېسابى» (ئامانەت پۇل ھېسابى) تەسىس قىلىندى. 1955 ـ يىلى كرېدىت ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى تارماق بانكىلاردا تۈرلۈك قەرز پۇل ھېسابى ۋە راسچوت ھېسابى تەسىس قىلىندى. 1958 ـ يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» جەريانىدا كارخانىلار بانكىدا پەقەت «قەرز پۇل مۇئامىلە ھېسابى» (ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل بىرلەشتۈرۈلگەن) ئاچتى. كارخانىلار قەرز پۇل ئېلىشتا راسچوت دوكۇمېنتىغا ئاساسلىنىپ قەرز پۇل مۇئامىلە ھېسابىدىن بىۋاستە چىقىم قىلىدىغان، مال سېتىلىپ خەزىنىگە كىرگۈزۈلگەن پۇلمۇ بىۋاستە مۇشۇ ھېسابقا قوندۇرۇلىدىغان بولدى. 1962 ـ يىل 7 ـ ئايدا سودا مىنىستىرلىكى «تولۇق سومملىق كرېدىت» توختىتىلىپ، قىسمەن ئۆز كۆچمە مەبلىغىنى دۆلەت ئاجرىتىپ بېرىدىغان بولدى، ئامانەت پۇل ھېسابى بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى ئايرىپ باشقۇرۇش قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1973 ـ يىل ـ 8 ـ ئايدا خەلق باش بانكىسى بىلەن سودا مىنىستىرلىكى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ سودا قەرز پۇلى بېرىش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، كۆچمە مەبلەغ ھېسابىدىكى ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش (ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى بىرلەشتۈرۈش) نى بەلگىلىدى. 1983 ـ يىل 7 ـ ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولۇپ، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلغا پەيدىنپەي ئايرىم ھېساب تەسىس قىلىش يولغا قويۇلدى ھەمدە ئامانەت پۇل ھېسابى بىلەن قەرز پۇل ھېسابى ئايرىپ باشقۇرۇلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىگە ئېتىبار بېرىش بەلگىلەندى. 1985 ـ يىل سودا كارخانىلىرىدا ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى ئايرىم ھېساب بويىچە باشقۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ مال سېتىش كىرىمىدىن مال پۇلىنى تۇتۇپ قېلىش تەرتىپى. 1962 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۆزۈيۈەن ئېلان قىلغان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال سېتىش كىرىمىدىن پۇل تۇتۇپ قېلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ئىجرا قىلىندى. كارخانىلارنىڭ مال سېتىش كىرىمىدىن ماتاش فوندى ۋە چوڭ رېمونت فوندى قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەگەر كارخانىلار شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، باج پايدىنى تاپشۇرالمىسا، قەرز پۇل ۋە مال پۇلىنى قايتۇرالمىسا جۇڭگو خەلق بانكىسىغا تۆۋەندىكى پۇللارنى تۇتۇپ قېلىشتا ھوقۇق بېرىلدى: (1) باج يىغىش ئورگانلىرىغا تاپشۇرىدىغان باج پۇلى؛ (2) بانكىغا قايتۇرىدىغان قەرەلى توشقان قەرز پۇل؛ (3) باشقا ئورۇنلارغا تۆلەيدىغان مال پۇلى (مال پۇلىدىن ئالدى بىلەن سۇ، توك پۇلى، گاز پۇلى، پار پۇلىنى تۇتۇپ قېلىش لازىم)؛ (4) دۆلەت مالىيىسىگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پايدا، ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندى ۋە باشقا كىرىملەر.

قەرز پۇلنى راسچوت قىلىش چارىسى 1955 ـ يىلى خەلق باش بانكىسى تۈزگەن «قەرز پۇلنى راسچوت قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى»گە ئاساسەن، كارخانا ئورۇنلىرىغا سودا ـ سېتىقنى راسچوت قىلىش جەريانىدا راسچوت قەرز پۇلى بېرىلىدۇ. بۇ قەرز پۇل دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە تەمىنات سود كوپېراتىپلىرىغا بېرىلىدۇ. راسچوت ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەرز پۇل: ھاۋالە كىرىم ـ ئېتىراپلىق چىقىم راسچوت قەرز پۇلى،

كرېدىت گۆۋاھنامىسى بويىچە راسچوت قىلىش قەرز پۇلى، ئالاھىدە ھېسابلىق راسچوت قەرز پۇلى ۋە نۆرمىلىق پۇل چېكى راسچوت قەرز پۇلىدىن ئىبارەت تۆت خىلغا ئايرىلدى. شىنجاڭدا ئاساسلىقى ھاۋالە كىرىم - چىقىم راسچوت قەرز پۇلى يولغا قويۇلدى ھەمدە راسچوت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىگە ئېتىبار بېرىلدى. 1957- يىلى قەرز پۇل تۈرلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، راسچوت قەرز پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1964- يىلى باش بانكىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، راسچوت قەرز پۇلى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. لېكىن پەقەت شەھەرلەر ئارا راسچوتنى ھەل قىلىش بىلەنلا چەكلەندى، شۇ شەھەردىكى سودىدا يولغا كېتىدىغان ۋاقتى قىسقا بولغاچقا، راسچوت قەرز پۇلى بېجىرىلمىدى. 1973 - يىلى راسچوت قەرز پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1984 - يىلى سودا - سانائەت باش بانكىسى پەقەت ئامانەت پۇل ھېسابى بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان توپ تارقىتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سودا كارخانىلىرىغا راسچوت قەرز پۇلى بېرىشنى، پارچە سېتىش كارخانىلىرىغا، توپ تارقىتىش بىلەن پارچە سېتىشنى قوشۇپ تىجارەت قىلىدىغان كارخانىلارغا راسچوت قەرز پۇلى بېجىرىپ بەرمەسلىكنى بەلگىلىدى.

يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى قەرز پۇلى. ئومۇمەن دۆلەت ئالدىن سېتىۋېلىش چارىسىنى قوللىنىپ، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالسا سېتىۋالىدىغان ئورۇنلارغا بانكا ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى قەرز پۇلى بەردى. ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلىنى چىقىم قىلىپ بېرىش ئوبيېكتلىرى يېزىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىغا ئاساسەن، ھەر قايسى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا 1955 - يىلى ئالدى بىلەن ئاز مىقداردا ئالدىن سېتىۋالىدىغان پاختا زاكالەت پۇلى ئۈچۈن قەرز پۇل تارقىتىلغان. 1958 - يىلدىن باشلاپ، ئاشلىق، پاختا، ياغلىقدان، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى ئۈچۈن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1960 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 80 مىليون 640 مىڭ يۈەن تارقىتىلغان، 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 4 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولدى. بۇ چاغدا زاكالەت پۇلى خەلق كوممۇنىسىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكلىرىگە چىقىم قىلىپ بېرىلدى. 1961 - يىلى مەركەزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپىنى قىسقارتىش، گورۇھلارنىڭ سېتىلىش كۈچىنى قىسىش، بازارلارنى مۇقىملاشتۇرۇش ھەققىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەتتى پۇلى قەرز پۇلى تارقىتىش توختىتىلدى. 1963 - يىلى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەتتى قەرز پۇلى تارقىتىش يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. تەدرىجىي ھالدا ئاشلىق، ياغلىقدان، پاختا، كەندىر، پىلەغوزىسى، قىزىلچا، چوشقا قاتارلىقلار ئالدىن سېتىۋېلىنىدىغان بولدى. ئاز ساندىكى جايلاردا بىر قىسىم چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى تارقىتىلدى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى شىخەنزە شېكەر زاۋۇتىغىمۇ قىزىلچىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى ئۈچۈن قەرز پۇل بېرىلدى. 1966- يىلدىن 1976- يىلغىچە داۋام قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، داۋاملىق تۈردە زور مىقداردىكى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت قەرز پۇلى تارقىتىلدى. لېكىن قەرز پۇلنىڭ تارقىتىلىشى كۆپ، قايتۇرۇپ كېلىنىشى ئاز بولدى. يىغىلىپ قالغان ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت قەرز پۇللىرىنى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمىدى، ھەر يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە قەرز پۇل قالدۇقى تەخمىنەن شۇ يىللىق جەمئىي قەرز پۇل سانىنىڭ 54 پىرسەنت ئەتراپىنى ئىگىلىدى. 1978 - يىل 12 - ئايدا چاقىرىلغان پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىي قىلغانلىقتىن، ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت قەرز پۇلى يىلدىن - يىلغا ئازايدى. ئالدىن سېتىۋېلىش پۇلى چىقىم قىلىنىدىغان ئوبيېكتلارمۇ تۈرلۈك ئوخشاش بولمىغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شەكىللىرىنى يولغا قويغان ھۆددىگەر ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر ۋە كەسپىي ئائىلىلەرگە بۇرالدى. 1985 - يىل 4 - ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن ئاشلىق، چوشقىنىڭ باھاسى قويۇپ بېرىلگەنلىكتەك يېڭى ئەھۋاللار كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى ئۈچۈن قەرز بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇ يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل

قالدۇقى 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1976 ـ يىلدىكىدىن %78 تۆۋەنلىدى.

كارخانىلارنىڭ مۈلكىنى، مەبلىغىنى، سودا ـ سېتىق كرېدىتىنى ئېنىقلىشقا ھەمكارلىشىش. 1954 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان مال پۇللىرى ئېنىقلاندى. بۇ، بانكىلارنىڭ كارخانىلارنىڭ سودا ـ سېتىق كرېدىتىنى ئېنىقلاشقا ئارىلىشىشىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. 1955 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سىستېمىسى ۋە تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرى سىستېمىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى سودا ـ سېتىق كرېدىتى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلاندى. بۇ جەرياندا كارخانىلارنىڭ ھەقدارلىقى 30 مىليون 830 مىڭ يۈەن، قەرزدارلىقى 22 مىليون 450 مىڭ يۈەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. 1960 ـ يىل 12 ـ ئايدا كارخانىلاردا مەبلەغنى، مۈلۈكنى، ھېساباتنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت «ئۈچنى ئېنىقلاش» خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئېنىقلاش، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق مەركەز 1963 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «ئۈچنى ئېنىقلاش» تا كۆرۈلگەن زىيان ئۈچۈن 129 مىليون 650 مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ بەردى. بۇ پۇلدىن سودا سىستېمىسىغا 79 مىليون 760 مىڭ يۈەن، ئاشلىق نازارىتى سىستېمىسىغا 9 مىليون 130 مىڭ يۈەن (ئاشلىق سانائىتىگە بېرىلگەن 480 مىڭ يۈەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىغا 25 مىليون 250 مىڭ يۈەن، سەھىيە نازارىتى سىستېمىسىغا 15 مىليون 510 مىڭ يۈەن بېرىلدى. 1964 ـ يىلى مەركەز يېزا ـ كەنتلەردىكى گۇڭشې ـ ئەترەتلەر ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ 1961 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن دۆلەتكە قەرز بولۇپ قالغان نىسىيگە سېتىپ بېرىلگەن مال پۇلى، ئالدىن بېرىلگەن پۇل ۋە ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇللىرىنى ئېنىقلاشنى قارار قىلدى. ئېنىقلاپ تەستىقلاشقا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن سودا مىنىستىرلىكى ۋە تەمىنات ـ سودا باش كوپېراتىپى كەچۈرۈم قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىرى ئۈچۈن مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ بېرىپ، بۇنىڭ بىلەن بانكىنىڭ 2 مىليون 250 مىڭ يۈەن قەرز پۇلى قايتۇرۇلدى. 1977 ـ يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار سودا كارخانىلىرىنىڭ نامۇۋاپىق ئىگىلىگەن مەبلەغلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. تەكشۈرۈش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە 1960 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر سودا كارخانىلىرى يۆتكەپ ئىشلەتكەن، قىسمەن ئىگىلىۋالغان كۆچمە مەبلەغ ۋە بانكا قەرز پۇلىنىڭ جەمئىي 52 مىليون 610 مىڭ يۈەن (ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرى ئىگىلىگەن پۇل، ئاجرىتىۋېلىنغان سېلىق، قەرەللى ئۆتۈپ كەتكەن تېخى ئاجرىتىلمىغان زىيان پۇل، تۈرلۈك فوندىلارنىڭ ئارتۇق چىقىم قىلىنغىنى، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ ئىشلەپچىقىرىشى ئىگىلىگەن پۇل، تاۋار ماتېرىياللىرىنى ئىدىنتلاش زىيىنى، نىسىيگە سېتىپ بېرىلگەن، ئالدىن پۇل، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قەرز ئالغان پۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، سودا نازارىتى سىستېمىسىنىڭ 17 مىليون 740 مىڭ يۈەن، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ 18 مىليون 10 مىڭ يۈەن، ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ 16 مىليون 90 مىڭ يۈەن، باشقا سودا سىستېمىسىنىڭ 770 مىڭ يۈەن، ئېنىقلاش ئارقىلىق قايتۇرۇپ كېلىنگەن پۇل 20 مىليون 870 مىڭ يۈەن بولۇپ، %53.4 نى تەشكىل قىلدى. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۆتكەپ ئىشلەتكەن، قىسىۋېلىپ ئىگىلىگەن ئومۇمىي پۇل سانى 11 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ، 1976 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %78.2 تۆۋەنلىدى. 1979 ـ يىلى شىنخۇا كىتابخانىسى 2 مىليون 650 مىڭ يۈەن بېسىلىپ قالغان كىتاب زىيىنىنى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇنىڭدىن 970 مىڭ يۈەن ئۆز مەبلىغىگە چېقىشتۇرۇلۇپ، قالغانلىرى 1979 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە بولغان پايدا ھېسابىدىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. 1981 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە تېببىي دورا سودىسى سىستېمىسىدا ئامبارنى ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. بۇ جەرياندا باھاسىنى چۈشۈرۈش، براكقا چىقىرىش، ئارقىلىق كۆرۈلگەن زىيان 3 مىليون 380 مىڭ يۈەن بولۇپ، پۈتۈنلەي ئۆز كۆچمە مەبلىغىگە چېقىشتۇرۇلدى. 1982 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تۈرلۈك مېتال، قاتناش، خىمىيە بۇيۇملىرىنى توپ تارقىتىش كارخانىلىرىدا باھاسىنى چۈشۈرۈش، براكقا چىقىرىش زىيىنىنى ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق تەستىقلانغان زىيان ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليون 384 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، باھا

پۇشۇرۇلگەنلىكتىن كېلىپ چىققان زىيان 2 مىليون 955 مىڭ يۈەن، براكقا چىقىرىش زىيىنى 6 مىليون 429 مىڭ يۈەن بولۇپ، 6 مىليون 61 مىڭ يۈەن ئۆز كۆچمە مەبلىغىگە چىقىشتۇرۇلۇپ، قالغانلىرى بانكا قەرز پۇلىدىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. 1984 - يىلى ئىسكىلاتلارنى ئېنىقلاشتا «سۈ تەركىبى» نى ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سودا كارخانىلىرى (سودا، ئاشلىق، تېببىي دورا، شىنخۇا كىتابخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىن 44 مىليون 510 مىڭ يۈەن مەسىلە بار تاۋار ۋە مەبلەغ ئېنىقلاپ چىقىلدى. بۇ باشقۇرۇشقا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان ئۆز كۆچمە مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 7.83 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1985 - يىل 6 - ئايدا سودا - سانائەت بانكىسى سودا كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، قىسىۋېلىپ ئىگىلەش ئەھۋاللىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى. ئېنىقلانغان 366 كارخانىنىڭ (ئېنىقلاشقا تېگىشلىك بولغان 633 كارخانىنىڭ 57.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ) ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئىشلىتىلگەن، قىسىۋېلىپ ئىگىلەنگەن ئومۇمىي سوما 40 مىليون 100 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ 15 مىليون 400 مىڭ يۈەن، ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ 22 مىليون 780 مىڭ يۈەن، تېببىي دورا سىستېمىسىنىڭ 720 مىڭ يۈەن، شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ 190 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ 1 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولغان.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك سودا قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليارد 265 مىليون 490 مىڭ يۈەن (كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلى 34 مىليون 340 مىڭ يۈەننى، يەككە سودا قەرز پۇلى 17 مىليون 790 مىڭ يۈەننى ئىگىلەيدۇ) گە يېتىپ، 1957- يىلدىكىنىڭ 1.6 ھەسسىسىگە، 1979- يىلدىكىنىڭ 2.9 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى. بۇ خىل قەرز پۇللار سودا تارماقلىرىنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىشىنى كېڭەيتىپ، ئىسكىلات زاپىسىنى كۆپەيتىپ، تاۋار ئوبوروتىنى تېزلىتىشىگە ئۈنۈملۈك مەدەت بەردى. ئاپتونوم رايون بويىچە 1985 - يىلى ئورۇندالغان ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 220 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1957 - يىلدىكىنىڭ يەتتە ھەسسىسىگە، 1979 - يىلدىكىنىڭ 2.2 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

## 2 § . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلى ئاساسلىق سودا نازارىتىگە قاراشلىق كارخانىلارغا تارقىتىلىدىغان قەرز پۇلدىن ئىبارەت. 1979 - يىلدىن ئىلگىرى پەقەت كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىلا تارقىتىلىپ كەلگەن. 1980 - يىلدىن باشلاپ مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى ساھەسىگە قەدەم قويۇلۇپ، سودا تارماقلىرى باشقۇرغان سانائەتكە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىلىدىغان بولدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى ساھەسىدىكى سودا كاخانىلىرى ئاپپاراتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلىنىڭ دائىرىسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى.

### 1. خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى (1950 - يىلدىن 1952- يىلغىچە)

1950 - يىل 3 - ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «دۆلەتنىڭ مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا قارار» نى ئېلان قىلىپ، مەملىكەتنىڭ مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. جۇڭگو خەلق باش بانكىسى بىلەن سودا مىنىستىرلىكى «سودا خەزىنىسى توختىمى»

ئىمزالاپ، مەبلەغنى بىر تۇتاش كىرىم قىلىپ، بىر تۇتاش چىقىم قىلدى. بانكا «سودا خەزىنىسى» بەرپا قىلىپ دۆلەت سودىسى قەرز پۇلىنى باش بانكا بىر تۇتاش تارقىتىدىغان، ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك بانكىلار مەلۇم نورما ئىچىدىلا ۋاقىتلىق قەرز پۇل تارقىتىدىغان بولدى. ئەينى ۋاقىتتا، مال مەنبەسىنى كەڭ كۆلەمدە تەشكىللەپ شىنجاڭ بازارلىرىدىكى مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدا ئاساسلىقى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىغا ۋە ئۆلكىلىك سودا شىركىتىگە قەرز پۇل تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى توشۇپ سېتىش سودىسىغا قەرز پۇل بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ رايون ئىچى - سىرتىدا سېتىۋېلىش - سېتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بازاردىكى تەمىنلەشنى ئاشۇرۇشىغا مەدەت بېرىلدى.

1951 - يىلى «شەھەر - يېزىلارنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى سودا كرېدىتى خىزمىتىدە، ئاساسلىقى شەھەر - يېزىلارنىڭ ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىشنى قارار قىلدى ھەمدە مەركىزىي شەھەرلەر، مەسىلەن: ئۈرۈمچى، قەشقەر، غۇلجا، خوتەندىكى مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ شەھەرلەر ئارا توشۇپ سېتىشىغا يار - يۆلەك بولۇشنى ئاساس قىلىشنى، باشقا تارماق بانكىلارنىڭ شەھەر - يېزىلار ئارا ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇشىغا يار - يۆلەك بولۇشنى ئاساس قىلىشنى بەلگىلىدى.

1952 - يىلى ئۆلكە ئىچىدىكى مالىيە - ئىقتىساد خىزمىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىدا شىنجاڭ ھەربىي رايون كوپېراتىپى سىرتقا قارىتىلغان تىجارىتىنى ئۆلكىلىك سودا شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئاپپاراتى ۋە سودا كەسىپلىرى تېز تەرەققىي قىلىپ، يىل ئاخىرىغا بارغاندا ئاپپاراتلار 166 گە يەتتى. 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 10 مىليون 490 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولۇپ، 1950 - يىلدىكىدىن 35 ھەسسە ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ بارلىق بانكا قەرز پۇلىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 1950 - يىلدىكى 15.8% تىن 31.6% كە ئۆرلىدى

## دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئېشىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 - 10 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى)

| يىلى | بانكىنىڭ بارلىق قەرز پۇلى | بۇنىڭ ئىچىدە: دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلى | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلىنىڭ بارلىق قەرز پۇلدا ئىگىلىگەن نىسبىتى | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش نىسبىتى (%) |
|---|---|---|---|---|
| 1950 | 183 | 29 | 15.8 | 100 |
| 1951 | 1725 | 763 | 44.2 | 2.531 |
| 1952 | 3323 | 1049 | 31.6 | 351.7 |

## 2 . 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە)

1953 ـ يىلنىڭ بېشىدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سىستېمىسىدا ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت خەزىنە تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. كرېدىت باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئۆلكىلەرگە چۈشۈرۈپ، مالىيە كىرىم ـ چىقىم پەرقى بويىچە قەرز پۇل بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى. شۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدا ناتوۋاپىق ھالدا ئىسكىلات زاپىسى كېمەيتىۋېتىلگەن، مەبلەغ قىسۇۋېتىلگەنلىكتىن، شىنجاڭ بويىچە ئىسكىلات زاپىسى قۇرۇغدىلىپ تاۋارلار ئۈزۈكۈپ قالدى. يەككە سودىگەرلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بازارلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادنى زورايتىپ، تاۋار زاپىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ترانسپورت كۈچلىرىنى تولۇقلاپ، شىنجاڭغا زور تۈركۈمدىكى سانائەت بۇيۇملىرىنى كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ خىزمەت جەريانىدا بانكىنىڭ سودا كرېدىتى بىر تەرەپتىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ مال كىرگۈزۈشنى تەشكىللىشىگە، خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ زاكاز قىلىنغان ماللارنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ سېتىشنى ھۆددىگە ئېلىشنى كېڭەيتىشىگە، تېخىمۇ كۆپ خۇسۇسىي سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى دۆلەتنىڭ توپ تارقىتىش ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز قولىدا تۇتۇشىغا ياردەم بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، خۇسۇسىي كارخانىلارغا بېرىدىغان قەرز پۇلنى ئازايتتى. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدا، شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا بازارنى نورمال تەمىنلەش ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئېشىپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىلدى. 1953 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى 16 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 56.2% ئاشتى. خۇسۇسىي سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 88.1% كېمەيدى. 1954 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا داۋاملىق مەدەت بېرىلدى. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 86 پىرسەنتى ۋە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنىڭ 60 پىرسەنتىنى سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ 77 پىرسەنتىنى توپ تارقىتىش كەسپى ۋە 50 پىرسەنتىنى پارچە سېتىش كەسپىنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى ئىگىلىدى.

1955 ـ يىل 6 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن سودا نازارىتى بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى قېتىملىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كرېدىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىننىڭ قارارىغا ئاساسەن، كېيىنكى يېرىم يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سىستېمىسىغا قاراشلىق (يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئون كەسپىي شىركەت ۋە تاشقى سودا سىستېمىسىغا قاراشلىق تۆت كەسپىي شىركەتنىڭ (تۈرلۈك ماللار شىركىتىدىن باشقا) كرېدىت ھوقۇقى ۋىلايەت دەرىجىلىك ئورۇنلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. يۇنىڭ ئىچىدە، ياغ ماتېرىياللىرى، سودا، گۈللۈك پاختا رەخت شىركىتىنىڭ كرېدىت ھوقۇقى بىر قىسىم ناھىيە دەرىجىلىك ئورۇنلارغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى. «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بانكا تارقاتقان قەرز پۇل بىلەن كارخانىلار ئۆز كۆچمە مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى تەپسىلىي ئايرىلدى. كارخانا ئۆز مەبلىغىنىڭ تاۋار ئوبوروتىغا قاتنىشىدىغان نومۇسى ئادەتتە پەسىللىك پىلاندىكى تاۋار زاپىسىنىڭ 15 پىرسەنتىدىن تۆۋەن

بولماسلىقى، قالغان قىسمىغا بانكا قەرز بېرىش بەلگىلەندى؛ باشقا غەيرىي تاۋار ھېسابلىنىدىغان نورمىلىق مۇلۇك ئۆز مەبلىغى ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان، ئۇنىڭغا بانكىدىن قەرز بېرىلمەيدىغان بولدى. نەتىجىدە بانكا تارقاتقان قەرز پۇلنىڭ كۆپىيىش - كېمىيىشى بىلەن تاۋار زاپىسىنىڭ كۆپىيىش - كېمىيىشى ئۆز ئارا ماسلاشتى. قەرز پۇل مۇنداق ئالتە خىلغا ئايرىلدى: (1) پىلانلىق تاۋار زاپىسى قەرز پۇلى؛ (2) كىرگۈزىدىغان مالغا ئالدىن پۇل تاپشۇرۇش قەرز پۇلى؛ (3) پىلاندىن ئېشىپ كەتكەن تاۋار زاپىسى قەرز پۇلى، (4) راسچوت قەرز پۇلى؛ (5) ئالاھىدە قەرز پۇل؛ (6) چوڭ رېمونت قەرز پۇلى.

1956 - يىلى خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنى ئۆزگەرتىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، بانكىنىڭ پېيى، ئۆسۈمى بېكىتىلگەن شېرىكلەشكەن سودىغا بەرگەن قەرز پۇلى 6 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 50 ھەسسە ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 3 مىليون 60 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1955 - يىلدىكىدىن 190 ھەسسە كۆپەيدى، شېرىكلەشكەن ئىگىلىككە بېرىلگەن قەرز پۇل شېرىكلەشكەن ئىگىلىك بىلەن خۇسۇسىي ئىگىلىككە بېرىلگەن قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 98 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. 1956 - يىلدىن باشلاپ، بارلىق توپ تارقىتىش بازىرىنى سوتسىيالىستىك سودا ئىگىلىدى. لېكىن شۇ يىلنىڭ بېشىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كرېدىتى خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى جەھەتتە ئىسكىلات زاپىسىنى ئېنىقلاش، بېسىلىپ قالغان تاۋارلارنى بىر تەرەپ قىلىش، مەبلەغنى مۇۋاپىق تېجەپ ئىشلىتىش جەھەتلەرگە ئېغىش ئېغىر بولغانلىقتىن 2 - پەسىلدە بازارلاردا تاۋارلار كەمچىل بولدى. مۇشۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك بانكىلار كرېدىت خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى تۈزۈمنى يولغا قويۇش ۋە ئامبار زاپىسى ئېنىقلاشتىن بازار خىزمىتىگە يۆتكىدى. كرېدىت مەبلىغىنى ئىگىلەش جەھەتتە تۈزۈملەرگە قاتتىق ئېسىلىۋالماي، جانلىق ئىش كۆرۈش، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن پائال مەدەت بېرىش يولغا قويۇلدى.

1957 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نۇقتىلىق ھالدا سودا ئورۇنلىرىنىڭ مال كىرگۈزۈشىگە مەدەت بېرىلدى. 6 - ئاينىڭ باشلىرىغا قەدەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ۋە كوپېراتىپ سودىسىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 101 مىليون يۈەن كۆپەيدى. ئامبار زاپىسى كۆپىيىپ، سېتىلىش ياخشى بولدى. نەتىجىدە 20 مىليون يۈەن يىغىۋېلىندى. لېكىن شىنجاڭ بويىچە ئامبار زاپىسىنىڭ جايلاز ئارا تارقىلىشى تەكشى بولمىدى. ئورغۇنلىغان ماددىي ئەشيالار ئوتتۇرا ھالقىلاردا توختاپ قالدى. ئۈرۈمچى شەھىرى (يۈەنمەن ۋوگزالىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 46% نى ئىگىلىدى. باشقا جايلارنىڭ قوشۇلۇپ ئاران 54% نى ئىگىلىدى. جەنۇبىي شىنجاڭدا تېخىمۇ ئاز بولدى. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، كېيىنكى يېرىم يىلدىن باشلاپ بانكىلار كرېدىتنى ئىگىلەشتە «پىلاندىن ئېشىپ كەتكەن مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئالدىن قەرز بېرىپ ئورۇۋېلىپ كېيىن مەلۇم قىلىش» ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ: (1) ئاباسلىق دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا سېتىۋېلىشنىڭ ئەمەلىي ئىلگىرىلىشى بويىچە مەبلەغ بىلەن تولۇق تەمىنلەش، (2) جايلاردىكى سودا كوپېراتىپى ئورۇنلىرى رايون سىرتىدىن پىلاندىن تاشقىرى مال كىرگۈزگەن ياكى رايون ئىچىدە سانائەت تاۋارلىرىنى ئەركىن سېتىۋالغاندا، ئىلگىرىكى پىلاندىن ئېشىپ كەتكەن بولسا چوقۇم ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلارغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش، بانكا قوشۇلغاندىن كېيىن، قەرز پۇل بېرىش؛ (3) ئۆز شىركىتى سىستېمىسى ئىچىدە تاۋار يۆتكەپ، پىلاندىن ئارتۇق پۇل ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە بانكا شۇ جاينىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ قەرز پۇل بېرىش؛ (4) كارخانىلار يەرلىك مال مەنبەسىنى تەشكىللىگەندە پىلاندىن ئارتۇق پۇل ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، كۆپەيتىپ بېرىش پىلانىنى مەلۇم قىلىش، تەستىقلانغاندىن كېيىن قەرز پۇل بېرىشنى بەلگىلىدى. قەرز پۇل تارقىتىش چارىسى ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، بۇ كارخانىلارنىڭ تاۋارلارنى تۆۋەنگە يۆتكىشىگە

تۆرتكە بولدى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئامبار زاپىسى تولۇقلاندى، سېتىلىش كېڭەيدى. 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، تەمىنات — سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىنىڭ تاۋار زاپىسى 630 مىليون 920 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1956 - يىلدىكىدىن 95.5% ئاشتى، بانكا قەرز پۇل قالدۇقى 458 مىليون 690 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1956 - يىلدىكىدىن 1.1 ھەسسە ئاشتى.

## 3. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى (1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە)

1958 - يىلى مەملىكەتلىك خەلق شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىدا: ئىشلەپچىقىرىشتىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نى قوللاشتا ئىجابىي روھنى ئىزچىللاشتۇرۇش، پەقەت ماددىي ئەشيا سېتىۋېلىش ۋە ماددىي ئەشيا جۇغلاشتا كېرەكلىك بولغان مەبلەغ بولسىلا يۈرەكلىك ھالدا قوللاش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئاپتونوم رايون ئىچىدە تاۋار يۆتكەشتە كۆرسەتكۈچ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماسلىق؛ سودا تارماقلىرى سېتىۋالمىغان يەرلىك سانائەت (قول سانائەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مەھسۇلاتلىرىغا كېرەكلىك مەبلەغنىمۇ يېتەرلىك تەمىنلەش؛ سودا - سانائەت سىستېمىسىنىڭ ئۆز مەبلىغى كەمچىل بولغاچقا، غەيرىي تاۋار نورمىلىق مەبلىغىگىمۇ قەرز پۇل بېرىش؛ ناھىيەدىن يۇقىرى كارخانىلاردا «ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى بىرلەشتۈرۈش» نى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش؛ قەرز پۇل تۈرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، قەرز پۇل رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش چارىسى، ئاشلىققا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش چارىسى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش چارىسى، تاشقى سودىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش چارىسىدىن ئىبارەت تۆت خىل قەرز پۇل بېرىش چارىسىنى بىرلەشتۈرۈپ سودىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش چارىسىغا ئۆزگەرتىش؛ قەرز پۇلنىڭ تاۋار ئوبوروت قەرز پۇلى، ۋاقىتلىق قەرز پۇل، يېڭى ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش قەرز پۇلى، ئاشلىق زاپىسى قەرز پۇلى، ئالاھىدە قەرز پۇل، يېڭى ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى، چوڭ رېمونت قەرز پۇلىدىن ئىبارەت يەتتە تۈرىنى بىرلەشتۈرۈپ تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى، ئالاھىدە قەرز پۇل، يېڭى ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئىخچاملاش توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقاردى.

1959 - يىل 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى «ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن خەلق بانكىسىنىڭ كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى ئىسلاھ قىلىش چارىسى» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ، «تولۇق سوممىلىق كرېدىت» تۈزۈمىنى 1959 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. دۆلەت مالىيەسىدىن كارخانىلارغا، تارماقلارغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئۆز كۆچمە مەبلىغى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي خەلق بانكىسىنىڭ كرېدىت فوندىغا ئاغدۇرۇلدى؛ شۇ يىلى جەمئىي 120 مىليون 610 مىڭ يۈەن خەلق بانكىسىنىڭ سودا كرېدىت فوندىغا ئاغدۇرۇلدى. شۇ يىلى 2 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ ئامانەت پۇل،

قەرز پۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىش، يەرلىك بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، «ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانى ۋە پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، كرېدىت پىلانىغا بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇللىرىنى باش بانكا، ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇللىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا، ۋىلايەت، ناھىيىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇللىرىنى ھەر قايسى تارماق بانكىلار باشقۇرىدىغان بولدى. مەركەز بىلەن ئاپتونوم رايون باشقۇرىدىغان ئامانەت پۇل، قەرز پۇللارنى ھەر قايسى تارماق بانكىلار ۋاكالىتەن باشقۇردى، «بىر يىلدا بىر قېتىم ھۆددىگە ئېلىش، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتمەسلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن، شۆبە بانكا ھەر قايسى تارماق بانكىلارنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ئامانەت پۇل، قەرز پۇلنىڭ يىللىق يۇقىرىغا تاپشۇرىلىدىغان ياكى تولۇقلاپ ئاجرىتىلىدىغان كرېدىت پەرقىنى بېكىتىپ بەردى. ئىشلىتىش ھۆددىگە بېرىلىپ، كۆپ كىرىم قىلغان، كۆپ ئامانەت توپلىغانلارنىڭ كۆپرەك قەرز پۇل تارقىتىشى يولغا قويۇلدى. قەرز پۇل تۈرلىرى ئۆز ئارا تەڭشىلىدىغان بولدى.

5 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى يەنە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئۆزلىرىگە قاراشلىق تارماق بانكىلاردىن سودا تارماقلىرىنىڭ مال كىرگۈزۈشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاشنى تەلەپ قىلدى. بازارلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن، ماددىي ئەشيالا بولىدىكەن پۇل بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. سودا كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى نورمىلىق باشقۇرۇش بوشاپ كەتكەنلىكتىن، كۆچمە مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىشى كەڭ بولۇپ كېتىشتەك قالايمىقانچىلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى. پەقەت 4 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچىلا ئاپتونوم رايوندىكى سودا تارماقلىرىنىڭ 41 مىليون 330 مىڭ يۈەن كۆچمە مەبلىغى نامۇۋاپىق ئىگىلەپ كېتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئىگىلەپ كەتكىنى 700 مىڭ يۈەن، نېسى سودا ئىگىلەپ كەتكىنى 17 مىليون 60 مىڭ يۈەن، ئالدىن تاپشۇرۇلىدىغان مال پۇلى ئىگىلەپ كەتكىنى 5 مىليون 580 مىڭ يۈەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش مەبلىغى ئىگىلەپ كەتكىنى 11 مىليون 550 مىڭ يۈەن (مەركەز بەلگىلىگەننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئىشچى - خىزمەتچىلەر قەرز ئېلىۋالغىنى 250 مىڭ يۈەن. مۇشۇ ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، كۆچمە مەبلەغنى ئىشلىتىشتە: (1) كۆچمە مەبلەغ بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى چوقۇم ئايرىم باشقۇرۇش، كۆچمە مەبلەغنى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلەتمەسلىك؛ (2) كۆچمە مەبلەغنى ئىشلىتىشنى چوقۇم ماددىي ئەشيا ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش، پۇل چىقسا مال كېلىش، مال چىقسا پۇل كېلىش، كۆچمە مەبلەغنى مال پۇلى ئۈچۈن ئالدىن تاپشۇرۇشقا ۋە نېسى سېتىلغان تاۋار پۇلىنى سەپلەپ قويۇشقا ئىشلەتمەسلىك؛ (3) كۆچمە مەبلەغ ۋە كرېدىتتە پىلان بولۇش ھەمدە ئۇلارنى پىلان بويىچە ئىشلىتىش پرىنسىپىنى چوقۇم ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش جەھەتتىمۇ، ئاساسىي قاتلامدىكى توپ تارقىتىدىغان ۋە پارچە ساتىدىغان سودا كارخانىلىرىدا تاۋار ۋە مەبلەغنى نورمىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش؛ مالىيە خاراكتېرلىك سەپلىمە چىقىملارنى ئېنىقلاپ، قەرز پۇللارنى قايتۇرۇپ كېلىش، نېسىگە تاۋار سېتىشنى توختىتىش ۋە ئالدىن تاپشۇرۇلغان مال پۇلىنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلدى. 9 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى «كرېدىت مەبلىغى پىلانىنى باشقۇرۇش چارىسى ھەققىدە ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» (لايىھە) نى تۈزۈپ چىقىپ، ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىنىڭ كرېدىت باشقۇرۇش ھوقۇق چېكىنى تەرتىپكە سېلىپ، مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىدە

مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، قەرز بېرىلىدىغان كارخانىلار چوقۇم يىللىق ۋە پەسىللىك كرېدىت پىلانىنى تۈزۈش، پىلان تەستىقلانغاندىن كېيىن، پەسىللىك پىلان بويىچە قەرز پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلدى. يۇقىرىدىكى تەدبىر ۋە بەلگىلىمىلەر ئىجرا قىلىنغانلىقتىن، 1959 ـ يىلى سودا نازارىتى سىستېمىسىدا تولۇق بىر يىلدا نامۇۋاپىق ئىگىلىنىپ كەتكەن مەبلەغدىن جەمئىي 43 مىليون 520 مىڭ يۈەن قايتۇرۇپ كېلىندى. بۇ ئومۇمىي سوممىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 580 مىليون يۈەن، كارخانىلارنىڭ نورمىلىق مۈلۈكى 600 مىليون يۈەن بولۇپ، بانكا قەرز پۇلى بىلەن كارخانىلارنىڭ ماددىي ئەشيا كاپالىتى ئاساسىي جەھەتتىن بىردەك بولدى.

1960 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە تاۋار مەبلىغىنى نورمىلىق باشقۇرۇش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. 2 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە تاۋار مەبلىغىنى نورمىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويغان پارچە سېتىش ماگىزىنلىرى جەمئىي 1531 گە يەتتى، بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ 38 پىرسەنتىنى، ئاساسىي قاتلام توپ تارقىتىش كارخانىلىرى جەمئىي 92 گە يېتىپ، ئومۇمىي سانىنىڭ 29 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى بىلەن خەلق شۆبە بانكىسى بىرلىكتە يەنە سودا كارخانىلىرىنىڭ ئاممىۋى ھېسابات قىلىشى بويىچە قۇمۇل رايونىدا نەق مەيدان يىغىنى چاقىرىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ھېساباتنىڭ ئومۇملىشىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1961 ـ يىلى گەرچە بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ نۇقسانلىرىنى تۈزىتىش تەدبىرلىرى قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن «سول» ئىدىيىنىڭ داۋاملىق يامىرىشى تۈپەيلىدىن بۇ تەدبىرلەرنىڭ ئوينىغان رولى چوڭ بولمىدى. ئەمەلىيەتتە يەنىلا نۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىلىقلار يۈز بەردى، مالىيەدە قىزىل رەقەم كۆرۈلدى، پۇل بەك كۆپ تارقىتىلىپ كەتتى. بازارلاردا تەمىنلەش جىددىي بولدى. خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى بازارلىرىنى تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، 1961 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئايغىچە ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 73 مىليون 280 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1960 ـ يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %41.7، يەنى 52 مىليون 360 مىڭ يۈەن كەملەپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئاھالىلەرگە سېتىپ بېرىلگەن ئىستېمال بۇيۇملىرى پۇلى 1960 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 11 مىليون 690 مىڭ يۈەن كەملىگەن. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، تەمىنلەشكە تېگىشلىك تاۋارلار يېتەرلىك بولمىغان، نۇرغۇن تاۋارلار قاتلاممۇ ـ قاتلام تىزگىنلىنىپ، سېتىش چەكلەنگەن تۈرلۈك ماللار شىركىتى سىستېمىسىنىڭ 3 ـ ئاي ئاخىرىدا تىجارەت قىلىدىغان تاۋارلىرىدىن 2 ـ دەرىجىلىك پونكىتلاردا بارلىرى 3012 خىل (ئىلمە توقۇلما بۇيۇملار ۋە مەدەنىي بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، شەھەرلىك توپ تارقىتىش ئورنىدا بارلىرى 2910 خىل، لېكىن پارچە سېتىش ھالقىلىرىدىكى چوڭ ماگىزىنلاردا بارلىرى ئاران 700 خىل ئەتراپىدا، ئوتتۇرا تىپتىكى ماگىزىنلاردا بارلىرى 100 خىل ئەتراپىدىلا بولغان. پۇلنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن بانكىلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرىنىڭ 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ يۇقىرى باھادىكى پېچىنە ـ پىرەنىك بىلەن تەمىنلەشنى قوللىدى. 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر، قاراماي شەھەرلىرىدە يۇقىرى باھالىق تاماق ـ قورۇمىلار كۆپىيىشكە باشلىدى. 5 ـ ئايدا يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن قىممەت باھادىكى كەمپۈت بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 60 تىن ئارتۇق ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى شەھەرلەر ۋە ساناەت كان رايونلىرىدا يۇقىرى باھالىق پېچىنە ـ پىرەنىك، تاماق ـ قورۇما ۋە قەنت ـ گېزەك بىلەن تەمىنلەش باشلىنىپ

كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى، مالىيە نازارىتى، خەلق شۆبە بانكىسى شۇ يىلى 3 - ئايدا، بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرىدىن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنى يەتمۇ سەپەرۋەر قىلىپ مەبلەغ، ئامبار زاپىسى ۋە ھېساباتنى ئۈزۈل - كېسىل ئېنىقلاش (قىسقارتىپ ئۈچنى ئېنىقلاش دېيىلىدۇ) نى، ئاساسنى ئېنىقلاپ كاسات، پاخوتقا چىققان تاۋارلارنى ۋە ئېسىلىپ قالغان مەبلەغ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇشنى، تىجارەت ئىدىيىسى ۋە ئىستىلنى تەرتىپكە سېلىپ، ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

1961 - يىل 4 - ئايدا خەلق باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدا كىرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئۆزگەرتىلدى. پەرق سوممىسىنى ھۆددىگە ئېلىش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كۆرسەتكۈچلۈك باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. شۆبە بانكا باش بانكا تەستىقلىغان يىللىق پىلانغا ئاساسەن پۇل تارقىتىدىغان، پىلاندىن ئېشىپ كەتسە باش بانكىنىڭ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىدىغان، ھەر قايسى تۈردىكى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچلىرى ئۆز ئارا يۆرۈشتۈرۈلمەيدىغان بولدى.

1962 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «بانكا خىزمىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قارار» (بانكا خىزمىتىنىڭ ئالتە ماددىسى) ۋە «سودا مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ۋە سودا پايدىسىنى تاپشۇرۇش چارىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى قارار» (سودا خىزمىتىنىڭ سەككىز ماددىسى) ئىزچىل ئىجرا قىلىنىپ، «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن كىرېدىت باشقۇرۇش ھوقۇقى قايتۇرۇۋېلىنىپ، سودا مەبلىغىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈش بىلەن ساھەلەر بويىچە دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇش ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. سودا قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك بانكىلار تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن كۆرسەتكۈچ دائىرىسى ئىچىدە قايتا تەكشۈرۈپ كۆرۈپ قەرز پۇل تارقىتىش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كىرېدىتنى نازارەت قىلىش كۈچەيتىلدى. كارخانىلارنىڭ ئامبار زاپىسى قۇرۇلمىسىنى تەھلىل قىلىش ئېسىلىق قەرز پۇل دېلولىرى ۋە مۇئامىلە جەريانىدا سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقان قەرزلەرنى ئېنىقلىشىغا ھەمدە 1961 - يىلدىن ئىلگىرى قېپقالغان نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىنغان مەبلەغ ۋە بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيالارنى ئېنىقلىشىغا ياردەم بېرىلدى. 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سودا سىستېمىسىنىڭ (تەمىنات - سودىتىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا قىممىتى 160 مىليون يۈەن، مال - مۈلۈك زىيىنى 75 مىليون يۈەن، سەپلەپ قويغان مالىيە خاراكتېرلىك چىقىمى 15 مىليون 610 مىڭ يۈەن بولغان. 7 - ئايدا بانكىنىڭ سودا كارخانىلىرىنىڭ تولۇق سوممىلىق كىرېدىتنى يولغا قويۇشى توختىتىلىپ، ئۇ، دۆلەتتىن بىر قىسىم ئۆز كۈچىمە مەبلىغى ئاجرىتىپ بېرىشكە ئۆزگەرتىلىپ، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل ھېساباتىنى ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. ھەمدە سودا كىرېدىت فوندىنى ئېنىقلاپ قايتۇرۇش خىزمىتىگە تۇتۇش قىلىندى.

مەركەزنىڭ چەت، چېگرا رايونلارنىڭ مىللىي سودا كارخانىلىرىغا قارىتا يولغا قويغان «ئۈچ تۈردە ئېتىبار بېرىش» تىن ئىبارەت ئالاھىدە سىياسىتىگە ئاساسەن 1963 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا 22 ناھىيىگە ئېتىبار بېرىلدى. بۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق: (1) ئۆز كۈچىمە مەبلىغىنى نورمال تاۋار مەبلىغى

نورمىسى بويىچە، پارچە سېتىش كارخانىلىرىغا %80، توپ ۋە پارچە ساتىدىغان كارخانىلارغا %60، ئاساسىي قاتلام توپ تارقىتىش كارخانىلىرىغا %50 كۆچمە مەبلەغ ئاجرىتىپ بېرىش، قالغانلىرىغا بانكىدىن قەرز بېرىش؛ (2) يارىتىلغان پايدىغا قوغدالما باھا پەرقى سوممىسى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەمنى قوشۇپ، سودىدا پايدىنىڭ 20 پىرسەنتىنى، يېمەك - ئىچمەك كەسپىدە 70 پىرسەنتىنى ئۆزىگە قالدۇرۇش؛ (3) قوغدالما باھا جەھەتتە دۆلەت يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنىڭ ئەڭ تۆۋەن باھاسى ۋە سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىشنىڭ ئەڭ يۇقىرى باھاسىنى بەلگىلەش، باھا پەرقى زىيىنىغا مالىيىدىن قوشۇمچە ياردەم بېرىش. شۇ يىلى يەرلىكتىكى باشقا سودا ئورۇنلىرى (شىنخۇا كىتابخانىسى، ئورۇقچىلىق شىركىتى، كىنو فىلىم تارقىتىش - قويۇش شىركىتى قاتارلىق) نىڭ كۆچمە مەبلىغىنى تەمىنلەش چارىسى ئۆزگەرتىلىپ، مۈلۈك، مەبلەغ ئېنىقلىنىپ، «تولۇق سوممىلىق كرېدىت» توختىتىلىپ، ئامانەت پۇل ۋە قەرز پۇل ھېسابى ئايرىپ باشقۇرۇلدى، كۆچمە مەبلەغنىڭ 30 پىرسەنتى يەرلىك مالىيىدىن ئاجرىتىلىپ، كارخانىنىڭ ئۆز كۆچمە مەبلىغى قىلىنىدىغان قالغان 70 پىرسەنتىگە بانكىدىن قەرز بېرىلىپ، يەرلىكنىڭ باشقا سودا قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بويىچە ئىشلىتىلىدىغان قىلىندى. كرېدىتنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، خەلق شۆبە بانكىسى كرېدىت جەھەتتە جازالاش دائىرىسىنى مۇنداق بەلگىلىدى: (1) ئومۇمەن قەرز پۇلنى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا، زىياننى تولدۇرۇشقا، پايدا ئورنىدا تاپشۇرۇشقا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىقىغا، تۆت خىل خىراجەتكە ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلماسلىقتا خىلاپلىق قىلغۇچىلار قەرز بېرىشتىن بۇرۇن سېزىلسە قەرز پۇل بەرمەسلىك، كېيىن سېزىلسە قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش. (2) كوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تاۋارنى نېسىگە سېتىش، ئالدىن مال پۇلى تاپشۇرۇش ئەھۋاللىرى قەرز بېرىلگەندىن كېيىن سېزىلسە، قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش (3) پىلان ئىچىدە كۆرۈلىدىغان زىيان بەلگىلەنگەن تولدۇرۇش مۇددىتىدىن ئېشىپ كەتسە، پىلاندىن سىرت ياكى پىلاندىن ئارتۇق كۆرۈلگەن زىياننىڭ ۋاقتى ئىككى ئايدىن ئېشىپ كەتسە قەرز پۇل بېرىشنى توختىتىش. (4) دۆلەتكە ئوپ - ئوچۇق پايدىسىز بولغان ئېغىر ئەھۋال كۆرۈلگەندە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك بانكا باشلىقىنىڭ قارار قىلىشى ئارقىلىق قەرز پۇل بەرمەسلىك ھەمدە ئۇنى پارتكومغا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىغا ئىنكاس قىلىش.

1964 - يىل 6 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى قەشقەر ۋە غۇلجىدا جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ بويىچە سودا كرېدىتى خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يىغىندا 14 ناھىيە، شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ مەركىزىي خىزمەتنى چۆرىدىگەن ھالدا يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ يېزىلارغا چۈشۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادىي پائالىيەت تەھلىلىنى قانات يايدۇرۇش، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەت تەجرىبىلىرى يەكۈنلەندى ۋە ئالماشتۇرۇلدى. مارالبېشى ناھىيىلىك خەلق بانكىسىنىڭ «ئالتىگە قاراپ، ئالتىگە ياردەم بېرىش» تەجرىبىسى يەنى: بازارغا قاراپ، ئامبار زاپىسىنى ھېسابلاش، تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش؛ كىرگۈزگەن مالغا قاراپ، قەرز پۇلنى ھېسابلاش، سېتىۋېلىشنى ياخشىلاشقا ياردەم بېرىش، بېسىلىپ قالغان مالغا قاراپ، بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇش، مەبلەغنى جانلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش؛ راسچوتقا قاراپ، يول ئۈستىدىكىنى تەكشۈرۈش، مال پۇلىنى خەزىنىگە يىغىۋېلىشقا ياردەم بېرىش؛ خىراجەتكە قاراپ، چىقىمنى تەكشۈرۈش، چىقىمنى تېجەشكە ياردەم بېرىش، ھېساباتقا قاراپ، خاتا، قالايمىقان جايلارنى تەكشۈرۈش، تۈزۈم ئورنىتىشقا ياردەم بېرىش تەجرىبىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

1965 - يىلى خەلق ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئاخىرلىشىپ، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى دولقۇن كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەت ئاستىدا، بانكىنىڭ سودا كرېدىتى خىزمىتىدە «ئىشلەپچىقىرىشنى ئاكتىپ قوللاش، ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ۋە راسچوتتا قولايلىق يارىتىش، سىياسەت ۋە پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، خىزمەت جانلىق بولۇش لېكىن قالايمىقان بولماسلىق» فاڭجېنىغا ئاساسلىنىپ، كارخانىلارنىڭ سېتىۋېلىش - سېتىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش، ماددىي ئەشيا ۋە مەبلەغنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، مەبلەغدىن پايدىلىنىش يۈنىلىشىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا پائال مەدەت بېرىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر قەرز پۇل قالدۇقى 310 مىليون يۈەن بولۇپ، 1962 - يىلدىكىدىن % 24.4 ئازايدى.

## 4. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى (1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە)

1966 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى بەلگىلىمە چىقىرىپ، سودا تارماقلىرىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلمايدىغان ئاساسىي قاتلام يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدىغان ئورۇنلارغا كېرەكلىك سېتىۋېلىش مەبلىغى جەھەتتە ئىلگىرىكى «يۇقىرىدا قەرز بېرىپ، تۆۋەنگە ئاجرىتىش» ياكى «تۆۋەندە قەرز بېرىپ، يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا يوللاش» چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇن بىلەن بانكا مەلۇم قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئاجرىتىپ بېرىپ، ئۆز جايىدا سېتىۋېلىش، ئۆز جايىدا قەرز بېرىش، ئۆز جايىدا سېتىش، قەرزنى ئۆز جايىدا قايتۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇشقا ئۆزگەرتتى.

1970 - يىلى سودا كرېدىتى پىلانىنى ئىلگىرى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار باشقۇرىدىغان ئۇسۇل ئۆزگەرتىلدى. سودا ئورۇنلىرى پۇل ئىشلەتمەكچى بولسا، پەسىل بويىچە شۇ جايدىكى ھېساب ئاچقان بانكىغا بىۋاسىتە پەسىللىك قەرز پۇل پىلانىنى يوللاش، ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكىلار پەسىللىك پىلان بويىچە قەرز پۇل بېرىش، ھەمدە ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش بەلگىلەندى. مۇشۇ بىر يىلدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرى قارىغۇلارچە مال سېتىۋالغانلىقتىن، ئورغۇنلىغان تاۋارلار بېسىلىپ قالدى، كۆچمە مەبلەغنى ۋە بانكا قەرز پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش ھادىسىلىرىمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كەتتى. 1971 - يىلى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار سودا تارماقلىرىنىڭ ئامبارلارنى ئېنىقلاش ۋە مال - مۈلۈك مەبلەغنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ھەمكارلاشتى. پەقەت ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلاردىلا مەسىلە بار دەپ قارالغان 33 مىليون 600 مىڭ يۈەن قىممەتتىكى تاۋار ئېنىقلاندى. 1972 - يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى «كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇشنى ھەققىي كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى يەنى ئومۇمەن كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغى ۋە بانكا قەرز پۇلىنى خالىغانچە يۆتكەپ ئىشلىتىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلغان ۋە باشقا مالىيە خاراكتېرلىك چىقىم قىلغان بولسا، ئۇنى قەتئىي توسۇش، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئەستايىدىل ئېنىقلاپ چەكلىك مۇددەت ئىچىدە قايتۇرۇش، پرىنسىپ جەھەتتە قايسى دەرىجە ئورۇنلاشتۇرغان بولسا شۇ دەرىجە مەسئۇل بولۇپ ھەل قىلىش؛ بانكا قەرز پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش، ھەم پائال قوللاش، ھەم مەبلەغنى تېجەپ ئىشلىتىش، قانچىلىك ئالىمەن دېسە شۇنچىلىك بەرمەسلىك، كارخانىلارنىڭ مال - مۈلۈك، مەبلەغنى ئېنىقلىشىغا ھەمكارلىشىپ، كارخانىلار

ئارتۇق ئىگىلىۋالغان ماددىي ئەشيا، مەبلەغنى تەڭشەش؛ «پۇلىمۇ، مالىمۇ نەقمۇ - نەق ئېنىق بولۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئىسىگە تاۋار سېتىشنى چەكلەش، ئىلگىرى ئىسىگە سېتىلغان بولسا چەكلىك مۇددەت ئىچىدە ئېنىقلاپ قايتۇرۇپ كېلىش، كارخانىلار ئارا سۆرىلىپ كېلىۋاتقان مال پۇللىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئېنىقلاش، يولسىزلىق بىلەن كەينىگە سۆرەپ كېلىۋاتقان بولسا، بانكا تۇتۇپ قېلىش تەرتىپى بويىچە مال پۇلىنى ۋە كېچىكتۈرگەنلىك تۆلەم پۇلىنى تۇتۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلدى.

1973 - يىلى پۇل كۆپ تارقىتىلىپ كەتكەنلىكتىن ھەمدە تۇشۇش كۈچى يېتەرلىك بولمىغانلىقتىن، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى بازارلاردا تەمىنلەش جىددىي بولدى. ئىسكىلاتتىكى زاپاس تاۋارلار زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. 1974 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى بانكىلارنىڭ شاخچەينىڭ مالىيە، بانكا خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، كرېدىت خىزمىتىنى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىغىچە يەتكۈزۈپ، ئىشلەشكە دىققەت قىلىپ، ئىقتىسادىي پائالىيەت تەھلىلىنى قانات يايدۇردى. ئەھۋاللارنى ئالاقىدار تارماقلارغا دوكلات قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا توپ تارقىتىش كارخانىلىرىنىڭ «نەق مەيداندا ئېكسكۇرسىيە قىلىش، شۇ جايدىلا تالون كېسىش» چارىسىنى يولغا قويۇشقا ھەمكارلىشىپ، تاۋارلارنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1975 - يىلى بانكا مال كىرگۈزۈشنى تەشكىللەشكە مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن 22 قېتىمدا 104 مىليون 90 مىڭ يۈەن ۋاقىتلىق قەرز پۇلنى كۆپەيتىپ تارقىتىپ، جايلارنىڭ مال كىرگۈزۈشتىكى مەبلەغ ئېھتىياجىنى قاندۇردى.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە داۋاملاشقان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى قالايمىقانلىشىپ، مالىيە ئىنتىزامى، كرېدىت باشقۇرۇش بوشىشىپ كەتتى، نازارەت قىلىش كۈچلۈك بولمىدى، گەرچە بىر قىسىم توغرا فاكچېن، تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇلمىدى، شۇڭا بانكا قەرز پۇلى زور ھەجىمدە ئېشىپ كەتتى. ئون يىل جەريانىدا سودا نازارىتى سىستېمىسىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 270 مىليون يۈەن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە زور مىقداردىكى مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشىدە مەسىلە كۆرۈلدى، 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر نامۇۋاپىق يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن پۇل 15 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، بانكا قەرز پۇلىنىڭ 2.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئىگىلىنىپ كەتكەن راسچوت مەبلىغى 209 مىليون 770 مىڭ يۈەن بولۇپ، بارلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ 20.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ھەر 100 يۈەنلىك سېتىلىش ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ ئوتتۇرا ھېسابتا 76.54 يۈەن بولۇپ، 1966 - يىلدىكىدىن 10.34 يۈەن ئاشتى. 1968 - يىلى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ 98 يۈەنگە يەتتى. 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى بانكا قەرز پۇل قالدۇقى 783 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1966 - يىلدىكىدىن 36.6% كۆپەيدى.

سودا ئازارىتى (ئەمىنات ـ سودا كوپىراتىپىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) سىستېمىسىنىڭ كۆچمە مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش جەدۋىلى .

جەدۋەل: 5 ــ 11 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىللار | 1966 | 1967 | 1968 | 1969 | 1970 | 1971 | 1972 | 1973 | 1974 | 1975 | 1976 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئىگىلەنگەن بارلىق كۆچمە مەبلەغ | 98602 | 93465 | 103688 | 103428 | 112147 | 110021 | 108906 | 111158 | 124637 | 141613 | 148122 |
| بۇنىڭدىن: تاۋار ۋە ماتېرىيال | 79353 | 72757 | 81461 | 78551 | 88179 | 87400 | 84295 | 84260 | 96515 | 114273 | 113832 |
| بارلىق كۆچمە مەبلەغ ئىچىدە ئىگىلىگىنى % | 80.48 | 77.84 | 78.56 | 75.95 | 78.03 | 79.44 | 77.40 | 75.80 | 77.44 | 80.69 | 76.85 |
| راسچوت قىلىنغان مەبلەغ | 12737 | 15708 | 16785 | 19134 | 19471 | 16308 | 17624 | 22226 | 21083 | 21814 | 28891 |
| بارلىق كۆچمە مەبلەغ ئىچىدە ئىگىلىگىنى % | 12.92 | 16.81 | 16.19 | 18.50 | 17.36 | 14.58 | 16.18 | 19.99 | 16.91 | 15.40 | 19.50 |
| ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ | 93388 | 96034 | 89576 | 103588 | 107188 | 111616 | 109464 | 110032 | 124100 | 133125 | 144867 |
| تاۋارلارنىڭ ساپ سېتىش سوممىسى | 141300 | 127640 | 100210 | 125775 | 140798 | 138842 | 140631 | 150213 | 146600 | 217023 | 224075 |
| ئوبوروت قىلىش قېتىمى | 1.51 | 1.27 | 1.02 | 1.21 | 1.31 | 1.24 | 1.28 | 1.37 | 1.18 | 1.63 | 1.55 |
| كۈن سانى | 238 | 283 | 300 | 297 | 274 | 290 | 281 | 262 | 305 | 221 | 232 |
| ھەر 100 يۈەنلىك تاۋار سېتىلغاندا ئىگىلەنگەن مەبلەغ (يۈەن) | 66.2 | 78.5 | 98 | 82.6 | 76.3 | 80.6 | 77.84 | 73.25 | 84.65 | 61.34 | 64.65 |
| بانكىدىن ئېلىنغان قەرز پۇل | 57354 | 50868 | 58871 | 57356 | 67723 | 65948 | 63171 | 72174 | 70046 | 78431 | 78360 |

دىققەت: 1971 ـ يىلدىن 1974 ـ يىلغىچە ئەمىنات سودا كوپىراتىپى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى خاراكتېرىگە ئۆزگەرتىلگەن.

## 5. يېڭى تارىخىي تەرەققىيات مەزگىلى (1976 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلغىچە)

1977 ـ يىل 11 ـ ئايدا بانكىلار گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «بانكا خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر نەچچە بەلگىلىمە» نى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا باشلىدى، ئۇنىڭدا بارلىق قەرز پۇللارنى پىلان بويىچە تارقىتىش، پىلاندىن ئېشىپ كەتكەن قەرز پۇلنى چوقۇم يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش، بارلىق كرېدىت مەبلىغى ۋە كارخانىلار كۆچمە مەبلىغىنى پەقەت دۆلەت بەلگىلىگەن ئىشلىتىش ئورنى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروتى ۋە تاۋار ئوبوروتىغا ئىشلىتىش، ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسلەر بانكا مەبلىغى ۋە كارخانىلار كۆچمە مەبلىغىنى يۆتكەپ ئىشلەتمەسلىك، بارلىق كرېدىتنى چوقۇم بانكا مەركەزلەشتۈرۈپ بېجىرىش، دۆلەتنىڭ ئايرىم بەلگىلىمىسى بولغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەر قانداق ئورۇن بىر ـ بىرىدىن قەرز ئالماسلىق، تاۋارلارنى نىسىگە سېتىشقا، مال پۇلىنى ئالدىن ئېلىش ۋە ئالدىن بېرىشكە رۇخسەت قىلماسلىق تەلەپ قىلىنغان. 1978 ـ يىلى خەلق باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، شىنجاڭدا ئالدىنقى يېرىم يىللىق قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 80 مىليون يۈەن قىسقارتىلدى. 1978 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تۈرلۈك سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى يىل بېشىدىكىدىن 82 مىليون 40 مىڭ يۈەن ئازلاپ، 80 مىليون يۈەن قىسقارتىش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. سودا نازارىتى سىستېمىسىدا 1978 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى بويىچە يىللىق پىلان %54.3 ئورۇندىلىپ، 1977 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %25.9 ئاشتى، سېتىش جەھەتتە يىللىق پىلان %52.2 ئورۇندىلىپ، 1977 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %13.1 ئاشتى. 6 ـ ئاي ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسىنىڭ قىممىتى 895 مىليون 860 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 45 مىليون 160 مىڭ يۈەن، 1977 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن 182 مىليون 710 مىڭ يۈەن ئاشتى. شۇ يىلى شىنجاڭدا چەت ـ ياقا رايونلاردىكى مىللىي سودا كارخانىلىرىغا بېرىلىدىغان «ئۈچ تۈرلۈك ئېتىبار» دىن بەھرىمەن بولىدىغان ناھىيىلەر 50 كە كۆپىيىپ، ئېتىباردىن بەھرىمان بولىدىغان ئاھالە ئاپتونوم رايون ئاھالىسىنىڭ 46 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى.

1979 ـ يىلى بانكىنىڭ كرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ ئالدىن يۆلەش» پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. بانكىلار كارخانىلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ رەتكە تۇرغۇزۇش، كارخانا تۈرلىرى بويىچە، ئەلالىرىنى تاللاپ ئالدىن يۆلەش، ۋاقىت بەلگىلەپ ئۆزگەرتىش، قاتتىق چەكلەش، يېڭىدىن قەرز پۇل تارقىتىشنى توختىتىش ياكى قەرەلى توشقان قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ كېلىش قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ، ھەم ئىلھاملاندۇرۇش ھەم چەكلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئومۇمەن كارخانىلار مۇنداق تۆت تۈرگە ئايرىلدى: (1) دۆلەتنىڭ پىلانىنى ئوبدان ئورۇندىغان، توختامنى ئوبدان ئىجرا قىلغان، ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولغان، ئۈنۈمى ياخشى بولغان كارخانىلارغا ئالدىن قەرز بېرىش؛ (2) بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشياسى كۆپ، مەبلەغ ئوبوروتى ئاستا، بازىرى كاسات تاۋار زاپىسى كۆپ بولغان، ئۈنۈمى تۆۋەن كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىشنى قاتتىق چەكلەش؛ (3) بازار ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدىغان، لاياقەتسىز تاۋارلارنى سېتىۋالغان، ئىگىلىك باشقۇرۇشى قالايمىقان، ساختا ھالقىپ تىجارەت قىلىپ، يېڭىدىن نامۇۋاپىق ھالدا مەبلەغ يۆتكەپ ئىشلىتىش ئەھۋالى كۆرۈلگەن، پىلان سىرتىدا زىيان تارتقان كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىشنى توختىتىش ياكى ئۇلارنىڭ بىر قىسىم كونا قەرز پۇللىرىنى قايتۇرۇۋېلىش؛ (4) دۆلەت ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش، تاقاش، بىرلەشتۈرۈۋېتىش، كەسپىنى ئۆزگەرتىشنى قارار قىلغان كارخانىلارغا بانكا يېڭىدىن قەرز پۇل بېرىشنى توختىتىش ھەمدە كارخانىلارنىڭ ماددىي ئەشيا، مۈلۈكىنى ئېنىقلىشىغا ياردەم بېرىش، ھەقدارلىق ـ قەرزدارلىقنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كونا قەرز پۇللارنى قايتۇرۇۋېلىش، بۇ

ئارقىلىق بىرىنچى تۈردىكىلەرگە ئېتىبار بېرىش، ئىككىنچى تۈردىكىلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۈچىنچى تۈردىكىلەرنى قىسىش، تۆتىنچى تۈردىكىلەرگە قەرز بېرىشنى توختىتىش ئىشقا ئاشتى. مۇشۇ بىر يىلدا ئامبار زاپىسىنىڭ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلىشىشقا يۈزلەندى. مەبلەغنىڭ ئىگىلىنىپ كېتىشى كۆرۈنەرلىك ئازايدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سىستېمىسىدا 1979 - يىلى ھەر 100 يۈەنلىك سېتىلىش ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 48.85 يۈەن بولۇپ، 1978 - يىلدىكىدىن 7.02 يۈەن ئازايدى. ھەر 100 يۈەنلىك كۆچمە مەبلەغدىن يارىتىلغان پايدا 7.76 يۈەن بولۇپ، 1978 - يىلدىكىدىن 2.04 يۈەن ئاشتى.

1979 - يىلدىن باشلاپ، بانكىلار مەبلەغنى تەڭ ئىشلىتىش چارىسىنى ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەت تەرتىپى بويىچە، سودا كىرىدىتىنى ئىشلىتىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سودا تارماقلىرىنىڭ بازارغا باب كېلىدىغان يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى بولۇپمۇ رايونىمىزدا ئىشلەپچىقىرىلغان يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى قوللاشقا قاراتتى. ھەمدە بانكىلارنىڭ ئالاقىلىشىش دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇش ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش پىلانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەمكارلاشتى. ئاقسۇ تارماق بانكىسى سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ جەمئىي 35 مىليون 270 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى 61 پارچە ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش توختامى ئىمزالىشىغا ھەمكارلىشىپ، «داگۇاڭ» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، شايار ئىلمە - توقۇلما فابرىكىسى، «داجې» سۈلياۋ زاۋۇتى قاتارلىق كۆپلىگەن كارخانىلارنىڭ سودا - سانائەت جەھەتتىكى زىددىيەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشىغا ياردەملىشىپ يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ھەر قايسى جەھەتلەردىن ئىلگىرى سۈردى. بانكىلار يەنە نۇرغۇن قەرز پۇل تارقىتىپ، سودا تارماقلىرىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملار بىلەن تەمىنلىنىشنى ياخشىلىشىغا مەدەت بەردى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە 1973 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە مەخسۇس تۈر بويىچە ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى تەمىنلەنگەن ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلار: قەنت - گېزەك 15 مىڭ 200 توننا، چىبەرقۇت 4 مىليون 900 مىڭ مېتىر، تاۋار - دۇردۇن 6 مىليون 520 مىڭ مېتىر، كىرسوپۇن 130 مىڭ ساندۇق، يۈز سوپۇن 1 مىليون 820 مىڭ توقاچ، چايدان 350 مىڭ دانە، رادىئو 28 مىڭ 420 دانە. شۇنىڭدەك قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ئاليۇمىن چۆگۈن، كالاچ، گەرس ياغلىق، ئاياللارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار 300 خىلدىن ئاشقان.

1980 - يىلى بانكىلار بىر قىسىم 3 - دەرىجىلىك توپ تارقىتىش ۋە پارچە سېتىش سودا كارخانىلىرىغا نورمىلىق ئوبوروت قەرز پۇلى تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى (بانكا بىلەن كارخانا قەرز پۇلنىڭ ئوبوروت نورمىسىنى كارخانىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار چۈشۈرگەن سېتىش پىلانى ۋە مەبلەغنىڭ ئوبوروت قېتىم سانىنى ئاساس قىلىپ بانكا بىلەن كارخانا بىرلىكتە كېڭىشىپ بېكىتىدۇ). نورما ئىچىدىكى قەرز پۇل جانلىق يىغىلىپ، جانلىق تارقىتىلىپ، ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلدى. ئوبوروت نورمىسىدىن ئېشىپ كەتكەن مەبلەغ ئېھتىياجىغا ۋاقىتلىق قەرز پۇل بېرىلىپ، قەرز بىر بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. يەنە سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەتنىڭ ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى يولغا قويۇلۇپ، بانكىلارنىڭ ئىلگىرىدىكى سودا كارخانىلىرىغا پەقەت كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇللار تارقىتىشى مۇقىم مۈلۈككە قەرز پۇل تارقىتىشقا كېڭەيتىلدى. قەرز پۇل ئاساسلىقى، كونا زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ھەمدە مۇناسىۋەتلىك بولغان كىچىك زاۋۇتلارنى كېڭەيتىپ قۇرۇش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك بولغان ئۈسكۈنە مەبلىغىنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىغا ئىشلىتىلدى. قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولدى. بانكىلار ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنى تارقاتقاندا، قەرزنى قايتۇرۇشنىڭ مەنبەسى كاپالەتكە ئىگە بولۇش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بولۇش، يەرلىك مالىيىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرالايدىغان بولۇشتا چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پىلان ئارقىلىق تەڭشەش بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ۋە «ئۈچ كۆپ، بىر ئاز بولۇش» (ئىگىلىك

باشقۇرۇش شەكلى، ئوبوروت يوللىرى، ئىگىلىك شەكلى كۆپ، ھالقا ئاز بولۇش) تىن ئىبارەت ئوبوروت تۈزۈلمىسىگە ئاساسەن، ئىلگىرىكى يول ھالقىسى، رايون ھالقىسى قەرز بەرمەسلىك ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، سودا ئورۇنلىرىنىڭ ئوبوروت يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، سېتىشقا باب كېلىدىغان تاۋارلارنى كىرگۈزۈشكە ئاكتىپ مەدەت بېرىلدى. 1980 ـ يىلى سودا نازارىتى سىستېمىسى ئۆزلىرى تەشكىللەپ سېتىۋالغان تاۋارلارنىڭ قىممىتى 70 مىليون يۈەنگە يەتتى. نەتىجىدە تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ زىددىيىتى پەسىيىپ، بازارلار ئاۋاتلاشتى. سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، 1980 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ قەرەللى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇلغا 20% ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىش، بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا، مەسىلە بار تاۋارلارغا 30% ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىش، بانكا قەرز پۇلىنى قىسىۋېلىپ، يۆتكەپ ئىشلەتسە 50% ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىش يولغا قويۇلدى.

1981 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭدا سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەتنىڭ سانى ئاز، كۆلىمى كىچىك بولۇشتەك كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەتنى قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سودا تورى قۇرۇلۇشى، سودا بازىرى ئەسلىھەلىرى، سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان ترانسپورت كارخانىلىرىنىڭ ئاپتوموبىللارنى يېڭىلىۋېلىشى ھەمدە باشقا ماددىي ئەشيا ئىشلەپچىقارمايدىغان ۋە ئوبوروت قىلمايدىغان ساھەلەر، مەسىلەن: مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش مۇئەسسەسەلىرى، مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىقلارغىمۇ پائال مەدەت بېرىشنى قارار قىلىپ، ئوتتۇرا قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقاتتى. 1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەتكە بېرىلگەن ئوتتۇرا قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇل قالدۇقى 7 مىليون 140 مىڭ يۈەن (ئاشلىق، تاشقى سودىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە يېتىپ، 1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 3 مىليون 660 مىڭ يۈەن ئاشتى. 1981 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر قەرز پۇل تۈرى 104 كە، بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرى 68 گە، كېڭەيتىپ قۇرۇش، يېڭىدىن قۇرۇش تۈرى 36 گە يەتتى. 1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە سودا قەرز پۇلى قالدۇقى 878 مىليون 240 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 ـ يىلدىكىدىن 7.8% ئاشتى. بۇ، ئاساسلىقى، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيەلەرنىڭ تاۋار زاپىسىنى ئاشۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيەلەرنىڭ ئامبار زاپىسى 10.08% ئاشتى.

1982 ـ يىلى كرېدىت خىزمىتى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش ئىزىغا چۈشۈرۈلۈپ، «سېتىلىشقا قاراپ قەرز پۇلنى بېكىتىش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى. 1980 ـ يىلدىن ئىلگىرى بېسىلىپ قالغان تاۋارلار مەخسۇس ھېساب تۇرغۇزۇپ باشقۇرۇلدى. ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش پىلانىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىندى ھەمدە بەلگىلىمە بويىچە ئۇنىڭغا 30% ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىندى. مۇشۇ يىل ئىچىدە كۆچمە مەبلەغ ئوبوروتىنى 2% تىن 3% كىچە تېزلىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 6 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن «شەھەر، يېزىلاردىكى تاۋار ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېزىلارغا چۈشۈرۈلۈشىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. بانكىلار بۇنىڭغا زىچ ماسلاشتى. ئومۇمەن كارخانىلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، مەملىكەت دائىرىسىدە تاۋارلارنى ئاللاپ سېتىۋالسا، ئۇنى بانكىلار كرېدىت پرىنسىپى ۋە راسچوت چارىسى بويىچە بېجىرىپ بېرىدىغان بولدى. بۇرۇنقى ئىقتىسادنى قامال قىلىشقا ئائىت كرېدىت ۋە راسچوت بەلگىلىمىلىرى پۈتۈنلەي توختىتىلدى.

1983 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغى خەلق بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىلدى. بىر تۇتاش باشقۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلگىرى مالىيىدىن كارخانىلارغا ئاجرىتىپ بېرىلگەن كۆچمە مەبلەغ يەنىلا كارخانىلارنىڭ ئۆز كۆچمە مەبلىغى قىلىنىشىغا قالدۇرۇلدى. لېكىن، ئۇنى بانكا باشقۇرىدىغان بولدى. ئەستايىدىل ئېنىقلاش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەسپىي بانكىلار 1983 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈۋالغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 2086 سودا كارخانىسىنىڭ دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن كۆچمە مەبلىغى 562 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولدى.

## دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئۆز كۆچمە مەبلىغى ئەھۋالى

جەدۋەل: 5 ـ 12 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى | سانى | 1983 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | مالىيەدىن ئاجرىتىلغىنى | ئۆلچەملىك زاپاس | ھۆكۈمەت بەلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى پاي سوممىسى | كارخانىنىڭ ئۆزى تولۇقلىغىنى | سىرتتىن ئالغان قەرز پۇل (باشقىلار) |
| جەمئىي | 2086 | 56222 | 43182 | 10599 | 843 | 1110 | 488 |
| سودا | 1306 | 34025 | 30815 | 1169 | 780 | 786 | 475 |
| تېببىي دورا | 123 | 2884 | 2349 | 294 | 57 | 178 | 6 |
| ئاشلىق | 554 | 19064 | 9769 | 9136 | 6 | 146 | 7 |
| كىتابخانا | 103 | 249 | 249 | | | | |

خەلق بانكىسى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرغاندىن كېيىن، پارچە سېتىش ۋە ئاساسىي قاتلام توپ تارقىتىش كارخانىلىرىغا ئوتتۇرىچە ئىلغار سېتىش كىرىمى مەبلىغىنىڭ نىسبىتى بويىچە قەرز پۇل بېرىلىدىغان بولدى. 1 ـ، 2 ـ دەرىجىلىك توپ تارقىتىش كارخانىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش، سېتىش پىلانىغا ئاساسەن ئامبار زاپىسىنى ئوبوروت قىلىش نورمىسى بېكىتىپ بېرىلىپ، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل ھېساباتىنى ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى ھەمدە كارخانىلارنىڭ ئۆز كۆچمە مەبلىغىنى تولۇقلاش تۈزۈمى تۈرغۇزۇلدى. 1 ـ 2 ـ دەرىجىلىك توپ تارقىتىش پونكىتلىرىنىڭ ئۆز كۆچمە مەبلىغى تاۋار مەبلىغىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەش، ئاساسىي قاتلام توپ تارقىتىش ۋە پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ ئۆز كۆچمە مەبلىغى تاۋار مەبلىغىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ئىگىلەش كېرەكلىكى بەلگىلەندى.

مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، قەرز پۇلنىڭ «ئۆسۈم نىسبىتىنى تۇراقسىزلاندۇرۇش» چارىسى يولغا قويۇلۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن تۇراقسىزلىنىش ھەجمى %20 تىن ئېشىپ كەتمەسلىكى بەلگىلەندى. مەبلەغ ئوبوروت كۆرسەتكۈچى نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالسا قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى تۆۋەنلىتىلدى، ئورۇندالمىغان بولسا قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى ئۆستۈرۈلدى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تۈرلۈك ماللار شىركىتى ئۆسۈم نىسبىتى تۇراقسىزلاندۇرۇلغاندىن كېيىن 1983 ـ يىلى مال كىرگۈزۈش پىلانىنى %12، سېتىش پىلانىنى %17 ئاشۇردى. ئامبار قالدۇقىنى يىل بېشىدىكىدىن %14 تۆۋەنلەتتى. بانكىدىن ئالىدىغان قەرزنى %12 ئازايتىپ، پايدا پىلانىنى %8.6 ئاشۇردى. مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ پىلانى %122 ئورۇندىدى. 3 مىليون 260 مىڭ يۈەن مەبلەغنى تېجەپ قالدى. شۇڭا ئۇلار 1960 يۈەن ئۆسۈمنى تۆۋەنلىتىش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

1984 ـ يىلى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، خەلق شۆبە بانكىسى سودا كرېدىتى ھەققىدىكى سىياسەتنى مۇنداق تەڭشىدى: ئىسكىلاتتىكى تاۋار قالدۇقىنىڭ ئوبوروت نورمىسى قارىلىق قەرز پۇلنى ئىگىلەش ئۈچۈن، 2 ـ، 3 ـ دەرىجىلىك توپ تارقىتىش كارخانىلىرىنى شەھەر دەرىجىلىك توپ تارقىتىش كارخانىسى ۋە يېقىندىن قۇرۇلغان سودا مەركىزى قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قەرز پۇل بېرىشتە 2 ـ دەرىجىلىك توپ تارقىتىش كارخانىسى بويىچە مۇئامىلە قىلىش، قەرز پۇلنى ئامباردىكى تاۋارنىڭ ئوبوروت نورمىسى بويىچە ئىگىلەش؛ كىچىك تىپتىكى پارچە سېتىش سودا ئورۇنلىرى بىلەن يېمەك ـ ئىچمەك كەسپىگە دۆلەت ئىگىدارچىلىق قىلىش، كوللېكتىپ باشقۇرۇش، ئادەتتىكىدەك باج تاپشۇرۇش، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش چارىسىنى يولغا قويۇش، ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان قەرز پۇل جەھەتتە يەنىلا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پارچە سېتىش سودا ئورۇنلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش؛ كىچىك تىپتىكى پارچە سېتىش سودا ئورۇنلىرى، مۇلازىمەت كەسپى، كۆكتاتچىلىق كەسپلىرى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى تۈپەيلىدىن ئۇششاق ـ ئۇششاق بۆلەكلەرگە بۆلۈنۈپ، «بىر دۇكان كۆپ دۇكانغا ئۆزگەردى». شۇڭا ئۇلار سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تەستىقلاش ئارقىلىق تىجارەت قىلغان، تەبىئىي دۇكانلار بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلغان، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولغان بولسا، ئۇنى قەرز پۇل جەھەتتە قوللاش، ئۇنىڭغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى پارچە سېتىش سودا ئورۇنلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش؛ كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا تىجارەت ھۆددىگەرلىكى يولغاقويۇلغان، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ماڭاشىنى توختىتىپ، خىزمەت ئىستاژىنى ساقلاپ قېلىپ، مۇستەقىل تىجارەت قىلغان بولسا، ئۇلارغا يەككە تىجارەتچى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلىنى باشقۇرۇش ئىسلاھ قىلىندى. ئۆسكۈنە قەرزپۇلىنى كۆپ يىغىۋالسا قايتا قەرز بېرىلدى. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش نورمىسى 100 مىڭ يۈەندىن 200 مىڭ يۈەنگە كېڭەيتىلدى. بۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە شۆبە بانكىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش بەلگىلەندى. سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان يېمەكلىك سانائىتى (ئاشلىق ـ ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش، تاماق تەييارلاش، پېچىنە ـ پىرەنىك، قەنت ـ گېزەك، مېۋە ـ چىۋە، جىيائىيۇ، ئاچچىقسۇ، مېۋە شەربىتى ئىشلەش قاتارلىق يېمەكلىك سانائىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە كۆچمە مەبلەغ ۋە ئۆسكۈنە قەرز پۇلى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ مەدەت بېرىلىدىغان بولدى.

1985 ـ يىلى «ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەش، مىكرو جەھەتتىن جانلاندۇرۇش» تىن ئىبارەت يېتەكچى فاڭجېن ئىزچىللاشتۇرۇلدى. سودا سانائەت بانكىسى كرېدىت مەبلىغىنى «قوش ئىنتىزىملىك» تىزگىنلەش ئۇسۇلى بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ھەم كرېدىت پەرقىنى تىزگىنلىدى ھەم قەرز پۇل كۆلىمىنى (شۇ يىللىق قەرز پۇلنىڭ كۆپىيىش سوممىسىنى) تىزگىنلىدى، ھەم كرېدىت پەرقى نورمىسى ھەم قەرز پۇل كۆلىمى بولغاندا ئاندىن قەرز پۇلنى كۆپەيتكىلى بولىدىغان بولدى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلار سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق قوللاپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سودا سىستېمىسىدىكى يېقىندىن كۆپەيگەن، تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىدىغان 537 كارخانىغا 49 مىليون 610 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆپەيتىپ بەردى. شۇ يىلى ئۆزلىرى كۆچمە مەبلەغ تولۇقلىغان سودا كارخانىسى 370 كە، ئۇلار ئۆزلىرى تولۇقلىغان كۆچمە مەبلەغ 3 مىليون 155 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تەرەققىيات فوندىنىڭ 20.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىغا 30 يىل تولدى. بۇ يىلدا مەملىكەت بويىچە پۇلنى قىسىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، باش بانكا شىنجاڭنىڭ كرېدىت پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا كۆپ جەھەتلەردىن ئېتىبار بېرىپ، تۈرلەرنىڭ پىلان كۆرسەتكۈچىنى تىزگىنلەش جەھەتتىمۇ مۇۋاپىق ھالدا كەڭ قويۇپ بېرىپ، مەركەزنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بولغان غەمخورلۇقىنى ئىپادىلىدى. نەتىجىدە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى ئىشلىتىش مىقدارى 1984 ـ يىلدىكى ئاساستا بىر ئاز كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 1 مىليارد 280 مىليون يۈەن بولۇپ 1984 ـ يىلدىكىدىن 200 مىليون يۈەن ئاشتى؛ ئېشىش ھەجمى 18.7% بولدى.

## 3 § . ئاشلىق قەرز پۇلى

1950 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە ئاشلىق مەبلىغىنى باشقۇرۇشتا خەزىنە تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، مەبلەغ يۇقىرىدىن قاتلاممۇ قاتلام ئاجرىتىپ بېرىلدى، ھەر دەرىجىلىك ئاشلىق تارماقلىرىدا ۋاقىتلىق مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى كۆرۈلسە، ۋاقىتلىق قەرز بېرىش چارىسى ئارقىلىق ھەل قىلىنغانىدى. 1954 ـ يىلى خەزىنە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كرېدىت باشقۇرۇش ھوقۇقى ئۆلكىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. شىنجاڭدا 1954 ـ يىل 10 ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاشلىق قەرز پۇلى رەسمىي تارقىتىلدى، خەلق باش بانكىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاشلىق قەرز پۇلىدا «مۇھىم نۇقتىنى تۆۋەنگە قارىتىش، تەدرىجىي يولغا قويۇش» پرىنسىپى يولغا قويۇلدى. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، ئاشلىق قەرز پۇلى ئۈرۈمچى شەھىرىگە چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، ئۆز جايىدا سېتىۋېلىش، ئۆز جايىدا مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. بانكا قەرز ئالغان كارخانىلارغا راسچوت ۋە قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئىككى ھېساب تۇرغۇزدى. 1955 ـ يىل 8 ـ ئايدا كرېدىت پۈتۈنلەي ئۆلكىدىن ناھىيە (شەھەر) لەرگە چۈشۈرۈلۈپ خەلق شۆبە بانكىسى ئېلان قىلغان «ئاشلىق سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشنى باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى چارە» ئىجرا قىلىندى، قەرز پۇل ئاشلىق سېتىۋېلىش ئوبوروت فوندى قەرز پۇلى ۋە تاۋار زاپىسى قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. ئاساسىي قاتلام ئاشلىق تارماقلىرىغا بانكا تىجارەت ئورۇنلىرى بىۋاسىتە قەرز بېرىدىغان، تۆۋەندە قەرز بېرىپ يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرىدىغان بولدى. شۇ يىلى خەلق باش بانكىسى شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق ئورۇنلىرىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. ئوخشاش بولمىغان ئوبوروت ھالقىلىرى ۋە ئوخشاش بولمىغان ئىقتىساد ئىشلىتىش يوللىرىغا ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىپ قەرز پۇل تارقىتىش يولغاقويۇلدى. يەنى ئالدىن تاپشۇرۇش قەرز پۇلى ئارقىلىق ئاشلىق سېتىۋېلىش (غەللە ـ پاراقنى سېتىۋېلىش، يۆتكەپ كېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئاشلىق ئوبوروتى خىراجىتى (تاۋار ئوبوروتى خىراجىتى، پىششىقلاپ ئىشلەش خىراجىتى ۋە ئوبوروت بېجىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كېرەكلىك مەبلەغ ئېھتىياجى ھەل قىلىنىدىغان، ئاشلىق زاپىسى قەرز پۇلى ئارقىلىق ئاشلىق ساقلاش ۋە ئۇنىڭ خىراجىتىگە كېرەكلىك مەبلەغ ئېھتىياجى ھەل قىلىنىدىغان، راسچوت قەرز پۇلى ئارقىلىق ئاشلىق سېتىش، يۆتكەش جەريانىدىكى راسچوت مەبلىغى ئېھتىياجى ھەل قىلىنىدىغان، ئالاھىدە قەرز پۇل ئارقىلىق نورمىدىن ئارتۇق ئاغار زاپىسى ھەمدە چوڭ رېمونت فوندىغا يېتىشمىگەن مەبلەغ ئېھتىياجى ھەل قىلىنىدىغان بولدى. كارخانىلارنىڭ ئاشلىق زاپىسىغا ئىشلىتىدىغان ئۆز كۆچمە مەبلىغى نورمىسى يىللىق پىلاندىكى ئەڭ تۆۋەن ئامبار زاپىسى ئاشلىقىغا كېتىدىغان مەبلەغدىن تۆۋەن بولماسلىق، ئورۇش، ئەرزان ئاسان خورايدىغان بۇيۇملار، چېچىلىدىغان خىراجەت، پۇل مەبلىغى نورمىسىنى ئۆز كۆچمە مەبلىغىدىن ھەل قىلىش، بانكا قەرز بەرمەسلىك بەلگىلەندى. 1956 ـ يىل 5 ـ ئايدا باشقا جايلاردىمۇ يېڭى قەرز پۇل چارىسى ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا قويۇلدى. ئۆز كۆچمە مەبلىغى يېتىشمىسە ۋاقىتىنچە بانكىدىن قەرز بېرىلىدىغان بولدى.

1957 ـ يىل 7 ـ ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە ئاشلىقنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش سېتىش يولغا قويۇلدى. 12 ـ ئايدا ئالدىن پۇل تۆلەش قەرز پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، كېرەكلىك مەبلەغ زاپاس قەرز پۇل ئارقىلىق ھەل قىلىنىدىغان بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئاشلىق سېتىشنىڭ راسچوت قەرز پۇلىمۇ، قەرز پۇلنى ھەر ئايدا قەرەللىك تەكشۈرۈش چارىسىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1958 ـ يىلى بانكا كرېدىت خىزمىتىنى باشقۇرۇش ۋە نازارەتنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپ، مۇلازىمەت قىلىش ۋە مەبلەغ بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەشنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ نېسىگە سېتىش، ئالدىن پۇل تۆلەش، مالىيە خاراكتېرلىك يۆتكەپ ئىشلىتىش ئىشلىرى كۆپىيىپ كەتتى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق سىستېمىسىنىڭ 1962 - يىلدىكى بارلىق كۆچمە مەبلىغى 1957 - يىلدىكىدىن %6.5 ئاشتى، ئەمما ئاۋۇلارنىڭ 1962 - يىلدىكى ئامبار زاپىسى 1957 - يىلدىكىدىن %21.66 تۆۋەنلەپ كەتتى. بارلىق كۆچمە مەبلەغنىڭ ئاشلىق - ياغ زاپىسىغا ئىشلىتىلگەن نىسبىتى 1957 - يىلى %73.74 بولۇپ، 1962 - يىلى %23.54 كە تۆۋەنلىدى. غەيرىي ئاۋۇلارنىڭ مەبلەغنى ئىگىلىشى 1962- يىلى 1957- يىلدىكىدىن %39.17 كۆپەيدى. راسچوت مەبلىغىنىڭ ئىگىلىنىشى 1957 - يىلى 25 مىليون يۈەن ئىدى، 1962 - يىلى 37 مىليون يۈەنگە يەتتى. پەقەت قايتۇرۇپ كېلىنمىگەن، نېسىگە سېتىلغان، ئالدىن تۆلەنگەن، زاكالەت بېرىلگەن پۇل 3 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

1963 - يىل 7 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسى بىلەن ئاشلىق مىنىستىرلىكىنىڭ «خەلق بانكىسىنىڭ ئاشلىق سودا قەرز پۇلىنى بېجىرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى ھەمدە شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تولۇقلىما بەلگىلىمە چىقاردى. بۇ بەلگىلىمىدە ئاشلىق كارخانىلىرى قەرز پۇلىنى پىلانلىق باشقۇرۇش ۋە ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ھېساباتىنى ئايرىپ باشقۇرۇش تەكىتلەندى. ئاشلىق قەرز پۇل پىلانى دەرىجىمۇ دەرىجە خەلق باش بانكىسىغا مەلۇم قىلىندى، باش بانكا ئومۇملاشتۇرۇپ گوۋۇيۈەنگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ئاشلىق نازارىتى ۋىلايەت، شەھەرلەرنىڭ قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈردى، ئاندىن ھېساب ئاچقان بانكا شۇنىڭغا ئاساسەن قەرز پۇل تارقاتتى. قەرز پۇلنىڭ تۈرى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى مۇنداق بولدى: يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلى. بۇ ئاشلىق - ياغ سېتىۋېلىش، زاپاس ساقلاش، يۆتكەش، ئاۋۇل ئوبوروت خىراجىتى (ماشىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ۋە ئاشلىق، ياغ پىششىقلاپ ئىشلەش خىراجىتىگە ئىشلىتىلدى؛ ئالاھىدە قەرز پۇل. بۇنىڭدا يېڭى، كونا ئىككى ھېساب تەسىس قىلىندى. 1962- يىل 3 - ئاينىڭ 31- كۈنىدىن ئىلگىرىدىكى نېسىگە سېتىلغان، ئالدىن پۇل تاپشۇرۇلغان، ئېنىقلىنىدىغان مەبلەغ كونا ھېسابقا خاتىرىلەندى. 1962 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن كېيىنكى نېسىگە سېتىلغان، ئالدىن تۆلەنگەن مەبلەغ يېڭى ھېسابقا خاتىرىلەندى. يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەتلىك قەرز پۇلى. ئىلگىرى تارقىتىلىپ تېخى قايتۇرۇپ ئېلىنمىغان يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلىغا ئىشلىتىلدى.

1964 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق، پاختا، ياغ، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىن ئومۇميۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىندى. ئاشلىق مەھسۇلاتى 1963 - يىلدىكىدىن %18 ئېشىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتتى. ئاشلىق سېتىۋېلىش ۋەزىپىسى 1 مىليارد 450 مىليون جىڭ ئورۇندىلىپ، 1963 - يىلدىكىدىن %33.3 ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسى 1 مىليارد 340 مىليون جىڭ بولۇپ، 1963- يىلدىكىدىن %47.3 ئاشتى؛ ئاشلىق قەرز پۇلى قالدۇقى 153 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1963- يىلدىكىدىن %66.4 ئاشتى.

1966 - يىلدىن كېيىنكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاشلىق قەرز پۇلىدا ئامانەت پۇل - قەرز پۇل ھېسابىنى بىرلەشتۈرۈش يولىغا قويۇلۇپ، مەبلەغ باشقۇرۇش بوشىشىپ كەتتى. لېكىن بانكىلار ئاشلىق كىرىمىنى جەھەتتە يەنىلا ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش مەبلىغىنى تولۇق تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى. پىلاندىن ئارتۇق سېتىۋېلىنغاندا مەبلەغنى كۆپەيتىپ بېرىشكە ئۆلگۈرەلمەي قالسا بىر ياقتىن قەرز بېرىپ تۇرۇپ، بىر ياقتىن مەلۇم قىلىشنى يولغا قويدى. ئىقتىسادىي رايونلار بويىچە ئاۋۇل ئاشلىق، ياغ ئوبوروتى تەشكىللىگەندە، رايون چېگرىسىدىن ھالقىپ سېتىپ بېرىش، ئامبارغا كىرگۈزۈشنى يولغا قويغان رايونلاردا قەيەردىن سېتىۋالغان بولسا شۇ يەردە راسچوت قىلىش، شۇ يەردە پۇل تاپشۇرۇش يولغا قويۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش قورۇلۇش بىڭتۈەنى سىستېمىسى تاپشۇرغان ئاشلىقنىڭ باھا پۇلى ئايمۇ ئاي راسچوت قىلىنىپ، ھەر ئايدا بىر قېتىم ئېنىقلاپ تۈرۈلدى. ھەر ئايلىق يۆتكەش پىلانىغا ئاساسەن، ئاشلىقنى تاپشۇرۇۋالغان ئورۇن ئاشلىق تاپشۇرغان ئورۇن - مەيدانغا ئاشلىق پۇلىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئالدىن تۆلىدى. ۋەزىپىنىڭ يېرىمى ئورۇندالغاندا، يەنە 30

پىرسەنتىنى ئالدىن تۆلىدى، ئاي ئاخىرىدا ھېسابىنى يۇغدى. ئاشلىق تارماقلىرى بىكتۈرگەن سېستىمىسى تاپشۇرغان ئاشلىقنى سېتىۋالغاندا، بانكىلارمۇ مەبلەغ بىلەن تولۇق تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئاشلىق، ياغنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالىتى قەرز پۇلى داۋاملىق تارقىتىلىپ، گۆش — ئەتىرەتلەرنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت، ئوزۇق سېتىۋېلىش ھەمدە يەر ئاغدۇرۇش خىراجىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەبلەغ ئېھتىياجى ھەل قىلىندى.

1974 - يىلى دۆلەت شىنجاڭغا 24 مىليون يۈەن ئاشلىق، ياغ زاپاس ساقلاش مەبلىغىنى كۆپەيتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بانكا قەرز پۇلى مۇناسىپ ھالدا ئازايدى. 1975 - يىلى قەرز پۇل قالدۇقى 157 مىليون 490 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1965 - يىلدىكىدىن 16.5% يەنى 1 مىليون 130 مىڭ يۈەن ئازايدى. 1977 - يىلى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى ئاشلىق كارخانىلىرى نامۇۋاپىق ئىگىلىۋالغان مەبلەغنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدى، 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئاشلىق كارخانىلىرى يۆتكەپ ئىشلەتكەن قىسمى ئىگىلىۋالغان كۆچمە مەبلەغ ۋە بانكا قەرز پۇلى جەمئىي 16 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل ئىچىدە بىر قىسمى ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېلىندى.

1979 - يىلدىن باشلاپ بانكىلار ئاشلىق تارماقلىرىنىڭ كېلىشىم باھالىق ئاشلىق ياغ كەسپىنى قانات يايدۇرۇشنى قوللىدى. كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ قەرز پۇلىنى مەخسۇس ھېساب بويىچە باشقۇردى. قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 4.2‰ بولدى. قەرز پۇل «يۇقىرى باھادا كىرگۈزگەننى يۇقىرى باھادا چىقىرىش، ئازراق پايدا كۆرۈش، يۇقىرى باھادا كىرگۈزگەننى مۇقىم باھادا سېتىپ مالىيىنىڭ يۈكىنى كۆپەيتمەسلىك» پرىنسىپى بويىچە تارقىتىلدى. كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارىتى ئايرىم راسچوت قىلىندى. زىيان كۆرۈلگەن قىسمىغا بانكىدىن قەرز پۇل بېرىلمىدى. 1980 -، 1981 - يىللىرى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ تىجارەت مىقدارى ئۆزلۈكسىز ئاشتى. لېكىن ئاشلىق تارماقلىرى تەكشى باھالىق ۋە كېلىشىم باھالىق ئاشلىق مەبلىغىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغقا بېرىلگەن تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇلنى ئىگىلەپ كېتىدىغان ئەھۋاللارمۇ ساقلاندى. 1982 - يىلى خەلق باش بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى بىرلىشىپ چۈشۈرگەن «كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ قەرز پۇلىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ئىجرا قىلىنىپ، قەرز پۇل باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، كرېدىت مەبلىغى بىلەن ئايرىم - ئايرىم تەمىنلەش فاكتىنى يولغا قويۇش قارار قىلىندى. بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش ساتىدىغان قىسمىغا كېرەك بولغان مەبلەغ ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە تولۇق تەمىنلەندى، ئايلىق ئۆسۈمى ئۈچ لى بولدى. كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىپ، كېلىشىم باھادا ساتىدىغان ئاشلىق، ياغقا كېرەكلىك مەبلەغ كرېدىت پىلانى بويىچە تەمىنلەندى، ئۇنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ئالتە لى بولدى. بىر تۇتاش سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىمىغان ئاشلىق ئورۇنلىرى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ سېتىۋالغان بولسا، بانكا ئۇلارغا قەرز پۇل بەرمىدى. كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ قەرز پۇلىنى يەنىلا مەخسۇس ھېساب بويىچە باشقۇرۇشتا داۋاملىق چىڭ تۇرۇلدى.

1984 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى بانكىلارنىڭ ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ 1980 - يىلدىن 1983 - يىلغىچە بولغان كۆچمە مەبلەغنى ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، تەھلىل قىلدى. تەكشۈرۈشتە مۇنۇلار مەلۇم بولدى. بىر نەچچە يىل جەريانىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاشلىق تارماقلىرى تۈرلۈك شەكىللەردىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇپ، بانكىنىڭ ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ تېخنىكا ئۆزگەرتىپ ۋە ئۆسكۈنە يېڭىلاپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ ئوبدان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. 1983 - يىلدىكى خىراجەت سەۋىيىسى 1982 - يىلدىكىدىن 6% تۆۋەن بولغان. ھەر 10 مىڭ جىڭلىق تىجارەت مىقدارىنىڭ ئوتتۇرىچە خىراجىتى 21.9% ئازايغان. سانائەت پايدىسى 38% ئاشقان. تىجارەت مىقدارى زور ھەجىمدە ئاشقان. مالىيە قوشۇمچە ياردىمى ئازايغان ئەھۋال ئاستىدا، خىراجەت مۇددەتلىرىنىڭ كۆرسەتكۈچىدە يەنىلا ئۇرغۇن ئېشىنچە قالغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى خېلى ئوبدان بولغان، تەكشۈرۈشتە يەنە مۇنۇلار بايقالدى: ئاۋار مەبلەغنىڭ ئومۇمىي كۆچمە مەبلەغدە ئىگىلىگەن

نىسبىتى يىلمۇ يىل تۆۋەنلىگەن. 1983 - يىلى 1980 - يىلدىكى %75 تىن %63.3 كە چۈشۈپ، %11.7 تۆۋەنلىگەن. راسچوت مەبلىغىنىڭ ئىگىلىنىش نىسبىتى شىددەت بىلەن ئاشقان. 1983- يىلى 1980- يىلدىكى %18.6 تىن %30.5 كە ئۆرلىگەن. ئىلى ۋىلايىتىدە راسچوت مەبلىغىنىڭ ئىگىلىنىش نىسبىتى 41.2 كە يەتكەن (مەملىكەت بويىچە ئاشلىق كارخانىلىرىدا ئوتتۇرا ھېسابتا %8.9 ئىگىلەنگەن). 1983- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرىچە ئاشلىق زاپىسى 1980 - يىلدىكىدىن %14.68 ئاشقان. ئەمما كۆچمە مەبلەغ بولسا %46.3 ئارتۇق ئىگىلەنگەن.

1984 - يىل 12 - ئايدا سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە سودا سانائەت كرېدىتى يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاشلىق قەرز پۇلىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئاشلىق، ياغ سانائىتى ئىگىلىۋالغان سودا مەبلىغى، كېلىشىم باھا ئىگىلىۋالغان مۇقىم باھا مەبلىغىدىن بۆلەكلەر بويىچە ئۈسسۈم ھېسابلاپ ئېلىشنى قارار قىلدى.

1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش چارىسى توختام تۈزۈپ سېتىۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. بانكىلار بۇنىڭغا ئاكتىپ ماسلىشىپ 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى مەخسۇس تۈر بويىچە باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇپ، مەخسۇس ھېساب ئېچىپ، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشقا ئىشلىتىشنى يولغا قويىدى. توختام ئىچىدە ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشقا كېرەكلىك مەبلەغ ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە تولۇق تەمىنلىنىپ، ئېھتىياج قاندۇرۇلدى. توختامنىڭ سىرتىدا سېتىۋالىدىغان ئاشلىق، ياغقا كېرەكلىك مەبلەغنى سېتىۋېلىش سورۇنى بويىچە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىش مەبلىغى ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خەلق شۆبە بانكىسى، سودا سانائەت شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى كېڭىشىش ئارقىلىق، سېتىۋېلىش جىددىيلەشكەن پەسىللەردە 72 ناھىيىنىڭ ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشتە «تۆۋەندە قەرز بېرىپ، يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇش» چارىسىنى يولغا قويدى. ناھىيىلىك سودا - سانائەت، يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىلىرىدا ئەگەر سېتىۋېلىش مىقدارى كۆپ بولۇپ، مەبلەغدە قىيىنچىلىق كۆرۈلسە شۇ يەردىكى خەلق بانكىلىرىدىن (ياكى شۇنىڭ ۋاكالەت بانكىلىرىدىن) «تۆۋەندە قەرز بېرىپ، يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇش» تىن ئىبارەت ۋاقىتلىق سېتىۋېلىش پۇلى قەرز ئالسا بولىدىغان بولدى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايون بويىچە نورمىلىق مېمۇرىئال چېكى ئارقىلىق راسچوت قىلىش ئۇسۇلى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىلىپ، دېھقانلارنىڭ سېتىش تەس بولۇش»، «پۇل ئېلىش تەس بولۇش»، «ئېلىپ يۈرۈش تەس بولۇش» مەسىلىسى ھەل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاشلىق سودىسى قەرز پۇل ھېساباتىنى تەسىس قىلىش ۋە قەرز پۇل نورمىسىنى بېكىتىش ئىسلاھ قىلىندى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈن تارماق بانكىدا ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ھېساباتىنى ئايرىپ باشقۇرۇش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ ئىشلىتىشكە يەتمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، تۈرلۈك مۇئامىلە ھېساباتلىرىنى ۋاقتىدا راسچوت قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرۇشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. كارخانىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، قەرز پۇل نورمىسى مۇۋاپىق بېكىتىلدى. ئاشلىق ئىسكىلاتلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل كارخانىلارنىڭ پەسىللىك تاۋار ئوبوروت پىلانى بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان پارچە سېتىش ماگىزىنلىرىنىڭ قەرز پۇلى سېتىش مەبلىغى نىسبىتى بويىچە بېكىتىلدى، سېتىۋېلىشنىڭ جىددىي پەيتلىرىدە ۋە بايرام كۈنلىرىدە مال كىرگۈزۈپ (ئاشلىق، ياغ تەييار مەھسۇلاتلىرىنى كىرگۈزۈپ) نورمىلىق قەرز پۇل يېتىشمەي قالسا، ۋاقىتلىق قەرز پۇل ئارقىلىق ھەل قىلىندى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون بويىچە توققۇز ۋىلايەتنىڭ ئاشلىق سىستېمىسىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلمايدىغان ئاساسىي قاتلام ئاشلىق پونكىتلىرىنىڭ قەرز پۇل كەسپىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. سودا سانائەت بانكىسى ئاغدۇرۇپ بەرگەن قەرز پۇل تۈپ سانى 81 مىليون يۈەنگە يەتتى.

شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىدىن كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىندى. ئاشلىق كرېدىتى خىزمىتىدىكى ئىلگىرىكى ئاشلىق، ياغ سېتىۋېلىشقا مەدەت بېرىشنى ئاساس قىلىش 1985 - يىلى ئاشلىق ياغ سېتىۋېلىش، ئاشلىق، ياغ يېمەكلىكلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يەم - خەشەك سانائىتى، كېلىشىم باھالىق ئاشلىق، ياغ قاتارلىق كەسىپلەرگە ئومۇميۈزلۈك مەدەت بېرىشكە ئۆزگەرتىلىپ، ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ باشقۇرۇش تىپىدىن تىجارەت تىپىغا ئۆزگىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. ئورغۇنلىغان جايلار قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئۇگرە، چۆپ، بولكا، جياۋزى، ئاچچىقسۇ، پۇرچاق مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنى قۇردى. بولۇپمۇ يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە مەلۇم تەرەققىياتلار بولدى. 1985 - يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى (سېخى) 50 كە، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى تەخمىنەن 40 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇ يېڭىدىن قۇرۇلغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ ئۆز مەبلىغى يېتىشمىگەنلىكتىن، بانكا كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى ۋە ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاشلىق كارخانىلىرىنىڭ ئامبار سېلىش قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1984 - يىلدىن 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 12 مىليون 270 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، بۇ پۇلغا يېڭىدىن 163 ئامبار سېلىندى. بۇ ئامبارلارنىڭ سىغىمچانلىقى450 مىليون جىڭغا يەتتى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 865 مىليون يۈەن بولۇپ، 1984 - يىلدىكىدىن 220 مىليون يۈەن كۆپەيدى. مۇشۇ بىر يىلدا 3 مىليارد 60 مىليون جىڭ ئاشلىق سېتىۋېلىنىپ، 2 مىليارد 750 مىليون جىڭ ئاشلىق سېتىلدى، يىل ئاخىرىدىكى ئامبار قالدۇقى 3 مىليارد 290 مىليون جىڭ بولدى. 190 مىليون جىڭ ياغ سېتىۋېلىنىپ (خام ماتېرىيالنى تەييار مايغا سۇندۇرۇپ ھېسابلىغاندا)، 120 مىليون جىڭ ياغ سېتىلدى، يىل ئاخىرىدىكى ئامبار زاپىسى 150 مىليون جىڭغا يەتتى. 1985 - يىلى ئاشلىق، ياغدا مەيلى مەھسۇلات مىقدارى، ياكى سېتىۋېلىش، سېتىش، ئامبار زاپىسى جەھەتتە بولسۇن تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى.

## § 4 . تەمىنات - سودا كوپىراتىپى قەرز پۇلى

### 1. خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى (1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە)

1950 - يىل 7 - ئايدا خەلق بانكىسى غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق بانكا بىلەن غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق كوپىراتىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى تۈزگەن «1950 - يىللىق ئۇزاق ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل كېلىشىمى» گە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق بانكىسى بىلەن ئۆلكىلىك تەمىنات - سودا كوپىراتىپى مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: تەمىنات سودا كوپىراتىپى كارخانىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇلى ھەققىدە ئۆلكىلىك خەلق بانكىسى بىلەن تەمىنات - سودا كوپىراتىپى كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، قەرز پۇل سوممىسىنى تۆۋەندىكى بانكا، كوپىراتىپلارغا تەقسىم قىلىپ چۈشۈرۈپ بېرىدۇ، قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر يىل بولىدۇ، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلنى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك ۋە ۋىلايەتلىك كوپىراتىپ ئاپپاراتلىرى ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، تەڭ دەرىجىلىك بانكىلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن (ۋىلايەتتىن تۆۋەن ئورۇنلار چوقۇم يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىشى لازىم)، بىردەك مال پۇلى ئۈچۈن قەرز پۇل تارقىتىپ بېرىدۇ، بۇ خىل قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئۈچ ئاي بولىدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇلغا ئۆسۈم ھېسابلانمايدۇ. قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلغا ھېسابلانغان ئۆسۈم

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈمىدىن يۇقىرى بولمايدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل ئاساسلىقى يېزىلارنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش، توشۇپ سېتىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ھەمدە تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى تەمىنلەش - سېتىش قاتارلىق ئىشلارغا يار يۆلەك بولۇشقا ئىشلىتىلدى. بارلىق قەرز پۇلدا يۇقىرى دەرىجىلىك كوپېراتىپلار قايتۇرۇشقا مۇتلەق كاپالەتلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى. شۇ يىلى خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق بانكىسى بىلەن غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق كوپېراتىپ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى شىنجاڭغا 2 مىليون جىڭ تېرىق سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل نورمىسىنى چۈشۈرۈپ بەردى.

1951 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى (پاختا، يۇڭ، تېرە، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق) سېتىۋېلىشىنى قوللاش ئۈچۈن، خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق بانكىسى شىنجاڭغا 2 مىليارد 800 مىليون يۈەنلىك (كونا خەلق پۇلى) مەخسۇس قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى ئېتىبار يۈزىسىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمىدىن %10 تۆۋەن قىلىپ بەلگىلىدى. خەلق بانكىسىنىڭ تىجارەت تور - نۇقتىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ قەرز پۇلغا قارىتا مۇنۇ تەبىرلەر قوللىنىلدى: (1) تىجارەت پونكىتى قۇرۇلغان جايلار، شۇنداقلا پۇل باشقۇرۇشنى قوبۇل قىلغان ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار بىۋاستە قەرز پۇل ئېلىشقا بولىدۇ؛ (2) تىجارەت پونكىتى تەسىس قىلىنمىغان لېكىن پۇل باشقۇرۇشنى قوبۇل قىلغان ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلار ناھىيىلىك تارماق بانكىدىن بىۋاستە قەرز پۇل ئالسا بولىدۇ؛ (3) تېخى تىجارەت پونكىتى تەسىس قىلىنمىغان جايلاردا ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلارنىڭ مالىيىنى باشقۇرۇشى مۇكەممەل بولمىغان بولسا، ناھىيىلىك كوپېراتىپ بىر تۇتاش ناھىيىلىك تارماق بانكىغا قەرز پۇل ئېلىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنسا، ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىشكە بولىدۇ؛ (4) پۇل باشقۇرۇشنى قوبۇل قىلغان شەھەرلەردىكى ئاساسىي قاتلام ئىستېمال كوپېراتىپلىرى قەرز ئالماقچى بولسا شۇبە تارماق بانكىلار بىۋاستە بىجىرسە بولىدۇ.

1952 - يىلى يېزىلاردىكى كوپېراتىپ ئەزالىرى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ۋاستىلىرى، شۇنىڭدەك يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى توشۇپ سېتىش جەھەتلەردىكى ۋاقىتلىق مەبلەغ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك خەلق بانكىسى شۇ يىللىق يېزىلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك، ئوبوروت خاراكتېرلىك قەرز پۇل پىلانى ئىچىدىن %20 پۇل (260 مىليون كونا خەلق پۇلى) ئاجرىتىپ، يېزا تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ئوبوروت خاراكتېرلىك قەرز پۇلى قىلدى. مەبلەغ مۇنداق تەقسىم قىلىندى: ئۈرۈمچى ناھىيىسىگە 20 مىليون يۈەن، ماناس ناھىيىسىگە 40 مىليون يۈەن، فۇكاڭغا 30 مىليون يۈەن، جىمسار ناھىيىسىگە 20 مىليون يۈەن، گۇچۇڭ ناھىيىسىگە 30 مىليون يۈەن، تۇرپانغا 50 مىليون يۈەن، پىچانغا 30 مىليون يۈەن، توقسۇنغا 20 مىليون يۈەن، قۇتۇبىغا 20 مىليون يۈەن مەبلەغ تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

## 2. 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە)

1954 - يىلى مەملىكەت بويىچە تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلىنىڭ تېخى بىرلىككە كەلگەن چارىسى يوق ئىدى، ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك بانكىلارنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىشتا ئەمەل قىلىدىغان قائىدىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۆلكىلىك خەلق بانكىسى مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى:

تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى پەسىل ئاخىرىدىكى قالدۇققا تەڭ بولىدۇ. پەسىل ئىچىدە ئاۋۋال چىقىم قىلىپ، كېيىن يىغىش سەۋەبلىك پەسىل ئاخىرىدىكى قالدۇقتىن ئېشىپ كەتسە، ئىمكان قەدەر ئالدى بىلەن پۈتۈن تەمىنات ـ سودا تەۋەلىكىدىكى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئىچىدىن تەڭشەش ياكى ۋىلايەتنىڭ زاپاس پۇلىدىن سەپلەپ تۈزۈش كېرەك. قەرز پۇلنىڭ مۇددىتىنى ئەمەلىي ئوبوروت قىلىنىدىغان مۇددەت بويىچە بەلگىلەش كېرەك؛ كرېدىت پىلانىنى بانكا بىلەن تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىرلىكتە كېڭىشىپ تۈزۈش؛ ئۆلكىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپ بىلەن ۋىلايەتلىك كوپېراتىپ، ناھىيىلىك كوپېراتىپلار ئوتتۇرىسىدا سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان قەرزلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئېنىقلاش لازىم.

1955 ـ يىلى خەلق باش بانكىسى «ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىغا قەرز پۇل بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» بىلەن «ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز بېرىش ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى. بۇ چارە ۋە بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئومۇمەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سېتىۋېلىنسا، بانكا ئاساسىي قاتلام سېتىۋېلىش ئورۇنلىرىغا بىۋاسىتە قەرز پۇل بەردى. ئىلگىرىكى ماۋاڭ قىلىغان ئورۇن تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىغا سېتىۋېلىش مەبلىغىنى ئالدىن تاپشۇرۇپ تۇرىدىغان ھەمدە دەسمايە قەرز پۇلى ئاجرىتىپ بېرىدىغان چارە ئۆزگەرتىلدى. بۇ جەھەتتىكى قەرز پۇل ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى قەرز پۇل ۋە سېتىۋېلىش قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلدى. قەرز پۇل بېرىشتە دائىرىسى: ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، چارۋا مەھسۇلاتلىرى (تېرە، يۇڭ، ئۈچەي) دىن ئىبارەت تۆت تۈر قىلىپ بەلگىلەندى. «قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ناھىيىدىن يۇقىرى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپلاردا پەقەت سىناق قىلىندى. بۇ بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن بانكا پەقەت ئاۋارغىلا قەرز پۇل تارقىتىدىغان، قەرز ئالغۇچى كوپېراتىپ مەلۇم مىقداردىكى ئۆزلىرى تەييارلىغان كۆچمە مەبلىغىنى ئاۋار ئوبوروتىغا قاتناشتۇرىدىغان بولدى. قەرز پۇل تارقىتىشتا ماددىي كاپالەت بولۇش شەرت قىلىندى. بۇ قەرز پۇل مۇنداق ئىككى تۈرگە ئايرىلدى: ئاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى يەنى پىلان ئىچىدىكى قەرز پۇل بۇ قەرز پىلاندىكى نورما ئىچىدە ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ بېرىلىدۇ؛ ۋاقىتلىق قەرز پۇل، يەنى پىلان سىرتىدىكى قەرز پۇل، بۇ پۇل ئارقىلىق پەسىل ئىچىدە نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن مەبلەغ ياكى باشقا ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا چىقىم قىلىدىغان مەبلەغ ئېھتىياجى ھەل قىلىنىدۇ.

1956 ـ يىل 4 ـ ئايدا ناھىيىدىن يۇقىرى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئوخشاش بولمىغان ئىشلىتىش ئورنى ۋە ئايرىلغان تۈرى بويىچە تارقىتىلدى. بۇ قەرز پۇل مۇنداق ئالتە تۈرگە ئايرىلدى: پىلاندىكى ئاۋار زاپىسى قەرز پۇلى، مال كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئالدىن تاپشۇرۇلىدىغان قەرز پۇل، ۋاقىتلىق قەرز پۇل، پىلاندىن ئېشىپ كەتكەن ئاۋار زاپىسى قەرز پۇلى، راسچوت قەرز پۇلى، ئالاھىدە قەرز پۇل (ئالدىن بېرىلىدىغان زاكالەت پۇلى، كىرا قاتارلىق). بانكا قەرز پۇلى بىلەن ئورۇنلار ئۆزلىرى تەييارلىغان مەبلەغنىڭ ئىشلىتىش ئورنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈلدى. ئۆزلىرى تەييارلىغان كۆچمە مەبلەغنى ئاۋار ئوبوروتىغا قاتناشتۇرۇشنىڭ نىسبىتى تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن بولغاندا پەسىل ئاخىرىدىكى پىلانلىق ئاۋار زاپىسىنىڭ 15 پىرسەنتىدىن، سېتىۋالغۇچى ئورۇنلارنىڭ بەش پىرسەنتىدىن تۆۋەن بولمىدى. ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى، ۋاقىتلىق قەرز پۇل، راسچوت قەرز پۇلى دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلدى. ئۆزلىرى تەييارلىغان كۆچمە مەبلەغنىڭ نىسبىتى 15% تىن تۆۋەن بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلىپ ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدىغان ۋە ۋاكالىتەن سېتىۋالىدىغان ھەر خىل بۇيۇملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. قەرز پۇلنى ئىگىلەش جەھەتتە، 1 ـ تۈردىكى ماددىي ئەشيا (ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، كېرەكسىز مىس، كېرەكسىز تۆمۈر، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، پىلە غوزىسى، كەندىر) لەرنى سېتىۋالسا مەبلەغ بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەش، ئالدىن قەرز بېرىپ كېيىن مەلۇم قىلىشقىمۇ يول قويۇش؛

2 ـ تۈردىكى ماددىي ئەشيالارنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى پىلان بويىچە تەمىنلەش، ئەگەر مەبلەغ يېتىشمىسە ئالدى بىلەن پىلاننى كۆزدە تۇتۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەستىقلىغاندىن كېيىن ئاندىن قەرز پۇل تارقىتىش يولغا قويۇلدى.

1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندىلىپ، سوتسىيالىستىك بىرلىككە كەلگەن بازارلار شەكىللەندى. شىنجاڭدا مەركەزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپ سودىسى تىجارىتىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئايرىش ھەققىدىكى يوليورۇقىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا بانكىلار پائال ماسلىشىپ مەبلەغ بىلەن كرېدىتنى ئايرىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىدى.

1957 ـ يىلى خەلق باش بانكىسى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلىنى بېجىرىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇ چارە ئاپتونوم رايونىمىزدا شۇ يىل 7 ـ ئايدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. بۇ قەرز پۇل مۇنداق بەش تۈرگە ئايرىلدى: (1) ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى قەرز پۇلى، بۇ پۇل ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، ساقلاش ھەمدە سېتىش جەريانىدىكى مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، يېتەرلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلەندى؛ (2) تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى، بۇ پۇل ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتىن سىرت، باشقا كەسىپلەردىكى مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلىدىغان بولغاچقا، ناھىيىدىن يۇقىرى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى تەستىقلىغان مال كىرگۈزۈش پىلانىدىكى ئومۇمىي سومما بويىچە مەبلەغ بىلەن تەمىنلىنىدىغان، ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى تەستىقلانغان پەسىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل ئېلىش پىلان قالدۇقىغا ئاساسەن مەبلەغ بىلەن تەمىنلىنىدىغان بولدى؛ (3) ئالدىن سېتىۋېلىش قەرز پۇلى، بۇ پۇل گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىشقا كېرەكلىك مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلىدۇ؛ (4) ۋاقىتلىق قەرز پۇل، بۇ پۇل ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ پەسىل ئىچىدە ئالدىن مال كىرگۈزۈپ كېيىن سېتىش ۋە پەسىل ھالقىپ ئالدىن مال كىرگۈزۈش، شۇنىڭدەك پىلاندىن ئاشۇرۇپ قەرز پۇل ئېلىش جەھەتتىكى مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلىدۇ؛ (5) ئالاھىدە قەرز پۇل، بۇ، ناھىيىدىن يۇقىرى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك نورمىدىن ئارتۇق ئورۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، بەلگىلىمە بويىچە ئالدىن تاپشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغان زاكالەت پۇلىغا ئىشلىتىلىدۇ. شۆبە بانكا شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەبلەغ بىلەن تولۇق تەمىنلەشكە تېگىشلىك بولغان ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئاشلىق، پاختا، ياغ، كەندىر، تاماكا، چاي، مەشۈت، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، كېرەكسىز مىس ـ تۆمۈر، چوشقا، كالا، قوي گۆشلىرى، توخۇ، ئۆردەك تۇخۇمى ۋە شېكەر ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت 12 تۈر قىلىپ بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە نىسبەتەن كىچىك تېپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا ئالاھىدە قەرز پۇل بېرىش بەلگىلەندى. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان تەمىنات ـ سودا كەسپى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، تەمىنات ـ سودا قەرز پۇلى زور ھەجىمدە ئاشتى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 144 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 74.9 ھەسسە ئاشتى.

## 3. «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋە ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى (1958 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە)

1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سىستېمىسىغا قوشۇۋېتىلدى،

ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۆز ھالىتى ساقلاپ قېلىندى. قەرز پۇل مۇناسىۋىتىدە، پرىنسىپ جەھەتتە قايسى دەرىجىگىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان بولسا كرېدىت مۇناسىۋىتى شۇ دەرىجىگىچە ئورنىتىلدى. قوشۇۋېتىشتىن كېلىپ چىققان مەبلەغنى تاپشۇرۇش ـ تاپشۇرۇۋېلىش ئىشى ئادەتتە كرېدىتنى يۆتكەش چارىسى ئارقىلىق ھەل قىلىندى.

گوڭشېيۇەنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، 1959 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى (تولۇق سوممىلىق كرېدىت يولىغا قويۇلدى). ئىلگىرىكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدىكى ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك بىرلەشمە كوپېراتىپلارنىڭ كۆچمە مەبلىغى (دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن، يەرلىك ئاجرىتىپ بەرگەن فوندى، جامائەت فوندى ۋە تەڭشەش فوندى ئىچىدىكى كۆچمە مەبلەغ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) پۈتۈنلەي خەلق بانكىسى قەرز پۇلىغا ئايلاندۇرۇلدى ھەمدە بانكىنىڭ قەرز پۇل فوندى قىلىندى. شۇ يىلى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى يېزا خەلق گوڭشېسىغا چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، خەلق گوڭشېسىنىڭ تەركىبىي قىسمى قىلىندى، بانكا ئۇلارغا گوڭشې سودا كارخانىسى قاتارىدا قەرز پۇل تارقاتتى.

1961 ـ يىلى يېزىلاردىكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئومۇمەن بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى يىل بويىچە نورمىسىنى بېكىتىپ، يىللىق نورما دائىرىسى ئىچىدە، پەسىللەر بويىچە قەرز پۇل ئېلىش پىلانىنى تۈزۈپ مەلۇم قىلىدىغان بولدى. ئۇلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل ـ تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى ۋە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە ئايرىلدى.

1962 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئايرىم تەسىس قىلىنىپ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلى قايتىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدىن ئايرىپ چىقىلدى، 1963 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ تاۋار ئوبوروتىنى كېڭەيتىشنى پائال قوللاش يۈزىسىدىن يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشنى ئوبدان ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا كرېدىت نازارىتى كۈچەيتىلىپ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ پۈتۈن سوممىلىق كرېدىتى توختىتىلدى. ئامانەت پۇل ھېساباتى بىلەن قەرز پۇل ھېساباتى ئايرىپ باشقۇرۇلدى. مالىيە مىنىستىرلىكى، خەلق باش بانكىسى، مەملىكەتلىك تەمىنات ـ سودا باش كوپېراتىپى بىرلىكتە ئورتاق تۈزۈپ چىققان «تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى مەبلىغىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان بەلگىلىمە» گە ئاساسەن، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ ئوخشاش بولمىغان باشقۇرۇش چارىلىرى قوللىنىلىپ، ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى تىجارىتىگە كېرەكلىك تاۋار مەبلىغى ئۈچۈن دۆلەت تەستىقلىغان سېتىۋېلىش پىلانىغا ئاساسەن پۈتۈنلەي خەلق بانكىسىدىن قەرز پۇل بېرىلدى. ئاساسىي قاتلام سېتىۋېلىش ئورۇنلىرىدا ئەگەر ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئاما ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بىلەن ئوبوروت كۆرسەتكۈچى تۈگەپ كەتكەن بولسا، بىر ياقتىن يۇقىرىغا مەلۇم قىلغاچ، قەرز پۇل بېرىشكە بولىدۇ. تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ باشقا كەسىپلىرى (جۈملىدىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى، تۇرمۇش ۋاستىلىرى، ئادەتتىكى 3 ـ تۈردىكى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى) گە كېرەكلىك مەبلەغ جەھەتتە، مەيلى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى ياكى ناھىيە دەرىجىلىك تەمىنات سودا كوپېراتىپى بولسۇن، پۈتۈنلەي مەبلەغنى نورمىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ. خەلق بانكىسى يۇقىرى دەرىجىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بېكىتىپ بەرگەن نورما بويىچە ئۆز كۆچمە مەبلىغىدىن سىرت قىسمىغا قەرز پۇل بېرىدۇ. ئۆلكە دەرىجىلىك تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىغا بىۋاستە قاراشلىق كارخانىلارغا تەستىقلانغان قەرز پۇل پىلانى بويىچە قەرز پۇل بېرىلىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرىغا كېرەكلىك كۆچمە مەبلەغدە پەقەت پەسىل خاراكتېرلىك ۋە ۋاقىتلىق نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن مەبلەغ ئېھتىياجىنى بانكا ھەل قىلىپ بېرىدۇ. بۇ بەلگىلىمە

ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن كرېدىت باشقۇرۇش بىر ئاز كۈچەيدى، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى يۇقىرىلىتىلىپ ۋەزىيەت ياخشىلاندى، ئوبوروت تېزلەشتى. 1963 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەمىنات ـ سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 161 مىليون 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1962 ـ يىلدىكىدىن 48 مىليون 670 مىڭ يۈەن ئازايدى. مۇشۇ مەزگىلدە، جايلاردىكى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قانات يايدۇرغان، ناھىيە بازىرىدىن يۇقىرى ئورۇنلاردا تەسىس قىلىنغان مال سارىيى، يېزىلاردا تەسىس قىلىنغان دېھقانلارغا مۇلازىمەت قىلىش ئورنى، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش، رايون سىرتىدىن پىلان سىرتىدا سانائەت بۇيۇملىرى سېتىۋېلىش، ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش، ۋاكالىتەن سېتىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى بانكىلار مەبلەغ جەھەتتە پائال قوللىدى. 1962 ـ يىل 8 ـ ئايدىن 1963 ـ يىل 4 ـ ئايغىچە جەمئىي 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى.

1965 ـ يىلى ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىقتىسادىي رايونلار بويىچە ئاۋار ئوبوروتنى تەشكىللەش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كرېدىت راسچوتى خىزمىتى ئۆزگەرتىلدى. ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ۋە شەھەردە كۆرسىتىپ بېرىلگەن ئىككى بانكىدىن قەرز ئېلىشىغا، قەيەردىن قەرز ئالسا شۇ يەرگە قايتۇرۇشىغا يول قويۇلۇپ، پۇلمۇ، مالمۇ نەق بولۇش، ئۆز ۋاقتىدا راسچوت قىلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. شۇنداقلا ئاساسىي قاتلام تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۆسۈم يۈكى يېنىكلىتىلدى. شۇ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك (يەنى ئاپتونوم رايونلۇق كوپېراتىپ، ناھىيىلىك كوپېراتىپ، ئاساسىي قاتلام كوپېراتىپ دەرىجىلىك) خىمىيىۋى ئوغۇت تىجارىتىنى ئىككى دەرىجىلىك تىجارەتكە ئۆزگەرتىپ، ئۆز لىنىيە بويىچە يۆتكەشنى قانات يايدۇرۇشقا جايلاردىكى بانكىلار زىچ ماسلاشتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 60 نەچچە بانكا تىجارەت ئورنىدا بىۋاسىتە راسچوت قىلىشقا تەشكىللەندى ھەمدە قەرز پۇل جەھەتتە مەدەت بېرىلدى.

## 4. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى (1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە)

1966 ـ يىل 9 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى تارماق بانكىلارغا دۆلەت بىر تۇتاش يۆتكەيدىغان خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىسىنى مەبلەغ بىلەن تولۇق تەمىنلەش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتتى.

1970 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى «سودا كرېدىت پىلانىنى بانكىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ كرېدىت پىلانىنى ئۇلارنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماق تەكشۈرۈپ بېكىتىدىغان ئۇسۇل ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. 1971 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى يەنە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا ئۆزگەرتىلدى، تاكى 1975 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنگە قەدەر تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى قەرز پۇلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا قەرز پۇلىغا كىرگۈزۈلدى.

ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، تەمىنات ـ سودا كرېدىتىنى باشقۇرۇش بىر خىل شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى. قەرز پۇل بېرىشتە ئاساسىي جەھەتتىن تەمىنات تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپى قالايمىقان، ترانسپورتى جىددىي بولۇپ، مال كىرگۈزۈش قىيىن بولغاچقا تەمىنات ـ سودا كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل ئېلىش تەلىپىمۇ ئانچە كۆپ بولمىدى. 1976 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەمىنات ـ سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 175 مىليون 250 مىڭ

يۈەن بولۇپ، 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 42 مىليون 940 مىڭ يۈەن ئازايدى. يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن، قىسمى ئىگىلىۋالغان كۆچمە مەبلەغ ۋە بانكا قەرز پۇلى 18 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە %25 ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئۆز كۆچمە مەبلىغىنىڭ يىللىق ئاۋار مەبلىغىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى بەلگىلەنگەن %40 لىك ئەڭ تۆۋەن سەۋىيىدىن ئاز بولدى.

## 5. يېڭى تارىخىي تەرەققىيات مەزگىلى (1977 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە)

1978 - يىلى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىنىڭ كرېدىت پىلانىنى بانكا دەرىجىمۇ دەرىجە مەلۇم قىلىپ تەستىقلايدىغان بولدى.

1979 - يىلى خەلق ئىگىلىكىنى «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. بانكىلار تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشتە «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ يۆلەش» پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، ھەم قوللاش ھەم چەكلەشنى ئىشقا ئاشۇردى. خەلق شۆبە بانكىسى تەمىنات - سودا كارخانىلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىپ رەتكە تۇرغۇزۇپ، 1 - تۈردىكى كارخانىلارنى پائال قوللاپ، ئالدى بىلەن شۇلارغا قەرز بېرىدىغان بولدى؛ 2 - تۈردىكى كارخانىلارغا قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈپ مۇۋاپىق قەرز پۇل بېرىدىغان بولدى؛ 3 - تۈردىكى كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىشنى چەك تۈزۈپ، قاتتىق ئىگىلىدى. مەسىلىسى ئېغىر تۇرۇقلۇق ئاكتىپ تەرتىپكە سالمىغان كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىلمىدى، ھەتتا تېگىشلىك كرېدىت جازاسى بېرىلدى. لېكىن مەيلى قايسى تۈردىكى كارخانا بولسۇن، پەقەت 1 -، 2 -، 3 - تۈردىكى ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغان، بازىرى بار، ئىشلىتىشكە باب كېلىدىغان سانائەت بۇيۇملىرىنى سېتىۋالغان بولسا ئۇلار پائال قوللىنىپ، قەرز پۇل بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىغا ئۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى، بۇ، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ نىسبىتىنىڭ تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى ئېچىش، بازارلارنى تاۋار بىلەن تەمىنلەشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئوبدان رول ئوينىدى.

1980 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇل كەسپلىرىنى خەلق بانكىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بېجىرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. شۇ يىل 6 - ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى سىستېمىسىدىكى سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەتكە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىلىشقا باشلىدى. بۇ قەرز پۇل كونا كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش، تېخنىكا ياخشىلاش ۋە ئۈنۈمىسال پايدىلىنىش، زۆرۈر بولغان ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاشقا ئىشلىتىلدى، لېكىن غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قۇرۇلۇش ۋە تۇپا قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى. 7 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئۆزىگە قاراشلىق تارماق بانكىلاردىن ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىقتىسادىي رايونلار بويىچە ئۆزىگە يېقىن جايدىكى 3 - دەرىجىلىك توپ تارقىتىش ئورۇنلىرىدىن مال كىرگۈزۈشنى، شۇنداقلا سودا ئوبوروت يوللىرىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، پىلان بويىچە 2 - دەرىجىلىك پونكىتلاردىن ۋە زاۋۇتلاردىن بىۋاسىتە مال كىرگۈزۈشنى ئاكتىپ قوللاشنى، سودا سارايلىرىنىڭ كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى ئاكتىپ قوللاشنى تەلەپ قىلدى. سودا سارايلىرىغا قەرز پۇل بېرىشتە

بانكىلار: (1) مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويغان بولۇش؛ (2) مۇئەييەن ئۆز كۆچمە مەبلىغى بولغان بولۇش؛ (3) تىجارەت قىلماقچى بولغان تاۋارلىرى سېتىۋالغىلى، ساتقىلى بولىدىغان، ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قالمايدىغان بولۇش؛ (4) ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ھېساباتى ئايرىپ باشقۇرۇلغان، قەرز پۇل بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن بولۇشنى چىڭ ئىگىلىدى. قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئادەتتە ئۈچ ئايدىن ئاشۇرۇلمىدى. شۇ يىلى پەقەت تارباغاتاي، قۇمۇل، ئاقسۇ، ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋىلايەتلىرىدىلا مال سارايلىرىغا جەمئىي 7 مىليون 860 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليون 847 مىڭ يۈەن بولۇپ، سودا سارايلىرىنىڭ ئۆز كۆچمە مەبلىغىنىڭ 3.7 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

1981 - يىل 2 - ئايدا گوۋۇيۈەن «كرېدىت باشقۇرۇشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدا قارار» ئېلان قىلدى. قارارغا ئاساسەن، تەمىنات - سودا كرېدىتى خىزمىتىدە يېزىلارنىڭ تاۋار ئوبوروت يوللىرىنى ياخشىلاشنى ئىلگىرى سۈرۈش، سېتىۋېلىش - سېتىشنى كېڭەيتىش، مال باھاسىنى مۇقىملاشتۇرۇش، پۇلنى يىغىۋېلىش ئاساس قىلىنىدى. كرېدىت مەبلىغىنى ئىگىلەش جەھەتتە ھەم قاتتىق بولۇش ھەم جانلىق بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، قوللاش ۋە تىزگىنلەش چارىسى قوللىنىلدى. كارخانىلارنىڭ قىس تاۋارلارنى سېتىۋېلىشىغا مەبلىغى يېتىشمىسە قەرز پۇل كۆپەيتىپ بېرىلدى. يەنە كۆچا ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىلا كارخانىلارنىڭ گۇاڭجۇدىن 1 مىليون يۈەنلىك بازىرى ئىتتىك تاۋار سېتىۋېلىشىغا مەدەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ پاختا قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشىغا مەدەت بېرىلدى. 1981 - يىل 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ 1 مىليون 592 مىڭ دەن پاختا سېتىۋېلىشىنى قوللىدى. نەتىجىدە پاختا سېتىۋېلىش پىلانى 144.7% ئورۇندىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاختا سېتىۋېلىش تارىخىدا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى. بۇ ئارقىلىق يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى نۇرغۇن خام ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەندى.

1982 - يىلى گوۋۇيۈەن «شەھەر، يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار ئوبوروتى يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، سانائەت بۇيۇملىرىنىڭ يېزىلارغا چۈشۈشىنى كېڭەيتىش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، تاۋار جەھەتتە ئىش تەقسىماتى قىلىنغان، شەھەر، يېزىلار ئۆتۈشتۈرۈلگەن تاۋار ئوبوروتى يېڭى تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. بانكىلار كرېدىت ۋە راسچوت جەھەتتە پائال ماسلاشتى. ئۇلار كرېدىتنىڭ تەڭشەش رولىدىن پايدىلىنىپ، 2 - دەرىجىلىك تەمىنات - سودا پونكىتلىرى بىلەن سودا سارايلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى قىسىپ، ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى كۆپەيتتى. بۇنىڭ بىلەن يېزىلاردا تاۋار سېتىش كېڭەيتىلدى.

1983 - يىلى دېھقانلارنىڭ «سېتىش قىيىنچىلىقى» نى ھەل قىلىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش چارىسى ئۆزگەرتىلدى. دۆلەت سېتىۋېلىشنى بەلگىلىگەن 1 -، 2 - تۈردىكى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرى ياكى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش ۋە پىلان بويىچە سېتىۋېلىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەھسۇلاتلارغا كېرەكلىك مەبلەغنى ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە تەمىنلەش؛ سېتىۋېلىش پىلانى ئورۇندالغاندىن كېيىن دۆلەتنىڭ سىياسىتىدە كېلىشىم باھادا سېتىۋېلىش - سېتىشقا يول قويۇلغان يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىغا (پاختىدىن باشقا) كېرەكلىك مەبلەغنى بازارلاردىكى تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج ئەھۋالىغا ئاساسەن، پىلان بويىچە تەمىنلەش، دۆلەت ئىشلەپچىقىرىشقا چەك قويغان مەھسۇلاتلارغا مەبلەغ تەمىنلەشنى مۇۋاپىق چەكلەش، بازار ئارقىلىق تەڭشەش يولغا قويۇلغان 3 - تۈردىكى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىغا سېتىلىشىغا قاراپ قەرز پۇل بېرىش يولغا قويۇلدى. بانكىلار مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىپ، زور دەرىجىدە قوللىغانلىقتىن، شۇ يىلى تەمىنات - سودا كوپىراتىپى سىستېمىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 681 مىليون 931 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1981-

يىلدىكىدىن %41.9، 1982 - يىلدىكىدىن %17 ئاشتى. ئاساسىي قاتلام تەمىنات - دودا كوپىراتىپلىرىنىڭ سېتىۋالماقچى بولغان كىچىك تىپتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈن قەرز پۇل بېرىشتە مۇددىتى بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمىسە، سوممىسى 20 مىڭ يۈەن ئىچىدە بولسا بانكا تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى بېرىپ قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ كىرىدىت باشقۇرۇش چارىسى ئىلگىرىكى پەقەت نوقۇل كۆرسەتكۈچ باشقۇرۇشتىن كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت مۇددىتى بويىچە قەرز پۇل تۇپ سانىنى بېكىتىشكە ئۆزگەرتىلدى. تۇپ سان ئىچىدىكى قەرز پۇلنى تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىندى. تۇپ ساندىن ئېشىپ كەتسە ۋاقىتلىق قەرز بېرىلىپ، قەرز پۇل بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈلۈپ، ئۆز قەرەلىدە قايتۇرۇۋېلىندى. تۇپ سان بېكىتىلگەندىن كېيىن، بانكا ئېشىپ كەتكەن ياكى تېجەپ قېلىنغان قەرز پۇلغا قارىتا يولغا قويۇلىۋاتقان ئۆسۈم نىسبىتىنى %20 ھەجىم ئىچىدە يۇقىرى - تۆۋەن تۇراقسىزلاندۇرۇپ، ئۆسۈم قوشۇپ ياكى تۆۋەنلىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ھېساباتىنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەمىنات - سودا كوپىراتىپى سىستېمىسىدىكى كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوبوروت سۈرئىتى 1981 - يىلى 1.68 قېتىم، 1982 - يىلى 1.87 قېتىم، 1983 - يىلى 1.96 قېتىم بولدى. 1983 - يىلى ھەر 100 يۈەنلىك مالنىڭ سېتىلىشى ئىگىلىگەن كۆچمە مەبلەغ 51.09 يۈەن بولۇپ، 1982 - يىلدىكىدىن 4.46 يۈەن ئازلىدى.

شۇ يىلى گوۋيۈەننىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» ئىزچىللاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق بانكىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا يېزىلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا - مانائەت كارخانىلىرى، تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئالدى بىلەن ناھىيىدىن يۇقىرى تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق شىركەتلەرنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى قارار قىلدى ھەمدە 11 - ئايدا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ شىخو ناھىيىسىنى يېزا سودا كىرىدىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش خىزمىتىنى سىناق قىلىش نۇقتىسى قىلىپ تاللىدى. تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرىنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، ھېسابات بىرلىكى كىچىك ئايرىلغان، ئىگىلىك باشقۇرۇش ھۆددىگەرلىكى يولغا قويۇلغان ئورۇنلارنىڭ بانكىدا ئايرىم ھېساب ئېچىشىغا ھەمدە كىرىدىت مۇناسىۋىتى ئورنىتىشىغا رۇخسەت قىلىندى.

1984 - يىل 9 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە يېزا سودا - مانائەت كىرىدىتى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، يېزىلارنىڭ سودا - مانائەت كىرىدىتى ئىسلاھاتى مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلدى. يىغىندا كىرىدىت سىياسىتى جەھەتتە كەڭرەك بولۇش، قەرز پۇل بېرىش ساھەسىنى كېڭەيتىش، قەرز پۇل ئوبيېكتلىرىنى كۆپەيتىش قارار قىلىندى ھەمدە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلدى. تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىي قىسمىدىن رەسمىي چېكىنىپ چىقىپ، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىلىك تارمىقىدىن دېھقان، چارۋىچىلار ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ھەمكارلىق - ئىقتىسادىي تەشكىلاتىغا ئۆزگەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى بانكا بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، نورما ئىچىدىكى قەرز پۇل ئۆسۈمىگە %5 ئېتىبار بېرىلىدىغان بولدى.

1985 - يىلى دۆلەت يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، ۋەزىپە بەلگىلەپ سېتىۋېلىش چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، توختام بويىچە سېتىۋېلىش ۋە بازار ئارقىلىق سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت زور ئىسلاھاتنى يولغا قويدى. بانكا يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش سىياسىتىنى مۇناسىپ ھالدا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا - تەمىنات سودا كوپىراتىپلىرى، دۆلەتنىڭ پىلانىغا ئاساسەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى توختام بويىچە سېتىۋېلىشنى يولغا قويسا، كېرەكلىك مەبلەغنى ئەمەلىي ئېھتىياج بويىچە تەمىنلەيدىغان، پىلاندىن ئارتۇق سېتىۋالىدىغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا كېرەكلىك مەبلەغنى دۆلەت تەستىقلىغان سېتىۋېلىش مىقدارى ۋە كىرىدىت مەبلىغى ئىمكانىيىتىگە ئاساسەن

تەمىنلەيدىغان، دېھقانلار ئۆز ئالدىغا بازارغا سالىدىغان، كۆپ يوللار ئارقىلىق تىجارەت قىلىنىدىغان ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا قەرز پۇل بېرىشنى «سېتىلىشىغا قاراپ قەرز بېرىش» پرىنسىپى ۋە كرېدىت مەبلىغى ئىمكانىيىتى بويىچە ئىگىلەيدىغان قىلىپ تەڭشىدى.

قەرز پۇل كۆلىمىنى يەنىمۇ تىزگىنلەش ئۈچۈن، 1985 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى مەخسۇس تۈر بويىچە باشقۇرۇش، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشقا ئىشلىتىش، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى ئايرىم چۈشۈرۈش يولغا قويۇلدى. مەخسۇس تۈر بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلغان ئوبيېكت ۋە دائىرە باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاشلىق كارخانىلىرى، سودا كارخانىلىرى، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى سېتىۋالىدىغان ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان، قۇرۇتۇلغان كۆك تاماكا، قىزىلچا، سېرىق كەندىر، تەبىئىي كاۋچۇك، چوشقا، كالا، قوي گۆشلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى، چايدىن ئىبارەت 11 تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدى. شىنجاڭدا يەنە يەرلىكتە ئىشلەپچىقىرىلغان قۇرۇق، ھۆل مېۋىدىن ئىبارەت بىر تۈر قوشۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا قەرز پۇللارنىڭ ھەممىسى تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلىغا كىرگۈزۈلدى. 7 - ئايدا سىناق نۇقتىسى ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش نورمىسىنى مېمورىئال چەك ئارقىلىق راسچوت قىلىش ئۇسۇلى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. «ئائىلە بويىچە پۇل تاپشۇرۇش، ئائىلە بويىچە راسچوت قىلىش» پرىنسىپى تېخىمۇ ئوبدان ئىجرا قىلىنىپ، ئاممىنىڭ ۋە كارخانىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نەق پۇل چىقىمى ئېچىلىپ، پۇلنىڭ تارقىتىلىشى تىزگىنلەندى. 1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا تۆلەنگەن نەق پۇل نىسبىتى 49.4% بولۇپ، 1984 - يىلدىكىدىن 4.43% تۆۋەنلەپ، تارقىتىلغان پۇل 56 مىليون يۈەن ئازايدى. ئۇنىڭدىن باشقا «بىر تۇتاش پىلانلاش، مەبلەغنى ئايرىش، ئەمەلىي قەرز بېرىش — ئەمەلىي ئامانەت قويۇش، مەبلەغنى ئۆز ئارا يۇرۇشتۇرۇش» تىن ئىبارەت كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، سېتىۋېلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى مەبلەغ ئېھتىياجىغا كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى، سودا سانائەت شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى سېتىۋېلىشنىڭ جىددىي مەزگىلىدە «تۆۋەندە قەرز بېرىپ يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇش» تىن ئىبارەت ۋاقىتلىق مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش چارىسىنى يولغا قويۇشنى كېڭىشىپ بېكىتتى. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: كەسپىي بانكىلارنىڭ ئاساسىي قاتلام بانكا - باشقارمىلىرىدا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مەزگىلىدە مەبلەغ يېتىشمىسە شۇ جايدىكى خەلق بانكىلىرى ۋاقىتلىق قەرز بېرىپ تۇرۇش، قەرز بېرىلگەندىن كېيىن ئۇنى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇش، كەسپىي شۆبە بانكىلار قەرز ئېلىش رەسمىيەتلىرىنى بىر تۇتاش بېجىرىش. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەمىنات - سودا سىستېمىسىنىڭ 42 ناھىيىدىكى پاختا سېتىۋېلىشىدا «تۆۋەندە قەرز بېرىپ، يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇش» تىن ئىبارەت مۇشۇ خىل قەرز بېرىش چارىسى قوللىنىلدى. 1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ھەر دەرىجىلىك تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ قەرز پۇل نورما چېكىنى بېكىتتى. 3 - دەرىجىلىك توپ تارقىتىش ۋە پارچە سېتىش كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل نورما چېكى سېتىش مەبلىغى نىسبىتى بويىچە بېكىتىلدى، 2 - دەرىجىلىك توپ تارقىتىش كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل نورما چېكى يىللىق سېتىۋېلىش، سېتىش پىلانى ۋە كۆچمە مەبلىغىنىڭ ئوبوروت پىلانى بويىچە بېكىتىلدى. ھېسابات بىرلىكى كىچىك ئايرىلغان، ئەمما مۇستەقىل ھېسابات قىلىشنى ساقلاپ قالغانلارنىڭمۇ قەرز پۇل چەكلىمىسى سېتىش مەبلىغى نىسبىتى بويىچە بېكىتىلدى. تىجارەت كوللېكتىپ ھۆددىگە ئېلىنغان بولسا كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلى بويىچە ئىگىلەندى؛ تىجارەتنى ئىشچى - خىزمەتچىلەر شەخسەن ھۆددىگە ئالغان كارخانىلاردا يەككە سودا قەرز پۇلى بويىچە ئىگىلىنىپ، قەرز پۇلنى دەرىجىمۇ دەرىجە بېكىتىش، كېلىشكەن مۇددەتتە قايتۇرۇۋېلىش، قەرز پۇلنىڭ چەكلىمىسىنى بېكىتمەسلىك يولغا قويۇلدى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلار كرېدىت خىزمىتى جەريانىدا، تەمىنات - سودا

كوپېراتىپلىرىنىڭ سودا تارماقلىرى باشقۇرغان سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئاكتىپ قوللىدى. ئاپتونوم رايون ئاچچىقسۇ، جىيائىيۇ كەمچىل دەپ بېكىتكەن 24 ناھىيىنىڭ ئاچچىقسۇ، جىيائىيۇ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى قۇرۇشنى بانكىلار مەبلەغ جەھەتتە ئالدى بىلەن تەمىنلىدى ھەمدە جايلارنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ «دېھقانچىلىق ـ سودا بىرلەشمە تىجارىتى»، «سودا ـ سانائەت بىرلەشمە تىجارىتى»، «سودا بىلەن سودا بىرلەشمە تىجارىتى» نى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ كۆپ خىل شەكىلدىكى توغرا لىنىيىلىك ئىقتىسادىي بىرلەشمىلەرنى تەشكىللىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئىقتىسادىي بىرلەشمىلەر تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، مۇلازىمەت، ترانسپورت، پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق 30 نەچچە تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1985 ـ يىلى تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرىقەرز پۇل تارقىتىشتا ھەم چىڭ بولۇش، ھەم جانلىق بولۇش، تېزگىنلەش، ئەمما قاتمال بولۇپ قالماسلىق ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 70 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1984 ـ يىلدىكىدىن 340 مىليون يۈەن ئاشتى. ئېشىش نىسبىتى %47 بولۇپ، 1976 ـ يىلدىكىدىن 1.5 ھەسسە كۆپەيدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرىنىڭ بانكىنىڭ كرېدىت مەبلىغى بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئومۇمىي سوممىسى 998 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %17.12 ئاشتى. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 686 مىڭ تونا خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن تەمىنلىنىپ، يىلىغا %9.13 ئېشىپ باردى. تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 2 مىليارد 866 مىليون يۈەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 573 مىليون يۈەندىن توغرا كەلدى. يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش سوممىسى 3 مىليارد 514 مىليون يۈەن بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %28.21 ئاشتى؛ تەمىنلىگەن ئېكسپورت تاۋارلىرىنىڭ سوممىسى 650 مىليون يۈەنگە يەتتى.

## 5 §. كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كوللېكتىپ سودىسى 1953 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە داۋاملاشقان خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش جەريانىدا راۋاجلانغان. مۇشۇ مەزگىلدە بانكىلار پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن، كوللېكتىپ سودىنى مەبلەغ جەھەتتە قوللىدى. 1956 ـ يىل 10 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى «ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى ماگىزىن، ھەمكارلىق سودا سودىنى ۋە ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىغا قەرز پۇل بېرىش پىكرى» نى تارقاتتى. «كەڭ ھەم ئىخچام» بولۇش روھىغا ئاساسەن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدا راۋاجلانغان پېيى، ئۇسۇلى بەلگىلەنگەن شېرىكلەشكەن ئىگىلىكتىكى سودا دۇكانلىرىغا «قەرەلسىز ئامانەتتىن ئونكول قىلىش» چارىسى ئارقىلىق مەدەت بېرىلدى، ھەمكارلىق سودا دۇكانلىرى ۋە ھەمكارلىق گۇرۇپپىلارغا «سودا ئورنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بانكا قەرز بېرىش» تىن ئىبارەت قەرەللىك قەرز پۇل چارىسى ئارقىلىق مەدەت بېرىلدى يەنى ھەمكارلىق دۇكان ياكى گۇرۇپپا قەرز پۇل ئېلىش نورمىسىنى پەسىل بويىچە ئۆزى قاراشلىق ئورۇننىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىگە مەلۇم قىلىش، مەزكۇر ئورۇن ئومۇملاشتۇرۇپ بانكىغا سۇنغاندىن كېيىن بانكا قوشۇلسا، قەرز پۇل بېرىش يولىغا قويۇلدى. قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى بىر يىلدىن ئاشۇرۇلمىدى. شۇ يىلى ھەمكارلىق دۇكان، گۇرۇپپىلار ئالغان قەرز پۇل 2 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 34 ھەسسە ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 310 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1955 ـ يىلدىكىدىن 50 ھەسسە ئەتراپىدا كۆپەيدى، لېكىن قەرز پۇلنى ئىگىلەش چىڭ

بولماي، ئۇنىڭ ئېشىشى تېز بولغاچقا، ھەمكارلىق دۇكان، گۇرۇپپىلارنىڭ ئىسكىلاتتىكى تاۋار زاپىسى نورمال ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتتى. 1957 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلىنى قىسقارتىش فاڭجېنىنى قوللىنىشنى قارار قىلدى. نورمال ئوبوروتقا يەتمىلا قەرز پۇل بېرىلدى. بىر قىسىم داۋاملىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قەرز پۇل مۇۋاپىق كۆپەيتىپ بېرىلدى. قىسمەن كۆپ پايدا ئېلىۋاتقان ئېشىنچىسى بار ئائىلىلەرنىڭ قەرز پۇلى مۇۋاپىق قىسقارتىلدى. پۇرسەتپەرەسلىك قىلغان، ئالىشىپ سېتىۋالغان، ئالداپ سېتىۋالغان، باھانى ئۆستۈرۈۋەتكەن سودىگەرلەرگە قەرز پۇل بېرىش توختىتىلدى. 1957 ـ يىلى تارقىتىلغان قەرز پۇل 470 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى قەرز قالدۇقى 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1956 ـ يىلدىكىدىن % 48.4 تۆۋەنلىدى.

1958 ـ يىلدىن باشلاپ «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرىدە، شېرىكچىلىكتىكى دۇكان، گۇرۇپپىلارغا قەرز پۇل بېرىش قاتتىق چەكلەندى. ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان كۆچمە مەبلەغ ئادەتتە دۇكان، گۇرۇپپىلارنىڭ ئۆز مەبلىغىدىن ھەل قىلىندى. بانكىدىن قەرز بېرىلمىدى، پەقەت بايرام كۈنلىرىلا ئازراق قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىلدى.

1965 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، سودا نازارىتى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىرلىكتە «شېرىكچىلىكتىكى سودا دۇكانلىرىنىڭ كرېدىت راسچوتى ۋە نەق پۇل باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» نى چۈشۈردى. «بەلگىلىمە» دە: (1) شېرىكچىلىكتىكى سودا دۇكانلىرى (گۇرۇپپىلار) قانچىلىك پۇلى بولسا شۇنچىلىك مال سېتىۋېلىش، بانكا قەرز پۇلنى قاتتىق ئىگىلەش، ھېيت ـ بايرام كۈنلىرى ۋاقىتلىق قەرز پۇل بېرىش، ئۇنىڭ بىر ئايلىق مۇددىتىنى قاتتىق ئىگىلەش؛ (2) شېرىكچىلىكتىكى سودا دۇكانلىرىنىڭ توپ تارقىتىش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق، بەلگىلەنگەن تىجارەت دائىرىسىدىن ئېشىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق، بەلگىلەنگەن پائالىيەت رايونىدىن ھالقىپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلماسلىق، تور ـ نۇقتىلىرىنى خالىغانچە كۆپەيتىشكە رۇخسەت قىلماسلىق، دۆلەتنىڭ باھا سىياسەتلىرىگە خىلاپلىق قىلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىق، ئەركىن بازار ۋە سىرت جايلاردىن مال سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلماسلىقنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىپ، شېرىكلەشكەن سودا دۇكانلىرى (گۇرۇپپىلار) نىڭ تىجارەت نىسبىتىنى تىزگىنلەش ۋە ئازايتىش؛ (3) قەرەلى توشقان قەرز پۇللارنى ئېنىقلاپ قايتۇرۇۋېلىش. 1961 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى كونا قەرز پۇللارنى سۈيلەش ئارقىلىقمۇ قايتۇرۇپ كەلگىلى بولمىسا، مەيلى سودا ئورنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بانكىدىن بېرىلگەن قەرز بولسۇن ياكى بانكا ئۆزلۈكىدىن بەرگەن قەرز بولسۇن، پرىنسىپ جەھەتتە يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان بىرلەشمە جامائەت فوندىدىن تەدرىجىي قايتۇرۇۋېلىش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭدىن باشلاپ كوللېكتىپ سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلى ئۇزۇن مۇددەتلىك تۇرغۇن ھالەتتە تۇرۇپ، 1977 ـ يىلىغا كەلگەندە قەرز پۇل قالدۇقى30 مىڭ يۈەنگە چۈشتى.

1978 ـ يىل 12 ـ ئايدا چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەمكارلىق سودا دۇكانلىرى تىجارىتىنى كېڭەيتتى. كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى سودا دۇكانلىرى كۆپەيدى، بولۇپمۇ زىيالىي ياشلار كوللېكتىپ سودىسىنىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن تېز بولدى. بانكىلار ئاپتونوم رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، يېڭىدىن قۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان كوللېكتىپ سودىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، سودا تور ـ نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ، ئاممىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىپ، بازارلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇشنى قوللىدى.

1979 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان سودا ـ سانائەت كرېدىت خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، كوللېكتىپ سودىغا قەرز پۇل بېرىشتە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بىلەن ئوخشاش

مۇئامىلە قىلىندى. ئىلگىرىكى شەرتنى ئېغىر قويىدىغان ئۆلۈك باشقۇرىدىغان ئۇسۇللار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. قەرز پۇل بېرىش ھېيت - بايرام ۋە پەسىل خاراكتېرلىك مەركەزلىك مال كىرگۈزۈشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولدى.

ۋاقىتلىق كىرگۈزۈلىدىغان مالغا كېرەكلىك مەبلەغنى قەرز پۇل ئارقىلىق ھەل قىلىندى ھەمدە ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ھېساباتى ئايرىپ باشقۇرۇلدى. يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت، رېمونتچىلىق كارخانىلىرى سېتىۋالىدىغان ئاددىي ئۈسكۈنە، قورال سايمانلارغىمۇ بىر قېتىملىق ۋاقىتلىق قەرز پۇل تارقىتىلدى، بۇ خىل قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئىككى يىلدىن ئاشۇرۇلمىدى.

1980 - يىل 3 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى كېڭىشىپ، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ كرېدىت راسچوتىنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش، ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. ناھىيىدىن يۇقىرى (ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) شەھەر - بازارلاردىكى ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلات، مەھەللە، زاۋۇت - كان، كارخانا (تەمىنات - سودا كوپېراتىپىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان خادىملار قۇرغان كارخانىلارنىڭ كرېدىت راسچوت كەسپىنى خەلق بانكىسى بېجىرىپ بېرىدىغان، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ خاراكتېرى بويىچە سانائەت ياكى سودا كرېدىتى باشقۇرۇش يولغا قويۇلىدىغان، ناھىيىدىن تۆۋەن بازارلاردا قۇرۇلغان كوللېكتىپ كارخانىلارغا كېرەكلىك قەرز پۇلنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىرىپ بېرىدىغان، تەمىنات - سودا سىستېمىسىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى ھەمكارلىق سودا دۇكانلىرى (ھەمكارلىق گورۇپپىلىرى) مەيلى شەھەر ياكى يېزىدا بولسۇن كېرەكلىك مەبلەغنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىرىپ بېرىدىغان بولدى. مەيلى قايسى دەرىجىدىكى كوللېكتىپ كارخانا بولسۇن، ئۇلارغا قەرز پۇل بېرىش جەھەتتە مۇۋاپىق ھالدا كەڭ سىياسەت قوللىنىلدى. پەقەت ۋاقىتلىق قەرز پۇللا بېجىرىلىدىغان چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، يېڭىدىن قۇرۇلغان كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى يېتىشمىسە ياكى كۆچمە مەبلىغى ئاز بولسا، قەرز پۇلنى قايتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالىتى بولسىلا، ئۇلارغىمۇ مۇۋاپىق ھالدا قەرز پۇل بېرىلدى. مەسىلەن: ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان تۈرلۈك مال، ھەر خىل مېتال، كۆكتات شىرنىچىلىك دۇكىنى قاتارلىق يەتتە دۇكاننىڭ ئالتىسى دائىم بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىپ ئىشلەتتى. خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يەنە ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئېچىلغان كوللېكتىپ سودا كارخانىلىرىغا ئىش باشلىغان ئىككى يىل ئىچىدە ئېتىبار يۈزىسىدىن ئۆسۈمنى تۆۋەن بېكىتىشنى، ئىگىلىك باشقۇرۇشى بىر قەدەر ياخشى بولغان، مالىيە ئىشلىرى مۇكەممەل بولغان، كىرىم - چىقىمى كۆپ بولغانلارنىڭ پۇل چېكى ئىشلىتىدىغان ھېساب ئېچىشقا بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

1981 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «شەھەر - بازارلاردىكى كوللېكتىپ، يەككە ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسىپلىرىگە قەرز بېرىش توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»سىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا قەرز پۇل بېرىشنىڭ ئوبيېكتىنى پارچە سېتىش سودىسى، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت، رېمونتچىلىق، قاتناش - ترانسپورت كەسىپىدىن سىرت، مەدەنىيەت، سەنئەت، ساياھەتچىلىك، سەھىيە قاتارلىق ساھەلەرگىچە كېڭەيتىش، بانكىلار «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ يۆلەش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تىجارەت ئۇنۇمى ئوبدان، ئىناۋىتى ياخشى بولغان كوللېكتىپ ئورۇنلارنى ئالدى بىلەن قوللاش، زىيان تارتقان كوللېكتىپ ئورۇنلارغا پرىنسىپ جەھەتتە قەرز پۇل بەرمەسلىك؛ خالىغانچە ساھە ئاتلاپ تىجارەت قىلغان، باھا ئۆستۈرگەن، ھايانكەشلىك قىلغانلار ئىشتىن بۇرۇن سېزىلسە، قەرز پۇل بەرمەسلىك، كېيىن سېزىلسە قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش، زىيالىي ياشلار دۇكانلىرىنى نۇقتىلىق قوللاش ئوبيېكتى قىلىش، ئۇلارنىڭ ئۆز مەبلىغىنىڭ نىسبىتىنى تەكىتلىمەسلىك؛ جەمئىيەتتە كەمچىل، ئامما جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان رېمونتچىلىق، تۇشۇش - يۆتكەش، مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش كەسىپلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق مەھسۇلاتلار، شۇنىڭدەك، كان رايونلىرى ۋە شەھەر ئەتراپى رايونلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇلازىمەت كەسىپلىرىگە

ئالدىن تاللاپ يار - يۆلەك بولۇش بەلگىلەنگەن. بۇ قەرز پۇل كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى ۋە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. بۇ خىل پۇلنى ئېلىشتا دەرىجىمۇ دەرىجە ئىلتىماس قىلىش، دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈپ بېكىتىش، قەرز پۇلنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى بەلگىلەپ، قەرەللى توشقاندا قايتۇرۇپ كېلىش، قەرەللى ئۆتسە ئۆسۈم قوشۇش يولىغا قويۇلدى.

1982 - يىلدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1981 - يىلدىكىدىن %25.5 ئاشتى.

1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەرز ئالغان كوللېكتىپ سودا ئورنى 660 كە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن %8.7 كۆپەيدى. قەرز پۇل قالدۇقى 18 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن %6.5 كۆپەيدى.

1984 - يىلى ئوبوروتنى جانلاندۇرۇش، دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىك تەڭ ھەرىكەتكە كېلىشتە چىڭ تۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، كوللېكتىپ سودىغا قەرز پۇل بېرىش سىياسىتى يەنە بىر قېتىم كېڭەيتىلدى. تىجارەت ئۈنۈمى ئوبدان بولۇۋاتقان كونا كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلەغ نورمىسىنى بېكىتىپ، تاۋار ئوبوروتى قەرز پۇلى بېرىش، كوللېكتىپ ترانسپورت كەسىپدىكىلەر ئاپتوموبىل سېتىۋالسا، ئۆزلىرىنىڭ %30 مەبلىغى بولسىلا قەرز پۇل بېرىپ قوللاش؛ كوللېكتىپ سودا توپ تارقىتىش ياكى ھەم توپ تارقىتىش، ھەم پارچە سېتىش بىلەن شۇغۇللانسا، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش، ۋاقىتلىق زىيان تارتقان كارخانىلار قىسقا مۇددەت ئىچىدە زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرالىسا زۆرۈر بولغان قەرز پۇلنى بېرىش؛ ئۆز مەبلىغىنى تەدرىجىي ھالدا تولۇقلىيالايدىغانلارغا قەرز پۇل بېرىشنى جانلىق ئىگىلەش؛ ئۆز كۆچمە مەبلىغى %30 كە يەتمەيدىغانلارنىڭ ئۆزلىرى تولۇقلاش نىسبىتىنى پايدا سوممىسىنىڭ ئون پىرسەنتىدىن تۆۋەن قىلىش؛ سىياسەت يولغا قويغان تىجارەت تۈرىنى كۆپەيتكەنلەرگە كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ قەرز پۇل بېرىش، كوللېكتىپ سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەت تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى يېڭىلىسا، تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى ۋە ئاز سوممىلىق ئۈسكۈنە قەرز پۇلى بېرىش بەلگىلەندى، مەيلى قانداق تۈر، قانداق قەرز پۇل بولسۇن پەقەت سىياسەت بەلگىلىمىلىرىگە ئۇيغۇن بولسىلا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى بولسىلا، تاۋارلار سېتىلىشقا باب كەلسىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرز پۇلنى قايتۇرۇش كاپالىتى بولسىلا پائال تۈردە قەرزپۇل بېرىلدى. بۇنىڭدىن سىرت ئاپتونوم رايون بويىچە ئىككى قېتىمدا سەككىز ۋىلايەتنىڭ 3 مىليون 50 مىڭ يۈەن سودا بازارلىرى قۇرۇلۇشى قەرز پۇلى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، جايلاردىكى سودا بازارلىرى مۇئەسسەسەلىرى قالاق بولۇشتەك ھالەت ئۆزگەرتىلدى. كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلىنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلىپ، شەرتلەر قاتتىق قويۇلمىغانلىقتىن، قەرز پۇل سوممىسى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تارقىتىلغان قەرز پۇل جەمئىي 65 مىليون 130 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1983 - يىلدىكىدىن %45.5 ئاشتى. يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 30 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ 1983 - يىلدىكىدىن %65.8 ئاشتى.

شۇ يىلى خەلق بانكىسى 2683 كوللېكتىپ سودا كارخانىسىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىنى تەكشۈردى. كۆچمە مەبلىغىنىڭ تەركىب تېپىش ۋە جۇغلانما ئەھۋالىدىن تەھلىل قىلىنىشىچە، ئىگىلىك باشقۇرۇش ياخشى بولغانلار تەخمىنەن %30 نى، ئوتتۇراھال بولغانلىرى %40 نى، ناچارلىرى ۋە مەسىلە كۆپ بولغانلىرىنىڭ ھەر قايسىسى %10 - %15 نى تەشكىل قىلىدىكەن. تەكشۈرۈش ئەھۋالى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلىنىڭ سوممىسى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئوبوروتى تېز، قوللاش دائىرىسى كەڭ، قوللىغان كارخانا سانى كۆپ، جارى قىلدۇرۇلغان رولى چوڭ بولغان. شۇنداقتىمۇ قىسمەن زىيالىي ياشلار ماگىزىنلىرىدا مالىيە باشقۇرۇش چىڭ بولماسلىق، ھېسابات قالايمىقان بولۇش ۋە مەبلەغ كۈچى ئاجىز بولۇش، كۆپىنچىسى بانكىنىڭ قەرز پۇلىغا تايىنىۋېلىش قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلانغان.

1985 - يىلى كوللېكتىپ سودا كرېدىتى تەرتىپكە سېلىنىپ، قاتتىق تىزگىنلەندى، باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ يۆلەش» ۋە «سېتىلىشقا قاراپ قەرز پۇل بېرىش»

پرىنسىپى قاتتىق ئىجرا قىلىندى. قەرز پۇل بېرىشتە ئەلالىرىنى تاللاشنىڭ تۆت ئاساسىي تەلىپى (سىياسەتكە ئەمەل قىلىپ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولۇش، مۇئەييەن كۆچمە مەبلىغى بولۇش، قەرز ئېلىش تۈختىمىغا رىئايە قىلىغان بولۇش، مالىيە ۋە تەقسىمات تۈزۈمى مۇكەممەل بولۇش) بېكىتىلدى؛ نامۇۋاپىق تارقىتىلغان قەرزپۇللار ئېنىقلىنىپ قايتۇرۇۋېلىندى، يېڭىدىن قۇرۇلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى تۈرلۈك كارخانىلارنىڭ ئىش باشلاش كۆۋاھنامىسىنى تەكشۈرۈش، رويخەتكە ئېلىنغان مەبلىغى ۋە ئەمەلىي مەبلىغىنى تەكشۈرۈش، قەرز پۇلنىڭ ماددىي كاپالىتىنى تەكشۈرۈش، پايدا ۋە تەقسىماتىنى تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت تۆتنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى. زىيان تارتقان كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىش قاتتىق تىزگىنلەندى. قەرز پۇل ئالىدىغان كارخانىلارنىڭ مۇئەييەن نىسبەتتە ئۆز كۆچمە مەبلىغى بولۇش شەرت قىلىنىپ، ئۆز كۆچمە مەبلىغى بىلەن بانكا قەرز پۇلى «بىر ئۈلۈش ئۆز مەبلىغى، ئىككى ئۈلۈش قەرز پۇل» نىسبىتى بويىچە ئىگىلەندى. ئېنىقلاش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، قەرز پۇل ھەددىدىن زىيادە تېز ئېشىپ كېتىشتەك ئەھۋال تىزگىنلەندى. 1985-يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 34 مىليون 340 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 11.2% ئاشتى. قەرز پۇل يىلاندىكى كۆرسەتكۈچى ئىچىدە تىزگىنلەپ قېلىندى.

**كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى**

جەدۋەل: 5 ـ 13  بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىلى | تارقىتىلغان سانى | قەرز پۇل قالدۇقى |
|---|---|---|
| 1980 | | 370 |
| 1981 | | 899 |
| 1982 | 3899 | 1129 |
| 1983 | 4475 | 1863 |
| 1984 | 6513 | 3088 |
| 1985 | 8844 | 3434 |

## 6 § . خۇسۇسىي ئىگىلىك ۋە يەككە سودا قەرز پۇلى

### 1. ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى (1950-يىلدىن 1952 - يىلغىچە)

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە شىنجاڭدا خۇسۇسىي سودا بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار 28 مىڭ 318 ئائىلە ئىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۇششاق سودىگەرلەر بولۇپ، تارقىلىشى كەڭ، مەبلىغى ئاز ئىدى. بانكا «ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلارغا تەڭ ئېتىبار بېرىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، دۆلەت، كوللېكتىپ

ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاش بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەت پىلانى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا پايدىلىق بولغان خۇسۇسىي ئىگىلىككىمۇ زۆرۈر بولغان قەرز پۇللارنى بەردى ھەمدە ئېكىرى بىلەن بولغان پېرېۋوتنى يولغا قويۇپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنى ئېچكىرىدىن مال سېتىۋېلىپ شىنجاڭغا كىرگۈزۈشكە ئىلھاملاندۇردى. 1950 ـ يىلى ئىچكىرىگە پېرېۋوت قىلىنغان پۇل 4 مىليارد 635 مىليون يۈەن بولۇپ (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، بۇنىڭ ئىچىدە سودىگەرلەرنىڭ پۇلى %90 تىن ئارتۇقراقنى تەشكىل قىلغان. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليارد 370 مىليون يۈەنگە يەتكەن، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش نىسبىتىدە، خۇسۇسىي سودىنىڭكى %87.08 نى ئىگىلىگەن.

1951 ـ يىلى بانكا خۇسۇسىيلارغا «كەڭ قانات يايدۇرۇش، چوڭقۇر ئالاقىلىشىش، كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، كۆپلەپ چىقىرىش، دۆلەتكىمۇ، خۇسۇسىيغىمۇ پايدا يەتكۈزۈش» تىن ئىبارەت كەسپىي يېتەكچى پرىنسىپنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، سودا ـ سانائەتچىلەر بىلەن كەڭ كۆلەمدە كرېدىت مۇناسىۋىتى ئورناتتى. خۇسۇسىي ئىگىلىككە بېرىلىدىغان سودا ـ سانائەت قەرز پۇلىنى كۆپەيتتى. رەنىلىك پېرېۋوتنى يولغا قويدى ھەمدە پۇل ئامانەت قويۇش، پېرېۋوت قىلىش كەسپى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، خۇسۇسىي سودا ساھەدىكىلەر بىلەن كەسپىي توختام تۈزدى. 1951 ـ يىلى خۇسۇسىي سودىغا 18 مىليارد 260 مىليون يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 5 مىليارد 340 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1950 ـ يىلدىكىدىن 1.2 ھەسسە ئاشتى.

1952 ـ يىلدىكى «بەشكە قارشى تۇرۇش» (پارىخورلۇققا، باج ئوغرىلاش ـ باج يوشۇرۇشقا، دۆلەتنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئوغرىلاشقا، ئەپلەپ ـ سەپلەپ قولدىن چىقىرىشقا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخباراتلىرىنى ئوغرىلاشقا قارشى تۇرۇش، بۇ يەنە بەش زەھەرلىك قىلمىشقا قارشى تۇرۇشمۇ دېيىلىدۇ) ھەرىكىتى جەريانىدا خۇسۇسىي سودىغا قەرز پۇل بېرىش قىسقارتىلدى. شۇڭا خۇسۇسىي سودا مەبلەغ جەھەتتىن قىيىنچىلىققا ئۇچراپ، بازارلار بىر مەھەل چۈلدەرەپ قالدى. «بەشكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە خەلق باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى بازارلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش جەھەتتە جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، قەرز پۇل رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، قەرز پۇل مۇددىتىنى تەڭشەپ، خۇسۇسىي سودىغا قەرز پۇل بېرىش خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن قانات يايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن خۇسۇسىي سودا مەبلىغىنىڭ ئوبوروتى تېزلىشىپ، بازارلار بارغانسېرى ئاۋاتلاشتى. 1952 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ بويىچە ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئېچىلدى. بانكىلار بۇ يىغىنغا ماسلىشىپ 1 مىليارد 900 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. ماددىي ئەشيا ئالماشتۇرۇش يىغىنىنىڭ پۈتتۈشۈش سوممىسى 50 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 1952 ـ يىلى بانكىلارنىڭ خۇسۇسىي سودىغا بەرگەن قەرزپۇلى 34 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 13 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە، خۇسۇسىي سودا ئامانەت پۇلى 12 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى ئىچىدە خۇسۇسىي سودىنىڭ نىسبىتى %73.2 كە تۆۋەنلىدى.

## 2. سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش مەزگىلى (1953 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە)

1953 ـ يىل 1 ـ بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى، يېزا ئىگىلىكى، قول سانائەت ۋە كاپىتالىستىك سودا ـ سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش فاڭجېنىغا ئاساسەن، خۇسۇسىي سودىنىڭ سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىشى كېڭەيتىلىپ، ئۇلارنىڭ ساھەلەر بويىچە بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. شۇ يىلى خۇسۇسىي سودىغا 55 مىليارد 300 مىلون يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. 67 مىليارد 100 مىليون

يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىندى. يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 600 مىليون يۈەن، ئامانەت پۇل قالدۇقى 23 مىليارد يۈەن بولدى.

1954 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا بازارلارنى ئىگىلىدى. خۇسۇسىي سودىنىڭ شەھەرلەر ئارا، شەھەر بىلەن يېزىلار ئارا ئالماشتۇرۇش رولى كۆپ تۆۋەنلەپ كەتتى. بانكىلار ئىچكىرى بىلەن بولغان رەنلىك پىربۇوت كەسپىنى بىجىرىشنى توختاتتى. «پايدىلىنىش، چەكلەش، ئۆزگەرتىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى خۇسۇسىي كارخانىلارغا قەرزپۇل بېرىشتە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ شەرتنى بەلگىلىدى: (1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلغان بولۇش؛ (2) قانۇنغا رىئايە قىلغان، «بەش زەھەرلىك» قىلمىشلىرى يوق بولۇش؛ (3) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى ۋە كوپېراتىپلار بىلەن تىجارەت دائىرىسىنى تالاشمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يەردىكى بازارلارغا ئېھتىياجلىق بولۇش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، خۇسۇسىي كارخانىلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل خۇسۇسىي كارخانىلار ئامانەت پۇلىدىن ئاز بولۇش؛ خۇسۇسىي سودىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل قول سانائەتكە بېرىلىدىغان قەرز پۇلدىن ئاز بولۇش؛ ئومۇمەن ئىچكىرىدىن مال سېتىۋالىدىغان سودىگەرلەرگە قەرز پۇل بەرمەسلىك بەلگىلەندى. چوڭ شەھەرلەردە پەقەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىدىن توپ سېتىۋېلىشتا مەبلىغى كەمچىل بولغا پارچە سېتىش سودىگەرلىرىگە قەرز بېرىلدى. كىچىك شەھەرلەردە ئۇششاق چار بازارچىلارغا مۇۋاپىق ياردەم بېرىلدى. چارۋىچىلىق رايونلىرىغا بارىدىغان ئوتتۇراھال ۋە كىچىك سودىگەرلەرگە كۆپرەك ياردەم بېرىلىپ، ئۇلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ ۋاكالىتەن سېتىۋېلىش ـ سېتىش ئاپپاراتىغا ئايلاندۇرۇلدى. 1954 ـ يىلى خۇسۇسىي سودىگەرلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل 1 مىليارد يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليارد 100 مىليون يۈەنگە يەتتى.

1955 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى خۇسۇسىي سودىغا قەرز پۇل بېرىش جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى: (1) خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى توپ تارقىتىش سودىسىنىڭ «خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىش، كەسپىنى ئۆزگەرتمەسلىك» چارىسى قوللىنىلغاچقا، دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆزگەرتىلگەن كاپىتالىزم خاراكتېرىدىكى توپ تارقىتىش تىجارىتى ياكى ۋاكالىتەن توپ تارقىتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغان سودىگەرلەرگە ئادەتتە قەرز پۇل بېرىش ھاجەتسىز. سېتىۋاتقان تاۋارلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى تېخى ساتمىغان ياكى كۆپ ساتمىغان تاۋارلار بولسا، بۇنداق توپ تارقاتقۇچى سودىگەرلەر قەرز پۇل تەلەپ قىلسا، يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قوشۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن قەرز پۇل بېرىشكە بولىدۇ؛ (2) خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى پارچە سېتىش سودىگەرلىرى نېسىتىگە مال سېتىۋېلىشقا ۋە قەرەللىك پۇل بىلەن مال كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، زۆرۈر بولغان قەرز پۇلنى بېرىشكە بولىدۇ؛ (3) ئۇششاق سودىگەرلەرگە تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپلىرى مەبلەغ جەھەتتىن مەدەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەمكارلىشىش يولىدا مېڭىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم. شۇنداقلا ئۇلارغا زۆرۈر بولغاندا بىۋاسىتە قەرز پۇل بېرىشكىمۇ بولىدۇ؛ (4) سودا كاپىتالىستلىرى مەبلەغ جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتىپ قېلىپ قەرز پۇل تەلەپ قىلسا، مۇۋاپىق ھالدا قەرزپۇل بېرىپ، تىجارىتىنى قوللاپ، ئۇنىڭ شىرىك ئىگىلىك باشقۇرۇش ياكى تىجارەت قىلىش يولىغا مېڭىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. 1955 ـ يىلى خۇسۇسىي سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 810 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 1954 ـ يىلدىكىدىن 700 مىڭ يۈەن ئاشتى. قەرز پۇل قالدۇقى 239 مىڭ يۈەن بولدى. خۇسۇسىي سودىنىڭ ئامانەت پۇل قالدۇقى 1 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولۇپ، قەرز پۇلنىڭ ئالتە ھەسسىسىدىن كۆپرەكىگە تەڭ كەلدى.

1956 ـ يىلى خۇسۇسىي سودىنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. شۇ يىل ئاخىرىدا يەككە ئۇششاق سودىگەرلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى 60 مىڭ يۈەن بولدى. كېيىن قەرز پۇل بارا ـ بارا ئازايدى. 1958 ـ يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» تىن كېيىن يەككە سودىگەرلەرگە قەرز پۇل بېرىش توختىتىلدى.

## 3. يېڭى تارىخىي تەرەققىيات مەزگىلى (1979 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە)

1978 ـ يىل 12 ئايدا چاقىرىلغان پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يەككە سودا قايتىدىن تەرەققىي قىلدى. بانكا ئۇلارنىڭ ھېساباتى ئېچىش ۋە راسچوت بېجىرىشى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى كەڭ قويۇپ بەردى ھەمدە 1980 ـ يىلدىن باشلاپ يەككە سودىغا قەرز پۇل بېرىشنى يولغا قويدى. 10 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، «شەھەر ـ بازارلاردىكى يەككە سودا ـ سانائەتكە قەرز پۇل تارقىتىشنى ئىگىلەش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تاقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار بەلگىلەندى: (1) شەھەر ـ بازارلاردىكى قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە، مەلۇم ئۆز مەبلىغى بار، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تىجارەت كىنىشكىسى بەرگەن تۈرلۈك قول سانائەت كەسىپدىكىلەر، يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمەتتى كەسىپدىكىلەر، چار بازارچىلار، ئۇششاق سودىگەرلەر، ئائىلە دۇكانلىرى قاتارلىق يەككە سودا ـ سانائەتچىلەرگە قەرز پۇل ئارقىلىق مەدەت بېرىلىدۇ؛ (2) يەككە سودىگەرلەرنىڭ ماشىنا سېتىۋېلىشىغا ۋە تۇرالغۇ ئۆي سېلىشىغا قەرز پۇل بېرىلمەيدۇ؛ (3) قەرز پۇلنى دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىدۇ، ھەر بىر ئائىلىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل 1500 يۈەندىن ئېشىپ كەتمەسلىك كېرەك؛ (4) قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بىر يىل، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 4.2 لى بولىدۇ، قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرزپۇلغا 20% ئۆسۈم قوشۇلىدۇ؛ (5) قەرز ئالغانلارنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ھېساباتى ئايرىپ باشقۇرۇلىدۇ؛ ئۆسۈمى ئايرىم ھېسابلىنىدۇ. 1980 ـ يىلى يەككە سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 258 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 238 مىڭ يۈەن بولدى.

1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر يېزىلىرىدىكى يەككە سودا، يېمەك ـ ئىچمەك، مۇلازىمەت تور ـ نۇقتىلىرى 17 مىڭ 824 كە يەتتى، بانكىلار «پائال قوللاش، ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش، قەرز پۇلنى مۇۋاپىق بېرىش، چىڭ باشقۇرۇش، جانلىق بولۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، شەھەر ـ بازارلاردىكى يەككە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى قوللىدى. زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتتى. زىيالىي ياشلار يەككە كارخانىلىرى تىجارەت باشلىغان ئىككى يىل ئىچىدە قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 3.6 لى بويىچە ھېسابلاندى. يەككە ئائىلىلەرنىڭ قەرز پۇل نورمىسى ئېشىپ كەتسە، ناھىيە (شەھەر) لىك تارماق بانكىنىڭ باشلىقى تەستىقلاش يولغا قويۇلدى. زىيان تارتقان تىجارەتچىلەرگە قەرز پۇل بېرىلمىدى. شۇ يىلى خەلق بانكىسىدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك بانكىسى يەككە سودىغا قەرز پۇل بېرىشنى باشلىدى. يېزا ـ بازارلىرىدىكى يەككە سودىغا مەدەت بېرىلىپ، بازار سودىسىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1982 ـ يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونىمىزدا يەككە سودا كۆنسايىن جانلىنىشقا، تىجارەت دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى. بانكا قەرز پۇلنىڭ دائىرىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا كېڭەيدى، تارقىتىلغان قەرز پۇل 2 مىليون 274 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدىكى كىنىشكا ئالغان سودىگەرلەر 60 مىڭدىن ئېشىپ، 1982 ـ يىلدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن كۆپەيدى. تىجارەت سوممىسى داۋاملىق كۆپەيدى. بانكىلار «بەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ يۆلەش» پرىنسىپىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، 1353 يەككە سودىگەرگە 9 مىليون 888 مىڭ يۈەن قەرز بەردى. بۇ 1982 ـ يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئارتۇق، يەككە سودىگەرلەرنىڭ تاۋارلارنى پارچە سېتىش سوممىسى 214 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئىجتىمائىي پارچە سېتىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 4.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1984 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى مەركەزنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىك، يەككە ئىگىلىك تەڭ ھەرىكەتكە كېلىشتە چىڭ تۇرۇش فاڭجېنىغا ئاساسەن، قەرز پۇل سىياسىتىنى تېخىمۇ كەڭ قويۇپ بەردى. ئومۇمەن دۆلەتنىڭ قانۇن پەرمانلىرىغا رىئايە قىلىدىغان، ئىگىلىكنى، ئوبوروتنى جانلاندۇرۇشقا پايدا يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، خەلق تۇرمۇشىغا قولايلىق يارىتقان ۋە ئۇنى يېيىتقان يەككە سودىگەرلەر ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلغان باشقا سودىگەرلەر، مەيلى ئۇ ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلسۇن ياكى بىرلىشىپ تىجارەت قىلسۇن، ھەمكارلىشىپ تىجارەت قىلسۇن، بىرلىكتە سېتىۋېلىپ ئايرىم ساتسۇن ياكى ئۆزۈن ـ قىسقا يوللۇق يول سودىگىرى، شەھەرگە كىرىپ دۇكان ئاچقان دېھقانلار بولسۇن، ئومۇمەن مەبلەغ جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتىپ قالغان بولسا، قايتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە ئىشەنچلىك ئىقتىسادىي كاپالىتى بولسىلا قەرز پۇل جەھەتتىن مەدەت بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خوسۇسىيلارغا قەرز پۇل بېرىش چەكلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۆز مەبلىغىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىگە ئاساسلىنىپ مۇۋاپىق قەرز پۇل بېرىلدى. يەككە قەرز پۇل ئالغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ئوسكونە خاراكتېرلىك قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى بىر يېرىم يىل قىلىندى. ئىگىلىك باشقۇرۇشنى مۇددىگە ئالغان شەخسلەرگىمۇ يەككە ئىگىلىك قاتارىدا قەرز پۇل بېرىلدى. 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يەككە سودىغا بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى 19 مىليون 531 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1983 ـ يىلدىكىدىن بەش ھەسسە ئېشىپ كەتتى، يەككە سودىدىكى تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 375 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 7.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 ـ يىلنىڭ باشلىرىدا يەككە سودا قەرز پۇلىنى باشقۇرۇش بوشىشىپ كېتىپ، قەرز پۇل شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، 1984 ـ يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن يەتتە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. 4 ـ ئايدىن كېيىن، باش بانكىنىڭ كرېدىت كۆلىمىنى تىزگىنلەش، قەرز پۇل باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، قاتتىق تىزگىنلەش تەدبىرلىرى قوللىنىلىپ، قەرز پۇل سوممىسى ئايمۇ ـ ئاي تۆۋەنلىتىلدى.

1985 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە سودا ـ سانائەت بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى تارقاتقان يەككە سودا قەرز پۇلى 48 مىليون 580 مىڭ يۈەن، يىغىۋالغان قەرز پۇل 50 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1984 ـ يىلدىكىدىن %9 ئازايدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا ـ سانائەت بانكىسى پائال قوللاش، توغرا يېتەكلەش روھىغا ئاساسەن يەككە سودىغا قەرز پۇل بېرىشتە تۆۋەندىكىدەك بەش جەھەتكە ئالدىن ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇردى: (1) ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كالا ـ قوي گۆشى تىجارىتى، مىللىيچە ئۇششاق يېمەك ـ ئىچمەك تىجارىتى قىلغۇچىلارغا ئالدىن ئېتىبار بېرىش؛ (2) يەككە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان زىيالىي ياشلارغا ئالدىن ئېتىبار بېرىش؛ (3) قىس تۈرلەر تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئالدىن ئېتىبار بېرىش؛ (4) چەت ـ يىراق جايلاردا تۇرۇپ تىجارەت قىلغۇچىلارغا ئالدىن ئېتىبار بېرىش؛ (5) رېمونتچىلىق، مۇلازىمەتچىلىك كەسپىگە ئالدىن ئېتىبار بېرىش.

### يەككە سودىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى

جەدۋەل: 5 ـ 14 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | تارقىتىلغان سان | قەرز پۇل قالدۇقى |
|---|---|---|
| 1980 | 26 | 24 |
| 1981 | 91 | 49 |
| 1982 | 227 | 81 |
| 1983 | 989 | 323 |
| 1984 | 3243 | 1953 |
| 1985 | 4858 | 1779 |

## §7 . سودا قەرز پۇلى قالدۇقىنىڭ ئېشىش ـ كېمىيىش ئۆزگىرىشى

1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىسادنىڭ بازارلارنى ئىگىلىشىگە پايدىلىق بولۇش ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى بانكىلار ئاساسلىقى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ ئىچكىرىدىن كەڭ كۆلەمدە مال مەنبەسى تەشكىللىشىنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كارخانىلارغىمۇ ئاكتىپ يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئۇلارغا زۆرۈر بولغان قەرز پۇللار بېرىلگەندىن سىرت ئىچكىرى بىلەن بولغان پېرېۋوت لىنىيىسى ئېچىلىپ، پېرېۋوت قوشۇمچە ياردىمى يولغا قويۇلدى. شەخسلەرگە رەڭلىك پېرېۋوت بېجىرىپ بېرىلىپ، خۇسۇسىي سودىگەرلەرنىڭ ئىچكىرىدىن مال كىرگۈزۈپ، بازارلاردىكى تەمىنلەشنى كۆپەيتىشىگە ئىلھام بېرىلدى. 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا بانكىنىڭ تۈرلۈك سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 137 مىليارد 300 مىليون يۈەنگە يېتىپ، (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)، 1950 ـ يىلدىكىدىن 24 ھەسسە يەنى 131 مىليارد 800 مىليون يۈەن ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە سوتسىيالىستىك سودا (دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، ئاشلىق، تەمىنات ـ سودىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) غا بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى 123 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ 39 ھەسسە، خۇسۇسىي ۋە يەككە سودىغا بېرىلگەن قەرزپۇل قالدۇقى 13 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ 4.6 ھەسسە ئاشتى.

1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە بولغان 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كەسپىي شىركەتلەر ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇپ، بانكا بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك كرېدىت مۇناسىۋىتى ئورناتتى. نەتىجىدە قەرز پۇل شىددەت بىلەن ئاشتى. «پايدىلىنىش، چەكلەش، ئۆزگەرتىش» سىياسىتىگە ئاساسەن، خۇسۇسىي سودىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل قاتتىق كونترول قىلىندى. ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان رەڭلىك پېرېۋوت كەسپى توختىتىلىپ، ئۇلارنىڭ شېرىكچىلىك ئىگىلىك ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى سودا يولىغا مېڭىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىندى. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تۈرلۈك سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 536 مىليون 250 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە يېتىپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 18.1 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 533 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئومۇمىي سوممىنىڭ 99.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 42 ھەسسە ئاشتى. شېرىكلەشكەن سودىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 2 مىليون 980 مىڭ يۈەن، كوللېكتىپ سودىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 160 مىڭ يۈەنگە، يەككە سودىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 20 مىڭ يۈەن بولدى.

1958 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە سودا ئاپپاراتلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك سودا بازارلىرى تاقىۋېتىلىپ، بىرلا خىل بولغان ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك شەكلى يولغا قويۇلدى. بانكىلار كوللېكتىپ ۋە يەككە سودىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى قىستى ياكى توختاتتى. لېكىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىنى پەقەت قوللاشلا تەكىتلىنىپ، نازارەت قىلىشتا سەل قارالدى. بىر قىسىم ئۈنۈملۈك كرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈملىرى زەربىگە ئۇچراپ كرېدىت مەبلىغى بىلەن بولۇشچە تەمىنلەندى، شۇڭا 1958 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا قەرز پۇل 310 مىليون يۈەن ئاشتى. 1961 ـ يىلدىن كېيىن مەركەزنىڭ «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ۋە «بانكا خىزمىتىدىكى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەققىي كۈچەيتىش، پۇل تارقىتىلىشنى قاتتىق تىزگىنلەش

توغرىسىدىكى قارار»ى (بانكا خىزمىتىدىكى ئالتە ماددىلىق قارار) ئىجرا قىلىنىپ، كرېدىتقا بولغان نازارەتچىلىك كۈچەيتىلدى. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تۈرلۈك سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 715 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1960 - يىلدىكىدىن %15.5 يەنى 131 مىليون 20 مىڭ يۈەن ئازايدى. 1957 - يىلدىكىدىن %33.4 يەنى 179 مىليون 90 مىڭ يۈەن كۆپەيدى.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى قايتىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. يەككە سودا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بانكىنىڭ كرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈمى «باشقۇرۇش، توسۇش، بېسىش» دەپ قارالدى. تۇراقسىز مەبلەغنى ۋە بانكا قەرز پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش بارغانسېرى ئېغىرلاشتى. ئىگىلەنگەن مەبلەغ كۆرۈنەرلىك ھالدا كۆپەيدى. 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تۈرلۈك سودا قەرز پۇللىرىنىڭ قالدۇقى 983 مىليون 350 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1965 - يىلدىكىدىن %37.5 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە قىسىۋېلىپ ئىگىلەنگەن، يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 52 مىليون 610 مىڭ يۈەن.

1976 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلدى. سودىدا «ئۈچ كۆپ بولۇش، بىر ئاز بولۇش» (ئىگىلىك شەكلى كۆپ خىل بولۇش، ئوبوروت يوللىرى كۆپ خىل بولۇش، ئىگىلىك تەركىبى كۆپخىل بولۇش، ھالقا ئاز بولۇش) تىن ئىبارەت ئوبوروت تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. بانكىلار كرېدىت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، سودا كرېدىتى خىزمىتىدە تارىخىي خاراكتېرلىك يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ يۆلەش» ۋە «سېتىلىشىغا قاراپ قەرز بېرىش» پرىنسىپى تۈزۈلۈپ، مۇھىم نۇقتىغا كاپالەتلىك قىلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ تەمىنلەش، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، يېتەرسىزلىكنى تولۇقلاش، ياخشىلىرىغا مەدەت بېرىپ، ناچارلىرىنى چەكلەش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. بولۇپمۇ يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى بۇيۇملىرى، مىللىيلار ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بۇيۇملار، ئېنېرگىيە، قاتناش قاتارلىق ساھەلەردىكى مال كىرگۈزۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغكە ئالدىن قەرزبېرىش ئارقىلىق مەدەت بېرىلدى. 1980 - يىلى سودا تارماقلىرى قۇرغان سانائەتكە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى بېرىش يولغا قويۇلۇپ، قەرز پۇل مۇقىم مۈلۈك ساھەسىگە كىرگۈزۈلدى. ساياھەتچىلىك، مەدەنىيەت، پەن - تەتقىقات، مۇلازىمەت ئورۇنلىرىغىمۇ قەرز پۇل ئارقىلىق مەدەت بېرىلدى. يەنە قەرز پۇل ئارقىلىق يەككە سودا، زىيالىي ياشلار كوللېكتىپ سودىسىنىڭ ئىش باشلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا مەدەت بېرىلدى،. قەرز پۇل بېرىشنىڭ يېڭى ساھەلىرى ئېچىلىپ، قەرز پۇل دائىرىسى كېڭەيتىلگەنلىكتىن، قەرزپۇل سوممىسى زور ھەجىمدە ئاشتى. سودا كرېدىتىدە جانلىق، جۇشقۇن يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە تۈرلۈك سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 3 مىليارد 265 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن 2.3 ھەسسە ئاشتى. ئۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا (ئاشلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 3 مىليارد 213 مىليون 360 مىڭ يۈەن بولۇپ %98.4 نى، كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 34 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولۇپ، %1.1 نى، يەككە سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 17 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولۇپ، %0.5 نى ئىگىلىدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 6 مىليارد 220 مىليون 10 مىڭ يۈەن ئورۇندىلىپ، 1976 - يىلدىكىدىن 2.1 ھەسسە ئاشتى.

## دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، ئاشلىق، تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى قەرز پۇللىرىنىڭ قالدۇقى

جەدۋەل: 5 ـ 15 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىلى | سودا قەرز پۇلى | ئاشلىق قەرز پۇلى | تەمىنات-سودا كوپېراتىپى قەرز پۇلى | يىلى | سودا قەرز پۇل | ئاشلىق قەرز پۇلى | تەمىنات-سودا كوپېراتىپى قەرز پۇلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 29 | | 2 | 1968 | 33035 | 16781 | 28344 |
| 1951 | 763 | | 43 | 1969 | 36136 | 13131 | 25195 |
| 1952 | 1049 | | 190 | 1970 | 46442 | 21306 | 22336 |
| 1953 | 1639 | 1 | 406 | 1971 | 66774 | 22416 | |
| 1954 | 5903 | 9270 | 2050 | 1972 | 63939 | 18585 | |
| 1955 | 14887 | 8949 | 3671 | 1973 | 72622 | 19436 | |
| 1956 | 16706 | 6561 | 4944 | 1974 | 70341 | 15476 | |
| 1957 | 31452 | 7440 | 14417 | 1975 | 65737 | 15749 | 12949 |
| 1958 | 40486 | 9653 | 4264 | 1976 | 61132 | 19675 | 17525 |
| 1959 | 58250 | 13542 | 5908 | 1977 | 66629 | 17505 | 18854 |
| 1960 | 74146 | 10490 | | 1978 | 76425 | 15837 | 20530 |
| 1961 | 78668 | 9592 | 1344 | 1979 | 64175 | 29441 | 20274 |
| 1962 | 41022 | 7583 | 20982 | 1980 | 81460 | 40317 | 28092 |
| 1963 | 27841 | 9220 | 16115 | 1981 | 87824 | 45428 | 42225 |
| 1964 | 25354 | 15340 | 15592 | 1982 | 94135 | 46677 | 43433 |
| 1965 | 30836 | 18862 | 21819 | 1983 | 102727 | 53407 | 47100 |
| 1966 | 35425 | 22897 | 23692 | 1984 | 107323 | 64516 | 72587 |
| 1967 | 30207 | 23128 | 22087 | 1985 | 127783 | 86477 | 107076 |

ئىزاھات: 1) ماتېرىيال: جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسىنىڭ «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ماتېرىياللىرى» ۋە «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكا ماتېرىيالى» دىن ئېلىندى.

2) سودا قەرز پۇلى مەركەز سودىسى قەرز پۇلى، يەرلىك سودا قەرز پۇلى، تىببىي دورا سودىسى قەرز پۇلى ۋە باشقا سودا قەرز پۇللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3) ئاپپاراتلارنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبىدىن 1958 ـ يىلدىن 1961 ـ يىلغىچە، 1971. يىلدىن 1974. يىلغىچە بولغان سودا قەرز پۇللىرى تەمىنات ـ سودا قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
4) 1980 ـ يىلدىن باشلاپ سودا قەرز پۇلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى شىركىتىنىڭ قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
5) 1955 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى قەرز پۇل قالدۇقلىرى هازىرقى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى.

## كوللېكتىپ، يەككە سودا قەرز پۇللىرىنىڭ قالدۇقى

جەدۋەل: 5 ـ 16 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىلى | كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلى | يەككە سودا قەرز پۇلى | يىلى | كوللېكتىپ سودا قەرز پۇلى | يەككە سودا قەرز پۇلى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | | 24 | 1970 | 8 | |
| 1951 | | 53 | 1971 | 7 | |
| 1952 | | 134 | 1972 | 5 | |
| 1953 | | 16 | 1973 | 2 | |
| 1954 | | 11 | 1974 | 2 | |
| 1955 | 1 | 24 | 1975 | 9 | |
| 1956 | 31 | 6 | 1976 | 3 | |
| 1957 | 16 | 2 | 1977 | 3 | |
| 1961 | 11 | | 1978 | 7 | |
| 1962 | 2 | | 1979 | 41 | |
| 1963 | 31 | | 1980 | 370 | 24 |
| 1964 | 23 | | 1981 | 899 | 49 |
| 1965 | 17 | | 1982 | 1129 | 81 |
| 1966 | 11 | | 1983 | 1863 | 323 |
| 1967 | 8 | | 1984 | 3088 | 1953 |
| 1968 | 8 | | 1985 | 3434 | 1779 |
| 1969 | 8 | | | | |

ئىزاھات: 1. ماتېرىيال: بانكا بوغالتىرلىق نەقچوت مەلۇمات جەدۋىلى بويىچە ستاتىستىكا قىلىندى.
2. 1955 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى كوللېكتىپ، يەككە سودا قەرز پۇلى هازىرقى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى.

## ئالتىنچى قىسىم

# پىزا كرېدىتى

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | | [illegible] | | [illegible] | 1961 |
| | | [illegible] | | [illegible] | 1962 |
| [illegible] | [illegible] | [illegible] | | [illegible] | 1963 |
| [illegible] | [illegible] | [illegible] | [illegible] | 25 | 1964 |
| [illegible] | [illegible] | [illegible] | | [illegible] | 1965 |
| [illegible] | [illegible] | [illegible] | | 18 | 1966 |
| [illegible] | [illegible] | [illegible] | | [illegible] | 1967 |
| [illegible] | [illegible] | [illegible] | | [illegible] | 1968 |
| | | | | [illegible] | 1969 |

[illegible]

## ئالتىنچى قىسىم

# يېزا كرېدىتى

## I باب

# تەرەققىيات جەريانى

شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ يېزىلارغا قەرز پۇل تارقىتىشى گۇاڭشۈ 34- يىلى (1908- يىلى) باشلانغان . شۇ يىلى ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقلىرى قەرز پۇل تارقىتىش نىزامنامىسىغا ئاساسەن، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىغا قاراپ، چاتما كېپىل بولۇش شەرتى ئاستىدا بىر تۇتاش ياردەم بەرگەنىدى. بۇنىڭ ئۆسۈمى ئۈچ پۇڭدىن ئاشمايتتى.

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا (شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى) ، جۇڭگو دېھقانلار بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە سۇ ئىنشائاتى ئىشلىرىغا رەنلىك، كېپىللىك ۋە ئىناۋەتلىك قەرز پۇل تارقاتقان، بۇنىڭ سوممىسى كۆپ ئەمەس ئىدى.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلەت بانكىسى ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى يېزا (چارۋىچىلىق رايونى) دىكى قەرز پۇل كەسپىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا كارخانىلىرى ۋە دېھقانلارغا تۈرلۈك قەرز پۇل تارقاتتى. قەرز پۇل بېرىش دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيدى. قەرز پۇل سوممىسى زور ھەجىمدە ئېشىپ، دېھقانلارنىڭ كوپېراتسىيىلىشىش يولىغا مېڭىشىنى ئىلگىرى سۈردى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىپ، يېزا ئىقتىسادىنى جانلاندۇردى.

50 - يىللارنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئاساسلىقى يەككە دېھقانلار، كەمبەغەل دېھقانلار، يالانما دېھقانلارنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇق، ئوغۇت سېتىۋېلىشى ئۈچۈن بېرىلەتتى. كېيىن يەنە نەسىللىك چارۋا، يەم - خەشەك، كىچىك سۇ ئىنشائاتلىرى، چېكەتكە يوقىتىش، ئوزۇقلۇق ئاشلىق، يازلىق يىغىم قاتارلىق ئىشلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل تۈرلىرى كۆپەيتىلدى. ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىغا ئالدىن مەدەت بېرىلدى. يومبىچىك، باي دېھقانلارغا قەرز پۇل بېرىلمىدى. 1955 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئېلان قىلغان «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا قارار»غا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى يەككە دېھقانلارغا بېرىشتىن، كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىغا بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى بىر دەك ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى بېرىدىغان بولدى. 1958 - يىلى مەملىكەت مىقياسىدا خەلق

گۇڭشېلىشىش ھەرىكىتى باشلانغاندىن كېيىن قەرز پۇل يېزىلاردىكى گۇڭشې، ئەترەتلەرگە بېرىلىدىغان بولدى. قەرز پۇل گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەرز پۇل ۋە گۇڭشې ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەرز پۇل دەپ ئايرىلدى. 1962 - يىلى يېزىلاردا ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرىنى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىشتىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بىردەك ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى بولغان ئورۇنلارغىلا بېرىلدى. 1979 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، قەرز پۇل ئاساسلىقى ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان بولدى.

يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن 1955 - يىلى كەمبەغەل دېھقانلارغا ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى بېرىش يولغا قويۇلۇپ، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ كوپېراتىپقا كىرىشكە تاپشۇرىدىغان پاي فوندىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىلدى. 1956 - يىلى نامرات چارۋىچىلارغا ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى بېرىلدى. يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ئاساسەن تاماملانغاندىن كېيىن، 1958 - يىلى بۇ ئىككى خىل قەرز پۇل توختىتىلدى. 1961 - يىلى نامرات دېھقان، چارۋىچىلارغا ھەمكارلىق فوندى ھېسابىدا بېرىلگەن قەرز پۇل كەچۈرۈم قىلىندى، ھەمدە ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىندى. يىغىۋېلىنغانلىرى قايتۇرۇپ بېرىلمىدى. تاكى 1962 - يىل 10 - ئايدا ئېنىقلاش ئاياقلاشقانغا قەدەر جەمئىي 230 مىڭ 998 ئائىلىگە بېرىلگەن 7 مىليون 400 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كەچۈرۈم قىلىندى. دېھقانلارغا قەرز پۇل تارقىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1953 - يىلى چارۋىچىلىق رايونلىرىدا قوي ئۈچۈن قەرز پۇل تارقىتىش باشلىنىپ، نامرات چارۋىچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىش، ئائىلە ئىگىلىكىنى تىكلەش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىلدى. 1955- يىلدىن باشلاپ قوينىڭ باھاسى تۆۋەنلەشكە باشلىدى، بانكا 1957 - يىلى ئۆسۈمنى توختىتىش دىرىنى قايتۇرۇشنى ئۇزارتىش چارىسىنى قوللاندى (1957 - يىل 1 - ئىيولدىن باشلاپ بېرىلگەن قەرز پۇلغا ئۆسۈم ھېسابلاش توختىتىلدى). 1961 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى بۇ قەرز پۇللارنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەستىقلىدى. تاكى 1962 - يىلغىچە جەمئىي 5366 ئائىلىنىڭ زىممىسىدىكى 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئېنىقلىنىپ كەچۈرۈم قىلىندى. بانكا 1956 - يىلدىن باشلاپ يېڭىدىن قۇرۇلغان ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى فىرمىلارغا ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى تارقىتىشنى باشلىدى.

كونا قەرز پۇللار ئېنىقلىنىپ كەچۈرۈم قىلىندى. نامرات دېھقانلارنىڭ زىممىسىدىكى ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى، قوي ھېسابىغا بېرىلگەن قەرز پۇللار ئېنىقلاپ كەچۈرۈم قىلىنغاندىن سىرت، 1962- يىلدىن 1964- يىلغىچە گوۋۇيۈەننىڭ قارارى ۋە خەلق، يېزا ئىگىلىك باش بانكىلىرىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، نەچچە يىللاردىن بۇيان قالغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ۋە يېزىلاردىكى تۆت خىل مەبلەغ (گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ زىممىسىدىكى دۆلەتنىڭ نىسى پۇللىرى، زاكالەت سومما، ئاۋانس پۇل، 1961- يىلدىن ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇللىرى) ئېنىقلاندى. 1970 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېنىقلاپ يۇقىرىغا ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە يوللانغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 15 مىليون 610 مىڭ يۈەن، 1971 - يىل 12- ئايدا تەستىقلىنىپ ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 14 مىليون 496 مىڭ يۈەن. 1972 - يىل 6 - ئايدا يەنە 115 مىڭ يۈەن ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. جەمئىي ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 14 مىليون 611 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە بانكىنىڭ پۇلىدىن ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 13 مىليون 73 مىڭ يۈەن، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ پۇلىدىن ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 1 مىليون 538 مىڭ يۈەن. 1982 - يىلى، 1978- يىلدىن بۇرۇن قىلىپ قالغان گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ زىممىسىدىكى قەرز پۇللار، گۇڭشې ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ زىممىسىدىكى قەرز پۇللار ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ زىممىسىدىكى شەخسىي قەرز پۇللار ئېنىقلاندى. ئۈچ يىللىق ئېنىقلاش ئارقىلىق 1985 - يىلغا كەلگەندە يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى 2 مىليون 927 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىشنى تەستىقلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بانكىنىڭ پۇلىدىن ھېساباتىن

كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 2 مىليون 852 مىڭ يۈەن، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ پۇلىدىن ھېسابىتىن كۆتۈرۈۋېتىلگىنى 75 مىڭ يۈەن بولدى.

گۇڭشې، دۈيلەرنىڭ بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتى 1965 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك تارمىقىدىن يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1976 ـ يىلغىچە بانكا 81 ناھىيىنىڭ بۇ خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. پەقەت چاقىلىق، يۇپۇغا ناھىيىلىرىنىڭكىنى يېزا ئىگىلىك تارمىقى باشقۇردى. 1978 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى «يېزا خەلق گۇڭشېسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ بوغالتىرىيە ھېساب تۈرى» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ جەمئىي ئۈچ خىل، 36 ھېساب تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1982 ـ يىلى مەركەزدىكى ئالاقىدار تارماقنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى يەنە يېزا ئىگىلىك تارمىقى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1984 ـ يىلغا كەلگەندە ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئاخىرلاشتى.

يېزا ئىگىلىكىگە بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇللارنى چىقىم قىلىشقا نازارەت قىلىندى. 1963 ـ يىلدىن باشلاپ مالىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىشكە بۆيرۈپ بەرگەن پۇللىرىنى بانكا نازارەت قىلىپ چىقىم قىلدى. نازارەت قىلىپ چىقىم قىلىش دائىرىسى گۇڭشېلارغا مەبلەغ سېلىش، يېزىلارنىڭ ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش خىراجىتى، يېزىلاردىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىغا بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇل ھەمدە يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. گۇڭشېلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغ گۇڭشې، دۈيلەر ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ بىلەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇۋاپىق ئىشلىتىلدى. ھەمدە ماددىي ئەشيا بولۇش، ماددىي ئەشيا ئىشلىتىشكە باب كېلىش، ئاما قارشى ئالىدىغان بولۇش پرىنسىپى ئىجرا قىلىندى. 1979 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى، خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «يېزا ئىگىلىكىگە بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇللارنى چىقىم قىلىشقا نازارەت قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، 1980 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلدى. يېزىلارنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، مالىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىدىغان مەبلىغى يىلدىن يىلغا ئازايدى. 1985 ـ يىلى 132 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ، 1984 ـ يىلدىكىدىن %61 ئازايدى.

ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1982 ـ يىلى ئەتىيازدا سوغۇق ھاۋا ئېقىمىنىڭ ئىككى قېتىملىق زەربىسى بىلەن ئۈششۈك، بوران، مۆلدۈر، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن قاتارلىق ئاپەتلەر يۈز بېرىپ، شىنجاڭ بويىچە 3 مىليون 650 مو يەردىكى زىرائەت ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۈەن 17 مىليون 400 مىڭ يۈەن بۆيرۈپ بەردى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى 30 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قەرز پۇلى تارقىتىپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا مەدەت بەردى. 1984 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭدىكى بەش ۋىلايەت، ئوبلاست بوران ئاپىتىگە ئۇچرىدى. يەتتە ناھىيىدە 11 بال بوران چىقتى. 5 ـ ئايدا يەنە قارا يامغۇر ئاپىتىگە ئۇچرىدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشقا دەل ۋاقتىدا 10 مىليون 130 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى.

ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇل ۋە ئۆسۈمسىز مەخسۇس قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1960 ـ يىل 3 ـ ئايدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «بانكا خىزمىتىدە مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش، پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدا قارار» (بانكا خىزمىتىدىكى ئالتە ماددا) ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بانكا كەسپىدە تىك لىنىيە بويىچە بىۋاسىتە رەھبەرلىك يولغا قويۇلۇپ، بانكىنىڭ كرېدىت مەبلىغى بىلەن مالىيە مەبلىغىنىڭ چەك چېگرىسى قاتتىق ئايرىلدى. بىر يىل ئىچىدىكى يېزا ئىگىلىكى ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغكە بانكا قەرز پۇل بەردى. بىر يىلدىن ئارتۇقلىرىغا مالىيە پۇل بۆيرۈپ بېرىپ، بانكىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى قىلىپ تارقىتىشىغا ھاۋالە قىلدى. شۇ بىر يىلدا شىنجاڭغا بۆيرۈپ بېرىلگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 8 مىليون 300 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، 5 مىليون 650 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. 1964 ـ

يىلى مەملىكەت مىقياسىدا مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى كىرىدىت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇل تارقىتىشنى توختاتتى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل، ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ ئۆزۈقلۈق ئاشلىق قەرز پۇلى قاتارلىقلارغا ئايرىلدى. تۆرلۈك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى ئۆز ئارا يۇرۇشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە يول قويۇلمىدى. 1978 - يىلى باش بانكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن يېزا خەلق گوڭشېلىرىغا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئۆسۈمسىز مەخسۇس قەرز پۇلى تارقىتىلدى. قەرز پۇل يېزا خەلق گوڭشېسى تەۋەسىدىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىشتا مەبلەغ قىيىنچىلىقى بولغان ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ئورۇنلارغا ۋە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇنلارغا بېرىلدى. قەرز پۇل دۆلەت پىلانى بويىچە تەمىنلەيدىغان ئېرىقچىلىق ماشىنىلىرىنى، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ماشىنىلىرىنى، سۇ چىقىرىش، سۇغىرىش ماشىنىلىرى، زىرائەتلەرنى قوغداش ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىكدە ئىشلىتىدىغان ترانسپورت ماشىنىلىرى، ئورۇش ماشىنىلىرى، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ماشىنىلىرى ۋە بىرىم ماشىنىلاشقان دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلارغا سېتىۋېلىشتا ئىشلىتىلدى. قەرز پۇلنىڭ قەرەلى بىر يىلدىن 15 يىلغىچە بولدى. 1978 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىشقا جەمئىي مەخسۇس تۈر بويىچە 45 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەخسۇس قەرز پۇل تارقىتىلدى. يەنە بۇ خىل قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بىلەن خوتەن، قەشقەر، قىزىلسۇ قاتارلىق جايلارنىڭ قول ھارۋىسى سېتىۋېلىش ئېھتىياجىغا ياردەم بېرىلدى.

قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، قۇدۇق قېزىش ۋە كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا قەرز پۇل بېرىلدى. 1974 - يىلى شىنجاڭدا پەۋقۇلئاددە قۇرغاقچىلىق بولدى. بانكا گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، قۇدۇق قېزىشىغا مەدەت بەردى. 1979 - يىلغىچە بۇ ئىشقا جەمئىي 16 مىليون 110 مىڭ يۈەن مەخسۇس تۈر بويىچە قەرز پۇل بېرىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى 1977 - يىلدىن باشلاپ كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا قەرز پۇل بەردى. بۇ پۇل ئاساسلىقى گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا قەرز پۇل بەردى. بۇ پۇل ئاساسلىقى گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ سۇ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ئىشلىتىلدى. 1979 - يىلى خەلق، يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى بىرلىكتە «ناھىيە باشقۇرغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۈسكۈنىلىرىگە قەرز پۇل بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ گوڭشې، ئەترەتلەر قۇرغان ۋە ناھىيە قۇرغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ئۈسكۈنىلىرىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇلنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىردى. 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزىلارنىڭ كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە سۇ چىقىرىش، سۇغىرىش ئۈسكۈنىلىرىگە جەمئىي 9 مىليون 910 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

يېزىلاردىكى گوڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى — گوڭشې، ئەترەتلەر قۇرغان سانائەت (يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، سودا، مۇلازىمەت، قاتناش - ترانسپورت، بىناكارلىق كارخانىلىرىغا تارقىتىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت قەرز پۇلىنى كۆرسىتىدۇ. 1975 - يىلى يەنە ئۈسكۈنە قەرز پۇلى قوشۇلدى. شۇ يىلى گوڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن 2 مىليون 370 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. 1979 - يىلى 11 - ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «يېزىلاردىكى گوڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىغا قەرز پۇل بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى قايتىدىن ئېلان قىلىپ، قەرز پۇلنى ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت قەرز پۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىدى ھەمدە «پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، سەرخىللىرىنى تاللاپ مەدەت بېرىش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قەرز پۇل گوڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى، ھۈددىگەر ئائىلىلەر ۋە كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىشكە قارىتىلدى. 1984 - يىلى بانكا يېزا ئىگىلىكىگە تارقاتقان قەرز پۇل 225 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە گوڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىغا

بېرىلگەن قەرز پۇل (يېزا - بازار كارخانىلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل دەپ ئۆزگەرتىلدى) 109 مىليون 150 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 47 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھۆددىگەر ئائىلىلەر ۋە كەسپىي ئائىلىلەرگە ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى ۋە بانكا تارقاتقان قەرز پۇل 96 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 42.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى،. شۇ يىلى تەڭشەشكە بىرلەشتۈرۈپ، تاقالغان، ئىشتىن توختىغان يېزا - بازار كارخانىلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل ئېنىقلاندى. تاقالغان، ئىشتىن توختىغان كارخانا جەمئىي 547، ئۇلارنىڭ قەرزى 9 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 52 مىليون 160 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقىنىڭ 17.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئېنىقلانغاندىن كېيىنكى يىغىۋېلىش قىيىن بولغان قەرز پۇل 1 مىليون 860 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي قەرز پۇلنىڭ 3.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1985 - يىلى ئۈسۈمىنى مالىيە تولۇقلاپ بېرىدىغان 23 مىليون 560 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئارقىلىق يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ 98 تايانچ تۈرىگە مەدەت بېرىلدى. 1985 - يىلى ھۆددىگەر ئائىلىلەر ۋە كەسپىي ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل تېخىمۇ كۆپەيتىلىپ، مۇشۇ بىر يىلدا بانكا جەمئىي 133 مىليون 170 مىڭ يۈەن، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى 327 مىليون 110 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. بۇ ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1552 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1980 - يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىكىگە ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، ئىلگىرىكىدەك مەبلەغنى ئايرىپ باشقۇرىدىغان چەك - چېگرا بۇزۇپ تاشلاندى. 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە جەمئىي 232 مىليون 530 مىڭ يۈەن ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

نامرات ئەترەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1980 يىلى ئاپتونوم رايون نامرات ئەترەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاجرىتىپ بەرگەن 8 مىليون يۈەن پۇل ۋە 5 مىليون يۈەن قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن باشقا، بانكا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئۈچۈن 9 مىليون 550 مىڭ يۈەن بۆلۈپ بەردى. 1984 - يىلى نامرات ئەترەتلەرگە مالىيە 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغاندىن باشقا، بانكا مەخسۇس تۈر بويىچە نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن 13 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، 87 مىڭ 95 نامرات ئائىلىگە يار يۆلەك بولدى. نەتىجىدە شۇ يىلى 28 مىڭ 713 ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، بۇ، قەرز پۇل بېرىلگەن ئائىلىلەرنىڭ 33 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئېچىش خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل بېرىلدى. 1983 - يىلى توقسۇن ناھىيىلىك تارماق بانكا مەخسۇس تۈر كۆرسەتكۈچىدىن 100 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، ئېچىش خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. 1984 - يىلدىن كېيىن سىناق نۇقتىلار مۇھىم نۇقتىغا ئۆزگەرتىلىپ قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە 5 مىليون 270 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ، ئاساسلىقى، يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك ئورۇنلىرى ۋە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە ئالغان كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ قاقاس تاغ، بوز يەر، يايلاق، دەريا ساھىلى، قاتارلىق تەبىئىي بايلىقنى ئېچىپ، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت بەردى.

ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كەسپلىرىگە بېرىلگەن قەرز پۇل شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا بېرىلگەن قەرز پۇل ئىچىدە بەلگىلىك سالماقنى ئىگىلىدى. 1950 - يىلى بانكا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىشنى باشلىغانىدى. شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 1954 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بانكا 1958 - يىلدىن باشلاپ بىڭتۈەننىڭ تۈەن - مەيدانلىرىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا قەرز پۇل تارقاتتى. 1983 - يىلى بانكا كۆچمە مەبلەغنى بىر تۇتاش باشقۇرغاندىن كېيىن، بىڭتۈەن ۋە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئۆزىنىڭ كۆچمە مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا ئاساسلىقى بانكىنىڭ قەرز

پۇلىغا تاياندى.

1979 ـ يىلدىن باشلاپ، بانكا يەنە زىيالىي ياشلار چۈشكەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە زىيالىي ياشلار ئەترەتلىرىگە قەرز پۇل تارقاتتى. 1984 ـ يىلدىن باشلاپ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرغان ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قەرز پۇل تارقاتتى.

1985 ـ يىلى، بانكىنىڭ يېزىلاردىكى كوللېكتىپ (يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كە ۋە دېھقان ئائىلىلىرىگە بەرگەن قەرز پۇل قالدۇقى 245 مىليون 440 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن %162 ، 1952 ـ يىلدىكىدىن %93.2 ھەسسە ئاشتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى (يېزا ئىگىلىك، سودا، سانائەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ 1985 ـ يىلدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 599 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن 4.6 ھەسسە، 1952 ـ يىلدىكىدىن 69.7 ھەسسە ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنگە بېرىلگەن قەرز پۇل دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىلى بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى شىنجاڭ بويىچە تارقىتىلغان قەرز پۇل قالدۇقى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 36 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك قەرز پۇللىرىنىڭ تارقىتىلىشى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. 1985 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليارد 101 مىليون 650 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 ـ يىلدىكىدىن %80.1 ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 4.8 ھەسسە ئاشتى.

# II باب

# دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىغا قەرز پۇل بېرىش ۋە پۇل بۆيرۆپ بېرىش

## 1 §. بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى قەرز پۇلى

1949 - يىل 10 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈش» دېگەن چاقىرىقىغا ئاساسەن، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ئىشلەپچىقىرىش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، ئاشلىق ۋە كۆكتاتتا ئۆزىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەمىنلىدى. شىنجاڭغا كىرگەن قىسىم جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەككە ئىشلىتىلىدىغان ھەربىي خىراجەتنى ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش مەبلىغى قىلىپ، دۆلەتتىن بىر تىيىنمۇ قەرز پۇل ئالماي، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

1954 - يىل 12 - ئاينىڭ 5 - كۈنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شىنجاڭ ھەربىي رايونى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى (قىسقارتىپ بىڭتۇەن دېيىلىدۇ) قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى ھەل قىلىشتا ئاساسەن ئۆز كۈچىگە تاياندى، دۆلەتتىن قەرز پۇل ئالمىدى. 1958 - يىلى بانكا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىشنى باشلىدى، شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 50 مىليون 4 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1959 - يىلى 88 مىليون 70 مىڭ يەنگە يەتتى. 1958 - 1959 - يىللىرى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى 97.3% (238 مىليون 300 مىڭ جىڭ)؛ پاختا 22% (4 مىليون 810 مىڭ جىڭ)؛ مايلىق دان 1.9 ھەسسە (7 مىليون 960 مىڭ جىڭ)؛ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1.22 ھەسسە (250 مىليون 940 مىڭ يۈەن) ئاشتى. 1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى كەڭ كۆلەملىك ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىپ، ئۈچ يىل ئىچىدە مۇقىم مۈلۈكنى 3.5 ھەسسە ئاشۇرۇپ، ئومۇمىي قىممىتى 919 مىليون 50 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزۈپ، زور مىقداردىكى كۆچمە مەبلەغ ۋە بانكا قەرز پۇلىنى ئىگىلىدى. 1962 - يىلغا كەلگەندە بانكا قەرز پۇلى قالدۇقى كۆپىيىپ 110 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1962 - يىل 3 - ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشتا بانكا قەرز پۇلىنى ئىگىلىۋېلىش مەسىلىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىش ئۈچۈن گوۋۇيۈەن

شىنجاڭدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇنقى يىغىلىپ قالغان كونا قەرزلىرىنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىپ، ئۇنى مالىيىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا ئاساسەن، خەلق باش بانكىسى «بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنىڭ بانكىدىن ئالغان كونا قەرزلىرىنى مالىيىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلغا ئۆزگەرتىشكە دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈرۈپ، كونا ھېسابلارنى بىر دەك 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى بويىچە ئېنىقلاپ، ئۆسۈمىنى 1962 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ھېسابلاشنى بەلگىلىدى. ئېنىقلانغاندىن كېيىن شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ ھېسابىدىن كۆتۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك يېزا ئىگىلىك قەرزپۇلى 105 مىليون 670 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1963 - يىل 2 - پەسلىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي مېموربىئال قىلىش ئارقىلىق قايتۇرۇۋېلىندى. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدىن پەقەت 40 مىڭ يۈەنلا قالدى.

1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلى بولۇپ، دۆلەت مالىيە مەبلىغى بىلەن كرېدىت مەبلىغىنى ئايرىپ باشقۇرۇش ۋە ئىشلىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنگە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بېرىشتە شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى كۆچمە مەبلەغكە بولغان مۇۋاپىق ئېھتىياجىنىلا قاندۇرۇشنى ئاساس قىلدى. ئۈچ يىل ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك كۆچمە مەبلىغى 195 مىليون يۈەندىن ئېشىپ، 280 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 43.6% ئاشتى. بانكا قەرز پۇل قالدۇقى 1963 - يىلدىكى 40 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، 1965 - يىلى 3 مىليون 20 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1965 - يىلدىكى قەرز پۇلنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىش نىسبىتى 95.1% كە يەتتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بارلىق يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ قەرز پۇلى ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ 89.4% نى ئىگىلىدى. بۇ ئۈچ يىلدا، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 82.7% ئاشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە بىڭتۈەننىڭ ئىشلىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. 1966 - يىلدىن 1974 - يىلغىچە بولغان توققۇز يىل جەريانىدا، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە قالدۇقى 30 مىليون يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى 1965 - يىلدىكىنىڭ ئون ھەسسىسىگە تەڭ بولدى. ئەمما ئوخشاش مەزگىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئاشمايلا قالماستىن، ئەكسىچە 36 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئازىيىپ كەتتى. 1966 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى 112 مىليون 940 مىڭ يۈەن پايدا ياراتقان ئىدى. ئەمما 1975 - يىلى 247 مىليون 120 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، يېزا ئىگىلىكتە تارتقان زىيان 269 مىليون 400 مىڭ يۈەن (سانائەتتە 22 مىليون 280 مىڭ يۈەن پايدا ياراتقان). 1975 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئاپپارات ۋە قاراشلىق ئورۇن، كارخانىلار، سىستېمىلار بويىچە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى تارماقلار ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل تۈرى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تۈرىگە قوشۇۋېتىلدى.

1978 - يىل 12 - ئايدا شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى يېزا ئىگىلىك - سانائەت - سودا بىرلەشمە كارخانىلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، شىخەنزە يېزا ئىگىلىك - سانائەت - سودا بىرلەشمە كارخانىسى باش شىركىتىنى قۇردى. بانكا بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا قەرز پۇل تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، كرېدىت توختامى تۈزۈمىنى يولغا قويدى.

1979 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىغا قەرز پۇل

تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا بەلگىلەنگەن قەرز پۇل تۈرلىرى مۇنداق: (1) نورمىدىن ئارتۇق قەرز پۇل؛ (2) ۋاقىتلىق قەرز پۇل؛ (3) راسچوت قەرز پۇلى؛ (4) ئۈسكۈنە قەرز پۇلى. 1980 - يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنى تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسىنى بەلگىلىدى. يەنى 100 مىڭ يۈەن ئىچىدىكىسىنى مەركىزىي تارماق بانكا تەستىقلاش، شۆبە بانكىغا ئەڭگە ئالدۇرۇش؛ 100 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىلىرىنى شۆبە بانكا تەستىقلاش (1981 - يىل 7 - ئايدا 300 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىلىرىنى، 1982- يىل 4 - ئايدا 200 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىلىرىنى تەستىقلاشقا ئۆزگەرتىلدى؛ 1983 - يىلى مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ تەستىقلاش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىنىپ، ھەممىسىنى شۆبە بانكىلار تەستىقلاش) بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى ئاللاپ مەدەت بېرىش» پرىنسىپى يولغا قويۇلۇپ، قەرز پۇل تارقىتىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلدى. 1979 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇل قالدۇقى 97 مىليون 270 مىڭ يۈەن، 1980 - يىلى 99 مىلون 580 مىڭ يۈەن (سانائەت، سودا قەرز پۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) گە يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن 1.38 ھەسسە ۋە 1.56 ھەسسە ئاشتى. 1980- يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 829 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1976 - يىلدىكىدىن %61.3 ئاشتى. كارخانىلارنىڭ زىيىنى ئازىيىشقا باشلاپ، 1976 - يىلى بىڭتۈەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى 248 مىليون 420 مىڭ يۈەن زىيان تارتقان ئىدى. 1980 - يىلى زىيان سوممىسى 88 مىليون 360 مىڭ يۈەنگە تۆۋەنلىدى.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە ئىسلاھاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك كرېدىتىدە كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى تېز سۈرئەتتە كۆپەيدى. بەش يىل جەريانىدىكى يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە سومما 114 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980 - يىلدىكىدىن 8.15 ھەسسە ئاشتى. 1983- يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ كۆچمە مەبلىغىنى بانكا بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان قىلىندى. 1984- يىلغا كەلگەندە تاپشۇرۇش - تاپشۇرۇۋېلىش خىزمىتى ئاخىرلاشتى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەندىكى 374 كارخانىنىڭ دۆلەت بۆلۈپ بەرگەن 854 مىليون 740 مىڭ يۈەن كۆچمە مەبلىغى بانكىغا ئۆتكۈزۈۋېلىندى. كۆچمە مەبلەغ بىر تۇتاش باشقۇرۇلغاندىن كېيىن، بانكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنگە بېرىدىغان كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى راسا كۆپىيىپ، 1983 - يىلدىكى قالدۇقى 70 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 2.5 ھەسسە ئاشتى. 1984 - يىلى كۆپىيىپ 217 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، 1985 - يىلى 242 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىنىڭ 8.5 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى. زور مىقداردىكى كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى بىڭتۈەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، بىڭتۈەننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى %61.1 ئېشىپ، بىر مىليارد 337 مىليون 270 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بانكا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدا مۇنداق يېڭى كەسىپ تۈرلىرىنى يولغا قويدى:

**(1) ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى ۋە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق كەسپى قەرز پۇلى**

1980 - يىلى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شىنجاڭ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىغا ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى بېرىش سىناق قىلىنىشقا باشلىندى. بۇ بانكىنىڭ كرېدىت تۈزۈمىدىكى بىر تۈرلۈك زور ئىسلاھات بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئىلگىرىكىدەك قەرز پۇلدا پەقەت كارخانىنىڭ كۆچمە مەبلەغ قىيىنچىلىقىنىلا ھەل قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قېلىش بۇزۇپ تاشلاندى. شۇ يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى مەخسۇس تۈر كۆرسەتكۈچىنى 15 مىليون يۈەن قىلىپ چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە 17 مىليون 200 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. 2 مىليون 240 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى بولۇپ، مەھسۇلاتنى، قىممەتنى، پايدىنى ۋە باجنى ئاشۇرۇش تەلىپى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1981 - يىلى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى يېڭىدىن كۆپەيتىپ چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچ 37 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇ تۈردىكى قەرز پۇل ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىلدى. شۇ يىلى 9 - ئايغىچە، 33 مىليون 850 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 283 تۈرگە مەدەت بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تۈەن - مەيدانلار يولغا قويغان تۈر 222. شۇ يىلى 215 تۈر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. يېڭىدىن ئاشقان مەھسۇلات قىممىتى 30 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، پايدا 8 مىليون 490 مىڭ يۈەنگە، باج 1 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1982 - يىلى بۇ تۈردىكى قەرز پۇل يەنىمۇ كۆپىيىپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 49 مىليون يۈەن تارقىتىلىپ، 1981 - يىلدىكىدىن %44.7 ئاشتى. 64 تۈرگە مەدەت بېرىلدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق كەسپىگە مەبلەغ سېلىش خاراكتېرىدىكى قەرز پۇللارنى ئۈسكۈنە قەرز پۇل تۈرىدىن ئاجرىتىپ، ئايرىم مەخسۇس كۆرسەتكۈچ قىلىپ ئىگىلەشنى ئۆزگەرتتى. قەرز پۇل ئالماقچى بولغان كارخانىنىڭ مەلۇم مىقداردىكى ئۆزى توپلىغان مەبلىغى بولۇشى، قەرز پۇل سوممىسى ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ 40 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، ئوتتۇرا، كىچىك تۈرلەرنىڭ 60 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، بىر مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇل قەرز بېرىلىدىغان تۈرلەرنى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىغا يوللاش تەلەپ قىلىندى. شىنجاڭ يۇقىرىغا يوللىغان تۈر ئون. بۇنىڭغا جەمئىي 69 مىليون 150 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزى توپلىغان مەبلەغ 28 مىليون 870 مىڭ يۈەن، قەرز پۇل پىلانى 26 مىليون 860 مىڭ يۈەن، بۇ ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ 38.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، بەلگىلەنگەن نىسبەتتىن ئېشىپ كەتمىدى. بۇ ئون تۈرنىڭ بەشى شۇ يىلى پۈتكۈزۈلدى. بەشى ئىككى يىلدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. بىر مىليون يۈەندىن تۆۋەن قەرز پۇل تۈرلىرى ئۈچۈن شۇ يىلى جەمئىي 24 مىليون 820 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ، 157 تۈرگە مەدەت بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش تۈرى 66، ئالغان قەرز پۇلى %38.9 نى ئىگىلىدى. يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى يېڭىلاش تۈرى 192، ئالغان قەرز پۇلى %20 نى ئىگىلىدى؛ قۇدۇق قېزىش تۈرى 17، ئالغان قەرز پۇلى %19.3 نى ئىگىلىدى؛ توك يەتكۈزۈش لىنىيىسى تۈرى 12، ئالغان قەرز پۇلى %13.5 نى ئىگىلىدى؛ بېلىقچىلىق، توخۇچىلىق قاتارلىق تۈرى 19، ئالغان قەرز پۇلى %8.3 نى ئىگىلىدى؛ ئادەتتىكى ئۈسكۈنە قەرز پۇلىدا 470 مىڭ مو يەرگە سولياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشقا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى؛ بۇ كېۋەز ئومۇمىي كۆلىمىنىڭ 26 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. گەرچە بۇنىڭ 200 مىڭ موسى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن پاختا مەھسۇلاتى 383 مىڭ دەن ئاشتى. بازار ئۇچۇرىغا ئاساسەن، قولماق ئىشلەپچىقىرىشقا قەرز پۇل بېرىش توختىتىلىپ، 27 مىليون يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1983 - يىلى دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەپ، مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنى قىسقارتتى. يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىنى يېڭىدىن 25 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ چۈشۈرۈپ بەردى. شىنجاڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۇقىرىغا 5 مىليون يۈەن تاپشۇردى. ئەمەلىي تارقىتىلغان قەرز پۇل 3 مىليون 890

مىڭ يۈەن، قايتۇرۇۋېلىنغىنى 21 مىليون 350 مىڭ يۈەن، يىغىلىپ كۆپەيگىنى 12 مىليون 540 مىڭ يۈەن بولدى. تەڭشىلىشتىن كېيىن شىنجاڭ 20 مىليون يۈەنلىك كۆرسەتكۈچتىن 7 مىليون 460 مىڭ يۈەننى ئاز تارقاتتى. تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن مۇشۇ بىر يىلدا 27 مىليون 110 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 130 مىڭ 700 توننا خىمىيىۋى ئوغۇت، 40 مىڭ 400 توننا يېقىلغۇ، 5214 توننا سولياۋ يوپۇق سېتىۋېلىشقا مەدەت بېرىلىپ، يېزا ئىگىلىكىدە كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىگتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1982 - يىلدىكىدىن 63 مىليون 450 مىڭ يۈەن ئاشتى.

1983 - يىلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى ۋە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق مەبلىغى ئۈچۈن قەرز پۇل بېرىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈپ خۇلاسىلىدى: بۇ ئىككى تۈردىكى قەرز پۇلدىن تۆت يىلدا جەمئىي 155 مىليون 430 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ، 422 تۈرگە مەدەت بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قەرز ئالغان تۈر 26، 200 مىڭ يۈەندىن 1 مىليون يۈەنگىچە قەرز ئالغان تۈر 70، 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن قەرز ئالغىنى 326 تۈر. ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 384، بۇ قەرز پۇل تۈرىنىڭ 91 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. قايتۇرۇۋېلىنغان قەرز پۇل 57 مىليون 450 مىڭ يۈەن، قەرزنى قايتۇرۇۋېلىش نىسبىتى %37 بولدى، 5717 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قەرز پۇل ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ 30 دىن 50 پىرسەنتىگىچە ئىگىلىگەن تۈرلەرنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى. ئۆزى توپلىغان مەبلىغى %10 تىن تۆۋەن بولغان، ھەتتا پۈتۈنلەي بانكىنىڭ قەرز پۇل بېرىشىگە تايانغان تۈرلەرنىڭ ئۈنۈمى بىر قەدەر تۆۋەن بولدى.

1984 - يىلى 31 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى (تېخنىكا قەرز پۇلى دەپ ئۆزگەرتىلگەن) تارقىتىلىپ، 39 تۈرگە مەدەت بېرىلدى. تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق سېلىنمىسى ئۈچۈن 24 مىليون 520 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، سانائەت، قوشۇمچە كەسىپ ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزگەرتىش، قۇدۇق قېزىش، يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىنى سېتىۋېلىش، بېلىق كۆلى ۋە پارنىك ياساش، توك سىمى تارتىش قاتارلىق تۈرلەرگە مەدەت بېرىلدى.

1985 - يىلى بانكا «ماكرولۇق جەھەتتىن تىزگىنلەش، مىكرو جەھەتتىن جانلاندۇرۇش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشكە پائال مەدەت بېرىپ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى راۋانلاشتۇرۇپ، مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 44 مىليون 610 مىڭ يۈەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى تارقاتتى. 16 مىليون 680 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋالدى، قەرز پۇل قالدۇقى 28 مىليون 940 مىڭ يۈەن ساپ ئېشىپ، 28 تۈرگە مەدەت بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ تۈرگە يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى تەستىقلىغان يېرىم ياردەم ئۇسۇلىدىكى قەرز پۇل بېرىلگەن، 16 سى يىل ئاتلاپ داۋاملىق قۇرۇلۇۋاتقان تۈر، پەقەت توققۇزىلا يىغىلىپ بولغا قويۇلغان. تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق سېلىنمىسى قەرز پۇلىمۇ تىزگىنلىنىپ، مۇشۇ بىر يىلدا ئاران 2 مىليون 340 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى راۋانلاشتۇرۇش جەھەتتە، تەسىرى زور بولغان ئەۋزەل تۈرلەرگە ۋە مەھسۇلاتلارغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىلدى. مەسىلەن، فاڭخاۋخۇ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى، قارا شەھەر بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونلىرىنىڭ بىردىن شېكەر زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە يىغىلىپ قۇرۇشىغا، ئىككى مەيداننىڭ، قىزىلچا تېرىلغۇ كۆلىمىنى 100 مىڭ مودىن ئاشۇرۇشىغا مەدەت بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى. ئۈرۈمچى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىغا 1 مىليون 700 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلىپ، غەربىي گېرمانىيىدىن 135 تۇياق ئىنەك كىرگۈزۈشكە مەدەت بېرىلدى. بۇ كالىلارنىڭ ھەر - بىرىدىن يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7400 كىلوگرام سۈت ئالغىلى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك 5 - شىسىنىڭ پاختا ۋە قارا

گازىر ئىشلەپچىقىرىشتىكى ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، تېرىلغۇ كۆلىمى ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، يىللىق مەھسۇلات قىممىتىنى 45 مىليون يۈەندىن 57 مىليون يۈەنگە يەتكۈزۈپ، 27% ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى. تۇرپاننىڭ ئۈزۈم مەھسۇلاتلىرى دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە سېتىلىدۇ، بۇنىڭغا 4 مىليون يۈەن قەرز پۇل بېرىلىپ، تاك كۆلىمىنى 10 مىڭ مو كۆپەيتىشكە مەدەت بېرىلدى، بۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى.

### (2) ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قەرز پۇلى

1983 ـ يىلى بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى شىلىرى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى قۇرۇشنى سىناق قىلىشقا باشلىدى. بانكا 1 مىليون 410 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، 1066 ئائىلىنىڭ ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشىغا مەدەت بەردى. ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1332.70 يۈەندىن قەرز پۇل توغرا كېلىپ، 1 ـ تۈركۈمدىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى. 1984 ـ يىلى بىڭتۇەننىڭ ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى تەرەققىي قىلىپ، 59 مىڭ 977 گە يېتىپ، بىڭتۇەندىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ 37 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بانكا 31 مىليون 10 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. بۇ 1983 ـ يىلدىكىدىن 21 ھەسسە كۆپ بولۇپ، تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قەرز پۇل بېرىلدى. قەرز پۇل تۈرى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى، تۇرمۇش قەرز پۇلى، سېلىنما قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىلدى. ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ۋە تۇرمۇش قەرز پۇلىنىڭ مۆددىتى بىر يىل، سېلىنما قەرز پۇل مۆددىتى ئۈچ يىل، ئەڭ ئۇزۇنلىرىنىڭ بەش يىل بولدى. مۇشۇ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى 97 ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سېلىنما قۇرۇلمىسىنى تەكشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەيدانى 76، ئورمانچىلىق مەيدانى 14، چارۋىچىلىق مەيدانى ئالتە، بېلىقچىلىق مەيدانى بىر. 97 ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ پىلاندىكى كۆپەيتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش سېلىنمىسى 381 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى تەييارلىغان مەبلەغ 123 مىڭ 200 يۈەن (ئامانەت پۇلى 84 مىڭ 700 يۈەن، خەلق ئىچىدىن ئۆتنە بېرىم قىلغىنى 38 مىڭ 500 يۈەن) بولۇپ، پىلاندىكى سېلىنما مەبلىغىنىڭ 32.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ بانكا قەرز بەرگەن پۇل 112 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلاندىكى سېلىنمىنىڭ 29.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ كاملىغان مەبلەغ 145 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، پىلاندىكى سېلىنمىنىڭ 38.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 ـ يىل 4 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلىپ، ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قەرز پۇل بېرىشتە تەستىقلانغان ئىسپات ياكى تىجارەت كىنىشكىسى بولۇش، دۆلەت دېھقانچىلىق (ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق) مەيدانلىرى بىلەن تۈزگەن ئىقتىسادىي ھۆددىگەرلىك توختامنامىسى بولۇش، 30% تىن 50% كىچە ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ بولۇش، مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان، ئۆز ئالدىغا ھېسابات قىلىدىغان بولۇش، بەلگىلىك سوممىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش چارىسى بولۇش، ساتقىلىمۇ، ئىشلەتكىلىمۇ بولىدىغان ماددىي ئەشيا ۋە مۈلۈكنى قەرز پۇل كاپالىتى قىلغان، بانكىنى ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت، مالىيە قاتارلىق جەھەتتىكى ئاساسىي ئەھۋال ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇش بەلگىلەندى. بۇ تۈردىكى قەرز پۇل ئۈچ خىل: (1) يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى. بۇ يەنە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى ۋە ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇلى قاتارلىقلارغا ئايرىلىدۇ؛ (2) سودا ـ سانائەت، ترانسپورت، مۇلازىمەت كەسپلىرى قەرز پۇلى؛ (3) تۇرمۇش قەرز پۇلى،

ئۇسكۇنە قەرز پۇلىنىڭ قەرەلى ئۈچ يىل، ئەڭ ئۇزۇن بولغانلىرى بەش يىل؛ ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇلىنىڭ قەرەلى بەش يىل؛ ئورمانچىلىق قەرز پۇلىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن بولغانلىرىنىڭ 15 يىل بولدى؛ باشقا قەرز پۇللارنىڭ قەرەلى ئادەتتە بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، لېكىن يىل ئاتلىتىشقا بولىدۇ. قەرز پۇل بېرىش شەكلى يەنە كېپىللىك قەرز پۇل، رەنلىك قەرز پۇل ۋە ئىناۋەتلىك قەرز پۇل دەپ ئۈچ خىلغا ئايرىلدى. شۇ يىلى بانكا ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا جەمئىي 28 مىليون 40 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، 30% - 40% ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى قەرز پۇل ئالدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى تەرەققىي قىلىپ 60 مىڭ 268 گە يېتىپ، بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك ئاھالىسىنىڭ 34.67 پىرسەنتىنى، ئىشچى - خىزمەتچى ئومۇمىي سانىنىڭ 41.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئومۇمىي يەر كۆلىمىنىڭ 46.57 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغانلىقتىن، قەرز پۇل بېرىلىدىغان ئوبيېكتلارمۇ شىددەت بىلەن كۆپەيدى. بانكىنىڭ بىڭتۇەندە قۇرغان ئەسلىدىكى ئاپپاراتلىرى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلىشالمىغانلىقتىن، بىڭتۇەن كرېدىت مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇلدى. 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى يېزا ئىگىلىك 7 - شى 128 - تۇەن - مەيداندا بىڭتۇەن بويىچە تۇنجى كرېدىت مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇلدى. ئۇنىڭغا شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك بانكىسى رەھبەرلىك قىلدى. كرېدىت خادىملىرىنى بانكا تۇەن - مەيدانلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، تۇەن - مەيداندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئارىسىدىن تاللىدى، مائاشى تۇەن - مەيدان تەرىپىدىن بېرىلدى. بۇ كرېدىت مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۈچ ئاي ئىچىدىلا 1326 ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە كەسپىي ئائىلىلەرگە 1 مىليون 790 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 487 ئائىلىدىن 158 مىڭ يۈەن ئامانەت پۇل توپلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ شىنىڭ ھەممە تۇەن - مەيدانلىرىدا ئۇچتىن بەشكىچە كىشىدىن تەركىب تاپقان كرېدىت مۇلازىمەت ئورنى قۇرۇلدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك 7 - شىدىكى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە كەسپىي ئائىلىلەردىن كرېدىت مۇلازىمەت ئورنىدا ھېساب ئاچقانلار 2733 كە يېتىپ، بانكىدا ھېساب ئاچقانلاردىن 961 ئائىلە كۆپ بولدى. كرېدىت مۇلازىمەت ئورنى 12 مىليون يۈەن ئۇسكۇنە قەرز پۇلى تارقاتتى. بۇ بانكىنىڭكىدىن 7 مىليون 950 مىڭ يۈەن كۆپ. بانكا ۋە كرېدىت مۇلازىمەت ئورنى ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كەسىپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ئوبوروت يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش، 2 -، 3 - كەسىپكە يۈزلىنىش قاتارلىقلارغىمۇ مەدەت بەردى. 1985 - يىل 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە جەمئىي 429 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، ئاممىا مەبلەغ توپلاپ قۇرغان 28 كىچىك زاۋۇتقا مەدەت بېرىلدى. 1000 غا يېقىن ئەمگەك كۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شۇ يىلى قۇرۇپ شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ياراتقان مەھسۇلات قىممىتى 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 524 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 150 سودا كەسپىي ئائىلىسى، يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك مۇلازىمەت كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت بېرىلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىقتىسادى گۈللەندۈرۈلۈپ، تۇەن - مەيدان شىتابى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ سودا - سېتىق گۈللەنگەن كىچىك بازارغا ئايلىنىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىلدى.

### (3) ھويلا - ئارام ئىگىلىكى قەرز پۇلى

1983 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ھەر بىر ئائىلىلىك ئىشچى - خىزمەتچىگە بىر مودىن بەش موغىچە ئۆي ئورنى يېرى ۋە ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىدىغان يەر بېرىشنى قارار قىلىپ، ئۇلارغا ھويلا - ئارام ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھاملاندۇردى. بانكا قەرز پۇل بېرىش ئارقىلىق مەدەت بېرىپ، 337 ئائىلىگە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى (كوللېكتىپ تىجارەتچى ۋە يەككە تىجارەتچى ئائىلىلەرنى ئۆز

ئىچىگە ئالىدۇ) . يېزا ئىگىلىك 2 - شىغا 530 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلىپ، 50 مىڭ تۇياق قوي بېقىشقا مەدەت بېرىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، بىڭتۇەن بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە ئايرىپ بېرىلگەن ئۆي ئورنى يېرى ۋە ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىدىغان يەر 451 مىڭ 900 موغا يېتىپ، تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ 3.3 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1.75 مودىن توغرا كەلدى. 1985 - يىلى ھويلا - ئارام ئىگىلىكى ئومۇمىي كىرىمى 170 مىليون 746 مىڭ 900 يۈەنگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 49.74% ئاشتى. ئائىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە كىرىمى 502.75 يۈەنگە، كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئوتتۇرىچە كىرىمى 106.18 يۈەنگە يېتىپ ، 1984 - يىلدىكىدىن 63.65% ۋە 35.73% ئاشتى؛ قوتاندىكى چارۋا سانى 1 مىليون 478 مىڭ 200 تۇياققا يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 16.35% ئېشىپ، بىڭتۇەندىكى ئومۇمىي چارۋا سانىنىڭ 51.01 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

### (4) بىڭتۇەن ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاش مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى

بۇ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى مەبلەغ تەمىنلەپ تەسىس قىلىنغان قەرز پۇل تۈرى. 1983 - يىل 9 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مائاش مەخسۇس تۈر قەرز پۇلى تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى تارقاتتى. قەرز پۇل ئوبيېكتى بىڭتۇەن سىستېمىسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ناچار، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسى تۆۋەن ياكى چوڭراق تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان، مائاش تارقىتىشتا قىيىنچىلىقى بار تۈەن - مەيدانلار بىلەن چەكلەندى. مۇددىتى 12 ئايدىن ئېشىپ كەتمىدى، بىرىنچى قېتىمدا ھەر قايسى شىلار ھېساب ئاچقان بانكىلارنىڭ كرېدىت مەبلىغى ئىچىدىن 45 مىليون يۈەن بۆلۈپ بېرىلدى. قەرز ئالغان تۈەن - مەيدانلار يۇقىرى تەقسىم قىلغان قەرز پۇل نورمىسى ئىچىدە ئىلتىماس يېزىپ، مائاش فوندى باشقۇرۇش دەپتىرى، مائاش تىزىملىكى ۋە يېقىن مۇددەتلىك مەبلەغ بالانس جەدۋىلى قاتارلىقلارنى ھېساب ئاچقان بانكىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتكەندىن كېيىن يۇقىرىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىدى. قەرز پۇل ئالغۇچى ئورۇنلار پەسىل بويىچە راسچوت قىلىپ قايتۇردى. ھېساب ئاچقان بانكىغا 1‰ رەسمىيەت ھەققى بېرىلدى. مائاش مەخسۇس تۈر قەرز پۇلىنىڭ تارقىتىلىشى تۈەن - مەيدانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كەيپىياتىنى تۇراقلاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينىدى.

### (5) پەن - تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى

1985 - يىلىنىڭ بېشىدا شىنجاڭدا پەن تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا «يېزا پەن تېخنىكىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى تارقاتتى؛ 7 - ئايدا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا خىزمىتى يىغىنى ھۆججىتى «بانكىنىڭ پەن تېخنىكا كرېدىتىنى قانات يايدۇرۇش ۋە پەن تەتقىقات خىراجىتىدە «بۆلۈپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش» توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. 1985 - يىلى جەمئىي 28 تۈرگە مەدەت بېرىلىپ، جەمئىي تارقىتىلغان قەرز پۇل 44 مىليون 610 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شۇ يىلى 16 مىليون 680 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. 28 تۈرنىڭ ئىچىگە يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى تەستىقلىغان يېرىم ياردەم ئۆسۈملۈك 8 مىليون يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى (ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تولۇق ياردەم ئۆسۈملۈك ۋە يېرىم ياردەم ئۆسۈملۈك دېگەن ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن ھەممە ئۆسۈمنى ياكى يېرىم ئۆسۈمنى ئالىدۇ. قەرز ئالغۇچى ئورۇندىن ئۆسۈم ئالمايدۇ ياكى يېرىمىنى ئالىدۇ) .

**(6) تۇرالغۇ پۇل ئامانىتى قەرز پۇلى**

1985 - يىلى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «تۇرالغۇ پۇل ئامانىتى قەرز پۇلى تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تارقىتىپ قەرز ئېلىش ئۈچۈن «ئالدى بىلەن ئامانەت قويۇپ، ئاندىن قەرز ئېلىش، ئامانەت بىلەن قەرزنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىش، قەرەللىك توشقاندا قايتۇرۇش» دېگەن پرىنسىپنى بەلگىلىدى. قەرەلى بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە، ئەڭ ئۇزۇن بولغانلىرىنىڭ بەش يىل بولدى. قەرز پۇل ئىككى تۈرگە بۆلۈندى: بىرىنچىسى، ئامانەت بىلەن قەرز بىرلەشتۈرۈلىدىغان قەرز پۇل، ئىككىنچى، رەسمىي قەرز پۇلى، مەخسۇس ھېساباتىكى ئامانەت پۇل سوممىسى قەرز پۇل سوممىسىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن كۆپرەككە يەتكەندە، ئامانەت بىلەن قەرزنى بىرلەشتۈرۈپ قەرز ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئامانەت قويۇلغان پارچە قويۇپ، پۈتۈن ئالىدىغان ۋە قەرەللىك توشمىغان قەرەللىك شەخسىي ئامانەت تالونىدىكى پۇل قەرز پۇل سوممىسىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن كۆپرەككە يەتكەندە، رەسمىي قەرز پۇلى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. ئامانەت قويۇلغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋېلىشقا ۋە پۇل ئامانەت قويۇشنى ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. قەرز پۇل ئېلىشقا ئىلتىماس قىلغاندا، ئۆي سېلىشقا رۇخسەت قىلىش ئىسپاتلىرى ۋە ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇننىڭ «كېپىللىك مەجبۇرىيەتنامىسى» نى قوشۇمچە قىلىش كېرەك. ئەڭ ئاخىرىدا ئامانەت، قەرز پۇللىرىنىڭ دىرى، ئۆسۈمى ئايرىم - ئايرىم خاتىرىلىنىپ پەرق سومما بوغۇلىدۇ.

**(7) يارىدەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تارقىتىپ، باقمىچىلىق كەسپىگە مەدەت بېرىش**

1985 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى نامراتلارنى يۆلەش ئۈچۈن، يارىدەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل ئاجرىتىپ، يېزا ئىگىلىك 9 - شى ۋە 10 - شىنىڭ باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا مەدەت بەردى. 10 - شىدىكى نامرات ئائىلىلەرنىڭ چارۋا سېتىۋېلىشى ئۈچۈن يارىدەم ئۆسۈملۈك 2 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. بۇنىڭغا 39 مىڭ تۇياق چارۋا سېتىۋېلىندى. شى بويىچە شۇ يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا قوتاندىكى چارۋا سانى تېز ئېشىپ 182 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1984 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىدىن %49.60 ئاشتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ چارۋا ئومۇمىي سانى 2 مىليون 898 مىڭ تۇياققا يېتىپ، 1950 - يىلدىكىدىن 15 ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. شەخسىي چارۋا 1 مىليون 478 مىڭ 300 تۇياققا يېتىپ، 51 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1985- يىلى بىڭتۈەن بويىچە ئۇزۇن يۇڭلۇق توشقاننىڭ كاتەكتىكى سانى يىل بېشىدىكى 13 مىڭدىن كۆپىيىپ، 230 مىڭغا، توشقاننىڭ يىللىق يۇڭ مەھسۇلاتى 22.9 توننىغا يەتتى. سۈت مەھسۇلات مىقدارى 24 مىڭ 900 توننىغا يېتىپ، 1980 - يىلدىكىدىن %76.6 ئاشتى. چوشقا، توخۇ، ئۆردەك قاتارلىق باشقا ئۆي ھايۋانلىرىمۇ، ئۆي قۇشلىرىمۇ خېلى كۆپ ئاشتى.

## § 2 . بىڭتۈەننىڭ سانائەت قەرز پۇلى

1954 - يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قۇرۇلدى. مەركەزنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن، دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇش ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى قىلدى،

شۇڭلاشقا بىڭتۇەن قۇرۇلۇشتىن ئاۋۋال ھەربىي قىسىملار قۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرگەن شىمىگو ئېلېكتىر ئىستانسىسى، لىيۇداۋان كۆمۈر كېنى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى، «1 - ئاۋغۇست» پولات زاۋۇتى، ئۈرۈمچى فار فور زاۋۇتى، «1 - ئىيول» پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، ئۈرۈمچى ئۈچەي زاۋۇتى ۋە قۇرۇلۇۋاتقان ئۇلانباي سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ۋېيخۇلياڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، «ئۆكتەبىر» ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتى، 2 - سېمونت زاۋۇتى قاتارلىقلار يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 1955 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن «1 - ئاۋغۇست» ئۇن زاۋۇتى، فارفۇر زاۋۇتى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى زاۋۇتى، باسما زاۋۇتى، ئۆلۈغچات كۆمۈر كېنى ۋە قۇرۇلۇۋاتقان قەشقەر سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قاتارلىق ئالتە كارخانىمۇ يەرلىككە تاپشۇرۇپ بېرىلدى. كېيىنكى ئىككى - ئۈچ يىل جەريانىدا، بىڭتۇەننىڭ سانائىتى پەقەت ھەر قايسى دېھقانچىلىق تۇەن مەيدانلىرىدىكى بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى خام ئەشيا قىلىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى يەنى ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، خۇمدان قاتارلىق قوشۇمچە سانائەتتىن ئىبارەت بولدى.

1958 - يىلى بىڭتۇەن سانائەت رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇپ، سانائەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» شېكەر زاۋۇتى قۇرۇلۇپ، 1959 - يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرۇلغان «1 - ئاۋغۇست» ئىلمە - توقۇلما زاۋۇتى 1961 - يىلى پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەندىكى سانائەت كارخانىلىرى تەرەققىي قىلىپ 348 گە يېتىپ، 1957 - يىلدىكى 115 تىن ئىككى ھەسسە ئاشتى. سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 440 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 1957 - يىلدىكى 120 مىليون يۈەندىن 2.7 ھەسسە ئاشتى. بانكىمۇ 1960 - يىلدىن باشلاپ، بىڭتۇەن سانائىتىگە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش چارىسى بويىچە مەخسۇس تور قەرز پۇلى بەردى. يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 12 مىليون 700 مىڭ يۈەن بولدى. 1962 - يىلى يۈز بەر ئۆزلەشتۈرۈش مەبلىغىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىدا 1961 - يىلدىن بۇرۇنقى يىغىلىپ قالغان كونا قەرز پۇللارنىڭ ھەممىسىنى كەچۈرۈم قىلىپ، بىردەك مالىيىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. 1963 - يىلغىچە ئېنىقلاپ، دەلىللەش ئارقىلىق، مەركەز مالىيىسىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن 146 مىليون 860 مىڭ يۈەن پۇل بىڭتۇەننىڭ كونا قەرزى ئورنىغا قايتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قايتۇرۇۋېلىنغان سانائەت قەرز پۇلى 13 مىليون 460 مىڭ يۈەن، ئۆسۈم 430 مىڭ يۈەن بولدى. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا سانائەت قەرز پۇلى قالدۇقى 4 مىليون 430 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى.

1965 - يىلى بىڭتۇەننىڭ سانائىتى تەڭشەلگەندىن كېيىن كارخانا سانى 228 گە ئازىيىپ، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 460 مىليون يۈەنگە يەتتى. بانكا قەرز پۇل قالدۇقى 24 مىليون 180 مىڭ يۈەن بولدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، كرىدىت خىزمىتى زەربىگە ئۇچرىدى. 1966 - يىلدىن 1969 - يىلغىچە قەرز پۇل ئۆزلۈكسىز كۆپەيدى، قەرز پۇل قالدۇقى 21 مىليون 190 مىڭ يۈەندىن 43 مىليون 890 مىڭ يۈەنگە كۆپىيىپ، 1.1 ھەسسە ئاشتى. ئەمما كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 553 مىليون 750 مىڭ يۈەندىن 488 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ، %11.7 تۆۋەنلەپ كەتتى. 1970 - يىلدىن باشلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى گەرچە قايتا كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن كارخانىلارنىڭ پايدا سوممىسى يىلمۇ - يىل ئازىيىپ كەتتى. 1970 - يىلى پايدا ئومۇمىي سوممىسى 73 مىليون 520 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قېلىپ %46.4 تۆۋەنلەپ كەتتى، يوقىرىقى ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان

ئاساسلىق سەۋەب: ئاساسىي قۇرۇلۇشقا كۆپمە مەبلەغنى يۈتكەپ ئىشلىتىۋېلىش بىر قەدەر كۆپ بولۇپ كەتكەن، زىيان تارتقان كارخانىلار بانكا قەرز پۇلىنى ئىگىلىۋالغان، خام ماتېرىياللار ئىگىلىۋالغان مەبلەغ ئۆزۈنچە ئوبوروت بولمىغان.

1974 - يىلى، خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىنى تارقاتتى. بانكىنىڭ دۆلەتنىڭ سىياستى، پىلانى بويىچە قەرز پۇل تارقىتىشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىكى باشقۇرغان ساناەت، سودا، پىششىقلاپ ئىشلەش، تەمىنلەش - سودا كارخانىلىرى قەرز پۇل ئېلىشقا ئىلتىماس قىلغاندا، پەسىللىك قەرز پۇل پىلانىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ يوللىدى. قەرز پۇل مۇددىتى ئادەتتە بىر يىلدىن ئاشماسلىقى، قەرز پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇش، ئەگەر ۋاقتىدا قايتۇرالمىسا، ئۇزارتىشقا ئىلتىماس قىلىپ، بانكىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن كېچىكتۈرۈپ قايتۇرسىمۇ بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1975 - يىلى بىكتۇەننىڭ تۈزۈلمىسىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، بارلىق دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ ھەممىسى سىستېمىلار بويىچە يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بىكتۇەن سودا - ساناەت قەرز پۇلى تۈزۈلمىگە ئەگىشىپ ئۆزگەردى ھەمدە باشقۇرغۇچى ئورۇنلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. باشقۇرۇشنى ئۆتكۈزۈۋالغۇچى ئورۇن ھەم ھەقدارلىق ھەم قەرزدارلىقنى ئۆتكۈزۈۋالدى. تاپشۇرۇۋېلىنغان قەرز پۇلنىڭ ھەممىسىگە قايتىدىن قەرز ھۆججىتى يېزىپ بېرىلدى. 1979 - يىلى ئەسلىدە بىكتۇەنگە قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ساناەت، سودا كارخانىلىرى يەنە ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلاردىن بۆز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ساناەت قەرز پۇلىنىڭ 1979 - يىل 5 - ئايدىكى ئەمەلىي قالدۇقى 12 مىليون 510 مىڭ يۈەن بويىچە ئاغدۇرۇلدى.

1981 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىكتۇەنىنىڭ تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، شۇنداقلا ئەسلىدە تاپشۇرۇۋېتىلگەن بىر قىسىم كارخانىلارنى ئارقا - ئارقىدىن قايتۇرۇۋالدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بىكتۇەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندە 691 ساناەت كارخانىسى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كارخانا 105، جەمئىي ساناەت تارمىقى 18، كەسىپ 65، ئىشچى - خىزمەتچىسى 123 مىڭ 100 ئىدى. ساناەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 859 مىليون يۈەن بولۇپ، بىكتۇەننىڭ ساناەت - يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 92.48 پىرسەنتىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ ساناەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 21 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بىكتۇەننىڭ يېنىك ساناەت، توقۇمىچىلىق ساناەت مەھسۇلات قىممىتى ئاپتونوم رايون بويىچە يېنىك ساناەت، توقۇمىچىلىق ساناەت مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 33.85 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن.

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىكتۇەننىڭ ساناەت كارخانىلىرىغا قەرز پۇل بېرىشتە «پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ مەدەت بېرىش» پرىنسىپىنى ئىجرا قىلدى ھەمدە قەرز پۇل توختام تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1982 - يىل 4 - ئايدا يېزا باشقۇرغان سودا - ساناەت كارخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى توغرىسىدا مۇنداق بەلگىلىمە چىقىرىلدى: ئۈسكۈنە قەرز پۇلى مەخسۇس كۆرسەتكۈچكە تەۋە بولۇپ، پرىنسىپ جەھەتتىن پەقەت ھازىر بار كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە ئىشلىتىشكە بولىدۇ، تەستىقلانغان پۇل تۈرلىرى پەقەت كام ئورۇنلارنى تولدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق مەبلەغ ئۈچۈنلا ئىشلىتىلىپ، «ئاز مەبلەغ سېلىپ، تېز ئۈنۈم كۆرۈپ، كۆپ پايدا ئېلىش» كېرەك؛ قەرز ئالغۇچى كارخانىنىڭ ئۆزىنىڭ چوقۇم بىر بۆلۈك مەبلىغى بولۇشى، ئالىدىغان قەرز

پۇل سوممىسى ئومۇمىي سېلىنمىسىنىڭ 40 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، ئوتتۇرا، كىچىك تۈرلەرنىڭ 60 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. قەرز پۇل سوممىسى 200 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرىنى مەركىزىي تارماق بانكىلار تەستىقلاش، 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق بولغانلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاش كېرەك؛ قەرز پۇل مۇددىتى بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە بولىدۇ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ بەش يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم. بىڭتۇەن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا بىرلەشمە كارخانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن بانكا ھېساب ئېچىش، راسچوت قىلىش، كرېدىت قاتارلىق جەھەتلەردە ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. بىرلەشمە كارخانىلارغا ئېھتىياجلىق بولغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇيۇشكۇنە مەبلىغى جەھەتتىن بانكا ئاكتىپ مەدەت بەردى. بىرلەشمە كارخانىلار تەمىنلەش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى يۇرۇشلەشتۇردى، بانكا يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا كرېدىتىنى بىر گەۋدىلەشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھەم كۆرسەتكۈچ جانلىق ئىشلىتىلدى، ھەم قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بارلىق كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ ئوبوروت ئۈنۈمى ئەسلىدىكى 3.23 قېتىمدىن 3.75 قېتىمغا كۆپەيدى.

بانكا يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى ئاساسلىق خام ئەشيا قىلىدىغان يېنىك سانائەت كارخانىلىرىغا ئۇقتىلىق مەدەت بەردى. 1982 - يىلى شىخەنزە يېزا ئىگىلىك بانكىسى مۇشۇ بىر يىلدا 29 مىليون يۈەن كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىپ، يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 5000 تونىنا قوي يۇڭى، پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 200 مىڭ دەن پاختا سېتىۋېلىشىغا، شېكەر زاۋۇتىنىڭ 300 مىڭ تونىنا قىزىلچا سېتىۋېلىپ پىششىقلاپ ئىشلىشىگە ياردەم بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا 1 مىليون يۈەن ئۇيۇشكۇنە قەرز پۇلى ئاجرىتىپ، 50 مىڭ ئۇرچۇقلۇق 2 - پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردى. ئىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1 مىليون يۈەن قەرز پۇل بېرىپ، 62 - تۇەننىڭ بىر پاختا زاۋۇتى قۇرۇشىغا مەدەت بەردى. ئۇ شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ 8000 دەندىن كۆپرەك پاختىنى پىششىقلاپ ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، يېزىلارنىڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارغا مەدەت بېرىلدى. كۈيتۇن، سانجى، شىخەنزە قاتارلىق ئۈچ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى 14 دېھقانچىلىق مەيدانىغا 397 كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتا يۇقىرى بېسىملىق توك سىمى تارتىش ئۈچۈن، بانكا 6 مىليون 730 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى.

1983 - يىلى بانكا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ سانائىتىگە سېتىلىشىغا قاراپ قەرز پۇل بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، ئىلگىرىكىدەك «ئۆلۈك نورما بەلگىلەش، جانلىق ئىشلەپچىقىرىش» زىددىيىتىنى ھەل قىلدى. ۋە جياچۇ تارماق بانكىسى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش توختامىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر خىل مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەزگىلىگە قاراپ قەرز پۇل مۇددىتىنى بەلگىلەپ، كۆپ تارقىتىپ، كۆپ يىغىۋالدى. قەرز پۇلنىڭ قايتۇرۇلۇش نىسبىتى 86.2% كە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 36.9%، كارخانا مەھسۇلات قىممىتى 19% ۋە پايدىسى 48% ئاشتى. 7 - ئايدا گوۋيۈەننىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قىسقارتىش، قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلەرنى جىددىي ئېنىقلاپ تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۇيۇشكۇنە قەرز پۇلىنى تەستىقلاش ھوقۇقى بىكار قىلىنىپ، ھەممىسىنى مەركەزلىك ھالدا شۆبە بانكا ۋە بىڭتۇەن تەستىقلايدىغان بولدى. جايلارنىڭ پىلانى پۈتۈنلەي بىڭتۇەننىڭ مۇقىم مۈلۈك سېلىنما كۆلىمىگە كىرگۈزۈلۈپ، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە تەستىقلايدىغان بولدى. شۇڭلاشقا، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىڭتۇەن بىلەن بىرلىكتە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قۇرۇلۇۋاتقان تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، قۇرۇلۇش شەرتىنى ھازىرلىمىغان تۈرلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى ھەمدە قەرەلى توشقان قەرز پۇللارنى يىغىۋېلىشنى چىڭ تۇتتى. شۇ يىلى يىگىدىن ئىشنى باشلايدىغان، 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ كېتىدىغان

ئىككى تۈرنى (شېخەنزە 2 - پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا شۇ يىلى 6 مىليون 600 مىڭ يۈەن، ئىلى 73 - تۈەن سېمونت زاۋۇتىغا شۇ يىلى 1 مىليون يۈەن قەرز بەردى) باش بانكا ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاپ، پىلانغا كىرگۈزدى، قەرز پۇل ئۈنۈملۈك ئىزگىنلەنگەنلىكتىن، يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي ئاشقان قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلاندىكى ئاشۇرۇلىدىغان كۆرسەتكۈچتىن 43% ئەتراپىدا كېمەيدى. شۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار يەنە بىڭتۇەننىڭ ماشىنا ئېلېكتىر مەھسۇلاتلىرىنى براكتا چىقىرىش، باھاسىنى تۈۋەنلىتىش خىزمىتىگە ياردەملىشىپ، براكتا چىقىرىش ۋە باھانى تۈۋەنلىتىشتىن كېلىپ چىققان 42 مىليون 510 مىڭ يۈەن زىيان سوممىسىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى.

1984 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن سىستېمىسىدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. 5 - ئايدا ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىك 8-شىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ، 18 دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن - مەيدانى، 30 سانائەت - قاتناش كارخانىسى ۋە 20 سودا كارخانىسىنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى تاپشۇرۇش، تاپشۇرۇۋېلىش، ئىككىنى ئېنىقلاش ۋە مەبلەغنى بېكىتىش خىزمىتىنى تاماملىدى. بۇ خىزمەت 7 - ئايدا بىڭتۇەن بويىچە قانات يايدۇرۇلۇپ، 11- ئايدا ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى. بىڭتۇەن بويىچە جەمئىي 374 كارخانا ئېنىقلاندى، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تۈەن مەيدانلىرى 182، تۈەندىن يۇقىرى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرى 118، ھەر قايسى شىلاردىكى دېھقانچىلىق مەيدانى باشقۇرغان سودا كارخانىلىرى (تۈەنگە قاراشلىق ماگىزىنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) 49، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقۇرغان تەمىنات سودا كارخانىلىرى 22، باشقا كارخانىلار ئۈچ. جەمئىي تاپشۇرغان، تاپشۇرۇۋالغان دۆلەت بۇيرۇپ بەرگەن كۆچمە مەبلەغ 854 مىليون 740 مىڭ يۈەن. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى كۆچمە مەبلەغ پىلانىدا ئىگىلىگەن سوممىسى 1 مىليارد 540 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ 980 مىليون يۈەن، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقۇرغان سانائەتنىڭ 300 مىليون يۈەن، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقۇرغان سودىنىڭ 200 مىليون يۈەن، دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقۇرغان ماددىي ئەشيانىڭ 55 مىليون يۈەن بولدى.

شۇ يىلى 7- ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش پرىنسىپى»نى تۈزدى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: كارخانىلارنىڭ كۆچمە مەبلىغى، مۇقىم مەبلىغى، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان فوندى چوقۇم سىستېمىلار بويىچە باشقۇرۇلۇپ ئايرىم ئىشلىتىلىدۇ؛ كۆچمە مەبلەغ پەقەت ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروتنىڭ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىلىدۇ؛ كارخانىلار كۆچمە مەبلىغىنىڭ مۇكەممەل، تولۇق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ؛ كۆچمە مەبلەغ پىلانلىق باشقۇرۇلىدۇ؛ كارخانىلار كۆچمە مەبلەغنى ئىشلەتكەندە چوقۇم «ئوننى قىلماسلىق» (كۆچمە مەبلەغنى ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە باشقا مالىيە خاراكتېرلىك چىقىملارغا يۆتكەپ ئىشلەتمەسلىك، كۆچمە مەبلەغنى ئۆز مەيلىچە ئايرىتىۋالماسلىق، كۆچمە مەبلەغكە سېلىق سالماسلىق، كۆچمە مەبلەغ ئارقىلىق باشقا ئورۇنلارغا مەبلەغ سالماسلىق ۋە مەبلەغ توپلاشقا قاتناشتۇرماسلىق، كۆچمە مەبلەغكە دۆلەت خەزىنە چېكى سېتىۋېلىشقا يول قويماسلىق، كۆچمە مەبلەغنى ئەمەلگە ئاشمىغان باج پايدا ئۈچۈن تاپشۇرۇشقا يول قويماسلىق، كۆچمە مەبلەغ ئارقىلىق زىياننى تولۇقلاشقا يول قويماسلىق، تەننەرخكە ياكى پايدا - زىيانغا كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك چىقىمنى ھېسابقا ئېسىپ قويۇپ، كۆچمە مەبلەغنى ئىگىلىۋېلىشقا يول قويماسلىق، كۆچمە مەبلەغنى ئۆز مەيلىچە ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە يول قويماسلىق، كارخانىلار ئارا ئۆتنە - بېرىم قىلىشقا يول قويماسلىق، سودا - سېتىق كرېدىتىدىن پايدىلىنىپ قوپال، يىرىك، سۈپىتى ناچار، باھاسى قىممەت دۆلەت ئىشلەپچىقىرىشنى چەكلىگەن سانائەت، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىشقا ۋە راسچوت قىلىشقا،

ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، ئۆز مەيلىچە قەرز پۇلىنى قايتۇرۇشنى كەينىگە سۈرۈشكە يول قويماسلىق) ئىنتىزامىغا رىئايە قىلىشى لازىم. بىڭتۇەنگە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى باشقۇرىدىغان سودا سانائەت كارخانىلىرى پايدىنى يۇقىرىغا تاپشۇرغاندىن كېيىنكى پايدا قالدۇقىدىن %20 كۆچمە مەبلەغنى تولۇقلاشقا ئىشلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بەش جەھەتتە قەرز پۇل بەرمەسلىك: قارىغۇلارچە ئۇقتا تەسىس قىلغان، تەكرار قۇرۇلۇش قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون، بىڭتۇەن تەستىقلىمىغانلار؛ چەكلىك ئىشلەپچىقىرىش پىلانىدىن ئېشىپ كەتكەن بازىرى كاسات مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان ۋە سېتىۋالغانلار؛ بازىرى كاسات، سەرپىياتى يۇقىرى، سۈپىتى تۆۋەن، تەننەرخى يۇقىرى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغان ۋە سېتىۋالغانلار؛ شاللىۋېتىلگەن تۈرلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرى؛ دۆلەت تاقاش، توختىتىش، بىرلەشتۈرۈش، باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىشنى بېكىتكەن بولسىمۇ، داۋاملىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۇقىرىنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئىجرا قىلمىغانلارغا بانكا قەرز پۇل بەرمەيدۇ، دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىڭتۇەن، سودا كارخانىلىرىغا ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلى بېرىش تېخىمۇ ياخشىلاندى. ئەمەلىي تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، قەرز پۇل پىلانى قايتىدىن تۈزۈلدى. سېلىنما ۋە ماسلاتى مۆلچەرلىنىپ، ھەقىقەتەن پۇلنى ئاز خەجلەپ، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى تۈرلەرگە ئاكتىپ مەدەت بېرىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا تارقاتقان ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلى جەمئىي 31 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق 94 مىليون 10 مىڭ يۈەنگە يېتىپ يىل بېشىدىكىدىن 17 مىليون 750 مىڭ يۈەن ئاشتى. جەمئىي 39 تۈرگە مەدەت بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە پاختا توقۇمىچىلىق كەسىپىگە 14 مىليون 460 مىڭ يۈەن، سۈت پاراشوكى زاۋۇتىغا 3 مىليون 960 مىڭ يۈەن، هاراق زاۋۇتى ۋە ئىچىملىكلەر زاۋۇتىغا 3 مىليون 290 مىڭ يۈەن، سېمونت زاۋۇتى قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 600 مىڭ يۈەن، سانائەت - قاتناش كارخانىلىرىنىڭ ئەسلىھەلىرىنى يېڭىلاش ۋە مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشقا 4 مىليون 860 مىڭ يۈەن مەدەت بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئومۇمىيۈزلۈك ياخشى بولدى.

1985 - يىلى سۈپەتلىك داڭلىق مەھسۇلاتلارنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، دۆلەتمىز كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ياردەم ئۆسۈمسىز قەرز پۇل تارقىتىشنى قارار قىلدى. ئۆسۈمىنى دۆلەت يېرىم ياردەم بېرىش ۋە تولۇق ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل شەكىلدە تولۇقلاپ بەردى. مۇشۇ يىل ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 4 - شى 72 - تۇەن ئىلى ئالاھىدە هارىقى زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا 1 مىليون يۈەن؛ يېزا ئىگىلىك 7 - شى 131 - تۇەن كۈيتۇن ئالاھىدە هارىقى زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا 1 مىليون يۈەن، يېزا ئىگىلىك 1 - شى «داگۇاڭ» يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا 2 مىليون يۈەن، جەمئىي 4 مىليون يۈەن ئۆسۈمى يېرىم قوشۇپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل تارقىتىلدى. بانكا بەلگىلىگەن ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمىنى ھېسابلاپ، كارخانىلار تۆلەشكە تېگىشلىك ئۆسۈمنىڭ يېرىمىنى يىغىۋالدى. يېرىمىنى يېزا ئىگىلىك باش بانكا مەركىزىدىكى ئالاقىدار تارماقلاردىن يىغىۋېلىپ تولۇقلاپ بەردى.

1982 - يىلى بىڭتۇەن ئەسلىگە كەلگەندىن تارتىپ، 1985 - يىلغىچە بىڭتۇەننىڭ «يېزا ئىگىلىكىنى چۆرىدىگەن هالدا سانائەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، سانائەتنى ياخشى باشقۇرۇش ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، بانكا بايلىقى مول، ئەۋزەل تۈرلەرگە ۋە مەھسۇلاتلارغا ئاكتىپ مەدەت بەردى. تۆت يىل ئىچىدە بانكا شىخەنزە 2 - يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلدىن 7 مىليون 510 مىڭ يۈەن، كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلدىن 33 مىليون 800 مىڭ يۈەن تارقاتتى. 1985 - يىلغا كەلگەندە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 17 مىليون 70 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن

2.6 ھەسسە ئاشتى، جەمئىي 12 مىليون 280 مىڭ يۈەن باج ـ پايدا تاپشۇرۇلدى. شىخەنزە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىنىڭ پاختا مەھسۇلاتى يۇقىرى، سۈپىتى ياخشى بولغاچقا، خەلق بانكىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى بىرلىشىپ 51 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ 50 مىڭ ئۇرچۇقىنى 100 مىڭغا كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىغا مەدەت بەردى. يېزا ئىگىلىك 8 ـ شى 148 ـ مەيدانىنىڭ كېۋەز شادىسى ئالالىق تاختا زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا مەدەت بېرىلىپ، 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. يىللىق ئىشلەپچىقارغان ئالالىق تاختا 200 توننىدىن 2560 تونىنغا كۆپىيىپ، شۇ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 1 مىليون 720 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 900 مىڭ يۈەن پايدا يارىتىلدى. يېزا ئىگىلىك 4 ـ شى 72 ـ تۇەن ھاراق زاۋۇتى، يېزا ئىگىلىك 7 ـ شى 129 ـ، 131 ـ مەيدان ھاراق زاۋۇتى 14 مىليون 670 مىڭ يۈەن قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ، ئاق ھاراق مەھسۇلاتىنى 4.8 ھەسسە ئاشۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلى ئالاھىدە ھارىقى، كۈيتۇن ئالاھىدە ھارىقى ۋە «بۇغدا» ئالاھىدە ھارىقى بازارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالىدى. شىخەنزە «1 ـ ئاۋغۇست» شېكەر زاۋۇتى 2 مىليون 640 مىڭ يۈەن قەرز پۇلى ئارقىلىق كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى 1000 توننا قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن 1500 توننا قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولۇپ، كۈنىگە 500 توننا قىزىلچىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان يېڭى بىر شېكەر زاۋۇتى قۇرغانغا قارىغاندا 10 مىليون يۈەن مەبلەغنى تېجەپ قالدى؛ يېزا ئىگىلىك 10 ـ شى بېيتۈن توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 1 مىليون 520 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ، دومىلاتما شەكىلدە تېخنىكا ئۆزگەرتىپ، تەكشەپ تولۇقلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى 560 ئۇرچۇقتىن 956 ئۇرچۇققا كۆپەيتتى.

بانكا يەنە ئىنچىكە پىششىقلايدىغان ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشقا نۇقتىلىق مەدەت بېرىپ، ئاخىرقى مەھسۇلات ۋە ئىنچىكە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتنىڭ نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتەردى. شىخەنزە پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بىر ئاقارتىش، بوياش شۆبە فابرىكىسىنى كېڭەيتىپ قۇرۇشقا 18 مىليون 690 مىڭ يۈەن ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىلدى. نەتىجىدە يىلدا 32 مىليون مېتر رەخت بويىيالايدىغان بولدى. 1 مىليون 780 مىڭ يۈەن ئۈسكۈنە قەرز پۇلى بىلەن بۇ زاۋۇتنىڭ تار ئەنلىك رەخت توقۇش ماشىنىسىنىڭ ھەممىسىنى كەڭ ئەنلىك رەخت توقۇش ماشىنىسىغا ئۆزگەرتىشكە مەدەت بېرىلىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. ۋە يېڭىلاندى؛ شىخەنزە قەغەز زاۋۇتىغا 3 مىليون 750 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. ئۇلار بۇ پۇل ئارقىلىق يىلىغا 1000 توننا پاختا بوتقا قەغىزى ئىشلەپچىقىرالايدىغان ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىدىن بىرنى قۇراشتۇردى ۋە ئۇزۇن تورلۇق ماشىنا قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىپ، ئەلا سۈپەتلىك پارقىراق قەغەز ۋە كۆپتۈرمە قەغەز ئىشلەپچىقىرىپ، شىنجاڭنىڭ ئەلا سۈپەتلىك قەغەز ئىشلەپچىقىرىشىدىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

1985 ـ يىلى بىڭتۈەن پارتكومى «بىڭتۈەن مەھسۇلاتىنى بىر قاتلاشتا، سانائەت ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈش» دېگەن يېتەكچى ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بىڭتۈەننىڭ ساناىئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى 50 ماددىنى تارقىتىپ تۇەن ـ مەيداندىن مەبلەغ توپلاش، بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش، پاي قوشۇش شەكلى ئارقىلىق ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى، يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانىلار بىرلىكتە يۈرۈش قىلىشنى تەلەپ قىلدى. بانكا تۇەن ـ مەيدانلارنىڭ بىر تۈركۈم يېمەكلىك، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ساناىئىتى، ياغاچ ماتېرىياللىرى، يەم ـ خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش ساناىئىتى قاتارلىقلارنى قۇرۇشقا مەدەت بەردى. شۇ يىلى تۇەن ـ مەيدان قۇرغان ساناەتنىڭ مەھسۇلات قىممىتى 890 مىليون يۈەنگە يېتىپ، تۇەن ـ مەيدان ساناىئەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.88 پىرسەنتىنى، بىڭتۈەن ساناىئەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 - يىلغا كەلگەندە، بىڭتۈەننىڭ سانائەت كارخانىسى تەرەققىي قىلىپ 1164 كە يەتتى. بانكىنىڭ بىڭتۈەنگە تارقاتقان سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى 284 مىليون 420 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇل قالدۇقى 161 مىليون 470 مىڭ يۈەن، ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى 122 مىليون 950 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، 1960 - يىلدىكىدىن 21.4 ھەسسە ئاشتى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى سانى 169 مىڭ 900 گە يېتىپ، بىڭتۈەندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر سانىنىڭ 17.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. مۇقىم مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 1 مىليارد 220 مىليون يۈەن، نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ 665 مىليون يۈەن بولدى.

### ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ سانائەت قەرز پۇل قالدۇقى

جەدۋەل: 6 - 1

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | بارلىق سانائەت كارخانىلىرىنىڭ سانى | قەرز پۇل قالدۇقى | | | سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى (1980 - يىلدىكى ئۆزگەرمەس باھا) |
|---|---|---|---|---|---|
| | | جەمئىي | بۇنىڭ ئىچىدە: كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى | ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | |
| 1960 | 348 | 1270 | 1270 | | 43643 |
| 1961 | 335 | 1355 | 1355 | | 32652 |
| 1962 | 319 | 1440 | 1440 | | 28173 |
| 1963 | 308 | 443 | 443 | | 29538 |
| 1964 | 296 | 657 | 657 | | 36359 |
| 1965 | 288 | 2418 | 2418 | | 45967 |
| 1966 | 297 | 2119 | 2119 | | 55375 |
| 1967 | 314 | 3036 | 3036 | | 49366 |
| 1968 | 314 | 5059 | 5059 | | 46877 |
| 1969 | 278 | 4389 | 4389 | | 48874 |
| 1970 | 352 | 3504 | 3504 | | 63790 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1971 | 372 | 2855 | 2855 | | 67509 |
| 1972 | 454 | 4226 | 4226 | | 67913 |
| 1973 | 492 | 4373 | 4373 | | 68404 |
| 1974 | 490 | 5276 | 5276 | | 66860 |
| 1982 | 717 | 12525 | 6047 | 6478 | 99486 |
| 1983 | 729 | 14653 | 7027 | 7626 | 121123 |
| 1984 | 849 | 21911 | 12510 | 9401 | 133055 |
| 1985 | 1164 | 28442 | 16147 | 12295 | 161933 |

## § 3. بىڭتۇەننىڭ سودا قەرز پۇلى

1960 - يىلى بانكا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ سودا كەسپىگە مەخسۇس تۈر بويىچە قەرز پۇل تارقىتىشقا باشلىدى. 1961 - يىلدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولدى. 1962- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ سودا باشقۇرۇش ئاپپاراتى 179 غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەن سودا باشقارمىسى بىر، شى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ سودا باشقارمىلىرى 11 (يېزا ئىگىلىك شىسى سەككىز، سانائەت شىسى ئىككى، ترانسپورت باشقارمىسى بىر) باشقۇرۇش باشقارمىسى، باش مەيدان سودا بۆلۈمى (بۆلۈمچە) 27، تۈەن - مەيدان سودا بۆلۈمچىسى 140. مەبلەغ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە بۆلەكلەر بويىچە باشقۇرۇلۇپ، شى، تۈەن ئاساس قىلىندى؛ يەنى ئاۋار ئوبوروت كەسپى يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارنىڭ پىلانلىق يېتەكچىلىكىدە بولدى. مەبلەغنى شى، تۈەن بىر تۇتاش بىۋاسىتە ئورۇنلاشتۇردى؛ مالىيە جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك سودا تارماقلارنىڭ پايدىسى بۆلەكلەرگە تاپشۇرۇلۇپ بىر تۇتاش ھېسابات قىلىنغاندىن كېيىن، يۇقىرىغا پايدا - زىيان راسچوت قىلىندى؛ بۆلەكلەر ئىچىدە ئوخشاش بىر دەرىجىدىكىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا مەبلىغى تەڭشەپ ئىشلىتىلدى، مالىيە پىلانى گەرچە ئايرىم تۈزۈلسىمۇ، لېكىن، تۈز ئارا تەڭشەشكە بولىدىغان بولدى.

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ 1961 - يىلدىن ئىلگىرىكى قەرز پۇلىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، 1963 - يىل 2 - پەسىلنىڭ ئاخىرىدا مەركەز مالىيەدىن 146 مىليون 860 مىڭ يۈەن ئاجراتتى. بۇنىڭ ئىچىدە سودا قەرز پۇلى 23 مىليون 430 مىڭ يۈەن. بانكا ھەممىنى مېمورىئال قىلىپ يىغىۋالدى. يىل ئاخىرىدا سودا قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليون 250 مىڭ يۈەنگە تۆۋەنلىدى. 1963 - يىلى بىڭتۇەن سودا كەسپىنىڭ سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى 330 مىليون يۈەن، ساپ سېتىلىش ئومۇمىي سوممىسى 340 مىليون يۈەن بولدى، بارلىق سېتىۋېلىش - سېتىش كەسپىدە تۈەن - مەيدان سودا ئورۇنلىرى ئۈچتىن بىر قىسمىنى، شىدىن يۇقىرى سودا ئورۇنلىرى ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىدى. يىل ئاخىرىدا كاسسىدىكى قالدۇق 107 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولۇپ، قەرز پۇل قالدۇقى كاسسىدىكى قالدۇقنىڭ 10.4 پىرسەنتىنى

ئىگىلىدى. يىللىق پايدا 38 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولۇپ، پۈتۈن بويىچە پايدا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 73.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

بانكا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش پۈتۈنىگە پەقەت پەسىل خاراكتېرلىك، ۋاقىتلىق قەرز پۇل تارقىتىپ، تاۋار خاراكتېرلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىر قەدەر كۆپ بولغان ئورۇنلارنى تەمىنلەشكە نۇقتىلىق مەدەت بەردى ھەمدە بۇ پۈتۈن سودا باشقارمىسى ۋە ھەر قايسى شى سودا تارماقلىرى بىلەنلا چەكلەندى. سودا تارماقلىرى قۇرغان سانائەت، ھەر قايسى سانائەت، قاتناش شىلىرىنىڭ سودا تارماقلىرىغا ۋە باش مەيداندىن تۆۋەن سودا تارماقلىرىغا قەرز پۇل بېرىلمىدى. قەرز پۇل بېرىشتە تەكشۈرۈپ، ئەمەلىيلەشكەندىن كېيىن، ئاندىن قەرز بېرىش چارىسى قوللىنىلدى. قەرەلنى ئىگىلەشتىكى پرىنسىپ مۇنداق بولدى؛ 1) ئوبورۇت كۆرسەتكۈچىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، قەرەلنى بەلگىلەش، قەرەلى توشقاندا يىغىۋېلىش، ئالاھىدە سەۋەب بولمىسا، قەرەلنى ئۇزارتماسلىق. 2) رەسمىي كۆرسەتكۈچتە مۇنداق ئىككى خىل چارە يولغا قويۇلدى: (1) تىجارەت باشقۇرۇشى بىر قەدەر ياخشى بولغان سودا ئورۇنلىرى كۆرسەتكۈچ ئىچىدە مال كىرگۈزگەن بولسا، قەرز پۇل بېرىش، مالنى ساتقاندىن كېيىن قەرزنى قايتۇرۇش؛ (2) تىجارەت باشقۇرۇشى ناچار سودا ئورۇنلىرىغا مۇددەت بەلگىلەپ قەرز بېرىش، مۇددىتى توشقاندىن كېيىن قەرز پۇلنى قايتۇرۇش، مەبلەغكە ئېھتىياجلىق بولسا، يەنە قەرز بېرىش.

1964 - يىل 10 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا ۋە پۈتۈن سىلىكۇنسى بىرلىشىپ «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش پۈتۈنىنىڭ ئاشلىق (ياغلىق دان)، پاختا سودا كارخانىلىرىغا قەرز پۇل بېرىش چارىسى» نى تارقىتىپ، پەقەت پۈتۈن ۋە ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك شىلىرىگە قاراشلىق مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىدىغان ھەمدە بەلگىلىك كۆچمە مەبلىغى بار ئاشلىق (ياغلىق دان) پاختا سودا كارخانىلىرىلا بانكىدىن قەرز پۇل ئالالايدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇ كارخانىلارنىڭ نورمىلىق كۆچمە مەبلىغىنى پۈتۈن سىلىكۇنسى بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ بېكىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق، ماي نورمىلىق كۆچمە مەبلىغىنى ئىككى ئاي نورمال ئوبورۇت قىلىنىدىغان مەبلەغ ئېھتىياجى ۋە غەيرىي تاۋار (ئاشلىق، ماينى ئوراش - قاچىلاش بۇيۇملىرى) كۆچمە مەبلىغىنىڭ يىللىق ئەڭ يۇقىرى سوممىسى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. پاختا نورمىلىق كۆچمە مەبلىغىنى پاختىغا ئېھتىياجلىق بولغان غەيرىي تاۋار (ئوراش - قاچىلاش بۇيۇمى) كۆچمە مەبلىغىنىڭ يىللىق ئەڭ يۇقىرى سوممىسى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. تەكشۈرۈپ بېكىتكەن مەبلەغ باشقا مەبلەغلەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلمەي مەخسۇس تۈر بويىچە ئىشلىتىلدى. قەرز پۇل پەقەت پىلان ئىچىدىكى پۈتۈن ۋە ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىق (ماي)، پاختا سېتىۋېلىشقا، تاۋار ساقلاش، يۆتكەشتىكى ئوبورۇت خىراجىتىگە (مائاشنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ۋە بەلگىلىمە بويىچە چىقىم قىلىنىدىغان پېششىقلاپ ئىشلەش ھەققى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلدى. قەرز پۇلنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن كۆرسەتكۈچتىن ئېشىپ كېتىشىگە يول قويۇلمىدى. يەتمىسە، تەرتىپ بويىچە ئىلتىماس قىلغاندىن كېيىن، كۆرسەتكۈچ تولۇقلاپ بېرىلدى. بانكا قەرز پۇل تارقاتقاندا سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈش دوكۇمېنتى، پېششىقلاپ ئىشلەش دوكۇمېنتى، تۈن - مەيدان ۋاكالىتەن ساقلاۋاتقان ئاشلىق (ماي)، پاختىنىڭ شى، باشقارما رەھبەرلىرى تەستىقلىغان سېتىۋېلىش ئىسپات تالونى (ئىش تۈگىگەندىن كېيىن كارخانا رەسمىي ئامبارغا كىرگۈزۈش دوكۇمېنتى تاپشۇرىدۇ) قاتارلىقلارنى بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ بېكىتتى. ئاۋۋال چىقىم قىلىش كېيىن كىرىم قىلىشقا، يۆتكەش پىلانىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ۋە ئايرىم رايونلارنىڭ پەسىل ھالقىپ بالدۇر سېتىۋېلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، پۈتۈن ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا گەۋدىلىگە ئاساسەن ئالدىن ئالا بىر قىسىم زاپاس كۆرسەتكۈچلەرنى قالدۇرۇپ قويغاندىن سىرت، قالغان كۆرسەتكۈچلەر بىلەن ھەر قايسى شىلار ئوتتۇرىسىدا ئارتۇق، كېمىنى تەڭشىدى. شۇ يىلى پۈتۈننىڭ تاۋار سېتىۋېلىش ئومۇمىي سوممىسى

360 مىليون يۈەن، سېتىش ئومۇمىي سوممىسى 380 مىليون يۈەن، تاۋارنىڭ ئامبار قالدۇقى 120 مىليون يۈەن، قەرز پۇل قالدۇقى 37 مىليون 420 مىڭ يۈەن بولۇپ، تاۋارنىڭ ئامبار قالدۇقى 29.8% نى ئىگىلىدى. سودىنىڭ پايدىسى 45 مىليون يۈەن بولۇپ، بىڭتۈەن پايدا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 47.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1965 - يىلى بىڭتۈەننىڭ سودا قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى پەسىل بويىچە چۈشۈرۈلدى. پەسىللىك كۆرسەتكۈچ چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئالدىنقى پەسىلدە ئەستىقلىغان كۆرسەتكۈچ داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولدى. ئالغان قەرز پۇل ئوبوروتقا يەتمىگەندە ۋاقىتلىق قەرز پۇل ئېلىش ئىلتىماس قىلىنىپ، ھەل قىلىندى. سودا قەرز پۇلىدا ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلغا ئايرىم ھېساب ئېچىلىپ باشقۇرۇلدى. ھەمدە تۈەن - مەيدان سودا كەسپىگە قەرز پۇل تارقىتىلدى. بۇ چارە 1974- يىلغىچە ئىجرا قىلىندى.

1974 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو خەلق باش بانكىسى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تارقاتتى. «چارە» دە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرغۇچى تارماق ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىغا قاراشلىق مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، سودا، پىششىقلاپ ئىشلەش، تەمىنلەش - سېتىش كارخانىلىرىغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ۋە سودىغا قەرز پۇل بېرىش چارىسى بويىچە قەرز بېرىش بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن كېيىن بىڭتۈەن سودا قەرز پۇلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا قەرز پۇل بېرىش چارىسى بويىچە ئىجرا قىلىندى.

1975 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەننىڭ تۈزۈلمىسى ئۆزگەردى. بىڭتۈەن سودا كەسپى ئاپتونوم رايونلۇق سودا ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. سودا - سانائەت قەرز پۇلى ئاپپاراتقا ئەگىشىپ ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن قەرز پۇلغا قايتىدىن قەرز ھۆججىتى تولدۇرۇلدى. تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇن قەرزدارلىق - ھەقدارلىقنى بىرلا ۋاقىتتا تاپشۇرۇپ ئالدى. تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇن بولمىغاچقا ئاشلىق (ماي)، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش قەرز پۇلىنىڭ ھەممىسى يىغىۋېلىندى. سودا قەرز پۇلىدىن ئاغدۇرۇلغان قالدۇق 35 مىليون 270 مىڭ يۈەن بولدى.

1979 - يىلى ئەسلى بىڭتۈەنگە قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان سانائەت، سودا كارخانىلىرى يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش باش ئىدارىسىغا ئاغدۇرۇلغان سودا قەرز پۇلى 19 مىليون 781 مىڭ يۈەن. تۈەن - مەيدان سودا قەرز پۇلىدىن ئاغدۇرۇلغىنى 5 مىليون 709 مىڭ يۈەن بولدى. سودا قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئومۇمىي كۆرسەتكۈچىنىڭ بىر قىسمى قىلىندى.

1982 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئەسلىگە كېلىپ، سودا قەرز پۇلى بىڭتۈەن سودا قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. 1982 - يىل سودا قەرز پۇلى كۆپىيىپ 84 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كېيىن يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. 1985 - يىلغا كەلگەندە بىڭتۈەنگە قاراشلىق پارچە سېتىش سودا ئاپپاراتلىرى 7902 گە يەتتى (بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي تىجارەت كىنىشكىسى بار دۇكانلار 5440). بانكىنىڭ بىڭتۈەنگە تارقاتقان سودا قەرز پۇلى قالدۇقى 187 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بىڭتۈەن سودا ۋە تەمىنات سودىسىنىڭ مۇقىم مۈلۈك ساپ قىممىتى 65 مىليون 920 مىڭ يۈەن، كۆچمە مەبلەغ 125 مىليون 800 مىڭ يۈەن، تاۋار سېتىلىش سوممىسى 1 مىليارد 210 مىليون يۈەن، پايدا 26 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولدى.

**بىڭتۇەننىڭ 1966 — 1974 ـ يىلغىچە بولغان سودا ئەھۋالى ۋە سودا قەرز پۇلى**

جەدۋەل: 6 ـ 2 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | كىرگۈزۈلگەن ئومۇمىي سوممىسى | ئىشلىتىلگەن ئومۇمىي سوممىسى | كاسسا قالدۇقى | بانكا قەرز پۇلى |
|---|---|---|---|---|
| 1966 | 34000 | 37000 | 11000 | 4094 |
| 1967 | 6730 | 18426 | 10251 | 3168 |
| 1968 | 7500 | 22000 | 8400 | 3934 |
| 1969 | 7500 | 22000 | 8400 | 3127 |
| 1970 | 7500 | 22000 | 8400 | 2318 |
| 1971 | 2193 | 20316 | 5400 | 5788 |
| 1972 | 5076 | 19586 | 8229 | 4489 |
| 1973 | 6615 | 20950 | 8842 | 4218 |
| 1974 | 7832 | 23115 | 9942 | 3781 |

## 4 § . يەرلىكنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى قەرز پۇلى

يەرلىكنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىسى دېگىنىمىز: ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىدىن باشقا يەرلىكنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، بېلىقچىلىق مەيدانلىرى ۋە سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى، باغۋەنچىلىك مەيدانى، نەسىللىك چارۋا فېرمىسى، ھەسەل ھەرىسى بېقىش مەيدانى ۋە تراكتور پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلارنى كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭدا 1950 ـ يىلدىن باشلاپ يەرلىكنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1950 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال بانكىسى ئۈرۈمچى «خۇگيەنچى» ۋە «تىنچلىق» ئۆستەڭنى مەخسۇس تۈردىكى سۇ ئىنشائات سوغىرىش قۇرۇلۇشىنى ياساش،

رېمونت قىلىش قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئۈچۈن 14 مىليون 611 مىڭ 568 جىڭ بۇغداي ئاجراتتى، بۇنى كۈمۈش دوللار پۇلىغا سۇندۇرغاندا 25 مىڭ 511.20 يۈەن بولىدۇ. پۇلنى ئۆلكىلىك دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى قەرز ئالدى. مۇددىتى بەش يىل، ئايلىق ئۆسۈم %5، 7، پايدا ئالغان يىلدىن باشلاپ قايتۇرىدىغان بولدى. بۇ، شىنجاڭ تارقاتقان تۇنجى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك خاراكتېرلىك قەرز پۇلى ھېسابلىنىدۇ. 1950 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە ئىككى تۈردىكى قۇرۇلۇشقا جەمئىي 8 مىليون 400 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى، تۆۋەندىكىلەرمۇ ئوخشاش) قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1950 ـ يىلى ئىككى سۇ قۇرۇلۇشى ئۈنۈم بېرىشكە باشلىدى. شۇ يىلى سۇغىرىش كۆلىمى 32 مىڭ مو كېڭەيدى. 1951 ـ يىلى 60 مىڭ موغا كېڭەيدى. 1952 ـ يىلى 98 مىڭ موغا، 1953 ـ يىلى 160 مىڭ موغا كېڭەيدى. 1953 ـ يىلى بۇ تۈردىكى قەرز پۇل دۆلەت مالىيىسىدىن بېرىلگەن پۇل بىلەن ئەسلىدىكى سان بويىچە قايتۇرۇلدى.

1952 ـ يىلى دۆلەتسىز ئۆزۈمچى كولخوزىنى قۇرۇش ئۈچۈن 250 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالدى. 1952 ـ يىلدىن 1953 ـ يىلغىچە بانكا كولخوزغا 73 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى، بۇنىڭدىن سىرت ماناس دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا 28 مىڭ 600 يۈەن قەرز پۇل بەردى. 1952 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى 8 مىليون 476 مىڭ يۈەنگە يەتتى، ئۇنىڭ ئاساسلىقى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇش قەرز پۇلى ئىدى.

1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە (1953 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە) يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە قالدۇقى 2 مىليون 293 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1952 ـ يىلدىكىدىن 6 مىليون 183 مىڭ يۈەن ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1953 ـ يىلدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 59 مىڭ يۈەن بولدى. مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىپ سۇ قۇرۇلۇشى قەرز پۇلىنى قايتۇرغانلىقتىن قەرز پۇل قالدۇقى كېمىيىپ كەتتى.

1954 ـ يىل 8 ـ ئايدا دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، خەلق شۆبە بانكىسى بىرلىشىپ، «1954 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا قەرز پۇل بېرىش چارىسى» نى تۈزدى. شۇ يىلى 360 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 348 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1953 ـ يىلدىكىدىن بەش ھەسسىگە يېقىن ئاشتى.

1955 ـ يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك مىنىستىرلىكى، خەلق بانكىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ نورمىلىق كۆچمە مەبلىغىنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىنى، ھەر قايسى ئۆلكە (شەھەر) لەر ئالدىنقى يىلدىكى يەرلىك مالىيە ئېشىنچىسىدىن تەدرىجىي تولۇقلاپ بېرىشنى بەلگىلىدى. ۋىلايەت، ناھىيە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ مۈلكى ئېنىقلىنىپ، مەبلىغى تەكشۈرۈلۈپ، نورمىلىق كۆچمە مەبلىغى تولۇق ئاجرىتىپ بېرىلدى. نورمىدىن ئېشىپ كەتكەن قەرز پۇل كاپالىتىدە يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇل تارماقنىڭ كېپىل بولۇشىنى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئۆزىدىكى ماتېرىيال زاپىسى، ئىشلىنىۋاتقان مەھسۇلاتلار، تەييار مەھسۇلات قاتارلىق ماددىي ئەشيالارنى كېپىل قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ تولۇق ئاجرىتىلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ مەبلىغى كەڭ ـ كۇشادە بولۇپ، ئالىدىغان قەرز پۇل مۇناسىپ ھالدا ئازايدى. شۇ يىلى 16 ۋىلايەت ناھىيىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا 147 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 263 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1954 ـ يىلدىكىدىن 850 مىڭ يۈەن ئازايدى.

1956 ـ يىلى چارۋىچىلىقتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، يېڭى قۇرۇلغان ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى يېتىشمىگەندە، مالىيە پىلان تۈزۈپ يوللىسىلا بانكا شۇنىڭغا ئاساسەن تەكشۈرۈپ قەرز پۇل تارقاتتى (مۇددىتى بىر يىل بولدى). شۇ يىلى جەمئىي 8 مىليون 275 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، 6 مىليون 650 مىڭ

يۈەن يىغىۋېلىندى. بۇ تارقىتىلغان قەرز پۇلنىڭ 80.34 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1957 - يىلغىچە شىنجاڭ بويىچە دۆلەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى 92 چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇلۇپ، چارۋىسى 2 مىليون 500 مىڭ تۇياققا، تېرىلغۇ يېرى 800 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتتى.

1957 - يىلى ئاپتونوم رايون مەبلىغىنى تەكشۈرۈپ بېكىتمىگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا قەرز پۇل بېرىشتە، يىللىق ئىشلەپچىقىرىش كۆچمە مەبلىغىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ئىگىلىنىش سوممىسىنىڭ 30 پىرسەنتىنى چەك قىلىپ بېكىتتى. قەرز پۇل پەسىل خاراكتېرلىك ماتېرىياللار زاپىسى قەرز پۇلى، پەسىللىك ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى؛ چوڭ رېمونت قەرز پۇلى؛ ۋاقىتلىق قەرز پۇلدىن ئىبارەت تۆت خىلغا بۆلۈندى. شۇ يىلدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 8 مىليون 905 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1956- يىلدىكىنىڭ 4.7 ھەسسىسىگە تەڭ كەلدى. بۇ يىل 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە تارقىتىلغان قەرز پۇل ئەڭ كۆپ بولغان بىر يىل بولدى.

2 - بەش يىللىق پىلاننىڭ (1958 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە) ئالدىنقى ئىككى يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى كېڭەيتىلىپ قۇرۇلغاچقا، مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجى ئاشتى. 1958 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى «يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن كۆچمە مەبلەغنى بىر تۇتاش ئىشلىتىشە بولىدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بۇ بەلگىلىمە بىلەن كۆچمە مەبلەغ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئىگىلىۋالدى. قەرز پۇل ئاشماي بەلكى ئازايدى. قالدۇق 1 مىليون 780 مىڭ يۈەنگە تۆۋەنلەپ، 1957 - يىلدىكىدىن 7 مىليون 128 مىڭ يۈەن ئازايدى. ئىككى خىل مەبلەغ ئارىلىشىپ كەتكەچكە مۇقىم مۈلۈك مەبلىغى كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، بانكا تارقاتقان قەرز پۇلنى ئىگىلىۋالدى. 1959 - يىلى قەرز پۇل قالدۇقى 1958 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىگە يېقىن ئېشىپ 3 مىليون 427 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى 6 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە خەلق باش بانكىسى بىرلىشىپ «بۇندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا كۆپەيتىپ بېرىشكە تېگىشلىك كۆچمە مەبلەغ مالىيەدىن بىۋاسىتە بىر تۇتاش ئاجرىتىلىدۇ. بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىش ئارقىلىق ھەل قىلىنمايدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شۇنىڭغا ئاساسەن، بانكا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىنى دەرھال توختاتتى ھەمدە مۇقىم مۈلۈك ئىگىلىۋالغان قەرز پۇل مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇندى.

1961 - يىل 1 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقلىشى، خەلق باش بانكىسىنىڭ تەستىق جاۋاب بېرىشى ئارقىلىق يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كۆچمە مەبلىغىگە 5 مىليون 700 مىڭ يۈەن تولۇقلاپ ئاجرىتىپ بېرىلىپ، بانكا تارقاتقان قەرز پۇل قايتۇرۇلدى. بۇنىڭدىن سىرت 1961 - يىل ئاخىرىدىن ئىلگىرىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتلىرىغا تارقىتىلغان 3 مىليون 463 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قېپقالغان مەسىلىلەر قاتارىدا مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىلىپ، بانكىغا قايتۇرۇلدى.

1962 - يىلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 2 مىليون 658 مىڭ يۈەن بولدى.

1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە بولغان تەڭشەش مەزگىلىدە، «بانكا خىزمىتىگە دائىر ئالتە ماددا» ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى تەڭشەلدى ۋە تەرتىپكە سېلىندى. مۇشۇ ئاساستا مالىيە كۆچمە مەبلەغ ئۈچۈن 10 مىليون 150 مىڭ يۈەن تولۇقلاپ ئاجرىتىپ، 1962 -، 1963 - يىللاردىكى 2 مىليون 535 مىڭ يۈەن زىياننىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ بېرىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ھېساباتىنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈردى. مۇشۇ يىلدا يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ئورۇنلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئۆتكەن يىلدىكىدىن 173 مىڭ يۈەن ئازايدى. كارخانىلارنىڭ زىيان سوممىسىمۇ 20% يەنى 4 مىليون 320 مىڭ يۈەن ئازايدى.

1964 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، مۇشۇ يىلدا جەمئىي 9 مىليون 810 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 1963- يىلدىكىدىن 2.74 ھەسسە ئاشتى. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق ئورۇنلىرىغا تارقىتىلغان قەرز پۇل قالدۇقى ئۆتكەن يىلدىكىدىن 1 مىليون 168 مىڭ يۈەن ئازايدى. قەرز پۇلنى يىغىۋېلىش ئەھۋالى ياخشى بولدى. بۇ يىل قەرز پۇل تارقىتىشتا ئاساسلىقى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ۋە تراكتور پونكىتلىرىنىڭ خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، ماي ۋە زاپچاس قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى مەبلىغىگە بولغان ئېھتىياجىغا مەدەت بېرىلىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مول - ھوسۇل ئېلىش ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1965- يىلى شىنجاڭ بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى 470 كە يەتتى (بىڭتۈەندە 150)، بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق مەيدانى 252، چارۋىچىلىق مەيدانى 186، ئورمانچىلىق مەيدانى 23، بېلىقچىلىق مەيدانى توققۇز. يىل ئاخىرىدىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى قالدۇقى 2 مىليون 900 مىڭ يۈەن بولدى.

1966 - يىلى باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى ئىشلەپچىقىرىشتىن توختاپ، ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. ئون يىل ئىچىدە، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە قالدۇقى 6 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرىكى 1965 - يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئىككى ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى. نۇرغۇن قەرز پۇللار ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلمەي ئىستېمالغا ئىشلىتىلدى. يەنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە مائاش قىلىپ تارقىتىلدى. 5 - بەش يىللىق پىلان (1976 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە) مەزگىلىدە بىڭتۈەن يەرلىك بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەچكە يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى شىددەت بىلەن ئاشتى. بەش يىلدا قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە قالدۇقى 10 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولدى. 1979 - يىلى ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ھۆكۈمەت بىلەن خوسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ زىممىسىدىكى كۆپ يىللاردىن بۇيانقى يىغىلىپ قالغان قەرز پۇل 1 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئېنىقلانغاندىن كېيىن قايتۇرالايدىغانلاردىن يىغىۋېلىندى. قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوقلارنىڭكى مالىيىدىن تولۇقلاپ بېرىلدى. بۇ يىلدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىدا مالىيىنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇش ۋە «ئۈچنى بېكىتىش، بىرنى مۇكاپاتلاش» تۈزۈمىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، بانكا «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ياخشىلىرىنى تاللاپ مەدەت بېرىش» قەرز پۇل پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا باشلاپ، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنى زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇشتا نەتىجىگە ئېرىشتۈردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 285 كارخانا ئىچىدە زىياننى ئازايتىپ، پايدىنى ئاشۇرغان كارخانا 159 غا يېتىپ، 55.8% نى ئىگىلەپ، مالىيىدىكى ھۆددىگەرلىك ئېشىنچىسى 45 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا 70% تىن ئارتۇق بانكا ئاپپاراتلىرى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ ئامبارنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ كارخانىلارنىڭ تېگى - تەكتىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ، قەرز پۇلنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن شارائىت ياراتتى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى 12 دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى تىجارەت پونكىتى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ مەبلەغنى نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىشىنى تەكشۈرۈشكە ياردەملىشىپ، يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك قەرز پۇلدىن جەمئىي 11 مىليون 710 مىڭ يۈەن يىغىۋالدى. بۇ يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك قەرز پۇلنىڭ 85.2 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شۇ يىلى 7- ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى كرېدىت كەسپىي كۇرسى ئېچىپ، ھەر قايسى جايلارغا بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك كرېدىت تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا كرېدىت خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يىل ئاخىرىغىچە سەككىز ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى يېزا ئىگىلىك بانكىسى 220 نەپەر دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كرېدىت كادىرىنى يېتىشتۈردى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر

دەرىجىلىك كرېدىت كادىرلىرىنىڭ 76 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

1980 - يىلى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى ئوتتۇرىغا قويغان «شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىش كۆرۈش، سودا ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا مەدەت بېرىش، ئۈستۈنلۈكنى جارى قىلدۇرۇش، ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، كەمچىلىكنى تولۇقلاش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش» تىن ئىبارەت يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمەت فاڭجېنىغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرىنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت بېرىشكە تارقىتىلىدىغان قەرز پۇلىنى كۆپەيتتى. مۇشۇ يىلدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا تارقاتقان ھەر خىل قەرز پۇل جەمئىي 71 مىليون 840 مىڭ يۈەن (بۇ يەر ئۆزلەشتۈرۈش سىستېمىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بولۇپ، كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە مەدەت بېرىلدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە خىمىيۋى ئوغۇت 1979 - يىلغا سېلىشتۇرغاندا %27، دېھقانچىلىق دورىلىرى %84 ئاشقان. ئاشلىق تېرىلغۇ كۆلىمى ئازايغان ئەھۋال ئاستىدا ئومۇمىي مەھسۇلات يەنىلا ئاشتى. پاختىنىڭ تاۋار نىسبىتى 1979 - يىلدىكىدىن %80، قىزىلچىنىڭ %52، ياغلىق دانىنىڭ %11 ئاشتى. كىرىم ئاشقانلىقى ئۈچۈن، كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل قايتۇرۇش ئىقتىدارى ئۆستى. مۇشۇ يىلدا جەمئىي يىغىۋېلىنغان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى قەرز پۇلى 76 مىليون 990 مىڭ يۈەن بولۇپ، شۇ يىلدىكى تارقىتىلغان قەرز پۇل سانىدىن 5 مىليون 150 مىڭ يۈەن كۆپ بولدى. 1980 - يىلى چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى. ئىلى ئوبلاستىدا چارۋىچىلىق قەرز پۇلى ئىشلىتىلىدىغان كارخانا 16 بولۇپ، ئومۇمىي كارخانىنىڭ 61.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. ئۇلارغا 841 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا قاراشلىق تۆت ھەربىي ئات فېرمىسى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن كرېدىت مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ئۇلارغا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى قاتارىدا قەرز پۇل بېرىلدى.

1981 - يىلى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرىنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا تېخىمۇ مەدەت بېرىپ، كارخانىلارنىڭ زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرۇشىغا ياردەم بەردى. ئالدى بىلەن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بازا قۇرۇلۇشى قەرز پۇلىغا كاپالەتلىك قىلىندى. شىنخو دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇلغان 18 يىلدىن بۇيان ھەر يىلى زىيان تارتىپ كەلگەن ئىدى. 1981 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى 6 مىليون 710 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ، بۇ مەيداننىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا زور كۈچ بىلەن پاختا، قولماق، ئەتىرگۈل، قىچا، زاراڭزا قاتارلىق بەش خىل ئەۋزەل مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش، سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ كېۋەز تېرىش تېخنىكىسىنى زور كۆلەمدە ئومۇملاشتۇرۇش، يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە مەدەت بەردى. بىر يىلدا كىرىم 10 مىليون 200 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ، 4 مىليون 150 مىڭ يۈەن ساپ پايدا يارىتىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك ئورۇنلىرىغا قەرز پۇل بېرىش ۋە پۇل بۆلۈپ بېرىشكە نازارەت قىلىش خىزمىتىدە، ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلار توختام تۈزۈشنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈردى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىككە ئۆسكۈنە قەرز پۇلى بېرىشتىمۇ بىر قەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم قولغا كەلدى. جەمئىي 180 يېزا ئىگىلىك تۈزۈگە مەدەت بېرىلدى. شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن ۋە يېرىم كىرىشكەن تۈر 173 كە يەتتى. 9 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 19 مىليون 202 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 3 مىليون 254 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. يېڭىدىن ئاشقان ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 30 مىليون 274 مىڭ يۈەنگە، باج پايدا 9 مىليون 949 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 4557 ئادەم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1981 - يىلى قىشتىن 1982 - يىلى ئەتىيازغىچە شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ھاۋارايى ئىنورمال بولۇپ، كۆپلىگەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى بوران، ئۈششۈك، مۆلدۈر، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن قاتارلىق

ئېغىر ئەھۋالنى ئاپەتكە ئۇچرىدى. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى 1 مىليون 240 مىڭ مو ئاشلىق، پاختا، يافلىق دان ئاپەتكە ئۇچراپ ئاپەتكە ئۇچرىغان يەر ئەمەلىي تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 10 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى. شىنجاڭدىكى يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى 390 نەپەر كادىردىن 50 خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايونغا ئاتلىنىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلەپ، ئاپەت يۈز بەرگەن رايوندىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا ھەر خىل قەرز پۇللاردىن 27 مىليون يۈەن تارقاتتى (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئارقىلىق شۇ يىللىق ئاشلىق ئومۇمىي مەھسۇلاتى ئازايمىدى. پاختا مەھسۇلاتى %15 ئاشتى. قەرز پۇل يىغىۋېلىش نىسبىتى %92.1 كە يەتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئىلگىرى ئاخىر بولۇپ، 400 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، تودۇڭخې دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ «كۆزگى ئاق بۇغداي» نى سىناق قىلىپ تېرىپ ۋە غەربىي گېرمانىيىدىن «7416، كۆزگى بۇغداي» كىرگۈزۈپ، كەڭ كۆلەمدە مول ھوسۇل ئېلىشقا شارائىت يارىتىپ بەردى. بىرلىك مەھسۇلاتى 546.6 جىڭغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدىن زور تۈركۈمدە سورتلۇق ئۇرۇق تاللىنىپ، باشقا ئورۇنلاردا كېڭەيتىپ تېرىشقا مەدەت بېرىلدى. شۇ يىلى بارلىق قەرز پۇلنى قايتۇرغاندىن سىرت، يەنە 100 مىڭ يۈەن ئېشىندى. بانكا سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ كېۋەز تېرىشقا مەدەت بېرىشنى قەرز پۇلنىڭ ئاساسىي سېلىنما يۆنىلىشى قىلدى. ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا (بىڭتۇەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) جەمئىي 25 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، سۇلياۋ يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەز 1981 - يىلدىكى 20 مىڭ مودىن 1982 - يىلى 470 مىڭ موغا كېڭەيدى. شۇ يىلى پاختىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلاتى 28 مىليون جىڭ ئېشىپ، كىرىم 56 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئاشتى.

1983 - يىلى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى ھەر خىل قەرز پۇللارنى ئۆز ۋاقتىدا تارقىتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ 6 - يىلمۇ مول - ھوسۇل ئېلىشىغا مەدەت بەردى. ئاشلىق مەھسۇلاتى %10، پاختا مەھسۇلاتى %5، سېتىلىشى %7 ئاشتى. ئۇنۇمۇپرسال پايدا 44 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، كۆچمە مەبلەغ پايدا نىسبىتى %105 كە كۆتۈرۈلدى. كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلنىڭ يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %93 كە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 2 پوئېنت ئۆستى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى قاتتىق تىزگىنلەندى. ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدا كۆپەيگەن كۆرسەتكۈچى 25 مىليون يۈەن بولۇپ، شۆبە بانكا تەشەببۇسكارلىق بىلەن يۇقىرىغا 5 مىليون يۈەن تاپشۇردى. ئەمەلىيەتتە ئاشلىقىنى پەقەت 11 مىليون 380 مىڭ يۈەن، تېجەپ قېلىنغان كۆرسەتكۈچ 8 مىليون 620 مىڭ يۈەن بولدى. 1983 - يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن قەرز بېرىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 21 كوللېكتىپ ۋە 316 يەككە ئائىلىگە مەدەت بېرىلدى.

1984 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانىنى بەس - بەستە قۇرۇشقا باشلىدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئىسلاھات ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى قۇرۇشقا قەرز پۇل بېرىش چارىسى» نى تۈزۈپ، قەرز پۇل بېرىش، راسچوت قىلىش، ھېساب ئېچىش چارىلىرىنى ياخشىلىدى. مۇشۇ يىلدا ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانى مۇددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە، بىرلەشمە گەۋدە قاتارلىقلارغا جەمئىي 31 مىليون 17 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. بۇ 1983 - يىلدىكىدىن 21 ھەسسە كۆپەيدى. شۇنداق قىلىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئىسلاھاتىغا كۈچلۈك مەدەت بېرىلدى. بېيتۇن تارماق بانكا 100 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، ئون ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئالتە تراكتور ۋە يۇرۇشلەشكەن دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشىغا مەدەت بەردى؛ 100 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ 20 ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ سانائەت قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت بەردى؛ 40 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، 11 توخۇ، غاز بېقىش ئائىلىسىنىڭ قوش، تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت

بەردى؛ 15 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، سەككىز چارۋىچىلىق كەسپىي ئائىلىسىنىڭ نەسىللىك ئىنەك، ساغلىق كىرگۈزۈشىگە مەدەت بەردى؛ 80 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، ھۆددىگەرلەرنىڭ ترانسپورت، يەم - خەشەك پىششىقلاپ ئىشلەش، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى بېقىپ كۆپەيتىشنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت بەردى. بايىنغولىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىش بېجىرىش ئورنى 80 ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانىغا قەرز پۇل تارقاتتى. بۇ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ يىللىق كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مەھسۇلات قىممىتى 3099 يۈەن ئاشتى؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىم 1257 يۈەنگە يەتتى، مۇ بېشىدىن 32.18 يۈەن پايدا ئالدى ھەمدە قەرز پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا قايتۇردى.

1985 - يىلى دۆلەتنىڭ «ماكرولۇق تىزگىنلەش، مىكرولۇق جانلاندۇرۇش» فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كرېدىت كۆلىمى ۋە پۇلنىڭ تارقىتىلىشى قەتئىي تىزگىنلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ ئائىلىۋى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىغا داۋاملىق مەدەت بېرىلدى. ئىقتىسادىي قۇرۇلما تەڭشىلىپ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت راۋانلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1982 - يىلدىكىدىن 2 مىليون 420 مىڭ يۈەن تۆۋەنلىدى. ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا 28 مىليون 40 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. قەرز پۇل تارقىتىشتا بانكا بىۋاسىتە قەرز پۇل بېرىش؛ بانكا ۋە دېھقانچىلىق مەيدانى بىرلىشىپ قۇرغان كرېدىت مۇلازىمەت بۆلۈمى قەرز پۇل بېرىش؛ لېيەندۈي بانكىدىن قەرز پۇل ئېلىپ يەنە لېيەندۈينىڭ بوغالتىر ھېسابات بۆلۈمى ئارقىلىق قەرز پۇل بېرىش؛ تۈەن - مەيدان قەرز ئېلىپ، ھەقلىق ھالدا ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا قەرز بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

## § 5. يېزىلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلغا نازارەت قىلىش

1964 - يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى پارتىيە مەركىزى كومىتېت، گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى قارار»ىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىككە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇللارنى نازارەت قىلىش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە باشلاپ، يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلارغا بۆلۈپ بېرىلگەن پۇللارنى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغنى نازارەت قىلدى.

1964 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم پۇلى (سۇ، تۇپراقنى ساقلاش خىراجىتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش خىراجىتىنى نازارەت قىلدى. بانكا نازارەت قىلىدىغان مەزمۇنلار: 1) بەلگىلىمە ۋە ئالاقىدار دوكۇمېنتلارغا ئاساسەن خىراجەتنى بىۋاسىتە پۇل ئىشلىتىدىغان ئورۇنغا بېرىش، ئاساسلىق مەسئۇل تارماق بىر تۇتاش رەسمىيەتلەرنى تەييارلاپ پۇل ئالغاندا مۇناسىۋەتلىك ئىسپاتلارنى ئاساس قىلىپ كۆرسىتىش لازىم. 2) پۇل ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، قول سانائەت بىرلەشمىسىدىن سېتىۋالغان ماددىي ئەشيالار پۇلى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنغا تاپشۇرغان ماشىنا ئىشلىتىش ھەققى ھەمدە مەسئۇل تارماقلار تەمىنلىگەن ماددىي ئەشيا، ئەسۋابلار پۇللىرىنى بىردەك مېمورىئال قىلىش چارىسى ئارقىلىق چىقىم قىلىش، نەق پۇل چىقىم قىلماسلىق. 3) تېخنىك ئىشچىلارنىڭ مائاش ياردەم پۇلى، دېھقان سۇ تېخنىك خادىملىرىنىڭ ۋاقىتلىق مائاش ياردەم پۇلى، ياردەمچى ئىشچىلارنىڭ تاماق پۇلى ھەمدە سۇ، تۇپراقنى ساقلاش خىزمىتىدە گۆڭشې، ئەترەت سېتىۋالغان كۆچەت، دەرەخ تۇرلىرى، ئوت - چۆپ ئۇرۇقى پۇللىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن نەق پۇل چىقىم قىلىش قاتارلىقلار.

شۇ يىلى 5 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك ئىشلىرى خىراجىتىنى بۇيرۇپ بېرىشنى ئۆتكۈزۈۋالدى، 8 ـ ئايدا 73 ناھىيە تارماق بانكا نامرات ئەترەتلەرگە ھەقسىز مەبلەغ سېلىش كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. 19 ناھىيىلىك تارماق بانكا كىچىك تىپتىكى ئېتىز ـ ئېرىق سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇش ياردەم پۇلى كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، 20 ناھىيىلىك تارماق بانكا يېزا قۇتقۇزۇش پۇلى كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، تۆت ناھىيىلىك تارماق بانكا شەھەردىن يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلار ۋە تارقاق ئەمگەك كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. بەزى بانكىلار يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر ياردەم پۇلى كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئاساسىي خىزمەت پىلانىغا ئاساسەن چىقىم قىلىشنى نازارەت قىلىش، كۆرسەتكۈچنى ۋە ئۈنۈمنى تەكشۈرۈش ۋە ھەر ئايدا ستاتىستىكا قىلىپ يۇقىرىغا يوللاشتىن ئىبارەت بولدى.

شۇ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بۇيرۇلغان پۇلنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى نازارەت قىلىپ چىقىم قىلىشقا باشلىدى. يەرلىك قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا بۇيرۇلغان پۇلنى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىردى. مەركەزنىڭ گىدىرولوگىيىگە مەبلەغ سېلىشنى يەنىلا قۇرۇلۇش بانكىسى بېجىردى.

1964 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان خەلق باش بانكىسى، يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشى ۋە يېزا ئىگىلىك ئاساسىي كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلارغا پۇل بۇيرۇشنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشى توغرىسىدىكى دوكلاتى» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، خەلق شۆبە بانكىسى، مالىيە نازارىتىنىڭ تولۇقلىما پىكرىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۆتكۈزۈۋېلىپ بېجىرىش دائىرىسى مۇنداق ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: 1) ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك (باشقا تارماقلار باشقۇرغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تراكتور پونكىتى، سۇ چىقىرىش ۋە سۇغىرىش پونكىتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئورمانچىلىق، (ئورمانچىلىق سانائىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) مېتېئورولوگىيە تارمىقى ۋە مۇھاجىرلار دېھقانچىلىق مەيدانى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېھقانچىلىق مەيدانى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا بۇيرۇلغان پۇلنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۆتكۈزۈۋالدى. 2) چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئىنشائات ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا بۇيرۇلغان پۇلنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى يەنىلا قۇرۇلۇش بانكىسى بېجىردى. كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىنىڭكىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۆتكۈزۈۋالدى. سۇ ـ ئېلېكتر مىنىستىرلىكى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى (ئادەتتە ھەممىسى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشى) نىڭكىنى يەنىلا قۇرۇلۇش بانكىسى بېجىردى. يەرلىك باشقۇرىدىغان سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشىدىكى بىر قىسىم چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپ ئىكەنلىكىنى ئوڭاي ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇشلارغا سېلىنغان مەبلەغنى نازارەت قىلىشقا قۇرۇلۇش بانكىسى مەخسۇس خادىم قويغانلىرىنىڭكىنى قۇرۇلۇش بانكىسى بېجىردى، قۇرۇلۇش بانكىسى نازارەت قىلىشقا مەخسۇس خادىم قويمىغان بولسا، يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىردى. 3) ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، سۇ مەھسۇلاتى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش (ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماقلىرىنىڭ سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىغا پۇل بۇيرۇپ بېرىش خىزمىتىنى بېجىرمەيدۇ. ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش تارماقلىرىنىڭ سودا ـ سانائەت خىراجىتى ۋە كەسپىي خىراجىتى ئېنىق ئايرىلمىسا، بېجىرمەيدۇ)، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش، مۇھاجىرلار كومىتېتى، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىغا قاراشلىق كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مالىيىدىن بۇيرۇپ بېرىلگەن ھەر خىل پۇللىرىنى نازارەت قىلىش خىزمىتى (كەسپىي خىراجەت، نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ، تۆت تۈرلۈك خىراجەت، زىيان تولۇقلىما پۇلى، ئوتتۇرىدا سىناق قىلىش خىراجىتى ھەمدە شەھەر ياشلىرىنى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىردى. 4) ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، سۇ مەھسۇلاتلىرى،

ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش، مۇھاجىرلار كومىتېتى، مېتېئورولوگىيە تارماقلىرىغا قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىندىغان پىششىقلاپ ئىشلەش، تەمىنات - سودا كارخانىلىرى (يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىندىغانلارنى كۆرسىتىدۇ) غا پۇل بۆيرۈش خىزمىتىنى شەرت - شارائىتى بار يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىردى. شەرت شارائىتىنى ھازىرلىمىغانلار ۋاقىتلىق بېجىرمىدى. يىل ئاخىرىدا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن مەركەز ۋە يەرلىكنىڭ يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا پۇل بۆلۈپ بېرىدىغان سىستېمىسى توققۇز بولۇپ، ئۇلار: ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە يەرلىكتىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، سۇ ئىنشائاتى، ئورمانچىلىق (ئورمانچىلىق سانائىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى، ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش مەيدانى، مېتېئورولوگىيە قاتارلىقلار بولۇپ جەمئىي قۇرۇلۇش ئورنى 721، بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەننىڭ 365، يەرلىكنىڭ 356، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ 212 مىليون 260 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت خام چوتىدا بۆيرۈلغان پۇل 84 مىليون 950 مىڭ يۈەن. مەخسۇس تۈردىكى مەبلەغ 127 مىليون 310 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش، يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى نازارەت قىلىپ بۆيرۈپ بەرگىنى 167 مىليون 760 مىڭ يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت خام چوتىدا بۆيرۈلغان پۇل 77 مىليون 950 مىڭ يۈەن. مەخسۇس تۈردىكى مەبلەغ 89 مىليون 810 مىڭ يۈەن. يۇقىرىقى سىستېمىلاردىكى كەسپىي ئورۇنلارنى، بىڭتۇەندىكى 31 كەسپىي ئورۇننىڭ ھەممىسىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇلارنىڭ خام چوتى 5 مىليون 80 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىي بۆيرۈپ بېرىلگىنى 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن. ئۆزلىرى تەييارلىغان كەسپىي خام چوت مەبلىغى 20 مىليون يۈەن. ئەمەلىي بۆيرۈلگىنى 11 مىليون 80 مىڭ يۈەن. يەرلىك كەسپىي ئورۇنلار ئۆتكۈزۈۋېلىشكە تېگىشلىكى 753، ئۆتكۈزۈۋالغىنى 703. يەرلىك دەرىجىلىك كەسپىي خىراجەت خام چوتى 23 مىليون 50 مىڭ يۈەن. ئاجرىتىلغىنى 20 مىليون 130 مىڭ يۈەن. مەركەز دەرىجىلىك كارخانا ئورۇندىن ئۆتكۈزۈۋېلىنغىنى 376، ئۇلارنىڭ ئامانەت پۇلى ۋە بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇلنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈزۈۋېلىندى. ئۇلارغا مالىيەدىن بۆيرۈپ بېرىلگەن كۆچمە مەبلەغ 33 مىليون 610 مىڭ يۈەن، تۆت خىل خىراجەت 4 مىليون 200 مىڭ يۈەن، ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى 46 مىليون يۈەن. يەرلىك كارخانا ئورۇنلاردىن ئۆتكۈزۈۋېلىشكە تېگىشلىكى 276، ئۆتكۈزۈۋېلىپ بېجىرىلگىنى 234، مالىيەدىن بۆيرۈپ بېرىلگەن كۆچمە مەبلەغ 10 مىليون 20 مىڭ يۈەن، تۆت تۈرلۈك خىراجەت 2 مىليون 770 مىڭ يۈەن، زىيان تولۇقلىمىسى 800 مىڭ يۈەن. ئورۇنلاشتۇرۇش خىراجىتى 1 مىليون 270 مىڭ يۈەن.

1965 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، دېھقانچىلىق، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق (ئورمانچىلىق سانائىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) سۇ ئىنشائاتى (بېلىقچىلىق مەيدانى، بېقىپ كۆپەيتىش مەيدانى قاتارلىق سۇ مەھسۇلاتلىرى كارخانىسى، كەسپىي ئورۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، مېتېئورولوگىيە قاتارلىق ئاساسىي باشقۇرغۇچى نازارەت، ئىدارە ۋە يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كەسپىي خىراجىتى، كارخانىلارنىڭ نورمىلىق كۆچمە مەبلىغى، تۆت تۈرلۈك خىراجەت ۋە شەھەر ئاھالىسىنىڭ يېزىغا ئورۇنلىشىش چىقىمى قاتارلىقلارغا پۇل بۆيرۈشنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى مەركەزلەشتۈرۈپ بېجىرىدىغان بولدى. 6 - ئايدا دۆلىتىمىز يېزىلاردىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇل، ھەربىي سەپتىن قايتقانلارغا بېرىلىدىغان ياردەم پۇل، مېيىپلار نەپىقە پۇلى ۋە پېنسىيە پۇلى، قۇتقۇزۇش پۇلى، ئورۇنلاشتۇرۇش پۇلى قاتارلىقلارنىمۇ يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ نازارەت قىلىپ چىقىم قىلىشىغا تاپشۇردى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن 1971 - يىلى بانكا بىلەن مالىيە ئىدارىسى بىرلەشتۈرۈلۈپ، بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇللارنى چىقىم قىلىشقا نازارەت قىلىش خىزمىتى پۈتۈنلەي توختىتىلدى. 1979 - يىل 6 - ئايدا بۇ خىزمەت قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىككە بۆيرۈلغان پۇلنى

چىقىم قىلىشقا نازارەت قىلىشقا ئاكتىپ تەييارلىق كۆرۈپ قەشقەر، سانجى، ئىلى ۋىلايەتلىرىنى نۇقتىلىق تەكشۈردى. ئۇلار قەشقەر يېڭىشەھەر، يوپۇرغا ناھىيىسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش مەبلىغىنى ئىشلىتىشتە، قارىغۇلارچە سېتىۋېلىش، سوپىتىنى سۈرۈشتە قىلماسلىق، يۆتكەپ ئىشلىتىش، يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ باشقا چىقىملارغا ئىشلىتىش، خام چوت بىلەن ئەمەلىيەت ئايرىلىپ قېلىش، ئۈنۈمىنى ئۆلچەشكە ئامالسىز قېلىشتەك مەسىلىلەرنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى. سانجى ئوبلاستى گۇچۇڭ ناھىيىسىدە، بىر قىسىم تارماقلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش مەبلىغىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش، مەخسۇس پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، مەبلەغ قىلىپ سېلىنغان سوممىنى قالايمىقان چىقىم قىلىش، ئىشلىتىش مەسىلىلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىغا ياردەم بېرىشكە سېلىنغان مەبلەغنى ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تارقىتىپ، گۇڭشې ئەترەت كارخانىلىرىغا ئىشلىتىدىغان مەبلەغ گۇڭشې سالىدىغان مەبلەغنىڭ يېرىمىدىن كەم بولماسلىقى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. گۇڭشې سالغان مەبلەغ مەخسۇس ھېساب ئېچىپ باشقۇرۇلۇپ، بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇل تۈرلەر بويىچە تەكشۈرۈلدى. 12 - ئايدا خەلق باش بانكىسى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، مالىيە ئىدارىسى بىرلىشىپ، يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى تارقاتقان «يېزا ئىگىلىكىگە بۇيرۇلغان پۇلنى چىقىم قىلىشقا نازارەت قىلىش چارىسى» نى تارقىتىپ، پۇل بۇيرۇش ئاساسى ۋە تەرتىپى، پۇل چىقىم قىلىش شەكلى ۋە تەكشۈرۈش تەلىپىنى بەلگىلىدى.

1980 - يىل 4 - ئايدا، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە پۇل بۇيرۇشنى نازارەت قىلىش خىزمىتىگە ئالاقىدار كونكرېت مەسىلىلەر ۋە پىكىرىنى تارقىتىپ، بانكىنىڭ ئىچكى باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى مۇنداق بەلگىلىدى: 1) پۇل بۇيرۇش ۋە ئامانەت ھېسابى ئېچىش مەسىلىسىدە، مالىيە خام چوت تۈزىدىكى «تارماق» بىلەن مۇناسىپ ھالدا ھېساب ئېچىش ھەمدە كونكرېت ھېساب ئېچىش ھەققىدە تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىش. 2) ھەر قايسى يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئېشىنچا مەبلىغىنى ئاغدۇرۇش مەسىلىسىدە، ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش. ئېنىق بولمىسا ئەسلىدىكى «تارماق» ھېسابىدا قالدۇرۇپ، يىلمۇ - يىل ئېنىقلاش. 3) ئاغدۇرۇلغان پۇل بىلەن بۇيرۇلغان پۇلنى ئايرىشتا، بۇيرۇلغان «تارماق» ھېسابىدا «بۇيرۇپ بېرىلگەن»، «بۇيرۇپ ئاغدۇرۇلغان»، «ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان» ۋە «قالدۇق» لار ئايرىم - ئايرىم ئېنىق يېزىلىش. 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى، گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەقلىق مەبلەغ سېلىشنى سىناق قىلدى. خەلق گۇڭشېسىغا سېلىنغان مەبلەغتىن 3 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ، نامرات گۇڭشې، ئەترەتلەر قۇرغان كارخانىلارنى يۆلەيدىغان مەخسۇس تۈردىكى مەبلەغ قىلىپ ئۇنى، ھەر دەرىجىلىك گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسى باشقۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ھېساب ئاچتى. گۇڭشې ئىلتىماس قىلىپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى، ئۈسكۈنە، مەبلەغ پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ناھىيە، ۋىلايەتلىك گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى ئىدارىسى بىلەن مالىيە ئىدارىسى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايون تەستىقلاپ ئاندىن مەبلەغ بېرىلدى. مۇددىتى 1980 - يىلدىن باشلاپ ھېسابلاندى. مۇددىتى ئادەتتە ئۈچ يىل بولدى. توختام مۇددىتى ئىچىدە ئۆسۈم ھېسابلانمىدى، بىر يىل ئۇزارتسا ئايلىق ئۆسۈمى بىر لى سەككىز خاۋ بويىچە يىغىلدى. ئۇزارتىلغان مۇددەت ئىچىدە قايتۇرالمىسا، قەرز پۇل ئۆسۈمى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاندى. بۇ پۇلنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ناھىيىدىن %30، ۋىلايەتتە %50 قالدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونغا %20 تاپشۇرۇلۇپ ئوبوروت سوممىسىنى تەڭشەش كۆرسەتكۈچى قىلىندى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى، خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئومۇمەن دۆلەت خام چوتىغا كىرگۈزۈلگەن دېھقانچىلىق، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، يېزا ئىگىلىك كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى (ياساش كەسپىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئورمانچىلىق (ئورمانچىلىق سانائىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، چارۋىچىلىق، سۇ ئىنشائات، سۇ مەھسۇلاتلىرى، مېتېئورولوگىيە، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى،

يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش سىستېمىسى قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا ۋە دۆلىتىمىز يېزا خەلق گۇڭشېلىرىغا ياردەم بەرگەن ھەر خىل يېزا ئىگىلىكىگە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل، تەرەققىيات مەبلىغىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىلگەن قىسمى ھەمدە يەرلىك مالىيەنىڭ خام چوت سىرتىدىكى مەبلىغى ۋە يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئۆزلىرى توپلىغان مەبلىغى. يېزا ئىگىلىكىگە ئىشلىتىشكە تەستىقلانغان ھەر خىل چىقىمنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى «يېزا ئىگىلىكىگە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلنى نازارەت قىلىش سىناق چارىسى» بويىچە نازارەت قىلىشنى ئۇقتۇردى. بۇ ئۇقتۇرۇش 1981- يىل 1- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن ئېتىبارەن ئىجرا قىلىندى. ئىقتىسادىي توختام تۈزۈمى ۋە مالىيەنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئورۇنلاردا يېزا ئىگىلىك بانكىسى، مالىيە تارماقلىرى ۋە ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورۇنلار تەستىقلىغان پىلان بويىچە نازارەت قىلىپ چىقىم قىلىندى. مالىيە تارماقلىرى ئورۇنلاشتۇرغان يېزا ئىگىلىكىگە بۆلۈپ بېرىلگەن ھەر خىل پۇل كۆرسەتكۈچى پەسىللەر، ئايلار بويىچە پۇل ئىشلىتىش پىلانى (ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش پىلانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، كەسىپكە بۆلۈنگەن پۇل پىلانى، يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى چۈشۈرگەن خەلق گۇڭشېسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە بۆلۈپ بېرىلىدىغان پۇل پىلانى (تەرەققىيات مەبلىغى پىلانى ۋە مالىيە نەق چوتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئوخشاش دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا كۆچۈرۈپ مەلۇم قىلىندى. ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورۇنلار پىلان چۈشۈرگەندە، يەنە پۇل ئىشلەتكەن ئورۇننىڭ ھېساب ئاچقان بانكىسىغا كۆچۈرۈپ مەلۇم قىلىپ، تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشنىڭ ئاساسى قىلدى. ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئاپپاراتلار تەستىقلىمىغان پىلانغا مالىيەدىن پۇل بۆلۈپ بېرىلمىدى. بانكىمۇ چىقىم قىلمىدى. بانكا نازارەت قىلىپ چىقىم قىلىش خىزمىتىدە، خام چوت، پىلان، تۈزۈم بويىچە ئىش بېجىرىپ، پۇل ئىشلەتكۈچى ئورۇنلارنىڭ پۇلنى ئۆز ۋاقتىدا ئىشلىتىشىگە كاپالەتلىك قىلدى ھەمدە يوقىدا تەكشۈرۈپ ۋە ئىشتىن كېيىن تەكشۈرۈپ، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىشنىڭ ياكى بەلگىلىمىگە خىلاپ چىقىم قىلىشنىڭ ئالدىنى ئالدى.

1980 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى نازارەت قىلىپ چىقىم قىلىنغان شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ھەر خىل مەبلىغى ئىچىدە، بەلگىلىمىگە خىلاپ چىقىمدىن 12 مىليون 599 مىڭ يۈەن بايقالدى. بۇ نازارەت قىلىپ چىقىم قىلىش سوممىسىنىڭ 2.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. نامۇۋاپىق چىقىمدىن 8 مىليون 658 مىڭ يۈەن تۈزىتىلدى ۋە يىغىۋېلىندى. مۇنداق مەسىلىلەر بايقالدى: 1) يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش مەبلىغىنى ئۆز مەيلىچە يۆتكەپ ئىشلىتىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىش. 2) يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش مەبلىغىنى تۇتۇپ قېلىپ، يۆتكەپ ئىشلىتىپ، پىلان سىرتىدا ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش. 3) يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش مەبلىغىنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى چىقىمغا ئىشلىتىش ۋە سىياسەتكە خىلاپ چىقىم قىلىش. 4) يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمىنى ئەمەلىي تەتقىق قىلىش ناچار، ئىشتىن كېيىنكى تەكشۈرۈشمۇ ناچار. 5) بانكا، مالىيە ۋە ھەر قايسى باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى يېتەرلىك بولماسلىق.

1981 - يىل 4 - ئايدا مالىيە يېزا ئىگىلىك بانكىسى پۇل بۆلۈشنى بېجىرىش، مالىيە پۇل بۆلۈش رەسمىيەت ھەققى بەرمەسلىك، بانكىمۇ ئامانەت پۇل ئۆسۈمى بەرمەسلىك توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بانكا نازارەت قىلىشتا ئادەتتە پىلانى ۋە خام چوتى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتنىشىش، يوقىدا تەكشۈرۈش ۋە ئىشتىن كېيىن تەكشۈرۈش، ئىقتىسادىي توختام تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ھاۋالە قوبۇل قىلىش (رەسمىيەت ھەققى 1.5‰ ئېلىنىدۇ) قاتارلىق چارىلارنى قوللاندى. 1981 - يىلى سانجى، قۇتۇبى، جىمسار ناھىيىلىرى ھاۋالە كەسپىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. شىنجاڭدىكى 96 ناھىيە دەرىجىلىك تارماق بانكىدىن پىلانىنى ۋە خام چوتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قاتناشقانلار 26 گە يېتىپ، 27% نى ئىگىلىدى. بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان تارماق بانكىلار سەككىز، بۇ 83% نى ئىگىلىدى.

1982 - يىل 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «مالىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش ئوبوروت سوممىسىنى ئىشلىتىش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ۋاقىتلىق

بەلگىلىمە» نى بېسىپ تارقىتىپ، بىر قىسىم مالىيە مەبلىغىنى ئۆسۈمسىز، ھەقلىق ئىشلىتىش، قەرەلدە قايتۇرۇپ، ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىش پرىنسىپىدا چاڭ تۇرۇش؛ ھەر قانداق ئادەمنىڭ تەمتىق سېلىپ ئازايتىۋېتىشىگە، ئۆزلەشتۈرۈۋېتىشىگە، كەمۇۋۇم قىلىشىغا رۇخسەت قىلماسلىقنى بەلگىلىدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرگەندە، مۇۋاپىق رەسمىيەت ھەققى بېرىلدى. شۇ يىلى كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ياردەم پۇلىنى «ئاۋۋال قەرز بېرىش، كېيىن تولۇقلاش» تەك باشقۇرۇش چارىسى كېڭەيتىلدى. بۇ سانجى ئوبلاستى 1981 - يىلى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، يەكۈنلىگەن تەجرىبە. سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇن (B تەرەپ) بىلەن سۇ ئېلېكتر تارماقلىرى (A تەرەپ) توختام تۈزگەندىن كېيىن، سالغان مەبلەغ دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتمىگەن ھالدا، ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇنلار شۇ جايدىكى يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا قەرز پۇل ئېلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بانكا تەستىقلىغان توختام ۋە قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە ئاساسەن، ھۆددىگە ئالغۇچى ئورۇنغا مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ، قۇرۇلۇش قەرز پۇلى تارقاتتى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن، سۇ ئېلېكتر، مالىيە، بانكا قاتارلىق ئورۇنلار توختامغا ئاساسەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈۋېلىپ، پۈتۈنلەي لاياقەتلىك بولسا، سۇ ئېلېكتر تارماقلىرى قەرز پۇلنى تەكشۈرۈپ بىر قېتىمدىلا ھېسابتىن كۆچۈرۈپ، ھاۋالە ئامانەت پۇلى ئىچىدىن قايتۇردى ھەمدە تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆچۈرگەن ئومۇمىي سوممىغا ئاساسەن، بانكىغا 1.5‰ ھاۋالە كەسپى رەسمىيەت ھەققى بەردى.

1983 - يىلى كىچىك ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتلىرىغا ياردەم پۇلى بېرىشتە «ئاۋۋال قەرز بېرىش، كېيىن تولۇقلاش» باشقۇرۇش چارىسىنى ئىلى، بايىنغولىن، قۇمۇل، خوتەن، قىزىلسۇ قاتارلىق ۋىلايەت ئوبلاستلار يولغا قويدى. لوپنۇر، خوتۇنسۇمۇل، بۈگۈر، خوشۇت، قاراشەھەر ناھىيىلىرىنى تەكشۈرۈشتىن ئىگىلىنىشىچە، بۆيرۈپ چىقىم قىلىش ئۈچ خىل شەكىلدە بولغان. (1) ناھىيە مالىيەسى خام چوت ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىدارىسىغا خەلق پۇلىنى بىۋاستە تاپشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا مەخسۇس ھېساب ئېچىپ، چەك ئارقىلىق راسچوت قىلىپ، بىر - بىرلەپ نازارەت قىلىپ چىقىم قىلغان. (2) «ئاۋۋال قەرز پۇل بېرىش، كېيىن تولۇقلاش» يولغا قويۇلۇپ، مالىيە پۇل ئاجرىتىپ يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا بەرگەن قەرز پۇل فوندىنى تارقىتىشتا ئاۋۋال قەرز پۇل بېرىپ، كېيىن ھېسابتىن كۆچۈرگەن، ھېسابتىن كۆچۈرۈۋەتكەندىن كېيىن فوندىغا تولۇق قىلىپ قەرز پۇلنى يىغىۋالغان. (3) بۆلەكلەر بويىچە باشقۇرۇشنى يولغا قويغان. يەنى يەر كۆلىمى، نوپۇس، تارىخ ئەھۋالىغا ئاساسەن بۆلەكلەر بويىچە باشقۇرغان. تۆۋەندىكىلەر ئۆزلىرى ئىگە بولۇپ ئىشلەتكەن. 1984 - يىلى بىڭتۇەن سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە قۇدۇق قېزىش ئىككى تۈرىدە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ قەرز پۇل تارقىتىشنى ھاۋالە قىلىش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە قوللاندى. يۇقىرى تەستىقلىغان قۇرۇلۇش لايىھىسى ۋە تەخمىنىي چوتى تەڭلا يىللىق پىلانغا كىرگۈزۈلسە، ئالدىن قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىدىغان، رەسمىي قەرز پۇل ئالغاندا قەرز پۇل تۈرى خام چوت جەدۋىلى ۋە پىلان ئۈنۈم جەدۋىلىنى تولدۇرىدىغان بولدى.

1984 - يىلى بانكىنىڭ پۇل بۆيرۈشىغا نازارەت قىلىش خىزمىتىدە، كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات ياردەم پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىشى، باشقۇرۇلۇشى مۇھىم نۇقتا بولدى. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قەرز پۇل تارقىتىشنى ھاۋالە قىلغاندىن سىرت، مالىيەنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ھەقلىق ئوبوروت سوممىسىنى تارقاتتى. نامرات كۆكشى، ئەترەتلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى دېھقانچىلىق نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، مالىيە نازارىتى بىرلىشىپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەدرىجىي ھالدا ھەقسىز ياردەم بېرىشنى ھەقلىق ياردەم بېرىشكە ئۆزگەرتتى. ئۈچ يىلدا مەبلەغ قايتۇرۇۋېلىنىپ، ناھىيىنى بىرلىك قىلىپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا ئامانەت قويۇپ، ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلدى. مەبلەغ سېلىش دائىرىسى مۇنداق بولدى: (1) دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىپ ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش؛ (2) ئېتىز - ئېرىق، ئوتلاق ئاساسىي قۇرۇلۇشى قىلىپ، ئوتلاقنى، تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى ئۆزگەرتىش؛ (3) يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش (ئەلا سورت، نەسىللىك چارۋا، يېشىل ئوغۇت

بېرىش، سۈلياۋ يوپۇق ئىشلىتىپ يېتىشتۈرۈش قاتارلىقلارنى كېڭەيتىش)؛ (4) كۆپ خىل ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش؛ (5) پاختا گازىنى راۋاجلاندۇرۇش؛ (6) شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىشقا جەمدىي چىقىم قىلىنىدىغان سوپەتلىك ئورۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى خىراجىتى (شۇ يىلى قايتۇرۇۋېلىپ، ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ) ۋە نامرات ئەترەتلەرگە سېلىنىدىغان مەبلەغنى ئىككى ئورۇن ئاساسلىق باشقۇرىدۇ. گۇڭشې، دۈيلەر كارخانىلىرىغا مەدەت بېرىلىدىغان قىسمىنى گۇڭشې، دۈي كارخانىلىرى ئىدارىسى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ؛ نامرات دۈيلەرگە مەدەت بېرىلىدىغان قىسمىنى جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك ئىدارىلىرى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ.

1984 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، چارۋىچىلىق نازارىتى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «ئاپەتلىك ئالدىنى ئېلىپ، چارۋىلارنى قوغداش ئوبوروت سوممىسى ۋە ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، چارۋىلارنى قوغداش، يەم - خەشەك پونكىتى مەبلىغىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقاتتى. بۇ چارە جەمئىي بەش باب 15 ماددىدىن تۈزۈلگەن. 1984 - يىلدىن ئېتىبارەن ئاپتونوم رايون ئادەتتىكى ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ چارۋىلارنى قوغداش خىراجىتىنى ئورۇنلاشتۇرماي، ئوبوروت سوممىسىنى باشقۇرۇش چارىسىنى قوللىنىش، جايلار تارقىتىش، يىغىۋېلىشنى تەشكىللەش، ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىش بەلگىلەندى.

**1980 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامرات ئەترەتلەرگە مەبلەغ سېلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 6 ـ 3 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | نامرات ئەترەتلەرگە مەبلەغ سېلىش پىلانى | بۇنىڭ ئىچىدە | | |
|---|---|---|---|---|
| | | جەنۇبىي شىنجاڭ | شىمالىي شىنجاڭ | زاپاس |
| 1980 | 800 | 605 | 179 | 16 |
| 1981 | 800 | 610 | 190 | |
| 1982 | 800 | 594 | 206 | |
| 1983 | 800 | 592 | 208 | |
| 1984 | 800 | 553 | 197 | 50 |

# Ⅲ باب

# يېزىلاردىكى كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىككە بېرىلگەن ۋە ئېچىش خاراكتېرىدىكى قەرز پۇل

## 1 § . يېزا ئىگىلىكى، ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى

1958 ـ يىلى خەلق گۇڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بانكا گۇڭشې سانائەت قەرز پۇلى تارقىتىشقا باشلىدى، كېيىن دائىرىسى كېڭىيىپ، گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلىنى بىر تۇتاش تارقاتتى.

بانكىنىڭ گۇڭشېگە بېرىدىغان قەرز پۇلى گۇڭشې يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى، گۇڭشې سانائەت قەرز پۇلى، كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى، گۇڭشې ئەزالىرى قەرز پۇلى، گۇڭشې ئامانەت ـ قەرز شۆبە بۆلۈمى قەرز پۇلىدىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە گۇڭشې سانائەت قەرز پۇلى ئاساسلىقى — يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىشتىن باشقا ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى قەرز پۇلنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: ھەر قايسى تىجارەت پونكىتلىرى مەدەت بېرىدىغان تۇز كولاش، سېلىترا قايىنتىش، ھاك كۆيدۈرۈش، دورا ماتېرىياللىرى قېزىش، ياقۇت ئىزدەش قاتارلىقلار گۇڭشې سانائەت قەرز پۇلى دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى. 1960ـ يىلى گۇڭشې قۇرغان سانائەتكە بېرىلىدىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئايرىم تەستىق قىلىندى. لېكىن پەقەت گۇڭشېلار قۇرغان بىرىنچى دەرىجىلىك كۆچمە مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىش بەلگىلەندى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى قۇرغان سانائەتكە بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئادەتتە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدىن ھەل قىلىندى. شۇ يىلى ھەر قايسى جايلاردىكى بانكىلار گۇڭشې، دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى زاۋۇتى، خىمىيە زاۋۇتى، يەم ـ خەشەك زاۋۇتى، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىدىن ئىبارەت زاۋۇتلارنى قۇرۇشقا ياردەملىشىپ، جەمئىي 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بەردى.

1961 ـ يىلدىن كېيىن «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، يۇقىرى كۆتۈرۈش» تىن ئىبارەت تۆت سۆزلۈك فاڭجېن ئىجرا قىلىنىپ، گۇڭشې، ئەترەتلەردىكى زاۋۇتلار تەڭشەش جەريانىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. گۇڭشې سانائەت قەرز پۇلى گۇڭشې، دۆلەت كارخانا قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتىلىپ، قەرز پۇل قالدۇقى يىلدىن ـ يىلغا تۆۋەنلىدى. لېكىن گۇڭشې، دۆلەتنىڭ كارخانا ئامانىتى كۆپەيدى. تەڭشەلگەندىن كېيىن گۇڭشې دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆزىدىكى مەبلەغ تولۇقلاندى. ئامانەت پۇل قەرز پۇلدىن كۆپ بولدى.

## گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ 1959 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە بولغان ئامانەت، قەرز پۇلى قالدۇقى

جەدۋەل: 6 ـ 4 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | گۇڭشې كارخانا ئامانەت پۇل قالدۇقى | گۇڭشې كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى | قەرز پۇل ئامانەت پۇلىنىڭ % نى ئىگىلەيدۇ |
|---|---|---|---|
| 1959 | 125 | 28 | 22.4% |
| 1960 | 192 | 76 | 39.5% |
| 1961 | 163 | 95 | 58.2% |
| 1962 | 137 | 79 | 57.6% |
| 1963 | 148 | 55 | 37.1% |
| 1964 | 135 | 19 | 14.0% |
| 1965 | 219 | 14 | 6.3% |

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىغا قەرز پۇل بېرىش ئاساسىي جەھەتتىن توختىدى.

1972 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت، مالىيە ئىدارىسى، سودا ئىدارىسى جايلارغا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئىشلىتىپ ئېكسپورت قىلىنىدىغان دېھقانچىلىق، قوشۇمچە، يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بەردى. 1973 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 1 مىليون يۈەن بولۇپ، قۇمۇل، سانجى، بايىنغولىن، قىزىلسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە تۇرپان، توقسۇن ناھىيىلىرى شۇنىڭدەك، بىڭتۇەن 1 ـ، 2 ـ، 4 ـ، 7 ـ، 8 ـ شىلىرىنىڭ قۇرۇق ئۈزۈم، پىلە، قوغۇن، ھۆل ئۈزۈم، ھەسەل، قاراگازىر، قۇلماق، ياپىۇز مېيى، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق ئون تۈرلۈك ئېكسپورت قىلىنىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلدى. بۇ قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان بولدى. 1977 ـ يىلى مەخسۇس تۈردىكى كۆرسەتكۈچ بىكار قىلىندى ھەمدە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلغا قوشۇپ بىر تۇتاش ئىشلىتىلدى.

1973 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى باش بانكا چۈشۈرگەن «يېزا گۇڭشېلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىش چارىسى» (سىناق لايىھە) نى تارقىتىپ، گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلىنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسىنى بەلگىلىدى: (1) گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى، تراكتور پونكىتى، ماشىنا ئېلېكترلەشكەن سۇغىرىش، زەي چىقىرىش پونكىتى ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرى ياساش، رېمونت قىلىش ئورۇنلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنە مەبلىغى يېتىشمەسلىك ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. (2) گۇڭشې ئەترەتلەر قۇرغان باشقا سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى كۆچمە مەبلىغى يېتىشمەسلىك ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ باشقا سانائىتىگە ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنە قەرز پۇلى بېرىلمەيدۇ. 1975 ـ يىل 3 ـ ئايدىن باشلاپ،

كۆكشى، ئەترەتلەر سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئۆسكۈنە مەبلىغى يېتىشمىگەندىمۇ قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1975. يىل 6 ـ ئايدا خەلق باش بانكىسى گوۋكشى ئەترەت كارخانىلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل دائىرىسى گوۋكشى، ئەترەتلەر قۇرغان يېزا ئىگىلىك خاراكتېرىدىكى كارخانا، بىۋاستە يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان كارخانا، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ۋە گوۋكشى، ئەترەتلەر قۇرغان باشقا كارخانىلاردىن ئىبارەت بولىدۇ دەپ بەلگىلىدى. 1975. يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە گوۋكشى، ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى ھەر يىلى 1 مىليون يۈەن ئۆپچۆرىسىدە ئاشتى.

1979 ـ يىلى «خەلق گوۋكشىلىرىگە قەرز پۇل بېرىش چارىسى» (سىناق لايىھە) گە ئاساسەن، گوۋكشى، ئەترەتلەرگە 16 مىليون 480 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى بېكىتكەن، «يېزا گوۋكشى، ئەترەت كارخانىلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا ئومۇمەن مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ بەلگىلىك مەبلىغى بار، زىيان تارتسا زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرالاش مەنبەسى بار، بانكىدا ھېساب ئاچقان، تەستىقلانغان گوۋكشى، ئەترەت كارخانىلىرىغا قەرز پۇل ئارقىلىق مەدەت بېرىلىدۇ، مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى، كەسپىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرى، ۋاقىتلىق ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلاتلىرىغا قەرز پۇل بېرىلمەيدۇ دەپ بەلگىلەندى. 1980 ـ يىلى بۇ چارىغا ئاساسەن 16 مىليون 920 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1981 ـ يىل 5 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن گوۋكشى، ئەترەت كارخانىلىرىدىن ئىستېمال مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى تىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇشنى ھەمدە تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق كەسپىنى راۋاجلاندۇرۇشنى گوۋكشى، ئەترەت سانائىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسى قىلىشنى تەلەپ قىلدى، گوۋكشى، ئەترەت كارخانىلىرى ئۈسكۈنە قەرز پۇلى كارخانىلارنىڭ قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە مەدەت بېرىشكە ئىشلىتىلدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان زاۋۇتلارغا قەرز پۇل بېرىش قاتتىق تىزگىنلەندى. يۇقىرىقى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە گوۋكشى، ئەترەت كارخانىلىرىغا 14 مىليون 390 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1983 ـ يىل 2 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى بېسىپ تارقاتقان «گوۋكشى، ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ كرېدىت خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر» دە گوۋكشى، ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ بازار ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشىغا، ھەمكارلىق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا مەدەت بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش قەرز پۇل چەكلىمىسى ئېھتىياجلىق مەبلىغىنىڭ 40 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 60% دىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى. 1980 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلغىچە جەمئىي 113 مىليون 790 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، ھەر يىلى تارقىتىلغان قەرز پۇل ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 28 مىليون 450 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى. دۆلەتنىڭ يېزا ـ بازار كارخانىلىرىغا ياردەم بېرىدىغان مەبلىغى 1983 ـ يىلى 8 مىليون يۈەن، 1984 ـ يىلى 8 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولدى. بانكا قەرز پۇلى مالىيەدىن ياردەم بېرىدىغان پۇلنىڭ ئۈچ ھەسسىسىدىن كۆپرەك بولدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان ۋە كونا كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى 28 مىليون يۈەن بولۇپ، تۆت يىللىق ئومۇمىي قەرز پۇلنىڭ 25 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7 مىليون يۈەن بولدى. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى قەرز پۇلى ئارقىلىق ئاساسلىقى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، يېمەكلىك، يەم ـ خەشەك، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى، كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، كان قېزىش (كىچىك كۆمۈر كانى، شۇلتا، سىلىۋۇدا، سېمونت قاتارلىقلار) يېمەك ـ ئىچمەك مۇلازىمىتى، ترانسپورت، يېزا ـ بازار تەمىنات ـ سودا شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروتتىكى مەبلەغ ئېھتىياجىغا مەدەت بېرىلدى. قەرز پۇل ئالغان ئورۇن يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1980. يىلدىن 1984. يىلغىچە قەرز پۇل ئارقىلىق مەدەت بېرىلگەن يېزا ـ بازار كارخانىسى 3174 كە يېتىپ، 6812

يېزا ـ بازار كارخانىسىنىڭ 46 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىلى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى تەڭشىلىپ، تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن، تاقالغان، ئىشتىن توختىتىلغان 547 يېزا ـ بازار كارخانىسى قەرزدار بولۇپ قالدى. بۇلار قەرز پۇل ئالغان كارخانا ئومۇمىي سانىنىڭ 17.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تاقالغان، توختىتىلغان كارخانىلارنىڭ زىممىسىدىكى قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 9 مىليون 66 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن 6 مىليون 431 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. ھازىرغىچە قايتۇرۇلمىغان قەرز پۇل 770 مىڭ يۈەن، قايتۇرۇش تەس بولغىنى 1 مىليون 865 مىڭ يۈەن. قايتۇرۇش تەس بولغان سومما قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 20.57 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 ـ يىل 1 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە كرېدىتنى قىسىپ، قەرز پۇل پىلانىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلىنى تارقاتقاندا كارخانىدا چوقۇم 50% دىن يۇقىرى ئۆز مەبلىغى بولۇشى كېرەك؛ كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلىنى تارقاتقاندا 30% دىن 50% گىچە ئۆز مەبلىغى بولۇشى كېرەك دەپ بەلگىلەندى. 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى بانكىدىن قەرز پۇل ئالغاندا مالىيىدىن ئۆسۈمىگە ياردەم بېرىش چارىسىنى تارقاتتى. تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 20 مىليون يۈەن بولۇپ، 98 نۇقتىلىق تايانچ تۈرگە مەدەت بېرىلدى. ئاخىرىدا ئەمەلىي ئورۇنلاشتۇرغان ياردەم ئۆسۈملۈك قەرز پۇل 23 مىليون 560 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 12 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «يېزا، كەنت سانائىتىگە قەرز پۇل تارقىتىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقىتىپ، يېزا، كەنت سانائىتى قەرز پۇلى يېزا (بازار) لار قۇرغان سانائەت، كەنتلەر قۇرغان سانائەت ۋە ئائىلىلەر بىرلىشىپ قۇرغان شېرىكچىلىك سانائىتى، قۇرۇلۇش كەسپى، قاتناش ـ ترانسپورت كەسپى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت، تاشقى سودا ۋە باشقا ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار بىلەن بىرلىشىپ قۇرغان سانائەت، يېزا كەنت سانائىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان تەمىنات ـ سودا كارخانىلىرىغا تارقىتىلىدۇ دەپ بەلگىلەندى. قەرز پۇل كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى ۋە مۇقىم مۈلۈك قەرز پۇلى قاتارلىق ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلدى. شىنجاڭ بۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپىنى تۈزدى.

## 2 §. كوللېكتىپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى

### 1. دېھقانچىلىق قەرز پۇلى

1953 ـ يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىققا قەرز پۇل بېرىشتە «تەشكىللىنىپ، تېخنىكىنى ياخشىلاپ، بىرلىك مەھسۇلاتنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش، كۆپلەپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش، چارۋا ـ ماللارنىڭ سانىنى زور كۈچ بىلەن كۆپەيتىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن ئۈچ خىل قەرز پۇل تارقىتىلدى. (1) ئۆسكۈنە قەرز پۇلى بۇنىڭ كۆرسەتكۈچى: ئېرىق ـ ئۆستەڭ، سۇ ئامبىرى، چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئاشلىق، پاختا پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، نەسىللىك چارۋا قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئالتە تۈرگە ئايرىلدى، دائىملىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى، يېزا ـ ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى، كولخوز، سۇ ئىنشائاتى تەشكىلاتلىرى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ياغاچ كېسىش شىركىتى، سۈنئىي نەسىللەندۈرۈش پونكىتلىرىغا قەرز پۇل ئورنىغا ماددىي بۇيۇم تارقىتىلدى. ئۇنىڭ مۇددىتى ئۈچ يىل بولدى. (2) ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى. كۆرسەتكۈچى: كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرى، چىگىت، ئاشلىق ئۇرۇقى، ئالاھىدە مەھسۇلات، ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، چارۋىلارنى قوغداش ۋە ئورمانچىلىق سانائىتىدىن ئىبارەت سەككىز تۈرگە ئايرىلدى. ئوغۇت، دورا

چېچىش ماشىنىلىرى، ساپان، كىچىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا قەرز پۇل ئورنىغا ماددىي بۇيۇم تارقىتىلدى. قالغانلىرىغا نەق پۇل تارقىتىلدى. قەرز پۇل ھەر خىل شەكىلدىكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ۋە دېھقان، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقانلارغا ۋە قىيىنچىلىقى بار ئوتتۇرا دېھقانلارغا تارقىتىلدى، مۇددىتى بىر يىل قىلىندى؛ (3) ئوبوروت خاراكتېرىدىكى قەرز پۇل. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، قول سانائەت ۋە سودا ـ ترانسپورت ھەمدە تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارغا قەرز بېرىش مەزمۇن قىلىنىپ، مۇددىتى يېرىم يىل قىلىندى. دۆلەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىگە ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئۈچ خىل قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ھەر ئايدا 7.5 لى بويىچە ئىجرا قىلىندى. كۆرسەتكۈچ تۈرلىرىنى ئادەتتە تەڭشەشكە يول قويۇلمىدى. چوقۇم تەڭشەشكە تېگىشلىك ئۈسكۈنە تۈرى غەربىي شىمال رايونى مالىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلدى. ئىشلەپچىقىرىش تۈرلىرىنى تەڭشەشتە نامېيىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت قوشۇلغاندىن كېيىن تەڭشەلدى. ئوبوروت كۆرسەتكۈچىنى تەڭشەشكە يول قويۇلدى. قەرز پۇل ئورنىغا ماددىي بۇيۇم تارقىتىشتا، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى تارقىتىشنى ئۈستىگە ئالىدىغان سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان ئاتقا سۆرىتىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى، ھەمكارلىق ئىدارىسى تارقىتىشنى ھۆددىگە ئالغان يەتتە سوقىلىق ساپان، چارۋىچىلىق نازارىتى تارقىتىشنى ئۈستىگە ئالغان چارۋىچىلىق رايونى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە چارۋىلارنى ئاسراش ماشىنا ئۈسكۈنىلىرى؛ تەمىنات ـ سودا كوپېراتىپى بىلەن بانكا بىرلىشىپ تارقاتقان كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىقلار ئاساس قىلىندى. قەرز پۇل ئورنىغا ماددىي بۇيۇم تارقىتىشتا مىيوربىتال قەرز پۇل چارىسى قوللىنىلىپ، بانكا ئالدىن تىزىملاشقا، قەرز پۇل بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكە، ئۆسۈم باشلاش ۋاقتىنى بەلگىلەشكە، مۇددىتى توشقاندا قايتۇرۇۋېلىشقا مەسئۇل بولدى. ئەينى ۋاقىتتا ئاپپاراتلار ئاز، كادىرلار يېتىشمىگەچكە، دېھقانچىلىق قەرز پۇلىنى تارقىتىش ۋەزىپىسى ئاساسلىقى خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىپ يېزىلىق ھۆكۈمەت بىلەن ھەمكارلىشىش ئارقىلىق ئورۇندالدى. مۇشۇ بىر يىلدا تارقاتقان ئۈچ تۈرلۈك قەرز پۇل جەمئىي 76 ميارد 400 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، بۇنىڭ ئىچىدە، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى 11 مىليارد 700 مىليون يۈەن. قەرز پۇل ئالغان يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى ئونغا (شىنجاڭ بويىچە جەمئىي قۇرۇلغان يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى 11)، قەرز پۇل ئالغان ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 8555 كە (شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلغان ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى 52 مىڭ 262)، قەرز پۇل ئالغان دېھقان 93 مىڭ 202 ئائىلىگە يەتتى. شۇ يىلى 54 مىليارد 910 مىليون يۈەن قەرز پۇل قايتۇرۇۋېلىندى.

1954 ـ يىل 4 ـ ئايدا قەرز پۇل ئورنىغا ماددىي بۇيۇم تارقىتىش چارىسى بىكار قىلىنىپ، پۇل قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. بۇ يىل دېھقانچىلىق قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىلىپ، دېھقانچىلىق قەرز پۇلى بىلەن چارۋىچىلىق قەرز پۇلى ئايرىم ئىگىلەندى. ئۇزۇن مۇددەتلىك ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل نىسبىتى مۇنداق بولدى: ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل %60، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل %40 نى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا قەرز پۇل بېرىش توغرىسىدا مۇنداق بەلگىلىمە تۈزۈلدى: (1) ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش پىلانى بولۇشى كېرەك؛ (2) قەرز پۇل ئېلىش ۋە قايتۇرۇش پىلانى بولۇشى كېرەك؛ (3) ئاساسىي ئەھۋالنى تونۇشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن: كوپېراتىپ ئەزالىرى سانى، ئەمگەك كۈچى سانى، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى سانى، كادىرلار ئەھۋالى قاتارلىقلار. قەرز پۇل سوممىسىنى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ يىللىق پىلانىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 20 پىرسەنتى بويىچە ئىگىلىنىشى كېرەك. قەرز پۇل يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ، تۇرمۇشتىن ئىبارەت 3 تۈرگە بۆلۈندى، كېيىنكى يېرىم يىلدا تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئايرىم تەسىس قىلىنىپ، سوممىسى 10 مىليارد يۈەن قىلىپ تىزگىنلەندى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى 101 مىليارد يۈەن بولۇپ، ئەمەلىي تارقىتىلغىنى 94 مىليارد 300 مىليون

يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە دېھقانچىلىق قەرز پۇلى 70 مىليارد 400 مىليون يۈەن. چارۋىچىلىق قەرز پۇلى 23 مىليارد 900 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ دېھقانچىلىق قەرز پۇلى 36 مىليارد 900 مىليون يۈەن، كوللېكتىپ چارۋىچىلىق قەرز پۇلى 4 ميارد 700 مىليون يۈەن بولدى. ھەمكارلىق، كوپېراتسىيە تەشكىلاتلىرى ئېرىشكەن قەرز پۇل ئومۇمىي قەرز پۇل سوممىسىنىڭ 44.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. قەرز پۇل ئارقىلىق 6780 تۇياق تېرىلغۇ ئۆلىغى، 6000 دىن كۆپرەك ھەر خىل يېڭى دېھقانچىلىق سايمىنى سېتىۋېلىندى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىدە 5 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە ئۆز مىلتىقى ۋە دېھقانچىلىق سايمىنى ئىمپورت قىلىنماقچى بولغان بولسىمۇ، نەتىجىدە ئۆز مىلتىقى ئىمپورت قىلىنماي، دېھقانچىلىق سايمانلىرى كېچىكىپ ئىمپورت قىلىنغاچقا، دېھقانچىلىقنىڭ ياخشى پەسلى ئۆتۈپ كېتىپ، بۇ سايمانلار بېسىلىپ قالدى.

1955 - يىل 6 - ئايدا يېزا ئىگىلىكىدە ھەمكارلىق كوپېراتسىيىلىشىش ھەركىتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. 7 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى قەرز پۇل تارقىتىش چارىسىنى تارقىتىپ، كوپېراتىپقا كىرگەن كەمبەغەل دېھقان (چارۋىچىلار) ۋە يېڭى ئوتتۇرا دېھقان (كېيىن تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار دەپ ئاتالدى) غا قەرز پۇل بېرىش بەلگىلەندى. قەرز پۇل نورمىسىدا كوپېراتىپقا كىرىش خىراجىتى ئۆلچەم قىلىنىپ، ئۆزىدە بار بولغان مەبلەغنى تاپشۇرغاندىن كېيىن، كۆپرەك كام بولسا كۆپرەك قەرز ئېلىش، ئازراق كام بولسا ئازراق قەرز ئېلىش، كام بولمىسا ئالماسلىق، ئايلىق ئۆسۈمى تۆت لى بولۇش، مۇددىتى بەش يىل بولۇش، 3 - يىلدىن باشلاپ قەرز پۇلنى قايتۇرۇش، شەخسىي ھۆججەت تۇرغۇزۇش، كوپېراتىپ بويىچە جەملەش، شەخسلەر قەرز ئېلىپ، ئومۇم ئىشلىتىش بەلگىلەندى. كوپېراتىپقا كىرىش خىراجىتى (1) ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى پاي فوندى، (2) ئومۇم ئىگىلىكىدىكى پاي فوندىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك بولدى. 1955 - يىلى 2 مىليون 238 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىكىلەرمۇ ئوخشاش) قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى سىناق تەرىقىسىدە تەسىس قىلىنىپ، شۇ يىلى 790 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. 1956 - يىلى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى 9808 گە يېتىپ، كوپېراتسىيىگە كىرگەن دېھقانلار ئومۇمىي دېھقانلار سانىنىڭ 82.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلار كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، كەمبەغەل دېھقان (چارۋىچى) لار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلىنى تارقىتىپ، پاي فوندىنى تەڭ چېچىشقا، كوپېراتسىيىگە كىرىش ھەققىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ياردەم بەردى، 13 مىليون 930 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، كوپېراتسىيىگە كىرگەن 356 مىڭ 566 ئائىلىلىك كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا مەدەت بەردى. 1957 - يىلغا بارغاندا جەمئىي 15 مىليون 710 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. 1958 - يىلدىن كېيىن كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى تارقىتىش توختىتىلدى.

1955 - يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىش چارىسى» غا ئاساسەن، قەرز پۇل ئۈچ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى، بىر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى، بەش يىللىق كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى دەپ ئايرىلدى. قەرز پۇل سوممىسىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنى قايتۇرۇش مەزگىلى ئىچىدىكى جامائەت فوندى ئۆلچەم قىلىندى. ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىدە، كوپېراتسىيە قۇرۇلغان بىرىنچى يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى فوندىنىڭ 20 پىرسەنتى ئۆلچەم قىلىنىپ ئىككىنچى يىلى %10 تىن ئېشىپ كەتمىدى.

1955 - يىلى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك قەرز پۇلى كىچىك تىپتىكى ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائات قەرز پۇلى تەسىس قىلىنىپ، مۇددىتى ئادەتتە ئۈچ يىل، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بەش يىل بولدى. شۇ يىلى شىنجاڭدا زاكالەت سومما قەرز پۇلى تارقىتىلىشقا باشلىدى. پاختىغا زاكالەت بېرىشتىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ سېتىۋېلىش ۋە ئۇلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەشتە غەيرىي نەق پۇل راسچوتى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 1955 - يىلى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك

قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى 13 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 14 مىليون 40 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى.

1956 - يىلى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى شىنجاڭغا 43 مىليون 198 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى. بۇ 1955- يىلدىكىنىڭ ئۈچ ھەسسىسىدىن كۆپرەككە توغرا كېلىپ، ئەمەلىي تارقىتىلغىنى 44 مىليون 167 مىڭ يۈەن بولدى. قەرز پۇلىنىڭ قۇرۇلما نىسبىتى مۇنداق بولدى: كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى %31 نى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ قەرز پۇلى %26 نى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ قەرز پۇلى %18 نى، يەككە دېھقان، چارۋىچىلارنىڭ قەرز پۇلى %11 نى ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىغا مەدەت بېرىلگىنى %37 نى ئىگىلىدى. %90 ئەزانىڭ كىرىمىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، شۇ يىلى قەرز پۇلنى يىغىۋېلىش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلمىدى. مۇشۇ بىر يىلدا دېھقانچىلىق قەرز پۇلىدىن پەقەت 16 مىليون 570 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، بۇ تارقىتىلغان قەرز پۇلىنىڭ 37 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. زاكالەت سومما قەرز پۇلنى يىغىۋېلىشتا، تۇرپان ناھىيىسىدىكى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرى زاكالەت سوممىنى ئامانەت قەرز كوپېراتىپىغا ئامانەت قويغانلىقى، بەزىلىرى كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئۆزۈقلۇق ئاشلىق سېتىۋېلىشىغا قەرز بەرگەن ئەھۋاللىرى سېزىلىپ، كوپېراتىپ قەرز پۇلنى قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

1957 - يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 46 مىليون 198 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1956 - يىلدا يىغىۋېلىنغان قەرز پۇل ئاز بولغاچقا، قالدۇق 29 مىليون 90 مىڭ يۈەن بولدى. كۆرسەتكۈچنى ئەڭ يۇقىرى قالدۇق بويىچە تەكشۈرگەندە، شۇ يىلى ئىشلىتىشكە بولىدىغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى پەقەت 17 مىليون 100 مىڭ يۈەنلا قىلىپ، قەرز پۇل مەبلىغى ئومۇميۈزلۈك كەمچىل بولدى. شۇ يىلى جەمئىي 16 مىليون 350 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زاكالەت سوممىسى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق مەبلەغكە داۋاملىق بانكىنىڭ مەدەت بېرىشىگە ئېرىشتى. 1956 - يىلدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى 16 مىليون 680 مىڭ يۈەن بىلەن سېلىشتۇرغاندا 330 مىڭ يۈەن ئازايدى. 1957- يىلى 21 مىليون 920 مىڭ يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىندى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى قالدۇقى 1956- يىلدىكىدىن %21 تۆۋەنلىدى.

يېزا خەلق گوڭشېسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى شۇ يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ ئون پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك چەكلىمىسى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى قەرز پۇل قايتۇرۇش مۇددىتى ئىچىدىكى جامائەت فوندى سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك چەكلىمىسى بىكار قىلىندى. خەلق گوڭشېسىغا پەقەت ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى كەسپى بېجىرىلدى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى باشقۇرۇشتا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قەرز پۇل بىلەن گوڭشې يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تولۇق ئايرىلدى. گوڭشېلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئادەتتىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى دەپ ئاتالدى. 1958 - يىلدىكى كۆرسەتكۈچ 37 مىليون 598 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ 80 پىرسەنتى ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ مۇقىم فوندى قىلىنىپ، قايتىدىن ئۆزگەرتىلمىدى، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتلەر %10 تىن ۋاقىتلىق تەڭشەشكە ئىشلەتتى. ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل قالدۇقى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنىڭ 40 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىدى.

1980 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە بانكا مۇددىتى توشقان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى ئىنقىلاب يىغىۋېلىش، زاكالەت سوممىسىنى ئىنقىلاب يىغىۋېلىش، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى پاي سوممىسىنى ئىنقىلاب يىغىۋېلىش، زايوم پۇلنى ئىنقىلاب يىغىۋېلىش، زور كۈچ بىلەن ئامانەت جەلپ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى جەمئىي تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 19 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە؛ زاكالەت سوممىسى 16 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 21 مىليون 70 مىڭ يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىنىپ، يىغىۋېلىنمىش

نىسبىتى %109 كە، 16 مىليون 250 مىڭ يۈەن زاكالەت سوممىسى يىغىۋېلىنىپ، يىغىۋېلىنىش نىسبىتى %100 كە يەتتى. زايوم پۇلى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى پاي سوممىسى تولۇق ئېنىقلىنىپ يىغىۋېلىندى. يېزىلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى 1957 - يىلدىكىدىن %46 ئاشتى. لېكىن ئاشۇرمىچىلىق، يالغانچىلىق قىلىش ھەرىكەتلىرى، ئومۇمنىڭ پۇلىنى ئامانەتكە سېلىپ قويۇش، قەرز پۇلنى ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ پاي مەبلىغى قىلىپ تاپشۇرۇش، قەرز پۇل يىغقاندا زورلاش، بۇيرۇق قىلىش ھەتتا پۇلنى تۇتۇپ قېلىش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى.

1959 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بانكىنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل خىزمىتىدە ئاساسلىقى، يېزا ئىگىلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىشقا، ئاشلىقنى كۆپ ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىلدى ھەمدە كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇشقا مەدەت بېرىلدى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىكىگە 11 مىليون 650 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 11 مىليون 950 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. تارقىتىش ۋە يىغىۋېلىشنىڭ مۇتلەق سانى 1958 - يىلدىكىدىن ئازايدى. مەجبۇرىي بۇيرۇق بىلەن يىغىۋېلىنغان، قەرەلى توشمىغان قەرز پۇل قەرز ئالغان گۇڭشې دۈيلەرگە قايتۇرۇپ بېرىلدى.

1960 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بانكىلار نۆۋەتتە تۇرۇپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئادەم ئەۋەتىپ، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى گۇڭشې، ئەترەتلەرگىچە ئايرىپ بېرىپ، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى زاۋۇتى، خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى، يەم - خەشەك زاۋۇتى، دېھقانچىلىق دورىلىرى زاۋۇتى، دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى قۇرۇشىغا مەدەت بەردى. شۇ يىلى گۇڭشې، دۈيلەرگە 32 مىليون 670 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە گۇڭشې قۇرغان سانائەت قەرز پۇلى 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن. يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقى 1959 - يىلدىكىدىن %52 ئاشتى. باش بانكىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلىنى يىغىۋېلىش توختىتىلىپ كېيىن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى.

1961 - يىلى بانكا پەقەت قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا مەدەت بەردى. گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئۈسكۈنە مەبلىغى يېتىشمىدى. بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا قايتۇرالايدىغان ئېھتىياجلىق مەبلىغىنى مالىيەدىن ھەل قىلىشقا توغرا كەلدى. بىر يىل ئىچىدە تۆلىيەلەيدىغان كىچىك تىپتىكى ئۈسكۈنە قەرز پۇلىغا بانكا مۇۋاپىق مەدەت بەردى. لېكىن، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئىشلىتىشكە بولىدىغان مەبلەغنىڭ 20.25 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ئۆلچەم قىلىندى. گۇڭشې ئەترەتلەرنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈمىنىڭ ئايلىق نىسبىتى ئالتە لىدىن تۆت لى سەككىز خاۋغا چۈشتى. زاكالەت سوممىسى تارقىتىش توختىتىلدى. 1961 - يىلى 19 مىليون 330 مىڭ يۈەن ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى تارقىتىلىپ 21 مىليون 460 مىڭ يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىندى.

1962 - يىل 3 - ئايدا مەركەز «بانكا خىزمىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش، بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تارقاتقاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك بانكىلار يېزا كرېدىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. خەلق گۇڭشېسىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، قەرز پۇل ئوبيېكتى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ئالغان قەرز پۇلنى ئىشلىتىش يولىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى بىۋاسىتە قايتۇردى ياكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە چاچتى. مەبلەغنى سىستېمىلار بويىچە باشقۇرۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، بىر يىل ئىچىدە قايتۇرالايدىغان كىچىك تىپتىكى ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنى بانكىدىن ئالىدىغان بولدى، بىر يىلدىن ئۇزاق مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنى مالىيە بانكىغا ھاۋالە قىلىپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇل سۈپىتىدە تارقاتتى. 1962 - يىل شىنجاڭغا تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 8 مىليون 300 مىڭ يۈەن. شۇ يىلى 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ

ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاغ، هارۋا، زەي چىقىرىش، سۇغىرىش ماشىنىسى سېتىۋېلىشىغا مەدەت بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى گۇڭشې، ئەترەتلەر جامائەت فوندىنىڭ 50 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى قەرز پۇلى گۇڭشې ئەترەتلەرنىڭ بارلىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنىڭ 30 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك دېگەن بەلگىلىمە بىكار قىلىندى. شۇ يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق مەبلەغنى بانكا بىردەك يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئىچىدىن ھەل قىلدى، شۇ يىلى يېزا ئىگىلىككە جەمئىي 30 مىليون 250 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، 1961 - يىلدىكىدىن %56 كۆپەيدى. ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان مەھسۇلاتى كېمىيىپ، يېزىلاردا قىيىنچىلىق ئېغىرلاشتى.

1963 - يىلى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلىنى تارقىتىش باشلاندى. بۇنى ئامانەت قەرز كوپېراتىپى ۋاكالىتەن تارقاتتى. ئۆسۈم ھېسابلانمىدى. كۆرسەتكۈچ 500 مىڭ يۈەن بولدى. شۇ يىلى 330 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ، 110 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى. زاكالەت سوممىسى تارقىتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، 9 مىليون 850 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. 7 مىليون 150 مىڭ يۈەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇل داۋاملىق تارقىتىلدى. 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى جايلاردىن مەبلەغ گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئون تۈرلۈك يېزا ئىگىلىككە مەدەت بېرىش مەبلىغىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بانكا قەرز پۇلى ۋە زاكالەت پۇلى بۇنىڭ ئىچىدە بولدى. يىل ئاخىرىدا، يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىش ۋاقىتلىق چارىسى» (دەسلەپكى لايىھە) نى تارقىتىپ، گۇڭشې قەرز پۇلىنى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، گۇڭشېلار قۇرغان كارخانا قەرز پۇلى ۋە ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىغا مەدەت بېرىش قەرز پۇلى دەپ تۆت تۈرگە بۆلدى. قەرز پۇل بېرىش پرىنسىپى مۇنداق بولدى: (1) ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىپ، دۆلەت مەدەت بېرىشنى قوشۇمچە قىلىش؛ (2) سىستېمىلار بويىچە باشقۇرۇپ مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشلىتىش؛ (3) ھەقىقىي ماددىي ئەشياسى بولۇش، ئىشلىتىشكە باب كېلىش، ئامما قارشى ئالىدىغان بولۇش، ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىش؛ (4) ئالماقنىڭ بەرمىكى بولۇش، كىم قەرز ئالسا شۇ قايتۇرۇش، قەرز پۇلنى قەرەلىدە قايتۇرۇش. ئۈسكۈنە قەرز پۇلى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغاندىن سىرت، قالغانلىرىنىڭ قەرەلى بىردەك بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىك. يۇقىرىقى پرىنسىپ بەلگىلەنسىمۇ، كېيىنكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل خىزمىتىنىڭ مىزانى بولۇپ قالدى. 1963 - يىلى يېزا ئىگىلىكتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدىن شۇ يىلى ۋاقتى توشقانلىرىنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇۋېلىنغاندىن سىرت، ئىلگىرىكى كونا قەرز پۇللاردىن 3 مىليون 820 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى.

1964 - يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى قىسقا مۇددەتلىك يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى، ئۈسكۈنە قەرز پۇلى (ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى)، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا مەدەت بېرىش قەرز پۇلى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوننىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلى دېگەن تۆت تۈر بويىچە تەقسىم قىلىپ چۈشۈرۈلدى ھەمدە كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئارا يۇرۇشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. كىچىك تىپتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىسىنىڭ يەككە باھاسى 50 يۈەندىن ئېشىپ كەتسە قەرز پۇل بېرىلدى. ئەنئەنىۋى داڭلىق ئېكسپورت مەھسۇلاتى بولغان پىلە غوزىسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن تارقىتىلىدىغان مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 150 مىڭ يۈەن بولۇپ، قارا قاش، لوپ، خوتەن، گۇما، يەكەن، قاغىلىق، كۇچا، بۈگۈردىن ئىبارەت سەككىز ناھىيىگە تەقسىم قىلىنىپ، پىلىخانا سېلىش ۋە ئۈجمە كۆچىتى تىكىش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىلىپ، پىلە غوزىسى بازىسى قۇرۇلدى. سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان رايونلاردىكى كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا مەدەت بېرىش، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئارىسىدىكى قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارغا قەرز پۇل بېرىشكە مەدەت بېرىش ئۈچۈن، شۇ يىلى 680 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ ئوزۇقلۇق

ئاشلىق سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 210 مىڭ يۈەن، يەنە 940 مىڭ يۈەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1964 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق، پاختا مەھسۇلاتى ئېشىپ، يېزا كۆڭشې ئەزالىرىنىڭ كىرىمى 1959 - يىلدىكىدىن ئىككى يۈەن ئاشتى.

1965 - يىلى يېزا كرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى كۆرسەتكۈچ باشقۇرۇشتىن مەبلەغنى مۇقىم باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. قەرز پۇل فوندى ناھىيىلەرگە چۈشۈرۈلۈپ، ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىدى. شىنجاڭغا بېرىلگەن مۇقىم يېزا ئىگىلىك قەرز فوندىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 56 مىلىيون يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇل فوندى 19 مىلىيون يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇل فوندى 36 مىلىيون 500 مىڭ يۈەن، ئاپەت رايونلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز فوندى 500 مىڭ يۈەن، كۆرسەتكۈچ تۈرلىرىنى ئۆز ئارا يۆرۈشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى. شۇ يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن مالىيە بىر قىسىم مەبلەغ ئاجراتتى. بانكا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نۇقتىلىق رايونلاردا كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قەرز پۇل بېرىشكە باشلىدى. مۇددىتى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولدى. مەخسۇس تۈردىكى ئۆسۈمسىز قەرز پۇلدىن بانكا 670 مىڭ يۈەن، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى 200 مىڭ يۈەن تارقاتتى. بۇنىڭدىن سىرت ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا 170 مىڭ يۈەن ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1965 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاشلىق، پاختا، ياغلىق دان مەھسۇلاتى ئاشتى، پاختا مەھسۇلاتى %72 ئاشتى.

1966 - يىل 5 - ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، بانكا بوغالتىرىيە تۈزۈمى كىرىم - چىقىم بويىچە ھېساب يېزىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. بانكىنىڭ نەق چوت جەدۋىلىدىكى كىرىم - چىقىم كۆرۈلگەن سوممىسى بىكار قىلىندى. 1972 - يىلغا كەلگەندە كرېدىت كۆلىمىنىڭ ئەسلىدىكى قىياپىتىنى بىلىشكە مۇمكىن بولمىدى. 1968 - يىلى مال مەنبەسى كەمچىل، ماددىي ئەشيا تەمىنلەشتە قىيىنچىلىق بولغاچقا، ئاران 10 مىلىيون يۈەن ئەتراپىدا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1969 - يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئىنتايىن ئاز قايتۇرۇلدى. قالدۇق 5 مىلىيون يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. 1970 - يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى باشقۇرۇش مۇقىم فوند بويىچە باشقۇرۇشتىن كۆرسەتكۈچ بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى كەچۈرۈم قىلىشقا تېگىشلىك يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدىن 13 مىلىيون 210 مىڭ يۈەن يوقىرىغا مەلۇم قىلىندى. 1971 - يىلغا كەلگەندە 12 مىلىيون 958 مىڭ يۈەننى تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىش تەستىقلاندى. 1972 - يىل 6 - ئايدا 115 مىڭ يۈەن يەنە ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. جەمئىي تەكشۈرۈپ ھېساباتتىن كۆتۈرۈلگىنى 13 مىلىيون 70 مىڭ يۈەن بولدى. 1970 - يىل شىزاڭ ئاپتونوم رايونى ئالى ۋىلايىتىنىڭ بانكا كەسپى شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرىپ، ئالتە ناھىيىلىك تارماق بانكا ۋە 28 ئامانەت قەرز كوپېراتىپى شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇلدى. بۇ بانكىلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى جەمئىي 314 مىڭ يۈەن، يېزا ئامانىتى جەمئىي 120 مىڭ يۈەن ئىدى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى داۋاملىق تۈردە شىزاڭنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئوخشاش بىر لى بولدى. بىر ئايغا توشمىسا ئۆسۈم ھېسابلانمىدى. 1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئالى ۋىلايىتىنىڭ بانكا كەسپى شىزاڭ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. 23 مىڭ يۈەن دېھقانچىلىق قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچ بىلەن بىللە شىزاڭ خەلق شۆبە بانكىسىغا ئاغدۇرۇلدى.

1971 - يىلى ئاپتونوم رايون مالىيە، ئاماسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ۋە يېزا كرېدىتى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇپ، بىر يىلدا بىر قېتىم پىكىتتى. ئەسلىدىكى كۆرسەتكۈچنى ئوبوروت قىلىپ ئىشلەتكەندىن سىرت، 1971 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت سوممىسىنىڭ 1970 - يىل 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكىدىن ئاشقان قىسمىنى، ئامانەت پۇلنى چىقىم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلغان ئەھۋال ئاستىدا، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى قىلىپ تارقىتىشقا رۇخسەت قىلىندى. كۆرسەتكۈچ كۆپ بولغاچقا يېزا كرېدىتىنى ھۆددىگە بېرىش رول ئوينىيالمىدى.

1973 - يىل 6 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسى چۈشۈرگەن «خەلق گۇڭشېلىرىغا قەرز

پۇل تارقىتىش چارىسى» (سىناق لايىھە) گە ئاساسەن، يېزا گوڭشې، ئەترەت قەرز پۇلى پەقەت يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە ئىشلىتىلىدۇ؛ گوڭشې ئەزالىرىنىڭ دارامىتى قىلىپ تەقسىم قىلىشقا ۋە تارقىتىشقا، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش چىقىمى ۋە غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىشكە، مالىيە چىقىمىغا ئىشلىتىشكە ياكى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ دەپ بەلگىلەندى.

1974 - يىلى شىنجاڭدا ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. مەركەز ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش، قۇتقۇزۇش ئۈچۈن 10 مىليون يۈەن تارقاتتى. ئاپتونوم رايون قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ قۇدۇق قېزىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن ئاجراتتى. بانكىنىڭ چۈشۈرگەن قۇدۇق قېزىش مەخسۇس تۈرىدىكى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بويىچە 6 مىليون 430 مىڭ يۈەن (ئەمەلىيەتتە 1 مىليون 70 مىڭ يۈەن) تارقىتىلدى، 1752 ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىلىپ، بۇنىڭدىن 1080 قۇدۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلدى.

1975 - يىلى قۇدۇق قېزىش ئۈسكۈنىسى ئۈچۈن 3 مىليون 30 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1977 - يىل 4 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «يېزا كرېدىتىنى ھۆددىگە بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھەسى» (تۈزىتىلگەن لايىھە) نى بېسىپ تارقىتىپ، 1971- يىلدىن 1975- يىلغىچە ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى بانكا يېزا ئامانىتىنىڭ ئوتتۇرىچە قالدۇقىنى ئاساسىي سان قىلىپ، كېيىن ھەر يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى يېزا ئامانەت قالدۇقىنى ھۆددىگە بېرىدىغان ئاساسىي ساندىن ئاشقان - كېمەيگەن سوممىنى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنىڭ يىغىندىن ئاشقان - كېمەيگەن سوممىسى قىلىشنى بەلگىلىدى.

1978 - يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەخسۇس تۈردىكى ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى تەسىس قىلىنىپ، گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى سېتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىلدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەخسۇس تۈردىكى ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى تارقىتىلدى. مۇددىتى بىر يىلدىن 15 يىلغىچە بولۇپ، گوڭشې، ئەترەتنىڭ تېرىلغۇ ماشىنىسى، ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇش ماشىنىسى، سۇغىرىش - زەي چىقىرىش ماشىنىسى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش ماشىنىسى، يېزا ترانسپورت ماشىنىلىرى، ئورۇش - تارتىش ماشىنىسى، يېزا ئىگىلىك — قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىسى، ئورمانچىلىق ماشىنىسى، چارۋىچىلىق ماشىنىسى، بېلىقچىلىق ماشىنىسى ۋە يېرىم ماشىنىلاشقان يېزا ئىگىلىك سايمانلىرى قاتارلىق 11 تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىشقا مەدەت بېرىلدى. شۇ يىلدىكى كۆرسەتكۈچ 15 مىليون يۈەن ئىدى، تۆتىنچى پەسىلدە 2 مىليون 300 مىڭ يۈەن تارقىتىلىپ، ھەممىسى مېمۇرئال راسچوت قىلىندى. قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە تاقابىل تۇرۇپ، قۇدۇق قېزىش قەرز پۇلى داۋاملىق تارقىتىلدى. 1978 - يىلى مۇشۇ بىر يىلدا 47 مىليون 40 مىڭ يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، ئۆتكەن يىلدىكىدىن 29.9% ئېشىپ، تارىختا ئەڭ كۆپ قەرز پۇل تارقىتىلغان بىر يىل بولۇپ قالدى.

1979 - يىل 3 - ئايدا خەلق باش بانكىسى يېزا كرېدىتىنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى ياخشىلىدى. 1979- يىلدىن باشلاپ، 1977 - يىل 7 - ئايدىن 1978 - يىل 6 - ئايغىچە بولغان ئامانەت قالدۇقىنى ئاساسىي سان قىلىپ، 1978 - يىل 7 - ئايدىن 1979 - يىل 6 - ئايغىچە بولغان ئامانەتنىڭ كۆپەيگەن قالدۇقىنى بۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئېشىش - كېمىيىش سوممىسىنى 1980 - يىلدىكى دېھقانچىلىق قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىنىڭ يىغىندىن ئاشقان - كېمەيگەن سوممىسى قىلىشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەخسۇس تۈردىكى ئۆسۈمسىز قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 43 مىليون يۈەن، ئەمەلىي تارقىتىلغان قەرز پۇل 31 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولدى. قۇدۇق قېزىش ئۈچۈن 5 مىليون 340 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1980 - يىل 3 - ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنىڭ روھىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەخسۇس تۈردىكى ئۆسۈمسىز قەرز پۇلىنى تارقىتىش توختىتىلدى. لېكىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى

راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، شىنجاڭغا يەنە 20 مىليون يۈەن ئاۋار ئىشلەپچىقىرىش مەخسۇس كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بېرىلدى. يېزا ئىگىلىكىگە يېقىندىن ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۆسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىلدى، ئىقتىسادى بىر قەدەر ئارقىدا قالغان قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ، ئاقسۇدىن ئىبارەت ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 9 مىليون 550 مىڭ يۈەن كۆپەيتىپ بېرىلدى. يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، 1981 - يىل 3 - ئايدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «گۆڭشې، ئەترەت قەرز پۇلى توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» گە ئاساسەن قەرز پۇل ئوبيېكتى ۋە ئىشلىتىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەردە ئىشلەپچىقىرىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار ۋە گۆڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىدىن سىرت، تىجارەت كىرىمى ۋە قەرز پۇلنى قايتۇرۇش ئىمكانىيىتى بار مەدەنىي - مائارىپ، سەھىيە، پەن تەتقىقات قاتارلىق كەسىپي ئورۇنلار ۋە مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالغۇچىلار، ھۆددىگەر ئائىلىلەر، يەككە تىجارەتچىلەر قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا، قەرز بېرىلدى. شۇنداقلا قەرز پۇل توختام تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، كوللېكتىپنىڭ قەرز پۇل ئېلىش نىسبىتى تۆۋەنلەپ، گۆڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى ئالغان قەرزى كۆپەيدى. ھۆددىگەر ئائىلە ۋە يەككە تىجارەتچى ئائىلىلەر يېزا ئىگىلىكىگە مەبلەغ سېلىشقا باشلىدى. مۇشۇ يىلدىكى كوللېكتىپ ئالغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 41 مىليون 40 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1980 - يىلى تارقاتقان 77 مىليون 660 مىڭ يۈەندىن 47.1% ئازايدى.

1982 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئايرىم ۋىلايەتلىرىدە ئۆششۈك، مۆلدۈر، بوران، قۇرغاقچىلىق قاتارلىق تەبىئىي ئاپەت يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە بىڭتۇەنگە قاراشلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ئاپەتكە بىر قەدەر ئېغىر ئۇچرىدى. مەركەز ۋە يەرلىك مالىيە 27 مىليون 400 مىڭ يۈەن، بانكا 30 مىليون 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇلى ئاجرىتىپ، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، مول - ھوسۇل ئېلىشقا مەدەت بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە، بىڭتۇەننىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل 27 مىليون يۈەن، گۆڭشې، ئەترەتلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل 3 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەممىسىدە قەرز پۇل توختام تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 1981 - يىلدىكىدىن 25% ئاشتى. قەرز پۇل تارقىتىش نىشانى جەھەتتە يېزىدىكى «ئۈچ ئائىلە» ۋە يەككە دېھقانلارغا تارقىتىلغان قەرز پۇل نىسبىتى 1981 - يىلى 24.9%، 1982 - يىلى 46.7% بولدى. گۆڭشې، ئەترەتلەر، كوللېكتىپ ئالغان قەرز پۇلى نىسبىتى 1981- يىلى 75%، 1982- يىلى 53% تىن كەمرەك بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى كۆپەيدى. بۇ 1981- يىلى 85% ئىدى، 1982 - يىلى 87% كە يەتتى. ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنە قەرز پۇلى تۆۋەنلىدى. ئۇ 1981- يىلى 15%، 1982 - يىلى 13% بولدى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئومۇمىي سوممىسى 1981 - يىلدىكىدىن 7 مىليون 880 مىڭ يۈەن ئازايدى. بۇنىڭ ئىچىدە گۆڭشې، ئەترەتلەرنىڭ قەرز پۇلى 9 مىليون 400 مىڭ يۈەن ئازايدى. گۆڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى ئازراق كۆپەيدى.

1983 - يىلى ئەتىيازدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزىلىرىدا نۇرغۇن گۆڭشې، ئەترەت ئاپەتكە ئۇچرىدى. بانكا 10 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش قەرز پۇلى تارقاتتى. ئەمما، مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ، ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى 97.84% نى ئىگىلىگەنلىكى ئۈچۈن، گۆڭشې، ئەترەتنىڭ قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 1982 - يىلدىكىدىن 10.6% تۆۋەنلىدى. ھۆددىگەر ئائىلىلەر ئالغان قەرز پۇل 16 مىليون 870 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكى 6 مىليون 130 مىڭ يۈەندىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى.

1984- يىلى گۆڭشې، ئەترەتلەرگە 16 مىليون 480 مىڭ يۈەن كوللېكتىپ قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 1983- يىلدىكىدىن 57% تۆۋەنلىدى. ھۆددىگەر ئائىلىلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇلى 66 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1981 - يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسىگە يېقىن ئاشتى. شۇ يىلى شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ قەرەلىنى بەلگىلەپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، قەرەلى ئۆتۈپ كەتسىمۇ قايتۇرمىغانلارغا ئۆسۈم قوشۇش چارىسى

قوللىنىلدى، بانكىلار يىغىۋالغان 1978 - يىلدىن بۇرۇنقى يېزا ئىگىلىك كونا قەرز پۇلىنىڭ ھەممىسى يەرلىكنىڭ ئىچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇلى قىلىپ ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلدى، ئۆسۈمنى تولۇق قايتۇرۇۋالغانلار يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ئۆسۈمنىڭ 15 پىرسەنتى بويىچە مۇكاپاتلاندى. دىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۆسۈمنى يىغىۋالغانلار ئەمەلىي يىغىۋالغان قىسمىنىڭ بەش پىرسەنتى بويىچە مۇكاپاتلاندى. شۇ يىلى 1978 - يىلدىن ئىلگىرىكى قەرز پۇلدىن 44 مىليون 290 مىڭ يۈەن يىغىۋېلىندى، بۇ يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي سانىنىڭ 51 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 34 مىليون 120 مىڭ يۈەن قەرز پۇل دىرى ئەمەلىيلىشىپ، بۇ يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك ئومۇمىي سوممىنىڭ 39 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 - يىلى ھۆددىگەر ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل سوممىسى داۋاملىق ئاشتى. كوللېكتىپقا بېرىلىدىغان قەرز پۇل ئەكسىچە 1984 - يىلدىكىدىن %48 ئازايدى. كوللېكتىپقا تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل سوممىسى تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 3.2 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىدى،

## 2. چارۋىچىلىق قەرز پۇلى

چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىش مىنگونىڭ 28 - يىلى (1939 - يىلى) دىن باشلاپ خاتىرىلەنگەن. شۇ يىلى شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى چارۋىچىلىققا 5000 يۈەن قەرز پۇل تارقاتقان. بۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنىڭ 1.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. چارۋىچىلىق رايونى قەرز پۇلىنى ھاكىم مەسئۇل بولۇپ تارقاتقان ۋە يىغىۋالغان، لېكىن مال - مۈلكىنى كېپىللىككە قويغان. كەمبەغەل چارۋىچىلارنىڭ كېپىللىككە قويىدىغان مال - مۈلكى بولمىغاچقا قەرز پۇل ئالالمىغان.

1950 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، چارۋىچىلىق رايونىغا قەرز پۇل تارقاتتى. 1951 - يىلى بەلگىلەنگەن چارۋىچىلىق قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى 3 مىليارد يۈەن (كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، بۇنىڭ ئىچىدە چارۋىچىلارنى قوغداش قەرز پۇلى 2 مىليارد 100 مىليون يۈەن، نەسىللىك چارۋا قەرز پۇلى 900 مىليون يۈەن. شىمالىي شىنجاڭدىكى بانكىلار چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىش گۇرۇپپىسىدىن 12 نى قۇرۇپ، ئىلى، ئۈرۈمچى، گۈچۈڭ، جىمسار، فۇكاڭ، سانجى، خېجىڭ، چۆچەك قاتارلىق جايلاردا قەرز پۇل تارقىتىپ، چارۋىلارنى قىشتىن ئۆتكۈزۈشتىكى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىۋېلىشقا ياردەم بەردى. ئىلى ۋىلايىتىدە 50 تىن ئارتۇق قويى بار، مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلارغا نەسىللىك قوي قەرز پۇلى تارقىتىلدى. جەمئىي 320 نەسىللىك چارۋا (بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگۈزۈلگەن نەسىللىك قوشقار 183، نەسىللىك بۇقا ئالتە) غا قەرز پۇل تارقىتىلدى. شۇ يىلى چارۋا ماللارنى قوغداش ۋە نەسىللىك چارۋا ئۈچۈن جەمئىي 2 مىليارد 890 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە چارۋا ماللارنى قوغداش قەرز پۇلى 2 مىليارد 70 مىليون يۈەن، نەسىللىك چارۋا قەرز پۇلى 820 مىليون يۈەن بولدى.

1952 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كومىتېتى، «1952 - يىلى يېزا ئىگىلىك، سۇ ئىنشائاتى، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا قەرز پۇل بېرىش چارىسى» نى تۈزۈپ چارۋا ماللارنى قوغداش ۋە كۆپەيتىشنى چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلدى، چارۋا ماللارنى قوغداش قەرز پۇلىنىڭ قەرەلى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا سەككىز ئاي (كېيىن 12 ئايغا ئۇزارتىلدى)؛ نەسىللىك چارۋا قەرز پۇلىنىڭ قەرەلى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 18 ئاي بولدى. قەرەلى بىر يىل ئىچىدىكىلەرنىڭ ئۆسۈمى بىر پۇڭ ئىككى لى، بىر يىلدىن ئۇزاق بولسا ئايلىق ئۆسۈمى بىر پۇڭ تۆت لى قىلىندى (1953 - يىلى ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا ئۆسۈم نىسبىتىدە ئېتىبار بېرىلدى، ئايلىق ئۆسۈمى بىردەك 7.5 لى بولدى). مۇشۇ يىلدا جەمئىي 2 مىليارد 400 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، رامبۇل قويىدىن 100 تۇياق كۆپەيتىلدى؛ 1000 قوتان رېمونت

قىلىندى، 440 مىڭ جىڭ زاپاس يەم ـ خەشەك تەييارلاندى. قەرز پۇلنى تارقاق ئىشلىتىش ۋە ئىشلىتىلىش يولىنى ئۆزگەرتىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خەلق شۆبە بانكىسى فۇكاڭ چارۋىچىلىق رايونىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ تەكشۈردى. پۇل ھېسابىدىكى قەرز پۇلنى بانكا بىۋاسىتە تارقاتتى. قەرز پۇل ئورنىغا ماددىي بۇيۇم تارقىتىشنى ماددىي بۇيۇملار تىجارىتى قىلىدىغان ئورۇنلار ئۈستىگە ئالدى ھەمدە يىغىۋېلىشقا مەسئۇل بولدى. چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىشتا چارۋىچىلار ئاساس قىلىندى. چارۋىدارلارغا قەرز پۇل بېرىشتە «كۆرەش قىلماسلىق، تەقسىم قىلماسلىق، يۇقىرى قاتلام بىلەن ئىتتىپاقلىشىش» سىياسىتىگە ئاساسەن، يەم ـ خەشەك يېتىشمىگەن، قوتان كەمچىل، چارۋىلارنىڭ قىشتىن ئۆتتۈۋېلىشى تەس بولغان بولسا، ھۆكۈمەتكە، شەخسكە پايدىلىق بولۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، قەرز پۇل تارقىتىپ ياردەم بېرىلدى.

1953 ـ يىلى غەربىي شىمال رايونلۇق بانكا ۋە باش بانكا قەرز پۇل تۈرى ۋە مۇددىتىنى قويۇۋېتىشنى تەستىقلىدى: 1) چارۋا ماللارنى قوغداش قەرز پۇلىدىكى ئوۋ سىلتىقى، چۆپ ئورۇش ماشىنىسى، قوتان، ئۆي سېلىش، قوي ئېلىش قاتارلىق تۈرلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل مۇددىتى ئۈچ يىلغا ئۇزارتىلدى. 1953ـ يىلى چارۋىچىلىققا 11 مىليارد 790 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، رامبول قويىدىن 1000 تۇياق كۆپەيتىلدى. 2) نەسىللىك چارۋا قەرز پۇلى قوي قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ شۇ يىلى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، 1 مىليارد 100 مىليون يۈەن تارقىتىلدى. 1954 ـ يىلى قوي ئۈچۈن مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل رەسمىي تارقىتىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ئالتاي، چۆچەك، ئىلى، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلارغا قاراشلىق بەش چارۋىچىلىق ناھىيىسىدە قويلارنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ھەمدە ئۈرۈمچى، ئىلى، چۆچەك، ئالتاي، قۇمۇل، بايىنغولىن، كورلا، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن، يەركەن قاتارلىق جايلارغا 7 مىليارد 100 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. مۇددىتى ئۈچ يىل، ئايلىق ئۆسۈمى يەتتە لى ئىككى خاۋ بولدى. ھەر بىر ئائىلىگە 20 قوي ئۈچۈن قەرز پۇل بېرىلدى. 1954ـ يىلى 29 ناھىيىگە 6 مىليارد 500 مىليون يۈەن قوي قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 1000 ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ 19 مىڭ 815 تۇياق ساغلىق قوي سېتىۋېلىشىغا ياردەم بېرىلدى. ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 19.8 تۇياق ساغلىق توغرا كەلدى. 1954 ـ يىلدىن 1956 ـ يىلغىچە بولغان ئۈچ يىل ئىچىدە، 6227 ئائىلىنىڭ 105 مىڭ 668 تۇياق ساغلىق سېتىۋېلىشى ئۈچۈن 2 مىليون 745 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) قەرز پۇلى تارقىتىلدى. ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 تۇياق ساغلىق توغرا كەلدى. 1953 ـ يىل سىناق تەرىقىسىدە تارقىتىلغان قوي قەرز پۇلىنى قوشقاندا جەمئىي 2 مىليون 850 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1956 ـ يىل 2 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقىتىپ، چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرىغا تارقىتىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتىنى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە قىلىپ بەلگىلىدى. ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى مۇددىتى بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمىدى. نامرات چارۋىچىلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى بەش يىل، ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى مۇددىتى بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمىدى. نامرات چارۋىچىلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇل مۇددىتى بەش يىل بولدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى تۆت لى، سەككىز خاۋ بولدى. نامرات چارۋىچىلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى ئۈچ يىلغا بۆلۈپ قايتۇرۇۋېلىندى. ئايلىق ئۆسۈمى تۆت لى بولدى. 1956 ـ يىل شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرى 629 غا يېتىپ، شۇ يىلى نامرات چارۋىچىلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلىدىن 30 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. قوي قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى نامرات چارۋىچىلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغاچقا، 1956 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا قوينىڭ باھاسى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ، قەرز بولغۇچىلارنىڭ يۈكى ئېغىرلىشىپ، قەرز پۇلنى قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى ھەم باش بانكىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 1955 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى قوي قەرز پۇلىنىڭ

ئۆسۈمىنى توختىتىپ، دېرىنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىش چارىسى قوللىنىلدى. 1957 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئۆسۈم توختىتىلدى (بۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئۆسۈم يەنىلا يىغىۋېلىنىدۇ). ئادەتتە دېرىنى قايتۇرۇش بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ئۇزارتىلدى. ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بولسا دېرىنى قايتۇرۇش مۇددىتى بەش يىلغىچە ئۇزارتىلىپ، دېرى قايتۇرۇۋېلىندى. ئۇزارتىش ۋاقتى قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى توشقان كۈندىن ئېتىبارەن ھېسابلاندى. 1958 ـ يىلدىن باشلاپ، نامرات دېھقان (چارۋىچى) لار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى ۋە قوي قەرز پۇلى تارقىتىش توختىتىلدى. 1961 ـ يىل بۇ قەرز پۇللار بىرلا ۋاقىتتا كەچۈرۈم قىلىنىپ، جەمئىي 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن كەچۈرۈم قىلىندى.

1958 ـ يىلى «ئاشلىقنى ئۇتقا قىلىش» فاڭجېنى ئىجرا قىلىندى. چارۋىچىلىق رايونلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىشتا مۇقىم ئولتۇراقلىشىپ، ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىشقا مەدەت بېرىلدى. چارۋا ماللىرىنى قوغداش قەرز پۇلى مۇھىم نۇقتا قىلىنمىدى. 1959 ـ يىلدىن باشلاپ، قەرز پۇل تۈرىنى تەڭشىگەندە، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى ئايرىم پىلانغا كىرگۈزۈلمىدى.

1963 ـ يىلى چارۋىچىلىقتىكى سەككىز تۈرلۈك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش تەدبىرلىرىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن (سۇ، ئوت ـ چۆپ، كۆپەيتىش، ئۆزگەرتىش، باشقۇرۇش، ئالدىنى ئېلىش، قوتان، ئەمگەك) بانكا شىنجاڭ چارۋىچىلىق رايونى پۇل مۇئامىلە خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى. چارۋىچىلىق قەرز پۇلى ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل ۋە قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈندى. قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى بىر يىل، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى بىر يىلدىن بەش يىلغىچە بولۇپ، ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى قىلىنغان ئورۇنغا بىۋاسىتە بېرىلدى. بەلگىلىمە بويىچە جامائەت فوندىنى ئېلىپ قېلىپ، ئامانەت قويمىغانلارغا ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىلمىدى. چارۋىچىلىققا مەدەت بېرىلىدىغان ھەر خىل مەبلەغنى بانكا نازارەت قىلىپ چىقىم قىلدى. 1966 ـ يىلى شىۋىرغان ئاپىتى يۈز بېرىپ، 3 مىليون 630 مىڭ تۇياق چارۋا ئۆلدى. شۇ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلاندى. شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق قەرز پۇل قالدۇقى ئاران 590 مىڭ يۈەن بولدى. 1967 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە، ھەر يىلى چارۋىچىلىق قەرز پۇلى 500 مىڭ يۈەن بىلەن 900 مىڭ يۈەن ئارىلىقىدا بولۇپ، ئاساسلىقى يەم ـ بوغۇز، ئوت ـ چۆپ تەييارلاش ۋە قوتان رېمونت قىلىشقا ئىشلىتىلدى.

1983 ـ يىلى بانكا چارۋىچىلىققا قەرز پۇل تارقىتىشتا چارۋىچىلىققا داۋاملىق مەدەت بېرىشنى ئاساس قىلىپ، جەمئىي 1 مىليون 930 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. لېكىن ھۆددىگەر ئائىلىلەرگىمۇ قەرز پۇل تارقىتىش باشلىنىپ، جەمئىي 630 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. بۇ چارۋىچىلىق قەرز پۇلىنىڭ 32 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. چارۋىچىلارغا ئاساسلىقى ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى قەرز پۇل تارقىتىپ مەدەت بەردى.

1984 ـ يىلى شىنجاڭدا باقمىچىلىق كەسپىي ئائىلە 23 مىڭ 380 گە يەتتى. 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوتلاق باشقۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلدى. بانكىنىڭ ھۆددىگەر ئائىلىلەرگە مەدەت بېرىدىغان قەرز پۇلى كۆپەيدى. 1981 ـ يىلى 4 مىليون 370 مىڭ يۈەن چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆددىگەر ئائىلىلەرگە بېرىلگەن قەرز 3 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، %79 نى ئىگىلىدى. 1985 ـ يىل 10 مىليون 270 مىڭ يۈەن چارۋىچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆددىگەر ئائىلىلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇلى 9 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ، %92 نى ئىگىلىدى. ئوتلاق چارۋا ماللار بىلەن بىللە ئائىلە چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ قەرەللىك ئىشلىتىشىگە بېرىلگەندىن كېيىن، بانكا 11 مىڭ 770 ئائىلە چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىپ مەدەت بەردى ھەمدە بۇنى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىدىكى ئائىلە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانى قەرز پۇل تۈرىگە كىرگۈزدى.

1984 ـ يىل تۇرپان ۋىلايىتى دېھقانچىلىق رايونىدا چارۋا بېقىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى 5 مىليون 130 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، 20 مىڭ ئائىلىنىڭ 130 مىڭ قوي،

كالا سېتىۋېلىپ بورداپ، بازارنى كۆپرەك تەمىنلەشكە ياردەم بەردى. دېھقانچىلىق رايونىدا چارۋا بېقىشنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولغاچقا، قەرز پۇل ئىلتىماس قىلغۇچىلار كۆپ بولدى. 1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى مەخسۇس تۈردىكى كۆرسەتكۈچ قەرز پۇلىدىن 5 مىليون 920 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ، 4613 ئائىلىگە نۇقتىلىق مەدەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار 117 مىڭ تۇياق قوي، كالا سېتىۋېلىپ بورداپ ، بازارنى تەمىنلەپ، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

## 3 § . يېزىلاردىكى يەككە تىجارەتچى، ھۈنەرۋەن، كەسپىي ئائىلىلەر قەرز پۇلى

### 1. يېزىلاردىكى يەككە تىجارەتچىلەرگە قەرز پۇل بېرىش

گۇاڭشۇ 14 - يىلى ( 1908 - يىلى) ھۆكۈمەت پۇل ئىدارىسى ئايلىق ئۆسۈمنى ئۈچ پۇڭ قىلىپ، «رەنىلىك بۇيۇمى بار دېھقان، ئىشچىلارغا» قەرز پۇل بەردى. رەنىلىك بۇيۇمى يوق نامرات دېھقانلار قەرز پۇل ئالالمايتتى.

مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) 7 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا قۇرۇلدى. مىنگونىڭ 22- يىلى (1933 - يىلى) يېزىلارغا قەرز پۇل تارقىتىلىشقا باشلىدى. مىنگونىڭ 27 - يىلى (1938 - يىلى) جۇڭگو دېھقانلار بانكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا بىرلىشىپ يېزا قۇتقۇزۇش قەرز پۇلى تەسىس قىلدى. ھەر بىر ئائىلىگە ئايلىق ئۆسۈمى سەككىز لى بويىچە 20 دوللار ئۆلكە پۇلى قەرز بېرىلدى. مىنگونىڭ 28- يىلى (1939 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ باشقۇرغان شىنجاڭ تىجارەت بانكىسىغا ئۆزگەرتىلدى. شۇ ۋاقىتتا يولداش ماۋ زېمىن شىنجاڭنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇپ، يېزىلارغا ئېتىبار بېرىش قەرز پۇلى تارقاتتى. ئايلىق ئۆسۈمى بەش لى بولدى. ماۋ زېمىن مالىيە نازارىتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئېتىبار بېرىش سىياسىتى توختىدى. مىنگونىڭ 31 - يىلى (1942 - يىلى) 9 - ئايدا ئايلىق ئۆسۈم بىر پۇڭ ئىككى لى، مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) ئايلىق ئۆسۈم ئۈچ پۇڭ قىلىنىپ يېزا ئەمەلدارى، شاڭيو ۋە بايلار كاپالەت بېرىدىغان، مۇرەككەپ رەسمىيەت بىلەن ناھايىتى ئاز قەرز پۇل بېرىلدى. مال باھاسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تەدرىجىي ئازىيىپ، ئاخىرى توختىتىلدى.

1950 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى گاۋجىنچۇن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ سەپەرۋەرلىك كومىتېتىنىڭ 1 - قېتىملىق كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. باي دېھقانلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەمبەغەل دېھقانلارغا قەرز پۇل بېرىش، ئاشلىق قەرز بېرىش، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قەرز بېرىش، تېرىلغۇ كالىسى قەرز بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىش، نامراتلارغا ھۆكۈمەت قەرز پۇل تارقىتىش ئارقىلىق ياردەم بېرىش؛ كونا قەرز پۇللارنىڭ پرىنسىپ جەھەتتىن قايتۇرۇشقا تېگىشلىكلىرىنى قايتۇرۇش، قايتۇرۇش، ئىقتىدارى بولمىسا، ۋاقتىنى ئۇزارتىپ قايتۇرۇش قارار قىلىندى. 7 - ئايدا ئۆلكىلىك يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كومىتېتى قۇرۇلدى. ئۇ 8 - ئايدا 1 - قېتىملىق يىغىن ئېچىپ، بانكا بەش نەپەر كادىرنى يېزا كرېدىت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بەلگىلەش قارار قىلىندى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى، ناھىيىلىك دېھقانلار ئۇيۇشمىسى ۋە بانكا بىرلىكتە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كومىتېتى قۇرۇپ، يېزىلىق مەھكىمە، يېزىلىق دېھقانلار ئۇيۇشمىسىدىن تەشكىللەنگەن يېزا قەرز پۇل گۇرۇپپىسىغا رەھبەرلىك قىلىش تەلەپ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە قەرز

پۇل بېرىشتە ئالماشتۇرۇپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى، بەزى جايلاردا ئۈزۈك ۋە قوغۇنى قەرز پۇل بېرىشكە ئالماشتۇرۇپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.
پۇل بېرىشتە ئالاقىنىڭ بەرىكى بولۇش، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشلىتىش، ئۆتنىلىق تارقىتىش، ھۆكۈمەتكىمۇ، شەخسكىمۇ پايدىلىق بولۇش، كەمبەغەل دېھقان، ياللانما دېھقان، ئوتتۇرا دېھقانلارنى قەرز پۇلنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى قىلىش، يۆمىشىمەك، باي دېھقانلارغا قەرز پۇل بەرمەسلىك پرىنسىپى بەلگىلەندى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئاشلىق مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىشدا رولى بىر قەدەر چوڭ بولغان تېرىلغۇ ئۇلىغى، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئۇرۇق ۋە ئوغۇتنى ئاساس قىلىپ تارقىتىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا بىرلىشىپ، ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ 1950 - يىللىق يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى (كۈزگى بۇغداي قەرز پۇلى) چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. قەرز پۇل بېرىشتە «نەق پۇل قەرز پۇل بېرىپ، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇش» شەكلى قوللىنىلىپ، ئۆزى مەلۇم قىلىپ، جامائەت باھالاش، ھۆكۈمەت تەكشۈرۈش، بانكا تەستىقلاش ئارقىلىق قەرز بېرىلدى. قەرز پۇل سوممىسى بۇغدايغا سۇندۇرۇلۇپ، ئايلىق ئۆسۈمى بىر پۇڭ قىلىندى. قەرز پۇلنىڭ قەرەلى توشقاندا قايتۇرۇۋېلىندى. رەنىلىك بويۇمى ۋە كېپىللىك تەلەپ قىلىنمىدى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى ئاجرىتىپ بەرگەن 1 مىليون 880 مىڭ جىڭ تېرىق ھېسابىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 2 مىليون 820 مىڭ جىڭ بۇغدايغا سۇندۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچى، فۇكاڭ، تۇرپان، مىچۈەن، گۇچۇڭ، سانجى، جىمسار، مورى، پىچان، توقسۇن قاتارلىق 12 ناھىيىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. سانجى، مىچۈەن ناھىيىسىگە خەلق شۆبە بانكىسى بىۋاستە قەرز پۇل بەردى. مورى ناھىيىسىگە بېرىدىغان قەرزنى گۇچۇڭ ناھىيىسى ۋاكالىتەن بېجىردى. باشقىلارغا شۇ جايلاردا تۇرۇشلۇق بانكىلار بېجىردى. «نەق پۇل ھېسابىدا قەرز پۇل بېرىپ، ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇش» باھاسىدا سودا شىركىتىنىڭ شۇ كۈنى تەكشۈرگەن مال باھاسى ئۆلچەم قىلىندى. سودا شىركىتى قۇرۇلمىغان ۋىلايەتلەردە، شۇ كۈندىكى مال باھاسىنى ناھىيىلىك قەرز پۇل كومىتېتى خەلق ئاممىسىدىن ئالغان پىكىرگە ئاساسەن بېكىتتى. كۈزگى بۇغداي قەرز پۇلى تارقىتىش 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى باشلىنىپ 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلاشتى. شۇ يىلى مەركىزىي كومىتېت شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىگە 4000 توننا بۇغداي قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، مالىيە ئالدىن ئاشلىق سېتىۋالغان ھېسابتا بانكا قەرز پۇل تارقاتتى ھەمدە بۇغداي يىغىۋالدى. 12 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل مەبلىغىنى بىر تۇتاش ئىگىلەش ۋە باشقۇرۇشنى تەكىتلەپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلنى كۆرسەتكۈچ بويىچە تارقىتىشنى بېكىتتى. يىغىۋېلىنغان قەرز پۇلنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتىشكە بىرەر يول قويمىدى. يۇقىرىنىڭ تەستىقىسىز قەرز پۇل تارقىتىلمىدى.

1951 - يىل 1 - ئايدا شىنجاڭ تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنىدا مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشلىتىش، ئۆتنىلىق تارقىتىشتىن ئىبارەت يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى فاڭجېنى بەلگىلەندى. 3 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ 1951 - يىللىق يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىشنىڭ 13 ماددىلىق چارىسىنى تۈزۈپ، 1951 - يىللىق يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئۇرۇق، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ئوغۇت، نەسىللىك چارۋا، يەم - خەشەك، كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قاتارلىق يەتتە تۈرگە بۆلۈنىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. «تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، رولىنى جارى قىلدۇرۇش، يىغىۋېلىش» نى تەلەپ قىلدى. بانكا تارقىتىشقا، تەكشۈرۈشكە، سۈيلەپ يىغىۋېلىشقا، كونكرېت رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشكە؛ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تارمىقى ماددىي بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش، توشۇش، تېخنىكا جەھەتتە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولدى. سۇ ئىشلىرى تارمىقى سۇچىلىق تېخنىكا يېتەكچىلىكىگە مەسئۇل بولدى. ئامانەت قەرز كوپېراتىپى قەرز پۇلنى ھۆددىگە ئېلىپ تارقاتتى. 1 - پەسىلدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 25 مىليون 800 مىڭ يۈەن ئۆلكە پۇلى بولۇپ، ئۈرۈمچى، گۇچۇڭ، جىمسار، قۇتۇبى، ماناس، توقسۇن، تۇرپان، پىچان، شىخو، ساۋەن، قۇمۇل، بارىكۆل، ئارا تۈرۈك، غۇلجا، چاپچال، تېكەس، نىلقا، توققۇزتارا، بورتالا، يەنجى، كورلا، بۈگۈر، كۇچا، مەكىت، خوتەن قاتارلىق 25 ناھىيىگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى. بانكا ئاپپاراتى قۇرۇلمىغان مىچۈەن،

سانجى، ئۈرۈمچى قاتارلىق ئۈچ ناھىيىگە خەلق شۆبە بانكىسى بىۋاسىتە ئادەم ئەۋەتىپ قەرز پۇل تارقاتتى. ئەسىللىك چارۋا قەرز پۇلى 50 تىن ئارتۇق سافلىقى بار مۇقىم ئولتۇراقلاشقان چارۋىچىلارغا تارقىتىلدى. 50 كە توشمىسا بىرلىشىپ قەرز پۇل ئالدى. كىچىك تىپتىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى ئىككى يىل بولدى. ئۇرۇق، ئوغۇت، كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى قەرز پۇلى ئەتىيازدا تارقىتىلىپ كۈزدە يىغىۋېلىندى. تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋە چوڭ تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى بىر يىل سەككىز ئاي بولدى. ئەسىللىك چارۋا قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى ئىككى يىل، چاۋا ماللارنى قوغداش قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى بىر يىل بولدى. يۇقىرىقى قەرز پۇللارنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى بىر پۇڭ ئىككى لى بولدى. تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى تارقاتقان قەرز پۇللارنى يىغىۋالغاندا ئۇلارغا ئىككى لى ئۆسۈم ئۆتۈنۈپ بېرىلدى. 1951- يىل 3- ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. شۇ يىلى 8 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىنىڭ قەرز پۇلنى يىغىۋېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى كۆرسەتمىسىنى تارقىتىپ، ئومۇمەن ئاشلىق شىركىتى ياكى سودا شىركىتى بىلەن سېتىۋېلىش، قەرز پۇل يىغىۋېلىش توختامى تۈزگەنلەر ئەستايىدىل ھەمكارلىشىپ، خىزمەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆلكىلىك سودا شىركىتى بىلەن بىرلەشمە كۆرسەتمە چۈشۈرۈپ، ماسلىشىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بانكا يىغىۋالغان ئاشلىقنى كېڭىشىپ ھۆكۈمەت ئامبىرىغا ئامانەت قويدى ياكى كېڭىشىپ كوپېراتىپقا سېتىپ بەردى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ھېسابىدىكى ماددىي بۇيۇمنىڭ ئامباردا زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى 5‰ تىن ئېشىپ كەتمىدى. توشۇش جەريانىدىكى زىيان 10‰ تىن ئېشىپ كەتمىدى. توشۇش ھەققىنى ھەر قايسى بانكىلار ئۆزلىرى ئۈستىگە ئالدى.

1951 - يىل 6 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى ئالىي سوت مەھكىمىسى، ئەدلىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «دۆلەت بانكىسىنىڭ ھەقدارلىق ھوقۇقىنى قوغداش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى» نى تارقىتىپ، رەنە قەرز پۇل تارقىتىشتىكى رەنە بۇيۇمنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا سەككىز تۈرلۈك چارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1) بانكىنىڭ قەرزدارلىق دېلولىرىنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. 2) رەنىلىك قەرز پۇلدىكى رەنە بۇيۇمى پرىنسىپ جەھەتتىن ئىككى تەرەپ تۈزگەن ئەھدىنامە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. تالاش - تارتىش بولسا، قانۇن بويىچە مۇرەسسە قىلىش ياكى ھۆكۈم قىلىش كېرەك. 3) رەنە قەرز پۇلدىكى رەنە بۇيۇم ئوغرىلانسا، سېتىۋېتىلسە، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرگەندىن كېيىن جىنايى جازا بېرىلىدۇ. 4) رەنە بۇيۇمنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى جەھەتتە، قەرز پۇل ئالغۇچىنىڭ رەنە بۇيۇمىدىن سىرت، باشقا مۈلۈكلىرى ماناش، باجنى تاپشۇرۇشقا يەتسە، مەزكۇر رەنە بۇيۇمنى بىر تەرەپ قىلغاندا، بانكا ئالدى بىلەن قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ. 5) كاپالەتچى كېلىشىمگە ئاساسەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ. يەنى قەرز پۇل ئالغۇچىنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىگە ۋە قەرزنى چوقۇم قايتۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. 6) سوت مەھكىمىسى ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ. 7) قەرزدار بىرلا ۋاقىتتا دۆلەت بانكىسىغا ۋە شەخسلەرگە قەرزدار بولۇپ قالسا، ئوخشاش ئىنقىلاپ تۆلىتىۋېلىنىدۇ. 8) دۆلەت بانكىسىنىڭ قەرز پۇل كېلىشىمىنى ئىككى تەرەپ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن تۈزۈپ چىقىدۇ، بۇ، قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

شۇ يىلى 8 - ئايدا خەلق باش بانكىسى «يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قەرز پۇل تارقىتىش نىزامنامىسى» نى تارقىتىپ، يەككە دېھقانلارغا قەرز پۇل بېرىشتە شۇ جايدىكى خەلق ھۆكۈمىتى كېپىل بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 11 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىنقىلابىي ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئالدىن قەرز پۇل ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى تارقاتقاندا، ئۇلارنى ئالدىن ئويلىشىش ۋە ئېتىبار بېرىش لازىم دەپ بەلگىلىدى.

1952 - يىلى يېزا ئىگىلىككە قەرز پۇل تارقاتقاندا بۇنىڭغا يازلىق يىغىم قەرز پۇلى ۋە چېكەتكە يوقىتىش قەرز پۇلى، ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلى قوشۇلدى. قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، يەكەن ۋىلايەتلىرىدە تەبىئىي

ئاپەت ئېغىر بولۇپ، 1 مىليارد 420 مىليون يۈەن دورا چېچىش ئەسۋابلىرى قەرز پۇلى ( كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا تۆۋەندىمۇ ئوخشاش ) تارقىتىلدى. سېلىنىدىن 25 توننا، دورا پۈركىگۈچتىن 900 دانە، سوپۇندىن 2000 جىڭ زاكاز قىلىندى. مۇشۇ يىلدا ئون ۋىلايەت، 78 ناھىيىگە 17 مىليارد 244 يۈەن ھەر خىل قەرز پۇلى تاقىتىلدى. 1952 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى 500 مىليون جىڭدىن كۆپرەك ئېشىپ، %24 ئاشتى. پاختا مەھسۇلاتى 8 مىليون جىڭدىن كۆپرەك ئېشىپ، %48 ئاشتى. 12 - ئايدا جۇڭگو خەلق باش بانكىسىنىڭ «تۆۋەنتىكى ئۈسۈم نىسبىتىگە قوشۇمچە قىلىش ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا يوليورۇق» ىدا «كونا ئىنقىلابىي رايون، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلار، ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ بارلىق يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى جۈملىدىن ئۆسكۈنە قەرز پۇلى، ئادەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى ۋە ئوبوروت خاراكتېرىدىكى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى بىردەك 7.5 لى بولىدۇ.» دەپ بەلگىلەندى. غەربىي شىمال رايونلۇق خەلق بانكىسى 1953 - يىل 4 - ئايدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا قەرز پۇل تارقىتىشتا چوڭ مىللەت، كىچىك مىللەت دەپ ئايرىماي، پەقەت قىيىنچىلىقى بولۇپ، قەرز پۇل ياردىمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، ئۆسۈمىنى بىردەك 7.5 لى قىلىپ ئېتىبار بېرىشنى، ھەربىي سەپتىن چېكىنىپ يۇرتىغا قايتىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەربىيلەرگە، مېيىپلارغا ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا ئېتىبار بېرىشنى بەلگىلىدى.

1953 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكىسى تولۇقلاپ تۈزىتىش كىرگۈزگەن «يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل تارقىتىش چارىسى» (لايىھە) دا، ئۆسكۈنە، ئىشلەپچىقىرىش، ئوبوروتتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە قەرز بېرىش. قەرز پۇلنى نۇقتىلىق تارقىتىش، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس تۈرگە ئىشلىتىش. ئاساسلىقى ئاشلىق مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇش، سورتلۇق ئۇرۇق، يېڭى دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا مەدەت بېرىش بەلگىلەندى. ئۆسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئۈچ يىل، ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى بىر يىل، ئوبوروت قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئالتە ئاي بولدى. يۇقىرىدىكى قەرز پۇللارنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى بىردەك 7.5 لى قىلىندى. 1953 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى مەخسۇس تۈردىكى كۆرسەتكۈچنى بەش قېتىمغا بۆلۈپ چۈشۈردى ھەمدە كۆپ تەرەپتىن مال مەنبەسى تەييارلاپ، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى كاپالەتلەندۈردى. 3 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى 15 يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل تۈرىنى رەسمىي ئورۇنلاشتۇردى. كۆرسەتكۈچ جەمئىي 87 مىليارد يۈەن بولدى. قەرز پۇل تارقىتىشتا يەككە دېھقانلار، ئۇنىڭدىن قالسا يېزىلاردىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ئاساس قىلىندى. 4 - ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتى غەربىي شىمال رايونىنىڭ «يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدىكى پۇل ئورنىغا ماددىي بۇيۇم تارقىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، شىنجاڭدا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدىكى ماددىي بۇيۇم بىلەن تەمىنلەشنى كوپېراتىپ تارماقلىرى ئۈستىگە ئېلىش؛ بانكا ماددىي بۇيۇم قەرز پۇل سومما چەكلىمىسىگە ئاساسەن، قەرز پۇلنى ئالدىن تىزىملىتىشقا ماسلىشىپ، ماددىي بۇيۇم قەرز پۇل رەسمىيىتىنى بېجىرىپ، ماددىي بۇيۇم دوكومېنتى تارقىتىش؛ كوپېراتىپ تارماقلىرى دوكومېنتقا ئاساسەن ماددىي بۇيۇمنى ھېمورئال قىلغاندىن كېيىن، بانكا قەرز پۇل ئالغۇچىغا ئۆسۈم ھېسابلاپ، قەرەلى توشقاندا يىغىۋېلىشنى بەلگىلىدى. 6 - ئايدا ئۆلكىلىك مالىيە كومىتېتى غەربىي شىمال مالىيە كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدا قەرز پۇل تارقىتىشتا ۋاقىت، ئۆسۈم، سومما جەھەتتىن ئېتىبار بېرىش توغرىسىدىكى قارارىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ياللانما دېھقانلارغا قەرز پۇل تارقىتىلمىدى. ماشىنى ئۈستىۈرۈش ياكى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش چارىسى ئارقىلىق قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. 1952 - يىلدىكى قەرز پۇل ئورنىغا ماددىي بۇيۇملارنى تارقىتىشتىن كېلىپ چىققان زىياننى بانكا ئوخشىمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، تۆلىيەلمەيدىغان ئۆسۈمنى يىغىۋالمىغاندىن سىرت، دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرى زىيىنىغا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تارماقلىرى مەسئۇل بولدى. سۇ ماشىنىسىنىڭ ئۆسۈرۈشىغا سۇ ئىشلىرى تارماقلىرى مەسئۇل بولدى. خىمىيىۋى ئوغۇت باھا پەرقىگە كوپېراتىپ تارماقلىرى مەسئۇل بولدى. 10 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى 20 مىليارد يۈەن

يېزا ئوبوروت قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ، قول سانائەتنىڭ سايمان ۋە خام ئەشيا سېتىۋېلىشىغا، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئاساس قىلغان ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ شەھەر يېزا ئوبوروتىنى جانلاندۇرۇشىغا مەدەت بەردى. 1953 - يىلى جەمئىي 80 مىليارد 700 مىليون يۈەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تارقىتىلدى. بۇ 1952 - يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ. 1953 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ، بانكا سېتىۋېلىشقا ماسلىشىپ، قەرز پۇل يىغىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى، سېتىۋالغان ئورۇنلارغا ۋاكالىتەن پۇل چىقىم قىلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدا قەرز پۇل يىغىۋېلىش مۇددىتىنى ئۆزگەرتىش چارىسى ئېلان قىلىنىپ، «ئۆسۈمنى كىرىم قىلىپ، دىرىنى ئاغدۇرۇش»، «دىرى بىلەن ئۆسۈمنى بىرلىكتە ئاغدۇرۇش» بەلگىلىمىسىنى ئىجرا قىلىش توختىتىلىپ، «ئەسلىدىكى دوكومېنتقا ئەسكەرتىش يېزىش»، «ئۆسۈمنى دىرى بىلەن تەڭ تۆلەش» چارىسىغا ئۆزگەرتىلدى.

1953 - يىلى ئېغىر دەرىجىدە بېسىلىپ قالغان سۇ چىقىرىش ماشىنىسى قەرز پۇلى ئېنىقلاندى. 1952- يىلى شىنجاڭ دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق نازارىتى 500 مىليون يۈەن قەرز پۇل ئېلىپ، شىئەندىن ئازاد ماركىلىق سۇ چىقىرىش ماشىنىسىدىن 164 نى بىر تۇتاش كىرگۈزۈپ، ئۈرۈمچى، قۇمۇل، ئاقسۇ، قاراشەھەر، قەشقەر ۋىلايەتلىرىگە ۋە توقسۇن، پىچان، تۇرپان ناھىيىلىرىگە تەقسىم قىلىپ مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە قەرز پۇل ئورنىدا تارقىتىشنى ھاۋالە قىلدى. شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى زىرائەتلەر ئېرىق - ئۆستەڭ بىلەن سۇغىرىلغاچقا، سۇ چىقىرىش ماشىنىسىغا ئېھتىياجلىق بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە باھاسى بەك قىممەت بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ تەننەرخىمۇ ئېشىپ كەتتى. جۇڭگو خەلق بانكىسى غەربىي شىمال رايونلۇق شۆبە بانكىسىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى بىردەك 7.5‰ بويىچە ھېسابلاندى. دېھقانلار سۇ چىقىرىش ماشىنىسىنى ئالغان كۈندىن ئېتىبارەن ئۆسۈم ھېسابلاندى. بېسىلىپ قالغاندىكى ئۆسۈمنى، سۇ ئىدارىسى بېسىلىپ قالغان ماددىي بۇيۇملارنى ئېنىقلىغاندا، بىرلىكتە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ تەكشۈرۈپ، ھېسابتىن كۆتەردى؛ سۇ چىقىرىش ماشىنىسىنىڭ باھاسىنى 1953- يىلدىكى شىئەننىڭ باھا سەۋىيىسى بويىچە ھېسابلىدى؛ باھا پەرق زىيىنىنى سۇ ئىدارىسى سۇ ئىشلىرى خىراجىتىدىن تولۇقلاپ ھەل قىلدى. قەرز پۇل مۇددىتى ئۈچ يىل ئىچىدە قايتۇرۇۋېلىشقا ئۆزگەرتىلدى. شىنجاڭ ئېقىن سۇ بىلەن سۇغۇرىدىغان رايون بولۇپ، سۇ چىقىرىش ماشىنىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەس بولغاچقا، ئازاد ماركىلىق سۇ چىقىرىش ماشىنىسىنىڭ قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

1954 - يىل 3 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن سۇ ئىدارىسى بىرلىشىپ 2 مىليارد 650 مىليون يۈەن سۇ ئىنشائات قەرز پۇلى تارقىتىپ، يەتتە ۋىلايەت، 15 ناھىيىنىڭ 17 قۇرۇلۇش تۈرىگە تەقسىم قىلىپ قۇرۇلۇش پىلانىغا ئاساسەن بانكىنىڭ پۇل بۆلۈپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلدى. ئىش پۈتكەندىن كېيىن، مەنپەئەتلەنگۈچى بانكىغا ھۆججەت بېرىپ قەرز پۇل ئېلىپ، ئىشلىتىلىش كۆلىمىگە ئاساسەن مۇۋاپىق چاچتى. مەنپەئەتلەنگۈچى بانكىغا ھۆججەت بېرىپ قەرز پۇل ئېلىپ، بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلنى قايتۇردى. مەيلى يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى، ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى ياكى يەككە دېھقانلار بولسۇن، ئەڭ يۇقىرى قەرز پۇل سوممىسى شۇ يىلدىكى ئومۇمىي كىرىمىنىڭ 10 - 20 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمىدى؛ يىللارغا بۆلۈپ قايتۇرىدىغانلىرى يىللارغا بۆلۈپ قايتۇرۇش سانىنى مۇشۇ نىسبەت بويىچە ئېگىلىدى. 1954 - يىل 4 - ئايدا قەرز پۇل ئورنىغا ماددىي بۇيۇم بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىۋاسىتە نەق پۇل قەرز بېرىلىپ، دېھقانلار ئۆز ئالدىغا ئېھتىياجلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋالدى.

1955 - يىلى كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ پاي فوندى تاپشۇرۇپ كوپېراتىپىغا كىرىشىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى تەسىس قىلىندى. شەخسلەر قەرز پۇل ئېلىپ، كوللېكتىپ ئىشلەتتى. 1957 - يىلغا بارغاندا 15 مىليون 71 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى.

1956 - يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدا كوللېكتىپ ئىگىلىككە مەدەت بېرىش ئاساس قىلىندى، يەككە ئائىلىلەرنىڭ قەرز پۇل ئېلىشىغا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى مەسئۇل بولدى. بانكا پەقەت ئىنتايىن كەمبەغەل ئائىلىلەر قەرز پۇلى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس پۇل ئاجرىتىپ ئاز ساندىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىقى

بار كەمبەغەل دېھقانلارغا مەدەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى تارقىتىلغانچقا، كەمبەغەل ئائىلىلەر قەرز پۇلى ئىنتايىن ئاز تارقىتىلدى. ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى، غۇلجا، قەشقەر شەھەرلىرىدىكى شەھەر كەمبەغەللىرى (باشقا جايدىن ئېقىپ كىرگەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) يېزىلاردا ئولتۇراقلىشىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشقا مەجبۇر قىلىندى. تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بارلارغا ھۆكۈمەت ياردەملىشىپ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. كېچىك تېپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرى سېتىۋېلىش ۋە كوپېراتىپقا كىرىش پاي فوندى تاپشۇرۇشتىكى قىيىنچىلىقىغا بانكا قەرز پۇل تارقىتىپ مەدەت بەردى. 7 - ئايدا باشقا جايغا كۆچمەكچى بولغان ئاھالىلارنىڭ ئەسلىدىكى تۇرۇشلۇق جايىدا كونا قەرزى بولسا، كۆچۈپ بارغان جايىدىكى ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ يىغىۋېلىشىغا ئاغدۇرۇلدى. قەرز پۇلنى قايتۇرۇشتا ھەقىقەتەن مادارى يەتمىسە، يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىسپات بېرىش ئارقىلىق ھېسابتا تۇرۇپ قالغان قەرز پۇل قاتارىدا ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتتى. 6 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا باش بانكىنىڭ ئالاقىدار تەستىقىغا ئاساسەن يومبېچىك، باي دېھقانلارغا قەرز پۇل بېرىش مەسىلىسىدە مۇنداق ئىككى ماددىلىق بەلگىلىمە چىقاردى: (1) يېزا كوپېراتىپ ئەزالىرى سالاھىيىتىگە ئېرىشكەن باي دېھقان، يومبېچىكلار ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋە پاي فوندى تاپشۇرۇشتا قىيىنچىلىق بولۇپ، ئۆزلىرى ھەل قىلىشقا ئامالسىز قالسا، ئويلىشىپ ئادەتتىكى قەرز پۇل بېرىلسە بولىدۇ. لېكىن، كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى بېرىلمەيدۇ. (2) كوپېراتىپ ئەزالىق سالاھىيىتىگە ئېرىشمىگەن يومبېچىك، باي دېھقانلارغا بانكا قەرز پۇل بەرمەيدۇ. ئەگەر ئايرىم يومبېچىك، باي دېھقانلار ئاش - تاماقتىن قىسىلىپ، ھەل قىلىشقا باشقا چارە تاپالمىسا خەلق ئاممىسىنىڭ قوشۇلۇشى پارتكومنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بىر قىسىم ئۇزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلى بېرىپ، شۇيىلى يىغىۋالسا بولىدۇ.

## 2. ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە قەرز پۇلى

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، يېزىلاردا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلىپ، كۆپ شەكىللىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلدى. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل ئوبيېكتىدا تەدرىجىي ھالدا ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلىلەر ئاساس قىلىندى. 1982 - يىلى بانكا ھۆددىگەر، كەسپىي ئائىلىلەرگە بىۋاستە 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ بۇنىڭدىن 2 مىليون 890 مىڭ يۈەننى يىغىۋالدى، بۇ 83% كە يەتتى؛ يەككە سودا سانائەتچىلەرگە 7 مىليون 150 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، بۇنىڭدىن 6 مىليون 660 مىڭ يۈەننى يىغىۋالدى. يىغىۋېلىش نىسبىتى 93% كە يەتتى.

1983 - يىلى 2 - ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ قوش ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلىلەر (نۇقتىلىق ئائىلىلەر) گە قەرز پۇل تارقىتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارە» نى تارقاتتى. 1983 - يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل تۈرلىرى ئىچىدە ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلىلەرگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل 1979 - يىلدىكى 4% دىن 7% كە كۆتۈرۈلدى. قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 1982 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشتى. مەدەت بېرىلگەن تۈرلەر تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق كەسىپىدىن سىرت، يەنە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئۇسۇملۇك ئاسراش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى، سودا، ترانسپورت، كان قېزىش، بىناكارلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەمدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدىكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىلگىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىنكى مۇلازىمەت تۈرلىرىگە مەدەت بېرىلدى. ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش، ئۇچۇر ۋە ھېساب ئېچىش راسچوت ئىشلىرىدا ئۆلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، توقسۇن ناھىيىلىك تارماق بانكا، قۇمۇل تارماق بانكىسى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ ئېچىش خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا مەدەت بېرىپ، جەمئىي

163 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى.

1984 - يىلى شىنجاڭدا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دېھقانچىلىق رايونلىرىدا 97.6% كە، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا 60% تىن كۆپرەككە يەتتى. ھەر خىل كەسپىي ئائىلە 196 مىڭ 999 غا يېتىپ، ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىنىڭ 12 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بانكا ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلىلەر ۋە يەككە سودا - سانائەتكە قەرز پۇل تارقاتتى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 100 مىليون 310 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى (ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى جەمئىي 360 مىليون يۈەن تارقاتتى). بۇ 1983 - يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. قەرز پۇل سېلىنما يۆنىلىشى ۋە ئالاھىدىلىكى جەھەتتە: 1) ھەر خىل كەسپىي ئائىلىلەرگە نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. قورغاس، يەكەن، گۇچۇڭ قاتارلىق 12 ناھىيىدىكى ماتېرىياللاردىن ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، قەرز ئالغان كەسپىي ئائىلىلەر 81 مىليون 930 مىڭغا يېتىپ، 17 مىڭ 362 كەسپىي ئائىلىنىڭ 47.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۇلارغا تارقىتىلغان قەرز پۇل سوممىسى 17 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولۇپ، ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2179 يۈەندىن توغرا كەلدى. 2) ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. ئاشلىق زىرائەتلىرى تېرىشقا بېرىلگەن قەرز پۇل يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ 56 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 3) سورتلۇق ئۇرۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرى، سولياۋ يوپۇق سېتىۋېلىشقا بېرىلگەن قەرز پۇل كۆرۈنەرلىك ئاشتى. 4) 12 ناھىيىدىكى ماتېرىياللاردىن ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كەسپىي ئائىلە جەمئىي 429 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 163 ئائىلىگە 2 مىليون 50 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى بۇ ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 مىڭ 576 يۈەندىن توغرا كەلدى. قاتناش - ترانسپورت كەسپىي ئائىلىسى جەمئىي 426 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 148 ئائىلىگە 680 مىڭ يۈەن قەرز بېرىلدى. بۇ ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4594 يۈەندىن توغرا كەلدى. سودا، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسپىي ئائىلىسى 514 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 196 ئائىلىگە 930 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىلدى. بۇ ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4745 يۈەندىن توغرا كەلدى.

1985 - يىلى ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلىلەر (نۇقتىلىق ئائىلە) گە 133 مىليون 170 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ (بۇنىڭدىن سىرت ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى 327 مىليون 110 مىڭ يۈەن تارقاتقان)، ھەر بىر كەسپىي ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1552 يۈەندىن توغرا كەلدى. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىدە بار ئوتتۇرىچە مەبلىغى 450 يۈەن. مۇشۇ يىلدىكى قەرز پۇلنى قايتۇرۇش نىسبىتى 83% تىن ئاشتى يىل ئاخىرىدا قەرەللى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇل 2 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولۇپ، قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ 15.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## § 4 . يېزىلاردىكى ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇل

1976 - يىلى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسى ئوفۇساق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خەلق شۆبە بانكىسىدىن قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى قەشقەرنىڭ سىناق قىلىشنى تەستىقلاپ، 1 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىپ، يېزا سۇ ئېلېكتر بايلىقىنى ئېچىشتا مەدەت بەردى. 1977 - يىلغا كەلگەندە خەلق شۆبە بانكىسى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ 11 ناھىيىنىڭ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا 5 مىليون 270 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىشنى تەستىقلىدى. 1977 - يىل 8 - ئايدا مەملىكەتلىك بانكا خىزمەت يىغىنىدا، مالىيە مەبلىغى ۋە كرېدىت مەبلىغى، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ۋە كۆچمە مەبلەغنى

سىستېمىلار بويىچە باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىۋاتقان، ئىگىۋالغان كۆچمە مەبلەغ ۋە بانكا ۋە قەرز پۇلنى ئېنىقلاش تەكشۈرۈلدى. شۇڭا، ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا قەرز پۇل تارقىتىش توختىتىلدى. ھەمدە ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش تەلەپ قىلىندى. 1978 - يىلغا كەلگەندە ناھىيە قۇرغان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى 3 مىليون 410 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

دۆلەت گۈڭشېلارنىڭ كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش مەبلىغىگە نورمىلىق ياردەم بېرىش چارىسىنى قوللاندى. قۇرۇلۇش كۆلىمى كىچىكرەك بولغان ئىلى، بورتالا، ئوبلاستىغا، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە 1976 - يىلى ۋە 1977 - يىلى 280 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1977 - يىلى گۈڭشې، ئەترەتلەر قۇرغان كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ۋە ناھىيە قۇرغان كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىغا قەرز پۇل بېرىشنى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىر تۇتاش بېجىردى. شۇ يىلى گۈڭشې، ئەترەتلەرنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا چۈشۈرۈلگەن قەرز پۇل مەخسۇس تۈر كۆرسەتكۈچى 3 مىليون يۈەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە 4 مىليون 160 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. 1978 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى قارار چىقىرىپ، ئومۇمەن گۈڭشې، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى مۇستەقىل قۇرىدىغان ياكى بىرلىشىپ قۇرىدىغان 500 كىلوۋاتتىن تۆۋەن كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىغا مەبلەغ يېتىشمىسە، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئارقىلىق مەدەت بېرىلىدۇ، گۈڭشې، ئەترەتلەرگە مەنسۇپ بولمىغان 500 كىلوۋاتتىن يۇقىرى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا بۇ تۈردىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بېرىلمەيدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1977 - يىلى شىنجاڭ يېزىلىرىدا 500 كىلوۋاتتىن تۆۋەن كىچىك تىپتىكى 466 سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلدى. 1978 - يىلى يېڭىدىن 129 كىچىك يېزا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ، 12 مىڭ 127 كىلوۋات توك تارقاتتى. بانكا كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا تارقاتقان قەرز پۇلنى شۇ يىلى قايتۇرۇۋالغاندىن سىرت، قەرز پۇل قالدۇقى 680 مىڭ يۈەن قالدى. ناھىيە قۇرغان كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىغا قەرز پۇل بېرىشنى 1979 - يىلدىن ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك بانكىسى بېجىرگەنىدى. 1980 - يىل 1 - ئايدىن ئېتىبارەن خەلق بانكىسى بېجىرىشكە ئۆزگەرتىلدى. ناھىيە باشقۇرغان يەككە گېنېراتورنىڭ قۇۋۋىتى 600 كىلوۋاتتىن تۆۋەن بولغان، گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 12 مىڭ كىلوۋاتتىن تۆۋەن بولغان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر كارخانا ئورۇنلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل مۇددىتى بىر يىلدىن بەش يىلغىچە بولۇپ، سانائەت قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئايلىق ئۆسۈمى 4.2 لىدىن ھېسابلاندى.

1979 - يىلى گۈڭشې، ئەترەتلەرنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 160 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1980 - يىلى ناھىيىلەرنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 910 مىڭ يۈەن، گۈڭشې، ئەترەتلەرنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا 850 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1981 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى ۋە سۇ ئېلېكتر مىنىستىرلىكىنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇش دائىرىسىنى كېڭەيتمەسلىك، قەرز پۇلنى قۇرۇلۇۋاتقان، يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە قويۇۋېتىش ئۆزۈش قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، ئىككى يىلدا 770 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1983 - يىلى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى كرېدىت خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر» نى تۈزۈپ، تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: 1) ئۆزى قۇرۇش، ئۆزى باشقۇرۇش ۋە ئۆزى ئىشلىتىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەدەت بېرىدىغان مۇھىم نۇقتا ۋە تۈرلەرنى تاللاش؛ 2) كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشى قەرز پۇلىنى تارقىتىشتا، قۇرۇلۇش پىلانى، ئىقتىسادىي باھالاش، ئۈسكۈنە ماتېرىيالى ۋە مەبلەغ مەنبەسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش؛ 3) ئومۇمەن يەككە گېنېراتور 6000 كىلوۋاتلىق، گېنېراتورلار سىغىمچانلىقى 1200 كىلوۋاتتىن تۆۋەن كىچىك تىپتىكى سۇ

ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ھېساب ئاچقان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان يېزا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. مۇددىتى ئۈچ يىلدىن يەتتە يىلغىچە بولىدۇ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئون يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئىقتىسادىي توختامنامىنى يولغا قويۇپ 100 مىڭ يۈەندىن تۆۋەننى ناھىيىلىك تارماق بانكا، 100 مىڭ يۈەندىن 500 مىڭ يۈەنگىچە بولغىنىنى ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكا، 500 مىڭ يۈەندىن ئارتۇقىنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، 8 مىليون يۈەندىن ئارتۇقىنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى تەستىقلاپ باش بانكىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇردى. 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە كۆكتىپ، ئەترەتلەرنىڭ كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا 4 مىليون 130 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە خەلق بانكىسى ناھىيە باشقۇرىدىغان كىچىك سۇ ئېلېكتر قۇرۇلۇشىغا 14 مىليون 170 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى.

تاغلىق رايون، ئوتلاق، سۇ، دەريا ساھىلى قاتارلىق تەبىئىي بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 1983 - يىلى ئېچىش خاراكتېرىدىكى مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇلنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. قەرز پۇل تۈرى يېزا ئىگىلىكنى رايونلاشتۇرۇش پىلانى ۋە ھەر قايسى ناھىيىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات پىلانىغا ئۇيغۇن كېلىشى تەلەپ قىلىندى. پىلان تۈزمىگەن ناھىيىلەردە، ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇلنى تارقىتىش ۋاقىتىنچە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلمىدى. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغان كەسپىي ئەترەتلەر، كەسپىي گۇرۇپپىلار، كەسپىي ئائىلىلەر (نۇقتىلىق ئائىلىلەر) ۋە يېڭى ئىقتىسادىي بىرلەشمە گەۋدىلىرى قەرز پۇل تارقىتىش ئوبيېكتى قىلىندى. 1983 - يىل 4 - ئايدا توقسۇن ناھىيىلىك پارتكوم ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، قارا چۆللۈكتە 100 مىڭ مو يەر ئېچىپ، 500 دىن ئارتۇق كەسپىي ئائىلىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى كەنت قۇردى. ناھىيىلىك تارماق بانكا پىلان بويىچە مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىدىن 150 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئورۇنلاشتۇردى. ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى بانكىغا ھەقلىق سېلىنمىدىن 80 مىڭ يۈەننى ۋاكالىتەن ئاجرىتىشنى ھاۋالە قىلدى؛ 44 ئېچىش ئائىلىسىگە 117 مىڭ 600 يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2672 يۈەندىن قەرز پۇل توغرا كېلىپ، بۇ 354 مىڭ 400 يۈەن ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ 332 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. قەرز پۇل ئالغۇچىلارنىڭ ئۆزىدىكى مەبلەغ 178 مىڭ يۈەن، بۇ ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ 2 .50 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. مالىيە بەرگەن قوشۇمچە ياردەم ۋە ھەقلىق سېلىنما 58 مىڭ 800 يۈەن بولۇپ، ئومۇمىي سېلىنمىنىڭ 16 .6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1984 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا توقسۇن ناھىيىلىك تارماق بانكا يەنە 28 ئېچىش ئائىلىسىگە مەدەت بېرىپ، 116 مىڭ 500 يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. بۇ ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4160 يۈەندىن توغرا كەلدى.

9 - ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇل تۈرىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقىتىپ، ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇلنى قاقاس تاغ، بوز يەر، بەگۋاش دەريا - ئېقىن، دەريا ساھىلى، ئوتلاق قاتارلىقلارنى ئېچىش ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش چىقىمىغىلا ئىشلىتىشنى، جۈملىدىن بۇلارغا زۆرۈر ئەمگەك مۇلازىمىتى چىقىمى ئۈچۈن ئىشلىتىشنى بەلگىلىدى. قەرز پۇل يېزىلاردىكى ھەر خىل ھەمكارلىق ئىقتىسادىي تەشكىلات ۋە ھەر خىل ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە (نۇقتىلىق ئائىلە) لەرگە بېرىلدى. قەرز پۇل بېرىش شەرتى مۇنداق بولىدى: 1) ئېچىش تۈرى يېزا ئىگىلىكىنى رايونلاشتۇرۇش ۋە تەرەققىيات پىلانى تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇش؛ 2) ئاچىدىغان تەبىئىي بايلىقنى ئاساسىي باشقۇرغۇچى ئورۇنلار تەستىقلىغان ئىسپات بولۇش؛ 3) مۇستەقىل تىجارەت قىلىدىغان، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئەمەلىيلەشكەن، تىجارەت باشقۇرۇش ئىقتىدارى ۋە كەسپىي قابىلىيىتى بار بولۇش؛ 4) ئېچىش تۈرىنى يولغا قويۇش لايىھىسى خىراجەت ھېساباتى ۋە بەلگىلىك نىسبەتتە ئۆز مەبلىغى بولۇش؛ 5) مەھسۇلات بازار

ئېھتىياجىغا ماس كەلگەن، قەرز پۇلىنى قەرەلىدە قايتۇرالايدىغان بولۇش. بېلىقچىلىق، چارۋىچىلىق ئېچىش خاراكتېرىدىكى قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى ئادەتتە بەش يىلدىن، ئورمانچىلىقنىڭ ئون يىلدىن ئېشىپ كەتمىدى. ئايرىم ماندىكى ئىشلەپچىقىرىش دەۋرىلىكى ئۇزۇنراق بولغانلارنىڭكى 15 يىلغا ئۇزارتىلدى. شۇ ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىغا مەلۇم قىلىپ، ئېچىش خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى 4 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئېچىش خاراكتېرىدىكى مۇنداق ئۈچ تۈر يۇقىرىغا مەلۇم قىلىندى: (1) باغراش ناھىيىسىدە 1 - دەرىجىلىك بوزيەردىن 28 مىڭ 100 مو، 2 - دەرىجىلىك بوزيەردىن 83 مىڭ 900 مو، جەمئىي 112 مىڭ مو بولۇپ، يەر ئاستى سۈ مەنبەتى ياخشى. ھەر يىلى 6 مىليون كۇب مېتىر سۈيىنى باشلاپ كېلىپ زىرائەت مۇقارغىلى بولىدۇ. 100 ئائىلىكتىن ئارتۇق كۆچمەن ئەزاسى بۇ جايغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىشنى تەلەپ قىلغان. ھەر بىر ئائىلە بىردىن قۇدۇق قېزىشنى پىلانلىغان، بۇنىڭغا جەمئىي 2 مىليون يۈەن قەرز پۇل بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. (2) تورپاننىڭ يالقۇنتاغ يېزىسىدا كىشمىش ئۈزۈم ئىشلەپچىقىرىش بازىسىنى راۋاجلاندۇرۇشتا 1000 مو يەرنى تۈزلەش ئون ماشىنىلاشقان قۇدۇق قېزىش، 1 مىليون يۈەننى ئۆزى جۇغلاشنى پىلانلاپ 840 مىڭ يۈەن قەرز پۇل بېرىشنى تەلەپ قىلدى؛ (3) شىنجاڭدا پايدىلىنىشقا بولىدىغان سۇ يۇزى 8 مىليون مودىن ئارتۇقراق بولۇپ، بۇنىڭدىن ھازىر 4 مىليون مو سۇ يۇزى پايدىلىنىلدى. ھەر قايسى جايلاردىكى سۇ يۈزىنى ئېچىشنى تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس سۇنغانلار 80 دىن ئاشتى. يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈر ئۈستىدە مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، مۇددىتى دوكلاتى سۇنۇلدى. يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى بۇنى 10 - ئايدا تەستىقلاپ 4 مىليون يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئېچىش خاراكتېرىدىكى قەرز پۇلدىن جەمئىي 3 مىليون 330 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى.

1985 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېچىش خاراكتېرلىك قەرز پۇل تارقاتتى. تارقاتقان قەرز پۇل جەمئىي 7 مىليون 20 مىڭ يۈەن بولۇپ بۇ ئاساسلىقى بوز يەر ئېچىپ تېرىلغۇ يەر بەرپا قىلىشقا، كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىشقا، سۇ شارائىتى بار يېڭى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇشقا، قۇدۇق قېزىشقا ۋە ماشىنا سايمانلىرى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىغا نامرات رايونلارغا ئېچىش خاراكتېرىدىكى قەرز پۇلدىن 64 مىليون 330 مىڭ يۈەن تارقىتىشنى ھاۋالە قىلىپ، يەم - خەشەك، پاختا، تېرە - يۇڭ پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى، ترانسپورت، ساياھەت قاتارلىق ئېچىش خاراكتېرىدىكى تۈرلەرگە مەدەت بەردى.

# IV باب

# يېزا قەرز پۇلىنىڭ ئېشىش - كېمىيىشى، كەچۈرۈم قىلىنىشى ۋە بوغالتىرىيە يېتەكچىلىكى

## § 1. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ ئېشىش - كېمىيىشى

### 1. يېزىلاردىكى ئۈچ خىل مەبلەغنىڭ ئېشىش - كېمىيىشى

**1) مالىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش مەبلىغى**

مالىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش مۇتلەق سوممىسى 1950 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 2 مىليون 480 مىڭ يۈەن بولۇپ كەلدى. 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 16 مىليون 330 مىڭ يۈەن، 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 42 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1959 - يىلدىن 1961 - يىلغىچە بولغان قىيىنچىلىق مەزگىلىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 52 مىليون 570 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 3 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 33 مىليون 510 مىڭ يۈەن، 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 71 مىليون 250 مىڭ يۈەن، 5 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 267 مىليون 330 مىڭ يۈەن، 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 278 مىليون 260 مىڭ يۈەن، 1980 - يىلى ئەڭ يۇقىرى ئۆرلىگەندە 384 مىليون 980 مىڭ يۈەن بولدى. 1985 - يىلى يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىش مەبلىغى 132 مىليون 700 مىڭ يۈەنگە تۆۋەنلەپ، 1977 - يىلدىكى 141 مىليون 420 مىڭ يۈەندىن 8 مىليون 720 مىڭ يۈەن ئازايدى.

**2) يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل مەبلىغى (بانكا ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنى كۆز ئىچىگە ئالىدۇ)**

يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئومۇمىي قالدۇقى 1972 - يىلدىن ئىلگىرى 30 مىليون يۈەن ئەتراپىدا ئىدى. 1973 - يىلى 107 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولدى. 1974 - يىلدىن 1977 - يىلغىچە 50 مىليون يۈەن ئۆيچۆرىسىگە تۆۋەنلىدى. 1979 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە 100 مىليون يۈەندىن ئاشتى، 1982 - يىلى 200 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى. 1983 - يىلى 300 مىليون يۈەندىن ئاشتى. 1984 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 500 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

**3) يېزىلار ئۆزلىرى جۇغلىغان مەبلەغ**

يېزىلار ئۆزلىرى جۇغلىغان مەبلەغ ئاساسلىقى يېزا گوڭشې، ئەترەتلىرى ئۆزلىرى جۇغلاپ، ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلەتكەن مەبلەغنى كۆرسىتىدۇ.

1973 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزا گوڭشېلىرىنىڭ ئۆزى جۇغلىغان مەبلىغى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 271 مىليون 550 مىڭ يۈەن بولۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش چىقىم ئومۇمىي

سوممىسىنىڭ 57.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بانكا، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى ھەر يىلى قەرز بەرگەن پۇل ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 202 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش چىقىم ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 42.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئۆزلىرى توپلىغان مەبلەغ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولدى. 1981 - يىلى يېزىلاردا مەھسۇلاتقا باغلاشتۇرۇپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا چىقىم قىلىشقا ئېھتىياجلىق مەبلەغنى ئاساسلىقى ھۆددىگەر ئائىلىلەر ئۆزلىرى تەييارلىدى. نىسبىتى يىلدىن - يىلغا ئاشتى. لېكىن سانلىق مەلۇماتلار ستاتىستىكا قىلىنمىدى. 1985 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرى سالىدىغان ئۆزى تەييارلىغان مەبلەغ كۆپىيىشكە باشلىدى.

## 2. يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قەرەلىنىڭ ئۆزگىرىشى

يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدا قەرەلى بىر يىلدىن تۆۋەن بولسا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل، بىر يىلدىن ئۇزاق بولسا ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل ھېسابلىنىدۇ. ئۇسكۈنە قەرز پۇل سوممىسى پرىنسىپ جەھەتتە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنىڭ 40 پىرسەنت (جەنۇبىي شىنجاڭدا %35~%40، شىمالىي شىنجاڭدا %40~%45) تىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل يۇقىرى چۈشۈرگەن مەخسۇس تۈر بويىچە ئىگىلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىككە تارقىتىلغان قەرز پۇل سانىدىن تەھلىل قىلغاندا، سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان سان - سېفىرى بولغان 21 يىلدا، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇلىنىڭ يېزا ئىگىلىككە تارقىتىلغان قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %33.1 بولغان. ئەڭ يۇقىرى بولغان. 1979- يىلى تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى مەخسۇس تۈرىدىكى ئۆسۈمسىز قەرز پۇل %87.2 نى ئىگىلىگەن. قەرز پۇل قالدۇقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %50.6 (ئەڭ يۇقىرى بولغاندا %50 دىن ئېشىپ كەتمەسلىك بەلگىلەنگەن) بولدى. 1979 - يىلى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، %77.7 نى ئىگىلىدى. ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۇسكۈنە قەرز پۇلىدا، گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى (1984 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا ئۆزگەرتىلدى) نىڭ ئۇسكۈنە قەرز پۇل قالدۇقى ئۇسكۈنە قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقىنىڭ 1978- يىلى 16.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1985- يىلغا بارغاندا %39.6 كە كۆپەيدى. ئۇسكۈنە قەرز پۇلىنىڭ تارقىتىلىش سانى 1977 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە %50 تىن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە 1977 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى ئاز تارقىتىلدى. 1978 - يىلى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ھېسابىدا ئۆسۈمسىز قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1979 - يىلى كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇشى قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، تارقىتىلىش سانى زور دەرىجىدە ئاشتى. قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلىنىڭ يىل ھالقىپ كېتىشى ئاز بولۇپ، يىغىۋېلىش نىسبىتى يۇقىرى بولدى.

## 3. يېزا ئىگىلىككە تارقىتىلغان قەرز پۇل سوممىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

1954 - يىلى مەركىزىي ئىشلار كېڭىشى «يېزا ئىگىلىككە قەرز پۇل تارقىتىش خىزمىتى توغرىسىدىكى يوليورۇقى» دا ھەمكارلىق كوپېراتىپ تەشكىلاتلىرىغا ۋە يەككە دېھقانلارغا تارقىتىلىدىغان قەرز پۇل دېھقانلارنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمىنىڭ ئون پىرسەنتىدىن ياكى 20 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى، مەلۇم كەسىپ قەرز پۇلغا كۆپرەك مۇھتاج بولسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېتىبار بېرىشكە تېگىشلىك بولسا، يىلغا بۆلۈپ قايتۇرىدىغان قەرز پۇل سوممىسى سانى ھەر يىللىق ئومۇمىي كىرىمنىڭ ئون پىرسەنتىدىن ياكى 20 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكنى بەلگىلىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچكە ئاساسەن تارقىتىلدى،

قەرز پۇل تارقاتقاندا، «ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىش، قەرز پۇل ئارقىلىق ياردەم بېرىشنى قوشۇمچە قىلىش» پرىنسىپى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1978 - يىلدىن ئىلگىرى، ھەر يىلى 20 مىليوندىن 40 مىليون يۈەنگىچە قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1979 - يىل 9 - ئايدا مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكا باشلىقلىرى يىغىنىدا تۇنجى قېتىم يېزىلارغا مەدەت بېرىپ تاۋار ئىگىلىكىنى تېز سۈرئەتتە راۋاجلاندۇرۇش يېتەكچى ئىدىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ھەسسىلەپ ئاشتى. يېزىلاردىكى پۇل ئامانىتىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن ئاشتى. 1956 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 23 يىل ئىچىدە، يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ قايتۇرۇلۇش نىسبىتى 15 يىلدا %80 دىن يۇقىرى بولدى؛ يېزا ئىگىلىكىگە تارقىتىلغان قەرز پۇلى سوممىسى 14 يىلدا يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمىنىڭ بەش پىرسەنتىدىن تۆۋەن بولدى (%5 قىلىپ بەلگىلەندى). 1956 - يىلى %10.2 كە، 1983 - يىلى %10.8 كە يەتتى. باشقا سەككىز يىلدا %5 تىن ئېشىپ كەتتى. 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان يەتتە يىلنىڭ ئالتە يىلىدا %5 تىن ئېشىپ كەتتى. يېزا ئىگىلىكىگە تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي چىقىمىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى، 23 يىلنىڭ سەككىز يىلىدا %20 تىن ئېشىپ كەتتى. 1979 - يىلدىن ئىلگىرى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى خېلى كەڭتاشا بولدى. 1979 - يىلدىن كېيىن تاۋار ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىپ، قەرز پۇلغا بولغان ئېھتىياج تۈزلۈكسىز ئاشتى.

## 4. ھەر خىل مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇلنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى

ھەر قايسى مەزگىلدىكى ئالاھىدە ئېھتىياجغا ئاساسەن، مەخسۇس قەرز پۇل تەسىس قىلىنىپ، كۆرسەتكۈچ ئايرىم چۈشۈرۈلۈپ، مەخسۇس پۇل مەخسۇس تۈرگە ئىشلىتىلدى. ۋاقىتنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تەسىس قىلىنغان مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل تۆۋەندىكىچە:

### 1) قوي ئېلىشقا بېرىلگەن قەرز پۇل

1953 - يىل 9 - ئايدا قوي سېتىۋېلىشقا قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1954 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە جەمئىي 2 مىليون 745 مىڭ يۈەن قوي قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 6227 ئائىلىگە مەدەت بېرىلدى. ئۇلار بۇ پۇلغا 105 مىڭ 868 تۇياق قوي سېتىۋالدى. ھەر بىر ئائىلىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 17 تۇياقتىن توغرا كەلدى (پرىنسىپ جەھەتتە ھەر بىر ئائىلىگە 20 تۇياق ئىدى). 1955 - يىلى قوي باھاسى تۆۋەنلىدى. 1956 - يىلى 1954 - يىلدىكىدىن %40 ئەتراپىدا تۆۋەنلىدى. شۇڭا، قەرز پۇلنى يىغىۋالغاندا زىددىيەت گەۋدىلىنىپ، ئۆسۈممىنى توختىتىپ، دىرىنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، 1961 - يىلدىكى قالدۇق 1 مىليون 147 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1962 - يىلى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىندى.

### 2) كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى

1955 - يىلى كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ كوپېراتىپقا كىرىشتىكى پاي فوندىنى تاپشۇرۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل تەسىس قىلىندى. 1957 - يىلغا بارغاندا جەمئىي 15 مىليون 710 مىڭ يۈەن قەرز تارقىتىلدى. ئەسلىدە قەرز پۇلنى كەمبەغەل دېھقانلار ئېلىپ ئۆزى قايتۇراتتى. بىر مەھەل خەلق گوڭشېسى قايتۇرۇشقا ئۆزگەرتىلدى. ئاخىرىدا يەنە كەمبەغەل دېھقانلار ئۆزى قايتۇردى. 1956 - يىلى 30 مىڭ يۈەن كەمبەغەل چارۋىچىلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى تارقىتىلدى. ئايلىق ئۆسۈمى تۆت لى بولۇپ، بۇنىڭ قوي سېتىۋېلىشقا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ 7.2 لى ئايلىق ئۆسۈمى بىلەن بولغان پەرقى چوڭ بولۇپ كەتكەچكە، قەرز پۇل تارقىتىش توختىتىلدى. 1962 - يىلى 1961 - يىلدىن ئىلگىرىكى كەمبەغەل دېھقان (چارۋىچى) لار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلىدىن 7 مىليون 400 مىڭ يۈەن كەچۈرۈم قىلىندى.

### 3) ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى گۆشخور كۈرپىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلى

1963 - يىلى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى گۆشخور كۈرپىلەرگە ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا قەرز پۇل قالدۇقى 338 مىڭ يۈەن قالدى. 1964 - يىلى سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دېھقانچىلىق رايونلىرىدىكى كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلاردىن قىيىنچىلىقى بار دېھقانلارغا قەرز پۇل تارقىتىلدى (ئۆسۈمسىز). 1969 - يىلى قەرز پۇل قالدۇقى 1 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولدى. 1984 - يىلغا بارغاندا ھەممىسى نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى دەپ ئاتالدى. 1985- يىلى 640 مىڭ يۈەن قالدۇق قالدى.

### 4) ئۇزۇن مۇددەتلىك ئۆسۈمسىز قەرز پۇل

1962 - يىلى مالىيە بانكىغا ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىشنى ھاۋالە قىلدى. 1963 - يىلى خەلق باش بانكىسى «يېزا ئىگىلىكىگە ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقىتىپ تاۋار ئاشلىق بازىسى ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ تېرىلغۇ ئۇلاغ ۋە چولڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى سېتىۋېلىشقا نۇقتىلىق مەدەت بەردى. 1962 - يىلدىن 1963 - يىلغىچە شىنجاڭغا تەقسىم قىلىنغان مەخسۇس تۈردىكى كۆرسەتكۈچ 16 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئىككى يىلدا جەمئىي 12 مىليون 150 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. قەرز پۇل تارقاتقاندا، جايلار ئوخشاش مەنپەئەتلىنىشنى، تەڭ تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۆسۈمسىز قەرز پۇلنى ھەقسىز بېرىلىدىغان دەپ قاراپ زىددىيەت ئىنتايىن چوڭىيىپ كەتتى. 1964 - يىلى بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنى تارقىتىش توختىتىلدى.

### 5) باشقا مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇللار

(1) 1974 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قۇدۇق قېزىشقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن 16 مىليون 110 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

(2) 1978 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشقا 45 مىليون 890 مىڭ يۈەن مەخسۇس تۈردىكى ئۆسۈمسىز قەرز پۇل تارقىتىلدى.

(3) 1979 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 9 مىليون 910 مىڭ يۈەن يېزا - بازار كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى قۇرۇلۇشى ۋە سۇ چىقىرىش، سۇغىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

(4) 1982 - يىلدىن 1985- يىلغىچە 232 مىليون 530 مىڭ يۈەن ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى تارقىتىلدى.

(5) 1985 - يىلى يېزا - بازار كارخانىلىرىغا 23 مىليون 560 مىڭ يۈەن ئۆسۈمى تولۇقلاپ بېرىلىدىغان قەرز پۇل تارقىتىلدى.

## 5. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى قەرز پۇلى قالدۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇلى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانى قەرز پۇلى ۋە ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 1950 - يىلدىن، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 1958 - يىلدىن باشلاپ تارقىتىلدى. 1983 - يىلدىن باشلاپ، بىڭتۇەنگە تارقاتقان ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ستاتىستىكا سانى ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى. 1985 - يىلى بىڭتۇەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقىنىڭ 36 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

جەدۋەل: 6 _ 5

### يېزىلاردىكى ئۈچ خىل مەبلەغنىڭ كۆپىيىش، كېمىيىش ئۆزگىرىش ئەھۋالى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي كىرىمى | يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي چىقىمى | دۆلەت مالىيىسىدىن يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىلگەن مەبلەغ | يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى | | | قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگىنى % | قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي چىقىمدا ئىگىلىگىنى % | ئۆزى توپلىغان مەبلەغ | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | | بانكا | ئامانەت قەرز كوپىراتىپى | جەمئىي | | | سوما | نىسبەت |
| 1973 | 85852 | 24957 | 7898 | 2260 | 8481 | 10741 | 12.5 | 43.0 | 14216 | 57 |
| 1974 | 79307 | 26124 | 9293 | 2013 | 1722 | 3735 | 4.7 | 16.7 | 22389 | 83.3 |
| 1975 | 80860 | 29811 | 10306 | 3258 | 1991 | 5249 | 5.9 | 21.4 | 24562 | 78.6 |
| 1976 | 97506 | 32906 | 11365 | 3237 | 3078 | 6315 | 6.5 | 23.7 | 26591 | 76.3 |
| 1977 | 96751 | 34799 | 14142 | 3297 | 2923 | 6220 | 6.4 | 21.7 | 28579 | 78.3 |
| 1978 | 109003 | 38687 | 34315 | 4785 | 5250 | 10035 | 9.2 | 25.9 | 28652 | 74.1 |
| 1979 | 131054 | 44842 | 35347 | 12485 | 6169 | 18654 | 14.2 | 41.6 | 26188 | 58.4 |
| 1980 | 135956 | 47175 | 38498 | 9892 | 7371 | 17263 | 12.6 | 36.6 | 29917 | 63.4 |
| 1981 | 139887 | 46823 | 35057 | 6009 | 16075 | 10075 | 11.5 | 34.3 | 30748 | 65.7 |
| 1982 | 158830 | 46341 | 26409 | 6518 | 14302 | 20820 | 13.1 | 44.9 | 25.521 | 55.1 |
| 1983 | 211556 | 53609 | 30162 | 9845 | 22316 | 32161 | 15.2 | 60 | 21448 | 40 |
| 1984 | 254408 | 65199 | 34236 | 19231 | 40200 | 59431 | 23.3 | 91 | 5768 | 9 |
| 1985 | 391986 | 124459 | 13270 | 20850 | 3573 | 56023 | 14.2 | 45 | 68436 | 55 |
| جەمئىي | 1980956 | 615732 | 300298 | 103680 | 159051 | 262731 | 13.2 | 42.6 | 353016 | 57.4 |
| يىلغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن | 152381 | 47364 | 23099 | 7975 | 12234 | 20210 | 13.2 | 42.6 | 27155 | 57.3 |

جەدۋەل: 6 _ 6

## يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئۇزۇن - قىسقا مۇددەتلىك نىسبىتىنىڭ ئۆزگىرىشى

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئومۇمىي سومىسى (10 مىڭ يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە | | يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى (10 مىڭ يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە | | ئۇسكۈنە قەرز پۇلىدا | | ئېچىش قەرز پۇلى قالدۇقى (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۇسكۈنە قەرز پۇلى (10 مىڭ يۈەن) | ئومۇمىي سوممىدا ئىگىلىگەنى % | | ئۇسكۈنە قەرز پۇلى (10 مىڭ يۈەن) | ئومۇمىي سوممىدا ئىگىلىگىنى % | گۆكشى، ئەدرەت كارخانىلىرى (10 مىڭ يۈەن) | ئومۇمىي سوممىدا ئىگىلىگىنى % | |
| 1953 | 758 | 219 | 28.9 | 399 | 119 | 29.8 | | | |
| 1954 | 871 | 417 | 47.8 | 497 | 322 | 64.8 | | | |
| 1955 — 1959 - يىلغىچە ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى بىلەن ئۇسكۈنە قەرز پۇلى ئايرىلمىغاچقا مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلار يوق | | | | | | | | | |
| 1960 | 2001 | 588 | 34.4 | 2343 | 439 | 10.7 | | | |
| 1961 | 1933 | 303 | 15.7 | 2130 | 426 | 20.0 | | | |
| 1962 | 3025 | 339 | 11.2 | 2605 | 388 | 14.9 | | | |
| 1963 | 2754 | 1299 | 47.2 | 2997 | 1714 | 57.2 | | | |
| 1964 | 1818 | 828 | 45.5 | 2328 | 1319 | 56.6 | | | |
| 1965 | 2028 | 671 | 33.1 | 2055 | 1254 | 61.0 | | | |
| 1966 | سانلىق مەلۇمات يوق (نەق چوت جەدۋىلىدە كىرىم چىقىم سانى ئېلىنمىغان) | | | 3121 | 2252 | 72.1 | | | |
| 1967 | سانلىق مەلۇمات يوق (نەق چوت جەدۋىلىدە كىرىم چىقىم سانى ئېلىنمىغان) | | | 3289 | 2297 | 69.8 | | | |

(ئالدىنقى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىل | تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە | | يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى (10 مىڭ يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە | | ئۆسكۈنە قەرز پۇلىدا | | ئېچىش قەرز پۇلى قالدۇقى (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۆسكۈنە قەرز پۇلى (10 مىڭ يۈەن) | ئومۇمىي سوممىدا ئىگىلىگىنى % | | ئۆسكۈنە قەرز پۇلى (10 مىڭ يۈەن) | ئومۇمىي سوممىدا ئىگىلىگىنى % | گۆڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى (10 مىڭ يۈەن) | ئومۇمىي سوممىدا ئىگىلىگىنى % | |
| 1968 | سانلىق مەلۇمات يوق (نەق. چوت جەدۋىلىدە كىرىم - چىقىم سانى ئېلىنمىغان) | | | 3519 | 2287 | 65.0 | | | |
| 1969 | سانلىق مەلۇمات يوق (نەق. چوت جەدۋىلىدە كىرىم - چىقىم سانى ئېلىنمىغان) | | | 4260 | 2357 | 55.3 | | | |
| 1970 | سانلىق مەلۇمات يوق (نەق. چوت جەدۋىلىدە كىرىم - چىقىم سانى ئېلىنمىغان) | | | 4478 | 2455 | 54.8 | | | |
| 1971 | سانلىق مەلۇمات يوق (نەق. چوت جەدۋىلىدە كىرىم - چىقىم سانى ئېلىنمىغان) | | | 3795 | 1454 | 38.3 | | | |
| 1972 | سانلىق مەلۇمات يوق (نەق. چوت جەدۋىلىدە كىرىم - چىقىم سانى ئېلىنمىغان) | | | 4377 | 1741 | 39.8 | | | |
| 1973 | 2262 | 642 | 28.4 | 4457 | 1704 | 38.2 | | | |
| 1974 | 1992 | 827 | 41.5 | 4826 | 1911 | 39.6 | | | |
| 1975 | 3446 | 1460 | 42.4 | 5705 | 2317 | 40.6 | | | |
| 1976 | 3037 | 1494 | 49.2 | 4926 | 2641 | 42.2 | | | |
| 1977 | 3620 | 1943 | 53.7 | 5747 | 3215 | 45.9 | | | |

(ئالدىنقى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىل | تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى (10 مىڭ يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆسكۈنە قەرز پۇلى (10 مىڭ يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە: ئومۇمىي سوممىدا ئىگىلىگىنى % | يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى (10 مىڭ يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە: ئۆسكۈنە قەرز پۇلى (10 مىڭ يۈەن) | بۇنىڭ ئىچىدە: ئومۇمىي سوممىدا ئىگىلىگىنى % | ئۆسكۈنە قەرز پۇلىدا: گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى (10 مىڭ يۈەن) | ئۆسكۈنە قەرز پۇلىدا: ئومۇمىي سوممىدا ئىگىلىگىنى % | ئېچىش قەرز پۇلى قالدۇقى (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1978 | 4704 | 3112 | 66.1 | 8456 | 4680 | 55.3 | 760 | 16.2 | |
| 1979 | 10130 | 8832 | 87.2 | 12703 | 9875 | 77.7 | 1585 | 16.0 | |
| 1980 | 9520 | 6477 | 68.0 | 15008 | 10812 | 72.0 | 2020 | 18.7 | |
| 1981 | 6523 | 2679 | 41.1 | 14280 | 9577 | 67.1 | 2033 | 21.2 | |
| 1982 | 8287 | 2037 | 24.6 | 13492 | 8522 | 63.2 | 1926 | 22.6 | |
| 1983 | 22950 | 7445 | 32.4 | 14025 | 7493 | 53.4 | 1894 | 25.3 | 16 |
| 1984 | 22595 | 2438 | 10.8 | 22492 | 8025 | 35.6 | 2881 | 35.9 | 317 |
| 1985 | 25973 | 2245 | 8.6 | 2454 | 7318 | 29.8 | 2901 | 39.6 | 572 |
| جەمئىي | 140227 | 46414 | 33.1 | 1954361 | 98914 | 50.6 | | | |

## يېزىلاردا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ تارقىتىلغان سوممىسى ۋە قالدۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى

جەدۋەل: 6 ـ 7    بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي چىقىمى | تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل سانى | | | | يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى | گۇڭشې، ئەترەت جامائەت فوندى | قالدۇقىنىڭ جامائەت فوندىدا ئىگىلىگىنى % | قالدۇقىنىڭ ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگىنى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | شۇ يىلدا تارقىتىلغىنى | ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگىنى % | ئومۇمىي چىقىمدا ئىگىلىگىنى % | شۇ يىلدا يىغىۋېلىنغىنى | | | | |
| 1956 | 29884 | 5867 | 3060 | 10.2 | 52.2 | 38 | 2595 | 683 | 380 | 8.6 |
| 1957 | 24200 | 5226 | 941 | 3.9 | 18.0 | 157.0 | 2052 | 2169 | 94 | 8.4 |
| 1958 | 46232 | 11526 | 1929 | 4.2 | 16.7 | 121.0 | 1645 | 6073 | 27 | 3.5 |
| 1959 | 53616 | 13050 | 2125 | 4.0 | 16.3 | 103.0 | 1572 | 5216 | 30 | 2.9 |
| 1960 | 57028 | 14450 | 2001 | 3.5 | 13.8 | 61.0 | 2343 | 2104 | 111 | 4.1 |
| 1961 | 52227 | 13966 | 1933 | 3.7 | 13.8 | 111.0 | 2130 | 2451 | 86 | 4.0 |
| 1962 | 45149 | 13126 | 3025 | 6.7 | 23.0 | 84.0 | 2605 | 1767 | 147 | 5.7 |
| 1963 | 51323 | 13689 | 2754 | 5.4 | 20.1 | 85.0 | 2997 | 2229 | 134 | 5.8 |
| 1964 | 57962 | 14731 | 18.8 | 3.1 | 12.3 | 121.0 | 2327 | 4944 | 47 | 4.0 |
| 1965 | 56342 | 16042 | 2028 | 3.6 | 12.6 | 114.0 | 2055 | 3302 | 62 | 3.6 |
| 1966 | 77119 | 22065 | | | | | 3121 | 5456 | 57 | 4.0 |
| 1967 | 71863 | 21987 | | | | | 3289 | 4403 | 74 | 4.5 |
| 1968 | 60763 | 19599 | | | | | 3519 | 3453 | 101 | 5.7 |
| 1969 | 63278 | 19599 | | | | | 4260 | 3735 | 114 | 6.7 |
| 1970 | 70000 | 20993 | | | | | 4478 | 4636 | 96 | 6.3 |

(ئالدىنقى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| يىللار | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي كىرىمى | يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي چىقىمى | تارقىتىلغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل سانى | | | | يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى | گۇڭشې، ئەترەت جامائەت فوندى | قالدۇقنىڭ جامائەت فوندىدا ئىگىلىگىنى % | قالدۇقنىڭ ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگىنى % |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | شۇ يىلدا تارقىتىلغىنى | ئومۇمىي كىرىمدە ئىگىلىگىنى % | ئومۇمىي چىقىمدا ئىگىلىگىنى % | شۇ يىلدا يىغىۋېلىنغىنى | | | | |
| 1971 | 77144 | 23432 | | | | | 3795 | 3958 | 95 | 4.9 |
| 1972 | 74966 | 23089 | | | | | 4377 | 3313 | 132 | 5.8 |
| 1973 | 85852 | 24957 | 2262 | 2.6 | 9.0 | 95.0 | 4457 | 4335 | 102 | 5.1 |
| 1974 | 79307 | 26124 | 1992 | 2.5 | 7.9 | 82.0 | 4826 | 3705 | 130 | 6.0 |
| 1975 | 88860 | 29811 | 3446 | 3.8 | 11.5 | 74.0 | 5705 | 5673 | 100 | 6.4 |
| 1976 | 97506 | 32906 | 3037 | 3.1 | 9.2 | 79.0 | 6257 | 6294 | 99 | 6.4 |
| 1977 | 96751 | 34799 | 3620 | 3.7 | 10.4 | 80.0 | 6998 | 5811 | 120 | 7.2 |
| 1978 | 109003 | 38687 | 4704 | 4.3 | 12.1 | 68.0 | 8456 | 5465 | 154 | 7.7 |
| 1979 | 131054 | 44842 | 10139 | 7.7 | 22.6 | 58.0 | 12703 | 6855 | 185 | 9.6 |
| 1980 | 135956 | 47175 | 9520 | 7.0 | 20.1 | 75.0 | 15008 | 6781 | 221 | 11.0 |
| 1981 | 139887 | 46823 | 6523 | 4.7 | 13.9 | 111.0 | 14280 | 6179 | 231 | 10.2 |
| 1982 | 158830 | 46341 | 8287 | 5.2 | 17.9 | 109.0 | 13492 | 6997 | 192 | 8.4 |
| 1983 | 211556 | 53609 | 22950 | 10.8 | 42.8 | 98.0 | 14025 | 6436 | 217 | 6.6 |
| 1984 | 254408 | 65199 | 22595 | 8.9 | 34.6 | 62.0 | 22492 | 5730 | 392 | 8.8 |
| 1985 | 391986 | 124459 | 25973 | 6.6 | 20.8 | 92.0 | 24544 | 5262 | 466 | 6.2 |

## دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ ئۆزگىرىشى

جەدۋەل: 6 ـ 8

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى: جەمئىي | دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى: بۇنىڭ ئىچىدە: يەرلىكنىڭ | بىڭتۇەننىڭ قەرز پۇل قالدۇقى: جەمئىي | بىڭتۇەننىڭ قەرز پۇل قالدۇقى: بۇنىڭ ئىچىدە: يېزا ئىگىلىكىنىڭ | چۈشەندۈرۈش |
|---|---|---|---|---|---|
| 1958 | 5178 | 178 | 5000 | 5000 | 1950 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق قەرز پۇلى تارقىتىلدى، خوجىيەنچى سۇ ئىنشائات قەرز پۇلى 1953ـ يىلى مالىيەدىن پۇل بۆيرۇشقا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن قالدۇق ئىنتايىن ئاز بولدى، 1954 ـ يىلى بىڭتۇەن قۇرۇلغاندىن كېيىن 1958 ـ يىلدىن باشلاپ قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1963 ـ يىلى مەركەز پۇل بۆيرۇپ، 1961 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى 105 مىليون 670 مىڭ يۈەننى قايتۇردى. |
| 1959 | 9328 | 521 | 8807 | 8807 | |
| 1960 | 12012 | 661 | 11351 | 8947 | |
| 1961 | 14594 | 353 | 14241 | 10563 | |
| 1962 | 14973 | 266 | 14707 | 11011 | |
| 1963 | 1820 | 248 | 1572 | 4 | |
| 1964 | 4713 | 117 | 4596 | 197 | |
| 1965 | 7455 | 209 | 7246 | 302 | |
| 1966 | 7016 | 332 | 6684 | 471 | |
| 1967 | 9066 | 385 | 8679 | 2475 | |
| 1968 | 13156 | 433 | 12722 | 3729 | |
| 1969 | 11785 | 742 | 11042 | 3526 | |
| 1970 | 9832 | 644 | 9188 | 3366 | |
| 1971 | 12535 | 1655 | 10879 | 2236 | |
| 1972 | 12831 | 437 | 12394 | 3679 | |
| 1973 | 12888 | 372 | 12515 | 3924 | |
| 1974 | 12464 | 283 | 12181 | 3124 | |
| 1975 | 1177 | 1177 | | | 1975 ـ يىلى بىڭتۇەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئايرىم ھېسابات قىلىنمايدىغان بولدى. |
| 1976 | 1198 | 1198 | | | |
| 1977 | 823 | 823 | | | |
| 1978 | 1296 | 1296 | | | |

| يىل | | | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | 10495 | 4989 | 8506 | 1675 | 1979 - يىلى بىڭتۇەننىڭ سودا - سانائىتى يەرلىكتىن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش - باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى، قەرز پۇل دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل دائىرىسىغا كىرگۈزۈلدى. |
| 1980 | 11426 | 158 | 11268 | 1406 | |
| 1981 | 16388 | 485 | 15903 | 1418 | |
| 1982 | 26023 | 325 | 25698 | 2837 | |
| 1983 | 32552 | 196 | 32356 | 7077 | 1983 - يىللىق ستاتىستىكىدا ئوتتۇرا قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى |
| 1984 | 60953 | 620 | 60633 | 21720 | |
| 1985 | 59482 | 378 | 59104 | 24254 | |

## 2 § . يېزىلارنىڭ قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش ۋە كەچۈرۈم قىلىش

1953 - يىلى شىنجاڭنىڭ قىسمەن جايلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە سۇ، قۇرغاقچىلىق، يامغۇر، قار، ھاشارات قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆلەم 380 مىڭ مودىن كۆپرەككە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى، سانجى، قۇتۇبى، مىچۈەن، جىمسار، توقسۇن، مارالبېشى خېجىڭ، كورلا، بۈگۈر، باي، ئۇچتۇرپان، خوشۇت، كۇچا، يوپۇرغا ناھىيىلىرىدىكى سۇ ئاپىتى، قورغاس، چاپچال، ئىلى، سۈيدۈڭ (كېيىن قورغاس بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى) ، تېكەس، نىلقا ناھىيىلىرىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئېغىر بولدى. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى دېھقانلارنىڭ 1953 - يىلدىكى قەرەللى توشقان قەرز پۇللارنى قايتۇرۇشى بىر قەدەر قىيىن بولدى. شۆبە خەلق بانكىسى باش بانكىنىڭ «ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى قەرەللى توشقان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلنى ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىش، كېچىكتۈرۈش چارىسى» غا ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكىچە بەلگىلىمە چىقاردى: (1) ھەر يىلى ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان ھەمدە شۇ يىلدىكى ھوسۇل 30 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولغان ياكى شۇ يىلى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان، نوپۇسى كۆپ، ئەمگەك كۈچى ئاز، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن ئاساسىي جەھەتتىن ھوسۇل ئالالمىغان، قەرز پۇلنى قايتۇرۇشقا ھەقىقەتەن ئامالسىز قالغانلارنىڭ ئالغان قەرز پۇلىنىڭ بارلىق دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى كەچۈرۈم قىلىش؛ (2) قەرز پۇل ئارقىلىق قۇرۇلغان سۇ قۇرۇلۇشى ئاپەتكە ئۇچراش تۈپەيلىدىن ۋەيران بولۇپ، قەرز پۇلنى ھەقىقەتەن قايتۇرالمىسا بارلىق دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى كەچۈرۈم قىلىش؛ (3) ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى قەرز پۇل ئالغۇچىلار قەرز پۇل قايتۇرۇش مۇددىتى كېچىكتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ قايتۇرۇشقا يەنىلا ئامالسىز بولسا، قىسمەن دىرىنى ۋە بارلىق ئۆسۈمىنى كەچۈرۈم قىلىش؛ (4) 1953 - يىلى ياز، ئەتىياز پەسلىدىكى ئاساسلىق زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلى 30 پىرسەنتتىن يۇقىرى، 50 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولغان قەرز پۇل ئالغۇچىلارنىڭ قايتۇرۇش مۇددىتىنى بىر يىل ئۇزارتىش، نامرات دېھقان، قىيىنچىلىقى بىر قەدەر كۆپ بولغانلارنىڭ قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئىككى يىل ئۇزارتىش؛ (5) تاغلىق رايون ۋە باشقا نامرات رايونلار گەرچە

ئاپەتكە ئۇچرىمىسىمۇ، لېكىن ھەقىقەتەن قىيىنچىلىقى بار قەرز پۇل ئالغۇچى بىر قىسىم نامراتلاردىن دېرىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۆسۈمىنى كەچۈرۈم قىلىش؛ دېرىنى قايتۇرىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئۆسۈمىنى كەچۈرۈم قىلىش، دېرى، ئۆسۈمىنى ھەقىقەتەن قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولمىسا، بارلىق دېرى، ئۆسۈمىنى كەچۈرۈم قىلىش. قەرز پۇلىنى ئازايتىش، كەچۈرۈم قىلىشتا، 1953 ـ يىلدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلار ئاساس قىلىندى. تەكشۈرۈش ۋە ئاممىۋى باھالاش، يەرلىك ھۆكۈمەت تەكشۈرۈپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە يوللاپ تەستىقلىغاندىن كېيىن كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى. قەرز پۇل قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئۇزارتىشنى تەلەپ قىلغان قەرز پۇل ئالغۇچىلارنى يەرلىك ھۆكۈمەت تەستىقلىغاندىن كېيىن، ئۇزارتىلغان مۆھلىتى ئېلان قىلىندى. ئاپەتكە يېنىك ئۇچرىغانلارنىڭ قەرز پۇل مۇددىتىنى ئۇزارتىپ يىغىۋېلىش، ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ بىر قىسىم قەرز پۇلىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش، ئالاھىدە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭكىنى پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىش پرىنسىپى قوللىنىلدى. خەلق بانكىسى غەربىي ـ شىمال رايونلۇق بانكىسى 669 مىليون يۈەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى بۆلۈپ بەردى (كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، شىنجاڭدا جەمئىي 161 مىليون يۈەن قەرز پۇل كەچۈرۈم قىلىندى. تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىدىن ئاشقان 508 مىليون يۈەن غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىغا تاپشۇرۇلدى. 1957 ـ يىلى گوۋۇيۈەن ئاپەتكە ئۇچرىغان رايوندىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىش چارىسىنى بىكار قىلدى.

1954 ـ يىل 1 ـ ئايدا خەلق باش بانكىسى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ «يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى ئېنىقلاشقا دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدىكى يوليورۇقى» نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئالدى بىلەن ھېسابات سېلىشتۇرۇش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئەھۋال ئىگىلەشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى 3 ـ ئايدا شۆبە خەلق بانكىسى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش توغرىسىدا تولۇقلىما يوليورۇق بەردى. 14 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ گېزىتى» دە «كونا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش خىزمىتى توغرىسىدا يوليورۇق» ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ئېنىقلاش خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. 1955 ـ يىل 4 ـ ئايدا شىنجاڭدىكى ئېنىقلاش خىزمىتى ئاخىرلاشتى، باش بانكىغا يېزا ئىگىلىككە بېرىلگەن قەرز پۇلدىن 147 مىڭ 100 يۈەننى (يېڭى خەلق پۇلى ھېسابىدا تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش مەلۇم قىلىندى.

1957 ـ يىل 10 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن خەلق باش بانكىسىنىڭ «يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل مەسىلىسىنى ئېنىقلاش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تارقىتىپ، قەرزدارلىق، ھەقدارلىقنى قايتىدىن ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، قەرز ئالغانكەن چوقۇم قايتۇرۇشنى تەكىتلىدى. مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: يېزا ئىگىلىكتىكى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈشنى تېز راۋاجلاندۇرۇش جەريانىدا، دېھقانلار گۇرۇپپا، كوپېراتىپقا كىرىش ۋە يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنى گۇڭشېغا ئۆزگەرتىش، كوپېراتسىيىلەرنى بىرلەشتۈرۈش، بۆلۈش ئۆزگىرىش مەزگىلىدە تورغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزا كادىرلىرىنى يۆتكەپ، قەرزدارلىقنى ئۆز ۋاقتىدا يۆتكىمىگەچكە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. ئۆلگەن ۋە ئىز ـ دېرىكى يوق ئايرىم قەرز پۇل ئالغۇچىلارنىڭ قەرزىنى يېزا ئىسپاتلاپ، ناھىيە تەستىقلاش ئارقىلىق بانكا ھېسابتا تورۇپ قالغان قەرز پۇل قاتارىدا ھېسابتىن كۆتۈرۈۋەتتى. ئومۇملاشتۇرماقچى بولغان يېڭى دېھقانچىلىق سايمىنىنى ئىشلىتىش شارائىتى ھازىرلانمىغانلاردىن تەمىنات سودا تارماقلىرى ماددىي بۇيۇمنى يىغىۋېلىپ، پۇلغا سۇندۇرۇپ قەرز پۇلنى قايتۇردى. ئۆسۈمى كەچۈرۈم قىلىندى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق سۇ ئىنشائات، ئاھالە كۆچۈرۈش تارماقلىرى ۋە تەمىنات سودا كوپېراتىپى بېجىرگەن ۋە تارقاتقان بىر قىسىم قەرز پۇلنىڭ ھەممىسىگە بۇ تارماقلار مەسئۇل بولدى. زىيانىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلدى.

1960 ـ يىل 11 ـ ئايدا خەلق باش بانكىسى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندىغا

بېرىلگەن قەرز پۇلنى يىغىۋېلىشنى ۋاقىتلىق توختاتتى. 1961 - يىل 4 - ئايدا باش بانكا كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندىغا بېرىلگەن قەرز پۇلنى يىغىۋېلىشنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدا رەسمىي ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى شۆبە خەلق بانكىسىنىڭ «كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندىغا بېرىلگەن قەرز پۇل ۋە قوي بېقىش قەرز پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتى»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. 1962 - يىل 12 - ئايدا ئىنقىلاش خىزمىتى ئاخىرلاشتى. ئەسلىدە 234 مىڭ 603 ئائىلىگە 7 مىليون 520 مىڭ يۈەن بېرىلگەن كەمبەغەل دېھقانلار (چارۋىچىلار) ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلىدىن 230 مىڭ 998 ئائىلىنىڭ ئۈستىدىكى 7 مىليون 400 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كەچۈرۈم قىلىندى. 5384 ئائىلىگە بېرىلگەن 1 مىليون 150 مىڭ يۈەن قوي سېتىۋېلىش قەرز پۇلىدىن 5366 ئائىلىنىڭ ئۈستىدىكى 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كەچۈرۈم قىلىندى. 3605 ئائىلىگە كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى ئۈچۈن بېرىلگەن 120 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تەكشۈرۈلۈپ كەچۈرۈم قىلىنمىدى. 18 ئائىلىگە قوي سېتىلىۋېلىش ئۈچۈن بېرىلگەن 1389 يۈەن قەرز پۇل تەكشۈرۈلۈپ كەچۈرۈم قىلىنمىدى.

1963 - يىل 1 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى گوۋۇيۈەن مالىيە ئىشخانىسى، يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسى تەستىقلاپ تارقاتقان خەلق باش بانكىسىنىڭ «يېزا ئىگىلىك كونا قەرز پۇلىنى ئىنقىلاش چارىسى»نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى بانكىلارنىڭ قەرز پۇلنى ئىنقىلاشنى تەلەپ قىلدى. 1964- يىل يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى قەرز پۇلنى قايتىدىن ئومۇميۈزلۈك ئىنقىلاش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، مەركىزىي كومىتېت، گوۋۇيۈەنگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى شۇ يىلى 9 - ئايدا جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تارقاتتى. شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلنى ئىنقىلاش چارىسى جەمئىي 16 ماددا بولۇپ، ئىنقىلاش پرىنسىپى، دائىرىسى، تۈرى، تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى، قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئومۇمەن 1961 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ زىممىسىدىكى قەرز پۇل (دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، خەلق گۇڭشېسى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، گۇڭشې قۇرغان كارخانا، گۇڭشې قۇرغان تراكتور پونكىتى ۋە گۇڭشېلاشتۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى، باشلانغۇچ كوپېراتىپ، ئالىي كوپېراتىپ قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ قەرز پۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، گۇڭشې ئەزالىرى شەخسەن ئۆزى قەرز ئالغان پۇل ۋە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائات تارماقلىرىنىڭ زىممىسىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ئىنقىلاش دائىرىسىگە كىردى. ئىنقىلاش تۈرى جەمئىي سەككىز، ئۇلار: 1) گۇڭشې، ئەترەت ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە كۆپرەك ئارتىلىپ قالغان قەرزىنىڭ 1970 - يىلغىچە (شىنجاڭدا ئىجرا قىلىش پىكرىدە نامرات ئەترەتلەرنىڭ 1966 - يىلغىچە، ئادەتتىكى گۇڭشې ئەترەتلەرنىڭ 1968 - يىلغىچە) قايتۇرالمايدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن قىسمى كەچۈرۈم قىلىندى. يىغىۋېلىشقا بولىدىغان قەرز پۇللارنىڭ ئۆسۈمى 1962 - يىلدىن باشلاپ كەچۈرۈم قىلىندى. 2) گۇڭشې، ئەترەت ۋە گۇڭشې ئەزالىرى ئۆزلىرى قەرز ئالغان، ئەمما: (1) قەرز پۇل ئالغۇچى ئۆلگەن، ئەۋلادى قالمىغان، قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە، ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان ئائىلە ۋە ئىزدىرىكى يوق قەرز پۇل ئالغۇچىلار؛ (2) قايتا - قايتا كۆچكەن، ھەقىقەتەن قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوق كۆچمەن ئائىلىلەر؛ (3) ئاممىۋى خاراكتېرلىك سۇ ئىنشائات تەشكىلاتى، كۆچمەنلەر يېڭى كەنتى ۋە ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىدىن قەرز پۇلنى ھەقىقەتەن قايتۇرالمىغانلار؛ (4) گۇڭشې، ئەترەت ئالاھىدە چوڭ ئاپەتكە ئۇچراش ياكى ئۇدا ئاپەتكە ئۇچراش تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، قەرز پۇلنى قايتۇرۇشقا ھەقىقەتەن مادارى يەتمىگەن بولسا ئۇلارنىڭ قەرز پۇلى كەچۈرۈم قىلىندى. 3) گۇڭشې، ئەترەتلەر قەرز پۇل ئارقىلىق يولغا قويغان ھەر خىل كەسىپلەردىن پايدىسى بار، قايتۇرۇش ئىقتىدارى يوقلارنىڭ ياكى پايدىسى يوق، قەرز پۇلنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغانلارنىڭ

قەرز پۇلى كەچۈرۈم قىلىنىدى. 4) گۇڭشې ئەزالىرى ئالىي كوپىراتىپقا كىرىشتىن ئىلگىرى قەرز پۇل ئارقىلىق قازغان قۇدۇق، سېتىۋالغان ئۆي، دېھقانچىلىق سايمانلىرى قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى كوپىراتىپقا كىرگەندە باھا زىيادە تۆۋەن بولغان ياكى باھا قويماي بىر تەرەپ قىلىنغان ياكى ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىلگەن بولسىمۇ ئەزالارنىڭ قەرزنى قايتۇرۇشقا ھەقىقەتەن ئىقتىدارى بولمىسا كەچۈرۈم قىلىنىدى. 5) گۇڭشې ئەزالىرى قەرز پۇل ئارقىلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا، تەمىنات - سودا ياكى باشقا تارماقلاردىن سېتىۋالغان، ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كەلمىگەن، يۇرۇشلەشتۈرۈلمىگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكى ھەقىقەتەن ئىسپاتلانسا قەرز ئالغان پۇل كەچۈرۈم قىلىنىدى. ئەسلىدىكى بۇيۇم ساق ياكى ئاساسىي جەھەتتىن ساق بولسا، تەمىنات - سودا كوپىراتىپى بىر تۇتاش تەشكىللەپ يىغىۋېلىپ، باھا قويۇپ، ئالۇن كەستى. گۇڭشې، ئەترەتلەر ئالۇنغا ئاساسەن بانكىنىڭ قەرز پۇلىنى قايتۇردى. ئەسلىدىكى بۇيۇم ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئالاقىدار ئورۇنلارغا تاپشۇرۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىنىدى. 6) گۇڭشې، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ كارخانىلىرى مەيلى بىرلەشتۈرۈۋېتىلسۇن، يۇقىرىغا تاپشۇرۇلسۇن، تۆۋەنگە چۈشۈرۈۋېتىلسۇن ياكى باشقا تارماقلارغا ئۆتكۈزۈۋېتىلسۇن، ئۇلارغا بېرىلگەن قەرز پۇل بىر - بىرلەپ ئېنىقلىنىپ، ئۇلار قاراشلىق ئورۇن قايتۇرۇشقا مەسئۇل بولدى. 7) دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلار ئالغان قەرز پۇل ئىچىدە، مالىيە چىقىم قىلغىنىنى، قايسى دەرىجىلىك مالىيىگە ۋاكالىتەن چىقىم قىلغان بولسا، شۇ دەرىجىلىك مالىيە پۇل ئاجرىتىپ قايتۇردى. 1954 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە بېرىلگەن چوڭ تىپتىكى سۇ ئىنشائات قەرز پۇلىدىن بىر تەرەپ قىلىنىپ قېپقالغان قىسمىنى ھەقىقەتەن قايتۇرالمىسا، كەچۈرۈم قىلىنىدى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائات، سۇ مەھسۇلاتى، خەلق ئىشلىرى قاتارلىق تارماقلار ۋاكالىتەن ئېلىپ تارقاتقان قەرز پۇللارغا ھەقىقەتەن قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولمىسا كەچۈرۈم قىلىنىدى. 8) ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى تارقاتقان قەرز پۇل مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن ئېنىقلاندى. ئەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى مۇنداق بولدى: ئومۇمەن گۇڭشې ئەزالىرى ئالغان قەرز پۇلنى كەچۈرۈم قىلىشتا گۇڭشې باشقۇرۇش كومىتېتى تەكشۈرۈپ، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتتى. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىنشائاتى تارماقلىرىنىڭ قەرز پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىشتا ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق كومىتېتى تەكشۈرۈپ ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتتى. قەرز پۇل ئېنىقلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن ئاپتونوم رايون قەرز پۇلنى ئېنىقلاش ئىشخانىسى قۇردى. شىنجاڭنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى بىر نەچچە تۈرلۈك ئىجرا قىلىش پىكىرلىرىنى تولۇقلىدى: (1) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەن گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ قەرز پۇلى ۋە بانكىنىڭ ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرىغا مەدەت بەرگەن پۇلى ئېنىقلاش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ. (2) چۆچەك، چاغانتوقاي، قورغاس ناھىيىلىرىدىكى چېگرا خەلقىنىڭ چەت ئەلگە قېچىپ كېتىشى تۈپەيلىدىن قېپقالغان قەرز پۇلى، باي، پەيزاۋات، قەشقەر كونا شەھەر ۋەقەسىدىكى قەرز پۇل مەخسۇس دېلو تۇرغۇزۇلۇپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئۈچ خىل كىشىلەر يېزىغا قايتقاندىن كېيىن قېپقالغان قەرز پۇل باشقا دېلو تۇرغۇزۇپ، بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. مەخسۇس دېلو تۇرغۇزۇپ ئېنىقلاش ۋاقتى جەھەتتە، باي ۋەقەسىنىڭ 1961 - يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى ئاساس قىلىنغاندىن سىرت، قالغانلارنىڭكى 1962 - يىل ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى ئېنىقلاش ئاساس سانى قىلىنىدۇ. 3) گۇڭشې، ئەترەتلەر پەۋقۇلئاددە ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىسا ياكى ئۇدا ئىككى يىل ئاپەتكە ئۇچراپ ئومۇمىي كىرىم ئاپەتكە ئۇچراشتىن ئىلگىرىكىدىن 60% كېمەيگەن بولسا، 1961 - يىلنىڭ ئىلگىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. 4) ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلەر تولۇقلاش چارىسى ۋە بەلگىلىمە تۈزۈشكە بولمايدۇ.

1965 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى مالىيە ئىشخانىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن بىر نەچچە بەلگىلىمە ئۆزگەرتىلدى. ئەسلىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى كەچۈرۈم قىلىش نىسبىتى %50 ئىچىدە چەكلەندى. 1961 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى گۇڭشې، ئەترەتلەر ۋە گۇڭشې ئەزالىرى ئالغان كەمبەغەل دېھقانلار ھەمكارلىق فوندى قەرز پۇلى، قوي سېتىۋېلىش قەرز پۇلى ۋە ئىلى، پۈچەك، پەيزاۋات، قەشقەر كونا شەھەر، باي ۋەقەلىرىدىن قېلىپ قالغان ھەر خىل قەرز پۇل، ئۈچ خىل ئادەملەر يېزىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قېپقالغان ھەر خىل قەرز پۇللارنىڭ قايتۇرۇلمىغان قىسمىنىڭ ھەممىسى كەچۈرۈم قىلىندى. 1961ـ يىلدىن ئىلگىرىكى گۇڭشې، ئەترەتلەر قۇرغان كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلىنى 1965 ـ يىلى قايتۇرالمىسا كەچۈرۈم قىلىندى. گۇڭشېلاردىكى تراكتور پونكىتى دۆلەت ئىگىلىكىگە ئۆتكەندىن كېيىن، گۇڭشېغا تۆلەيدىغان باھا پۇل گۇڭشې ئالغان قەرز پۇلغا سۇندۇرۇلدى. نەق پۇل چىقىم قىلىنمىدى. شەخسلەر ئالغان قەرز پۇلنى تۆتنى ئىنقىلاپ بولغان ۋىلايەتلەردە، گۇڭشې تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. تۆتنى ئىنقىلاش ئېلىپ بېرىلمىغان ۋىلايەتلەردە ناھىيىلىك خەلق كومىتېتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. كوللېكتىپقا مەنسۇپ قەرز پۇلنى ناھىيە (شەھەر) لىك خەلق كومىتېتى تەستىقلىدى. ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ۋەقەسىدە ۋە ئۈچ خىل ئادەملەر يېزىغا قايتقاندىن كېيىن قېپقالغان قەرز پۇلنى ۋالىي مەھكىمىسى، ئوبلاستلىق پارتكومغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن ئۇلار تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى.

ئىنقىلاپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، 1970 ـ يىل 12 ـ ئايدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان 1961 ـ يىلدىن ئىلگىرىدىكى قەرز پۇلنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغان سانى 13 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1961 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى 24 مىليون 123 مىڭ يۈەننىڭ 54.7 پىرسەنتىگە تەڭ بولدى. 1971 ـ يىل 12 ـ ئايدا 12 مىليون 958 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تەستىقلىنىپ، ھېسابتىن كۆتۈرۈلدى. 1972ـ يىل 6 ـ ئايدا 115 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تەستىقلىنىپ، ھېسابتىن كۆتۈرۈلدى. جەمئىي ھېسابتىن كۆتۈرۈلگىنى 13 مىليون 73 مىڭ يۈەن بولۇپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان سانىنىڭ 98.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى 1 مىليون 540 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈردى.

1981 ـ يىل 10 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «يىغىلىپ قالغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى بىر تەرەپ قىلىش، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى دوكلات» ۋە يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «يىغىلىپ قالغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى» (سىناق لايىھە) نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. 1971 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى بانكا، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى تارقاتقان، قەرەلى ئۆتكەن گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ قەرز پۇلى، گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى ۋە گۇڭشې ئەزالىرى شەخسەن ئالغان قەرز پۇلى بىر تەرەپ قىلىندى. ئۇنىڭ كونكرېت چارىسى مۇنداق بولدى: 1) مۇددىتىنى ئۇزارتىپ قايتۇرغانلارنىڭ بارلىق ئۆسۈمى كەچۈرۈم قىلىندى. 1976 ـ يىلدىن 1978 ـ يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا ئاشلىقى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئاساسلىق نورمال ئاشلىققا يەتمىگەن نامرات دۈيلەر (ئاپتونوم رايون بەلگىلىگەن ئاساسىي نورما دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ 300 جىڭ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ 360 جىڭ) نىڭ قەرز پۇل ئۆسۈمى كەچۈرۈم قىلىندى. ئاساسىي نورما ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتسە، داۋاملىق ئۆسۈم ھېسابلاندى. مۇددىتىنى ئۇزارتىش ۋاقتى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بەش يىل بولدى. 2) خاتا قوماندانلىق قىلىش تۈپەيلىدىن كاردىن چىققان يېزا ئىگىلىك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنى ھېچقانداق ئورۇنغا ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولمىسا شۆبە بانكىنىڭ تەكشۈرۈپ قوشۇلىشى بىلەن باش بانكا مۇزاكىرە قىلىپ، ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. 1978 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرى يىغىلىپ قالغان ئېسىلىپ تۇرۇۋاتقان، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل دېلولىرى تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ بىرىگە ياتسا، تەرتىپ بويىچە باش بانكىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ھېسابتىن كۆتۈرۈلدى: ① گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ

ناھەق، يالغان، خاتا ئەنزە تۆپەيلىدىن كېلىپ چىققان 1961 ـ يىلدىن ئىلگىرى كەچۈرۈم قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، لېكىن كەچۈرۈم قىلىنماي سۆرىلىپ كەلگەن قەرز پۇللىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ناھەق ئەنزىلەر ئاقلانغان بولسا؛ ② گۆڭشى، ئەترەت ۋە گۆڭشى ئەزالىرى 1978 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئىلگىرى ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان بولسا، ئاپەتكە ئۇچراشتىن ئىلگىرى ئالغان قەرز پۇللار؛ ③ ئۆلۈپ كەتكەن، ئەۋلادى يوق، مىراسى يوق، تەنھا، تۇل، قۇتقۇزۇش پۇلىغا تايىنىپلا تۇرمۇش كۆچۈرگەن قەرز پۇل ئالغۇچىلارنىڭ قەرز پۇللىرى.

ئۇقتىدا سىناق قىلغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 1982 ـ يىل 7 ـ ئايدا «1978 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش توغرىسىدا تەپسىلىي پىرىنسىپ»نى تارقىتىپ، مۇندىق قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقاردى: 1) دېھقانچىلىق رايونلىرىنىڭ ئاساسىي نورما ئاشلىق پۇلى جەنۇبىي شىنجاڭدا 45 يۈەن، شىمالىي شىنجاڭدا 50 يۈەن بولسا، چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىم جەنۇبىي شىنجاڭدا 55 يۈەنگە، شىمالىي شىنجاڭدا 65 يۈەنگە توشمىسا قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈمى ھېسابلانمايدۇ. مۇشۇ ئۆلچەمدىن ئېشىپ كەتكەنلەرگە ئۆسۈم ھېسابلاپ يىغىۋېلىنىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ خوتەن، قەشقەر ۋىلايەتلىرى، قىزىلسۇ ئوبلاستى، ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقا جايلار شىمالىي شىنجاڭغا كىرىدۇ. 2) دىرىنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىپ قايتۇرۇش، ئۆسۈمنى كەچۈرۈم قىلىش مۇددىتى ئادەتتە بەش يىلغا، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا يەتتە يىلغا ئۆزگەرتىلدى. 3) كاردىن چىققان قۇرۇلۇش قەرز پۇلىدىن تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە مەلۇم قىلىشقا تېگىشلىكى مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن شۆبە بانكىنىڭ تەكشۈرۈشىگە يوللاپ، ئۇندىن كېيىن باش بانكىغا مەلۇم قىلىنىدى. 4) ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ئاپەت دېگىنىمىز، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، شۇ يىلى ياكى كېلەر يىلى ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارالمايدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ.

1983 ـ يىل 1 ـ ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى قەرزدارلىق مەجبۇرىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەش، 1978 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى كونا قەرز پۇلنى ئېنىقلاش بىلەن 1978 ـ يىلدىن كېيىنكى قەرز پۇلنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. ئامانەت قەرز كوپېراتىپىغا ۋاكالىتەن يىغىۋېلىش ھاۋالە قىلىنىدى. ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان ئۆسۈمدىن %5، ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان دىرىدىن ‰3 رەسمىيەت ھەققى بېرىلدى. بىر نەچچە يىل ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش ئارقىلىق، 1985 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئېنىقلاش خىزمىتى ئاخىرلاشتى. ئېنىقلاش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: 1982 ـ يىل ئاخىرىدىكى شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل قالدۇقى جەمئىي 130 مىليون 520 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1978 ـ يىلدىن ئىلگىرىكىسى 86 مىليون 210 مىڭ يۈەن ئېنىقلاش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق جەمئىي ئېتىراپ قىلىپ قايتۇرغىنى 120 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولۇپ، 65 مىليون 120 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە 1978 ـ يىلدىن ئىلگىرىكىدىن قايتۇرۇشنى ئېتىراپ قىلغىنى 80 مىليون 680 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن 42 مىليون 200 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بولمايدىغىنى جەمئىي 9 مىليون 910 مىڭ يۈەن. 1978 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى قەرز پۇلنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 5 مىليون 961 مىڭ 500 يۈەن ئۆسۈم كەچۈرۈم قىلىنىدى. بۇنىڭ ئىچىدە نامرات دۆيلەر قەرز پۇلى ئۆسۈمىدىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 5 مىليون 410 مىڭ يۈەن. تاقالغان، ئىشلەپچىقىرىشتىن توختىغان كارخانىلار قەرز پۇلى ئۆسۈمىدىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 283 مىڭ يۈەن، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى قەرز پۇلى ئۆسۈمىدىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 240 مىڭ يۈەن، گۆڭشى ئەزالىرى شەخسەن ئالغان قەرز پۇل ئۆسۈمىدىن كەچۈرۈم قىلىنغىنى 28 مىڭ 500 يۈەن. تەستىقلىتىپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن 1978 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى قەرز پۇل 2 مىليون 852 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1978 ـ يىلدىن ئىلگىرىكى كونا قەرز پۇل

ئالدۇقىنىڭ 3.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كاردىن چىققان يېزا ئىگىلىك سۇ ئىنشائاتلىرى قەرز پۇلى 602 مىڭ يۈەن، ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك ئاپەتكە ئۇچرىغان كوللېكتىپ قەرز پۇلى 1 مىليون 465 مىڭ يۈەن، ۋەيران قىلىش خاراكتېرلىك ئاپەتكە ئۇچرىغان شەخسلەرنىڭ قەرز پۇلى 115 مىڭ يۈەن. 1961-يىلدىن ئىلگىرىكى كەچۈرۈم قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئەمما كەچۈرۈم قىلىنمىغان قەرز پۇل 90 مىڭ يۈەن، ئۆلۈپ كېتىپ، ئەۋلادى قالمىغان تۇل - يېتىملار، ئىز - دېرىكى يوق كىشىلەرنىڭ قەرز پۇلى 98 مىڭ يۈەن. 1962-يىلى شىنجاڭدا چېگرىدىكى ئاھالىنىڭ چەت ئەلگە چىقىپ كېتىشى سەۋەبىدىن يىغىۋېلىشقا ئامالسىز قالغان قەرز پۇل 424 مىڭ يۈەن، ھېساباتنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن ئېنىقلاشقا ئامالسىز قالغان قەرز پۇل 57 مىڭ يۈەن. بۇنىڭدىن باشقا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى تارقاتقان قەرز پۇلدىن 75 مىڭ 200 يۈەن ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كاردىن چىققان يېزا ئىگىلىك سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇش قەرز پۇلى 46 مىڭ يۈەن. باشقا قەرز پۇللار 29 مىڭ يۈەن. 1985 - يىل 8 - ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈشنى تەستىقلىدى، 11 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرگەن قەرز پۇل توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتەرگەن قەرز پۇل سوممىسى تۆۋەندىكىچە:

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| ۋىلايەت | تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن بانكا قەرز پۇلى | تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن ئامانەت قەرز كوپېراتىپى قەرز پۇلى |
|---|---|---|
| سانجى | 38.2 | 5.10 |
| قىزىلسۇ | 7.5 | 1.96 |
| قەشقەر | 23.1 | 0.23 |
| قۇمۇل | 12.5 | 0.09 |
| ئۈرۈمچى ناھىيىسى | | 0.14 |
| تۇرپان | | |
| بايىنغولىن | 8.7 | |
| چۆچەك | 115 | |
| ئالتاي | 36.7 | |

| | | |
|---|---|---|
| خوتەن | 28.2 | |
| ئىلى | 11.1 | |
| ئاقسۇ | 4.1 | |
| بورتالا | 0.1 | |
| جەمئىي | 285.2 | 7.52 |

1985 - يىل 1 - ئايدا شۆبە يېزا ئىگىلىك بانكىسى باش بانكا تۈزگەن «يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدىن ھېسابتا تۇرۇپ قالغان زىياننى بىر تەرەپ قىلىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش چارىسىنى تارقاق، ئىچكى قىسىمدا بىر تەرەپ قىلىش چارىسىغا ئۆزگەرتتى. بۇ چارە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ يېزىلاردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلار، ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە، دېھقانلار بىرلەشمە گەۋدىسى ۋە يېزىلاردىكى باشقا شەخسىي تىجارەتچىلەرگە تارقاتقان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدىكى ھېسابتا تۇرۇپ قالغان قەرز پۇل زىيىنىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىشلىتىلدى. بىر تەرەپ قىلىش دائىرىسى مۇنداق بولدى: 1) قەرز پۇل ئالغۇچى تىجارەت قىلمۇاتقان كەسىپ ۋەيران بولغان، قەرزنى قايتۇرۇشنى ئۈستىگە ئالىدىغان كېپىللىك قىلغۇچى ئورۇن ياكى كېپىللىك قىلغۇچى شەخسىي بولمىغان، مال - مۈلكى قەرز پۇلغا چىقىش قىلماي، يىغىۋېلىشقا ئامال بولمىغانلار؛ 2) قەرز پۇل ئالغۇچى ئۆلۈپ كەتكەن، مال - مۈلكى قەرز پۇلغا چىقىش قىلمايدىغان، قەرز پۇلنى قايتۇرىدىغان ئادەم بولمىغانلار: 3) قەرز پۇل ئالغۇچى قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، قانۇنىي جازاغا تارتىلغان، مال - مۈلۈكى قەرز پۇلغا چىقىش قىلمىغانلار؛ 4) قەرز پۇل ئالغۇچى كۆچۈپ كېتىپ، قېچىپ كېتىپ، ئىزدېرىكى بولماي، قەرز پۇل قايتۇرىدىغان ئادەم بولمىغانلار؛ 5) باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىغىۋېلىش تەس بولغانلار. بۇ چارە 1978 - يىلدىن ئىلگىرىكى كونا قەرز پۇللارنى ئېنىقلاشتا بىر تەرەپ قىلىشتا ئىگىشلىك قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدى. مەزكۇر چارىدە ھېسابتا تۇرۇپ قالغان قەرز پۇل تەييارلىق فوندى تەسىس قىلىنمىدى، شۇنداقلا سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش ئارقىلىق ھېسابتا تۇرۇپ قالغان قەرز پۇل زىيىنىنى بۆلۈپ ئۈستىگە ئېلىش مەسىلىسى كۆرسىتىلمىدى.

## § 3 . يېزا گۆڭشى، ئەترەتلىرىنىڭ بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش

بانكا يېزا بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە 1955 - يىلدىن باشلاپ قاتناشتى. شۇ ۋاقىتتا مەركەز خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، تەمىنات سودا كوپېراتىپلىرى رايون، يېزىلاردا تەسىس قىلغان ئاپپاراتلاردىكى بوغالتىرلاردىن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ بوغالتىرلىق كەسپىي خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەملىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى. 1964 - يىلدىن ئىلگىرى گۆڭشى، ئەترەت بوغالتىرلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىگە ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى مەسئۇل

بولغانىدى.

1965 - يىلى كۈزۈيىن ئەستىقلاپ تارقاتقان يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «كۆڭشې، ئەترەت بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىدىن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا دوكلات» نىڭ روھىغا ئاساسەن، يېزا ئىگىلىك كۆڭشې، ئەترەت بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ باشقۇردى. ۋەزىپىسى مۇنداق بولدى: 1) ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى بوغالتىرلارنى ھېسابات خاتىرىلەش، توغرا ھېسابات قىلىش ۋە ھېساباتنى ئېلان قىلىشقا يېتەكلەش. 2) ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى بوغالتىرلارنى تەربىيىلەش، سەۋىيە، تەكشۈرۈش 3) ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىدە بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئورنىتىشقا، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە يېتەكلەش. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يۇقىرىقى روھقا ئاساسەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچى ناھىيىسى بەنفاڭگۇ كۆڭشېسىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى بىلەن بىللە نۇقتىدا سىناق قىلىپ، كۆڭشې مالىيە بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇلار تاپشۇرۇۋېلىش جەريانىدا، كۆڭشې، ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىدە تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقىنى بايقىدى: 1) ھېسابات قالايمىقان بولغان. ھېسابات بىرلىكى 19 بولۇپ، بۇنىڭدىن ھېساباتى ئېنىق بولغىنى ئىككى، يارىدەملىشىپ ئېنىقلاپ بېرىلگىنى 13، ئېنىقلىغىلى بولمايدىغىنى تۆت؛ 2) خىيانەتچىلىكى بار. يەتتە چوڭ ئەترەتنىڭ مالىيە خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا، خىيانەت قىلغان ئۈچ ئادەم بايقالدى. بۇ 16 مالىيە بوغالتىرنىڭ 18.75 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 3) كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋېلىش ئېغىر بولغان. 4) ئاشۇرۇپ تەقسىمات قىلغان. كۆڭشېدىكى 21 ئەترەت ئىچىدە، 1964 - يىلى ئاشۇرۇپ تەقسىم قىلغىنى 18؛ 5) زىيان تارتقان. مال - مۈلكى قەرزگە چىقىش قىلمايدىغان ئەترەت ئالتە، 1965- يىل ئەتىيازدا 20 ئەترەت قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغان. ئارقىدىنلا پىچان، تۇرپان، ماناس، قورغاس، ساۋەن، ئالتاي، قۇمۇل، قارا شەھەر، كورلا، خوشۇت، خوتەن قاتارلىق ناھىيىلىك تارماق بانكىلار نۇقتا تاللاپ سىناق قىلدى. ئاقچى، ئاقتۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىلار تەكشۈردى. جايلاردىكى سىناق نۇقتىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن ستاتىستىكا قىلىنىشىچە: 1) ھېسابات تولۇق بولمىغان ئەترەت 82% نى، ھېساباتى قالايمىقان ئەترەتلەر 69% نى، ھېساباتى ئەمەلىي نەرسە بىلەن ئۆيغۇن كەلمەيدىغان ئەترەتلەر 36% نى ئىگىلىگەن. 2) پىلانسىز چىقىم قىلغان، پۇل خەجلەش تۈزۈمى يوق ئەترەتلەر 79% نى ئىگىلىگەن. 3) كۆپلىگەن ئەترەت كادىرلىرى خىيانەت قىلىپ، ئەترەتنىڭ پۇلىنى ئىشلىتىۋالغان، كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىۋالغان. 4) كىرىم - چىقىم ئەمەلىي بولماي، ساختىپەزلىك قىلغان، چىقىم ئېشىپ كەتكەن، ئاشۇرۇپ تەقسىم قىلغان. 5) مالىيە بوغالتىرلىق كادىرلىرىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى تۆۋەن، خىزمەتتە خاتىرجەم ئەمەس. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى مالىيە ئىشخانىسى ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشخانىسىغا بۇ ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىپ، كۆڭشې، ئەترەتلەردىكى مالىيە بوغالتىرىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار كۈچى ۋە چىقىم خىراجىتىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق تەربىيىلەش خىراجىتى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بېجى قوشۇمچىسى ئىچىدىن ھەل قىلىندى.

شۇ يىلى 9 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى، دېھقانچىلىق مىنىستىرلىكى، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىرلىكتە ۋۇخەندە مەملىكەتلىك كۆڭشې، ئەترەت بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئىسلاھات يىغىنى ئاچتى. يىغىندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ «جىڭگاڭشەن» كۆڭشېسىدا كۆڭشې، ئەترەت بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تەجرىبىسىگە ئاساسەن، «يېزا خەلق كۆڭشېسى ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ئورۇنلىرىنىڭ ئاددىي ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلى» نى تۈزدى. دېھقانچىلىق نازارىتى، خەلق شۆبە بانكىسى يەنە «ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆڭشې، ئەترەتلەرنىڭ

بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرەيلى» دېگەن كىتابنى تۈزدى. مىڭجۈەن ناھىيىسى «جىڭگاڭشەن» گۇڭشېسىنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش تەجرىبىسى ۋە «ئاددىي ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلى» بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى.

شۇ يىلى 10 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى، خەلق شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «يېزا خەلق گۇڭشېسى ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ ئاددىي ھېساب خاتىرىلەش ئوقۇشلۇقى» ناملىق كىتابنى يېزىپ تەھرىرلەپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بېسىپ تارقاتتى. بۇ ماتېرىيال جەمئىي يەتتە باب، 27 پاراگراف بولۇپ، نەقپۇل، ماددىي بۇيۇمنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بىر ئوردىرغا بىر ئىشنى خاتىرىلەشنى يولغا قويۇپ، «يەتتە ھېساب»، «ئۈچ دەپتەر»، «ئىككى قوللانما» تەسىس قىلدى. يەنى نەق پۇلنى كۈندىلىك خاتىرىلەش ھېسابى، ماددىي بۇيۇمنى كۈندىلىك خاتىرىلەش ھېسابى، كىرىم - چىقىم ھېسابى، مۇئامىلە ھېسابى، جۇغلانما ھېسابى، كاسسا ھېسابى، خەزىنە قالدۇقى ھېسابى؛ مۇقىم مۈلۈكنى تىزىملاش دەپتىرى، چارۋىلارنى تىزىملاش دەپتىرى؛ ئىش نومۇرىنى تىزىملاش دەپتىرى؛ گۇڭشې ئەزالىرى ئەمگەك قوللانمىسى، گۇڭشې ئەزالىرى ئىقتىسادىي مۇئامىلە قوللانمىسى قاتارلىقلار.

1973 - يىل 10 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى، «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، سانجى مەركىزىي تارماق بانكا بىرلىكتە «يېزا خەلق گۇڭشېسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ بوغالتىرىيە ئوقۇشلۇقى» نى تەھرىرلەپ باستۇردى. («1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىدىكى پروفېسسور خۇاڭ يى قەلەم تەۋرەتتى) كىتاب سەككىز باب، 24 پاراگراف بولۇپ، بۇنىڭدا يەنىلا: نەق پۇل، ماددىي بۇيۇمنى ئاساس قىلغان كىرىم - چىقىم بويىچە ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلى» قوللىنىلدى، ئىشلەپچىقىرىش دۈيىگە «ئۈچ ھېساب»، «تۆت دەپتەر» يەنى نەق پۇلنى كۈندىلىك خاتىرىلەش ھېسابى، ماددىي ئەشيالارنى كۈندىلىك خاتىرىلەش ھېسابى ۋە تۈرلەرگە ئايرىش ھېسابى؛ نەق پۇل تىزىملاش دەپتىرى، ماددىي ئەشيانى تىزىملاش دەپتىرى، مال - مۈلۈك تىزىملاش دەپتىرى، ئەمگەك نومۇرىنى تىزىملاش دەپتىرى تەسىس قىلىندى ھەمدە «ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىنىڭ چارۋىچىلىق ھېسابات مەسىلىسى توغرىسىدا» قوشۇمچە قىلىندى. مەزكۇر كىتاب ئىككى قېتىم بېسىلىپ 10 مىڭ نۇسخىدىن ئارتۇق تارقىتىلدى. «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى ئىككى قارار گۇڭشې، ئەترەت بوغالتىرىيە يېتەكچىلىرى كۇرسى ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن جايلار، گۇڭشې، ئەترەتلەر ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ بوغالتىرىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى مالىيىسىنىڭ قالايمىقان بولۇشتەك ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى.

1976 - يىلى 81 ناھىيىدىكى خەلق بانكىسى گۇڭشې، ئەترەت بوغالتىرلىرىنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى (چاقىلىق، يۇپۇرغا قاتارلىق ئىككى ناھىيە ئاۋالقىدەك يېزا ئىگىلىك تارماقلىرى باشقۇردى) ئۆتكۈزۈۋالدى: چۈشۈرگەن تەربىيىلەش خىراجىتى 200 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭدىن ئەمەلىي چىقىم قىلىنغىنى 135 مىڭ يۈەن.

1977 - يىل 8 - ئايدا 16 تۈرلۈك ھېسابات دەپتىرى، دوكۇمېنت ۋە جەدۋەل باستۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق 110 توننا قەغەز ھەل قىلىندى. قەغەز ۋە باسما خىراجىتى ئۈچۈن مالىيە 1 مىليون يۈەن پۇل ئاجراتتى. ھېسابات جەدۋىلى، دوكۇمېنتنى ساتقاندا بۇ پۇل ئۇندۇرۇۋېلىنىپ، ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلدى.

1978 - يىل 4 - ئايدا خەلق باش بانكىسى گۇڭشې ئەترەتلەر ئارىسىدىكى مەبلەغ باشقۇرۇش پرىنسىپى «ئىختىيارىي بولۇش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش»، «تەڭ باھادا ئالماشتۇرۇش» دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. شۇ يىلى 12 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى «يېزا خەلق گۇڭشېسى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ بوغالتىرلىق ھېساب تۈرى» دىن 36 نى تۈزۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نەتىجىسىنى بىر تۇتاش ھېسابلاپ، كىرىم - چىقىم ئۆزگىرىشى ۋە قالدۇقىنى ئەكس ئەتتۈردى. شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بوغالتىرلىق ھېساب تۈرلىرى ئىچىدە «چارۋا مال، ئۆي قۇشلىرى فوندى»

دېگەن ھېساب تۈرى كۆپەيتىلىپ، «ئاشلىق، ماددىي ئەشيا» ھېساب تۈرى «ئامباردىكى ئاشلىق» ۋە «ئامباردىكى ئەشيا» دەپ ئىككى ھېساب تۈرىگە ئايرىلدى.

## بوغالتىرىيە ھېساب تۈرى جەدۋىلى

جەدۋەل: 6 — 9

| كىرىم ھېساب تۈرلىرى | چىقىم ھېساب تۈرلىرى | قالدۇق ھېساب تۈرلىرى |
|---|---|---|
| 1. دېھقانچىلىق كىرىمى | 18. دېھقانچىلىق چىقىمى | 31. نەق پۇل |
| 2. ئورمانچىلىق كىرىمى | 19. ئورمانچىلىق چىقىمى | 32. ئامانەت پۇل |
| 3. چارۋىچىلىق كىرىمى | 20. چارۋىچىلىق چىقىمى | 33. ئاشلىق قالدۇقى |
| 4. قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى | 21. قوشۇمچە كەسىپ چىقىمى | 34. ماددىي ئەشيا ئىسكىلات قالدۇقى |
| 5. بېلىقچىلىق كىرىمى | 22. بېلىقچىلىق چىقىمى | 35. مۇقىم مۈلۈك |
| 6. باشقا كىرىم | 23. ئامورتىزاتسىيە چىقىمى | 36. چارۋا، ئۆي قۇشلىرى |
| 7. مۇقىم مۈلۈك فوندى | 24. باشقۇرۇش خىراجىتى | |
| 8. چارۋا، ئۆي قۇشلىرى فوندى | 25. باشقا چىقىملار | |
| 9. ئامورتىزاتسىيە فوندى | 26. چېچىلىدىغان | |
| 10. جامائەت فوندى | 27. ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى | |
| 11. ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى فوندى | 28. گۈڭشې ئەزالىرى مۇئامىلىسى | |
| 12. پاراۋانلىق فوندى | 29. ۋاقىتلىق چىقىم قىلىنغان پۇل | |
| 13. ئاشلىق زاپىسى فوندى | 30. باج سوممىسى | |
| 14. ئەزالار تورمۇش فوندى | | |
| 15. قەرز پۇل | | |
| 16. ۋاقىتلىق ئېلىنغان پۇل | | |
| 17. دارامەت تەقسىماتى | | |

1979 - يىلى قىسمەن ناھىيىلەردە يىل ئاخىرىقى ھېساب تۈرى قالدۇقىنى جەملەش جەدۋىلى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە تەدرىجىي ئومۇملاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن بارلىق گۈڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان بولدى. خەلق گۈڭشې ئىشلەپچىقىرىش دۇيلىرىنىڭ بوغالتىرىيە تۈزۈمى تۈزۈپ چىقىلغاندىن كېيىن بوغالتىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە ھېسابات، تۈزۈم ئورنىتىش بانكىنىڭ گۈڭشې، ئەترەت بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولدى. 1979 - يىلى بانكا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن گۈڭشې، ئەترەتلەرنىڭ مالىيە -

بوغالتىرلىرىنى تەربىيىلەش بويىچە جەمئىي 790 قارار كۇرس ئېچىپ، مالىيە - بوغالتىر خادىملىرىدىن 62 مىڭ 929 ئادەم (قېتىم) نى تەربىيىلىدى. بۇ سان 1978- يىلدىكىدىن بىر ھەسسىدىن ئارتۇق. 1979- يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاساسىي ھېسابات بىرلىكلىرىدە، بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بوغالتىرىيە ھېساب تۈرلىرىنى قوللانغان گۇڭشې ئەترەت 90% تىن كۆپرەككە يەتتى. يېڭىدىن بەرپا قىلىنغان بوغالتىرىيىگە يېتەكچىلىك قىلىش تور، گۇرۇپپىسى 1007 گە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 24.5% ئاشتى؛ ئاي بويىچە ھېساب بوغىدىغان، مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ئاي بويىچە يۇقىرىغا يوللايدىغان ناھىيە 23 كە يېتىپ، شىنجاڭدىكى ناھىيىلەرنىڭ تۆتتىن بىرىنى ئىگىلىدى؛ مالىيىنى دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىدىن 3094 ى كۆپىيىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 12.8% ئاشتى. 48 ناھىيىدىكى مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرى 7188 ھېسابات بىرلىكىگە ياردەملىشىپ، «تۆتنى ئېنىقلاش، بىرنى تۈزىتىش» (ھېساباتنى ئېنىقلاش، پۇلنى ئېنىقلاش، ماددىي نەرسىلەرنى ئېنىقلاش، ھېسابات تۈزىتىش) تىن ئىبارەت مالىيىنى چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ 1 مىليون 136 مىڭ يۈەن كەم پۇلنى، 13 مىليون 840 مىڭ جىڭ كەم ئاشلىقنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقتى. مالىيىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىلىرى ياردەملىشىپ 445 مىڭ يۈەن نەق پۇلنى، گۇڭشې ئەزالىرىغا ئارتىلىپ قالغان 5 مىليون 550 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى يىغىۋالدى.

1980 - يىلى يېتەكچىلىك قىلىش تورلىرىنىڭ غوللۇق كادىرلىرى ۋە مالىيە - بوغالتىرلىرى 38 مىڭ 945 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭى بوغالتىر 6988 ئادەم (قېتىم)، چارۋىچىلىق ئەترىتىنىڭ بوغالتىرلىرى 970 ئادەم (قېتىم)، يېڭىدىن 1378 يېتەكچىلىك تور، گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ھېسابات دەپتەرلىرى مۇكەممەل بولغان گۇڭشې، ئەترەت 90% نى، ھېساباتنى ھەر كۈنى ئېنىقلاپ، ئايدا بوغىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى 60% نى ئىگىلىدى. 10 مىڭ 938 چوڭ ئەترەت ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىگە ياردەملىشىپ «تۆتنى ئېنىقلاش، بىرنى تۈزىتىش» خىزمىتى ئىشلەندى. يېزىلاردا كۆپ خىل مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، شۇ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە دائىر بوغالتىرىيە ھېساباتىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ تەننەرخىنى ھېسابلاش بوغالتىرلىق رەسمىيىتى» نى تۈزۈپ چىقتى. «گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ تۈرلۈك مۈكاپاتلاش، جازالاش پۇللىرىنىڭ ھېساباتىنى باشقۇرۇش رەسمىيىتى» نى ئېلان قىلدى ھەمدە گۇڭشې، ئەترەتلەرگە ياردەملىشىپ تەقسىماتنى نەقلەشتۈردى. گۇڭشې، ئەترەتلەرگە ياردەملىشىپ بەشنى ئېنىقلاش، يەنى: ھېساباتنى ئېنىقلاش، نەق پۇلنى ئېنىقلاش، ماددىي ئەشيانى ئېنىقلاش، ئىش نومۇرىنى ئېنىقلاش، مۇئامىلىنى ئېنىقلاشنى قانات يايدۇردى. ئېنىقلاش جەريانىدا گۇڭشې ئەزالىرىغا ئارتىلىپ قالغان 200 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قەرز پۇل بايقالدى. بۇ گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ شۇ يىللىق تەقسىمات ئومۇمىي سوممىسى بولغان 720 مىليون يۈەننىڭ 27.5 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يەنە كاسسىدىكى نەق پۇل ئورنىدا قويۇلغان 30 مىليون يۈەنلىك ئاق ھۆججەت؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن تەقسىمات 40 يۈەندىن تۆۋەن بولغان 6072 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بايقالدى. بۇ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 18 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. شۇ يىل، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «يېزا گۇڭشې، ئەترەتلىرىنىڭ بوغالتىرىيە يېتەكچىلىرىنى تەربىيىلەش خىراجىتىنى چىقىم قىلىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سىنى تارقاتتى. تەربىيىلەش خىراجىتىنى باشقۇرۇش خام چوت (نەق چوت) تۈزۈمى، ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىتىش، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىش يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىغا تاپشۇرۇپ بىر تۇتاش ئىگىلەش يولغا قويۇلدى.

1981 - يىلى، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ مالىيە خادىملىرى 35 مىڭ 952 ئادەم (قېتىم) تەربىيىلەندى. بۇ يىلى 33 مىڭ 72 ئاساسىي ھېسابات بىرلىكى ھېساب تۈرى قالدۇق جەدۋىلىنى يۇقىرىغا يوللىدى. بۇ خەلق گۇڭشېلىرىدىكى 33 مىڭ 433 ھېسابات بىرلىكىنىڭ 98.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ھېساب بوغمىغان، يۇقىرىغا يوللىمىغانلىرى 361 بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 300 ئەترەتتە بوغالتىر يوق. ھېسابات دەپتىرىمۇ يوق

ئىدى. بانكا 1981 ـ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ بويىچە خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ھېساب تۈرلىرىنىڭ قالدۇق جەدۋىلىنى جەملەشنى رەسمىي يولغا قويدى. شىنجاڭ بويىچە مەخسۇس ۋەزىپىدىكى بوغالتىر يېتەكچىسى 840 قا، يېتەكچىلىك تور، پونكىتى 6187 گە، دېموكراتىك مالىيە باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى 21 مىڭ 53 (دائىم پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغانلىرى 18 مىڭ) كە يەتتى. شۇ يىلى، بانكا گۇڭشېلەرگە ياردەملىشىپ 8203 ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى تەرتىپكە سالدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدە تەرتىپكە سېلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى 5086، 775 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي مەسىلە تەكشۈرۈپ تېپىلدى. بۇنىڭدىن 326 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. خوتەن ۋىلايىتىدە 2667 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى تەرتىپكە سېلىندى. ئىقتىسادىي مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ 624 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. ۋاقىتلىق چىقىم قىلىنغان پۇلدىن 1 مىليون 215 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى. ئەزالار قەرز ئالغان 1 مىليون 360 مىڭ يۈەن قايتۇرۇۋېلىندى

1982 ـ يىل يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى گۇڭشې، ئەترەتلەرگە داۋاملىق ياردەملىشىپ مالىيە خىزمىتىنى تەرتىپكە سالدى. قۇمۇل، سانجى، ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلار ئىلگىرى كېيىن بولۇپ بۇ خىزمەتنى قانات يايدۇردى. قەشقەر رايونى 3388 چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنى تەرتىپكە سېلىپ 1 مىليون 114 مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي مەسىلىنى تەكشۈرۈپ تاپتى. 338 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋالدى. 7 ـ ئايدا دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىن يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانىدى. لېكىن شىنجاڭدا بۇ يېتەكچىلىك خىزمىتىگە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى داۋاملىق مەسئۇل بولۇپ باشقۇردى.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1965 ـ يىلدىن باشلاپ، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرىيە يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. 1984 ـ يىلغا كەلگەندە ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ بوغالتىرىيە يېتەكچىلىك خىزمىتىنى پەيدىنپەي توختاتتى.

### 1982 ـ يىللىق جەملەنگەن ھېساب تۈرى قالدۇق جەدۋىلى

جەدۋەل: 6 ـ 10 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| كىرىم تۈرلىرى | | چىقىم تۈرلىرى | | قالدۇق تۈرلىرى | |
| --- | --- | --- | --- | --- | --- |
| تۈر | سوممىسى | تۈر | سوممىسى | تۈر | سوممىسى |
| مۇقىم مال ـ مۈلۈك فوندى | 60521 | چېچىلىدىغان خىراجەت | 1841 | نەق پۇل | 10351 |
| ئامورتىزاتسىيە فوندى | 6010 | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ | 990 | ئامانەت پۇل | 11340 |
| جامائەت جۇغلانمىسى | 24042 | ئەزالار مۇئامىلىسى | 34189 | ئامباردىكى ئاشلىق | 21710 |
| ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى فوندى | 17702 | ۋاقىتلىق چىقىم پۇل | 22050 | ئامباردىكى ئەشيا | 4302 |
| پاراۋانلىق فوندى | 6091 | باج پۇلى (ئېشىنچە) | 127 | مۇقىم مال ـ مۈلۈك | 60521 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| زاپاس ئاشلىق فوندى | 2780 | جامائەت جۇغلانمىسى (قىزىل رەقەم) | 1603 | بېقىلىۋاتقان چارۋا - ئۆي قۇشلىرى | 23204 |
| ئەزالار تۇرمۇش فوندى | 919 | پاراۋانلىق فوندى (قىزىل رەقەم) | 32 | | |
| چارۋا - قۇش فوندى | 23204 | | | | |
| قەرز پۇل | 9126 | | | | |
| ۋاقىتلىق كىرىم قىلىنغان پۇل | 19427 | | | | |
| ئەزالار مۇئامىلىسى | 12329 | | | | |
| باج پۇلى | 118 | | | | |
| جەمئىي | 182269 | جەمئىي | 50841 | جەمئىي | 131428 |

# V باب يېزا ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىقى

## 1 § . ئامانەت ـ قەرز ھەمكارلىقى كەسپى

1952 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى فۇكاڭ، تۇرپان قاتارلىق ناھىيىلەردە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنى سىناق تەرىقىسىدە قۇرۇپ ئامانەت ـ قەرز پۇل كەسپىنى يولغا قويدى. 1954 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى تارقاتقان «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا بولغان بەزى ئاساسىي تونۇش ۋە ئۆلكىمىزدە ئۇنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پىكىر» دە «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلق، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىقتىساد (بانكا) نىڭ رەھبەرلىكىدە ئىختىيارىي بولۇش، ئىككىگە پايدىلىق بولۇش ۋە دېموكراتىك باشقۇرۇش پرىنسىپى بويىچە قۇرۇلغان، ئۆز مەبلىغى بىلەن پاي توپلايدىغان، ئامانەت پۇل قوبۇل قىلىپ، قەرز تارقىتىپ، يېگچە قەرز مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىدىغان سوتسىيالىستىك خاراكتېردىكى مەبلەغ ھەمكارلىق تەشكىلاتى» دەپ كۆرسىتىلگەن. كوپېراتىپ قۇرۇلغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئاساسەن پاي فوندى ۋە قوبۇل قىلىنغان ئامانەت پۇل بىلەن قىسقا مۇددەتلىك پۇل قەرز بېرىلىپ، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىندى. جازانىخورلۇققا زەربە بېرىلدى. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ كەسپىي ئاساسىي جەھەتتىن، پەقەت ئامانەت پۇل قوبۇل قىلىش ۋە قەرز پۇل تارقىتىشتىنلا ئىبارەت بولىدى.

1962 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى تارقاتقان «يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» (سىناق لايىھىسى) دە «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئاساسلىق كەسپى؛ بىرىنچىدىن، يېزىلاردىكى خەلق پۇل ئامانىتى ۋە گوڭشې ئىشلەپچىقىرىش چولاق ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئامانەت پۇلىنى بېجىرىش؛ ئىككىنچىدىن، دېھقانلارغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىش، مەبلەغدە ھەقىقەتەن ئېشىنچە بولسا، ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىگە بىر قىسىم ئوبوروت خاراكتېرلىك دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ئۈچۈن پۇل قەرز بەرسە بولىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، خەلق بانكىسى ھاۋالە قىلغان كەسپىنى بېجىرىشتىن ئىبارەت دەپ كۆرسىتىلگەن. 1965 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى مەملىكەتلىك ئامانەت قەرز كوپېراتىپ خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا: «گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ مالىيە خىزمىتىگە ياردەملىشىش، يېتەكچىلىك قىلىش يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ۋەزىپىسى، شۇنىڭدەك ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭمۇ ۋەزىپىسى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى بۇ خىزمەتنى پائال ياخشى ئىشلىشى كېرەك» دەپ كۆرسىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ مالىيە بوغالتىرلىق خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسى قوشۇلدى.

ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ تۈزگەن كرېدىت پىلانىنى دۆلەت بانكىسى تەكشۈرۈپ ـ تەستىقلايدۇ. 1963ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىناق لايىھىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ قوشۇمچە پىكىرىنى تارقىتىپ «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ قەرز پۇل تارقىتىش پىلانىنى خەلق بانكىسىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن سىرت، ئامانەت پۇل پىلانىنىمۇ خەلق بانكىسىغا يوللاپ تەستىقلىتىدىغانلىقى» نى ئوتتۇرىغا قويدى، 1980ـ يىلى 7ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «خەلق گوڭشېسىدا تەسىس قىلىنغان پۇل مۇئامىلە ئاساسىي

قاتلام ئاپپاراتلىرىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىدىن دۆلەتنىڭ كرېدىت مەبلىغى بىلەن كوللېكتىپنىڭ كرېدىت مەبلىغىگە ئاساسەن كرېدىت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشنى ھەم تۈرگە ئايرىلغان تېلېگراممىلىق مەلۇمات ۋە ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

# 1. پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە پۇل ئامانەت كەسپى

يېزىلاردا بىكار تۇرۇۋاتقان مەبلەغنى تەشكىللەپ، پىلانلىق تەڭشەپ ئىشلىتىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىش ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان خەلق باش بانكىسىنىڭ «يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» (سىناق لايىھىسى) دە:

(1) يېزىلاردا پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە پۇل ئامانەت قويۇشنى بېجىرىشتە «ئامانەت قويۇشتا ئىختىيارىي بولۇش، ئېلىشتا ئەركىن بولۇش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۇل ئامانەت قويۇش، ئېلىشتا قولايلىق بولۇش، ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلاش، مەجبۇرلىماسلىق ياكى بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ تەڭلىكتە قويماسلىق كېرەك.

(2) ئامانەت پۇلنى چىقىم قىلىش تەييارلىق فوندىنى يېتەرلىك قالدۇرۇپ، ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ پۇلنى ۋاقتىدا ئالالىشىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرت؛

(3) ئامانەت پۇل مەڭگۈ شەخسنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولۇش سىياسىتىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ھەر قانداق كىشى ياكى ھەر قانداق ئورۇننىڭ «تەڭشەپ، يۆتكەپ كېتىشى» گە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش شەرت؛

(4) مادىي نەرسە پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى بېجىرىشكە، ئامانەت پۇل، قەرز پۇلدىن پايدىلىنىپ دېھقانلارنى گۆشنى ـ ئەترەتلەرگە مەبلەغ سېلىشقا سەپەرۋەر قىلىشقا، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى تالونىنى گۆشنى ـ ئەترەتلەر ئېلىپ كېتىپ، مائاش ئورنىدا تارقىتىپ ياكى دارامەت ئورنىدا تەقسىم قىلىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە مەجبۇرلاشقا يول قويۇلمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى بېجىرگەن يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇلنىڭ تۈرلىرى:

(1) يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتى، قەرەللىك پۇل ئامانىتى، قەرەلسىز پۇقرالار پۇل ئامانىتى، پارچە قويۇپ پۈتۈن ئالىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىدىن ئىبارەت تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ. قەرەللىك پۇقرالار پۇل ئامانىتى بىر يىللىق، ئىككى يىللىق، ئۈچ يىللىق، بەش يىللىق دەپ ئايرىلىدۇ؛ پارچە قويۇپ توپ ئالىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى بىر يىللىق، ئىككى يىللىق، ئۈچ يىللىق دەپ ئايرىلىدۇ.

(2) يېزا ئامانەت پۇلى قەرەلسىز ئامانەت پۇل، قەرەللىك ئامانەت پۇل دەپ ئايرىلىدۇ. قەرەلسىز ئامانەت پۇل ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە قىسمەن يېزا بازار كارخانىلىرىنىڭ ۋاقىتلىق قويغان ئامانەت پۇلىدىن ئىبارەت؛ قەرەللىك ئامانەت پۇل ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ياكى ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتىنىڭ بىر يىللىق ياكى يېرىم يىللىق ئامانەت پۇلىدىن ئىبارەت. قەرەللىك ئامانەت پۇلى بار ئورۇنلار بانكا ياكى ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرىدىن پۇل قەرز ئېلىشقا بولمايدۇ. يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە يېزا ئامانەت پۇللىرىنىڭ پەسىلچانلىقى بىر قەدەر كۈچلۈك. 1957 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى تەستىقلاپ تارقاتقان خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ ئالدىن يولغا قويغان تەقسىماتى ۋە ئومۇمىي تەقسىماتىغا بىرلەشتۈرۈپ، يېزىلاردا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى قانات يايدۇرۇش، ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرى تارقاتقان قەرز پۇللارنى يىغىۋېلىش توغرىسىدىكى دوكلاتى» دا

ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىدىن دېھقان ـ چارۋىچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ تەقسىمات خىزمىتىگە ياردەملىشىپ، يېزىلاردا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى توپلاش ۋە قەرز پۇلنى يىغىۋېلىش تەلەپ قىلىندى. دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ «ئاۋۋال سېتىش، ئاندىن كېيىن تەقسىم قىلىش» ئەھۋالىغا ئاساسەن، يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇل خىزمىتى ئىككى قەدەمگە ئايرىپ ئىشلەندى: بىرىنچى قەدەمدە، دېھقانچىلىق كوپېراتىپى ئاشلىق ساتقان مەزگىلدە، دېھقانچىلىق كوپېراتىپىنىڭ تەقسىم قىلىش ئالدىدا تۇرغان مەبلىغىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى يېزا كوللېكتىپ ئامانەت پۇلى قىلدى. ئىككىنچى قەدەمدە، دېھقانچىلىق كوپېراتىپىنىڭ تەقسىمات باسقۇچىدا كوپېراتىپ ئەزالىرىنى شەخسىي پۇقرالار پۇل ئامانىتى قويۇشقا پائال جەلپ قىلدى. بارلىق خىزمەتتە شەخسلەرنىڭ پۇل ئامانىتىنى قوبۇل قىلىش نۇقتا قىلىندى. 1956 ـ يىلى كوپېراتىپ، ئەترەتلەرنىڭ ئومۇمىي تەقسىمات مەزگىلىدە يېزا ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى 17 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى قانات يايدۇرۇش جەريانىدا بەزى مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. بەزى كوپېراتىپ، ئەترەت كادىرلىرى كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى ھېساب دەپتىرىنى مەجبۇرىي يوسۇندا تەكشۈرۈپ كۆرگەن ھەمدە ئامانەت تالونىنى مەجبۇرىي تارتىۋېلىپ، ئامانەت پۇلنى چوڭ ئەترەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىشقا بېرىۋەتكەن؛ دېھقانلارغا دارامەت تەقسىم قىلىنغاندا بەزى ئامانەت ـ قەرز شۆبە بۆلۈمى (ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى) پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە زورمۇزور پۇل تۇتۇپ قېلىپ، قەرەللىك پۇل ئامانەت تالونى كېسىپ بەرگەن؛ بەزى گۇڭشې، ئەترەتلەر يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل ۋە ئامانەت قەرز شۆبە بۆلۈمىنىڭ مەبلەغلىرىنى يىل ئاخىرقى تەقسىماتقا ۋە تۆلەش ـ قايتۇرۇشقا ئىشلەتكەن، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن «يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» (سىناق لايىھىسى) نى تەستىقلاپ تارقاتقاندىن كېيىن سىياسەتكە خىلاپ يۇقىرىقىدەك ھادىسىلەر پەيدىنپەي تۈزىتىلدى.

1979 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «يېزا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تۆۋەنگە تارقىتىپ، ئۇنىڭدا مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) ئىدىيىۋى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ھەر قايسى ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكىلارنىڭ ھەممىسىدە بىر نەپەر بانكا باشلىقى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتىنى باشقۇرۇش ھەمدە يېزىلارنىڭ ئۈچ يىللىق پۇقرالار پۇل ئامانىتى پىلانىنى مۇزاكىرە قىلىپ تۈزۈپ چىقىش؛ (2) پۇقرالار پۇل ئامانىتى مەنبەسىنى ئېچىش، يىل بويى ئامانەت توپلاش، يېزىلاردا گۇڭشې ئەزالىرىغا دارامەت تەقسىم قىلىش بىر قەدەر مەركەزلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، دارامەت تەقسىماتىغا بىرلەشتۈرۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ باياشات پەسلىنى ۋە چوڭ سوممىلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى چىڭ تۇتۇش، شۇنىڭ بىلەن تەڭ يىل بويى ئاز سوممىلىق پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى چىڭ تۇتۇش؛ (3) مۇلازىمەت ئاپپاراتلىرىنى تەڭشەش، تور، نۇقتىلارنى كۈچەيتىپ تەسىس قىلىش؛ (4) سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش؛ (5) تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. شۇنىڭدىن كېيىن نۇرغۇن ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى يىل بويى تىجارەت بۆلۈمىنى قەتئىي ئاچتى. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كۆپ قىسمى بازار كۈنى مۇلازىمەت قىلىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتى سېپىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن 1980 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى توقسۇن ناھىيىسىنىڭ يېزىلاردا پۇقرالار پۇل ئامانىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ يىل بويى پۇقرالار پۇل ئامانىتى توپلاش؛ پۇقرالار پۇل ئامانىتى تەشۋىقاتىدا نىشانلىق ئوق ئېتىش؛ مۇلازىمەتنى كۈچەيتىپ پۇل ئامانەت قويۇش ۋە قەرز ئېلىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش؛ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ مالىيە مەنبەسىنى ئېچىشتىن ئىبارەت تەجرىبىسىنى كېڭەيتتى.

1982 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزىلاردا پۇقرالار پۇل ئامانىتى خىزمىتىنى سېلىشتۇرۇپ،

باھالاپ كۆزىتىش ئەزالىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى قالدۇقى بويىچە ئالدىنقى ئۈچ ئورۇندا تۇرغان قورغاس ناھىيىسى، ئۈرۈمچى ناھىيىسى، ساۋەن ناھىيىسى ۋە ئۈرۈمچى ناھىيىسىنىڭ ئەنىنھۇي ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ چىڭشۈيخوزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، بورتالا ناھىيىسىنىڭ شويگېن ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنى باھالاپ چىقتى. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ئەزالىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە پۇقرالار پۇل ئامانىتى بويىچە ئالدىنقى ئۈچ ئورۇننى ئىگىلىگەن ئارشاڭ ناھىيىسى، چاغانتوقاي ناھىيىسى، جىڭ ناھىيىسى ۋە قورغاس ناھىيىسى موڭغۇر ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، قورغاس ناھىيىسىنىڭ ئىچىغاش ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنى باھالاپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇدا بىر قانچە يىل سېلىشتۇرۇپ باھالىدى. 1985 ـ يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىغا قويۇلغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇلنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 553 مىليون 770 مىڭ يۈەنگە يېتىپ (بۇنىڭ ئىچىدە پۇقرالار پۇل ئامانىتى 390 مىليون 180 مىڭ يۈەن)، ئامانەت پۇل سوممىسى 1978 ـ يىلدىكىدىن 1.22 ھەسسە، كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى 5.8 ھەسسە كۆپەيدى.

1984 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى جەلب قىلغان پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت پۇلدىن يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندى تاپشۇرۇشقا باشلىدى. يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى تاپشۇرىدىغان ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندىنىڭ نىسبىتى ئۆلكە بويىچە تەكشۈرۈلىدۇ. %30 تىن تۆۋەن بولۇشقا بولمايدۇ» دەپ بەلگىلىدى.

## 2. قەرز پۇل كەسپى

ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ قەرز پۇل تۈرى ئوخشاش بولمىغان مەزگىل، ئوخشاش بولمىغان مەبلەغ كۈچى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسەن بېكىتىلدى.

كوپېراتىپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئاساسەن قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1952 ـ يىل 7 ـ ئايدا، خەلق بانكىسى «كرېدىت ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار» دېگەن ئۇقتۇرۇشتا: ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى ياكى كرېدىت ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرى ئارقىلىق كوپېراتىپ ئەزالىرى ۋە ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرىغا تارقىتىلغان قەرز پۇل، ئاساسەن دېھقانچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، يېزا قول سانائىتى ۋە يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش، توشۇش، سېتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەبلەغ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. قەرز پۇل مۇددىتىنى كوپېراتىپ، ھەمكارلىق گۇرۇپپا بەلگىلەيدۇ. ئادەتتە ئۈچ ئايدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ 1953 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈندىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئوبوروت قەرز پۇلى ئاساسەن دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ قوشۇمچە كەسىپ، ترانسپورت ۋە قول سانائىتى ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىقتىسادىي كىرىمنى كۆپەيتىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغىنى جۇغلىشىغا ياردەم بېرىشكە ئىشلىتىلدى. دېھقان ـ چارۋىچىلار ئىچىدىكى نامرات ئائىلىلەر ۋە لايىقۇتلىنىش تەشكىلاتلىرى قەرز پۇل بېرىشنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى قىلىندى. دېھقانچىلىق ـ چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان سودا ـ سانائەت (يېزا) كىمۇ مۇۋاپىق قەرز پۇل بېرىلدى. قىسقا مۇددەتلىك ئوبوروت قەرز پۇلىنى ئادەتتە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى تارقاتتى، مەبلەغ يېتىشمىگەندە بانكا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى ئارقىلىق تارقاتتى. مۇددىتى ئومۇمەن يېرىم يىلدىن ئاشمىدى، ئۆسۈم نىسبىتى 7.5 لى بولدى.

1957 ـ يىل 11 ـ ئايدا «خەلق شۆبە بانكىسى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە بۇ ھەقتىكى پىكىر»نى تارقاتقاندىن كېيىن، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى دېھقانلارنىڭ مەبلەغكە بولغان

ئېھتىياجى ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ مەبلەغ كۈچىگە ئاساسەن، ئادەتتە ئالدى بىلەن ئۇزۇقلۇق ئاشلىق ۋە داۋالىنىش قەرز پۇلىنى ھەل قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدى. ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان تۇرمۇش قەرز پۇلىنى مۇۋاپىق قىسقارتتى (ئىسراپچىلىققا ياتىدىغان ئىشلارغا قەتئىي قەرز بەرمىدى). كوللېكتىپ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەزالارنىڭ قوشۇمچە كەسپىنى پائال قەرز پۇل بىلەن تەمىنلەپ قوللىدى؛ مەبلەغ ئېشىنچىسى بار ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بانكىنىڭ بىر تۇتاش يېتەكچىلىكىدە، دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىغا ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى ۋە بىر يىل ئىچىدە قايتۇرۇپ كېتەلەيدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مۇۋاپىق يوسۇندا قەرز پۇل (ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى) تارقاتتى. ئۇزاق مۇددەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پرىنسىپ جەھەتتە پۇل قەرز بېرىلمىدى.

1959 - يىل 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈمى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى ۋە باشقۇرۇش رايونلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۆز تەۋەلىكىدىكى رايونلارنىڭ ئامانەت - قەرز پۇل كەسپىنى بىر تۇتاش بېجىردى. كەسىپ دائىرىسى مۇنداق بولدى: (1) ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، باشقۇرۇش رايونى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ ئامانەت پۇل ۋە ئەزالارنىڭ شەخسىي پۇل ئامانىتىنى بېجىرىش؛ (2) دۆلەتنىڭ كرېدىت سىياسىتى بويىچە، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، باشقۇرۇش رايونى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە كۈچسىز ئەزالىرىغا شەخسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش قەرز پۇلى تارقىتىشتىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بېرىدىغان قەرز پۇل تەدرىجىي يوسۇندا كوللېكتىپقا قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، كوللېكتىپقا بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى ئەزالارغا بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقىدىن ئېشىپ كەتتى ھەمدە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بەرگەن قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ 53 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. دېمەك ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى.

بەزى گۇڭشې - دۈيلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز يوسۇندا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ مەبلىغىنى ئىگىلىۋېلىش ۋە بەزى دۆلەت كادىرلىرىنىڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ مەبلىغىنى ئىشلىتىۋېلىپ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنى ئامانەت پۇلنى چىقىم قىلىپ بېرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇش مەسىلىسىنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى 1962 - يىل 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ خىزمىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا: ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئاساسلىق كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ شەخسىي قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بېرىش، ئادەتتە كوللېكتىپقا قەرز پۇل بەرمەسلىك، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق مەبلەغنى بانكا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى بىلەن ھەل قىلىش بەلگىلەندى. تۆۋەندىكى ئەھۋالدا ئامانەت قەرز كوپېراتىپى پۇل قەرز بەرمىدى: (1) دۆلەت ئورگانلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، كارخانا كەسپىي ئورۇنلار، تەمىنات - سودا كوپېراتىپى، قول سانائەت بىرلەشمىسى ۋە دۆلەت كادىرلىرى؛ (2) بەشتە كاپالەتلىك ئائىلە، قۇتقۇزۇش بېرىلىدىغان ئائىلىلەر؛ (3) ئاساسىي قۇرۇلۇش، تەقسىمات، باج تاپشۇرۇش، تۆلەپ قايتۇرۇش ۋە مائاش پاراۋانلىق قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدە بولمىغان چىقىملار؛ (4) سودا ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى ئىسراپچىلىققا ياتىدىغان چىقىملار، (5) بازارلاردىن قىممەت باھادا ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش. 1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقى ئارقىلىق بېسىپ تارقىتىلغان «يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» (سىناق لايىھىسى) توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىرىدە: «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى دېھقانلارغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىشتا، ئەگەر مەبلىغىدە ئېشىنچە بولسا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ئۈچۈن بىر قىسىم قىسقا مۇددەتلىك ئوبوروت قەرز پۇلى تارقاتسا بولىدۇ، لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزدا قىسقا مۇددەتلىك دېھقانچىلىق قەرز پۇل مەبلىغى يېتەرلىك بولۇۋاتقان ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان

قەرز پۇل دۆلەتنىڭ دېھقانچىلىق قەرز پۇلىدىن ھەل قىلىنىشقا بولىدۇ. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئادەتتە كوللېكتىپقا قەرز پۇل بەرمەسلىكى كېرەك. ئايرىم جايلاردا ئەگەر ھەقىقەتەن تارقىتىشقا توغرا كەلسە بانكىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق، بانكا تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىشى شەرت» دەپ كۆرسىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى يەنىلا شەخسلەرگە قەرز پۇل بېرىشنى ئاساس قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى. 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى بەرگەن قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقىنىڭ 55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە %85 كە كۆتۈرۈلدى. شۇ مەزگىلدە قەرز پۇل بېرىشتە كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنى يۆلەش ئاساس قىلىندى.

1965 - يىلى 5 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى جەمئىي نامىسىدە كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنى يۆلەش خىزمىتى بويىچە نەق مەيدان خىزمەت يىغىنى ئېچىپ ئىدىيە - سىياسىي جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن ئىقتىسادىي ياردەمنى بىرلەشتۈرۈش، سىياسىي ئىدىيە جەھەتتىن رىغبەتلەندۈرۈشنى ئاساس قىلىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش بىلەن دۆلەت ۋە كوللېكتىپنىڭ ياردىمىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنى ئاساس قىلىش؛ كوللېكتىپ تەقسىمات كىرىمىگە تايىنىش بىلەن ئائىلە كىرىمىنى كۆپەيتىشنى بىرلەشتۈرۈش، كوللېكتىپ تەقسىمات كىرىمىگە تايىنىشنى ئاساس قىلىش؛ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دېھقانچىلىق ئىشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن قەرز پۇل ئارقىلىق مەدەت بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى دېھقانچىلىق ئىشىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش بىلەن تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت بەشنى بىرلەشتۈرۈش، بەشنى ئاساس قىلىش بويىچە نامراتلارنى يۆلەش تەجرىبىسى كېڭەيتىلدى. 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرى كوپېراتىپ ئەزالىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى يېڭىباشتىن ئۆرلەپ %90.8 كە يەتتى. 1970 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپ ئەزالىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدىن بېرىلگەن قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقىدا ئىگىلىگەن سالمىقى ھەر يىلى %80 تىن كۆپرەك ئېشىپ باردى.

1972 - يىلى جايلاردىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى «ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىپ كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەدەت بەردى. كوللېكتىپ قەرز پۇلى پەيدىنپەي كۆپەيدى. 1973 - يىلى 9 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كوللېكتىپقا تارقاتقان قەرز پۇلى جەمئىي 5 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تارقاتقان قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 54 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى كوللېكتىپقا بەرگەن قەرز پۇل نىسبىتى يەككىلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ ھال ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بېرىش جەھەتتە تېخىمۇ ئاكتىپ رول ئوينىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئامانەت قەرز كوپېراتىپى كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقاتقاندا، ئادەتتە بانكا بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن مەبلەغ كۈچىگە ئاساسەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۆز ئارا ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ ئىشلىدى.

1977 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئۇسكۈنە قەرز پۇلى تارقاتقاندا ئۇسۇم پەرقى جەھەتتە ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىش، يېزا ئىگىلىكتە داجەيدىن ئۆگىنىش، داجەي ناھىيىسىنىڭ تەجرىبىسىنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئاممىۋى ھەرىكەت جەريانىدىكى ئاكتىپ رولىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى

ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنىلىرى قەرز پۇلى تارقىتىشتا دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش ئۆسۈم نىسبىتى سىياسىتىنى ئىجرا قىلىش كېرەك، ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 1.8 لى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. بانكىغا يۆتكەپ ئامانەت قويغان پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى بولغان 2.7 لىدىن پەرقلەنگەن 0.9 لى ئۈچۈن بانكا ئۆسۈم پەرقى قوشۇمچە ياردەمى بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تارقاتقان ئۆسكۈنە قەرز پۇلى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. 1975 - يىل گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنە قەرز پۇلى قالدۇقى ئاران 228 مىڭ يۈەن ئىدى. 1980- يىلغا كەلگەندە 3 مىليون 80 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 13 ھەسسىدىن ئارتۇق كۆپەيدى. 1980- يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تارقاتقان قەرز پۇل قالدۇقى 29 مىليون 710 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپقا بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى 54.5% نى ئىگىلەپ، يەككىلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقىدىن ئېشىپ كەتتى.

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ 1981 - يىل 2 - ئايدىكى «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپ خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىر» دە: ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تارماق بانكىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلگەن يىللىق كرېدىت پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، يېزىلارنىڭ نورمال كرېدىت ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەبلەغنى ئىمكان قەدەر تولۇق ئىشقا سېلىشى كېرەك. ئومۇمەن دۆلەت سىياسىتىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ۋە قەرز پۇل يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن بولغان، ئىقتىسادنى تەڭشەشكە پايدىلىق بولغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى، قەرز پۇلنى ئۆز قەرەلىدە قايتۇرالايدىغان گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكلىرى، گۇڭشې، ئەترەتلەر كوللېكتىپ باشقۇرغان ھەر قايسى كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئامانەت - قەرز كوپېراتىپ ئەزالىرى، يەككە سودا - سانائەتچىلەر ۋە يەككە ئىگىلىككە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى قەرز پۇل بەرسە بولىدۇ. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى مەبلەغ ئېھتىياجىنى ئىمكان قەدەر ئالدى بىلەن قاندۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ ۋە گۇڭشې ئەترەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى، كۆچمە مەبلەغ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنە مەبلىغى بازارلاردىكى يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى ۋە يەككە ئىگىلىك ئائىلىلىرىنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىنى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى قانچىلىك ئۈستىگە ئالالىسا شۇنچىلىك ئۈستىگە ئالسا، قانچە تورنى ئۈستىگە ئالالىسا شۇنچە تورنى ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ، كىمگە قەرز بېرىشنى، قانچىلىك قەرز بېرىشنى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئۆزى بەلگىلىسە بولىدۇ. مەبلەغ ئېشىنچىسى بار ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى رايون ھالقىپ قەرز پۇل بەرسىمۇ بولىدۇ. كوللېكتىپ كارخانىغا سىناق تەرىقىسىدە مەبلەغ سالسىمۇ بولىدۇ دەپ كۆرسەتكەنىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ مەبلەغ ئىشلىتىش دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى.

1983 - يىلدىن كېيىن يېزىلاردا مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئومۇملىشىشى، مۇقىملىشىشى، مۇكەممەللىشىشى ۋە دېھقانلار ئائىلە قوشۇمچە كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ يېزىلاردىكى قوش ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە (نۇقتىلىق ئائىلە) لەر تەدرىجىي يوسۇندا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى قەرز پۇل بېرىدىغان ئاساسلىق ئوبيېكتقا ئايلاندى. 3- ئاينىڭ 23- كۈنى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى قوش ھۆددىگەر ئائىلە (نۇقتىلىق ئائىلە) لەرگە قەرز پۇل بېرىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئالغۇچى ئائىلە، ھۆددىگەر ئائىلە، ھۆددىگەر كەسپىي ئائىلە (نۇقتىلىق ئائىلە)، شەخسىي تىجارەت قىلىدىغان كەسپىي ئائىلە (نۇقتىلىق ئائىلە) لەر قەرز بېرىش ئوبيېكتى قىلىنىدۇ؛ قەرز پۇل دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن كېتىدىغان ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنە ئېھتىياجى، سىياسەت رۇخسەت قىلغان دائىرىدىكى سانائەت، سودا، ترانسپورت، مۇلازىمەت قاتارلىق كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ كۆچمە مەبلەغ ئېھتىياجى ۋە كىچىك تىپتىكى ئۆسكۈنىلەرگە كېرەكلىك مەبلەغ ئېھتىياجى ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى جەھەتتىكى نورمال ئېھتىياجلارغا

ئىشلىتىلمىدۇ؛ ئۆسۈم نىسبىتى جەھەتتە ئايلىق ئۆسۈمى 4.8% تىن 9% كىچە بولىدۇ؛ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ۋە تۇرمۇش قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى ئادەتتە بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئۈسكۈنە ۋە ئۆي سېلىش قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى ئادەتتە ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ دەپ بەلگىلەندى. بۇ ۋاقىتلىق بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن يەككىلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ سالمىقى يەنىمۇ ئۆرلىدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرى يەككىلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇل قالدۇقى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى تارقاتقان قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ 89 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى كوللېكتىپقا بېرىدىغان قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ سالمىقى 1980 - يىلدىكى 55.3% تىن 11% كە چۈشتى.

**ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 1952 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە ھەر قايسى مەزگىلدىكى قەرز پۇل سېلىنما يۆنىلىشى**

جەدۋەل: 6 - 11

| ئۆرلەر / مەزگىل نىسبىتى | يەككە ئىگىلىك قەرز پۇلى | كوللېكتىپ قەرز پۇلى |
|---|---|---|
| 1952 — 1956 | 70% | 30% |
| 1957 — 1961 | 47% | 53% |
| 1962 — 1971 | 80% | 20% |
| 1972 — 1980 | 45.5% | 54.5% |
| 1981 — 1985 | 89% | 11% |

بۇنىڭدىن باشقا، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى يەنە «پاتقاق گازى قەرز پۇلى» تارقاتتى. 1983 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يېزىلاردىكى پاتقاق گازىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان قەرز پۇل توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىدا: پاتقاق گازى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى 1.2 لىغا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، ئىلگىرىكى ئۆسۈم نىسبىتىدىن كېمىيىپ كەتكەن ئۆسۈم كىرىمىنى دۆلەت پىلان كومىتېتى ئېنېرگىيە تېجەشكە ئاجرىتىلىدىغان پۇل ئىچىدىن ئاجرىتىپ بېرىدۇ. يەنى كوللېكتىپ ئىشلەتكەن قىسمىنىڭ ئۆسۈم پەرقى ئۈچۈن 1.2 لى، شەخسىي ئىشلەتكەن قىسمىنىڭ ئۆسۈم پەرقى ئۈچۈن 2.7 لىدىن تولۇقلاپ بېرىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەنىدى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تارقاتقاندىن كېيىن، يېزا ئىگىلىك بانكىسى پاتقاق گازى قەرز پۇلى تارقىتىشنى توختاتتى. پاتقاق گازى قەرز پۇلىنىڭ شىنجاڭدا تارقىتىلغان ۋاقتى قىسقا، سوممىسى ئاز بولدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قالدۇقى ئاران 12 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1985 - يىلى پۈتۈنلەي قايتۇرۇۋېلىندى.

## 3. ۋاكالەتچىلىك كەسپى

### 1) ئېلېكترلەشكەن يۇقىرالار پۇل ئامانىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش

1958 - يىل 8 - ئايدا مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ سەندوبا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى «ئېلېكترلەشكەن» يۇقىرالار پۇل ئامانىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ شۇ جايدىكى ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مەبلەغ توپلاپ بەردى. 1960 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى بۇ خىلدىكى يۇقىرالار پۇل ئامانىتىنى يولغا قويۇشتا

ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ماقۇللىقىنى ئېلىشى، ئۇنى گۇڭشې يولىغا قويۇش ۋە باشقۇرۇشى، ئامانەت قەرز بۆلۈمى (بانكىنىڭ تىجارەت پونكىتى) كونكرېت بېجىرىپ مەخسۇس ھېساب بويىچە باشقۇرۇشى لازىم. مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىش، ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈمى ئامانەت پۇلنى ۋاكالىتەن جەلپ قىلىپ، چىقىم قىلىش لازىم دەپ بەلگىلىدى. ئامانەت - قەرز بۆلۈمى گۇڭشې پارتكوم كۆرسەتكەن ئوبيېكتى ۋە ئىشلىتىش ئورنى بويىچە قەرز پۇل تارقاتتى. «ئېلېكترلەشكەن پۇقرالار پۇل ئامانىتى» توپ قويۇپ توپ ئېلىش ۋە پارچە قويۇپ توپ ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، مۇددىتى ئەڭ قىسقا بولغاندا بىر يىل بولدى. ئۆسۈم نىسبىتى بانكىنىڭ شەھەر - بازارلاردىن قوبۇل قىلىدىغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈمى بىلەن ئوخشاش بولدى. ئوبيېكتى گۇڭشې ئەزالىرى بىلەنلا چەكلەندى؛ دۆلەت كادىرى، زاۋۇت، كان - كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ۋە شەھەر ئاھالىلىرىگە قەرز پۇل بېرىلمىدى.

2) گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئامانەت پۇلىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش

گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئامانەت پۇلى ۋە ئارىلىقى بانكىغا بىر قەدەر يىراق بولغان قىسمەن ئىدارە، تەشكىلات، مەكتەپلەرنىڭ ئامانەت پۇلى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىلدى. شۆبە بانكىنىڭ 1962 - يىل 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى بەلگىلىمىسى بويىچە ئۇنىڭ رەسمىيەت ھەققى ئايلىق ئامانەت پۇل ئوتتۇرىچە قالدۇقىنىڭ ئىككى پىرسەنتى بويىچە ھېسابلىنىپ ئېلىندى.

3) زايومنى ۋاكالىتەن تېگىشىپ بېرىش

دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ زايوملىرىنى تېگىشىپ بېرىش خىزمىتىنى ۋاكالىتەن بېجىرگەندە، ئالدى بىلەن بانكىدىن ئوبوروت فوندى ئېلىپ، تېگىشىپ بېرىش خىزمىتى ئاياقلاشقاندىن كېيىن، بانكا %1 بويىچە رەسمىيەت ھەققى بەردى.

4) ئاپەت رايونلىرىغا ئوزۇقلۇق ئاشلىق ئۈچۈن ۋاكالىتەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل تارقىتىش ۋە يىغىۋېلىش

1963 - يىلى خەلق باش بانكىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۈچۈن 500 مىڭ يۈەن ئۆسۈمسىز قەرز پۇل فوندى ئاجرىتىپ بەردى. بۇ قەرز پۇلنى يىغىۋالغاندىن كېيىن ئوبوروت قىلىپ داۋاملىق ئىشلىتىشكە بولاتتى. خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى ۋىلايەت، بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيىلەردىكى ئاپەت يۈز بەرگەن رايونلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلىنى كۆرسەتكۈچ بويىچە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. يەنى ھەر يىلىنىڭ بېشىدا جايلاردىكى ئاپەت ئەھۋالىغا ئاساسەن كۆرسەتكۈچنى ھەر قايسى ۋىلايەت، بىۋاسىتە قاراشلىق ناھىيىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىلار يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرىدىن ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا يوليورۇق سورىدى. يىل ئاخىرىدا كۆرسەتكۈچ بىكار قىلىندى. ئاپەت رايونلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ئۆسۈمسىز قەرز پۇلى شەخسلەرگە بىۋاسىتە قەرز بېرىلدى. ئۇنى ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى بانكىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە تارقىتىپ، ئالدى بىلەن كەمبەغەل تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى، ئالدىنقى يىللىق قەرز پۇل قالدۇقى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن داۋاملىق ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلدى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ۋاكالىتەن تارقاتقان ئاپەت رايونلىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلىنىڭ رەسمىيەت ھەققى قەرز پۇلنى تارقاتقان ۋاقىتتا %3، قايتۇرۇۋالغاندا %5 بولدى. 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 338 مىڭ يۈەن بولدى، 1967 - يىلى ئىشلىتىشكە بولىدىغان مەبلەغ ئاران 162 مىڭ يۈەن بولۇپ، تۆۋەنكە ئاجرىتىپ بېرىلگەن 1.30 مىڭ يۈەندىن باشقا، شۆبە بانكىدا ئاران 32 مىڭ يۈەن زاپاس پۇل قالغانىدى. 1967 - يىلدىن كېيىن بۇ خىل كەسىپ پەيدىنپەي توختىتىلدى.

5) كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا ۋە قىيىنچىلىقى بار نامرات چارۋىچىلارغا ئۆسۈمسىز قەرز پۇل تارقىتىشنى ۋاكالىتەن بېجىرىش

1963 - يىلى 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ۋە قىيىنچىلىقى بار چارۋىچىلارغا قەرز پۇل بېرىشتە مەبلەغ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش

ئۈچۈن، خەلق شۆبە بانكىسى جايلارنىڭ قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىدىن بىر قىسىم پۇلنى ئاجرىتىپ مەخسۇس پۇل سۈپىتىدە، مەبلەغ قىيىنچىلىقى بار ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋە قىيىنچىلىقى بار چارۋىچىلارغا ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش قەرز پۇلى تارقىتىشىغا مەدەت بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ خىل قەرز پۇلغا بانكا ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىدىن ئۆسۈم ئالمىدى. ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرى قەرز تارقاتقاندا ئەھۋالغا قاراپ ئايلىق ئۆسۈمىنى %2.4 دىن %3 كىچە بولغان دائىرىدە ئالدى. قەرز پۇل مۇددىتى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولدى. مەخسۇس پۇل مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىلدى. 1965 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يەنە بۇ خىل قەرز پۇل ئاساسەن كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋە نامرات چارۋىچىلارنىڭ قىيىنچىلىقى كۆپ، ئەمما ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىنىڭ مەبلەغ قىيىنچىلىقى بار بولغان نامرات، چېگرا رايونلاردا نۇقتىلىق ئىشلىتىلىدۇ؛ تەڭ تەقسىمات قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ؛ ئۇنى بانكا ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ۋاكالىتەن تارقىتىشىغا ھاۋالە قىلىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. بۇ خىل قەرز پۇلغا بانكا ۋە ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى ئۆسۈم ئالمىدى. شۆبە بانكىنىڭ ئىلگىرىكى ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرى ھەر ئايدا %2.4 تىن %3.6 كىچە ھەجىم ئىچىدە ئۆسۈم ئالىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بانكا ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىدىن ئۆسۈم ئالمايدىغان ئامانەت - قەرز كوپىراتىپىغا رەسمىيەت ھەققى بەرمەيدىغان بولدى.

بۇ خىلدىكى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئۈچۈن 1963 - يىلدىن 1967 - يىلغىچە ھەر يىلى 500 مىڭ يۈەندىن 600 مىڭ يۈەنگىچە پۇل ئاجرىتىلدى. 1967 - يىلى ئەڭ ئاز ئاجرىتىلغان يىل بولۇپ، ئاران 200 مىڭ يۈەن ئاجرىتىلدى. بەش يىل ئىچىدە جەمئىي 2 مىليون 300 مىڭ يۈەنلىك كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈلدى. 1966 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قالدۇقى 1 مىليون 585 مىڭ يۈەندى، 1984 - يىلى بۇ پۇل نامراتلارنى يۆلەش قەرز پۇلى دەپ ئاتالدى. 1985 - يىلدىكى قالدۇقى 640 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

6) باشقا كەسپلەرنى ۋاكالىتەن بېجىرىش

(1) بانكىغا ۋاكالىتەن مال سېتىش ئارقىلىق يىغىۋېلىنغان پۇلنى تاپشۇرۇۋالدى. سېتىۋېلىش راسچوتى ۋە نەق پۇل باشقۇرۇشنى ۋاكالىتەن بېجىردى.

(2) يېزا ئىگىلىكىگە پۇل ئاجرىتىش ۋە خەلق ئىشلىرى خىراجىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش. پۇل ئاجرىتىش خىزمىتى ئىشلەندى. بۇ خىل كەسپتە خىراجەتنى تەقسىملەش يولغا قويۇلدى. رەسمىيەت ھەققى تەقسىملەنگەن خىراجەتكە كىرگۈزۈلۈپ، رەسمىيەت ھەققى ئايرىم بېرىلمىدى.

(3) باشقا ئورۇنلار ھاۋالە قىلغان تاپشۇرۇۋېلىش، بېجىرىش كەسپى ۋاكالىتەن يولغا قويۇلدى. مەسىلەن: سۇ، توك پۇلى، ماشىنىدا تېرىقچىلىق قىلىش ھەققى قاتارلىقلار ۋاكالىتەن تاپشۇرۇۋېلىنىپ، ئۇنىڭدىن مەلۇم رەسمىيەت ھەققى ئېلىندى.

(4) بانكا ھاۋالە قىلغان باشقا خىزمەتلەر. مەسىلەن: دېھقانچىلىق قەرز پۇلىنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەر بېجىرىلدى.

## 4. گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش

خەلق باش بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى 1956 - يىل 2 - ئايدا «ئامانەت قەرز كوپىراتىپىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» دېگەن ھۆججىتىدە: ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىش، جازانىخورلۇقنى يوقىتىش ۋەزىپىسى ئۆزگەرمىگەندىن سىرت يېزا ئىگىلىكىنىڭ كوپىراتىپلىشىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاشنى تەكىتلەش كېرەك. كونكرېت ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى بانكىغا ماسلىشىپ دېھقانچىلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ بوغالتىرلىقىغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت دەپ كۆرسەتكەنىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرى دېھقانچىلىق كوپىراتىپلىرىنىڭ بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا باشلىدى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىلەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق مىنىستىرلىكى 1982 - يىل 7 - ئايدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاساسلىق باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان گوڭشې - ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى قارار قىلغانىدى. 1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى گوڭشې، ئەترەتلەرنىڭ بوغالتىرىيە يېتەكچىلىك خىزمىتىنى دېھقانچىلىق نازارىتىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىمۇ بوغالتىرىيە يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى پەيدىنپەي توختاتتى.

## 5. بانكا بىلەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كەسپىي ئىش تەقسىماتى

بانكا بىلەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ، بەزىدە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ مەبلەغ كۈچىگە ئاساسەن، بەزىدە قەرز پۇلنىڭ تۈرلىرىگە ئاساسەن ئايرىلدى.

ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە (1952 - 1955 - يىللىرى) مەبلەغ كۈچى ئاجىز بولغاچقا، پەقەت يەككىلەرگىلا قەرز پۇل تارقاتتى، كوللېكتىپقا بېرىلىدىغان قەرز پۇلى ئاساسەن بانكىدىن تارقىتىلدى. 1954 -، 1955 - يىللىرى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى كوللېكتىپقا ئاز مىقداردا قەرز پۇل تارقاتتى، 1955 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا كوللېكتىپ قەرز پۇل قالدۇقى ئاران 50 مىڭ يۈەن ئىدى.

1956 - يىل 2 - ئايدا خەلق باش بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا» دېگەن ئۇقتۇرۇشتا: ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى كوپېراتىپ ئەزالىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىغا پۇل قەرز بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، يېزىلاردىكى مەبلەغنى زور كۈچ بىلەن تەشكىللەپ، بانكىغا ماسلىشىپ نەق پۇلسىز راسچوتنى تەشكىللەش؛ بانكىغا ياردەملىشىپ، يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل تارقىتىش؛ بانكىغا ماسلىشىپ دېھقانچىلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ بوغالتىرىيە يېتەكچىلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت دەپ كۆرسىتىلگەنىدى. 1959 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنى قۇرۇش خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا پىكىر» دە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بانكا بىلەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ ئىش تەقسىماتى مەسىلىسىدە، ئومۇمىي روھ مەبلەغنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت يەنى يىل ياكى پەسىل باشلانغاندا دۆلەت بانكىسى بىلەن ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنىڭ ئىشلەتكىلى بولىدىغان مەبلەغ كۈچىنى بىر تۇتاش تەخمىن ھېسابلاپ، جەددىي، جەددىي ئەمەسلىكىنى بىر تۇتاش ئويلىشىپ، مەبلەغ ئىشلىتىش پىلانىنى بېكىتىش كېرەك. مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، جايلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالى، شەرت - شارائىتىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان ئىش تەقسىماتىنى قوللىنىش لازىم؛ ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتى، خىزمەت ئاساسى بىر قەدەر ياخشى، ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنىڭ مەبلەغ كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلىنى كۆپرەك ئۈستىگە ئالىدىغان قىلىشقا بولىدۇ؛ ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتى ۋە خىزمەت شارائىتى ئادەتتىكىدەك بولغان، ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنىڭ مەبلەغ كۈچى ئانچە يېتەرلىك بولمىغان جايلاردا بانكا كوللېكتىپنى تەمىنلەش، ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرى بىر قىسىم كوللېكتىپنى تەمىنلەش، يەنە يەككىلەرنىمۇ تەمىنلەش چارىسى قوللىنىلسا بولىدۇ؛ ئىقتىسادىي شەرت - شارائىتى ناچار، چەت - ياقا جايلاردا ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنىڭ كۈچى ئاجىزراق بولسا بىر تەرەپتىن دۆلەت قەرز پۇلى ئارقىلىق نۆۋەتتىكى ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت مەبلىغى ئېھتىياجىنى ھەل قىلىش، بىر تەرەپتىن ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىگە پائال يېتەكچىلىك قىلىپ ئامانەت پۇل جەلپ قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، مەبلەغ كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك دەپ كۆرسىتىلدى. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈنى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك يېزا پۇل مۇئامىلە كەسپىي يىغىنىدا: (1) ئومۇمەن

كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ شەخسىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىغا ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرى پۇل قەرز بېرىش، بانكا شەخسىي ئەزالارغا بىۋاسىتە پۇل قەرز بەرمەسلىك، ئىلگىرى بانكىدىن شەخسلەرگە بېرىلگەن قەرز پۇلنى ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنىڭ ۋاكالىتەن يىغىۋېلىشىنى ھاۋالە قىلىشقا بولىدۇ؛ ئەگەر بەزى ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنىڭ مەبلىغى يېتىشمەي شەخسىي ئەزالارغا پۇل قەرز بېرىشنى پۈتۈنلەي ئۈستىگە ئالالمىسا، بانكا ئەھۋالغا قاراپ مەبلەغ جەھەتتە مەدەت بەرسە بولىدۇ؛ (2) ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ئوبوروت قەرز پۇلىنى ئىمكان قەدەر ئالدى بىلەن ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرى تارقاتسا بولىدۇ. مۇنداق بولغاندا بانكىنىڭ قەرز پۇلنى ئەترەتلەر ئوتتۇرىسىدا جانلىق تەڭشىگىلى، ھاللىق دۆيلەرگە ئازراق قەرز بېرىپ، نامرات دۆيلەرگە كۆپرەك قەرز بەرگىلى بولىدۇ؛ ئامانەت - قەرز شۆبە بۆلۈملىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئامانەت پۇلنى سەپەرۋەر قىلىپ مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىشنى پارتكوم بەلگىلىگەن بولسا، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىپ ئۇزاق مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىشقا بولىدۇ دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1956 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بانكا بىلەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى بويىچە بانكا يەككىلەرگە قەرز پۇل تارقىتىشنى توختىتىپ يەككىلەرگە تارقىتىلىدىغان قەرز پۇلنى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىتى ھەل قىلغاندىن سىرت، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى ئۆزىنىڭ مەبلەغ كۈچىگە ئاساسەن قىسمەن كوللېكتىپ قەرز پۇل تارقىتىش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالدى.

ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقىتىش جەريانىدا سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىش ھادىسى كۆرۈلگەچكە 1962 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقاتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقىتىش (جۇملىدىن گۇڭشې، چوڭ ئەترەت، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى كارخانىلارغا قەرز پۇل تارقىتىش) نى توختاتتى. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەزالارنى ئامانەت قويۇشقا زور كۈچ بىلەن تەشكىللەش؛ بىر قىسىم گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشىتىكى نورمال مەبلەغ ئېھتىياجىنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. (مەبلىغى كۆپ، كادىرلىرىنىڭ سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان ئايرىم ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن نورما ئىچىدە كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقاتسا بولىدۇ) كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقىتىشنى توختاتقان ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىدا ئەگەر مەبلەغ كۆپ بولسا بانكىغا بىر يىللىق قەرەل بىلەن ئامانەت قويسا بولىدۇ. ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ‰5.4 بويىچە ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر مۇددەتتىن بۇرۇن ئالماقچى بولسا ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى ‰4.2 بويىچە ھېسابلىنىدۇ. 10 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «يېزا - ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئاساسەن ئەزالارغا شەخسىي قوشۇمچە، ئىشلەپچىقىرىش ۋە قىسقا مۇددەتلىك تۇرمۇش قەرز پۇلى تارقىتىشنى، ئادەتتە كوللېكتىپقا قەرز پۇلى تارقاتماسلىقنى، كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشتا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغنى بانكىدىن قەرز ئېلىپ ھەل قىلىشنى تەكىتلىدى. 1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ئېلىپ تارقاتقان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەن ««يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» (سىناق لايىھىسى) گە قوشۇمچە پىكىر» دە: ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئاساسەن دېھقانلارغا قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىدۇ، مەبلەغدە ھەقىقەتەن ئېشىنچىسى بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ئۈچۈن بىر قىسىم قىسقا مۇددەتلىك ئوبوروت قەرز پۇلى تارقاتسا بولىدۇ. لېكىن دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزغا بەرگەن قىسقا مۇددەتلىك يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل مەبلىغى يېتەرلىك بولغاچقا ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ئېھتىياجلىق قەرز پۇل دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىدىن ھەل قىلىنسا، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى ئومۇمەن كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقاتمىسا بولىدۇ. ئايرىم جايلاردا كوللېكتىپقا ھەقىقەتەن قەرز پۇل تارقىتىشقا توغرا كەلسە بانكىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەستىقلىشى ئارقىلىق

ئىجرا قىلىش كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. 1962 ـ يىلدىن 1971 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدە، بانكا بىلەن ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى مۇشۇ چارە بويىچە ئىش تەقسىم قىلىشتى. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى ئاساسەن يەككىلەرگە قەرز پۇل تارقاتتى. بانكا ئاساسەن كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقاتتى.

1972 ـ يىلدىن كېيىن، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى «ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش» باش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە يېڭىۋاشتىن كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقاتتى. 1973 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى كوللېكتىپقا تارقاتقان قەرز پۇل 5 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىدىن تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 54 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپ ئەزالىرىغا بېرىلگەن قەرز پۇل نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى ئاپتونوم رايون بويىچە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشىغا مەدەت بېرىش جەھەتتە ئۆز رولىنى تېخىمۇ پائال جارى قىلدۇردى. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى كوللېكتىپقا قەرز پۇل تارقاتقاندا، ئادەتتە بانكا بىلەن ئورتاق تەكشۈرۈپ، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ مەبلەغ كۈچىگە ئاساسەن، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئىش تەقسىم قىلىپ ئىشلىدى. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قانچىلىك ئۆستىگە ئالالىسا شۇنچىلىك ئۈستىگە ئالدى. 1972 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بانكا بىلەن ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتى قەرز پۇلنىڭ تۈرى بويىچە تەقسىم قىلىشتىن مەبلەغ كۈچىنىڭ چوڭ، كىچىكلىكىگە قاراپ بانكا بىلەن بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىش تەقسىماتىغا ئۆزگەرتىلدى.

1985ـ يىل 8ـ ئاينىڭ 21ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى تارقاتقان باش بانكىنىڭ «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» دا: ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى تەييارلىق فوندىنى تولۇق تاپشۇرغاندىن كېيىن، بانكا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ مەبلەغنى تولۇق ئىشقا سېلىشىغا يول قويۇشى كېرەك، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت قويغان ئادەتتىكى ئامانەت پۇللىرىنى ئېلىشنى چەكلەشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يېزىلاردىكى دۆلەت سودىسى ۋە شېرىك كارخانىلارغا بانكىدىن قەرز پۇل تارقىتىلغاندىن سىرت، باشقا يېزا قەرز پۇللىرىنى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى (مەبلەغ كۈچى بولسىلا) تارقاتسا بولىدىغان بولدى.

**1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭدىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت ـ قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى**

جەدۋەل: 6 ـ 12 (1) بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر | 1952 | 1953 | 1954 | 1955 | 1956 | 1957 | 1958 | 1959 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| شەخسىي ئامانەت پۇل | | 1 | 35 | 201 | 510 | 654 | 1157 | 2856 |
| كوللېكتىپ ئامانەت پۇل | | — | 9 | 86 | 1190 | 1227 | 2700 | 6598 |
| ئامانەت پۇل جەمئىي | | 1 | 44 | 287 | 1700 | 1881 | 3857 | 9454 |
| شەخسىي قەرز پۇل | 1 | 3 | 32 | 195 | 363 | 395 | 303 | 640 |
| كوللېكتىپ قەرز پۇل | | | 2 | 5 | 156 | 170 | 313 | 221 |
| قەرز پۇل جەمئىي | 1 | 3 | 34 | 200 | 519 | 565 | 616 | 861 |

جەدۋەل: 6 ـ 12 (2)

| تۈرلەر | 1960 | 1961 | 1962 | 1963 | 1964 | 1965 | 1966 | 1967 | 1968 | 1969 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كوللېكتىپ ئامانەت پۇلى | 4863 | 7168 | 4766 | 4083 | 5099 | 6312 | 9089 | 8946 | 9055 | 7643 |
| گۇڭشې ـ ئەترەت كارخانىلىرى ئامانەت پۇلى | - | - | - | - | - | - | - | - | - | - |
| ئەزالار ئامانەت پۇلى | 2907 | 3563 | 2234 | 2273 | 2318 | 2706 | 300 | 2634 | 1922 | 1551 |
| باشقا ئامانەت پۇللار | 391 | - | - | - | - | - | - | - | - | - |
| ئامانەت پۇل جەمئىي | 8161 | 10731 | 7000 | 6556 | 7417 | 9018 | 12089 | 11580 | 10977 | 9194 |
| گۇڭشې ـ ئەترەت خىراجەت قەرز پۇلى | 643 | 771 | 553 | 264 | 138 | 141 | 127 | 140 | 165 | 236 |
| گۇڭشې ـ ئەترەت ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | - | - | - | - | - | - | - | - | - | - |
| گۇڭشې كارخانىلىرى ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | - | - | - | - | - | - | - | - | - | - |
| گۇڭشې كارخانىلىرى ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | - | - | - | - | - | - | - | - | - | - |
| ئەزالار قەرز پۇلى | 731 | 684 | 682 | 647 | 786 | 933 | 1192 | 1047 | 1126 | 1370 |
| قەرز پۇل جەمئىي | 1374 | 1455 | 1235 | 911 | 924 | 1074 | 1319 | 1187 | 1291 | 1606 |

جەدۋەل: 6 ـ 12 (3)

| تۈرلەر | 1970 | 1971 | 1972 | 1973 | 1974 | 1975 | 1976 | 1977 | 1978 | 1979 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| كوللېكتىپ ئامانەت پۇلى | 9494 | 9340 | 9877 | 9474 | 11086 | 11664 | 15137 | 16657 | 17404 | 20343 |
| گۇڭشې ـ ئەترەت كارخانىلىرى ئامانەت پۇلى | — | — | — | — | — | — | 136 | 135 | 406 | 1399 |
| ئەزالار ئامانەت پۇلى | 1715 | 1916 | 2210 | 3464 | 4011 | 4494 | 3923 | 4736 | 5780 | 7955 |
| باشقا ئامانەت پۇللار | — | 557 | 796 | 567 | 744 | 801 | 952 | 1149 | 1138 | 1384 |
| ئامانەت پۇل جەمئىي | 1209 | 11813 | 2883 | 13505 | 15841 | 16959 | 20148 | 22667 | 34728 | 30081 |
| گۇڭشې ـ ئەترەت ئۇسكۈنە قەرز پۇلى | 305 | 374 | 326 | 286 | 446 | 467 | 597 | 725 | 970 | 1264 |
| گۇڭشې ـ ئەترەت ئۇسكۈنە قەرز پۇلى | — | 15 | 25 | 19 | 27 | 23 | 53 | 148 | 211 | 249 |
| گۇڭشې كارخانىلىرى ئۇسكۈنە قەرز پۇلى | — | 11 | 17 | 16 | 35 | 10 | 26 | 36 | 105 | 63 |
| گۇڭشې كارخانىلىرى ئۇسكۈنە قەرز پۇلى | — | — | — | — | — | — | — | — | 36 | 35 |
| ئەزالار قەرز پۇلى | 1338 | 1521 | 1445 | 1157 | 1315 | 1295 | 1288 | 1291 | 1187 | 1426 |
| قەرز پۇل جەمئىي | 1643 | 1921 | 1813 | 1478 | 1823 | 1795 | 1964 | 2200 | 2509 | 3037 |

جەدۋەل: 6 ـ 12 (4)

| 1985 | 1984 | 1983 | 1982 | 1981 | 1980 | تۈرلەر |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 9941 | 12975 | 16740 | 22980 | 20967 | 21437 | 1. كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىك ئامانەت پۇلى |
| 2779 | 3090 | 3811 | 2005 | 1465 | 436 | 2. شەھەر بازار كارخانا كەسپىي، ئورۇنلار ئامانەت پۇلى |
| 39518 | 36748 | 27965 | 2235 | 17050 | 12205 | 3. دېھقانلار پۇل ئامانىتى |
| 775 | 3240 | 2979 | – | – | – | 4. كوللېكتىپ قەرەللىك ئامانەت پۇلى |
| 1365 | 1248 | 390 | – | – | – | 5. دېھقانلار ئامانەت پۇلى |
| 999 | 813 | 732 | 408 | 1835 | 1881 | 6. باشقا ئامانەت پۇللار |
| 55377 | 58114 | 52617 | 47628 | 41497 | 35459 | ئامانەت پۇل جەمئىي |
| 1172 | 1554 | 1461 | 1270 | 1304 | 1445 | 1. كوللېكتىپ يېزا ئىگىلىك ئامانەت پۇلى |
| 943 | 841 | 260 | 244 | 243 | 175 | 2. يېزا ـ بازار كارخانا كەسپىي، ئورۇنلار قەرز پۇلى |
| 16055 | 14571 | 3179 | 1706 | 1405 | 1351 | 3. دېھقانلار قەرز پۇلى |
| 1 | – | – | – | – | – | 4. پاتقاق گازى قەرز پۇلى |
| 336 | 348 | 65 | – | – | – | 5. يەككە ئىگىلىك قەرز پۇلى |
| 18506 | 17315 | 4965 | 3220 | 2951 | 2971 | قەرز پۇل جەمئىي |

## 6. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى

خەلق شۆبە بانكىسى 1953 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تارقاتقان خەلق باش بانكىسىنىڭ «ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى مەسىلىسى توغرىسىدا» دېگەن ئۇقتۇرۇشتا: ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ كۆزلىگەن ئەزالىرىنىڭ ئامانەت ـ قەرز پۇللىرىغا بېرىدىغان ئۆسۈم نىسبىتى ئامانەت قويغۇچىلار ۋە قەرز ئالغۇچىلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى تەرەپكە پايدىلىق بولۇش ھەم ئامانەت قەرز كوپېراتىپى مۇۋاپىق ئۆسۈم پەرقىگە ئىگە بولۇش، يېزىلاردىكى مەبلەغنى تەشكىللەشكە ئوڭايلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن مۇۋاپىق بېكىتىلىشى كېرەك. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى بانكىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن سەل يۇقىرى، خۇسۇسىيلارنىڭ ئەركىن قەرز ئۆسۈم نىسبىتىدىن تۆۋەن بولسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. 1953 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت ـ قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى توغرىسىدىكى ئىزاھاتى» دا: ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىغا قويۇلغان ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈمى بانكىنىڭكىدىن يۇقىرىراق بېكىتىلسە، ئەزالارنى پۇل ئامانەت قويۇشقا جەلب قىلىشقا ئاسان بولىدۇ ھەم ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ تارقىتىدىغان قەرز پۇلنى كېڭەيتىپ ئەزالارغا تېخىمۇ كۆپ قولايلىق يارىتىپ بەرگىلى بولىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن.

1965 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى خەلق، يېزا ئىگىلىك باش بانكىلىرى «ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى، قەرز پۇللىرىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» دە: يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى جەلب قىلغان، شەخسلەر ئامانەت قويغان پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى، شەھەر، بازارلاردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىگە سېلىشتۇرما قىلىنىپ بىرلا ۋاقىتتا تەڭشىلىشى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئەزالارغا بېرىدىغان قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىمۇ مۇۋاپىق تۆۋەنلىتىلىشى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 7.2 لىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. تەڭشەلگەن يۇقىرىقى ئۆسۈم نىسبىتى 1965 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ 1965 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىكى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئەڭ يۇقىرىسى ‰7.2، ئادەتتىكىلىرى ‰6، ئەڭ تۆۋىنى ‰2.4 بولغان. ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى جەلب قىلغان پۇقرالار پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بانكىنىڭ پۇقرالار پۇل ئامانىتى ئۆسۈم نىسبىتى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولغان.

1971 ـ يىلدىن كېيىن بانكىدىن بىر تۇتاش بەلگىلەنگەن ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

**ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 1971 - يىل 10 - ئاي ۋە 1980 - يىل 7 - ئايدىكى قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى**

جەدۋەل: 6 ـ 13　　　　بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈمى ‰

| 1971 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | | 1980 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | |
|---|---|---|---|
| تۈرلەر | ئۆسۈم نىسبىتى | تۈرلەر | ئۆسۈم نىسبىتى |
| 1. كوللېكتىپ - ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 3.6 | 1. كوللېكتىپ - ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 3.6 |
| 2. كوللېكتىپ - ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | 1.8 | 2. كوللېكتىپ - ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | 1.8 |
| 3. كوللېكتىپ - ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى | 3.6 | 3. كوللېكتىپ - ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى | 3.6 |
| 4. ئەزالار قەرز پۇلى | 3.6 | 1) ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 3.6 |
| | | 2) باشقا ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | 3.6 |
| | | 3) تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق خاراكتېرىدىكى كارخانىلار ۋە تراكتور پونكىتى، سۇ چىقىرىش، سۇغىرىش پونكىتى، سۇ ئېلېكتر پونكىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى | 1.8 |
| | | 4) دۆلەت، كوللېكتىپ بىرلىشىپ باشقۇرغان كارخانىلار قەرز پۇلى | 4.2 |
| | | 4. كوللېكتىپ ئەزالىرى قەرز پۇلى | 3.6 |

## ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 1980 - يىل 10 - ئاي ۋە 1981 - يىل 1 - ئايدىكى قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى

جەدۋەل: 6 - 14

بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈمى ‰

**1980 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى**

| تۈرلەر | ئۆسۈم نىسبىتى |
|---|---|
| 1. گۇڭشې - ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 3.6 |
| 2. گۇڭشې - ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | 1.8 |
| 3. گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى | |
| 1) ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 3.6 |
| 2) باشقا ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | 3.6 |
| 3) تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق خاراكتېرىدىكى كارخانىلار ۋە تراكتور پونكىتى، سۇ چىقىرىش - سۇغىرىش پونكىتى، سۇ ئېلېكتر پونكىتى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى | 1.0 |
| 4) دۆلەت بىلەن گۇڭشې بىرلىشىپ باشقۇرغان كارخانىلار قەرز پۇلى | 4.2 |
| 4. ئەزالار قەرز پۇلى | |
| 1) ئەزالارنىڭ ئادەتتىكى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش قەرز پۇلى | 3.6 |
| 2) ئەزالارنىڭ قول سانائەت، كەسپىي ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا زۆرۈر ئېھتىياجلىق بولمىغان ئالىي ئىستېمال بۇيۇملىرى، ئۆي سېلىش، توشۇپ سېتىش قاتارلىق قەرز پۇلى | 4.2 |

**1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى**

| تۈرلەر | | ئۆسۈم نىسبىتى |
|---|---|---|
| 1. گۇڭشې - ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | | 3.6 |
| 2. گۇڭشې - ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | | 1.8 |
| 3. گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى | | |
| 1) تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، تراكتور پونكىتى، سۇ چىقىرىش - سۇغىرىش پونكىتى، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى، پاتقاق گازى، تەستىقلانغان كىچىك كۆمۈركان قەرز پۇلى | ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 3.6 |
| | ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى | 1.8 |
| 2) گۇڭشې - ئەترەتلەر باشقۇرغان سانائەت - سودا ۋە باشقا كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى | | 4.2 |
| 3) دۆلەت، گۇڭشې بىرلىشىپ باشقۇرغان كارخانىلار قەرز پۇلى | | 4.2 |
| 4. ئەزالار قەرز پۇلى | | |
| 1) ئوزۇقلۇق ئاشلىق سېتىۋېلىش، داۋالىنىش، پاتقاق گازى ئۈسكۈنىسى ياساش ۋە ئائىلە قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتىكى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قەرز پۇلى | | 3.6 |
| 2) سانائەت - سودا خاراكتېرلىك ۋە تۇرمۇش قەرز پۇلى | | 4.2 |

## ئامانەت قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ 1982 ـ يىل 1 ـ ئايدىكى قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى

جەدۋەل: 6 ـ 15        بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈم ‰

| تۈرلەر | ئۆسۈم نىسبىتى |
|---|---|
| 1. گۇڭشې ـ ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 4.8 |
| 2. گۇڭشې ـ ئەترەت ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | 3.6 |
| 3. گۇڭشې ـ ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى | |
| 1) سۇ ئېلېكتىر قەرز پۇلى | |
| ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 3.6 |
| ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | 1.8 |
| 2) تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، تراكتور پونكىتى (جۈملىدىن دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى پونكىتى، سۇغىرىش، سۇ چىقىرىش پونكىتى، پەن ـ تېخنىكىنى كېڭەيتىش پونكىتى) قەرز پۇلى | |
| ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 4.8 |
| ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | 3.6 |
| 3) گۇڭشې، ئەترەت باشقۇرغان، دۆلەت، گۇڭشې بىرلىشىپ باشقۇرغان ۋە بازارلاردىكى كوللېكتىپ سانائەت ـ سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلى | |
| ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى | 6.0 |
| ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى (بىر يىللىق ۋە بىر يىللىقتىن قىسقا) | 4.2 |
| بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە (ئۈچ يىللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | 4.8 |
| ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە (بەش يىللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) | 5.4 |
| 4. گۇڭشې ئەزالىرى قەرز پۇلى | |
| 1) تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى | 4.8 |
| 2) ئورۇقلۇق، داۋالىنىش ۋە پاتقاق گازى ئۈسكۈنىلىرى ياساش قەرز پۇلى | 4.8 |
| 3) سانائەت ۋە مۇلازىمەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىش قەرز پۇلى | 6.0 |
| 4) سودا بىلەن شۇغۇللىنىش قەرز پۇلى | 6.6 |
| 5) ئۆي سېلىش قەرز پۇلى | 6.6 |
| 6) تۇرمۇش ۋە باشقا ئىشلار قەرز پۇلى | 7.2 |

## ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 1983 ـ يىل 4 ـ ئاي ۋە 1984 ـ يىل 3 ـ ئايدىكى قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى

جەدۋەل: 6 ـ 16

بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈم ‰

| 1983 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى | |
|---|---|
| تۈرلەر | ئۆسۈم نىسبىتى |
| قوش ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە (نۇقتىلىق ئائىلە) نىڭ قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى ۋاقتىنچە مۇنداق بەلگىلەندى | |
| 1. ئاشلىق تېرىش، پاتقاق گازى ئۈسكۈنىسى ياساش، ئوزۇقلۇق ئاشلىق سېتىۋېلىش، داۋالىنىش | 4.8 |
| 2. ئاشلىقتىن باشقا تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق | 6.0 |
| 3. ھۈنەر ـ سەنئەت، قول سانائىتى، مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىقلار | 7.2 |
| 4. سودا، توشۇپ سېتىش، يېڭى ئۆي سېلىش، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇمى سېتىۋېلىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشتىكى ئادەتتىكى تۇرمۇش قەرز پۇلى | 8.4 |

| 1983 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى | |
|---|---|
| تۈرلەر | ئۆسۈم نىسبىتى |
| 1. قوش ھۆددىگەر ئائىلە، كەسپىي ئائىلە (نۇقتىلىق ئائىلە) | |
| 1) تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، كىچىك سۇ ئېلېكتر، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىقى، داۋالىنىش | 6.0 |
| 2) سانائەت، قول سانائىتى، مۇلازىمەت كەسپى قاتارلىقلار | 7.2 |
| 3) سودا، توشۇپ سېتىش، يېڭى ئۆي سېلىش، چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇمى سېتىۋېلىش | 8.4 |
| 2. گۇڭشې، ئەترەتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنە قەرز پۇلى | 6.0 |
| 3. گۇڭشې باشقۇرغان كارخانا ۋە بازار، كوللېكتىپ سودا ـ سانائەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى | 7.2 |

ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 1985 ـ يىل 4 ـ ئايدىكى قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى

جەدۋەل: 6 ـ 17    بىرلىكى: ئايلىق ئۆسۈم %

| ئۆسۈم نىسبىتى | تۈرلەر |
|---|---|
| 6.6 | 1. يېزا كوللېكتىپى ھەمكارلىق ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى، يېزىلاردىكى قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش قەرز پۇلى |
| 7.2 | 2. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى، يېزىلاردىكى كوللېكتىپ، ھەمكارلىق ئىگىلىكى ۋە دېھقانلارنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن باشقا خىلدىكى تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى، قىيىنچىلىقى يوق دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ئادەتتىكى تۇرمۇش قەرز پۇلى |
| 7.5 | 3. يېزا ـ بازار كارخانىلىرى قارىمىقىدىكى تېرىقچىلىق باقمىچىلىق ۋە دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنە قەرز پۇلى |
| 7.8 | 4. يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنىڭ تېرىقچىلىق، باقمىچىلىق، دېھقانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشتىن باشقا ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنە قەرز پۇلى |
| 8.7 | 5. يېزىلاردىكى يەككە، كوللېكتىپ ۋە كوپېراتسىيە ئىگىلىكىدىكى يېمەك ـ ئىچمەك كەسپى، سۈرەت تارتىش، مېھمانخانا قاتارلىق مۇلازىمەت كەسپى قەرز پۇلى |
| 9.6 | 6. يېزىلاردىكى يەككە، كوللېكتىپ ۋە ھەمكارلىق ئىگىلىكىدىكى سودا، ترانسپورت، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قەرز پۇلى، دېھقانلارنىڭ ئالىي ئىستېمال بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىش، ئۆي سېلىش قاتارلىق ئىستېمال خاراكتېرلىك قەرز پۇلى |

## 2 § . يېزىلاردىكى جازانىخورلۇقنىڭ شەكلى ۋە ئۆسۈم نىسبىتى

### 1. يېزىلاردىكى جازانىخورلۇق ئەھۋالى

1965 ـ يىل 8 ـ ئايدا، خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى ۋە پەيزاۋات ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ 84 ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنى بىرلەشمە تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، جازانىخورلۇق قىلغۇچىلار 107 ئائىلە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى 3019 ئائىلىنىڭ 3.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە

پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر، ھاياتكەش ئۇنسۇر 19 ئائىلە، ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان 27 ئائىلە، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان 58 ئائىلە، باشقىلار ئۈچ ئائىلە بولۇپ، جازانىگە قەرز ئالغۇچى ئائىلە 484 گە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان 464 ئائىلە، قەرز ئالغۇچىلار ئىچىدە ئۆز ئەترىتى تەۋەسىدىكىلەر 360 ئائىلە بولۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكى ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 9 . 11 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىنىڭ جازانىگە قەرز ئالغان. گۆچۈڭ ناھىيىسىدە تەكشۈرۈش ئارقىلىق بايقىلىشىچە جازانىگە قەرز بەرگۈچىلەر 59 ئائىلە بولۇپ، قەرز بەرگۈچى 388 ئائىلىنىڭ 16% نى تەشكىل قىلغان. جازانىگە قەرز ئالغۇچىلار 64 ئائىلە بولۇپ، قەرز ئالغۇچى 677 ئائىلىنىڭ 4 . 9 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، قالغانلىرى ئەركىن قەرز ئالغۇچى - بەرگۈچىلەر بولۇپ، كۆپ قىسمى ئۆسۈم ئالمايدىكەن. جازانىگە قەرز بەرگۈچىلەر ئىچىدىكى بىر قىسىملىرى مەخسۇسلا جازانخورلۇق بىلەن تۇرمۇش كۆچۈرىدىكەن. مىچۈەن ناھىيىسىنىڭ قىزىل بايراق گۇڭشې ئەزاسى جاڭ دې ئەسلى يۇرتى شەنشى، 80 ياش، 1955 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە جازانخورلۇق بىلەن جان بېقىپ، ئون يىلدا جەمئىي 5 مىڭ 492 يۈەن قەرز تارقىتىپ، 3355 يۈەن پايدا ئالغان؛ مەكىت ناھىيىسىنىڭ 4 - گۇڭشې 5 - دادۈيىگە ئېقىپ كەلگەن لى چىڭيى 1971 - يىلدىن 1972 - يىلغىچە جەمئىي 23 ئادەمگە 1234 يۈەن قەرز تارقىتىپ، 484 يۈەن ئۆسۈم ئالغان. ئوتتۇرىچە ئايلىق ئۆسۈم نىسبىتى 25 فۇڭدىن توغرا كەلگەن.

خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى پارتىيە شۆبە گۇرۇپپىسىنىڭ 1965 - يىل 1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا يوللىغان «شەھەر - يېزىلاردىكى جازانخورلۇق ھەرىكىتىگە زەربە بېرىش توغرىسىدىكى پىكىر»دە قىلىنغان ئىنكاسقا قارىغاندا: (1) بەزى پومېشچىك، باي دېھقان، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇرلار ئېغىر ئۆسۈم بىلەن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، قەرزنى قىستاپ قاقتى - سوقتى قىلغان. قەشقەر شەھىرى ھەرەمباغ گۇڭشې 6 - دادۈيدىكى پومېشچىك قادىر ھاشىم 40 يۈەننى نىيازغا ئۆتنە بېرىپ ھەر ئايدا 20 يۈەن ئۆسۈم ئالغان. بىر يۈەننىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 50 پۇڭدىن توغرا كەلگەن؛ قورغاس ناھىيىسى ئاقسۇ گۇڭشې 1 - دادۈي 3 - ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى بۈۋىسارىخان كەمبەغەل دېھقان تاھىرنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ 150 يۈەن قەرز بېرىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن بىر سىغىن كالىنى مەجبۇرىي تارتىۋالغان؛ گۇما ناھىيىسى قىزىلنۇر گۇڭشېسىنىڭ 9 - دادۈيدىكى كەسپىي جازانخور مامۇتنىڭ 1000 يۈەن مەبلىغى بولۇپ، ئۇ بىر موزدوزغا بەش يۈەن قەرز بېرىپ، ئالتە كۈندىن كېيىن ئالتە يۈەن ئالغان، ئايلىق ئۆسۈمى 100 پۇڭدىن توغرا كەلگەن، توختاخۇن پوروشقا 50 يۈەن قەرز بېرىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن 120 يۈەن ئۆسۈم ئالغان. ئايلىق ئۆسۈمى 80 پۇڭدىن توغرا كەلگەن. (2) بەزى ھاللىق ئوتتۇرا دېھقانلار يۇقىرى ئۆسۈم قوغلىشىپ، كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان. خوتەن ناھىيىسى فىلاڭ گۇاڭ گۇڭشې 3 - باشقۇرۇش رايونى 4 - دادۈيدىكى ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان ئەمەت توختى بىر كەمبەغەل دېھقانغا بىر دانە كەتمەننى (قىممىتى تەخمىنەن يەتتە يۈەن) بېرىپ يىللىق ئىجارىگە بېرىپ ئۆسۈمى ئۈچۈن 530 ئىش نومۇرى ئالغان. نەق پۇلغا سۇندۇرغاندا 22 يۈەن بولۇپ، ئايلىق ئۆسۈمى 7 . 35 پۇڭدىن توغرا كەلگەن؛ خوتەن ناھىيىسى يالقۇن گۇڭشې 9 - باشقۇرۇش رايونىدىكى ئوتتۇرا دېھقان سەمەت توختى ئۈچ ئائىلە كەمبەغەل دېھقانغا 150 يۈەن قەرز بېرىپ تۆت ئايدا 180 يۈەن ئۆسۈم ئالغان، ئايلىق ئۆسۈمى 30 پۇڭدىن توغرا كەلگەن. (3) بەزى كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارمۇ قەد كۆتەرگەندىن كېيىن ئىقتىسادى ياخشىلىنىپ جازانخورلۇق قىلغان، بۇ ئادەملەر ئاساسلىقى ماددىي نەرسىنى قەرز بېرىش - ئېلىش شەكلىنى قوللانغان، ئۆسۈمى بىر قەدەر تۆۋەن، ئېكسپىلاتاتسىيىسى يېنىك بولسىمۇ لېكىن ھەر يىلى شۇنداق قىلغان. بۇ ئەھۋال خېلى ئومۇمىيۈزلۈك بولغان، جىمسار ناھىيىسى سەنتەي گۇڭشې ئىتتىپاق دادۈي شىچاڭ ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋاڭ شيۇ ئەتىيازدا چوشقا كۈچىكىنى سېتىپ ھەر بىرسىگە 15 يۈەندىن نەق پۇل ئالغان، كۈزدىن كېيىن پۇلىنى بەرگەنلەردىن 18 يۈەندىن ئالغان، ئايلىق ئۆسۈمى 3 . 30 پۇڭدىن توغرا كەلگەن. بۈگۈر ناھىيە چومپاق گۇڭشې 3 - دادۈي 1 - شياۋدۈيدىكى كەمبەغەل دېھقان

ھوشۇرنىياز ئەتىيازدا كەمبەغەل دېھقان رەناخانغا ئىككى جىڭ قوناق قەرز بېرىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئىككى جىڭ بۇغداي ئالغان، ئايلىق ئۆسۈمى 16.6 پىرسەنتتىن توغرا كەلگەن؛ (4) بەزى شەھەر ئاھالىلىرى جازانىگە قەرز بېرىپ شەھەر - يېزىلاردىكى ئەمگەكچى خەلقنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلغان. ماناس بازىرىدىكى ئاھالە يەن شىغالىڭ (سەيپۇلىڭ) ئىزچىل يوسۇندا جازانىخورلۇق قىلىپ ھەر يىلى 700 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى قەرز بەرگەن، ئايلىق ئۆسۈمىگە ئون پۇڭ بويىچە ھەر ئايدا 70 نەچچە يۈەن ئۆسۈم ئالغان. بۇنىڭدىن باشقا ئايرىم دىنىي زاتلارمۇ جازانىخورلۇق قىلغان. گوما ناھىيىسى شۇئىتى ھەمرا گۈلشىپىدىكى ئاخۇن ئىشان ھاجى (ئاز يەرلىك ئىجارىگە بەرگۈچى) ئۆزىنىڭ ئىككى ئېشىكى، بىر كالىسى، ئون تۇياق قويىنى گۈلشى ئەزالىرىغا قوش كېزەك تۇغسا بىردىن ئېلىش، بىرنى تۇغسا ئۆنىڭغا تەڭ بولۇش، ئۆلسە تۆلەش، يەم - خەشەك پۇلىنى بەرمەسلىك شەرتى بىلەن بەرگەن.

جازانىخورلۇق ھەرىكىتىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، بەزىلىرى پۇلغا پۇل قايتۇرۇۋالغان، بەزىلىرى پۇلغا ئاشلىق قايتۇرۇۋالغان، بەزىلىرى ماددىي نەرسىگە پۇل قايتۇرۇۋالغان، قارا ئاشلىق قەرز بېرىپ، ئاق ئاشلىق قايتۇرۇۋالغان، چارۋا قەرز بېرىپ چارۋا قايتۇرۇۋالغان، چارۋا قەرز بېرىپ پۇل قايتۇرۇۋالغان، بەزىلىرى ئۇششاق دېھقانچىلىق سايمانلىرى (بۇنىڭغا كۈن بويىچە ئىش نومۇرى ھېسابلىغان) ئىجارىگە بەرگەن، مايسىلىرنى ساتقان ۋاھاكازا. جازانىخورلۇق ئۆسۈمى ئادەتتە ئايلىق ئۆسۈم %200، %300 بولۇپ، تۆۋەنلىرىمۇ %30 دىن يۇقىرى بولغان. ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرى بىر ھەسسىدىن ئېشىپ كەتكەن. چارۋا قەرز بەرگەنلىرى ئەتىيازدا بىر كىچىك چارۋا قەرز بېرىپ كۈزدە بىر چوڭ چارۋا ئالغان ياكى بىر تۇياققا ئىككى تۇياق ئالغان. مەبلەغ مەنبەسىدە، پەيزاۋات ناھىيىسىدە، 1965 - يىلى ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا 107 ئائىلىلىك جازانىخورنىڭ جەمئىي دەسمايىسى 12 مىڭ 927 يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نەق پۇل 10 مىڭ 564 يۈەن، پۇلغا سۇندۇرۇلغان ھەر خىل ئاشلىق ۋە ماددىي نەرسە 2363 يۈەن. بۇ 107 ئائىلىلىك جازانىخور ئىچىدە ھايانكەشلىك ھەرىكىتى بارلىرى 19 ئائىلە بولۇپ، دەسمايە ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 38.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن؛ سودا بىلەن شۇغۇللانغانلىرى 26 ئائىلە بولۇپ %25.5 نى ئىگىلىگەن؛ ئوغرىلىق، قىمار ئويناش ھەرىكىتى بارلىرى تۆت ئائىلە بولۇپ %4.1 ئىگىلىگەن. كوللېكتىپ ئەمگەك ۋە قوشۇمچە كەسىپ كىرىمى بىلەن شۇغۇللانغانلار 56 ئائىلە %27 نى ئىگىلىگەن؛ خىزمەتتىن چېكىنگەن كادىر 32 ئائىلە، %4.8 نى ئىگىلىگەن.

پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى 107 ئائىلە قەرز بەرگۈچىلەر ئىچىدە، 1963 - يىلدىن ئىلگىرى قەرز تارقاتقانلار 30 ئائىلە، 1964 - يىلى 23 ئائىلە، 1965 - يىلى 54 ئائىلە، 498 قەرز ئالغۇچى ئائىلە ئىچىدە، 1963 - يىلى قەرز ئالغانلار 223 ئائىلە، بۇ %45 نى ئىگىلىگەن؛ 1964 - يىلى 156 ئائىلە، بۇ %31 نى ئىگىلىگەن؛ 1965 - يىلى يەنىلا جازانىگە قەرز ئالغان ياكى كونا قەرزنى تۆلەپ بولالمىغانلار 119 ئائىلە، بۇ %24 نى ئىگىلىگەن. 1981 - يىلغا كەلگەندىمۇ بەزى جايلاردا يەنىلا جازانىخورلۇق ھەرىكىتى توغرىسىدا ئىنكاسلار بولغان. مەسىلەن: لوپ ناھىيە قىزىل يۇلتۇز گۈلشىپىدىكى جۇمەئاخۇن، ئاۋۇت، نايىپ پاشادىن ئىبارەت گۈلشى ئەزاسى جازانىگە قەرز ئالغان، ئايلىق ئۆسۈمى %150 دىن يۇقىرى بولغان.

جازانىگە قەرز ئالغانلارنىڭ كۆپ قىسمى پۇلنى ئوزۇقلۇق ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ئىشلەتكەن. پەيزاۋات ناھىيىسىنىڭ 1965 - يىلدىكى ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، قەرز ئالغۇچى 498 ئائىلە ئىچىدە ئوزۇقلۇق ئاشلىق سېتىۋالغانلار 349 ئائىلە، بۇ %70 نى ئىگىلىگەن؛ ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى سېتىۋالغانلار 27 ئائىلە بولۇپ، بۇ %1.4 نى ئىگىلىگەن؛ ھايانكەشلىك ۋە سودىگەرچىلىك پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغانلار 58 ئائىلە، بۇ %11.6 نى ئىگىلىگەن؛ قىمار ئوينىغانلار ئالتە ئائىلە، بۇ %1.4 نى ئىگىلىگەن. جازانىخورلۇق قىلغۇچىلار پاش بولۇپ قېلىشتىن قورقۇپ كۆپىنچە باشقا ئەترەتلەردىكى ئەزالارغا قەرز بەرگەن. پەيزاۋات ناھىيىسىدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، ناھىيە بويىچە جازانىغا قەرز تارقاتقانلاردىن قەرز ئالغان باشقا ئەترەتتىكى كىشىلەر قەرز ئالغۇچىلار ئومۇمىي سانىنىڭ 28 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن، مىچۈەن ناھىيىسىدىكى جاڭ دې

كېماك ياپما ئېچىپ تىجارەت قىلىشنى باھانە قىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يۈەن مەبلىغى بولۇپ، جازانىخورلۇققا تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. بەزىلىرى قەرز بەرگەن ئۇسۇمنى ئالدىن تۇتۇپ قالغان پاكى شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا ئۇسۇم ئالغان. مەسىلەن: ئاتۇش ناھىيىسى چوكىچى دادۈي 5 - شياۋدۈيدىكى مەمەت مەمتىلى (ئوتتۇرا دېھقان) 24 قېتىم جازانىگە قەرز بەرگەن. نەق پۇل قەرز ئالغانلارنىڭ ھۆججىتىگە پەقەت دىرىلا يېزىلغان، ئەمەلىيەتتە ئۇسۇمنى ئالدىن تۇتۇپ قالغان. قورغان 4 - دۈيدىكى كەمبەغەل دېھقان تالىپقا 50 يۈەن قەرز بەرگەن، ئايلىق ئۇسۇمى 5 يۈەننى ئالدىن تۇتۇپ قېلىپ، ئەمەلىيەتتە 45 يۈەن بەرگەن. مەكىت ناھىيىسىدىكى لى جىڭيى 4 - گۇڭشې 5 - دادۈي 12 - دۈيدىكى تۇخان ئېزىزىغا 15 يۈەن قەرز بەرگەن. نامدا ئۇسۇم ئالمىسىمۇ ئەمەلىيەتتە ھەر ئايدا 15 جىڭ كېپەك ئالغان. بەزىلىرى قەرز بەرگەندىن كېيىن كۆرۈنۈشتە ئۇسۇم ئالمىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يۇقىرى باھادا ماددىي نەرسىنى پۇلغا ھېسابلاپ پۇل قەرز ئالغۇچىنى ئۇنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان.

شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى جازانىخورلۇق ئادەتتە بىر قەدەر نامرات ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرىدە ۋە بازارغا يېقىن جايلاردا كۆپرەك بولغان، پەيزاۋات ناھىيىسى قىزىل بۇيا گۇڭشېسىنىڭ قارايانتاق دېگەن يېرى نامرات جاي، چۈۋۈق باشقۇرۇش رايونى بازار بولىدىغان جاي بۇ ئىككى جايدا جازانىغا قەرز ئالغان ئائىلە 52، بۇ مۇشۇ گۇڭشېدىكى قەرز ئالغۇچى ئائىلىنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. جازانىخورلۇق قىلغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھايانكەشلىك ھەرىكىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، خېلى بىر قىسىم جازانىخورلۇق كاپىتالى ھايانكەشلىكتىن كەلگەن، يەنە كېلىپ بەزى كىشىلەر ھەم ھايانكەشلىك ھەم جازانىخورلۇق قىلغان. كۆپىنچە سېرىقتال پەسىلدە جازانىخورلۇق ھەرىكىتى تازا ئەۋج ئالغان. قەرز ئالغۇچىلارنىڭ 70 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى مانا مۇشۇ ۋاقىتتا جازانىگە قەرز ئالغان، جازانىخورلار قەرزنى قاتتىق قىستىغان. قەرزنى تۆلىيەلمىگەن كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ بەزىلىرى تاياق يېگەن، ھاقارەتلەنگەن، ئۆي سايمانلىرىنى مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەن. يوتقان تاشلىرىنى سۆكۈۋالغان، ئۇلاغلىرىنى قەرزگە ئېلىپ كەتكەن ھەتتا ئۆيلىرى چۇۋۇلغان ۋە تۇرالغۇ جايلىرى تارتىۋېلىنغان.

## 2. جازانىخورلۇققا زەربە بېرىش

ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى جازانىخورلۇق ھەرىكىتىگە زەربە بېرىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ئەھۋالنى ئېنىقلاش ئاساسىدا ھايانكەشلىككە قەتئىي زەربە بەردى ۋە مەنئى قىلدى. جازانىخورلۇققا زەربە بېرىشتە ئاساسلىقى سىياسىي جەھەتتىن تەربىيە بېرىش، مەمۇرىي جەھەتتىن ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئورنىغا دەسسىتىشنى بىرلەشتۈرۈش چارىسى قوللىنىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1964 - يىل 2 - ئايدا تارقاتقان «يولداش دېڭ زىخۇينىڭ شەھەر - يېزىلاردىكى جازانىخورلۇق ئەھۋالى ۋە ئۇنى مەنئى قىلىش چارىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىغا سېلىنغان تەستىق» نىڭ روھىغا ئاساسەن، ئەركىن قەرز ئېلىش، قەرز بېرىش بىلەن جازانىخورلۇقنىڭ چەك - چېگرىسى ئايرىلدى. ئايلىق ئۆسۈمى بىر پۇڭ بەش لى (‰15) دىن ئېشىپ كەتكەنلىرى جازانىخورلۇق دەپ قارىلىپ زەربە بېرىلدى؛ بىر پۇڭ بەش لىدىن تۆۋەن بولغانلىرى ئەركىن قەرز ئېلىش، قەرز بېرىش دەپ قارىلىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا يول قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۈشمەن سىنىپ ئۇنسۇرلىرى بىلەن ئاساسىي ئاممىنىڭ چەك چېگرىسى ئايرىلىپ، ئوخشاش بولمىغان سىنىپ ۋە ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن پەرقلىق مۇئامىلە قىلىندى. بىر تەرەپ قىلىشتا، ئەمگەكچى خەلققە كەڭچىلىك قىلىش، كونا ئېكسپىلاتاتسىيىچى ئۇنسۇرلارغا قاتتىق بولۇش؛ ئازلىرىغا كەڭچىلىك قىلىش، چوڭ جازانىخورلارغا قاتتىق بولۇش؛ ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرگە قاتتىق بولۇش؛ قىلمىشى يېنىك بولغانلارغا

كەڭچىلىك قىلىش، قىلمىشى قەبىھ بولغانلارغا قاتتىق بولۇش، ئۆسۈمنى ئۆزلۈكىدىن قايتۇرغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش، قايتۇرماي قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق بولۇش پرىنسىپى قوللىنىلدى. ئىلگىرى ھېسابى ئۈزۈپ بولغانلاردىن ئادەتتە قايتۇرۇۋېلىنمىدى. ھېسابى تېخى ئۈزۈپ بولمىغانلاردىن ئارتۇق ئۆسۈم قەرز ئالغۇچىلارغا قايتۇرۇپ بېرىلدى. ماددىي نەرسە قەرز ئالغانلار مۇنداق بىر تەرەپ قىلىندى: (1) ئاشلىق قەرز ئالغانلار نېمە قەرز ئالغان بولسا ئادەتتە شۇنى قايتۇردى؛ قايتۇرۇشقا ئاشلىقى بولمىغانلار، ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق، تاختاي باھاسى بويىچە خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ قايتۇردى؛ قارا ئاشلىق قەرز ئالغانلار ئىككى تەرەپ كېلىشىش ئارقىلىق ئازراق ئاق ئاشلىق قايتۇردى؛ قايتۇرغاندا ئۆسۈمى 15% تىن ئارتۇق بولماسلىق ۋە خورىغان قىسمىنى تولۇقلاپ بېرىش پرىنسىپى ئاساس قىلىندى. (2) باشقا ماددىي نەرسە قەرز ئالغانلار ئادەتتە بازار باھاسى ياكى تاختاي باھاسى بويىچە نەق پۇلغا سۇندۇرۇپ قايتۇردى.

جازانىخورلۇققا زەربە بېرىشنىڭ ئالدى - كەينىدە جايلار ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئورنىنى بېسىش رولىنى جارى قىلدۇردى. پەيزاۋات ناھىيىسىدە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى 1965-يىلى جازانىخورلۇققا زەربە بېرىلگەندە ناھىيە بويىچە 10 مىڭ ئائىلىدىن ئارتۇق قىيىنچىلىقى بار كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانغا 113 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق قەرز پۇل تارقاتتى؛ مىچۈەن ناھىيىسى قىزىل بايراق گۇڭشېسىدە جازانىخورلۇققا زەربە بېرىلگەندە قىيىنچىلىقى بار 597 ئائىلە كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانغا 6607 يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش قىيىنچىلىقى ھەل قىلىنىپ، جازانىخورلۇقنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك كرېدىت بازىسى مۇستەھكەملەندى.

1980 - يىلى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى 1962 - يىلى بېكىتكەن جازانىخورلۇقنىڭ چەك - چېگرىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئايلىق ئۆسۈمى بىر پۇڭ بەش لىدىن ئېشىپ كەتكەنلىرىنى جازانىخورلۇق دەپ قاراش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ، جازانىخورلۇقنى ئايرىشنىڭ چەك چېگرىسى قىلىنمايدىغان بولدى.

يەتتىنچى قىسىم

# تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ بۇيرۇپ بېرىلىشى ۋە قەرز بېرىلىشى

## بەشىنچى قىسىم

# تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنىڭ بۆيرۈپ بېرىلىشى ۋە قەرز بېرىلىشى

## I باب

## تارىخىي تەرەققىيات جەريانى

1951 - يىل 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى قاتناش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارماق بانكىسى «قاتناش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى بۆيرۈپ بېرىشنى بېجىرىش ھەمدە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىگە نازارەتچىلىك قىلىشتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان ۋاقىتلىق چارىسى» (لايىھە) گە ئاساسەن شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى مەركەز دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشلارغا پۇل بۆيرۈپ بېرىش ئىشىنى بېجىرىشكە باشلىدى. 1952 - يىلى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ ئامانەت پۇل كەسپىنى بېجىرىش باشلاندى. 1953 - يىلى يەرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى بۆيرۈپ بېرىش كەسپى يولغا قويۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك» دېگەن يوليورۇقىنىڭ روھىغا بىنائەن قاتناش بانكىسى مەملىكەت بويىچە قاتناش بانكا سىستېمىسىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى بىر تۇتاش تەڭشەپ بۆيرۈپ بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ پۇل ئىشلىتىشىگە قارىتا چەكلىك سومىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يالغان مەلۇم قىلىپ كۆز بوياپ ئېلىۋېلىش، بۇزۇپ - چېچىپ، ئىسراپ قىلىش ھادىسىلىرىنىڭ ئالدىنى ئالدى ھەمدە كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئېغىر سانائەت ۋە سۇ ئىنشائاتى، يېزا ئىگىلىك، قاتناش قۇرۇلۇشلىرىغا مەدەت بەردى.

1954 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلدى، بۇ بانكا مالىيە مىنىستىرلىكى تۈزگەن «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆيرۈپ بېرىشتە يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپ»قا ئاساسەن، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بولغان مالىيە نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىپ، مەبلەغ بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلدى، مەبلەغنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلدى. ئىسراپچىلىقنى قاتتىق توسۇپ،

مەبلەغنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى ئازايتىپ، ئىقتىسادىي ھېساباتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قۇرۇلۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلەتتى؛ ئاساسىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلارنى ياخشى باشقۇرۇپ ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ پىلان بويىچە ئورۇندىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1955 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇل كەسپىنى يولغا قويدى، شۇ يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ «ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى مەپەرۋەر قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇق» ىغا ئاساسەن، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ مالىيە پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى نازارەت قىلدى. قۇرۇلۇش خام چوتىنى تەكشۈرۈش، ئاساسىي قۇرۇلۇش راسچوت كەسپىنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلىش ئارقىلىق، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، ئىقتىساد قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى. 1956- يىل 1- ئايدا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ تۈرلۈك كىرىملىرى بىردەك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل ئورنىدا ھېسابلىنىپ، قىدىرىپ تەكشۈرۈش - لايىھىلەش خىراجىتى قۇرۇلۇش بانكىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلدى ھەمدە بۆلۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى بۆلۈپ بېرىش، بىناكارلىق ساھەسىگە تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىش كەسپلىرى يولغا قويۇلدى. يەنە خەلق باش بانكىسى ۋە قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ مەسلىھەتلىشىشى ئارقىلىق، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشتە قۇرۇلۇش بانكىسى سىستېمىسى تەڭشەپ بۆلۈپ بېرىش خەلق بانكىسى بىر تۇتاش تەڭشەپ بۆلۈپ بېرىشكە ئۆزگەرتىلىپ، قۇرۇلۇش بانكىسى خەلق بانكىسىغا قارىتا «يۇقىرىدا ئامانەت قويۇپ، تۆۋەندە چىقىم قىلىش» چارىسىنى يولغا قويۇش بېكىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەخسۇس فوند ئامانىتى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەمىنلەش - سېتىش كارخانىلىرى ئامانىتى، شۇنىڭدەك باشقا شەھەرلەردىن يېرىۋەت قىلىنىپ كەلگەن مەبلەغ ئامانىتى كەسپلىرى يولغا قويۇلدى. 1958- يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغنى چوڭ ھۆددىلەش ئاممىۋى ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى.

1959 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ مالىيە فۇنكسىيىسى مۇكەممەللىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. خام چوت بويىچە پۇل بۆلۈپ بېرىش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوتى تۈزۈپ قۇرۇلۇش مەبلىغى تەقسىملەش، مالىيە پىلانى ۋە مالىيە نەقچوتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش قاتارلىق كەسپلەر يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى يەنە گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىگە 41 مىليون 130 مىڭ يۈەن بۆلۈپ بېرىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ 29 مىليون 720 مىڭ يۈەن. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى يەنە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى قارمىقىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلدى.

خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلىدە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قىسقارتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلۇشى توختىتىلغان، كىچىكتۈرۈلگەن ئورۇنلارنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەملىشىش جەھەتلەردە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىش ۋە مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى «ئالدى بىلەن ئامانەت قويۇپ ئاندىن ئىشلىتىش» چارىسىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەرلىكتىكى ھەربىي سانائەت قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەشنى ئۆز ۋاقتىدا ئويۇشتۇردى. 1964 - يىل 1 - ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسى يېزا ئىگىلىكىگە پۇل بۆلۈپ بېرىشنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ بېجىرىشىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى. 1965 - يىلى يىغىلاش ۋە ئۆزگەرتىش

تەدبىرگە قەرز پۇل بېرىش يولغا قويۇلدى. ھەمدە ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش خىزمىتىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۇيرۇپ بېرىش ۋە قەرز بېرىشتىكى تۈزۈلۈك قائىدە - تۈزۈملەر شۇنىڭدەك مالىيە - ئىقتىساد ئىنتىزاملىرى «باشقۇرۇش، قىسىش، بېسىش» دەپ قارىلىپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مالىيە باشقۇرۇشى ۋە مالىيە نازارەتچىلىكى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش، پۇل بۇيرۇپ بېرىش ئۈنۈمىگە زور دەرىجىدە تەسىر يەتتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغنى بۇيرۇپ بېرىش ۋە قەرز بېرىش خىزمىتى توغرا ئىزغا چۈشۈشكە باشلىدى. 1977 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ۋە گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سالدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلق ھاۋا مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، سانائەتتىكى «ئۈچ كېرەكسىز» نى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشلىرىغا پۇل بۇيرۇپ بېرىش، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئۈچۈن قەرز پۇل بېرىش يولغا قويۇلدى. 1978- يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ فۇنكسىيىسى «ئىككىنى باشقۇرۇش، ئۈچنى بېجىرىش، بىرنى نازارەت قىلىش» (ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى بىلەن مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۇيرۇپ بېرىش ۋە راسچوت قىلىش، قەرز پۇل بېرىشنى بېجىرىش، مالىيىنى نازارەت قىلىش) دەپ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. مالىيە مىنىستىرلىكى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇش، ئالدى بىلەن ئېلىپ، ئاندىن ئىشلىتىش، چەكلىك سوممىلىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. قۇرۇلۇش بانكىسى تەستىقلانغان پىلان، ئۈسكۈنە زاپىسى، قۇرۇلۇش توختىمى، قۇرۇلۇش سۈرئىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە پۇل بۇيرۇپ بەردى. 1979 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەرلىك مالىيىدىن ھاۋالە قىلىنغان يېنىك سانائەت مەخسۇس تۈرلىرىدىكى كىچىك تىپلىق تېخنىكا تەدبىرلىرىگە قەرز پۇل بېرىشنى يولغا قويدى.

1980 - يىلى گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز پۇل بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى» غا ئاساسەن «پۇل بۇيرۇپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش» نى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئىشلەندى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئۈسكۈنە زاپىسى قەرز پۇلى، تېخنىكىلىق تەدبىر قەرز پۇلى، چەت ئەلدىن تېخنىكا كىرگۈزۈپ دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈش قەرز پۇلى، كۆمۈر سانائىتىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى، كىچىك تىپتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى، ئېكسپورت قىلىدىغان سانائەت بۇيۇملىرى قەرز پۇلى، كېچىكتۈرۈلگەن ئۈسكۈنە پۇللىرىنى ئېنىقلاش قەرز پۇلى شۇنىڭدەك يەرلىك مالىيە ھاۋالە قىلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى قاتارلىقلارنى بېجىرىشنى يولغا قويدى. يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 11 مىليون 390 مىڭ يۈەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلۇش بانكىسى سىستېمىسى ئىچىدە مەبلەغنى بىر تۇتاش بۇيرۇپ بېرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1981 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قىسقارتىش ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇللار تەرتىپكە سېلىندى. ئاساسىي قۇرۇلۇشتا تەرتىپ، پىلان، خام چوت، سۈرئەت بويىچە قەرز پۇل بېرىش پرىنسىپى قاتتىق ئىجرا قىلىنىپ، مالىيە باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش كۈچەيتىلىپ، قارىغۇلارچە ئىشلەنگەن ۋە تەكرار ئىشلەنگەن قۇرۇلۇشلار توسۇلدى، ئاساسىي قۇرۇلۇشلاردىكى نامۇۋاپىق ئېلىنغان 34 خىل خىراجەت ئېنىقلاپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلۇشى توختىتىلغان ياكى كېچىكتۈرۈلگەن ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى ئۆز ئالدىغا ئەسلىگە

كەلتۈرۈش قەرز پۇلى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ پولات قېلىپ ۋە تاختاي قەرز پۇلى، ئاۋار ئۆيلەر قۇرۇلۇش قەرز پۇلى، زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا يار - يۆلەك بولۇش قەرز پۇلى ۋە ھەر دەرىجىلىك مالىيە ھاۋالە قىلغان قەرز پۇللارنى بېجىرىش يولغا قويۇلدى.

1982 - يىلى پۇل يۆتكەپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش دائىرىسى يەنىمۇ كېڭەيتىلىپ، قەرز پۇل تۈرلىرى پىلانى، تەخمىن چوت ۋە خام چوت، توختام شۇنىڭدەك مۇكاپاتلاش قاتارلىق جەھەتلەردىكى باشقۇرۇش ياخشىلاندى. ئومۇمەن قەرز پۇلدا بىر تۇتاش تەڭشەلگەندىن كېيىنكى ئۆسۈم نىسبىتى ئىجرا قىلىندى ھەمدە قوش ئۆسۈم ھېسابلاش، پۇل يۆتكەپ بېرىش ۋە قەرز بېرىشتىكى ئىقتىسادىي ماتېرىياللار ئارخىپى تۇرغۇزۇش يولغا قويۇلدى. گوۋۇيۈەننىڭ «تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن «ئون ھېسابلانمايدىغان» (ئۈسكۈنە چوڭ رېمونتى، ئۆي - ئىمارەت رېمونتى ۋە كۆچۈش، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى ۋە مۇداپىئە تۇسمىسى، سۇ ئامبىرى قاتارلىقلار رېمونتى، نېفىتلىكنى ئاسراش، قازمىچىلىق، كەسپىچىلىك سانائىتىدىكى يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئاسراش، تۆمۈر يول چوڭ رېمونتى ۋە سۇ ئاپىتى بۇزۇۋەتكەن قۇرۇلۇشلارنى قايتا رېمونت قىلىش، ھاۋا يولى ۋە تاش يولى، كۆۋرۈك، تونىللارنى ئاسراش، سودا، ئاشلىق، تەمىنات - سودا تارماقلىرى ئاددىي بىناكارلىق خىراجىتى بىلەن سالغان ئاددىي ئامبار، لاپاس قاتارلىقلار، شۇنىڭدەك يەككە ئۈسكۈنە ۋە يەككە تۈر قۇرۇلۇشىدىكى 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغان تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى سېتىۋېلىپ قۇراشتۇرۇش ياكى ياساش، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلمەيدىغان تۈرلەر) تۈرلەرنى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپى يولغا قويۇلدى. ئىناۋەتلىك ھاۋالە قەرز پۇلى، ئائىلىلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان يېزا - بازارلاردىكى كىچىك كىنوخانىلارغا ھاۋالە بويىچە بېرىلىدىغان قەرز پۇل، يەرلىك مالىيە ھاۋالە قىلغان كىچىك تىپتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى، كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلى كەسپلىرى يولغا قويۇلدى.

1983 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ ئاپپاراتى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ دۆلەتنىڭ مۇستەقىل تىجارەت قىلىپ، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىقلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغلەرنى باشقۇرىدىغان كەسپىي بانكىسىغا ئايلاندى. قۇرۇلۇشنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى تۈرلىرىنى باھالاپ مۆلچەرلەش، مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ۋە تۈرلەر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەندىن كېيىنكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ئىككى باشقا ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت يېڭى باسقۇچتىكى كەسپىي قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە «بەشنى ھۆددىگە بېرىش» (سېلىنىدىغان مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش، ئىش مۇددىتىنى ھۆددىگە بېرىش، سۈپىتىنى ھۆددىگە بېرىش، ئاساسلىق ماتېرىياللارنىڭ ئىشلىتىش مىقدارىنى ھۆددىگە بېرىش، ئۇنىۋېرسال ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى شەكىللەندۈرۈشنى ھۆددىگە بېرىش) مەركەز قىلىنغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىدا بىرىنچى قەدەمدە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى يولغا قويۇش باشلاندى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى خەلق ھۆكۈمىتىگە ھەمكارلىشىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشتىكى 18 خىل نامۇۋاپىق خىراجەت ئېلىشنى ئېنىقلاپ چىقتى ۋە ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكا ئاپپاراتلىرى بىناكارلىق بېجىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش، ۋاكالىتەن يىغىش، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش كەسپىنى بېجىردى ھەمدە تۇراقلىق مۈلۈك ساھەسىدىكى بوش تۇرغان تارقاق مەبلەغلەرنى جەلب قىلىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز پۇل بەردى ھەم ئىناۋەتلىك ھاۋالە مەبلەغ ئامانىتى كەسپىنى بېجىردى. يىل ئاخىرىدا ئامانەت پۇل قالدۇقى 20 مىليون 190 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1984 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىش، پۇل يۆتكەپ بېرىش ۋە قەرز بېرىشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تىزگىنلەش، نۇقتىلىق

قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەدەت بېرىش، قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش باھاسىنى تۆۋەنلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» تىن ئىبارەت كەسپىي فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىناكارلىق ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىدا «ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقتى. بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئومۇمەن دۆلەت مەبلەغ سالىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە، مەبلەغنى ھەقلىق ئىشلىتىش پرىنسىپى بويىچە مالىيىدىن پۇل بۆلۈپ بېرىش بانكىدىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلىپ، پەرقلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلدى. تۈرلەر پۈتكەندىن كېيىن بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىش، مۇددەتكە بۆلۈپ پۈتتۈرگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى مۇددەتكە بۆلۈپ راسچوت قىلىش سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتىغا قاتنىشىپ، قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان شىركەتلەر ۋە شەھەرلەردىكى ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات شىركەتلىرىگە قەرز پۇل ئارقىلىق مەدەت بەردى ھەمدە قۇرۇلۇش ئۆلچىمىنى باھالاش، بېكىتىلگەن ئۆلچەملەرنى تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. مالىيە مىنىستىرلىكى بەرگەن ھوقۇقتا ئاساسەن قىسمەن مالىيە فۇنكسىيىسى داۋاملىق ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈلدى. ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە قەرز پۇل بېرىشتىكى ئىش تەقسىماتى بويىچە، بىناكارلىق ساھەسىگە بىر تۇتاش تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى، ۋاقىتلىق ئوبوروت قەرز پۇلى، ئىناۋەتلىك ھاۋالە مەبلەغ قەرز پۇلى قاتارلىقلار بېجىرىلدى. ھەمدە كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇلىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ ئامانىتى كەسپى يولغا قويۇلدى، يىل ئاخىرىدا كېيىنكى يىلغا ئاغدۇرۇلىدىغان ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ ئامانەت پۇل قالدۇقى 115 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1985 - يىلى تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنىدىغان مەبلەغدە «پۇل بۆلۈپ بېرىشنى قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىش» ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى پۈتكەندىن كېيىن قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. 11 - ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كرېدىت كىرىم - چىقىمى پۈتۈنلەي دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانىغا كىرگۈزۈلدى ھەمدە تەييارلىق فوندى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىلەر بويىچە مەسئۇل بولۇش، پەرق سوممىسى بويىچە تىزگىنلەش، ئەمەلىي قەرز ئېلىپ ئەمەلىي ئامانەت قويۇش، ئامانەت پەرقىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش» چارىسى بويىچە، مەبلەغ جانلىق تەڭشىلىپ، قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان پۇلغا كاپالەتلىك قىلىندى، شۇ يىلى يەنە ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا، ئاساسىي قۇرۇلۇش ماددىي ئەشيالىرىنى تەمىنلەش - سېتىش كارخانىلىرىغا تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىش ۋە تەرەققىيات - ھۆددىگەرلىك كارخانىلىرى ئامانەت پۇل كەسپى يولغا قويۇلدى.

1951 - يىل 5 - ئايدىن 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇش بانكىسى (قاتناش بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارماق بانكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ فۇنكسىيىلىك ۋەزىپىسى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ، كەسىپ دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، باشقۇرۇش خىزمەتلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتى. ئۇقۇل ھالدا مالىيە مەبلىغىنى باشقۇرۇش، ئاساسىي قۇرۇلۇشتا پۇل بۆلۈپ بېرىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىشتىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئوتتۇرا، ئۇزۇن مۇددەتلىك مەبلەغ سېلىش كەسپىنى ئاساس قىلىپ، ھەم مالىيە خاراكتېرلىك مەبلەغلەرنى باشقۇرىدىغان، ھەم كرېدىت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بانكا پۇل مۇئامىلە كەسپى تەدرىجىي مۇكەممەللەشكەن، مالىيە ۋە بانكا فۇنكسىيىسى بىر گەۋدىلەشكەن، ئۇنىۋېرسال، كۆپ ئىقتىدارلىق دۆلەت كەسپىي بانكىسىغا ئايلاندى. 30 نەچچە يىلدىن بۇيان جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ

تەكشۈرۈش، بىخلاش، ئۆزگەرتىش ۋە بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنى جەمئىي 25 مىليارد 797 مىليون 960 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارغا بېرىلگىنى 15 مىليارد 109 مىليون 910 مىڭ يۈەن، بۇ %57.58 نى، يەرلىك كارخانىلارغا بېرىلگىنى 10 مىليارد 688 مىليون 50 مىڭ يۈەن، بۇ %43.41 نى ئىگىلىدى. مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش شەكلىدە، ھەر قايسى تۈرلەرگە بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇللار 22 مىليارد 505 مىليون 50 مىڭ يۈەن، بۇ %24.87 نى، تۆرلۈك قەرز پۇللار 3 مىليارد 292 مىليون 910 مىڭ يۈەن، بۇ %76.12 نى ئىگىلىدى. جۈملىدىن خام چوت ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇل 14 مىليارد 877 مىليون 520 مىڭ يۈەن، بۇ %67.57 (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 6 مىليارد 766 مىليون 450 مىڭ يۈەن، بۇ %48.45 نى ئىگىلەيدۇ) نى، خام چوت ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ چىقىمى 1 مىليارد 434 مىليون 530 مىڭ يۈەن، بۇ %56.5 (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 456 مىليون 390 مىڭ يۈەن، %81.31 نى ئىگىلەيدۇ) نى، خام چوت سىرتىدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇل 5 مىليارد 337 مىليون 410 مىڭ يۈەن، بۇ %69.20 (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 1 مىليارد 994 مىليون 81 مىڭ يۈەن، بۇ %36.37 نى ئىگىلەيدۇ) نى ئىگىلەيدۇ. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇل چىقىمى 1 مىليارد 858 مىليون 380 مىڭ يۈەن، بۇ %2.7 (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 565 مىليون 710 مىڭ يۈەن، بۇ %44.30 نى ئىگىلەيدۇ) نى، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىگە بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇل 1 مىليارد 374 مىليون 800 مىڭ يۈەن، بۇ %33.5 (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 378 مىليون 320 مىڭ يۈەن، بۇ %52.27 نى ئىگىلەيدۇ) نى، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇل 915 مىليون 320 مىڭ يۈەن، %55.3 (بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىكنىڭ 527 مىليون يۈەن، بۇ %58.57 نى ئىگىلەيدۇ) نى ئىگىلەيدۇ.

# II باب

# ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمى خام چوتىنىڭ باشقۇرۇلۇشى

## 1 § . خام چوتنىڭ تاپشۇرۇۋېلىپ، بېجىرىلىشى

1959 - يىلىدىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى مالىيە نازارىتى تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى پەقەت ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى ۋە مالىيە نازارىتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى بويىچە بۇيرۇپ بېرىلگەن چەكلىك سوممىنى تەقسىملەش ھېسابى تۇرغۇزۇپ، بېجىرگۈچى بانكىلارغا بۇيرۇپ بېرىلگەن سومما نورمىسىنى چۈشۈرۈپ بېرەتتى. بۇيرۇپ بېرىلگەن سومما نورمىسى دائىرىسى ئىچىدە پىلان ۋە مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇلنى نازارەت قىلاتتى. يىل ئاخىرىدا مالىيە نەقچوتى مالىيە تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى ھەمدە تەكشۈرۈپ تەستىقلىناتتى. شۇنىڭ بىلەن مالىيە تارماقلىرى «ئىككى بېشىنى باشقۇرۇش» (خام چوت ۋە نەقچوتنى)، قۇرۇلۇش بانكىسى ئوتتۇرىسىنى (پۇل بۇيرۇپ بېرىشنى) باشقۇرۇشتەك ۋەزىيەت شەكىللەنگەنىدى. «چولڭ مەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە «ياخشى ئىش قىلىش، پۇلنى ئالدىغا ئاپىرىپ بېرىش» ۋە «بىرنى ئىككىگە تەڭ قىلىپ مەبلەغ سېلىش، مەھسۇلات مىقدارىنى بىر قاتلاش، سۈرئەتنى بىر ھەسسە ئاشۇرۇش» شوئارى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۇيرۇپ بېرىشنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش تەكىتلىنىپ، پىلان ۋە خام چوت يوق تۈرلەرگە سومما نورمىسى، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق ياكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقى بولسىلا قۇرۇلۇشلارنىڭ باھا پۇلى بۇيرۇپ بېرىلىۋەردى. مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەر ئىنكار قىلىنغانلىقتىن پۇل خەجلىسە مالىيىنى ئىزدەيدىغان، پۇل بۇيرۇپ بېرىشتە چولڭ قوللۇق قىلىدىغان، يەرلىك مالىيە قامداپ كېتەلمەيدىغان ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى.

1959 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بېرىلدى. ئومۇمەن يەرلىككە تەۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى ياكى ئورۇنلارنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانى، بۇيرۇپ بېرىلىدىغان چەكلىك سومما، يىللىق مالىيە ئىشلىرى نەقچوتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇلۇش بانكىسى كۆزدىن كەچۈرىدىغان، تۆۋەنگە چۈشۈرىدىغان، تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان، تەكشۈرۈپ تەستىقلايدىغان ھەمدە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلىدىغان بولدى. ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ مالىيە، بوغالتىرلىق جەھەتلەردىكى قائىدە - تۈزۈملىرىنىمۇ قۇرۇلۇش بانكىسى تۈزىدىغان ياكى تولۇقلايدىغان، تۈزىتىدىغان ھەمدە چۈشەندۈرىدىغان بولدى. قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتى تەسىس

قىلىنمىغان جايلاردا ئۇلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى يەنىلا شۇ جايدىكى مالىيە تارماقلىرى باشقۇرۇپ كەلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇرۇلۇش بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى بويىچە قۇرۇلۇش مەبلىغىنى تەشكىللەيدىغان، تەقسىملەيدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەيدىغان بولدى ھەمدە ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى باشقۇرۇش چارىلىرىنى تۈزدى ۋە تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈردى.

1964 - يىل 11 - ئايدىن باشلاپ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا پۇل بۆلۈپ بېرىشنى ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم ئومۇمىي خام چوتىدىن ئايرىپ چىقىپ، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ بىجىرىشىگە تاپشۇرۇپ بەردى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى سۇ ئىنشائات قۇرۇلۇشلىرىغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى بۆلۈپ بېرىش يەنە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى.

قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى باشقۇرۇشنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىجىرگەندىن تارتىپ 1968 - يىلغىچە، ئومۇمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا مالىيە خام چوتىدىن پۇل بۆلۈپ بەرگەنلا بولسا، بىر تۇتاش چىقىم ئومۇمىي خام چوتىغا كىرگۈزۈلۈپ، مالىيىدىن مەخسۇس تۈر بويىچە پۇل بۆلۈپ بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ كەلدى. «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىش ئۇقتۇرۇشنامىسى» تولدۇرۇلۇپ كېسىلسە، جايلاردىكى بىجىرگۈچى بانكىلار شۇنىڭغا ئاساسەن پۇل بۆلۈپ بەردى. 1969 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوت كۆرسەتكۈچى ئايرىپ چۈشۈرۈلسە، تەڭ دەرىجىلىك مالىيە كىرىم - چىقىم خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدىغان ھەمدە كىرىم تەقسىملەشكە قاتناشتۇرۇلمىدىغان بولدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت (ئىدارە) لەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە خام چوتى باشتىن ئاخىر قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا بولىدىغان بولدى.

1980 - يىل 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىرلىشىپ «ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىلىرى بىلەن قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىش تەقسىملەپ، ھەمكارلىشىش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، ھەر قايسىسىنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق قىلىپ مۇنداق بەلگىلىدى: ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى بېكىتىش، ئۇنى كۆپەيتىش ۋە تەڭشەپ كېمەيتىش، يىل ئاخىرىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى قالدۇقىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىشلىرىغا ئاساسلىق مەسئۇل بولىدۇ. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بېكىتىلگەن يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى دائىرىسىدە ئاپتونوم رايوندىكى ھەر قايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت (ئىدارە) لەر، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەردىكى قۇرۇلۇش تارماقلىرى ياكى ئورۇنلارغا خام چوت مەبلىغىنى كونكرېت تەقسىم قىلىپ، پىلان بويىچە تەمىنلەيدۇ، پۇل بۆلۈپ بېرىدۇ، مەبلەغنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلىدۇ، ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە پىلانى (پۇل ئىشلىتىش پىلانى) ۋە مالىيە نەقچوتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ. مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە باشقۇرۇش چارىلىرىنى بىرلىشىپ تۈزۈپ چىقىپ، ئۆز قەرەلىدە باش بانكا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىگە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل سانىنى يوللايدۇ ھەمدە خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭدا ساقلانغان مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىدۇ.

1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قىسمەن مالىيە فۇنكسىيىسىنى داۋاملىق ۋاكالىتەن يۈرگۈزۈش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ پىلانى ۋە خام چوتىغا ئاساسەن

ھەر قايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت (ئىدارە) لەر، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرنىڭ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە مەبلىغىدىن قەرز بېرىش، پۇل بۆلۈپ بېرىش پىلانى (پۇل ئىشلىتىش پىلانى)، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىگە پۇل بۆلۈپ بېرىش پىلانى، خام چوت باشقۇرۇشقا كىرگۈزۈلگەن قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى باشقۇرۇش، خام چوتنى تەڭشەش، مالىيە كۆرسەتكۈچى ۋە قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى ئايرىپ يۆتكەش ۋە تۈزۈەتكە چۈشۈرۈش، پۇل بۆلۈپ بېرىش ۋە قەرز پۇل بېرىش، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرگۈچى ئورۇنلار، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مالىيە ھەقچوتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسىنى باشقۇرۇش چارىسىنى بەلگىلەپ تۈزۈپ چىقىش ھەمدە مالىيە باشقۇرۇش ۋە مالىيە نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە دەپ بەلگىلەندى.

## 2 § . خام چوتنىڭ بېكىتىلىشى

يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت تەستىقلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش پىلانىغا ئاساسەن، ئىچكى قىسمىدا سەپەرۋەر قىلىنغان مەبلەغ مەنبەسى ھەم تەكشۈرۈپ بۆلۈپ بېرىلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش زاپاس مەبلىغى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، قۇرۇلۇش باش بانكىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى چۈشۈرگەن خام چوت كۆرسەتكۈچى ئۇقتۇرۇشى بويىچە بېكىتىلىدۇ. ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت (ئىدارە) لەر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى تەكشۈرۈپ تەستىقلانغان يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە پىلانى (ياكى پۇل ئىشلىتىش پىلانى) غا ئاساسەن، ئالدىنقى يىلدىكى قالدۇق مەبلەغ بويىچە ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ مەنبەسى سەپەرۋەر قىلىنىپ، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىلەن مالىيە نازارىتى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن تارماق ۋە رايونلارغا چۈشۈرگەن خام چوت ئۇقتۇرۇشى بويىچە بېكىتىلىدۇ. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارغا چۈشۈرگەن پۇل بۆلۈپ بېرىش نورمىسى ئورۇنلارنىڭ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىدىكى ساندىن ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار چوقۇم مەخسۇس ھېساب ئېچىپ ئامانەت قويۇشى، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشقا ئىشلىتىشى كېرەك. خام چوت ئىچىدىكى مەبلەغنى يۆتكەش، باشقا يەرگە ئىشلىتىش مەنئى قىلىنىدى. بېجىرگۈچى بانكىلار ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى ۋە مالىيە پىلانى (ياكى پۇل ئىشلىتىش پىلانى) نى پۇل بۆلۈپ بېرىش ئاساسى قىلدى ھەمدە مەبلەغنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلدى.

1959 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ بېجىرىشكە باشلىغاندىن كېيىن، پىلان تارماقلىرىنىڭ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ، ھەر قايسى تارماقلار ۋە جايلارنىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قالدۇق مەبلىغى بىلەن خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغلىرىنى ئېنىقلىدى، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ پىلاندىكى سېلىنىدىغان مەبلىغىنىڭ مەبلەغ مەنبەسىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى ھەمدە «ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقىپ تارقاتتى. «بەلگىلىمە» دە يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى تەستىقلانغاندىن

كېيىن، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورۇنلاردىن 15 كۈن ئىچىدە، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن ئون كۈن ئىچىدە يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانىنى تۈزۈپ يوللاش. ھېساب ئاچقان قۇرۇلۇش بانكىسى تەكشۈرۈپ تامغا باسقاندىن كېيىن قۇرۇلۇش باش بانكىسى ۋە شۆبە بانكىسىنىڭ پۇل بۆلۈپ بېرىش چەكلىك سوممىسىنى تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ بېرىشكە يوللاپ بېرىش تەلەپ قىلىندى. 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ قالدۇق مەبلىغى 184 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە يەرلىك دەرىجىلىكنىڭ 82 مىليون يۈەن. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1959 - يىلدىكى قالدۇق مەبلەغنىڭ شەكىللىنىش، مەبلەغنىڭ بېسىلىپ قېلىش سەۋەبلىرىنى ئېنىقلاش ئاساسىدا، 1959 - يىلى مۇددەتتىن بۇرۇن كېيىنكى يىل ئۈچۈن ئالدىن چىقىم قىلىپ بېرىلگەن مەبلەغ، 1959 - يىلى تاماملاشقا تېگىشلىك بولۇپ، تاماملانمىغان قۇرۇلۇشنىڭ قالدۇق مەبلىغى، شۇنىڭدەك شۇ يىللىق پىلانغا ھېساب قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەن تۈرلۈك پۇللارنىڭ ھەممىسى شۇ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىغا كىرگۈزۈلدى.

1961 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈچۈن سەپەرۋەر قىلىنغان ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ 56 مىليون 780 مىڭ 100 يۈەن بولۇپ، 1960 - يىللىق قالدۇق مەبلەغنىڭ 30.89 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ھەممىسى خام چوتتىن بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل ھېسابىغا كىرگۈزۈلدى. تۇتۇپ قېلىنغان خام چوت مەبلىغىدىن قۇرۇلۇشى توختىتىلغان، كىچىكلىتىلگەن قۇرۇلۇشلارنى ئاسراش خىراجىتىگە 11 مىليون 482 مىڭ 400 يۈەن، قەرز قايتۇرۇشقا 13 مىليون 154 مىڭ يۈەن چىقىم قىلىندى، قالغىنى مەبلەغ يوچۇقىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، شۇ يىللىق خام چوت ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا ئىشلىتىلىپ پىلاننىڭ ئورۇندىلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. خام چوتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئامبارلىرىنى ئېنىقلاپ، مەبلەغنى جانلاندۇرۇپ، بېسىلىپ قېلىشنى ئازايتىشقا پائال ھەمكارلاشتى. بېسىلىپ قالغان 15 مىليون 54 مىڭ 700 يۈەنلىك ئۈسكۈنە، 26 مىليون 871 مىڭ 600 يۈەنلىك ماتېرىيال تەڭشەپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، 14 مىليون 943 مىڭ 800 يۈەن قەرز يىغىۋېلىندى. شۇ يىلدىن باشلاپ ھەر پەسىلدە پىلان بويىچە پۇل ئىشلىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، مالىيە خام چوتىدىن پۇل بۆلۈپ بېرىش چېكىمى قاتتىق تىزگىنلىنىپ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا 40% چىقىم قىلىش، كېيىنكى يېرىم يىلدا 60% چىقىم قىلىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى باشقۇرۇش خىزمىتى توغرا ئىزغا سېلىندى.

1964 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيەلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى باشقۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ۋە تولۇقلىما ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيەلەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى شۇ يەردىكى مالىيە تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ، بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى، قۇرۇلۇش بانكىلىرى تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىش ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن كونكرېت پۇل چىقىم قىلىشنى ھەمدە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋەللىرىنى مالىيە تارماقلىرىغا ھەر ئون كۈن ۋە ئايدا بىر قېتىم يوللاپ تۇرۇشنى؛ قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ يىللىق مالىيە نەقچوتىنى بېجىرگۈچى بانكىلار ئىمزا قويغاندىن كېيىن تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاشنى بەلگىلىدى.

1969 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش» روھىغا ئاساسەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى مالىيەدىن مەخسۇس تۈر بويىچە بۆلۈپ بېرىش چارىسىنى ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوتىنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم خام

چوتىغا كىرگۈزۈپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. لېكىن جايلاردىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرى ئارقا - ئارقىدىن تەڭ دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىغا قوشۇۋېتىلگەنلىكتىن، ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى ئەمەلىيەتتە يەنىلا مالىيە ئارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ باشقۇرۇپ كەلدى.

1972 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشتا پۇل بۆيرۈپ بېرىش چىقىم ئورنىغا، چىقىم قىلىش نەقچوت ئورنىغا دەسسىتىلىپ، مەبلەغ قالايمىقانلىشىپ سان - سىفىرلار ئەمەلىي بولماي، قارغۇلارچە ھېسابات قىلىشتەك ھادىسىلەر ئىنتايىن ئېغىر بولدى. شۇ يىلى بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇل چىقىمى مۇشۇ بىر يىللىق خام چوتىنىڭ 96.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى بولسا يىللىق پىلانىنىڭ ئاران 75.38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. زاپاس مەبلەغنىڭ ئىگىلەپ ئىشلىتىلىشى كۆپ، ئىش توختاشتىن كۆرۈلگەن زىيان چوڭ بولدى. نورغۇنلىغان ئارماق ۋە جايلار پۇل خەجلەپ، ھېسابات مەلۇم قىلمىدى. تاكى 1977 - يىلغىچە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرگۈچى ئورۇنلار، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ يىللىق مالىيە نەقچوتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى ۋاقتىدا، مۇكەممەل، ياخشى ئىشلەش قىيىنغا توختىدى. 1978- يىلىلا ئاندىن مالىيە نەقچوتىنى خېلى ۋاقتىدا، مۇكەممەل ئومۇملاشتۇرۇپ يوللاش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. لېكىن، يەنىلا ئالدى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ ئاندىن تەستىقلاش يولىغا قويۇلدى. 1979 - يىلدىن باشلاپ، ئۆسكۈنە زاپاس مەبلىغىنى مۇۋاپىق ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بېسىلىپ قېلىشنى ئازايتىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەرلىكتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارغا كېيىنكى يىللىق ئۆسكۈنە ھېسابىدا زاپاس مەبلەغ تارقىتىپ بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. ئومۇمەن پىلان ئىچىدىكى، دۆلەت خام چوتىدىن پۇل بۆيرۈپ بېرىش ئورۇنلاشتۇرۇلغان چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى قۇرۇلۇشلار، نۆۋەتلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ كېيىنكى يىل ئۈچۈن زاپاس ساقلىشىغا ئېھتىياجلىق بولغان چوڭ تىپتىكى بىرلەشمە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ئۈسكۈنىلەر، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ۋە يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئۈسكۈنىلەرگە ئىشلىتىلىدىغانلىكى مەبلەغ بولسا، ئىلتىماس قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش بانكىسى قەرز پۇل بېرىدىغان، مەزكۇر ئۈسكۈنە قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىن شۇ يىللىق سېلىنغان مەبلەغدىن قايتۇرىدىغان بولدى.

1980 - يىلدىن باشلاپ، ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىشقا كۈرسەتكۈچ بەلگىلەنمەيدىغان، مالىيىدىن بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇللار تۇتۇپ قېلىنمايدىغان بولدى. لېكىن يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق قېزىپ، خام چوت مەبلىغىنى تېجەش يەنىلا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى باشقۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم مەزمۇن قىلىندى. شۇ يىلى يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ يىللىق مالىيە نەقچوتىنى تۈزۈپ تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئالدى بىلەن تەستىقلاپ، ئاندىن ئومۇملاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ «دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى بۆيرۈپ بېرىشتىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. ئومۇمەن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون خام چوتىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى، جۈملىدىن مەركەزنىڭ بەرگەن قوشۇمچە ياردىمى ۋە يەرلىك زاپاس مالىيە كۈچىدىن سېلىنغان مەبلەغ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مالىيىدىن بۆيرۈپ بېرىشتىن بانكىدىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مالىيە خام چوتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش ئۇسۇلىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى. ئۆزۈندىن بۇيانقى ھەقسىز پۇل بۆيرۈپ بېرىش مالىيە خام چوت مەبلىغىنى قەرز پۇل فوندى قىلىشقا

ئۆزگەرتىلدى. يەنى قۇرۇلۇش بانكىسى ئارقىلىق قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئىشلىتىشىگە ھەقلىق قەرز بېرىلىپ، مۇددىتى بويىچە دىرى ۋە ئۆسۈمى قايتۇرۇلىدىغان بولدى. قۇرۇلۇش بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى باشقۇرۇش جەريانىدا تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئۆتكەن ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنىڭ قەرز پۇل سانىنى ھەر قايسى تارماقلار، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ پۈتۈن يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ ھېسابىدا بېرىلىدىغان قەرز پۇلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نورمىسى قىلىپ، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ھېسابىدىكى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى دائىرىسى ئىچىدە مەبلەغنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ھەمدە خام چوتنى تەڭشەش، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى ئاقدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، مالىيە سېلىنمىسىغا پۇل بۆيرۈپ بېرىش، قەرز پۇل چىقىمىنى يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى ئىچىدە تىزگىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدىغان بولدى.

## § 3. خام چوتنىڭ ئىجرا قىلىنىشى

1959 - يىلى 6 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى ئىجرا قىلىشتا نورمىلىق پۇل بۆيرۈپ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا باشلىدى. 1962 - يىلى تۈزۈلگەن «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆيرۈپ بېرىش نورمىسىنى باشقۇرۇش چارىسى» دە مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت (ئىدارە) لەر تەستىقلانغان يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش چىقىم خام چوتى دائىرىسى ئىچىدە، قۇرۇلۇش سۈرئىتى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، قۇرۇلۇش بانكىسىدىن پۇل بۆيرۈپ بېرىش نورمىسىنى ئىلتىماس قىلىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلانغاندىن كېيىن، ھېساب ئاچقان قۇرۇلۇش بانكىسىدىن پۇل ئېلىپ ئىشلىتىدۇ. ئەگەر پىلان كېمەيتىلسە، بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇل نورمىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا كېمىيىدۇ. ئەكسىچە بولسا مۇناسىپ كۆپەيتىلىدۇ. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت (ئىدارە) لەر ئۆز قارىمىقىدىكى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارغا پۇل نورمىسىنى بىۋاستە بۆيرۈپ بەرگەندە، ئۇۋۇنىڭغا بۆيرۈپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشى كېرەك. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار شۇنىڭغا ئاساسەن بېجىرگۈچى بانكىدا ھېساب ئېچىپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن، نورمىلىق سومما ئىچىدىن چىقىم قىلىدۇ. چەت، ياقا رايونلارغا ياكى ئورۇنلارغا جىددىي پۇل لازىم بولۇپ قالسا تېلېگرامما ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىشكە بولىدۇ. قۇرۇلۇش قىلىنىدىغان ئورۇندا قۇرۇلۇش بانكا ئاپپاراتى بولمىسا، مەبلەغنى نۆۋەتكە بۆلۈپ پېرېۋوت قىلسا، شۇ جايدىكى خەلق بانكىسىدا مەخسۇس ھېساب ئېچىپ ئامانەت قويۇپ، مەخسۇس پۇلنى ئۆز ئورنىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت (ئىدارە) لەر مەبلەغنىڭ ئارتۇق كېمىنى تەڭشىگەندە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بۆيرۈپ بېرىلگەن نورمىلىق سوممىنى قايتۇرۇۋالغان ياكى يۆتكىگەن ئۇقتۇرۇشنى ھېساب ئاچقان قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئەۋەتىپ، رەسمىيەت بېجىرىدۇ. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئۆزگەرسە، خام چوت ۋە پۇل بۆيرۈپ بېرىش، قەرز بېرىش چىقىم سانى ۋاقتىدا يۆتكىلىدۇ؛ پۇل بۆيرۈپ بېرىش، قەرز بېرىش شەكلى ياكى چىقىم قىلىنىدىغان پۇل تۈرىدە ئۆزگىرىش بولسا، ئۆزگىرىش بولغان ئىشلار ھېساب ئاچقان قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇلىدۇ. 1959 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەرلىك دەرىجىلىك قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ يىللىق مالىيە نەقچوتىنى تۈزۈش، تەكشۈرۈش ئىشىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى.

1961 - يىلى خام چوتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ساقلانغان مەسىلىلەرنى كۆزدە

تۇتۇپ، خام چوتنى تىزگىنلەشتە «بەش ئېشىپ كەتمەسلىك» يەنى: پۈتۈن يىللىق چىقىم خام چوتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ پەسىللىك ئىشلىتىلگەن پۇل پىلاندىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ ئىش ھەققى چىقىمى ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ ئۈسكۈنە زاكاز قىلىش چىقىمى تەخمىن چوتقا كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنە مەبلىغى ئومۇمىي سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك؛ يەككە تۈرلەر قۇرۇلۇش چىقىمى قۇرۇلۇش خام چوتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك ۋە ئومۇمىي قۇرۇلۇش چىقىمى ئومۇمىي تەخمىن چوتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك تەدبىرىنى قوللاندى. مۇشۇ بىر يىلدا ئىچكى قىسمىدىكى يوشۇرۇن كۈچلەر قېزىلىپ، خەزىنە زاپىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ مەنبەسىدىن 56 مىليون 780 مىڭ يۈەن سەپەرۋەر قىلىنىپ، ھەممىسىنى خام چوتتىن بۆلۈپ بېرىدىغان پۇل ھېسابىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق، پۈتۈن يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوتىدىكى پۇل بۆلۈپ بېرىش چىقىمى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون تەكشۈرۈپ بېكىتكەن چىقىم خام چوت كۆرسەتكۈچى ئىچىدە تىزگىنلەندى.

1963 - يىلدىن باشلاپ، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ يىللىق مالىيە ئەقچوتىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، ھېسابات جەدۋىلى بىلەن ئەمەلىي ئەرسىلەرنى سېلىشتۇرۇپ مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى بىلەن ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ۋە قالدۇق ئەھۋالىنى ئېنىقلىدى، ئەستىقلانغان پىلان ۋە قۇرۇلۇش مەزمۇنى بويىچە پۈتكەن قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك چىقىملارنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى. شۇ يىلى 32 تارماق، 385 يەرلىك دەرىجىلىك قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ يىللىق مالىيە ئەقچوتى تەكشۈرۈپ تەستىقلىنىپ، خام چوت بويىچە بۆلۈپ بېرىلگەن چىقىمدىن 54 مىليون 740 مىڭ يۈەن، خام چوت سىرتىدا بۆلۈپ بېرىلگەن چىقىمدىن 12 مىليون 900 مىڭ يۈەن تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن 42 مىليون يۈەنلىك مال - مۈلۈك يىل ئاخىرىدا قۇرۇلۇۋاتقان 148 مىليون يۈەنلىك قۇرۇلۇش، 66 مىليون يۈەن ئېشىنچا مەبلەغ تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، مەبلەغ مەنبەسى، ئىشلىتىلگەن مەبلەغ ۋە ئېشىنچا مەبلەغدىن ئىبارەت ئۈچىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1964 - يىلغا كەلگەندە، يەرلىك دەرىجىلىك قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئامبىرىدا بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشياسىنىڭ قىممىتى 52 مىليون 600 مىڭ يۈەنگە يەتتى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ماسلىشىپ قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنى ئىسكىلاتنى ئېنىقلاپ، بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيالاردىن پائال پايدىلىنىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆز ئارا تەڭشەش ھەمدە سوۋېتى بويىچە باھا قويۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر قىسىم مەبلەغنى قايتا ھەرىكەتكە كەلتۈردى. 1965 - يىلى ئۈسكۈنىلەرنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى تەڭشەپ تولۇقلاش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇشىغا ماسلىشىپ، 150 يۈرۈش ئۈسكۈنىنى تەڭشەپ ئېھتىياجنى تەمىنلەش توختامى ئىمزالاندى. شۇ ئارقىلىق 1 مىليون 627 مىڭ يۈەنلىك ماددىي ئەشيا، 296 توننا پولات ماتېرىيالى، 544 توننا كېرەكسىز تۆمۈر تەڭشەپ بىر تەرەپ قىلىندى ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن تۈرلەرنىڭ جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان ئۈسكۈنە ۋە ماتېرىياللارنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىلدى. 1967 - يىلدىن باشلاپ ئۈسكۈنە زاپاس مەبلىغىنى نورمىلىق باشقۇرۇش چارىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پىلان بويىچە بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ بېكىتىش يولغا قويۇلدى. لېكىن قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ماتېرىيال ئۈسكۈنىلىرى يەنىلا نورمىلىق باشقۇرۇلدى. 1968 - يىل 3 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى ۋە خەلق باش بانكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ۋە بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ 1967 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇللىرىنى ئالدى بىلەن توڭلىتىپ قويۇش، تەكشۈرگەندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت جىددىي تەدبىر يولغا قويۇلدى؛

1969 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش

چىقىم خام چوتىنى باشقۇرۇش ئۆزگەرتىلىپ، تەڭ دەرىجىلىك مالىيىنىڭ كىرىم - چىقىم خام چوتىغا كىرگۈزۈۋېتىلدى، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئارقىلىق بىۋاسىتە قاراشلىق تۈرلەرگە داۋاملىق پۇل بۆلۈپ بېرىش سومما نورمىسىنى چۈشۈرگەندىن باشقا، قالغان چىقىملار مالىيە نازارىتىدىن بىر تۇتاش خام چوتقا كىرگۈزۈلۈپ، بۆلۈندى. پۇل بۆلۈپ بېرىش نورمىسىدىكى ئارتۇق - كەمى تەڭشى بولماي، يەرلىك ئورۇنلاردىكى قۇرۇلۇشنىڭ پۇل ئىشلىتىشىگە تەسىر يېتىش مەسىلىسى تۈزىتىلىپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرنىڭ خام چوت مەبلىغىنى بىر تۇتاش تەڭشەش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى.

1969 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە گۇرۇپپىسىغا قوشۇۋېتىلدى، شۇ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە گۇرۇپپىسى «نۆۋەتتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسىدىن پۇل بۆلۈپ بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر قايسى تارماق ۋە ئورۇنلاردىن شۇ يىللىق ئاساسىي تارماق ۋە ئورۇنلاردىن شۇ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوتى بويىچە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلنى چىقىم قىلىشتا خام چوت كۆرسەتكۈچىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى، قۇرۇلۇش سۈرئىتى ۋە ئۈسكۈنىلەرنىڭ يېتىپ كېلىشىگە قاراپ پۇل چىقىم قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى، شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتتا، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ماتېرىياللىرىنى نورمىلىق باشقۇرۇش چارىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1972 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتىنى يەنىلا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى باشقۇرىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت (ئىدارە) لەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىغا پۇل بۆلۈپ بېرىشنى نورمىلىق باشقۇرۇش چارىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ۋىلايەت، ئوبلاست شەھەر (ناھىيە) لەرگە پىلاندىكى تۈرلەر بويىچە مەبلەغ سېلىنىدى. مالىيە ئارقىلىق ئاجرىتىپ بېرىلگەن چىقىم خام چوتى كۆرسەتكۈچتىكى چارە بويىچە باشقۇرۇلدى.

1977 - يىلى يەرلىك دەرىجىلىك قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرگۈچى ئورۇنلارنىڭ يىللىق مالىيە ئەقچوتى مۇددەت بويىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ يۇقىرىغا يوللىنىدىغان بولدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 58 تارماق، 16 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 70 ناھىيە (شەھەر) دىكى جەمئىي 215 قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇننىڭ يىللىق مالىيە ئەقچوتىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشتىن 3 مىليون 270 مىڭ يۈەننى ئېنىقلاپ قىسقارتىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ بولغان 4 مىليون 190 مىڭ يۈەن چىقىمنى توسۇپ قېلىپ، مالىيە نازارەتچىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. 1978 - يىلى يەرلىكتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ زاپاس مەبلىغى ئۈچۈن قەرز بېرىش چارىسى يولغا قويۇلۇپ، شۇ يىلى قەرز بېرىپ، كېيىنكى يىلى سېلىنىغان مەبلەغدىن قايتۇرۇۋېلىش، ئۆسۈمسىز قەرز بېرىش شەكلى قوللىنىلدى. پىلانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش بانكىدىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ زاپاس مەبلىغىنى مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشقا ئىشلىتىش، ئالغان قەرزنى قايتۇرۇشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىلدى.

1979 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى يەرلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ يىللىق بىرىكتۈرۈلگەن مالىيە ئەقچوتىنىڭ ئۇنىۋېرسال كۆرسەتكۈچىنى ئانالىز قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. شۇ يىلى خام چوتتىكى سېلىنىدىغان مەبلەغ 8.15% قىسقارتىلدى. ۋاھالەنكى ئۆزلىرى تەييارلاپ سالىدىغان مەبلەغ 8.67% كۆپەيدى. ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن مۈلۈك پەقەت 3.4% لا ئۆستى. تاپشۇرۇپ بېرىلگەن بىر يۈەنلىك مۈلۈك ئىگىلىگەن مەبلەغ 3.57 يۈەنگە يەتتى. ئورۇندالغان ھەر 100 يۈەنلىك مەبلەغ ئوتتۇرىچە ئىگىلىگەن ئېشىنچا مەبلەغ 50.8 يۈەن بولدى. قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلار بۆلۈپ بېرىلگەن ئومۇمىي پۇل

ساننىڭ 48.21 پىرسەنتىنى، ئۇنىڭ جەمئىيسىنىڭ 60.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپى بارغانچە ئۇزىراپ، مەبلەغنى ئىگىلەپ ئىشلىتىش نىسبىتى يۇقىرىلاپ كەتتى. 11 چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تۈر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئانالىزدىن قارىغاندا، ئومۇمىيۈزلۈك پۈتكۈزۈش ئۈچۈن ئوتتۇرىچە تۆت يىل يەتتە ئاي كېتىدىكەن. قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرى 1265 بولۇپ، ھەممىسىنى پۈتكۈزۈپ بولۇش ئۈچۈن يەنە ئالتە يىل ۋاقىت كېرەك ئىكەن. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى ۋە مەبلەغ سېلىش يۆنىلىشىنى تەڭشەشكە كىرىشىپ، 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ كېتىدىغان، قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن 23 تۈرنىڭ قۇرۇلۇشىنى توختىتىشنى، 82 تۈرنىڭ قۇرۇلۇشىنى كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلدى. قىسقارتىلغان مەبلەغ قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنغان بارلىق مەبلەغنىڭ 33 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1980 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى كۆرسەتكۈچىنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىر تۇتاش ئايرىپ چۈشۈرىدىغان، خام چوتنى ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى تەڭشەش، ئۆزنى كۆپەيتىش ۋە كېمەيتىشتە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مالىيە نازارىتى ئارقىلىق رەسمىيەت بېجىرىدىغان بولدى.

6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مەبلەغ ئۆچۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەنقىق قىلىش ئارقىلىق، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىدىكى ۋەزىپىلەرنىڭ ئورۇندىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يەرلىكنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشلىرىغا خام چوتتىن بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل چىقىمى 1 مىليارد 127 مىليون يۈەن، بېرىلگەن قەرز پۇل چىقىمى 1 مىليارد 416 مىليون يۈەن بولدى. يەرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشلاردا جەمئىي 2 مىليارد 238 مىليون يۈەنلىك مۈلۈك ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلدى، ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىش نىسبىتى %76.6 كە يەتتى؛ تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ۋە خىراجىتى 155 مىليون يۈەن، بۇ ئومۇمىي سېلىنغان مەبلەغنىڭ 3.99 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە مەبلىغى 679 مىليون 30 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى ئوتتۇرىچە ئېشىنچا مەبلىغى 190 مىليون 110 مىڭ يۈەن بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلارنىڭ مەبلىغى 1 مىليارد 14 مىليون 880 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى بولغان بىر يىل بولدى. 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، يەرلىكنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلىغى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %18 ئاشتى. ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوتىدىن بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل چىقىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10.39، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بېرىلگەن قەرز چىقىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %61.41 ئاشتى. سېلىنغان مەبلەغ ئۈنۈمى جەھەتتە ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن مۈلۈك يىلىغا ئوتتۇررا ھېساب بىلەن پەقەت %5.45 ئاشتى. ۋاھالەنكى قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇش مەبلىغى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %11.31، ئېشىنچا مەبلەغ %4.84 سۈرئەت بىلەن ئېشىپ باردى. تەكشۈرۈپ ھېسابتىن كۆتۈرۈلگەن باشقا ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىملىرى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %14.03 ئاشتى.

## 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ بىجىرگەن كەسپىي مەبلەغ ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 ـ 1 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| سانى / تۈرلىرى | جەمئىي | ئومۇمىي جەمئىيدە ئىگىلىگەن نىسبىتى (%) | ئۇنىڭ ئىچىدە | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | مەركەز دەرىجىلىك | جەمئىيدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % | يەرلىك دەرىجىلىك | جەمئىيدە ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
| ئومۇمىي جەمئىي | 2579796 | | 1510991 | 58.57 | 1068805 | 41.43 |
| خام چوت ئىچىدە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل چىقىمى | 1487752 | 57.67 | 811107 | 54.52 | 676645 | 45.48 |
| خام چوت ئىچىدە بەرگەن قەرز پۇل چىقىمى | 143453 | 5.56 | 97814 | 68.19 | 45639 | 31.81 |
| خام چوت سىرتىدا بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل چىقىمى | 533741 | 20.69 | 334323 | 62.64 | 199418 | 37.36 |
| قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇل چىقىمى | 185838 | 7.20 | 129267 | 69.56 | 56571 | 30.44 |
| قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىگە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل چىقىمى | 137480 | 5.33 | 99648 | 72.48 | 37832 | 27.52 |
| يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل چىقىمى | 91532 | 3.55 | 38832 | 42.42 | 52700 | 57.58 |

ئاپتونوم رايوننىڭ 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى ۋە بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇلنى چىقىم قىلىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 ـ 2    بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| ئۆرى / مەزگىلى | ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىدىكى مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى | | | ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بۇيرۇپ بېرىلگەن جەمئىي پۇل چىقىمى | | | بۇنىڭدىن: مالىيە خام چوتتىن بۇيرۇپ بەرگىنى | | | بۇنىڭدىن: خام چوت سىرتىدا بۇيرۇپ بېرىلگىنى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | مەركەز | يەرلىك | جەمئىي | مەركەز | يەرلىك | جەمئىي | مەركەز | يەرلىك | جەمئىي | مەركەز | يەرلىك |
| ئومۇمىي جەمئىي | 2487762 | 1310309 | 1177453 | 2021493 | 1145430 | 876063 | 1487752 | 811107 | 676645 | 533741 | 334323 | 199418 |
| خالق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى | 33015 | 21594 | 11421 | 2080 | 19 | 2061 | 553 | 19 | 534 | 1527 | | 1527 |
| 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 146450 | 89891 | 56559 | 129555 | 104550 | 25005 | 99164 | 75001 | 24163 | 30391 | 29549 | 842 |
| 2 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 314243 | 181480 | 132763 | 306224 | 180243 | 125981 | 212700 | 92792 | 119908 | 93524 | 87451 | 6073 |
| ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى | 104262 | 63120 | 41142 | 96927 | 60162 | 36765 | 59417 | 34023 | 25394 | 37510 | 26139 | 11371 |
| 3 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 188244 | 95935 | 92309 | 146300 | 83644 | 62656 | 134360 | 71704 | 62656 | 11940 | 11940 | |
| 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 247248 | 69594 | 177654 | 246567 | 75069 | 171498 | 191876 | 67369 | 124507 | 54691 | 7700 | 46991 |
| 5 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 597498 | 319041 | 278457 | 533193 | 292260 | 240933 | 418549 | 211763 | 206786 | 114644 | 80497 | 34147 |
| 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 856802 | 469654 | 387148 | 560647 | 349483 | 211164 | 371133 | 258436 | 112697 | 189514 | 91047 | 98467 |

ئىزاھات: 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە مالىيە مەبلەغ بۇيرۇپ بېرىشتىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلگەن چىقىم 1 مىليارد 434 مىليون 530 مىڭ يۈەن (مەركەزنىڭ 978 مىليون 140 مىڭ يۈەن، يەرلىكنىڭ 456 مىليون 390 مىڭ يۈەن)، بۇ پۇل خام چوتتىن بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇل ئىچىدە ھېسابلانىدۇ.

## 1950 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بەرلىكتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە نەقچوتىنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچلىرىنى جەملەش جەدۋىلى

جەدۋەل: 7 ـ 3

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / مەزگىلى | يىللىق پىلاندىكى مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى | شۇ مەزگىلدە خام چوتتىن بۇيرۇپ بېرىلگەن چىقىم | شۇ مەزگىلدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى چىقىمى | | | | ئۆزلىرى هازىرلىغان ۋە باشقا مەبلەغ چىقىمى | ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن مۈلۈك | مەزگىل ئاخىرىدىكى ئۇلىپ بېرىلۋاتقان قۇرۇلۇش (ئوتتۇرىچە سان) | مەزگىل ئاخىرىدىكى ئېشىنچا مەبلەغ (ئوتتۇرىچە سان) | تەكشۈرۈپ هېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك مەبلەغ چىقىمى | تەكشۈرۈپ هېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك باشقا چىقىم |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | | جەمئىي | بۇيرۇپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلگىنى | قۇرۇلۇش بانكا قەرز پۇلى | باشقا قەرز پۇل | | | | | | |
| ئومۇمىي جەمئىي | 11774530 | 6766445 | 1543371 | 457691 | 580078 | 505602 | 1994178 | 6721947 | 272797 | 117288 | 754232 | 210769 |
| خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى | 114210 | 5336 | | | | | 15270 | 29934 | 3000 | 1000 | | |
| 1 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 565590 | 241630 | | | | | 8420 | 102000 | 43400 | 10800 | 14000 | |
| 2 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 1327630 | 1199080 | | | | | 60730 | 711000 | 182200 | 66200 | 99000 | |
| ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش مەزگىلى | 411420 | 253940 | | | | | 113710 | 273000 | 146300 | 74600 | 55000 | |
| 3 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 923090 | 626560 | | | | | | 603000 | 179400 | 137400 | 117000 | |
| 4 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 1776540 | 1245071 | | | | | 469910 | 876921 | 348642 | 203619 | 190574 | 50012 |
| 5 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 2784570 | 2067859 | 67305 | | 67305 | | 341474 | 1888589 | 600412 | 254572 | 201541 | 83036 |
| 6 . بەش يىللىق پىلان مەزگىلى | 3870860 | 1126969 | 1476066 | 457691 | 512773 | 505602 | 984668 | 2237503 | 679025 | 190109 | 77117 | 77721 |

## 1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بەرلىكتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە نەقچوتىنىڭ ئاساسىي كۆرسەتكۈچى

جەدۋەل: 7 ـ 4

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرى / يىل | يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىدىكى مەبلەغ | شۇ يىلى خامچوتتىن بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل چىقىمى | شۇ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل چىقىمى: جەمئىي | بۆيرۈپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلگىنى | قۇرۇلۇش بانكا قەرز پۇلى | باشقا قەرز پۇللار | ئۆزلىرى هازىرلىغان ۋە باشقا مەبلەغ چىقىمى | ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلگەن مۈلۈك | يىل ئاخىرىدىكى قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇش | يىل ئاخىرىدىكى ئېشىنچا مەبلەغ | تەكشۈرۈپ هېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك مەبلەغ ۋە خىراجەت چىقىمى | تەكشۈرۈپ هېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە تېگىشلىك باشقا چىقىملار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 8960 | 2200 | | | | | | 6510 | | | | |
| 1951 | 29470 | 1896 | | | | | | 21424 | | | | |
| 1952 | 75780 | 1240 | | | | | 15270 | 2000 | 3000 | 1000 | | |
| 1953 | 71600 | 13790 | | | | | | 12000 | 15000 | 6000 | 2000 | |
| 1954 | 111330 | 33330 | | | | | | 16000 | 34000 | 9000 | 2000 | |
| 1955 | 100620 | 41310 | | | | | | 21000 | 44000 | 11000 | 3000 | |
| 1956 | 140520 | 86820 | | | | | 3090 | 28000 | 58000 | 15000 | 4000 | |
| 1957 | 141520 | 66380 | | | | | 5330 | 25000 | 66000 | 13000 | 3000 | |
| 1958 | 272850 | 241320 | | | | | 1790 | 85000 | 119000 | 44000 | 11000 | |
| 1959 | 394930 | 342020 | | | | | 12000 | 126000 | 250000 | 67000 | 17000 | |
| 1960 | 496210 | 493000 | | | | | 34540 | 293000 | 223000 | 82000 | 32000 | |
| 1961 | 126650 | 86840 | | | | | 7680 | 140000 | 19000 | 73000 | 19000 | |

ئالدىنقى جەدۋەلنىڭ داۋامى

| | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1962 | 36990 | 35900 | | | | | 4720 | 67000 | 128000 | 65000 | 20000 | |
| 1963 | 71050 | 54740 | | | | | 12900 | 42000 | 148000 | 66000 | 20000 | |
| 1964 | 144950 | 65030 | | | | | 46180 | 87000 | 148000 | 81000 | 17000 | |
| 1965 | 195420 | 134170 | | | | | 54630 | 144000 | 143000 | 77000 | 18000 | |
| 1966 | 202610 | 170540 | | | | | | 190000 | 146000 | 97000 | 17000 | |
| 1967 | 129810 | 130540 | | | | | | 81000 | 163000 | 144000 | 14000 | |
| 1968 | 113450 | 75950 | | | | | | 80000 | 154000 | 155000 | 7000 | |
| 1969 | 147300 | 94730 | | | | | | 53000 | 196000 | 124000 | 26000 | |
| 1970 | 329920 | 154800 | | | | | | 199000 | 238000 | 167000 | 53000 | |
| 1971 | 358530 | 284798 | | | | | 120560 | 186529 | 252500 | 206193 | 56440 | 5553 |
| 1972 | 343100 | 224320 | | | | | 102800 | 119768 | 314427 | 190400 | 45795 | 8069 |
| 1973 | 336110 | 230886 | | | | | 102320 | 182787 | 345184 | 190310 | 35127 | 15344 |
| 1974 | 347500 | 244274 | | | | | 78230 | 166837 | 419103 | 199195 | 34212 | 11046 |

ئالدىنقى جەدۋەلنىڭ داۋامى

| | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1975 | 391300 | 260793 | | | | | 84000 | 221000 | 412000 | 232000 | 19000 | 10000 |
| 1976 | 444420 | 299431 | | | | | 46208 | 237881 | 488649 | 223272 | 44652 | 8031 |
| 1977 | 501810 | 359904 | 5689 | | 5689 | | 51399 | 306389 | 622786 | 245707 | 59215 | 9414 |
| 1978 | 650090 | 556149 | 17666 | | 17666 | | 58629 | 518489 | 60514 | 312627 | 46498 | 13324 |
| 1979 | 527850 | 469649 | 22239 | | 22239 | | 59220 | 366840 | 636390 | 256572 | 28133 | 16719 |
| 1980 | 660400 | 382726 | 21711 | | 21711 | | 126018 | 458990 | 646724 | 234682 | 23043 | 35548 |
| 1981 | 385430 | 211002 | 62917 | | 40907 | 22010 | 114875 | 429259 | 583932 | 174394 | 20342 | 14281 |
| 1982 | 498710 | 236568 | 90469 | | 52655 | 37994 | 143062 | 407991 | 532235 | 205206 | 9986 | 10266 |
| 1983 | 640350 | 283197 | 178699 | | 86999 | 91700 | 111334 | 419796 | 556911 | 179412 | 15822 | 24753 |
| 1984 | 862370 | 357775 | 253870 | | 122599 | 131271 | 149457 | 411886 | 707167 | 173088 | 12021 | 10325 |
| 1985 | 1484620 | 38427 | 889931 | 457961 | 209613 | 222613 | 465940 | 568571 | 1014882 | 218448 | 18946 | 18946 |

ئىزاھات: سان - سىفىرلار پىلان، ستاتىستىكا ۋە قاتناش بانكىسى بوغالتىرىيە ھۆججەتلىرىدىن كەلگەنلىكتىن بىردەك بولماي، زىت بولۇپ قالغان جايلىرىمۇ بار.

# III باب

# تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنى بۆيرۇپ بېرىش ۋە باشقۇرۇش

## 1 § . ماتېرىيال ھازىرلاشقا ئالدىن چىقىم قىلىنغان پۇلنىڭ بۆيرۇپ بېرىلىشى

1953 ـ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى رايونىدا ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلاردا ماتېرىيال ھازىرلاشقا ئالدىن پۇل چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇل نورمىسى 1952 ـ يىلى مەركىزىي مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى ئېلان قىلغان «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆيرۇپ بېرىشتە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان چارە» دىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئىجرا قىلىنىپ، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ يىللىق توختامدىكى ئومۇمىي قىممەتنىڭ 20 پىرسەنتىدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى. لېكىن، شىنجاڭدا قىش پەسلى قۇرۇلۇش قىلغىلى بولماسلىق ۋە توشۇش ئارىلىقى يىراق بولۇش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بېكىتىلگەن نورما بەك ئاز بولۇپ قىلىپ قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئاساسلىق ماتېرىياللىرىنىڭ نورمال زاپىسى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى بولمىغاچقا، 1954 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇل %30 كە ئۆزگەرتىلدى. شۇ يىلى 8 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئۈرۈمچى رايونىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئاساسلىق ماتېرىياللىرىنى زاپاس ساقلاش كۈن سانى ۋە ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلارغا ئالدىن پۇل چىقىم قىلىپ بېرىش نورمىسىنى مۆلچەرلەپ بېكىتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. مۆلچەرى ھېسابلاش ئارقىلىق زاپاس ساقلاش كۈن سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 120 كۈن قىلىپ، ئالدىن چىقىم قىلىپ بېرىدىغان پۇل نورمىسى %30 قىلىپ بېكىتىلدى. بۇ باشقا ئۆلكە، رايونلارغا قارىغاندا سەل يۇقىرى بولدى.

1955 ـ يىل 2 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىناكارلىق كارخانىلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇل خادىملارنى چاقىرىپ، ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇل نورمىسىنى بېكىتىشنى مۇھاكىمە قىلدى. مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئۈچ ئايدىن ئۇزاق ۋاقىت ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلار كېسەك، ياغاچ قۇرۇلۇش بولسا %20، خىش، ياغاچ قۇرۇلۇش بولسا %23، بېتون ئارىلاشما بولسا %26 بويىچە ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇل بېرىش، ئۈچ ئايدىن قىسقا مەزگىللىك قۇرۇلۇشلاردا قۇرۇلۇش قىلىش كۈن سانى بويىچە %40، %45، %50 بويىچە ئالدىن پۇل چىقىم قىلىپ بېرىش بېكىتىلدى. شۇ بىر يىلدا ئۈچ ئايدىن ئۇزاق داۋاملىشىدىغان قۇرۇلۇشلارغا ئالدىن چىقىم قىلىپ بېرىلىدىغان پۇلنىڭ ئوتتۇرىچە نورمىسى %24.73

قىلىنىپ، 1954 - يىلدىكى 30% تىن 5.27 پىرسەنت پوئىنتى تۆۋەنلىدى.

1956 - يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسى ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇلنىڭ ئەڭ يۇقىرى نورمىسىنى 20% قىلىپ بەلگىلىدى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بۇ بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلغاندا سەل كەڭرەك قويۇپ بەردى. لېكىن شىنجاڭدا ئۈنۈملۈك قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى قىسقا، توشۇش ئارىلىقى ئۇزۇن بولغانلىقتىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار بۇ پۇلنىڭ يەنىلا ئەمەلىي ئېھتىياجنى قاندۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

1957 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «ئاساسىي قۇرۇلۇشتا پۇل بۆلۈپ بېرىش نىزامى»نى تۈزۈپ چىقىپ، ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇلنىڭ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان نورمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئىجرا قىلدى. ئۇنىڭدا ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇل نورمىسى بىر دەك توختامدىكى ئومۇمىي قىممەتنىڭ 25 پىرسەنتى بويىچە، باشقا ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا 30 پىرسەنتى بويىچە بولۇش بەلگىلەندى. مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭكى ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇل نورمىسى يەرلىك ئورۇنلارغا سېلىشتۇرۇپ بېكىتىلدى. بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى قۇرۇلما بۇيۇملىرى ۋە قۇرۇلما زاپچاسلىرى (جۈملىدىن مېتال قۇرۇلمىلار، پولات چىۋىقلىق بېتون قۇرۇلمىلار، ياغاچ قۇرۇلمىلار، ھەر خىل پارچە تاختا شۇنىڭدەك تازىلىق ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇش بۇيۇملىرى، ئېلېكترون قۇرۇلۇش بۇيۇملىرى)نى ياسىسا ياكى سېتىۋالسا ئۇنىڭغا كېرەكلىك مەبلەغلەرنى شۇنىڭدەك قۇراشتۇرۇلىدىغان ۋە راسچوت قىلىدىغان مەزگىلدە ئىشلىتىدىغان مەبلەغنى پۇل بۆلۈپ بېرىشنى بېجىرگۈچى بانكىلار بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تۆت ئايلىق ئېھتىياجغا يەتكىدەك مىقداردا، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار ئېتىراپ قىلغان ھېسابات تالونىغا ئاساسەن، تەكشۈرۈپ بۆلۈپ بېرىلدى. قۇرۇلما زاپچاسلىرىغا ئالدىن چىقىم قىلىپ بېرىدىغان پۇلغا ئالدىن پۇل بېرىش نورمىسى ئاساسىدا بىر تۇتاش ئۈچ پىرسەنت پوئىنتى قوشۇپ، ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلارغا 28% نورما بويىچە ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇل بۆلۈپ بېرىلدى. بۇ زاپچاسلار قۇرۇلۇشتا سەپلەنگەن ياكى ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلغان ھېساب تالونىغا كىرگۈزۈلسە، بېجىرگۈچى بانكىلار بۇ قىسىم قۇرۇلما زاپچاسلارغا ئالدىن بېرىلگەن پۇلنى تۇتۇپ قېلىش بەلگىلەنگەن.

1958 - يىلى ئىلى، قەشقەر، ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىرىدە بىر تۇتاش تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل تۈزۈمى (چوڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى ياكى تۇراقسىز مەبلەغنىڭ تولۇق سوممىلىق كىرېدىت چارىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يولغا قويۇلدى، بۇنىڭدا قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ ھەممىسى قۇرۇلۇش بانكىسىدىن قەرز بېرىلدى، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلىنى ئالدىن ئالماي، تۇراقسىز مەبلەغنى ھەقلىق ئىگىلەپ ئىشلىتىشنى بىر تۇتاش يولغا قويۇپ، بانكىغا قەرز پۇل ئۆسۈمىنى تۆلىدى. پىلاندىكى قەرز پۇل نورمىسىدىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا پىلاندىن ئاشۇرۇپ بېرىلگەن قەرز پۇل ئۆسۈمى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاپ ئېلىنىدى. بىر تۇتاش تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل تۈزۈمىنى يولغا قويمىغان رايون ياكى ئورۇنلاردا ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلارنىڭ ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى نورمىسى يەنىلا ئەسلىدىكى نورما بويىچە ئىجرا قىلىنىدى. سېلىنىدىغان مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى بىناكارلىق كارخانىلىرى خام چوت، تەخمىنىي چوت ئومۇمىي قىممىتى ياكى مەبلەغ سوممىسى بويىچە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن كۆتۈرە ئالغان بولسا، ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان ماتېرىيال ھازىرلاش مەبلىغىنى، ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسەن، ئىككى تەرەپ قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بېجىرگۈچى بانكىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چىقىم قىلىدۇ.

1961 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مالىيەدىن پۇل بۆلۈپ بېرىشنى يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇللارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە تۇتۇپ قېلىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈردى. ئومۇمەن بىناكارلىق كارخانىلىرى ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇشلاردا مەيلى ھۆددىگەرلىك يولغا قويۇلغان - قويۇلمىغان بولسۇن، ھەممىسىدە ئالدىن ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى چىقىم قىلىپ بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇلنىڭ نورمىسىنى ھۆددىگە بەرگەن تەرەپ بىلەن ھۆددىگە ئالغان تەرەپ كېڭىشىپ بېكىتتى، لېكىن ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ھۆددىگە ئالغان قۇرۇلۇش قىممىتىنىڭ 25 پىرسەنتىدىن ئاشۇرۇۋەتمىدى.

1965 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن مالىيە نازارىتى ھۆججەت تارقىتىپ، ھۆددىگە بېرىلگەن بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ماتېرىيال ھازىرلاش مەبلىغىگە ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇلنىڭ بىرلىككە كەلگەن نورمىسىنى قوللىنىشنى بەلگىلىدى. ئۈرۈمچى رايونىدا يىللىق پىلاندىكى بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارىنىڭ 20 - 25 پىرسەنتى بويىچە ئالدىن چىقىم قىلىپ بېرىلدى. باشقا رايونلار ئۆز جايىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ئالدىن چىقىم قىلىش نورمىسىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرى بېكىتتى، ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ 25 پىرسەنتتىن ئاشۇرۇۋەتمىدى. شۇ يىلى 3 - ئايدا گوۋۇيۈەن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مالىيەدىن پۇل بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، چاكىنا پەلەمپەينى تۈگىتىپ، پۇل بۆلۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى، ئالدىن پۇل چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بۇ ھۆججەتنى كۆچۈرۈپ تارقاتقاندا، ماتېرىيال بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش يولغا قويۇلغان بىناكارلىق كارخانىلىرىدا ئالدىن پۇل چىقىم قىلىپ بېرىش چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، چوڭ تۇراقسىز مەبلەغ تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى، ماتېرىيال بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش يولغا قويۇلمىغان بىناكارلىق كارخانىلىرى ۋە مالىيە ئىشلىرىنى بىر تۇتاش ھېسابات قىلىش يولغا قويۇلمىغان نەق مەيدان قوماندانلىق شتابلىرىدا يەنىلا ئالدىن پۇل چىقىم قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇشنى، لېكىن مۇددەتكە بۆلۈپ تۇتۇپ قالماي، ئالدىن چىقىم قىلىنغان پۇل بىلەن قۇرۇلۇش پۇلىنى قوشۇپ ھېسابات قىلىش چارىسىگە ئۆزگەرتىشنى بەلگىلىدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئالدىن پۇل چىقىم قىلىش تۈزۈمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك زۆرۈر بولغان قائىدە - تۈزۈملەر ۋە مالىيە - ئىقتىساد ئىنتىزامى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى.

1973 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» (لايىھە) سى بويىچە، ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلاردا ئالدىن ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە نورمال زاپاس ساقلاش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش پرىنسىپى بويىچە ئالدىن چىقىم قىلىپ بېرىلىدىغان پۇل نورمىسىنى شۇ يىللىقى بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارىنىڭ 25 پىرسەنتىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى بەلگىلىدى. لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسىنى باشقۇرۇش قاتتىق بولماي ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلىنى تىزگىنلەش قىيىن بولدى، ھەتتا سۈرئەتتىن ئاشۇرۇپ پۇل بۆلۈپ بېرىش ئەھۋالى كۆرۈلدى.

1976 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلارغا ئالدىن ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى ۋە قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش تۈزۈمىدە 1965 - يىلدىكى بەلگىلىمە ئىجرا قىلىندى. ئومۇمەن جايلار بويىچە ماتېرىيال بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش يولغا قويۇلغان

بىناكارلىق كارخانىلىرىغا مالىيە تارماقلىرى ئۇراقسىز مەبلەغ بۆلۈپ بېرىدىغان ياكى قۇرۇلۇش بانكىسى قەرز پۇل بېرىدىغان، ماتېرىيال بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلەش يولىغا قويۇلمىغان كارخانىلارغا قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن ماتېرىيال هازىرلاش پۇلى ئاجرىتىپ بېرىدىغان بولدى. ماتېرىيال هازىرلاش پۇلى نورمىسى ئادەتتە شۇ يىللىق بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارىنىڭ 25 پىرسەنتىدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى. بۇنداق بىر تۈزۈم قۇرۇلمىلار كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بولسا مۇۋاپىق كۆپەيتىپ بېرىلدى.

1984 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلۇش شۇبە بانكىسى مەملىكەت بويىچە بىناكارلىق ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يىغىنىنىڭ روهى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قىسمەن بىناكارلىق كارخانىلىرىغا ئالدىن ماتېرىيال هازىرلاش پۇلى بۆلۈپ بەرمەي، ئۇراقسىز مەبلەغ هېسابىدىكى تولۇق ئومۇملىق كىرىدىت ياكى قىسمەن ئۇراقسىز مەبلەغ كىرىدىتى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى بىناكارلىق كارخانىلىرىغا جەمئىي 178 مىليون يۈەن ئۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1985 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلۇش شۇبە بانكىسى «بىناكارلىق كەسپىگە ئۇراقسىز مەبلەغ قەرز بېرىشتە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە»نى بېسىپ تارقىتىپ، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئومۇمەن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانى ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى هۆددىگە ئالسا، ئۇنىڭغا ئېهتىياجلىق بولغان ماتېرىيال هازىرلاش پۇلى ئۈچۈن قۇرۇلۇش بانكىسىدىن ئۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش ئارقىلىق هەل قىلسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارىنىڭ 35 پىرسەنتى بويىچە (دۆلەت بۆلۈپ بەرگەن ئۇراقسىز مەبلەغنى قەرز پۇلغا ئايلاندۇرغان قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ناهىيىدىن يۇقىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا ئۇلار ئورۇندىغان پىلان ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ بىناكارلىق، قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارىنىڭ 20 پىرسەنتى بويىچە قەرز پۇل بېرىلىدىغان بولدى. قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم چىقىمى مۇستەقىل خىراجەت شەكلى بىلەن هۆددىگە ئالغان تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇش خام چوتى ۋە راسچوتىغا كىرگۈزۈلدى. بىر تۇتاش ئۇراقسىز مەبلەغ تۈزۈمىنى يولغا قويغان قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار هۆددىگە ئالغان پىلان ئىچىدىكى تۈرلەر ئۈچۈن يەنە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن ئالدىن ماتېرىيال پۇلى ئالمايدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن ئۆزلىرى ماتېرىيال تەييارلاشنى تەلەپ قىلىشىغىمۇ يول قويۇلمىدى. ئېلىپ بولغان ماتېرىيال هازىرلاش پۇلى قۇرۇلۇش پۇلىنى راسچوت قىلغاندا تۆۋەتكە بۆلۈپ تۇتۇپ قېلىنىدىغان بولدى.

## 2 § . بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىغا پۇل بۆلۈپ بېرىش

1953 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇندىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى باها پۇلىنى راسچوت قىلغاندا، دۆلەت تەستىقلىغان پىلان ۋە تەكشۈرۈپ بېكىتكەن خام چوت دائىرىسى ئىچىدە «قانچىلىك قۇرۇلۇشنى ئورۇندىسا شۇنچىلىك پۇل بېرىش» پرىنسىپىنى دەسلەپكى قەدەمدە يولغا قويۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ باها پۇلىنى قۇرۇلۇش سۈرئىتى بويىچە راسچوت قىلدى. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار هەر ئون كۈنگە (ياكى هەر ئايغا) بۆلۈپ قۇرۇلۇش قىلىش خام چوتى ۋە ئايلىق قۇرۇلۇش قىلىش مەشغۇلات پىلانىغا ئاساسەن،

«قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى ئالدىن چىقىم قىلىش ھېساب تالونى» نى تولدۇرىدۇ، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن تەكشۈرۈپ تامغا باسقاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش بانكىسى ئالدىن چىقىم قىلىنىدىغان پۇلنى بۆيرۈپ بېرىدۇ. ھەر ئاي (ياكى پەسىل) ئاخىرلاشقاندا، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىي ستاتىستىكا قىلىنغان سۈرئىتى بويىچە «پۈتكەن قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش تالونى» تۈزىدۇ، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن قوشۇلۇپ تامغا باسقاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش بانكىسى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئاي (ياكى پەسىل) ئاخىرىسىدا راسچوتنى بېجىرىدۇ. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئاي (ياكى پەسىل) ئاخىرىسىدىكى قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلغاندا، چوقۇم ھەر ئون كۈن (ئاي) دە ئالدىن چىقىم قىلىنغان پۇللار قۇرۇلۇش باھا پۇلىغا ھېسابلاپ، ئەينىسى بويىچە تۇتۇپ قېلىنىدۇ. لېكىن «ئا»، «ب» ئىككى تەرەپ قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلغاندا ئاساس قىلىدىغان قۇرۇلۇش خام چوتىنى تۈزۈش سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىق، ئىش ۋە ماتېرىيال سانىنى ئارتۇق مۆلچەرلەش، ماتېرىيال باھاسىنى يۇقىرى مۆلچەرلەش، شۇنىڭدەك قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن بىلەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانا بۇنداق راسچوت شەكلىنى پىششىق بىلمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغانلىقتىن، سۈرئەت بويىچە قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا مەلۇم قىيىنچىلىقلار بولدى. شۇڭا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار بىلەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئارىسىدا ئومۇميۈزلۈك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۈرۈمچى شەھەرلىك 2 - قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپى قۇرۇلۇش تۈرىنى تاللاپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتى بويىچە قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. باشقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئورۇنلارنىڭ شۇ يىلقى قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش خىزمىتىگە كەلسەك، ئومۇمەن قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى ئۈچ ئايدىن ئۇزاق بولغان قۇرۇلۇشلاردا يەنىلا «ئا»، «ب» ئىككى تەرەپ توختامدا كېلىشكەن چارە بويىچە راسچوت قىلىدى، ئۈچ ئايدىن قىسقا بولغان قۇرۇلۇشلاردا بولسا بىردەك نۆۋەتكە بۆلۈپ ئالدىن چىقىم قىلىش، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىش چارىسى قوللىنىلدى.

1954 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى رايونىدا قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى قۇرۇلۇش سۈرئىتى بويىچە راسچوت قىلىش چارىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. ئۇنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى مۇنداق ئىككى خىل بولدى: بىرى قۇرۇلۇش قىلىش مۇددىتى ئۈچ ئايدىن ئۇزاق بولغان ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلاردا ھەر ئون كۈنگە (ياكى ئايغا) بۆلۈپ، ئالدىن چىقىم قىلىپ بېرىش، ئاي (ياكى پەسىل) بويىچە راسچوت قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىنىپ، ئاندىن بېرىلگەن ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى ۋە قۇرۇلما زاپچاسلار پۇلى تۇتۇپ قېلىنىپ، قۇرۇلۇش قىلىش جەريانىدا كۆرۈلگەن لايىھە ئۆزگىرىشى، قۇرۇلۇش مىقدارى پەرقى، باھاسىنىڭ تەڭشىلىشى قاتارلىق مەسىلىلەر ھەل قىلىنىدۇ. يىل ئاتلىغان قۇرۇلۇشلاردىمۇ يىل ئاخىرىدا بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىنىدۇ. يەنە بىرى قۇرۇلۇش مۇددىتى ئۈچ ئايدىن قىسقا بولغان ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلاردا نۆۋەتكە بۆلۈپ ئالدىن چىقىم قىلىش، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىشتەك ئاددىي ئۇسۇل قوللىنىلدى. يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل راسچوت قىلىش ئۇسۇلىدا راسچوت قىلىدىغان تۈرلەر چوقۇم يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى ئىچىدىكى تۈرلەر بولۇشى، قۇرۇلۇش سۈپىتى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق لايىھە تەلىپىگە ئۇيغۇن دەپ ئېتىراپ قىلىنىشى؛ راسچوت قىلغاندا ئاجرىتىپ بېرىلگەن قۇرۇلۇش باھا پۇلى بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ ئەمەلىي سۈرئىتى ئۆز ئارا ئۇيغۇن بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلدى.

1955 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۈرۈمچى رايونىدا بىر تۇتاش ئىجرا قىلىنىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ مۆلچەرىي باھا جەدۋىلى تۈزۈلۈپ، قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى قۇرۇلۇش سۈرئىتى بويىچە راسچوت قىلىشنى يولغا قويۇش ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى.

1955 ـ، 1956 ـ يىللىرى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاساسىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، خام چوت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قۇرۇلۇش قىلىش خام چوتىنى تەكشۈردى. 1956 ـ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شەرت ـ شارائىتى بار قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردا پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، قۇرۇلۇش قىلغان نەق مەيداندا پۈتكەن قۇرۇلۇشلارنىڭ سانى ۋە سۈپىتى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار يوللىغان ئىشنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن سان ـ سۈپەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى ئۆلچىدى. بۇ خىزمەت پەقەتلا ئاز ساندىكى ئورۇنلاردىلا سىناق قىلىندى.

1957 ـ يىلى پۇل بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىدە قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش جەھەتتە بىر قەدەر جانلىق بەلگىلىمە چىقىرىلدى. يەنى «ئا»، «ب» ئىككى تەرەپ راسچوت ۋاقتىنى كېڭىشىپ بېكىتىشكە يول قويۇلدى، پەسىل بويىچە راسچوت قىلىنىمىسۇ، ئاي بويىچە راسچوت قىلىنىمىسۇ بولىدىغان بولدى. بىردەك بولۇش تەلەپ قىلىنمىدى. 1956 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى كەڭ بۆلەكلەر بويىچە قۇرۇلۇش راسچوت قىلىش شەكلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويغانىدى. لېكىن بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ستاتىستىكا تۈزۈمىدىكى تەننەرخ ھېسابلاش ۋە دۆلەتنىڭ نورمىلىق شتات ئۆلچىمى قاتارلىقلار بۇ خىلدىكى راسچوت شەكلىگە ئۇيغۇن كەلمىگەنلىكتىن، سىناق يېرىم يولدا توختاپ قالدى. 1958 ـ يىلى دۆلەت سېلىنغان مەبلەغنى ھۆددىلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك پۇل بۆلۈپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، نۆۋەتكە بۆلۈپ ئالدىن چىقىم قىلىش، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىش ياكى ھۆددە ئالغان ئومۇمىي قىممىتى بويىچە راسچوت قىلىش چارىسىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى.

1963 ـ يىلى گوۋۇيۈەن قەتئىي دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى بويىچە پۇل بۆلۈپ بېرىش، قەتئىي ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىپى بويىچە پۇل بۆلۈپ بېرىش، قەتئىي دۆلەت تەستىقلىغان خام چوت بويىچە پۇل بۆلۈپ بېرىش، قەتئىي قۇرۇلۇش سۈرئىتى بويىچە پۇل بۆلۈپ بېرىش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پرىنسىپ كېيىن قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىشتىكى ئاساسىي پرىنسىپى بولۇپ قالدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە تۈرلۈك پۇل بۆلۈپ بېرىش تۈزۈملىرىنى تەدرىجىي تۇرغۇزۇپ ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى قۇرۇلۇش سۈرئىتى بويىچە راسچوت قىلىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

1965 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاساسىي قۇرۇلۇشتا مالىيەدىن پۇل بۆلۈپ بېرىش تۈزۈمى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتىلدى. قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى قۇرۇلۇش سۈرئىتى بويىچە راسچوت قىلىش چارىسى يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرۇلۇشنىڭ ئوبرازلىق سۈرئىتىگە ئاساسەن نۆۋەتكە بۆلۈپ ئالدىن چىقىم قىلىش، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن (ياكى يىل ئاخىرىدا) بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىش چارىسى دەسسىتىلدى. 1966 ـ يىلى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن تارتىپ، 1968 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش باھا پۇلى ئاساسىي جەھەتتىن راسچوت قىلىنماي، بەزى تارماقلارنىڭ يىل ئاخىرىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە نەقچوتىنى تۈزۈشىگە تەسىر يەتتى. شۇنداقلا قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى ئوبوروتىغا ۋە دۆلەت مالىيە نەقچوتىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشىغىمۇ تەسىر يەتتى. 1969 ـ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ بىر قىسىم ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت، ئىدارىلەرنىڭ راسچوتتا قېپقالغان مەسىلىلىرىنى ئېنىقلىشىغا ھەمكارلاشتى. لېكىن 1969 ـ يىل 9 ـ ئايغا كەلگەندە، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 2 ـ قېتىم بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندە، قاتناش نازارىتى، يېنىك سانائەت نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار يەنىلا 1966 ـ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە نەقچوتىنى تۈزۈپ بولالمىدى. %80 ئورۇن 1967 ـ يىلى ۋە 1968 ـ يىلدىكى

ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە ئەقچوتىنى يوللىمىدى.

1972 ـ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1973 ـ يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قانچە بەلگىلىمە» (لايىھە) دە ئالدىن پۇل چىقىم قىلىش تۈزۈمى ۋە قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنىڭ باھا پۇلى ئۈچۈن قانچىلىك قۇرۇلۇشنى ئورۇندىغان بولسا، شۇنچىلىك پۇل بېرىش پرىنسىپى بويىچە پۇل بۆلۈپ بېرىش يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1979 ـ يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىشتە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان تۈزۈم»نى قايتىدىن ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا بىناكارلىق قۇرۇلۇش پۇلىنى بۆلۈپ بېرىشتە ھەر ئايدا قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار تاماملىغان قۇرۇلۇشنىڭ ئايلىق مەلۇماتىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ئۇنى قۇرۇلۇش باھا پۇلى ھەققىدىكى راسچوت تالونىغا قوشۇپ قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئورۇندىغان قۇرۇلۇش پۇلىنى راسچوت قىلىشقا يوللاپ بېرىش، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن راسچوت قىلىش بەلگىلەندى. 1980 ـ يىلدىن باشلاپ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى كۆپ خىل راسچوت قىلىش شەكلىنى قوللاندى. قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى قۇرۇلۇش خام چوتىغا ئاساسەن ئايلار بويىچە ياكى نۇقتىكە بۆلۈپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتى بويىچە راسچوت قىلىش ياكى نۇقتىك بۆلۈپ ئالدىن چىقىم قىلىپ، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىش شەكلىنى قوللانسىمۇ بولىدىغان بولدى. كونكرېت قايسى خىلدىكى راسچوت شەكلىنى قوللىنىشنى بېجىرگۈچى بانكىلار ھۆددىگە ئالغۇچى ۋە ھۆددىگە بەرگۈچى ئورۇنلار بىللە مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىدىغان بولدى. 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى لايىھىلەش ۋە قۇرۇلۇش قىلىشتا خېرىدار چاقىرىش ئۇسۇلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. ھەر قايسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ياكى جايلار بىر قانچە جامائەت ئىشلىتىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنى تاللاپ، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىشنى سىناق قىلىدىغان بولدى. 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئالتە يىللىق ماتېرىيالدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش بانكىسى سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى قۇرۇلۇش سۈرئىتى بويىچە راسچوت قىلىش جەريانىدا ئارتۇق ھېسابلانغان قۇرۇلۇش سۈرئىتى پۇلىدىن جەمئىي 87 مىليون 470 مىڭ يۈەنگە چېتىلىدىغان 946 قېتىملىق پۇل بايقىلىپ ئۆز ۋاقتىدا قايتۇرۇۋېلىندى ياكى تۈزىتىلدى.

## 3 §. ئېچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش

1955 ـ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مەركىزىنىڭ «تىرىشىپ ئىقتىساد قىلىپ، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش» توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش، بېسىلىپ قالغان ئەسۋابلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ھەمكارلىشىش ۋە پايدا تاپشۇرۇش، ئامورتىزاتسىيە قىلىشنى سۈيلەش خىزمىتىنى تۇنجى قېتىم قانات يايدۇردى. شۇ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى پۇل بۆلۈپ بەرگەن قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار ئىچىدە، ئالدىنقى يىللىق ئېشىنچا مەبلەغ بار ئورۇن 19، ئېشىنچا مەبلىغى 23 مىليون 548 مىڭ 800 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) ؛ سەپەرۋەر قىلغىلى بولىدىغىنى 10 مىليون 803 مىڭ

يۈەن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1954 - يىلدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە ئەقچوتىغا ئاساسەن 1955 - يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن ئېشىنچا مەبلەغنى 27 مىليون 462 مىڭ 100 يۈەن قىلىپ بېكىتتى، بۇ، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئەسلىدىكى مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانى ياكى ئەقچوت دوكلاتىغا كىرگۈزگەن ئېشىنچا ساندىن %16.6 كۆپ بولدى. سەپەرۋەر قىلىشقا بولىدىغان ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسى كۆپىيىپ 11 مىليون 632 مىڭ 300 يۈەنگە يېتىپ، ئەسلىدىكى سەپەرۋەر قىلغىلى بولىدىغان ساندىن %7.67 ئاشتى. يىل ئاخىرىدا بەزى ئورۇنلار يىللىق سېلىنىدىغان مەبلەغ نورمىسىنى قىسقارتىپ، ئىشلىتىدىغان ئۈسكۈنە - ماتېرىياللارنى ئازايتقانلىقتىن، ئەمەلىي سەپەرۋەر قىلىنغىنى 10 مىليون 579 مىڭ 700 يۈەن بولۇپ تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ساننىڭ 90.95 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سەپەرۋەر قىلىنغان بۇ مەبلەغدىن 8 مىليون 380 مىڭ 500 يۈەن خام چوتتىن بۇيرۇپ بېرىلىدىغان پۇل ئورنىغا، 321 مىڭ 300 يۈەن شۇ يىلى مۇددەتكە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلارغا ئالدىن بېرىلگەن پۇل ئورنىغا سەپلەندى. 451 مىڭ 600 يۈەن دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلدى. قالغان 1 مىليون 426 مىڭ 300 يۈەن باشقا يەرگە ئىشلىتىلدى.

1955 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىلدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تەكشۈرۈپ سەپەرۋەر قىلغىلى بولىدۇ دەپ بېكىتكەن ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 44 مىليون 50 مىڭ يۈەن، بۇنىڭدىن سەپەرۋەر قىلىنغىنى 32 مىليون 710 مىڭ يۈەن بولۇپ، بېكىتىلگەن ساننىڭ 74.25 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارغا ھەمكارلىشىپ، لايىھىنى ئۆزگەرتىش ياكى قارىغۇلارچە سېتىۋېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بېسىلىپ قالغان بىر تۈركۈم ئۈسكۈنە - ماتېرىياللار تەڭشەپ بىر تەرەپ قىلىنىپ، مەبلەغ جانلاندۇرۇلدى.

1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ۋەزىيىتى ئاستىدا، شىنجاڭدىكى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش پىلانى ئومۇمىيۈزلۈك «يۇقىرى كۆرسەتكۈچ» لىك پىلان بولدى. مەبلەغ مەنبەسىنىڭ مۇتلەق زور كۆپچىلىكى دۆلەت خام چوتىدىن بۇيرۇپ بېرىلدى. ئاز قىسمى ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ ياكى سەپەرۋەر قىلىنغان ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ بىلەن ھەل قىلىندى. شۇ يىلى دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، پۇل بۇيرۇپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇردى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپپاراتلىرىنى ئىخچاملاپ، خادىملىرىنى قىسقارتىپ، ئۈسكۈنىلەرگە پۇل بۇيرۇپ بېرىش رەسمىيەتلىرىنى ئاددىيلاشتۇرغانلىقتىن قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئۈسكۈنە سېتىۋېلىش پىلانىنى يوللىشىنى تەلەپ قىلمايدىغان بولدى. بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇلنى نازارەت قىلىش بوشىشىپ كەتتى. ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىمۇ شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى. 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، بەزى ئورۇنلار قارىغۇلارچە ياكى پىلان سىرتىدا ئۈسكۈنە - ماتېرىيال سېتىۋالغانلىقتىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئاساسىي قۇرۇلۇش تارماقلىرىنىڭ زاپاس ئۈسكۈنە - ماتېرىياللىرىنىڭ قىممىتى 133 مىليون 840 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1959 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەرلىكنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوت چىقىملىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتىنى يولغا قويدى.

1961 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپىدە «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى ئىجرا قىلىنىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىش كۆلىمى زور كۈچ بىلەن قىسقارتىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش ماددىي ئەشيالىرىنى ئېنىقلاش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان «مۈلۈكنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى ئېنىقلاش، ئامبارنى ئېنىقلاش» تىن ئىبارەت ئۈچنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، 1960 - يىلدىن قېپقالغان ماددىي ئەشيالارنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى.

ھەمدە ئېشىنچا ماددىي ئەشيالارنى سەپەرۋەر قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى ئۇيۇشتۇردى. لېكىن نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇشى توختىتىلغان، كېچىكتۈرۈلگەن ئورۇنلار يەنىلا قۇرۇلۇش قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغانلىقتىن، ئېشىنچا ماددىي ئەشيالارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى خالىمىدى. بەزى ئورۇنلار يۇرۇشلەشتۈرۈلگەن ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ قېلىپ، يۇرۇشلەشمىگەنلىرىنى تاپشۇردى. ياخشىلىرىنى ۋە ھەممىباپلىرىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۆلچەمسىزلىرىنى، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغانلىرىنى ۋە بىر تەرەپ قىلىش قىيىن بولغانلىرىنى تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن يىل ئاخىرىدا ئەمەلىي سەپەرۋەر قىلىنىپ پايدىلىنىلغانلىرىنىڭ قىممىتى 56 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قېپقالغان ماددىي ئەشيالار ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئاران 30.88 پىرسەنتىنىلا ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىپ كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنە قىممىتى 15 مىليون 54 مىڭ 700 يۈەن، ماتېرىيال قىممىتى 26 مىليون 871 مىڭ 600 يۈەن، يىغىۋېلىنغان قەرز 14 مىليون 509 مىڭ 600 يۈەن، بۇ مەبلەغلەردىن خىزمەت مىقدارىنى كېڭەيتىشكە 22 مىليون 530 مىڭ يۈەن، قامداش خىراجىتىگە 11 مىليون 482 مىڭ 400 يۈەن، قەرز قايتۇرۇشقا 13 مىليون 154 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى.

1962 - يىلى دۆلەت يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش كۆرسەتكۈچىنى بېكىتتى ھەمدە مەزكۇر مەبلەغنى كۆرسەتكۈچ بويىچە ئالدى بىلەن تارماقلار، جايلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوتىدىن تۇتۇپ قېلىشنى بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا 1962 - يىلى سەپەرۋەر قىلىنىدىغان ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ كۆرسەتكۈچ 11 مىليون 487 مىڭ يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ 6 مىليون 877 مىڭ يۈەن، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ 4 مىليون 610 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئىشنى ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ۋە ئىسپاتلاش خىزمىتىدىن باشلاپ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش كۆرسەتكۈچىنى قاتلاممۇ قاتلام قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، بۇيرۇپ بېرىلىدىغان پۇل نورمىسىنى بىر - بىرلەپ تىزگىنلىدى. 1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغدىن 14 مىليون 473 مىڭ 400 يۈەن سەپەرۋەر قىلىنىپ خام چوت بويىچە بۇيرۇپ بېرىلىدىغان پۇل ئورنىغا ئىشلىتىلدى. بۇ پىلاندىكى كۆرسەتكۈچنىڭ 126 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ 9 مىليون 863 مىڭ 400 يۈەن، بۇ پىلاننىڭ 143.4 پىرسەنتىنى، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ 4 مىليون 610 مىڭ يۈەن، بۇ پىلاننىڭ 100 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. 1963 - يىلى سەپەرۋەر قىلىنغان ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ 10 مىليون 580 مىڭ يۈەن، بۇ پىلاننىڭ 192 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1965 - يىلى سەپەرۋەر قىلىنغان ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ 6 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى. 1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغنى سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالدى.

1972 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى «ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە پىلانىنى تۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش كۆرسەتكۈچى — ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۇيرۇپ بېرىش پىلانى جەدۋىلى ئىچىدىكى مۇھىم كۆرسەتكۈچلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى قايتىدىن ئېنىق بەلگىلىدى. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش كۆرسەتكۈچى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، سەپەرۋەر قىلىنغان ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسى خام چوتتىن بۇيرۇپ بېرىلىدىغان پۇلغا ھېساب قىلىنىدى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ قالايمىقانچىلىقى تۈپەيلىدىن ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسىنى باشقۇرۇش خىزمىتى ناھايىتى ناچار بولدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك

قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىشىنچا مەبلىغى كۆپىيىپ، 167 مىليون 170 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇ، يىللىق سېلىنىدىغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 1.33 ھەسسىسىگە توغرا كەلدى.

1973 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش خىزمىتىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئەسلىگە كەلدى. يىل بېشىدا ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش پىلان كۆرسەتكۈچى 13 مىليون 60 مىڭ يۈەن قىلىپ بەلگىلەندى. لېكىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىدىكى تۈرلەر تەڭشىپ كېمەيتىلگەنلىكتىن، يىل ئاخىرىدا، سەپەرۋەر قىلىنغان ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ مەنبەسى ئاران 3 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلاننىڭ 28.9 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1974 - يىلى دۆلەت ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكتىن، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى تارماقلارنىڭ ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىسكىلاتتىكى ماددىي ئەشيالار يوشۇرۇن كۈچىنى زور كۈچ بىلەن قېزىشنى تەلەپ قىلىندى. دۆلەت ئاپتونوم رايونىمىزغا 1974 - يىلى ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغدىن 10 مىليون يۈەن سەپەرۋەر قىلىش كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى ھەمدە ئۇنى خام چوت بويىچە بۇيرۇپ بېرىلىدىغان پۇلدىن تۇتۇپ قالدى. 1975 - يىلى دۆلەت چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچ 15 مىليون يۈەن. يىل ئاخىرىدا سەپەرۋەر قىلىنغىنى 16 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولۇپ، پىلان %107 ئورۇندالدى. 1976 - يىلى ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش ئۇسۇلى سەل - پەل ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى 1976 - يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنى چۈشۈرگەندە، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى جەدۋىلىنىڭ «پۇل بۇيرۇپ بېرىش» كاتەكچىسىدىكى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارغا بېكىتىپ بېرىلگەن يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بۇيرۇپ بېرىلىدىغان پۇل سانى ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغدىن تۇتۇپ قېلىنغان بىر قىسىم پۇللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سەپەرۋەر قىلىنغان ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغدىن خام چوتتىن بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇلغا ھېسابلاپ 13 مىليون 670 مىڭ يۈەن پۇل ئالدىن تۇتۇپ قېلىندى.

1977 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى مەسلىھەتلىشىپ، يەرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، يىللىق پىلانغا پەقەتلا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ مىقدارى (يەنى ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمەت مىقدارى) نى كىرگۈزۈشنى، يىللىق مالىيەدىن بۇيرۇپ بېرىلىدىغان پۇل سانىنى بولسا ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە پىلانىنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى كونكرېت تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى بەلگىلىدى. بۇ بىر يىلدا ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئامبارنى ئېنىقلاپ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىشىغا ھەمكارلىشىپ ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش پىلان كۆرسەتكۈچىنى ئەمەلىيلەشتۈردى. سەپەرۋەر قىلىنغان ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغ پۈتۈنلەي شۇ يىلى خام چوتتىن بۇيرۇپ بېرىلىدىغان پۇلغا ھېساب قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا مەبلەغ سەپەرۋەر قىلىش پىلانى 13 مىليون 590 مىڭ يۈەن ئىدى، سەپەرۋەر قىلىنغىنى 15 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلان %117.37 ئورۇندالدى.

1978 - يىلى مەركەز شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلىرىنى %50، ئىشىنچا مەبلىغىنى %10 قىسقارتىشنى تەلەپ قىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا پائال ھەمكارلىشىپ، قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىشىنچا مەبلىغىنى قىسقارتىشتىن ئىبارەت «ئىككىنى قىسقارتىش» خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. لېكىن داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلار كۆپ، ھەممىسىنىڭ شۇ يىل ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ كېتىش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن پىلاندىكى مەبلەغ 394 مىليون يۈەن قىسقارتىلىپ، بۇ قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان 1 مىليارد 596 مىليون يۈەننىڭ 24.6

پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇ مەركەزنىڭ تەلىپىدىن خېلىلا تۆۋەن. 1977 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېشىنچا مەبلىغى 357 مىليون يۈەن بولدى. پىلاندىن قىسقارتىلغىنى 47 مىليون يۈەن بولۇپ %13.1 نى ئىگىلىدى. بۇ، مەركەز تەلەپ قىلغان قىسقارتىش نىسبىتىدىن ئېشىپ كەتتى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئېشىنچا مەبلەغنى قىسقارتىش خىزمىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشلارغا مەبلەغ سالغان ئورۇنلارغا ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغدىن 20 مىليون 200 مىڭ يۈەن سەپەرۋەر قىلىش كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ، كۆزلىگەن ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈردى.

1979 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دۆلەت ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 354 مىليون 160 مىڭ يۈەن ئىدى. ئەمەلىيەتتە تەكشۈرۈپ بۆلۈپ بېرىلگىنى 341 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولۇپ، 13 مىليون يۈەن ئازىيىپ كەتتى. بۇ، مەركەز ئىچكى قىسىمدا سەپەرۋەر قىلىنىدىغان مەبلەغنى تۇتۇپ قېلىپ، خام چوت بويىچە بۆلۈپ بېرىلىدىغان پۇلنى كېمەيتىۋەتكەن بۇيرۇق خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچ ھېسابلىنىدۇ. پىلاندىكى كۆلەم سىرتىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش ئېشىنچا مەبلىغىنى ئىشلىتىپ خىزمەت مىقدارى كېڭەيتىلگەنلىكتىن، شۇنىڭدەك بەزى تۈرلەر ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىپى بويىچە ئىشلىنەمەي، قارىغۇلارچە قۇرۇلۇش قىلىنىپ، باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىش ياكى پۇل بۆلۈپ بېرىش بوشاپ كېتىش تۈپەيلىدىن خام چوتتىن بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلنىڭ 99 پىرسەنتى خەجلىنىپ بولغاندىن كېيىن مەبلەغ سېلىش پىلانى پەقەت %97 لا ئورۇندالغان. مەركەز چۈشۈرگەن ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغدىن 13 مىليون يۈەن سەپەرۋەر قىلىش ۋەزىپىسى ئەمەلىيەتتە ئورۇندالمىغان نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردا تېخى سېلىنمىغان مەبلەغنى ئاشۇرۇۋېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن.

1979 - يىل 12 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى مەركەز دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ 1980- يىللىق مالىيە پىلانىنى تۈزۈش چارىسىنى ئېلان قىلىپ، مالىيە پىلانىنى تۈزۈش - تۈزمەسلىكنى يەرلىك ئورۇنلار ئۆزلىرى بېكىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇڭا 1980 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە پىلانى تۈزۈلمىدى. ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش كۆرسەتكۈچى بېكىتىلمىدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن يىللىق پىلاندىكى سېلىنىدىغان مەبلەغ مىقدارى ھەم خىزمەت مىقدارى كۆرسەتكۈچى، ھەم مالىيىدىن پۇل بۆلۈپ بېرىش كۆرسەتكۈچى قىلىندى. كېيىنكى يىللىق زاپاس ساقلاش كۆرسەتكۈچى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ زاپاس ساقلاش قەرز پۇلى تارقىتىشى ئارقىلىق ھەل قىلىنىشقا ئۆزگەرتىلدى. مەركەزگە قاراشلىق ئورۇنلار يەنىلا ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيە پىلانىنى تۈزۈپ بولالاش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇردى. ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەسىنى سەپەرۋەر قىلىش كۆرسەتكۈچىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە ئۇنى نازارەت قىلىشنى داۋاملىق يولغا قويدى.

## § 4 . لايىھەدىكى خام چوتنى تەكشۈرۈش

1954 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «ئاساسىي قۇرۇلۇشتا پۇل بۆلۈپ بېرىشتە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان چارە» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەت تارقاتقان ئەمگەك، ماتېرىياللارنىڭ سەرپىيات نورمىسى، جايلاردىكى ماتېرىياللارنىڭ خام چوت باھاسى، ئىش ھەققى بېرىلىش باھاسى ۋە خىراجەت ئېلىش ئۆلچىمى بويىچە لايىھە خام چوت (تەخمىن چوت) نى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. ھەمدە تەكشۈرگەندىن كېيىنكى «ئا»، «ب» تەرەپلەر بىلەن قۇرۇلۇش بانكىسىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بېكىتكەن

لايىھەدىكى پۈتتۈش باھاسى خام چوتى قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى بۆلۈپ بېرىشنىڭ ئاساسى قىلىندى. ئۈرۈمچى رايونىدا لايىھە خام چوتىغا مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەر مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، نورمىلىق ماتېرىياللار تولۇق بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇش بانكىسىدىكى پۇل بۆلۈپ بېرىشنى بېجىرگۈچى خادىملار قۇرۇلۇشقا ئالىت ئادەتتىكى ساۋاتلارنىمۇ بىلمىگەنلىكتىن ۋە قۇرۇلۇش چېرتيوژىنى چۈشىنەلمىگەنلىكتىن، بەزى ئاددىي، خەلق ئىشلىتىدىغان بىناكارلىق تۈرلىرىنى تاللاپ بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن ئىشلەشكە توغرا كەلدى. شۇ يىلى جەمئىي تەكشۈرۈلگەن خام چوت ئومۇمىي قىممىتى 7 مىليون 600 مىڭ يۈەن بولغان، بۇنىڭدىن تەكشۈرۈپ ساپ كېمەيتىۋېتىلگىنى 218 مىڭ يۈەن بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن خام چوت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 2.87 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1955 - يىلى دۆلەت بىرلىككە كەلگەن بىناكارلىق قۇرۇلۇش خام چوت نورمىسىنى ئېلان قىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى پۇل بۆلۈپ بېرىدىغان خادىملارنى ئادەتتىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇش مىقدارىنى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرغانىنىڭ سىرتىدا، يەنە ئادەم ئەۋەتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسى رىياسەتچىلىك قىلغان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تۈنجى قېتىملىق جايلارنىڭ سۈنئىي كوئېففىتسېنتىنى بېكىتىش، جايلارنىڭ ماتېرىياللار خام چوت باھاسى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ يەككە باھا قوللانمىسىنى (بىرلىك مۆلچەرى باھا جەدۋىلىنى) تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. شۇ يىلى 9 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى كەسپىي تايانچىلارنى يىغىپ خام چوت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، خام چوتنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. تەكشۈرۈش ئوبيېكتىدا ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلارنىڭ توپا - تاش قۇرۇلۇشى ئاساس قىلىنىپ، قىسمەن ئىسسىنىش، تازىلىق، توك، سۇ يەتكۈزۈش ۋە يۇندا چىقىرىۋېتىش ئەسلىھەلىرىنىڭ خام چوتىمۇ تەكشۈرۈلدى. ئەمگەك، ماتېرىيال نورمىسى، سانى، باھاسى شۇنىڭدەك ھەر قايسى تۈرلەرگە ئېلىنىدىغان خىراجەت ئۆلچەملىرىدىن باشقا يەنە قۇرۇلۇش مىقدارى نۇقتىلىق تەكشۈرۈلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇش خام چوتى 33 مىليون 140 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈلگىنى يوللانغان خام چوتنىڭ 73.62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى (باش بانكا %70 كە يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلغان). بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش مىقدارىنى تەكشۈرۈش %50 بولدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن كۆپەيتىلگەن قىسمى 1 مىليون 225 مىڭ 600 يۈەن، يۇقىرى مۆلچەرلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن كېمەيتىلگەن قىسمى 1 مىليون 765 مىڭ يۈەن بولدى. كۆپەيتىلگىنى بىلەن كېمەيتىلگىنى چىقىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ساپ كېمەيگىنى 539 مىڭ 400 يۈەن بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي قىممەتنىڭ 1.63 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق يەنە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى 41 ئورۇنغا لايىھە ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىلىپ، زۆرۈر بولمىغان تۈرلەر ۋە سېتىۋالمىسىمۇ بولىدىغان ئۈسكۈنىلەر قىسقارتىلىپ، 13 مىليون 590 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى. بۇ، مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى بولغان 120 مىليون يۈەننىڭ 11.25 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. قۇرۇلۇش خام چوتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، ئۈرۈمچى رايونىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ پۈتتۈش باھاسى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلىدى. ئارىلاشما قۇرۇلمىلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەر بىر كۋادرات مېتىرى 129 — 176 يۈەندىن 113 — 124 يۈەنگە، خىش، ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىنالارنىڭ ھەر بىر كۋادرات مېتىرى 140 — 168 يۈەندىن 92 — 123 يۈەنگە، كېسەك، ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئۆيلەرنىڭ ھەر بىر كۋادرات مېتىرى 80 — 128 يۈەندىن 57 — 68 يۈەنگە تۆۋەنلىدى.

1956 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى پۇل بۆلۈپ بەرگۈچى خادىملاردىن ئادەتتە قۇرۇلۇش خام چوتلىرىنى تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلغاندىن باشقا، يەنە 17 كىشىنى ئاجرىتىپ، خام چوت تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، قۇرۇلۇش خام چوتىنى مەخسۇس تەكشۈردى. لېكىن مۇتلەق كۆپ ساندىكى خام چوتلارنى يوللاش

ۋاقتى 9- ئاينىڭ ئالدى - كەينىگە مەركەزلىشىپ، ئۆز ۋاقتىدا، ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈش قىيىن بولغانلىقتىن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى نۇقتىلىق تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللاندى. خام چوت قىممىتى 50 مىڭ يۈەندىن تۆۋەن بولغانلىرى تەكشۈرۈلمىدى. 50 مىڭ يۈەندىن 300 مىڭ يۈەنگىچە بولغانلىرىنىڭ يەككە باھاسى تەكشۈرۈلدى، 300 مىڭ يۈەندىن كۆپ بولغان قۇرۇلۇشلارنىڭ خام چوت مىقدارى بىلەن يەككە باھاسى بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈلدى. يىل ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈلگەن خام چوت 135 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ساپ كېمەيتىلگىنى 4 مىليون 529 مىڭ يۈەن بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي قىممەتنىڭ 3.33 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1957 - يىلى خام چوت تەكشۈرۈش بىلەن يۆتكەپ بېرىلگەن پۇلنى نازارەت قىلىشنى زىچ ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تەكشۈرۈش، دېلو تۇرغۇزۇش، قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش قاتارلىقلارنى بىراقلا تۈگىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا 105 مىليون 550 مىڭ يۈەنلىك خام چوت تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ساپ كېمەيتىلگىنى 2 مىليون 770 مىڭ يۈەن، بۇ تەكشۈرۈلگەن ئومۇمىي قىممەتنىڭ 2.62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. شۇ يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش كومىتېتىغا ماسلىشىپ قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ «تېرىشچانلىق بىلەن دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. قىسمەن قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارغا جىددىي زۆرۈر بولمىغان پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنى قىسقارتىش، قۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىش، لايىھە ئۆلچىمىنى تۆۋەنلىتىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىپ، 2 مىليون 636 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قالدى.

1958 - يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» باشلانغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى خام چوتنى تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، پەقەت ئاپتونوم رايون تارقاتقان بىناكارلىق كۆلىمى كۆرسەتكۈچى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرلىك كۆلىمىنىڭ پۈتۈش باھا كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتكەن - كەتمىگەنلىكىنى تەكشۈردى. 1959 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيەلەردە تەسىس قىلىنغان تارماق ئاپپاراتلار تەڭ دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىغا قوشۇۋېتىلىپ، خام چوت تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى.

1962 - يىلى قۇرۇلۇش بانكا ئاپپاراتلىرى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1963 - يىلى گوۋۇيۈەن «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل يۆتكەپ بېرىش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلىپ، قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ چوقۇم قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار ۋە بىناكارلىق - قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىغا ھەمكارلىشىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوتىنى تەكشۈرۈپ، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى، تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوتى بويىچە پۇل يۆتكەپ بېرىشنى نازارەت قىلىشنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش خام چوتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، بەزى پىلان بويىچە ئىش قىلمىغان، پۈتۈش باھاسى ئۆلچىمىنى خالىغانچە ئۆستۈرگەن، شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارىماي ئېسىل زىننەتلىمەكچى بولغان قۇرۇلۇشلارنى توسىدى. 1964 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش كومىتېتى رىياسەتچىلىك قىلغان، ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ماتېرىياللار خام چوت باھاسى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ بىرلىك يەككە باھا جەدۋىلىنى تۈزۈش خىزمىتىگە ئادەم ئەۋەتىپ قاتناشتۇردى ھەمدە بەزى يۇقىرى ئۆلچەم قوغلاشقان قۇرۇلۇش لايىھەلىرىنى تەكشۈرۈپ توسىدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى قوشۇمچە قىلغان بىرلىك مۆلچەرىي باھا جەدۋىلىگە كىرگۈزۈلگەن ئىش، ماتېرىيال سانى ۋە يەككە باھالار تەكشۈرۈلدى.

1965 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى تارماق بانكىسى تەكشۈرۈش ئارقىلىق 13 خىل يەرلىك ماتېرىياللار خام چوت باھاسىنىڭ ھېسابلىنىش ماتېرىيالىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ماتېرىيال ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان تارماقلارنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتۈپ ئىجرا قىلىنغاندىن

كېيىن شۇ يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن 2 مىليون 400 مىڭ يۈەن تېجەپ قېلىندى. 1966 ـ يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش خام چوتىنى تەكشۈرۈش ئاساسەن توختاپ قالدى. 1972 ـ يىلى قۇرۇلۇش بانكا ئاپپاراتلىرى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن تۈرلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرى قايتىدىن تۇرغۇزۇلدى. لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تەخمىن چوت، خام چوت تۈزۈملىرىنى ئىجرا قىلىش قالايمىقان بولۇپ كەتتى. ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلەپ بولۇپ ھېسابات قىلىش، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار خام چوت تۈزمەسلىك، ئەمەلىي قۇرۇلۇش قىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، قۇرۇلۇش راسچوتنامىسىنى تۈزۈپ راسچوت قىلىش يولىغا قويۇلۇپ، خام چوت تەكشۈرۈش خىزمىتى ئەمەلىيەتتە يىل ئاخىرىدىكى راسچوتنى ياكى پۈتكەن قۇرۇلۇش نەقچوتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە ئايلىنىپ قالدى.

1976 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئۈرۈمچى رايونىنىڭ ماتېرىيال، خام چوت ۋە رايونلارنىڭ بىرلىك مۆلچەرى باھا جەدۋىلى» قايتىدىن تۈزۈپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر يىلى ئۆتكەن يىلدىكى راسچوت ئاساسلىرىغا ئاساسەن، شۇ يىلى ئەمەلىي كۆرۈلگەن باھا پەرقىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ بىر تەڭشەلگەن كوئېففىتسىيېنت مۆلچەرلەپ چىقىلىپ، شۇ يىللىق راسچوتنى بېجىرىشكە ئىشلىتىلدى.

1978 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسى دۆلەت قايتىدىن تۈزۈپ تارقاتقان «بىناكارلىق قۇرۇلۇش خام چوت نورمىسى» ۋە «بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەخمىن چوت نورمىسى» غا ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جايلارنىڭ قۇرۇلۇش قىلىشنى باشقۇرۇش خىراجىتى، قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلىشنى ھۆددىگە ئېلىش خىراجىتى قاتارلىق خىراجەت ئېلىش ئۆلچەملىرىنى تارقىتىپ، تەخمىن چوت، خام چوت خىزمىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. 11 ـ ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى «ئاساسىي قۇرۇلۇش تەخمىن چوت، خام چوت، نەقچوتلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش جەھەتتىكى بىر قانچە بەلگىلىمە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، تەخمىن چوت، خام چوت، نەقچوتلارنى تۈزۈشنىڭ مۇنۇ پرىنسىپلىرىنى قايتىدىن بېكىتتى: تەخمىن چوت لايىھىسىنى لايىھىلەش ئورۇنلىرى تۈزىدۇ؛ قۇرۇلۇش قىلىش خام چوتىنى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار مەسئۇل بولۇپ تۈزىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە قۇرۇلۇش قىلىش خام چوتىنى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن، لايىھىلىگۈچى ئورۇن ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىنى تەشكىللەپ بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بېكىتىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلەنگەن. شۇنىڭدىن كېيىن «ئۈچ چوت» خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىمۇ قۇرۇلۇش قىلىش خام چوتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى يەنە بىر قېتىم بانكىنىڭ ئاساسىي كەسپلىرىدىن بىرى قىلدى. لېكىن 1979 ـ، 1980 ـ يىللىرى بىناكارلىق ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسى ئۈزلۈكسىز ئۆرلىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشى قاتتىق بولمىغانلىقتىن، خام چوت تۈزمىسىمۇ ئوخشاشلا پۇل بېرىلىۋەردى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار قۇرۇلۇش قىلىش خام چوتىنى يوللاشنى قەستەن كېچىكتۈرۈپ، ماتېرىياللارنىڭ تەڭشەلگەن كوئېففىتسىيېنتى چۈشۈشنى ساقلاپ، خام چوتنى يىل ئاخىرىسىدىكى راسچوتقا ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

1981 ـ يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسى خام چوت تەكشۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەكشۈرۈش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە قۇرۇلۇش خام چوت (راسچوت) لىرىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى خىزمەت نەتىجىلىرىنى سىناشتىكى كۆرسەتكۈچنىڭ بىرى قىلدى. 1982 ـ يىل 6 ـ ئايدىن كېيىن، ئاساسىي قۇرۇلۇشتا قالايمىقان باھا ئۆسۈرۈش، قالايمىقان خىراجەت ئېلىش، قالايمىقان سېلىق چېچىش كەيپىياتى ئەۋج ئالدى. 1983 ـ يىل 7 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن ھۆججەت تارقىتىپ بۇنى چەكلىدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رىياسەتچىلىك قىلغان ئاساسىي قۇرۇلۇشتىكى تۈرلۈك خىراجەتلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش

خىزمىتىگە ئادەم قاتناشتۇردى. بۇ جەرياندا جەمئىي 63 خىل خىراجەت ئېلىش تۈرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى ھەمدە ھۆكۈمەتكە تەستىقلىتىش ئارقىلىق 22 خىلى ساقلاپ قېلىنىپ، 41 خىلى بىكار قىلىندى. مۆلچەرىي ھېساباتقا ئاساسلانغاندا شۇ يىلى 10 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى تېجەپ قېلىنغان. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ھەر يىلى قۇرۇلۇش خام چوتىنى تەكشۈرۈش بويىچە قىسقا مۇددەتلىك ئۆگىنىش كۇرسلىرىنى ئېچىپ، كادىرلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى. 1984 ـ يىلى يەنىلا ئادەم ئەۋەتىپ ئاپتونوم رايونلۇق نورما باشقۇرۇش پونكىتى رىياسەتچىلىكىدىكى يېڭى نورمىنى تارقىتىش ۋە ماتېرىياللار خام چوت باھاسى ھەم بىرلىك مۆلچەرىي باھا جەدۋىلىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى.

1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھۆددىگە بېرىش ۋە قۇرۇلۇشلارغا خېرىدار چاقىرىپ كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. سېلىنغان مەبلەغنى ھۆددىلەش كۆرسەتكۈچىنى بېكىتىش ۋە خېرىدار چاقىرغاندىكى خېرىدارلىق ئۆلچىمىنى باھالاپ بېكىتىشتە پۈتۈنلەي دەسلەپكى لايىھەدىكى تەخمىن چوتنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى كېڭەيتىش ئاساس قىلىندى. شۇڭا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى لايىھەدىكى تەخمىن چوتنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. چوڭ، ئوتتۇرا تۈرلەرنىڭ تەخمىن چوتىنى تەكشۈرۈشنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىر تۇتاش تەشكىللىيدىغان ھەمدە ئۇنىڭغا بېجىرگۈچى تارماق بانكىلارنى قاتناشتۇرىدىغان، ئادەتتىكى تۈرلەرنىڭ تەخمىن چوتىنى تەكشۈرۈشنى ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكىلار، كەسپىي تارماق بانكىلار ئۆزلىرى تەشكىللەيدىغان بولدى. 1985 ـ يىلى جەمئىي تەكشۈرۈلگەن لايىھەدىكى تەخمىن چوت سوممىسى 1 مىليارد 90 مىليون 780 مىڭ يۈەن بولدى. ئۇنىڭدىن دېلو تۇرغۇزۇلغىنى 272 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولۇپ، دېلو تۇرغۇزۇلغىنى تەكشۈرۈلگەن سانىنىڭ 25 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ جەمئىي تەكشۈرۈپ كۆپەيتىلگىنى 5 مىليون 450 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگىنى 18 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى. كۆپەيتىلگىنى بىلەن كېمەيتىلگىنى چېقىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ساپ كېمەيگىنى 13 مىليون 50 مىڭ يۈەن بولۇپ، دېلو تۇرغۇزۇلغىنى ئومۇمىي قىممەتنىڭ 4.79 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپپاراتلار جەمئىي تاپشۇرۇۋالغان، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار تۈزگەن قۇرۇلۇش خام چوتى ئومۇمىي قىممىتى 1 مىليارد 963 مىليون 830 مىڭ يۈەن بولۇپ، تەكشۈرۈلگىنى 1 مىليارد 743 مىليون 390 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈش دائىرىسى 88.77% بولدى، دېلو تۇرغۇزۇلغان قىممەت 1 مىليارد 245 مىليون 100 مىڭ يۈەن؛ بېكىتىلگەن قىممەت تەكشۈرۈلگەن قىممەتنىڭ 71.42 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. جەمئىي تەكشۈرۈپ كۆپەيتىلگىنى 6 مىليون 10 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگىنى 97 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولدى. كۆپەيتىلگىنى بىلەن كېمەيتىلگىنى چېقىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ساپ تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگىنى 91 مىليون 250 مىڭ يۈەن بولۇپ، دېلو تۇرغۇزۇلغان خام چوت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 7.33 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈلگەن قۇرۇلۇش راسچوت قىممىتى 3 مىليارد 267 مىليون 450 مىڭ يۈەن، دېلو تۇرغۇزۇلغىنى 2 مىليارد 805 مىليون 170 مىڭ يۈەن بولۇپ، بېكىتىلگىنى تەكشۈرۈلگەن قىممەتنىڭ 85.85 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. جەمئىي تەكشۈرۈپ كۆپەيتىلگىنى 8 مىليون 620 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگىنى 138 مىليون 580 مىڭ يۈەن بولدى. كۆپەيتىلگىنى بىلەن كېمەيتىلگىنى چېقىشتۇرۇلغاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ ساپ كېمەيتىلگىنى 129 مىليون 960 مىڭ يۈەن بولۇپ، بېكىتىلگەن راسچوت قىممىتىنىڭ 4.63 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈلگەن پۈتكەن قۇرۇلۇش نەقچوتى 310 مىليون 730 مىڭ يۈەن، دېلو تۇرغۇزۇلغىنى 293 مىليون 650 مىڭ يۈەن بولۇپ، بېكىتىلگىنى تەكشۈرۈلگەن قىممەتنىڭ 94.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. جەمئىي تەكشۈرۈپ كۆپەيتىلگىنى 850 مىڭ يۈەن، تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگىنى 18 مىليون يۈەن بولدى. كۆپەيتىلگىنى بىلەن كېمەيتىلگىنى چېقىشتۇرۇلغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ ساپ كېمەيتىلگىنى 17 مىليون 200 مىڭ يۈەن

بولۇپ، بېكىتىلگەن پۈتكەن قۇرۇلۇش ئەنچوت قىممىتىنىڭ 5.86 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## § 5 . ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى

1958 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ياخشىلاش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش داۋامىدا مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇشنى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى تۈۋەنلىتىۋەتمەسلىك، قۇرۇلۇشنى تاپشۇرۇش مۇددىتىنى كېچىكتۈرمەسلىك، مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك، غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش سالمىقىنى كۆپەيتىۋەتمەسلىك شەرتى ئاستىدا يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانى ۋە دۆلەت خام چوتىدا بېكىتىلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى (جۈملىدىن ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمەت مىقدارى ۋە زاپاس ساقلاش مەبلىغى) مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى تارماقلار ۋە ئورۇنلارنىڭ بىر تۇتاش ئىگىلىشى، ئۆزلىرى ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە ھۆددىگە بېرىپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇش تەلەپ قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش تارماقلىرى ۋە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار بېكىتىلگەن مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى دائىرىسىدە ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، لايىھەدىكى نورمىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى تەڭشەش ھەمدە ھەر قايسى تۈرلەر ئوتتۇرىسىدا مەبلەغنى تەڭشەپ ئىشلىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن مەبلەغدە ئېشىنچە بولسا قۇرۇلۇش تارماقلىرى ۋە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئايرىم ئىشلىتىشكە قالدۇرۇلدى. 7 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن مېتاللورگىيە مىنىستىرلىكى شىجىڭشەن پولات ـ تۆمۈر شىركىتىدە، بىرلىكتە چاقىرغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھۆددىگە بېرىش نەق مەيدان يىغىنىغا ئادەم قاتناشتۇرۇپ شىجىڭشەن پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى. 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى نەق مەيدان يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى ھەمدە «1 ئىيۇل» پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى، «تۆت ئاچال» كۆمۈركان قۇرۇلۇشى باشقارمىسى ۋە قاراماي كان ئىشلىرى ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇننى تاللاپ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى كۆتۈرە بېرىشنى يولغا قويىدىغان سىناق نۇقتىسى قىلدى. مەبلەغنى كۆتۈرە بېرىش چارىسى قۇرۇلۇش تارماقلىرى ۋە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى. سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش جەريانىدا، مەبلەغنى تېجەپ قېلىش، سۈرئەت تېز بولۇشتەك ياخشى ئۈنۈم قولغا كەلدى. «تۆت ئاچال» كۆمۈر كان قۇرۇلۇش باشقارمىسى شۇ يىلى 4 مىليون يۈەن مەبلەغ تېجەپ قالدى. 1959 ـ يىل 3 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونىمىزدا «ئاساسىي قۇرۇلۇشتا مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ياخشىلاش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» گە ئاساسەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىشتە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان چارىسى» (لايىھە) تۈزۈپ چىقىلىپ، مەبلەغنى كۆتۈرە بېرىشنى يولغا قويۇشنىڭ كونكرېت چارىلىرى بەلگىلەندى. 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىلەن كۆمۈر سانائىتىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە مەبلەغنى كۆتۈرە بېرىش نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، يىغىندا سىناق نۇقتىسى قىلىنغان ئۈچ ئورۇن تەجرىبە تونۇشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى سىناق نۇقتىسى قىلىنغان بۇ ئۈچ ئورۇنغا لەۋھە تەقدىم قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى زىياڭ دى يىغىنغا كېلىپ سۆز قىلدى. ھەمدە ئاساسىي قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلىنى شىنجاڭ بويىچە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشنى، مەبلەغنى 10% دىن

15% كېمە تېجەشنى تەلەپ قىلدى. يىغىندا نېفىت، كۆمۈر قاتارلىق 12 سىستېمىدا 105 مىليون يۈەن تېجەش كۆرسەتكۈچى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ، شۇ ئورۇنلارنىڭ شۇ يىللىق مەبلەغ سوممىسىنىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. سەككىز بىناكارلىق كارخانىسى قۇرۇلۇش تەننەرخىنى ئوتتۇرا ھېسابتا 10% تۆۋەنلىتىپ، 12 مىليون 140 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قالىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىندىن كېيىن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يىغىن روھىغا ئاساسەن، «ئاساسىي قۇرۇلۇشتا مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقاتتى. ھەمدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقى بويىچە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق مەبلەغنى كۆتۈرە بېرىشنى يولغا قويۇش كومىتېتى تەشكىللىدى، بۇ كومىتېتنىڭ قارىمىقىدا ئىشخانا قۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ باشلىقى گاۋياڭجۈن ئىشخانا مۇدىرى بولدى. شۇ ئايدا، گوۋۇيۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى كۆتۈرە بېرىش چارىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن، يەنە «ئاساسىي قۇرۇلۇشتا مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ياخشىلاش توغرىسىدا بىر قانچە قوشۇمچە بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ تارقىتىپ، مەبلەغ سېلىش پىلانىنى باشقۇرۇش ۋە تىزگىنلەشنى كۈچەيتىشنى؛ ئومۇمەن مەبلەغ كۆتۈرە بېرىش يولغا قويۇلغان قۇرۇلۇشلاردا ئومۇمىي خام چوت (تەخمىن چوت) تا بېكىتىلگەن پۈتۈن قۇرۇلۇشنىڭ مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى بويىچە كۆتۈرە بېرىشنى؛ ئومۇمىي گەۋدە لايىھىسى بولمىغانلىرىدا مۇددەتكە بۆلۈپ قۇرۇلۇش قىلىش ۋەزىپىسىدىكى مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى بويىچە كۆتۈرە بېرىشنى؛ قۇرۇلۇش تارماقلىرى ۋە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ بىرلىككە كەلگەن قۇرۇلۇش پىلانىنى ئىجرا قىلىپ، دۆلەت بېكىتكەن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى؛ قۇرۇلۇش تارماقلىرىنىڭ پەسىل بويىچە مالىيە تارماقلىرىغا ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئىشلىتىش پىلانىنى يوللاپ تۇرۇشنى؛ مالىيە تارماقلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تارماقلىرىغا پەسىل ياكى ئاي بويىچە ئىشلىتىدىغان پۇل نورمىسىنى بېكىتىپ بېرىشنى؛ قۇرۇلۇش تارماقلىرى، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار، بىناكارلىق كارخانىلىرى ئاي بويىچە مالىيە تارماقلىرىغا ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى يوللاپ تۇرۇشنى؛ يىل ۋە پەسىل بويىچە نەقچوت دوكلاتىنى يوللاپ، قۇرۇلۇش پۈتكەندىن كېيىن قۇرۇلۇش نەقچوتىنى يوللاشنى بەلگىلىدى. 9 - ئايغا كەلگەندە ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھۆددىگە بېرىش خىزمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلدى. 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئاپتونوم رايون بويىچە مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇش خىزمىتىنى باھالاش يىغىنى چاقىردى. يىغىندا 21 ئورۇن تەجرىبە تونۇشتۇردى. 14 ئىلغار ئورۇن باھالاپ چىقىلدى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە نېفىت، تۆمۈر يول، مېتاللورگىيە، تۆمۈرچىلىك قاتارلىق 13 سىستېما مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئۇلار ھۆددىگە بەرگەن مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 333 مىليون يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ شۇ يىلقى سالغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 58.16 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1960 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھۆددىگە بېرىش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ خەلق ئىگىلىكى پىلانىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇش يەنى قۇرۇلۇشنى تاپشۇرۇش ۋاقتى، قۇرۇلۇش سۈپىتى، قۇرۇلۇش كۆلىمى، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش، مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنى ھۆددىگە بېرىش تەلەپ قىلىندى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە شۇ جايدىكى پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش كومىتېتى، مالىيە تارماقلىرى شۇنىڭدەك باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھۆددىگە بېرىش كومىتېتى تەشكىل قىلىنىپ، مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇشنى تەشكىللەش، ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تەكشۈرۈپ ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل قىلىندى. ئاساسلىق

باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردا مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويىدىغان مەخسۇس ئاپپاراتلار قۇرۇلدى. ھۆددىگە بېرىش لايىھىسى شۇ جايدىكى مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىشكە رەھبەرلىك قىلىش كومىتېتىغا يوللاپ ئەنگە ئالدۇرۇلىدىغان ھەمدە كۆچۈرۈلمىسى ئاپتونوم رايونلۇق مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش ئىشخانىسىغا يوللىنىدىغان بولدى. بۇ چارىنى قوللانغاندىن كېيىن، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ھۆددىگە بېرىش چارىسى ناھايىتى تېزلا ئاپتونوم رايون بويىچە قانات يېيىپ كەتتى. 1960 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويغان ئورۇنلار 1958 - يىلدىكى ئۈچتىن 254 كە كۆپەيدى؛ ھۆددىگە بېرىلگەن مەبلەغ 1958 - يىلدىكى قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 25.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەشتىن 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەشكە كۆپەيدى؛ ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويغان ساھەلەر سانائەت سىستېمىسىدىن دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى، چارۋىچىلىق، سودا، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە قاتارلىق سىستېمىلارغىچە كېڭەيدى؛ ھۆددىگە بېرىشنى يولغاقويۇش مەزمۇنى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددىگە بېرىشتىن خىراجەتلەرنى ھۆددىگە بېرىش ۋە نېمىنى ئىشلىگەن بولسا شۇنى ھۆددىگە بېرىشكە تەرەققىي قىلدى. ھۆددىگە بېرىش شەكلى تۈزۈلىرى باشقۇرغان قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە بېرىشتىن بىر قىسىم سىرتقا ھۆددىگە بېرىلگەن كارخانىلارنى «ئا»، «ب» ئىككى تەرەپكە چوڭ ھۆددىگە بېرىشكە تەرەققىي قىلدى. مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويغان ئورۇنلار شۇ چاغدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، دۆلەتكە جەمئىي 150 مىليون يۈەن قۇرۇلۇش مەبلىغى تېجەپ بەرگەن، بۇ مەبلەغنى ئىشلىتىپ كۆپەيتىلگەن نېفىت ئايرىش ئىقتىدارى 280 مىڭ توننا، ياسالغان تاشيول 64 كىلومېتىر، ياتقۇزۇلغان سۇ تەمىنلەش تۇرۇبىسى ئالتە كىلومېتىر. 20 مىڭ مېتىر گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش قۇدۇقى كۆپ قېزىلدى. 31 مىڭ 200 كۋادرات مېتىر سانائەت ۋە جامائەت ئىشلىتىدىغان قۇرۇلۇش ئارتۇق سېلىندى. يەر شەكلىنى گېئولوگىيىلىك ئۆلچەش مىقدارى 57 مىڭ 300 كۋادرات كىلومېتىر ئارتۇق ئىشلەندى.

1961 - يىلى 5 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مالىيىدىن پۇل بۆلۈپ بېرىش چارىسى» نى تارقىتىپ، مەبلەغنى ھۆددىگە بەرگەن ئورۇنلارنىڭ ئېشىنچا مەبلەغنى ئىشلىتىشى توغرىسىدا مۇنداق بەلگىلىدى: ئېشىنچا مەبلەغنى كۆتۈرە ئالغاندا، كۆتۈرە ئالغان ۋاقىتتا بەلگىلەنگەن پۈتۈن قۇرۇلۇش بويىچە ھېسابلاش؛ كۆتۈرە ئالغان ئېشىنچا مەبلەغدىن پايدىلىنىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەيتكەن، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرغان، زۆرۈر بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى ۋە باشقا جامائەت پاراۋانلىق ئەسلىھەلىرىنى سالغان ياكى رېمونت قىلغاندا، چوقۇم دۆلەت پىلان تارماقلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ، ئۈسكۈنە، ماتېرىيال، مەبلەغدىن ئىبارەت ئۈچنى تەمىنلەشتۈرۈش؛ بېجىرگۈچى تارماق بانكىلار ھۆددىگە ئالغان ئېشىنچا مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچسىزلىكىنى تەكشۈرۈش، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ھۆددىگە بەرگەن ئېشىنچا مەبلەغنى ئىشلىتىش پىلانىنى تۈزۈشكە ھەمكارلىشىشى ھەمدە تەستىقلانغان پىلان بويىچە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلغا نازارەت قىلىش لازىم، دەپ بەلگىلەندى. لېكىن سىياسەت يۈرۈشلەشمىگەنلىكتىن، پەقەتلا ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش تەكىتلىنىپ، مالىيە نازارەتچىلىكى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىش شامىلى ئەۋج ئېلىپ، خام چوت ئىچىدىكى مەبلەغنى قالايمىقان قىسىۋېلىپ، پىلان سىرتىدا قۇرۇلۇش قىلىش، تېجەپ قالماقچى بولغان مەبلەغ بىلەن خىزمەت مىقدارىنى كېڭەيتىش، تېجەپ قالىدىغان مەبلەغ ئىشقا ئاشماي تۇرۇپ يەنىلا دۆلەتتىن مەبلەغ قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىق ھادىسىلەر كېلىپ چىقتى. 1962 - يىلى 1 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» (لايىھە) دە مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش مەسىلىسى تىلغا ئېلىنمىغانىدى. 1963 - يىلى گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا

پۇل بۆلۈپ بېرىشكە دائىر بىر قانچە بەلگىلىمە توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تا 1958 - يىلدىن بۇرۇنقى تۈرلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىشتىكى نازارەت قىلىش تۈزۈملىرى ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1972 - يىل 2 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆلۈپ بېرىش خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» (سىناق لايىھە) نى تارقىتىپ، مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىشنى ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشتىكى بىر ئىنقىلاب دەپ ئاتىدى. ئۇنىڭدا مالىيە، بانكا ئورۇنلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى قۇرۇلۇش تارماقلىرى رىياسەتچىلىك قىلغان مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىگە چوقۇم ئاكتىپ قاتنىشىشى، سىناق قىلىش داۋامىدا ئورۇنلارنىڭ سېلىنغان مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، بەن - گۇرۇپپىلار بويىچە ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويۇشى، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى ۋە ئالماشتۇرۇشقا ياردەم بېرىش تەلەپ قىلىندى. 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى گوۋۇيۈەن دۆلەت پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى چوڭ ھۆددىگە بېرىشنى پاتال نۇقتىدا سىناق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ 1958 - يىلدىكى چوڭ ھۆددىگە بېرىش بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى بۇ قېتىمقى «چوڭ ھۆددىگە بېرىش» تە دۆلەت پىلانىدا بەلگىلەنگەن قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى ياكى قۇرۇلۇش تۈرلىرى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ ۋە مۇناسىپ ماتېرىيال، ئۈسكۈنىلەر يەرلىكنىڭ پىلان بويىچە ھۆددىگە بېرىپ قۇرۇلۇش قىلىشىغا تاپشۇرۇلىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ ھۆججەت كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى ھەمدە قوشۇمچە قىلىنىپ، بارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىنى پىلانغا كىرگۈزۈش، پىلان سىرتىدا قۇرۇلۇش قىلىشقا يول قويماسلىقنى تەلەپ قىلدى، يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار بەلگىلەنگەن ئەندىزە بويىچە يەككە تۈردىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ پىلان جەدۋىلىنى تەپسىلىي تۈزۈپ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە پۇل بۆلۈپ بەرگۈچى بانكىلارنىڭ پۇل بۆلۈپ بېرىشنى ئىگىلەش ۋە پەسىللىك ئوبراز سۈرئىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئاساس قىلىشىغا يوللاپ بېرىلدى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى ۋە نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئاپتونوم رايونلۇق ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىدارىسىگە يوللاپ، ئۇلارنىڭ نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشنى رەتكە تىزىشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇلدى. ئومۇمەن تەستىقلىتىلمىغان پىلان ۋەزىپىنامىسى ۋە لايىھە ھۆججىتىدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە، قۇرۇلۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ئاپپاراتلىرى تەسىس قىلىشقا، مەخسۇس ئۈسكۈنە زاكاز قىلىش، سېتىۋېلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىدارىسى يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا ئاساسەن، پەسىل بويىچە چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تۈرلەر ۋە نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئورۇنلاشتۇردى. ھەمدە نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ پەسىللىك ئوبراز سۈرئىتى تەلىپىنى چۈشۈرۈپ قۇرۇلۇش قىلىش كۈچى، ئۈسكۈنە، ماتېرىيال توشۇشنى تەڭپۇڭلاشتۇردى. لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تېخى ئاياقلاشمىغانلىقتىن بۇ قېتىمقى چوڭ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلمىدى.

1975 - يىل 5 - ئايدا دۆلەت قۇرۇلۇش كومىتېتى «ئاساسىي قۇرۇلۇشنى چوڭ ھۆددىگە بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تارقىتىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمى، پۈتكۈزۈش ۋاقتى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنى كۆتۈرە بېرىشنى، شەرت - شارائىتى بار ئورۇنلار لايىھەلەشنى ھاۋالە قىلىش، يەر سېتىۋېلىش، قۇرۇلۇش ئىشلەش، ماتېرىيال ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋېلىش، ئىشلەپچىقىرىشقا تەييارلىق كۆرۈش، ماشىنىلارنى سىناپ ئىشقا سېلىشتىن تارتىپ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىشكىچە ھەممىسىنى ھۆددىگە بەرسىمۇ بولىدۇ، قۇرۇلۇشقا قوماندانلىق قىلىش شتابى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانا، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار ھۆددىگە ئېلىش ياكى ناھىيە، شەھەر، رايونلار ھۆددىگە ئېلىشتەك كۆپ خىل شەكىلدىكى ھۆددىگەرلىك

ئۈنۈملىرى يولغا قويۇلىسىمۇ بولىدۇ دەپ كۆرسەتتى. دۆلەت تەستىقلىغان دەسلەپكى لايىھە ۋە تەخمىنى چوت خەلق ئىشلىتىدىغان قۇرۇلۇشلارنى كۆتۈرە بېرىشتە ئاساس قىلىنىدۇ. ئۆلچەملىك لايىھە ۋە يېتىش باھاسى كۆرسەتكۈچى كۆتۈرە بېرىش ئاساسى قىلىنىسىمۇ بولىدۇ. كۆتۈرە ئالغان ئورۇنلار ئېھتىياجلىق بولغان ئۈسكۈنە، ماتېرىياللارنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ تەقسىم قىلىشقا ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرغۇچى ھەر دەرىجىلىك تارماقلار مەسئۇل بولۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىپى بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمى تۇرغۇزدى. «لايىھەدە تەخمىنى چوت بولۇش، قۇرۇلۇش قىلىشتا خام چوت بولۇش، قۇرۇلۇش پۈتكەندە نەقچوت بولۇش» تەلەپ «ئۈچ چوت» بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلدى. تەخمىنى چوت، خام چوت باشقۇرۇش ۋە نورما باشقۇرۇش ھەقىقىي يوسۇندا كۈچەيتىلىپ، نورمال مەۋجۇتلۇقى ۋە جايلاردىكى ماتېرىياللارنىڭ خام چوت باھاسى قاتتىق تىزگىنلەندى. ھۆددىگە بېرىلگەن تۈرلەرنىڭ يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنى تۈزگەندە، ئۇنىڭغا كىرگۈزۈلگەن مەبلەغ يىغىندىسى تەخمىنى چوتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، يوچۇقمۇ قالماسلىقى تەلەپ قىلىندى. جايلاردىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرى ھۆددىگە ئالغان ئورۇنلارنىڭ ھۆددىگە ئېلىش ئاساسلىرى ۋە سېلىنغان مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەمكارلىشىپ، تەرتىپ، پىلان ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىم خام چوتى، سۈرئەت بويىچە پۇل بۇيرۇپ بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇشلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى ھەمدە مەبلەغنىڭ مۇۋاپىق ئىشلىتىلىشىگە نازارەت قىلدى. 7- ئايدا ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق ئاساسىي قۇرۇلۇش خىزمەت يىغىنىدا ئاساسىي قۇرۇلۇشتا چوڭ ھۆددىگە بېرىشنى پائال يولغا قويۇش قارار قىلىندى. ھەمدە ئىككى يىل ئىچىدە نۇقتىدا ياخشى سىناق قىلىپ، 1980 - يىلدىن يۈرۈن ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇش تەلەپ قىلىندى. يىغىندىن كېيىن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «خۇڭچيەنچى» ئېلېكتر ئىستانسىسى، پىۋا زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلار ئاساسىي قۇرۇلۇشتا چوڭ ھۆددىگە بېرىشنى سىناق قىلىش نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەندى ھەمدە «خۇڭچيەنچى» ئېلېكتر ئىستانسىسىدا نۇقتىدا تۇرۇشقا ئادەم ئەۋەتىلدى. لېكىن بۇ سىناق نۇقتىلىرىدىكى تۈرلەرنىڭ ھەممىسىدە لايىھە كۆپ ئۆزگىرىش، ماتېرىيال باھاسى ئۆرلەش، تەخمىنى چوت، خام چوتتىكى مەبلەغ ئەمەلىيلەشمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەر ساقلانغانلىقتىن، ھۆددىلەنگەن تۈرلەرنىڭ مەبلەغ سوممىسىنى تىزگىنلەش قىيىن بولۇپ، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يەتكىلى بولمىدى.

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، دۆلەت بىنكارلىق ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى شەھەرلەرنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشنىڭ بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا 1981 - يىلدىن باشلاپ، بەزى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە تۈرلۈك شەكىلدىكى مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلدى. ئۈرۈمچى نېفت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى خىمىيۋى ئوغۇت قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى چوڭ ھۆددىگە بېرىلگەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇن يەنە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ھۆددىگە بەردى. ھۆددىگەرلىك توختامى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ھۆددىگە ئېلىنغان تەخمىنى چوت ئۆزگەرتىلمەي، تېجەپ قېلىنغىنىدىن پىرسەنت ئايرىلدى. چىقىم ئېشىپ كەتسە تولۇقلاپ بېرىلمىدى. بىر قېتىمدىلا تەل - تۆكۈس ھۆددىلەشتۈرۈلدى. خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىشنى ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇشى ئۈچۈن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى كەسپىي تايانچلارنى ئاجرىتىپ، خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ لايىھەدىكى تەخمىنى چوتنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى، سەككىز قېتىم كېڭىشىش ئارقىلىق ئاخىرى بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ھۆددىگە بېرىش ۋەزىپىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. خىمىيۋى ئوغۇت زاۋۇتى قۇرۇلۇشى 1981 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى رەسمىي باشلىنىپ 1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى پۈتتى. ئورنىتىش ئىشلەش ۋە ئوراش - قاچىلاش قۇرۇلمىسى بىرلەشتۈرۈلگەن ماشىنا سىنىقى بىر قېتىمدىلا مۇۋاپىقىيەتلىك بولۇپ، تېجەپ قىلىنغان قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن بەلگىلىمە بويىچە

پىرسەنت قالدۇرۇلدى.

1983 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى خەلق ئىشلىتىدىغان بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە خام چوت بويىچە ئۇنىڭغا كونترول قىلىشنى قوشۇپ ھۆددىگە بېرىش ياكى كۋادرات مېتىرنىڭ پۈتۈش باھا كۆرسەتكۈچى بويىچە ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا باشلىدى. ئېۋىرغول كۆمۈر كېنىدا ئومۇمىي تەخمىن چوتتىكى سېلىنىدىغان مەبلىغى بويىچە ھۆددىگە بېرىش ئۇسۇلى يولغا قويۇلدى. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىرىدىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرىمۇ تۈرلۈك مەبلەغ ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى پائال يولغا قويدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك قۇرۇلۇش بانكىسى ئۆي - ئىمارەتلەر قۇرۇلۇشىدا كۋادرات مېتىرنىڭ پۈتۈش باھاسى بويىچە بىر قېتىمدىلا ئۈزۈل - كېسىل ھۆددىگە بېرىش ئىقتىسادىي توختام تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ھۆددىگەرلىك دائىرىسى بېجىرىلگەن ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 48 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كۋادرات مېتىرنىڭ پۈتۈش باھاسى بەش يۈەن تۆۋەنلىتىلدى. بورتالا ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش بانكىسى بورتالا يۇلڧ - تېرە پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىغا ھەمكارلىشىپ ئاساسلىق قۇرۇلۇشنى تۈرلەرگە بۆلۈپ، خېرىدار چاقىرىپ كۆتۈرە بېرىش ئۇسۇلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، ئىش مۇددىتىنى 13 ئاي ئىلگىرى سۈردى، مەبلەغنى %24 تېجەپ قالدى.

1984 - يىلى 9 - ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى، ئەمگەك - كادىرلار مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىرلىكتە «ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە سېلىنغان مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى چارىسى» نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار ئېنىق بەلگىلەنگەن: بارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە پائال شەرت - شارائىت ھازىرلاپ، مەبلەغنى كۆتۈرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. دۆلەت پىلانىدا بېكىتىلگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرى، قۇرۇلۇش كۆلىمى، مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى، قۇرۇلۇش مۇددىتى، قۇرۇلۇش سۈپىتى ۋە ماتېرىيال سەرپىياتى بويىچە ھۆددىگە بېرىلىدۇ. ھۆددىگە بېرىشتە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە كونكرېت شەرت - شارائىتقا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار تۈرلەرنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا ھۆددىگە بېرىش؛ قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئالىدىغان شىركەتلەر تۈرلەرنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ياكى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ھۆددىگە ئېلىش؛ قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار تۈرلەرنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق ياكى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ھاۋالىسى بويىچە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەش؛ تۆۋەن دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلاردىن ھۆددىگە ئېلىش. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە مەيلى قايسى خىلدىكى ھۆددىگەرلىك شەكلى قوللىنىلسۇن، شەرت - شارائىتى بولغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ھەممىسىدە خېرىدار چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ ھۆددىگە بېرىش شەكىللىرى قوللىنىلىدى. شۇڭا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنى خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا پائال تەشكىللىدى. شىنجاڭدىكى قۇرۇلۇش بانكا ئاپپاراتلىرىمۇ شۇ جايدىكى خېرىدار چاقىرىش گۇرۇپپىلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، خېرىدارلىقنى باھالاش، بېكىتىش خىزمەتلىرىگە ئىشتىراك قىلدى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى جەمئىي 47، خېرىدار چاقىرىپ سېلىنغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 46 مىليون 840 مىڭ يۈەن. قۇرۇلۇش بانكىسى قاتنىشىپ خېرىدارلىقنى باھالىغان، بېكىتكەن مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 46 مىليون 740 مىڭ يۈەن بولغان. بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى شەھىرى خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بەرگەن 30 تۈرنى تەكشۈرۈپ مۆلچەرلەپ ئانالىز قىلىشتىن قارىغاندا، ئىش مۇددىتى ئوتتۇرىچە %25 قىسقارغان، پۈتۈش باھاسى %7.6 تۆۋەنلىگەن.

1985 - يىلى شىنجاڭ بويىچە جايلاردىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرى خېرىدارلىق ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈستىگە ئالغان، يىل بويى بانكىلار جەمئىي تەكشۈرگەن خېرىدارلىق ئۆلچىمى 224 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولغان، تەكشۈرۈپ ساپ كېمەيتىلگەن قىممەت 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇپ، تۆۋەنلەش نىسبىتى 3% بولغان. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ نىفىت كەسپى شۆبىسى شىنجاڭنىڭ نىفىتلىك قۇرۇلۇشىدا مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش ۋە خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى پائال يولغا قويدى؛ كان رايونى بويىچە 260 مىڭ كۋادرات مېتىر خەلق ئىشلىتىدىغان بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى كۋادرات مېتىرنىڭ پۈتتۈش باھاسى ياكى قۇرۇلۇش خام چوتى بويىچە ئۇنىڭغا كوئېففىتسېنتىنى قوشۇپ ھۆددىگە بېرىلدى. 270 مىڭ كۋادرات مېتىرلىق قۇرۇلۇش بەش تۈركۈمگە بۆلۈپ خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىلدى. بۇ ئىككى خىل ئىسلاھات تەدبىرى ئارقىلىق شۇ يىلى 6 مىليون 740 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ تېجەپ قېلىندى.

## § 6 . ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى بۆيرۈپ بېرىش ۋە باشقۇرۇش

1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە بولغان خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، دۆلەت مالىيىسىدە بىر تۇتاش كىرىم قىلىپ بىر تۇتاش چىقىم قىلىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى. كارخانىلارنىڭ پايدىسى، ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە قاتارلىق كىرىملەرنىڭ ھەممىسى مالىيىگە تاپشۇرۇلدى؛ ئېھتىياجلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ھەممىسى دۆلەتتىن بۆيرۈپ بېرىلدى.

1953 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى تەمىنلەش تۈزۈمى ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇش گورۇھلىرى يۇقىرىغا تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پايدا ۋە ئاساسىي ئامورتىزاتسىيىنى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا خام چوتتىن بۆيرۈپ بېرىلىدىغان پۇلغا تۇتال قىلىشنى بەلگىلىدى. يەنە كارخانىلارنىڭ كارخانا مۇكاپات فوندى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق فوندى، شۇنىڭدەك ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكتىكى كارخانىلارنىڭ جامائەت فوندى ۋە خۇسۇسىي پاي مەبلىغى قاتارلىق ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغلەرنى ئىشلىتىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىشقا يول قويۇلدى. بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇل قاتناش بانكىسى ئارقىلىق نازارەت قىلىندى. 1954 - يىلدىن باشلاپ دۆلەت ھەر قايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئۆزلىرى توپلىغان بىر قىسىم مەبلەغنى خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ قاتارىدا باشقۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. خام چوت سىرتىدا باشقۇرىدىغان مەبلەغ دېگەندە سودا - سانائەت قوشۇمچە بېجى، ئورمان يېتىشتۈرۈش خىراجىتى، يول، دەريا ئاسراش خىراجىتى، ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۇلى ۋە باشقا خىراجەتلىرى، ھۆكۈمەت مۈلكى ۋە ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئىجارە ھەققى شۇنىڭدەك ئىدارىلەرنىڭ كېرەكسىز نەرسىلەرنى ساتقان كىرىمى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. 1955 - يىل 2 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆيرۈپ بېرىشتە يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپ» تا «كارخانىلار، ئىدارىلەر ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ بىلەن قىلغان ئاساسىي قۇرۇلۇشلار ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن بولسا، ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بېجىرگۈچى بانكىلىرىدا مەخسۇس ھېساب ئېچىپ ئامانەت قويۇپ، مۇشۇ تەپسىلىي پرىنسىپتىكى بەلگىلىمىلەرگە سېلىشتۇرۇپ پۇل بۆيرۈپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرسە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى. قۇرۇلۇش باش بانكىسى يەنە قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقىرىپ؛ «ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ بىلەن ئىشلەنگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەنلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. 1955-

يىللىق ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلان جەدۋىلىدىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، كارخانىلار مۇكاپات فوندى ياكى پاراۋانلىق فوندى بىلەن ئىشلىگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلمەيدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكىلەرگە پۇل بۆيرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. لېكىن بىر قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇندا بىرلا ۋاقىتتا خام چوتتىن بۆيرۇپ بېرىلگەن ۋە كارخانا مۇكاپات فوندى ياكى پاراۋانلىق فوندى قاتارلىق ئۆزلىرى هازىرلىغان مەبلەغ بولغاندا، پۇل بۆيرۇپ بېرىشنى نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىگە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، بانكا ئارقىلىق پۇل بۆيرۇپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىسىمۇ بولىدۇ» دەپ بەلگىلىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇرۇلۇش بانكىسى بېجىرگەن ئۆزلىرى هازىرلىغان مەبلەغ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەنلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلمىگەنلىرى بېجىرىلمەيدىغان بولدى.

1958 - يىلى دۆلەت يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا مالىيە هوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، كارخانىلاردا پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى سەل - پەل كۆپەيتتى. 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆزى هازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى هەر يىلى %50 - %70 لىك سۈرئەت بىلەن ئېشىپ باردى. ئۈچ يىلدا ئۆزلىرى هازىرلىغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسى 670 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۈچ يىلدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 26 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1962 - يىل 1 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى تارقاتقان «ئاساسىي قۇرۇلۇشتا مالىيىدىن پۇل بۆيرۇپ بېرىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» (لايىھە) دە تەستىق ئارقىلىق ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدىغان خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ ئۈچۈن چوقۇم قۇرۇلۇش بانكىسىدا مەخسۇس هېساب ئېچىپ ئامانەت قويۇش، ئاۋۋال ئامانەت قويۇپ ئاندىن ئىشلىتىش، قۇرۇلۇش بانكىسى پىلان بويىچە پۇل بۆيرۇپ بېرىش ۋە نازارەت قىلىش بەلگىلەندى. 12 - ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى يەنە «1963 - يىلى ئۆزى هازىرلىغان مەبلەغ بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇشتا مەبلەغ سېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» تا مۇنداق قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقاردى: «ئومۇمەن ئۆزلىرى هازىرلىغان مەبلەغ بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسىي قۇرۇلۇشتا مەبلەغ چوقۇم توغرا يول بىلەن كەلگەن بولۇشى، ئۇنىڭ سانى چوقۇم ئەمەلىيلىشىشى كېرەك». قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ئۆزلىرى هازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. بىراق ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزلىرى هازىرلىغان مەبلەغنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش هوقۇق چەكلىمىسى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ئېنىق بولمىغانلىقتىن، هەر دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ هەممىسى تەستىقلاۋەرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاتلاممۇ قاتلام قوشقانلىقى ئۈچۈن، خام چوت ئىچىدىكى مەبلەغ قىسقىراش، خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ بېرىشتەك ۋەزىيەت كېلىپ چىقتى. نەتىجىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى يەنىلا بەك زورىيىپ كەتتى. 1963 - يىلى ئاپتونوم رايوندا خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى، ئۆزلىرى هازىرلىغان مەبلەغ 1962 - يىلدىكىدىن %23 ئازىيىپ، خام چوت ئىچىدىكى مەبلەغ بىر ئاز ئاشتى. 11 - ئايدا، دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى «تۈرلۈك مەخسۇس مەبلەغلەردىن پايدىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى توغرىسىدا بىر نەچچە بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ تۈرلۈك مەخسۇس مەبلەغلەرنىڭ بەلگىلەنگەن ئىشلىتىلىش ئورنىغا ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلغاننىڭ سىرتىدا، ھەقىقەتەن ئېشىنچىسى بولسا، بەلگىلەنگەن دائىرە بويىچە هەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆزى هازىرلىغان مەبلەغ بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا يول قويىدى. 1964 - يىلى مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتى ياخشىلاندى. شۇنىڭغا ئەگىشىپ يەنە بىر قېتىملىق قۇرۇلۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەبلەغ سېلىش كۆلىمى يىلسېرى كۆپەيدى، 1963 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان ئومۇمىي

مەبلەغ 3 مىليارد 140 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ 1 مىليارد يۈەنگە يېقىنلاشتى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى دۆلەت تارقاتقان بەلگىلىمە ۋە تۈزۈلۈك قائىدە ـ تۈزۈملەرگە ئاساسەن، پىلان ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى بۆلۈپ بېرىش ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىدى. لېكىن بەزى پىلان سىرتىدىكى قۇرۇلۇشلارغا، بولۇپمۇ پىلان سىرتىدىكى بىنا، زال، ساراي، مېھمانخانا قۇرۇلۇشلىرىنى چەكلەش كۈچلۈك بولمىدى. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، 1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە پىلان سىرتىدىكى قۇرۇلۇش 142 تۈر بولۇپ، ئۇنىڭغا تەخمىنەن 19 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىنا، زال، ساراي، مېھمانخانا قۇرۇلۇشى 30 غا يېتىپ، 11 مىليون 270 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنغان. پىلان سىرتىدىكى قۇرۇلۇشلار دۆلەتنىڭ چەكلىك ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچىنى چېچىۋېتىپ، پىلان ئىچىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىلىشىغا تەسىر يەتتى.

1967 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا كارخانىلارنىڭ ئامورتىزاتسىيە فوندىنىڭ ھەممىسىنى كارخانىلارغا چۈشۈرۈپ بېرىشكە باشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى زور بىر قىسىم مەبلەغ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزى ھازىرلىغان مەبلەغ كۆلىمى يىلمۇ يىل ئېشىپ، پىلاندا ئورۇنلاشتۇرۇلغان سان دۆلەت بېكىتكەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىدىن ئېشىپ كېتىدىغان، ئەمەلىي ئورۇندالغان سان پىلاندا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساندىن ئېشىپ كېتىدىغان ھادىسىلەر كۆرۈلدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا 1972 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايون ئۆزى ھازىرلىغان مەبلەغنىڭ ئەمەلىي ئورۇندالغان سانى دۆلەت چۈشۈرگەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىدىن 75% ئېشىپ كەتكەن.

1978 ـ يىل 4 ـ ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى، قۇرۇلۇش كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى «ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشتىكى بىر قانچە بەلگىلىمە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى ھەمدە ئۇنىڭغا قوشۇمچە قىلىپ «ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ بىلەن قۇرۇلىدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى، مەبلەغ مەنبەسى، ئۈسكۈنە ـ ماتېرىياللار، قۇرۇلۇش قىلىشنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە تەپسىلىي بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى ھەمدە ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى بىردەك قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، مەخسۇس ھېساب ئېچىپ ئامانەت قويۇش، ئالدى بىلەن ئامانەت قويۇپ ئاندىن ئىشلىتىشنى يەنە بىر قېتىم ئايدىڭلاشتۇردى. لېكىن بۇ مەزگىلدە ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ھەققىدىكى كۆلەم كۆرسەتكۈچى پەقەتلا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نازارەت ئىدارىلەرنىڭ ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنى ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست شەھەرلەر ئېھتىيات مالىيە كۈچىنى ئىشلىتىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ ئېھتىيات مالىيە كۈچى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە قاراشلىق تارماقلار، كارخانىلار، ناھىيىلىك مالىيىدىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلگەن ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرى مەبلەغ ھازىرلاش پىلانىغا كىرگۈزۈلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ئورۇنلارنىڭ يىغىلاش ـ ئۆزگەرتىش مەبلىغى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسىي قۇرۇلۇشى، خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسىي قۇرۇلۇشى، يول ئاسراش خىراجىتى، شەھەر ئاسراش خىراجىتى، ئورمان يېتىشتۈرۈش فوندى قاتارلىق خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغلەردىن پايدىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئاساسىي قۇرۇلۇش قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرى مەبلەغ ھازىرلاش پىلانىغا كىرگۈزۈلمىدى. شۇڭا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى تارماقلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر 1978 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە

بولغان ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى كۆلىمىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا ئومۇميۈزلۈك ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىدىن زور دەرىجىدە ئاشۇرۇۋەتتى. 1976 ـ يىلدىن 1980 ـ يىلغىچە بولغان بەش يىلدا پىلاندا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆرسەتكۈچ 550 مىليون يۈەن ئىدى. ئەمەلىي ئورۇندالغىنى 1 مىليارد 60 مىليون يۈەن بولۇپ، پىلاندىن %92 ئېشىپ كەتتى.

6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، دۆلەت ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلىدى، 1981 ـ يىلى تارقاتقان «ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تىزگىنلەش توغرىسىدا بەلگىلىمە» دە، ئومۇمەن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىۋە بولسىلا، مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ھەر دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى قاتتىق تىزگىنلىنىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت ۋە ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە ۋە ستاتىستىكا نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىش كېرەكلىكى قايتا تەكىتلەندى. ھۆججەت روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پىلان تارماقلىرى ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ سېلىش پىلانىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى تىزگىنلىدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قەتئىي ھالدا تەستىقلانغان ئۆزلىرى ھازىرلايدىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلەغ پىلانى بويىچە ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئامانەت قويۇشقا جەلپ قىلىش ۋە بۆلۈپ بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا دۆلەت ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنى تىزگىنلەش ئۈچۈن 1983 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغدىن ئېنېرگىيە، قاتناش نۇقتىلىق قۇرۇلۇشلىرى فوندى ئاجرىتىۋېلىشنى قارار قىلدى. يىل ئاخىرىدا گوۋۇيۈەن يەنە «مۇقىم مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمە» نى تارقاتتى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە پىلان تارماقلىرى بۇ بەلگىلىمە بويىچە ئىش كۆرۈپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تىزگىنلىدى.

1983 ـ يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى «ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنى قەتئىي بەلگىلىمە بويىچە قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇشنى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ نازارەت قىلىشى ۋە باشقۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشنى، باشقا بانكىلار ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلەغ ئامانىتىنى بېجىرمەسلىكنى؛ قۇرۇلۇش باش بانكىسى، شۆبە بانكىلىرىنىڭ دۆلەت پىلان كومىتېتى ۋە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتلىرى ئۆزلىرى مەبلەغ ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى پىلانىنى چۈشۈرگەندە بىرلىكتە ئىمزا قويۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلىشىنى، ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنىڭ دۆلەت تەقسىم قىلغان ئۆزلىرى ھازىرلاش كۆرسەتكۈچىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى قاتتىق ئىگىلىگەندىن باشقا، يەنە مەبلەغنىڭ نورمال يول بىلەن كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكى ۋە ئەمەلىيلەشكەن ـ ئەمەلىيلەشمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشكە دىققەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇڭا، شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن بىرلىكتە ھۆججەت تارقىتىپ، تارماقلار ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى شۇ جايدىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرىغا ئامانەت قويۇشنى، ئالدى بىلەن ئامانەت قويۇپ ئاندىن تەستىقلىتىشنى، ئالدى بىلەن تەستىقلىتىپ ئاندىن ئىشلىتىشنى ھەمدە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشى ۋە نازارىتىنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەنە ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىنى تەكشۈرۈپ ئىمزالاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن ئورۇنلارنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش، نەسىھەت قىلىش ئۇسۇلىنى

قوللىنىپ چەكلىدى ھەمدە ئەھۋالنى ۋاقتىدا يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرىغا ئىنكاس قىلدى ۋە تەكلىپلەرنى بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەنە دۆلەتنىڭ ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش ئومۇمىي مەبلەغ مىقدارى ۋە پىلانى ـ ئۆزگەرتىش تۈرىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن 10% بىناكارلىق بېجى ئېلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئۆز تەۋەسىدىكى بىناكارلىق بېجىنى ۋاكالىتەن تۇتۇپ قېلىش، ۋاكالىتەن تاپشۇرۇش خىزمىتىنى بېجىردى.

1984 ـ يىل 1 ـ ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى 1984 ـ يىلدىكى ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن پەقەت 1983 ـ يىلى ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنىڭ ئامانەت قالدۇقىنى ۋە 1984 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بانكىغا ئامانەت قويۇلغان ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنىلا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى، مەبلىغىنى قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويمىغانلىرىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بىردەك بىكار قىلىنىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزلىرى مەبلەغ ھازىرلاش كۆرسەتكۈچىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 1984 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئامانەت قويۇلغان، ئۆزى ھازىرلىغان مەبلەغنى 1984 ـ يىلى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى، ئۇنى 1985 ـ يىللىق ئۆزلىرى ھازىرلايدىغان مەبلەغ پىلانى كۆرسەتكۈچىنى بېكىتىشنىڭ ئاساسىي قىلىشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇڭا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش قىلىنىدىغان ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ئامانىتى ھېسابى» تەسىس قىلىپ، ھەر قايسى تارماقلار، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ كېيىنكى يىلى ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئامانەت قويۇشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆردى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى 115 مىليون يۈەن بولدى. پىلان تارماقلىرى قاتتىق تىزگىنلىگەنلىكى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسى پۇل بۇيرۇپ بېرىشكە بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەنلىكى ئۈچۈن، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلەغ كۆلىمى بىر قەدەر ياخشى تىزگىنلەندى. 1985 ـ يىلى دۆلەت 1985 ـ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ چوقۇم 1984 ـ يىلى يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇلغان بولۇشى، كېيىنكى يېرىم يىلدا ئىشلىتىلىدىغان ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ چوقۇم شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇلغان بولۇشى كېرەك دەپ بەلگىلەندى. شۇ يىلى 6 ـ ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى تارقاتقان «ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنى قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇش، قۇرۇلۇش بانكىسى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش» تا ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 1985 ـ يىلى دۆلەت بەلگىلىگەن: (1) يەرلىكنىڭ ۋە كارخانىلارنىڭ ئېھتىيات مالىيە كۈچى ھەم خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر قۇرۇلۇشى؛ (2) ناھىيە دەرىجىلىك يەرلىك ئورۇننىڭ ئېھتىيات مالىيە كۈچى ۋە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ناھىيىلىك ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن دوختۇرخانا، ساقلىقنى ساقلاش پونكىتى، مەدەنىيەت يۇرتى، تەنتەربىيە سارىيى، كۇتۇپخانا، مۇزېيخانا قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇلۇشى؛ (3) يول ئاسراش خىراجىتىنى ئىشلىتىپ يېڭىدىن ياكى كېڭەيتىپ ياسالغان تاشيوللار؛ (4) شەھەر ئاسراش ۋە شەھەر قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئىشلىتىپ يېڭىدىن قوشۇلغان ئاممىۋى قاتناش ئاپتوموبىللىرى؛ (5) كونا كارخانىلارنىڭ مەبلىغى بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ياتاقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغلەرنىڭ ھەممىسىنى مۇددەتتىن بۇرۇن قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇش شەرت؛ باشقا كەسپىي بانكىلار ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلەغ ئامانىتى، پۇل بۇيرۇپ بېرىش كەسپىنى بېجىرىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. قۇرۇلۇش باش بانكىسىمۇ «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغلەرنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، جايلاردىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ بىلەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلغان ئورۇنلارنىڭ سانىنى ۋە ئۇلارنىڭ

ئامانەت قويغان مەبلەغ سانى قاتارلىق ئاساسىي ئەھۋالىنى ئەستايىدىل ئېنىقلاپ، ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدا دوكلات قىلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئاپپاراتلار ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تارماق، ئورۇنلارنىڭ بەلگىلىمە بويىچە ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ۋاقتىدا، تولۇق ئامانەت قويۇشقا يېتەكچىلىك قىلدى ھەمدە كۆلەم ئىگىلىمەيدىغان بەش جەھەتتىكى ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ بىلەن پىلان ئىچىدىكى ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغلەر ئۈچۈن ئايرىم ئامانەت ھېسابى تۇرغۇزۇپ، بەلگىلىمە بويىچە پۇل بۆلۈپ بېرىشنى نازارەت قىلدى. ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ ھېسابىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى خالىغانچە كېڭەيتىۋەتكەن ئورۇنلاردىن نەسىھەت قىلىپ توسۇش ئۈنۈم بەرمىگەنلىرىگە پۇل بۆلۈپ بېرىلمىدى. شۇ يىلى ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 630 مىليون يۈەن بولۇپ، 1984 ـ يىلدىكىدىن 21% ئاشتى.

1951 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى جەمئىي بېجىرگەن ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى 5 مىليارد 337 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 3 مىليارد 343 مىليون يۈەن، بۇ بېجىرىلگەن ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 62.6 پىرسەنتىنى، يەرلىكنىڭ 1 مىليارد 994 مىليون يۈەن، بۇ بېجىرىلگەن ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسىنىڭ 73.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## § 7. گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىنى بۆلۈپ بېرىش

1956 ـ يىلى گوۋۇيۈەن «ئاساسىي قۇرۇلۇشتا پۇل بۆلۈپ بېرىشتە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان نىزام لايىھە» سىنى تارقىتىپ، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرگۈچى ئاپپاراتلارنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىملىرىنىڭ ھەممىسىنى جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى راسچوت قىلىدۇ ۋە نازارەت قىلىپ باشقۇرىدۇ دەپ بەلگىلىدى. بۇ ھۆججەت ئېلان قىلىنغاندا شىنجاڭدا نېفىت ئېچىش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى نېفىت سانائىتىگە پۇل بۆلۈپ بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن كۆپ قېتىم شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مايتاغ ۋە قاراماي كان رايونلىرىدىكى نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاش ئىش مەيدانىغا ئادەم ئەۋەتىپ، قۇدۇق بۇرغىلاش ئىشچىلىرى بىلەن ئەمگەكتە، تۇرمۇشتا بىللە بولۇپ، نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاشتىكى ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ۋە تۈرلۈك خىراجەتلەرنىڭ ئەمەلىي چىقىم قىلىنىش ئەھۋالىنى ئۆگەندى ۋە ئىزدەندى. نېفىت ئاساسىي قۇرۇلۇش تارماقلىرى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىدىكى خادىملارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ خادىملارنى ئىسكىلاتتا ساقلانغان ئەسۋاب ـ ماتېرىياللارنى ئېنىقلاشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ماتېرىيال باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئۆزگەرتىپ، قۇدۇق مەيداندىكى ئېشىنچە ماتېرىياللىرىنى يىغىۋېلىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بەردى. شۇنىڭ بىلەن 1956 ـ ۋە 1957 ـ يىللىرىدىكى قۇدۇق بۇرغىلاش تەننەرخى تۆۋەنلىتىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مۇشۇ خىزمەت جەريانىدا نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاشتا پۇل بۆلۈپ بېرىش جەھەتتە تەجرىبىگە ئىگە بولدى. 1958 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تارقاتقان «گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە پۇل بۆلۈپ بېرىشتە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان چارە» (لايىھە) دە، ئومۇمەن خەلق ئىگىلىكى پىلانىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى پۇل بۆلۈپ بېرىدۇ ھەمدە

ئۇنىڭغا مالىيە نازارەتچىلىكىنى يولغا قويىدۇ، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى بۆيرۆپ بېرىلگەن نېفىت ئىشلەپچىقىرىش قۇدۇقى، سۇ يەتكۈزۈش قۇدۇقى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارغىمۇ مۇشۇ چارە بويىچە پۇل بۆيرۆپ بېرىلىدۇ: ئاساسىي قاتلام گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرى ۋە گېئولوگىيە مىنىستىرلىكى قارمىقىدىكى ھەر قايسى ئۆلكىلىك ئىدارىلەردىكى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ بارلىق مالىيە كىرىم - چىقىملىرىنى قۇرۇلۇش بانكىسى راسچوت قىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1959 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭدىكى نېفىت، گېئولوگىيە، كۆمۈرچىلىك قاتارلىق سىستېمىلارنىڭ گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىنى بۆيرۆپ بېرىش كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى. شۇ يىلى بۆيرۆپ بېرىلگەن چىقىم 41 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 11 مىليون 410 مىڭ يۈەن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 29 مىليون 720 مىڭ يۈەن بولدى. مەركەز دەرىجىلىك ئورۇنلارغا بۆيرۆپ بېرىلگەن پۇل نېفىت ۋە گېئولوگىيىدىن ئىبارەت ئىككى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقتا قاراشلىق بەش قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورنىغا، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارغا بۆيرۆپ بېرىلگىنى مېتاللورگىيە، كۆمۈرچىلىك ۋە گېئولوگىيىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقتا قاراشلىق 28 قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورنىغا تەقسىملەندى.

گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرىدىغان ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا تارقالغان بولۇپ، قۇدۇق نۇقتىلىرى تارقاق، قاتناش قولايسىز بولغانلىقتىن، ئۇلارنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ۋە ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى بويىچە قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىنى راسچوت قىلىش خىزمىتىنى يولغا قويۇشتا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار تۇغۇلدى. 1960 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شەھەر - بازارلاردىن يىراق، قاتناش قولايسىز بولغان گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرىدىغان ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا پۇل ئىشلىتىش پىلانى بويىچە مۇددەت، قېتىمغا بۆلۈپ ئالدىن چىقىم قىلىش، قەرەللىك راسچوت قىلىش ياكى يىل ئاخىرىدا ۋە ياكى بىر قۇدۇق قېزىلىپ بولغاندا بىر قېتىمدىلا راسچوت قىلىش چارىسى ئارقىلىق مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنى قارار قىلىپ، ئاساسىي قاتلام قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىغا ناھايىتى زور قولايلىق يارىتىپ بەردى.

1961 - يىلى دۆلەت خەلق ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشتى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە پۇل بۆيرۆپ بېرىش داۋامىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەرتىپكە سېلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ئۈچۈن، 1961- يىل 3- ئايدا دۆلەت 1958 - يىلى تارقاتقان «گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە پۇل بۆيرۆپ بېرىشتە ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان چارە» گە ئاساسەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە مالىيىدىن پۇل بۆيرۆپ بېرىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» (لايىھە) نى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە تەستىقلاتقاندىن كېيىن، سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. «چارە» دە بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش، نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاش، ئوقۇر قېزىپ تەكشۈرۈش، خەندەك كولاپ تەكشۈرۈش، ئەۋرىشكە ئېلىش، يەر شەكلىنى گېئولوگىيىلىك ئۆلچەش، ئىش ئورنىدىكى ۋاقىتلىق قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنىڭ راسچوت چارىسى بەلگىلەندى. ئۇنىڭدا يەنە ھەر ئون كۈن ياكى ئاي بويىچە قېتىمغا بۆلۈپ ئالدىن چىقىم قىلىش، پەسىل بويىچە راسچوت قىلىش بەلگىلەندى. گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرگۈچى ئورۇنلار تۇرۇشلۇق جايلاردا قۇرۇلۇش بانكا ئاپپاراتى بولمىسا راسچوت خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئىدارە بىر تۇتاش بېجىردى. گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تەستىقلانغان يىللىق گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش پىلانى ۋە دۆلەت خام چوتىدا بېكىتىلگەن مەبلەغ مىقدارىغا ئاساسەن دۆلەتتىن مەبلەغنى ھۆددىگە ئالدى، ھۆددىگە ئېلىش ئارقىلىق تېجەلگەن مەبلەغ ئورۇنلارنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلدى. ئەگەر ئۇنى خىزمەت مىقدارىنى كېڭەيتىشكە ئىشلەتسە پىلان تارماقلىرىغا يوللاپ

ئەستىقلىتىلدى.

1963 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە يەرلىك گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خىراجەتلىرىمۇ تارماقلار بويىچە بۆيرۈپ بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئاستا بولدى. شۇ يىللاردا بۆيرۈپ بېرىلگەن سان تەرتىپكە سېلىنىش مەزگىلىدىكى يىللىق ئوتتۇرىچە پۇل بۆيرۈپ بېرىش سەۋىيىسىدىن تۆۋەن بولدى. يەرلىك دەرىجىلىك گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىنى بۆيرۈپ بېرىش 1970 ـ يىلى ئەسلىگە كەلگەن بولسىمۇ لېكىن سانى ناھايىتى ئاز بولدى. 1969 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىك ئاپپاراتلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باشقا بانكىغا بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىنى بۆيرۈپ بېرىش، باشقۇرۇش خىزمىتى نامدا بار ئەمەلىيەتتە يوق بولۇپ قالدى. 1975 ـ يىلى شىنجاڭ گېئولوگىيە ئىدارىسى، رەڭلىك مېتال گېئولوگىيىسى، كۆمۈر گېئولوگىيىسى ۋە غەيرىي مېتال قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى گېئولوگىيىسىدىن ئىبارەت تۆت تارماقتىكى 25 قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورنىنىڭ گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە پۇل بۆيرۈپ بېرىش خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1975 ـ يىلى جايلاردىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرگۈچى ئورۇنلارنىڭ ئۆزئارا ئاماللانغان ئەمەلىي خىزمەت مىقدارى بويىچە راسچوت قىلىش چارىسىنى يولغا قويمىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1975 ـ يىلدىن باشلاپ گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرى ئىزچىل ساقلاپ كەلگەن راسچوت ھېسابىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، گېئولوگىيە خىزمىتىگە چىقىم قىلىنىدىغان مەبلەغنى پۇل بۆيرۈپ بېرىش ھېسابى ئىچىدە، چىقىم قىلىشنى، بەلگىلىمە بويىچە پىرسەنت قالدۇرۇلۇپ ئامانەت قويۇلغان، مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك فوندى ئۈچۈن مەخسۇس فوندى ھېسابى ئېچىپ، مەخسۇس ھېسابتا ئامانەت قويۇش، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشلىتىشنى قارار قىلدى.

1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى گېئولوگىيە تارماقلىرى ئىدارە، تەۋەسىدىكى ھەر قايسى ئەترەت، زاۋۇت، ئىشخانا، تەتقىقات ئورنى، مەكتەپلەردە مەبلەغنى ھۆددىگە بېرىش ۋە ھۆددىگەرلىك بىلەن مۇكاپاتنى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ تۈرلۈك ئىسلاھاتلىرىغا پائال مەدەت بېرىپ، ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىش، مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ھەمكارلاشتى.

1982 ـ يىل 7 ـ ئايدا گېئولوگىيە ـ كان مەھسۇلاتلىرى مىنىستىرلىكى «گېئولوگىيە خىزمىتىدە پىلان باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا قارار»، «گېئولوگىيە خىزمىتىدىكى لايىھە خام چوتنى باشقۇرۇش چارىسى»، «گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجەت تۈرلىرىنى ئايرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە»، «گېئولوگىيە خىزمىتىنى نورمىلىق باشقۇرۇشتا ۋاقىتلىق يولغا قويۇلىدىغان چارە» قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تۈزۈپ تارقىتىپ، خىزمەت تۈرلىرى، تەننەرخ تۈرلىرى ۋە خىراجەت تۈرلىرىنى ئايرىش جەھەتتە يېڭى بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى. گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىراجىتىنى ھېسابات قىلىش گېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا تېخىمۇ ماسلاشتۇرۇلۇپ ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىش ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ پايدىلىق قىلىنىپ، لايىھە خام چوتى، پىلان، بۇغالتىرلىق، ستاتىستىكا ۋە خىراجەتلەر نورمىسىنى تۈزۈش، بېكىتىش ساھەلەر بويىچە بىردەك بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە پۇل بۆيرۈپ بېرىش

خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش باش بانكىسى تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە پۇل بۆيرۈپ بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقىتىپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ پۇل بۆيرۈپ بېرىشتە چوقۇم لايىھە خام چوتى بولۇشى كېرەكلىكىنى بەلگىلىدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «ۋاقىتلىق چارە» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن گېئولوگىيە كان مەھسۇلاتلىرى ئىدارىسى سىستېمىسىدىكى 4 ـ، 6 ـ، 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ چوڭ ئەترەتلەر، گىدرولوگىيە 1 ـ ئەترىتى ۋە كۆمۈر گېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ 156 ـ ئەترىتى شۇنىڭدەك مېتاللورگىيە ئىدارىسىنىڭ 701 ـ ئەترىتىنى «ۋاقىتلىق چارە» نى ئومۇميۈزلۈك ئىجرا قىلىشنى سىناق قىلىش ئۈچۈن قىلىپ تاللىدى. «ۋاقىتلىق چارە» نى ئىجرا قىلىشتا قىيىنچىلىقى بار ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار لايىھە خام چوتىنى يوللىماي، ئەستىقلانغان يىللىق گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خىزمەت پىلانى، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش خام چوتى ۋە پەسىل، ئايلىق پۇل ئىشلىتىش پىلانى بويىچە راسچوت قىلىدىغان بولدى.

1983 ـ يىلدىن كېيىن، گېئولوگىيە خىزمىتىنى نورمىلىق باشقۇرۇش تەدرىجىي مۇكەممەللەشتى. لايىھە خام چوتىمۇ ۋاقتىدا تۈزىلىدىغان بولدى. گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ساھەسىدىكى ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىنىڭ خام چوت بويىچە ھۆددىگە بېرىش ياكى بېكىتىش، ھۆددىگە بېرىش، مۇكاپاتلاش قاتارلىق ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرگۈچى ئورۇنلارنىڭ تۈرلۈك مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنى يولغا قويۇشىغا پائال ھەمكارلاشتى.

نېفىت قۇدۇقلىرىنى بۇرغىلاشقا پۇل بۆيرۈپ بېرىشنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ قاراماي نېفىتلىكى كەسپىي شۆبە بانكىسى قۇدۇق بۇرغىلاش تەننەرخىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئانالىز قىلدى. 1982 ـ يىلى نېفىتلىك كەسپىي شۆبە بانكىسى ئىگىلىگەن تەننەرخ جەھەتتىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ھۆددىگە ئالغان ئورۇنلار ئوتتۇرىغا قويغان راسچوت يەككە باھاسىدىن 10% تۆۋەن بولغان راسچوت يەككە باھاسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نېفىت مىنىستىرلىكى تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلدى. نەتىجىدە، شۇ يىلى نېفىت قۇدۇقى بۇرغىلاشتا 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قېلىندى.

1959 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە بۆيرۈپ بەرگەن پۇل جەمئىي 1 مىليارد 375 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان 6 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بۆيرۈپ بېرىلگەن پۇل 587 مىليون يۈەن بولۇپ، 42.7% نى ئىگىلىدى.

## § 8 . يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ بۆيرۈپ بېرىش

1953 ـ يىلدىن باشلاپ، كارخانىلار ئاجرىتىۋېلىپ ئامانەت قويغان ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندىنىڭ ھەممىسى دۆلەتكە تاپشۇرۇلۇپ، مالىيە كىرىمى ھېسابىدا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىدىغان، كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئېھتىياجلىق مەبلەغنى دۆلەت بىر تۇتاش بۆيرۈپ بېرىدىغان بولدى. بۇ قىسقارتىلىپ «تۆت تۈرلۈك خىراجەت» يەنى تېخنىكا ئۆيۈشتۈرۈش تەدبىرى خىراجىتى يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناپ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى ۋە پارچە ـ پۇرات تۇراقلىق مۈلۈك سېتىۋېلىش خىراجىتى دەپ ئاتالدى. 1956 ـ يىلى مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايونلۇق

ۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز تۈرلۈك خىراجىتىگە پۇل بۆيرۇپ بېرىشنى ئۈتكۈزۈۋېلىپ بېجىرىشكە باشلىدى. 1957 ـ يىلى تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىدىكى ئەسلىدىكى ئۆز تۈرلۈك خىراجەتتىن باشقا، يەنە ئەمگەك بىخەتەرلىكىنى قوغداش تەدبىرى خىراجىتى قوشۇلۇپ ھەممىسى «تۆت تۈرلۈك خىراجەت» دەپ ئاتالدى. 1960 ـ يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى كارخانىلارنىڭ تۆت تۈرلۈك خىراجىتىنى پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرغان مەبلەغ ئىچىدىن چىقىم قىلىشنى بەلگىلىدى. 1962 ـ ۋە 1963 ـ يىللىرى دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى يەنە «تۆت تۈرلۈك خىراجەت» نىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتىگە مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى ئېنىق بەلگىلىدى.

1965 ـ يىل 11 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مالىيىدىن پۇل بۆيرۇپ بېرىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ «تۆت تۈرلۈك خىراجەت» نى باشقۇرۇش چارىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇش مۇددىتىنى بىر يىل قىلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنۇلار: (1) ئۆز تۈرلۈك خىراجەت (ئەسلىدىكى تۆت تۈرلۈك خىراجەت ئىچىدىكى يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئىچىدىكى بىر قىسمىنى كارخانىلارغا ئاجرىتىپ بېرىش، كارخانىلار ئۆزلىرى ئىگىلەپ ئىشلىتىش؛ (2) تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش مەبلىغى ۋە ئۆز تۈرلۈك خىراجەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش؛ (3) كارخانىلار كىچىك تىپتىكى تېخنىكا تەدبىرىنى قوللىنىشتا ئېھتىياجلىق بولغان خىراجەتنى دۆلەتنىڭ مالىيە ۋەزىپىسىنى، تەننەرخ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا كاپالەتلىك قىلىش ۋە دۆلەتنىڭ ماتېرىيال تولۇقلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلماسلىق شەرتى ئاستىدا، ھەر بىر تۈردىكى تەدبىرگە كېرەكلىك خىراجەت، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلارنىڭ 1000 يۈەندىن، كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ 500 يۈەندىن ئاز بولسا، ئۇنى تەننەرخكە چېچىپ كىرگۈزۈش؛ (4) يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناپ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتىنى، ئارىلىقتىكى سىناپ تەجرىبە قىلىش خىراجىتىنى پەن تەتقىقات خىراجىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىلىم ـ پەن تەجرىبە خىراجىتى دەپ ئاتاشتىن ئىبارەت. بۇ بىر يىلدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە بۆيرۇپ بەرگەن چىقىم 720 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 100 مىڭ يۈەن، يەرلىكنىڭ 620 مىڭ يۈەن. 1966 ـ يىلى يەنە 1 مىليون 340 مىڭ يۈەن بۆيرۇپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ 80 مىڭ يۈەن، يەرلىك ئورۇنلارنىڭ 1 مىليون 260 مىڭ يۈەن.

1967 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۆز تۈرلۈك خىراجەت، يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناپ ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى، تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش جەريانىدىكى ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىنى ئالغان تۈرلەرگە سېلىنغان مەبلەغلەر بىر تۇتاش تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغى دەپ ئاتالدى. تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىدە ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندىنى تۇتۇپ قېلىش چارىسى يولغا قويۇلدى.

1972 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىدىن تۇتۇپ قېلىش نىسبىتىنى تەڭشىدى. يەنى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش سىستېمىسىدىكى كارخانىلار %80 تۇتۇپ قېلىپ مالىيىگە %20، ئېغىر سانائەت سىستېمىسىدىكى كارخانىلار %80 تۇتۇپ قېلىپ مالىيىگە %20 تاپشۇرىدىغان، سۇ ـ ئېلېكتر سىستېمىسىدىكى كارخانىلار %100 تۇتۇپ قالىدىغان بولدى. 1974 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن مالىيە

ئىدارىسى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىدىن بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، بەزى زاۋۇت، كان رايونلىرى چېگرا يېزىدىكى ناھىيىلەر، تاشيول بويىدىكى ئورۇنلارنىڭ سودا تور، نۇقتىلىرى، قاتناش ئاشخانىلىرى، مېھمانخانا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياتىقى ۋە ناھىيىلىك دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلىش - ياساش زاۋۇتلىرىنىڭ زاۋۇت ئۆيلىرى سېلىشىغا ياردەم بەردى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بۇ خىل مەبلەغنى ئۆزلىرى ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىگە كىرگۈزۈپ باشقۇرىدىغان بولدى.

1978 - يىلى گوۋۇيۈەن دۆلەت پىلان كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «تۇراقلىق مۈلۈكلەرنى يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى ياخشىلاش توغرىسىدا دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، 1978- يىل 1- ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ دۆلەت مالىيىسى بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندىدىن 50% نى مەركەزلەشتۈرۈپ خام چوتقا قوشۇپ باشقۇرۇپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەڭشەپ ئىشلىتىپ، ھازىر بار بولغان كارخانىلاردا پىلانلىق، نۇقتىلىق ھالدا تېخنىكا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. يۇقىرىقى دوكلاتقا ئاساسەن ئاپتونوم رايونىمىزدا كارخانىلار 1978 - يىللىق يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش پىلانىنى تۈزگەندە، شۇ بىر يىلدا ئاجرىتىۋالغان ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغ قىسمىنىڭ ئاجرىتىۋېلىنغان ئومۇمىي سانىنىڭ 40 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى؛ دۆلەتكە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان 50% ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندىنى پىلان بويىچە ئايمۇ-ئاي يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ، يىل ئاخىرىدا نەقچوت قىلغاندا راسچوت قىلىپ ئارتۇقىنى قايتۇرۇپ، كەمىنى تولۇقلاشنى؛ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىن، ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندىدىن ئومۇملاشتۇرۇپ ئاجرىتىۋېلىش نىسبىتىنى خالىغانچە ئۆستۈرۈش ياكى تۆۋەنلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلدى. 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى «يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە پۇل بۆلۈپ بېرىشنى باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە»نى تارقىتىپ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: (1) دۆلەت كارخانىلارغا بۆلۈپ بەرگەن يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى بىردەك نورمىلىق باشقۇرۇش؛ (2) كارخانىلار قالدۇرغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى مالىيە خام چوتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تۈرلىرىگە ئىشلەتكەندە، مەبلەغنى شۇ جايدىكى قۇرۇلۇش بانكىسىغا ۋاقتىدا ئامانەت قويۇپ، «يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى ھېسابى» ئېچىپ، مەخسۇس ھېساب بويىچە ئامانەت قويۇش، ئالدى بىلەن ئامانەت قويۇپ، ئاندىن ئىشلىتىش، بۇ ھېساباتىكى مەبلەغكە ئۆسۈم ھېسابلىماسلىق؛ (3) قۇرۇلۇش بانكىسى تۈرلۈك چىقىملارنى قاتتىق تەكشۈرۈش، تەستىقلانغان پىلان، ئۈسكۈنە زاكاس قىلىش ۋە قۇرۇلۇش توختامى، قۇرۇلۇش سۈرئىتى شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلنى نازارەت قىلىش؛ (4) بۇرۇن خەلق بانكىسى ئارقىلىق بۆلۈپ بېرىلگەن پۇلنىڭ قالغان قىسمىنى يەنىلا خەلق بانكىسى بۆلۈپ بېرىش. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، تۆۋەندىكى ئىككى نۇقتىنى تولۇقلاپ بەلگىلىدى: (1) يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىگە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل ۋە شۇ تۈردىكى بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان تۈرلەردىكى كارخانىلار قالدۇرۇپ ئىشلەتكەن يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزدا 1979 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى نازارەت قىلىپ بۆلۈپ بېرىدۇ؛ (2) ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش خام چوتىدا پۇل بۆلۈپ بېرىشنى نورمىلىق باشقۇرۇش يولىغا قويۇلىدۇ ھەمدە ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىدا «يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۆزگەرتىشكە پۇل بۆلۈپ بېرىش ھېسابى» ئېچىلىدۇ. شۇڭا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1979 - يىلدىن باشلاپ، گوۋۇيۈەننىڭ ھۆججىتى ۋە ئاپتونوم

رايوننىڭ قوشۇمچە بەلگىلىمىسى بويىچە، مەركەز مالىيىسى ۋە ھەر قايسى مىنىستىرلىكلەر باش بانكا ئارقىلىق نورمىلىق چۈشۈرگەن مەركەز دەرىجىلىك يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇل شۇنىڭدەك يەرلىك ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت، ئىدارىلەر ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسى ئارقىلىق نورمىلىق چۈشۈرگەن يەرلىك دەرىجىلىك يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇلنى بېجىرىشنى يولغا قويدى. 1979 - يىلى بېجىرىلگەن پۇل 51 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىكنىڭ 240 مىڭ يۈەن، يەرلىك دەرىجىلىكنىڭ 51 مىليون 220 مىڭ يۈەن، 1980 - يىلى بېجىرىلگەن پۇل 71 مىليون 410 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىكنىڭ 3 مىليون 740 مىڭ يۈەن، يەرلىك دەرىجىلىكنىڭ 67 مىليون 670 مىڭ يۈەن بولدى. ئۆتكەن نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بۇ خىل كەسىپ بەزىدە بار، بەزىدە يوق بولغانلىقتىن، 1979 - يىلى گەرچە قۇرۇلۇش بانكىسى ئارقىلىق بېجىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن كارخانىلارنىڭ قالدۇرۇپ ئىشلىتىشكە تەئەللۇق بولغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى بەزىدە قۇرۇلۇش بانكىسى ئارقىلىق بېجىرىلدى، بەزىدە قۇرۇلۇش بانكىسى ئارقىلىق بېجىرىلمىدى.

1980 - يىل 6 - ئايدا باش بانكا قۇرۇلۇش بانكىسى ئارقىلىق بۇيرۇپ بېرىلگەنلىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى نورمىلىق باشقۇرۇشنى تۈزەنگە مەبلەغ بۇيرۇپ بېرىش، كارخانىلار قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى پېرېۋوت ئارقىلىق بۇيرۇپ بەرگەن مەبلەغنى شۇ جايدىكى قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئامانەت قويۇپ، بەلگىلەنگەن ئىشلىتىش ئورنىغا ئىشلىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. نورمىلىق پۇل بۇيرۇپ بېرىش كارخانىلار ئامانىتىگە ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن، «يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۆزگەرتىشكە پۇل بۇيرۇپ بېرىش ھېسابى» ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇڭا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان يىللىق بوغالتىرىيە نەقچوت دوكلاتىدا پەقەت يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى ھېسابىدىكى ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقىلا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، ھەر قايسى يىللاردىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇلنىڭ چىقىم قىلىنغان سانى ئەكس ئەتتۈرۈلمىدى.

1981 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كرېدىت فۇنكسىيىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مەمۇرىي ۋە ئىقتىسادىي ۋاسىتىلارنى قوللىنىپ، جايلار، تارماقلار، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك ساھەسىگە ئىشلىتىدىغان تارقاق مەبلەغلىرىنى ئامانەت قويۇشقا جەلپ قىلدى. 1982 - يىل 4 - ئايدا گوۋۇيۈەن «دۆلەت ئىچىدىكى مەبلەغ سېلىش ھاۋالە كەسىپلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلەغلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتقاندىن كېيىن ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئامانەت جەلپ قىلىش دائىرىسى ئېنىق ئايرىلدى. شۇ يىلى 12 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇشقا دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، قۇرۇلۇش بانكىسى جەلپ قىلىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى دائىرىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق ئايدىڭلاشتۇردى: (1) ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى؛ (2) دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت، قاتناش، سودا كارخانىلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن، ئەمما خەلق بانكىسىدىن تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلى ئالمىغان تۈرلەرنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى؛ (3) ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى بىلەن مالىيە تارماقلىرى ياكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار

يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىشقا بۆلۈپ بەرگەن مەخسۇس پۇللىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ قۇرۇلىدىغان تۈرلەرنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى؛ (4) كارخانىلار، تارماقلار ۋە مالىيىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى بىلەن قۇرۇلۇش بانكا قەرز پۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇلىدىغان تۈرلەرنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى؛ (5) كارخانىلار، تارماقلار ۋە مالىيىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى بىلەن خەلق بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى قەرز پۇلى بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇلىدىغان، لېكىن خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ،1982، 68 - نومۇرلۇق ھۆججىتى چۈشۈرۈلۈشتىن بۇرۇن قۇرۇلۇش بانكىسىدا ئامانەت قويۇلغان تۈرلەرنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت دەپ بېكىتتى.

1983 - يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى باشقۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن توغرا ئىزغا سېلىندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەبلەغ يىلمۇ يىل كۆپەيدى. لېكىن نۇرغۇن ئورۇنلار ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلغاندا بۇ پۇللارنىڭ ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئەمەلىي ئىشلىتىلگىنى ناھايىتى ئاز بولۇپ، كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىغا ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە تەسىر يەتتى. شۇڭا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش پىلانىنى تۈزۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا قاتنىشىپ، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى، خام ئەشيا پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىگە پۇل بۆلۈپ بېرىش خىزمىتىدە «ئۈچ قاتتىق ئۈچ كەڭ بولۇش» باشقۇرۇش ئۇسۇلىدا، يەنى سىرتقا يۈزلىنىشلىك كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتا قاتتىق بولۇش، ئىچكى مەزمۇنلۇق كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشتا كەڭ بولۇش، يەرلىك ئۇسۇلدا قۇرۇلۇش قىلىشتا قاتتىق بولۇش، ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشتا كەڭ بولۇش، ئېنېرگىيە سەرپىياتى كۆپ پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتىدە قاتتىق بولۇش، ئېنېرگىيە تېجەيدىغان، ئېنېرگىيە ئىشلەپچىقىرىدىغان سانائەتتە كەڭ بولۇشتا چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

1984 - يىل ئاخىرىدا قۇرۇلۇش باش بانكىسى يەنە بىر قېتىم 1985 - يىلدىن باشلاپ كارخانىلارنىڭ «يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، ئۆزگەرتىش مەبلەغ ئامانىتى ھېسابى» بىلەن كارخانىلار ئامانەت قويغان «يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلەغ ئامانىتى ھېسابى»نى بىرلەشتۈرۈش، بوغالتىرىيە ھېسابات رەسمىيەتلىرىنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا ئادەتتىكى ئامانەت پۇل قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى قارار قىلدى.

1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بېجىرىدىغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە بۆلۈپ بېرىلىدىغان پۇل تېز ئاشتى. يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە بۆلۈپ بېرىلگەن مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسىدىمۇ ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. تارماقلار ۋە كارخانىلار ئۆزلىرى ھازىرلىغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغى زور دەرىجىدە كۆپىيىپ، مالىيە خام چوتىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش مەبلىغىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىپ دۆلەتنىڭ كارخانىلار يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشنى ئاساسەن ھازىرقى كارخانىلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشقا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى پرىنسىپىغا ئۇيغۇنلاشتى. بۇ مەزگىلدە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە بۆلۈپ بېرىلگەن پۇل جەمئىي 790 مىليون يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىكنىڭ 384 مىليون يۈەن، يەرلىك دەرىجىلىكنىڭ 406 مىليون يۈەن بولدى. ئۇنىڭغا 1965 -، 1966 -، 1979 - ۋە 1980 - يىللىرى يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بۆلۈپ بەرگەن پۇل جەمئىي 915 مىليون يۈەن بولۇپ، قۇرۇلۇش بانكىسى 35 يىل جەريانىدا بۆلۈپ بەرگەن، قەرز بەرگەن ئومۇمىي پۇل چىقىمى بولغان 25 مىليارد 798 مىليون يۈەننىڭ 3.55 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەركەز دەرىجىلىكنىڭ 388 مىليون يۈەن،

يەرلىك دەرىجىلىكنىڭ 527 مىليون يۈەن.

### 1965 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇلنىڭ چىقىم جەدۋىلى

جەدۋەل: 7 ـ 5 　　　 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىل | يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇپ بېرىلگەن پۇل | بۇنىڭ ئىچىدە | |
|---|---|---|---|
| | | مەركەزنىڭ | يەرلىكنىڭ |
| 1965 | 72 | 10 | 62 |
| 1966 | 134 | 8 | 126 |
| 1979 | 5146 | 24 | 5122 |
| 1980 | 7141 | 374 | 6767 |
| 1981 | 5760 | 2015 | 3745 |
| 1982 | 11587 | 1184 | 10403 |
| 1983 | 18393 | 6570 | 11823 |
| 1984 | 29894 | 16486 | 13408 |
| 1985 | 13405 | 12161 | 1244 |
| جەمئىي | 91532 | 38832 | 52700 |

# IV باب تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ قەرز پۇلىنى باشقۇرۇش

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن ئاساسىي قۇرۇلۇش چىقىمىنى دۆلەت ئاجرىتىپ بېرەتتى. قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، ئالاھىدە ئورۇنغا ئىشلىتىش بەلگىلەنگەن بىر نەچچە تۈرلۈك قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە تارقىتىلغان كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ئۆزى سالدۇرىدىغان دۆلەت ياردەم بېرىدىغان تۇرالغۇ قەرز پۇلى، 1960 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە تارقىتىلغان ئالاھىدە ئورۇنغا ئىشلىتىلىدىغان قەرز پۇل، 1974 - يىلى تارقىتىلغان مەركەز دەرىجىلىك ئېكسپورت سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مەخسۇس قەرز پۇلى ۋە 1977 - يىلى تارقىتىلغان مەركەز دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ يەرلىك قۇرۇلۇش - بىناكارلىق ماتېرىياللىرى قەرز پۇلى مۇشۇ جۈملىدىن ئىدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنىڭ پەيدىنپەي يولغا قويۇلۇشى بىلەن 1979 - يىلى گوۋۇيۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا خام چوتتىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قۇرۇلۇش بانكىسى قەرز بېرىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى هەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى كىچىك تىپتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز پۇلى، مەركەز دەرىجىلىك ئېكسپورت سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى، يەرلىك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قەرز پۇلى، مەركەز دەرىجىلىك چەت ئەلدىن كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن خەلق پۇلى قەرز پۇلى، كۆمۈرچىلىك بويىچە يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى، يېزا - بازار ئاددىي كىنوخانىلار قۇرۇلۇشى قەرز پۇلى، مەركەز دەرىجىلىك قۇرۇلۇشى كىچىكلىتىلگەن ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنى قامداش قەرز پۇلى، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئاخىرىنى يىغىشتۇرۇش قەرز پۇلى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىنىڭ پولات قېلىپ قەرز پۇلى، تاۋار ئۆيلەر قەرز پۇلى ۋە زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا مەدەت بېرىش قەرز پۇلى كەسپىنى يولغا قويدى.

1985 - يىلى شىنجاڭنىڭ دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش دائىرىسى %97.23 كە، زاپاس مالىيە كۈچىدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش دائىرىسى %83.14 كە يەتتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرى قەرز پۇلى، ئېكسپورت سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى، قۇرۇلۇش بانكىسى هاۋالە قەرز پۇلى، مەركەز هاۋالە قەرز پۇلى ۋە يەرلىك مالىيە هاۋالە قەرز پۇلى قاتارلىق يەتتە خىل قەرز پۇلىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 182 مىليون يۈەنگە، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر 325 كە، يېڭىدىن كۆپەيگەن تۇراقلىق مۈلۈك قىممىتى 165 مىليون يۈەنگە، ياراتقان ئىقتىسادىي ئۈنۈم (ئەڭ ياخشى بولغان يىللىرى بويىچە ھېسابلىغاندا) 323 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە، پايدا 46 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە، باج 16 مىليون 200 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، هەر 100 يۈەنلىك قەرز پۇلنىڭ ئوتتۇرىچە باج پايدىسى 34.34 يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرى

قەرز پۇلىنىڭ ئۆتۈمى ئەلڭ ياخشى بولۇپ، 1 مىليون 350 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، ئېرىشكەن باج، پايدا 39 مىليون 540 مىڭ يۈەن، ھەر 100 يۈەنلىك قەرز پۇلنىڭ ئوتتۇرىچە باج پايدىسى 64.45 يۈەن بولدى. قەرز پۇل تارقىتىش يۆزلىنىشىمۇ خېلى مۇۋاپىق بولۇپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى ۋە يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىش تەدبىرى قەرز پۇلىنىڭ 81 پىرسەنتى قاتناش، ئېنېرگىيە مەنبەي، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق شۇنىڭدەك قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىگە بېرىلدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى يىغىۋېلىنغان قەرز پۇل 67 مىليون 10 مىڭ يۈەن بولۇپ، قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسى 182 مىليون يۈەننىڭ 36.88 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ يېرىمى يىغىۋېلىندى.

1956 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ 1985 ـ يىللىق كرېدىت كېرىم ـ چىقىم پىلان جەدۋىلىدىكى قەرز پۇل خىللىرى بويىچە، قۇرۇلۇش بانكىسى 37 تۈرگە، سەككىز خىل، جەمئىي 3 مىليارد 293 مىليون 315 مىڭ 200 يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى.

### ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ 1956 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئۇراقلىق مۇلۈككە قەرز پۇل تارقىتىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 ـ 6 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| قەرز پۇل خىللىرى | تۈرلەر سانى | باشلانغان ھەم ئاخىرلاشقان يىلى | جەمئىي تارقىتىلغىنى | جەمئىي يىغىۋېلىنغىنى | 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى | بۇنىڭدىن: قەرەلى ئۆتۈپ كەتكىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1. ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى | سەككىز تۈر | 1980 ـ 1985 | 180661.09 | 14206.08 | 166455.01 | / |
| 2. يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى | ئالتە تۈر | 1974 ـ 1985 | 11155.38 | 6368.48 | 4786.9 | 166.38 |
| 3. بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى | ئالتە تۈر | 1956 ـ 1985 | 75852.67 | 39488.63 | 36364.04 | 732.09 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 4. ئاساسىي قۇرۇ- لۇش راسچوت قەرز پۇلى | بىر تۈر | 1985 | 40 | 40 | | |
| 5. ۋاقىتلىق ئوبو- روت قەرز پۇلى | بىر تۈر | 1984 ـ 1985 | 7680.26 | 4195.09 | 3485.17 | |
| 6. ھاۋالە قەرز پۇلى | 12تۈر | 1979 ـ 1985 | 42093 | 16079.61 | 26013.39 | 546.43 |
| 7. قۇرۇلۇش بانكى- سىنىڭ ھاۋالە قەرز پۇلى | ئىككى تۈر | 1984 ـ 1985 | 11660.12 | 7667.18 | 3992.94 | 96.76 |
| 8. خەلق بانكىسىنىڭ ھاۋالە قەرز پۇلى | بىر تۈر | 1985 | 189 | | 189 | |
| جەمئىي | 37تۈر | 1956 ـ 1985 | 329331.52 | 88045.07 | 241286.45 | 1541.66 |

## 1 § . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

### 1 . قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى باشقۇرۇش

1950 ـ يىللاردىن تارتىپ 1985 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قەرز پۇل تارقىتىشتا ئۇدا قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى باشقۇرۇش چارىسىنى قوللىنىپ كەلدى.

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون چۈشۈرگەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى «بۆلەكلەر بويىچە» چۈشۈرۈلىدىغان كۆرسەتكۈچ ۋە «ئاتاپ» چۈشۈرۈلىدىغان كۆرسەتكۈچ ياكى «بىر قېتىملىق كۆرسەتكۈچ» ۋە «ئوبوروت خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچ» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلدى. «بۆلەكلەر بويىچە» چۈشۈرۈلىدىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى، قۇرۇلۇش باش بانكىسى شۆبە بانكىلارغا چۈشۈرۈپ بەرگەن مەركەز دەرىجىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى، ياكى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلارغا

چۈشۈرۈپ بەرگەن مەركەز دەرىجىلىك ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بولۇپ بۇنىڭدا قەرز پۇل تارقىتىش ئوبيېكتى كونكرېت بېكىتىلمەيدۇ پەقەت كونكرېت پۇل سانىلا بولىدۇ شۆبە بانكا ياكى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلار ئۆز ئالدىغا تەقسىملەپ، ياخشىلىرىنى تاللاپ ئەستىقلاپ تارقىتىدۇ. قەرز پۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن داۋاملىق ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. شۇڭا «ئوبوروت خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. «ئاتاپ» چۈشۈرۈلىدىغان كۆرسەتكۈچ بولسا، باش بانكا، شۆبە بانكا، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك بانكىلار هوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ئەستىقلاپ چۈشۈرگەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بولۇپ، قەرز پۇل بېرىش كونكرېت ئوبيېكتى ۋە پۇل سانى بېكىتىلىدۇ. قەرز پۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن كۆرسەتكۈچ يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ياكى ئۆزلۈكىدىن بىكار قىلىنىدۇ. ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . شۇڭا «بىر قېتىملىق كۆرسەتكۈچ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ ئۇنىڭدىن باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىنىڭ «بۆلەكلەر بويىچە چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچى» مۇ بار، لېكىن بۇ «بىر قېتىملىق» قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: قۇرۇلۇش باش بانكىسى 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئىلتىماسى بويىچە بۆلەكلەر بويىچە چۈشۈرگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 120 مىليون يۈەن بولۇپ ئاپتونوم رايوننىڭ بىر قىسىم زۆرۈر بولغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قەرز پۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن كۆرسەتكۈچ بىكار قىلىنىپ، ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## 2. قەرز پۇل فوندى ۋە مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش

قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى قەرز پۇل فوندى ۋە ئامانەت پۇل ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق هەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى مەركەز دەرىجىلىك، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك دەپ ئۈچ دەرىجىگە بۆلىنىدۇ. مەركەز دەرىجىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىگە كېرەكلىك قەرز پۇل فوندىنى قۇرۇلۇش باش بانكىسى مەخسۇس هېساب ئارقىلىق خەلق باش بانكىسىغا ئامانەت قويىدۇ. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىگە كېرەكلىك قەرز پۇل فوندىنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مەخسۇس هېساب ئارقىلىق شۆبە خەلق بانكىسىغا ئامانەت قويىدۇ. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىگە كېرەكلىك قەرز پۇل فوندىنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلىرى، شەھەرلىك تارماق بانكىلىرى مەخسۇس هېساب ئارقىلىق خەلق بانكىسىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك بانكىسىغا ئامانەت قويىدۇ. بېجىرگۈچى بانكىلارنىڭ قەرز پۇل تارقىتىشىغا ئېهتىياجلىق مەبلەغ «كەسپىي مەبلەغنى تەڭشەپ ئاجرىتىش» ۋە «يۇقىرىغا ئامانەت قويۇپ، تۆۋەندە قەرز بېرىش، مەركەزلەشتۈرۈپ راسچوت قىلىش» تەك ئىككى خىل مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق هەل قىلىنىدۇ. 1953 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1956 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە، 1981 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق هەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى «كەسپىي مەبلەغنى تەڭشەپ ئاجرىتىش چارىسىنى قوللىنىپ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى، يەنى بېجىرگۈچى بانكا ئايلار بويىچە مەبلەغ تەڭشەپ ئاجرىتىپ بېرىش پىلانىنى دەرىجىمۇ ـ دەرىجە يۇقىرىغا يوللاپ مەبلەغ ئېلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك بانكا پىلانغا ئاساسەن چۈشۈرۈپ بەرگەن مەبلەغنى تەڭ دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىغا ئامانەت قويۇپ، قەرز پۇل تارقىتىشقا ئىشلەتتى. بېجىرگۈچى بانكىلار ئامانەت جەلپ قىلىپ، ئامانەت پۇل ئارقىلىق قەرز تارقاتتى، كېمەيگىنىنى يۇقىرى

دەرىجىلىك بانكا چۈشۈرگەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئىچىدىن ئېلىپ تولۇقلاپ، بېجىرگۈچى بانكا مەبلىغىنى يۇقىرى دەرىجىلىك بانكا ئىگىلەپ ئىشلەتكەن قاتاردا، يۇقىرى دەرىجىلىك بانكا بەلگىلىمە بويىچە بېجىرگۈچى بانكىغا ئۆسۈم بەردى. 1956 - يىل 4 - ئايدىن 1980 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى «يۇقىرىغا ئامانەت قويۇپ، تۆۋەنگە قەرز بېرىش، مەركەزلەشتۈرۈپ راسچوت قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ مەبلەغ بىلەن تەمىنلىدى. قەرز پۇل فوندىنى قۇرۇلۇش باش بانكىسى، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلىرى ياكى شەھەرلىك تارماق بانكىلىرى تەڭ دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىدا مەركەز، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك مەبلەغ ھېسابى ئېچىپ قەرز پۇل تارقاتتى. يىل ئاخىرىدا خەلق، قۇرۇلۇش بانكىسى مەركەزلەشتۈرۈپ ھېسابات قىلدى.

### 3. كرېدىت كۆلىمىنى تىزگىنلەش

1980 - يىلدىن ئىلگىرى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بېجىرگەن مەركەز دەرىجىلىك تۈرلۈك قەرز پۇللار، ئومۇمەن قۇرۇلۇش باش بانكىسى بېكىتىپ بۆلەكلەر بويىچە چۈشۈرگەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئىچىدە ئوبوروت قىلىنىپ ئىشلىتىلەتتى. قالدۇق سوممىنى تىزگىنلەش يولغا قويۇلغانىدى (يىل ئاخىرىدا تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقى باش بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بۆلەكلەر بويىچە چۈشۈرگەن كۆرسەتكۈچى سانى ئىچىدە تىزگىنلىنەتتى).

1981 - يىلى دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى زور كۈچ بىلەن قىسقارتتى ھەمدە بارلىق ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل تۈرلىرىنى ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈپ قەتئىي قۇرۇلۇش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە تىزگىنلەشنى بەلگىلىدى. شۇڭا، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تۈرلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تەدبىرى قەرز پۇلىنى تارقاتقاندا قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىگە ئاساسلىنىپلا قالماستىن، يەنە تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلەم كۆرسەتكۈچىگىمۇ ئاساسلاندى.

1983 - يىلى گوۋۇيۈەن ھەر دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى قەرز پۇل قالدۇقىدا كۆپەيگەن سان ۋە تارقىتىلغان قەرز پۇل سانىنى بىرلا ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ كرېدىت كىرىم - چىقىم پىلانىغا كىرگۈزۈش ھەمدە تارقىتىلغان سان ۋە شۇ يىللىق ئاتۇرال خىزمەت مىقدارىنى تۇراقلىق مۈلۈك مەبلەغ پىلانىغا كىرگۈزۈشنى بەلگىلىدى. شۇڭا قۇرۇلۇش باش بانكىسى 1983 - يىلدىن باشلاپ كرېدىت كىرىم - چىقىم پىلانىنى تۈزۈپ يوللاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى. شۇنداقلا «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئامانەت پۇلنى پىلان بويىچە ئورۇنلاشقا كاپالەتلىك قىلىش، قەرز پۇلنى ھەقىقىي يوسۇندا كۆرسەتكۈچ بويىچە تىزگىنلەش» پرىنسىپىنى بەلگىلىدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1983 - يىلدىن ئېتىبارەن باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە كرېدىت كىرىم - چىقىم پىلانىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ يوللاپ، تۈرلۈك قەرز پۇل قالدۇقىدا كۆپەيگەن سان بىلەن تارقىتىلغان سانىنى بىردەك باش بانكا تەستىقلىغان كرېدىت كىرىم - چىقىم پىلانى بويىچە ئىجرا قىلدى. ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە يېڭىلاش - ئۆزگەرتىشتىن تەدبىرى قەرز پۇلىنىڭ شۇ يىللىق تارقىتىلغان سانى ئاپتونوم رايونلۇق تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، مەبلەغ سېلىش پىلانى ۋە قەرز پۇل پىلانىنى بىرگە تىزگىنلەش، باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى.

1984 - يىل 6 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى كرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈمىگە قىسمەن تۈزىتىش

كىرگۈزدى. بىرلا قېتىملىق قەرز پۇل بېكىتىپ بېرىشنى ئۆزگەرتىپ، قەرز پۇل قىسىملىرىغا ئايرىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن ئۇنى بېجىرگۈچى بانكا قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى قايتا كېمەيتمىدى. كۆرسەتكۈچنى قايتۇرۇش رەسمىيىتى بېجىرىلمەي، قەرز پۇل قايتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆرسەتكۈچ ئۆزلۈكىدىن بىكار بولدى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى قالدۇق بويىچە تىزگىنلىنىپ مەركىزىي تارماق بانكىلارنى بىرلىك قىلغان ئاساستا، قەرز پۇل قالدۇقىنى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا 50% يۇقىرىلىتىشقا، 3 - پەسىلدە 20% يۇقىرىلىتىشقا رۇخسەت قىلىندى. لېكىن يىل ئاخىرىدا تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن قالدۇق سان ئىچىدە تىزگىنلەش تەلەپ قىلىندى. مەبلەغ سېلىش كۆلەم كۆرسەتكۈچى ۋە كرېدىت كۆرسەتكۈچى يوق قەرز پۇللار بىردەك بېجىرىلمىدى. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇرلۇك تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرى ئورغۇزۇلۇپ، كرېدىت باشقۇرۇش خىزمىتى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 10 - ئايدا خەلق باش بانكىسى «مەملىكەت بويىچە بانكا كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش سىناق چارىسى» ۋە شۇنىڭغا يارىشا يۈرۈشلەشكەن بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمى، پۇل تارقىتىش خەزىنە تۈزۈمى، خەزىنە كىرىم - چىقىم تۈزۈمىنى تۈزۈپ، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن سودا - سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە جۇڭگو بانكىسىدا سىنىقلىق يولغا قويدى. لېكىن قۇرۇلۇش بانكىسى يەنىلا كرېدىت كىرىم - چىقىم پەرقلىق سوممىسىنى دۆلەت كرېدىت پىلانىغا كىرگۈزۈش چارىسىنى يولغا قويدى.

1985 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كرېدىت كىرىم - چىقىم كۆلىمى كۆنسايىن كېڭەيدى ۋە ئۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش قەرز پۇلى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى ۋە شۆبە قۇرۇلۇش بانكىسى، خەلق باش بانكىسى ۋە قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىرلىكتە تۈزگەن «قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش سىناق چارىسى» دىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ مالىيە، كرېدىت مەبلىغىنى ئوخشىمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش كرېدىت پىلانىغا كىرگۈزدى. قۇرۇلۇش باش بانكىسى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بەرگەن يىللىق ئامانەت پەرق پىلانى ياكى قەرز پەرق پىلانى ۋە قەرز پۇل كۆلىمى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان قىلىندى. ئامانەت پەرقىنى ئورۇنداش، قەرز پەرقىنى ۋە قەرز پۇل كۆلىمىنى ئاشۇرۇۋېتەسلىك تەلەپ قىلىندى ھەمدە تەييارلىق فوندى تاپشۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. قۇرۇلۇش بانكىسى قوبۇل قىلغان مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇلنىڭ ھەممىسى خەلق بانكىسىغا تاپشۇرۇلدى. جەلپ قىلغان ئادەتتىكى ئامانەت پۇل 30% بويىچە خەلق بانكىسىغا ئامانەت قويۇلدى. ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى تەڭ دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىدا ھېساب ئېچىپ، ئەسلىدە سودا - سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ئاچقان ئامانەت پۇل ھېسابىنى ئۈزدى. قۇرۇلۇش بانكىسى باشقا كەسپىي بانكىلار ئارا ھەم كەسپىي مۇئامىلە مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئۆز ئارا مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى تىجارەت ئورنىغا ئايلاندى. خەلق بانكىسى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئامانەت قەرز پۇلىغا باشقا كەسپىي بانكىلارنىڭكىگە ئوخشاش ئۆسۈم نىسبىتىنى يولغا قويدى لېكىن باشقا كەسپىي بانكىلارغا ئوخشىمىغان بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. قۇرۇلۇش بانكىسى پەيدىنپەي نەق پۇل كەسپىي خەزىنىسى قۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا نەق پۇل كىرىم - چىقىم كەسپىنى يولغا قويدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئوڭۇشلۇق ئورۇندىلىپ، كرېدىت مەبلىغىنىڭ ھەممە پائالىيىتى بىر تۇتاش دۆلەت كرېدىت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، ئامانەت پۇل ئاشۇرۇپ ئورۇندىلىپ، قەرز پۇل يۇقىرى دەرىجىلىك بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئۇرلۇك كۆرسەتكۈچ ئىچىدە تىزگىنلەندى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش بانكىسى سىستېمىسى بويىچە 28 تارماق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورنى نەق پۇل كىرىم - چىقىم كەسپىنى يولغا قويدى.

## 2 § . ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى

### 1. دۆلەت خام چوتى ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىپ بېرىش ۋە ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ئوبلاست (شەھەر)لارنىڭ زاپاس مالىيەدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىش

1979 ـ يىلى ۋە 1980 ـ يىلى گوۋۇيۈەن ئىككى قېتىم دۆلەت پىلان كومىتېتى قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، دۆلەت خام چوتى ئىچىدە ئاساسىي قۇرۇلۇش پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قۇرۇلۇش بانكىسى قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلىدى. ھەمدە «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى» (قىسقارتىلىپ «نىزام» دەپ ئاتىلىدۇ) نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپىنى قىسقارتىش، مەبلەغ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. قۇرۇلۇش باش بانكىسى «نىزام» غا ئاساسەن «ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز بېرىشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى» (قىسقارتىلىپ «تەپسىلىي پرىنسىپ» دەپ ئاتىلىدۇ) نى تۈزدى. قۇرۇلۇش بانكا سىستېمىسى شۇنىڭغا ئاساسەن، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا خام چوت ئىچىدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى يولغا قويدى. 1981 ـ يىلى شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى، «خۇگۇيەنچى» ئېلېكتر ئىستانسىسى، شىنجاڭ نېفىتلىكىدىن ئىبارەت مەركەز دەرىجىلىك ئۈچ قۇرۇلۇش ئورنىغا پۇل ئاجرىتىپ بېرىش قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن خام چوتتىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلمىدىغان 15 ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئورۇنلارغا پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش سىناق قىلىندى. 1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە مەركەز دەرىجىلىك ئورۇنلاردىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتكەن تۆت بىر لىكىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك خام چوتتىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان تۈرلەرنىڭ كۆپ قىسمى مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە ۋە مەمۇرىي، كەسپىي ئورۇنلار بولغاچقا، بۇ ئورۇنلارنىڭ قەرز پۇلنى قايتۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغانلىقتىن يەنە قايتىدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

1985 ـ يىلى دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇشقا خام چوتتىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىش تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇشنى بەلگىلىدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ خام چوتتىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى (مەركەز، يەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىش دائىرىسى 97.23% كە، زاپاس مالىيە كوچىدىن پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى (ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىش دائىرىسى 83.14% كە يەتتى. بۇ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مالىيىسىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش جەھەتتىكى بىر قەدەر زور بۆسۈش بولدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز پۇل بېرىشكە

ئۆزگەرتىشتە كۆرسەتكۈچ بويىچە باشقۇرۇشنى يولغاقويۇپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوتىنى باشقۇرۇش چارىسىدىكى ئەسلى ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجە بويىچە باشقۇرۇشنى ئاپتونوم رايون بىر دەرىجە بويىچە باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتتى. پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش كۆرسەتكۈچىنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىغا چۈشۈرۈپ مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش يوللىرىنىڭ راۋان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ نېفىتلىكىگە پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن قەرز پۇل قايتۇرۇشتا قۇربى يەتمىگەنلىكتىن شۇ يىلى پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن تۇراقلىق مۈلۈك ئامورتىزاتسىيە فوندىنىڭ بېكىتىشچە بەلگىلەنگەن نىسبەت بويىچە قەرز پۇلنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇش، ئۇ يەتمىگەن قىسمىنى كەچۈرۈم قىلىش قارار قىلىندى. بۇ چارە شىنجاڭنىڭ نېفىت تەرەققىياتى ئىشلىرىغا مەدەت بېرىپ، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مەركەز دەرىجىلىك ئۈچ قۇرۇلۇش تۈرى كېيىنى - كەينىدىن قۇرۇلۇپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. بىراق ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاستتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىكنىڭ پۇل ئاجرىتىپ بېرىشنى قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئىسلاھات يۈرۈشلەشمەسلىك قاتارلىق كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىل بېشىدا زورمۇ زور ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىجرا قىلىش جەريانىدا يەنە كۆپلەپ كەچۈرۈم قىلىنىپ، رولى چوڭ بولمىدى.

## 2. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز پۇل بېرىشى

1980 - يىل 1 - ئايدا قۇرۇلۇش باش بانكىسى مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ كارخانا خاراكتېرلىك ئامانەت پۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز پۇل تارقاتتى. شۇ يىلى شىنجاڭغا بىرىنچى تۈركۈمدە 20 مىليون يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بېرىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ياخشىلىرىنى تاللاپ تارقىتىش، قەرز پۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشنى بىر تۇتاش باشقۇردى. تەجرىبە ھاسىل قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىدا ئۇقتىدا سىناق قىلدى. 1981 - يىلى باش بانكا يەنە ئۈچ تۈەتكە بۆلۈپ شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا 31 مىليون يۈەن بۆلەكلەر بويىچە چۈشۈرۈلىدىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى كۆپەيتىپ بەردى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئەستايىدىل پوزىتسىيە قوللىنىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىغا 1 مىليون 300 مىڭ يۈەن بۆلەكلەر بويىچە چۈشۈرۈلىدىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىغا 500 مىڭ يۈەن بۆلەكلەر بويىچە چۈشۈرۈلىدىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. بۇ مەبلەغ بىر تۈركۈم كىچىك تىپتىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل تۈرلىرىگە ئىشلىتىلدى. 1982 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 35 مىليون 440 مىڭ يۈەنلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئارقىلىق شۇ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن، قۇرۇلۇش بانكا ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل تۈرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا قاراماي نېفىتلىكى شۆبە بانكىسىغا 1 مىليون يۈەن بۆلەكلەر بويىچە چۈشۈرۈلىدىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىغا 150 مىڭ يۈەن بۆلەكلەر بويىچە چۈشۈرۈلىدىغان كۆرسەتكۈچ تولۇقلاپ بېرىلدى. شۇنداقلا يەنە ئاز مىقداردا يېڭىلاش ئۆزگەرتىش تەدبىر قەرز پۇلى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

1983 - يىلى دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەپ ۋە قىسقارتىپ، تۈرلۈك مەبلەغ سېلىش خاراكتېرلىك قەرز پۇللارنى ئىنقىلاپ تەرتىپكە سالدى، قۇرۇلۇش باش بانكىسى مەملىكەت بويىچە

ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىلاردا قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ كىرىدىت كىرىم ـ چىقىم پىلانىنى يولغا قويۇشنى، تۈرلۈك قەرز پۇل تارقىتىش كۆلىمىنى تىزگىنلەشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسى شىنجاڭغا 35 مىليون يۈەن ئامانەت قەرز كۆرسەتكۈچى قوشۇپ بەردى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىغا بۆلەكلەر بويىچە چۈشۈرۈلىدىغان بىر قىسىم قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى تەقسىم قىلىپ بېرىپ، مەبلەغ ئىشلىتىش كۆلىمىنى ئېگىللىمەيدىغان، ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا ياكى يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىش پىلانىغا كىرگۈزۈلمىگەن يوشۇرۇن كۈچنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى بەردى (لېكىن ھەممىسى كىرىدىت كىرىم ـ چىقىم پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، باش بانكىغا يوللىنىپ ماقۇللاندى) . 1984 ـ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 40 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى تارقاتتى. بۇ پۇلنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى يىللىق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل تۈرلىرىنىڭ داۋامىغا ئىشلىتىلدى. ھەبدە يۈتۈنلەي ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ 120 مىليون يۈەن مەخسۇس قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئارقىلىق ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى ئىچىدە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ 80 مىليون يۈەن ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئون نەچچە چوڭ، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۆز مۇددىتى بويىچە پۈتتۈردى.

## 3. ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۆسكۈنە زاپاس قەرز پۇلى

### (1) مەركەز دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۆسكۈنە زاپاس قەرز پۇلى

1980 ـ يىل 3 ـ ئايدا دۆلەت مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىرلىكتە «مەركەز دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا دۆلەت ئىچىدە ئۆسكۈنە زاپاس قەرز پۇلى بېرىشنى سىناپ يولغا قويۇش چارىسى» نى ئېلان قىلىپ، مەركەز دەرىجىلىك قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلار (بىۋاسىتە قاراشلىق بىۋاسىتە تەمىنلىنىدىغان ئورۇنلار) كېيىنكى يىللىق قۇرۇلۇشقا دۆلەت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنىلىرىنى زاپاس تەييارلاشتا، ئىچكى قىسمىدىكى مەبلەغنى سەپەرۋەر قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا مەبلەغ يېتىشمىسە، قۇرۇلۇش بانكىسىدىن ئۆسكۈنە زاپاس قەرز پۇلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ ھەل قىلىدۇ. مۇددىتى ئادەتتە ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئۆسۈم نىسبىتى %3 بولىدۇ. قەرز پۇلنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قەرز ئالغۇچى ئورۇن قەرەلى بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن قايتۇرىدۇ، قەرز پۇل فوندىنى باش بانكا مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇپ «يۇقىرىغا ئامانەت قويۇپ، تۆۋەنگە قەرز بېرىش چارىسى» نى يولغا قويىدۇ، بىجىرگۈچى بانكىلار باش بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن قەرز پۇل پىلانى ئىچىدە قەرز پۇل تارقىتىدۇ دەپ بەلگىلەندى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1980 ـ يىلدىن باشلاپ باش بانكا تەستىقلاپ چۈشۈرگەن قەرز پۇل پىلانى بويىچە مەركەز دەرىجىلىك قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ئۈرۈمچى نېفىت خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتى، تۇز كۆل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى «خوڭچىيەنچى» ئېلېكتر ستانسىسى، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۆسكۈنە زاپاس قەرز پۇلىنى بىجىردى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇلۇش باش بانكىسى 1981 ـ يىل 11 ـ ئايدا شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا شېكەر زاۋۇتىنىڭ ئۆسكۈنە زاپاس قەرز پۇلى ئۈچۈن 10 مىليون يۈەن ئۆتنە بەردى. 1983 ـ يىلى يەنە 5 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ، جەمئىي 15 مىليون يۈەن بېرىپ، مەركەز دەرىجىلىك ئۆسكۈنە زاپاس قەرز پۇلى ئىچىدە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلدى.

(2) يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئۆسكۈنە زاپاس قەرز پۇلى بېرىش

1979 - يىل 2 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى ئېلان قىلغان «يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئۆسكۈنە زاپاس قەرز پۇلى بېرىشنى سىناپ يولغا قويۇش چارىسى»دا ئومۇمەن قەرز بېرىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولغان يەرلىك قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى كېيىنكى يىللىق قۇرۇلۇشقا ئۆسكۈنە زاپاس تەييارلاشتا، شۇ جايدىكى قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئىلتىماس سۇنۇپ قەرز ئالسا بولىدۇ. قەرز پۇل شۇ يىلى تارقىتىلىپ، ئەڭ كېچىككەندە كېيىنكى يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ئۇنى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىدىن قايتۇرىدۇ دەپ بەلگىلەندى. 1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۆسكۈنە زاپىسى قەرز پۇل فوندى تەسىس قىلدى. ئاپتونوم رايون، دۆلەت تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىچكى قىسىمدىكى مەبلەغ مەنبەئىنى سەپەرۋەر قىلغاندىن كېيىن، نورمىدىن ئاشقان قىسمى، يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش خام چوتىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئېشىپ قالغان قىسمى، يەرلىك دەرىجىلىك ئېنىقلانغان مەبلەغ ھېسابىدىكى مەبلەغ يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش كىرىمىدىن مالىيىگە پىرسەنت قالدۇرغان قىسمى، شۇنداقلا يەرلىك مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگەن قەرز پۇل فوندى مەنبەسى قىلىندى. قەرز پۇل فوندى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تەرىپىدىن مەخسۇس ھېساب بويىچە ئامانەت قويۇلۇپ، بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇپ، يۇقىرىغا ئامانەت قويۇپ، تۆۋەنگە قەرز بېرىش بىلەن مەخسۇس پۇل مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئىدارىلار ئوتتۇرىغا قويغان قەرز پۇل پىلانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن، بېجىرگۈچى تارماق بانكىلارغا قەرز پۇل پىلانى ۋە قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى.

## 4. مەركەز دەرىجىلىك ئارتىلىپ قالغان ئۆسكۈنە قەرز پۇلىنى ئېنىقلاش

1979 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇۋاتقان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، 1 مىليون يۈەنلىك 110 تۈرنى توختاتتى ۋە كېچىكتۈردى. توختىتىش، كېچىكتۈرۈش پىلانى كېيىنرەك چۈشۈرۈلگەنلىكتىن، بەزى توختىتىلغان، كېچىكتۈرۈلگەن تۈرلەرنىڭ ئاللىقاچان ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىشلەپچىقىرىش ئۆسكۈنىلىرى يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا تۆلەشكە پۇل بولمىغانلىقتىن، ئارتىلىپ قالغان قەرز پۇل تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ ئوبوروتى قىيىنچىلىققا ئۇچرىدى. 1980 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى خەلق باش بانكىسىدىن بىر قىسىم مەبلەغ ئۆتنە ئېلىپ، قۇرۇلۇش باش بانكىسىغا بېرىپ، قەرز پۇل شەكلى بويىچە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا قەرز بەردى. بۇ پۇل دۆلەت خام چوتتىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىپ بېرىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا تۆلىيەلمەي قالغان ئۆسكۈنە قەرز پۇلىنى تۆلەشكە ئىشلىتىلدى. قۇرۇلۇش باش بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىغا 12 مىليون يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بېكىتىپ بەردى. بۇ پۇلدىن ئاپتونوم رايونلۇق ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى سانائەت ئىدارىسى، خىمىيە سانائىتى ئىدارىسى، پولات - تۆمۈر شىركىتى، سۇ ئىشلىرى ئىدارىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى قاتارلىق بەش ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماققا جەمئىي 11 مىليون 277 مىڭ 800 يۈەن تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ پۇل 1981 - يىلدا يىغىلىشقا باشلاپ، 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 4 مىليون 391 مىڭ 400 يۈەن يىغىۋېلىندى.

## سەككىز تۈرلۈك ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى قەرز پۇل ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 ـ 7

بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى | 1985 ـ يىللىق بوغالتىرىيە ھېساب نومۇرى | باشلانغان ۋە ئاخىرلاشقان يىللىرى | جەمئىي تارقىتىلغىنى | جەمئىي يىغىۋېلىنغىنى | 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1. مەركەز دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا خام چوتتىن پۇل بۆيرۇپ بېرىش قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلگىنى | 432 | 1985 ـ 1981 | 97814.56 | 4778.43 | 93036.13 |
| 2. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا خام چوتتىن پۇل بۆيرۇپ بېرىش قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلگىنى | 442 | 1985 | 24735.62 | 7 | 24728.62 |
| 3. ئاپتونوم رايوننىڭ زاپاس مالىيە كۈچىدىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل بۆيرۇپ بېرىش قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلگىنى | 444 | 1985 | 17629.34 | 2 | 17627.34 |
| 4. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) دەرىجىلىك زاپاس مالىيە كۈچىدىن پۇل بۆيرۇپ بېرىش قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىلگىنى | 4440 | 1985 | 3274.13 | | 3274.13 |
| 5. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا بەرگەن قەرز پۇلى | 402 | 1985ـ1980 | 24310.59 | 2343.59 | 21967 |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 6. مەركەز دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۆسكۈنە زاپىسى قەرز پۇلى | 408 | 1985_1980 | 9310.51 | 4327.86 | 4982.65 |
| 7. يەرلىك دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ئۆسكۈنە زاپىسى قەرز پۇلى | 4080 | 1985_1980 | 2451.29 | 2051.29 | 400 |
| 8. ئېنىقلانغان مەركەز دەرىجىلىك ئارتىلىپ قالغان ئۆسكۈنە قەرز پۇلى | 436 | 1985_1980 | 1135.05 | 695.91 | 439.14 |
| كىچىك جەمئىي | | 1985_1980 | 180611.09 | 14206.08 | 166455.01 |

## 3 §. يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىش تەدبىرى قەرز پۇلى

1974 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇش بانكىسى كۆپ خىل يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىش تەدبىرى قەرز پۇلى تارقاتتى. بۇ قەرز پۇللار قۇرۇلۇش باش بانكىسى ئامانەت پۇل ۋە ئۆزىدە بار مەبلەغدىن پايدىلىنىپ تارقاتقان قەرز پۇل بولۇپ، قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى باش بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئىچىدە ياخشىلىرىنى تاللاپ تارقاتتى. بۇ قەرز پۇللارنىڭ نامى 1989 ـ يىل 5 ـ ئايدىن بۇرۇن بىرلىككە كەلمىگەنىدى، 6 ـ ئايدا بىر تۇتاش يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرى قەرز پۇلى دەپ ئاتالدى.

### 1. مەركەز دەرىجىلىك ئېكسپورت قىلىنىدىغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مەخسۇس قەرز پۇلى

1973 ـ يىلى تاشقى سودا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى قۇرۇلۇش باش بانكىسى ئارقىلىق شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا 2 مىليون يۈەن ئېكسپورت قىلىنىدىغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەش مەخسۇس قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى (تۆۋەندە قىسقارتىپ ئېكسپورت سانائىتى قەرز پۇلى دەپ ئاتالدى) چۈشۈرۈپ بەردى. بۇنى قۇرۇلۇش بانكىسى تاشقى سودا سىستېمىسىدىكى ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان

بىر قىسىم يەرلىك سانائەت كارخانىلىرىغا قەرز بەردى.

1975 ـ يىل 2 ـ ئايدا تاشقى سودا مىنىستىرلىكى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى بىرلىكتە «ئېكسپورت سانائىتى مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا مەخسۇس قەرز پۇل بېرىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. كېيىنكى يىلى يىل بېشىدا شىنجاڭغا 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن ئېكسپورت سانائىتى مەھسۇلاتلىرى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، 1973 ـ يىلى چۈشۈرۈپ بېرىلگەن 2 مىليون يۈەنلىك كۆرسەتكۈچ بىكار قىلىندى. 10 ـ ئايدا 1 مىليون يۈەنلىك كۆرسەتكۈچ قوشۇپ بېرىلىپ جەمئىي چۈشۈرۈپ بېرىلگەن كۆرسەتكۈچ 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ كىلەم ئېكسپورت قىلىش ئىشلەپچىقىرىشىغا نۇقتىلىق مەدەت بېرىلدى. 1977 ـ يىلى تاشقى سودا مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى شىنجاڭغا 4 مىليون 90 مىڭ يۈەن مەخسۇس قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ شېكەر، ماي، يېمەكلىك، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىش شۆبە شىركىتى سىستېمىسىدىكى 28 كارخانىنى يېڭىلاش ئۆزگەرتىشكە 3 مىليون 110 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى؛ قەشقەر، ئارال، ئاقسۇ قاتارلىق ئۈچ تاشقى سودا يىپەكچىلىك فابرىكىسىنى يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىشكە 980 مىڭ يۈەن ئىشلىتىلدى. بۇ كۆرسەتكۈچلەر ئوبوروت قىلىنىپ ئىشلىتىلمىدى.

1979 ـ يىلى تاشقى سودا مىنىستىرلىكى شىنجاڭنىڭ ئېكسپورت سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش قەرز پۇلى ئۈچۈن 4 مىليون 200 مىڭ يۈەنلىك پىلان تەستىقلىدى، لېكىن شىنجاڭنىڭ قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بولمىغانلىقتىن ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولماي، ئىككى قېتىم مالىيە مىنىستىرلىكى، تاشقى سودا مىنىستىرلىكىگە قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى كۆپەيتىپ بېرىش ھەققىدە ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ جاۋابقا ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، مالىيە ئىدارىسىدىن 4 مىليون يۈەن قەرز ئېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق ئېكسپورت سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مەخسۇس قەرز پۇل فوندى سۈپىتىدە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا ئامانەت قويدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تەستىقلىغان سانائەت قەرز پۇل پىلانى بويىچە قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى. 1982 ـ يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسى شىنجاڭغا 4 مىليون يۈەن مەركەز دەرىجىلىك ئېكسپورت سانائىتى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا ئىدارىسى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى بىلەن پىلان كومىتېتىدىن ئالغان قەرز پۇلنى 1984 ـ يىلى قايتۇرۇپ بەردى.

1980 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، تاشقى سودا ئىدارىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى سانائەت مەھسۇلاتلىرى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنىڭ ئاشقان قىسمىغا ئاساسەن، يىلدا بىر قىسىم سانائەت قەرز پۇل تۈرىنى ئورۇنلاشتۇردى. 1984 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاشقان كۆرسەتكۈچ مەركەز دەرىجىلىك يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىش تەدبىر قەرز پۇلىغا بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1974 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئۈچۈن، جەمئىي 23 مىليون 229 مىڭ 100 يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى سودا سىستېمىسىدىكى كارخانىلار ئىشلەتكىنى 88.86%، يەرلىك سانائەت كارخانىلىرى ئىشلەتكىنى 11.14% نى ئىگىلىدى. رايونلار بويىچە ئايرىغاندا ئۈرۈمچى رايونىدىكى تاشقى سودا كارخانىلىرى ئىشلەتكىنى 44.15%، قەشقەر ئىشلەتكىنى 11.11%، خوتەن ئىشلەتكىنى 10.98%، ئاقسۇ رايونى ئىشلەتكىنى 7.35% نى ئىگىلىدى. قەرز پۇل يۆنىلىشى بويىچە ئايرىغاندا، چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلگىنى 70.73%، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلگىنى 15.48%، توقۇلما بۇيۇملىرى 8.78%، ئاشلىق، ماي يېمەكلىكلەرگە ئىشلىتىلگىنى 3.07%، باشقىلارغا

ئىشلىتىلگىنى 1.94% نى ئىگىلىدى. چارۋا مەھسۇلاتلىرىغا سانائەت قەرز پۇلى ئىشلىتىلگەندىن كېيىن، يىلىغا يېڭىدىن 109 مىڭ 700 كۋادرات مېتىر شەرق ئۇسلۇبىدىكى كىگىز، 15 مىڭ كۋادرات مېتىر سۇ بىلەن پۇيۇلىدىغان كىگىز ، 40 مىڭ دانە قىرقىما تېرە، 210 مىڭ تال ئۈچەي، 40 مىڭ دانە قوي تېرىسى، 400 ساندۇق ئۆچكە چۈپۈرى، 200 ساندۇق ئات يال - قۇيرۇقى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشتى. يەرلىك مەھسۇلاتلاردىن يىلىغا يېڭىدىن 12 مىڭ توننا چۈچۈكبۇيا، 1100 توننا پىيا، 500 توننا زاراڭزا پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشتى. توقۇلما بۇيۇملىرى تورىدە يېڭىدىن 35 مىڭ دانە يۇڭ مايكا، 100 توننا تىۋىت يىپى، 60 توننا يىرىك ئېگىرىلگەن يۇڭ يىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى ئاشتى.

## 2 . مەركەز دەرىجىلىك يەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قەرز پۇلى

1976 - يىلى خىش، كاھىش، شېغىل قاتارلىق يەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، دۆلەت قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى باش ئىدارىسى ۋە قۇرۇلۇش باش بانكىسى «كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ يەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مەخسۇس قەرز پۇل چارىسى» نى تۈزۈپ تارقاتتى. 1977 - يىلى شىنجاڭغا 960 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بېرىلىپ، بۇنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۈچ ئورۇنغا قەرز بەردى.

1979 - يىل 8 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى مىنىستىرلىكى بىرلىكتە «يەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىغا قەرز پۇل بېرىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن 1976 - يىلى تۈزۈلگەن چارە ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن يېزا، گۇڭشې، ئەترەت كارخانىلىرىغا قايتا قەرز پۇل بېرىلمەيدى. تارقىتىلغانلىرى يەنىلا ئەسلىدىكى چارە بويىچە يىغىۋېلىنىدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن قايتا 3 مىليون 200 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بېرىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يەرلىك بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار قەرز پۇل بېرىش ئوبيېكتى قىلىندى. قەرز پۇل مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا بەش يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدى. 1977 - يىلدىن 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى جەمئىي 4 مىليون 161 مىڭ 200 يۈەن قەرز پۇل تەستىقلاپ تارقاتتى. بۇنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا كېرەكلىك خىش ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىشلىتىلىپ، يىلىغا 113 مىليون 900 مىڭ پارچە خىش كۆپەيتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى شەكىللىنىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆزىدىن بوياتقى خىش يېتىشمەيدىغان ئەھۋالى ئۆزگەرتىلدى.

## 3. چەت ئەلدىن تېخنىكا ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان مەركەز دەرىجىلىك خەلق پۇلى قەرز پۇلى

1980 - يىل 9 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئىمپورت - ئېكسپورت كومىتېتى، قۇرۇلۇش

باش بانكىسى بىرلىكتە «چەت ئەلدىن تېخنىكا، ئۈسكۈنە كىرگۈزۈپ، دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان خەلق پۇلى قەرز پۇلى تارقىتىش چارىسى» نى تارقىتىپ، ئومۇمەن سىرتقا قارىتا پىششىقلاش، قۇراشتۇرۇش كەسپى ۋە ئوتتۇرا، كىچىك تېخنىكا تولۇقلىما سودىسى قانات يايدۇرۇشتا قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئىلتىماس قىلىپ قەرز ئالسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. قەرز پۇل ئاساسلىقى ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەرنىڭ خىراجىتى ۋە قۇراشتۇرۇلۇشىغا، دۆلەت ئىچىدە ياسالغان ئۈسكۈنە، ھۈنەر - سەنئەتنى تەڭشەش، ئەسلىدىكى ئۈسكۈنىلەرنى ئىسلاھ قىلىش، دۆلەت ئىچىدىكى زۆرۈر بولغان ئۈسكۈنىلەرنى تولۇقلاش ۋە ئەسلىدىكى زاۋۇت ئۆيلىرىنىڭ ئاز قىسىم كېڭەيتىش قۇرۇلۇشلىرىغا ئېھتىياجلىق مەبلەغلىرىگە ئىشلىتىلدى. قۇرۇلۇش باش بانكىسى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. 1982- يىلى يەنە 500 مىڭ يۈەن كۆپەيتىپ جەمئىي 4 مىليون يۈەن ئاجرىتىلدى. بۇ ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى، تاشقى سودا، مالىيە، توقۇمىچىلىق قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە قەرز پۇل تارقىتىلىدىغان تۈرلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. بۇنىڭ ئىچىدە شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» توقۇمىچىلىق فابرىكىسى 1980 - يىلى ئىتالىيىدىن 3360 ئورچۇقلۇق ئىلمە توقۇلما ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈش، دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈلىدىغان ئۈسكۈنىلەر، كېڭەيتىش قۇرۇلۇشلىرىغا كېتىدىغان 3 مىليون 80 مىڭ يۈەن خىراجىتىگە قۇرۇلۇش بانكىسى 2 مىليون 420 مىڭ يۈەن قەرز بەردى. شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» شېكەر زاۋۇتىنىڭ 1982 - يىلى ياپونىيىدىن كىرگۈزگەن يىلىغا 14 مىڭ توننىلىق تىرىپ دانچىلاش ئۈسكۈنىسىگە قۇرۇلۇش بانكىسى 3 مىليون 150 مىڭ يۈەن قەرز بەردى.

## 4. مەركەز دەرىجىلىك كۆمۈر سانائىتىدىكى يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى

1980 - يىل 4 - ئايدا دۆلەت مالىيە مىنىستىرلىكى، كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش بانكىسى بىرلىشىپ «1980 - يىلى كۆمۈر سانائىتى كارخانىلىرىغا يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە تۈرلەرنى تەڭشەشكە قەرز بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» نى تۈزۈپ تارقىتىپ، قەرز پۇلنى ئاساسلىقى كۆمۈر سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كان قۇدۇقىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە تەڭشەش قاتارلىق تۈرلەرنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىغا ئىشلىتىپ، كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكى چۈشۈرگەن پىلان بويىچە قاتتىق ئىجرا قىلىش، قەرز پۇل مۇددىتى بەش يىل، ئەڭ كۆپ دېگەندە سەككىز يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىك، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى بىر قېتىملىق كۆرسەتكۈچ بولۇپ ئوبوروت قىلىپ ئىشلەتمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىرلىكتە شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە باش بانكىسىغا 1 مىليون 340 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. پىلاندا تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بەرگەن قەرز پۇل تۈرى ئىككى، بۇ ئۈرۈمچى كان ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش، ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنىڭ 1 مىليون 140 مىڭ يۈەن قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 5. مەركەز دەرىجىلىك كىچىكتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ

## ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قامداش قەرز پۇلى

1980 - يىلى قۇرۇلۇشى كېچىكتۈرۈلگەن تۈرۈنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قامدىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن قۇرۇلۇش باش بانكىسى «قۇرۇلۇشى كېچىكتۈرۈلگەن تۈرۈنلارغا ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قامداش قەرز پۇلى بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ كېچىكتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەپ ئۆز - ئۆزىنى قامداشقا ئېھتىياجلىق بولغان ئاز ساندىكى تەدبىر خىراجىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت مەبلىغىنى قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئىلتىماس قىلىپ قەرز ئېلىش، مۇددىتى ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى. قۇرۇلۇش باش بانكىسى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا 5 مىليون يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. بۇ پۇل پەقەت مەركەز دەرىجىلىك قۇرۇلۇشى كېچىكتۈرۈلگەن تۈرلەرگە ئىشلىتىلدى. 1981 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەرلىك دەرىجىلىك شىنجاڭ كاۋچۇك زاۋۇتىغا 500 مىڭ يۈەن ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى قامداش قەرز پۇلى تارقىتىشنى تەستىقلىدى. 1982 - يىلى قەرز پۇل قايتۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن ھېساب ئۆزۈلدى.

## 6. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئامانەت پۇلدىن پايدىلىنىپ تارقاتقان تەدبىر قەرز پۇلى

1980 - يىلدىن باشلاپ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى باش بانكا بېكىتىپ چۈشۈرگەن ئامانەت پۇلدىن پايدىلىنىپ قەرز تارقىتىش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە بىر قىسىم يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش تەدبىرى قەرز پۇلى تارقاتتى. قەرز پۇل ئۆسۈمى ئاساسى قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولدى. 1982 - يىل 4 - ئايدا باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، مەخسۇس «ئامانەت پۇلدىن پايدىلىنىپ تەدبىر قەرز پۇلى تارقىتىش» ھېسابى تەسىس قىلىنىپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئاشۇ قەرز پۇلىغا ساھەلەر بويىچە تۈرگە ئايرىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىنىڭ يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ئېلىندى. 1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ ئۇقتۇرۇش روھى بويىچە تەدبىر قەرز پۇل ئۆسۈمىنى تۆۋەنگە %20 لەيلىتىپ قويدى.

1983 - يىلى ۋە 1984 - يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسى يىلدا شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا 20 مىليون يۈەن يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش مەبلەغ كۆلەم كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي كومىتېتىنىڭ يېڭىلاش - ئۆزگەتىش پىلانى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كىرىدىت كىرىم - چىقىم پىلانىغا كىرگۈزۈپ، مەزكۇر قەرز پۇلنى 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مەركەز دەرىجىلىك باشقا تەدبىر قەرز پۇلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىر قەرز پۇلى قىلدى.

## ئالتە تۈرلۈك يېڭىلاش ـ ئۆزگەرتىش تەدبىر قەرز پۇلى جەدۋىلى

جەدۋەل: 7 ـ 8  بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| قەرز پۇل نامى | 1985ـ يىللىق بوغالتىرىيە ھېساب نومۇرى | باشلانغان ھەم ئاخىرلاشقان يىلى | جەمئىي تارقىتىلغىنى | جەمئىي يىغىۋېلىنغىنى | 1985ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى | بۇنىڭدىن، قەرەلى ئېشىپ كەتكىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1. ئېكسپورت سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش مەخسۇس قەرز پۇلى | | 1985ـ1974 | 2322.91 | 2322.91 | | |
| 2. يەرلىك بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قەرز پۇلى | | 1985ـ1977 | 416.12 | 329.41 | 86.71 | 82.09 |
| 3. چەت ئەلدىن كىرگۈزۈلگەن تېخنىكا ئۈسكۈنىلەرنى دۆلەت ئىچىدە يۈرۈشلەشتۈرۈش قەرز پۇلى | | 1985ـ1980 | 652.64 | 463.13 | 189.51 | |
| 4. كۆمۈر سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ قېزىش، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى | | 1985ـ1980 | 113.66 | 96.54 | 17.12 | |
| 5. قۇرۇلۇشى كېچىكتۈرۈلگەن ئورۇنلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق ئۆز ـ ئۆزىنى قامداش قەرز پۇلى | | 1982ـ1981 | 50 | 50 | | |
| 6. ئامانەت پۇل ئارقىلىق تارقىتىلغان تەدبىر قەرز پۇلنىڭ 1984 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىر قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتىلگىنى | 410 | 1985ـ1980 | 7600.05 | 3106.49 | 4493.56 | 84.29 |
| كىچىك جەمئىي | | | 11155.38 | 6368.48 | 4786.9 | 166.38 |

## 4 § . بىناكارلىق ساھەسىنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى

قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىناكارلىق كارخانىلىرىغا 1955 - يىلدىن باشلاپ نورمىدىن ئاشۇرۇپ قىسقا مۇددەتلىك تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى تارقاتتى. 1963 - يىل 7 - ئايدا قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ «قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك قەرز بېرىش ۋاقىتلىق چارىسى» بويىچە شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تۇراقسىز مەبلەغكە قەرز بېرىش، چولڭ رېمونتقا قەرز بېرىش، سېمونت مەھسۇلاتلىرىغا تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىش ۋە ئالاھىدە خىلدىكى مېمورىئال قىلىپ سېتىۋېلىشقا قەرز بېرىشتىن ئىبارەت تۆت خىل قىسقا مۇددەتلىك قەرز بېرىشنى يولغا قويدى. 1973 - يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسى «قىسقا مۇددەتلىك قەرز بېرىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شۇنىڭغا ئاساسەن، «قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك قەرز بېرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى تارقاتتى. قەرز بېرىش خىللىرى نورمىدىن ئارتۇق ماتېرىيال زاپىسىغا قەرز بېرىش ۋە چوڭ رېمونتقا قەرز بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى خىل قىلىپ بەلگىلەندى. قەرز بېرىش كۆرسەتكۈچىنى باش بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتتى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بۇ قەرز پۇلنى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ تارقىتىشقا تەقسىملەپ چۈشۈرۈپ بەردى. قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلدى.

1984 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مەملىكەتلىك بىناكارلىق كەسپى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن بىناكارلىق كەسپىنى تۇراقسىز مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش چارىسىنى ئىسلاھ قىلدى. ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسىي قۇرۇلۇش پىلانى ئىچىدىكى تۈرلەرنى ھۆددىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر تۈرۈشلۈق جايلاردىكى ناھىيىدىن يۇقىرى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلاردا تۇراقسىز مەبلەغنى ئىسلاھ قىلىش سىناق قىلىندى. قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىن ماتېرىيال ھازىرلاشقا ئالدىن مەبلەغ ئېلىش تۈزۈمى بىكار قىلىنىپ، ماتېرىيال زاپىسى تەييارلاشقا ئېھتىياجلىق مەبلەغنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىۋاسىتە نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بىلەن تەمىنلىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن باش بانكا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا 70 مىليون يۈەن تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى قوشۇپ ئاجرىتىپ بەردى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلار قەرز پۇل تارقاتتى، يىل ئاخىرىغىچە جەمئىي 162 مىليون يۈەن تارقىتىلدى. 12 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئۆزگەرتىپ تۈزگەن «بىناكارلىق كەسپىگە تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىش چارىسى» نى تارقاتتى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شۇنىڭغا ئاساسەن 1985 - يىل 3 - ئايدا «بىناكارلىق كەسپىگە تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل بېرىشنى سىناق قىلىش چارىسى» نى تارقىتىپ، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تارقاتقان بىناكارلىق كەسپىي تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى - يەنى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى، قۇرۇلۇشنى راسچوت قىلىش قەرز پۇلى، يەر ۋە تاۋار ئۆيلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش - سېتىش كارخانىلىرى قەرز پۇلى ۋە باشقا تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىدىن ئىبارەت بەش خىل بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى.

## 1. بىناكارلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى

1985 ـ يىل 3 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تۈزۈپ تارقاتقان «بىناكارلىق كەسپىگە تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىشنى سىناق قىلىش چارىسى» دا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىكتۇەنىنىڭ ھەر قايسى شىلىرىغا قاراشلىق بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش تۇەنلىرى، ناھىيەدىن يۇقىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئومۇمەن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلان ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئالغان بولسا، ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ماتېرىيال زاپاس مەبلىغى ئۈچۈن قۇرۇلۇش بانكىسىغا ئىلتىماس قىلىپ، تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى ئالسا (نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى) بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىنىڭ پىلان ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئىشلەش، قۇراشتۇرۇشتا ئورۇندىغان خىزمەت مىقدارىنىڭ 35 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلىنىپ، ئۇنىڭدىن دۆلەت ئاجرىتىپ بەرگەن ۋە ئۆزىدىكى تۇراقسىز مەبلەغنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن يېتىشمىگەن قىسمىغا قەرز پۇل بويىچە بېرىلدى. قەرز پۇل ئۆسۈمىنى قۇرۇلۇش خام (نەق) چوتى ئىچىدە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىن مۇستەقىل خىراجەت شەكلى بويىچە يىغىپ ئالىدۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانى ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئالغان بولسا، ئۇنىڭ قەرز پۇل ئۆسۈمىنى يىغىۋېلىشتىكى خىراجەت ئېلىش نىسبىتى قۇرۇلۇشنىڭ خام چوت تەننەرخىنىڭ 0.829 پىرسەنتى بويىچە بولىدۇ. ناھىيەدىن يۇقىرى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانى ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ھۆددىگە ئالغان بولسا، خىراجەت ئېلىش نىسبىتى قۇرۇلۇش خام چوت تەننەرخىنىڭ 0.864 پىرسەنتى بويىچە بولىدۇ.

1985 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ (خام چوت ئىچىدىكى) دۆلەت بۇيرۇپ بەرگەن تۇراقسىز مەبلىغىنى (بۇرۇنقى يىللاردا ھەر دەرىجىلىك مالىيە ۋە قۇرۇلۇش بانكىسى بۇيرۇپ بەرگەن تۇراقسىز مەبلەغلەر) قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتتى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايوندا يەرلىك دەرىجىلىك خام چوت ئىچىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا دۆلەتتىن بۇيرۇپ بېرىلگەن مەبلەغنى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىش ئومۇميۈزلۈك تاماملاندى. جەمئىي 51 ئورۇننىڭ 50 مىليون 394 مىڭ يۈەن مەبلىغى ئۆزگەرتىلدى.

## 2. بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ نورمىدىن ئارتۇق تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى

قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1956 ـ يىلدىن باشلاپ بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىغا ئۆزلىرىدە بار تۇراقسىز مەبلەغ ھېسابىدا نورمىدىن ئارتۇق قەرز پۇل ۋە پەسىل خاراكتېرلىك ماتېرىيال زاپاس قەرز پۇلى تارقىتىپ، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ياكى ماتېرىيال ھازىرلاشتىكى پەسىل خاراكتېرلىك ئامىللار تۈپەيلىدىن كۆرۈلگەن تۇراقسىز مەبلەغ يېتىشمەسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى. بۇ خىل قەرز پۇل 1959 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە «قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل» دەپ ئاتالدى. 1977 ـ يىلدىن

1980 - يىلىغىچە «قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار قەرز پۇلى» دەپ ئاتالدى؛ 1981 - يىلدىن 1985 - يىلىغىچە يەنە ئۆزگەرتىلىپ «بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ پىلاندىن ئاشقان ئۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى» دەپ ئاتالدى. بۇ قەرز پۇل قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بېجىرگەن ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغان قەرز پۇل بولۇپ قالدى. 1956 - يىلدىن 1980 - يىلىغىچە جەمئىي 188 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1981 - يىلدىن 1985- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 195 - مىليون 974 مىڭ 800 يۈەن پىلاندىن، نورمىدىن ئاشقان ئۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1956 - يىلدىن 1980 - يىلىغىچە تارقىتىلغان ھەممە قەرز پۇلنى قوشقاندا جەمئىي تارقىتىلغان قەرز پۇل 383 مىليون 974 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى.

بۇ خىل قەرز پۇل دەسلەپ باشلانغاندا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تارقىتىدىغان قەرز پۇل فوندىنى ئۆزلىرى توپلاپ، كۆرسەتكۈچ بويىچە باشقۇرۇپ، جايلارغا بۆلۈپ تەقسىملەپ، ياخشىلىرىنى تاللاپ تارقىتىپ، ئوبوروت قىلىپ ئىشلەتتى. 1983 - يىلدىن باشلاپ باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ كۆپەيگەن سانىنى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندە، ئۇ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلارغا تەقسىم قىلىنغان قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقىنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى قىلىندى. لېكىن 6 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 3 - پەسىلنىڭ ئاخىرىدا قالدۇق %20 دىن %50 كىچە يۇقىرىغا ئۆرلىتىپ، يىل ئاخىرىدا شۆبە بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن قالدۇقنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى ئىچىدە تىزگىنلەندى. 1984 - يىلى ۋە 1985 - يىللىرى ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇش كارخانىلىرى ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن قۇرۇلىدىغان نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش ئۈچۈن پىلاندىن ئارتۇق ئالغان ئۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل سوممىسى كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى نورما ئىچىدىكى ئۇراقسىز مەبلەغنى كۆپەيتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا پىلاندىن ھالقىغان ئۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنىمۇ كۆپەيتتى. لېكىن كىرىمدىن ئارتۇقچە كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن 1985 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يىل ئاخىرىدىكى كۆپەيگەن سان قىسقارتىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قالدۇق پەقەتلا 59 مىليون 446 مىڭ 500 يۈەن بولدى.

## 3. پولات قېلىپ قەرز پۇلى

1981 - يىل 8 - ئايدا ياغاچ ماتېرىياللارنى تېجەپ، قۇراشتۇرۇلىدىغان پولات قېلىپنى ئومۇملاشتۇرۇشقا مەدەت بېرىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت قۇرۇلۇش كومىتېتى ماددىي ئەشيالار باش ئىدارىسى، قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىرلىكتە «مۇقىم شەكىللىك قۇراشتۇرۇلىدىغان پولات قېلىپنى باشقۇرۇش چارىسى» (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ) نى تارقىتىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار پولات قېلىپ سېتىۋېلىش ئۈچۈن شۇ جايدىكى قۇرۇلۇش بانكىسىغا پولات قېلىپ سېتىۋېلىش قەرز پۇلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلسا، بېجىرگۈچ بانكىلار يۇقىرىدىن تەكشۈرۈپ بېكىتكەن بۆلەكلەرگە بۆلۈپ چۈشۈرگەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى دائىرىسى ئىچىدە تەكشۈرۈپ بېكىتىپ قەرز پۇل تارقاتسا بولىدۇ ، دەپ بەلگىلىدى. مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل فوندىنى مەركەز ھەل قىلدى. يەرلىك قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭكىنى يەرلىكتىن ھەل قىلىدىغان بولدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 4 مىليون يۈەن قەرز پۇل فوندى توپلاپ، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى مەركىزىي تارماق بانكىلارغا قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇلار ياخشىلىرىنى تاللاپ قەرز پۇل تارقاتتى. قەرز پۇل مۇددىتىنى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ ئۈچ يىلدىن ئاشۇرۇۋەتمىدى.

## 4 . مەركەز دەرىجىلىك يەر - زېمىن تەرەققىياتى ۋە تاۋار ئۆيلەر قەرز پۇلى

1985 - يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسى شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا بىناكارلىق كەسپىنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ يېڭىدىن قوشۇلغان قالدۇقىنىڭ 1984 - يىلدىكىدىن 85 مىليون يۈەن ئاشقانلىقىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ بەردى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بۇنىڭ ئىچىدىن 40 مىليون يۈەننى ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، شىخەنزە، قۇمۇل، كورلا، ئاقسۇ، خوتەن، ئالتايدىن ئىبارەت توققۇز شەھەردىكى قۇرۇلۇش بانكىسىغا قالدۇقنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى قىلىپ تەقسىم قىلىپ بەرى. ئۇلار بۇنى شەھەرلەرنىڭ تاۋار ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشلىرىغا ئىشلەتتى. بۇ مەبلەغنى ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشتىكى ئۆسۈم نىسبىتى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇل ئۆسۈمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ پەسىل بويىچە يىغىۋېلىندى، قەرز پۇل مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ بىر يېرىم يىلدىن ئېشىپ كەتمىدى. 1985- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 24 ئورۇنغا 40 مىليون 280 مىڭ يۈەن تاۋار ئۆي قەرز پۇلى تارقىتىلدى. يېڭىدىن 3492 يۈرۈش، 320 مىڭ كۋادرات مېتىر تاۋار ئۆي سېلىندى.

## 5 . مەركەز دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ماددىي ئەشيالىرى تەمىنلەش سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلى

بۇ خىل قەرز پۇل مەخسۇس ئاساسىي قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان سودا كارخانىلىرى، بېزىلاردىكى ئۆي - ئىمارەتلەرنى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش شىركەتلىرى قاتارلىق ئورۇنلارنى ئېھتىياجلىق بولغان تۇراقسىز مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشكە ئىشلىتىلدى. قەرز پۇل تۈرلىرى نورما ئىچىدىكى قەرز پۇل ۋە نورمىدىن ئارتۇق قەرز پۇل دەپ ئايرىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئۇنى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلارغا قالدۇقنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى قىلىپ بۆلۈپ چۈشۈرۈپ بەردى. 1985 - يىل 7 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ ئۇقتۇرۇشى بويىچە بۇ پۇلنى نورما ئىچىدىكى ۋە نورمىدىن ئارتۇق قەرز پۇل دەپ ئايرىمايدىغان بولدى.

## 6. باشقا كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى

بۇ خىل قەرز پۇل قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالغان شىركەتلەر، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش تارماقلىرىنىڭ ماددىي ئەشيا تەمىنلەش سودا ئاپپاراتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قارمىقىدىكى رېمونت زاۋۇتلىرى، شۇنىڭدەك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مۇلازىمەت قىلىدىغان تەكشۈرۈپ لايىھىلەش ئورۇنلىرى ئېھتىياجلىق بولغان تۇراقسىز مەبلەغلەرگە (ئاساسىي قۇرۇلۇش ماددىي ئەشيا تەمىنلەش سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ئىشلىتىلىدىغان پۇل بولۇپ، 1985 - يىلى بىناكارلىق كەسپىنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىدا يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان تۇراقسىز مەبلەغ خاراكتېرىدىكى قەرز پۇل ئىدى. بۇ خىل قەرز پۇل كېچىكىپ يولغا قويۇلغانلىقتىن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى پەقەت قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسىغىلا بۇ خىل قەرز پۇلدىن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن بەردى.

## بىناكارلىق ساھەسىنىڭ ئالتە تۈرلۈك تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل جەدۋىلى

جەدۋەل: 7 ـ 9　　　　　　　　　　بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| بىناكارلىق ساھەسىنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى | 1985 ـ يىلدىكى بوغالتىرىيە ھېساب تۈرى نومۇرى | باشلانغان ھەم ئاخىرلاشقان يىلى | جەمئىي تارقىتىلغان پۇل | جەمئىي يىغىۋېلىنغىنى | 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىردىكى قەرز پۇل قالدۇقى | بۇنىڭ ئىچىدە: مۇددىتى ئۆتكىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1. بىناكارلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى | 412 | 1985_1984 | 26574.57 | 4559.58 | 22014.99 | |
| 2. بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ نورمىدىن ئارتۇق تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى | 4120 | 1985_1956 | 38397.48 | 32452.83 | 5944.65 | 457.69 |
| 3. پولات قېلىپ قەرز پۇلى | 4121 | 1985_1981 | 1903.02 | 709.12 | 1193.9 | 29.5 |
| 4. مەركەز دەرىجىلىك يەر ـ زېمىن تەرەققىياتى ۋە ئاۋار ئۆيلەر قەرز پۇلى | 414 | 1985 | 4028 | 870 | 3158 | 200 |
| 5. مەركەز دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ماددىي ئەشيا تەمىنلەش، سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلى | 416 | 1985 | 4829.6 | 897.1 | 3932.5 | 44.9 |
| 6. باشقا كارخانىلار تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى | 420 | 1985 | 120 | | 120 | |
| كىچىك جەمئىي | | | 75852.67 | 39488.63 | 36364.04 | 732.09 |

# 5 § . قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئىناۋەتلىك ھاۋالە ۋە ھاۋالە قەرز پۇلى

## 1. مەركەز دەرىجىلىك ھاۋالە قەرز پۇلى

1982 - يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى بىلەن بىرلىكتە ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ، 19 يەردىكى ئاددىي كىنوخانا قۇرۇلۇشىغا «يېزا بازارلىرىنىڭ ئاددىي‌كىنوخانا قەرز پۇلى» كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. 1983 - يىل 5 - ئايدا قۇرۇلۇش باش بانكىسى 1 مىليون 500 مىڭ يۈەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى كۆپەيتىپ بۇيرۇپ بەردى. ئالدىنقىسى بىلەن قوشۇپ قەرزپۇل كۆرسەتكۈچى جەمئىي 4 مىليون يۈەن بولدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ بويىچە 31 يېزا - بازار بۇ قەرز پۇل بىلەن ئاددىي كىنوخانىلارنى سالدى.

## 2. يەرلىك مالىيىنىڭ ھاۋالە قەرز پۇلى

يەرلىك مالىيىنىڭ ھاۋالە قەرز پۇلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) دەرىجىلىك دەپ ئىككى دەرىجىگە ئايرىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ھاۋالە قىلغان قەرز پۇل ئەسلىدە ئاپتونوم رايوندىكى يېنىك سانائەتنىڭ كىچىك تىپتىكى مەخسۇس تېخنىكا تەدبىرى قەرز پۇلى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرنى بىرلەشتۈرۈپ شەكىللەنگەن.

### (1) ئاپتونوم رايوننىڭ يېنىك سانائەت كىچىك تىپتىكى مەخسۇس تېخنىكا تەدبىرى قەرز پۇلى

1979 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاپتونوم رايوننىڭ ئاق ھاراق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىپ، بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، يەرلىك مالىيە كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون يېنىك سانائەتنىڭ كىچىك تىپتىكى مەخسۇس تېخنىكا تەدبىرى قەرز پۇلىنى تەسىس قىلدى ھەمدە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا قەرز پۇل تارقىتىش ۋە قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىش ئىشلىرىنى بېجىرىشنى ھاۋالە قىلدى. شۇ يىلى ئىلى ھاراق زاۋۇتى، غۇلجا ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتى، كۆنەس ناھىيىلىك ھاراق زاۋۇتى، قورغاس ھاراق زاۋۇتى، بىڭتۈەن 72 - تۈەن ھاراق زاۋۇتى، 129- تۈەن ھاراق زاۋۇتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ھاراق زاۋۇتلىرىغا 6 مىليون يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلىپ، زاۋۇتنى كېڭەيتىش ۋە ئۆسكۈنىلەرنى يېڭىلاشقا ئىشلىتىلدى. بۇ قۇرۇلۇشلار پۈتكەندىن كېيىن يىلىغا 4000 توننا ئاق ھاراقنى ئاشۇرۇپ ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى. بۇ قەرز پۇل مەبلىغى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيىدىن بۇيرۇپ بېرىلىپ، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىدا مەخسۇس ھېساب بويىچە ئامانەت قويۇلۇپ، ئاندىن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ ھاراق زاۋۇتى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ تارقىتىشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. 1980 - يىلى ۋە 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە، يېنىك سانائەت، قۇرۇلۇش بانكىسى ھاراق زاۋۇتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۈچ قېتىمغا بۆلۈپ يەنە 6 مىليون 180 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قوشۇپ بەردى. ھاراق زاۋۇتلىرىنىڭ كېڭەيتىپ قۇرۇش ۋە ئۆسكۈنە يېڭىلاش قۇرۇلۇشلىرى 1983 - يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ئارقا ـ ئارقىدىن پۈتۈپ، ئىشقا كىرىشتى. جەمئىي 12 مىليون 893 مىڭ 200 يۈەن قەرز پۇل چىقىم قىلىنىپ، يىلىغا يېڭىدىن 5000 توننا ئاق ھاراقنى ئارتۇق

ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە قەرز پۇل دىرى ۋە ئۈسۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرۇپ بولدى.

### (2) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش قەرز پۇلى

1980 - يىلى خام چوت ئىچىدىن پۇل بۆيرۈپ بېرىشنى قەرز پۇل بېرىش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش جەھەتتە تەجرىبە توپلاش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە زاپاس مالىيە كۆچى ئىچىدىن 12 مىليون يۈەن مەبلەغ ئاجرىتىپ، مەخسۇس ھېساب بويىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا ئامانەت قويۇپ قەرز پۇل فوندى قىلىپ، بۇنى تارقىتىشنى قۇرۇلۇش بانكىسىغا ھاۋالە قىلدى. شۇ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «1 - ئىيول» بۇياقچىلىق زاۋۇتى، جىمسار تامىيىلىك «سەنتەي» ھاراق زاۋۇتى، قورغاس شېكەر زاۋۇتى ۋە جىلىڭ تۇز مەيدانى بىلەن كېلىشىپ قۇرۇش، داۋاملاشتۇرۇپ قۇرۇش قەرز پۇل توختامىنى ئىمزالاپ، 6 مىليون 120 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. 1984 - يىلغىچە قەرز پۇل سوممىسى بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە قەرز پۇل فوندى قىلىش ئۈچۈن 5 مىليون يۈەن كۆپەيتىپ بۆيرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن قەرز پۇل فوندى جەمئىي 17 مىليون يۈەن بولدى. قورغاس شېكەر زاۋۇتىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇشى 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتتى. «سەنتەي» ھاراق زاۋۇتىنىڭ كېڭەيتىلگەن قۇرۇلۇشى 1982 - يىلى پۈتتى. «1- ئىيول» بۇياقچىلىق زاۋۇتىنىڭ كېڭەيتىلگەن قۇرۇلۇشى 1984 - يىلى تاماملاندى. 1985 - يىلى يەنە تۆت قەرز پۇل تۈرى تاللىنىپ، شۇ يىلى 11 مىليون 869 مىڭ 600 يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

1981 - يىلدىن باشلاپ، شىنجاڭدىكى 13 ۋىلايەت، ئوبلاست ، شەھەر (ئالتاي ۋىلايىتى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاست ۋە قاراماي شەھىرى بىجىرمىدى) نىڭ مالىيە تارماق دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىغا ئاساسىي قۇرۇلۇشلارغا سېلىنىدىغان مەبلەغنى قەرز بېرىش ۋە مەخسۇس ھاۋالە قەرز پۇلى بېرىشنى داۋاملىق ھاۋالە قىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرى قەرز پۇل قالدۇقى 26 مىليون 905 مىڭ 900 يۈەنگە يەتتى.

## 3. مالىيىدىن يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرىگە پۇل بۆيرۈپ بېرىشنى قەرز پۇل بېرىشكە ئۆزگەرتىش

1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى بىر قىسىم يېڭىلاش - ئۆزگەرتىش مەبلەغلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە مەبلەغ ھاۋالە شىركىتى قۇردى. بۇ شىركەت مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن مالىيە نازارىتى بىرلىكتە تەكشۈرۈپ بېكىتكەن قەرز پۇل تۈرلىرىگە تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز پۇل يەنى يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرى قەرز پۇلى تارقاتتى. كېيىن گوۋۇيۈەن بارلىق كىرىمدىن پائالىيىتىنى چوقۇم بانكا بىر تۇتاش بىجىرىشى كېرەك؛ ھەر قانداق جاي ۋە ئورۇنلار ئۆزلىرى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشقا، ئامانەت پۇل، قەرز پۇل كەسپلىرىنى بىجىرىشكە بولمايدۇ. ئۆزى بىلگەنچە قەرز پۇل ئېلىپ ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىشقا بولمايدۇ، شۇنداق قىلغانلار بولسا ئېنىقلاش كېرەك دەپ بەلگىلىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە مەبلەغ ھاۋالە شىركىتى 1982 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا يۇقىرىدىكى قەرز پۇللارنى تارقىتىش ۋە قايتۇرۇپ يىغىۋېلىش كەسپىنى ھاۋالە قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە مەبلەغ ھاۋالە شىركىتىنىڭ بارلىق قەرز پۇل فوندى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا بۆيرۈپ بېرىلىپ، مەخسۇس ھېسابقا ئامانەت قويۇلدى. مەبلەغنى باشقۇرۇش ۋە قەرز پۇل تۈرلىرىنى تاللاپ بېكىتىش، شۇنىڭدەك قەرز پۇل توختامىنى ئىمزالاش قاتارلىقلارنى يەنىلا مەزكۇر مەبلەغ ھاۋالە شىركىتى مەسئۇل بولۇپ باشقۇردى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى پەقەت توختامدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى مۇددەتتە بۆلۈپ تۆۋەنگە چۈشۈردى ۋە قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ يىغىۋالدى. 1982 -، 1983 - يىللىرى بۇ خىل قەرز پۇل ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك

مەبلەغ ھاۋالە قەرز پۇلى دەپ ئاتالدى. 1984 ـ يىلى ئۆزگەرتىلىپ مالىيىنىڭ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىر قەرز پۇلى دەپ ئاتالدى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 113 قەرز پۇل تۈرىنى ئۈستىگە ئېلىپ بېجىردى. قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ ھېسابتىن ئۆچۈرۈۋېتىلگىنى 57، قۇرۇلۇۋاتقان ۋە تېخى قەرز پۇلى قايتۇرۇلمىغانلىرى 56. 1982 ـ يىلى بېجىرىشكە باشلىغاندىن تارتىپ جەمئىي تارقىتىلغان قەرز پۇل 133 مىليون 151 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارمىقى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە بانكا ۋە بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىلار ئالدى بىلەن يەرلىك مالىيە ھاۋالە قىلغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇللارنى بېجىرىشنى قوبۇل قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە مەبلەغ ھاۋالە شىركىتىنىڭ قەرز پۇل چارىسى بويىچە ئىجرا قىلدى. 1985 ـ يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىمۇ بۇ خىل قەرز پۇل كەسپىنى بېجىردى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ جەمئىي 150 تۈرگە بۆلۈپ بېرىلگەن مالىيە ھاۋالە قىلغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرى پۇلىدىن 24 مىليون 546 مىڭ 900 يۈەننى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتتى.

## 4. مالىيە ھاۋالە قىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلى

1981 ـ يىلى قۇرۇلۇش شۆبەبانكىسى زىيالىي ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەدەت بېرىش قەرز پۇلى، ئاساسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئايىغىنى يىغىشتۇرۇش قەرز پۇلىنى تەسىس قىلدى. 1982 ـ يىلى كىچىك تىپتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى تەسىس قىلىندى. 1983 ـ يىلى كۆلەم ئىگىلىمەيدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى قەرز پۇلى تەسىس قىلىندى. 1984 ـ يىلدىن كېيىن يۇقىرىقى قەرز پۇللار بىرلەشتۈرۈلۈپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە ھاۋالە قىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلى دەپ ئاتالدى.

### (1) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك زىيالىي ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەدەت بېرىش قەرز پۇلى

1981 ـ يىل 5 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 5 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش پارچە ـ پۇرات قەرز پۇلىنى تەسىس قىلدى. قەرز پۇلنى تارقىتىشتا كۆرسەتكۈچ بويىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلار قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى جايلارغا بۆلۈپ چۈشۈرۈپ بەرگەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى دائىرىسى ئىچىدە تۈرلىرى ياخشىلىرىنى تاللاپ تارقىتىپ، قالدۇق سومما بويىچە تىزگىنلەپ، ئوبوروت قىلىپ ئىشلەتتى. 1981 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن يوليورۇق سوراپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش پارچە ـ پۇرات قەرز پۇلىنى تارقىتىشنى توختىتىپ، بۇ مەبلەغ بىلەن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك زىيالىي ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قەرز پۇلىنى يولغا قويۇپ، ئەسلىدە جايلارغا بۆلۈپ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلارغا چۈشۈرۈلگەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى يۆتكەپ زىيالىي ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەدەت بېرىش قەرز پۇلى قىلدى. قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىگە 1 مىليون 500 مىڭ يۈەننى قوشۇپ جەمئىي 6 مىليون 500 مىڭ يۈەن قىلدى.

**(2) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كىچىك تىپتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى**

1981 - يىل 10 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى جەلپ قىلغان ئامانەت پۇللاردىن پايدىلىنىپ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى ۋە مەبلەغ سېلىش خاراكتېرلىك كېمىنى تولۇقلاش قەرز پۇلنى يولغا قويدى. قەرز پۇل نورمىسىنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى جەلپ قىلغان ئامانەت پۇللارنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق مۆلچەر سانىنىڭ 25 پىرسەنتى ئەتراپىدا تەكشۈرۈپ بېكىتتى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى ئۆزلىرى ياخشىلىرىنى تاللاپ بۇ قەرز پۇلنى تارقاتتى. 1982 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى، ۋىلايەت، ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش بانكىلىرىغا جەمئىي تىزگىنلەش نورمىسىنى 10 مىليون يۈەن قىلىپ بېكىتىپ بەردى. 1983 - يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسى كىرىدىت كىرىم - چىقىم پىلانىنى تۈزۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىشنى ئۇقتۇردى ھەمدە تۈرلۈك مەبلەغ سېلىش خاراكتېرىدىكى نەق پۇللارنى بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش پىلانى ۋە دۆلەتنىڭ كىرىدىت كىرىم - چىقىم پىلانىغا كىرگۈزۈشنى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بۇ خىل كەسىپنى بېجىرىشنى توختاتتى. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرى تارقىتىلغان قەرز پۇللار ۋىلايەت، ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش بانكىلىرى يۇقىرىغا يوللىغان 12 - ئايدىكى بۇ خىل قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى بويىچە ئۆزگەرتىلىپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كىچىك تىپتىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش، يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى دەپ ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەرز پۇل تۈرلىرى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، كۆلەم ئىگىلىمەيدىغان قەرز پۇللار (كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىش قەرز پۇلى) بىرلەشتۈرۈلۈپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئوبوروت قەرز پۇلى قىلىندى. 1985- يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە ھاۋالە قىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلىغا قوشۇۋېتىلدى.

**(3) كۆلەم ئىگىلىمەيدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى قەرز پۇلى**

1983 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 10 مىليون يۈەن قەرز پۇل فوندى توپلاپ، كۆلەم ئىگىلىمەيدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە قەرز پۇل بېرىشنى يولغا قويدى. بۇ خىل قەرز پۇلنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى كۆرسەتكۈچ بويىچە باشقۇردى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلار شۆبە بانكا بۆلەكلەر بويىچە بۆلۈپ چۈشۈرگەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى دائىرىسى ئىچىدە ئۆزلىرى ياخشىلىرىنى تاللاپ تارقاتتى. قەرز پۇل ئاساسەن دۆلەت بەلگىلىمىسىدە مەبلەغ سېلىش پىلانىغا كىرگۈزمىسىمۇ بولىدىغان پارچە - پۇرات، جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە؛ 1982 - يىلدىن قالغان ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك تۈرلەرنىڭ ماتېرىياللىرى تولۇق بولۇپ، پەقەت 50 مىڭ يۈەندىن ئازراق مەبلەغ بولسىلا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىپ ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغان تۈرلەرگە؛ ناھىيە باشقۇرغان كارخانىلارنىڭ كىچىك ئۆزگەرتىش، كىچىك ئىسلاھ قىلىنغان، پەقەت 50 مىڭ يۈەن ئىچىدىكى مەبلەغ بولسىلا بىر قەدەر ياخشى ئۈنۈم كۆرگىلى بولىدىغان تۈرلەرگە ئىشلىتىلدى. قەرز پۇل مۇددىتى بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە بولدى. شۇ يىلى 6 مىليون 73 مىڭ 100 يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1984- يىلىنىڭ بېشىدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى كۆلەم ئىگىلىمەيدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرى قەرز پۇلى بىلەن زىيالىي ياشلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەدەت بېرىش قەرز پۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەدەت بېرىش قەرز پۇلى دەپ ئاتىدى.

**(4) ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ئايغىنى يىغىشتۇرۇش قەرز پۇلى**

1981 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئايغىنى يىغىشتۇرۇشقا مەدەت بېرىپ، قۇرۇلۇشلارنى بۇرۇنراق ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈش ئۈچۈن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1 مىليون يۈەن مەبلەغ توپلاپ،

ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ئايغىنى يىغىشتۇرۇش قەرز پۇلىنى تەسىس قىلدى. قەرز پۇل مۇددىتى بىر يىلدىن قىسقا بولۇپ، ئۆسۈمى يىل بويىچە ھېسابلاپ يىغىۋېلىندى. 1981 ـ 1982 ـ يىللىرى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مىچۇەن قەغەز زاۋۇتى قاتارلىق ئايغىنى يىغىشتۇرىدىغان قۇرۇلۇشلارغا 271 مىڭ 200 يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ بۇ خىل قەرز پۇل قايتا تارقىتىلمىدى. 1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئوبوروت قەرز پۇلى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1985 ـ يىلى ئۆزگەرتىلىپ ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ھاۋالە قىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلى دەپ ئاتالدى. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئالتاي ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى 1982 ـ يىلى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىسى 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ چارىسىگە سېلىشتۇرۇپ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) دەرىجىلىك ھاۋالە قىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلىنى بېجىردى.

## 5. ئاپتونوم رايون ھاۋالە قىلغان تاۋار ئۆيلەر قەرز پۇلى

1981 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقى بىلەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 3 مىليون يۈەن قەرز پۇل فوندى توپلاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاۋار ئۆيلەر قەرز پۇلىنى تەسىس قىلىپ، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسىدا سىناق تەرىقىسىدە بېجىردى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىر تۇتاش قۇرۇلۇش قىلىش ئىشخانىسى 3 مىليون يۈەنلىك ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇش كۆلىمى بويىچە قۇرۇلۇش قىلىدىغان ئورۇن، قۇرۇلۇش پىلان ۋە لايىھە چېرتيوژىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئولتۇراق ئۆي بىناكارلىق شىركىتىگە قۇرۇلۇشنى ئىشلەشنى ھۆددىگە بەردى. ئىش مۇددىتى، مەبلەغ، سۈپەتتىن ئىبارەت ئۈچنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇ تۈركۈمدىكى ئولتۇراق ئۆيلەر قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن شەھەرلىك قۇرۇلۇشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىشخانىسى سېتىپ يىغىۋالغان پۇلنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قەرز پۇلىنى قايتۇرۇشقا ئىشلەتتى. قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلدى. شەھەرلىك ئولتۇراق ئۆيلەر قۇرۇلۇشنى بىر تۇتاش باشقۇرۇش ئىشخانىسى 1981 ـ يىلى ۋە 1982 ـ يىلى ئىككى قېتىم 3 مىليون يۈەنلىك قۇرۇلۇش كۆلىمى بويىچە 30 مىڭ كۋادرات مېتىردىن كۆپرەك تاۋار ئۆي قۇرۇلۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جەمئىي 6 مىليون 50 مىڭ 200 يۈەن تاۋار ئۆي قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 16 كورپۇسلۇق، 560 يۈرۈش، 31 مىڭ 862 كۋادرات مېتىرلىق تاۋار ئولتۇراق ئۆي بىناسى سېلىندى. قەرز پۇل 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۈرۈمچى شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسىغا پۈتۈنلەي قايتۇرۇپ بولۇندى.

1984 ـ يىل 3 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى بىلەن بىرلىكتە قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىسىغا قايتىدىن 4 مىليون يۈەنلىك تاۋار ئۆي قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى. 12 ـ ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئىككى قېتىمغا بۆلۈپ 6 مىليون يۈەنلىك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى كۆپەيتىپ بۇيرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى جەمئىي 10 مىليون يۈەنگە يەتتى. شۇ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەنە سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىغا جايلارغا بۆلۈپ چۈشۈرۈلگەن 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك تاۋار ئۆي قەرز پۇلى كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈردى. بۇ كۆرسەتكۈچنى مەركىزىي تارماق بانكا سانجى شەھەر تەرەققىياتى شىركىتىگە قەرز بەردى. بۇ قېتىمقى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلىپ، قالدۇق سومما بويىچە تىزگىنلەندى.

1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ تاۋار ئۆي قەرز پۇلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ھاۋالە قىلغان تاۋار ئۆي قەرز پۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋە سانجى ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش بانكىسى قەرز پۇلنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن داۋاملىق ئوبوروت قىلىپ ئىشلەتتى.

## 6. يەرلىك دەرىجىلىك باشقا ھاۋالە قەرز پۇللار

(1) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باشقا ھاۋالە قەرز پۇللار. 1982 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ، كۇچا ناھىيىسىدە تۇرغۇزۇلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتى سۇ ئېلېكتر 2 - باشقارمىسىغا 300 مىڭ يۈەن ھاۋالە قەرز پۇلى تارقاتتى. 1985 - يىلى باشقا تارماقلارنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ شىنجاڭدىكى ئون ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردە 46 ئورۇنغا ھاۋالە قەرز پۇلى بېرىلدى.

(2) ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) دەرىجىلىك ھاۋالە قەرز پۇللار. 1981 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىتلىكى تارماق بانكىسى جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىتلىك قوماندانلىق شتابىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ، پوسكام ناھىيىلىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىغا 900 مىڭ يۈەن ھاۋالە قەرز پۇلى تارقاتتى. 1983 - يىلى قەشقەر، چۆچەك، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇش بانكىلىرى بۇ كەسىپنى قانات يايدۇردى. 1985 - يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، خوتەن ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، ئالتاي ۋىلايىتى ۋە قاراماي شەھىرىدىكى قۇرۇلۇش بانكىلىرى شۇنىڭدەك قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شەرقىي شىنجاڭ نېفىتلىكىدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىمۇ ئارقا - ئارقىدىن بۇ قەرز پۇل كەسىپنى قانات يايدۇردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي 61 مىليون 202 مىڭ 800 يۈەن ھاۋالە قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، جەمئىي 25 مىليون 862 مىڭ 200 يۈەن يىغىۋېلىندى. قەرز پۇل قالدۇقى 35 مىليون 340 مىڭ 600 يۈەن بولدى.

## 7. باشقا قەرز پۇللار

بۇ يۇقىرىدىكى تۈرلۈك ھاۋالە قەرز پۇل تۈرلىرىگە كىرگۈزۈلمىگەن، دەرىجىسى بويىچە ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇش قەرز پۇل تۈرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن باشقا قەرز پۇللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىككى تۈرلۈك قەرز پۇل 1985 - يىلى بېجىرىلىشكە باشلانغان بولۇپ، جەمئىي 20 مىليون 223 مىڭ 700 يۈەن تارقىتىلىپ، جەمئىي 7 مىليون 630 مىڭ 500 يۈەن يىغىۋېلىندى. 1985 - يىلدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 12 مىليون 593 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

## 8. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئىناۋەتلىك ھاۋالە قەرز پۇلى

قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئىناۋەتلىك ھاۋالە مەبلەغ ئامانەت پۇلى كۆپەيگەن ئەھۋال ئاستىدا، 1984 - يىلى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىناۋەتلىك ھاۋالە قەرز پۇلىنى بېجىرىشكە باشلىدى.

1985 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلىرى، نېفىتلىك كەسپىي شۆبە بانكىسى، تۆمۈر يول تارماق بانكىسى ۋە جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىتلىكى تارماق بانكىلىرى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك ئىناۋەتلىك ھاۋالە قەرز پۇللارنى بېجىرىشكە باشلىدى. قەرز پۇل نورمىسىنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى باش بانكىغا يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن تەقسىم قىلدى. ئادەتتە ئالدىنقى يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئىناۋەتلىك ھاۋالە ئامانەت پۇل قالدۇقىنىڭ 20 - 25 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمىدى. قەرز پۇل كۆلەم ئىگىلىمەيدىغان قۇرۇلۇشلار ئاساس قىلىپ بېرىلدى. ئايرىملىرى كۆلەم ئىگىلىسىمۇ مۇناسىپ تۇراقلىق مۈلۈك مەبلەغ پىلانىغا كىرگۈزۈلدى.

## 9. خەلق بانكىسى ھاۋالە قەرز پۇلى

1985 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسى مەملىكەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانى ئىچىدە بەزى ئالاھىدە ئىشلارغا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس قەرز پۇللارغا مەبلەغنى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايونلارنىڭ تەرەققىيات خاراكتېرلىك قەرز پۇلى، نورمىلىق تاشقى پېرېۋوت سېتىۋالىدىغان خەلق پۇلى مەخسۇس قەرز پۇلى، يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات قەرز پۇلى ۋە كونا ئىنقىلابىي رايون، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، نامرات، چەت - ياقا رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قەرز پۇلى قاتارلىقلار بار. قەرز پۇل مۇددىتى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولۇپ، ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ بەش يىلدىن ئېشىپ كەتمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1- خىلدىن 3- خىلغىچە بولغان قەرز پۇللارغا تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاندى. 4 - خىل قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 3‰ بويىچە ھېسابلاندى. قۇرۇلۇش بانكىسى پەسىل بويىچە ئۆسۈمنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، 2 - كۈنى خەلق بانكىسىغا تاپشۇردى. 1985 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى يەنە ئېچىش خاراكتېرلىك تۆۋەن ئۆسۈملۈك ئىككى قەرز پۇل تۈرىنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا ھاۋالە قىلدى. 1 مىليون 890 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

### ئۈچ ئىككى تۈرلۈك ھاۋالە قەرز پۇل جەدۋىلى

جەدۋەل: 7 - 10        بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| ھاۋالە قەرز پۇل تۈرلىرى | 1985-يىلى ئىجرا قىلىنغان بوغالتىرلىق ھېساب تۈرى نومۇرى | باشلانغان ھەم ئاخىرلاشقان يىلى | جەمئىي تارقىتىلغىنى | جەمئىي يىغىۋېلىنغىنى | 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى | بۇنىڭ ئىچىدە: مۇددىتىدىن ئۆتۈپ كەتكىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1. مەركەز دەرىجىلىك ھاۋالە قەرز پۇل | 452 | 1985_1982 | 379.8 | 16.5 | 363.3 | |
| 2. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە ھاۋالە قەرز پۇل | 454 | 1985_1979 | 4409.94 | 2249.58 | 2160.36 | |
| 3. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) دەرىجىلىك مالىيە ھاۋالە قەرز پۇل | 4544 | 1985_1981 | 3468.24 | 777.65 | 2690.59 | 51.12 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 4. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە پېشلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرىگە بۇيرۇپ بەرگەن پۇلنى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىكنى | 4540 | 1985-1982 | 13315.13 | 4473.08 | 8842.05 | 335.15 |
| 5. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مالىيە پېشلاش، ئۆزگەرتىش تەدبىرىگە بۇيرۇپ بەرگەن پۇلنى قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىكنى | 4545 | 1985-1981 | 2454.69 | 1113.1 | 1341.59 | 66.99 |
| 6. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ھاۋالە قىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلى | 4541 | 1985-1981 | 4613.2 | 2696.21 | 1916.99 | 87.97 |
| 7. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مالىيە ھاۋالە قىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش قەرز پۇلى | 4546 | 1985-1982 | 35.5 | 29.1 | 6.4 | |
| 8. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ھاۋالە قىلغان ئاۋار ئۆي قەرز پۇلى | 4543 | 1985-1981 | 2432.61 | 1305.02 | 1127.59 | |
| 9. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك باشقا ھاۋالە قەرز پۇللار | 456 | 1985-1982 | 2841.24 | 70.1 | 2771.14 | |
| 10. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك | 4560 | 1985-1981 | 6120.28 | 2586.22 | 3534.06 | |
| 11. ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا قەرز پۇللىرى | 4542 | 1985 | 1489.86 | 368.07 | 1121.79 | 5.2 |
| 12. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ باشقا قەرز پۇللىرى | 4547 | 1985 | 532.51 | 394.98 | 137.53 | |
| كىچىك جەمئىي | | | 42093 | 16079.61 | 26013.39 | 546.43 |

### ئىناۋەتلىك ھاۋالە قەرز پۇل جەدۋىلى

جەدۋەل: 7 ـ 11    بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| قۇرۇلۇش بانكىسى ئىناۋەتلىك ھاۋالە قەرز پۇلى | 1985 ـ يىلدىكى بۇغالتىرلىق ھېساب تۈرى نومۇرى | باشلانغان، ئاخىرلاشقان يىلى | جەمئىي تارقىتىلغىنى | جەمئىي يىغىلغىنى | 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى | بۇنىڭ ئىچىدە: مۇددىتى ئۆتكىنى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1. ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىناۋەتلىك ھاۋالە قەرز پۇلى | 462_03 | 1985_1984 | 6734.72 | 4993.07 | 1741.65 | |
| ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيە دەرىجىلىك ئىناۋەتلىك ھاۋالە قەرز پۇلى | 462_04 | 1985 | 4925.4 | 2674.11 | 2251.29 | 96.76 |
| كىچىك جەمئىي | | | 11660.12 | 7667.18 | 3992.94 | 96.76 |

## § 6 . راسچوت قەرز پۇلى ۋە ۋاقىتلىق ئوبوروت قەرز پۇلى

### 1 . ئاساسىي قۇرۇلۇش راسچوت قەرز پۇلى

ئاساسىي قۇرۇلۇش راسچوت قەرز پۇلى — قۇرۇلۇش بانكىسى مەركەز، يەرلىك، دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى ۋە يەرلىك زاپاس مالىيە كۈچى بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى كۆتۈرە ئالغان بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىغا تارقىتىپ بەرگەن بىر قېتىملىق راسچوت قىلىش قەرز پۇلىنى كۆرسىتىدۇ. قەرز پۇل دەرىجىسى كۆتۈرە ئالغان تۈرلەرنىڭ مەبلەغ دەرىجىسى بويىچە مەركەز، ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) دىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ. 1985 ـ يىلى پەقەت قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئالتاي مەركىزىي تارماق بانكىسى ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىكىتۈەنى 10 ـ شى 187 ـ تۈەن بىناكارلىق شىركىتىگىلا 400 مىڭ يۈەن راسچوت قەرز پۇلى بېرىپ، يىل ئاخىرىدىن بۇرۇن قايتۇرۇپ يىغىۋالدى. باشقا بېجىرگۈچى بانكىلاردا بېجىرىلمىدى.

## 2. ۋاقىتلىق ئوبوروت قەرز پۇلى

1984 ـ يىل 6 ـ ئايدا قۇرۇلۇش باش بانكىسى تارقاتقان «ۋاقىتلىق ئوبوروت قەرز پۇلى چارىسى» دا ئومۇمەن مەبلەغنى كۆتۈرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش رەسمىي بېكىتىلگەن دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ قۇرۇلۇش سۈرئىتى تېزلىتىلگەن ھەم ماددىي ئەشيالىرى كاپالەتلىك بولغان بولسا، بىراق يىللىق سېلىنغان مەبلىغى يېتىشمىسە، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى قۇرۇلۇش بانكىسىدىن ۋاقىتلىق ئوبوروت قىلىنىدىغان قەرز پۇلى ئېلىپ، كېيىنكى يىللىق مەبلەغ بىلەن قايتۇرسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە قۇرۇلۇش بانكىسى بېجىرگەن تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى ئۆزلىرى ھازىرلىغان مەبلەغنى ئاجرىتىۋېلىش ۋاقتى بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ سۈرئەت ئېھتىياجى ئۇيغۇن بولمىغانلىقتىن مەبلەغ ئوبوروتىدا قىيىنچىلىق بولغاندا قۇرۇلۇش بانكىسىدىن ۋاقىتلىق ئوبوروت قەرز پۇلى ئالسا بولىدۇ، قەرز پۇل مۇددىتى ئادەتتە بىر يىل بولىدۇ. ئۇنى قەرز ئالغۇچى ئورۇن ئۆزلىرىدىكى بار مەبلەغ بىلەن قايتۇرسا بولىدۇ دەپ بەلگىلىمە چىقىرىلدى. ئۇندىن باشقا ئۇنىۋېرسال تەرەققىيات شىركەتلىرى تەستىق ئارقىلىق سالغان تاۋار ئۆيلەرنىڭ ئوبوروت مەبلىغى يېتىشمىگەندە، ئۇلارمۇ قۇرۇلۇش بانكىسىدىن ۋاقىتلىق ئوبوروت قىلىنىدىغان قەرز پۇلنى ئالسا بولىدۇ. قەرز پۇل مۇددىتى ئادەتتە ئىككى يىلدىن ئاشمىدى. ئۇنى قەرز ئالغۇچى ئورۇنلار يىغىۋالغان باھا پۇل بىلەن قايتۇردى. 1984 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋە ئۇنىڭ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك ئون مەركىزىي تارماق بانكىسى 41 ئورۇنغا 76 مىليون 802 مىڭ 600 يۈەن ۋاقىتلىق ئوبوروت قەرز پۇلى تارقاتتى. بۇنىڭدىن جەمئىي 41 مىليون 950 مىڭ 900 يۈەن يىغىۋېلىندى. 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 34 مىليون 851 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

# V باب بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش

## § 1 . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

1954 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار (يەنى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى، تۆۋەندىكىلەرمۇ ئوخشاش) نىڭ مالىيىسىنى نازارەت قىلىشنى يولغا قويۇپ، پىلان بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا قىسقا مۇددەتلىك ئوبوروت مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىپ، قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىشنى بىجىرىشكە باشلىدى. كارخانىلارنىڭ بارلىق مالىيە كىرىم - چىقىملىرىنى ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى باشقۇردى. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇش سۆرئىتى بويىچە قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش ۋە قۇرۇلۇش خام (نەق) چوتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ 1957 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ 31 - قېتىملىق بانكا ئىشلىرى يىغىنىدا، شۆبە بانكىنىڭ پۇل بۆيرۇپ بېرىش 3 - بۆلۈمى ئىچىدە بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىپ (9 - ئايدىن كېيىن بۇ گۇرۇپپا پۇل بۆيرۇپ بېرىش 2 - بۆلۈمىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى)، ئاساسلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ ئىشلىتىشى ۋە قۇرۇلۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە نازارەتچىلىك قىلىشنى قارار قىلدى.

1960 - يىلى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنى ئۆز ئۆزاقسىز مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش شەكلىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ (ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىكىتمىسى قۇرۇلۇش 1 - شىمى بۇنىڭ سىرتىدا) چوڭ ئۆزاقسىز مەبلەغ تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئۆز ئۆزاقسىز مەبلىغى جەھەتتە مالىيىدىن بۆيرۇپ بېرىلگەن پۇلدىن باشقا پەسىل خاراكتېرلىك نورمىدىن ئاشۇرۇپ جۇغلىغان زاپاسنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىغا قۇرۇلۇش بانكىسى قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل بەردى. ئۆز ئۆزاقسىز مەبلەغدىن باشقا مەبلەغلەر بەلگىلىمە بويىچە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن ئېلىنىدى. قۇرۇلۇش باش بانكىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى كۆپ ساندىكى ئۆزاقسىز مەبلەغنى ئاجرىتىپ قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كرېدىت فوندى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مالىيە پائالىيىتى ئەھۋالىنى سىستېمىلىق ئىگىلەپ، مالىيە نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلىرىنىڭ مالىيە خىزمىتىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇرۇلۇش بانكىسى مالىيە فۇنكسىيىسىنى ۋاكالىتەن يولغا قويۇپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانى، مالىيە ھەقچوتىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، قۇرۇلۇش تەننەرخىنى تەكشۈرۈش، كارخانىلارنىڭ پايدا - زىيىنىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، پايدا ۋە ئامورتىزاتسىيىسىنى تاپشۇرۇشقا نازارەتچىلىك قىلىش، ئۆزاقسىز مەبلەغلەرنى تەكشۈرۈپ بۆيرۇپ بېرىش، ئۆزاقسىز مەبلەغ قەرز پۇللىرىنى تارقىتىش قاتارلىق ئىشلارنى

ئومۇمىيۈزلۈك باشقۇردى.

1972 - يىل 8 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپپاراتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشنى ئىرىشىپ كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ھەمكارلاشتى. 1979 - يىل 4 - ئايدا قۇرۇلۇش باش بانكىسى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مالىيە خىزمىتىنى باشقۇرۇشتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ خام چوتى ۋە مالىيىسىنى باشقۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بىناكارلىق ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىشنى بىجىرىش دەپ بەلگىلىدى.

1980 - يىلى ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى كېڭەيتىشتىكى مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمە»نى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. 1982 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ياردەملەشتى. 1983 - يىلى بەزىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار بىرىنچى قەدەمدە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش لايىھەسىنى يولغا قويدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارغا ھەمكارلىشىپ قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سالدى، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىغا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇپ ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇشقا ھەمكارلاشتى. 1984 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەن تارقاتقان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەننەرخىنى باشقۇرۇش نىزامى» بويىچە مۇستەقىل ھېسابات قىلىشنى يولغا قويغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تەننەرخىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»ۋە «بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىنى ھۆددىگە ئېلىش توختام نىزامى» ئىزچىل ئىجرا قىلىنغاندىن كېيىن، «يۈز يۈەن مەھسۇلات قىممىتىدىكى ئىش ھەققى ھۆددىگەرلىكى» چارىسى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. ئىككىنچى قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندا، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ۋە قىسمەن ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەردىكى كارخانىلاردا چولڭ تۇراقسىز مەبلەغ تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى قارمىقىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئۆز تۇراقسىز مەبلىغىمۇ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1985 - يىلى قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشتىكى خىزمەت ۋەزىپىسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغىنى باشقۇرۇش، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن بىرلىكتە بىناكارلىق ئىقتىسادىنى باشقۇرۇش، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىش بولدى. شۇڭا، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى تۈزۈپ، تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنى باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

بىناكارلىق كەسپى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش داۋامىدا ئاپتونوم رايوندىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار تەرەققىي قىلىپ، شەھەر، يېزىلار

قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم بىر كۈچكە ئايلاندى. قۇرۇلۇش بانكىسى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى بىناكارلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن مەدەت بېرىپ، 1976 - يىلى ۋە 1984 - يىل ئىككى قېتىم «كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمى» نى تۈزۈپ چىقىپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ھېساباتى ۋە مالىيە باشقۇرۇشىنى كۈچەيتتى. 1984 - يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار تەرەققىي قىلىپ 1534 كە، ئىشچى - خىزمەتچىسى 140 مىڭدىن كۆپرەككە يەتتى. بىناكارلىق بازىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ 12 ئۆلكە، شەھەردىن 100 مىڭ كىشىلىك قۇرۇلۇش ئەترىتى شىنجاڭغا كىرىپ، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار رىقابەت ۋە خادىم، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق شەھەر - يېزىلاردىكى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى بىناكارلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇش خىزمەت دائىرىسى بۇرۇنقى پەقەت دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مالىيىسىنىلا باشقۇرۇشتىن تەرەققىي قىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار شۇنىڭدەك پۈتكۈل بىناكارلىق ساھەسىنىڭ مالىيىسىنى باشقۇرۇشقا كېڭەيدى.

## 2 § . قۇرۇلۇش تەننەرخىنى نازارەت قىلىپ تۆۋەنلىتىش

1952 - يىلى نەقلىيات بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك تارماق بانكىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك بىناكارلىق شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ «5109» قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەش جەريانىدا ئىش ھالقىلىرىنى قىسقارتىپ، ماتېرىيال ئوغرىلاش، ھۆددىگەرلىك توختامىغا خىلاپلىق قىلىش، قۇرۇلۇش تەننەرخىنى قالايمىقان چىچىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەكشۈردى ھەم تۈزەتتى، ئالدى بىلەن تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش، ئاندىن كېيىن قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى تەكشۈرۈپ راسچوت قىلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلىدى.

1953 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئۆز تۇراقسىز مەبلىغى مالىيىدىن تەكشۈرۈپ يۈرۈپ بېرىلىدىغان بولدى. ئۆز تۇراقسىز مەبلەغدىن باشقا مەبلەغ ماتېرىيال تەييارلاش كۈن سانى ۋە شۇ يىلى ھۆددىگە ئالغان بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارىنىڭ 20 پىرسەنتى بويىچە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن قۇرۇلۇشقا ماتېرىيال تەييارلاش پۇلى ھېسابىدا ئېلىنىدى. بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارى ۋە ئالدىن مۆلچەرلەنگەن قۇرۇلۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش كۆرسەتكۈچى بويىچە تۆۋەنلىتىلگەن قۇرۇلۇش تەننەرخى ۋە پايدا پىلانى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. ھۆددىگە بېرىلگەن قۇرۇلۇش (يەنى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ) قانۇنىي پايدا كۆرسەتكۈچى %2.5 بولدى.

1975 - يىلى ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمى چوڭىيىپ، ئىش مۇددىتى قىسقاردى. بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ، بىر تەرەپتىن لايىھەلەش، بىر تەرەپتىن قۇرۇلۇش قىلىندى؛ قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئۈسكۈنە ماتېرىياللارنى كۆپ ھەم بالدۇر سېتىۋالغانلىقتىن، ئەمگەك كۈچى شىددەت بىلەن كۆپىيىپ، باشقۇرۇش قالايمىقانلىشىپ، ئىشنىلا قوغلىشىش ھادىسىلىرى ئېغىر بولدى. ھەتتا بەزى كارخانىلار پەقەت سۈرئەتنىلا

قوغلىشىپ، تەننەرخ بىلەن ھېسابلاشمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەبلەغنى كەڭ كۆلەمدە ھۆددىگە بېرىشنى يولغا قويۇش جەريانىدا، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ پىلان، ماتېرىيال، تەننەرخ، سۈپەت، بىخەتەرلىك قاتارلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى ئاساسىي قاتلاملارغا چۈشۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش ئاممىۋى باشقۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىپ، زۆرۈر بولغان كەسپىي جەھەتتە باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ھېسابات ۋە نازارەتچىلىك بىكار بولۇپ كېتەي دەپ قالدى. بۇ مەزگىلدە قۇرۇلۇش بانكىسىمۇ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇۋېتىپ، پۇل ئالىمەنلا دېسە بېرىۋەردى. 1960 - يىلى ئىلگىرىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مالىيىسىنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىپ، مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانىدىن تارتىپ مالىيە نەقچوتىغىچە ھەممىسىنى قۇرۇلۇش بانكىسى ھەر دەرىجىلىك مالىيىگە ۋاكالىتەن بىر تۇتاش تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى رەسمىي بېكىتتى.

1961 - يىلى خەلق ئىگىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك تەڭشىلىپ، ئاپتونوم رايون ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى قىسقارتقانلىقتىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى جىددىيلىشىپ كەتتى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى ئېنىقلاش، ئىسكىلاتنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت «ئۈچنى ئېنىقلاش» خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا پائال ھەمكارلىشىپ، بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيالارنى بىر تەرەپ قىلدى ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلاندى. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار بىلەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئۆز ئارا ئارقىغا سۈرەپ كېلىۋاتقان ئېلىم - بېرىم پۇللار ۋە پۈتكەن قۇرۇلۇش پۇللىرىنى ئېنىقلاپ چىقتى. قۇرۇلۇش باھا پۇللىرىنى ئېنىقلاپ راسچوت قىلىش جەريانىدا، باھا پەرقى، مىقدار پەرقى، شۇنىڭدەك نورما، خىراجەت قاتارلىق مەسىلىلەر مۇۋاپىق ھەل قىلىنىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار بېسىپ قويغان 41 مىليون 930 مىڭ يۈەنلىك ئۈسكۈنە ۋە ماتېرىيال بىر تەرەپ قىلىندى. ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى، قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى ئالدىن ئېلىش ۋە راسچوت قىلىش چارىسى يەنىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ئۈسكۈنە - ماتېرىيال، ماشىنا تارقىتىش قاتارلىقلارغا پۇل ئىشلىتىش تۈزۈمى ياخشىلاندى. 1962 - يىلى ئاپتونوم رايون 123 قۇرۇلۇشنى توختىتىپ كېچىكتۈرۈشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ۋەزىپىسى قىسقىراپ، ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئىخچاملاپ 33 مىڭ 875 كىشىنى قىسقارتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىمۇ مۇناسىپ ھالدا 4 مىليون 320 مىڭ يۈەن قىسقارتىلىپ، ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان 13 مىليون 460 مىڭ يۈەن قۇرۇلۇش پۇلى قەرزى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىندى. قۇرۇلۇش بانكىسى قۇرۇلۇش پۇلىنى ھەر ئون كۈنگە بۆلۈپ ئالدىن چىقىم قىلىش ئاي بويىچە راسچوت قىلىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، ئالدىن ئېلىنىدىغان قۇرۇلۇشقا ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلىنىڭ نورمىسىنى تەڭشەپ 20% تۆۋەنلەتتى ھەم قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك توختامىنى ئىجرا قىلىشقا نازارەتچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە مۇۋاپىق بولمىغان خام چوت نورمىسى ۋە ماتېرىياللار خام چوت باھاسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئاساسىي قۇرۇلۇش پۈتۈش باھاسىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى ۋە تۆۋەنلەتتى.

1963 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئۆز قارىمىقىدىكى ئاپپاراتلاردىن مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ خىراجەتنى تېجەش ھەرىكىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا قۇرۇلۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ۋە زىياننى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى، تىپلار تۇتۇلۇپ، زىيان تارتىش سەۋەبلىرى تېپىپ چىقىلىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تورلۇك قائىدە - تۈزۈملىرىنى

تۇرغۇزۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ياردەم بېرىلدى، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر تەھلىل قىلىنىپ، كارخانىلارنىڭ نورمال ئىشلىشىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار كىرىم - چىقىمنى ئۆز ئارا تۇتال قىلىپ، يۇقىرىغا 600 مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇردى، قۇرۇلۇش تەننەرخى %5.82 تۆۋەنلىتىلدى. 1964 - يىلى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى مەخسۇس خادىملارنى سەپلەپ قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ خادىملارنى، نورمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ھېسابات مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى يەنىمۇ ياخشىلىشقا ياردەملەشتى.

1965 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۆلچىمى، ماتېرىياللارنىڭ خام چوت باھاسى، ترانسپورت خىراجىتى، خىراجەت ئېلىش ئۆلچىمى قاتارلىق جەھەتلەرنى سىستېمىلىق تەكشۈردى. ۋاستىلىق خىراجەتلەر بىۋاستە خىراجەتكە ئەگىشىپ ئۆرلەپ كېتىدىغان نامۇۋاپىق ئامىللارغا قارىتا، ئاساسىي ئىش ھەققى بويىچە ۋاقىتلىق خىراجەتلەرنى ھېسابلاپ ئېلىش چارىسىنى بېكىتىشكە قاتناشتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئالدىن ئېلىنىدىغان ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلىنى بۇيرۇپ بېرىش شەكلىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئوخشىمىغان قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ۋە ماددىي ئەشيالارنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇنلاشتۇردى. بەزى تارماق بانكىلار يەنە «قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە بېرىش» نى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش داۋامىدا ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنى ئاجرىتىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا بېرىپ، ھەممە تەرەپ باشقۇرۇش ھادىسىسىنى ئۆزگەرتتى.

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتى بەزىدە بىكار قىلىندى بەزىدە بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. تۈرلۈك ئۈنۈملۈك مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈملىرى بىكار قىلىۋېتىلىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇشى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. 1969 - يىلى «خۇئىيەنچى» ئېلېكتر ئىستانسىسى ئورغۇنلىغان ئۈسكۈنىلەرنى نەق مەيدانغا دۈۋىلەپ قويغانلىقتىن قوراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يۈكسەلمىدى. «ئوكتەبىر» تراكتور زاۋۇتى قويمىچىلىق سېخىنىڭ قۇرۇلۇشىدا، ئالدىنقى يېرىم يىللىق قۇرۇلۇش ئىشلەش سۈرئىتى جەھەتتە پەقەت شۇ يىللىق ۋەزىپىنىڭ ئاران يەتتە پىرسەنتىلا ئورۇندىيالىدى. ئاپتونوم رايونلۇق 2 - بىناكارلىق قۇرۇلۇش شىركىتى بانكا نورمىدىن ئاشۇرۇپ بەرگەن ماتېرىيال ھازىرلاش قەرز پۇلىدىن 2 مىليون 136 مىڭ يۈەننى يۆتكەپ ئىشلىتىپ ئىش ھەققى تارقاتقانلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كېتىپ يىلمۇ - يىل زىيان تارتتى. ئاپتونوم رايوندىكى يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ بىناكارلىق قوراشتۇرۇش قۇرۇلۇش تەننەرخى ئۆرلەپ، يىللىق ئوتتۇرىچە خام چوت تەننەرخى 66 مىليون 680 مىڭ يۈەن (سانائەت، قاتناش ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)، ئوتتۇرىچە ئەمەلىي تەننەرخى 74 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، خام چوتتىكى تەننەرخىدىن %11.1 ئېشىپ كەتكەن. ئون يىلدا جەمئىي 103 مىليون 880 مىڭ يۈەن زىيان تارتقان. بۇنىڭ ئىچىدە 1973 - يىلى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىش دائىرىسى %80 كە يېتىپ، 15 مىليون 380 مىڭ يۈەن زىيان تارتقان. 1974 - يىلى زىيان تارتىش دائىرىسى %90 كە، زىيان سوممىسى 10 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1976 - يىلدىكى زىيان سوممىسى 27 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارىختىكى ئەڭ كۆپ زىيان تارتقان بىر يىل بولدى.

1977 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىدە، قۇرۇلۇش قىلغۇچى

كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇش تەننەرخى خىراجىتى ئۆرلەپ كېتىش، پايدا سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىشتەك مەسىلىلەرنى ناھايىتى چىڭ تۇتتى. ئۇ ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋامىدا كېلىپ چىققان قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار خام چوت تۈزمەسلىك، راسچوت قىلماسلىق، پۇلنى خالىغانچە خەجلەش، ئاساسىي قۇرۇلۇشتا «داش قازان تامىقى يېيىش» نەتىجىدە مەبلەغنى تېگى يوق ھاڭغا سېلىش، ئىش مۇددىتىنى ئۇزۇنغا سوزۇش، ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كېتىش، كارخانىلار يىلمۇ - يىل زىيان تارتىشتەك مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش كومىتېتىغا ماسلىشىپ «قۇرۇلۇش خام چوت نورمىسى، خىراجەت ئېلىش چارىسى» نى تەكشۈرۈپ تۈزۈپ چىقتى. ئادەتتىكى خىراجەتلەر بىكار قىلىندى. بىۋاسىتە خىراجەتلەر بويىچە باشقۇرۇش خىراجىتى ھېسابلاپ ئېلىندى ياكى ئاساسىي ئىش ھەققى بويىچە ۋاسىتىلىق خىراجەتلەر ھېسابلاپ ئېلىندى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى شۇ رايوننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ماتېرىيال خام چوت باھاسى ۋە رايونلارنىڭ بىرلىك مۆلچەرى باھا جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقتى.

1980 - يىلى خەلق ئىگىلىكىدە «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنى يولغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايون ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى تىزگىنلەش خىزمىتىدە 1 مىليون يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىنىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن 108 تۈرنىڭ قۇرۇلۇشىنى توختىتىش ياكى كېچىكتۈرۈشنى بېكىتىپ، قۇرۇلۇش قىلىش ۋەزىپىسىنى ئازايتتى. ئاپتونوم رايون بويىچە قۇرۇلۇش قىلىدىغان تۈرلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىمۇ بىر قەدەر زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، سانائەت تۈرلىرى ئازايدى. جامائەت ئەسلىھە قۇرۇلۇشى كۆپەيدى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار مۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلدى: بىر قىسىم توپا - تاش قۇرۇلۇشىنى ئۈستىگە ئالغان قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ۋە كەسپىي شىركەتلەر ۋەزىپە يېتىشمىگەنلىكتىن ئىش يوق بىكار تۇرۇپ قېلىپ زىيان تارتتى، سىرتقى ئۆلكىلەردىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا - بازارلىرىدىكى قۇرۇلۇش ئەترەتلىرى شەھەرگە كىرىپ قۇرۇلۇش ئىشلىگەنلىكتىن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى بىلەن «نانني تالىشىپ يېيىش» ھادىسىسى كېلىپ چىقتى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بەزى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار بىر تەرەپتىن زىيان تارتسا، بىر تەرەپتىن يەنە خەلق ئىشچىلىرىنى ياللىدى. ھەتتا زىياننى ئاشۇرۇش، پايدىنى كېمەيتىش ياكى ئىش توختاش خىراجىتى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مالىيىنىڭ زىياننى تولدۇرۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. بەزى پايدا ئالغان بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئىش ھەققى، ۋاسىتىلىق خىراجەتلىرى ئارتۇق چىقىم قىلىنىپ كېتىپ، تەننەرخ ھېساباتى ئەمەلىي بولماسلىق تۈپەيلىدىن «لەيلىمە مالىيە» تەدرىجىي سەپلىنىپ تۈگەپ، كىرىم ئازىيىپ كەتتى. يۇقىرىقى مەسىلىلەرگە قارىتا ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا پائال ياردەملىشىپ ھەممە بەش تۈرلۈك تەدبىر قوللاندى: (1) بىناكارلىق قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش تەننەرخى ھېسابات چارىسىنى ئەستايىدىل ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، تەننەرخ خىراجىتىنى سىستېمىلارغا بۆلۈپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى؛ (2) كارخانىلارنىڭ تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش تەدبىر پىلانى ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئىممىنا، گورۇپپىلارنىڭ ھېساباتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، قۇرۇلۇش تېخنىكا تەدبىرى پىلانىنى ئىنچىكە، توغرا تۈزۈپ، ماتېرىيال سەرپىياتىنى تېجەپ، خىراجەت چىقىمىنى ئازايتىشقا ياردەم بېرىلدى؛ (3) زىياننى ئالدى بىلەن كارخانىلارغا قالدۇرۇلىدىغان پايدا ۋە مەخسۇس فوندىدىن تولدۇرۇش تەدبىرى يولغا قويۇلدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئۆز ئادەملىرىگە ئىش يوق تۇرۇغلۇق، بىر تەرەپتىن يەنە خەلق ئىشچىلىرىنى ياللاپ ئىشلىتىش تۈپەيلى كۆرۈلگەن زىيانلار تولۇقلاپ بېرىلمىدى؛ (4) كارخانىلارنىڭ مالىيە باشقۇرۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك

غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى چىقىملارنى ئازايتىشقا ياردەملىشىلدى. (5) ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقى بىلەن شىنجاڭغا كەلگەن جياڭسۇلۇق خەلق ئىشچىلىرىدىن باشقا، تېخنىكىلىق باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن، قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان سىرتقى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەلق ئىشچىلىرى مۇددەت بەلگىلەپ ئېنىقلاپ قايتۇرۇلدى. بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى تۇەن - مەيدانلىرى ۋە گوڭشې ئەترەتلەردىكى خەلق ئىشچىلىرىنىڭ شەھەرلەرگە كىرىپ قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئېلىشى قاتتىق تىزگىنلەندى.

1981 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ ئالدىنقى يىلدىكىدىن سەل قىسقارتىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ۋەزىپە يېتىشمىدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى نۇقتىلىق ھالدا تۆمۈر يول قۇرۇلۇش ئىدارىسى، سۇ ئىشلىرى نازارىتى سۇ ئېلېكتر 1 -، 2 - باشقارمىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ چىقىمىنى تېجەش پىلانىنى تۈزۈپ، تەننەرخ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، يوللارنى كەڭ ئېچىپ، كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە باشقا پىششىقلاپ ئىشلەش ئىشلەپچىقىرىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېڭىلاپ ئۆزگەرتىش، ئۆي - ئىمارەتلەرنى رېمونت قىلىش ۋە مۇھىت بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش قۇرۇلۇشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىشىغا ھەمكارلىشىپ، شۇ ئارقىلىق كىرىمىنى ئاشۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنى يېڭىدىن تەشكىللەش قاتتىق تىزگىنلىنىپ، سىرتقى ئۆلكىلەر ۋە رايونىمىز ئىچىدىكى خەلق ئىشچىلىرىنىڭ شەھەرلەرگە كىرىپ قۇرۇلۇشلارنى ئۈستىگە ئېلىشى تىزگىنلەندى. پۈتكەن قۇرۇلۇش نەقچوتىنى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، يۇقىرى مۆلچەرلەپ، كۆز بويامچىلىق بىلەن ئېلىۋېلىش، ئىسراپچىلىقلارنى قالايمىقان يىغىش توسۇلۇپ، قۇرۇلۇش تەننەرخى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. شۇ يىلى ھەر دەرىجىلىك مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلۈپ باشقۇرۇلۇۋاتقان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار 20 مىليون 495 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى. بۇنىڭ ئىچىدە تىجارەت خاراكتېرلىك زىيان 9 مىليون 170 مىڭ يۈەن، سىياسەت خاراكتېرلىك زىيان 11 مىليون 325 مىڭ يۈەن بولدى. ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق بىناكارلىق كارخانىلىرى 17 مىليون يۈەن زىيان تارتتى. بۇنىڭ ئاساسلىقى تۆمۈر يول قۇرۇلۇش ئىدارىسى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، جامائەت ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى ئىشلىگەندىن كېيىن تارتقان زىيان 9 مىليون 700 مىڭ يۈەندىن ئىبارەت، پەقەت قىلىدىغان ئىش يوقلۇقتىن تارتقان زىيانلا 6 مىليون يۈەنگە يەتتى، ئۇندىن باشقا سۇ ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئۈچ قۇرۇلۇش كارخانىسى 4 مىليون 50 مىڭ يۈەن زىيان تارتتى.

1982 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مالىيىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تەننەرخنى قالايمىقان چىچىش، چىقىم ئۆلچىمىنى ئۆستۈرۈش، پايدىنى ئېلىپ قېلىش، قالايمىقان مۇكاپات تارقىتىش قاتارلىق ئىنتىزامغا خىلاپ ھەرىكەتلەرنى ئۈنۈملۈك توسىدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى 56 كارخانا ئىچىدىن پايدا ئالىدىغان كارخانىلارنىڭ يىللىق پايدا يارىتىش پىلانى 15 مىليون 730 مىڭ يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى ئەمەلىي قولغا كەلتۈرگەن ساپ پايدا 28 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولدى. پايدا ئالسا نىسبەت بويىچە تەقسىملەش يولغا قويۇلدى. زىيان تارتسا زىيان تارتقان سان بويىچە تولۇقلاپ بېرىلدى. پايدا - زىيان ئۆز ئارا تۇتال قىلىنمىدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن زىيان تارتىش پىلانى بويىچە مالىيىدىن زىياننى تولدۇرۇش شۇ يىلى %46 ئازايتىلدى.

1983 - يىلى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلاردا ساقلانغان بىۋاسىتە ياكى ۋاستىلىق ھالدا پايدا قالدۇرۇش، تەننەرخنى قالايمىقان بەلگىلەش، يۇقىرى مۆلچەرلەپ قارغۇلارچە ھېسابلاش، شۇنىڭدەك قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى

ئورۇنلارنىڭ پىكرىنى خالىغانچە قوبۇل قىلىپ، قۇرۇلۇش كۆلىمىنى كېڭەيتىش، زىننەتلەش ئۆلچىمىنى ئۆزى بىلگەنچە ئۆستۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەردە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش باھاسى ۋە تەننەرخىنى ھېسابات قىلىشقا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. قۇرۇلۇش بانكىسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ماسلىشىپ، قۇرۇلۇشلارنىڭ خام چوت نورمىسىنى مۆلچەرلەپ بېكىتىپ، ماتېرىياللارنىڭ خام چوت باھاسىنى تەڭشەپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشتىكى خىراجەت ئېلىشنى تەرتىپكە سالدى. ئېنىقلاش ئارقىلىق تۈرلۈك تەكرار ھېسابلاش، چىرايلىق ناملار بىلەن سېلىق سېلىش قاتارلىق 38 خىل مۇۋاپىق بولمىغان خىراجەتلەر بىكار قىلىندى. قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش باھاسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى ۋە تۆۋەنلىتىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشىغا ھەمكارلىشىش داۋامىدا، ئاپتونوم رايونلۇق 1 - قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ «بەشنى ھۆددىگە ئېلىش» ۋە «بەشنى بېكىتىش» مەسئۇلىيەت تۈزۈمى تەجرىبىلىرىنى يولغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كارخانا مالىيە ھېساباتى، تەننەرخنى تەكشۈرۈش، خىراجەتلەرنى چېچىپ كۆتۈرۈۋېتىش چارىسىنى تۇرغۇزۇپ مۇكەممەللەشتۈردى.

1984 - يىلى گوۋۇيۈەن «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەننەرخ باشقۇرۇش نىزامى» نى ئېلان قىلدى. مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇلۇش باش بانكىسى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تەننەرخ باشقۇرۇشىدا يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپ» نى تۈزۈپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلاردا بىر قەدەر سىستېمىلىق بولغان تەننەرخ ھېسابلاش قائىدىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. كېيىن قۇرۇلۇش مىنىستىرلىكى تارقاتقان «بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش نىزامى» گوۋۇيۈەن تارقاتقان «بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى ھۆددىگەرلىك نىزامى» كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت پائالىيىتىنى قائىدە - تۈزۈمگە ئىگە قىلدى. بۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلاردىن قۇرۇلۇش تەننەرخىنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %4 دىن %6 كىچە تۆۋەنلىتىپ، تىجارەت خاراكتېرلىك زىيانلارنى تۈگىتىشنى، مەھسۇلات قىممىتىدىكى ئىش ھەققى مىقدارىنى ھۆددىگە ئېلىشنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ دائىملىق مۇكاپاتنى ئەمەلىي تارقىتىلغان سان بويىچە قۇرۇلۇش تەننەرخىگە ھېسابلاپ كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى.

1985 - يىلى بىناكارلىق كەسپى ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەدرىجىي چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايوندىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار تۈرلۈك سەرپىيات نورمىسىنى بېكىتىپ، تۈرلۈك دەسلەپكى خاتىرىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەننەرخ ھېسابات خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا قۇرۇلۇش خام چوت، راسچوت تۈزۈملىرىنى ۋە ماددىي ئەشيالارنى ساقلاپ باشقۇرۇش، ئىشلىتىش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، تەننەرخ ھېسابات ۋە كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش نەتىجىسىنى سىناشنى كۈچەيتتى. تەننەرخنى تۆۋەنلىتىش تەدبىر پىلانى ۋە تېخنىكىلىق تەشكىللەش تەدبىر پىلانلىرىنى قايتىدىن تۈزۈش ئارقىلىق قۇرۇلۇش تەننەرخىنى ۋە خىراجەتلەرنى دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار يەنە گوۋۇيۈەن ئېلان قىلغان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك ئامورتىزاتسىيىسىنى ئىنناق تەرەققىدە يولغا قويۇش نىزامى» غا ئاساسەن چوڭ تىپتىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى ئامورتىزاتسىيىسى، ئىش ھەققى ۋە خىراجەتلەرنى ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىش مۇددىتى ئوتتۇرا

ھېساب بىلەن 15%ى قىسقاردى، قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش باھاسى 7% تۆۋەنلىدى. تۇراقلىق مۈلۈكلەرنىڭ ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىلىش نىسبىتى 76.6% كە يەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ بىناكارلىق كەسپى ئىسلاھات داۋامىدا تولۇپ تاشقان ھاياتى كۈچكە ئىگە يېڭى باسقۇچقا كىردى. 1985 ـ يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار جەمئىي ئورۇندىغان قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتى 1 مىليارد 270 مىليون يۈەنگە، ئۆي ئىمارەتلەرنىڭ پۈتكەن كۆلىمى 3 مىليون 47 مىڭ كۋادرات مېترغا، بارلىق خادىملارنىڭ ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 6662 يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايوننىڭ كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 34 قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىنىڭ ھەممىسى تەرتىپكە سېلىپ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتا لاياقەتلىك بولدى. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندا ئەمەلىي بار تۈرلۈك بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىسى 1314، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 308 مىڭ، بۇنىڭ ئىچىدە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى 160، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 188 مىڭ، شەھەر ـ بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى 1514، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 188 مىڭ، شەھەر ـ بازارلاردىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى 1514، ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 120 مىڭ، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 12 كارخانا 1 ـ دەرىجىلىك، 26 كارخانا 2 ـ دەرىجىلىك، 43 كارخانا 3 ـ دەرىجىلىك قىلىپ بېكىتىلدى.

## 3 §. تۇراقسىز مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش

قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى ـ قۇرۇلۇش ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىدە ماتېرىيال سېتىۋېلىش، ئىش ھەققى تارقىتىش ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش خىراجەتلىرىنى چىقىم قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. 1949 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى قۇرۇلۇش بانكىسى تەرىپىدىن بىر تۇتاش باشقۇرۇلۇپ كەلدى، ئۆز مەبلىغى مالىيىدىن تەكشۈرۈپ بۆلۈپ بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا مەبلەغنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار مەلۇم نىسبەت بويىچە تەمىنلىدى. يېتىشمىگەن قىسمىنى يەنە قۇرۇلۇش بانكىسى نورمىدىن ئارتۇق زاپاس قەرز پۇلى ھېسابىدا تەمىنلىدى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئۆزلىرىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسى ئادەتتە شۇ يىلقى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش پىلانىدىكى خىزمەت مىقدارى بويىچە تارىخىي ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئوتتۇرىچە ئىلغار سەۋىيىگە ئاساسەن بېكىتىلدى (جۈملىدىن قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش مەبلىغى ۋە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ نورمىلىق تۇراقسىز مەبلىغى بۇنىڭ ئىچىدە). خام چوت بوغالتىرىيە يىلى بويىچە پۇل بۆلۈپ بېرىپ تولۇقلاندى. غەيرىي ئۆز تۇراقسىز مەبلەغ بەلگىلىمە بويىچە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن ماتېرىيال ھازىرلاش ئۈچۈن ئالدىن ئالغان پۇل ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىدىن ئالغان قەرز پۇلنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قۇرۇلۇشنىڭ ئاساسلىق ماتېرىياللىرىنى، قۇرۇلما بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشقا ۋە پۈتمىگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. بۇ پۇل ئادەتتە يىللىق پىلاندىكى خىزمەت مىقدارىنىڭ 25 پىرسەنتى بويىچە ئېلىنىدۇ. تۈرلۈك قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ ئادەتتە 25% تىن تۆۋەن بولىدۇ. نورمىدىن ئاشۇرۇپ ماتېرىيال زاپاس قىلىشقا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغ قۇرۇلۇش بانكىسىدىن قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل ئېلىش يولى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ.

1955 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئۈرۈمچى رايونىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئادەتتە

قۇرۇلۇش بانكىسىدا راسچوت ھېسابى ئاچتى، بانكا ئۇلارنىڭ مالىيە كىرىم ـ چىقىمى ۋە مەبلەغ ئىشلىتىش ئەھۋالىغا نازارەتچىلىك قىلدى. 1955 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تارقىتىلغان نورمىدىن ئارتۇق زاپاس قەرز پۇل قالدۇقى پەقەتلا 1 مىليون 330 مىڭ يۈەن بولدى.

1959 ـ يىلى دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، گوۋۇيۈەن ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئۆز تۇراقسىز مەبلىغى بىردەك قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىپ ھەل قىلىنسۇن، دەپ قارار قىلدى. ئاپتونوم رايون يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ 1959 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى 7 مىليون 368 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانا بىر، تۇراقسىز مەبلىغى 2 مىليون 747 مىڭ يۈەن، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر دەرىجىلىك كارخانىلار ئون، تۇراقسىز مەبلىغى جەمئىي 4 مىليون 621 مىڭ يۈەن) ئۆز تۇراقسىز مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كرېدىت فوندىغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مالىيە 26 مىليون 588 مىڭ يۈەن قەرز پۇل فوندى كۆپەيتىپ بېرىپ بەردى (بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش باش بانكىسى كۆپەيتىپ بېرىپ بەرگىنى 6 مىليون يۈەن). رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئاسان قىلىش، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ، ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنى تۇراقسىز مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشتە ئىككى خىل ئۇسۇلنى قوللاندى: بىرسى، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى قىسمەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا ئۆز تۇراقسىز مەبلەغ ۋە غەيرىي ئۆز تۇراقسىز مەبلەغ دەپ ئايرىماي بىردەك قۇرۇلۇش بانكىسىدىن قەرز پۇل بېرىپ تۇراقسىز مەبلىغىنى ھەل قىلدى. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن قۇرۇلۇشقا ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى ئېلىش توختىتىلدى. مۇشۇنداق قىلىش مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەڭشەش ۋە بىر تۇتاش پىلانلاپ ئىشلىتىشكە قولايلىق يارىتىپ بەردى. بىراق كارخانىلار بىر قىسىم ئۇسۇمنى كۆپرەك ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلدى؛ ئىككىنچىسى، ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئەسلىدە دۆلەت بېرىپ بەرگەن تۇراقسىز مەبلىغىنى يۆتكەپ قۇرۇلۇش بانكا قەرز پۇلى قىلىندى (قەرز پۇل ئايلىق ئۇسۇمى 2 لى بويىچە ھېسابلاندى)، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلىنى ئالدىن ئېلىش تۈزۈمى ساقلاپ قېلىنىپ، %20 لىك نورما ئىچىدە پەسىل بويىچە ئېلىندى.

1960 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى: ئۆز تۇراقسىز مەبلەغكە داۋاملىق قەرز پۇل بېرىش چارىسىنى يولغا قويۇپ، تولۇق سومملىق كرېدىت چارىسى يولغا قويۇلغان قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلىنى ئالدىن ئېلىش چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بارلىق تۇراقسىز مەبلەغنىڭ نورمىسى يىل بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىپ، قەرز پۇل بېرىش پەسىل بويىچە تىزگىنلەندى. ئۇنىڭ نورمىسىنى بېجىرگۈچى بانكىلار تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىغا مەلۇم قىلىپ بېكىتىلدى. دۆلەت بېرىپ بەرگەن تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ھەممىسى كرېدىت فوندىغا ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، يېتىشمىگەن قىسمىغا دۆلەت خام چوتتىن كرېدىت مەبلىغى بېرىپ بېرىلدى. يىل ئاخىرىدا كارخانىلار ئەمەلىي ئىگىلەپ ئىشلەتكەن بانكا قەرز پۇلى 21 مىليون 132 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ قالدۇق قەرز پۇل فوندى 8 مىليون 824 مىڭ يۈەن، مالىيىگە تاپشۇرۇلغىنى 4 مىليون يۈەن بولدى.

تولۇق سومملىق كرېدىت چارىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بەزى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار بانكا

قەرز پۇل ئۆسۈمى يۈكىنى ئازايتىش ئۈچۈن، يەنىلا قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، توشۇشقا مەسئۇل بولۇش، سۈرلىنىپ كېلىۋاتقان قۇرۇلۇش باھا پۇلىنى راسچوت قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەرنى قوللىنىپ داۋاملىق ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى ئالدى. بۇ خىل ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون بىر تەرەپتىن تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنى توختاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئالدىن ماتېرىيال پۇلى ئېلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. لېكىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ نورمىدىن ئارتۇق زاپاس مەبلىغىگە نىسبەتەن يەنىلا قىسقا مۇددەتلىك كرېدىت ئۆسۈملى قوللىنىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار بىلەن بىرلىكتە يىللىق قۇرۇلۇش ئىشلەش ۋەزىپىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، بىر قېتىمدىلا كرېدىت نورمىسىنى بېكىتىپ، يىلىغا 10% بويىچە كۆپەيتىش، كېمىيىش ھەجىمىنى ھېسابلاپ، مۇۋاپىق تەڭشىدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل قالدۇقى 6 مىليون 630 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1960 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مالىيىسىنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىشنى قارار قىلدى.

1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى قۇرۇلۇش باش بانكىسى ھۆججەت تارقىتىپ: ھازىر نۇرغۇنلىغان ئورۇنلار ۋە جايلار ئالدىن پۇل ئېلىشنى بىكار قىلىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلاردا چوڭ تۇراقسىز مەبلەغ تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، بۇ جەھەتتە تېخى دېگەندەك پىشقان تەجرىبە يوق، شۇڭا، ئايرىم سىناق قىلىشقىلا بولىدۇ. ئېھتىياجلىق مەبلەغنى قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار ئالدىن بەرگەن پۇل ۋە بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىكى ئارتۇق تۇراقسىز مەبلىغى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلاردا چوڭ تۇراقسىز مەبلەغنى يولغا قويغاندىن كېيىن، كارخانىلار ماتېرىيال بىلەن بىر تۇتاش تەمىنلىنىشتە ئېھتىياجلىق بولغان تۇراقسىز مەبلەغنى قۇرۇلۇش بانكىسى كارخانىلارنىڭ پۈتۈن يىللىق ھۆددىگە ئالغان خىزمەت مىقدارى بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتتى. يېتىشمىگەن قىسمى تەڭ دەرىجىلىك قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ماتېرىيال زاپاس مەبلىغى (ئېشىنچە ماتېرىيال مەبلىغى) بىلەن تولۇقلاندى. يەنە يېتىشمىگەندە تەڭ دەرىجىلىك مالىيىدىن ھەل قىلىپ بېرىلدى.

1964 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى تۇراقسىز مەبلەغكە قۇرۇلۇش بانكىسىدىن قەرز بېرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، مالىيە خام چوتىدىن بۇيرۇپ بېرىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. 1964 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ئۆز تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن، تەڭ دەرىجىلىك مالىيىگە ئاغدۇرۇپ خام چوتتىن بۇيرۇپ بېرىشكە ئۆزگەرتتى. ھەمدە بانكا بەرگەن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى ئېلىنمىدى، تۇراقسىز مەبلەغنىڭ يېتىشمىگەن قىسمى كارخانىلار ئارا سۈرۈشۈپ تولۇقلاندى. تولۇقلاپ كېتەلمىگەن قىسمىنى كارخانىلار ئالدىنقى يىللىرى خەزىنىگە تاپشۇرمىغان كىرىم بىلەن تولدۇردى. ئەسلىدىكى، ئاغدۇرۇپ قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قەرز پۇل فوندى قىلىنغان كارخانىلارنىڭ ئۆز تۇراقسىز مەبلىغى قايتۇرۇپ ئېلىنىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئۆز تۇراقسىز مەبلىغى قىلىندى.

1972 - يىلى دۆلەت پىلان كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ «تۇراقسىز مەبلەغلەرنى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي يوسۇندا كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە ياردەملىشىپ، مۇددىتى توشقان

قەرز پۇللارنى پائال تۈردە چىڭ تۇتۇپ يىغىۋالدى. 1973 - يىل 7 - ئايدا قۇرۇلۇش باش بانكىسى «قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل تارقىتىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ تارقىتىپ، بىر قىسىم قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى ئوبوروتىنى قامدىيالماسلىق قىيىنچىلىقىنى مۇۋاپىق ھەل قىلدى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا تۇراقسىز مەبلەغ ئۈچۈن قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇلى تارقىتىشنى پائال ئويۇشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىر قىسىم قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى كارخانىلىرىغا قىسقا مۇددەتلىك تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى تارقاتتى. ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى قۇرۇلۇش سۈرئىتى بويىچە راسچوت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى يەنىمۇ تەكىتلەپ، ھەم كارخانىلارنىڭ نورمال مەنپەئەتىنى قوغدىدى ھەم كارخانىلارنىڭ مەبلەغ ھېساباتىنى كۈچەيتىشنى ئىلگىرى سۈردى. ئەستايىدىل راسچوت قىلىش ئارقىلىق بەزى كارخانىلارنىڭ ھەققەتەن قىيىنچىلىقى بولسا، قۇرۇلۇش بانكىسى ۋاقتىدا نورمىدىن ئاشۇرۇپ زاپاس قىلىش قەرز پۇلى تارقىتىپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ جىددىيلىكىنى پەسەيتتى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە قىسقا مۇددەتلىك تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى قالدۇقى 4 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1980 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ناھىيىدىن يۇقىرى 51 يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆزلىرىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسى 81 مىليون 575 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1979 - يىلدىكى 320 مىليون يۈەن بىناكارلىق قۇرۇلۇش مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 25 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايونغا قاراشلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆزلىرىدىكى تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسى 69 مىليون 700 مىڭ يۈەن، بۇ 1979 - يىلدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلەش مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 26 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە قاراشلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆزلىرىدىكى مەبلەغ نورمىسى 11 مىليون 870 مىڭ يۈەن، بۇ 1979 - يىلدىكى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 23 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1983 - يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇلۇش باش بانكىسى تارقاتقان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار دۆلەت بۆلۈپ بەرگەن تۇراقسىز مەبلەغدىن ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققى تاپشۇرۇشنى سىناق قىلىش چارىسى» دا، مالىيە خام چوتىغا كىرگۈزۈلگەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بارلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار شۇنىڭدەك قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار رەھبەرلىك قىلىنىدىغان مۇستەقىل ھېساباتنى يولغا قويغان، مالىيە تەكشۈرگەن تۇراقسىز مەبلىغى بار قۇرۇلما زاپچاسلىرى زاۋۇتى، ياغاچ ماتېرىيال زاۋۇتى، ماشىنا رېمونت زاۋۇتى، ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەش سودا كارخانىلىرى، ترانسپورت ئەترىتى قاتارلىق ئورۇنلار ئىگىلەپ ئىشلەتكەن دۆلەت بۆلۈپ بەرگەن ئۆزلىرىدىكى تۇراقسىز مەبلەغلەر ئۈچۈن ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققى تاپشۇرىدۇ؛ ئالدىن ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويغان كارخانىلارنىڭ تاپشۇرىدىغان ھەققى نىسبىتى ھەر ئايدا 3‰ بولىدۇ؛ بىر تۇتاش تۇراقسىز مەبلەغ تۈزۈمىنى ئىجرا قىلغان كارخانىلارنىڭ ھەر ئايدا 2.1‰ بولىدۇ. بىر كۈن كېچىكتۈرۈلسە كېچىكتۈرگەن سانىنىڭ 1‰ بويىچە جەرىمانە ئېلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى پايدا تاپشۇرۇشتا نازارەتچىلىك قىلىش چارىسى بويىچە ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققىنى تاپشۇرۇشتا نازارەتچىلىك قىلدى. ھېساب ئاچقان بانكىلار كارخانىلارنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە تەڭ دەرىجىلىك مالىيىگە تاپشۇردى. دۆلەت بۆلۈپ بەرگەن تۇراقسىز مەبلەغنى ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققىنى كارخانىلارنىڭ تىجارەت كىرىمى ئىچىدىن چىقىم قىلىندى. تۆلىگەن جەرىمانە پۇل كارخانىلار پايدىدىن پىرسەنت

قالدۇرغان پۇل ئىچىدىن چىقىم قىلىندى. بەلگىلىمە بويىچە «بىر تەرەپ قىلىنىدىغان مال - مۈلۈك زىيىنى» غا ئايلاندۇرۇلىدىغان تۇراقسىز مۈلۈكلەردىن ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققى تاپشۇرمىدى. ئەمەلىيەتتە ئارقىلىق پىلاندىكى زىياننى تولدۇرۇش يولىغا قويۇلغان زىيان تارتقان كارخانىلاردىن دۆلەت بۇيرۇپ بەرگەن تۇراقسىز مەبلەغلەرنى ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققى ئېلىش ۋاقىتىنچە كەچۈرۈم قىلىندى. دۆلەت كۆپەيتىپ بۇيرۇپ بەرگەن، قايتۇرۇپ يىغىۋالغان ياكى دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە مەخسۇس ئەستىقلانغان ھەم تەڭشەشكە بولىدىغان «دۆلەت تۇراقسىز مەبلەغلىرى» دىن باشقا، ئادەتتىكى تۇراقسىز مۈلۈكلەرنىڭ ئارتۇق - كەم چىققانلىرى ياكى براكقا چىققان، بۇزۇلغان زىيانلارنى ئۆزلىرى تەڭشەشكە، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققىنى كۆپەيتىشكە ياكى كېمەيتىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى. بىرىنچى قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقتىن، بۇ تۈزۈم پەقەت بىر يىلla يولغا قويۇلدى.

1984 - يىل 9 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا چوڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. 10 - ئايدا چوڭ تۇراقسىز مەبلەغ تۈزۈمىنى يولغا قويغان كارخانىلار ئالدىن ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى ئېلىشنى توختىتىش قارار قىلىندى. يەرلىك دەرىجىلىك پىلان ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئالغان (جۈملىدىن ئۆزلىرى مەبلەغ ھازىرلىغان ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى) كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى ۋاقىتىنچە ئۈچ لى قىلىپ بەلگىلەندى، مۇددەتتىن ئۆتۈپ كەتسە %20 جەرىمانە قويۇلىدىغان، قەرز پۇلنى باشقا يەرگە ئىشلەتسە %50 ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىنىدىغان بولدى. بۇ بىر يىلدا 239 قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىغا تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىلدى. يىل ئاخىرىدىكى قەرزپۇل قالدۇقى 219 مىليون 340 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى %83 نى، نورمىدىن ئاشۇرۇپ تارقىتىلغان تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى %12 نى، پولات قېلىپ قەرز پۇلى %5 نى ئىگىلىدى. قەرز پۇلنىڭ يۆلىنىشى بولسا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار %64 (مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلار %20، يەرلىككە قاراشلىق كارخانىلار %44) نى، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلار %20 نى، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، سېتىش كارخانىلىرى %8 نى، باشقا كارخانىلار %8 نى ئىگىلىدى.

1985 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەن ۋە قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ بىناكارلىق ساھەسى تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە ۋە چارىلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «بىناكارلىق ساھەسى تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئۈستىگە ئالغان يېڭىلاش، ئۆزگەرتىش ۋە چوڭ رېمونت تۈرلىرى، پىلان سىرتىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدە يېڭىلا بەلگىلەنگەن نورما ئىچىدە قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار بىلەن كېلىشىپ قۇرۇلۇشقا ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى ئالسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىش ۋە ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، توشۇش قاتارلىق پەسىل خاراكتېرلىك ئامىللار تۈپەيلىدىن تۇراقسىز مەبلەغ يېتىشمىسە ياكى ۋاقىتىنچە ئوبوروت قىلىشقا يەتمىسە، قۇرۇلۇش بانكىسىغا نورما سىرتىدا تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ ھەل قىلدى. قەرز پۇل مۇددىتى ئالتە ئاي، ئايلىق ئۆسۈمى ئالتە لى بولدى. مۇددىتى ئېشىپ كەتسە %20 ئۆسۈم قوشۇپ ئېلىندى. يۆتكەپ باشقا يەرگە ئىشلىتىلسە %50 ئۆسۈم جەرىمانە قويۇلدى. 4- ئايدا قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ۋە مەبلەغ يېتىشمىگەنلىكتىن، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى تارقىتىش قارار قىلىنىپ، ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلىنى

ئالدىن ئېلىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1984 ـ يىلى تارقىتىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ ھەممىسى قايتۇرۇپ يىغىۋېلىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئۈستىگە ئالغان پىلان ئىچىدىكى تۈرلەرنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى يېتىشمىگەندە تولۇقلاپ ئىشلىتىلدى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىگە كەلگەندە، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خام چوت ئىچىدىكى 51 دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا تارقىتىپ بېرىلگەن 50 مىليون 394 مىڭ يۈەن تۇراقسىز مەبلەغنىڭ ھەممىسى تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلغا ئۆزگەرتىلدى. ھەمدە ئومۇمەن دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانى ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئۈستىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار، بىكتۇەننىڭ ھەر قايسى شى (ئىدارە) لىرىگە قاراشلىق بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى شۇنىڭدەك ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى تۇرۇشلۇق جايلاردىكى ناھىيىلەرگە قاراشلىق كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئېھتىياجلىق بولغان ماتېرىيال زاپاس مەبلىغىنى قۇرۇلۇش ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، يىللىق قەرز پۇل پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ئىچىدە مۇۋاپىق تەڭشەپ تارقىتىش بەلگىلەندى. پىلان ئىچىدىكى قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 3.6 لى، پىلاندىن ئاشۇرۇۋېتىلگەنلىرىنىڭ ئالتە لى بولدى. قەرز پۇل ئۆسۈمى مۇستەقىل خىراجەت ھېسابىدا ئورۇنلارنىڭ قۇرۇلۇش راسچوتىغا كىرگۈزۈلۈپ، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلاردىن ئېلىندى. تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل نورمىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل نورمىسى پىلان ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىكى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارىنىڭ 35 پىرسەنتى بويىچە بولدى (دۆلەت بۆلۈپ بەرگەن تۇراقسىز مەبلەغنىڭ قەرز پۇلغا ئايلاندۇرۇلغان قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكتىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ پىلان ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىكى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارىنىڭ 20 پىرسەنتى بويىچە بولدى. تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇش خام چوت تەننەرخىنىڭ 0.829 پىرسەنتى بويىچە، ناھىيە (شەھەر) دىن يۇقىرى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇش خام چوت تەننەرخىنىڭ 0.864 پىرسەنتى بويىچە مۆلچەرلەپ ھېسابلاندى. دۆلەت بۆلۈپ بەرگەن تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلغا ئايلاندۇرۇلغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى قۇرۇلۇش خام چوت تەننەرخىنىڭ 1.2 پىرسەنتى بويىچە بولدى. بىر تۇتاش تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنى يولغا قويغان قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار بىجىرگۈچى (ھېساب ئاچقان) قۇرۇلۇش بانكىلىرى بىلەن قەرز پۇل ئېلىش توختامىنى ئىمزالاپ، قەرز پۇلنى بىر قېتىمدىلا ياكى نۆۋەتكە بۆلۈپ چىقىم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىن ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى ئېلىش توختىتىلدى. «ئا» تەرەپ ماتېرىيال ھازىرلىمىدى، ئېلىۋالغان ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلىنى نۆۋەتكە بۆلۈپ قۇرۇلۇش پۇلىغا تۇتال قىلىپ تۆگەتتى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تارقاتقان بىناكارلىق كەسپىي تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى قالدۇقى 312 مىليون يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇل قالدۇقى 211 مىليون يۈەن، قەرز پۇل باشقۇرۇشتا باش بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن كۆرسەتكۈچتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مەل ئىمكانىيەت قالدۇرۇلدى. پىلاندىكى نورمىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنى ھېساب ئاچقان بانكىلار قەرز

پۇل كۆرسەتكۈچى ئىچىدە ۋە قەرز پۇل شەرتى يول قويغان دائىرە ئىچىدە يىل ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى تۈۋەن لەيلىتىشكە رۇخسەت قىلىندى. لېكىن يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق چوقۇم تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن كۆرسەتكۈچ دائىرىسى ئىچىدە تىزگىنلىنىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا بىر تەرەپتىن مەبلەغ ئوبوروتى تېزلىتىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بىناكارلىق كەسپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىكى پەسىل خاراكتېرلىك مەبلەغ ئېھتىياجىنىمۇ ھەل قىلىشقا بولىدۇ.

ئاپتونوم رايوننىڭ خام چوتى ئىچىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئورۇندىغان بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارى 1976 - يىلدىكى 87 مىليون 220 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ، 1980 - يىلى 207 مىليون 740 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، بەش يىلدا %138 كۆپەيدى؛ كارخانىلارنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى 1976- يىلدىكى 39 مىليون 90 مىڭ يۈەندىن كۆپىيىپ، 1980 - يىلى 47 مىليون 940 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئاران %22.6 ئاشتى. 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سالغان مەبلىغى 1981 - يىلدىكى 1 مىليارد 10 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ، 1985 - يىلى 2 مىليارد 680 مىليون يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى ئۈستىگە ئېلىپ ئورۇندىغان خىزمەت مىقدارى 1981 - يىلدىكى600 مىليون يۈەندىن كۆپىيىپ، 1985 - يىلى 1 مىليارد 600 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 2.5 ھەسسە كۆپەيدى. چوڭ تۇراقسىز مەبلەغ يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئېھتىياجلىق بولغان نورمىلىق تۇراقسىز مەبلەغ خام چوتى 600 مىليون يۈەن بولۇپ، ئەمەلىي بار تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى پەقەت ئېھتىياجنىڭ 53 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بىناكارلىق ساھەسىنىڭ تۇراقسىز مەبلىغى ئېغىر دەرىجىدە يېتىشمەي، قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىغا تەسىر يەتتى.

6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى جەمئىي 461 مىليون 720 مىڭ 500 يۈەن (نورمىلىق قەرز پۇل 195 مىليون 974 مىڭ 800 يۈەن) تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى، 196 مىليون 30 مىڭ 200 يۈەن پولات قىلىپ قەرز پۇلى تارقاتتى.

## § 4. مال - مۈلۈك ۋە مەبلەغلەرنى ئېنىقلاشقا قاتنىشىش

1962 - يىلى ۋە 1979 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئىككى قېتىم مەخسۇس گۇرۇپپا تەشكىللەپ بىناكارلىق قۇرۇلۇش سىستېمىسى ۋە ئۇلارغا قاراشلىق قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئامبارنى ئېنىقلاپ پايدىلىنىش ۋە مال - مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاپ مەبلەغنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە زىچ ماسلاشتى.

1962 - يىلى مەركەزنىڭ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىنى قىسقارتىپ، 123 قۇرۇلۇش تۈرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى توختاتتى ياكى كېچىكتۈردى. مال مۈلۈك ۋە مەبلەغنى ئېنىقلاش خىزمىتى تەڭشەشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم تەدبىر بولدى. قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق سىستېمىسىغا بىۋاسىتە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ۋە كەسپىي بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش شىركەتلىرىگە ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىدىكى يىللاردىن بۇيان يېزىلىپ قالغان ماددىي

ئەشيا، مەبلەغ ئېلىم - بېرىم ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېنىقلىدى. ئېنىقلاش ئاساسىدا مەبلەغنى تەكشۈردى. بۇ جەھەتتە: (1) زىيان تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ زىياننى يالغان مەلۇم قىلىش توسالدى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئۆز مەبلەغ ۋە غەيرىي ئۆز مەبلەغ بىلەن سېتىۋالغان ماتېرىياللار، ئۆز مەبلەغنىڭ ئىدىتلانغان زىيان قىسمى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ تەستىقلانغاندىن كېيىن ئۆز تۇراقسىز مەبلەغدىن كېمەيتىۋېتىلدى. غەيرىي ئۆز مەبلەغنىڭ ماددىي ئەشيالار زىيان ھېسابى مالىيە، قۇرۇلۇش بانكىسىغا يوللاپ تەكشۈرۈپ تەستىقلىتىلغاندىن كېيىن «ئا» ۋە «ب» ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ئارقىغا سۈرۈپ بەرمىگەن قەرزلىرىنى ئېنىقلىغاندا، ھېساب يۆتكەپ بىر تەرەپ قىلىندى. (2) «ئا» ۋە «ب» ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئارا ئارقىغا سۈرۈپ كېلىۋاتقان قەرزلىرى ئېنىقلىنىپ، «ئا»، «ب» ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا ھېساب سېلىشتۇرۇپ، راسچوت قىلىشقا ئىمزا قويۇشقاندىن كېيىن، يەنە قۇرۇلۇش بانكىسى ئارقىلىق مېمورىئال قىلىپ ھېساباتى ئۈزۈلدى. (3) ئۆز تۇراقسىز مەبلەغلەر تەكشۈرۈلۈپ، نورمىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ پۈتۈن يىللىق ھۆددىگە ئالغان ۋەزىپىنىڭ 20 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمىدى. ئۇلارنىڭ قارىمىقىدىكى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانىلاردىن ھەقىقەتەن ساقلاپ قېلىشقا تېگىشلىك بولسا، زىيان ئارتماسلىق، مەبلەغنى بىسىپ قويماسلىق شەرتى ئاستىدا ئوخشاش تۈردىكى ئادەتتىكى سانائەت كارخانىلىرىغا سېلىشتۇرۇپ تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسى تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى بارلىق تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسى ئۆز تۇراقسىز مەبلەغ ئەمەلىي سوممىسى ئىچىدىن تولۇقلىنىپ ئارتۇق قىسمى مالىيىگە تاپشۇرۇلدى. يېتىشمىگەن قىسمى مالىيىدىن تەدرىجىي تولۇقلاپ بۆلۈپ بېرىلدى. زاپاستىن ئاشۇرۇپ بىسىپ قويۇلغان ماتېرىياللار ماددىي ئەشيا تارماقلىرىغا سېتىپ بېرىلدى ياكى يوللاپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق «ئالاھىدە زاپاس» قىلىنىپ بىر تەرەپ قىلىندى. (4) ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئارقىغا سۈرۈپ كېلىنگەن مال پۇلى قەرزى ئېنىقلاندى. بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ 1961 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن ئارقىغا سۈرۈپ كېلىنگەن مال پۇلى قەرزى تەمىنلىگۈچى بىلەن تەمىنلەنگۈچى ئىككى تەرەپنىڭ ھېسابات ئىشلىرىنى ئېنىقلاپ يوللاپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، تەمىنلىگۈچى بىلەن تەمىنلەنگۈچى ئىككى تەرەپ ئۆز تۇراقسىز مەبلەغنى كۆپەيتىش ۋە كېمەيتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مېمورىئال قىلىندى. يېتىشمىگەن قىسمى بانكىدىن مەخسۇس قەرز پۇل ئېلىپ ھەل قىلىندى. تۇرۇپ قالغان ماددىي ئەشيالارنى يۇرۇشلەشتۈرۈش ئىدارىسى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن بانكا قەرز پۇلى قايتۇرۇلدى ياكى مالىيىدىن مەخسۇس پۇل بۆلۈپ بېرىپ قەرز پۇلنى قايتۇردى. (5) مال - مۈلۈك، مەبلەغلەرنى ئېنىقلاش ئاساسىدا بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش، چىقىمنى تېجەش، ماددىي ئەشيالارنىڭ بىسىلىپ قېلىشىنى ئازايتىش، زىيان، ئىسراپچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى بېكىتىشكە ياردەم بېرىلدى. بىناكارلىق كارخانىلىرى ئۈسكۈنە ماتېرىياللارنى سېتىۋالغاندا ئۇلار سېتىۋېلىش پىلانىنى ئاپتونوم رايونلۇق مال - مۈلۈك ۋە مەبلەغلەرنى ئېنىقلاش ھەيئىتىگە يوللاپ تەستىقلاتتى، ئۆزلىرى مال زاكاز قىلغاندا قۇرۇلۇش بانكىسىغا تەكشۈرتۈپ ئىمزا قويغۇزدى.

قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بۇ قېتىمقى ئىسكىلاتنى ئېنىقلاپ مەبلەغنى تەكشۈرۈش جەريانىدا، كارخانىلارغا ھەمكارلىشىپ بىسىلىپ قالغان 40 مىليون يۈەنلىك ئۈسكۈنە ۋە ماتېرىيالنى بىر تەرەپ قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇرۇشلەشتۈرۈش شىركىتى سېتىۋالغان ماشىنا ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى 12 مىليون 20 مىڭ يۈەن، ئېنىقلاپ قايتۇرۇپ يىغىۋېلىنغان كۆپ خىل ئىگىلىكتىكى ئىگىلەپ ئىشلەتكەن تۇراقسىز مەبلەغ ۋە يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك پۇل 5 مىليون 530 مىڭ يۈەن، قايتۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ مال پۇلى قەرزى 18 مىليون 20 مىڭ يۈەن، قايتۇرۇپ يىغىۋېلىنغان قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلارنىڭ ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان قۇرۇلۇش پۇلى قەرزى 13 مىليون 460 مىڭ يۈەن، قايتۇرۇپ يىغىۋېلىنغان نورمىدىن ئارتۇق زاپاس قەرز پۇلى 4 مىليون 320 مىڭ يۈەن.

1962 ـ يىلىنى 1961 ـ يىلى بىلەن سېلىشتۇرغاندا قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلۈك ساپ قىممىتى 6 مىليون يۈەن كېمىيىپ كەتتى. يىل ئاخىرىدا ئۆز تۇراقسىز مەبلەغ 12 مىليون 560 مىڭ يۈەن كېمەيدى. بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا زىيىنى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئۆزىنىڭ پايدىسى ۋە كارخانا فوندى قالدۇقىدىن تۇتال قىلىپ تولۇقلاندى. يېتىشمىگەن قىسمىنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى تۈۋەتكە بۆلۈپ، مەخسۇس پۇل بۇيرۇپ بېرىپ ھەل قىلدى.

1979 ـ يىلى خەلق ئىگىلىكىنى «تەڭشەش، ئىسلاھ قىلىش، تەرتىپكە سېلىش، ئۆستۈرۈش» فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، گوۋۇيۈەن تارقاتقان «مەملىكەت بويىچە مال ـ مۈلۈك ۋە مەبلەغنى ئېنىقلاش سىناق چارىسى» (لايىھە) ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش، گېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋە مەبلەغنى ئېنىقلاش خىزمىتىگە قاتناشتى. بۇ قېتىم تۇراقلىق مۈلۈك ۋە تۇراقسىز مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاش ئاساسىي مەزمۇن قىلىندى. ئېنىقلاش ئاساسىدا مەبلەغنى تەكشۈرۈش خىزمىتى ئىشلەندى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق مال ـ مۈلۈك ۋە مەبلەغلەرنى ئېنىقلاپ زىيانىنى پايدىغا ئۆزگەرتىش ئىشخانىسىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 60 ئادەم ئاجرىتىپ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئالتە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىنىڭ ئالدىنقى بەش يىللىق ماتېرىيال زاپاس قىلىش، مەبلەغ ئىگىلەپ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى ئېنىقلىشىغا ياردەملەشتى ھەمدە 30 مىڭدىن كۆپرەك سانلىق مەلۇماتلار تەكشۈرۈلۈپ ۋە ئۆلچەرلىنىپ، زاپاس قىلىش نورمىسىنى ۋە مەبلەغنى تەكشۈرۈش چارىسى، قىلىش نورمىسىنى ۋە مەبلەغنى تەكشۈرۈش چارىسى، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئۆلچىمى شۇنىڭدەك مال ـ مۈلۈك مەبلەغلەرنى ئېنىقلاش مەلۇمات جەدۋەللىرىنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقتى. دۆلەت بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش ئىدارىسى ۋە قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ «شىنجاڭنىڭ بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش چارىسى» (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ) نى تۈزۈپ چىقىپ، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلاردىن ئاساسىي ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئاساسىدا قائىدە، تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى. ئالدىن ئېنىقلاش، كېيىندىن قالايمىقان بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىدارىسىغا ھەمكارلىشىپ ئۈچ تۈرلۈك تەدبىر قوللىنىلدى. (1) باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ تۇراقلىق مۈلۈك، ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. تۇراقلىق مۈلۈكلەرگە بىر تۇتاش نومۇر سېلىپ، ھېساب ۋە كارتىلارنى تۇرغۇزۇپ، بەلگىلىمە بويىچە ئامورتىزاتسىيە ئاجرىتىلدى. (2) سېتىۋېلىش پىلانىنى بىرلىكتە تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇپ، يەرلىك مەھسۇلاتلار نەق مەيداندا سانى بويىچە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىندى. ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللاردا نورما بويىچە تېجەش مۇكاپاتى يولغا قويۇلدى. سايمانلار خىراجىتى ئەخسلەرگە ھۆددىگە بېرىلدى. نەق مەيداندىكى ماتېرىياللار قۇرۇلۇش ئىشلىگۈچى تەشكىلىنىڭ لايىھىسى بويىچە تەييارلىنىپ، كارتىغا قاراپ چەكلىك نورما بويىچە ماتېرىيال ئېلىش كارتىسى چارىسى يولغا قويۇلدى. بېسىلىپ قالغان ماتېرىياللاردىن پايدىلانغانلىرىغا مۇكاپات بېرىلدى. يېڭىدىن ماتېرىياللىرىنى بېسىپ قويغانلارغا جەرىمانە قويۇلدى. (3) زاپاس سومما نورمىلىق باشقۇرۇلۇپ، چەكلىك مۆددەتتە ھېساباتنى مەلۇم قىلىش، مۆددىتى ئۆتۈپ كەتكىچە ھېساباتنى مەلۇم قىلمىغانلارنىڭ ئىش ھەققىدىن تۇتۇپ قېلىش بەلگىلەندى. قۇراشتۇرۇش شىركىتى ئالغان قۇرۇلۇش پۇلى ۋە يۇقىرىغا يوللىغان خىزمەت مىقدارى بويىچە ئىش ھەققىنى راسچوت قىلىش، مۇكاپاتنى ھېسابلاشتىكى بىر تۇتاش راسچوت قىلىش چارىسىنى يولغا قويدى.

1980 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى مال - مۈلۈك ۋە مەبلەغنى ئېنىقلىغان قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنى نۆۋەتلىك ھالدا قايتا تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ، تولۇقلاپ، 60 قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىنىڭ ماددىي ئەشيالارنىڭ ئامبار قالدۇقى نورمىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. بېكىتىلگەن ئۆز تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسى مالىيەدىن پۇل بۆلۈپ بېرىش ياكى بانكىدىن قەرز پۇل بېرىشنىڭ ئاساسى قىلىندى. غەيرىي ئۆز تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسى ئالدىن ماتېرىيال ھازىرلاش پۇلى ئېلىش تۈزۈمىنى بېكىتىش ۋە ئەمەلىي ئىگىلەپ ئىشلىتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنىڭ ئاساسى قىلىندى. شۇ قېتىمدا ئېنىقلىغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 56 قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانا جەمئىي سېتىۋالغان تۇراقلىق مۈلۈكلەرنىڭ زىيىنى 4 مىليون 836 مىڭ يۈەن، بۇ دەپتەر يۈزىدىكى 187 مىليون 369 مىڭ يۈەن تۇراقلىق مۈلۈك ساپ قىممىتىنىڭ 2.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تۇراقسىز مۈلۈك زىيىنى 2 مىليون 347 مىڭ يۈەن، بۇ دەپتەر يۈزىدىكى 187 مىليون يۈەن تۇراقسىز مەبلەغنىڭ 1.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا جەمئىي 30 مىليون يۈەن، بۇ ئېنىقلىغاندىن كېيىنكى دەپتەر يۈزىدىكى سانىنىڭ 16.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئېنىقلاش ئاساسىدا، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان 56 يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىنىڭ مەبلىغى تەكشۈرۈلۈپ، بېكىتىلگەن ئۆز تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسى 104 مىليون 503 مىڭ يۈەن، بۇ 1979 - يىلى ئورۇندالغان خىزمەت مىقدارى (جۈملىدىن سانائەت مەھسۇلات قىممىتى) 335 مىليون 300 مىڭ يۈەننىڭ 31.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كارخانىلار 30، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئۆز تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسى 89 مىليون 347 مىڭ يۈەن، بۇ يىللىق بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارى (جۈملىدىن سانائەت مەھسۇلات قىممىتى) نىڭ 33.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) دەرىجىلىك كارخانىلار 26، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن تۇراقسىز مەبلەغ نورمىسى 15 مىليون 156 مىڭ يۈەن، بۇ يىللىق بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش خىزمەت مىقدارى (جۈملىدىن سانائەت مەھسۇلات قىممىتى) نىڭ 21.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن ئامبار قالدۇقى ماددىي ئەشيا نورمىسى 58 مىليون 844 مىڭ يۈەن، بۇ ئېنىقلانغان ئەمەلىي ئامبار قالدۇقى 61 مىليون 421 مىڭ يۈەندىن 102 مىليون 577 مىڭ يۈەن ئازىيىپ، (جۈملىدىن ئارتۇق زاپاس قىلىپ بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئامبار قالدۇقى 63.55% تۆۋەنلىتىلدى.

## 5 § . باجنى پايدىنىڭ ئورنىغا قويۇشقا رىياسەتچىلىك قىلىش ۋە قاتنىشىش

شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 1983 - يىلى ۋە 1984 - يىلى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىدا يولغا قويۇلغان باجنى پايدا ئورنىغا قويۇش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە قاتناشتى.

بىرىنچى قەدەمدىكى باجنى پايدا ئورنىغا قويۇش خىزمىتى 1983 - يىل 6 - ئايدا باشلاندى. مالىيە مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش باش بانكىسى تارقاتقان «يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش كارخانىلىرىدا پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تولۇقلىما بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش

قىلغۇچى كارخانىلاردىن ئالاھىدە بەلگىلىمە يارلىقىدىن باشقىلىرى بىردەك پايدىنى باجغا ئۆزگەرتتى. 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا كارخانىلارنىڭ تۇراقلىق مۈلكىنىڭ ئەسلى قىممىتى 3 مىليون يۈەندىن كۆپ، يارىتقان پايدىسى 300 مىڭ يۈەندىن كۆپ بولغانلىرى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا دەپ قارالدى. يۇقىرىقى ئىككى شەرتنى ئەمەل ھازىرلىيالمىغانلىرى كىچىك كارخانا دەپ قارالدى. چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلار يارىتقان يىللىق پايدا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 45 پىرسەنتى بويىچە تاپاۋەت بېجى تاپشۇردى. كىچىك كارخانىلار سەككىز دەرىجىدىن ئاشقىنىغا باج تاپشۇردى. ئەڭ يۇقىرى بولغاندىمۇ ئالتە دەرىجىدىن ئېشىپ كەتمىدى. بۇنى سۈندۇرغاندا تەخمىنەن يىلدا يارىتقان پايدا ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 40 پىرسەنتىگە ئەڭ كېلىدۇ. پايدىنى باجغا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش مۇكاپاتى (جۈملىدىن يارلىق ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۈنۈۋېرسال نورمىدىن ئاشۇرۇش مۇكاپاتى ۋە ئىشقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى) قۇرۇلۇش تەننەرخىگە كىرگۈزۈلمىدى. كارخانىلارغا قالدۇرۇلغان پايدىدىن چىقىم قىلىندى. تۇراقسىز مەبلەغلەرنى ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققى ئېلىنمايدىغان بولدى. تاپاۋەت بېجى، يەرلىك باج تارماقلىرى تەرىپىدىن شۇ جاينىڭ ئۆزىدە يىغىلىپ خەزىنىگە كىرگۈزۈلدى. تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن پىلاندىكى زىيان تارتىدىغان كارخانىلاردىن بەلگىلەنگەن زىيان تارتىش مۇددىتى ئىچىدە تاپاۋەت بېجى كەچۈرۈم قىلىندى. شەھەر مەمۇرىيىتى شىركىتى، ئۆيلەرنى رېمونت قىلىپ ياساش شىركىتى ۋە ئىچكى قىسىمدا ھېساباتنى يولغا قويغان، مالىيە مەبلەغ سالسا ئىچكى قىسىمدا ھۆددىگە ئالغان بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى يەنىلا پايدا ئومۇمىي سوممىسىدىن نىسبەت بويىچە پىرسەنت قالدۇرۇش چارىسىنى ئىجرا قىلىپ، مالىيىگە %40 تاپشۇردى. كارخانىغا %60 قالدۇرۇلدى. تۇراقسىز مەبلەغنى ئىگىلەپ ئىشلىتىش ھەققى داۋاملىق تاپشۇرۇلدى. شۇ بىر يىلدا ئاپتونوم رايون بويىچە 44 يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خام چوت ئىچىدىكى بىناكارلىق كارخانىسى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا 24، كىچىك كارخانا 20. پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويغان پايدا ئالىدىغان كارخانىلار پايدا ئومۇمىي سوممىسى بويىچە ھېسابلاپ، دۆلەت %41.4 نى، كوللېكتىپ %41.7 نى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر %16.9 نى ئالدى. ئاپتونوم رايوندىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ مۇكاپاتى، نورمىدىن ئاشقان ئىش ھەققى ئۆلچەملىك ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 15 پىرسەنتىدىن 17 پىرسەنتىگىچە ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتمىگەن كارخانىلار %15 نى ئىگىلىدى. كارخانىلار ئەمەلىيەتتە تارقاتقان مۇكاپات پۇلى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋەت بېجىنىڭ 40.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە 700 ـ 800 يۈەن ئەتراپىدا پايدا قالدۇرۇلدى.

1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باش شىركىتىنىڭ شۇ يىلى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋەت بېجى نىسبىتىنى تەڭشەپ %30 تۆۋەنلىتىشنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىلەن مالىيە نازارىتى مەسلىھەتلىشىپ، نازارەت، ئىدارىلەر، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرگە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى خام چوت ئىچىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنى چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك دەپ ئايرىماستىن ۋە تاپاۋەت سوممىسىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكىدىن قەتئىينەزەر 1984 ـ يىلى بىردەك ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق باش شىركىتى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك تاپاۋەت بېجى نىسبىتى بويىچە ياكى شۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشنى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار باجدىن كېيىنكى پايدىنىڭ ھەممىسىنى كارخانىغا قالدۇرۇشنى، قايتىدىن تەڭشەش بېجى ياكى ھۆددىگە ئېلىش خىراجىتى ئالماسلىقىنى بەلگىلىدى. بەزى ناھىيە (شەھەر) لەر ئۆزلىرى %5 باجدىن كېيىنكى پايدىنى قوشۇپ يىغىش ئۇسۇلىنى

ئۆزگەرتتى.

پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش ۋە كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا قايتا تەقسىم قىلىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى باجدىن كېيىنكى پايدىنى قالدۇرغاندا چوقۇم تۆت خىل فوندنى تۇرغۇزۇشنى بەلگىلىدى. ئۇنىڭ نىسبىتى: ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق باش شىركىتى قارىمىقىدىكى ھەر قايسى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات فوندى %40، زاپاس فوندى %10، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق فوندى %20، كارخانا مۇكاپات فوندى %30 بولدى. ئەگەر يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناش ۋەزىپىسى بولسا، ئۇنىڭغا ئېھتىياجلىق بولغان مەبلەغنى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات فوندى ئىچىدىن چىقىم قىلدى. تارماقلارغا قاراشلىق ساناقەت - قاتناش كارخانىلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نىسبەتكە سېلىشتۇرۇپ ئىجرا قىلدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر (ناھىيە) لەرنىڭ قارىمىقىدىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار تۆرلۈك فوندلارنى تەقسىم قىلىش نىسبىتىنى تېخى بېكىتمىگەن بولسا يۇقىرىقىغا سېلىشتۇرۇپ ئىجرا قىلىۋەردى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇ ئىشلىرى نازارىتى 1 -، 2 - سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇش باشقارمىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات فوندى %10 نى، كارخانا مۇكاپات فوندى %50 نى ئىگىلىدى. سۇ ئېلېكتر قۇراشتۇرۇش شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات فوندى %30 نى، زاپاس فوندى %20 نى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق فوندى %20 نى، كارخانا مۇكاپات فوندى %30 نى ئىگىلىدى. باشقا نازارەت (ئىدارە) لەرگە قاراشلىق بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىدىن تۆرلۈك فوندلارنى تەقسىم قىلىش نىسبىتى تەستىقلانغانلىرى داۋاملىق ئىجرا قىلىندى. تېخى بېكىتمىگەنلىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتىنىڭ تەقسىملەش نىسبىتىگە سېلىشتۇرۇپ ئىجرا قىلىندى.

قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار بىرىنچى قەدەمدە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، باج نىسبىتىنىڭ تەڭشەش رولى كۆزدىلىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن مالىيە خام چوت كىرىمىنىڭ ئورۇندىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىپ، بىناكارلىق ساھەسىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنىڭ ئىسلاھاتى ئىلگىرى سۈرۈلۈپ، كارخانا بىلەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ مۇۋاپىق ئىقتىسادىي مەنپەئەتى دەسلەپكى قەدەمدە راۋاجلىنىپ، دۆلەت ۋە كارخانىلارنىڭ تەقسىمات مۇناسىۋىتى ئوڭشىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1984 - يىل 10 - ئايدا ئىككىنچى قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش خىزمىتى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىككىنچى قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش سىناق چارىسى» ۋە مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن قۇرۇلۇش باش بانكىسى تارقاتقان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرى ئىككىنچى قەدەمدە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلاپ تارقاتقان مالىيە نازارىتىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىككىنچى قەدەمدە پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تولۇقلىما چارىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار پايدىنى ئاشۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى قايتا يولغا قويمىدى. پايدىنى ھۆددىگە بەرگەنلەر ئۆزگەرتىپ، بىردەك ئىككىنچى قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش چارىسىنى يولغا قويدى. مەيلى خام چوت ئىچىدىكى ياكى خام چوت سىرتىدىكى قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئېلىپ قىلغان قۇرۇلۇش كىرىمى بولسۇن ۋاقىتىنچە تىجارەت بېجى ئېلىش كېچىكتۈرۈلدى. چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى ئايرىش ئۆلچىمى ياشقىدىن تەڭشەلدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرى تۇراقلىق مۈلۈكنىڭ ئەسلى قىممىتى 49 مىليون يۈەندىن كۆپ،

يىلدا يارىتىدىغان پايدىسى 400 مىڭ يۈەندىن كۆپ بولغانلىرى چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا دەپ قارالدى؛ بۇ شەرتلەرنىڭ بىرىگىلا يېتەلمىگەنلەر كىچىك كارخانا دەپ قارالدى. ئومۇمەن كىچىك كارخانا دەپ ئايرىلغانلىرى (ئايرىم باجدىن كېيىنكى ئاشقان پايدىسى چوڭ بولغانلىرىدىن باشقىلىرى) دىن پرىنسىپ جەھەتتە ھۆددىگەرلىك ھەققى ئېلىش كەچۈرۈم قىلىنىدى. ناھىيە (ناھىيە دەرىجىلىك شەھەرلەر بۇنىڭ سىرتىدا) لەر باشقۇرغان بىناكارلىق كارخانىلىرى مەيلى تۇراقلىق مۈلكى ۋە پايدىسى قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىردەك كىچىك كارخانا قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدى. پايدا ئالغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا بىناكارلىق كارخانىلىرى يىلدا يارىتقان ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 55 پىرسەنتى بويىچە تاپاۋەت بېجى تاپشۇردى. پايدا ئالغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك بىناكارلىق كارخانىلىرى يېڭى سەككىز پەللىلىك دەرىجىدىكى نورمىدىن ئاشقان پروگرېسسىپلىق باج نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ تاپاۋەت بېجى تاپشۇردى. كارخانىغا قالدۇرۇلغان پايدا 1983-يىلدىكى مۇۋاپىق قالدۇرۇلغان پايدا قىسمىدىن تۆۋەن بولسا تاپاۋەت بېجى كېمەيتىپ ئېلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدىكى ئىش ھەققى مىقدارى چارىسىنى قوللانغان كارخانىلارنىڭ مۇكاپات سوممىسى تەننەرخقە كىرگۈزۈلگەنلىكتىن، كارخانىغا قالدۇرغان پايدىدىن مۇكاپات فوندى تەقسىم قىلىنمىدى. پەقەت ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق فوندىلا تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. بۇ بەلگىلىمىدە ئەينى چاغدا ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرىنىڭ تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان تاپاۋەت بېجى ئومۇمىيۈزلۈك كېمەيتىۋېتىلدى. لېكىن سومما كېمەيتىلىپ نىسبەت كېمەيتىلمىدى. كېمەيتىلگەن سومما ۋاقىتىنچە ئۈچ يىللىق بېكىتىلدى. كېمەيتىش ۋاقتى 1985-يىل 1-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن باشلاپ ھېسابلاندى. بىرىنچى يىلى %100 كېمەيتىپ ئېلىنىدى، ئىككىنچى يىلى %60 كېمەيتىپ ئېلىنىدى، ئۈچىنچى يىلى %30 كېمەيتىپ ئېلىنىدى. ئىككىنچى قەدەمدىكى پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش داۋامىدا، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش كارخانىلىرىنىڭ دائىملىق ئىشلەپچىقىرىش مۇكاپاتى (جۈملىدىن تولۇق، ئەلا سۈپەتلىك قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۈنۈمبىرسال نورمىدىن ئاشقان مۇكاپاتى ۋە نورمىدىن ئارتۇق ئىش ھەققى) «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تەننەرخ باشقۇرۇش نىزامى» بويىچە قۇرۇلۇش تەننەرخىگە ھېسابلاپ كىرگۈزۈلدى. «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مۇكاپات بېجىنى ۋاقىتلىق يولغا قويۇش بەلگىلىمىسى» بويىچە باج ئېلىش نۇقتىسىدىن تارتىپ ھېسابلانغان باجنىڭ نورمىدىن ئاشقان قىسمىغىچىلىك يىغىپ مۇكاپات سوممىسىغا كىرگۈزۈلدى. كارخانىلار تارقاتقان دائىملىق ئىشلەپچىقىرىش مۇكاپاتى ۋە 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدىكى ئىش ھەققى مىقدارى بويىچە ھۆددىگە بېرىش چارىسىنى يولغا قويغان كارخانىلار ئەمەلىي تارقاتقان ئىش ھەققى (جۈملىدىن مۇكاپات) 1984-يىلدىن باشلاپ قۇرۇلۇش تەننەرخىگە كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، كارخانىلارنىڭ پايدا قالدۇرۇش سەۋىيىسى قايتا تەڭشەلمىدى.

100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدىكى ئىش ھەققى مىقدارى بويىچە ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىناكارلىق كارخانىلىرى باجدىن كېيىنكى قالدۇرغان پايدىنى تۆت تۈرلۈك كارخانا فوندى تۇرغۇزۇش نىسبىتى بويىچە قايتىدىن تۆۋەندىكىدەك تەڭشىدى: ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىيات فوندى (جۈملىدىن يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ھەققى) %50، زاپاس فوندى %20، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق فوندى %20، كارخانا مۇكاپات فوندى %10 بولەى، 100 يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتىدىكى ئىش ھەققى مىقدارى بويىچە ھۆددىگە ئېلىش تەستىقلانمىغان كارخانىلار ئەسلىدىكى پايدا تەقسىم قىلىش نىسبىتىنى ساقلاپ قالدى. ئاپتونوم رايونلۇق بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش باش ئىدارىسى قارمىقىدىكى سانائەت قاتناش كارخانىلىرى بەنلا ئەسلى تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن پايدا تەقسىم قىلىش

نىسبىتىنى ئىجرا قىلدى.

## 6 § . بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىغا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋە نازارەت قىلىش

ئۆزگۈندىن بۇيانقى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان سىستېما بىلەن بۆلەكلەرنى ئايرىۋېتىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشتا مەمۇرىي ۋاسىتىغا تايىنىش، قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنى بېكىتىش، قاتلاممۇ ـ قاتلام ۋەزىپە تەقسىم قىلىش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرەدى. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ ھۆددىگە بېرەلمەيتتى. قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا يۇقىرىدىن چۈشۈرۈپ بېرىلەتتى، تارماقلار ۋە جايلار بېكىنمۇبلىپ ئاساسىي قۇرۇلۇشتىكى «چوڭ قازان تامىقى» نى يېيىشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى. 1983 ـ يىل 6 ـ ئايدا شەھەر، يېزا قۇرۇلۇش مۇھىتىنى قوغداش مىنىستىرلىكى «بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىغا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تارقاتتى، خېرىدار چاقىرىپ ھۆددىگە بېرىشتىكى تەشكىلىي تەرتىپ ۋە خىزمەت ھالقىلىرى ئاساسەن تۈزۈەندىكىدەك تۆت جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: 1) خېرىدار چاقىرىش ھۆججەتلىرىنى تۈزۈش؛ 2) خېرىدارلىق چېكىنى بېكىتىش. قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار (ياكى قۇرۇلۇش بانكىسىغا تۈزۈپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىدۇ) قۇرۇلۇش چىرتيوژىنى نەق مەيداندىكى ئەمەلىي ئەرسىلەرگە بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش باھاسى ۋە يەككە تۈر خىراجەتلىرىنى ھېسابلاش؛ 3) خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇشنى يولغا قويۇش؛ 4) قۇرۇلۇش ھۆددىگەرلىك توختامىنى ئىمزالاش. خېرىدار بولغۇچىلار خېرىدارلىق ئۆلچىمىدە بەلگىلەنگەن مەزمۇنلار بويىچە خېرىدار چاقىرغۇچىلار بىلەن ھۆددىگەرلىك توختامىنى ئىمزالاپ، بىر قېتىمدىلا ھۆددىگە ئېلىش توختامى ئىمزالانغاندىن كېيىن قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ. ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار ۋە قۇرۇلۇش بانكىسى مالىيە ۋە مالىيە ئىشلىرىنى نازارەت قىلىدۇ.

1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار ۋە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا ماسلىشىپ بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىدا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇپ ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يول ـ تېرە زاۋۇتى تۈرلەرگە بۆلۈپ خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇشنى يولغا قويغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش مۇددىتى ئىككى يىلدىن 11 ئايغا قىسقاردى. قۇرۇلۇش سۈپەتلىك ئىشلىنىپ، 300 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قىلىندى.

1984 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر، يېزا قۇرۇلۇش مۇھىتىنى ئاسراش نازارىتى ئۈرۈمچى رايونىدا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇشنى يولغا قويۇش سىناق نۇقتىلىرىنى بېكىتتى. 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق شەھەر، يېزا قۇرۇلۇش مۇھىتىنى ئاسراش نازارىتى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى گوۋۇيۈەن تارقاتقان «بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرى ھۆددىگەرلىك توختام نىزامى» غا ئاساسەن بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، قۇرۇلۇشلارنى ھۆددىگە ئېلىش توختامىنىڭ قوشۇمچە

ئۆسۈمىسىنى پۇل ئىشلىتىش ئاساسى قىلىش ئۈچۈن بېجىرگۈچى قۇرۇلۇش بانكىلىرىغا يوللاپ ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك. ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنلۇق ئىقتىسادىي ھوقۇق مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن بانكا قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇن ياكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇنلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللىرىنى كۆرۈشكە، توختامنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تەكشۈرۈپ، نازارەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئاپپاراتلار خېرىدار چاقىرىش ۋە خېرىدار بولۇش گۇرۇپپىسىغا قاتنىشىدىغان ھەمدە خېرىدارلىقنى باھالاپ بېكىتىش خىزمىتىگە ئارىلىشىدىغان بولدى. شۇ يىلى جەمئىي ھەمكارلىشىپ تەكشۈرگەن خېرىدارلىق ئۆلچىمى 224 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولۇپ، ساپ تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگەن قىممىتى 6 مىليون 300 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش باھاسى 3% تۆۋەنلىدى. قۇرۇلۇش بانكىسى قۇمۇل 2 - ئېلېكتر ئىستانسىسى قاتارلىق بەش ئورۇننىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىشقا ماسلىشىپ، ئوتتۇرىچە خېرىدارلىق باھاسىنى تەخمىن چوتتىن 10.47% تۆۋەنلىتىپ، 2 مىليون يۈەن مەبلەغنى تېجەپ قالدى. سانجى ئوبلاستلىق تەرەققىيات شىركىتىگە ھەمكارلىشىپ، بەش كورپۇس تۇرالغۇ بىنانىڭ قۇرۇلۇشىغا خېرىدار چاقىرىپ 130 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قالدى؛ قەشقەر ۋىلايەتلىك نېفىت شىركىتىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي بىناسى قۇرۇلۇشىغا خېرىدار چاقىرىشقا قاتنىشىپ، ھەر بىر كۋادرات مېتىرنىڭ پۈتۈش باھاسىنى 1982 - يىلدىكىدىن 23 يۈەن تۆۋەنلىتىپ، ئىش مۇددىتىنى توختامدا بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن 15 كۈن ئىلگىرى سۈردى؛ ئۈرۈمچىدىكى 17 ئورۇننىڭ 41 قۇرۇلۇشىغا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇشنى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا ماسلىشىپ، خېرىدارلىققا ئېرىشكەن ئوتتۇرىچە باھانى خېرىدارلىق ئۆلچىمىدىن 5.05% تۆۋەنلىتىپ، بەلگىلەنگەن ئىش مۇددىتىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 46 كۈن ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىي 1 مىليون 170 مىڭ يۈەن مەبلەغ تېجەپ قالدى.

قۇرۇلۇش بانكىسى مالىيە ۋە كرېدىتتىن ئىبارەت قوش فۇنكسىيىنى قوللىنىپ، خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش جەريانىدا مۇلازىمەت قىلىش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش رولىنى ئۈچ جەھەتتىن جارى قىلدۇردى؛ بىرى، ئۆلچەم، نورما بەلگىلەش، قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق ئاساسلىق خىزمەتلەرنى كۈچەيتىشكە ھەمكارلىشىپ، خېرىدارلىق ئۆلچىمى، مەلۇم قىلىنغان باھا، باھالانغان نەقچوت قاتارلىقلارنى تۈزۈش ئۈچۈن ئاساسلار بىلەن تەمىنلىدى. خېرىدارلىق ئۆلچىمىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقىرى باھا قويۇش ۋە باھانى خالىغانچە تۆۋەنلىتىۋېتىشتىن ساقلاندى. ئىككىنچىسى، مەبلەغ ئۇچۇرلىرىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىناكارلىق بازىرىنىڭ يۈزلىنىشى، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى توغرىسىدىكى مۆلچەر، بىناكارلىق قوشۇنى توغرىسىدىكى مۆلچەر، بىناكارلىق قوشۇنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بىناكارلىق ماتېرىياللىرى ۋە تۈرلۈك قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈش باھاسى قاتارلىق بازار ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئېلان قىلىپ، خېرىدار چاقىرغۇچى، خېرىدار بولغۇچى ئورۇنلارنى مەقسەتلىك ھەم تاللاپ تۇرۇپ رىقابەتنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلىدى؛ ئۈچىنچىسى ئىقتىسادىي قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەشكە ماسلىشىپ، خېرىدار چاقىرغۇچى، خېرىدار بولغۇچى قانۇنىي ۋاكالەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە قانۇنلۇق مەنپەئەتنى قائىدە تۈزۈم ۋە قانۇن ئاساسىدا قوغدىدى.

بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشلىرىدا خېرىدار چاقىرىش، خېرىدار بولۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش قىلدۇرغۇچى ئورۇنلار بىلەن قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەسلىدىكى «سەن پۇل چىقاردىڭ، مەن ئىشلىدىم» دەيدىغان يالاش، ياللىنىش مۇناسىۋىتى، ھەر قايسى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغان، ھەممىنى توختام بويىچە ئىشلەيدىغان باراۋەرلىك

مۇناسىۋىتىگە ئۆزگەردى. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى جەمئىي تەكشۈرگەن خېرىدارلىق ئۆلچىمى 224 مىليون 790 مىڭ يۈەن بولۇپ، ساپ تەكشۈرۈپ كېمەيتىلگەن باھا قىممىتى 6 مىليون 800 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

### ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ 1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارغا تارقاتقان تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇقى

جەدۋەل: 7 ـ 12  بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| يىللار | تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى قالدۇقى | بۇنىڭ ئىچىدە | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۆز (ياكى پىلاندىكى) تۇراقسىز مەبلەغنىڭ يىل ئاخىرىدا تارقىتىلغان قالدۇقى | قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل قالدۇقى | پىلاندىن ئاشۇرۇپ تارقىتىلغان قەرز پۇل قالدۇقى | ماتېرىيال قەرز پۇل قالدۇقى | پولات قېلىپ قەرز پۇل قالدۇقى |
| 1952 | 331 | 40 | 74 | 59 | 158 | |
| 1956 | 133 | | 74 | 59 | | |
| 1957 | 198 | 40 | | | 158 | |
| 1958 | 197 | 177 | | | 20 | |
| 1959 | 598 | | 598 | | | |
| 1960 | 2103 | 2103 | | | | |
| 1961 | 663 | 663 | | | | |
| 1962 | 1539 | 277 | 1262 | | | |
| 1963 | 1127 | | 1127 | | | |
| 1964 | 669 | | 669 | | | |
| 1965 | 652 | | 652 | | | |
| 1966 | 737 | | 737 | | | |
| 1967 | 826 | | 826 | | | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1968 | 1058 | | 1058 | | | |
| 1969 | 906 | | 906 | | | |
| 1970 | 696 | | 696 | | | |
| 1971 | 651 | | 651 | | | |
| 1972 | 244 | | 244 | | | |
| 1973 | 667 | | 667 | | | |
| 1974 | 575 | | 575 | | | |
| 1975 | 677 | | 677 | | | |
| 1976 | 362 | | 362 | | | |
| 1977 | 250 | 154 | | | 96 | |
| 1978 | 274 | 160 | | | 114 | |
| 1979 | 540 | 413 | | | 127 | |
| 1980 | 701 | 472 | | | 229 | |
| 1981 | 1205 | | | 1029 | 176 | |
| 1982 | 1860 | | | 1245 | 302 | 313 |
| 1983 | 1364 | | | 769 | 595 | |
| 1984 | 21934 | 16136 | | 4777 | | 1021 |
| 1985 | 29154 | 22015 | | 5945 | | 1194 |

ھەر قايسى جايلار 1966 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە بولغان قۇرۇلۇش باشقۇرۇش خىراجىتى، قىش پەسىللىك قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش خىراجىتى ئۆلچىمى

جەدۋەل: 7 ـ 13

| رايونلار | قۇرۇلۇش باشقۇرۇش خىراجىتى نىسبىتى (ئاساسىي مائاشىنىڭ %) | قىش پەسىللىك قۇرۇلۇش خىراجىتى نىسبىتى (بىۋاسىتە خىراجەتنىڭ %) | ئىزاھات |
|---|---|---|---|
| سانجى ۋىلايىتى | 126 | | 1. ھەر يىلى قىش پەسىللىك قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئېلىش خىراجىتى ئۆلچىمىگە كىرگۈزۈلمىگەن ۋىلايەتلەرنىڭ ئۆلچىمىنى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلغان جاينىڭ ئوتتۇرىچە ھاۋا كېلىماتى ۋە قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش ئىشلەش مۇددىتىگە يېقىنلىشىدىغان شەھەرنىڭ ئۆلچىمىگە ئاساسەن شۇ جايدىكى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار بېكىتىدۇ. 2. ئۈسكۈنىلەرنىڭ قىممىتى (جۈملىدىن جامائەت ئىشلىتىدىغان پار قازىنى ۋە سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىقلار) دىن ھۆددىگە ئېلىش خىراجىتى ۋە قىش پەسلىدە قۇرۇلۇش قىلىش خىراجىتى ئېلىنمايدۇ. 3. بۇ خىراجەتلەر نىسبىتى 1966 ـ يىلى بېكىتىلىپ، ھازىرغىچە ئىشلىتىلدى، بەزىلەرنىڭ ھېسابلاش ئاساسى تۈرلىرى كۆپەيدى. لېكىن خىراجەت نىسبىتى ئەڭشەلمىدى. |
| تارباغاتاي ۋىلايىتى | 118 | | |
| ئالتاي ۋىلايىتى | 101 | 3.22 | |
| ئىلى ۋىلايىتى | 130 | 1.80 | |
| تۇرپان ۋىلايىتى | 126 | | |
| توقسۇن ناھىيىسى | 133 | 1.80 | |
| پىچان ناھىيىسى | 128 | | |
| قۇمۇل ۋىلايىتى | 124 | | |
| بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 130 | 1.80 | |
| بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى | 131 | | |
| ئاقسۇ ۋىلايىتى | 141 | | |
| قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى | 131 | 1.80 | |
| قەشقەر ۋىلايىتى | 136 | 1.22 | |
| خوتەن ۋىلايىتى | 142 | 1.22 | |
| قاراماي شەھىرى | 117 | 3 | |
| ئۈرۈمچى شەھىرى | 124 | 3 | |

## 1983 - يىلى ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنى ئېنىقلاش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 - 14

| ئېنىقلانغاندىن كېيىن ساقلاپ قالغان خىراجەتلەر (20 تۈر) | ئېنىقلانغاندىن كېيىن بىكار قىلىش قارار قىلىنغان خىراجەتلەر (38 تۈر) | | مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك خىراجەتلەر (5 تۈر) |
|---|---|---|---|
| 1. قۇرۇلۇش باشقۇرۇش خىراجىتى | 1. ئىشىك، دېرىزىلەرنى سىرتتا توشۇش خىراجىتى | 21. لايىھىلىگۈچىلەرنى تەربىيىلەش خىراجىتى | 1. ياغاچ تۈرلىرىدىكى باھا پەرقى |
| 2. قىشتا قۇرۇلۇش قىلىش خىراجىتى | 2. سىرتتىن ئالغان نەرسىلەرنىڭ باھا پەرقى | 22. لايىھە چېرتيوژىغا قوشۇپ بېرىلگەن خىراجىتى | 2. ئىجارە ئالغان ماشىنىلارنىڭ باھا پەرقى |
| 3. چوڭ تىپتىكى ۋاقىتلىق ئۈسكۈنىلەر خىراجىتى | 3. ماتېرىياللارغا قوشۇلغان كوئېففىتسېينت | 23. شەھەر سۇ، يۇندا قۇرۇلۇشىدىكى سېلىق چېچىلغان خىراجەتلەر | 3. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىش خىراجىتى |
| 4. ئەمگەك مۇھاپىزەتنى چىقىمى خىراجىتى | 4. پارچە - پۇرات ئىشلەتكەن ئەمگەك خىراجىتى | 24. شەھەر يوللىرى قۇرۇلۇشىدىكى سېلىق چېچىلغان خىراجەتلەر | 4. ئىش تالىشىش خىراجىتى |
| 5. تېخنىكىلىق قوراللىنىش خىراجىتى | 5. ماتېرىياللارنى 2 قېتىملىق قايتۇرۇپ توشۇش خىراجىتى | 25. شەھەرنىڭ دەريا ساھىلىدىن يەر ئىگىلەش خىراجىتى | 5. لايىھەنى تۈزلىتىش خىراجىتى |
| 6. قانۇندا بېكىتىلگەن پايدا | 6. قۇرۇلۇش قىلغۇچىلارنى توشۇش خىراجىتى | 26. جامائەت خەۋپسىزلىك قۇرۇلۇشىدىكى سېلىق چېچىلغان خىراجىتى | |

(ئالدىنقى جەدۋەلنىڭ داۋامى)

| | | | |
|---|---|---|---|
| 7. قۇرۇلۇش ئىشلەشتىكى تۇراقسىز قوشۇمچە ياردىمى | 7. قۇرۇلۇش قىلىشتا يول ئىگىلەش خىراجىتى | 27. ئاشلىق دۆكانلىرى قۇرۇلۇشىدىكى سېلىق خىراجىتى | |
| 8. يىراقتا بېرىپ قۇرۇلۇش قىلىش خىراجىتى | 8. سەيلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فوندى | 28. ئوقۇتۇشتا سېلىق چېچىلغان خىراجەت | |
| 9. قۇرۇلۇش قىلىدىغان ماشىنىلارنى يۆتكەش خىراجىتى | 9. يەرلىك ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش خىراجىتى | 29. توك سىمى يەتكۈزۈش تۈۋرۈكلىرىنى سۆكۈشتە سېلىق سېلىنغان خىراجەت | |
| 10. خام چوتنى كۆتۈرە ئېلىش خىراجىتى | 10. كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى كارخانىلارنىڭ ئەمگەك سۇغۇرتا چىقىمى خىراجىتى | 30. قۇرۇلمىلارنى يىراقتا توشۇش خىراجىتى | |
| 11. كېچىدە قۇرۇلۇش قىلىشقا قوشۇپ بېرىلگەن خىراجىتى | 11. ئەدلىيە گۇۋاھلىق خىراجىتى | 31. قوشۇپ ئالغان سۇ بېسىمىنى كۈچەيتىش خىراجىتى | |
| 12. مۇددەتتىن بۇرۇن پۈتكۈزۈش مۇكاپاتى | 12. ئۆز ماشىنىلارنى باشقۇرۇش خىراجىتى | 32. قوشۇپ ئالغان نەق مەيداندا توك چۈشۈرۈش خىراجىتى | |
| 13. قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنىڭ تەڭشەلگەن باھاسى | 13. گوڭشې، ئەترەت كارخانىلىرى بىرلىشىپ تىجارەت قىلىشتا قوشۇلغان خىراجەت | 33. قۇرۇلۇش ئىشلىگەندە چاڭ - توزان سۈمۈرۈۋېلىش خىراجىتى | |
| 14. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر باھاسىنىڭ تەڭشەلگەن قىسمى ئۈچۈن ئىش ھەققىگە قوشۇپ بېرىلگىنى | 14. زىيالىي ياشلار كارخانىلىرىنىڭ خىراجىتى | 34. ئۈچ ماتېرىيال كۆرسەتكۈچىنى باشقۇرۇش خىراجىتى | |

| | | | |
|---|---|---|---|
| 15. قوشۇمچە يېمەكلىكلەر باھا پەرقى قوشۇمچە ياردەمنى باشقۇرۇش خىراجىتى | 15. قۇرۇلۇش سىزىق سىزىش خىراجىتى | 35. ياغاچقا تالون كېسىش رەسمىيەت خىراجىتى | |
| 16. ئەسلى ياغاچنىڭ باھا پەرقى | 16. قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تەرەققىيات خىراجىتى | 36. سېمونت توشۇش ئۆچرەت خىراجىتى | |
| 17. خىزمەتچىلەرنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش، ئىسسىقتىن ساقلىنىش، دەم ئېلىش خىراجىتى | 17. توك، سۇ، توختاپ قېلىپ ئىش توختاش خىراجىتى | 37. بوز يەرگە بېرىلگەن تۆلەم خىراجىتى | |
| 18. ئاساسلىق ۋە قوشۇمچە يېمەكلىكلەرنى توشۇش خىراجىتى | 18. دۆلەتكە تەستىقلاتماي سىناق قىلغان ئورۇنلارنىڭ لايىھە خىراجىتى | 38. توك بىلەن تەمىنلەش قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىنى كۆپەيتىش ۋە ئۆستۈرۈش | |
| 19. قۇرۇلۇش ماشىنىلىرىنىڭ يول ئاسراش نومۇر تاختىسى خىراجىتى | 19. لايىھەلەش، كاماندىروپكا خىراجىتى | | |
| 20. دۆلەتنىڭ تەستىقى بىلەن سىناق نۇقتىسى قىلىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ لايىھەلەش خىراجىتى | 20. لايىھەلەش، ئېكسكۇرسىيە خىراجىتى | | |

# VI باب قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ۋە باھالاپ مۆلچەرلەش

## 1 § . قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى

1981 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ 1981 - يىللىق ئىقتىسادىي تىزىسى» نى تۈزۈپ تارقاتقاندىن كېيىن، ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ۋە قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى باشلاندى. ۋىلايەت، ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىلار ۋە كەسپىي بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا سەككىز خىلدىكى جەمئىي 50 تۈرنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تەقسىم قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇۋاتقان چوڭ، ئوتتۇرا تۈرلەر 11، قۇرۇلۇشى توختىتىلغان، كېچىكتۈرۈلگەن چوڭ، ئوتتۇرا تۈرلەر ئون، ئاپتونوم رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن نۇقتىلىق تۈرى ئالتە، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈپ كېڭەيتىپ قۇرىدىغان تۈرلەر توققۇز، ئاخىرىنى يىغىشتۇرىدىغان چوڭ، ئوتتۇرا تۈر بىر، ئاپتونوم رايوننىڭ تەييارلىق كۆرگەن تۈرى ئالتە، باشقا تۈرلەر ئۈچ، يەنە تۆت ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدىكى خادىملار يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشكە بانكا باشلىقى رىياسەتچىلىك قىلدى. ئۈچ نەپەر باشقارما دەرىجىلىك كادىر گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ، ئۈچ گۇرۇپپا تەشكىللەندى. بىر گۇرۇپپا ئايلىنىپ تەكشۈردى. بىر گۇرۇپپا نۇقتىدا تۇردى. يەنە بىر گۇرۇپپا يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. مەھسۇلاتنى تەكشۈرۈشتىن باشقا بارلىق تەكشۈرۈش نەتىجىلىرى 7 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن ۋە 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن بۇرۇن ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈپ باش بانكىغا يوللاندى.

1982 - يىل 3 - ئايدا قۇرۇلۇش باش بانكىسى ئىككىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلۇش بانكىسى ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش يىغىنى چاقىردى. 4 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «1982 - يىللىق ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش تىزىسى» نى تارقىتىپ، شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىلار، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا بەش خىلدىكى جەمئىي 88 تۈرنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى چۈشۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تېخنىكا ئۆزگەرتىش جەھەتتىن تەكشۈرۈلىدىغان تۈر يەتتە، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرى 24، باش بانكا بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان مەھسۇلاتى تەكشۈرۈلىدىغان تۈر سەككىز (ئەينەك، ساپ شۆلتا، ياغاچ ماتېرىياللاردىن ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش، خىمىيىلىك ئۇزۇن تالا، پاختا توقۇمىچىلىق ۋە گۈل بېسىش، بوياقچىلىق، نېفىت ئايرىش زاۋۇتى، يۇڭ توقۇمىچىلىق، پىۋا)، نېفىت ساھەسىدە تەكشۈرۈلىدىغان تۈر ئۈچ، ناھىيىلەر باشقۇرغان دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتتىن تەكشۈرۈلىدىغان تۈر 46. 1983 - يىل 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يىل ئاخىرىغىچە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى خادىملارنى تەشكىللەپ پاختا توقۇمىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، شېكەر ئىشلەش، پىۋا، ھاراق ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق بەش ساھەگە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئەسلىدىكى تەكشۈرۈش ئاساسىدا، يەنەبىر قېتىم چوڭقۇر تەكشۈردى. شۇ قېتىم تەكشۈرۈلگەن تۈرلەردىن پاختا توقۇمىچىلىقتا قۇرماقچى بولۇۋاتقان تۈر سەككىز،

قۇرۇلۇپ بولغان تۈر ئۈچ؛ يۇڭ-توقۇمىچىلىقتا قۇرماقچى بولىۋاتقان تۈر ۋە قۇرۇلۇۋاتقان تۈر ئىككى، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈر بەش؛ يېزا ئىشلەپچىقىرىشتا قۇرماقچى بولىۋاتقان ۋە كېڭەيتىپ قۇرىدىغان تۈر ئىككى؛ ئاق ھاراق، مېۋە ھارىقى زاۋۇتى تەكشۈرۈلدى. شېكەرچىلىك ساھەسىدە، قۇرۇلماقچى بولىۋاتقان ئۈچ تۈر ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەن بەش تۈر تەكشۈرۈلدى. يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىدە تۈرلەرنى بېكىتىش، خادىملارنى بېكىتىش، مەزمۇننى بېكىتىش، ۋاقىتنى بېكىتىش، تەكشۈرۈشنى بېكىتىشتىن ئىبارەت «بەشنى بېكىتىش» تەدبىرى قوللىنىلدى. بۇ قۇرۇلۇۋاتقان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئېنىقلاش، سېلىنغان مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى، پۇل بۇيرۇپ بېرىلىدىغان، قەرز بېرىلىدىغان تۈرلەرنى تەكشۈرۈش، مالىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش خام چوتىنى تەكشۈرۈپ پۈتۈش باھاسىنى تۆۋەنلىتىش، ئىش مۇددىتىنى قىسقارتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈلدى. يىل ئاخىرىدا تۈرلۈك تەكشۈرۈش ۋەزىپىلىرى پىلان بويىچە ئورۇندالدى. شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكا (ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى) دىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشقان ئادەم 200 دىن ئاشتى، جەمئىي 100 پارچىدىن ئارتۇق مەخسۇس تېمىدىكى تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىلىپ، 80 دىن كۆپرەك تۈرنىڭ قىسقىچە ئاساسىي ماتېرىياللىرى رەتلەندى. «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش» دېگەن تېمىدىكى ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ماقالە «شىنجاڭ ئىقتىسادىي تەتقىقاتى» توپلىمىدا بېسىلدى. «1-ئاۋغۇست، پولات زاۋۇتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە ئۆزگەرتىش يۈزلىنىشىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى»، «شىنجاڭدىكى ھەر قايسى نېفىت ئايرىش زاۋۇتلىرىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» ۋە يۇڭ توقۇمىچىلىق، پاختا توقۇمىچىلىق، يېزا ئىشلەش، قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەش، ياغاچ ماتېرىياللاردىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ۋە يەتتە ناھىيە باشقۇرغان سانائەت كارخانىلىرىنىڭ مەخسۇس تېمىدىكى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى، شۇنىڭدەك تەكلىپلەر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ پايدىلىنىشىغا يوللاندى.

1983-يىل 2-ئايدا قۇرۇلۇش باش بانكىسى خاڭجۇدا 1983-يىللىق مەملىكەتلىك مەبلەغ ئۇچۇرلىرى تەتقىقات خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. 4-ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال بۆلۈملىرىنىڭ باشلىقلىرى ياكى ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش خىزمىتى مەسئۇللىرى قاتناشقان مەبلەغ ئۇچۇرى تەتقىقاتى بويىچە كەسپىي يىغىن چاقىردى. يىغىندا تۆت خىلدىكى 65 تۈرنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاپتونوم رايوننىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلەغ پىلانى ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن، تەييارلىق كۆرگەن تۈر ئالتە ۋە ئالدىنقى باسقۇچلۇق مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى يۈرگۈزۈلگەن تۈر 31، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن چوڭ، ئوتتۇرا كارخانا ئۈچ، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ ييېڭىلايدىغان، تېخنىكا ئۆزگەرتىدىغان تۈر بىر، قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرغان مەملىكەت خاراكتېرلىك مەھسۇلات تەكشۈرۈلىدىغان تۈر سەككىز (ئاپتوموبىل، شامالدۇرغۇچ، سانائەتتە ئىشلىتىدىغان سۇ پومپىسى، خىمىيىۋى ئوغۇت، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال، قەغەز ئىشلەپچىقىرىش، پار قازان، قول تراكتورى)، رايون خاراكتېرلىك مەھسۇلات تەكشۈرىدىغان تۈر تۆت (سۈت مەھسۇلاتلىرى، قوي يۇڭى، ئېكسپورت قىلىنىدىغان ساپال قاچىلار، قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەش ۋە ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش)، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بېكىتكەن مەھسۇلات تەكشۈرۈش تۈرى ئىككى (سېمونت، پاختا توقۇمىچىلىق). ئۆتكەن يىلى تەكشۈرگەن ناھىيە باشقۇرغان 46 سانائەت تۈرى تولۇقلاپ تەكشۈرۈلدى. يەنە ئون ناھىيىنىڭ ناھىيە باشقۇرغان سانائىتىنى تەكشۈرۈش يېڭىدىن قوشۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا قۇرۇلۇش باش بانكىسى ئورۇنلاشتۇرغان 16 مەبلەغ سېلىش نەزەرىيىسى سىياسەت تەتقىقات تېمىسى كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇلدى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى مەملىكەت بويىچە رايون خاراكتېرلىك قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەپچىقىرىش سانائىتىنى تەكشۈرىدىغان ئۇنىۋېرسال بانكا بولدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايوندىكى قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، باش بانكىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمالدىكى ئۆلكە رايونلارنىڭ قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەپچىقىرىش سانائىتى تەكشۈرۈش

ماتېرىياللىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ «بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايوننىڭ قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» نى يېزىپ چىقتى. «دوكلات» تا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماتېرىيال، سانلىق ئىسپاتلار تەھلىل قىلىپ ئېنىقلاشتۇرۇش ئارقىلىق شېكەر زاۋۇتلىرىنىڭ خام ئەشيا بىلەن تەمىنلىنىشتىكى توشۇش دائىرىسى ۋە قۇرۇلۇش كۆلىمىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شېكەر زاۋۇتى قۇرۇشتا ئەڭ ياخشى لايىھەنى بېكىتىش ئۈچۈن پايدىلىنىش ئاساسلىرى بىلەن تەمىنلىدى. «دوكلات» تا يەنە ھازىرقى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنىڭدىن ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 4 - ئايدا قىسمەن ئۆلكە، رايونلار بويىچە قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يىغىنى باش بانكىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يازغان ھەم باش بانكا تەكشۈرۈپ بېكىتكەن «قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشتا مەبلەغ سېلىشتىكى بىر قانچە سىياسەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى دوكلات» يىغىننىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. دوكلاتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شىنجاڭ شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» شېكەر زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپكە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋە ئاپتونوم رايون كۆڭۈل بۆلدى ۋە قوبۇل قىلدى. شۇ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تۆمۈر يول كەسپىي تارماق بانكىسى يەنە كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ تۆت ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى باشلانغان 25 يىلدىن بۇيانقى تۈرلۈك تېخنىكا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى 7580 سانلىق ئاساسلارنى توپلاپ، لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئۈرۈمچى باشتۇرۇش ئۇچاستكىسىنىڭ (گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ شۇلىخېدىن ئۈرۈمچىگىچە) تېخنىك ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى. يەنە قۇرۇلۇش پىلانلىنىۋاتقان شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولى (ئۈرۈمچىدىن جۇڭگو - سوۋېت چېگرىسىدىكى ئالاتاۋغىچە) نىڭ توشۇش مىقدار مۆلچەرىنى تەكشۈردى. ئورۇنلاشتۇرۇلغان سانلىق مەلۇماتلاردىن مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمى مۆلچەرلەپ، ئانالىز قىلىنىپ، مەبلەغ سېلىش تەدبىرىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئاساسلار بىلەن تەمىنلەندى. ئۇندىن باشقا ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ سېمونت ئىشلەپچىقىرىش ۋە قوياش ئېنېرگىيىسىدە تۇز قۇرۇتۇش توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشى، بورتالا ئاپتونوم ئوبلاستلىق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بورتالا شەھەر - بازارلىرىنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى توغرىسىدىكى تەكشۈرۈشى، قاراماي شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ سېمونت ئىشلەپچىقىرىشنى، سېمونت تۈۋرۈكنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋە سەپلىمە ماتېرىيالنى ئىشلىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى تەكلىپلەرنى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتلەر قوبۇل قىلدى. بۇ بىر يىلدا بانكا بويىچە جەمئىي 320 نەچچە پارچە مەخسۇس تېمىدىكى نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالتە پارچىسى قۇرۇلۇش باش بانكىسىغا يوللاندى. «شىنجاڭ مالىيە بوغالتىرلىق تەتقىقاتى» دا 16 پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى. «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئۈچ پارچىسى بېسىلدى.

## § 2 . تۈرلەرنى باھالاش

قۇرۇلۇش باش بانكىسى تارقاتقان «جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باھالاشتا يولغا قويىدىغان چارىسى» گە ئاساسەن 1984 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئىقتىسادنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باشقارمىسى قۇرۇپ، مەخسۇس ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش، تۈرلەرنى باھالاش خىزمىتىنى ئىشلىدى. بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تۆت كىشى باش بانكا ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۇيۇشتۇرغان تۈرلەرنى باھالاش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا قاتناشتۇرۇلدى. شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىدىكى باھالاش خىزمىتىنى ئىشلەۋاتقان خادىملار قاتناشقان بىر قارار تۈرلەرنى باھالاش قىسقا مۇددەتلىك كۇرسى

ئېچىلىپ، تۈرلەرنى باھالاشنىڭ ئاساسىي بەلگىلىرى ۋە ئاساسىي ئۇسۇللار ئېنىقلاندى. بۇ بىر يىلدا، باش بانكا كۆرسەتكەن دۆلەتنىڭ تۆت ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرىنى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى كۈچ ئويۇشتۇرۇپ باھالىدى. ھەر بىر تۈرنى باھالاشقا ئوتتىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى؛ ئاپتونوم رايوننىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن ئالدىنقى باسقۇچلۇق 12 تۈرنى تەكشۈرۈشنى مۇناسىۋەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىلار مەسئۇل بولۇپ تەكشۈردى. ھەر بىر تۈرنى باھالاشقا ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ھەر بىر تۈرنى باھالاش نەتىجىسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتە ئاساس قىلىشى ئۈچۈن يوللاپ بېرىلدى.

1984 - يىل 12 - ئايدا دۆلەت پىلان كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىرلىكتە «دۆلەت خام چوتى ئىچىدىكى ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى پۇل بۆلۈپ بېرىشتىن قەرز بېرىشكە ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تارقىتىپ، قۇرۇلۇش بانكىسى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى خىزمىتىگە پائال قاتنىشىپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ۋە مەبلەغ سېلىش يىل چەكلىمىسى، مەبلەغنى قايتۇرۇش ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى مۆلچەرلەپ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتى (ياكى لايىھە ۋەزىپىنامىسى) نى تۈزۈپ يوللىغاندا پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئۆز پىكرىنى يوللىشىنى بەلگىلىدى. قۇرۇلۇش بانكىسىدىن قەرز پۇل بېرىلىدىغان قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ تەكلىپنامىسى ۋە مۇمكىنچىلىك تەتقىقات دوكلاتىنى قۇرۇلۇش بانكىسىغا يوللاپ باھالاتقاندىن كېيىن ئاندىن تۈرنى تۇرغۇزۇش ۋە قەرز بېرىشكە بولىدۇ.

1985 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش باشقارمىسى مەبلەغ سېلىش ئۇچۇرلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتىنى باھالاش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۈرۈمچىدە بىر قارار تۈرلەرنى باھالاش ئۆگىنىش كۇرسى ئاچتى. بۇ كۇرسقا شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلاردىن ئادەم قاتناشتۇرۇلدى. ئۆگىنىش كۇرسى ئاخىرلىشىپ پراكتىكا قىلغاندا، بارلىق كۇرسانتلار قۇرۇلۇش شۆبە بانكىنىڭ بىر تۇتاش تەشكىللىشى بىلەن سېمونت سانائىتى، كۆمۈرچىلىك، ماشىنا ئېلېكتر، نېفىت - خىمىيە سانائىتى، ئۈزۈمچىلىك، ۋېلسىپىت سانائىتى، ئاليۇمىن سانائىتى، يېڭى تېپىتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق سەككىز ساھەنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەكشۈردى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ 700 مىڭ توننىلىق كېڭەيتىلگەن قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ ساپ شۇلتا زاۋۇتىنىڭ يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان قۇرۇلۇشى، ئۈرۈمچى ئەينەك زاۋۇتىنىڭ كېڭەيتىلگەن قۇرۇلۇشى ۋە لەنجۇ ئۈرۈمچى تېلېفون كابېل قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەمئىي تۆت چوڭ، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش تۈرىنى باھالاش دوكلاتىنى تاماملىدى؛ يەنە قىزىلتۆي سېمونت زاۋۇتى، كانسۇ ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتى ۋە چوڭ، كىچىك 30 دىن ئارتۇق تۈرنىڭ كېڭەيتىش قۇرۇلۇش لايىھىسىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشتى.

## 3 § . ناھىيىلەر باشقۇرغان سانائەتنى تەكشۈرۈش

ناھىيىلەر باشقۇرغان سانائەتنى تەكشۈرۈشتە ئادەتتە قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىدىن تىزىس تۈزۈپ چىقىپ، ناھىيىلىك تارماق بانكىلار شۇ ناھىيىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئادەم تەشكىللەپ تەكشۈردى. بۇنداق قىلىشتىكى مەقسەت ناھىيىلەرنىڭ بايلىق، ئىقتىسادىي ۋە تەبىئىي شارائىتى، ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت، تېخنىكا ئۈستۈنلىكى ۋە ناھىيە باشقۇرغان سانائەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ، ناھىيىلەرنىڭ سانائەت باشقۇرۇشتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەشتىن ئىبارەت. تەكشۈرۈشتە ئاساسلىق ناھىيىنىڭ بايلىق ئەھۋالى، قۇرغان سانائەت تۈرلىرى، مەھسۇلاتى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى، ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش،

سېتىش ئەھۋالى، يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان باج، پايدا پاكى زىيان تارتىش ئەھۋالى قاتارلىقلار تەكشۈرۈلدى، ناھىيىلىك قۇرۇلۇش تارماق بانكىسى تەكشۈرۈش ئاساسىدا قۇرۇلغان كارخانىلارنىڭ شۇ جايىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەھسۇلاتىنى، كىرىمنى ئاشۇرۇشتا ئوينىغان رولى ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئانالىز ۋە تەتقىق قىلىپ، تەكشۈرۈش جەريانىدا يولۇققان ئېھتىمالى بولغان مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى قاتارلىقلارنى ئالدىن مۆلچەرلىدى. قۇرۇلۇۋاتقان كارخانىلارنىڭ كۆلىمى ۋە ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى قاتارلىقلارنىمۇ ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى تەكشۈردى ۋە مۆلچەرلىدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، 38 ناھىيە (ياكى ناھىيە دەرىجىلىك شەھەر) دىكى قۇرۇلۇش تارماق بانكىلىرى ناھىيە باشقۇرغان سانائەتنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولدى ھەم تەپسىلىي تەكشۈرۈش دوكلاتىنى يېزىپ چىقتى. ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى تەكشۈرگەندىن كېيىن، شۇ ناھىيىنىڭ بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئېنىقلاپ، ھازىرقى ناھىيە باشقۇرغان سانائەتنىڭ كەسىپ تۈرى، تارقىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى، بازىرى ۋە تىجارەت ئۈنۈمى قاتارلىق ئەھۋاللار تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. ھەم ساقلانغان مەسىلىلەرمۇ بايقىلىپ تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشى ئاساسىدا، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئىككى ۋىلايەت، ئوبلاست، 14 ناھىيىنىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالىنى ئومۇملاشتۇرۇپ چىقتى. بۇ رەھبىرىي تارماقلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشتى.

## 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەكشۈرۈش ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداش ئەھۋالى

جەدۋەل: 7 ـ 15

| تۈرى \ يىللار | 1981 | 1982 |
| --- | --- | --- |
| تۈرلۈككە ئايرىلغان جوۋا، ئوتتۇرا تۈرلەرنىڭ مۇكەممەللىكىنى تەكشۈرۈش | 11 | |
| توختىتىلغان جوۋا، ئوتتۇرا تېخنىكا تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش | 10 | |
| ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش، ئىشقا كىرىشكەن تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش | 6 | |
| ئىشقا كىرىشكەن، كېڭەيتىلگەن تۈرلەرنى تەكشۈرۈش | 9 | |
| جوۋا، ئوتتۇرا تېخنىكا ئاخىرىنى يېتىشتۈرىدىغان تۈرلەرنى تەكشۈرۈش | 1 | |
| ئاپتونوم رايوننىڭ تەييارلىق تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش | 6 | |
| ئاپتونوم رايوننىڭ باشقا تۈرلىرىنى تەكشۈرۈش | 3 | |
| ئىشقا كىرىشكەن جوۋا، ئوتتۇرا كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش | | 7 |
| ئالدىنقى باسقۇچلۇق قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ مۇكەممەللىك تەتقىقاتى | | 24 |
| جوۋا، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى پىلان مۆلچەرلەش | | |
| باش پىلانغا بىر تۇتاش تۈزۈلاشتۇرغان كەسىپ مەسئۇلىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش | ۋېلسىپىت، قول سائەت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، تېلېۋىزور | ئەينەك، ساپ شۆلتا، ياغاچ ماتېرىيالدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش، خىمىيىلىك تالا، يۇڭ، پاختا توقۇمىچىلىق نېفىت ئايرىش، پىۋا، نېفىت ساھەسى |
| باش پىلانغا بىر تۇتاش تۈزۈلاشتۇرغان رايون خاراكتېرلىك مەسئۇلىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش | | |
| ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە باش كەسىپ تۈرلىرى بېكىتكەن مەسئۇلىيەتلىرىنى تەكشۈرۈش | يۇڭ توقۇمىچىلىق ساھەسى | قىزىلچا، شېكەر ئىشلەپچىقىرىش، ئاق ھاراق |
| ئاھىيە سانائىتىنى تەكشۈرۈش | | 46 |
| ئاپتونوم رايوننىڭ تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈشكە قاتنىشىش | | |
| ئىقتىسادىي تەتقىقات ماقالىسى يېزىشقا تۈزۈشتۈرۈش | | |

ئالدىنقى جەدۋەلنىڭ داۋامى

| | | | | | | | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1983 | | | | | | 6 | | 4 | 31 | | ماشىنا، شامالدۇرغۇچ، سانائەت تورۋىسى، خىمىيىلىك ئوغۇت، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال، قەغەز، كىچىك تراكتور، پار قازان | شېكەر ئىشلەش ۋە ئۈنۈۋېرسال پايدىلىنىش، سېمونت، مەھسۇلاتى، قوي يۇڭى، ئېكسپورت فارفور قاچا | سېمونت، باختا توقۇمىچىلىق | 10 | | 30 دىن ئارتۇق |
| 1984 | | | | | | | | | 12 | 4 | فوسفورلۇق ئوغۇت | | | | 1 | |
| 1985 | | | | | | | | | 2 | 4 | سېمونت، كۆمۈر، ئېلېكتر، نېفىت، نېفىت ئايرىش، ۋېلسىپىت، ئاليومىن، يېڭى ماتېرىيال، ئۈزۈم | | | | | |
| جەمئىي | 11 | 10 | 6 | 9 | 1 | 12 | 3 | 11 | 69 | 8 | 30 تۈر | 4 تۈر | 5 تۈر | 56 تۈر | 1 | 30 دىن ئارتۇق |

سەككىزىنچى قىسىم

# خەلقئارا پۇل مۇئامىلە

سەككىزىنچى قىسىم

# خەلقئارا پۇل مۇئامىلە

## I باب

## تاشقى سودا تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ۋە خەلقئارا راسچوت

### 1 § . تارىخىي تەرەققىيات جەريانى

شىنجاڭدا خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپى گوۋاڭشۈ 32 - يىلى (1960 - يىلى) باشلانغان، ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنىڭ ۋالىيسى يۈەن خۇڭيو تاشيول ياساش ئۈچۈن رۇس - ئاسىيا بانكىسىدىن 20 مىڭ ئالتۇن رۇبلى قەرز ئالغان. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كەسپنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولدى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپى ئاندىن رەسمىي يولغا قويۇلدى. 1978 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭنىڭ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بېجىرىدى، 1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپىنى مۇشۇ بانكا بىر تۇتاش بېجىرىدىغان بولدى. ئۇ ئاساسلىقى تۈرلۈك چەت ئەل پۇللىرى ئامانىتى، قەرز پۇلى، تاشقى سودا قەرز پۇلى، خەلقئارا سودا ۋە غەيرىي سودا راسچوتى، چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش ۋە خەلقئارا ھاۋالە قاتارلىق كەسپلەرنى بېجىرىپ كەلدى. يەنە خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر خىل خەلق پۇل مۇئامىلىسى كەسپلىرىنىمۇ بېجىردى.

#### 1. خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلى، 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1950 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە)

1950 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە كەسپىنى رەسمىي يولغا قويدى. 1957 - يىلغىچە ئاساسلىقى تاشقى سودا قەرز

پۇلى ۋە ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى راسچوت كەسپلىرى بېجىرىلدى. 1957 - يىلى قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 19 مىليون 930 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىدا ئاساسلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مالغا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى قىلىندى. شۇ يىلى ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسى 192 مىليون رۇبلى (كونا رۇبلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) غا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورتتىن يىغىۋېلىنغان تاشقى پېرېۋوت 130 مىليون 30 مىڭ رۇبلى، ئىمپورتتا چىقىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 62 مىليون 170 مىڭ رۇبلى بولدى. غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىمى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ خىراجىتىدىن، چىقىمى سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوتتىن ئىبارەت بولدى.

## 2. 2 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى، ئۈچ يىللىق خەلق ئىگىلىكىنى تەڭشەش مەزگىلى (1958 - يىلدىن 1965 - يىلغىچە)

1959 - يىلى دۆلەت تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويدى. سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ۋە ئاشۇرۇپ ئورۇنداش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى ھەر قايسى بانكىلاردىن كرېدىت مەبلىغى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تولۇق تەمىنلەپ قانچىلىك سېتىۋالماقچى بولسا، شۇنچىلىك مەبلەغ بىلەن تەمىنلەپ، ئۈزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقان تاشقى سودىنىڭ مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تاشقى سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 1957 - يىلدىكى 19 مىليون 930 مىڭ يۈەندىن شىددەت بىلەن ئېشىپ، 1962 - يىلى 120 مىليون 330 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، يەنە بىر تەرەپتىن 1959 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بانكىلار تولۇق سوممىلىق كرېدىتنى يولغا قويۇپ، كارخانىلارنىڭ ئۆز مەبلەغلىرىنى پۈتۈنلەي بانكىغا مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، ئۇنىڭغا قەرز پۇل قاتارىدا مۇئامىلە قىلغانلىقتىن تاشقى سودا قەرز پۇلى شىددەت بىلەن ئاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ خاتا تەسىرى بىلەن بانكىلار كارخانىلارنىڭ تەلىپى بويىچە قەرز پۇل تارقاتقانلىقتىن ئامبار قالدۇقى كۆپىيىپ كېتىپ، مەبلەغ كۆپ ئىگىلىنىپ كەتتى. 1962 - يىلى ھەر قايسى تاشقى سودا شىركەتلىرىدىكى تاۋارنىڭ ئىسكىلات قالدۇقى 1957 - يىلدىكى 15 مىليون 710 مىڭ يۈەندىن 82 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى. تاشقى سودىنىڭ مال - مۈلۈك زىيان ئومۇمىي سوممىسى 8 مىليون يۈەنگە يەتتى. مەركەز 1963 - يىلدىن باشلاپ، «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت تۆت سۆزلۈك فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، بانكىلار تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ كرېدىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتكەنلىكتىن، قەرز پۇل ئازراق ئازايدى. 1965 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە بانكىلارنىڭ تاشقى سودىغا بەرگەن قەرز پۇلى 24 مىليون 400 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ 1962 - يىلدىكىدىن 79.7% تۆۋەنلىدى.

1959 - يىلى ئاپتونوم رايون سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يەرلىك سودىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىدىكى تاشقى پېرېۋوت راسچوتى ئۇدا ئاشتى. 1958 - يىلى ئېكسپورتتىن 140 مىليون 350 مىڭ رۇبلى تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىندى. ئىمپورتتا 51 مىليون 440 مىڭ رۇبلى تاشقى پېرېۋوت چىقىم قىلىندى. 1959 - يىلى ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت كۆپىيىپ 198 مىليون 160 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. ئىمپورتتا چىقىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت بۇنىڭغا ماس ھالدا كۆپىيىپ 78 مىليون 870 مىڭ رۇبلىغا يەتتى. 1962 - يىلى ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 17 مىليون 200 مىڭ رۇبلى (يېڭى رۇبلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش، كونا رۇبلى 10:1 نىسبەت بويىچە يېڭى رۇبلىغا

سۈندۈرۈلدى)، ئىمپورتتا چىقىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 2 مىليون 440 مىڭ رۇبلى بولدى. 1963 ـ يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا تەدرىجىي ئازىيىپ كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا تەدرىجىي كېڭەيدى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى ئومۇمەن دېڭىز يولى، پورتلاردىكى تاشقى سودا شىركەتلىرى ئارقىلىق بېجىرىلدى. بۇنىڭدا شىنجاڭ پەقەت تاشقى سودىنى مال بىلەن تەمىنلەشكىلا مەسئۇل بولدى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىشمۇ ئاشۇ پورتلاردىكى بانكىلار ئارقىلىق بېجىرىلدى.

1964 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسى ۋە چېگرا ئېغىزىدىكى سودا ۋاكالەتخانىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قايتۇرۇپ كېتىلگەندىن كېيىن، غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىمى زور ھەجىمدە تۆۋەنلەپ كەتتى. مۇھاجىرلار پېرېۋوت كىرىمى غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ، تەخمىنەن %94 نى ئىگىلەيتتى. سوۋېت مۇھاجىرلىرىنى قايتۇرۇش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىپ قالغانلىقتىن، غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت چىقىمىمۇ زور دەرىجىدە ئازايدى.

بۇ مەزگىلدە، چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش كەسپى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى رۇبلىسىنى چەكلىك سوممىدا تېگىشىپ بېرىشتىن ئىبارەت بولدى. قىسقا ۋاقىت (ئالتە ئاي) لىق جۇڭگوغا ساياھەتكە كەلگەن سوۋېت پۇقرالىرى دۆلىتىگە قايتىش ۋاقتىدا خەجلەپ بولالمىغان خەلق پۇلى (50 يۈەندىن ئېشىپ كەتمىسە) سوۋېت رۇبلىسىغا تېگىشىپ بېرىلدى. ئەينى چاغدا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارمىقى، چۆچەك مەركىزىي تارماق بانكىسى، قورغاس شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە تۇرغات شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى سوۋېت رۇبلىسىنى تېگىشىپ بېرەتتى.

## 3. 3 ـ بەش يىللىق پىلان ۋە 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1966 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە)

3 ـ، 4 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىللىرى دەل «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلى بولۇپ، بۇ مەزگىلدە خەلق ئىگىلىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بىراق ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى سودا ئىشلىرى داۋاملىق تەرەققىي قىلدى. تاشقى سودا قەرز پۇلى داۋاملىق كۆپەيدى. 1975 ـ يىلى تاشقى سودا قەرز پۇلى 1966 ـ يىلدىكى 23 مىليون 240 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ 55 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودىنىڭ سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 1963 ـ يىلدىكى 52 مىليون 120 مىڭ يۈەندىن 152 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1975 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى 1973 ـ يىلى تاشقى سودا مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق باش بانكىسى بېرىلىشىپ تارقاتقان «قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى كەسپىنى يولغا قويدى.

سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا ئاساسىي جەھەتتىن توختاپ قالغانلىقتىن، ئېكسپورتتىن تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىش ۋە ئىمپورتتا تاشقى پېرېۋوت چىقىم قىلىش ئومۇمەن چېگرا ئېغىزلىرىدىكى بانكىلار ئارقىلىق بېجىرىلدى. ئاپتونوم رايون ئىچىدە پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆلەك يىپ ئېكسپورت قىلىشقا دائىر تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش كەسپى بىلەن پاكىستان بىلەن بولغان چېگرا سودىسىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش كەسپىلا بېجىرىلدى.

غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىمى بىلەن چىقىمى ئومۇمەن بىر قەدەر ئاز بولدى. غەيرىي سودا كىرىمى ئاساسەن مۇھاجىرلار پېرېۋوتى بولدى. چىقىم ئاساسلىقى پاكىستان، ئافغانىستانلىق، سوۋېتلىك مۇھاجىرلار ۋە دۆلەت تەۋەلىكى يوق كۆچمەنلەرنىڭ چەت ئەللەردە ئولتۇراقلىشىشى ھەم چەت ئەللەرگە تۇغقان يوقلاش

ئۈچۈن چىقىشى قاتارلىق خىراجەتلەرگە ئىشلىتىلدى. 1968 - يىلى كىرىم پەقەت 57 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى، چىقىم ئاران 359 ئامېرىكا دوللىرىلا بولدى. 1975 - يىلغا كەلگەندە كىرىم كۆپىيىپ 115 مىڭ 250 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، چىقىم 2800 ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

## 4. 5 - بەش يىللىق پىلان ۋە 6 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلى (1976- يىلدىن 1985 - يىلغىچە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن «ئىچكى قىسمىدا ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتى خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. تاشقى سودا قەرز پۇلى، تاشقى پىرىۋوت قەرز پۇلى ۋە خەلقئارا سودا، غەيرىي سودا راسچوتى ھەم چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئاساسىدا، چەت ئەل پۇل ئامانىتى ۋە خەلقئارا ھاۋالە كەسپى بېجىرىلدى.

ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، تاشقى سودا قەرز پۇلى يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى. 1978 - يىلى قەرز پۇل قالدۇقى 81 مىليون 670 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 - يىلغا كەلگەندە قەرز پۇل قالدۇقى كۆپىيىپ 368 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 4.5 ھەسسە ئاشتى.

1981 - يىلى خەلق پۇلى تۇراقسىز مۈلۈك قەرز پۇلى كەسپى يولغا قويۇلدى. 1985 - يىلغىچە قەرز پۇل قالدۇقى26 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېخنىكا ئۆزگەرتىش يانداشما قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 2 مىليون 690 مىڭ يۈەن، ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 13 مىليون 790 مىڭ يۈەن، ئاساسىي قۇرۇلۇش يانداشما قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 10 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولدى.

1976 - يىلى تاشقى پىرىۋوت قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى ئاران 80 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، 1978 - يىلى 800 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، 1985 - يىلغا كەلگەندە شىددەت بىلەن ئېشىپ 15 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. قەرز پۇل ئاساسلىقى ئىقتىساد - سودا، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، قاتناش - ترانسپورت، خىمىيە سانائىتى، ساياھەتچىلىك، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ھەم باشقا سىستېمىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلدى.

جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ خەلقئارا سودا راسچوت كەسپى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. 1985 - يىلغا قەدەر جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 80 گە يېقىن دۆلەت ۋە رايوننىڭ 383 بانكا ۋە تارماق بانكا ئاپپاراتلىرى بىلەن كەسپىي ۋاكالەتچىلىك مۇناسىۋىتى ئورناتتى. 1980- يىلى ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پىرىۋوت 7 مىليون 340 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورتقا چىقىم قىلىنغان تاشقى پىرىۋوت 21 مىليون 270 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، 1985 - يىلغا كەلگەندە ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پىرىۋوت 174 مىليون 510 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. ئىمپورتقا چىقىم قىلىنغان تاشقى پىرىۋوت داۋاملىق ئېشىپ 133 مىليون 210 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

غەيرىي سودا تاشقى پىرىۋوت كىرىم - چىقىمىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئۆزگىرىش بولغانلىقتىن، بولۇپمۇ، جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ كىرىم - چىقىم تۈرى كۆپەيگەنلىكتىن، تاشقى پىرىۋوت كىرىم - چىقىمى زور دەرىجىدە ئاشتى. 1978 - يىلى كىرىم 307 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، چىقىم

32 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، 1985 ـ يىلغا كەلگەندە كىرىم ئېشىپ 12 مىليون 880 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، جۇڭگو ـ چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىمى 4 مىليون 660 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ %36.18 نى ئىگىلىدى. تاشقى پېرېۋوت چىقىمى 9 مىليون 230 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگو ـ چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت چىقىمى 5 مىليون 180 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

1985 ـ يىلغا قەدەر، ئاپتونوم رايون تەۋەسىدە تېگىشكىلى بولىدىغان چەت ئەل نەق پۇللىرى 18 خىلغا، چەت ئەل پۇلى ۋېكسىللىرى 21 خىلغا يەتتى. 1978 ـ يىلى تېگىشىپ بېرىلگەن چەت ئەل پۇلى ئاران 45 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، 1985 ـ يىلى كۆپىيىپ 1 مىليون 870 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

خەلقئارا ھاۋالە كەسپىدە شەخسلەرگە تاشقى پېرېۋوت تەڭشەپ بېرىش، تاشقى پېرېۋوت تەڭشەش، خەلقئارا كەسپلەر بويىچە مەسلىھەت بېرىش، خەلقئارا ئىجارە، تولۇقلىما سودا، كېپىل بولۇش ۋە مەبلەغ سېلىش قاتارلىق كەسپلەر ئارقا ـ ئارقىدىن يولغا قويۇلدى. 1985 ـ يىلغا قەدەر جەمئىي بەش قېتىملىق 67 مىڭ 295.86 ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەڭشەلدى. بېجىرىلىۋاتقىنى بىر بولۇپ، 800 مىڭ شياڭگاڭ يۈەنى قايتۇرۇپ كېلىندى. جەمئىي 107 قېتىمدا 22 مىليون 720 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەڭشەلدى. ئالتە قېتىم تولۇقلىما سودا كەسپى بېجىرىلدى. بۇنىڭ سوممىسى 2 مىليارد 350 مىليون ياپونىيە يېنى بولدى. بىر قېتىم ئىجارە كەسپى بېجىرىلدى. ئومۇمىي ئىجارە سوممىسى 57 مىڭ 27 ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 115 قېتىم مەسلىھەت بېرىلدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ، مۇئامىلىدارلارغا توققۇز پارچە كېپىللىك خېتى كېسىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تولۇقلىما سودا توغرىسىدا كېسىلگەن كېپىللىك خېتى سەككىز پارچە، ئۇنىڭ سوممىسى 2 مىليارد 298 مىليون ياپونىيە يېنى بولدى. بىر پارچىسى ئەڭ كۆپ سوممىلىق قەرز پۇل كېپىللىك خېتى بولۇپ، ئۇنىڭ سوممىسى 4 مىليون شياڭگاڭ يۈەنى بولدى.

## § 2. تاشقى سودا قەرز پۇلى

### 1. تاشقى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئوبيېكتى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تاشقى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئوبيېكتى تاشقى سودا سىستېمىسىدا مۇستەقىل ئىقتىسادىي ھېساباتنى يولغا قويغان كارخانا، ئورۇنلار (پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، ترانسپورت شىركەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەنلا چەكلەندى. 1973 ـ يىلى دۆلەت تاشقى سودا مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو خەلق بانكىسى بىرلىشىپ تارقاتقان «تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنى باشقۇرۇش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» دە يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ تەستىقى ئارقىلىق سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرىغا تىزىملاتقان، ھەمدە تىجارەت كىنىشكىسى ئالغان، ئۆزىنىڭ مەلۇم مەبلىغى بولغان، مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، ئىمپورت ـ ئېكسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى ئىمپورت ـ ئېكسپورت كەسپىنى ئاساس قىلىدىغان كارخانىلار تاشقى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئوبيېكتى قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. 1984 ـ يىلى تاشقى سودا قەرز پۇلىنىڭ ئوبيېكتى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ تەستىقى ئارقىلىق سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى تىجارەت كىنىشكىسى تارقىتىپ بەرگەن، ئۆزىنىڭ مەلۇم مەبلىغى بولغان مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان، ئىمپورت ـ ئېكسپورت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە ئىمپورت ـ ئېكسپورتقا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئورۇنلار (جۇڭگو مۇھاجىرلىرى دوستلۇق ماگىزىنى ۋە تاشقى سودىغا قاراشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى، ئامبار، ماشىنا

ئەترىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەم جۇڭگو بانكىسى مەبلەغ سالغان كارخانىلارغىچە كېڭەيتىدى. 1950 - يىلىنىڭ بېشىدا، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سودا نازارىتى تاشقى سودا بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تاشقى سودا كەسپىنى بىر تۇتاش باشقۇردى. تاشقى سودا مەبلىغىنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىنى بانكا قەرز پۇل تارقىتىش ئارقىلىق ھەل قىلدى. 1954 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئېكسپورت شىركىتى، ئىمپورت شىركىتى، چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى، كان مەھسۇلاتلىرى شىركىتى ۋە يىپەك شىركىتى قاتارلىق كارخانىلارمۇ ئارقا - ئارقىدىن بانكا بىلەن تاشقى سودا قەرز پۇلى مۇناسىۋىتى ئورناتتى. شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تاشقى سودا ئاپپاراتلىرى تەدرىجىي كۆپەيدى. 1984 - يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تاشقى سودا ئاپپاراتلىرى تەرەققىي قىلىپ 669 غا يېتىپ، 1950 - يىلدىكىدىن 41.8 ھەسسە ئاشتى. بۇ ئاپپاراتلارنىڭ كۆپ قىسمى بانكا بىلەن قەرز پۇل مۇناسىۋىتى ئورناتتى.

## 2. تاشقى سودا قەرز پۇلى جەھەتتىكى ئىش تەقسىماتى

1978 - يىلدىن ئىلگىرى تاشقى سودا قەرز پۇلى كەسپىنى خەلق بانكىسى بېجىرەتتى. 1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن تاشقى سودا قەرز پۇلى كەسپىنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئورۇمچى شۆبىسى ئۆتكۈزۈۋالدى. 1980 - يىل 4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى بىلەن جۇڭگو بانكىسى «تاشقى سودا كرېدىت كەسپىنى خەلق بانكىسىدىن جۇڭگو بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: 1) مۇندىن كېيىن تاشقى سودا كرېدىتىغا مۇناسىۋەتلىك پىلانلارنى تۈزۈش، ئىجرا قىلىش ۋە كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى جۇڭگو بانكىسى بېجىرىدۇ. 2) ئومۇمەن جۇڭگو بانكىسى بار ۋىلايەتلەردە تاشقى سودا كرېدىتىنى جۇڭگو بانكىسى بېجىرىدۇ. 3) جۇڭگو بانكىسى يوق ۋىلايەتلەردە جۇڭگو خەلق بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرىدۇ. 1980 - يىلىنىڭ تاشقى سودا كرېدىتى كۆرسەتكۈچىنى مەملىكەتلىك پىلان يىغىنى بىر تۇتاش چۈشۈرۈپ بەردى. بۇ كۆرسەتكۈچنى خەلق بانكىسى جۇڭگو بانكىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە پەقەت ئۈرۈمچى شەھىرىدىلا جۇڭگو بانكىسى تەسىس قىلىنغاچقا، ئۈرۈمچىدىن باشقا ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ تاشقى سودا كرېدىت كەسپىنى پۈتۈنلەي جۇڭگو خەلق بانكىسى (كېيىن جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى) ياكى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىردى. 1985 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە جۇڭگو بانكىسى قۇرۇلۇپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تاشقى سودا كرېدىتى كەسپىنى ئۆتكۈزۈۋالدى.

## 3. تاشقى سودا قەرز پۇلى بېرىش پرىنسىپلىرى

جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك كرېدىت سىستېمىسى تۇرغۇزۇلغاندىن بۇيان، بانكىلار تاشقى سودا قەرز پۇلىنى باشقۇرۇشتا ئۇزاق مەزگىلگىچە پىلان بويىچە قەرز پۇل بېرىش ھەم مالىيە مەبلىغى بىلەن كرېدىت مەبلىغىنى ئايرىپ باشقۇرۇش پرىنسىپىنى يولغا قويدى. بانكا بەرگەن تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بىلەن كارخانىلارنىڭ ئۆز تۇراقسىز مەبلىغىنى ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىۋېلىشقا ۋە تۇراقلىق مۈلۈك سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ. بانكا بەرگەن قەرز پۇل بىلەن كارخانىنىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇشقا بولمايدۇ. باشقا ئورۇنغا يۆتكەپ ئىشلىتىۋالغان باج ۋە پايدىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا بولمايدۇ، بانكا بەرگەن قەرز پۇلنى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق چىقىمى ۋە باشقا مالىيە خاراكتېرلىك چىقىملارغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. يۇقىرىقى پرىنسىپ ۋە بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغانلارغا بانكا پۇل چىقىم قىلىشنى ۋە قەرز پۇل بېرىشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت بانكىسىنىڭ ئىزگىنلەش ۋە تەڭشەش رولىغا بارغانسېرى ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىدى. 1979 - يىل 2 - ئايدا مەملىكەتلىك خەلق شۆبە بانكا باشلىقلىرى يىغىنىدا «پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ يۆلەش» تىن ئىبارەت مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. 1982 - يىل 5 - ئايدا يەنە «سېتىشقا قاراپ قەرز پۇل بېرىش» پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق: ① قەرز پۇلنى پىلان بويىچە ئەلالىرىنى تاللاپ تارقىتىش پرىنسىپى. بۇنىڭدا بانكا چوقۇم دۆلەت تەستىقلىغان كرېدىت پىلانىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن نورما ئىچىدە سىياسەت، پىلان، توختام ۋە بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ ياخشى - يامانلىقى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ ئاز - كۆپلىكى بويىچە ئوخشاش بولمىغان كارخانىلارنى پەرقلەندۈرۈپ، «ئارتۇق مەھسۇلاتلىق» كەسىپلەر بىلەن «قىس مەھسۇلاتلىق» كەسىپلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ، ئەلالىرىنى تاللاپ قەرز پۇل تارقىتىدۇ. ② قەرز پۇل بىلەن ماددىي ئەشيانى بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپى. بانكا تارقاتقان قەرز پۇلنىڭ چوقۇم ئىشلىتىش ۋە سېتىشقا باب كېلىدىغان تاۋار ۋە ماددىي ئەشيا كاپالىتى بولۇشى كېرەك. ③ قەرز پۇلنى ئۆز قەرەلىدە قايتۇرۇش ۋە پەرقلەندۈرۈپ ئۆسۈم ھېسابلاش پرىنسىپى. بانكا قەرز پۇل تارقاتقاندا، قەرز پۇلنى قايتۇرۇش مۇددىتىنى ئېنىق بېكىتىشى، قەرز پۇل ئالغان ئورۇنلار بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئەسلى سوممىسى بويىچە قايتۇرۇشى ھەمدە قەرز پۇلنىڭ ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرى، ئوخشاش بولمىغان ئىشلىتىش يوللىرى ۋە مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىغا ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم ئۆسۈم ھېسابلاش كېرەك. قوشۇپ ئېلىشقا تېگىشلىك ئۆسۈم چوقۇم بەلگىلىمە بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىشى كېرەك.

## 4. تاشقى سودا قەرز پۇلى كەسپىنىڭ تەرەققىياتى

خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىسىنىڭ ئاساسى ئاجىز بولۇپ، ئاساسلىقى بانكىنىڭ قەرز پۇل تارقىتىشىغا تايىناتتى. 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىنىڭ سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 89 مىليون 693 مىڭ يۈەن ئىدى. 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، بانكا تاشقى سودا قەرز پۇلى بىلەن يېتەرلىك تەمىنلىگەنلىكتىن، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودىسىدا خېلى زور تەرەققىياتلار بولدى. 1953 - يىلى تاشقى سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 1 مىليون 570 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1955 - يىلى شىددەت بىلەن ئېشىپ، 25 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1956 - يىلى تاشقى سودىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، كرېدىت مۇئامىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ناھىيە دەرىجىلىك بانكىلارغىچە چۈشۈرۈلدى. ئوخشاش بولمىغان شارائىتقا ئاساسەن، بىۋاسىتە قەرز پۇل تارقىتىش ياكى تۆۋەنگە قەرز پۇل بېرىپ، يۇقىرىغا مېمورىئال قىلىش بويىچە چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتا ئاۋۋال قەرز بېرىپ، كېيىن مەلۇم قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. 1957 - يىلى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بازىرىدا تەمىنلەش جىددىي بولغان ئەھۋالدا، تاشقى سودىنىڭ سېتىۋېلىش، ئېكسپورت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن، بانكا مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە، قەرز پۇلغا كۆرسەتكۈچ چەكلىمىسى قويماي ئەمەلىي ئېھتىياجغا قاراپ مەبلەغ بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تولۇق تەمىنلىدى. يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل قالدۇقى 19 مىليون 930 مىڭ يۈەن بولدى. 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە تاشقى سودىنىڭ سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 312 مىليون 27 مىڭ يۈەن بولۇپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 62 مىليون 445 مىڭ يۈەندىن توغرا كەلدى.

1959 - يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن تاشقى سودىنى راۋاجلاندۇرۇشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، «پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇش» قائىدىسى ۋە بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، مەركەز تەستىقلىغان تاشقى سودا پىلانى دائىرىسىدە ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇش،

ئاۋۋال ئىشلەپچىقىرىش، خام ماتېرىيال ۋە ئوراش، قاچىلاش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن ئالدىن تەمىنلەش، ترانسپورتنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بەشتە ئاۋۋال بولۇش پرىنسىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى مەركەزنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەر قايسى جايلاردىكى بانكىلاردىن ئۆز ۋاقتىدا مەبلەغ بىلەن يېتەرلىك تەمىنلەپ، قانچىلىك سېتىۋالماقچى بولسا، شۇنچىلىك تەمىنلەش، قەيەردە سېتىۋالسا، شۇ يەردە تەمىنلەش، قاچان سېتىۋالسا، شۇ چاغدا تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تاشقى سودا تارماقلىرىنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، زور كۈچ بىلەن مال مەنبەسىنى تەشكىللىشىگە پائال ھەمكارلاشتى. تاشقى سودا تارماقلىرىنىڭ ئېكسپورت ماللىرىنى توشۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ يىلى تاشقى سودا ئىشلىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى سودىنىڭ مال سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 184 مىليون 100 مىڭ يۈەن بولدى. 1959- يىلدىن 1962- يىلغىچە بانكىلار تولۇق سومىلىق كرېدىتنى يولغا قويۇپ، تاشقى سودا كارخانىلىرى ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق كۆچمە مەبلەغنى ئامانەت قەرز شەكلى بىلەن تەمىنلىدى. تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ نورمال تىجارىتىگە ئېھتىياجلىق بولغان ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى كۆچمە مەبلەغنى مالىيە تارماقلىرى كارخانىلارغا ئۆز كۆچمە مەبلىغى قىلىپ ھەقسىز ئىشلىتىش ئۈچۈن قايتا بۆلۈپ بەرمەستىن بەلكى مالىيە تارماقلىرى بانكىغا كرېدىت مەبلىغى سۈپىتىدە بۆلۈپ بېرىدىغان، ئاندىن بانكىلار كارخانىلارغا نورمىلىق قەرز پۇل تارقىتىدىغان بولدى. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت داۋامىدا ئېھتىياجلىق بولغان پەسىل خاراكتېرلىك، ۋاقىتلىق مەبلەغلەرنى بانكا نورمىدىن ئاشۇرۇپ قەرز پۇل تارقىتىش ئارقىلىق ھەل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قەرز پۇل قالدۇقى نىسبىي ھالدا كۆپەيدى. 1958 - يىلى بانكىنىڭ تاشقى سودىغا بەرگەن قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 25 مىليون 180 مىليون 540 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1961 - يىلى بىراقلا 127 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1962 - يىلى 120 مىليون 330 يۈەن بولدى.

1962 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار كۆچمە مەبلەغنىڭ نامۇۋاپىق ئىگىلەنگەن قىسمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يىغىۋېلىشقا باشلاپ، نامۇۋاپىق ئىگىلەنگەن كۆچمە مەبلەغدىن جەمئىي 10 مىليون يۈەننى ئېنىقلاپ يىغىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاشقى سودا كارخانىلىرىغا ماسلىشىپ ئامبارلارنى ئېنىقلاشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇپ، ئامبار قالدۇقى يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىپ، تاۋارلارنىڭ بېسىلىپ قېلىشىنى ئازايتىپ، بىر قىسىم ئېكسپورت مال مەنبەسى بىلەن تەمىنلىدى. مەسىلەن: كان مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى ئۆلچەمسىز رودىدىن 612 - نومۇرلۇق رودىنى تاللاپ، بۇنىڭدىن 86 توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش، چاي، يەرلىك مەھسۇلاتلار ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى 60 توننا ياڭاقنى ئېنىقلاپ چىقىپ، شۇ يىللىق ئېكسپورتنى تەمىنلىدى. ئامبارلارنى ئېنىقلاش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودا سىستېمىسىدا قىممىتى جەمئىي 6 مىليون يۈەندىن كۆپرەك بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا بىر تەرەپ قىلىندى. لېكىن بانكا كارخانىلارغا بېرىدىغان قەرز پۇل پىلانىنى باشقۇرۇشى قاتتىق بولمىغانلىقتىن، تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئامبار قالدۇقى يەنىلا بەك كۆپ بولۇپ، مەبلەغنى ھەددىدىن ئارتۇق ئىگىلەپ كەتتى. 1962 - يىلى ھەر قايسى تاشقى سودا شىركەتلىرىنىڭ تاۋار ئىسكىلات قالدۇقى 1957 - يىلدىكى 15 مىليون 710 مىڭ يۈەندىن 82 مىليون يۈەنگە كۆپىيىپ، 4.2 ھەسسە ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى سودىنىڭ مال - مۈلۈك زىيىنى 8 مىليون يۈەنگە يەتتى. پەقەت كان ماھسۇلاتلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىلا مەلۇم قىلغان زىيان سوممىسى 2 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى.

1963 - يىلدىن باشلاپ «تەڭشەش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش» تىن ئىبارەت تۆت سۆزلۈك فاڭجېننىڭ يېتەكچىلىكىدە، بانكىلار تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى پىلانلىق باشقۇرۇشنى قەتئىي يولغا قويدى. ئومۇمەن ئۆز مەبلىغى تولۇق بۆلۈپ بېرىلگەن تاشقى سودا كەسپىي شىركەتلىرىگە غەيرىي تاۋار مەبلىغى قەرز پۇل بېرىش توختىتىلدى. تاشقى سودا ترانسپورت شىركىتى ھەم ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپتوموبىل كالونى، ساقلاپ، توشۇش ئورۇنلىرىغا بانكا قايتا قەرز پۇل بەرمىدى. بانكا قەرز پۇلىنى

ئىگىلىۋالغانلارنىڭ بۇيرۇپ بېرىلىدىغان ئۆز مەبلىغىدىن قەرز پۇلى تۇتۇپ قېلىنىدى. تاشقى سودا كەسپىي شىركىتىگە قاراشلىق مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى، باقمىچىلىق مەيدانلىرىغا پرىنسىپ جەھەتتىن قايتا قەرز پۇل بېرىلمىدى. ئىگىلىۋالغان قەرز پۇللار دەرھال قايتۇرۇۋېلىنىدى. ھەر دەرىجىلىك ئورگان، قاچىلاش ماتېرىياللىرى شىركەتلىرىنىڭ بارلىق ئورگان، قاچىلاش ماتېرىياللىرىغا تاۋار مەبلىغى بويىچە قەرز پۇل بېرىلدى. بانكا مەبلەغكە كاپالەتلىك قىلىپ، ئۆز ۋاقتىدا تەمىنلەپ بېرىش شەرتى ئاستىدا، تاشقى سودىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلارنىڭ مەبلىغىنى ياخشى باشقۇرۇپ ئىشلىتىشىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەملىشىپ، مۇلازىمەت بىلەن نازارەتچىلىكنى كۈچەيتتى. شىنجاڭنىڭ يېرى كەڭ، قاتناش ئىشلىرى قولايسىز، نۇقتىلار كۆپ، لىنىيە ئۇزۇن، پەسىل خاراكتېرى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئاساسەن مەبلەغنى جانلىق تەڭشەپ ئىشلەتتى. گۇڭشېلاردىكى تاشقى سودا سېتىۋېلىش پونكىت (گورۇپپا) لىرى ئېھتىياجلىق سېتىۋېلىش مەبلىغىگە يەرلىك بانكىلار بىۋاسىتە قەرز پۇل تارقاتتى. بانكا ئاپپاراتى يوق گۇڭشېلاردا بانكا بىلەن كارخانىلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلار تەكشۈرۈپ مەلۇم ئاساس سېلىش مەبلىغى بەردى ھەمدە سېتىۋېلىش سوممىسى ۋە سېتىۋېلىش پەسلىگە قاراپ قەرەللىك تەڭشەپ تۇردى. 1965 - يىلى قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 24 مىليون 400 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1962 - يىلدىكىدىن %79.7 تۆۋەنلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ لېكىن، شىنجاڭنىڭ تاشقى سودا ئىشلىرى داۋاملىق راۋاجلاندى. يىللىق سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 1963 - يىلدىكى 52 مىليون 120 مىڭ يۈەندىن 1975 - يىلى 152 مىليون 910 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 100 مىليون 260 مىڭ يۈەن بولدى. تاشقى سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقىمۇ 1963 - يىلدىكى 29 مىليون 520 مىڭ يۈەندىن، 1975 - يىلى 55 مىليون 110 مىڭ يۈەنگە يەتتى، 1976- يىلى 75 مىليون يۈەنگە يەتتى. بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مۇ تاشقى سودا خىزمىتىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى ۋە توسالغۇ بولدى. مالىيە، بانكا ۋە كارخانىلارنى ئاساسىي باشقۇرغۇچى تارماقلار كۆچمە مەبلەغنى باشقۇرۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن بىر قىسىم كۆچمە مەبلەغ نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىنغان، كارخانىلار مەبلەغنى كۆپ ئىگىلىۋالغانلىقتىن، زىيان تارتىش كۆلىمى كېڭىيىپ كەتكەن. 1976 - يىلى ھەر 100 يۈەنلىك سېتىش سوممىسى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن مەبلەغ 72.7 يۈەنگە يەتتى. زىيان تارتقان كارخانىلار 82 گە، زىيان تارتىش كۆلىمى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان 215 ئورۇننىڭ 38 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، كرېدىت خىزمىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى.

1) تاشقى سودا كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، «پەرقلىق مۇئامىلە قىلىش، ئەلالىرىنى تاللاپ يۆلەش» ۋە «سېتىشقا قاراپ قەرز پۇل بېرىش» چارىسى يولغا قويۇلدى. تاشقى سودا كرېدىتىدە «نورمىسىز تەمىنلەش» ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلىپ، تاۋارلارنى رەتكە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق ئەلالىرىنى تاللاپ مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش يولغا قويۇلدى. خەلقئارا بازاردا بازىرى ئىتتىك، تاشقى پېرېۋوتقا ئېرىشىش تەننەرخى تۆۋەن تاۋارلارغا قەرز پۇل جەھەتتە پۈتۈن كۈچى بىلەن مەدەت بېرىلدى. سېتىلىشى ئادەتتىكىدەك تاۋارلارغا پىلان بويىچە قەرز پۇل تارقىتىلدى. بازىرى كاسات تاۋارلارغا قەرز پۇل بېرىش قاتتىق تىزگىنلەندى. پىلان سىرتىدىكى كاسات تاۋارلارغا قەرز پۇل بېرىلمىدى. قاتتىق باشقۇرۇشقا تېگىشلىكنى قاتتىق باشقۇرۇش، بوش قويۇپ بېرىشكە تېگىشلىكنى بوش قويۇپ بېرىش، جانلاندۇرۇشقا تېگىشلىكنى جانلاندۇرۇش، چاتقى بارلارنى توسۇش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، كارخانىنىڭ مەبلەغكە بولغان ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىپ، قەرز پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

2) «ئامانەت پۇل ھېسابى بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى ئايرىش»، تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. 1981 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ تاشقى سودا كرېدىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسىدىكى

بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، تاشقى سودا قەرز پۇلى نورمىلىق قەرز پۇل، ۋاقىتلىق قەرز پۇل ۋە مەخسۇس تۈرەدىكى قەرز پۇلدىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە ئايرىلىپ، تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭدەك تۆت تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى ۋە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ سانجى ئاقسۇ، قۇمۇل، ماناس تارماق بانكىلىرىدا «ئامانەت پۇل ھېسابى بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى ئايرىش» چارىسى يولغا قويۇلدى. 1984- يىلى «ئامانەت پۇل ھېسابى بىلەن قەرز پۇل ھېسابىنى ئايرىش» ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. تۈرگە ئايرىپ باشقۇرۇش ئاساسىدا نورمىلىق باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. نورمىلىق قەرز پۇلنىڭ نورمىسى كۆچمە مەبلەغنىڭ ئوتتۇرىچە ئىگىلىنىش نىسبىتىگە قاراپ بېكىتىلىپ، بىر يىلدا بىر قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. بىر قېتىم ياكى بىر قانچە قېتىمغا بۆلۈپ قەرز بېرىلدى. قەرەلى بېكىتىلمەستىن ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نورمىلىق قەرز پۇلغا ئېتىبارلىق ئۆسۈم نىسبىتى يولغا قويۇلۇپ، ئايلىق ئۆسۈم %5.7 بويىچە ھېسابلاپ ئېلىندى. شۇ يىلى تاشقى سودا سىستېمىسىنىڭ زىيىنى 1983 - يىلدىكى 9 مىليون 440 مىڭ يۈەندىن پايدا ئېلىشقا ئۆزگەردى.

3) تاشقى سودا كارخانىلىرىغا پائال ماسلىشىپ ئامبارنى ئېنىقلاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى. 1983 - يىلى تاشقى سودا سىستېمىسىدا بېسىلىپ قالغان تاۋار قالدۇقى 37 خىل بولۇپ، ئومۇمىي قىممىتى بارلىق قەرز پۇلنىڭ 20 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدە تاش پاختا، گىلەم، قۇلماق ۋە تانتال - نىئوبى رودىسىدىن ئىبارەت تۆت خىل مەھسۇلات ئومۇمىي بېسىلىپ قالغان تاۋارلارنىڭ تەخمىنەن 85 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. پەقەت بېسىلىپ قالغان تاش پاختىلا 13 مىليون 450 مىڭ يۈەن كۆچمە مەبلەغنى ئىگىلىۋالغان. 1984 - يىلى جەمئىي قىممىتى 54 مىليون 860 مىڭ يۈەن كېلىدىغان بېسىلىپ قالغان تاۋار ئېنىقلىنىپ، ئۇنىڭ ھەممىسى مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل ھېسابىغا كىرگۈزۈلۈپ، چەكلىك مۇددەت ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىندى. مۇددىتى ئۆتۈپ كەتكەنلەردىن قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى قوشۇپ ئېلىندى. 1985 - يىلغا قەدەر باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىش، زىياننى چىقىرىش ئارقىلىق جەمئىي 43 مىليون 340 مىڭ يۈەن قەرز پۇل يىغىۋېلىندى. بۇ يىغىۋېلىشقا تېگىشلىك قەرز پۇل سانىنىڭ 79 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە گىلەمنىڭ قىممىتى 20 مىليون يۈەن، قۇلماقنىڭ قىممىتى 9 مىليون 490 مىڭ يۈەن، تېرىنىڭ قىممىتى 2 مىليون يۈەن، تاش پاختىنىڭ قىممىتى 6 مىليون 580 مىڭ يۈەن.

4) بانكا تاشقى سودىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىشىغا كۈچلۈك مەدەت بەرگەنلىكتىن، قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى زور ھەجىمدە ئاشتى. 1978 - يىلى ئېكسپورت تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش ئومۇمىي قىممىتى 126 مىليون يۈەن بولدى. 1985 - يىلى 436 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1978 - يىلى تاشقى سودا قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 81 مىليون 970 مىڭ يۈەن، 1980 - يىلى 105 مىليون 910 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1985 - يىلغا كەلگەندە 368 مىليون 108 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 - يىلدىكىدىن 4.51 ھەسسە ئاشتى.

1981 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل تارقىتىشقا باشلىدى. بۇ خىل قەرز پۇل ئاساسلىقى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى ۋە كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىتىكى سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يوشۇرۇن كۈچلىرىنى قېزىش، تېخنىكا يېڭىلاش، تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئېھتىياجلىق مەبلەغلەرگە ئىشلىتىلدى. بۇ خىل قەرز پۇلنىڭ شەرتى مۇنداق بولدى: (1) ئاز پۇل خەجلەپ تېز ئۈنۈم كۆرگىلى بولىدىغان، جۇغلانمىسى كۆپ، تاشقى پېرېۋوتتا تېگىشىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان كارخانىلار؛ (2) ئۈسكۈنىلىرى ياخشى، مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى يۇقىرى ھەم بازىرى بار كارخانىلار؛ (3) ھۈنەر - سەنئەتتە پىششىق، تېخنىكىسى ئۆلچەمگە يەتكەن كارخانىلار؛ (4) ئىقتىسادىي ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئاشقان كىرىمى ياكى باشقا مەبلەغلەرنى ئىشلىتىپ قەرزىنى قايتۇرالايدىغان كارخانىلار. بۇ تۈردىكى قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئادەتتە بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمىدى. قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 4.2 لىدىن 4.5 لىگىچە بولۇپ، ھەر بىر پەسىلدە

بىر قېتىم ھېساب بوشۇلدى. 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى جەمئىي 29 قەرز پۇل تۈرىنى ئەستىقلاپ، جەمئىي 26 مىليون 370 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقاتتى، 12 مىليون 580 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنى يىغىۋالدى. 1982 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 7 مىليون يۈەندىن ئارتۇق قەرز پۇل تارقاتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 1984 ـ يىلى تارقىتىلغىنى 7 مىليون 960 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1985 ـ يىلى كرېدىت قىسقارتىلىپ، پەقەت 1 مىليون 840 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تارقىتىلدى.

## 1952 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە تاشقى سودا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى

جەدۋەل: 8 ـ 1 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| تۈرلەر / يىل | تاشقى سودا قەرز پۇلى | ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل | تۈرلەر / يىل | تاشقى سودا قەرز پۇلى | ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك مەخسۇس تۈردىكى قەرز پۇل |
|---|---|---|---|---|---|
| 1952 | 687 | | 1969 | 6564 | |
| 1953 | 157 | | 1970 | 3816 | |
| 1954 | 514 | | 1971 | 3169 | |
| 1955 | 2553 | | 1972 | 3214 | |
| 1956 | 2215 | | 1973 | 4791 | |
| 1957 | 1993 | | 1974 | 4562 | |
| 1958 | 2518 | | 1975 | 5511 | |
| 1959 | 5654 | | 1976 | 7500 | |
| 1960 | 8654 | | 1977 | 7322 | |
| 1961 | 12745 | | 1978 | 8167 | |
| 1962 | 12033 | | 1979 | 7807 | |
| 1963 | 2952 | | 1980 | 10591 | |
| 1964 | 2740 | | 1981 | 19027 | 154 |
| 1965 | 2440 | | 1982 | 29250 | 287 |
| 1966 | 2324 | | 1983 | 36964 | 655 |
| 1967 | 4626 | | 1984 | 30122 | 1336 |
| 1968 | 4424 | | 1985 | 36188 | 1379 |

## 3 § . تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى

### 1. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى 1975 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن باشلاپ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى كەسپىنى يۈرگۈزدى. 1976 ـ يىلى 80 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىلىق قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىلدى. 1976 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئەستىقلاشقا سۇنۇلغان قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 58 مىليون 690 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئەمەلىي تارقىتىلغان قەرز پۇل جەمئىي 45 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئاساسلىقى كارخانىلارنىڭ ئۈسكۈنە ۋە ماتېرىيال كىرگۈزۈشكە مەدەت بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە مەدەت بېرىلگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرى 40؛ تاشقى سودا بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئۈچىنچى كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرى 60 تىن ئارتۇق. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلنىڭ قالدۇقى 15 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

1) تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلنى بېجىرىش چارىسى ۋە سىياسەت پرىنسىپلار

1973 ـ يىلى تاشقى سودا مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق باش بانكىسى بىرلىشىپ «قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تارقاتتى. 1975 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىلىشقا باشلىدى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئاساسلىقى ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلارغا تارقىتىلىپ، ئاساسلىقى دۆلەت ئىچىدە قىس بولغان خام ئەشيا، ماتېرىيال ۋە بىر قىسىم تېز ئۈنۈم كۆرگىلى بولىدىغان ھالقىلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىمپورت قىلىشقا ئىشلىتىلدى. قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئادەتتە بىر يىل بولۇپ، پرىنسىپ جەھەتتىن بىر يېرىم يىلدىن ئېشىپ كەتمىدى. يىللىق ئۆسۈمى ئالتە لىدىن يەتتە لىغىچە بولدى. 1978 ـ يىلى مالىيە مىنىستىرلىكى تۈزۈتۈپ بېكىتكەن «قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» دا بىر قىسىم تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلنى تەكشۈرۈپ، ئەستىقلاش ھوقۇقى تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى بىۋاسىتە كارخانىلارغا بېرىلىدۇ. كىم قەرز ئالغان بولسا، شۇ قايتۇرىدۇ. ئۆسۈمىنى شۇ تۆلەيدۇ، قەرز پۇلنى قايتۇرۇش مۇددىتى ئۇزارتىلمايدۇ، دەپ بەلگىلەندى. 1980 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسى «قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل تارقىتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتتى. (1) قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل مەبلىغىنى بانكا ئۆزى مۇستەقىل ئىشلىتىدىغان بولدى. (2) قەرز پۇلنى پىلانلىق باشقۇرۇش چارىسى ئۆزگەرتىلدى. ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىكى شۆبە بانكىلارنىڭ قەرز پۇل تارقىتىش ھوقۇق دائىرىسى (جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ تەكشۈرۈپ ئەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسى 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى) كېڭەيتىلىپ، تاشقى پېرېۋوت كرېدىت مەبلىغىنى بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىمۇ دەرىجە باشقۇرۇش، ئەستىقلاش بىلەن ئىشلىتىشنى، قەرز پۇل تارقىتىش بىلەن يىغىۋېلىشنى ئۆز ئارا باغلاپ، قەرز پۇل قالدۇقىنى تىزگىنلەپ ئوبوروت قىلدۇرۇپ ئىشلىتىش چارىسى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. (3) قەرز پۇلنىڭ ئوبيېكتى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى كېڭەيتىلدى. ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتالايدىغان ھەممە قەرز پۇل ئېلىش شەرتىنى ھازىرلىغان ئورۇنلار قەرز پۇلنىڭ ئوبيېكتى قىلىندى. (4) قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى ئۆزگەرتىلدى. مەبلەغ تەشكىللەش تەننەرخى ۋە بانكىنىڭ باشقۇرۇش خىراجىتىگە ئاساسەن ئۆسۈم ھېسابلاپ، خەلقئارا پۇل مۇئامىلە بازىرىدىكى قائىدە ـ ئۇسۇللارنى ئۆرنەك قىلىپ، تۇراقسىز ئۆسۈم نىسبىتى

يولغا قويۇلۇپ، قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى. (5) ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئارقىلىق ئەللىرى تالالاپ قەرز پۇل تارقىتىلدى.

تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنى ياخشى باشقۇرۇپ، جايىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن، جۇڭگو باش بانكىسى 1980 - يىلى «قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىشنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ ، ھەر قايسى جايلاردىكى بانكىلاردىن تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىشتا چوقۇم ئەللىرىنى تاللاپ مەدەت بېرىش، مۇستەقىل تارقىتىش، ئالماشىنىڭ بەرمىكى بولۇش، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس جايغا ئىشلىتىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشنى، قەرز بېرىشتىن ئىلگىرى تەكشۈرۈش، قەرز بەرگەندە تەكشۈرۈش، قەرز پۇل تارقىتىلغاندىن كېيىن تەكشۈرۈش خىزمىتىدە چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. قەرز پۇل تۈرلىرىنىڭ ئاز پۇل خەجلەپ، كۆپ ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدىغان، كۆپ تاشقى پېرېۋوت يارىتالايدىغان، قەرز پۇلنى تېز قايتۇرالايدىغان بولۇش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇش تەلەپ قىلىندى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلنى ئىشلىتىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىشەنچلىك تاشقى پېرېۋوت مەبلەغ مەنبەسى بولۇش، قەرز قايتۇرۇش كاپالىتى بولۇش، قەرز پۇلنى قايتۇرۇشتا تاشقى پېرېۋوتى يوق ئورۇنلار تاشقى پېرېۋوت كىرىمى بار ئورۇننى تېپىپ كېپىل قىلىش شەرت قىلىندى. تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلنىڭ تۇراقسىز ئۆسۈم نىسبىتى يۇقىرى، كارخانىلارنىڭ سىلىقى ئېغىر بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو باش بانكىسى 1981 - يىلدىن باشلاپ، بىر قىسىم تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تۈرلىرىگە قىسمەن ئۆسۈمنى بانكا تولۇقلاپ بېرىپ ئۆسۈمدە ئېتىبار بېرىلىدىغان قەرز پۇل تارقىتىشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلدى ھەمدە «قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلدا ئېتىبار ئۆسۈم نىسبىتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. «چارە» دە مۇنداق بەلگىلەندى: (1) ئېتىبار ئۆسۈم نىسبىتى %10 تىن %12 كىچە بولىدۇ. بۇنى قەرز پۇلنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇقى بار بانكىلار ئېتىبار ئۆسۈم نىسبىتى ھەجمى ئىچىدە كونكرېت ئېنىقلاپ بەلگىلەيدۇ. (2) دۆلەت نۇقتىلىق تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئېنېرگىيە، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، ماشىنىسازلىق، قاتناش - ترانسپورت قاتارلىق كەسىپلەردىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرى، چەت ئەلگە ئەمگەك مۇلازىمىتى چىقىرىش تۈرلىرى، سېتىۋالغۇچى تەرەپ كرېدىت تۈرىنىڭ ئىچىدە نەق پېرېۋوت ئىشلىتىدىغان قىسمى، قەرز پۇلنىڭ مۇددىتى ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدىغانلىرىغا ئېتىبار ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ئۆسۈم ھېسابلىنىدۇ. دۆلەت تەرەققىي قىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدىغان، قەرز پۇل ئېلىش شەرتىنى ھازىرلىغان، ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى تۈرلەرگە پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ، قەرز پۇل سوممىسىنىڭ ئون پىرسەنتى ياكى 50 پىرسەنتى بويىچە ئۆسۈمدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. (3) يەرلىككە بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ ئېتىبار ئۆسۈم نىسبىتى كۆرسەتكۈچى باش بانكا ھەر قايسى شۆبە بانكىلارغا تەقسىملەپ بەرگەن 1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىللىق ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىش كۆرسەتكۈچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسلىدىكى كۆرسەتكۈچتىكى 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئىچىدىكىلىرىگە %50، 10 مىليوندىن 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغىچە بولغانلىرىغا %40، 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن يۇقىرىلىرىغا %20 بويىچە ئۆسۈمدە ئېتىبار بېرىلىدۇ. (4) شۆبە بانكا ئېتىبار ئۆسۈملۈك قەرز پۇلنى قايتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن تارقىتىپ ئوبوروت قىلدۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ. بىراق، كۆرسەتكۈچتىن ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. (5) ئېتىبار ئۆسۈمدىن بەھرىمەن بولىدىغان قەرز پۇل ئالغان ئورۇنلار ئەگەر قەرز پۇل بېرىش بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلسا، بانكا ئېتىبار بېرىلىدىغان ئۆسۈمنى بىكار قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

شۇ يىلى گوۋۇيۈەن «جۇڭگو بانكىسىنىڭ جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارغا قەرز پۇل تارقىتىش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقاتتى. جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار قەرز پۇلى كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى، راسچوت قەرز پۇلى ۋە مۇقىم مەبلەغ قەرز پۇلىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈندى. قەرز پۇل ئىشلىتىشتە خەلق پۇلى بويىچە قەرز پۇل ئېلىشقىمۇ، چەت ئەل پۇلى بويىچە قەرز پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشقىمۇ بولىدۇ. قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈمى پۈتۈنلەي تۇراقسىز ئۆسۈم نىسبىتى بولۇپ،

جۇڭگو بانكىسى ئېلان قىلغان ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

1982 ـ يىل 2 ـ ئايدا جۇڭگو بانكىسى ئالاھىدە خىلدىكى تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلى كەسپىنى سىناق تەرىقىسىدە بېجىرىشنى بېكىتتى. ئالاھىدە خىلدىكى تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلى قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ بىر خىل جانلىق شەكلى. 1984 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسى ئەسلىدىكى تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇل بەلگىلىمىسىنى تېخىمۇ ئۆزگەرتىپ، تولۇقلاپ «ئالاھىدە خىلدىكى تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇل چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. «چارە» دە مۇنداق بەلگىلەندى: (1) ئالاھىدە خىلدىكى تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلى «ئا»، «ب» تۈردىكى قەرز پۇلدىن تەركىب تاپىدۇ. ئالاھىدە خىلدىكى «ئا» تۈردىكى تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلدا «تاشقى پىرېۋوت قەرز ئېلىپ، خەلق پۇلى ئىشلىتىپ، تاشقى پىرېۋوت قايتۇرۇلىدۇ». ئالاھىدە خىلدىكى «ب» تۈردىكى تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلدا «تاشقى پىرېۋوت قەرزئېلىپ، تاشقى پىرېۋوت ئىشلىتىپ، خەلق پۇلى قايتۇرۇلىدۇ». (2) ئېكسپورت تاۋارلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ بىۋاسىتە تاشقى پىرېۋوت يارىتالايدىغان ياكى باشقا تاشقى پىرېۋوت مەبلىغى مەنبەسى بار، خەلق پۇلىغا ئېھتىياجلىق كارخانا، ئورۇنلار قەرز پۇل ئېلىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولسا، «ئا» تۈردىكى ئالاھىدە تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. تاشقى پىرېۋوت مەبلىغى مەنبەسى بولمىغان، ئەمما تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلى ئىشلىتىپ، تېخنىكا كىرگۈزىدىغان، ئۈسكۈنە ۋە باشقا ماددىي ئەشيالارنى ئىمپورت قىلىدىغان كارخانىلار ۋە مەدەنىيەت ـ مائارىپ، سەھىيە، پەن ـ تەتقىقات قاتارلىق كەسپىي ئورۇنلار قەرز پۇل ئېلىش شەرتىگە ئۇيغۇن بولسا ھەمدە خەلق پۇلى ئارقىلىق قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولسا، «ب» تۈردىكى ئالاھىدە تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلى ئېلىشقا ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. (3) «ئا» تۈردىكى ئالاھىدە تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ يەتتە يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. «ب» تۈردىكى ئالاھىدە تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولىدۇ. ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ بەش يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. (4) «ئا» تۈردىكى ئالاھىدە تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى: تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرىگە ئىشلىتىلگىنىنىڭ ئۆسۈمى 4.68%، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرىگە ئىشلىتىلگىنىنىڭ 5.04% بولىدۇ؛ «ب» تۈردىكى ئالاھىدە تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى: تېخنىكىلىق يۇمشاق دېتاللىرىنى (تېخنىكا بىلەن سودىنى بىرلەشتۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كىرگۈزۈشكە ئىشلىتىلگىنى 8%، ئۈسكۈنە ئىمپورت قىلىشقا ئىشلىتىلگىنى 8.5%، باشقا ئورۇنلارغا ئىشلىتىلگىنى 9.5% بولىدۇ. (5) ئالاھىدە خىلدىكى تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلدا تاشقى پىرېۋوت بىلەن خەلق پۇلىنىڭ پىلانى بىر تۇتاش تۈزۈلۈپ، دەرىجىمۇ دەرىجە باشقۇرۇلىدۇ. شۆبە بانكا تەڭپۇڭ قىلىپ، باش بانكا تەكشۈرىدۇ.

## 2) تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ تۈرلىرى ۋە تارقىتىلىش نىشانى

جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئورۇنچى شۆبىسى بېجىرگەن قىسقا مۇددەتلىك تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ تۈرلىرى: ئۇراقسىز ئۆسۈملۈك قەرز پۇل، ئېتىبار ئۆسۈملۈك قەرز پۇل، ئالاھىدە خىلدىكى تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلى، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار قەرز پۇلى ۋە كونا ئازاد رايونلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى، چەت ـ ياقا چېگرا رايونلار ۋە نامرات رايونلارغا بېرىلىدىغان ئىسكونتلۇق تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇلىدىن ئىبارەت.

(1) ئۇراقسىز ئۆسۈملۈك قەرز پۇل. 1975 ـ يىلدىن 1981 ـ يىلغىچە ئاساسەن ئۇراقسىز ئۆسۈملۈك تاشقى پىرېۋوت قەرز پۇل كەسپى بېجىرىلدى. 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن قەرز پۇل تۈرى جەمئىي 31، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى 13 مىليون 70 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1975 ـ يىلدىن 1978 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى 15 تۈرنى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى؛ بۇلارنىڭ سوممىسى 3 مىليون 150 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ 1978 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1985 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئورۇمچى شۆبىسى 16 قەرز پۇل

تۈرىنى ئەستىقلاشقا يوللىدى. بۇلارنىڭ سوممىسى 9 مىليون 920 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 1975 - يىلدىن 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 9 مىليون 950 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۇراقسىز ئۆسۈملۈك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىلدى. بۇنىڭدىن 5 مىليون 670 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى يىغىۋېلىندى.

(2) ئېتىبار ئۆسۈملۈك قەرز پۇل. 1982 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئورۇمچى شۆبىسى بىر قىسىم قەرز پۇل تۈرلىرىگە ئېتىبار ئۆسۈم نىسبىتىنى يولغا قويدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە يەتتە تۈر ئەستىقلاشقا يوللاندى. سوممىسى 7 مىليون 120 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. ئەمەلىي تارقىتىلغان قەرز پۇل 1 مىليون 920 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 280 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى يىغىۋېلىندى.

(3) جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار قەرز پۇلى. 1981 - يىلدىن باشلاپ، جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا (تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى) لارغا تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىلىشقا باشلىدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 21 مىليون 180 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرز پۇلى تارقىتىلىپ، 21 مىليون 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرز پۇلى يىغىۋېلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە، كۆچمە مەبلەغ قەرز پۇلى 17 مىليون 290 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 17 مىليون 120 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرز پۇلى يىغىۋېلىندى. تۇراقلىق مۈلۈك قەرز پۇلى 3 مىليون 890 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، 3 مىليون 890 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى يىغىۋېلىندى.

(4) ئالاھىدە خىلدىكى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى. 1982 - يىلدىن باشلاپ ئالاھىدە خىلدىكى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل كەسپى بېجىرىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئەستىقلاشقا يوللانغان قەرز پۇل سوممىسى 12 مىليون 310 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. تاشقى پېرېۋوت ئارقىلىق قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى بار ئەمما خەلق پۇلى ئىشلىتىشكە ئېھتىياجلىق كارخانا ئورۇنلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلدىن ئەستىقلاشقا يوللانغان A خىلدىكى ئالاھىدە تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى 9 مىليون 470 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى. ئەمەلىيەتتە 9 مىليون 220 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تارقىتىلىپ، جەمئىي 1 مىليون 720 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى يىغىۋېلىندى. خەلق پۇلى ئارقىلىق قەرز قايتۇرۇش ئىقتىدارى بار، ئەمما تاشقى پېرېۋوتقا ئېھتىياجلىق كارخانا، ئورۇنلارغا بېرىلىدىغان قەرز پۇلدىن ئەستىقلاشقا يوللانغان B خىلدىكى ئالاھىدە تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى 2 مىليون 840 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. ئەمەلىيەتتە 2 مىليون 720 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تارقىتىلىپ، جەمئىي 720 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى يىغىۋېلىندى. قەرز پۇل تارقىتىشتا ئاۋۋال A خىلدىكى قەرز پۇلنى تارقىتىش، ئاندىن B خىلدىكى قەرز پۇلنى تارقىتىش، تاشقى پېرېۋوتتا ئۆزىنى ئۆزى قامداپ، ئېشىنچە قالدۇرۇش، تاشقى پېرېۋوت ھېسابىنى قۇرۇق قالدۇرماسلىقتا چىڭ تۇرۇلدى. 1985 - يىل 6 - ئايدا B خىلدىكى ئالاھىدە تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل كەسپىنى بېجىرىش توختىتىپ قويۇلدى.

(5) كونا ئازاد رايونلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چەت - ياقا نامرات رايونلارغا بېرىلىدىغان دىسكونتلىق تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى. بۇ خىل قەرز پۇل جۇڭگو بانكىسى كونا ئازات رايونلار، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرى، چەت - ياقا، نامرات رايونلارنىڭ چەت ئەلدىن ئىلغار تېخنىكا كىرگۈزۈپ ھازىرقى كارخانىلارنى ئۆزگەرتىپ، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، ماشىنا - ئېلېكتر قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ ئېكسپورتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە كېڭەيتىش، ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت تېپىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، تاشقى پېرېۋوت كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا مەدەت بېرىش ئۈچۈن يولغا قويغان قەرز پۇل كەسپى بولۇپ، ئۇنىڭ يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى 4% بولدى. 1985 - يىلى جۇڭگو باش بانكىسى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئورۇمچى شۆبىسىگە يىل ئاتلاپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا بىر قېتىملىق كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بەردى. 1985 - يىلى ئەستىقلاشقا يوللانغان تۈر ئىككى، ئۇنىڭ سوممىسى 910 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، يىل ئاخىرىغىچە بۇنىڭدىن 110 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تارقىتىلدى.

جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى تارقاتقان تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئاساسلىقى ئىقتىساد، سودا، توقۇمىچىلىق، يېنىك سانائەت، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق، قاتناش - ترانسپورت، خىمىيە سانائىتى، ساياھەت، ماشىنىسازلىق، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق سىستېمىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. 1985 - يىلى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ يۆنىلىشىدە زور بۆرۈلۈش بولدى. (1) تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئىلگىرىكىدەك ئاپتوموبىل، پولات ماتېرىياللىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلىتىلمەستىن كارخانىلارنىڭ چەت ئەللەردىن ئىلغار تېخنىكا ئۈسكۈنە كىرگۈزۈشىگە مەدەت بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى بېكىتىدىن ئەستىقلانغان قەرز پۇلىنىڭ ئاز كەم 80 پىرسەنتى كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىنى قوللاشقا ئىشلىتىلدى. (2) ئايرىم كارخانىلارنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىنى قوللاشتىن، كەسىپلەرنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشىنى قوللاشقا ئۆزگەرتىلدى. 1985 - يىلى قەرز پۇلىنىڭ نىشانى توقۇمىچىلىق كەسپىنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە نۇقتىلىق مەدەت بېرىشكە قارىتىلىپ، ئون نەچچە تۈرنى ئۆزگەرتىشكە مەدەت بېرىلدى. (3) مەھسۇلاتى پەقەت دۆلەت ئىچىدىلا سېتىلىدىغان تۈرلەرگە مەدەت بېرىشنى ئاساس قىلىشتىن، مەھسۇلاتنى ئېكسپورت قىلىپ، تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان تۈرلەرگە مەدەت بېرىشنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1984 - يىلى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىدىكى توققۇز تۈر ئىچىدە ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتالايدىغان تۈر ئاران ئىككىلا ئىدى. 1985 - يىلى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى بېرىلگەن 30 نەچچە تۈر ئىچىدە ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتالايدىغان تۈر ئون نەچچىگە يەتتى. بەلكى بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتىش ئىقتىدارى كۈچلۈكرەك بولغان چوڭ تۈرلەر. (4) قەرز پۇل سوممىسىنىڭ ئاز كۆپلۈكى، مۇددىتىنىڭ ئۇزۇن، ئوتتۇراھال، قىسقا بولۇشى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلدى. سوممىسى كۆپ بولغاندا 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشتى، ئاز بولغاندا 30 - 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. مۇددىتى ئۇزۇن بولغاندا يەتتە يىل، قىسقا بولغاندا بىر يىل بولدى.

3) تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى

قۇمۇل خىمىيە سانائىتى زاۋۇتى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى بولۇپ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئىشلەتكەن كارخانا. بۇ زاۋۇتنىڭ مىرابىلىت سېخى مەخسۇس تاشقى سودا مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىدىغان سېخ. 1965 - يىلدىن 1975 - يىلغىچە بولغان 11 يىل ئىچىدە بۇ سېخنىڭ تارتقان زىيىنى 3 مىليون يۈەنگە يەتكەن. 1975 - يىلى خىمىيە زاۋۇتى ئىلگىرى كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، بىر يىلدا بىر يۈرۈش ناترىي سۇلفىد ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى قۇرۇپ، يىللىق مەھسۇلات مىقدارىنى 25 مىڭ توننىغا كۆتەردى، مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتى مۇقىم يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، تاشقى سودا تارماقلىرى تەرىپىدىن «ئىشەنچلىك مەھسۇلات» دەپ ئاتالدى. بۇ زاۋۇت 1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە تاشقى سودىنى جەمئىي 60 مىڭ توننا ئەلا سۈپەتلىك مىرابىلىت بىلەن تەمىنلەپ 230 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت ياراتتى.

چارۋا مەھسۇلاتلىرى ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى گىلەم سودىسى تەرەققىياتىنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك پىلانىغا ئاساسەن، 1976 - يىلى 371 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ، ئىمپورت قىلىنغان ماددىي ئەشيالاردىن پايدىلىنىپ پولات تۈرۈبىلىق دەستىگاھ، بوياش ئوچىقى، ئارقاق يىپ تارتىش ماشىنىسى، شارلاش ماشىنىسى، گىلەم يۇيۇش ماشىنىسى ۋە تەكشىلەش ماشىنىسى قاتارلىق كۆپ خىل ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزى ياساپ، ئەمگەك سىجىللىقىنى يېنىكلىتىپ، ئىش ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتەردى.

تاشقى سودا، يەرلىك مەھسۇلاتلار، دورا ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتىنىڭ دانچە قۇلماق سېخى 350 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ غەربىي گېرمانىيىدىن قۇلماقنى دانچىلاپ پىششىقلاپ ئىشلەش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈپ، يىلىغا 3000 توننا قۇلماق دانچىلايدىغان سېخ قۇرۇپ،

قۇلماق خام ئەشياسىنى ئېكسپورت قىلىش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىپ، مەھسۇلاتلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت يارىتىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتەردى.

شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» يۇڭ توقۇمىچىلىق زاۋۇتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 770 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت قەرزى ئېلىپ، ئىتالىيەدىن 3600 ئورچۇقلۇق يىپ ئىگىرىش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈپ، بىر تەرەپتىن ئۆزگەرتىپ بىر تەرەپتىن ئۈنۈمىنى كۆردى. 1984 - يىلى سېتا يۇڭ توقۇلما مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى 18 مىليون 210 مىڭ مېتىرغا يېتىپ، ئۆزگەرتىلىشتىن بۇرۇنقىغا قارىغاندا %58 ئاشۇردى، مەھسۇلات قىممىتى %9.1، باج پايدىسى %28 ئاشتى.

شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى 950 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ، ياپونىيەدىن گۈل بېسىش ۋە ھورداش ماشىنىسى كىرگۈزۈپ، مەھسۇلاتنىڭ رەڭ تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك مەھسۇلاتلارنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى.

تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 21 مىليون 180 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قەرز پۇل ئېلىپ ياپونىيەدىن ئۆچكە تىۋىتىنى تاراش ئۈسكۈنىسى ۋە تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، ئۆچكە تىۋىتىنى تاراشنى خەلقئارالىق ئىلغار سەۋىيىگە يەتكۈزدى. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان تىۋىت پوپايكا، يۇڭ پوپايكىلار ياۋروپا، ئامېرىكىلارغا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەت ۋە رايونغا سېتىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان خام تىۋىت ئېكسپورت قىلىش ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىلدى.

ئۈرۈمچى مىللىي كىيىم - كېچەك زاۋۇتى كونا ئازاد رايونلار، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى، چېگرا رايونلار، نامرات رايونلار ھېسابىدىكى دېسكونتلۇق 110 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ياردەم ئۆسۈملۈك تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ، شىياڭگاڭدىن تۆت دانە پۈرمە چىقىرىش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈپ، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېكسپورت قىلىدىغان «دوستلۇق» ماركىلىق كىيىمنىڭ مەھسۇلاتىنى ئاشۇرۇپ، ئېكسپورت ئارقىلىق كۆپلەپ تاشقى پېرېۋوت ياراتتى.

ئۈرۈمچى بوياش زاۋۇتى 45 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ ئىككى دانە قۇرۇق يۇيۇش ۋە دەزماللاش ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈپ ئۈرۈمچىدە كىيىم - كېچەكلەرنى قۇرۇق يۇيۇش قىيىنچىلىقىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپ كىرىمنى ئاشۇردى.

## 2. يەرلىكنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىغا ياندىشتۇرۇپ بېرىلىدىغان خەلق پۇلى مەخسۇس قەرز پۇلى

يەرلىكنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىغا ياندىشتۇرۇپ بېرىلىدىغان خەلق پۇلى مەخسۇس قەرز پۇلى - تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى ئىشلىتىدىغان كارخانىلارنىڭ ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەرنى يۈرۈشلەشتۈرىدىغان ئۈسكۈنە - ماتېرىياللارنى دۆلەت ئىچىدىن سېتىۋېلىشى، ماتېرىيال ئىمپورت قىلىپ، ئۆزلىرى ئۈسكۈنە ياساشتىكى پىششىقلاپ ئىشلەش خىراجىتىنى چىقىم قىلىش، ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنە ماتېرىياللارنى توشۇش، قۇراشتۇرۇش خىراجىتىنى چىقىم قىلىش، ئىمپورت قىلىنغان ئۈسكۈنىلەرنى يۈرۈشلەشتۈرىدىغان بىر قىسىم كېڭەيتىپ قۇرۇلىدىغان، ئۆزگەرتىپ قۇرۇلىدىغان قۇرۇلۇش خىراجىتىنى چىقىم قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ھەر بىر تۈرگە ياندىشتۇرۇپ بېرىلىدىغان خەلق پۇلى مەخسۇس قەرز پۇلىنىڭ نورمىسى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇل نورمىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى

پىرىنسىپ جەھەتتە ئوخشاش تۈردىكى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ مۇددىتى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئادەتتە ئۈچ يىلدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. يىللىق ئۆسۈم نىسبىتى %5.04 بولىدۇ. ھەر بىر پەسىلنىڭ ئاخىرىدا ئۆسۈمى بىر قېتىم ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ.

1981 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى تارقىتىش بىلەن بىرگە يەرلىكنىڭ تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىغا يانداشتۇرۇپ بېرىلىدىغان خەلق پۇلى مەخسۇس قەرز پۇلى تارقاتتى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، ئەستىقلانغان قەرز پۇلىنىڭ يىغىندىسى 28 مىليون 940 مىڭ يۈەن، ئەمەلىي تارقىتىلغىنى جەمئىي 24 مىليون 330 مىڭ يۈەن، قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 13 مىليون 160 مىڭ يۈەن بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ھېسابىدا جەمئىي 13 مىليون 160 مىڭ يۈەن يانداشما قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 2 مىليون 690 مىڭ يۈەن بولدى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا جەمئىي 11 مىليون 170 مىڭ يۈەن يانداشما قەرز پۇل تارقىتىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى 10 مىليون 470 مىڭ يۈەن بولدى.

### تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلىنىڭ قالدۇق ئەھۋالى

جەدۋەل: 8 ـ 2

| تۈرلەر / يىل | تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى (10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى) | خەلق پۇلى يانداشما قەرز پۇلى (10 مىڭ يۈەن) |
|---|---|---|
| 1976 | 8 | |
| 1977 | 77 | |
| 1978 | 80 | |
| 1979 | 54 | |
| 1980 | 171 | |
| 1981 | 893 | 529 |
| 1982 | 692 | 531 |
| 1983 | 117 | 706 |
| 1984 | 635 | 847 |
| 1985 | 1570 | 1316 |

## 4 § . خەلقئارا سودا ۋە غەيرىي سودا راسچوتى

### 1. خەلقئارا سودا راسچوتى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1978 - يىلغىچە شىنجاڭنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسى ئاساسلىق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى ۋە پاكىستان بىلەن بولغان مال ئالماشتۇرۇش سودىسىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ سودا مۇئامىلىلىرى ئاساسەن شىنجاڭدىكى بانكىلار ئارقىلىق راسچوت قىلىندى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى، ئىككى تەرەپ ھۆكۈمەتلىرى تۈزۈشكەن مال ئالماشتۇرۇش

ۋە راسچوت قىلىپ پۇل تۆلەش كېلىشىمىگە ئاساسەن ئۆزدۈللۈق پۇل چىقىم قىلىش، ھاۋالە بويىچە كىرىم قىلىش ۋە پۇل پېرېۋوت قىلىش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ① ئۆزدۈللۈق پۇل چىقىم قىلىش ئۇسۇلى. دۆلەت ئىچىدىكى تاشقى سودا شىركەتلىرى توختامغا ئاساسەن مالنى توشۇشقا بەرگەندىن كېيىن، مال تالونىنى بانكىغا تاپشۇرىدۇ. بانكا تەكشۈرۈپ نۇقسانسىز دەپ قارىغاندىن كېيىن، تاشقى سودا شىركىتىگە شۇ زامان پۇل چىقىم قىلىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىمپورت قىلغۇچى تەرەپنىڭ بانكىدىكى سودا راسچوت ھېساۋىنىڭ دېبىت تەرىپىگە خاتىرىلەيدۇ ھەمدە مال تالونى بىلەن ھېسابقا خاتىرىلەش ئۇقتۇرۇشىنى ئىمپورت قىلغۇچى تەرەپ ھېساب ئاچقان بانكىغا يوللاپ بېرىدۇ. ② ھاۋالە بويىچە كىرىم قىلىش ۋە پۇل پېرېۋوت قىلىش ئۇسۇلى. بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئوخشاشلا قوشۇمچە ئۇسۇل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ھاۋالە بويىچە كىرىم قىلىش ئۇسۇلى قەرز پۇلنى تولۇقلاپ يىغىۋېلىش ۋە ۋاكالىتەن سەپلەپ قويغان خىراجەتلەرنى تولۇقلاپ يىغىۋېلىشتا قوللىنىلىدۇ. پۇل پېرېۋوت قىلىش ئۇسۇلى مال پۇلنى ئالدىن چىقىم قىلىش، مال پۇلنى قايتۇرۇش ۋە تۆلەم پۇللىرىنى پېرېۋوت قىلىش قاتارلىقلاردا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

1951 - يىلى خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى خەلقئارا كەسپىي بۆلۈمچىسى تەسىس قىلىنىپ (كېيىن خەلقئارا كەسپىي بۆلۈمىگە، 1961 - يىلى خەلقئارا كەسپىي باشقارمىغا ئۆزگەرتىلىپ، 1962 - يىل 6 - ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان)، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودىسىدىكى تاشقى پېرېۋوتىنى راسچوت قىلىش كەسپىنى بېجىردى. 1953 - يىل 10 - ئايدا خەلق باش بانكىسى خەلقئارا كەسپىي باشقارمىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكىسىدا خەلقئارا كەسپىي بۆلۈمچە قۇرۇلۇپ، ئېكسپورت پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش تالونلىرىنى تەكشۈرۈش ۋە يوللاش ئىشلىرىنى بېجىردى.

1954 - يىل 10 - ئاينىڭ 16 - كۈنى سودا مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق باش بانكىسى تارقاتقان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى تاشقى سودا شىركەتلىرىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم ھەر قايسى خەلق دېموكراتىيىسى دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئىمپورت - ئېكسپورت سودا راسچوتىنى بېجىرىش چارىسى» دە شىنجاڭنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت پېرېۋوت راسچوتىنى ئۆلكىلىك شۆبە بانكا مەركەزلەشتۈرۈپ بېجىرىدۇ. قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكا تالونلارنى ۋاكالىتەن تەكشۈرىدۇ. پېرېۋوت راسچوت قىلىش كەسپىنى بېجىرمەيدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. 1957 - يىلدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرى بىلەن بولغان ئېكسپورت تاشقى پېرېۋوتىنى راسچوت قىلىش نۇقتىلىرى ئارقا - ئارقىدىن بورچىن، چۆچەك، غۇلجا، جىمىنەي قاتارلىق جايلاردىكى تارماق بانكىلاردا كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. ئۈرۈمچىدىن باشقا جايلاردىكى پېرېۋوتىنى راسچوت قىلىش نۇقتىلىرى پەقەت ئېكسپورت پېرېۋوتىنى راسچوت قىلىش تالونلىرىنى تەكشۈرۈش، يوللاش كەسپىنىلا بېجىردى. 1958 - يىلى جىمىنەي ناھىيىلىك تارماق بانكا ئېكسپورت تالونلىرىنى تەكشۈرۈش كەسپىنى يولغا قويدى. 1959 - يىلى شىنجاڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا يەرلىك سودا تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇ مەزگىلدە خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى مىڭدىلۇ ئىش بېجىرىش ئورنى، تورغات شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، قورغاس شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە كېيىن كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنغان چۆچەك، جىمىنەي تارماق بانكىلىرى ئېكسپورت پېرېۋوتىنى راسچوت قىلىدىغان بولدى. ئىمپورت پېرېۋوتىنى راسچوت قىلىش كەسپىنى ئاساسەن مىڭدىلۇ ئىش بېجىرىش ئورنى بېجىردى. 1960 - يىلدىن ئىلگىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش نۇقتىلىرى ئاساسەن سوۋېت ئىتتىپاقى، پولشا، چېخوسلوۋاكىيە، بۇلغارىيە، رومىنىيە ھەم چاۋشەن، ۋېيتنام قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودا پېرېۋوتىنى راسچوت قىلىش خىزمىتىنى بېجىردى. ھەر يىلى راسچوت قىلىنىدىغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 200 مىليون رۇبلى (كونا رۇبلى) ئەتراپىدا بولدى. 1962 - يىلى ئىمپورت - ئېكسپورت سودا راسچوت سوممىسى 19 مىليون 640 مىڭ رۇبلى (يېڭى رۇبلى) بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتتىن يىغىۋېلىنغان تاشقى پېرېۋوت 17 مىليون 200 مىڭ رۇبلى، ئېكسپورتقا چىقىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت 2 مىليون 440 مىڭ رۇبلى بولدى.

**1955 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىم ـ چىقىم**

جەدۋەل: 8 ـ 3 بىرلىكى: 10 مىڭ رۇبلى

| يىللار / تۈرى | 1955 | 1956 | 1957 | 1958 | 1959 | 1960 |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ئېكسپورتتىن يىغىۋېلىنغان تاشقى پېرېۋوت | 7768 | 14955 | 13003 | 14035 | 19816 | 18561 |
| ئىمپورتقا چىقىم قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت | 12372 | 11230 | 6217 | 5144 | 7887 | 9206 |

1963 ـ يىلدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇئامىلىسى تەدرىجىي كېمىيىپ كەتكەنلىكتىن، خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى تىيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى (مەخپىلىق ئىش بېجىرىش ئورنى) داۋاملىق ساقلاپ قېلىنغاندىن تاشقىرى قالغان پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش نۇقتىلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. راسچوت قىلىش نۇقتىسىمۇ پەقەت سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۈك يىپ ئېكسپورت قىلىش پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش كەسپىنى ۋە چاۋشيەن، ۋيېتناملارغا ياردەم قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنىڭ پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش كەسپىنىلا بېجىردى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتىلغان ئېكسپورت سودىسى كېڭەيتىلدى. دىپلوماتىيە خىزمىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن 1968 ـ يىلدىن باشلاپ خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى تىيانشان رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى بىلەن قەشقەر تارماق بانكا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە قەشقەر ئىش بېجىرىش ئورنىغا ئۆزگەرتىلىپ، تاشقى سودا پېرېۋوتنى راسچوت قىلىش كەسپىنى بېجىردى. 1969 ـ يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ بىلەن پاكىستان، قىرغىزىستان ـ قۇرۇقلۇق چېگرا ئېغىزىدا مال ئالماشتۇرۇش سودىسى قانات يايدۇرۇلدى. جۇڭگو بانكىسىنىڭ قەشقەر ئىش بېجىرىش ئورنى سودا راسچوت كەسپىنى بېجىردى. چېگرا سودىسىنىڭ سوممىسى 1969 ـ يىلى ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئېكسپورت سوممىسى 240 مىڭ رۇبلى بولغاندىن باشلاپ يىلمۇ ـ يىل ئېشىپ، 1978 ـ يىلغا كەلگەندە مال ئالماشتۇرۇش توختىمى 3 مىليون 200 مىڭ رۇبلىغا يېتىپ 3 .13 ھەسسە ئاشتى. ئون يىلدا ئىككى تەرەپنىڭ سودا ئومۇمىي سوممىسى 16 مىليون 550 مىڭ رۇبلىغا يەنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 5 مىليون 120 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1978 ـ يىلدىن كېيىن جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى يىراق ئوكيان راسچوت كەسپىنى يولغا قويدى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا راسچوت كەسپى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى پۇل پېرېۋوت قىلىش، ھاۋالە كىرىم ۋە كرېدىت گۇۋاھنامىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل شەكىل قوللىنىلدى. كرېدىت گۇۋاھنامىسى ئۇسۇلى ئاساس قىلىندى. كاپىتالىستىك دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىمپورت راسچوت كەسپىدە پۇل پېرېۋوت قىلىش، تالونلۇق ھاۋالە كىرىم، كرېدىت گۇۋاھنامىسى ۋە كاپالەتنامىدىن ئىبارەت تۆت خىل ئۇسۇل قوللىنىلىپ، كرېدىت گۇۋاھنامىسى ئۇسۇلى ئاساس قىلىندى.

1978 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى بۇخارېست، بېلگراد، موسكۋا قاتارلىق جايلاردىكى تاشقى سودا بانكىلىرى بىلەن بولغان كەسپىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، يەنە سىنگاپور، شياڭگاڭ جۇڭگو بانكىسى، ئاۋمېن نەنتۇڭ بانكىسى، شياڭگاڭدىكى نەنتۇڭ بانكىسى، شىنخۇا بانكىسى، جۇڭنەن بانكىسى، جىنچېڭ بانكىسى، گوخۇا بانكىسى، نەنياڭ بانكىسى، خۇاچياۋ سودا بانكىسى قاتارلىق سىرتتىكى بانكىلار بىلەن كەسپىي مۇئامىلە ئورناتتى. 1979 ـ يىلى تەرەققىي قىلىپ 36 دۆلەت ۋە رايوندىكى 72 بانكا

بىلەن بىۋاسىتە ۋە ۋاكالەتچىلىك كەسپىي مۇناسىۋەت ئورناتتى ھەم لوندون، سىنگاپوردىكى جۇڭگو بانكىسى بىلەن پىرىۋوت مۇناسىۋىتى ئورناتتى. بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم تاۋارلار ئۆز جايىدا ئېكسپورت قىلىپ، شۇ جايدا راسچوت قىلىنىدىغان بولدى. 1978 ـ يىلى ئۆز جايىدا راسچوت قىلىنغان سودا تاشقى پىرىۋوت كىرىمى 3 مىليون 570 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 1979 ـ يىلى 6 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چاۋشيەن، رومىنىيە، بۇلغارىيە، دېموكراتىك گېرمانىيە، چېخوسلوۋاكىيە ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق ئالتە دۆلەتتىن كىرىم قىلىنغان ئېكسپورت تاشقى پىرىۋوت كىرىمى 4 مىليون 200 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 1980 ـ يىلى ئۆز جايىدا راسچوت قىلىنغان سودا تاشقى پىرىۋوت كىرىمى 7 مىليون 340 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەم شەرقىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان سودىدىن 4 مىليون 360 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پىرىۋوت كىرىم قىلىندى.

1981 ـ يىلى تاشقى سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، مۇستەقىل تىجارەت قىلىش يولغا قويۇلدى. جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ خەلقئارا سودا راسچوت كەسپى ئەسلىدىكى شياڭگاڭ، ئاۋمېن رايونلىرىنىڭكىنىلا بېجىرىشتىن، يىراق ئوكيان راسچوتىنى بېجىرىشكە، نوقۇل ھالدا ئېكسپورت كەسپىنىلا بېجىرىشتىن ئىمپورت كەسپىنىمۇ بېجىرىشكە تەرەققىي قىلدى. شۇ يىلى ئېكسپورتتىن 34 مىليون 980 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كىرىم قىلىندى. ئىمپورتقا 23 مىليون 540 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پىرىۋوت چىقىم قىلىندى. 1982ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا خېلى زور ھەجىمدە ئاشتى. مۇشۇ يىلدا 78 مىليون 80 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پىرىۋوت كىرىم قىلىندى. ئىمپورتقا 18 مىليون 130 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پىرىۋوت چىقىم قىلىندى. تاشقى سودىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، خەلقئارا سودا راسچوت كەسپى تېخىمۇ كېڭەيدى. 1983 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 61 دۆلەت، رايوندىكى 337 بانكا ھەم شۆبە، تارماق بانكا بىلەن ۋاكالەتچى بانكا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. راسچوت تۈزۈمى چىڭىتىلىپ، تالونلارنىڭ سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىلىپ، تەكشۈرۈش ۋە تاشقى پىرىۋوت كىرىمىنى تەكشۈرۈش كۈچەيتىلىپ، تاشقى پىرىۋوتنى قوبۇل قىلىش، كىرىم قىلىش ئۇسۇلىنى تاللاشقا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن تاشقى پىرىۋوتنى بىخەتەر، ئۆز ۋاقتىدا يىغىۋېلىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە ئېكسپورتتىن 86 مىليون 960 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى كىرىمى قىلىندى. ئىمپورتقا 18 مىليون 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى چىقىم قىلىندى.

ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسى تېز تەرەققىي قىلدى. 1984 ـ يىلى ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودىسىنىڭ راسچوت ئومۇمىي سوممىسى 236 مىليون 810 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پىرىۋوت 168 مىليون 980 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورتقا چىقىم قىلىنغان تاشقى پىرىۋوت 67 مىليون 830 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. خەلقئارا سودا راسچوت كەسپىنى تېخىمۇ ياخشى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، بۇ بانكا 1985 ـ يىلى يەنە توققۇز بانكا بىلەن ۋاكالەتچى بانكا مۇناسىۋىتى ئورناتتى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 80 گە يېقىن دۆلەت ۋە رايوندىكى 383 بانكا ۋە شۆبە تارماق بانكا بىلەن ۋاكالەتچى بانكا مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، تاشقى پىرىۋوت كىرىم قىلىش يوللىرى يەنىمۇ ئۇزۇل بولۇپ، مەبلەغنىڭ يول ئۈستىدە ئىگىلىنىش ۋاقتى زور دەرىجىدە قىسقارتىلدى. 1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا راسچوتىنىڭ سوممىسى 307 مىليون 720 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورتتىن كىرىم قىلىنغان تاشقى پىرىۋوت 174 مىليون 510 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورتقا چىقىم قىلىنغان تاشقى پىرىۋوت 133 مىليون 210 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى.

ئەمۋالىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولدى. 50 ـ يىللاردا شىنجاڭنىڭ مۇھاجىرلار پېرېۋوتى كىرىمى ئىنتايىن ئاز ئىدى. 1960 ـ يىلدىن باشلاپ مۇھاجىرلار پېرېۋوتىغا ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش بېلىتى قوشۇپ بېرىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن مۇھاجىرلار پېرېۋوتى كىرىمى بىر قەدەر تېز كۆپەيدى. 1961 ـ يىلى مۇھاجىرلار پېرېۋوتى كىرىمى 19 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1962 ـ يىلى 30 مىڭ 166 يۈەنگە يەتتى. 1965 ـ يىلى 123 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1960 ـ يىلدىن 1962 ـ يىلغىچە دۆلەت ئىچىدە ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئىنتايىن قىس بولۇپ، ماددىي نەرسىنى تاشقى پېرېۋوت ئورنىدا ئىشلىتىش ئىنتايىن ئومۇملىشىپ كەتتى. 1962 ـ يىلى 4736 دانە پوچتا يوللانمىسى تاپشۇرۇپ ئېلىندى. بۇلارنىڭ قىممىتى تەخمىنەن 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يېتىدۇ. 1963 ـ يىلى 191 مىڭ 500 يۈەن قىممەتتىكى 6535 دانە پوچتا يوللانمىسى تاپشۇرۇپ ئېلىندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇھاجىرلار پېرېۋوت كىرىمىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە خاتا لۇشيەننىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت «مۇرەككەپ سىياسىي مۇناسىۋەت» دەپ قارالدى. بەزى مۇھاجىرلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى چەت ئەللەردىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئەۋەتىلگەن مۇھاجىرلار پېرېۋوتىنىمۇ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇھاجىرلار پېرېۋوتىغا قوشۇپ بېرىلىدىغان ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش بېلىتىمۇ بىكار قىلىۋېتىلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇھاجىرلار پېرېۋوتى كىرىمى ئۇزۇن مەزگىلگىچە بىر ئىزدا توختاپ قالدى. گەرچە گوۋۇيۈەن قايتا ـ قايتا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، مۇھاجىرلار پېرېۋوتى توغرىسىدىكى سىياسەتلەرنى قوغدىغان بولسىمۇ بىراق ئىشلەش ئۇسۇلىدا چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنىڭ تەسىرى تۈگىتىلمىدى. تاكى 1974 ـ يىلغا كەلگەندىلا مۇھاجىرلار پېرېۋوتى ئاندىن بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتەك ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، تەدرىجىي ئېشىشقا باشلىدى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ۋە مۇھاجىرلار پېرېۋوتى سىياسەتلىرى تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتى، 1978 ـ يىلى گوۋۇيۈەن «مۇھاجىرلار پېرېۋوتىنى ئېرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا يەكۈن» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. مۇھاجىرلار پېرېۋوتىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش ۋە مۇھاجىرلار پېرېۋوتىغا ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، يەرلىكنىڭ ۋە مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ مۇھاجىرلار پېرېۋوتىغا ئېرىشىش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭنىڭ مۇھاجىرلار پېرېۋوتى كىرىمى زور ھەجىمدە كۆپەيدى. 1978 ـ يىلى مۇھاجىرلار پېرېۋوتى كىرىمى 427 مىڭ يۈەن بولغان بولسا، 1980 ـ يىلى 1 مىليون 167 مىڭ يۈەنگە، 1985 ـ يىلى 1 مىليون 836 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1978 ـ يىلدىكىنىڭ 4.3 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى.

### 2) شەخسلەر ئىشلىتىدىغان تاشقى پېرېۋوت

شەخسلەر ئىشلىتىدىغان تاشقى پېرېۋوت چەت ئەللىك مۇھاجىرلارنىڭ ئۆز دۆلىتىگە قايتىش ئۈچۈن لازىملىق بولغان تاشقى پېرېۋوت، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن چەت ئەللەرگە چىقىش ياكى ئولتۇراقلىشىشقا لازىملىق بولغان تاشقى پېرېۋوت ھەمدە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى بېقىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن تاشقى پېرېۋوت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 1955 ـ يىلي يۇرتىغا قايتقان سوۋېت مۇھاجىرلىرىغا تەمىنلەپ بېرىلگەن تاشقى پېرېۋوت 102 مىڭ 103 يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، رۇبلىغا سۇندۇرغاندا 20 مىڭ 426 رۇبلى بولىدۇ (يەنى پېرېۋوت باھاسى بىر رۇبلى 0.50 يۈەن خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى). 1960 ـ يىلى شەخسلەر ئىشلەتكەن تاشقى پېرېۋوت 25 مىڭ 369 يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، رۇبلىغا سۇندۇرغاندا 152 مىڭ 376 رۇبلى بولدى (پېرېۋوت باھاسى بىر رۇبلى 0,1667 يۈەن خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلدى). بۇنىڭ ئىچىدە يۇرتىغا قايتقان سوۋېت مۇھاجىرلىرىغا

بېرىلگىنى 21 مىڭ 641 يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، رۇبلىغا سۇندۇرغاندا 129 مىڭ 844 رۇبلى بولدى. تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن چەت ئەلگە چىققان 69 ئادەمگە 3755 يۈەن خەلق پۇلى ھېسابىدا 22 مىڭ 532 رۇبلى تاشقى پېرېۋوت ئەستىقلاپ بېرىلدى. 1962 - يىلى شەخسلەرگە ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت جەمئىي 1 مىليون 554 مىڭ 996 يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، رۇبلىغا سۇندۇرغاندا، 932 مىڭ 979 رۇبلى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە يۇرتىغا قايتقان سوۋېت مۇھاجىرلىرىغا تەمىنلەپ بېرىلگەن تاشقى پېرېۋوت 1 مىليون 550 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، رۇبلىغا سۇندۇرغاندا 930 مىڭ رۇبلى بولدى. چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاشقا چىققانلارغا ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت 3936 يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، رۇبلىغا سۇندۇرغاندا 2362 رۇبلى بولدى. مۇھاجىرلار ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا پېرېۋوت قىلىنغان پۇل 617 يۈەن خەلق پۇلى بولۇپ، رۇبلىغا سۇندۇرغاندا 370 رۇبلى بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، شەخسلەرگە ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت ئاساسلىقى ئاز ساندىكى پاكىستانلىق، ئافغانىستانلىق ۋە سوۋېت ئىتتىپاقلىق مۇھاجىرلارنىڭ ھەمدە دۆلەت تەۋەلىكى يوق ئاھالىلارنىڭ چەت ئەللەرگە چىقىپ ئولتۇراقلىشىش خىراجىتى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاز ساندىكى چەت ئەلگە تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن چىققانلارنىڭ خىراجىتى ۋە ئائىلىسىگە ئەۋەتكەن پۇللار ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. ھەر يىلى ئىشلىتىلگەن سومما ئىنتايىن ئاز بولدى. مەسىلەن: 1970 - يىلى ئاران 6227 يۈەن خەلق پۇلى يەنى 2250 ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىلدى.

1978 - يىلدىن باشلاپ، شەخسلەرگە ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى. دۆلەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرا شەرققە ھەج - تاۋاب قىلىشقا چىقىشىغا رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش تېخىمۇ كۆپەيدى. 1978 - يىلى شەخسلەرگە ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت خەلق پۇلى ھېسابىدا 53 مىڭ 376 يۈەن يەنى 32 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولغان بولسا، 1979 - يىلى كۆپىيىپ خەلق پۇلى ھېسابىدا 249 مىڭ يۈەن يەنى 173 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. 1985 - يىلغا كەلگەندە شىددەت بىلەن ئېشىپ، خەلق پۇلى ھېسابىدا 4 مىليون 470 مىڭ يۈەن يەنى 1 مىليون 560 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

### 3) چەت ئەللەرگە چىققان ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ خىراجىتى

1978 - يىلدىن ئىلگىرى ئۆمەك، گۇرۇپپىلاردىكى خادىملار ئىشلەتكەن تاشقى پېرېۋوت كۆپ ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە پەقەت جۇڭگو - پاكىستان چېگرا سودىسى سۆھبىتى ھەم سودا ئۆمەكلىرىنىڭ خىراجەتلىرى ئۈچۈن ئاز مىقداردا تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىلدى. 1978 - يىلدىن كېيىن، تاشقى سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، چەت ئەللەرگە چىقىدىغان ئۆمەك، گۇرۇپپىلار ھەم خادىملار يىلمۇ يىل كۆپەيدى. مەسىلەن: 1959 - يىلى چەت ئەلگە چىققان ئۆمەك (گۇرۇپپىلار) نىڭ ئىشلەتكەن تاشقى پېرېۋوتى 150 مىڭ رۇبلى، يەنى خەلق پۇلى ھېسابىدا 25 مىڭ يۈەن، 1970 - يىلى ئاران 100 ئامېرىكا دوللىرى يەنى243 يۈەن خەلق پۇلى بولغان بولسا، 1980 - يىلى ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت 29 مىڭ 800 ئامېرىكا دوللىرى، يەنى خەلق پۇلى ھېسابىدا 44 مىڭ 400 يۈەن بولدى. 1985 - يىلى ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت شىددەت بىلەن ئېشىپ 1 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، يەنى خەلق پۇلى ھېسابىدا 3 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

**1970 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوت كىرىم ـ چىقىمى**

جەدۋەل: 8 ـ 5 بىرلىكى: 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى

| تۈرلەر / يىللار | كىرىم | | چىقىم | | |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | مۇھاجىرلار پېرېۋوتى | جەمئىي | شەخسلەرگە ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت | چەت ئەلگە چىققان ۋەكىللەر ئۆمەكلىرىنىڭ خىراجىتى |
| 1970 | 4.55 | 4.3 | 0.27 | 0.26 | 0.01 |
| 1971 | 4.97 | 4.7 | 0.35 | 0.34 | 0.01 |
| 1972 | 4.41 | 4.2 | 0.42 | 0.41 | 0.01 |
| 1973 | 5.57 | 5.4 | 1.29 | 1.26 | 0.03 |
| 1974 | 14.36 | 14 | 0.17 | 0.10 | 0.07 |
| 1975 | 11.53 | 11 | 0.28 | 0.20 | 0.08 |
| 1976 | 11.11 | 10.3 | 1.10 | 1.07 | 0.03 |
| 1977 | 17.49 | 16.2 | 0.12 | 0.01 | 0.11 |
| 1978 | 30.70 | 25.6 | 3.20 | 3.20 | |
| 1979 | 73.35 | 39 | 18.10 | 16.60 | 0.70 |
| 1980 | 325 | 78.3 | | | 2.98 |
| 1981 | 403 | 78.4 | 43.2 | 12.1 | 13.2 |
| 1982 | 576 | 90.3 | 57.8 | 8.7 | 15.8 |
| 1983 | 590 | 95.2 | 113.2 | 25.5 | 20.2 |
| 1984 | 1442 | 72.3 | 191.9 | 85.7 | 51.9 |
| 1985 | 1288 | 64 | 914 | 156 | 125 |

### 4) چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش

دۆلەت بارلىق چەت ئەل پۇللىرىنى جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدە ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشكە ۋە ئۆز ئالدىغا ئېلىپ ـ سېتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلىگەن. دۆلىتىمىزگە ساياھەتكە كەلگەن چەت ئەللىك مېھمانلار، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ھەم دۆلەت ئىچىدىكى شەخسلەرنىڭ قولىدىكى ھەر خىل چەت ئەل پۇللىرى ۋە ساياھەت چېكى، ساياھەت كرېدىت گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلارنى جۇڭگو بانكىسىدا ياكى ھاۋالە بويىچە ئىش بېجىرىدىغان پۇل تېگىشىش نۇقتىلىرىدا شۇ كۈندىكى تاشقى پېرېۋوت تاختاي باھاسى بويىچە خەلق پۇلىغا تېگىشكەندىن كېيىن ئىشلىتىدىغان بولدى. 1981 ـ يىل 4 ـ ئايدا جۇڭگو بانكىسى «تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش بېلىتى» تارقاتقاندىن كېيىن، چەت ئەل پۇللىرىنى «تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش بېلىتى» گە تېگىشكەندىن كېيىن ئىشلەتكىلى بولىدىغان بولدى. شۇڭا چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش كەسپى غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتىدىكى مۇھىم تۈرلەرنىڭ بىرى شۇنداقلا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئاساسلىق كەسىپلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. 1985 ـ يىلغا قەدەر، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى چەت ئەل پۇللىرىنى نەق پۇلغا تېگىشىش، ساياھەت چېكى، ساياھەت كرېدىت گۇۋاھنامىسى، كرېدىت كارتىسى قاتارلىقلارنى تېگىشىش قاتارلىق چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش كەسپىنى بېجىردى.

1978 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش كەسپى مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئاساسلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رۇبلىسى تېگىشىلدى ۋە پاكىستان رۇپىيىسى،

نېپالنىڭ رۇپىيىسى چەكلىك سوممىدا تېگىشىپ بېرىلگەنىدى ھەمدە ئامېرىكا دوللىرى، شىياڭگاڭ يۈەنى، كانادا دوللىرى، ئەنگىلىيە فۇند ستېرلىڭى قاتارلىق چەت ئەل نەق پۇللىرى ئاز مىقداردا تېگىشىپ بېرىلدى. مۇندىن باشقا يەنە ساياھەت پۇل چېكى، ساياھەت كرېدىت گۇۋاھنامىسى قاتارلىقلارمۇ ئاز مىقداردا تېگىشىپ بېرىلدى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارمىقى، غۇلجا شەھەرلىك تارمىقى، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا، چۆچەك ناھىيىلىك تارماق بانكا، قورغاس شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە تورغات شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىق بانكا ئاپپاراتلىرى چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش كەسپىنى بېجىردى. باشقا جايلاردىكى چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىدىغان ئىش بولسا، شۇ يەردىكى بانكا يېقىن ئەتراپتىكى شۇ كەسپنى بېجىرىدىغان بانكىلارغا ھاۋالە قىلدى.

1978 ـ يىلدىن كېيىن بىر قىسىم شەھەرلەر ئېچىۋېتىلىپ ساياھەتكە كېلىدىغان چەت ئەللىك مېھمانلار، شىياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار يىلمۇ ـ يىل كۆپەيدى. چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش كەسپىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆپەيدى. جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش كەسپىنى بېجىرگەندىن سىرت، يەنە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن، شىخەنزە، قاراماي، غۇلجا قاتارلىق جايلاردىمۇ چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش نۇقتىلىرى تەسىس قىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىش تور، نۇقتىلىرى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىپ، چەت ئەللىك مېھمانلار بارغانلا يەردە چەت ئەل پۇللىرىنى خەلق پۇلىغا تېگىشەلەيدىغان بولدى. ئۈرۈمچى شەھرىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئۈرۈمچى دوستلۇق ماگىزىنى، شىنجاڭ كوئېنلون مېھمانخانىسى، شىنجاڭ ئالىي مېھمانخانا، جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسى ئۈرۈمچى بېلەت سېتىش ئورنى، جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئايرودروم مېھمانخانىسى، جۇڭگو خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئۈرۈمچى ئايرودرومى ئايروپىلان كۈتۈش ئۆيى مال سېتىش ئورنى، شىنجاڭ قاشتېشى ئويمىچىلىق زاۋۇتى، ئۈرۈمچى چارۋا مەھسۇلاتلىرى بىرىنچى ماگىزىنى ۋە مۇھاجىرلار مېھمانخانىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا چەت ئەل پۇلى تېگىشىش ۋاكالەتخانىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. ساياھەتچىلىكنىڭ ئاۋات پەسلىدە چەت ئەل پۇللىرىنى تېگىشىدىغان ھەر قايسى نۇقتىلار پۇل تېگىشىش خادىملىرىنى ئاجرىتىپ سەييارە مۇلازىمەت قىلدى.

### (1) چەت ئەل نەق پۇللىرى ۋە ساياھەت پۇل چېكىنى تېگىشىش

1985 ـ يىلغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە تېگىشكىلى بولىدىغان چەت ئەل نەق پۇللىرى جەمئىي 18 خىل بولۇپ، چەت ئەل نەق پۇللىرى شۇ كۈنى ئېلان قىلىنغان تاشقى پېرېۋوت تاختاي باھاسىنىڭ چەت ئەل نەق پۇللىرىنى سېتىۋېلىش باھاسى بويىچە ھېسابلاپ تېگىشىپ بېرىلدى. مۇئامىلىدارلار دۆلىتىمىزدە ئىشلىتىپ بولالمىغان خەلق پۇللىرىنى چەت ئەل پۇلىغا تېگىشىشنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئەسلىدە پۇل تېگىشكەندىكى تالونغا ئاساسەن تېگىشىپ بېرىلدى. ساياھەت پۇل چېكى — چەت ئەل پۇلى ھېسابىدىكى ساياھەت پۇل چېكى ۋە خەلق پۇلى ھېسابىدىكى ساياھەت پۇل چېكى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. 1984 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قوبۇل قىلىپ، تېگىشىپ بېرىلگەن چەت ئەل پۇللىرىنىڭ 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدىغان چەت ئەل پۇلى ھېسابىدىكى ساياھەت پۇل چېكى پۈتۈنلەي شىياڭگاڭ، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى سودا بانكىسى ئارقىلىق ھاۋالە قىلىندى 1984 ـ يىلى جۇڭگو باش بانكىسىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ئەنگىلىيە، فرانسىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ياپونىيە، شىۋېتسارىيە، كانادا، ئاۋستىرالىيە ۋە شىياڭگاڭ قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ چەت ئەللەردىكى 17 ۋاكالەتچى بانكىسى بىلەن چەت ئەل پۇلى ھېسابىدىكى ساياھەت پۇل چېكىنى بىۋاستە ھاۋالە كىرىم قىلىشنى بېجىرىپ، پۇل ئېلىش يوللىرىنى ئۆزۈللەپ، تاشقى پېرېۋوتنىڭ قانۇنسىز ئىگىلىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغان زىيانلارنى ۋە يول ئۈستىدە ئىگىلىنىشنى ئازايتتى. 1985 ـ يىلغا قەدەر تېگىشىپ بېرىشكە بولىدىغان چەت ئەل پۇلى ھېسابىدىكى ساياھات پۇل چېكى 40 نەچچە خىلغا يەتتى.

### (2) ساياھەت كرېدىت گۇۋاھنامىسىنى ۋاكالىتەن نەقلەشتۈرۈش

1978 ـ يىلدىن ئىلگىرى ساياھەت كرېدىت گۇۋاھنامىسىنى ۋاكالىتەن نەقلەشتۈرۈش مىقدارى ئىنتايىن ئاز ئىدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن ھەر يىلى ئاران بىر ئىككى دانە ساياھەت كرېدىت گۇۋاھنامىسى كەلدى. ئۇلارنىڭ سوممىسى ھەم كۆپ ئەمەستى. ۋاكالىتەن نەقلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغان ساياھەت كرېدىت گۇۋاھنامىلىرى ئاساسلىقى سىنگاپور، جۇڭگو بانكىسىدىن كېلەتتى.

(3) كرېدىت كارتىسىنى ۋاكالىتەن نەقلەشتۈرۈش

1982 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى كرېدىت كارتىسىنى ۋاكالىتەن نەقلەشتۈرۈش كەسپىنى يولغا قويدى. كرېدىت كارتىسىنى نەقلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئاساسلىقى ساياھەتچىلەرنىڭ نەق پۇل يېتىشمەسلىك ۋە چەك يېتىشمەسلىك تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان قىيىنچىلىقلىرى ھەل قىلىندى. 1982ـ يىلى 50 قېتىم ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ كرېدىت كارتىسى كەسپى بويىچە مۇئامىلە بېجىرىلىپ، جەمئىي 62 مىڭ 561 قېتىم خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تاشقى پېرېۋوت تېگىشىپ بېرىلدى. 1983 ـ يىلى 102 قېتىم كرېدىت كارتىسى نەقلەشتۈرۈلۈپ، جەمئىي 90 مىڭ 948 يۈەن خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تاشقى پېرېۋوت تېگىشىپ بېرىلدى. 1984 ـ يىلى كەسىپ مىقدارى 151 قېتىمغا كۆپىيىپ، جەمئىي 133 مىڭ 294 يۈەن خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تاشقى پېرېۋوت تېگىشىپ بېرىلدى. 1985 ـ يىلى 116 مىڭ 42 يۈەن خەلق پۇلى ھېسابىدىكى تاشقى پېرېۋوت تېگىشىپ بېرىلدى. ۋاكالىتەن نەقلەشتۈرۈلىدىغان كرېدىت كارتىسىنىڭ تۈرلىرى پەقەت ئەنيالڭ سودا بانكىسىنىڭ فېدرال كارتىسى، خۇيفىڭ بانكىسىنىڭ ۋىزا كارتىسى ھەم ئامېرىكا يۈنتۇڭ شىركىتىنىڭ يۈنتۇڭ كارتىسى بىلەن چەكلەندى. كرېدىت كارتىسى بىلەن پەقەت نەق پۇللا ئالغىلى بولاتتى. بىۋاسىتە مال سېتىۋالغىلى بولمايتتى.

**1968 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە چەت ئەل پۇلى تېگىشىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 8 ـ 6 بىرلىكى: ئامېرىكا دوللىرى

| يىللار | سوممىسى | يىللار | سوممىسى | يىللار | سوممىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1968 | 1500 | 1974 | 3600 | 1980 | 720000 |
| 1969 | 1000 | 1975 | 4700 | 1981 | 740000 |
| 1970 | 1500 | 1976 | 7633 | 1982 | 1090000 |
| 1971 | 1896 | 1977 | 13000 | 1983 | 1040000 |
| 1972 | 2018 | 1978 | 45000 | 1984 | 1400000 |
| 1973 | 2178 | 1979 | 343000 | 1985 | 1870000 |

## § 5 . خەلقئارا ھاۋالە كەسپى

1982 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى خەلقئارا ھاۋالە كەسپى بۆلۈمى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس خەلقئارا ھاۋالە كەسپىنى يولغا قويدى. ئاساسلىق، شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى يۆتكەپ بېرىش، تاشقى پېرېۋوت يۆتكەش، خەلقئارا كەسپلەر بويىچە مەسلىھەت بېرىش، خەلقئارا ئىجارە، تولۇقلىما سودا، كېپىل بولۇش، مەبلەغ سېلىش قاتارلىق كەسپلەر بېجىرىلدى.

## 1. شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى يۆتكەپ بېرىش

1978 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ گۇاڭجۇ شۆبىسى شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى يۆتكەپ بېرىش كەسپىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا مۇھاجىرلار پېرېۋوتى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتى داۋامىدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى يۆتكەپ بېرىش كەسپى خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. 1979 - يىلى 14 ئائىلە 1 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت يۆتكەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا تەرەپ توڭلىتىپ قويغان مۈلۈكلەرنى ئېنىقلاش خىزمىتى داۋامىدا يەنە سەككىز ئائىلە تاشقى پېرېۋوت يۆتكەپ بېرىشنى بانكىغا تىزىملاتتى. بىراق، ئەھۋال مۇرەككەپ بولغانلىقتىن ھەمدە ئۇنىڭ بەزىلىرى شەخسلەر ئوتتۇرىسىدا تارىختىن بۇيان قېلىپ قالغان ھەقدارلىق - قەرزدارلىق مۇناسىۋەتلىرى بولغانلىقتىن، بانكىنىڭ قوبۇل قىلىپ يۆتكەپ بەرگەن تاشقى پېرېۋوتى كۆپ بولمىدى. 1985 - يىلغا قەدەر جەمئىي بەش قېتىمدا 67 مىڭ 86 . 295 ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت يۆتكەپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە 1981- يىلى تۆت قېتىمدا 20 مىڭ 86 . 295 ئامېرىكا دوللىرى، 1985- يىلى بىر قېتىمدا 47 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى يۆتكەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى قېتىملىقى مىراس قالغان تاشقى پېرېۋوتنى يۆتكەش، ئۈچ قېتىملىقى ئامېرىكا دوللىرى ھېسابىدا توڭلىتىپ قويۇلغان مۈلۈك پېرېۋوتنى ھەل قىلىپ يۆتكەشتىن ئىبارەت.

1979 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى ھەمدە شياڭگاڭ شىنخۇا بانكىسى ھاۋالە چەكلىك شىركىتىنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ئادەم ئاجرىتىپ، شياڭگاڭدىن قايتىپ كەلگەن بىر قېرىنداشنىڭ ئاتىسىنىڭ شياڭگاڭدىكى يەر، مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلىش دېلوسىنى تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈردى ھەمدە جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، دىپلوماتىك گۇۋاھلىق بېرىش، باھالاش، باجلاش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. 1985 - يىل 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق مۇھاجىرلار ئىشلىرى ئىشخانىسى بىلەن جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى يەنە شياڭگاڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، يەر - مۈلۈكنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لايىھىسى توغرىسىدا كېڭەشتى. ئۇزۇن مەزگىللىكچە مىراسقا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ۋە مىراسنىڭ كۆپىنچىسى پارچە - پۇرات يەرلەر بولۇپ، بەزىلىرىنى شياڭگاڭ - ئەنگلىيە دائىرىلىرى ئىشلىتىۋالغانلىقتىن، يەنە بەزىلىرىنى باشقىلار ئىشلىتىۋالغانلىقتىن، بەزىلىرى چەت - يىراق يېزا - كەنتلەردە بولغانلىقتىن، خىزمەتنىڭ قىيىنچىلىقى چوڭ، سۈرئەت ئاستا بولدى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغىچە ئاران دېگەندە 800 مىڭ شياڭگاڭ يۈەنى ئېنىقلىنىپ قايتۇرۇپ كېلىندى. بۇ ئىگىلەپ ئىشلىتىۋېلىنغان يەر - مۈلۈك قىممىتىنىڭ تەخمىنەن 5.33 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

## 2. تاشقى پېرېۋوت يۆتكەش

تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىدىكى ئارتۇق - كەمنى يۆتكەش ئۈچۈن، 1980 - يىلى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن جۇڭگو بانكىسى بىر قىسىم رايونلارنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى، ئاساسلىقى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوتنى يۆتكەش كەسپىنى بېجىردى. تاشقى پېرېۋوتنى يۆتكەش باھاسى 1985 - يىلدىن ئىلگىرى سودا پېرېۋوتنى ئىچكى قىسىمدا راسچوت قىلىش باھاسى ئىچىدە كېلىشىپ بېكىتىلگەندى. 1985 - يىلدىن ئېتىبارەن سودا پېرېۋوتنىڭ ئىچكى قىسىمدا راسچوت قىلىش باھاسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق پۇلىنىڭ تاشقى پېرېۋوت تاختاي باھاسىدىكى سېتىۋېلىش -

سېتىش ئوتتۇرىچە باھاسى ئىچىدە كېلىشىپ بېكىتىلدى.

تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلار مەلۇم مىقداردا تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى جۇغلىدى. بەزى ۋىلايەتلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش ئېھتىياجى كۆپ بولمىغانلىقتىن، ئېشىنچىسى بىر قەدەر كۆپ بولدى. يەنە بىر قىسىم كارخانا ئورۇنلار چەت ئەللەردىن بىر قىسىم ئۈسكۈنە ماتېرىياللار ۋە ئەسۋابلارنى كىرگۈزۈش ئېھتىياجى بىلەن تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى يېتىشمەيۋاتقانلىقىدىن قاخشىدى. تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىنى جانلاندۇرۇپ، بۇ بىر قىسىم تاشقى پېرېۋوت مەبلىغىنىڭ مۇۋاپىق، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 1981 - يىلدىن باشلاپ تاشقى پېرېۋوت يۆتكەش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. 1985 - يىلغا قەدەر 107 قېتىمدا جەمئىي 22 مىليون 720 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەڭشەلدى.

تەڭشەلگەن تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى ئاساسلىقى يەن - تېخنىكا، مەدەنىي - مائارىپ، تېببىي دورىگەرلىك، سەھىيە، شۇنىڭدەك - سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا جىددىي ئېھتىياجلىق ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى ئىمپورت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى. 1983 - يىلى ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەن ئىلگىرى يۇگوسلاۋىيىدىن ئىمپورت قىلغان كومبايىننى جىددىي رېمونت قىلىشقا توغرا كەلگەندە، بانكا ئۇلارنىڭ ئۈسكۈنە زاپچاس ئىمپورت قىلىشى ئۈچۈن ئۆز ۋاقتىدا تاشقى پېرېۋوت مەبلىغى يۆتكەپ بېرىپ، ھەر قايسى تۇەن - مەيدانلارنىڭ يازلىق ئاشلىقنى ئوڭۇشلۇق يىغىۋېلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. 1984 - يىلى مايتاغ نېفىت ئايرىش زاۋۇتىنىڭ يەن تەتقىقات تارماقلىرى تەڭشەپ بېرىلگەن تاشقى پېرېۋوتنى ئىشلىتىپ ئىنفىرا قىزىل نۇر ئارقىلىق نۇرنى ئايرىپ، مىكرو ئېلېمېنتلارنى ئانالىز قىلىش ئەسۋابى ۋە ئېلېكترونلۇق مىكرو تارازا ئىمپورت قىلىپ، سىكلو قارافىننىڭ ئايرىلىشىنى تەھلىل قىلىش ۋە يېڭى تېپتىكى سىلىقلاش مېيىنى تەتقىق قىلىشنى يېڭى ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلىدى. 1984 - يىلى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق كۆزىتىش - ئۆلچەش پونكىتى يۆتكەپ بېرىلگەن تاشقى پېرېۋوتتىن پايدىلىنىپ لازېر نۇرلۇق دالتېمېتىر ئىمپورت قىلىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال رايونلىرىنىڭ لازېر نۇرلۇق دالتېمېتىر جەھەتتىكى بوشلۇقىنى تولدۇرۇپلا قالماستىن بەلكى جۇڭگونىڭ لازېر نۇرلۇق دالتېمېتىر پونكىتى تورىنىڭ جايلىشىشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دالتېمېتىر ئېنىقلىقىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

## 3. خەلقئارا كەسپلەر بويىچە مەسلىھەت بېرىش

ئىشكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك سودىگەرلەر، كارخانىچىلار ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا كېلىپ مەبلەغ سېلىش ۋە تاۋار سېتىش توغرىلىق مەسلىھەتلەشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇئامىلىدارلارنىڭ مەبلەغ ئىناۋىتىنى تەكشۈرۈش، سودا ئەھۋالىدىن مەسلىھەت سوراش، خېرىدار تونۇشتۇرۇش قاتارلىق مەسلىھەتچىلىك مۇلازىمىتى كۈندىن - كۈنگە مۇھىم بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى مەبلەغ ئىناۋىتىنى تەكشۈرۈش، مۇئامىلىدارلارغا ۋاكالىتەن تاۋار باھاسىنى ئۇقتۇرۇش ۋە سودا ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت مەبلەغلىرىدىن پايدىلىنىش ھەم خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسى ئاخباراتىدىن مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق خەلقئارا مەسلىھەتچىلىك كەسپلىرىنى يولغا قويدى. 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە 155 قېتىم مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەندى. مەبلەغ ئىناۋىتىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق بەزى مۇئامىلىدارلارنىڭ مەبلەغ ئىناۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكى، بەزى مۇئامىلىدارلارنىڭ ئالدامچى ئىكەنلىكى بايقىلىپ، كارخانىلار ئالدىنىپ قېلىشتىن ساقلاپ قېلىندى. مەسىلەن: 1983 - يىلى جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا - «تەڭرىتاغ» يۇڭ

توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى قوبۇل قىلغان بىر نەپەر فرانسىيىلىك سودىگەر «تەڭرىتاغ» يۇڭ توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقارغان يۇڭ يوپايكا بىلەن تۆۋتلىك يوپايكىنى سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدە، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق بۇ سودىگەرنىڭ ئاران 1000 فوند ستېرلىڭ مەبلىغى بار بىر كىچىك سودىگەر ئىكەنلىكى بايقالدى. 1984 - يىلى شياڭگاڭ «خۇادې چەكلىك شىركىتى» بىلەن «فۇلىدا شىركىتى» نىڭ سودىگەرلىرى ساۋەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنى تۆۋەن ئۆسۈملۈك كۆپ سوممىلىق ئامېرىكا دوللىرى قەرز پۇلى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا جۇڭگو بانكىسىنىڭ كېپىل بولۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان، ساۋەن ناھىيىلىك ھۆكۈمەت جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىدىن ھۆججەت يېزىپ كېپىل بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا بانكا تەكشۈرۈش ئارقىلىق شياڭگاڭ چەكلىك شىركەتلەرنى تىزىملاش ئورنىدا بۇ ئىككى شىركەتنىڭ تىزىمغا ئالدۇرغان خاتىرىسى يوقلۇقى ئېنىقلاندى. 1985 - يىلى شياڭگاڭ «شەرقىي ئوكيان» ئېلېكترون شىركىتى شىنجاڭ مېتاللورگىيە ئىدارىسى بىلەن شېرىكلىشىپ ئېلېكترونلۇق قول سائەت ۋە تۈگمە باتارىيە ئىشلەپچىقارماقچى بولغان ۋە مەھسۇلاتنى «شەرقىي ئوكيان» ئېلېكترون شىركىتى ھۆددە ئېلىپ ساتماقچى بولغان. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ مۇئامىلىدارلار كۆزنىڭ، تەيۋەن ئىككى جايدا شېرىكلىشىپ ئىشلەپچىقارغان ئېلېكترونلۇق قول سائەتنى سېتىپ چىقىرالماي، زاۋۇت ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىش ھالىتىدە تۇرۇپ قالغانلىقى بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تور ئۈستىدە كېڭىشىش توختىتىپ قويۇلدى.

## 4. خەلقئارا ئىجارىكەشلىك

خەلقئارا ئىجارىكەشلىك - جۇڭگونىڭ چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىش، تېخنىكا كىرگۈزۈش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشتىكى مۇھىم يولى. 1982 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى تۇرپان خەلقئارا ساياھەتچىلىك ئىدارىسىگە ياپونىيىدىن ئوتتۇرا تىپتىكى ساياھەت ئاپتوموبىلىدىن ئۈچنى ئىجارىگە ئېلىپ بەردى. بۇنىڭ ئومۇمىي ئىجارە سوممىسى 57 مىڭ 27 ئامېرىكا دوللىرى بولدى. ئۈچ يىللىق مۇددەتنى توشقاندىن كېيىن ساياھەت ئاپتوموبىلىدىن قىلىنغان كىرىمدىن بارلىق ئىجارە پۇلىنى تۆلىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە 12 مىڭ 537 ئامېرىكا دوللىرى پايدا ئېشىپ قالدى. بۇ ئۈچ ئاپتوموبىلمۇ تۇرپان خەلقئارا ساياھەتچىلىك ئىدارىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

## 5. تولۇقلىما سودا

جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 1982 - يىلى تولۇقلىما سودا كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىغاندىن تارتىپ 1985 - يىلغىچە جەمئىي ئالتە قېتىم تولۇقلىما سودا كەسپىي مۇئامىلىسىنى بېجىردى. بۇنىڭ سوممىسى جەمئىي 2 مىليارد 354 مىليون 80 مىڭ ياپونىيە يېنى بولدى.

1982 - يىلى شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» شېكەر زاۋۇتىغا ھەمكارلىشىپ ياپونىيە سودىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش سودا شىركىتى بىلەن قىزىلچا تېرىپنى دانچىلاش ئۈسكۈنىسى توغرىسىدا 200 مىليون ياپونىيە يېنىغا يېقىن تولۇقلىما سودا توختىمى ئىمزالاپ، كېرەكسىز قىزىلچا تالاسى ئېشىش ماشىنىسى، دانچىلاش ماشىنىسى، سوۋۇتۇش ماشىنىسى قاتارلىق ھالقىلىق مۇھىم ئۈسكۈنىلەر كىرگۈزۈلدى. 1983 - يىلىنىڭ بېشىدا بۇ ئۈسكۈنىلەر قۇراشتۇرۇلۇپ، ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن تارتىپ، يىل ئاخىرىغىچە جەمئىي 2656 توننا قىزىلچا تېرىپى ئېكسپورت قىلىنىپ، 440 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت كىرىم قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن بارلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ پۇلى تولۇقلاپ تۆلەپ بولۇندى. چەت ئەللىك سودىگەرلەر توختامنىڭ ئورۇندىلىش

ئەھۋالىدىن ئېنتايىن رازى بولدى ھەمدە بۇ قېتىمقى تولۇقلىما سودا مۇئامىلىسى تاماملانغاندىن كېيىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەھسۇلاتنى ئۆزۈن مۇددەتكىچە مۇددەتكە ئېلىپ سېتىپ بېرىش توختامى ئىمزالاشنى تەلەپ قىلدى. تىرىپ سېخىنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن زاۋۇتنىڭ كېرەكسىز قىزىلچا تالاسىدىن پايدىلىنىلدى. بۇنىڭ بىلەن كېرەكسىز نەرسە گۆھەرگە ئايلاندى. ھەمدە مۇھىتنى بۇلغاش مەسىلىسىمۇ ھەل قىلىندى. 1985 ـ يىلى بانكىنىڭ ياردىمىدە شىخەنزە «1 ـ ئاۋغۇست» شېكەر زاۋۇتى يەنە ياپونىيىلىك سودىگەرلەر بىلەن 54 مىليون 80 مىڭ ياپونىيە يېنى قىممىتىدە تولۇقلىما سودا توختامى ئىمزالاپ، ئىككى دانە قىزىلچا تىرىپىنى دانىچىلاش ماشىنىسى كىرگۈزۈپ، ئېكسپورت تاۋارلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتتى.

1984 ـ يىلى سانجى پاختا توقۇمىچىلىق زاۋۇتى، شىنجاڭ ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى، كۈيتۇن ئىلمە توقۇلما زاۋۇتى ۋە ئۈرۈمچى «يۈنخۇاڭ» ئىلمە توقۇلما زاۋۇتىغا ھەمكارلىشىپ، شياڭگاڭ «دۇڭخەي» بايلىق چەكلىك شىركىتى بىلەن ياپونىيىدىن پاختا توقۇمىچىلىق ئۈسكۈنىسى كىرگۈزۈپ، يىرىك پاختا رەخت قاتارلىق مەھسۇلاتلار بىلەن تۆلەپ قايتۇرۇش ھەققىدە تولۇقلىما سودا توختىمى ئىمزالىدى. بۇ تۆت توختامنىڭ سوممىسى جەمئىي 2 مىليارد 100 مىليون ياپونىيە يېنى بولدى. 1985 ـ يىلى بۇ تۆت تولۇقلىما سودىنىڭ ئۈسكۈنىسى پۈتۈنلەي قۇراشتۇرۇلۇپ رەسمىي ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى.

## 6. كېپىل بولۇش

1982 ـ يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى كېپىل بولۇش كەسپىنى يولغا قويدى. بۇنىڭدا، ئاساسلىقى تۆلەش ئىقتىدارىغا ئىگە تولۇقلىما سودا ۋە ھەمكارلىق تۈرلىرىگە كېپىللىك خېتى يېزىپ بېرىلدى. 1985 ـ يىلغا قەدەر ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، مۇئامىلىدارلارغا جەمئىي توققۇز پارچە كېپىللىك خېتى يېزىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە تولۇقلىما سودا تۈرىدىكىسى سەككىز پارچە بولۇپ، سوممىسى 2 مىليارد 298 مىليون ياپونىيە يېنى بولدى. بىر قېتىملىقى ئەڭ كۆپ قەرز پۇل تۈرىدىكىسىغا كېپىل بولۇش بولۇپ سوممىسى 4 مىليون شياڭگاڭ يۈەنى بولدى.

## 7. مەبلەغ سېلىش

جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ مەبلەغ سېلىش كەسپى خېلى كېيىن باشلانغان بولۇپ، تەرەققىياتى ئاستا بولدى. 1983 ـ يىلدىن باشلاپ مەبلەغ سېلىش تۈرلىرى ئۈستىدە تەييارلىق كۆرۈپ، 1983 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە پەقەت شىنجاڭ ئۈزۈن تالالىق پاختا زاۋۇتى ۋە شىنجاڭ ئىستىراھەت رېستورانىغا مەبلەغ سېلىشنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك خىزمەتلىرىنى ئىشلىدى. جۇڭگو باش بانكىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، جۇڭگو بانكىسى ھاۋالە مەبلەغ سېلىشتا ئاساسلىقى ئېكسپورت ئارقىلىق تاشقى پېرېۋوت يارىتالايدىغان تۈرلەرنى تاللىدى. مەبلەغ سېلىش سوممىسى ئادەتتە كارخانىنىڭ ئىگە ئالدۇرغان بارلىق كاپىتال سوممىسىنىڭ ئون پىرسەنتىدىن 30 پىرسەنتىگىچە بولدى. ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى بولغان تۈرلەرگىمۇ سېلىنغان مەبلەغ 50% تىن ئېشىپ كەتمىدى. مەبلەغنىڭ دىرى بىلەن ئۆسۈمىنى قايتۇرۇۋېلىش مۇددىتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندىمۇ ئون يىلدىن ئېشىپ كەتمىدى. 1985 ـ يىلى يۇقىرىنىڭ ھاۋالە مەبلەغ سېلىشنى ۋاقىتىنچە توختىتىش دېگەن يوليورۇقىغا ئاساسەن، يېڭى مەبلەغ سېلىش تۈرلىرىگە قاتناشمىدى.

# II باب

# تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ، دۆلەت تاشقى پېرېۋوتنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، بىر تۇتاش تىجارەت قىلىش فاڭجېننى يولغا قويدى. ئورۇنلار ۋە شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوت كىرىم - چىقىمى، تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش ۋە ئۇنى باشقا جايلارغا ئەۋەتىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىپ باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى.

1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش نىزامى» نى ئېلان قىلدى. 1981 - يىلى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى (تۆۋەندە قىسقارتىپ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى دەپ ئېلىنىدى) قۇرۇلدى. ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ، دۆلەت بەلگىلىگەن نىزام، چارىلەرگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى يولغا قويدى.

## 1 § . تاشقى پېرېۋوت نورمىسىنى باشقۇرۇش

1978 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئاپپاراتى يوق ئىدى. ئىمپورت - ئېكسپورت سودا مۇئامىلىلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى تيەنجىن پورت شىركىتى ۋاكالىتەن بېجىرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يەرلىك تاشقى پېرېۋوت (مەركەز ھەر يىلى شىنجاڭغا 14 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت نورمىسى بۆلۈپ بېرەتتى) ۋە تاشقى سودىنىڭ ئاز مىقداردىكى مەخسۇس تۈردىكى تاشقى پېرېۋوتى ئومۇمەن مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىن جۇڭگو بانكىسىنىڭ تيەنجىن شۆبىسىگە بۆلۈپ بېرىلىپ ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ ئىشلىتىلدى. 1978 - يىلى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلدى. لېكىن يىراق ئوكيان ئىمپورت كەسپى يولغا قويۇلماي تاشقى پېرېۋوت نورمىسى يەنىلا جۇڭگو بانكىسىنىڭ تيەنجىن شۆبىسىنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىندى. پېرېۋوت پۇلنى ئۈرۈمچىدە چىقىم قىلىشقا توغرا كەلگەندە، بىر قىسىم تاشقى پېرېۋوت نورمىسى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە ۋاقىتلىق يۆتكەپ كېلىندى. 1980- يىلدىن باشلاپ، دۆلەت تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى ئۈچ يىلغىچە (1980 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە) ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلىتىش چارىسىنى يولغا قويۇشقا قوشۇلدى. يەنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاۋار ئېكسپورتىدىن قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوتى 1978- يىلدىكى ئەمەلىي ئېكسپورت سوممىسى ئاساسىي سان قىلىنىپ ئاشقان قىسمى ئۆزىگە قالدۇرۇلدى. شۇنىڭدىن

ئېتىبارەن تاشقى پېرېۋوت كىرىمى يىلدىن - يىلغا ئېشىپ باردى. 1981 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى سودىسىدا مۇستەقىل تىجارەت قىلىش يولغا قويۇلۇپ، كۆپ قىسىم ئىمپورت - ئېكسپورت كەسپى تىيەنجىن پورت شىركىتىنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرىشىگە ھاۋالە قىلىنمايدىغان بولدى. جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى يىراق ئوكيان ئىمپورت - ئېكسپورت راسچوت كەسپىنى يولغا قويدى ھەمدە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئاپپاراتى قۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى پېرېۋوت نورمىسىنى تەدرىجىي ھالدا قايتۇرۇپ كېلىپ ئۆزى باشقۇرىدىغان بولدى. 6 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تاشقى سودا مىنىستىرلىكى، جۇڭگو باش بانكىسى بىرلىكتە ھۆججەت تارقىتىپ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالدىنقى يىلدىكى ئېكسپورت كىرىمىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلغان 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوتنى بىۋاستە جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە بۆلۈپ بېرىشنى ئۇقتۇردى. تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى جۇڭگو بانكىسىنىڭ تىيەنجىن شۆبىسىگە مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى پېرېۋوت نورمىسىنى ئېنىقلاپ يىغىۋېلىپ قالغان تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت نورمىسىدىن 20 مىليون 290 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ كەلدى. 1981- يىلى بارلىق تاشقى پېرېۋوتنى پۈتۈنلەي تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى باشقۇردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تاشقى پېرېۋوت نورمىسى 27 خىل، بۇنىڭدىن، ئون خىلى غەيرىي سودىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوت، 15 خىلى مەركەزنىڭ تاشقى پېرېۋوتى ھەم سودىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوت ۋە يەرلىك تاشقى پېرېۋوت بولۇپ، ئاپتونوم رايون تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوتلارنى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر ۋە نازارەت، ئىدارىلەرگە تەقسىم قىلىپ بەرگەندىن كېيىن، بۇ ئىدارە ۋە تارماقلار تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىدە جەمئىي 78 تاشقى پېرېۋوت نورمىسى ھېسابى ئاچتى (سودىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوتتا 36 ۋىلايەت، ئوبلاست، نازارەت، ئىدارە ھېسابى، يەرلىك تاشقى پېرېۋوتتا 15 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ھېسابى، غەيرىي سودىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوتتا ئون ھېساب، مەركەزنىڭ تاشقى پېرېۋوت بويىچە 15 ھېساب ھەم شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئېكسپورت تاۋارلىرىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوت ۋە يەرلىك تاشقى پېرېۋوت ھېسابى). تاشقى پېرېۋوتنى تەقسىملەشتە چوڭ مەركەزلەشتۈرۈپ، كىچىك تارقاقلاشتۇرۇش چارىسى قوللىنىلدى. يەنى «يەرلىكنىڭ تاشقى پېرېۋوت» نىڭ ئون پىرسەنتى ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلارنىڭ باشقۇرۇشىغا تەقسىملەپ بېرىلدى. «تاۋار ئېكسپورتىدىن كىرگەن تاشقى پېرېۋوتتىن قالدۇرۇلغان پىرسەنتى» نىڭ 30 پىرسەنتى تاشقى پېرېۋوت ياراتقان ۋىلايەت، ئوبلاست، نازارەت، ئىدارىلارنىڭ ئىگىلەپ باشقۇرۇشىغا تەقسىملەپ بېرىلدى. مەركەزنىڭ تۈرلۈك مەخسۇس تۈردىكى تاشقى پېرېۋوتلىرى بەلگىلەنگەن تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىدىغان ئىدارىلەرگە بۆلۈپ بېرىلدى؛ «غەيرىي سودا تاشقى پېرېۋوتتىن قالدۇرۇلغان پىرسەنت» نى تاشقى پېرېۋوت ياراتقان ئورۇنلارنىڭ ئۆزلىرى باشقۇرۇپ ئىشلىتىشىگە بۆلۈپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش توپلىغان تاشقى پېرېۋوتنى ئىشلىتىشنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتى تەستىقلىدى، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ئىشلىتىشنى نازارەت قىلدى. يىل ئاخىرىدا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر خىل تاشقى پېرېۋوت نورمىسى جەمئىي 41 مىليون 230 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 1982 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، تۈرلۈك تاشقى پېرېۋوت نورمىسىنىڭ دەپتەردىكى قالدۇقى 60 مىليون 710 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، سىرتقا كۆزۋاھنامە كېسىپ، تېخى چىقىم قىلىنمىغان 6 مىليون 740 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىنكى ئەمەلىي سومما 53 مىليون 970 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا تاشقى پېرېۋوت نورمىسىنىڭ قالدۇقى 109 مىليون 320 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 80% ئاشتى. 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۆزىدە بار تاشقى پېرېۋوت نورمىسىنىڭ قالدۇقى 114 مىليون 590 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولدى. 1985- يىلى دۆلەت تاۋار ئېكسپورتىدىن يىغىۋالغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسىغا قاراپ نىسبەت بويىچە پىرسەنت

قالدۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭغا ئەمەلىي تاۋار ئېكسپورت قىلىپ كىرىم قىلغان تاشقى پېرېۋوتتىن 50% قالدۇرۇپ ئېتىبار بەردى ھەمدە يەرلىك تاپاۋەتتىن پىرسەنت قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوتنىڭ 50 پىرسەنتىنى پرىنسىپ جەھەتتىن تاۋار ئېكسپورت قىلىشنى ھاۋالە قىلغان كارخانىغا تەقسىملەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى پىلان كومىتېتى، تاشقى ئىقتىساد سودا نازارىتى، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن كېڭىشىپ، ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى ھالقىلارغا پىرسەنت قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوتنى تەقسىملەش نىسبىتى توغرىسىدىكى پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق يەرلىك تاۋار ئېكسپورت قىلىپ پىرسەنت قالدۇرۇلغان تاشقى پېرېۋوتنىڭ 50 پىرسەنتى ئاپتونوم رايوندىكى تاشقى پېرېۋوت يارىتىدىغان 414 ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا ۋە مال بىلەن تەمىنلىگەن ئورۇنلارغا تەقسىملەپ بېرىلدى. ھەمدە تاشقى پېرېۋوت نورمىسى ھېسابى تۇرغۇزۇلدى. 1985 - يىلى تاشقى پېرېۋوت نورمىسىنىڭ قالدۇقى 163 مىليون 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

## 2 §. شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش

### 1. باشقۇرۇش پرىنسىپى

1981 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ئېلان قىلغان «شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇشتا يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپ» قا ئاساسەن، ئاپتونوم رايون شەخسلەرنىڭ قولىدىكى تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇشتا تۆۋەندىكى پرىنسىپتا چىڭ تۇردى:

1) شەخسلەر چېگرا سىرتىدىن پېرېۋوت قىلىپ كەلگەن تاشقى پېرېۋوتنىڭ دۆلەت ئاشۇ شەخسنىڭ ئۆزىدە قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلغان قىسمىدىن باشقىلىرىنى چوقۇم جۇڭگو بانكىسىغا سېتىپ بېرىشى كېرەك. چېگرا ئىچىدىكى شەخسىي ئىگىدارچىلىقتىكى تاشقى پېرېۋوتلارنى شەخسلەرنىڭ ئۆزىدە قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. بىراق، ئۆزى بىلەن چېگرىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە، ئېلىپ چىقىپ كېتىشكە ھاۋالە قىلىشقا ياكى پوچتا ئارقىلىق چېگرىدىن چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئۆز مەيلىچە باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە، ئېلىپ سېتىشقا بولمايدۇ، ئەگەر سېتىشقا توغرا كەلسە، چوقۇم جۇڭگو بانكىسىغا سېتىپ بېرىشى كېرەك. چەت ئەللەرگە ياكى شياڭگاڭ، ئاۋمېن قاتارلىق رايونلارغا ئەۋەتىلگەن خىزمەتچى، ئوقۇغۇچىلار قايتىپ كېلىش ۋاقتىدا پېرېۋوت قىلغان ياكى ئۆزلىرى ئېلىپ كىرگەن ئۆزىگە تەئەللۇق تاشقى پېرېۋوتلارنى دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشلۇق ئورگانلىرىنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن ھەممىسىنى ئۆزىدە قالدۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئاپپاراتلىرىدىكى دائىم تۇرۇشلۇق خادىملىرى، جۇڭگوغا قىسقا مۇددەت تۇرۇشقا كەلگەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى، يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار چېگرا سىرتىدىن پېرېۋوت قىلغان ياكى ئۆزلىرى ئېلىپ كىرگەن تاشقى پېرېۋوتلارنى ئۆزلىرى ساقلىسىمۇ ياكى بانكىغا سېتىپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئىشلىتىپ بولالمىغان قىسمىنى چەت ئەللەرگە پېرېۋوت قىلسىمۇ ياكى ئۆزى ئېلىپ چىقىپ كەتسىمۇ بولىدۇ.

2) جۇڭگو چېگرىسى ئىچىدىكى تاشقى پېرېۋوت مەنبەسى بار ئائىلىلەر، ۋەتەنگە قايتقان مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ھەم ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئۆزىنىڭ

نامىدا ياكى چېگرا سىرتىدىكى تۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو بانكىسىدا چەت ئەل پۇلى ئامانەت ھېسابى ئاچسا بولىدۇ.

3) ئەركىن ئېگىشكىلى بولىدىغان تاشقى پېرېۋوتى بار شەخسلەر چەت ئەل پۇللىرىنى ئەگەر بانكىدا خەلق پۇلىغا ئېگىشمەكچى بولسا، مۇھاجىرلار پېرېۋوتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق: تاشقى پېرېۋوتنى جۇڭگو بانكىسىدا راسچوت قىلسا، جۇڭگو بانكىسى شۇ كۈندىكى تاشقى پېرېۋوت تاختاي باھاسى بويىچە خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ، ھەر 100 يۈەن خەلق پۇلىغا 25 ۋاراق مۇھاجىرلارنى ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش بېلىتى قوشۇپ بېرىدۇ. راسچوت قىلىنغان خەلق پۇلىنى جۇڭگو بانكىسىدا «مۇھاجىرلارنىڭ خەلق پۇلى ئامانىتى» گە قويسا ئېتىبار ئۇسۇم نىسبىتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

## 2. شەخسلەرگە تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىش

1981 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش باش ئىدارىسى ئېلان قىلغان «شەخسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش ئىلتىماسىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەپسىلىي قائىدىسى» دە: «شەخسلەر ئىلتىماس قىلىشقا بولىدىغان تاشقى پېرېۋوت تۈرلىرى: چېگرا سىرتىغا ۋاقىتلىق پېرېۋوت قىلىدىغان پۇللار، چېگرىدىن چىقىپ سەپەر ئۆتىدە پارچە ـ پۇرات خىراجىتىگە ئىشلىتىدىغان تاشقى پېرېۋوت، جۇڭگو مۇھاجىرلىرى سالغان مەبلەغ ۋە ئامانەت پۇلىنى يۆتكەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىش، چەت ئەللەرگە كۆچۈپ كەتمەكچى بولغانلارنىڭ ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغان پۇللىرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت» «شەخسلەرنىڭ چەت ئەللەردىكى بىۋاسىتە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئېچىدە ئالاھىدە ئەھۋال يۈز بەرگەن (مەسىلەن: ئېغىر كېسەل بولغان، ئۆلۈم ـ يېتىم بولغان، كۆتۈلمىگەن بالايى ـ ئاپەت قاتارلىقلار) بولسا، ئۆز ئورنىنىڭ ئىسپاتى ۋە بىۋاسىتە ئۇرۇق ـ تۇغقىنى تورۇشلۇق ئورۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىسپاتىنى كۆرسىتىش بىلەن ۋاقىتلىق تاشقى پېرېۋوتقا ئىلتىماس قىلسا ئەھۋالغا قاراپ تەستىقلاپ بەرسە بولىدۇ»، «جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرىدىن چېگرىدىن چىقىش تەستىقىنى ئېلىپ، بارماقچى بولغان دۆلەتنىڭ كۆچكە ئىگە چېگرىدىن كىرىش ۋىزىسىنى ئېلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بولغان كىشىلەرگە دۆلىتىمىزنىڭ چېگرا ئېغىزىدىن تاكى كۆزلىگەن يەرگە بارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى سەپەر ئۆتىدە كېتىدىغان پاچە ـ پۇرات راسخوتى ئۈچۈن تاشقى پېرېۋوت بېرىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. 1981 ـ يىلى شىنجاڭدا جەمئىي 367 ئادەمگە 121 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى. 1982 ـ يىلى 398 ئادەمگە 87 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، چەت ئەللەرگە چىقىپ ئولتۇراقلاشقانلار 165 ئادەم، تۇغقان يوقلاشقا چىققانلار 233 ئادەم بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 8.43% ئاشتى. ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت 28% ئازايدى. 1983 ـ يىلى 785 ئادەمگە 255 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى. ئادەم سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 97.24%، ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرېۋوت 193.1% كۆپەيدى. 1984 ـ يىلى 2359 ئادەمگە 857 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى، بۇ ئالدىنقى يىلى تەستىقلانغان تاشقى پېرېۋوت سوممىسىنىڭ 3.36 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى. 1985 ـ يىلى 3044 ئادەمگە تەستىقلاپ بېرىلگەن تاشقى پېرېۋوت سوممىسى 1 مىليون 560 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، پاكىستان، تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج قىلىشقا ۋە تۇغقان يوقلاشقا بارغان مۇسۇلمانلار چەت ئەلگە چىققان ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 62 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 3. ھۆكۈمەت ئىشىدىكى شەخسلەرگە تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىش

(1) دۆلىتىمىزگە تەكلىپ بىلەن كەلگەن چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش. ئاساسلىقى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەر تەكلىپ قىلغان چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ۋە پەن - تېخنىكا تارماقلىرى تەكلىپ قىلغان چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئىشلىتىدىغان تاشقى پېرېۋوتلارنى باشقۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىلدىكى تاشقى پېرېۋوتلارنى ئىشلىتىشتە تەكلىپ قىلغۇچى ئورۇن ياكى تارماقلار مۇناسىۋەتلىك ئىسپاتلارنى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىگە ئېلىپ بېرىپ «تاشقى پېرېۋوت بېلىتىنى كەچۈرۈم قىلىش ئېتىبارلىق كىنىشكىسى» نى بېجىرىشى كېرەك. چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى مۇتەخەسسىس، ئوقۇتقۇچىلار «تاشقى پېرېۋوت بېلىتىنى كەچۈرۈم قىلىش ئېتىبارلىق كىنىشكىسى» بىلەن خەلق پۇلىغا نەرسە - كېرەك سېتىۋالىدۇ. چەت ئەل تەۋەلىكىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئوقۇتقۇچىلار ئەگەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ئايلىق مائاشىنىڭ 40 پىرسەنتى تاشقى پېرېۋوتقا تېگىشىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئايلىق مائاشىنىڭ 60 پىرسەنتى تاشقى پېرېۋوتقا تېگىشىپ بېرىلىدۇ. تاشقى پېرېۋوتنى ئاي بويىچە تېگىشىپ ئالسىمۇ ياكى جۇڭگودىن ئايرىلىش ۋاقتىدا بىر قېتىمدىلا تېگىشىپ ئالسىمۇ بولىدۇ.

(2) ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملار ئىشلىتىدىغان تاشقى پېرېۋوتنى باشقۇرۇش، چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملار «چەت ئەلگە چىقىش ۋەزىپە ئۇقتۇرۇشنامىسى» ۋە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى نازارەت، ئىدارىنىڭ خەلق ھۆكۈمىتىگە سۇنغان «چەت ئەلگە چىقىشنى ئىلتىماس قىلىش ھەققىدىكى دوكلاتى»، ھەم چەت ئەلنىڭ تەكلىپ قىلغان خەت ئالاقىسى ياكى مەركەزدىكى مىنىستىرلىك كومىتېتلارنىڭ تەستىق ھۆججىتىنى ئېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىدىن «دۆلەت تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ چەت ئەلگە ۋاقىتلىق چىقىدىغانلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش خام چوت جەدۋىلى» نى ئېلىپ چەت ئەلگە چىققاندا ئىشلىتىدىغان تاشقى پېرېۋوت خام چوتىنى بېجىرىشى كېرەك. خام چوت جەدۋىلىگە مالىيە نازارىتى ئىمزا قويغاندىن كېيىن، تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى خام چوت جەدۋىلىگە ئاساسەن، چەت ئەلگە چىقىدىغان كىشىگە «چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملارنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش ئۇقتۇرۇشى» كېسىپ بېرىدۇ. چەت ئەلگە چىقىدىغان خادىملار ئۇقتۇرۇشنامە بىلەن نەق خەلق پۇلى ياكى مېمورىئال چەكنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە ئېلىپ كېلىپ، شۇ كۈندىكى تاشقى پېرېۋوت تاختاي باھاسى بويىچە تاشقى پېرېۋوت تېگىشىپ ئالىدۇ.

ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە ۋاقىتلىق چىقىدىغان ئۆمەك، گۇرۇپپىلاردا شۇ ئۆمەك بەلگىلىگەن مالىيەگە مەسئۇل كىشى چەت ئەلگە چىقىش پاسپورتىنى ئېلىپ ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى پېرۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىگە بېرىپ تاشقى پېرېۋوتقا ئىلتىماس قىلىش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ. بۇ رەسمىيەتنى بېجىرىشتىن ئىلگىرى خام چوت پىلانىنى تۈزۈپ، كېيىن ھېساباتتىن ئۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىدۇ. ئېشىپ قالغان تاشقى پېرېۋوتنى ئىدارە ياكى شەخسلەرنىڭ نامىدا چېگرا سىرتىدا ئامانەت قويۇش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. ھەر قايسى ئۆمەك، گۇرۇپپىلار دۆلىتىمىزگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى 15 كۈن ئىچىدە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىگە كېلىپ ھېساباتتىن ئۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ، چەت ئەلگە چىقىپ ئىشلەتكەن تاشقى پېرۋوتنى ھېساباتتىن ئۆچۈرۈش جەدۋىلىنى تولدۇرۇپ، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەت تالونلارنى كۆرسىتىشى كېرەك. ئۆز ئىدارىسىدىكى مالىيە بۆلۈمى تەكشۈرۈپ تامغا باسقاندىن كېيىن تاشقى پېرېۋوت

باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى قايتىدىن ھېساباتنى ئۆچۈرىدۇ. ھېساباتنى ئۆچۈرۈش رەسمىيىتىنى ئۆز قەرەلىدە بېجىرمىگەنلەرنى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى تاشقى پېرېۋوتنى تەكشۈرۈش خادىملىرىنى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.

1981 - يىلى ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىققان ۋەكىللەر ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) دىكى شەخسلەرگە 132 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى. 1982 - يىلى 26 ۋەكىللەر ئۆمىكىدە جەمئىي 152 ئادەم (قېتىم) چەت ئەلگە چىققان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تاشقى سودا خادىملىرى ئىدى. بۇنىڭغا جەمئىي 158 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى. ئادەم سانى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 85.37% كۆپەيدى. ئىشلىتىلگەن تاشقى پېرۋوت ئاران 19.70% ئاشتى. 1983 - يىلى چەت ئەللەرگە ئەۋەتىلگەن تۈرلۈك ئۆمەك (گۇرۇپپىلار) 33، جەمئىي 202 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى. 1984 - يىلى چەت ئەللەرگە چىققان 82 ۋەكىللەر ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) دىكى 391 ئادەم (قېتىم) غا 519 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى. بۇ ئالدىنقى يىلى تەستىقلاپ بېرىلگەن تاشقى پېرېۋوت سوممىسىنىڭ 2.57 ھەسسىسىگە تەڭ بولدى. 1985 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا چەت ئەللەرگە چىققان ۋەكىللەر ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) 87، جەمئىي 405 ئادەم (قېتىم)، 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) 27، 139 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 292 ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىلدى. سودا سۆھبىتى بىلەن چەت ئەلگە چىققان ئۆمەك (گۇرۇپپا) 15، 71 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 108 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىلدى. تېخنىكا بويىچە تەربىيىلەش ئۆمىكى (گۇرۇپپىسى) ئون، 44 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 69 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىلدى. كارخانا خىزمىتى بىلەن ئالاقىلىشىشقا چىققان ئۆمەك (گۇرۇپپا) ئىككى، 15 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، 12 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىلدى. مۇشۇ يىلدا ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن چەت ئەلگە چىققان خادىملار 796 ئادەم (قېتىم) بولۇپ، بۇنىڭغا 1 مىليون 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرۋوت تەستىقلاپ بېرىلدى.

## 3 §. تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش بېلىتىنى باشقۇرۇش

تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن 1980 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۇرۇمچى شۆبىسى ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدە «تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش بېلىتى» تارقاتتى. خەلق بانكىسىنىڭ قەشقەر، غۇلجا شەھەرلىك تارمىقى، تۇرپان تارمىقى، خوتەن مەركىزىي تارماق بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىخەنزە شەھەرلىك تارمىقى «تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش بېلىتى» نى تېگىشىپ بېرىش بانكىسى قىلىندى. 1982 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە جەمئىي 5 مىليون 960 مىڭ يۈەنلىك تاشقى پېرۋوت تېگىشىش بېلىتى تارقىتىلىپ 5 مىليون 580 مىڭ يۈەنلىك بېلەت يىغىۋېلىنىپ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆز جايىمىزدا يىغىۋېلىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 1983 - يىلى 2 مىليون 320 مىڭ يۈەنلىك تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش بېلىتى تارقىتىلىپ، 1 مىليون 280 مىڭ يۈەنلىك بېلەت يىغىۋېلىندى. 1984 - يىلى 3 مىليون 670 مىڭ يۈەنلىك بېلەت تارقىتىلىپ، 2 مىليون 570 مىڭ يۈەنلىك بېلەت يىغىۋېلىندى. 1985 - يىلغا كەلگەندە تارقىتىلغان بېلەت سانى 7 مىليون 160 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 4 مىليون 990 مىڭ يۈەنلىك بېلەت يىغىۋېلىندى. تاشقى پېرېۋوت

تېگىشىش بېلەتتىنى تېگىشىش تور، ئۇقتىلىرى ئەسلىدىكى ئالتىدىن كۆپىيىپ 12 گە يەتتى. تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش بېلەتتىنى قوبۇل قىلىدىغان ئورۇنلارغا تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىدىن «تاشقى پېرېۋوت تېگىشىش بېلەتتىنى قوبۇل قىلىش ئىجازەتنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى. تاشقى پېرېۋوت بېلەتتىنى ئالىدىغان ئورۇنلارنىڭ پېرېۋوت بېلەتتى خەزىنە قالدۇقى قەرەلسىز تەكشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ قائىدە تۈزۈملەرنى ئورۇنلىتىشىغا يارەملىشىپ، «تۆتتە چەك تۇرۇش» نى يولغا قويدى: ① تاۋارلارغا ئىچكى - تاشقى جەھەتتە بىر خىل باھا قويۇشتا چەك تۇرۇش. ② دۆلەت ئىچىدىكى ئاھالىلار تاشقى پېرېۋوت بېلەتتى ئىشلەتمەسلىكتە چەك تۇرۇش. ③ ئىدارىلار ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە تاشقى پېرېۋوت بېلەتتى ئىشلەتمەسلىك، چوقۇم بانكا ئارقىلىق راسچوت قىلىشتا چەك تۇرۇش. ④ تاشقى پېرېۋوت بېلەتتىنى ئىچكى قىسىمدا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاشقى پېرېۋوت بېلەتتىنى خەزىنىگە كىرگۈزۈش، چىقىرىش ۋە چەت ئەل پۇلىنى تېگىشىدىغان كەسپىي خادىملارنى قوبۇل قىلىش، ئىشلىتىش رەسمىيەتلىرىنى چېكىتىشتا چەك تۇرۇش شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تاشقى پېرېۋوت بېلەتتىنى يىغىۋېلىش دائىرىسى ۋە ئوبيېكتىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، تاۋارلارنىڭ تاشقى پېرېۋوت بېلەتتىنى يىغىۋېلىشتىكى باھاسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تاشقى پېرېۋوت بېلەتتىنى يىغىۋېلىش تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش تاشقى پېرېۋوت بېلەتتىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلىدىغان ئورۇنلار ۋە پىرسەنت نىسبىتىنى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى بېكىتتى. پىرسەنت قالدۇرۇلىدىغان ئىدارىلار تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىدا ئامېرىكا دوللىرىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش تاشقى پېرېۋوت ھېسابى ئاچتى. قىسمەن پىرسەنت قالدۇرۇلىدىغان ئورۇنلار جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىدە نەق پېرېۋوت ھېسابى ئاچتى. نەق پېرېۋوت ھېسابى ئاچمىغان ئورۇنلارنىڭ مۇئامىلىسىنى بانكا مەسئۇل بولۇپ راسچوت قىلىپ بەردى. پىرسەنت قالدۇرۇلىدىغان ئورۇنلارنىڭ جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىدە ئاچقان تاشقى پېرېۋوت بېلەتتى ھېسابىنى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى چەكلىك نورما بېكىتىپ بېجىردى. چەكتىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ پىرسەنت قالدۇرۇلغان ئىدارىغا تاپشۇرۇپ بەردى. پىرسەنت قالدۇرۇلغان ئىدارە بانكىنىڭ پۇل تېگىشىش تالونىغا ئاساسەن تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىگە بېرىپ تاشقى پېرېۋوتتىن پىرسەنت قالدۇرۇش رەسمىيىتىنى بېجىردى. 1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى تۈزگەن «يىغىۋېلىنغان تاشقى پېرېۋوت بېلەتتىنى باشقۇرۇش چارىسى» دا مۇنداق بەلگىلەندى: «ھەر قانداق ئورگان، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ بارلىق تاشقى پېرېۋوت كىرىم - چىقىملىرىنى يىللىق پىلان تۈزۈپ، شىنجاڭ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىگە يوللاپ، دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈپ، پىلانلىق باشقۇرۇشنى قاتتىق يولغا قويۇش لازىم»، ھەر قايسى ئورۇنلار يىغىۋالغان تاشقى پېرېۋوت بېلەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە تاپشۇرۇپ، تاشقى پېرېۋوت يارىتقان ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ھېسابىغا خاتىرىلىشى لازىم. قۇرۇق چىقىم قىلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىش ياكى ئىدارىلار ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا ئۆتنە - بېرىم قىلىش، ئۆتۈنۈپ بېرىش قەتئىي مەنئىي قىلىنىدۇ. تاشقى پېرېۋوت بېلەتتىنى يىغىدىغان ئورۇنلار پۇل ئېلىشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلىشى، ھەر كۈنى يىغىۋېلىنغان تاشقى پېرېۋوت بېلەتتى ۋە خەلق پۇللىرىغا «پۇل تاپشۇرۇۋېلىش دوكۇمېنتلىرىنى جەملەش جەدۋىلى» نى تولدۇرۇپ ئۆز ئىدارىسىنىڭ مالىيە - بوغالتىر بۆلۈمىدىكى كاسسىرنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا تاپشۇرۇپ نەق پۇل خەزىنىسىگە كىرىم قىلىشى لازىم. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت قولايلىقىدىن پايدىلىنىپ، قانۇنسىز ھالدا تاشقى پېرېۋوت بېلەتتىنى تېگىشىپ ئېلىشى، ئۆتنە ئېلىشى، ئۆتۈنۈپ بېرىشى مەنئىي قىلىنىدۇ. تاشقى پېرېۋوت ھايانكەشلىكى قىلغان تاشقى پېرېۋوتنى قاچۇرغان ئورۇن ۋە شەخسلەرنى تەكشۈرۈپ، دەلىل، ئىسپاتلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش كېرەك.

## 4 § . تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈش

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئېنىقلاش توغرىسىدىكى تەلىپىگە ئاساسەن، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق شۆبە ئىدارىلاردىكى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەشكىللەپ، ئاپتونوم رايوندىكى ئاساسلىق تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىدىغان 95 ئورۇندا تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى تەكشۈردى. قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان 2 مىليون 830 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تەكشۈرۈپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە قانۇنسىز تاشقى پېرېۋوت ئېلىپ سېتىش ئالتە قېتىم، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان سومما 2 مىليون 820 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى، تاشقى پېرېۋوت ھايانكەشلىكى ئۈچ قېتىم، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىنغان سومما 8485 ئامېرىكا دوللىرى. تەكشۈرۈش جەريانىدا يەنە بىر قىسىم ۋىلايەتلەر تاشقى پېرېۋوت ئىشلىتىشنى ئىلتىماس قىلغان ئورۇنلاردىن «رەسمىيەت ھەققى» دېگەندەك ناملار بىلەن ھەر بىر ئامېرىكا دوللىرىدىن 0.15 يۈەندىن بىر يۈەنگىچە ھەق پۇلى ئالغانلىقى بايقالدى.

بۇ قېتىمقى تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇشنى تەكشۈرۈشتە ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مۇيەتتىشلىك، تاشقى سودا، سودا سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش، مالىيە، باج، جامائەت خەۋپسىزلىكى ۋە جۇڭگو بانكىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، قانۇن بويىچە ئىش بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، قاتتىق بولۇش بىلەن كەڭچىلىك قىلىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدە چىڭ تۇرۇلدى. تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسىلە تاپشۇرۇپ، ئىقرار قىلغانلار كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىندى. بىراق، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن پايدا كۆرۈشىگە يول قويۇلمىدى. قانۇنسىز تاپاۋىتى بىردەك مۇسادىرە قىلىندى. بۇ قېتىمقى ئېنىقلاش، تەكشۈرۈشتە قىلمىشى ئېغىرلاردىن باشقىلار پەقەت دېلو ئەھۋالىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن تاپشۇرۇپ، خاتالىقىنى تونۇغان، قايتا جىنايەت سادىر قىلماسلىققا ۋەدە بەرگەن ھەمدە ئىقتىسادىي زىيانىنى ھەق پۇلى بىلەن تولۇقلاپ تۆلىگەنلەر ئاساسەن كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىپ، جازا كەچۈرۈم قىلىندى.

## توققۇزىنچى قىسىم

# سۇغۇرتا

# توققۇزىنچى قىسىم

# سۇغۇرتا

## I باب

## تارىخي تەرەققىيات جەريانى

شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرى كېچىكىپرەك باشلاندى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 4 - ئايدا شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى (سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا) كەسپىنى كېڭەيتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن جۇڭگو ماددىي ئەشيالار ئىشلەپچىقىرىش ئۆلكىسى (...) سۇغۇرتا، يۈتۈن بىلەن شىركىتى ...

شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرى كېچىكىپرەك باشلاندى. مىنگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 4 - ئايدا شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى (سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا) كەسپىنى كېڭەيتىپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن جۇڭگو باۋفېڭ مەھسۇلات سۇغۇرتىسى چەكلىك پاي شىركىتى (سابىق شاڭخەي سودا پۇل ئامانەتنى بانكىسىنىڭ باش مۇدىرى چېن گۇاڭفۇ قۇرغان، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە باش شىركەت چۇڭچىڭغا كۆچۈپ كەلگەن) بىلەن ۋاكالەتەن بېجىرىش توختامى ئىمزالاپ، شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن ئېتىبارەن سۇغۇرتا كەسپىنى بېجىرىشكە كىرىشىپ، شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى تۈنجى قېتىم سۇغۇرتىلىدى. نىزامنامىدىكى بەلگىلىمە بويىچە شىنجاڭ تىجارەت بانكىسى سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالەتەن بېجىرىشتە «باۋفېڭ مەھسۇلات سۇغۇرتىسى چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ ۋاكالەتەن ئىش بېجىرىش ئورنى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئاستى، ئەمەلىي يىغىلغان سۇغۇرتا ھەققىنىڭ ئون پىرسەنتى بويىچە شىرىنكانە ئالدى (ئەمەلىي يىغىلغان سۇغۇرتا ھەققىدىن ۋاستىچى ئالىدىغان شىرىنكانە ئېلىپ قېلىندى، شىرىنكانە ئەڭ كۆپ بولغاندا سۇغۇرتا ھەققىنىڭ 20 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتمىدى). سۇغۇرتا ھەققى ھەر ئايدا جۇڭچىڭ باۋفېڭ مەھسۇلات سۇغۇرتىسى چەكلىك پاي باش شىركىتىگە پېرېۋوت قىلىنىپ ئەۋەتىپ بېرىلدى. شىنجاڭدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى يۈز بەرگەچكە شىنجاڭ تىجارەت باش بانكىسى پەقەت ئۈرۈمچى بىلەن قۇمۇلدىلا ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى، قۇرۇقلۇق ترانسپورت سۇغۇرتىسى، ئاۋىئاتسىيە ترانسپورت سۇغۇرتىسى، پوچتا ترانسپورت سۇغۇرتىسى، پوسۇلكا سۇغۇرتىسى ۋە زاكاز خەت سۇغۇرتىسىنى ۋاكالەتەن بېجىرىشنى، باشقا جايلاردا ۋەزىيەت مۇقىملاشقاندىن كېيىن، ئاندىن كەسپىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلدى. شۇ يىلى ۋاكالەتەن بېجىرىلگەن ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى كەسپىنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى 133 مىليون 460 مىڭ دوللار (قابى) گە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 980 مىڭ 400 دوللار (قابى) گە يەتتى. مىنگونىڭ 36 - يىلى (1947 - يىلى) كۈزدە، گومىنداڭ غەربىي شىمال جەڭ مەيدانىدا كەينى - كەينىدىن مەغلۇب بولۇپ، پۇل ئىنتايىن پاخاللىشىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى خاراپلاشتى. شۇڭا، سۇغۇرتا ئىشلىرىنى ۋاكالەتەن بېجىرىش ئورنى تىجارەت توختىتىشقا مەجبۇر بولدى.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، خەلق ئىگىلىكى تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشكە باشلىدى. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەتتە غەم - ئەندىشىسى كۆپىيىپ، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت ئىشلىرىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش - تىجارەت جەريانىدىكى كۆتۈلمىگەن خىيىم - خەتەرلەرنى سۇغۇرتا شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مۇھتاج بولدى. 1950- يىل 10- ئاينىڭ 20- كۈنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە شىركىتى (جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قارىمىقىدا) قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى قاتارلىق رايونلاردا ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى، يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى (ئاساسلىق ئاپتوموبىل بىلەن ۋە پوچتا ئارقىلىق توشۇلغان يۈك سۇغۇرتىسى) ۋە ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى قاتارلىق سۇغۇرتا تۈرلىرىنى يولغا قويدى. 1951 - يىلدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ بويىچە چارۋا - مال سۇغۇرتىسى، مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى ۋە جامائەت مەسئۇلىيىتى سۇغۇرتىسى، ئايروپىلان يۈك ترانسپورتى سۇغۇرتىسى، تاشيولدىكى يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسى، ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى، كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا ۋە ئاددىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى قاتارلىق ئون تۈرلۈك سۇغۇرتا ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇلدى. 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە بولغان ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا ھەققىدىن قىلغان كىرىمى 13 مىليارد 905 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) گە، سۇغۇرتا تۆلەم پۇلى 1 مىليارد 826 مىليون يۈەنگە يەتتى.

1952 - يىل 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ «جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىنى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەمدە ئۆتكۈزۈپ بېرىش — تاپشۇرۇۋېلىش رەسمىيىتىنى بەلگىلەنگەن قەرەلدە بېجىرىش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»غا ئاساسەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سۇغۇرتا شىركىتى ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتىگە قارايدىغان بولدى.

1953 - يىلى دۆلەت 1 - بەش يىللىق پىلانىنى يولغا قويدى، خەلق ئىگىلىكى پىلانلىق، نىسبەتلىك راۋاجلىنىش يولىغا چۈشتى. شۇ يىلى 4 - ئايدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى يېزىلاردىكى سۇغۇرتا كەسپىنى توختىتىشنى قارار قىلدى. 1953 - يىل 8 - ئايدا شىنجاڭ بويىچە يېزا سۇغۇرتىسىنى قايتۇرۇش خىزمىتى باشلىنىپ، 11 - ئاينىڭ ئاخىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى. شۇ يىلى 6 - ئايدا دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى، ئاددىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى قاتارلىق كەسپلەر توختىتىلدى، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى زاۋۇت، ماگىزىن، ئامبار قاتارلىق كارخانا مال - مۈلكىنى سۇغۇرتىلاش ۋە ئاھالىلەرنىڭ ئائىلە مال - مۈلكىنى سۇغۇرتىلاشقا يۆتكەلدى.

1954 - يىلى مەملىكەتلىك 4 - نۆۋەتلىك سۇغۇرتا خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسىنى تەدرىجىي توختىتىش فاڭجېنىنى قوللاندى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ترانسپورتىنى ئىختىيارىي سۇغۇرتىلاش ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئېھتىياجى ۋە ئوبيېكتىپ - سۇبيېكتىپ شەرت - شارائىتقا ئاساسەن بېجىرىلدى، يەرلىكنىڭ خامچوتىغا تەۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىمۇ شەرت - شارائىتقا قاراپ، تەدرىجىي ھالدا مەجبۇرىي سۇغۇرتىلاش ئىختىيارىي سۇغۇرتىلاشقا ئۆزگەرتىلدى. شۇڭا، تۆمۈريول، ئاشلىق، پوچتا - تېلېگراف، سۇ ئىنشائاتى، گېئولوگىيە، قاتناشتىن ئىبارەت ئالتە سىستېمىنىڭ مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى توختىتىلىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى باشقا كارخانىلار، يەرلىككە تەۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى باشقا

كارخانىلار بىرلىككە تەۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ مال - مۈلكى داۋاملىق مەجبۇرىي سۇغۇرتىلاندى. 1953 - يىلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى مەجبۇرىي سۇغۇرتىلاش ھەققى كىرىمى 2 مىليارد 854 مىليون يۈەن ئىدى، 1954 - يىلى 7 مىليارد 60 مىليون يۈەنگە يەتتى. 1954 - يىلدىكى مەجبۇرىي سۇغۇرتىلاش ھەققى كىرىمى 1953 - يىلدىكىنىڭ 2.45 ھەسسىسىگە تەڭلەشتى. 1953 - يىلدىكى دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 6 مىليارد 755 مىليون يۈەن ئىدى. 1954 - يىلى دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 14 مىليارد 833 مىليون يۈەنگە يەتتى. گەرچە قىسمەن مەجبۇرىي سۇغۇرتىلاش كەسپى توختىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق، كەسىپتىكى يوشۇرۇن كۈچلەر قېزىلىپ، مەجبۇرىي سۇغۇرتىلاش يەنىلا شىنجاڭنىڭ زور سۇغۇرتا تۈرى بولۇپ، سۇغۇرتا فوندى جۇغلاپ، ئاپەت زىيىنىغا تۆلەم بېرىشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

1956 - يىلى مەملىكەتلىك 5 - نۆۋەتلىك سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە چارۋا سۇغۇرتىسى مۇھىم نۇقتا قىلىندى.

1957 - يىلى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى سۇغۇرتا كەسىپدە 1956 - يىلدىكى كەسىپلەرنى مۇقىملاشتۇرۇش ئاساسىدا، ئىختىيارىي سۇغۇرتىلاش توغرىسىدىكى يولىيورۇقنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا يولىيورۇق بەردى، ھەر قايسى جايلاردىن ئورگانلارنى ئىخچاملاپ، تىجارەت باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، خىراجەت چىقىمىنى تېجەشنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە سۇغۇرتا شىركىتى بۇ يولىيورۇقنىڭ روھىغا ئاساسەن، گۇچۇڭ، بايىنغولىن، يەكەن، قۇمۇل، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق بىر نەچچە ۋىلايەت ئوبلاستلاردىكى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئالاھىدە قويۇلغان ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. شۇنىڭدەك سۇغۇرتا شىركىتى خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، ۋالىي مەھكىمە (ئاپتونوم ئوبلاست)، ناھىيىلىك خەلق كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە سۇغۇرتا كەسپىنى داۋاملىق بېجىردى. 1953 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 401 مىڭ 900 يۈەن (ھازىرقى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) گە، تۈرلۈك تۆلەم چىقىمى 1 مىليون 497 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى.

1958 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە سۇغۇرتا شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىگە بىۋاسىتە قاراشلىق سۇغۇرتا باشقارمىسىغا ئۆزگەرتىلدى. سىرتقا قارىتا يەنىلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە سۇغۇرتا شىركىتى، دېگەن نام ساقلاپ قېلىندى. شۇ يىلى 10 - ئايدا شىئەندە ئېچىلغان مەملىكەتلىك مالىيە يىغىنىدا، خەلق گۇڭشېلىشىش ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، ئەمدى سۇغۇرتىنىڭ رولى قالمىدى، چەت ئەلگە چېتىشلىق سۇغۇرتا كەسپىنى داۋاملىق بېجىرگەندىن باشقا، دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا كەسىپلىرىنى دەرھال توختىتىش كېرەك، دەپ قارالدى. مۇشۇ روھ بويىچە شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا كەسىپلىرى ئومۇميۈزلۈك توختىتىلدى ھەمدە دەرھال سۇغۇرتىنى قايتۇرۇش ۋە ئېنىقلاش خىزمىتى ئىشلەندى. 1962 - يىلى ئېنىقلاش خىزمىتى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى.

1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاشقى سودا خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ۋە سۇغۇرتا باش شىركىتىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە شىركىتى قۇرۇلدى، ئۇ، ئىچكى قىسىمدا جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىگە تەۋە بولۇپ، چەت ئەللەرگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىنى بېجىرىشكە باشلىدى. شۇ ئايدا بۇ شۆبە سۇغۇرتا شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق تاۋار كارانتىن قىلىش ۋە تاشقى سودا تارماقلىرى بىلەن بىرگە بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، 460 تۈركۈمدىكى ئىمپورت ماددىي ئەشياسى ئىچىدىكى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىغان 60 تۈركۈم ماددىي ئەشيانى تەكشۈرۈپ بىر

تەرەپ قىلدى. يىل ئاخىرىغىچە 14 ماددىي ئەشيانىڭ زىيىنىغا 11 مىڭ 200 يۈەن خەلق پۇلى ھېسابىدا، 420 ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تۆلىمى بېرىلدى. 14 تۈركۈم ئېكسپورت مېلى 470 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى بىلەن سۇغۇرتىلاندى.

1979 - يىل 4 - ئايدا گوۋۇيۈەن دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. جۇڭگو خەلق باش بانكىسى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا كەسپىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ باش بانكىدىن يوليورۇق سورىشى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق شتات كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ سۇغۇرتا كەسپى (چەت ئەلگە چېتىشلىق سۇغۇرتا كەسپى) جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1980 - يىلى 6 - ئايدا شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى، مالىيە نازارىتى بىرلا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىلەن بىرلىكتە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ گوۋۇيۈەن كۆچۈرۈپ تارقاتقان «كارخانا مال - مۈلكىنى سۇغۇرتىلاشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» ۋە «كىرگۈزۈلگەن يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلەر، تولۇقلىما سودا قاتارلىقلارنىڭ مال - مۈلكىنى سۇغۇرتىلاش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»نىڭ روھىغا ئاساسەن، دۆلەت ئىچى، چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپلىرىنى قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ئائىلە مال - مۈلۈكنىڭ ئوغرىلىنىش ئېھتىماللىقى قوشۇمچە سۇغۇرتىسى، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى، جامائەت مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى، ۋېلسىپىت يۈتۈش - ئوغرىلىنىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق كەسپلەر يولغا قويۇلدى ھەمدە دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، تاشقى سودا ئېكسپورت يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى ۋە ئىمپورت يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى، جۇڭگو بىلەن چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى بىناكارلىق قۇرۇلۇش سۇغۇرتىسى ۋە قۇراشتۇرۇش بىناكارلىق سۇغۇرتىسى بېجىرىلدى.

1982 - يىل 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىياتى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقاتقانلىق ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئەزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە كونكرېت تەدبىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سۇغۇرتا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، سۇغۇرتا ئورگانلىرىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ سۇغۇرتىغا ئىختىيارىي قاتنىشىشىنى پائال قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش، سۇغۇرتا ھەققى چىقىمىنى ئۇقتۇرۇشتىكى بەلگىلىمە بويىچە تەننەرخكە قوشۇپ، يىللىق مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانىغا كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىندى. شۇ يىلى ئۈرۈمچى رايونىدىكى كۆمۈر كان، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ساھەلىرىدە كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا ۋە كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسى سىناق قىلىپ، ئومۇملاشتۇرۇلدى. قاراماي، مايتاغ نېفت ياۋايىتى بۆلۈمىنىڭ 2 - ترانسپورت شىركىتىدە ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى ۋە جامائەت مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى (كېيىن ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى ۋە 3 - تەرەپ مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى دەپ ئاتالدى) سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. يەنجى، خوشۇت ناھىيىلىرىدە يازلىق ئاشلىق خامانلىرىدا ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى قانات يايدۇرۇلدى. يەنە ئۈرۈمچى نېفت - خىمىيە باش زاۋۇتىنىڭ خىمىيۋى ئوغۇت قۇرۇلۇشىنىڭ قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى (چەت ئەلگە چېتىشلىق سۇغۇرتا) سۇغۇرتىلاندى. بۇنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى 360 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى

1 مىليون يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى.

1983 - يىلى گوۋۇيۈەن «جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى توختام نىزامى»نى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ بويىچە سۇغۇرتا كادىرلىرى بۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ھەقىقىي تۈردە ئىزچىل ئىجرا قىلدى. شۇ يىلى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىگە ماسلىشىپ خادىم ئەۋەتىپ، ئامېرىكا نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈش شىركىتىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا نېفىت قىدىرىپ تەكشۈرۈشى، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ لۇۋيىڭگە بېرىپ ئوسما مۇنارىسىنى ياساش قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ ئاچماقچى بولىۋاتقان جۇڭگو - سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدىكى ئىككى قۇرۇقلۇق ئېغىزى ھەم جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىدىكى يولۇچىلارنىڭ كۈتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسى قاتارلىق مەسىلىلەر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىندى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا يېزىلاردىكى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ توخۇچىلىق سۇغۇرتىسى ۋە نەشپۈت ھوسۇلى سۇغۇرتىسى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى.

1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە سۇغۇرتا شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىلەن بىرلىكتە، ئاپتونوم رايونلۇق شەخسلەرنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسىنى قانداق يولغا قويۇش مەسىلىسى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە كارخانا مال - مۈلكى سۇغۇرتىسىنىڭ ئوغرىلىنىش خېيىم - خەتىرى قوشۇمچە سۇغۇرتىسى كەسپى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. 4 - ئايدا ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە «دۆلەت ئىچى يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى» كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلدى؛ 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە سۇغۇرتا شىركىتى قەشقەردە سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش خىزمىتى تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى چاقىردى. يىغىندىن كېيىن جايلاردىكى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورۇنلىرى تېزدىن قۇرۇلۇپ، ھەممە ناھىيىدە سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى بولۇش ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

1984 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى گوۋۇيۈەن جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ «ئېلىمىزنىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى دوكلات»نى تەستىقلاپ تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدىن سۇغۇرتا خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىشنى؛ ھەر دەرىجىلىك سانائەت، يېزا ئىگىلىك، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، قاتناش، سودىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقلاردىن ئۆز باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئورۇنلارنىڭ سۇغۇرتىلاشقا بولىدىغان بارلىق مال - مۈلۈكلىرىنى تېزدىن سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇشقا پائال مەدەت بېرىشنى؛ جامائەت خەۋپسىزلىكى، قاتناش، تۆمۈر يول، خەلق ئاۋىئاتسىيىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرىنىڭ سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى (تراكتورنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 3 - تەرەپ مەسئۇلىيىتى قانۇنىي سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇشقا ماسلىشىپ ۋە قوللاپ، قۇرۇقلۇق، ھاۋا، يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى ھەمدە يولۇچىلارنىڭ كۈتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسىنى ياخشى ئىشلىشىنى تەلەپ قىلدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ھۆكۈمەت (ۋالىي مەھكىمە)لەر ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز جايىنىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، سۇغۇرتا كەسپىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.

1985 - يىل 4 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، سۇغۇرتا شىركىتى بىرلىكتە «ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى 3 - تەرەپ مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، شىنجاڭ بويىچە ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى 3 - تەرەپ

مەجبۇرىي سۇغۇرتىسىنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇردى. شۇ يىلى 5 - ئايدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى 128 - تۇەنى 1984 - يىل 10 - ئايدا بۇغدايدىكى ئۆششۈك ئاپىتى بىرلەشمە سۇغۇرتىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. ئارقىدىنلا 9 - تۇەن مەيدانى چوڭ كۆلەملىك كېۋەزنىڭ مۆلدۈر ئاپىتى بىرلەشمە سۇغۇرتىسىنى سىناق قىلدى. سۇغۇرتىلاش كۆلىمى 350 مىڭ موغا، سۇغۇرتا سوممىسى 35 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك سۇغۇرتىسىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى. 7- ئايدا ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ 123 -، 126 -، 127-، 128- تۇەن - مەيدانلىرىدا نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بېرىپ، سۇغۇرتىلانغان كېۋەزلەرنى چوڭ كۆلەمدە زىيانغا ئۇچراتتى. سۇغۇرتا شىركىتى تەكشۈرۈش، زىيان بېكىتىش ئارقىلىق، 840 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان تۆلىمى بەردى. 8 - ئايدا قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە قاتتىق يەر تەۋرەپ، قەشقەر ۋىلايىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئاپەتتىن كېيىن سۇغۇرتا شىركىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن، تېز، توغرا، مۇۋاپىق تۆلەم بېرىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاپەتكە ئۇچرىغان كارخانىلارنىڭ سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلكىنى ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ، زىيان ئەھۋالىنى بېكىتىپ، 1 مىليون 730 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق تۆلەم تۆلەپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنىنى تولۇقلاپ بەردى.

1985 - يىلى شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرى ئەڭ تېز تەرەققىي قىلغان بىر يىل بولدى، شۇنداقلا سۇغۇرتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى تولۇقلىما فۇنكسىيىلىك رولى ئەڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان بىر يىل بولدى.

ھەر دەرىجىلىك سۇغۇرتا شىركەتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، تاشقى سودا ھەمدە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، تۈرلۈك سۇغۇرتا كەسىپلىرىنى پائال يولغا قويدى. ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ۋېلسىپىت يوتۇش - ئوغرىلىنىش سۇغۇرتىسى، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە 3 - تەرەپ مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى، يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان نېفىت گاز تۇڭى سۇغۇرتىسى، پوچتا كەپتىرى ئوغرىلىنىش سۇغۇرتىسى، ئۇلاغ ھارۋىسى سۇغۇرتىسى، ئائىلە مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى، ئائىلە مال - مۈلكى ئىككى كاپالەت سۇغۇرتىسى، دېھقانلارنىڭ ئولتۇراق ئۆي سۇغۇرتىسى، سېغىن كالا سۇغۇرتىسى، چارۋا مال سۇغۇرتىسى، توخۇچىلىق سۇغۇرتىسى، توشقانچىلىق سۇغۇرتىسى، بېلىقچىلىق سۇغۇرتىسى، خامانلارنىڭ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى، كېۋەز مۆلدۈر ئاپىتى سۇغۇرتىسى، بۇغداي ئۆششۈك ئاپىتى سۇغۇرتىسى، سوغىگۈل سۇغۇرتىسى، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل كاپالىتى سۇغۇرتىسى، ئوچۇقچىلىقتا دۈۋىلەپ قويۇلغان پاختىلارنىڭ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى، ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا، كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا، كوللېكتىپ جىسمانىي كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، تاشيولدىكى يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسى، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى شوپۇرلىرىنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسى، يەسلى تەربىيىسىدىكى بالىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئامانلىق سۇغۇرتىسى، ئانا - بوۋاق ئامانلىقى سۇغۇرتىسى، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى سۇغۇرتىسى قاتارلىق 32 خىل كەسىپ داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇلدى ۋە يېڭىدىن يولغا قويۇلدى. مۇلازىمەت ئوبيېكتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردىن تەدرىجىي ھالدا كوللېكتىپ، يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ۋە شەھەر - يېزا ئاھالىلىرىگە قەدەر كېڭەيتىلدى. شەھەرلەردىن تەدرىجىي دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا كېڭەيتىلدى. يېزا سۇغۇرتا كەسىپلىرىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمىنىڭ 89. 24 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 6 مىليارد 900 مىليون يۈەنلىك ھەر خىل مال - مۈلۈك سۇغۇرتا كاپالىتىگە ئىگە قىلىنىپ، تۇراقلىق مۈلۈك ۋە تۇراقسىز

مۈلۈك ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 46 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، 143 مىڭ 860 ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىسى سۇغۇرتىلىنىپ خەلق ئىشلىتىدىغان ئاپتوموبىل ئومۇمىي سانىنىڭ 72 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا كەسپىدىن كىرىم قىلىنغان سۇغۇرتا ھەققى 40 مىليون 950 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلان 204.7% ئورۇندىلىپ، 1984 ـ يىلدىكىدىن 176% ئاشتى. چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىدىن كىرىم قىلىنغان سۇغۇرتا ھەققى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا) 2 مىليون 90 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، پىلان 118% ئورۇندىلىپ، 1984 ـ يىلدىكىدىن 55% ئاشتى. ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىيەتتىكى ئاھالىنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تاپشۇرغان سۇغۇرتا ھەققى 3.20 يۈەنگە، سۇغۇرتا كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 77 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى. 1985 ـ يىلى كىرىم قىلىنغان سۇغۇرتا ھەققى بۇ كەسىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن 1980 ـ يىلدىن 1984 ـ يىلغىچە بولغان بەش يىللىق ئومۇمىي سۇغۇرتا كىرىمىدىن 10 مىليون يۈەندىن كۆپرەك ئېشىپ كەتتى.

1985 ـ يىلى دۆلەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا كەسپىدە 9711 ھەر تۈرلۈك تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 14 مىليون 870 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى. چەت ئەللەرگە ئالاقىدار كەسىپتە 53 تۆلەم دېلوسى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 146 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەندى.

1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە دۆلەت ئىچىدىكى كەسىپنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 69 مىليون 130 مىڭ يۈەنگە، چەت ئەللەرگە ئالاقىدار كەسىپنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 5 مىليون 990 مىڭ يۈەنگە يەتتى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاپەت ـ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەملەندۈرۈش، ئىقتىسادىي مۇھىتنى مۇقىملاشتۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

# II باب

# دۆلەت ئىچىدىكى سوْغوْرتا

## 1 § . شەھەر سوْغوْرتىسى

### 1. 1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە ئۈچ يىللىق ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدىكى شەھەر سوْغوْرتىسى

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، دۆلەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. تۈرلۈك ئىقتىسادىي تەركىپلەرنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، 1950 ـ يىلى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوت ئاپىتى سوْغوْرتىسى ۋە كوللېكتىپ جىسمانىي سوْغوْرتا كەسپى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى.

دۆلەت مەمۇرىي كېڭەشنىڭ مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى 1951 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى «مال-مۈلۈك مەجبۇرىي سوْغوْرتىسى نىزامى»نى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى غەربىي ـ شىمال مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى «دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كوپېراتىپلارنىڭ مال ـ مۈلكى، يۈك ترانسپورت، ترانسپورت قوراللىرى ۋە يولۇچىلار كۆتۈلمىگەن زىيان ـ زەخمەت مەجبۇرىي سوْغوْرتىلىرىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار»نى ئېلان قىلدى. قاراردا جايلاردىكى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى، جامائەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە ئامبارلارنى جۇڭگو خەلق سوْغوْرتا شىركىتى ۋە ئۇنىڭغا ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئاپپاراتلىرىدا سوْغوْرتىلاشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. سوْغوْرتا ھەققىنى ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىگە كىرگۈزۈشكە كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك سوْغوْرتا شىركىتى مال ـ مۈلۈك مەجبۇرىي سوْغوْرتىسىنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە، يەنە ئارقا ـ ئارقىدىن ئوت ئاپىتى سوْغوْرتىسى، يۈك ترانسپورت سوْغوْرتىسى (ئاساسلىقى ئاپتوموبىل ۋە كارۋان ئارقىلىق توشۇلغان يۈك ترانسپورت سوْغوْرتىسى) ، ئاپتوموبىل سوْغوْرتىسى، تاشيوللاردىكى يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان ـ زەخمەت سوْغوْرتىسى، ئاددىي جىسمانىي سوْغوْرتا، كوللېكتىپ جىسمانىي سوْغوْرتا، ئاددىي ئوت ئاپىتى سوْغوْرتىسى، كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سوْغوْرتىسى قاتارلىق كەسپلەرنى يولغا قويدى.

**1) مال ـ مۈلۈك مەجبۇرىي سوْغوْرتىسى**

1951 ـ يىلى شىنجاڭدا مال ـ مۈلۈك مەجبۇرىي سوْغوْرتىسى يولغا قويۇلۇشقا باشلىدى. دۆلەت ئورگانلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ تۆۋەندىكى مال ـ مۈلۈكلىرى سوْغوْرتىلاش ئوبيېكتى بولدى: (1) ئىمارەت ۋە ئىمارەتلەرنى بېزەش ـ رېمونت قىلىش؛ (2) ماشىنا ئۈسكۈنىلەر ۋە ئۇنىڭ قوشۇمچە زاپچاسلىرى؛ (3) جابدۇق، قورال ـ سايمانلار؛ (4)

تەييار مەھسۇلات، يېرىم تەييار مەھسۇلات، خام ئەشيالار؛ (5) ئاشلىق ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلار؛ (6) قاتناش - ترانسپورت قوراللىرى؛ (7) تاۋار ۋە باشقا بارلىق ماددىي ئەشيالار. سۇغۇرتىلانغان بۇ مال مۈلۈكلەر (1) ئوت ئاپىتى ۋە ئوزاق كۆيۈش؛ (2) كەلكۈن، چاقماق چۈشۈش، يەر ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىش، يار ئۆرۈلۈش؛ (3) پارتلاش؛ (4) ئوغرىلىنىش، بۇلىنىش؛ (5) يۈك چۈشۈرۈش، ئاپەتلەرنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىلغان زۆرۈر تەدبىرلەر؛ (6) قۇتقۇزۇش، جىددىي قۇتقۇزۇش سەۋەبىدىن زىيانغا ئۇچرىغاندا سۇغۇرتا شىركىتى سۇغۇرتا سوممىسى چېكى ئىچىدە، ئەمەلىي زىيان بويىچە تۆلەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇلاردىن باشقا، سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدىكى ئاپەت ياكى ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئورۇن قۇتۇلدۇرۇش، جىددىي قۇتقۇزۇش ياكى سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلكىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن چىقىم قىلغان مۇۋاپىق خىراجەتلەر ھەمدە سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تەلىپى بويىچە چىقىم قىلىنغان خىراجەتلەرنى سۇغۇرتا شىركىتى مەسئۇل بولۇپ تولۇقلاپ بەردى. ئەمما ئۇرۇش ياكى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى تۈپەيلىدىن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق زىيان كېلىپ چىققان بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىدى. ئەگەر 5 - ماددا دائىرىسىدىكى ئەھۋال بولسا بۇ چەكلىمىگە ئۇچرىمىدى ھەمدە مۇقىم مۈلۈكنىڭ سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتى ھەر يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلدىن باشلىنىپ، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاياقلىشىدۇ، لېكىن ئەڭ دەسلەپكى سۇغۇرتىلاش يىلى مال - مۈلۈك سۇغۇرتىلانغان كۈنى سائەت نۆلدىن باشلىنىدۇ؛ ماددىي ئەشيا سۇغۇرتىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى بولسا، سۇغۇرتىلانغان كۈندىن باشلىنىپ، ھەر قېتىملىق سۇغۇرتا قەرەلىگە چەك قويۇلمايدۇ، ئەمما، شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 31 - كۈندىن ئېشىپ كەتمەسلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلۈكنىڭ سۇغۇرتا سوممىسىدا، بىردەك سۇغۇرتىلانغان ۋاقىتتىكى ئەمەلىي باھاسى ئۆلچەم قىلىنىپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچى ئورۇن سوممىنى ئۆزلىرى مۆلچەرلەپ بېكىتتى. لېكىن سۇغۇرتا شىركىتى زۆرۈر دەپ قارىغاندا، قايتا مۆلچەرلەشكە ھوقۇقلۇق بولدى. سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئورۇن تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك سۇغۇرتا ھەققىنى بىر قېتىمدا بىراقلا تاپشۇرۇش ياكى پەسىل بويىچە ۋە ئاي بويىچە تاپشۇرۇشنى سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن ئالدىن كېلىشىپ: (1) سۇغۇرتا ھەققىنى بىر قېتىمدا بىراقلا تاپشۇرىدىغانلار ياكى مۇددەتكە بۆلۈپ 1 - باسقۇچتىكى سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرىدىغانلار، سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتى باشلىنىپ 15 كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇپ بولۇش؛ (2) مۇددەتكە بۆلۈپ تاپشۇرىدىغانلار، ھەر بىر مۇددەت (ھەر بىر پەسىل ياكى ھەر بىر ئاي) باشلىنىپ 15 كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇپ بولۇش؛ (3) تۇراقسىز سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلار، ھەر ئايلىق سۇغۇرتا ھەققىنى كېلەر ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن بۇرۇن تاپشۇرۇپ بولۇش تەلىپى بويىچە چوقۇم بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە، بەلگىلەنگەن جايدىكى جۇڭگو خەلق بانكىسىغا تاپشۇردى. سۇغۇرتا ھەققىنى بەلگىلەنگەن قەرەل ئىچىدە تاپشۇرمىسا، كېچىكتۈرگەن ھەر بىر كۈن ئۈچۈن ‰2 بويىچە كېچىكتۈرگەنلىك پۇلى قوشۇپ ئېلىنىدى. سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلۈكنى كېمەيتىش ياكى سۇغۇرتىدىن قايتۇرۇۋېلىشقا توغرا كەلسە، سۇغۇرتا شىركىتى سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئورۇننىڭ بۇ ھەقتىكى يازما ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن 15 كۈن ئىچىدە سۇغۇرتىلانغان ئەمما تېخى مۇددەت توشمىغان كۈن سانى بويىچە قايتۇرۇشقا تېگىشلىك سۇغۇرتا ھەققىنى نىسبەتلەشتۈرۈپ قايتۇرۇپ بەردى. ئۇندىن باشقا يەنە سۇغۇرتا رەسمىيىتىنى بېجىرىش، سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچى ئورۇننىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى، تالاش - تارتىش كۆرۈلگەندە كېسىم قىلىش چارىلىرى كونكرېت بەلگىلەندى.

مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسىنىڭ ھەققى سۇغۇرتا مۇددىتى بىر يىل بولسا پىرو پىرسەنت بويىچە، بىر يىلغا يەتمىسە، سۇغۇرتىلانغان كۈن سانى بويىچە نىسبەتلەشتۈرۈپ ھېسابلاندى. ئىمارەت ۋە مال - مۈلۈكنىڭ سۇغۇرتا ھەققى مال - مۈلۈك تۇرۇشلۇق جاي ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش خاراكتېرى بىلەن ئىمارەت شەكلى ئۆلچەم قىلىنىپ ھېسابلاندى. ئىمارەتلەر ئۆز شەكلىگە قاراپ 1 -، 2 - ۋە 3 - دەرىجىلىك دەپ بىر قانچە دەرىجىگە بۆلۈندى. سىرتقا دۆۋىلەنگەن مال - مۈلۈك، لاپاس ۋە ئۇنىڭ ئاستىغا دۆۋىلەنگەن مال - مۈلۈك، ياردەمچى

كىيىم ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال - مۈلۈك، شۇنىڭدەك ئىمارەت دەرىجىسى بولمىغان كان مەيدانى، ئىش مەيدانلىرىدىكى مال - مۈلۈكلەرنىڭ سۇغۇرتا ھەققى بىردەك مال - مۈلۈكنىڭ ئۆزى (ئىگىلىنىش خاراكتېرى) بىلەن تەۋەلىك دەرىجىسى (بىنا ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى مال - مۈلۈك) گە قاراپ بېكىتىلىدى. سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلۈك تۇرۇشلۇق ئورۇندا تۇرۇپلا سۇيى ئۇسكۈنىسى بولمىسا، سۇغۇرتا ھەققى %20 قوشۇپ ھېسابلاندى، سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلۈك تۇرۇشلۇق ئورۇندا ئاپتوماتىك پۈركۈلىدىغان ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىسى بولسا، سۇغۇرتا ھەققى %20 تۆۋەنلىتىپ ھېسابلاندى. ئوخشاش بىر ئىمارەت، ئوچۇقچىلىقتا دۆۋىلەپ قويۇلغان نەرسىلەر، لاپاس ئاستى، يارىمچى كېمىلەر كۆپ خىل ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۇغۇرتا ھەققى پەرقلەنسە، بۇ يەردىكى بارلىق مال - مۈلۈكلەرنىڭ سۇغۇرتا ھەققى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەق نىسبىتى يۇقىرىراقلىرىنىڭ ھەق نىسبىتى بويىچە ھېسابلاندى. ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ھەر قانداق جايغا توختىتىلىشى ياكى يول مېڭىۋاتقىنىدىن قەتئىي نەزەر ئۇنىڭ سۇغۇرتا ھەققى ‰2 بويىچە ھېسابلاندى.

2) ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى

(1) سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتى: ئوت ئاپىتى، چاقماق چېقىش، يەر تەۋرەش، يەر ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىش، يار ئۆرۈلۈش، پارتلاش سەۋەبلىرىدىن كېلىپ چىققان زىيان، ئاپەتنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلۈكلەرنى بۇزۇش ياكى قۇتقۇزۇش، جىددىي قۇتقۇزۇش سەۋەبلىرىدىن مال - مۈلۈك ئۇچرىغان زىيان، سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتى دائىرىسىدىكى ئاپەت ياكى ھادىسىلەر يۈز بېرىش جەريانىدا مال - مۈلۈك ئوغرىلىنىشتىن بولغان زىيانلار (ئەمما بۇ زىيانغا شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ ئىسپاتى بولۇشى كېرەك)؛ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئاپەت ياكى ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە، قۇتقۇزۇش، جىددىي قۇتقۇزۇش ياكى سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلۈك بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان مۇۋاپىق خىراجەت ھەمدە سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تەكلىپى بويىچە ياردەم سورىغان سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارغا بېرىپ چىقىم قىلغان خىراجەت.

(2) ئۈستىگە ئېلىنمايدىغان مەسئۇلىيەتلەر: ئۇرۇش ياكى ھەربىي ھەرىكەت سەۋەبىدىن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق كېلىپ چىققان زىيانلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۇغۇرتا شىركىتى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئەمما سۇغۇرتىلانغۇچى ئۇچرىغان زىيىنىنىڭ ئۇرۇش ياكى ھەربىي ھەرىكەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى ئىسپاتلىيالىسا، بۇ چەكلىمىدىن مۇستەسنا بولىدۇ. ھۆكۈمەت بۇزۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان، ئەمما مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئاپەت زىيىنىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش يۈزىسىدىن بۇزۇشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈلۈپ كۆرۈلگەن زىيانلار يۇقىرىقى دائىرىگە كىرمەيدۇ.

(3) سۇغۇرتا ھەق نىسبىتى: بىر يىللىق سۇغۇرتا مۇددىتى، 1000 يۈەن، سۇغۇرتا سوممىسى (پىرو پىرسەنت) ھېسابلاش ئۆلچىمى قىلىندى.

3) يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى

جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسى 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە ئاپتوموبىل يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى ۋە كارۋان بىلەن يۈك توشۇش سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى.

(1) يۈك سۇغۇرتىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى: قاتناش ۋاسىتىلىرى سوقۇلۇش ياكى ئۆرۈلۈشتىن كېلىپ چىققان زىيانلار؛ قاتناش ۋاسىتىلىرى تونېل ئۆرۈلۈپ چۈشۈش، يارغۇلاپ چۈشۈش ياكى كەلكۈن سەۋەبىدىن ئۇچرىغان زىيانلار؛ ئوت ئاپىتى، چاقماق چۈشۈش ياكى پارتلاش ھادىسىسىدىن بولغان زىيانلار؛ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئاپەت ياكى ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە، سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلۈكنى قۇتقۇزۇش ۋە قوغداش ھەمدە تۆلەم سۈرۈشتۈرۈش خىزمىتى ئۈچۈن چىقىم قىلىنغان مۇۋاپىق خىراجەتلەرنى سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەپ بېرىشكە مەسئۇل بولدى.

(2) يۈك سۇغۇرتىسىدا ئۈستىگە ئېلىنمايدىغان مەسئۇلىيەتلەر: ئۇرۇش ياكى ھەربىي ھەرىكەت سەۋەبىدىن

بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق ھالدا كېلىپ چىققان ياكى باندىتلارنىڭ بۇلاڭ - تالىڭىدىن كېلىپ چىققان زىيان؛ ئادەتتىكى ئۇغرىلىنىش، مال كەم چىقىپ قېلىش، مال تاپشۇرۇپ ئالالماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىيانلار (سۇنۇش - چېقىلىش ياكى سۇ كىرىپ كېتىش تۈپەيلىدىن بولغان زىيانلار. لېكىن مەزكۇر سۇغۇرتا مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئاپەت ياكى ھادىسىدىن كېلىپ چىققان زىيانلار بۇ دائىرىگە كىرمەيدۇ)؛ مالنىڭ ئۆزىدىكى ئەسلى نۇقسان، كۆكىرىپ كېتىش، داتلىشىش، چىرىش، چاشقان غاجىلاش، قۇرۇت چۈشۈش، بوران، قىراۋ، يامغۇر، قارلاردا قېلىش، تەمى، رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش ياكى باشقا ماللار بىلەن ئارىلىشىپ قېلىپ سۈپىتى ئۆزگىرىشتىن بولغان زىيانلار؛ توشۇغۇچى، سۇغۇرتىلانغۇچى ياكى ئۇنىڭ ھوقۇق مەنپەئىتىگە ئالاقىدار كىشى ياكى ئۇنىڭ ۋەكىلىنىڭ قەستەن ياكى قانۇنسىز قىلمىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىيانلار؛ بۇ سۇغۇرتا تالونىدىكى مەسئۇلىيەت دائىرىسىگە كىرمەيدىغان باشقا زىيانلار.

(3) قۇرۇقلۇق ترانسپورت سۇغۇرتىسىنىڭ ھەق نىسبىتى: قۇرۇقلۇق ترانسپورت سۇغۇرتىسىنىڭ مۇقىم ھەق نىسبىتى بىر دەك ھەر 1000 يۈەنگە 25 پۇڭدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭغا يەنە مۇساپە ھەق نىسبىتى قوشۇلىدۇ. پويىز ترانسپورت سۇغۇرتىسىدا ھەر 50 كىلومېتىردا 1000 يۈەنگە ئۈچ پۇڭدىن، ئاپتوموبىل ترانسپورت سۇغۇرتىسىدا ھەر 50 كىلومېتىردا 1000 يۈەنگە 15 پۇڭدىن ھەق قوشۇپ ئېلىنىدۇ. 50 كىلومېتىرغا يەتمىسە، بىر دەك 50 كىلومېتىر بويىچە ھەق ھېسابلىنىدۇ.

4) ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى

(1) سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتى:

بۇنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلىيەت دائىرىسى سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىل (ئاپتوموبىلدا بولۇشقا تېگىشلىك سايمان ۋە زاپچاسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، توختىتىپ قويۇلغان ياكى مېڭىپ كېتىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز سوقۇلۇپ كېتىش، ئۆرۈلۈپ كېتىش، ئوت كېتىش، پارتلاش، ئۆزلىكىدىن ئوت كېتىش، چاقماق چۈشۈش، ئوغرىلىنىش سەۋەبىدىن بولغان زىيان؛ سۇغۇرتىلانغۇچى ۋە ئۇنىڭ ياللىغان ئادىمى ياكى ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە شوپۇردىن باشقا كىشىلەرنىڭ يامان نىيەتتە قەستەن زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىش قىلمىشلىرى.

(2) ئۈستىگە ئېلىنمايدىغان مەسئۇلىيەتلەر:

كۆتۈلمىگەن ھادىسە خاراكتېرىگە كىرمەيدىغان زىيان - زەخمەتلەرنى سۇغۇرتا شىركىتى ئۈستىگە ئالمىدى. بۇلار مۇنۇلار: (1) سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىلنىڭ زاپچاسلىرى، بالونى ياكى ئاپتوموبىلنىڭ باشقا ھەر قانداق قىسمىنىڭ ئۈپرىشى، بۇزۇلۇشى، يېرىلىپ كېتىشى ۋە بالونىنىڭ ئېتىلىپ كېتىشى كۆتۈلمىگەن ھادىسە تۈپەيلىدىن بولمىغان بولسا؛ (2) سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىلنىڭ چاشقان غاجىلاش، ھاشارەت نابۇت قىلىش تەبىئىي چىرىشىنىڭ تەسىرى ۋە ئاپتوموبىلغا بېسىلغان يۈك چىرىپ كېتىش، سىلكىنىش سەۋەبلىرىدىن كېلىپ چىققان زىيان - زەخمەتلەر؛ (3) سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىلنى ئىشلىتەلمەي ياكى تىجارەتتە زىيان تارتقان ۋە ئاپتوموبىلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلىگەن بولسا؛ (4) سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىل مۇسابىقىگە قاتنىشىش، سۈرئىتىنى سىناش، ھەيدەشنى ئۆگىنىش ۋە چەكلىك ھەق ئېلىش ھېسابىغا باشقىلارنىڭ ئاپتوموبىلنى سۆرەپ بېرىش جەريانىدا يۈز بەرگەن ھەر قانداق يوقاپ كېتىش، بۇزۇلۇش ۋە تۆلەم بېرىش مەسئۇلىيەتلىرى؛ (5) سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىلنى شوپۇرلۇق كىنىشكىسى يوق كىشىلەر ھاراق ئىچىپ مەست بولغان ۋە دورا بىلەن مەست بولغان كىشىلەر ھەيدەپ يۈز بەرگەن ھەر قانداق ئوت كېتىش، بۇزۇلۇش ياكى تۆلەم مەسئۇلىيەتلىرى؛ (6) كەلكۈن، يەر تەۋرەش، ئۇرۇش ياكى ھەربىي ھەرىكەت، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى باستۇرۇش ھەرىكىتى، ئوغرى - باندىتلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئوغرى باندىتلارنى باستۇرۇش ھەرىكىتى ۋە ھۆكۈمەت ئورگانلىرى قانۇن بويىچە سېتىۋېلىشى، تۇتۇپ قېلىشى ياكى مۇسادىرە قىلىشى تۈپەيلىدىن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق كېلىپ چىققان يوقاپ كېتىش، بۇزۇلۇش ياكى تۆلەم مەسئۇلىيەتلىرى؛ (7) سۇغۇرتىلانغۇچى ياكى ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ياللىغان خادىملىرى، شوپۇرى قەستەن كەلتۈرۈپ چىقارغان يوقاپ كېتىش، بۇزۇلۇش، ھەمدە قەستەن باشقىلارغا زىيان يەتكۈزۈش سەۋەبىدىن

كېلىپ چىققان تۆلەم مەسئۇلىيەتلىرى؛ (8) سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان باشقا يولىنىپ كېتىش، بۇزۇلۇش ۋە تۆلەم بېرىش مەسئۇلىيەتلىرى.

### 1951 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يولغا قويۇلغان ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى ھەق نىسبىتى جەدۋىلى

جەدۋەل: 9 — 1

| سۇغۇرتا تۈرى / يىللىق ھەق نىسبىتى / ئاپتوموبىل تۈرى | ئاپتوموبىل ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى | | ئاپتوموبىل زىيان سۇغۇرتىسى | | جامائەت بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتى سۇغۇرتىسى | | ئۇنىۋېرسال سۇغۇرتا ھەققى ھېسابلاش چارىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ھەق نىسبىتى % | ياقاغ، كۆيۈپ ئاپتوموبىل سىرتقى ھەق قوشۇش نىسبىتى | ئاساسىي سۇغۇرتا ھەققى (كۇيتا خەلق پۇلى) 10 مىڭ دوللار | ھەق نىسبىتى % | ئاساسىي سۇغۇرتا ھەققى (كۇيتا خەلق پۇلى) 10 مىڭ دوللار | ھەق نىسبىتى % | |
| تۈزى ئىشلىتىدىغان كىچىك يولۇچىلار ئاپتوموبىلى (بەتتە كىشىلىك ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن) | 0.50 | 0.10% | 50 | 1.00 | 25 | 0.50 | (ئاپتوموبىل زىيان سۇغۇرتىسى ھەققى × 90%) + (جامائەت بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتى سۇغۇرتىسى ھەققى × 90%) ياكى (ئاپتوموبىل ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى ھەققى × 90%) + (جامائەت بىخەتەرلىك مەسئۇلىيىتى سۇغۇرتىسى ھەققى × 90%) = ئۇنىۋېرسال سۇغۇرتا ھەققى |
| كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ ئۆزى ئىشلىتىدىغان يولۇچىلار ئاپتوموبىلى (سەككىز كىشىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن) | 0.50 | 0.10% | 55 | 1.00 | 27 | 0.50 | |
| ئۆزى ئىشلىتىدىغان يۈك ئاپتوموبىل | 0.60 | 0.10% | 60 | 1.00 | 30 | 0.50 | |
| تىجارەت قىلىدىغان يولۇچىلار ئاپتوموبىلى | 0.60 | 0.10% | 70 | 1.00 | 35 | 0.50 | |
| تىجارەت قىلىدىغان يۈك ئاپتوموبىلى | 0.70 | 0.10% | 80 | 1.00 | 40 | 0.50 | |
| يولۇچى موتسىكلىتى | 0.50 | | 30 | 1.00 | 20 | 0.50 | |
| يۈك موتسىكلىتى | 0.50 | | 25 | 1.00 | 15 | 0.50 | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئالاھىدە ئاپتوموبىللار | قۇرۇلۇش، داۋالاش، پوچتا يوللانمىلىرى ئاپتوموبىلى | 0.60 | 0.10% | 50 | 1.00 | 25 | 0.50 | |
| | مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ساھەلەر ئاپتوموبىللىرى | | | | | | | |
| | ئوت ئۆچۈرۈش ئاپتوموبىلى | 0.40 | | 40 | 0.50 | 20 | 0.25 | |
| | تراكتور | 0.40 | | 40 | 0.50 | | | |
| | كوزۇپلۇق ئاپتوموبىللار | 0.50 | 0.10% | | 1.00 | | | |

ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ھەق نىسبىتى سۇغۇرتىلاش مۇددىتى بىر يىلدىن ئاز بولسا، تۆۋەندىكى بەلگىلىمىدىكى قىسقا مۇددەتلىك ھەق نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. بىر ئايغا يەتمىگەن ياكى بىر ئايغا توشمايدىغان پارچە كۈنلىرى بارلارنىڭ ھەققى بىر ئايلىق ھەق نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

**ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك ھەق نىسبىتى جەدۋىلى**

جەدۋەل: 9 ـ 2

| بىر ئايلىق | ئىككى ئايلىق | ئۈچ ئايلىق | تۆت ئايلىق | بەش ئايلىق | ئالتە ئايلىق |
|---|---|---|---|---|---|
| 10% | 20% | 30% | 40% | 50% | 60% |
| يەتتە ئايلىق | سەككىز ئايلىق | توققۇز ئايلىق | ئون ئايلىق | 11 ئايلىق | يىللىق |
| 70% | 80% | 85% | 90% | 95% | 100% |

**5) تاش يوللاردىكى يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان ـ زەخمەت مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى**

دۆلەت مەمۇرىي كېڭىشى مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ 1951 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئېلان قىلغان «تاش يوللاردىكى يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان ـ زەخمەت مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى نىزامى»غا ئاساسەن، بېلەت سېتىۋېلىپ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ياكى مەخسۇس ئىشلىتىدىغان تاش يول ئاپتوموبىلىغا چىققان يولۇچىلارلا بولىدىكەن، بىردەك جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تاش يوللاردىكى يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان ـ زەخمەت سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشى بەلگىلەندى؛ بۇنىڭ رەسمىيىتىنى يولۇچى توشۇشنى باشقۇرۇش تارماقلىرى بېجىردى. ئايرىم سۇغۇرتا گۇۋاھنامىسى تارقىتىلمىدى. (1) سۇغۇرتا قەرەلى. يولۇچى بېلەت ئېلىپ بېكەتكە كىرىپ بېلەت قىيغۇزغاندىن باشلاپ، سەپەرنىڭ ئاخىرقى مەنزىلگە يېتىپ بېرىپ بېلەت بىكار قىلىنىپ يولۇچى بېكەتتىن چىققاندا ئاياقلىشىدۇ. يولۇچىلار ئولتۇرغان ئاپتوموبىلدىن يول ئۈستىدە چاتاق چىقىپ توختاپ قالسا، ياكى بەلگىلەنگەن باشقا نۆۋەتچى ئاپتوموبىلغا چىققانلار ئۈچۈن، سۇغۇرتا داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ. (2) سۇغۇرتا سوممىسى ۋە سۇغۇرتا ھەققى. سۇغۇرتا سوممىسى دەرىجىگە ئايرىلمىدى. پۈتۈن بېلەت، يېرىم بېلەت ۋە ھەقسىز بېلەتلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردەك 15 مىليون (كونا خەلق پۇلى) يۈەندىن ھەق ئېلىندى. سۇغۇرتا ھەققى بىردەك ئاساسىي بېلەت باھاسىنىڭ ئىككى پىرسەنتى بويىچە ھېسابلىنىپ، بېلەت باھاسى ئىچىگە قوشۇۋېتىلدى. يولۇچى توشۇش ئىدارە (پونكىت) لىرى ۋاكالىتەن يىغىپ، سۇغۇرتا شىركىتىگە تاپشۇردى. يولۇچىلار سۇغۇرتا كۈچكە ئىگە مۇددەت ئىچىدە، كۈچلۈك ھەمدە روشەن سىرتقى كۈچ تەسىرىدە كۆتۈلمىگەن ھادىسىلەرگە ئۇچراپ، زەخىملىنىپ، داۋالىنىشقا توغرا كەلسە، سۇغۇرتا شىركىتى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، داۋالىنىش ياردەم پۇلى بەردى. بۇنىڭ سوممىسى سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ ئومۇمىي سانىدىن ئېشىپ كەتمىدى. يولۇچىلار كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ زەخىملەنسە، ھەتتا ئۆلۈپ كەتسە، مېيىپ بولسا ياكى جىسمانىي ئىقتىداردىن مەھرۇم بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى بەلگىلىمە بويىچە داۋالىنىش ياردەم پۇلى بەرگەندىن تاشقىرى، يەنە بەلگىلىمە بويىچە تۆۋەندىكىدەك سۇغۇرتا پۇلى بەردى: ① ئۆلۈپ كەتكەنلەرگە سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ ھەممىسى بېرىلدى؛ ② ئىككى كۆزى پۈتۈنلەي قارىغۇ بولۇپ قالغانلار، پۇت ـ قوللىرى پۈتۈنلەي مېيىپ بولۇپ قالغانلارغا، سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ ھەممىسى بېرىلدى؛ ③ جىسمانىي ئىقتىداردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ ئۆمۈرۋايەت خىزمەت ئىشلىيەلمەس بولۇپ قالغانلارغا سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ ھەممىسى بېرىلدى. ④ بىر كۆزى ساقايماس قارىغۇ بولۇپ قالغان بىر قولى ياكى بىر پۇتى پۈتۈنلەي ساقايماس مېيىپ بولۇپ قالغانلارغا سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ يېرىمى بېرىلدى؛ ⑤ قىسمەن جىسمانىي ئىقتىداردىن مەھرۇم بولغانلارغا قىسمەن سۇغۇرتا سوممىسى بېرىلدى. لېكىن كېسەللىك، ئۆزىنى ئۆلتۈرۋېلىش، ئۇرۇش ـ جېدەل ياكى جىنايەت قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ياكى يارىلانغان، ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەر (ئاپتوموبىلدا ھادىسە كۆرۈلۈش ياكى كۆتۈلمىگەن ھادىسە تۈپەيلىدىن ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ، بېلەت ئالماي ئاپتوموبىلغا ئېسىلىپ چىقىش، ئاپتوموبىلدىن سەكرەش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتكەن ياكى يارىلانغانلار؛ ئالدامچىلىق قىلىپ سۇغۇرتا سوممىسى ياكى داۋالىنىش ياردەم پۇلى ئېلىشقا ئۇرۇنغانلارغا سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەم بېرىشنى ئۈستىگە ئالمىدى. (3) سۇغۇرتا سوممىسى ۋە داۋالىنىش ياردەم پۇلى بېرىش. يولۇچىلار كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ داۋالانغاندا، تاشيول دوختۇرخانىسى سۇغۇرتا شىركىتىگە ۋاكالىتەن بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولدى. تاشيول دوختۇرخانىسى يوق جايلاردا، يولۇچى توشۇش شىركىتى ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇندىكى يەرلىك ھۆكۈمەت ياكى ئالاقىدار ئورگانلار بىلەن كېڭىشىپ، ئەينى چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ۋاكالىتەن بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولدى. داۋالىنىش ياردەم پۇلىنى سۇغۇرتا شىركىتى ياكى ئۇنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلغان ۋاكالىتەن بىر تەرەپ قىلىش ئورنى بېكىتىلگەن دوختۇرخانا دوختۇرنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسەن بەلگىلىمە بويىچە بەردى. يولۇچىلار كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ مېيىپ بولسا، ياكى جىسمانىي ئىقتىداردىن مەھرۇم بولسا، ئۇنىڭ ئۆزى ياكى بېكىتكەن ۋاكالەتچىسى يولۇچى توشۇش تارمىقى ياكى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋاكالىتەن بىر تەرەپ قىلىش ئورنىنىڭ ئىسپاتىنى ئالغاندىن كېيىن،

بېرىشكە تېگىشلىك سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ سانىنى بېكىتتى. يولۇچى كۆڭۈلسىزلىك ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇنىڭ جورىسى، پەرزەنتى، ئاتا - ئانىسى ياكى تۇرمۇشتا تامامەن مەزكۇرغا تايانغۇچىلار يولۇچى تۆشۈشنى باشقۇرۇش تارمىقىنىڭ ئىسپاتىنى، زورۇر تېپىلغاندا، ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇس ئىسپاتىنى ئېلىپ كېلىپ، سۇغۇرتا شىركىتى ياكى ئۇنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ۋاكالەتچىلىك ئورنىغا سۇغۇرتا سوممىسى بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى، ناۋادا پۇل ئالغۇچىلاردا تالاش - تارتىش يۈز بەرسە، يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە پۇل ئالغۇچى بەلگىلەندى. سۇغۇرتا سوممىسى ئېلىش ئىلتىماسى ھادىسە كۆرۈلگەن كۈندىن باشلاپ بىر يىلغىچە سۇنۇلمىسا، ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى بىكار قىلىندى. سۇغۇرتا سوممىسى بېرىش رەسمىيىتىنى سۇغۇرتا شىركىتى ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپ 15 كۈن ئىچىدە بېجىرىپ بولدى.

## 6) ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا

شىنجاڭدا 1951 - يىلدىن باشلاپ ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا يولغا قويۇلدى، ئۇ، خەلقنىڭ تۆۋەن سوممىلىق سۇغۇرتا كاپالىتىگە ئىگە بولۇش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش، خەلق تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىش ھەمدە پۇل ئامانەت قويۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش يۈزىسىدىن يولغا قويۇلغان بىر خىل ھەم كاپالەت خاراكتېرىگە ئىگە، ھەم پۇل ئامانەت خاراكتېرىگە ئىگە سۇغۇرتا كەسپىدۇر. 14 ياشتىن 60 ياشقىچە بولغانلار جىنس ئايرىلماي، ئوخشاش سۇغۇرتىلاندى. سۇغۇرتا تۈرى سۇغۇرتا مۇددىتى بويىچە ئون يىللىق قوش كاپالەتلىك سۇغۇرتا، 15 يىللىق قوش كاپالەتلىك سۇغۇرتا دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈندى. ھەر بىر سۇغۇرتا تالونىنىڭ ھەققى سۇغۇرتا تۈرى ۋە سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىنىڭ يېشىغا قارىماي ھەر ئېيىغا 5000 يۈەن (كونا خەلق پۇلى) قىلىپ بېكىتىلدى. ھەر بىر سۇغۇرتا تالونىنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى سۇغۇرتا تۈرى ۋە سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ يېشىغا قاراپ ئوخشىمىغان دەرىجىگە ئايرىپ بېكىتىلدى. سۇغۇرتا كۈچكە ئىگە مەزگىلدە، سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتا قەرەلى توشقىچە ھايات بولسا، سۇغۇرتا سوممىسى تولۇق بېرىلىدۇ، مۇبادا قەرەلى توشقىچە بولغان ئارىلىقتا سۇغۇرتا ھادىسىسى يۈز بەرسە، بەلگىلىمە بويىچە تېگىشلىك سۇغۇرتا سوممىسى بېرىلىدۇ. سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ تېنى تەكشۈرۈشتىن كەچۈرۈلۈم قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما سۇغۇرتىغا قاتناشقاندا تېنى ساغلام بولغۇچىلارنى قاتناشتۇرۇش شەرت قىلىندى. سۇغۇرتا شىركىتى سۇغۇرتىلانغۇچىنى تاللاش ھوقۇقىغا ئىگە. مۇبادا سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ كەسپى ھەددىدىن تاشقىرى خەتەرلىك بولسا ياكى تېنى ھەددىدىن تاشقىرى ئاجىز بولسا، ئۇنى چەكلەشكە ياكى سۇغۇرتىلاشنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق. سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتىلانغان چاغدا ئۆزىنىڭ مەنپەئەتلەنگۈچىسىنى بېكىتىپ قويۇشقا ھەمدە ئۇنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا خالىغان ۋاقىتتا ئىلتىماس سۇنۇشقا بولىدۇ. مەنپەئەتلەنگۈچىسىنى بېكىتمىگەنلەرنىڭ ۋارىسى مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولىدۇ. تولۇق ئىككى يىلدىن ئارتۇق سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرغان سۇغۇرتىلانغۇچى ئورۇنلۇق ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، سۇغۇرتا شىركىتىگە پۇل قەرز ئېلىش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنسا بولىدۇ. قەرز ئالىدىغان پۇل سانى شۇ چاغدا قايتۇرۇشقا تېگىشلىك سۇغۇرتا سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمىدى. قەرز ئالغان پۇلنىڭ ئۆسۈمى سۇغۇرتا شىركىتى بەلگىلىگەن ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە ھېسابلاندى. قەرز ئېلىش قەرەلى پۇل قەرز ئالغان كۈندىن باشلاپ كېلەر نۆۋەتلىك سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرۇش ۋاقتىغىچىلىك بولدى. سۇغۇرتا سوممىسىنى بېرىش: سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتا قەرەلى توشقانغا قەدەر ھايات بولسا، سۇغۇرتا تالونى ۋە ئەڭ ئاخىرقى نۆۋەتلىك سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرغانلىق ھۆججىتىنى سۇغۇرتا شىركىتىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، سۇغۇرتا شىركىتى سۇغۇرتا سوممىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتا كۈچكە ئىگە مۇددەت ئىچىدە ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا، ئۇنىڭ مەنپەئەتلەنگۈچىسى دەرھال سۇغۇرتا شىركىتىگە ئۇقتۇرۇش قىلغان ھەمدە دوكلاتنامىنى تولدۇرغان ۋە سۇغۇرتا تالونى، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم تاپشۇرغان سۇغۇرتا ھەققى ھۆججىتى ھەم ئالاقىدار ئىسپاتلارنى سۇغۇرتا شىركىتىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق، سۇغۇرتا سوممىسى بېرىلدى. سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتا كۈچكە ئىگە مۇددەت ئىچىدە كۆڭۈلسىز زىيان - زەخمەتكە ئۇچراپ، ساقايماس مېيىپ بولۇپ، جىسمانىي

ئىقتىدارى ۋە ئەمگەك ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولسا، دوختۇرخانا ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ۋراچنىڭ ئىسپاتى بىلەن سۇغۇرتا تالونى ھەم ئاخىرقى قېتىم تاپشۇرغان سۇغۇرتا ھەققى ھۆججىتىنى سۇغۇرتا شىركىتىگە تاپشۇرغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ دەلىللەش ئارقىلىق بەلگىلىمە بويىچە سۇغۇرتا بېرىلدى. ھەم سۇغۇرتا تالونى ۋە ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرۇش تالونى قايتۇرۇپ بېرىلدى. ئەگەر سۇغۇرتا ھەققىنى كېمەيتىش، كەچۈرۈم قىلىشقا توغرا كەلسە، سۇغۇرتا تالونىنىڭ كەينىگە ئەسكەرتىپ قويۇلدى. سۇغۇرتا ھەققى بېرىلگەندە، تېخى قايتۇرمىغان قەرز پۇلى بولسا، ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ قېلىندى.

## 1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە بولغان ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا سوممىسى جەدۋىلى

جەدۋەل 9 ـ 3

| ياش ئايرىمىسى | ماددىي ئەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدىغان سۇغۇرتا بىرلىكى | | كونا خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلانغىنى (10 مىڭ يۈەن) | |
|---|---|---|---|---|
| | ئون يىللىق قەرەل توشقاندا | 15 يىللىق قەرەل توشقاندا | ئون يىللىق قەرەل توشقاندا | 15 يىللىق قەرەل توشقاندا |
| 14—20 ياش | 29 | 45.5 | 58 | 91 |
| 21—25 ياش | 29 | 45 | 58 | 90 |
| 26—30 ياش | 29 | 44.5 | 58 | 89 |
| 31—35 ياش | 28.5 | 44 | 57 | 88 |
| 36—40 ياش | 28.5 | 43 | 57 | 86 |
| 41—45 ياش | 28 | 41.5 | 56 | 83 |
| 46—50 ياش | 27 | 39.5 | 54 | 79 |
| 51—55 ياش | 26 | 36 | 52 | 72 |
| 56—60 ياش | | | 49 | |

ئىزاھات: 1. ھەر بىر سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتا شىركىتى قوشۇلغاندىن كېيىن، بىرلا ۋاقىتتا ياكى داۋاملىق تۈردە كۆپ خىل ياكى كۆپ قېتىملىق سۇغۇرتىغا قاتناشسا بولىدۇ. ئۇلارغا كۆپ خىل سۇغۇرتا تالونى كېسىپ بېرىلدى. لېكىن ھەر قايسى سۇغۇرتا تالونلىرىنىڭ ئومۇمىي سۇغۇرتا سوممىسى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا ماددىي ئەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلىنىدىغان سۇغۇرتا بىرلىكى بويىچە 500 كىشىلىك ياكى خەلق پۇلى بويىچە 10 مىليون يۈەن بولۇش ئۆلچەم قىلىندى. سۇغۇرتا شىركىتى ئەڭ يۇقىرى سومما چەكلىمىسى بويىچە كېسىلگەن سۇغۇرتا تالونلىرىنى ئىلگىرى ـ كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە بىر تەرەپ قىلىپ

سۇغۇرتىلانغۇچى ھادىسىگە ئۇچرىغاندا، سومما چەكلىمىسىدىن ئاشقان ھەر ئالۋاڭنى بارلىق سۇغۇرتا سوممىسىنى كۆچكە ئىگە دەپ قاراپ، سومما چەكلىمىسىدىن ئاشقان باشقا سۇغۇرتا ئالۋاڭلىرىدا سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىدى، پەقەت قايتۇرغان سۇغۇرتا ھەققىنىلا قايتۇردى.

2. سۇغۇرتا ھادىسىسى يۈز بەرگەندە، سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ يېشى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى ئېنىقلانسا، ھەققىي يېشى بويىچە بېرىشكە تېگىشلىك سۇغۇرتا سوممىسى بېرىلدى. سۇغۇرتىلانغاندىكى ھەققىي يېشى بەلگىلەنگەن سۇغۇرتىلاش ياش چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلەر بولسا، سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالماي، پەقەت تاپشۇرغان سۇغۇرتا ھەققىنىلا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

## 1950 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلغىچە ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرۇش جەدۋىلى

جەدۋەل: 9 ـ 4

بىرلىكى: يۈەن

| سۇغۇرتىلانغاندىكى يېشى | ئۆمۈرلۈك سۇغۇرتا | | | | قوش كاپالەتلىك سۇغۇرتا | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئۆمۈرلۈك ھەق | 20 يىللىق ھەق | 15 يىللىق ھەق | ئون يىللىق ھەق | 30 يىللىق | 25 يىللىق | 20 يىللىق | 15 يىللىق | ئون يىللىق |
| 20 | 17.43 | 23.71 | 26.82 | 34.02 | 27.14 | 43.81 | 59.71 | 93.37 | |
| 21 | 17.80 | 24.12 | 27.28 | 34.60 | 27.27 | 33.51 | 43.89 | 59.77 | 93.42 |
| 22 | 18.19 | 24.55 | 27.77 | 35.22 | 27.42 | 33.63 | 43.98 | 59.84 | 93.47 |
| 23 | 18.61 | 25.01 | 28.28 | 35.86 | 27.59 | 33.76 | 44.09 | 59.92 | 93.50 |
| 24 | 19.05 | 25.49 | 28.81 | 36.53 | 27.76 | 33.90 | 44.20 | 60.00 | 93.59 |
| 25 | 19.51 | 25.99 | 29.38 | 37.24 | 27.96 | 34.06 | 44.33 | 60.10 | 93.66 |
| 26 | 20.01 | 26.52 | 29.97 | 37.98 | 28.18 | 34.23 | 44.47 | 60.20 | 93.47 |
| 27 | 20.53 | 27.08 | 30.59 | 38.76 | 28.42 | 34.42 | 44.62 | 60.31 | 93.82 |
| 28 | 21.09 | 27.67 | 31.24 | 39.50 | 28.68 | 34.64 | 44.79 | 60.44 | 93.91 |
| 29 | 21.68 | 28.29 | 31.92 | 40.43 | 28.98 | 34.87 | 44.97 | 60.58 | 94.02 |

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 94.13 | 60.73 | 45.18 | 35.13 | 29.30 | 41.33 | 33.64 | 28.91 | 22.31 | 30 |
| 94.39 | 60.90 | 45.41 | 35.41 | 29.65 | 42.27 | 33.40 | 29.68 | 22.98 | 31 |
| 94.39 | 61.09 | 45.66 | 35.73 | 30.04 | 43.25 | 34.19 | 30.36 | 23.68 | 32 |
| 94.55 | 61.30 | 45.93 | 36.07 | 30.47 | 44.27 | 35.02 | 31.12 | 24.44 | 33 |
| 94.72 | 61.53 | 46.24 | 36.46 | 30.94 | 45.35 | 35.89 | 31.92 | 25.23 | 34 |
| 94.90 | 61.78 | 46.58 | 36.88 | 31.46 | 46.47 | 36.81 | 32.77 | 26.08 | 35 |
| 95.11 | 62.06 | 46.95 | 37.34 | 32.02 | 47.65 | 37.77 | 33.66 | 26.98 | 36 |
| 95.00 | 62.36 | 47.36 | 37.85 | 32.65 | 48.88 | 38.78 | 34.60 | 27.94 | 37 |
| 95.85 | 62.70 | 47.81 | 38.41 | 33.34 | 50.16 | 39.84 | 35.59 | 28.96 | 38 |
| 96.16 | 63.49 | 48.31 | 39.04 | 34.09 | 51.50 | 40.95 | 36.64 | 30.05 | 39 |
| 96.16 | 63.49 | 48.87 | 39.72 | 34.92 | 52.90 | 42.12 | 37.74 | 31.21 | 40 |
| 96.50 | 63.90 | 49.48 | 40.47 | 35.83 | 54.37 | 43.35 | 38.91 | 32.44 | 41 |
| 96.87 | 64.46 | 50.15 | 41.31 | 36.83 | 55.90 | 44.64 | 40.15 | 33.75 | 42 |
| 97.29 | 65.02 | 50.90 | 42.22 | 37.92 | 57.50 | 45.99 | 41.46 | 35.15 | 43 |
| 97.74 | 65.64 | 51.72 | 43.23 | 39.11 | 59.17 | 47.42 | 42.85 | 36.64 | 44 |
| 98.24 | 66.32 | 52.62 | 44.34 | 40.42 | 60.91 | 48.92 | 44.32 | 38.20 | 45 |
| 68.80 | 67.07 | 53.63 | 45.55 | 41.85 | 62.73 | 50.51 | 45.89 | 39.93 | 46 |
| 99.41 | 67.91 | 54.73 | 46.90 | 43.38 | 64.63 | 52.18 | 47.55 | 41.75 | 47 |
| 100.09 | 68.83 | 55.95 | 48.37 | 45.11 | 66.62 | 53.94 | 49.30 | 43.69 | 48 |
| 100.84 | 69.85 | 57.30 | 49.99 | 46.97 | 68.70 | 55.80 | 51.21 | 45.77 | 49 |
| 101.67 | 70.98 | 58.79 | 51.77 | 48.99 | 70.88 | 57.77 | 53.23 | 47.99 | 50 |
| 102.58 | 72.22 | 60.43 | 53.72 | 51.20 | 73.16 | 59.86 | 55.39 | 50.38 | 51 |
| 103.60 | 73.60 | 62.25 | 55.87 | 53.59 | 75.54 | 62.07 | 57.70 | 52.93 | 52 |
| 104.72 | 75.13 | 64.25 | 58.22 | 56.19 | 78.05 | 64.42 | 60.18 | 55.67 | 53 |
| 105.96 | 76.82 | 66.46 | 60.80 | 59.01 | 80.67 | 66.93 | 62.85 | 58.61 | 54 |
| 107.34 | 78.69 | 68.90 | 63.63 | 62.07 | 83.42 | 69.58 | 65.71 | 61.77 | 55 |

## ئون يىللىق قوش كاپالەتلىك ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىنىڭ ئاي بويىچە سۇغۇرتا سوممىسىنى قايتۇرۇش جەدۋىلى
(56 ياشتىن 60 ياشقىچە)

جەدۋەل: 9 ـ 5 بىرلىكى: كونا خەلق پۇلى، يۈەن

| ھەق تاپشۇرغان يىل، ئاي | ئىككى يىل | ئۈچ يىل | تۆت يىل | بەش يىل | ئالتە يىل | يەتتە يىل | سەككىز يىل | توققۇز يىل | ئون يىل |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 ـ ئاي | 59,900 | 100500 | 143800 | 190000 | 239800 | 293800 | 352700 | 417700 | 490000 |
| 2 ـ ئاي | 63,300 | 104100 | 147600 | 194200 | 244300 | 298700 | 358700 | 423700 | |
| 3 ـ ئاي | 66,600 | 107700 | 151500 | 198300 | 248800 | 303600 | 363600 | 429700 | |
| 4 ـ ئاي | 70000 | 111300 | 155300 | 302500 | 253300 | 308500 | 369000 | 435700 | |
| 5 ـ ئاي | 73400 | 114900 | 159200 | 206600 | 257800 | 313400 | 374400 | 441800 | |
| 6 ـ ئاي | 76800 | 118500 | 163000 | 210800 | 262300 | 318400 | 379800 | 447000 | |
| 7 ـ ئاي | 80200 | 122100 | 166900 | 214900 | 266800 | 323300 | 385200 | 453000 | |
| 8 ـ ئاي | 83600 | 125700 | 170800 | 219100 | 271300 | 328200 | 390600 | 459800 | |
| 9 ـ ئاي | 87000 | 129400 | 174600 | 223200 | 275800 | 333100 | 396100 | 465900 | |
| 10 ـ ئاي | 90400 | 133000 | 178500 | 227400 | 230300 | 338000 | 101400 | 471900 | |
| 11 ـ ئاي | 93700 | 136000 | 182300 | 231500 | 284800 | 342900 | 406900 | 477900 | |
| 12 ـ ئاي | 97100 | 140200 | 186200 | 235700 | 289300 | 347800 | 412300 | 483900 | |

### 7) كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا

1951 ـ يىلى سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپىنى يولغا قويدى. ھۆكۈمەت كارخانىلىرى، شەخسىي كارخانىلار، ئورگان، مەكتەپ ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى كوللېكتىپنى بىرلىك قىلىپ، سۇغۇرتا يېشىدىكى بارلىق خىزمەتچىلىرىنى سۇغۇرتىلاتسا (ئىشلىگىنىگە بىر ئاي تولمىغان

ۋاقىتلىق ئىشچى - خىزمەتچىلىرى بۇنىڭ سىرتىدا) بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. قەرەللى بىر يىل بولدى. سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ يېشى 14 تىن 60 ياشقىچە بولدى. سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ ئايرىم سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ ھەر بىر كىشىلىكى ۋاقىتىنچە 1000 مادىي نەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاش بىرلىكى ئەڭ تۆۋەن چەك، 10 مىڭ مادىي نەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاش بىرلىكى ئەڭ يۇقىرى چەك قىلىپ بېكىتىلدى. خەلق پۇلى بويىچە سۇغۇرتىلانغۇچىلار ئۈچۈن سۇغۇرتا سوممىسى 5مىليون (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش) يۈەن ئەڭ تۆۋەن چەك، 50 مىليون يۈەن ئەڭ يۇقىرى چەك قىلىپ بەلگىلەندى. سۇغۇرتا ھەققى ھەر ئېيىغا سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ مىڭدىن بىر نىسبىتى بويىچە ھېسابلاپ يىغىلدى. كەسىپ خىيىم - خەتىرى ئۈچۈن قوشۇمچە ھەق قوشۇپ ئېلىنىدى. بارلىق سۇغۇرتىلانغۇچىلارنىڭ ھەر ئايدىكى ئومۇمىي سۇغۇرتا ھەققى (ھەق تاپشۇرۇش كۈنى) دىكى مادىي نەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاش بىرلىكى تاختاي باھاسىغا ئومۇمىي سۇغۇرتا ھەققى بىلەن سۇغۇرتا ھەق نىسبىتىنى كۆپەيتىپ، خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچى تەرەپتىن پېرېۋوت ئارقىلىق بىر تۇتاش تاپشۇرۇلدى. سۇغۇرتىلانغۇچىلار سۇغۇرتا كۈچكە ئىگە مۇددەتتە كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتسە، كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ قازا قىلسا، زەخىملەنسە، سۇغۇرتىلانغۇچى ھادىسە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلگەن كۈندىن باشلاپ يەتتە كۈنگىچە سۇغۇرتا شىركىتىگە يازما ئۇقتۇرۇش قىلىپ ھەمدە دەلىل - ئىسپاتلارنى ئىمكانقەدەر تېز تەمىنلىسە، سۇغۇرتا شىركىتى تەكشۈرۈپ دەلىللىگەندىن كېيىن، تۆۋەندىكى «پۇل بېرىش كۈنى» دىكى مادىي نەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاش تاختاي باھاسى بويىچە ھېسابلاپ خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ سۇغۇرتا پۇلى بەردى. خەلق پۇلى بويىچە سۇغۇرتىلانغۇچىلارغا خەلق پۇلى بويىچە پۇل بېرىلدى. (1) كېسەل ياكى كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتسە، سۇغۇرتا سوممىسى تولۇق بېرىلدى. (2) كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىش سەۋەبىدىن ئىككى كۆزى پۈتۈنلەي ساقايماس ئەما بولۇپ قالسا، قول - پۇتلىرى پۈتۈنلەي ساقايماس مېيىپ بولۇپ قالسا، ياكى بىر كۆزى پۈتۈنلەي ساقايماس ئەما بولۇپ قالسا ۋە بىر قولى (پۇتى) پۈتۈنلەي ساقايماس مېيىپ بولۇپ قالسا سۇغۇرتا سوممىسى تولۇق بېرىلدى. (3) كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىش سەۋەبىدىن جىسمانىي ئىقتىداردىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ، داۋاملىق خىزمەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالسا، سۇغۇرتا سوممىسى تولۇق بېرىلدى. (4) كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىشكە ئۇچراپ، بىر كۆزى ساقايماس ئەما بولۇپ قالسا ياكى بىر پۇت (قول)ى پۈتۈنلەي ساقايماس مېيىپ بولۇپ قالسا، سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ يېرىمى بېرىلدى. (5) كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىشكە ئۇچراپ، جىسمانىي ئىقتىداردىن قىسمەن مەھرۇم بولۇپ، ساقايماس بولۇپ قالسا ھەم خىزمەت ئىقتىدارىغا تەسىر يەتكەن بولسا، ئىقتىداردىن مەھرۇم بولۇش دەرىجىسىگە قاراپ قىسمەن سۇغۇرتا سوممىسى بېرىلدى. ئەمما بېرىلگىنى ئومۇمىي سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كەتمىدى.

كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتىنى يولغا قويۇش بىلەن بىرگە پۇل قەرز بېرىش چارىسى تەڭ يولغا قويۇلۇپ، سۇغۇرتىلانغۇچىلار تۇغۇت، داۋالىنىش، ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتلەردە قىيىنچىلىققا يولۇققاندا، ئېتىبار قىلىنغان قىسقا مۇددەتلىك قەرز پۇل ئۆسۈمى قەرز ئالغان چاغدىكى شۇ جايدىكى خەلق بانكىسىنىڭ خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى كوپېراتىپلارغا بەرگەن قىسقا مۇددەتلىك ئامانەت قەرز پۇلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئۆسۈم ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىنىپ، دىرنى قايتۇرغاندا قوشۇپ ئېلىنىدى. بۇ چارىنىڭ يولغا قويۇلۇشى خەلق ئاممىسىنىڭ ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدىكى ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن كېلىپ، خەلقنىڭ سۇغۇرتىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈردى.

### 8) ئاددىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى

شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1951 - يىلى ئاددىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى، سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلۈكلەر تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغاندا تۆلەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالدى: (1) ئوت ئاپىتى؛ (2) ئوت يېيىلىپ كۆيۈش؛ (3) چاقماق چېقىش؛ (4) يەر تەۋرەش؛ (5) يەر چۆكۈش؛ (6) يار ئۆرۈلۈش؛ (7) پارتلاش؛ (8) يۇقىرىقى ئاپەتلەر يۈز بەرگەندە قۇتقۇزۇش

مۇناسىۋەتتى بىلەن ئۇچرىغان زىيانلار ۋە سەرپ قىلىنغان مۇۋاپىق قۇتقۇزۇش خىراجەتلىرى. (9) يۇقىرىقى ئاپەتلەر يۈز بەرگەن مەزگىلدە، بۇلاش، ئوغرىلاش تۈپەيلىدىن بولغان زىيانلار (شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى ۋە رايون، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىسپاتى ئاساسىدا. ئۇرۇش، ھەربىي ھەرىكەت، ھۆكۈمەت بۇيرۇقى بىلەن بۇزۇلغان، مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئاپەتلەرنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇزۇپ تاشلاشقا بۇيرۇق قىلىنغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)؛ سۇغۇرتىلانغۇچى قەستەن كەلتۈرگەن زىيانغا سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئوخشاش سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ ئوخشاش بىر ئادرېستىكى سۇغۇرتىلانغان مال ـ مۈلكىنى ئاددىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرغاندىن كېيىن، باشقا تۈردىكى ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇشقا بولمايدۇ. باشقا تۈردىكى ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇلغان بولسا، يەنە ئاددىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىغا قاتناشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ناۋادا ئىككى خىل سۇغۇرتىغا قوشلاپ قاتناشتۇرغان بولسا، ھادىسە كۆرۈلۈپ تۆلەم بېرىش ۋاقتىدا، سۇغۇرتا شىركىتى ئاددىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى قىسمىنى بىردەك ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى چارىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.

**قوشۇمچە:**

**1951 ـ يىلدىكى شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىنىڭ ئاددىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى تالونىنىڭ نۇسخىسى**

## ئاددىي ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى تالونى

20419 ـ نومۇرلۇق

0074719 ش ئۇ ئا س

سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ ئىسمى: لىي جېن

سۇغۇرتىلىنىدىغان مۈلكى: سۇغۇرتىلانغۇچىغا تەئەللۇق بولغان مال ـ مۈلۈكلەر تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

(1) ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، ئۆي جاھازىلىرى، كىيىم ـ كېچەك، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، بارلىق خۇسۇسىي نەرسە ـ كېرەكلەر (ئالتۇن ـ كۈمۈش، زىبۇ ـ زىننەتلەر، قەدىمكى ھۆسنىخەت، رەسىم، پۇللار بۇنىڭ سىرتىدا).

(2) قورال ـ سايمان، دېھقانچىلىق سايمانلىرى، ماشىنا (بەش ئات كۈچىدىن تۆۋەن) زاپچاسلار.

(3) مال، خام ئەشيا، تەييار مەھسۇلات، ياسىلىۋاتقان مەھسۇلاتلار، زىرائەت ھوسۇلى.

(4) ئۆز ئۆيى.

مال ـ مۈلۈك تۇرۇشلۇق ئورۇن: لۇفاڭ كوچىسى 15 ـ نومۇر.

سۇغۇرتا سوممىسى: خەلق پۇلى ھېسابىدا 1 مىليون يۈەن ــ 100 يۈەن. بۇ ماددىي نەرسىگە سۇندۇرۇلغاندا ماددىي نەرسە ئۆلچەملىك نامى: ( ) سانى ( ):

سۇغۇرتا ھەققى: خەلق پۇلى 2000 يۈەن ــ 20 پۇڭ.

سۇغۇرتا مۇددىتى: بىر يىل (ئارىلىقتا سۇغۇرتىدىن چېكىنىشكە بولمايدۇ).

1957 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى سائەت نۆلدىن 1958 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سائەت 24 كىچە.

بۇ سۇغۇرتا تالونى سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن كېسىپ بېرىلىدۇ. ئايرىم سۇغۇرتا ھەققى ھۆججىتى كېسىلمەيدۇ.

سۇغۇرتا مۇددىتى ئىچىدە سۇغۇرتىلانغان مال ـ مۈلۈكلەر زىيانغا ئۇچرىسا، شىركىتىمىز سۇغۇرتا توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە تۆلەم بېرىدۇ.

جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى تامغىسى
بېجىرگۈچى (تامغا)
1957 - يىل 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈرۈمچى

9) كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى

شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1951 - يىلى كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى. كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى چارىسىدا مۇنداق بەلگىلەندى: سۇغۇرتا تالونى كۈچكە ئىگە مۇددەتتە، سۇغۇرتىلانغۇچىلارنىڭ ئۆيى ياكى ياتقىنىغا ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوت كەتسە، چاقماق چېقىش، توك يولىدىن توك قېچىش سەۋەبلىك ئوت كەتسە، يەر تەۋرەش، يەر يېرىلىش، يار ئۆرۈلۈش، پارتلاش سەۋەبلىرىدىن سۇغۇرتىلانغان مال - مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئوت ئۆچۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن قوشلاپ بولغان مال - مۈلۈك زىيىنى ھەمدە مۇۋاپىق چىقىم بولغان قۇتقۇزۇش خىراجەتلىرى ھەم مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى ئاپەت - ھادىسىلەر يۈز بەرگەن چاغدىكى ئوغرىلىنىشتىن بولغان زىيانلار شۇ جايدىكى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنىنىڭ ئىسپاتى بولۇشى كېرەك) ئۈچۈنمۇ سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەم مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئەمما بومباردىمان قىلىش ياكى باشقا ھەربىي ھەرىكەتلەر سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئوت ئاپىتى زىيىنى ھەم ھۆكۈمەت بۇزۇۋېتىشكە بۇيرۇق قىلىش سەۋەبىدىن بولغان زىيانلار (ئوت ئۆچۈرۈش سەۋەبىدىن بۇزۇۋېتىشقا بۇيرۇق قىلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا)، سۇغۇرتىلانغۇچى قەستەن كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوت ئاپىتى زىيىنىنى تۆلەش مەسئۇلىيىتىنى سۇغۇرتا شىركىتى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

قوشۇمچە:

1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە بولغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى تالونىنىڭ نۇسخىسى

جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى (قوشۇمچە نۇسخا)
ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى

سۇغۇرتا تالونى: - نومۇرلۇق  - قوشۇمچە نومۇرلۇق
ئابونت ئىسىم فامىلىسى: لىي جېن
سۇغۇرتا سوممىسى: خەلق پۇلى 1 مىليون يۈەن
ئابونت ئىسپاتى:
سۇغۇرتىلانغان بۇيۇملار: ئۆي جاھازىلىرى، زىننەتلىنىشى، خۇسۇسىي بۇيۇملار، كۈندىلىك بۇيۇملار، كىيىم - كېچەك، يۇڭ - تاقلار.
سۇغۇرتىلانمايدىغان بۇيۇملار: ئالتۇن - كۈمۈش زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، قول سائەت، يانچۇق سائەت، سىيا قەلەم، تۈرلۈك ئەسۋابلار، مېدال، ئوردېن، قەدىمقى گۆيۈنچۈق، تامغا ۋە مۇكەييەن بازار باھاسى بولمىغان كىتاب، سەنئەت بۇيۇمى، ھۆسنىخەت، رەسىم، ئۆي، باھالىق ئاكسىيە ۋە چەك ھۆججەت.
سۇغۇرتا قەرەلى: 1952 - يىل 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 1953 - يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنىگىچە

10) تۇراقسىز مۈلۈك ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى

سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1952 - يىلى تۇراقسىز مۈلۈك ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى. بۇنىڭغا

قاتنىشىش چارىسىدا مۇنداق بەلگىلەندى: كارخانىلار ئۆز ئالدىغا ئىگىلىگەن باشقۇرۇلۇشى قاتتىق، كۆلىمى زور بولغان ئامبار ئىچىدىكى پاكى سىرتقا دۆۋىلەنگەن ھەمدە ئىسكىلات زاپىسىدا دائىم ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدىغان، رەسمىي ھېساباتى بولۇپ مەخسۇس ئادەم ئەنگە ئېلىپ باشقۇرىدىغان ئامباردىكى مال - مۈلۈكنى بۇ خىل سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئامىمۇۋى ئامبار، بېكەت مۇپىسى ۋە سىرتقا دۆۋىلەنگەن بۇيۇملارنى بۇ سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇشقا بولمايدۇ. سۇغۇرتا مۇددىتى بىر ئايدىن بىر يىلغىچە بولىدۇ. تۇراقسىز مۈلۈك ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىنىڭ ھەر بىر سۇغۇرتا تالونىدا بىرلا خىيىم - خەتەر بىرلىكىنى سۇغۇرتىلاش بىلەن چەكلىنىدۇ. دەسلەپكى قېتىم سۇغۇرتىلاشتا مال - مۈلۈك قويۇلغان ئورۇنغا سۇغۇرتا شىركىتى ئادەم ئەۋەتىپ خىيىم - خەتەر بىرلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشنى ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە تەپسىلىي تەكشىلىك خەرىتىسى سىزىپ ساقلاپ قويىدۇ. سۇغۇرتىلانغۇچى مۈلۈكنىڭ كۆچۈش ئەھۋالىغا قاراپ ئېھتىياجلىق بولغان ئەڭ يۇقىرى سۇغۇرتا سوممىسىنى مۆلچەرلەپ، سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن كېلىشكەندىن كېيىن، مەزكۇر سۇغۇرتىغا قاتنىشىدۇ. مۈلۈكنىڭ كېيىنكى دائىملىق ئۆزگىرىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى سۇغۇرتا سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك شەرت قىلىنىدۇ. ئەگەر سۇغۇرتا سوممىسىنى كۆپەيتىشكە توغرا كەلگەندە، يېڭىدىن ئايرىم سۇغۇرتا تالونى كېسىپ، سۇغۇرتا ھەققى قوشۇشنى ئىلتىماس قىلىش كېرەك. سۇغۇرتا ھەققى سۇغۇرتىلانغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىپ، بىر ئاي تولغاندىن كېيىن ھەر كۈنلۈك ئەمەلىي ئامبار زاپىسى بويىچە ئايدا بىر قېتىم ھېساب بوغۇلىدۇ. يىللىق سۇغۇرتىغا قاتناشقانلارنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كۈن بويىچە ھېسابلىنىدۇ. قىسقا مۇددەتلىك سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سۇغۇرتا ھەققى ئاۋۋال قىسقا مۇددەتلىك ھەق نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىپ، ئاندىن يەنە كۈندىلىك سان نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. سۇغۇرتا شىركىتى «تۇراقسىز مۈلۈك ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىنىڭ ئامبار زاپىسى ئۇقتۇرۇشنامىسى» گە ئاساسەن «تۇراقسىز مۈلۈك ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىنىڭ ئايلىق ھەق جەدۋىلى» تۈزۈپ سۇغۇرتىلانغۇچىغا ھېساباتى بۇغۇپ كۆرسىتىدۇ.

شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا كەسپى ئىگىلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە بىر قەدەر زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەندى، مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 874 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى تۆۋەندىمۇ ئوخشاش)گە، يۈك ترانسپورت سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 365 مىليون يۈەنگە، ئاپتوموبىل سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 362 مىليون يۈەنگە، ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 920 مىليون يۈەنگە، تاشيولدىكى يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 20 مىليون يۈەنگە يەتتى. ئادىي جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 841 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 45 مىليون يۈەن سۇغۇرتا سوممىسى بېرىلدى. دۆلەت ئۈچۈن سۇغۇرتا فوندى جۇغلىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئىقتىسادىي تۆلەم تۈزۈمى ئورنىتىلدى، بۇ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا كۈچلۈك ياردەم بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پائال تۆھپە قوشتى. لېكىن سۇغۇرتا شىركىتى 1952 - يىل 6 - ئايدا مالىيە نازارىتىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەۋە بولغاندىن كېيىن، مەبلەغ تەشكىللەش، دۆلەت مالىيىسىنى تولۇقلاشنى سۇغۇرتا خىزمىتىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلغاچقا، سۇغۇرتىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش مۇئەييەن تەسىرگە ئۇچرىدى.

## 2. 1953 - يىلدىن 1958 - يىلغىچە بولغان شەھەر سۇغۇرتىسى

1953 - يىلى شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، شەھەر سۇغۇرتا كەسپىنى تەرتىپكە سېلىشنى باشلىدى. 6 - ئايدا دۆلەت مەمۇرىي ئورگانلىرى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى، ئوت ئاپىتى ئادىي سۇغۇرتىسى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى كەسىپلىرى توختىتىلدى؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتوموبىل يۈك

ترانسپورتىنى سوغۇرتىلاش كەسپى راۋاجلاندۇرۇلدى ھەمدە كەسپىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى زاۋۇت، ماگىزىن، ئامبار قاتارلىق كارخانا مال - مۈلۈك سوغۇرتىسى ۋە ئاھالىلەر ئائىلە مال - مۈلۈك سوغۇرتىسى قاتارلىق جەھەتلەرگە قارىتىلدى. خىزمەتتە ئىختىيارىيلىق پرىنسىپى ئىزچىل ئىجرا قىلىنىدى ھەمدە سوغۇرتا سوممىسىنى مال - مۈلۈكنىڭ ئەمەلىي قىممىتى ئىچىدە بېكىتىپ سوغۇرتىلاپ سوغۇرتا سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ، سوغۇرتىلانغۇچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ياخشىلاندى. جىسمانىي سوغۇرتا كەسپىدە: «سوغۇرتىلاشنى خالىغۇچىلارنى سوغۇرتىلاپ، خالىمىغانلارنى سوغۇرتىلاپ توختىتىش، ئەمما سوغۇرتا ھەققىنى قايتۇرماسلىق» تەدبىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. ئاممىنىڭ تەلىپىگە ۋە ئىختىيارىيلىق پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئاددىي جىسمانىي سوغۇرتا كەسپى مۇستەھكەملەندى. كوللېكتىپ جىسمانىي سوغۇرتا كەسپى قىسقارتىلدى. تاشيولدىكى يولۇچىلار كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سوغۇرتىسىدا مۇقىم سوممىلىق سوغۇرتا يولغا قويۇلۇپ، سوغۇرتا سوممىسى 10 مىليون يۈەن (كونا خەلق پۇلى) قىلىپ بېكىتىلىپ، بېلەت باھاسىنىڭ ئىككى پىرسەنتى بويىچە سوغۇرتا ھەققى ئېلىندى. شۇ يىلى سوغۇرتا شۆبە شىركىتى ئاپپاراتلىرىنى ئىخچاملاپ، شتاتىنى قىسقارتىپ، بىر قىسىم جايلاردىكى سوغۇرتا ئاپپاراتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئۇلارنىڭ سوغۇرتا كەسپىنى جايلاردا ساقلاپ قېلىنغان سوغۇرتا ۋاكالەتچىلىك ئورۇنلىرى ئۆز كۈچىگە ۋە ئارىلىقنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا ئاساسەن، قوشۇمچە بېجىردى. مەييارە بېجىرگۈچى خادىم تەيىنلىنىپ ياكى ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ مالىيە بۆلۈملىرىدە مەخسۇس ئادەم تۇرغۇزۇپ بېجىرىلدى. سوغۇرتا كەسپىنى بېجىرىش تەس بولغان چەت، يىراق جايلاردا شۇ جايدىكى بانكىلار ۋاكالىتەن بېجىردى. سوغۇرتا شىركىتى ئۇلارغا سوغۇرتا ھەققى كىرىمىنىڭ ئۈچ پىرسەنتى بويىچە ۋاكالىتەن بېجىرىش رەسمىيەت ھەققى بەردى.

1954 - يىلى مەملىكەتلىك 4 - قېتىملىق سوغۇرتا خىزمىتى يىغىنىدا: «ھەر خىل سوغۇرتا فوندى تەسىس قىلىپ، دۆلەت مالىيىسىنىڭ زاپاس كۈچىنى تولۇقلاش كېرەك.» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەمما يىغىندا بىر تەرەپلىمە ھالدا «مالىيە زاپاس كۈچى كۈچەيدى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئاپەت زىيىنى تولۇقلىمىسى مالىيە زاپىسىدىن ھەل قىلىنسا بولىدۇ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال - مۈلكىنى مەجبۇرىي سوغۇرتىسىنى تەدرىجىي توختىتىش فاڭچېنىنى قوللىنىش كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ترانسپورت ئىختىيارىي سوغۇرتىسىنى كارخانىلارنىڭ ئوخشىمىغان ئېھتىياجى ۋە سۈپىتىگە، ئوبيېكتىپ شارائىتىگە ئاساسەن بېجىرىش كېرەك. يەرلىك خامچوتقا تەۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار شارائىتقا قاراپ تەدرىجىي ھالدا مەجبۇرىي سوغۇرتىنى ئىختىيارىي سوغۇرتىغا ئۆزگەرتىش لازىم. شۇڭا تۆمۈريول، ئاشلىق، پوچتا - تېلېگراف، سۇ ئىشلىرى، گېئولوگىيە، قاتناشتىن ئىبارەت ئالتە سىستېمىنىڭ مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سوغۇرتىسى توختىتىلسا بولىدۇ. باشقا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سوغۇرتىسى داۋاملىق يولغا قويۇلىدۇ» دەپ قارالدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك سوغۇرتا شۆبە شىركىتى يۇقىرىقى روھقا ئاساسەن، تۆمۈريول قاتارلىق ئالتە سىستېمىدىكى مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سوغۇرتىسىنى توختاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىش ئارقىلىق، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سوغۇرتىسى تەرەققىياتقا ئېرىشتى. يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كوپېراتىپلارنىڭ مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سوغۇرتا ھەققى كىرىمى 1954 - يىلى 700 مىڭ 60 يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە، 1955 - يىلى 938 مىڭ 500 يۈەنگە، 1956 - يىلى 1 مىليون 424 مىڭ 900 يۈەنگە 1957 - يىلى 1 مىليون 819 مىڭ 200 يۈەنگە، 1958 - يىلى 2 مىليون 534 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى. بۇ مەزگىلدە گەرچە مەركەزگە قاراشلىق كارخانىلارنىڭ مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سوغۇرتا كەسپى توختىتىلغان بولسىمۇ، باشقا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، يەرلىك دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە ناھىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك

كوپېراتىپلارنىڭ مال ـ مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتا كەسپى داۋاملىق راۋاجلاندى ھەم شەھەر سۇغۇرتا كەسپىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى ۋە جامائەت مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇلدى. 1953 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە، ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى بىلەن جامائەت مەسئۇلىيەت سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 2 مىليون 221 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى. ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى ھەققى كىرىمى 147 مىڭ 700 يۈەنگە يەتتى. يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى جەريانىدىكى بۇزۇلۇش، چېقىلىش سۇ ئۆتۈپ كېتىش ھادىسىلىرى بىر قەدەر ئېغىر بولۇشتەك ئەھۋالغا ئاساسەن، يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسىدا يەنە بۇزۇلۇش، چېقىلىش، سۇ ئۆتۈپ كېتىش سۇغۇرتىسى قوشۇمچە قىلىنىپ نىسبىي ھالدا 20 پىرسەنت تۆلەمنى كەچۈرۈم قىلىش بەلگىلەندى. يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، جايلاردىكى سۇغۇرتا شىركەتلىرى ترانسپورت تارماقلىرى، باج ئىدارىسى، خۇسۇسىي يۈك سارايلىرى، قاتارلىق تەرەپلەردىن ترانسپورت ئەھۋالىنى ئۇقۇشۇپ، سىياسەتنى تەشۋىق قىلدى ھەم داۋاملىق ئادەم كۈچى تەشكىللەپ ترانسپورت تارماقلىرىنىڭ ھېساباتىنى تەكشۈرۈپ سۇغۇرتىدىن چۈشۈپ قېلىشتىكى يوچۇقلارنى ئېتىپ، كەسىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1953 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە يۈك ترانسپورت سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 760 مىڭ 600 يۈەنگە يەتتى.

بۇ مەزگىلدە جىسمانىي سۇغۇرتا خىزمىتىدە ئىختىيارىيلىق پرىنسىپى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ۋاكالەتەن بېجىرىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ۋاكالەتەن بېجىرگۈچى خادىملارغا ئوخشاش بولمىغان ھەق ھېسابلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىلىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇغۇرتىغا قاتناشقانلاردىن پۈتۈن يىللىق سۇغۇرتا ھەققىنى بىراقلا تاپشۇرۇپ بولغانلىرىغا ئېلىنىدىغان ھەققى ئازايتىپ ئېتىبار بېرىلدى. ئۈرۈمچى، ئىلى، قەشقەر، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ھەق ئېلىش چارىسى ياخشىلاندى. سۇغۇرتا مۇلازىمەت خادىملىرى سۇغۇرتا ھەققىنى ۋاكالەتەن يىغدى ياكى ئىدارە ـ ئورگانلارنىڭ مالىيە خادىملىرىغا سۇغۇرتا ھەققىنى ۋاكالەتەن ئۆتۈپ بېرىش ھاۋالە قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن سۇغۇرتىلانغۇچىلارغا قولايلىق يارىتىپ بېرىلدى. تەدبىر قوللىنىپ سۇغۇرتىلاش تەرتىپلىرىنى تەكشۈرۈش ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئادەم كۈچى ۋە ماددىي كۈچ تېجەپ قېلىندى. 1956 ـ يىل 8 ـ ئايدا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بويىچە كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا كەسپىدە خەتەر كۆپرەك يۈز بېرىدىغان بەزى ئورۇنلارنىڭ سۇغۇرتا مۇددىتى توشقاندا داۋاملىق سۇغۇرتىلانغان بۇ كەسىپ پرىنسىپ جەھەتتىن توختىتىلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا نۇرغۇن ئورۇنلارنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن، 1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بۇ خىل سۇغۇرتا ئومۇميۈزلۈك توختىتىلغانغا قەدەر بۇ كەسىپ ساقلاپ قېلىندى. 1953 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتا ۋە ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 142 مىڭ 800 يۈەنگە يەتتى. تاشيولدىكى يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زىيان ـ زەخمەت سۇغۇرتىسى مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى سۇغۇرتا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سۇغۇرتا ھەققى ئېلىش چارىسى ياخشىلىنىپ، مەلۇمات جەدۋىلى رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلدى. ترانسپورت بېلەتلىرىنىڭ بېلەت پۇلى مەلۇمات جەدۋەللىرى ئاساس قىلىنىپ سۇغۇرتا ھەققى ئېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ھەم كۈچ تېجەپ قېلىندى، ھەم ھەق توغرا ئېلىندى. 1953 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان ـ زەخمەت سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 785 مىڭ 500 يۈەنگە يەتتى.

1958 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مەركەز شىئەندە چاقىرغان مالىيە سودا خىزمىتى يىغىنىدا: «خەلق گۇڭشېلىشىشتىن كېيىن سۇغۇرتا خىزمىتى ئۆز رولىنى يوقاتتى، چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىدىن باشقا سۇغۇرتا كەسپلىرى دەرھال توختىتىلسۇن. ئېنقلاش خىزمىتىنى خەلق بانكىسى بېجىرسۇن» دەپ كۆرسىتىلدى. يۇقىرىقى روھقا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىغا: «ئاپتونوم رايونىمىزدا سۇغۇرتا كەسپىنى توختىتىش توغرىسىدا دوكلات» سۇندى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، سۇغۇرتا كەسپىنى 1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن ئېتىبارەن توختىتىش، سۇغۇرتىدىن چېكىندۈرۈش قارار قىلىندى؛ ئېنقلاپ چېكىندۈرۈش خىزمىتى 1962 ـ يىلغا

كەلگەندە تولۇق ئاخىرلاشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتى 1950 ـ يىل 10 ـ ئايدا قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1958 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانغا قەدەر، شەھەر سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 17 مىليون 848 مىڭ 900 يۈەن بولدى.

## 3. 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان شەھەر سۇغۇرتا كەسپى

1980 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە دۆلەت ئىچى سۇغۇرتا كەسپى يولغا قويۇلدى.

1981 ـ يىل 5 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ قېتىملىق سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، خىزمەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى ۋە ئالماشتۇردى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار سۇغۇرتا خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشتىكى مۇھىم بىر تەجرىبە تەشۋىقات پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، سۇغۇرتا خىزمىتىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىش، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتلەرنىڭ قوللىشى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماسلىشىشىغا تايىنىپ، سۇغۇرتا ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت، دەپ قارىدى. 1982 ـ يىل 4 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتى، ھەر قايسى تارماق شىركەتلەر، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشقان سۇغۇرتا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، مەملىكەتلىك سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى. خىزمەتلەرنى خۇلاسىلاپ، ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ سۇغۇرتا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. يىغىندا مالىيە ئىقتىساد كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋۇچيڭ سۇغۇرتىنىڭ يەرلىك مالىيىگە پايدىلىق تەرەپلىرى، كارخانىلاردىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش، ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق تەرەپلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەملەندۈرۈشكە پايدىلىق تەرەپلىرىنى سۆزلىدى.

1985 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سۇغۇرتا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىن سۇغۇرتا خىزمىتىنى كۈندىلىك ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مەدەت بېرىشنى، ئالاقىدار تارماقلاردىن سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تۈرلۈك سۇغۇرتا كەسپىنى قانات يايدۇرۇشقا ماسلىشىشىنى ھەمدە ئۆز تارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنى تېزرەك سۇغۇرتىلىشىغا مەدەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھۆججەتتە يەنە بۇنىڭدىن كېيىن، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردا ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىقتىسادىي زىيان ئۈچۈن قايتا تولۇقلىما بېرىلمەيدۇ ياكى پايدا ـ زىيان ئۈدۈللاشتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ. سۇغۇرتىغا قاتناشقانلارغا سۇغۇرتا شىركىتى ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىدۇ، دەپ بەلگىلەندى. جايلاردىكى سۇغۇرتا شىركەتلىرى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھۆججىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى كونكرېت پىكىر ۋە تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتى يەنە جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، قاتناش نازارىتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسى، سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، خەلق ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى، يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئىدارىسى قاتارلىق تارماقلار بىلەن بىرلىكتە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ «ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى ۋە 3 ـ تەرەپ جاۋابكارلىقى سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»، «يەككە سودا ـ سانائەتچىلەر ۋە شېرىكچىلىك تەشكىلاتلىرى سۇغۇرتا كەسپىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»، «ئاۋىئاتسىيە يۈك ترانسپورت سۇغۇرتا كەسپىنى بېجىرىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»

قاتارلىق ھۆججەتلەرنى تارقاتتى. يۇقىرىقى خىزمەتلەر ئارقىلىق، جايلاردىكى سۇغۇرتا تارماقلىرىنىڭ مۇلازىمەت ساھەسى، سۇغۇرتىلاش كۆلىمى كېڭەيتىلىپ، شىنجاڭنىڭ سۇغۇرتا كەسپى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى.

**1) كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى**

شىنجاڭنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىشى كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشتىن باشلاندى. 1980 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، مالىيە ئىدارىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى، خەلق باش بانكىسى، مالىيە مىنىستىرلىكى، يېزا ئىگىلىك باش بانكىلىرىنىڭ «كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنى بېقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ئىلگىرىكىدەك كارخانىلاردا كۈتۈلمىگەن زىيان پەيدا بولسا، مالىيىدىن بىر تۇتاش ھەل قىلىدىغان ئۇسۇلنى مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى. سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى دائىرىسىدىكى تەبىئىي ئاپەت ۋە كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر كەلتۈرگەن زىياننى سۇغۇرتا شىركىتى ئۈستىگە ئالىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىپ، كارخانىلار ئاپەت زىيىنىدىن كېلىدىغان ھەر خىل قىيىنچىلىقلاردىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ھالدا خالاس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالدىن مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان كۈتۈلمىگەن زىيان يىل بويىچە مۇقىم چىقىم قىلىنىدىغان ئاز سوممىلىق سۇغۇرتا ھەققىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، كارخانىلار ئىقتىسادىي ھېساباتىنى كۈچەيتىش ۋە مەھسۇلات قىممىتىنى ئوبيېكتىپ ئەكس ئەتتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچىدە كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇردى.

كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك قىممىتى ۋە مال ـ مۈلۈكنىڭ خەتەرلىك دەرىجىسىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان سۇغۇرتا ھەق نىسبىتى بويىچە مەلۇم سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرىدىغان سۇغۇرتىنىڭ كۈچكە ئىگە بولۇش ۋاقتى بىر يىل بولغان بۇ مەزگىلدە ئوت ئاپىتى، پارتلاش، چاقماق چېقىش، بوران ـ چاپقۇن، قارا يامغۇر، كەلكۈن ۋە يەر تەۋرەش قاتارلىق سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى دائىرىسىدىكى تەبىئىي ئاپەتلەر ياكى كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر تۈپەيلىدىن سۇغۇرتىلانغان مال ـ مۈلۈك زىيانغا ئۇچرىسا ۋە مۇۋاپىق قۇتقۇزۇش خىراجىتى چىقىم قىلىنسا، سۇغۇرتا شىركىتى مال ـ مۈلۈكنىڭ زىيانغا ئۇچراش دەرىجىسىگە ئاساسەن ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىلىدىغان سۇغۇرتا كەسپى. كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ مال ـ مۈلكىنى سۇغۇرتىلاتسا بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، كان ئاستىدىكى مال ـ مۈلۈكنىمۇ ئالاھىدە كېلىشىپ سۇغۇرتىلاشقا بولىدۇ.

كارخانا مال ـ مۈلكىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتى ساناەت سۇغۇرتىسى؛ ئامبار زاپىسى سۇغۇرتىسى ۋە ئادەتتىكى سۇغۇرتىدىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ (تەپسىلاتىنى قوشۇمچە جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭ).

1980 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ بويىچە سىناق نۇقتىسى قىلىنغان شىركەتلەردىن جەمئىي 114 كارخانا ئورۇن سۇغۇرتىلاندى. سۇغۇرتىلانغان مال ـ مۈلۈك سوممىسى 450 مىليون يۈەنگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 930 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق سۇغۇرتا ھەققى كىرىم پىلانى %86 ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. 1981 ـ يىلى 364 كارخانا كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. ئۇلارنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى 1 مىليارد 35 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 816 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1982 ـ يىلى ھەر دەرىجىلىك سۇغۇرتا شىركەتلىرى 714 كارخانىنىڭ مال ـ مۈلكىنى سۇغۇرتىلىدى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 2 مىليون 579 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كارخانىلارنىڭ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 65 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلان %90.94 ئورۇندالدى. 1984 ـ يىلى كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى بويىچە مەركەزگە قاراشلىق 85 كارخانا، يەرلىكنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى 1127 كارخانا، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى 153 كارخانا سۇغۇرتا سوممىسى 2 مىليارد 768 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 4 مىليون 787 مىڭ يۈەنگە يېتىپ يىللىق پىلان %153

ئورۇندالدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە 3237 كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. سۇغۇرتا سوممىسى 6 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 7 مىليون 287 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلان 120.75% ئورۇندالدى. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى جەمئىي 76 مىليون 290 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 83.15% ئېشىپ باردى.

**كارخانا مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ ھەق نىسبىتى جەدۋىلى**

جەدۋەل: 9 ـ 6

| تۈرى | رېتى | ئىگىلەپ ئىشلىتىش خاراكتېرى | ھەق نىسبىتى ‰ |
|---|---|---|---|
| (1) سانائەت سۇغۇرتىسى | 1 | 1 - دەرىجىلىك سانائەت | 1.00 |
| | 2 | 2 - دەرىجىلىك سانائەت | 1.50 |
| | 3 | 3 - دەرىجىلىك سانائەت | 2.00 |
| | 4 | 4 - دەرىجىلىك سانائەت | 3.50 |
| | 5 | 5 - دەرىجىلىك سانائەت | 5.00 |
| | 6 | 6 - دەرىجىلىك سانائەت | 7.00 |
| (2) ئامبار زاپىسى سۇغۇرتىسى | 7 | ئادەتتىكى ئەرزىنى ساقلىسا (خەتەرلىك ۋە پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك بۇيۇم بولمىسا) | 1.00 |
| | 8 | خەتەرلىك بۇيۇم ساقلىسا(پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك بۇيۇم بولمىسا) | 2.00 |
| | 9 | پەۋقۇلئاددە خەتەرلىك بۇيۇم ساقلىسا | 4.00 |
| | 10 | مېتال ماتېرىيال مەخسۇس زاپىسى | 0.50 |
| | 11 | نېفىت مەخسۇس زاپىسى | 3.00 |

| | | | |
|---|---|---|---|
| (3) ئادەتتىكى سۇغۇرتا | 12 | باغچا، هايۋانات باغچىسى، ئىشخانا، مەكتەپ، دوختۇرخانا، يەسلى، كۆتۈپخانا، مۇزېي. | 1.00 |
| | 13 | ئادەتتىكى ماگىزىن، يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى، كۆكتات بازىرى، تەمىنات - سودا ماگىزىنى، ساراي، مۇنچا، مەدەنىيەت كۆڭۈل ئېچىش مەيدانى، كۆرگەزمىخانا، تەرنتەربىيە زالى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، رادىئو ئىستانسىسى، ئايرودروم، ۋوگزال، پىرىستان، ئاپتوموبىل بېكىتى، دېھقانچىلىق مەيدانى، چارۋىچىلىق فېرمىسى، ئورمانچىلىق مەيدانى، ياتاق. | 2.00 |
| | 14 | نېفىت ماگىزىنى، خىمىيە سانائىتى خام ئەشيا ماگىزىنى، سىر ماگىزىنى، بوياق ماگىزىنى، خىمىيە تەجرىبىخانا دورىلىرى ماگىزىنى، گاز كەپشەر دۇكىنى، بالون ياماش دۇكىنى، رېزىنكە ئاياق ياماش دۇكىنى، تور پاختا دۇكىنى، ئەسكى - تۈسكى سېتىۋېلىش دۇكىنى، ئاپتوموبىلغا ماي قاچىلاش بېكىتى، سۇيۇقلاندۇرۇلغان گاز بىلەن تەمىنلەش پونكىتى، لابوراتورىيە. | 3.00 |
| | 15 | بىناكارلىق قۇرۇلۇشى:<br>1) بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئورنىدىكى قۇرۇلىۋاتقان ئىمارەت، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئۈسكۈنىلەر.<br>2) بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئورنىدىكى قۇرۇلۇش قىلغۇچى ئورۇننىڭ مال - مۈلكى ۋە زاپاس ماتېرىيال، ئۈسكۈنىلىرى. | 2.00 |
| | 16 | توك بىلەن تەمىنلەش يۇقىرى بېسىملىق سىم يولى توك يەتكۈزۈش ئۈسكۈنىسى ۋە تېلېگرامما ئالاقە لىنىيىسى. | 1.00 |

**1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە كارخانا مال ـ مۈلكىنى سۇغۇرتىلاش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 9 ــ 7   بىرلىكى: 1000 يۈەن، %

| تۈرلەر / يىللار | سۇغۇرتىلانغان مۇئەسسەسەلەر: جەمئىي | سۇغۇرتىلانغان مۇئەسسەسەلەر: % − + | سۇغۇرتا سوممىسى: جەمئىي | سۇغۇرتا سوممىسى: % − + | سۇغۇرتا سوممىسى: سۇغۇرتا سالمىقى | سۇغۇرتا ھەققى: جەمئىي | سۇغۇرتا ھەققى: ‰ − + | ئوتتۇرىچە ھەق نىسبىتى ‰ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 114 | | 449893 | | 3.38 | 934 | | 2.0760 |
| 1981 | 357 | 213.16 | 1035051 | 130.07 | 7.11 | 1816 | 94.43 | 1.7545 |
| 1982 | 714 | 100.00 | 1429248 | 38.08 | 10.95 | 2579 | 4301 | 1.8170 |
| 1983 | 1037 | 45.24 | 1845582 | 29.13 | 14.15 | 3065 | 18.02 | 1.6607 |
| 1984 | 1649 | 59.02 | 2768486 | 50.10 | 20.14 | 4787 | 56.18 | 1.7291 |
| 1985 | 3182 | 92.97 | 3735902 | 34.94 | 21.87 | 7287 | 52.22 | 1.9505 |

**2) ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ۋە ۋېلسىپىت سۇغۇرتىسى كەسپى**

ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى شەھەر يېزا ئاھالىلىرىنى مۇلازىمەت ئوبيېكتى قىلغان، ئۇ ئۆي، ئۆي سايمانلىرى، ئېلېكتىر سايمانلىرى، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇملىرى قاتارلىق ئائىلە ۋە شەخسىي تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى سۇغۇرتىلايدۇ. يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ بۇيۇملىرى، جۇملىدىن، ئەسۋابلار، قول ـ ھۈنەر سايمانلىرى، خام ئەشيا، تاۋار قاتارلىق مال ـ مۈلۈكلەرمۇ سۇغۇرتىلىنىدۇ. سۇغۇرتا مۇددىتى بىر

يىل بولىدۇ. سۇغۇرتا ھەققى سۇغۇرتىلانغان مال ـ مۈلۈك قىممىتى بويىچە ھەر مىڭ يۈەن ئۈچۈن ئىككى يۈەن ئېلىنىدۇ. مۇبادا ئوغرىلىنىش جاۋابكارلىقى قوشۇمچە قىلىنسا، يەنە 1.5 يۈەن قوشۇپ ئېلىنىدۇ. بەلگىلىمىدە كۆرسىتىلگەن ئاپەت، ھادىسە، ياكى ئوغرىلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان زىيان ئۈچۈن ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىلىدۇ. 1980 ـ يىلى ئاۋۋال ئۈرۈمچىدە ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى يولغا قويۇلۇپ، شۇ يىلى ئون مۇئامىلىدار سۇغۇرتىغا قاتناشتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 30 يۈەن بولدى. 1982 ـ يىلى شىنجاڭ بويىچە جايلاردىكى سۇغۇرتا شىركەتلىرى جەمئىي 45 ئائىلىنىڭ ئائىلە مال ـ مۈلكىنى سۇغۇرتىلىدى. سۇغۇرتا سوممىسى 100 مىڭ يۈەن، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 400 يۈەن بولدى. 1983 ـ يىلى 286 مۇئامىلىدار سۇغۇرتىلاندى. سۇغۇرتا سوممىسى 421 مىڭ 400 يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1475.46 يۈەنگە يەتتى، 1984 ـ يىلى ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 28 مىڭ 746.42 يۈەنگە يەتتى. 1985 ـ يىلى ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 347 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1981 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى بىرلىكتە «زاۋۇت، كان، كارخانىلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ۋە ۋېلسىپىت سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ئۈرۈمچى، قاراماي، شىخەنزە، قۇمۇل، بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە ۋېلسىپىت ئوغرىلىنىش ساقلىنىش سۇغۇرتىسى كەسپىنى يولغا قويدى.

**3) ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى ۋە 3 ـ تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسى**

قاتناش باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسنىڭ مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، 1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى ۋە 3 ـ تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى.

(1) ئاپتوموبىل زىيان سۇغۇرتىسى

ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان ئاپتوموبىللار سوقۇلۇپ كەتسە، ئۆرۈلۈپ كەتسە، كۆيۈپ كەتسە، پارتلاپ كەتسە، چاقماق زەربىسىگە ئۇچرىسا، بوران ـ چاپقۇن، قويۇن، كەلكۈن، دېڭىز چاپقۇنى، يەر تەۋرەش، يەر چۆكۈش، مۇز يۇلۇش، قىيا گۈمۈرۈلۈش، قار گۈمۈرۈلۈش، قۇم بوران، مۆلدۈر ئاپىتى، لاتقا ئېقىنى ۋە تونىل، گۈمۈرۈلۈش، ئۈستىگە بوشلۇقتىكى جىسىملار چۈشۈپ كېتىش ھادىسىلىرىگە ئۇچرىسا، ئاپتوموبىل ئوغرىلىنىپ ئۈچ ئايدىن ئاشقا بولسا، سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىللارنى دەريادىن ئۆتكۈزۈۋاتقان كېمىلەر كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچرىسا (شوپۇر خەۋەر ئالىدىغانلىرى بىلەنلا چەكلىنىدۇ) ھەمدە ئاپتوموبىللار يۇقىرىقى ئېيتىلغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغاندا، قوغداش تەدبىرى قوللىنىشقا چىقىم قىلىنغان مۇۋاپىق خىراجەتلەرنىڭ ھەممىسىنى سۇغۇرتا شىركىتى مەسئۇل بولۇپ تۆلەپ بېرىدۇ. سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىللار تۆۋەندىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىسا، خىراجەت چىقىم قىلىنسا، سۇغۇرتا شىركىتى ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئۇرۇش، ھەربىي ھەرىكەت سەۋەبىدىن بولغان زىيان، ھۆكۈمەت ئېلىپ ئىشلىتىش، تەبىئىي ئۇپراش، چىرىپ كېتىش، بالونى ئۆزلۈكىدىن يېرىلىپ كېتىش، سۇغۇرتىلانغۇچى كىشى ياكى شوپۇرنىڭ قەستەن قىلمىشى ياكى قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى تۈپەيلىدىن بولغان زىيان؛ مۇسابىقە، سىناقلار شۇنىڭدەك رەسمىي

پىراۋىسى يوق تۇرۇقلۇق ياكى ھاراق، دورا ئىچىپ مەست بولۇپ ئاپتوموبىل ھەيدەش سەۋەبىدىن زىيان بولسا، سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىل زىيانغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، رېمونت قىلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، رېمونت قىلدۇرماي داۋاملىق ئىشلىتىش تۈپەيلىدىن زىيان چوڭىيىپ كەتسە، سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىل ئاپەت، ھادىسىگە ئۇچراپ مېڭىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، توختاپ قېلىپ، كېلىپ چىققان ۋاستىلىك زىيان ھەمدە سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان باشقا زىيان ۋە خىراجەت چىقىملىرى.

سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىل كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ، ئاپتوموبىلدىكى شوپۇر، خىزمەتچى، ئائىلە ئەزالىرى، يولۇچى، ئاپتوموبىلغا چىقىۋالغۇچىلار ئۆلۈپ ـ يارىلانسا، ھەمدە ئاپتوموبىلدىكى يۈك، جۈملىدىن يۇقىرىقى خادىملارنىڭ ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلار ھاۋالە قىلغان مال ـ مۈلۈكلىرى، توشۇشتا ھاۋالە قىلىنغان ياكى ئۆزى ئېلىپ يۈرىدىغان نەرسىلىرى نابۇت بولسا ياكى 3 ـ تەرەپنىڭ توكى، ئىشلەپچىقىرىشى، تىجارىتى توختاپ قېلىش سەۋەبىدىن بولغان ۋاستىلىك زىيانلارغا قانۇندا سۇغۇرتىلانغۇچى ئىقتىسادىي تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن بولۇش ـ بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، سۇغۇرتا شىركىتى مەسئۇل بولمايدۇ.

سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىل سۇغۇرتا مۇددىتى ئىچىدە بىر يىل بىخەتەر يۈرۈپ تۆلەم ئالمىسا، داۋاملىق سۇغۇرتىلانغاندا تۆلەم ئالمىغانلىقى ئۈچۈن ئالدىنقى يىللىق سۇغۇرتا ھەققىنىڭ ئون پىرسەنتى بويىچە بىخەتەرلىك مۇكاپاتىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. داۋاملىق سۇغۇرتىلانمىسا مۇكاپات بېرىلمەيدۇ. ئەگەر سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتىلانغان بىردىن ئارتۇق بولسا، تۆلەم ئالمىغانلىق بىخەتەرلىك مۇكاپاتى ئاپتوموبىل بويىچە ئايرىم ھېسابلىنىدۇ. ئەمما داۋاملىق سۇغۇرتىلانغاندا تۆلەم پۇلى ھەممە سۇغۇرتا ھەققىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتسە، قايتا بىخەتەرلىك مۇكاپاتى بېرىلمەيدۇ.

ئاپتوموبىل زىيان سۇغۇرتىسىدا ئاپتوموبىللارنىڭ ئەمەلىي زىيىنىغا ياكى ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان خىراجەتكە ئاساسەن، تۆلەم بېرىلىدۇ، ئەمما بۇ سۇغۇرتا سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ئەگەر بىر قېتىملىق تۆلەم پۇلى سۇغۇرتا ئومۇمىي سوممىسىغا تەڭ كېلىپ قالسا، سۇغۇرتا تالونى كۈچتىن قالىدۇ.

(2) 3 ـ تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسى

سۇغۇرتىلانغۇچى ياكى ئۇ رۇخسەت قىلغان شوپۇر سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ كۆتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بېرىپ، 3 ـ تەرەپ تالاپەتكە ئۇچرىسا ياكى مال ـ مۈلكى نابۇت بولسا، قانۇن بويىچە سۇغۇرتىلانغۇچى ئۈستىگە ئالىدىغان ئىقتىسادىي تۆلەم جاۋابكارلىقىنى سۇغۇرتا شىركىتى ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسىغا ئائىت ماددىلاردىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە، ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. تۆلەم سوممىسى بېكىتىلگەندىن كېيىن بىر قېتىمدىلا تۆلەپ بېرىپ دېلو ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. تۆلەم بېرىلگەندىن كېيىن، سۇغۇرتا تالونى تاكى سۇغۇرتا مۇددىتى توشقىچە داۋاملىق كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

1981 ـ يىلى ئۆرۈمچى، قاراماي شەھەرلىك سۇغۇرتا شىركەتلىرى بىر يىللىق ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى ۋە 3 ـ تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسىنى (بۇ سۇغۇرتا ئىلگىرى ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسى ۋە جامائەت جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسى دېيىلگەنىدى) يولغا قويدى. بۇ ئىككى خىل سۇغۇرتىغا بىراقلا قاتناشسىمۇ، بىرىنى تاللاپ قاتناشسىمۇ يول قويۇلدى. يالغۇز 3 ـ تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشسا، 3 ـ تەرەپنىڭ جاۋابكارلىق ھەق نىسبىتى ئاساسىدا يەنە 20% سۇغۇرتا ھەققى قوشۇپ ئېلىنىدى. سۇغۇرتىلانغۇچى ئورۇن ئەگەر ھەممە ئاپتوموبىلنى سۇغۇرتىلاتسا بەلگىلىمە بويىچە مەلۇم ئېتىبار بېرىلدى.

| سۇغۇرتىلانغان ئاپتوموبىل سانى | ئېتىبار بېرىلىدىغان پىرسەنت |
|---|---|
| 100 — 20 | 5% |
| 150 — 101 | 10% |
| 200 — 151 | 15% |
| 201 دىن يۇقىرى | 20% |

1981 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 364 ئورۇن، 1365 ئاپتوموبىل دۆلەت ئىچىدىكى ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسىغا ۋە 3 - تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان. سۇغۇرتا سوممىسى 28 مىليون 301 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 444 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1982 - يىلى بۇ سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئاپتوموبىل 4292گە، سۇغۇرتا سوممىسى 91 مىليون 86 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 230 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1981 - يىلدىكىدىن %177.03 ئاشتى.

1983 - يىلى ھەر خىل ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى 13 مىڭ 918گە، سۇغۇرتا سوممىسى 278 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 3 مىليون 986 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن %224.07 ئاشتى.

1984 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى سۇغۇرتىلىغان ھەر خىل ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى 41 مىڭ 708گە، سۇغۇرتا سوممىسى 768 مىليون 904 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 9 مىليون 658 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1983 - يىلدىكىدىن %142.3 ئاشتى.

1985 - يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش نازارىتى، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، سۇغۇرتا شىركىتى بىرلىكتە «ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلار سۇغۇرتىسى ۋە 3 - تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا - كەسپىي ئورۇنلار (مەركەز، سىرت ئۆلكىلەرنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قاتارلىق ئاپتوموبىلى بار ئورۇنلاردىن ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى 3 - تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسىغا چوقۇم قاتنىشىشىنى، ئۇنداق بولمىسا، قاتناشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى ئاپتوموبىلغا نومۇر تاختىسى بەرمەسلىكنى، يىللىق تەكشۈرۈش رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بەرمەسلىكنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇرۇندىن تارتىپلا جەمئىيەتتىكىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشىپ كەلگەن ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى كەسپى تېز راۋاجلاندى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە سۇغۇرتىلانغان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىسى 143 مىڭ 860 قا يېتىپ، ئاپتونوم رايوندىكى خەلق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 72 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. سۇغۇرتا سوممىسى 2 مىليارد 532 مىليون 210 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 31 مىليون 409 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1994 - يىلدىكىدىن %225.18 ئاشتى. بۇ كەسپنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇشى قاتناش ھادىسىلىرىدىن كېيىنكى ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ناھايىتى پايدىلىق بولدى. ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى ھادىسىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، قاتناشنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ كېسىم قىلىشىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا، سۇغۇرتا شىركىتى ھادىسە تۇغدۇرغان ئورۇنغا ۋاكالىتەن قارشى تەرەپكە ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ھادىسە تۇغدۇرغۇچى ئورۇن ياكى شەخس ئىقتىسادىي تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالالماسلىقى تۈپەيلىدىن، زىيانغا ئۇچرىغۇچى تېگىشلىك ئىقتىسادىي تولۇقلىمىغا ئىگە بولالمايدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئالدى ئېلىندى.

## ماتورلۇق قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسىنىڭ 1983 ـ يىل 11 ـ ئايدىكى تۈزىتىلگەن ھەق جەدۋىلى

جەدۋەل: 9 — 8

| رەت نومۇرى | سۇغۇرتا تۈرى / سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتى / ماشىنا تۈرى | ئاپتوموبىل زىيان سۇغۇرتىسى | | | | 3 ـ تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئاساسلىق سۇغۇرتا ھەققى (ئۆزى ئىشلىتىدۇ) يۈەن | ھەق نىسبىتى % | ئاساسلىق سۇغۇرتا ھەققى (تىجارەت قىلىدۇ) يۈەن | ھەق نىسبىتى % | مۇقىم سۇغۇرتا ھەققى (ئۆزى ئىشلىتىدۇ) يۈەن | مۇقىم سۇغۇرتا ھەققى (تىجارەت قىلىدۇ) (يۈەن) |
| 1 | 20 ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورۇندۇقلۇق ئاپتوبۇس | 25 | 0.4 | 35 | 0.5 | 100 | 150 |
| 2 | 20 دىن يۇقىرى ئورۇندۇقلۇق ئاپتوبۇس | 35 | 0.4 | 50 | 0.5 | 125 | 180 |
| 3 | چاتما ئاپتوبۇس | 45 | 0.4 | 60 | 0.5 | 150 | 200 |
| 4 | ئىككى توننا ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن يۈك ئاپتوموبىلى | 40 | 0.4 | 60 | 0.5 | 100 | 150 |
| 5 | ئىككى توننىدىن يۇقىرى يۈك ئاپتوموبىلى | 55 | 0.4 | 80 | 0.5 | 140 | 200 |
| 6 | ئىككى توننىدىن يۇقىرى چاتما پرىتسىپلىق ئاپتوموبىل | 65 | 0.4 | 90 | 0.5 | 180 | 250 |
| 7 | توپ قاچىلاش كوزۇپى بار ۋە تۇز پرىتسىپلىق ئاپتوموبىل | 75 | 0.4 | 100 | 0.5 | 200 | 300 |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 8 | | چاتما پرىتسىپ | 10 | 0.4 | 10 | 0.5 | 40 | 50 |
| 9 | | ئىككى چاقلىق موتسىكلىت | 20 | 0.4 | 30 | 0.5 | 35 | 50 |
| 10 | | ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت | 30 | 0.4 | 40 | 0.5 | 40 | 60 |
| 11 | | يېنىك موتسىكلىت | 10 | 0.4 | 20 | 0.5 | 24 | 36 |
| 12 | ئالاھىدە ئاپتوموبىللار | ماي باكى، كران | 60 | 0.5 | 60 | 0.5 | | 200 |
| 13 | | قۇرۇلۇش، پوچتا، تېلېگراف | 30 | 0.4 | 30 | 0.5 | | 150 |
| 14 | | زەنجىر تاپان توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى | 30 | 0.4 | 30 | 0.5 | | 100 |
| 15 | | ئوت ئۆچۈرۈش، ساقچى، جىددىي قۇتقۇزۇش ئاپتوموبىللىرى | 30 | 0.2 | 30 | 0.2 | | 100 |
| 16 | | چوڭ، ئوتتۇرا تراكتورلار | 30 | 0.4 | 40 | 0.5 | 80 | 120 |
| 17 | | قول تراكتورى، تۆت چاقلىق تراكتور | 20 | 0.3 | 30 | 0.5 | 50 | 70 |

**1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ترانسپورت قوراللىرى ۋە جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 9 — 9 بىرلىكى: 1000 يۈەن، %

| تۈرلەر / يىللار | سۇغۇرتىلانغانلار سانى | | | سۇغۇرتا سوممىسى | | سۇغۇرتا ھەققى | | ئوتتۇرىچە ھەق نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | % − + | سۇغۇرتا سالمىقى | جەمئىي | % − + | جەمئىي | ‰ − + | ‰ |
| 1981 | 1365 | | | 28301 | | 444 | | 15.6885 |
| 1982 | 4292 | | | 91085 | 221.85 | 1230 | 177.03 | 13.5037 |
| 1983 | 13918 | | | 278450 | 205.70 | 3986 | 224.07 | 14.3150 |
| 1984 | 41708 | | | 768904 | 176.14 | 9658 | 142.30 | 12.5607 |
| 1985 | 143860 | | | 2532211 | 229.33 | 31409 | 225.18 | 12.4026 |

**4) دۆلەت ئىچىدىكى يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى**

1984 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى ئۈرۈمچى تۆمۈر يول ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى، تۆمۈر يول مىنىستىرلىكى ترانسپورت ئىدارىسىنىڭ «تۆمۈر يول يۈك ترانسپورت سۇغۇرتا كەسپىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى»نى ۋە «دۆلەت ئىچىدىكى يۈك ترانسپورت سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشى»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى كەسپىنى بېجىرىدىغانلىكى بېكەت ـ ۋوگزاللاردا سۇغۇرتا شىركىتى تۆمۈر يول ترانسپورت تارمىقى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش ھەمدە ھەر قايسى تۆمۈر يول ترانسپورت تارماقلىرى سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش تەلەپ قىلىنىدى. مەسلىھەتلىشىش ئارقىلىق، 1984 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئۈرۈمچى، ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزالى، پىچان، چىچان، قۇمۇل، ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى، تورپان قاتارلىق ۋوگزاللاردا ئوقتىدا سىناق قىلىنىدى. ئاندىن كېيىن ۋاكالىتەن بېجىرىش رايونى ۋە كەسىپ دائىرىسى تەدرىجىي كېڭەيتىلدى.

دۆلەت ئىچىدىكى يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسىدا سۇغۇرتىلانغان يۈك ترانسپورت جەريانىدا تەبىئىي ئاپەت ياكى كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ زىيان كېلىپ چىقسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدى. تۆمۈر يول ترانسپورت سۇغۇرتىسىنىڭ ھەق نىسبىتى ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىچى ـ سىرتى دەپ ئايرىلماي، بىردەك 0.4‰. ئاپتوموبىل ترانسپورت سۇغۇرتىسىنىڭ ھەق نىسبىتى 0.3‰ — 0.8‰ كىچە بولدى. يۈك توشۇپ بېرىلىدىغان مەنزىل جاي ئاپتونوم رايون ئىچىدە بولسىمۇ، ئەگەر يۆتكۈل ترانسپورت مۇساپىسى 1000 كىلومېتىردىن ئاشسا، شۇ ئۆلكىنىڭ ھەق نىسبىتىگە يەنە 50% قوشۇپ ئېلىنىدى. 1984 ـ يىلى دۆلەت ئىچىدىكى يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 16 مىڭ 300 يۈەنگە، 1985 ـ يىلى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 169 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

### دۆلەت ئىچى يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسىنىڭ ئاساسىي ھەق نىسبىتى
### (1979 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى)

جەدۋەل: 9 - 10 (سۇغۇرتا سوممىسى 1000 يۈەن بويىچە ھېسابلىنىدۇ)

| ترانسپورت شەكلى / ھەق نىسبىتى / رايونلار | بىۋاستە ترانسپورت: قۇرۇقلۇق ترانسپورتى: پويىز ۋە ئۆتەڭ ترانسپورتى | بىۋاستە ترانسپورت: قۇرۇقلۇق ترانسپورتى: ئاپتوموبىل | بىۋاستە ترانسپورت: سۇ ترانسپورتى: دەريا: پاراخوت، پارخوتقا چاتىدىغان تۆمۈر سال | بىۋاستە ترانسپورت: سۇ ترانسپورتى: دەريا: ياغاچ كېمە، سېمونت كېمە، ماتورلۇق يەلكەن، پاراخوتقا چاتىدىغان سال | بىۋاستە ترانسپورت: سۇ ترانسپورتى: دېڭىز بويى: پاراخوت | بىۋاستە ترانسپورت: سۇ ترانسپورتى: دېڭىز بويى: ياغاچ كېمە، سېمونت كېمە، ماتورلۇق يەلكەنلىك كېمە | ھاۋا ترانسپورتى | بىرلەشمە ترانسپورتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۇشۇ ئۆلكە | 0.40 | 0.30 | 0.30 | 0.50 | 0.50 | 1.50 | بىردەك 0.50 | ئاساسىي ھەق نىسبىتى بىرلەشمە ترانسپورتتىكى يۇقىرى ھەق بويىچە يەنە 0.2% قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ. |
| قوشنا ئۆلكە | 0.40 | 0.50 | 0.50 | 0.60 | 0.60 | 2.00 | | |
| باشقا ئۆلكە | 0.40 | 0.60 | 0.60 | 0.80 | 0.80 | 2.50 | | |
| يىراق ئۆلكە | 0.40 | 0.80 | 0.80 | 1.00 | 1.00 | 3.50 | | |

### 5) جىسمانىي سۇغۇرتا

(1) كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسى

1982 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتى كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى. بۇ سۇغۇرتىدا ئىدارە، ئورگانلار، تەشكىلاتلار ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىچىدىكى تېنى ساغلام نورمال ئىشلىيەلەيدىغانلار سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى. سۇغۇرتا مۇددىتى بىر يىل بولۇپ، سۇغۇرتا سوممىسى ئەڭ تۆۋەن بولغاندا 1000 يۈەن، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 5000 يۈەن بولدى.

سۇغۇرتىلانغۇچى ئۆزى شۇغۇللانغان خىزمەتنىڭ خەتەرلىك دەرىجىسىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇردى. سۇغۇرتا شىركىتى سۇغۇرتىلانغۇچى كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتسە ياكى زەخىملىنىپ تولۇق ياكى قىسمەن سۇغۇرتا پۇلى بەردى.

## كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسىنىڭ ھەق نىسبىتى جەدۋىلى

جەدۋەل: 9 — 11

| رەت نومۇرى | ئىش تۈرى | سۇغۇرتا ھەق نىسبىتى ‰ |
|---|---|---|
| (1) | ئورگان، ئاممىۋى تەشكىلات، كەسپىي ئورۇن (مەمۇرىي شتاتتىكى شوپۇر ۋە باشقا خادىملارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، ئادەتتىكى سودا - سانائەت كارخانىلىرىدىكى خادىملار | 2.00 |
| (2) | بىناكارلىق قۇرۇلۇش، مېتال تاۋلاش، قېدىرىپ تەكشۈرۈش، دېڭىز قاتنىشى، ياغاچ كېسىش، يۈك يۆتكەش، قاچىلاش - چۈشۈرۈش، يول ياساش، يەر ئۈستىدە كان قېزىش، ئاپتوموبىل شوپۇرى، ئېگىزلىكتە مەشغۇلات قىلىش قاتارلىق كەسىپ (ئىش تۈرى) خادىملىرى | 4.00 |
| (3) | قۇدۇق ئاستىدا كان قېزىش، دېڭىزدا بورغىلاش، سۇزۇش، بېلىق تۇتۇش، ھاۋادا ۋەزىپە ئىجرا قىلىش قاتارلىق كەسىپ (ئىش تۈرى) خادىملىرى | 7.00 |

كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسىدا زىيان - زەخمەت داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى قوشۇمچە قىلىشقا بولىدۇ. ھەق نىسبىتى ئۈچ دەرىجىگە يەنى 1‰، 2‰، 3‰ گە بۆلۈنىدۇ. قوشۇمچە كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدا سۇغۇرتا شىركىتى ھەر قېتىملىق كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەت ھادىسىسىدە داۋالىنىش ھەققىنىڭ بەش يۈزدىن ئاشقان قىسمىغا مەسئۇل بولىدۇ.

(2) ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتا

1983 - يىلىنىڭ دەسلىپىدە ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. سۇغۇرتىغا 1119 ئادەم قاتناشتى. سۇغۇرتىلانغۇچىلار سانى 1998 كىشىگە يەتتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 230 مىڭ يۈەن بولدى. 1984 - يىلى 39 مىڭ 370 ئادەم كوللېكتىپ جىسمانىي سۇغۇرتىغا ۋە ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىغا قاتناشتى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 308 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

(3) ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ ئامانلىق سۇغۇرتىسى

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئاقسۇ، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىدە ۋە ئىلى قازاق ئوبلاستىدا ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپ ئامانلىق سۇغۇرتىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپتە ئوقۇغان مەزگىلدە كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەتكە ئۇچراپ مەجرۇھلانسا، ئۆلۈپ كەتسە ياكى داۋالىنىشقا توغرا كەلسە، ئائىلە باشلىقلىرىغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن چۈشكەن ئېغىر يۈكنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بۇ خىل سۇغۇرتا يولغا قويۇلدى. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى يىلىغا بىر يۈەن سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرىدۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 1.5 يۈەن سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرىدۇ؛ سۇغۇرتىلانغان مەزگىلدە كۆتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بېرىپ زەخمىلىنىپ، مەجرۇھلانسا، ياكى ئۆلۈپ كەتسە، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1000 يۈەن ئىچىدىكى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى 1500

يۈەن ئىچىدىكى سۇغۇرتا پۇلىغا ئىگە بولدى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر خىل جەمئىي سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليون 97 مىڭ 700 يۈەنگە يېتىپ، 117 مىڭ 100 يۈەن جەمئىي سۇغۇرتا پۇلى بېرىلدى.

### شىنجاڭنىڭ 1983 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە دۆلەت ئىچىدىكى جەمئىي سۇغۇرتا كەسپى كىرىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 12 بىرلىكى: 1000 يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | كەسپىي كىرىم | | ئاددىي جەمئىي سۇغۇرتا ئامانەت پۇلى | ياشانغانلارنىڭ يىللىق كۆتۈنۈش سوممىسى | كوللېكتىپ جەمئىي سۇغۇرتا ھەققى |
|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | % — + | | | |
| 1983 | 23 | | 12 | | 11 |
| 1984 | 310 | 1247.8 | 51 | 74 | 185 |
| 1985 | 1084 | 249.68 | 150 | 15 | 919 |

## § 2. يېزا سۇغۇرتىسى

### 1. 1951 - يىلدىن 1953 - يىلغىچە سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان يېزا سۇغۇرتىسى

1951 - يىل 5 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا ئۈلكىلىك سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى تۆت كادىرنى گۇچۇڭ ناھىيىسىگە چارۋا سۇغۇرتىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يول قويۇشقا ئەۋەتتى. ئۇلار 9 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىغىچە 3000 دىن ئارتۇق چارۋىنى سۇغۇرتىلىدى. 1952 - يىل 3 - ئايدىكى مەملىكەتلىك تۆنجى قېتىملىق يېزا سۇغۇرتىسى يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، يىغىن روھىغا ئاساسەن، ئۈلكىلىك سۇغۇرتا شىركىتى ماناس، جىمسار، فۇكاڭ، ئۈرۈمچى، مىچۈەن، قۇتۇبى، قورغاس، ساۋەن، شىخو، دۆربىلجىن قاتارلىق ناھىيىلەرگە ھەمدە تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى، تارباغاتاي، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، قاراشەھەر، كورلا قاتارلىق ۋىلايەتلەرگە كادىر ئەۋەتىپ چارۋا سۇغۇرتىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى.

چارۋا سۇغۇرتىسىدا تېرىقچىلىققا، يۈك توشۇشقا ۋە تۆگمەن جۇۋازغا ئىشلىتىدىغان كالا، ئات، خېچىر، ئېشەك، تۆگە ۋە سېغىن كالىلار سۇغۇرتىلاندى. بىر ياشقا توشمىغان ياكى 12 ياشتىن ئېشىپ كەتكەن كالا؛ بىر ياشقا توشمىغان ياكى 14 ياشتىن ئېشىپ كەتكەن ئات؛ بىر ياشقا توشمىغان ياكى 16 ياشتىن ئېشىپ كەتكەن خېچىر، ئېشەك؛ بىر ياشقا توشمىغان ياكى 15 ياشتىن ئېشىپ كەتكەن تۆگە ۋاقتىنچە سۇغۇرتىلاندى. سۇغۇرتا مۇددىتى بىر يىل بولدى. مۇددىتى توشقاندا داۋاملىق سۇغۇرتىلاتماقچى بولسا، ئايرىم رەسمىيەت بېجىرىلدى. سۇغۇرتا ھەققى شۇ يەردىكى ئاساسلىق دېھقانچىلىق مەھسۇلاتى ئۆلچەم قىلىپ ھېسابلاندى. ئەمما خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھەق ئېلىندى. سۇغۇرتا سوممىسى چارۋىنىڭ نەسلى، يېشى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، شۇ يەردىكى بازار باھاسىدىن پايدىلىنىپ، ئەمەلىي قىممىتى ھېسابلىنىپ تولۇق سۇغۇرتىلاندى. ئەگەر قەستەن

يۇقىرى ياكى تۆۋەن باھالاپ قويۇلغان ئەھۋاللار بولسا، شۇ ھامان تۈزىتىلدى. تۈزەلمىسە سۇغۇرتىدىن چېكىندۈرۈلدى.

سۇغۇرتا ۋابا ياكى كېسەلگە گىرىپتار بولۇش، كۆتۈلمىگەن زىيان - زەخمەتكە ئۇچراش، بالا تاشلىۋېتىش، ئاغىتا قىلىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش ۋە ئوت ئاپىتى، چاقماق سوقۇۋېتىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىلىرىگە جاۋابكار بولدى. ھۆكۈمەت ئىشقا ئېلىپ ئىشلىتىش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتسە، ئوغرىلىنىپ ياكى ئېزىپ قېلىپ يوقاپ كەتسە، كەلكۈندە ئۆلۈپ كەتسە ياكى يوقاپ كەتسە؛ سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ قەستەن قىلمىشى تۈپەيلىدىن چارۋا زەخىملىنىپ ئۆلۈپ كەتسە ياكى باشقا ئالدامچىلىق قىلمىشى بىلەن تۆلەم پۇلى ئېلىۋېلىش غەرىزىدە بولغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۇغۇرتا ئۈستىگە ئالمىدى. سۇغۇرتا ھەق نىسبىتى: كالا، ئات قا يىللىق سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ تۆت پىرسەنتى، خېچىر، ئېشەككە ئۈچ پىرسەنتى، تۆگىگە ئىككى پىرسەنتى بويىچە بولدى. ئەمما مەخسۇس يول توشۇشقا ئىشلىتىدىغان ئۇلاغلارنىڭ سۇغۇرتا نىسبىتىگە %50 ھەق قوشۇلدى. 1951 - يىلى سۇغۇرتىلانغان چارۋا 23 مىڭ تۇياقتىن ئاشتى، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 1 مىليارد 632 مىليون 610 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) گە، چىقىم قىلىنغان تۆلەم پۇلى 65 مىليون 980 مىڭ يۈەنگە يەتتى. 1952 - يىلى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 5 مىليارد 972 مىليون 850 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم پۇلى چىقىمى 127 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يەتتى؛ 1953 - يىلى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 296 مىليون 660 مىڭ يۈەنگە، تۆلەم پۇلى چىقىمى 2 مىليارد 253 مىليون 830 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

1953 - يىل 3 - ئايدىكى مەملىكەتلىك 3 - قېتىملىق سۇغۇرتا خىزمىتى يىغىنى يېزا سۇغۇرتىسىنى تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا باش شىركەت بىر قىسىم ئۆلكىلىك شۆبە شىركەت دىرېكتورلىرى يىغىنى ئېچىپ، مەركەزنىڭ يېزىلاردا «بەش كۆپ بولۇش» (خىزمەت ۋەزىپىسى كۆپ، ھۆججەت، يوليورۇق كۆپ، يىغىن ئېچىپ تەنبىھلەش كۆپ، تەشكىلىي ئاپپارات كۆپ، قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى كادىر كۆپ بولۇش) نى تۈزىتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنى يەتكۈزۈپ، يېزا سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇشنى توختىتىشنى قارار قىلدى. ئۆلكىلىك سۇغۇرتا شىركىتى بىلەن ئۆلكىلىك مالىيە نازارىتى بىرلىكتە ھۆججەت چىقىرىپ، يېزا سۇغۇرتا كەسپىنى توختىتىشنى قارار قىلدى. ئىلگىرى سۇغۇرتىلانغانلار سۇغۇرتىدىن چېكىنىشكە سەپەرۋەر قىلىندى. تۆلەم ئەندىزىسى يۈز بەرگەن بولسا، ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، تۆلەم بېرىلدى، ھەمدە كۆزلۈك يىغىندىن ئىلگىرى مەركىزىي خىزمەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تەشۋىق، سەپەرۋەر قىلىندى، نۇقتىدا سىناق قىلىندى، كۆزلۈك يىغىندىن كېيىن سۇغۇرتىدىن چېكىندۈرۈش تۆلەم بېرىش ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلۇپ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلاشتۇرۇلدى. كەم ھەققىنى تاپشۇرمىغانلاردىن قايتا ھەق ئېلىنمىدى، سۇغۇرتىدىن چېكىنگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىپ، سۇغۇرتا گۇۋاھنامىسى قايتۇرۇپ ئېلىندى. ئەمما سىناق نۇقتىلىرىدىكى سۇغۇرتا كادىرلىرى ئارىسىدا ئىشنى بولدى قىلىشقا ئالدىراش، خىزمەتتىن يۈتكىلىشنى كۆتۈشتەك خىياللار بولغاچقا، چۈشەندۈرۈش خىزمىتىنى ئىنچىكە ئىشلىمەي، سۇغۇرتىدىن چېكىنىش توغرىلىق مەجبۇرىي بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئەھۋاللىرى سادىر بولۇپ، بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويدى. گومىيىي گەۋدە جەھەتتىن ئېيتقاندا، يېزىلاردىكى سۇغۇرتا كەسپىنى توختىتىش خىزمىتى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ئىشلەندى. 1953 - يىل 8 - ئايدا سۇغۇرتىدىن چېكىندۈرۈش خىزمىتى ئۆلكە بويىچە قانات يايدۇرۇلۇپ، 11 - ئاينىڭ ئاخىرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتۇرۇلدى.

## 2. 1956 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە بولغان يېزا سۇغۇرتا كەسپى

1956 - يىلى مەملىكەتلىك 5 - قېتىملىق سۇغۇرتا يىغىنىدا خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزىلارغا

قارىتىش، يېزا سۇغۇرتا كەسپىنى پىلانلىق، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا پائال قانات يايدۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى مەملىكەتلىك 5 - قېتىملىق سۇغۇرتا يىغىنىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يېزا سۇغۇرتىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. ئەڭ ئاۋۋال چارۋا سۇغۇرتىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق دېھقانچىلىق نازارىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، نۇقتىلىق ھالدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مارالبېشى، كۇچا، كورلا، ماناس، شىخو، تۇرپان ناھىيىلىرىدە چارۋا سۇغۇرتىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش بېكىتىلدى. ئەينى چاغدا بۇ ئالتە ناھىيىدە ئات قوشۇلىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇۋاتقان بولغاچقا، ئات ئۇلاغ بىر قەدەر كۆپ، دېھقانلارنىڭ چارۋا سۇغۇرتىسىغا بولغان تەلىپى خېلى كۈچلۈك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېزا ئىگىلىك خىزمەتچىلىرىمۇ بۇ ناھىيىلەردە چارۋا سۇغۇرتىسى خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشقا ماسلىشالايتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى بۇ خىزمەتنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن، ئەتىيازلىق تېرىلغۇدىن بۇرۇن ئىككى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، گۇچۇڭ، ئۈرۈمچى ناھىيىلىرىدە نۇقتىدا سىناق قىلدى. سىناق قىلىشتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، سىياسەتلەر تەشۋىق قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپى باشقۇرۇش كومىتېتلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللار قوللىنىلىپ، ئەزالار ياكى ۋەكىللەرگە سۇغۇرتىنىڭ ئەھمىيىتى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈلدى. كۆپچىلىك ئەزالار تونۇش جەھەتتە مەلۇم ئاساسقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، سۇغۇرتا رەسمىيىتى بېجىرىلدى. ئەمما بۇ كەسىپنى دائىرىگە كېڭەيتكەندە ئىختىيارىيلىق پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش جەھەتتە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش كەم بولدى ھەم يېزا ئىگىلىك كوپېراتىپلىرىنى سۇغۇرتىغا قاتنىشىشقا مەجبۇرلاش ھادىسىلىرى كۆرۈلدى. بۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1956 - يىل 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى دىرېكتورلار يىغىنى ئېچىپ سۇغۇرتىلاشنى خالىغانلارنى سۇغۇرتىلاش، سۇغۇرتىلاشنى خالىمىغانلارنى سۇغۇرتىلىماسلىق روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلدى، «ئۈچ رازى بولۇش» (پارتىيە - ھۆكۈمەت، كوپېراتىپ كادىرلىرى، كوپېراتىپ ئەزالىرى رازى بولۇش) ۋە «ئۈچ ئۆلچەم» (ئامما رازى بولۇش، بەلگىلىمە بويىچە سۇغۇرتىلاش ۋە تۆلەم بېرىش، رەسمىيەتلەر ئېنىق بولۇش، يامان تەسىر پەيدا قىلماسلىق؛ بېجىرىش جەريانىدا ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك، قوشۇمچە تەسىر پەيدا قىلماسلىق) تەلىپىدە چىڭ تۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سۇغۇرتا سوممىسى بېكىتىشتە، جايلاردا ئاۋۋال باھالاش تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇپ چارۋىلار بىرمۇ - بىر باھالاپ چىقىلدى. بۇنىڭدا باھا بىر قەدەر مۇۋاپىق بولسىمۇ ئەمما ئۈنۈمى تۆۋەن بولغاچقا، جايلاردا تۇشمۇ - تۇشتىن ئۇنى ياخشىلاش توغرىسىدا پىكىرلەر چۈشتى. قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى كۆپ سانلىق كوپېراتىپلاردا چارۋىلارنى بىرمۇ - بىر باھالاش، ئەترەتلەرنىڭ ئۆزلىرى تىزىملاپ باھا قويسا سۇغۇرتا شىركىتى چارۋىلارنى بىرمۇ - بىر سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش؛ چارۋىلارغا يېڭىلا باھا قويغان، ھېسابقا تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن ھەم ھېسابتىكى باھا بازار باھاسى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغانلىرىنى ھېسابتىكى باھا بويىچە سۇغۇرتىلاشنى قارار قىلدى. سۇغۇرتىلىنىدىغان چارۋىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئايرىش تەس بولغاندا، چارۋا ئىگىلىرىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى تەپسىلات جەدۋىلىگە يېزىپ، سۇغۇرتا ھادىسىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ئىقتىسادىي زىياننى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ تولۇقلاپ باھالاش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بۇ ئۇسۇللار يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھەم چارۋا سۇغۇرتىسى كەسپى راۋاجلاندى، ھەم سۇغۇرتا سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن چارۋا سۇغۇرتا كەسپى ساغلام راۋاجلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. 1956 - يىل چارۋا مال سۇغۇرتىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شۇ يىلىلا سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 27 مىڭ 441 يۈەنگە، تۆلەم پۇلى چىقىمى 3358 يۈەنگە، تۆلەم نىسبىتى %12.24 كە؛ 1957 - يىل سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 36 مىڭ 133 يۈەنگە، تۆلەم چىقىمى 16 مىڭ 521 يۈەنگە، تۆلەم نىسبىتى %45.72 گە يەتتى. 1958 - يىلى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 142 مىڭ 762 يۈەنگە، تۆلەم چىقىمى 51 مىڭ 681 يۈەنگە، تۆلەم نىسبىتى %36.20 گە يەتتى. 1958 - يىلى دۆلەت مەملىكەت ئىچىدىكى سۇغۇرتا كەسپىنى توختىتىشنى قارار قىلىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنىگە ئانچە ئۇزۇن

بولمىغان چاۋا سۇغۇرتىسى كەسپىنى 1959 - يىلى يەنە توختاتتى.

## 3. 1982 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان يېزا سۇغۇرتا كەسپى

1978 - يىل 12 - ئايدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىكىدە مەھسۇلاتقا باغلاشتۇرۇپ، ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقى زور دەرىجىدە قوزغىتىلىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا چوڭ ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. دېھقانلارنىڭ تېرىقچىلىق بىلەن، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش ئاكتىپلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمما تەبىئىي ئاپەت ۋە كۈتۈلمىگەن ھادىسە كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئېھتىمالى بولغان زور ئىقتىسادىي زىياندىن كۆپ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى كۆپ خىل سۇغۇرتا كەسپىنى ئۆز ۋاقتىدا يولغا قويدى.

### 1) خامان ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ۋە دېھقانلار يازلىق يىغىم مەزگىلىدە خاماندىكى ئوت ئاپىتى تۈپەيلىدىن يازلىق ئاشلىقتىن زىيان تارتسا ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئىقتىسادىي تولۇقلىمىغا ئىگە قىلىش، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1982 - يىلى يەنجى، خېجىڭ ناھىيىلىرىدە يازلىق ئاشلىق خامانلىرى ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى ھەم تەجرىبە ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى شىنجاڭ بويىچە يېزىلارغا كېڭەيتىپ، كۆرۈنەرلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىپ، دېھقانلارنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشتى. مۇشۇ ئاساستا، سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى بۇ كەسپىنى ئۈزۈل ئۈنۈم بېرىدىغان، دېرى قايتۇرۇلىدىغان سۇغۇرتىغا ئۆزگەرتتى. بۇ سۇغۇرتا يازلىق خاماندا ئوت ئاپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان زىيان ۋە ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندە زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان مۇۋاپىق قۇتقۇزۇش، تۈزەشتۈرۈش خىراجەت چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. سۇغۇرتا سوممىسى سۇغۇرتىلانغۇچى شۇ يىلى تېرىغان بۇغدايىنىڭ ئەمەلىي كۆلىمىگە ئاساسەن، مەھسۇلاتى مۆلچەرلىنىپ، جىڭ بويىچە باھا قويۇپ بېكىتىلدى. بىر جىڭ بۇغدايىنىڭ باھاسى 0.16 يۈەن بويىچە ھېسابلاندى. بۇغداي بىلەن قارا ئاشلىق ۋە بۇغداي بىلەن پۇرچاق ئارىلاشتۇرۇپ تېرىلغان بولسا بىر جىڭ بۇغدايىنىڭ باھاسى 0.12 يۈەن بويىچە ھېسابلاندى؛ بۇغداي بىلەن سامان 1:4 نىسبەت بويىچە ھېسابلىنىپ، ھەر جىڭ بۇغدايغا تۆت جىڭ سامان قوشۇپ سۇغۇرتىلاندى. ھەر بىر جىڭ سامانىنىڭ باھاسى 0.015 يۈەن ھېسابلاندى. سۇغۇرتا ھەققى سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ مىڭدە بىر پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىندى. سۇغۇرتا مۇددىتى يازلىق ئاشلىق خامانغا ئېلىپ كىرىلگەندىن باشلاپ ھېسابلاندى. ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا 40 كۈندىن ئېشىپ كەتمىدى. ئېلىنغان يازلىق ئاشلىق ئامبارغا ئېلىپ كىرىلگەن ھامان سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى ئاخىرلاشتۇرۇلدى. سۇغۇرتا تۆلىمى مۇنداق بولدى: (1) تېپىلمىگەن بۇغداي ئۆنچىلىرى زىيانغا ئۇچرىسا، سۇغۇرتا سوممىسى بېرىلدى. (2) 1 - قېتىم تېپىلىپ بولغان، 2 - قېتىم تېپىلىۋاتقان بۇغداي زىيانغا ئۇچرىسا سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ 20 پىرسەنتى بويىچە تۆلەم بېرىلدى. (3) 2 - قېتىم تېپىلىپ بولۇپ 3 - قېتىم تېپىلىۋاتقان بۇغداي زىيانغا ئۇچرىسا، سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ ئۈچ پىرسەنتى بويىچە تۆلەم بېرىلدى. سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش داۋامىدا بايىنغولىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكتىن، بۇ كەسپنى يېزا ئىگىلىك بانكا تىجارەت ئورنى ۋاكالىتەن بېجىردى. شۇ يىلى 21 مىليون 49 مىڭ جىڭ بۇغداي سۇغۇرتىلاندى. سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى

3295.55 يۈەن، تۆلەم پۇلى 552.61 يۈەن بولدى.

2) ئەشپۈت ھوسۇلى سۇغۇرتىسى

ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1982 - يىلى كورلا شەھىرىدە ئەشپۈت ھوسۇلىنى سۇغۇرتىلاشنى ئوقتىدا سىناق قىلدى. بۇ سۇغۇرتىدا، سۇغۇرتا مۇددىتى ئىچىدە قاتتىق بوران - چاپقۇن، سوغۇق ئېقىم، مۆلدۈر، سۇ ئاپىتى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەر ئەشپۈت ھوسۇلىنى كېمەيتىۋەتسە، كېمىيىپ كەتكەن قىسمىغا سۇغۇرتا شىركىتى ئىقتىسادىي تۆلەم بېرىشكە مەسئۇل بولدى. سۇغۇرتا سوممىسى (1) يېتىلگەن ئەشپۈت دەرەخلىرىنىڭ ھوسۇلى ئۇنىڭ يېقىنقى ئۈچ يىللىق ئەمەلىي ھوسۇلىنىڭ ئوتتۇرىچە سانىنىڭ 70 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاندى؛ سۇغۇرتا سوممىسى ئۆتكەن ئۈچ يىللىق سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بويىچە ھېسابلاندى. (2) مېۋىگە كىرگەن ياش ئەشپۈت كۆچىتى بىلەن يېتىلگەن ئەشپۈت دەرىخى ئارىلاش بولسا، ھوسۇلى يېقىنقى ئۈچ يىللىق ئەمەلىي ھوسۇلىنىڭ ئوتتۇرىچە سانىنىڭ 80 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاندى. سۇغۇرتا سوممىسى ئۆتكەن ئۈچ يىللىق سېتىۋېلىش باھاسىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بويىچە ھېسابلاندى، سۇغۇرتا ھەققى سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ ئۈچ پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىندى. ئەشپۈت ھوسۇلى يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى دائىرىسىدىكى ئاپەتكە ئۇچراش سەۋەبىدىن ھوسۇل سۇغۇرتا سوممىسىدىن كېمىيىپ كەتكەن بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى مەسئۇل بولۇپ تۆلەم بەردى. ئۇنداق بولمىسا، تۆلەم بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىدى.

3) مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىغان كېۋەزنىڭ تەننەرخ سۇغۇرتىسى

1985 - يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ھەر قايسى تۈەن - مەيدانلىرىدا ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بارلىققا كەلدى. ئۇنى قورغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىنىڭ سىجىل داۋاملىشىشى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كۈيتۇن شەھەرلىك سۇغۇرتا شىركىتى يېزا ئىگىلىك 7 - شىسى بىلەن بىرلىكتە، بۇ شىغا قاراشلىق توققۇز تۈەن - مەيداندا كېۋەزنىڭ مۆلدۈر ئاپىتى سۇغۇرتىسىنى ئوقتىدا سىناق قىلدى. بىرلەشمە سۇغۇرتا كېلىشىمىدە بۇ خىل سۇغۇرتىنى بېجىرىش ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىنى سۇغۇرتا شىركىتى 70%، يېزا ئىگىلىك 7 - شى 30% ئۈستىگە ئالىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. كېۋەزلىك مۆلدۈر ئاپىتى تەننەرخ سۇغۇرتىسىدا سۇغۇرتا مۇددىتى ئىچىدىكى مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچراپ بولغان ئىقتىسادىي زىيان ئۈچۈن تۆلەم بېرىلدى. يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزنىڭ سۇغۇرتا مۇددىتى 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر، يوپۇق يېپىلمىغان كېۋەزنىڭ 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگە قەدەر بولدى. يوپۇق يېپىپ تېرىلغان كېۋەزنىڭ ھەر موسىنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى تەننەرخى بويىچە 94 يۈەن، سۇغۇرتا ھەققى 2.10 يۈەن؛ يوپۇق ياپماي تېرىلغان كېۋەزنىڭ ھەر موسىنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى تەننەرخى بويىچە 67 يۈەن، سۇغۇرتا ھەققى 1.50 يۈەن قىلىپ بېكىتىلدى. كېۋەزلىك مۆلدۈر ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتا ماددىلىرىدا قوشۇمچە قىلىنغان «كېۋەز مۆلدۈر ئاپىتى سۇغۇرتىسىدا كېۋەزنىڭ ئۆسۈش باسقۇچىغا قاراپ زىياننى كونكرېت بېكىتىش ئۆلچىمى» بويىچە زىيان بېكىتتى ھەم سۇغۇرتا ماددىلىرىدا قوشۇمچە قىلىنغان «كېۋەزلىك مۆلدۈر ئاپىتى سۇغۇرتىسىنىڭ قەرەلگە بۆلۈپ بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى تۆلەم بېرىش سانى جەدۋىلى» بويىچە تۆلەم بەردى.

ھەر قايسى ئۆسۈش باسقۇچىدا كېۋەز مۆلدۈر ئاپىتىگە ئۇچرىغاندا سۇغۇرتا ماددىلىرىدىكى بەلگىلىمە بويىچە زىيان بېكىتىلىپ، ھوسۇل چىقمىغان بولسا، ئاپەت كۆرۈلگەن شۇ كۈندىكى تۆلەم سوممىسى بويىچە تۆلەم ھېسابلاپ بېرىلدى، قىسمەن زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، زىيان نىسبىتى، تەبىئىي تۆكۈلۈش نىسبىتى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، يەنىلا شۇ كۈندىكى تۆلەم سوممىسى بويىچە تۆلەم بېرىلدى.

كېۋەزلىك مۆلدۈر ئاپىتى تەننەرخ سۇغۇرتىسىدا كېۋەزنىڭ ئوخشىمىغان ئۆسۈش مەزگىلىدىكى ئۆسۈپ يېتىلىش باسقۇچى بويىچە زىيان بېكىتىلدى. مايسا مەزگىلىدە ئۆزەك يوپۇرماقلىرى سۇنۇپ، زىيانغا ئۇچراش

نىسبىتى بويىچە ھېسابلاندى، زىيان نىسبىتى 20% تىن تۆۋەن (20% مۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولسا تۆلەم بېرىلمىدى، زىيان نىسبىتى 80% تىن ئېشىپ كەتسە، ھوسۇل چىقمىغان ھېسابلاندى. غوزا مەزگىلىدە، شاخ ئۆچى سۇنۇپ بولغان زىيان نىسبىتىدىن بەلگىلەنگەن تەبىئىي فىزىئولوگىيىلىك تۈكۈلۈش نىسبىتى چىقىرىۋېتىلىپ، زىيان نىسبىتى 15% تىن تۆۋەن بولسا (15% مۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تۆلەم بېرىلمىدى، 80% تىن ئېشىپ كەتسە، ھوسۇل چىقمىغان دەپ قارالدى. چېچەكلەش مەزگىلىدە، غوزىلىرى تۆكۈلۈپ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتىدىن بەلگىلەنگەن فىزىئولوگىيىلىك تۆكۈلۈش نىسبىتى چىقىرىۋېتىلىپ، زىيان 15% تىن تۆۋەن (15% مۇ شۇنىڭ ئىچىدە) بولسا، تۆلەم بېرىلمىدى، 70% تىن ئېشىپ كەتسە، ھوسۇل چىقمىغان دەپ قارالدى.

## كېۋەزلىك مۇلدۇر ئاپىتى سۇغۇرتىسىنىڭ مەزگىللەرگە بۆلۈنگەن ئەڭ يۇقىرى تۆلەم سانى جەدۋىلى

جەدۋەل: 9 — 13 بىرلىكى: تۆلەم سانى مو / يۈەن

| كۈن \ ئايلار | 5 ـ ئاي يوپۇقلۇق كېۋەز | 5 ـ ئاي يوپۇقسىز كېۋەز | 6 ـ ئاي يوپۇقلۇق كېۋەز | 6 ـ ئاي يوپۇقسىز كېۋەز | 7 ـ ئاي يوپۇقلۇق كېۋەز | 7 ـ ئاي يوپۇقسىز كېۋەز | 8 ـ ئاي يوپۇقلۇق كېۋەز | 8 ـ ئاي يوپۇقلۇق كېۋەز |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | | | | | 71 | | | 57 |
| 2 | | | | | | | | |
| 3 | | | | | | | 88 | |
| 4 | | | | | | | | 58 |
| 5 | | | 66 | 27 | 72 | 35 | | |
| 6 | | | 67 | | 74 | | 89 | |
| 7 | | | | | | | | 59 |
| 8 | | | | | | | | |
| 9 | | | | | 76 | | 90 | |
| 10 | 51 | | | 30 | | | | 60 |
| 11 | | | | 31 | | 36 | | |
| 12 | | | 68 | | | | 91 | |
| 13 | | | | | 78 | | | 61 |
| 14 | | | | | | | | |

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 92 | 37 | | | | | | 15 |
| 62 | | 38 | | | | 15 | 54 | 16 |
| | | | 80 | 32 | | | | 17 |
| | 93 | | | | 69 | | | 18 |
| 63 | | | | | | | | 19 |
| | | 41 | | | | | | 20 |
| | 94 | | 82 | | | 18 | 57 | 21 |
| 64 | | | | | | | | 22 |
| | | | | 33 | | | | 23 |
| | | 45 | | | 70 | | | 24 |
| 65 | | | 84 | | | | | 25 |
| | | | 85 | | | 21 | 60 | 26 |
| | | 49 | | | | | | 27 |
| 66 | | | 86 | | | | | 28 |
| | | | | 34 | | | | 29 |
| | | 53 | | | | | | 30 |
| 67 | | | 87 | | | 24 | 63 | 31 |

### 4) بۇغداي ئۆششۈك ئاپىتى سۇغۇرتىسى

ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنىڭ بۇغدايىنى ئاپەتتىن

ساقلاش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ماسلىشىش، سۇغۇرتىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ۋە مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، 1984 ـ يىلى كۈيتۇن سۇغۇرتا شىركىتى يېزا ئىگىلىك 7 ـ شىسىنىڭ 128 ـ تۈەنىدە بۇغداي ئۇششۇك ئاپىتى بىرلەشمە سۇغۇرتىسىنى نۇقتىدا سىناق قىلدى.

دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانلىرى باشقۇرغان مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھېسابلايدىغان ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە كەسپىي ھۆددىگەر ئائىلىلەر (گۇرۇپپىلار) نىڭ ھۆددىگە ئالغان بۇغدايلارنى ساغلام، مۇكەممەل پەرۋىش قىلىش چارىسى بولسىلا، بىردەك بۇغداي ئۇششۇك ئاپىتى بىرلەشمە سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشنى ئىلتىماس قىلالىدى. ئۇششۇك ئاپىتى (ئەتىيازدىكى جۇدۇنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تۈپەيلىدىن بۇغدايلار ئۇششۇپ ئۆلۈپ كېتىپ، بۇزۇپ قايتا تېرىشقا توغرا كەلسە، تەننەرخ خىراجىتىنى سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەپ بەردى. ئەمما ئورۇش، ھەربىي ھەرىكەت ياكى ھۆكۈمەت بۇغداي ئېتىزلىرىنى ئېلىپ ئىشلىتىش؛ سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ قەستەن ھەرىكىتى، چارۋا مال يەپ كېتىش، شور ئاپىتى ۋە تېخنىكا تەدبىرلىرىدىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىسا؛ يېنىك ئۇششۇك قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچراش كۆلىمى % 10 تىن تۆۋەن بولسا، شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئۆز ئالدىغا بۇزۇپ تېرىغان بولسا، بۇغداي ئۇششۇك ئاپىتى سۇغۇرتىسىدىكى جاۋابكارلىق دائىرىسىگە كىرمەيدىغان باشقا زىيان كۆرۈلگەن بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمىدى. سۇغۇرتا مۇددىتى سۇغۇرتىلانغان بۇغداي مايسىلىرى تاختا بولغاندىن باشلاپ، كېلەر يىل 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگە قەدەر بولدى. (1) سۇغۇرتىلانغۇچى ئەمەلىي تېرىلغۇ كۆلىمى بويىچە سۇغۇرتىلاتتى. مەلۇم قىسمىنى تاللاپ سۇغۇرتىلاشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. ھەر موسىنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى 21 يۈەن بويىچە ھېسابلاندى. (2) سۇغۇرتا ھەققى ھەر موسىغا 1.60 يۈەن بويىچە ھېسابلاپ ئېلىندى. سۇغۇرتىلانغۇچى تۆلەم ئېلىشنى ئىلتىماس قىلغاندا، سۇغۇرتا تالونى، ئاپەتكە ئۇچرىغان زىرائەتنىڭ مو سانى ۋە قايتا تېرىش ھەققىدىكى باھالاش ئىسپاتىنى كۆرسىتىشى تەلەپ قىلىندى. سۇغۇرتا شىركىتى ئىلتىماسنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سۇغۇرتا جاۋابكارلىقىغا ئاساسەن، تۆلەم بېرىشكە تېگىشلىك ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، تۆلەم سوممىسىنى سۇغۇرتىلانغۇچى بىلەن كېلىشكەن ھامان، دەرھال تۆلەم بەردى، ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆزلۈك بۇغداي بۇزۇپ تېرىلسا، ھەر موسىنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى بويىچە تۆلەم بېرىلدى. قايتا تېرىلغان بۇغدايغا ھەر موسىنىڭ ئەمەلىي چىقىم قىلىنغان خىراجىتى بويىچە تۆلەم بېرىلدى. ئەمما بۇنىڭدا سۇغۇرتا سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىك شەرت قىلىندى.

### 5) چارۋا سۇغۇرتىسى

1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى چارۋا سۇغۇرتىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى، كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر باققان (ۋاكالىتەن باققانلىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) چارۋا، تېرىلغۇ ئۇلاغلىرى ۋ نەسىللىك چارۋىلاردىن 3 — 13 ياشقىچە بولغان كالا، 3 — 17 ياشقىچە بولغان ئات، خېچىر، ئېشەك، 3 — 17 ياشقىچە بولغان تۆگىلەردىن ئىشلەتكىلى بولىدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىدىن قالمىغان، زەخىملەنمىگەن، كېسەل بولمىغان، بېقىلىشى نورمال بولغانلىرى مال دوختۇرلۇق تارماقلىرى مۇئەييەنلەشتۈرگەندىن كېيىن سۇغۇرتىلاشقا بولىدۇ. سۇغۇرتىلانغان چارۋا كېسەل، تۇغۇت، تاختا قېلىش، ئوت ئاپىتى، پارتلاش، سۇغا چۆكۈپ كېتىش، يەر تەۋرەش، يەر ئولتۇرۇشۇپ كېتىش، زەھەرلىنىش، توك سوقۇۋېتىش، يىقىلىش، ئۆز ئارا ئۈسۈشۈش - سوقۇشۇش، يىرتقۇچ ھايۋانلار زەخىملەندۈرۈش، سوقۇلۇپ كېتىش، مۆلدۈر ئاپىتى، يار گۈمۈرۈلۈش، ئىمارەتلەر ۋە باشقا جىسىملار ئۆرۈلۈپ چۈشۈش سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتسە، يۇقىرىقى ئىككى تۈرلۈك سەۋەبتىن زەخىملىنىپ، كېسەل بولۇپ، مال دوختۇرلۇق تارماقلىرى داۋالىغىلى بولمايدۇ دەپ گۇۋاھلىق بېرىپ، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆلتۈرۈشنى تەستىقلىسا، يۇقۇملۇق كېسەل تارقىتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يەرلىك خەلق

ھۆكۈمىتى ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋېتىشنى بۇيرۇسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. سۇغۇرتىلانغان چارۋىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلدىن ساقلىنىش، داۋالىنىش دورا خىراجىتى ئون يۈەندىن تۆۋەن بولۇپ %80 تى سۇغۇرتىلانغان بولسا %50؛ %70 تى سۇغۇرتىلانغان بولسا، %40، %60 سۇغۇرتىلانغان بولسا %30 تۆلەم بېرىلدى. ئون يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا سۇغۇرتىلانغۇچى ئۆزى ئىگە بولدى. ئەمما ئورۇش ياكى ھەربىي ھەرىكەت، ئوغرىلىنىش ياكى يۈتۈپ كېتىش سەۋەبىدىن، سۇغۇرتىلانغۇچى ياكى ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، باققۇچىنىڭ قەستەن قىلمىشى تۈپەيلىدىن ۋە باشقا سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆلگەن بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمىدى. سۇغۇرتىلانغان چارۋىنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى چارۋا تۈرىنى ئايرىماي ئادەتتە شۇ جاينىڭ بازار باھاسى بويىچە ياكى دېموكراتىك باھالانغان باھاسىنىڭ %80 تى بويىچە سۇغۇرتىلاندى. سۇغۇرتىلانغۇچى %70 ياكى %60 سۇغۇرتىلاتسىمۇ بولىدۇ. ئەمما ئەڭ تۆۋىنى %60 تىن كەم بولماسلىقى تەلەپ قىلىندى. دۆلەت كارخانىلىرى ھېساباتىكى قىممىتى ياكى مۆلچەر باھا بويىچە سۇغۇرتىلاتسىمۇ بولىدۇ. سۇغۇرتا ھەققى تېرىلغۇ ئۇلاغلىرىدىن كالىنىڭ %4، خېچىر ۋە ئېشەكنىڭ %5، ئاتنىڭ %6، نەسىللىك چارۋا ياكى ھەربىي ئۇلاغلاردىن كالىنىڭ %4.5، خېچىر ۋە ئېشەكنىڭ %5.5، ئاتنىڭ %6.5، تۆگىنىڭ %4.5 بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدى.

6) چوشقا باقمىچىلىق سۇغۇرتىسى

(1) سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى

ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1984 - يىلى چوشقا باقمىچىلىقى سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى. سۇغۇرتىلانغان تىرىك چوشقىلار سۇغۇرتىلاش مەزگىلىدە بېقىلىش جەريانىدا كېسەل بولۇش، تۇغۇش، ئاختا قىلىش، ۋابا، باشقىلار تەرىپىدىن زەھەرلىنىش، ئوت ئاپىتى، سۇغا چۆكۈپ كېتىش، مۆلدۈر ئاپىتى، يەر تەۋرەش، ھايۋانلار زەخىملەندۈرۈش، قورۇلۇش - ئىمارەت ياكى باشقا نەرسىلەر ئۆرۈلۈپ چۈشۈش سەۋەبىدىن ئۆلسە؛ يۇقۇملۇق كېسەل يۇقۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شۇ جايدىكى مال دوختۇرلۇق تارماقلار تەكشۈرۈپ شۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ياكى دېھقانچىلىق مەيدانى پارتكومىنىڭ قارارى بىلەن ئۆلتۈرۈپ كۆمۈۋېتىشكە بۇيرۇلغان بولسا سۇغۇرتا شىركىتى بەلگىلىمە بويىچە تۆلەم بەردى. ئەمما ئورۇش، ھەربىي ھەرىكەت ياكى زوراۋانلىق ھەرىكەتلەر بىلەن ئۆلگەن، ئوغرىلانغان، يوقاپ كەتكەن، توڭلاپ ئۆلگەن، ئانا چوشقا تەبىئىي ئاللاش تۈپەيلىدىن ئۆلتۈرۈلگەن، ئېمىۋاتقان كىچىككىلىرى ئۆلگەن بولسا؛ سۇغۇرتىلانغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قەستەن قىلمىشى ۋە چوڭ - چوڭ سەۋەنلىكلەردىن ئۆلۈپ كەتكەن ياكى سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان باشقا سەۋەبلەردىن ئۆلگەن بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمىدى. سۇغۇرتا ھەققى ھەر بىر ئانا چوشقا ئۈچۈن ئالتە يۈەندىن، بورداق چوشقىلارنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر (يېتىلىۋاتقان چىشى چوشقىلارمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ھەر بىرى ئۈچۈن ئۈچ يۈەندىن ئېلىنىدى. سۇغۇرتىلانغان تىرىك چوشقا سۇغۇرتا ھادىسىسىگە ئۇچرىسا، تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى: (1) ئۆلگەن چوشقىنىڭ ئەمەلىي ئېغىرلىقى بويىچە دەرىجىگە بۆلۈپ نورمىلىق تۆلەپ بېرىش، 15 كىلوگرامدىن تۆۋەن بولسا 20 يۈەن، 16—40 كىلوگرام بولسا 40 يۈەن، 41—80 كىلوگرام بولسا 70 يۈەن، 81—120 كىلوگرام بولسا 110يۈەن، 121 كىلوگرامدىن يۇقىرى بولسا 150 يۈەن بېرىش. (2) سۇغۇرتىلانغان چوشقا ئۆلۈپ كەتسە، قانۇن بويىچە 3 - تەرەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا تېگىشلىك بولسا، سۇغۇرتىلانغۇچى 3 - تەرەپتىن چىقىم تۆلىتىۋېلىش، ئەگەر بىر ئايغىچە زىياننى تۆلىتىۋالالمىسا، سۇغۇرتا شىركىتى ئاۋۋال تۆلەم بېرىپ تۇرۇش، ئەمما سۇغۇرتىلانغۇچى زىياننى تۆلىتىۋېلىش ھوقۇقىنى سۇغۇرتا شىركىتىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشى ھەم 3 - تەرەپتىن زىياننى تۆلىتىۋېلىشقا پائال ھەمكارلىشىشى كېرەك.

7) سېغىن كالا سۇغۇرتىسى

ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1983 - يىلى سېغىن كالا سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى. سۇغۇرتىلانغان سېغىن كالىلار تۇغۇش، كېسەل بولۇش، ئوت ئاپىتى، پارتلاش، سۇغا چۆكۈپ، زەھەرلىنىش،

توك سوقۇۋېتىش، يىقىلىپ كېتىش، بوغۇلۇپ قېلىش، يىرتقۇچ ھايۋانلار زەخمىلەندۈرۈش، سوقۇلۇش، يەر تەۋرەش، يەر ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىش، يار گۈمۈرۈلۈش، مۆلدۈر ئاپىتى، توڭلاش سەۋەبىدىن ئۆلسە، قۇرۇلۇش - ئىمارەت ياكى باشقا جىسىم ئۆرۈلۈپ چۈشۈش سەۋەبىدىن ئۆلسە ياكى يۇقىرىقىدەك سەۋەب تۈپەيلىدىن داۋالاشقا مۇمكىن بولماي، مال دوختۇرلۇق تارماقلار ئىسپات بەرسە، يەرلىك ھۆكۈمەت ئۆلتۈرۈشنى تەستىقلىسا ياكى يۇقۇملۇق كېسەل يۇقۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆلتۈرۈپ كۆمۈلگەن بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى مەسئۇل بولۇپ تۆلەم بەردى. لېكىن ئۇرۇش، ھەربىي ھەرىكەتلەر سەۋەبىدىن بولغان زىيانلارنى بۇ جەرياندىكى بارلىق داۋالىنىش ھەققى ۋە دورا پۇلىنى، ئوغرىلىنىپ ياكى يوقاپ كېتىپ بولغان زىياننى، سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ قىلمىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان زىيانلارنى تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنى سۇغۇرتا شىركىتى ئۈستىگە ئالمىدى. سۇغۇرتا سوممىسى شۇ جايدىكى بازار باھاسىنىڭ 70 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاندى. قالغان قىسمىغا سۇغۇرتىلانغۇچى ئىگە بولدى. ئەگەر بازار باھاسى ئۆرلىسە ياكى تۆۋەنلىسە سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتا سوممىسىنى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. سۇغۇرتا ھەققى سۇغۇرتا سوممىسىنىڭ تۆت پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاندى. تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: (1) بازار باھاسى ئەسلى باھالانغان باھادىن يۇقىرى ياكى ئۇنىڭغا تەڭ بولسا، سۇغۇرتا سوممىسى بويىچە تۆلەم بېرىلدى؛ (2) بازار باھاسى ئەسلى باھالانغان باھادىن تۆۋەن بولسا، بازار باھاسىنىڭ %70 بويىچە تۆلەم بېرىلدى.

8) سۇ بۇلغۇنى سۇغۇرتىسى

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى سۇ بۇلغۇنى سۇغۇرتىسىنى يولغا قويۇپ مۇنۇلارنى بەلگىلىدى: سۇغۇرتىلانغان سۇ بۇلغۇنلىرى يۇقۇملۇق كېسەل، زەھەرلىنىش، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىش، ئوت ئاپىتى، پارتلاش، چاقماق سوقۇۋېتىش، مۆلدۈر، بوران - چاپقۇن، قارا يامغۇر، يەر تەۋرەش، كەلكۈن، قار ئاپىتى قاتارلىق سەۋەبلەردىن ئۆلۈپ كەتسە، سۇغۇرتا شىركىتى مەسئۇل بولۇپ، تۆلەم بېرىدۇ. ئەمما ئۇرۇش ياكى ھەربىي ھەرىكەتتە ئۆلۈپ كەتسە، ئوغرىلىنىش، يوقۇلۇپ كېتىش، ياۋايى ھايۋانلار زەخمىلەندۈرۈش ۋە سۇغۇرتىلانغۇچىنىڭ قەستەن قىلمىشى تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. سۇغۇرتا سوممىسى: دۆلەت، كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى بۇلغۇن بېقىش مەيدانلىرىدا بېقىلغان سۇ بۇلغۇنلىرىنىڭ ھېساب يۈزىدىكى قىممىتىنىڭ 70 پىرسەنتى بويىچە بېكىتىلىدۇ؛ خۇسۇسىي بۇلغۇن باققۇچىلارنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى بېقىلغان بۇلغۇنلارنىڭ سۇغۇرتىلانغان ۋاقىتتىكى نەق قىممىتىنىڭ 70 پىرسەنتى بويىچە بېكىتىلىدۇ. نەسىللىك بۇلغۇنغا ھەر يىلى يۈز يۈەن سۇغۇرتا سوممىسى ئۈچۈن تۆت يۈەندىن سۇغۇرتا ھەققى ئېلىنىدۇ. ياش بۇلغۇننىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئالتە ئايدا ئىككى يۈەن سۇغۇرتا ھەققى ئېلىنىدۇ. قىسقا مۇددەتلىك سۇغۇرتىلانسا سۇغۇرتا ھەققى ئايمۇ - ئاي ھېسابلىنىپ ئېلىنىدۇ، نەسىللىك بۇلغۇننىڭ ئايلىق ھەق نىسبىتى ‰4 بولىدۇ؛ 15 كۈنگە توشمىسا، سۇغۇرتا ھەققى ئېلىنمايدۇ. 15 كۈنلۈكتىن چوڭراق بولسا بىر ئاي ھېسابلاپ سۇغۇرتا ھەققى ئېلىنىدۇ. تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىشتا نەسىللىك بۇلغۇنغا سۇغۇرتا سوممىسى بويىچە تۆلەم بېرىلىدۇ؛ ياش بۇلغۇن سۇغۇرتىلانغان ئېيىدا (7 - ئايدا) ئۆلۈپ كەتسە، ھەر بىرىگە 15 يۈەن تۆلەم بېرىلىدۇ، كېيىن ھەر بىر ئاي قوشۇلسا، تۆلەم پۇلى يەتتە يۈەندىن كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. (15 كۈنگە توشمىسا، 3.5 يۈەن ھېسابلىنىدۇ)؛ سۇغۇرتىلانغان سۇ بۇلغۇننىڭ سانى ئەمەلىي بېقىلغان ساندىن كەم بولۇپ قالسا، نىسبەت بويىچە تۆلەم بېرىلىدۇ. سۇغۇرتىلانغان بۇلغۇن ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېرىسىنى ئىشلەتكىلى بولسا، باھاغا سۇندۇرۇپ، سۇغۇرتىلانغۇچىغا قايتۇرۇلىدۇ ھەم تۆلەم پۇلىدىن تېرە پۇلى تۇتۇپ قېلىنىدۇ.

9) توخۇ باقمىچىلىقى سۇغۇرتىسى

ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1982 - يىلى توخۇ باقمىچىلىق سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى. سۇغۇرتىلانغان توخۇلار توخۇ ۋاباسى، توخۇ خولېراسى تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتسە، ئوت ئاپىتى، پارتلاش، چاقماق

سوقۇۋېتىش، كەلكۈن، يەر تەۋرەش، يەر ئۆلتۈرۈشۈپ كېتىش، يەر گۆمۈرۈلۈش، مۆلدۈر قاتارلىق تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتسە، توخۇ ۋاباسى يۇقۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن مال دوختۇرلۇق تارماقلىرىنىڭ ئىسپات بېرىشى بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەت كۆمۈۋېتىشكە بۇيرۇغان بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەمگە مەسئۇل بولىدۇ. ئەمما توخۇ ۋاباسى، توخۇ خولېراسىدىن باشقا كېسەللىكلەر، زەخىملىنىش، ئوغرىلىنىش ياكى يوقاپ كېتىش؛ سۇغۇرتىلانغۇچى ياكى ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، باققۇچىلارنىڭ قەستەن قىلمىشى ياكى ئېغىر سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىغان بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمىدى. سۇغۇرتىلانغان ھەر بىر توخۇ ئۈچۈن يىلىغا 0.3 يۈەن سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرۇلدى. سۇغۇرتا مۇددىتى بىر يىل بولدى. تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق بولدى: (1) 60 كۈن ئىچىدىكى چۈجىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بىر يۈەن تۆلەم بېرىلدى. 61 كۈنلۈكتىن چوڭ بولغان چۈجىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئۈچ يۈەن تۆلەم بېرىلدى. (2) توخۇ ۋاباسى، توخۇ خولېراسى تۈپەيلىدىن سۇغۇرتىلانغان توخۇلار ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۆلگەن توخۇ سانى سۇغۇرتىلانغان ئومۇمىي توخۇ سانىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىدىن ئېشىپ كەتسە، سۇغۇرتا شىركىتى ئاشقان قىسمىغا تۆلەم بەردى، %3 تىن تۆۋەن بولسا (%3 مۇ شۇنىڭ ئىچىدە) تۆلەم بېرىلمىدى.

### 10) يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كاپالەت سۇغۇرتىسى

دۆلىتىمىزدە يېزىلاردىكى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېزىلارنىڭ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئائىلە دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، كەسپىي ئائىلىلەر، يەككە سودا - سانائەتچىلەر بانكىدىن قەرز ئېلىپ ئىشلەتكەندە ئادەم كۈچى بىلەن قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ئاپەت ياكى كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ، قەرز پۇلنى قايتۇرۇشقا چامى يەتمىگەندە، سۇغۇرتا شىركىتىدىن بېرىپ تۆرۈپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل مەبلىغىنىڭ ئۆز قەرەلىدە قايتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1985 - يىلى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كاپالەت سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى. يولغا قويۇش چارىسىدە مۇنۇلار بەلگىلەندى: سۇغۇرتىلانغۇچى ئىشلەپچىقىرىش ياكى تىجارەت جەريانىدا ئادەم كۈچى بىلەن قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان تەبىئىي ئاپەت ياكى كۈتۈلمىگەن ھادىسە تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچراپ، قەرز ئالغان پۇلنى قايتۇرۇشقا ۋاقتىنچە چامى يەتمىسە، تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ ئاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، ھوسۇل %30 تىن كۆپرەك كېمەيگەن؛ باقمىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ چوڭ چارۋىسى (كالا، ئات) %20 تىن كۆپرەك ئۆلگەن، ئادەتتىكى چارۋىسى %30 تىن كۆپرەك ئۆلگەن؛ دېھقانچىلىق قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىگۈچىلەر ئاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، زىيان سوممىسى ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 20 پىرسەنتىدىن كۆپرەك ئېشىپ كەتكەن بولسا سۇغۇرتا شىركىتى ئەھۋالغا قاراپ قەرز پۇل مەبلىغىنى تۆلەپ قويىدۇ. ئۇرۇش ياكى ھەربىي ھەرىكەتتە زىيانغا ئۇچرىسا، سۇغۇرتىلانغۇچى ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قەستەن قىلمىشى، باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىسا؛ ئاپەتكە ئۇچرىغان زىيىنى سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى ھەققىدىكى بەلگىلىمە چېكىگە يەتمىگەن ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن باشقۇرۇشتىن ۋاز كېچىپ زىيانغا ئۇچرىغان بولسا؛ سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان باشقا زىيانلارغا ئۇچرىغان بولسا سۇغۇرتا شىركىتى قەرز پۇلنى ۋاكالىتەن تۆلەپ بېرىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمىدى.

يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى كاپالەت سۇغۇرتىسى شۇ يىللىق ھەممە قەرز پۇلغا ئاساسەن ھېسابلاندى. تاللاپ سۇغۇرتىلاشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. سۇغۇرتا ھەققى يىللىق ھەق نىسبىتىنىڭ بىر پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىندى، قەرز پۇل قەرەلى يېرىم يىلغا يەتمىسە، ھەر يۈز يۈەنگە 0.5 يۈەن قوشۇپ ئېلىندى. سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتىلانغاندىن باشلاپ سۇغۇرتا ھەققىنى بىر قېتىمدىلا تاپشۇرۇپ بولۇشى تەلەپ قىلىندى. نېسى قىلىنمىدى.

تېرىقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ سۇغۇرتا مەسئۇلىيىتى كۆچكە ئىگە ۋاقتى سۇغۇرتا توختىمى ئىمزالانغاندىن باشلاپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈش ۋاقتى ئاخىرلاشقانغا قەدەر بولدى. باقمىچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى، سودا كەسپى ۋە باشقا

كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ سۇغۇرتا مۇددىتى بىر يىل بولىدۇ. ۋاكالىتەن تۆلەپ قويىدىغان يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى تۆۋەندىكى بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ: (1) تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، مەھسۇلات %30 دىن %50 كىچە كېمەيسە، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن، چوڭ چارۋىلىرى %20 دىن %40 كىچە ئۆلۈپ كەتسە، ئادەتتىكى چارۋىلىرى %30 دىن %50 كىچە ئۆلۈپ كەتسە؛ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، سودا تىجارىتى ۋە باشقا كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئاپەتكە ئۇچراپ تارتقان زىيىنى ئومۇمىي مەبلىغىنىڭ 30 ـ 50 پىرسەنتىگە يەتسە سۇغۇرتا شىركىتى ۋاكالىتەن تۆلەپ قويىدۇ. سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەپ قويىدىغان بىر قىسىم قەرز پۇل ئەڭ كۆپ دېگەندە، قەرز پۇل سوممىسىنىڭ %70 ىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. ئاپەتكە ئۇچرىغاندىن كېيىن بولغان زىيان يۇقىرىقى بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتكەندە، سۇغۇرتا شىركىتى قەرز پۇل ئومۇمىي سوممىسىنى ۋاكالىتەن تۆلەپ بېرىدۇ. ئەمما بۇ سۇغۇرتا سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمەيدۇ. قەرزنى ۋاكالىتەن تۆلەپ قويۇش ۋاقتى بىر يىل بولىدۇ. (2) سۇغۇرتا شىركىتى ۋاكالىتەن تۆلەپ قويىدىغان قەرز پۇلنى سۇغۇرتىلانغۇچى بىر يىلدىن ئارتۇق سوزۇپ قەرەلىدە قايتۇرمىسا، 2 ـ يىلدىن باشلاپ بانكىنىڭ ئوخشاش تۈردىكى قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنىڭ %50 ى بويىچە ئۆسۈم تۆلىدۇ. ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتسە، 3 ـ يىلدىن باشلاپ بانكىنىڭ ئوخشاش تۈردىكى قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىگە يەنە ‰1 قوشۇپ ئۆسۈم تۆلىدۇ ۋە دېرىنى قايتۇرىدۇ. سۇغۇرتىلانغۇچى سۇغۇرتا شىركىتىدىن قەرز پۇلنى ۋاكالىتەن تۆلەپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغاندا، ئۆز جايىدىكى يېزىلىق، بازارلىق مالىيە تارماقلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە تەكشۈرتۈپ كاپالەت ئېلىشى، يەرلىك بانكا پىكرىنى يازغاندىن كېيىن، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللىشى كېرەك. ئەگەر سۇغۇرتىلانغۇچى قەرەلى توشسىمۇ قەرز پۇلنى قايتۇرمىسا، سۇغۇرتا شىركىتى ئۆسۈمنى قوشۇپ ئالغاندىن سىرت، زۆرۈر تېپىلغاندا كېسىم ئورگىنى ياكى سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاپشۇرىدۇ. سۇغۇرتىلانغۇچى ۋەيران بولغان ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ۋاكالىتەن تۆلەپ تۇرغان پۇلنى قايتۇرالمىسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار تارمىقى ياكى بانكا بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئېنىقلاپ ئۇنى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە سۇغۇرتا شىركىتى ۋاكالىتەن تۆلەپ قويغان قەرز پۇلغا توغرىلىۋېتىشكە ھوقۇقلۇق.

### 11) ئۇلاغ كۈچى قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى

تۇرپان ۋىلايەتلىك سۇغۇرتا شىركىتى 1985 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۇلاغ كۈچى قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتا كەسپىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. بۇنىڭدا سۇغۇرتىلانغان ئۇلاغ كۈچى قاتناش ۋاستىسى ئىشلىتىش داۋامىدا سوقۇلۇش، ئۆرۈلۈش، ئۇلاغ ئۈركۈپ كېتىش، چاقماق سوقۇۋېتىش، بوران ـ چاپقۇندا، كەلكۈندە قېلىش، يەر تەۋرەش، يەر ئولتۇرۇشۇپ كېتىش، قۇم ئاپىتىگە ئۇچراش، ھاۋادا ئۇچۇۋاتقان نەرسىلەر چۈشۈپ كېتىشتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلاغ زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىسا، ئۆلۈپ كەتسە ھەمدە يولۇقچى 3 ـ تەرەپ زەخمىلەنسە، ئۆلۈپ كەتسە، مال ـ مۈلۈك نابۇت بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى ئىقتىسادىي تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. سۇغۇرتىلانغان ئۇلاغ كۈچى قاتناش ۋاستىسى ئىشلىتىلگەندە، ئۇرۇش ياكى ھەربىي ھەرىكەتتە زىيانغا ئۇچرىسا؛ تەبىئىي ئۇپرىسا، چىرىسا ياكى چاقى يېرىلىپ كەتسە، سۇغۇرتىلانغۇچى ياكى ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قەستەن قىلمىشى تۈپەيلىدىن زىيانغا ئۇچرىسا، سۇغۇرتىلانغان ئۇلاغ يوقاپ كەتسە ياكى كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتسە؛ قاتناش تارمىقىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ يولۇچى توشۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ زىيانغا ئۇچرىسا، سۇغۇرتىلانغان ئۇلاغ كۈچى قاتناش ۋاستىسى تىجارەت قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىش بىلەن ئىشتىن توختاپ قېلىشتەك ۋاستىلىك زىيانغا ئۇچرىسا، سۇغۇرتىلانغان ئۇلاغ كۈچى قاتناش ۋاستىسىنىڭ ئىگىسى، ئۇنىڭ ئائىلە ئەزالىرى، ھەيدىگۈچىلەر تالاپەتكە ئۇچرىسا، سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى دائىرىسىگە كىرمەيدىغان باشقا زىيانلار بولسا، سۇغۇرتا شىركىتى تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئۇلاغ كۈچى قاتناش ۋاستىسىنىڭ سۇغۇرتا مۇددىتى بىر يىل بولىدۇ. سۇغۇرتا سوممىسى سۇغۇرتىلىغۇچى بىلەن

سۇغۇرتىلانغۇچى كېلىشىپ، ئۇلاغ ۋە قاتناش ۋاسىتىسىنىڭ ئەمەلىي قىممىتىگە ئاساسەن بېكىتىلىدى. سۇغۇرتا ھەق نىسبىتى 4‰ بولدى. بەنە مۇقىم ئاساسىي سۇغۇرتا ھەققى ئۈچۈن 60 يۈەن قوشۇپ ئېلىندى. سۇغۇرتا مۇددىتىدە سۇغۇرتىلانغان ئۇلاغ كۈچى قاتناش ۋاسىتىسى بىر قېتىم ياكى كۆپ قېتىم يولۇچىلار ياكى 3 ـ تەرەپ تۆلەم جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشقا توغرا كەلسە، ھەر قېتىملىق ئەڭ يۇقىرى تۆلەم سوممىسى 4000 يۈەن بولدى؛ ئۇلاغ ۋە قاتناش ۋاسىتىسى تالاپەتكە ئۇچرىسا ياكى نابۇت بولسا بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى تۆلەم سوممىسى سۇغۇرتا سوممىسىدىن ئېشىپ كەتمىدى، ئەگەر بىر قېتىملىق تۆلەم پۇلى سۇغۇرتا پۇلىغا تەڭ بولۇپ قالسا، سۇغۇرتا جاۋابكارلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

12) دېھقانلارنىڭ ئۆي سۇغۇرتىسى

ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1985 ـ يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيىسىدە دېھقانلارنىڭ ئۆي سۇغۇرتىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، بۇ ناھىيىنىڭ يەتتە يېزا، بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى 39 مىڭ 800 ئائىلە ئۆي سۇغۇرتىسىغا قاتناشتى. 219 مىڭ يۈەن سۇغۇرتا ھەققى كىرىم بولدى. ھەر بىر ئائىلىلىك دېھقان ھەر مىڭ يۈەنلىك ئۆي ـ مۈلۈككە يىلىغا پەقەت 1.50 يۈەن سۇغۇرتا ھەققى تاپشۇرسىلا تەبىئىي ئاپەت ياكى كۈتۈلمىگەن ھادىسە كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرىدىغان ئىقتىسادىي كاپالەتكە ئىگە بولدى.

13) يېزا ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى (تراكتور سۇغۇرتىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1984 ـ يىل 2 ـ ئايدا ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن، يېزا ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسىنى يولغا قويدى. ئۇنى يولغا قويۇش چارىسىدە مۇنداق دەپ بەلگىلەندى: قاتناشنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارمىقى نومۇر تاختىسى بېجىرىپ بەرگەن شەخسلەرنىڭ ھەر خىل ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى، كوللېكتىپتىن شەخسلەر ھۆددىگە ئالغان ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى، تراكتورلار شۇ جايدىكى سۇغۇرتا شىركەتلىرى ياكى ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدا ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى ۋە تراكتور 3 ـ تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسى رەسمىيىتىنى بېجىرىش شەرت. ئۇنداق بولمىسا، نومۇر تاختىسى بېرىلمەيدۇ. ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى ۋە تراكتور زىيان سۇغۇرتىسىغا ئىختىيارىيلىق پرىنسىپى بويىچە قاتناشسا بولىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىكى، قاتناش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تارماقلىرى خوسۇسىيلار ئىگىلىكىدىكى ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى ۋە تراكتور سۇغۇرتىسىغا داۋاملىق قاتناشتۇرۇشنى ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى يىللىق تەكشۈرۈش ھەم تراكتورلارنى تەكشۈرۈش مەزمۇنىغا كىرگۈزۈشى لازىم. ئەگەر سۇغۇرتىلاتمىغانلىقى ياكى سۇغۇرتا مۇددىتى توشسىمۇ داۋاملىق سۇغۇرتىلاتمىغانلىقى بايقالسا، قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ ئىگىلىرى سۇغۇرتا رەسمىيىتىنى تولۇقلاپ بېجىرىشكە بۇيرۇلىدۇ. بولمىسا، تەكشۈرۈش رەسمىيىتى بېجىرىپ بېرىلمەيدۇ. يۈك ترانسپورت تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. سۇغۇرتىلانغان قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە تراكتورلارنى براك قىلىش، توختىتىپ قويۇش، باشقا يۇرتقا يۆتكەش، ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۆتكەشكە توغرا كەلسە، قاتناش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ ئىسپاتىنى ئېلىپ سۇغۇرتا شىركىتىدە سۇغۇرتىدىن چېكىنىش ياكى يېڭى نۇپۇسقا ئېلىش رەسمىيىتى بېجىرىشى كېرەك. ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە تراكتورلارنىڭ سۇغۇرتا دائىرىسى، سۇغۇرتا ھەققى ئېلىش ئۆلچىمى، تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىش چارىسى قاتارلىقلار جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ «ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى سۇغۇرتىلاش نىزامى» ۋە سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى بويىچە بېجىرىلدى. جايلاردىكى سۇغۇرتا شىركەتلىرى بۇ كەسىپنى قاتناش، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى باشقۇرۇش تارماقلىرىغا ھاۋالە قىلىپ، مەسلىھەتلىشىپ ۋاكالىتەن بېجىرىش توختامى ئىمزالاشتى، ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنى قۇرۇشى، ۋاكالىتەن بېجىرىش ئورنىنىڭ تامغا، ۋۆيسكىلىرىنى سۇغۇرتا شىركىتى ياسىتىپ، تارقىتىپ بېرىشى ھەمدە تۈرلۈك كەسپىي

تالون، ئىسپاتلار، تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە زۆرۈر كەسپىي يېتەكچىلىك ئىشلىرى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. ۋاكالەتەن بېجىرىش رەسمىيەت ھەققى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمىنىڭ 2 — 4 پىرسەنتى بويىچە ئايرىلىدۇ.

### 1984 - يىلىدىكى تراكتور سۇغۇرتىسىنىڭ ھەق نىسبىتى جەدۋىلى

جەدۋەل: 9 — 14

| رەتى | قاتناش ۋاستىلىرى تۈرى (سۇغۇرتا تۈرى / سۇغۇرتا ھەققى نىسبىتى) | | قاتناش ۋاستىلىرى زىيان سۇغۇرتىسى: ئاساسىي سۇغۇرتا ھەققى (ئۆزى ئىشلىتىدىغىنى يۈەن) | ھەق نىسبىتى % | ئاساسىي سۇغۇرتا ھەققى (تىجارەتكە ئىشلىتىدىغىنى يۈەن) | ھەق نىسبىتى % | 3. تەرەپ جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسى: مۇقىم سۇغۇرتا ھەققى (ئۆزى ئىشلىتىدىغىنى يۈەن) | مۇقىم سۇغۇرتا ھەققى (تىجارەتكە ئىشلىتىدىغىنى يۈەن) |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 16 | چوڭ، ئوتتۇرا تراكتور | | 30 | 0.4 | 40 | 0.5 | 80 | 120 |
| 17 | قول تراكتورى ۋە كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور | | 20 | 0.4 | 30 | 0.5 | 50 | 70 |
| 18 | يېزا ئىگىلىك ترانسپورتىدا ئىشلىتىدىغىنى | چوڭ، ئوتتۇرا تراكتورلار | | 0.4 | 40 | 0.5 | | 90 |
| | | قول تراكتور ۋە كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور | | 0.4 | 30 | 0.5 | | 45 |
| 19 | مەخسۇس يېزا ئىگىلىك ئۈچۈن ئىشلىتىدىغىنى | چوڭ، ئوتتۇرا تراكتورلار | 30 | 0.4 | | 0.5 | 60 | |
| | | قول تراكتور ۋە كىچىك تۆت چاقلىق تراكتور | 20 | 0.4 | | 0.5 | 30 | |

## 1951 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 9 — 15

سومممىسى: يۈەن

| يىللار / سۇغۇرتا تۈرى | 1951 - يىلى | 1952 - يىلى | 1953 - يىلى | 1954 - يىلى | 1955 - يىلى | 1956 - يىلى | 1957 - يىلى | 1958 - يىلى | 1959 - يىلى | 1960 - يىلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مۈل - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى | 44203.29 | 187406.21 | 285414.82 | 700592.93 | 938490.14 | 424915.78 | 1819168.44 | 534339.59 | | 76319.04 |
| ترانسپورت سۇغۇرتىسى | 3277.37 | 33173.77 | 139052.68 | 363000.51 | 395728.14 | 444951.13 | 287770.94 | 130128.77 | | 31747.89 |
| ترانسپورت ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى | | | 136166.01 | 257140.10 | 415218.08 | 392535.01 | 487012.02 | 533488.25 | | 1860.67 |
| ئادەتتىكى ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى | 56676.04 | 35338.65 | 43333.57 | 42267.04 | 31337.45 | 12955.88 | 10338.90 | 7480.85 | | -2039.20 |
| چارۋا سۇغۇرتىسى | 163260.94 | 697285.32 | 29666.50 | 969.66 | | 27441.48 | 36133.17 | 142762.18 | | -106570.19 |
| يولۇچىلار كۆتۈلمىگەن زىيان زەخمەت سۇغۇرتىسى | | 2087.52 | 2770.56 | | 105793.33 | | 195402.10 | 156402.79 | | |
| ئادەمي جىسمانىي سۇغۇرتا | 30164.61 | 37159.72 | 14794.28 | 18740.75 | 15967.50 | 25606.44 | 35349.25 | 32341.03 | | 1165.74 |
| كوللېكتىپ كۆتۈلمىگەن جىسمانىي زىيان - زەخمەت سۇغۇرتىسى | 67101.59 | 33353.12 | 83636.50 | 100607.57 | 3722.30 | 4599.70 | 485.30 | | | 36145.50 |
| كوللېكتىپ ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى | | | | | | | 122.10 | | | |
| جەمئىي | 364683.84 | 1025804.31 | 675502.00 | 1483318.64 | 190256.94 | 2465051.10 | 2871783.22 | 3536943.46 | 4685000.00 | 38629.63 |

ئىزاھات: سۇغۇرتا ھەققى كىرىمىنىڭ ئېشىش نىسبىتى: 52 - يىلى 51 - يىلدىكىدىن 1.81 ھەسسىگە؛ 53 - يىلى 52 - يىلدىكىدىن (34.5%-) كە ئالا بولدى؛ 55 - يىلى 54 - يىلدىكىدىن 28.51% ئاشتى؛ 56 - يىلى 55 - يىلدىكىدىن 29.31% ئاشتى؛ 57 - يىلى 56 - يىلدىكىدىن 16.5% ئاشتى؛ 58- يىلى 57 - يىلدىكىدىن 23.16% ئاشتى؛ 59 - يىلى 58 - يىلدىكىدىن 32.46% ئاشتى؛ 60 - يىلى 59 - يىلدىكىدىن (120.28%-) تۆۋەنلىدى؛ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى 30.71% بولدى.

## شىنجاڭنىڭ 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان دۆلەت ئىچى مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا سوممىسى جەدۋىلى

جەدۋەل: 9 — 16    بىرلىكى: 1000 يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | جەمئىي | كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى | ترانسپورت ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى | يۈك تراسپورت سۇغۇرتىسى | ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى | باقمىچىلىق سۇغۇرتىسى | تېرىقچىلىق سۇغۇرتىسى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 44913 | 449893 | | | 20 | | |
| 1981 | 1063453 | 1035051 | 28301 | | 101 | | |
| 1982 | 1520702 | 1429248 | 91086 | | 368 | | |
| 1983 | 2125193 | 1845582 | 278450 | | 1161 | | |
| 1984 | 3549414 | 2768486 | 768904 | | 11574 | 30 | 120 |
| 1985 | 7013323 | 3735902 | 2532211 | 526504 | 132098 | 870 | 85738 |

## شىنجاڭنىڭ 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان دۆلەت ئىچى، سىرتى سۇغۇرتا كەسپىنىڭ كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 17    بىرلىكى: 1000 يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | سۇغۇرتا كەسپى كىرىمى | | | | سۇغۇرتا كەسپى چىقىمى | | | | تۆلەم تۆلەش نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئومۇمىي كىرىم | % − + | بۇنىڭ ئىچىدىكى سۇغۇرتا ھەققى | % − + | ئومۇمىي چىقىم | % − + | بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆلەم | % − + | |
| 1980 | 1000 | | 1000 | | | | | | |
| 1981 | 2496 | 149.60 | 2496 | 149.60 | 53 | | 53 | | 2.12 |
| 1982 | 4830 | 93.51 | 4830 | 93.51 | 933 | 1660.4 | 933 | 1660.4 | 19.32 |
| 1983 | 8328 | 72.42 | 8316 | 72.17 | 1977 | 111.90 | 1977 | 111.90 | 23.77 |
| 1984 | 16248 | 95.10 | 16111 | 93.73 | 6085 | 207.79 | 6085 | 207.79 | 37.77 |
| 1985 | 44169 | 171.84 | 43378 | 169.24 | 15132 | 148.68 | 15059 | 147.48 | 34.72 |

## شىنجاڭنىڭ 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە بولغان دۆلەت ئىچى مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 18

بىرلىكى 1000 يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | جەمئىي: سۇغۇرتا ھەققى | جەمئىي: + — % | كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى | ترانسپورت ۋاسىتىلىرى سۇغۇرتىسى ھەققى | يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى ھەققى | ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى ھەققى | باقمىچىلىق سۇغۇرتىسى ھەققى | تېرىقچىلىق سۇغۇرتىسى ھەققى | باشقا سۇغۇرتىلارنىڭ سۇغۇرتا ھەققى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 934 | | 934 | | | | | | |
| 1981 | 2260 | 141.97 | 1816 | 444 | | | | | |
| 1982 | 3828 | 69.30 | 2597 | 1230 | | 1 | | | |
| 1983 | 7092 | 85.27 | 3065 | 3986 | | 4 | | | 37 |
| 1984 | 14509 | 104.58 | 4787 | 9658 | 11 | 20 | | 23 | 12 |
| 1985 | 39660 | 173.53 | 7287 | 31400 | 180 | 353 | 34 | 375 | 15 |

# III باب

# چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا

## 1 § . باشلانغان مەزگىلى (1978 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە)

جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ قارار قىلىشى بىلەن، 1978 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلدى. ئۇ ئىچكى قىسىمدا جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىگە تەۋە بولۇپ، چەت ئەلگە چېتىلىدىغان سۇغۇرتا كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. شىنجاڭ ئەينى چاغدا تاشقى سودا بىلەن بىۋاسىتە شۇغۇللانمىغاچقا، چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ سۇغۇرتا رەسمىيىتىنى چەت ئەللەردە ياكى پورت بار جايدىكى سۇغۇرتا شىركەتلىرىدە ۋە ياكى باش شىركەتتە بېجىرەتتى. شىنجاڭ سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تاشقى سودا تارماقلىرىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارغا CIF («تەننەرخىگە كىرا ھەققى ۋە سۇغۇرتا ھەققى قوشۇلغان باھا» ياكى كىرا ھەققى، سۇغۇرتا ھەققى ئۆز ئىچىگە ئالغان باھا دەپمۇ ئاتىلىدۇ) بويىچە باھا قويۇپ، دۆلەت ئىچىدە سۇغۇرتىلاشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىمپورت قىلىنغان سۇغۇرتا ماددىي ئەشيالىرىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، تۆلەم ئىشلىرىنى ياخشى ئىشلەشكە ھەمكارلىشاتتى. سۇغۇرتا شىركىتى ئاغزاكى تەشۋىق قىلىش، تەشۋىقات ۋەرىقى تارقىتىش ۋە يىغىن ئېچىش قاتارلىق كۆپ خىل تەشۋىقات شەكىللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق، قوبۇل قىلىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ ئىمپورت قىلغان سۇغۇرتا ماددىي - ئەشيالىرىنى تەكشۈرۈش، تۆلەم ئېلىشنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ، ئىمپورت قىلىنغان ماددىي - ئەشيالارنى تەكشۈرۈش، تۆلەم ئېلىش خىزمىتىنى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇردى. 1978 - يىلى بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئىمپورت قىلىنغان 460 تۈرلۈك ماددىي ئەشيا ئىچىدىكى 60 تۈركۈم زىيانغا ئۇچرىغان ماددىي ئەشيانى ئورتاق تەكشۈرۈپ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى. تۆلەم تۆلەش دېلوسىدىن 15 نى ۋاكالىتەن بېجىرىپ، 11 مىڭ 200 يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىياننى ۋە 420 ئامېرىكا دوللىرى تاشقى پېرېۋوت تۆلەم تۆلىدى. ئىقتىسادىي زىيان ۋاقتىدا تۆلەنگەچكە، كارخانىلارنىڭ ئىمپورت قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى تەكشۈرۈشكە تاپشۇرۇش ئاكتىپلىقى قوزغىتىلدى. شۇ يىلى ئېكسپورت قىلىنىدىغان 14 تۈركۈم مال سۇغۇرتا سوممىسى 470 مىڭ يۈەن خەلق پۇلىغا يەتتى، 130 ئامېرىكا دوللىرى سۇغۇرتا ھەققى كىرىم قىلىندى، بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 300 يۈەندىن ئاشىدۇ.

1979 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسى، دۆلەت پىلان كومىتېتى، دۆلەت قۇرۇلۇش كومىتېتى، مالىيە مىنىستىرلىكى، تاشقى سودا مىنىستىرلىكى ۋە تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ئىدارىسى بىرلىكتە «يۇرۇشلەشكەن ئۈسكۈنە كىرگۈزۈش، تولۇقلىما سودا قاتارلىق مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسىنى بېجىرىش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، تەبىئىي ئاپەت ياكى تاساددىپىي ھادىسىلەر يۈز بېرىپ ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىغاندا، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ زىياننى ۋاقتىدا تاشقى پېرېۋوت ئارقىلىق تۆلەپ بېرىشىنى

قولغا كەلتۈرۈپ، قۇرۇلۇش پىلانى ۋە دۆلەتنىڭ تاشقى پىرېۋوت پىلانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىغا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن، چەتتىن كىرگۈزۈلگەن يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنە، پىششىقلاپ ئىشلەش، تولۇقلىما سودا، بىرلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرىدىغان كارخانا، سەپلەش، قۇراشتۇرۇش كەسپى، تېخنىكا ھەمكارلىقى ۋە تاشقى پىرېۋوت قەرز ئېلىپ ئىمپورت قىلىنغان مال - مۈلۈك، ماددىي ئەشيالارنى توشۇش، ياساش، قاچىلاش، ئىشلەپچىقىرىش، بىرلىشىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش مەزگىلى قاتارلىقلاردا دۆلەت ئىچىدە سۇغۇرتىلاشنى تەلەپ قىلدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان روھقا ئاساسەن، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى سۇغۇرتا كەسپىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قۇرۇقلۇق ئارقىلىق شياڭگاڭغا چىقىرىلىدىغان بۇغا مۈڭگۈزى، زاراڭزا، ئېشەك يىلىمى قاتارلىق 132 تۈركۈم مالنى سۇغۇرتىلىدى. بۇنىڭ سۇغۇرتا سوممىسى 936 مىڭ 556 HK $ دوللار بولدى، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 421 مىليون 450 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

## § 2 . تەرەققىيات مەزگىلى (1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە)

1980 - يىل 3 - ئايدا جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى ئۈرۈمچى شۆبىسى جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسىدىن رەسمىي ئايرىلىپ چىقتى. 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىگە ئايرىپ بېرىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تەرەققىياتى بىر قەدەر تېز بولدى. مۇشۇ بىر يىلدا ئۈستىگە ئالغان تاشقى سودا ئېكسپورت سۇغۇرتىسى 118 بولۇپ، سۇغۇرتا سوممىسى تاشقى پىرېۋوتنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 6 مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يەتتى. تاشقى سودا ۋە شىرىكچىلىكتىكى ئورۇنلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىمپورت كەسپى بويىچە بېجىرگەن سۇغۇرتا 12 بولۇپ، سۇغۇرتا ھەققى 3 مىليون 300 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شىرىكلەشكەن ئورۇنلارنىڭ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش - قۇراشتۇرۇش قۇرۇلۇشى سۇغۇرتىسىنىڭ ھەر بىرى بىردىن سۇغۇرتىلىنىپ، سۇغۇرتا سوممىسى 24 مىليون 420 مىڭ يۈەنگە يەتتى. چەت ئەلگە ئالاقىدار جەمئىي 132 تۈرلۈك سۇغۇرتا كەسپى بېجىرىلىپ، سۇغۇرتا سوممىسى 34 مىليون 1100 مىڭ يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 66 مىليون 529 يۈەنگە يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى قىسىمدا باشقۇرۇش، مالىيە بوغالتىرلىق، ستاتىستىكا تۈزۈملىرى تۇرغۇزۇلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1981 - يىلىنىڭ بېشىدا مەركەزنىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى سودا ئىدارىسى چەت ئەل بىلەن مۇستەقىل سودا قىلىدىغان ئورۇن بولدى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى تاشقى سودا تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن كېيىنكى ئەھۋالنى ئىگىلەش ئۈچۈن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تاشقى سودىغا قاراشلىق ھەر قايسى شىركەتلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئىمپورت - ئېكسپورت كەسپىنىڭ سانى ۋە زاپاس ساقلىنىش، توشۇلۇش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، كېڭىشىش ئارقىلىق، بىۋاسىتە ئىمپورت قىلىنىدىغان ماددىي - ئەشيالارنى بىر تۇتاش سۇغۇرتىلاش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. چەت - ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان ئورۇنلارغا ئومۇمىي سۇغۇرتا ھەققىدىن %1.5لىك نىسبەت بويىچە رەسمىيەت ھەققى بېرىپ، تاشقى سودا تارماقلىرىنىڭ ئاكتىپلىقى قوزغىتىلىپ، تاشقى سودىدا تاشقى پىرېۋوت بىلەن ئىمپورت قىلىنىدىغان ماددىي ئەشيالارنى سۇغۇرتىلاش نىسبىتى %95تىن كۆپرەككە يەتتى. ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماددىي ئەشيالارنى سۇغۇرتىلاش نىسبىتىمۇ %50 ئەتراپىغا يەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى يەنە جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى بىلەن چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلىپ، تېيەنجىن سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى

بىلەن كېلىشىپ، سۇغۇرتا تالونىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش چارىسىنى تۈزۈپ، سۇغۇرتا كەسپىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن شەرت - شارائىت هازىرلىدى. سۇغۇرتا كەسپىنى قانات يايدۇرۇش داۋامىدا، شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، پرىنسىپاللىق بىلەن جانلىقلىقنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇردى. مەسىلەن: شىنجاڭ تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى مال - مۈلۈكنى، مەبلەغنى ئېنىقلاش مەسىلىسى ئۈزۈنچە هەل بولماسلىق تۈپەيلىدىن، توغرا بولغان سۇغۇرتا سوممىسىنى بېكىتمىگەندە، ئىككى تەرەپ ئالدىن كېلىشكەن مەبلەغ سېلىش ئومۇمىي سوممىسى بويىچە سۇغۇرتا سوممىسىنى بېكىتتى هەمدە ۋاقىتلىق سۇغۇرتا تالونى چىقىرىپ بېرىپ، مال - مۈلۈكنىڭ سانى بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي سۇغۇرتا تالونى چىقىرىدىغان، سۇغۇرتا هەققىنىڭ ئارتۇقىنى قايتۇرۇپ، كېمىنى تولۇقلايدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ فابرىكىنىڭ تېخىچە سىناق تەرىقىسىدە ئىشلەپچىقىرىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى، مەھسۇلاتىنىڭ تېخى خەلقئارا بازارغا كىرمىگەنلىكى سۇغۇرتا هەققىنى تاشقى پېرېۋوت ئارقىلىق تاپشۇرۇشتا هەققەتەن قىيىنچىلىقى بارلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، باش شىركەتتىن يولىيورۇق سورىغاندىن كېيىن، خەلق پۇلى بىلەن تۆلەشكە ماقۇل بولۇپ، سۇغۇرتىلانغۇچىغا قولايلىق يارىتىپ بەردى. 1 - ئاۋغۇست يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قوراشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى سۇغۇرتىلاتقاندا سۇغۇرتىلانغۇچى تۆلەم تۆلەشنى كەچۈرۈم قىلىش سوممىسى پۈتكۈل قۇرۇلۇش باهاسىنىڭ 5% پىرسەنتى بويىچە هېسابلانسا مۇۋاپىق بولمايدۇ، دەپ قارىغانلىقتىن، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، يەككە ماشىنىنىڭ زىيىنى 40 دوللاردىن ئاشسا، تۆلەم بەرمەسلىك توغرىسىدا كېلىشىم هاسىل قىلىنىپ سۇغۇرتىلاش رەسمىيىتى بېجىرىلدى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى تۈرلۈك چارىلار ئارقىلىق سۇغۇرتىلانغۇچىلارنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەكشۈرۈش خىزمىتىنىمۇ ئەستايىدىل ئىشلىدى. ئۈرۈمچىدىكى چوڭ خىمىيەۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ 15 مىڭ توننىلىق يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىسىنى تەكشۈرگەندىن سىرت هەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئىمپورت قىلىنغان ماددىي ئەشيالىرى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئومۇمىي قېتىم سانى 86 تۈركۈم (قېتىم) گە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە 30 قېتىملىقى پورتتا قارىتىلغان تۆلەم تاپشۇرۇش، بەشى ئۆزى تۆلەم تۆلەيدىغان دېلودىن ئىبارەت. تەكشۈرۈش داۋامىدا زىيانغا ئۇچراش سەۋەبى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەلنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېنىق ئايرىلىپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇلدى. مەسىلەن: شىنجاڭ تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى (شېرىكلەشكەن) ياپونىيەدىن ئالتە ئۈسكۈنە كىرگۈزگەندى، ئۈسكۈنە قاچىلانغان ساندۇقنىڭ سىرتى هېچقانداق زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغاندى. ساندۇقنى ئاچقاندىن كېيىن ئالتە ماشىنىنىڭ هەممە تەگلىكى سۇنۇقلىقى بايقالدى. بۇنى چەت ئەلدە ياخشى ئورىمىغانلىقتىن بولغان. بۇنىڭغا ياپونىيە تەرەپ مەسئۇل بولۇشى كېرەك دەپ قارىلىپ، ياپونىيە تەرەپنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا مەسئۇلىيەتنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، نەچچە 10 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى ئالتە ماشىنىنى تېزدىن تولۇقلاپ ئىمپورت قىلدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ تاشقى سودا ئوراش - قاچىلاش شىركىتى ياپونىيەدىن ئىككى خىل ئۆلچەمدىكى 1100 توننا نېپىز پولات تاختا ئىمپورت قىلغانىدى. ئىمپورت قىلىنغان مال يېتىپ كەلگەندىن كېيىن 76 توننا پولات تاختىدا دات بارلىقى بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تەرەپ ياپونىيەگە تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تۆلەم پۇلىنى قايتۇرۇۋالدى. شۇ يىلى شياڭگاڭدىن ئىمپورت قىلىنغان قول سائىتى ۋە فىلىپپىندىن ئىمپورت قىلىنغان پەنەركە قاتارلىقلارنىڭ هەممىسىنىڭ سۈپىتىدە مەسىلە كۆرۈلگەنلىكتىن، تەكشۈرگەندىن كېيىن تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، زىيان ۋاقتىدا تولۇقلاندى.

شۇ يىلى چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا هەققى كىرىمى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا) 235 مىڭ يۈەن (بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سۇغۇرتا هەققى كىرىمى 121 مىڭ يۈەن، ئىمپورت سۇغۇرتا هەققى كىرىمى 45 مىڭ يۈەن،

مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 30 مىڭ يۈەن، بىناكارلىق قۇراشتۇرۇش ـ قۇرۇلۇش سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 39 مىڭ يۈەن) گە يېتىپ، يىللىق پىلان %4 . 117 ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %253 ئاشتى.

1982 ـ يىلى ئىمپورت قىلىنغان يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى سوممىسى 15 مىليون 420 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، كىرىم قىلىنغان سۇغۇرتا ھەققى 49 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %71 ئاشتى. ئېكسپورت يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى سوممىسى 34 مىليون 870 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 158 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %179 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى سوممىسى خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا 30 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا) 118 مىڭ 600 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %112 ئاشتى. بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش ـ قۇرۇلۇش سۇغۇرتىسى سوممىسى خەلق پۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا، 360 مىليون يۈەنگە، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى (خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا) 490 مىڭ 800 يۈەنگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 48 ھەسسە ئاشتى. شۇ يىلى شىنجاڭ چوڭ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنى قۇرۇشتا كۇۋەيت بۇ قۇرۇلۇش چوقۇم بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش ـ قۇرۇلۇش سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشى كېرەك دېگەن شەرت بىلەن، 30 مىليون دىنار (دوللارغا سۇندۇرغاندا، 120 مىليون دوللار بولىدۇ) تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بەرمەكچى بولغانىدى. كېڭەش ئارقىلىق، بۇ قۇرۇلۇش سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلۇپ، قەرز بېرىش توختامى ۋاقتىدا تۈزۈلدى ھەمدە خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىنىڭ بىرىكمە مۇنارى چەت ئەلدىكى سۇغۇرتا شىركىتىگە قايتا سۇغۇرتىلاندى.

1983 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنى قۇرۇقلۇقتا توشۇش ترانسپورتىدا بىر قەدەر زور تەرەققىياتلار بولدى. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا قورغاس، تورغاتتىن ئىبارەت قۇرۇقلۇقتىكى ترانسپورت پورتلىرى ئېچىۋېتىلدى. قۇرۇقلۇقتا توشۇلىدىغان ئىمپورت ـ ئېكسپورت ماللىرى بىراقلا كۆپىيىپ، تاشقى سودىنى كېڭەيتىش ۋە چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پايدىلىق پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايون بىلەن پاكىستان ئارىلىقىدا قاتنايدىغان جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك يولۇچىلارنىڭ كۆتۈلمىگەن زەخىملىنىش سۇغۇرتى، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قىلىنغان سودىدىكى مالنى جۇڭگو تەرەپ پورتىدا مال تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ ئامبىرىغىچە ئاپىرىپ بېرىش سۇغۇرتىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك ئىش كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى. لېكىن خەلقئارا سودىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ گىلەم، قولماق قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى تۆۋەنلەپ كەتتى، ئۈزۈم، تاللىق پاختىنىڭ ئېكسپورت مىقدارى خېلى زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىگە مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتتى. مۇشۇ يىلدا ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپى بويىچە كەسكەن تالونى 2159 (يىراق ئوكيانغا ئېكسپورت قىلىنغىنى 589، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارغا ئېكسپورت قىلىنغىنى 981، ئىمپورت قىلىنغىنى 583) غا، سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 605 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، بىر مىليون 200 مىڭ يۈەن بولدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت سۇغۇرتا ھەققىدىن قىلىنغان كىرىم 247 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %25 ئاشتى؛ ئىمپورت سۇغۇرتا ھەققىدىن قىلىنغان كىرىم 50 مىڭ دوللارغا يېتىپ ئالدىنقى يىلدىكىدىن %6 ئاشتى؛ قۇراشتۇرۇش ـ قۇرۇلۇش سۇغۇرتا ھەققىدىن قىلىنغان كىرىم 222 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، يىللىق پىلاننىڭ 80 . 88 پىرسەنتى ئورۇندالدى؛ مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتا ھەققىدىن قىلىنغان كىرىم ئالدىنقى يىلدىكىدىن %87 ئاشتى.

1984 ـ يىلى تاشقى سودىدا ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلارنىڭ ئېكسپورت مىقدارى تۆۋەنلەپ كېتىش ۋە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنىڭ بازىرى كاساتلىشىشتەك پايدىسىز ئەھۋال ئاستىدا، ئاپتونوم

رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا سۇغۇرتىسى نىسبىتىنى ئاشۇرۇپ، ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان ماددىي ئەشيالارنى بىرمۇ - بىر تەكشۈرۈش، سۇغۇرتا ھەققىنى تاپشۇرمىغانلاردىن تولۇقلاپ يىغىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. كىرىم قىلىنغان سۇغۇرتا ھەققى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا بىر مىليون 390 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىللىق پىلان %139.95 ئورۇندالدى. ئالدىنقى يىلدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا %14.75 ئاشتى. چىقىم قىلىنغان تۆلەم پۇلى 149 مىڭ 600 يۈەن بولۇپ، تۆلەم تۆلەش نىسبىتى %10.75 بولدى.

1985 - يىلى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەلگە ئالاقىدار ئىقتىسادىي تېخنىكا پائالىيىتى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيدى. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى شىركىتى ئېكسپورت قىلغان پاختا، پاختا يىپ، پاختا رەخ كۆپىيىپ، چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار قاتناشقان ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئېچىپ، تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى ھەمدە شىنجاڭ بويىچە ئېچىلغان پىلان يىغىنى، چەت ئەل مەبلىغىنى كىرگۈزۈش ستاتىستىكا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تېخنىكا يەرمەنكىسى قاتارلىق يىغىنلاردىن پايدىلىنىپ، چەت - ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىنى تەشۋىق قىلدى ھەم تاشقى سودا سىستېمىسىدىن چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرگۈچى 105 ئادەمنى تەكلىپ قىلىپ، كېلىشىمنامە تۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇردى. شىنجاڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى شىركىتىنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرگۈچىسى شۈجيەنمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۈچ توقۇمىچىلىق زاۋۇتىنىڭ ياپونىيەدىن كىرگۈزگەن يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنە يۆتكەشنى سۇغۇرتىلاشنى قولغا كەلتۈرۈپ، 10 مىڭ 254.54 ئامېرىكا دوللىرى سۇغۇرتا ھەققى كىرىم قىلدى. شىنجاڭ چارۋا مەھسۇلاتلىرى شىركىتى تاشقى سودا خىزمىتىدە، ئىلگىرى ياپونىيىگە ئېكسپورت قىلىدىغان تېرە كۆرپە، يۇڭى قىرقىلغان قوي تېرىسى قاتارلىق تاۋارلاردا C&F باھاسى بويىچە سودا قىلاتتى. سۇغۇرتا كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش ئارقىلىق CIF باھاسى بويىچە سودا قىلىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ تاشقى ئىشلار ئىشخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارنىڭ مۇشۇ يىل ئىچىدە كىرگۈزگەن چەت ئەل مەبلىغى تۈرى بىلەن تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە جۇڭگو بانكىسى كرېدىت باشقارمىسى بىلەن دائىملىق ئالاقىنى ساقلاپ، شىنجاڭ ئۇزۇن تالالىق پاختا زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇش تەييارلىقى مەزگىلىنى ئىگىلەپ، بۇ زاۋۇتنى سۇغۇرتا تەكلىپنامىسى بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلەپ، سۇغۇرتىنىڭ تۈرلىرى ۋە ئۆلچەملىرىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق، بۇ زاۋۇت سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى شىنجاڭ ئىمپورت - ئېكسپورت شىركىتىنىڭ سۇغۇرتىغا قاتنىشىش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، چەت ئەلدە مال تارقىتىش تالونىنى ئىلگىرىكى يۆتكەش ئۇقتۇرۇشىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ، ھەم سۇغۇرتىلانغۇچى ئورۇنغا قولايلىق يارىتىپ بەردى ھەم سۇغۇرتىغا قاتناشماي قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىمپورت قىلىنغان ماللارنى ئاساسىي جەھەتتىن FOB ياكى C&F باھاسى بويىچە پۈتۈشتۈردى. 1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىنىڭ چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپى مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى. كىرىم قىلىنغان سۇغۇرتا ھەققى 745 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىپ، يىللىق پىلان %118 ئورۇندىلىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن %55 ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت - ئېكسپورت قىلىنغان مالنى يۆتكەش سۇغۇرتا ھەققىدىن قىلىنغان كىرىم 673 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، يىللىق پىلان %133 ئورۇندالدى. سۇ مەھسۇلاتلىرى سۇغۇرتىسىدىن باشقا سۇغۇرتا ھەققىدىن قىلىنغان كىرىم 72 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى.

## شىنجاڭنىڭ چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 — 19   بىرلىكى: 1000 ئامېرىكا دوللىرى

| تۈرلەر / يىللار | سۇغۇرتا ھەققى: جەمئىي | سۇغۇرتا ھەققى: % − + | يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى ھەققى | قۇرۇقلۇق سۇغۇرتىسى ھەققى | ئامېرىكا دوللىرى پېرېۋوت نىسبىتى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1980 | 43 | | 43 | | 1.5303 |
| 1981 | 135 | 213.95 | 95 | 40 | 1.7455 |
| 1982 | 525 | 288.89 | 525 | | 1.0002 |
| 1983 | 610 | 16.19 | 298 | 312 | 1.9889 |
| 1984 | 507 | 16.89 | 433 | 48 | 2.7957 |
| 1985 | 745 | 16.91 | 673 | 72 | 3.7221 |

# IV باب ئاپەتتىن ساقلىنىش، تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىش

## § 1 . ئاپەتتىن ساقلىنىش

شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى 1950 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن سۇغۇرتا كەسپىدە ئاپەتتىن ساقلىنىش، زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى باشتىن - ئاخىر مۇھىم ئىش كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ ئالاقىدار ئورۇنلار بىلەن زىچ ماسلىشىپ، ئاپەتتىن ساقلىنىش، زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. 1953- يىلى شىنجاڭ بويىچە ئاپەتتىن ساقلىنىش ئەھۋالى 231 قېتىم تەكشۈرۈلدى. 35 مىڭ يۈەن ئاپەتتىن ساقلىنىش خىراجىتى ئاجرىتىلىپ، قەشقەر، خوتەن، قەشقەر كونا شەھەر قاتارلىق ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى سۇغۇرتىغا قاتناشقان كارخانىلارغا ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. 1954 - يىلدىن باشلاپ شەرت شارائىتى بار نۇقتىلىق شەھەرلەردە، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن «ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىشنى تەكشۈرۈش كومىتېتى» ياكى «ئوت ئاپىتىدىن ساقلىنىش تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى»، «قاتناش بىخەتەرلىكى ھەيئىتى» قۇرۇلدى. ئۈرۈمچىدە يەنە «كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەيئىتى» قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتلار ئاپەتتىن ساقلىنىش، زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەشۋىق قىلدى ۋە تەكشۈردى. ئۆلكىلىك قاتناش بىخەتەرلىكى كومىتېتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1954- يىل 10- ئايدا ئۈرۈمچى شەھىرىدە بىر قېتىم شەھەر ئىچى ۋە شەھەر ئەتراپى قاتناش بىخەتەرلىكى تەشۋىقات ئېيى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. ئۆلكىلىك سۇغۇرتا شىركىتى بىر تەشۋىقات ئاپتوموبىلى چىقىرىپ، قاتناش قائىدىسى ۋە قاتناش بىخەتەرلىكىگە دائىر بىلىملەرنى تەشۋىق قىلدى؛ ئۇرغۇنلىغان ترانسپورت تارماقلىرى قاتناش بىخەتەرلىكى تۈزۈمى ئورناتتى، قاتناش بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن ھادىسە ئازايدى. نۇقتىلىق شەھەرلەرنىڭ ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرىنى كۈچەيتىپ، شەھەر مەمۇرىيىتى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك سۇغۇرتا شىركىتى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىراجىتىگە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش چارىسىنى يەنى، مال - مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى ۋە ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسىنىڭ سۇغۇرتا ھەققى كىرىمىدىن 2% نى ئاجرىتىپ، ئۇنى نۇقتىلىق ھالدا سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئورۇنلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن قوشۇمچە ياردەم ئورنىدا ئاجرىتىپ بېرىش چارىسىنى يولغا قويدى. بۇ تەدبىر سۇغۇرتىغا قاتناشقان كارخانىنىڭ ئاپەتتىن ساقلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1995 - يىل 2 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى سۇغۇرتىدا ئاپەتتىن ساقلىنىش خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، شىنجاڭنىڭ ئاپەت يۈز بېرىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، «قىشتا ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، ياز ۋە كۈزدە كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش. جايلار

ماددىي ئەشيالار توپلانغان زاۋۇت، ئامبار، ئاساسىي قۇرۇلۇش تۈرلىرى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئاپەتتىن ساقلىنىشنى دائىملىق تەكشۈرۈش بىلەن بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە نۇقتىلىق تەكشۈرۈشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشنى ھەمدە نازارەت قىلىش، قوغداش، ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇشنى كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭدا قىشتا يول تېيىلغاق بولۇش، قاتناش ھادىسىسى كۆپ يۈز بېرىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش بىخەتەرلىكى كومىتېتى، ئاپتونوم رايونلۇق سوغۇرتا شىركىتى، شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى، شەھەرلىك قاتناش ئىدارىسى، شەھەرلىك باج ئىدارىسى، بىكتۇەن ترانسپورت باشقارمىسى قاتارلىق ئورۇنلار قاتناش بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، 1955 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى تۈرلۈك ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى، ئادەم كۈچى بىلەن ماڭىدىغان قاتناش قورالى ۋە ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ، ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىدىن 1047دانە (قېتىم)نى، ۋېلىسىپىتتىن 140 نى، ئادەم كۈچى ۋە ئۇلاغ كۈچى بىلەن ماڭىدىغان قاتناش قورالىدىن 41 نى تەكشۈردى. تەكشۈرۈش داۋامىدا قائىدىگە خىلاپ ھالدا يول يۈرگەن ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى ئىچىدە ئاپتوموبىلنىڭ قىسمەن زاپچاسلىرىدا مەسىلە بارلىرى %71نى، كىنىشكىسىز يول يۈرگەنلىرى %29 نى ئىگىلەيدىغانلىقى بايقالدى. «تەربىيىنى ئاساس، جەرىمانە قويۇشنى قوشۇمچە قىلىش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، قائىدىگە خىلاپلىق قىلىپ، ھادىسە تۇغدۇرغانلار مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنىپ، ھەر قايسى ئورۇنلارنىڭ ئاپتوموبىللىرىنى رېمونت قىلىش ۋە قاتناش بىخەتەرلىكى تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ئىلگىرى سۈرۈلدى.

1956 ـ يىلى چارۋا سوغۇرتىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاپتونوم رايونلۇق سوغۇرتا شۆبە شىركىتى مۇشۇ سوغۇرتىدىن يىغىلغان سوغۇرتا ھەققىنىڭ بەش پىرسەنتىنى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققى قىلىش، چاۋا سوغۇرتىسىغا قاتناشقان رايونلارنىڭ چارۋا ـ مال دوختۇرخانىلىرىغا كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئورنىدا تارقىتىپ بېرىشنى بەلگىلىدى. سوغۇرتىلاش، ھەق ئېلىش، داۋاملىق سوغۇرتىلاش، تۆلەم تۆلەش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان شەكىللەر ئارقىلىق دېھقانچىلىق كوپىراتىپ كادىرلىرى بىلەن ئاممىغا، بولۇپمۇ مال باققۇچى ۋە ئۇلاغ ئىشلەتكۈچىلەرگە چارۋىلارنى ئاسراش ۋە قوغداش توغرىسىدا تەربىيە بېرىپ، چارۋا بېقىش ـ باشقۇرۇشتىكى ياخشى تەجرىبىلەرنى تەشۋىق قىلىندى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلدى.

1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايون دۆلەت ئىچى سوغۇرتا كەسپىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك سوغۇرتا شىركەتلىرى خەلقنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلكى بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە بارلىق سوغۇرتىلانغۇچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى چىقىش قىلىپ، ئاپەتتىن ساقلىنىش بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشى، يوشۇرۇن ئاپەتنى تۈگىتىش، ئاپەت، ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىقلارنى باشتىن ـ ئاخىر سوغۇرتا خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىپ كەلدى. ھەر دەرىجىلىك ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قاتناش نازارەتچىلىكى تارماقلىرىنىڭ زىچ ماسلىشىشى بىلەن 1981 ـ يىلى سوغۇرتىغا قاتناشقان 235 كارخانىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئاپەتتىن ساقلىنىش بىخەتەرلىك ئەھۋالى تەكشۈرۈلدى. خەتەرلىك ئامىللارغا قارىتا 821 تۈرلۈك مۇۋاپىق تەكلىپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە شۇ ئورۇنلار قوبۇل قىلىپ، تۈزەتكىنى 300 تۈرلۈكتىن كۆپرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوغۇرتىغا قاتناشقان قىسمەن ئورۇنلارغا مەلۇم دەرىجىدە ئاپەتتىن ساقلىنىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ بېرىلىپ، ئاپەتتىن ساقلىنىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى. 1982 ـ يىلى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سوغۇرتا شىركەتلىرى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ماسلىشىشى بىلەن سوغۇرتىغا قاتناشقان 411

كارخانىدا ئاپەتتىن ساقلىنىش بىخەتەرلىك ئەھۋالى تەكشۈرۈلۈپ، تەرتىپكە سېلىش، ئۆزگەرتىش توغرىسىدا 527 تۈرلۈك پىكىر ۋە تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن 187 پىكىر قوبۇل قىلىنىپ، مەسىلىلەر تۈزىتىلدى. قاراماي شەھەرلىك سۇغۇرتا شىركىتى نېفىت مىنىستىرلىكىنىڭ 2 - ترانسپورت شىركىتىدە ئاپتوموبىل سۇغۇرتىسىنى ۋە 3 - شەخس جاۋابكارلىقى سۇغۇرتىسىنى سىناق قىلىپ ترانسپورت بىخەتەرلىكىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سۇغۇرتا شىركىتى ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتى ئاشلىق ماي - ترانسپورت شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتىگە ھەمكارلىشىپ، ئاپتوموبىل ترانسپورتىنى بىخەتەرلىك باشقۇرۇش بويىچە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ ھەم مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا 34 مىڭ 488 يۈەن ئاپەتتىن ساقلىنىش قوشۇمچە ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاپەتتىن ساقلىنىش ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلىنىشىغا ياردەم بېرىپ، ئاپەتتىن ساقلىنىش، زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى كۈچەيتتى.

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شىركىتى جەمئىي 303 مىڭ 500 يۈەن ئاپەتتىن ساقلىنىش خىراجىتى ئاجراتتى ھەم مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئەسلىھەسى تەقدىم قىلدى.

## § 2 . تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىش

### 1 . دۆلەت ئىچى سۇغۇرتا تۆلىمىنى بىر تەرەپ قىلىش

تۆلەمنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى سۇغۇرتا سىياسىتى ۋە رولىنىڭ مۇھىم گەۋدىلىنىشى. ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىھاتە ئورمانلىقى بەرپا قىلدى، سۇ ئىنشائاتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى قىلدى، پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ھاۋارايى ۋە يەر تەۋرەشنى ئالدىن مەلۇم قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى قانات يايدۇردى، سەھىيە - ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردى؛ ئاپەت، ھادىسىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك بولغان ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئاكتىپ قوللىنىپ، ئاپەت، ھادىسىلەر ئېلىپ كېلىدىغان ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى تۆۋەنلەتتى. لېكىن، ئاپەت، ھادىسىلەر يەنىلا ساقلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ھامان يۈز بېرىپ تۇردى. ئاپەت، ھادىسىلەر يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەر دەرىجىلىك سۇغۇرتا شىركەتلىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەق مەيداننى تەكشۈرۈپ، ئاپەت ئەھۋالى ۋە زىياننى ئېنىقلاپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارغا ۋاقتىدا ئىقتىسادىي تۆلەم تۆلەپ بېرىپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىمكانقەدەر تېزراق ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈردى. 1954 - يىلى ئۈرۈمچى تەمىنات - سودا كوپېراتىپىدا چوڭ ئوت ئاپىتى يۈز بېرىپ 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك سۇغۇرتا تۆلەم پۇلى تۆلەندى؛ 1958 - يىلى كۇچا ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن زور كەلكۈن ئاپىتى ۋە 1956 - يىلى كانسۇدا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش ئاپىتىدە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك سۇغۇرتا تۆلەم پۇلى تۆلەندى؛ 1985 - يىل 7 - ئايدا يېڭىتۇنەن يېزا ئىگىلىك 7 - شىسىنىڭ «127»، «128» تۇەنلىرىدە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر

مۇلدۇر ئاپىتى يۈز بېرىپ زور كۆلەمدىكى سوغۇرتىلانغان كېۋەز ئېتىزلىرى ئاپەتكە ئۇچرىدى، سوغۇرتا كادىرلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا بېرىپ، نەق مەيداننى تەكشۈرۈش، زىياننى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئارقىلىق، 840 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەپ بەردى؛ شۇ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئۇلۇغچات ناھىيىسىدە 7.4 بال كۈچلۈك يەر تەۋرىدى. 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەسلىدىكى تەۋرەش داۋامىدا يەنە 6.8 بال كۈچلۈك قالدۇق يەر تەۋرەپ، قەشقەرنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. ئىشلەپچىقىرىش، توك توختاپ قېلىپ قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتتى. سوغۇرتا شىركىتى تەكشۈرۈپ، زىياننى بېكىتىپ، بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ مۈلۈك سوغۇرتىسى مال ـ مۈلكىنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن 967 مىڭ 500 يۈەن تۆلەم بەردى، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى بۇ ئىككى قېتىملىق يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، سوغۇرتىغا قاتناشقان كارخانىلارمۇ 762 مىڭ 500 يۈەن تۆلەم پۇلىغا ئېرىشتى؛ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، سوغۇرتىغا قاتناشقان قىسمەن كارخانىلارمۇ 280 مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيانغا ئۇچرىدى. سوغۇرتا شىركىتى قەشقەر ۋىلايىتى ۋە قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى سوغۇرتىغا قاتناشقان كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى ئۈچۈن ۋاقتىدا 2 مىليون 10 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەپ بېرىپ، سوغۇرتىنىڭ تۆلەم تۆلەش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە مەدەت بېرىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلدى.

1951 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە تۆلەنگەن سوغۇرتا تۆلەم پۇلى 4 مىليون 752 مىڭ 100 يۈەن بولدى. 1980 ـ يىلى دۆلەت ئىچى سوغۇرتا كەسپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن باشلاپ 1985 ـ يىلغىچە تۆلەنگەن دۆلەت ئىچى سوغۇرتا تۆلەم پۇلى 14 مىليون 586 مىڭ 200 يۈەنگە يەتتى.

**1951 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە ۋە 1960 ـ يىلى ھەر قايسى سۇغۇرتا تۈرلىرى بويىچە بېرىلگەن تۆلەم ستاتىستىكا جەدۋىلى**

جەدۋەل: 9 ــ 20

بىرلىكى: يۈەن

| سۇغۇرتا تۈرلىرى / يىللار | 1951 ـ يىلى | 1952 ـ يىلى | 1953 ـ يىلى | 1954 ـ يىلى | 1955 ـ يىلى | 1956 ـ يىلى | 1957 ـ يىلى | 1958 ـ يىلى | 1960 ـ يىلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| مال ـ مۈلۈك مەجبۇرىي سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | 6325.07 | 15758.31 | 67180.55 | 77432.74 | 20004.99 | 123281.22 | 269525.35 | 922730.64 | 1315883.26 |
| ترانسپورت سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | | 26.76 | 7786.00 | 5943.44 | 18738.52 | 49671.60 | 6412.11 | 22462.41 | 280687.46 |
| قاتناش قوراللىرى سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | | | 6222.50 | 57995.86 | 153086.80 | 145505.92 | 187119.63 | 167517.94 | 264594.68 |
| ئوت ئاپىتى سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | 306.50 | 4593.86 | 3011.68 | 797.25 | 2524.90 | | 34135 | 13696 | |
| چارۋا مال سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | 6598.25 | 127881.92 | 225383.49 | 72.48 | | 3357.60 | 16521.30 | 51684.14 | 2447.79 |
| يولۇچىلار كۆزلىمىگەن زىيان ـ زەخمەت سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | | | | | 3536.93 | 10349.89 | 14181.98 | 3514.18 | 36091.02 |
| ئاددىي جىسمانىي سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | 6802.10 | 9809.99 | 319 | | 409.80 | 175.28 | 1337.60 | 1303.38 | 1719.60 |
| كوللېكتىپ جىسمانىي كۆزلىمىگەن زىيان ـ زەخمەت سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | 1937.16 | 2567.81 | 13495.56 | 4656.56 | 1000.00 | 500.00 | | | • |
| جەمئىي | 21969.16 | 160638.65 | 323398.88 | 146898.33 | 199301.94 | 332841.51 | 495439.32 | 1169349.65 | 1902223.91 |

ئىزاھات: 1) تۆلەم تۆلەش نىسبىتى: 51. يىلى 6.03%، 52. يىلى 15.66%، 53. يىلى 47.08%، 54. يىلى 9.9%، 55. يىلى 10.46%، 56. يىلى 13.5%، 57 . يىلى 17.25%، 58 . يىلى 33.06%، 60 . يىلى سۇغۇرتا ھەققى كىرىمى 38 مىلىيون يۈەن، تۆلەم پۇلى 1 مىلىيون 900 مىڭ يۈەن، تۆلەم پۇلى قىلىنغان كىرىمدىن 1 مىلىيون 60 مىڭ يۈەن ئارتۇق بولدى؛ 51 ـ يىلدىن 58. يىلغىچە يىللىق ئوتتۇرىچە تۆلەم نىسبىتى 19.22% بولدى.

2) يۇقىرىقى سانلارنىڭ ھەممىسى مارىز ئىشلىتىشۋاتقان خەلق پۇلىنى كۆرسىتىدۇ.

## شىنجاڭنىڭ 1981 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە دۆلەت ئىچى مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلىمى تۆلەم ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 ـ 21

بىرلىكى: 1000 يۈەن

| تۈرلەر / يىللار | دېلو سانى | جەمئىي: تۆلەم پۇلى | جەمئىي: % - + | دېلو سانى | كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | دېلو سانى | ترانسپورت قاتناش ۋاستىلىرى سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | دېلو سانى | يۈك ترانسپورت سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | دېلو سانى | ئائىلە مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | دېلو سانى | باقمىچىلىق كەسپى سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | دېلو سانى | تېرىقچىلىق كەسپى سۇغۇرتىسى تۆلەم پۇلى | دېلو سانى | باشقا سۇغۇرتا تۈرلىرى تۆلەم پۇلى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1981 | 33 | 51 | | 20 | 42 | 12 | 3 | | | 1 | 1 | | | | | | |
| 1982 | 295 | 704 | 1280.4 | 51 | 451 | 243 | 252 | | | 1 | 1 | | | | | | |
| 1983 | 1039 | 1730 | 145.74 | 76 | 584 | 1006 | 1146 | | | 2 | | | | | | 9 | |
| 1984 | 3354 | 5897 | 240.87 | 143 | 1319 | 3207 | 4577 | | | 4 | | | | | | | |
| 1985 | 9771 | 14749 | 150.11 | 208 | 3141 | 9408 | 10700 | 7 | 9 | 64 | 21 | 14 | 14 | 10 | 856 | | 8 |

### كارخانا مال ـ مۈلۈك سۇغۇرتىسىنىڭ تۆلەم بېرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 ـ 22

بىرلىكى: دانە، 1000 يۈەن، %

| تۈرلەر / يىللار | بىر تەرەپ قىلىنغان دېلو | | بىر تەرەپ قىلىنغان تۆلەم پۇلى | | | خەتەر يۈز بەرگەن دېلو | | زىيان نىسبىتى ‰ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | % - + | جەمئىي | % - + | تۆلەم نىسبىتى | جەمئىي | خەتەر يۈز بېرىش نىسبىتى | |
| 1981 | 20 | 1900.00 | 42 | | 2.31 | 32 | 8.96 | 0.0406 |
| 1982 | 51 | 155.00 | 451 | 973.81 | 17.37 | 56 | 7.84 | 0.3505 |
| 1983 | 76 | 49.02 | 584 | 29.49 | 19.05 | 81 | 7.81 | 0.3332 |
| 1984 | 143 | 88.16 | 1319 | 125.86 | 27.55 | 143 | 8.67 | 0.5487 |
| 1985 | 208 | 45.45 | 3141 | 164.39 | 43.10 | 221 | 6.95 | 2.4243 |

### ترانسپورت ۋاستىلىرى ۋە جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسىنىڭ تۆلەم بېرىش ئەھۋالى

جەدۋەل: 9 ـ 23

بىرلىكى: 1000 يۈەن، %

| تۈرلەر / يىللار | بىر تەرەپ قىلىنغان دېلو | | بىر تەرەپ قىلىنغان تۆلەم پۇل | | | خەتەر يۈز بەرگەن دېلو | | زىيان نىسبىتى ‰ |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | جەمئىي | % - + | جەمئىي | % - + | تۆلەم نىسبىتى | جەمئىي | % - + | |
| 1981 | 12 | | 8 | | 1.00 | 20 | | |
| 1982 | 243 | 1925.00 | 252 | 3050.00 | 20.49 | 374 | | |
| 1983 | 1006 | 313.99 | 1146 | 354.76 | 28.75 | 1400 | 274.33 | |
| 1984 | 3207 | 218.79 | 4577 | 299.39 | 47.39 | 3593 | 156.64 | |
| 1985 | 9408 | 193.36 | 10700 | 133.78 | 34.07 | 10362 | 188.39 | |

## 2. چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا تۆلىمىنى بېجىرىش

1980 ـ يىلدىكى چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا تۆلىمى ئاساسلىقى ۋاكالىتەن تەكشۈرۈش تۆلىمى ئىدى. شۇ بىر يىلدا جەمئىي 29 پارچە بىرلەشمە تەكشۈرۈش دوكلاتى يوللىنىپ، 20 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك تۆلەم پۇل بېرىلدى.

1981 ـ يىلى چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا بويىچە تۆلەم تۆلەش دېلوسىدىن ئالتىسى تاپشۇرۇۋېلىندى، ئۇنىڭ بەشى بىر تەرەپ قىلىنىپ، 1200 يۈەن تۆلەم تۆلەندى؛ ئاخىرلاشمىغىنى بىر بولۇپ، 9000 يۈەن زىيان مۆلچەرلەندى، تۆلەم تۆلەش نىسبىتى 4.3% بولدى. ئېھتىيات فوندى ۋە تۆلەم پۇلىنى چىقىرىۋەتكەندە، پايدا 80 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئورۇندالدى. 1982 ـ يىلى چەت ئەلگە ئالاقىدار 71 سۇغۇرتا تۆلەم تۆلەش دېلوسى قوبۇل قىلىنىپ، 26 مىڭ 100 ئامېرىكا دوللىرى ۋە 178 مىڭ 700 يۈەن خەلق پۇلى ئىقتىسادىي زىيان تۆلەپ بېرىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئېكسپورت ماللىرىنى توشۇش سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم تۆلەش دېلوسى 30 بولۇپ، 17 مىڭ 500 ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم تۆلەندى؛ ئىمپورت ماللارنى توشۇش سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم تۆلەش دېلوسى 34 بولۇپ، 8600 ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم تۆلەندى؛ بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش ـ قۇرۇلۇش سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم تۆلەش دېلوسى بىر بولۇپ، 178 مىڭ 700 يۈەن تۆلەم پۇلى تۆلەندى؛ ئىمپورت ـ ئېكسپورت ماللىرىنى توشۇش سۇغۇرتىسى ۋاكالىتەن تەكشۈرۈلۈپ، زىيىنى بېكىتىلگەن تۆلەم تۆلەش دېلوسى ئالتە.

1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىنىڭ چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا كەسپىدە بىر قەدەر كۆپ تۆلەم تۆلەندى. ئېكسپورت سۇغۇرتىسىدىكى تۆلەم تۆلەش دېلوسى ئاساسلىقى شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيادىكى رايونلاردا يۈز بەرگەن بولۇپ، سىرىلانكىغا ئېكسپورت قىلىنغان ئاپېدىياندا ئەڭ ئېغىر بولدى. ئىمپورت قىلىنغان ماللارنى توشۇش سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم تۆلەش دېلوسى ئاساسلىقى ئاپتونوم رايونلۇق يېنىك سانائەت نازارىتىنىڭ ئامېرىكىدىن ئىمپورت قىلغان 3300 توننا پولىئېتىلېن دېلوسى بولۇپ، بۇ مال ئادەتلا قاچىلانغانلىقتىن، ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغان، ئايرىم تۈپلىرىنىڭ زىيانغا ئۇچراش نىسبىتى 13.6% كە يەتكەن. شۇ يىلى چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا بويىچە 74 تۆلەم تۆلەش دېلوسى قوبۇل قىلىنىپ، 165 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم تۆلەندى. پورتتا تەكشۈرۈشنى ۋاكالىتەن بېجىرىش بويىچە 30 تۆلەم تۆلەش دېلوسى يۈز بەردى، بۇنىڭغا 30 مىڭ يۈەن تۆلەم پۇل ۋاكالىتەن تۆلەپ بېرىلدى. 1984 ـ يىلى چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتىدا 149 مىڭ 600 يۈەن تۆلەم پۇل تۆلىنىپ، تۆلەم تۆلەش نىسبىتى 10.75% بولدى.

1985 ـ يىلى چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا بويىچە 60 تۆلەم تۆلەش دېلوسى قوبۇل قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت قىلىنغان ماللارنى توشۇش سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم تۆلەش دېلوسى 33 بولۇپ، ئاخىرلاشمىغان ئىككى دېلودىن باشقا 31 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى، بۇلارغا 26 مىڭ 800 ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم تۆلەندى. تۆلەم تۆلەش نىسبىتى 6% كە يەتتى؛ ئېكسپورت قىلىنغان ماللارنى توشۇش سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم تۆلەش دېلوسى 25 بولۇپ، ئاخىرلاشمىغان ئۈچ دېلودىن باشقا، 22 دېلو بىر تەرەپ قىلىندى. 25 مىڭ 800 ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم تۆلەندى. تۆلەم تۆلەش نىسبىتى 13% بولدى. قۇرۇلۇق سۇغۇرتىسى بويىچە تۆلەم تۆلەش دېلوسى ئىككى (بىناكارلىق ـ قۇراشتۇرۇش ـ قۇرۇلۇش سۇغۇرتىسىغا تەۋە) بولۇپ، بۇنى ئۆششۈك ئاپىتى ۋە چاقماق كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقتىن، 75 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەم تۆلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭ تۆلەم تۆلەش دېلوسى «سومىكو» پاراخوتىنىڭ دېڭىزدا ھادىسىگە ئۇچراش دېلوسىدىن ئىبارەت، 1985 ـ يىلى شىنجاڭ تەڭرىتاغ سۇلياۋ زاۋۇتى، جۇڭگو ماشىنىسازلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنى تاشقى سودا ۋاكالەتچىسى قىلىپ، شياڭگاڭ فۇياڭ سودا گۇرۇھى بىلەن توختام ئىمزالاپ قىدىراتىپ

گېرمانىيىنىڭ كرۇس ـ خى چولڭ كالىبرالىق PVC تۇرۇبا ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىنى كىرگۈزگەن، توختام ئىمزالىغاندا FOB باھاسىنى قوللىنىپ، بۇ ئۈسكۈنىسىنى كورىيىنىڭ «سومىكو» («SUMIKO») ناملىق پاراخوتىنى ئىجارىگە ئېلىپ توشۇغانىدى. جۇڭگو ماشىنىسازلىق ئىمپورت ـ ئېكسپورت شىركىتى شىنجاڭ شۆبە شىركىتى تەڭرىتاغ سۈلياۋ زاۋۇتىغا ۋاكالىتەن بۇ ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىنى شىنجاڭ سۇغۇرتا شىركىتىدە سۇغۇرتىلاتقانىدى. «سومىكو» پاراخوتى 4 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ھامبورگ پورتىدىن يولغا چىقىپ، ئىسپانىيىگە كېتىۋاتقاندا بورانلىق دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، ھادىسە يۈز بېرىپ، 22 ساندۇق مالدىن 17 ساندۇقى زىيانغا ئۇچرىغان. 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تيەنجىن يېڭى پورتىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تاڭگو ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى ساندۇقلارنى ئېچىپ دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ، مالنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىغانلىقىنى بايقىغان، لېكىن تاۋار تەكشۈرۈش شارائىتى چەكلىك بولغاچقا، باشقا جايغا يۆتكەپ تەكشۈرۈشنى قارار قىلغان ھەمدە شىنجاڭ ئىمپورت ـ ئېكسپورت تاۋارلىرىنى تەكشۈرۈش ئىدارىسى، شىنجاڭ سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى تەڭرىتاغ سۈلياۋ زاۋۇتىغا ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ زاۋۇتقا يېتىپ كەلگەن ئۈسكۈنىلەرنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ھاۋالە قىلغان. ئۇلار تەكشۈرگەندىن كېيىن، 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تاڭگو تاۋار تەكشۈرۈش ئىدارىسىغا تاۋار تەكشۈرۈش ئىسپاتى بېرىپ بەرگەن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق، «سومىكو» پاراخوتى ھادىسىگە ئۇچراپ، تەخمىنەن 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى زىيان بولغان. ھادىسە پاراخوت دائىرىلىرى مالنى مۇۋاپىق باسمىغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققانلىقى ئىسپاتلاندى. جۇڭگو تەرەپ ئۆز ۋاقتىدا لوندوندىكى پاراخوت ئىگىلىرىنىڭ سۇغۇرتا تۆلىمىنى تۆلەش جەمئىيىتىگە تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئىسپاتىنى يوللاپ بەرگەن. ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، بۇ جەمئىيەتنىڭ 5 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق كېپىللىك خېتىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ قېتىم ئالاقىلىشىش ئارقىلىق، 165 مىڭ 900 مارك تۆلەم پۇلىنى قايتۇرۇۋالغان. 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەلگە ئالاقىدار سۇغۇرتا بويىچە تۆلىگەن تۆلەم پۇلى جەمئىي 793 مىڭ 300 يۈەنگە يەتتى.

# ئونىنچى قىسىم

# راسچوت، تارقىتىش، ھاۋالە

# ئونىنچى قىسىم

# راسچوت، تارقىتىش، ھاۋالە

## I باب

## مېمورىئال راسچوت

### § 1 . تارىخىي تەرەققىيات جەريانى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپلا شەنشىلىك سودىگەرلەر ئۈرۈمچىدە سەرراپخانا ئېچىپ، پىرېۋوت كەسپىنى بېجىرگەنىدى. شىنجاڭدا شۇنىڭدىن باشلاپ مېمورىئال راسچوت بارلىققا كەلگەن. مىنگو دەۋرىدە زامانىۋى بانكىلار گۈللىنىپ، پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز پۇل تارقىتىش، پىرېۋوت قىلىش بانكىلارنىڭ ئۈچ چوڭ ئاساسىي كەسپىي بولۇپ قالدى. مېمورىئال راسچوت زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. لېكىن مېمورىئال راسچوتنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولمىغانلىقتىن بىر شەھەردە ئاساسلىقى نەق پۇل چېكى ئىشلىتىلىپ باشقا جايلاردا پىرېۋوت چېكى ئىشلىتىلەتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پىلانلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بانكىلىرىنىڭ يۈرۈشلەشكەن راسچوت شەكلى پەيدىنپەي بارلىققا كەلدى ۋە شەكىللەندى.

شىنجاڭ ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە خەلق ئىگىلىكىنى تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، بانكا ئالدى بىلەن جىيا يۈگۈەننىڭ شەرقىي ۋە غەربىدىكى جايلار بىلەن پۇل پىرېۋوت قىلىشنى يولغا قويدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئۈرۈمچىدىن لەنجۇغا، ئۈرۈمچىدىن شىئەنگە پۇل پىرېۋوت قىلىشنى يولغا قويدى. 1950 - يىل 1 - ئايدا خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى تىجارەت باشلىغاندىن كېيىن، پۇل پىرېۋوت قىلىشنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش بېجىرىدىغان بولدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا جۇچۈەن، ۋۇۋېي، لەنجۇ، شىئەن، بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي، چۇڭچىڭدىن ئىبارەت سەككىز شەھەرگە پۇل پىرېۋوت قىلىنىدىغان بولدى. ئۆلكە سىرتىغا پىرېۋوت قىلىشنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى شىنجاڭ كۆمۈش تەڭگىسىنىڭ سىرتقا نىسبەتەن سېتىۋېلىش كۈچىگە كۈچلۈك مەدەت بېرىپ، ئىچكىرىدىن نۇرغۇن مال كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ مال باھاسى مۇقىملاشتۇرۇلدى.

1950 ـ يىل 4 ـ ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «دۆلەت ئورگانلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار»نى ئېلان قىلدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە ئىقتىساد كومىتېتى «دۆلەت ئورگانلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش كونكرېت چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەندى: ئۆلكىلىك خەلق شۆبە بانكىسى ئۆلكىمىزدىكى نەق پۇل باشقۇرىدىغان ئىجرائىي ئورگان، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا خەلق بانكىسىنىڭ ھاۋالىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە مۇۋاپىق ئىش تەقسىم قىلىنىپ، نەق پۇل باشقۇرۇشنى بىرلىكتە بېجىرىدۇ. ئومۇمەن بارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، ئورگانلار، قىسىملار ۋە كوپېراتىپلار بارلىق نەق پۇل ۋە چەك ـ ھۆججەتلىرىنىڭ بەلگىلەنگەن نورمىدىن ئاشقانلىرىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش چارىسىگە ئاساسەن، شۇ يەردىكى جۇڭگو خەلق بانكىسىغا ياكى شۇ ھاۋالە قىلىنغان ئاپپاراتقا ئامانەت قويۇشى لازىم. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇئامىلىگە مېمورىئال چەك ئىشلىتىپ جۇڭگو خەلق بانكىسى ئارقىلىق مېمورىئال قىلىنىدۇ. سودا ئالاقىسى بار شەھەرلەر ئارا مۇئامىلىدە جۇڭگو خەلق بانكىسى ئارقىلىق پېرېۋوت يوللىنىدۇ. نەق پۇل باشقۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى خەلق بانكىسىنى راسچوت مەركىزى بولۇش نىشانىغا قاراپ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئۆلكىلىك خەلق بانكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكىلار ئىچكىرىدىكى بانكىلار بىلەن ئۆز ئارا بىۋاسىتە پېرېۋوتنى يولغا قويۇش بەلگىلەندى. پۇل پېرېۋوت قىلىش دائىرىسىمۇ پەيدىنپەي كېڭەيتىلىپ مەملىكەت بويىچە چوڭ شەھەرلەر ۋە ئۆلكە، شەھەرلەردىكى مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بىۋاسىتە پۇل پېرېۋوت قىلىشىدىغان بولدى.

1951 ـ يىل 2 ـ ئايدا نەق پۇل باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھېساب ئاغدۇرۇپ راسچوت قىلىش يولغا قويۇلدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بىلەن شىنجاڭ ھەربىي رايونى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، «پۇل باشقۇرۇش قارارىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، كوپېراتىپلار، كارخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ شۇ يەردىكى بانكىلاردا راسچوت ھېساباتى تۇرغۇزۇشىنى، ئورگانلار، قىسىملار قاتارلىق پەقەت راسخوت چىقىملا بار ئورۇنلارنىڭ مۇئامىلە ھېساباتى تۇرغۇزۇشىنى تەلەپ قىلدى. ھەر قايسى ئورۇنلار ئارىسىدىكى بارلىق سودا مۇئامىلىلىرىدە نەق پۇل ئىشلىتىش بەلگىلەنگەن دائىرىنىڭ سىرتىدىكى پۇللارنىڭ ھەممىسى بانكا ئارقىلىق ھېساب ئاغدۇرۇپ راسچوت قىلىنىدى. ئىككى تەرەپنىڭ بىۋاسىتە كىرىم ـ چىقىم مېمورىئال قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. شۇ شەھەردىكى ھېساب ئاغدۇرۇپ راسچوت قىلىش شەكلىدە، راسچوت ھېساباتى مۇئامىلىدارلىرى ئارىسىدا «راسچوت كىرىم ـ چىقىم دوكۇمېنتى» قوللىنىلدى، مۇئامىلە ھېساباتى ئارىسىدا ۋە راسچوت ھېساباتى بىلەن مۇئامىلە ھېساباتى ئارىسىدا «مېمورىئال چەك» قوللىنىلدى؛ ھەر قايسى ئورۇنلار شەخسلەرگە، خۇسۇسىي كارخانىلارغا پۇل بەرگەندە ياكى ئۆزى نەق پۇل ئالغاندا «مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان چەك»نى ئىشلەتتى. جايلار ئارا ھېساب ئاغدۇرۇپ راسچوت قىلىنغاندا، ئاساسلىقى پېرېۋوت قىلىش ۋە پۇل تاپشۇرۇۋېلىشنى ھاۋالە قىلىشتىن ئىبارەت راسچوت شەكلى قوللىنىلدى.

خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈپ پىلانلىق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، 1953 ـ يىل 3 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە سەككىز خىل راسچوت شەكلى يولغا قويۇلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر شەھەردىكى راسچوتتا پۇل چېكى راسچوتى، چىقىمى كاپالەتلىك راسچوت، ھاۋالە كىرىم ـ ئېتىراپسىز

چىقىم راسچوتى، پىلانلىق راسچوت شەكلى؛ جايلار ئارا راسچوتتا تېلېگرامما، خەت ئارقىلىق قىلىنىدىغان راسچوت، ئالاھىدە ھېساب راسچوتى، كرېدىت گۇۋاھنامىسى راسچوتى شەكلى؛ بىر شەھەر ۋە جايلار ئارا ھەر ئىككىسىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم راسچوت شەكلى بار. شىنجاڭدا بىر شەھەردىكى راسچوتتا پۇل چېكى راسچوتى، جايلار ئارا راسچوتتا پېرېۋوت راسچوتى ئاساس قىلىندى.

1955 - يىل 6 - ئايدا خەلق باش بانكىسى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى، دۆلەت ئورگانلىرى، ھەربىي قىسىملار، جامائەت تەشكىلاتلىرى ئارا نەق پۇلسىز راسچوتنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلدى، شۇنداقلا شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. بۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن راسچوت شەكلى توققۇز خىل. بۇنىڭ ئىچىدە جايلار ئارا راسچوت مۇنداق تۆت خىل: جايلار ئارا ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم، كرېدىت گۇۋاھنامىسى، ئالاھىدە ھېساب، پېرېۋوت؛ بىر شەھەردىكىسى مۇنداق بەش خىل: بىر شەھەردىكى ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم (ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا دوكۇمېنت ئۈستىگە «ئېتىراپسىز چىقىم» تامغىسى بېسىلىپ بېجىرىلسە بولىدۇ) پۇل چىقىم قىلىش ھاۋالىنامىسى پىلانلىق راسچوت پۇل چېكى، نورمىلىق چەك. 1956 - ۋە 1957 - يىللىرى بۇنىڭغا ئىككى قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، مېخانىك ھالدا مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن بەزى ئۇسۇللار ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1958 - يىلى بانكا راسچوتىدا «ئۈچ خادىم بىرلەشتۈرۈش»، «سومكا بانكىسى»، «تالونغا ئاساسەن پۇل چىقىم قىلىش»، «ئاۋۋال چىقىم قىلىپ كېيىن خاتىرىلەش»، «چەكنى رەڭگە قويۇش»، «دوكۇمېنتنى ھېساب ئورنىدا ئىشلىتىش» قاتارلىق ئۇسۇللار بىر مەھەل يولغا قويۇلۇپ، راسچوت خىزمىتىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى، بەزى ئورۇنلاردا ماددىي ئەشيا، مەبلەغ ئېنىق بولماسلىق، ھېسابات خاتا، قالايمىقان بولۇش ئەھۋاللىرى كۆپىيىپ قالدى. 1959 - يىل 5 - ئايدا خەلق باش بانكىسى مەملىكەتلىك بانكا قائىدە - تۈزۈملىرى يىغىنى ئېچىپ، بەزى ئاساسلىق تۈزۈملەرنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە ئورناتتى، مەككىز خىل راسچوت شەكلىنى يىغىنچاقلاپ، جايلار ئارا راسچوت شەكلى ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم ۋە پېرېۋوت راسچوتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل، بىر شەھەردىكى راسچوت شەكلى پۇل چىقىم قىلىش ھاۋالىنامىسى، پۇل چېكى، نورمىلىق پۇل چېكى، پىلانلىق راسچوت، ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم ۋە ھاۋالە كىرىم ئېتىراپسىز چىقىم راسچوتىدىن ئىبارەت ئالتە خىل بولدى. 1962 - يىل 3 - ئايدا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «بانكا خىزمىتىدە مەركەزلەشتۈرۈش، بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، پۇل تارقىتىشنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدا قارار» چىقىرىپ، بانكا خىزمىتىگە قارىتا تىك لېنىيىلىك رەھبەرلىك قىلىشنى يولغا قويۇپ، راسچوت خىزمىتىنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، نورمال خىزمەت تەرتىپىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈردى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلىنىپ، راسچوت خىزمىتىدە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى. خەلق باش بانكىسى 1972 - يىل 11 - ئايدا «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ راسچوت چارىسى»نى چۈشۈردى. شىنجاڭدا 1973 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. راسچوت چارىسىدە مۇنۇلار بەلگىلەندى: بانكا راسچوت بېجىرگەندە پۇلمۇ، مالمۇ نەق بولۇش؛ كىرىم، چىقىم قىلىدىغان ئىككى تەرەپنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداش؛ بانكا پۇل سەپلەپ قويماسلىقتىن ئىبارەت راسچوت پرىنسىپىغا رىئايە قىلىش لازىم. جايلار ئارا راسچوت چارىسىدە جايلار ئارا ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم، كرېدىت گۇۋاھنامىسى ۋە پېرېۋوت قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل راسچوت شەكلى بولىدۇ. بىر شەھەردىكى ۋە ناھىيە ئىچىدىكى راسچوت شەكلىنى ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىلار ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. خەلق

شۆبە بانكىسى 1974 - يىلى 11 - ئايدا «جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسىنىڭ بىر شەھەردىكى راسچوت چارىسى»نى تۈزدى ۋە 1975 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭدا بىر شەھەردىكى راسچوت شەكلىنىڭ پۇل چېكى، پۇل چىقىم قىلىش ھاۋالىنامىسى، بىر شەھەردىكى ھاۋالە كىرىم - ئىپتىراپلىق چىقىم ۋە بىر شەھەردىكى ھاۋالە كىرىم - ئىپتىراپسىز چىقىمدىن ئىبارەت تۆت خىل بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1978 - يىلى خەلق بانكىسى «شەھەر - يېزا نورمىلىق راسچوت چارىسى»نى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. بۇ چارە ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ياكى گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلار ۋە يېزا ئىگىلىكىگە مۇلازىمەت قىلىدىغان كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ياكى گۇڭشېلار ئارا يۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى، ساناائەت خام ئەشيالىرى ۋە دېھقانچىلىق ماشىنا زاپچاسلىرى قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقا قولايلىق بولدى، بۇ چارە ئادەم بارغان ھامان، پۇلمۇ بولۇش، پۇلمۇ، مالمۇ نەق بولۇش، ئىشلىتىشكە ئەپلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، گۇڭشې - ئەترەتلەر ۋە مال بىلەن تەمىنلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

1980 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «جايلار ئارا پۇل تاپشۇرۇۋېلىشنى ھاۋالە قىلىش» راسچوت چارىسىنى كۆپەيتتى. بۇنىڭ بىلەن بەزى ھاۋالە كىرىم - ئىپتىراپلىق چىقىم راسچوتىنى بېجىرەلمەيدىغان ئورۇنلارمۇ بانكىغا پۇل تاپشۇرۇۋېلىشنى ھاۋالە قىلالايدىغان بولدى. بۇ خىل راسچوت چارىسىدە بانكا چىقىمنى رەت قىلىش سەۋەبىنى تەكشۈرۈش ۋە تاپشۇرغان پۇلدىن تۇتۇپ قېلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدىغان بولدى.

1980 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، راسچوت كەسپى ئۈچۈن ھەق ئېلىش بەلگىلىمىسىنى يولغا قويدى. مالىيە خەزىنىسى ۋە ئامانەت قويغان پۇلغا ئۆسۈم ھېسابلانمايدىغان ئورۇنلاردىن باشقىلىرىدىن بىردەك ئۆلچەم بويىچە ھەق ئېلىنىدى.

1983 - يىلى 6 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى يېزىلاردىكى راسچوت چارىسىنى ئۆزگەرتتى. ئاشلىق، ياغلىقدان باھا پۇلى ئومۇمەن مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى يولغا قويغان ئورۇنلاردا ئائىلە (گۇرۇپپا) بويىچە راسچوت قىلىنىدى، سېتىۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىر تۇتاش ئورۇنلايدىغان جايلاردا يەنىلا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بىر تۇتاش راسچوت قىلدى، ئاشلىق تارماقلىرى دېھقانلار سېتىپ بەرگەن ئاشلىق، ياغلىقدانىنى بىۋاسىتە راسچوت قىلىشنى يولغا قويۇپ، نەق پۇل بەردى. ئاشلىقنى كىم سېتىپ بەرسە پۇلنى شۇ ئېلىش، ئاشلىقمۇ، پۇلمۇ نەق بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. پاختا ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش باھا پۇلى مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغان جايلاردا ئائىلىلەر سېتىپ بەرسە ئائىلىلەر بويىچە راسچوت قىلىنىدى، ئەترەتلەر سېتىپ بەرسە ئەترەت بويىچە راسچوت قىلىنىدى. يېزىلاردىكى ھۆددىگەر ئائىلىلەر، كەسپىي ئائىلىلەر، نۇقتىلىق ئائىلىلەر ۋە باشقا يەككە ئىگىلىكتىكى ئائىلىلەر ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق جايدىكى بانكا ياكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدا ئامانەت پۇل ھېسابى (راسچوت ھېسابى) ئېچىشنى تەلەپ قىلسا، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن، پېرېۋوت راسچوتى، نورمىلىق راسچوت ۋە پۇل تاپشۇرۇۋېلىشنى ھاۋالە قىلىش قاتارلىق راسچوتلارنى بېجىرىشكە بولىدۇ، جايلار ئارا ھاۋالە كىرىم - ئىپتىراپلىق چىقىم راسچوتىنى بېجىرىشكە بولمايدۇ.

1984 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى «جايلار ئارا ھاۋالە كىرىم ـ ئېھتىياجلىق چىقىم راسچوت چارىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ ئېلان قىلدى. شۇ كۈنى شىنجاڭدىكى مەملىكەتلىك بانكىلار ئارا مۇئامىلىگە قاتناشقان ھەر قايسى بانكا ئاپپاراتلىرى چەت ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارغا بېرىۋەت راسچوت قىلىشنى باشلىدى. خەلق شۆبە بانكىسى ۋە جۇڭگو شۆبە بانكىسىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە بېرىۋەت راسچوتى قىلىشنى باشلىۋەتتى.

1985 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى «يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتىكى مۇقىم سوممىلىق مېمورىئال چەك راسچوت چارىسى» نى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويدى. بۇ راسچوت چارىسى يېزىلاردىكى ئاۋار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئۈنۈملۈك بولۇپ ھەم نەق پۇل چىقىمى تېجىلىپ ھەم رەسمىيەتلىرى ئاددىيلاشتۇرۇلۇپ، ئاممىغا ئاسانلىق يارىتىلدى.

## 2 § . ھېساب باشقۇرۇش

1950 ـ يىل 10 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا خەلق بانكىسىغا قوشۇلۇشتىن ئىلگىرى، ئىككى بانكا ئۆزلىرىنىڭ كەسىپ دائىرىسىنى ئېنىق بەلگىلىدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت، سودا، قاتناش كەسىپدىكىلەرنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز ئېلىش ئىشلىرىنى خەلق بانكىسى بېجىرەتتى. ئۇلار خەلق بانكىسىدا ھېساب ئاچاتتى. خۇسۇسىي كارخانا، يەككە ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز ئېلىش ئىشلىرىنى ئۆلكىلىك بانكا بېجىرەتتى، ئۇلار ئۆلكىلىك بانكىدا ھېساب ئاچاتتى. 1950 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك بانكا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ بارلىق كەسپىنى خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى بېجىرىدىغان بولدى، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ جايلاردىكى تارماق ئاپپاراتلىرىمۇ شۇ كۈندىن باشلاپ نامىنى خەلق بانكىسىنىڭ تارماق ئاپپاراتىغا ئۆزگەرتتى. ھېساب تەسىس قىلىشتا، خەلق بانكىسى باش بانكىنىڭ تۈزۈمىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە، ئورۇنلارنىڭ خاراكتېرى، كەسىپلەرنىڭ تۈرىگە ئاساسەن، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بوغالتېرلىق ھېساب تۈرلىرى بويىچە ھېساب ئاچىدىغان بولدى.

1951 ـ يىلى پۇل باشقۇرۇش يولغا قويۇلۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇل ھېسابى ئۇنىڭ خاراكتېرى بويىچە «راسچوت ھېسابى» ۋە «مۇئامىلە ھېسابى» دىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلدى، پۇللارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىشلىتىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان راسچوت شەكلى قوللىنىلىپ، ئوخشاش بولمىغان راسچوت دوكۇمېنتى ئىشلىتىلىدىغان بولدى، «كەڭ دائىرىدە قانات يايدۇرۇش، چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورنىتىش، كۆپلەپ چىقىرىپ كۆپلەپ كىرگۈزۈش، ھۆكۈمەتكىمۇ، شەخسكىمۇ پايدىلىق بولۇش» تىن ئىبارەت خۇسۇسىيلارغا قارىتىلغان پرىنسىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەر بىلەن كەڭ دائىرىلىك كرېدىت مۇناسىۋىتى ئورنىتىلىپ، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتكە قەرز بېرىش، ئۇلاردىن ئامانەت پۇل جەلپ قىلىش كېڭەيتىلدى. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئۈرۈمچى شەھىرىدىلا بانكىدا ھېساب ئاچقانلار 1239 غا يېتىپ، خۇسۇسىي سودا ـ سانائەتچىلەرنىڭ 31 پىرسەنتى ئەترابىنى ئىگىلىدى. شىنجاڭ بويىچە خۇسۇسىيلارنىڭ ئامانەت قويغان پۇلى 1950 ـ يىلدىكىدىن 2.6 ھەسسە ئېشىپ كەتتى.

1952 - يىلى باش بانكىنىڭ «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بانكىغا پۇل ئامانەت قويغاندا ھەر قايسى تۈردە ئۆز ئالدىغا ئايرىم ھېساب ئېچىش توغرىسىدا» دېگەن بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ تۈرلۈك مەخسۇس پۇللىرى بويىچە، چوڭ رېمونت فوندى ھېساۋىدىكى ئامانەت پۇل، مۇكاپات فوندى ئامانەت پۇلى، پاراۋانلىق فوندى ھېساۋىدىكى ئامانەت پۇل، مال - مۈلۈك ھوقۇقى جەھەتتىكى بېكىتىلمىگەن مۈلۈك ئاساسىي ئامورتىزاتسىيىسى فوندى ۋە باشقا ھېساباتتىكى ئامانەت پۇل، پارچە - پۇرات ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ھېساۋىدىكى ئامانەت پۇل قاتارلىق مەخسۇس ھېسابلار ئېچىلىدىغان بولدى.

1955 - يىلى دۆلەتنىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردە خۇسۇسىي سودا - سانائەتكە قارىتىلغان «پايدىلىنىش، چەكلەش، ئۆزگەرتىش» سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئۇلار پىششىقلاپ ئىشلەش، مال زاكاز قىلىش، سېتىش، ۋاكالىتەن سېتىش شەكىللىرى ئارقىلىق ئۆزگەرتىلدى. بانكا ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار ئارىسىدىكى مۇئامىلىنى راسچوت قىلىش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتتى.

1959 - يىلى باش بانكىنىڭ ۋە مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك مالىيە ۋە ئورگانلار، جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ئامانەت پۇللىرى مەركەز ۋە يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىگە ئايرىلىپ، خام چوت ئىچى ۋە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغ بويىچە ئايرىم ھېساب ئېچىلدى. 1962 - يىل 6 - ئايدا گوۋۇيۈەن چىقارغان «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال ساتقان كىرىمىدىن پۇل تۇتۇۋېلىش تەرتىپى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ئىجرا قىلىندى. كارخانىلارنىڭ مال ساتقان كىرىمىدىن ئالدىن قالدۇرۇلغان ئىش ھەققى فوندى ۋە چوڭ رېمونت فوندىدىن باشقا، خەلق بانكىسى تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك باج پۇلى، تۆلەشكە تېگىشلىك قەرز پۇل (ئالدى بىلەن سۇ، توك پۇلى، گاز پۇلى تۇتۇپ قېلىنىدۇ)، تاپشۇرۇشقا تېگىشلىك پايدا، ئاساسىي ئامورتىزاتسىيە فوندى ۋە كىرىم بويىچە پۇل تۇتۇپ قالىدىغان بولدى.

1965 - يىلى شېرىكچىلىكتىكى دۇكانلاردا كرېدىت، راسچوت ۋە نەق پۇل باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى. شېرىكچىلىك دۇكانلىرى بانكىدا ھېساب ئاچسا، سودا سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى بەرگەن تىجارەت كىنىشكىسى، ئۆزى قاراشلىق بولغان رەھبىرىي تارماقنىڭ ئىسپاتى بولۇشى كېرەك. ئۇنىڭ جامائەت فوندى مەخسۇس ھېساب بويىچە ئامانەت قويۇلۇشى، بانكا بەلگىلىگەن ئىشلىتىش دائىرىسى بويىچە ئۇنى ئىشلىتىشكە نازارەت قىلىش تەلەپ قىلىندى. شېرىكچىلىك دۇكانلىرىدا بىردەك نەق پۇل باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. يەككە سودىگەرلەرنىڭ بانكىدا ھېساب ئېچىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى.

1966 - يىلدىن 1973 - يىلغىچە ھېساب باشقۇرۇشتا يەنىلا 1965 - يىلدىن ئىلگىرىكى چارە ئىجرا قىلىندى، ئاساسىي جەھەتتىن يېڭى ئۆزگىرىش بولمىدى.

1974 - يىل 11 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى «ئورۇنلار ھېساب ئېچىش، ھېساۋىنى تاماملاش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) ھېساب ئېچىش شەرتى: سودا - سانائەت كارخانىلىرى ئىچىدىكى مۇستەقىل ھېسابات قىلىدىغان ئورۇنلار، ئىدارىلەر ۋە جامائەت تەشكىلاتلىرىنىڭ خام چوت ئىچى ۋە خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغلىرىنى بانكىدا ئامانەت قويغاندا، بانكىدا ھېساب ئېچىشقا بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ باشقا جايغا ئەۋەتىلگەن ئاپپاراتلىرى، ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ئورۇندىن بىر قەدەر يىراقتا بولغانلىرى شۇ ئەتراپتىكى بانكىدا قوشۇمچە ھېساب ئېچىشقا بولىدۇ. (2) ھېساب ئېچىشنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش، ئىدارىلەر، جامائەت تەشكىلاتلىرى ھېساب ئاچسا، ئىسپاتقا ئاساسەن بوغالتىرلىق تارماقلىرى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ؛ كارخانا ئورۇنلىرى ھېساب ئاچسا، كرېدىت تارماقلىرى پىكىر بېرىدۇ، بوغالتىرلىق تارماقلىرى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ. (3) ئېچىلىدىغان ئالاقىدار ھېساب: سودا - سانائەت كارخانا ئورۇنلىرى ئالاقىدار تۈرلەر

بويىچە ئاساسىي (راسچوت) ھېساب ئاچىدۇ؛ كارخانىنىڭ مەخسۇس مەبلىغى، چوڭ رېمونت فوندى ئۆچۈن كارخانىنىڭ مەخسۇس فوند ئامانەت ھېسابى ئېچىلىدۇ؛ ھەر قايسى ئورۇنلاردا خام چوت بويىچە چەكلىك سوممىلىق پۇل ئاجرىتىش يولغا قويۇلغان بولسا، چەكلىك سوممىلىق پۇل ئاجرىتىش ھېسابى يولغا قويۇلىدۇ؛ ئىدارىلەر، جامائەت تەشكىلاتلىرى ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى خام چوتتىكى ئامانەت پۇل ھېسابى ياكى ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى ئادەتتىكى ئامانەت پۇل ھېسابى ئاچىدۇ؛ ھەربىي قىسىملاردىكى تۆۋەندىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك تارماقلار ئالاھىدە تۈردىكى ھېساب ئاچىدۇ.تارقاق لېيەندۇيلەر ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى ئادەتتىكى ئامانەت پۇل ھېسابى ئاچىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى ئالاھىدە تۈردىكى ۋە باشقا ھېساب ئاچىدۇ؛ شەھەر بازارلاردىكى خەلق كوئوپېراتىپلىرى ۋە مەھەللە ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا قارايدىغان كارخانا ۋە باشقا كوللېكتىپ ئورۇنلار كوللېكتىپ ئامانەت پۇلغا ئالاقىدار ھېساب ئاچىدۇ؛ جايلار ئارا مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن يېرىۋوت قىلىنىپ كەلگەن پۇلغا «يېرىشكە تېگىشلىك يېرىۋوت پۇل ۋە ۋاقىتلىق ئامانەت پۇل» تۈرىدە مال سېتىۋېلىش ھېسابى ئېچىلىدۇ ھەمدە بازار باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە چىقىم قىلىنىدۇ؛ (4) ھېساب تاماملاش: ھېساب ئاچقان ئورۇنلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، بىرلەشتۈرۈۋېتىلگەن ياكى باشقا ئورۇنغا كۆچۈپ كەتكەن بولسا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن بانكىغا بېرىپ ھېساب تاماملاش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشى ھەمدە ئىشلىتىپ بولمىغان راسچوت دوكۇمېنتلىرىنى ئېلىگىرى ھېساب ئاچقان بانكىغا ھەقسىز قايتۇرۇپ بېرىشى لازىم.

1977 - يىل 10 - ئايدىن باشلاپ خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى ئېلان قىلغان «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ھېساب باشقۇرۇش چارىسى» ئىجرا قىلىندى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار، ئىدارىلەر، جامائەت تەشكىلاتلىرى، ھەربىي قىسىملار، مەكتەپلەر مالىيە مەبلىغى بىلەن كرېدىت مەبلىغىنى، ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ھەم تۇراقسىز مەبلەغلەرنى ساھەلەر بويىچە ئايرىپ باشقۇرۇش، خام چوت ئىچىدىكى مەبلەغ بىلەن خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى ئايرىم ھېسابات قىلىش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بانكىدا ئايرىم - ئايرىم ھېساب ئېچىشى لازىم. بانكا ھېسابىنى ئاساسىي ھېساب (ئامانەت پۇل ھېسابى ياكى مۇئامىلە ھېسابى، خام چوتتىكى ئامانەت پۇل ھېسابى ياكى چەكلىك سوممىلىق خىراجەت چىقىمى ھېسابى، خام چوت سىرتىدىكى ئامانەت پۇل ھېسابى ياكى باشقا ئامانەت پۇل ھېسابى)، مەخسۇس ھېساب (قەرز پۇل ھېسابى، مەخسۇس فوند ئامانەت پۇل ھېسابى) ۋە قوشۇمچە ھېسابقا ئايرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرىنىڭ خام چوت ئىچىدىكى مەبلىغىگە خەزىنە ئامانەت پۇلى ھېسابى ئېچىلىدۇ. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئاساسىي فوندىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەركەز، يەرلىك، باشقا دېگەندىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي قۇرۇلۇش مۇئامىلىسى ھېسابى ئېچىلىدۇ. يېزىلاردىكى خەلق كوممۇنىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترىتى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى ۋە كوممۇنا - ئەترەت باشقۇرغان كارخانىلار شۇ يەردىكى ئامانەت - قەرز كوئوپېراتىپى ياكى بانكىلاردا ھېساب ئاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە مۇنۇلار بەلگىلەندى: ھېساب ئاچقاندا يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماقنىڭ ئىسپاتى بولۇشى، ئالاقىدار سىياسەت، ئىنىر - پەرمانلارغا رىئايە قىلىنىشى، بانكىنىڭ كرېدىت، راسچوت، نەق پۇل باشقۇرۇش بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلىنىشى لازىم؛ ھېسابنى ئىجارىگە بېرىش، ئارىيەتكە بېرىشكە بولمايدۇ، پۇل چىقىم قىلىنىدىغان قۇرۇق دوكۇمېنتلارنى ئىمزا قويۇپ تارقىتىپ بېرىشكە بولمايدۇ ۋە باشقىلار. شۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا خەلق بانكىسى ھېسابنى تەرتىپكە سېلىش، ئىنقىلاشنى باشلاپ، ھېسابنى ئىجارىگە بېرىدىغان، ئارىيەتكە بېرىدىغان، ھېسابتىن پايدىلىنىپ ناتوغرا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەتتا مايانكەشلىك قىلىش، يەر ئاستى زاۋۇت قۇرۇش، يوشۇرۇن ئىش ھۆددە ئېلىش،

قالايمىقان ئىشچى ياللاش، ئەركىن دېھقان - كىرىدىت بىلەن شۇغۇللىنىش قاتارلىق قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى بايقىدى. خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى تارماق بانكىسىلا ئۆزىگە قاراشلىق 4223 ھېسابنى ئېنىقلاش جەريانىدا 1160 ھېساباتا 71 مىليون 380 مىڭ يۈەنگە چېتىلىدىغان 4133قېتىم كۆرۈلگەن مەسىلىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلدى.

1982 - يىل 11 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ج خ نازارىتى بىرلىكتە ج خ مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق باش بانكىسىنىڭ «خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ بانكىدا ھېساب ئېچىش ۋە نەق پۇل باشقۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا بەلگىلىمە»نى ئەستىقلاپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ بانكىدا «ئالاھىدە خىلدىكى باشقا ئامانەت پۇل» ھېسابى ياكى «ئىدارە، جامائەت تەشكىلاتلىرى ئادەتتىكى ئامانەت پۇل» ھېسابى ئاچسا بولىدىغانلىقى ھەممە ھەربىي ئورۇنلارنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇش چارىسىدىن پايدىلىنىپ نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

1985 - يىل 9 - ئايدا سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى «راسچوتنى نازارەت قىلىش دائىرىسىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى قايتا قەيت قىلىش توغرىسىدا» ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، بەزى تارماقلارنىڭ بانكىدىن ئالاقىدار پۇل تۆلىگۈچى ئورۇنلارنىڭ ئامانەت پۇل ھېسابى ئىچىدىن ئۆزلىرىگە ۋاكالىتەن پۇل تۇتۇپ قېلىشنى تەلەپ قىلغانلىق مەسىلىسىگە قارىتا مۇنداق ئېنىق بەلگىلىمە چىقاردى: ئورۇنلارنىڭ بانكىدا ئامانەت قويغان پۇلىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بانكا پۇل تۇتۇپ قېلىش دائىرىسىنى خالىغانچە كېڭەيتىشكە بولمايدۇ.

## 3 § . راسچوت تۈرلىرى

### 1. جايلار ئارا راسچوت قىلىش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن جايلار ئارا ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم، كىرېدىت گۇۋاھنامىسى، پىربۇوت قىلىش، ئالاھىدە ھېساب ۋە جايلار ئارا پۇل تاپشۇرۇۋېلىشنى ھاۋالە قىلىشتىن ئىبارەت بەش خىل راسچوت قىلىش شەكلى ئىجرا قىلىندى.

(1) جايلار ئارا ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم راسچوتى. بۇ پۇل ئالىدىغان ئورۇن (مال ساتقان ئورۇن) توختامغا ئاساسەن، مالنى ماڭدۇرغان، ئەمگەك مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىگەن ياكى توشۇش خىراجىتىنى ۋاكالىتەن سەپلەپ قويغاندىن كېيىن، ھېساب ئاچقان بانكىغا سىرتتىكى پۇل تۆلەيدىغان ئورۇن (مال سېتىۋالغان ئورۇن) دىن پۇل تاپشۇرۇۋېلىشنى ھاۋالە قىلىدىغان؛ پۇل تۆلەيدىغان ئورۇن توختامغا ئاساسەن، تالونلارنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەن ياكى مالنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بانكىغا پۇل تۆلەشنى ئېتىراپ قىلىدىغان ھەمدە پۇل ئالغۇچى ئورۇنغا ئاغدۇرۇپ بېرىدىغان راسچوت شەكلىدۇر. 1950 - يىلنىڭ بېشىدىن 1983 - يىلغىچە شىنجاڭدىكى جايلار ئارا راسچوتتا بۇ ئۇسۇل كۆپ قوللىنىلدى. تاۋار ئوبوروتى تۈزۈلمىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، 1984 - يىلدىن باشلاپ بۇ خىل راسچوتنىڭ ئورنىنى بەيدىنپەي باشقا راسچوتلار ئىگىلىدى.

(2) كرېدىت كۆزىنامىسى راسچوتى. بۇ پۇل تۆلەيدىغان ئورۇن پۇلنى كاپالەت سوممىسى سۈپىتىدە بانكىغا ئامانەت قويىدىغان، بانكا ئۇنىڭغا كرېدىت كۆزىنامىسى كېسىپ بېرىدىغان ھەمدە پۇل ئالغۇچى ئورۇن ھېساب ئاچقان بانكىغا پۇل ئالغۇچى ئورۇنغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ قويۇشنى ئۇقتۇرىدىغان؛ پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇن توختامدىكى بەلگىلىمە بويىچە مالنى بەرگەندىن كېيىن بانكا پۇل تۆلىگۈچى ئورۇنغا ۋاكالىتەن پۇل تۆلەيدىغان راسچوت شەكلىدۇر. بۇ خىل راسچوت شەكلىنىڭ رەسمىيەتلىرى بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا، شىنجاڭدا ئاز قوللىنىلدى.

(3) پېرېۋوت راسچوتى. بۇ پۇل تۆلەيدىغان ئورۇن پۇلنى سىرتتىكى پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇن ياكى شەخسكە پېرېۋوت قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىشنى بانكىغا ھاۋالە قىلىدىغان شەكىلدۇر. بۇ خەت پېرېۋوتى ۋە تېلېگرام پېرېۋوتتىن ئىبارەت ئىككى خىل بولۇپ، پېرېۋوت قىلغۇچى ئورۇن تاللاپ ئىشلىتىدۇ. پېرېۋوت راسچوتى يېزىلاردا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ. شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تىجارەت ئورۇنلىرى ناھىيە سىرتىدىكى بانكىلار بىلەن ئادەتتە بانكىلار ئارا مۇناسىۋەت ئورناتمايدىغان بولغاچقا، بىۋاسىتە پېرېۋوت يوللاشقا بولمايدۇ. ناھىيە سىرتىغا پۇل پېرېۋوت قىلىشتا ئۆزى قاراشلىق ناھىيىلىك تارماق بانكا ئارقىلىق پېرېۋوت قىلىنىدۇ. بەزى قاتنىشى قۇلايسىز ھەم تېلېگراف ئالاقىسى بولمىغان رايونلاردا «خەت پېرېۋوتىنى ئۆزى ئېلىپ بېرىش»نى ئىشلىتىش قىلىشقا بولىدۇ. 1984 - يىلى كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىنىڭ، بولۇپمۇ كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە يەككە ئىگىلىكتىكىلەرنىڭ جايلار ئارا راسچوت قىلىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، چەك راسچوتى كەسپى يېڭىدىن كۆپەيتىلدى.

(4) ئالاھىدە ھېساب راسچوتى. مال سېتىۋالغۇچى ئورۇن مال سېتىۋالغۇچى خادىمنى باشقا جايدىن مال سېتىۋېلىشقا ئەۋەتكەندە، مال سېتىۋالغۇچى ئورۇن پۇللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ھېساب ئاچقان بانكىغا تۆلەپ، مال سېتىۋالىدىغان ئورۇندىكى بانكىدا ئالاھىدە ھېساب ئاچىدۇ. بىر ئالاھىدە ھېساب ئارقىلىق، بىر نەچچە مال ساتقۇچى ئورۇن بىلەن راسچوت قىلىشقا بولىدۇ. ھەمدە داۋاملىق پۇل ئاجرىتىپ بېرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشكىمۇ بولىدۇ. ئالاھىدە ھېساب پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىش ۋە تېلېگرامما ئارقىلىق ئەۋەتىشتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

(5) جايلار ئارا پۇل تاپشۇرۇۋېلىشنى ھاۋالە قىلىش راسچوتى. بۇ، پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇن بانكىنى پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ئاساسلىرى بىلەن تەمىنلەپ، بانكىغا باشقا جايدىكى پۇل تۆلىگۈچى ئورۇندىن پۇل ئېلىشنى ھاۋالە قىلىدىغان راسچوت شەكلىدۇر. بۇنىڭدا بانكا پۇل تۆلەشنى رەت قىلىش سەۋەبىنى تەكشۈرۈش ۋە پۇل تۇتۇپ قېلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. بۇ شىنجاڭدا 1980 - يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بىر خىل يېڭى راسچوت شەكلى. بۇ شەكىل كۆپ خىل تاۋار بىلەن سودا - سېتىق قىلىش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئىنتايىن ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلىدۇ.

## 2. بىر شەھەردىكى راسچوت

ئازادلىقتىن كېيىن خېلى ئۇزاق مەزگىلگىچە راسچوتقا ئالاقىدار چارىلەرنى خەلق باش بانكىسى بۇ تۇتاش تۈزۈپ تارقاتقانىدى. 1973 - يىلى راسچوت تۈزۈمى قايتىدىن تۈرغۇزۇلغاندا، مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. يەنى جايلار ئارا راسچوت قىلىش چارىسىنى باش بانكا بىر تۇتاش تۈزۈپ، بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان، بىر شەھەر ۋە ناھىيە ئىچىدىكى راسچوت

چارىسىنى ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك شۆبە بانكىلار باش بانكا بەلگىلىگەن پرىنسىپقا ئاساسلىنىپ، ئۇنى شۇ جايىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزىدىغان ۋە باشقۇرىدىغان بولدى. شىنجاڭدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، پۇل چېكى، پۇل چىقىم قىلىش ھاۋالىنامىسى، بىر شەھەردىكى ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم ۋە بىر شەھەردىكى ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپسىز چىقىمدىن ئىبارەت تۆت خىل بولغان بىر شەھەردىكى راسچوت شەكلى يولغا قويۇلدى.

(1) چەك راسچوتى. بۇ، پۇل تۆلەيدىغان ئورۇن دوكومېنت كېسىپ، ھېساب ئاچقان بانكىغا ئۆزىنىڭ ھېسابىدىن پۇل چىقىم قىلىشنى ئۇقتۇرۇش قىلىدىغان راسچوت شەكلىدۇر، پۇل چېكى نەق پۇل چېكى ۋە مېمورىئال چەكتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. نەق پۇل چېكى بانكىدىن پۇل ئېلىشقا ئىشلىتىلىدۇ، شۇنداقلا مېمورىئال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. مېمورىئال چەككە نەق پۇل ئېلىشقا بولمايدۇ. شىنجاڭدا چەك راسچوتى بىر شەھەردىكى راسچوتتا ئەڭ كەڭ قوللىنىلغان بىر خىل شەكىل.

(2) پۇل چىقىم قىلىش ھاۋالىنامىسى راسچوتى. بۇ، پۇل تۆلىگۈچى ئورۇن ھېساب ئاچقان بانكىغا ئۆزىنىڭ ھېسابىدىكى پۇلدىن پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇننىڭ ھېسابىغا پۇل ئاغدۇرۇپ بېرىشنى ھاۋالە قىلىدىغان راسچوت شەكلىدۇر. بۇ خىل راسچوتنىڭ رەسمىيىتى چەك راسچوتىنىڭكىدەك ئاددىي بولمىغاچقا شىنجاڭدا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلمىدى.

(3) بىر شەھەردىكى ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم راسچوتى. بۇ راسچوت شەكلى جايلار ئارا ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپلىق چىقىم راسچوتى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش. راسچوت قىلىش جەريانى ئاستا بولۇپ، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىشكە پايدىسىز بولغاچقا، شىنجاڭدا كەڭ قوللىنىلمىدى.

(4) بىر شەھەردىكى ھاۋالە كىرىم - ئېتىراپسىز چىقىم راسچوتى. بۇ، پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى، تۆلىگۈچى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ ئىمزالىغان كېلىشىم ياكى توختام بويىچە پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇن پۇل تاپشۇرۇۋېلىشنى بانكىغا ھاۋالە قىلغاندا، پۇل تۆلىگۈچى ئورۇننىڭ پۇل تۆلەشنى بىر - بىرلەپ ئېتىراپ قىلىشى زۆرۈر بولمايدىغان، بانكا ئۆزلىكىدىن پۇل تۆلىگۈچى ئورۇننىڭ ھېسابىدىن پۇل چىقىم قىلىپ، ئۇنى پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇننىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇپ قويىدىغان راسچوت شەكلىدۇر. بۇ شەكىل شىنجاڭدا ئاساسلىقى بىر شەھەردىكى ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن توك، سۇ ھەققى، تېلېفون ھەققى، پوچتا - تېلېگراف ھەققى قاتارلىق پۇللارنى راسچوت قىلىشقا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

## 3. يېزىلاردىكى راسچوت

يېزىلاردىكى راسچوتتا يېرىۋوت راسچوت شەكلى (جايلار ئارا) ۋە چەك راسچوت شەكلى (بىر شەھەردە) قوللىنىلغانلىقىنىڭ سىرتىدا، يەنە يېزىلاردىكى چىقىمنى ھاۋالە قىلىش، شەھەر، يېزىلاردىكى نورمىلىق راسچوت ۋە يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مۇقىم سوممىلىق مېمورىئال چېكىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل راسچوت شەكلى بار.

(1) يېزىلاردىكى چىقىمنى ھاۋالە قىلىش راسچوتى. بۇ ئاساسلىقى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ياكى تەمىنات - سودا كوپېراتىپلىرى (پۇل تۆلىگۈچى ئورۇن) بانكىغا ئۆزىنىڭ ھېسابىدىن پۇل ئاجرىتىپ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىپ بەرگەن ئورۇن (پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇن) غا بېرىشنى ھاۋالە قىلىدىغان بىر خىل راسچوت شەكلى. بۇ شەكىل شىنجاڭدا ئۇزۇندىن بۇيان كەڭ قوللىنىلدى. 1985 - يىلغا

كەلگەندە، ئۇنىڭ ئورنىنى پەيدىنپەي «يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مۇقىم سوممىلىق مېمورىئال چېكى»دىن ئىبارەت راسچوت ئىگىلىدى.

(2) شەھەر - يېزا نورمىلىق راسچوتى. بۇنىڭدا پۇل چىقىم قىلغۇچى ئورۇن ئۆزىگە ئېھتىياجلىق نورمىغا ئاساسەن ئۆزىنىڭ ھېساۋىدىن كاپالەت سوممىسى ئاجرىتىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ھېساب ئاچقان بانكا نورمىلىق راسچوت دوكومېنتى كېسىپ بەرگەندىن كېيىن، پۇل چىقىم قىلغۇچى ئۇنى ناھىيە بازىرىدىكى كۆرسىتىلگەن پۇل كىرىم قىلغۇچى ئورۇنغا ئاپىرىپ مال سېتىۋالىدۇ. پۇل كىرىم قىلغۇچى ئورۇن ھېساب ئاچقان بانكا ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە سېتىۋالغان مېلىنىڭ سوممىسى بويىچە راسچوت قىلىپ، ئېشىپ قالغان پۇلنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاندىن كېيىن كاپالەت سوممىسى ھېساۋىدىن كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ. بۇ خىل راسچوت شىنجاڭدا 1978-يىلدىن باشلاپ ھەر قايسى ناھىيىلەردە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

(3) يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش مۇقىم سوممىلىق مېمورىئال چېكى راسچوتى. بۇ، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالغان ئورۇن كاپالەت سوممىسىنى تاپشۇرۇشنى ئىلتىماس قىلىدىغان، بانكىدىن ئوخشاش مىقداردا مۇقىم سوممىلىق چەك ئېلىپ شۇ ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدىغان مەخسۇس راسچوت شەكلى. شىنجاڭدا 1984 - يىل 10 - ئايدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلۇپ، 1985 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. مۇقىم سوممىلىق چەك راسچوت دوكومېنتىنىڭ يۈزىدىكى سوممىسى ئايرىم - ئايرىم 50 يۈەن، 100 يۈەن، 200 يۈەن، 500 يۈەندىن ئىبارەت مۇقىم تۆت خىل بولدى. مۇقىم سوممىلىق چەك ئىسمى يېزىلىدىغان شەكىلدە بولۇپ، بىر قېتىملىق مېمورىئال راسچوت دوكومېنتى بولىدۇ. ئۇنى مال سېتىۋالغۇچى ئورۇن ئىمزا قويۇپ ئىشلىتىدۇ. پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى ئورۇن ياكى شەخس مۇقىم سوممىلىق چەككە ئاساسەن، بانكا، ئامانەت قەرز كوپېراتىپىغا قەرز قايتۇرىدۇ، ئامانەت قويىدۇ ياكى پۇقرالار ئامانىتىگە ئاغدۇرۇپ ئامانەت قويىدۇ، ئۇ ئارقىلىق دېھقانچىلىق بېجى تاپشۇرسىمۇ ۋە تۈرلۈك ھۆددىگەرلىك پۇلىنى تاپشۇرسىمۇ بولىدۇ. مۇقىم سوممىلىق چەكنى رەڭگە قويۇشقا، ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ، شۇنداقلا بازاردا پۇل ئورنىدا ئوبوروت قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى ۋە تۆلىگۈچى ئىككى تەرەپ راسچوت قىلغاندا باھا پۇلى مۇقىم سوممىلىق چەكنىڭ سوممىسىدىن كۆپ ياكى ئاز بولۇپ قالسا، نەق پۇل بىلەن تولدۇرۇۋەتسە بولىدۇ.

# II باب تارقىتىش، كاسسىرلىق

## § 1 . تەرەققىيات جەريانى

شىنجاڭ تەۋەسىدە ئۆزىدە قۇيۇلغان پۇلنى تارقىتىش شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە باشلىنىپ، ھازىرغىچە 2000 يىل بولدى. يۈەن سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭدا تېزا ياساۋۇل مەھكىمىسى تەسىس قىلىپ، «جۇڭتۇڭ يۈەنباۋ تېزىسى»، «جى يۈەنباۋ تېزىسى» تارقىتىش ئىشلىرىنى باشقۇردى. كېيىن يەنە «تېزا خەزىنىسى» تەسىس قىلدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، ئەنگلىيە، روسىيە قاتارلىق كۈچلۈك دۆلەتلەر شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل تارقىتىشى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ھەر قايسى جايدا شۇ يەرنى بۆلۈۋالغان كۈچلەر ئۆزلىرى قۇيدۇرغان، باستۇرغان پۇللارنى تارقاتقانىنىڭ سىرتىدا ھۆكۈمەت پۇل جۇجۇقى، سەرراپخانا ۋە جۇڭگو چەت ئەل بانكىسى قاتارلىق پۇل مۇئامىلە كەسىپدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا پۇل تارقىتىپ، پۇل تارقىتىشنى كۆپ مەنبەئەلەشتۈرۈۋەتتى. 1949 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ۋە ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى بانكىسى ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان رايونلاردا كۈمۈش دوللار پۇلى ۋە ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكى تارقاتتى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇل تارقىتىش ھوقۇقى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلدى. دۆلەت شىنجاڭدا پۇل تارقىتىشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، «ئېھتىياتچان بولۇش، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش» فاڭجېنىنى قوللاندى. 1950 - يىل 2 - ئايدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكى پەقەت قوبۇل قىلىنىپ، سىرتقا چىقىرىلماي، تارقىتىشتىن توختىتىلدى. شۇ يىلى 11 - ئايدىن يىل ئاخىرىغىچە ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكى كۈمۈش دوللار پۇلغا تېگىشىپ يىغىۋېلىندى. 1951 - يىل 4 - ئايدا كۈمۈش دوللار پۇلى تارقىتىشتىن توختىتىلدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇيغۇرچە خەت بېسىلغان خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كۈمۈش دوللار پۇلى تېگىشىپ يىغىۋېلىندى. يىل ئاخىرىدا تېگىشىش ئاخىرلاشتى. 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ھازىرقى خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كونا خەلق پۇلى تېگىشىپ يىغىۋېلىندى، تېگىشىش 5 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاخىرلاشتى. 1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە سوۋېت ئىتتىپاقى 1953- يىلى ۋاكالىتەن بېسىپ بەرگەن ئون يۈەنلىك، بەش يۈەنلىك ۋە ئۈچ يۈەنلىك پۇل تېگىشىپ يىغىۋېلىندى.

شىنجاڭ تارىخىدا ئۆتكەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە خەلقلەر ئالتۇن قېزىشقا ئەھمىيەت بەرگەنىدى. ئالتۇننىڭ ئوبوروت قىلىنىشى خېلى ئومۇملاشقانىدى. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرىدا كوممۇنىست ماۋ زېمىن شىنجاڭ مالىيە نازارىتىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغاندا، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشىپ 1940- يىل 11 - ئايدا «شىنجاڭدا ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ چېگرىدىن چىقىشىنى چەكلەش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا: ساپ ئالتۇن، ساپ كۈمۈشنىڭ چېگرىدىن چىقىشى بىردەك مەنئى قىلىنىدۇ؛ ھەر بىر ئادەم چېگرىدىن چىققاندا ئېلىپ ماڭىدىغان ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئىككى سەردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى، كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى بەش سەردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ، ئۆزلىرى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

1949 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئالتۇن - كۈمۈش ۋە تەڭگە شىنجاڭدا ئەركىن ئوبوروت قىلىنىدىغان

بولدى. 1951 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە كۈمۈش تەڭگە باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا ئۈچ ۋىلايەتتە تۈرلۈك كۈمۈش تەڭگىلەرنى باھاغا سۇندۇرۇپ ئوبوروت قىلىشقا بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئالتۇن كۈمۈشنى دۆلەت بانكىسى ئومۇميۈزلۈك باشقۇرىدىغان، شەخسلەر ئارا ئېلىپ - سېتىشقا بولمايدىغان بولدى. 1952 - يىل 2 - ئايدا بانكا ۋۇسكا ئېسىپ ئالتۇن - كۈمۈشنى تېكشۈرۈپ يىغىۋالدى. 1952 - يىلى «شىنجاڭ ئۆلكىسىدە ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى كەسىپىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» ئېلان قىلىندى. 1983 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا نىزامدىكى بەلگىلىمىلەر ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش كۈچەيتىلدى.

## 2 § . تارقىتىش فوندىنى باشقۇرۇش

تارقىتىش فوندى خەلق بانكىسىنىڭ تارقىتىش خەزىنىسى دۆلەتكە ۋاكالىتەن ساقلايدىغان، تارقىتىلمىغان خەلق پۇلى بېلىتى، تارقىتىش فوندىنى خەلق بانكىسى مەخسۇس تارقىتىش خەزىنىسى تەسىس قىلىپ ساقلايدۇ. تارقىتىش خەزىنىسىدە مۇستەقىل بوغالتىرلىق تۈزۈمى بولىدۇ، خەلق باش بانكىسىنىڭ باش خەزىنىسى ئۇنىڭغا بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

### 1. تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە باشقۇرۇلۇشى

1949 - يىل 10 - ئايدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى «تارقىتىش خەزىنىسى قۇرۇش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. ئۇنىڭدا مۇنداق دەپ بەلگىلەنگەنىدى: تارقىتىش خەزىنىسى جۇڭگو خەلق بانكا ئاپپاراتلىرىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، باش بانكىدا باش خەزىنە، ھەر قايسى رايونلۇق بانكا ۋە ئاساسلىق شۆبە بانكىلاردا ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتكە قاراپ شۆبە خەزىنە تەسىس قىلىنىدۇ. تارقىتىش خەزىنىسىدىكى پۇلنى باشقۇرۇش ھوقۇقى مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتىغا مەنسۇپ بولىدۇ، باش بانكا تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ يۆتكەپ ئىشلىتىشكە ياكى شۆبە خەزىنىلەرگە پۇل چىقىم قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ. شۆبە خەزىنىلەر پۇل چىقىم قىلسا باش بانكا تەستىقلايدۇ، باش بانكىنىڭ بۇيرۇقىسىز يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. شۇ يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ھەر مىللەت ھەر ساھە خەلقىنىڭ كېڭىشىش يىغىنى چاقىرىلىپ، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە مەسىلىسىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى لايىھە» ماقۇللىنىپ دەرھال شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق بانكىسىنىڭ شۆبە بانكىسى تەسىس قىلىپ، تارقىتىش ۋە ۋاكالىتەن تارقىتىش شۆبە خەزىنىسىنى ئىگىلەش تەلەپ قىلىندى. لېكىن تۈرلۈك شەرت - شارائىتلار تېخى ھازىرلانمىغانلىقتىن، مەركەز شىنجاڭدا ۋاقىتىنچە خەلق پۇلى تارقاتماسلىقنى، يەنىلا ئەسلىدىكى يەرلىك پۇل - كۈمۈش دوللار پۇلى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ۋاقىتلىق چېكىنى ئوبوروت قىلىپ تۇرۇشنى قارار قىلدى. 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان كۈمۈش دوللار پۇلنى ئۆلكىلىك خەلق شۆبە بانكىسى ئىگىلەپ تارقىتىدىغان بولدى.

1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى قۇرۇلدى.

1950 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ تارقىتىش شۆبە خەزىنىسى قۇرۇلدى، شۇ كۈنى خەزىنە ھەر بىرىنىڭ يۈزىدىكى قىممىتى ئون يۈەنلىك جەمئىي 3 مىليون يۈەن كۈمۈش دوللار پۇلى زاپاس پۇلىنى تاپشۇرۇۋالدى. شۇ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ مەركىزىي مالىيە ـ ئىقتىساد كومىتېتى تەستىقلىغان «تارقىتىش خەزىنىلىرىنىڭ تەشكىلىي نىزامى»نى تارقاتتى، نىزامدا شۆبە خەزىنىگە يېقىن بولغان بانكا ۋە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدا ساقلاش پونكىتى تەسىس قىلىشقا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا خەلق باش بانكىسى يەنە «تارقىتىش خەزىنىسى تۈزۈمى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا خەزىنە پۇلىنى يۆتكەشتە باش، شۆبە تارماق بانكىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجە ئىگىلەش پرىنسىپىغا ئاساسلىنىپ، تۆۋەن دەرىجىلىك خەزىنىنىڭ خەزىنە پۇلىنى يۆتكەشتە يۇقىرى دەرىجىلىك خەزىنىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسلىنىپ بېجىرىش بەلگىلەندى.

1953 ـ يىلى 11 ـ ئايدا خەلق باش بانكىسى «تارقىتىش خەزىنىسى تۈزۈمى» (رەتلەنگەن نۇسخىسى) نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا تارقىتىش خەزىنىسىدە ئۈچ دەرىجىلىك ئاپپارات تەسىس قىلىش، باش بانكىدا باش خەزىنە، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك شۆبە بانكىلاردا شۆبە خەزىنە، ناھىيىلىك تارماق بانكىلاردا تارماق خەزىنە تەسىس قىلىش، مەركىزىي تارماق بانكىلاردا مەركىزىي تارماق خەزىنە تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭغا تارماق خەزىنە دەرىجىلىك نازارەت قىلىش ــ يېتەكلەش ئاپپاراتى سۈپىتىدە قاراش بەلگىلەندى. تارقىتىش خەزىنىسىدە مۇستەقىل، تەلتۆكۈس ھېسابلاش بوغالتىرلىق تۈزۈمى بەرپا قىلىندى. ھەر دەرىجىلىك تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ پۇلىنى يۆتكەشتە دەرىجىمۇ دەرىجە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى قوللىنىلدى.

تارقىتىش فوندىنى باشقۇرۇش 1958 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە بولغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە تەسىرگە ئۇچرىدى. خەلق باش بانكىسىنىڭ ئالاقىدار ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1958 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «پۇل ئوبوروتى خىزمىتى جەريانىدىكى قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ياخشىلاش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقىتىپ، ئاساسىي قاتلام تارماق خەزىنىسىدىن چىقىدىغان سومما چەكلىمىسىدە بىۋاسىتە باش بانكا باش خەزىنىسىنىڭ خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىنىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلىشنى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىنىڭ خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىدىكى سومما چەكلىمىسى بويىچە ھۆددە قىلىشقا، يەنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكا ئالدىدا ھۆددىگە ئېلىش، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە خەزىنىدىن چىقىرىشنى شۆبە بانكا تەڭشەشكە ئۆزگەرتتى. ھەر قايسى تارماق بانكىلارغا جىددىي پۇل لازىم بولغاندا، خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقى تولۇق بولماي ھەم ۋاقتىدا كۆپەيتەلمەي قالسا، يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق، ئالدى بىلەن بانكا خەزىنىدىن چىقىرىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ كۆپەيتىپ بېرىشىگە مەلۇم قىلىنىدىغان بولدى. خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىدىكى سومما چەكلىمىسىنى ھۆددە قىلىش چارىسى ئەمەلىيەتتە پۇل تارقىتىش ھوقۇقىنىڭ مەركەزگە مەركەزلىشىش پرىنسىپىنى ئىنكار قىلىپ، پۇل تارقىتىشنى كونتروللىماسلىق ھالىغا چۈشۈرۈپ قويدى. 1962 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى «پۇل تارقىتىش تۈزۈمى» (دەسلەپكى نۇسخىسى) نى تارقىتىپ، پۇل تارقىتىش ھوقۇقى تارقاقلىشىپ كېتىش خاتالىقىنى تۈزىتىپ ۋە پۇل تارقىتىش ھوقۇقىنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈشنى قايتا تەكىتلىدى. تارقىتىش شۆبە خەزىنىسى، تارماق خەزىنىگە باش بانكا تەك لىنىيە بويىچە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ. تارقىتىش شۆبە خەزىنىسى ۋە تارماق خەزىنىدىن چىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا كىرگۈزۈشتە تارقىتىش باش خەزىنىدىن ئىمزا قويۇپ چىقارغان چىقىرىش بۇيرۇقى، كىرگۈزۈش بۇيرۇقى ۋە نەق پۇل تارقىتىش ياكى ئۇنى خەزىنىگە كىرگۈزۈش بۇيرۇقىغا بىنائەن بېجىرىلىدۇ، ھەر قانداق ئورۇن، ھەر قانداق كىشىنىڭ تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ فوندىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يۆتكىشىگە بولمايدۇ؛ خىلاپلىق قىلغۇچىلار دۆلەت قانۇن ـ ئىنتىزامى بويىچە قاتتىق جازالىنىدۇ. «پۇل تارقىتىش تۈزۈمى»نىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تەرتىپكە سېلىش، مۇستەھكەملەش، تولۇقلاش، ئۆستۈرۈش»تىن ئىبارەت ئوت سۆزلۈك فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتا

ئاكتىپ رول ئوينىدى.

1979 - يىلدىن باشلاپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىشقا باشلىدى، تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىدىمۇ پەيدىنپەي مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىش بولدى. شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى شى شتابلىرى ياكى تۇەن - مەيدان تۇرۇشلۇق جايلاردىكى شىخەنزە، كۈيتۇن، بېيتۈن، ۋۇجياچۇ، فالى ساۋخۇ، ۋە شىنخۇ باش مايدانلىرىدىكى ئالتە تارماق بانكا ۋە تارماق بانكا دەرىجىلىك ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى يالغۇز يېزا ئىگىلىك بانكا ئاپپاراتلىرى بولۇپ تەسىس قىلىندى. بەلگىلىمە بويىچە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىر قانچە ئورۇندىكى سابىق خەلق بانكىسى تەسىس قىلغان تارقىتىش خەزىنىلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تارقىتىش خەزىنە ئاپپاراتى 103 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مەركىزىي تارماق خەزىنە 13، ناھىيىلىك تارماق خەزىنە 90. ئۇنىڭدىن باشقا ناھىيىدىن تۆۋەن تارقىتىش فوندى ساقلاش نۇقتىسىدىن يەنە سەككىزى بار بولدى. 1984 - يىلى ئالتە ساقلاش نۇقتىسىنىڭ دەرىجىسى تارماق خەزىنىگە ئۆستۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تارقىتىش خەزىنىسى ئاپپاراتى 109 غا يەتكۈزۈلدى، ناھىيىدىن تۆۋەن تارقىتىش فوندى ساقلاش نۇقتىسىدىن ئىككىسى قالدى. يالغۇز يېزا ئىگىلىك بانكىسىلا تەسىس قىلىنغان ئورۇنلاردا تارقىتىش ئاپپاراتى بولمىغاچقا خىزمەتتە نۇرغۇن قولايسىزلىقلار كۆرۈلدى، شۇڭا خەلق باش بانكىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىخەنزە، كۈيتۇن، بېيتۈن، ۋۇجياچۇن، فالى ساۋخۇ يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىلىرى ۋە شىنخۇ باش مەيدان ئىش بېجىرىش ئورنىدا تارقىتىش فوندىنى ۋاكالىتەن ساقلاش خەزىنىسى تەسىس قىلىندى. شىخەنزە شەھەرلىك تارماق بانكا بىۋاستە شۆبە بانكا تارقىتىش شۆبە خەزىنىسى بىلەن، كۈيتۇن شەھەرلىك تارماق بانكا ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە بانكا مەركىزىي تارماق خەزىنىسى بىلەن، بېيتۈن تارماق بانكىسى ئالتاي مەركىزىي تارماق خەزىنىسى بىلەن، ۋۇجياچۇ، فالى ساۋخۇ تارماق بانكىلىرى ۋە شىنخۇ باش مەيدان ئىش بېجىرىش ئورنى سانجى ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق خەزىنىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. ۋاكالىتەن ساقلاش خەزىنىسىدىن تارقىتىش فوندىنى چىقىرىش ياكى ئۇنىڭغا كىرگۈزۈش يۇقىرى دەرىجىلىك خەزىنە ئىمزا قويغان يۆتكەش توغرىسىدىكى بۇيرۇق بويىچە بېجىرىلدى. كەسپىي بانكىلار ۋاكالىتەن ساقلاش خەزىنىسىدىن نەق پۇل ئالغاندا، خەلق بانكىسىدىكى ئامانەت نەق پۇلى قالدۇقى ئىچىدە قاتتىق تىزگىنلەندى. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە يول قويۇلمىدى.

1984 - يىل 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ كەسپىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە»نى تارقاتتى، ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنۇلار: (1) خەلق بانكىسى ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغانلىكى جايلاردا تارقىتىش خەزىنىسى تەسىس قىلىنىدۇ. باش بانكا، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك، ۋىلايەت (شەھەر) لىك، ناھىيىلىك بانكىلاردا باش خەزىنە، شۆبە خەزىنە، مەركىزىي تارماق خەزىنە، تارماق خەزىنىدىن ئىبارەت تۆت دەرىجىلىك تارقىتىش خەزىنىسى تەسىس قىلىنىدۇ، تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ مۇدىرلىقىنى تەڭ دەرىجىلىك خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ. ھازىر بار بولغان ناھىيىدىن تۆۋەن ساقلاش پونكىتلىرى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. خەلق بانكىسى ئاپپاراتى تەسىس قىلىنمىغان ناھىيىلەردە تەسىس قىلىنغان تارقىتىش فوندى ساقلاش خەزىنىلىرىگە كەسپىي جەھەتتىن يۇقىرى دەرىجىلىك تارقىتىش خەزىنىلىرى رەھبەرلىك قىلىدۇ. (2) تارقىتىش كەسپىدە تىك لىنىيىلىك رەھبەرلىك يولغا قويۇلىدۇ. تارقىتىش فوندىنى يۆتكەش پۈتۈنلەي يۇقىرى دەرىجىلىك تارقىتىش خەزىنىسى ئىمزا قويغان، خەزىنە مۇدىرىنىڭ تامغىسى بېسىلغان يۆتكەش بۇيرۇقى بويىچە بېجىرىلىدۇ، زەخىملەنگەن پۇللارنى كۆيدۈرۈش ھوقۇقى باش بانكىدا بولىدۇ، زەخىملەنگەن پۇللارنى كۆيدۈرۈش ھوقۇقى بېرىلگەن تارقىتىش شۆبە خەزىنىلىرى كۆيدۈرۈش بۇيرۇقىغا ئىمزا قويۇپ، بەلگىلەنگەن كۆيدۈرۈش نۇقتىسىدا

كۆيدۇرىدۇ. (3) كەسپىي بانكىلار ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان تارقىتىش فوندىنى ساقلاش خەزىنىلىرى خەلق بانكىسى تارقىتىش تارماق خەزىنىسى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك بولۇپ، خەلق بانكىسى تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. تارقىتىش فوندىنى ساقلاش خەزىنىلىرى تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ كەسپىنى قەتئىي خەلق بانكىسى تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ تۈزۈمى ۋە مۇشۇ بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىش ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ تەكشۈرۈشىنى قوبۇل قىلىشى لازىم. (4) كەسپىي بانكىلار ھەر دەرىجىلىك تارقىتىش خەزىنىلىرى (جۈملىدىن ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان تارقىتىش فوندىنى ساقلاش خەزىنىلىرى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)دىن پۇل ئالغاندا چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ خەلق بانكىسىدىكى ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى دائىرىسىدە قاتتىق تىزگىنلىشى لازىم. ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ.

1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سودا - سانائەت بانكىسى خەلق بانكىسىدىن ئايرىپ تەسىس قىلىندى؛ شىنجاڭ خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئاپپاراتلىرى پۈتۈنلەي سودا - سانائەت بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيە، شەھەرلەردىكى كەسپىنى سودا - سانائەت بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان بولدى. ئەسلىدىكى خەلق بانكىسىنىڭ تارقىتىش تارماق خەزىنىلىرى كەسپىي بانكىلارنىڭ تارقىتىش فوندىنى ۋاكالىتەن ساقلاش خەزىنىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنى سودا - سانائەت بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان بولدى. ئەسلىدىكى خەلق بانكىسىنىڭ تارقىتىش تارماق خەزىنىلىرى كەسپىي بانكىلارنىڭ تارقىتىش فوندىنى ۋاكالىتەن ساقلاش خەزىنىسىگە ئۆزگەرتىلىپ، ئۇنى سودا - سانائەت بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان بولدى. ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارقىتىش تارماق خەزىنىلىرى كەسپىي بانكىلارنىڭ تارقىتىش فوندىنى ساقلاش خەزىنىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، خەزىنىگە تاپشۇرۇش، خەزىنىدىن ئېلىش كۆپىيىپ، ئەمەلىيەتتە كەسپىي بانكىلارنىڭ كەسپىي خەزىنىسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، «تارقىتىش خەزىنىسىدىكى فوند بىلەن بانكا كەسپىي خەزىنىسىدىكى نەق پۇللارنى قەتئىي ئايرىۋېتىش كېرەك» دېگەن بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىندى.

1985 - يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، قۇرۇلۇش بانكىسى ئۆز ئالدىغا نەق پۇل كاسسىرلىقى كەسپىنى يولغا قويدى. شۇ يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ تارقىتىش خەزىنىسىگە نەق پۇل قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن نەق پۇل ئېلىش توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى تارقىتىپ، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ خەلق بانكىسىغا پۇل ئامانەت قويۇش ۋە ئۇنىڭدىن پۇل ئېلىشتا خەلق بانكىسىدا ئامانەت پۇل ھېسابى ئېچىشى كېرەكلىكىنى، ئاۋۋال ئامانەت قويۇپ ئاندىن ئىشلىتىشنى، قۇرۇلۇش بانكىسى نەق پۇل ئالغاندا ئۆزىنىڭ خەلق بانكىسىدىكى ئامانەت پۇلىنىڭ قالدۇقى ئىچىدە تىزگىنلىشى كېرەكلىكىنى، ئونكول قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى.

## 2. تارقىتىش خەزىنىسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ تۈزۈم قۇرۇلۇشى

شىنجاڭدا 1950 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارقىتىش خەزىنىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بانكا باشلىقى خەزىنە تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇلدى ھەمدە ئاساسىي قاتلام تىجارەت ئورنى، شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىق ئاپپاراتلىرىدىكى خەزىنە پۇلىنى تەكشۈرۈش بوغالتىر، كاسسىرلىق ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىگە كىرگۈزۈلۈپ، قەتئىي ئىزچىل يولغا قويۇلدى.

1978 - يىلنىڭ بېشىدا خەلق شۆبە بانكىسى باھار بايرىمىدا خەزىنە تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورناتتى. بۇ شۆبە بانكا قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاپتونوم رايون بويىچە ھەر قايسى بانكىلاردا بىرىنچى قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان باھار بايرىمىدا خەزىنە تەكشۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇ يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى يەنە شىنجاڭدىكى ھەر قايسى بانكىلارغا «شىنجاڭ بويىچە بىر قېتىم خەزىنە تەكشۈرۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»

چىقاردى. شىنجاڭ بويىچە 87 ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكا ۋە شەھەرلەردىكى 19 ئىش بېجىرىش ئورنى ھەمدە 830 ئاساسىي قاتلام تىجارەت ئورنىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە، مەسىلە يوقلىرى 449 ئورۇن بولۇپ، تەكشۈرۈلگەن ئاپپاراتلارنىڭ 47.98 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ھېسابات بىلەن پۇل پۈتۈنلەي ئۇيغۇن بولغىنى مايتاغ ئىش بېجىرىش ئونى، تۆمۈر يول 5 - ئىش بېجىرىش ئورنى، تۆمۈر يول 6 - ئىش بېجىرىش ئورنى، جىمسار، تارانچى، چىڭگىل، كۆكتوقاي، جىڭ قاتارلىق جايلاردىكى تارماق بانكىلاردىن ئىبارەت، ئايرىم بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدا ساقلانغان ئاساسلىق مەسىلە شۇكى، ئاز ساندىكى ئادەملەر ھۆكۈمەتنىڭكى بىلەن شەخسنىڭكىنى ئايرىمىغان، ئومۇمنىڭ پۇلىنى يۆتكەپ ئىشلەتكەن؛ ئايرىم بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدا خەزىنىگە ئاق ھۆججەت ئۆتكۈزۈش ھادىسىسى كۆرۈلگەن؛ خەزىنىدىكى پۇللارنىڭ بىخەتەرلىك خىزمىتىدە يوچۇق قالغان. خەلق شۆبە بانكىسى يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەر قايسى بانكىلاردىن خەزىنە تەكشۈرۈش جەريانىدا سېزىلگەن مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئىمكانقەدەر تېز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىكنى قوغداش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، خەزىنىدىكى پۇلنى باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

1979 - يىلى 11 - ئايدا خەلق بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاپتونوم رايون بويىچە تارقىتىش خەزىنىلىرىنى چوڭ تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇردى. تەكشۈرۈلگەن 95 تارماق بانكا (ناھىيە دەرىجىلىك ئىش بېجىرىش ئورنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دىكى 936 خەزىنىدىن خاتالىق كۆرۈلمىگىنى 557 بولۇپ، ئومۇمىي خەزىنە ساننىڭ 59.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا، تارانچى تارماق بانكا، چەرچەن ناھىيىلىك تارماق بانكا، كانسۇ ئىش بېجىرىش ئورنى، 7 - تارماق بانكا، تۆمۈر يول 5 - ئىش بېجىرىش ئورنى، تۆمۈريول 6 - ئىش بېجىرىش ئورنى، بېيتۈن تارماق بانكا، كۆكتوقاي ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئىلى 1 -، 2 -، 3 - بىۋاسىتە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، فاڭ ساۋخۇ تارماق بانكا، ئۈرۈمچى ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ تۇدۇڭخابا، شىمگو، نېفىت - خىمىيە سانائىتى باش زاۋۇتى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدىن ئىبارەت 17 بانكا، ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ تەۋەلىكىدىكى تىجارەت ئورۇنلىرىدىكى خەزىنە پۇللىرىدىمۇ خاتالىق سېزىلمىدى. خەزىنىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ھېسابات بىلەن پۇل ئۇيغۇن بولمىغانلىرى 379 خەزىنە. بۇنىڭ ئىچىدە پۇل كۆپ چىققىنى 202 خەزىنە بولۇپ، كۆپ چىققان سومما 54. 1345 يۈەن؛ پۇل كەم چىققىنى 125 خەزىنە بولۇپ، كەم چىققان پۇل 225.51 يۈەن؛ پۇل كەم چىقىش خاراكتېرى ئېنىق بولمىغىنى 53 خەزىنە بولۇپ، بۇنىڭغا چېتىلىدىغان سومما 2382.86 يۈەن؛ ئاق ھۆججەت بار خەزىنە 38 بولۇپ، ئاق ھۆججەت سوممىسى 5168.26 يۈەن؛ خىيانەتچىلىك، يۆتكەپ ئىشلىتىش كۆرۈلگەن خەزىنە توققۇز بولۇپ، سوممىسى 140.88 يۈەن.

1985 - يىلى 11 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى تارقىتىش فوندىنى ساقلاش خەزىنىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى. ئاساسلىقى، خەلق باش بانكىسىنىڭ «تارقىتىش خەزىنىسى كەسپىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» سىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇش، ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، ساقلاش خەزىنىسىنىڭ ھېسابات ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، خەزىنىدىكى تارقىتىش فوندى ۋە خەزىنە ئۆيىنىڭ بىخەتەرلىكى قاتارلىقلار تەكشۈرۈلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇ مەلۇم بولدىكى، كۆپ ساندىكى ساقلاش خەزىنىلىرى بەلگىلىمە بويىچە ئىش قىلغان، ئىككى ئادەم خەزىنە باشقۇرۇش، ئىككى ئادەم خەزىنە مۇھاپىزەت قىلىش، پۇلنى ئىككى ئادەم يالاپ ئېلىپ مېڭىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرغان. لېكىن يەنە بەزى بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدا قائىدە - تۈزۈملەر ئەستايىدىل ئىجرا قىلىنمىغان، باشقۇرۇش قاتتىق بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن شۆبە بانكا ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەر قايسى 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلاردىن دائىملىق خەزىنە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىپ، تارقىتىش فوندىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ھەمدە تارقىتىش تارماقلىرىدا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى.

## 3. تارقىتىش فوندىنى نورمىلىق باشقۇرۇش

1979 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى «تارقىتىش فوندىنى نورمىلىق باشقۇرۇش چارىسى»نى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئۇنى 1979ـ يىلى 9ـ ئايدىن باشلاپ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنى تەلەپ قىلدى. «چارە»دە نورمىلىق ساقلاش ۋاقتى ئىككى ئايدىن ئۈچ ئايغىچە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ چېگرىغا جايلاشقانلىقى، زېمىنىنىڭ كەڭلىكى، كېلىماتىنىڭ سوغۇقلىقى، قاتنىشىنىڭ قۇلايسىزلىقى قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى كۆزدە تۇتۇپ، باش بانكىدىن يوليورۇق سوراپ، ئۇنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، شىنجاڭدا نورمىلىق ساقلاش ۋاقتىنى يېرىم يىل قىلىپ بەلگىلىدى.

## 4. پۇل تارقىتىش، يىغىۋېلىش ۋە كۆيدۈرۈش

### 1) پۇل تارقىتىش ۋە يىغىۋېلىش

1949 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1985 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا تۆۋەندىكىچە بىر نەچچە خىل پۇل تارقىتىلدى ۋە تېگىشىپ يىغىۋېلىندى.

(1) ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكى

ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكىنى ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى 1945 ـ يىل تارقاتقان، ئۇ 1950 ـ يىل 10 ـ ئايغىچە ئوبوروت قىلىندى. 1950 ـ يىل 11 ـ ئايدا ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭغا ئېلان چىقىرىپ، 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇن ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكىنى كۈمۈش دوللار پۇلغا تېگىشىپ بولۇشنى، تېگىشىش نىسبىتىدە بىر كۈمۈش دوللار پۇلغا 1250 دوللار ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكى تېگىشىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. 1950 ـ يىلى 1 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تارقىتىش ئىشلىرىنى خەلق شۆبە بانكىسى ئىگىلىدى. 1950 ـ يىل 2 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكى پەقەت قوبۇل قىلىنىپ، سىرتقا چىقىرىلماي، پەيدىنپەي تېگىشىپ يىغىۋېلىندى. ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 39 مىليارد دوللار تارقىتىلغان (ئېھتىمالچە 40 مىليارت دوللار تارقىتىلغان)، يىغىۋېلىنغىنى 36 مىليارد 800 مىليون دوللار. ئۈچ ۋىلايەت قەرەللىك چېكىنى كۆيدۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرۇلغان ئارخىپ يوق.

(2) كۈمۈش دوللار پۇلى

كۈمۈش دوللار پۇلىنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 1949 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تارقاتقان، 1951ـ يىل 9 ـ ئايغىچە ئوبوروت قىلىنغان. 1950 ـ يىل 1 ـ ئايدا ئۇنى تارقىتىشنى خەلق شۆبە بانكىسى بېجىردى، 1950 ـ يىل 10 ـ ئايدىن باشلاپ ئۇنى تارقىتىشنى خەلق شۆبە بانكىسى باشقۇردى. 1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە خېتى بار خەلق پۇلى تارقىتىلىدىغانلىقى، 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن بۇرۇن كۈمۈش دوللار پۇلىنىڭ يىغىۋېلىنىپ بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئېلان چىقاردى. كۈمۈش دوللار پۇلى 1949ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 1951 ـ يىل 3 ـ ئايغىچە تارقىتىلدى.

1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 1952 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە جەمئىي 932 مىليون 288 مىڭ 738.58 دوللار كۈمۈش دوللار پۇلى تېگىشىپ يىغىۋېلىندى. بۇ، تارقىتىلغان پۇل مىقدارىنىڭ 58.26 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. كۈمۈش دوللار پۇلىنىڭ كۆيدۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى ئارخىپ تولۇق ئەمەس.

## كۇمۇش دوللار پۇلىنىڭ تارقىتىلىش ۋە بازاردا ئوبوروت قىلىنىش مىقدارىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى

جەدۋەل: 10 ـ 1 — بىرلىكى: يۈەن

| يىل، ئاي / تۈرى | جەمئىي تارقىتىلغىنى | بازاردا ئوبوروت قىلىنغىنى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|
| 1949 ـ يىل | 25102500 | 21613180 | 1. كۇمۇش دوللار پۇلىنىڭ تارقىتىلىش ۋە ئوبوروت قىلىنىش مىقدارىدىكى 100 دىن كىچىك سانلاردا پەرق بولۇشى مۇمكىن.<br>2. تارقىتىلىش مىقدارى بىلەن ئوبوروت قىلىنىش مىقدارىدىكى پەرقلىق سان بانكا كەسپىي خەزىنىسىدىكى نەق پۇل سانىدىن ئىبارەت. |
| 1950 ـ يىل 1 ـ ئاي | 61212500 | 36757468 | |
| 2 ـ ئاي | 112242500 | 80495531 | |
| 3 ـ ئاي | 175542500 | 112354600 | |
| 4 ـ ئاي | 279635500 | 147875794 | |
| 5 ـ ئاي | 369635000 | 184634886 | |
| 6 ـ ئاي | 469635000 | 184679697 | |
| 7 ـ ئاي | 519635000 | 207476709 | |
| 8 ـ ئاي | 569635000 | 2276657523 | |
| 9 ـ ئاي | 589635000 | 273171514 | |
| 10 ـ ئاي | 709635000 | 213359671 | |
| 11 ـ ئاي | 839635000 | 174391574 | |
| 12 ـ ئاي | 974635000 | 212057709 | |
| 1951 ـ يىل 1 ـ ئاي | 1159635000 | 337915169 | |
| 2 ـ ئاي | 1244635000 | 232938043 | |
| 3 ـ ئاي | 16003555460 | 523724080 | |

(3) خەلق پۇلى

① ئۇيغۇرچە خەتلىك خەلق پۇلى

مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشىنىڭ شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە خەتلىك خەلق پۇلى تارقىتىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقىغا ئاساسەن، 1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرچە خەتلىك خەلق پۇلى تارقىتىپ، كۇمۇش دوللار پۇلىنى تېگىشىپ يىغىۋېلىش توغرىسىدا ئېلان چىقاردى. خەلق پۇلى بىلەن كۇمۇش دوللار پۇلىنىڭ تېگىشىلىش نىسبىتى 350:1 بولدى. كۇمۇش دوللار پۇلى 1952 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگىچە تېگىشىلدى، تېگىشىلگەن كۇمۇش دوللار پۇلى كونا خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 326 مىليارد 301 مىليون 58 مىڭ 50 .597 يۈەن، يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا 32 مىليون 630 مىڭ يۈەن بولدى. ئۇيغۇرچە

خەتلىك خەلق پۇلى كونا خەلق پۇلى بولۇپ، 1955 - يىلى 2 - ئايغىچە ئوبوروت قىلىندى.

② يېڭى خەلق پۇلى

1955 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى پۇل تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ يېڭى خەلق پۇلى (ھازىرقى خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تارقىتىلىپ، كونا خەلق پۇلى تېگىشىپ يىغىۋېلىنىشقا باشلىدى. تېگىشىلىش نىسبىتى 1 : 10000 بولدى. كونا خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىش شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى تاماملاندى. ئۆلكە بويىچە جەمئىي 518 مىليارد 500 مىليون يۈەن كونا خەلق پۇلى تېگىشىپ يىغىۋېلىندى، بۇ يېڭى خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا، 51 مىليون 850 مىڭ يۈەن بولىدۇ.

③ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋاكالىتەن باسقان ئۈچ خىل خەلق پۇلى تېگىشىپ يىغىۋېلىندى

1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تارقىتىلغان خەلق پۇللىرى ئىچىدە، قارا رەڭلىك «ئىشچى - دېھقان» سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئون يۈەنلىك، جىگەر رەڭلىك «ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى» سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بەش يۈەنلىك ۋە قېنىق يېشىل رەڭلىك «جىڭگاڭشەن» سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۈچ يۈەنلىك پۇل 1953 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغانىدى. 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا خەلق باش بانكىسى مەزكۇلگە بۆلۈپ، قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئۇلارنى تېگىشىپ يىغىۋېلىشنى قارار قىلدى. 1963 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1964- يىل 4 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگىچە بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بۇ ئۈچ خىل پۇل پەقەت كىرىم قىلىنىپ، چىقىم قىلىنمىدى. 1964 - يىل 4 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىگىچە سىرتتىن ئاشكارا تېگىشىپ يىغىۋېلىندى. ئاشكارا تېگىشىپ يىغىۋېلىش مۇددىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىچكى قىسمىدا ئېگىلىنىپ، تېگىشىپ يىغىۋېلىش ۋاقتى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئۇزارتىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھوقۇقلۇق ئورگاننىڭ ئىسپاتى بولغان ئەھۋال ئاستىدا، بانكا ئىچكى جەھەتتە ئېگىلەپ تېگىشتى. ئۈچ خىل پۇل پەقەت ئىچكى جەھەتتە كىرىم قىلىنىپ، چىقىم قىلىنمىغان مەزگىلدە 41 مىليون 760 مىڭ يۈەن، ئاشكارا تېگىشلىگەندىن كېيىن 1964 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 37 مىليارد 910 مىليون يۈەن، جەمئىي 79 مىليون 670 مىڭ يۈەن تېگىشىپ يىغىۋېلىندى. 1966 - يىل 1 - ئايغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدا بېسىلغان ئۈچ خىل پۇلدىن جەمئىي 123 مىليون 135 مىڭ 296 يۈەن كۆيدۈرۈلدى.

2) خەلق پۇلى ئەۋرىشكىسى ۋە پەرقلەندۈرۈش قوللانمىسى

پۇل ئەۋرىشكىسى ۋە پەرقلەندۈرۈش قوللانمىسى خەلق پۇلىنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ساختا پۇلغا قارشى كۈرەش قىلىشنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى. 1948 - يىل 12 - ئاينىڭ 12 - كۈنىلا خەلق باش بانكىسى «پۇل ئەۋرىشكىسىنى باشقۇرۇش چارىسى»نى تارقاتقانىدى. 1963 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى خەلق باش بانكىسى يەنە «پۇل ئەۋرىشكىسى قاتارلىق ساختا پۇلغا قارشى كۈرەش قىلىش ماتېرىياللىرىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى قەتئىيلەشتۈرۈش توغرىسىدا يوليورۇق» تارقىتىپ، يۇقىرىدىكىدەك ماتېرىياللارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش، تارقىتىش دائىرىسىنى قاتتىق تىزگىنلەش، يوقىتىپ قويغۇچىلار يۈزىدىكى سومىسى بويىچە تۆلەشنى تەلەپ قىلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان شىنجاڭدىكى بانكىلار شۇ چارە بويىچە ئىش كۆردى.

1985 - يىل 5 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە ئالاقىدار بانكىلارغا (ھەر قايسى كەسپىي بانكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جەمئىي 120 بانكىغا) تۈرلۈك پۇل ئەۋرىشكىسى ۋە پەرقلەندۈرۈش قوللانمىلىرىنى رەتلەش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. 1955 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى بانكىلارغا جەمئىي 34 خىل پۇل ئەۋرىشكىسى ۋە پەرقلەندۈرۈش قوللانمىسى تارقاتقان، بۇلارنى ئەستايىدىل ئېنىقلاش تەلەپ قىلىندى.

3) زەخىملەنگەن پۇلنى كۆيدۈرۈش

زەخىملەنگەن پۇلنى كۆيدۈرۈش خەلق پۇلى تارقىتىش خىزمىتىنىڭ بىر مۇھىم ھالقىسى. پۇل كۆيدۈرۈش

ھوقۇقى باش بانكىغا مەنسۇپ. باش بانكا مۇئۇلارنى بەلگىلىدى: ھەر قايسى بانكىلار يىغقان زەخىملەنگەن پۇللار ئادەتتە شۆبە بانكا تۈرۈشلۈق جايغا يىغىپ كۆيدۈرۈلىدۇ. ئەگەر قاتناش قولايسىز، شۆبە بانكا بىلەن بولغان ئارىلىق يىراق بولۇپ، توشۇش قىيىن بولسا، ئۆلكىلىك شۆبە بانكا مۇۋاپىق ئورۇننى تاللاپ (تۆۋەندە كۆيدۈرۈش نۇقتىسى دېيىلىدۇ) ، باش بانكىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىپ، ئۆز ئورنىدا كۆيدۈرۈسە بولىدۇ. 1966 - يىلدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى، شىنجاڭدا ئاساسىي جەھەتتىن ۋىلايەت، ئوبلاستلار بويىچە كۆيدۈرۈش نۇقتىسى تەسىس قىلىنغانىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كۆيدۈرۈش نۇقتىسى 57 گە كۆپەيتىلدى. 1978 - يىلدىن كېيىن باش بانكىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ كۆيدۈرۈش توغرىسىدىكى پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، كۆيدۈرۈش نۇقتىسى 15 كە قىسقارتىلىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردە كۆيدۈرۈلدى.

1985 - يىل 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «زەخىملەنگەن پۇللارنى كۆيدۈرۈش تەپسىلىي پرىنسىپى (سىناق نۇسخىسى) » نى 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلار ۋە ۋاكالىتەن ساقلاش خەزىنىسى بار بانكىلارغا بېسىپ تارقاتتى. «تەپسىلىي پرىنسىپ»تا كۆيدۈرۈش نۇقتىلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلغان تەلەپ، زەخىملەنگەن پۇلنى يىغىۋېلىش، قايتا ساناش، تۆشۈك تېشىش، ئايرىپ تەكشۈرۈش، كۆيدۈرۈش ۋە تۈزۈمىنى كۈچەيتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا: ئاساسلىق پۇللارنىڭ ھەممىسى قايتا سانىلىدۇ، 50 پۇڭلۇق پۇلنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى، ئون پۇڭ، 20 پۇڭلۇق پۇللارنىڭ 20 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى سانىلىدۇ، ئون پۇڭدىن تۆۋەن پۇللارنىڭ قايتا سانىلىدىغىنىمۇ 5% تىن كەم بولماسلىقى كېرەك. دەپ كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

1985 - يىلدىن ئىلگىرى زەخىملەنگەن پۇللارنى كۆيدۈرۈشتە بىۋاسىتە ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلغانىدى. 1985 - يىلى تۆمۈر قەپەسكە سېلىپ كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى كېڭەيتىلدى. قەغەز زاۋۇتىنىڭ رەڭسىزلەش، پارچىلاش، بوتقىلاش قاتارلىق تېخنىكىسىدا قىيىنچىلىق بولغاچقا، شىنجاڭدا كېرەكسىز پۇلدىن قەغەز ئىشلەش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولماي قېلىپ، بۇ ئىش يولغا قويۇلمىدى.

## 5. ساختا پۇلغا قارشى كۈرەش

1951 - يىل 4 - ئاينىڭ 19 - كۈنى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى «دۆلەت پۇلىغا زىيان يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە جىنايەتچىلەرنى جازالاش ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئېلان قىلدى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ساختا پۇلغا قارشى كۈرەش قىلىشتىكى ئاساسىي قانۇن - نىزامى بولدى. «نىزام» دا: پۇل دېگەندە جۇڭگو خەلق بانكىسى تارقاتقان پۇل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دۆلەت پۇلىنى ياسىغاندىن ياسىغۇچىلارغا ئۆلۈم ياكى قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدۇ. دۆلەت پۇلىنىڭ ئىناۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارغا قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەندى. 1957 - يىل 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ساختا پۇلغا قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىش توغرىسىدا ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتقان چاغدا، «نىزام»نى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن قايتىدىن بېسىپ تارقاتتى.

1982 - يىل 7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى ۋە ئاموۋتا باش مەھكىمىسى بىرلىكتە تارقاتقان «ساختا خەلق پۇلىغا قارشى تۇرۇش خىزمىتى جىددىي يىغىنىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى ھەمدە ھەر قايسى شەھەرلىك تارماق بانكىلارغا كەسپىي خەزىنىگە يىغىۋېلىنغان پۇللار ئىچىدىن بىر يۈرۈشلۈك، ئون يۈەنلىك پۇلنى 30% — 50% نىسبەت بويىچە ئايرىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈشنى ئۇقتۇردى.

1982 - يىل 10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «باش بانكىنىڭ ‹دۆلەت پۇلىنى ئۆزگەرتىپ

ياسىغانلارنى دۆلەت پۇلىنى يالغاندىن ياسىغانلار قاتارىدا جازالاش توغرىسىدىكى خېتى»نى كۆچۈرۈپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى. خەتتە باش بانكا: دۆلەت پۇلىنى ئۆزگەرتىپ ياساپ، جىنايى ئىشلار جىنايىتى شەكىللەندۈرگەنلەر، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ 122 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن دۆلەت پۇلىنى يالغاندىن ياساش جىنايىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، دەپ ئېنىق كۆرسەتتى.

## §3 . نەق پۇل كاسسىسىنى باشقۇرۇش

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە كەسپىدە، نەق پۇل كاسسىرلىقىدا ھەر كىم ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرەتتى. بىر تۇتاش باشقۇرۇلمايتتى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرلىككە كەلگەن بانكا پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى پەيدىنپەي بارلىققا كەلدى. بانكا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باش كاسسىسى بولدى. نەق پۇل كاسسىرلىقى خىزمىتىنىڭ سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، مۇناسىۋەت دائىرىسى كەڭ بولۇپ، كەڭ ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولۇشتەك خۇسۇسىيىتىگە ۋە كاسسا خىزمىتىگە قويۇلىدىغان توغرا، ئۆز ۋاقتىدا بولۇش دېگەن ئاساسىي تەلەپكە ئاساسەن، بانكىلاردا كاسسا خىزمىتىنى باشقۇرۇش پەيدىنپەي بەرپا قىلىندى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

### 1. كاسسا خىزمىتى تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نەق پۇل كاسسا خىزمىتى تۈزۈمى خەلق باش بانكىسى تۈزگەن ۋە ئېلان قىلغان كاسسا خىزمىتى تۈزۈمىگە ئاساسەن ئورنىتىلدى ۋە پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى. 1950 - يىل 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «كاسسا تۈزۈمىنى ئېلان قىلىش توغرىسىدا ئومۇمىي بۇيرۇق» ۋە «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ كاسسا تۈزۈمى»نى تارقاتتى، بۇلار 1951 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلدى. «ئومۇمىي بۇيرۇق»تا كاسسا خىزمىتىگە خاتىرىلەش توغرا، رەسمىيەت ئېنىق، ساناش توغرا ۋە تېز، ئوراش مۇستەھكەم ۋە رەتلىك بولۇش لازىم دەپ كونكرېت تەلەپ قويۇلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت، سىرتقى جەھەتتە خەلقنىڭ خەلق پۇلىغا بولغان ئىشەنچىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش، ئىچكى جەھەتتە مەسئۇلىيەت ۋە مۇكاپات - جازالاشنى چىڭىتىشتىن ئىبارەت ئىدى. «كاسسا تۈزۈمى»دە كاسسا خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرى، ھەر قايسى كونكرېت خىزمەتلىرىگە قارىتا كونكرېت، ئېنىق، تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلدى. پۇل خاتالىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەر قانداق پۇل خاتالىقىدا ئارتۇقى ئارقىلىق كەمىنى تولدۇرۇشقا بولمايدىغانلىقى، ئارتۇق چىققان پۇلنى مەلۇم قىلمىسا، خىيانەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى؛ كەم چىققان پۇلنى ئۆز يېنىدىن تولدۇرۇپ قويۇپ مەلۇم قىلمىسا، تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلغان قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقى، بارلىق خاتا چىققان پۇلدا ئارتۇق چىققىنى دۆلەتكە تەۋە بولىدىغانلىقى؛ كەم چىققىنى تۆلەش بەلگىلەنگەنىدى.

خەلق شۆبە بانكىسى «كاسسا تۈزۈمى»نى تازا ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق بانكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1952 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى «كاسسىرلارنى مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنىڭدا كاسسىرلارنىڭ سانايدىغان پۇل نورمىسى ئۈچ ئايدا

بىر قېتىم باھالاش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى، مۇكاپات بېرىلىدىغان ياكى ئىش ھەققىنى تۇتۇش جازاسى بېرىلىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1962 - يىل 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بوغالتېرلىق - كاسسىرلىق خىزمىتى نىزامى (لايىھە)»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەندى: بوغالتېرلىق - كاسسىرلىق خىزمىتىدە پۇل بىلەن دەپتەرنى ئايرىم باشقۇرۇش پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى لازىم. نەق پۇل چىقىم قىلىنغاندا چوقۇم قايتا تەكشۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭدا يەنە خەزىنىنى ئىككى ئادەم باشقۇرۇش، ئىككى قۇلۇپ بولۇش؛ خەزىنىدىن پۇل چىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا پۇل كىرگۈزۈشتە بىرسى سانىغاننى يەنە بىرسى قايتا ساناش؛ پۇلنى ئىككى ئادەم يالاپ توشۇش، قىممەت باھالىق ئېسىل بۇيۇملارنى يۆتكىگەندە ۋاقىت، ئورۇن، لېنىيىنى قاتتىق مەخپىي تۇتۇش بەلگىلەندى. شۇ ئاينىڭ 10 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «جۇڭگو خەلق بانكىسى كاسسا تۈزۈمى (لايىھە)»نىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئۇنىڭدا نەق پۇل كىرىم - چىقىم قىلىنغاندا ئادەم ئالمىشىپ قايتا ساناش، خەزىنىنى ئىككى ئادەم باشقۇرۇش، خەزىنىگە ئىككى ئادەم بىللە كىرىپ بىللە چىقىش، خەزىنە تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش بەلگىلەندى. ھەمدە ئارتۇق چىققان پۇلنى مەلۇم قىلماسا خىيانەت قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىش، كەم چىققان پۇلنى پرىنسىپ جەھەتتىن ئۆزى تۆلەش پرىنسىپى قايتا تەكىتلەندى.

1972 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «كاسسا تۈزۈمى»نى تۈزىتىپ تارقىتىپ، قاتتىق مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تۆۋەندىكى پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى: (1) دەپتەر بىلەن پۇلنى ئايرىم باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش؛ (2) قايتا تەكشۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پۇل كىرىم قىلىنغاندا تەكرار ساناش، پۇل چىقىم قىلىنغاندا تەكرار تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ (3) خەزىنىنى ئىككى ئادەم باشقۇرۇش، پۇلنى ئىككى ئادەم يالاپ توشۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش، خاتا چىققان پۇلنى بىر تەرەپ قىلىشتا، پۇل مەسئۇلىيەتسىزلىك سەۋەبىدىن كەم چىقىپ، ئۇنى تەكشۈرۈپ تاپقىلى بولمىسا، بەلگىلىمە بويىچە زىيانغا چىقىرىش، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغۇچىغا تەنقىدىي تەربىيە بېرىش؛ ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ زور زىيان كەلتۈرۈپ چىقارغانلارغا مۇۋاپىق ئىنتىزام جازاسى بېرىش تەلەپ قىلىندى. ھەر قېتىمدا ئارتۇق ياكى كەم چىققان پۇل 1000يۈەندىن كۆپ بولسا، ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا تەستىقلىدى.

1977 - يىل 10 - ئايدا خەلق باش بانكىسى «تارقىتىش، كاسسىرلىق خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ پۇل بىلەن دەپتەرنى ئايرىم باشقۇرۇش، پوكەيدە ئىككى ئادەم بىرلىكتە ئىشلەش، خەزىنىنى ئىككى ئادەم باشقۇرۇش، خەزىنىنى ئىككى ئادەم مۇھاپىزەت قىلىش، پۇلنى ئىككى ئادەم يالاپ توشۇش قاتارلىق ئاساسىي تۈزۈملەرنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى ھەمدە نەق پۇلدا خاتالىق يۈز بېرىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش، كۆپ سوممىلىق پۇل خاتا چىقىشنى تۈگىتىش ۋەزىپىسىنى كونكرېت ئوتتۇرىغا قويدى. ئادەتتە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىلاردا نەق پۇلدا خاتا چىقىش نىسبىتى مىليوندىن بەش پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك، ھەر قايسى بانكىلار 100 يۈەندىن يۇقىرى بولغان كۆپ سوممىلىق پۇلدىن خاتا چىقىشنى تۈگىتىشكە تىرىشىش تەلەپ قىلىندى.

1979 - يىل 7 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «جۇڭگو خەلق بانكىسى كاسسا تۈزۈمى (سىناق نۇسخىسى)»نى ئېلان قىلىپ، يەنە كاسسا خىزمىتىدە رەسمىيەتلەر پۇختا بولۇش، مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، ئۆز ۋاقتىدا ۋە توغرا بولۇش، پۇل بىلەن دەپتەرنى ئايرىپ باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، پوكەيدە ئىككى ئادەم بىللە ئىشلەش، خەزىنىنى ئىككى ئادەم باشقۇرۇش، خەزىنىنى ئىككى ئادەم مۇھاپىزەت قىلىش، پۇلنى ئىككى ئادەم يالاپ توشۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ تەكرار تەكشۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ، پۇل كىرىم قىلىنغاندا تەكرار ساناش، پۇل چىقىم قىلىنغاندا تەكرار تەكشۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش؛ تاپشۇرۇش - تاپشۇرۇۋېلىش رەسمىيىتى ۋە خەزىنە تەكشۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

## 2. خاتالىق نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم ئۇنى تۈگىتىش

شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى 1952 - يىلى «كاسسىرلارنى مۇكاپاتلاش - جازالاش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقىپ، شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك بانكىلاردا يولغا قويدى. 1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىگە كەلگەندە، بانكىلاردا «ئۈچ خادىمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» (ھېساب خاتىرىلىگۈچى، كاسسىر، قايتا تەكشۈرگۈچىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش)، «بىر قوللۇق ھېسابات قىلىش» (ھېساب خاتىرىلەش بىلەن كاسسىرلىقنى بىر ئادەم بېجىرىش) قاتارلىقلار يولغا قويۇلۇپ، 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن كەم، 490 نەچچە مىڭ يۈەن ئارتۇق چىقىپ، جەمئىي 1 مىليون 570 نەچچە مىڭ يۈەن ئىقتىسادىي زىيان بولدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، نىزامنامە بولسىمۇ رىئايە قىلماسلىق، تۈزۈملەرنى ئۆزىچە كېرەكسىز قىلىش، كاسسىدىكى دەپتەر، پۇل خاتا، قالايمىقان بولۇش ئەھۋاللىرى ئىنتايىن ئېغىر بولدى. 1977 - يىلدىن 1978 - يىلغىچە ئېلىپ بېرىلغان بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى «ئۈچنى ئېنىقلاش» (مەبلەغنى، ھېساباتنى، مال - مۈلۈكنى ئېنىقلاش) تا خىيانەتچىلىك مەسىلىسى بار 896 ئادەم (ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدىكىلەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ئېنىقلاپ چىقىلدى. بۇ، ئېنىقلانغان ئورۇنلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 8.4 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ خىيانەت سوممىسى 800 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كاسسا، خەزىنە پۇلىنى باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قالايمىقانچىلىق ئەھۋاللىرى يەنىلا ئېغىر بولدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ 1980 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشىغا قارىغاندا، بەزى بانكا، تىجارەت ئورۇنلىرىدا مەشغۇلات تەرتىپىگە رىئايە قىلماسلىق، دوكۇمېنتنى قالايمىقان ئىشلىتىش، پۇل كىرىم قىلغاندا تەكرار سانىماسلىق، پۇل چىقىم قىلغاندا تەكرار تەكشۈرمەسلىك؛ نەق پۇلنى خەزىنىگە كىرگۈزمەسلىك، دىجورنىلار ئىش ئورنىغا چىقماسلىق، خەزىنىدە ئادەم ياتماسلىق ياكى سىرتنىڭ ئادىمىنى قوندۇرۇش؛ ئۇزاققىچە خەزىنە تەكشۈرمەسلىك، خەزىنىدىكى پۇل كېمىيىپ كېتىش، ئوغرىلىنىش، ھەتتا ئالدامچىلىق بىلەن ئېلىپ كېتىلىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن. سەككىز ۋىلايەتكە قاراشلىق 16 تارماق بانكىنىڭ 1 - ئايدىن 11 - ئايغىچە بولغان ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 24 قېتىم زور خاتالىق كۆرۈلگەن، بۇنىڭ جەمئىي سوممىسى 31 مىڭ 714.19 يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە كەم چىققان پۇل 23 مىڭ 376.74 يۈەن، ئارتۇق چىققان پۇل 100 يۈەن، ئوغرىلانغان پۇل 7652.45 يۈەن؛ ئالدامچىلىق بىلەن ئېلىپ كېتىلگەن پۇل 585 يۈەن. سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق 17 مىڭ 705 يۈەن زىيان تولدۇرۇۋېلىنغان.

1982 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى «نۆۋەتتىكى كاسسا خىزمىتى توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ، ھەر قايسى بانكىلاردىن تارقىتىش، كاسسا تۈزۈمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. 1983 - يىل 10 - ئاينىڭ 25 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 4 - كۈنىگىچە خەلق شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە كاسسا خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. يىغىندا كاسسا خىزمىتىنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى ۋە يولغا قويۇلىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپىنى ھەقىقىي ئىجرا قىلىش تەلەپ قىلىندى. مۇنۇلار قايتا تەكىتلەندى: (1) قايتا تەكشۈرگۈچى بولمىسا، سىرتقا قارىتىلغان كەسىپنى بېجىرمەسلىك؛ (2) دەسلەپكى سانىغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، نەق پۇل كىرىم - چىقىم قىلغاندا پۇل يۈزىدىكى سوممىسىنى خاتىرىلەشتە چىڭ تۇرۇش؛ (3) «خەزىنىنى ئىككى ئادەم باشقۇرۇش، تەڭ كىرىپ، تەڭ چىقىش»، «پۇلنى ئىككى ئادەم يالاپ تۇشۇش، پۇلنىڭ يېنىدىن ئادەم ئايرىلماسلىق»؛ (4) بوكەيدە پۇل چىقىم قىلغاندا، «نومۇر چاقىرىش، ئىسىم فامىلىسىنى سوراش، سوممىسىنى سوراش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خاتا بېرىپ قويۇش، ئالداپ ئېلىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ (5) پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى ھەر كۈنى قۇرۇق ساندۇق كۆتۈرۈپ بوكەيگە چىقىش؛

(6) چۈشتە ۋە كەچتە ئىشتىن چۈشۈشتىن ئىلگىرى ئىككى قېتىم ھېسابنى توغرىلاپ، پۇلنى خەزىنىگە تاپشۇرۇش؛ (7) خادىملاردا يۆتكىلىش بولغاندا تاپشۇرۇش - تاپشۇرۇۋېلىش رەسمىيىتىنى چوقۇم ئېنىق بېجىرىش. 1985 - يىلى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى پۈتۈن شىنجاڭدىكى سودا - سانائەت بانكا سىستېمىسىدا ئۈرۈمچى شەھەرلىك سودا - سانائەت بانكىسى سايباغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ «كاسىرلارنىڭ خىزمەت پرىنسىپى ۋە كاسسىدا پۇل ئالغۇچىنىڭ شەخسىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى»نى كېڭەيتتى.

تەكشۈرۈش، تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى بانكىلارنىڭ كاسسىدا خاتالىق چىقىش نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىدى. خەلق بانكىسىنىڭ 1973 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە بولغان 12 يىلدا ھەر يىللىق خاتالىق نىسبىتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مىليوندىن 17.25، 13.54، 12.26، 10.32، 8.49، 5.35، 5.08، 3.49، 2.41، 3.29، 1.86، 0.99؛ سودا سانائەت بانكىسىنىڭ خاتالىق نىسبىتى مىليوندىن 1.90؛ يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ خاتالىق نىسبىتى 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان بەش يىلدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا مىليوندىن 4.21، 3.79، 3.22، 1.28 ۋە 1.87 بولدى.

# § 4 . ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش

تارىختا، شىنجاڭدا كۈمۈش قاتارلىق قىممەتلىك مېتاللار پۇل قىلىنغانىدى، 1949 - يىل 9 - ئاي تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇش ھارپىسىغىچە، ئۆلكە بويىچە كۆپ قىسىم رايونلاردا يەنىلا تەڭگە قانۇنىي پۇل بولغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن زىنەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش ئادىتى بار، شۇڭا شىنجاڭدا ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇشتا ئاكتىپ، مۇۋاپىق بولۇش، ئېھتىياتچان بولۇش، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش فاڭجېنى قوللىنىلدى.

## 1. ئالتۇن - كۈمۈش بازىرىنى باشقۇرۇش

1950 - يىلى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ بازاردا ئەركىن ئوبوروت قىلىنىشىغا يول قويۇلدى، خەلق ھۆكۈمىتى ئاساسلىقى، مال باھاسىنى تەكشىلەش، پۇل تارقىتىشنى چىڭ تۇتۇش ۋە ئاممىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشكە بولغان قىممەت قارىشىنى پەيدىنپەي ئۆزگەرتىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇشقا تەييارلىق قىلدى.

1951 - يىل 1 - ئايدىن 3 - ئايغىچە چاقىرىلغان 1 - نۆۋەتلىك ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد يىغىنىدا «ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە تەڭگىنى ئوبوروت قىلىشنى مەنئى قىلىش، يەتتە ۋىلايەتتە ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى، قۇمۇل، قاراشەھەر، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا نۇقتىلىق سىناق قىلىپ باشقۇرۇش» قارار قىلىندى. شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە كۈمۈش پۇل باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلىشنى تەستىقلاپ، تۈرلۈك كۈمۈش پۇل، تەڭگىلەرنى ساقلاش، قانۇن بويىچە ئېلىپ يۈرۈشكە رۇخسەت قىلىش، ئەمما ئۇنىڭ بىلەن باھا ھېسابلىماسلىق، ئۇنى رەسمىي قويماسلىق، پۇل ئورنىدا شەخسلەر ئارا سودىلاشماسلىق، ئوبوروت قىلماسلىقنى بەلگىلىدى. ئىقتىسادىي ۋە مەمۇرىي تەدبىرلەرنى قوللىنىش ئارقىلىق، 1951 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئۆلكە بويىچە ئالتۇن - كۈمۈشنى يولغا قويۇشنىڭ

شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلدى.

1952 - يىلدىن باشلاپ، ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. 1952- يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا ئۇيۇل ئالتۇن، زىنچا ئالتۇن، ياپراقچە ئالتۇن، كېپەك ئالتۇن، تىللا، كۈمۈش پۇل، تەڭگە، ئۇيۇل كۈمۈش، زىنچا كۈمۈش، نوكچە كۈمۈش، يامبۇ ۋە ئالتۇن - كۈمۈشتە ئىشلەنگەن تۈرلۈك بۇيۇملارنى خەلقنىڭ ساقلىشىغا يول قويۇش، ئەمما باھاغا سۇندۇرۇپ ئىشلەتمەسلىك، شەخسلەر ئارا ئېلىپ - ساتماسلىقنى بەلگىلىدى. ئىجرا قىلىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن، شۇ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» گە ئاساسەن، «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى كەسپىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»، «ئالتۇن كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى كەسپىنى باشقۇرۇشتا ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىنىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپلار» نى تۈزۈپ ئېلان قىلدى. «ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى كەسپىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» دە مۇنۇلار بەلگىلەندى: ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى تىجارىتى قىلىش ياكى ئۇنى ياساپ سېتىش ۋە ئالتۇن - كۈمۈشتىن قازان - قومۇچ ياسايدىغان خۇسۇسىي كارخانىلارنىڭ ئىش باشلىشى يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتۈشى كېرەك، خىلاپلىق قىلغۇچىلار پۇل مۇئامىلىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى دۇكانلىرىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ سېتىشى ياكى تېگىشىشكە بولمايدۇ، ئۇلارغا ئېھتىياجلىق ئالتۇن - كۈمۈشنى شۇ يەردىكى خەلق بانكىسى بېرىدۇ، ئۇنىڭ مىقدارى ۋە باھاسىنى بانكا بەلگىلەيدۇ. «ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىنىدىغان تەپسىلىي پرىنسىپلار» دا: ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى كەسپىگە قارىتا ئاللاش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش فاڭجېنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ كەسىپ ئۆزگەرتىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدىغانلىقى؛ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىش باھاسىغا بانكىدىن كىرگۈزگەن باھا بويىچە %10 - %15 قوشۇلىدىغانلىقى؛ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىغا ئۇنىڭ قوپال ياكى سىپتا ئىشلىنىشىگە قاراپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىر ئىككى ھەسسە باھا قوشۇلىدىغانلىقى بەلگىلەندى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەلگىلىمە ۋە تەپسىلىي پرىنسىپلارنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، شۇ يىلى 2 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى «جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈشنى تېگىشىپ يىغىۋېلىش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقاتتى، ئۇنىڭدا ئومۇمەن ئىسپاتلىق ھۆججىتى بار ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزلىرى ساقلىغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى خەلق بانكىسىنىڭ تېگىشىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. بىرىنچى قېتىم ئېلان قىلىنغان تېگىشىش باھاسى 1951 - يىل 12 - ئاينىڭ ئاخىرى ۋە 1952- يىل 1 - ئاينىڭ بېشىدىكى شىنجاڭ بويىچە جايلاردىكى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسىغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن بولۇپ، كۈمۈش تەڭگىنىڭ ھەر دانىسى 6000 يۈەن (كونا خەلق پۇلى، تۆۋەندىمۇ شۇنداق)؛ كۈمۈشنىڭ باھاسى، ساپ كۈمۈش بولسا ھەر سەرى (كونا 16 سەرلىك تۇرۇمدە، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) 6000 يۈەن؛ ئالتۇننىڭ ساپلىرىنىڭ ھەر سەرى 950 مىڭ يۈەن بولدى. 1953 - يىل 11 - ئاينىڭ 7 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «تارىخىي قىممەتكە ئىگە قەدىمكى ئالتۇن - كۈمۈش ئەسۋاپلارنى قوغداش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇنىڭدا خەلق بانكىلىرى قەدىمكى ئالتۇن - كۈمۈش ئەسۋابلىرىنى سېتىۋالغاندا، ساتقۇچىنى شۇ يەردىكى ئاسار ئەتىقە باشقۇرۇش ھەيئىتى ياكى مەدەنىيەت - مائارىپ مەمۇرىيىتى ئورگىنىغا بېرىپ باھالىتىش، تېگىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىپ كېلىشكە تونۇشتۇرۇشى لازىملىقى، ھەقىقەتەن ساقلاش قىممىتى بولمىسا، ئاندىن تېگىشىشكە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1963 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق باش بانكىسى بىرلىكتە «ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى پوچتىدىن ئەۋەتىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇنىڭدا

دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانىلار، ھەربىي قىسىملارنىڭ پۇچتىدىن ئالتۇن - كۈمۈش (جۈملىدىن ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى) ئەۋەتىشى زۆرۈر بولغاندا، بانكىنىڭ پۇچتىدىن ئەۋەتىشكە رۇخسەت قىلغان ئىسپاتقا ئاساسەن پۇچتىدىن ئەۋەتىشكە بولىدىغانلىقى، خۇسۇسىيلارنىڭ پۇچتىدىن ئالتۇن - كۈمۈش ئەۋەتىشكە ھەرگىز بولمايدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1977 - يىل 10 - ئايدا خەلق باش بانكىسى «ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان)»نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ئالتۇن - كۈمۈشنى خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان ۋە تىجارەت قىلىدىغانلىقى؛ شەخسلەرنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش ساقلىشىغا يول قويۇلىدىغانلىقى، ئەمما باھاغا سوندۇرۇپ ئىشلىتىشكە، شەخسلەر ئارا ئېلىپ - سېتىشقا بولمايدىغانلىقى؛ سېتىشقا توغرا كەلسە، چوقۇم خەلق بانكىسىغا سېتىپ بېرىشى كېرەكلىكى؛ يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 13 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى پوچتا - تېلېگراف مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق باش بانكىسىنىڭ «دۆلەت ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈش، ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى پۇچتىدىن ئەۋەتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا دۆلەت ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، شەخسلەرنىڭ بەلگىلەنگەن سېتىش ماگىزىنى بەرگەن تالونغا ئاساسەن پۇچتىدىن ئەۋەتىشكە بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى.

1983 - يىل 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا ئالتۇن - كۈمۈشنى دۆلەت بىر تۇتاش باشقۇرۇش، بىر تۇتاش سېتىۋېلىش، بىر تۇتاش تەقسىملەش سىياسىتىنى يولغا قويىدىغانلىقى ھەمدە شەخسلەرنىڭ قانۇنىي يول بىلەن ئىگە بولغان ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنىڭ قوغدىلىدىغانلىقى؛ بارلىق ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ باھاغا سوندۇرۇپ ئالتۇن - كۈمۈش ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقى، شەخسلەر ئارا ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىپ - سېتىش ۋە ئالتۇن - كۈمۈش قەرز ئېلىش، قەرز بېرىش، ئۇنى رەنىگە قويۇش مەنئىي قىلىنىدىغانلىقى؛ ئورۇن ۋە شەخسلەر ئالتۇن كۈمۈش ساتماقچى بولسا، خەلق بانكىسىغا سېتىپ بېرىشى كېرەكلىكى تەكىتلەندى. «نىزام»نى ئىزچىل يولغا قويۇش ئۈچۈن 1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 26 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش نىزامىنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پرىنسىپى»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسى بىلەن تاموژنا باش مەھكىمىسىنىڭ «ئالتۇن - كۈمۈشنى دۆلەت چېگرىسىدىن كىرگۈزۈش - چىقىرىشنى باشقۇرۇش چارىسى»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى، بۇلار 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن ئېتىبارەن يولغا قويۇلدى. 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتۇن كۈمۈش باشقۇرۇش نىزامى›نى يولغا قويۇش توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى: ئالتۇن قېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن ۋە شەخسلەردە ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماق بەرگەن ئالتۇن قېزىش گۇۋاھنامىسى بولۇشى، ئۇ قېزىپ ئايرىغان ئالتۇننى چوقۇم خەلق بانكىسىغا ياكى ئۇ ھاۋالە قىلغان ئورۇنغا سېتىپ بېرىشى كېرەك. ئومۇمەن تىجارەت باشلىشى ئەستىقلانغان يەككە زەرگەرلەرنىڭ پەقەت خېرىدارلار ئېلىپ كەلگەن ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بېرىشى ۋە ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان بۇيۇملارنى رېمونت قىلىشىغا بولىدۇ؛ ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىپ سېتىشقا يول قويۇلمايدۇ، ئالتۇن كانلىرىدىن ئېلىپ كېلىنگەن ماتېرىياللارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش قاتارلىق كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ.

## 2. ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى سېتىشنى باشقۇرۇش ئەھۋالى

شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئامىسىنىڭ، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاش ئادىتى بار. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە ساتىدىغان ئۇستىكارلار بار. 1952 ـ يىلى ئالتۇن ـ كۈمۈش باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى كەسپىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىندى، لېكىن شاللاش ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇش فاڭجېنى قوللىنىلدى. 1956 ـ يىلى قول سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىن، ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى كەسپىدىكىلەر، چىش سېلىش دۇكىنى قاتارلىق قول سانائەت كەسپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىگە ئۆتتى ياكى قول سانائەتچى كوپېراتىپى قاتارلىق تەشكىلاتلارغا كىردى. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى تاقاش ئادىتىگە دۆلەت ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويدى. 1961 ـ يىل خەلق باش بانكىسى شىنجاڭدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىنى بىر قىسىم كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى بىلەن مۇۋاپىق دەرىجىدە تەمىنلەش توغرىسىدا تەستىق سالدى. 1963 ـ يىل مەملىكەت بويىچە چىش سېلىشتا ئالتۇن ئىشلىتىش پىلانى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، خەلق باش بانكىسى شىنجاڭغا چىش سېلىشتا ئىشلىتىش ئۈچۈن 400 گرام ئالتۇن تەستىقلاپ بەردى. 1982 ـ يىلى سودا مىنىستىرلىكى، يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكى، خەلق باش بانكىسى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان ئۆششاق زىننەت بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن 30 سەر ئالتۇن، 4000 سەر كۈمۈش ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى. كۈمۈش ئېچىدە، يېگانە پېچىقىغا ئىشلىتىدىغان 500 سەر كۈمۈشمۇ بار.

شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «دۆلەت ئىچىدە ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملارنى سېتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»، «دۆلەت ئىچىدە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى تەشۋىقات تېزىسى» ۋە «ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ـ سېتىشنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا دۆلەتنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، بىر تۇتاش سېتىۋېلىپ، بىر تۇتاش تەقسىملەش سىياسىتىنى يولغا قويىدىغانلىقى، ئالتۇن ـ كۈمۈشنى سېتىۋېلىش ۋە سېتىپ بېرىشنى بىردەك خەلق بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغانلىقى قەيت قىلىندى. ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ياسىلىدىغان بۇيۇملارنى نۇقتا بەلگىلەپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشنى يولغا قويۇش لازىملىقى؛ ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرى تىجارىتى قىلىدىغان تارماق ۋە ئورۇنلارنىڭ خەلق بانكىسىنىڭ كۆزدىن كۆچۈرۈشى ۋە تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەكلىكى؛ ھەر قانداق ئورۇن ۋە شەخسنىڭ ئۆز ئارا ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان بۇيۇملارنى ئېلىش ـ سېتىشقا بولمايدىغانلىقى تەكىتلەندى. باش بانكا ۋە يېنىك سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى ئارقىلىق شىنجاڭ مىللىي ھۈنەر ۋە گۈزەل سەنئەت تەجرىبە زاۋۇتى ئېچكى جەھەتتە سېتىلىدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت قىلىپ بەلگىلەندى. خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» ۋە «چارىسى»نى كۆچۈرۈپ تارقاتقان چاغدا، ئاپتونوم رايونلۇق ھۈنەر ـ گۈزەل سەنئەت شىركىتى مۇلازىمەت بۆلۈمىنىڭ سېتىش نۇقتىسى قىلىپ تەستىقلانغانلىقىنى، ئىلگىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالتۇن يالىتىلغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زاۋۇت ۋە ساتىدىغان ماگىزىنلارنىڭ ئەمدى ئىشلەپچىقارمايدىغان ۋە

ساقلايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى، خەلق شۆبە بانكىسى، مال باھا ئىدارىسى دۆلەت ئىقتىساد كومىتېتى، خەلق باش بانكىسى، دۆلەت مال باھا ئىدارىسىنىڭ «ئالتۇن باھاسىنى تەڭشەش ۋە ئالتۇندىن زىننەت بۇيۇملىرى سېتىشنى كېڭەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى كۆچۈرۈپ تارقاتقان چاغدىكى ئۇقتۇرۇشىدا، غۇلجا شەھەرلىك زىننەت بۇيۇملىرى زاۋۇتى بىلەن قەشقەر شەھەرلىك مىللىي زىننەت بۇيۇملىرى زاۋۇتىدىن ئىبارەت ئىككى ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنىڭ كۆپەيتىلگەنلىكى ئەستىقلانغانلىقى، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك چوڭ تىپتىكى تۈرلۈك ماللار ماگىزىنلىرىدا ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى ساتسا بولىدىغانلىقى، ناھىيە دەرىجىلىك سودا، ئەمىنات سودا تارماقلىرىدا ئالتۇن يالىتىلغان زىننەت بۇيۇملىرىنى ساتسا بولىدىغانلىقى، شەرت - شارائىتى بارلارنىڭ يېزىلارغا ئېلىپ بېرىپ سېتىشىغا بولىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. 1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى، مال باھا ئىدارىسى ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش پارچە سېتىش باھاسى يولغا قويۇلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش قىلدى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىش نۇقتىسى 83كە يەتتى.

## 3. ئالتۇن - كۈمۈش تېگىشىش ۋە سېتىپ بېرىش ئەھۋالى

### 1) تېگىشىش ۋە سېتىپ بېرىش چارىسى

1952 - يىلى ئالتۇن - كۈمۈش باشقۇرۇش ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 2 - ئايدا بانكىلار ۋۇسكا ئېسىپ ئالتۇن - كۈمۈش تېگىشىپ يىغىۋالدى، تاختاي باھاسى شىنجاڭنىڭ بازار ئەھۋالىغا قاراپ بەلگىلەندى. 1953 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئالتۇن - كۈمۈش تېگىشىشتە بىرلىككە كەلگەن تاختاي باھاسى يولغا قويۇلدى، شىنجاڭنىڭ پۇل تۈزۈلمىسى 1951 - يىل 10 - ئايدا ئاندىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭكى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بولغاچقا، ئالتۇن - كۈمۈش تېگىشىش باھاسى پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بەك بالدۇر بىرلىككە كەلتۈرۈلسە، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە، باھا ئىشلىرىنىڭ مۇقىملىقىغا پايدىسىز بولاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شىنجاڭ يەنىلا ئۆز ئالدىغا باھا بەلگىلىدى، بۇ باھا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تاختاي باھاسىدىن تۆۋەن بولدى.

1956 - يىلى قول سانائەتتە كوپېراتىپلىشىش ئىشقا ئاشقاندىن كېيىن، بانكا «ئالتۇن - كۈمۈش سېتىپ بېرىش چارىسى»نى تۈزۈپ، ھەر قايسى بانكىلارغا تارقىتىپ، تەشكىللەنگەن چىش سېلىش دۇكانلىرى، زەرگەرلەرگە ئالتۇن - كۈمۈش سېتىپ بەردى. شۇ يىلى 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدا ئالتۇن - كۈمۈش سېتىۋېلىشتا مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن تاختاي باھاسى يولغا قويۇلدى.

1956 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئالتۇن - كۈمۈش ئېلىش - سېتىشتىكى ئۆلچەم بىرلىكى كونا سەر تۈزۈمىدىن كىلوگرام تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى، يەنى «گرام» ھېسابات بىرلىكى قىلىنىپ، سانتىگرامغىچە ھېسابلىنىدىغان بولدى. سانتىگرامدىن تۆۋەندىكىلىرى پۈتۈنلەندى. كونا بىر سەر كىلوگرام تۈزۈمىدە 31.25 گرامغا سۇندۇرۇلدى.

### 2) ئىككى قېتىملىق ئاممىۋى خاراكتېرلىك تېگىشىش دولقۇنى

بىرىنچى قېتىملىقى 1958 - يىلدىن 1959 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىگىچە بولۇپ، جايلاردىكى ئاممىنى «ئۆلۈك گۆھەرنى تىرىك گۆھەرگە ئايلاندۇرۇش»قا ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، سېتىۋېلىنغان ئالتۇن، كۈمۈش يەرلىك سانائەتكە مەبلەغ سېلىشقا ياكى پۇقرالار پۇل ئامانىتىگە قاتناشتۇرۇلدى. تەكشۈرۈشكە

قارىغاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق بانكىسى تەڭرىتاغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى ئاما 1958 ـ يىلى تېگىشىپ سېتىپ بەرگەن 360 سەر ئالتۇن، 16 مىڭ سەر كۈمۈش، جەمئىي 68 مىڭ 600 يۈەنلىك 14 مىڭ 400 دانە كۈمۈش تەڭگىنى سانائەتكە مەبلەغ سالغان. سانجى ناھىيىسى 1959 ـ يىلى ئاممىنى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تېگىشىپ سېتىپ بېرىشكە سەپەرۋەر قىلىپ، جەمئىي 98.5 سەر ئالتۇن، 3042 سەر كۈمۈش، 16 مىڭ 973 يۈەنلىك 3813 دانە كۈمۈش تەڭگىنى يۇقىرالار پۇل ئامانىتىگە ئاغدۇردى.

ئىككىنچى قېتىملىقى 1966 ـ يىل 9 ـ ، 10 ـ ئايلار مەزگىلىدە بولۇپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دا «تۆت كونا»نى بۇزۇش ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، يىغىۋېلىنغان ئالتۇن ـ كۈمۈش نۇرغۇن كۆپەيدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۈرۈمچى، قەشقەر، سانجى ۋە بايىنغولىن قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ يىغىۋالغىنى خېلى كۆپ بولدى.

**1966 ـ يىل 8 ـ، 9 ـ ئايلاردا شىنجاڭ بويىچە تېگىشىۋېلىنغان ئالتۇن، كۈمۈش، كۈمۈش تەڭگىنى ستاتىستىكا قىلىش جەدۋىلى**

جەدۋەل: 10 ـ 2

| نامى | بىرلىكى | تېگىشىۋېلىنغىنى | | |
|---|---|---|---|---|
| | | 8 ـ ئاي | 9 ـ ئاي | كۆپەيگىنى |
| ئالتۇن | كىلوگرام | 3.9 | 37.6 | 8.6 ھەسسە |
| كۈمۈش | كىلوگرام | 183.7 | 940.0 | 4.1 ھەسسە |
| كۈمۈش تەڭگە | دانە | 6605.0 | 21460.0 | 3.3 ھەسسە |

## 4. ئالتۇن ـ كۈمۈش ھايانكەشلىكى، ئەتكەسچىلىكىگە زەربە بېرىش ۋە ساختىلىققا قارشى كۆرەش قىلىش ئەھۋالى

1952 ـ يىلى شىنجاڭدا ئالتۇن ـ كۈمۈش باشقۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئالتۇن ـ كۈمۈش ئېلىپ ـ ساتىدىغان قاراڭغۇ بازار پائالىيىتى بارلىققا كەلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، قەشقەر، ئىلى، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە خېلى ئېغىر بولدى. 1956 ـ يىلى بىر ئالتۇن سودىگىرى بانكا باھاسىدىن بىر يېرىم ھەسسە يۇقىرى باھادا 12 سەر ئالتۇن، 66 دانە تىللا، 32 دانە ئالتۇن ئۈزۈك سېتىۋېلىپ، كېيىن بىر سەرىنى 400 يۈەنلىك باھادا ساتقان. 1958 ـ يىلى خوتەندە بىر سودىگەر بانكىنىڭ سېتىۋېلىش باھاسىدىن ئىككى ـ ئۈچ ھەسسە يۇقىرى باھادا، يەنى زىننەت بۇيۇمى قىلىنغان ئالتۇننىڭ بىر سەرىنى 370 يۈەن ئەتراپىدىكى، كېپەك ئالتۇننىڭ بىر سەرىنى 300 يۈەن ئەتراپىدىكى باھادا سېتىۋالغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساپلىق دەرىجىسى 50% ـ 60% لىك ئالتۇننىڭ ھەر سەرىنى 340 يۈەندىن ساتقان. 1963 ـ يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى بىر سوۋېت ئىتتىپاقى مۇھاجىرى دۆلەتكە قايتقاندا، قاراڭغۇ بازاردىن 600 يۈەندىن

كۆپرەك پۇلغا توقۇز مىسقالدىن كۆپ ئېغىرلىقتىكى بىر ئالتۇن بىلەيزۈكنى، 150 يۈەنگە سەككىز گرام ئېغىرلىقتىكى بىر پارچە ئالتۇننى سېتىۋالغان.

1982 - يىل 11 - ئايدىن 1983 - يىل 5 - ئايغىچە نىيە، كىرىيە، چىرا، قاغىلىق ۋە چەرچەن قاتارلىق ناھىيىلەردىكى بەش بانكا ساختا كېپەك ئالتۇندىن 3420.55 گرام كىرگۈزگەن. جامائەت خەۋپسىزلىكى ئارماقلىرى رازۋېتكا قىلىش ئارقىلىق ساختا كېپەك ئالتۇن ياسىغان جىنايەتچىلەر گۇرۇھىنى قولغا چۈشۈردى. باش جىنايەتچى مەھكىمەت تۈرمىگە ئۆلۈم جازاسى، ئىككى يىللىق قاماق جازاسى ۋە ئىككى يىللىق سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش جازاسى بېرىلدى.

## شىنجاڭنىڭ ئۆتكەن يىللاردىكى ئالتۇن، كۈمۈش، كۈمۈش تەڭگىنى تېگىشىۋېلىش تاختاي باھاسى جەدۋىلى

جەدۋەل: 10 - 3 | سومما: يۈەن

| تۈرى / تاختاي باھاسىنىڭ ئېلان قىلىنغان ۋاقتى | ئالتۇن: كونا سەر | ئالتۇن: ھەر گرامى | كۈمۈش: كونا سەر | كۈمۈش: ھەر گرامى | كۈمۈش تەڭگە دانىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1952 - يىل 2 - ئاينىڭ 25 - كۈنى | 95.00 | | 0.60 | | 0.60 |
| 1956 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 95.00 | 3.04 | 1.25 | 0.04 | 1.00 |
| 1973 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 95.00 | 3.04 | 3.125 | 0.10 | 2.50 |
| 1980 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 406.25 | 13.00 | 6.25 | 0.20 | 5.00 |
| 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 506.25 | 16.20 | 6.25 | 0.20 | 5.00 |
| 1985 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 700.00 | 22.40 | 6.25 | 0.20 | 5.00 |
| 1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 12 - كۈنى | 900.00 | 20.80 | 6.25 | 0.20 | 5.00 |

ئەسكەرتىش: 1951 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدا ۋۇۇسكا ئېسىلماي ئالتۇن، كۈمۈش، كۈمۈش تەڭگە سېتىۋېلىنغان. ئالتۇنغا زايوم سېتىۋېلىشتا ئىچكى جەھەتتە تېگىشىش باھاسى بەلگىلەنگەندى.

## شىنجاڭدا ئۆتكەن يىللاردا سانائەتكە كېرەكلىك ئالتۇن، كۈمۈشنى سېتىش باھا جەدۋىلى

جەدۋەل: 10 — 4  سوممىسى: يۈەن

| سېتىش باھاسى بەلگىلەنگەن ۋاقتى / تۈرى | ئالتۇن: كونا سەر | ئالتۇن: ھەر گرام | كۈمۈش: كونا سەر | كۈمۈش: ھەر گرام | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| 1960 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 125.00 | 4.00 | 1.95 | 0.0624 | ئالتۇن، كۈمۈش تەركىبى % 99.9 كە يەتمەيدىغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملارغا كېرەكلىك كۈمۈشنىڭ كىلوگرامى ۋاقتىنچە 200 يۈەن بەلگىلەندى. |
| 1960 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 175.00 | 5.60 | 1.95 | 0.0624 | |
| 1963 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 240.00 | 7.68 | 1.95 | 0.0624 | |
| 1973 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 240.00 | 7.68 | 3.75 | 0.12 | |
| 1984 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 531.25 | 17.00 | 3.75 | 0.12 | |
| 1985 - يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 825.00 | 26.40 | 3.75 | 0.12 | |
| 1985 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 825.00 | 26.40 | 10.00 | 0.32 | |
| 1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى | 1000.00 | 32.00 | 10.00 | 0.32 | |

ئەسكەرتىش: سانائەتكە ئىشلىتىلىدىغان كۈمۈش كەپشەر چوكىسىنىڭ ھەر كىلوگرامى 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ 160 يۈەن بولدى. ئۇنىڭ كۈمۈش تەركىبى 45%.

## دۆلەت ئىچىدە سېتىلىدىغان ئالتۇن - كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىغا كېرەكلىك ئالتۇن - كۈمۈشنى سېتىش باھاسى ۋە ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىش باھاسى جەدۋىلى

جەدۋەل: 10 ـ 5

سوممىسى: يۈەن

| تۈرى / تاختاي باھاسى ئېلان قىلىنغان ۋاقىت | ئالتۇننى سېتىش باھاسى | | كۈمۈشنى سېتىش باھاسى | | ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرىنى سېتىش باھاسى | | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | كونا سەر | گرام | كونا سەر | گرام | كونا سەر | گرام | |
| 1982 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى | 1000.98 | 32.00 | 17.8125 | 0.57 | 2000.00 | 64.00 | ھەممىسىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش تەركىبى %99.9 غا يەتمەيدۇ |
| 1984 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى | 1000.00 | 32.00 | 17.8125 | 0.57 | 1500.00 | 48.00 | |
| 1985 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى | 1200.00 | 38.40 | 17.8125 | 0.57 | 1700.00 | 54.40 | |
| 1985 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى | 1350.00 | 43.20 | 17.8125 | 0.57 | 1700.00 | 54.40 | |

# III باب

# ھاۋالە

## 1 § . تەرەققىيات جەريانى

مىنگونىڭ 33 - يىلى (1944 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەركىزىي بانكا ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى بىلەن مەركىزىي ھاۋالە ئىدارىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە ئىدارىسى بىرلا ۋاقىتتا تىجارەت باشلىدى. ئىككى ۋەزىپىنى بىر بەنزە ئادەم ئىشلىدى. ھاۋالە ئىدارىسىنىڭ كەسپىنى مەركىزىي بانكا ۋاكالىتەن بېجىردى. ئۇنىڭدا پەقەت قەرەلسىز ئامانەت پۇل ۋە قەرەلسىز پۇقرالار ئامانىتىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك كەسىپ بېجىرىلەتتى. بەزىدە سوغۇرتا كەسپىمۇ ۋاكالىتەن بېجىرىلەتتى. لېكىن سانى چەكلىك ئىدى. مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948-يىلى) 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئۈرۈمچى شۆبە ئىدارىسى بۇيرۇقنا بىنائەن ئېنىقلىنىپ بولدى.

مىنگونىڭ 37 - يىلى (1948 - يىلى) نىڭ بېشىدا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا شىنجاڭ ھاۋالە شىركىتى ئېچىپ، مۇئامىلىدارلارغا ۋاكالىتەن ماددىي ئەشيا ساقلاش، تونۇش، رەنىلىك قەرز پۇل بېجىرىش قاتارلىق كەسىپلەرنى بېجىردى.

ئازادلىقتىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھاۋالە كەسپى توختىتىلدى. شىنجاڭدىكى ھاۋالە كەسپى توختاپ قالدى، پەقەت كومىسسىيون دوكانلار ئىنچىل ھالدا ساقلىنىپ قېلىپ، مۇئامىلىدارلارنىڭ سېتىشقا ھاۋالە قىلغان نەرسىلىرىنى ساتتى.

1980 - يىل 9 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى گوۋۇيۈەننىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، جايلاردىن ھاۋالە قورالىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك مەبلەغ جۇغلاپ، بەرلىككە كۆپرەك ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھاۋالە كەسپى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ئېرىشىپ، تەرەققىياتلارغا ئىگە بولدى. 1982 - يىل 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھاۋالە مەبلەغ سېلىش ئاپپاراتىدىن بەشى قۇرۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيە سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغىنى ئۈچكە، بانكا سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولغىنى ئىككىگە، كەسپىي خادىمى 18 گە يەتتى. 1985 - يىلغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە ھاۋالە ئاپپاراتى 25 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە سودا - سانائەت بانكا سىستېمىسىدىكىسى 9، يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكىسى 15، جۇڭگو بانكىسى سىستېمىسىدىكىسى بىر. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆپلىگەن ئاساسىي قاتلام بانكىلاردا گەرچە ھاۋالە ئاپپاراتلىرى بولمىسىمۇ، لېكىن يەنە بىر قىسىم ھاۋالە كەسپىنى قوشۇمچە باشقۇردى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھاۋالە كەسپىنىڭ پائالىيەت دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭەيدى.

## 1982 ـ يىلدىكى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھاۋالە مەبلەغ سېلىش ئاپپاراتلىرى

جەدۋەل: 10 ـ 6

| قۇرۇلغان ۋاقتى | ئورۇن نامى |
|---|---|
| 1981.1.10 | ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىگە قاراشلىق ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركىتى |
| 1981.10.19 | ئىلى ئوبلاستلىق مالىيە ئىدارىسىگە قاراشلىق ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركىتى |
| 1981.12 | ئۈرۈمچى شەھەرلىك مالىيە ئىدارىسىگە قاراشلىق ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركىتى |
| 1982.4.1 | خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركىتى |
| 1982.4.5 | جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك شۆبە بانكىسى خەلقئارا ھاۋالە ئىشلىرى بويىچە مۇلازىمەت بۆلۈمى |

## 2 § . كەسىپ

1982 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى پۇل ئاجرىتىش تارماقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرلۇك ھاۋالە كەسپىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قارار قىلغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. شۇ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرگە «ھاۋالە كەسپىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا پىكىر»نى تارقىتىپ، ھاۋالە ئامانەت پۇل، ھاۋالىلىك قەرز پۇل، ھاۋالە بويىچە قەرز بېرىش، مەبلەغ سېلىش خاراكتېرلىك قەرز پۇل ۋە ھاۋالە مەبلەغ كەسپى، ۋاكالەتچىلىك كەسپىدىن ئىبارەت بەش خىل ھاۋالە كەسپىنى بېجىرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. 1982 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مالىيە سىستېمىسى ۋە بانكا سىستېمىسىدىكى بەش ھاۋالە شىركىتىنىڭ مەبلەغ مەنبەسى 128 مىليون 580 مىڭ يۈەنگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە مالىيىدىن ئاجرىتىپ بېرىلگىنى 118 مىليون 190 مىڭ يۈەن، باشقۇرغۇچى تارماقلار ئاجرىتىپ بەرگىنى 4 مىليون يۈەن، ئامانەت پۇل 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن، باشقا مەبلەغ 160 مىڭ يۈەن، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى مۇنداق بولدى: جەمئىي قەرز بېرىلگەن تۈر 213، بېرىلگەن قەرز 52 مىليون 458 مىڭ يۈەن، بانكىغا ئامانەت قويۇلغىنى 75 مىليون 571 مىڭ يۈەن، جەمئىي پايدىسى 324 مىڭ يۈەن، ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق بانكىسىغا قاراشلىق ھاۋالە شىركىتى ھاۋالە قەرز پۇلىدىن پايدىلىنىپ، ھەربىي سانائەت كارخانىسىنىڭ كەسىپ ئۆزگەرتىپ، خەلق ئىشلىتىدىغان 2000 دانە «تۆگە قۇش» ماركىلىق ۋېلسىپىت

ئىشلەپچىقىرىشقا مەدەت بەرگەنىدى، بۇ ۋېلسىپىتلەر 1982 - يىلى دۆلەت بايرىمىدىن ئىلگىرى بازارغا سېلىنغان دەرھال سېتىلىپ بولدى، بۇنىڭ بىلەن بايراملىق مال مول بولدى، پۇلنىڭ خەزىنىگە قايتىشىمۇ كۆپىيىپ، قەرز پۇلنىڭ بىر قىسمى مۇددەتتىن بۇرۇن قايتۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، جايلاردىكى يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى ۋاكالىتەن بېجىرىش كەسپى ئاساس قىلىنغان ھاۋالە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا، سانجى، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاستلاردا ۋاكالىتەن كىرىم - چىقىم قىلىش كەسپى بېجىرىلىپ، رەسمىيەت ھەققىدىن 19 مىڭ 200 يۈەن كىرىم قىلىنغان. ئاقسۇ يېزا ئىگىلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى سۇ ئېلېكتر ئىدارىسى، قۇدۇق بۇرغىلاش ئەترىتى، دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇننى 150 مىڭ يۈەن ئامانەت پۇل قويۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، بۇنىڭدىن 30 مىڭ يۈەننى يېزا ئىگىلىك 1 - شى 2 - تۈەنگە بېلىق بېقىش ئۈچۈن قەرز بەرگەن، ئۇلار بۇ پۇل بىلەن بىر يىل ئىچىدە بېلىق مەھسۇلاتىنى 30 - 50 تونىغا كۆپەيتەلەيدۇ؛ 120 مىڭ يۈەننى يېزا ئىگىلىك 1 - شى 3 - تۈەنگە ھاۋالە قەرز پۇل سۈپىتىدە باغ تارتىش ئۈسكۈنىسىنى يېڭىلاشقا بەرگەن، ئۇلار 597 مىڭ جىڭ باغ ئارتۇق ئىشلەپچىقىرىپ، بىر يىل ئىچىدە بارلىق قەرزنى قايتۇرۇپ بولدى. بانكا 3240 يۈەن پايدا پەرقى كىرىم قىلدى.

1983 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى»گە ئاساسەن، ھاۋالە كەسپى بىردەك بانكا كرېدىت تارماقلىرىنىڭ بېجىرىشىگە قوشۇلۇپ، مەبلەغ پائالىيىتى بىر تۇتاش ھالدا دۆلەت كرېدىت پىلانى ۋە تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مالىيىگە قاراشلىق بولغان ئۈچ ھاۋالە مەبلەغ سېلىش شىركىتى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئېنىقلاشنى ئاخىرلاشتۇردى. شىنجاڭنىڭ ھاۋالە كەسپى خەلق باش بانكىسىنىڭ ھاۋالە كەسپىدە ھاۋالە قىلىش، ۋاكالىتەن بېجىرىش، ئىجارىكەشلىك، مەسلىھەتچىلىكنى ئاساس قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىنىڭ يېتەكچىلىكىدە يەنىلا تەرەققىي قىلدى. شۇ يىلى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ تۈرلۈك ھاۋالە مەبلىغىنىڭ قالدۇقى 18 مىليون 452 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 10.9% ئاشتى؛ ھاۋالە مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىپ ئاشقان قالدۇقى 15 مىليون 408 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 3.8% ئاشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ھاۋالە قەرز پۇل كەسپىدە يىل بېشىدىكى 10 مىليون 430 مىڭ يۈەن كۆپىيىپ 13 مىليون 530 مىڭ يۈەنگە يەتتى. كىرىم - چىقىم بالانسى بولغاندىن كېيىنكى پايدا 137 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1982 - يىلدىكىدىن 164.46% ئاشتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك زىيالىي ياشلار ئىشخانىسى بىلەن ئەمگەك مۇلازىمەت شىركىتى خەلق بانكىسىنىڭ ھاۋالە مەبلەغ شىركىتىگە ھاۋالە قىلىپ 247 زىيالىي ياشلار كارخانىسىغا 8 مىليون 460 مىڭ يۈەن يار يۆلەك مەبلىغى ھېسابىدىكى قەرز پۇل تارقىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئىقتىسادىنىڭ 98 پىرسەنتىنى شەكىللەندۈرۈپ، 23 مىڭدىن كۆپ ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. قەرز ئالغان پۇلنى قايتۇرۇش ئىقتىدارى بارلار 92% نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى خەلق بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىسىغا قاراشلىق ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى ۋاكالىتەن كىرىم - چىقىم قىلىش ۋە ئىجارىكەشلىك كەسپىنى يولغا قويغاننىڭ سىرتىدا يەنە يېڭىدىن چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇملىرى جەھەتتىكى ھاۋالە كەسپىنى يولغا قويدى. ئۇلار ئۈرۈمچى نامىيىسىنىڭ بەنفاڭگۇ گۇڭشېسىدا «قار لەيلىسى» ماركىلىق 14 دىيوملۇق رەڭسىز تېلېۋىزورغا مۇددەتكە بۆلۈپ پۇل تۆلەش كەسپىنى يولغا قويۇپ، توققۇز توختام ئىمزالاپ، ئۇلارغا 162 دانە تېلېۋىزورغا 40 مىڭ يۈەن چىدامىلىق ئىستېمال بۇيۇمى ھاۋالە قەرز پۇلى بېجىرىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. شەھەر ئىچىدىكى ئورگانلارمۇ بۇ كەسپنى يولغا قويۇشنى ئارقا - ئارقىدىن تەلەپ قىلىشتى، مال مەنبەسى ۋە ئۆز كۈچىنىڭ چەكلىمىلىكىدىن

بۇ كەسىپ كەڭ قانات يايدۇرۇلمىدى.

1984 - يىلى شىنجاڭ بويىچە ھاۋالە كەسپى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا قۇرۇلغان، قۇرۇلۇۋاتقان ھاۋالە ئاپپاراتى سەككىزگە يەتتى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا ھاۋالە بۆلۈمى قۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىمۇ ھاۋالە ئاپپاراتى قۇرۇلدى ھەم يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، كرېدىت فوندىدىن 3 مىليون يۈەن ئاجرىتىپ ھاۋالە ئوبوروت فوندى قىلىندى. يېنىك سانائەت نازارىتى ئىلگىرى مەسئۇل بولۇپ 2 - يېنىك سانائەت ساھەسىدىكى كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش، ئىسلاھ قىلىش، ئۆزگەرتىشكە تارقىتىدىغان 2 مىليون يۈەن قەرز مەبلەغنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق بانكىسى ھاۋالە مەبلەغ شىركىتىنىڭ مەسئۇل بولۇپ قەرز بېرىشى ۋە باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۈرۈمچى، سانجىدىن ئىبارەت ئىككى جايدا يېنىك سانائەت ساھەسىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىكىدىكى 17 كارخانىدا نۇقتىدا سىناق قىلدى. تۈرلەرنى ئېنىقلاش ئاساسىدا، ئاز مەبلەغ سېلىنىدىغان، ئۈنۈمى تېز كۆرۈلىدىغان، قەرز مۇددىتى قىسقا بولغان، قەرز ئېلىش شەرتىنى ھازىرلىغان كارخانىلاردا بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، قەرز ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش نىسبىتى %91.5 كە يەتتى. خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 1984 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھاۋالە مەبلىغىنىڭ مەبلىغى 29 مىليون 820 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 2.7 ھەسسە ئاشقان؛ مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى 25 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 3.8 ھەسسە ئاشتى؛ شۇ بىر يىلدىكى پايدا 237 مىڭ يۈەن بولغان. شۇ يىلى يېڭىدىن تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىدىن ئىبارەت مەخسۇس تۈردىكى ھاۋالە ۋە تۈرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشى جەمئىيەتكى ھاۋالە يولغا قويۇلدى ھەمدە سانجى ئوبلاستىدىكى ئالاقىدار ناھىيىلەرگە ئايلانما ھاۋالە قاتارلىق كەسىپلەر بىجىرىپ بېرىلدى.

1985 - يىلىنىڭ بېشىدا، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىدا ھاۋالە باشقارمىسى قۇرۇلدى. شۇ يىلى 4 - ئايدا سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى سودا - سانائەت باش بانكىسىنىڭ «ھاۋالە قەرز پۇلىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشى»نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، ھەر قايسى بانكىلاردىن 1985 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھاۋالە، ۋاكالەتلىك، ئىجارە كەسىپلىرىنىڭ سىرتىدا، يېڭىدىن ھاۋالە قەرز پۇل تارقىتىش ۋە مەبلەغ سېلىش كەسپىنى پۈتۈنلەي توختىتىشنى؛ 1984 - يىلدىن قېپقالغان تۈرلەر ۋە توختام ئىمزالىنىپ تېخى قەرز پۇل بېرىلمىگەن تۈرلەرگە قەرز پۇل بېرىشنى بىر دەك توختىتىشنى، تۈرلەر بويىچە باش بانكىغا مەلۇم قىلىپ، باش بانكا تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، قەرز پۇل بېرىش - بەرمەسلىكنى ئاندىن قارار قىلىشنى؛ 1985 - يىلى ئەمەلىي تارقىتىلىدىغان ھاۋالە قەرز پۇلنى چوقۇم (ھاۋالە قىلىنغىنى بۇنىڭ سىرتىدا) باش بانكا چۈشۈرگەن قەرز پۇل تارقىتىش پىلانى ئىچىدە تىزگىنلەشنى، ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى، مۇئامىلىدارلاردىن قەرز پۇلغا ئۇسۇم ئالغاندىن باشقا رەسمىيەت ھەققى قوشۇپ ئالماسلىقنى؛ ھەر قايسى بانكىلارنىڭ ھاۋالە كەسپىدە «ھاۋالە قىلىش، ۋاكالەتچىلىك، ئىجارىكەشلىك، مەسلىھەتچىلىك»تىن ئىبارەت تۆت سۆزلۈك فاڭجېندا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى. 1985 - يىلى سودا - سانائەت بانكا سىستېمىسى جەلپ قىلغان جەمئىي مەبلەغ 37 مىليون 460 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن %20.5 ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە، قەرز بېرىشكە ھاۋالە قىلىنغان فوند %84.1 نى ئىگىلەپ، يىل بېشىدىكىدىن %12.4 ئاشتى؛ تارقىتىلغان تۈرلۈك قەرز پۇل 44 مىليون 60 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىل بېشىدىكىدىن %62.4 كۆپەيدى، بۇنىڭ ئىچىدە ھاۋالە بويىچە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ يىل ئاخىرىدىكى قالدۇرقى 29 مىليون 480 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، تارقىتىلغان قەرز پۇل ئومۇمىي سانىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىدى. ئىشلىتىشكە بولىدىغان فوندىدىن يەنە 2 مىليون 20 مىڭ يۈەن قالغان؛ جەمئىي پايدا 715 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1984 - يىلدىكىدىن %201.7 ئاشتى. ئىجارە كەسپىدە يىل

ئاخىرىدىكى سوممىسىنىڭ قالدۇقى 10 مىليون 100 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يىل بېشىدىكىدىن 16 ھەسسە ئاشتى. شۇ يىلى سودا - سانائەت بانكىسى كىرىدىت ۋېزىسى ۋە ۋاكالىتەن ساقلاش كەسپىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇپ، جەمئىي ئون قېتىمدا 3 مىليون 800 مىڭ يۈەنلىك ۋېزا كېسىپ بېرىپ، سودا ساھەسىدىكىلەرنى مال كىرگۈزۈشتە كىرىدىت كاپالىتى بىلەن تەمىن ئەتتى؛ ھۈنەر - سەنئەت زاۋۇتىغا 53 كىلوگرام ئالتۇننى ۋاكالىتەن ساقلاپ بەردى. بىراق باش بانكىنىڭ ھاۋالە قەرز پۇلىنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقتىن، پەقەت كىرىم قىلىنىپ، قەرز تارقىتىلمىغاچقا، سودا - سانائەت بانكا سىستېمىسىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ھاۋالە قەرز پۇلى 9 مىليون 500 مىڭ يۈەندىن 3 مىليون 510 مىڭ يۈەنگە چۈشۈپ قالدى. شىنجاڭ بويىچە سودا - سانائەت بانكا سىستېمىسىدا جەمئىي 42.8% تۆۋەنلەپ كەتتى. 1985 - يىلىنىڭ بېشىدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «ھاۋالە كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان پىكرى»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى ھەمدە «1985 - يىللىق ھاۋالە خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىر»نى ئوتتۇرىغا قويدى، «ھاۋالە كەسپىدىكى بوغالتىرىيىلىك ھېساباتنىڭ سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارىسى»نى بېسىپ تارقاتتى. مۇشۇ تەدبىرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشى نەتىجىسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا جەمئىي 4 مىليون 500 مىڭ يۈەن ھاۋالە ئامانەت پۇل جەلپ قىلىنىپ، 4 مىليون يۈەن ئوبوروت پۇلى قوشۇلۇپ، مەبلەغ مەنبەسى 8 مىليون 500 مىڭ يۈەن بولدى. تۈرلۈك ھاۋالە قەرز پۇلدىن 7 مىليون 500 مىڭ يۈەن تارقىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ شىنجىندا تۇرۇشلۇق «تەڭرىتاغ» سودا شىركىتىگە 1 مىليون 38 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. مۇشۇ كۆزنەكتىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سىرتقا چىقىرىلىپ، ئېھتىياجلىق بولغان ئىلغار يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى ۋە ئۈسكۈنىلىرى كىرگۈزۈلۈپ، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ ھاۋالىسى قوبۇل قىلىنىپ، بىر قىسىم بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشلىرىغا ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىش ھەققى مەخسۇس تۈرى بويىچە جەمئىي 61 مىليون 500 مىڭ يۈەن ھاۋالە قەرز پۇلى بېرىلىپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا بىر قەدەر ياخشى مەدەت بېرىلدى. يەنە بىڭتۇەنگە ۋاكالىتەن سودا - سانائەت، قاتناش كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرىغا تاپشۇرىدىغان پايدىسىنى يىغىش ئىشى بېجىرىلدى ھەمدە مەسلىھەت بېرىش، ئالاقىلىشىش كۆۋرۈكى بولۇش ئىشلىرى قوبۇل قىلىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق، سانائەت، سودا شىركىتىنىڭ شىخەنزە، 143 - تۇەن جۇڭگو مۇھاجىرلىرى دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە جىلىن ئۆلكىسى دائەن ناھىيىلىك خورۇم زاۋۇتى بىلەن بىرلەشمە تىجارەت قىلىش كېلىشىمى تۈزۈشى ئىلگىرى سۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ ھاۋالە بۆلۈمى يەنە بىڭتۇەن ھەمكارلىق باش كوپېراتىپىغا ۋاكالىتەن بىرىنچى قارارلىق 20 مىليون يۈەن پاي چېكى تارقاتتى.

1985 - يىل 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق خەلق بانكىلىرىغا خەلق باش بانكىسىنىڭ «ھاۋالە قەرز پۇلى تارقىتىش ۋە ھاۋالە مەبلىغى سېلىشنى دەرھال توختىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. شۇ كۈنى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى «ھاۋالە قەرز پۇلىنى داۋاملىق تارقىتىپ، تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى چىقاردى، 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ھاۋالە كەسپىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەشكىلىي ئاپپارات، كەسپىي دائىرىسى، پىلان باشقۇرۇش، رەسمىيەت ھەققى، ۋاكالەتلىك قىلىش ھەققى قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىمۇ ھاۋالە كەسپىدە ھەق ئېلىشنىڭ پايدىلىنىش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى. بانكىلار دۆلەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرغانلىقتىن، شىنجاڭنىڭ ئىناۋەتلىك ھاۋالە كەسپى تەرتىپكە سېلىنىش جەريانىدا تەرەققىي قىلدى.

قوشۇمچە:

# يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى تۈزگەن ئىناۋەتلىك ھاۋالە كەسپىدە ھەق ئېلىشتا پايدىلىنىش ئۆلچىمى

## 1. ئىناۋەتلىك ھاۋالە كەسپى

(1) ئىناۋەتلىك ھاۋالە قەرەللىك ئامانەت پۇل. كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ قەرەللىك ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن سەل يۇقىرىراق بولىدۇ. بۇنى ئىككى تەرەپ كېڭىشىپ بەلگىلەيدۇ.

(2) ئىناۋەتلىك ھاۋالە قەرز پۇلى. بۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى كارخانىلارغا بېرىلگەن تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتىدىن 5% دىن 100% كىچە يۇقىرى بولىدۇ. بۇنى ئىككى تەرەپ مەبلەغ پايدا نىسبىتى ۋە بازار نىسبىتىدىن پايدىلىنىپ كېڭىشىپ بەلگىلەيدۇ. قەرز پۇلنىڭ قەرەلى ئېشىپ كەتسە 20% جەرىمانە قوشۇلىدۇ.

(3) چەك ـ ھۆججەتنى ئېتىراپلىق دىسكونت قىلىش. دىسكونت قىلغاندا تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلى بويىچە ئۆسۈم ئېلىنىدۇ؛ چەك ـ ھۆججەتلەرنىڭ ئېتىراپلىق ۋىزىسىدا چەك يۈزىدىكى سوممىغا ئاساسەن 1‰ ـ 3‰ رەسمىيەت ھەققى ئېلىنىدۇ.

## 2. ھاۋالە كەسپى

(1) ھاۋالىلىك قەرز پۇلى، ئايلىق پايدا پەرقىنىڭ 1.2‰~2.4‰ بويىچە ياكى ھاۋالىلىك قەرز پۇلى ئۆسۈمىنىڭ 33 پىرسەنتى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ.

(2) ھاۋالە مەبلەغ سېلىش، سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغنىڭ 4‰ — 7‰ بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدۇ. مەبلەغ قوبۇل قىلغۇچى ئورۇننىڭ تىجارەت ئەھۋالى ۋە پايدا تەقسىم قىلىشىنى نازارەت قىلىشقا تېگىشلىك بولسا، يەنە پاي ئۆسۈمى تەقسىماتى بويىچە 1% رەسمىيەت ھەققى ئېلىنىدۇ. سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ سوممىسىغا قاراپ بىر قېتىمغا ياكى بىر نەچچە قېتىمغا بۆلۈپ ئالسىمۇ بولىدۇ.

(3) مال ـ مۈلۈك ھاۋالىسى. ئىناۋەتلىك ھاۋالە تارمىقى ئارقىلىق ئالاقىلىشىپ پۈتۈشكەن بولسا، پۈتۈشۈلگەن باھانىڭ 5‰ ـ 10‰ بويىچە، ئۆزلىرى پۈتۈشكەن بولسا 1‰ ـ 5‰ بويىچە بىر قېتىمدا ياكى بىر نەچچە قېتىمغا بۆلۈپ رەسمىيەت ھەققى ئېلىنىدۇ.

(4) پاراۋانلىق فوندى ھاۋالىسى. پەقەت پۇل تۆلەشلا نازارەت قىلىنسا 1.2‰؛ ئىشلىتىش ۋاكالىتەن باشقۇرۇلغان بولسا، ئىشلىتىلگەن مەبلەغ پايدىسىنىڭ 1.2‰ بويىچە؛ ئىشلىتىش نازارەت قىلىنغان بولسا، ئىشلىتىلگەن پۇل سانىنىڭ 1.2‰ بويىچە ھەق ئېلىنىدۇ.

## 3. ۋاكالەتچىلىك كەسپى

(1) كرېدىت ۋىزىسى. پەقەت پۇل تۆلەشلا نازارەت قىلىنغان بولسا، ۋىزا بېرىلگەن سوممىنىڭ

‰1 ـ ‰2 بويىچە؛ پۇل تۆلەشكە كاپالەتلىك قىلىش كۆۋاھنامىسى كېسىپ بېرىلگەن بولسا، تۆلەشكە كاپالەتلىك قىلىنغان سوممىنىڭ ‰3 ـ ‰5 بويىچە؛ ئامانەت قويۇلغان كاپالەت سوممىسىغا ئۇسۇم ھېسابلانمايدىغان بولسا، سوممىنىڭ ئاز كۆپلىكىگە ئاساسەن، ھەر قېتىملىقى ئۈچۈن 10 ـ 30 يۈەن ھەق ئېلىنىدۇ.

(2) قەرز قالغان پۇلنى ۋاكالىتەن يىغىپ ئېلىش. ئەمەلىيەتتە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان كاماندىروپكا خىراجىتى (خادىملارنىڭ ئىش ھەققى، قوشۇمچە ياردەم قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دە ئالدى بىلەن ھاۋالە قىلىنغان خىراجەت ئېلىنىدۇ، قەرز قالغان پۇل يىغىۋېلىنغاندىن كېيىن، سوممىسىغا قاراپ بىر قېتىمدا %3 ـ %6 ھەق ئېلىنىدۇ.

(3) ۋاكالىتەن كىرىم ـ چىقىم قىلىش. بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش، يوقىرىنىڭ بەلگىلىمىسى، بىر تۇتاش كېلىشىم بولغانلىرى بەلگىلىمە بويىچە بېجىرىلىدۇ. باشقا كىرىم ـ چىقىم كەسپىدە، ئۇنىڭ رەسمىيىتىنىڭ ئاددىي ـ مۇرەككەپلىكىگە قاراپ، كىرىم ـ چىقىم سوممىسى بويىچە ‰10 ـ ‰6 ھەق ئېلىنىدۇ.

(4) ۋاكالىتەن بېجىرىلگەن موغۇرتا. كېلىشىمدىكى بەلگىلىمە بويىچە ئېلىنىدۇ.

(5) ۋاكالىتەن مەبلەغ توپلاش پاي چېكى ۋە زايومنى ۋاكالىتەن تارقىتىش. ئەمەلىي تارقىتىلغان سوممىنىڭ ‰5 بويىچە رەسمىيەت ھەققى ئېلىنىدۇ، پاي ئۇسۇمى، پاي پايدىسى ۋاكالىتەن تارقىتىلسا، پاي ئۇسۇمى، پاي پايدىسىنىڭ 1 پىرسەنتى بويىچە ھەق ئېلىنىدۇ.

## 4. ئىجارە كەسپى

ئايلىق ئۇسۇمى ئۈچ يىلدىن تۆۋەنلىرىنىڭ ‰8 .4، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغانلىرىنىڭ ‰4 .5، بەش يىلدىن يۇقىرىلىرىنىڭ ‰6 بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇسكۈنە پۇلىنىڭ %1 ـ %3 بويىچە باشقۇرۇش رەسمىيەت ھەققى ئېلىنىدۇ. ئۇسكۈنە سۇغۇرتىسى ھەققى ۋە باشقا ھەقلەرگە ئىجارىگە ئالغان تەرەپ مەسئۇل بولىدۇ.

## 5. مەسلىھەتچىلىك كەسپى

كونكرېت قانچىلىك ھەق ئېلىنىدىغانلىقى تەكشۈرۈش مەزمۇنىدىكى تەلەپ بويىچە يۈز تۇرانە كېڭەشلىنىدۇ. مەبلەغ ئىناۋىتىنى تەكشۈرۈش ھەققى ئېلىشنىڭ ئۆلچىمى ھەر قېتىملىقى ئۈچۈن 20 ــ 50 يۈەن بولىدۇ.

# ئون بىرىنچى قىسىم

# باشقۇرۇش

# ئون بىرىنچى قىسىم

# باشقۇرۇش

## I باب

## پۇل مۇئامىلىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش

### 1 § . باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى

پۇل مۇئامىلىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش دۆلەت جۇڭگو خەلق بانكىسى ۋە ئۇنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلىرىغا بەرگەن بىر خىل مۇھىم مەجبۇرىيەت، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش فۇنكسىيىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى كونكرېت ئىپادىلىنىش شەكلى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، 50 - يىللاردىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى دۆلەتنىڭ ھەر قايسى مەزگىللەردە تۈزگەن سىياسەت، قائىدە - نىزام ۋە تۈزۈملىرىگە ئاساسەن، پۇل مۇئامىلىنى مەمۇرىي باشقۇرۇشنى يولغا قويدى. 1978 - يىلدىن كېيىن گوۋۇيۈەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى پېرېۋوت باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش باشقۇرۇش نىزامى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قەرز پۇل توختىمى نىزامى»، «سۇغۇرتا كارخانىلىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى توختىمى نىزامى»، «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشى توغرىسىدا قارار» نى ئېلان قىلدى، بۇلار ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى ۋە پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەت پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۈنۈملۈك ئىسلاھ قىلىپ، مەركىزىي بانكا مەركەز، كەسپىي بانكىلار ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ۋە ئىش تەقسىم قىلىنىۋېلىپ ھەمكارلىشىدىغان پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى ۋە تۇرغۇزدى. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى مۇكەممەل، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرى كۆپ بولغان، كىرىدىت شەكلى كۆپەيگەن، پۇل مۇئامىلە جانلىنىشقا باشلىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. 1986 - يىل 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى گوۋۇيۈەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بانكا باشقۇرۇش ۋاقىتلىق نىزامى» نى ئېلان قىلىپ، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ دۆلەتنىڭ

مەركىزىي بانكىلىق قانۇنىي ئورنىنى ۋە ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئېنىق بەلگىلىدى، پۇل مۇئامىلىنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، پۇل مۇئامىلىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭشەش - تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، مەركىزىي بانكىنىڭ كەسپىي بانكىلار ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى قانۇنىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئەتتى.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى مەركىزىي بانكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، گوۋۇيۈەننىڭ ئوخشاش بولمىغان تارىخىي مەزگىللەردە ئېلان قىلغان تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە سىياسەتلىرى، قانۇن - قائىدىلىرى، تۈزۈملىرىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. 1985 - يىلى گوۋۇيۈەننىڭ «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشى توغرىسىدا قارار»نى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلق بانكىسىنىڭ مەكزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسىدا پۇل مۇئامىلىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلاردا پۇل مۇئامىلىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس پۇل مۇئامىلىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىندى.

## § 2 . باشقۇرۇش خىزمىتى

پۇل مۇئامىلە باشقۇرۇش خەلق بانكىسى مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىنكى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت. 1985 - يىلى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى جەمئىيەتتىن مەبلەغ جۇغلاش قالايمىقان بولۇش ۋە كەسپىي بانكىلار بەس - بەس بىلەن ئاپپارات - نۇقتا تەسىس قىلىش، بەس - بەستە كەسىپ تىكلەشتەك زىيادىيەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، پۇل مۇئامىلىنى مەمۇرىي باشقۇرۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ھەققىدىكى سىياسەت، ئەمىر - پەرمانلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى، «ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش» فاڭجېنىغا رىئايە قىلىپ، كەسپىي بانكىلارغا بولغان كەسپىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى ھەمدە مۇلازىمەت قىلىش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى.

شۇ يىلى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ پائال ماسلىشىشى ئارقىسىدا، خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار، سۇغۇرتا شىركەتلىرىگە قاراشلىق 1692 ئاپپاراتنى ئومۇميۈزلۈك تىزىملاپ، ستاتىستىكىلاپ ئەمەلىيلەشتۈردى. بۇ خىزمەت 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى، 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇلارغا «پۇل مۇئامىلە كەسپىنى باشقۇرۇش ئىجازەتنامىسى» تارقىتىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايون بويىچە 836 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىمۇ تىزىملاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ئاپپارات ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان، بىرلەشتۈرۈلگەن ئاپپاراتلارنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى ئىشلەندى. 1985 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، بەس - بەستە كەسىپ تالىشىپ قارىغۇلارچە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا قارشى تۇردى؛ ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ ئاساسىي كەسىپ تەقسىماتىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى كەسىپ مونوپولىيىسى

شەكىللەندۈرۈشكە قارشى تۇردى. مۇۋاپىق ھالدا گىرەلەشمە ئۇقتا تەسىس قىلىشقا يول قويدى، ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ زۆرۈر تور ـ ئۇقتىلارنى تەسىس قىلىشىنى ئاكتىپ قوللىدى. كەسپىي بانكىلارنىڭ 69 ئاپپاراتىنى كۆپەيتىش، ئۈچ ئاپپاراتنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىككى ئاپپاراتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش تەستىقلاندى ھەمدە، كەسىپ جەھەتتە ماسلاشتۇرۇش خىزمىتى ئاكتىپ ئىشلىنىپ، بەزى كەسپىي بانكىلار ۋە ئۇلارنىڭ شۆبە ـ تارماق ئاپپاراتلىرىنىڭ بەس ـ بەستە ئاپپارات تەسىس قىلىش، ئامانەت پۇلنى زورمۇ زور ئۆزىگە تارتىش قەرز پۇل بېرىشنى تالىشىش، بەس ـ بەستە كەسىپ تالىشىش مەسىلىلىرى مۇۋاپىق ھەل قىلىندى. 1985 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەمەلىي بار بولغان ئاساسىي قاتلام پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى 2456، بۇنىڭ ئىچىدە يېزا ئىگىلىك بانكىسى 1831 (836 يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، سودا ـ سانائەت بانكىسى 499، قۇرۇلۇش بانكىسى 75، سۇغۇرتا شىركىتى 60.

1985 ـ يىلى پۇل مۇئامىلە بازارلىرىنى باشقۇرۇش كۈچەيتىلىپ، نورمال پۇل مۇئامىلە تەرتىپى قوغدالدى. ئاۋاز ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، جەمئىيەت مەبلىغىنى يۈرۈشتۈرۈش ئىلگىرىكى بىرلا خىل يولدىن كۆپ يوللۇق تەرەققىي قىلىشقا بۇرالدى، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل شەكىللىك مەبلەغ توپلاش پائالىيىتى ۋەزىيەت ئېھتىياجى بويىچە بارلىققا كەلدى ۋە تېز راۋاجلاندى، پەقەت كارخانىلاردا توپلانغان مەبلەغلا 155 مىليون يۈەنگە يەتتى. مەبلەغ توپلاش جەريانىدا ئاشكارىلانغان بىر تۇتاش باشقۇرۇش كەمچىل بولۇش، مەبلەغنىڭ كېلىشى ۋە سېلىنىشى مۇۋاپىق بولماسلىق، مەبلەغ سالغۇچىلار ئۈستىگە ئالىدىغان ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت ئېنىق بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، شۇ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ ماسلىشىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە شەھەر ـ يېزىلاردىكى جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاش ئەھۋالىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا، بىر تەرەپتىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە «ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاشنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا دوكلات» يازدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ دوكلاتقا قوشۇلدى، ھەمدە ئۇنى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ ئىجرا قىلىشى ئۈچۈن تەستىقلاپ تارقاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى «سامانيولى» سودا سارىيى (قويمىچى شىركەت) نىڭ جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاش شەكلى بىلەن 4 مىليون 300 مىڭ يۈەن مەبلەغنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ، ھايانكەشلىك قىلىش دېلوسىنى ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ۋە مال ـ مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ قالدى. بىڭتۇەندىكى قىسمەن تۈەن ـ مەيدانلارنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سۇندۇرۇلغان پۇل چېكى، مەبلەغ چېكى قاتارلىق شەكلى ئۆزگەرگەن پۇللارنى تارقىتىپ خەلق پۇلى ئورنىدا ئوبوروت قىلىش، ئىشلىتىشتەك سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە بازارلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش قىلمىشىنى توسۇپ، پۇل مۇئامىلە بازارلىرىنىڭ مۇقىم بولۇشى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى.

جەمئىيەتتىن مەبلەغ توپلاش پائالىيىتىنى رىئايە قىلىدىغان قانۇن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، خەلق شۆبە بانكىسى 1985 ـ يىلى «پاي چېكى تارقىتىشنى ۋاقىتلىق باشقۇرۇش چارىسى» نى تۈزۈپ تارقاتتى. بۇ، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ تۇنجى قېتىم تۈزگەن پاي چېكى تارقىتىشنى باشقۇرۇش چارىسىدۇر.

«چارە» دە مۇنۇلار بەلگىلەندى: پاي چېكى تارقاتقان ئورۇن قانۇن بويىچە تىزىملىنىپ رويخەتكە ئېلىنغان، قانۇنىي ئىگە سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان ئىقتىسادىي ئەمەلىي گەۋدە بولۇشى شەرت. پاي چېكى تارقاتقاندا شۇ

ساھەدىكى كەسپىي بانكىغا پاي قوبۇل قىلىش نىزامنامىسى، تارقىتىلىش سوممىسى، باشقۇرۇش ئۇسۇلى قاتارلىق ئالاقىدار ماتېرىياللارنى تاپشۇرۇش، ئالاقىدار كەسپىي بانكىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن خەلق بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاش كېرەك. كارخانىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەبلەغ توپلاشنى پرىنسىپ جەھەتتە قويۇۋېتىشكە بولىدۇ، ئەمما خەلق بانكىسىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرۇش كېرەك. پاي چېكى تارقىتىپ توپلانغان مەبلەغنى پەقەت تىجارەت خاراكتېرلىك ئاساسىي قۇرۇلۇشقا، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ۋە تۇراقسىز مەبلەغكە ئىشلىتىشكىلا بولىدۇ. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان تۈرلەر يەنە قانۇندا بەلگىلەنگەن ئورگاننىڭ تەستىقلىشىغا مەلۇم قىلىنىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇش كۆلىمىگە كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

«چارە»دە مۇنداق بەلگىلەندى: پاي چېكى كوللېكتىپ پاي ۋە شەخس پايى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ، ئۇنى كارخانا، ئىشچى - خىزمەتچىلەر، ئاھالىلەر، دېھقانلار ئىختىيارىي سېتىۋالىدۇ، بىراق، كارخانىلار سېتىۋالغان پاي چېكى پەقەت كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ئۆز مەبلىغى قىلىنىشىلا ئىشلىتىلىدۇ، تۇراقسىز مەبلەغ، بانكا قەرز پۇلى ۋە خام چوت ئىچىدە ئاجرىتىلغان پۇل ئۈچۈن ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. مەيلى كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر پاي چېكى سېتىۋالسۇن، ھەممىسىدە ئىختىيارىيلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇلىدۇ، مەجبۇرىي چېچىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. پاي ئۆسۈمى ۋە پايدا تەقسىم قىلىش جەھەتتە، كوللېكتىپ پاي چېكىدە كارخانىنىڭ بانكىدا قويغان بىر يىللىق ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈمىگە يېقىنلىشىش، شەخس پاي چېكىدە بىر يىللىق پۇقرالار ئامانەت پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتىدىن يۇقىرىراق بولۇش بويىچە يىلدا بىر قېتىم ئۆسۈم بېرىش، يىل ئاخىرىدا باجدىن كېيىنكى پايدا ئەھۋالىغا ئاساسەن، مۇئەييەن نىسبەت ئاجرىتىپ پايدا تەقسىم قىلىش؛ تەقسىم قىلىنغان پايدا سوممىسى ئادەتتە پاي چېكىنىڭ يۈزىدىكى سوممىنىڭ ئۈچ پىرسەنتىدىن بەش پىرسەنتىنى ئىگىلەش، پاي ئۆسۈمى بىلەن تەقسىم قىلىنغان پايدىنىڭ ئومۇمىي سوممىسى كوللېكتىپ پاي چېكىدە پاي چېكىنىڭ يۈزىدىكى سوممىنىڭ يەتتە - سەككىز پىرسەنتىدىن، شەخس پاي چېكىدە 15 پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەسلىك، پاي ئۆسۈمىنى تەننەرخ ئىچىدىن چىقىم قىلىش، پايدا تەقسىم قىلىشنى باجدىن كېيىنكى پايدىدىن تەقسىم قىلىش، كارخانىلار زىيان تارتسا، پاي چېكى ئىگىلىرى چەكلىك ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش بەلگىلەندى.

«چارە»دە يەنە مۇنۇلار بەلگىلەندى: پاي چېكىنى ئەركىن ئېلىپ سېتىشقا، بازارلاردا ئوبوروت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. پاي ھوقۇقدارلىرى پاي چېكىنى سېتىشقا، ئۆتۈنۈشكە ئېھتىياجلىق بولسا، بانكىنىڭ ئىناۋەتلىك ھاۋالە تارمىقى ئارقىلىق ۋاكالىتەن بېجىرىشكە بولىدۇ، پاي چېكىنى بانكىغا ئېلىپ بېرىپ رەنىگە قويۇپ قەرز پۇل بېرىشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ. پاي چېكى تارقىتىش خىزمىتىنى مەبلەغ توپلايدىغان ئورۇن ئۆزى بېجىرسىمۇ بولىدۇ، ئۆز ساھەسىدىكى كەسپىي بانكىنىڭ ئىناۋەتلىك ھاۋالە تارمىقىنىڭ ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىشىگە ھاۋالە قىلسىمۇ بولىدۇ.

مۇشۇ يىلدا خەلق شۆبە بانكىسى ئىناۋەتلىك ھاۋالە بويىچە مەبلەغ سېلىش كەسپىنى تەرتىپكە سالدى، گوۋۇيۈەن ۋە باش بانكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، ئىناۋەتلىك ھاۋالە بويىچە قەرز بېرىش ۋە مەبلەغ سېلىش كەسپىنى بېجىرىش ۋاقىتلىق توختىتىلدى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا ۋە ھەر قايسى ۋىلايەتلىك بانكىلارنىڭ ھەممىسىدە بانكىلار باش قوشۇش يىغىنى تۈزۈمى ئورنىتىلىپ، ئۆز ئارا ئەھۋال ئالماشتۇرۇلدى، خىزمەتلەر ماسلاشتۇرۇلدى، تەجرىبىلەر ئالماشتۇرۇلدى، ساقلانغان مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىنىپ ھەل قىلىندى. جايلاردىكى باش قوشۇش

يەنى شۇ جايدىكى ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش، كەسپىي خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش، مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇش، دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ياخشى شەكلى بولۇپ قالدى.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزگەندىن كېيىن، شۆبە ئاپپاراتلار ۋىلايەت دەرىجىگىچە تەسىس قىلىنىپ، كەسپىي بانكىلارنىڭ كونكرېت كەسپىي پائالىيەت ھالقىلىرىغا ئۆيغۇن كەلمەي قېلىپ، دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە سىياسىتىنىڭ راۋان، ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا ئېغىر ھالدا تەسىر يەتتى، ماكرولۇق تەڭشەش، تىزگىنلەشكە پايدىسىز بولۇپ، پۇل مۇئامىلىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى تەسكە چۈشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلق شۆبە بانكىسى بەش ۋىلايەتلىك شۆبە بانكىنى 1985 - يىلى يولغا قويۇلغان مەركىزىي بانكا تۈزۈلمىسى ۋە ناھىيىلىك (شەھەرلىك) سودا - سانائەت بانكىسىدا خەلق بانكىسى كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىش بۆلۈمچىسى قىلىش ئۇسۇلى ئۈستىدە مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇردى. شۇ يىلى 6 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسىغا «ناھىيىلىك، شەھەرلىك خەلق بانكىسى ئاپپاراتى ئەمەلىي گەۋدىسىنى ساقلاپ قېلىش توغرىسىدا دوكلات» يازدى. شۇ يىل 11 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى باش بانكىسى بىلەن جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسى باش بانكىسى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارماق ئاپپاراتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئائىت مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، باش بانكىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى 1986 - يىلدىن باشلاپ، ناھىيىلىك شەھەرلىك خەلق بانكىسى ئاپپاراتىنى قايتىدىن قۇردى.

# II باب

# پىلان باشقۇرۇش

## 1 § . كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش

شىنجاڭدا كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇشتا 1950 ـ يىلدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش چارىسى ئىجرا قىلىندى. ئۇ مەبلەغنىڭ مەنبەسى ۋە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. 30 نەچچە يىل جەريانىدا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پەيدىنپەي ئۆزگىرىش ۋە ئۆزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى، يېزا كرېدىت مەبلىغى ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئالاھىدىلىكى تۈپەيلىدىن، يېزا كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇشقا بەزىدە ئايرىم بەلگىلىمە چىقىرىلدى.

### 1. ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش

ئازادلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىل مابەينىدە ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش بىرتۇتاش كىرىم قىلىش ـ بىر تۇتاش چىقىم قىلىش، پىلانىنى ھۆددىگە ئېلىش، بىر تۇتاش كىرىم قىلىش ـ بىر تۇتاش چىقىم قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، پەرقلىق سومما بويىچە تىزگىنلەش ۋە پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىلەش، ئەمەلىي قەرز بېرىش ۋە ئەمەلىي ئامانەت قويۇشتىن ئىبارەت بەش باسقۇچ، تۆت خىل ئەندىزىنى باشتىن كەچۈردى.

**(1) بىر تۇتاش كىرىم قىلىش- بىرتۇتاش چىقىم قىلىش (1950 ـ 1958 ـ يىللار)**

خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەزگىلىدە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلاردا تەسىلەش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، بانكىلار يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن مەبلەغ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى. 1950ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى جۇڭگو خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن مالىيە كىرىم ـ چىقىم پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدى. 1951 ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «كەسپىي كىرىم ـ چىقىم پىلانىنى تۈزۈش چارىسى (لايىھە)» نى تۈزۈپ چىقتى، بۇ، ئېلىمىز تارىخىدىكى تۇنجى ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانى تۈزۈش «چارىسى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ «چارە» دە مۇنداق بەلگىلەنگەن: كەسپىي كىرىم ـ چىقىم مەبلەغنىڭ مەنبەسى، ئىشلىتىلىشى ۋە پايدا ـ زىيان ھېساباتىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەبلەغنىڭ مەنبەسى تۈرىدە مەبلەغ ۋە پايدا، راسچوت مۇئامىلىسى، ئادەتتىكى ئامانەت پۇل، ئاساسىي قۇرۇلۇش فوندىنى نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش، خەزىنە پۇلى، يەرلىك سالغان مەخسۇس پۇل، ئىگىلەپ ئىشلىتىلگەن پېرېۋوت پۇلى، بانكىلار ئارا ھېساباتىكى پۇل، باشقا كىرىمدىن

ئىبارەت توققۇز تۈر بار. مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش تۈرىدە، ئىقتىسادىي ئىشلارغا بېرىلگەن پۇل، سېلىنغان مەبلەغ، ئالتۇن - كۈمۈش سېتىۋېلىنغان تاشقى پېرېۋوت، كەسپىي خەزىنە قالدۇقى، بانكىلار ئارا ھېساباتتىكى پۇل، باشقا چىقىمدىن ئىبارەت ئالتە تۈر بار. كەسپىي كىرىم - چىقىم پىلانى پىللار بويىچە تۈزۈلىدۇ، ئىجرا قىلىنىش جەريانىدا يەنە پەسىللىك، ئايلىق پىلانلار تۈزۈلۈپ، ھەم پەسىل، ئاي ئاخىرقى قالدۇقى كىرگۈزۈلىدۇ، ھەم پەسىل، ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە قالدۇقى كىرگۈزۈلىدۇ. كرېدىتتە «خەزىنە تۈزۈمى» يولغا قويۇلىدۇ، سودا - سانائەت قەرز پۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى بىۋاسىتە ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماققا قەرز بېرىدۇ، ئامانەت پۇل بەلگىلەنگەن ۋەزىپە بويىچە باش بانكىغا تاپشۇرۇلىدۇ. شىنجاڭ بانكا سىستېمىسىدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئۆلكىلىك شۆبە بانكىسى كەسپىي كىرىم پىلانىنى تۈزۈپ، كەسپلەرگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

1953 - يىلى باشلانغان 1 - بەش يىللىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پىلانى مەزگىلىدە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار تەمىنلەش تۈزۈمىدىن ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. كرېدىت دەرىجىمۇ دەرىجە چۈشۈرۈلۈپ، خەزىنە تۈزۈمىدىن كىرىم - چىقىم پەرقىنى ھېسابلاش، ئۆز جايىدا قەرز بېرىش ۋە نازارەت قىلىش ھەمدە پەيدىنپەي ئامباردىكى ماددىي ئەشيا بويىچە قەرز بېرىشنى يولغا قويۇش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. شۇڭا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «ئۈنۈۋېرسال كرېدىت پىلانىنى تۈزۈش چارىسى (لايىھە)» نى ئېلان قىلدى، شىنجاڭ ئۆلكىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى 1953 - يىلدىن باشلاپ بۇنى ئىجرا قىلدى. ناھىيىلىك تارماق بانكا ۋە شەھەرلەردىكى ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى پىلان تۈزۈشنىڭ ئاساسىي قاتلام بىرلىكى، ئۆلكىلىك شۆبە بانكا پىلان تۈزۈشنىڭ ھالقا بىرلىكى قىلىنىپ، «بىر تۇتاش مەركەزلەشتۈرۈش، دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. بۇنداق كرېدىت مەبلىغى باشقۇرۇش چارىسى «بىر تۇتاش كىرىم قىلىش - بىر تۇتاش چىقىم قىلىش» دەپ ئاتالدى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلار جەلب قىلغان ئامانەت پۇلنىڭ ھەممىسى خەلق باش بانكىسىغا تاپشۇرۇلۇپ، ئامانەت پۇلنى ئىشلىتىش ھوقۇقى بىر تۇتاش خەلق باش بانكىسىغا مەنسۇپ قىلىندى، تۈرلۈك قەرز پۇللارنى خەلق باش بانكىسى بىر تۇتاش پىلان كۆرسەتكۈچى بېكىتىپ، دەرىجىمۇ دەرىجە تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ بېرىدىغان بولدى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ ھەممىسى كۆرسەتكۈچ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، ئامانەت پۇل كۆرسەتكۈچىنى چوقۇم ئورۇندايدىغان، قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى تەستىقتىن ئۆتمىسە ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان بولدى.

ئۈنۈۋېرسال كرېدىت پىلان ئايرىم - ئايرىم ھالدا يىللىق ۋە پەسىللىك (ئايلىق) پىلان قىلىپ تۈزۈلىدۇ، پەسىللىك پىلان ئاساس قىلىنىپ تەكشۈرۈلىدۇ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇ، تۈرلۈك پىلان كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ ھەممىسى قالدۇق ۋە ئېشىش - كېمىيىش سوممىسىغا كىرگۈزۈلىدۇ، لېكىن ئېشىش - كېمىيىش سوممىسىنى تۈزۈش ۋە ئىگىلەش ئاساس قىلىنىدۇ.

ئۈنۈۋېرسال كرېدىت پىلاندىكى تۈرلەر ئىلگىرى- سىستېمىلار بويىچە ئايرىلىشتىن ئىقتىسادىي يۆنىلىش (تارقىتىلغان پۇلنى ئىشلىتىش ئورنى، مەقسىتى) بويىچە ئايرىشقا ئۆزگەرتىلدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش پىلانى پىلان ئىچىدە نورمىدىن ئاشۇرۇپ قەرز پۇل بېرىش، چوڭ رېمونتقا قەرز پۇل بېرىش ۋە ئالاھىدە قەرز پۇل بېرىشتىن ئىبارەت ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ. دۆلەت ئىلكىدىكى سودىغا قەرز پۇل بېرىش پىلانى نورمىلىق قەرز پۇل بېرىش، پەسىللىك قەرز پۇل بېرىش، چوڭ رېمونتقا قەرز پۇل بېرىش ۋە ۋاقىتلىق قەرز پۇل بېرىشتىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. تەمىنات سودا كوپېراتىپىغا قەرز پۇل بېرىش پىلانى تاۋار ئوبوروتىغا قەرز پۇل بېرىش، ۋاقىتلىق قەرز پۇل بېرىش، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا قەرز پۇل بېرىش، ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالىتى ئۈچۈن قەرز پۇل بېرىشتىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ. كۆرسەتكۈچنى ئىگىلەش جەھەتتە، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودىغا قەرز پۇل بېرىش كۆرسەتكۈچى بىلەن تەمىنات - سودىغا قەرز پۇل بېرىش كۆرسەتكۈچى، مەركەز سانائىتىگە قەرز پۇل بېرىش كۆرسەتكۈچى بىلەن يەرلىك سانائەتكە قەرز پۇل بېرىش كۆرسەتكۈچىنى ئايرىم - ئايرىم ئىگىلەش لازىم ئۆز

ئارا ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

1958 - يىلى شىنجاڭدا سودا - سانائەت كارخانىسى ۋە مالىيە تۈزۈلمىسى تۈۋەنگە چۈشۈرۈلدى، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل بىلەن شەھەرلەردىكى يۇقىرىلار ئامانەت پۇلى چىقىمشتۇرۇلۇپ، ئىشلىتىش ھوقۇقى ۋىلايەت (شەھەر)، ناھىيىگە ئايرىپ بېرىلدى، ئامانەت پۇل كۆپ جەلپ قىلىنسا، قەرز پۇل كۆپ بېرىلىدىغان بولىدى. نۇرغۇن جايلار قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئاكتىپ مەبلەغ ئىزدەپ، يۇقىرىلار پۇل ئامانىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى، يىل ئاخىرىدا شەھەرلەردىكى يۇقىرىلار ئامانەت پۇل قالدۇقى 152 مىليون 970 مىڭ يۈەن بولۇپ، 1957 - يىلدىكىدىن %4. 56 كۆپەيدى.

«بىر تۇتاش كىرىم قىلىش - بىر تۇتاش چىقىم قىلىش» بولغاچقا يولغان بىر نەچچە يىل جەريانىدا، ھەر قايسى ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ پىلان تۈزۈمى پەيدىنپەي تۇرغۇزۇلغانلىقتىن، سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ كرېدىتى بانكىغا مەركەزلەشتى، بانكىلار ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانىنى تەكشۈرۈپ تەنقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، پىلان باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. بىراق، تەجرىبە كەمچىل بولغانلىقتىن، ئورنىتىلغان پىلان باشقۇرۇش تۈزۈمىدە ئاساسىي جەھەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەندىزىسى كۆچۈرۈپ كېلىنىپ، بىر قەدەر مېخانىك ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، «جىياڭيۇ ئالىدىغان پۇلغا ئاچقىسۇ ئالغىلى بولماسلىق» شەكىللەندى. ئىشۋازلىق خاراكتېرىدىكى خىزمەتلەر بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، قەرز ئېلىنغان مەبلەغنىڭ تولۇق ئىشلىتىلىشىگە پايدىسىز بولۇپ قالدى.

(2) پىلاننى ھۆددىگە ئېلىش، پەرقلىق سومما بويىچە باشقۇرۇش (1959 - 1960 - يىللار)

1959 - يىلى يەرلىكنىڭ كرېدىت باشقۇرۇش ھوقۇقى كېڭەيتىلدى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىلاردا «ئامانەت جەلپ قىلىش، قەرز بېرىشنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، پىلاننى ھۆددىگە ئېلىش، پەرقلىق سومما بويىچە باشقۇرۇش، بىر تۇتاش يۆتكەش» تىن ئىبارەت باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويدى. خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىش ئارقىلىق، 1959 - يىل 2 - ئايدا «ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانى، پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى چىقاردى، 1959 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مالىيە ئامانەت پۇلى، سودا سىستېمىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك توپ تارقىتىش پونكىتى ۋە ئاپتونوم رايونغا بىۋاستە قاراشلىق سانائەت (مەركەز تۆۋەنگە چۈشۈرگەن سانائەتمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) نىڭ ئامانەت پۇلى ۋە قەرز پۇلىنى خەلق شۆبە بانكىسى باشقۇرىدىغان بولدى. باشقا تۈرلەرنىڭ ھەممىسى تارماق بانكىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىلدى؛ ۋىلايەتلەر باشقۇرغان تۈرلەردىكى ئامانەت پۇلنىڭ قەرز پۇلدىن كۆپ بولغان قىسمى خەلق شۆبە بانكىسىغا تاپشۇرۇلىدىغان، قەرز پۇلنىڭ ئامانەت پۇلدىن كۆپ بولغان قىسمىنى خەلق شۆبە بانكىسى تولدۇرۇپ بېرىدىغان بولدى. «بىر يىلدا بىر قېتىم ھۆددىگە بېرىش، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتمەسلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن، يىللىق يۇقىرىغا تاپشۇرۇلىدىغان ياكى يۇقىرىدىن تولۇقلاپ بېرىلىدىغان پەرقلىق سومما بېكىتىلىپ، ئۇنى ھەر قايسى تارماق بانكىلار ھۆددىگە ئالدى. پىلان ھۆددىگە ئېلىنغان پەرقلىق سومما ئىچىدە ئامانەت پۇل كۆپ جەلپ قىلىنسا ۋە قەرز پۇل كۆپ قايتۇرۇۋېلىنسا، قەرز پۇلنى كۆپ تارقىتىشقا بولىدىغان، ھەر قايسى قەرز پۇللار ئۆز ئارا تەڭشىلىدىغان بولدى؛ يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى بىر تۇتاش كۆرسەتمە چۈشۈرۈپ بېرىشنى يولغا قويدى.

1960 - يىل 1 - ئايدا يىللىق پەرقلىق سوممىنى ھۆددىگە بېرىش ئاساسىدا بىر يىلدا ئىككى قېتىم ھۆددىگە بېرىش چارىسىگە ئۆزگەرتىلدى. يەنى ئالدىنقى يېرىم يىللىق ۋە كېيىنكى يېرىم يىللىق پەرقلىق سومما بىر قېتىمدا بېكىتىلىدىغان، يېرىم يىللىق ھۆددىلەنگەن پىلان ئىچىدە، ئامانەت پۇل كۆپەيسە قەرز پۇل كۆپەيتىپ بېرىلىدىغان بولدى. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل، خەلق گۇڭشېلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل، گۇڭشې باشقۇرۇشىدىكى سانائەتكە بېرىلىدىغان قەرز پۇل مەخسۇس پۇلنى

مەخسۇس ئىشلىتىش خاراكتېرىدە بولغاچقا ھۆددىلەنگەن پىلان ئىچىگە كىرگۈزۈلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلق شۆبە بانكىسى قىسمەن بانكىلارغا ۋاقىتلىق ئىشلىتىش ئۈچۈن مۇئەييەن ساندا زاپاس پۇل ئاجرىتىپ بەردى. زاپاس پۇلنى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ۋە ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

شۇ يىل 5 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى مەركەزنىڭ كرېدىتنى مەركەز ۋە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوندىن ئىبارەت ئىككى دەرىجە مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش توغرىسىدىكى پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش چارىسى توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» نى تۈزۈپ چىقىپ، ئاپتونوم رايون ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەرگە قارىتا كرېدىت پىلان كۆرسەتكۈچىنى باشقۇرىدىغان بولدى؛ تۈرلۈك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىدە مەخسۇس پۇل مەخسۇس ئورۇنغا ئىشلىتىلىدىغان، ئۆز ئارا تەڭشەلمەيدىغان بولدى؛ ئېلى ئاپتونوم ئوبلاستى دائىرىسىدىكى شەھەر پۇقرالار پۇل ئامانىتى، گۈڭشېلار ئامانەت ۋە قەرز پۇلى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى قەرز پۇلى، ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالىتى قەرز پۇلى، ۋىلايەت، ناھىيىلەردىكى سانائەتكە بېرىلىدىغان قەرز پۇللارنى ئېلى ئوبلاستلىق خەلق شۆبە بانكىسى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان، ئىشلىتىشنى ھۆددىگە ئالىدىغان بولدى.

«پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىلەش» تىن ئىبارەت كرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش يەرلىكنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشتا مۇئەييەن ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن كرېدىت باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش مەسىلىسى مەۋجۇت بولۇپ، پىلان سىرتىدىكى قەرز پۇلنىڭ كۆپىيىشىگە يوچۇق ئېچىپ بەردى. قەرز پۇلنى ئىگىلەش جەھەتتە «قاچان لازىم بولسا شۇ چاغدا بېرىش» «قەيەرگە لازىم بولسا شۇ يەرگە بېرىش» ، «قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك بېرىش» شۇئارىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى خىزمەتنىڭ قول ئۈچىدىلا ئىشلىنىشى، مەبلەغ باشقۇرۇشنىڭ بوشاپ كېتىشى، مەبلەغنىڭ چېچىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مەبلەغنىڭ دۆلەت پىلانى بويىچە ئىشلىتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، پۈتۈن مەملىكەت بىر شاھمات تاختىسى بولۇپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىردەك ھېسابات قىلىش فاكچىيىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا پايدىسىز تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلدى.

**(3) بىر تۇتاش كىرىم قىلىش ـ بىر تۇتاش چىقىم قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش (1961 ـ يىلدىن 1979 ـ يىلغىچە)**

1961 ـ يىلدىن باشلاپ خەلق ئىگىلىكى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىندى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1961 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى «كرېدىت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چۈشۈردى، خەلق شۆبە بانكىسى «پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىلەش» چارىسىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىپ، بىر تۇتاش كىرىم قىلىش ـ بىر تۇتاش چىقىم قىلىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

1962 ـ يىل 3 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن «بانكا خىزمىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، پۇلنىڭ تارقىتىلىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش توغرىسىدا قارار» چىقاردى، ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەندى: بىر قانچە يىلدىن بۇيان بانكا خىزمىتىدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن بارلىق ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىپ، بانكا كەسپىدە پۈتۈنلەي، ئەلتۆكۈس بولغان تىك لىنىيىلىك رەھبەرلىكنى يولغا قويۇش؛ بانكىنىڭ يىللىق كرېدىت پىلانىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن تەستىقلاش، تەستىقلانغان پىلان ئىچىدە، ھەر قايسى تارماق، ھەر قايسى رايونلار قاتلاممۇ قاتلام تىزگىنلەش، قاتلامۇ ـ قاتلام مەسئۇل بولۇش، ئاشۇرۇۋېتىشكە يول قويماسلىق؛ جۇڭگو خەلق باش بانكىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ھەر قانداق جاي، تارماق ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار پىلان سىرتىدا قەرز پۇلنى كۆپەيتمەسلىك، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بانكىلارنى قەرز

پۇلنى كۆپەيتىشكە مەجبۇرلىماسلىق لازىم. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى پىلان تۈززۈلمىسى جەھەتتە مۇنداق بەلگىلىمە چىقاردى: (1) مەركەز، ئاپتونوم رايون كارخانىلىرىغا قەرز پۇل بېرىشتە خەلق شۆبە بانكىسى كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈش (مەركەز سانائىتىدە ھەر قايسى مىنىستىرلىكلەرگە بىۋاسىتە قاراشلىق كارخانىلارغا باش بانكا بىۋاسىتە كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈش)؛ (2) يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان قىسقا مۇددەتلىك، ئۇزۇن مۇددەتلىك قەرز پۇل، ئاپەت بولغان رايونلارغا بېرىلىدىغان ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئالدىن سېتىۋېلىش زاكالەت پۇلى ئۈچۈن بېرىلىدىغان قەرز پۇل، ۋىلايەت، ناھىيىلەر سانائىتىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل (جۈملىدىن چولق رېمونتقا بېرىلىدىغان قەرز پۇل)، قول سانائىتىگە بېرىلىدىغان قەرز پۇل، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەتكە بېرىلىدىغان راسچوت قەرز پۇلىنى ھەر قايسى ئوبلاستلىق شۆبە بانكا، مەركىزى تارماق بانكا چۈشۈرۈلگەن كۆرسەتكۈچ ئىچىدە ئىگىلەپ تەقسىم قىلىش، قاتتىق تىزگىنلەش؛ (3) ھەر قايسى تۈردىكى قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇش، يۆرۈشتۈرۈپ ئىشلەتمەسلىك.

1965 - يىل 4 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «پىلان باشقۇرۇش ۋە قەرز پۇل بېرىش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسى» ئىجرا قىلىنىپ، قاتلاممۇ قاتلام ئومۇملاشتۇرۇپ ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانىنى تۈزۈش چارىسى مەركەز باشقۇرىدىغان سانائەت، قاتناش، سودا ئورۇنلىرىنىڭ قەرز پۇل پىلانىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى بىر تۇتاش تۈزۈش؛ ئاپتونوم رايون باشقۇرىدىغان سانائەت - قاتناش كارخانىسى، قول سانائىتى ۋە سودا ئورۇنلىرىنىڭ قەرز پۇل پىلانىنى خەلق شۆبە بانكىسى تۈزۈش؛ ناھىيە (شەھەر) لەر باشقۇرىدىغان كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل پىلانىنى ناھىيە (شەھەر) تۈزۈشكە ئۆزگەرتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى شەھەرلەردىكى پۇقرالار پۇل ئامانىتى، پىلانىنى تۈزۈپ مەلۇم قىلىدىغان، يېزىلاردىكى ئامانەت پۇل پىلانى ۋە باشقا ئامانەت پۇل پىلانىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى بىر تۇتاش تۈزىدىغان بولدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش زەربىگە ئۇچرىدى. كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تۆۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، سانائەت، سودا، يېزا ئىگىلىكىنىڭ كرېدىت پىلانىنى ۋە پىلانىنى بىكىتىش، ئۇنىڭغا قوشۇش، ئۇنى تەڭشەش قاتارلىقلارنى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان بولدى، پەسىللىك پىلان ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. خەلق شۆبە بانكىسى جايلارغا پەقەت تۈرلەرگە بۆلۈنگەن يىللىق قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى چۈشۈرىدىغان، ئۇنى ھەر قايسى ناھىيە (شەھەر) لىك تارماق بانكىلار بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدىغان، ھەر قايسى تۈرلەردىكى قەرز پۇللارنى يۆرۈشتۈرۈپ ئىشلىتىشكە بولىدىغان بولدى. ئومۇمىي كۆرسەتكۈچتىن ئاشۇرۇۋېتىش زۆرۈر تېپىلغاندا، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ، خەلق شۆبە بانكىسىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئاشۇرۇش يولغا قويۇلدى، بۇنىڭ بىلەن كارخانا مەبلەغلىرىنى ئىشلىتىشتە قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقتى.

1973 - يىل 2 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «كرېدىت، نەق پۇل پىلانىنى باشقۇرۇش چارىسى (سىناق لايىھىسى)» نى قايتىدىن تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدا: پىلانىنى باشقۇرۇشتا، مەركەز بىر تۇتاش پىلان تۈزۈش، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش؛ ئاپتونوم رايون مەركەز تەستىقلىغان يىللىق پىلان دائىرىسىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك بانكىلاردا يىللىق ۋە پەسىللىك پىلان باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش؛ پىلان كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى تۈرلەرنىڭ قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى ئۆزگارا تەڭشىۋەتمەسلىك كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلاشمىغان بولغاچقا، بۇ بەلگىلىمە ئىزچىل ئىجرا قىلىنمىدى.

«جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن بانكا خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئۆز ۋاقتىدا تۇتتى. 1977 - يىل 11 - ئايدا گوۋۇيۈەن «بانكا خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش توغرىسىدا بىر قانچە بەلگىلىمە» چىقىرىپ، بانكىنىڭ كەسپىي خىزمىتىدە مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈشتە، بارلىق كرېدىتنى مەركەزلەشتۈرۈپ بانكا باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش؛ بارلىق قەرز پۇلنى پىلان بويىچە تارقىتىش، پىلاندىن ئېشىپ كەتكەن قەرز پۇلنى چوقۇم يۇقىرى

دەرىجىلىك بانكىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش؛ بارلىق كرېدىت مەبلىغىنى پەقەت دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروتىغا ۋە ئاۋار ئوبوروتىغا ئىشلىتىشنى تەكىتلىدى. گوۋۇيۈەننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى 1973 - يىلى ئېلان قىلغان «كرېدىت، نەق پۇل پىلان باشقۇرۇش چارىسى»نى قايتا قەيت قىلدى ھەمدە كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى قايتىدىن بېكىتتى.

**(4) پەرقلىق سوممىلىق تىزگىنلەش ۋە پەرقلىق سوممىلىق ھۆددىلەش (1980 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە)**

پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ماسلىشىش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرىكى «بىر تۇتاش كىرىم قىلىش - بىر تۇتاش چىقىم قىلىش» تىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى بانكىنىڭ كەسپىنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى چېتىشتۇرۇش، پەرقلىق سومما بويىچە تىزگىنلەش» تىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1980 - يىل خەلق شۆبە بانكىسى كرېدىتنىڭ پەرقلىق سوممىسىنى تىزگىنلەش چارىسى (سىناق لايىھىسى) نى تۈزۈپ ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش (ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە) ، ئىككى خىل لايىھىنى قوللاندى. يەنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىلارنى پۈتۈنلەي پەرقلىق سومما بويىچە تىزگىنلەشنى يولغا قويدى. خەلق شۆبە بانكىسى ۋىلايەتلىك (شەھەرلىك) بانكىلارنى ۋە ۋىلايەتلىك (شەھەرلىك) بانكىلارنى ئۆزگە قاراشلىق تارماق بانكىلارنى كۆپ قىسىم پەرقلىق سومما بويىچە تىزگىنلەشنى يولغا قويدى. پۈتۈنلەي پەرقلىق سومما بويىچە تىزگىنلەشنى يولغا قويۇش تېلېگراممىدا كۆرسىتىلگەن بارلىق مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە تىزگىنلەش يولغا قويۇلمايدىغان تۈرلەر چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن قېپقالغان بارلىق تۈرلەرنىڭ كۆپ قىسمى پەرقلىق سومما بويىچە تىزگىنلىنىدۇ. پەرقلىق تىزگىنلەش يولغا قويۇلمايدىغان تۈرلەر: مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل، مەركەز، ئاپتونوم رايوننىڭ ماددىي ئەشيا تەمىنات - سودا كارخانىلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل، ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە داخىيەندىكى سودا، تېببىي دورا 2 - دەرىجىلىك پونكىتىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل، ئاپتونوم رايوننىڭ ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، ناھىيە باشقۇرىدىغان كىچىك سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرىغا بېرىلىدىغان ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتى ۋە باشقىلارغا بېرىلىدىغان ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە مەخسۇس قەرز پۇلى، سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەتكە بېرىلىدىغان ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە مەخسۇس قەرز پۇلى قاتارلىقلاردۇر. ۋىلايەتلىك (شەھەرلىك) بانكىلار يىللىق ۋە پەسىللىك كرېدىت پىلانىنى ۋە كرېدىتنىڭ پەرقلىق سومما بويىچە تىزگىنلىنىدىغان پىلانىنى تۈزۈپ مەلۇم قىلىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى ۋىلايەت (شەھەر) ، ناھىيىلەرگە يىللىق كرېدىت پىلانىنى دەرىجىمۇ دەرىجە چۈشۈرىدۇ. ۋىلايەتلىك (شەھەرلىك) ، ناھىيىلىك بانكىلار يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پەرقى پىلانىنى ۋە يىل ئوتتۇرىسىدىكى ۋاقىتلىق ئەڭ تۆۋەن ئامانەت پەرقى پىلانىنى چوقۇم ئورۇندىشى، يىل ئاخىرىدىكى قەرز پەرقى پىلانى ۋە يىل ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى قەرز پەرقى پىلانىنى ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر پەۋقۇلئاددە ئەھۋال سەۋەبلىك پىلانىنى تەڭشەشكە توغرا كەلسە، يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىغا مەلۇم قىلىپ تەستىقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىش لازىم. پەرقلىق سومما ئىچىدە سودا - سانائەتكە بېرىلىدىغان قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى تەڭشەشكە، كۆپ جەلب قىلىنغان ئامانەت پۇل ۋە تېجەپ قېلىنغان كرېدىت مەبلىغىنى بەلگىلىمە بويىچە سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدۇ. پەرقلىق سومما بويىچە تىزگىنلەشكە مەنسۇپ بولمىغان تۈرلەر كرېدىت پىلانىغا كىرگۈزۈلسە، يەنىلا پىلان كۆرسەتكۈچى بىلەن باشقۇرۇش ئىجرا قىلىنىدۇ. سودا، سانائەتكە بېرىلگەن قەرز پۇلنى ئۆز ئارا تەڭشەشكە بولمايدۇ. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك بانكىلار ھەر يىلى ئالغان پايدىسىدىن

مەلۇم نىسبەت ئاجرىتىپ، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ كرېدىت مەبلىغى قىلىدۇ.

1981 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن كرېدىتنى پەرقلىق سومما بويىچە تىزگىنلەش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، پەرقلىق سومما بويىچە تىزگىنلەشنى پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىلەشكە ئۆزگەرتتى ھەمدە «كرېدىتنى پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىلەش چارىسى» نى قايتىدىن تۈزۈپ چىقتى. پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىلەشنىڭ دائىرىسى كېڭەيتىلدى، پۇل ئامانەت قويۇش، قەرز بېرىش تۆزى ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى. ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە قەرز پۇلى قاراماي شەھىرىدىكى نېفىت سانائىتى ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرى، نېفىت بىلەن تەمىنلەش كارخانىلىرىغا قەرز بېرىلگەننى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۈرلۈك ئامانەت پۇل، قەرز پۇللارنىڭ ھەممىسىدە پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىلەش يولىغا قويۇلدى.

1983 - يىلى گوۋۇيۈەن كرېدىت مەبلىغىنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش ۋە ئۈنۈۋېرسال تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش، ماكرولۇق ئىقتىسادىي تەدبىرگە تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىش ئۈچۈن جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مەخسۇس مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشنى، سودا، سانائەت كرېدىت مەبلىغى ۋە پۇقرالار ئامانىتى كەسپىنى قوشۇمچە بېجىرمەسلىكنى قارار قىلدى.

1984 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «خەلق بانكىسىنىڭ مەخسۇس مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈشكە ئائىت بىر قانچە كونكرېت مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى ئېلان قىلدى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى 1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ مەخسۇس مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن مالىيە خەزىنىسىدىكى ئامانەت پۇل ۋە ئورگانلار، خەلق تەشكىلاتى قاتارلىقلارنىڭ مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇلى خەلق بانكىسىنىڭ كرېدىت مەبلىغى ھېسابلىنىدىغان بولدى. باشقا ئامانەت پۇللار كەسپىي بانكىلارغا مەنسۇپ قىلىنىدى. كەسپىي بانكىلار جەلپ قىلغان ئامانەت پۇل مەلۇم نىسبەت بويىچە خەلق بانكىسىغا تاپشۇرۇلىدۇ، ئۇنى خەلق بانكىسى باشقۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. 1984 - يىلى تاپشۇرۇش نىسبىتى كارخانىلار ئامانەت پۇلىدا 20%، پۇقرالار پۇل ئامانىتىدا 40%، يېزىلار ئامانەت پۇلى (يېزىلاردىكى ئامانەت قەرز كوپېراتىپى ئاغدۇرۇپ بەرگەن ئامانەت پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دا 25% قىلىپ بەلگىلەندى. تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىنكى ئامانەت پۇل سوممىسى ۋە كەسپىي بانكىلار ئۆز سوممىسىنى كەسپىي بانكىلار باشقۇرۇپ ئىشلىتىدۇ.

كەسپىي بانكىلارنىڭ كرېدىت كىرىمى پۈتۈنلەي دۆلەت كرېدىت پىلانىغا كىرگۈزۈلىدۇ. كەسپىي بانكىلارنىڭ شۆبە، تارماق بانكىلىرى يىللىق كرېدىت پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقسا، ئۇنى خەلق بانكىسى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، شۇ رايوننىڭ ئۈنۈۋېرسال كرېدىت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، دەرىجىمۇ دەرىجە جۇڭگو خەلق بانكىسىغا يوللايدۇ. كەسپىي بانكىلارنىڭ مەبلەغ ئىشلىتىشى مەبلەغ مەنبەسىدىن (ئىشلەتكىلى بولىدىغان قىسمىدىن) كۆپ بولسا، خەلق بانكىسى قەرز ئالغان پەرقلىق سومما قىلىپ تەستىقلاپ بېرىدۇ؛ مەبلەغ مەنبەسى مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشىدىن كۆپ بولسا خەلق بانكىسى ئامانەت پۇل پەرقلىق سوممىسى قىلىپ تەستىقلاپ بېرىدۇ. ئامانەت پۇل، قەرز پۇللارنىڭ پەرقلىق سومما پىلانى بۇيرۇق خاراكتېرلىك كۆرسەتكۈچكە مەنسۇپ بولۇپ، قەرز پەرقى ئېشىپ كېتىشكە بولمايدۇ، ئامانەت پەرقى چوقۇم ئورۇندىلىشى كېرەك؛ ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار تەستىقلانغان پەرقلىق سومما دائىرىسىدە، سودا - سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تۈرلۈك تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىدا ئامانەت كۆپ بولسا، كۆپ قەرز بېرىلىدۇ، قەرز پۇل تۈرلىرىنى ئۆز ئارا يۆتكەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بىراق، تۇراقلىق مۈلۈك ھېسابىدىكى قەرز پۇل پىلانى (يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق ۋە يىل ئىچىدە تارقىتىلغان سانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل پىلانى (يىل ئاخىرىدىكى قالدۇق ۋە يىل ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى كۆرسەتكۈچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى تەستىقلاتماي تۇرۇپ كۆپەيتىشكە بولمايدۇ.

خەلق شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن، 1984 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىدا «جۇڭگو

سودا ـ سانائەت بانكىسى» دېگەن ۋىۋىسكىنى ئېسىپ، «بىر يۈرۈش ئاپپارات، ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىش، مەبلەغنى ئايرىش، ئىككى يۈرۈش ھېسابات قىلىش» تىن ئىبارەت ئۆتكۈنچى چارىنى يولغا قويدى. 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى سودا ـ سانائەت بانكىسىدا كرېدىتنى پەرقلىق سومما بويىچە باشقۇرۇش چارىسى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. جۇڭگو بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىمۇ 4 ـ ۋە 6 ـ ئايلاردا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يولغا قويۇلدى.

«پەرقلىق سومما بويىچە مۇددەتلەش» چارىسىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بىلەن ئىلگىرىكى قەرز بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئامانەت توپلاشقا سەل قارايدىغان خاھىشلار ئۆزگەرتىلىپ ئامانەت پۇل تەشكىللەش بانكىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك قەرز پۇل، ئامانەت پۇللارنىڭ ھەممىسى بىر قەدەر زور دەرىجىدە كۆپەيدى، ئامانەت پۇل ئۆزلۈكسىز كېڭەيدى، تارماقلار، ساھەلەر ئارىسىدىكى چەك ـ چېگرا بۇزۇپ تاشلاندى، مەبلەغلەر جانلىق يۆتكىلىپ، مەبلەغنىڭ ئەڭ زور ئۈنۈمى جارى قىلدۇرۇلدى؛ قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى كۆپەيتىش، كېمەيتىش جەھەتتىكى كۆپىيىپ كەتكەن تەستىقلاشقا مەلۇم قىلىش رەسمىيەتلىرى ئازايدى. بىراق پەرقلىق سومما ئارتۇقچە پىلانلاپ قىسىپ ئىشلىتىلدى. پىلاندىن ئېشىپ كەتسە كۆپەيتىلدى، قەرز پۇل پەقەت پەرقلىق سوممىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىدى، كۆرسەتكۈچنى تىزگىنلەشنىڭ يۇقىرى چېكى بولمىدى، شۇنداق بولغاچقا پۇل مۇئامىلىنى ماكرولۇق تىزگىنلەشتە قارىغۇلۇق كېلىپ چىقتى.

### (5) ئەمەلىي قەرز بېرىش، ئەمەلىي ئامانەت قويۇش (1985 ـ يىلى)

1985 ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، خەلق بانكىسىنىڭ ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى «بىر تۇتاش پىلانلاش، مەبلەغلەرنى ئايرىش، ئەمەلىي قەرز بېرىش ۋە ئەمەلىي ئامانەت قويۇش، ئۆز ئارا يۈرۈشتۈرۈش» تىن ئىبارەت باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى. بۇ چارە شىنجاڭدا 1985 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئاۋۋال سودا ـ سانائەت بانكىسىدا، يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا ۋە جۇڭگو بانكىسىدا يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ كرېدىت مەبلىغىمۇ بىر تۇتاش ھالدا دۆلەتنىڭ كرېدىت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈپ، بىرلىككە كەلگەن كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى.

باش بانكىنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش يېڭى چارىسىدە مۇنۇلار بەلگىلەندى: (1) كرېدىت مەبلىغى پىلانىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە بېكىتىلىشى. خەلق بانكىسى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ خەلق پۇلى كرېدىت مەبلىغىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانىغا كىرگۈزىدۇ. ئۇنى خەلق بانكىسى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ قەرز پۇل تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى ۋە پۇلنىڭ ئىشلىتىلىش سۈرئىتىگە ئاساسەن ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ شۆبە بانكىلىرىغا قەرز پۇل بېرىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن تىجارەت مەبلىغى قىلىش ئۈچۈن، ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ شۆبە بانكىلىرى تەرىپىدىن ئۇلارغا قاراشلىق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىلىپ، خەلق بانكىسىغا ئامانەت قويۇلىدۇ. كەسپىي بانكىلارنىڭ شۆبە بانكىلىرى شۇ جايدىكى خەلق بانكىلىرىدا قەرز پۇل ۋە ئامانەت پۇلدىن ئىبارەت ئىككى ھېساب ئاچىدۇ. كەسپىي بانكىلارنىڭ شۆبە بانكىلىرىدىن تۆۋەن بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى خەلق بانكىسىدا پەقەت ئامانەت پۇل ھېسابى ئېچىپ، پۇل ئىشلىتىدىغان چاغدا بىردەك ئامانەت پۇل ھېسابىدىن چىقىم قىلىدۇ، ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. كەسپىي بانكىلار مەبلەغنىڭ ئېشىنچىسى بولسا، نەدىن قەرز ئالسا شۇ يەرگە قايتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە، شۆبە بانكىلار بىر تۇتاش قەرز قايتۇرىدۇ. (2) كرېدىت مەبلىغىنىڭ باشقۇرۇلۇشى. يىللىق قەرز ئېلىش پىلانى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇشقا قەرز ئېلىش پىلانى قاتتىق تىزگىنلىنىدۇ. تەستىقتىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ، ئاشۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ. تۈرلۈك ئامانەت پۇللارنى تىرىشىپ ئاشۇرۇپ ئورۇنداش لازىم. تۈرلۈك تۇراقسىز مەبلەغ قەرز پۇلىنى (جۇملىدىن يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلگەن قەرز پۇلنى) قەرز ئېلىش پىلانىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا كۆپ ئامانەت توپلىسا، كۆپ قەرز بېرىش يولغا قويۇلىدۇ. تېخنىكا

ئۆزگەرتىش قەرز پۇلى پىلان كۆرسەتكۈچى بويىچە تىزگىنلىنىدۇ. كەسپىي بانكىلارنىڭ ھەر يىلى ئاشقان ئامانەت پۇلىنىڭ مەلۇم نىسبىتى بۇ قەرز پۇلنى كۆپەيتىشكە ئىشلىتىلىشى بولىدۇ؛ (3) كرېدىت مەبلىغىنىڭ تەڭشىلىشى. ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار ئۆزىگە قاراشلىق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىنىڭ مەبلەغ يۆتكىشىنى كۆچەيتىپ، مەبلەغنىڭ توغرا لىنىيىلىك تەڭشىلىشى ۋە ئۆز ئارا ئۆتنە . بېرىم قىلىنىشىغا يول قويۇشى كېرەك. (4) تاپشۇرۇلغان ئامانەت پۇلنىڭ باشقۇرۇلۇشى. مالىيە خەزىنىسىنىڭ ئامانەت پۇلى، ھەربىي قىسىملار ئامانەت پۇلى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئامانەت پۇلى، ئورگانلار، خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئامانەت پۇلى (يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ناھىيىدىن تۆۋەن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرى جەلب قىلغان ئورگان، خەلق تەشكىلاتلىرى ئامانەت پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) نىڭ ھەممىسى خەلق بانكىسىغا ئايرىپ بېرىلىدۇ. كەسپىي بانكىلار جەلب قىلغان كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار ئامانەت پۇلى، پۇقرالار ئامانەت پۇلى، يېزىلار ئامانەت پۇلى ۋە باشقا ئامانەت پۇللار كەسپىي بانكىلارنىڭ كرېدىت مەبلىغىگە تەۋە بولىدۇ. ئەمما خەلق باش بانكىسىنىڭ بەلگىلىگەن نىسبىتى بويىچە خەلق بانكىسىغا تاپشۇرۇپ، خەلق بانكىسىنىڭ بىر تۇتاش ئىشلىتىشىگە بېرىشى كېرەك. 1985 - يىلى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئون پىرسەنتى بويىچە تاپشۇرۇشى بەلگىلەندى. قۇرۇلۇش بانكىسى جەلب قىلغان ئامانەت پۇلغا كەلسەك، ئۇنىڭ قەرز پۇلدىن كۆپ بولغان سوممىسى بىر قەدەر كۆپ بولغاچقا %30 لىك نىسبەت بويىچە خەلق بانكىسىغا تاپشۇرۇشى بەلگىلەنگەن؛ (5) ئامانەت پۇل، قەرز پۇل ئۆسۈمىنىڭ باشقۇرۇلۇشى. خەلق بانكىسى كەسپىي بانكىلارنىڭ ئامانەت پۇلى ۋە قەرز پۇلىغا ئوخشاش بولمىغان ئۆسۈم نىسبىتىنى يولغا قويىدى. ئامانەت پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 3.6 لى، پىلان ئىچىدىكى قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 3.9 لى، ۋاقىتلىق قەرز پۇلنىڭ ئايلىق ئۆسۈمى 4.2 لى قىلىندى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى قايسى كەسپىي بانكىلار ئىچىدە، سودا سانائەت بانكىسى «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئەمەلىي يۆتكەش ۋە ئەمەلىي ئاجرىتىش، پەرقلىق سوممىا بويىچە تىزگىنلەش» چارىسىنى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى «بىر تۇتاش پىلانلاش، مەبلەغنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئەمەلىي قەرز بېرىش ۋە ئەمەلىي ئامانەت قويۇش، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش» چارىسىنى، قۇرۇلۇش بانكىسى «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، پەرقلىق سوممىا بويىچە تىزگىنلەش، ئەمەلىي قەرز ئېلىش، ئەمەلىي ئامانەت قويۇش، ئامانەت پەرقىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش» چارىسىنى يولغا قويىدى.

خەلق بانكىسى كەسپىي بانكىلارنى باشقۇرۇشتا «يۇقىرىدا قەرز بېرىپ، تۆۋەندە ئامانەت قويۇش»، «ئەمەلىي قەرز بېرىش، ئەمەلىي ئامانەت قويۇش» چارىسىنى يولغا قويغاندىن كېيىن، نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ۋە تەڭشەش كۈچى ئاشتى؛ كەسپىي بانكىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا، توغرا لىنىيىلىك مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىگە، مەبلەغ ئىشلىتىشكە ۋە مەبلەغنى جانلىق يۆتكىشكە پايدىلىق بولدى.

1985 - يىلى خەلق بانكىسىنىڭ ئۆز سىستېمىسىدىكى كرېدىت مەبلىغىدە پىلانلىق باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى.

## 2. يېزا كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش

يېزا كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش ئاساسىي جەھەتتىن كۆرسەتكۈچ باشقۇرۇش، فوندنى مۇقىملاشتۇرۇش تۈزۈمى، كرېدىتنى ھۆددىلەش، پەرقلىق سوممىنى ھۆددىلەش ۋە ئەمەلىي قەرز بېرىپ ئەمەلىي ئامانەت قويۇشتىن ئىبارەت بەش باسقۇچ ياكى بەش خىل ئەندىزىگە بۆلۈندى.

**(1) كۆرسەتكۈچ باشقۇرۇش (1950 - يىلدىن 1964 - يىلغىچە)**

1965 - يىلدىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىزدا پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە ئوخشاش، بىر تۇتاش

كىرىم قىلىش - بىر تۇتاش چىقىم قىلىش، كۆرسەتكۈچكە ئاساسەن باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. ئامانەت پۇل باش بانكىغا تاپشۇرۇلدى، باش بانكا دەرىجىمۇ دەرىجە قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى تارقىتىش ۋە يىغىش ئۆز ئارا باغلانمىدى.

خەلق ئىگىلىكىنى ئەسلىگەكەلتۈرۈش مەزگىلىدە، ئۆلكە بويىچە جەلپ قىلىنغان ئامانەت پۇل بەلگىلەنگەن ۋەزىپە بويىچە باش بانكىغا تاپشۇرۇلدى، ئۇنىڭ ۋەزىپىدىن ئاشقان قىسمىنىڭ يېرىمى يۇقىرىغا تاپشۇرۇلدى، يېرىمى ئۆزىنىڭ ئىشلىتىشىگە قالدۇرۇلدى، يېزا قەرز پۇلى تەستىقلانغان كىرىم - چىقىم پىلانى بويىچە ئىگىلەپ ئىشلىتىلدى، پىلاندىن ئېشىپ كەتسە چوقۇم يۇقىرىغا يوللاپ تەستىقلىتىش شەرت قىلىندى.

1953 - يىلى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار كرېدىت پىلانى تۈزۈشكە كىرىشىپ، «بىر تۇتاش كىرىمقىلىش - بىر تۇتاش چىقىم قىلىش» چارىسىنى قوللاندى، يەنى بارلىق ئامانەت پۇل باش بانكىغا تاپشۇرۇلدى، بارلىق قەرز پۇل ئۈچۈن باش بانكىدىن ھەر قايسى شۆبە بانكىلارغا پەسىل بويىچە تەستىقلانغان كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بېرىلدى. قەرز پۇل كۆرسەتكۈچ دائىرىسىدە تىزگىنلەندى. يېزا ئىگىلىكىگە قەرز بېرىش دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، سۇ ئىشلىرى كارخانىلىرىغا قەرز بېرىش، دېھقانلارغا قەرز بېرىش (ئۈسكۈنىگە قەرز بېرىش، ئىشلەپچىقىرىشقا قەرز بېرىش، ئوبوروت خاراكتېرلىك قەرز بېرىش) كە ئايرىلدى.

1954 - يىلى خەلق باش بانكىسىنىڭ «شۆبە بانكىلارنىڭ كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى قارار» ىغا ئاساسەن، ئۆلكىلىك شۆبە بانكا دۆلەت بىر تۇتاش سېتىۋالغان ماددىي ئەشيا (ئاشلىق، ياغلىق دان، پاختا) غا قەرز بېرىشتە، مەخسۇس پۇلنى مەخسۇس ئىشقا ئىشلىتىشنى يولغا قويۇش، دۆلەت تەستىقلىغان پىلان بويىچە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى قارار قىلدى. ئاشلىق سېتىۋېلىشتا پىلاندىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى ئالدى بىلەن ناھىيىلىك تارماق بانكىلار ۋاقىتلىق قەرز پۇل بىلەن ھەل قىلدى، ئاندىن ئاشلىق تارماقلىرى يۇقىرىنىڭ پۇل ئاجرىتىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى.

1957 - يىلى يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈشنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ قەرز پۇل مەبلىغىگە بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ كەتتى، خەلق شۆبە بانكىسى كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، «ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانىنى تۈزۈش چارىسى (لايىھە)» نى تۈزۈپ چىقتى، نەتىجىدە خەلق شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل بېرىش ۋە يېزىلاردىن ئامانەت پۇل جەلپ قىلىشقا قارىتا پەقەت يىللىق كۆرسەتكۈچ چۈشۈرۈپ بېرىدىغان بولدى ھەمدە يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل بېرىشنىڭ يىللىق كۆرسەتكۈچىنى ئەڭ يۇقىرى كۆرسەتكۈچ ۋە يىل ئاخىرىدىكى كۆرسەتكۈچتىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىدى، خەلق شۆبە بانكىسى پەقەت يىللىق ئەڭ يۇقىرى كۆرسەتكۈچنىلا چۈشۈرۈپ بېرىدىغان بولدى. يىل ئاخىرىدىكى كۆرسەتكۈچ ئەڭگە ئېلىش خاراكتېرلىك پايدىلىنىش كۆرسەتكۈچى بولۇپ، ئۇنى ئاساسلىقى ھەر قايسى تارماق بانكىلار ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇردى.

1959 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ، مەركەزنىڭ يېزىلاردا «ئىككىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، ئۈچىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىرنى ھۆددىگە بېرىش» (خادىملارنى ۋە مال - مۈلۈكنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش، سىياسەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، پىلاننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تۇراقسىز مەبلەغنى باشقۇرۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، مالىيە ۋەزىپىسىنى ھۆددىگە بېرىش) توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى خەلق گوڭشېلىرىنىڭ كرېدىتىگە قارىتا «پەرقلىق سوممىنى ھۆددىگە ئېلىش، بىر يىلدا ئىككى قېتىم ھېسابات قىلىش، يېرىم يىلدا پەرقلەندۈرۈش، ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتمەسلىك» تىن ئىبارەت باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويدى. خەلق گوڭشېلىرىنىڭ قەرز پۇل، ئامانەت پۇللىرىدا ھەممىسى قوشۇپ ھېسابلىنىپ، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل ئۆز ئارا چىقىشتۇرۇلۇپ، پەرقلىق سوممىسى ھۆددىگە ئېلىندى (سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، سودىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئەگەر بېرىلگەن قەرز پۇل ئامانەت پۇلدىن كۆپ بولسا، بىر قەرز پۇل كۆرسەتكۈچى ھۆددىگە ئېلىندى، ئەگەر ئامانەت پۇل قەرز پۇلدىن كۆپ بولسا، بىر ئامانەت جەلپ قىلىش

ۋەزىپىسى ھۆددىگە بېرىلدى. يېزىلاردىكى ئامانەت پۇلنىڭ پەسىل خاراكتېرلىكلىرىگە ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن، بانكا گۇڭشېلار بىلەن ھەر يېرىم يىلدا بىر قېتىم ھېسابات قىلىشىدىغان، ھېسابات قىلغاندىن كېيىنكى پەرقلىق سوممىنى يېرىم يىل ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئۆزگەرتمەيدىغان، تەكشۈرۈپ بېكىتىلگەن پەرقلىق سومما دائىرىسىدە، خەلق گۇڭشېلىرى كرېدىت مەبلىغىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولدى، شۇ يىلى 4 - ئايدا مەركەزنىڭ «يېزا خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ كرېدىت باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارار» ىغا ئاساسەن، «پەرقلىق سوممىنى ھۆددىگە ئېلىش» چارىسىنى ئىجرا قىلىش توختىتىلدى، خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇللىرىغا قارىتا يەنىلا يۇقىرى دەرىجىلىك خەلق بانكىسى كۆرسەتكۈچ بېكىتىپ بېرىدىغان بولدى.

(2) يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى فوندىنى مۇقىملاشتۇرۇش تۈزۈمى (1965 - يىلدىن 1970 - يىلغىچە)

1965 - يىلى يېزا ئىگىلىك كرېدىتنى باشقۇرۇشتا «يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى فوندىنى مۇقىملاشتۇرۇش تۈزۈمى» يولغا قويۇلۇپ، قەرز پۇل فوندى دەرىجىمۇ دەرىجە ناھىيىگە چۈشۈرۈپ بېرىلدى، ئۇنىڭ سوممىسى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، پرىنسىپ جەھەتتە ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىدى، يېتىشمىگەن قىسمى ئۈچۈن يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىدىن ۋاقىتلىق قەرز ئېلىندى. باش بانكا شۇ يىلى شىنجاڭغا تەقسىم قىلىپ بەرگەن يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى فوندى 56 مىليون يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلى 36 مىليون 500 مىڭ يۈەن، ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇل فوندى 19 مىليون يۈەن، ئاپەت بولغان رايونلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇل فوندى 500 مىڭ يۈەن بولدى (ئۆتكەن يىللاردىكى قەرز پۇل قالدۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىدۇ). ناھىيىلىك تارماق بانكىلار بەلگىلەنگەن دائىرىدە ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىدىغان بولۇپ، كۆپ يىغقانلارغا كۆپ قەرز بېرىپ، ئاز يىغقانلارغا ئاز قەرز بېرىپ، قەرز پۇلنى تارقىتىش بىلەن بىر - بىرىگە باغلىغانلىقتىن، مەبلەغ ئۈنۈمى بىر قەدەر ياخشى جارى قىلدۇرۇلدى. بىراق، ئامانەت قويۇش بىلەن قەرز بېرىش بىر - بىرىگە باغلانمىغانلىقتىن، جايلارنىڭ ئامانەت پۇل جەلب قىلىش ئاكتىپلىقىغا پايدىسىز بولدى.

(3) يېزا كرېدىتىنى ھۆددىگە بېرىش (1971 - يىلدىن 1980 - يىلغىچە)

1971 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىز يېزىلىرىنىڭ كرېدىت باشقۇرۇشىدا يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى فوندىنى مۇقىملاشتۇرۇش تۈزۈمى يېزا كرېدىتىنى ھۆددىگە بېرىش تۈزۈمى (قىسقارتىلىپ كىچىك ھۆددىگەرلىك دېيىلىدۇ) گە ئۆزگەرتىلدى. يېزا ئىگىلىكىگە قەرز پۇل بېرىش بىلەن يېزىلاردىن ئامانەت پۇل جەلب قىلىش بىر - بىرىگە چېتىشتۇرۇلۇپ ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلدى. يېزىلار، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى ئامانەت پۇلنىڭ يېڭىدىن كۆپەيگەن قىسمىنى (يېزىلار، چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى خەلق گۇڭشېلىرى، ئىشلەپچىقىرىش چوڭ ئەترەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى، گۇڭشې - ئەترەت كارخانىلىرى ۋە ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى بانكىدا ئامانەت قويغان پۇل ئومۇمىي سوممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئامانەت قويغۇچىلارنىڭ ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، جايلار بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان، كۆپ ئامانەت جۇغلىغانلارغا كۆپ قەرز بېرىلىدىغان بولدى. يېزىلاردىكى سودا قەرز پۇلى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار قەرز پۇلى يەنىلا بېكىتىلگەن كۆرسەتكۈچ بويىچە بېرىلدى. كرېدىتنى ھۆددىگە ئېلىش ئالدىنقى يىللىق ئامانەت پۇلنىڭ ئاشقان قىسمىغا ئىشلىتىلىدىغان، شۇ يىللىق كرېدىت پىلانىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇل بىر - بىرىگە تولۇق باغلانمىدى.

(4) پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىگە بېرىش (1981 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە)

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1981 - يىل 3 - ئايدا «يېزا كرېدىتىنى پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىگە بېرىش چارىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، يېزىلاردىكى كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇشتا «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى باغلاش، پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىگە بېرىش» چارىسى (قىسقارتىلىپ چوڭ ھۆددىگەرلىك دېيىلىدۇ) نى يولغا قويدى.

1) «ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى باغلاش، پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىگە بېرىش» دائىرىسى، يېزا

ئىگىلىك بانكىسىنىڭ كەسىپ دائىرىسىگە ئاساسەن، مەبلەغ مەنبەسى يۇقىرى دەرىجىلىك بانكا ئاجرىتىپ بەرگەن كرېدىت فوندى ۋە تۈرلۈك ئامانەت پۇللارنى جۈملىدىن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانا، كەسىپ ئورۇنلىرى ئامانەت پۇلى يېزىلاردىكى سودا سانائەت ئامانەت پۇلى، ئىدارە، جەمئىيەت، قىسىملار ئامانەت پۇلى، يېزا پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە يېزىلار ئامانەت پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ قەرز پۇل دائىرىسى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق كارخانىلىرى قەرز پۇلى، يېزىلار باشقۇرغان سودا ـ سانائەت، تەمىنات ـ سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلى، يېزا سودا ـ سانائەت كەسپى قەرز پۇلى، يېزىلاردىكى گۇڭشې ـ ئەترەتلەر قەرز پۇلى، يېزىلاردىكى گۇڭشې ـ ئەترەت كارخانىلىرى قەرز پۇلى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىغا بېرىلىدىغان قەرز پۇل، يەككە ئىگىلىك قەرز پۇلى ۋە تۈرلۈك مەخسۇس قەرز پۇللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2) ھۆددە قىلىنىدىغان پەرقلىق سوممىنى بېكىتىش. ئومۇمەن شۇ جايدىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى (جۈملىدىن كرېدىت فوندى) قەرز پۇل قالدۇقىدىن كۆپ بولسا ئامانەت پەرقى بولىدۇ. قەرز پۇل قالدۇقى ئامانەت پۇل قالدۇقىدىن (جۈملىدىن كرېدىت فوندىدىن) كۆپ بولسا قەرز پەرقى بولىدۇ. يېزا ئىگىلىك بانكىسى باش بانكىسىنىڭ بېكىتكەن كرېدىت پىلانىغا ۋە ھۆددىلىنىدىغان پەرقلىق سوممىغا ئاساسەن، بىر تۇتاش تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيىلەرنىڭ تۈرلۈك قەرز پۇل، ئامانەت پۇل پىلان كۆرسەتكۈچى تەدرىجىي بېكىتىلىدۇ؛ يىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلىق سومما ئالدىنقى يىلنىڭ يىل ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئامانەت پەرقى (ياكى ئەڭ يۇقىرى قەرز پەرقى) ئاساس قىلىنىپ، شۇ يىل ئىچىدىكى تۈرلۈك ئامانەت پۇل، قەرز پۇللارنىڭ كۆپىيىش، كېمىيىش پىلانىدىن ۋە بەزى ئالاھىدە ئامىللاردىن پايدىلىنىپ بېكىتىلىدۇ.

3) ھۆددىلەنگەن پەرقلىق سوممىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى. بېكىتىلگەن يىل ئاخىرىدىكى ۋە يىل ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى پەرقلىق سومما بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلانغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇنى قەتئىي ئىجرا قىلىش لازىم. تۈرلۈك قەرز پۇل كۆرسەتكۈچىنى تەڭشەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ، لېكىن، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنىڭ مەبلەغ ئېھتىياجىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئامانەت پەرقىنى كېمەيتمەسلىك، قەرز پەرقىنى ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئامانەت پۇل كۆپ جەلب قىلىنسا، قەرز پۇل كۆپ يىغىۋېلىنسا، قەرز پۇلنى كۆپ بېرىشكە بولىدۇ.

1981 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يىل ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئامانەت پەرقىنى 70 مىليون يۈەن، يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پەرقىنى 753 مىليون يۈەن قىلىپ بېكىتتى.

1983 ـ يىل پەرقلىق سومما بويىچە ھۆددىگە بېرىش چارىسىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلدى، شۇ يىلدىن باشلاپ «پەرقلىق سوممىنى ھۆددىگە ئېلىش» بىر بەلگىلەپ ئۈچ يىلغىچە ئۆزگەرتىلمىدى. قەرز پەرقى بولغان بانكىنىڭ ھۆددە ئالغان ئاساسىي ساندا ئېشىنچە بولسا، ھەممىسىنى شۆبە بانكا ئىشلىتىدىغان بولدى؛ ئامانەت پەرقى بولغان بانكىنىڭ ھەر يىلدىكى ئەمەلىي سانىنىڭ ھۆددە ئالغان ئاساسىي ساندىن ئېشىپ كەتكەن قىسمىنى باش بانكا بىلەن شۆبە بانكا كېلىشىپ نىسبەت بەلگىلەپ تەقسىم قىلىپ ئىشلىتىدىغان بولدى. 1983 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كرېدىت ئامانەت پەرقى 89 مىليون 350 مىڭ يۈەن ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى.

1984 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە كرېدىتنىڭ يىل ئاخىرىدىكى ئامانەت پەرقى پىلانى 142 مىليون 780 مىڭ يۈەن، يىل ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى قەرز ئېلىنغان پۇل سوممىسى 457 مىليون 220 مىڭ يۈەن بولغانىدى. يىل ئاخىرىدا ئورۇندالغان ئامانەت پەرقى 89 مىليون 240 مىڭ يۈەن بولدى.

**(5) ئەمەلىي قەرز ئېلىش، ئەمەلىي ئامانەت قويۇش (1985 ـ يىلى)**

1985 ـ يىلى يېزىلاردىكى كرېدىت مەبلىغى پىلانىنى باشقۇرۇش خىزمىتى «پەرقلىق سوممىنى ھۆددىگە ئېلىش » ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىنىپ، «بىر تۇتاش پىلانلاش، مەبلەغنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش، ئەمەلىي قەرز بېرىش ۋە ئەمەلىي ئامانەت قويۇش، ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش» چارىسى يولغا قويۇلدى. (1) پىلان بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ كرېدىت مەبلىغى جەھەتتىكى

كىرىم-چىقىملىرىنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايوننىڭ كرېدىت مەبلىغى كىرىمى. چىقىم پىلانىغا كىرگۈزۈلدى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى باش بانكا بېكىتكەن يىللىق كرېدىت مەبلىغى كىرىمى. چىقىم پىلانىغا ئاساسەن، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ يىللىق كرېدىت مەبلىغى كىرىمى. چىقىم پىلانىنى دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈپ تەستىقلىدى. (2) مەبلەغ تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. ھەر قايسى بانكىلارنىڭ ئۆز مەبلىغى، تورلۇك ئامانەت، قەرز پۇلى ۋە باشقا مەبلەغ مەنبەسى، ئۇنىڭ ئىگىلىنىشى دەرىجىمۇ دەرىجە تەكشۈرۈپ بېكىتىلىش ئارقىلىق ھەر قايسى بانكىلارنىڭ تىجارەت مەبلىغى قىلىندى. (3) ئەمەلىي قەرز بېرىش، ئەمەلىي ئامانەت قويۇش. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىلەن ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ مەبلەغ مۇئامىلىسىدە پىلان كۆرسەتكۈچنى قاتلاممۇ قاتلام تەستىقلاپ باشقۇرۇش چارىسى ئۆزگەرتىلىپ، يۇقىرىدا قەرز بېرىپ، تۆۋەندە ئامانەت قويۇش، ئەمەلىي قەرز بېرىش، ئەمەلىي ئامانەت قويۇشتىن ئىبارەت مەبلەغ يۆتكەش، چارىسى يولغا قويۇلدى. (4) ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش. ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ ھەممىسىدە كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ھەم كەسىپنى باشقۇرۇشتا خوجايىنلىق ھوقۇقى بار بولدى ھەم مەبلەغ ئىشلىتىشتە مەسئۇلىيەت ئۈستىگە ئېلىندى.

شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «يېزىلاردىكى كرېدىت مەبلىغى يۆتكەشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي قائىدىسى» نى تۈزۈپ چىقىپ، مەبلەغ تەقسىماتىنىڭ پرىنسىپىنى «دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، تىك لىنىيىلىك يۆتكەش» قىلىپ بېكىتتى. يەنى كرېدىت مەبلىغى پىلانىنى تەستىقلاش، باشقۇرۇش ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇشتا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى مەركىزىي تارماق بانكىنى، مەركىزىي تارماق بانكا تارماق بانكىنى باشقۇرىدىغان بولدى؛ مەبلەغنىڭ ئەمەلىي يۆتكىلىشىدە بولسا، مەركىزىي تارماق بانكا ئارقىلىق ئايلاندۇرۇلماي، شۆبە بانكا بىلەن تارماق بانكا بىۋاسىتە ئاجرىتىش، بىۋاسىتە يۆتكەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى.

1985- يىلىنىڭ بېشىدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى دېھقانچىلىقتا بېرىلىدىغان قەرز پۇل مەبلىغىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تىجارەت ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىغا 94 مىليون يۈەن ئوبوروت مەبلىغى ئاجرىتىپ بەردى.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ۋە ھەر قايسى تارماق بانكىلار 4400 قېتىم، جەمئىي 4 مىليارد 380 مىليون يۈەن مەبلەغنى يۆتكىدى، ھەر قايسى ۋىلايەتلەر 424 قېتىم 380 مىليون يۈەننى توغرا لىنىيىلىك تەقسىمدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يەنە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 27 قېتىمدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى، سودا سانائەت شۆبە بانكىسى، خەلق شۆبە بانكىسىدىن جەمئىي 1 مىليارد 600 مىليون يۈەن قەرز ئالدى، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەركىزىي تارماق بانكىلىرى، ناھىيىلىك تارماق بانكىلىرىمۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 143 قېتىمدا جەمئىي 126 مىليون يۈەن ئۆتنە - بېرىم قىلىشتى. جانلىق يۆتكەش، ئاكتىپ تەقسىم ئارقىلىق ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلەپچىقىرىشى، ئاپەتكە قارشى تۇرۇپ چارۋىنى ئاسراش قاتارلىق پەسىل خاراكتېرلىك مەبلەغكە بولغان ئېھتىياج ۋە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ سېتىۋېلىشتىكى مەبلەغكە بولغان ئېھتىياج بىر قەدەر ياخشى ھەل قىلىندى.

1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىكى تورلۇك ئامانەت پۇل ئومۇمىي قالدۇقى 2 مىليارد 350 مىليون يۈەنگە يېتىپ، يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن 183 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، پىلاندىكى ساپ كۆپەيتىلىدىغان سومما بولغان 198 مىليون يۈەننىڭ 92.4 پىرسەنتى ئورۇندالدى. تورلۇك قەرز پۇلنىڭ ئومۇمىي قالدۇقى 2 مىليارد 760 مىليون يۈەن بولۇپ، يىلىنىڭ بېشىدىكىدىن 687 مىليون يۈەن كۆپىيىپ، پىلاندىكى ساپ كۆپەيتىلىدىغان سومما بولغان 315 مىليون يۈەننىڭ 218.1 ئورۇندالدى. ئىككىسىنى ئۆز ئارا چېقىشتۇرغاندا، قەرز پۇل ئامانەت پۇلدىن 504 مىليون يۈەن كۆپ بولدى، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئاشلىق، پاختا، ياغ قاتارلىق يېزا ئىگىلىك ئامبار قالدۇقى زور مىقداردا كۆپىيىپ كېتىپ، قەرز 547 مىليون يۈەن ساپ ئېشىپ، پىلاندىكىدىن 444 مىليون يۈەن ئېشىپ كەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىقنىڭ ئامبار قالدۇقى 1984-

يىلدىكىدىن 111 مىليون يۈەن، ياختىنىڭ ئامبار قالدۇقى 1984 - يىلدىكىدىن 270 مىليون يۈەن كۆپەيدى. دېھقانچىلىققا بېرىلىدىغان قەرز پۇلنىڭ كۆلىمى بىر قەدەر ياخشى تىزگىنلەندى، يىل ئاخىرىدىكى تۇرلۇق دېھقانچىلىق قەرز پۇلىنىڭ قالدۇقى يىلنىڭ بېشىدىكىدىن 97 مىليون 570 مىڭ يۈەن كۆپەيگەن بولسىمۇ، پىلاندىكىدىن 23 مىليون 130 مىڭ يۈەن كەم قالدى.

## 2 § . نەق پۇل پىلانىنى باشقۇرۇش

### 1. پىلان تۈزۈش

1950 - يىلىنىڭ باشلىرىدا مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، ئورگانلار، ھەربىي قىسىملار، كوپېراتىپلارنىڭ نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش قارارىنى ئېلان قىلدى. شۇ يىلى 4 - ئاينىڭ 28 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئۆلكىمىزنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىدا نەق پۇل باشقۇرۇش توغرىسىدا يوليورۇقى ئېلان قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن، شىنجاڭدىكى پۇل ئوبوروتىدا پىلان باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى، نەق پۇل پىلانىغا ئاساسەن پۇلنىڭ ئوبوروت مىقدارى تەڭشىلىپ، پۇل ئوبوروتىنىڭ نورمال ۋە مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

1950 - يىل 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى مەمۇرىي ئىشلار كېڭىشى پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى؛ 1950 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى مەركىزىي مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى «پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى» ۋە «پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىنى تۈزۈش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. 1951 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونى «پۇل باشقۇرۇش قارارىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش توغرىسىدا بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. پۇل باشقۇرۇشنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئورۇنلارنىڭ كىرىم - چىقىم پىلانىنىڭ تۈزۈلۈشى نەق پۇل كىرىم - چىقىم پىلانى ئۈچۈن قىلىنىغان ئوبدان تەييارلىق بولدى.

1953 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت پىلانلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى، بولۇپمۇ دۆلەت يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى بىر تۇتاش سېتىۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويغانلىقتىن، بازاردىكى پۇل ئوبوروتىنىڭ پەسىلچانلىقى كۈچەيتىلىپ، پۇل تارقىتىشتا پەسىل بويىچە پىلانلىق تەڭشەش تەلەپ قىلىندى. 1953 - يىلدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە نەق پۇل كاسسا پىلانى تۈزۈمى تۇرغۇزۇلدى، يەنى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار شۇ جايدىكى خەلق ئىگىلىكى پىلانىغا ئاساسەن، نەق پۇل كىرىم چىقىمىنى ھېسابلاپ، نەق پۇل كاسسا پىلانى تۈزىدىغان بولدى. شىنجاڭدا نەق پۇل كاسسا پىلانى تۈزۈمىمۇ پەيدىنپەي بەرپا قىلىندى. 1953 - يىل 1 - پەسىلدە مەركىزىي تارماق بانكا ۋە ئۇقتىلىق تارماق بانكىلار نەق پۇل كاسسا پىلانىنى سىناق تەرىقىسىدە تۈزۈشكە كىرىشتى. 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆلكە بويىچە 25 تارماق بانكا نەق پۇل پىلانى تۈزۈپ مەلۇم قىلدى. بۇنداق قىلغانلار 1954 - يىلى 45 تارماق بانكىغا، 1955 - يىلى 80 تارماق بانكىغا كۆپەيدى. 1956 - يىلغا كەلگەندە، ئاپتونوم رايون بويىچە 85 تارماق بانكىنىڭ ھەممىسى نەق پۇل پىلانىنى تۈزۈپ مەلۇم قىلدى.

نەق پۇل پىلانى نەق پۇل كىرىمى ۋە چىقىمىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، نەق پۇل كىرىم - چىقىمى تۈرى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي رولى بويىچە تەسنىپ قىلىنىغان بولۇپ، ھەر قايسى تۈرلەر

نەق پۇلنىڭ تارقىتىلىشى ۋە خەزىنىلەشتۈرۈش يوللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. 1954 - يىلى نەق پۇل كىرىم تۈرى: (1) تاۋار سېتىش؛ (2) مۇلازىمەت ئىشلىرى؛ (3) باج يىغىش؛ (4) يېزا كرېدىت كىرىمى. نەق پۇل چىقىم تۈرى: (1) دۆلەت ئىش ھەققى، دۆلەتنىڭ شەخسلەرگە قىلىدىغان باشقا چىقىمى، ئالاھىدە ئامانەت پۇل قاتارلىقلار چىقىمى؛ (2) سانائەت، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى؛ (3) يېزىلاردىكى مالىيە كرېدىت چىقىمى؛ (4) مەمۇرىي كارخانىلارنى باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا كىرىم - چىقىمنىڭ ئورتاق تۈرى: (1) شەھەرلەردىكى پۇقرالار ئامانەت پۇلى؛ (2) پىرېۋوت؛ (3) باشقىلار.

1956 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنى يېزىلاردىكى پۇل ئوبوروتىنىڭ قانۇنىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، شىنجاڭ بويىچە شەرت - شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان 25 تىجارەت ئورنى تاللىنىپ، ئۇنىۋېرسال نەق پۇل پىلانى سىناق تەرىقىسىدە تۈزۈپ چىقىلدى. تىجارەت ئورنىنىڭ نەق پۇل پىلانىدىكى كىرىم تۈرى: تاۋارلارنى پارچە سېتىش (ئىچكى جەھەتتە كوپېراتىپ، دۆلەت سودىسى، ھەربىي قىسىملار كوپېراتىپقا بۆلۈنىدۇ)، تاۋارلارنى توپ تارقىتىش، دېھقانچىلىق بېجى، تۈرلۈك باج سېلىق، زايوم تارقىتىش، پۇقرالار ئامانىتى، پىرېۋوت پۇل، دېھقانچىلىققا بېرىلگەن قەرزنى يىغىۋېلىش ۋە باشقىلار قاتارلىق توققۇز تۈر؛ چىقىم تۈرى: ئىش ھەققى، ئاشلىق سېتىۋېلىش، ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش (ئىچكى جەھەتتە پاختا، ياغلىقدان، چارۋا مەھسۇلاتى، باشقا ئالاھىدە مەھسۇلاتلارغا بۆلۈنىدۇ)، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى پۇقرالار پۇل ئامانىتى، زايومنىڭ دېرىنى قايتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئۆسۈم بېرىش، پىرېۋوت پۇلنى چىقىم قىلىش، دېھقانچىلىققا قەرز بېرىش ۋە باشقىلار قاتارلىق توققۇز تۈردىن ئىبارەت بولدى.

1958 - يىل 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «پۇل ئوبوروتى خىزمىتى جەريانىدىكى قائىدە - تۈزۈملەرنى ياخشىلاش پىكرى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، ئورۇنلارنىڭ ئومۇمەن نەق پۇل پىلانى تۈزۈشنى تەلەپ قىلماسلىقنى، مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ پەقەت يىللىق پىلان تۈزۈشنى بەلگىلىدى.

1959 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «ئۇنىۋېرسال كرېدىت پىلانى، پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» نى تارقىتىپ، نەق پۇل پىلانىنى دۆلەت سىياسىتى، مالىيە تەدبىرى، بازار ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ، ئالاقىدار خەلق ئىگىلىكى پىلانىغا ئاساسەن تۈزۈپ چىقىشنى، يىللىق پىلانىنى ئالدىنقى يېرىم يىللىق، كېيىنكى يېرىم يىللىققا ئايرىپ تۈزۈشنى، 6 - ئاينىڭ ئاخىرىدا كېيىنكى يېرىم يىللىق پىلانىنى بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىشنى، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ ئاي، پەسىل، يىل بويىچە پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشى لازىملىقىنى تەلەپ قىلدى.

1959 - يىل 12 - ئاينىڭ 31 - كۈنى گوۋۇيۈەن خەلق باش بانكىسىنىڭ «نەق پۇل كاسسا پىلانى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقاتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن، 1960 - يىل 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «ئاپتونوم رايوندا نەق پۇل كاسسا پىلانى خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى دوكلات» نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ نەق پۇل پىلانىنى ئوخشاش دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە يوللىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ نەق پۇل پىلانى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە يوللىنىپ، ئاندىن جۇڭگو خەلق باش بانكىسىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا يوللاندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى جايلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى پەسىل، ئايلار بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا، خەلق كومىتېتىغا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىغا

يولغا قويۇلىدىغان بولدى.

1960 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى «نەق پۇل كاسسا پىلانىنى تۈزۈش چارىسى»نى تارقاتتى، بۇ 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى يىللىق، پەسىللىك پىلانىنى چۈشۈرگەندە، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نەق پۇلنى خەزىنىلەشتۈرۈش ياكى تارقىتىش پەرقلىق سوممىسى چۈشۈرىدىغان بولدى. پەسىللىك پىلان ئورۇندالمىسا ياكى ئەسلىدىكى ئەستىقلانغان پەرقلىق سوممىدىن ئېشىپ كەتسە، خەلق شۆبە بانكىسى زاپاس كۆرسەتكۈچ ئىچىدىن ھەل قىلدى (زاپاس كۆرسەتكۈچ پەسىل ئىچىدە ئىشلىتىش بىلەن چەكلىنىدۇ، كېيىنكى پەسىلدە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالغۇزۇشقا بولمايدۇ). نەق پۇل تارقىتىشتىكى پەرقلىق سومما زاپاس كۆرسەتكۈچتىن ئېشىپ كەتكەندە، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى بويىچە شۆبە بانكىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللاش لازىم. نەق پۇلنى خەزىنىلەشتۈرۈشنىڭ پەرقلىق سوممىسى پىلان كۆرسەتكۈچىدىن %10 تۆۋەن بولغاندا، شۇ جايدىكى خەلق كومىتېتىنىڭ تەستىقلاپ بېرىشىگە يوللاش لازىم؛ خەزىنىلەشتۈرۈشنىڭ پەرقلىق سوممىسى %10 تىن يۇقىرى ـ تۆۋەن بولغاندا، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تەرتىپى بويىچە شۆبە بانكىلار پەسىللىك نەق پۇل پىلان كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، ئايلىق نەق پۇل كىرىم ـ چىقىم پىلانىنى ئايلار بويىچە تۈزۈپ پۇل ئېلىشنى ئىلتىماس قىلىشى، شۇ ئاي كىرىشتىن بەش كۈن ئىلگىرى شۆبە بانكىنىڭ تەستىقلاپ ئىمزا قويۇشىغا يوللاپ، پەسىللىك پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش سۈرئىتىنى ئىگىلەشكە قولايلىق تۇغدۇرۇش لازىم. ئايلىق، پەسىللىك پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئاي توشۇپ بەش كۈندە، پەسىل توشۇپ ئون كۈندە ئوخشاش دەرىجىلىك پارتكوم، خەلق كومىتېتى ۋە شۆبە بانكىغا يوللاش لازىم. ھەر يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ ۋە 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنلىرىدىن ئىلگىرى شۇ رايوننىڭ پۇل ئوبوروت قىلىش ئەھۋالىنى بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەھلىل قىلىپ دوكلات يېزىش كېرەك.

1963 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «نەق پۇل كاسسا پىلانىنى باشقۇرۇشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» چىقاردى. ئۇنىڭدا پىلان تۈزۈشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق ئالتە تۈرلۈك بەلگىلەنگەن: (1) سودا تارماقلىرىنىڭ تاۋار سېتىش پىلانى ۋە يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش پىلانى؛ (2) قاتناش ـ ترانسپورت، مۇلازىمەت قاتارلىق تارماقلارنىڭ ئەمگەك مۇلازىمىتى، مۇلازىمەت كىرىمى پىلانى؛ (3) ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ئەمگەك ـ ئىش ھەققى پىلانى؛ (4) ھەر قايسى تارماقلارنىڭ گۇرۇھ بولۇپ سېتىۋېلىش كۈچى پىلانى؛ (5) مالىيە تارماقلىرىنىڭ خام چوت كىرىمى پىلانى؛ (6) بانكىنىڭ كرېدىت پىلانى، پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشنى تەكشۈرگەندە، تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ كىرىم ـ چىقىمىنى سېلىشتۇرغان پەرق سانىنى كەسپىي خەزىنىنىڭ كۆپەيگەن ياكى كېمەيگەن سانىغا قوشقان ياكى ئېلىۋەتكەندىن كېيىنكى سان ئۆلچەم قىلىنىدۇ. پىلانىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا، تارقىتىلغان پۇل پىلاندىن ئېشىپ كەتسە ياكى پۇلنى خەزىنىلەشتۈرۈشتە پىلان ئورۇندالماي قالسا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن پۇل قوشۇپ بېرىشكە بولىدۇ.

خەلق شۆبە بانكىسى 1965 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى«كرېدىت، نەق پۇل پىلانىنى باشقۇرۇشقا ئائىت بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى چىقاردى، ئۇنىڭدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: پەسىللىك پىلانىنى ھەر قايسى تارماق بانكىلار يىللىق پىلان ئىچىدە ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۆبە بانكىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگە ئالدۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى تەكشۈرۈش زۆرۈر دەپ ھېسابلىغاندا تەڭشەشنى تەكلىپ قىلىدۇ. پەسىللىك پىلانىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا تارقىتىلىدىغان پۇل پىلاندىن ئېشىپ كەتسە ياكى خەزىنىلەشتۈرۈش پىلانى ئورۇندالمىسا، ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش، شۆبە بانكىغا مەلۇم قىلىپ، ئەنگە ئالدۇرۇش لازىم. ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى ۋە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ پىلانىنى يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىسى تۈزىدۇ ۋە پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەكشۈرىدۇ.

1966 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلغىچە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە نەق پۇل پىلانىنى باشقۇرۇش ئىسمى بار، جىسمى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالدى.

1973 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ئىدارىسى (بانكا مالىيە ئىدارىسىگە قوشۇۋېتىلگەن) «كرېدىت پىلانى ۋە نەق پۇل باشقۇرۇش چارىسى» نى تارقىتىپ، مەركەز بىر تۇتاش پىلانلاش، مەركەز ۋە ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش چارىسىنى يولغا قويدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاست (شەھەر) لىق بانكىلار پەقەت يىللىق پىلان تۈزۈپ مەلۇم قىلىدىغان، پەسىل بويىچە تەكشۈرىدىغان، ئەگەر ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن پىلاندا پەرق چوڭ بولسا، ئۆز ۋاقتىدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ ئەنگەئالدۇرىدىغان بولدى.

1976 ـ يىلى 10 ـ ئايدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاخىرلىشىپ، قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشىلىشقا، پۇل مۇئامىلە خىزمىتى تەرتىپكە چۈشۈشكە باشلىدى.

1977 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى گوۋۇيۈەن «نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا قارار» نى ئېلان قىلىپ، نەق پۇل كىرىم ـ چىقىمى كۆپرەك بولغان ئورۇنلاردىن نەق پۇل كىرىم ـ چىقىم پىلانى تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنى ھېساب ئاچقان بانكا كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، شۇ يەردىكى ھۆكۈمەتكە تەستىقلىتىپ، ئاندىن ئىجرا قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شىنجاڭدا شۇ بويىچە ئىجرا قىلىندى.

1978 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسىنىڭ «نەق پۇل باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش چارىسى» (سىناق لايىھىسى) ئىجرا قىلىنىپ، پەسىل، ئايلار بويىچە نەق پۇل كىرىم ـ چىقىم پىلانىنى تۈزۈش تەلەپ قىلىندى. چىقىم پىلاندىن ئېشىپ كەتكەندە، تەستىقلاتقاندىن كېيىن ئاندىن چىقىم قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. بىر شەھەر ياكى بىر ناھىيە دائىرىسى ئىچىدىكى پىلان تۈزگەن ئورۇننىڭ نەق پۇل كىرىم ـ چىقىمى پەيدىنپەي ئومۇمىي كىرىم ياكى ئومۇمىي چىقىمنىڭ 70 پىرسەنتى ئەتراپىنى ئىگىلىشى لازىم دەپ كۆرسىتىلدى.

1980 ـ يىلى خەلق، يېزا ئىگىلىك باش بانكىلىرىنىڭ «خەلق، يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ نەق پۇل پىلانىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» غا ئاساسەن، ناھىيىلەرنىڭ نەق پۇل پىلانىنى تۈزۈشكە ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشقا خەلق بانكىسى مەسئۇل بولدى.

1981 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى يېزا نەق پۇل كىرىم ـ چىقىم پىلانىنى تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئۇقتۇرۇشتا پىلان تەڭ دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە خەلق بانكىسىغا مەلۇم قىلىنىپ، پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئايمۇ ـ ئاي تەكشۈرۈپ تۇرۇش تەلەپ قىلىندى.

1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا خەلق باش بانكىسى «خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈشكە ئائىت بىر قانچە كونكرېت مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» نى تارقاتتى. بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، نەق پۇل پىلانىنى باشقۇرۇشتا ساھەلەر بىلەن تارماقلار بىرلەشتۈرۈلدى. يىللىق نەق پۇل پىلانىنى كەسپىي بانكىلارنىڭ ھەر قايسى شۆبە بانكىلىرى تۈزدى. خەلق شۆبە بانكىسى ئومۇملاشتۇرۇپ تەڭپۇڭلاشتۇرۇپ، خەلق باش بانكىسىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللايدۇ، خەلق باش بانكىسى خەلق شۆبە بانكىسى ۋە كەسپىي بانكىلار شۆبە بانكىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ نەق پۇل پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەملىشىدۇ. نەق پۇل پىلانىنىڭ مەزمۇنى ۋە تۈرلىرى مۇنۇلار:

كىرىم تۈرى: تاۋار سېتىش، مۇلازىمەت كەسپى، باج پۇلى قاتارلىق تەرەپلەردىن كىرگەن كىرىملەر.

چىقىم تۈرى: دۆلەت ئىش ھەققى، دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ مۇكاپات پۇلىغا شۇنىڭدەك شەخسلەرگە ۋە باشقىلارغا، قىسمىلارنىڭ ئامانەت پۇلىغا، شەھەرلەردىكى كوللېكتىپ ئورۇنلارنىڭ ئىش ھەققى خاراكتېرلىك چىقىملىرىغا يېزىلىكلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، سانائەت،

كان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، كارخانىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى قاتارلىقلارغا قىلىنىدىغان چىقىملاردىن ئىبارەت.

كىرىم - چىقىمغا ئورتاق بولغان تۈرلەر مۇنۇلار: يېزىلاردىكى ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېزا - بازار كارخانا، كەسپىي ئورۇنلىرىنىڭ كىرىم - چىقىمى (تاۋار سېتىۋېلىش كىرىمى، مۇلازىمەت ئىشلىرى كىرىمى، ئىش ھەققى خاراكتېرلىك چىقىم، سېتىۋېلىش چىقىمى) ، شەھەر - يېزىلاردىكى يەككە تىجارەتچىلەر، پۇقرالار پۇل ئامانىتى، پېرېۋوت ۋە باشقا كىرىم - چىقىملار.

## 2. تارقىتىش فوندىنى يۆتكەش - بۇيرۇش

1950 - يىلدىن 1954 - يىلىنىڭ دەسلەپكى يېرىمىغىچە تارقىتىش فوندىنى باشقۇرۇشتا نەق پۇل ئارقىلىق راسچوت قىلىنىدىغان «پېرېۋوت پەرقى بويىچە خەزىنىدىن چىقىرىش ۋە خەزىنىگە كىرگۈزۈش تۈزۈمى» يولغا قويۇلدى. 1953 - يىلى دۆلەت پىلانلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەزگىلىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، بۇ خىل تۈزۈمنىڭ ئورنىنى پىلان بويىچە يۆتكەش، بۇيرۇش تۈزۈمى ئىگىلىدى. پۇل تارقىتىش ھوقۇقىنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك بانكىلار تارقىتىش خەزىنىسىنىڭ فوندىنى باش بانكا تەستىقلاپ تارقاتقان خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىدا بەلگىلەنگەن سومما چەكلىمىسى ئىچىدە، تىزگىنلەپ چىقىم قىلدى. ھەر قانداق ئادەمنىڭ خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىدىكى چەكلىمىگە قارىماي ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق پۇلنى خەزىنىدىن چىقىرىشىغا يول قويۇلمىدى ئەكسىچە بولغاندا ئىنتىزام جازاسى بېرىش قارار قىلىندى. خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىدا بەلگىلەنگەن سومما چەكلىمىسى ئىچىدىكى پۇل تۆۋەندىكىدەك تەرتىپتە تەستىقلاندى: شۆبە بانكا، مەركىزىي تارماق بانكا يۇقىرى دەرىجىلىك بانكا تەستىقلىغان يىللىق، پەسىللىك نەق پۇل پىلانىغا ئاساسەن، ئالماقچى بولغان پۇل سوممىسى ھەققىدە، ئايلىق نەق پۇل پىلانى مەلۇماتىنى تۈزۈپ، ئاينىڭ ئاخىرقى بەش كۈنىدە يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىغا تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەخمىنىي ھېساب ۋە ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى قوشۇپ يازما مەلۇمات قىلىدۇ. خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسى تەستىقلىغان خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىدىكى چەكلىمە سانىغا ئاساسەن، قايتا تەقسىم قىلىپ جايلاردىكى خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي تارماق بانكىلىرىغا چۈشۈرۈپ بېرىدۇ. خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىدىكى چەكلىمە شۇ ئايدا كۈچكە ئىگە بولىدۇ؛ ئاي ئاخىرىدا ئېشىپ قالغىنى بولسا، ئۆزلۈكىدىن ئىناۋەتسىز بولىدۇ.

تارقىتىش فوندىنى پىلان بويىچە يۆتكەش، بۇيرۇش تۈزۈمى مەملىكەت بويىچە 1954 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى. شىنجاڭ ئوبيېكتىپ شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن، 7 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىدا ئالدىن ئىجرا قىلىندى. 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاندىن شىنجاڭ بويىچە ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى.

خەلق بانكىسى باش بانكىنىڭ تەستىقىغا ئاساسەن، 1958 - يىلدىن كېيىن خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدى. يەنى ئاپتونوم رايون بويىچە خەزىنىدىن چىقىرىلىدىغان سان ئوخشاش مەزگىلدىكى باش بانكىنىڭ بۇيرۇقىدىكى چەكلىمىدىن ئاشۇرۇۋېتىلمىدى؛ پۇل ئېلىشنى دەرىجىمۇ دەرىجە ئىلتىماس قىلىش، بۇيرۇقنى دەرىجىمۇ دەرىجە ئىمزا قويۇش رەسمىيىتى ئاددىيلاشتۇرۇلدى. 1958 - يىل 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى «خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىنى ھۆددىگە ئېلىش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇنىڭدا: ئىلى شۆبە بانكا، قەشقەر، قۇمۇل، ئاقسۇ، سانجى مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ خەزىنىدىن چىقىرىش بۇيرۇقىدا

سومما چەكلىمىسى يەتمىسە ئوخشاش مەزگىلدىكى ئايلىق ئومۇمىي ئېلىنىدىغان سوممىنىڭ 20 پىرسەنتى بويىچە خەزىنىدىن ئاشۇرۇپ چىقىرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى چەكلىمە سانى بەلگىلەشكە؛ تاربااغاتاي مەركىزىي تارماق بانكا، قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭكىنى %15، بايىنغولىن، كورلا مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭكىنى %30، قىزىلسۇ، بورتالا مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭكىنى %40 بويىچە بەلگىلەشكە بولىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

خەزىنىدىن چىقىرىش بۆيرۇق سومما چەكلىمىسىدىن ئاشۇرۇش دائىرىسى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، سېتىۋېلىش، ئىش ھەققى تارقىتىشتا ئىشلىتىلىدىغان پۇللار بىلەنلا چەكلىنىدۇ ھەمدە شۇ يەردىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. بىراق، خەزىنىدىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، دەرھال تېلېگراممىدا ئارقىلىق شۆبە بانكىغا مەلۇم قىلىپ، ئۇستىلەپ كۆپەيتىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش لازىم.

مەركىزىي تارماق بانكىلارنىڭ قارىمىقىدىكى تارماق بانكىلارنىڭ خەزىنىدىن ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش سومما چەكلىمىسىنى ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكىلار يۇقىرىقى بەلگىلىمىنىڭ دائىرىسى بويىچە ئايرىم ئورۇنلاشتۇرىدۇ. ئەمما ئايرىم چەكلىمە بەلگىلىمەيدۇ، سىناق تەرتىپىدە يولغا قويۇش جەريانىدا، تارماق بانكىنىڭ جىددىي ئېھتىياج تۈپەيلىدىن نەق پۇل ئىشلىتىشكە توغرا كەلسە، شۇ يەردىكى پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈپ دەرھال خەزىنىدىن چىقىرىشى، ئاندىن يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىغا تېلېگراممىدا ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ، كۆپەيتىپ بېرىش رەسمىيىتىنى تولۇقلىشى لازىم.

«خەزىنىدىن چىقىرىش بۆيرۇقىنى ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى» ئەمەلىيەتتە پىلان بويىچە يۆتكەش پىرىنسىپىغا زىت كېلىدۇ. شۇڭا، خەلق شۆبە بانكىسى 1960 - يىل 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى «نەق پۇل كاسسا پىلانىنى تۈزۈش چارىسى» نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭدا ھەر دەرىجىلىك تارماق بانكىلار پەسىللىك نەق پۇل پىلان كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، ھەر ئايدا ئايلىق نەق پۇل پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ ئالىدىغان سوممىنى ئىلتىماس قىلىدۇ، ئىلگىرىدىكى ئايمۇ - ئاي ئېلىش، ئايمۇ - ئاي خەزىنىدىن چىقىرىش بۆيرۇق سومما چەكلىمىسى تارقىتىش تۈزۈمى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ دەپ بەلگىلەندى.

مالىيە مىنىستىرلىكى 1970 - يىل 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «بىر نەچچە تۈرلۈك تارقىتىش، كاسسا تۈزۈمىنى ئاددىيلاشتۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، يولغا قويۇلۇۋاتقان ئايلار بويىچە تارقىتىش فوندى ئۈچۈن خەزىنىدىن چىقىرىش بۆيرۇقى تەلەپ قىلىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇردى. خەلق باش بانكىسى جايلارنىڭ ئىلگىرىكى ھەر ئايلىق ئەمەلىي خەزىنىدىن چىقىرىش سانىدىن پايدىلىنىپ، بىر ئايلىق خەزىنىدىن چىقىرىش بۆيرۇقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سومما چەكلىمىسىنى بەلگىلىدى. جايلاردىكى شۆبە بانكىلار مۇشۇ چەكلىمە دائىرىسىدە ھەر ئايدا ئايلاندۇرۇپ ئىشلەتسە، ئىلتىماس قىلىش رەسمىيىتىنى قايتا بېجىرمىسىمۇ بولىدىغان بولدى، ئەگەر پەۋقۇلئاددە ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ چوقۇم ئەڭ يۇقىرى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىشكە توغرا كەلسە، ئاندىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنغا ئىلتىماس سۇنىدۇ.

1972 - يىل 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى خەلق باش بانكىسى «خەلق بانكىسىنىڭ تارقىتىش خەزىنىسى تۈزۈمى» نى ئېلان قىلىپ، تارقىتىش فوندى ئۈچۈن خەزىنىدىن چىقىرىش بۆيرۇقى تەلەپ قىلىش رەسمىيىتىنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇردى. خەزىنىدىن چىقىرىش سومما چەكلىمىسى يۇقىرى دەرىجىلىك خەزىنە تەرىپىدىن ھەر يىلدا بىر قېتىم بېكىتىلدى، خەزىنىدىن چىقىرىش چەكلىمىسى ھەر ئايدا ئايلاندۇرۇپ ئىشلىتىلدى، ئاي ئاخىرىدا ئۈزلۈكىدىن ئەمەلدىن قالدى. خەزىنىدىن چىقىرىش چەكلىمىسى يەتمىگەندە، ئالدى بىلەن يۇقىرىدىن پىلانىنى كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، كۆپەيتىپ بېرىلگەن چەكلىمە شۇ ئايدا كۈچكە ئىگە بولىدۇ، ئاي ئاتلاپ كەتسە ئىناۋەتسىز قىلىنىدۇ. شۆبە خەزىنىلەر ھەر يىلنىڭ 11 - ئېيىدا شۇ يىلدىكى خەزىنىدىن چىقىرىش سومما چەكلىمىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، كېيىنكى يىلى خەزىنىدىن چىقىرىش سومما چەكلىمىسىنى تەخمىنەن ھېسابلاپ باش خەزىنىگە مەلۇم قىلىدۇ. باش خەزىنە 12 - ئايدا تەستىقلاپ چۈشۈرىدۇ.

خەلق بانكىسى 1984 - يىلى مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزگەندىن كېيىن، تارقىتىش فوندىنى چەكلىمە قىلىش ۋە پۇل تارقىتىش پەرقلىق سوممىسىنى تىزگىنلەشنى زور دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىپ، نەق پۇلنىڭ تارقىتىلىشى بىلەن نەق پۇل پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنى تېخىمۇ زىچ بىرلەشتۈردى. شۇ يىلى خەلق باش بانكىسى «نەق پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى تارقاتتى. 1985 - يىلدىن باشلاپ ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار خەلق بانكىسىنىڭ تارقىتىش خەزىنىسىدىن نەق پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىنى ۋە ئايلىق ئەڭ يۇقىرى تارقىتىش سوممىسى پىلانىنى تۈزۈپ چىقىدىغان بولدى. تارقىتىش خەزىنىسى كەسپىي بانكىلار يوللىغان نەق پۇل كىرىم - چىقىم پىلانىغا ئاساسەن، ئاي ئاخىرىدا تارقىتىلغان ياكى خەزىنىلەشتۈرۈلگەن سانىنى ۋە ئاي ئىچىدە تارقىتىلغان ئەڭ يۇقىرى پەرقلىق سانىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار شۇ جايدىكى خەلق بانكىسىدا ئاچقان ھېساباتىكى ئامانەت پۇل قالدۇقى دائىرىسىدە خەزىنىدىن چىقىرىشنى بېجىرىدۇ، خەلق بانكىسى تارقىتىلغان ياكى خەزىنىلەشتۈرۈلگەن پەرقلىق سانىنى ئاي ئاخىرىدا تەكشۈرىدۇ.

## § 3 . پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكىسى

### 1. خەلق، سودا سانائەت، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتى

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1951 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ستاتىستىكا دوكلاتى تۈزۈمى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا بەلگىلەنگەن ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى 22 خىل. خەلق شۆبە بانكىسى 1951 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ راسچوت مۇئامىلىسىنىڭ ئايلىق مەلۇماتى، ئامانەت پۇل ئايلىق مەلۇماتى، قەرز پۇل ئايلىق مەلۇماتى، ئالتۇن - كۈمۈش كىرىم - چىقىمى ۋە ئەمەلىي قالدۇق ئايلىق مەلۇماتى، ئاپپارات خادىملىرىنىڭ ئايلىق مەلۇماتى ھەمدە 1 -، 2 -، 3 -، 4 - ئايلىق مەلۇمات جەدۋەللىرىنى تولۇقلاپ مەلۇم قىلدى.

خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى 1952 - يىل 9 - ئايدا پىلان يىغىنى ئېچىپ، ستاتىستىكىنى پىلان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش نۇقتىئىنەزىرىنى ئايدىڭلاشتۇردى.

1953 - يىلى خەلق باش بانكىسى ئېلان قىلغان ستاتىسكا مەلۇمات جەدۋىلى مۇنداق چوڭ ئىككى قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالدى: بىر خىلى، بوغالتىرىيە خاراكتېرلىك ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى، ئۇنى بوغالتىرىيە تارماقلىرى مەسئۇل بولۇپ تۈزىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، كەسىپ ۋە پىلان خاراكتېرلىك ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى، ئۇنى پىلان ۋە كەسپىي تارماقلار مەسئۇل بولۇپ تۈزىدۇ.

خەلق باش بانكىسى 1954 - يىلى نەق پۇل كاسسا پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا جەدۋىلىنى ئېلان قىلدى، ئۇنى ھەر قايسى تارماق بانكىلار (تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ سان سېفىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ، تىجارەت بۆلۈمى، ئىش بېجىرىش ئورنى تۈزۈپ شۆبە بانكىغا مەلۇم قىلىدۇ، ئۆلكىلىك، شەھەرلىك شۆبە بانكىلار ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىغا مەلۇم قىلىدۇ.

خەلق شۆبە بانكىسى 1955 - يىلى ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى تەھلىل، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە باشلىدى. 1956 - يىلغا كەلگەندە تۈرلەر بويىچە ۋىلايەتلەرگە ئايرىلغان ۋە ۋىلايەتلەر بويىچە

تۈرلەرگە ئايرىلغان تەھلىلىي ستاتىستىكا جەدۋىلى ۋە ئاساسلىق تۈرلەرنىڭ ئىشىش ستاتىستىكا جەدۋىلى دەسلەپكى قەدەمدە بارلىققا كەلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەھەر بانكىلىرى ۋە يېزا بانكىلىرىنىڭ ھەر يۈرۈش ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى رەتلەپ چىقىلدى. يۇقىرىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسەن يەنە دەسلەپكى قەدەمدە بەزى ستاتىستىكا ئىسخىمىلىرى ئىشلەپچىقىلدى. ئىلگىرىكىدەك تارىخىي ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى كەم بولۇش تۈپەيلىدىن پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىشىدا ئېغىش كۆرۈلگەنلىكىنى سەزگەن تەقدىردىمۇ تەكلىپ بېرەلمەيدىغان ۋەزىيەت ئۆزگەرتىلدى.

خەلق باش بانكىسى 1956 - يىلى «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، ئورگانلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، كوپېراتىپلار ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قولىدىكى نەق پۇلنى جەمئىيلەش جەدۋىلى»، «دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار، ئورگانلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، كوپېراتىپلار ۋە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ قولىدا بار نەق پۇلنىڭ پەسىللىك مەلۇمات جەدۋىلى»، «دېھقانچىلىق (جۈملىدىن ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق) ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپلىرىنىڭ نەق پۇل قالدۇقىنى تەكشۈرۈپ ستاتىستىكىلاش جەدۋىلى»نى تۈزۈپ تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى بۇلارنى 1956 - يىل 3 - پەسىلدىن باشلاپ ئىجرا قىلدى.

شۇ يىلى، يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتىپلاشتۇرۇش ۋە خۇسۇسىي سودا سانائەت ھەم قول سانائىتىگە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش دولقۇنى يېتىپ كېلىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەركىب تېز سۈرئەتتە راۋاجلانغان، يېزىلاردىكى سوتسىيالىستىك سودا تورلىرى تېز سۈرئەتتە كېڭەيگەنلىكتىن، پۇل ئوبوروتى مىقدارى بىلەن قانۇنىيىتى ئۈستىدە مۇناسىپ ئۆزگىرىش بولغانلىقى ئەكس ئەتتى. شۇڭا، خەلق شۆبە بانكىسى «1956 - يىلى نەق پۇل پىلانى ۋە ستاتىستىكا خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا يوليورۇق» چىقىرىپ، مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: (1) ئۇنىۋېرسال نەق پۇل پىلانىنى تۈزمىگەن ھەر قايسى تارماق بانكىلار 1956- يىل 2 - پەسىلدىن باشلاپ تۈزۈشى كېرەك. (2) شىنجاڭ بويىچە شەرت - شارائىتى بىر قەدەر ياخشى بولغان 25 تىجارەت ئورنىنى تاللاپ، ئۇنىۋېرسال نەق پۇل پىلانىنى سىناق تەرىقىسىدە تۈزۈپ چىقىش لازىم. (3) تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ پىلانى ۋە پىلاننىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا تۆۋەندىكى تۈرلەر بويىچە تۈزۈلۈشى ۋە ستاتىستىكىلىنىشى لازىم. كىرىم تۈرى؛ تاۋارلارنى پارچە سېتىش كىرىمى، تاۋارلارنى توپ تارقىتىش كىرىمى، دېھقانچىلىق بېجى كىرىمى، تۈرلۈك سېلىق - باج كىرىمى، زايوم تارقىتىش كىرىمى، پۇقرالار ئامانىتى كىرىمى، پېرېۋوت پۇل كىرىمى، دېھقانچىلىققا بېرىلگەن قەرزنى يىغىۋېلىش، باشقا كىرىمدىن ئىبارەت توققۇز تۈر؛ چىقىم تۈرى: ئىش ھەققى چىقىمى، ئاشلىق سېتىۋېلىش چىقىمى، ئىقتىسادىي زىرائەتلەر يەرلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش چىقىمى (ئىچكى جەھەتتە پاختا، ياغلىقدان، چارۋا مەھسۇلاتى، باشقا يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتقا بۆلۈنىدۇ)، مەمۇرىي باشقۇرۇش خىراجىتى چىقىمى، پۇقرالار ئامانىتى چىقىمى، زايومنىڭ دىرىنى قايتۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئۆسۈم بېرىش چىقىمى، پېرېۋوت پۇلنى چىقىم قىلىپ بېرىش، دېھقانچىلىققا قەرز بېرىش چىقىمى، باشقا چىقىمدىن ئىبارەت توققۇز تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خەلق باش بانكىسى 1960 - يىل 2 - ئايدا «نەق پۇل كاسسا پىلانىنى تۈزۈش چارىسى»نى ئېلان قىلدى. 5- ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى بۇ چارىنى پۈتۈن شىنجاڭغا تارقىتىپ، ئۇنى تۈزگەن چاغدا تۆۋەندىكى پرىنسىپلارغا رىئايە قىلىشنى تەلەپ قىلدى: (1) ستاتىستىكا تۈرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكى پىلان تۈرى بىلەن ئوخشاش بولۇش؛ (2) شەھەر ۋە يېزىلار بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىككى گرافىلىق ستاتىستىكىلاش؛ (3) پەقەت سىرتقا قارىتىلغان كىرىم - چىقىم ۋە تەڭپۇڭلاشتۇرۇش تۈرىدىكى نەق پۇل سانىنى ستاتىستىكىلاش، بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى نەق پۇل مۇئامىلىسى، ھېسابتىن كۆچۈرۈۋېتىلگەن پۇل، بانكىلار ئارا يۆتكەلگەن نەق پۇل ۋە كونا، زەخمىلەنگەن پۇلنى تېگىشىشكە چىقىم قىلىنغان نەق پۇل سانىنى ستاتىستىكىغا كىرگۈزمەسلىك؛ (4) سىرتقا

قارىتىلغان نەق پۇل كىرىم - چىقىم پەرقلىق سوممىسىنى تارقىتىش فوندىنى تارقىتىش، خەزىنىلەشتۈرۈش پەرقلىق سوممىسى (جۈملىدىن كەسپىي خەزىنە قالدۇقىنىڭ ئېشىش - كېمىيىش سانى ۋە ئىچكى قىسمىدىكى نەق پۇل كىرىم - چىقىم پەرقلىق سوممىسى) بىلەن بىردەك قىلىش.

1964 - يىلىنىڭ بېشىدا يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋىلى 16 خىل بولدى.

5 - ئايدا يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى «جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىنى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى (لايىھە)» نى ئېلان قىلدى. بىراق، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئاپپاراتلىرى تېخى مۇكەممەل بولمىغانلىقتىن، مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش تۈرىنى تېلېگرامما ئارقىلىق ئون كۈنلۈك، ئايلىق مەلۇم قىلىش جەدۋىلى ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ تۈرلەرنى تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىشنى يەنىلا خەلق بانكىسى سىستېمىسى مەسئۇل بولۇپ يۇقىرىغا يوللىدى.

5 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى مەركەزنىڭ مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ئىخچاملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يوليورۇقىغا ئاساسەن، يولغا قويۇلۇۋاتقان ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ئىخچاملىدى. ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماقلاردىن ئالغىلى بولىدىغان سان - سىفىرلار تۆۋەندىكى بانكىلاردىن سورالمايدىغان بولدى؛ ئۇقتىملىق ستاتىستىكا، تىپىك تەكشۈرۈش ياكى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولسىلا، قەرەللىك مەلۇمات جەدۋىلى ئورۇنلاشتۇرۇلمىدى؛ يازما دوكلاتتىن چۈشەنگىلى بولىدىغان ئەھۋال توغرىسىدا قايتا مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈلمەيدىغان بولدى؛ تەكرار ستاتىستىكا، تۈرلىرى كۆپ بولغان ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋەللىرى مۇۋاپىق ئازايتىلدى ياكى بىرلەشتۈرۈلدى.

شۇ يىلى 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 1964 - يىللىق ستاتىستىكا تۈزۈمىدىكى يېزا پۇل مۇئامىلە كەسپىگە ئائىت ئىككى خىل ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى (قىسقا مۇددەتلىك يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى، نامرات ئەترەتلەرگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى) يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ رەسمىي مەلۇمەت جەدۋىلى قاتارىغا كىرگۈزدى ھەمدە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ ستاتىستىكا تۈزۈمىدىكى «ئۇزۇن مۇددەتلىك يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى ۋە گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى» نى «ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى ۋە ئاپەت بولغان رايونلارنىڭ ئوزۇقلۇق ئاشلىق قەرز پۇلىنىڭ ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى» گە ئۆزگەرتىپ، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى تۈزىدىغان مەلۇمات جەدۋىلى قىلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى، مالىيە نازارىتى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «يېزىلاردىكى قۇتقۇزۇش خىراجىتىنى چىقىم قىلىش، ئىشلىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى» نى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى.

1965 - يىل 10 - ئايدا يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەسلىدىكى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى كەسىپلەرنى ستاتىستىكىلاش خىزمىتىنى خەلق بانكىسى ئادا قىلىدىغان بولدى.

خەلق شۆبە بانكىسى 1968 - يىلى كرېدىت تۈرى تېلېگرامما ئايلىق مەلۇماتنىڭ قوشۇمچە تۈرلىرىنى ئاددىيلاشتۇردى. ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش تارماقلىرى قەرز پۇلى تۈرىدىكى يەرلىك ماددىي ئەشيا ئىدارىلىرى قەرز پۇلى ۋە تەمىنات - سودا كوپېراتىپى قەرز پۇلى تۈرىدىكى 1 -، 2 - خىلدىكى يېزا ئىگىلىك، قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش قەرز پۇلىنى ستاتىستىكىلاپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش توختىتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەلق باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈرلەرنى تېلېگرامما ئارقىلىق يوللاش چارىسى مۇنداق بەلگىلەندى: (1) مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش

تۈرىنى تېلېگراممىا ئارقىلىق ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىش. 8 ـ ئايدىن باشلاپ «نەق پۇل» تۈرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئون كۈندە بىر قېتىم، ئەسلىدىكى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش تەرتىپى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلغانلىق سىرتىدا، باشقا تۈرلەرنى مەلۇم قىلىش توختىتىلدى. (2) نەق پۇل پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئون كۈنلۈك مەلۇم قىلىش. 8 ـ ئايدىن باشلاپ بۇنداق قىلىش توختىتىلىپ، پۈتۈن ئايلىق سان ـ سىفىرلار ئايلار بويىچە ئومۇملاشتۇرۇپ مەلۇم قىلىنىدىغان بولدى.

1969 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى يولغا قويۇلۇۋاتقان ستاتىستىكا تۈزۈمىنى يەنىمۇ ئاددىيلاشتۇردى: (1) مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش تۈرىدىن تېلېگراممىا ئارقىلىق ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. (2) مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى ۋە ئىشلىتىلىش تۈرىدىن تېلېگراممىا ئارقىلىق ئايلىق مەلۇمات بېرىش، نەق پۇل پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىدىن ئايلىق مەلۇمات بېرىش ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپى تۈرلىرىدىن ئايلىق مەلۇمات بېرىش تۈرلەر جەھەتتە بىر ئاز ئىخچاملاندى.

1970 ـ يىلدىن 1973 ـ يىلغىچە بانكا مالىيىگە قوشۇۋېتىلىپ، پەقەت «كىرىدىت كىرىم ـ چىقىمى» ۋە «نەق پۇل كىرىم ـ چىقىمى» دىن ئىبارەت ئىككى تۈر تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلىندى. 1973 ـ يىلى 6 ـ ئايدا بانكا ئايرىم تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، بانكىنىڭ ستاتىستىكا تۈزۈمى يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە تۈزىتىلدى.

1975 ـ يىل 7 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى جۇڭگو خەلق باش بانكىنىڭ قارارىنى ئىجرا قىلىپ، ئاينىڭ بېشىدىكى ئون كۈنلۈك، ئوتتۇرىدىكى ئون كۈنلۈك كرېدىت تۈردىن تېلېگراممىا ئارقىلىق ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىشنى يولغا قويدى.

شۇ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى يەرلىككە ئۆتكۈزۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئەسلىدىكى بىڭتۇەننىڭ ھەر دەرىجىلىك بانكا ئاپپاراتلىرىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىلدى. ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، خەلق شۆبە بانكىسى مۇنۇلارنى قارار قىلدى: (1) ئەسلىدىكى بىڭتۇەننىڭ تارماق بانكا دەرىجىلىك ئاپپاراتلىرىدىن شۇ يەردىكى مەركىزىي تارماق بانكا ياكى ناھىيىلىك تارماق بانكىغا قوشۇۋېتىلگەنلىرىنىڭ تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلىدىغان تۈرلىرىنى شۆبە بانكىغا قوشۇپ، بىرلىكتە ستاتىستىكىلاپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش، (2) ئەسلىدىكى بىڭتۇەننىڭ تارماق بانكا دەرىجىلىك ئاپپاراتلىرىدىن يەرلىك تارماق بانكىغا قوشۇۋېتىلمەي، پەقەت ناملا ئۆزگەرتىلگەنلىرىنىڭ تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلىدىغان تۈرلىرىنى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە مەركىزىي تارماق بانكىغا مەلۇم قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش، (3) ئىلگىرى تۇەن ـ مەيدانلاردا تەسىس قىلىنغان تىجارەت ئورۇنلىرىغا بىردەك تەگمەي، ئۇنىڭ تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلىدىغان تۈرلىرى ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى تەۋەلىك مۇناسىۋىتى بويىچە يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش، يەنى قايسى ناھىيە، شەھەرنىڭ رەھبەرلىكىگە ئايرىپ بېرىلگەن بولسا، شۇ ناھىيە، شەھەرلىك تارماق بانكىغا مەلۇم قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش، ئەسلىدىكى بىڭتۇەننىڭ تارماق بانكىلىرىغا قاراشلىق ناھىيە ئاتلىغان تىجارەت ئورۇنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، تاپشۇرۇۋالغان ئىككى تارماق بانكا ئۆتكۈزۈۋېلىنغان تىجارەت ئورنىغا بىرلىكتە ئۇقتۇرۇش قىلىپ، تىجارەت ئورنىنىڭ ئۆتكۈزۈۋالغان تارماق بانكىغا يوللىنىدىغان تۈرلەرنى تېلېگراممىا ئارقىلىق ـ مەلۇم قىلىش ۋاقتى ۋە چارىسىنى كونكرېت بەلگىلەش.

خەلق شۆبە بانكىسى 1977 ـ يىل 1 ـ ئايدا كرېدىت تۈرلىرىدىن تېلېگراممىا ئارقىلىق ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بىر قىسىم ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ جەدۋەلگە تولدۇرغان نەق پۇل تۈرلىرىنى تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلىشنى يولغا قويدى. ئامانەت ـ قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ نەق پۇل كىرىم ـ چىقىم ستاتىستىكىسى گەرچە 1976 ـ يىلدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن يولغا قويغان

ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى پەقەت %10 ئەتراپىدىلا بولغاچقا، ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىش مۇئەييەن چەكلىمىگە ئۇچرىدى. يېزىلاردىكى پۇلنىڭ ئوبوروت قىلىنىش ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەھلىل قىلىش، تەتقىق قىلىشنى ئاساس بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، خەلق شۆبە بانكىسى 1979 - يىلدىن باشلاپ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ نەق پۇل كىرىم - چىقىملىرىنى ستاتىستىكىلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىشنى قارار قىلدى. 1979 - يىلى خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى خەلق، يېزا ئىگىلىك، جۇڭگو باش بانكىسىنىڭ «ستاتىستىكا خىزمىتى توغرىسىدىكى ئالاقىدار بەلگىلىمە» سىنى بىرلىكتە كۆچۈرۈپ تارقاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «بەلگىلىمە» نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە تارقاتتى. بۇ بەلگىلىمە 1980 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى.

1980 - يىلى بانكىلارنىڭ «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئامانەت پۇل بىلەن قەرز پۇلنى بىر - بىرىگە باغلاش، پەرقلىق سوممىنى تىزگىنلەش» تىن ئىبارەت مەبلەغ باشقۇرۇش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشقا ئەگىشىپ، ستاتىستىكا خىزمىتى مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىلدى. پىلانلىق باشقۇرۇش، پەرقلىق سوممىنى تىزگىنلەش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۈرلەرنى تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىشتا «سودا ئورۇنلىرى باشقۇرغان سانائەتنىڭ ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە مەخسۇس قەرز پۇلى» ۋە «يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ ئوتتۇرا، قىسقا مۇددەتلىك ئۈسكۈنە مەخسۇس قەرز پۇلى» نىڭ ستاتىستىكا تۈرى كۆپەيتىلدى.

خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنى بىرلىكتە خەلق، يېزا ئىگىلىك باش بانكىلىرىنىڭ «خەلق، يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ نەق پۇل پىلانىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ناھىيىلىك تارماق بانكىلىرى ۋە تىجارەت ئورۇنلىرى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ نەق پۇل كىرىم - چىقىم تۈرى ستاتىستىكىسىنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارماق بانكىلىرىغا يوللىنىدىغان تۈرلەرنى تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلغاندا بەزى جانلىق ئەھۋاللارنى، بولۇپمۇ چوڭ - چوڭ ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشلەرنى تۈرلەر بىلەن بىرلىكتە تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلىپ خەلق بانكىسىنى تەمىنلىشىنى تەلەپ قىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 7 - ئايدا يەنە بىرلىكتە «ئاپتونوم رايون بىلەن ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى جايلار ئوتتۇرىسىدىكى مەبلەغ مۇئامىلىسى ئەھۋالىنى ستاتىستىكىلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقىتىپ، ئاپتونوم رايون بىلەن ئاپتونوم رايون سىرتىدىكى جايلار ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلگەن بارلىق مەبلەغ مۇئامىلىسىنى پۈتۈنلەي ستاتىستىكا مەزمۇنىغا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. 9 - ئايدا، ئىخچاملاش، ئۆيغۇنلىشىش پرىنسىپىغا ئاساسەن، يولغا قويۇلۇۋاتقان ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى رەتلەندى ۋە تەرتىپكە سېلىندى، رەتلەش ئارقىلىق خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى ۋە سۇغۇرتا شىركىتى ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى (بوغالتىرىيە، كاسسىرلىق مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) دىن جەمئىي 70 خىلنى ساقلاپ قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە خەلق باش بانكىسى (سۇغۇرتا شىركىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تۈزگىنى 28 خىل، يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى تۈزگىنى 26 خىل، جۇڭگو بانكىسى تۈزگىنى ئالتە خىل، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى تۈزۈپ تارقاتقىنى ئون خىل. خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى مەلۇمات جەدۋىلى ئىچىدە خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ئۈچ خىل، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ يەتتە خىل.

1980 - يىل 1 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا مۇستەقىل ستاتىستىكا خىزمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇپ، ئۆز سىستېمىسىنىڭ ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى باشقۇرىدىغان ۋە ئومۇملاشتۇرىدىغان بولدى. ئومۇملاشتۇرۇلىدىغان ئورۇن 856 (ناھىيىدىن تۆۋەنلىرى 760) بولۇپ، 2015 ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى

ۋە ئۇنىڭ تارماق ئاپپاراتلىرى بىلەن قوشقاندا جەمئىي 2871 ئورۇن بولىدۇ. بىراق يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگىنىگە ئۇزاق بولمىغاچقا ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ ئاساسى ئاجىز، ماتېرىياللىرى كەمچىل بولدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئىككى ئاي ئىچىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ستاتىستىكا خىزمىتى ھەققىدە تۆت پارچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش، ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، خاتالىقلارنى كۆرسەتتى. تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ستاتىستىكا كادىرلىرىنى تەربىيىلىدى. ستاتىستىكا مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇردى، ھەر قايسى تەرەپلەرگە ھەمكارلىشىپ ماتېرىياللارنى توپلىدى.

ئالىي مەركىزىي تارماق بانكىسى 1980 - يىل شىزالىڭ شۆبە بانكىسىغا ئۈتكۈزۈپ بېرىلدى، 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى تاپشۇرۇۋېلىش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيىتى بېجىرىلدى. ئۇنىڭ ستاتىستىكا تۈرلىرى 1980 - يىلدىن باشلاپ شىزالىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ئىجرا قىلىندى.

خەلق شۆبە بانكىسى كۆپ يىللاردىن بۇيان توپلانغان ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، 1949 - يىلدىن 1979 - يىلغىچە بولغان «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكا ماتېرىياللىرى» دىن جەمئىي تۆت كىتاب تۈزۈپ باستۇرۇپ، شىنجاڭنى ئازاد بولغان 30 يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم بىر يۈرۈش مۇكەممەل بولغان پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكىسى تارىخىي ماتېرىياللىرىغا ئىگە قىلدى.

خەلق، يېزا ئىگىلىك، جۇڭگو باش بانكىلىرىنىڭ 1980 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈندىكى «ۋاكالىتەن بېجىرىلىدىغان كەسىپلەرنى ئۆز كەسپىگە كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن 1980 - يىل 12 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى 1981 - يىلدىن باشلاپ «ۋاكالىتەن بېجىرىلىدىغان كەسىپلەر» نى ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ كەسپى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش، كرېدىت، نەق پۇل تۈرلىرىنىڭ تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىنىغانلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش چارىسىنى مۇناسىپ ھالدا مۇنداق ئۆزگەرتتى: (1) ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان «كىم ئاساسلىق باشقۇرسا شۇ ئومۇملاشتۇرۇش، ۋاكالىتەن بېجىرىلىدىغان كەسىپلەرنىڭ جەدۋەللىرىنى پارچىلاش، قوشۇۋېتىش» تىن ئىبارەت ئومۇملاشتۇرۇپ مەلۇم قىلىش چارىسىنى ئۆزگەرتتىش. 1981 - يىلدىن باشلاپ كرېدىت تۈرلىرى تېلېگرامما مەلۇماتىنى خەلق، يېزا ئىگىلىك، جۇڭگو بانكىلىرى ئۆزلىرى باشقۇرىدىغان كەسىپلەرگە ئاساسەن ئومۇمىيۈزلۈك ستاتىستىكىلاپ، سىستېما بويىچە دەرىجىمۇ دەرىجە ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدىغان بولدى؛ (2) يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورنى تۈزگەن نەق پۇل تۈرى تېلېگرامما مەلۇماتىنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارماق بانكىسى مەسئۇل بولۇپ ئومۇملاشتۇرۇپ يوللايدۇ. جۇڭگو بانكىسى نەق پۇل كاسسىرلىقى كەسپىنى بېجىرگەندە، خەلق بانكىسىنىڭ يولغا قويۇۋاتقان نەق پۇل تۈرىنى تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىشنى ستاتىستىكىلاش ھەققىدىكى بەلگىلىمىسى بويىچە ئۆزىنىڭ نەق پۇل كىرىم - چىقىم تۈرىنىڭ ئايلىق تېلېگرامما مەلۇماتىنى پۇل ئېلىنىدىغان خەلق بانكىسىغا يوللاپ بېرىدۇ. ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ نەق پۇل كىرىم - چىقىمىنى ئايلىق مەلۇم قىلىش ئۇسۇلى ئۆزگەرمەيدۇ. (3) ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ كرېدىت تۈرىنىڭ ئايلىق تېلېگرامما مەلۇماتىنى يەنىلا يولغا قويۇلۇۋاتقان بەلگىلىمە بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى بىر تۇتاش ئومۇملاشتۇرۇپ، دەرىجىمۇ دەرىجە يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىغا مەلۇم قىلىدۇ.

خەلق، يېزا ئىگىلىك، جۇڭگو باش بانكىلىرى 1981 - يىل 2 - ئايدا جايلاردىكى بانكىلارنىڭ پىكىرىگە ئاساسەن، 1980 - يىل 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى چىقىرىلغان «ۋاكالىتەن بېجىرىلىدىغان كەسىپلەر» نى ئۆز كەسپىگە كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» نى ئىجرا قىلىشنى توختىتىشنى قارار قىلدى. ھەر قايسى بانكىلار بېجىرگەن «ۋاكالىتەن بېجىرىلىدىغان كەسىپلەر» نى ئىلگىرىكى بەلگىلىمە بويىچە ئىجرا قىلىشنى بەلگىلىدى. 3 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى «ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى كرېدىت تۈرى تېلېگرامما مەلۇماتىغا ۋە نەق پۇل كىرىم - چىقىمى ئون كۈنلۈك مەلۇماتىغا ۋاكالەت نومۇرى چۈشۈرۈش توغرىسىدا

ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. ئۇنىڭدىن كېيىن، خەلق بېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى يەنە بىرلىكتە «1981 - يىلى كرېدىت، نەق پۇل تۈرى تېلېگراممىا مەلۇماتنى يوللاش چارىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ 1981 - يىلدىكى كرېدىت، نەق پۇل تۈرى تېلېگراممىا مەلۇماتنى يوللاش ئۇسۇلى، كرېدىت تۈرىنىڭ تېلېگراممىا جەدۋەلى شەكلىنى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتتى؛ (1) كرېدىت تۈرىنىڭ تېلېگراممىا ئايلىق مەلۇماتنى تۈزۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە يوللاشتا يەنىلا «كىم ئاساسلىق باشقۇرسا، شۇ ئومۇملاشتۇرۇش، ۋاكالىتەن بېجىرىلىدىغان كەسىپلەردە جەدۋەللەرنى پارچىلاش، بىرلەشتۈرۈش» تىن ئىبارەت ئومۇملاشتۇرۇپ مەلۇم قىلىش ئۇسۇلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. جەدۋەللەرنى پارچىلاش، بىرلەشتۈرۈش ھالقىلىرىنى يەنىلا ناھىيىلىك تارماق بانكىلار بېجىرىدۇ ھەمدە ناھىيىلىك تارماق بانكىغا شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا جەدۋەللەرنى پارچىلاش، بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت ۋاقتى مۇۋاپىق كۆپەيتىپ بېرىلىدۇ. (2) خەلق بانكىسىنىڭ كرېدىت تۈرى ئون كۈنلۈك تېلېگراممىا مەلۇماتى تۈزۈمىدە يەنىلا كەسىپلەرنى ۋاكالىتەن بېجىرىشنى ھاۋالە قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان بانكا بەلگىلىمە بويىچە ئۆز ۋاقتىدا ھاۋالە قىلغان بانكىغا يوللاپ بېرىدۇ، ھاۋالە قىلغان بانكا ئۆزىنىڭ مەلۇمات جەدۋىلىگە كىرگۈزۈپ ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئاساسىي قاتلام تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىشى كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىسىنىڭ ئالدىنقى ئاينىڭ ئاخىرىدىكى تۈرلەر تېلېگراممىا مەلۇماتىدىكى سانلىرى ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئەمما يېزا ئىگىلىك تارماق بانكىسى ئۆزى ۋاكالىتەن بېجىرگەن خەلق بانكىسى كەسىپىدىن بەرگەن ئون كۈنلۈك مەلۇماتتىكى سانلارنى ئالدىنقى ئاينىڭ ئاخىرىدىكى تۈرلەر تېلېگراممىا مەلۇماتىدىكى سانىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە بولمايدۇ؛ (3) نەق پۇل كىرىم - چىقىمىنىڭ ئايلىق (ئون كۈنلۈك) تېلېگراممىا مەلۇماتى چارىسىدە يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ تىجارەت ئورۇنلىرى تۈزگەن نەق پۇل تۈرى تېلېگراممىا مەلۇماتنى ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئومۇملاشتۇرىدۇ. ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئۆزىگە قاراشلىق تىجارەت ئورۇنلىرى بىلەن تارماق بانكىنىڭ ئۆزىدىكى نەق پۇل تۈرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تېلېگراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مەركىزىي تارماق بانكىسىغا يوللايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ناھىيىلىك خەلق بانكىسىغا كۆچۈرۈپ ئەۋەتىدۇ. ناھىيىلىك خەلق بانكىسى مەسئۇل بولۇپ خەلق بانكىسىغا قاراشلىق تىجارەت ئورۇنلىرى بىلەن ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسى كۆچۈرۈپ يوللىغان نەق پۇل تۈرى ھەققىدىكى تېلېگراممىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ناھىيە (شەھەر) بويىچە نەق پۇل تۈرىنىڭ تېلېگراممىا ئايلىق مەلۇماتىنى تۈزۈپ خەلق بانكىسىنىڭ مەركىزىي تارماق بانكىسىغا مەلۇم قىلىدۇ. خەلق، يېزا ئىگىلىك مەركىزىي قارماق بانكىلىرى خەلق، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ناھىيىلىك تارماق بانكىلىرى يوللىغان نەق پۇل تۈرى تېلېگراممىا مەلۇماتىغا ئاساسەن ئومۇملاشتۇرۇپ، خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. يېز ئىگىلىك بانكىسىنىڭ نەق پۇل تۈرى تېلېگراممىا ئايلىق (ئون كۈنلۈك) مەلۇماتىدىكى تۈرلەر ۋە تۈرلەرنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى خەلق بانكىسى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

خەلق، يېزا ئىگىلىك باش بانكىلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1981 - يىل 5 - ئاينىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن نەق پۇل كىرىم - چىقىمى ھەققىدە ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىش كۆپەيتىلدى. ئون كۈنلۈك مەلۇماتتا «سىرتقى نەق پۇل كىرىم جەمئىيسى» «سىرتقى نەق پۇل چىقىم جەمئىيسى»، «ئالدىنقى مەزگىلدىكى خەزىنىدىكى نەق پۇل» «مۇشۇ مەزگىلدىكى خەزىنىدىكى نەق پۇل» دىن ئىبارەت تۆت تۈر تەسىس قىلىنىدى. ئالدىنقى ئىككى تۈر ستاتىستىكىنىڭ تەۋەلىك دائىرىسى نەق پۇل تۈرىنىڭ تېلېگراممىا ئايلىق مەلۇماتىدىكى «كىرىم جەمئىيسى» «چىقىم جەمئىيسى» بىلەن بىردەك بولىدۇ، «خەزىنىدىكى نەق پۇل» دا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئون كۈن ئاخىرىدىكى كۈنلۈك ھېسابات جەدۋىلىدىكى «239 خەزىنىدىكى نەق پۇل»، «596 نەق پۇل» بوغالتىرىيە ھېساب تۈرىنىڭ قالدۇق سانى قوللىنىلىدۇ. يوللاش تەرتىپى ۋە چارىسى نەق پۇل تۈرىدىكى

تېلېگىرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىنىدىغان ئايلىق مەلۇماتنىڭكى بىلەن ئوخشاش.

ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى كرېدىت تۈرىنىڭ تېلېگىرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىنىدىغان ئايلىق مەلۇماتى ۋە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى خەلق بانكىسى كرېدىتىنىڭ ئون كۈنلۈك مەلۇماتى، نەق پۇل تۈرىنىڭ تېلېگىرامما ئايلىق مەلۇماتىنى يوللاش 4 - ئايدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى. نەق پۇل كىرىم - چىقىمىنىڭ ئون كۈنلۈك مەلۇماتى 5 - ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى. شۇ يىلى خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى بىرلىكتە «كرېدىت تۈرىنىڭ تېلېگىرامما ستاتىستىكىسىدىكى ‹بانكىلار ئارا پېرېۋوت پەرقى› غا ئالاقىدار بوغالتىرلىق ھېساب تۈرىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. خەلق، يېزا ئىگىلىك، جۇڭگو بانكىلىرىنىڭ بوغالتىرلىق ھېساب تۈرىدە «بانكىلار ئارا پېرېۋوت پەرقى» ھېساب تۈرى تەسىس قىلىندى. كرېدىت تۈرىدىكى تېلېگىرامما ستاتىستىكىسىدا تەۋەلىك مۇناسىۋىتى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلەندى: (1) خەلق بانكىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلغان «213 يېزا ئىگىلىك بانكىسى مەملىكەت بويىچە، شۆبە بانكىغا قاراشلىق بانكىلار ئارا پېرېۋوت پەرقى»، «2131 تارماق بانكا تەۋەلىكىدىكى پېرېۋوت پەرقى»، «214 يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ناھىيە تەۋەلىكىدىكى پېرېۋوت پەرقى»، «215 جۇڭگو بانكىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە، شۆبە بانكىغا قاراشلىق بانكىلار ئارا پېرېۋوت پەرقى» دىن ئىبارەت تۆت ھېساب تۈرىنىڭ كىرىم - چىقىم تەرەپلىرى چېقىشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى كىرىم تەرىپى ياكى چىقىم تەرىپىنىڭ قالدۇقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەبلەغ مەنبەسى تەرەپتىكى «باشقىلار» ياكى مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى تەرەپتىكى «باشقىلار» تۈرىگە تەۋە بولىدۇ. (2) يېزا ئىگىلىك بانكىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلغان «563 خەلق بانكىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە، شۆبە بانكىلارغا قاراشلىق بانكىلار ئارا پېرېۋوت پەرقى»، «5631 خەلق بانكىسىنىڭ تارماق بانكىلىرى تەۋەسىدىكى پېرېۋوت پەرقى»، «564 ناھىيىگە قاراشلىق پېرېۋوت پەرقى»، «565 ئىچكى مۇئامىلە» دىن ئىبارەت تۆت ھېساب تۈرى بىلەن جۇڭگو بانكىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلغان «918 خەلق بانكىسىنىڭ مەملىكەت بويىچە، شۆبە بانكىلارغا قاراشلىق بانكىلار ئارا پېرېۋوت پەرقى»، «خەلق بانكىسىنىڭ 9181 تارماق بانكىلىرى تەۋەلىكىدىكى پېرېۋوت پەرقى»، «919 يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ناھىيە تەۋەلىكىدىكى پېرېۋوت پەرقى» دىن ئىبارەت ئۈچ ھېساب تۈرىنىڭ تەۋەلىكى خەلق بانكىسىنىڭكى بىلەن ئوخشاش. يۇقىرىقى تەۋەلىك بويىچە خەلق بانكىسى 7-ئاينىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدىن باشلاپ ئون كۈنلۈك مەلۇماتنى ئىجرا قىلىشقا كىرىشتى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى 7 - ئايدىن باشلاپ ئايلىق مەلۇماتنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى.

1981 - يىل 4 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «يېزىلاردىكى كرېدىت، نەق پۇل پىلانىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ھەر دەرىجىلىك بانكىلاردا 1981 - يىلدىن باشلاپ يېزىلاردىكى نەق پۇل كىرىم - چىقىم تۈرىنى ستاتىستىكىلاش تۈزۈمى ئورنىتىشنى بەلگىلىدى. 7- ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ باش بانكا تۈزگەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ بىرلىككە كەلگەن بوغالتىرلىق ھېساب تۈرى جەدۋىلى يولغا قويۇلۇپ، بىرلىككە كەلگەن بوغالتىرلىق ھېساب تۈرىنىڭ تەۋەلىكى بويىچە ستاتىستىكا قىلىندى. 11-ئاينىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن كرېدىت تۈرىدىن تېلېگىرامما ئارقىلىق ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىش كۆپەيتىلدى. كرېدىتنىڭ ئون كۈنلۈك مەلۇماتىدا جەمئىي سەككىز تۈر مەلۇم قىلىنىدىغان بولدى، ئۇلار مۇنۇلار: تۈرلۈك ئامانەت پۇل، يېزىلاردىكى پۇقرالار ئامانەت پۇلى، يېز ئامانەت پۇلى، تۈرلۈك قەرز پۇل، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى قەرز پۇلى، يېزىلاردىكى سودا قەرز پۇلى، كوللېكتىپ ئەترەتلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلى، زاكالەت قەرز پۇلى.

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 1982 - يىل 4 - پەسلىدىن باشلاپ كرېدىت تۈرىدىن تېلېگىرامما ئارقىلىق ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىشنى كۆپەيتتى. بۇنىڭدا جەمئىي ئون تۈر مەلۇم قىلىندى. شۇ يىلى تۈرلەرنى تېلېگىرامما ئارقىلىق ستاتىستىكىلاش خىزمىتى مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى. قىزىلسۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق

مەركىزىي تارماق بانكا بىرىنچى، شىخەنزە شەھەرلىك، بورتالا ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىلار ئىككىنچى، ئىلى ئاپتونوم ئوبلاستلىق شۆبە بانكا، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكا ئۈچىنچى بولدى. 1983 - يىل 10 - ئايدىن 12 - ئاينىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئامانەت پۇل، قەرز پۇللىرىدىن تېلېگرامما ئارقىلىق ئون كۈنلۈك مالۇمات بېرىلىدىغان بولدى.

خەلق، سودا - سانائەت شۆبە بانكىلىرى 1983 - يىل 12 ئايدا بىرلىكتە «1984 - يىلدىكى كرېدىت، نەق پۇل تۈرلىرىنى تېلېگرامما ئارقىلىق ستاتىستىكىلاش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى. 1984 - يىلدىن باشلاپ خەلق بانكىسى بىلەن سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ كەسپىي ستاتىستىكىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنىدىغان بولدى، خەلق بانكىسىنىڭ ئىلگىرىكى كرېدىت تۈرلىرىدىن ئون كۈنلۈك، ئايلىق مەلۇمات بېرىش تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، خەلق بانكىسىنىڭ كرېدىت تۈرلىرىدىن ئون كۈنلۈك، ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى تولدۇرۇپ يوللاش ۋە سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ كرېدىت تۈرلىرىدىن ئون كۈنلۈك، ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى تولدۇرۇپ يوللاش يولغا قويۇلدى. سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ پىلان باشقۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ كرېدىت ئايلىق مەلۇماتىغا قوشۇمچە قىلىپ «مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سانائەت، ماددىي ئەشيا، تەمىنات - سودا كارخانىلىرى قەرز پۇلى قالدۇقىدىن ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى» يوللاش كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. شۇ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ كرېدىت تۈرلىرىدىن تېلېگرامما ئارقىلىق يوللىنىدىغان ئايلىق مەلۇمات (قوشۇمچە جەدۋەلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ پۇلنىڭ كېلىش مەنبەسى تەرىپىدىكى «خەلق بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرگەن كەسىپلەرنىڭ پەرقلىق سوممىسى» نىڭ كەينىگە «ۋاكالىتەن بېجىرىلگەن سودا - سانائەت بانكىسى كەسپىنىڭ پەرقلىق بوممىسى»، «سودا - سانائەت بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرگەن كەسپىنىڭ پەرقلىق سوممىسى» دېگەن ئىككى تۈر، پۇلنىڭ ئىشلىتىلىشى تەرىپىدىكى «خەلق بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرگەن كەسىپلەرنىڭ پەرقلىق سوممىسى» نىڭ كەينىگە «ۋاكالىتەن بېجىرىلگەن سودا - سانائەت بانكىسى كەسپىنىڭ پەرقلىق سوممىسى»، «سودا - سانائەت بانكىسى ۋاكالىتەن بېجىرگەن كەسىپلەرنىڭ پەرقلىق سوممىسى» دېگەن ئىككى تۈر قوشۇلدى.

1984 - يىلى يېزا ئىگىلىكىگە قەرز بېرىش تۈرىدىن تېلېگرامما ئارقىلىق ئايلىق مەلۇمات يوللاش توختىتىلدى. نەق پۇل تۈرى تېلېگرامما مەلۇماتىنى سودا - سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى خەلق بانكىسىنىڭ ستاتىستىكا تۈرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكى بويىچە بىر تۇتاش تۈزىدىغان، سىستېما بويىچە ئايرىم - ئايرىم ھالدا دەرىجىمۇ دەرىجە ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا يوللايدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەڭ دەرىجىلىك بانكىغا كۆچۈرۈپ ئەۋەتىدىغان بولدى. نەق پۇل كىرىم - چىقىمىنىڭ ئون كۈنلۈك مەلۇماتىنى سودا - سانائەت، يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ ناھىيە، شەھەرلىك تارماق بانكىلىرى ئومۇملاشتۇرغاندىن كېيىن شۇ يەردىكى خەلق بانكىسىغا يوللايدىغان، خەلق بانكىسى دەرىجىمۇ دەرىجە ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدىغان، سودا - سانائەت يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى قايتا سىستېما بويىچە دەرىجىمۇ دەرىجە ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلمايدىغان بولدى.

ھەر قايسى ۋىلايەتلەر بىلەن شۆبە بانكىنىڭ پۇلنى ساپ تارقىتىش، ساپ خەزىنىلەشتۈرۈش سانىنىڭ ستاتىستىكا ھېساباتىنى بىرلىككەكەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1984 - يىلدىن باشلاپ خەلق بانكىسى مەركىزىي تارماق بانكىلىرى يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان كرېدىت تۈرلىرىنىڭ ئون كۈنلۈك، ئايلىق مەلۇماتىدىكى «تارقىتىش فوندى مۇئامىلىسى» تۈرىدىن دوكلات بېرىش مەزگىلىدە كۆرۈلگەن سومما (بۇ مەزگىلدىكى قالدۇقتىن ئالدىنقى مەزگىللىك قالدۇق چىقىرىۋېتىلىدۇ) غا ئاساسەن بىر تۇتاش ھالدا ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ كەسپىي خەزىنىسىدىكى كۆپەيگەن ـ كېمەيگەن سومما (كرېدىت تۈرلىرىدىكى تېلېگرامما ئارقىلىق مەلۇم قىلىنىدىغان

«نەق پۇل» تۈرى قالدۇقى بويىچە ھېسابلىنىدۇ) ستاتىستىكىسى قوشۇلدى. 1. ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ «ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى نەق پۇل كىرىم - چىقىم ستاتىستىكىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» (لايىھە) نى كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ نەق پۇل ستاتىستىكىسىنى تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈردى. 11 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى خەلق باش بانكىسىنىڭ «كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتقاندىن كېيىن، 1985 - يىلدىن باشلاپ، يولغا قويۇلۇۋاتقان جەدۋەللەرنى پارچىلاپ، بىرلەشتۈرۈپ كەسپىي ئىش تەقسىماتىغا ئاساسەن ساھەلەر بويىچە ستاتىستىكىلاپ، دەرىجىمۇ دەرىجە ئومۇملاشتۇرۇپ، يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش چارىسى ئەمەلىي بېجىرىلگەن كەسىپلەر بويىچە دەرىجىمۇ دەرىجە ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. كونكرېت ستاتىستىكىلاش ئۇسۇلى جەھەتتە مۇنداق ئۆزگىرىش بولدى: (1) ئىلگىرىكى ۋاكالىتەن بېجىرىلگەن خەلق بانكىسىنىڭ كەسپىنى خەلق بانكىسى سىستېمىسى ئۆزى ئومۇملاشتۇرۇپ باش بانكىغا مەلۇم قىلىش تۈزۈمى سودا - سانائەت بانكا سىستېمىسى دەرىجىمۇ دەرىجە ئومۇملاشتۇرۇپ باش بانكىغا مەلۇم قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى؛ (2) ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار ئۆز ئارا ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان كەسىپلەرنى كەسپىي بانكىلار ئۆزى باشقۇرۇش، ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار دەرىجىمۇ دەرىجە ئومۇملاشتۇرۇپ باش بانكىغا مەلۇم قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

1985 - يىلى بانكا كرېدىت مەبلىغى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، خەلق باش بانكىسى، سودا - سانائەت باش بانكىسى، يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى، جۇڭگو باش بانكىسى كرېدىت، نەق پۇل تۈرلىرىنى تېلېگرامما ئارقىلىق ستاتىستىكىلاشنى ئۆزگەرتتى ۋە تولۇقلىدى، «1985 - يىلى كرېدىت، نەق پۇل تۈرلىرىنى تېلېگرامما ئارقىلىق ستاتىستىكىلاش چارىسى توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقاردى. خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭدىكى ھەر قايسى بانكىلارنىڭ 1985 - يىللىق كەسپىي ستاتىستىكا خىزمىتىدە ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا مۇنداق ئۇقتۇرۇش چىقاردى: (1) ھەر دەرىجىلىك كەسپىي بانكىلارنىڭ كرېدىت تۈرلىرى تېلېگرامما ئايلىق مەلۇماتنى يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىغا يوللىغاندىن كېيىنكى ئايدا تەڭ دەرىجىلىك خەلق بانكىسىغا يېزىقچە كۆچۈرۈپ ئەۋەتىش لازىم؛ كەسپىي بانكىلارنىڭ ناھىيىلىك (شەھەر) تارماق بانكىلىرى شۇ جايدىكى كەسپىي بانكىنىڭ خەلق بانكىسى كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان ئاپپاراتىغا كۆچۈرۈپ ئەۋەتىدۇ؛ ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى (كەسپىي بانكىلارنىڭ خەلق بانكىسى كەسپىنى ۋاكالىتەن بېجىرىدىغان ئاپپاراتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ كرېدىت تۈرلىرى ھەققىدىكى تېلېگرامما مەلۇماتى بىرلىككە كەلگەن جەدۋەل شەكلى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىكى بويىچە رەتلەپ چىقىپ پىششىقلاپ، دەرىجىمۇ - دەرىجە ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرى دەرىجىلىك بانكىغا يازما شەكىلدە مەلۇم قىلىشى لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەڭ دەرىجىلىك كەسپىي بانكىغا كۆچۈرۈپ ئەۋەتىشى كېرەك؛ ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك خەلق بانكىلىرى ئاينىڭ ئاخىرىدىكى ئون كۈن ئىچىدە يازما شەكىلدە خەلق شۆبە بانكىسىغا مەلۇم قىلىشى لازىم. (2) 1985 - يىلى خەلق بانكىسى ئۇنىۋېرسال نەق پۇل تۈرى تېلېگرامما ئايلىق مەلۇماتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ يوللىمايدۇ. ئەمما ئىقتىسادىي تۈرلەر بويىچە نەق پۇل ستاتىستىكىدىن دەرىجىمۇ دەرىجە ئايلىق مەلۇمات بېرىشى لازىم.

كرېدىت مەبلىغىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، مەبلەغنى ئىگىلەپ بېسىلىپ قالغان ماللارنى ئازايتىش، ئوبوروتنى تېزلىتىش ئۈچۈن، 1985 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا كرېدىت مەبلىغىدىن ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. ئون كۈنلۈك مەلۇماتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى مۇنۇلار: (1) ناھىيىدىن يۇقىرى ئورۇنلارنىڭ خەلق بانكىسىدىكى ئامانەت پۇلى؛ (2) مەملىكەت بويىچە

بانكىلار ئارا پېرېۋوت پەرقىنىڭ سانى؛ (3) قېرىنداش بانكىغا ئۆتنە بېرىلگەن مەبلەغ شۇنداقلا يېزا ئىگىلىكىگە بېرىلىدىغان قەرز تۈرىدىن تېلېگراممىا ئارقىلىق ئايلىق مەلۇمات بېرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1985 - يىلدىن باشلاپ يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرىنىڭ ستاتىستىكا مەزمۇنى كومپيۇتېر ئارقىلىق بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان بولدى.

سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى 7 - ئايدا مەبلەغنىڭ يۆتكىلىشىدىن بەش كۈنلۈك مەلۇمات بېرىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كرېدىت تۈرىدىن ئون كۈنلۈك مەلۇمات بېرىشنى قوللاندى. شىنجاڭنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەبلەغ يۆتكەشتىن بەش كۈنلۈك مەلۇمات بېرىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، مەبلەغنىڭ يۆتكىلىشى تەخمىنى ھېسابى ئون كۈندە ئىشلىنىدىغان بولدى. يېڭى كرېدىت مەبلىغى باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى مەبلەغ تۈرى تېلېگراممىا ئايلىق مەلۇماتىنىڭ مەزمۇنىدا «پېرېۋوت پەرقى مەبلىغىنى ئاجرىتىش»، «مەملىكەت بويىچە بانكىلار ئارا پېرېۋوت پەرقى ھېسابى» ۋە «شۆبە بانكا قارمىقىدىكى بانكىلار ئارا پېرېۋوت پەرقى ھېسابى تۈرلىرى»، «تارماق بانكىلار تەۋەلىكىدىكى ئاپپاراتلار ئارا مۇئامىلە»، «پوچتا پېرېۋوت كەسپىي مۇئامىلىسى» ھېساب تۈرلىرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. مەبلەغ ئون كۈنلۈك مەلۇماتىدا مۇناسىپ ھالدا ئايلىق مەلۇمات ئىچىدىكى بارلىق ئىچكى مەبلەغ قىسمى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. ئۇ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەدۋىلىگە ئايلاندۇرۇلۇپ، بەش كۈنلۈك مەلۇمات ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىنكى مەبلەغ ھەرىكىتىنى ئىگىلەش، پۇلنى تەخمىنەن ھېسابلاش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلدى. سودا - سانائەت باش بانكىسىنىڭ يېڭى ستاتىستىكا چارىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە ھەرقايسى مەركىزىي تارماق بانكىلاردىكى ستاتىستىكچىلاردىن 16 ئادەمنى تەشكىللەپ، 13 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، بوغالتىرىيىلىك تەكشۈرۈپ ئومۇملاشتۇرۇش، لوگىكىلىق كونترول قىلىش چارىسىنى قوللىنىپ، شىنجاڭ بويىچە سودا - سانائەت بانكىسى سىستېمىسىنىڭ بەش يېرىم يىللىق مەبلەغ ستاتىستىكا ماتېرىيال، تۆت يىللىق نەق پۇل ستاتىستىكا ماتېرىيالىنى رەتلىدى.

خەلق بانكىسى مەخسۇس مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزگەندىن كېيىن، خەلق بانكىسىنىڭ مەبلەغ كىرىم - چىقىم ستاتىستىكىسى تۈرىدىمۇ يېڭى ئۆزگىرىشلەر بولدى. شىنجاڭ خەلق بانكىسىنىڭ ئايلىق ستاتىستىكا مەلۇماتىدىكى مەبلەغنىڭ كېلىش مەنبەسى: مەركەز مالىيىسىنىڭ ئامانەت پۇلى، يەرلىك مالىيىنىڭ ئامانەت پۇلى، كەسپىي بانكىلار مۇئامىلىسى، كەسپىي بانكىلار ئاغدۇرغان مالىيە خاراكتېرلىك ئامانەت پۇل، كەسپىي بانكىلار تاپشۇرغان ئادەتتىكى ئامانەت پۇل، كەسپىي بانكىلارنىڭ تارقىتىش فوندى مۇئامىلىسى ۋە باشقا مەبلەغلەرنى؛ مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى: كەسپىي بانكىلار مۇئامىلىسى (قەرز پۇل)، دۆلەت تاشقى پېرېۋوتى ئىگىلىگەن پۇل، كەسپىي بانكىلارغا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن قەرز بېرىشنى ھاۋالە قىلىپ ئاجرىتىلغان مەبلەغ، بانكىلار ئارا مۇئامىلە، كەسپىي بانكىلارنىڭ تارقىتىش فوندى مۇئامىلىسى، ئالتۇن - كۈمۈش ئىگىلىگەن پۇل ۋە باشقا مەبلەغ ئىگىلىگەن پۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولدى. خەلق شۆبە بانكىسى يەنە خەلق بانكىسى ۋە كەسپىي بانكىلارنىڭ ئۇنىۋېرسال كرېدىت كىرىم - چىقىم ئەھۋالى ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى يولغا قويدى. بانكىنىڭ نەق پۇل كىرىم - چىقىم ئەھۋالى جەدۋىلى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ نەق پۇل كىرىم - چىقىم ئەھۋالى جەدۋىلىنى داۋاملىق ستاتىستىكىلىدى ۋە ئۇنىڭدىن مەلۇمات تۈزدى.

سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ستاتىستىكا تۈزۈمى قۇرۇلۇشى ستاتىستىكا كەسپىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئەسلىگە كېلىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. 1984 - يىلدىن ئىلگىرى سۇغۇرتا كەسپىنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋىلىنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى تۈزگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە، دۆلەت ئىچىدىكى كەسىپلەرنىڭ ستاتىستىكىلىق ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى (شەھەر، يېزىلارنىڭ) ۋە جەمئىي سۇغۇرتا كەسپىنىڭ

ستاتىستىكىلىق ئايلىق مەلۇمات جەدۋەللىرى بار ئىدى. ستاتىستىكا كۆرسەتكۈچىدە ئاساسلىقى ھۆددىگە ئېلىش مىقدارى، سۇغۇرتا سوممىسى، سۇغۇرتا خىراجىتى، مۇشۇ يىلدا تۆلەم بېرىلمەكچى بولغان دېلو سانى (تۆلەم بېرىلگەن ئادەم سانى)، مۇشۇ يىلدا تۆلەم بېرىلمەكچى بولغان پۇل سوممىسى (بېرىلگەن سوما)، ئۆتكەن يىلقى تۆلەم بېرىلگەن دېلو سانى (تۆلەم بېرىلگەن ئادەم سانى)، ئۆتكەن يىلدا تۆلەم بېرىلگەن پۇل سوممىسى ۋە تۆلەش قارار قىلىنمىغان دېلولارنىڭ كۆرسەتكۈچى تەسىس قىلىنغان. جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا باش شىركىتىدە 1984 ـ يىلدىن باشلاپ پىلان بۆلۈمى تەسىس قىلىنىپ، سۇغۇرتا سىستېمىسىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىندى. «جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ستاتىستىكا تۈزۈمى» ئېلان قىلىنىپ، 1985 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمىي يولغا قويۇلدى. تۈرلۈك كەسپىي ستاتىستىكا جەدۋىلى 30 خىل بولۇپ، (85) سىستېمىلىق مەلۇمات جەدۋىلى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 2. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتى

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ستاتىستىكا تۈزۈمى ۋە كۆرسەتكۈچ سىستېمىسى يازما چۈشەندۈرۈش، مەلۇمات جەدۋىلى مۇندەرىجىسى، جەدۋەل شەكلى ۋە تولدۇرۇپ مەلۇم قىلىش ئىزاھاتىدىن ئىبارەت تۆت قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كەسىپلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، جەدۋەل شەكلىنىڭ مەزمۇنى ۋە مىقدارى ھەر قايسى تارىخىي مەزگىللەردە ئوخشاش بولمىدى.

1954 ـ يىلدىن ئىلگىرى قاتناش بانكىسى باش باشقارمىسى ئىش بېجىرىۋاتقان مەزگىلدە، بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاساسىي قاتلام بانكىلار تولدۇرۇپ مەلۇم قىلىدىغان ئاددىي كەسپىي ستاتىستىكا مەلۇمات تۈزۈمى ئورنىتىلغانىدى. 1954 ـ يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1955 ـ يىل 2 ـ ئايدا قۇرۇلۇش باش بانكىسى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ بىرىنچى يۈرۈش «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ كەسپىي ستاتىستىكا مەلۇمات تۈزۈمى» نى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى بېجىرگەن ۋەزىپىلەر ستاتىستىكىسى، قۇرۇلۇش خام چوت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ستاتىستىكىسى، ئىچكى مەبلەغنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى ستاتىستىكىسى، قۇرۇلۇش سۈرئىتىگە ئاساسەن قۇرۇلۇش باھاسىنى راسچوت قىلىش ئەھۋالىنىڭ ستاتىستىكىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. 156 تۈرلۈك نۇقتىلىق قۇرۇلۇشنى بىۋاسىتە ستاتىستىكىلاپ مەلۇمات بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. 1958 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە ستاتىستىكا تارماقلىرى ئۆز جايىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ھوقۇقنى تۆۋەنگە بېرىش چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ مەركەزلەشتۈرۈپ بىرلىككە كەلتۈرۈلۈشىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويدى، ئىنتىزام بوشاپ كەتتى، مەلۇمات جەدۋەللىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى، بەزى زۆرۈر ھېساباتلارنىڭ مەزمۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1959- يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ باشقا بانكىلارغا قوشۇۋېتىلدى. 1962 ـ يىلى جايلاردىكى قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپپاراتلىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قۇرۇلۇش باش بانكىسى ئاساسىي قۇرۇلۇشتا ئىچكى مەبلەغنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئەھۋالى جەدۋىلى، قۇرۇلۇش خام چوتى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش جەدۋىلى، پۈتتۈرۈش نەق چوت ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئەھۋالى، قۇرۇلۇش قىلدۇرغان ئورۇنلارنىڭ يىللىق سېلىنغان مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلىدىن ئىبارەت تۆت خىل قەرەللىك ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىقتى. ئۇنى گوۋۇيۈەن تەستىقلىغاندىن كېيىن ھەر قايسى ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىشىغا چۈشۈرۈپ بەردى. 1969- يىل 9- ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 2 ـ قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، باشقىلارغا قوشۇۋېتىلدى. ستاتىستىكا خىزمىتى توختاپ قالدى.

1972 ـ يىلى قۇرۇلۇش بانكا ئاپپاراتى ئەسلىگە كەلدى، قۇرۇلۇش باش بانكىسى بىرلىككە كەلگەن كەسپىي ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى بىر نەچچە قېتىم ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش، قوشۇۋېتىلىش نەتىجىسىدە ستاتىستىكا خادىملىرىنى يۆتكەپ كېتكەنلىكى، ماتېرىياللار يوقاپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ستاتىستىكا خىزمىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى تولۇق بولماي، توغرا بولماي، ھېسابىنى ئۆز ۋاقتىدا ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا يوللىيالماي، قالاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى.

دۆلەت 1977 ـ يىل 8 ـ ئايدا مەملىكەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش ستاتىستىكىسى خىزمىتى يىغىنى چاقىردى. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1978 ـ يىل 10 ـ ئايدا مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش بانكىسى سىستېمىسىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتى يىغىنى ئاچتى. ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئىككى يىغىننىڭ روھىغا ئاساسەن، ستاتىستىكا خىزمىتىنى تەرتىپكە سالدى، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئونۇملۇق ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇنىڭغا مەخسۇس ئادەمنى مەسئۇل قىلدى. قۇرۇلۇش باش بانكىسى 1980 ـ يىل 6 ـ ئايدا يەنە بىر قېتىم مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش بانكا سىستېمىسىنىڭ ستاتىستىكا خىزمىتىنى تەكشۈرۈش سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، يولغا قويۇلۇۋاتقان ستاتىستىكا مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى. 8 ـ ئايدا «قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈمى» ئېلان قىلىندى. يېڭى ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋىلى مۇندەرىجىسى ئۆز ئىچىگە ئالدى: پۇل بۆلۈپ بېرىش ۋەزىپىسىنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالى ستاتىستىكا جەدۋىلى، قەرز بېرىش ئەھۋالىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى (تۈرلۈك قەرز پۇللارنى كەسىپلەر بويىچە تۈرگە ئايرىغان ستاتىستىكا جەدۋىلى قوشۇمچە قىلىنغان)، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىپ بېرىش ۋە قەرز پۇل تۈرى پىلانىنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالى جەدۋىلى، توختىتىلغان، كېچىكتۈرۈلگەن قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ستاتىستىكا جەدۋىلى، پۈتكەن قۇرۇلۇشنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن تۈرلىرىنىڭ ئەھۋالى جەدۋىلى، قۇرۇلۇش قىلدۇرغان ئورۇنلارغا ياردەملىشىپ يىللىق سېلىنغان مەبلەغنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى جەدۋىلى، تېجەشلىك بولۇش، يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىش توغرىسىدىكى مۇۋاپىق تەكلىپلەرنىڭ ئۈنۈم جەدۋىلى، ئاساسىي قۇرۇلۇش ئىگىلىۋېلىپ بېسىلىپ قالغان مەبلەغنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالى جەدۋىلى، قۇرۇلۇش تەخمىن چوتى، خام چوتى (نەق چوتى) ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى، سېتىۋېلىنغان نامۇۋاپىق چىقىملارنى تەكشۈرۈپ چەكلەش ۋە تەكشۈرۈش ئەھۋالى جەدۋىلى، ئاپپارات ۋە كادىرلار ستاتىستىكا جەدۋىلى. شىنجاڭ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە ستاتىستىكا كەسپىي يىغىنى ئېچىپ، يىغىن ئارقىلىق مەخسۇس ستاتىستىكا خادىملىرىنى ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى ھەمدە شىنجاڭ قۇرۇلۇش بانكىسى ستاتىستىكا خىزمىتى مۇسابىقىسىنى باھالاش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ستاتىستىكا خىزمىتىنى توغرا يولغا سالدى. سانلىق مەلۇماتلار مۇكەممەل، تولۇق ستاتىستىكا قىلىنىپ، يۇقىرىغا ئۆز ۋاقتىدا ئومۇملاشتۇرۇپ مەلۇم قىلىنىدىغان بولدى.

1982 ـ يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «ئا»، «ب» ئىككى يۈرۈش دەسلەپكى خاتىرە ئىقتىسادىي ئارخىپ تۈزۈمى جەدۋەللىرىنى تۈزۈپ چىقتى. «ئا» شەكىللىك جەدۋەلدە ئالتە خىل جەدۋەل شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭغا چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى تۈرلەرنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرى خاتىرىلىنىدۇ؛ «ب» شەكىللىك جەدۋەلدە بەش خىل جەدۋەل شەكلى بولۇپ، ئادەتتىكى تۈرلەرنىڭ تۈرلۈك سانلىق مەلۇمات ماتېرىياللىرى خاتىرىلىنىدۇ. ھەر ئىككى يۈرۈش جەدۋەلنى شۆبە بانكا بىر تۇتاش ئاجرىتىشقا بولىدىغان كارتا قىلىپ باستۇرۇپ بېجىرگۈچى، بانكىلارنىڭ ئىشلىتىشىگە تارقىتىپ بەردى.

1983 ـ يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باش بانكىسى ستاتىستىكىلىق مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈمىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى. ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىدە ستاتىستىكا كەسپىي يىغىنى ئېچىپ، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ ستاتىستىكا خادىملىرىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇردى.

ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى جەدۋەل شەكلى جەمئىي 22 خىل بولۇپ، ئاساسلىقى، مەبلەغ سېلىش كۆلىمى توغرىسىدىكى ستاتىستىكا، پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن، قەرز بېرىلگەن تۈرلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ستاتىستىكىسى، قەرز پۇلنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىش سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش ۋە مىللىي ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تۈرگە ئايرىش ئەھۋالى جەدۋىلى قاتارلىقلار كۆپەيتىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى يەنە 1982-يىلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەسلەپكى خاتىرە ئىقتىسادىي ئارخىپنى تولدۇرۇش ئەھۋالىنى تەكشۈردى. بانكا بويىچە ئارخىپنى تولدۇرغان ئورۇن 447 بولۇپ، تولدۇرۇشقا تېگىشلىك ئورۇننىڭ 97 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. دەسلەپكى خاتىرە ئارخىپنى تولدۇرۇش خىزمىتى قانداق ئىشلىگەنلىكىنى تەكشۈرۈشنىڭ بىر خىل كۆرسەتكۈچى قىلىنىپ، شەخسلەرنىڭ مۇكاپاتى بىلەن چېتىلدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ ستاتىستىكا تۈزۈمىدە 1985 - يىلغىچە يېڭى ئۆزگىرىش بولمىدى.

## § 4 . ئىقتىسادىي ئۇچۇر

### 1. خەلق، سودا - سانائەت، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرىنىڭ ئۇچۇر خىزمىتى

جۇڭگو خەلق بانكىسى 1982 - يىلى باھاردا ئاچقان ئۇچۇر مەخسۇس يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى پىلان باشقارمىسىغا مەخسۇس ئۇچۇر كادىرى سەپلەپ بەردى. 1982 - يىل 9 - ئايدا خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى بىرلىكتە ئىقتىسادىي ئۇچۇر كادىرلىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، جايلارغا ئۇچۇر خىزمىتى تايانچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ بەردى. ۋىلايەت، ئوبلاستلارمۇ ئۇچۇر كادىرلىرىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسلىرىنى ئاچتى. شۇ يىلى جەمئىي 230 نەپەر ئادەم (قېتىم) ئۇچۇر كادىرى تەربىيىلەندى. خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلىرىدا جەمئىي 45 ئىقتىسادىي ئۇچۇرغا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلۇپ، ئۇلارغا 51 مەخسۇس ئۇچۇرچى، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 264 ئۇچۇرچى سەپلەپ بېرىلدى. 152 ئورۇن بىلەن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى، دەسلەپكى قەدەمدە 21 مەھسۇلات ئارخىپى، بەش كارخانا ئارخىپى تۇرغۇزۇلدى. 13 بازارنى كۆزىتىپ مەلۇمات بېرىش نۇقتىسى قۇرۇلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 279 ئۇچۇر تارقىتىلدى، 376 ئۇچۇر بىر تەرەپ قىلىندى، ئېلىندى ۋە تەكشۈرۈلدى، جەمئىي 1199 پارچە ئۇچۇر ماتېرىيالى تاپشۇرۇۋېلىندى. 1562 پارچە ئاچقۇچ تەكشۈرۈش كارتىسى تۈزۈلدى.

خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى 1983 - يىل ئۇچۇر خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئاپپارات، خادىملارنى كۆپەيتتى. خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئۇچۇرچى 52 گە، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ئۇچۇرچى 394 كە (بۇنىڭ ئىچىدە باشقا سىستېمىلاردىن تەكلىپ قىلىنغىنى 43) يەتتى. سىستېما ئىچىدىكى ھەمكارلاشقان ئورۇنلار 387 گە، سىرتتىكى ھەمكارلاشىدىغان ئورۇنلارتۆتتىن 112 گە، بازارنى كۆزىتىپ مەلۇم قىلىش نۇقتىسى 13 تىن 72 گە تەرەققىي قىلدى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 6188 ئۇچۇر تاپشۇرۇۋېلىندى، 499 ئۇچۇر تارقىتىلدى. 128 ئۇچۇر قايتىلىنىپ ئۈنۈم بەردى. يەنە 165 مەھسۇلات ئارخىپى، 409 كارخانا ئارخىپى، 34 كەسپىي ئارخىپ تۇرغۇزۇلدى. يەكەن ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ «قەرز بېرىلگەن بىر تۈرنى تەكشۈرۈش» توغرىسىدىكى ئۇچۇرى تەكرار زاۋۇت

قۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، 250 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تېجەپ قېلىنىدى. يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا 40 تەتقىقات گۇرۇپپىسى، 300 گە يېقىن ئادەم بار. ئۇلار 400 نەچچە پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە ئالاقىدار ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى.

1984 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى «بانكىنىڭ ئىقتىسادىي ئۇچۇر ساۋادىدىن سوئال - جاۋاب» (56 سوئال) نى يېزىپ چىقىپ، «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى» دا كېيىنى - كەينىدىن ئېلان قىلدى ھەمدە «شىنجاڭ ئىقتىسادىي ئۇچۇر» ژۇرنىلىنى نەشر قىلدى. 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك بانكىلار جەمئىي 583 سان ئۇچۇر تۈزۈپ تارقىتىپ، 83 - يىلدىكىدىن 84 سان كۆپ تارقاتتى. شۇ يىلى تارقىتىلغان قوللاش ئىشلەپچىقىرىش سېتىشتىن كۆپ بولدى. كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ كىچىك تىپتىكى دېھقانچىلىق سايمانلىرىغا بولغان ئېھتىياجى جىددىي ئاشماقتا؛ يوپۇق يېپىلىپ تېرىلغان كېۋەز، كېۋەز تەپچىسى، چېكەتتىن ئىلمىي ئۇسۇلدا پايدىلىنىپ، سېرىق بېقىش، پىلىچىلىك ئىشلىرى، زىرە، ئانچو ئۇس موگوسى ۋە سونغىگۇل، ئالقات، چوڭ سوزاپ قاتارلىق دورا ماتېرىياللىرى تەرەققىي قىلدۇرۇلدى دېگەن ئۇچۇرلار ياخشى ئۈنۈم بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى يەنە مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىنىڭ كېۋەزچىلىك، سېرىق بېقىش، چايچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئۇچۇر تورىغا قاتناشتى.

خەلق باش بانكىسى 1983 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە 51 ماھەنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنى گىلەمچىلىك كەسپىنى ئومۇملاشتۇرغۇچى بانكا قىلىپ بېكىتتى. خەلق شۆبە بانكىسى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى شىنجاڭ بويىچە ھەر قايسى بانكىلارغا ئەمەلىيلەشتۈردى. بانكىلار ئادەم كۈچىنى تەشكىللەپ باش بانكا، شۆبە بانكىنىڭ تەلىپى بويىچە دەرھال تەكشۈرۈپ، ماتېرىياللارنى ئۆزى قاراشلىق بانكىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇپ يۇقىرىغا يوللىشىغا ئەۋەتىپ بېرىپ، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەدبىر بەلگىلىشىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى.

1985 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى، سودا - سانائەت شۆبە بانكىسىدا تەكشۈرۈش - ئۇچۇر باشقارمىسى تەسىس قىلىنىدى. ۋىلايەتلىك خەلق، سودا - سانائەت بانكىلىرىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە پىلان - ئۇچۇر بۆلۈملىرى تەسىس قىلىنىدى، سودا - سانائەت بانكىسى نۇقتىلىق ناھىيە، شەھەرلىك تارماق بانكىلاردا 14 ئۇچۇر ئاپپاراتى قۇردى. خەلق، سودا - سانائەت بانكىلىرىنىڭ مەخسۇس ئۇچۇر خادىملىرى 89 غا يەتتى. ئىلگىرى خەلق شۆبە بانكىسى مەسئۇل بولۇپ چىقىرىۋاتقان «شىنجاڭ ئىقتىسادىي ئۇچۇرلىرى» ژۇرنىلى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى باشقىدىن «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئەھۋالى» دېگەن ژۇرنالنى نەشر قىلىپ، قىممىتى بار ئۇچۇر ماتېرىياللىرىنى باسىدىغان بولدى. سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 435 پارچە ئۇچۇر تارقاتتى. 25 سان «شىنجاڭ ئىقتىسادىي ئۇچۇرى» تۈزۈپ باستۇردى ھەمدە باش بانكا تەشكىللىگەن مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىقتىساد - تېخنىكا ئۇچۇر جەمئىيىتىگە قاتناشتى. شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېھتىياجلىق بۇيۇملار ئىقتىسادىي ئۇچۇر تورىنى تەشكىللىدى. 221 ئورۇن بىلەن مۇقىم ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئورناتتى. ھەر كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كىرگەن ئۇچۇر 30 دىن ئېشىپ كەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ 1985 - يىل 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا، سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى «ئۇچۇر مەنبەسىنى ئاكتىپ راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن تېمىدا ئېلان قىلغان دوكلات كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولدى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك خەلق بانكىسى «پۇل مۇئامىلە ئۇچۇرى» نىڭ 1984 - يىل 49 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «كوللېكتىپ ئۇسكۇنە قەرز پۇلى تارقىتىپ، سۆڭەك پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىشقا پائال مەدەت بېرىش»

دېگەن ئۈچۈر شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇلار مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، سوئېتىك پاراشوكىنى بىلىق پاراشوكىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشتىن ئىبارەت ئىلمىي لايىھىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. بانكىنىڭ توغرا، ئۈنۈملۈك ئۇچۇر بىلەن ۋاقتىدا تەمىنلىگەنلىكىنى تەقدىرلىدى، بانكا سوئېتىك پاراشوكى ئىشلەپچىقىرىشنى مەبلەغ جەھەتتە ئاكتىپ قوللىغانلىقتىن، 1984 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە مەھسۇلات قىممىتى 400 مىڭ يۈەن ئاشتى، پايدا - باج يىغىمىدىن 57 مىڭ يۈەن كۆپەيدى. شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان «سەنيۇ» ماركىلىق ئاياغ مېيى مەملىكەت بويىچە سېلىشتۇرۇپ باھالاشتا ئۈچىنچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆز رايونىمىزدا بازار تاپالمىغانىدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ تەكرىتاغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەندىن كېيىن، شەھەرلىك پارتكوم ئىككى قېتىم تەمىنلىگۈچى - ساتقۇچى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تۈرلۈك ماللارنى توپ تارقىتىش ئورنى 1984 - يىلى «سەنيۇ» ماركىلىق ئاياغ مېيىدىن 180 مىڭنى سېتىۋالدى. شەھەر رەھبەرلىرى بانكىنىڭ «بىر ئۇچۇر بىلەن بىر زاۋۇتنى قۇتقۇزۇۋالغان» لىقىنى تەقدىرلىدى. خوتەن قويۇلدۇرۇلغان قىزىل ئۈزۈم شىرنىسىنىڭ مال مەنبەسى تولۇق بولسىمۇ، لېكىن سېتىلىش يولى راۋان بولمىغانىدى. خوتەن شەھەرلىك تارماق بانكا ئۇچۇر ئېلان قىلغاندىن كېيىن، گەنسۇ، سىچۈەن، گۇاڭشى، گۇاڭدۇڭ، خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن سېتىۋېلىشنى تەلەپ قىلغان خەتلەر كېلىپ، ئامباردا ساقلىنىپ تۇرغان 30 توننا قىزىل ئۈزۈم شىرنىسى پۈتۈنلەي سېتىلىپ بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، شاڭخەي، شەنشى قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەردىنمۇ سېتىۋېلىش توغرىسىدا خەتلەر كېلىپ، كاسات مەھسۇلات قىس مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ قالدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى «شىنجاڭ تېلېۋىزور بازىرى» ئۇچۇرىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، 60 مىڭدىن 80 مىڭغىچە رەڭلىك تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى كىرگۈزۈش - كىرگۈزمەسلىك ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان شىنجاڭ رادىئو 1 - زاۋۇتى كۆپ قېتىم بانكىغا بېرىپ مەسلىھەت ئالدى، ئاخىرىدا كىرگۈزۈشنى قارار قىلىپ، شىنجاڭنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزور ئىشلەپچىقىرىشتىكى بوشلۇقىنى تولدۇردى.

## 2. قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئۇچۇر خىزمىتى

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1980 - يىلى ۋۇچاڭدا مەملىكەت بويىچە قۇرۇلۇش بانكىلىرىنىڭ تەكشۈرۈش، ستاتىستىكا خىزمىتى نۆۋەتتىكى يىغىنىنى ئاچقاندىن كېيىن، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى پەيدىنپەي رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، خادىملارنى تولۇقلاپ، تۈرلۈك ئىقتىسادىي ئارخىپلارنى ۋە ئالاقىدار خىزمەت تۈزۈملىرىنى ئورناتتى. 1981 - يىلى 5 - ئايدا جەمئىي سەككىز خىل 50 تەكشۈرۈش تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىقتىساد تەكشۈرۈش تىزىسى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئۈچ خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، يۇقىرى توقۇمىچىلىق كەسپىنى تەكشۈردى. شۇ يىلى قۇرۇلۇش بانكىسى باش بانكىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ۋېلسىپىت، قول سائىتى، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، تېلېۋىزوردىن ئىبارەت تۆت خىل مەھسۇلاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش، سېتىلىش، ئۈنۈمى قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈپ، كۆپەيتىپ ئىشلەپچىقىرىش ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا چەك قويۇش توغرىسىدىكى كونكرېت پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1982 - يىلى 3 - ئايدا يەنە بىر قېتىم مەملىكەتلىك ئىقتىساد تەكشۈرۈش يىغىنى ئاچتى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 4 - ئايدا بەش خىل، 90 تەكشۈرۈش تۈرىنى چۈشۈردى. تارماق بانكىلار «بەش بېكىتىش» (تۈر، خادىم، مەزمۇن، ۋاقىت، تەكشۈرۈشنى بېكىتىش) تەدبىرىنى قوللىنىپ، تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. تەكشۈرۈشكە قاتناشقان 200 دىن كۆپ ئادەم 100

پارچىدىن ئارتۇق مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىپ، 80 نەچچە تۈرنىڭ قىسقىچە ماتېرىيالىنى رەتلەپ، ئاپتونوم رايوننىڭ پىلاننى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىدى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئارخىپ ماتېرىيالى كارتىسىدىن ئۈچ يۈرۈش باستۇردى، ستاتىستىكا خادىملىرىنى يىغىپ تەربىيىلىگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر تۇتاش تولدۇرۇپ، چوڭ، ئوتتۇرا قۇرۇلۇش تۈرلىرىنىڭ نۇسخىسى بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي ئارخىپىنى تۇرغۇزدى.

قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1983 - يىل 2 - ئايدا خاڭجۇدا مەبلەغ سېلىشنى تەكشۈرۈش ئۇچۇر خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، 4 - ئايدا قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە مەبلەغ سېلىشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇچۇر مەخسۇس يىغىنى ئېچىپ، 1983 - يىلدىكى 10 خىل، 65 تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش تۈرىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇ ئايدا مەملىكەتلىك قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش يىغىنى قۇرۇلۇش باش بانكىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى «قىزىلچىدىن شېكەر ئىشلەشنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى بىر قانچە مەبلەغ سېلىش سىياسىتى مەسىلىسى توغرىسىدا دوكلات» بېرىپ، دۆلەتكە ئالدى بىلەن شىخەنزە «1 - ئاۋغۇست» شېكەر زاۋۇتىنى كېڭەيتىپ قۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى، بۇ تەكلىپ دۆلەتنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى ۋە ئاپتونوم رايون تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى. تۆمۈريول كەسپىي تارماق بانكىسى لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ 25 يىلدىن بۇياقى تۈرلۈك تېخنىكا - ئىقتىساد سانلىق مەلۇماتىدىن 7580 نى توپلاپ لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ ئۈرۈمچى بۆلىكى (گەنسۇدىكى سۇلىغېيدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگىچە) نىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىش يۆنىلىشى توغرىسىدا تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش دوكلاتى يېزىپ چىقىپ، يەنە نۇرغۇنلىغان سانلىق مەلۇماتلار ئىچىدىن شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈر يولىنىڭ قوشۇش مىقدارى ۋە مەبلەغ سېلىش ئۈنۈمىنى مۆلچەرلەپ، مەبلەغ سېلىش تەدبىرىنى بەلگىلەشنى ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. شۇ يىلى جەمئىي يېزىپ چىقىلغان نەزەرىيىۋى مۇھاكىمە ماقالىسى 30 پارچىدىن ئارتۇق بولۇپ، بۇنىڭدىن باش بانكىغا يوللانغىنى ئالتە پارچە، «شىنجاڭ مالىيە تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغىنى 16 پارچە، «شىنجاڭ گېزىتى» گە بېسىلغىنى ئۈچ پارچە.

1984 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىدا تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، مەخسۇس ئىقتىساد تەكشۈرۈش، تۈرلەرنى باھالاپ مۆلچەرلەش ۋە مەبلەغ سېلىش نەزەرىيىسىنى مۇھاكىمە قىلىش خىزمىتىنى باشقۇردى. بۇ ئىشخانا مۇشۇ بىر يىلدا تۆت خىل، 18 تۈردىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندىدى. قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى باھالاپ مۆلچەرلەش خىزمىتى بانكىنىڭ تۈرلەر بويىچە تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىپ، ياخشىلىرىنى تاللاپ قەرز بېرىشنى ئوبدان ئىشلەپ، سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم ھالقا. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ تۆت ئادەمنى باش بانكا ۋە ئالاقىدار باشقۇرۇش تارماقلىرى ئاچقان تۈرلەرنى باھالاپ مۆلچەرلەش بويىچە تەربىيىلەش كۇرسىغا ئەۋەتتى. شىنجاڭ بويىچە قىسقا مۇددەتلىك باھالاپ مۆلچەرلەش كۇرسى ئېچىپ تۈرلەرنى باھالاپ مۆلچەرلەشنىڭ ئاساسىي بىلىملىرىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئۆگەندى. قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى شۇ يىلى دۆلەتنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرلىرىدىن تۆتنى، ئاپتونوم رايوننىڭ پىلان ئىچىدىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىنقى مەزگىللىك تۈرىدىن 12 نى باھالاپ مۆلچەرلەشكە قاتناشتى. باھالاپ مۆلچەرلەشكە قاتناشقان خادىملار ئەھۋالنى تەكشۈرۈش، ماتېرىيال توپلاش ئاساسىدا قايتا - قايتا تەتقىق قىلىپ، چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، ھەرىكەت ھالىتى ۋە تىنچ ھالەتتىن دەلىللىدى. ھەر بىر تۈرنىڭ باھالاپ مۆلچەرلەش كۆنى كوللېكتىپ مۇزاكىرىدىن ئۆتۈپ شەكىللەنگەندىن كېيىن، تەدبىر بەلگىلەش ئاساسى قىلىش ئۈچۈن ئالاقىدار باشقۇرۇش تارماقلىرىغا يوللاپ بېرىلدى.

1985 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ مەبلەغ سېلىش ئۇچۇرىنى تەكشۈرۈش ۋە نۇقتىلىق تۈرلەرنىڭ

ئىسقاتىدىغان تەتقىقاتنى باھالاپ مۆلچەرلەش خىزمىتى يەنىمۇ كۈچەيتىلدى. ئىلگىرى كېيىن بولۇپ سېمونت، كۆمۈر، ماشىنا - ئېلېكتر، نېفىت - خىمىيە سانائىتى، ئۈزۈم، ۋېلسىپىت، سېلسارلىق كەسپى، يېڭى تېخنىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىق سەككىز كەسىپ ياكى مەھسۇلات جەھەتتىكى ئىقتىسادىي ئۈچۈرنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇندالدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنجاڭ سېمونت زاۋۇتىنىڭ 700 مىڭ تونىلىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى، شىنجاڭ شولتا زاۋۇتىنى يېڭىلاش، ئۈرۈمچى ئەينەك زاۋۇتىنى كېڭەيتىش، لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان كابېل قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ، ئوتتۇرا تېخنىكى تۈرلەرنى باھالاپ مۆلچەرلەش دوكلاتى تاماملاندى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي 220 مىڭ خەتلىك يازما دوكلات يېزىلدى، 7247 سانلىق مەلۇمات يىغىنچاقلاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ، رەتلەپ چىقىلدى. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەبلەغ سېلىش تەدبىرى بەلگىلىشى، قەرز پۇلنى ھۆددە ئېلىشى ۋە پىلاننى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئۈچۈن ئىشەنچلىك ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بېرىلدى.

قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى 1981 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە يېزىلغان 35 خىل مەھسۇلات ياكى كەسىپ توغرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارنى تەكشۈرۈش دوكلاتىنى ئۈچ قىسىملىق «ئىقتىساد تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى توپلىمى» قىلىپ تۈزۈپ، باستۇردى.

# III باب بوغالتىرىيىلىك باشقۇرۇش

## §1. بوغالتىرلىق تۈزۈمى

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە شىنجاڭدا پۇل باشقۇرۇش جۇجۇقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا بوغالتىرلىق تۈزۈمى بەرپا قىلىندى. مىنگونىڭ 19 - يىلى (1930 - يىلى) شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە يەنىلا پۇل باشقۇرۇش جۇجۇقىنىڭ جۇڭگوچە مەھكىمە بوغالتىرلىق تۈزۈمى قوللىنىلدى. بۇ خىل بوغالتىرىيىلىك ھېسابات دەپتىرى ئاقما ھېسابات ۋە چاسا ھېسابات (ئۇنىڭ ھېسابات دەپتىرى چاسا شەكىلدە بولغاچقا چاسا ھېسابات دەپ ئاتالغان، تولىمۇ ھېساباتىمۇ دېيىلىدۇ) تىن تەركىب تاپقان. ئاقما ھېسابات تەرتىپلىك خاتىرىلىنىدىغان بولۇپ، كىرىم - چىقىم ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئايرىم ئايرىم ھالدا بىر - بىرلەپ خاتىرىلىنىدۇ، تىجارەت ئاخىرلاشقاندا، «كونىسى، يېڭىدىن كىرگىنى، چىققىنى ئەمەلىيەتتە قالغىنى» دىن ئىبارەت «تۆت تۈۋرۈكلۈك تىزىملاش دەپتىرى» بويىچە ھېسابات ئىشلىرى تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىدۇ؛ چاسا ھېساباتتا تەپسىلىي ھېسابات خاتىرىلىنىدىغان بولۇپ، تۈرلەر بويىچە ھېسابقا بۆلۈپ خاتىرىلىنىدۇ، ئۇنىڭدا پاي دېرى، بېرىم، ئېلىم، تېگىشلىك پۇل، پايدا - زىيان قاتارلىق ھېسابلار بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە «ئاكتىپ - پاسسىپ پايدا زىيىنىنى تىزىملاش دەپتىرى» بولىدۇ. بۇ خىل جۇڭگوچە مەھكىمە بوغالتىرلىقىنىڭ ھېسابات تەشكىلىدە يىغىنچاق زامان قوش ھېساب خاتىرىلەش قائىدىسى ھازىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كەمچىلىكلىرىمۇ خېلى گەۋدىلىك ئىدى. ئاساسلىقى تەسىس قىلىنغان ھېسابات دەپتىرى تولۇق ئەمەس، نازارەت قىلىش بوش، ئىنكاس ئاستا بولۇپ، كەسپىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايتتى. مىنگونىڭ 23 يىلى (1934 - يىلى شىڭ شىسەي سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مالىيە، پۇل مۇئامىلە مەسلىھەتچىسى مېخىرمان، گانچىلىۋ قاتارلىق كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆلكىلىك بانكا سوۋېت ئىتتىپاقى بانكىسىنىڭ ھېسابات تەشكىلى ۋە كەسپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپىنى يولغا قويدى. مىنگونىڭ 33 - يىل (1944- يىل) ئۆلكىلىك بانكا ئىچكىرىدىكى بانكىلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىپ بوغالتىرلىق خىزمىتىنى ئۆگەندى، كۆپ قېتىملىق ئۆزگەرتىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى ئۆلكىلىك بانكىنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمىدە دېبېت - كرېدىت قائىدىلىرى ئاساس قىلىنغان بىر يۈرۈش ھېسابات تەشكىلى ۋە كەسپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى ھازىرلىنىپ، ئىچكىرىدىكى بانكىلارنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمى سەۋىيىسىگە يەتتى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش تۈزۈلگەن بوغالتىرلىق تۈزۈمىگە ئاساسەن بانكا كەسپىنى بېجىردى. 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەندە، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1949 - يىل 11 - ئايدا چاقىرغان مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك بوغالتىرلىق خىزمىتى يىغىنىدا تۈزۈلگەن بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. 1950 - يىل 8 - ئاي، 1951 - يىل 9 - ئاي ۋە 1952 - يىل 10 - ئايدا باش بانكا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ مەملىكەتلىك 2-، 3-، 4 - نۆۋەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنى چاقىرىپ، تەشكىلى

ئاپپارات، ھېسابات خاتىرىلەش قائىدىسى، بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمى، مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈمى، مەبلەغ يۆتكەش، بۆيرۇش، خىراجەتلەرنى چىقىم قىلىش ۋە ئاساسلىق كەسىپلەرنى بىر تەرەپ قىلىش رەسمىيىتى شۇنىڭدەك مالىيە باشقۇرۇش قاتارلىق تۈزۈملەرنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى.

بوغالتىرىيىلىك ھېساب تۈرىنى تەسىس قىلىش جەھەتتە، بانكىنىڭ تۈرلۈك كەسپىي پائالىيەت ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلدى؛ خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى ئەكس ئەتتۈرۈلدى؛ پارتىيىنىڭ خەلق ئىگىلىكىگە قاراتقان فاڭجېن، سىياسەتلىرى گەۋدىلەندۈرۈلدى، بەش خىل ئىقتىسادىي تەركىبنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە كەسىپنى قانات يايدۇرۇش ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇلدى؛ ھېساب تۈرىنى تۈرگە ئايرىشتا، ئالدى بىلەن ئاكتىپ، پاسسىپ، پايدا ـ زىيان قاتارلىقلار بويىچە تۈرگە ئايرىلدى، ئاندىن كەسىپ ۋە مەبلەغ خاراكتېرى بويىچە تۈرگە ئايرىلدى. يەنە ھۆكۈمەت، كوپېراتىپ، شىركەتچىلىك ئورۇنلىرى، خۇسۇسىيلار، يېزا مەبلىغى، چەت ئەل بىلەن بولغان مۇئامىلە، ئۆتنۈچرسال ھېسابدىن ئىبارەت يەتتە تۈرگە ئايرىلدى. ھېساب تۈرى سانى جەھەتتە، مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنىدىن كېيىن، بوغالتىرىيە باش ھېساب تۈرى 82 بولدى. ھېساب تۈرى 478 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە بىر مۇنچە ھېساب تۈرى پەقەت تەسەۋۋۇر بولۇپ، ئەمەلىيەتتە قوللىنىلمىدى، كېيىن تەدرىجىي ئاددىيلاشتۇرۇلدى. مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنىدىن كېيىن، بوغالتىرىيە باش ھېساب تۈرى 81، ھېساب تۈرى 183 گە يەتتى، ئامانەت پۇل ھېساب تۈرى بىلەن ئېچكى قىسمىدىكى ھېساب تۈرى پەيدىنپەي ئىخچاملاندى. قەرز تارقىتىش ۋە سىرتقى كەسىپ ھېساب تۈرلىرى پەيدىنپەي تەپسىلىيلەشتى.

ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، 1949 ـ يىلدىكى مەملىكەتلىك 1 ـ نۆۋەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنىدا قارار قىلىنغان دېبىت، كرېدىت بويىچە ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلغانىدى. 1950 ـ يىل 8 ـ ئايدىكى مەملىكەتلىك 2 ـ نۆۋەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنىدىن كېيىن، كىرىم ـ چىقىم بويىچە ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىلدى. بۇ خىل ئۆزگەرتىشتە دېبىت تەرەپ كىرىم تەرەپكە، كرېدىت تەرەپ چىقىم تەرەپكە ئۆزگەردى.

مەملىكەتلىك 4 ـ نۆۋەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنىدىن كېيىن، بوغالتىرلىق دوكۇمېنتى ۋە ھېسابات ئىشلىرىنى تەشكىللەش جەھەتتە يەككە شەكىللىك دوكۇمېنت ۋە كۈندىلىك ھېسابنى جەملەش تالونى قوللىنىلدى. ھېسابات ئىشلىرىنى تەشكىللەشتە باش دەپتەر، قوشۇمچە دەپتەر، نەق پۇل كاسسا دەپتىرى ۋە خاتىرىلەش دەپتىرى تەسىس قىلىندى، كەسىپ كۆرۈلگەندە، دوكۇمېنتكە ئاساسەن قوشۇمچە ھېساب خاتىرىلىنىپ، كەسىپ ئاخىرلاشقاندا، دوكۇمېنتكە ئاساسەن ھېساب تۈرىنى كۈندىلىك بوغۇش تالونى تۈزۈلۈپ، باش دەپتەرگە خاتىرىلەندى ھەمدە مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈلدى.

بانكا ئاپپاراتلىرىنىڭ كۆپىيىشى ۋە كەسىپ دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، يىغىن ئارقىلىق تەربىيىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، نۇرغۇنلىغان بوغالتىر تەربىيىلەندى.

بۇ مەزگىلدە، شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىدە مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، بانكىنىڭ كەسپىي تەرەققىياتىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇلدى. لېكىن شىنجاڭدا مەلۇمات جەدۋىلى ۋاقتىدا يوللانماسلىق، يېزىق بىرلىككە كەلمەسلىك، بەزى تارماق بانكىلارنىڭ خىزمەت سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىقتەك مەسىلىلەرمۇ ساقلاندى.

1954 ـ يىلدىن 1957 ـ يىلغىچە سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بانكىسىنىڭ بوغالتىرلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ دۆلىتىمىزنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىندى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1954- يىلى «بوغالتىرلىق خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاش ۋە ئۈستۈرۈش توغرىسىدا قارار» ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: 1) دۆلەت بانكىسىنىڭ بوغالتىرلىق ھېساباتى دۆلەت ۋەزىپىسىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن

كېلىشى كېرەك. كونكرېت ئېيتقاندا: (1) بانكىنىڭ ھەر بىر كەسپى بانكىنىڭ بوغالتىرلىق ھېساباتى ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ. مەلۇمكى، تۈرلۈك كەسپىي ھېسابات رەسمىيەتلىرىنى تۈزگەندە، كەسپىي سىياسەتنىڭ رولىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم؛ (2) بوغالتىرلىق دوكۇمېنتىنىڭ يەتكۈزۈلۈشى ۋە ھېسابات ئىشلىرىنى تەشكىللەش بەلگىلىمىسى ئىلمىي، پۇختا بولۇشى، توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، قاتتىق نازارەت قىلىنىشى لازىم؛ (3) چەكنى دەپتەرگە خاتىرىلىگەندە ئالدى بىلەن دېبىت تەرىپىنى خاتىرىلەش، ئاندىن كرېدىت تەرىپىنى خاتىرىلەش لازىم؛ (4) ۋاقىتلىق چىقىم قىلىنىدىغان پۇل ۋە تاپشۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك پۇللارنىڭ ھەممىسى رەھبەرلىكنىڭ بىر - بىرلەپ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىدىن ئۆتۈشى كېرەك؛ (5) بارلىق ۋاقتى ئۆتكەن قەرز پۇل ۋە بېسىلىپ قالغان مەبلەغنىڭ ئەھۋالى ئۆز ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىنىشى كېرەك؛ (6) كاسسىدا ئارتۇق، كەم چىققان پۇل ۋە بېسىلىپ قالغان ھېسابلارنىڭ ھەممىسىدە قاتتىق بەلگىلىمە بولۇشى كېرەك؛ (7) خەزىنىدىكى پۇل ۋە ئەمەلىي نەرسىلەرنى قەرەللىك ياكى قەرەلسىز تەكشۈرۈپ، خىيانەتچىلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىسراپچىلىقنى توسۇش ۋە دۆلەت مال - مۈلكىنى زىياندىن قوغداش لازىم. 2) بوغالتىرىيىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئەمگەك تەشكىلى شەكلىنى ئىسلاھ قىلىش. ئىلگىرى تارقاق بولغان، كرېدىت تارماقلىرى تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان بوغالتىرلار بوغالتىرىيە تارماقلىرىنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىشى ۋە باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پۈكەيدىكى ئەمگەك تەشكىلى شەكلى مۇناسىپ ھالدا «ئۈچ كىشىلىك مەخسۇس پۈكەي» گە ئۆزگەرتىلىپ، ئىككى ئادەم ھېسابات خاتىرىلەيدۇ، بىر ئادەم كونترول قىلىدۇ. 3) ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش. كىرىم - چىقىم بويىچە ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى دېبىت - كرېدىت بويىچە ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتىپ، خەلقئارا بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاش لازىم. ھېسابات ئىشلىرىنى تەشكىللەش جەھەتتە، تەپسىلىي ھېسابات بىلەن ئۇنىۋېرسال ھېساباتنى ئېنىق ئايرىش، تەپسىلىي ھېسابات بىلەن ئۇنىۋېرسال ھېساباتنى ئوخشاش دوكۇمېنت ئارقىلىق ئايرىم - ئايرىم خاتىرىلەپ، ئارقىدىن ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇش (بۇ قوش لىنىيىلىك ھېسابات دېيىلىدۇ)، شۇ ئارقىلىق ھېسابات ئىشلىرىنىڭ مۇتلەق توغرىلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. 4) كرېدىت كەسپىنىڭ رەسمىيىتىنى بىر تۇتاش بەلگىلەش. قەرز پۇلنىڭ چوڭ جەھەتتە ئوخشاش، كىچىك جەھەتتە پەرقلىق بولغان ئون نەچچە خىل بوغالتىرلىق ھېسابات رەسمىيىتى مۇنداق ئۈچ خىل ھەممىباب رەسمىيەتكە قىسقارتىلدى: (1) بىر - بىرلەپ قەرز بېرىش ھېسابات رەسمىيىتى؛ (2) جانلىق يىغىش، جانلىق قەرز بېرىش (ئامانەت قويۇش بىلەن قەرز بېرىشنى بىرلەشتۈرۈش) ھېسابات رەسمىيىتى؛ (3) قەرەللىك تەڭشىلىدىغان ھېسابات رەسمىيىتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قوشۇمچە خاراكتېرلىك «تۆۋەندە قەرز بېرىپ، يۇقىرىنىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇش» ۋە «يۇقىرىدا قەرز بېرىپ، تۆۋەننىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرۇش» ھېسابات رەسمىيىتىمۇ بار. بۇ قەرز پۇل رەسمىيەتلىرىنىڭ ئۇقۇمى ئېنىق بولۇپ، ئەمەلىي قوللىنىشقا قولايلىق. 5) يېڭى پۇل تارقىتىشنىڭ بوغالتىرىيىلىك ھېسابات رەسمىيىتى بېكىتىش.

گوۋۇيۈەن 1955 - يىل 2 - ئاينىڭ 21 - كۈنى «يېڭى خەلق پۇلىنى تارقىتىش ۋە ئىشلىتىلىۋاتقان كونا خەلق پۇلىنى يىغىۋېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق» تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا باش بانكا «يېڭى پۇل تارقىتىشنىڭ بوغالتىرلىق ھېسابات رەسمىيىتى توغرىسىدا يوليورۇق» چىقاردى. بۇنىڭدا ھېسابات رەسمىيىتى ئارقىلىق كونا پۇلنى يېڭى پۇلغا سۇندۇرۇش، ئۇنىڭ پەرقلىق سوممىسىنى «كونا پۇلنى يېڭى پۇلغا سۇندۇرۇش پەرقلىق سوممىسى» ھېساب تۈرى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە ئايرىم «كونا نەق پۇل» ھېساب تۈرى تەسىس قىلىپ، ھېسابات ئىشلىرىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش بەلگىلەندى.

شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى 1955 - يىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى ھەمدە ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ بوغالتىرلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ئەمگەك تەشكىلى

شەكلى ئىسلاھاتىنى ئومۇملاشتۇرۇشنى بەلگىلىدى. 1955 - يىلى ئۈچ كىشىلىك مەخسۇس يۈكەينى يولغا قويغان بانكا 62 گە يېتىپ، تەۋەلىكتىكى بارلىق باغالتىرلىق ئورنىنىڭ 72 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1956 - يىلى 12 - ئايدا ئۈچ كىشىلىك مەخسۇس يۈكەينى يولغا قويىمىغان ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى ئىككى كىشىلىك گۇرۇپپىنى يولغا قويدى، بىر ئادەم ھېسابات خاتىرىلىدى، بىر ئادەم كاسسىرلىق قوشۇمچە كونتروللۇقىنى ئىشلىدى. خەلق شۆبە بانكىسى تەۋەلىكىدىكى بوغالتىرلىق ئورۇنلىرىنىڭ 90 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىدە بىر - بىرلەپ كونترول قىلىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، بانكا بوغالتىرلىقى «تۆمۈر ھېساب، تۆمۈر پۇل، تۆمۈر چوت» دېگەن يېڭى ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. بىراق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بانكا بوغالتىرلىقى تۈزۈمى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ھەددىدىن زىيادە مېخانىك، مۇرەككەپ قىلىۋېتىلدى. جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش يېتەرلىك بولمىدى، جۇڭگونىڭ بوغالتىرلىق خىزمىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە سەل قارالدى.

1958 - يىلدىكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» مەزگىلىدە ئۈچ كىشىلىك مەخسۇس يۈكەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، بىر ئادەم مەسئۇل بولۇش، بىر قوللۇق ئېنىقلاش يولغا قويۇلدى، ھېساب خاتىرىلەش، كاسسىرلىق، كونترولدىن ئىبارەت ئۈچ ئىش بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. جەدۋەل ھېساب دەپتىرى ئورنىغا قويۇلدى، قالدۇق سومما جەدۋەلى ئارقىلىق قالدۇق كونترول قىلىنمىدى؛ يۈكەي بىكار قىلىنىپ، دەپتەر بىلەن كىنىشكىنى يۈز كۆرۈشتۈرمەيلا پۇل چىقىم قىلىنىدى. نەتىجىدە ئېغىر دەرىجىدە خاتا ھېساب، خاتا پۇل كېلىپ چىقتى، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق دېلولىرى كۆپەيدى. 1959 - يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى يىغىن ئېچىپ 11 خىل تۈزۈمنى قايتىدىن تۈزۈپ بېكىتتى. لېكىن يىغىندىن كېيىن ئىجرا قىلىش كۈچلۈك بولماي، خاتا ھېساب، خاتا پۇللار داۋاملىق كۆرۈلدى.

1961 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى 1958 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە بولغان قائىدە - تۈزۈم ئىسلاھاتىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلىدى. شۇنىڭ ئىچىدىن 1960 - يىلدىكى بانكا بوغالتىرلىقى خىزمەت مىقدارىنىڭ 1957 - يىلدىكىگە قارىغاندا %84 كۆپەيگەنلىكى، بوغالتىر، كاسسىرلارنىڭ بولسا %30 ئازايغانلىقى بايقالدى.

1962 - يىلنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى بوغالتىرلىق - كاسسىرلىق يىغىنى ئېچىپ، باشقۇرۇش بوشاپ كېتىش مەسىلىسىنى تۈزەتتى، «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق نىزامى (لايىھە)» نى تۈزۈپ چىقتى. 5 - ئايدا مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى مەملىكەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنى ئاچتى. شۇنىڭدىن كېيىن بانكا بوغالتىرلىق تۈزۈمى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى، مۇكەممەللەشتى، بوغالتىرلار ئۈزلۈكسىز تولۇقلاندى.

1963 - يىل 1 - ئايدا گوۋۇيۈەن «بوغالتىرلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى» نى ئېلان قىلدى. بۇ ئېلىمىزدىكى بوغالتىرلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيىتى، ھوقۇق چېكى مەخسۇس بەلگىلەنگەن تۇنجى مەمۇرىي نىزام ئىدى. «نىزام» دا: «بوغالتىرلارنىڭ ۋەزىپىسى بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، سان - سىفىرلارنىڭ ھەقىقىي، ئىشەنچلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئىقتىسادىي پائالىيەت ئەھۋالىنى ئېنىق ئەكس ئەتتۈرۈش» دەپ ئېنىق بەلگىلەندى.

خەلق شۆبە بانكىسى 1965 - يىل 12 - ئايدا بوغالتىرلىق - كاسسىرلىق يىغىنى ئېچىپ، باش بانكىنىڭ «ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى لايىھە» نى ئىزچىللاشتۇردى، يەنە كىرىم - چىقىم بويىچە ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلىغا ئۆزگەرتتى. نەق پۇل ھېساب تۈرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، نەق پۇل خەزىنە قالدۇقى ئارقىلىق ھېسابات ئىشلىرى تەڭپۇڭلاشتۇرۇلدى، مەبلەغ تەڭپۇڭلاشتۇرۇش جەدۋىلىدە كىرىم تەرەپ سولغا، چىقىم تەرەپ ئوڭغا تىزىلدى.

1966 - يىلى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن بوغالتىرلىق تۈزۈمى بۇزغۇنچىلىققا

ئۆچۈرىدى، بوغالتىرلىق خىزمىتى زىيانغا ئۇچرىدى، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1972 ـ يىلى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بوغالتىرلىق ئاساسىي تۈزۈمى (سىناق نۇسخا)» نى ئېلان قىلدى. 1973 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ئاپپاراتى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن بۇ تۈزۈم ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. خەلق شۆبە بانكىسى 1974 ـ يىل 3 ـ ئايدا شىخەنزىدە بوغالتىرلىق ـ كاسسىرلىق راسچوت يىغىنى ئېچىپ، باش بانكىنىڭ بوغالتىرلىق ـ كاسسىرلىق راسچوتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، مۇۋاپىق قائىدە ـ تۈزۈملەردە چەك تۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى، ئاساسىي تۈزۈم مەركەز قىلىنغان توققۇز تۈزۈم يولغا قويۇلدى.

1978 ـ يىلى كۈزۈيۈزىن «بوغالتىرلارنىڭ خىزمەت ھوقۇقى نىزامى» نى رەسمىي ئېلان قىلدى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، مەركىزىي بانكا مەركەز، كەسپىي بانكا (مەھكىمە) ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان سوتسىيالىستىك يېڭى پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى بارلىققا كەلدى، بانكىنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمىمۇ تەدرىجىي ئىسلاھ قىلىنىدى.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1979 ـ يىلى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بوغالتىرلىق ئاساسىي تۈزۈمى (سىناق نۇسخا)» ۋە «كاسسىرلىق تۈزۈمى (سىناق نۇسخا)» نى قايتىدىن بېكىتىپ، بوغالتىرلىق خىزمىتىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى. «بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش» پرىنسىپىنى يولغا قويۇپ، تۈزۈم باشقۇرۇش ھوقۇقىنى باش بانكا بىلەن شۆبە بانكىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىگە مەركەزلەشتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ ئىككى تۈزۈمىنى ئىزچىللاشتۇرغاندا، بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق خىزمىتىدىكى ئاجىز ھالقىلارنى كۆزدە تۇتۇپ، پۇل بىلەن دەپتەرنى ئايرىپ باشقۇرۇش، دەپتەرمۇ بولۇش، ھۆججەتمۇ بولۇش، ھېساب كىنىشكا بىلەن يۈز كۆرۈشۈش، ھېسابنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە خاتىرىلەش، ھېسابنى شۇ كۈنى بوغۇش، باش دەپتەر بىلەن تەپسىلىي دەپتەرنى سېلىشتۇرۇش، ئىچكى ـ تاشقى ھېسابنى سېلىشتۇرۇش تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇردى. «دەپتەر بىلەن دەپتەر، دەپتەر بىلەن پۇل، دەپتەر بىلەن ھۆججەت، دەپتەر بىلەن ئەمەلىي نەرسە، دەپتەر بىلەن جەدۋەل، ئىچكى ھېساب بىلەن تاشقى ھېساب پۈتۈنلەي ئۆز ئارا ئۇيغۇن كېلىشتىن ئىبارەت ھېسابات سۈپىتى ئۆلچىمى» نى داۋاملىق ئىجرا قىلدى؛ كاسسىرلىق تۈزۈمى جەھەتتە، پۇل بىلەن دەپتەرنى ئايرىپ باشقۇرۇش، پوكەيگە ئىككى ئادەم بىللە ئىشلەش، خەزىنىنى ئىككى ئادەم باشقۇرۇش، خەزىنىنى ئىككى ئادەم ساقلاش، پۇلنى ئىككى ئادەم يالاپ توشۇش تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلدى؛ كونترول قىلىش تۈزۈمىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، پۇل تاپشۇرۇۋالغاندا تەكرار ساناپ ئالدى. پۇل بەرگەندە كونترول قىلدى؛ تاپشۇرۇۋېلىش ـ تاپشۇرۇپ بېرىش رەسمىيىتىنى ۋە خەزىنە تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى چىڭىتتى. ئاساسىي قاتلام ئورۇنلار پوكەيدە بوغالتىر بىلەن كاسسىر بىللە ئىشلەش، ئالماشتۇرۇپ كونترول قىلىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى يولغا قويدى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئاپپاراتلىرى 1979 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، 1980 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى پەيدىنپەي تۈرگۈزدى ۋە مۇكەممەلەشتۈردى.

جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 1981 ـ يىلدىن ئېتىبارەن دېبىت ـ كرېدىت بويىچە ھېساب خاتىرىلەشكە باشلىدى.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى 1983 ـ يىل 10 ـ ئايدا مەملىكەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو خەلق بانكىسى مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزگەندىن كېيىنكى بوغالتىرلىققا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە تەتقىق قىلدى. شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى 1984 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى بىلەن مەبلەغ ۋە ھېسابات ئىشلىرىنى ئايرىپ،

«بىر ئاپپارات، ئىككى ۋىۋىسكا، ئىككى يۈرۈش ھېسابات» تىن ئىبارەت ئۈتكۈنچى چارىنى قوللاندى. جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1985 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي قۇرۇلۇپ، سودا ـ سانائەت باش بانكىسى تۈزگەن بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى ئىجرا قىلدى.

جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى قېتىم قوشۇۋېتىلدى. 1984 ـ يىلى يولغا قويۇلغىنىغا 34 يىلدىن ئاشقان كەسپىي بوغالتىرلىق بىلەن راسخوت بوغالتىرلىقى ئايرىۋېتىلگەن بوغالتىرلىق تۈزۈمىنى بىر يۈرۈش مۇكەممەل بولغان بوغالتىرلىق تۈزۈمى قىلىپ بىرلەشتۈرۈلۈپ، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇلدى.

جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى سۇغۇرتا تۈرى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھېسابات تۇرغۇزۇپ، دۆلەت ئىچى سۇغۇرتىسى، چەت ئەلگە چېتىشلىق سۇغۇرتا، ئېكسپورت كرېدىتى سۇغۇرتىسى ۋە ئۆمۈر سۇغۇرتىسى قاتارلىقلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى تۈزىدىغان، كىرىم ـ چىقىم ئەھۋالىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئەكس ئەتتۈرىدىغان ۋە تىجارەت نەتىجىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم تەكشۈرىدىغان بولدى. ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەتنى باغلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ ئېلىمدارلىق ـ بېرىمدارلىق كۆرۈلگەن ھامان كىرىم ـ چىقىم كۆرۈلۈش ـ كۆرۈلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسى ھېساباتقا كىرگۈزۈلۈپ، ھەقدارلىق ـ قەرزدارلىقنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان بولدى؛ قوش ھېساب خاتىرىلەش قائىدىسىگە ئاساسەن، دېبىت ـ كرېدىت بويىچە ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. دۆلەت ئىچى سۇغۇرتا كەسپى، ئېكسپورت كرېدىتى سۇغۇرتىسى كەسپىدە چەت ئەل پۇلى بويىچە ھېسابقا ئايرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئەمەلىي پۇل ھېسابقا بىۋاسىتە كىرگۈزۈلدى. يىل ئاخىرلاشقاندا چەت ئەل پۇلى كەسپىدىكى پايدا ـ زىيان نەق چوت كۈندىكى ناختاي باھاسى بويىچە خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇپ ھېسابات قىلىندى.

جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى 1984 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك تاشقى پېرېۋوت كەسپىي بانكىسى ھېسابلىنىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدە بولۇپ قۇرۇلدى. ئۇنىڭ مەبلىغى، ھېسابات ئىشلىرى ۋە كەسپى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە باش بانكىنىڭ ئالاقىدار چارىسىگە ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسىدىن ئايرىپ چىقىلىپ، جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرۇلدى. ئۇنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمى مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولدى: بىرىنچىسى، دېبىت ـ كرېدىت بويىچە ھېساب خاتىرىلەش ئۇسۇلى قوللىنىلدى؛ ئىككىنچىسى، تاشقى پېرېۋوت بويىچە بۆلۈپ ھېسابات قىلىش تۈزۈمى قوللىنىلىپ، ئوخشاش بولمىغان پۇل بويىچە ھېسابات ئىشلىرى ئىستېمىسى تەسىس قىلىندى. ئوخشاش بولمىغان پۇللار ئارىسىدىكى ھېسابات مۇئامىلىسى «تېگىشىش» ھېساب تۈرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىندى.

ھەر قايسى كەسپىي بانكا (مەھكىمە) ئارقا ـ ئارقىدىن ئايرىم تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى 1985 ـ يىلدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە خەلق بانكىلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن بوغالتىرلىق ھېساب تۈرىنى ئىجرا قىلدى. ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بوغالتىرلىق ھېساب تۈرى ئاستىدا، ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي ئېھتىياجى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئۆز سىستېمىسىنىڭ بوغالتىرلىق ھېساب تۈرىنى كۆپەيتىپ تەسىس قىلدى. ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار ئارىسىدىكى مەبلەغ ئامانىتى ۋە قەرز ئىشلىرى يەنىلا خەلق بانكىسى ئارقىلىق راسچوت قىلىنىدى، ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار ئارىسىدىكى چەك ـ ھۆججەت ئالماشتۇرۇشمۇ خەلق بانكىسى ئارقىلىق راسچوت قىلىنىدىغان بولدى.

1985 ـ يىل 1 ـ ئايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بوغالتىرلىق قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى ۋە ھەر قايسى كەسپىي بانكا (مەھكىمە) لار ئۇنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلدى ھەمدە

كەسىپى ئۇنۇمسىز بولغا قويۇپ، بوغالتىرلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغىدى. ئۇزاق مۇددەت ئىشتىرىپ كەلگەن، ئۇندىمۇ تۇرمۇش قوشقان پېشقەدەم يولداشلارغا بىر تۇتاش «بوغالتىرلار شەرەپ گۇۋاھنامىسى» تارقىتىپ بېرىلىپ، بوغالتىرلارنىڭ شان - شەرەپ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى ئۇستۇرۇلدى. بوغالتىرلار قوشۇنىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى كۈچەيتىلدى.

## § 2 . بانكىلار ئارا مۇئامىلە

بانكىلار ئارا مۇئامىلە بانكىلار ئارىسىدىكى مەبلەغ ۋە ھېسابات ئىشلىرى مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ۋە مىنگو دەۋرلىرىدە، شىنجاڭنىڭ پۇل باشقۇرۇش جوجۇقىدا پېرېۋوت كەسپى يولغا قويۇلغان، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا يوللىنىدىغان پېرېۋوت پۇل، بىرشىكە تېگىشلىك پېرېۋوت پۇل قاتارلىق جايلار ئارا راسچوت كەسپىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭ بانكىلار ئارا مۇئامىلىدە ھەر قايسى بانكا بىۋاسىتە ھېساب تۇرغۇزۇش، بىۋاسىتە مۇئامىلە قىلىش، ئاي ئاخىرىدا دەپتەر، تالونلارنى باش بانكا بوغالتىرلىق باشقارمىسىغا مەركەزلەشتۇرۇپ بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. بانكىلار ئارا مەبلەغ ئاپتوموبىل ئارقىلىق توشۇلغان بانكىلار ئارا مۇئامىلىدە باش بانكا بىلەن شۆبە بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمى قوللىنىلغان.

شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا 1950 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شۆبىسىگە قوشۇۋېتىلگەندىن كېيىن، مەملىكەتلىك 1 - نۆۋەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنىدا بېكىتىلگەن بوغالتىرلىق تۈزۈمى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. شىنجاڭدا يەنىلا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا تارقاتقان كۆمۈش دوللار پۇلى ئوبوروت قىلىنغان بولغاچقا، بانكىلار ئارا مۇئامىلىدە يەنىلا شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ باش بانكا بىلەن شۆبە بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمى قوللىنىلدى، يەنى ھەر قايسى بانكىلار بىۋاسىتە ھېساب تۇرغۇزىدىغان، بىۋاسىتە مۇئامىلە قىلىدىغان، ئاي ئاخىرلاشقاندا دەپتەر، تالونلار مەركەزلەشتۇرۇپ سېلىشتۇرۇلىدىغان، بانكىلار ئارا مۇئامىلە «بانكىلار ئارا ھېسابات» ھېساب تۈرى بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى. بانكىلار ئارىسىدىكى كۆمۈش دوللار پۇلى يەنىلا ئاپتوموبىل ئارقىلىق توشۇلدى. ئۆلكە سىرتىدىكى جايلار بىلەن راسچوت قىلىشنى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى بېجىردى. خەلق شۆبە بانكىسى تىجارەت بۆلۈمى ئىككى يۈرۈش بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمىنى يولغا قويدى، ئۇنىڭ بىر يۈرۈشى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ بانكىلار ئارا ھېسابات تۈرى تۈزۈمى، يەنە بىر يۈرۈشى باش بانكىنىڭ ئومۇمى تەۋەلىكى بويىچە پېرېۋوت مۇئامىلىسى تۈزۈمى.

1950 - يىل 8 - ئايدا باش بانكا مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنى ئېچىپ، باش بانكا تەۋەلىكىدىكى پېرېۋوت مۇئامىلىسى تۈزۈمى، شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى پېرېۋوت مۇئامىلىسى تۈزۈمى ۋە بانكىلار ئارا مەبلەغ يۆتكەش تۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ بەك مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ يەنە يېڭىدىن بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمى يەنى پېرېۋوت يوللاش مۇئامىلە تۈزۈمىنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە 1951 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئىجرا قىلىشنى بەلگىلىدى. بىراق، شىنجاڭدا يەنىلا كۆمۈش دوللار پۇلى ئوبوروت قىلىنىپ، پۇل ئىچكىرى بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈلمىدى؛ تارقىتىش خەزىنىسى ۋە ساقلاش نۇقتىسى ئاز تەسىس قىلىنىپ، پېرېۋوت قىلىش، پېرېۋوت ئاجرىتىش مۇئامىلىسىدە «پېرېۋوت پەرقى بويىچە يۆتكەش» ھېساب تۈرى ئارقىلىق بېجىرىلدى. كادىرلارنىڭ سانى، سۈپىتى كەسپنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا يېتىشەلمىدى. باش بانكا ۋە غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىدىن يولىيورۇق سوراپ ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، 1951 - يىلى شىنجاڭدىكى

كۆپ قىسىم شۆبە، تارماق بانكىلاردا پىرېۋوت ئاجرىتىش مۇئامىلىسى تۈزۈمى ۋاقتىنچە ئىجرا قىلىنماي، پەقەتلا تەۋەلىك ئىچىدە پىرېۋوت ئاجرىتىش مۇئامىلىسى تۈزۈمى يەنى ئىلگىرىكى بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. پەقەت خەلق شۆبە بانكىسى، تىجارەت بۆلۈمى، خەنگۈەن ئىش بېجىرىش ئورنى، قۇمۇل، قەشقەر، ئاقسۇ، خوتەن، قارا شەھەر، يەكەن، ئىلى، تارباغاتاي، سۈيدۈڭ (ھازىرقى قورغاس)، گۇچۇڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى 14 بانكىدا مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن پىرېۋوت ئاجرىتىش مۇئامىلە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

شىنجاڭدا 1951 ـ يىلى «تەۋەلىك ئىچىدە پىرېۋوت ئاجرىتىش تۈزۈمى» نى يولغا قويغان بانكىلارنىڭ بانكىلار ئارا يېتىپ كەلمىگەن ھېساب 1956 ـ يىلغا كەلگەندە ئاندىن پۈتۈنلەي ئېنىقلاندى. مالىيە نازارىتىگە ۋە شىنجاڭ ھەربىي رايونىغا بىۋاسىتە قاراشلىق كوپىراتىپقا تەكرار چىقىم قىلىپ بېرىلگەن جەمئىي 140 مىڭ يۈەنگە يېقىن پىرېۋوت پۇل، كېيىن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسىنىڭ پايدا قالدۇقىدىن تۇتۇپ قېلىش ئارقىلىق تاپشۇرۇلۇپ، ئاندىن بۇ دېلو ئاخىرلاشتى (ئۆلكىلىك بانكا پايدا قالدۇقىدىن بانكىلار ئارا سەپلىنىدىغان پۇلغا سەپلەپ بېرىلگەننىڭ سىرتىدا، بىر قىسمى شىنجاڭ بانكىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇش پۇلى قىلىندى، قېپقالغان قىسمى يەرلىك مالىيىگە تاپشۇرۇلدى).

1951 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭدا ئۇيغۇرچە يېزىق بار خەلق پۇلى تارقىتىلىپ، كونا كۈمۈش دوللار پۇلى مۆھلەت بەلگىلەپ تېگىشىپ يىغىۋېلىنىپ، پۇل مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، ئىككى تارقىتىش خەزىنىسى، 17 ساقلاش نۇقتىسى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى. بانكا كادىرلىرىنىڭ سان ۋە سۈپىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. باش بانكا ۋە غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىدىن قايتا يولىيورۇق سوراش ۋە ئۇلارنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، 1952 ـ يىلى ئاز ساندىكى چەت، يىراق جايلاردىكى بانكىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا بانكىلارنىڭ ھەممىسىدە پىرېۋوت ئاجرىتىش مۇئامىلىسى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بۇنداقلار پۈتۈن تەۋەلىكتىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 90 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ قارا شەھەر ۋىلايىتىدىكى چاقىلىق، چەرچەن، ئىلى ۋىلايىتىدىكى توققۇزتارا، قورغاس، تېكەس، بورتالا، كۈنەس قاتارلىق چەت، يىراق جايلاردىكى تارماق بانكىلاردا «پىرېۋوت ئاجرىتىش مۇئامىلىسى» يولغا قويۇلمىدى. بۇ بانكىلارنىڭ سىرتقا يوللىنىدىغان پىرېۋوتى «ئىچكى مۇئامىلە» ھېساب تۈرى ئارقىلىق يۇقىرى دەرىجىلىك مەركىزىي تارماق بانكا ئارقىلىق بېجىرىلدى.

پىرېۋوت ئاجرىتىش مۇئامىلىسى تۈزۈمى مەبلەغنى باش بانكىغا مەركەزلەشتۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينىدى. لېكىن ئىقتىسادىي ھېسابات يولغا قويۇلۇپ، مەبلەغنىڭ پەيدىنپەي تۆۋەنگە يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، ھەر قايسى كارخانىلارنىڭ ۋىلايەتلەر ئارىسىدىكى پائالىيىتىنىڭ تېزدىن راۋاجلىنىشى، ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنىڭ بارغانسېرى زىچلىشىشى، راسچوت (جايلار ئارا راسچوتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى توغرا تەشكىللەش، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىشكە قارىتا تېخىمۇ يۇقىرى ئوبيېكتىپ تەلەپلەرنى قويدى، بىراق، پىرېۋوت ئاجرىتىش مۇئامىلىسى تۈزۈمىدە پىرېۋوت بىلەن بانكىلار ئارا مۇئامىلە ئاجراپ كېتىش ئېھتىماللىقى مەۋجۇت بولۇپ، بىر ـ بىرلەپ قاتتىق نازارەت قىلىش ئۇسۇلى كەمچىل بولغانلىقتىن، مەبلەغ يول ئۈستىدە بولۇپ قېلىش ۋە بېسىلىپ قېلىش قاتارلىق كەمچىلىكلەر ئاسانلا يۈز بېرىپ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالماي قالدى.

1954 ـ يىل 11 ـ ئايدا باش بانكا مەملىكەتلىك 5 ـ نۆۋەتلىك بوغالتىرلىق يىغىنى ئېچىپ، يولغا قويۇلۇۋاتقان بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىپ، بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمىنى يېڭىدىن تۈزۈپ چىقتى. 1955 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى يېڭى تۈزۈلگەن بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمى رەسمىي ئېلان قىلىنىپ ئىجرا قىلىندى. شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى يېڭى بانكىلار ئارا مۇئامىلە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن مۇنۇلار بەلگىلەندى:

1) بانكىلار ئارىسىدىكى ھېسابات مۇئامىلىسى كەتكەن ھېساب ۋە كەلگەن ھېساباتتىن ئىبارەت ئىككى سىستېمىغا بۆلۈنىدۇ. ئىككىسى ئارىسىدىكى مەبلەغ ئامانىتى ۋە قەرزى ھېسابلانمايدۇ. پەقەت كەتكەن ھېساب بىلەن كەلگەن ھېسابنى سېلىشتۇرۇپ توغرىلاشقا ھەيدەكچىلىك قىلىنىدۇ. يىل ئاخىرلىشىپ يېتىپ كەلمىگەنلىرى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، باش بانكىغا يوللاپ، ھېسابات تەكشۈرگىلى تاشتۇرۇلىدۇ.

2) جايلاردىكى كىرىم - چىقىم، مالىيە خەزىنىسىدىن پۇل ئاجرىتىش ۋە ئۇنىڭغا پۇل تاپشۇرۇش، پۇلنى تارقىتىش ۋە يىغىۋېلىشنى راسچوت قىلىش كەسپىدە ھېسابات قىلىشنى كۆچەيتىش، رەسمىيەتلەرنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئۈچۈن كەسىپ كۆرۈلگەن چاغدا بىۋاسىتە بانكىلار ئارا مۇئامىلىگە خاتىرىلىنىدۇ.

3) بانكىلار ئارا مۇئامىلىدە مەلۇمات تالونى ئاساسلىق دوكۇمېنت قىلىنىدۇ. كەسىپ كۆرۈلگەندە «ئا» بانكا (كەتكەن ھېسابنى بېجىرگەن بانكا) تۆت نۇسخىلىق مەلۇمات تالونى تۈزۈپ، بىر نۇسخىسىنى ساقلاپ قويغاننىڭ سىرتىدا ئىككى نۇسخىسىنى «ب» بانكىغا (كەلگەن ھېسابنى بېجىرگەن بانكا) ئەۋەتىپ بېرىدۇ؛ «ب» بانكا تاپشۇرۇۋېلىپ مېمورىئال قىلغاندىن كېيىن، مەلۇمات تالونىنى «ئا» بانكىغا قايتۇرۇپ ئەۋەتىپ ئۇنى قالدۇرۇلغان كۆتەك بىلەن سېلىشتۇرىدۇ. يەنە بىر نۇسخىسىنى «ئا» بانكا ئۆزىگە قاراشلىق تارماق بانكىغا ئەۋەتىپ بېرىپ، شۇنىڭغا ئاساسەن «ھېساب سېلىشتۇرۇش جەدۋىلى» تۈزۈپ، ئاندىن «ب» بانكىنىڭ بىر - بىرلەپ سېلىشتۇرۇپ كۆرۈشىگە ئەۋەتىپ بېرىدۇ. «ئا» بانكا «ب» بانكا ۋە ئۇلار قاراشلىق شۆبە بانكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ ئوخشاش بىر كەسىپنىڭ ئاساسىي دوكۇمېنتىنى ئىگىلەپ، بىر - بىرىنى نازارەت قىلىدۇ.

4) بانكىلار ئارا ھېساباتنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، «بانكىلار ئارا سېلىشتۇرۇلغان كەلگەن ھېساب»، «ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىلمىگەن مەلۇمات تالونىدىكى پۇل» قاتارلىق ھېساب تۈرى ۋە مەلۇمات جەدۋىلى تەسىس قىلىنىپ، بانكىلار ئارا ھېساباتنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى سېلىشتۇرۇلغان ھالدا توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

1957 - يىل باش بانكا يەنە مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ، ئۆلكىلەر (شەھەرلەر) ئارا باشقا تەۋەلىكتىكى بانكىلار ئارا مۇئامىلە ھېساباتىنى باش بانكىنىڭ ھېسابات قىلىشىغا مەركەزلەشتۈردى. ھەر قايسى شۆبە بانكىلار پەقەت ئۆز تەۋەلىكىدىكى بانكىلار ئارا ھېساباتنىلا نازارەت قىلىدىغان بولدى. شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ باشقا - باشقا تەۋەلىكتىكى بانكىلار ئارا ھېساباتىمۇ 1958 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ باش بانكىنىڭ نازارەت قىلىشىغا مەركەزلەشتۈرۈلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بانكىلار ئارا مۇئامىلىنىڭ بىر يۈرۈشى ئۆلكە (شەھەر) لەر ئارىسىدىكى باشقا - باشقا تەۋەلىكتىكى مۇئامىلە تۈزۈمى، يەنە بىر يۈرۈشى شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلە تۈزۈمىدىن ئىبارەت بولدى. مەملىكەت بويىچە باشقا - باشقا تەۋەلىكتىكى مۇئامىلە تۈزۈمى باش بانكىنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىشى ئارقىلىق مەملىكەت بويىچە ئىجرا قىلىنىدى، باشقا - باشقا تەۋەلىكتىكى مۇئامىلە تۈزۈمىگە چېتىلمايدىغانلىرىنى ھەر قايسى ئۆلكە (شەھەر)، ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىلار ئۆزلىرى بەلگىلەيدىغان بولدى. شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ «شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلە تۈزۈمى» نى كەتكەن ھېساب ۋە كەلگەن ھېساب (يەنى «ئا» بانكا ۋە «ب» بانكا) دىن ئىبارەت ئىككى سىستېمىغا بۆلۈش توغرىسىدىكى بەلگىلىمە باشتىن - ئاخىر ئۆزگەرمىدى. ئەمما ھېساب سېلىشتۇرۇش رەسمىيىتى ۋە نازارەت قىلىش چارىسى جەھەتتە ئۈچ قېتىملىق چوڭ ئۆزگىرىش بولدى.

1962 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭلاردا بوغالتىرلىق - كاسسىرلىق يىغىنى ئاچتى. يىغىن مەزگىلىدە «شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلە تۈزۈمى» نىڭ «ئا»، «ب» بانكىلارنىڭ ھېساب سېلىشتۇرۇش قىسمى مۇھاكىمە قىلىنىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈمنىڭ ھېساب سېلىشتۇرۇش قىسمى مېخانىك، مۇرەككەپ بولۇپ، يۇقىرىدا مۇرەككەپ تۇۋەندە ئاددىي بولۇش روھىغا خىلاپ دەپ قارالدى. شۇڭا قېرىنداش بانكىلارنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىچىدە، مەبلەغ ئاجرىتىش، ھېسابات

نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ھېسابات قىلىش رەسمىيىتىنى مۇۋاپىق ئاددىيلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، «شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلە تۈزۈمى» تۈزۈپ چىقىلىپ، 1963 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىندى. راسچوت كەسپىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، مەبلەغنىڭ تېز ئوبوروت بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن، «تۈزۈم» دە ھەر قايسى بانكىلار بىۋاسىتە مۇئامىلە قىلىش، شۆبە بانكا بىر - بىرلەپ نازارەت قىلىش چارىسى قوللىنىلدى. ھېسابات جەھەتتە، دوكۇمېنت ئارقىلىق بانكىلار ئارا ھېسابات باغلاشتۇرۇلدى، بانكىلار ئارا كەسىپ كۆرۈلگەندە، «ئا» بانكا تۆت نۇسخىلىق دوكۇمېنت يېزىپ، بىرىنچى، ئىككىنچى نۇسخىسىنى «ب» بانكىغا، ئۈچىنچى نۇسخىسىنى ئۆزىگە قاراشلىق شۆبە بانكىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ، تۆتىنچى نۇسخىسىنى كەتكەن ھېسابنىڭ كارتا ھېسابى قىلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويىدۇ. «ب» بانكا دوكۇمېنتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىرىنچى نۇسخىسى ئارقىلىق كەلگەن كەسىپنى بېجىرىدۇ، ئىككىنچى نۇسخىسىنى ئۆزىگە قاراشلىق شۆبە بانكىغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. ئۇلارغا قاراشلىق شۆبە بانكىلار ئىككىنچى، ئۈچىنچى نۇسخا دوكۇمېنتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ھېسابات سىرتىدا ھېسابلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق، ھېسابقا بەلگە ئۇرۇپ «جۈپلەشتۈرىدۇ»، يىل ئاخىرىدا يېتىپ كەلمىگەن ھېسابنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن ھەر قايسى بانكىلارغا ھېسابنى تەكشۈرۈشنى ئۇقتۇرۇش قىلىدۇ. «ئا» بانكا «ب» بانكا ۋە ئۇلار قاراشلىق شۆبە بانكا ئوخشاش دوكۇمېنت يېزىش ئارقىلىق ھېسابات ئىشلىرىنى بېجىرىدۇ. 1963- يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1967 - يىلغىچە «تۈزۈم» ياخشى ئىجرا قىلىندى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، بانكا خىزمىتى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، تەۋەلىكتىكى مۇئامىلە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلغىلى بولمىدى. شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلە ھېساباتىدا 500 دىن ئارتۇق پېرېۋوت يەتكۈزۈش نۇقتىسى بولۇپ، ھەر كۈنى كەتكەن ھېساب، كەلگەن ھېساب دوكۇمېنتى 2000 دىن ئاشاتتى، 1968- يىلدىن 1970 - يىل 5 - ئايغىچە بېسىلىپ قالغان دوكۇمېنت 2 مىليون پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن. شۇڭا شۆبە بانكا ئىنقىلابىي كومىتېتى «ئا»، «ب» بانكا بىۋاسىتە ھېساب توغرىلايدىغان «شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلە تۈزۈمى» (مۇزاكىرە نۇسخىسى) نى يېزىپ چىقىپ، ئۈرۈمچى، سانجى، ئىلى، قۇمۇل، بايىنغولىن، شىخو، شىخەنزە قاتارلىق جايلاردىكى بانكىلاردىن 15 ۋەكىلنى چاقىرىپ مۇھاكىمە قىلدى، بانكىلار ئارا دوكۇمېنتى بېسىلىپ قېلىشى ئېغىر بولغان ئەھۋال ئاستىدا كۆپچىلىك ئۇنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ دەپ قارىدى. شۇڭا شۆبە بانكا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، 1970 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يېڭى تۈزۈمنى ئىجرا قىلىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى بانكىلار بىۋاسىتە مۇئامىلە قىلىدىغان، بىۋاسىتە ھېساب توغرىلايدىغان ھەممە ھېساب كەلگەن بانكىنى ئاساس قىلىدىغان بولدى؛ ھەر ئايدا ھېساب كەلگەن بانكا ھېساب ماڭغان بانكىغا شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلىنىڭ ھېساب توغرىلاش تالونىنى ئەۋەتىپ بېرىدۇ. يىل ئاخىرلاشقاندا شۆبە بانكا يىللىق ئومۇمىي سوممىغا ئاساسەن تەكشۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، ئاشقان سوممىنى ھەر قايسى بانكىلارغا يوللاپ بېرىپ، ئالدىنقى يىلنىڭ قالدۇقىنى تەكشۈرگۈزىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي شۆبە بانكا كادىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «7 - ماي كادىرلار مەكتىپى» گە ئەمگەك قىلىشقا چۈشۈرۈلۈپ، بانكىلار ئارا ھېسابات توغرىلاش خىزمىتى ئىشلەنمىدى.

1973 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دەرھال ئادەم كۈچى تەشكىللەپ، 1968 - يىلدىن بۇيان بېسىلىپ قالغان بانكىلار ئارا يېتىپ كەلمىگەن ھېسابات ئېنىقلاندى، 1978 - يىلى پۈتۈنلەي ئېنىقلىنىپ بولدى. ئېنىقلاش نەتىجىسىدىن مەلۇم بولدىكى، تەكرار چىقىم قىلىنغان پېرېۋوت پۇل 60 قېتىم، سوممىسى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق، چىقىم قىلىنماي قالغان پېرېۋوت پۇل 90 قېتىم، سوممىسى 640 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق، ئەۋەتىلمەي قالغان پېرېۋوت پۇل تەشەببۇسكارلىق بىلەن چىقىم قىلىندى، تەكرار چىقىم قىلىنغان پېرېۋوت پۇلنىڭ سانى نەچچە قېتىملىق

ئەگرى - توقايلىقلاردىن كېيىن ئەينەن قايتۇرۇپ كېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، 1963 - يىلى يولغا قويۇلغان شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلە تۈزۈمى بىلەن 1970 - يىلى يولغا قويۇلغان شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلە تۈزۈمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىنىپ، 1970 - يىلدىكى تۈزۈمدە قاراشلىق شۆبە بانكا بىر - بىرلەپ نازارەت قىلغىلى بولمايدۇ، بانكىلار ئارا ھېسابات ۋە باشقا جايلار ئارا راسچوتنىڭ مۇتلەق توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شىنجاڭدا كۆپ مىللەت يېزىقى قوللىنىلىدۇ، كەسپىي خادىملار كۆپ خىل يېزىقنى تونۇيالمىغاچقا، يېڭى تۈزۈمنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىغا تەسىرى يېتىدۇ دەپ قارالدى. مۇشۇ ئەھۋاللارغا ئاساسەن، خەلق شۆبە بانكىسى 1975 - يىل 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى 1963 - يىلى تۈزۈلگەن شۆبە بانكىغا مەركەزلەشتۈرۈپ ھېساب توغرىلاشنى بىر - بىرلەپ نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېسابات توغرىلاش خىزمىتى توغرا ئىزغا چۈشتى. 1979- يىل 6- ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكا تۈزۈلمىسى 3 - قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، 1985 - يىلى جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆلكە تەۋەلىكىدىكى بانكىلار ئۆزلۈكىدىن سىستېما بولدى، بانكىلار ئارا ھېساباتتا يەنىلا 1963 - يىل تۈزۈلگەن شۆبە بانكىغا مەركەزلەشتۈرۈپ بىر - بىرلەپ نازارەت قىلىشتىن ئىبارەت شۆبە بانكا تەۋەلىكىدىكى مۇئامىلە تۈزۈمى ئىجرا قىلىندى. 1985 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى مەركىزىي بانكا فۇنكسىيىسىنى ئىجرا قىلغاندىن كېيىن، ھەر قايسى كەسپىي بانكىلاردا ئۆزىنىڭ بانكىلار ئارا سىستېمىسى بارلىققا كەلدى. ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ خەلق بانكىسى بىلەن ۋە ئۆز ئارا بولغان مەبلەغ ۋە ھېسابات مۇئامىلىسى پۈتۈنلەي خەلق بانكىسى ئارقىلىق بېجىرىلىدىغان، كەسپىي بانكىلارنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن دەرىجىلىك بانكىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەبلەغ يۆتكەشمۇ خەلق بانكىسىنىڭ بانكىلار ئارا مۇئامىلىسى ئارقىلىق راسچوت قىلىنىدىغان بولدى.

## § 3. مالىيە باشقۇرۇش

1949 - يىلدىن ئىلگىرى شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى بار ئىدى. ئۇلار مۇستەقىل ھېسابات قىلاتتى، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولاتتى. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا باش بانكا بىر تۇتاش بېكىتكەن مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى ئىجرا قىلىندى. 1950 - يىل 10 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكا تۈزگەن «خىراجەت ۋە نەرسە سېتىۋېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش خام چوتىنى ھېسابلاش چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭدا تۈرلۈك خىراجەت ۋە نەرسە سېتىۋېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش پۇلىنى ئالدى بىلەن خام چوت تۈزۈپ، يۇقىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن چىقىم قىلىش ۋە ئاتچوت قىلىشقا رۇخسەت قىلىش بەلگىلەنگەن. ئالدىن ھېسابات قىلىدىغان ئورۇنلار باش بانكا، مەمۇرىي رايونلۇق بانكا، شۆبە بانكا، تارماق بانكىلاردىن ئىبارەت تۆت دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ، شۆبە بانكا، تارماق بانكىغا قاراشلىق تىجارەت ئورنى، شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى ئۇلار قاراشلىق بانكىنىڭ خام چوتىغا كىرگۈزۈلىدۇ. پايدا بىر تۇتاش باش بانكىغا تاپشۇرۇلۇپ، دۆلەت ئىگىدارلىقىدا بولىدۇ. كەسپىي بانكىلار ۋە جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى خىراجەت ۋە نەرسە سېتىۋېلىش، قۇرۇلۇش قىلىش خام چوتىنى ھېسابلاش چارىسىنى ئۆزى تۈزۈپ، باش بانكا تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلىدۇ. شىمالىي جۇڭگو مەمۇرىي رايوندىكىلەرنىڭ خىراجەت ئۆلچىمىنى باش بانكا بېكىتكەنىنىڭ سىرتىدا باشقا ھەر قايسى مەمۇرىي رايوندىكىلەرنىڭكىنى ئۇلار قاراشلىق مەمۇرىي رايونلۇق بانكا بېكىتىدۇ ۋە مەمۇرىي رايونلۇق مالىيە - ئىقتىساد كومىتېتى ماقۇل بولۇپ، باش بانكىنىڭ تەستىقىدىن

ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئىجرا قىلىندۇ. 1952 - يىل 6 - ئايدا ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى سىستېمىسىدا غەيرىي تىجارەت ئىگىلىگەن پۇل 800 مىڭ يۈەن (يېڭى خەلق پۇلى. تۆۋەندىمۇ شۇنداق) بولۇپ، 1951 - يىلدىكىدىن بىرسىمۇ ئازايمىغان؛ خەزىنىدىكى نەق پۇلنىڭ ئامانەت پۇل ئومۇمىي سوممىسىدا ئىگىلىگەن ئوتتۇرىچە نىسبىتى %12.05 تىن %2.76 كە تۆۋەنلىگەن؛ ئامانەت پۇلنىڭ تەننەرخ نىسبىتى %6.11 بولغان؛ كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن ئايلىق خىراجەت شەھەر بانكىلىرىدا 86.9 يۈەن، شەھەر - يېزىغا تەڭ ئېتىبار بېرىدىغان بانكىلاردا 96.3 يۈەن، يېزا بانكىلىرىدا 107.4 يۈەن بولغان؛ 1950 - يىلدىن 1952 - يىلغىچە ئومۇمىي پايدا 12 مىليون 49 مىڭ يۈەن بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4 مىليون 13 مىڭ 600 يۈەندىن توغرا كەلگەن.

1952 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، «مالىيە باشقۇرۇشنى ئىنچىكىلەشتۈرۈش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقىتىپ، ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ پىلانلىق ئىش كۆرۈشنى كۈچەيتىپ، چىقىمنى ئىگىلىشنى، مەبلەغ ئوبوروتىنى تېزلىتىپ، تۇرۇپ قېلىش، ئىسراپ بولۇشنى ئازايتىشنى، ئامبار قالدۇقىنى ئازايتىپ، يۆتكەشنى جانلاندۇرۇپ، مەبلەغنىڭ ئارىلاپ - ئارىلاپ توختاپ قېلىشىنى ئازايتىشنى، پايدا - زىيان ۋە تەننەرخ ھېساباتى قىلىپ، كۆڭۈلدە سان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئىنچىكە ھېساب قىلىپ، چىقىمنى تېجەشنى، مالىيە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلدى.

1954 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكا چۈشۈرگەن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىشنى تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچىگە ئاساسەن، پۇلنى ئاۋۋال ئىشخانا ئاندىن ياتاق سېلىش پرىنسىپى بويىچە تەقسىم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا چىقىمنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، ئىسراپچىلىق ھادىسىلىرىنى تۈزەتتى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ھېساباتىن كۆتۈرۈۋېتىلگەن پۇل 14 مىڭ 76.9 يۈەنگە يەتتى. ۋاقىتلىق كىرىم قىلىنغان پۇل تۈرىدە مەسىلە بارلىرى %99.7 كە يەتكەن، مەسىلەن: شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا ئەمەلدىن قالدۇرۇلغاندىن كېيىن، مال - مۈلكىنىڭ ساپ قىممىتى 1 مىليون 160 مىڭ يۈەندىن كۆپ بولۇپ، يەرلىك مالىيە ئۇنىڭ ھېسابىنى ئېلىپ قويغان؛ ۋاقىتلىق چىقىم قىلىنغان پۇل ۋە ۋاكالەتەن بانكىلار ئارا سەپلەنگەن پۇل جەمئىي 48 مىڭ 300 يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن، ئالدىن چىقىم قىلىنغان خىراجەت ئىچىدە يېزىش - سىزىش قوراللىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى قىممىتى 58 مىڭ يۈەن بولۇپ، بۇنىڭ 47.7 پىرسەنتى بېسىلىپ قالغان؛ شۆبە بانكا كىرىم قىلغان ئۆي ئىجارىسى 11 مىڭ 98 يۈەن بولۇپ، بەلگىلىمە بويىچە دەپتەرگە ئورناتماي، خوجىلىق تارماقلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلەپ ئىشلىتىشىگە قالدۇرغان. ساقلانغان مەسىلىلەر كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۇنى ئۆزگەرتىش پىكىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

خەلق باش بانكىسى 1955 - يىلى شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 230 مىڭ يۈەن تىزگىنلەش كۆرسەتكۈچى چۈشۈردى، خەلق شۆبە بانكىسى ئاۋۋال خەزىنىنى، ئاندىن پونكىت قۇرۇش ئۈچۈن كېرەكلىك ئۆينى ھەل قىلىش، يۇقىرىدىكى ئىككى تۈر قانائەتلەندۈرۈلگەندىن كېيىن ئاندىن باشقا ئۆي - ئىمارەتلىرىنى ئويلىشىش پرىنسىپى بويىچە پۇل تەقسىم قىلدى.

1956 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى ئىككى يىلدىن بۇيانقى مالىيە خىزمىتىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، مال - مۈلۈك باشقۇرۇشنى ۋە غەيرىي تىجارەت ئىگىلىگەن پۇلنى ئېنىقلاشنى كۈچەيتتى. ئاساسىي قۇرۇلۇش ۋە خىراجەت جەھەتتە بىرلىككە كەلگەن خىراجەت ئۆلچىمىنى ۋە ئادەملەر بويىچە بەلگىلەنگەن نورمىلىق خىراجەت باشقۇرۇش چارىسىنى ئىجرا قىلىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشقا پۇل ئاجرىتىش تەرتىپىنى ئۆزگەرتتى.

خەلق شۆبە بانكىسى 1957 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى تېجەشلىك بولۇش تۈزۈمىنى تۈزدى. تېلېگرامما تاپشۇرۇۋېلىش - تارقىتىشنى تەستىقلاش، ئىشخانا سايمانلىرىنى ئېلىش - ساقلاش، سۇ، توك ئىشلىتىش، گۇلتوراق ئۆي تەقسىم قىلىش، ئۆي جاھازىلىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئىشلىتىش قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى. ئۇ چاغدا ماددىي شەرت - شارائىت جاپالىقراق بولسىمۇ، لېكىن ئىشچى - خىزمەتچىلەر

زارلىماپتتى، ھەممىسى قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، تىرىشىپ خىزمەت قىلاتتى.

مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق باش بانكىسى 1959 - يىل 2 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بىرلىكتە ئىلگىرى دۆلەت ۋە بىرلىكنىڭ ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇشىدا بولۇپ كەلگەن بانكىنىڭ قالدۇق پايدا كىرىمى ۋە تۈرلۈك خىراجەتلەرنى يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىشنى قارار قىلدى. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئېشىنچا پايدىسى بولسىمۇ، لېكىن ئاز قىسمىنىڭ زىيىنىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە زاپاس تەييارلاش خىزمىتى تېخى ئورۇنلانمىغانىدى، مالىيە نازارىتى ۋە خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ پايدا كىرىمى ۋە خىراجەت چىقىمىنى بۇ يىلدا پۈتۈنلەي شۆبە بانكا بىلەن مالىيە نازارىتى راسچوت قىلىشىنى قارار قىلدى. بانكىنىڭ پايدىسىنىڭ كىرىم - چىقىمىنى مەركەز ۋە يەرلىك ئايرىم - ئايرىم باشقۇرۇش روھىغا ئاساسەن، ئايرىم - ئايرىم ھېسابقا يېزىلدى، ئايرىم - ئايرىم نەق چوت قىلىندى، مەركەزگە تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكى باش بانكىغا ئايرىپ بېرىلدى، ئۇنى مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن باش بانكا %50 تىن تەقسىم قىلىشۋالدى. يەرلىككە تەۋە بولغانلىرىنى مالىيە نازارىتى بىلەن شۆبە بانكا %50 تىن تەقسىم قىلىشۋالدى. بانكا تەقسىم قىلىشۋالغان قىسمىنى كىرىدىت مەبلىغى قىلىش ئۈچۈن قالدۇردى. خىراجەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يەرلىككە چۈشۈرۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، يەرلىكنىڭ ئاكتىپلىقى جارى قىلدۇرۇلۇپ، خام چوتنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش خىزمىتى ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇلدى. بىراق بەزى جايلاردا خام چوت ئۆز ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ تەستىقلانماي ياكى ئىشلىتىشكە ئۇيغۇنلاشماي، كەسپلەرنىڭ نورمال قانات يايدۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتتى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 22 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىغا دوكلات يوللاپ، مەمۇرىي خىراجەتنى يەرلىك مالىيە باشقۇرۇش، كەسپىي خىراجەتنى بانكا ئۆزى باشقۇرۇش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى.

1962 - يىل 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى مالىيە مىنىستىرلىكى بىلەن خەلق باش بانكىسى بىرلىكتە «بانكا پايدىسىنى يۇقىرىغا تاپشۇرۇش چارىسىنى ۋە مەمۇرىي، كەسپىي خىراجەتنى چىقىم قىلىش دائىرىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا قارار» چىقاردى. بانكا پايدىسىنىڭ ھەممىسى مەركەزنىڭ خام چوت كىرىمىگە كىرگۈزۈلىدىغان، پايدىنىڭ 50 پىرسەنتى مالىيە مىنىستىرلىكىگە تاپشۇرۇلىدىغان، 50 پىرسەنتى كىرىدىت مەبلىغى قىلىش ئۈچۈن قالدۇرۇلۇپ باش بانكا تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئىگىلىنىدىغان بولدى. بانكىنىڭ مەمۇرىي خىراجىتىنى يەنىلا ئۆلكە دەرىجىلىك مالىيە نازارىتى باشقۇرۇپ، ئۆلكە دەرىجىلىك خام چوتقا كىرگۈزۈلۈپ، قەرەللىك ھالدا پۇل ئاجرىتىپ بېرىلدى. بانكىنىڭ كەسپىي خىراجىتىنى باش بانكا بىر تۇتاش باشقۇرۇپ، يىللار بويىچە خام چوت تۈزدى، مالىيە مىنىستىرلىكى تەكشۈرۈپ بېكىتكەندىن كېيىن پايدا ئىچىدىن چىقىم قىلىندى.

1962 - يىل 10 - ئاينىڭ 21 - كۈنى شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن مالىيە نازارىتى بىرلىكتە «ناھىيىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ مەمۇرىي خىراجىتىنى 1963 - يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا تىك لىنىيە بويىچە باشقۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى.

1963 - يىل خەلق باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى سىستېمىسىدا ئامبارنى ئېنىقلاش، مەبلەغنى تەكشۈرۈش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلدى. شىنجاڭ بويىچە 106 ئورۇندىن 105 ئورۇن 1962 - يىل 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدىن ئىلگىرىكى 2 مىليون 110 مىڭ يۈەنلىك خاتا ھېساب، خاتا پۇلنى پۈتۈنلەي ئېنىقلاپ بولدى.

1964 - يىلى ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرى بىلەن تىجارەت پونكىتلىرى بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئامانەت - قەرز كوپىراتىپلىرىنىڭ ئېشىنچا پايدىسى خەلق بانكىسىغا ئايرىپ بېرىلدى، زىيىنى تەستىقلانغاندىن كېيىن خەلق بانكىسى تەرىپىدىن مەسئۇل بولۇپ قايتۇرۇلىدىغان بولدى.

1965 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بانكا سىستېمىسىدا «كىچىك پۇل ساندۇقى»، «كىچىك ۋەج» نى ئېنىقلاش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، چوڭ كوللېكتىپنىڭكىنى كىچىك

كوللېكتىپنىڭ قىلىۋالىدىغان ناتوغرا ئىستىبللار تۈزىتىلدى.

1971 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېت خەلق بانكىسىغا قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ خىراجىتىنىڭ كەسىپىي باسما خىراجىتى، پوچتا ـ تېلېگراف خىراجىتى ۋە كاسسا خىراجىتىدىن باشقا خىراجەتلىرىنى بىردەك يەرلىكنىڭ باشقۇرۇشىغا چۈشۈرۈپ بېرىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بۇ 1959 ـ يىلى بانكىنىڭ مالىيە باشقۇرۇشى تۈزۈمگە چۈشۈرۈلگەن (1962 ـ يىلى يىغىۋېلىنغان) دىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق تۈزۈمگە چۈشۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1972 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىش گۇرۇپپىسى «خەلق بانكىسىنىڭ خىراجەت باشقۇرۇش چارىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، ئۇنىڭدا: 1973 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بانكىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى مەمۇرىي شتات ۋە كارخانا شتاتىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلىنىدۇ. مەمۇرىي شتاتتىكى خادىملار (جۈملىدىن شۆبە بانكا، ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكا، ھەر قايسى ناھىيىلىك تارماق بانكىلارنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرى، سىياسىي يېتەكچىلىرى) نىڭ خىراجىتى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىنىڭ خام چوتىدىن چىقىم قىلىنىدۇ؛ ئاساسىي قاتلام بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى پۈتۈنلەي كارخانا شتاتى ھېسابلىنىپ، ئۇلارنىڭ خىراجىتى بانكا كىرىمىدىن چىقىم قىلىنىدۇ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن تەستىقلىغان خىراجەت كۆرسەتكۈچى ئىچىدە ئىگىلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

1973 ـ يىل 6 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ئىلگىرىكى ئاپپارات تۈزۈلمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خەلق باش بانكىسىنىڭ 1972 ـ يىل چىقارغان «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى» توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىنىپ، بانكىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش خىراجىتى كۆچەيتىلدى، بۇ بەلگىلىمە 1978 ـ يىلغىچە ئىجرا قىلىندى.

خەلق باش بانكىسى 1979 ـ يىلى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئىقتىسادىي ھېساباتىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش چارىسى»نى تۈزۈپ چىقتى. شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى «ئىقتىسادىي ھېسابات چارىسىگە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدا قوشۇمچە بەلگىلىمە» چىقاردى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىمۇ يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن 1980 ـ يىلى «ئىقتىسادىي ھېسابات چارىسى» نى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويدى. نەتىجىدە مەبلەغ ۋە مالىيە باشقۇرۇش جەھەتتىكى «داشقازاننىڭ تامىقىنى تەڭ يېيىش» ھالىتى ئۆزگەرتىلدى. (1) ئىلگىرى يۇقىرى، تۆۋەن دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ ئۆز ئارا مۇئامىلىسىدە ئىچكى مەبلەغقە ئۆسۈم ھېسابلىماسلىق بەلگىلىمىسى ئۇخشاشلا 2.7‰ بويىچە ئۆسۈم ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى. (2) مەبلەغ ئىشلىتىش، خىزمەت سۈپىتى، خىزمەت ئۈنۈمى، خىراجەت چىقىمى، پايدىدىن ئىبارەت بەش خىل ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچ بانكا تىجارەت نەتىجىسىنى تەكشۈرۈپ باھالاشنىڭ ئۆلچىمى قىلىندى. (3) ئومۇمەن بەش خىل ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىغان بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ بەش پىرسەنتى بويىچە كارخانا فوندى ئاجرىتىپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر كوللېكتىپ پارانلىق ئەسلىھەلىرى بەرپا قىلىش، يېزا ئىگىلىك ۋە قوشۇمچە كەسىپىنى يولغا قويۇپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق فوندىنىڭ يېتىمگەن قىسمىنى تولدۇرۇش ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى مۇكاپاتى تارقىتىپ بېرىش قاتارلىقلارغا چىقىم قىلىنىدۇ. بىر خىل ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى كەم ئورۇندىغانلار 1% كارخانا فوندىنى كەم ئاجرىتىدۇ.

1979 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى خەلق باش بانكىسى «شەھەر ـ بازارلاردا پۇقرالار ئامانىتىنىڭ ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان قىسمىغا پايدا پەرقى قوشۇمچىسى بېرىشنى يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» تارقاتتى، ئۇنىڭدا ئومۇمەن پىلاندىن ئاشۇرۇپ ئورۇندالغان قىسمىغا ھەر ئايدا ئاي ئاخىرىدىكى سانىنى ئۆلچەم قىلىپ، 1.2 لىدىن پايدا پەرقى قوشۇمچىسى بېرىش بەلگىلەندى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1981 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىك قەرز پۇلىغا

پايدا پەرقى قوشۇمچىسى بېرىشنى يولغا قويدى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش خىراجىتى قەرز پۇلىنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى (3.6 لى) ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قەرز پۇلى ئۆسۈم نىسبىتى (1.8 لى) نى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 4.2 لى قىلىپ تولۇقلىدى. زىيان تارتقان ئورۇنلار كارخانا فوندىنى تەستىقلانغان زىيان تارتىش پىلانىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەندىلا بولسا يەنىلا بەلگىلىمە بويىچە ئاجرىتىدىغان بولدى.

ئىقتىسادىي ھېسابات چارىسى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، تىجارەت نەتىجىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مەنپەئەتى بىلەن بىۋاسىتە چېتىلغانلىقتىن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقى ئىشقا سېلىندى، مەبلەغ ئوبوروتى تېزلەشتى، خىزمەت سۈپىتى ئۆستى، تەننەرخ تۆۋەنلىدى، پايدا كۆپەيدى.

1981 ـ يىلى 12 ـ ئايدا گوۋۇيۈەن «كارخانا مالىيىسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقارغاندىن كېيىن، خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرىدا مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇلۇپ، رەھبەرلىك كۈچەيتىلدى. شىنجاڭ بويىچە ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى 658 ئادەم ئاجرىتىپ 288 ئاپپاراتتا ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى يولغا قويدى. شۆبە بانكا ۋە ھەر قايسى تارماق بانكىلار 344 كەسپىي تايانچنى ئاجرىتىپ 89 گۇرۇپپا تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلاملارغا بېرىپ مالىيە ئىشلىرىنى تەكشۈردى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ سەككىز گۇرۇپپا ئەۋەتىپ شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سەييارە تەكشۈردى ۋە نۇقتىلىق ياردەم بەردى. 1982 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا مالىيە تەكشۈرۈش ئاخىرلاشتى. خەلق، يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى كۆپ قىسىم بانكا ۋە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى دۆلەتنىڭ مالىيە ئىنتىزامىغا ئاڭلىق بويسۇنغان، ئىككى باش بانكا تۈزگەن مالىيە تۈزۈمىنى ئىجرا قىلغان. تەكشۈرۈش جەريانىدا بىر تۈركۈم ئىلغار تىپلار بايقالدى. تەكشۈرۈپ چىقىلغان ئاساسلىق مەسىلىلەر مۇنۇلار: كىرىمنى مەبلەغنى باشقۇرۇش بوشىشىپ كەتكەن. شىنجاڭ بويىچە يىللاردىن بۇيان 58 قېتىملىق، 3 مىليون 790 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ھېساباتا تۇرۇپ قالغان؛ مالىيە تۈزۈمى ئىجرا قىلىنمىغان؛ مال ـ مۈلۈك ھېساباتىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن پۇل 26 مىڭ يۈەن؛ ھېسابات ئىلگىرى خاتا، قالايمىقان، ئىچكى ھېساباتتا 85 ھېساباتتىكى 1 مىليون 23 مىڭ يۈەن ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ؛ خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق، پارىخورلۇق قىلغان 14 ئادەم، سوممىسى 12 مىڭ 604.99 يۈەن، ھېسابات سىرتىدىكى 106 قېتىملىق، 237 مىڭ يۈەن مەبلەغ تەكشۈرۈپ ئېنىقلاندى. 162 قېتىم، 16 مىڭ 800 يۈەن قوشۇمچە ياردەم قالايمىقان تارقىتىلغان؛ 114 قېتىم، 55 مىڭ يۈەنلىك تىزگىنلەنگەن ماددىي ئەشيا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سېتىۋېلىنغان. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا سىستېمىسىدا جەمئىي تەكشۈرۈپ چىقىلغان مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن پۇلنىڭ سوممىسى 617 مىڭ يۈەنگە يەتكەن.

1983 ـ يىلى خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى ئىككى باش بانكىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش شەكلىدىكى ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنۇلار: (1) ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى قاتتىق تەكشۈرۈش؛ (2) كەسىپ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش؛ (3) تولۇق سوممىلىق پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش چارىسىنى يولغا قويۇپ ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىش چارىسىدىكى كارخانا فوندىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش؛ (4) ئىقتىسادىي كۆرسەتكۈچنى تەكشۈرۈش بىلەن پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇشنى باغلاش. پايدىدىن قالدۇرۇلغان پىرسەنت سانىنىڭ 60 پىرسەنتى پىرسەنت قالدۇرۇش تۈپ سانى قىلىنىدۇ، قالغان 40 پىرسەنتى تۆت خىل كۆرسەتكۈچنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن ئاجرىتىۋېلىنىدۇ. مەبلەغ كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداشقا %12؛ سۈپەت كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداشقا %10؛ تەننەرخ كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداشقا %10؛ پايدا كۆرسەتكۈچىنى ئورۇنداشقا %8 قوشۇپ ئاجرىتىلىدۇ؛ (5) پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلغان مەبلەغ بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا كەسپىي تەرەققىيات فوندى، كوللېكتىپ پاراۋانلىق فوندى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مۇكاپات فوندى ۋە كارخانا فوندى تەسىس قىلىنىپ، بۇ فوندلار بەلگىلەنگەن دائىرە بويىچە ئىشلىتىلىدۇ. مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئىقتىسادىي

كومىتېتى خەلق بانكىسى سىستېمىسىنىڭ تولۇق سوممىلىق پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش نىسبىتىنى يەتتە پىرسەنت قىلىپ بەلگىلىدى. خەلق باش بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىغا ئېتىبار بېرىپ، شىنجاڭنىڭ 1983- يىلدىكى پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش نىسبىتىنىڭ 9.4 پىرسەنت، جەمئىي 7 مىليون 200 مىڭ يۈەن بولۇشىنى قارار قىلدى. يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى ئاپپارات، خادىملارنىڭ بىر قەدەر كۆپ، پايدىنىڭ بىر قەدەر ئاز بولۇشىدەك ئەھۋالغا ئاساسەن، شىنجاڭغا تېخىمۇ زور ئېتىبار بېرىپ، 1983 - يىلدىكى پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش نىسبىتىنىڭ 37.77 پىرسەنت، جەمئىي 9 مىليون 800 مىڭ يۈەن بولۇشىنى بەلگىلىدى.

1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش چارىسى ئۈستىدە قوشۇمچە بەلگىلىمە چىقاردى. يەنى پايدىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھەر قايسى ۋىلايەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتى، خادىم، ئاپپاراتلىرى، ئۆي - ئىمارەت، ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق ئەھۋاللىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش نىسبىتى بېكىتىلىدىغان بولدى. زىيان تارتقان تارماق بانكىلارغا نىسبەتەن «زىياننى ھۆددىگە ئېلىش، نورمىلىق قوشۇمچە ياردەم بېرىش، ئېشىپ كەتكەن زىياننى تولدۇرۇپ بەرمەسلىك، زىياندىن كېمەيگىنىنى قالدۇرۇپ ئىشلىتىش» چارىسى يولغا قويۇلدى. ئىقتىساد تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچى پايدا، تەننەرخ، مەبلەغدىن پايدىلىنىش، ئامانەتپۇلنى كۆپەيتىش، مۇددىتى توشقان ۋە ئېشىپ كەتكەن قەرز پۇللارنى يىغىۋېلىش، بارلىق خادىملار خىزمەت ئۈنۈمىدىن ئىبارەت ئالتە تۈرگە ئۆزگەرتىلدى. پايدىدىن قالدۇرۇلغان پىرسەنتنىڭ تۈپ سانى %70 بولدى، قالغان %30 ئالتە خىل كۆرسەتكۈچنىڭ ئورۇندىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئاجرىتىلدى، پايدىنىڭ ئورۇندىلىشىغا %10، قالغان بەش خىل كۆرسەتكۈچنىڭ ھەر بىرىگە %4 تىن قالدۇرۇلدى.

سودا - سانائەت بانكىسى 1985 - يىلى ئايرىم تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق بانكىسى مەخسۇس مەركىزىي بانكىلىق فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزىدىغان بولدى، خادىملار ۋە پايدا ئەھۋالىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى. خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ۋاقىتىنچە مالىيە كىرىم - چىقىم پىلانىنى باشقۇرۇش چارىسى يولغا قويۇلدى. سودا سانائەت باش بانكىسى «جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى» نى ئېلان قىلىپ، «بىر تۇتاش پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرۇش، ئايرىم ھېسابات قىلىش، پايدا - زىياننى مەركەزلەشتۈرۈش، پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇش» تىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويدى. مالىيە باشقۇرۇش دائىرىسى: مەركەزنىڭ كرېدىت فوندى ۋە كرېدىت مەبلىغىنى باشقۇرۇش؛ پۈتۈن بانكىنىڭ مالىيە كىرىمى ۋە تەننەرخ چىقىمىنى باشقۇرۇش؛ پايدىدىن پىرسەنت قالدۇرۇلغان مەبلەغنى ۋە ئامورتىزاتسىيە مەبلىغىنى باشقۇرۇش؛ ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلىش؛ مال - مۈلۈكنىڭ سېتىۋېلىنىشىنى ۋە باشقۇرۇشنى نازارەت قىلىش؛ مەبلەغ، مال - مۈلۈكنىڭ ئارتۇق - كېمىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىبارەت ئالتە تۈرلۈك بولدى.

جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبىسى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ۋە جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ھەر قايسىسىنىڭ باش بانكا (شىركەت) لىرى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈش تەلىپىگە ئاساسەن، ھەر قايسىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاساسىي روھىنى خەلق بانكىسىنىڭكى بىلەن بىردەك قىلدى.

ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنىڭ خاراكتېرى سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى بولۇپ، دۆلەت بانكىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە سىياسىتى ۋە پىلانىغا ئاساسەن مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرىدۇ، پايدا - زىيانغا ئۆزى مەسئۇل بولىدۇ، ئۇنىڭ پايدىسىدىن بەلگىلىمە بويىچە جامائەت فوندى، پاراۋانلىق فوندى ئاجرىتىلغاندىن كېيىن، پايغا قاراپ پايدا تەقسىم قىلىنىدۇ. كوللېكتىپ ئىگىلىككە يار - يۆلەك بولۇش ئۈچۈن، دۆلەت بانكىسى زىيان تارتقان كوپېراتىپقا قوشۇمچە ياردەم بېرىدۇ؛

1950 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە بولغان 36 يىل جەريانىدا، شىنجاڭ خەلق بانكىسى ۋە ھەر قايسى كەسپىي بانكا (شىركەت) لار ئىزچىللىق بىلەن بانكا (شىركەت) باشقۇرۇش قائىدىسىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىرىشىپ

كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجەپ، جەمئىي 1 مىليارد 839 مىليون 191 مىڭ يۈەن پايدا ئالدى. بۇنىڭ ئىچىدە، خەلق بانكىسىنىڭ ئالغان پايدىسى 1 مىليارد 475 مىليون 757 مىڭ يۈەن، سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ ئالغان پايدىسى 124 مىليون 595 مىڭ يۈەن، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئالغان پايدىسى 129 مىليون 937 مىڭ يۈەن، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئالغان پايدىسى 51 مىليون 86 مىڭ يۈەن، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ ئالغان پايدىسى 42 مىليون 839 مىڭ يۈەن، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئالغان پايدىسى 14 مىليون 977 مىڭ يۈەن.

## خەلق شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ 1981 ـ يىلدىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ستاتىستىكىسى

جەدۋەل: 11 ـ 1

| تۈرى | بىرلىكى | خەلق شۆبە بانكىسى | | | يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئۆتكەن يىلدىكى ئەمەلىي ئۈنۈمى | بۇ يىللىق پىلان | بۇ يىلدىكى ئەمەلىي ئۈنۈمى | ئۆتكەن يىلدىكى ئەمەلىي ئۈنۈمى | بۇ يىللىق پىلان | بۇ يىلدىكى ئەمەلىي ئۈنۈمى |
| مەبلەغنىڭ كۆپىيىشى | پىرسەنت | | 2 | 10.8 | 17.5 | 13.47 | 20.8 |
| مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى | قېتىم | | 4.02 | 4.04 | | | |
| مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىشى | پىرسەنت | | | | | 58.45 | 59.88 |
| بوغالتىرلىقتىكى خاتالىق نىسبىتى | 10 مىڭلىق پىرسەنت | 1.37 | 2 | 0.94 | 3.62 | 3.5 | 2.3 |
| كاسسىدىكى خاتالىق نىسبىتى | پىرسەنت | 2.97 | 4 | 2.33 | 6.97 | 6.5 | 42 |
| خىراجەت نىسبىتى | مىليون يۈەن ئامانەت | | 271.52 | 258.42 | | | |
| | خىراجەت (يۈەن) | | | | | | |
| تۈرلۈك خىراجەت ئومۇمىي سوممىسى | 10 مىڭ يۈەن | | | | 817 | 1061.1 | 1045.1 |
| پايدا | 10 مىڭ يۈەن | 4948 | 5427 | 6313.4 | 720 | 570 | 1564.5 |

## شىنجاڭدىكى پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرىنىڭ يىللاردىن بويانقى پايدا ـ زىيان ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 ـ 2 بىرلىكى: 10 مىڭ يۈەن

| ئورۇن / يىل | خەلق شۆبە بانكىسى | سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسى | يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى | جۇڭگو شۆبە بانكىسى | قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى | سۇغۇرتا شىركىتى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1950 | 118.0 | | | | | |
| 1951 | 485.4 | | | | -7.2 | |
| 1952 | 601.5 | | | | -8.0 | |
| 1953 | -126.4 | | | | -26.7 | |
| 1954 | -518.9 | | | | -34.9 | |
| 1955 | 337.0 | | | | -36.1 | |
| 1956 | 618.0 | | | | -75.8 | |
| 1957 | 1555.4 | | | | 132.6 | |
| 1958 | 2897.4 | | | | 6.1 | |
| 1959 | 4651.2 | | | | 17.2 | |
| 1960 | 8128.6 | | | | 10.4 | |
| 1961 | 8839.0 | | | | 39.1 | |
| 1962 | 6531.4 | | | | 126.3 | |
| 1963 | 4217.6 | | | | 23.6 | |
| 1964 | 2398.3 | | -90.3 | | 0.02 | |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| | -21.9 | | -66.9 | | 2869.7 | 1965 |
| | -12.7 | | | | 3773.2 | 1966 |
| | 10.4 | | | | 4464.9 | 1967 |
| | -27.0 | | | | 4832.6 | 1968 |
| | -22.8 | | | | 5541.0 | 1969 |
| | -17.8 | | | | 5967.9 | 1970 |
| | | | | | 6608.9 | 1971 |
| | | | | | 4210.1 | 1972 |
| | -34.5 | | | | 3708.0 | 1973 |
| | -45.5 | | | | 3485.4 | 1974 |
| | 42.6 | | | | 3131.6 | 1975 |
| | -20.5 | | | | 2660.0 | 1976 |
| | -36.9 | | | | 2106.8 | 1977 |
| | -47.7 | 164.4 | | | 2642.6 | 1978 |
| | -126.5 | 212.3 | | | 5345.9 | 1979 |
| 41.3 | -208.2 | 152.6 | 720.2 | | 8074.5 | 1980 |
| 81.8 | 93.6 | 261.1 | 1564.4 | | 6313.4 | 1981 |
| 136.7 | 404.8 | 956.6 | | | 5800.2 | 1982 |
| 396.2 | 781.4 | 925.1 | | | 10560.8 | 1983 |
| 227.8 | 1307.6 | 1128.3 | | 4426.7 | 7866.2 | 1984 |
| 613.9 | 2364.1 | 1310.2 | 2803.8 | 8032.8 | 6878.5 | 1985 |

ئەسكەرتىش: جەدۋەلدىكى سانلار ئالدىدا «—» بەلگىسى بارلىرى زىيان سوممىسى؛ 1950 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلغىچە بولغان سانلار هازىرقى خەلق پۇلىغا سۇندۇرۇلغان.

# IV باب كادىر باشقۇرۇش

## 1 §. كادىرلار قوشۇنى

### 1. كادىرلار مەنبەسى

شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى كادىرلار قوشۇنى جاي - جايلاردىن كېلىپ، ئون نەچچە مىللەتتىن تەركىب تېپىپ، كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئازلىقتىن كۆپىيىپ، ئۈزلۈكسىز يېتىلىنىپ، پەيدىنپەي تەرەققىي قىلىپ يېتىلگەن. كادىرلار ئاساسلىقى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي بانكىسى بىلەن شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنى تەرتىپكە سېلىپ، قالدۇرۇپ ئىشلىتىلگەن خادىملىرى؛ يۇقىرى دەرىجىلىك بانكا تەقسىم قىلىپ بەرگەن خادىملار (بىر قىسىم رەھبىرىي تايانچ كادىرلار، ۋاكالىتەن قوبۇل قىلىنغان ياش ئوقۇغۇچىلار ۋە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىن بىر تۇتاش تەقسىم قىلىپ بېرىلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يۆتكەپ ئەۋەتكەن خادىملار؛ ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان خادىملار (شۇ جايدىن قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىچكىرىدىن قوبۇل قىلىنغانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ قىسىملاردىن كەسىپ ئالماشتۇرغان خادىملاردىن تەركىب تاپقان.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ غەربىي شىمال رايونلۇق بانكىسى جاڭ دېڭفەن قاتارلىق 16 ئادەمنى ئەۋەتىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مەركىزىي بانكىسىنىڭ 52 ئادىمى (بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتچى 31، قارا خىزمەتچى 21) نى ئۆتكۈزىۋالدى، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسىنى ئۆزگەرتىپ 880 ئادىمى (بۇنىڭ ئىچىدە خىزمەتچى 496، قارا خىزمەتچى 384) نى ئۆتكۈزىۋالدى، شۇنداق قىلىپ ئۆتكۈزىۋېلىنغان مەركىزىي بانكا، ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى جەمئىي 932. 1950 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەرتىپكە سېلىنىش ئارقىلىق 760 ئادەم قالدۇرۇپ ئىشلىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو خەلق بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «ئىدىيىنى توغرىلاش، تەربىيىنى كۈچەيتىش، تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كادىرلارنى سەپلەش» ۋە «كۆپلەپ قوبۇل قىلىش، ئۆز جايىدىن ماتېرىيال ئېلىش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، 1951-يىلى يەرلىكتىن 753 ئادەم قوبۇل قىلىندى. غەربىي شىمال رايونلۇق بانكا 655 ئادەمنى ۋاكالىتەن قوبۇل قىلدى. شەرقىي جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ئۇنىۋېرسىتېتى 60 ئادەم تەقسىم قىلىپ بەردى. 1952 - يىلى غەربىي شىمال رايونلۇق بانكا شاڭخەينىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى خادىملىرىدىن 287 نى تەقسىم قىلىپ بەردى. 1955 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا غەربىي شىمال رايونلۇق بانكا 228 ئادەم ئەۋەتتى، بۇ خادىملار ئارقا - ئارقىدىن خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئاپپاراتلىرىدا خىزمەت قىلىشقا تەقسىم قىلىندى.

باش بانكا 1955 - يىلدىن كېيىن شاڭخەي بانكا مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىدىن 117 كىشىنى، تيەنجىن بانكا مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىدىن 30 كىشىنى، سۇجۇ بانكا مەكتىپى ئوقۇغۇچىلىرىدىن 65 كىشىنى، باۋدىڭ بانكا

مەكتەپنى ئوقۇغۇچىلىرىدىن 107 كىشىنى، كادىرلاردىن 30 كىشىنى تەقسىم قىلىپ بەرگەن، شىنجاڭغا ناھىيىلىك تارماق بانكا باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلاردىن 30 كىشىنى ياردەمگە ئەۋەتكەن، ھەربىيدىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغان 600 كىشىنى تەقسىم قىلىپ بەرگەننىڭ سىرتىدا، قالغان خادىملارنىڭ ھەممىسىنى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى شۆبە بانكىلار ۋە سۇغۇرتا شىركىتى ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان ۋە ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنغانلاردىن ئىبارەت.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ 1955 - يىلى ئەنخۇيدىن 423 ئادەم قوبۇل قىلىشىنى، 1956 - يىلى گۇاڭدۇڭدىن 529 ئادەم قوبۇل قىلىشىنى، 1964 - يىلى تيەنجىندىن 764، شاڭخەيدىن 500 (بىڭتۈەندە بانكا ئاپپاراتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى قوبۇل قىلغان شاڭخەيلىك چېگرا رايونغا ياردەم بەرگۈچى ياشلاردىن 500 ئادەم تاللاشنى تەستىقلىغان)، خېبېي، خېنەن، شەندۇڭلاردىن 300 ئادەم قوبۇل قىلىشنى تەستىقلىدى. 1964- يىلدىن كېيىن كۆپەيگەن خادىملارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى شۆبە بانكىلار ۋە سۇغۇرتا شىركىتى ئۆز جايىدىن قوبۇل قىلغان ياكى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرگەنلەر، ھەربىي قىسىمدىن قايتقان، كەسىپ ئالماشتۇرغانلار ئىچىدىن تەقسىم قىلىنغانلار ئىدى. ئۆز جايىدىن كادىر قوبۇل قىلغاندا ئەزەلدىن مىللىي تەركىبىنى كۆپەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 1952 - يىلى 757 بولۇپ، 1950- يىلدىكى 107 ئادەمگە قارىغاندا، 607.4% كۆپەيدى، 1985 - يىلى 7548 گە يېتىپ، 1952 - يىلدىكىدىن 896.8% كۆپەيدى.

1979 - يىلى ئاپپارات باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا جەمئىي 1016 ئاپپارات (قۇرۇلۇش بانكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، 9242 ئادەم (قۇرۇلۇش بانكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) بار ئىدى. 1980 - يىلى پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىن، 1985 - يىلغا كەلگەندە ئاپپارات كۆپىيىپ 1645 كە (835 يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە خەلق بانكىسىنىڭ 16، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ 492، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ 993، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ 78، جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئىككى، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 64 ؛ خادىملار كۆپىيىپ 22 مىڭ 377 گە (يېزا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلغان 4788، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئايرىلمىغان 88 كادىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە، خەلق بانكىسىنىڭ 1208، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ 9420، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ 9568، جۇڭگو بانكىسىنىڭ 105، قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ 1368، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 708 ئادەم.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ 1985 - يىلدىكى 22 مىڭ 377 خادىمى ئىچىدە ئەر 14 مىڭ 846، ئايال 7531؛ خەنزۇ 14 مىڭ 829، ئاز سانلىق مىللەتلەر 7548؛ ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 939، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 3994؛ تولۇق ئوتتۇرىدىن تۆۋەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىكىلەر 17 مىڭ 444؛ پارتىيە ئەزاسى 4075، ئىتتىپاق ئەزاسى 6627؛ ناھىيە - باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرىي كادىرلار 389، كەسپىي تېخنىك خادىملار 16 مىڭ 409، مەمۇرىي خادىملار 3111، ئىشچىلار 2468.

## شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ 1985 ـ يىلدىكى خادىملار قۇرۇلمىسى ۋە ئۇلارنىڭ جايلىشىش ئەھۋالىنىڭ ستاتىستىكىسى

جەدۋەل: 11 ـ 3

| ئورۇن | ئومۇمىي ئادەم سانى | جىنسى | | مىللىتى | | مەدەنىيەت سەۋىيىسى | | | سىياسىي قىياپىتى | | ناھىيە، باشقارمىدىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار | كەسپىي تېخنىكا خادىملار | مەمۇرىي خادىملار | ئىشچىلار |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | ئەر | ئايال | خەنزۇ | مىللىي | ئالىي تېخنىكوم | ئوتتۇرا تېخنىكوم | تولۇق ئوتتۇرا | پارتىيە ئەزاسى | ئىتتىپاق ئەزاسى | | | | |
| خەلق بانكىسى | 1208 | 820 | 388 | 923 | 285 | 146 | 317 | 745 | 374 | 310 | 89 | 565 | 409 | 145 |
| سودا ـ سانائەت بانكىسى | 9420 | 5618 | 3802 | 7200 | 2220 | 233 | 1628 | 7559 | 1142 | 3085 | 83 | 7172 | 1222 | 943 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى | 9568 | 6664 | 2904 | 5145 | 4423 | 368 | 1423 | 7777 | 2050 | 2423 | 98 | 6964 | 1268 | 1238 |
| جۇڭگو بانكىسى | 105 | 58 | 47 | 84 | 21 | 46 | 14 | 45 | 27 | 47 | 13 | 80 | 8 | 4 |
| قۇرۇلۇش بانكىسى | 1368 | 1174 | 194 | 856 | 512 | 104 | 444 | 820 | 318 | 508 | 72 | 1069 | 119 | 108 |
| سۇغۇرتا شىركىتى | 708 | 512 | 196 | 621 | 87 | 42 | 168 | 498 | 164 | 254 | 34 | 559 | 85 | 30 |
| جەمئىي | 22377 | 14846 | 7531 | 14829 | 7548 | 939 | 3994 | 17444 | 4075 | 6627 | 389 | 16409 | 3111 | 2468 |

1985 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىق مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەر قايسى سەپلەردىكى شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا 30 يىلدىن ئاشقان يولداشلارغا شەرەپ ئوردېنى ۋە گۇۋاھنامىسى بەردى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا شەرەپ ئوردېنى ۋە گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەنلەر جەمئىي 220 ئادەم. بۇنىڭ ئىچىدە خەلق شۆبە بانكىسىدىكىلەر 49، سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسىدىكىلەر 52، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدىكىلەر 65، جۇڭگو شۆبە بانكىسىدىكىلەر يەتتە، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىدىكىلەر 38، سۇغۇرتا شىركىتىدىكىلەر توققۇز. ئۇلارنىڭ ئىسمىلىكى تۆۋەندىكىچە:

## شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى شەرەپ ئوردېنى ۋە گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەن خادىملارنىڭ ئىسمىلىكى

ياڭ چى، گۇيىڭگۇي، شۆۋۇسەن، ليۇجيېشى، ئابدۇقادىر ئىمىن، سى سىچېڭ، جۇيۇەنجيې، ئەمەت ھاشىم، گۇدېشېڭ، جاڭ ۋېي، ئابلىز مولليوف، دۇڭ شۇنچىڭ، سېتىنىياز ئەبەيدۇللا، رېنتىڭگۇي، ۋاڭ مېنيۇ، سۇيۇگرۇي، جىن داپىڭ، جىن شياڭجى، تۇرسۇن ھۆسەيىن، ۋاڭ يۇسەن، مۇسا تۇردى، چېن يۈشيا، چېن شىگتى، سۇڭ لەنفاڭ، ۋاڭ سۇگجۇن، تيەن خاۋ، زۇخۇيى، چيەن زۇيى، ۋاڭ جيەن، جۇي يىگلى، مەھەممەت سېيىت، ئۆمەرجان، ئابلەت، جاڭ شۇجيې، جاڭ چىگيەن، چۇەن بىگجۇڭ، تاڭ جىگيۇڭ، شاۋشجيەن، سۇن جۇگشى، مەھەممەت قۇربان، مايۇلەن، جىن دەنيى، سەي ۋېنيۇ، جىن چىگلىن، ئەن گۇيرۇڭ، ليۇ خەيچىڭ، رىھىم، ماۋجيارېن، جىن شىجيې، داڭ زېگچۇن، جېڭ يۇمبې، جياڭ فۇجۇڭ، ئابلىز، دۇڭ چىگشۇەن، ۋاڭ يوگرېن، شېڭ يۇفاڭ، ۋاڭ خاۋشېڭ، جۇزۇگدا، شۆشيۇسەن، چېن بىگجياڭ، لۇجىنجياڭ، يې چاگجيەن، ئابلا نىياز، نەن ۋېنگې، جاۋيۇگچۇن، تۇرسۇن ئابدۇرېھىم، فەن يىگبېڭ، لى ۋېنشياڭ، ۋېن جىلياڭ، لى پو، قۇربان خوجايوپ، شۇي خۇيچىڭ، مارۇفۇ، ماسۇنياڭ، لى دېليەن، كۇڭ لىنكەي، ۋاڭيۇمىڭ، يۇڭ يىگجى، شاۋجيافاڭ، جىن جۇگشەن، ياڭ شياگيۇ، ماۋشجى، ئابلىمىت توختى، مەمەت شېرىپ، جاۋشۇجېڭ، جۇخەنيەن، رۇي شاۋخۇي، خۇچىگچېڭ، دەي جىگرۇڭ، ليوفېگيۇ، مەريەم سېيىت، گۇلەم، مۇ جۇگشۇ، مەريەم مەمەت، ۋاڭ خۇارۇڭ، گاۋچاگغېڭ، سۇڭ جۇنشيەن، ساۋشيىڭ، چىن چۇچىڭ، ئابدۇكېرىم سەلەي، ۋاڭ جيېنجۇڭ، شاۋرۇيې، ياڭ خۇيۇن، ساۋرۇيخۇا، ليۇيۇگجۇڭ، جاۋخۇگۇېن، كۇڭ فەنچىڭ، لۇۋەنيې، ۋاڭ چىجىن، لى زۇفىڭ، سۇڭ شياگۇي، چىن ۋېنچىن، شېڭ ياۋشياڭ، لى شىگې، ماسۇجى، ساۋۇت شايوپ، ھېمىت توختى، ھاجى سەلەي، گوشيىڭ، گوچۇگشەن، شياشۇپىڭ، يەنلىن، خۇاڭ گويرېن، بەي خۇيىڭ، شى جىنشەن، راشىدىن گاجىت، خالىق قۇربان، چى چىگيۇەن، زۇلياگيى، سەي گوفۇ، جۇچاۋسەي، لېشىن، جاۋيۇگدېڭ، يەنشىڭ، جىن جيەنئۇڭ، دۇجيۇەن، چېن جىنيۇەن، ۋاڭ يۇگكون، ۋاڭ جشاڭ، ئەي شىچىڭ، ئەخمەت، سۇڭ لىغېڭ، سۇي يۇگچى، ۋۇسۇفاڭ، جاڭ گۇيفاڭ، لى چيۇگخۇا، گەن ياشيەن، سەي يۇبۇ، قاڭ يەن، گوشىغا، شۇي جىبىڭ، ئابدۇللا ھۇشۇر، جۇجىبو، ياسىن پاسار، ھەيدەر ئىمىن، ۋاڭ ۋېيفۇ، ساجىنچاڭ، مۇتەللىپ ئىمىن، جاۋۋېنيۇن، چېڭ يۇمىن، سوپور، جۇگېگشېڭ، بارات قۇربان، بويوجېڭ، شىن رېندې، جاۋيىڭ، گەۋچاگلىن، جۇيۇچېن، جاڭ تۇگياۋ، تۇردى بارات، جاڭ فېگچى، چۇي پىگخې، يۇفېنجى، لۇيەنچيۇ، لۇجىلىن، ساڭيشۇ، شاۋلىن، جاڭ ۋېنشۇ، ئابلىمىت، ياڭ يۇجىن، مويۇاڭ، لېتىپ سوپى، يار مۇھەممەت، جاڭ كەيۇ، خەي قەنكۇي،

ياڭ جىياۋ، ئايۇپ سايىم، شۈي خۇيلىيەن، رېن گوچىڭ، لىياڭ شۇخۇا، جىياشاۋچۇن، جاڭ ۋېيۇەن، ئىبراھىم ئىسمائىل، سۇن كۇخېۋ، چىن مىڭبو، جاڭ جى، خولىنشىياڭ، ماۋداۋ شىيۇڭ، جاڭ شىياۋزېڭ، ئەخمەت ئۆمەر، دۇشۇيۇ، جاۋ شۇتوڭ، شى يۇجى، ۋاڭ گۇيچىن، سۇن شىدې، خۇاڭ يىندۇەن، خۇ دېگوي، فې جىبىن، جى شىڭباڭ، شاۋ يۇڭكۇن، گوجۇيشاڭ، توڭ جىچاۋ، جۇ يەنلىڭ، ما خېنىن، ئابلىمىت، جىيا ۋېنيۇن، پېڭ يۇئې، جىياڭ ۋېنچىڭ.

## 2. كادىرلارنى باشقۇرۇش

شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ كادىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى تارماقلار بىلەن ساھەلەرنى بىرلەشتۈرۈش، تارماقلارنى ئاساس قىلىش؛ تارماقلار بىلەن ساھەلەرنى بىرلەشتۈرۈش ساھەلەرنى ئاساس قىلىش؛ تارماقلار بىلەن ساھەلەرنى بىرلەشتۈرۈش، تارماقلارنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت ئۆزگىرىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1953- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بانكا كادىرلىرىنى باشقۇرۇشتا سىستېما باشقۇرۇش ئاساس، يەرلىك ئورۇن باشقۇرۇش قوشۇمچە قىلىنغانىدى. 1954 - يىلدىن 1979 - يىل 12 - ئايغىچە بانكا كادىرلىرىنى باشقۇرۇشتا يەرلىك ئورۇن باشقۇرۇش ئاساس، سىستېما باشقۇرۇش قوشۇمچە قىلىندى. بۇ جەرياندا كۆپ قېتىم ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل شتات يولىغا قويۇلدى، يەنى تارماق بانكا باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار مەمۇرىي شتات ھېسابلىنىپ، ئۇلارنىڭ خىراجىتى يەرلىك مالىيىدىن ئاجرىتىلدى؛ باشقا خادىملار كارخانا شتاتى ھېسابلىنىپ، ئۇلارنىڭ خىراجىتى كەسپىي كىرىمدىن چىقىم قىلىندى. بوغالتىر، كاسسىرلارنى سىستېما، باشقا كادىرلارنى يەرلىك ئورۇن باشقۇرىدىغان باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىمۇ يولغا قويۇلدى. 1962 - يىلى گوۋۇيۈەن بانكا خىزمىتى نىزامىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا خەلق بانكىسى دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە باشقۇرىدىغان ئورگىنى بولۇپ، مالىيە ئىشلىرى ۋە مەمۇرىي جەھەتتە يەرلىك پارتكوم ۋە خەلق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى؛ كەسپىي فاڭجېن، پىلان، تۈزۈم جەھەتلەردە باش بانكىنىڭ تىك لىنىيىلىك رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقى؛ ناھىيىلىك تارماق بانكىدىن يۇقىرى ئورۇنلار مەمۇرىي شتاتتا، تىجارەت ئورۇنلىرى كارخانا شتاتىدا بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. 1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە خەلق بانكىسى، ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار ۋە سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ كادىرلىرىنى باشقۇرۇش سىستېما باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش، يەرلىك ئورۇن باشقۇرۇشنى قوشۇمچە قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى.

شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش ۋە باشقۇرۇشتا باشتىن - ئاخىر ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، ھەم قىزىللىشىش، ھەم مۇتەخەسسىسلىشىش پرىنسىپى بويىچە، باش بانكا ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تۈزگەن كادىر باشقۇرۇش چارىسىگە ئاساسەن، شىنجاڭنىڭ مىللىي رايونلۇق ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا خىزمەت ئىشلىدى. 1950 - يىلدىن باشلاپ خادىملارنىڭ كۆپىيىشى، كەسپىي خىزمەت مىقدارىنىڭ ئېشىشى ۋە ئاپپاراتلارنىڭ كۆپەيتىپ تەسىس قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يوقلىما قىلىش، ئارخىپ تورغۇزۇش، ۋەزىپىگە تەيىنلەش، باھالاش، ستاتىستىكا قىلىش قاتارلىق كادىر باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. 1954 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسىدا كادىرلارنى تەكشۈرۈشنى سىناق قىلىپ، بانكا كادىرلىرىنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 1960 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ شتاتىنى يەرلىك باشقۇرۇشتىن سىستېما باشقۇرۇشقا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

1963 - يىلى 8 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ «ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرىنىڭ مەمۇرىي، كارخانا شتاتىنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئايرىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» نى ئەستىقلاپ تارقاتتى، ئۇنىڭدا: ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكىدىن يۇقىرى ئورۇنلار مەمۇرىي ئاپپارات ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، خادىملىرىنىڭ ھەممىسى مەمۇرىي شتاتقا ئايرىلىدۇ؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى مەركىزىي تارماق بانكىغا بىۋاسىتە قاراشلىق تىجارەت بۆلۈمى (ئورنى) ، ناھىيە، شەھەرلىك تارماق بانكىغا قاراشلىق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، شۆبە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، يېزىلار پۇل ئامانەت پونكىتى، تىجارەت پونكىتى، (بۆلۈمى) ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك، شەھەرلىك بانكىلارنىڭ كەسپىي ئاپپاراتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ خادىملىرى پۈتۈنلەي كارخانا شتاتىدا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەندى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1965 - يىلى 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنى «بىڭتۇەندىكى ھەر قايسى شى تارماق بانكىسىنىڭ كادىرلىرىنى باشقۇرۇشتا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە» نى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدا بىڭتۇەندىكى ھەر قايسى شى تارماق بانكا كادىرلىرىنى شۆبە بانكا تىك لىنىيە بويىچە باشقۇرۇش قارار قىلىنغان. 1975 - يىلى 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، بىڭتۇەننىڭ ھەر قايسى شىلىرىدا تەسىس قىلىنغان بانكا ئاپپاراتلىرىغا ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا تىك لىنىيە بويىچە رەھبەرلىك قىلىش ئۆزگەرتىلىپ، مەمۇرىي رايونلار بويىچە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىلار ۋە ناھىيىلىك تارماق بانكىلار رەھبەرلىك قىلىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ كادىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىمۇ شۆبە بانكا تىك لىنىيە بويىچە باشقۇرۇشتىن ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىشقا ئۆزگەرتىلدى. 1979 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە «جۇڭگوخەلق بانكىسىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى» نى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. ئۇنىڭغا بىنائەن بانكا سىستېمىسىدىكى كادىرلارنى باشقۇرۇشتا، بانكا بىلەن يەرلىك قوش رەھبەرلىك قىلىش، بانكىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشىنى ئاساس قىلىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى يولغا قويۇلدى.

1980 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ كادىر باشقۇرۇشى سىستېما باشقۇرۇشنى ئاساس قىلىش، يەرلىك باشقۇرۇشنى قوشۇمچە قىلىشتىن ئىبارەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە ئۆزگەرتىلدى. 1979 - يىلدىكى گوۋۇيۈەننىڭ ھۆججىتى ۋە باش بانكىسىنىڭ «خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى ئەمگەك - ئىش ھەققىنى باشقۇرۇشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى» گە ئاساسەن، 1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، شىنجاڭ خەلق، يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنىڭ شتاتى، خادىملىرى ۋە ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پىلان كومىتېتلىرى، شتات كومىتېتلىرى، ئەمگەك ئىدارىلىرى، مالىيە ئىدارىلىرىدىن ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئايرىپ بېرىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق بانكىلىرى ئوخشاش دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا كارخانا باشقۇرۇشنى يولغا قويىدىغان ئىقتىسادىي تەشكىلاتى بولۇپ، پۈتۈنلەي كارخانا شتاتى، كارخانىچە باشقۇرۇش، كارخانا مۇئامىلىسى يولغا قويۇلدى، ئۇنىڭ بارلىق خىراجىتى بانكىنىڭ كەسپىي كىرىمىدىن چىقىم قىلىنىپ، بىر تۇتاش ھېسابات قىلىنىدى، دۆلەت ۋە باش بانكىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن كارخانا فوندى ئاجرىتىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىلىرى يېزىلاردىكى پۇل مۇئامىلە كەسپىنى بېجىرىدىغان ئىقتىسادىي سۇبىيېكتانىيە بولۇپ، پۈتۈنلەي كارخانىچە باشقۇرۇش يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە بانكا سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش

تۈزۈمى يولغا قويۇلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1984 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈندىكى «زىيالىيلار ۋە چېگرا رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى تېخىمۇ ياخشىلاشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىگە ئاساسەن، شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە لەيلىمە ئىش ھەققى تەمىناتى ۋە چېگرا رايوندا خىزمەت قىلغان يىل چەكلىمىسى قوشۇمچە ياردىمى ھەم زىيالىيلار قوشۇمچە ياردىمى بېرىش يولغا قويۇلدى. شۇ يىلى 9 - ئايدا خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى باش بانكىنىڭ دەرىجە ئۆستۈرۈش، مۇكاپاتلاش نىزامىغا ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، مۇكاپاتلاش نىزامىغا ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بوغالتىرلىق قانۇنى» نىڭ 23 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، 1985 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، بوغالتىرلىق ئاپپاراتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى ۋە بوغالتىرلىقنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملارنى ۋەزىپىسىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئاساسلىق باشقۇرىدىغان تارماققا مەلۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. بوغالتىرىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىق، مۇئاۋىن باشلىقلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىدىن قالدۇرۇشتا ئالدى بىلەن شۆبە بانكىغا مەلۇم قىلىپ ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالدى.

1980 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى، بولۇپمۇ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ سەبلىنىشى، ئىنقىلابىيلىشىش، ياشلىشىش، بىلىم ئەھلىگە ئايلىنىش، كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىش تەلىپى بويىچە ئىشلەندى. يېشى توشقان پېشقەدەم يولداشلار 1983 - يىلدىن باشلاپ داۋاملىق رەھبەرلىك ئورنى ۋە خىزمەت ئورنىدىن چېكىنىپ، ياش يولداشلار ۋە زىيالىيلار تولۇقلاندى. 1984 - يىل مەركەزنىڭ قارارىغا ئاساسەن، كادىر باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھ قىلىنىپ، كادىرلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى مۇۋاپىق ھالدا تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا ئۆز بانكىسىدىكى باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ۋە ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى، شۇنىڭدەك بىۋاسىتە قاراشلىق تارماق بانكىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقىنى باشقۇرىدىغان؛ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكا (بانكا مەكتىپى) ئۆز بانكىسىدىكى بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) تارماق بانكىسىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرىنى باشقۇرىدىغان؛ ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكا ئۆز بانكىسىدىكى بۆلۈمچە باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈمچە باشلىقى، شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، يۇقىرىلار پۇل ئامانەت پونكىتىنىڭ مۇدىرى، مۇئاۋىن مۇدىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى ھەمدە ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش تۈزۈمى سىناق تەرىقىسىدە سايلام تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىلدى. يەنى ئاممىۋى دېموكراتىك ئاساستا كۆرسەتكەن ياكى دېموكراتىك ئاساستا تەييارلىق سايلىمى ئۆتكۈزگەن، تەشكىل تەكشۈرۈپ كۆزدىن كەچۈرگەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىدىكى سايلامدا سايلانغاندىن كېيىن بانكا باشلىقى ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان بولدى. باش بانكىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ زاپاس كادىرلىرى تۈزۈمىنى ئورنىتىش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى بويىچە، كادىرلارنى «تۆتلەشتۈرۈش» ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، 3 - سەپ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، شۆبە بانكىدىن تارتىپ ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلارغىچە ھەممىسىدە زاپاس كادىرلار ئىسىملىكى تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇلار پىلانلىق تۈردە تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈلۈپ، رەھبەرلىك بەنزىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن يانچى تەييارلىق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە يېڭىدىن قاتناشقان ئوقۇغۇچىلار مۇددەت ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ، ئاساسىي قاتلامدا چېنىقىشقا

ئۆزلەشتۈرۈلۈپ، ئۇلار قەرەللىك ھالدا تەكشۈرۈلۈپ، باش كادىرلارنى باشقۇرۇش تەرتىپلەشتۈرۈلدى، قېلىپلاشتۇرۇلدى، تۈزۈملەشتۈرۈلدى.

## 3. كادىرلارنى تەربىيىلەش

شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈشتە سىياسىي بىلەن كەسىپنى بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، خىزمەت ئۈستىدە تەربىيىلەش بىلەن خىزمەتتىن ئايرىپ تەربىيىلەشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى قوللىنىلدى. ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى.

1955 - يىلدىن ئىلگىرى كادىرلارغا ئاساسلىقى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنتېرناتسىئونالىزملىق، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلەش تەربىيىسى بېرىلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر سىستېمىلىق ھالدا «جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى»، «يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخى»، «كومپارتىيە خىتاپنامىسى» نى ۋە مىللىي مەسىلە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى قاتارلىقلارغا ئالاقىدار ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇلدى. ھەمدە نېمىنى ئىشلىسە، شۇنى ئۆگىنىش پرىنسىپىغا ئاساسەن ھەر ھەپتىدە تۆت سائەت كەسپىي ئۆگىنىش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلدى، ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش قانات يايدۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كادىرلار كۇرس ياكى كادىرلار مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىلىپ يىغىپ تەربىيىلەندى. شىنجاڭنىڭ مىللىي رايونلۇق ئالاھىدىلىكىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ھەپتىدە يەنە ئالتە سائەت ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىلدى.

1950 - يىلدىكى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ۋە 1951 - يىلدىكى ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش، يەر ئىسلاھاتى قاتارلىقلار ھەرىكەتلەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت پۇل مۇئامىلە ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ سىياسىي ئېڭى ۋە ئىدىيىۋى تونۇشى ئۆسۈپ، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تەدرىجىي تىكلەندى. خەلق شۆبە بانكىسى 1953 - يىل 9 - ئايدىن 1954 - يىل 2 - ئايغىچە مىللىي كادىرلار پۇل مۇئامىلە ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى تەشكىللەپ بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن ۋە شىمالىي جۇڭگو، شەرقىي جۇڭگو، شەرقىي شىمال، ئوتتۇرا جەنۇبىي جۇڭگو، غەربىي شىمال قاتارلىق ھەر قايسى چوڭ مەمۇرىي رايونلاردىكى ئۆلكە، شەھەرلەرگە پۇل مۇئامىلە خىزمىتى تەجرىبىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئۆگىنىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇتلەق كۆپ قىسمى ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ رەھبەرىي تايانچلىرىدىن بولۇپ قالدى.

1950 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە ئاساسلىقى سىستېمىلىق، دائىملىق (مەھەرەدە ئىشقا چىقىشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ) سىياسىي - نەزەرىيە ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ئۆگىنىش، ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئۆز ئارا ئۆگىنىش، ئۆز ئارا ئۆگىنىش توختىمى تۈزۈش، ئۆگىنىش - ئۆگىنىشنى ھۆددىگە ئېلىش، بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىپ، كادىرلارنىڭ سىياسىي - ئىدىيىۋى سەۋىيىسى ۋە كەسپىي خىزمەت قابىلىيىتى ئۆستۈرۈلدى. شۇنداقلا كادىرلار باش بانكا كادىرلار مەكتىپى، پارتىيە مەكتىپى، غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق بانكا كادىرلار مەكتىپى، ئۈرۈمچى، قەشقەر كادىرلار مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىلىپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي سەۋىيىسى ئۆستۈرۈلدى ھەمدە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار تاللاپ

ئۇستۇرۇلدى ۋە تولۇقلاندى. 1951 ـ يىلى بۆلۈم باشلىقى (مەركىزىي فارماق بانكا باشلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دەرىجىلىك كادىر 37 ئىدى، 1955 ـ يىلى 52 بولدى. 1954 ـ يىلى 278 كادىر تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 50% نى تەشكىل قىلىدۇ. 1959 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە بانكا سىستېمىسىدىكى مىللىي كادىرلار 2377 گە يېتىپ، بانكا كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 46.6 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1950 ـ يىلدىكىدىن 12.28 ھەسسە كۆپەيدى ھەمدە ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ بۆلۈمچە باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا ئۇستۇرۇلگەن مىللىي كادىر 605 كە يەتتى.

1964 ـ يىلدىن باشلاپ بانكا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى سىستېمىلىق ھالدا ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەندى، ئازادلىق ئارمىيىدىن ئۆگەندى، داچىڭ ۋە داجەينىڭ جاپالىق كۈرەش قىلىش روھىنى ئۆگەندى. 1976 ـ يىلى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، قالايمىقانچىلىقلار تۈگىتىلىپ، يېڭىۋاشتىن ئۆزگەرتىلىپ، پۇل مۇئامىلە تەرتىپكە سېلىنىپ، خىزمەتلەر ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن، ئومۇمىي خادىملار بويىچە تەربىيىلەش يولغا قويۇلۇپ، ئوقۇش تارىخى بويىچە تەربىيىلەش، كەسىپلەر بويىچە تەربىيىلەشكە دىققەت قىلىنىپ، مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلىنىپ، كۆپ خىل شەكىلنى قوللىنىپ، پۇل مۇئامىلە قوشۇنىنىڭ ساپاسى ئۇستۇرۇلدى.

## 2 § . ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى

شىنجاڭ بانكا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى مائارىپى 1935 ـ يىلى باشلانغان، شۇ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا سودا مەكتىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەلۇماتىغا ئىگە ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ تەربىيىلىگەن، ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل بولغان. 1941 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە سەككىز قاراردا 340 ئادەم تەربىيىلەنگەن. 1950 ـ يىلى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن خەلق يېزا ئىگىلىك، سودا ـ سانائەت، قۇرۇلۇش، جۇڭگو شۆبە بانكىلىرى ۋە سۇغۇرتا شىركىتى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەشنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇردى.

### 1. خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى

1950 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى خىزمىتى تۇتۇلۇپ ئاساسلىقى كۇرس ئېچىش ئارقىلىق خىزمەتتىكى كادىرلار كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەندى. 1950ـ يىل 2 ـ ئايدىن 1951 ـ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي تۆت قارار كۇرس ئېچىلىپ، 317 ئادەم نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەندى. 1951 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدا كۇرس رەسمىي بانكا مەكتىپىگە ئۆزگەرتىلىپ، مىللىي كادىرلارنى تەربىيىلەشنى ئاساس قىلدى. 1953 ـ يىل 6 ـ ئايغىچە جەمئىي 510 ئادەم تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە مىللىي ئوقۇغۇچىلار 335 بولۇپ، 65.9% نى ئىگىلىدى.

1953 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئىلىدا بانكا كادىرلار مەكتىپى ئېچىلدى، ئۇلار نۇقتىلىق ئاز سانلىق كادىرلارنى يېتىشتۈردى. شۇ بىر يىلدا 831 كادىر تەربىيىلەندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 591 بولۇپ، 1952 ـ يىل ئاخىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ

72.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1952 - يىلى ھەربىيدىن كەسىپ ئالماشتۇرغان 32 كادىر ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۈچ ۋىلايەتنىڭ بىر قەدەر پېشقەدەم كادىرلىرى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رەھبىرىي كادىرلىرى كۆپەيتىلدى. 1953 - يىلى ئۈرۈمچى بانكا كادىرلىرى مەكتىپىدە پۇل مۇئامىلە ۋە تەرجىمانلىق سىنىپلىرى تەسىس قىلىندى. جەنۇبىي شىنجاڭ بانكا كادىرلار مەكتىپىدىمۇ شۇ يىلى 3 - ئايدا رەسمىي ئوقۇش باشلاندى. ئۈرۈمچى كادىرلار مەكتىپى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق پۇل مۇئامىلە كەسپىي بويىچە تەربىيىلەشنى، قەشقەر كادىرلار مەكتىپى سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىن تەربىيىلەشنى ئاساس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەرجىمانلارنى يېتىشتۈردى. شۆبە بانكا خەنزۇچە 400 مىڭ خەتتىن ئاشىدىغان تۈرلۈك كەسپىي ماتېرىياللىرىنى ئۇيغۇرچە تۈزۈپ چىقىشنى ئۇيۇشتۇردى. بانكا ھۆججەتلىرىنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە ئىككى خىل يېزىقتا يۈرگۈزدى. يەنە بانكا ئون كۈنلۈك گېزىتىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى نەشر قىلدى.

1954 - يىلىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى خىزمىتى باش بانكىنىڭ تەربىيىلەش خىزمىتى مۇھەبەت يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، تەشكىلنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كەسىپلەر بويىچە مەخسۇس تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، پەيدىنپەي مۇنتىزىملىشىش، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە تايانچ كادىرلارنى بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش» دېگەن تەلەپ بويىچە ئىشلەندى. ئۈرۈمچى بانكا كادىرلار مەكتىپىدە شۇ يىلى 5 - ئايدا ئوقۇش باشلاندى. دېھقان - چارۋىچىلىق پۇل مۇئامىلىسى، بوغالتىرلىق، تەرجىمانلىقتىن ئىبارەت ئۈچ سىنىپ تەسىس قىلىنىپ، جەمئىي 252 كادىر تەربىيىلەندى. قەشقەر بانكا كادىرلار مەكتىپى 120 ئوقۇغۇچى تەربىيىلىگەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار ئىدى. باش بانكا كادىرلار مەكتىپىگە ئىككى ئادەم، غەربىي شىمال مەمۇرىي رايونلۇق بانكا كادىرلار مەكتىپىگە 24 ئادەم ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى.

1955 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ شۆبە بانكا ۋە ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە بانكىغا قەشقەر ۋە ئىلىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىغا قاراشلىق ئىككى كادىرلار مەكتىپىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش ھوقۇقى بېرىلدى. ئۈچ كادىرلار مەكتىپىدە ئىككى كرېدىت سىنىپ (بىرى ئۇيغۇر، بىرى خەنزۇ تىلىدا)، ئۈچ بوغالتىرلىق سىنىپ (ئىككىسى ئۇيغۇر تىلىدا، بىرى خەنزۇ تىلىدا) تەسىس قىلىنىپ، ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىدىن 211 ئادەم تەربىيىلەندى، يەنە ئىچكىرىدىن يېڭى قوبۇل قىلىنغان 404 ئوقۇغۇچىمۇ تەربىيىلەندى. كرېدىت ۋە بوغالتىرلىق سىنىپلىرىدا ئاساسەن كېرېدىت ۋە راسچوتنى تەشكىللەش، كارخانا ئىقتىسادىي پائالىيەت ئانالىزى، پۇل ئوبوروتى ۋە كرېدىت، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت بانكىسىنىڭ بوغالتىرلىق ھېساباتى ۋە كەسپىي تېخنىكىسى ئۆگىنىلدى.

1956 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى يەتتە يىللىق خىزمەت ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ، يەتتە يىل ئىچىدە بارلىق كادىرلارنى بىر قېتىم نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشنى بەلگىلىدى. شۇ يىلى تارماق بانكا باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ۋە بانكا مەكتىپى ئوقۇتقۇچىلىرىدىن 62 كىشى باش بانكا كادىرلار مەكتىپىگە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى؛ شۆبە بانكىغا قاراشلىق ئۈچ كادىرلار مەكتىپىدە توققۇز سىنىپ ئېچىلدى. بۇنىڭ تۆتى دېھقانچىلىق پۇل مۇئامىلە سىنىپى، ئۈچى بوغالتىرلىق سىنىپى، ئىككىسى كرېدىت سىنىپى بولۇپ، جەمئىي 611 ئوقۇغۇچى تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئۈرۈمچى كادىرلار مەكتىپى تەربىيىلىگىنى 204، ئىلى كادىرلار مەكتىپى تەربىيىلىگىنى 156، قەشقەر كادىرلار مەكتىپى تەربىيىلىگىنى 251. خەلق شۆبە بانكىسى 1956 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە جەمئىي تەربىيىلىگەن ئىشچى - خىزمەتچى 775. بۇنىڭ ئىچىدە خەلق شۆبە بانكىسىغا قاراشلىق ئۈچ كادىرلار مەكتىپىدە تەربىيىلەنگىنى 662 ئادەم (كرېدىت كادىرلىرى 299، بوغالتىر 164، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق پۇل مۇئامىلە كادىرى 199)، باش بانكا كادىرلار مەكتىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە تەربىيىلەنگىنى 113 ئادەم.

1956 ـ يىلى شۆبە بانكىغا قاراشلىق كادىرلار مەكتىپى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە سودا مەكتىپى بىرلەشتۈرۈۋېتىلدى. 1958 ـ يىل 8 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مالىيە ـ سودا بۆلۈمىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئارقىلىق، ئۈرۈمچىدە بانكا ئوتتۇرا تېخنىكومى قۇرۇلدى. ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولدى. ئوقۇتۇش فاڭجېنىدا تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئوقۇش، سىياسىي بىلەن كەسىپنى بىرلەشتۈرۈش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇش بىلەن ئەمگەكنى بىرلەشتۈرۈش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. بۇ مەكتەپكە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى كادىرلىرى، بانكا سىستېمىسىدىكى شتاتلىق كادىرلار ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئىشچى ـ دېھقان زىيالىيلار، ئوقۇغۇچىلار، ھەربىي سەپتىن قايتقان ۋە كەسىپ ئالماشتۇرغان ھەربىيلەر قوبۇل قىلىندى. شۇ يىلى 200 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىنىپ، تۆت سىنىپقا (ئىككىسى خەنزۇچە، ئىككىسى مىللىيچە) ئايرىلدى. 1959 ـ يىلى مائارىپ نازارىتى خۇەندىن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەنلەردىن ئىككى سىنىپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. 1960 ـ يىلى مەكتەپ ئۆزى ئىككى سىنىپ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى، ئىككى سىنىپ خەنزۇ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى.

1961 ـ يىلى بانكا مەكتىپى بىلەن مالىيە مەكتىپى بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا كۆچۈرۈلدى، مەكتەپنىڭ نامى شىنجاڭ مالىيە ـ پۇل مۇئامىلە مەكتىپى دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭدا مالىيە، بانكا ساھەسىدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي خادىملار تەربىيىلەندى. مەكتەپ كۆلىمى 1967 ـ يىلدىن ئىلگىرى 480 ئادەم دائىرىسىدە تىزگىنلەنگەن بولۇپ، ئۇنى ئىلى رايونلۇق پارتكوم ۋاكالىتەن باشقۇرغان، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى ئاساسلىق باشقۇرغانىدى. 1962 ـ يىلى بۇ مەكتەپ توختىتىۋېتىلدى. ئىلگىرىكى پىلاندا ئۈچ يىل ئوقۇيدىغان تۆت سىنىپتىكى (ئەمەلىيەتتە مەكتەپتە ئىككى يېرىم يىل ئوقۇغان) ئوقۇغۇچىلارغا دىپلوم تارقىتىپ بېرىلىپ، مۇددەتتىن ئىلگىرى خىزمەتكە تەقسىم قىلىندى، ئىلى، قەشقەردىكى بانكا كادىرلىرى مەكتەپلىرىمۇ شۇ يىلى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ توختىتىۋېتىلدى.

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى خىزمىتىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ناھايىتى كۆپەيدى.

1959 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى جەمئىي 2377 گە يېتىپ، كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 46.67 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، 1950 ـ يىلدىكىدىن 12.28 ھەسسە كۆپەيدى. 1949 ـ يىلدىن 1959 ـ يىلغىچە جەمئىي تەربىيىلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 803، بۇلار ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 33.78 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بوغالتىر 237، يېزا پۇل مۇئامىلە كادىرى 303، كرېدىت كادىرى 72، ئۇنىۋېرسال خىزمەت قىلىدىغانلار 169، تەرجىمان 22.

1963 ـ يىل 3 ـ ئايدا شۆبە بانكا كادىرلار بۆلۈمىدە سەييارە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسى تەسىس قىلىنىپ، يېزا پۇل مۇئامىلىسى، بوغالتىرىيە ـ پۇقرالار پۇل ئامانىتى ۋە پىلان ـ كرېدىتتىن ئىبارەت ئۈچ مەخسۇس كەسىپكە ئايرىلدى. ئۇلار ھەر قايسى كەسىپلەرنىڭ كەسپىي دەرسلىك تېزىسىنى تۈزۈش، ھەر قايسى بانكىلار تۈزگەن تەربىيىلەش دەرسلىكلىرىنى تەكشۈرۈش، تەربىيىلەش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ۋە ئالماشتۇرۇش، قىسمەن تارماق بانكىلارغا ياردەملىشىپ سەييارە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى.

1956 ـ يىل 10 ـ ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مالىيە سودا بۆلۈمى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتى مالىيە ـ سودا ئىشخانىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، بانكا سىستېمىسىدىن شتاتتىكى 160 نەپەر ياش كادىر ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ـ سودا مەكتىپىگە خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، ئۇلارنىڭ ئوقۇش مۇددىتى بىر يىل بولۇپ، ئاساسلىقى مالىيە ـ بوغالتىرلىق كەسپىنى ئۆگەندى. شۇ يىلى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن بەش كىشى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە بىر يىللىق ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۆبە بانكا يەنە ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە ـ سودا مەكتىپىدە بىر قارار 40 نەپەر ئۇيغۇر

ئاساسى قائىدە بۇغالتىرلىرىنى بىرىم يىل تەربىيىلىدى.

مەملىكەتلىك فېۋرال مالىيە ـ سودا سىياسىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، شۆبە بانكا 1965 ـ يىل 10 ـ ئايدىن 1966 ـ يىل 1 ـ ئايغىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ئۇرۇمچى، قەشقەرلەردە ئىككى قارارلىق سىياسىي كادىرلارنى تەربىيىلەش سىنىپى ئاچتى، ئۇنىڭغا 79 ئادەم قاتناشتى. ئۇلار ئاساسەن ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ سىياسىي خىزمەت تەجرىبىلىرىنى، ئىدىيۋى تەربىيىنى تۇتۇشنى، ئۈچ ـ سەككىز ئىستىلىنى يېتىشتۈرۈشنى ئۆگەندى.

1967 ـ يىلدىن 1977 ـ يىلغىچە بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە كادىرلارنى تەربىيىلەش توختاپ قالدى.

1978 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەستىقى بىلەن، توختىتىپ قويۇلغىنىغا 16 يىل بولغان بانكا مەكتىپى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. مەكتەپ ئورنى سانجىدا، ئوتتۇرا تېخنىكوم خاراكتېرىدە، ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانى 200 ئەتراپىدا قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ مەكتەپ 1979 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىن بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شتاتتىكى كادىرلارنى قىسقا مۇددەت نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلدى. 100 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى. 1980 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن شىنجاڭ بانكا مەكتىپىنىڭ كۆلىمى ئىلگىرىكى 300 ئوقۇغۇچىدىن 600 ئوقۇغۇچىغا كېڭەيتىلدى. ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىلغا ئۆزگەرتىلدى. 1981 ـ يىلى 122 كىشى تۇنجى نۆۋەت ئوقۇش پۈتتۈردى.

1980 ـ يىلى باش بانكىسىنىڭ «بىر تۇتاش پىلانلاش، يۇقىرى ـ تۆۋەننى بىرلەشتۈرۈش، دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇش» پرىنسىپىغا ئاساسەن، خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى كادىرلىرىنى تەربىيىلەشتە ئۈچ يىل ئىچىدە (1980 ـ يىلدىن 1982 ـ يىلغىچە) بۆلۈمچە باشلىقىدىن يۇقىرى رەھبىرىي تايانچلارنى ۋە كەسپىي تايانچلارنى ئومۇميۈزلۈك نۆۋەت بىلەن بىر قېتىم تەربىيىلەشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يىلى 2 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى مەملىكەت بويىچە كادىر خىزمىتى يىغىنى ئاچتى، يىغىندىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك بانكىلار كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك تۈزۈپ چىقتى. تەربىيىلەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، تەدبىر قوللىنىپ، تەربىيىلەش خىزمىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇردى. شۇ يىلى خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا پارتگورۇپپىلىرى شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنىستىتۇتى پارتگورۇپپىسىنىڭ قوللىشىدا بىرلىكتە تۇنجى قارار تارماق بانكا باشلىقلىرى كۇرسى ئاچتى. كۇرسقا 37 كىشى (بۇنىڭ ئىچىدە خەلق بانكىسىنىڭ 17، يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ 20) قاتناشتى. ئۇلار سىستېمىلىق ھالدا كەسپىي نەزەرىيە ۋە كەسپىي تېخنىكىنى ئۆگەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە خەلق شۆبە بانكىسى بىر قارار بۇغالتىرىيە ئوقۇتقۇچىلىرى سىنىپى، ئىككى قارار پۇل ساناش كۇرسى، ئىككى قارار سۇغۇرتا كەسپى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسى ئاچتى. ئالتاي مەركىزىي تارماق بانكا ئىشتىن سىرتقى مەكتەپ ئاچتى، ئۇنىڭ تۇنجى قارارىدا «خەلق بانكىسىنىڭ بۇغالتىرلىق ھېساباتى» ئوقۇتۇلدى.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» ى ۋە باش بانكىنىڭ «جۇڭگو خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش ئومۇمىي پىلانى» نىڭ روھىغا ئاساسەن، 1981 ـ يىلى خەلق شۆبە بانكىسىدا مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، مەكتەپ، كادىرلار تەربىيىسى ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان بولدى. بانكا مەكتىپى ئوتتۇرا تېخنىكومنى ياخشى باشقۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىر بازا، ئىككى ۋەزىپە رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، 1981 ـ يىلى تۆرلۈك كۇرسلاردىن ئالتە قارار ئېچىپ، 242 ئادەمنى تەربىيىلىدى، بۇنىڭ

ئىچىدە تارماق بانكا باشلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىنىپى ئۈچ قارار، 115 ئادەم، يېڭى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى تەربىيىلەش سىنىپى ئىككى قارار، 81 ئادەم، گۈزەل سەنئەت كۇرسى بىر قارار، 46 ئادەم. بۇلار مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 26.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەپ، باش بانكا بەلگىلىگەن مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار سانىنىڭ 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەش دېگەن تەلەپتىن ئېشىپ كەتتى.

ئۇنىڭدىن باشقا، خەلق شۆبە بانكىسى يەنە ئالتاي، قەشقەر، كورلا، چۆچەكلەردە تۆت كادىر تەربىيىلەش بازىسى بەرپا قىلدى. شۇ يىلى ئىككى قارار كۇرس ئېچىلدى.

1981 - يىلى ھەر دەرىجىلىك، ھەر تۈردىكى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسىغا 996 ئادەم قاتنىشىپ، ئىككى ئايدىن ئارتۇق ئوقىدى، كۇرسقا قاتناشقانلار 1980 - يىلدىكىدىن %129.5 كۆپەيدى.

**1980 - يىلدىن 1981 - يىلغىچە خەلق بانكىسى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 - 4

| دەرىجىسى | سانى | 1980 - يىل | | | سانى | 1981 - يىل | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | تەربىيەلىنىدىغان ئادەم | تەربىيەلەنگەن ئادەم | ئىگىلىگەن نىسبىتى % | | تەربىيەلىنىدىغان ئادەم | تەربىيەلەنگەن ئادەم | ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
| نازارەت، ئىدارە دەرىجىلىك | | | | | 7 | 5 | 2 | 40 |
| مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقى دەرىجىلىك | 37 | 23 | 8 | 34.78 | | | | |
| باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك | 23 | 14 | 2 | 14.29 | 65 | 50 | 16 | 32 |
| ناھىيىلىك تارماق بانكا باشلىقى دەرىجىلىك | 190 | 162 | 18 | 11.11 | | | | |
| بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك | 98 | 77 | 8 | 10.39 | 318 | 311 | 78 | 25.08 |
| بۆلۈمچە باشلىقى دەرىجىلىك | | | | | 626 | 626 | 66 | 10.54 |
| ئادەتتىكى كادىر | 5807 | 4755 | 398 | 8.18 | 3875 | 3439 | 446 | 12.97 |
| يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئىشچى - خىزمەتچى | | | | | 817 | 817 | 388 | 47.49 |
| جەمئىي | 6155 | 5031 | 434 | 8.63 | 5708 | 5248 | 996 | 18.98 |

1982 - يىلى باش بانكا، شۆبە بانكا ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» نى يەتكۈزدى ۋە ئىزچىللاشتۇردى. يىغىندىن كېيىن ھەر قايسى بانكىلارنىڭ رەھبەرلىرى شەخسەن ئۆزلىرى مائارىپنى تۇتۇپ، مائارىپنى يولغا قويۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىپ ھەل قىلدى. تارباغاتاي مەركىزىي تارماق بانكىسى يېڭى قوبۇل قىلىنغان قازاق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى يېتىشتۈرۈش سىنىپى ئاچتى ھەمدە بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا ۋە قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ قازاق كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 1000 پارچىدىن ئارتۇق قازاقچە دەرسلىكنى تەرجىمە قىلىپ، قازاق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆگىنىشىنى تەمىنلىدى. خەلق شۆبە بانكىسى 1980 -، 1981 - يىللىرى 68 مىڭ پارچە دەرسلىكنى ئاز سانلىق مىللەت يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ باستۇردى، 1982 - يىلى باش بانكا تارقاتقان ئوقۇتۇش پروگراممىسىدىن بىر يۈرۈش توققۇز كىتابنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ باستۇردى، 12 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىنى ئاپتونوم رايون ۋە ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەرگە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا ۋە قۇمۇل مەركىزىي تارماق بانكا بانكا مەكتىپى بىلەن بىرلىكتە بىر قارار قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، 48 نەپەر يېڭى ئاز سانلىق مىللەت كادىرىنى تەربىيىلىدى. قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكا بىر قارار ئاز سانلىق مىللەت تايانچ بوغالتىرلار سىنىپى ئاچتى.

1982 - يىل 9 - ئايدىن 10 - ئايغىچە خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىشىپ ئۈچىنچى قارار ئىقتىسادىي ئۇچۇر خىزمەتچىلىرىنى يېتىشتۈرۈش سىنىپى ئېچىپ، باش بانكا باستۇرۇپ تارقاتقان «بانكا ئىقتىسادىي ئۇچۇر نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى» دېگەن كىتابنى ئاساسلىق دەرسلىك قىلدى. شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد شۆيۈەنى خەلق، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرىغا بىر قارار ئاز سانلىق مىللەت بانكا كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ بەردى. ئۇنىڭغا 38 كۇرسانت قوبۇل قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە باشقارما دەرىجىلىك كادىر بىر، ناھىيىلىك تارماق بانكا باشلىقى 18، ئادەتتىكى كادىر ئۈچ، ئۇيغۇر 30، قازاق ئالتە، موڭغۇل بىر، قىرغىز بىر.

شۇ يىلى 1 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسى كورلا كادىرلار مەكتىپى ئاساسلىقى بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستى، ئاقسۇ، قۇمۇل، تۇرپان ۋىلايەتلىرى ۋە 7 - تارماق بانكىنىڭ شتاتتىكى كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشكە مەسئۇل بولدى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. مەكتەپنىڭ يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 150 ئادەم ئەتراپىغا يەتكۈزۈلدى. قەشقەر كادىرلار مەكتىپى ئاساسەن قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ مەركىزىي تارماق بانكىلىرىغا قاراشلىق شتاتتىكى كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكىسى ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلدى. يېتىشتۈرۈلىدىغان ئوقۇغۇچىلار 100 ئەتراپىغا يەتكۈزۈلدى.

1980 - يىل 7 - ئايدىن 1982 - يىلغىچە بانكا مەكتىپى جەمئىي ئون قارار كادىرلارنى تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىپ، 422 ئادەمنى يېتىشتۈردى. بۇنىڭ ئىچىدە بەش قارار مىللىي سىنىپتا 224 ئادەم ئوقىدى. بۇلار ئومۇمىي سانىنىڭ 50.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1982 - يىلى دۆلەتلىك بەش مىنىستىرلىك، كومىتېت (مەملىكەتلىك ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپىنى باشقۇرۇش كومىتېتى، مائارىپ مىنىستىرلىكى، دۆلەت ئەمگەك باش ئىدارىسى، جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى) نىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن،

ياش ۋە ئوتتۇرا ياش ئىشى - خىزمەتچىلەرگە مەدەنىيەت دەرسىنى تولۇقلىدى. ھەر قايسى بانكىلاردىكى ياش، ئوتتۇرا ياشلىقلاردىن مەدەنىيەت دەرسىنى تولۇقلاش ئۆگىنىشىگە قاتناشقانلار سانى 2881 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئىشچى - خىزمەتچى 569) گە يېتىپ، دەرس تولۇقلاشقا تېگىشلىكلەر سانىنىڭ 96 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلىدى.

1983 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ماتارىپى ئىسقا مۇددەتلىك يېتىشتۈرۈشتىن مۇنتىزىم ئوقۇش تۈزۈمى بويىچە تەربىيىلەشنى ئاساس قىلدى. شۇ يىلى خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا تىلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پۇل مۇئامىلە سىنىپى ئېچىلدى، سانجىدىكى شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىدا ئىككى ئوقۇتۇش نۇقتىسى تەسىس قىلىنىپ، 154 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، بۇ، شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 1.98 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئوقىدى.

1983 - يىل 7 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ماتارىپ نازارىتىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا خىزمەت پونكىتى تەسىس قىلىندى. 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ماتارىپ مىنىستىرلىكى، ئەمگەك - كادىرلار مىنىستىرلىكى، مالىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ «شەھەرلەردىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ماتارىپ قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتىپ، كەسپىي تېخنىكا ماتارىپىنى راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدا» دىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، تارماق بانكىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈپ، بانكا مەكتىپىدە كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ئېچىلدى. كەسپىي سىنىپقا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر قوبۇل قىلىنىدىغان بولۇپ، تۇنجى قارارىغا 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى، ئۇنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، مەدەنىيەت ئاساس دەرسلىكى ۋە پۇل مۇئامىلە كەسپىي دەرسلىكىدىن 20 پەن تەسىس قىلىندى. ئۇلارنى تەقسىم قىلىشقا مەكتەپ مەسئۇل بولمايدۇ، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەر ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئوخشاش تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدۇ. خەلق بانكىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىسى ئارقا - ئارقىدىن كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ئاچتى.

1984 - يىلى بانكا مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى 585 كە يەتتى؛ خەلق بانكىسى سىستېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا 794 ھەر خىل كادىر تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 306. ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كادىرلار مەخسۇس كۇرسى، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى، كەسپىي ئۇنىۋان بويىچە بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىغا بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن 20 ئادەم ئەۋەتىلدى. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەدەنىيەت دەرسى تولۇقلىنىپ لاياقەتلىك بولغانلار 2905 كە يېتىپ، دەرس تولۇقلاشقا تېگىشلىكلەرنىڭ 68.26 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ئىككى خىل دەرسلىك كىتاب تەرجىمە قىلىنىپ، 10 مىڭ نۇسخا باستۇرۇلدى ھەمدە مەخسۇس ئادەم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدىكى تۆت بانكا مەكتىپى، كادىرلار مەكتىپى ۋە غەربىي شىمال مالىيە تېخنىكومى، غەربىي شىمال بانكا مەكتىپىدە ئوقىغان 2300 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش تارىخى ھەققىدىكى دەلىل - ئىسپاتلار تەكشۈرۈلۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى.

1980 - يىلدىن 1984 - يىلغىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا 4924 ھەر دەرىجىلىك ھەر خىل كادىرلار تەربىيىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە قىسقا مۇددەت تەربىيىلەنگەنلەر 4401 (ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 1451). ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكومدا تەربىيىلەنگەنلەر 52 (ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 103).

## جۇڭگو خەلق بانكىسى كادىرلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنى قىسقا مۇددەت تەربىيىلەشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى (1979 — 1983)

جەدۋەل: 11 - 5

| يىلى / تۈرى | تەربىيىلەنگەن ۋاقتى | | ئىدارە دەرىجىلىك | باشقارما دەرىجىلىك | بۆلۈم دەرىجىلىك | بۆلۈمچە دەرىجىلىك | ئىشچى - خىزمەتچى ئادەتتىكى باشقا | يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئىشچى - خىزمەتچى | ئىشچى | جەمئىي | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1979 | ئىككى ئايدىن ئارتۇق تەربىيىلەنگەنلەر | | 1 | 1 | 2 | 5 | 68 | 45 | | 122 | |
| 1980 | 〃 〃 〃 | | 2 | 11 | 29 | 38 | 189 | 113 | 2 | 384 | |
| 1981 | 〃 〃 〃 | | 1 | 20 | 84 | 72 | 338 | 366 | 1 | 882 | |
| 1982 | 〃 〃 〃 | | | 13 | 71 | 66 | 327 | 838 | 6 | 1321 | |
| جەمئىي | 〃 〃 〃 | | 4 | 45 | 186 | 181 | 922 | 1362 | 9 | 2709 | |
| 1979 — 1982 | بىر ئاي تەربىيىلەنگەنلەر | 1 | 6 | 16 | 275 | 122 | | | | 420 | |
| ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق تەربىيىلەنگەنلەر | ئىككى قېتىم تەربىيىلەنگەنلەر | | 4 | 5 | 7 | 3 | | | | 19 | |
| | ئۈچ قېتىم تەربىيىلەنگەنلەر | | | 1 | 2 | | | | | 3 | |
| 1983 | | 1 | 6 | 10 | 54 | 410 | 121 | 8 | | 613 | |

ئەسكەرتىش: ① دەرىجە كاتەكچىدىكى بۆلۈمچىدىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك كادىرلار شۇ دەرىجىگە باراۋەر كېلىدىغان كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئادەتتىكى كادىرلار، ئىنژېنېر - تېخنىك خادىملار، دوختۇرلار، قوغداش، ئوقۇتۇش خادىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

② بۇ جەدۋەلدە كۆرسىتىلگەنلەر خىزمەتتىن ئايرىلىپ قىسقا مۇددەت تەربىيىلەنگەنلەردۇر.

③ بىر ئايدىن ئارتۇق تەربىيىلەنگەنلەر ئىشتىن ئايرىلىپ بىر ئايدىن ئارتۇق (ئىككى ئايغا يەتمىگەن) ئوقۇتۇش پىلانى بويىچە بىر قەدەر مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

④ ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق تەربىيىلەنگەنلەر 1979 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە ئىككى قېتىمدىن ئارتۇق ئىشتىن ئايرىلىپ قىسقا مۇددەت تەربىيىلەنگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

⑤ 1979 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە بىر ئاي تەربىيىلەنگەن 420 ئادەم شۆبە بانكىنىڭ 23، سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ 17، مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ 13، بانكا مەكتىپىنىڭ 12 ئادىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1985 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى كۆپ قاتلاملىق، كۆپ يوللۇق، كۆپ شەكىللىك مەكتەپ باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تەربىيىنى مۇنداق بەش خىل تەدبىر بىلەن تۇتتى: (1) خەلق بانكىسى كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ مەدەنىيەت، كەسپىي ساپاسىنى ئىگىلەپ، كۆڭۈلگە سان پۈكۈش؛ (2) خەلق بانكىسىنىڭ 1985-يىلدىن 1990 - يىلغىچە كادىرلار مائارىپى ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش؛ (3) شەنشى مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتى بىلەن ھاۋالە بويىچە كۇرس ئېچىش كېلىشىمى ئىمزالاش؛ (4) بانكا مەكتىپىنىڭ «بىر بازا، ئىككى ۋەزىپە» رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم كادىرلار سىنىپىغا داۋاملىق ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلغانلىق سىرتىدا، ئاكتىپ شەرت - شارائىت ھازىرلاپ، شتاتتىكى كادىرلار ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوم بويىچە ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇتۇش (ياكى ئوتتۇرا تېخنىكوم بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش) مائارىپىنى يولغا قويۇش؛ (5) خىراجەت جۇغلاپ، ئەقلىي كۆچكە سېلىنىدىغان مەبلەغنى كۆپەيتىش. شۇ يىلى شۆبە بانكا پۇل مۇئامىلە كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئىككى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈردى، تەكتىنى ئېنىقلىدى، مۇشۇ ئاساستا 1985 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە بولغان كادىرلارنى تەربىيىلەش ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. 200 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىپ كادىرلارنى تەربىيىلەشكە ئىشلەتتى. شەنشى مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى بىلەن كېڭىشىش ئارقىلىق، ئىككى تەرەپ ھاۋالە بويىچە ۋاكالىتەن تەربىيىلەش كېلىشىمى ئىمزالىدى. 1985 - يىلى شەنشى مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى شىنجاڭ خەلق بانكىسى سودا - سانائەت بانكىسى ئۈچۈن بىر قارار كادىرلار مەخسۇس كۇرسى سىنىپى ئېچىپ بېرىپ، 51 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە كادىرلار مەخسۇس كۇرسىغا قوبۇل قىلىنغانلار 48، ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپىغا قوبۇل قىلىنغانلار ئۈچ كىشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۆبە بانكا سودا - سانائەت بانكىسى بىلەن بىرلىكتە تېلېۋىزىيە داشۆسىدە پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرى ئۈچۈن ئىككى سىنىپ، بىر كادىرلار ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى، تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك سىنىپلارنى ئاچتى ھەمدە ھەر قايسى كەسپىي

بانكىلار (سۇغۇرتا شىركىتى، قۇرۇلۇش بانكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) بىلەن بىرلىشىپ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى كادىرلارنى پۇل مۇئامىلىنى ئاساس قىلغان ئوتتۇرا تېخنىكوم مائارىپى بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىشكە شۇنداقلا، ئاپتونوم رايون بىر تۇتاش ئۇيۇشتۇرغان ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىشكە قاتنىشىشقا تەشكىللىدى.

1985 ـ يىلى 126 ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل كادىر تەربىيلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە باشقارمىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار 11، بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلار 8، ئادەتتىكى كادىر 107، بۇلار كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 15 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ.

بانكا مەكتىپى 1979 ـ يىلى ئەسلىگە كەلگەندىن تارتىپ 1985 ـ يىل 7 ـ ئايغىچە 771 ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسىنى تەربىيلەپ چىقتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى 358، خىزمەتتىكى تۇرلۇك كادىرلاردىن 548 نى تەربىيلىدى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 214.

## 2. يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ كادىرلارنى تەربىيلەش خىزمىتى 1980 ـ يىلى باشلاندى. يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئەمدىلا ئەسلىگە كەلگەن، ۋەزىپە ئېغىر، يېڭىدىن خىزمەتكە قاتناشقانلار كۆپ بولغان ئەھۋال كۆزدە تۇتۇلۇپ، «بانكا ئىچى بىلەن سىرتىنى بىرلەشتۈرۈش، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىش، شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالماي، قاتلاممۇ ـ قاتلام تەربىيلەش» فاكچىنىنى قوللىنىپ، جىددىي ئېھتىياجغا قاراپ تەربىيلەپ، 1450 نەپەر يېڭى ئىشچى ـ خىزمەتچىنى تەربىيلىدى، (ئومۇمىيۈزلۈك ئىككى ئاي ئەتراپىدا نۆۋەت بىلەن تەربىيلىدى)، بوغالتىر، پۇل ئاجرىتىش، يېزا سودىسى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا، بوغالتىر يېتەكچىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى 700 دىن ئارتۇق تۈرلۈك كەسپىي كادىرلارنى تەربىيلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە، مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىگە بىر نەپەردىن پارتىيە مەمۇرىيەت كادىرىنى تەربىيلىنىشكە ئەۋەتتى، تارماق بانكا باشلىقىدىن يەتتە كىشىنى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ ۋاكالىتەن تەربىيلەش مەركىزىگە، 20 كىشىنى شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتىغا ۋاكالىتەن تەربىيلىنىشكە ئەۋەتتى. ئۆزى كەسپىي سىنىپ ئېچىپ، كەسپىي تايانچلاردىن 95 كىشىنى تەربىيلىدى، بىر يىل ئىچىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئۈچتىن بىر قىسىم ئىشچى ـ خىزمەتچىنى بىر قېتىم تەربىيلىدى.

1981 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى يېزا ئىگىلىك باش بانكىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىن يوليورۇق سوراش ۋە ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق، جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ كادىرلار مەكتىپىنى قۇرۇپ، مەخسۇس يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى خىزمەتتىكى كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيلىدى. كادىرلار مەكتىپىنىڭ شتاتى 25 بولۇپ، مىللىيلار ۋە خەنزۇلار ئۈچۈن بىردىن سىنىپ تەسىس قىلىندى. 1981 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى رەسمىي دەرس باشلاندى. 1982 ـ يىلغا كەلگەندە كادىرلار مەكتىپىنىڭ جەمئىي ئىشچى ـ خىزمەتچىسى 565 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى 21، بۇلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 32 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

كادىرلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ قۇرۇلۇشى 1982 - يىلى باشلانغانىدى. بىر تەرەپتىن ئاساسىي قۇرۇلۇش قىلىش، بىر تەرەپتىن تەربىيىلەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، 1982 - يىلدىن باشلاپ يەتتە قارار تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك كۇرس، تەربىيىلەش سىنىپلىرى ئېچىلدى، 345 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوقۇش مۇددىتى ئالتە ئاي بولغان يېڭى كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش سىنىپىدىن ئۈچ قاراردا تۆتى ئېچىلىپ، 185 ئادەم تەربىيىلەندى؛ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ ئاي بولغان بىر قارار، 44 كىشىلىك يېزا سودىسى كرېدىت كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىلدى. ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ ئاي بولغان بىر قارار تارماق بانكا باشلىقلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىلىپ، 36 ئادەم تەربىيىلەندى؛ بىر قارار مۇپەتتىش خادىملارنى تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىلىپ، 40 ئادەم تەربىيىلەندى. ئۇنىڭدىن باشقا، شىخەنزىدىكى كادىرلار مەكتىپىدە بىر قارار گۈزەل سەنئەت سىنىپى ئېچىلىپ، 40 ئادەم تەربىيىلەندى.

1982 - يىلى ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش، مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق 2 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ، ئىلى، قەشقەر، قۇمۇل، شىخەنزە، ئالتاي (خەلق، يېزا ئىگىلىك مەركىزىي تارماق بانكىسى بىرلىكتە قۇرغان) . تارباغاتاي (نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش سىنىپى) قاتارلىق ئالتە كادىرلارنى تەربىيىلەش بازىسى قۇرۇلدى ھەمدە شۇ يىلى كادىر تەربىيىلەش باشلاندى. شۇ يىلى شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىغا ھاۋالە قىلىش ئارقىلىق خىزمەتتىكى كادىرلارنىڭ يېزا پۇل مۇئامىلىسى بويىچە ئالىي تېخنىكوم سىنىپى ئېچىلدى. ئۇنىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئىككى يىل بولدى، ھەر يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى شتاتلىق ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىدىن 40 كۇرسانت قوبۇل قىلىنىپ، مەكتەپتىكى كۇرسانت سانى 80 ئادەم بىلەن چەكلەندى. 1983 - يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتى بىر تۇتاش سوئال چىقىرىپ ئىمتىھان ئېلىپ قوبۇل قىلىدىغان بولدى؛ باشقارما دەرىجىلىك 19 كادىر شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىغا مۇددىتى تۆت ئايلىق ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئۆتۈلىدىغان پۇل مۇئامىلە كەسپىي ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەۋەتىلدى. مەدەنىيەت دەرسىنى تەكرارلاش پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، دەرس تەكرارلاشقا قاتناشقانلار 1909 غا يېتىپ، تەكرارلاشقا تېگىشلىك ئادەم سانىنىڭ 63.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1982 - يىل 10 - ئاينىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى جەمئىي 7713 كە يېتىپ، 436 ئىشچى، 55 باشتىن يۇقىرى 245 كادىر تەربىيىلەشكە قاتناشمىغانلىقى سىرتىدا، تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىك كادىر 7032، بۇنىڭدىن تەربىيىلەنگىنى 3634 بولۇپ، تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىك كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 51.68 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە شۆبە بانكىنىڭ باشقارما باشلىقى، مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى، مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقىدىن تەربىيىلەنگەنلەر 35، بۇلار تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىك 53 ئادەمنىڭ %66.3 نى ئىگىلىدى، مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ بۆلۈم باشلىقى، مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى، ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ باشلىقى، مۇئاۋىن باشلىقىدىن تەربىيىلەنگەنلەر 94، بۇلار تەربىيىلەشكە تېگىشلىك 228 ئادەمنىڭ 32.64 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. شىنجاڭ بويىچە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى كادىرى 4324، بۇنىڭدىن تەربىيىلەنگەنلەر 1432، بۇلار تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىكلەرنىڭ 32.91 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

1983 - يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا مائارىپ باشقارمىسى قۇرۇلۇپ، شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى، تەربىيىلەش خىزمىتى بىر تۇتاش باشقۇرۇلىدىغان بولدى. كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەشتىن دائىملاشقان، تۈزۈملەشكەن، مۇنتىزىملاشقان كادىرلار مائارىپىغا تەرەققىي قىلىپ، قىسقا مۇددەتلىك تەربىيىلەش، ئوتتۇرا تېخنىكوم، ئالىي

تېخنىكوم بويىچە بىلىم ئاشۇرىدىغان كۆپ قاتلاملىق تەربىيىلەش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. يىل ئاخىرىغا كەلگەندە شۆبە بانكا كادىرلار مەكتىپىدىن بىرى، ۋىلايەتلىك كادىرلار مەكتىپىدىن سەككىزى قۇرۇلۇپ، ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى پۇل مۇئامىلە كادىرلىرىنى ئۆۋەت بىلەن تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى، شۇ يىلى ئىككى قارار ناھىيىلىك تارماق بانكىلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت بانكا باشلىقلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپى، بىر قارار تىجارەت پونكىتى مۇدىرلىرىنى تەربىيىلەش سىنىپى ئېچىلدى. كادىرلار مەكتىپى ئاساسىدا جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر تېخنىكومى قۇرۇلۇپ خىزمەتتىكى كادىرلاردىن ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا 43 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندى؛ تېلېۋىزىيە ئىنستىتۇتى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا خىزمەت پونكىتى بەش سىنىپ ئېچىپ، 146 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. باش بانكا ئوقۇتقۇچىلار سىنىپىغا 17 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي ئىقتىساد كەسپىدىكىلەر ئالتە، بوغالتىرلىق كەسپىدىكىلەر ئالتە، پۇل كەسپىدىكىلەر ئالتە، يېزا پۇل ئوبوروتى كەسپىدىكىلەر ئىككى. مۇشۇ بىر يىلدا جەمئىي تەربىيىلەنگەن كادىر 1423 (بۇنىڭ ئىچىدە بانكىلارنىڭ 942، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 481) كە يېتىپ، مۇشۇ يىل 2000 ئادەم (بۇنىڭ ئىچىدە بانكىلاردىن 1500، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىدىن 500 ئادەم) تەربىيىلەش ۋەزىپىسىنىڭ 71.15 پىرسەنتى ئورۇندالدى. بۇنىڭ ئىچىدە بانكىلارنىڭ تەربىيىلەش ۋەزىپىسى 62.80%، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنىڭ 96.2% ئورۇندالدى. تەربىيىلەنگەن كادىرلار ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار 827، بۇ تەربىيىلەنگەن كادىرلار ئومۇمىي سانىنىڭ 58.12 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 1983 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي تەربىيىلەنگەن بانكا، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى كادىرلىرى 6480 گە يېتىپ، تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىك بولغان 11 مىڭ 252 كادىرنىڭ 57.59 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەربىيىلەنگەن ئاز سانلىق مىللەت كادىرلار 3755 گە يېتىپ تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىك 6629 ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ 56.65 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ جەمئىي تەربىيىلەنگەن بانكا كادىرى 4576 (بۇنىڭ ئىچىدە ئازسانلىق مىللەت كادىر 1640) غا يېتىپ، تەربىيىلەشكە تېگىشلىك بولغان 6928 ئادەمنىڭ 66.05 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى؛ جەمئىي تەربىيىلەنگەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى كادىرى 1904 (بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 1288) غا يېتىپ، تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىك بولغان 4324 ئادەمنىڭ 44.03 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. جەمئىي تەربىيىلەنگەن مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقى، باشقارما دەرىجىلىك كادىر 38 (ئاز سانلىق مىللەت 21)، تىجارەت پونكىتىنىڭ مۇدىرى، بۆلۈمچە دەرىجىلىك كادىرى 572 (ئاز سانلىق مىللەت 339)، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى مۇدىرى 348 (ئاز سانلىق مىللەت 334)، ئوقۇتقۇچى 48 (ئاز سانلىق مىللەت 12) گە يەتتى.

1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «كادىرلارنى تەربىيىلەش ئومۇمىي پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» نى تۈزۈپ چىقىپ، 1990 - يىلدىن ئىلگىرىدىكى كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى توغرىسىدا ئومۇمىي پىلان تۈزدى. توققۇز كادىرلار مەكتىپىگە مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىردىن 13 كىشى، كەسپىي ئوقۇتقۇچىدىن 62 كىشى، قوشۇمچە ئوقۇتقۇچىدىن 20 كىشى سەپلەندى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى 177 گە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى 69 بولۇپ، 39% نى ئىگىلىدى. شۇ يىلى ئىككى يىللىق تۈزۈمدىكى پارتىيە ھۆكۈمەت باشقۇرۇش كەسپىي ئالىي تېخنىكوم سىنىپىدىن بىرى، ئىككى يېرىم يىللىق ئوقۇش تۈزۈمىدىكى خەنزۇ تىلىدا ئوقۇتۇلىدىغان يېزا پۇل مۇئامىلە كەسپىي سىنىپىدىن بىرى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىدىن بىرى، ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىدىن بىرى ئېچىلىپ، جەمئىي 260 يېڭى ئوقۇغۇچى قوبۇل

قىلىندى. خىزمەتتىن ئايرىلىپ ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپىغا كىرگەن ئوقۇش نەتىجىسى مۇنەۋۋەر، ئەخلاق پەزىلىتى ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن، 1984 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ، ئوقۇش مۇكاپاتى تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. يېزا ئىگىلىك بانكا كادىرلىرى مەكتىپى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم بىللە يولغا قويۇلغان، بانكا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى كادىرلىرى بىرلەشكەن، ئوقۇش مۇددىتى ھەم ئۇزۇن، ھەم قىسقا بولغان، كۆپ مىللەتلىك، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ خىل، ئىككى خىل تىل ـ يېزىقتا دەرس ئۆتۈلىدىغان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى بازىسىغا ئايلاندى. 1984 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جەمئىي تەربىيىلەنگەن بانكا، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى كادىرلىرى 8023 كە يېتىپ، تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىك ئادەم سانىنىڭ 71.3 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. تېلېۋىزىيە ئىنستىتۇتى، ئوتتۇرا تېخنىكوم، مەخسۇس كۇرس ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى، ئالىي مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرغانلار 680 گە يەتتى. شۆبە بانكىنىڭ تەربىيىلىنىشكە تېگىشلىك بانكا دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ ھەممىسى تەربىيىلىنىپ بولدى. باشقارما دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ 83.76 پىرسەنتى، تارماق بانكا باشلىقى ۋە بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ 58.08 پىرسەنتى، 75 ئوقۇتقۇچى تەربىيىلەندى، مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار 407 گە يەتتى.

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 1985 ـ يىلى باش بانكا تۈزگەن «كادىرلار مائارىپىنى مۇنتىزىملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى» دىكى تەلەپلەر بويىچە، كادىرلار مەكتىپى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئوتتۇرا تېخنىكومى، تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى خىزمەت پونكىتى تەرتىپكە سېلىندى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەش بولدى. شۇ يىلى ئون نەپەر موڭغۇل كادىر ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى شىلىنگېل خۇسۇندىكى يېزا ئىگىلىك بانكا ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئوتتۇرا تېخنىكومىغا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلدى؛ شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى بىلەن كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش سىنىپى ئېچىش توغرىسىدا توختام ئىمزالىنىپ، 331 ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى (ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچى 217) تاللاپ ئەۋەتىلدى؛ 38 قارار تۈرلۈك پۇل مۇئامىلە كەسپى قىسقا مۇددەتلىك كۇرسى ئېچىلىپ، جەمئىي 1640 ئادەم تەربىيىلەندى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش جەھەتتە، قەشقەر كادىرلار مەكتىپى ئاساسەن ئۇيغۇر كادىرلارنى تەربىيىلەشنى، بايىنغولىن كادىرلار مەكتىپى ئاساسەن قازاق كادىرلارنى تەربىيىلەشنى، ئىلى كادىرلارنى مەكتىپى ئاساسەن قازاق كادىرلارنى تەربىيىلەشنى ئۈستىگە ئالدى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆگىنىدىغان كىتاب قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۇيغۇر، قازاقچە كەسپىي كىتابلار تەرجىمە قىلىنىپ 160 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق (قازاقچىسى 12 مىڭ پارچە) نەشر قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە «پۇل، بانكا ئۇقۇمى»، «سوتسىيالىستىك يېزا پۇل مۇئامىلىسى» ۋە «بانكا باشقۇرۇش» قاتارلىق ئاساسلىق كەسپىي كىتابلار 6000 پارچىدىن ئارتۇق بېسىلدى.

## 3. سودا ـ سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى

سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1985 ـ يىل 1 ـ ئايدا قۇرۇلغاندىن كېيىن، سودا ـ سانائەت باش بانكىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، «سودا ـ سانائەت بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ 1985 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە كادىرلارنى تەربىيىلەش ئومۇمىي پىلانى» ۋە «1985 ـ يىللىق تەربىيىلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم

ئوقۇتىشى» نى تۈزۈپ چىقتى. شۇ يىلى كورلا، قەشقەر كادىرلار مەكتىپى قۇرۇلدى ھەمدە ئۈرۈمچى كادىرلار مەكتىپى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىندى. 1985 - يىلى خەلق ۋە سودا - مالىيەت بانكىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىغا ھاۋالە قىلىپ، مەخسۇس كۇرس سىنىپىدا 35 ئادەم، ئوقۇتقۇچىلار سىنىپىدا تۆت ئادەم تەربىيىلىدى؛ ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىن 24 ئادەم ئوتتۇرا تېخنىكومغا كىردى، شۇنداق قىلىپ جەمئىي 63 ئادەم تەربىيىلەندى. 61 ئادەم پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرى تېلېۋىزىيە داشۆسى سىنىپىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە خەنزۇ 37، ئاز سانلىق مىللەت 24. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كورلا كادىرلار مەكتىپىدە بىر يىللىق تۈزۈمدىكى ئىككى ئوتتۇرا تېخنىكوم سىنىپى ئېچىلىپ، 78 كادىر ئوقۇشقا (34 ئادەم تارماق بانكا باشلىقلىرى سىنىپىغا، 44 ئادەم ئىلغار شەخسلەر سىنىپىغا) كىرىپ بىلىم ئاشۇردى. پىلان - ستاتىستىكا، ئۇچۇر كادىرلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، چىچخاردىكى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك بانكا كادىرلار مەكتىپىگە 50 ئادەمنى ۋاكالىتەن تەربىيىلەپ بېرىش ھاۋالە قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىساد كومىتېتى بىلەن بىرلىشىپ «تېخنىكا ئۆزگەرتىش تۈرلىرىنى مۆلچەرلەپ باھالاش ئۆگىنىش سىنىپى» ئېچىلىپ، 67 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ئىككى قارار «ئالتۇن - كۈمۈش سېتىۋېلىش، باشقۇرۇش خادىملىرىنى تەربىيىلەش سىنىپى» ئېچىلىپ، 68 ئادەم ئۆگىنىشكە قاتناشتى. ئۇنىڭدىن باشقا 379 يېڭى ئىشچى - خىزمەتچى تەربىيىلەندى.

## 4. قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى

قۇرۇلۇش بانكىسى شىنجاڭ شۆبە بانكىسىنىڭ كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتى 1978 - يىلى باشلاندى، 1985 - يىلغا كەلگەندە ھەر دەرىجىلىك، ھەر خىل خىزمەتتىكى كادىرلاردىن جەمئىي 1443 ئادەم (قېتىم) ئىككى باسقۇچقا بۆلۈپ تەربىيىلەندى.

بىرىنچى باسقۇچ، 1982 - يىلدىن ئىلگىرى كادىرلارغا كەسپىي ئاساسىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى بېرىلدى. شۆبە بانكا ۋە ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكىلار كۆپ قېتىم نۆۋەتلىك ھالدا تۈرلۈك تېپتىكى قىسقا مۇددەتلىك كەسپىي كۇرسلارنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مائارىپ ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، مائارىپ خىزمىتى كۈچى تولۇقلاندى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر مائارىپى كومىتېتى تەشكىل قىلىندى، كادىرلارنى تەربىيىلەش ئومۇمىي پىلانى تۈزۈپ چىقىلىپ، يۆنىلىش ۋە ۋەزىپە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

ئىككىنچى باسقۇچ، 1983 - يىلدىن كېيىن ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم مۇتەخەسسىسلاشقان مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلاندى. 1985 - يىلنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتلىرىنىڭ مەخسۇس كۇرسى، تېلېۋىزىيە داشۆسى ماتېرىيال ئارقىلىق ئوقۇش داشۆسى، كەچلىك داشۆ، ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بېرىش ۋە ئوتتۇرا تېخنىكوملاردىكى ئۆگىنىشكە قاتناشقانلار جەمئىي 217 ئادەمگە يەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا 33 قارار تۈرلۈك قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلىپ، 929 كادىر ئۆگىنىشكە قاتناشتى، مەدەنىيەت دەرسىنى تولۇقلاشقا قاتناشقان 208 كادىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ دىپلومىنى ئالدى. 1985 - يىلى 1980 - يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كادىرلار ئارىسىدىكى ئالىي تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 94%، ئوتتۇرا تېخنىكوم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولغانلار 58% كۆپەيدى.

## قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىنىڭ كادىرلار ماتارىپى ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 ـ 6 بىرلىكى: نەپەر

| تۈرى / يىل | جەمئىي | ئالىي تېخنىكوم | تېلېۋىزىيە، قىش- تىن سىرتقى داشۆلەر | ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئالىي تېخنىكوم | ئوتتۇرا تېخنىكوم | شۆبە بانكا تەربىيە- لىگىنى | مەركىزىي تارماق بان- كا ئۆزى تەربىيلىگىنى | باشقا ئورۇنغا ۋاكالە- تەن تەربىيلىگىنى | تولۇقسىز ئوتتۇرا، تولۇق ئوتتۇرا دەرسىنى تولۇقلىغانلار | ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇشى | ئىلاۋە |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 | 12 |
| جەمئىي | 1443 | 58 | 79 | 2 | 80 | 688 | 241 | 86 | 208 | 1 | |
| 1978 | 40 | | | | 40 | | | | | | |
| 1979 | 67 | | | | | 64 | | 3 | | | 7 ـ جەدۋەلدىكى شۆبە بانكىنىڭ بىر قارار تەربىيىلىگىنى، 9 ـ جەدۋەلدىكى شەرقىي شىمال مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتىغا تەربىيىلەپ بېرىش ھاۋالە قىلىنغىنى |
| 1980 | 230 | | | | | 100 | 103 | 27 | | | 7 ـ جەدۋەلدىكى شۆبە بانكىنىڭ ئۈچ قارار تەربىيىلىگىنى، 8 ـ جەدۋەلدىكى مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ سەككىز قارار تەربىيىلىگىنى ئۈرۈمچى تۆمۈريول قۇرۇلۇشى ئىدارىسى ۋاكالىتەن تەربىيىلىگەن ئۈچ ئادەمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. 9 ـ جەدۋەلدىكى قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ خېبېي، خۇبېي شۆبە بانكىلىرى، دالىيەنگە ھاۋالە قىلىپ تەربىيىلىگىنى |
| 1981 | 204 | | | | | 123 | 78 | 3 | | | 7 ـ، 8 ـ جەدۋەلدىكىلەر ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئىككى ۋە ئالتە قارار تەربىيىلىگىنى، 9 ـ جەدۋەلدىكى دالىيەنگە ھاۋالە قىلىپ تەربىيىلىگىنى |

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1982 | 308 | | | 2 | 40 | 162 | 60 | 42 | 1 | 1 | 6 ـ جەدۋەلدىكى مىللىي ئالىي تېخنىكوم، 5 ـ جەدۋەلدىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىككى يەندە لاياقەتلىك بولغىنى، 7 ـ، 8 ـ جەدۋەلدىكى تۆت قارار ۋە ئىككى قارار تەربىيىلىگىنى |
| 1983 | 264 | 3 | 35 | | | 38 | | 2 | 186 | | 7 ـ جەدۋەلدىكى بىر قارار تەربىيىلىگىنى، 9 ـ جەدۋەلدىكى قۇرۇلۇش بانكىسى جياڭشى شۆبە بانكىسىنىڭ تەربىيىلىگىنى، 10 ـ جەدۋەلدىكى شىنجاڭ بويىچە جەمئىي سان |
| 1984 | 201 | 7 | 42 | | | 127 | | 4 | 21 | | 7 ـ جەدۋەلدىكى ئېلېكتىرونلۇق ستاتىستىكا لىكسىيىگە قاتناشقان 32 ئادەم، 9 ـ جەدۋەلدىكى جياڭشى، چاڭچۇنغا ھاۋالە قىلىپ تەربىيىلىگىنى |
| 1985 | 129 | 48 | 2 | | | 74 | | 5 | | | 7 ـ جەدۋەلدىكى 84 ـ، 85 ـ يىللىرى ئايرىم ـ ئايرىم ئۈچ قارار تەربىيىلىگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ. 9 ـ جەدۋەلدىكى فۇجيەن، جياڭشىلارغا ھاۋالە قىلىپ تەربىيىلىگىنى |

جۇڭگو بانكىسى ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر مائارىپى خىزمىتىنى 1985 ـ يىلدىن ئىلگىرى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ

شۇبىسى باشقۇراتتى، كونكرېت تەربىيىلەش ئەھۋالى ۋە سان ـ سېپرلار خەلق شۇبە بانكىسى ئەھۋالى ۋە سان ـ سېفىرلىرى ئىچىدە.

## 3 § . ئەمگەك مۇسابىقىسى

### 1. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى ئەمگەك مۇسابىقىسى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا قانات يايدۇرۇلغان سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى ئاساسلىقى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئۇيۇشتۇرغان. شۇبە بانكا ئاساسى قاتلام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر يىلى يىل ئاخىرىدا كادىرلارنى باھالاشقا بىرلەشتۈرۈپ، مۇنەۋۋەر خىزمەتچىلەرنى باھالاش ۋە مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ كەلدى. 1956 ـ يىل 3 ـ ئايدا شىنجاڭ بويىچە 7 ـ نۆۋەتلىك تارماق بانكا باشلىقلىرى يىغىنىدا، شۇبە بانكا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچىلار (خىزمەتچىلەر) ھەرىكىتىگە ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش تەشەببۇسى ۋە شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ ھەممىسىدە مۇسابىقە كومىتېتى ياكى رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئوخشاش بولمىغان خىزمەت تۈرىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان مۇسابىقە شەرتى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر قەرەللىك ھالدا باھالاپ چىقىلدى. شۇ يىلى 4 ـ، 6 ـ، 8 ـ، ئايلاردا خەلق شۇبە بانكىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، پۇقرالار پۇل ئامانىتى، يېزا پۇل مۇئامىلىسى، كىرىدىت راسچوتىدىن ئىبارەت ئۈچ كەسپتىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر يىغىنىنى ئېچىپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇردى، مەملىكەتلىك يىغىنغا قاتنىشىدىغان 22 نەپەر ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرىنى سايلاپ چىقتى، ئۇلار ماۋزېدۇڭ، لىيۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشتى.

1957 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرى بىرلەشمىسىنىڭ تەستىقى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پۇل مۇئامىلە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى. 1959 ـ يىلغا كەلگەندە يېڭىدىن 72 ئاساسى قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى تەخمىنەن 4500 گە كۆپەيدى. شۇ يىلى پۇل مۇئامىلە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق بانكا سىستېمىسىدىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر ھەرىكىتى چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى، 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بانكا سىستېمىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى يىغىنى چاقىرىلدى، يىغىنغا ئۈچ ئىلغار ئورۇن، 121 ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىلى قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق پۇل مۇئامىلە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى 1959 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

پۇل مۇئامىلە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى توختاپ قالمىدى. باش بانكا 1959 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى «بەشتە ياخشى قىزىل بايراقدارلار» مۇسابىقە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى، شۇبە بانكا 5. ئاينىڭ 2. كۈنى شىنجاڭ بويىچە بانكا تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ باش بانكىنىڭ «بەشتە ياخشى قىزىل بايراقدارلار» مۇسابىقە ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە «قىزىل بايراقدارلار ھەرىكىتى چارىسى» (لايىھىسى) نى تۈزۈپ چىقتى. يىغىندىن كېيىن ھەر

قايسى بانكا (ئىش بېجىرىش ئورنى) لار قەسەمياد يىغىنى ئاچتى، كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقتى، نەق مەيدان يىغىنى ئاچتى، ساھەلەر بويىچە مۇسابىقە ئۇيۇشتۇردى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بارلىق تىجارەت پونكىتلىرى بىر يىلدا خەلق گۇڭشېلىرىغا 30 ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، خەلق گۇڭشېلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مالىيە مەنبەسىنى يېتىلدۈرۈپ، كىرىمنى 100 مىڭ يۈەن كۆپەيتىشكە ياردەم بەردى؛ مايتاغ ئىش بېجىرىش ئورنىدىكى كادىرلار سېخلارغا چۆكۈپ، ئىش ئورۇنلىرىدا ئامانەت جەلپ قىلىپ، ئون كۈندە 125 مىڭ يۈەن پۇقرالار ئامانىتى توپلىدى.

خەلق شۆبە بانكىسى 1959 - يىل 4 - ئايدا ئۈرۈمچى، غۇلجا، ئالتاي، بايىنغولىن، كورلا، چاپچال، بورتالا، قەشقەر يېڭىشەھەر، شىخەنزە، قاتارلىق جايلاردىكى بانكىلارنى باھالاش، يەكۈنلەشكە ئۇيۇشتۇردى. پىچان، قاراماي، ئاۋات قاتارلىق جايلاردىكى تارماق بانكىلار ئىلغار كوللېكتىپ ياكى 1 - دەرىجىلىك قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇپ باھالاندى. 15 كىشى (مەملىكەتلىك ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىلى بولغان بەش كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) باھالاپ چىقىلىپ، 11 - ئايدا باش بانكا بېيجىڭدا ئاچقان مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە خىزمىتىدىكى ئىلغار كوللېكتىپ ۋە ئىلغار شەخسلەر تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. 12 - ئايدا ئاپتونوم رايون مالىيە - سودىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ تۈنجى نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنى ئاچتى، يىغىنغا شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىن 94 ۋەكىل قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلغار ئورۇن 36، ئىلغار شەخس 58.

1961 - يىلى قىزىل بايداقدارلار مۇسابىقە ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇش تەجرىبىسىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئىلگىرىكى مۇسابىقىلىشىش چارىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. قىزىل بايراقدارلار مۇسابىقىسى ھەرىكىتىدە ئۆلگە تىكلەش، ئىلغار تەجرىبىلەرنى كېڭەيتىشنى مەركەز قىلىپ، ئامىمنى سېلىشتۇرۇش، ئۆگىنىش، يېتىشىۋېلىش، ياردەم بېرىش مۇسابىقە دولقۇنىنى قوزغاشقا تولۇق سەپەرۋەر قىلىش قارار قىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە قىزىل بايراقدارلار مۇسابىقىسى ھەرىكىتى توختاپ قالدى.

1977 - يىلى بانكا سىستېمىسىدا داچىڭدىن ئۆگىنىش، داجەيدىن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت «قوش ئۆگىنىش» ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە داچىڭچە، داجەيچە ئورۇن ۋە ئەمگەك نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئۆلچىمى تۈزۈپ چىقىلدى.

1978 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى شۆبە بانكا ئورگىنىدا سوتسىيالىستىك ئىنقىلابى مۇسابىقىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھىسى (كوپىيە) نى تۈزۈپ چىقتى.

1979 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكا ۋە جۇڭگو مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ «مەملىكەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك بانكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە قۇرۇش توغرىسىدىكى بىرلەشمە ئۇقتۇرۇش» ىغا ئاساسەن، 1979 - يىل 5 - ئايدا بانكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئەمگەك مۇسابىقىسىگە بولغان تەشكىلى رەھبەرلىكىنى كۈچەيتتى. 1980 - يىلى باش بانكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭ بويىچە بانكا سىستېمىسى (خەلق، يېزا ئىگىلىك جۇڭگو بانكىلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك بانكا، ئىش بېجىرىش ئورنى، تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپىراتىپى، سۇغۇرتا شىركىتى) دا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، تىرىشىپ پۇل مۇئامىلە قىزىل بايراقدارى بولۇش، پۇل مۇئامىلە قىزىل بايراقدار ئورۇن بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىسى ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلدى. پۇل مۇئامىلە قىزىل بايراقدارلىرى تېخنىكا ماھىرى، كەسىپ ماھىرى، ئىلغار خىزمەتچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

پۇل مۇئامىلە قىزىل بايراقدارلىرىنىڭ دەرىجىسى مەملىكەتلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) تىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلدى. 6 - ئاينىڭ 25 - كۈنى خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى بىرلىكتە ئاپتونوم رايوندىكى بانكا سىستېمىسىنىڭ ئەمگەك مۇسابىقىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، ئەمگەك مۇسابىقىسىنىڭ ئەھۋالى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇردى،

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ۋە سانجى شەھەرلىك تارماق بانكىلاردىكى بوغالتىر، كاسسىر، پۇقرالار ئامانىتى خادىملىرىنىڭ تېخنىكا ماھارىتىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى بانكا بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە بانكا سىستېمىسىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. يىغىندا 131 ماھىر بانكا ھېساباتى خاتىرىلەش، چوت سوقۇش - جەدۋەل تەييارلاش، پۇقرالار پۇل ئامانىتى كارتىسى يېزىش، پۇقرالار ئامانىتىگە ئۆسۈم ھېسابلاش، تاق بارماق بىلەن پۇل ساناش، ئۈچ بارماق بىلەن پۇل ساناش ۋە ماشىنىدا پۇل ساناش قاتارلىق يەتتە تۈر بويىچە كەسپىي - تېخنىكىدا مۇسابىقىلەشتى. ئۇلاردىن 38 ئادەم ئاپتونوم رايون ئۆلچىمىگە يەتتى. ئۇلار بارلىق ماھىرلارنىڭ 29 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. يىل ئاخىرىدا خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا يىل ئاخىرىدىكى دەرىجىمۇ دەرىجە باھالاش ئارقىلىق ناھىيە دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار 86 ئورۇن، 653 قىزىل بايراقدار، ۋىلايەت دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار 30 ئورۇن، 132 قىزىل بايراقدار، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئون ئورۇن، 19 قىزىل بايراقدار، مەملىكەت دەرىجىلىك قىزىل بايراقدار تۆت ئورۇن، تۆت قىزىل بايراقدار باھالاپ چىقىلدى.

1981 - يىلى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر دائىرىسىدە ئىلغارلاردىن ئۆگىنىش، ئىلغارلارغا يېتىشىۋېلىش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاق ۋە مۇلازىمەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت ئەمگەك مۇسابىقىسى پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. يىل ئاخىرىدا، باھالاپ بېكىتىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە بايراقدار سەككىز ئورۇن، 20 قىزىل بايراقدار باھالاپ چىقىلدى.

1982 - يىلى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش مەركەز قىلىنغان «قوش قىزىل (قىزىل بايراقدار ئورۇن، قىزىل بايراقدار شەخس)» ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە 3 - ئاينىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇلدى. 179 ماھىر بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق، پۇقرالار پۇل ئامانىتى، سانائەت كرېدىتى، سودا كرېدىتى ۋە ستاتىستىكىدىن ئىبارەت ئالتە ساھەدە 16 تۈر بويىچە 302 ئادەم (قېتىم) مۇسابىقىلەشتى. ھەل قىلغۇچى مۇسابىقىدە بىرىنچىدىن بەشىنچىگىچە 63 ماھىر بارلىققا كەلدى، بۇ جەرياندا يەنە كەسىپلەر بويىچە كەسپىي - تېخنىكا تەجرىبىلىرى ئالماشتۇرۇلدى. بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدىكى كەسىپ، تۈرلەر، ماھىرلار سانى، مۇسابىقىلىشىش قېتىم سانى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى 1980 - يىلدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. مۇسابىقىدىن كېيىن، يىغىپ تەربىيىلەش ئارقىلىق 11 مۇنەۋۋەر ماھىر تاللاپ چىقىلىپ، مەملىكەت بويىچە بانكا سىستېمىسىدىكى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى. ئىككى نەپەر ماھىر ئايرىم - ئايرىم ھالدا مەملىكەت بويىچە كاسسىرلىقتىكى پۇلنى تاق بارماق بىلەن بىر - بىرلەپ ساناشتا سەككىزىنچى ۋە سايمان ئارقىلىق مېتال پارچە پۇلنى ساناشتا 11 -، ئومۇمىي نومۇردا 20 - بولدى. جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى شىنجاڭ بويىچە ئۈچ ئورۇنغا مەملىكەت بويىچە قىزىل بايراقدار ئورۇن، بەش كىشىگە مەملىكەت بويىچە قىزىل بايراقدار دەپ نام بەردى.

1983 - يىل 5 - ئاينىڭ باشلىرىدا شۆبە بانكا سەككىز كەسپىي گۇرۇپپىنى خوتەن، خۇبېي، شاڭخەي، شۆبە بانكىلارغا «قوش قىزىل» ئەمگەك مۇسابىقىسىگە ئالاقىدار تەجرىبىلەرنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتتى 1984 - يىل 4 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى «تىرىشىپ پۇل مۇئامىلىدىكى قىزىل بايراقدار شەخس بولۇش، تىرىشىپ پۇل مۇئامىلىدىكى قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇش ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش سىناق چارىسى» ۋە «ئاساسىي ماھارەتنى سىناش سىناق چارىسى» كە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، «خەلق پۇل ئامانىتى كەسپىدە دەپتەر بىلەن پۇلنى بىخەتەر تۇتۇشتىن ئىبارەت قوش ياخشى بولۇش ھەرىكىتى مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش ۋە ئۇنىڭ چارىسى»، «سودا سانائەت كرېدىتى، ستاتىستىكا ۋە پۇقرالار پۇل ئامانىتى كەسپىدە يەككە تۈر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ۋە ئۇنىڭ چارىسى»، «كاسسىرلىق كەسپىدە قىزىللىشىش ئەمگەك مۇسابىقىسىنى سىناق قىلىش چارىسى» نى تارقاتتى. 1984 - يىلنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى خۇلاسىگە قارىغاندا، پۇقرالار پۇل ئامانىتىدە دەپتەر ۋە پۇلنى بىخەتەر تۇتۇش مۇسابىقە پائالىيىتى

قانات يايدۇرۇلغاندىن كېيىن، پۇقرالار پۇل ئامانىتى زور ھەجىمدە ئاشتى، كەسىپ مىقدارى ئۆتكەن يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %24.34؛ نەق پۇل كىرىم - چىقىم مىقدارى %35.7 ئاشقان ئەھۋال ئاستىدا، ھېسابات سۈپىتى بىر قەدەر زور دەرىجىدە ئۆسكەن. 1983 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلدىكىسىدىن نەق پۇل خاتالىق نىسبىتى %54.4 تۆۋەنلەپ، بىر مىليوندا 1.69 بولغان. بوغالتىرلىق خاتالىق نىسبىتى %72.22 تۆۋەنلەپ 10 مىڭدا 0.05 بولغان، باي، شايار، كەلپىن، ئاقسۇ كونا شەھەر، ئۈچتۇرپان، ئاۋات، چەرچەن، باغراش، خوشۇت، يەنجى، چاپچال، نىلقا، كۈنەس، موڭغۇلكۈرە، چىرا، نىيە، نېفىتلىك، مەكىت، تۇرپان، قارا تۇرۇك، جېمىنەي، قابا، چىڭگىل، بۇرچىن، كۆكتوقاي قاتارلىق جايلاردىكى تارماق بانكىلار ۋە ئۈرۈمچى شەھىرى تۇدۇڭخابا ئىش بېجىرىش ئورنى، 7 - تارماق بانكا ۋە 9 - تارماق بانكىلار 100 كۈندە خاتالىق كۆرۈلمەسلىكتەك ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

«قوش قىزىل» مۇسابىقە تەجرىبىسىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، «قوش قىزىل» مۇسابىقىسىدا تارماقلار بىلەن ساھەلەرنى بىرلەشتۈرۈش، كەسىپنى ئاساس قىلىش، باشقۇرۇش بىلەن مۇسابىقىلىشىشنى بىرلەشتۈرۈش، مەسئۇلىيەتنى (ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى) ئاساس قىلىش، ئۈچ دەرىجىلىك باشقۇرۇش، ناھىيە ئاساس بولۇشتىن ئىبارەت يېڭى تۈزۈلمە يولغا قويۇلدى. ئاساسىي ماھارەتنى سىناشتا بىرلا خىل كەسپىي - تېخنىكىنى سىناپ كۆرۈش ئىدىيە، بىلىم ۋە چۈشەنچىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈردىكى مەزمۇننى سىناپ كۆرۈشكە ئۆزگەرتىلدى. ھەممە كەسىپ تۈرلىرى، كەسپىي مۇسابىقىنىڭ دائىرىسى تەرتىپكە سېلىنىپ ۋە كېڭەيتىلىپ، سودا - سانائەت كرېدىت، پۇقرالار پۇل ئامانىتى، ستاتىستىكا، بوغالتىرلىق، كاسسىرلىق قاتارلىق كەسپىي تارماقلار ۋە ئىشچىلار ئۆيۈشمىلىرى كەسىپلەر ياكى يەككە تۈرلەر بويىچە مۇسابىقىنى قانات يايدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىندى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى «قوش ئىلغار» بولۇش ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇشتا چىڭ تۇردى، يىل ئاخىرىدا خىزمەتلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، بىر نەپەر مەملىكەت دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە قىزىل بايراقدارى، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە ئىلغار بىر ئورۇن، بەش شەخس باھالاپ چىقىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق بانكىلار يەنە ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى ئاكتىپلىرىنى باھالاپ چىقتى.

1985 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك - كادىرلار نازارىتى، خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى، سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسى، سودا - سانائەت بانكىسى سىستېمىسىنىڭ كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. جەمئىي 231 ماھىر بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلاردا ئىمتىھانغا قاتناشتى ۋە يەتتە كەسىپ، 18 تۈر بويىچە 380 ئادەم (قېتىم) مۇسابىقىلەشتى. 69 ئادەم (قېتىم) ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە نەتىجە قازىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشتى، توققۇز تۈردە 28 ئادەم (قېتىم) ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى. سېلىشتۇرۇشقا بولىدىغان 13 تۈردە، سەككىز كەسىپ بويىچە 34 ئادەم (قېتىم) ئاپتونوم رايوننىڭ 1982 - يىلدىكى رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ توپ قويۇپ، توپ ئېلىش جەھەتتىكى 100 سوئاللىق ئۆسۈم ھېسابلاش تۈرىدە، ئىگە بولغان نومۇر 1982 - يىلدىكىدىن %30 ئۆرلىدى، بوغالتىرلىقتىكى 100 ۋاراق يەتكۈزمە تالوننى تەتۈرسىگە ھېسابلاش تۈرىنىڭ تېزلىكى 1982 - يىلدىكىدىن 21 سېكونت تېزلىشىپ، مەملىكەتلىك رېكورتتىن بىر سېكونتلا كەم قالدى. ئۈرۈمچى ماھىرى جاڭ لىيىڭ خەلق پۇل ئامانىتى دوكومېنتىنى تەتۈرسىگە ھېسابلاش تۈرىدە، بىر مىنۇت توققۇز سېكۇنتلۇق نەتىجە بىلەن 1982 - يىلدىكى بىر مىنۇت 14 سېكونتلۇق رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى. خەلق بانكىسىدىن قاتناشقان بەش نەپەر ماھىرىدىن تۇرپان شۆبە بانكىدىكى ياڭ جيەنشيا قەشقەر شۆبە بانكىسىدىكى تاۋ شۇشەن، شىيايۇفېنلەر خەنزۇچە خەت ئۇرۇش بويىچە 1 - ۋە 5 - بولدى. ياڭ جيەنشيا، تاۋ شۇشيەنلەرگە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك كەسپىي - تېخنىكا ماھىرى دەپ نام بېرىلدى.

## قوشۇمچە:

### 1) شىنجاڭ خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى مەملىكەت بويىچە پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئورۇن ۋە قىزىل بايراقدار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى

#### 1959 - يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇن: غۇلجا ناھىيىلىك تارماق بانكا، ماناس ناھىيىلىك تارماق بانكا، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا، قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكا.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: خې شۇجىن، ليۇ كېجيەن، سېتىنىياز ئەبەيدۇللا، تاۋلىچىڭ، ليۇتيەنيۇ، ۋۇشۇگۇاڭ، جاۋلىنۇبىن، مۆيدىن ئېلى، سىربېك، ئوسمان ئەيسا.

#### 1980 - يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇن: ئاقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىسىنىڭ كرېدىت بۆلۈمچىسى، قورغاس ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا شىمگو ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خەلق پۇل ئامانىتى بۆلۈمچىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا ساياغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ جەنۇبىي پويىز ئىستانسىسى شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: جۇزۇگدا، پاتەم خېۋىر، ئەنىڭ، تۇرسۇن ئەبەي.

#### 1982 - يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا تەڭرىتاغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ سانائەت كرېدىت بۆلۈمچىسى، ئاقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىسىنىڭ مەركىزىي خەلق پۇل ئامانىتى پونكىتى، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكىسىنىڭ پىلان - كرېدىت بۆلۈمچىسى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: رېن چى، تۇرسۇن ئەبەي، ئايخان تۇرەك، پاتەم خېۋىر، جېڭ دېبىن.

#### 1984 - يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇن: ئاقسۇ شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ مەركىزىي پۇل ئامانىتى پونكىتى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: جياڭ فۇجۇڭ، رېن خۇيفاڭ، لوشىنپىڭ، مەھەممەت توختەمەت، شۇي يەنجۇن.

#### 1985 - يىلى

قىزىل بايراقدار شەخس: رازاق

## 2) شىنجاڭ خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى

### 1959 - يىلى

ئىلغار ئورۇنلار: خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ كادىرلار بۆلۈمى، تارباغاتاي مەركىزىي تارماق بانكىسى، ئالتاي مەركىزىي تارماق بانكىسى پارتىيە ياچېيكىسى، غۇلجا شەھەرلىك تارماق بانكا، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا، غۇلجا ناھىيىلىك تارماق بانكا، قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ كرېدىت بۆلۈمى، تۇرپان تارماق بانكا، ماناس تارماق بانكا، پىچان تارماق بانكا، توقسۇن تارماق بانكا، پەيزاۋات تارماق بانكا، يېڭىسار تارماق بانكا، نىيە تارماق بانكا، خوتەن تارماق بانكا، باي تارماق بانكا، كۇچا تارماق بانكا، ئاۋات تارماق بانكا، شايار تارماق بانكا، ئۇلۇغچات تارماق بانكا، بۇگۇر تارماق بانكا، بۆرچىن تارماق بانكا، جىڭ تارماق بانكا، چەرچەن تارماق بانكا، چاقىلىق تارماق بانكا، ئالتاي ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ خۇڭدۇڭ خەلق گۇڭشېسى تىجارەت پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ دۇڭگۇۋرۇك يۇقىرىلار ئامانەت پونكىتى، ساۋەن تارماق بانكىنىڭ شىخەنزە تىجارەت پونكىتى، مەكىت تارماق بانكىنىڭ «قىزىل بايراق» گۇڭشې تىجارەت پونكىتى، توقۇزتارا تارماق بانكىنىڭ پىلان - كرېدىت بۆلۈمچىسى، غۇلجا ناھىيىلىك تارماق بانكىسىنىڭ «يېڭى يول» گۇڭشې تىجارەت پونكىتى، چاپچال تارماق بانكىنىڭ «ئالتۇن بۇلاق» گۇڭشې تىجارەت پونكىتى، نىلقا تارماق بانكىنىڭ 3 - رايون تىجارەت پونكىتى، خوتەن تارماق بانكىنىڭ «يالقۇن» گۇڭشې تىجارەت پونكىتى.

ئىلغار خىزمەتچىلەر (ئۈلگىلەر): سېتىنىياز ئەبەيدۇللا، ليوكېجيېن، مۇيەدىن ئېلى، خې شۈجىن، ليوتيېنيۇ، سىرېيك، جاۋلىنشۈن، چيەن زۈيى، ساۋرۇلەن، شۈي، خۇيچىڭ، ۋۇيىڭمەن، رېھىمجان كېرىم، ئېلى قۇربان، لى جۇڭخۇ، جاڭ يۈلىن، خاۋجىڭپىڭ، ئۆمەر ئېلى، شۇڭ گۈيىۋەن، جۇزۇپىڭ، چىڭ ليېڭجۇ، چىلايىك، خۇشۇر، ياڭ شۈرېن، نۇرسېيىت، ماۋيۈسەن، ئېلى مۇسا، ئابدۇرېھىم، مەتىمىن سەيدى، مەھەممەتنۇر تۇرسۇنمەمەت، قۇربان مامۇت، شىن باۋچۇەن، پېڭ رۇشىن، لى شۈجۈەن، ئۆمەر زايىت، سىدىق ئىبراھىم، ۋۇيۈڭلىن، ئوسمان ھەسەن، چيۇيۈەنبو، لۇلىنچىڭ، ۋۇشۈجى، مۇرساي، جاڭ گۈيدۇڭ، ۋاڭ شياڭچىن، چېن شۈيى، نۇرال، جيەن يىشۈەن، بارات، ليوزۇڭيىڭ، جۇشىتىڭ، ۋۇجىنفەن، نى شاۋتاڭ، رەبەيدۇللا، ۋۇشۇگۇاڭ، خۇفۇخەي، پەن گۇاڭخى، جاڭ خويۈن، لى ۋېنبياۋ، ۋوبىڭچيەن.

### 1978 - يىلى

«داچىڭدىن ئۆگىنىش، داجەيدىن ئۆگىنىش» تىكى ئىلغار خىزمەتچىلەر (ئىشلەپچىقارغۇچىلار) نىڭ ئىسىملىكى: شۈي شىجىن، مافېڭيىڭ، جاڭجيەنيىڭ، يۇنۇس ئەمەت، جاڭباجۇگا.

### 1980 - يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇن: ئاقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ كرېدىت بۆلۈمچىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا سايباغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، جەنۇبىي يوپىز ئىستانسىسى شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، قورغاس ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا شىمگو ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خەلق

پۇل ئامانىتى بۆلۈمچىسى، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ 2 ـ شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، قۇتۇبى ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، يېڭىسار ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسى، قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكا پويىز ئىستانسىسى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ خەلق پۇل ئامانىتى مەخسۇس پۇكىيى، خوتەن ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ بوغالتىرىيە بۆلۈمچىسى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: جوزۇڭدا، پاتەم خېۋىر، ئەنىنىڭ، تۇرسۇن ئەبەي، شىن مىڭمىڭ، فۇچىڭمىيەن، يۈەن پىڭ، مەمتىمىن توختى، يەن سەيلەن، لى سۇلەي، ۋاڭپىڭ، توختى بارات، ۋۇشيەن، لياڭ رۇيجېن، ھەجەر بۇۋى، ياسىن ئىبراھىم، زىيا ئەخمەت، جاڭ شياڭشەي، جۇخۇيجېن.

## 1981 ـ يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇن: ئاقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ كرېدىت بۆلۈمچىسى، ئاقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ 2 ـ شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، قۇتۇبى ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا تەڭرىتاغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ سانائەت كرېدىتى بۆلۈمچىسى، گۇچۇڭ ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ «شەرق شامىلى» شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، قۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ بوغالتىر ـ كاسسا بۆلۈمچىسى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: جوزۇڭدا، پاتەم خېۋىر، جاڭ رۇپىڭ، ئەيپىڭ، جۇلەن، جاڭ شياڭشەي، خەن شيۇرۇڭ، ليۇيۇفېن، تاڭ يۈنى، ئادالەت، چېن چيۇچىڭ، ئايخان تۇرەك، سەيپۇڭ، تۇرسۇن ئەبەي، ياسىن ئىبراھىم، ئەلى، لى لەنيىڭ، نىڭچى، شۆجېنشىڭ، جوزەيلىن.

## 1982 ـ يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا تەڭرىتاغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ سانائەت كرېدىتى بۆلۈمچىسى، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، ئاقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ مەركىزىي خەلق پۇل ئامانىتى پونكىتى، شىخو ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا، قۇتۇبى ناھىيىلىك تارماق بانكا، مىچۈەن ناھىيىلىك تارماق بانكا، يەكەن ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ خەلق پۇل ئامانىتى بۆلۈمچىسى، ئاقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ كرېدىت بۆلۈمچىسى، قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ «شەرق شامىلى» شۆبە ئىش بېجىرىش ئورنى، جوڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ قەشقەر مەركىزىي تارماق شىركىتى، قۇمۇل ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ بوغالتىر ـ كاسسا بۆلۈمچىسى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: جىياڭ بېيبېن، ئايخان تۇرەك، رېنچى، تۇرسۇن ئەبەي، پاتەم خېۋىر، ئەيپىڭ، جاڭ لىيىڭ، لى مېيخۇا، جالالىدىن، رازىيە، فۇچىڭمەن، شۈي مېيخۇا، لياڭ رۇيجېن، جاڭ شياڭشەي، ۋاڭ جيالى، ياڭ مېيچىن، شۈي جۇليەن، لى جاۋلەن، جۇلەن، چېن زې، غوپۇر، فۇدەيفا، شاۋجۇڭمىن، شۈي يەنجۈن، چېن چىجۈن، ئېلى يولداش، رازاق مۇھەممەت، سەي جيەنگو، مامۇت يۈسۈپ.

## 1983 ـ يىلى

قىزىل بايراقدا ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا تەڭرىتاغ ئىش بېجىرىش ئورنى سانائەت كرېدىتى

بۆلۈمچىسى، قەشقەر شەھەرلىك تارماق بانكا پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، شىخۇ ناھىيىلىك تارماق بانكا پىلان كرېدىت بۆلۈمچىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك تارماق بانكا پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، مورى ناھىيىلىك تارماق بانكا كاسسا پۇكىيى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: شې داخېڭ، لى ۋېيشىن، شۈي گوشىن، لوشىنپىڭ، جاڭ گۈيىەن، ۋېيلىن، ۋۇجىمپاڭ، ئايگۈل، ئايخان تورەڭ، ئايىنىسا، لياڭ رۇيجېن، تۇلقىن ئۇلاتالىپ، ياڭ ياۋمىڭ، ليۇخۇڭ، جاڭ خۇڭ، پاتەم خېۋىر، لى جاۋلەن، سەيشۇ، ئامىنە ئابلىز، شۈي مېيخۇا، سەي جيەنگو، ياڭ جىخۇڭ، ۋاڭ خۇا، تاڭ شىلۇن، تۇرسۇن ئەبەي، جاڭ شياگەي، غوجاخۇن، ئېلى يولداش، شاۋجۇگمىن، ليۇيىڭ، شۈي جۇيدى، چېن جىجۇن، سۇڭ يۈرۇڭ.

### 1984 ـ يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ سايباغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، باي ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئاقسۇ شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ مەركىزىي خەلق پۇل ئامانەت پونكىتى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: جياڭ فۇجۇڭ، سۈي جۇيدى. شۆشىنچىڭ، گۇچىڭفاڭ، تۇرسۇن ئەبەي، رېن خۇيفاڭ، لوشىنپىڭ، مەھەممەت توختىمەممەت، شۈي يەنجۇن.

قىزىل بايراقدار ئورۇن: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك خەلق بانكىنىڭ تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئىشخانىسى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: رازاق، سۈي چېنباۋ، چېن چىجۇن، ۋېي تۇگشۇن، چى كەيمىڭ.

## 2. ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت بانكا سىستېمىسىدىكى ئەمگەك مۇسابىقىسى

1985 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ئاپتوم رايونلۇق سودا ـ سانائەت بانكىسى قۇرۇلدى. 5 ـ ئايدا جۇڭگو پۇل مۇئامىلە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ شىنجاڭ سودا ـ سانائەت بانكىسى خىزمەت كومىتېتى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «قوش ئىلغارلار» ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش تەشكىللەندى ھەمدە ئەمگەك ـ كادىرلار نازارىتى، خەلق بانكىسى بىلەن بىرلىكتە، تۇزىتىلگەندىن كېيىنكى ئاساسىي ماھارەتنى سىناپ كۆرۈش چارىسىگە ئاساسەن، 9 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەسپىي ـ تېخنىكا مۇسابىقىسى يىغىنى ئېچىلدى. 1985 ـ يىلى سودا ـ سانائەت بانكىسى سىستېمىسىدىن 17 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئورۇن، 37 پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار شەخس باھالاپ چىقىلدى.

قىزىل بايراقدار ئورۇنلار: ئىلقا ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئاقسۇ كونا شەھەر ناھىيىلىك تارماق بانكا، چاغانتوقاي ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئاتۇش ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا تەڭرىتاغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ سانائەت كرېدىتى بۆلۈمچىسى، غۇلجا شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ پىلان ـ كرېدىت بۆلۈمچىسى، جىمسار ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ پىلان بۆلۈمچىسى، قەشقەر شەھەرلىك تاماق بانكىنىڭ كرېدىت بۆلۈمچىسى، ئاقسۇ شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ مەركىزىي خەلق پۇل ئامانەتنى پونكىتى، ساۋەن ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ خەلق پۇل ئامانەتنى بۆلۈمچىسى، قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ «1 ـ ئاۋغۇست» يولى خەلق پۇل ئامانەتنى پونكىتى، خوشۇت ناھىيىلىك تارماق بانكا تىجارەت بۆلۈمىنىڭ كاسسا پۇكىيى، قۇتۇبى ناھىيىلىك تارماق بانكا بوغالتىرلىق بۆلۈمچىسىنىڭ كاسسا پۇكىيى، چىڭگىل

ناھىيىلىك تارماق بانكا بوغالتىرىيە بۆلۈمچىسىنىڭ كاسسا پۇكىيى، 7 - تارماق بانكىنىڭ كاسسىرلار بۆلۈمى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا سايباغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ بوغالتىرىيە بۆلۈمچىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ نېفىتلىكى تارماق بانكىسىنىڭ بوغالتىر - كاسسا بۆلۈمچىسى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: ۋېن رېنكۇن، چېن ۋېنپىڭ، گوچىڭفاڭ، سۇڭجيېنخۇڭ، چېن شۇئەي، خەنچى، مافېڭيىڭ، جاڭ جىپىڭ، لى يۈن، دېڭ چياۋيۈن، جۇجۈنخۇا، ۋاڭچى، جۇڭ گوشياڭ، تاڭ جېنيۈ، جىڭ شۇۋېن، شۈي جيايىڭ، شۇ چاۋجياڭ، مالەن، ئارداق، جاۋيەنشيا، رېن خۇيفاڭ، دىلشات، سۇڭ شىنخەي، سۇڭشۇئېن، ياۋجيېنخۇا، ليۇ پېيسۇڭ، تۇرەك، ليۇيۈجى، تۇرسۇن ئەبەي، مۇشيۇجېن، سۇن جۈنباۋ، ليۇپىڭ، شاۋجۇگېمىن، جاۋجىلىن، ياۋرۇڭگۇي، تاڭ زېمىن، جاۋيۈمىن، جاۋشىڭشياڭ.

## 3. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى ئەمگەك مۇسابىقىسى

ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى تۇنجى قېتىم قۇرۇلغاندىن كېيىن، دەرھال ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلغان. 1956 - يىلى مەملىكەتلىك 12 يېزا پۇل مۇئامىلىسى ئىلغار خىزمەتچىسىنى باھالاپ چىققان. 1957 - يىلى سەككىز ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە ئىلغار خىزمەتچىسىنى باھالاپ چىقتى.

1979 - يىلى يېزا ئىگىلىك بانكىسى 3 - قېتىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، 1980- يىل 6. ئايدا شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى ئەمگەك مۇسابىقىسى ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىلدى. شۇ يىلى 7 - ئايدا ئارقا - ئارقىدىن ھەر قايسى جايلاردا يېزا ئىگىلىك بانكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە قۇرۇلدى.

يېزا ئىگىلىك بانكىسى باش بانكىسىنىڭ «بانكا سىستېمىسىدا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن كەڭ شۇغۇللىنىش، پۇل مۇئامىلە قىزىل بايراقدارى، پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ سىناق چارىسى» گە ئاساسەن، خەلق بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسى بىلەن بىرلىكتە «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بانكا سىستېمىسىدا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا تۆھپە قوشۇش، پۇل مۇئامىلە قىزىل بايراقدارى - پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئورۇن بولۇش ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش سىناق چارىسى» نى تۈزۈپ چىقتى. 1981 - يىل 4 - ئايغىچە شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىن 278 ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون ۋە پۈتۈن مەملىكەت دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدىكى قىزىل بايراقدار ئورۇن، 1302 قىزىل بايراقدار شەخس باھالاپ چىقىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە مەملىكەت دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئورۇن ئالتە، قىزىل بايراقدار شەخس تۆت؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئورۇن 19، قىزىل بايراقدار شەخس 23. 1981 - يىل 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى ۋە «قوش قىزىل» لارنى تەقدىرلەش يىغىنى ئېچىپ، باھالاپ چىقىلغان «قوش قىزىل» كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى تەقدىرلىدى. 10 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى بىلەن بىرلىكتە شىنجاڭ بويىچە بانكا سىستېمىسىدىكى كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسى ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا

بوغالتىرلىق، كاسسا، خەلق پۇل ئامانىتىدىن ئىبارەت ئۈچ كەسىپ، يەتتە تۈر بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلدى، يېزا ئىگىلىك بانكا ۋەكىللىرى تۆت تۈردە 1 - بولدى. 11 - ئايدا يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «بانكا سىستېمىسىدا پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار بولۇش، پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئورۇن (كوللېكتىپ) بەرپا قىلىش ئەمگەك مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش سىناق چارىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزدى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا ئەمگەك مۇسابىقىسى ئىشخانىسى قۇرۇلۇپ، مۇسابىقە پائالىيىتىنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇردى. شۇ يىلى بانكا بويىچە كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈپ، جەمئىي 59 ئادەم چوت سوقۇش - جەدۋەل ئىشلەش، 100 سانىنى تېز قوشۇش، ئۈچ بارماق بىلەن پۇل ساناش، ماشىنا ئارقىلىق پۇل ساناش، خەلق پۇل ئامانىتىگە كارتا تۇرغۇزۇش، خەلق پۇل ئامانىتىگە ئۆسۈم ھېسابلاش، ھۆكۈمەت ئامانىتىنى ھېساباتقا خاتىرىلەش، كۈندىلىك ھېسابات جەدۋىلى ئىشلەش، تېلېگراممىنى بىرلىكتە تەرجىمە قىلىش قاتارلىق توققۇز تۈردە مۇسابىقىلەشتى، بۇنىڭ ئىچىدىن ئىككى كىشى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىرى ئۆلچىمىگە، 17 كىشى ۋىلايەت دەرىجىلىك تېخنىكا ماھىر ئۆلچىمىگە، 19 كىشى ناھىيە دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى.

1982 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق يېزائىگىلىك يېزائىگىلىك شۆبە بانكىسى مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈشىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇن كەسپىي - تېخنىكىدا تاللاپ ئۆستۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىغە قاتناشقان 548 ئادەم ئىچىدىن ناھىيە دەرىجىلىك 96 ماھىر، ۋىلايەت دەرىجىلىك 48 ماھىر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك 26 ماھىر بارلىققا كەلدى. 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزدى. 148 ماھىر بەش كەسىپ، 12 تۈر بويىچە مۇسابىقىلەشتى. مۇسابىقىدە 35 ئادەم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدىن ئون مۇنەۋۋەر ماھىر تاللاپ چىقىلىپ، باش بانكا بېيجىڭدا ئۆتكۈزگەن مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىنىڭ كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسىگە قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلار كوللېكتىپ ئومۇمىي نومۇردا 4 - لىككە ئېرىشتى. يىل ئاخىرىدا باھالاش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار 20 ئورۇن، 31 قىزىل بايراقدار شەخس، مەملىكەت دەرىجىلىك قىزىل بايراقدار يەتتە ئورۇن بەش قىزىل بايراقدار شەخس ۋۇجۇدقا كەلدى.

1983 - يىلى بەش مەركىزىي تارماق بانكا ۋە %70 ناھىيىلىك تارماق بانكىدا كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسى ۋە كەسپىي - تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. مۇسابىقىگە قاتناشقان 1985 ئادەم ئىچىدىن ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ماھىردىن 32 ئادەم (قېتىم)، ۋىلايەت دەرىجىلىكتىن 123 ئادەم (قېتىم)، ناھىيە دەرىجىلىكتىن 207 ئادەم ۋۇجۇدقا كەلدى. شۆبە بانكا ئۇيۇشتۇرغان كەسپىي - تېخنىكا ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى سەندۇڭ، خېبېي، خۇبېي قاتارلىق جايلارغا بېرىپ بىر ئاي ئۆگەندى. شۇلار تايانچ قىلىنىپ، كەسپىي تېخنىكا - باشلامچىلىرىدىن 50 ئادەم يىغىپ تەربىيىلەندى. 20 نەچچە كۈنلۈك تەربىيىلىنىش ئارقىلىق ھەر دەرىجىلىك ماھىر گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشكەنلەر %70 كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىككى كىشى شۇ تۈرنىڭ 1983 - يىلدىكى مەملىكەتلىك مۇسابىقە سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى.

1983 - يىلى شىنجاڭ بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىن 1838 ناھىيە دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار شەخس، 315 ۋىلايەت دەرىجىلىك قىزىل بايراقدار شەخس، 323 ناھىيە دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئورۇن، 124 ۋىلايەت دەرىجىلىك قىزىل بايراقدار ئورۇن باھالاپ چىقىلدى.

1984 - يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ توققۇز باشقارما، ئىشخانىسىدا كەسىپىي مۇسابىقە قانات يايدۇرۇلدى، ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ناھىيىلىك بانكىلارنىڭ ئاساسلىق كەسىپىي تارماقلىرىدىمۇ كەسىپىي مۇسابىقە ياكى يەككە تۈر بويىچە مۇسابىقە قانات يايدۇرۇلدى. بۇ جەرياندا 17 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئورۇن، توققۇز قىزىل بايراقدار شەخس باھالاپ چىقىلدى. باش بانكىنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق بەش ئورۇنغا مەملىكەت دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە قىزىل بايراقدار ئورۇن، ئۈچ كىشىگە مەملىكەت دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ نام بېرىلدى.

1985 - يىل 9 - ئايدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «ئىسلاھات، يېڭىلىق يارىتىشتىكى ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى باھالاشنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر دەرىجىلىك بانكىلار پائالىيەت ئۇيۇشتۇردى. يىل ئاخىرىدا 29 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلىدە ئىلغار ئورۇن (كوللېكتىپ)، 35 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار شەخس باھالاپ چىقىلدى.

## قوشۇمچە:

## 1) شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى مەملىكەت دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسىملىكى

### 1956 - يىلى

ئىلغار خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى: سېرىكباي، چېي چاۋيۈن، قاسىم يۈسەن، نوجىۋۇللا، ئىسمائىل ئەيسا، جۇجبو، توختى تىيىپ، داۋۇت ھېيت، شۈي يۈڭشيالى، ئوقان، گۇەن بۇيىلى، ئەمەت توقا.

### 1980 - يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇنلار: ئارشاڭ ناھىيە قارابۇغ تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، پەيزاۋات ناھىيە شاپتول ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، قۇمۇل ناھىيە تاشۋىلىق تىجارەت پونكىتى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى، سانجى ناھىيە يۈشۈگو تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، ساۋەن ناھىيە «شەرق شامىلى» ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ ليۇماۋۋەن شۆبە كوپېراتىپى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: ئەبەيدۇللا رۇزى، جۇمە خان، شەرۋانەم، جاۋشۇشىن، ياسىن ياقۇپ، جاۋزېڭشۇ، گې زېڭلىن، جاڭ دۇڭلىيالى، سەيدەخمەت تۇردى، يۇنۇس ئەمەت، ۋاڭ يۈفالى.

### 1982 - يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇنلار: بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا ئىش بېجىرىش

ئورنى 30 ـ تۈەن تىجارەت پونكىتى، تارباغاتاي مەركىزىي تارماق بانكا «چاۋۇبالا» يېڭى كەنت ئىش بېجىرىش ئورنى 169 ـ تۈەن تىجارەت بۆلۈمى، ماناس ناھىيىلىك تارماق بانكا باۋجىيادەن تىجارەت پونكىتى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، خوتەن ناھىيىلىك تارماق بانكا بوزاق ئامانەت قەرز كوپېراتىپى، مىجۈەن ناھىيىلىك تارماق بانكا گۈڭلىشى ـ ئەترەت كرېدىت بۆلۈمچىسى، مارالبېشى ناھىيىلىك تارماق بانكا سېرىقبۇيا تىجارەت پونكىتى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: لى شۆلى، ئاڭ چىڭپىڭ، ئابلىمىت توختى، جۈمەخان، ئىمىن سادىق.

## 1984 ـ يىلى

ئىلغار ئورۇنلار: بورتال موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا ئىش بېجىرىش ئورنى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارماق بانكا بوزيەر ئېچىش رايونى ئىش بېجىرىش ئورنى، گۇچۇڭ شىدى تىجارەت پونكىتى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ 30 ـ تۈەن تىجارەت پونكىتى، مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى.

ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى: جۇمبى، ۋۇ ۋېنشياڭ، سادىر مەتتۇرسۇن.

## 1985 ـ يىلى

ئىلغار ئورۇنلار: بايىنغولىن ئاپتونوم ئوبلاستى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ 30 ـ تۈەن تىجارەت پونكىتى.

ئىلغار شەخسلەر؛ جۇمبى، ئىسھاق ئىسمائىل.

## 2) شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىسملىكى

## 1957 ـ يىلى

ئىلغار خىزمەتچىلەر: ياڭ شۈرىن، دېي تيەنشياڭ، خۇمالى، ئۆمەر سايىت، ساۋۇت ئىسمائىل، ئابايقان، شى ۋېنيەن، سابىت.

## 1980 ـ يىلى

قىزىل بايراقدار ئورۇنلار: خوتەن ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ بوغالتىرلارغا يېتەكچىلىك قىلىش بۆلۈمى، كادىرلار بۆلۈمى، لوپ ناھىيە يورۇڭقاش تىجارەت پونكىتى، چىرا ناھىيىلىك تارماق بانكا،

پوسكام ناھىيىلىك تارماق بانكا، يەكەن ناھىيە 4 - گوڭشې تىجارەت بۆلۈمى، ئاقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ پىلان - پۇل ئايرىتىش بۆلۈمچىسى، ئاۋات ناھىيە بەشبېرىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، ئۈچتۇرپان ناھىيە ياركۆۋرۈك تىجارەت پونكىتى، شايار ناھىيە تارىم دېھقانچىلىق مەيدانى تىجارەت پونكىتى، خېجىڭ ناھىيە «شەرق قىزاردى» تىجارەت پونكىتى، يەنجى خۇيزۇ ئاپتونوم ناھىيە شىكشىن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، قورغاس ناھىيە كۆرە تىجارەت پونكىتى، غۇلجا ناھىيە «1 - ماي» گوڭشې تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، چۆچەك ناھىيە ئۇلاستاي تىجارەت پونكىتى، مىچۈەن ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ كرېدىت بۆلۈمچىسى، ماناس ناھىيە تاسىرقاي تىجارەت پونكىتى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى، ئۈرۈمچى ناھىيە ئەنىڭچۈي تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، ئاتۇش ناھىيە ئۈستۈن ئاتۇش ئامانەت - قەرز كوپېرايىتى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: غوپۇر قاسىم، ۋۇن سەيشيا، سەي جياچى، ئايشەم، ھېيىت ئىمىن، لىياڭ شېڭشى، مىجىت مامۇت، ئىمىن سادىر، يۈسۈپ، ئابلەت، مەھەممەتجان ساۋۇت، گومىنخۇا، چاڭ پېيىلىڭ، نيۇجۇلياڭ، يەن لىيەنجېڭ، فېڭيۇڭفۇ، تاڭ يۈخۇا، لى پېيسەي، ۋۇكېلىن، لوچۇنفاڭ، لىيۈيشۈەن، لۈجۈنخېڭ، گۇي يىجىن.

## 1982 - يىلى

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ: ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئىلغار شەخس: مېتنىياز ئەبەيدۇللا.

پۇل مۇئامىلىدىكى قىزىل بايراقدار ئورۇنلار: قۇتۇبى ناھىيە ۋۇتوڭگۇۋەي تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، مىچۈەن ناھىيە چاڭشەنزە تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، فاڭ ساۋخۇ تارماق بانكا 1 - خەلق پۇل ئامانىتى پونكىتى، مەكىت ناھىيە 40 - تۈەن تىجارەت پونكىتى، يەكەن نەھىيە 4 - گوڭشې تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، يېڭىسار ناھىيە ئۇچا گوڭشې تىجارەت پونكىتى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى، مەكىت ناھىيە 6 - گوڭشې تىجارەت پونكىتى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى، ئاقسۇ ناھىيىلىك تارماق بانكا گوڭشې - ئەترەت كرېدىت بۆلۈمچىسى، ئۈچتۇربان ناھىيە بازارلىق تىجارەت پونكىتى، شايار ناھىيە تارىم تىجارەت پونكىتى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكا 14 - تۈەن تىجارەت پونكىتى، لوپنۇر ناھىيە «ئىتتىپاق» گوڭشې ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، كۈيتۇن شەھەرلىك تارماق بانكا گاۋچۈەن تىجارەت پونكىتى، ساۋەن ناھىيە لىيۇماۋۋەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيە كۈيسۇ تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، ئارشاڭ ناھىيە خاربۇغ تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، ئارشاڭ ناھىيە خار بۇغ تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا 84 - تۈەن تىجارەت پونكىتى، پىچان ناھىيە لۈكچۈن تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، ئاتۇش ناھىيە ئۈستۈن ئاتۇش ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، قابا ناھىيە سارىبۇلاق تىجارەت پونكىتى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى.

قىزىل بايراقدار شەخسلەر: لى چېيسەي، مىجىت مامۇت، جۇڭ جىنخۇا، ئەبەي باۋۋۇدۇن، ئىسھاق، زايىت، ھەمدۇل ھوشۇر، گۇي بىجىن، لۈلىنجيەن، ئابلاخان، مەھەممەت خېلىل، خۇاڭ ۋېنباۋ، ماھىرەم، سۇيسىمىن، لۈجۈنجېڭ، جۇمەخان، نىيازبارات، سادىر مەتتۇردى، مەھەممەت روزى، غوپۇر قاسىم، ئەبەيدۇللا روزى، گې زېڭلىن، مياۋيۇڭ، ئىمىن قارى، نى كېمىن، گوفۇجۇن، لى يىڭسەي، شيەن كەيخۇ، شياياۋ

جۇلاڭ، سادىر كامال، ۋەن سەيشيەن، ئەيدۇللا ناسىر، ئايشەم.

## 1984 - يىلى

ئىلغار ئورۇنلار: تاشقۇرغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ بوغالتىرىيە بۆلۈمچىسى، يېڭىسار ناھىيە ئۈچا تىجارەت پونكىتى، ۋۇجياچۈي تارماق بانكىنىڭ تىجارەت بۆلۈمى، كۈيتۈن شەھىرى گاۋجۈەن تىجارەت پونكىتى، بىيتۈن 183 - تۈەن تىجارەت پونكىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى ئىش بېجىرىش ئورنى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى 30 - تۈەن تىجارەت پونكىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق تارماق بانكا ئىشچىلار ئۆيۈشمىسى ئىش بېجىرىش ئورنى، مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، قاغىلىق ناھىيە شاخاپ تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، لوپنۇر ناھىيە ئىنتىپاق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، گۇچۇڭ ناھىيە شىدى تىجارەت پونكىتى، قەرز كوپېراتىپى، قۇتۇبى ناھىيە ۋۇگوڭتەي تىجارەت پونكىتى، ئامانەت قەرز كوپېراتىپى، ئاتۇش بازارلىق ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، بارىكۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيە شېرىنىزى تىجارەت پونكىتى، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، كۇچا ناھىيە چىمەن ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى.

ئىلغار خىزمەتچىلەر: كامالجان، لىن شياۋسۈي، ۋاڭ لىندى، بەردى سىدىق، ساتتار مەتتۇرسۇن، گەبەي باۋۇدۇن، داۋامەت، جۇمبى، ۋۇۋېنشياڭ.

## 1985 - يىلى

ئىلغار ئورۇنلار: بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا، پوسكام ناھىيىلىك تارماق بانكا، خوتەن ناھىيىلىك تارماق بانكا، كۆكتوقاي ناھىيىلىك تارماق بانكا، دۆربىلجىن «چاۋياڭ» ئىش بېجىرىش ئورنى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكا ئىش بېجىرىش ئورنى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكا ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ئىش بېجىرىش ئورنى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك مەركىزىي تارماق بانكا يېزا سودىسى بۆلۈمى، بىيتۈن تارماق بانكا كرېدىت بۆلۈمچىسى، يەكەن ناھىيىلىك تارماق بانكا ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرى بۆلۈمچىسى، بىيتۈن 183 - تۈەن تىجارەت پونكىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشخانىسى 30 - تۈەن تىجارەت پونكىتى، بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشخانىسى 22 - تۈەن تىجارەت پونكىتى، قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى ياندۇما تىجارەت پونكىتى، يېڭىسار ناھىيە بازارلىق تىجارەت پونكىتى، بورتالا شەھىرى ئارالتوقاي چارۋىچىلىق فېرمىسى تىجارەت پونكىتى، قۇتۇبى ناھىيە يەنخۇسۇن يېزا تىجارەت پونكىتى، بارىكۆل شېرىنىزى تىجارەت پونكىتى، قۇمۇل شەھىرى ئەردوخۇ تىجارەت پونكىتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا شىمەن تىجارەت پونكىتى، ئىلى بوزيەر ئۆزلەشتۈرۈش ئىشخانىسى 76 - تۈەن تىجارەت پونكىتى، گۇما ناھىيە سانجۇ تىجارەت پونكىتى، چىڭگىل ناھىيە «ۋېيدۇڭ» ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، لوپنۇر ناھىيە «ئىنتىپاق» ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە ئاۋات ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، جىمسار ناھىيە سەنتەي بازىرى

ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، سانجى شەھىرى سەنگۇڭ ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، چىرا ناھىيە گۇلاخما ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى، ئاتۇش ناھىيە بازار ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى.

ئىلغار شەخسلەر: خۇجياجىن، ئەبەيدۇللا سادىق، خۇۋاڭ ۋېنباۋ، مىڭ چىڭجۇ، دى سۇفۇ، شيۇڭ شىگىيىڭ، موللا قۇربان، داۋامەت، يى شۇەنفا، مەتقۇربان، مەتمۇسا رۇستەم، مادەيچىڭ، ۋۇسىپىنشياڭ، نۇركەي، ۋاڭ گاڭشىڭ، لى جاڭ، جۇمىي، لىيۇشيۇڭ، جاڭ ياۋچۈن، ئەخمەتجان، مايىگىي، يەن ۋېي، لىن شاياۋسۇي، سۇبىن، يۇشيۇيىڭ، مەتنىياز ئوسمان، ئىساق ئىسمائىل، گوكەيجىڭ، گوجاڭخۇي، سادىر مەتتۇرسۇن، خەمىت، ئىبراھىم ھاجى، تۇلار بېك، ئابدۇسەمەت، گاۋجىۋاڭ.

## 4. ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسى سىستېمىسىدىكى ئەمگەك مۇسابىقىسى

1978 - يىلى قۇرۇلۇش بانكىسىدا داچىڭدىن ئۆگىنىش، داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار خىزمەتچى لىجيەنپىڭ باھالاپ چىقىلدى.

1983 - يىل 6 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كەسپىي - تېخنىكا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى، 47 ماھىر چوت سوقۇش، ھېسابات خاتىرىلەش، ئۇسۇم ھېسابلاش، ئوردېر قاتارلىق ئالتە تۈردە مۇسابىقىلىشىپ، يەككە تۈر بويىچە 14 مۇنەۋۋەر ماھىر، ھەممە تۈر بويىچە بەش مۇنەۋۋەر ماھىر باھالاپ چىقىلدى.

1984 - يىلى باھالاپ چىقىلغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار ئورۇن: ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا؛ ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىلغار شەخس: خۇاڭ يىنشەن.

1985 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسى سىستېمىسى بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، ئىلغار شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. تەقدىرلەنگەن ئىلغار كوللېكتىپ 20، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيە (شەھەر) لىك ئاساسىي قاتلام بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى 50% نى ئىگىلەيدۇ؛ ئىلغار شەخسلەر 57، بۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي تارماق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇندىكىلەر 45.61% نى ئىگىلەيدۇ. ئاپتونوم رايونىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن جاڭ سىشۆ، لىيۇ زىمولار يىغىنىغا كېلىپ تەبرىكلىدى، جاڭ سىشۆ سۆز قىلدى.

## 4 §. ئۇنۋان باھالاش

بانكا سىستېمىسىدا كەسپىي - تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش 1981 - يىلى باشلانغان. گوۋۇيۈەن تەستىقلاپ تارقاتقان «ئىقتىسادىي كەسپىتىكى كادىرلارنىڭ كەسپىي ئۇنۋانىنى باھالاش ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسى» ۋە باش بانكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسىدا بانكا باشلىقى ئابدۇرېھىم ئۆمەر مۇدىر، مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىرى ئابدۇقادىر ئىمىن، جاڭ يۇ مۇئاۋىن مۇدىر بولغان، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى ياڭ چى قاتارلىقلار ۋە ئالاقىدار باشقارما، ئىشخانىلاردىكى مەسئۇل يولداشلاردىن 23 كىشى ھەيئەت ئەزاسى بولغان كەسپىي ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى قۇرۇلدى ھەمدە ئىشخانا تەسىس قىلىندى، تۇلار شۆبە بانكا ئورگىنى

ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئورۇنلاردىكى كەسپىي كادىرلارنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاشقا تەشكىللەپ رەھبەرلىك قىلىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭ قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە، مۇناسىپ ھالدا باھالاش ئاپپاراتلىرى قۇرۇلدى. تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ھوقۇق چەكلىمىسى جەھەتتىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئالىي ئىقتىسادچىنى شۆبە بانكا باھالاش ھەيئىتى پىكىر بېرىپ، باش بانكا كەسپىي ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تەستىقلىشىغا ۋە ئۇنۋان بېرىشىگە يوللايدۇ؛ مەسئۇل ئىقتىسادچىنى باش بانكا تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن شۆبە بانكا ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇنۋان بېرىدۇ؛ ياردەمچى مەسئۇل ئىقتىسادچى، ئىقتىسادچىنى شۆبە بانكا ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك تارماق بانكىلارنىڭ ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى تەستىقلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۇنۋان بېرىدۇ.

1983 - يىل 7 - ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە سىناش، باھالاش، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئارقىلىق ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان بېرىلىدىغان 126 كىشى باھالاپ چىقىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە، مەسئۇل ئىقتىسادچى 70، مەسئۇل بوغالتىر 37، ئاز سانلىق مىللەت تىلى تەرجىمانى سەككىز، بانكا مەكتەپ لېكتورى 11. باش بانكىنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشى ئارقىلىق 65 كىشىگە مەسئۇل ئىقتىسادچى، 34 كىشىگە مەسئۇل بوغالتىر ئۇنۋانى بېرىلدى. ئاز سانلىق مىللەت تىلى بويىچە تەرجىمان ئۇنۋانى ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەت تىلى بويىچە تەرجىمانلار ئۇنۋانىنى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە بەش كىشىگە بېرىلدى.

ھەر قايسى تارماق بانكىلار يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان ياردەمچى مەسئۇل ئىقتىسادچى، ياردەمچى مەسئۇل بوغالتىر، ياردەمچى مەسئۇل ستاتىستىكچى 423 بولۇپ، شۆبە بانكىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئارقىلىق 393 ئادەمنىڭ ئۇنۋانى بېكىتىلدى، بۇنىڭ ئىچىدە ياردەمچى مەسئۇل ئىقتىسادچى 216، ياردەمچى مەسئۇل بوغالتىر 170، ياردەمچى مەسئۇل ستاتىستىكچى بەش، ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ياردەمچى تەرجىمان ئىككى، ئۇنۋانى باھالاپ بېكىتىلگەن بوغالتىر، ئىقتىسادچى، ستاتىستىكچى 284 ئادەم بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە، بوغالتىر 111، ئىقتىسادچى 169، ستاتىستىكچى تۆت.

خەلق شۆبە بانكا سىستېمىسىدىكى بۇ قېتىمقى كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى باھالاشتا، كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى باھالانغانلار جەمئىي 781 بولۇپ، 1981 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى شىنجاڭ بويىچە خەلق بانكىسى ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 10.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 104 بولۇپ %1.4 نى، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 393 بولۇپ %5.3 نى، ئىقتىسادچى دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 284 بولۇپ %3.8 نى ئىگىلىدى.

ئۇنۋان باھالاشتا تۆۋەن ئىككى دەرىجىلىك ئۇنۋانىنى ئالغانلار 497، بۇ بانكا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 6.6 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 66. بۇ ئىككى دەرىجىدىكى ئۇنۋان ئالغانلار ئومۇمىي سانىنىڭ 13 پىرسەنتىنى؛ ئايال كادىرلار 135. بۇ ئومۇمىي سانىنىڭ 27.1 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

## 1983 ـ يىلى خەلق بانكىسى سىستېمىسىدىكى كەسپىي ـ تېخنىكا ئۇنۋانى باھالانغانلارنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 ـ 7

| كەسىپلەر | ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار | تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار | جەمئىي | 1981 ـ يىل ئاخىرىدىكى ئومۇمىي ئىشچى - خىزمەتچىلەر | ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى% | باھالىغۇچى دەرىجىلىك ئادەم سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 104 | 393 | 497 | 7455 | 6. 6 | 284 |
| 1. ئىقتىسادىي كەسىپ | 65 | 216 | 281 | 3402 | 8. 3 | 169 |
| بۇنىڭ ئىچىدە ئۇنىۋېرسال (ئىقتىساد باشقۇرۇش كادىرى) | 13 | 39 | 52 | 306 | 17 | |
| پىلان | 8 | 27 | 35 | 185 | 18. 9 | |
| سودا ـ سانائەت كرېدىتى | 26 | 89 | 115 | 465 | 24. 7 | |
| كاسسىر | 1 | 9 | 10 | 902 | 1. 1 | |
| پۇقرالار پۇل ئامانىتى | 5 | 50 | 55 | 1427 | 3. 8 | |
| پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى | 3 | 1 | 4 | 10 | 40. 0 | |
| سۇغۇرتا كەسپى | 5 | | 5 | 66 | 7. 5 | |
| خەلقئارا كەسپى | 4 | 1 | 5 | 41 | 12. 2 | |
| 2. بۇغالتىرلىق كەسپى | 34 | 170 | 204 | 1530 | 13. 3 | 111 |
| 3. ستاتىستىكا كەسپى | | 5 | 5 | 120 | 4. 1 | 4 |
| 4. مىللىي تىل - يېزىق تەرجىمە | 5 | 2 | 7 | 23 | 30. 4 | |

**خەلق شۆبە بانكا ۋە ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكا، جۇڭگو بانكىسى، سۇغۇرتا شۆبە شىركىتىدىكى ئۇنۋان باھالاش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 ـ 8

| نامى | ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار | تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار | جەمئىي | 1981 ـ يىل ئاخىرىدىكى جەمئىي ئىشچى ـ خىزمەتچى | ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى% | باھالىغۇچى دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار |
|---|---|---|---|---|---|---|
| جەمئىي | 104 | 393 | 793 | 7455 | 6.6 | 284 |
| ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا | 12 | 61 | 73 | 1553 | 4.7 | 13 |
| ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە بانكا | 12 | 54 | 66 | 648 | 10.2 | 46 |
| قەشقەر مەركىزىي تارماق بانكا | 8 | 39 | 47 | 806 | 5.8 | 31 |
| خوتەن مەركىزىي تارماق بانكا | 6 | 30 | 36 | 411 | 8.7 | 28 |
| قىزىلسۇ مەركىزىي تارماق بانكا | 1 | 10 | 11 | 244 | 4.5 | 8 |
| ئاقسۇ مەركىزىي تارماق بانكا | 9 | 33 | 42 | 502 | 8.3 | 19 |
| بايىنغولىن مەركىزىي تارماق بانكا | 3 | 29 | 32 | 544 | 5.8 | 1.3 |
| تۇرپان مەركىزىي تارماق بانكا | | 9 | 9 | 266 | 3.3 | 5 |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| سايىن مەركىزىي تارماق بانكا | 3 | 33 | 36 | 529 | 6.8 | 32 |
| بورتالا مەركىزىي تارماق بانكا | 2 | 7 | 9 | 165 | 5.4 | 17 |
| تارباغاتاي مەركىزىي تارماق بانكا | 3 | 11 | 14 | 377 | 3.7 | 11 |
| قۇمۇل مەركىزىي تارماق بانكا | 3 | 23 | 26 | 367 | 7.08 | 27 |
| ئالتاي مەركىزىي تارماق بانكا | 2 | 15 | 17 | 383 | 4.4 | 15 |
| 7 ـ تارماق بانكا | | 4 | 4 | 14 | 9.3 | 8 |
| قاراماي شەھەرلىك تارماق بانكا | 2 | 8 | 10 | 216 | 4.6 | 11 |
| بانكا مەكتىپى | 1 | 2 | 3 | 107 | 2.8 | |
| جۇڭگو بانكىسى | 5 | 1 | 6 | 43 | 13.9 | |
| سۇغۇرتا شىركىتى | 5 | | 5 | 36 | 13.8 | |
| رايونلۇق شۆبە بانكا | 27 | 24 | 51 | 215 | 23.7 | |

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسىدا كوۋۇيۇەننىڭ بەلگىلىمىسى ۋە يېزا ئىگىلىك باش بانكىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە 1981 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكا كەسپىي ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتى قۇرۇلدى، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى سېتىنىياز مۇدىر، رېن تىڭگوي مۇئاۋىن مۇدىر، ئالاقىدار باشقارما، ئىشخانا مەسئۇللىرى ۋە بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلار بولۇپ جەمئىي 20 ئادەم ھەيئەت ئەزاسى بولدى. ئىشخانا تەسىس قىلىنىپ كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىندى. 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 88 ئادەمنىڭ (ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 15 ) ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى باھالاندى، بۇلار ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى 1982 ـ يىلدىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ 1.1 پىرسەنتىنى، كەسپىي خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ 1.41 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 205 ئادەمنىڭ (ئاز سانلىق مىللەت كادىرى 45) تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋانى باھالاندى، ئۇلار ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى 1982ـ يىل ئاخىرىدىكى كادىر، ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ 2.56 پىرسەنتىنى، كەسپىي خادىملارنىڭ 3.29 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

### 1983 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا باھالانغان كەسپىي ـ تېخنىكا ئۇنۋانىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 ـ 9

| كەسپلەر | ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار | تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار | جەمئىي | 1982 ـ يىلدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى | ئوتتۇرا، تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى% | باھالىغۇچى دەرىجىلىك ئادەم سانى |
|---|---|---|---|---|---|---|
| شىنجاڭ بويىچە جەمئىي | 88 | 205 | 293 | 7994 | 3.67 | 227 |
| پىلان ـ ستاتىستىكا | 6 | 19 | 25 | 238 | 10.5 | |
| دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا كرېدىتى | 4 | 39 | 43 | | | |
| يېزا سودىسى كرېدىتى | 7 | | 7 | 1116 | 8.87 | |
| گۆڭشې ـ ئەترەت كرېدىتى | 11 | | 38 | 49 | | |
| پۇل ئاجرىتىش | 4 | 5 | 9 | 190 | 4.74 | |
| ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى | 6 | 10 | 16 | 334 | 4.79 | |
| بوغالتىر بېتەكلەش | 9 | 11 | 20 | 357 | 5.60 | |
| بوغالتىرلىق | 14 | 63 | 77 | 1890 | 4.07 | |
| باشقۇرۇش كادىرى | 20 | 9 | 29 | 1102 | 263 | |
| جەمئىي | 7 | 11 | 18 | 128 | 14.06 | |

قۇرۇلۇش بانكىسى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىسىدىكى ئۇنۋان باھالاش خىزمىتى 1981 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى باشلىنىپ، 1983 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئاخىرلاشتى. ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىغا

بانكا باشلىقى ۋاڭ يۈسەن مۇدىر، مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىرى چېن يۈشيا، مۇسا تۇردىلار مۇئاۋىن مۇدىر، ئالاقىدار باشقارما، ئىشخانا مەسئۇللىرىدىن 13 كىشى ھەيئەت ئەزاسى بولدى. شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ ئىقتىساد ساھەسىدىكى لېكتورى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، قۇرۇلۇش كومىتېتىدىكىلەردىن بۆلۈپ ئۈچ كەسپىي - تېخنىك خادىم تەكلىپ قىلىپ قاتناشتۇرۇلدى. ھەر قايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك قۇرۇلۇش بانكىلىرى ئوخشاش دەرىجىلىك مالىيە تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە باھالاش ھەيئىتى (گۇرۇپپىسى) تەشكىللەپ، تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلدى. جەمئىي 170 ئادەمنىڭ ئۇنۋانى باھالاندى، بۇلار شىنجاڭ بويىچە قۇرۇلۇش بانكا كەسپىدىكى 1089 ئادەمنىڭ 16 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 47، بۇ 26 مەسئۇل ئىقتىسادچى، بەش ئىنژېنېر، 16 مەسئۇل بوغالتىر، بىر مەسئۇل ستاتىستىكچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 123، بۇ، 17 ياردەمچى ئىقتىسادچى، 19 ياردەمچى ئىنژېنېر، 40 ياردەمچى بوغالتىر، بىر ياردەمچى تەرجىماننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ بەش ئادەم ئىقتىسادچى، ئۈچ ئادەم تېخنىك، 33 ئادەم بوغالتىر، بەش ئادەم ستاتىستىكچى ئۇنۋانى ئالدى.

### قوشۇمچە:

## كەسپىي - تېخنىكا ئۇنۋانى باھالاش خىزمىتىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى

1987 - يىل 5 - ئايدىن باشلاپ شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى، سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى، يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، جۇڭگو شۆبە بانكىسى، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى، سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ۋە ھەر قايسى باش بانكا (شىركەت) لارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ كەسپىي - تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش خىزمىتىنى ئىسلاھ قىلدى. ئالدى بىلەن 1983 - يىل باھالىنىپ ئۇنۋان ئالغان خادىملار قايتا تەكشۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىلتىماس قىلىنمىغان يولداشلار شەرت بويىچە ئىلتىماس قىلىشقا ھەرىكەتلەندۈرۈلدى، باھالاش، ئەستىقلاش ئاساسىدا ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىندى. تەييارلىق قىلىش، باھالاش، ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق خىزمەت ئارقىلىق، 1988 - يىلى تۇنجى قېتىملىق كەسپىي - تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش خىزمىتى تاماملاندى.

شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى بۇ قېتىملىق كەسپىي - تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاشنى ئىسلاھ قىلىش خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، باھالاپ بېكىتىشتىن ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىشقا، ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى دەرىجىلىككە، مەخسۇس كەسىپتىن ئۇنىۋېرساللىققا ئۆتتى. 1983 - يىلدىكى ئۇنۋان باھالاش خىزمىتىدە، پەقەت سالاھىيىتى باھالىنىپ ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىنمىغان، پەقەت ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن تۆۋەنلەر باھالىنىپ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان باھالانمىغان، پەقەت كەسپىي خىزمەتچىلەر باھالىنىپ ئۇنىۋېرسال خىزمەتچىلەر باھالانمىغان. 1987 - يىلدىكى كەسپىي ئۇنۋان باھالاشنى ئىسلاھ قىلىشتا يۇقىرىدىكى مەسىلىلەر ھەل قىلىندى، ھەم سالاھىيەت باھالاندى، ھەم ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىندى؛ ھەم ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن تۆۋەن ئۇنۋان باھالاندى، ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان باھالاندى، ھەم كەسپىي خىزمەتچىلەر باھالاندى، ھەم ئۇنىۋېرسال خىزمەتچىلەر باھالاندى، شۇنداق قىلىپ، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ كەسپىي ساپاسى بىر قەدەر ئومۇميۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈلدى. گەرچە كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاش خىزمىتى 1987 - يىلى ئىشلىنىپ تەزكىرە تۈزۈشنىڭ تۆۋەن چېكىدىن (1985 - يىل) ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قېتىمقىسى تۇنجى باھالاش بولغانلىقى، شۇنىڭدەك يېڭى ئالاھىدىلىككە

ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە قوشۇنىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى داۋاملىق ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەش مەقسىتىدە، بىز تۆۋەن چەكتىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەسپىي - تېخنىكا ئۇنۋانىنى باھالاشنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ بىر مەزگىللىك خىزمىتىنى قىسقىچە بايان قىلدۇق. تەپسىلىي ئەھۋالنى كېيىنكە قوشۇمچە قىلىنغان جەدۋەل: 11 ـ 10 ـ، 11 ـ 11 دىن كۆرۈۋېلىڭ.

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 1987 ـ يىلدىن باشلاپ يېزىلاردىكى ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرى كادىرلىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاشنى يولغا قويغانىدى، 1989 ـ يىل 8 ـ ئايغىچە تۈنجى نۆۋەتتە 2716 ئادەمنىڭ ھەر قايسى دەرىجىدىكى ئۇنۋانلىرى باھالىنىپ، ئۇلار ۋەزىپىگە تەكلىپ قىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغانلار 33 (11 مەسئۇل بوغالتىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇ ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى كادىرلىرى ئومۇمىي سانى (5537) نىڭ 0.6 پىرسەنتىنى؛ ياردەمچى ئۇنۋانىنى ئالغانلار 1037 (503 ياردەمچى مەسئۇل بوغالتىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، بۇ، ئومۇمىي ئادەم سانىنىڭ 18.73 پىرسەنتىنى؛ ئىقتىسادچى بولغانلار 1646 (856 بوغالتىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئومۇمىي سانىنىڭ 29.72 پىرسەنتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### بەش بانكا، بىر شىركەتنىڭ 1988 ـ يىلدىكى كەسپىي ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئومۇمىي ستاتىستىكىسى

جەدۋەل: 11 ـ 10

| ئورۇن | 1988 ـ يىل ئاخىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانى | يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان | | ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان | | تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان | | تۈرلۈك خادىملار | | جەمئىي | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | | سانى | ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | سانى | ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | سانى | ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | سانى | ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن نىسبىتى % | سانى | ئومۇمىي ساندا ئىگىلىگەن نىسبىتى % |
| خەلق بانكىسى | 2605 | 49 | 1.88 | 326 | 12.51 | 480 | 18.43 | 411 | 15.78 | 1266 | 48.60 |
| سودا ـ سانائەت بانكىسى | 11070 | 39 | 0.35 | 935 | 8.45 | 1929 | 17.43 | 2880 | 26.01 | 5783 | 52.24 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى | 11777 | 40 | 0.34 | 756 | 6.42 | 2296 | 19.49 | 2852 | 24.22 | 5944 | 50.47 |
| جۇڭگو بانكىسى | 330 | 13 | 3.94 | 21 | 6.36 | 86 | 26.06 | 54 | 16.36 | 174 | 52.72 |
| قۇرۇلۇش بانكىسى | 3650 | 14 | 0.38 | 209 | 5.73 | 573 | 15.70 | 11 | 0.30 | 807 | 22.11 |
| سۇغۇرتا شىركىتى | 1234 | 15 | 1.22 | 168 | 13.61 | 265 | 21.47 | 301 | 24.39 | 749 | 60.69 |
| جەمئىي | 30666 | 170 | 0.55 | 2415 | 7.88 | 5629 | 18.36 | 6509 | 21.22 | 14723 | 48.01 |

**بەش بانكا، بىر شىركەتنىڭ 1988 - يىلدىكى كەسپى - تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تۈرگە ئايرىلىش ئەھۋالى**

جەدۋەل: 11 - 11

| ئورۇن | ئالىي ئۇنۋان | | | | | ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋان | | | | | | | | تۆۋەن دەرىجىلىك ئۇنۋان | | | | | | | | تۈرلۈك خادىملار | | | | جەمئىي |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | ئالىي ئىقتىسادچى | ئالىي بوغالتىر | ئالىي ئىنژېنېر | كاندىدات ئالىي تەرجىمان | يۇقىرى دەرىجىلىك ئېكونوم | مەسئۇل ئىقتىسادچى | مەسئۇل بوغالتىر | مەسئۇل ستاتىستىكىچى | ئىنژېنېر | تەرجىمان | ئارخىپچى | ئېكونوم | باشقىلار | ياردەمچى مەسئۇل ئىقتىسادچى | ياردەمچى مەسئۇل بوغالتىر | ياردەمچى مەسئۇل ستاتىستىكىچى | ياردەمچى ئىنژېنېر | ياردەمچى ئېكونوم | ياردەمچى تەرجىمان | ئارخىپچى | باشقىلار | ئىقتىسادچى | بوغالتىر | ئارخىپچى | باشقىلار | |
| خەلق بانكىسى | 25 | 9 | | 2 | 13 | 176 | 100 | 3 | 5 | 6 | 6 | 29 | 1 | 264 | 158 | 4 | 11 | 25 | 8 | 7 | 3 | 235 | 150 | 10 | 16 | 1266 |
| سودا - سانائەت بانكىسى | 31 | 5 | 1 | 1 | 1 | 534 | 369 | | | 10 | | 10 | 12 | 1182 | 699 | | 7 | 29 | 11 | | 11 | 2880 | | | | 5783 |
| يېزا ئىگىلىك بانكىسى | 29 | 4 | | 5 | 2 | 515 | 201 | | 2 | 8 | 2 | 35 | 3 | 1316 | 954 | | 3 | 9 | 13 | | 1 | 950 | 1887 | 6 | 1 | 5944 |
| مۇڭگو بانكىسى | 10 | 2 | | 1 | | 12 | 9 | | | | | | | 61 | 22 | | 3 | | | | | 53 | | | 1 | 174 |
| قۇرۇلۇش بانكىسى | 5 | 4 | 5 | | | 123 | 54 | 2 | 30 | | | | | 324 | 210 | 11 | 28 | | | | | 11 | | | | 807 |
| سۇغۇرتا شىركىتى | 14 | 1 | | | | 133 | 27 | 2 | 2 | | | | 4 | 205 | 51 | 7 | 1 | | | | 1 | 301 | | | | 749 |
| ئومۇمىي جەمئىي | 114 | 25 | 6 | 9 | 16 | 1493 | 760 | 7 | 39 | 24 | 8 | 64 | 20 | 3352 | 2094 | 22 | 53 | 53 | 32 | 7 | 16 | 4430 | 2037 | 16 | 18 | 14723 |

## § 5 . ئىش ھەققى، پاراۋانلىق

مىنگو دەۋرىدە شىنجاڭدىكى تۈرلۈك بانكىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىش، پايدا - زىيىنىغا ئۆزى مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان. ھەر قايسى ئۆزىنىڭ تىجارەت ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى، پاراۋانلىق تۈزۈمىنى تۈزگەن. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوخشاش بولمىغان ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان مائاش ئالغانلىقى سىرتىدا، ھەر

قايسى بانكىلار بەزى پاراۋانلىق ئىشلىرىنى بەلگىلىگەن. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكا خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق كوپېراتىپى قۇرۇش، خىزمەتچىلەر كوپېراتىپقا پاي قوشۇش، پېيىغا ئاساسەن پايدا تەقسىم قىلىش؛ بانكا خادىملىرى شۇ بانكىدا غىزالىنىش، يېتىپ - قوپۇش؛ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ كىيىم - كېچەككە قوشۇمچە ياردەم بېرىش؛ چەت - يىراق جايلاردىكى خىزمەتچىلەرنى مۇكاپاتلاش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت پاراۋانلىق تەمىناتىنى يولغا قويغانىدى. مەركىزىي بانكا كىيىم - كېچەك پۇلى، تۇغقان يوقلاش پۇلى، چەت - يىراق جايلار قوشۇمچىسى، يىل ئاخىرىدىكى مۇكاپات، ئۆلۈم نەپىقىسى قاتارلىق قوشۇمچە ياردەملەرنى بەرگەن. ئائىلە تاۋابىئاتلارغا نوپۇسىغا قاراپ ئۇن، شېكەر، سەرەڭگە قاتارلىق تۇرمۇش قوشۇمچە ياردىمى تارقىتىپ بېرىلگەن.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى، ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار ۋە سۇغۇرتا شىركىتىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى، پاراۋانلىق تەمىناتى باش بانكا (شىركەت) ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرى بويىچە بېجىرىلدى. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بەلگىلىمە ئىجرا قىلىنغانىنىڭ سىرتىدا، باش بانكا (شىركەت) بەلگىلىگەن يۇقىرى بولسۇنكى، تۆۋەن بولمىسۇن دېگەن پرىنسىپقا ئاساسەن، شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىمىسى ئىجرا قىلىندى. شىنجاڭ ئازاد بولغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، بانكا خىزمەتچىلىرىنىڭ بىر قىسمىغا تەمىنات (ھۆددە قىلىش)، بىر قىسمىغا ئىش ھەققى تۈزۈمى يولغا قويۇلغان، ئەمما ھەممىسى گۈرۈچ باھاسى بويىچە ھېسابلانغان. 1950 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ ئىش ھەققى ماددى نەرسىگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاش بىرلىكى بويىچە ھېسابلاشقا ئۆزگەرتىلدى.

1951 - يىلى خەلق بانكىسىنىڭ باش بانكىسى «گۈرۈچ باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدىغان ئىش ھەققى ۋە تۇرمۇش پۇلىنى 9 - ئايدىن باشلاپ ئىش ھەققى ناتورىسى بويىچە ھېسابلاپ تارقىتىشقا ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقاردى، شۇنىڭدىن باشلاپ خەلق بانكىسىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دۆلەت ئورگانلىرى، مەكتەپلەر، خەلق تەشكىلاتلىرىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىگە ئوخشاش 1951 - يىل 8 - ئايدىكى ئىش ھەققى سوممىسىنى ئىندېكىس قىلىپ ئىش ھەققى ناتورىسىغا سۇندۇرۇلدى، 9 - ئايدىن باشلاپ ئىش ھەققى ناتورىسى بويىچە ھېسابلاپ ئىش ھەققى تارقىتىلدى. ھەر بىر ئىش ھەققى ناتورىسى 0.80 جىڭ ئاشلىق، 0.20 چى ئاق رەخت، 0.50 جىڭ سۈ يېغى، 0.02 جىڭ تۇز، 2.00 جىڭ كۆمۈرگە سۇندۇرۇپ ھېسابلاندى.

1954 - يىلى مەركىزىي مالىيە كومىتېتىنىڭ يوليورۇقى ئىجرا قىلىنىپ، خەلق بانكىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ئاپپاراتلار دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ چارىسى بويىچە مۇكاپات سوممىسى ئاجراتمايدىغان، ئەمگەك سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى يولغا قويمايدىغان، ئىش ھەققى، پاراۋانلىق ۋە خىراجەت چىقىمى ئۆلچىمى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئومۇمىيۈزلۈك شۇ يەردىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىجرا قىلىنىدىغان بولدى. شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىلگىرىكى ئىش ھەققىنىڭ سەككىز پىرسەنتى بويىچە پاراۋانلىق پۇلى ئاجرىتىش چارىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئۆلچىمى بويىچەئىجرا قىلىشقا ئۆزگەرتتى؛ ئىلگىرىكى ھەر ئادەمگە ھەر ئايدا 20 مىڭ يۈەن (كونا خەلق پۇلى ھېسابىدا) داۋالىنىش پۇلى ئاجرىتىدىغان بەلگىلىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى شۇ يەرنىڭ ئۆلچىمى بويىچە ئىجرا قىلىشقا ئۆزگەرتتى.

1955 - يىل 5 - ئايدا دۆلەتنىڭ «ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ تەركىبى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ئىجرا قىلىندى. بانكا سىستېمىسىنىڭ ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى: ئىش ھەققى ئۆلچىمى بويىچە چىقىم قىلىنىدىغان ۋاقىتقا قاراپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى، تەمىنلەش تۈزۈمى، ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى بويىچە چىقىم قىلىنىدىغان تۇرمۇش پۇلى ۋە قوشۇمچە ياردەم پۇلى، تۈرلۈك دائىملىق مۇكاپات، بايرام - دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئىش ۋاقتىدىن سىرت ئىشلىگىنىگە بېرىلىدىغان ياردەم، كېچىدە ئىشلىگەنگە بېرىلىدىغان ياردەم، بايرام كۈنلىرى دېجۇرنىلىق قىلغانغا بېرىلىدىغان ياردەم، تېخنىكا ياردىمى، رايونلار ياردىمى،

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ يۆتكىلىش مەزگىلىدىكى ئىش ھەققى، قەرەللىك ھالدا دەم ئالغاندىكى ئىش ھەققى، ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن خادىملارنىڭ ئىش ھەققى، ئىش ھەققى خاراكتېرىدىكى باشقا ياردەم (مەسىلەن: تاماق، ئۆي، توك، سۇ قوشۇمچە پۇلى قاتارلىقلار) دىن ئىبارەت. 7 ـ ئايدا بانكا سىستېمىسىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش يۆتكىلەي پۇل بىلەن تۆلىنىدىغان ئىش ھەققى يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاتۇرا ھېسابلاش چارىسى ۋە ئەمىنلەش (ھۆددىگەرلىك) تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى... ئەمىناتى بىكار قىلىندى.

1956 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ئىش ھەققى ئىسلاھ قىلىنىپ خەلق شۆبە بانكىسىدا ئىش ھەققى ئىسلاھاتىدىن ئىلگىرىكى ھەر ئادەمنىڭ ھەر ئايلىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققى بولغان 30. 114 يۈەن ئىسلاھاتتىن كېيىن 81. 125 يۈەنگە ئۆزگەرتىلدى. ئەمەلىيەتتە 10% كۆپەيدى. يېزىلاردىكى تىجارەت پونكىتلىرىدا سەككىز سائەتلىك خىزمەت تۈزۈمى ۋە يەكشەنبە، بايرام كۈنلىرىدە دەم ئېلىش تۈزۈمى تەدرىجىي يولغا قويۇلدى.

1958 ـ يىلى ھەر قايسى بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ رايونىدىكى كادىرلارنىڭ ئىش ھەققى ۋە تۇرمۇش ياردەم پۇلىدىكى مۇۋاپىق بولمىغان قىسمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»نى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. ئۈرۈمچى شەھىرىدە 1 ـ ئايدىن باشلاپ كادىرلار ئىش ھەققى ئىچىدىكى تۇرمۇش ياردەم پۇلى 36% تىن 26% كە چۈشۈرۈلدى، يەنى ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسى 35% .7 تۆۋەنلىتىلدى. باشقا رايونلارمۇ 2 ـ ئايدىن باشلاپ ئۈرۈمچىنىڭ تەڭشەش نىسبىتىگە سېلىشتۇرۇپ تەڭشىدى. شۇيىلى كوۋزيۈەن ئېلان قىلغان «ئىشچىلار، خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلىسىگە قايتىپ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن رۇخسەت سوراش ۋاقتى ۋە ئىش ھەققى تەمىناتى توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» ئىجرا قىلىندى. ئومۇمەن داۋاملىق خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىل توشقان ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر دادىسى، ئانىسى، جۈرىسى بىلەن بىر يەردە بولمىسا، شۇنداقلا ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن دەم ئېلىش، بايرام كۈنلىرىدە ئائىلىسىگە قايتىپ ئۇلار بىلەن جەم بولالمايدىغان بولسا، تۇغقان يوقلاش بەلگىلىمىسى مۇئامىلىسىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، پرىنسىپ جەھەتتە ھەر يىلى بىر قېتىم ئىككى ھەپتىدىن ئۈچ ھەپتىگىچە رۇخسەت بېرىلىدۇ، شۇ ئادەمنىڭ ئىش ۋاقتىغا قاراپ ھېسابلاپ بېرىلىدىغان ئىش ھەققى ئۆلچىمى بويىچە ئىش ھەققى بېرىلىدۇ (ئۆلچەملىك ئىش ھەققىگە تۇرمۇش ياردەم پۇلى قوشۇلىدۇ، باشقا ھېچقانداق قوشۇمچە ياردەم ۋە ساقلاپ قېلىنغان ئىش ھەققىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە بارغان ـ كەلگەن يول كىراسى ئاتچوت قىلىپ بېرىلىدۇ.

1960 ـ يىلى لەنجۇ ـ شىنجاڭ تۆمۈر يولىدا پويىز قاتناپ، مال باھاسى تۆۋەنلىدى. 4 ـ ئايدىن باشلاپ كادىرلار ۋە ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققى ئىچىدىكى 15% چېگرا رايون ياردەم پۇلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئىشچىلارنىڭ رايونلار ياردەم پۇلى نامدا بولماسلىق، ئەمەلىيەتتە بولۇش چارىسى بىلەن ھەل قىلىنىپ، ساقلىنىپ قالغان ئىش ھەققى يولغا قويۇلدى. كېيىن يېڭىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىشچىلارغا ساقلىنىپ قالغان ئىش ھەققى بېرىلمىدى.

1963 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئىش ھەققى خېلى زور ھەجىمدە تەڭشەلدى. بانكا سىستېمىسىدا 40% ئىشچى ـ خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسى ئۆستۈرۈلدى. 8 ـ ئايدا مەركەزنىڭ مۇكاپاتلاش ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى «كارخانا ئورۇنلىرىدا ئۇنىۋېرسال مۇكاپاتلاش چارىسىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش لايىھىسى»نى تۈزۈپ چىقتى، ئومۇمەن ناھىيە (شەھەر) لىك بانكىغا قاراشلىق تىجارەت بۆلۈملىرى، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، تىجارەت پونكىتلىرى، شۆبە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى، خەلق پۇل ئامانەت پونكىتى قاتارلىق ئاپپاراتلار كارخانا ئورنى ھېسابلىنىپ، ئۇنىۋېرسال مۇكاپاتلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. مۇكاپات سوممىسى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆلچەملىك ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئالتە پىرسەنتى بويىچە ئاجرىتىلىپ، ئۇنىڭ 90 پىرسەنتىدىن

كۆپرەكى شەخسلەرنى مۇكاپاتلاشقا ئىشلىتىلىپ، كارخانا خادىملىرىنىڭ 50 پىرسەنتى ئەتراپىدا مۇكاپاتلاندى، مۇكاپات ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلدى، ئىلغار كوللېكتىپنى مۇكاپاتلاشتا پەقەت تەقدىرنامە تارقىتىپ بېرىلدى.

خەلق باش بانكىسىنىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، 1963 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پاراۋانلىق پۇلى تەمىنات ئۆلچىمى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆلچەملىك ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 2.5% ى بويىچە ئاجرىتىلدى.

1964 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى ئىجرا قىلىنىپ، جۈرئەت بىلەن بىرگە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ تۇرغان ئىشچى - خىزمەتچىلەر داۋاملىق خىزمەت قىلغىنىغا ئون يىل توشقان بولسا، ھۆكۈمەت خىراجىتى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى بىر قېتىم يوقلاپ كېلىدىغان، يولغا كېتكەن ۋاقىتنىڭ سىرتىدا ئائىلىسىدە 15 كۈن تۇرالايدىغان بولدى.

1971 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ، مەركەزنىڭ يوليورۇقنىڭ روھىغا ئاساسەن، ئۇنىۋېرسال مۇكاپات تۈزۈمى قوشۇمچە ئىش ھەققىگە ئۆزگەرتىلدى.

1972 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئىش ھەققى تۆۋەن خادىملارنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى، شۆبە بانكا ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەر دەرىجىلىك تارماق بانكىلاردا 20% ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى.

1977 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بانكا سىستېمىسىدىكى 40% ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلدى.

1978 - يىلى باش بانكا «بانكا سىستېمىسىدا مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، مۇكاپاتلاش تۈزۈمىنى تەدرىجىي ئەسلىگە كەلتۈردى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىلگىرى ئۇنىۋېرسال مۇكاپات يولغا قويۇلغان، ئۆزگەرتىلگەن كارخانا شتاتىدىكى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە مۇكاپاتلاش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى، مۇكاپات سوممىسى شۇ ئورۇندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆلچەملىك ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ ئون پىرسەنتى بويىچە ئاجرىتىلدى، قوشۇمچە ئىش ھەققى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى.

1979 - يىلىدىكى مەملىكەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى تەڭشەشتە شىنجاڭ بانكا سىستېمىسىدىكى 40% ئىشچى - خىزمەتچىنىڭ ئىش ھەققى ئۆستۈرۈلدى.

1980 - يىل 1 - ئايدىن باشلاپ بانكا سىستېمىسىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ھەر ئايدا 2.30 يۈەن يېيىنىش - تارتىنىش پۇلى تارقىتىپ بېرىلىدىغان بولدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر پاراۋانلىق پۇلى ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 11 پىرسەنتى بويىچە ئاجرىتىلدى، بۇنىڭدىن يەتتە پىرسەنتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ داۋالىنىش پۇلى (ئائىلە تاۋابىئاتلارنىڭ داۋالىنىش قوشۇمچە پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، تۆت پىرسەنتى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىيىنچىلىق قوشۇمچە ياردىمىگە ئىشلىتىلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن بىرلىكتە شەھەر - بازاردا ياشايدىغان، شۇ كىشى تەمىنلەپ باقىدىغان بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتىگە 50% قوشۇمچە ياردەم بېرىلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر تەمىنلەپ باقىدىغان يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق بىۋاستە ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ داۋالىنىش خىراجىتى يېزىلاردىكى ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش چارىسى بويىچە ھەل قىلىندى.

شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «چەت - يىراق، جاپالىق رايونلاردىكى كادىرلارنىڭ ساقلىقىنى ساقلاش خىزمىتى توغرىسىدا سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدىغان چارە» نى ئېلان قىلدى، بەلگىلىمە بويىچە ساقلىقنى ساقلاش دائىرىسى ئۈچ خىل رايونغا ئايرىلىپ، كادىرلارنىڭ بەدەن تەكشۈرۈتۈش ۋە ئارام ئېلىش تۈزۈمى ئورنىتىلدى. چەت، يىراق جاپالىق رايونلاردىكىلەرگە ساقلىق ساقلاش پۇلى بىرىنچى خىلدىكى رايوندا ھەر ئادەمگە ھەر ئايدا 18 يۈەن، ئىككىنچى خىل رايوندا 12 يۈەن، ئۈچىنچى خىل رايوندا توققۇز يۈەن بېرىلدى.

1981 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى «، گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغقان يوقلاش تەمىناتى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى، نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە» نى

تۇزۇپ چىقتى، ئۇنىڭدا جۇرىسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇغقان يوقلاش رۇخسىتى ۋاقتى 30 كۈن؛ ئۆيلەنمىگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنى يوقلاش رۇخسىتى ۋاقتى 20 كۈن؛ ئۆيلەنگەن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاتا - ئانىسىنى يوقلىشىغا ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم رۇخسەت بېرىش، ئۇنىڭ رۇخسەت ۋاقتى 30 كۈن (ھۆكۈمەت بېكىتكەن ئارام ئېلىش كۈنى ۋە قانۇندا بەلگىلەنگەن بايرام كۈنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قىلىش، 50 ياشقا توشقان ئەر ئىشچى - خىزمەتچىلەر، 45 ياشقا توشقان ئايال ئىشچى - خىزمەتچىلەر ياكى شىنجاڭدا داۋاملىق خىزمەت قىلىۋاتقىنىغا 25 يىلدىن ئاشقان ئىشچى - خىزمەتچىلەر تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن، پويىزدا ئۇدا 24 سائەتتىن ئارتۇق ئولتۇرۇشقا توغرا كەلگەن بولسا ئۇلارنىڭ قاتتىق ئورۇندۇقلۇق پويىزدىكى كارىۋات پۇلىنى ئاتچوت قىلىپ بېرىش بەلگىلەنگەن.

1983 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى تەڭشەلدى. بانكا سىستېمىسىدا كۆپەيگەن ئىش ھەققى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ بىرقىسمىنى دۆلەت ئۈستىگە ئالدى، بىر قىسمىنى بانكا ئۆز مەبلىغى بىلەن ئۈستىگە ئالدى. ئىش ھەققى ئىككى دەرىجە ئۆستۈرۈلگەنلەرنىڭ بىر دەرىجىسى مەمۇرىي دەرىجە پەرقى بويىچە، بىر دەرىجىسى يېڭى كارخانا دەرىجىسى پەرقى بويىچە ئۆستۈرۈلدى. شۇ يىلى 8 - ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك - كادىرلار نازارىتى، مالىيە نازارىتىنىڭ بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ پېنسىيە پۇلى، خىزمەتتىن چېكىنىش تۇرمۇش پۇلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن كاپالەت سانى ئۆستۈرۈلدى. شىنجاڭ تەۋەسىدە ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ پېنسىيە پۇلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن كاپالەت سوممىسى 30 يۈەندىن 40 يۈەنگە، خىزمەتتىن چېكىنىش تۇرمۇش پۇلىنىڭ ئەڭ تۆۋەن كاپالەت سوممىسى 30 يۈەندىن 32 يۈەنگە، خىزمەت سەۋەبىدىن مېيىپ بولۇپ ئەمگەك ئىقتىدارىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلارنىڭ ئەڭ تۆۋەن كاپالەت سوممىسى 40 يۈەندىن 50 يۈەنگە ئۆستۈرۈلدى. 9 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «زىيالىيلارنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» سى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىدى. ئومۇمەن 1983 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ خىزمەتكە تەقسىم قىلىنغان ئاسپىرانتلار، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنى مەلۇم قىلغان كۈندىن ئېتىبارەن رەسمىيلەشتۈرۈپ دەرىجە بېكىتىلگەن ئىش ھەققى تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولدى؛ بىرىنچى، ئىككىنچى خىل رايونلاردىكى ناھىيە، دېھقانچىلىق تۈەن - مەيدانلىرىدىن تۆۋەن ئورۇنلاردىكى (ناھىيە، تۈەن - مەيداننى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ)، ئۈچىنچى، تۆتىنچى خىل رايونلاردىكى (ئاپتونوم ئوبلاست، ۋىلايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) زىيالىيلارغا بىر دەرىجە لەيلىمە ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلدى؛ ئوخشاش بولمىغان رايونلاردا خىزمەت قىلغان زىيالىيلارغا ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەم بويىچە گېزىت - ژۇرنال پۇلى قوشۇمچە ياردىمى ۋە ئىش ئورنى، تېخنىكا قوشۇمچە ياردىمى بېرىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 1984 - يىل 7 - ئايدىن «زىيالىيلار ۋە چېگرا رايوندىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش تەمىناتىنى يەنىمۇ ياخشىلاشقا دائىر بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمە» سىدە لەيلىمە ئىش ھەققىنى يولغا قويۇش دائىرىسى كېڭەيتىلگەن، ئۇنىڭدا مۇنۇلار بەلگىلەنگەن: ئومۇمەن شىنجاڭدا خىزمەت قىلىۋاتقان زىيالىيلار ۋە شىنجاڭدا ئەمەلىي خىزمەت قىلغىنىغا 25 يىل بولغان دۆلەت كادىرلىرىغا ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى ئىش ھەققى ئۆلچىمى ئاساسىدا بىردەرىجە لەيلىمە ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىلىدۇ. چېگرا رايوندا خىزمەت قىلىش يىل چەكلىمىسى قوشۇمچە ياردىمى يولغا قويۇلىدۇ. شىنجاڭدا خىزمەت قىلغىنىغا بىر يىل بولغان، بەش يىلغا توشمىغانلارغا ھەر ئايدا ئىككى يۈەن، بەش يىل بولغانلارغا ھەر ئايدا ئۈچ يۈەن بېرىلىدۇ. 1984 - يىلى خىزمەت نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان ئالاھىدە تۆھپىسى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسى ئۆستۈرۈپ مۇكاپاتلاندى.

1985 - يىل 11 - ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى «ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ دەم ئېلىپ داۋاملىنىشىغا ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش» چىقىرىپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ نۆۋەت بىلەن دەم ئېلىش داۋالىنىشى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىمە چىقاردى: 1) دەم ئېلىپ داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولۇش شەرتى توغرىسىدا.

(1) مۇئاۋىن باشقارما باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلار؛ (2) ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇنۋانى بار كادىرلار؛ (3) 45 ياشتىن يۇقىرى ئالىي، ئوتتۇرا تېخنىكوم پۈتتۈرگەنلەر؛ (4) بانكا سىستېمىسىدىكى ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خىزمەت ئىلغارلىرى؛ (5) 55 ياشتىن ئاشقان ئەر، 50 ياشتىن ئاشقان ئايال ئىشچى - خىزمەتچى (دەم ئېلىشقا، پېنسىيىگە چىققانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ (6) ئالاھىدە ئەھۋالى بولۇپ، ھەقىقەتەن دەم ئېلىپ داۋالىنىشقا تېگىشلىك بولغان باشقا ئىشچى - خىزمەتچىلەر. 2) ئومۇمەن دەم ئېلىپ داۋالىنىشتىن بەھرىمەن بولىدىغان ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە دەم ئېلىپ داۋالىنىش مەزگىلىدە بىردەك كاماندۇروپكىغا چىقىش بويىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. 3 ) دەم ئېلىپ داۋالىنىش ۋاقتى ئىككى ئايدىن ئۈچ ئايغىچە بولىدۇ. 4) گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ ساناتورىيىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 1 -، 2 - ئىشچىلار ساناتورىيىسىدە نۆۋەتلىك دەم ئېلىپ داۋالىنىدۇ.

شۇ يىلى 12 - ئايدا ئىش ھەققى ئىسلاھ قىلىنىپ، دەرىجىلىك ئىش ھەققى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئىش ھەققى ئاساسىي ئىش ھەققى، ۋەزىپە ئىش ھەققى ۋە خىزمەت ستاژى ئىش ھەققىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپتى. شىنجاڭدا يەنە تۇرمۇش ياردەم پۇلى قوشۇلدى. 1985 - يىل 7 - ئايدىن باشلاپ يېڭى ئىش ھەققى تۈزۈمى ئىجرا قىلىندى.

# V باب

# مەمۇرىي تەپتىشلىك ۋە تەپتىشلىك

پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ۋە تەپتىشلىك پۇل مۇئامىلە ساھەسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلدى. ھازىرقى زامان بانكىلىرى ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئىچكى قىسمىدىكى تەپتىشلىك تۈزۈمى ئورنىتىلدى. مىنگو دەۋرىدە مەركىزىي بانكىنىڭ ئورۇمچى، قۇمۇل شۆبە بانكىلىرى «مەركىزىي بانكا قانۇنى» دىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن نازارەتچىلىك ھەيئىتى تەسىس قىلىنغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىدا (تىجارەت بانكىسىغا ئۆزگەرتىلگەن مەزگىلدە) نازارەتچىلىك ھەيئىتىنىڭ سىرتىدا يەنە باش دىرېكتورنىڭ بىۋاسىتە باشقۇرۇشىدا تەپتىشلىك باشقارمىسى تەسىس قىلىنغان. نازارەتچىلىك ھەيئىتى بىلەن تەپتىشلىك باشقارمىسى ئىچكى قىسمىدىكى تەپتىشلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلدى، مەيلى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ياكى خۇسۇسىي ئىگىلىكتىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى بولسۇن، ھەممىسى پۇل مۇئامىلىنى نازارەت قىلىدىغان تارماقلارنىڭ تەپتىشلىكىنى قوبۇل قىلاتتى. مەركىزىي مالىيە مىنىستىرلىكى «ھەر قايسى ئۆلكىلەردىكى ھۆكۈمەت سەرراپخانىلىرىنى نازارەت قىلغۇچى ئەمەلدارلار نىزامنامىسى»نى تۈزۈپ، مەملىكەت بويىچە چوڭ ـ چوڭ شەھەرلەردە بانكا نازارەتچى ئەمەلدار ئىشخانىسى قۇرغان. نازارەتچى ئەمەلدار مالىيە باش مىنىستىرنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، سەرراپخانىلار (ھۆكۈمەت بىلەن سودىگەرلەر بىرلىشىپ قۇرغان ۋە چوڭ ـ چوڭ سودىگەرلەر قۇرغان سەرراپخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نىڭ بارلىق كەسپىنى نازارەت قىلىشنى ئۈستىگە ئالدى. شىنجاڭدا ئۈرۈمچى رايونلۇق بانكا نازارەتچى ئەمەلدارى ئىشخانىسى قۇرۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خەلق بانكىسى ۋە قۇرۇلۇش بانكىسىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، تەپتىش ۋە مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى. 1957 ـ يىلى خادىملارنى سەرخىللاشتۇرۇش، مەمۇرىيەتنى ئىخچاملاش يولغا قويۇلۇپ، بۇ ئاپپارات ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، 1979 ـ يىلىغا كەلگەندە گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقى بىلەن بانكا سىستېمىسىدا مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتلىرى قايتىدىن قۇرۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئارقىمۇ ـ ئارقا پارتىيە ئىنتىزامىنى تەكشۈرۈش تەشكىلاتى ۋە تەپتىشلىك ئاپپاراتى قۇرۇلدى. 1985ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، خەلق بانكىسى، ھەر قايسى كەسپىي بانكا، سۇغۇرتا شىركىتىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، تەپتىشلىك تارماقلىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» (خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش) ھەرىكىتىگە، يېڭى پۇل تارقىتىشقا، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتىگە، پارتىيە ئىستىلىنى تەرتىپكە سېلىش، مالىيىنى چوڭ تەكشۈرۈش، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش، جىنايى ئىشلار جىنايىتىگە زەربە بېرىش ھەرىكىتىگە، كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش ۋە كىرىمىنى چوڭ تەكشۈرۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ، نازارەتچىلىك ۋە تەپتىشلىك فۇنكسىيىلىك رولىنى خېلى ياخشى جارى قىلدۇردى.

## § 1 . مەمۇرىي تەپتىشلىك، ئىنتىزام تەكشۈرۈش

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1950 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇ يىلى 12 - ئايدا تەكشۈرۈش بۆلۈمى قۇرۇلۇپ، نازارەتچىلىك، تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. 1951 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكىلاردا تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇردى. توققۇز مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ پىلان پىتەكچىلىك قىلىش بۆلۈمچىسىگە ئۆزىنىڭ تەۋەلىكىدىكى تارماق بانكىلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ۋاكالىتەن ئىشلەشكە ھوقۇق بەردى. شۇ يىلى 4 - ئايدا باش بانكىنىڭ تۇنجى قېتىملىق مەملىكەتلىك تەكشۈرۈش خىزمىتى يىغىنىدىن كېيىن، شۆبە بانكا تەكشۈرۈش خىزمىتىنى پائال قانات يايدۇردى. شىنجاڭ بويىچە 63 بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرىدىن 22 سى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈلدى. 5 - ئايدا شۆبە بانكا بىرلەشمە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ، 60 كۈندە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەش مەركىزىي تارماق بانكا، 17 ناھىيىلىك تارماق بانكىلاردا پىلان، ۋەزىپە، تۈرلۈك تۈزۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى، رەھبەرلىك خىزمىتى ۋە كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىل قاتارلىقلارنى تەكشۈردى. شۇ يىلى بىر تەرەپ قىلىنغان دېلو 15 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە يولدىن چىققان خاتالىق سەككىز، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىق دېلوسى ئالتە، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالماسلىق جىنايىتى دېلوسى بىر.

1952 - يىلى بانكىدىكى ھەر دەرىجىلىك تەكشۈرۈش خادىملىرى ئۆز بانكىسىدىكى «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتىگە ئاكتىپ قاتناشتى. 1953 - يىل 4 - ئايدا شۆبە بانكا تەكشۈرۈش بۆلۈمى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. ئۇلار ئالدىنقى يېرىم يىلدا 28 كىشىنىڭ خىيانەتچىلىك مەسىلىسىنى قايتا تەكشۈردى. كېيىنكى يېرىم يىلدا «مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش» ھەرىكىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا مالىيە باشقۇرۇش، مەبلەغ ئىشلىتىش، ئاشلىق سېتىۋېلىشقا پۇل چىقىم قىلىش ۋە دېھقانچىلىق قەرز پۇلىنى يىغىۋېلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈردى ھەمدە «ئۈچكە قارشى تۇرۇش» ھەرىكىتى جەريانىدا قېپقالغان دېلولارنى قايتا تەكشۈردى، بېجىرىشكە تاپشۇرۇلغان 32 دېلودىن، 31 دېلونى تەكشۈرۈپ ئاخىرلاشتۇردى. شۇ بىر يىلدا شۆبە بانكا مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسى قوبۇل قىلغان دېلو 143، بۇنىڭدىن يىل ئاخىرىدا 119 دېلو ئاخىرلاشتى. 20 دېلو ئاخىرلاشمىدى. تۆت دېلو تەكشۈرۈشكە قالدۇرۇلدى. جەمئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان ئادەم 36، بۇنىڭ ئىچىدىن جازاغا تارتىلغىنى سەككىز، خىزمەتتىن ھەيدەلگىنى ئالتە، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغىنى ئۈچ، ۋەزىپىسى تۆۋەنلىتىلگىنى بىر، چوڭ گۇناھ يېزىلغىنى ئۈچ، گۇناھ يېزىلغىنى 12، ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگىنى ئۈچ.

1954 - يىل 5 - ئايدا باش بانكا بانكا سىستېمىسىنىڭ پەملىكەتلىك مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، 1954 - يىلدىكى بانكا مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى مالىيە باشقۇرۇش خىزمىتىنى نازارەت قىلىش - تەكشۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، خىيانەتچىلىك، ئىسراپچىلىققا، بەپەرۋالىقنىڭ، نەپسانىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش، «مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش» نى يولغا قويۇش ئىكەنلىكىنى بېكىتتى. باش بانكىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھىغا ئاساسەن خەلق شۆبە بانكىسى مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىگە ئالاقىدار بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا: ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىلىرى بانكا باشلىقى ۋە تەڭ دەرىجىلىك خەلق مەمۇرىي تەپتىشلىك كومىتېتلىرىنىڭ قوش رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلاردىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ دەپ كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى. شۆبە بانكىلاردا مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى، ئۇلارنىڭ كادىرلار شتاتى كادىرلار ئومۇمىي

سانىنىڭ 1‰ — 2‰ نى ئىگىلىدى؛ مەركىزىي تارماق بانكىدىن تۆۋەن ئورۇنلاردا خەلق مەمۇرىي تەپتىشلىك ئالاقىچىسى تەيىنلەندى. مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسىنىڭ ۋەزىپىسى: (1) يۇقىرىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، كونكرېت ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز ئورنىنىڭ خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىش؛ (2) شۆبە بانكىدىكى ھەر قايسى بۆلۈم (بۆلۈم، ئىشخانا، باشقارما) ۋە ئۇلارنىڭ قارمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش؛ (3) پاش قىلىنغان، شىكايەت قىلىنغان دېلولارنى قوبۇل قىلىش؛ (4) شۆبە بانكا باشلىقى، شۇ يەردىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك كومىتېتى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتلىرى بېجىرىشكە تاپشۇرغان مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتى ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلىش. شۇ يىلى خەلق شۆبە بانكىسى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسى جەمئىي ئون ئورۇننى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى. 1954-يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبە بانكىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭدا مەمۇرىي تەپتىشلىك بۆلۈمى تەسىس قىلىندى.

1955 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسى ئاساسەن يېڭى پۇل تارقىتىش ۋە كونا پۇلنى تېگىشىپ يىغىۋېلىشنى نازارەت قىلدى ۋە تەكشۈردى. مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسى ئۈچ نەپەر كادىر ئەۋەتىپ يېڭى پۇل تارقىتىش ئىشخانىسىنىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇپ، يېڭى پۇلنىڭ تارقىتىلىشى، كونا پۇلنىڭ يىغىۋېلىنىشى ۋە قايتا تەكشۈرۈش خىزمىتىگە نازارەت قىلدى.

1956 - يىل شەھەر - يېزىلاردىكى پۇقرالار ئامانەتتى خىزمىتىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش مەركەز قىلىنىپ، سودا، ئاشلىق، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشتىكى كرېدىت خىزمىتى، دېھقانچىلىق قەرز پۇلى ۋە مالىيە خىزمىتى تەكشۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلق مەمۇرىي تەپتىشلىك ئالاقىچىسىنى تەسىس قىلىش ۋە تەرتىپكە سېلىش كۈچەيتىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭ بويىچە بانكا سىستېمىسىدىكى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئالاقىچىسى 195 كە يەتتى، ھەر قايسى نامىيىلىك تارماق بانكىلارنىڭ ھەممىسىدە مەمۇرىي تەپتىشلىك ئالاقىچىسى تەسىس قىلىندى.

1957 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 8 - نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇپ ئىقتىساد قىلىش ھەرىكىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، خادىملار سەرخىللاشتۇرۇلۇپ، مەمۇرىي ئورۇنلار ئىخچاملانغاندا، خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. 1958 - يىلى قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىنىڭ مەمۇرىي تەپتىشلىك بۆلۈمىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ خىزمىتى كادىرلار بۆلۈمى ۋە ئىشخانىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى كۆزۈيۈەننىڭ ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتىنى قايتىدىن قۇردى. شۆبە بانكىدا مەمۇرىي تەپتىشلىك باشقارمىسى، مەركىزىي تارماق بانكىلاردا ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئورۇنلاردا مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىمى قويۇلدى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى مۇنداق بولدى: (1) ئىدارىلار، خەلق تەشكىلاتلىرى، ھەربىي قىسىملار، كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلىگە دائىر قانۇن، ئەمىر - پەرمان، سىياسەت، قائىدە تۈزۈم ۋە مالىيە ئىنتىزامىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش؛ (2) ھەر دەرىجىلىك بانكا ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، خىزمىتىگە سادىق بولۇش، دۆلەتنىڭ قانۇن، ئەمىر - پەرمان، سىياسەتلىرىگە رىئايە قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش، (3) پاش قىلىنغان پۇل مۇئامىلىگە دائىرى قانۇن، ئەمىر - پەرمان، سىياسەت، قائىدە - تۈزۈملەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان، مالىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان دېلولارنى ۋە دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلىگە دائىر قانۇن - قائىدىلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلغانلىقتىن زەربە يەپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دېلولارنى قوبۇل قىلىش ۋە تەكشۈرۈش؛ (4) ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ خەلقتىن كەلگەن خەت - چەكلەرنى، ئەرز - شىكايەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ،

ئەرزىيەت خىزمىتى ياخشى ئىشلەش؛ (5) سوتسىيالىستىك قانۇن - تۈزۈمگە رىئايە قىلىش، پۇل مۇئامىلىگە دائىر قانۇن، ئەمىر - پەرمان، سىياسەت، قائىدە - تۈزۈملەرنى ۋە مالىيە ئىنتىزامىنى قوغداش توغرىسىدىكى تەشۋىق - تەربىيىنى قانات يايدۇرۇش؛ (6) نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش جەريانىدا كۆرۈلگەن مەسىلىلەرگە ئاساسەن، پۇل مۇئامىلىنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى ياخشىلاش توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بېرىش. مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتى تەڭ دەرىجىلىك بانكىنىڭ بىر فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇپ، تەڭ دەرىجىلىك بانكىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىدۇ. مەمۇرىي تەپتىشلىك باشقارمىسىنىڭ شتاتى ئۈچتىن بەشكىچە بولدى. مەركىزىي تارماق بانكا، ناھىيىلىك تارماق بانكىلاردا بىردىن ئۈچكىچە مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىمى قويۇلدى. ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىگە بۆلۈمچە دەرىجىلىككە تەڭ كادىر قويۇلدى، ئۇنى مەركىزىي تارماق بانكا ئەستىقلاپ ۋەزىپىگە تەيىنلىدى. مەركىزىي تارماق بانكىنىڭ مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىمى بۆلۈم دەرىجىلىك كادىر بولدى، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكا ئەستىقلاپ ۋەزىپىگە تەيىنلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ناھىيە، تۈەن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئورۇنلاردا ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى شۆبە بانكىلار (شىركەت) نىڭ ھەممىسىدە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىلىرى شۆبە بانكا (شىركەت) پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىكىدە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ فاڭجېن، سىياسەت ۋە قارارلىرىنى ئىجرا قىلدى. بۇ خىزمەتنى مەمۇرىي تەپتىشلىك ئىشخانىسىدىكى بىر يۈرۈش ئادەم ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىپ ئىشلىدى.

1980 - يىلى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 2 - سانلىق يىغىنىنىڭ روھىغا ئاساسەن، بانكىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىدە، بانكىنىڭ ۋەزىپىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا پارتىيە ئىستىلى ياخشىلاندى. پارتىيە ئىنتىزامى چىڭىتىلدى. پارتكوملارغا ھەمكارلىشىپ پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش ۋە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، ئىستىلى توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى. بانكىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەت، تۈزۈملىرى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئەرزىيەت خىزمىتى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەندى. بانكا خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشكە كاپالەتلىك قىلىندى.

1981 - يىلى بانكا ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىدە تەربىيىنى ئاساس قىلىش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە قانۇن - ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش تەربىيىسى بېرىلىپ، خىيانەتچىلىك، ئوغرىلىققا زەربە بېرىلدى. شۇ يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى شۆبە بانكا بىلەن بىرلىكتە «ئىنتىزام تەكشۈرۈش ۋە مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىشنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش توغرىسىدا پىكىر» نى تارقىتىپ، مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىسى، مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىملىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى، مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتلىرى بىلەن ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى، تەربىيىنى ئاساس، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مەمۇرىي تەپتىشلىك خىزمىتىنى بىر تەرەپ قىلىش تەرتىپى قاتارلىقلار توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقاردى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ مەمۇرىي تەپتىشلىك باشقارمىسى بىلەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئىككى ۋىۋىسكا ئېسىپ، بىرلىكتە ئىش بېجىردى. ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق مەركىزىي تارماق بانكىلاردا مەمۇرىي تەپتىشلىك بۆلۈمى ياكى بۆلۈم دەرىجىلىك مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىمى تەسىس قىلىندى. ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورنى ۋە ناھىيىلىك تارماق بانكىغا تەڭ دەرىجىلىك ئاپپاراتلاردا بۆلۈمچە دەرىجىلىك مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىمى تەسىس قىلىندى. تىجارەت پونكىتى، شۆبە

ئىش بېجىرىش ئورنى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىدا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىمى سەپلەندى. يىل ئاخىرىدا يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكا مەمۇرىي تەپتىشلىك باشقارمىسىغا ئۈچ ئادەم سەپلەپ بېرىلدى. ئىلى ئوبلاستلىق شۆبە بانكىدا مەمۇرىي تەپتىشلىك بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. مەركىزىي تارماق بانكا، ناھىيىلىك تارماق بانكىلارغا مەخسۇس ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 53 مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىمى، قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 58 خادىم، تىجارەت پونكىتى، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىغا قوشۇمچە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان 421 مەمۇرىي تەپتىشلىك خادىمى قويۇلۇپ، جەمئىي 535 ئادەم سەپلەندى، ئۇنىڭدىن باشقا 267 مەمۇرىي تەپتىشلىك ئالاقىچىسى سەپلەندى.

1981 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بانكا ۋە ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىدا تۈرلۈك ئىقتىسادىي دېلولار بىر قەدەر كۆپ پاش بولدى. پەقەت يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىلا 159 دېلو يۈز بېرىپ، ئومۇمىي سوممىسى 4 مىليون 470 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ كەتتى. بۇ دېلولار ئاساسەن تىجارەت پونكىتلىرى ۋە ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىدا يۈز بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە 1000 يۈەندىن يۇقىرىسى 43، 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرىسى سەككىز، بانكا تىجارەت پونكىتى كادىرلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسى 34، سوممىسى 1 مىليون 320مىڭ يۈەن؛ ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى كادىرلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسى 103، سوممىسى 1 مىليون 850 مىڭ يۈەن، ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 137، بۇ يۈز بەرگەن دېلونىڭ 86 پىرسەنتىنى، جەمئىي سوممىسى 3 مىليون 790 مىڭ يۈەن، بۇ يۈز بەرگەن دېلولاردىكى ئومۇمىي سوممىنىڭ 84.6 پىرسەنتىنى، قايتۇرۇۋېلىنغان پۇل 2 مىليون 90 مىڭ يۈەن، بۇ ئاخىرلاشقان دېلولاردىكى سوممىنىڭ 55.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

1982 ـ يىلى مەركىزىي كومىتېت «ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش» توغرىسىدا قارار چىقاردى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك بانكىلار شۇ جايدىكى پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە كارخانا مالىيىسىنى چوڭ تەكشۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىشنى قانات يايدۇردى. خەلق شۆبە بانكىسى ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ تۆت خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ 70 كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ 14 ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە 70 تىن ئارتۇق ناھىيىلىك تارماق بانكىنى تەكشۈردى؛ يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى سىستېمىسى (جۈملىدىن ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى) 500 دىن ئارتۇق كادىر ئاجرىتىپ، تەكشۈرۈش، بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى.

8 ـ ئايدا خەلق ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى ئۆز سىستېمىلىرى بويىچە ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش ئەھۋالىنى دوكلات قىلىش يىغىنى چاقىرىپ، تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇپ، تەدبىرلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، كۈرەشنىڭ چوڭقۇر قانات يېيىشىنى ئىلگىرى سۈردى. يىل ئاخىرىغا قەدەر خەلق بانكىسى سىستېمىسى مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان جەمئىي 634 مەسىلىنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقتى. ئۇنىڭ جەمئىي سوممىسى 4 مىليون 127 مىڭ 400 يۈەنگە يەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئىلگىرىدىكى يىللاردىن بۇيانقى 58 تىرىلمەس ھېساباتىكى قەرز پۇل سوممىسى 3 مىليون 790 مىڭ يۈەن؛ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسى 14، سوممىسى 11 مىڭ 155 يۈەن 66 پۇڭ. يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا تەكشۈرۈپ تېپىلغان مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى 4 مىليون 95 مىڭ 300 يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە تۈزۈمگە خىلاپ قەرز بېرىلگەن پۇل 3 مىليون 690 مىڭ يۈەن؛ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي جىنايەت دېلوسى 232، ئادەم سانى 257، ئومۇمىي سوممىسى 547 مىڭ يۈەن، بۇنىڭ ئىچىدە 1000 يۈەندىن يۇقىرى چوڭ دېلو 125، بۇ دېلو ئومۇمىي ساننىڭ 53.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ سوممىسى 489 مىڭ يۈەن. بۇ دېلودىكى ئومۇمىي سوممىنىڭ 89.4 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يۇقىرىقى ھەر خىل ئىقتىسادىي دېلونىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكى تىجارەت پونكىتلىرى

ۋە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىدا يۈز بەرگەن، 64 پىرسەنتىدىن ئارتۇقى خىيانەت ـ ئوغرىلىق دېلوسى، ھاياتكەشلىككە مەدەت بېرىش ياكى قاتنىشىش دېلولىرىدىن ئىبارەت.

شۇ يىلى خەلق ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىلىرى «بانكا، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىدىكى ئىقتىسادىي دېلولار ئىچىدىكى بىر نەچچە مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ سىياسەت چەك ـ چېگراسى (سىناق لايىھىسى)»، «يېزىلاردا پۇل قەرز بېرىش تەرتىپى ۋە تەكشۈرۈپ، تەستىقلاش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدا پىكىر»، «ئىقتىسادىي دېلودىكى بانكا، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرىغا چېتىشلىق زالالىق پۇل، زالالىق ماللارنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر» ۋە «كىرىمدىت، نەق پۇل ۋە ھېسابلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ئىقتىسادىي جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تۈزۈپ چىقتى.

1982 ـ يىلدىن 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاپتونوم رايون بويىچە خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا پاش بولغان ھەر خىل ئىقتىسادىي جىنايى دېلو 26، سوممىسى 27 مىڭ 184 يۈەن 84 پۇڭ؛ تەكشۈرۈپ تېپىلغان ئىقتىسادىي جىنايەت مەسىلىسى 412، سوممىسى 1 مىليون 230 مىڭ يۈەن، مالىيە ئىقتىساد ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى 4281، سوممىسى 16 مىڭ 910 مىڭ يۈەن. ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا تەكشۈرۈپ تېپىلغان ئىقتىسادىي دېلو 418. سوممىسى 927 مىڭ 968 يۈەن 71 پۇڭ. بۇنىڭ ئىچىدە ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپلىرىدىكى دېلو 311، بۇ 74.4% نى تەشكىل قىلىدۇ. 10 مىڭ يۈەنلىك چوڭ دېلو 13، سوممىسى 245 مىڭ 122 يۈەن 87 پۇڭ.

خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا 1984 ـ يىل 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغىچە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان تۈرلۈك ئىقتىسادىي دېلو 13، سوممىسى 22 مىڭ يۈەن؛ يېزا ئىگىلىك بانكىسى سىستېمىسى 1 ـ ئايدىن 4 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە 518 كادىرنى ئاجرىتىپ مالىيىنى چوڭ تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇردى. تەكشۈرۈلگەن ئورۇن 1158، بۇ تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان 1241 ئورۇننىڭ 92.9 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. تەكشۈرۈپ تېپىلغان ئىقتىسادىي دېلو 95، سوممىسى 656 مىڭ 71 يۈەن 80 پۇڭ، 10 مىڭ يۈەنلىكتىن يۇقىرى چوڭ دېلو 13، بۇ دېلو ئومۇمىي سانىنىڭ 13.7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. سوممىسى 350 مىڭ 460 يۈەن 87 پۇڭ.

1979 ـ يىلى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، مەمۇرىي تەپتىشلىك ئاپپاراتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، 1985 ـ يىلغىچە خەلق شۆبە بانكىسى قوبۇل قىلغان ئاممىدىن كەلگەن خەت ـ چەك 444 پارچە، شىكايەت قىلىپ كەلگەن ئادەم 251 ئادەم (قېتىم)، بۇنىڭ ئىچىدە 1984 ـ يىلى قوبۇل قىلغان خەت ـ چەك 115 پارچە، شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەر 43 ئادەم (قېتىم). ھەر قايسى ئاساسىي قاتلام بانكىلار بىۋاسىتە قوبۇل قىلغان خەت ـ چەك ۋە شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا. مۇھىم خەت ـ چەك ۋە زىيارەتكە كەلگەنلەرنى رەھبەرلىك ئۆزى قوبۇل قىلىپ، ئۆزى تەستىق سېلىپ ھەممە خەت ـ چەكنىڭ ئىز دېرىكىنى قىلىپ، ھەممە ئىشقا جاۋاب قايتۇردى.

1985 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پۇل ـ مۇئامىلە سىستېمىسىدا قەرز پۇل ئارقىلىق نەپسانىيەتچىلىك قىلىشنى تەكشۈرۈش قانات يايدۇرۇلدى. پۇل قەرز ئالغۇچىلارغا ئۇلاردىن پىكىر ئېلىش قەغىزى ئەۋەتىش ياكى ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى نۇقتىلىق ئورۇنلارغا بېرىپ زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئەھۋالنى ئىگىلەپ، مەسىلىلەرنى بايقاپ، ئۆز ۋاقتىدا سورۇشتە قىلدى. تەكشۈرۈش ئارقىلىق بايقالغان قەرز پۇل ئارقىلىق نەپسانىيەتلىك قىلىش مەسىلىسى ئاساسەن مۇنۇلاردىن ئىبارەت: (1) سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىپ قالايمىقان قەرز تارقىتىپ، قانۇنسىز ھايىنىغا ئېلىپ ـ سېتىش ھەرىكەتلىرىنى قوللاش؛ (2) پۇل قەرز بېرىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، پۇل قەرز ئالغۇچىلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىش، ئۇلاردىن پارا ئېلىش؛ (3) ئۆز مەيلىچە خەزىنىدىكى پۇل ۋە كىرىمدىت مەبلىغىنى يۆتكەپ ئىشلىتىپ، قولدىن ـ قولغا ئۆتكۈزۈپ قەرز پۇل تارقىتىپ، ئارىدىن پايدا ئېلىش؛ (4) كىرىمدىت، راسچوت، نەق پۇل چىقىم قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەردىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ قانۇنسىز ھالدا

باشقۇرۇش خىراجىتى، رەسمىيەت ھەققى ئېلىپ شەخسلەر بۆلۈشۈۋېلىش؛ (5) كرېدىت مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، مەبلەغ سېلىپ شېرىكلىشىپ سودىگەرچىلىك قىلىش ۋە ئۆزى سودىگەرچىلىك قىلىش؛ (6) خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆزى ئەستىقلاپ باشقىلارنىڭ نامىدا پۇل قەرز ئېلىش ۋە يېقىنلىرىغا قەرز پۇل بېرىش قاتارلىقلار.

يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى قەرز پۇل ئارقىلىق ئەپسانىيەتچىلىك قىلىشتەك ناتوغرا ئىستىلغا قارىتا 10. ئايدا «يېزا ئىگىلىك بانكىسى ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ قەرز پۇل ئارقىلىق ئەپسانىيەتچىلىك قىلىش قاتارلىق ناتوغرا ئىستىللىرىنى قەتئىي مەنئى قىلىش توغرىسىدىكى ئون ماددىلىق بەلگىلىمە» نى تارقاتتى. (1) يېزا ئىگىلىك بانكا - ئىشچى - خىزمەتچىلىرى سودىگەرچىلىك قىلىشقا ياكى شېرىكلىشىپ پاي قوشۇپ كارخا ئېچىشقا، كوللېكتىپ يەككە كارخانىلاردا باش مۇدىر، مۇدىر قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى قوشۇمچە ئۆتەشكە بولمايدۇ؛ (2) ئىش ھەققىنى توختىتىپ، شتاتىنى ساقلاپ قېلىپ، خىزمەت ئورنىدىن ئايرىلىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشقا بولمايدۇ؛ (3) خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، كرېدىت پرىنسىپىغا ۋە قائىدە - تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، يېقىنلىرىغا قەرز پۇل بېرىشكە بولمايدۇ؛ (4) خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، سىياسەتكە خىلاپلىق قىلىپ، ئۆزىگە ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرى، ئەل - ئاغىنىلىرىگە باشقىلارنىڭ نامىدا پۇل قەرز بېرىشكە ياكى ئۆزى ئەستىقلاپ، ئۆزى قەرز ئېلىشقا بولمايدۇ؛ (5) كرېدىت، راسچوت، نەق پۇل چىقىم قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ قانۇنسىز تىجارەت قىلىشىنى قوللاپ، ئارىدىن پايدا ئېلىشقا بولمايدۇ؛ (6) خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، پۇل قەرز ئالغۇچى ئورۇنلارغا بېرىپ يەپ - ئىچىش، ئۇلارنىڭ پۇل ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ئېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ قەرزىنى ئارقىغا سۈرەشكە، بازاردا قىس بولۇۋاتقان تاۋارلارنى ۋاكالىتەن سېتىپ ئېلىپ بېرىشكە ياكى زاۋۇتتىن چىقىش باھاسىدىن تۆۋەن باھادا تاۋار سېتىپ بېرىشكە مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ؛ (7) خىزمەت ھوقۇقى ۋە خىزمەتتىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ، پۇل قەرز ئالغۇچى ئورۇندىن دۆلەتنىڭ قىس ماددىي ئەشيالىرىنى سېتىۋېلىپ، قولدىن - قولغا ئۆتكۈزۈپ سېتىپ ئارىدىن پايدا ئېلىشقا بولمايدۇ؛ (8) پۇل قەرز ئالغۇچى ئورۇن ۋە قەرز ئالغۇچىلار بەرگەن پارىنى قوبۇل قىلىشقا ياكى ئۇلارنىڭ ئىشىغا يول ئېچىپ بېرىش نامىدا تاپان ھەققى ئېلىشقا، شېرىنكانە ئېلىشقا، مۇكاپات پۇلى، مۇكاپات بويۇمى قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلىشقا بولمايدۇ؛ (9) خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ھەر قانداق شەخس خىراجەت تالونلىرىنى پۇل قەرز ئالغۇچى ئورۇنغا ئاتچوت قىلدۇرۇشقا بولمايدۇ؛ (10) پۇل قەرز ئالغۇچى ئورۇن ۋە پۇل قەرز ئالغۇچىلارنىڭ ھەر قانداق بويۇمىنى ھەقسىز ئىگىلەپ ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەرگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار ئەھۋالىنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكى ۋە پارتىيىنىڭ سىياسىتىگە ئاساسەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

ھەر قايسى شۆبە بانكىلار 1985 - يىلى چوڭ ۋە مۇھىم دېلولارنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، دېلونى ئاخىرلاشتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسى 1000 يۈەندىن يۇقىرى 58 ئىقتىسادىي دېلونى تەكشۈرۈپ تاپتى. ئۇنىڭ سوممىسى 610 مىڭ 742 يۈەن. بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك تارماق بانكىنىڭ بىر، سوممىسى 1225 يۈەن؛ تىجارەت پونكىتىنىڭ 14، سوممىسى 254 مىڭ 274 يۈەن؛ ئامانەت قەرز كوپىراتىپىنىڭ 43، سوممىسى 355 مىڭ 243 يۈەن؛ 10 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى دېلو 15، سوممىسى 452 مىڭ 473 يۈەن، ئاخىرلاشتۇرۇلغان دېلو 44. بۇ ئومۇمىي دېلونىڭ 75.8 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. قايتۇرۇلغان زالىق پۇل 344 مىڭ 388 يۈەن، بۇ جىنايى دېلو ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 56.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

## 2 § . مەمۇرىي تەپتىشلىك، بانكا تەپتىشلىكى

گومىنداڭ ھۆكۈمىتى مىنگونىڭ 25 ـ يىلى (1936 ـ يىلى) «بانكا قانۇنى» نى ئېلان قىلىپ، مەركەزدە ئاساسلىق باشقۇرغۇچى مەھكىمە، يەرلىكتە ئاساسلىق ئەمەلدار مەھكىمىسىنى، بانكا كەسپىنى ۋە ھېساباتلىرىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدى. شىنجاڭدا ئۆرۈمچى رايونلۇق بانكىغا نازارەت قىلىش ئەمەلدارى باشقارمىسى تەسىس قىلىنىپ بۇ ئىشنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان بولدى.

مەمۇرىي پالاتا مىنگونىڭ 34 ـ يىلى (1945 ـ يىلى) مالىيە مىنىستىرلىكىنىڭ مەركىزىي بانكىغا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي پائالىيىتىگە نازارەتچىلىك قىلىش ھوقۇقى بېرىشنى تەستىقلىدى. شىنجاڭدا مەركىزىي بانكىنىڭ ئۆرۈمچى شۆبىسى بۇ ئىشنى ئۈستىگە ئالدى. تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى تۆۋەندىكى 15 تۈرلۈك ئىدى: (1) ئادەتتىكى ئىشلار، جۈملىدىن تىجارەت كىنىشكىسىنى ئەنگە ئېلىش، تەشكىلىي ئىش تەقسىماتى، ئامانەت پۇل مەنبەسى، مەبلەغنىڭ ئىشلىتىلىش، بانكا ئېلىكىدىكى پۇلنىڭ كەڭتاشا ياكى قىسلىقى، مالىيىنىڭ پايدا ـ زىيىنى، بوغالتىرىيە ھېساباتى قاتارلىقلار؛ (2) نەق پۇل، توشۇلۇۋاتقان نەق پۇل، ۋېكسىل ئالماشتۇرۇش قاتارلىقلار؛ (3) قەرز پۇل تارقىتىش، ئاشۇرۇپ چىقىم قىلىش، دىسكونت، رەنىلىك پېرېۋوت ئەھۋالى، جۈملىدىن پۇتۇم، گۆرۈ بويۇمى، ساراي تالونى، قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇل قاتارلىقلار؛ (4) مەبلەغ سېلىش ۋە باھالىق ئەكسىيە ئەھۋالى؛ (5) قەرەللىك ۋە قەرەلسىز ئامانەت پۇلنىڭ سېلىشتۇرما نىسبىتى، ئوتتۇرىچە قالدۇقى، ئامانەت پۇل تەييارلىق فوندىنى تاپشۇرۇش ئەھۋاللىرى؛ (6) خاس چەكنىڭ مەبلىغى، ئۇنىڭ چىقىمىنى كاپالەتلەندۈرۈش، شۇ مەزگىللىكى، يىراق مەزگىللىكى، چىقىم قىلىنىشى قاتارلىق ئەھۋاللىرى؛ (7) پېرېۋوت پۇل (جۈملىدىن تاشقى پېرېۋوت) نىڭ راۋان پېرېۋوت قىلىنىش نۇقتىلىرى، كەلگەن ـ كەتكەن پېرېۋوت سانى قاتارلىق ئەھۋاللار؛ (8) كەسىپداشلار مۇئامىلىسى، ئارىيەت ئېلىش، ئارىيەت بېرىش، پەرقىنى بوغۇش قاتارلىق ئەھۋاللار؛ (9) ۋاقىتلىق كىرىم ـ چىقىم، قەرەللىك كىرىم ـ چىقىم قاتارلىق ئەھۋاللىرى؛ (10 ) چىقىمى ئېتىراپ قىلىنغان پۇتۇم ۋە ئۇنىڭ كاپالىتى قاتارلىق ئەھۋاللار؛ (11) تۇرۇپ قالغان ھېساب ۋە تىرىلمەس ھېساب ئەھۋاللىرى؛ (12) بانكىلار ئارا مۇئامىلىگە دائىر راسچوت پەرقىنى بوغۇش ئەھۋاللىرى؛ (13) باشقا ئىشلار. جۈملىدىن دېرى تۇراقلىق مۈلۈك، جامائەت جۇغلانمىسى ۋە پايدا تەقسىم قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار؛ (14) قەرەللىك ـ قەرەلسىز ئامانەت پۇل، بانكىلار ئارا مۇئامىلە، دىسكونت ئۆسۈم نىسبىتى، پېرېۋوت قىلىش رەسمىيەت ھەققى، تۈرلۈك چىقىم، خىراجەتنى چىچىش قاتارلىق ئەھۋاللىرى؛ (15) پۇقرالار پۇل ئامانىتى بۆلۈمى ۋە ھاۋالە بۆلۈمىنىڭ پۇقرالار ئامانەت پۇلىنى ئىشلىتىشى، ئامانەت پۇل كاپالەت سوممىسى قاتارلىق ئەھۋاللار؛ لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم دائىرىدىكى تەپتىش، نازارەتچىلىك بىلەنلا چەكلەنگەنىدى.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە تەپتىشلىك تۈزۈلمىسى مۇكەممەل بولمىدى. پەقەت بوغالتىرىيە تارمىقىدىلا مەلۇم خادىملارنى بەلگىلەپ بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوغالتىرىيە نازارەتچىلىكى سۈپىتىدە، ئىچكى ھېسابات ۋە مالىيە تەكشۈرۈپ تۇرۇلدى. 1978 ـ يىلى پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئورتكىسىدە، پۇل مۇئامىلە تەپتىشلىكى ئاندىن بەرپا بولدى ۋە راۋاجلاندى.

1982 ـ يىلدىن باشلاپ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى ۋە جۇڭگو بانكىسىدا بوغالتىرىيە تەپتىشلىكى تۈزۈمى ئارقا ـ ئارقىدىن بەرپا قىلىندى.

1983 - يىلى گوۋۇيۈەن «جۇڭگو خەلق بانكىسى، مەركىزىي بانكىنىڭ فۇنكسىيىسىنى مەخسۇس يۈرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارار» نى چىقىرىپ كەسپىي بانكا ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي پائالىيىتىنى ماسلاشتۇرۇش، يېتەكچىلىك قىلىش، نازارەت قىلىش ۋە تەكشۈرۈشنى جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ بىر مۇھىم ۋەزىپىسى قىلىپ بەلگىلىدى.

1985 - يىل 1 - ئايدا، ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت بانكىسى ھەر دەرىجىلىك تارماق بانكىلاردا ئەيىبلەش، مەمۇرىي ئەيىبلەش تارماقلىرىنى تەسىس قىلدى. شۇ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قۇرۇلۇش بانكىسى ئەيىبلەش باشقارمىسى قۇرۇپ، ئىچكى ئەيىبلەش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، قۇرۇلۇش بانكا سىستېمىسىنىڭ مالىيە كىرىم - چىقىمى ۋە مەمۇرىي پائالىيەتلىرىنى ئەيىبلەش قىلدى ۋە نازارەت قىلدى. 5 - ئايدا خەلق باش بانكىسى خەلق بانكىسىنىڭ ئەيىبلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى قارار قىلىپ ئەيىبلەشكىنىڭ دائىرىسىنى ھېسابات ۋە مالىيىنى تەكشۈرۈشتىن كەسپىي تىجارەتنى تەكشۈرۈشكە كېڭەيتتى. خەلق بانكىسىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىسىدە ئەيىبلەش باشقارمىسى، ئىككىنچى دەرىجىلىك شۆبە بانكىلاردا ئەيىبلەش بۆلۈمى تەسىس قىلىندى. باشقا كەسپىي بانكىلار ۋە سۇغۇرتا شىركىتىدە ئىچكى ئەيىبلەش تۈزۈمى بەرپا قىلىنىپ، ئەيىبلەش تارماقلىرى تەسىس قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ ئەيىبلەش سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.

7 - ئايدا خەلق باش بانكىسى «جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ ئەيىبلەش خىزمىتى توغرىسىدا ۋاقىتلىق بەلگىلىمە» نى تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسى ھەر قايسى كەسپىي بانكىلار، سۇغۇرتا شىركىتى، خەلقئارا ھاۋالە مەبلەغ شىركىتى ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ كەسپىي پائالىيىتىنى ئەيىبلەش قىلىشنى باشلىدى. (1) دۆلەتنىڭ مەمۇرىي فاكچېن سىياستى ۋە پۇل مۇئامىلە فاكچېن سىياستىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛ (2) دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن، پەرمان، نىزاملىرىنى ۋە مەركىزىي بانكىنىڭ تۈرلۈك بەلگىلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛ (3) كرېدىت پىلانى، نەق پۇل پىلانى، تاشقى پېرېۋوت پىلانى ۋە مالىيە پىلانىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالى؛ (4) مەبلەغنى تىجارەتكە سېلىش ۋە ئۇنىڭ مەمۇرىي ئۈنۈم ئەھۋالى؛ (5) خەلق بانكىسى ئەيىبلەش قىلىشقا تېگىشلىك دەپ قارىغان باشقا ئىشلار ئەيىبلەش قىلىندى. خەلق بانكىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەيىبلەش تارماقلىرى تەڭ دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەيىبلەش تارماقلىرىغا كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدۇ؛ خەلق بانكىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئەيىبلەش تاماقلىرى ئۆز سىستېمىسىنىڭ كەسپىي پائالىيىتى ۋە مالىيە كىرىم - چىقىمىنى ئەيىبلەش قىلدى.

1985 - يىلىنىڭ بېشىدا ھەر قايسى شۆبە بانكىلار گوۋۇيۈەننىڭ «1984 - يىلدىكى بانكىنىڭ پۇل قەرز بېرىش مەسىلىسىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇش» نى ئىجرا قىلىپ كرېدىتنىڭ تېزگىنسىز قېلىشىنى تۈزىتىپ پۇل - مۇئامىلىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ تۇراقلىق ئېشىشىنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈردى. تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت بولدى: (1) يىل ئاخىرىدىكى قەرز پۇل ئاساسىي سانىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن زەربىدارلىق بىلەن قەرز پۇل تارقىتىش؛ (2) بانكىنىڭ كرېدىت مەبلىغىنى ھاۋالە تارماقلىرىنىڭ مەبلىغىگە ئايلاندۇرۇش؛ (3) دۆلەتنىڭ سىياسەت بەلگىلىمىسىگە خىلاپلىق قىلىپ ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق شەرتلەر بىلەن بەس - بەستە قەرز پۇل تارقىتىش؛ (4) كارخانىلار پۇل قەرز ئېلىپ قالايمىقان مۇكاپات، قوشۇمچە ياردەم پۇلى تارقىتىش؛ (5) ناتوغرا يول بىلەن دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تاشقى پېرېۋوت سېتىۋېلىشقا زەربىدارلىق بىلەن قەرز پۇل تارقىتىش؛ (6) ناتوغرا يول بىلەن نورغۇن نەق پۇل ئېلىپ چەت ئەل پۇلى ۋە قىس ئاۋارلارنى ئېلىپ سېتىش قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەر. ھەر قايسى بانكىلارنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق شىنجاڭ بويىچە يىل ئاخىرىدا زەربىدارلىق بىلەن قەرز پۇل تارقىتىش، قارىغۇلارچە قەرز پۇل بېرىش، كرېدىتنى ھاۋالىگە ئايلاندۇرۇش،

قەرز پۇل ئارقىلىق ئىستېمال فوندىنى كېڭەيتىش قاتارلىق نامۇۋاپىق قەرز پۇلدىن 41 مىليون يۈەن تەكشۈرۈپ تېپىلدى، بۇ، شۇ يىلقى قەرز پۇلنىڭ ئاشقان سوممىسىنىڭ 3.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

گوۋۇيۈەننىڭ شۇ يىلى 10 - ئايدا جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ «كرېدىتنى تەكشۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلادى» نى تەستىقلاپ چۈشۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇپ تەشكىللەپ ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى كرېدىت تەكشۈرۈش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللىدى. ئۇنىڭغا ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قىدىرباي گۇرۇپپا باشلىقى، جىن يۈنخۇي (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى)، ۋېي شېڭفۇڭ (ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ باشلىقى) مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى، ھەر قايسى كەسپىي بانكىلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق شۆبىلىرى ۋە شۆبە سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى گۇرۇپپا ئەزاسى بولدى. ئۇلار كرېدىت تەكشۈرۈش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. ھەر دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال ئۆز - ئۆزىنى تەكشۈرۈش، كېيىن بىر - بىرىنى تەكشۈرۈش، قارىمىقىدىكى بانكىلارنى نۇقتىلىق تاللاپ تەكشۈرۈش، خەلق بانكىسى ئارىلاپ تەكشۈرۈش، نۇقتا بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش، قاتلاممۇ - قاتلام مەسئۇل بولۇش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ھەر دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تەپتىشلىك تارماقلىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەكشۈرۈشكە قاتناشتى. پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە ناھىيە دەرىجىلىك 166 تارماق بانكا تەكشۈرۈلۈپ، تارماق بانكا ئومۇمىي سانىنىڭ 54.2 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 550 تىجارەت پونكىتى تەكشۈرۈلۈپ، تىجارەت پونكىتى ئومۇمىي سانىنىڭ 66.5 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. 555 ئامانەت قەرز كوپېراتىپى تەكشۈرۈلۈپ، ئامانەت قەرز كوپېراتىپلىرى ئومۇمىي سانىنىڭ 66.4 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. جۇڭگو بانكىسىنىڭ شۆبە تارماق ئاپپاراتلىرى بولمىغاچقا، قېرىنداش ئۆلكە ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىلار بىلەن بىر - بىرىنى تەكشۈردى. شىنجاڭ بويىچە كرېدىت تەكشۈرۈشتە ئاساسەن مۇنداق مەسىلىلەر بايقالدى: بىر قىسىم تۇراقلىق مۈلۈككە بېرىلگەن قەرز پۇلنىڭ ئۈنۈمى ناچار بولغان، بەزىلىرىدە پىلان سىرتىدا مەبلەغ سېلىنىشقا مەدەت بېرىلگەن. 1985 - يىل 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە پىلان سىرتىدىكى تۇراقلىق مۈلۈككە مەبلەغ سېلىشقا جەمئىي 7 مىليون 850 مىڭ يۈەن قەرز پۇل ئاقتۇرۇلغان، كارخانىلارنىڭ باشقا قەرز پۇلدىن تۇراقلىق مۈلۈككە يۆتكەپ ئىشلەتكىنى 9 مىليون 190 مىڭ يۈەن، ئۆزىدە بار كۆچمە مەبلەغدىن ئاساسىي قۇرۇلۇشقا ئىشلەتكىنى 15 مىليون 740 مىڭ يۈەن؛ (2) نامۇۋاپىق بېرىلگەن قەرز پۇل كۆپ، كۆچمە مەبلەغنى ئىگىلىۋېلىش، يۆتكەپ ئىشلىتىۋېلىش ئەھۋاللىرى خېلى ئېغىر، نامۇۋاپىق ئىگىلىۋېلىنغان تۈرلۈك مەبلەغ، زىيان، بېسىلىپ قالغان ماددىي ئەشيا، تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغ ئۆز مەبلىغىنىڭ يېتىشمىگەن قىسمىغا ئىگىلىۋېلىنغان مەبلەغنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، جەمئىي 957 مىليون 170 مىڭ يۈەن؛ (3) شەھەر، بازارلاردىكى كوللېكتىپ ۋە يەككە كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىشتە مەسىلە كۆپرەك بولۇپ، قەرز ئالغۇچىلار ئومۇمىي سانى 1368، 688 ئورۇنغا نامۇۋاپىق بېرىلگەن 27 مىليون 120 مىڭ يۈەن قەرز پۇل تەكشۈرۈلدى. بۇ تەكشۈرۈلگەن قەرز ئالغۇچىلارنىڭ 54 مىليون 370 مىڭ يۈەن قەرز پۇل قالدۇقىنىڭ 49.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ (4) قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن قەرز پۇللار كۆپ. 31 مىڭ 41 كارخانىنىڭ 76 مىڭ 839 ھېسابىدىكى 309 مىليون 680 مىڭ يۈەن قەرز پۇلنىڭ قەرەلى ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ 9 - ئاينىڭ ئاخىرىدىكى قەرز پۇل ئومۇمىي قالدۇقى 6 مىليارد 388 مىليون 80 مىڭ يۈەننىڭ 4.8 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ؛ (5) ھاۋالە ئامانەت، قەرز مەبلەغنىڭ مەنبەسى ۋە مەبلەغنى ئىشلىتىش مۇۋاپىق ئەمەس. قەرز پۇل ئامانەت پۇلدىن كۆپ بولۇپ كەتكەن. بانكىنىڭ كرېدىت مەبلىغى قەرز ئېلىپ ئىشلىتىپ كېتىلگەن؛ (6) تاشقى پېرېۋوتنى يۇقىرى باھادا ئېلىپ ساتقانلار تۆت، سوممىسى 1 مىليون 373 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ دۆلەت ئىچىدىكى ئورۇنلاردىن ئۆز مەيلىچە تاشقى پېرېۋوت بىلەن باھا ھېسابلاپ راسچوت قىلغانلار ئىككى، سوممىسى 1 مىليون 258 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى؛ چەت ئەلگە چىققان خادىملاردىن

تاشقى پېرېۋوت ھايانكەشلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلار ئىككى، سوممىسى 485 ئامېرىكا دوللىرى، ئالتۇنغا پۇل بىلەن تاشقى پېرېۋوت بېلىتى تېگىشكەنلەر 27، سوممىسى 32 مىڭ 98 يۈەن؛ (7) 760 ھېساپتا، 2 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك قەرز پۇل ئەپسانىيەتچىلىك قىلىپ ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىتىلگەن، بۇنىڭ ئىچىدە شەخسىي چۆنتەككە چۈشكىنى 65 مىڭ 363 يۈەن، خىيانەت قىلىنغىنى 98 مىڭ 629 يۈەن، جەمئىي 163 مىڭ 992 يۈەن. بۇ مەسىلىگە چېتىشلىق ئادەم 36. كرېدىت تەكشۈرۈش ئارقىلىق ماكرولۇق تىزگىنلەش كۈچەيتىلدى. نامۇۋاپىق قەرز پۇللار ئىنقىلاپ قايتۇرۇۋېلىندى. مەبلەغ تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت پەسەيتىلدى. كرېدىت شۇ يىللىق پىلان ئىچىدە تىزگىنلەندى.

## 3 § . كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى مەركەزنىڭ كارخانىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، 1982 - يىلدىن باشلاپ، ئۈچ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە ئاساسىي قاتلام بانكىلار ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپلىرىنى بىر قېتىم تەرتىپكە سالدى. خەلق بانكىسى سىستېمىسى تەرتىپكە سالدىغان ناھىيىلىك، شەھەرلىك تارماق بانكا (ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى) جەمئىي 96، يېزا ئىگىلىك بانكىسى تەرتىپكە سالدىغان ئاساسىي قاتلام ئاپپارات جەمئىي 1512، بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك تارماق بانكا (ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى) 96، تىجارەت پونكىتى 758، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى 658.

1982 - يىلى ھەر قايسى شۆبە بانكىلاردا كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى. خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش گۇرۇپپىسى ئالتە كىشىدىن تەركىب تاپتى. پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن بانكا باشلىقى ئابدۇقادىر ئىمىن گۇرۇپپا باشلىقى بولدى. گۇرۇپپىنىڭ قارمىقىدا تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىنىپ جاڭ خەنشۈن مۇدىر، ۋاڭ سوڭجۇن، ساۋۇرىخۇا مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىدا سەككىز كىشىدىن تەركىب تاپقان كارخانىلارنى تەرتىپكە سېلىش ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. گوسىيىڭ مۇدىر، شىنياۋشاڭ، گوجۇڭشەن، چېن شىيۈەن مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. بۇ گۇرۇپپا شۆبە بانكا پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە باشلىقىنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئىشلىدى. خەلق شۆبە بانكىسى ھەر دەرىجىلىك بانكىلاردىن جەمئىي 78 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ، ئاۋۋال ئۈرۈمچى تارماق بانكىسىنىڭ تەڭرىتاغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدا نۇقتىدا سىناق قىلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى «ئومۇمىيۈزلۈك پىلانلاش، دەرىجىگە ئايرىپ مەسئۇل بولۇش، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش، تۈركۈمگە ئايرىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش» چارىسىنى قوللىنىپ، ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكىلار بىردىن ناھىيىلىك تارماق بانكىنى، ھەر قايسى ناھىيىلىك تارماق بانكىلار بىردىن ئىككىگىچە تىجارەت ئورنى ۋە ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىنى تۇتۇپ، ئۇلارنى بىرىنچى تۈركۈمدىكى سىناق نۇقتىسى قىلدى. 500 دىن ئارتۇق كادىر ئاجرىتىپ نۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈشكە قاتناشتۇردى. تەرتىپكە سېلىنغان ئورۇنلار 289 (بۇنىڭ ئىچىدە ناھىيىلىك تارماق بانكا 11، تىجارەت ئورنى 136، ئامانەت - قەرز كوپېراتىپى 142) بۇ ئاساسىي قاتلام ئاپپارات ئومۇمىي سانىنىڭ 19.1 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى. يىل ئاخىرىغا قەدەر 204 ئورۇن تەرتىپكە سېلىنىپ بولدى.

1983 - يىلى تەرتىپكە سېلىش دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيتىلدى. ھەر قايسى شۆبە بانكىلار كۆپ قېتىملاپ ئادەم بەلگىلەپ، ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارغا بېرىپ، ئۇلارغا ياردەملەشتى، تەكشۈردى، ھەيدەكچىلىك قىلدى

ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. 8 ـ ئايدا خەلق شۆبە بانكىسى باش بانكىنىڭ «ئاساسىي قاتلام بانكىلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى توغرىسىدىكى پىكىر» دېگەن ئاساسەن «شىنجاڭ خەلق بانكىسى سىستېمىسىدا ئاساسىي قاتلام بانكىلارنىڭ كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى پىكىر» نى تۈزۈپ چۈشۈرۈپ، ھەر قايسى بانكىلاردىن كۆزىتىپ تۇرماي، ئىمكانقەدەر تېز ئاتلىنىشنى، بىر قىسىم ئاساسىي قاتلام بانكىلارغا مەركىزىي تارماق بانكا بىۋاسىتە ئۇقتىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ياردەم بەرگەندىن سىرت، قالغانلىرى ئۆزىنى ئۆزى تەتىپكە سېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. مەركىزىي تارماق بانكىلار ھەر خىل شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزىگە قاراشلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سېلىشقا ياردەم بېرىپ، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك يېتەكچىلىك قىلدى. خەلق شۆبە بانكىسى ئالتە ماددىلىق «ئاساسىي قاتلام بانكىلارنى تەرتىپكە سېلىشنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى»نى تۈزۈپ چىقتى: (1) رەھبەرلىك بەنزىسى تەرتىپكە سېلىنغان، ئىدىيىۋى، سىياسىي خىزمەت كۈچەيتىلگەن بولۇش؛ (2) ئىش ئورنى مەمۇرىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىلغان، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن بولۇش؛ (3) ئەمگەك ئىنتىزامى كۈچەيتىلگەن، مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمى قەتئىي ئىجرا قىلىنغان بولۇش؛ (4) مالىيە ـ مەمۇرىي ئىنتىزام كۈچەيتىلىپ مالىيە بوغالتىرىيە تۈزۈمى مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن بولۇش؛ (5) دېموكراتىك باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلغان، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن بولۇش؛ (6) مەمۇرىي ئۈنۈمى، مۇلازىمەت سۈپىتى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولۇش. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئالدىنقى يېرىم يىلدا 1100 كادىر ئاجرىتىپ، ئاساسىي قاتلامنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى ھەم بەش ماددىلىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويدى: (1) رەھبەرلىك بەنزە مۇكەممەل، ئىتتىپاق، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇش؛ (2) پارتىيىنىڭ تۇرلۇك فاكچىن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل، ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولۇش؛ (3) تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈمى ئورنىتىلغان، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن بولۇش؛ (4) ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ روھى قىياپىتىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغان، خىزمەت ئۈنۈمى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، خىزمەت سۈپىتى ياخشىلانغان بولۇش؛ (5) كەمچىلەر قانات يايدۇرۇلغان، مەمۇرىي ئۈنۈمى ياخشىلانغان بولۇش. يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسى 1983 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 1009 ئورۇننى تەرتىپكە سېلىپ بولدى. بۇ ئاپپارات ئومۇمىي سانىنىڭ 67 پىرسەنتى ئەتراپىنى ئىگىلىدى. تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىنغان لاياقەتلىك ئورۇن 204، بۇنىڭ ئىچىدە تارماق بانكا ئىككى، تىجارەت ئورنى 94، ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپى 108.

1984 ـ يىلى كارخانىلار داۋاملىق تەرتىپكە سېلىندى. خەلق بانكىسى جەمئىي 474 كادىر (بۇنىڭ ئىچىدە بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىر 126) ئاجرىتىپ كارخانىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. ئۇلار ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىنىڭ 6.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەنە «تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆلچىمى»نى يولغا قويۇشنىڭ تەپسىلىي پرىنسىپى تۈزۈلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى 6 ـ ئايدا شىنجاڭ بويىچە يېزا پۇل مۇئامىلە كارخانىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى يىغىنى چاقىرىپ، تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇپ، تۆت تەدبىرنى تۈزۈپ چىقتى: (1) بانكا باشلىقى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكا باشلىقلىرى تەرتىپكە سېلىشنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز مۇددىتىدە تاماملاشقان كاپالەتلىك قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۆبە بانكا بىلەن مەسئۇلىيەتنامە ئىمزالاش؛ (2) مۇكاپاتلاش، جازالاش چارىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئەھۋالىغا ئاساسەن مەركىزىي تارماق بانكا ۋە ناھىيىلىك تارماق بانكىلارنى پەرقلىق مۇكاپاتلاش، جازالاش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ (3) تەرتىپكە سېلىشنى تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىش ئۆلچىمىنى يېڭىباشتىن تۈزىتىپ، تەرتىپكە سېلىشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش؛ (4) تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشنى تەستىقلاش ھوقۇق دائىرىسىگە تۈزىتىش

كىرگۈزۈش، تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشقا دەرىجە بويىچە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئۆتكەلنى قاتلاممۇ ـ قاتلام قاتتىق تىزگىنلەش. يىل ئاخىرىغا قەدەر، يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىدا %95 تىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى تەرتىپكە سېلىنىپ بولدى. تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشتا 1089 ئورۇن لاياقەتلىك بولدى.

1985 ـ يىلى سودا سانائەت بانكىسى ئايرىپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق بانكىسىنىڭ تەرتىپكە سېلىش ۋە تەكشۈرۈپ تاپشۇرۇۋېلىشنى ئورۇنداپ بولالمىغان ئاساسىي قاتلام بانكىلىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزۈش 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ ھەر دەرىجىلىك سودا سانائەت بانكىلىرىغا تاپشۇرۇلدى.

خەلق شۆبە بانكىسى ۋە يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى سىستېمىسىدا ئاساسىي قاتلام ئورۇنلارنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى 1985 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى پۈتۈنلەي ئاياقلاشتى. تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلەش مۇھىم نۇقتا قىلىندى. ھەر قايسى بانكىلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى (ياكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر چوڭ يىغىنى) چاقىرىپ، ناھىيىلىك تارماق بانكا باشلىقى ۋە بۆلۈمچە باشلىقىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك كادىرلارنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاپ چىقتى. كادىرلار قوشۇنىنى «تۆتلەشتۈرۈش» تەلىپىگە ئاساسەن ئاما كۆرسىتىش، دېموكراتىك سايلاش ۋە تەشكىل تەكشۈرۈپ تەستىقلاشنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ رەھبەرلىك بەنزىنى تەڭشىدى. تەرتىپكە سېلىنغاندىن كېيىن: «ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»، «100 نومۇرلۇق مۇكاپات تۈزۈمى»، «نورما ۋە خادىم بەلگىلەش تۈزۈمى»، «ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ رۇخسەت سوراش، يوقلىما قىلىش تۈزۈمى» قاتارلىق قائىدە تۈزۈملەر ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، بەزى بانكىلار يەنە تارماقلارنىڭ خىزمەت مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە خىزمەت نىزامىنى ئورنىتىپ، تۈرلۈك ۋەزىپە، پىلان، كۆرسەتكۈچلەرنى ئورۇن ۋە شەخسلەرگىچە قاتلامبۇ ـ قاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەت، ھوقۇق، مەنپەئەتنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈردى، كارخانىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇشى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيە خىزمىتى كۈچەيتىلدى. «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل، ئۈچنى سۆيۈش» پائالىيىتى ۋە ئەمگەك مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ روھى قىياپىتىدە خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى. يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدا 274 «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش» كىتاب ئوقۇش گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. 2988 كىشى كىتاب ئوقۇش پائالىيىتىگە قاتناشتى. 72 قېتىم نۇتۇق سۆزلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. نۇتۇق سۆزلەشكە 388 كىشى قاتناشتى، 20 مەدەنىيەتلىك ئورۇن، 26 مەدەنىيەتلىك شەخس، 14 مىللىي ئىتتىپاقلىق بويىچە ئىلغار كوللېكتىپ، 20 ئىلغار شەخس باھالاپ چىقىلدى. 50 ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ۋە ۋىلايەت، ناھىيە دەرىجىلىك «8 ـ مارت» قىزىل بايراقدارى، 20 نەپەر يېڭى ئۇزۇن سەپەر زەربىدارى، 34 «بەشتە ياخشى ئائىلە» باھالاپ چىقىلدى. مەملىكەتلىك پۇل مۇئامىلە سىستېمىسى بويىچە نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسىدا قەشقەر شەھەرلىك خەلق بانكىسىدىكى ئايگۈل 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

# VI باب

# پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى

## § 1 ، تەتقىقات ئورنى ۋە ئىلمىي جەمئىيەتلەر

### 1. شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى ۋە شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى

1980 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى جۇڭگو خەلق باش بانكىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى قۇرۇلۇپ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ناھىيە دەرىجىلىك كەسپىي ئورۇن قىلىپ بەلگىلەندى. خەلق بانكىسىنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك مەركىزىي تارماق بانكىلىرىدىمۇ ئىلگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ مۇناسىپ پۇل مۇئامىلە نەزەرىيىسى تەتقىقات تەشكىلى قۇرۇلدى. تەتقىقات ئورنىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى مۇنداق:

(1) بانكىنىڭ ئىلىمىزنىڭ تۆتتە زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە قوللىنىشقا تېگىشلىك كونكرېت فاڭجېن، سىياسەت ۋە تەدبىرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش.

(2) چەت ئەل بانكىلىرىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالىنى ۋە بولۇپمۇ ئىلىمىزغا كىرەكلىك تەجرىبىلىرىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش؛

(3) يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى شىنجاڭنىڭ بانكا خىزمىتىدىكى ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش، مۇشۇ ئاساستا سوتسىيالىستىك بانكا، كرېدىت، پۇل قانۇنلىقلارغا دائىر نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش؛

(4) ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ پۇل ـ مۇئامىلە تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللىرىنى توپلاش، رەتلەش، يېزىپ چىقىش.

جۇڭگو پۇل ـ مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى. بۇ جەمئىيەت ئاممىۋى ئىلمىي تەشكىلات. ئۇ جۇڭگو پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىقتىسادشۇناسلىق تەشكىلاتلىرى بىرلەشمىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەزاسى.

شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندا بىرىنچى قېتىملىق ئەزالار قۇرۇلتىيى ئېچىلدى. قۇرۇلتايغا قاتناشقان 97 نەپەر ۋەكىل ئىچىدە خەنزۇ، ئۇيغۇر، موڭغۇل، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، شىبە، مانجۇدىن ئىبارەت سەككىز مىللەت بار. يىغىندا «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى» مۇزاكىرە قىلىنىپ تۈزۈپ چىقىلدى. 66 كېڭەش ئەزاسى، (ئاز سانلىق مىللەت 33، بۇ %50 نى ئىگىلىدى)

ئون نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسى سايلاندى. ئابدۇرېھىم ئۆمەر جەمئىيەت باشلىقى، گوىيىڭكوي، ئىمىنجان فۇيۈر، ئابدۇرقادىر ئىمىن، رىن تىڭگوي، ۋاڭ شاۋتيەنلەر مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، ۋاڭ شاۋتيەن (قوشۇمچە) باش كاتىپى بولدى. «ئۈچ يىللىق پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئومۇمىي پىلانى» (لايىھىسى) مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاندى.

1980 - يىل 12 - ئايدا شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتى 2. قېتىملىق مۇدىرىيەت ئەزالىرى يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەتقىقات تېمىلىرى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىلدى.

1982 - يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە جەمئىيىتىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيىتى 3 - قېتىملىق دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزالىرى يىغىنى چاقىرىلىپ قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسىدىن ۋاڭ يۈەن دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزالىقى ۋە مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىقىغا تولۇقلاپ سايلاندى. قۇرۇلۇش بانكىسىدىن بىر نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسى تولۇقلاندى. كاتىبات باشقارمىسى كېڭەيتىلدى. ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كاتىبات باشقارمىسى ۋاڭ شاۋتيەن، مۇھەممەت سېيىت، جىڭشائۈجى، ئابلىز موللايۇپ، ۋېي شىڭخۇڭ، خۇاڭ جەنجۇن، يەي خۈيىڭلاردىن تەركىب تاپتى.

1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە جەمئىيىتى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئىككىنچى نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت يىغىنى چاقىردى. يىغىنغا 38 نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسى قاتناشتى. «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى نىزامنامىسى» غا تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. مۇدىرىيەت ئۆزگەرتىپ سايلاندى. 52 نەپەر 2 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت ئەزاسى سايلاندى. 11 كىشى دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى بولدى. ۋېي شىڭخۇڭ جەمئىيەت باشلىقى، ۋاڭ يۈەن، ئابلىز مۇللايۇپ، رىن تىڭگوي، گودېشىڭ مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، گۇدېشىڭ قوشۇمچە باش كاتىپ بولدى. ياڭ جى پەخرى جەمئىيەت باشلىقى، گوىيىڭكو، جۇنيەنشىنلەر مەسلىھەتچى بولدى.

1985 - يىلنىڭ ئاخىرىدا شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شەخسى ئەزاسى 148، كوللېكتىپ ئەزاسى 20 گە يەتتى.

## 2. شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى ۋە شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى

شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى 1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى قۇرۇلدى. ئۇ يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقارما دەرىجىلىك ئاپپارات بولدى. ئاساسلىق ۋەزىپىسى:

(1) شىنجاڭ بويىچە يېزا پۇل مۇئامىلە نەزەرىيىسى تەتقىقاتى ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە خىزمىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇش؛

(2) ئىلمىي جەمئىيەت ۋە تەتقىقات ئورنىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە نەزەرىيىۋى ژۇرنىلى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدىكى «شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى» نى چىقىرىش؛

(3) كەسپىي كىتابلار ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش؛

(4) ئىقتىسادىي ئۇچۇر توپلاشنى تەشكىللەش ۋە قانات يايدۇرۇشقا مەسئۇل بولۇش؛

(5) ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى ئىشلەش؛

(6) كەسپىي پەن - تەتقىقات ماتېرىياللىرىغا مۇشتەرى بولۇش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىقلار.

شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى 1982 - يىلى 8 - ئاينىڭ 21 - كۈنى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلدى.

ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ كاتىبات باشقارمىسى تەتقىقات ئورنىدا تەسىس قىلىنىپ، ئىككى ئاپپارات بىر يۈرۈش ئادەم بىلەن ئىش قىلدى. ئىلمىي جەمئىيەت يېزا پۇل مۇئامىلىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاممىۋى تەرجىمە قىلىش، نەشر قىلىش، تارقىتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى.

1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 16 - كۈنى شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى 2 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت يىغىنى چاقىرىپ، 72 نەپەر 2 - نۆۋەتلىك مۇدىرىيەت ئەزاسى، 12 نەپەر پەخرى مۇدىرىيەت ئەزاسىنى، توققۇز نەپەر مۇدىرىيەت ئەزاسىنى سايلىدى. ليۇزىمۇ پەخرى جەمئىيەت باشلىقى، مېتنىياز ئەبەيدۇللا جەمئىيەت باشلىقى، رېن تىڭگۇي، ھېمىت توختى مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، بەي خۇيشاڭ باش كاتىپ بولدى.

يېزا پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى ۋە يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ ھەر قايسى مەركىزىي تارماق بانكىلىرى، ناھىيىلىك تارماق بانكىلىرى «يېزا پۇل مۇئامىلە نەزەرىيە تەتقىقات گۇرۇپپىسى» نى قۇردى. 1985 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر جەمئىي 56 تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى، ئۇنىڭغا 455 كىشى قاتناشتى.

## 3. شىنجاڭ سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتى

شىنجاڭ سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتى 1985 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قۇرۇلدى، ئۇ سۇغۇرتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئاممىۋى خاراكتېرلىق ئىلمىي تەتقىقات تەشكىلاتى بولدى.

ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇش چوڭ يىغىنىدا 33 نەپەر (ئاز سانلىق مىللەت 6 نەپەر) مۇدىرىيەت ئەزاسى، توققۇز نەپەر دائىمىي مۇدىرىيەت ئەزاسى سايلاپ چىقىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتى نىزامنامىسى» ماقۇللاندى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ليۇزىمۇ پەخرىي جەمئىيەت باشلىقى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىقتىسادىي تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى ۋۇچىڭ مەسلىھەتچى، بەي گورۇي جەمئىيەت باشلىقى، ليۇمىڭجى، ئابلىمىت بوستىنىياز مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى، ليۇمىڭجى قوشۇمچە باش كاتىپ بولدى.

## 4. شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ ئالاقىلىشىش ئورنى

شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئالاقىلىشىش ئورنى (ئۇنى جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ئاساسلىق باشقۇرىدۇ) نى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش خىزمىتى 1983 - يىل 8 - ئايدا باشلاندى. ئىلمىي جەمئىيەت كاتىبات باشقارمىسىنىڭ تەلىپى بويىچە ئەزا قوبۇل قىلىش ئىشى تەڭلا باشلاندى. ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ شىنجاڭدىكى ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار، بانكا ئىقتىسادىنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى تارماق قاتارلىق بەش ئورۇندىن 63 نەپەر ئەزاسى قوبۇل قىلىندى. ھەممە تۇنجى نۆۋەتلىك مۇدىرىيەتكە ئون مۇدىرىيەت ئەزاسى كۆرسىتىلدى.

شىنجاڭ شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىگە قاتناشقانلار مۇنۇلار:

دائىمىي ئەزا ئۈچ كىشى: ياڭ چى، جىن داپىڭ، جاڭ شۇجۇ.

مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقى: ياڭ چى.
ئەزالىرى: جىاڭ شاۋجى، جىاڭ دىبىن، لوپېيجىن، دۇڭ شۇنچىاڭ، جۇنيەنشىن.

## § 2 . تەتقىقات پائالىيىتى ۋە نەتىجىسى

### 1. شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى ۋە شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى ۋە نەتىجىسى

1980 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا بىرلەشتۈرۈپ، پۇل مۇئامىلە نەزەرىيىسى ئۈنۋېرسال مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 100 دىن ئارتۇق كىشى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ، 54 پارچە ئىلمىي ماقالە تاپشۇردى. بانكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى، خاراكتېرى ۋە رولى مۇھاكىمە قىلىندى.

1981 - يىلى تەتقىقات ئورنى بىلەن ئىلمىي جەمئىيەت شىنجاڭدىكى پۇل ئوبوروت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە پائال قاتنىشىپ ئالتاي رايونىدىكى پۇل ئوبوروتىنى تەكشۈرۈش دوكلات يىغىنىغا قاتناشتى، مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن شىنجاڭدىكى خەلق ۋە يېزا ئىگىلىك بانكىلىرىنى رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە يېنىك سانائەت توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە ئۇيۇشتۇرۇپ 54 پارچە تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە مەخسۇس تېمىدىكى تەھلىل قىلىش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدى. 1981 - يىل 5 - ئايدا پۇل نەزەرىيىسى توغرىسىدا مەخسۇس تېمىدىكى مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، خەلق پۇلىنىڭ قىممەت ئاساسى، پۇل ئوبوروتىنىڭ قانۇنىيىتى، بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شىنجاڭنىڭ پۇل ئوبوروت ئەھۋالى توغرىسىدا كەڭ تۈردە تەھلىل ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن كۆپلىگەن يولداشلار ئۆز رايونىدىكى پۇل ئوبوروتىنى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، پۇل نەزەرىيىسى ۋە پۇل سىياسىتى توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزدى. شۇ يىلى ئىلمىي جەمئىيەت مەملىكەتتىكى 26 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايوننىڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئاپپاراتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوملار، ئىقتىساتشۇناسلىق تەشكىلاتلىرى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى بىلەن ئىلمىي مۇھاكىمە ماتېرىياللىرىنى ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ئىلمىي نەتىجىلەرنى ئالماشتۇرۇش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇردى.

1982 - يىلىنىڭ بېشىدا، ئىلمىي جەمئىيەت ۋە تەتقىقات ئورنى يەرلىك سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى تەكشۈرۈش ئاساسىدا شېكەرچىلىك، قەغەزچىلىك، يۇڭ توقۇمىچىلىق قاتارلىق ئۈچ خىل چوڭ تۈردىكى مەھسۇلاتنىڭ ئەھۋالى، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىلىش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، ئومۇملاشتۇردى. «شىنجاڭ رايونىدا سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا»، «سانائەت كىرىدىتى مەبلىغىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى قاراشلار»، «شىنجاڭ رايونىدا مەبلەغنىڭ ياخشى ئايلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش توغرىسىدىكى ئىزدىنىش»، «لىبىنىڭ سوتسىيالىستىك يىرىك بانكا ئىدىيىسى ۋە ئېلىمىزنىڭ بانكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى مەسىلىسى» قاتارلىق ماقالىلارنى تەشكىللەپ يېزىپ چىقتى. 8 - ئايدا بانكا كىرىدىت مەبلىغىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىل ئاخىرىدا، ھەر قايسى پۇل مۇئامىلە تەتقىقات

گۆرۈپپىلىرى بىلەن ئىلمىي جەمئىيەت، مالىيە پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، بانكىنىڭ خاراكتېرى، بانكىنىڭ پىلان خىزمىتى، پۇل ئوبوروتى، كرېدىت، راسچوت، بوغالتىرىيە، پۇقرالار پۇل ئامانىتى، بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىقتىسادىي ھېسابات، رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى قاتارلىق جەھەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك جەمئىي 191 پارچە ئىلمىي ماقالە، خىزمەت تەتقىقاتى، تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدىن 118 پارچىسى «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى» ۋە يەرلىك ژۇرناللاردا شۇنىڭدەك مەملىكەت خاراكتېرلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى.

1984 - يىلى 7 - ئايدا، پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى ۋە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، قۇمۇل، بايىنغولىنلاردىكى بەش مەركىزىي تارماق بانكا ۋە شۆبە بانكىدىن 18 كىشى قاتناشقان بانكا تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سۆھبەت يىغىنىنى چاقىرىپ، بانكىنىڭ تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى، بانكىدا بانكا باشلىقى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، بانكا جانلىق، كۆپ خىل بولغان كرېدىت شەكلى ۋە كەسپىي ئۇسۇلىنى قوللىنىش توغرىسىدا بانكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىلىرى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىندى ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

خەلق باش بانكىسى 1985 - يىلى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئۇچۇر خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى. تەتقىقات ئورنى «ئاپتونوم رايوندىكى يېزا كرېدىت مەبلىغى ۋە پۇل ئوبوروت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش» دوكلاتىنى يۇقىرىغا يوللىدى. «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئەھۋالى» دېگەن ئىچكى ژۇرنالنى چىقاردى. كرېدىت، نەق پۇل پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى تەھلىل - تەتقىق قىلىش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنغان «پۇل مۇئامىلە ئەھۋالىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى» ئېچىش تۈزۈمىنى ئورناتتى.

شۇ يىلى 9 - ئايدا، جۇڭگو پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۈرۈمچىدە مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى ۋە چېگرا رايونلىرىنىڭ پۇل مۇئامىلە نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىنى چاقىردى. نىڭشيا، گەنسۇ، چىڭخەي، گۇاڭشى، يۈننەن، گۇيجۇ، ئىچكى موڭغۇلىيە، شىزاڭ ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت توققۇز ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىلىرى ۋە كەسپىي بانكىلاردىن بولۇپ جەمئىي 30 دىن ئارتۇق ۋەكىل يىغىنغا قاتناشتى. خۇبېي، سەنشى شۆبە بانكىلىرى تەكلىپ بويىچە ۋەكىل قاتناشتۇردى. جۇڭگو خەلق باش بانكىسى پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى جاۋ خەيكۇەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. شەنشى مالىيە ئىقتىسادىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جاڭ چۈۋ يىغىندا دوكلات بەردى. يىغىن توققۇز ئۆلكە، رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىدىكى كرېدىت مەبلىغىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ھەرىكەت قانۇنىيىتى، كرېدىت سىياسىتى، كرېدىت ئۇسۇلى، ئۆسۈم نىسبىتى سىياسىتى ۋە پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ھەم پۇل مۇئامىلە ستراتېگىيىسىنى كەڭ تۈردە تەتقىق ۋە مۇھاكىمە قىلدى. پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى يەنە ۋەكىل ئەۋەتىپ جۇڭگو پۇل مۇئامىلە جەمئىيىتىنىڭ گۇاڭجۇدا چاقىرىلغان پۇل نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىغا، نەنجىڭدە چاقىرىلغان جۇڭگو پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ يىللىق يىغىنىغا، چېڭدۇدا چاقىرىلغان خەلق پۇل ئامانىتى نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇردى؛ غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكىنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىك نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە غەربىي شىمال بەش ئۆلكىنىڭ ئىقتىسادىي نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتۇردى؛ شىنجاڭ ئىقتىسادىي ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش ستراتېگىيىسى مۇھاكىمە يىغىنىغا، مالىيە ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان مالىيە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارغا ۋەكىل قاتناشتۇردى. ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالە 1985 - يىللىق ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە ئىلمىي ماقالىلارنى باھالاشتا ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى ۋە ئىلمىي جەمئىيىتى 1985 - يىلى پۇل مۇئامىلىسى ۋە پۇل

تارىخىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ «شىنجاڭ ئۆلكىلىك بانكىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ پۇل تارىخى»، «شىنجاڭنىڭ قەغەز پۇللىرى كاتولىكى» نى يېزىپ چىقتى. 1888 ـ يىلدىن 1949 ـ يىلغىچە شىنجاڭ رايونىدا تارقىتىلغان ۋە ئوبوروت قىلىنغان ھەر خىل قەغەز پۇللارنى توپلىدى.

1985 ـ يىلى «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى» نىڭ نامى «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى» گە ئۆزگەرتىلدى. بەش يىل ئىچىدە خەنزۇ يېزىقىدىكى نۇسخىسى 66 سان، ئۇيغۇر يېزىقىدىكىسى 25 سان نەشر قىلىندى؛ 780 پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل ماقالە ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ ئىچىدە كەسپىي خىزمەت تەتقىقاتىغا دائىر ماقالە 460 نەچچە پارچە، نەزەرىيە تەتقىقاتىغا ئائىت ماقالە 121 پەرچە، تەكشۈرۈش دوكلاتى96 پارچە، يەنە «پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ماتېرىيالى» نى تۈزۈپ بېسىپ 34 سان تارقاتتى، خەت سانى 200 مىڭدىن ئاشىدۇ.

## 1980 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى چاقىرىغان پۇل مۇئامىلە نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەھۋالى

جەدۋەل 11 ـ 12

| ۋاقتى | تۈرى | ئاساسلىق تەتقىقات مەزمۇنى | قاتناشقان ئادەم سانى | ئالماشتۇرۇلغان ئىلمىي ماقالە سانى | ئىلمىي ماقالىنى بېسىش ئەھۋالى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1980 ـ يىل 8 ـ ئاي | ئۈرۈمچى | بانكىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى، خاراكتېرى ۋە رولى | 100 دىن ئارتۇق | 54 | «مۇھاكىمە يىغىنى ھۆججەت توپلىمى» مەخسۇس سانى چىقىرىلدى | 1 ـ قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى |
| 1981 ـ يىل 5 ـ ئاي | ئۈرۈمچى | پۇل نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى مەخسۇس تېما | 41 | 36 | | |
| 1982 ـ يىل 8 ـ ئاي | ئۈرۈمچى | بانكا گىرىدىت مەبلىغىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى | | 47 | «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلىسى» مەخسۇس سانى چىقىرىلدى | قۇرۇلۇش بانكىسى بىلەن بىرگە پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىشىپ چاقىرغان |

| | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|
| 1984 ـ يىل 7 ـ ئاي | ئۈرۈمچى | بانكا ئىسلاھاتى | | 18 | | ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، قۇمۇل، بايىنغولىن قاتارلىق جايلاردىكى باشكىلار سۆھبەت ئۆتكۈزدى |
| 1985 ـ يىل 9 ـ ئاي | ئۈرۈمچى | مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ۋە چېگرا رايونلىردىكى پۇل مۇئامىلە نەزەرىيىسى، ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكى، كرېدىت مەبلىغىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە سىياسىتى | 30 دىن ئارتۇق | 38 | بىر سان ئىلمىي ماقالە توپلىمى چىقىرىلدى | جۇڭگو پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى تەھرىرلىدى |

## 2. شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە تەتقىقات ئورنى ۋە شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى ۋە نەتىجىسى

1982 ـ يىلى شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى يېزا ئىگىلىك قەرز پۇل مەبلىغىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ توپ يولى، ھېسابلاش ئۇسۇلى قاتارلىق ئون جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلدى، ئۈچ قېتىم بىر قەدەر چوڭ كۆلەملىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇيۇشتۇردى.

1983 ـ يىلى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالىدىغان ئەلۋەك پەسلى يېتىپ كېلىشتىن ئالدىدا شىنجاڭ بويىچە يېزا راسچوت نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ يېزىلاردىكى راسچوتنى تاۋار ئوبوروتى ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇش، راسچوت چارىسى ۋە ئۇنىڭ يوللىرىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىلىرى مەخسۇس تېما بويىچە مۇھاكىمە قىلىندى.

شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە جەمئىيىتى 1984 ـ يىلى 5 ـ ئايدا جەنۇبىي شىنجاڭدا نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، يېزا پۇل مۇئامىلە تارماقلىرىنىڭ شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادنى ئىككى

قاتلاشتىن ئىبارەت ئۆلۈغۋار نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا مەبلەغ تەمىنلەش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئىزدەندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش جەريانىدا يېزا كرېدىت مەبلىغىنىڭ رولىنى قانداق قىلىپ تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى» تېمىسى بويىچە تەتقىقات گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئون پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى.

ئىلمىي جەمئىيەت 1985 - يىلى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى بانكىلاردىن 13 نەپەر يولداشنى تەشكىللەپ ئۈچ تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا ئايرىپ «شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ ئالاھىدىلىكى»، «شىنجاڭدا كرېدىت مەبلىغى بىلەن تەمىنلەش ۋە ئېھتىياج»، «شىنجاڭنىڭ يېزا كرېدىت سىياسىتى مەسىلىسى» دېگەن مەخسۇس تېمىلاردا تەكشۈرۈش، تەتقىقات ئېلىپ باردى. «شىنجاڭنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش جەريانىدىكى يېزا مەبلىغى مەسىلىسى»، «نۆۋەتتە يېزىلاردىكى جۇغلانما ۋە مەبلەغ سېلىش شەكلى»، شۇنىڭدەك «تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى» دېگەن ئۈچ مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مۇشۇ بىر يىلدا توققۇز پارچە ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى.

ئىلمىي جەمئىيەت يەنە جۇڭگو يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە باش بانكا چاقىرغان ئۈسۈم نىسبىتى، نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى، غەربىي شىمال ئىقتىسادىي نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى، شىنجاڭنىڭ چارۋىچىلىق ئىقتىسادىي نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارغا ۋەكىل قاتناشتۇردى. غەربىي شىمال يېزا مەبلىغى تەتقىقات گۇرۇپپىسىغا قاتناشتى. 1985 - يىلى بۇ تەتقىقات گۇرۇپپىسى شىمەن ۋە ئۈرۈمچىدە ئىككى قېتىم مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزدى.

1985 - يىلى ئاپتونوم رايوندا ئۆتكۈزۈلگەن ئىجتىمائىي پەنلەر بويىچە ئىلمىي ماقالە باھالاشتا، يولداش رىن تىڭگۇي يازغان «يېزا پۇل مۇئامىلىسىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش جەريانىدىكى بىر قانچە ستراتېگىيىلىك تەدبىر توغرىسىدا» ناملىق ماقالە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسى تېما تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ «شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش جەريانىدا يېزا مەبلىغىگە بولغان تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش» دېگەن ماقالىسى 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

1982 - يىلى، ئىلمىي جەمئىيەت «شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنى قەرەللىمىز چىقىرىشقا باشلاپ، مۇشۇ بىر يىلدا خەنزۇچە يېزىقتا يەتتە سان، ئۇيغۇر يېزىقىدا ئالتە سان چىقاردى. 1983 - يىلى قەرەللىك قوش ئايلىق ژۇرنالغا ئۆزگەرتىپ خەنزۇ يېزىقىدا سەككىز سان، ئۇيغۇر يېزىقىدا ئالتە سان چىقاردى. 1984 - يىلى خەنزۇ ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا ئالتە ساندىن ژۇرنال چىقاردى. 1985 - يىلى ژۇرنالنىڭ نامى «شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلىسى» گە ئۆزگەرتىلىپ ئايلىق ژۇرنال قىلىندى. مۇشۇ بىر يىلدا خەنزۇچە ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا 12 ساندىن ژۇرنال چىقىرىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلىسى سىستېمىسىدىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئۆگىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن 1981 - يىلدىن باشلاپ باش بانكا تۈزگەن ئالىي دەرىجىلىك مالىيە ئىقتىساد شۆيۈەنلىرىنىڭ سىناق دەرسلىكى «سوتسىيالىستىك يېزا پۇل مۇئامىلىسى» ئۇيغۇر ۋە قازاق يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ باستۇرۇلدى. «كۆپ خىل ئىگىلىككە مەدەت بېرىپ، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش تەجرىبىلىرى توپلىمى» تەرجىمە قىلىندى. «كرېدىت ھەمكارلىقى»، «يېزىلارغا ئاجرىتىلغان پۇلغا نازارەتچىلىك قىلىش» تەرجىمە ۋە نەشر قىلدۇرۇلدى. «شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلىسى تەتقىقات ماتېرىياللىرى» تەرجىمە قىلىپ باستۇرۇلدى.

## يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1982 ـ يىلدىن 1985 ـ يىلغىچە ئاچقان نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئەھۋالى

جەدۋەل: 11 ـ 13

| ۋاقتى | ئورنى | ئاساسلىق تەتقىقات مەزمۇنى | قاتناشقان ئادەم سانى | تەمىنلىگەن تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە ئىلمىي ماقالە سانى | ئەسكەرتىش |
|---|---|---|---|---|---|
| 1982 ـ يىل 8 ـ ئاي | ئۈرۈمچى | يېزا پۇل مۇئامىلە خىزمىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى قانداق قىلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش مەسىلىسى | 120 دىن ئارتۇق | 60 | 1 ـ قېتىملىق قۇرۇلتايدا قوزغۈلدى |
| 1982 ـ يىل 8 ـ ئاي | ئۈرۈمچى | كرېدىت مەبلىغىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش نەزەرىيىسى | 10 | 6 | شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن قۇرۇلۇش بانكىسى بىرلىكتە چاقىرغان |
| 1983 ـ يىل 6 ـ ئاي | ئۈرۈمچى | يېزا راسچوتى نەزەرىيە مۇھاكىمىسى | 60 | 44 | |
| 1984 ـ يىل 5 ـ ئاي | قەشقەر | يېزا پۇل مۇئامىلە تارماقلىرى شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۈرۈش ئۇلۇغۋار پىلانىنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش | 49 | 65 | جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نەزەرىيە مۇھاكىمە يىغىنى |

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| 1984 - يىل 10 - ئاي 1984 - يىل 12 - ئاي | ئۈرۈمچى | شىنجاڭنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۇرۇش جەريانىدا يېزا كرېدىت مەبلىغىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا | | 6 | ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئىككى قېتىم چاقىرىلدى |
| 1985 - يىل 8 - ئاي | ئۈرۈمچى | يېزا كرېدىت مەبلىغىنى توپلاش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر | 97 | 120 | ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلتاي |
| 1985 - يىل 3 - ئاي 1985 - يىل 8 - ئاي | شىئەن ئۈرۈمچى | چوڭ غەربىي شىمالنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، گۈللەندۇرۇش جەريانىدا يېزا كرېدىت مەبلىغىنىڭ رولى | | | ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ ئىككى قېتىم غەربىي شىمالدىكى بەش ئۆلكە بىرلىكتە ئاچتى |

## 3. شىنجاڭ سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ پائالىيىتى ۋە نەتىجىسى

1985 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى شىنجاڭدا سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇغۇرتا نەزەرىيىسى مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى. جۇڭگو سۇغۇرتا ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى شۇڭ گوخۋا يىغىندا ئىلمىي دوكلات بەردى. بېيجىڭ مالىيە - سودا شۆيۈەنىنىڭ پروفېسسورى گوشاۋفاڭ تەكلىپ بىلەن يىغىنغا كېلىپ لېكسىيە سۆزلىدى. شەنشى، گەنسۇ، چىڭخەي، نىڭشيا، شىجۇەن، ئىچكى موڭغۇلىيە قاتارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ سۇغۇرتا جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى يىغىنغا كېلىپ يېتەكچىلىك قىلدى ھەم ئىلمىي مۇھاكىمىگە قاتناشتى.

## 4. شىمالىي جۇڭگو، غەربىي شىمال خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئالاقىلىشىش باشقارمىسىنىڭ پائالىيىتى ۋە نەتىجىسى

شىمالىي جۇڭگو غەربىي شىمال خەلقئارا پۇل مۇئامىلە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭدىكى ئالاقىلىشىش باشقارمىسى 1983 - يىلى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككى قېتىم مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى

ئۆتكۈزدى. ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، پروفېسسور ۋە ئەمەلىي خىزمەتچىلەرنى ئويۇشتۇرۇپ يەتتە پارچە ئىلمىي ماقالە يازدى. ئىلمىي ماقالىنىڭ مەزمۇنى شىنجاڭدا جەت ئەل مەبلەغدىن پايدىلىنىش، مەبلەغ سېلىش مۇھىتىنى ياخشىلاش، بازار، مەبلەغ ۋە ئۆسۈم ئۆزنى، تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلى قاتارلىق جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. ئىلمىي ماقالىلاردا شىنجاڭنى بۇندىن كېيىن سىرتقا قارىتا ئېچىۋېتىش تەرەققىياتىنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە تەكلىپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئۇندىن باشقا «خەلقئارا پۇل مۇئامىلە خەۋەرلىرى» تەھرىر بۆلۈمىگە 15 پارچە ماقالە تەۋسىيە قىلىندى. ئۇندىن بېسىلغىنى توققۇز پارچە.

# VII باب

# تېخنىكا يېڭىلاش

## § 1 . جەريانى

شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش خىزمىتى 1953 ـ يىلدىن باشلاندى. ئۇ ئىستىخىيىلىكتىن ئاڭلىقلىققا، يەككە تۈردىن كۆپ خىللىققا، يەرلىك شەكىلدىن زامانىۋىلىشىشقا ئۆتۈش جەريانىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھەر مىللەت پۇل مۇئامىلە ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېغىر قول ئەمگىكىنى پەيدىنپەي يېنىكلىتىپ، خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى تارماقلارغا مۇلازىمەت قىلىش كۈچەيتىلدى.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە مىنگو دەۋرىدىكى بانكا كەسپىدە تامامەن قول مەشغۇلاتىغا تايىناتتى. مىنگونىڭ 33 ـ يىلى (1944 ـ يىلى) 1 ـ ئايدا مەركىزىي بانكىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزى بىر تېلېگراف ئىستانسىسى تەسىس قىلىپ بانكىنىڭ مەمۇرىي ۋە كەسپىي جەھەتتىكى خەۋەرلىشىش، ئالاقىلىشىش ئىشلىرىنى بېجىردى.

شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، بانكا كەسپى كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيدى. پۇل ساناش ۋەزىپىسى ئېغىرلاشتى. ئالتاي مەركىزىي تارماق بانكىسىنىڭ كادىرى فۇچاڭ بىر يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ 1955 ـ يىلى ياغاچتىن چىشلىق چاقلىق، قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان پۇل ساناش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. ئۇ شىنجاڭ بانكا سىستېمىسى بويىچە تۇنجى يەرلىك ئۇسۇلدا پۇل ساناش ماشىنىسى بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خەلق شۆبە بانكىسى ۋە ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىدىكى بەزى يولداشلارمۇ ماشىنا ـ سايمان لايىھىلەش ۋە تەتقىق قىلىپ ياساشقا كىرىشتى.

1958 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە تېخنىكا يېڭىلاش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى «ھەممە ئادەم تېخنىكا يېڭىلاش، ھەممە ئادەم تۆھپە قوشۇش» شۇئارىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1959 ـ يىلى 20 ئادەمدىن تەركىب تاپقان ئۆگىنىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش ئۆمىكىنى بېيجىڭ، شاڭخەي، شىنياڭ، ۋۇخەن قاتارلىق جايلارغا تەجرىبە ئۆگىنىشكە ئەۋەتىپ تېخنىكا يېڭىلاش زاۋۇتى قۇردى. شۇ يىلى شىنجاڭ بانكا سىستېمىسى بويىچە پەن ـ تېخنىكا تەتقىقات نەتىجىسى كۆرگەزمىسى ئېچىلىپ، 100 گە يېقىن تۈرلۈك شەكىلدىكى پۇل ساناش ماشىنىسى، پۇل تېڭىش ماشىنىسى، پۇل ساناش ـ تېڭىش ماشىنىسى، ئۆسۈم ھېسابلاش ماشىنىسى، ئۆسۈم ھېسابلاش جەدۋىلى، توك بىلەن تامغا بېسىش ماشىنىسى، خەت ـ چەك، ئالاقە تۈپلەش ماشىنىسى، ھۆججەت ۋارىقىنى سەپلەش ماشىنىسى، ھۆججەت ۋارىقىنى قاتلاش ماشىنىسى، توك بىلەن خەت بېسىش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنا ـ سايمانلار كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

1960 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى خەلق شۆبە بانكىسىدا تېخنىكا يېڭىلاش تەجرىبە زاۋۇتى قۇرۇلدى. پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىنى سۆيىدىغان ھەم تېخنىكا جەھەتتە ئارتۇقچىلىقى بار سەككىز يولداش شۆبە بانكىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش تەجرىبە زاۋۇتىغا توپلىنىپ، مەخسۇس بانكىنىڭ ماشىنا ـ سايمانلىرىنى لايىھىلەش، تەتقىق

قىلىپ ياساش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا قويۇلدى. شۆبە بانكا بۇغالتىرىيە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ يۈتياڭ قوشۇمچە زاۋۇت باشلىقى بولدى. ئۇلار ئاددىي سايمانلارنى سېتىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن لايىھىلەپ، بىر تەرەپتىن سىناق قىلىپ ياسىدى. 10 - ئايدا باش بانكا ئۆتكۈزگەن مەملىكەتلىك پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىدە بۇ زاۋۇت بىرىنچى تۈركۈمدىكى بۇيۇملىرىنى كۆرگەزمە قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پۇل ساناش - تېڭىش ماشىنىسى، مېخانىك سان خاتىرىلەپ پۇل ساناش ماشىنىسى، ئوردىرغا تۈك بىلەن تامغا بېسىش ماشىنىسى، رەقەملىك سان خاتىرىلەپ پۇل ساناش ماشىنىسى قاتارلىقلار بار. جىن شۈۋېن بىلەن گاۋدېڭمىڭ ئاساسلىق مەسئۇل بولۇپ تەتقىق قىلىپ ياسىغان رەقەملىك سان خاتىرىلەپ پۇل ساناش ماشىنىسىنى باش بانكا تەقدىرلىدى.

خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش تەجرىبە زاۋۇتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان ماشىنا - سايمانلارنىڭ قۇرۇلمىسى، ئىقتىدارى خېلى ئىلغار ئىدى. لېكىن ئۈسكۈنىلىرى ئاددىي، تېخنىكا كۈچى يېتىشمەسلىكتەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈشكە ئامال بولمىدى. زاۋۇت 1963 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، پەقەت ئاز ساندىكى تېخنىك خادىملار قېلىپ ماشىنا سايمانلارنى رېمونت قىلىش قاتارلىق كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى.

1976 - يىلى، تېخنىكا يېڭىلاش تەجرىبە زاۋۇتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، ئالدى بىلەن پۇل ساناش ماشىنىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە خادىملارنى يېتىشتۈرۈشنى تۇتۇپ ئىشلىدى. 1980 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە شىنجاڭ بويىچە بانكىلاردا ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن پۇل ساناش ماشىنىسى 400 دىن ئاشتى. 1985- يىلغىچە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ پۇل ساناش ماشىنىسىنى ئىشلىتىش تېخنىكىسى بويىچە 18 قارار تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىلىپ 280 ئادەم (قېتىم) ماشىنىنى باشقۇرۇش، رېمونت قىلىش خادىملىرى تەربىيىلەندى. يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق، پۇل ساناش ماشىنىسى شىنجاڭ بويىچە ۋىلايەت، ئوبلاست تۇرۇشلۇق جايلاردىكى بانكىلار ۋە كەسپىي مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولغان ناھىيىلىك تارماق بانكا، ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى بولۇپ 15 بانكىغا ئومۇملاشتۇرۇلدى.

1982 - يىلى خەلق شۆبە بانكىسى ئىتالىيە OLiwETTi شىركىتى ئىشلەپچىقارغان بىر قەدەر ئىلغار بولغان A4 ئېلېكترونلۇق ھېساب خاتىرىلەش ماشىنىسىنى كىرگۈزدى. ماشىنىلار تەربىيىلەنگەندىن كېيىن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ تەڭرىتاغ رايونلۇق، سايباغ رايونلۇق، يېڭى شەھەر رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى ۋە دېموكراتىيە يولى، دوستلۇق يولى شۆبە ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى غۇلجا، قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكىلار ۋە جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبە بانكىسىدىن ئىبارەت سەككىز نۇقتىدا ئىشقا كىرىشتۈرۈلدى؛ 1983 - يىلى يەنە ئېلېكترونلۇق ئۆسۈم ھېسابلاش ماشىنىسى، سۈيۈقلۇق بېسىملىق پۇل تېڭىش ماشىنىسى قاتارلىق ماشىنا سايمانلار كىرگۈزۈلدى. جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسى ئېلېكترونلۇق ھېساب خاتىرىلەش ماشىنىسىنى ئىشلىتىشكە باشلىدى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ شىخەنزە تارماق بانكىسىدىكى خەلق پۇل ئامانىتى خادىمى لى شۇاڭ كۆپ باسقۇچلۇق ئۆسۈم نىسبىتى بويىچە بىرلا قېتىمدا ئۆسۈم ھېسابلاش پرىنسىپىغا ئاساسەن جاپالىق ئىزدىنىپ، خەلق شۆبە بانكىسى تېخنىكا يېڭىلاش زاۋۇتىنىڭ قوللىشى بىلەن خەلق پۇل ئامانىتىنىڭ ئۆسۈمىنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقتى. تېخنىكىلىق باھالاشتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئازراق ئىشلەپچىقىرىلىپ ئاساسىي قاتلام بانكىلاردا ئومۇملاشتۇرۇلدى. يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى ئومۇمىي بۇيرۇق چىقىرىپ لى شۇاڭغا «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك پۇل مۇئامىلە سېپىدىكى قىزىل بايراقدار» دېگەن شەرەپلىك نام بەردى ھەم 1 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن دەپ ئەڭگە ئالدى. شۆبە بانكا تەرىپىدىن بىر قېتىملىق 400 يۈەن «تېخنىكا ئۆزگەرتىش» مۇكاپاتى بەردى. ئىش ھەققىنى بىر دەرىجە ئۆستۈردى.

1984 - يىلى، شۆبە بانكا تېخنىكا يېڭىلاش زاۋۇتى ئادەم تەشكىللەپ تېخنىكىسى زىچ، يېڭى كومپيۇتېرنى

دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلىتىپ، بۇغالتىرىيە مەلۇمات جەدۋەللىرىنى تۈزۈش، مائاش باشقۇرۇش قاتارلىق پروگراممىلارنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىشقا كىرىشتۈردى.

1985 - يىلىنىڭ بېشىدا ھەر قايسى تارماقلار كومپيۇتېرنى پائال كىرگۈزدى. شۆبە بانكا تېخنىكا يېڭىلاش زاۋۇتى ئېلېكترون تېخنىكىسى بىلىملىرى توغرىسىدا لېكسىيە ئۇيۇشتۇردى. خەت ۋە سۈرەتلەر بىرلەشتۈرۈلگەن كومپيۇتېر ساۋادى توغرىسىدا مەخسۇس ژۇرنال تۈزۈپ، بىر مۇنچە سان چىقىرىلدى. شۆبە بانكا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى شىنجاڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كومپيۇتېر مەركىزىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىشقا تەشكىللىدى ھەم بانكىدا كومپيۇتېرنى ئومۇملاشتۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدا قارار چىقاردى. مۇناسىۋەتلىك خادىملارنى يېقىنقى مەزگىللىك تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشقا ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۈسكۈنە سېتىۋېلىشقا 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ ئاجراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنى تەربىيىلەشنى كۈچەيتىپ ئۈسكۈنىلەرنى ياخشى ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلدى.

1985 - يىلى خەلق بانكىسى ۋە ھەر قايسى كەسپىي بانكا، سۇغۇرتا شىركەتلىرىدە ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ مەخسۇس ئاپپارات قۇرۇلدى. مۇناسىپ خادىملار سەپلىنىپ، كومپيۇتېر ئۇچۇر تورى قۇرۇلۇپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

## 2 §. بانكىدا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا - سايمانلارنىڭ تۈرلىرى ۋە ئىشلىتىلىشى

كومپيۇتېر بانكىغا كىرىشتىن ئىلگىرى، شىنجاڭ بانكا سىستېمىسىدا ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق ماشىنا سايمانلار پۇل ساناش ماشىنىسى، پۇل تېڭىش ماشىنىسى، تۆشۈك تېشىش ماشىنىسى، خەلق پۇل ئامانىتى ئۆسۈمىنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، توك يولى ئارقىلىق يەتكۈزۈش ئېلېكترونلۇق لىنىيىسى، توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ھېسابات دەپتىرى ساندۇقى، چاقىرىش نومۇرىنى كۆرسىتىش ئەسۋابى ۋە A4 تىپلىق ئېلېكترونلۇق ھېساب خاتىرىلەش ماشىنىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

### 1. پۇل ساناش ماشىنىسى

پۇل ساناش ماشىنىسى شىنجاڭ بانكا سىستېمىسىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن بىر پەن - تەتقىقات نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۇل ساناش ماشىنىسى پىشاڭلىق سان خاتىرىلەش، ئېلېكترون لامپىلىق سان خاتىرىلەش، كرىستال لامپىلىق سان خاتىرىلەش شەكلىدىن DT تىپلىق كۆپ ئىقتىدارلىق توپلانما توك يولى ئارقىلىق سان خاتىرىلەش ئەسۋابىدىن ئىبارەت بىر خىل تىپتىكى ماشىنىغا تەرەققىي قىلدى. بىر خىل تىپتىكى ماشىنىنىڭ زاپچاسلىرىنى بىر - بىرىگە ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ. مېخانىزملىق خۇسۇسىيىتى مۇقىم، سانىنى توغرا ھېسابلايدۇ. رېمونت قىلىش قولايلىق، ئەپچىل، ئۇنىڭغا يەنە چاڭ - توزاڭ سۈمۈرۈش قۇرۇلمىسى قوشۇلغان. بۇ ماشىنا سانالغان پۇلنىڭ ۋاراق سانىنى ۋە جەمئىي سوممىسىنى كۆرسىتەلەيدۇ. پۇل ساناش ماشىنىسى بەتتە سېكۇنتتا 100 ۋاراق پۇل سانىيالايدۇ. 40 ۋاتلىق بىر فازىلىق ئېلېكتر دېۋىگاتېلى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدۇ. سان لامپىسى سانلارنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. كاسسىرلار ئىشلىتىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن خىزمەت ئۈنۈمى 2.5 ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

## 2. پۇل تېخىش ماشىنىسى

پۇل تېخىش ماشىنىسىدا قول مەشغۇلاتىغا قارىغاندا خىزمەت ئۈنۈمىنى بىر ھەسسە ئۆپچۆرىسىدە يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. دۆلەت بانكىسىنىڭ كاسسا تۈزۈمىدە نەق پۇلنى ساقلاش، پېچەتلەش، رەتلەش، ساناش جەھەتلەردە پۇختا بەلگىلىمە چىقىرىلغان بولۇپ، پۇلنى ساناپ بولغاندىن كېيىن تېخىش تەلەپ قىلىنىدۇ. تېخىلغان پۇل توغرا ھەم رەتلىك بولۇشتىن سىرت يەنە چىڭ تېخىلىشى كېرەك. ئاندىن ئۇنى پېچەتلەپ خەزىنىگە كىرگۈزۈشكە ياكى چىقىم قىلىشقا بولىدۇ. قول مەشغۇلاتىدا پۇلنى چىڭ تېخىش ئۆلچىمىگە يەتكۈزۈش تەلىپىنى ئورۇنداش قىيىن ئىدى. 1959 - يىلى شىنجاڭ بانكا سىستېمىسىدا قول بىلەن ئايلاندۇرىدىغان پۇل تېخىش ماشىنىسى ۋە ئۈستەلگە قويۇپ ئىشلىتىدىغان يېنىك پۇل تېخىش ماشىنىسى ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. كېيىن ئېلېكترلىك تېخىش ماشىنىسى، سۇيۇقلۇق بېسىملىق پۇل تېخىش ماشىنىسى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بۇ ماشىنىلار ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست تۇرۇشلۇق جايلاردىكى شەھەرلىك تارماق بانكىلار ۋە ساۋەن، شىخو ناھىيىلىك تارماق بانكىلاردىمۇ ئىشلىتىلدى.

## 3. زەخىملەنگەن پۇللارغا تۆشۈك تېشىش ماشىنىسى ۋە تىتىش ماشىنىسى

بازاردا ئوبوروت قىلىپ ئىشلىتىشكە بولمايدىغان زەخىملەنگەن خەلق پۇللىرى قەرەللىك كۆيدۈرۈۋېتىلىدۇ. كۆيدۈرۈشتىن ئىلگىرى ھەر بىر ۋاراق پۇلغا دىئامېتىرى ئىككى مىللىمېتىر كېلىدىغان ئىككى تۆشۈك تېشىلىدۇ ئاندىن قايتا تەكشۈرۈپ، جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتكۈزۈپ كۆيدۈرۈلىدۇ. بۇنداق بولغاندا كۆپ ۋاقىت كېتەتتى ھەم ئىسراپ بولاتتى. 1984 - يىلدىن باشلاپ زەخىملەنگەن پۇللارنى تىتىش ماشىنىسى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. بۇ ماشىنا بىلەن سائىتىگە بىر توننا زەخىملەنگەن پۇلنى بىر تەرەپ قىلغىلى بولىدۇ. زەخىملەنگەن پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىدەك ئۇششاق تىتىپ، قەغەز بوتقىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك قەغەز پەنەركە ياسىغىلى بولىدۇ.

## 4. خەلق پۇل ئامانىتى ئۆسۈمىنى ھېسابلاش ماشىنىسى

60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بانكا ئىشچى - خىزمەتچىلىرى ئاددىي ئۆسۈم ھېسابلاش ماشىنىسىنى تەتقىق قىلىپ ياسىغانىدى. ئىشلىتىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، تولا چاتاق چىقتى ھەم توغرا ھېسابلىيالمايتتى. 1983 - يىلدىن باشلاپ خەلق پۇل ئامانىتى ئۆسۈمىنى ھېسابلاش ماشىنىسى ئىشلىتىلىدىغان بولدى. ئۇنىڭدا توغرا ھېسابلىغىلى بولىدۇ. ئۆسۈم نىسبىتىنى ئۆزگەرتىشمۇ ئاسان بولغاچقا، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى يۇقىرىلار پۇل ئامانىتى تارماقلىرىدا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلدى.

## 5. توك يولى ئارقىلىق يەتكۈزۈش ئېلېكترونلۇق لىنىيىسى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ تېخنىكا يېڭىلاش زاۋۇتى بىلەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكا ئۆز ئالدىغا لايىھىلەپ ياسىغان توپلاشتۇرۇلغان توك يولى ئارقىلىق كۆپ يوللۇق تىزگىنلەش، يەتكۈزۈش لىنىيىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك تارماق بانكىنىڭ تەڭرىتاغ رايونلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى، سايباغ رايونلۇق

ئىش بېجىرىش ئورنى، قۇمۇل شەھەرلىك تارماق بانكا تىجارەت بۆلۈمى، يېڭى ئىگىلىك شۆبە بانكىسىنىڭ شىخەنزە شەھەرلىك تارماق بانكىسى قاتارلىق بانكىلاردا ئىشلىتىلدى. لېكىن تېخنىكىلىق تەرتىپى بىر قەدەر يۇقىرى بولغاچقا ئومۇملاشتۇرۇش قىيىن بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇنى يەنىمۇ ياخشىلىغىلى توغرا كېلىدۇ.

## 6. A4 تىپلىق ئېلېكترونلۇق ھېساب خاتىرىلەش ماشىنىسى

1983 - يىلى باش بانكا شىنجاڭغا بۇ ماشىنىدىن 18 نى تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇلار ئاساسەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك، غۇلجا شەھەرلىك ۋە قۇمۇلدىكى بانكىلاردا ئىشلىتىلدى.

## 7. توك كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ھېساب دەپتەر ساندۇقى

شىنجاڭدىكى قىسمەن بانكىلاردا پۇل ئامانەت قويغۇچىلار پۇل ئامانەت قويغاندا ئامانەت پۇل كارتىسى ئىشلىتىلىدىغان، توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ھېساب دەپتىرى ساندۇقى ئىشلەتكەندى. لېكىن ئۈنۈمى ياخشى بولمىدى. ياخشىلاشقا توغرا كېلىدۇ.

شىنجاڭ بانكا سىستېمىسىدا ئىشلىتىلگەن يۇقىرىدا ئېيتىلغان يەتتە خىل ماشىنا - سايمانەدىن باشقا يەنە پوكەيدە پۇل چىقىم قىلغاندا نومۇر كۆرسىتىپ چاقىرىش ئەسۋابى، ئوردېرغا تۆشۈك تېشىش تۈپلەش ماشىنىسى قاتارلىقلارمۇ ئىشلىتىلدى. ھەر قايسى شۆبە بانكىلار ۋە شۆبە سوغۇرتا شىركىتى ئىش بېجىرىش، خەت ئالاقىنى بېسىش خىزمىتى جەھەتلەردە ئىلغار تېخنىكا قوللاندى. 1982 - يىلدىن باشلاپ ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ توك كۈچى بىلەن تېز بېسىش ماشىنىسى، نۇسخا كۆچۈرۈش ماشىنىسى، سايە چۈشۈرۈپ كۆچۈرۈش ماشىنىسى، ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە خەت بېسىش ماشىنىسى قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر ئىشلىتىلدى.

**قوشۇمچە:**

## شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا ئېلېكترون تېخنىكىسىنىڭ قوللىنىلىشى

شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا 1982 - يىلدىن باشلاپ ئېلېكترون تېخنىكىسى قوللىنىلدى. ئاۋۋال خەلق شۆبە بانكىسى ئىتالىيەدىن ئېلېكترونلۇق ھېساب خاتىرىلەش ماشىنىسىنى كىرگۈزدى. يېڭى ئىگىلىك شۆبە بانكىسى، جۇڭگو شۆبە بانكىسى، قۇرۇلۇش شۆبە بانكىسى ۋە سوغۇرتا شۆبە شىركىتىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئاپپارات تەسىس قىلىپ، خادىملارنى تەربىيىلەپ، ئۈسكۈنە كىرگۈزۈپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلەتتى. 1985 - يىلى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى ئايرىپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق بانكىسىنىڭ ئېلېكترون ئۈسكۈنىلىرى ۋە كەسپىي خادىملىرى سودا - سانائەت شۆبە بانكىسىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. سودا - سانائەت شۆبە بانكىسى مۇشۇ ئاساستا تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلەتتى. خەلق شۆبە بانكىسى 1986 - يىلدىن باشلاپ يېڭىۋاشتىن كومپيۇتېر سېتىۋالدى.

جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1986 - يىل 4 - ئايدا ھېسابلاش مەركىزى قۇردى. ھەمدە كومپيۇتېرنى قوللىنىش، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئالدى بىلەن ئىقتىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش؛ ئىككىنچى، ئۈسكۈنىلەرنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ۋە 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلاردا قۇراشتۇرۇپ سىناق

قىلىش، تەڭشەش؛ ئۈچىنچى، شۆبە بانكىدىكى ئاچقۇچلۇق تارماقلاردا قوللىنىلىدىغان پروگراممىلارنى ئېچىش، قوللىنىش؛ تۆتىنچى، 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلاردا قوللىنىلغان پروگراممىلارنى كېڭەيتىش، قوللىنىش ۋە شۆبە بانكا بىلەن 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلار ئارا يىراق مۇساپىلىق كومپيۇتېر خەۋەرلىشىش تورىنى بەرپا قىلىش، بەشىنچى، ئېلېكترونلاشتۇرۇشنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈشتىن ئىبارەت دەسلەپكى لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1986 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە باش بانكا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ خەلق شۆبە بانكىسىغا 100 دانە كومپيۇتېر سەپلەپ بەردى. خەلق بانكىسى سىستېمىسىنىڭ سۈنئىي ھەمرا خەۋەرلىشىش مەخسۇس تورىنى قۇردى. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ ئېلېكترونلاشتۇرۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش بولدى. 1988 - يىلغا كەلگەندە 40 نەچچە نەپەر كومپيۇتېرنى ئومۇملاشتۇرۇش، قوللىنىش، باشقۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى - خىزمەتچى سەپلەندى ۋە تەربىيىلەندى. بانكا بويىچە كەسپىي تارماقلاردا كومپيۇتېر قوللىنىپ كەسپنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشتىن سىرت، مەشغۇلات قىلىدىغان 60 نەچچە كىشى سەپلەندى ۋە تەربىيىلەندى. ئابونت دەرىجىلىك سەۋىيە بويىچە تەربىيىلەنگەن كومپيۇتېر يۇمشاق دېتال خادىملىرى 180 ئادەم قېتىمدىن ئاشتى. ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان بەزى يۇمشاق دېتاللار ئىجاد قىلىندى. خەلق بانكىسى ئۆز ئالدىدا ئاچقان، شۆبە بانكا ۋە 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلاردا خەلق بانكىسىنىڭ بوغالتىرىيە مەلۇمات جەدۋەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن مەلۇمات جەدۋەللىرىنى بىر تەرەپ قىش سىستېمىسى، يۇقىرىغا ئامانەت قويۇلغان مەبلەغنى ستاتىستىكىلىق بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى، تەننەرخ، پايدىنى ستاتىستىكىلىق بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ باھاسىنى تەكشۈرۈش، ستاتىستىكا قىلىش، باشقۇرۇش سىستېمىسى؛ ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى قاتارلىقلار ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىلدى. پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكا ئۇچۇر باشقۇرۇش سىستېمىسى مەمۇرىي بوغالتىرلىق ھېسابات سىستېمىسى، دۆلەت خەزىنىسى كەسپىنى بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىلىرى سىناق تەرىقىسىدە قوللىنىلدى. يىراق مۇساپىلىق كومپيۇتېر خەۋەرلىشىش تورى ۋە ئابونتلار كومپيۇتېر تېلېگىرامما تورى (PCTLX) دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىندى. 14 ئىككىنچى دەرىجىلىك شۆبە بانكا بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق شۆبە بانكىنىڭ يىراق مۇساپىلىق كومپيۇتېر خەۋەرلىشىش تورى يولغا قويۇلۇپ ئۇنىڭغا ئاساسەن كادىرلار ئىشلىرى ستاتىستىكىسى، ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرىنىڭ باھا ستاتىستىكىسى قاتارلىق ئۇچۇرلار يەتكۈزۈلدى. ئابونتلار تېلېگىرامما تورى ئارقا - ئارقىدىن يولغا قويۇلۇپ، ھەر قايسى بانكىلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرى توغرىسىدىكى تېلېگىراممىلىرى پەيدىنپەي بانكىنىڭ ئابونتلار كومپيۇتېر تېلېگىراممىا تورىغا يۆتكەلدى. قاتتىق دېتاللار سەپلەش، ئۈسكۈنىلەرنى ئاسراش ۋەزىپىسى پىلان بويىچە ئورۇندالدى. ماشىنىلارنى كۆچۈرۈش، تەكشۈرۈش، قۇراشتۇرۇش، سىناش، ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىش، ئاسراش - رېمونت قىلىش قاتارلىق نۇرغۇن كۈندىلىك خىزمەتلەر ئورۇندىلىپ، ئۈسكۈنىلەرنىڭ ساقلىق نىسبىتى 95% سەۋىيىسىدە ساقلاندى، قارامايدىن باشقا 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلارنىڭ ھەممىسىدە تۆت ياكى بەش كومپيۇتېر ئارقىلىق باشقۇرۇش ئۇچۇرى، ئالاقىلىشىش قاتارلىق كەسىپلەر بىر تەرەپ قىلىندى، ئۈچتىن ئىككى قىسىم 2 - دەرىجىلىك شۆبە بانكىلاردا $30m^2$ دىن چوڭ كومپيۇتېرخانا بار. ئۇلارغا كىرەكلىك قوشۇمچە ئۈسكۈنىلەر سەپلەندى. ئۈچتىن بىرقىسىم 2 - دەرىجىلىك بانكىلارنىڭ كومپيۇتېرخانىلىرى زىننەتلىنىپ، كومپيۇتېر ئىشلىتىشكە زۆرۈر شارائىت تولۇقلاندى. 1989 - يىلدىن باشلاپ خەلق بانكىسىنىڭ ئېلېكترونلاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان سۈنئىي ھەمرا خەۋەرلىشىش تورى قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلدى. باش بانكىنىڭ پىلانى بويىچە شىنجاڭ خەلق شۆبە بانكىسى، ئىلى، چۆچەك، سانجى شەھىرى، تۇرپان، قۇمۇل، بايىنغولىن، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردىكى ئون بانكىدا سۈنئىي ھەمراھ يەر يۈزى پونكىتى قۇرۇلىدىغان بولدى. ئون سۈنئىي ھامرا يەر يۈزى پونكىتىنىڭ ئورنى ۋە مۇھىتىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملىنىپ، كومپيۇتېرخانا سېلىش، تېخنىكلارنى يېتىشتۈرۈش ئىشى باشلاندى. يىل ئاخىرىدا باش بانكىدىكى ئاساسلىق پونكىت بىلەن تور ئۇلاشتۇرۇلۇپ، سىناق قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر

ۋاقىتتا، پونكىت قۇرۇلغان شۆبە بانكىلاردا راسچوت شۆبە مەركىزى قۇرۇلۇپ، ئۇ مەزكۇر رايوننىڭ مەملىكەت بويىچە بانكىلار ئارا ئېلېكتىرونلۇق مۇئامىلىسىگە مەسئۇل بولدى.

جۇڭگو سودا ـ سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى 1985 ـ يىلى ئايرىپ تەسىس قىلىنغاندىن كېيىن، خەلق بانكىسىدىن ئۆتكۈزۈۋالغان تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئۈسكۈنىلەر ئاساسىدا ئېلېكتىرونلۇق ھېسابلاش مەركىزى قۇرۇپ، ئېلېكتىرونلۇق ماشىنا ـ سايمانلارنى قوللىنىش ۋە كېڭەيتىش خىزمىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇردى. 1987 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر شىنجاڭدىكى سودا ـ سانائەت بانكا سىستېمىسى 60 يۈرۈشتىن ئارتۇق يەككە ئابونتلۇق ۋە كۆپ ئابونتلۇق كومپيۇتېر سېتىۋالدى. شۆبە سودا ـ سانائەت بانكىسى بىلەن باش بانكا ۋە ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلىق بانكىلار ئارىسىدا PC—TELEX سانلىق مەلۇماتلىق يەتكۈزۈش تورى قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت ئامانىتى بوغالتىرلىقىنى كومپيۇتېر بىلەن بىر تەرەپ قىلىش نۇقتىسى 20 گە يېتىنلاشتى. ئۈرۈمچىدىن باشقا كەسىپ مىقدارى بىر قەدەر كۆپ بولغان غۇلجا، قۇمۇل، كورلا، قاراماي شەھىرى قاتارلىق جايلارغىمۇ پەيدىنپەي كېڭەيتىلدى. ئۈچ كومپيۇتېر ئارقىلىق پۇل ئامانەت قويۇش پونكىتى قۇرۇلدى. سودا ـ سانائەت شۆبە بانكىسى تەۋەسىدىكى بانكىلار ئارا مۇئامىلىدىكى ھېساب سېلىشتۇرۇش ئىشى 1987 ـ يىل 1 ـ ئايدىن باشلاپ كومپيۇتېر بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى ۋە ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە تېخنىكا ئۆزگەرتىش قەرز پۇل تورىنى باھالاش، پىلانلانغان تۈرلەر توغرىسىدىكى تېلېگىرامما مەلۇماتى، بوغالتىرىيە مەلۇمات جەدۋەللىرىنى ستاتىستىكا قىلىش، جەملەش، ئىش ھەققىنى باشقۇرۇش، خەت ـ ئالاقىلارنى بېسىش قاتارلىق خىزمەتلەرمۇ كومپيۇتېر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىنىدىغان بولدى. شىنجاڭ سودا ـ سانائەت بانكا سىستېمىسىدىكى ئاساسلىق خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىك يۇمشاق دېتاللارنىڭ ياردىمى بىلەن نورمال يۈرۈشىدىغان بولدى.

جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە 1984 ـ يىلى ئاران بىر دانە كومپيۇتېر، ئىككى نەپەر كومپيۇتېر خادىمى بار ئىدى. 1985 ـ يىلى يېزا ئىگىلىك شۆبە بانكىسى كومپيۇتېر ئومۇملاشتۇرۇش لايىھىسىنى تۈزۈپ چىقتى. تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىش ئۈچۈن باشقارمىسى قۇرۇلدى. ئۇ شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىدىكى ئېلېكتىرون تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش، قوللىنىش خىزمىتىنى مەخسۇس باشقۇردى. 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا شۆبە بانكىدىن تارتىپ، ناھىيىلىك تارماق بانكىلارغىچە جەمئىي 180 كەسپىي تېخنىك خادىم سەپلەندى. 6 مىليون 100 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىنىپ كومپيۇتېر 153 كە يەتكۈزۈلدى. ئۈچۈر، ستاتىستىكا ۋە بانكىلار ئارا ھېساب سېلىشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كومپيۇتېر ئومۇملاشتۇرۇپ ئىشلىتىلدى. «شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكىسىدا كومپيۇتېر ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك لايىھىسى» دە: تىجارەت بۆلۈملىرىدىكى كەسىپنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ كومپيۇتېر ئارقىلىق ئامانەت قويۇش كەسپىنى ئاساسلىق ھوجۇم نىشانى قىلىش، يەككە كومپيۇتېر بىلەن يول ئېچىش، كۆپ ئابونتلۇق كومپيۇتېرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسىنىڭ ئېلېكتىرونلىشىش قۇرۇلۇشىنى نۇقتىلىق، قەدەم باسقۇچلۇق ھالدا ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش بەلگىلەنگەن ھەمدە ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلىش، غۇلجا شەھىرى، كۈيتۇن شەھىرى، شىخەنزە شەھىرى، سانجى شەھىرى ۋە تۇرپان شەھىرىنى مەركىزىي ئوق قىلىش، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست تۇرۇشلۇق جايدىكى شەھەرلىك تارماق بانكىلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ كومپيۇتېرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت تەرەققىيات نىشانى بېكىتىلگەن. 1988 ـ يىلغا قەدەر يېزا ئىگىلىك بانكا سىستېمىسى 35 شىنجاڭ بويىچە كومپيۇتېر ئارقىلىق پۇل ئامانەت قويۇش تور ـ نۇقتىسىنى، 31 ھۆكۈمەت ئامانىتى تور ـ نۇقتىسىنى قۇردى. ئاپتونوم رايون تەۋەسىدىكى بانكىلار ئارا ھېساباتنى سېلىشتۇرۇشنى ئاپتوماتلاشتۇرۇش، ئۈچۈر باشقۇرۇشنى تورلاشتۇرۇش، كىرىدىت نەق پۇل باش ھېساب تورى تېلېگىراممىسى، بوغالتىرىيە ئايلىق مەلۇمات جەدۋىلى، ئەمگەك ئىش ھەققى يىللىق مەلۇماتى، ئائىلە پىلانىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى، 2 ـ دەرىجىلىك رېمونت مەلۇمات جەدۋىلى ۋە ئىش ھەققى مەلۇمات جەدۋىلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى كومپيۇتېردا بىر تەرەپ قىلىندى.

# ئاخىرقى سۆز

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەزكىرە تۈزۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن خەلق بانكىسىنىڭ باشلامچىلىقىدا خەلق بانكىسى، سودا - سانائەت بانكىسى، قۇرۇلۇش بانكىسى، جۇڭگو بانكىلىرىنىڭ شۆبىلىرى ۋە سۇغۇرتا شۆبە شىركىتى، بىردىن بانكا باشلىقى ياكى مۇئاۋىن باشلىقى (مۇئاۋىن باش دىرېكتور) نى ئاجرىتىپ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى، پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»نى يېزىشقا مەسئۇل قىلدى. 1985 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شىنجاڭ «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» ھەيئىتى قىلىپ ئۆزگەرتىلىپ پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسىنى يېزىش خىزمىتىگە بىرلىكتە رەھبەرلىك قىلدى. چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى بىرلىكتە قارار قىلدى. «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نى تەكشۈرۈپ بېكىتتى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى، پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نى قايتا تەكشۈرۈپ چىقتى، تەھرىر ھەيئىتىنىڭ قارىمىقىدا تەھرىرلىك ئىشخانىسى تەسىس قىلىندى. ئۇنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ئۈستىگە ئالدى. ئۇلار پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسىنى يېزىش، تۈزۈش ۋە تەكشۈرۈپ تۈزىتىش خىزمىتىنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولدى ۋە كونكرېت رەھبەرلىك قىلدى. تەھرىرلىك ئىشخانىسىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنى خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسى باشقۇردى.

بۇ كىتاب 1984 - يىل 7 - ئايدا يېزىلىشقا باشلىدى. تەھرىرلىك ئىشخانىسى 1985 - يىل يەنە يېڭىباشتىن تەرتىپكە سېلىندى ۋە كۈچەيتىلدى. ئاۋۋال تارقاق ھالدا يېزىش، كېيىن مەركەزلەشتۈرۈپ يېزىش جەريانىنى باشتىن كەچۈردى. بەنزە، تەشكىللەش، ماتېرىيال توپلاش، يېزىش، تەكشۈرۈپ بېكىتىشتىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچلۇق خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق 1989 - يىلى «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نىڭ تېكىستى تولۇق يېزىلىپ بولدى. تەكشۈرۈپ تۈزىتىش، قايتا يېزىش، تولۇقلاش ئارقىلىق پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ باش مۇھەررىرى 1990 - يىل 1 - قېتىم تەكشۈرۈشنى تاماملىدى. 1991 - يىلى پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى «تەھرىر ھەيئىتى» خەلق، سودا - سانائەت، يېزا ئىگىلىك، قۇرۇلۇش ۋە جۇڭگو شۆبە بانكىلىرى ھەم سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ كونا، يېڭى رەھبەرلىرىنى، پۇل مۇئامىلە مۇتەخەسسىسلىرى، ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ئالىي مەكتەپلەردىكى ئالاقىدار مۇتەخەسسىس، ئالىم، پروفېسسورلارنى چاقىرىپ 2 - تەكشۈرۈشنى تاماملىدى. بەش بانكا ۋە سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ ھەر قايسى باشقارما ئىشخانىلىرى، ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك بانكا (شىركەت) ۋە مەملىكەت بويىچە باش بانكا ۋە سۇغۇرتا شىركىتى رەھبەرلىك ئورگانلىرى، شۇنىڭدەك بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن قاتارلىق 30 ئۆلكە، شەھەرلىك شۆبە بانكىلاردىن پىكىر ئېلىندى. 1992 - يىل 3 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىغا يوللاپ 3 - قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. يېزىش جەريانىدا قېتىرقىنىپ ئىشلەپ، كۆپلەپ ماتېرىيال توپلاپ، ئىنچىكىلەپ تاللاپ، مۇھىم نۇقتا گەۋدىلەندۈرۈلدى. ئارخىپ ماتېرىياللىرى ئاساس، سوراش ئارقىلىق ۋە كىتاب گېزىت - ژۇرناللاردىن ماتېرىيال توپلاش قوشۇمچە قىلىندى. جەمئىي 11 مىڭ جىلددىن ئارتۇق ئارخىپ (بۇنىڭ ئىچىدە ئازادلىقتىن ئىلگىرىكىسى 3000 جىلددىن ئاشىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىنكىسى 7000 جىلددىن ئاشىدۇ.) كۆرۈلۈپ، 40 مىليون خەنزۇچە خەتلىك، 35 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كارتا يېزىلدى. خەنزۇچە 2 مىليون خەتتىن ئارتۇق ماتېرىيال يېزىلدى. «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» 1 مىليون 200 مىڭ خەتتىن ئارتۇق ھەجىمدە يېزىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن يەنىمۇ ئىخچاملاپ «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى،

پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» گە 1 مىليون خەتلىكتىن ئارتۇق ماتېرىيال كىرگۈزۈلدى. دېمەك توپلانغان ماتېرىيال ئىچىدىن مېغىزىنى ئېلىشقا تىرىشتۇق.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى (كەسپىي تەزكىرە)» «شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» (ساھەلەر تەزكىرىسى) نىڭ ئاساسىدا پىششىقلاپ يېزىپ چىقىلىپ، ئۇ 1 مىليون 200 مىڭدىن ئارتۇق خەتتىن 1 مىليوندىن ئارتۇق خەتكە قىسقارتىلدى. قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، ئوبيېكتىپ ئەھۋالنى يېزىپ، مەزمۇننى بېيىتىپ، شىنجاڭنىڭ پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تارىخى ھەم ھازىرقى ئەھۋالىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشتۇق. ئورگىنالنى تەييارلاش ئەھۋالى مۇنداق بولدى:

«ئومۇمىي بايان»، «يېڭى جۇڭگونىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى»، «پۇل مۇئامىلىنى مەمۇرىي باشقۇرۇش»، «تېخنىكا ئېگىلاش» قاتارلىق قىسىم ۋە بابلارنى شۇنىڭدەك «كادىر باشقۇرۇش» نىڭ بىرىنچى پاراگرافىنى سۇلۇڭ لەنفاڭ يازدى.

چولۇڭ ئىشلار خاتىرىسىنى باش مۇھەررىر، مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىش تەقسىماتىغا ئاساسەن ئۈستىگە ئالغان مەخسۇس تېما بويىچە دەسلەپكى ئورگىنالنى يېزىپ چىققاندىن كېيىن چى چىڭيۇن ئومۇملاشتۇرۇپ يازدى.

«پۇل» قىسمىنىڭ مېتال پۇل، لاتا پۇل ۋە قەغەز پۇلدىن ئىبارەت 1 ـ، 2 ـ پاراگرافلىرىنى جاۋيۇگۈەنلىڭ، قەغەز پۇلنىڭ 3 ـ، 5 ـ پاراگرافلىرىنى لى دېلىيەن، 4 ـ 6 ـ پاراگرافىنى شاۋ شىجەن يازدى.

«كونا پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى» نىڭ 1 ـ 2 ـ 3 ـ ۋە 8 ـ پاراگرافىنى جاۋيۇگۈەنلىڭ، 4 ـ پاراگرافىنى لى دېلىيەن، 5 ـ 7 ـ پاراگرافىنى سۇن جۇڭشى، 6 ـ پاراگرافىنى پاڭ شاۋخۇڭ يازدى.

«ئۈچ ۋىلايەتنىڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتى» نىڭ ماتېرىيالى (ئۇيغۇرچە) نى ئىسمائىل قادىر توپلىدى، ياڭ جۇڭ يازدى.

«پۇل ئوبوروتى ۋە ئۇسۇم نىسبىتىنى»، «پۇل تارقىتىش ۋە كاسسا» قىسىملىرىنى ھەم «نەق پۇلنى پىلانلىق باشقۇرۇش» پاراگرافىنى شاۋسىجەن يازدى ۋە قايتا يازدى.

«ئامانەت پۇل • يۆتكىلار پۇل ئامانىتى»، «پۇل مۇئامىلە تەتقىقاتى قىسىملىرىنى ھەم» پۇل مۇئامىلە ستاتىستىكىسى «كادىر باشقۇرۇش» نىڭ 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ پاراگرافىنى پاڭشاۋخۇڭ يازدى.

«سانائەت كرېدىتى»، «ھاۋالە»، «ئىقتىسادىي ئۇچۇر» قاتارلىق باب ۋە پاراگرافلارنى لى دېلىيەن يازدى.

«بانكىنىڭ ئۆز مەبلىغى ۋە دۆلەت خەزىنىسىنى ۋاكالىتەن باشقۇرۇش»، «سودا كرېدىتى»، «بىكتۇەن سانائەت كرېدىتى»، «مېمورىئال راسچوت»، «كرېدىت پىلانىنى باشقۇرۇش»، «رېزىنىيە ۋە تەپتىشلىك» نىڭ باب، پاراگرافلىرى ۋە «كادىر باشقۇرۇش» نىڭ 5 ـ پاراگرافىنى چېن جۇچىن يازدى.

«يېزا كرېدىتى» قىسمىنى جاڭ يۇڭفا يازدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى 1 ـ بابنى چېن جۇچىن قايتا يېزىپ چىقتى. 2 ـ بابنىڭ 1 ـ ۋە 4 ـ پاراگرافىنى لى دېلىيەن قايتا يېزىپ چىقتى.

«يېزا ئامانەت قەرز كوپېراتىپى» نىڭ باب، پاراگرافلىرىنى جى چىڭيۈن يازدى.

«تۇراقلىق مۈلۈككە سېلىنغان مەبلەغكە پۇل ئاجرىتىش ۋە پۇل قەرز بېرىش قىسمىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 5 ـ بابلىرىنى ليۇشۇجۇڭ يازدى. 3 ـ، 4 ـ، 6 ـ بابلىرىنى جاڭ جى يازدى.

«خەلقئارا پۇل مۇئامىلە» قىسمىنى تەن سۇگۈلىيۇ يازدى.

«سۇغۇرتا» قىسمىنى فېڭ گۇاڭيۈن يازدى.

«بوغالتىرىيىنى باشقۇرۇش» نىڭ 1 ـ، 2 ـ پاراگرافىنى جاۋ يۇگۈەنلىڭ قايتا يېزىپ چىقتى. 3 ـ پاراگرافىنى لى دېلىيەن قايتا يېزىپ چىقتى.

پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسىدە جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئۈنجى بانكا باشلىقى جاڭ دىڭفەننىڭ ۋە ئۈنجى ئۇيغۇر بانكا باشلىقى ئابدىرېھىم ئۆمەرنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلدى. ئۇنى سۇلۇڭ لەنفاڭ يازدى. كېيىن كەسپىي تەزكىرىنى ئەكشۇرۇپ بېكىتىش جەريانىدا، بۇ ئىككى تەرجىمىھال «شىنجاڭدىكى شەخسلەر

تەزكىرىسى» گە كىرگۈزۈلگەنلىكتىن بۇ تەزكىرىدىن قىسقارتىۋېتىلدى.

ماتېرىيالنى كۆپەيتىپ باسقۇچىلار: شۈجىنيالڭ، ليۇجۇشيا.

كەسپىي تەزكىرە كوررېكتورى: پاڭ شاۋخۇڭ، چېن جۈچېن.

سۈرەت تارتقۇچى: چېن يۈلىن قاتارلىقلار.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» گە جۇڭگو خەلق بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو خەلق يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى، جۇڭگو خەلق قۇرۇلۇش بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى ۋە جۇڭگو بانكىسىنىڭ ئۈرۈمچى شۆبىسىنىڭ بانكا باشلىقلىرى ياكى مۇئاۋىن بانكا باشلىقلىرى، جۇڭگو خەلق سۇغۇرتا شىركىتى، شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن دىرېكتورى قاتارلىق رەھبىرىي يولداشلاردىن تەركىب تاپقان تەھرىر ھەيئىتى ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلدى؛ جۇڭگو خەلق بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سابىق ئىشخانا مۇدىرى، ئالىي ئىقتىسادچى سۇڭ لەنفاڭ باش مۇھەررىر بولۇپ، پۈتكۈل تەزكىرىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسى، تەكشۈرۈش، تۈزىتىش، ئورگانلارنى يېزىشقا تەشكىللەش، ئورگانلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، سېلىشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدى. ئايمۇ - ئاي تەكشۈرۈش، پەسلىدە ئورۇنلاشتۇرۇش، يېرىم يىلدا كىچىك خۇلاسىلەش، بىر يىلدا خۇلاسە چىقىرىشنى مەككەم يىل داۋاملاشتۇردى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسى گۈڭشى مالىيە - بوغالتىرلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش باشقارمىسىنىڭ سابىق باشقارما باشلىقى جاۋيۇندىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكنى ئۈستىگە ئېلىپ، باش مۇھەررىرگە ياردەملىشىپ ئىشلىدى. جۇڭگو يېزا ئىگىلىك بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ سابىق بانكا باشلىقى، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ياڭ چى پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ خىزمەتلەرگە ئومۇمىيۈزلۈك رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسى، سودا - سانائەت بانكىسى، يېزا ئىگىلىك بانكىسى، جۇڭگو بانكىسى ۋە سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ كونا - يېڭى رەھبەرلىرى ۋە ھەر قايسى باشقارما، ئىشخانا، تەتقىقات ئورۇنلىرى تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلدى ۋە مەدەت بەردى. راسخوت، ئىشخانا مۇئەسسەسەلىرى، خىزمەت شارائىتى، ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش، سۈرەتكە ئېلىش قاتارلىق جەھەتلەرگە كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق بانكىسىنىڭ سابىق باشلىقى ۋاڭ يۈسەن، خەلق شۆبە بانكىسىنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسى ۋە ئىلگىرىكى ھەر نۆۋەتلىك مەسئۇل بانكا باشلىقلىرىدىن جۇيۇەنجي قاتارلىقلار تەزكىرە يېزىش خىزمىتىگە بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلدى. پىلاننى ئۆزى بىۋاسىتە تەكشۈرۈپ بېكىتتى. تەزكىرە تۈزۈش خىزمىتى يىغىنلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، تەزكىرە تۈزۈش جەريانىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەردى. تەزكىرە تۈزگۈچىلەرگە روھىي ۋە خىزمەت جەھەتلەردىن غەمخورلۇق قىلدى ۋە مەدەت بەردى.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»نىڭ ئورگىنالى ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈپ بېكىتىلدى. باش مۇھەررىر سۇڭ لەنفاڭ بىرىنچى قېتىم تەكشۈردى. تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى ياڭ چى ئالاقىدار رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىس، ئالىم، پرافېسسورلارنى چاقىرىپ، 2 - تەكشۈرۈشكە رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىقتىساد تەتقىقاتى مەركىزىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچىسى ۋۇچياڭ، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى سەي جىنسۇڭ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوتسېنتى ۋېي چاڭخۇڭ، شۈخەيشىڭ، شىنجاڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كادىرلىرى ئىنستىتۇتىنىڭ دوتسېنتى شى فاڭجو قاتارلىقلار تەزكىرىنىڭ ئورگىنالىنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىپ، ئۇنى تۈزىتىش توغرىسىدا ئاغزاكى ۋە يازما پىكىرلىرىنى بەردى. شىنجاڭ مالىيە ئىقتىساد ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى جۇنيەنشىن، دوتسېنتى چېن خاۋجۈەن، سەي جىسىن ئورگىنالنى تەكشۈرۈش يىغىنىغا باشتىن - ئاخىر قاتنىشىپ تۈزىتىش توغرىسىدا پىكىرلىرىنى بەردى. شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى بەش بانكا بىر شىركەتنىڭ كونا، يېڭى بانكا باشلىقلىرى ۋە دىرېكتورى، ھەر قايسى باشقارمىلارنىڭ رەھبەرلىرى، پۇل مۇئامىلە مۇتەخەسسىسلىرى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە

كومىتېتى «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نى يېزىشقا قىزغىن يېتەكچىلىك قىلدى. تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جۇڭ يىڭ، خې بىڭچىلار «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نىڭ ئورگىنالىنى تەكشۈرۈش يىغىنىغا بىۋاسىتە قاتنىشىپ خىزمەت جەريانىدىكى قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەملەشتى. شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جىن تيەنچىن، مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ دېرۇن، تەھرىر ليۇشىڭ پۈتكۈل ئورگىنالىنى 3 ـ قېتىم تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مازىجيەن ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن مۇدىرى فۇۋېن تەكشۈرۈپ بېكىتتى. سەككىز يىل جاپالىق ئەجىر قىلىش، ئۈچ قېتىم تەكشۈرۈش، تۆت قېتىم تۈزىتىش ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ تۇنجى سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى ئاخىرى دۇنياغا كېلىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا، يەنە ئاپتونوم رايونلۇق ئارخىپ سارىيى، ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئارخىپ سارىيى، قېرىنداش ئورۇنلار، ھەر دەرىجىلىك بانكىلار ۋە ئەمۋالدىن خەۋەردار يولداشلارنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە ئېرىشتۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز. تەزكىرىنى تۈزۈش ۋاقتى بىر قەدەر قىس، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەۋىيىمىز چەكلىك بولغاچقا خاتا بولۇپ قالغان ۋە چالا قالغان جايلىرى بولۇشى مۇمكىن. ھەر قايسى بانكا ۋە شىركەت رەھبەرلىرى، مۇتەخەسسىس، ئالىم، پروفېسسورلارنىڭ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ھەم كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورايمىز.

تۈزگۈچىدىن

1993 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى

# «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى»نىڭ ئومۇمىي مۇندەرىجىسى


1. توم ئومۇمىي بايان
2. توم چوڭ ئىشلار خاتىرىسى
3. توم رايونلارنىڭ تەسىس قىلىنىش تەزكىرىسى
4. توم يەر شەكلى تەزكىرىسى
5. توم مۇزلۇقلار، ئېقىنلار تەزكىرىسى
6. توم قۇملۇقلار تەزكىرىسى
7. توم ھايۋاناتلار تەزكىرىسى
8. توم ئۆسۈملۈكلەر تەزكىرىسى
9. توم گېئولوگىيە، كان مەھسۇلاتلىرى تەزكىرىسى
10. توم مېتېئورولوگىيە تەزكىرىسى
11. توم يەر تەۋرەش تەزكىرىسى
12. توم يەر ناملىرى تەزكىرىسى
13. توم نوپۇس تەزكىرىسى
14. توم كوممۇنىستىك پارتىيە تەزكىرىسى
15. توم ھۆكۈمەت ئىشلىرى تەزكىرىسى
16. توم كادىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى
17. توم ئەمگەك تەزكىرىسى
18. توم پارتىيە - گۇرۇھلار تەزكىرىسى
19. توم ئاممىۋى تەشكىلاتلار تەزكىرىسى
20. توم جامائەت خەۋپسىزلىكى تەزكىرىسى
21. توم تەپتىش تەزكىرىسى
22. توم سوت تەزكىرىسى
23. توم ئەدلىيە مەمۇرىيىتى تەزكىرىسى
24. توم خەلق ئىشلىرى تەزكىرىسى
25. توم تاشقى ئىشلار تەزكىرىسى
26. توم مۇھاجىرلار ئىشلىرى تەزكىرىسى
27. توم مىللەتلەر تەزكىرىسى
28. توم ھەربىي ئىشلار تەزكىرىسى
29. توم ئونىۋېرسال ئىقتىساد تەزكىرىسى
30. توم يېزا ئىگىلىك تەزكىرىسى
31. توم يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تەزكىرىسى
32. توم يېزا - بازار كارخانىلىرى تەزكىرىسى
33. توم مېۋە - چېۋە تەزكىرىسى
34. توم چارۋىچىلىق تەزكىرىسى
35. توم ئورمانچىلىق تەزكىرىسى
36. توم سۇ ئىشلىرى تەزكىرىسى
37. توم قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى تەزكىرىسى
38. توم ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتى تەزكىرىسى
39. توم كۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى
40. توم نېفىت سانائىتى تەزكىرىسى
41. توم پولات - تۆمۈر سانائىتى تەزكىرىسى
42. توم رەڭلىك مېتال سانائىتى تەزكىرىسى
43. توم ماشىنىسازلىق - ئېلېكترون سانائىتى

تەزكىرىسى
44. توم قورۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى تەزكىرىسى
45. توم يېنىك سانائەت تەزكىرىسى
46. توم توقۇمىچىلىق سانائىتى تەزكىرىسى
47. توم خىمىيە سانائىتى تەزكىرىسى
48. توم تاشيول ترانسپورتى تەزكىرىسى
49. توم تۆمۈريول ترانسپورتى تەزكىرىسى
50. توم خەلق ئاۋىئاتسىيىسى تەزكىرىسى
51. توم پوچتا - تېلېگراف تەزكىرىسى
52. توم شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى تەزكىرىسى
53. توم بىناكارلىق قۇرۇلۇش تەزكىرىسى
54. توم كارتوگرافىيە تەزكىرىسى
55. توم مۇھىت ئاسراش تەزكىرىسى
56. توم ساياھەتچىلىك تەزكىرىسى
57. توم مالىيە تەزكىرىسى
58. توم ئىقتىسادىي تەپتىشلىك تەزكىرىسى
59. توم پۇل مۇئامىلىسى تەزكىرىسى
60. توم سودا - سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تەزكىرىسى
61. توم سودا تەزكىرىسى
62. توم ماددىي ئەشيا باشقۇرۇش تەزكىرىسى
63. توم تاشقى سودا تەزكىرىسى
64. توم تاموژنا تەزكىرىسى
65. توم سودا نازارەتچىلىكى تەزكىرىسى
66. توم ئاشلىق تەزكىرىسى
67. توم تەمىنات سودا كوپېراتىپى تەزكىرىسى
68. توم ستاتىستىكا تەزكىرىسى
69. توم مال باھاسى تەزكىرىسى
70. توم ئۆلچەم تەزكىرىسى
71. توم ئۆلچەم بىرلىكلىرى تەزكىرىسى
72. توم پەن - تېخنىكا تەزكىرىسى
73. توم ئىجتىمائىي پەن تەزكىرىسى
74. توم مائارىپ تەزكىرىسى
75. توم مەدەنىيەت ئىشلىرى تەزكىرىسى
76. توم تىل - يېزىق تەزكىرىسى
77. توم ئەدەبىيات - سەنئەت تەزكىرىسى
78. توم ئاخباراتچىلىق تەزكىرىسى
79. توم رادىئو - تېلېۋىزىيە تەزكىرىسى
80. توم كىتاب نەشرىياتچىلىقى تەزكىرىسى
81. توم مەدەنىي يادىكارلىقلار تەزكىرىسى
82. توم سەھىيە تەزكىرىسى
83. توم تەنتەربىيە تەزكىرىسى
84. توم دىن تەزكىرىسى
85. توم شەخسلەر تەزكىرىسى
86. توم قوشۇمچە (تەزكىرە تۈزۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە، مەجمۇئە تۈزۈپ ساقلاش، ئاچقۇچ)

# ئۇيغۇرچە نەشرگە ئاخىرقى سۆز

تەزكىرە تۈزۈش — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، تەزكىرىچىلىك ئەمەلىيىتى، يېقىنقى دەۋرلەردىن تارتىپ باشلانغان. 1911 - يىلى «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەزكىرىسى» تۈزۈلگەندىن كېيىن، شىنجاڭدا تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى 80 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە 70 نەچچە يىل ئۈزۈلۈپ قالدى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن چوڭ ياخشى ۋەزىيەتتە ئېلىمىزنىڭ تەزكىرىچىلىك ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاپتونوم رايوندا تەزكىرىچىلىك خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى قارارىغا ئاساسەن، «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» تۈزۈلۈشكە باشلاپ، 8 يىلدا پۈتۈپ، 1994 - يىل 10 - ئايدا خەنزۇچە نۇسخىسى نەشردىن چىقتى. «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى 1995 - يىل 4 - ئايدا مەخسۇس ھۆججەت چىقىرىپ، «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»نى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەم سودا - سانائەت بانكىسى ش ئۇ ئا ر شۆبىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، نازارەت دەرىجىلىك كۆزەتكۈچى، «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرى بويىچە مول ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە پېشقەدەم كەسىپ ئەھلى ئابلىز موللايوپنى تەرجىمە خىزمىتىنى ئۇيۇشتۇرۇشقا بەلگىلىدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدىكى بانكىلار ۋە سۇغۇرتا شىركىتىدىن، يارامىلىق تەرجىمانلار تاللىنىپ، تەرجىمە گۇرۇپپىسى تەشكىللەندى. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى بەلگىلىمە بويىچە بۇ تەرجىمانلارنىڭ سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، قوشۇلغاندىن كېيىن، تەرجىمە خىزمىتى رەسمىي باشلاندى. 1996 - يىل 9 - ئايدىن باشلاپ تەرجىمە ئورىگىنالى بىرىۋارىقى ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتىغا تاپشۇرۇلدى. ش ئۇ ئا ر تەزكىرە كومىتېتى كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئەخمەت ئىمىنھاجى جاۋابىرىنى «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»نىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە، ياردەمچى مۇھەررىر مەرھابا شاۋۇدۇننى مەسئۇل مۇھەررىرلىككە بەلگىلىدى. مۇھەررىرلەرنىڭ ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تىرىشىپ ئىشلىشى، يولداش ئابلىز موللايوپنىڭ ئالاقىدار ئىشلاردا يېقىندىن ماسلىشىشى نەتىجىسىدە «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى · پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى»نىڭ تەھرىرلىكى 1997 - يىل 7 - ئايدا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاندى. تەھرىرلەنگەن ئورىگىنالنى ش ئۇ ئا تەزكىرە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئالىي مۇھەررىر سابىر ئەلى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالدى. كىتابنىڭ تىزىلىپ چىققان بەت نۇسخىسىنى يولداش ئابلىز موللايوپ كەسپىي نۇقتىدىن ئوقۇپ چىقىپ، بەزى كەسپىي ئاتالغۇلار ۋە كەسپىي ئاتىلىشلارنىڭ تەرجىمىسى ئۈستىدە مەلۇم تۈزىتىشلەرنى بەردى. مۇھەررىرلەر ۋە باشقا ئالاقىدار

يولداشلارنىڭ نەشر ھالقىسىغا دائىر ئىشلارنى ئەستايىدىل، جاپالىق ئىشلىشى ئارقىسىدا «شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» 1999 - يىل 9 - ئايدا نەشردىن چىقتى.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» كەسپچانلىقى كۈچلۈك، كەسىپ تۈرى كۆپ بولغان، چوڭ ھەجىملىك مۇرەككەپ، تەزكىرە كىتابى. بۇ كىتابتا شىنجاڭدا پۇل بارلىققا كەلگەندىن (نۇقتىلىق 1884 - يىلدىن 1985 - يىلغىچە) بۇيانقى پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى بايان قىلىنغان. كىتاب تۈزۈلۈشى جەھەتتىن «ئومۇمىي ئەھۋال»، «چوڭ ئىشلار» دىن باشقا 11 قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. مەزمۇن جەھەتتىن 2 بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. 1 - بۆلەكتە، شىنجاڭنىڭ 1883 - يىلدىن تارتىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇش ھارپىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى، كەسپىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇش ئەھۋالى بايان قىلىنغان؛ 2 - بۆلەكتە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى شىنجاڭ پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرىنىڭ تەرەققىياتى، پۇل مۇئامىلە كەسپىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى بايان قىلىنغان.

مۇشۇنداق بىر چوڭ كەسپىي تەزكىرىنىڭ ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكى شىنجاڭنىڭ مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدىكى چوڭ خۇشاللىق ئىش. بۇ كىتاب بۇنىڭدىن كېيىن پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ تارىخى ۋە تەرەققىياتىنى چۈشىنىش، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنىڭ قانۇنىيىتى، مەزمۇنى، تۈرلىرىنى تەتقىق قىلىش، سوتسىيالىستىك پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئويناغۇسى.

بىز «پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» نى تەھرىرلەش داۋامىدا كەسپىي ئاتالغۇلارنى «پۇل مۇئامىلە لۇغىتى»، «خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە مالىيە - ئىقتىساد لۇغىتى» ۋە ش ئۇ ئا ر تىل - يېزىق كومىتېتى 1997 - يىلدىن ئىلگىرى قېلىپلاشتۇرغان ئاتالغۇلار ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈردۇق. پۇللارنىڭ نامىنى خەلق بانكىسى نەشر قىلدۇرغان «شىنجاڭ پۇللىرى» ناملىق كىتاب ۋە ئالاقىدار لۇغەتلەرنى ئاساس قىلىپ بېكىتتۇق. پۇللارنىڭ بىرلىكىنى ئەينى تارىخى دەۋردە قوللىنىلغىنى بويىچە، «سەر»، «مىسقال»، «سىنت»، «تىيىن»، «دوللار»، «يۈەن» دەپ بېكىتتۇق. بانكىلارنىڭ نامىنىمۇ شۇ دەۋردە قوللىنىلغىنى بويىچە《商业银行》نى «تىجارەت بانكىسى»،《华俄道胜银行》نى «رۇس - ئاسىيا بانكىسى» دەپ قوللاندۇق. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ نامىنىمۇ ئەينى تارىخى دەۋردىكى نامى بويىچە ئېلىشقا تىرىشتۇق.

پۇل مۇئامىلە كەسپىگە دائىر مۇشۇنداق كاتتا قامۇسنى نەشر قىلىشتا تەجرىبە ۋە كەسپىي بىلىمىمىزنىڭ چەكلىكلىكى تۈپەيلىدىن بەزىبىر سەۋەنلىكلەرگە يول قويغان بولۇشىمىز مۇمكىن. بارلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۈزىتىش پىكىرلىرىنى بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» تەھرىر ھەيئىتى

1999 - يىل 8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى

# «شىنجاڭ ئۇمۇمىي تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ تەھرىرات خادىملىرى

باش مۇھەررىر: ئەخمەت ئىمىنهاجى جۇبەيرى

مەسئۇل مۇھەررىر: مەرھابا شاۋۇدۇن

تەرجىمە - تەھرىرلىككە قاتناشقۇچىلار: (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى) ئابلىز موللايوپ، ئابلىز قېيۇم، ئابدۇرېھىمجان، ئابدۇرېھىم ياقۇپ، بىلىقىز مۇھەممەت، ئەخمەتجان نىياز، غوپۇرھوشۇر نىيازى، مۇھەممەت ھەسەن، مەمتىمىن داۋۇت، ئۆمەرجان ساۋۇت.

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋالغۇچى: سابىر ئەلى

كوررېكتور: مەرھابا شاۋۇدۇن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى

# 《新疆通志·金融志》维吾尔文版
# 编 译 人 员

主　　编：艾合买提·伊敏阿吉·菊拜日

责任编辑：玛尔哈巴·夏吾东

编译人员：（姓氏以维吾尔文字母为序）
阿布利孜·毛拉优夫，阿布利孜·克优木，阿布都热依木江，阿布都热依木·亚库甫，贝丽克丝·买买提，艾合买提江·尼牙孜，吾甫尔·吾守尔·尼牙孜，买买提·艾山，买卖提依明·达吾提，吾麦尔江·沙吾提

验　　收：沙比尔·艾力

责任校对：玛尔哈巴·夏吾东

封面设计、书法：吐尔迪·哈德尔·纳孜日

# شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى

59 - توم

## پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەزكىرە كومىتېتى
«شىنجاڭ ئومۇمىي تەزكىرىسى • پۇل مۇئامىلە تەزكىرىسى» كومىتېتى

«بوركۇت» كومپيۇتېر باسما مۇلازىمەت مەركىزىدە تىزىلدى
شىنجاڭ رەڭلىك مېتال گېئولوگىيە - تەكشۈرۈش ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
«چاۋيالڭ» كىتاب شىرازىلاش ئورنىدا شىرازىلاندى
فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر: 1/16
باسما تاۋىقى: 75 قىستۇرما ۋارىقى: 24
1999 - يىل 9 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى
1999 - يىل 9 - ئايدا 1 - قېتىم بېسىلدى
تىراژى: 1500 — 1

ISBN 7-228-04790-7
9 787228 047901 >

ISBN7—228—04790—7/F • 332 باھاسى: 180 يۈەن